

6

ئۇيغۇر تىبابىتى كلاسسىك ئەسەرلىرى

شەرھى ئەسباب

(1)

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

«ئۇيغۇر تېبابىتى كلاسسىك ئەسەرلىرى» تەھرىر ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: **نۇر بەكرى** (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى)

مۇدىرلار:

تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)
يىن يۈلىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)
مۇھەممەت ياسىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى)
شى يوڭچياڭ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)
مىجىت قادىر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

مۇئاۋىن مۇدىرلار:

ما لۈك (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)
جاڭ شىنتەي (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)
پەرھات كېرەم (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)
ۋاڭ شياۋيەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)
گۈلشەن تۇراخۇن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)
خالمۇرات غوپۇر (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى)
ئارىپ مۇھەممەتنىياز (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن كۆزەتكۈچىسى)
تۇرغۇن ئەمەر (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى)

ئەزالار:

چېن گۇڭچىڭ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى نەشر بۇيۇملىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)

ئادىل مۇھەممەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئوقۇش - تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)
ئېھسان ئىمىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)
ئابدۇرەھىم قادىر ئاسىپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)
ئىسھاق ئەخمەتجان (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئىلمىي مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)
ئىسراپىل ئەبەي (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى)
گۈلنىسا ياسىن (قەشقەر ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)
ئەسقەر مەتروزى (خوتەن ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)
جاڭ خۇەنپىڭ (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى)
پەتتار مەخمۇت تۇرگۇن (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)
روشەنگۈل سابىر (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى)
شەۋكەت ئابدۇللا (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى)
ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتىكىن (شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
يارمۇھەممەت ئىسرائىل (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىدارىسى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

باش مۇھەررىر: پەتتار مەخمۇت تۇرگۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:

ئابدۇكېرىمجان تۇرسۇنتوختى، ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتىكىن، يالقۇن ئابدۇسالام، روزىباقى ئابدۇۋايىت، مۇھەممەتئېلى مەھمۇدى، باقى ئالىم، باقى يۈسۈپ، ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت

مۇھەررىرلەر:

مېھرىئاي ياسىن، ماھىرە سېلىم، زۆھرە ئابدۇرېھىم، ئايگۈل مەخمۇت تۇرگۇن، شەمشىقەمەر ئابدۇراخمان، خاسىيەت ئىبراھىم، ئەركىن ئالىم، دىلشات ساۋۇت، ئەجمەلخان ھەبىبۇللا ھاجى، ئابدۇجېلىل بەكرى، ئوسماننىياز ئەخمەت، ئابابەكرى جاپپار، سەئىدئۆمەر شاۋۇدۇن، قۇربانجان ئوسمان، ئابدۇقادىر خېلىل، مەمتىمىن خۇدابەردى، ئوبۇلقاسىم ھۈسەيىن، ئابدۇرىشىت ئىبراھىم، تۇردىئەخمەت مۇھەممەت، مەتقۇربان مەتسەيدى، ئابلاجان مەتسەيدى، ئادىل ئابدۇخالىق، ئەكبەر مۇھەممەتجان يۈسۈپجان ياسىن، زۆھرەگۈل سىدىق، ئابدۇرىشىت ئابدۇكېرىم، گۈلچېھرە ھەبىبۇللا

بېكىتكۈچىلەر:

ئېھسان ئىمىن، ئەركىن قاسىم، ئەجمەلخان ھەبىبۇللا ھاجى

《维吾尔医药学古籍》编委会

总 策 划：努尔·白克力（新疆维吾尔自治区党委副书记、新疆维吾尔自治区主席）
主　　任：铁力瓦尔地·阿布都热西提（新疆维吾尔自治区副主席）
殷宇霖（新疆维吾尔自治区卫生厅党组书记）
买买提·牙森（新疆维吾尔自治区卫生厅厅长）
石永强（新疆维吾尔自治区新闻出版局党组书记）
米吉提·卡德尔（新疆维吾尔自治区新闻出版局局长）
副 主 任：马　龙（新疆维吾尔自治区卫生厅副厅长）
张新泰（新疆维吾尔自治区新闻出版局副局长）
帕尔哈提·克力木（新疆维吾尔自治区卫生厅副厅长、新疆维吾尔自治区中医药管理局局长）
王小燕（新疆维吾尔自治区卫生厅副厅长）
古力先·吐拉洪（新疆维吾尔自治区新闻出版局副局长）
哈木拉提·吾甫尔（新疆医科大学校长）
阿尔甫·买买提尼牙孜（新疆维吾尔自治区卫生厅副巡视员）
吐尔洪·艾买尔（新疆维吾尔医学高等专科学校校长）
委　　员：陈共青（新疆维吾尔自治区新闻出版局出版物出版管理处处长）
阿迪力·穆罕默德（新疆维吾尔自治区新闻出版局审读室主任）
伊河山·伊明（新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所副所长）
阿不都热依木·卡地尔（新疆维吾尔自治区维吾尔医文献整理办公室主任）
伊沙克·阿合买提江（新疆维吾尔自治区卫生厅科教处处长）
斯拉甫·艾白（新疆维吾尔自治区维吾尔医院院长、新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所所长）

古丽尼沙·亚森（喀什地区卫生局局长）
艾斯卡尔·买提肉孜（和田地区卫生局局长）
张焕鹏（新疆人民卫生出版社书记、副社长）
帕塔尔·买合木提·土尔根（新疆人民卫生出版社副社长）
茹仙古丽·沙比尔（和田地区维吾尔医医院院长）
肖盖提·阿不都拉（喀什地区维吾尔医医院院长）
艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯（新疆伊斯兰教经学院教研室副主任）
亚尔买买提·斯拉依力（新疆维吾尔自治区中医药管理局科教处副处长）
总　编：帕塔尔·买合木提·土尔根
副总编：阿不都克力木江·吐尔逊托合提，艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯，亚力坤·阿不都沙拉木，肉孜巴克·阿不都瓦依提，买买提艾里·买合木提，巴克·阿力木，巴黑·玉素甫，阿布都卡地尔·阿布都瓦依提
编　务：米合拉依·牙森，玛依拉·色力木，佐合拉·阿布都热依木，阿依古丽·买合木提·土尔根，谢米西卡麦尔·阿布都热合曼，哈斯亚提·依不拉音，艾尔肯·阿里木，地力夏提·沙吾提，艾级买力汗·艾比布拉，阿卜杜杰力力·拜克尔，吾斯曼尼亚孜·艾合买提，阿巴拜科日·加帕尔，赛依地吾买尔·沙哈比丁，库尔班江·吾斯曼，阿不都卡迪尔·何里力，买买提依明·胡达拜尔地，吾不里卡斯木·玉赛音，阿不都热西提·依布拉音，吐尔地艾合买提·木合买提，买提库尔班·买塞地，阿吾拉江·买塞地，阿迪力·阿布都哈力克，艾克白尔·买买提江，玉素甫江·亚森，早热古丽·司地克，阿不都热西提·阿不都克力木，古丽其克热·海比布
审定人员：伊河山·伊明，艾尔肯·卡斯木，艾级买力汗·艾比布拉

سۆز بېشى

ئۇيغۇر تېبابىتى — ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۇملىدىن شەرق ئىلىم - پەن خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلاش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەدىمكى يىپەك يولى لىنىيەسىدىكى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئىجابىي قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ساقلىق ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنىڭ ئۆزىگە خاس سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۈگۈنكى ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى نەزەرىيە سىستېمىسى بىرقەدەر مۇكەممەللىكى، داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ مولлىقى، شۇنداقلا داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن زامان تەلىپىگە ماس ھالدا تەرەققىي قىلىپ، تارىخنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېقىنلىرىغا جور بولۇپ، يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالدى ۋە كەلگۈسىگە دادىل قەدەم تاشلىدى.

ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، دورىگەرلىك ۋە داۋالاشقا ئائىت مەخسۇس ئىلمىي مىراسلىرى بولغان ئۆچمەس پۈتۈكلىرى كۆپ. ئەينى دەۋرلەردىلا بۇ ئۆچمەس پۈتۈكلەر باشقا ئەللەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ھازىرغىچە مۇھىم قوللانما سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ كېلىنگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپ بىر قىسمى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتلار پەيدا قىلغان چەكلىمىلەر تۈپەيلى يوقىلىپ كەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى، قەدىمكىنى بۈگۈنگە خىزمەت قىلدۇرۇش، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پرىنسىپىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېبابەت ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، زور يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشتى. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەرنى

توپلاش، رەتلەش، قوغداش، نەشر قىلىش توغرىسىدىكى بىرقاتار يوليورۇقلىرى ۋە تەدبىرلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە كەڭ ئۇيغۇر تېبابەت مۇتەخەسسىسلىرى نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر جاپالىق يول يۈرۈپ، بىرقانچە يىللىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش، تۈمەنلىگەن ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش، نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنى مەخسۇس زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ھەر خىل يېزىقلاردا يېزىلىپ، ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە مۇھىم قوللانما سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىنگەن كۆپلىگەن كىلاسسىك قول يازما، تاش باسما ئەسەرلەرنى توپلىدى ۋە شۇ ئاساستا دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇر تېبابەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخي ئىزناسىنى ئىگىلەپ چىقىپ، ئۇيغۇر تېبابەت داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە دورىگەرلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەتراپلىق ۋە ئىلمي تەتقىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس ھازىرلىدى.

«گوۋۇيۈەنىنىڭ جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، جۇڭيىچە داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش، سالامەتلىكنى ئاسراش مۇلازىمىتىنى تەرەققي قىلدۇرۇش؛ جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك پەن - تېخنىكىسىدا ئىلگىرىلەش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىش؛ جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ جۇڭيى دورا سانائىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ مىللي تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ۋە جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققي قىلدۇرۇش؛ جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىكىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت يەتتە كۆرسەتمىنىڭ مەدىتى، ھەر دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇري ئورۇنلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەتراپلىق تەشكىللىشى بىلەن ئۇيغۇر تېبابىتىنى زامانىمىزغا يەتكۈزۈپ كەلگەن تېبابەت پېشۋالىرىنىڭ خەلق ئارىسىدىن يىغقان ئۇيغۇر تېبابەت ۋەسىيقىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خالىس تەقدىم قىلغان تىببي داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى ھەمدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جاپالىق مېھنىتى نەتىجىسىدە سەھىيە مىنىستىرلىقى ئاپتونوم رايونىمىزغا تاپشۇرغان «جۇڭگو تىببي قامۇسى» نىڭ تارماق تومى «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» تەلەپكە لايىق تۈزۈلۈپ ھەم نەشر قىلىنىپ، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشۇلغان تۆھپىلەرنىڭ ئۈلگىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەردە يىغىپ توپلانغان، شۇنداقلا «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» نى

توزۇشتە پايدىلىنىلغان ھەم خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان قەدىمىي قول يازما ئەسەرلەر ئىچىدە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ نادىر نۇسخىلارمۇ، شۇنداقلا سىياھى ئۆچەي دەپ قالغان يەككە - يېگانە نۇسخىلارمۇ بار بولۇپ، بۇ قىممەتلىك مىراسلار بىزنىڭ قۇتقۇزۇشىمىزنى، تەتقىق قىلىشىمىزنى، ئۇنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئەنئەنىۋى مىراسلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ۋە بۇ مىراسلارنى قۇتقۇزۇشقا جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلغان بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى دەسلەپكى قەدەمدە ھەجمى بىرقەدەر زور بولغان 11 پارچە ئەسەرنى رەتلەپ نەشر قىلىپ قۇتقۇزۇشنى پىلانلىدى. بۇ ئەسەرلەر 11 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلار تەرىپىدىن يېزىلغان نوپۇزلۇق ئەسەرلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇر تېۋىپلىرى قەلىمىگە مەنسۇپ ئەسەرلەر بولسا، يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇر تېۋىپلىرىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنداقلا قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلىرىمىز داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئىجابىي پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ئەسەرلەردۇر.

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا، ئالدى بىلەن نەشرگە تەييارلاشنىڭ كونكرېت، ئىلمىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، يۇقىرىقى پرىنسىپلار ئاساسىدا بۇ 11 پارچە ئەسەرنى نەشرگە ئۇيۇشتۇردى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ قول يازما ياكى تاش باسما نۇسخىلىرى ئەرەب، پارس، چاغاتاي، ئوردۇ يېزىقلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىگە سادىق بولۇش (ئەسەرلەرنىڭ تارىخىيلىقى، قەدىمىيلىكى، ئەينەنلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش)، كىلاسسىكلارنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى ۋە تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق، توغرا، چۈشىنىشلىك ئەكس ئەتتۈرۈش، تېكستولوگىيەلىك قائىدىلەرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىق ئىلمىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىندى. ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان ئۇيغۇر تېبابىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، ئالىم، مۇتەخەسسىس، ھەكىم - تېۋىپلارنىڭ چوڭقۇر قېزىشى، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن تېخىمۇ پارلاق پەللىلەرگە قەدەم ئالالايدۇ.

مۇھەممەت ياسىن
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى
2009 - يىل ئىيۇل

序

维吾尔医学是维吾尔文化的重要组成部分。它在长期的历史发展进程中代代相传，经过漫长而艰难积累不断实践和创新。通过西域这块东西方纽带所具有的地理优势，不但为东西方医学的发展做出了重大贡献，而且最终形成了自己独具特色的医疗体系。今天的维吾尔医学理论体系相对完善，医疗经验丰富，治疗效果良好，在奔腾不息的历史长河中，生生不息，与时俱进。

维吾尔医学历史悠久，有关药物和治疗方面确有不少独到之处。从古到今有大量的医学典籍流传下来，并译成了多国语言文字，这些作品被作为重要医疗指南而被珍藏。然而，令人遗憾的是，相当一部分珍贵的抄本，由于种种原因而遗失。新中国成立后，在党的民族政策光辉照耀下，少数民族的医疗事业得到了前所未有的发展。改革开放以来，在党中央、国务院有关搜集、整理、出版少数民族文化遗产的方针指引下，广大维吾尔医务工作者行程几万公里，搜集民间上千种维吾尔医学古籍资料，精心研读，走访数百名民间医生，经数年钻研，整理出了大量维吾尔医学典籍、抄本、石刻本，有力地促进了维吾尔医学的发展。并为深入、细致、科学地研究维吾尔医学奠定了坚实的基础。

《国务院关于扶持和促进中医医疗、医药事业的几点意见》中指出：发展中医医疗和预防保健服务；加快中医药科技进步与创新；加强中医药人才队伍建设；提升中药产业发展水平；加快民族医药和中西医结合发展；繁荣发展中医药文化；推动中医药走向世界。在各级医疗卫生管理部门的关心和精心组织下，多位专家学者通过不懈的努力和艰辛的劳动，整理出版了作为《中国医学百科全书》的《维吾尔医学分卷》，为当代维吾尔医学的发展做出了突出贡献。

各个历史时期所收集的有关维吾尔医学抄本以及民间所收藏的抄本当中有许多

不为学术界所认识，有一些残缺不全，还有一些正在流失，这些珍贵的资料亟待我们去抢救、去研究，在抢救传统文化遗产时机已经成熟的这个关键时刻，新疆维吾尔自治区卫生厅计划首先整理出版十一部篇幅较大的作品，这些作品时间跨度为11世纪至19世纪，均为各个时期名医所著，其中一部分为维吾尔民间医生所著，另一部分则是对维吾尔医学产生过直接影响、维吾尔医生在医疗实践中长期所采用的其它珍贵资料。

新疆人民卫生出版社在搜集、整理、出版这些作品时，首先制定了具体的出版方案，然后组织有关专家进行挖掘、整理、论证。这些作品的抄本由波斯语、阿拉伯语、察合台语、乌尔都语写成，本着忠实原文、尊重原文的写作风格和语言风格，尽可能如实、正确地反映各个历史时期的语言特点，严格按照出版原则和校勘规定组织翻译与审校。我们相信，作为中国传统医学文化宝库重要组成部分的维吾尔医学，在党和政府的关心下，在专家学者的辛勤钻研下，在广大人民群众的大力支持下，一定能为祖国医学繁荣发展做出更大的贡献。

买买提·牙森
新疆维吾尔自治区卫生厅厅长
2009年7月

Foreword

Uyghur medicine is an important component part of Uyghur culture and of the scientific heritage of the East. Transmitted from generation to generation, it was renewed and tested; it influenced the hygienic and medical practices of kindred peoples in Central Asia and along the Silk Road,and at the same time, creatively adopted these other people's learning in creating its own unique system of hygiene, disease-prevention, and treatment. The theoretical system of modern Uyghur medical science, relatively perfected, rich in treatment experience, and highly effective in its treatment, has developed in accordance with the needs of the era, going along with the endless flow of history, bravely welcoming the new century and stepping into the future.

Uyghur medicine possesses a long history, as well as a rich legacy of specialized learning related to pharmacology and the treatment of illnesses. Already in ancient times, these deathless works were translated into the languages of other lands, and to the present day continue to be valued as important manuals. Unfortunately, a fair number of these works have been lost due to restraints imposed by a variety of different historical environments. After New China was founded, the shining light of the Party's nationality policy, and the impetus of the principles of making the past work for the present and of casting off the shell and preserving the kernel, the medical traditions of China's minorities have entered an era of rapid development, and seen great improvements. Since the reform era and the Open Door Policy began, the Central Committee and the State Council have issued a number of directives and policies regarding the collection, organization, preservation, and publication of ancient works relating to minority cultures; this has led many Uyghur medicine professionals to travel tens of thousands of kilometers, to search for years, to sift through tens of thousands of materials, to interview hundreds of téwips (practitioners of traditional Uyghur medicine), in order to collect numerous classic hand-written and manually printed works in all kinds of scripts, works which have been used for centuries as important reference works in Uyghur medicine, and thus these researchers have unearthed the historical traces of Uyghur medicine's development. A firm foundation has been laid for even deeper, even more thorough and scientific research into Uyghur medicine's treatment methods and pharmacology, and for developing and standardizing it further.

With the support of the seven guidelines put forth in "A Few Ideas from the State Council on Directing and Promoting the Development of Chinese Medicine and Pharmacology" -- developing traditional Chinese medical treatment and prevention, as well as health care service; increasing the speed of advancement and innovation in Chinese medical and pharmacological science; strengthening the ranks of China's traditional medicine and pharmacology experts; increasing the level of Chinese traditional medical industry; speeding up the development of unification of minority medical and pharmacological tradition and Chinese traditional medicine with Western medicine; making Chinese traditional medical and pharmacological culture flower and develop; and introducing Chinese medicine and pharmacology to the world-- and with the attention and thorough organization of medical administrative organs of all levels, the medical texts gathered from the people by those masters of their craft who have brought Uyghur medicine to the present day, the gems of their experience in health care which they so generously shared with us, and the hard work of numerous professionals, have made possible the composition and publication of Uyghur Traditional Medicine Encyclopedia, the volume of The Encyclopedia of Chinese Medicine which was entrusted to our Autonomous Region, comprising an exemplary contribution to the development of contemporary Uyghur medicine.

Among the numerous ancient hand-written works collected over the ages, as well as those used in the composition of the Uyghur Traditional Medicine Encyclopedia and those preserved among the people, there are wonderful versions, as well as versions on which the ink has almost faded, unknown to the academic world; these valuable inheritances await our rescue, our research, and our putting them to use in the present day. The environment is ripe for saving traditional works, and at this moment time at which rescuing these works is so critical, the Health Bureau has planned, as a first step in our preservative efforts, to prepare and publish a relatively large, 11-part work. These are respected works, written by famous téwips between the 11th and 19th centuries; while some of them were written by Uyghur téwips, others are works which directly influenced Uyghur téwips, and can therefore be considered valuable works which, from ancient times to the present day, have, in every era, been creatively used by our famous téwips of the past in their treatment efforts.

Xinjiang People's Health Press in preparing these works for publication, first worked out concrete academic principles for preparing them for publication, then organized relevant professionals, and on the basis of those principles, collected 11 works for publication. These works were written by hand, or manually printed, in Arabic, Persian, Chaghatay, and Urdu, and while preparing them for publication, the principles of staying true to the original (ensuring the historicity, age, and authenticity of the works); respecting the classical authors' writing styles and distinctive use of language; reflecting as completely, correctly, and understandably as possible the linguistic characteristics of each historical era; carefully implementing the principles of text research; and other academic principles were all followed. We believe that Uyghur traditional medicine, that important component part of China's traditional medicine cultural treasury, with the care of the Party and the government, the deep unearthings and continued serious research of scholars, professionals,and téwips, and the enthusiastic support of the broad public, even brighter peaks can be reached.

Muhemmet Yasin

Xinjiang Uyghur Autonomous Region Health Bureau Inspector General

July 2009

كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تېبابىتى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە داۋالاش ئەمەلىيىتى بىلەن ئېلىمىز ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتىدا نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت تېبابەت مەدەنىيىتى، جۇملىدىن ئېلىمىز تېبابەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

كىلاسسىك ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنى بۈگۈنكى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئېلىمىز ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەتقىقات خىزمىتىدىكى مۇھىم يۆنىلىش. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىزچىل ھالدا كىلاسسىك مىراسلارنى قۇتقۇزۇش، ئۇنىڭغا ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئىلىم - پەن ئەنئەنىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قەدىمكى مىراسلارنى توپلاش، رەتلەش، جۇملىدىن ئۇيغۇر تېبابىتى كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەپ نەشر قىلىش خىزمىتىدە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەر قولغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مىراسلىرىمىز ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ھاياتىي كۈچىنى قايتا نامايان قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

نەشرىياتىمىز بۇ ئەسەرلەرنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز قىممىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىشىغا يېتەرلىك شارائىت يارىتىش ۋە يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان نادىر قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىش مەقسىتىدە بىر قانچە يىلدىن بېرى ھەر دەرىجىلىك سەھىيە باشقۇرغۇچى مەمۇرىي ئورۇنلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشى، ئۇيغۇر تېبابەت ساھەسىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قەدىمكى تېببىي مىراسلارنى توپلاش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە قەدىمكى

ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىدا، ھەر دەرىجىلىك مۇزېيلاردا، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئالاقىدار بولغان ۋە ئۇيغۇر تېۋىپلىرى قەلىمى بىلەن يېزىلغان قەدىمكى ئەسەرلەردىن «زەخىرەئى خارەزىم شاھ(خارەزىم شاھ خەزىنىسى)»، «ئەغرازى تېببىييە (تېببىي مەقسەتلەر)» (كىتابنىڭ تولۇق ئىسمى «ئەلئەغرازۇت تېببىييە ۋەلمە باھىسۇل ئەلائىييە»)، «تۆھپەتۇل ئاشىقىين(ئاشىقلارغا تۆھپە)»، «قارابادىن قادىرى(مۇرەككەپ دورىلار توپلىمى)»، «دەستۇرۇلئىلاج(داۋالاش دەستۇرى)»، «جەمئىي ئىلاج»، «شەرھى ئەسباب(كېسەللىك سەۋەبلىرى شەرھىسى)»، «ئەلقانۇن فىت - تىب (تېبابەت قانۇنى)»، «زۇبدەتۇل قاۋانىل ئىلاج (داۋالاش ئىلمىدىن خۇلاسە)»، «مەخزەنۇل مۇفرەدات (يەككە دورىلار خەزىنىسى)»، «تېببىي چوڭ»، «تاجۇل ئاقاقىير(دورىگەرلىك تاجى)»، «سۇراھ»، «تارىخىي تېببىييە(تېبابەت تارىخى)»، «مۇجەررىباتى ئارىف (ئارىف ھېكىم تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى)»، «تۆھپە خانىيە (خانغا تۆھپە)»، «رۇمۇزى ئەتتىبا (تېۋىپلار كۆرسەتمىسى)»، «مەخزەنۇل جاۋاھىر(تېببىي جەۋھەرلەر خەزىنىسى)»، «لۇغەتۇل ئەدۋىيە(دورا لۇغىتى)»، «تېببىي رۇبائىيات(تېببىي رۇبائىيلار)»، «تېببىي يۈسۈفىي»، «قارابادىن ئەزەم ۋە ئەكمەل (مۇرەككەپ دورىلار قامۇسى)»، «جامئۇل ھېكمەت(داۋالاش دىۋانى)»، «مەخزەنۇل ھېكمەت»، «ئىكسىرى ئەزەم (خاسىيەتلىك داۋالاش قامۇسى)»، «مۇجەررەباتى نۇرۇللا(نۇرۇللاخۇننىڭ داۋالاش تەجرىبىلىرى)»، «ئاقساراي»، «ئىختىياراتىي بەدىئىي»، «مۆجەزۇل قانۇن(تېبابەت قانۇنىنىڭ قىسقارتىلمىسى)» «مىزانى تىب (تېبابەت مىزانى)» قاتارلىق ئەسەرلەرنى توپلىدى. نەشرىياتىمىز يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مەخسۇس «ئۇيغۇر تېبابىتى كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ئىشخانىسى» نى قۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە تېبابەت ئۇستازلىرى ۋە يېتىلىۋاتقان تېۋىپلار، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇزاقتىن بېرى نامىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقان كىلاسسىك ئەسەرلەردىن «ئىختىياراتىي بەدىئىي»، «مىزانى تىب»، «مەخزەنۇل مۇفرەدات»، «ئىلاجۇل مۇفرەدات»، «قارابادىن قادىرى»، «دەستۇرۇلئىلاج»، «جەمئىي ئىلاج»، «ئەغرازى تېببىييە»، «شەرھى ئەسباب»، «زەخىرەئى خارەزىم شاھ»، «تېبابەت قانۇنى» قاتارلىقلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلاپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا سوۋغا قىلدى. يەنە بىر قىسىم قەدىمىي ئەسەرلەرنى قېزىش، نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرى داۋاملىق ئىشلىنىۋاتىدۇ. ئىشىنىمىزكى، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش، قېزىش خىزمىتى جەھەتتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر - سىياسەتلىرىنىڭ تۈرتكىسى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە رەھبەرلەرنىڭ ئەمەلىي شارائىت بىلەن

تەمىنلىشى ئاستىدا بىز بۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەتنى تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن داۋاملاشتۇرىمىز.

كىلاسسىك ئەسەر ئەللامە نەجىببۇددىن سەمەرقەندى (مىلادىيە 1118 - يىلى سەمەرقەندتە تۇغۇلغان) قەلىمىدىكى «ئەسباب ۋە ئالامەت» (كېسەللىك سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى) ناملىق مەشھۇر رىسالىگە موللا نەفىس ئىبن ئەۋز كىرمانى تەرىپىدىن ھىجرىيە 827 - يىلى (مىلادىيە 1449 - يىلى) پارس تىلىدا يېزىلغان شەرھىدۇر. مەزكۇر شەرھى ئەسلىي ئەسەرگە سادىق بولغان ھالدا ئەسلىي ئەسەر مەزمۇنى، كېسەللىك نامى، كېسەللىكلەرنى تونۇش، كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى، كېسەللىك تەشخىسى (دىياگنوزى)، سېلىشتۇرما تەشخىسى (باشقا كېسەللىكلەردىن پەرقلەندۈرۈش)، داۋالاش، پەرھىز، داۋالاش قائىدىسى قاتارلىق تەركىبلەر بويىچە ئەتراپلىق، ئىلمىي ۋە ئىزدەنمە ئۇسۇلدا شەرھلەنگەن.

«ئەسباب ۋە ئالامەت»، «شەرھى ئەسباب» قاتارلىق ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن كېسەللىك سەۋەبلىرى ئىلمى ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكتە ئومۇمىي مەزمۇن قاتارىدا سۆزلىنىشتىن ھالقىپ، ئايرىم تېببىي پەن بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك مەزمۇنىدا بۇ تۈر ئۆزگىچە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. «شەرھى ئەسباب» — شەرق تېبابەتچىلىك تارىخىدىكى ئۆزگىچە ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئۇنىڭدىن ئىزچىل پايدىلىنىپ كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمە قىلىنىشى تېخى تۇنجى قېتىملىق تارىخىي ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «شەرھى ئەسباب» ئوردۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنىپ نەشرگە تەييارلاندى.

كىلاسسىك ئەسەرلەرنى قوغداش، قۇتقۇزۇش، نەشر قىلىش ھەربىر كەسىپ ئەھلىنىڭ مەسئۇلىيىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جايلاردىكى شىپاخانىلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆز قولىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما ئەسەرلەرنى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى ئىلمىي بۇرچ ھېسابلاپ، خىزمەتلىرىمىزنى ئاكتىپ قوللىشىنى، بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەردە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىمىزنى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن تۈزىتىپ، تەكلىپ - پىكىر بېرىشىنى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

«ئۇيغۇر تېبابىتى كىلاسسىك ئەسەرلىرى»نى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدىكى مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلىرىمىزنى ئاكتىپ قوللاپ كەلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىگە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك

ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسىغا، خىزمەتلىرىمىزنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللاپ، بىزنى قەدىمىي ئەسەر ئورىگىناللىرى بىلەن تەمىنلىگەن ۋە نەشرگە ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىمىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولغان يولداشلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز.

نەشرىياتتىن
2009 - يىل ئىيۇل

前　言

维吾尔医药学以其独特的医学理论体系和医疗实践，在我国科学文化宝库中占有重要的位置。维吾尔人在漫长的历史发展过程中，创造出许多独具特色的治疗方法，为我国医疗事业的发展做出了重大的贡献。

挖掘古典文化遗产并使之为社会主义建设事业服务是我国科学文化研究工作的主导方向。党和政府始终高度重视古典文化遗产的挖掘、抢救和继承工作。解放后，特别是党的十一届三中全会以来，维吾尔医药学古籍的搜集、整理、出版工作取得了可喜的成果，大量优秀的古典文化遗产得以重放光彩。

新疆人民卫生出版社以搜集、整理、出版和抢救濒危医学古籍作品为工作重点，多年来，在各级医疗卫生管理部门的大力支持下，在维吾尔医学界各位专家学者的不懈努力下，在古代医学典籍的搜集、整理和出版工作中取得了一定的成绩。从收藏于自治区的各科研机构、古籍办、各级博物馆和流传于民间的有关维吾尔医学的古籍作品中整理出《再合热花拉孜米（花拉孜米医书）》、《艾格拉孜提比比亚（医学之目的）》、《托排土里阿西克（强身医书）》、《卡拉巴丁卡地日（复方制剂集）》、《黛斯图尔依拉基（治疗指南）》、《贾米依拉基（医疗汇编）》、《夏日赫艾斯巴比（病因学医注）》、《艾力卡农非提比（医典）》，《祖比代土力卡瓦尼力依拉吉（治疗法则）》、《买赫孜努里木非尔达提（单味药宝库）》、《依拉基木非尔达提（单方治疗手册）》、《提比充（医学大全）》、《塔旧力阿卡克依尔（药剂精华）》、《苏拉赫（明净词汇）》、《塔日黑提比也（医学历史）》、《木加日巴提阿日非（阿日非验方）》、《托排哈尼也（皇家医书）》、《热木孜艾提巴（民医医嘱）》、《买合孜努里贾瓦依尔（精医宝库）》、《鲁海土里艾迪维也（单味药词典）》、《提比柔巴依（柔巴依保健书）》、《提比玉素甫（玉素甫医书）》、《卡拉巴丁艾再木（复方全集）》、《佳米奥里伊克买提（医技汇编）》、《买合孜努里伊克买提（医疗宝库）》，《伊克斯尔艾再木（圣医艾再木全书）》、《木加日巴提努如拉（努如拉医疗经验）》、《阿克萨拉依（白色宫殿）》、《依合提亚拉提拜地依（拜地依药书）》、《木吉孜勒卡农（医典缩小本）》、《米扎尼提比》（医学标准）等作品。

新疆人民卫生出版社以高度的责任感专门成立了维吾尔医药学古籍编译室，拟以现代维吾尔文出版广大维吾尔医疗工作人员和人民群众期盼已久的《依合提亚拉提拜地依》、《米扎尼提比》、《买赫孜努里木非尔达提》、《依拉基木非尔达提》、《卡拉巴丁卡地日》、《黛斯图尔依拉基》、《贾米依拉基》、《艾格拉孜提比亚》、《夏日赫艾斯巴比》、《再合热花拉孜米》、《艾力卡农非提比》等作品，并以此书为建国六十周年献礼。我们有理由相信，在党和政府有关医学古籍的挖掘、整理和出版政策的指引下，在有关部门和领导的大力支持下，我们一定能够顺利地完成这项光荣而艰巨的任务。

《夏日赫艾斯巴比》(病因学医注)是毛拉乃非斯伊本艾乌孜科热玛尼于回历827年(公元1449年)为艾拉买耐吉布丁撒马尔罕(公元1118年出生于撒马尔罕)所著的《艾斯巴布外阿拉买提》(病因及其症状)一书所作的注解。该注解忠实原著，对原著的内容、疾病名称、疾病的概念、疾病症状、疾病诊断、疾病的辨识、治疗方法、禁忌等方面进行了科学全面而富有创造性的注解。该注解用波斯语所著。

《夏日赫艾斯巴比》和《艾斯巴布外阿拉买提》等著作问世之后，病因学成为一门单独的学科，并得到了一定的发展。《夏日赫艾斯巴比》作为东方医学史上一部专著，它一直被维吾尔医学广泛使用，但被译成维吾尔文当属首次。

保护、抢救和出版古典文化遗产是我们每一位医学工作者和有关专业人员义不容辞的责任，使大量的流失于民间的手稿尽快与广大读者见面是我们的使命。因此，我们诚挚地希望社会各界朋友的大力支持并帮助我们的工作，对本次出版的作品中的不足之处批评指正。

最后，我们衷心地感谢在《维吾尔医药学古籍》一书的出版过程中，给予我们大力支持的新疆维吾尔自治区卫生厅、新疆维吾尔自治区中医药管理局、新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所、新疆维吾尔医学高等专科学校，新疆维吾尔自治区维吾尔医文献整理办公室等单位，同时对那些支持帮助我们的工作并为我们提供资料的同志们一并表示最真诚的谢意。

出版者

二00九年七月

Introduction

With its unique system of scientific thought and healing methods, developed over its centuries-long history, Uyghur medicine has a unique place in the scientific and cultural treasury of our country. Uyghurs, over their long period of historical development, created numerous distinctive healing practices, making great contributions to the development of our country's medical science and of the world's.

Preserving our heritage of classical science and culture, and finding ways to make it applicable in today's world, is an important trend in our nation's research into science and culture. The Party and the government have, by continuously preserving classical cultural legacies and by inheriting them in productive ways, placed a high priority on the development of the Chinese nations' scientific traditions. Since Liberation, particularly since the 3rd session of the 11th Party Congress, inspiring achievements have been made in collecting and organizing ancient inheritances, including the collection, organization, and publication of the classic works of Uyghur medicine. Thus, this legacy of ours now once again has a chance to demonstrate its peerless life force.

Our publishing house, in order to create an environment sufficient to allow these works to display their worth even more in the modern era, and to collect, organize, publish, and save great ancient works which had stood on the brink of oblivion, has for the last few years, with the enthusiastic support of public health organs of all levels, and the hard work of Uyghur medicine scholars and professionals, entered the collection,editing, and preparation for publication of ancient medical inheritances into the agenda of important work, and made satisfying advances toward this goal. On the basis of works relating to Uyghur medicine and written by Uyghur téwips (practitioners of traditional Uyghur medicine), preserved across our Autonomous Region in research bureaus and ancient artifact offices, museums of every level, and in the hands of individuals,we have collected works including Zekhire'iy Kharezim Shah (Treasury of the King of Kharezm), Eghrazi Tébbiye (Collection of Medical Texts), Tuhpetul Ashiqiyn (A Contribution to the Lovers), Qarabadin Qadiri (Collection of Complicated Medicines), Desturul Ilaj (Manual of Healing),Jem'iy Ilaj, Sherhiy Esbab (Notes on the Etiology of Illnesses), Elqanun Fid Tip (The Laws of Medicine), Zubdetul Qawanil Ilaj (A summary of Treatment Science), Mekhzenul Mufridat (Treasury of Simple Medicines),Tébbiy Chong, Tajur Aqaqiyr (Crown of Pharmacology),Surah,Tarihiy Tébbiye (The History of Medicine), Mujerribati Arif (Prescriptions Tested by Doctor Arif), Tuhpe Khaniye (A Contribution to the King), Rembuzi Ettiba (Doctors' Advice), Mekhzenul Jawahir (Treasury of Medical Gems), Lughetul Edwiye (Dictionary of Drugs), Tébbiy Ruba'iyat (Medical Ruba'iys), Tébbiy Yüsüfi, Qarabadin E'zem(Encyclopedia of Complex Medicines), Jami'ul Hékmet (Healing Dictionary),Mekhzinul Hékmet, Iksir Ezem (Encyclopedia of Magical Healing), Mujerribati Nurullakh (Nurullakhun's Treatment Experience), Aqsaray,Ikhtiyaratiy Bedi'iy, Mujizul Qanun (The Abbreviated Laws of Medicine), Mizan Tib and more. Our publishing house, with a sense of great responsibility, created an "Office of Preparing the Classic Works of Uyghur Medicine for Publication," and as a first step, prepared for publication classic works the names of which master téwips, téwips in training, and the general public have long been hearing, but the contents of which they have lacked a chance to familiarize themselves with. These works, including

Ikhtiyaratiy Bedi'iy, Mizan Tib, Mekhzenul Mufridat, Ilajul Mufridat, Qarabadin Qadiri, Desturul Ilaj, Jami'ul Ilaj, Eghrazi Tébbiye, Sherhiy Esbab, Zekhire'iy Kharezim Shah, Tébabet Qanuni and more, have been prepared for publication in a Modern Uyghur edition, and presented in honor of the 60th anniversary of our country's founding. The process of uncovering and preparing another set of ancient works is continuing. We believe that, with the impetus of the Party and government's successful policies regarding the work of protecting and uncovering of ancient works, and the provision by the pertinent organs and leaders of the necessary environment, we will be able to continue this meaningful work with even higher quality and results.

The classic medical book in your hands, "Sherhiy Esbab" (Notes on the Etiology of Illnesses), was an annotation written by Mullanafis Ibn Ewzkirmany in Hejira 827 (1449 A.D.) about illustrious pamphlet "Esbab we Alamet"(The Causation and Symptom of Illnesses) by polymath Nejibbudin Semerqendi(was born in Semerqend in 1118). This annotation was written in Persian and annotated in comprehensive, scientific and exploring manner on the basis of faithfulness to the original work. It was abundant in contents, including the apellations of illness, the conception and symptoms of illness, diagnoses, comparative diagnoses, treatment, abstinence, treatment regulations.

Along with the emergence of "Esbab we Alamet"(The Etiology and Symptom of Illnesses) and "Sherhiy Esbab" (Notes on the Etiology of Illnesses), the etiology of illnesses went beyond the scope in which it was referred to general content in traditional medicine, and became a special medical subject. From then on, it obtained distinctive development opportunity on its own. Being a unique work in oriental medicinal history, it has been utilized by Uyghur medicine over the long history. Its translation into Uyghur is the first work in its history.

The preservation, rescuing, and publication of classic works is the responsibility of every professional. Thus, we sincerely hope that the various treatment centers and individuals who are in possession of hand-written works will see introducing these works to the broader public as a responsibility, and actively support our efforts, correct from a scientific standpoint the various errors we may have made in the present edition, provide us with ideas and advice, and otherwise assist in our future work.

We want to express our sincere gratitude to the Health Department of Xinjiang Uyghur Autonomous Region, then Uyghur Medicine and Pharmacology Research Department of Autonomous Region, the Ancient Works Office of Autonomous Region, and the Xinjiang Uyghur Medicine College for actively supporting our work during the process of preparing "Classic Works of Uyghur Medicine" for publication, and to those comrades who provided us with the originals of ancient works, as well as those who have assisted us in preparing these works for publication.

From the Publisher
July 2009

مۇندەرىجە

بىرىنچى توم

زۆرۈر تەشرىھ 1
مېڭە پەردىسى 1
قېلىن پەردە (ئوممۇ غەلىز) 2
نېپىز پەردە (ئوممۇ رەقىق) 2
مېڭە 2
ئالدى مېڭە 3

باش كېسەللىكلىرى

باش ئاغرىقى 6
ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى 7
سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى 13
قاندىن بولغان باش ئاغرىقى 16
سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقى 18
بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى 18
سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقى 21
يەلدىن بولغان باش ئاغرىقى 23
ئاشقازان شېرىكچىلىكىدىن بولغان باش ئاغرىقى 25
بەلغەمدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقى 27
سەۋدادىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقى 28

يەلدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقى …………………………… 29
ئاشقازان ئاجىزلىقى ۋە سەزگۈرلۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان باش ئاغرىقى ………… 29
مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 31
سەزگۈرلۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 32
يەڭگىللىكتىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 34
قىزىتمىدىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 36
سەرسامدىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 36
جىنسىي ئالاقىدىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 36
بۇخاراتتىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 37
نېرۋىلار ئاجىزلاشتىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 37
خۇمار بولۇشتىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 38
زەربىدىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 40
دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقى …………………………… 41
بوھراندىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 43
پۇراقتىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 45
توسالغۇدىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 46
قۇرتتىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 47
مېڭە سىلكىنىشتىن بولغان باش ئاغرىقى …………………………… 49
باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش …………………………… 50
بالىياتقۇ مەنبەلىك باش ئاغرىقى …………………………… 58
بۆرەك مەنبەلىك باش ئاغرىقى …………………………… 58
جىگەر، تال، قورساق ئۇرىغۇچى پەردىسى ۋە پۇت قاتارلىقلاردىن بولغان باش ئاغرىقى…… 59
سەرسام …………………………… 62
قاندىن بولغان سەرسام (فارانىيتىس) …………………………… 63
سەۋدادىن بولغان سەرسام (سەرسامى سەۋداۋى) …………………………… 70
بەلغەمدىن بولغان سەرسام (لىيسىرغىس) …………………………… 71
كۆپ ئۇسساش …………………………… 76
بەرسام ۋە ساختا سەرسام …………………………… 77
مېڭە گانگرېناسى …………………………… 79

مېڭە قىزىل قاپارتمىسى (ھۇمرە دىماغىيە) 80
تىلما كېسىلى 82
مېڭە يىرىڭلىق ئىششىقى 82
مېڭە ۋە يۇلۇن پەردە ئىششىقىدىن بولغان قىزىتما 83
باش قېيىش 87
كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش 97
قاتتىق ئۇيقۇ كېسىلى (سۇبات) 100
سۇبات ۋە قۇما 104
قاتما كېسىلى (جۇمۇد) 107
ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى 110
ئۇنتۇغاقلىق 115
مالىخولىيا 122
بەدەندە سەۋدا خىلتىنىڭ يىغىلىپ قېلىشىنى داۋالاش 127
مالىخولىيا مىراقى 131
ياۋۇزلىشىش كېسىلى (قۇترەب) 133
يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق ۋە ئىتسىمان ساراڭلىق كېسىلى (مانىيا ۋە دائۇدكەلب) 135
سەۋداۋى ساراڭلىق (سەبارا) 137
ئەقىل ئېلىشىش ۋە جۆيلۈش كېسىلى 138
ھاماقەتلىك ۋە دۆتلۈك كېسىلى 140
ئىشق كېسەللىكى 142
قوشۇمچە 145
يىرتقۇچسىمان ساراڭلىقنىڭ تۈرلىرى 151
قارا بېسىش (كابۇس) 159
بەدەندە ماددا تولۇپ قېلىش (فىھەزەج) 162
تۇتقاقلىق كېسەللىكى (سەرئى) 163
سەكتە كېسەللىكى 179
پالەچ 187
ئىسترخا 197

ساراڭلىق قوشۇلۇپ كەلگەن پالەچ …… 203
يىغلىپ قېلىش (تەشەننۇج) …… 204
تەمەددۇد ۋە كۇزاز …… 219
ئەزا تىترەش كېسەللىكى (رەئشە) …… 226
ئۇسسۇل ئويناش كېسلى …… 230
بەل يۇلۇنى يىگىلەش …… 233
خەدەر …… 238
لەقۋا …… 241
مۇسكۇللارنىڭ لىكىلداش كېسەللىكى (ئىختىلاج) …… 246
ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىش …… 247
زۇكام …… 250
يۇقۇملۇق نەزلە …… 259
قاش ئۈستى ئاغرىش (ئەسابە) …… 261
مېڭە قىچىشىش …… 265
مېڭىنىڭ يۇمشاپ كېتىشى …… 267
يۇلۇن قاتتىقلىشىش كېسلى …… 269
ئىرسىيەتلىك تىترەش كېسەللىكى …… 272
باشقا سۇ يىغىلىش …… 273
مېڭە سىلكىنىش …… 276
مېڭە ئاجىزلىقى …… 281
مېڭە توسالغۇسى …… 283
نېرۋا ئاغرىقى …… 284
يۇلۇن ئىششىقى …… 290
يۇلۇن پەردىسى ئىششىقى …… 293
يۇلۇن قاناش …… 295
كەمتۈك ئومۇرتقا ۋە يۇلۇنغا سۇ چۈشۈش …… 296
يۇلۇن ئىچى كاۋاكلىشىش …… 297
سوزۇلما مېڭە ئىششىقى …… 298

مېڭە پەردىسىنىڭ سوزۇلما ئىششىقى 298
مېڭە ئۆسمىسى 299
يۇلۇن ئۆسمىلىرى 306

كۆز كېسەللىكلىرى

كۆز قاتتىق پەردە كېسەللىكلىرى 309
بالا ھەمراھسىمان پەردە كېسەللىكلىرى 313
تورسىمان پەردە كېسەللىكلىرى 314
تورسىمان پەردىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى 319
شېشىسىمان سۇيۇقلۇق كېسەللىكلىرى 321
قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق كېسەللىكلىرى 323
ئۆمۈچۈك تورسىمان پەردە كېسەللىكلىرى 327
تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق كېسەللىكلىرى 328
ئۈزۈمسىمان پەردە كېسەللىكلىرى 329
مۈڭگۈز پەردە كېسەللىكلىرى 332
مۈڭگۈزسىمان پەردە ئىششىقى 336
كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە كېسەللىكلىرى 337
كۆز ئاغرىقى 339
سۆزنەكتىن بولغان كۆز ئاغرىقى 345
قۇرۇقلۇقتىن بولغان كۆز ئاغرىقى (رەمەدىيابەس) 347
كۇمىنە 348
كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىنىڭ كۆپۈپ قېلىشى 349
كۆزگە پەردە چۈشۈش (سۇبەل) 351
كۆزگە ئاق چۈشۈش 353
كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش (ناخۇنە، زۇپرە) 356
كۆز ئىچكى بۇرجىكى مۇسكۇلى ئۆسمىسى (غۇددە) 359
كۆز يارىسى 360

كۆز ئىچكى بۇرجىكى ئاقمىسى (غەرب) 363
كۆزگە زەربە تېگىش 366
كۆزگە يات نەرسىلەرنىڭ كىرىپ كېتىشى (قەزا، كۇتۇك) 366
كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە مۇدۇر ـ چاقا چىقىپ قېلىش (ۋەدقە) 368
كۆز ئېقىدا رەڭدار چېكىت پەيدا بولۇش (تەرفە) 369
ئۈزۈمسىمان پەردە پۇلتىيىپ چىقىش (مورسەرەج) 370
كۆز قارىچۇقىنىڭ كېڭىيىشى (ئىنتىشار ۋە ئىتتىسائى) 373
كۆز قارىچۇقى تارىيىش (زەيق) 377
كۆزگە سۇ چۈشۈش 378
كۆزگە يېشىل سۇ چۈشۈش 394
كۆز ئالمىسىنىڭ پۇلتىيىشى 396
كۆز يىگىلەش 398
كۆك كۆزلۈك 399
كۆز بەرىسى 400

كۆرۈش خىزمىتى نورمالسىزلىقى

كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش 403
نامازشام قارىغۇسى 414
كۈندۈز قارىغۇسى 418
خەفەش كېسەللىكى 419
كۈچلۈك يورۇقلۇققا قاراشتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقى (قۇمۇر) 420
كۆزنىڭ يورۇقلۇققا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى 422

قاپاق كېسەللىكلىرى (ئەمرازى ئەجفان)

كىرپىك 424
قاپاق ساڭگىلاش 424
قاپاق چاپلىشىپ قېلىش 426

قاپاق ئۆرۈلۈپ قېلىش (شەترە) …… 428
قاپاقنىڭ ئىچىگە ئۆرۈلۈپ قېلىشى …… 430
قاپاق قېتىش ۋە قېلىنلاش …… 431
قاپاق قېتىۋېلىش …… 432
قاپاق گىرۋىكى ئىششىقى …… 432
كۆز بۇرجىكى ۋە قاپاق قىچىشىش (ھىككەتۇل ئاماق ۋەلئەجفان) …… 438
قاپاق ياغسىمان ئۆسمىسى (شىرناق) …… 438
قاپاقتا تۈگۈنچە پەيدا بولۇش (ئۇقدە) …… 439
يىڭناسقۇ (شەئىرە) …… 441
قاپاق ئۈجمىسىمان ئۆسمىسى …… 441
قاپاق يارىسى …… 443
قاپاق ئېسىلىپ قېلىش …… 444
تەتۈر كىرپىك …… 444
كىرپىكلەرنىڭ تۆكۈلۈشى …… 447
قاپاق پىتى …… 449

ياش خالتىسى كېسەللىكلىرى

كۆز ياشاڭغىراش …… 452
ئارىلاپ ياش تامچىلاش …… 453

ئىككىنچى توم

قۇلاق كېسەللىكلىرى

قۇلاقنىڭ تەشرىھى …… 455
قۇلاق ئاغرىقى …… 459
قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق …… 470
قۇلاق غوڭۇلداش (تىنىنىن ۋە دەۋى) …… 476

قۇلاق قاناش …… 479
قۇلاق يېرىلىش …… 480
قۇلاق يۇلۇنۇپ چىقىش …… 480
قۇلاق تۈۋى ئىششىقى …… 481
قۇلاققا يات نەرسە كىرىپ كېتىش …… 484
قۇلاق قىچىشىش …… 485
قۇلاقنىڭ كۈچلۈك ئاۋازلارغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى …… 485
قۇلاق تۈۋى جاراھىتى …… 485

بۇرۇن كېسەللىكلىرى

بۇرۇننىڭ تەشرىھى …… 486
پۇراش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى (پۇرىيالماسلىق كېسىلى) …… 488
پۇراش سېزىمى (قۇۋۋىتى) نىڭ بۇزۇلۇشى …… 494
بۇرۇن مۇدۇرى …… 496
بۇرۇن قاناش …… 497
بۇرۇن يارىسى …… 502
بۇرۇننىڭ پۇرىشى …… 502
بۇرۇن ئېزىلىپ كېتىش …… 505
كۆپ چۈشكۈرۈش …… 506
بۇرۇن قۇرۇش …… 508
بۇرۇن قىچىشىش …… 508

تىل، كالپۇك ۋە ئېغىز كېسەللىكلىرى

تىلنىڭ تەشرىھى …… 510
تىل ئىششىقى …… 511
تېتىش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە يوقىلىشى …… 512
تىل ئېغىرلىقى ۋە سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى …… 513
تىلنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى …… 515

تىل ئاستىدا پاقىسمان ئۆسمە پەيدا بولۇش ………… 516
تىل يېرىلىش ………… 517
تىلنىڭ كۆيۈشۈشى ………… 517
تىل قىچىشىش ………… 518
تىل تېرىسى سويۇلۇش ………… 518
ئېغىز مۇدۇر - چاقىسى ………… 519
ئېغىز يارىسى ………… 519
ئېغىز گۆشخور چاقىسى (ئاكىلە فەم) ………… 523
ئېغىز شۆلگىيى ………… 523
ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىش ………… 524
ئېغىز سېسىق پۇراش ………… 525
تاڭلاي ئىششىقى ………… 528
كالپۇك ئاقىرىپ قېلىش، يېرىلىش ۋە تېرىسى سويۇلۇش ………… 530
كالپۇك تىترەش ………… 531
كالپۇك يىغىلىۋېلىش ………… 531
كالپۇك بوۋاسىرى ………… 532
كالپۇك ئىششىقى ………… 533
كالپۇك مۇدۇرى ۋە يارىسى ………… 533
چىش ۋە چىش مىلىكى كېسەللىكلىرى ………… 533
چىش ئاغرىقى ………… 535
چىش قاماش ………… 540
چىش ئۇۋۇلۇپ كېتىش ۋە كاۋاكلىشىش ………… 541
چىش ئۈستىگە كىر توپلىنىش ۋە چىش رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىش ………… 542
چىشنىڭ مىدىرلىشى ۋە چۈشۈپ كېتىشى ………… 544
چىشنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى ………… 546
چىش قىچىشىش ………… 548
چىش چىقىرىش ئۇسۇللىرى ………… 548

چىشنى غۇچۇرلىتىش 548
چىش چۈرۈكلىشىش (زىھابۇ مائىلئەسنان) 549
چىش مىلىكى ئىششىقى 550
چىش مىلىكى قاناش 551
چىش مىلىكى يارىسى ۋە ئاقمىسى 552
چىش مىلىكىنىڭ كېمىيىشى ۋە بوشىشى 556
چىش مىلىكى چوڭىيىش (چىش مىلىكى ئۆسۈپ قېلىش) 556
چىش مىلىكى يىرىڭلاش 556

گال ۋە كېچىك تىل كېسەللىكلىرى

كېچىك تىل ئاغرىقى 557
كېچىك تىل ساڭگىلاش 560
خەنناق ۋە زەبھە 562
ئىختىناق (گال بوغۇلۇش كېسىلى) 563
زەبھە 569
خانقە (خەنناق ۋابائى) 570
گال ئىششىقى 578
يۇتقۇنچاق ئىششىقى 581
گال مۇدۇرى 587
گالغا يات ماددا تۇرۇپ قېلىش 587
قىزىلئۆڭگەچ توسۇلۇش 589
قىزىلئۆڭگەچ قىچىشىش 590
كاناي لىكىلداش ۋە تىترەش 591
سۇدا تۇنجۇقۇش ۋە بوغۇلۇپ قېلىش 594
ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش 594
يۇتۇش قىيىنلىشىش 597

قىزىلئۆڭگەچ ئىششىقى 598
قىزىلئۆڭگەچ يارىسى 599

كۆكرەك ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرى

كۆكرەك ۋە ئۆپكىنىڭ تەشرىھى 600
دەم سىقىش (رەبو) 602
يۆتەل 609
قان تۈكۈرۈش 615
ئۆپكە ئىششىقى (1) 621
ئۆپكە ئىششىقى (2) 622
بالىلار ئۆپكە ئىششىقى 627
كۆكيۆتەل 629
سىل 630
يىرىڭ تۈكۈرۈش 637
كۆكرەككە يىرىڭ يىغىلىش 637
كۆكرەك پەردە ئىششىقى 639
ئۇششاق قوۋۇرغىلار پەردە ئىششىقى 644
كۆكرەك قېتىۋېلىش 646

يۈرەك كېسەللىكلىرى

يۈرەكنىڭ تەشرىھى 648
يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى 652
خەفەقان 653
يۈرەك ئاغرىقى 659
غەشى 664
يۈرەك دالانچىسى ئىششىقى 671
يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى 480

يۈرەك سويۇلغاندەك ئاغرىش 672
يۈرەك قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك سېزىم بولۇش 672
يۈرەك غىلاپىغا سۇ يىغىلىش 673
يۈرەك تارتىشقاندەك سېزىم بولۇش 673
يۈرەك قېرىنچە ئىششىقى ۋە يۈرەك كىلاپان كېسەللىكلىرى 674

ئائورتا كىلاپان كېسەللىكلىرى

ئائورتا تارىيىش ياكى توسۇلۇش 676
ئىككى قاپقاقلىق كىلاپان كېسەللىكلىرى 676

ئەمچەك كېسەللىكلىرى

ئەمچەكنىڭ تەشرىھى 679
سۈت ئازلىق 680
سۈت كۆپلۈك 682
ئەمچەك ئىششىقى 683
ئەمچەكنىڭ تارتىشىشى 685
ئەمچەككە تۈگۈنچە پەيدا بولۇپ قېلىش 685

ئاشقازان كېسەللىكلىرى

ئاشقازاننىڭ تەشرىھى 687
ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى 688
ئاشقازان ئاغرىقى 693
ھەزىم ئاجىزلىقى، ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە تاماق سىڭمەسلىك 698
خولېرا (ھەيزە) 705
ئىشتىھا تۆۋەنلەش ۋە ئىشتىھا يوقىلىش 719
ئىشتىھا بۇزۇلۇش (ۋەھمى ۋە پەسادى شەھۋەت) 725
ئىت ئىشتىھا كېسىلى 727

كالا ئىشتىھا كېسىلى 730
كۆپ ئۇسساش 733
ئاشقازان ئىششىقى 737
ئاشقازان يېرىڭلىق ئىششىقى ۋە ئاشقازان يارىسى 743
قورساق كۆپۈش 745
كېكىرىش 748
ئەسنەش 748
كېرىلىش 748
قۇسۇش، ھۆ بولۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش 749
قان قۇسۇش 755
ئاشقازاندا قان ئۇيۇپ قېلىش 759
ھېق تۇتۇش 759
ئاشقازاننىڭ تەتۈر لۆمۈلدىشى 765
ئاشقازان مەنبەلىك بىئاراملىق 766
ئاشقازان لىكىلداش 767
ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقى 768
ئاشقازان كۆيۈشۈش 769
ئاشقازان قىچىشىش ۋە غىدىقلىنىش 770
ئاشقازان تۆۋەنلەش 771
ئاشقازان تارىمۇشلىرىنىڭ بوشاپ كېتىشى 771
ئاشقازان تارتىشىپ قېلىش 772
ئاشقازان قېتىش 772
قورساق مۇسكۇلى قېتىش 773

ئۈچەي كېسەللىكلىرى

ئۈچەينىڭ تەشرىھى 775
زەرەب ۋە خەلفە 777
غىزالار ئۈچەيدە توختىماي چىقىپ كېتىش (زەلىقۇل ئەمئائ) كېسەللىكى 793

قانلىق ئىچ سۈرۈش (زوسنتارىيا) …… 801
جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش …… 808
تولغاق …… 813
قورساق ئاغرىش …… 821
قورساق كوركىراش …… 824
قۇلۇنجى ۋە ئىيلاۋۇس …… 825
ئۈچەي قۇرتى …… 840
ئۈچەي ئىششىقى …… 848
سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ئىششىقى …… 852
قەۋزىيەت …… 857
بوۋاسىر …… 867
يەلدىن بولغان بوۋاسىر …… 876
بوۋاسىرنىڭ سويۇلۇشى …… 878
مەقئەت ئاقمىسى …… 879
مەقئەت ئىششىقى …… 880
مەقئەت يېرىلىش …… 881
مەقئەت بوشاپ كېتىش …… 881
مەقئەت چىقىقى …… 882
مەقئەت يارىسى …… 884
مەقئەت قىچىشىش …… 884

جىگەر كېسەللىكلىرى

جىگەرنىڭ تەشرىھى …… 886
جىگەر مىزاجى بۇزۇلۇش …… 887
جىگەر ئاجىزلاش …… 890
جىگەر توسۇلۇش …… 893
جىگەر كۆپۈش …… 895

جىگەر ئىششىقى 896
قورساق مۇسكۇللىرى ئىششىقى 905
جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقى 907
جىگەر مۇدۇر - چاقىسى(جىگەر يۈزىگە مۇدۇر - چاقىلارنىڭ چىقىشى) 911
جىگەر تىترەش كېسىلى 911
جىگەرگە تاش چۈشۈش كېسىلى 912
سۇئۇلقۇنىيە (قان بۇزۇلۇش، قان ئازلىق) 916
سۆسۈن داغ كېسىلى 921
قان بۇزۇلۇش 922
ئىستىسققا 926
ئىستىسقائى زىققە 934
ئىستىسقائى لەھمى 940
ئىستىسقائى تەبەلى 943
جىگەر قېتىش 946
جىگەر يىگىلەش 947
جىگەر چوڭىيىش 949
جىگەر يېرىلىش 950
سېرىقلىق چۈشۈش (يەرقان) 951
سېرىق يەرقان 951
قارا يەرقان 961

بىرىنچى توم

زۆرۈر تەشرىھ

ئەللامە نەجىبۇددىين سەمەرقەندى «ئەسباب ۋە ئالامەت» ناملىق بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسى قىسقارتىش مەقسىتىدە كېسەللىك بىلەن ئەزانىڭ تەشرىھىنى يازمىغان ۋە بۇ كىتابنى شەرھلىگۈچى ئەللامە نەفىيسمۇ ھەربىر ئورۇندا بۇ كەملىكنى تولۇقلىمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ تېمىسىنىڭ ئالدىغا مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنىڭ قىسقا ۋە زۆرۈر تەشرىھى قوشۇپ قويۇلدى. بۇ، چوقۇم كۆپلىگەن مەنپەئەتلەرنى بەرگۈسى.

مېڭە پەردىسى

مېڭىنىڭ ئىككى پەردىسى بارلىقى مەشھۇردۇر. بۇ، مېڭىنى ئاستى - ئۈستىدىن ئوراپ تۇرىدۇ، بۇ قېلىن پەردە (ئۇممۇ غەلىز)، نېپىز پەردە (ئۇممۇ رەقىق) دۇر، بۇ ئىككى پەردە «ئەمىين» مۇ دېيىلىدۇ.

بۇ ئىككى پەردىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچىنچى بىر نېپىز پەردىمۇ بولىدۇ، بۇنى ئۆمۈچۈك تورىسىمان (غىشائى ئەنكەبۇتى) پەردە دېيىلىدۇ، بۇ ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردىنى «ئەيسا ئەلەيھىسسالام» دىن تەخمىنەن يۈز يىل بۇرۇن ئۆتكەن قەدىمكى يۇنانلىق تېۋىپ «ئايروفىلوس» تەتقىق قىلىپ چىققاندۇر. بۇ ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردە نېپىز پەردە ۋە قېلىن پەردە بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ، ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردىنىڭ ئۈستىدە ۋە قېلىن پەردىنىڭ ئاستىدا، ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردىنىڭ ئاستىدا ۋە نېپىز پەردىنىڭ ئۈستىدە مەلۇم بوشلۇق بولىدۇ. بۇ بوشلۇق ساختا بوشلۇق (بۇتۇنى كازىبە) دېيىلىدۇ (نەفىيس). بۇ بوشلۇقتا بىر قىسىم ھۆللۈكلەر بولىدۇ (ئەللامە گىلانى).

قېلىن پەردە (ئوممۇ غەلىز)

قېلىن پەردە ئوممۇ سەفىقمۇ دېيىلىدۇ. بۇ ئىنتايىن قاتتىق، قېلىن مۇستەھكەم ۋە تالالىق پەردىدۇر. بۇ پەردە باش سۆڭىكىنىڭ ئىچكى يۈزىگە ئازدۇر - كۆپتۇر چاپلىشىپ تۇرىدۇ، ئۇ باش سۆڭىكىنىڭ چاكلىرىغا بەكرەك تۇتىشىپ تۇرىدۇ، بۇ پەردىنىڭ سىرتقى يۈزى سۆڭەك بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ ھەم يىرىك بولىدۇ ۋە ئىچكى يۈزى مايلىق بولىدۇ. بۇ پەردە ئىچىدىن بىر ئۆسۈكچە چۈشۈپ، بۇ ئالدى مېڭىنى ئۇزۇنىسىغا ئىككىگە بۆلىدۇ ھەم بۇنىڭدىن بىر ئۆسۈكچە چىقىپ، ھەرە چىشىسىمان شەكىلدە ئالدى مېڭە ۋە ئارقا مېڭە ئوتتۇرىسىدىن ئالدىغا چوڭىيىدۇ، بۇنىڭدىن ئالدى مېڭە ۋە ئارقا مېڭە ئايرىلىدۇ ھەم بۇنىڭ بىر بۆلىكى ئارقا مېڭىنىڭ ئىككى بۆلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىنى توسۇپ تۇرىدۇ.

نېپىز پەردە (ئوممۇ رەقىق)

بۇ نېپىز پەردە بولۇپ، مېڭىنىڭ سىرتقى يۈزىنى تولۇق ئوراپ ئەستەرلەپ تۇرىدۇ ۋە مېڭىنىڭ بارلىق بوشلۇقلىرىغا كىرىدۇ. بۇنىڭ توقۇلمىسىدا مېڭىنى پەرۋىش قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان قان تومۇرلار بولىدۇ، بۇ پەردىدە بىر تۆشۈك يولى بولۇپ، بۇ يول مېڭىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، مېڭىنىڭ مەخسۇس بوشلۇقلىرىنى ئەستەرلەيدۇ.

مېڭە

مېڭە رەئىس ئەزا بولۇپ، بۇ ھېس - ھەرىكەت، ئەقىل - ئىدراك مەركىزىدۇر. بۇ ئىنتايىن قوغدىنىش ئېتىبارى بىلەن باش سۆڭىكىگە ئوخشاش قوغدىغۇچى ئورۇن ئىچىدە تۇرىدۇ.

مېڭىنىڭ ئېغىرلىقى ئەرلەرنىڭ تەخمىنەن 1.5 كىلوگرام، ئاياللارنىڭ 1.3 كىلوگرام، بەزى بېشى چوڭ كىشىلەرنىڭ مېڭىسى 2.18 كىلوگرام كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن تۇغما ساراڭ بولغانلارنىڭ مېڭىسى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، 780 گرام ئەتراپىدا كېلىدۇ.

مېڭىنىڭ ھېس - ھەرىكەت قۇۋۋىتى باشقا ئەزالارغا نېرۋىلار ئارقىلىق يېتىپ بارىدۇ. ئەگەر ئۇ ھېس قۇۋۋىتىنى ئەزالارغا يەتكۈزسە، ئۇ سەزگۈ نېرۋىلىرى (ئەئسابى ھېس) دېيىلىدۇ، ئەگەر

ئۇ ھەرىكەت قۇۋۋىتىنى يەتكۈزسە، ئۇ ھەرىكەت نېرۋىلىرى (ئەئسابى ھەرىكەت) دېيىلىدۇ.

مېڭە ھېس ـ ھەرىكەت، ئەقىل ۋە تۇيغۇنىڭ مەركىزىدۇر، مېڭە بىلەن يۇلۇنىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، يۇلۇندىن 31 جۈپ نېرۋا چىقىدۇ، بۇ ھەر خىل ئەزالارغا تارقىلىدۇ، بۇ مېڭىدىن چىققان نېرۋا بۇرۇن، كۆز، قۇلاق، تىل ۋە باش ئەتراپىدىكى ئەزالارغا تارقىلىدۇ. بۇرۇن نېرۋىسى پۇرايدۇ، كۆز نېرۋىسى كۆرىدۇ، قۇلاق نېرۋىسى ئاڭلايدۇ، تىل نېرۋىسى تېتىيدۇ ۋە بەدەن تېرىسى تېگىشىشنى سېزىدۇ (يەنى تېگىشىش بىلەن، ئىسسىق ـ سوغۇقنى ئېنىقلايدۇ). مېڭە ۋە يۇلۇننىڭ باشقا نېرۋىلىرى مۇسكۇللارغا تارقاپ، بۇلارغا ھەرىكەت قىلىش (قىسقىراپ ـ كېڭىيىش) قۇۋۋىتى بېغىشلايدۇ، شۇنداقلا ئەزالارنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، ئىچىدە نېرۋا بولغان بىرەر ئەزانىڭ نېرۋىسى بۇزۇلسا، كېسىلسە ياكى بېسىلسا، شۇ ئەزانىڭ ھېس ياكى ھەرىكىتى، ياكى ھەر ئىككىلىسى يوقىلىدۇ. مېڭە ئالدى مېڭە، ئارقا مېڭە، ئوتتۇرا مېڭە ۋە يۇلۇندىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئالدى مېڭە مېڭىنىڭ ھەممىدىن چوڭ بۆلىكىدۇر، بارلىق مېڭە ئەگەر ئون بۆلەككە بۆلۈنسە، ئالدى مېڭە توققۇز بۆلىكىنى ئىگىلەيدۇ، ئالدى مېڭە باش سۆڭىكىنىڭ ئالدى ئارىلىق ئويمىنى ۋە ئارقا ئويمىنىنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىنى تولدۇرىدۇ.

ئارقا مېڭە باش سۆڭىكىنىڭ ئارقا بوشلۇقىدا، ئالدى مېڭىنىڭ ئارقىسىدا بولىدۇ، بۇنىڭمۇ ئىككى (ئوڭ ۋە سول) بۆلىكى بولىدۇ.

ئوتتۇرا مېڭە بۇ، مېڭە تۆۋەنكى يۈزىدە بولىدۇ، ئالدى ۋە ئارقا مېڭە غوللىرىنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللىنىدۇ.

يۇلۇن مەركىزى بۇ، ئوتتۇرا مېڭە ۋە يۇلۇن ئارىلىقىغا جايلاشقاندۇر، بۇ ئورۇندىن يۇلۇن چوڭىيىدۇ.

ئالدى مېڭە

قەدىمكى يۇنانلىق تېۋىپلار: ئالدى مېڭىدە ھېس مۇشتەرىكە ۋە خىيال قۇۋۋىتى؛ ئوتتۇرا مېڭىدە ۋاھىمە ۋە مۇتەخەييىلە؛ ئارقا مېڭىدە ئەستە ساقلاش (ھاپىزە) قۇۋۋىتى قاتارلىقلار بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئالدى مېڭىدە ئۈچ يۈز (سىرتى، ئىچى ۋە تۆۋەنكى يۈز) بىدە ۋە ئۇنىڭ جەۋھىرىدە بىرنەچچە بوشلۇق تېپىلىدۇ، بۇ ئۇستۇن بوشلۇق (بۇتۇنى شەرىفە) دېيىلىدۇ. قەدىمكى

پېشقەدەملەرنىڭ كۆزقارىشىدا بۇ بوشلۇقلاردا روھىي نەپسانىي بولىدۇ، بۇنىڭدىن بارلىق قۇۋۋەتلەر ئاشكارا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەردىن بارلىق قۇۋۋەتلەر ئاشكارا بولىدۇ. بۇ يۇقىرىقى بۆلەك (بۇتۇنى مۇقەددەم) نى بىر نېپىز پەردە ئىككىگە بۆلىدۇ. بۇتونى مۇقەددەمنىڭ ئاستىدا بۇتونى ئەۋسەت بولىدۇ، بۇتۇنى ئەۋسەتنىڭ ئاستىدا بۇتۇنى مۇئەخخەر بولىدۇ، بۇ بۇتۇنى مۇئەخخەر ئارقا مېڭە ۋە يۇلۇن مەركىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

يۇقىرىقى ياكى سىرتقى يۈزى بۇ تەخمىنەن تۇخۇمسىمان ۋە گۈمبەز شەكىللىك بولىدۇ، بۇ بىر ئۇزۇنچاق، چوڭقۇر تۆشۈك ئارقىلىق ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئالدى مېڭە (ئوڭ، سول) ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، ھەربىر بۆلىكى يېرىم يۇملاق (نىسپىي كۇررە) دېيىلىدۇ، بۇ ئىككى بۆلەك بىر ئاق توقۇلما (جىسىم سەلىيب) ئارقىلىق ئۆزئارا تۇتىشىدۇ. بۇنىڭ يۈزىدە نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ ئۆسۈكچىلەر ۋە تەرتىپسىز يوللار ياكى بوشلۇقلار تېپىلىدۇ.

ھەربىر يېرىم يۇملاقتا بەش چوڭ ئۆسۈكچە، ئۈچ چوڭ چوڭقۇر تۆشۈك تېپىلىدۇ، بىر ئۆسۈكچە پېشانىدە (تەزرىدى جەبھى)، ئىككىنچى ئۆسۈكچە پېشانە ئاستى چوققا سۆڭەكنىڭ ئۇدۇلىدا (تەزرىدى يافۇخى)، ئۈچىنچى ئۆسۈكچە ئارقىدا گەدەن سۆڭەكنىڭ ئۇدۇلىدا بولىدۇ (تەزرىدى قەمەھدۇدى)، تۆتىنچى ئۆسۈكچە مېڭىنىڭ تۆۋەنكى يۈزىدە پېشانىنىڭ ئاستىدا ياكى ئارقىسىدا ياكى چوققا ئۆسۈكچىسىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ (تەزرىدى سودغى ۋەتىدى)، بۇ پارچە چېكە سۆڭەكنىڭ ئۇدۇلىدا بولىدۇ. بەشىنچى ئۆسۈكچە ھەممىدىن كىچىك ۋە ئىچىدە بولۇپ، تۆتىنچى ئۆسۈكچىنى ئاجراتقاندا مەلۇم بولىدۇ (تەزرىدى مەركىزى).

بىرىنچى تۆشۈك (پەرجى ئۇلا): بۇ پېشانە ئۆسۈكچىسىنى چېكە سۆڭەك ئۆسۈكچىسىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى تۆشۈك (پەرجى سانى): بۇ، پېشانە ئۆسۈكچىسىنى چوققا ئۆسۈكچىسىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى تۆشۈك (پەرجى سالىسە): بۇ، چوققا ئۆسۈكچىسىنى گەدەن ئۆسۈكچىسىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

ئىچكى يۈزى بۇ ياپىلاق بولۇپ، ئۇدۇلدىكى ياپىلاق يۈز بىلەن بىرلىشىدۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئارىلىقىدا قېلىن پەردە تارىمۇش تۇسۇقى بولىدۇ.

ئاستىنقى يۈزى ئالدى مېڭىنىڭ تۆۋەنكى يۈزىدە ئۈچ ئۆسۈكچە كۆرۈنىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە پېشانە ئۆسۈكچىسىنىڭ تۆۋەنكى يۈزىدىن شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆسۈكچە چېكە ئۆسۈكچىسىدۇر ۋە بۇنىڭمۇ ئارقىسىدىكى ئۆسۈكچە گەدەن ئۆسۈكچىسىدۇر، بۇ

گەدەن ئۆسۈكچىسى ئالدى مېڭىدىن ئارقا مېڭىنى ئاجراتقاندا كۆرۈنىدۇ.

تۆۋەنكى يۈزدە تۆۋەندىكى نەرسىلەر جايلاشقان: ① ئۇزۇنچاق بوشلۇقنىڭ ئالدى بۆلىكى؛ ② ئۇزۇنچاق بوشلۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پۇراش نېرۋىسى؛ ③ ئۇزۇنچاق بوشلۇق ئىچىدىكى قاتتىق جىسىمنىڭ ئالدى بۆلىكى؛ ④ بىرىنچى بوشلۇق (پەرجى ئولا)؛ ⑤ كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ كىرىسمان كەسمىسى، بۇ مەجمەئۇن نورمۇ دەپ ئاتىلىدۇ؛ ⑥ موستەدىر نامىلىق يۇمىلاق بەز، بۇ مېڭىنىڭ تۆۋەنكى يۈزى بىلەن قەمئى نامىلىق بۆلەك بىلەن تۇتىشىدۇ؛ ⑦ ئاق تەنچە بۇ ماش چوڭلۇقىدىكى ئاق رەڭلىك ئىككى تەنچىدىن ئىبارەت؛ ⑧ ساقان (يەنى ئالدى مېڭىنىڭ ئىككى غولى) بۇ ئالدى مېڭىدىن چىقىپ ئوتتۇرا مېڭىگە بارىدۇ.

تۆۋەنكى يۈزىنىڭ بىرقانچە تەركىبلىرى قىسقارتىپ قالدۇرۇۋېتىلدى.

باش كېسەللىكلىرى

باش ئاغرىقى

يازغۇچى: ئەللامە نەجىبۇددىين سەمەرقەندى

① باش ئاغرىقى بىر خىل ئاغرىق بولۇپ، باشتىكى ئەزالاردا پەيدا بولىدۇ.

فازىل ئەللامە قەتبۇل مۇھەققىين «كۇللىيات» ناملىق كىتابىنىڭ شەرھىدە يازغانكى، كۆز ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەزالار باشتا بولىدۇ، ئەمما ئۇلار باشنىڭ ئەزالىرىغا كىرمەيدۇ، كۆز ئاغرىقىنى باش ئاغرىقى دېگىلى بولمايدۇ. باشنىڭ ئەزالىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

① باش تېرىسى؛ ② باش مۇسكۇلى؛ ③ باش سىرتقى پەردىسى (غىشا ئەزمى)؛ ④ باش سۆڭىكى؛ ⑤ مېڭە پەردىسى، (بۇنى ئۇممۇ جافىيە ياكى غەشائى سەلىب دەيدۇ)؛ ⑥ مېڭە نېپىز پەردىسى (بۇنى غىشائى رەقىق دەيدۇ)؛ ⑦ مېڭە جەۋھىرى (يەنى بىجا)؛ ⑧ ئايرىلىق پەردە (مېڭىنىڭ مۇشۇ ئىككى پەردىسى ئاستىغا جايلاشقان)؛ ⑨ مېڭە قان تومۇر تورلىرى (شەبكە)؛ ⑩ ھەرىكەتلىك تومۇرلار (شەرائىن)؛ ⑪ ھەرىكەتسىز تومۇرلار (ئاۋەرىدە)؛ ⑫ مېڭە ئاستى سۆڭىكى (قائىدەتۇك دىماغ، ۋەتەدى)، لېكىن نېرۋىلار مېڭە ئالدىدا بولۇپ، بۇ نېرۋىلار باشنىڭ ئەزالىرىدىن سانالمايدۇ، بەلكى ئۇ مېڭىنىڭ شاخچىلىرىغا ئوخشاش. بۇ ئېنىقكى، باشنىڭ ئاغرىقىنى تونۇشتا يۇقىرىقى ئەزالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سۆڭەك ۋە مېڭە جەۋھىرىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىش لازىمكى، ئۇ ئىككىسىدە بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدا ھېس، ئىدراك بولمايدۇ. ئاغرىق ئىدراك ۋە سەزگۈلەرنىڭ نامىدۇر (نەفىيس).

قارشى پىكىر

باش ئاغرىقىنى تونۇشتا كىشىلەر شۇنداق قارشى پىكىر قىلغانكى، باشنىڭ زەخىملىنىشىدىن، باش سۆڭىكى سۇنۇشتىن ياكى تاياق تېگىشتىن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. بۇ باش ئاغرىقى (سۇدائى) دېيىلمەيدۇ. ۋاھالەنكى ئۇمۇ بىر ئاغرىقتۇر. بۇ باشتىكى ئەزالاردىلا پەيدا بولىدۇ.

---

①.... رەڭلەردە بېرىلگەنلىرى «ئەسباب ۋە ئالامەت» دېگەن ئەسلىي كىتابنىڭ تېكىستىنى كۆرسىتىدۇ. قالغانلىرى شەرھىدۇر.

توغرا جاۋاب

بۇ سوئالنى بەزى كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى قىيىن. ئۇ مەزكۇر سەۋەبلەر بىلەن باشتىكى ئەزالاردا پەيدا بولغان ئاغرىق باش ئاغرىقى دېيىلمەيدىغانلىقى توغرا، دەپ قارالدى. لېكىن توغرىسى، بۇ يەردە پەيدا بولغان ئاغرىق پەيدا بولۇش ئورنىلا كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى ھەربىر ئاغرىق باشنىڭ يۇقىرىقى مەزكۇر ئەزالىرىدا پەيدا بولسا، بۇنى باش ئاغرىقى دېيىش توغرىدۇر. مەيلى بۇ ئاغرىق مىزاج بۇزۇلۇشتىن ياكى پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇشتىن، زەخىملىنىشتىن، سۆڭەكنىڭ سۇنۇشىدىن ياكى ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇشتىن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر سەۋەبلەردىن بولغان ئاغرىق بولسۇن، كۆپىنچە ھۆكۈما تېۋىپلارنىڭ ئوچۇق ئېيتىشلىرى بۇنىڭغا پاكىت بولالايدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى

ماددىسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى بەزىدە ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبلىك پەيدا بولىدۇ، بۇ خىل باش ئاغرىقىغا بىرەر ماددا سەۋەبچى بولمايدۇ. ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بەدەن سىرتىدىكى سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ. ئۇپ ئۆتۈپ كېتىش ياكى ئوت قاتارلىقلاردىن ئىسسىپ كېتىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ تۈردىكى باش ئاغرىقىنى تېۋىپلار سۇدائى ئېھتىراقى دەپ ئاتايدۇ ھەمدە بۇنى باشقا ئورۇنلىشىپ قالغان ئىسسىقلىقتىن بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن: يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا يول يۈرگەندە باشتا ئىسسىقلىق تۇرۇپ قالىدۇ (باشقا سىرتقى سەۋەبلەرنىمۇ مۇشۇنداق چۈشىنىش لازىم). لېكىن بۇ ھارارەتنىڭ تۇرۇشى ئوخشىمىغان مىزاجلىقلاردا ئاز ياكى كۆپ بولىدۇ. بەزى كىشىلەردە يۇيۇندۇرۇش بىلەن ئازلايدۇ ۋە بەزى كىشىلەردە يۇيۇندۇرمىسىمۇ يوقايدۇ.

ئالامىتى سىرتقى ھارارەت سەۋەبىدىن باش ئاغرىيدۇ ياكى ئۇنىڭ تەسىرى ئىلگىرى كۆرۈلگەن بولىدۇ، باش تېرىسىنى تۇتقاندا ئىسسىق مەلۇم بولىدۇ. سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەت نورمال بولىدۇ، يەنى سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاپېلسىن ① رەڭگىدە بولۇپ (تىندۇرۇلغان سۈيدۈكتە سۇس سېرىقلىق بولىدۇ)، سۈزۈك بولىدۇ. قويۇق - سۇيۇقلۇقى، پۇرىقى، چۆكمە (رۇسۇب) ۋە مىقدارى نورمال بولىدۇ، كۆپۈكچە بولمايدۇ. چوڭ تەرەتتە سۇس ئوت يالقۇنى رەڭگى ياكى سېرىقلىق، قىزىللىق ئارىلاشقان بولىدۇ. چوڭ تەرەتنىڭ قويۇق - سۇيۇقلۇقى، مىقدارى، پۇرىقى نورمال بولىدۇ، بۇنىڭدىمۇ كۆپۈك بولمايدۇ. ئېغىزى، بۇرۇن ئىچى قۇرۇق بولىدۇ، مېڭىدە

---

① ئاپېلسىن رەڭ — ئاپېلسىن ھىندىچە گۇتا ۋە بەجۇرا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ پوستىدا يەڭگىل سېرىقلىق بولۇپ، بۇنىڭ رەڭگى نورمال سۈيدۈكنىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ.

ئېغىرلىق ۋە تەمەددۇد پەقەت بولمايدۇ. ئۇسسايدۇ، قورۇقلۇق غالىب بولىدۇ، قۇلىقى غوڭۇلدايدۇ. قۇلاق غوڭۇلداش خىيالىي ئاۋازنىڭ نامىدۇر. بۇ ئاۋاز سىرتتا پەقەت بولمايدۇ. لېكىن ئىنسان ئۆز قۇلىقىدا شۇنداق ئاۋازنى سېزىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بىمار بۇ خىل ئاۋاز ئېھتىمال سىرتتىن كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ خىيال قىلىدۇ.

سوغۇق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن باش ئاغرىقى پەسىيىدۇ.

داۋالاش ئۆي ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، ھاۋالىق جايدا ئارام ئالدۇرۇش ھەم ئۆي ھاۋاسىنى سوۋۇتۇش لازىم. بىمار ئارام ئالىدىغان جاي ھۆل سوغۇق بولۇشى كېرەك. سوغۇق خۇش پۇراق دورىلاردىن، مەسىلەن: سەندەل، قىزىلگۈل ئەرقى، كافۇر قاتارلىقلار ئارقىلىق تۇرىدىغان ئورۇننى خۇش پۇراق قىلىش، باشقا سوغۇق ئۆتكۈزۈش، يەنى پۇرىتىلما (شەمۇمات) دورىلارنى پۇرىتىش. بۇ بىنەپشە، كافۇر ۋە ئالمىغا ئوخشاش سوغۇق تەبىئەتلىك بولسۇن.

نۇتۇل قىلىنىدۇ: بۇ كېسەللىكتە نۇتۇل سوغۇق ۋە تەبىئىتىمۇ سوغۇق دورىلار بىلەن تەييارلانغان بولسۇن، مەسىلەن: گۈل يېغىنى سوغۇق سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش لازىم. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا باشقا كۆپ سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش زىيانلىق، بۇ باش ئاغرىقىنى كېمەيتمەستىن بەلكى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆتكۈر سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن يېڭى بابۇنە يېغى (يېڭىسىغا كونىسى قوشۇلمىسۇن)نى ئۈچتە بىر نىسبەتتە ئىشلىتىش لازىم. ①

بۇ ئۇسۇل قاتتىق سوغۇق ئۆتكۈزۈشكە بولمايدىغان كىشىلەرگە ماس كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاياللار ۋە قوش جىنسلىق كىشىلەر.

باش ئۈستىگە ياغ چېپىلىدۇ: باش ئاغرىقىنى داۋالاش ئۈچۈن باشقا چېپىلىدىغان ياغ سوغۇق تەبىئەتلىك ۋە ھارارەتنى پەسەيتكۈچى خۇسۇسىيەتلىك بولسۇن، قابىز (قان تومۇرلارنى تارايتقۇچى) خۇسۇسىيەتلىك بولمىسۇن. مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى ۋە قاپاق يېغى قاتارلىقلارنى مۇز بىلەن سوغۇق قىلىپ ئىشلىتىش لازىم.

باش ئۈستىگە سىركە، گۇلاب قۇيۇش، باشقا چېپىلىدىغان ياغ پىشمىغان (خام) يەنى ئوتتا قاينىتىپ تەييارلانمىغان بولسۇن. ياخشىسى بىر يىل بولمىغان يېڭى گۈل يېغىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا ياخشى گۈل يېغى كۈنجۈت يېغىدىن تەييار قىلىنغىنىدۇر. ياغ يېڭى بولۇش بىلەن بىرگە

---

① سوغۇقلۇق يەتكۈزگەندە ئادەتتىكىدەك سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش مەقسەت قىلىنسا ياغقا تۆتتىن بىر ھەسسە سىركە قوشۇش، زىيادە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش مەقسەت قىلىنسا، سىركىنى ياغ بىلەن ئوخشاش ياكى ياغدىن زىيادە مىقداردا قوشۇش ۋە سىركىنىڭ ئۆتكۈر بولماسلىقىنىمۇ ئويلاش لازىم. سىركىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن كۆيۈشۈش ۋە ماددىدا قوزغىلىش پەيدا بولىدۇ.

تۇز ئارىلاشتۇرۇلمىغان، قىزىلگۈلنىڭ گۈلى كۆپ مىقداردا سىلىنغان بولسۇن.

يۇقىرىقى مەزكۇر دورىلار باش ئۈستىگە چېپىلىدۇ، يەنى باشنىڭ چوققىسىغا چېپىلىدۇ، بۇنىڭ نامى چەندىيا ياكى تالو(يافوخ) دۇر. چۈنكى بۇ جاينىڭ سۆڭەكلىرى يۇمشاق ۋە نېپىز بولۇپ، ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇق باشنىڭ ئىچىگە تېز يېتىدۇ. باش چوققىسىدا بىر يېرىق بولۇپ، تاجىسمان دەز (دەرز ئېكلىلى) دېيىلىدۇ. دورىلار مۇشۇ جايدىن تولۇق سىڭىپ كىرىدۇ (نەفىيس). بۇ مەقسەت ئۈچۈن باش چوققىسىنىڭ مۇناسىپ ئورنىدىكى چاچنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن (چاچنى چۈشۈرۈۋېتىش بىلەن دورا تېز سىڭىدۇ) خېمىر ياكى يۇڭدىن گەدەندىن قاشقىچە كىيگۈزۈلىدىغان ئۈستى ئوچۇق باش كىيىمى تەييارلىنىدۇ. بۇ باش كىيىمنى كىيگۈزۈشتىكى مەقسەت دورا بۇنىڭغا قۇيۇلىدۇ، دورا باش كىيىمدە توختايدۇ، يەنى مېڭە دورىنى تولۇق سۈمۈرۈپ ئالىدۇ.

جالىنۇس باشنىڭ ئارقا قىسمىغا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈشتىن توسقان. بىمارغا سوغۇق (ھۆللەشتۈرگۈچى) غىزالارنى يېگۈزۈش، مەسىلەن: كۆكتات شورپىسى. بۇ ئارپا، ماش، قاپاق، پالەك، كاھۇ، كۆك يۇمغاقسۈت ھەمدە بادام مېغىزى شىرىسىدىن تەييارلانغان بولسۇن ياكى پوستى ئاقلانغان ئەدەس، سىركە، شېكەر ۋە بادام قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن. چۈنكى باش ئاغرىقىنىڭ بۇ خىل خاس تۈرىنى داۋالاش ئاساندۇر. بۇ سۆزنى رازى دېگەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل باش ئاغرىقىدا دورىلارنى يېگۈزۈش ياكى دورىلىق شەربەتلەرنى ئىچكۈزۈشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، بەلكى داۋائى غىزا ئىستېمال قىلدۇرۇشلا يېتەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر كىتابنىڭ يازغۇچىسىمۇ پەقەت غىزالارنى بايان قىلغان.

ئىچكى ئىسسىقلىقتىن بولغان باش ئاغرىقى بەزىدە باش ئاغرىقى ئىچكى سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىق دورىلار (شۇمشا ۋە مۇرچا ئوخشاش) نى ئىستېمال قىلىش ھەمدە مېڭىگە زىيان يەتكۈزىدىغان غىزالار، مەسىلەن: شاراب، قۇرۇق خورما ئىستېمال قىلىشتىن بولىدۇ.

ئالامىتى باش ئاغرىقىنىڭ مەزكۇر سەۋەبى ئىلگىرى كۆرۈلگەن بولىدۇ. خىياشىم① قۇرۇق بولىدۇ. بىماردا قەلەق② ۋە بىئاراملىق بولىدۇ. بىمارنىڭ بارلىق سەزگۈلىرى سۇسلىشىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، ئۇيقۇسى ئاز بولىدۇ.

---

① خىياشىم — بۇرۇننىڭ يۇقىرىقى ئىچكى بۆلىكى.

قەلەق — بىمار بىر يانپېشىنى يەنە بىر يانپېشىغا ئالماشتۇرىدىغان، ئاندىن كېيىن بۇ يانپېشىنىمۇ ئالماشتۇرۇپ يەنە مەلۇم شەكىلگە ئالماشتۇرۇشنى خالايدىغان ھالەتتۇر.

داۋالاش   مېڭىگە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ، يەنى قۇرسى مۇسەللەسىنىڭ ① سۇيۇق چىپىلمىسى چىپىلىدۇ. بۇ، ئەنزىرۇت، ئاقاقىيا، سەندەل، رۇسۇت، قىزىلگۈل، مامىيسا، كاھۇ ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت سۈيى قاتارلىقلار بىلەن تەييارلانغان بولسۇن. لېكىن يەبرۇج ② ئەپيۇن قاتارلىق تىنچلاندۇرغۇچى دورىلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئۇلاردىن كۆز قاراڭغۇلىشىشقا ئوخشاش ئەكس تەسىر پەيدا بولىدۇ ۋە بەزىدە بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ.

شۇڭلاشقا تەبەرى ئېيتقانكى، مەن بىر تېۋىپنى كۆردۈم، ئۇ بۇ خىل باش ئاغرىقنى داۋالاش ئۈچۈن بىمارنىڭ بېشىغا ئەپيۇن، سىركە ۋە كافۇر بىلەن سوغۇقلۇق قىلدى، بىمار ئايال بولۇپ ھامىلدار ئىدى، دەسلىپىدە بويىدىن ئاجراپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىمار بىھوش بولۇپ، 72 سائەتتىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.

بەزىدە كۈچلۈك زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا، بۇ خىلدىكى كۈچلۈك تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ، بەلكى بەزى ۋاقىتلاردا ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

قۇرس يېگۈزۈلىدۇ: بۇ قۇرس دورىلار ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، تاباشىر، كاھۇ ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى ۋە تەرەنجىبىندىن تەييارلانغان بولسۇن.

شەربەت ئىچكۈزۈلىدۇ: مەسىلەن: نېلۇپەر شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، چىلان شەربىتى ۋە تەمرى ھىندى شەربىتى.

سۇيۇق چىپىلما ③ چىپىلىدۇ: نېلۇپەر، سەندەل، رۇسۇت، مامىيسا، تەرخەمەك سۈيى، كاھۇ سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىنىدۇ. دورىلارنىڭ سوقىدىغانلىرىنى سوقۇپ، ئاز مىقداردا سىركە، مۇۋاپىق مىقداردا قىزىلگۈل ئەرقى ۋە گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان بولسۇن.

نۇتۇل ئىشلىتىلىدۇ: بۇ سوغۇق ئۇسارىلەردىن تەييارلانغان بولسۇن. مەسىلەن: كاھۇ ئۇسارىسى، سېمىزئوت ئۇسارىسى، سۆگەت ئۇسارىسى.

ئۇسارىدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيىدۇر.

---

① قۇرسى مۇسەللەسىنىڭ نۇسخىسى — مۇرمەككى، لادەن، كافۇر، ئەپيۇن، زەپەر، بەزرۇلبەنجى، لوفاھ يىلتىزى پوستى ئۈچ گىرامدىن، كۇندۇر، ئەنزىرۇت، ئامىلە، گىل ئەرمىنى ئالتە گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، گۇلاب ۋە كاھۇ سۈيىدە قۇرس ياساش.

② يەبرۇج — باشقا نامى لۇفاھ يىلتىزىدۇر. بۇنىڭ ھىندىچە نامى لەچمنا لەچمنى، ئىنگلىزچە نامى بىلادونادۇر.

③ سۇيۇق چىپىلما — بىرەر ئەزا ئۈستىگە چىپىلىدىغان دورىنىڭ نامى بولۇپ، سۇيۇق نەرسىلەر ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. بۇنى قول بىلەن چاپلاپ تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. زىمات، قويۇق چىپىلمىلار ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. بۇنى قول بىلەن چاپلاپ تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ.

قابىز بولمىغان سوغۇق تەبىئەتلىك ياغ چېپىلىدۇ: مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى، قاپاق يېغى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى يېغى قاتارلىقلار.

ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ: بۇقراتنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئارپا سۈيى ئۆزىدىكى 10 خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن بارلىق غىزالاردىن ياخشىراق ۋە ئەۋزەلدۇر.

① ئارپا سۈيى سوغۇق تەبىئەتلىك بولۇپ، خىلتلارنى پىشۇرىدۇ؛ ② كۆيگەن خىلتلارنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ؛ ③ ئاشقازاننى تازىلايدۇ؛ ④ بەدەنگە ئاسان سىڭىپ كىرىدۇ؛ ⑤ مەززىلىك بولۇپ، ئاچچىق، چۈچۈمەل ئەمەس؛ ⑥ مۆتىدىل غىزا ھېسابلىنىدۇ؛ ⑦ ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ؛ ⑧ بۇزۇلغان خىلتلارنى قوزغىمايدۇ؛ ⑨ يەل پەيدا قىلمايدۇ؛ ⑩ قورساقنى ئەسمەيدۇ.

ئارپا سۈيىنىڭ تەييارلىنىشى: ئاق ۋە ئوبدان پىشقان ئارپا (ياخشى ئارپىنى تونۇش: ياخشى ئارپىنى قازاندا قايناتقانسېرى بەك ئېچىلىدۇ، ئەمما ئېزىلىپ كەتمەيدۇ، قايناتقاندىكى سۈيى قىزىل بولىدۇ، ئارپىنىڭ دانىسىنىڭ خىللىقىغا قاراپ باھا بېرىشكە بولمايدۇ) دىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، پوستى ئاقلىنىدۇ، بىر ئۈلۈش ئارپىغا 14 ئۈلۈش پاكىز، تاتلىق سۇ قۇيۇپ، نورمال ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ، بۇ جەرياندا كۆپۈكى سۈزۈۋېتىلىدۇ، ئارپا يۇمشاق پىشقاندىن كېيىن سۈيى سۈزۈۋېلىنىپ، كۆرسەتمە بويىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزى ھۆكۈمالار بىر ئۈلۈش ئارپىغا 10 ئۈلۈش ۋە بەزىلىرى 24 ئۈلۈش سۇ قۇيۇشنى كۆرسەتكەن.

سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار يېگۈزۈلىدۇ: مەسىلەن: ماش، قاپاق، پالەك، توم تەرخەمەك، ھۆل يۇمغاقسۈت قاتارلىقلارنىڭ شورپىسىغا تەمرى ھىندى، ئەينۇلا، ئاچچىق ئانار ۋە نېپىز پوستلۇق لىموننى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش.

ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار:

سوۋۇتقۇچى نۇسخا: ئەگەر باش ئاغرىقى ئىسسىقتىن بولسا، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام، چىلاندىن بەش دانە، پوستى ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى، كاۋا مېغىزىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، 144 گرام ئەرقى گاۋزىباندا لوئاب ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گرام نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ؛ بىمار قەۋزىيەتتىن شىكايەت قىلسا، نىلۇپەر شەربىتىنىڭ ئورنىغا 48 گرام خېمىرى بىنەپشە ياكى 36 گرام تەرەنجىبىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ؛ ئەگەر ئىسسىقلىق زىيادە بولۇپ، زىيادە سوۋۇتۇش مەقسەت قىلىنسا، قارا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر سەپرا زىيادە بولۇپ، بىمارنىڭ ئېغىز تەمى تۇزلۇق بولسا، بەش دانە ئەينۇلا شىرىسى قوشۇلىدۇ؛ ئەگەر گالدا ئاغرىق بولسا، نىلۇپەر شەربىتىنىڭ ئورنىغا 24 گرام

شاتۇت شەربىتى ئارىلاشتۇرۇش لازىم، شاتۇت گۈلىنىڭ مەخسۇس دورىسىدۇر.

ئەگەر نەزلە ۋە ماددىلىق ئىسسىقتىن پەيدا بولغان باش ئاغرىقى بولسا، نەزلىنىڭ دورىلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ توغرۇلۇق كېيىنكى بابتا ئايرىم توختىلىمىز. ئەگەر چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىشقا ھاجەت بولسا، تۆۋەندىكى دورا نۇسخىسى تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ:

يۇمشاتقۇچى دورا نۇسخىسى: گۈلبىنەپشە يەتتە گىرام، چىلان، ئەينۇلا ھەربىرى بەش دانىدىن، نىلۇپەر گۈلى، كاسنە ئۇرۇقى بەش گىرامدىن، تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر مېغىزى، گۈلقەنت ھەربىرى 48 گىرامدىن، بادام يېغى ئالتە گىرامدىن ئېلىنىدۇ ھەممە قائىدە بويىچە دەملەنمە تەييارلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

زىمات: ئاق سەندەل، كاھۇ ئۇرۇقى، قورۇق يۇمغاقسۈت، كافۇر قاتارلىقلارنى سۇدا ئېزىپ، بىمارنىڭ پېشانىسىگە چېپىلىدۇ؛ ئاغرىق ئۆتكۈر بولغان ئەھۋالدا زەپەردىن 0.24 گىرام، ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجىدىن 0.48 گىرامدىن ئېلىپ، يۇقىرىقى نۇسخىغا قوشۇپ چېپىش؛ ئالتە گىرام قۇرسى مۇسەللەسنى مۇۋاپىق مىقداردىكى كۆك يۇمغاقسۈت ياكى مۇۋاپىق مىقداردىكى پوستى خەشخاش سۈيىدە ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ.

ئۆتكۈر باش ئاغرىقىدا بۇرۇن تېمىتىلمىسىنىڭ بۇ نۇسخىسى ئىشلىتىلىدۇ: ئەپيۇن، كافۇردىن 0.12 گىرامدىن ئېلىپ، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ، گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، بىمارنىڭ بۇرنىغا تېمىتىلىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئۇسساش زىيادە بولسا، ئىچىدىغان دورىلىرىنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ ئىچكۈزۈش ۋە كىيۇرە شەربىتىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈپ تۇرۇش، بۇ ھالەتتە تۆۋەندىكى سۈيۈق پۈركىتىلمىنى پۈركىتىشمۇ پايدىلىق:

سۈيۈق پۈركىتىلما ئالتە گىرام ئاق سەندەل بىلەن 12 گىرام كافۇرنى 12 گىرام ئەرقى كىيۇرەدە سۈرۈپ، 12 گىرام ئەرقى كاھۇ ئارىلاشتۇرۇپ، كەڭ ئېغىزلىق شىشىگە قۇيۇپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا پۈركىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ئاغرىق يېنىك بولسا سوغۇق تەبىئەتلىك، يەڭگىل ۋە ئوڭاي ھەزىم بولىدىغان غىزالار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: پالەك، سېمىزئوت، قاپاق، سەي كاۋىسى، گۈرۈچ، كەچرى (غىزانىڭ بىر تۈرى)، ئارپا ئېشى، ماش ئۈنى قاتارلىقلاردا تاماق تەييارلاپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇ تاماقلارغا لىمون، تەمرى ھىندىگە ئوخشاش بىرەر چۈچۈمەل نەرسىلەر قوشۇلسا، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

كۆرسەتمە ئەگەر باش ئاغرىقى قىزىتما سەۋەبىدىن بولسا، قىزىتمىنىڭ داۋاسىنى قىلىش كېرەك. بىمارنىڭ پاچىقىغا ھىجامەت قويغاندىن كېيىن، پاشويە قىلىش ياخشى چارىدۇر. باش

ئاغرىقدا باشنى ھەرگىز باسماسلىق لازىم. گەرچە باشنى بېسىشتىن بىمار ئازراق ئارام ۋە راھەت ھېس قىلسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەلكى بۇنداق ئەھۋالدا پۇتنى بېسىپ، تاپىنىنى ئۇۋۇلاپ بېرىش پايدىلىقتۇر. ئەگەر باشنى باسماستىن، ئۇۋۇلىماستىن تېڭىپ قويسا، ھېچقانداق ئەندىشە بولمايدۇ. چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقاندىن كېيىن يەڭگىل ئۇۋۇلاپ بېرىش زىيانلىق ئەمەس.

پەرھىز ئىسسىق تەبىئەتلىك ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

ئەسكەرتىش بىمارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سالقىن ۋە تىنچ جايدا تۇرغۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش، بىمارنىڭ يېنىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماسلىق، باش ئاغرىۋاتقان ۋاقىتتا قەۋزىيەتنى يوقاتقاندىن كېيىن غىزا بېرىش ياخشىدۇر، قىزىتما بولمىغان ئەھۋالدا بىمارنى سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇرۇش لازىم.

سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى

سىرتقى سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقى (خەبەتە) بەزى چاغلاردا باش ئاغرىش ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ، يەنە بەزىدە سىرتقى تەسىرنىڭ سەۋەبىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: سوغۇق ھاۋادا تۇرۇش، مۇز ئىستېمال قىلىش، سوغۇق سۇدا ۋە زەيكەش ئورۇنلاردا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇش.

بۇ خىل باش ئاغرىقى تېبابەتتە خەبەتە (سەزگۈلەرنىڭ قالايمىقانلىششى) دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۇ خىل باش ئاغرىقدا سەزگۈلەر قالايمىقانلىشىدۇ. بۇنىڭدا بىماردا ھوشنى يوقىتىش، ئەقىلسىزلىك ۋە سەزگۈ كۈچلىرى سۇسلىششتەك كەيپىياتلار پەيدا بولىدۇ.

سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقنىڭ ئاقىۋىتىدە كۆپ ۋاقىتلاردا زۇكام كۆرۈلىدۇ. چۈنكى مېڭە ۋە قوشنا ئەزالار سوغۇق بولغان ۋاقىتتا ئۆزىگە كەلگەن خىلتلارنى ھەزىم قىلالمايدۇ، شۇنداقلا ئۆزى ھەم قوشنا ئەزالىرىغا ئۆرلىگەن ياكى ئۇلاردا پەيدا بولغان خىلتلار ۋە بۇخاراتنى تارقىتالمايدۇ.

ئالامىتى باش ئاغرىشنىڭ يۇقىرىقى سەۋەبلىرى باش ئاغرىش بىلەن بىللە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆرۈلىدۇ. بىمارنىڭ سەزگۈسى سۇس، پىكرى قالايمىقان، ئاجىز بولىدۇ. ئاغرىق كۆپرەك باشنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولىدۇ ھەمدە ئىسسىق ئورۇن ۋە ئىسسىق ھاۋا بىمارنىڭ تەبىئىتىگە خۇشياقىدۇ.

داۋالاش ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ: باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سۈيۈق بولمىغان، ئەمەلىي

ئىسسىق بولغان نەرسىلەر بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىسسىق ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت ئىسسىق نەرسىنىڭ ھارارىتىنى باشنىڭ ئىچىگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق، سوغۇقلۇقتىن باشتا پەيدا بولغان جەمۇر ① يوقىتىشتۇر.

ھۆل نەرسىلەر بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئىسسىق سۇ تولدۇرۇلغان ھايۋانلارنىڭ دوۋسىقى (رېزىنكە ياكى تېرە خالتىلار)، قىزىق سۇغا چىلاپ ئىسسىتىلغان رەخت؛ قۇرۇق نەرسىلەر بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: قىزىتىلغان تۇز، تېرىق، بۇغداي كېپىكى ۋە قۇم. ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، يەنى بىمارنى ئىسسىق رەختكە ئوراپ، ئىسسىق سۇ بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ (ئىنكىباب قىلدۇرۇلىدۇ). باش ئۈستىگە سەۋسەن يېغى، يەسمەن يېغى، مەرزەنجۇش يېغى قاتارلىق ئىسسىق ياغلار ئىسسىتىپ قۇيۇلىدۇ ياكى قىزىتىلغان ياغقا يېڭى بۇلۇت ۋە ياكى يۇڭ (ياكى پاختا) قاتارلىق نەرسىلەرنى چىلاپ، چوققا سۆڭكى ئۈستىگە قويۇلىدۇ ھەمدە بىمار ئىستېمال قىلىدىغان تاماقنىڭ مىقدارى ئازايتىلىدۇ. يەڭگىل ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان، تەبىئىتى ئىسسىق بولغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئىسسىق چاي، ئىسسىق سۈت. قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ (يۇمشاتقۇچى دورا تەييارلاپ بېرىلىدۇ).

بۇ مەقسەت ئۈچۈن: بىنەپشىدىن يەتتە گىرام، سەرپىستاندىن 11 دانە، زىغىر ئۇرۇقىدىن 12 گىرام، ئەنجۈردىن ئىككى دانە ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ، 48 گىرام تەرەنجىبىننى بۇ دورا قاينىتىلمىسىدا ئېرىتىپ، بىمارغا ئىچكۈزۈش لازىم. چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش نەتىجىسىدە مېڭىدىكى بۇخارات ۋە خىلىتلار بەدەن سىرتىغا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تۆۋەن تەرەپكە مايىللىشىدۇ (يەنى بۇ ئۇسۇل مېڭىدىكى بۇخارات ۋە بۇزۇق خىلىتلارنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىشتا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ، بىرلا ۋاقىتتا ئۈچەيمۇ تازىلىنىدۇ ھەمدە ئۈچەي تازىلانغانلىق سەۋەبىدىن مېڭىگە ئۆرلىۋالغان بۇزۇق ماددىلارمۇ زور دەرىجىدە ئازلايدۇ).

ئىچكى سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقى (سۇدائى بارىد داخىلى) باش ئاغرىقى بەزىدە سوغۇق ئىچكى سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: مۇزلىتىلغان سوغۇق سۇغا ئوخشاش سوغۇق ۋە تەبىئىتىمۇ سوغۇق بولغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ. سوغۇق سۇغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ سوغۇقلۇقىدىن ئاشقازان شېرىكچىلىكىدە مېڭە تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئاشقازان ۋە مېڭىنىڭ بۇ شېرىكچىلىكى نېرۋىلار ئارقىلىق شەكىللەنگەن. يەنى ئاشقازانغا مېڭە نېرۋىلىرىدىن 10 - جۈپىنىڭ شاخچىلىرى كەلگەن بولىدۇ. چۈچۈمەل نەرسىلەر سوغۇق تەبىئەتلىك بولىدۇ. چۈچۈمەل نەرسىلەر سەۋەبىدىن باش ئاغرىش بىرئاز كېچىكىپ

---

① جەمۇر — بۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى سۇيۇق نەرسىلەرنىڭ قويۇلۇپ قېلىشىدۇر. بۇ يەردىكى جەمۇردىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ماددىلارنىڭ قويۇلۇۋېلىشى، نېرۋا ۋە تارىمۇشلارنىڭ تەشەننۇجىدۇر.

پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا تەبىئەت تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ تەسىر كۆرسەتكۈچى كەيپىياتلىرىنى قۇۋۋەتتىن تەسىرگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئالامىتى باش ئاغرىقنىڭ يۇقىرىدىكى سەۋەبلىرى باش ئاغرىقى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولىدۇ، يەنى بىمارنىڭ سوغۇق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغانلىق تارىخى بولىدۇ ھەمدە ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا باش ئاغرىقى كۆرۈلگەن بولىدۇ. ئەگەر سوغۇق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرەر تەسىرى ئاشكارىلانمىغان (باش ئاغرىمىغان) بولسا، بۇ، تەبىئەتنىڭ ئاشۇ سوغۇقلۇقنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىنى ھەمدە ئۆز كۈچى ئارقىلىق ئۇنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىمارنىڭ بېشىنى تۇتقاندا سوغۇق بىلىنىدۇ، بىمارنىڭ بېشىنى رەخت بىلەن يۆگەپ قويسا، بىمار راھەت ھېس قىلىدۇ. چۈنكى باشنى رەخت بىلەن يۆگىگەندە سوغۇق ھاۋانىڭ بەدەنگە تەسىر قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا تەر تۆشۈكچىلىرىدىن سۇ ھورلىرى چىقىپ، تارقىلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن باشتا ئىسسىقلىق پەيدا بولىدۇ. ئىسسىق ياكى تەبىئىتى ئىسسىق نەرسىلەر بىمارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. چۈنكى كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئامىلغا قارىتا قارىمۇقارشى بولغانلىقتىن سوغۇقلۇق يوقىلىدۇ.

داۋالاش بۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاش ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ (كېسەللەنگەن ئەزا يۇيۇلىدۇ). مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، زام، مەرزەنجۇش، تاغ پىننىسى، پىننە، شىھ ئەرمىنى قاتارلىق دورىلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ، بۇ قاينىتىلما بىلەن بىمارنىڭ بېشى يۇيۇلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار پۇرىتىلىدۇ، مەسىلەن: سېرىنگۈل، سەۋسەن، ئىپار، ئەنبەر، ئۇد (ئېگىر)، نەرگىس، يەسمەن، رەيھان، قىزىلگۈل غۇنچىسى، كىچىك ئاپېلسىن (نارەنگى) قاتارلىقلار. قۇندۇز قەھرى، ھەببۇلغار، قۇستە، كاۋاۋىچىن، سۇزاپ سۈيى ۋە گۈلابلاردىن زىمات تەييارلاپ چېپىلىدۇ. مەزكۇر ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنىڭ سۈيى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ. بۇ دورىلار قەمقەم (ياكى ئېغىزلىق ساپال قاچا) دە قاينىتىلىدۇ.

قەمقەم بۇ بىر خىل قازاندۇر. بۇنىڭ بويىنى ئۇزۇن ۋە تار بولىدۇ. ئەرەب، ئىران، پىشاۋۇر قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل قاچا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل تار بويۇنلۇق قاچىلاردا دورىلارنى قاينىتىشتىكى مەقسەت ئۇنىڭ ئىسسىقلىقىنى ئۇزۇنغىچە تۇرغۇزۇش، سۇ ھورلىرىنى ئۇزۇنغىچە چىقىرىۋەتمەسلىك، قاينىتىلغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇچۇچان ماي تەركىبلىرىنى تېز ئۇچۇرۇۋەتمەسلىكتۇر. دورىلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭ ھورىغا بۇرۇن ۋە قۇلاق تۇتۇلىدۇ. لېكىن دەسلەپتە باش قېلىن رەختلىك رومال بىلەن ئىسسىقلىق تاكى باشقا يېتىپ بارغۇچە ئورىلىدۇ.

قاندىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەلۇم ئىسسىق ماددىمۇ بولىدۇ. يەنى ئۇ ئىسسىق ماددا بەزىدە قان بولىدۇ. قاننىڭ ئىسسىقلىقى بىرەر سەۋەبتىن ئېشىپ كېتىدۇ. باشتا ئۆز كەيپىياتى بىلەن ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنى پەيدا قىلىپ، مىقدارىنىڭ كۆپلۈكىدىن قان تومۇرلاردا تولۇپ قېلىشنى پەيدا قىلىدۇ ۋە نېرۋىلار ئۈستىگە بېسىم چۈشۈرۈپ ئاغرىق شەكىللەندۈرىدۇ.

ئالامىتى بىمارنىڭ يۈز ۋە كۆزلىرىنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ. يۈز ۋە كۆز قاپاقلىرى ئېسىلگەن بولىدۇ، قاننىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن يۈز ۋە كۆزلىرىدىكى تومۇرلار تولغان بولىدۇ. بېشىدا قاتتىق ئېغىرلىق بولىدۇ، تومۇرى قاتتىق سوقىدۇ، بولۇپمۇ باش ئەتراپىدىكى قىزىل قان تومۇرلىرىدا قاتتىق سوقۇش ۋە ھەرىكەتلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. چۈنكى سوغۇق ھاۋانى سۈمۈرۈش ھاجىتى كۈچلۈك بولىدۇ. بىمار مۈگدەيدۇ. لېكىن ئۇيقۇ قاتتىق بولمايدۇ، تومۇرى چوڭ سوقىدۇ، تىندۇرۇلغان سۈيدۈك قويۇق بولىدۇ. مېڭىگە قان تولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن باش ئاغرىغان ئەھۋالدا باش ئېغىر سېزىلىدۇ، پۈتۈن باشتا بولۇپمۇ پېشانە ۋە گەدەندە يەڭگىل ياكى قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ. يۈزلىرى ئېسىلگەن بولۇپ، كۆزلىرى قىزىل، تومۇرى تېز سوقىدۇ. نازۇك مىزاج كىشىلەر ياكى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن كۆپ شۇغۇللانغۇچىلاردا ياكى ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، غەمكىن يۈرۈيدىغان كىشىلەردە بۇ خىل باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ. بىمارنىڭ كۆز ئالدىدا ئوت ئۇچقۇنلىرى ياكى چىۋىن ئۇچۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. قۇلىقىغا ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ، تومۇرى تېز سوقىدۇ. ئەگەر بەدىنى ئاجىز، قېنى سۇيۇق كىشىلەردە بۇ خىل باش ئاغرىقى كۆرۈلسە، چىرايى سارغىيىپ، كالپۇكى ئاقىرىدۇ، پۇت - قوللىرى ئىسسىمايدۇ، يۈرىكى چالاڭغۇرايدۇ، چېكە تومۇرلىرى لوقۇلدايدۇ(ت).

داۋالاش قاندىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا تاكى باشتىكى ماددىلار چىققۇچە، قالغان ماددىلار باشتىن ئاستى تەرەپكە مايىللاشقۇچە بىمارنىڭ قىيفال تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ. پاچاققا قانلىق ھىجامەت قويۇلىدۇ. بۇ خىل باش ئاغرىقىدا مەتبۇخى پەۋاكىھ (مېۋىلەر قاينىتىلمىسى) ئارقىلىق قەۋزىيەتنى يوقىتىش لازىم.

مەتبۇخى پەۋاكىھ نۇسخىسى چىلان، ئەينۇلا، نىشۇق (بىر خىل مېۋە)، سەرپىستان ھەربىرى 15 دانىدىن، تەمرى ھىندى 48 گىرام، بىنەپشە، شاھتەررە يەتتە گىرامدىن ئېلىنىدۇ ھەمدە 48 گىرام تەرەنجىبىن ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا

ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ نۇسخىغا نىشۇق چۈشمىسىمۇ تەسىرى يېتەرلىك بولىدۇ.

ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ: باش ئاغرىقى بىلەن يۆتەل بىرگە كەلگەن شەرت ئاستىدا ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، قاندا سوغۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى شەربەت بېرىلىدۇ. مەسىلەن: چىلان شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، ئەينۇلا شەربىتى قاتارلىقلار. غىزاسىغا چۈچۈمەل تەملىك كۆكتات شورپىسى بېرىلىدۇ (بۇ شورپا تېبابەتتە مەزۇرات، سۈنئىي شورپا، يالغان شورپا دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۇ شورپىغا گۆش سېلىنمايدۇ (نەفىيس). بۇ ئەينۇلا ۋە شاپتۇلدىن ياكى ئاز مىقداردا شېكەر ئارىلاشتۇرۇلغان تەمرى ھىندىدىن ياكى پوستى ئاقلانغان ئەدەسكە ئانار سۈيى ياكى پىشمىغان ئۈزۈم سۈيى قوشۇپ ياكى پوستى ئاقلانغان ماشقا قاپاق، پالەك، كىچىك ئاپىلسىن سۈيى قوشۇپ تەييار قىلىنغان بولسۇن. بۇ چۈچۈمەل تەملىك كۆكتات شورپىسى بىمارغا يۆتەل بولمىغان ۋاقىتتا بېرىلىدۇ.

بەدەننى تولۇق تازىلاپ بولغاندىن كېيىن سوغۇق تىلا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئارپا ئۇنى، سۇ لېشى، سۆگەت ئۇسارىسىغا ئاز مىقداردا سىركە قوشۇپ تەييارلانغان بولسۇن.

بۇرۇن تېمىتىلمىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: كاھۇ يوپۇرمىقى سۈيى، سېمىزئوت يوپۇرمىقى سۈيى، قاپاق سۈيى، گۈل يېغى ۋە قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى قاتارلىق دورىلار بىمارنىڭ بۇرنىغا تېمىتىلىدۇ.

سوغۇق تەبىئەتلىك، سۇيۇق پۇرىتىلما پۇرىتىلىدۇ: كاھۇ سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى ۋە گۈل يېغىغا ئاز مىقداردا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ، كەڭ ئېغىزلىق شېشىگە سېلىپ بىمارغا پۇرىتىلىدۇ.

قان ئېلىشنىڭ تەرەققىياتى: مەملىكىتىمىزدە قان ئېلىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئازدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى قان ئېلىش شەرتلىرى تولۇق تېپىلمايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ تېۋىپلىرى قان ئېلىپ داۋالاش قاتتىق زۆرۈر بولۇپ، قان ئېلىشتىن باشقا چارە قالمىغان ھالەتلەردە قوللىنىلىدۇ. كېسەللەرنى داۋالىغاندا قان ئېلىش مەسلىھەتى بېرىلمەيدۇ. «شەرھى ئەسباب» يېزىلغان دۆلەتتە قان ئېلىش ناھايىتى راۋاجلانغان. بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىدىن بۇ يەردە ياشىغۇچى كىشىلەر ناھايىتى بەك مەنپەئەتلىنىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى ناھايىتى ياخشىدۇر، ئۇلارنىڭ بەدىنىدە قانمۇ نىسبەتەن زىيادە بولىدۇ.

قەۋزىيەتنى يوقىتىش بىلەن ئۈچەي كىرەكسىز ماددىلاردىن پاكىزلىنىدۇ. ئۈچەينىڭ تازىلىنىشى پۈتۈن بەدەنگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا باشتىكى ماددىلار ئۈچۈن قەۋزىيەتنى يوقىتىش مايىللاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاسىتىسىدۇر. قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن بىزنىڭ تېۋىپلار ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلە ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەباتىنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشىدۇر.

سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقى

باش ئاغرىقى بەزىدە سەپرادىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى باشتا كۈچلۈك ھارارەت بولىدۇ، لېكىن ئېغىرلىق سېزىلمەيدۇ، بىمار سوغۇق نەرسىلەردىن راھەت ھېس قىلىدۇ. بۇرۇن تۆشۈكى قۇرۇيدۇ، كۆپ ئۇسسايدۇ، ئېغىز تەمى ئاچچىق بولىدۇ، ئۇيقۇسى قاچىدۇ. تومۇرى تېز سوقىدۇ، تىندۇرۇلغان سۈيدۈك سۈزۈك بولىدۇ. چۈنكى ماددا مېڭە تەرەپكە ئۆرلەيدۇ. چىرايى سېرىققا مايىل بولىدۇ، سېرىقلىق ئاز ياكى كۆپ بولىدۇ.

داۋالاش مەتبۇخى ھېلىلە بېرىش ئارقىلىق سەپرا تازىلىنىپ بەدەن سىرتىغا چىقىرىلىدۇ.

مەتبۇخى ھېلىلە نۇسخىسى سېرىق ھېلىلە، ھېلىلە كابۇلى، ئەينۇلا، ئۆرۈكى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم، چىلان، بىخسۇس، تەمرى ھىندى، سەرپىستان قاتارلىق دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ، بۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردىكى تەرەنجىبىن، شىرخىست، خىيارشەنبەر شىرىسى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

بىمارنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش، يەنى مېڭىگە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن قاندىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش بابىدا سۆزلەنگەن سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: سوغۇق تەبىئەتلىك تىلالار، سۇيۇق پۇرتىملار، تېمىتىلما ۋە باشقا چارىلەر قوللىنىلىدۇ، لېكىن بۇ خىل ئەھۋالدا بىمارنىڭ بېشىغا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈشكە زىيادە تىرىشىش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار قان ۋە سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقىنىڭ ھەر ئىككىسى ئەسلىدە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ داۋالاش پىرىنسىپى ۋە ئەمەلىي داۋالىشىدا ماددىنى تازىلاش ۋە ئىستىفراغ قىلىشتىن سىرت، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىدا سۆزلەنگەن چارىلەر قوللىنىلىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى

باش ئاغرىقى بەزىدە ماددىلىق ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىنمۇ بولىدۇ، يەنى ئۇ ماددا بەزىدە بەلغەم بولىدۇ.

بۇنىڭدىكى باش ئاغرىشىنىڭ قاتتىقلىقى سەپرا ۋە قاندىن بولغان باش ئاغرىقىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ھارارەت سوغۇقلۇققا سېلىشتۇرغاندا زىيادە كۈچلۈك، ئۆتكۈر بولىدۇ.

رازى ئېيتقانكى، «بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى قاتتىق بولمايدۇ». بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سەپرا ۋە قاندىن بولغان باش ئاغرىقىغا سېلىشتۇرغاندا، بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقىدا ھارارەت تۆۋەن بولىدۇ.

ئالامىتى باشتا ھېچقانداق قىزىقلىق بولمايدۇ. يۈز ۋە كۆزلىرىدە قىزىللىق بولمايدۇ. بېشىدا ئېغىرلىق بولىدۇ، قاتتىق ئۇيقۇ بولىدۇ، يەنى ئۇزۇن، ئېغىر ئۇيقۇ بولىدۇ. بۇرۇن تۆشۈكى ۋە ئېغىزى ھۆل تۇرىدۇ، كېسەللىك ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە پۈتۈن بەدەندىن بەلغەم چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، بۇ ئومۇمىي بەدەنلىك تازىلاش دېيىلىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئايارەج پەيقرا يېگۈزۈلىدۇ ياكى سەپەرجىلى مۇسھىلى ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭغا سوقمونىيا ۋە شەھمەنزەل قوشۇپ زىيادە كۈچلۈك تەسىرلىك قىلىنغان بولسۇن. ئاندىن كېيىن خاس باشنى تەنقىيە قىلغۇچى ھەب يېگۈزۈلىدۇ. بۇ ھەب سەبرە، تۇربۇت، رۇمبەدىيان، مەستىكى، سوقمونىيا، نەمەك ھىندى قاتارلىقلارنى ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ نوقۇت چوڭلۇقىدا تەييارلانغان بولسۇن.

بۇ دورىلار ھەب ھالىتىدە شۇنىڭ ئۈچۈن بېرىلىدۇكى، ئاشقازان - ئۈچەيدە ئۇزۇن ۋاقىتقىچە توختاش ۋە ئۇزۇن ۋاقىتتا ئېرىش سەۋەبىدىندۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئاز مىقدارىدىكىسىمۇ ياخشى تەسىر قىلىدۇ ياكى ئايارەجلەر ۋە شەبيارلار ۋاستىسى بىلەن تەنقىيە قىلىنىدۇ ھەم مېڭىنى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ ئايارەج ۋە سىركەنجۇبىل بىلەن ياكى قىچا، ئاقىرقەرھا، مەرزەنجۇش، تاغ پىننىسى، ھەسەل ۋە ئاچچىقسۇدىن تەييارلانغان بولسۇن. لېكىن ماددىلارنى تازىلاشنى پىشۇرغۇچى بەرگەندىن كېيىن قىلىدۇ ۋە تەنقىيەدىن كېيىن زىمات، نۇتۇل ۋە پۇرىتىلما دورىلار ئارقىلىق مىزاج تەڭشىلىدۇ، زىمات، نۇتۇل ۋە پۇرىتىلما دورىلار نۇسخىسى ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان باش ئاغرىقىدا سۆزلىنىپ بولدى. مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن چۈشكۈرۈك كەلتۈرگۈچى دورىلار (ئەتۇسات) بۇرۇنغا تېمىتىلىدىغان دورىلار (قەتۇرات)، ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغ ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئەتۇسات بۇ دورىلار چۈشكۈرۈك كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇرۇنغا تارتىشتا قۇندۇز قەھرى، پەرپيۇنغا قىزىلچا سۈيى ياكى مەرزەنجۇش سۈيى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى پۇرىتىشتا كۈندۈش، تۇربۇت، قۇندۇز قەھرى قاتارلىقلارنى ئېزىپ، كىچىك خالتىغا سېلىپ پۇرىتىلىدۇ.

قەتۇرات بۇ دورىلار بۇرۇنغا، ئاقمىغا ياكى مەلۇم يەرلىك ئورۇنغا تېمىتىلىدۇ. مەسىلەن: سۇزاپ، بابۇنە، مەرزەنجۇش، پىننە قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى تېمىتىلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغ ئىشلىتىش ۋە ئىسسىق ئۆتكۈزۈشنىڭ بايانى دەسلەپتە سۆزلىنىپ بولدى.

نەفىس ئېيتىدۇكى، ئايارەجنىڭ مەنىسى «داۋائۇلخالىق» تۇر. ئايارەج خىزمىتى ۋە تەسىرى بىلەن خاسىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن خالىق بۇنى ياخشىلىق تەرەپكە مەنسۇپ قىلغان. ئايارەجنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە قۇۋۋەتلىرى ئالىمى روھانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئالىمى روھانى ئالىمى جىسمانىدىن پەزىلەتلىك ۋە ئۈستۈندۇر.

بەزى كىشىلەر ئايارەجنىڭ مەنىسىنى ئۇلۇغ، كاتتا دەپ ئېيتسا، بەزى كىشىلەر تۈزەتكۈچى، دېگەن.

ئايارەج ئەڭ دەسلەپتە بارلىققا كەلگەن سۈرگە بولۇپ، قەدىمكى يۇناندا تۈزۈلگەن. يۇنانلىقلار ئايارەجتىن باشقا ھېچقانداق سۈرگە دورىلىرىنى ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. چۈنكى ئايارەجكە نۇرغۇنلىغان تۈزەتكۈچىلەر چۈشكەنلىكى ئۈچۈن پەقەت ئايارەجنىلا ئىشلەتكەن ئىدى.

ھەببى شەبيار نۇسخىسى سەبرە، مەستىكى، تۇربۇت، غارىقۇن، نەمەك ھىندى، رۇمبەدىيان قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ، ھەسەل ۋە ئاپېلسىن يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ياكى ساپ سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ تەييار قىلىنغان بولسۇن.

شەبيار پارسچە سۆزدۇر (بۇنىڭ مەنىسى «كېچىدىكى دوست»). بۇ مۇرەككەپ دورىنىڭ نامى شەبيار دەپ، كەچ ۋاقىتتىلا ئىشلىتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن قويۇلغان. شەبيارنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن بىمار ئۇخلىتىلىدۇ، تاكى ئويغاقلىق ۋە ھەرىكەت دورىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىۋەتمىسۇن. چۈنكى ئويغاقلىق ۋە ھەرىكەت سەۋەبىدىن دورا ئاشقازاندىن تېز تۆۋەنلىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ تەسىرى تولۇق بولمايدۇ ياكى قۇۋۋەتلەر دورىنىڭ تەسىرىنى ياخشى ئۇسۇل بىلەن كۈچتىن تەسىرگە ئېلىپ بارغۇچە ئۇخلىتىلىدۇ.

ئەمما «ئاچقۇچ» ناملىق كىتابتا: شەبيارنىڭ مەنىسى سەبرە بولىدۇ، سەبرە چۈشكەن مۇرەككەپ دورىدا سەبرىنىڭلا مىقدارى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شەبيار دەپ ئاتالغان، دەپ يېزىلغان. ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن پىشۇرغۇچى بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا تېۋىپلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن. بۇ، نەفىسنىڭ بايانىدىن مەلۇم بولىدۇ.

پىشۇرغۇچىنىڭ مەنىسى پازىل تېۋىپلارنىڭ نەزىرىدە: «ماددىنىڭ قويۇق - سۇيۇقلۇقىنى نورماللاشتۇرغۇچى ۋە ماددىنى چىقىپ كېتىشكە ئىگە قىلغۇچىدۇر». چۈنكى ماددا قويۇق، سۇيۇق ياكى چاپلاشقاق بولغان ئەھۋالدا ئاسانلىقچە چىقمايدۇ. قويۇق ياكى چاپلاشقاق بولغان ھالەتتە

ئوچۇقكى، ماددىنىڭ بەدەندىن چىقىشى قىيىن بولىدۇ. لېكىن زىيادە سۇيۇق بولغان ھالەتتە ماددىنى چىقىرىش شۇنىڭ ئۈچۈن قىيىن بولىدۇكى، سۇيۇق شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتى، سۇيۇق شەيئى قايسى ئورۇندا توسۇلۇپ قالسا، شۇ ئورۇننىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىدە توختاپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چىقىشى قىيىن بولىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر ماددا قانچە سۇيۇق بولسا، ئۇنى چىقىرىش شۇ قەدەر ئاسان بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. چۈنكى سۇيۇق نەرسە دورا بىلەن تېز تەسىرلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە پىشۇرغۇچىنىڭ مەنىسى ماددىنى سۇيۇقلاندۇرغۇچىدۇر، لېكىن بۇ خىيال خاتا. چۈنكى ماددىلارنىڭ قويۇق - سۇيۇقلۇقى نورمال بولسا، ئۇلار چىقىپ كېتىشنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن زاتىلجەنبە (كۆكرەك پەردە ئىششىقى) دە بەلغەم ئېغىز يولى ئارقىلىق دەسلەپكى كۈنلا چىقىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۆتكۈر كېسەللىكلەردە ① دەسلەپىدىلا سۈيدۈكتە چۆكمە كۆرۈلمەيدۇ، ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ئاۋۋالقى ماددىسى ناھايىتى سۇيۇق بولىدۇ.

سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى سەۋدادىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى باشتا ئېغىرلىق، قۇرۇقلۇق بولىدۇ، ئۇيقۇسىزلىق قىينايدۇ، چىرايى كۆكۈچ بولىدۇ، بەدەنمۇ قۇرۇق بولىدۇ. شەرتكى، سەۋدانىڭ كۆپلۈكى باشتىن باشقا پۈتۈن بەدەندە بولغاندا تومۇرى ئىنچىكە ۋە ئاستا سالىدۇ. تىندۇرۇلغان سۈيدۈك سۇيۇق ۋە ئاق بولىدۇ، لېكىن ماددا تولۇق پىشقاندىن كېيىن قارا ۋە قويۇق بولىدۇ.

داۋالاش تولۇق مۇنزىج بەرگەندىن كېيىن ھەببى مۇسھىل سەۋدائى ئارقىلىق بەدەندىن سەۋدا تەنقىيە قىلىنىدۇ.

سەۋدا خىلتىنىڭ مۇنزىج نۇسخىسى بىستىپايەج، ئۇستىقۇددۇس، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم، بەديان، گاۋزىبان، بادرەنجبۇيا، ئەينۇلا، ئەفتىمۇن قاتارلىقلارغا تەرەنجىبىن قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

ھەببى مۇسھىل سەۋدائى ئەفتىمۇن، بىستىپايەج، غارىقۇن، ئۇستىقۇددۇس، ئايارەج، تۇربۇت قاتارلىقلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، قائىدە بويىچە بەديان سۈيى بىلەن ھەب ياسىلىدۇ.

ئايارەجلەر ئارقىلىق سەۋدا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. تولۇق تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن زىمات ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بابۇنە، ئىكلىلمىلىك ۋە مەرزەنجۇشقا ياسەمەن يېغى

---

① ئۆتكۈر كېسەللىكلەر — خەتەرلىك كېسەللىكلەردۇر (بۇ تېز ساقىيىدۇ ياكى ھالاك قىلىدۇ).

قوشۇپ تەييار قىلىنغان بولسۇن ھەممە نۇتۇل قىلىنىدۇ، بۇ، بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، تاغ پىننىسى، شىبھ ئەرمىنى، گاۋزىبان، قىزىلچا كۆكى ۋە بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ تەييارلانغان بولسۇن.

پۇرتىلما پۇرتىلىدۇ: مەسىلەن: نەرگىس، ئىپار، ئەنبەر پۇرتىلىدۇ. ھۆل ئىسسىق ياغلار چېپىلىدۇ: مەسىلەن: بابۇنە يېغى، سەۋسەن يېغى، نەرگىس يېغى ۋە مەرزەنجۇش يېغى قاتارلىقلارغا بىنەپشە يېغى ۋە نىلۇپەر يېغى قوشۇپ چېپىلىدۇ.

ياخشى تاماقلار يېگۈزۈلىدۇ: بۇنىڭدىن ياخشى خىلتلار پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى، لەتىف گۆش ۋە ئۇچارقاناتلارنىڭ گۆشى يېگۈزۈلىدۇ. كەكلىك، چۈجە، پاختەك گۆشلىرى نوقۇت بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن. سەۋدانىڭ پەيدا بولۇشى ئازايغۇچە ھەزىمنى ياخشىلاش، بۇ مەقسەت ئۈچۈن مۆتىدىل ۋە كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزگۈچى جاۋارىش يېگۈزۈلىدۇ، سول يانپاشنى بېسىپ ئۇزۇن ۋاقىت ئۇخلىتىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇسۇلدا ئۇخلىغاندا، جىگەر ئاشقازاننى قورشايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەزىم تولۇق ياردەمگە ئېرىشىدۇ. ھەر خىل ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلماسلىق.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىدا بىمار ئىسسىق ئۆيدە ياتقۇزۇلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ: گۈلبىنەپشىدىن يەتتە گىرام، چىلاندىن بەش دانە، سەرپىستاندىن توققۇز دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ۋە ھەمىشباھار ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرامدىن، گاۋزىباندىن سەككىز گىرام ئېلىپ، كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگىنى سۈزۈپ ئېلىپ، بۇنىڭغا 24 گىرام بىنەپشە شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولسا، بىنەپشە شەربىتىنىڭ ئورنىغا 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە ياكى 24 گىرام تەرەنجىبىن قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ مەنپەئەتى بولسا ياخشى، مەنپەئىتى بولمىسا ئۇستىقۇددۇستىن بەش گىرام، بادرەنجى بۇيىدىن بەش گىرام قوشۇپ مۇنزىج تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ماددا پىشقانلىقى ئېنىقلانسا يۇقىرىقى نۇسخىغا تۆۋەندىكى دورىلارنى قوشۇپ مۇسھىل تەييارلاپ بېرىلىدۇ: خىيارشەنبەر مېغىزى 60 گىرام، سانائى مەككى يەتتە گىرام، تەرەنجىبىن، گۈلقەنت، قارا شېكەر ھەربىرى 48 گىرامدىن، بەش دانە تاتلىق بادام مېغىزى شىرىسى قاتارلىقلارنى قوشۇپ 2 ~ 3 قېتىم بېرىلىدۇ، ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، يەنى ئاغرىق بولسا ھەببى ئايارەج بىلەن تەنقىيە قىلىش لازىم.

ھەببى ئايارەجنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى ھەببى ئايارەجكە كالا يېغى سۈمۈرتۈپ 1 ~ 2 دانە كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ، كېچىدە تۆت سائەت قويۇلىدۇ، ئاندىن بىمارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ 144 گىرام ئىلمان ئەرقى گاۋزىبان قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئەتىگەندە مۇسھىل ئىچكۈزۈلىدۇ.

لېكىن بۇ مۇسھىل نۇسخىسىدىن 60 گىرام خىيارشەنبەر مېغىزى ۋە بەش دانە بادام مېغىزى شىرىسى چىقىرىۋېتىلىدۇ.

مۇسھىل بەرگەن ۋاقىتلاردا ئۇسسۇزلۇق بولمىسىمۇ ئەرقى بەدىيان ياكى ئەرقى گاۋزىبان ياكى پەقەت بەدىياننى سۇدا قاينىتىپ، ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەسىر ۋاقتىدا شورپا، شام ۋاقتىدا يۇمشاق پىشۇرۇلغان ماش ۋە كەچىرى بېرىلىدۇ. مۇسھىلنىڭ تەسىرىدە ئىچى سۈرسە، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە تۆۋەندىكى سوۋۇتقۇچى نۇسخىنى ئىچكۈزۈش لازىم:

سوۋۇتقۇچى نۇسخا خېمىرى گاۋزىباننى بىر دانە كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن 144 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، بەش دانە چىلاننىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام بىنەپشە شەربىتى قوشۇپ، رەيھان ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرام سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. باش ئاغرىۋاتقان ھالەتتە ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇغداي كېپىكى بىلەن ئاش تۇزىنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، رەخت خالتىغا سېلىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئىسسىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى زىمات ئىشلىتىلىدۇ:

زىمات (چېپىلما) بىنەپشە يوپۇرمىقىدىن ئالتە گىرام، مەچكەن گۈلى، قاقلە پوستى، خەشخاش پوستىنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى سۇدا ئېزىپ، پېشانە ۋە ئىككى چېكىگە چېپىلىدۇ، بۇ چېپىلمىنىڭ ئورنىغا قۇرسى مۇسەللەسنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ماش ئۈنى، قورۇلغان ئارپا (بىر خىل ئاشلىق — ت) كەچىرىسى، پەلكا، ئۆچكە گۆشى شورپىسى، توخۇ گۆشى شورپىسى، تۇخۇم قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ.

پەرھىز سۇنى ئاز ئىچكۈزۈش، مۇز ۋە سوغۇق سۇ ئىستېمال قىلدۇرماسلىق، سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش. ئەينۇلا، كۆك ماش، ماش ئۈنى، سۈت، قېتىق ۋە بەلغەم پەيدا قىلغۇچى تاماقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش ۋە تاماقنى ئىشتىھادىن ئاز ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئەسكەرتىش بۇ تۆردىكى ئاغرىق ئومۇمەن زۇكام ۋە نەزلىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى داۋالاشتا نەزلىگە رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت خاس ئۇسۇلنى قوللىنىش لازىم.

يەلدىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى بۇخارات ۋە ناچار يەلدىن پەيدا بولىدۇ. بۇلار باشتا توسۇلۇپ قالىدۇ ۋە تەمەددۇد پەيدا قىلىپ ئاغرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇخارات ۋە يەل ئاشقازان، ئۈچەي

قاتارلىق ئەزالاردا پەيدا بولغىنىدەك قان، بەدەن ھۆللۈكلىرى ھەم ئەزالاردىمۇ ئوخشىمىغان ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ. ئۇ تەشەننۇج پەيدا قىلىشتىن باشقا ئۆزىنىڭ بۇزۇلغان ۋە زەھەرلىك كەيپىياتى بىلەن يېقىمسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. ماددىلارنىڭ ئوخشىماسلىق ئېتىبارى بىلەن بۇخاراتنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى بولىدۇ، بۇ باش ئاغرىقىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

يەل پەيدا قىلغۇچى كەيپىيات: ئەللامە نەفىيس ئېيتىدۇكى، يەل پەيدا قىلىدىغان كەيپىيات — ھارارەتتۇر (تېۋىپلار كۈچلۈك ھارارەتتىن يەل پەيدا بولمايدۇ، ئەگەر پەيدا بولسا تارقىلىپ كېتىدىغانلىقىغا قايىلدۇر). ھارارەت قويۇق ماددىلارغا تەسىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭدىن قويۇق ۋە تارقاپ كەتمەيدىغان بۇخارات پەيدا بولىدۇ. ئاندىن بۇ بۇخاراتتىن ئىسسىقلىق چىقىپ كەتكەندە ئۇنىڭ قويۇقلۇقى ئېشىپ يەل پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى تەمەددۇد مەلۇم بولىدۇ. ئېغىرلىق تامامەن بولمايدۇ. قۇلاق غوڭۇلدايدۇ. ئاغرىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ۋە ئالمىشىدۇ ھەمدە لوقۇلداپ ئاغرىش بولىدۇ. يەنى قىزىل قان تومۇرلىرىنىڭ سوقۇشى كۈچلۈك بولىدۇ. قۇلاق غوڭۇلداشنىڭ سەۋەبى شۇكى، يەلنىڭ ھەرىكىتى ۋە دولقۇنلىشىدىن ئاۋاز پەيدا بولىدۇ ھەم ئۇنى سېزىدۇ.

ئاغرىقنىڭ يۆتكىلىشى ئاغرىقنىڭ يۆتكىلىشى توغرىسىدا ئەللامە نەفىيس ئېيتقانكى، يەلنىڭ سەۋەبىدىن ئاغرىق ئۇ يەر - بۇ يەرلەرگە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. يەل سۆزى يەل ئەزالارغا تارقالغان، بىرەر جايدا توختىمىغان ۋە ماكانلاشمىغان چاغدا ئېيتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىر ئورۇندىن ئايرىلىپ ئىككىنچى ئورۇنغا بارىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە كۆپۈش سۆزى يەل بىرەر بوشلۇقتا توختىغان ۋە توسۇلغان بولسا (ئۇ بوشلۇق كۆپىدۇ، مەسىلەن: قورساق كۆپۈش) ئېيتىلىدۇ. لوقۇلداش توغرىسىدا ئەللامە نەفىيس ئېيتىدۇكى، يەلدىن جۈملىدىن قويۇق يەلدىن لوقۇلداش ھەرگىز بولمايدۇ. ئىبنى سەرافىن ۋە رازىمۇ مۇشۇنداق ئېيتقاندۇر. بەزىدە باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى باشتىكى قويۇق بۇخارات بولىدۇ (رازى ئۆزىنىڭ «فاخىر» ناملىق كىتابىدا مۇشۇنداق بايان قىلغان)، بۇنىڭدا چېكە ئىچكى قىسمىدا قاتتىق لوقۇلداش بولىدۇ.

داۋالاش يەل نۇتۇللار ئارقىلىق تارقىلىدۇ: بۇ، شىبھ (دەرمىنە)، شام ياغىچى، تاغ پىننىسى، مەرزەنجۇش، ئىكلىلمەلىك، كەرەپشە، سېرىقچېچەك قاتارلىقلاردىن قايىنىتىپ تەييارلانغان بولسۇن. بۇ مەقسەت ئۈچۈن پۇرىتىلمىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ھۆل سۇزاپ، مەرزەنجۇش، بەدىيان يوپۇرمىقى، ئىپار قاتارلىقلار پۇرىتىلىدۇ. چۈشكۈرتكۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش، مەسىلەن: قۇندۇز قەھرى. ئۇ دورىلار سەۋەبىدىن يەل ۋە قويۇق بۇخارات چۈشكۈرۈك ئارقىلىق چىقىپ كەتسۇن (تارقاپ كەتسۇن).

بۇرۇن تېمىتىلمىلىرى ئىشلىتىلىدۇ: بۇ، سەبرە، كۇندۇش (نىكچەكنى)، زەپەر، ئاقمۇچ،

ئىپار قاتارلىقلارغا مەرزەنجۇشنىڭ سۈيىنى قوشۇپ تەييارلانغان بولسۇن.

غىزالاردىن يەللىك نەرسىلەرنى يېگۈزمەسلىك، پەقەت چۈجە گۆشى يېگۈزۈش. بۇ نوقۇت سۈيى، زىرە، دارچىن، زاراڭزا مېغىزى قوشۇپ پىشۇرۇلغان بولسۇن. يۇمشىتىش يەنى قەۋزىيەتنى يوقىتىش، تاكى بۇنىڭدىن يەل پەيدا بولىدىغان ماددىلار (ئۈچەي تەرەپكە يۆتكىلىپ) چىقىپ كەتسۇن. ئەگەر بەدەندە تولۇپ قېلىش بولسا بەدەننى تازىلاش، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش. چۈشكۈرۈش بىلەن يۈز، باش ۋە مېڭىگە ھەرىكەت يېتىدۇ. بۇنىڭدىن يەل ۋە ماددىلارنىڭ تارقىلىشىغا ياردەم ھاسىل بولىدۇ. بۇقرات «ئەبىزىمىيا» دا يازغانكى، چۈشكۈرۈش يەلدىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

ئاشقازان شېرىكچىلىكىدىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى ئاشقازاننىڭ شېرىكچىلىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئاشقازاندىن قايتقۇچى نېرۋا① مېڭە پەردىلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ.

ئاشقازان شېرىكچىلىكىدىن پەيدا بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى قورقۇنچلۇق بولمايدۇ. مېڭە ئۇنىڭ كېسەللىكلىرىدىن يېقىمسىزلىنىدۇ. چۈنكى مېڭىنىڭ نازۇك جەۋھىرى ۋە ئاجىز تېنى بۇزۇلغان ماددىلار ھەم بۇخاراتتىن تېز تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقى بەزىدە ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن، بەزىدە ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشتىن (ئاشقازانغا ماددىلارنىڭ توپلىنىۋېلىشىدىن) بولىدۇ. ئۇ دەۋرىيلىك ۋە رىتىملىق بولىدۇ. بۇ دەۋرىيلىك ئاشقازان ھالىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ ھەم مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ ناچار ماددا ئاشقازاندىن مېڭە تەرەپكە ئوخشاشمىغان ۋاقىتلاردا ئۆرلەيدۇ.

1. ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان باش ئاغرىقى بۇ خىل باش ئاغرىقى ئاشقازان مىزاجىنىڭ ماددىسىز بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى تاماق بىلەن ئاشقازان ئېغىرلاشقان ئەھۋالدا باش ئاغرىقى كۈچىيىدۇ. ئاشقازاننىڭ يەڭگىل ۋە بوش بولغان ھالىتىدە باش ئاغرىقى يەڭگىللەيدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن باش ئاغرىقى بولىدۇ. ئاغرىق ئومۇمەن باشنىڭ ئالدى قىسمىدا بولىدۇ. بىمارنىڭ يۈزى بەزىدە قىزىل بولىدۇ. باشنى ئەگكەندە ئاغرىق كۈچىيىدۇ. شىريان سۇباتىنى بېسىش بىلەن ئاغرىقتا ياخشىلىنىش بولىدۇ. ئاغرىق ھەر ۋاقىت بولمايدۇ. تاماقتىن كېيىن كۈچىيىدۇ. قۇسۇش

---

① قايتقۇچى نېرۋا — بۇ بىر نېرۋا بولۇپ، مېڭىدىن كۆكرەك ۋە ئاشقازانغا يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر نامى ئەسەبى رەئۇۋى مەئىدىدۇر.

ۋە ئىچ سۈرۈشتىن كېيىن بىماردا شىپا تېپىش بولىدۇ.

ئاشقازان بوش ھالەتتە ئاغرىقنىڭ يەڭگىللىشىنىڭ سەۋەبى، بۇ خىل ھالەتتە ئاشقازاندىكى ئەزىيەت ۋە يېقىمسىزلىق ئاز بولىدۇ ھەمدە ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن ئاشقازاندىن مېڭىگىچە يېتىپ بارىدىغان بۇزۇلغان ماددىلار ۋە بۇخاراتمۇ ئاز بولىدۇ ياكى يوقىلىدۇ. لېكىن بەزىدە ئۇنىڭ ئەكسىچىمۇ بولىدۇ. يەنى تاماقتىن كېيىن باش ئاغرىقى يېنىكلەپ، قورساق ئاچقان ۋاقىتتا باش ئاغرىقى كۈچىيىپ كېتىدۇ.

داۋالاش ئاشقازاننى ياخشىلاش، مىزاجىنى تەڭشەش لازىم. بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا سۆزلەپ ئۆتىمىز.

2. ئاشقازانغا سەپرا خىلتىنىڭ توپلىنىۋېلىشىدىن بولغان باش ئاغرىقى باش ئاغرىقى بەزىدە ئاشقازانغا سەپرانىڭ قۇيۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى كۆڭلى ئېلىشىدۇ. كۆز ئېقى سارغىيىدۇ. ئاشقازىنى تارتىشىپ ۋە تولغاپ ئاغرىيدۇ. ئېغىز تەمى ئاچچىق، ئۇسسۇزلۇق كۈچلۈك بولىدۇ ھەمدە سەپراۋى قۇسۇشتىن كېيىن باش ئاغرىقى يوقايدۇ.

كۆڭلى ئېلىشىش — ئاشقازاننىڭ بىر ھالىتىنىڭ نامى بولۇپ، بۇنىڭدا قۇسىدىغاندەك كەيپىيات مەلۇم بولىدۇ. بۇ يەردىكى كۆڭلى ئېلىشىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاشقازاندا سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىلىك سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى، كۆيۈشتۈرۈشى ۋە ئاچچىقلىقىدىن بىئاراملىق بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تەبىئەت سەپرانى چىقىرىپ تاشلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆڭلى ئېلىشىش پەيدا بولىدۇ (نەفىيس).

داۋالاش سىركەنجۇبىل ياكى ئىللىق سۇ بىلەن قۇستۇرۇپ، ئاشقازاننى سەپرادىن پاكىزلاش، ئاندىن كېيىن بۇزۇلغان ماددىلارنى يوقىتىش مەقسىتىدە باش ۋە ئاشقازاننىڭ ئىسسىقلىقىنى تۆۋەنلىتىش، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش تاكى ئاشقازان بۇزۇلغان ماددىلارنى قوبۇل قىلمىغۇچە ۋە ئۇلارنى يوقىتىشقا قادىر بولغۇچە. ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تۇتۇش پەيدا قىلغۇچى رۇببىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: بېھى رۇببىسى، غوراپ رۇببىسى، ئانار رۇببىسى، زەئرۇر (بىر خىل مېۋە) رۇببىسى. رۇب دورىلاردىن جەۋھەر ياكى ئەرەق تەييارلاپ، تۆتتىن بىر قىسمى قالغۇچە قايىنىتىپ تەييارلىنىدۇ، ئۇنىڭ قىيامىغا شېكەر سېلىشقا بولمايدۇ (بەزى رۇببىلارغا بۇزۇلۇشتىن ساقلاش ئۈچۈن شېكەر قوشۇلىدۇ). لېكىن بۇ خىل باش ئاغرىقىدا مەلەب سۈتى، قىزىلگۈل، گىل ئەرمىنى قاتارلىقلار سوغۇقلۇق ۋە تۇتۇش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوشۇلىدۇ. باشنى سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقىدا سۆزلىنىپ بولغان چارىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈش، تاكى ئاشقازاندىن باش تەرەپكە ئۆرلەيدىغان بۇزۇق ماددىلار ۋە بۇخاراتلار

يوقالسۇن.

ئىلمان سۇ قۇستۇرغۇچىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى ئىلمان سۇ ئاشقازاننىڭ چىقىرىش كۈچى (قۇۋۋىتى دافىئە) نى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇزۇق ماددىلار ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدىن چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇچارقاناتلارنىڭ پېيىنى گالغا كىرگۈزۈشمۇ قۇستۇرىدۇ (ت).

بەلغەمدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى ئاشقازانغا شىلىمشىق ۋە بۇزۇلغان بەلغەمنىڭ يىغىلىۋالغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇ، ئاشقازان يۈزى ۋە ئۇنىڭ تارمۇشلىرىغا چاپلىشىۋېلىپ ئاسانلىقچە ئاجرىمايدۇ.

ئالامىتى ھەزىم بۇزۇلۇش باش ئاغرىقىدىن ئىلگىرى كۆرۈلىدۇ. تاماق سىڭمەسلىك ھەزىم ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن غىزانىڭ بۇزۇلغانلىقىدۇر. بۇنىڭدىن ئاشقازاندا كۆپۈش بولىدۇ، ئېغىز شۆلگىيى (قولاق ئاستى بېزى، تىل ئاستى بېزى ۋە ئېڭەك ئاستى بېزى قاتارلىق بەزلەر ئۆزلىرىنىڭ كانالچىلىرى ئارقىلىق ئېغىز بوشلۇقىغا شۆلگەي چىقىرىدۇ) كۆپىيىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ. بەلغەم خىلتىدىن بولغان قۇسۇشتىن كېيىن باش ئاغرىقى يەڭگىللەيدۇ.

كېكىرىش ئاشقازاندا توسۇلۇپ قالغان ئېشىندى يەل چىققاندا پەيدا بولىدىغان ھالەتنىڭ نامى بولۇپ، ئېشىندى يەل ئاشقازاننىڭ دائىپە قۇۋۋىتى ئارقىلىق چىقىدۇ. بۇ كېسەلدە كېكىرىكنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى بۇخاراتى رىياھى بۇ يەل ۋە بۇخاراتنىڭ بىرلىشىشىدۇ (ت). ھەزىم ئاجىزلىغان سەۋەبتىن كۆپ پەيدا بولىدۇ، بۇنى تەبىئەت ئېغىز يولى بىلەن چىقىرىدۇ. كېكىرىكنىڭ چۈچۈمەل بولۇش سەۋەبى ئىسسىقلىق كەملىكى سەۋەبىدىن تولۇق خىزمەت قىلالمايدۇ، يەنى غىزالارنى ھەزىم قىلىشقا ھارارەتنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غىزا چۈچۈمەل بولىدۇ. شۇنىڭدەك خام، تەمسىز مېۋىلەرنى يېگەن ۋاقىتتىمۇ كېكىرىك چۈچۈمەل بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭغا ھارارەت ئاز تەسىر قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ياخشى پىشۇرالمايدۇ. كېكىرىكنىڭ چۈچۈمەل بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئاشقازانغا چاپلىشىۋالغان بەلغەم بىلەن ئاشقازاندىكى چۈچۈمەل ھۆللۈكنىڭ بىرىكىشىدىن بولىدۇ. چۈچۈمەل ھۆللۈك ھەر دائىم غىزا ھەزىم بولغان ۋاقىتتا قويۇلىدۇ.

كۆڭلى ئېلىشىش ئاشقازاننىڭ بىر قىسىم ھەرىكىتىدۇر. بۇ ئاشقازاننىڭ بىرەر زىيانلىق ماددىنى يوقىتىش مەقسىتى بىلەن پەيدا بولىدۇ. ئاشقازان ئۇ زىيانلىق ماددىلاردىن يېقىمسىزلىنىدۇ ۋە ئۇلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ ماددىلارنى

قوزغاشقا قادىر بولالمايدۇ ۋە چىقىرىۋېتىش كۈچى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ماددا شىلىمشىق بولۇپ، ئاشقازان يۈزى ھەم ئۇنىڭ تارىمۇشلىرىغا چاپلاشقان بولىدۇ.

داۋالاش قۇستۇرۇش بىلەن ئاشقازان تەنقىيە قىلىنىدۇ، يەنى سېرىقچېچەك، تۇرۇپ، بىخسۇس قاينىتىلمىسىغا سىركەنجۇبىل ھەسەلى قوشۇپ قۇستۇرۇلىدۇ ياكى تازىلاش ئىيارەج بىلەن ئىچىنى سۈرۈش ئارقىلىق قىلىنىدۇ. ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈپ، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەڭگىل غىزالارنى بېرىش، ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلارنى يېگۈزۈش، تاكى بەلغەم پەيدا بولمىغۇچە.

سەۋدادىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى ئاشقازاندىكى نورمالسىز سەۋدا خىلىتىدىن پەيدا بولىدۇ، بەزىدە ئاشقازاندىكى چۈچۈمەل ھۆللۈكنىڭ كۆپلۈكىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنى ئىلگىرىكىلەر «سۇدائى مەئىدە سەۋدائى» دېگەن نام بىلەن بايان قىلغان. ئۇنىڭ سەۋەبى بۇ نەزەرىيەدۇركى، تالدىن ئاشقازانغا قۇيۇلىدىغان سەۋدا چۈچۈمەل بولىدۇ (ت).

ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ (ھۇمۇزەتى مەئىدە) نىڭ كۆپلۈكىدىن ئەللامە سەمەرقەندى بايان قىلغان ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى ئاشقازاندا كۆيۈشۈش ۋە ئېچىشىش بولىدۇ. چۈنكى ئاشقازان ھۆللۈكىدە ئۆتكۈرلۈك ۋە چۈچۈمەللىك بولىدۇ. قورساق ئاچىدۇ ۋە چۈچۈمەل قۇسۇشتىن كېيىن ئاغرىق يەڭگىللەپ قالىدۇ.

داۋالاش ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى بىلەن پىشۇرغۇچى بەرگەندىن كېيىن سەۋدانى سۈرگۈچى دورىلار بىلەن ئاشقازاننى تازىلاش، مەسىلەن: بۇ ھەب قارا ھېلىلە، بىستىپايەج، ئۇستىقۇددۇس، ئەفتىمۇن، غارىقۇن، لاجۇۋەرد تېشى، سوقمونىيا قاتارلىقلارغا بادرەنجبۇيا سۈيى قوشۇپ تەييارلانغان بولسۇن.

قوشۇمچە ئاشقازان ھۆللۈكىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە چۈچۈمەللىكىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن تۇزلۇق بولغان (چۈچۈمەل بولمىسۇن) ھەزىم قىلدۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: تەنكار، نۆشۈدۈر، قارا تۇز، لاھۇر تۇزى، شورە، توغرىغۇ قاتارلىقلار. چۈچۈمەل غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، ئەگەر مۇمكىن بولسا مۇشۇ ۋاقىتتا قۇستۇرۇلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ھەببى كەبەد نۇشدارى كۈندە ئىككى قېتىم، ئىككى دانىدىن تاماقتىن كېيىن يېگۈزۈلىدۇ. تەپسىلىي داۋالاش ئۇسۇلى ئاشقازان كېسەللىكلىرىدە سۆزلىنىدۇ.

يەلدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى ئاشقازاندىكى يەلدىن پەيدا بولىدۇ. يەلدىن دەسلەپتە ئاشقازان غىدىقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازان شېرىكچىلىكىدىن مېڭىدە ئاغرىق بولىدۇ.

ئالامىتى باش ئاغرىشتىن ئىلگىرى ئاشقازاندا ئاغرىش بولىدۇ. يەنە باشنىڭ چوققىسى ئاغرىيدۇ. لېكىن مۇشۇنداق دەسلىپىدىلا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاغرىق باشنىڭ باشقا قىسىملىرىغا يېتىپ بارىدۇ. ئاشقازان ئاغرىقى پەسەيگەندىن كېيىن باش ئاغرىقىمۇ يېنىكلەيدۇ. كۆپتۈرگۈچى يەنى يەل پەيدا قىلغۇچى غىزالارنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن باش ئاغرىقى كۈچىيىدۇ.

داۋالاش يەلنى تارقىتىش، ئاشقازاننى ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلار بىلەن كۈچلەندۈرۈش لازىم. بۇلار كاسىر رىياھ① بولسۇن. مەسىلەن: جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش فۇتىنەج. جاۋارىش — گاۋارەشنىڭ ئەرەبچىسىدۇر. بۇنىڭ مەنىسى ھەزىم قىلدۇرغۇچىدۇر (نەفىيس).

ئاشقازان ئاجىزلىقى ۋە سەزگۈرلۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى ئاشقازان ئاجىزلىقى ۋە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشتىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئاشقازان بۇزۇلغان ماددىلارنى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە سەزگۈرلۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبلىك بۇزۇق ماددىلاردىن ناھايىتى زىيادە غىدىقلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياخشى خىلتلار ۋە غىزا جەۋھىرىمۇ ئاشقازاندا بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشقازانغا ئۇ خىلتلاردىن ئەزىيەت يېتىدۇ ۋە ئەزىيەتكە نېرۋىلار مۇناسىۋىتى بىلەن مېڭىمۇ شېرىك بولىدۇ.

ئالامىتى باش ئاغرىقى ئەتىگەندە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا كۈچىيىدۇ ھەم ئاشقازان بوش ۋاقتىدىمۇ بۇ ھالەت بولىدۇ.

داۋالاش بىمارغا تېزدىن خام ئۈزۈم سۈيى، رىباس سۈيى، سۇماق سۈيى، ئانار ئۇرۇقى سۈيى قاتارلىقلارغا چىلانغان لوقمىلار يېگۈزۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاشقازاندا ئاجىزلىق مەۋجۇت

---

① كاسىر رىياھ — يەللەرنى تارقاتقۇچى دورا دېگەن مەنىدە.

بولۇش بىلەن سوغۇقلۇقمۇ بولسا، مەزكۇر سۇلارغا نانىنى چۆكۈرۈپ، ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچىلەر بىلەن تەمىنى تەڭشەپ بېرىلىدۇ، مەسىلەن: رۇمبەدىيان، تاغ زىرىسى، جۇۋىنە ھەم ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچىلەر بىلەن خۇش پۇراق قىلىنىدۇ. ئەگەر چۈچۈمەل نەرسىلەر يۆتەل ۋە باشقا بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن مۇۋاپىق كەلمىسە، نان جۇلاپ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ (جۇلاپ ئەرەبچە سۆزدۇر. جۇلاپ شەربىتى شېكەر ۋە گۇلابتىن ياكى ھەسەل ۋە گۇلابتىن تەييارلىنىدۇ)، بۇ، شېكەر، تاتلىق سۇ ۋە قىزىلگۈلدىن تەييارلانغان بولسۇن.

توك ئۈزۈم سۈيى، رىباس① سۈيى، سۇماق سۈيى، ئانار ئۈرۈقى سۈيى قاتارلىق قابىز دورىلار ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۇخاراتنى تىندۇرىدۇ. قورساق ئاچقان ۋاقىتتا ئاشقازان تەرەپكە قۇيۇلىدىغان سەپرانى يوقىتىدۇ. ئەگەر بىمار قابىز دورىلار بىلەن نان يېگەن بولسا، بۇ دورىلار ئاشقازاندا ئۇزۇن ۋاقىت توختاپ، ئاندىن ئەزالارغا تەدرىجىي ئۆزلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئارتۇق ماددىنىڭ كېلىشى توختايدۇ (نەفىيس).

ئەفاۋىيە دەپ خۇش پۇرىقى بولغان ئىسسىق دورىلارنى ئاتايدۇ. مەسىلەن: زەپەر، ئۇد ھىندى (ئېگىر)، دارچىن قاتارلىقلار. تاماقلارنى خۇش پۇراق قىلىشتىكى مەقسەت شۇكى، ئۇنىڭدىن كۈچ كۆپ پەيدا بولىدۇ ۋە تەبىئەت بۇنىڭغا ياخشى تەسىر قىلىدۇ (نەفىيس).

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەگەر باش ئاغرىقى ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنىڭ شېرىكچىلىكىدىن، ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، چۈچۈمەل نەرسىلەر (مەسىلەن: سىركەنجىۋىل ۋە لىمون شەربىتى) ئىچكۈزۈلىدۇ، قۇستۇرۇش ۋە مۇسھىل (سۈرگە) بىلەن ئۈچەينى تازىلاش ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئاشقازاندا سەپرا بولسا، قايناق سۇغا 48 گرام سىركەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ، ئارقىدىن 96 گرام ئەرقى گۈلگە 24 گرام سىركەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاشقازاندا بەلغەم بولسا سېرىقچېچەك ئۇرۇقى ئۈچ گرام، تۇرۇپ ئۇرۇقى تۆت گرام، ئاش تۇزى ئۈچ گرام، ساپ ھەسەل 36 گرام قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ ۋە سۈزۈپ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ. قۇسقاندىن كېيىن مەستىكى رۇمىدىن 48 گرامنى يۇمشاق ئېزىپ، 48 گرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزىمنى ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش، ئاشقازاندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ: كۇشتە قىلىنغان مارجان ۋە تۆمۈر پوقىنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى بەرىنج ئېلىپ، يەتتە گرام جاۋارىش جالىنۇسقا ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. جەدۋار ۋە ئۇد سەلىبنى ئېزىپ، بەش

---

① رىباس — بۇنىڭ تەسىرى غورا، يەنى پىشمىغان ئۈزۈم ياكى چۈچۈمەل ئۈزۈمگە ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭ ھىندىچە مەشھۇر نامى يوق.

گىرام جاۋاھىر چۈشكەن خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كەچتە ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە ھەپتىدە ئىككى قېتىم يەتتە گىرام ئىترىفىل زامانى كەچتە ئۇخلاش ۋاقتىدا قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

زىمات (چىپىلما) ئاغرىق كۈچەيگەن ۋاقىتتا ئاق سەندەلنى ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيىدە ئېزىپ چىپىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش يەڭگىل ۋە ئىشتىھادىن ئاز تاماق يېيىش، تاماقتىن كېيىن دەرھال ئۇخلىماسلىق بەلكى ھاۋاسى ساپ جايلاردا قىسقا ۋاقىت مېڭىپ بېرىش.

ئەسكەرتىش ئەگەر ئاشقازاندا ھارارەت (ئىسسىقلىق) بولسا، سوغۇق سۇ ئىچىشتىن بىرەر نۇقسان يەتمەيدۇ، بەلكى پايدىلىقتۇر. كۆپىنچە ئاشقازان بوش ۋاقىتتا ئەقلىي ئەمگەكنىڭ كۆپلۈكىدىن باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ. بۇ تاماق يېيىش ۋە ئىسسىق سۈت ياكى ئىسسىق چاي ئىچىشتىن يوقىلىدۇ. ۋاقىتلىق ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن سېزىمسىزلاندۇرغۇچى ۋە ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۇ دەرھال ئاغرىق پەسەيتكەن بىلەن زەھەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش زۆرۈر. مەسىلەن: ئەپيۇن مۇرەككەباتىغا ئوخشاش دورىلارنى يېگۈزۈشتە ئېھتىيات قىلىش زۆرۈر.

مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى مېڭە ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە مېڭە ئادەتتىكى سەۋەبلەردىنمۇ تەسىرلىنىدۇ.

ئالامىتى ئادەتتىكى سەۋەبلەردىن باش ئاغرىقى كۈچىيىدۇ. مەسىلەن: ئادەتتىكى بۇزۇق ماددىلار ۋە بۇخارات. بۇلار تاماق ھەزىم بولغان ۋاقىتتا ھەمىشە ئۆرلەيدۇ. ئاۋاز، پۇراق قاتارلىقلاردىن باش ئاغرىقى كۈچىيىدۇ. سەزگۈلىرى سۇسلايدۇ. مېڭىنىڭ پائالىيەتلىرىگە نۇقسان يېتىدۇ. مەسىلەن: پىكىر قىلىش، خىيال قىلىش، ئەستە ساقلاش كۈچى ۋە ئىختىيارىي ھەرىكەت قاتارلىقلار.

داۋالاش مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار بىلەن مېڭە كۈچلەندۈرۈلىدۇ، مەسىلەن: لەتىف، يەڭگىل، خۇش پۇراق غىزالار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ، تاكى غىزالاردىن كېرەكسىز ماددىلار ئاز پەيدا بولسۇن ھەم تېز ھەزىم بولۇپ، ئەزالارغا تېز سىڭسۇن. مەسىلەن: نوقۇت، زەپەر، دارچىن ۋە قىزىلگۈل قاتارلىقلاردا پىشۇرۇلغان چۈجە ۋە كەكلىك گۆشلىرى يېگۈزۈلىدۇ،

قەلەمپۇر، قىزىلگۈلگە ئوخشاش دورىلار تىلا قىلىنىدۇ، باش ئۈستىگە ياغ قۇيۇلىدۇ، مەسىلەن: گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى قۇيۇش، كۈچلۈك بولمىغان خۇش پۇراقلىق دورىلار پۇرىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئالما، ئەنبەر، قىزىلگۈل قاتارلىقلار.

مېڭە ئاجىزلىقىدىن كېيىن ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش بولسا، مىزاجنى تەڭشەش، ئەگەر ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇش بولسا، ماددىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان ئۇسخىلار ئەگەر باش ئاغرىقى مېڭىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بولسا، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇسخا ئىشلىتىلىدۇ:

بادام مېغىزى ھالۋىسى ئۇسخىسى تاتلىق بادام مېغىزى، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، ناۋاتتىن 24 گىرام قوشۇپ، ئوتتا قويۇپ ھالۋىدەك قويۇلغاندا ئوتتىن چۈشۈرۈپ سوۋۇتۇپ، ئەتىگەندە يېگۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە ئۇخلاش ۋاقتىدا جەدۋار (پارپا)، ئۇد سەلىبىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، ئىترىفىل كەشنىز قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە باشقا بادام يېغى ياكى خەشخاش يېغى سۈركىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ئاغرىق يوقالغاندا يەڭگىل ۋە ئاسان سىڭىدىغان غىزالارنى بېرىش لازىم.

پەرھىز ئەقلىي ئەمگەكلەردىن ساقلىنىش. ئىسسىق، تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەل پەيدا قىلغۇچى تاماقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش، ئەتىگەن ۋە كەچتە سەيلە قىلىش ۋە مۇناسىپ ھەرىكەت قىلىش، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق كېرەك.

سەزگۈرلۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى سەزگۈرلۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە مېڭە ئادەتتىكى ئىشلاردىن تەسىرلىنىپ ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى مېڭە كىچىككىنە ۋە ئادەتتىكى ئىشلاردىن تەسىرلىنىدۇ. مېڭىنىڭ سەزگۈرلۈكى كۈچىيىپ كېتىدۇ ھەم مېڭىنىڭ يوللىرى پاكىز بولىدۇ. يەنى كۆزدە چاپاق، قۇلاقتا كىر بولمايدۇ. بۇرۇن قۇرۇق بولىدۇ. چۈنكى مېڭە كېرەكسىز ۋە بۇزۇلغان ماددىلاردىن پاك بولىدۇ. مېڭىنىڭ پائالىيەتلىرى نورمال بولىدۇ.

داۋالاش   ھەزىم قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولغان شەرت ئاستىدا قويۇق تاماقلار ئارقىلىق مېڭىنىڭ سەزگۈرلۈكى ئاجىز ۋە سۇس قىلىنىدۇ. مەسىلەن: كاللا - پاچاق سېلىنغان ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ، كالا گۆشى بىلەن تەييارلانغان ھەرىسە (ھەرىسە — گۆش ۋە دانلىق زىرائەتلەر، مەسىلەن: بۇغداي بىلەن تەييارلىنىدۇ) بېرىلىدۇ. ھەزىم قىلىش كۈچى يۇقىرىقى تاماقلارنى ھەزىم قىلالىسۇن. ئەگەر ھەزىم كۈچى كۈچلۈك بولمىسا، سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: كاھۇ يوپۇرمىقى، سېمىزئوت يوپۇرمىقى، ھۆل يۇمغاقسۈت (كاھۇدىمۇ خەشخاشقا ئوخشاش سېزىمسىزلاندۇرغۇچى تەركىب بولىدۇ، لېكىن مىقدارى ئاز بولىدۇ «ت»).

بەزىدە سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىچىدىن ئىشلىتىشكە زۆرۈرىيەت بولىدۇ. مەسىلەن: شەربىتى خەشخاشقا ئوخشاش دورىلار، بۇ ئادەتتە ئومۇملاشقاندۇر. بۇ دورىلار قايتا - قايتا ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئەت دورىلارنى بىر قانچە قېتىم تۈزىتىپ، زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسىر قىلىشقا ئادەتلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت دورىنى تولۇق سۈمۈرىدۇ ھەمدە دورىغا بەرداشلىق بېرىشى ئاسان بولىدۇ (چۈنكى زەھەرلىك ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن بەدەندە تەدرىجىي ئىچكى قارشىلىق كۈچ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ خىل زەھەرگە بەرداشلىق بېرىدىغان كۈچ ئاشىدۇ).

ئەگەر يۇقىرىقى دورىلار مەنپەئەت قىلمىسا پۇلونىيا ئىشلىتىش لازىم. بۇ بىر سېزىمسىزلاندۇرغۇچى مەجۇندۇر ياكى كاھۇ ئۇرۇقى، خەشخاش پوستى، ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجى، كەندىر يوپۇرمىقى ۋە لۇفاھ① بىلەن تەييارلانغان تىلا چېپىلىدۇ. لېكىن قاتتىق سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشتىن بەزىدە يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: كۆز قاراڭغۇلىشىش. بەزىدە ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا تەبەرى بىر ھېكايەتنى بايان قىلغان. بۇنىڭ بايانى ئىلگىرى سۆزلىنىپ ئۆتتى. ئەگەر مۇشۇنداق سېزىمسىزلاندۇرغۇچىغا زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ناھايىتى ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئەگەر بىمارنىڭ رەڭگى ئۆزگەرسە ۋە ئۇنىڭ سەزگۈلىرىگە نۇقسان يەتكەن بولسا، دەرھال ئۇنى ئىشلىتىشنى توختىتىپ ئىللىق سۇغا چۈشۈرۈش لازىم (نەفىس).

مېڭىنىڭ سەزگۈرلۈكىنى كېمەيتىش ۋە مېڭىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن داۋائى شىپامۇ ناھايىتى پايدىلىق ۋە تەسىر قىلغۇچى دورىدۇر. بۇ ئەمەلىي داۋالاشتا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىستېمال

---

① لۇفاھ — بۇنىڭ يەنە بىر نامى يەبرۇج سەنەم بولۇپ، بۇنى ھىندى تىلىدا لەچمىنى لەمچمىنى دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ جەۋھىرى كۆزگە قۇيۇلسا كۆز قارىچۇقىنى ناھايىتى كېڭەيتىدۇ. بۇنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كۆز دوختۇرلىرى كۆزنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

مىقدارى 1 ~ 2 گىرامغىچە بولۇپ، سۇفۇپ ياكى ھەب ھالەتتە سۇ قاتارلىقلار بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

يەڭگىللىكتىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى يەڭگىللىك ۋە قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ نامى خەففە (خەففە — يېنىكلىك، يەڭگىللىكتۇر) دەپ قويۇلغان. بۇ ئاغرىقنىڭ نامى نېمە ئۈچۈن خەففە دەپ قويۇلغان؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ ئاغرىقتا خەففە يەنى يەڭگىللىك چوقۇم بولىدۇ.

رازى ئېيتقانكى، يەڭگىللىكتىن بولغان باش ئاغرىقى ئادەتتە ئاياللاردا بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئاياللاردا يەڭگىگەندىن كېيىن نىپاس قېنى (نىپاس قېنى — يەڭگىگەندىن كېيىن بىر قانچە كۈنگىچە كېلىدىغان قاننى كۆرسىتىدۇ) كۆپلەپ كېلىدۇ ھەمدە ئۇلاردا ھەر ئايدا ھەيز قېنى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئالامىتى بۇ خىل باش ئاغرىقى بىرەر ماددىنى كۈچلۈك سۈرۈپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. مەيلى ئۇ خاس ئۇسۇلدا بولغان بولسۇن. مەسىلەن: نەزلە، بۇرۇن قاناش ياكى غار - غار قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى چىقىرىش بولسۇن ياكى ئومۇمىي بەدەنلىك تەنقىيە قىلىش بولسۇن. مەسىلەن: ئومۇمىي بەدەنلىك چىقىرىپ تاشلاش ياكى قاناش، قۇستۇرۇش، ئىچىنى سۈرۈش، قان ئېلىش ۋە سىيدۈك ھەيدەش. بەزىدە بۇ خىل باش ئاغرىقى پەقەت غىزا يېمەسلىكتىن پەيدا بولىدۇ. رامىزاندا ياكى قانىغاندىن① كېيىن ياكى ئۇيقۇسىزلىقتىن كېيىن ياكى غەم - قايغۇدىن كېيىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. باش ئاغرىقى مەزكۇر قۇرۇقلۇق سەۋەبلىرىنىڭ قايتىلىنىشىدىن زىيادە بولىدۇ. نازۇك مىزاج كىشىلەردە كۆپ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى غەم - ئەندىشە، ئاچچىقلىنىشتىن بۇ خىل باش ئاغرىقى بولىدۇ. بۇنىڭدا كۆز ئالدىدا ئوت ئۇچقۇنلىرى، چىۋىن ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. قۇلاقلىرىغا ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. تومۇرى تېز سوقىدۇ. ئەگەر ئاجىز كىشىلەردە (ئۇلارنىڭ قېنى سۇيۇق بولىدۇ) بۇ خىل باش ئاغرىقى بولغان بولسا، بىمارنىڭ چىرايى سارغىيىپ، لەۋلىرى تاتىرىپ كېتىدۇ ۋە پۇت - قوللىرى سوغۇق بولىدۇ. يۈرەك چالاڭغۇرايدۇ. چېكە قىزىل قان تومۇرلىرى لوقۇلدايدۇ. ئەگەر باش ئاغرىقى قاننىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئاغرىق باشنىڭ ئالدى قىسمىدا بولىدۇ. بېشى قايىدۇ، يۈرىكى چالاڭغۇرايدۇ، دىمى سىقىلىدۇ. بىمارنىڭ

---

① قاناش — بىرەر قان تومۇرنىڭ ئېغىزى ئوچۇق قالغانلىقىغا ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: قانلىق بوۋاسىردىكى قاناش.

چىرايى سېرىق، نۇرسىز بولىدۇ.

ئۇيقۇسىزلىقنىڭ مېڭىدە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىش سەۋەبى: ئۇيقۇسىزلىق ھالىتىدە مېڭىنىڭ بارلىق كۈچلىرى، بارلىق ئەزالار ۋە سەزگۈ كۈچلەر ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلارغا قاننىڭ ھۆللۈكلىرى سەرپ بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئورنىغا دەرھال تولۇقلىنىش بولمايدۇ. چۈنكى ئۇيقۇسىزلىقتىن ھەزىم قىلىش بۇزۇلىدۇ. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ تەسىرى جۈملىدىن مېڭىدىلا زىيادە كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى مېڭىلا بارلىق سەزگۈ كۈچلەر ۋە بارلىق ئىختىيارىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەنبە ۋە ۋاستىسىدۇر.

غەم بىر نەپسانىي كەيپىياتتۇر. بۇنىڭدا قان، روھ ۋە تەبىئىي بەدەن ھارارىتى بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىغا يۈرۈپ كېتىدۇ. بۇ مەلۇم زىيانلىق، يەنى كېسەللىكنىڭ ئەكسىچە بولغان نەرسىنىڭ كۆرۈلۈشىدىن پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: ئۆزىگە كەلگەن مەلۇم پۇرسەت كەتكەندىن كېيىن ئىنساننىڭ دىلىدا ھەر خىل خىياللار پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: بىمار ئۆزىگە قانداق پۇرسەت ۋە مۇسىبەتلىك ئىش كېلىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. قىسقىسى، بۇ بارلىق نەرسىلەر قورقۇنچ شەكىللىنىشكە سەۋەبچى بولىدۇ. غەم ھالىتىدە تەبىئىي كۈچلەر (تەبىئىي كۈچلەر بەدەننى ئوزۇقلاندۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۈچلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدەننى ئوزۇقلاندۇرۇش مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ) ئاجىزلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن قان ۋە روھتىن تارقىغان مۇقىم بۆلەكنىڭ تولۇقلىنىشى كەملەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەندىكى پەرۋىش بۇزۇلىدۇ ۋە ئەزالاردا قۇرۇقلۇق ھەم ئورۇقلاش پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش بىمارغا ھۆللۈك ۋە ساپ قان پەيدا قىلغۇچى (ساپ قان پەيدا قىلغۇچى غىزالار قان ۋە باشقا ياخشى خىلتلارنى پەيدا قىلىدىغان غىزالارنى كۆرسىتىدۇ.) تاماقلار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئارپا ئېشى، نىشاستە ھالۋىسى، بادام يېغى، شېكەر، سېمىز چۈجە گۆشى، مائۇللەھمى قاتارلىقلار (بۇ يەردىكى مائۇللەھمى شورپا شەكلىدە تەييار قىلىنغىنىنى كۆرسىتىدۇ، ئەرەق شەكلىدە تارتىلغىنىنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ سۈت ئېمىۋاتقان ئوغلاقنىڭ بويۇن گۆشىدىن تەييارلانغان بولسۇن.) يۇقىرىقىدەك تاماقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ھۆللەشتۈرگۈچى ياغ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: بادام يېغى، كۈنجۈت يېغى. بۇرنىغا ياغ تېمىتىلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى، نىلۇپەر يېغى. ھۆل يىلىك، مەسىلەن: كالا پاچىقىنىڭ يىلىكمۇ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. ھايۋانات يېغى بۇرنىغا تېمىتىلىدۇ، مەسىلەن: توخۇ يېغى، كەكلىك يېغى.

ئەمەلىي داۋالاشتا ئاجىزلىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

قىزىتمىدىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى قىزىتما سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى قىزىتما ھالىتىدە بەدەندىن ئىسسىق بۇخاراتلار ۋە بۇزۇق ماددىلار قان تومۇر يولى ئارقىلىق مېڭە تەرەپكە ئۆرلەپ، باش ئاغرىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئالامىتى قىزىتما بىلەن باش ئاغرىش تەڭ پەيدا بولىدۇ ھەمدە قىزىتما تۆۋەنلەش بىلەن باش ئاغرىقى ياخشىلىنىدۇ.

داۋالاش قىزىتمىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. قالغان ئۇسۇل ۋە داۋالاش ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنىڭكىدەك قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بايانى سۆزلىنىپ بولدى.

سەرسامدىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى مېڭە ۋە مېڭە پەردىلىرىنىڭ ئىششىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى باش ئاغرىش بىلەن سەرسام بولىدۇ ھەم سەرسامنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ. سەرسام — مېڭە ۋە مېڭە پەردە ئىششىقىنىڭ نامىدۇر.

داۋالاش سەرسامنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، بۇ كېيىنكى مەزمۇنلاردا بايان قىلىنىدۇ.

جىنسىي ئالاقىدىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى جىمادىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى جىما قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ. قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى جىمادا قاتتىق ھەرىكەت بولغانلىقى، مەنىي چىقىرىلىش مىقدارى باشقا بارلىق ھۆللۈكلەرنىڭ چىقىرىلىشىدىن يۇقىرى بولۇپ، زىيادە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئالامىتى بۇ خىل باش ئاغرىقى جىمانى كۆپ قىلغاندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بىمارنىڭ بەدىنى ئورۇق ۋە قۇرغاق بولىدۇ.

داۋالاش بۇ خىل باش ئاغرىقىنى قۇرۇقلۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشقا ئوخشاش داۋالاش ھەم تاتلىق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇش، بۇرۇنغا بىنەپشە يېغى تېمىتىش، مۇناسىپ

ھەرىكەتلەرنى قىلدۇرۇش ۋە ياخشى غىزالار بىلەن بەدەننى كۈچلەندۈرۈش لازىم.

يۇيۇندۇرغاندا بەدەندە كۈچ ۋە ھۆللۈك ھاسىل بولىدۇ، مىڭە كۈچلىنىدۇ، لېكىن ياخشىسى سۇ زىيادە سوغۇق بولمىسۇن. چۈنكى جىما قىلغاندا كۈچ خورايدۇ، بەدەن ئاجىز، بوش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەن زىيادە سوغۇقتا، جۈملىدىن قىش پەسلىدە سوغۇقتا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

بۇخاراتتىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە بەدەندىكى خىلتلار ۋە ماددىلاردىن بۇخارات مىڭە تەرەپكە ئۆرلەپ، باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئالامىتى بەدەن بۇزۇق خىلتلار بىلەن تولغان بولىدۇ ۋە خىلتلار كۆپلۈكىنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

داۋالاش ئۇسۇلى تاكى باش كۈچلىنىپ بۇخاراتنى قوبۇل قىلمىغۇچە مۇناسىپ ئۇسۇللار بىلەن خىلتلار بەدەندىن تەنقىيە قىلىنىدۇ ھەم باش كۈچلەندۈرۈلىدۇ. بۇخاراتتىن بولغان باش ئاغرىقى ئەمەلىيەتتە يەلدىن بولغان باش ئاغرىقىدۇر، بۇنىڭ بايانى بۇرۇن سۆزلىنىپ بولدى، بۇ ئورۇندا ئۇنى قايتا بايان قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق(ت).

نېرۋىلار ئاجىزلاشتىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى جىما قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ نېرۋىلىرى ئاجىزلاش سەۋەبىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ. نېرۋىلار جىما ھەرىكىتىدىن ھارىدۇ، بۇ سەۋەبتىن مىڭە بىئارام بولىدۇ. باش ئاغرىقىنىڭ بۇ خىلى شەھۋەتى كۈچلۈك ياشلاردا كۆرۈلمەيدۇ.

ئالامىتى جىمادىن كېيىن بەدەندە تىترەش پەيدا بولىدۇ. بەدەن ھەرىكەتلىرىدە ئاجىزلىق كۆرۈلىدۇ، گويا ئۇنىڭ بېشىنى بىرەر نەرسە بېسىپ ئالدىغا ياكى كەينىگە تارتىپ تۇرۇۋاتقاندەك مەلۇم بولىدۇ، بۇ مىڭە بۆلەكلىرىدىن بىرەر خاس بۆلەكنىڭ ئاجىز بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. بەزىدە مىڭىدىكى ئەزىيەت يەنى ئۇنىڭ جىما ۋاقتىدا تارتىشى، سەكتە ۋە تۇيۇقسىز ئۆلۈم (ئاز ساندا كۆرۈلىدۇ) گىچە ئېلىپ بارىدۇ.

داۋالاش نېرۋىلار بەدەنگە ياغ سۈركەش ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈلىدۇ، مەسىلەن: قۇستە يېغىنى قۇندۇز قەھرى يېغى بىلەن قوشۇپ سۈركىلىدۇ ۋە غىزاسىغا تەم تەڭشىگۈچىلەر بىلەن

خۇش پۇراق قىلىنغان پاقلان گۆشى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ، مېڭىنى خۇش پۇراق نەرسىلەر بىلەن تاكى كېسەللىك ماددىسى تەسىر قىلمىغۇچە كۈچلەندۈرۈش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان باش ئاغرىقىدا ئومۇملاشقان نۇسخىلار ئىشلىتىلىدۇ.

خۇمار بولۇشتىن بولغان باش ئاغرىقى

باش ئاغرىقىنىڭ بۇ تۈرى شارابنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى شارابنىڭ ئۆتكۈر تەركىبلىرى ۋە گازلىرى مېڭىگىچە ئۆرلەيدۇ. ئەگەر شاراب كونا، ئۆتكۈر ياكى قويۇق، دۇغ ۋە ناچار بولسا، ئادەتكە خىلاپ ھالدا ئەگەر شارابنى كۆپ ئىچسە، ئۇنىڭ ئىسسىق ۋە ناچار تەركىبلىرى مېڭىگىچە ئۆرلەپ، مېڭىنى قىزىتىدۇ. باشتا قان تولۇش پەيدا قىلىپ تەمەددۇد پەيدا بولۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ناچار كەيپىياتى بىلەن مېڭىگە ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ.

ئىبنى سەرافيۇن ئېيتقانكى، «ئۆتكۈر شاراب باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ پائالىيەت شارابنىڭ مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگۈچى ئۆتكۈر بۇخاراتى ۋە ئۆتكۈر تەركىبلىرىدىن بولىدۇ.» **بۇ خىل باش ئاغرىقى خۇماردىن پەيدا بولىدۇ.** چۈنكى خۇمارنىڭ مەنىسى شارابنىڭ ھەزىم بولماي ئۇنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرىنىڭ قالغانلىقىدۇر. ئەگەر شارابنى كۆپ ئىچسە ۋە ھەزىم بولمىسا، ئۇنىڭ ناچار تەركىبلىرىدىن باشتا ئېغىرلىق ۋە ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تەسىرىدىن قۇسۇش ۋە كۆڭلى ئېلىشىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. سەپرانىڭ قۇيۇلۇشى ئاشىدۇ. بۇ كۆپىنچە قۇسۇق ھالىتىدە چىقىرىلىدۇ.

بىر خۇماركەشنىڭ ھېكايىسى: دەسلەپتىلا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشتى، ئاندىن كېيىن قۇسۇق ئارقىلىق خىلىت چىقتى. بۇ خىلىت كىچىك تەرەتتىمۇ كۆرۈلدى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ تىل ۋە ئېغىزىغا مۇدۇر ـ چاقا چىقتى ھەم مۇشۇ كۈنى ئۆلۈپ كەتتى. يەنە بىر خۇماركەشنىڭ ھېكايىسى: ئۇنىڭدا كۆڭلى ئېلىشىش شۇقەدەر ئۆتكۈر داۋاملاشتىكى، ئۇنىڭ تىلى سىرتىغا چىقىپ قالدى ۋە ئىششىپ قالدى. ئاندىن كېيىن بۇرنى قانىدى ھەم ئۆلۈپ كەتتى. لېكىن بۇنداق ۋەقە ناچار خىلىتلار بەدىنىدە كۆپ بولغان كىشىلەردە بولىدۇ. ناچار خىلىتلار قۇسۇش ۋە كۆڭلى ئېلىشىشنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىدۇ (نەفىيس).

ئالامىتى بۇ خىل باش ئاغرىقىنىڭ ئالامىتى، شاراب ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. باشتا ئېغىرلىق بولىدۇ. مېڭىسىنىڭ مىزاجى ھۆل سوغۇق بولغۇچىلاردا باش ئاغرىش

قاتتىق بولۇپ، بەزى ۋاقىتلاردا بىمار تۈز ئولتۇرالمايدۇ.

داۋالاش ئاشقازاندا قالغان ئاز مىقداردىكى شاراب قۇستۇرۇش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. مەسىلەن: سىركەنجۇبىل ۋە سېرىقچېچەك قايناتىلمىسى ئارقىلىق بىر قانچە قېتىم قۇستۇرۇش ياكى ئىچىنى سۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. لېكىن ئىچىنى سۈرۈپ چىقارغۇچى دورىدا سەپرا ۋە بەلغەمنى چىقارغۇچى دورىلار بولسۇن. مەسىلەن: ئايارەج پەيقرانى مىزاجىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سوقمونىيانى قوشۇپ ياكى ئىككى خىل ئانار سۈيى بىلەن سوقمونىيا قوشۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ھەزىم بولمىغان قالدۇق ماددىلار ئاشقازاندىن تېز چىقىپ كەتكۈچە ۋە باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى يوقالغۇچە كۈچلەندۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى چارىلەر بىلەن بۇ ھەزىم بولمىغان قالدۇق ماددىلار چىقىپ كەتمىسە ھەمدە كۆڭلى ئېلىشىش كۈچلۈك بولسا، ئاز مىقداردا ئوبدان غىزا يېگۈزۈپ، تاكى تاماق بىلەن ئۇنىڭ ناچار كەيپىياتى ئارىلاشقاندىن كېيىن قۇستۇرۇلىدۇ ھەمدە ئاشقازان ھارارەت پەسەيتكۈچى، كۈچلەندۈرگۈچى ۋە بۇخاراتنى يوقاتقۇچى شەربەتلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئانار شەربىتى، ئالما شەربىتى، خام ئۈزۈم شەربىتى (غورا شەربىتى) قاتارلىقلارغا سوغۇق سۇ قوشۇپ بېرىلىدۇ. خۇش پۇراق دورىلار، مەسىلەن: سۇمبۇل قوشۇپ تەييارلانغان فەقائى (يەنى بوزە يەڭگىل شارابتۇر. بۇ ئارپا ۋە باشقا نەرسىلەردىن تەييارلىنىدىغان بولۇپ، بۇ مەست قىلمايدۇ ياكى يەڭگىل مەست قىلىدۇ) مۇ ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر قاتارىغا كىرىدۇ. بۇلار بىلەن ئاشقازان كۈچلەنسۇن. ئارپا ئېشىمۇ ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى غىزالاردىن بولۇپ، بۇ خاس ئۇسۇلدا ئاز مىقداردا خام ئۈزۈم سۈيى، لىمون سۈيى ۋە ئاز مىقداردا تۇز قوشۇپ تەييارلانسا پايدىلىق بولىدۇ. مېڭە كۈچلەندۈرۈلىدۇ، باشقا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ مەقسەتتە دەسلەپتە گۈل يېغى، ئاس يېغى ۋە سىركە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن ئاخىرىدا ھەرگىز ئۆتكۈر سوغۇقلۇق يەتكۈزمەسلىك، بەلكى ئىلمان بابۇنە يېغى ۋە سەۋسەن يېغى ئىشلىتىش لازىم.

ئىككى پۇتىنى ئۇۋۇلاش، بابۇنە ۋە بىنەپشە قايناتىلمىسى ۋە ئاز مىقداردا تۇز قوشۇلغان سۇغا ئىككى پۇتىنى سېلىپ پاشويە قىلىش لازىم.

رازى ئېيتقانكى، بىر كىشىدە باش ئاغرىقى پەيدا بولغان ئىدى، ئۇنىڭ پۇتىنى بىر كېچە - كۈندۈز نورمال ئۇۋۇلاپ بەرگەندە، بۇ كىشىدىكى باش ئاغرىقى ياخشىلاندى.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار بۇ كىتابنىڭ تۆتىنچى قىسمىدىكى شارابتىن زەھەرلىنىشنىڭ بايانىغا قارالسۇن، يەنى بۇنىڭ ئەمەلىي داۋالاش ئۇسۇلى شۇ جايدا يېزىلغان.

زەربىدىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى باشقا زەربە تېگىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ بەزىدە باش سۆڭىكىنىڭ ئۈستىدىكى پەردىلەردە دەسلەپتىلا پەيدا بولىدىغان ئەزىيەت ۋە يېقىمسىزلىقتىن پەيدا بولىدۇ، ئاندىن بۇ ئەزىيەت مېڭىنىڭ باشقا پەردىلىرىگىچە خاس مۇناسىۋەت سەۋەبىتىن يېتىپ بارىدۇ. بەزىدە ئاغرىق زەربە ۋە سوقۇلۇشتىن مېڭە — مېڭە پەردىلىرىدە ئىششىق بولىدىغانلىقى ياكى مېڭە ياكى باش ئىچكى پەردىلىرى ياكى سۆڭەكنىڭ سىرتقى پەردىلىرى يېرىلىپ كېتىدىغانلىقى ياكى باش سۆڭەك سۇنىدىغانلىقى (بۇنىڭ بىلەن پەردىلەردە تەمەددۇد پەيدا بولىدۇ) ياكى مېڭە يۇمشايدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. يۇقىرىقى ئاز ساندىكى ئەھۋاللاردىن باشقىلىرى ئومۇمەن ھالاك قىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى يېقىندا سۆزلىنىدۇ.

داۋالاش ئىششىق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئىمكانقەدەر زەربىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىش تاكى مېڭە ۋە مېڭە پەردىلىرى ئىششىپ قالمىسۇن. چۈنكى تەبىئەت ئاغرىغان ئورۇنغا ئاغرىقنىڭ سەۋەبلىرى بىلەن قارشىلىشىشقا بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قانمۇ بارىدۇ، شۇڭا ئەزا ئىششىيدۇ ھەم ئۇنىڭ ئاغرىقىمۇ كۈچىيىدۇ.

قان تومۇرلارنى تارايتىش ۋە قان تولۇشنى ئازلىتىش مەقسىتىدە باشقا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ ۋە باش كۈچلەندۈرۈلىدۇ. يۇقىرىقى مەزكۇر مەقسەتلەر ئۈچۈن چېپىلمىلار ئىشلىتىلىدۇ يەنى ئاغرىقنى پەسەيتىش، سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ۋە باشنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاس شاخلىرى، ئارپا ئۇنى، گىل ئەرمىنى، مامىسا، مەسۇر ئۇنى، رۇسۇت، ئاقاقىيا ۋە سەندەل قاتارلىقلار بىلەن پاقىيوپۇرمىقى سۈيىدە زىمات تەييارلاپ چېپىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا گۈل يېغى ئىشلىتىش ئىنتايىن ياخشىدۇر. ئومۇمەن بۇنىڭغا ئاز مىقداردا سىركە قوشۇلىدۇ.

باش ئۈستىگە سوغۇق سۇ قۇيۇلىدۇ، مۇزنى سوقۇپ باشقا تېگىشمۇ پايدىلىق. باشتىن ماددىنى يوقىتىشتا قىيفال ۋە باسلىقتىن قان ئېلىش ياكى سۈرگە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مەيلى چىلان ۋە خىيارشەنبەر قاينىتىلمىسى بىلەن ئىچىنى سۈرۈش ياكى يەڭگىل ھۆقنە قىلىش بىلەن ئىچىنى سۈرۈش بولسۇن، ھۆقنە قىلىش كۆپ ياخشىدۇر. لېكىن قىزىتما ۋە ئەقلى ئېلىشىش كۆرۈلگەن بولسا، بىلىش لازىمكى، زەربىدىن ئىششىق پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقىدىندۇر. مۇشۇنداق ئەھۋالدا كۈچلۈك قابىز دورىلارنى ئىشلىتىش ئىششىقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ. مەسىلەن: ئانار پوستى، يۇلغۇن دەرىخى، سەرۋى دەرىخى، ئۇششاق كۈندۈر (بۇ چوڭ كۈندۈرنى ئەلگەك بىلەن تاسقىغاندا چىقىدۇ (ت)، قىزىلگۈل.

ئەگەر زەربە تېگىش ۋە سوقۇلۇش بىلەن باش سۆڭەك ئىچكى پەردىسىمۇ ئۈزۈلگەن بولسا، زەخمىنىڭ ئىلاجى مىزاج بۇزۇلۇشىنى ئوڭشىغاندىن كېيىن تاكى زەخىم پۈتكىچە مەلھەملەر ئارقىلىق قىلىنىدۇ. ئەگەر زەربە ۋە سوقۇلۇش بىلەن ئىچكى پەردىلەر ئۈزۈلۈپ، يېرىلىپ كەتكەن بولسا داۋالاش قىيىندۇر، بەلكى بەزى ۋاقىتلاردا شۇنداقمۇ بولىدۇكى، زەخىم پۈتمەيدۇ ۋە يارا بولۇپ تۇرۇپ ھەمىشە ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ ھەم باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر خاس مېڭىدە يېرىلىش بولسا، بۇ كېسەللىك يەنىمۇ ئېغىر بولۇپ، داۋالاش قىيىنراق بولىدۇ ھەمدە مېڭىنىڭ باشقۇرغۇچىلىق رولى ۋە مۇرەككەپلىكى سەۋەبىدىن خەتەرلىك بولىدۇ. لېكىن ھەر ھالدا داۋالاش ئۇسۇلى ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولغاندەك بولىدۇ.

ئەگەر زەربە تېگىش ۋە سوقۇلۇشتىن باش سۆڭىكى سۇنغان بولسا، بۇنى كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا سۆزلەنگەندەك داۋالاش كېرەك.

دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقى

بۇ، باش ئاغرىقىنىڭ بىر خاس تۈرى بولۇپ، بۇنىڭ نامى دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقىدۇر (سۇدائى بەيزە). بۇ بىر خىل كۈچلۈك باش ئاغرىقى بولۇپ، پۈتۈن باشقا تارقايدۇ ھەمدە ناھايىتى تەستە ساقىيىدۇ.

بۇ باش ئاغرىقى پۈتۈن باشقا تارقالغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ نامى دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقى دەپ قويۇلغان. بۇنىڭدا دۇبۇلغا كىيگەندە ئورىلىپ تۇرىدىغان قىسىملار ئاغرىيدۇ. دۇبۇلغا — جەڭدە باشقا كىيىلىدىغان باش كىيىمى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن باش، يۈزى يۆگىلىدۇ. ئېيتىش مۇناسىپتۇركى، تېۋىپلار بۇ باش ئاغرىقىنىڭ ماھىيىتىدە ئىختىلاپ قىلىشىدۇ. لېكىن پايدىسىز ئۇزارتىشتىن ساقلىنىپ پەقەت مۇشۇنداقلا بايان قىلىمىز. بۇ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ «بەيزە بىر خىل باش ئاغرىقىدۇر. بۇ پۈتۈن باشتا بولىدۇ. ئۇزاققىچە تۇرىدۇ ۋە مۇقىم بولىدۇ. بۇ باش ئاغرىقى سوزۇلمىدۇر. ئادەتتىكى ۋە ئازراق سەۋەبلەردىنمۇ كۈچىيىدۇ. ھەتتا بېشى ئاغرىغان بىمار ئاۋازدىن، يورۇقلۇقتىن، كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ۋە كۆرۈشۈشتىن نەپرەتلىنىدۇ. يالغۇز ۋە قاراڭغۇ جايدا ئارام ئېلىپ راھەتلىنىشنى، ئوڭدا يېتىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە بىماردا ھەر ۋاقىت گويا بېشى بولقا بىلەن سوقۇلغاندەك ياكى بېشى قاتتىق تارتىشۋاتقاندەك ياكى پارچىلىنىۋاتقاندەك سېزىم بولىدۇ» دېگەن سۆزىدىن چۈشىنىلىدۇ (نەفىيس).

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، بەزى تېۋىپلار سۇدائى بەيزە ئۈچۈن

يۇقىرىقى شەرتلەرنى ئۆتتۈرىغا قويمىغان، بەلكى ئۇ ئاغرىقمۇ پۈتۈن باشتا (باش سۆڭەكنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا) پەيدا بولىدۇ. بۇنى بەيزە دەپ ئاتايدۇ (نەفىيس).

سەۋەبى بۇ خاس تۈردىكى باش ئاغرىقى خىلىتلاردىن پەيدا بولىدىغان قويۇق بۇخاراتتىن پەيدا بولىدۇ ۋە باش سۆڭەكى سىرتقى پەردىسى، مېڭىنىڭ ئىچكى ئىككى پەردىسى (قېلىن پەردە ۋە نېپىز پەردە) دە توسۇلۇپ قالىدۇ. نېپىز پەردە ۋە قېلىن پەردە مېڭە ئۈستىنى ئورايدۇ. بۇخارات سەۋەبىدىن مېڭىمۇ ئاجىزلايدۇ (سەمەرقەندى).

بارلىق تېۋىپلار سۇدائى بەيزەنىڭ ئاشقازان ياكى باشتىكى بۇخارات ياكى باشقا بىر ناچار خىلىتلار سەۋەبىدىن بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. مەسىلەن: قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا ھەم مېڭىنىڭ ياكى مېڭە پەردىلىرىنىڭ قاندىن بولغان ئىسسىقى ياكى سەپرادىن بولغان ئىسسىقى ياكى سوغۇقتىن بولغان ئىسسىقى ياكى قويۇق يەللەرمۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. لېكىن بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسى (سەمەرقەندى) يۇقىرىقى بايانلىرىدا بۇخاراتتىن باشقا سەۋەبلەرنى تامامەن بايان قىلمىغان.

ئالامىتى باش ئاغرىقى ئازراق ۋە ئادەتتىكى سەۋەبلەردىن كۈچىيىدۇ. مەسىلەن: ئادەتتىكى ھەرىكەت، شاراب ئىچىش، بىرەر بۇخارات پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش، بىرەر ئىسسىق نەرسىگە يولۇقۇش ۋە قاتتىق ئاۋازلارنى ئاڭلاش. بۇنىڭ تۇتۇشى كۈچلۈك بولىدۇ. بىمارغا مېڭە ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ئادەتتىكى سۆزلەرنى ئاڭلاش، كۈچلۈك يورۇقلۇققا قاراشتىنمۇ ئەزىيەت يېتىدۇ. قاراڭغۇلۇق، يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئارام ۋە تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىمار ئاغرىق قوزغالغان ۋاقىتتا ئاغرىقنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن كۆزلىرىنى ئېچىشقا قادىر بولالمايدۇ. ھەر ۋاقىت بىمار بېشىنى گويا بولقا بىلەن سوقۇۋاتقاندەك ياكى بېشى يېرىلىۋاتقاندەك سېزىدۇ، بەزىدە بىمار ئاغرىق ۋە تەمەددۇدنى كۆزىنىڭ چوڭقۇر يىلتىزىدا سېزىدۇ. بەزىدە بىمار قولىنى باش ئۈستىگە قويۇش ۋە بېشىنى تۇتۇشتىن ئاغرىق پەيدا بولغانلىقتىن، بېشىنى تۇتۇشنى يامان كۆرىدۇ. چىرايى قىزىرىدۇ.

داۋالاش بۇ خىل باش ئاغرىقنى داۋالىغاندا، ئاغرىقنىڭ قايسى خىلىت تەركىبى ۋە بۇخاراتتىن پەيدا بولغانلىقنى ئېنىقلاشقا تىرىشىلىدۇ. بۇ ھەر بىر خىلىتنىڭ كۆپلۈكى، غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىشتىن ھاسىل بولىدۇ ھەم باش ۋە چىرايدىكى كۆپەيگەن خىلىتلارنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىشتىنمۇ ھاسىل بولىدۇ.

قان غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى باشتا قاتتىق ئىسسىق ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ ھەمدە يۈزىنىڭ رەڭگى قارامتۇل قىزىلغا مايىل بولىدۇ.

بەلغەم غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى باشتا ئېغىرلىق ۋە تەمەددۇد بولىدۇ. يۈزدە كۆپۈشۈش ياكى ئىششىق بولىدۇ. يۈزىنىڭ رەڭگى ئاقىرىدۇ.

سەۋدا غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى تېرىسى قۇرۇق ۋە قاتتىق بولىدۇ. گويا باش تېرىسى قۇرۇپ، سۆڭەك ئۈستىگە چاپلىشىپ قالغاندەك گۇمان قىلىنىدۇ. بىمار چېچىلاڭغۇ ۋە ئاچچىقى يامان بولىدۇ. يۈزىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ.

سەپرا غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى باشتا كۆيۈشۈش ئېغىر بولىدۇ. گويا قوقاس قويغاندەك بولىدۇ. يۈزىنىڭ رەڭگى پۈتۈنلەي سېرىق بولىدۇ. داۋالاشتا بۇ زىيادە خىلتنى سۈرۈپ چىقىرىۋېتىش، يەنى خىلتنىڭ كۆپلۈكىگە جەزم قىلغاندىن كېيىن بۇ خىلتنى سۈرۈپ چىقىرىش، ئاندىن كېيىن باشنى مۇناسىپ ئۇسۇلدا باش ئاغرىقىدا سۆزلىنىپ بولغان دورىلار بىلەن كۈچلەندۈرۈش لازىم. بۇ قايتا - قايتا سۆزلىنىپ بولدى.

بوھراندىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى ئۆتكۈر ئۇفۇنەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ (مەسىلەن: ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلاردا) بوھران ۋاقتىدا پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ باش ئاغرىقى بوھران كۈنىدە بولىدۇ. بەزىدە باش ئاغرىقى بىلەن بىرگە كىچىك تەرەت ئاق ۋە سۇيۇق كېلىدۇ، يۇقىرى قىزىتما بولىدۇ.

بوھران كۈنى بوھران يۈز بېرىدىغان كۈندۇر. بۇنى ئىزافەت ياكى نىسبەت شەكلىدە يەۋمۇل بوھران دەپمۇ ئاتايدۇ (نەفىيس).

داۋالاش دەسلەپتە ماددىنىڭ قايسى تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىگە يەنى ماددىنى تەبىئەتنىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىرىپ تاشلايدىغانلىقىغا قاراش، ئاندىن كېيىن بىماردا كۆڭلى ئېلىشىش، تەقەللۇبى نەپەس (كۈچلۈك بولمىغان، مەلۇم ۋاقىتقىچە داۋاملىشىدىغان كۆڭلى ئېلىشىش) ۋە باش قېيىش قاتارلىقلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلاش. ئەگەر بۇ ئالامەتلەر مەۋجۇت بولسا، ئۇ ماددىنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە مايىللىقىنى ۋە تەبىئەت ماددىنى قۇسۇش ئارقىلىق چىقىرىشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ياكى بىمار قورسىقىنىڭ كوركىراۋاتقانلىقىنى (كوركىراش — يەلنىڭ ھەرىكىتىدىن پەيدا بولىدىغان ئاۋازنىڭ نامىدۇر. قورساق كوركىراشنىڭ بىزنىڭ ئىختىيارىي ھەرىكىتىمىزگە بىرەر كاشىلىسى بولمايدۇ)، كۆپۈۋاتقانلىقى ۋە كۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، بۇ ئالامەتلەر تەبىئەت ماددىنى ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىشنى تەقەززا

قىلغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

بىمارنىڭ كۆزىگە ئوت ئۇچقۇنلىرى، قىزىل ياكى سېرىق شەكىللەر كۆرۈنىدۇ. بۇ تەبىئەتنىڭ ماددىنى بۇرۇن قاناش ئارقىلىق چىقىرىشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىمار ئىككى بۆرىكىدە، كىچىك قوۋۇرغىلىرى ئاستىدا ئېغىرلىق سېزىدۇ. بۇ تەبىئەت ماددىنى كىچىك تەرەت ئارقىلىق چىقىرىشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا تەبىئەتنىڭ بۇ پائالىيىتىگە ياردەم بېرىش لازىم. بۇنىڭ بىلەن تەبىئەت كېسەللىك ماددىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاشنى تەقەززا قىلغان تەرەپتىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئەگەر تەبىئەت قۇسۇش ۋاستىسى ئارقىلىق چىقىرىشنى تەقەززا قىلغان بولسا، 48 گىرام سىركەنجىۋىلگە 144 گىرام قايناق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، 12 گىرام بىخسۇس، 12 گىرام تەرخەمەك يىلتىزى، 48 گىرام قىزىلچا كۆكى قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن قۇسۇشقا ياردەم بېرىش لازىم.

ئەگەر تەبىئەت ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق ماددىنى چىقىرىشنى تەقەززا قىلغان بولسا، تەبىئەتكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىچىنى سۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئەينۇلا، چىلان، سەرپىستان 15 دانىدىن، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم 20 دانە ۋە تەمرى ھىندى 48 گىرام قاتارلىقلارنىڭ دەملەنمىسىگە 24 گىرام شىرخىست قوشۇپ ياكى 48 گىرام ئەينۇلا شەربىتى ياكى 48 گىرام شەربىتى ۋەرد مۇكەررەر (بۇنىڭغا قىزىلگۈل ئىككى قېتىم سېلىپ تەييارلىنىدۇ) سوغۇق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى يەڭگىل ھۆقنە قىلىنىدۇ. بۇ چىلان، سەرپىستان، ئەينۇلا 15 دانىدىن، قىزىلچا كۆكى 24 گىرام، نېلۇپەر يەتتە گىرام، ئارپا ئېشى 240 گىرام، بىنەپشە يەتتە گىرام، نىشۇق (ئالۇچە) 10 دانە، تەرەنجىبىن 48 گىرام، كۈنجۈت يېغى 24 گىرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قايىنتىپ تەييارلانغان بولسۇن.

ئەگەر تەبىئەت ماددىنى بۇرۇن قاناش ئارقىلىق چىقىرىشنى تەقەززا قىلغان بولسا، بۇرۇننى قانىتىش ئۈچۈن غىدىق پەيدا قىلىش، سىركە ھورلىرى بىلەن ھورلاندۇرۇش، تاغ يالپۇزى، ئىزخىر غۇنچىسى، كۈندۈش قاتارلىقلاردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، بۇقىنىڭ ئۆتىگە ئارىلاشتۇرۇپ شامچە ياساپ بۇرۇنغا كىرگۈزۈش لازىم.

ئەگەر تەبىئەت سۈيدۈك ئارقىلىق ماددىنى چىقىرىشنى تەقەززا قىلسا، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالتە گىرام تاۋۇز ئۇرۇقى شىرىسى، ئالتە گىرام تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسىگە 24 گىرام سىركەنجىۋىل ياكى 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە قوشۇپ ئىچكۈزۈش لازىم.

پۇراقتىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى ھەر خىل پۇراقلاردىن پەيدا بولىدۇ، بۇ پۇراقلار بۇرۇن ئارقىلىق ئۆرلەپ ياكى تەر تۆشۈكچىلىرىگە سىڭىپ كىرىپ باشقا تەسىر قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ پۇراقلار بەزىدە خۇش پۇراق ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ. مەسىلەن: مېڭىنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولغان شەرت ئاستىدا ئىپار قاتارلىقلارنى پۇراشتىن باش ئاغرىقى كېلىپ چىقىدۇ.

داۋالاش بۇ باش ئاغرىقى پەقەت ئىسسىقلىقتىن پەيدا بولغان بولسا كافور ۋە سوغۇق خۇش پۇراقلار پۇرىتىلىدۇ، مەسىلەن: نىلۇپەر ۋە بىنەپشە. ئىسسىقلىق ۋە قۇرۇقلۇقتىن بولغان بولسا، سوغۇق خۇش پۇراق نەرسىلەرنىڭ يېغىنى تېمىتىش لازىم.

ئىسسىق ۋە ناچار پۇراق بەزىدە بۇ پۇراقلار ئىسسىق تەبىئەتلىك ۋە سېسىق بولىدۇ. مەسىلەن: مۇرمەككى، ھىڭنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش. بۇ پۇراقلار مېڭە مىزاجى ئاجىزلىغان ۋە ئىسسىق بولغان ۋاقىتتا باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى مېڭە كۈچلۈك بولسا، ئۇ سېسىق پۇراقلارنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە تېزلا ئۇنىڭدىن تەسىرلەنمەيدۇ.

داۋالاش پۇراقنىڭ مىزاجى بىلەن قارىمۇقارشى بولغان خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇرىتىش لازىم. بۇ سېسىق پۇراق قۇرۇق بولسا، نىلۇپەر ۋە بىنەپشە پۇرىتىلىدۇ، ئەگەر ھۆل بولسا كافۇر ۋە سەندەلنى گۈلاب بىلەن پۇرىتىلىدۇ. باش ئۈستىگە بىمارنىڭ مىزاجىغا ماس كېلىدىغان نۇتۇل تاكى قان تومۇرلار ۋە تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ ماددىلار بۇخارات شەكلىدە تارقالغۇچە ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە تەبىئىتى ۋە پۇرىقى بۇرۇنقى سېسىق پۇراقنىڭ ئەكسىچە بولغان ياغلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. مېڭىنى مەلۇم ۋاستىلەر ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. بۇ كېسەللىكنى داۋالاش ئۈچۈن پۇرىتىلىدىغان نەرسىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنىدۇكى، كېسەل پۇراقتىن پەيدا بولىدۇ. داۋالاش ۋاستىسىمۇ پۇرايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئاسان بولىدۇ (نەفىيس).

چىرىگەن پۇراقلار بەزىدە باش ئاغرىقى چوڭ تەرەت، سۇغا چىلانغان نەرسىلەردىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: چىرىگەن پۇراقتىن بولغان باش ئاغرىقى تېرە ئاشلىغۇچى ۋە تېرىگە رەڭ بەرگۈچىلەردە كۆپ بولىدۇ. بۇ بۇخارات مېڭىدە توسۇلۇپ باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى بۇ بۇخارات قويۇق، پاسكىنا ۋە زىيان يەتكۈزگۈچى بولىدۇ. بۇ مېڭىنىڭ يېقىمسىزلىنىشى

ۋە ئاغرىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

داۋالاش قان تومۇر ۋە تەر تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىپ، بوشاش ۋە يۇمشاش سەۋەبىدىن نېرۋىلارنىڭ بېسىمى كېمەيگۈچە (بۇ باش ئاغرىقىنىڭ پەسىيىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ) ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئىللمان سۇ بىلەن باش يۇيۇلىدۇ، سىركە پۇرىتىلىدۇ ھەمدە بۇرنىغا سىركىگە چىلانغان شامچىلار قويۇلىدۇ. ئەھۋالغا قاراپ، ئىسسىق ياكى سوغۇق خۇش پۇراق نەرسىلەر پۇرىتىش، ئەگەر بىمار ياشانغان بولسا ئىسسىق، ياش بولسا سوغۇق خۇش پۇراقلارنى پۇرىتىش لازىم. باشقا داۋالاش ئۇسۇلى بۇ كىتابنىڭ تۆتىنچى قىسمىدىكى زەھەرلىنىشتىن بولغان خانقەنىڭ بايانىغا قارالسۇن.

توسالغۇدىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى قويۇق خىلتلارنىڭ توسالغۇلىرىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ توسۇلۇش بەزىدە مېڭىنىڭ قىزىل قان تومۇرى، بەزىدە كۆك قان تومۇرلىرىدا بولىدۇ، بەزىدە مېڭە بوشلۇقى ئىچىدىكى مېڭە پەردىلىرىنىڭ كۆك قان تومۇرلىرى ۋە قىزىل قان تومۇرلىرىدا بولىدۇ.

ئالامىتى يۈزىدە قاننىڭ كۆپلۈكىدىن ماددا تولۇپ قېلىش، ئېغىرلىق ۋە تەمەددۇد بولىدۇ. چۈنكى توسالغۇ سەۋەبىدىن قان ئايلىنىش تەسىرگە ئۇچراپ، يۈزگە قان ۋە باشقا خىلتلار توپلىنىدۇ. بىمارنىڭ كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى تاماقلارنى كۆپ يېگەن، كۆپ ئارام ئالغان، جىسمانىي ئەمگەك قىلمىغان ھەم ھامامغا كىرىشنى توختاتقانلىقمۇ بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامىتىدىندۇر. تاماقنىڭ كۆپ بولۇشى، ئەمگەك ۋە ھامامغا چۈشۈشنى توختىتىش سەۋەبىدىن، پۈتۈن بەدەننىڭ ھەزىم قىلىش ۋە ئۇزۇقلاندۇرۇش خىزمىتى بۇزۇلىدۇ. پىشمىغان ۋە بۇزۇلغان ماددىلار بەدەندە كۆپىيىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا تومۇرلارنىڭ تارىيىش ئىمكانىيىتى ئاشىدۇ.

داۋالاش قويۇق خىلتلارنى ھەزىم قىلدۇرۇش ۋە لەتىفلەشتۈرۈشكە تىرىشىلىدۇ ھەمدە چاپلاشقاق ۋە شىلىمشىقلىقىنى يوقىتىش لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن زۇپا، ھاشا، بىستىپايەج، ئەفتىمۇن قاتارلىقلاردىن بەش گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، بۇنىڭغا 48 گرام گۈلقەنت قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قويۇق خىلتلار ئايارەج ۋە شەبيار قاتارلىقلار ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ تاكى بەدەن ۋە مېڭە ئۇ ناچار ماددىلاردىن تازىلانسۇن.

قۇرتتىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى قۇرتنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ مېڭە ئالدى ئەتراپىدىكى بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا يېقىن بۆلەكلەردە پەيدا بولىدۇ. بۇرۇن بوشلۇقىدا نۇرغۇنلىغان تەرتىپسىز بۇلۇتسىمان بوشلۇقلار بولىدۇ. بۇ تەشمە يوللارغا ئوخشاش ئالدىغا زورىيىپ، باشقا بوشلۇقلار ۋە تۆشۈكلەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: پېشانە سۆڭىكى بىلەن بۇرۇن ئەتراپىدا بىر بوشلۇق (پېشانە بوشلۇقى) بولىدۇ. پېشانە بوشلۇقى بىر تۆشۈك ئارقىلىق بۇرۇن بوشلۇقىغا تۇتىشىدۇ. شۇنىڭدەك مېڭە ئاستى سۆڭەك، غەلۋىرسىمان سۆڭەك ۋە ئىككى يۇقىرىقى جاغ سۆڭەكلىرىنىڭ بۇلۇتسىمان بوشلۇقلىرىنى شىللىق پەردە ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ بوشلۇقلارغا نەزلىنىڭ سەۋەبىدىن بەلغەم يىغىلىۋالىدۇ ۋە بۇزۇلۇشىنىڭ ئىمكانىيىتى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بۇ قۇرتلار كۆپىنچە ئۇ بوشلۇقلاردا پەيدا بولۇپ ماكانلىشىدۇ. نېرۋىلارنىڭ شېرىكچىلىكى بىلەن مېڭە ۋە مېڭە پەردىلىرىگە تەسىر قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باش ئاغرىقى پەيدا بولۇشىمۇ قىياستىن يىراق ئەمەس (ت).

قۇرتنىڭ پەيدا بولۇشى: نەفىيس ئېيتىدۇكى، مېڭىنىڭ ئالدى قىسمىغا يېقىن بۇ ئورۇندا قۇرت پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بۇ ئورۇنغا قويۇق ۋە بۇزۇق ماددا (بەلغەم ماددىسى) كۆپلەپ يىغىلىدۇ. ئەگەر ئۇ چىرىگەن بولسا، بۇ ماددىلاردا قۇرت پەيدا بولۇش سالاھىيىتى بولغان يېڭى مىزاج شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ ماددا قۇرت شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى سېخىيلىقنىڭ مەنبەسى ۋە كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى سېخىيلىقتا بېخىل ئەمەستۇر. بەلكى ماددىدا قانداق سالاھىيەت ۋە قابىلىيەت بولسا، ئۇ شۇنداق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك جانلىقلار مەينەتچىلىك سەۋەبىدىن دۇنيادا كۆپلەپ پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

كونا ۋە يېڭى نەزەرىيەلەر: قۇرتلارنىڭ پەيدا بولۇشىدا(مەيلى ئۇ مېڭىنىڭ ئەتراپىدا بولسۇن ياكى ئۈچەيلەردە ياكى باشقا جايلاردا بولسۇن) قەدىمكى زاماندىكىلەر بىلەن كېيىنكى زاماندا ئۆتكەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئازراق ئۇقۇشماسلىق بار. قەدىمكى كىشىلەر قۇرتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىككى خىل ئۇسۇلدا قارايدۇ: بىرىنچىسى، ماددىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشىدىن بولىدۇ، بۇنىڭدا قۇرت پەيدا بولىدىغان سالاھىيەت پەيدا بولىدۇ. ئىككىنچىسى، باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش تۇخۇم يەنى ئۇرۇق شەكلىدە ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىدۇ.

يېقىنقى زاماندا ئۆتكەنلەر ئويلايدۇكى، قۇرتلار باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ تۇخۇمىدىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: قورساق ئىچىدە نۇرغۇن قۇرتلار پەيدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ

پەيدا بولۇش شەكلى، قۇرتنىڭ كىچىك ۋە ئۇششاق تۇخۇملىرى تاماق، سۇ قاتارلىقلار ئارقىلىق ئادەم بەدىنىگە كىرىپ ئۈچەيگە يېتىپ بېرىپ ئۆسۈپ كۆپىيىدۇ.

بۇنىڭغا قارىمۇقارشى خۇلاسە شۇكى، قەدىمكىلەر مۇنداق قارايدۇ: قۇرتلارنىڭ قۇرت بولۇشى ئالەم سىستېمىسىدا پەقەت ھۆللۈك ۋە ماددىلارنىڭ چىرىشىدىن پەيدا بولىدىغانلىقى بايقالغان. لېكىن يېقىنقى زاماندا ئۆتكەنلەر خىيال قىلىدۇكى، بىرەر ھۆللۈك ياكى ماددىغا تۇخۇم قوشۇلمىغۇچە بۇ جانلىق پەيدا بولمايدۇ. ئەگەر بىرەر ماددا ئۆزگىرىپ، بۇنىڭدا قۇرتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى پەيدا بولغان بولسا، يېقىنقى زاماندا ئۆتكەنلەرنىڭ خىيالىغا مۇۋاپىق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرتنىڭ تۇخۇمى چوقۇم مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ ئۆسۈپ، سان ۋە نەسلىدە كۆپىيىش بولۇپ، كۆپلەپ پەيدا بولىدۇ. قەدىمكى كىشىلەر بۇ ئىشقا قايىلكى، پەقەت ھۆللۈكنىڭ چىرىشى ئۇ ماددىدىن جانلىق پەيدا بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. بۇ قارىمۇقارشىلىقتا كۆپرەك مۇناسىۋەتلىك قورال مىكروسكوپتۇر. بۇ ئېنىقكى، مەيلى ئۇ ھۆللۈكلەردە ئۇنىڭ تۇخۇمى، جاراسىمى ۋە باشقىلار مەۋجۇت بولغان تەقدىردىمۇ تۇخۇم ۋە ئۇرۇقلارنى، ھۆللۈك ۋە ماددىدا ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى قۇرت ماددىلار چىرىغاندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكىلەرنىڭ بۇ نەزەرىيەسىمۇ چوڭ بايقاشتۇر.

بۇ قۇرتلار نېمە ئۈچۈن باش ئاغرىقىغا سەۋەب بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى ئەللامە سەمەرقەندى مۇشۇنداق بېرىدۇ: بۇ قۇرتلار ئۆز ھەرىكىتى بىلەن يەنى ئەزالارنى چىشلەش، ئەزالارنىڭ پۈتۈنلۈكىنى بۇزۇش سەۋەبىدىن باش ئاغرىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

مۇشۇنىڭدەك بۇ كىتابنىڭ شەرھلىگۈچىسى نەفىيس ئېيتقان: ئۇ قۇرتلاردىن، قۇرتلارنىڭ ھەرىكىتىدىن، يەنى قۇرتلارنىڭ مىزاجى ئادەم مىزاجىنىڭ ئەكسىچە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ سۈمۈرۈشى، ئەزالارنى چىشلىشى بىلەن باشقا قىسىمدىكى ئاپەتلەر (ئاغرىق قاتارلىقلار) پەيدا بولىدۇ.

بەزى ھىندى تېۋىپلىرى: «بەزىدە مېڭىنىڭ ئەتراپىدا، مېڭە پەردىلىرىگە يېقىن جايدا قۇرتلار پەيدا بولىدۇ» دېگەن ھەمدە ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنامۇ بۇنى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

ئالامىتى قىچىشىش بولىدۇ، يەنى قاتتىق قىچىشىش بولىدۇ، بۇرۇندىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ، يول مېڭىش، ھەرىكەت قىلىش بىلەن باش ئاغرىقى كۈچىيىدۇ. مەيلى بىمار ئۆزى يول يۈرسۇن ياكى پەقەت بېشىنىلا ھەرىكەتلەندۈرسۇن ئوخشاش. تىنچلىق، ئارام ئېلىش بىلەن ئاغرىق توختايدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە مېڭە تازىلىنىدۇ، ئايارەج پەيقىرا بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. چۈنكى، ئايارەج پەيقىرا مېڭىنىمۇ تازىلايدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئاچچىقلىقى سەۋەبىدىن

قۇرتلارنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ. قۇرت ئۆلتۈرىدىغان دورىلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. مەسىلەن: شاپتۇل يوپۇرمىقى ئۇسارىسى، ئۈجمە ئۇسارىسى، ئەفسەنتىن ۋە شىھ ئەرمىنى (دەرمىنە) قاينىتىلمىسى. بۇرۇندىكى سېسىق پۇراقنى يوقاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇ يېقىندا سۆزلىنىدۇ.

مېڭە سىلكىنىشتىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى مېڭىنىڭ سىلكىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ بىرەر سوقۇلۇش ياكى تاياق تېگىش ياكى باش ئۈستىگە بىرەر نەرسىنىڭ چۈشۈشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېڭىنىڭ پۈتۈنلۈكى يوقىلىدۇ، يەنى مېڭە تەركىبلىرىنىڭ تەبىئىي هالىتى ئۆزگىرىدۇ. مېڭىنىڭ بىرەر قىسمىدا تەمەددۇد ۋە بىرەر قىسمىدا ئىسترخا پەيدا بولىدۇ. بەلكى بەزىدە مېڭىنىڭ بەزى پەردىلىرىدە يېرىلىش، ئۈزۈلۈش بولىدۇ. مېڭىنىڭ بەزى قىسىملىرى بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا هايات قېلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئالامىتى نېرۋىلاردا ۋە مېڭىنىڭ ئەتراپىدىكى تومۇرلاردا تەشەننۇج مەلۇم بولىدۇ. سەدەر (سەدەر — بۇ بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بىمار ئورنىدىن تۇرۇش بىلەن كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ ۋە سەزگۈلىرى قالايمىقانلىشىدۇ)، ئۇنتۇغاقلىق (ئۇنتۇغاقلىق — ئۇ بىر خىل كېسەللىكتۇر. ئىنسان بارلىق ئىشلارنى تېز ئۇنتۇيدۇ) قا ئوخشاش هالەت پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بىمار سەكتە كېسەللىكىگە (سەزگۈ هەرىكىتىنىڭ ۋاقىتلىق يوقىلىشى) مۇپتىلا بولىدۇ.

بەزىدە بىماردا هەر خىل پۇراقلارنى پۇرىسىمۇ، بىرلا خىل پۇراق مەلۇم بولىدىغان هالەت پەيدا بولىدۇ. بۇ پۇراش نېرۋىلىرى ۋە ئۇنىڭ مەركىزىگە بىرەر ماددا قۇيۇلغان چاغدا بولىدۇ. چۈنكى ماددا ئۇ مەركەزگە قۇيۇلۇپ، بۇ جايدا ئىششىق، ئىمتىلا قاتارلىقلارغا ئوخشاش هالەت پەيدا بولغان بولسا، بۇنىڭدىن نېرۋىلار ۋە مەركەزلەرگە ئىچكى تەرەپكە سىرتقى پۇراقلاردىن قوزغىتىش يەتكەندەك قوزغىتىش يېتىدۇ. شۇڭلاشقا هەر خىل پۇراقنىڭ قوزغاتقۇچىسىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. يەنى هەر خىل پۇراقلارنى سېزىدىغان ئايرىم - ئايرىم نېرۋىلار ۋە مەركەزلەرنىڭ پائالىيىتى ئوخشاشمىغان شەكىلدە بۇزۇلغان بولىدۇ.

كۆز تورسىمان پەردە ئىششىقى ۋە بۇنىڭغا ماددا تولۇپ قېلىشتىن بەزى ۋاقىتلاردا بىرەر سىرتقى سەۋەب مەۋجۇت بولماي، پەقەت ئىچكى ئەزادىكى نېرۋىلاردا قوزغىلىش بولغاندا ئوخشاشمىغان رەڭ ۋە يورۇق نەرسىلەر كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭدەك بەزىدە بەزى رەڭلەرنى كۆرەلمەيدۇ ياكى هەر خىل رەڭنى بىرلا رەڭدە كۆرىدۇ.

داۋالاش تاكى ماددا مايىللاشقۇچە يەنى ماددا مېڭىدىن يەنە بىر قارشى تەرەپكە

قايتقۇچە، مېڭدە ئىششىق پەيدا بولمىغۇچە باسلىق ياكى ئۇكھەل تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن يۇمشىتىش يەنى يەڭگىل مۇسھىل دورا بېرىش ياكى يەڭگىل ھۆقنە قىلىش ۋە 120 گىرام كاسنە سۈيىدە 24 گىرام خىيارشەنبەر مېغىزىنى ئېرىتىپ ئىچكۈزۈش لازىم.

يۇقىرىقى چارىنى قىزىتما بولغان ۋاقىتتا قىلىش، قىزىتما بولمىسا ئۆتكۈر ھۆقنە قىلىش ۋە ھەببى قوقىيا (بۇ بىر خىل كۈچلۈك سۈرگۈچى كۇملاچىنىڭ نامىدۇر) يېگۈزۈش لازىم.

بىمارنىڭ مىزاجىغا مۇۋاپىق خۇش پۇراق نەرسىلەر پۇرىتىلىدۇ، كۈچلەندۈرگۈچى زىماتلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: سەندەل، فۇپەل (سۇپارى)، گىل ئەرمىنى، رەۋەن، سۇ لېشى، ئارپا ئۇنى، ماش ئۇنى قاتارلىقلاردىن زىمات تەييارلاپ، ئىششىق، قىزىتما بولغان ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ. ئىششىق ۋە قىزىتما بولمىغاندا ئانارگۈلى، سېرىق پۇرچاق، ئانار پوستى، قىزىلگۈل، ئاس، قەسبۇزەرىرە ۋە زەمچە قاتارلىقلار چېپىلىدۇ. مۇۋاپىق ياغلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ، مەسىلەن: گۈل يېغى، بىنەپشە يېغىغا ئانا سۈتىنى قوشۇپ، بۇنىڭدا رۇسۇتىنى ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. مۇناسىپ ياغلار باشقا سۈركىلىدۇ ۋە مۇشۇ ياغنى قۇلاققا تېمىتىش كېرەك. بۇ پەقەت مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاغرىقنىمۇ پەسەيتىدۇ، ئىششىقنى قايتۇرىدۇ، ئۇيقۇسىزلىقنى تۈگىتىدۇ ۋە نېرۋىلار، قان تومۇرلاردا پەيدا بولىدىغان تەشەننۇجنى يوقىتىدۇ.

مېڭە سىلكىنگەن ئەھۋالدا چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ۋە ھۆقنە قىلىشتىكى مەقسەت، ئۈچەيلەردە مەۋجۇت بولغان كېرەكسىز ماددىلارنى، يەنى مېڭىگە ئۆرلىگۈچى ماددىلارنى چىقىرىۋېتىشتۇر، بۇنىڭدىن ئىششىق پەيدا بولۇشنىڭ خەۋپى ئازلايدۇ (ت).

باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش

بۇ بىر خىل باش ئاغرىقى بولۇپ، ئاغرىق ئومۇمەن باشنىڭ يېرىمىدا بولىدۇ. بەزىدە پۈتۈن باشتا بولىدۇ. بۇ تۇتقاقلىق بولىدۇ، بۇنىڭدا كۆپىنچە كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇش بولىدۇ (ت).

باش ئاغرىقنىڭ بۇ تۈرىنىڭ نامى شەقىقەدۇر. ئۇنىڭ بۇ نامى كېسەللىك ئورنىغا ئاساسەن قويۇلغان. چۈنكى شەقىقەنىڭ مەنىسى بىر تەرىپىدۇر. بۇ خىل ئاغرىقمۇ باشنىڭ بىرلا تەرىپىدە يۈز بېرىدۇ. ئاغرىق باشنىڭ ئۇزۇنسىغا جايلاشقان چوققا سۆڭەك بىرلەشمىسىگىچە بارىدۇ.

جالىنوس بۇ ئاغرىقنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: بۇ ئاغرىق باشنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئاجىزلىقىنى سىنايدۇ ھەمدە باشنىڭ ئوتتۇرىغىچە يېتىپ بارىدۇ (يەنى شەقىقە ئاغرىق ۋاستىسى بىلەن باشنىڭ بىرەر تەرىپىنىڭ ئاجىزلىقىنى سىنايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشنىڭ ئاجىز بۆلىكى بۇ ئاغرىقنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاغرىق بۇ يەردىن باشنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ). ئەگەر بۇ

ئاغرىق مېڭىنى ئىككى قىسمغا بۆلگەن پەردىگىچە يېتىپ بارسا مۇشۇ جايدا توختايدۇ. ئادەتتە ئاغرىق ھەر ۋاقىت تۇرىدۇ ۋە دەۋرلىكمۇ بولىدۇ. گويا ئادەتكە ئايلىنىپ قالغاندەك بولىدۇ.

سەۋەبى ئەللامە نەجىبۇددىين سەمەرقەندى «سەۋەبلەر ۋە ئالامەتلەر» نىڭ مۇئەللىپى ئېيتىدۇكى، بۇ باش ئاغرىقى كېسەللىك ماددىسى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن باشتا بولمايدۇ. بۇ ماددا ئومۇمەن باشنىڭ قىزىل قان تومۇرلىرىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئاز بولىدۇ. بۇ ماددا بەزىدە باشتا پەيدا بولىدۇ، بەزىدە پۈتۈن بەدەننىڭ قىزىل قان تومۇرلىرىدىن باش تەرەپكە ئۆرلەيدۇ، بۇنى مېڭىنىڭ ئاجىز ۋە كۈچسىز تەرىپىدىكى قىزىل قان تومۇرلار قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ماددا بۇخارات ياكى خىلىتلارنىڭ ئۆتكۈر ۋە سوغۇق ھۆللۈكلىرى شەكلىدە بولىدۇ.

رازى ۋە ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قاتارلىق چوڭ - چوڭ ئالىملار گۇۋاھلىق بەرىدىكى، بۇ باش ئاغرىقى بەزىدە باشنىڭ ئىچكى پەردىلىرىدە بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئاغرىق باش سۆڭىكى ئىچىدىن كۆز تېگى (يەنى كۆزنىڭ چوڭقۇر يېرىغىچە) غىچە سېزىلىدۇ. بەزىدە باش سۆڭىكىنىڭ سىرتقى پەردىسىدە بولىدۇ. بۇ ھالەتتە قولنى باشقا قويغاندا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بۇ باش سۆڭىكى ئىچىدىكى ئەزالار كۈچلۈك بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ماددىلىرى سۆڭەك بىرلەشمىلىرى ئارقىلىق سىرتقا چىققان چاغدا بولىدۇ. بەزىدە بۇ ئاغرىق چېكە مۇسكۇللىرىدا بولىدۇ. بارلىق ئورۇنلارغا ماددا بەزىدە كۆك قان تومۇرلاردىن، بەزىدە قىزىل قان تومۇرلاردىن ۋە بەزىدە ھەر ئىككىلىسىدىن كېلىدۇ.

قوشۇمچە بۇ كېسەللىك ئاياللاردا ئىستىھازە ياكى ئۇزاق مۇددەت بالا ئېمىتىشتىن بولىدۇ ھەم كۆپ مۇشەققەت ۋە رىيازەت چېكىش، ھېرىپ - چارچاش، ئۇيقۇسىزلىق، قورساق ئاچ قېلىش، بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش، بۆرەك كېسەللىكلىرى، ھەزىم بۇزۇلۇش، قاننىڭ بۇزۇلۇشى، كۆپ جىما قىلىش، ساقلىقنى ساقلاش ئۇسۇللىرىغا بىپەرۋالىق قىلىش ۋە بويسۇنماسلىق ھەم باشقا ئاجىزلاشتۇرغۇچى سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ. بەزى كىشىلەردە پۇراقلاردىن، كۈچلۈك يورۇقلۇقتا قاراش ياكى ئاپتاپتا يول يۈرۈش، تاماقنى تويغۇچە يېيىشتىن ۋە بەزى كىشىلەردە پەسىللىك قىزىتمىنىڭ مەخسۇس ماددىسىدىن پەيدا بولىدۇ. بەزى كىشىلەردە ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قېلىش شەكلىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ (ت).

ئەسكەرتىش ئوخشىمىغان بايانلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، نۇرغۇنلىغان مېڭە ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىگە ئوخشاش شەقىقەنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرى ئېنىق ئەمەس.

ئالامىتى بۇ باش ئاغرىقىنىڭ خاس ئالامىتى، قىزىل قان تومۇرلار لوقۇلدايدۇ. يەنى

تەبىئەت قىزىل قان تومۇرلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى نەپرەتلىنىدىغان دەرىجىدە كۈچەيتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ نامىنى بۇقرات كۈچلۈك سوققۇچى تومۇر دەپ قويغان. جۈملىدىن قاندىن بولغان باش ئاغرىقىدا زىيادە لوقۇلداش بولىدۇ. ئەگەر قىزىل قان تومۇرنى بېسىپ لوقۇلداشتىن توختىتىلسا ئاغرىق توختايدۇ. سەزگۈچى ئەزا ئاجىزلاشسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرەر قىزىل قان تومۇر بولسا، ئۇ قىزىل قان تومۇرنىڭ لوقۇلدىشىدىن ساغلاملىق ھالىتىدە بولمايدىغان زىيادە يېقىمسىزلىق بولىدۇ. جۈملىدىن، قىزىل قان تومۇرلارنىڭ لوقۇلدىشى زىيادە بولغاچقا، ئەگەر قىزىل قان تومۇرنىڭ سوقۇشى توختىتىلسا، ئاغرىق قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر توختايدۇ ھەم قان، كېرەكسىز ماددا ۋە بۇخاراتمۇ قىزىل قان تومۇرلاردىن مېڭىگە ئاز ئۆرلەيدۇ. بۇ، شەقىقە ئاغرىقىدا باشنىڭ پۈتۈن قىسمى ئاغرىش بىلەن دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئۇسۇلدۇر.

بەزى كىشىلەر شەقىقەنىڭ ئالامەتلىرىنى بۇ تەرتىپ بويىچە بايان قىلىدۇ:

بېشارەتچى ئالامەتلەر شەقىقە ئاغرىقى تۇتقاقلىق باشلىنىشتىن ئىلگىرى تەبىئەت سۇس بولىدۇ. باش قايىدۇ. كۆز ئالدىدا ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇلار شەقىقە ئاغرىقىنىڭ قوزغىلىش ئالدىدىكى ئالامەتلىرىدۇر.

قوزغىلىش ئالدىدىكى ئالامەتلەردىن كېيىن دەسلەپتە چېكە ۋە قاش ئورنى يەڭگىل ئاغرىش بىلەن باشلىنىپ ئاغرىق ئۆتكۈرلىشىدۇ. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاغرىق كۈچلۈك بولىدۇ. بىمار ئۆزىنىڭ بېشىنى يېرىلىپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ. ئاغرىق يول يۈرۈش ۋە ھەرىكەت قىلىش بىلەن كۈچىيىدۇ. ئاغرىق كۆپرەك باشنىڭ بىر تەرىپىدىلا بولىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا پۈتۈن باش ئاغرىشقا باشلايدۇ. لېكىن بىر تەرەپتىلا ئاغرىش مۇئەييەن كۈچلۈك بولىدۇ. پېشانە، قاشنى باسسا بەزىدە ئاغرىق سېزىلىدۇ، بەزىدە بۇ ئورۇن سېزىمسىز مەلۇم بولىدۇ. بىماردا ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەكتىن ئۆزرىخاھلىق بولىدۇ. بىمار ئاۋاز ۋە يورۇقلۇقتىن نەپرەتلىنىدۇ. كۆرۈش كۈچىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ. بىمارنىڭ كۆز ئالدىدا كۈمۈتا ياكى ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. قۇلاق قىچىقىرىش ئالامىتى بولىدۇ. چىرايى سارغىيىدۇ. بەدىنى تىترەيدۇ. تومۇرى ئاجىز ۋە بوش سوقىدۇ. كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش بولىدۇ. ئاخىرىدا بىر تەرەپ چېكە ياكى قاشتا ئاغرىق توختايدۇ ھەمدە ئاغرىق 2 ~ 3 سائەتتىن 24 سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر ئاغرىق ناھايىتى ئۆتكۈر بولسا 2 ~ 3 كۈندىن كېيىن يوقىلىدۇ. بىمار قاتتىق ئۇخلايدۇ. ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، ئۇ تامامەن ساغلام بولىدۇ. لېكىن بىر قانچە كۈن ياكى 3 ~ 4 ھەپتىدىن كېيىن قايتا ئاغرىق تۇتىدۇ. بۇنىڭ بىرەر خاس مۇقەررەر ۋاقتى بولمايدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە ئاغرىقنىڭ قايسى خىلتتىن پەيدا بولغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ، ئاندىن

كېيىن بۇ خىلىت قان ئېلىش ياكى ئىچىنى سۈرۈش بىلەن چىقىرىۋېتىلىدۇ. باش سوغۇق تەبىئەتلىك ئۆسۈملۈكلەر قاينىتىلغان سۇلار بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: نىلۇپەر، بىنەپشە، ئاق لەيلى يوپۇرمىقى، كاھۇ يوپۇرمىقى، قىزىلگۈل ياكى ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۆسۈملۈكلەر قاينىتىلغان سۇلار بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بابۇنە، شىھ، تاغ پىننىسى، سېرىقچېچەك. ئىسسىق ياكى سوغۇق تەبىئەتلىك ئۆسۈملۈكلەر خىلىت ئېتىبارىغا ئاساسەن بېرىلىدۇ. ئىسسىق ياكى سوغۇق تىلالار ئىشلىتىلىدۇ، سوغۇق تىلالار، مەسىلەن: بەزرۇلبەنجى، كاھۇ ئۇرۇقى، لۇفاھ يىلتىزى پوستى، ئەپيۇن؛ ئىسسىق تىلالار، مەسىلەن: خېنىگە تۇز سۈيى قوشۇپ ياكى ساپسىيا (بۇ تاغ سۇزاپى يىلىمى)، بۆرە سويىمسى يىلتىزى پوستى، تاغ پىيىزى (ئەنسىل)، پەرپيۇن قاتارلىقلارغا رەيھان شارابى (بۇ بىر خىل خۇش پۇراق شارابتۇر) قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. باشقا ئىسسىق ياكى سوغۇق تەبىئەتلىك بوشاشتۇرغۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دەسلەپتە سۆزلىنىپ بولدى. لېكىن نۇتۇل قىلىش، سۈيۇق چېپىلما ۋە ماي ئىشلىتىشنى كېسەللەنگەن تەرەپتىن باشلاش زۆرۈردۇر. قىزىل قان تومۇرلارنىڭ ئۈستىگە چاپلاشقاق دورىلاردىن ياسالغان، تەركىبىگە ئەپيۇن چۈشكەن سۈيۇق چېپىلمىلارنى قەغەزگە سۈركەپ چېپىش بىلەن بىئارامىلىق توختايدۇ. مەسىلەن: خۇنسىياۋشان، زەپەر، ئەرەب يېلىمى، ئەپيۇن قاتارلىقلارغا تۇخۇم ئېقى قوشۇپ ياكى كاھۇ ئۇرۇقى، بەزرۇلبەنجى، مۇرمەككى (پاكىزلانغىنى)، ئەپيۇن، كەتىرا قاتارلىقلارغا سىركە قوشۇپ ئىشلىتىش كېرەك. ئەگەر بۇ چارە بىلەن ئاغرىق توختىسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا چېكىدىكى ئىككى قىزىل قان تومۇر ۋە قۇلاق كەينىدىكى ئىككى قىزىل قان تومۇرنى تەكشۈرگەندە زىيادە لوقۇلداش ۋە كۆپۈشۈش مەلۇم بولىدۇ. بۇ قان تومۇرلاردىن بۇخاراتلار ۋە خىلىتلار مېڭىگىچە ئۆرلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تومۇرلارنى ئۈزۈپ، ئاندىن كېيىن ئۈزۈلگەن قىزىل قان تومۇرنى داغلاش لازىم تاكى يول ئېتىلىش بىلەن كېرەكسىز ماددىلار ئۆرلىمىسۇن. قان تومۇرنى ئۈزۈپ داغلىغاندىن كېيىن باش ئاغرىقىمۇ يوقايدۇ. بىمار ھەر خىل كۆز كېسەللىكلىرىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: كۆز قارىچۇقىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، كۆزگە سۇ چۈشۈش.

بۇ ئورۇندىكى كېسىش ئەمىلىنىڭ مەنىسى، تېۋىپلاردا راۋاجلانغان كېسىش ئەمەس. چۈنكى ئۇ داغلاش بىلەن بىرلەشمەيدۇ. شۇڭلاشقا كېسىشنىڭ مەنىسى، دەسلەپتە بىرەر قىزىل قان تومۇرنىڭ ئۈستىدىكى تېرىنى ئېچىپ، قىزىل قان تومۇرنى ئىلغۇچ بىلەن ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىنى يىپەك يىپ بىلەن باغلاپ قويۇپ، ئاندىن بۇ ئىككى چىگىك ئوتتۇرىسىنى كېسىپ، قان توختاتقۇچى دورىلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇش (نەفىيس).

كېسىلگەن قىزىل قان تومۇرنى داغلاشتىكى مەقسەت ئۇنىڭ قېنىنى توختىتىش. چۈنكى

قىزىل قان تومۇر ئازراق ئوچۇق قالسا، ئۇنىڭ پۈتۈشى قىيىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچ سەۋەبى بار: بىرىنچى، قىزىل قان تومۇرنىڭ جەۋھىرى قاتتىق. ئىككىنچى، ئۇنىڭ قېنى سۇيۇق، مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئۇيۇشى قىيىن. ئۈچىنچى، قىزىل قان تومۇر ھەمىشە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، يەنى ھەرىكەت ئىلتىھام (جاراھەتنىڭ تۇتۇشى) نى توختىتىدۇ. چۈنكى زەخىمنىڭ پۈتۈشى تۆشۈكنىڭ ئىككى تەرىپى بىرلەشكەندىن كېيىن تىنچ تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر قىزىل قان تومۇر چىڭ باغلانغان ۋە مۇلتەھەم (تۇتۇش ۋە بىرلىشىش) بولغان بولسىمۇ ئىككىنچى قېتىم يېرىلىپ كېتىشىنىڭ، يەنى ئانورىسما پەيدا بولۇشىنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ. چۈنكى قىزىل قان تومۇرنى داغلىغاندىن كېيىن، ئەگەر يېرىلىپ كەتسە، قان قىزىل قان تومۇر بىلەن تېرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئارىلىققا قۇيۇلىدۇ. تېرىنىڭ تۇتۇشۇشى سەۋەبىدىن قاننىڭ سىرتقا چىقىدىغان بىرەر يولى بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئانورىسما كېسىلى پەيدا بولىدۇ (نەفىيس). داغلاش ئۈچۈن ياخشىراق نەرسە ئۈچى يۇمىلاق بولغان ئالتۇن سايماندۇر.

لېكىن كېسىپ داغلىغاندا نۇرغۇنلىغان خەتەرلەر بولىدۇ.

كېسىپ داغلاشتىن مەقسەت تېرىنى بىرەر قىزىل قان تومۇرنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا تىلىپ، ئاندىن قىزىل قان تومۇرنى ئىلغۇچ بىلەن ئېچىپ، قىزىل قان تومۇرنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى توقۇلمىلار كېسىلىدۇ. قىزىل قان تومۇر كۆرۈنسە، قىزىل قان تومۇر ئىنچىكە بولسا، ئىلغۇچ بىلەن كۆتۈرۈپ ئىككى تەرىپىدىن كېسىلىدۇ، يەنى ئۈچ بارماق باراۋىرىدە قىزىل قان تومۇر پارچىسى چىقىرىۋېتىلىدۇ، تاكى قىزىل قان تومۇر يىغىلىپ مۇسكۇلدا بېسىلىپ قان توختىسۇن. ئاندىن قان تومۇر ئۈستىگە قان توختاتقۇچى دورىلار سېپىلىدۇ، مەسىلەن: توشقان مايىقى، داۋائى كۇندۇر. ئاندىن كېيىن زەخىمنى پۈتتۈرگۈچى مەلھەم چېپىلىدۇ، ئەگەر مەزكۇر قىزىل قان تومۇر توم بولسا ئۇ تىلىنىدۇ. زۆرۈرىيەتكە قاراپ قان چىقىرىپ، يىپەك يىپ بىلەن ئۇ ئورۇن چىگىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى ئۈچ بارماق باراۋىرىدە بولسۇن، ئاندىن كېيىن ئىككى چىگىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىلىدۇ. ئاخىرىدا سېپىلما دورىلار ۋە مەلھەملەر بىلەن داۋالاش لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى كىشىلەر كېسىپ داغلاشتا دەسلەپتە تېرىنى يېرىپ ئىلغۇچلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن قىزىل قان تومۇرنى ئاشكارىلانغۇچە كۆتۈرۈپ، ئاندىن كېيىن سىلالە نامىلىق سايمان (بۇ مايلانغان تۆمۈر سايمان) قىزىل قان تومۇرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ بېشىمۇ مايىلىق ۋە يۇمىلاق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە ھالقا بولىدۇ. ئاندىن كېيىن مەزكۇر قىزىل قان تومۇرنى ئۇنىڭ بىرەر ھالقىسىغا كىرگۈزۈپ، مەزكۇر سايمانغا ھەتتاكى قىزىل قان تومۇرنىڭ بىرەر بېشى ئۈزۈلگىچە يۆگىلىدۇ ياكى تولغىنىدۇ، دەپ بايان قىلىدۇ (نەفىيس).

لېكىن ھەر ھالدا يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەھۋالدا كېسىپ داغلاش خەتەرلىكتۇر. چۈنكى

تومۇر تۇتاشقاندىن كېيىن قايتا يېرىلىپ كېتىشىنىڭ خەۋپى بولىدۇ ھەمدە قان ئېقىپ ئانورسىما كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتكۈر ئاغرىقىدىن غەشى ۋە تەشەننۇج پەيدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ خەتەرلىكتۇر. شۇڭلاشقا تەبەرى: «مەن نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى كۆردۈم. بۇلارنىڭ قىزىل قان تومۇرلىرى كېسىپ داغلانغان ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ كۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە نۇقسان يېتىپ، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىغان ئىدى» دەپ ئېيتقان.

مەن بەسرەدە بىر كىشىنى كۆردۈم. بۇنىڭ قىزىل قان تومۇرى كېسىپ داغلانغانلىق سەۋەبىدىن كۆزلىرىدە شۇ كۈنى ناھايىتى سەت ئالغايلىق پەيدا بولغان. ئالغايلىق پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى كۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىزىل قان تومۇرلار كېسىپ داغلانغان ئىدى. لېكىن مەن ئېيتىمەنكى، كۆزگە يېقىمسىزلىق يېتىشىنىڭ سەۋەبى، كېسىپ داغلاش بىلەن تارىمۇشلاردا ئەمەس، بەلكى كېسىپ داغلانغان قىزىل قان تومۇر بىلەن تۇتاش نېرۋا شاخچىلىرىدا تەشەننۇج پەيدا بولغانلىقىدىندۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۆتكۈر ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈر بولۇشى قىزىل قان تومۇرنىڭ مېڭىگە يېقىن بولىدىغانلىقىدىندۇر. كېسىپ داغلىغاندا خاس قىزىل قان تومۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدىغان، ھېس ۋە ئىدراك بېغىشلايدىغان نېرۋا تالالىرى كېسىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ. مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى جالىنۇس ئۆز كىتابى «فەيز كەبىردە» ئوچۇق ئېيتقان.

ھەم تەبىرىمۇ ئېيتقانكى، «مەنمۇ مۇشۇنداق بىر كىشىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ قىزىل قان تومۇرلىرى كېسىپ داغلانغان ئىدى. كېسەلدە ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىش (يەنى سەيلانى لۇئاب) پەيدا بولدى. ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىش قىزىل قان تومۇرنىڭ بەزى شاخچىلىرىنىڭ كالپۇكقا ھەرىكەت بېرىدىغان مۇسكۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇ قىزىل قان تومۇر ئۈزۈلۈپ كەتسە، بۇ مۇسكۇلدا تەشەننۇج بولماستىن، بەلكى ئىسترخا پەيدا بولۇپ، خىزمىتى ئاجىزلايدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىشقا باشلايدۇ.» بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىراقى ماددىنى چىقىرىپ ۋە تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن قىزىل قان تومۇرنى كېسىپ داغلاش. بىز قۇلاقنىڭ كەينىدىكى قىزىل قان تومۇرلىرى كېسىپ داغلانغان بىرەر كىشىنى كۆرمىدۇق ۋە بىرەرسىدىن ئاڭلىمىدۇق. لېكىن قۇلاق ئارقىسىدىكى قىزىل قان تومۇرنى كېسىش بىلەن ئەرلىك يوقىلىش ۋە نەسىل قالدۇرالماسلىق بولىدۇ. بۇنى بۇقرات ئېيتقان بولۇپ، بۇنىڭ بايانى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ (لېكىن جالىنۇس بۇقراتنىڭ بۇ قارىشىنى ئىنكار قىلغان) (نەفىيس).

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار

باش ئاغرىقى قوزغالغان ۋە قوزغالمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن، بۇ كېسەللىكنى داۋالاش ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

باش ئاغرىقى قوزغالغان ۋاقىتتا بىمار قاراڭغۇ، يورۇقلۇق چۈشمەيدىغان جايدا ئارام ئالدۇرۇپ

تىنچ ياتقۇزۇلىدۇ. ھەر خىل ئاۋاز ۋە ئويلىنىشلاردىن ئازاد قىلىنىدۇ، ئىمكانقەدەر تەبىئەتنى خۇش قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىش، تاماقنى توختىتىش لازىم. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا يوقىتىلىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن بىرەر يۇمشاتقۇچى دورا (مەسىلەن: ئىترىفىل زامانى يەتتە گىرام) يېگۈزۈلىدۇ ياكى ھۆقنە قىلىنىدۇ. ئەگەر پەسىل ۋە باشقىلارغا مۇناسىپ بولسا مۇز سۈمۈرتۈش، ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن بەزىدە چاي ئىچكۈزۈلىدۇ. باش ئۈستىگە بېسىم چۈشۈرۈش ھەمدە سىركە قاتارلىقلار بىلەن سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ. بەزى كىشىلەرگە ئىسسىتىلغان رەختلەردە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش بىلەن ئاغرىق يوقىلىدۇ. بەزىدە كۈچلۈك تەسىرلىك ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەسنادا، ئەگەر سەۋەبنى يوقىتىش مۇمكىن بولسا، بۇ تەرەپكىمۇ تۇتۇش قىلىش لازىم.

ئەگەر تاماقتىن كېيىن كېسەللىك قوزغالغان بولسا قۇستۇرۇلىدۇ. قۇسۇشنى توختىتىش ئۈچۈن مۇز ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئاشقازاندا كىسلاتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسا، نەمەك سۇلايمانى ۋە باشقا تۇزلۇق سۇفۇپلارنى ئىستېمال قىلىش بىلەن قۇسۇشمۇ توختايدۇ. ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى، كاھۇ يېغى قاتارلىقلار باشقا سۈركىلىدۇ. يەنە باشقا ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى چارىلەرنى قىلىش لازىم.

شامچە دورا ئاغرىقنىڭ كۈچلۈك ۋاقتىدا ئىشلىتىلىدۇ. قىزىل شىڭگىرىق جەۋھىرىنى ئاق يەرلىك قەغەزگە يېيىپ شامچە ياساپ، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئوت تۇتاشتۇرۇپ پۇرىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇرسى مۇسەللەس زىمات (چېپىلما) قىلىنىدۇ.

سۇيۇق چېپىلما (تىلائى) بۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى دورىدۇر. ئۈچ گىرام ئەرەب يېلىمى، بىر گىرام ئەپيۇن، 72. 0 گىرام زەپەر قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ، توخۇ تۇخۇمى ئېقى ياكى گۇلابتا يۇغۇرۇپ، قەغەز ئۈستىگە سۈركەپ ئىككى چېكىگە چاپلىنىدۇ.

ھۆقنە نۇسخىسى ئاش تۇزى ۋە يەرلىك سوپۇندىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، بىر كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، 36 گىرام ئابدىملىك يېغى قوشۇپ ھۆقنە قىلىش لازىم. ئەگەر باش ئاغرىۋاتقاندا ئەپيۇن ئىشلىتىلگەن بولسا، تېۋىپلار كۆرسەتمە بەرگەنكى، ئەپيۇنغا زەپەر قوشۇلىدۇ، چۈنكى زەپەر ئەپيۇننىڭ تۈزەتكۈچىسىدۇر.

باش ئاغرىقى تۇتمىغان ھالەتتە كېسەللىكنىڭ ئەسلىي سەۋەبنى ئېنىقلاپ ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشىلىدۇ، ئەگەر ئەسلىي سەۋەبنى ئېنىقلىغىلى بولمىسا، بىمارغا ساقلىنىش قائىدە - تۈزۈملىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، بىمار پاكىز ۋە كەڭرى ئورۇنلاردا تۇرغۇزۇلىدۇ، ھەر كۈنى سىرتلارغا ئاچىقىپ ھاۋا يېگۈزۈلىدۇ، ئىسسىق تەبىئەتلىك كېسەللىك ماددىسىنى

قوزغاتقۇچى تاماقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: شاراب، كاۋاپ، چاي، تاتلىق - تۈرۈم قاتارلىقلارنى بەرمەسلىك. چۈنكى يۇقىرىقى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش بىلەن شەققە ئاغرىقىنىڭ قوزغىلىشى ئۆتكۈرلىشىدۇ. تامامەن قەۋزىيەت قىلماسلىق، بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىترىفىل زامانىدىن كەچكى ئۇخلاش ۋاقتىدا يېگۈزۈش ياكى 48 گىرام خىيارشەنبەر مېغىزىنى سۇدا ئېرىتىپ، 48 گىرام ئابدىمىلىك يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئارىلاپ ئىچكۈزۈش لازىم.

چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىپ تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن، ئىچىش ئۈچۈن گۈلبىنەپشە يەتتە گىرام، چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى يەتتە گىرام، ھەمىشباھار ئۇرۇقى يەتتە گىرام، گاۋزىبان بەش گىرام، شاھتەررە يەتتە گىرام قاتارلىقلارنى ئاخشىمى قايناق سۇغا چىلاپ، ئەتىگىنى سۈزۈپ خېمىرى بىنەپشىدىن 48 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بىر كۈن ئارىلىق قالدۇرۇپ كەچ ۋاقتىدا ئىترىفىل كەشنىزنى قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

8 ~ 10 كۈندىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەتىگەندە تۆۋەندىكى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

تاتلىق بادام مېغىزى بەش دانە، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، پوستى ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سۇدا ئېزىپ ۋە سۈزۈپ، ناۋاتتىن 24 گىرام قوشۇپ تەييارلىنىدۇ. دەسلەپتە كۆشتە قىلىنغان مارجاندىن 24. 0 گىرامى جاۋاھىرلار چۆشكەن (قىممەت باھالىق تاشلار چۆشكەن) خېمىرى گاۋزىبان ئەنبەرىگە قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە كەچ ۋاقتىدا كۆشتە قىلىنغان مارجان، كۆشتە قىلىنغان تۆمۈر پوقى ھەربىرىدىن 24. 0 گىرامنى يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا قوشۇپ، سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىترىفىل ئۇستقۇددۇسنى قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈش كېرەك. بۇ چارىلەر بىلەن كۆپىنچە ساغلاملىق ھاسىل بولىدۇ.

ئەگەر مەركۇر چارىلەرنىڭ پايدىسى بولمىسا، ئاندىن كېيىن قائىدە بويىچە بەدەننى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن مۇنزىج ۋە مۇسھىل ئىچكۈزۈپ، ماددىنى ئوبدان سۈرۈپ چىقىرىش، ئەگەر سۈرگىدىن كېيىنمۇ ئاغرىق يوقالمىسا، بىر قانچە كۈنگىچە ھەببى سەبرە ياكى ئىترىفىل سەغىر ياكى ھەببى ھىندى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئەگەر ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى پەسەيسە، ئاسان سىڭدىغان ۋە كۈچلەندۈرگۈچى تاماقلار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: سۈت، ئارپا ئېشى، خام شورپا، شورپا قاتارلىقلار. تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەل پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر (مەسىلەن: ئەينۇلا، ئارۋى، پىدىگەن، يېسىۋىلەك، ماش ئۈنى، سامساق، پىياز قاتارلىقلار) دىن پەرھىز

قىلدۇرۇلىدۇ، ئىككى ۋاخ تاماق يېگەندىن كېيىن ئاز دېگەندە بىر سائەت چوقۇم ئارام ئېلىپ يېتىشقا دەۋەت قىلىش لازىم.

ئەسكەرتىش شەقىقە ئاغرىقى بىر خىل سوزۇلما كېسەللىكتۇر. ئەگەر شەقىقە ئاغرىقى مۇستەھكەم بولسا تەسلىكتە يوقايدۇ. ئەگەر ئۇزۇنغىچە داۋاملاشسا كۆپىنچە كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ شىكايىتى پەيدا بولىدۇ.

بالىياتقۇ مەنبەلىك باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى بالىياتقۇ ئىششىقىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى بالىياتقۇ ۋە مېڭە ئوتتۇرىسىدا نېرۋا تالالىرى ۋە قان تومۇرلار ئارقىلىق شېرىكچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

تۇغۇتتىن كېيىن نىپاس قېنىدىن تولۇق پاكىزلانماسلىقتىنمۇ باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ قان بالىياتقۇغا يىغىلىپ ئوفۇنەت سەۋەبىدىن ئۆزگىرىدۇ، بۇنىڭ ناچار ماددىلىرى مېڭىگىچە يېتىپ بېرىپ باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

بۆرەك مەنبەلىك باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى بۆرەك كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، چۈنكى ئىككى بۆرەك مېڭە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۆرەك ۋە مېڭە مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش بارلىق ئەزالار بىرى ئىككىنچىسى بىلەن قىزىل قان تومۇرلار ۋە كۆك قان تومۇرلار ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ، چۈنكى قان پۈتۈن بەدەندە ئايلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ھەممىسى ئۆزئارا ئارىلىشىپ، يەنە قايتىدىن پۈتۈن ئەزالارغا تارقايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بۆرەكتە كېسەللىك كۆرۈلسە، سۈيدۈك ماددىلىرى قاندىن ئايرىۋېلىنماي، مېڭىگىچە يېتىپ بارىدۇ.

بۆرەك كېسەللىكلىرىدە باش ئاغرىقى قاندىكى سۈيدۈك ماددىلىرى ياخشى تازىلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا ھاۋا ۋە بۇزۇلغان سۈيدۈك قانغا سۈمۈرۈلۈپ مېڭىگىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ ھالەتتە كۆڭلى ئېلىشىش بولىدۇ، قۇسىدۇ، قۇسۇش بىرەر چارە بىلەن توختىمايدۇ. ئاغرىق باشقا جايلارغا تارقايدۇ. باش تولۇپ قالغاندەك بولىدۇ، بىمار روھسىز بولىدۇ، تومۇرى قاتتىق سېزىلىدۇ، قىزىل قان تومۇرلارنىڭ دىۋارى قېلىنلايدۇ. يۇقىرىقى ئالامەتلەردىن باشقا بۆرەك كېسەللىكلىرىنىڭ باشقا ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ.

جىگەر، تال، قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ۋە پۇت قاتارلىقلاردىن بولغان باش ئاغرىقى

بەزىدە باش ئاغرىقى ئىككى پاچاق ۋە ئىككى پۇتتىن ۋە بەزىدە جىگەر، تال، كېرىگەت (بۇ مۇسكۇل پەردىدىن ئىبارەت بولۇپ، كۆكرەك ۋە قورساق بوشلۇقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ)، مەراق(بۇ قورساقتىكى بىر خىل پەردىدىن ئىبارەت بولۇپ، قورساق تېرىسى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ شەكىللىنىدۇ) ۋە ئومۇرتقا تۈۋرۈكى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئەزالار قىزىل قان تومۇرلار ۋە نېرۋىلار ئارقىلىق مېڭە بىلەن تۇتىشىدۇ.

ئالامىتى بۇ ئالامەتلەر ئورتاق ھالەتتە بارلىق قىسىملاردا تېپىلىدۇ، يەنى ئاپەت ۋە ئاجىزلىقنىڭ ئاشكارىلىنىشى يۇقىرىقى مەزكۇر ئەزالاردا دەسلەپتە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ. چۈنكى باش ئاغرىقى ئۇ ئەزالاردىكى كېسەللىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ كېسەللىكلەردىن كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى كېسەللىك ياكى سەۋەب پەيدا قىلغۇچى سەۋەبتىن پەيدا بولغاندەك پەيدا بولىدۇ. ئەسلىي كېسەللىك ۋە سەۋەبنىڭ تۇرىدىغان ئورنىدۇر، شېرىكىي كېسەللىك (باشقا ئەزانىڭ كېسەللىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، ئەسلىي كېسەللىكنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ) كېسەللىك پەيدا قىلغۇچىنىڭ تۇرىدىغان ئورنى بولۇپ، زامان ئېتىبارى بىلەن ئىلگىرى بولىدۇ. زامان ئېتىبارى بىلەن ئەسلىي كېسەللىك شېرىكىي كېسەلدىن ئىلگىرى بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئىلگىرى بولۇشى لازىم.

لېكىن بۇ پەرق ھەمىشە توغرا بولماستىن، خاتا بولىدۇ. چۈنكى بەزى ھالەتلەردە شېرىكىي كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى دەسلەپتە ئاشكارا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئەسلىي ئەزا سېزىمسىز بولسا ياكى ئۇنىڭ سەزگۈسى ئاجىزلىغان بولسا، بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭدا كېسەللىك ئۆتكۈرلەشكەندىن كېيىن ئاغرىق سېزىمى بولىدۇ. شېرىكىي ئەزانىڭ سەزگۈسى كۈچلۈك بولغان ۋاقىتتا كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدىلا بۇ ئاغرىق بولىدۇ. مەسىلەن: بۆرەك ۋە مېڭە پەردىلىرى.

بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ھالەتتىمۇ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى تېز ئاشكارا بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئەسلىي كېسەللىكنىڭ زىيان ۋە نۇقسانى تېز ئاشكارىلانمىسا، ئەگەشمە كېسەللىكنىڭ زىيىنى ئەسلىي كېسەللىكتىن بۇرۇن بولىدۇ. ئەگەر جىگەرنىڭ سۈمۈرۈش كۈچى (قۇۋۋىتى جازىبەسى) ئاجىزلىسا، ئاشقازاندا تاماق ئۇزۇن ۋاقىتقىچە تۇرۇشى سەۋەبىدىن شېرىك بولىدۇ. ئاشقازان كېسىلىنىڭ زىيىنى (مەسىلەن: قورساقنىڭ ئاچماسلىقى، تاماقنىڭ بۇزۇلۇشى)

جىگەر ئاجىزلىقىنىڭ نۇقسانلىرى (مەسىلەن: بەدەن ئورۇقلاش قاتارلىقلار) دىن ئىلگىرى بولىدۇ. چۈنكى بەدەن ئورۇقلاش بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنىڭ خورىشىغا مۇناسىۋەتلىك. بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تېز تارقىلالمايدۇ. ھۆللۈكلەرنىڭ تارقىلالماسلىقىدىن باشقا ئەزالارغا ماددا قۇيۇلۇشىمۇ مۇمكىن. ئەسلىي كېسەللىكتە زىيان ۋە نۇقسانىنىڭ كۆرۈلۈشى ئەگەشمە كېسەللىكتىن بۇرۇن بولىدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدا بىرەر شېرىكچىلىك يوق ئەھۋالدىمۇ (نەفىيس).

داۋالاش باش ئاغرىقنى پەيدا قىلغان ئەزالاردىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش. پۈتتىن بولغان باش ئاغرىقىدىن باشقا ھەرقايسىسىنىڭ بايانى ئۆزىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق پۈتنىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولسا سافىن تومۇر (سافىن بىر كۆك قان تومۇر بولۇپ، بۇ پاچاقنىڭ ئىچكى تەرىپىگە جايلاشقان) دىن قان ئېلىنىدۇ ياكى ئىككى پاچاق ئۈستىگە ھىجامەت قويۇلىدۇ. ھەببى ئىستەمخىقۇن (بۇ بىر مۇرەككەپ ھەبدۇر) ياكى ھەببى بىنەپشە، ھەببى ئايارەج قاتارلىقلار ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ. ئىككى پۇت پاچاقتىن يوتىغىچە كۈچەپ تېڭىپ قويۇلىدۇ، تۇز ۋە ئاق لەيلى (خەيرى) يېغى بىلەن مايلاپ بېرىش لازىم.

قوشۇمچە (1) بەزىدە كۆزنىڭ چارچىشىدىنمۇ باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ. كۆزنىڭ چارچىشىدىن بولغان باش ئاغرىقىدا ئومۇمەن ئاغرىق باشنىڭ ئارقا قىسمىدا بولىدۇ. كۆزنى ھەرىكەتلەندۈرگەندە كۆزنىڭ ئىچىدە ئاغرىق سېزىلىدۇ. ئاز ۋاقىت خەت ئوقۇش ۋە ئىنچىكە ئىشلارنى قىلىشتىن كېيىن كۆزى تورلىشىدۇ. خەت ئوقۇغان ۋاقىتتا كۆزى قىزىرىدۇ. بەزىدە كۆزگە سۇ چۈشۈش، تورسىمان پەردە ئىششىقى ۋە باشقا كۆز كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىنمۇ باش ئاغرىقى بولىدۇ. لېكىن بۇ ئاغرىق ئومۇمەن بىر تەرەپتە بولىدۇ، كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ باشقا ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ ھالەتلەردە ئەسلىي كېسەللىكنى داۋالاش، كۆزنى ئارام ئالدۇرۇش، ئىترىفىللار ئارقىلىق مېڭە ۋە ئاشقازاننى تازىلاش لازىم.

(2) ۋەجئۇل مۇپاسىل (چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى) سەۋەبىدىن باش ئاغرىقى بولسا ئاغرىق ئۆتكۈر بولىدۇ، ئاغرىق تېزلا سېزىلىدۇ، قولنى تەگكۈزگەندە ئاغرىيدۇ. بۇ ھالەتتە باش ئاغرىقنى ۋاقىتلىق داۋالاشتىن باشقا ۋەجئۇل مۇپاسىلنىڭ ئىلاجىنى قىلىش. نۇقۇئى شاھتەررىگە سۆرۈنجان ۋە بوزىدان قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

(3) بەزىدە باش سۆڭەكلىرىنىڭ ئىششىقى سەۋەبىدىنمۇ باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئاغرىق بىر خاس ئورۇندا چەكلىنىدۇ، بېسىشتىن ئاغرىق كۈچىيىدۇ. ئەگەر ئۆتكۈر

ئىششىق بولسا كېسەللەنگەن ئورۇندا ئىششىق كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ئىششىق سوزۇلما بولسا كېسەللەنگەن ئورۇن قېلىنلايدۇ. باش سۆڭەكلىرىنىڭ ئىششىقى ئومۇمەن سىفلىس كېسىلى سەۋەبىدىن بولىدۇ. بىمارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ تەكشۈرگەندە سىفلىس كېسىلى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. سىفلىس كېسىلىنى داۋالاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش داۋالىغاندا باش ئاغرىقى پەسىيىدۇ.

(4) بەزىدە باش ئاغرىقى مېڭە ئۆسمىلىرى سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئەگەر مېڭىدە ئۆسمە شەكىللەنگەن بولسا باشتا ئاغرىق داۋاملىق بولىدۇ. لېكىن قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ئاغرىق كۈچىيىدۇ. ئاغرىقنىڭ كۈچىيىشى بىلەن بىمارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. ئاغرىق بەزىدە پۈتۈن باشتا، بەزىدە باشنىڭ يېرىمىدا ۋە بەزىدە بىرەر ئورۇندا چەكلەنگەن بولىدۇ. باش ئاغرىشتىن باشقا مېڭە ئۆسمىسىنىڭ باشقا ئالامەتلىرىمۇ تېپىلىدۇ. بىمارنىڭ بېشى قايىدۇ، ئۇيقۇسى قاچىدۇ. ئەگەر ئۆسمىنىڭ سەۋەبىدىن كۆرۈش نېرۋىسىدا ئىششىق پەيدا بولسا، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلايدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا بىمارنىڭ كۆرۈش كۈچى يوقىلىپ، ئەما بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنىڭدەك ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردىكى ئۆسمىلەر سەۋەبىدىن ئوخشاشمىغان ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ. مەسىلەن: مەيلى تاماق يېسۇن ياكى يېمىسۇن كۆڭلى ئېلىشمايلا قۇسىدۇ، بەزىدە تەشەنۇج بولىدۇ. تەشەنۇج بەزىدە قولدىن، بەزىدە پۈتتىن ۋە بەزىدە يۈزدىن باشلىنىدۇ، بەزىدە يۈز نېرۋا پالەچى ۋە بەزىدە پالەچ بولۇپ قالىدۇ، بەزىدە پەقەت بىر قول ياكى بىر پۇت پالەچلىنىدۇ. ئوخشاشمىغان مېڭە نېرۋىلىرىغا بېسىم چۈشۈش سەۋەبىدىن خاس ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ. بەش سەزگۈدە بەزىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ. بەزىدە نەپەس ئېلىشى ئاستىلايدۇ، تومۇرى ئاجىز ۋە بوش سوقىدۇ، بەزىدە بىماردا گاسلىق كۆرۈلىدۇ ۋە بەزىدە ئالىغايلىق پەيدا بولىدۇ.

مېڭە ئۆسمىلىرىنى دەستىكار قىلىشتىن باشقا بىرەر داۋالىغۇچى دورا يوق. دورا بىلەن ئاغرىقنى پەقەت ۋاقىتلىق پەسەيتكىلى بولىدۇ.

(5) ئەگەر باش ئاغرىقى قان كەملىكتىن بولسا، باشنىڭ ئالدى قىسمىدا ئاغرىق بولىدۇ، باش قايىدۇ، يۈرىكى چالاڭغۇرايدۇ، دېمى سىقىلىدۇ، بىمارنىڭ چىرايى سېرىق، تاتىراڭغۇ بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار باش ئاغرىقىنىڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان تۈرلىرىدۇر. لېكىن باش ئاغرىقىنىڭ قالغان تۈرلىرى مىزاج بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بايانىنى يازغۇچى سۆزلىمىگەن. باش ئاغرىقىنىڭ مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان تۈرى ئاز پەيدا بولىدۇ. ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولغان بولسا، ناھايىتى تېزلا باش ئاغرىقىنىڭ سۆزلىنىپ بولغان تۈرلىرىگە ئۆزگىرىدۇ (نەفىيس).

سەرسام

تەبەرى ئېيتقانكى، سەرسام پارسچە سۆز بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى باش كېسەللىكىدۇر. چۈنكى «سەر» نى باش دەپ ئاتايدۇ ھەم «سام» نىڭ مەنىسى كېسەللىكتۇر. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، سەرسامنىڭ مەنىسى باش ئىششىقىدۇر، چۈنكى سامنىڭ مەنىسى ئىششىقتۇر. لېكىن بۇ قەدىمىي پارسچە سۆزدۇر، ھازىر بۇ سۆز ئىستېمالدىن قالغان. بۇ ھالەت «بەرسام» بىلەن ئوخشاش، چۈنكى «بەر» نىڭ مەنىسى كۆكرەكتۇر.

ئاتاش سەۋەبى: سەرسامنىڭ نامى بىرەر مۇناسىۋەت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ زاتى ۋە ھەقىقىتىگە ئاساسەن قويۇلغاندۇر. چۈنكى سەرسامنىڭ لۇغەت مەنىسىمۇ باش ئىششىقى ياكى باش كېسەللىكىدۇر ۋە چۈشەنچە مەنىسىمۇ مۇشۇدۇر.

تونۇش سەرسام بىر ئىششىقتۇر. بۇ مېڭىنىڭ ئىككى پەردىسىنىڭ بىرەرىدە ياكى ئىككىلا پەردىدە بىر قېتىمدىلا ياكى خاس مېڭىدە ياكى مېڭىنىڭ پەردىلىرى ۋە خاس مېڭىدە بىرگە قوشۇلۇپ پەيدا بولىدۇ. مەيلى ئىششىق ئىسسىقتىن ياكى سوغۇقتىن بولسۇن. لېكىن بەزى كىشىلەر سەرسامنى ئىسسىقتىن بولغان، دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقىقەتمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، كۆپرەك سەرسام ئىسسىقتىنلا كۆرۈلىدۇ.

مېڭە پەردىلىرى بۇ ئىككى پەردە ناھايىتى مۇھىمدۇر، بىرى نېپىز پەردىدۇر، بۇ مېڭە بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم پائالىيىتى قان تومۇرلار ئارقىلىق مېڭىنى ئوزۇقلاندۇرۇش. ئىككىنچىسى قېلىن پەردە بولۇپ، بۇ باش سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ، قېلىن پەردىنىڭ پائالىيىتى مېڭىنى قوغداشتۇر.

قېلىن پەردە ئوممۇ غەلىز، ئوممۇ جافىيە، نېپىز پەردە ئوممۇ رەقىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىككى پەردىنىڭ ئارىلىقىدا ئۈچىنچى بىر نېپىز پەردىمۇ بولىدۇ. بۇ ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۈچىنچى پەردە ئالدىنقى ئىككى پەردىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدۇ.

مېڭە ۋە سۆڭەكنىڭ ئىششىشىدىكى ئىختىلاپ: مېڭە ۋە سۆڭەكلەردە ئىششىق پەيدا بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ بۇ بىر كونا ئىختىلاپتۇر.

ئەبۇ سەھل مەسىھا، شەيخ ئىبن سىنا، ساھىبى كامىل ۋە كۆپىنچە يېقىنقى زاماندا ئۆتكەنلەرنىڭ كۆزقارىشىدا، مېڭە ۋە سۆڭەكتە ئىششىق پەيدا بولىدۇ. لېكىن جالىنۇس بۇرۇنقىلاردىن نەقىل كەلتۈرىدۇكى، ئىششىق قاتتىق ۋە يۇمشاقلىقتا ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى ئەزالاردا پەيدا بولىدۇ. ناھايىتى يۇمشاق، مەسىلەن: مېڭە ياكى ناھايىتى قاتتىق، مەسىلەن:

سۆڭەك قاتارلىق ئەزالاردا ئىششىق پەيدا بولمايدۇ. چۈنكى يۇمشاق ئەزالاردا ئۇنىڭ يۇمشاقلىقى سەۋەبىدىن كېرەكسىز ماددىلار توختىمايدۇ. قاتتىق ئەزالاردا ئۇنىڭ قاتتىقلىقى سەۋەبىدىن كېرەكسىز ماددىلار ئۆزلىشەلمەيدۇ ۋە تارقىلالمايدۇ. لېكىن جالىنۇس يۇقىرىقى ئەزالاردا ئىششىق بولۇش - بولماسلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىغان. يۇھەننا ئىبنى سەرافىيۇن ئىشەنچ قىلغانكى، مەزكۇر ئەزالاردا ھەرگىز ئىششىق بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ئۆزىنىڭ كىتابىدا يازغانكى، سەن ئەگەر مېڭە ئىششىقى دېگەن سۆزنى ئاڭلىساڭ، سەن بۇنى مېڭە ئىششىقىغا مەنسۇپ قىلماستىن، بەلكى بۇنى مېڭە قېلىن پەردىسى تەرەپكە مەنسۇپ قىل. بۇ كۆز قاراش ساھىبى تەلخىيس مۇھەممەد ئىبنى زەكەرىيا رازى ۋە بەزى يېقىنقى زاماندا ئۆتكەنلەرنىڭ كۆزقارىشى بىلەن ئوخشاشتۇر. لېكىن ۋەقەلەر ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى كۆزىتىشلەردىن مېڭە ۋە سۆڭەكتە ئىششىق پەيدا بولىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى ئۇزارتىشنىڭ ۋە پەرقلىرىنى دەلىللەپ سۆزلەشنىڭ زۆرۈرىتى يوق.

قاندىن بولغان سەرسام (فارانىيتىس)

بۇ ئىششىق بەزىدە قاندىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ نامى فارانىيتىستۇر. مەيلى بۇ ئىششىق پەقەت پەردىلەردە ياكى مېڭىدە ياكى ھەممىسىدە بولسۇن بۇنىڭ نامى فارانىيتىستۇر. لېكىن ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قاتارلىقلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئېنىق بولىدىكى، فارانىيتىس مېڭە پەردە ئىششىقىدىن باشقىلارغا قارىتىلمايدۇ.

فارانىيتىس سۆزى «ف» ھەرپى بىلەندۇر، لېكىن بارلىق تېۋىپلاردا بۇ «قارانىيتىس» سۆزى (تەتقىقاتتىن فارانىيتىس سۆزى «ف» ھەرپى بىلەن توغرا بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن: بىرىنچى سۆز، فەران ياكى فەرىيىزدۇر. بۇنىڭ مەنىسى زېھىن ۋە ئەقىلدۇر. ئىككىنچى سۆز، ئايتىس بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى كۆيۈشۈش ۋە ئوتتۇر) «ق» ھەرپى بىلەن مەشھۇردۇر.

ئاتىلىش سەۋەبى: فارانىيتىس كېسىلى زېھىن ۋە ئەقىل (زېھىن ۋە ئەقىل فارانىيتىسنىڭ تەرجىمىسىدۇر) نى بۇزغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ نامى فارانىيتىس قويۇلغان.

مەزكۇر ئىششىق بەزىدە سەپرادىن پەيدا بولىدۇ. بۇ فارانىيتىس خالىس دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەلنى فارانىيتىس خالىس نامى بىلەن ئاتاشنىڭ سەۋەبى سەپرادىن بولغان فارانىيتىسنىڭ ئالامەتلىرى قاندىن بولغان فارانىيتىستىكىدىن زىيادە كۈچلۈك بولىدۇ.

قوشۇمچە تۆۋەندىكى سەۋەبلەر مېڭە ۋە مېڭە پەردىسى ئىششىقىغا ئورتاق بولىدۇ.

گەرچە مېڭە ۋە مېڭە پەردە ئىششىقى ھەر ياشتىكىلەردە بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا كۆپىنچە بالىلار گىرىپتار بولىدۇ. ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش، قۇلاق ناغرىخانىسى كېسەللىكلىرى، باش سۆڭەكلىرى ئىششىقى ۋە بەزى يۇقۇملۇق قىزىتما، مەسىلەن: چېچەك، ئۇچەي مەنبەلىك قىزىتما، ئۆپكە ئىششىقى، ئىسسىقتىن بولغان ۋەجئۇل مۇپاسىل ئىششىقى، نۇقرەس ۋە سىل ماددىلىرى مېڭە ۋە مېڭە پەردە ئىششىقىنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ. بۆرەك سوزۇلما ئىششىقى ۋە قان ئۇفۇنەتلەنگەن ھالەتتىمۇ بۇ كېسەللىك بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ كېسەل سەۋەبسىز باشلىنىدۇ.

ئالامىتى قاندىن بولغان سەرسامدا قىزىتما بولىدۇ. قىزىتما ھەر ۋاقىت داۋاملىشىدۇ، تۆۋەنلىمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن باشتا ئېغىرلىق، كۆز ۋە يۈزدە كۈچلۈك قىزىللىق بولىدۇ. باش ئاغرىش، جۆيلۈش بولىدۇ. بىمار كۈلىدۇ. تىلى يىرىك بولىدۇ. تىلىنىڭ رەڭگى قارامتۇل قىزىلغا مايىل بولىدۇ. تومۇرى چوڭ سوقىدۇ. بەزىدە ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياش ئاقىدۇ. بىمار يورۇقلۇقتىن نەپرەتلىنىدۇ. بۇرنىدىن قان تامچىلاپ ئاقىدۇ.

سەپرادىن بولغان سەرسامدا قىزىتمىنىڭ ھارارىتى ئۆتكۈر بولىدۇ، ئۇيقۇسىزلىق بولىدۇ، بېشى يەڭگىل بولىدۇ، كۆزى ۋە بۇرۇن تۆشۈكى قۇرۇق بولىدۇ، يۈزى ۋە تىلىدا سېرىقلىق بولىدۇ، تومۇرى تېز سوقىدۇ، بىمار كۆرپىسىنى مىجىقلايدۇ، جۆيلۈيدۇ، ئاچچىقلىنىدۇ، ئەدەپسىزلىشىپ كېتىدۇ، پىكىر قۇۋۋىتى①، خىيال قۇۋۋىتى ۋە ئەستە ساقلاش قۇۋۋىتى ئازدۇر - كۆپتۇر بۇزۇلىدۇ. بەزىدە مېڭىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى (چۈنكى مېڭىنىڭ پائالىيەتلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەركەزلىرى مېڭىنىڭ ئوخشاشمىغان قىسىملىرىغا جايلاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن مېڭىنىڭ ئوخشىمىغان قىسىملىرىدىكى ئىششىقتىن بۇ مەركەزلەر ئازدۇر - كۆپتۇر تەسىرگە ئۇچرايدۇ ھەممە بۇ تەسىرگە ماس ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىدە ئازدۇر - كۆپتۇر تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلىدۇ) ئۆزگىرىدۇ.

قوشۇمچە مېڭە ۋە مېڭە پەردە ئىششىقىدا ئورتاق كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر تۆۋەندىكىچە:

بۇ كېسەللىكتە بىمار ئارام ئېلىپ ياتالمايدۇ، كۆپ ئۆرۈلىدۇ. باش ئاغرىش ۋە باش قېيىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بۇ سەۋەبدىن ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ ۋە جۆيلۈيدۇ، قۇسىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ، تومۇرى ئاستا سوقىدۇ، كۆز قارىچۇقى تارىيىدۇ، يۈز ۋە كۆزلىرى قىزىل بولىدۇ، كۆپىنچە كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قارايدۇ، بېشى قىزىق سېزىلىدۇ. ياشلاردا تىترەش ۋە سوغۇقلۇق بىلەن، بالىلاردا تەشەننۇج بىلەن قىزىتما ئۆرلەيدۇ. ئۇنىڭ ھارارىتى 102 دەرىجىگىچە بولىدۇ. قول - پۇت ۋە مۇسكۇللاردا تەشەننۇج بولىدۇ. كۈچلۈك ئاغرىق ۋە تەشەننۇج سەۋەبىدىن بىمار ناھايىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، جۆيلۈشنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بىمار ھەر ۋاقىت قالايمىقان

---

① پىكىر قۇۋۋىتى — يەنى چۈشىنىش كۈچى ئۆزگىرىشىنىڭ نامى ئەقلىنىڭ تەرتىپسىز، سەزگۈسىز بولۇشىدۇر.

سۆزلەيدۇ، چىرقىرايدۇ. چىشلىرى كىرىشىدۇ، ئاخىرىدا بىھوش بولىدۇ، باش ئاغرىقى يېنىكلەيدۇ، تومۇرى ئىنتايىن ئاجىز سوقۇشقا باشلايدۇ، تىلى قۇرۇق، سارغۇچ رەڭدە بولىدۇ. مۇسكۇللىرى پالەچلىنىپ بوشىشىدۇ، سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرىتى بىھوشلۇق ھالىتىدە چىقىپ كېتىدۇ ھەمدە ئاخىرقى ھېسابتا بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر بىمار ساقىيىشقا يۈزلەنگەن بولسا، جۆيلۈش ئازىيىپ باش ئاغرىقى يوقايدۇ، ھارارىتى تۆۋەنلەيدۇ، بىمارنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدۇ.

ئەگەر ساغلاملىق ھاسىل بولۇشقا باشلىسا ئالامەتلىرى ئاستا ئاستا يەڭگىللەيدۇ (كېسەلنىڭ يوقىلىشى تارقاش شەكلىدە بولىدۇ). بوھران ھالىتىدە ئالامەتلەردە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش كۆرۈلمەيدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش: ئىسسىقتىن بولغان سەرسام كېسىلى ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما ۋە يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئالامەتلەردىن ئىسسىقتىن بولغان سەرسام پەرقلەندۈرۈلىدۇ:

ئىسسىقتىن بولغان سەرسام ۋە ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرىدىكى پەرقلەر:

ئىسسىقتىن بولغان سەرسامدا

بىمارنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىيدۇ. قۇسىدۇ. قەۋزىيەت بولىدۇ. تېرىگە داغ چۈشمەيدۇ.

ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىدا

باش ئاغرىقى يېنىك بولىدۇ. قۇسمايدۇ. ئومۇمەن ئىچى سۈرۈش كۆرۈلىدۇ. تېرىگە داغ چۈشىدۇ ياكى مۇدۇر - چاقىلار چىقىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان سەرسام ۋە يىرتقۇچسىمان ساراڭلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىكى پەرقلەر:

ئىسسىقتىن بولغان سەرسامدا:

تىلى دۇغ ھالەتتە بولىدۇ. باش ئاغرىقى بولىدۇ. قۇسۇش ۋە قىزىتما بولىدۇ. تومۇرى بوش سوقىدۇ.

يىرتقۇچسىمان ساراڭلىقتا

تىلىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بېشى ئاغرىمايدۇ. قىزىتما ۋە قۇسۇش بولمايدۇ. تومۇرى بەك ئاستا سوقمايدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان سەرسام كېسىلىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرى باش ئاغرىيدۇ ۋە قۇسىدۇ. بۇ باش ئاغرىقى ھەر ۋاقىت بولىدۇ. بۇنىڭدا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە ھەرىكەتتىن باش ئاغرىيدۇ، بەزىدە بىرەر ئاشكارا سەۋەب بولمايمۇ باش قاتتىق ئاغرىيدۇ.

سەرسامدا قۇسۇش ئۆتكۈرلۈك بىلەن بولىدۇ. بۇ ئاشقازان - ئۈچەي ۋە جىگەر كېسەللىكلىرىدىكى قۇسۇشتىن تۆۋەندىكىدەك ئالامەت پەرقى ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ:

سەرسامدىن بولغان قۇسۇش:

(1) قۇسۇشتىن بۇرۇن كۆڭلى ئېلىشىش بولمايدۇ، ئېغىزىغا سۇ تولمايدۇ، قۇسۇشنىڭ غىزا بىلەن ئازراقمۇ مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، بىمار مەيلى غىزا يېسۇن ياكى يېمىسۇن ئوخشاشلا قۇسىدۇ ھەمدە ھەرىكەت قىلىش بىلەن قۇسۇش ئۆتكۈرلىشىدۇ.

(2) ئاشقازان ۋە جىگەرنى بېسىش بىلەن بىرەر خاس يېقىمسىزلىق بولمايدۇ.

(3) باش كەينىگە بىرەر قىزارتقۇچى دورا (مايىللاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن) چېپىلسا قۇسۇش توختايدۇ.

(4) تاماقتىن تەبىئەت يېقىمسىزلانمايدۇ، بەلكى ئىشتىھا كۈچىيىدۇ.

(5) قورساقتا ئاغرىق بولمايدۇ، كۆپىنچە قەۋزىيەت بولىدۇ.

(6) باشتا ئاغرىق بولغاندىن كېيىن قۇسىدۇ. كۆزلىرى قىزىل ياكى ئادەتتىكىچە بولىدۇ. ئېغىزدىن سېسىق پۇراق كەلمەيدۇ. تىلى پاكىز بولىدۇ.

(7) تومۇرى قاتتىق ۋە پەرقلىق سوقىدۇ.

ئاشقازان ياكى جىگەر مەنبەلىك قۇسۇش

(1) قۇسۇشتىن بۇرۇن ئادەتتىكىدەك كۆڭلى ئېلىشىدۇ. ئېغىزىغا سۇ تولىدۇ. ئەگەر قۇسۇقتىن كېيىن ئاشقازان پاكىزلانسا قۇسۇشمۇ توختايدۇ. لېكىن قايتا ئاشقازان تولغان بولسا كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇش باشلىنىدۇ.

(2) كېسەللەنگەن ئورۇن (ئاشقازان ۋە جىگەر ساھەسى) نى باسقاندا ئاغرىق بولىدۇ. كۆڭلى ئېلىشىشقا باشلايدۇ.

(3) ئاشقازان ۋە ئاشقازان ئېغىزىغا بىرەر قىزارتقۇچى دورا، مەسىلەن: زىماتى خەردەل چېپىلسا، قۇسۇشنىڭ قوزغاتقۇچىسىنى توختىتىدۇ.

(4) غىزادىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە بىزار بولىدۇ.

(5) قورساقتا كۆپىنچە ئاغرىق ۋە ئۈچەي تولغاپ ئاغرىش بولىدۇ. بەزىدە ئىچ سۈرۈشمۇ بولىدۇ. چوڭ تەرەت توپا رەڭگىدە بولىدۇ.

(6) قۇسۇپ بولغاندىن كېيىن كۆپىنچە باش ئاغرىيدۇ. كۆزلىرى سېرىققا مايىل بولىدۇ. ئېغىزدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ. تىلنى گەز باغلايدۇ.

(7) تومۇرى ئاجىز، ئارقىمۇئارقا بولىدۇ.

مېڭە ۋە مېڭە پەردە ئىششىقىدىكى پەرق: بۇ پۈتۈن تۈردىكى پەرق شۇكى، بۇنىڭدا ئىششىق خاس مېڭىدىلا بولىدۇ. تومۇرى چوڭ ۋە دولقۇنسىمان بولىدۇ. ھارارىتى ئۆتكۈر سېزىلىدۇ. كۆزنىڭ تېگىدە قاتتىق ئاغرىق سېزىلىدۇ. بۇ قىسىمدىكى ئىششىق ئىنتايىن ناچار بولۇپ،

كۆپىنچە بىمار تۆت كۈندە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر كېسەللىك تۆت كۈندىن ئۆتۈپ كەتسە بىمار ياخشىلىنىدۇ. ئەگەر ئىششىق قاتتىق پەردىدە بولسا، يۇقىرىقى ئالامەتلەر يەڭگىل بولىدۇ. تومۇرى قاتتىق ۋە ھەرە چىشىسىمان سوقىدۇ. ئاغرىق خاس باش سۆڭىكىدىلا سېزىلىدۇ. ئەگەر ئىششىق نېپىز پەردىدە بولسا يۇقىرىقى مەزكۇر ئالامەتلەر ئوتتۇراھال دەرىجىدە بولىدۇ، تومۇرى قاتتىق بولىدۇ. لېكىن ئۇ پەردىنىڭ يۇمشاقلىقى سەۋەبىدىن بىرئاز دولقۇنلۇقمۇ بولىدۇ (نەفىيس).

ئەسكەرتىش: مېڭە — مېڭە پەردىسى كېسەللىكلىرى ۋە ئاپەت ئالامەتلىرى ئېتىبارى بىلەن ئۆزئارا شۇ قەدەر ئوخشىشىپ كېتىدۇكى، بۇلارنى ئايرىش قىيىن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرىنىڭ ئىششىقى ئىككىنچىسىگە تارقىلىدۇ. لېكىن تېۋىپلارنىڭ بۇنىڭغا باش قاتۇرۇپ كېتىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقتۇر، چۈنكى ئىككىلىسىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئەگەر قۇسۇش بىلەن بۇ كېسەللىك باشلانغان بولسا، مېڭە ئىششىغانلىقىنىڭ گۇمانى قىلىنىدۇ. ئەگەر تەشەننۇج بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە بولسا مېڭە پەردىلىرىنىڭ ئىششىقى قىياس قىلىنىدۇ. ئادەتتە سەرسامدا مېڭە ۋە مېڭىنىڭ ئىككى پەردىسى (نېپىز پەردە ۋە ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردە) ئىششىيدۇ. قېلىن پەردە ئادەتتە شېرىك بولمايدۇ. قېلىن پەردىدە باشقا تاياق تېگىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن بەزىدە ئىششىق كۆرۈلىدۇ (ت).

داۋالاش

قاندىن بولغان سەرسامنى داۋالاش كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى ئۈچ كۈنىدە قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، كۈچ - قۇۋۋىتىگە مۇۋاپىق قان چىقىرىلىدۇ، قان چىقىرىشتا ئاشۇرۇۋەتمەسلىك لازىم.

قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ: يەنى چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش مەقسىتى بىلەن مېۋە قاينىتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭغا تەمرى ھىندى ۋە تەرەنجىبىن، ئەينۇلا شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى يەڭگىل ھۆقنە قىلىنىدۇ، بۇنىڭغا خىيارشەنبەر مېغىزى قوشۇلغان بولسۇن.

مېڭىگە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ: سىركە، گۈل يېغى، گۇلاب قاتارلىقلار بىمارنىڭ بېشى ئۈستىگە قۇيۇلىدۇ، بىمارغا سۇيۇق پۇرىتىلما پۇرىتىلىدۇ، بۇ قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، سىركە ۋە گۈل يېغىدىن تەييارلانغان بولسۇن.

پۇرىتىلمىلار پۇرىتىلىدۇ: بۇ بىنەپشە ۋە نىلۇپەرگە ئوخشاش ھۆل سوغۇق دورىلار بولسۇن.

ئوزۇقلاندۇرۇش غىزا شەكلىدە پەقەت ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، يەنى ئارپا سۈيىدىن باشقا ھېچقانداق غىزا بەرمەسلىك.

ئوزۇقلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بۇ ئۇسۇل بەدەن كۈچى ياخشى ۋە كېسەللىك ئاخىرلىشىش

زامانىسىغا يېقىن بولغان ۋاقىت ئۈچۈن ئېيتىلغاندۇر. چۈنكى كېسەللىك ھالىتىدە غىزادىن پەقەت بۇ مەقسەت نەزەردە تۇتۇلىدۇكى، بەدەن كۈچى ساقلىنىپ قالسۇن ھەمدە بوھران ۋاقتىدا كېسەللىكنى يوقىتىشقا تەبىئەت قادىر بولسۇن.

شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەندىكى چىقىرىش قۇۋۋىتى كېسەل ئۈچۈن شۇ چاغقىچە يېتەرلىك بولغان، كېسەللىك ۋاقتىمۇ قىسقا بولغان (يەنى تەبىئەت ۋە كۈچ بۇ مەزگىلدە زىددىيەتنىڭ يېقىمسىزلىقىغا بەرداشلىق بېرەلىگەن) بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە ئىنتايىن يەڭگىل تاماق بېرىش يېتەرلىكتۇر. ئۇنداق بولمىسا ئارپا، پوستى ئاقلانغان ماش، قاپاق، پالەك قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان شورپىنى بادام مېغىزى بىلەن ئىچكۈزۈش لازىم.

سەپرادىن بولغان سەرسامنى داۋالاش   مېۋىلەرنىڭ سۈيى بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: تەمرى ھىندى، چىلان، ئەينۇلا، نىشۇق (ئالۇچا) ۋە سەرپىستان قاتارلىقلارنىڭ سۈيىگە تەرەنجىبىن ۋە شىرخىست قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە ئارپا سۈيى، ئانار سۈيى (ناخۇش ئاناردىن سىقىپ چىقىرىلغان بولسۇن)، ئەينۇلا سۈيى (يەنى ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسى ياكى چىلانمىسى)، تەرخەمەك سۈيى (تەرخەمەكنى سىقىپ چىقىرىلغان سۇ)، قاپاق سۈيى (قاپاق سىرتىنى قاتتىق خېمىر بىلەن ئوراپ، ئاندىن تونۇردىكى يەڭگىل ئوتقا قويۇپ، پىشقاندىن كېيىن چىقىرىپ قاپاقتىن تۆشۈك ئېچىپ، ئۇنىڭ سۈيى چىقىرىلىدۇ)، تاۋۇز سۈيى (تاۋۇزنىڭ بېشىنى كېسىپ، پىچاق بىلەن تۆشۈك ئېچىپ، ئاندىن تاۋۇزنى بىرەر ساپال قاچىغا ياكى ئۇنىڭ سۈيى ئېقىپ چىققۇچە دۈم قويۇپ چىقىرىلىدۇ) ئىچكۈزۈلىدۇ، باش ئۈستىگە سىركە ۋە گۈل يېغى قويۇلىدۇ ھەم قاپاق پوستى، توم تەرخەمەك (بەگەنەي)، ئىتئۈزۈمى ۋە سۆگەت يوپۇرمىقىنى سوقۇپ باش ئۈستىگە قويۇلىدۇ. ھۆل سوغۇق ياغلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى ۋە نىلۇپەر يېغى قاتارلىقلار مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان بولسۇن. سەرسامنىڭ بۇ تۈرىدە سوۋۇتۇش ۋە ھۆللەشتۈرۈشتىن تامامەن قورقماسلىق. ئەمما قاندىن بولغان سەرسامدا ئېھتىيات قىلىنىدۇ، باش ھۆل سوغۇق ئۆسۈملۈكلەر قايىنىتىلغان سۇ بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە، قاپاق پوستى، نىلۇپەر ۋە ئاق لەيلى قاتارلىقلار. ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق بولسا كاھۇ ۋە خەشخاش پوستى قوشۇلىدۇ، بابۇنەمۇ خەشخاشنىڭ ناچار تەسىرىنى تۈزىتىش مەقسىتى بىلەن قوشۇلىدۇ ياكى نۇتۇلنى كاللا - پاچاق شورپىسى بىلەن قىلىش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار   سەرسام مەيلى سەپرادىن بولسۇن ياكى قاندىن بولسۇن ئىككىسىنى داۋالاش پرىنسىپى ۋە ئەمەلىي داۋالاش ئوخشاشتۇر. قاندىن بولغان سەرسامدا قان ئېلىش ئارتۇقتۇر. ئىسسىقتىن بولغان سەرسام مەيلى مېڭە ئىششىقىدىن ياكى

مېڭە پەردە ئىششىقىدىن، مەيلى سەپرانىڭ غالىبلىقىدىن ياكى قاننىڭ غالىبلىقىدىن بولسۇن تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ:

ھۆقنە قىلىش: بۇ كېسەللىكتە ھەممىدىن بۇرۇن ھۆقنە قىلىنىدۇ.

ھۆقنىنىڭ نۇسخىسى گۈلبىنەپشە 12 گرام، چىلان 15 دانە، سەرپىستان 15 دانە، قىزىلگۈل 12 گرام قاتارلىقلارنى 1.5 كىلوگرام سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ ھەممە بۇنىڭغا ئالتە گرام ئاش تۇزى، 36 گرام ئابدىمىلىك يېغى قوشۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ. ھۆقنىنى ھەر كۈنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن پاشويە قىلىنىدۇ، يەنە بۇلارغا قوشۇپ سۈيۈق پۇرىتىلمىلار پۇرىتىپ تۇرۇلىدۇ، يەنى بۇ ئىككى ئەمەلنى باراۋەر داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

پاشويە نۇسخىسى گۈلبىنەپشە، نىلۇپەر گۈلى، ئاق لەيلىگۈلى، بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلاردىن 12 گرامدىن، ئاش تۇزىدىن توققۇز گرام، سانائى مەككى يوپۇرمىقىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، ھەممىسىنى ئۈچ كىلوگرام سۇدا قاينىتىپ ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا سۈزۈپ، ئىلمان ھالەتتە پاشويە قىلىنىدۇ.

سۈيۈق پۇرىتىلما ئاق سەندەل، گىل ئەرمىنى، خۇش پۇراق ئوت (خەس خۇشبۇ) قاتارلىقلاردىن ئۈچ گرامدىن، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، گۈلابتىن 12 گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، بۇنىڭغا ئاز مىقداردا كافۇر قوشۇپ شېشىگە قۇيۇپ داۋاملىق پۇرىتىلىدۇ، ئەگەر ئۇ دورىلارنىڭ خۇش پۇرىقى ئازىيىپ كەتسە، يېڭى نۇسخا تەييارلاش لازىم.

باشنى سوۋۇتۇش بىمارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، گۈلاب ۋە سىركىدىن 24 گرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ، رەختنى بۇنىڭدا ھۆللەپ قايتا ـ قايتا باش چوققىسى ئۈستىگە قويۇلىدۇ. بەزىدە بۇ ئەمەلنىڭ ئورنىغا سوغۇق سۇ قاچىلانغان خالتا باش ئۈستىگە قويۇلىدۇ ياكى مۇزنى پارچىلاپ خالتىغا سېلىپ باش ئۈستىگە قويۇلىدۇ، يەنە باشقا چارىلەر بىلەنمۇ باشقا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى چارىلەرنى قوللىنىش بىلەن بىرگە بۇ نۇسخا ھەر كۈنى بېرىلىدۇ: ئۈچ گرام بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، بەش دانە چىلان شىرىسى، ئۈچ گرام پوستى ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى شىرىسى، ئۈچ گرام كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى شىرىلىرىنى 36 گرام ئەرقى بىدمۇشكى، 36 گرام ئەرقى گۈلاب، 72 گرام ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىقلاردا چىقىرىپ، 24 گرام نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش لازىم.

قىسقىسى، ھەر كۈنى ھۆقنە قىلىش، دورا ئىچىش ۋە سىرتىدىن چارە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش ھەممە ساغلاملىقنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈتۈش لازىم. لېكىن بەزى

ۋاقىتلاردا ھۆقنىنىڭ ئورنىغا تۆۋەندىكى مۇسھىل بىلەن تەنقىيە قىلىنىدۇ. قالغان باشقا چارىلەر قائىدە بويىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ھالەتتە ئىچىدىغان نۇسخا سۇرگە دورىسى ئىچىپ ئىككى ئۈچ سائەتتىن كېيىن ۋە شام ۋاقتىدا بېرىلىدۇ.

مۇسھىل نۇسخىسى تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىن، دىنار شەربىتى، ۋەرد مۇكەررەر شەربىتى قاتارلىقلاردىن 48 گرامدىن، ئەرقى گاۋزىباندىن 144 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە تەمرى ھىندى ۋە تەرەنجىبىننى ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ ئېرىتىپ ھەمدە سۈزۈپ شەربەتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەرقى گاۋزىباننىڭ مىقدارى كۆپەيتىپمۇ قوشۇلىدۇ. يۇقىرىقىغا ئاساسەن بىمار بىر ۋاقىتتا بارلىق دورىنى ئىچەلمىسە، ھەر ئون مىنۇت ياكى ھەر 15 مىنۇت ئارىلىق قالدۇرۇش بىلەن بۇ دورا يېرىم سائەت ياكى بىر سائەت ئىچىدە تولۇق ئىچكۈزۈلىدۇ.

كېسەل شىپا تاپقاندىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن قىممەت باھالىق مەدەنلەر چۈشكەن خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىدىن بەش گرام، چىلان شىرىسى چۈشكەن خېمىرى ئەۋرىشىمدىن بەش گرامنى يېگۈزۈش لازىم.

ئۇزۇقلاندۇرۇش دەسلەپكى كۈنلەردە تاماقنىڭ ئورنىغا ئانار سۈيى ئىچكۈزسە ناھايىتى مۇناسىپتۇر. ئارپا سۈيى، ماش سۈيى ھەمدە گۆش سۈيىمۇ بېرىلىدۇ. لېكىن بۇلارغا ئەينۇلا، تەمرى ھىندى ياكى لىمون سېلىپ چۈچۈمەل قىلىپ تەييارلانسا كۆپ ياخشىدۇر. مۇشۇنداق سۇيۇق، يەڭگىل غىزالاردىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بېرىلمەيدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە غىزانىڭ ئازراقمۇ ئەھمىيىتى يوق. ئۈچ تۆت كۈنگىچە بىمارغا پەقەت دورا ئىچكۈزۈلىدۇ.

كۆرسەتمە بىمارنى قاراڭغۇ ۋە ھاۋالىق ئورۇندا ياتقۇزۇش ھەمدە ھەر خىل يورۇقلۇقلاردىن ساقلاش. باشنى ئېگىز قويۇش، كۆكرەك ۋە بويۇننى سىقىپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنى بوشىتىش، قانسىز ھىجامەت قويۇش ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. بىرەر قوزغاتقۇچى غىزا ياكى دورىنى ھەرگىز بەرمەسلىك، ئۇسسىغان ۋاقىتتا سوغۇق چاي ياكى ئەرقى نىلۇپەر بېرىش لازىم.

سەۋدادىن بولغان سەرسام (سەرسامى سەۋداۋى)

ئەللامە سەمەرقەندى يازغانكى، بەزىدە مەزكۇر ئىششىق سەۋدادىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى بىمار بىھۇدە سۆزلەيدۇ. قورقۇنچ ئىچىدە ياشايدۇ، يىغلايدۇ ۋە زارلىنىدۇ. بىماردا ئۇيقۇسىزلىق بولىدۇ ھەمدە ئەقلىدىن ئازىدۇ. بۇرۇن تۆشۈكىدە ۋە يۇتقۇنچاقتا قۇرۇقلۇق

بولىدۇ. نەپەسنى گويا بوغۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆچەپ ئالىدۇ. كۆزلىرى ئوچۇق ھەمدە ھەرىكەتسىز بولىدۇ. بىماردا ھەر تۆت كۈندە بوھران بولىدۇ. ھەر ۋاقىت يەڭگىل باش ئاغرىقى ھەمدە تۆۋەن قىزىتما بولىدۇ. تومۇرى ئىنچىكە سوقىدۇ، قاتتىق بولىدۇ ھەمدە بىر خىل بولمايدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە ھېلىلە، گاۋزىبان، بىستىپايەج، بادرەنجى بۇيا يوپۇرمىقى، سەرپىستان قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىسىغا تەرەنجىبىن قوشۇپ ماددا تولۇق پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن سەۋدانى سۈرۈپ چىقارغۇچى ھۆقنە ۋە ھەب بىلەن ئىچى سۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: ھۆقنە: قارا ھېلىلە، ھېلىلە كابۇلى، ئەفتىمۇن، سانا، شاھتەررە، بادرەنجبۇيا، گاۋزىبان، بىستىپايەج، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم، پوستى ئاقلانغان ئارپا قاتارلىقلارغا قارا شېكەر، خىيارشەنبەر مېغىزى، تاتلىق بادام يېغى قوشۇپ تەييار قىلىنغان بولسۇن. مەسىلەن: ھەب — ئەفتىمۇن، بىستىپايەج، غارىقۇن، شەھمەنزەل(ئاچچىقتاۋۇز)، سوقمونىيا، يۇيۇلغان لاجۇۋەرد تېشى، ھەببى بىلسان قاتارلىقلارغا كاسىنە سۈيىنى قوشۇپ تەييار قىلىنغان بولسۇن.

ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە سىركەنجۇبىل بېرىلىدۇ، ئاندىن ماددىنى تازىلىغاندىن كېيىن باش ئۈستىگە زىمات چېپىلىدۇ. مەسىلەن: قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، نىلۇپەر، بىنەپشە قاتارلىقلارغا ئانا سۈتىنى قوشۇپ باش ئۈستىگە زىمات قىلىنىدۇ ھەم باش ئۈستىگە بابۇنە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا دورىلار قايىنتىلغان سۇ بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ياۋا رەيھان، قىزىلگۈل، ئىكلىلمەلىك، خەشخاش يوپۇرمىقى، قىزىلچا كۆكى قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ. ئىلمان ياغلار بىلەن تاكى مېڭىدە ھۆللۈك ۋە يۇمشاقلىق پەيدا بولغۇچە مايلىنىدۇ. مەسىلەن: قاپاق يېغى، تاۋۇز ئۇرۇقى يېغى، بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى قاتارلىقلارغا ئانا سۈتىنى قوشۇپ مايلاپ ئۇۋۇلاپ بېرىش لازىم.

بەلغەمدىن بولغان سەرسام (لىيسىرغىس) ①

بەزىدە مەزكۇر ئىششىق بەلغەمدىن پەيدا بولىدۇ. لىيسىرغىس يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ئۇنتۇغاقلىقتۇر.

سابىت ئىبنى قۇررە ئېيتقانكى، «لىيسىرغىس مېڭىنىڭ بەلغەمدىن بولغان ئىششىقىدىن ياكى بەلغەمنىڭ مېڭە ئالدى بۆلىكىگە توپلىنىپ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ». ئىبنى سەرافىيۇنمۇ مۇشۇنداق ئېيتقان ۋە ئەدىب ئەبۇل فەرەج ئۆزىنىڭ كىتابى «مىفتاھ » دا مۇشۇنداق يازغان ۋە

---

① لىيسىرغىس — يۇنانچە سۆز لىتارگىسنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

ساھىبى تەلخىيس، ساھىبى مۇغنى ۋە باشقا قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر ھۆكۈمالارمۇ مۇشۇنداق ئېيتقان.

بۇ توغرىدا ئىبن سىنا ئېيتقانكى، لىيسىرغىس دەپ باش سۆڭىكى ئىچىدە بەلغەمدىن بولغان ئىششىققا ئېيتىلىدۇ. بۇ ئىششىق ئادەتتە مېڭىنىڭ كانالچىلىرى (ياكى يوللىرى) دا بولىدۇ، مېڭە پەردىلىرى، مېڭە بوشلۇقى ياكى خاس مېڭىدە بولمايدۇ. بۇ، ئۈچەي ئەزالىرىنىڭ ئىككىنچى ماقالىسىدا يېزىلغانكى، مېڭىدە پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر بەزىدە مېڭىنىڭ قان تومۇرلىرىدا بولىدۇ. مەسىلەن: كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىش. بەزىدە مېڭىنىڭ تۆشۈكلىرىدە بولىدۇ، مەسىلەن: لىيسىرغىس. بۇ سۆز بىلەن ئىبن سىنانىڭ سۆزى كۈچلىنىدۇ.

لىيسىرغىس نىسيان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنتۇغاقلىق لىيسىرغىس كېسىلىنىڭ چوقۇم بولىدىغان ئالامىتى، شۇنىڭ ئۈچۈن لىيسىرغىس چوقۇم بولىدىغان ئالامەتنىڭ نامى بىلەن قويۇلغان.

قوشۇمچە بۇ كېسەللىكنى بەزىدە ئۇيقۇ كېسىلى دەپمۇ ئاتايدۇ. چۈنكى بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغۇچىدا ناچار ئۇيقۇ بولىدۇ، بۇ ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە لىيسىرغىسنى «ئافرىقا ئۇيقۇ كېسىلى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

لىيسىرغىسنى تېۋىپلار سەرسامنىڭ بەلغەمدىن بولغان تۈرىدىن سانايدۇ، بۇ بىر توغرا خىيالدۇر. چۈنكى بۇنىڭدا ئالامەتلەر نىسبەتەن يەڭگىل ۋە سوزۇلما بولىدۇ ھەمدە بىماردا بوشاڭلىق ۋە ھورۇنلۇق كۆپىيىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تېۋىپلار بۇ ئىششىقنى بەلغەم تەرەپكە مەنسۇپ قىلغان.

لېكىن ئەمەلىي تەتقىقاتلاردا لىيسىرغىس بىر خاس ماددا بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارالدى. خاس ماددا قان ئارقىلىق مېڭە، تال ۋە باشقا ئەزالارغا يېتىپ بېرىپ ئىششىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھايۋانىي ماددىلار خومىناتى ساقىبە نامى بىلەن ئاتالدى. بۇ بىر خاس تۈردىكى چىۋىن ئارقىلىق ئادەم بەدىنىگە كىرىدۇ. بۇ كېسەللىك ئافرىقىنىڭ مەغرىب تەرەپ ساھىلىدا ۋە كانگو مەملىكىتىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئالامىتى قاندىن بولغان سەرسامغا ئوخشاش بۇ يەردىمۇ ئويغاقلىق قوشۇلغان ئۇيقۇ كېسىلى بولىدۇ، يەنى بىمار ئويغاقلىق ۋە ئۇيقۇ ئوتتۇرىسىدا مۈگدەيدۇ، يېرىم بىھوشلۇق ھالىتىدە بولىدۇ، يۇقىرىقى ئالامەتلەرگە قوشۇلۇپلا ھەر ۋاقىت قىزىتما بولىدۇ، بۇنىڭ ھارارىتى ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك بولمايدۇ. چۈنكى بۇ قىزىتما بەلغەمدىن پەيدا بولىدۇ. بارلىق سەزگۈلىرى سۇس ۋە ئېغىر بولىدۇ، تىلى ئاق بولىدۇ، ئەسنەش بولىدۇ. ئەقلى تۆۋەنلەيدۇ، بىمارنىڭ سۆزى ئېنىق بولمايدۇ، كۆز قاپىقى ۋە تىلىنىڭ ھەرىكىتى قىيىنلىشىدۇ، پەقەت مۇشۇ ھەرىكەتلەر قىيىن

بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىختىيارىي ھەرىكەتلەر قىيىن بولىدۇ.

لېكىن مەخسۇس ھالەتتە تىل ۋە كۆز قاپىقىنى تىلغا ئېلىشنىڭ سەۋەبى، بۇ ئالامەت يەنى ھەرىكەت ئاجىزلىقى ئۇ ئىككىلىسىدە ئايان ۋە زىيادە ئاشكارا بولىدۇ.

ئۇيغاقلىق قوشۇلغان ئۇيقۇ كېسىلى: بۇ، ئۇيقۇ ۋە ئۇيغاقلىق ئوتتۇرىسىكى ھالەتنىڭ نامىدۇر. بۇنىڭدا ئۇيقۇ دەسلەپىدە بىرقەدەر غالىب بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇيقۇ سۆزىنى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئىلگىرى قويغان. بۇنىڭ سەۋەبى تېۋىپلار بۇ كېسەللىك مېڭىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە بەلغەمنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئوفۇنەتلىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ، دەپ بىرلىككە كەلگەندۇر (نەفىيس).

قوشۇمچە   بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە قىزىتما، لەرزە، باش ئاغرىقى ۋە قۇسۇش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قانچە ئايغىچە بىر نەچچە كۈن قىزىتىش، بىرنەچچە كۈن قىزىتما يوقىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قول پۇتلىرىدا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. بەدەندىكى بارلىق بەزلەر (قولتۇق، يىرىق، بويۇن ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى بەزلەر) ئىششىپ چوڭىيىدۇ، بەدەندە قان ئازىيىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ زىيانلىق ماددىسى بىلەن مېڭە تەسىرگە ئۇچرايدۇ ھەمدە مۇشۇ چاغدا ئۇيقۇ دەۋرى باشلىنىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامى ئۇيقۇ كېسىلى (سۇبات) بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىمار ئاجىزلاپ كېتىدۇ، ئەزالىرى تىترەيدۇ، ئۆزىنى بىلمەي ئۇخلايدۇ، نەتىجىدە ئورۇقلايدۇ، ھەمىشە ئۇخلايدۇ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا مۇشۇنداق ئۇخلايدۇكى، ئۇنى ئويغىتىش مۇمكىن بولمايدۇ ھەمدە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالىدۇ.

بۇ بىر سوزۇلما كېسەللىك بولۇپ، بەزى ۋاقىتلاردا بىرقانچە يىلغىچە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر مېڭە كېسەللەنگەن بولسا ئۇنىڭ نەتىجىسى يامان بولىدۇ.

داۋالاش   بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىش، لېكىن دەسلەپىدە، بەدىيان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، رۇمبەدىيان، ئىزخىر يىلتىزى، ئۈستىقۇددۇس، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، گۈلقەنت ھەسلى ۋە سىركەنجىۋىل ئەنسىلى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ، بەلغەمنى پىشۇرۇش لازىم.

بۇ مەقسەت ئۈچۈن ھۆقنە قىلىنىدۇ. بۇ، كەرەپشە يىلتىزى، بىخ كەبىر، بەدىيان يىلتىزى، پىننە، قەنتەرىيۇن، ئىزخىر يىلتىزى، زاراۋەندى (زاراگزا) ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئاچچىقسۇ، قارا شېكەر، شەھمەنزەل، سوقمونىيا، نەمەك ھىندى ۋە توغرىغۇ (بۆرە ئەرمىنى) قاتارلىقلاردىن تەييار قىلىنغان بولسۇن. سۈرگۈچى ھەب يېگۈزۈلىدۇ، بۇ سەبرە، تۇربۇت، شەھمەنزەل، سوقمونىيا، غارىقۇن، مەستىكى قاتارلىقلارغا بەدىيان سۈيى قوشۇپ ياسالغان بولسۇن. باش ئۈستىگە سىركە، گۇلاب

ۋە گۈل يېغى قاتارلىقلار كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى ئىككىنچى كۈنىگىچە قويۇلىدۇ، تاكى مېڭە قۇۋۋەتلىنىپ ماددا مېڭە تەرەپكە يۈزلەنمىسۇن. ئۈچىنچى كۈنى ئۇلارغا قۇندۇز قەھرى قوشۇلسۇن تاكى مېڭىدە ئىسسىقلىق پەيدا بولسۇن ھەمدە ماددىدا لاتاپەت پەيدا بولۇپ تارقالسۇن. كېسەللىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا باش ئۈستىگە پەقەت تارقاتقۇچى تىلا ۋە زىمات چېپىلىدۇ (بۇنىڭغا ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلار تامامەن قوشۇلمىغان بولسۇن)، مەسىلەن: قۇندۇز قەھرى، ئاقىرقەرھا، پىننە، تاغ پىننىسى، توغرىغۇ قاتارلىقلارغا ياۋا رەيھان سۈيى، مەرزەنجۇش سۈيى ۋە ئاز مىقداردا ئەنسىل سىركىسى، زەيتۇن يېغى قاتارلىقلار قوشۇپ چېپىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىكنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن ۋاقتىدا كۇندۇش ۋە قۇندۇز قەھرى بىلەن چۈشكۈرتۈلىدۇ، تاكى مېڭىدە ھەرىكەت پەيدا بولۇپ، ھەرىكەت سەۋەبىدىن ئىسسىقلىق پەيدا بولسۇن ۋە ماددىنى چىقىرىپ تاشلىسۇن. ئەگەر ئاز مىقداردا قېپقالسا تارقاپ كېتىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار بەلغەمدىن بولغان سەرسامنى داۋالاشتا مۇز قاتارلىقلار بىلەن بېشىنى سوۋۇتۇشنىڭ ئورنىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش بىلەن ئىسسىقلىق يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ ئىششىقنى تارقىتىشقا پايدىلىق. بۇ مەقسەت ئۈچۈن بەزىدە ماش نېنى باش ئۈستىگە قويۇلىدۇ ياكى توخۇ ياكى كەپتەرنى ئۆلتۈرۈپ، قورسىقىنى يېرىپ، ئىسسىق ھالەتتە باش ئۈستىگە تېڭىپ قويۇلىدۇ.

ماش نېنى — ماشنىڭ ئۇنىنى كالا ياكى ئۆچكىنىڭ سۈتى بىلەن يۇغۇرۇپ، قېلىن نان پىشۇرۇلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىر تەرىپىنى خام قويۇلىدۇ ھەمدە خام تەرىپىگە گۈل يېغى سۈركەپ باش ئۈستىگە تېڭىلىدۇ، نان سوۋۇپ قالسا قايتا - قايتا ئالماشتۇرۇلىدۇ تاكى باشقا باشتىن - ئاخىرغىچە ئىسسىقلىق يېتىپ تۇرسۇن. لېكىن نان باشتا سۇلۇق قاپارتما پەيدا قىلغۇدەك ۋە باش تېرىسىنى كۆيدۈرگۈدەك ئىسسىق بولمىسۇن.

توخۇ ياكى كەپتەر: بىمارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، بىر دانە ياش توخۇ ياكى كەپتەرنى ئۆلتۈرۈپ، بارلىق ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئىسسىق پېتى باش ئۈستىگە تېڭىلىدۇ، سوۋۇپ قالسا مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن يەنە بىر كەپتەر ياكى توخۇ تېڭىلىدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ھۆقنە قىلغۇچى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىچىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخىنى بېرىش لازىم:

نۇسخا داۋائىلمىشكى مۆتىدىلدىن بەش گىرامى ئاۋۋال يېگۈزۈلىدۇ، كەينىدىن ئەرقى بەدىيان، ئەرقى گاۋزىباندىن 72 گىرامدىن ئېلىپ ئىللىتىپ 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە قوشۇپ

ئىچكۈزۈش لازىم.

ئەگەر بىمار دورا ئىچىشكە لايىق بولسا مۇنزىج نۇسخىسى ئەتىگەندە، يۇقىرىقى مەزكۇر داۋائىلمىسكى بولغان نۇسخا كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇنزىج نۇسخىسى گۈلبىنەپشە يەتتە گىرام، ئۈرۈقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە، كاسىنە يىلتىزى، بەدىيان ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، گاۋزىبان، ئاق لەيلى ئۈرۈقى، چالا سوقۇلغان ئىككى خىل تەرخەمەك ئۈرۈقى، ئۇستۇقۇددۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. 8 ~ 10 كۈندىن كېيىن بۇ نۇسخىغا مۇسھىل دورىلار(سانائى مەككى يەتتە گىرام، خىيارشەنبەر ئۈرۈقىنىڭ مېغىزى، تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىن، قارا شېكەر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرامدىن، شىرخىست 24 گىرام، بەش دانە تاتلىق بادام مېغىزى شىرىسى) نى قوشۇپ 3 ~ 4 قېتىم مۇسھىل بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى ئايارەج بىلەن بىر قېتىم مۇسھىل بېرىش لازىم.

ھەببى ئايارەجنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى ھەببى ئايارەجنى مۇۋاپىق مىقداردىكى بادام يېغىدا مايلاپ، ئىككى دانە ئالتۇن ۋاراققا ئوراپ، 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئەتىگەن سائەت تۆتتە يېگۈزۈلىدۇ، ئەتىگىنى مۇسھىل چۈشكەن نۇسخىدىن خىيارشەنبەر مېغىزى، تاتلىق بادام مېغىزىنى ئايرىۋېتىپ، قالغان دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ چارىلەر بىلەن كېسەللىك ياخشىلىنىپ، قىزىتما ۋە جۆيلۈش يوقالغان بولسا، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم:

نۇسخا كۈشتە قىلىنغان تۆمۈر پوقى ۋە كۈشتە قىلىنغان قىممەت باھالىق مارجاننىڭ ھەربىرىدىن ئىككى بەرەنج ئېلىپ، بىر يېرىم گىرام داۋائىلمىسكى مۆتىدىلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بەزى كىشىلەر بۇ كېسەللىككە سەنكىيانىڭ مۇرەككەباتلىرىنىمۇ ئىشلىتىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ئەگەر بىمار ھوشىغا كەلسە ۋە قورسىقى ئاچقانلىقىنىڭ شىكايىتىنى قىلسا، دەسلەپتە ماش سۈيى ياكى ماش شورپىسى بېرىلىدۇ. ئەگەر بىمار بۇنىڭغا سەۋر قىلالمىسا، ماش ۋە گۈرۈچتىن تەييارلانغان سۇيۇق ۋە يۇمشاق كەچرى شورپا بىلەن بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىمارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ئەسلىگە كەلسە غىزاسىنى كۆپەيتىش كېرەك.

كۆرسەتمە قالغان چارىلەر ۋە تۇرىدىغان ئورۇن قاتارلىقلار ئىسسىقتىن بولغان سەرسامنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئەرقى بەدىيان غار - غار قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، سوغۇق سۇدىن

پەرھىز قىلىش لازىم.

كۆپ ئۇسساش

بالىلاردىكى كۆپ ئۇسساش: بۇ، بالىلاردىكى بىر خىل كېسەللىكتۇر. كۆپ ئۇسساش كېسىلىدە مېڭە ئىششىدۇ، بالا قايتا - قايتا سۇ ئىچىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى كۆپ ئۇسساش كېسىلى دەپ ئاتايدۇ.

ئالامىتى بالىلاردىكى بۇ كېسەللىكتە ئىنتايىن بىئاراملىق ۋە ئۇسساش بولىدۇ. بالا بېشىنى ئوڭ - سولغا چايقايدۇ. ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. ئەگەر مۈگدەك كەلسىمۇ، بالا دەرھال چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدۇ، قىزىتما يۇقىرى بولىدۇ. بالىنىڭ مىجەزى چۇس بولىدۇ ھەمدە تۇرۇپ - تۇرۇپ يىغلايدۇ، قول - پۇتلىرى تارتىشىپ قالغاندەك بولىدۇ. بەزىدە ئايلىنىپ كېتىش كۆرۈلىدۇ. بەزىدە تۇيۇقسىز ئىچى سۈرۈشمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ كېسەللىك ئومۇمەن بالىلاردا ئىسسىق ۋاقىتتا ئۇپ ئۆتۈپ كېتىش ياكى ئاپتاپتا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشتىن ھەمدە چىش چىقىش مەزگىلىدە بولىدۇ.

داۋالاش ھەممىدىن بۇرۇن بالىنىڭ چوققىسىغا زىمات چېپىلىدۇ.

زىمات كۆك قاپاق پوستى، تەرخەمەك پوستى، كۆك سېمىزئوت يوپۇرمىقى ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيى ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن، سىركىدىن 24 گىرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ (بۇ كېسەللىكتە يۇقىرىقى دورىلاردىن تېپىلغانلىرىنى ئىشلىتىشمۇ يېتەرلىكتۇر).

يەنە بىر زىمات نۇسخىسى سىركە ۋە ئەرقى گۈلابتىن 12 گىرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، رەختنى بۇنىڭدا ھۆللەپ، چوققا سۆڭەك ئۈستىگە قايتا - قايتا قويۇلىدۇ.

ئىچىش ئۈچۈن بۇ نۇسخىنى بېرىش: ئىككى گىرام گاۋزىبان يوپۇرمىقى، ئىككى دانە چىلان، بىر گىرام پوستى ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 60 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا لوئابى ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، ئالتە گىرام نېلۇپەر شەربىتى قوشۇپ ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈپ تۇرۇش كېرەك، بۇ نۇسخا بىر يېرىم ياشتىن ئىككى ياشقىچە بولغان بالىلارغا مۇۋاپىقتۇر. يۇقىرىقى تاناسىپ بويىچە ياشقا مۇناسىپ ھالدا مىقدارى ئاشۇرۇپ ياكى كېمەيتىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ نۇسخىنى 3 ~ 4 سائەتكىچە ئىچكۈزۈپ بولۇش لازىم.

كەچ ۋاقىتتا بۇ نۇسخىنى ئىككى قېتىم تەييارلاپ ھەممىسىنى ئىچكۈزۈش، ئەگەر ئىچى

سۈرسە بۇ نۇسخىغا بىر گىرام مەسھەل ئۇرۇقى شىرىسى، بىر گىرام قورۇلغان قارا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى قوشۇپ بېرىش. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا تەرەنجىبىندىن ئالتە گىرام، شىرخىشتتىن ئالتە گىرامنى 48 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا ئېرىتىپ ئىلمان ھالەتتە ئىچكۈزۈش. ئەگەر ئۇسسۇزلۇقى ئۆتكۈر بولسا (بۇ كۆپىنچە بولىدۇ) بۇ سۇنى ئاز ئازدىن ئىچكۈزۈپ تۇرۇش لازىم.

زەھىرى مۆھرە، تاباشىر ئىككى گىرامدىن، نىلۇپەر ئۇرۇقى مېغىزى ئۈچ دانە، سىيخ نىيم ئىككى يېرىم دانىدىن، ئاق لاچىندانە ئۈچ دانە، خۇش پۇراق ئوت ئىككى گىرام. بارلىق دورىلارنى چالا سوقۇپ خالتىغا سېلىپ، ئاندىن تولدۇرۇلغان قاچىغا سۇ تولدۇرۇپ، خالتىغا قاچىلانغان دورىلارنى سېلىپ تەمىنى چىقىرىپ ئاز - ئازدىن ئىچۈرۈش لازىم.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز

ئەگەر بالا ئېمىۋاتقان بولسا ئانا سۈتىدىن باشقا بىرەر نەرسە بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەگەر بالا يېيەلەيدىغان ئىچەلەيدىغان بولسا بالىغا يەڭگىل، ئاسان سىڭىدىغان غىزالارنى ئىسسىقتىن بولغان سەرسامدىكىدەك بېرىش لازىم.

پەرھىزنى ئىسسىقتىن بولغان سەرسامنىڭكى بىلەن ئوخشاش قىلىش لازىم.

بەرسام ۋە ساختا سەرسام

بەرسام بىر تۈردىكى سەرسامدۇر. بەرسامدا مېڭە ۋە ئۇنىڭ پەردىلىرىدە ئىششىق بولمايدۇ. لېكىن سەرسامنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. مېڭە ۋە مېڭە پەردىلىرىدە ئىششىق بولمايدىغان ۋە سەرسامنىڭ ئالامەتلىرى (جۆيلۈش، ئەقلى ئېلىشىش ۋە كۆيدۈرگۈچى قىزىتما) تېپىلىدىغان سەرسام ساختا سەرسام دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەللامە نەفىيس: « سەرسام تېبابەتچىلىك خاس ئۇقۇمدا مېڭىنىڭ ئىششىقىغا ئېيتىلغىنىدەك، كۆپچىلىكنىڭ ئۇقۇمدا مېڭە ئىششىقىدا پەيدا بولىدىغان ئۇ ئالامەتلەرگىمۇ ئېيتىلىدۇ (مەيلى ئۇ ئالامەتلەر بىلەن ئىششىق بولسۇن ياكى بولمىسۇن)، مەسىلەن: جۆيلۈش، ئەقلى ئېلىشىش، كۆيدۈرگۈچى قىزىتما. كۆپچىلىكنىڭ ئۇقۇم ئېتىبارى بىلەن بەرسامغا مېڭە ئىششىقىمۇ كىرىدۇ. قىزىتما ھالىتىدە پەيدا بولىدىغان ئەقىل ئېلىشىش ۋە سېزىملىرى يوقىلىشمۇ كىرىدۇ. ئاشقازاندىكى بۇزۇق خىلتلاردىن پەيدا بولىدىغان ئەقىل ئېلىشىش ۋە جۆيلۈشمۇ كىرىدۇ. يۇقىرىقىغا ئاساسەن باش سىرتقى ئەزالىرى ئىششىقىدىن ياكى كۆكرەك پەردىلىرى ۋە كۆكرەك مۇسكۇللىرى ئىششىقىدىن ياكى دوۋساق ۋە بالىياتقۇ ئىششىقىدىن پەيدا

بولىدىغان ئەقىل ئېلىشىشمۇ كۆپچىلىكنىڭ تىلىدا سەرسام دېيىلىدۇ. لېكىن تېۋىپلارنىڭ خاس ئۇقۇمىدا يۇقىرىقى ئىششىقلاردىن بولغان ئەقىل ئېلىشىش ھەقىقىي سەرسام دېيىلمەيدۇ، بەلكى بۇلار ئەقىل ئېلىشىش دېيىلىدۇ. ھەقىقىي سەرسام مېڭە ئىششىقىدىن سىرت باشقا بىرەر ھالەتكە ئېيتىلمايدۇ» دەپ ئېيتقان.

بەرسام بىر خىل ئىششىق بولۇپ، يۈرەك ۋە ئاشقازان ئارىلىقىغا جايلاشقان پەردىدە پەيدا بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭ نامى دىئافراگما (كېرىگەت) دۇر. بۇ ئىششىقتىن مېڭىدە (نېرۋا ۋە قان تومۇرلار مۇناسىۋىتى ۋە تۇتۇشۇش سەۋەبىدىن) سەرسامنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ ھەم بەزىدە ھەقىقىي سەرساممۇ پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى بىماردا چوڭ ۋەسۋەسە پەيدا بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەقىلسىزلىق كۈچلۈك بولىدۇ ھەم بەزى ۋاقىتتا بۇ ئاجىزلاپ قالىدۇ. ئوڭ ياكى سول ياكى ئىككىلا يانپاشتا سانجىق بولىدۇ. قىزىتما ئۆتكۈر بولىدۇ. قوۋۇرغا ئەتراپى قىزىق ۋە قىزىل بولىدۇ. كېسەللەنگەن ئورۇن يۈرەككە يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن قىزىتما ئۆتكۈر بولىدۇ.

داۋالاش باسلىق① ياكى قولتۇق كۆك قان تومۇرىدىن② قان ئېلىنىدۇ، ئىككى پاچاققا قانلىق ھىجامەت قويۇلىدۇ. بۇ ئىشلار ئىمكانىيەتكە قاراپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى ئۇ مەزكۇر ئىشلاردىن قايسىسى مۇمكىن بولسا شۇ قوللىنىلىدۇ، سانجىق ۋە ئاغرىق ئورۇننىڭ ئۈستىگە ماددىنى پىشۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچى تىلا چېپىلىدۇ، مەسىلەن: بابۇنە، بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ماش ئۇنى، زىغىر ئۇرۇقى قاتارلىقلارغا قايناق سۇ قوشۇپ چېپىش لازىم.

يۇمشاتقۇچىلار بېرىلىدۇ، يەنى نىلۇپەر، بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە. دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا تەرەنجىبىندىن 48 گىرام ياكى شىرخىشتىن 48 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈش لازىم.

قان ئېلىش توغرىسىدا قاندىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتىمۇ يېزىلغانكى، بۇ داۋالاش ئۇسۇلىنى مەملىكىتىمىز تېۋىپلىرى ئاز قوللىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، مەملىكىتىمىزدىكى ئەھۋاللار بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. بىزنىڭ كۈچىمىز زىيادە كۈچلۈك ئەمەس ۋە بەدەندە ئومۇمەن قان ئېلىشنى كۆتۈرەلىگۈدەك قان كۆپ بولمايدۇ. بەرسامنى بۇ ئورۇندا بايان قىلغاندىن كۆرە كۆكرەك كېسەللىكلىرىدە بايان قىلغان بولسا ياخشىراق ئىدى.

---

① باسلىقنىڭ مەنىسى يۇنان تىلىدا چوڭ پادىشاھ دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، باسلىق تومۇرى (بۇ بىلەك بوغۇمىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە بولىدۇ) قولتۇق تومۇرىنىڭ بارلىق شاخچىلىرىدىن چوڭ بولىدۇ ھەمدە تاغاق سۆڭەك كۆك قان تومۇرىنىڭ بىر شاخچىسى بىلەن بىرلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى پادىشاھقا ئوخشىشىپ باسلىق قويۇلغان (نەفىيس).

② قولتۇق كۆك قان تومۇرىنىڭ بۇ قىسمى بىلەكتە بولۇپ، ۋەرىدە ئەزدى (بىلەك كۆك قان تومۇرى) دېيىلىدۇ. بۇ كۆك قان تومۇر ئالدىغا چوڭىيىپ باسلىققا ئۆزگىرىدۇ.

مېڭە گانگرېناسى

بۇ، سەرسامنىڭ بىر خىلى بولۇپ، مەجازەن شەفاقۇلۇس ① ھەم بۇ بىر خىل ئىششىق بولۇپ، قىزىل قان تومۇرنىڭ ئىچى تەرىپىدىكى قويۇق قاندىن پەيدا بولىدۇ.

شەفاقۇلۇسنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئەزانىڭ ئۆلۈشى ۋە سېزىمسىز بولۇپ قېلىشىدۇر. گانگرېنا شەفاقۇلۇسنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر، چۈنكى چىرىش ۋە بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن ئەزالار بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش ھاياتلىق كۈچى يوقايدۇ. سەزگۈنىڭ ئاجىزلىششى سەۋەبىدىن تومۇر سوقۇش كېمىيىشكە باشلىسا، بۇ ھالەتلەرنىڭ نامى گانگرېنا ② دېيىلىدۇ.

ئەگەر بۇزۇلۇش قانچە زىيادە بولسا سەزگۈ تامامەن يوقىلىدۇ، گۆش ۋە سۆڭەك بۇزۇلۇشقا باشلىسا بۇ ھالەتنىڭ نامى شەفاقۇلۇس ③ دېيىلىدۇ. شەفاقۇلۇسنىڭ ماددىسى ئىنتايىن ناچار ۋە بۇزۇق بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئەزانى بۇزالمايدۇ ۋە ئۆلتۈرەلمەيدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ مېڭىنىڭ قىزىل قان تومۇرلىرىدا بولىدىغانلىقى قانداق قىلىپ ئېنىقلانغان؟ چۈنكى بىمارنىڭ ھېس ۋە ھەرىكىتى يوقالغانلىقىدىن ئېنىقلانغان (سەمەرقەندى). لېكىن بۇ سۆز موللا نەفيىسنىڭ بايانىغا توغرا كەلمەيدۇ، قىزىل قان تومۇرلار ئىششىپ توسۇلغاندىن كېيىن ھېس ۋە ھەرىكەتنىڭ داۋاملىششى مۇمكىن بولمايدۇ.

ئەسلىي ۋە ھەقىقىي شەفاقۇلۇس مەيلى قايسى ئەزادا بولسۇن، ئاز ساندا ساقىيىدۇ. لېكىن ئەزادا ساغلاملىق پەيدا بولۇپ، ئەسلىي ھالىتىگە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئۆلگەن بولىدۇ. شەفاقۇلۇس (گانگرېنا) نىڭ مېڭىدە پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ. تېۋىپلارنىڭ بۇ سۆزىچە «شافاقۇلۇس مېڭىدە پەيدا بولىدۇ». بۇ باياندىكى شەفەقۇلۇسنىڭ مەنىسى گانگرېنانىڭ مۇقەددىمىسىدۇر (نەفيس).

---

① شەفاقۇلۇسنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئەزانىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدۇر، شەفاقۇلۇس سۆزىنىڭ توغرىسى يەنى «ش» دىن كېيىن «ف» دۇر. مۇشۇنىڭدەك ئومۇمەن باش ھەرپى «ش»، «س» غا چېكىت قويۇش بىلەن يېزىلىدۇ ۋە ئېيتىلىدۇ.

② توغرا سۆز گانگرېنادۇر، يەنى ئاخىرىدا «يا» نىڭ ئورنىغا «نا» دۇر.

③ لېكىن قەدىمكى ھۆكۈمالار ئىككىسىنى ئازراقمۇ پەرقلەندۈرمىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن جالىنۇس بۇ كېسەللىكنى تېۋىپلار گانگرېنا دەيدۇ، يۇنان ھۆكۈمالىرى شەفاقۇلۇس دەيدۇ، دېگەن ئىدى (نەفيس). گانگرېنادا بەدەننىڭ بىرەر مەخسۇس ۋە تولۇق بۆلىكى ئۆلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئادەتتە بۇ يەرگە قىزىل قان تومۇر قېنى ۋە روھىي ھايۋانىي يېتەرلىك مىقداردا ۋە ياخشى ھالەتتە يېتىپ بارالمايدۇ، مەيلى ئۇنىڭ سەۋەبى قان تومۇرلارنىڭ تارىيىشى، قېتىشى، بېسىلىشى، ئىششىشى قاتارلىقلار بولسۇن ياكى زىيابېت، ئۇششۇك تېگىش ھەم ياۋا بۇغداي ئىستېمال قىلىش قاتارلىقلاردىن بولسۇن ياكى قاننىڭ ئازلىقى ۋە بۇزۇلۇشىدىن بولسۇن قان بەدەننىڭ ئەسلىي دەسمايىسىدۇر.

بۇقرات فۇسۇلىنىڭ 7 ـ ماقالىسىدە ئېيتقانكى، «بۇ كىشىنىڭ مېڭىسىدە شەفاقۇلۇس نامىدىكى كېسەللىك پەيدا بولۇپ، ئۈچ كۈندە ئۆلۈپ كەتتى. يەنى ئۆلۈم دەسلەپكى ئۈچ كۈندە كۆرۈلدى. ئەگەر شەفاقۇلۇس دەسلەپكى ئۈچ كۈندىن ئۆتۈپ كەتسە ساقىيىپ كېتىدۇ.»

ئالامىتى بۇنىڭ ئالامەتلىرى ئىسسىقتىن بولغان سەرسامنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا ماددا ئىنتايىن ناچار بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتسە ئىسسىقتىن بولغان سەرسامنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، يەنى مۇسھىل بېرىش، باش ئۈستىگە تىلا چېپىش قاتارلىق چارىلەرنى قىلىش لازىم.

تەتقىقات يۇقىرىقى بايانلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك نەتىجە قولغا كېلىدۇكى، شەفاقۇلۇسنى سەرسامدىن ئايرىپ بايان قىلىشقا بىرەر خاس تېببىي قائىدە نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ھەممە ئالامەتلىرى سەرسامنىڭ ئالامەتلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. داۋالاشمۇ ئايرىم ئەمەس.

مېڭە قىزىل قاپارتمىسى (ھۇمرە دىماغىيە)

ھۇمرە بىلەن ئىسسىقتىن بولغان سەرسامنىڭ پەرقى، ئىسسىقتىن بولغان سەرسامدا ئەقىلسىزلىق، دائىملىق قىزىتما ۋە كۆزلىرى قىزىرىش بولىدۇ. بۇ كېسەللىكتە قىزىتما ۋە ئەقىلسىزلىق بولمايدۇ. بەلكى باشتا ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشىش سېزىمى بولىدۇ، ماددىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن سەۋر قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. يۈزىنى تۇتقاندا سوغۇق بىلىنىدۇ، چىرايى ناھايىتى سېرىق بولىدۇ.

سەۋەبى ھۇمرە مېڭىگە سەپرا سەۋەبىدىن قاتتىق قىزىق ۋە ئۆتكۈرلەشكەن بۇزۇق قاننىڭ ئۆرلىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ھۇمرە① سىرتقى ئەزالاردا پەيدا بولسا ماددىنىڭ قايىنىشىدىن تومۇرلار يېرىلىپ، ئۇنىڭدىن چىققان قان تېرە ئاستىغا تارقىلىدۇ ھەمدە ئەزانىڭ چوڭقۇر قىسمىغا كىرەلمەيدۇ، تېرىدە قىزىللىق پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاخىرقى قىسمىنىڭ نامى ھۇمرە قويۇلغان، لېكىن مېڭە بۇ ئاخىرقى قىسمىغا ئۆزىنىڭ نازۇكلۇقى ۋە ماددىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبىدىن بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

---

① ھۇمرە — تېۋىپلارنىڭ قارىشىچە، سەپراۋى قاندىن پەيدا بولىدىغان ئىششىقتۇر. بۇ كېسەللىكنىڭ نامى شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇمرە دەپ قويۇلغانكى، بىماردا قىزىللىق بولۇشى چوقۇمدۇر (بۇ گويا ئۆزئارا زەنجىرسىمان بولىدۇ) نەفىيس.

يازغۇچى بۇ مەسىلىدە تەبەرى بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتا، لېكىن بارلىق تېۋىپلارنىڭ قىياسىچە، «ھۇمرە — خاس مېڭە ئىششىقىدۇر». بۇ سەۋەبتىن ھۇمرە ئەقىلسىزلىق ۋە ئۆتكۈر قىزىتمىدىن خالىي بولمايدۇ ۋە بۇ ئالامەتلەرنى يازغۇچى بۇ كېسەللىكتە بايان قىلغان. ئەگەر قىزىتما ۋە ئەقىلسىزلىق بولماي پەيدا بولغان بولسا تېۋىپلارنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭ سەۋەبى خاس مېڭىدىكى كېسەللىك بولماستىن، بەلكى بىرەر باشقا رەئىس ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكى ۋە مۇناسىۋىتىدىن مېڭىدە بۇ ئالامەتلەر كۆرۈلگەن بولىدۇ.

قىزىتمىسىز سەرسام: رازى ئېيتقانكى، «بەزىدە قىزىتمىسىز ئىسسىقتىن بولغان سەرسامغا ئوخشاش كېسەللىك پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا قاتتىق بىئاراملىق بولىدۇ، بىمار تامامەن بىقارار بولىدۇ، نەپسى قاتتىق سىقىلىدۇ، ئۇسسۇزلۇق كۈچلۈك بولىدۇ، سۇ ئىچكەندە تۇيۇقۇپ كېتىدۇ (بۇرنىغا سۇ ئۆرلەيدۇ)». بىمار شۇ كۈنى ياكى تۆت كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ قالىدۇ، بۇنىڭدىن بىرەر كىشىمۇ ساقىيالمايدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا بىمارنىڭ چىرايى قارىداپ، تىلى قۇرۇق ۋە كۆزلىرى قىزىل بولىدۇ، چۈنكى پۈتۈن بەدەندىكى بۇخاراتلار باش تەرەپكە ئۆرلەيدۇ، ئاندىن ھەرىكەتلىرى سۇس ۋە تومۇر سوقۇشى ئاستىلايدۇ ھەمدە بىمار ھالاك بولىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا: «ھۇمرە بىرەر باشقا رەئىس ئەزانىڭ مېڭە بىلەن شېرىك ۋە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن» دەپ ئېيتقان. مەسىلەن: نەپەسلىنىش مۇسكۇللىرىدا كۈچلۈك تەشەننۇج ياكى بىرەر باشقا بۇزۇلۇش، مەسىلەن: خەنناق كېسەللىكى پەيدا بولسا ئۇنىڭ تەسىرى مېڭىگىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېڭىنىڭ پائالىيەتلىرىدە تەشۋىش ۋە بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ، ئەقلى يوقىلىدۇ، گال ئەتراپى ۋە كۆكرەكنىڭ قۇرۇق بولۇش سەۋەبىدىن ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ. بۇ ھالەتلەردە قىزىتما بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىششىقنىڭ يوقلۇقى ئېنىق بولىدۇ (نەفىيس).

تەتقىقات مېڭە ئىششىقى ۋە مېڭە پەردە ئىششىقىنىڭ بەزى مەخسۇس ھالەتلىرىدە قىزىتما بولۇشنىڭ يەنى بەدەن ھارارىتى ئۆرلەشنىڭ ئورنىغا بەدەن ھارارىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ بەزىدە زەھەرلىنىشتىن بولىدۇ.

داۋالاش قىيفال تومۇر، پېشانە تومۇرى (ۋەرىدى جەبھى)، بۇرۇن ئىچكى تومۇرى ۋە تىل ئاستىغا جايلاشقان ئىككى كۆك قان تومۇرلاردىن قان ئېلىنىدۇ. بۇ ۋەرىدى زەفدەئى دېيىلىدۇ.

قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئىمكان ۋە كۈچىگە قاراپ باشقا قان تومۇرلاردىن قان ئېلىش، ئاندىن كېيىن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈش لازىم. بۇنىڭ قالغان داۋالاش ئۇسۇلى، مەسىلەن:

قەۋزىيەتنى يوقىتىش، يەڭگىل مۇسھىل بېرىش، باش ئۈستىگە سۇيۇق چېپىلمىلارنى چېپىش، نۇتۇل قىلىش ۋە پۈرىتىلمىلارنى پۈرىتىش سەپرادىن بولغان سەرسام بىلەن ئوخشاشتۇر.

پېشانە تومۇرى ئىككى قاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تومۇردۇر.

بۇرۇن ئىچكى كۆك قان تومۇرىدىن قان ئالدىغان ئورۇن بېسىش بىلەن ئىككىگە بۆلۈنىدىغان بۇرۇن تۆشۈكى قىرغاقلىرى ياكى ئۇچىدا بولىدۇ. جۇملىدىن يېتىلگەن ئادەملەردە كۆرۈنىدۇ (نەفىيس).

تىلما كېسىلى

تىلما كېسىلى (ماشرا) سەرسامغا ماشرا① نامى بىلەن مەشھۇر بولغان كېسەلمۇ كىرىدۇ. ماشرا ئەمەلىيەتتە فەلغەمۇنىنىڭ② بىر تۈرىدۇر. يەنى فەلفەمۇنى باشنىڭ سىرتقى ئەزالىرىدا پەيدا بولغان چاغدا ماشرا نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: باش سۆڭەك سىرتقى پەردىسى، پېشانە، بۇرۇن ۋە كۆزنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغاندا. بەزىدە بۇ ئىششىق شۇ قەدەر چوڭ بولىدۇكى باش ئىچى، مەسىلەن: مېڭە ۋە مېڭە پەردىلىرىدە، باشنىڭ سىرتىدا ئومۇميۈزلۈك بولىدۇ. مېڭىنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئىششىپ، چاكلارنى ئاجرىتىۋەتكەندەك مەلۇم بولىدۇ. بەزىدە بۇ ئىششىق كۆكرەك ۋە بىلەكلەرگىچە بارىدۇ. بۇ ھالەتتە ئالامەتلەر ئېتىبارى بىلەن ئۆتكۈر قىسمىدىكى سەرسام بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشتا ئىنتايىن كۆرۈمسىز شەكىل پەيدا بولىدۇ. يۈزى قىزىرىپ، كۆپۈشىدۇ ۋە سۇلۇق قاپارتما بولىدۇ. كۆزلىرى چىقىپ كېتىدىغاندەك ۋە تارتىشىۋاتقاندەك سېزىلىدۇ. ئاغرىق قاتتىق بولىدۇ. گويا بىمارنىڭ بېشى يېرىلىپ كېتىۋاتقاندەك، كۆزلىرى سىرتقا چىقىپ كېتىدىغاندەك مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش قاندىن بولغان سەرسامنىڭ داۋاسى قىلىنىدۇ.

مېڭە يېرىڭلىق ئىششىقى

سەرسام تەرەققىي قىلسا، بەزىدە مېڭە يېرىڭلىق ئىششىقى كېلىپ چىقىدۇ، بۇ مېڭىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ سانى بىر ياكى بىر قانچە بولىدۇ. ئەگەر بىر مەزگىل

---

① ماشرا — سۇرىيانچە سۆزدۇر. بۇ بىر خىل ئىششىق بولۇپ، ئۆتكۈر قاندىن پەيدا بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا قان سەپرا بىلەن ئارىلاشقان بولىدۇ. ماشرا ھۇمرە خالىسقا يېقىن بولىدۇ. ھۇمرە خالىس — خاس سەپرادىن پەيدا بولغان ئىششىقتۇر.

② فەلغەمۇنى— بىر خىل قاندىن بولغان ئىششىق بولۇپ، خاس قاندىن پەيدا بولىدۇ.

ئۆتۈپ كەتسە، مېڭە يىرىڭلىق ئىششىقى ئەتراپىدىكى پەردىدە بىر خالتا پەيدا بولىدۇ. دەسلەپتە بۇ خالتا بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئورۇندا شەكىلسىز تۆشۈك پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا قويۇق، ئوفۇنەتلەنگەن، كۆك، سېسىق پۇراقلىق يىرىڭ ۋە چىرىگەن گۆش پارچىلىرى بايقىلىدۇ، بۇ بوشلۇقنىڭ ئەتراپىدا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى (تولۇپ قېلىش، قىزىللىق قاتارلىقلار) تېپىلىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىكنىڭ بىرەر خاس دىياگنوز ئالامىتى بولمايدۇ، لېكىن ئاغرىق بىراقلا ئۆتكۈرلەشسە، قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. قۇسۇش، خامۇشلۇق، غەمكىنلىك، جۆيلۈش، كۆز قارىچۇقى تارىيىش، يورۇقلۇققا بەرداشلىق بېرەلمەسلىك قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، مېڭىدە يىرىڭلىق ئىششىق بارلىقىنىڭ گۇمانى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ كېسەللىكنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئەگەر بۇ يىرىڭلىق ئىششىق ئېغىز ئېلىپ، يىرىڭ مېڭە بوشلۇقلىرىغا يېتىپ بارسا تەشەننۇج بولۇپ، بىمار دەرھال ھالاك بولىدۇ. بەزىدە يىرىڭ پەقەت مېڭە يۈزىگىچە يېتىپ بېرىشتىنمۇ تەشەننۇج بولىدۇ. لېكىن بىمارنىڭ ئەقلىدە ئازراق ئۆزگىرىش بولىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىك 2 ~ 3 ھەپتىدىن 2 ~ 3 ئايغىچە سوزۇلىدۇ، يەنى بۇ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن يىرىڭ ئەتراپىدا بىر خالتا پەيدا بولغان بولسا، ئاز مۇددەتكىچە ھايات تۇرۇشى مۇمكىن. ئاز ساندىكى ئەھۋالدا بەزى كىشىلەردە يىرىڭ ياغلارغا ئۆزگىرىپ سۈمۈرۈلىدۇ ۋە تۆشۈك تارىيىپ بىمار ساقىيىدۇ.

داۋالاش بىمار ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەكتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، كەڭرى ۋە ھاۋالىق ئورۇندا تۇرغۇزۇلىدۇ، ئاسان سىڭىدىغان، يەڭگىل غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: سۈت ئىچكۈزۈلىدۇ. قوزغاتقۇچى نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ كېسەللىكنىڭ قايتىلانماسلىقى ئۈچۈن پەرھىزنى بۇزماسلىق لازىم. بەزى تېۋىپلار سىماب ياساملىرىنى ئىشلىتىشنى پايدىلىق، دەپ قارايدۇ. بەزى تېۋىپلار باش سۆڭىكىنى يېرىپ ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالايدۇ، لېكىن ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالىغاندا غەلىبە قىلىش زىيادە بولمايدۇ.

مېڭە ۋە يۇلۇن پەردە ئىششىقىدىن بولغان قىزىتما

بۇ بىر تۈرلۈك يۇقۇملۇق ئۆتكۈر قىزىتمىدۇر. بۇ بەزىدە ۋابا شەكلىدە تارقىلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە مېڭە ۋە يۇلۇن پەردىلىرىدە ئىششىق بولىدۇ. بىماردا ئايلىنىپ كېتىش بولىدۇ. بەدىنىگە قىزىل داغلار چۈشىدۇ. جالىنۇس بۇ قىزىتمىنىڭ تەپسىلىي بايانىنى ئۆزىنىڭ كىتابى «ھىيلەتۇل بىررە» دە قىزىتمىدىن بولغان ئايلىنىپ كېتىش نامى بىلەن ئاتىغان.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بىر خاس تۈردىكى ماددا بولىدۇ. بۇ بۇرۇن ۋە گال ئارقىلىق بەدەنگە كىرىپ، مېڭە ۋە يۇلۇن پەردىلىرىگە يېتىپ بېرىپ ئىششىق پەيدا قىلىپ، بۇ قىزىتمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ قىزىتما 15 ~ 25 ياشقىچە بولغان كىشىلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ھېرىش، ئاپتاپتا يول يۈرۈش، مەينەت جايلاردا تۇرۇش، غەم قايغۇ، تەشۋىشلىنىش ۋە غۇربەتچىلىكتە ياشاش قاتارلىقلار ئۇنىڭ بۇرۇنقى سەۋەبلىرى بولىدۇ. بۇ قىزىتما ئومۇمەن قىش ياكى باھار پەسلىدە تارقىلىدۇ.

ئالامىتى باش، بويۇن ۋە ئېغىزمانىدا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ، بۇ ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە بېسىشتىن كۈچىيىپ كېتىدۇ. باش ئېغىزمان تەرەپكە ئېگىلىدۇ، چىشلىرى كىرىشىپ قالىدۇ، يۇتقان ۋاقىتتا گالدا يېقىمسىزلىق بولىدۇ. بىماردا جۆيلۈش، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش ئالامەتلىرى بولىدۇ، قىزىتما ئۆرلەيدۇ. دەسلەپكى كۈنى قىزىتما 102 ~ 104 دەرىجىگىچە بولىدۇ. تومۇرى تېز سوقىدۇ، نەپسى تېز بولىدۇ. بويۇن ۋە كۆكرەك مۇسكۇللىرى تارتىشىدۇ. باش كەينى تەرەپكە شۇقەدەر تارتىشىدۇكى، باش ئارقىسى ئېغىزمانغا يېتىپ بارىدۇ. پۈتۈن بەدىنىدە قاتتىق ئاغرىق بولۇپ بەدىنى تارتىشىدۇ. ئومۇمەن باشنىڭ ئارقا قىسمىدا ئاغرىق بولىدۇ، ئاغرىق بويۇن ۋە ئېغىزمانغا يېتىپ بارىدۇ. بىمار ئالىغاي بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە تىز بوغۇمى شۇنداق تارتىشىدۇكى، پۇتلارنى تۈزلەش قىيىن بولىدۇ ھەمدە بىمار تىزى تارتىشىپ قالغان تەرەپتە ئېگىلىپ ياتىدۇ، قەۋزىيەت ۋە ئۆتكۈر قىزىتما بولىدۇ. باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق ۋە بەدىنى ئاجىزلاش بولىدۇ.

بىمار جۆيلۈيدۇ، ئۇيقۇسىرايدۇ ۋە بىھوش بولىدۇ. بەزى بىمارلاردا سەكتىگە ئوخشاش بىھوشلۇق بولىدۇ. باللاردا سەرئىدىكىدەك تارتىش بولىدۇ. بەزىدە پالەچ بولۇپ قالىدۇ. ئاڭلاش ياكى كۆرۈش كۈچى يوقىلىدۇ. قىزىتما بولۇپ 5 ~ 6 كۈندىن كېيىن بەدەننىڭ ئوخشىمىغان ئورۇنلىرىدا، يەنى تۆۋەنكى مۈچىلەردە قارامتۇل قىزىل داغلار پەيدا بولىدۇ. كۆز قارىچۇقلىرى تارىيىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بوغۇملار ئىششىپ يىرىڭلايدۇ. كۆپىنچە ئوڭ تەرەپ كۆزى ئىسسىقتىن ئىششىپ يىرىڭلايدۇ. بۇ كېسەللىك ئومۇمەن بىر قانچە كۈن ياكى بەزىدە بىر قانچە ئايغىچە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر بىمار ساقىيىشقا باشلىغان بولسا بەشىنچى ياكى ئالتىنچى كۈنلىرى تارتىشىش يېنىكلەپ، قىزىتما تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ، ھوش - سەزگۈلىرى ياخشىلىنىپ ئاخىرىدا ساقىيىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان ۋاقىتتا ياكى بۇ كېسەللىكنىڭ نەتىجىسى شەكلىدە پالەچ، قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىقى، ئالىغايلىق، گاسلىق، ئىسسىقتىن بولغان ۋەجئۇل مۇپاسىل، ئۆپكە ئىششىقى، كۆكرەك پەردە ئىششىقى، بۇرۇن، ئېغىز ۋە بۆرەكتىن قان كېلىش، بەزى ئەزالارنىڭ ھاياتىي كۈچى يوقىلىش، زۇكام، قۇلاق ئىششىقى، يۈرەك قېپى ئىششىقى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش بۇ قىزىتما مۇتىبىقە ھەزىيانى، ئۆتكۈر قىزىل كېسىلى، ئۆتكۈر قىزىللىق بولىدىغان قىزىتما ۋە سىلدىن بولغان مېڭە ۋە مېڭە پەردە ئىششىقى قاتارلىقلاردىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مۇتىبىقە ھەزىيانىدا مېڭە ۋە يۇلۇن پەردە ئىششىقىدىن بولغان قىزىتمىدىكىگە ئوخشاش بەدەندە قىزىل ياكى قارا داغ پەيدا بولمايدۇ. قىزىل كېسىلىدە ئۆتكۈر قىزىتما، جۆيلۈش ھەمدە ھوشسىزلىق بولمايدۇ. ئۆتكۈر قىزىللىق بولىدىغان قىزىتمىدا گالدا ئىششىق بولىدۇ، قىزىل داغ خاس ۋاقىتتا كۆرۈلىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى ئومۇمەن ناچار بولۇپ، كۆپىنچە 30%~70% كىچە بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاش بۇ بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىك بولغانلىقى ئۈچۈن بىمارنىڭ يېنىغا بېرىپ، كېلىپ تۇرىدىغان ساغلام كىشىلەر كۆپرەك بۇ قىزىتمىنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بىمارنى ئايرىم، ھاۋالىق ياتاقتا ئارام ئالدۇرۇپ ياتقۇزۇش لازىم. داۋالاش خادىملىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ بىمارنىڭ يېنىغا كىرىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

داۋالاش بىمارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، سەندەلنى گۇلابتا سۈرۈپ ۋە كافۇرنى سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ لۆڭگىنى بۇنىڭدا ھۆللەپ، قايتا - قايتا بىمارنىڭ بېشىغا قويۇش، باش ئۈستىگە مۇز بۆك ياكى مۇز خالتىسى قويۇش، بويۇننىڭ ئاستى ۋە ئومۇرتقا تۈۋرۈكى ئۈستىگە مۇز تېڭىش، پېشانە ئۈستىگە تۆۋەندىكى زىماتنى چېپىش لازىم:

زىمات نۇسخىسى ئاق سەندەل، ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، گۈلبىنەپشە، رۇسۇتنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى شوخلىدا ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ، قۇرۇپ قالسا يەنە بىر قېتىم زىمات قىلىنىدۇ ۋە تۆۋەندىكى سۇيۇق پۇرىتىلمىنى تەييارلاپ قايتا - قايتا پۇرىتىش لازىم.

سۇيۇق پۇرىتىلما نۇسخىسى ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى گۇلاب، ئالما سۈيى، بېھى سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى ھەربىرى 12 گىرامدىن، ئاق سەندەل، كاھۇ ئۇرۇقى، گىل ئەرمەنى ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، كافۇر بىر گىرام. يۇقىرىقى دورىلاردىن قانچىلىك تەركىبلەر تېپىلسا، قائىدە بويىچە سۇيۇق پۇرىتىلما تەييارلاپ پۇرىتىلىدۇ. ئەگەر بىمار ھوشىغا كەلسە تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىچكۈزۈش لازىم:

نۇسخا زىرىق، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن، ئەرقى نىلۇپەر، ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى كىيۇرە قاتارلىقلاردىن 48 گىرامدىن ئېلىپ، ئەرەقتە دورىلارنى ئېزىپ شىرىسىنى چىقىرىپ سۈزۈپ، بۇنىڭغا 24 گىرام لىمون شەربىتى ۋە 24 گىرام چۈچۈمەل سەندەل شەربىتى قوشۇپ، ئەتىگەندە

ئىچكۈزۈلىدۇ، كەچتە 60 گىرام ئانار سۈيىگە 24 گىرام نىلۇپەر شەربىتى قوشۇپ بېرىش لازىم.

ئەگەر قىزىتما بولسا ئەتىگەندە ئىچىدىغان نۇسخىغا بىر دانە قۇرسى تاباشىر كافۇرى ياكى بىر دانە قۇرسى كافۇر قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر كېسەلدىن نىجاتلىق تاپسا، لېكىن بەدىنىدە ئاجىزلىق ۋە كۈچسىزلىق بولسا، بىر قانچە كۈنگىچە بەش گىرام جاۋاھىر چۈشكەن داۋائىلمىشكى مۆتەدىل ياكى چىلان شىربىسى چۈشكەن خېمىرى ئەۋرىشمىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش ئىسسىقتىن بولغان سەرسامغا بېرىلىدىغان تاماقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: سۈت، ئارپا ئېشى، خام شورپا، چۈچۈمەل قىلىنغان ئاددىي شورپا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي تاماقنىڭ مىقدارى كۆپەيتىلىدۇ. قالغان بارلىق كۆرسەتمە ۋە پەرھىزلەر ئىسسىقتىن بولغان سەرسام بىلەن ئوخشاشتۇر.

يېڭىچە داۋالاش بۇ بىر تەبىئىي ئۇسۇلدۇر. ئەگەر بىرەر خىل زەھەر بەدەن ۋە قانغا كىرسە، بەدەننى پەرۋىش قىلغۇچى كۈچ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ ھەمدە قاندا ئۇ زەھەرگە قارشى تۇرىدىغان باشقا تەنچە شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. شەكىللەنگەن تەنچە زەھەرنىڭ تەسىرىنى زىيانسىز قىلىدۇ. بۇ بىر تۈرلۈك كۈچلۈك زەھەر قايتۇرغۇچى بولۇپ، قان زەردابىغا ئارىلاشقان بولىدۇ. داۋالاشتىكى بۇ يېڭى ئۇسۇلنىڭ ئاساسى: بۇ تەبىئىي ماددىلارغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، يەنى كېسەللىكنىڭ زەھەرلىك ماددىسىنى ئېلىپ، باشقا جانلىقنىڭ قېنىغا كىرگۈزۈپ كېسەلگە گىرىپتار قىلىنىدۇ، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە ئۇنىڭ قېنىدا كۈچلۈك زەھەر قايتۇرغۇچى پەيدا بولىدۇ ھەمدە بۇ ئېلىنىدۇ. بۇنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ جانلىقنىڭ قېنىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ قان زەردابى سۈزۈۋېلىنىدۇ. بۇنىڭغا زەھەر قايتۇرغۇچى تەنچە ئارىلاشقان بولىدۇ، بۇ زەرداب مۇسەل تەرياقى دەپ ئاتىلىدۇ ھەم دورا شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ كېسەللىكتە مەخسۇس مۇسەل تەرياقى ئەملەش ئارقىلىق ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە يۇلۇننىڭ مەركىزىي نەيچىسى ياكى ئۇنىڭ پەردە ئارىلىقىدىكى بوشلۇقلارغا تەخمىنەن ئۈچ گىرام كىرگۈزۈلىدۇ.

بۇنى ئىشلىتىشتە قاتتىق ئېھتىيات قىلىنىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن يۇلۇندىن سۇ ئېلىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇ مۇسەل تەرياقىنى كىرگۈزۈش ئۈچۈن دەسلەپتە تەڭ مىقداردىكى مېڭە يۇلۇن سۇيۇقلۇقىنى ئىشپىرىس ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن مىل نەھاڭ سايمىنى ئىشلىتىلىدۇ.

نەزلە ئۇسۇلىدا داۋالاش بەزى كىشىلەر بۇ كېسەللىكنى ئىسسىقتىن بولغان نەزلىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە داۋالايدۇ. چۈنكى بۇ تۈردىكى ئىششىق نەزلىدىن ياكى نەزلىگە ئوخشاش كېسەللىكلەردىن بولىدۇ.

باش قېيىش

باش قېيىشنىڭ مەنىسى چۆرگىلەشتۇر، چۈنكى باش قېيىش كېسەللىكىدە باشتا چۆرگىلەش چوقۇم بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇنىڭغا باش قېيىش دەپ نام قويۇلغان. باش قېيىش بىر خىل كېسەللىكتۇر، بۇنىڭدا بىمار ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەر چۆرگىلەۋاتقاندەك، بەدىنىمۇ ئايلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىمار ئۆرە تۇرالمايدۇ، ئولتۇرالمايدۇ، ئۆرە تۇرسا يىقىلىپ چۈشىدۇ.

بىۋاستە قوزغاتقۇچى سەۋەبلەر بەزىدە قويۇق ياكى سۇيۇق خىلىتلار ياكى بۇخاراتلار ۋە يەللەر بولىدۇ. بۇلار مېڭە بوشلۇقلىرى ياكى مېڭىنىڭ قان تومۇرلىرىغا توپلىنىپ، سەزگۈ ۋە ھەرىكەت كۈچلىرىنى ئۆز يوللىرىدا، تەبىئىي ئايلىنىشىدىن توختىتىشتىن پەيدا بولىدۇ.

نەفىس باش قېيىشنىڭ پەيدا بولۇشىنى «ئەگەر خىلىتلار ۋە بۇخاراتلارنىڭ ھەرىكىتى ھەم روھىي نەپسانىي ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھەرىكىتىنىڭ ئەكسىچە ھەرىكەت قىلغاندا، تۈگمەن ھەرىكىتىگە ئوخشاش ھەرىكەت كۆرۈلىدۇ، يەنى كۈچلۈك ھاۋا ئېقىمىغا ئۇچراشقاندا يۈز بەرگەنگە ئوخشاش» دەپ بايان قىلغان.

روھنىڭ چۆرگىلىشىدىن بىمار ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى چۆرگىلەۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. مەيلى بىمار چۆرگىلىسۇن ياكى ئەتراپىدىكى شەيئىلەر چۆرگىلەپ ئايلانغان بولسۇن، بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا ئۇ شەيئىلەرنىڭ ھالىتى قارىغۇچىنىڭ سېزىمىغا نىسبەتەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ.

بۇ خىلىتلار، يەللەر ۋە بۇخاراتلار بەزىدە مېڭىدە مەۋجۇت بولىدۇ. بەزىدە باشقا ئەزالاردىن مېڭىگىچە ئۆرلەيدۇ.

مېڭىدىكى سەۋەبلەر يەنى بۇ خىلىتلار ۋە بۇخاراتلار مېڭىدە بولىدۇ. ئۇ بەزىدە سوغۇق تەبىئەتلىك يەنى بەلغەم، سەۋدا ۋە سوغۇق يەللەر بولىدۇ ۋە بەزىدە ئىسسىق تەبىئەتلىك، يەنى قان، سەپرا ۋە ئۆتكۈر ئىسسىق يەللەر ھەم بۇخاراتلار بولىدۇ.

مېڭىدىكى خىلىتلار غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى مېڭىدىكى بەلغەم خىلىتى غالىبلىقىنىڭ ئالامىتى باش ئېغىرلىشىدۇ، تۈكۈرۈك كۆپ، ئۇسسۇزلۇق كەم، سېزىم سۇس، ئۇيقۇ كۆپ بولىدۇ، تومۇرى يۇمشاق بولىدۇ، يەنى بېسىش بىلەن ئاسان بېسىلىدۇ، تىندۇرۇلغان سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ، باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش بىلەن باش قېيىش يەڭگىللەيدۇ.

سەۋدا غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى ئۆتكەن زامانلاردىكى خەتەرلەر ۋە كېلىدىغان زاماندىكى

ۋەقەلەر توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرىدۇ ۋە پىكىر يۈرگۈزىدۇ، خامۇشلۇق، ئۇيقۇسىزلىق سەۋەبىدىن نەرسىلەر قارا كۆرۈنىدۇ، تومۇر قاتتىق بولىدۇ ۋە ئاجىز سوقىدۇ.

سوغۇق يەللەر غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى سوغۇق خىلتلاردا سۆزلەنگەن بارلىق ئالامەتلەر تېپىلىدۇ. بۇنىڭدا باش قىسمىدا ئېغىرلىق بولمايدۇ.

قان غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى باش قېيىش ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشمايدۇ، بەلكى تېزلا يوقىلىدۇ. باش ئايلىنىۋاتقان ۋاقىتتا قاننىڭ ھەرىكىتى ۋە قاينىشى سەۋەبىدىن يۈز ۋە كۆزلىرى قىزىرىدۇ. قان تومۇرلىرى كۆپۈشىدۇ، باشنى تۇتقاندا ئىسسىق مەلۇم بولىدۇ. بىماردا باش قېيىش باشلانغاندا كۆزىدىن ياش ئاقىدۇ.

سەپرا غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى بەدەن رەڭگى سېرىق، ئېغىز تەمى ئاچچىق بولىدۇ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەر سېرىق كۆرۈنىدۇ، تومۇرى تېز سوقىدۇ، ئۇسسايدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن باش قېيىش يوقىلىدۇ.

ئىسسىق يەللەر غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى ئىسسىق تەبىئەتلىك خىلتلار توغرىسىدا يېزىلغان ئالامەتلەر تېپىلىدۇ. پەقەت پەرقى بۇنىڭدا باش قېيىش قاتتىق بولىدۇ، ئۇزۇنغىچە داۋاملاشمايدۇ. ھەمىشە چۈشكۈرىدۇ، بۇرنى قۇرۇيدۇ، بىمار باش قېيىشنىڭ قاتتىقلىقىدىن يىقىلىپ چۈشىدۇ ھەم بۇ ۋاقىتتا بىمارنىڭ بېشى يەڭگىل تەرلەيدۇ.

شېرىكىي سەۋەبلەر

ئاشقازاندىكى سوغۇق خىلتلار ئەگەر خىلتلار ۋە يەللەر مېڭىدە مەۋجۇت بولماي، بەلكى ئاشقازاندىن مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگەن بولسا (بۇ سوغۇق بولىدۇ)، **بۇنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:**

ئالامىتى باش قېيىشتا سوغۇق تەبىئەتلىك خىلتلارنىڭ باشنىڭ ئىچىدە مەۋجۇتلۇقى ئېنىقلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلى ئېلىشىدۇ، ھەزىم بۇزۇلىدۇ. تەرتىپسىز ۋە ئىختىيارسىز ھالدا چۈچۈمەل كېكىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن باش ئاغرىقى بولىدۇ، **بۇ باشنىڭ ئالدى قىسمىدىن باشلىنىپ چوققىغىچە، بەزىدە باشنىڭ كەينىگىچە يېتىپ بارىدۇ**. باش قېيىش ھالەتلىرى ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بەزىدە توختاپ بەزىدە كۈچىيىدۇ. بۇ، ئاشقازاننىڭ بوش، تولغان بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى ئاشقازان بوش ۋاقىتتا باش قېيىش توختايدۇ. قورساق توق چاغدا باش قېيىش كۈچىيىدۇ. باش قېيىشتىن ئىلگىرى تاماق سىڭمەسلىك، ھەزىم بۇزۇلۇشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

ئاشقازاندىكى سوغۇق يەللەر بەزىدە ئاشقازاندىن مېڭە تەرەپكە سوغۇق يەللەر

ئۆرلەيدۇ.

ئالامىتى سوغۇق خىلىتلارنىڭ ئالامىتى بولۇش بىلەن بىرگە كۆڭلى ئېلىشىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، كېكىرىش، باش ئاغرىش، باش قېيىشتا ئۆزگىرىش بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر قوشۇلۇپ كېلىدۇ، قۇرۇق ھۆ تۇتىدۇ. ئاشقازان تارتىشىپ ئاغرىيدۇ.

ئاشقازاندىكى ئىسسىق سەپراۋى خىلىتلار بەزىدە ئاشقازاندىن مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگۈچى خىلىتلار ئىسسىق يەنى سەپراۋى بولىدۇ.

ئالامىتى قورساق ئاچمايدۇ، نەپەسلىنىش ئۆزگىرىدۇ، يۈرەك چالاڭغۇرايدۇ، ئازراق كۆڭلى ئېلىشىدۇ، باش قېيىشتىن بۇرۇن قاتتىق كۆڭلى ئېلىشىدۇ. سەپرالىق قۇسىدۇ. قورساق ئاچ ۋاقىتتا باش قېيىشنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

ئاشقازاندىكى خىلىتلارنىڭ يەللىرى بەزىدە ئاشقازاندىن مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگۈچى خىلىتلارنىڭ ئۆتكۈر يەللىرى ئىسسىق بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن يەللەردىن بۇخارلار پەيدا بولۇپ، مېڭە تەرەپكە ئۆرلەيدۇ.

ئالامىتى سەپراۋى خىلىتلاردا سۆزلىنىپ بولغان ئالامەتلەرنىڭ بولۇشى بىلەن ئاشقازاندا سانجىق، كىندىكدە ئاغرىق بولىدۇ، يەنى كېكىرىك بىلەن ياكى باشقا يوللار بىلەن گازسىمان ماددىلار چىقىپ كەتكەندە ئاغرىق ئارام بېرىدۇ.

پۈتۈن بەدەندىكى ماددىلار بەزىدە باش قېيىشنىڭ سەۋەبى پۈتۈن بەدەندىن مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگۈچى ماددىلار بولىدۇ. بۇ ماددىلار چېكىدىكى ئىككى قىزىل قان تومۇرلار ياكى قۇلاقنىڭ كەينىدىكى ئىككى قىزىل قان تومۇر ياكى ئىككى شىريانى سۇباتىدىن① مېڭە تەرەپكە ئۆرلەيدۇ.

ئالامىتى يۇقىرىقى مەزكۇر تومۇرلاردا تولۇپ قېلىش، كۆپۈپ قېلىش مەلۇم بولىدۇ. تومۇرلاردا لوقۇلداش ياكى ئاغرىش بولىدۇ.

ئۇ قىزىل قان تومۇرلارنىڭ ھەرىكىتى ئوخشاش بولمايدۇ، يەنى تومۇرلار بەزىدە چوڭ، بەزىدە كىچىك، بەزىدە كۈچلۈك ۋە بەزىدە ئاجىز بولىدۇ. ئۇ قىزىل قان تومۇرلارنى بېسىۋالغاندا

---

① شىريانى سۇباتى — ئۇ يۈرەكتىن مېڭىگە ئۆرلىگۈچى قىزىل قان تومۇردىن شاخلاپ چىقىدىغان ئىككى قىزىل قان تومۇر بولۇپ، بىرى ئوڭ تەرەپتىن، يەنە بىرى سول تەرەپتىن ئىككى بويۇن ۋېناسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ ھەمدە روھىي ھايۋانىينى مېڭە تەرەپكە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ نامى ئۇيقۇ تومۇرىدۇر. شىريان سۇباتى شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغانكى، ئۇ ئىككى قىزىل قان تومۇر ئارقىلىق مېڭىگىچە قىزىل قان تومۇر قېنى ۋە روھىي ھايۋانىي يېتىپ بارىدۇ، ئەگەر ئۇ قان تومۇرلار بېسىۋېلىنسا مۈگدىگەندەك ھالەت بولىدۇ. ئالدىنقى تەپسىرىدە نەفىس مۇشۇنداق بايان قىلغان.

باش قېيىش ئارام بېرىدۇ، چۈنكى قان تومۇرنى بېسىۋالغاندا مېڭە تەرەپكە يۈرگۈچى خىلتلار ۋە ھۆللۈكلەر توختايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن مېڭە تەرەپكە بىرەر قان تومۇردىن زىيانلىق ماددىلارنىڭ ئۆرلەپ تۇرىدىغانلىقى ئېنىق بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئالامەتلەر سىرتقى قىزىل قان تومۇرلاردا مەۋجۇت بولمىسا بىلىش لازىمكى، بىرەر يوشۇرۇن قىزىل قان تومۇردىن ماددا ئۆرلىگەن بولىدۇ.

باشقا ئەزالاردىكى ماددىلار يەنى باشقا ماددىلارنىڭ ئۆرلىشى، بالىياتقۇ، دوۋساق، بۆرەك، پۇت، پاچاق، يوتا ياكى مەراق ① قاتارلىقلاردىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

ئالامىتى مەزكۇر ئەزالاردىن بۇخاراتلار ياكى يەللەرنىڭ ئۆرلىگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ ياكى ئىسسىق سېزىلىدۇ، يەنى بالىياتقۇ، دوۋساق، بۆرەك ۋە مەراق قاتارلىقلاردىن ئۆرلىگەندە ياكى سوغۇق سېزىلىدۇ. يەنى پۇت، پاچاق، يوتا قاتارلىقلاردىن ئۆرلىگەندە. يەنى ئۇ ئەزالاردا كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

ئۈرۈلۈش - سوقۇلۇش بەزىدە باش قېيىش ئۈرۈلۈش - سوقۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ، بۇ روھىي نەپسانىينى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، روھىي نەپسانىي ھەرىكەتلىنىشتىن دولقۇنغا ئوخشاش چۆرگىلەش ھەرىكىتى پەيدا بولىدۇ. يەنى سۇغا بىرەر ئېغىر نەرسە تاشلىسا ياكى قول بىلەن سۇنى ئۇرسا، سۇدا پەيدا بولغان دولقۇنغا ئوخشاش.

مىزاج بۇزۇلۇش بەزىدە باش قېيىش مېڭىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىغان ئوخشاشمىغان مىزاج بۇزۇلۇش ① تىن ھەمدە روھتا ئايلانما قالايمىقان ھەرىكەتتىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرەر جىسمانىي قوزغاتقۇچى، مەسىلەن: بۇخاراتلار، يەللەر ياكى خىلتلار بولمايدۇ.

ئالامىتى مېڭىنىڭ يەڭگىل بولۇشى، باشقا سەۋەبلەرنىڭ تېپىلماسلىقى، سىرتتىن بىراقلا ئىسسىق ياكى سوغۇقنىڭ تەسىر قىلىشى، مەسىلەن: ئىسسىق ۋە سوغۇق ھاۋا، ياز پەسلىدىكى ئاپتاپ، ئوتقا يېقىن تۇرۇش ياكى دەرھال ئىسسىق ياكى سوغۇق يەتكۈزگۈچى نەرسىلەرنى يېيىش.

داۋالاش مېڭىدە سوغۇق خىلتلار ۋە سوغۇق يەللەر غالىب كەلگەن بولسا مۇنزىجتىن كېيىن سوغۇق ماددىلارنى چىقارغۇچى ھۆقنىلەر، ھەبلەر ۋە غار - غارلار بىلەن ماددىلار

---

① مەراق — قورساق تېرىسى قاتارلىقلارنى مەراق نامى بىلەن ئاتايدۇ.

② ئوخشاشمىغان مىزاج بۇزۇلۇش — ئۇزۇن ۋاقىتقىچە تۇرمايدىغان ۋە ئەسلىي مىزاجغا ئوخشاش پەيدا بولمايدىغان مىزاج بۇزۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ.

چىقىرىلىدۇ. پۈرىتىلمىلار ئارقىلىق يەللەر تارقىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئىپار، غالىيە①، ياۋا رەيھان، يەسمەن قاتارلىقلار. چۈشكۈرۈك كەلتۈرگۈچى دورىلار ئارقىلىق يەللەر تارقىتىلىدۇ، مەسىلەن: كۈندۈش، قۇندۇز قەھرى ۋە تۇربۇت قاتارلىقلار. بۇرۇنغا تېمىتىلىدىغان دورىلار ئارقىلىق يەللەر تارقىتىلىدۇ، بۇ، ئاقمۇچ، سەبرە، زەپەر ۋە قۇندۇز قەھرى قاتارلىقلارغا مەرزەنجۇش سۈيى ۋە بىنەپشە يېغى قوشۇپ تەييارلانغان بولسۇن. تىلا ئارقىلىق يەللەر تارقىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئاق قىچا، ئاقىرقەرھا، قەلەمپۇر قاتارلىقلارغا ياۋا رەيھان سۈيى ۋە ئەنسىل سىركىسى قوشۇپ تىلا قىلىش ھەممە لەتاپەت پەيدا قىلغۇچى ئۆسۈملۈكلەر قايىنىتىلغان سۇ بىلەن ھورلاندۇرۇش ئارقىلىق يەللەر تارقىتىلىدۇ. مەسىلەن: بابۇنە، بەرەنجاسىپ (شام ياغىچى)، ئىكلىلىملىك، سېرىقچېچەك، غار يوپۇرمىقى قاتارلىقلار. بۇ بارلىق چارىلەر بىمارنىڭ مىزاجىغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

قان خىلتى غالىبلىقنى ئىگىلىگەن ئەھۋالدا قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، پاچاققا ھىجامەت قويۇلىدۇ، قان ھارارىتى ئىسپىغۇل لۇئابى، چىلان شەربىتى، ئارپا ئىشى، تەفشىل② ۋە چۈچۈمەل كۆكتات شورپىلىرى ئارقىلىق كېمەيتىلىدۇ.

سەپرا خىلتى غالىبلىقنى ئىگىلىگەن ئەھۋالدا مېڭىدىن سەپرانى تازىلاش، يەنى مېڭىنى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن ھېلىلە، شاھتەررە قايناتمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭغا خىيارشەنبەر مېغىزى، شىرخىست قوشۇلغان بولسۇن.

ئىسسىق يەللەر ۋە بۇخاراتلاردىن بولغان ئەھۋالدا، ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا باسلىق ياكى قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سەپرادىن بولغان باش قېيىشتا سۆزلەنگەن دورىلار بىلەن ئۈچەيلەرنى تەنقىيە قىلىش لازىم.

ئاندىن كېيىن ئەگەر يۇقىرىقى داۋالاش (قان ئېلىش ۋە ئىچىنى سۈرگۈزۈش) يېتەرلىك بولسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا پۈرىتىلما، نۇتۇل ۋە تىلالار ئىشلىتىلىدۇ، بۇ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىدا سۆزلەنگەن.

ئاشقازاندىكى سوغۇق خىلتلاردىن بولغان ئەھۋالدا ھۆقنە قىلىش ئارقىلىق ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. بۇ ھۆقنە ھېلىلە كابۇلى، رۇمبەدىيان، بەدىيان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، سوقۇلغان تۇربۇت، ئىنچىكە قەنتەرىيۇن، سانا، غاپەس ئۆسۈملۈكى، زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى، قارا شېكەر، ئابدىمىلىك يېغى ۋە سېرىق سەبرە قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن.

قۇستۇرۇش ئارقىلىق ئاشقازاننى پاكىزلاش: يەنى بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئاق قىچا، تۇرۇپ،

---

① غالىيە — بۇ بىر خىل خۇش پۇراق دورىدۇر، بۇ بەدەن ئۈستىگە چېپىلىدۇ ھەممە پۈرىتىلىدۇ.

② تەفشىل — سىركە بىلەن پىشۇرۇلغان، پوستى ئاقلانغان مەسۇر ئۇنى.

سېرىقچېچەك، قوغۇن يىلتىزى، بىخسۇس قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى ھەسەل بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. كەنكىرزەد، ① قۇسته، جەبەل ھىنىگ ② قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن قۇستۇرۇش ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. لېكىن ئۇلاردىن بەلغەم تۆپ يىلتىزىدىن يوقىلىدۇ. ئەگەر ئېغىر كېسەللەر ۋە كۆچلۈك كىشىلەرگە ئۇنى ئىشلىتىش زۆرۈرىيىتى توغرا كېلىپ قالسا، بىر قېتىملىق ئىستېمال مىقدارىغا 0.48 ~ 0.96 گىرامغىچە بېرىلىدۇ، ئايارەج ئىشلىتىلىدۇ؛ ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈپ، ھەزىمنى ياخشىلاش، بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك ئىترىفىللار ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلارنى يېگۈزۈش لازىم.

ئاشقازاندىكى سوغۇق يەللەردىن بولغان ئەھۋالدا يۇقىرىدا (سوغۇق خىلتىر توغرىسىدا) سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

لېكىن ئاشقازاننى پاكىزلىغۇچى ۋە كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارغا يەل پارچىلىغۇچى دورىلارنىمۇ قوشۇپ بېرىش زۆرۈردۇر. قورساق كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلغۇچى دورىلاردىن ئۈزۈم شارابى (شەربىتى)بولۇپ، بۇنىڭغا زىرە ۋە تاغ پىننىسى قوشۇپ قاينىتىلغان بولسۇن، چۈنكى ئۇلار يەللەرنى تارقىتىدۇ. مىزاجىدا زىيادە ھارارەت بولمىغان ھەمدە بىمار ئۈزۈم شارابى ئىشلىتىشكە بەرداشلىق بېرەلىگەن شەرت ئاستىدا.

ئاشقازاندىكى ئىسسىق سەپراۋى خىلتلاردىن بولغان ئەھۋالدا سىركەنجىۋىل ۋە قايناق سۇ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇپ، ئاشقازاننى پاكىزلاش ياكى ئاشقازاننى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن ھېلىلە قاينىتىلمىسى بىلەن مۇسھىل بېرىش لازىم.

ھېلىلە قاينىتىلمىسى نۇسخىسى: سېرىق ھېلىلە، ئەينۇلا، ئالۇچا، سەرپىستان، كاسىنە ئۇرۇقى، تەمرى ھىندى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، تەرەنجىبىن ۋە سوقمونىيا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئۈچۈن مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈش لازىم.

مائۇلجەبىننىڭ پايدىلىرى مائۇلجەبىننىڭ شۇنچىلىك پايدىلىرى باركى، ئۇنىڭ پايدىسى باشقا بىرەر سۈرگە دورىلىرىدا تېپىلمايدۇ.

(1) قىيامىنىڭ سۇيۇق ۋە لەتىپ بولۇشى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ قۇۋۋىتى بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىغا يېتىپ بارىدۇ ھەمدە ئەزالارنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىگە ۋە جەۋھىرىگە سىڭىپ كىرىدۇ.

(2) مائۇلجەبىن بىر خىل مايلاشقاق بولۇپ، مايلاشقاقلىق سەۋەبىدىن ئەزالار بوشايدۇ، يوللار سىلىقلىشىدۇ، ماددىلارنى سىيرىلدۇرىدۇ.

(3) مائۇلجەبىننىڭ ئېشىپ قالغان ماددىلىرى بىلەن بەدەن ئۆزى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ھاسىل

---

① كەنكىرزەد — بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمىدۇر، بۇ ئىنتايىن قاتتىق قۇستۇرغۇچىدۇر.

② جەبەل ھىنىگ — ياۋا كۈنجۈت. بەزىلەر قارا تۇربۇت ئۇرۇقى دەپ ئېيتىدۇ.

قىلىدۇ. باشقا سۈرگىلەردىكى ئېشىپ قالغان ماددا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

(4) سۈت، سۇ، ماي تەركىبلىرى ۋە پەنىردىن تۈزۈلگەندۇر. يەنى بۇلاردىن پەنىر ئايرىپ ئېلىۋېلىنسا، سۇ تەركىبى (بۇ ئىچىنى سۈرگۈزىدۇ ۋە لەتاپەت پەيدا قىلىدۇ) ھەمدە ماي تەركىبى (بۇ ماددىنى پىشۇرىدۇ ۋە يۇمشىتىدۇ) قېپقالىدۇ. يەنى بۇ ئىككى خىل خۇسۇسىيەت باشقا مۇسھىلدا تېپىلمايدۇ.

مائۇلجەبىن تەييارلاشنىڭ تەرتىپى: رازى «فاخىر» دېگەن كىتابىدا يازغانكى، كەچتە قىزىل، ياش، ساغلام ھەمدە ئوغلاقلىغىلى 40 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئارتۇق بولغان ئۆچكىنىڭ سۈتى ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭغا بەگەنەي (تۇم تەرخەمەك)، كۆك يۇمغاقسۈت، كاھۇ ۋە ئىسپىغۇل يوپۇرمىقى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلگەن بولسۇن. ئاندىن ئۇ تاشتىن ياسالغان ساپال قاچىدا ئوبدان قاينىتىلىدۇ، ئەگەر سۈت بىر كىلوگىرام بولسا، بۇنىڭغا يېرىم كىلوگىرام چۈچۈمەل قىلىنغان سىركەنجۇبىل ياكى پىشمىغان ئۈزۈم سۈيى قوشۇلىدۇ ھەمدە ئەنجۈرنىڭ ھۆل ۋە يېڭى تايىقى بىلەن تاكى مائۇلجەبىنگە ياغاچنىڭ سۈتى تېز تارقالغۇچە ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، بۇ ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن مۇئەييەن مەنپەئەتلىك. ئەگەر سۈت ئۇيۇسا ياكى يېرىلغان بولسا، بىرەر مەزمۇت ھەم قېلىن رەختكە سېلىپ تاكى ئۇنىڭ بارلىق سۇلىرى ئېقىپ بولغانغا قەدەر ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئەتىگەندە ئېقىپ چىققان سۈيى سۈزۈپ قاينىتىلىدۇ ھەم كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىدۇ. كۆپۈكى چىقمىغاندا سۈزۈپ، سىركەنجۇبىل بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

لېكىن ئەمنۇد دەۋلە ئىبنى تەلمىز ئېيتقانكى، مائۇلجەبىن تەييارلاشنىڭ تەرتىپى ھەر كۈنى 2.5 كىلوگىرام ئۆچكىنىڭ يېڭى سۈتىنى ئېلىپ قىزىتىپ، بۇنىڭدا 3.5 گىرام پەنىرمايە ئېرىتىلىدۇ، يەنى بۇ ئۇيۇتۇش ئۈچۈن سېلىنىدۇ. ئاندىن پىچاق بىلەن ئۇزۇنسىغا ۋە كەڭلىكىگە تىلىپ، 7.5 گىرام يۇمشاق ئېزىلگەن لاھۇر تۇزى سېپىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئېرىپ بولسا، تاكى ئۇنىڭ بارلىق سۇلىرى ئېقىپ بولغۇچە ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن كەتان① ياكى خورمىدىن ياسالغان ئەلگەك ياكى سۈزگۈچتە سۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا 30 گىرام سىركەنجۇبىل قوشۇپ سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆپۈكلىرى سۈزۈۋېتىلىدۇ، تاكى سۇدىن ئۇنىڭ ماي تەركىبلىرى قاتارلىقلار تامامەن ئايرىلغىچە. ئاندىن كېيىن سۈزۈپ بىر يېرىم سائەت ئىچىدە ئۈچ قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ. مائۇلجەبىنگە ئۆچكە سۈتىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىشىدىكى مەقسەت ئىچىنى سۈرگۈزۈش ۋە يۇمشىتىش ئۈچۈندۇر. بۇ مەقسەت سۈتنىڭ سۈيى بىلەن بىرئاز ماي تەركىبلىرى قوشۇلغاندا ھاسىل بولىدۇ. ئۆچكە سۈتىدە سۇ، ھۆللۈك ھەمدە ماي تەركىبلىرى باشقا سۈتلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا، قوينىڭ سۈتىدە پەنىر كۆپ بولغانلىقى

---

① كەتان — زىغىر تالالىق رەخت، مەلمەلگە ئوخشاش ئىنتايىن نېپىز بولىدۇ.

سەۋەبىدىن سوغۇق ۋە قويۇق بولىدۇ. كالىنىڭ سۈتىدە ماي تەركىبلىرى زىيادە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسسىق بولىدۇ. تۆگە ۋە ئېشەكنىڭ سۈتىدە گەرچە سۇ كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى خىل سۈت ئىنتايىن جالى①، غەسالى② ھەممە لەتاپەت پەيدا قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن مائۇلجەبىن ئۈچۈن بۇ ئىككى خىل سۈت ياخشى ئەمەس ھەمدە ئۆچكە سۈتى بارلىق سۈتلەردىن مۆتىدىلدۇر، ماي تەركىبلىرى كالا سۈتىگە ئوخشاش كۆپ ئەمەس. قوي سۈتىگە ئوخشاش پەنىرلىك ئەمەس. ئېشەك ۋە تۆگە سۈتىگە ئوخشاش سۇ تەركىبى كۆپ ئەمەس.

ئەينۇلانىڭ سۈيى (يەنى ئۇنىڭ قايىنتىلمىسى ياكى چىلانمىسى)، ئانار سۈيى(پوستى بىلەن سىقىلغان بولسۇن) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا مېۋە سۇلىرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئاشقازاندىكى خىلىتلارنىڭ يەللىرىدىن بولغان ئەھۋالدا ئاددىي قايىنتىلمىلار ئارقىلىق ئاشقازان پاكىزلىنىدۇ، ئاددىي قايىنتىلما — سەردارو③ چۈشمىگەن قايىنتىلمىدۇر. چۈنكى خىلىتلار ئاز ۋە لەتىف بولۇش سەۋەبىدىن ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

پۈتۈن بەدەندىكى ماددىلاردىن بولغان ئەھۋالدا ماددىنىڭ تۈرى ۋە بىمارنىڭ مىزاجىغا قاراپ مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ماددا سۈرۈپ چىقىرىلىدۇ ۋە بەدەننى تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن ئۇ قان تومۇرلار كېسىپ تاكى قان توختىغۇچە داغلىنىدۇ، لېكىن بۇ ھۆكۈمدىن ئىككى سۇبات شىريانلىرى مۇستەسنادۇر. ئەگەر ماددىلار بويۇن تومۇرلىرى ئارقىلىق ئۆرلىگەن بولسا، ئۇنىڭدىن قان ئېلىش ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

قان ئېلىشتا ئىككى سۇبات تومۇرنى مۇستەسنا قىلىشنىڭ سەۋەبى: بۇ يۈرەككە يېقىندۇر ھەمدە باشتىكى بارلىق قىزىل قان تومۇرلاردىن زىيادە كەڭرى بولۇش سەۋەبىدىن كۆپرەك روھىي ھايۋانىي ۋە قىزىل قان تومۇر قېنى ئۇنىڭدىن مېڭە تەرەپكە يېتىپ بارىدۇ. كەسكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قېنىنىڭ ئۆزلۈكىدىن توختىتىشى مۇمكىن بولمايدۇ. يەنى ئۇلارنى داغلاپ تامامەن توختىتىشمۇ مومكىن بولمايدۇ. ئەگەر بۇ تومۇرلارنى قول بىلەن بېسىپ تۇرسىمۇ ئادەم ھوشىدىن كېتىدۇ. بۇ سەۋەبلەردىن ئۇ قىزىل قان تومۇرلارنى ئىنسان نەپەس ئېلىشنى توختىتىپ قويىمىغىچىلىك بېسىپ تۇرۇشتىنمۇ مەنئى قىلىنىدۇ (نەفىيس).

بويۇن تومۇرى ئىككى تومۇردۇر، بۇ، يۇتقۇنچاقنىڭ ئوڭ - سول ئىككى تەرىپىدىن ئۆتىدۇ

---

① جالى — بۇ پاكىزلىغۇچى دېگەن بولىدۇ.

② غەسالى — يۇغۇچى.

③ سەردارو — ئۇ بىرەر قايىنتىلما قاتارلىقلار ئۈستىگە سېلىنغان سۇفۇپ دورىدۇر.

ھەمدە ئەجۋەف سائىدەدىن① شاخلايدۇ.

باشقا ئەزالارنىڭ ماددىلىرىدىن بولغاندا كېسەللەنگەن ئەزالار داۋالىنىدۇ، كېسەللەنگەن ئەزالارنىڭ ماددىلىرى قان ئېلىش، ئىچىنى سۈرگۈزۈش، ھۆقنە قىلىش، ئۇۋۇلاش قاتارلىقلار بىلەن ئەھۋالغا قاراپ باشقا تەرەپكە (يەنى باش تەرەپكە قارىمۇقارشى يۆنىلىشكە) مايىللاشتۇرۇلىدۇ، باش كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

ئۈرۈلۈش - سوقۇلۇشتىن بولغاندا ئۈرۈلۈش - سوقۇلۇشنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن شىپا تاپسا ياخشى. ئەگەر بۇ داۋالاش يېتەرلىك بولمىسا سوقۇلۇشتىن كېيىن باش قېيىش قېپقالىدۇ. چۈنكى ئۈرۈلۈش - سوقۇلۇشتىن كېيىن باشتا شەكسىز مىزاج بۇزۇلۇش قېپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن باش قېيىش پەيدا بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئالامەتلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ قانداق مىزاج بۇزۇلۇشتىن باش قېيىش بولغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ، ئاندىن ئۈرۈلۈش - سوقۇلۇشنىڭ ئىلاجىدىن كېيىن باش قېيىشنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق باش قېيىشنى پەيدا قىلغان مىزاج بۇزۇلۇش يوقىتىلىدۇ.

مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغاندا مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارىمۇقارشى داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ تاكى ئەسلىي مىزاجىغا يانغۇچە.

قوشۇمچە بۇ كېسەللىك نۇرغۇنلىغان ئەسەبىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى ۋە ئەگەشمە كېسەللىرى شەكلىدە پەيدا بولىدۇ. باش قېيىش كۆپىنچە ياشانغانلاردا مېڭە ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. كۆز ۋە قۇلاقنىڭ بەزى كېسەللىكلىرىدە ۋە بەزى ئۆتكۈر كېسەللىكلەردىن كېيىنكى ئاجىزلىقتا، مەسىلەن: قىزىتمىلاردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ ھەمدە ھاراق، ئەپيۇن ياكى تاماكا قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىشتىن كېيىنمۇ بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ. جۈملىدىن زەھەرلىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن كىشىلەردە. شۇنىڭدەك بىر مەزگىلگىچە سۈت ئېمىتىش، ئىستىھازە، ھەيز، نىپاسنىڭ كۆپ كېلىشى، ئاچ قورساق يۈرۈش، ئەقلىي ئەمگەكنىڭ زىيادە بولۇشى، كۆپ ئىچى سۈرۈش، ھەزىم بۇزۇلۇش، قان چىقىش، جىنسىي ئالاقىنىڭ كۆپلۈكى ۋە باشقا ئاجىزلاشتۇرغۇچى سەۋەبلەردىن مېڭە ئاجىزلىقى كۆرۈلۈپ، بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. سەكتە، سەرئى، مېڭە ئۆسمىسى قاتارلىقلارنىڭ دەسلىپىدە بېشارەتچى ئالامەتلەر شەكلىدىمۇ پەيدا بولىدۇ. يەڭگىل سەرئىدە باش قېيىش بىر مۇھىم ئالامەتتۇر.

داۋالاش پرىنسىپى بۇ كېسەللىك ئومۇمەن مېڭە ئاجىزلىقى ۋە كەم قانلىقتىن پەيدا بولغاچقا، بۇنىڭغا كۆپرەك كۈچلەندۈرگۈچى ۋە تەشەننۇجنى يوقاتقۇچى دورىلاردىن

---

① ئەجۋەف سائىدە — ئۇ يۈرەكنىڭ ئوڭ دالانچىسىدىن چىقىپ، يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان چوڭ قان تومۇردۇر.

مۇرەككىباتى پولات ۋە كۇچۇلا قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. قەۋزىيەتنى يوقىتىش ۋە تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن يۇمشاتقۇچى ۋە يەڭگىل سۈرگىلەر ئىشلىتىلىدۇ. ئاسان ھەزىم بولىدىغان، كۈچلەندۈرگۈچى تاماقلار، يەنى گۆشلۈك غىزالار كۆپرەك بېرىلىدۇ. ھاۋا ۋە سۇنى تەڭشەشمۇ بۇ كېسەللىكنى داۋالاشقا پايدىلىقتۇر. بۇلار ساغلاملىق بېغىشلىيالايدىغان ۋە مېڭگە ئارام بېرەلەيدىغان بولسۇن. ھەزىمدە بىرەر ئۆزگىرىش بولغان چاغدا ھەزىمنى ياخشىلاشمۇ زۆرۈردۇر. مېڭىدە قان قېيۋېلىش سەۋەبىدىنمۇ بەزىدە بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىك يۇمشاتقۇچى ۋە ئىچىنى سۈرگۈچى ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن داۋالىنىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك قۇلاق، كۆز، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ئەگەشمە ئالامەتلەر شەكلىدە كۆرۈلگەن بولسا، ئەسلىي كېسەللىكنى داۋالاش لازىم. قۇلاق كېسەللىكلىرىدە بەزى ۋاقىتلاردا قۇلاق كەينىنى داغلاش ياكى يارا قىلىش بىلەن بۇ كېسەللىك ساقىيىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار باش قېيىش كۆپىنچە مېڭە ئاجىزلىقى ۋە ھەزىم ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ ھالۋا بېرىلىدۇ.

بادام مېغىزى ھالۋىسى تاتلىق بادام مېغىزىدىن بەش دانە، تاتلىق قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى سۇدا ئېزىپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گرام ناۋات قوشۇپ ئوتتا قويۇپ، قويۇلغاندا 24 گرام سېرىقماي ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولسا، بۇ نۇسخىغا ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە قوشۇپ بېرىلىدۇ ياكى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىترىفىل كەشنىزدىن 12 گرام يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر ھەزىمنىڭ بۇزۇلغانلىقى، بەدەندە ناچار ماددا ۋە بەلغەمنىڭ توپلىشىۋالغانلىقى مەلۇم بولسا، قائىدە بويىچە مونزىج ۋە مۇسھىل بېرىپ بولغاندىن كېيىن مېڭە كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

مۇنزىج بەلغەمنىڭ نۇسخىسى ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە، گۈلبىنەپشە، بىخ كاسنە، بەديان ھەربىرى يەتتە گرامدىن، گاۋزىبان، ئاقلانغان بىخسۇس، ئۇستۇقۇددۇس ھەربىرى بەش گرامدىن. يۇقىرىقى دورىلارنى قايناق سۇغا چىلاپ ئەتىگىنى سۈزۈپ، 48 گرام خېمىرى بىنەپشىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم كەچتە يەتتە گرام بەديان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، بەش گرام سېرىق ئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 144 گرام ئەرقى بەديانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، خېمىرى بىنەپشىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. 8 ~ 10 كۈنگىچە بۇ نۇسخىنى ئىچكۈزۈپ، ئاندىن مۇسھىل دورىلارنى قوشۇپ قائىدە بويىچە تەييارلاپ 2 ~ 3 كۈن ئارىلىق قالدۇرۇپ مۇسھىل بېرىلىدۇ.

مۇسھىل دورىلار بەرگى سانائى مەككى يەتتە گىرام، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر مېغىزى ھەربىرى 72 گىرامدىن، خىيارشەنبەر، تەمرى ھىندى، قارا شېكەر، شىرخىست ھەربىرى 48 گىرامدىن، بەش دانە تاتلىق بادام مېغىزى شىرىسى قاتارلىقلار.

مۇسھىللاردىن كېيىن سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتىگەندە بادام مېغىزى چۈشكەن ھالۋا نۇسخىسى بېرىلسە ۋە ئىككى بەرىنج كۈشتە قىلىنغان مارجان بەش گىرام خېمىرى گاۋزىبانغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ، 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئادەتتىكى ئاسان سىڭىدىغان تاماقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، سوغۇق ۋە ئېغىر يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلدۇرماسلىق كېرەك. كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۈندۈرمە ۋە كۆكتاتلار قەۋزىيەت بولغان ھالەتتە پايدىلىق.

مەست قىلغۇچى، سېزىمسىزلاندۇرغۇچى نەرسىلەردىن، چاي، تاماكا قاتارلىقلاردىن، جىنسىي ئالاقىنى كۆپ قىلىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ ۋە ئەقلىي ئەمگەكتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىدۇ.

كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش

كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشنىڭ مەنىسى كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئەتراپقا تارقىلىپ كېتىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنىڭ نامى «چوقۇم بولىدىغان ئالامەت» نامى بىلەن ئاتالغان. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش پەيدا بولۇشى بىلەن ئادەم بېشىنىڭ قاتتىق ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھەم كۆزلىرىنىڭ قاراڭغۇلاشقانلىقىنى ھېس قىلىدىغان، بەزىدە قۇلىقىغا ئاۋازلار ئاڭلىنىدىغان ھالەتتۇر. بەزىدە بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئەقلىمۇ تۆۋەنلەيدۇ. جۈملىدىن مېڭىدە قاتتىق سوغۇق ۋە سېزىمسىزلىق بولغاندا بىمارنىڭ ئەقلىمۇ كېمىيىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال سەدەر خەدىر①ى ۋە زەربە تېگىشتىن بولغان كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشتا، ئەقىلسىزلىق پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى مېڭە يەتكەن ئەزىيەت سەۋەبىدىن مېڭە پائالىيەتلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. يەنى ئۆزىنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلىرىدىن توختايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان سېزىمسىز ۋە ھەرىكەتسىز بولۇپ قالىدۇ.

جالىنۇس كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش بىلەن باش قېيىشنى ئازراقمۇ پەرقلەندۈرمىگەن. رازى ئېيتقانكى، باش قېيىش ئىنسان ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى چۆرگىلەۋاتقاندەك

---

① سەدەر خەدىرى — بۇ، سوغۇق ۋە قويۇق خىلتتىن پەيدا بولىدۇ.

كۆرىدىغان ھالەتتۇر ھەمدە كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش باش قېيىشتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. باش قېيىش ئۆتكۈرلىشىپ شۇ قەدەر يۇقىرى پەللىگە يېتىپ بارغاندا بىمار يىقىلىپ چۈشىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتىكىلەر ئېيتقانكى: «كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش بىر ھالەتتۇركى، ئىنسان ئۆرە بولغان ھامان كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ ۋە يىقىلىپ چۈشىدۇ، بۇ باش قېيىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولىدۇ».

سەۋەبى كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشنىڭ سەۋەبى مېڭىنىڭ سەزگۈسى، مېڭە قۇۋۋىتىنىڭ مېڭە بوشلۇقى، مېڭە قان تومۇرلىرى ۋە روھنىڭ ئۆتۈش يوللىرىدا ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھەرىكىتىدىن توختايدۇ. ئۇنىڭدىن مېڭە سوغۇق ۋە سېزىمسىز بولىدۇ. خۇددى باشقا ئەزالارنى باغلاپ قويغان ياكى ئەزالار بېسىمغا ئۇچرىغان ھالەتتە مېڭە سەزگۈسىنىڭ كېلىشى توختاش سەۋەبىدىن سېزىمسىزلىق پەيدا قىلغاندەك.

سەدەر خەدىرى مېڭىدىكى نېرۋا سەزگۈلىرىنىڭ يۈزلىنىشىنىڭ توختاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بەزىدە سوغۇق، قويۇق خىلتلاردىن بولىدۇ. بۇنىڭ مىقدارى بەك كۆپ بولمايدۇ ھەمدە روھنىڭ بەزى يوللىرىنى توسۇپ قويىدۇ. ئەگەر سوغۇق، قويۇق خىلتلارنىڭ مىقدارى كۆپ بولسا سەكتە پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر بۇ خىلتلار سۇيۇق بولسا ياكى روھلاردا ھەرىكەتلەر پەيدا بولغان بولسا باش قېيىش پەيدا بولىدۇ. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدىغان بۇ خاس تۈرنىڭ نامى سەدەر خەدىرىدۇر. چۈنكى بۇنىڭدا سېزىمسىزلىنىش بولىدۇ.

رازى مۇنداق دەيدۇ: جالىنۇس ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تېۋىپلار سەدەر كېسەللىكى سوغۇق خىلتلاردىن پەيدا بولىدۇ، دېگەن سۆزلەرنى تىلغا ئالمىغان ۋە شۇنداقلا سەدەر كېسەللىكى باش ساھەسىدىكى سوغۇق خىلتلارغا ئاپتاپنىڭ ئىسسىقلىقى ياكى يېپىنچا ئارقىلىق ئىسسىق ئۆتكۈزگەندە گازسىمان يەللەر مېڭە تەرەپكە ئۆرلەپ، ئۇنىڭدىن سەدەر كېسەللىكى يۈز بېرىدۇ، دېگەن سۆزلەرنىمۇ ئېيتمىغان. بىراق بەزى تېۋىپلار باشتىكى سوغۇق ماددىلارغا ئىسسىقلىق تەسىر كۆرسەتكەندە بۇخاراتلار ئۆرلەپ، مېڭىگە يېتىپ كەلگەندىنمۇ پەيدا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئالامىتى باشتا سوغۇق ۋە قويۇق خىلتلار توپلانغانلىقنىڭ ئالامەتلىرى باش ئاغرىنىش ۋە باش ئاغرىقىدا مەزكۇردۇر.

داۋالاش دەسلەپتە كۈچلۈك ھۆقنىلەر بىلەن تاكى قۇۋۋەتلەر تەدرىجىي يوقىلىپ بىھوشلۇق پەيدا بولمىغۇچە بەدەن تازىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ئايارەجلەر، غار - غارلار، چۈشكۈرۈك كەلتۈرگۈچى دورىلار، پۇرىتىلما دورىلار، بۇرۇنغا تېمىتىلىدىغان دورىلار ھەمدە

ئىسسىق ئۆتكۈرلۈشلەر بىلەن مېڭە تازىلىنىدۇ. بۇلار بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ئىششىقىدا سۆزلەنگەن.

زەربە تېگىشتىن بولغان كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش: بەزىدە سەزگۈ كۈچىنىڭ تەبىئىي يۆنىلىشىدىن توختاشىنىڭ سەۋەبى باش ئۇستىگە بىرەر نەرسە چۈشۈش ياكى باشقا زەربە تېگىشتىن بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن مېڭە پەردىلىرىدە يېقىمسىزلىق بولىدۇ. ياكى ماددىلارنىڭ يۆتكىلىشى سەۋەبىدىن ئىششىق پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نەپسانىي قۇۋۋەتلەر ئۆزىنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلىرى ۋە ئەسلىدىكى يۆتكىلىشىدىن توختايدۇ. بۇ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشنىڭ نامى زەربىدىن بولغان كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشتۇر.

داۋالاش ماددا باشقا تەرەپكە مايىللاشقىچە قان ئېلىنىدۇ. باش ئىسسىتىلغان گۈل يېغىغا چۆكتۈرۈلىدۇ، بۇ ئۇسۇل باشنى چۆكتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ. موم ۋە ياغلاردىن زىمات تەييارلاپ باشقا چېپىلىدۇ. چۈشكۈرۈك كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن باشنى ئاپتاپ ۋە چاڭ-توزاندىن ساقلاش لازىم، چۈنكى بۇنداق ھالەتتە چۈشكۈرۈك بىھوشلۇق پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر مېڭە ئاجىز بولسا ئىسسىق ياكى سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى پەيدا بولۇشتىنمۇ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ، چۈنكى مېڭىنىڭ قاتتىق پەردىلىرىدە قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ. مۇشۇنىڭدەك ئۇرۇلۇش ۋە زەربە تېگىشتىنمۇ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ.

داۋالاش باش ئاغرىقىنىڭ بايانىدا سۆزلەنگەن چارىلەر بىلەن داۋالىنىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش تۇتقاقلىق كېسىلى بىمارىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى ۋە مېڭىنىڭ ئىختىيارىي پائالىيەتلىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن بولغان كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشتىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

بىرىنچى پەرقى كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشتا تەشەننۇج، پەرىشانلىق بولمايدۇ (مۇشۇلار تۇتقاقلىق كېسىلىدە كۆرۈلىدۇ). چۈنكى كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشنىڭ سەۋەبى تۇتقاقلىق كېسەللىكىگە قارىغاندا ئاجىزراقتۇر.

ئىككىنچى پەرقى كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش باش قېيىشتىن كېيىن بولىدۇ. سەرئى تۇيۇقسىزلا بولىدۇ ھەمدە كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشتا ئېغىزىدىن كۆپۈك چىقمايدۇ، خارقىرىغان ئاۋاز بولمايدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار بۇ كېسەللىك باش قېيىشنى داۋالاش بايانىدا سۆزلەنگەن چارىلەر بىلەن داۋالىنىدۇ.

قاتتىق ئۇيقۇ كېسىلى (سۇبات)

سۇباتنىڭ مەنىسى ئۇخلاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ نامى چوقۇم بولىدىغان ئالامەتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. سۇبات قاتتىق ۋە چوڭقۇر ئۇيقۇنىڭ نامىدۇر. بۇنىڭدا ئۇخلاش مۇددىتى ئۇزۇن بولىدۇ. يەنى ئۇيقۇنىڭ ۋاقتى تەبىئىي ئۇيقۇدىن زىيادە ئۇزۇن بولىدۇ ھەم بۇ ئۇيقۇ ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ. يەنى ئۇيقۇدا بىخۇدلۇق ۋە بىھوشلۇق ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. بىمار قاتتىق ئويغىتىلسىمۇ ئىنتايىن قىيىن ھالەتتە ئويغىنىدۇ. ئۇيقۇ تاشقى سېزىم ۋە ئىختىيارىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلمايدىغان بىر خىل ھالەتنىڭ نامىدۇر. ئۇيقۇ ھالىتىدە روھىي نەپسانىي بارلىق ئەزالاردىن مېڭە تەرەپكە قايتىدۇ، يەنى روھىي نەپسانىي ئەزالار تەرەپكە بېرىشتىن توختايدۇ. لېكىن بۇ خىل ھالەت مۇتلەق بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئەزالار تەرەپكە ئازراق بېرىپ تۇرىدۇ. يەنى بۇ ئېتىبار بىلەن ئۇيقۇ زىيادە چوڭقۇر ياكى چوڭقۇرراق بولىدۇ.

1. ماددىسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش قاتتىق ئۇيقۇ بەزىدە مېڭىنىڭ ئۆتكۈر ماددىسىز سوغۇقلۇقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئالامىتى باشقا سىرتتىن قاتتىق سوغۇق تېگىشتىن كېيىن سۇبات پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: سوغۇق سۇ ياكى سوغۇق ھاۋا تەگكەن بولسا ياكى سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئەپيۇن، شەۋكىران قاتارلىقلار. بىمارنىڭ يۈزىدە ئېسسىلىش بولمايدۇ. چىرايى كۆكىرىدۇ. تومۇرى قاتتىقلىق تەرەپكە مايىل بولۇپ، ئاسانلىقچە بارماق بىلەن باسقىلى بولمايدۇ ھەمدە تومۇرىدا توختاش ئۇزۇن بولىدۇ. توختاش ئىككى ھەرىكەت، يەنى قىسقىرىش - كېڭىيىش ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش داۋائىلمىشكى ۋە مەسرۇدىتۇس قاتارلىق ئىسسىق دورىلارنى يېگۈزۈش ئارقىلىق مىزاج تەڭشىلىدۇ. باش ئىسسىق، خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەر ۋە سۇزاپنىڭ قاينىتىلغان سۈيىدە يۇيۇلىدۇ. بان يېغى، قۇستە ياغلىرىغا قۇندۇز قەھرى قوشۇپ چېپىلىدۇ. قۇندۇز قەھرى، ياۋا پىياز، ياۋا ئۈزۈم، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلار سىركىگە قوشۇپ چېپىلىدۇ. نوقۇت سۈيى، ياڭاق يېغى ۋە سىركە قاتارلىقلاردا توخۇ گۆشى پىشۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنىڭ زىيانلىرى ھەربىرى ئۈچۈن مۇناسىپ بولغان نەرسىلەر بىلەن يوقىتىلىدۇ (بۇ، كىتابنىڭ ئاخىرىدا سۆزلىنىدۇ).

2. بەلغەمى ھۆللۈك بەزىدە سۇبات كېسىلىنىڭ سەۋەبى قاتتىق سوغۇق ۋە خام ھۆللۈكلەرنىڭ ئالدى قىسمىغا توپلىنىشىدىن بولىدۇ.

ئالامىتى   بىمار بېشىنىڭ ئالدى قىسمىدا ئېغىرلىق بارلىقنى ھېس قىلىدۇ. كۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئېغىر بولىدۇ. ئىككى قېشىدا بىئارامىلىق كەيپىياتى مەلۇم بولىدۇ. بىمارنىڭ بۇرنىدىن كۆپىنچە قويۇق سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىلىدا چاپلاشقاق ھۆللۈك توپلانغان بولىدۇ. بىمار ئومۇمەن ئۇيقۇ ۋە ئۇيقۇسىزلىق ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

نەفيىس   بۇنىڭ ئاخىرىدىكى ئالامەتلىرىنى ئازراقمۇ دۇرۇس كۆرمەيدىغانلىقنى ئېيتقان. چۈنكى كۆزىتىش ۋە تەجرىبىلەر بۇنىڭ ئەكسىچىسىدۇر.

داۋالاش   ھۆقنە ۋە ھەبلەر بىلەن (بۇنىڭ بايانى بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ئىششىقىدا سۆزلىنىپ بولدى) مېڭە تازىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن مېڭىنىڭ ماددىسىز سوغۇقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشتا سۆزلەنگەن دورىلار بىلەن مېڭىنىڭ مىزاجى تەڭشىلىدۇ.

3. ھۆللەشكەن بۇخاراتلار   بەزىدە سۇبات كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى ھۆل، ناچار بۇخاراتلار ۋە بۇزۇق ماددىلارنىڭ مېڭە تەرەپكە ئۆرلىشىدىن بولىدۇ، خۇددى قىزىتمىلاردىكىدەك، بولۇپمۇ قىزىتما قاتتىق تۇتقان ۋاقىتتا تەبىئەت ماددا تەرەپكە تولۇق يۈزلىنىدۇ.

داۋالاش   قىزىتمىلارنىڭ داۋاسى قىلىنىدۇ، گۇلاب، گۈل يېغى ۋە سىركىنى كۆپ مىقداردا قوشۇپ مېڭە كۈچلەندۈرۈلىدۇ. چۈنكى ياغنى يالغۇز ئىشلىتىشمۇ ئۇيقۇنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. ئىككى پۇت يۇيۇلىدۇ ھەمدە ئۇۋۇلىنىدۇ، پۇت - قولى باغلاپ قويۇلىدۇ ۋە چۈشكۈرۈك كەلتۈرۈلىدۇ.

4. زەربە يېتىش ۋە سۆڭەكلەرنىڭ سۇنۇشى   بەزىدە سۇباتنىڭ سەۋەبى چېكىگە زەربە يېتىشتىن بولىدۇ. چۈنكى چېكىدە ئىككى مۇسكۇل بولىدۇ. ئۇ مۇسكۇللار ۋە مېڭىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ سۆڭەكتىن باشقا بىرەر توسۇق بولمايدۇ. بۇ مۇسكۇللار سىرتقى ئاپەت، مەسىلەن: ئۇرۇلۇش، تاياق تېگىش ۋە زەربە قاتارلىقلاردىن ئىنتايىن ئاغرىيدۇ. مۇسكۇلنىڭ ئاغرىشىدىن مېڭە يېقىمسىزلىنىدۇ. بەزىدە باش سۆڭىكى سۇنۇشتىن مېڭىگە بېسىم چۈشىدۇ. بۇنىڭدىن سۇنغان سۆڭەك ئاستىدا كىرىشىش بولىدۇ. كىرىشىش سەۋەبىدىن سەزگۈنى ئېلىپ ماڭغۇچى روھنىڭ يولى توسۇلىدۇ ۋە روھنىڭ سىرتقا تارقىلىش ھەرىكىتى قىيىن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزىدە باش سۆڭىكى سۇنۇش سەۋەبىدىن ئىششىپ، سەزگۈنى ئېلىپ ماڭغۇچى يوللارنى توسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىتمىمۇ بولىدۇ.

داۋالاش   زەربە تېگىش ۋە سوقۇلۇشنىڭ ۋە سۆڭەك سۇنۇشنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، بۇنىڭ تەپسىلاتى كىتابنىڭ ئاخىرىدا دەستىكارنىڭ بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

5. ئاشقازاندىكى بۇزۇلۇشلار بەزىدە سۇباتنىڭ سەۋەبى ئاشقازاندىن مېڭە تەرەپكە ئۆرلەيدىغان بۇخاراتلار ۋە بۇزۇلغان ماددا بولىدۇ.

ئالامىتى سۇبات كېسىلى كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، باش قېيىش، قۇلاق غوڭۇلداش ۋە كۆز ئالدىغا ئوخشىمىغان شەكىللەرنىڭ كېلىشى بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر ئاشقازان بوش ھالەتتە بولسا ماددىنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن سۇبات كېسەللىكىدە يەڭگىللەش بولىدۇ.

6. ئۆپكە ۋە كۆكرەكتىكى بۇخاراتلار بەزىدە سۇباتنىڭ سەۋەبى ئۆپكە ۋە كۆكرەكتىكى بۇخاراتلاردىن بولىدۇ.

ئالامىتى كۆكرەك پەردە ئىششىقى ۋە ئۆپكە ئىششىقىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.
مەسىلەن: نەپەس سىقىلىش، قىزىش، تومۇرنىڭ ھەرە چىشىسىمان سوقۇشى، يۆتىلىش قاتارلىقلار.

7. باشقا ئەزالاردىكى ماددىلار بەزىدە سۇباتنىڭ سەۋەبى باشقا ئەزالاردىكى ماددا ۋە بۇخاراتلار بولىدۇ. مەسىلەن: ئۈچەي (ئۈچەيدە قۇرت پەيدا بولغاندا ھەممە ئۈچەيدىن بۇخارات ۋە ماددىلار مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگەن چاغدا) ياكى بالىياتقۇ (بالىياتقۇدا مەنىي ياكى ھەيز قېنى توسۇلۇپ قالغاندا ھەممە بالىياتقۇدىن مېڭە تەرەپكە ناچار ماددا ۋە بۇخارات ئۆرلىگەن چاغدا).

بەزىدە سۇبات كېسەللىكى ئەزالارنىڭ ئاغرىشىدىنلا پەيدا بولىدۇ (بۇنىڭدا مېڭە تەرەپكە بۇخاراتلار ئۆرلىمەيدۇ). ئاغرىق سەۋەبىدىن مېڭىدە تارىيىش پەيدا بولىدۇ، يەنى روھنىڭ يولى توسۇلىدۇ.

ئالامىتى ئۇ ئەزالاردا ئاپەتلەر بولىدۇ، يەنى ئۇ ئەزالارنىڭ كېسەللىكلىرى سۇبات كېسىلىدىن ئىلگىرى تېپىلىدۇ.

داۋالاش ئەزىيەت يەتكەن ئەزالارنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، مېڭە مېڭە كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن دورىلار بىلەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

سۇبات سەھىرى (ئويغاقلىق قوشۇلغان ئۇيقۇ كېسىلى) بەزىدە سۇباتنىڭ سەۋەبى ھۆل ئىسسىق بۇخاراتلار (يەنى ماددىلار) مېڭە ئالدى تەرىپىگە سۇبات ناملىق قان تومۇر ئارقىلىق پۈتۈن بەدەندىن ئۆرلەيدۇ. مېڭىنىڭ مىزاجى ئۇ خىلتلار ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى ئىسسىتىدۇ. بۇ، مېڭىدە مەۋجۇت بولىدۇ ھەممە توسۇلىدۇ. بۇنىڭ نامى ئويغاقلىق قوشۇلغان ئۇيقۇ كېسىلى دەپ قويۇلغان. يەنە بىر نامى سۇبات سەھىرىدۇر. ئۇ ناملار ئىككىلىسىدە چوقۇم بولىدىغان ئالامەتلەر بىلەن قويۇلغان.

ئالامىتى بىماردا ئەقىلسىزلىق بولىدۇ. كۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى سۇس بولىدۇ. بىمارنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق ھالەتتە بولۇپ، يۇمالمايدۇ. كۆزلىرىدىن ياش ئاقىدۇ. يەنى كۆزلىرىدىن ياش ئېقىش يامان ئالامەتلەردىندۇر. چۈشكۈرۈك كۆپ بولىدۇ. بىماردا ناچار ئوي خىياللار پەيدا بولىدۇ، خاس ۋاقىتلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا بىمار ئۇخلاشقا قادىر بولالمايدۇ. شۇڭلاشقا بىماردا مۈگدەش بولىدۇ. ئاندىن بىمار سەگەكلىشىپ كېتىدۇ ۋە بىقارار ھەم پەرىشان بولىدۇ. گويا ئۇ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەندەك بولىدۇ. دېمى سىقىلىدۇ. يۈرەك ھەرىكىتى قورققان كىشىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر زۆرۈر بولسا قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، پاچاقلىرىغا ھىجامەت قويۇلىدۇ، سىڭىشلىك تاماقلار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: چۈجە، پاختەك، ئوغلاق گۆشى قورۇق يۇمغاقسۈت بىلەن خۇش پۇراق قىلىپ بېرىلىدۇ.

سۇبات سەھەرنىڭ يەنە بىر تۈرى بەزىدە سۇباتنىڭ سەۋەبلىرى ھۆل سوغۇق بەلغەمدىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ. ئۇيقۇسىزلىقنىڭ سەۋەبلىرى (قۇرۇق ئىسسىقتىن ۋە سەپرادىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ) قوشۇلۇپ كېلىدۇ ھەمدە بۇ ئىككى خىلتلاردىن مېڭىدە ئىششىق پەيدا بولىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە بۇنىڭ نامى سۇبات سەھىرى دەپ قويۇلغان. سۇبات ئەرقمۇ دېيىلىدۇ.

ساھىبى جەۋامىئى ئىسكەندەر ئىبنەينى: «نەبىز» دا ئوچۇق يازغانكى، مېڭىنىڭ ئىششىقى سەپرادىن بولغان شەرت ئاستىدا ئىسسىقتىن بولغان سەرسام دېيىلىدۇ ۋە بەلغەمدىن بولغان شەرت ئاستىدا سوغۇقتىن بولغان سەرسام دېيىلىدۇ. ئەگەر سەپرا، بەلغەم ئىككىلىسىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ نامى سۇبات ئەرقى دېيىلىدۇ.

ئالامىتى بەزىدە ئۇزۇندا ئۇيقۇ كېلىدۇ ۋە بەزىدە بىقارار قىلىدىغان ئۇيقۇسىزلىق بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بىمارنىڭ يۈزى ئېسىلىدۇ، زىيادە قارىدايدۇ ھەم بەزىدە قىزىرىدۇ. بىمار ھەمىشە ئۇڭدىسىغا ياتىدۇ. بەزىدە بىمار سۇ ئىچكەندە تۇيۇقۇپ كېتىدۇ. بۇ يامان ئالامەتتۇر.

چۈنكى تۇيۇقۇش كېسەللىك ئىنتايىن ئۆتكۈر بولغاندا ھەم قۇۋۋىتى مۇدرىكە يوقالغان چاغدا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن بىمار ئېغىزىدا نېمە بارلىقىنى بىلمەيدۇ. يەنى ئۇنىڭدا سۇنى يۇتۇش سېزىمى بولمايدۇ ھەمدە ئۇنى تولۇق يۇتۇش كۈچىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى يۇتۇش ئىككى خىل قۇۋۋەتتىن ھاسىل بولىدۇ.

بىرىنچى، تەبىئىي تارتىش كۈچى، ئىككىنچى، ئىرادىگە بېقىنىدىغان چىقىرىش كۈچى (بۇ ئىنساننىڭ ئىختىيارىي بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ). ئىرادىگە بېقىنىدىغان چىقىرىش كۈچى شۇ

ۋاقىتتا بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمار سۇ ئىچكەن ۋاقىتتا نەپەس ئالىدۇ ھەمدە ئاز مىقداردىكى سۇ نەپەس بىلەن كانايچىلارغا كېتىدۇ. بۇنىڭدىن يۆتەل كېلىپ چىقىدۇ. سۇنىڭ يۇتقۇنچاقتا قېپقالغان قىسمى بۇرۇن يوللىرىدىن نەپەسنىڭ قايتىشى بىلەن چىقىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش: بۇ، بەلغەمدىن بولغان مېڭە ۋە مېڭە پەردە ئىششىقىدىن رەڭگىرويى بىر خىل ھالەتتە تۇرماسلىق، ئۇيقۇسىز بولۇش، كۆزى ئوچۇق تۇرۇش ھەم كۆزىنى يۇمالماسلىق، ئۆتكۈر قىزىتما بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان سەرسامدىن پەرقى: بۇنىڭدا ئۇيقۇمۇ بولىدۇ. جۆيلۈش ئاز بولىدۇ. بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇشتىن پەرقى: بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇشقا گىرىپتار بولغان بىمارلار سۆزلىيەلمەيدۇ. رەڭگىرويى ئۆزگەرمەيدۇ. ئۆز ھارارىتىدە تۇرىدۇ.

داۋالاش غالىب خىلىت باشتىن يوقىتىلىدۇ، يەنى دورىلارنىڭ مىقدارى ئىككى خىلتتىن قايسىسىنىڭ مىقدارى كۆپ بولسا، شۇنىڭغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەگەر بەلغەم غالىب بولسا ئايارەج، غارىقۇن، تۇربۇت بىلەن خىلىت سۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. ئەگەر سەپرا غالىب كەلگەن بولسا ھېلىلە قاينىتىلمىسى «مەجۇنى خىيارشەنبەر ياكى سوقمونىيا قاتارلىقلار» بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن مىزاج تەڭشىلىدۇ، يەنى شۇمۇم دورىلار، تىلالار، نۇتۇل ۋە باشقىلار ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

سۇبات ۋە قوما

بەزى كىشىلەر ئۇيقۇنىڭ ئادەتتىكىدىن كۆپ بولۇشىنى سۇبات دەپ ئاتايدۇ. ئېغىر غەپلەت ۋە بىھوشلۇق بىرەر كېسەللىك سەۋەبىدىن ياكى زەربە يېتىشتىن كۆرۈلگەن بولسا قوما دەپ ئاتىلىدۇ.

لېكىن بۇرۇن ئۆتكەن تېۋىپلار ئىككى نۇقتىئىنەزەرنى ئايرىمايلا سۇبات سۆزى بىلەن ئاتىغان. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىدا ئىككىسىنىڭ مەنىسى قاپىيداشتۇر ھەمدە ئىشلىتىش مەنىسى ئىنتايىن كەڭ بولىدۇ. لېكىن بىز ئۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسىنى ئايرىپ ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىمىز.

سۇبات (كۆپ ئۇخلاش) سۇباتنىڭ مەنىسى ئۇخلاش ياكى ئۇخلاش كېسىلىدۇر. ئۇنىڭ مەنىسى نورمالسىز ھالەتنىڭ نامىدۇر. بۇنىڭدا بىمار شۇ قەدەر بىھوش بولۇپ ئۇخلايدۇكى، ئويغىنىشى قىيىن بولىدۇ.

ئۇيقۇ كۆپ بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك: بۆرەك، جىگەر كېسەللىكى، يەرقان

ھەم قىزىتما ھالىتىدە بۇزۇلغان ۋە زەھەرلىك ماددىلارنىڭ قانغا تارقىلىشى ھەممە مۇشۇنداق قاننىڭ مېڭىگە يېتىپ بېرىشى، بەزىدە غىزانىڭ كۆپ بولۇشى ھەممە ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن غەيرىي تەبىئىي كۆپىيىشنىڭ پەيدا بولۇشى، ھاراق ۋە باشقا مەست قىلغۇچىلارنى ئىستېمال قىلىش، مېڭىگە قان تولۇش ۋە قاننىڭ كۆپلۈكى ياكى قاننىڭ ئازلىقى، ئاچ قورساق قېلىش، ئەقلىي ئەمگەكنىڭ كۆپ بولۇشى، جىسمانىي ھارغىنلىق، ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدىنمۇ بەزىدە سۇبات پەيدا بولىدۇ. بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش قاتارلىقلارمۇ بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. بۇ ھالەت سەكتىنىڭ بېشارەتچى ئالامىتىمۇ بولىدۇ. يەنى سەكتە كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى بەزى ۋاقىتلاردا غەپلەت ئۇيقۇسى بولىدۇ. بەزىدە ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق ۋە بەلغەمنىڭ كۆپلۈكى بۇ ھالەتنىڭ ۋارىسلىق قىلغۇچىسى بولىدۇ. بەلغەم كۆپەيگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: چىرايى ئاقىرىش، بارلىق ئەزالاردىكى ئېغىرلىق، بوشاڭلىق، سەزگۈلىرىنىڭ سۇس بولۇشى قاتارلىقلار.

ئالامىتى قايسى سەۋەبتىن بۇ كەيپىيات پەيدا بولغان بولسا، ئادەتتە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئەگەر مېڭىگە قان تولۇشتىن بۇ كېسەللىك بولغان بولسا، باش ئېغىر بولىدۇ. كۆزلىرى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. تومۇرى تېز سالىدۇ ۋە توشقان بولىدۇ. بىمارنىڭ ئۇيقۇسى شۇنداق غالىب بولىدۇكى، ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىش قىيىن بولىدۇ.

داۋالاش كېسەللىك سەۋەبى يوقىتىلىدۇ. ئەگەر قاننىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا بىر قانچە دانە زۈلۈك قۇرتى چېكىگە قويۇلىدۇ ياكى مۇسھىل ئارقىلىق مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر بەلغەم ماددىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن (بۇ كۆپ ئۇچرايدۇ) بولسا ئاۋۋال مۇنزىج بەلغەم ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قانچە كۈن مۇسھىل بېرىلىدۇ (سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنىڭ ئىلاجىغا قاراڭ). مۇسھىل بېرىپ بولغاندىن كېيىن كۈشتە قىلىنغان خۇبسۇلھەدىتتىن ئىككى بەرەنج، كۈشتە قىلىنغان مارجاندىن ئىككى بەرەنج ئېلىپ، يەتتە گىرام جاۋارىش بەسباسىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن - كەچتە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە كەچتە ئۇخلاشتىن ئاۋۋال ئىترىفىل كەشنىز قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. بۇ ھالەتتە چۈشكۈرتىلمىلەر بىلەن چۈشكۈرۈك كەلتۈرۈلىدۇ. سىيادان يېغىغا ئوخشاش ئىسسىق دورىلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. زىماتى خەردەل چېپىلىدۇ، تۇز ياكى قېلىن رەخت باشقا سۈركىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقىغا چاي ياكى نوقۇت سۈيى ئىچكۈزۈش پايدىلىق.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان بولسا ھەزىم قىلدۇرغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش جالىنۇس، نەمەك سۇلايمانى قاتارلىقلار ھەم ئەتىگەندە ئەرقى جۇۋنە 24 گىرام، ئەرقى پۇدىنە، ئەرقى لاچىندانە، ئەرقى بەدىيان

ھەربىرى 36 گىرامدىن، سىركەنجۇبىل 48 گىرام قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە بەدىيان، قاقىلە ئۇرۇقى، ئاق زىرە، قۇرۇق يۇمغاقسۈت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، ئۈچ گىرامدىن ئەتىگەن - كەچتە غىزادىن كېيىن يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ.

غىزا ۋە پەرھىزى بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا سىڭىشلىك ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان لەتىف غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدىغان يەللىك تاماقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. سەيلە قىلدۇرۇلىدۇ ۋە كۈندە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇنۇشقا دەۋەت قىلىنىدۇ، مۇناسىپ ئەمگەك قىلدۇرۇلىدۇ.

قۇما بۇ يەردىكى قۇمانىڭ مەنىسى بىھوشلۇق ۋە غەپلەتتۇر. بۇ بىر قىسىم سەۋەبلەردىن كۆرۈلىدۇ. قۇمادا يۈرەكنىڭ پائالىيەتلىرى زىيادە تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ. ھوشىدىن كېتىشتە بىراقلا يۈرەكنىڭ پائالىيەتلىرى سۇسلىشىدۇ، قۇما مېڭە بىلەن، ھوشىدىن كېتىش يۈرەك بىلەن زىيادە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قۇمادا ھېس ۋە ھەرىكەتنىڭ بارلىق كۈچلىرى يوقىلىدۇ، لېكىن نەپەسلىنىش ۋە يۈرەك ھەرىكىتى داۋاملىشىدۇ.

سەۋەبى قۇمانىڭ سەۋەبلىرى كۆپ بولۇپ، بەزىدە مېڭىگە ئاپەت يېتىشتىن بولىدۇ، مەسىلەن: مېڭىنىڭ سىلكىنىپ كېتىشى، مېڭىنىڭ بېسىلىشى، ئىششىق، مېڭە يىرىڭلىق ئىششىقى، بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ئىششىقى، ئۆسمە، سەرئى، سەكتە، بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش، مېڭىگە سۇ ياكى يىرىڭ يىغىلىش، قانغا زەھەرلىك ماددىلارنىڭ قوشۇلۇشى، مەيلى ئۇ زەھەرلىك تەركىبلەر سىرتقى تەرەپتىن بەدەنگە كىرگەن بولسۇن، مەسىلەن: ئەپيۇن ۋە نەشە چېكىش، ھاراق ئىچىش قاتارلىق مەست قىلغۇچى زەھەرلەر ياكى ئىچكى تەرەپتىن بولسۇن، مەسىلەن: شېكەر سىيىش كېسىلى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كېرەكسىز سۈيدۈك ماددىلىرىنىڭ قانغا قوشۇلۇشى، ئۇپ ئۆتۈپ كېتىش، توك سوقۇش، سوغۇق تېگىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ قورساق يۈرۈش، مېڭىدە قاننىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى، ئەقلىي چارچاشنىڭ كۆپ بولۇشى قاتارلىق.

ئالامىتى بىمارنىڭ ھېس - ھەرىكەتلىرى يوقىلىپ بىھوش بولىدۇ. گويا ئۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىكىدەك، شۇنداقلا ئويغىتىشتىن ئۇ ئويغانمايدۇ. قان تولۇپ قالغان ئەھۋالدا كۆزلىرىدە ھەم يۈزىدە قىزىللىق بولىدۇ، پۇت - قوللىرى بوشىشىدۇ.

داۋالاش كېسەللىك سەۋەبىگە قارىتا داۋالاش، ئەگەر كېسەللىكنى تونۇش قىيىن بولسا، يەنى بىر خاس سەۋەبىنى ئېنىقلىغىلى بولمىسا ھەمدە مېڭىدە قان تولۇپ قېلىش

ئالامەتلىرى تېپىلسا، بىمارنىڭ بېشىنى ئېگىز قىلىش، سوغۇق سۇ بىلەن بېشىنى ھۆللەش ياكى مۇز قويۇش ياكى سەندەل ۋە كافۇرنى ئەرقى گۈلابتا ئېزىپ، رەختنى ئۇنىڭغا چۆكۈرۈپ باش ئۈستىگە قويۇش ھەمدە رەختنى قۇرۇتۇپ قويماسلىق، قانسىز ھىجامەت قويۇش، پاشويە قىلىش، ھۆقنە قىلىشمۇ بۇ كېسەللىككە پايدىلىقتۇر. ئەگەر بىمار ھوشىغا كەلسە، مۇسھىل دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قاتما كېسىلى (جۇمۇد)

ئەللامە سەمەرقەندى «سۇبات كېسەللىكىنىڭ بىر خاس تۈرى بولۇپ، بۇنىڭ نامى «جۇمۇد ۋە شەخوس» تۇر.

جۇمۇدنىڭ مەنىسى قېتىشتۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ كېسەللىكنىڭ نامى ئۇنىڭدا چوقۇم بولىدىغان ئالامەت بىلەن قويۇلغان.

شەخوسنىڭ مەنىسى كۆزنىڭ ئوچۇق قېلىشىدۇر. بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ كۆزى ئوچۇق تۇرىدۇ، تامامەن كۆزىنى يۇمالمايدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ نامىمۇ چوقۇم بولىدىغان ئالامەتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. لېكىن جۇمۇد ۋە شەخوسنى سۇباتنىڭ تۈرى دېيىش توغرا ئەمەس (نەفىيس).

چۈنكى سۇباتنىڭ مەنىسى ئۇنىڭغا تولۇق ماس كەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك ئىككى خىل كېسەللىكنىڭ ماھىيىتىدىن ئېنىقلىنىدۇ.

جۇمۇدنىڭ تەرىپى جۇمۇد شۇنداق بىر كېسەللىكتۇركى، ئەگەر بىمار بۇنىڭغا مۇپتىلا بولسا، ئۇ قايسى ھالەتتە تۇرغان بولسا، شۇ ھالەتتە كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: بىمار ئولتۇرغان، ئۇخلىغان ياكى ئورنىدىن تۇرغان ياكى بىرەر ئىش قىلىۋاتقان ھالەتتە تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ كېسەللىك ئىنسانلاردا تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ. مەيلى ئۇ قايسى ھالەتتە تۇرغان بولسۇن. بۇنىڭ نامى تۇتقۇچى ۋە تاپقۇچى دەپ قويۇلغان ھەمدە يۇنان تىلىدا ئۇنى «قاتوخەس» يەنى قاتما كېسىلى دەپ ئاتايدۇ.

ئىبنى سەرافيون ئېيتقانكى، بەزى تېۋىپلار ئۇنىڭ نامىنى تۇتقۇچى دەپ ئاتايدۇ.

قوشۇمچە بۇ كېسەللىكتە تۇيۇقسىز ھېس ۋە ھەرىكەت توختاپ قالىدۇ، ھېس ۋە سەزگۈلەرگە ئازدۇر - كۆپتۇر نۇقسان يېتىدۇ. بەدەندىكى بارلىق مۇسكۇللار ياكى بىر قىسىم مۇسكۇللاردا تەشەنۇج پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىمار تارتىشىپ قاتتىق بولۇپ قالىدۇ ۋە مۇشۇ ھالەتتە تۇرىدۇ، يەنى بىمارنى قايسى ھالەتتە كېسەل تۇتقان بولسا، شۇ ھالەتتە تۇرۇپ قالىدۇ.

بۇ خىل كېسەللىك ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئارقا مېڭە بوشلۇقىدا توسالغۇ پەيدا بولغانلىقتىن بولىدۇ. بۇ توسالغۇ قۇرۇق سوغۇق ۋە قويۇق خىلتلاردىن پەيدا بولىدۇ (سەمەرقەندى).

قوشۇمچە بۇ كېسەللىك ھەر قايسى ياشتىكىلەردە كۆرۈلۈشى مۇمكىن، لېكىن ئادەتتە 6 ~ 60 ياشقىچە بولغانلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللار بۇنىڭغا كۆپرەك مۇپتىلا بولىدۇ. جۈملىدىن بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش، ھەيز تۇتۇلۇش قاتارلىقلار بىلەن كېسەللەنگەن ئاياللاردا ھەمدە نىپاس خۇنى كەلگەن مەزگىللەردە ھەمدە مالىخولىيا مىراقى بىلەن ئاغرىغان ئەرلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، باشقا سەۋەبلەردىنمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: مالىخولىيا سەرئى، مېڭە پەردە ياللۇغى، نېرۋا ئاجىزلىقى، مەست قىلغۇچى دورىلارنى كۆپ ئىشلىتىش، تۇيۇقسىز قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى كۆرۈش قاتارلىقلار.

ئەسكەرتىش كۆپىنچە مېڭە كېسەللىكلىرىدە، مەسىلەن: قاتما كېسىلى، سەرئى، بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش، مالىخولىيا قاتارلىقلارنىڭ تولۇق ماھىيىتى ئېنىق سۆزلەنمىدى. چۈنكى مېڭىنىڭ توقۇلمىلىرى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ناھايىتى كۆپ، مۇرەككەپ، نازۇك ۋە ئۇقۇمسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن تېۋىپلار مۇشۇنداق ئىشلاردا ئامالسىز قالىدۇ.

ئالامىتى كۆزلىرى ئوچۇق بولۇپ، قېتىپ قالىدۇ، بىمارنىڭ كۆپىنچە ھەرىكەتلىرى بۇزۇلغان بولىدۇ، يەنى ئىرادىگە بېقىنىدىغان ھەرىكەتلەر بۇزۇلىدۇ ۋە بەزىدە ھەر خىل ھەرىكەتلەر يوقىلىدۇ ھەمدە بىمار ئۆلۈككە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا نە ھەرىكەت، نە ھېس بولمايدۇ ھەمدە نەپەس ئالمايدۇ. بىرەر سۆزگە جاۋابمۇ قايتۇرالمايدۇ.

قوشۇمچە كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى بېشارەتچى ئالامەتلەر شەكلىدە باش قايىدۇ ۋە ئاغرىيدۇ، ھېق تۇتىدۇ. كېسەللىك قوزغالغاندا بىمار سېزىمسىز بولىدۇ. ئىختىيارىي ھەرىكەتلىرى يوقىلىدۇ. مۇسكۇللار كارغا كەلمەيدۇ. تومۇرى ۋە نەپەس ئېلىشى ئىنتايىن سۇس ۋە ئاجىز بولىدۇ. كېسەلنىڭ كۆزى ئوچۇق بولۇپ، چىمچىقلاتماي قاراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ نامى شەخوستۇر. بۇنىڭ مەنىسى كۆز ئوچۇق تۇرۇشتۇر. مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ سېزىش كۈچى ۋاقىتلىق يوقىلىدۇ. بۇ ھالەت بىرقانچە دەقىقىدىن بىرقانچە سائەتكىچە داۋاملىشىپ ئاخىرلىشىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش جۇمۇد بىلەن سۇباتنىڭ پەرقى: سۇباتتا كۆز يۇمۇلغان بولىدۇ، جۇمۇدتا ئوچۇق بولىدۇ. سۇباتتا دەسلەپتە قاتتىق ئۇيقۇ بولىدۇ. ئاندىن كېيىن تەدرىجىي ئېغىرلىشىدۇ. جۇمۇد تۇيۇقسىزلا بولىدۇ. سۇبات ئۇزاق مەزگىلگىچە داۋاملىشىدۇ،

جۇمۇد قىسقا مەزگىلدە يوقىلىدۇ. سۇباتتا تومۇر يۇمشاق، جۇمۇدتا قاتتىق بولىدۇ. سۇبات بولغان بىمار تەستە سۆزلەيدۇ.

جۇمۇد بىلەن سەدەر خەدەرىنىڭ پەرقى سەدەردىن ئىلگىرى باش قېيىش بولىدۇ ھەم بەزىدە سەدەردە ھەرىكەت يوقالمايدۇ ۋە نەپەسلىنىش قائىدىلىك داۋاملىشىدۇ. جۇمۇد بىلەن سەكتىنىڭ پەرقى: جۇمۇد بىمارىنىڭ گېلىدىن ھېچقانداق نەرسە ئۆتمەيدۇ.

جۇمۇد بىلەن سوغۇقتىن بولغان سەرسامنىڭ پەرقى: جۇمۇد بىمارى كۆزىنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدۇ، قاپاقلىرىنى جىپسىلاشتۇرالمايدۇ. يانپاشلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ياتالمايدۇ، گەپ قىلالمايدۇ ھەم بۇنىڭدا قىزىتما بولمايدۇ (نەفىيس).

داۋالاش سەۋدانى تازىلىغۇچى دورىلار بولغان ئۆتكۈر ھۆقنىلەر بىلەن مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ، مەسىلەن: ئەفتىمۇن، بىستىپايەج، ھېلىلە كابۇلى، غارىقۇن قاتارلىقلار. ئەگەر بىمار ئۆتكۈر ھۆقنىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىسە، كېپەك سۈيى، قىزىلچا كۆكى، كۈنجۈت يېغى، ئاز مىقداردا توغرىغۇ ھەم شەھمەنزەل بىلەن تەييارلانغان دورا بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ ھەم سەۋدانىڭ مۇسھىل ھەبلىرى ۋە ئايارەجلەر يېگۈزۈلىدۇ. بۇ ھېس ۋە ھەرىكەت ئەسلىگە كېلىش، قۇۋۋەت كۈچلىنىش شەرتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر قۇۋۋەت ئاجىزلىغان بولسا كۈچى ئازراق بولغان ھۆقنە قايتا - قايتا ئىشلىتىلىدۇ. باشقا تارقاتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ. مەسىلەن: بابۇنە، قۇرۇق زۇپا، ئىكلىلمەلىك، سېرىقچېچەك قاتارلىقلارنى ئەنسىل سىركىسىدە قايناتىپ چېپىلىدۇ. ئىسسىق ياغلار سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: سۇزاپ يېغى، ئاق لەيلى، مەرزەنجۇش يېغى، قۇندۇز قەھرى يېغى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار كېسەللىك تۇتقان ۋە تۇتمىغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئىككى خىل داۋالىنىدۇ. كېسەل تۇتقان ۋاقىتتا بىمارغا ھوشىغا كەلتۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: چۈشكۈرتكۈچى دورىلار بىلەن چۈشكۈرتۈش، باش ۋە يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىش ھەمدە ھۆقنە قىلىش قاتارلىقلار.

ھوشىغا كەلگەندە ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن مۇنزىجتىن كېيىن مۇسھىل بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ھەببى ئايارەج مەتبۇخى ئەفتىمۇن بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن خېمىرى گاۋزىبان ۋە باشقىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىترىفىل زامانى ياكى ئىترىفىل تەلەييىندىن يەتتە گىرام ياكى ئىترىفىل كەشنىزدىن 12 گىرام يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر مۇمكىن بولسا سۇ ۋە ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش ھەمدە ئوزۇقلاندۇرۇش. پەرھىزى ۋە باشقا داۋالاش ئۇسۇللىرى مالىخولىيا ۋە بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش كېسەللىكىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش.

ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى

سەھرىنىڭ مەنىسى ئۇيقۇسىزلىقتۇر، چۈنكى بۇ كېسەللىكتە ئۇيقۇسىزلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا مۇشۇ نام قويۇلغان.

ئۇيقۇسىزلىق بىر خىل كېسەللىكتۇر، بۇنىڭدا ئۇيقۇسىزلىق ئېغىر بولىدۇ ۋە تەبىئىي ھالەتتىكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

ئۇيقۇسىزلىق — مېڭىدىكى روھ، ھېس ـ ھەرىكەت ئەزالىرى تەرەپكە ئۇلارنى ئىشلىتىش مەقسىتى بىلەن بارغان ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى ئۇيقۇسىزلىقنىڭ سەۋەبلىرى ئۈچ خىل بولىدۇ. يەنى ئىختىيارىي سەۋەبلەر، ئەگەشمە سەۋەبلەر، كېسەللىك سەۋەبلىرىدىن ئىبارەت.

ئىختىيارىي سەۋەبلەر: بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ.

① كۆپ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ. بەزى كىشىلەردە مېڭىسىنىڭ قۇرۇقلۇق تەرەپكە مايىل بولۇشى سەۋەبلىك ئۇيقۇسى يېتەرلىك بولىدۇ. يەنى بۇ ئۇنىڭ تەبىئىي ھالىتىدۇر. شۇڭلاشقا قەستائىبنى لوقا ئۆز كىتابىدا ئۇيقۇسىزلىق توغرىسىدا يازغانكى، «مەن بىر ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ 40 كۈنگىچە نە كېچە، نە كۈندۈز ئۇخلىمىغان ئىدى.» مۇھەممەت ئىبنى زەكەرىيا ئېيتقانكى: «مەن بىر قانچە ئادەمنى كۆرگەن، بۇ كىشىلەر 24 سائەت ئىچىدە 4 ~ 5 سائەت ئۇخلىغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئابدۇللا ئىبنى يەھيا بولۇپ، كېچىدە ئۈچ ياكى ئۈچ يېرىم سائەت ۋە كۈندۈزدە بىر ياكى بىر يېرىم سائەت ئۇخلىغان ئىدى» (نەفيس)؛ ②ئىنتايىن يەڭگىل غىزالارنى يېيىشتىن مېڭە قۇرغاقلىشىپ ئۇيقۇ ئازىيىدۇ؛ ③ ئىنتايىن كۆپ تاماق يېيىشتىن ئاشقازاندا ئېغىرلىق پەيدا بولۇپ، ئاشقازان يېقىمسىزلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇيقۇسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ.

قوشۇمچە: چاي ۋە قەھۋە قاتارلىقلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشمۇ ئۇيقۇسىزلىققا سەۋەب بولىدۇ (ت).

ئەگەشمە سەۋەبلەر بۇ، بەدەن ساغلام بولغان ۋاقىتتىمۇ كۆرۈلىدۇ. يەنى بىرەر مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇش، قورقۇش، زىيادە خۇشال بولۇش قاتارلىقلار. بۇ خىل ئەھۋاللار ھەربىر ئادەمگە ئوخشاش تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

قوشۇمچە: قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈش، غەمكىنلىك، مالالچىلىق ۋە بىرەر مۇھىم ئىش سەۋەبىدىن مېڭىدىكى پەرىشانلىق، ئويلىنىش ۋە ئىككىلىنىشنىڭ زىيادىلىقى سەۋەبىدىنمۇ

ئۇيقۇسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ (ت).

كېسەللىك سەۋەبلىرى

(1) ماددىسىز قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بەزىدە مېڭىگە ماددىسىز قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ.

(2) ماددىسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بەزىدە مېڭىدە ماددىسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولىدۇ.

(3) سەۋدا بەزىدە ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىنىڭ سەۋەبى ماددىلىق قۇرۇق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ.

(4) سەپرا بەزىدە ئۇيقۇسىزلىقنىڭ سەۋەبى مىزاجنىڭ ماددىلىق قۇرۇق ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولىدۇ.

(5) بەلغەمى شور بەزىدە مېڭىدىكى بەلغەم ۋە شورلۇق ھۆللۈكلەردىن بولىدۇ.

(6) قىزىتما، ئاغرىق، ھەزىم بۇزۇلۇش ئۇيقۇسىزلىق يەنە قىزىتما، ئاغرىق ياكى ئاشقازان تولۇپ قېلىش يەنى ھەزىم بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ. يەنى قىزىتما سەۋەبىدىن ئىسسىق، ئۆتكۈر ۋە بۇزۇلغان بۇخاراتلار مېڭە تەرەپكە ئۆرلەيدۇ، ئاغرىق سەۋەبلىك بارلىق ئەزالار ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىدۇ. چۈنكى تەبىئەت ئاغرىق بىلەن قارشىلىشىش، يەنى ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىنى يوقىتىش ئۈچۈن بارلىق ئىشلاردىن توختايدۇ. چۈنكى بۇ ئېنىقكى، زىيانلىق نەرسىنى يوقىتىش باشقا پايدىلىق نەرسىنى قوبۇل قىلىشقا نىسبەتەن زىيادە مۇھىم ۋە زۆرۈردۇر. شۇڭلاشقا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا «كۇللىيات» تا ئېيتقانكى، «ئاغرىق بارلىق ئەزالارنى ئۆز خىزمەتلىرىدىن توختىتىدۇ، ھەتتاكى نەپەسلىنىش ئەزالىرىنى ھەرىكەتتىن توختىتىدۇ ياكى نەپەس ئېلىشتا قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. يەنى بىمار توختاپ - توختاپ نەپەس ئالىدۇ ياكى كەينى - كەينىدىن نەپەس ئالىدۇ. قىسقىسى، نەپەس ئېلىشنى تەبىئىي ھالەتتىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئاغرىق نەپەسلىنىش ئەزالىرىنى نەپەسلىنىشتىن توختاتقان چاغدا ئىنسان بىر سائەتمۇ ھايات تۇرالمايدۇ، بۇ چاغدا ئۇخلىيالماسلىق ئادەتتىكى بىر ئىشتۇر». تولۇپ قېلىش، ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن ئاشقازاندا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، چۈنكى غىزانىڭ ئېغىرلىقى ۋە يەللەردىن تارتىشىش پەيدا بولىدۇ، بۇ ھەزىم بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيقۇسىزلىق كۆرۈلىدۇ (نەفىيس).

قوشۇمچە: يۆتەلنىڭ قاتتىقلىقى، جۇنۇن ۋە مالىخولىيا مىراقى ۋە بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش، قەۋزىيەت، قورساق كۆپۈش، جىگەر پائالىيەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى، يەرقان، كەم قانلىق، نۇقرەس،

هامىلدارلىق ۋە تۇغۇت قاتارلىقلاردىن يېقىمسىزلىنىش قاتارلىقلارمۇ ئۇيقۇسىزلىقنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ (ت).

ئالامىتى

(1) ماددىسىز قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش باش ۋە سەزگۈلەردە يەڭگىللىك بولىدۇ. كۆز، بۇرۇن، تىل قاتارلىقلار قۇرۇق بولىدۇ ھەمدە باشتا قىزىقلىق سېزىلمەيدۇ.

(2) ماددىسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش قۇرۇقلۇقنىڭ ئالامەتلىرى (مەسىلەن: يەڭگىللىك ۋە قۇرۇقلۇق) تېپىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باشتا كۆيۈشۈش، ئېچىشىش سېزىمى بولىدۇ، ئۇسسۇزلۇق كۆرۈلىدۇ.

(3) سەۋدا سەۋدا غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

(4) سەپرا سەپرا غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

(5) بەلغەمى شور بۇرنىدىن سۇ ئاقىدۇ، كۆزى چاپاقلىشىدۇ، باشتا ئېغىرلىق سېزىلىدۇ. ئىنسان ئۇيقۇدىن تېز ئويغىنىدۇ ۋە چۆچۈيدۇ.

(6) قىزىتما، ئاغرىق، ھەزىم بۇزۇلۇش ئۇنىڭ ئالامەتلىرى شۇكى، يۇقىرىقى مەزكۇر سەۋەبلەر ئۇيقۇسىزلىقتىن ئىلگىرى بولغان بولىدۇ.

داۋالاش

(1) ماددىسىز قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش مېڭىگە غىزالار ئارقىلىق ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: توخۇ، باچكا، ئوغلاق گۆشى قاتارلىقلارغا قاپاق، پالەك، كاھۇ يوپۇرمىقى، تاتلىق خەشخاش ئۇرۇقى شىرىسى، ئىلمان قايناق سۇلاردىن قوشۇپ پىشۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. غىزا ھەزىم بولۇپ بولغاندىن كېيىن ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ.

نۇتۇل ئىشلىتىلىدۇ بۇ بىنەپشە، نىلۇپەر، كاھۇ يوپۇرمىقى، كۆك يۇمغاقسۈت، بەزرۇلبەنجى، پوستى خەشخاش ۋە ئارپا قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ياكى پاقلان بېشى، پاقلاننىڭ قورساق بوشلۇقىدىكى ئەزالىرى ۋە ئۈچەيلەرنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن تەييار قىلىنغان بو نۇتۇلنى چۆگۈن بىلەن بىمارنىڭ چوققىسىغا بىر غېرىچ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ئارىلىق قالدۇرۇپ قۇيۇلىدۇ.

بىنەپشە، نىلۇپەر، كاھۇ يوپۇرمىقى قاتارلىقلار پۇرىتىلىدۇ، كاھۇ يوپۇرمىقى سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، خەشخاش ئۇرۇقى شىرىسى، نىلۇپەر يېغى، سۇيۇق پۇرىتىلمىلار پۇرىتىلىدۇ. قاپاق يېغى، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى قاتارلىقلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ، تىنچ ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇلىدۇ، چۈنكى، ئارام ئېلىپ تىنچ يېتىشتىن بەدەندە ھۆللۈك پەيدا بولىدۇ. ھەرىكەت

قىلىشتىن ھۆللۈكلەر تارقىلىپ كېتىدۇ، ھۆللۈكلەر ئارام ئېلىش ۋە ھەرىكەت قىلماسلىق بىلەن بەدەندە تۇرىدۇ.

(2) ماددىسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بۇنىڭدىكى ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى تەركىبلەر ماددىسىز قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتا بايان قىلىندى. بۇنىڭغا سوغۇق نەرسىلەر قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

(3) سەۋدا ئۇ دورىلار ئارقىلىق (بۇنىڭ بايانى بىر قانچە قېتىم سۆزلىنىپ بولدى) سەۋدا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ.

(4) سەپرا سەپرا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ ۋە مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ.

(5) بەلغەمى شور ئۇ ھۆللۈكلەر دەسلەپتە بىخسۇس، بىخ بەدىيان، گاۋزىبان ۋە گۈلقەنت قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئايارەج ۋە ھەببى شەبيار ئارقىلىق مېڭىدىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن تاتلىق ياغلارنى ئىلمان قىلىپ باشقا چېپىلىدۇ. مەسىلەن: بابۇنە يېغى، كالا بابۇنىسى يېغى قاتارلىق. ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: تاشلىق زېمىننىڭ بېلىقى، سېمىز توخۇ، پاقلان گۆشى قاتارلىقلارغا قاپاق، پالەك سېلىپ شورپا قىلىپ بېرىلىدۇ. بارلىق ئاچچىق، چۈچۈمەل، تۇزلۇق نەرسىلەردىن ئۆتكۈر خىلىتلار پەيدا بولىدۇ. شۇڭا بۇلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

(6) قىزىتما، ئاغرىق، ھەزىم بۇزۇلۇش كېسەللىك سەۋەبلىرى يوقىتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن سەۋەبلەرنىڭ تەسىرى (ئۇيقۇسىزلىق ۋە كۈچ ئاجىزلىقى) قېپقالسا، ئۇ يوقىتىلىدۇ.

ئۇيقۇ كەلتۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرى ئۇيقۇسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئومۇملاشقان تەدبىر شۇكى، كەچتە بىمارنىڭ پۇت - قوللىرى باغلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ياتىدىغان ئورۇن تەييارلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا مۈگدەشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئالدىغا چىراغ يېقىپ قويۇلىدۇ ھەمدە يېنىغا ئادەملەر توپلاشتۇرۇلۇپ، ئەپسانە ھېكايىلەر سۆزلەپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىمار چارچايدۇ ھەم مۈگدەشكە باشلايدۇ. ئاندىن بىمارنىڭ پۇت - قوللىرى يېشۋېتىلىپ، ئالدىدىكى چىراغ ئېلىۋېتىلىدۇ ۋە كىشىلەر تىنچلاندۇرۇلىدۇ. بۇ تەدبىر ھوشىدىن كەتكۈچىلەرگە قوللىنىلىدىغان تەدبىرنىڭ دەل ئەكسىچىسىدۇر. يەنى ھوشىدىن كەتكەندە نەپەس ئېلىش توسۇلىدۇ ھەمدە چېچى يۇلۇنىدۇ. تاكى چىقىرىش كۈچى بۇ ئەزىيەتنى سېزىپ، چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن تەييار تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ھوشىدىن كېتىشنى پەيدا قىلغۇچى يېقىمسىزلىق يوقىلىدۇ، ھەم بىمار ھوشىغا كېلىدۇ، ھەم ئۇيقۇسىزلىقتا قۇۋۋەت، ھېكايىلەر ۋە يورۇقلۇقلار

بىلەن ئۇيقۇسىزلىقنىڭ دەسلىپىدىلا يېقىمسىزلاندۇرۇپ ھاردۇرۇلىدۇ. تاكى بۇ ھارغىنلىق بىمار ئارام ئېلىش مەقسىتى بىلەن ئۇيقۇنى خالىغۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئورۇندا ئۇيقۇسىزلىق بىلەن قۇۋۋەتنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇيقۇسى كەلتۈرۈلىدۇ. ھوشىدىن كېتىشتە ئۇنىڭ ئەكسىچە قۇۋۋەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ھوشىغا كەلتۈرۈلىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇ تەدبىر كېچىدە قىلىنىدۇ؟ چۈنكى كېچىدىكى ئۇيقۇ كۈندۈزدىكىگە قارىغاندا بەدەنگە ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

ئۇنىڭ بىر قانچە سەۋەبلىرى بار: ① بەدەن كېچىدە ئۇخلاشقا ئادەتلەنگەن؛ ② بەدەن ھارارىتى كەچتە ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى سەۋەبىدىن بەدەن ئىچىگە يۈرىدۇ. بۇنىڭدىن يېمەكلىك تولۇق ھەزىم بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن ھۆللۈك پەيدا بولىدۇ. بۇ ھۆللۈك ئۇيقۇ ماددىسىدۇر؛ ③ كەچتە قاراڭغۇلۇق بولىدۇ. قاراڭغۇدا سەزگۈلەر توختايدۇ. كۈندۈزدە يورۇقلۇقلارنىڭ سەۋەبىدىن سەزگۈلەر ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە تارقايدۇ. تەبىئەت ئۇنى ئىچكى تەرەپكە يۈرگۈزىدۇ ۋە ئارام ئالغىلى قويمايدۇ ھەم كۈندۈزدە ھاۋا ئىسسىق بولىدۇ. بۇ ئىسسىقلىق بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتى بىلەن ئوخشاشلىقى سەۋەبىدىن ھۆللۈك ۋە تەبىئىي بەدەن ھارارىتىنى چىقىرىلغان تەرەپكە تارتىدۇ. ئۇيقۇ ۋە ھەزىم قىلىش ئىككىلىسى ياخشى بولمايدۇ (نەفىيس).

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان ئۇسخىلار كېسەللىك سەۋەبى يوقىتىلىدۇ. مەسىلەن: يۆتەل، جۇنۇن، قەۋزىيەت، يەرقان، قىزىتما قاتارلىقلارنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بۇ كېسەللىك كۆپىنچە مېڭىنىڭ قۇرۇقلۇقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىق مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش بولۇشى لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن، بادام مېغىزى ھالۋىسى يېگۈزۈلىدۇ (ئۇسخىنى ئاجىزلىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنىڭ ئىلاجىدىن كۆرۈڭ) ھەمدە يەتتە خىل مېغىزنىڭ يېغى، كاھۇ يېغى، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى يېغى ۋە تاتلىق بادام يېغى قاتارلىقلارنى باشقا سۈركەش ۋە ئۇزۇنغىچە ئەستايىدىللىق بىلەن سوغۇق پۇراقلارنى پۇرىتىش، چاچنى چۈشۈرىۋېتىپ باش چوققىسىغا زىمات ئىشلىتىشمۇ پايدىلىق.

زىمات ئۇسخىسى نىلۇپەر ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئاق سەندەل، كافور ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، ئەپيۇن، زەپەر 0.48 گرامدىن. يۇقىرىقى دورىلارنى ئېزىپ گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، 24 گرام كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ. ئەرقى سۈت ۋە قۇرسى مۇسەللەسنى ئىشلىتىشمۇ پايدىلىق. ئەگەر ئۇيقۇسىزلىقنىڭ سەۋەبى بىرەر ئورۇندىكى ئاغرىق ۋە باشقىلار بولسا، ئەپيۇننىڭ مۇرەككەباتلىرى، مەسىلەن: ھەببى جەدۋار، بەرشىشا قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى ھەم ئاغرىق پەسەيتكۈچىدۇر. 48 ~ 60

گىرامغىچە شارابنى ئىلمان سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىچكۈزۈشمۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا يەڭگىل، ئاسان سىڭىدىغان، مەسىلەن: سۈت، ساگۇدانە، ھالۋا، ئارپا ئېشى، ئانار، ئۈزۈم، ئالما، ئامۇت قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ، غىزا ئۇخلاشتىن 4 ~ 5 سائەت ئىلگىرى بېرىلىدۇ. باشقا كېسەللىكلەر ۋە سەۋەبلەردە شۇلارغا خاس غىزالار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇش لازىم.

پەرھىز ئىسسىق تەبىئەتلىك، يەل پەيدا قىلغۇچى ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن، كۆپ كىتاب ئوقۇش، كۆپ باش قاتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈش، ئاپتاپتا يول يۈرۈش ھەم جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ كۆپ بولۇشىدىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

كۆرسەتمە ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق قىزىتمىدىن بولغان بولسا، ئالىقان ۋە تاپاننى ئۇۋۇلاش، پاشويە قىلىش، لېكىن باشقا ياغ چاپماسلىق لازىم،ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىدە پۇرتىلمىلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. كالىنىڭ سېرىقمېيى (سۇ بىلەن يۇيۇپ) ياكى بادام يېغىنى ئالىقان ۋە تاپانلارغا سۈركەشمۇ ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. بىمارنى ھاۋاسى ساپ ئورۇنلاردا تۇرغۇزۇش، كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىشلارغا مەھلىيا قىلىش ۋە قىسسە ـ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىش، تىنچلىقنى ساقلاش لازىم. كەچتە بىمارغا چاي، قەھۋە قاتارلىقلارنى قەتئىي بەرمەسلىك، ئۇخلاشتىن 4 ~ 5 سائەت ئىلگىرى تاماق يېگۈزۈش، ئۇخلاش ۋاقتىدا تاماق يېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، سىڭىشلىك ھەم تېز ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكلەرنى بېرىش، ئىسسىق سۈت، خام شورپا قاتارلىقلارنى بەرمەسلىك كېرەك. ياز پەسلى بولسا رەختنى ھۆللەپ بېشىغا قويۇش، ئەگەر قىش پەسلى بولسا، قولتۇق ۋە چات يېرىقلىرىغا ئىسسىق سۇ خالتىلىرىنى قويۇش، بىمارنى ھاۋالاندۇرۇش ئۈچۈن ئەتىگەن ـ كەچتە پىيادە سەيلە قىلدۇرۇش لازىم.

ئۇنتۇغاقلىق

نىسياننىڭ مەنىسى ئۇنتۇشتۇر. چۈنكى بۇ كېسەلدە چوقۇم ئۇنتۇش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ چوقۇم بولىدىغان ئالامەتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، نىسيان بۇ كېسەللىكنىڭ نامىدۇر. نىسياندا ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتى، چۈشىنىش قۇۋۋىتى، تەپەككۇر قۇۋۋىتى قاتارلىقلاردا بۇزۇلۇش بولىدۇ.

خىيال قىلىش قۇۋۋىتى بىر خىل قۇۋۋەتتۇركى، بۇ غايىبقا ئېيتىلغان. يەنى خىيال ئامبىرىدا ساقلانغان. ھازىر بولمىغان نەرسىلەرنىڭ ھالەتلىرى① ھازىر قىلىنىدۇ.

ئەستە ساقلاش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ نامى ئەسكە ئېلىشنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. چۈشىنىش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ نامى چۈشىنىشنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. خىيال قىلىش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ نامى خىيال قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشى دېيىلىدۇ.

قوشۇمچە بەزى ئېنىقلىغۇچىلار مېڭە ئاجىزلىقىدىن باشقا بۇنىڭدىمۇ ئەستە ساقلاشنىڭ ئاجىزلىشىشى چوقۇم بولىدۇ، دەپ ئېيتقان. ئۇنتۇغاقلىق تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. سۆزلەشنىڭ بۇزۇلۇشى (بۇنىڭدا نىسيانىنىڭ سەۋەبىدىن بىمارنىڭ سۆزلەش قۇۋۋىتى يوقالغاندەك بولىدۇ).

2. يېزىشنىڭ بۇزۇلۇشى (بۇنىڭدا بىمارنىڭ يېزىش قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ).

3. ئىشارەت قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى (بۇنىڭدا بىمارنىڭ ئىشارەت قىلىش قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ).

4. چۈشىنىش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى: بۇنىڭدا بىمارنىڭ چۈشىنىش قۇۋۋىتى بۇزۇلىدۇ، بۇنىڭ ئوخشاشمىغان دەرىجىلىرى بولىدۇ، بىمار ئىرادىسىگە بېقىنمىغان ھالدا خاتا گەپ قىلىدۇ.

سەۋەبى يۇقىرىقى مەزكۇر تۈرلەردىكى نىسيانىنىڭ سەۋەبلىرى مۇشۇنداق بايان قىلىندى.

بەزى مېڭە كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: مېڭە ئاجىزلىقى، مېڭە يۇمشاش، سىفلىس ماددىلىرىنىڭ مېڭىگە يېتىپ بېرىشى، مېڭىدىكى قۇرۇقلۇق، تەشەننۇج، پالەچ قاتارلىقلار ھەم مېڭىنىڭ قۇۋۋەت مەركىزى بولغان پېشانىنىڭ سول تەرىپىدە بىرەر ئاپەتنىڭ كۆرۈلۈشى بىرەر سەۋەبتىن پەيدا بولغان بولسا، يەنى بۇ جايدىكى قان تومۇرلار بىرەر سەۋەبتىن (ئۆسمە ۋە باشقىلار) توسۇلۇپ، بۇنىڭدىن قان ئايلىنىشتا توسالغۇ پەيدا بولغان بولسا، ئۇنتۇغاقلىق پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاساسەن مەشغۇلاتلارنى كۆپ قىلىش ۋە قورقۇشمۇ ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

ئەسكە ئېلىشنىڭ بۇزۇلۇشى ئەستە ساقلاش كۈچىنىڭ يوقىلىشى ياكى كەمچىل بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

---

① ھالەت — تېبابەتچىلىكتە سىرتقى سەزگۈلەر بىلەن ئېنىقلانغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: شەكىل، پۇراق، تەم، ئاۋاز، ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇق قاتارلىقلار، بۇ ھەممىسى ھالەتلەرگە تەۋە. شۇنىڭدەك مەنىلەر ئۇ چۈشەنچىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ. بۇلار مېڭە ئىچىدىكى كۈچلەردىن ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن: سۆز ۋە ھەرپلەرنىڭ مەنىسى، دوستى، دۈشمىنى قاتارلىقلار.

سەۋەبى

1. هۆل سوغۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش مېڭىدە هۆل سوغۇقلۇقنىڭ غالىب بولۇشى سەۋەبىدىن مېڭە ئۇچۇرلارنى ساقلىيالمايدۇ.

2. قۇرۇق سوغۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بەزىدە چۈشىنىش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبى مېڭىنىڭ ئارقا قىسمىدا قۇرۇق سوغۇقلۇقنىڭ غالىب كەلگەنلىكىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭغا بىرەر نەرسە بېسىلمايدۇ، مۇشۇنداق دائىم تەبىئىي هالەتتە بېسىلىپ تۇرىدۇ.

ئالامىتى هۆل سوغۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامىتى: ئۇيقۇ كۆپ كېلىدۇ. باشنىڭ كەينى تەرىپىدە ئېغىرلىق بولىدۇ هەمدە مېڭىدىن هەمىشە هۆللۈكلەر چىقىپ تۇرىدۇ.

قۇرۇق سوغۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامىتى بىمار هەمىشە ئۇيقۇسىز بولۇپ، بۇرنى قۇرۇق بولىدۇ. تېز ۋە ئارقمۇئارقا سۆزلەش بىمارغا قىيىن كېلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا (يەنى يۇتقۇنچاقنىڭ مۇسكۇللىرىدا قۇرۇقلۇق غالىب كەلگەن چاغدا) گويا بىمارنىڭ گېلى بوغۇلغاندەك ياكى بېشى ئارقىغا تارتىلغاندەك هالەتتە بولىدۇ.

داۋالاش هۆل سوغۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ئۆتكۈر هۆقنىلەر بىلەن مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا قەنتەرىيۇن، ئوغرىتىكەن، جاۋشىر، بۆرە ئەرمىنى، شەهمەنزەل ئۇرۇقى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

بوقرات، بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا قۇستۇرۇش بىلەن چىقىرىپ تاشلاشنى مەنئى قىلغان، بۇنىڭدا بىرەر شەك يوقتۇر. قۇستۇرۇش بىلەن چىقىرىپ تاشلاش بۇ كېسەللىكتە، شۇنداقلا پۈتۈن مېڭە كېسەللىكلىرىدە مەنئى قىلىنغان. چۈنكى قۇستۇرۇش بىلەن ماددىلار ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ. ئەگەر هۆقنە ئارقىلىق مېڭە پاكىزلانمىسا ئايارەج پەيقىرا يېگۈزۈلىدۇ، غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ قىچا، سىيادان، ئاقىرقەرها قاتارلىقلارنىڭ قايناتىلمىسى ۋە هەسەلدىن تەييار قىلىنغان بولسۇن. تۇربۇت، قۇندۇز قەهرى قاتارلىقلار بىلەن چۈشكۈرۈك كەلتۈرۈلىدۇ. تازىلاش ۋە پاكىزلاشتىن كېيىن مىزاجنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىلالار ئىشلىتىلىدۇ، بۇ، توغرىغۇ، قۇندۇز قەهرى، قىچا، ياۋا سۇزاپ، ئەنسىل سىركىسى، سەۋسەن يېغى بىلەن تەييارلانغان بولسۇن. بوشاشتۇرغۇچىلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: سەۋسەن يېغىدا قۇندۇز قەهرى ئېرىتىپ چېپىلىدۇ. مەجۇنلەر يېگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭغا بالادۇر، ئېگىر چۈشكەن بولسۇن. مەجۇنى بولسمۇ بۇ كېسەللىك

ئۇچۇن پايدىلىقتۇر. ئەنسىل سىركىسىدىن تەييارلانغان سىركەنجۇبىل بۇ كېسەللىككە ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. چۈنكى بۇ ئۆزىنىڭ خاسىيىتى بىلەن قويۇق خىلتلارنى لەتىفلەشتۈرىدۇ ۋە كېسىدۇ.

مەجۇنى بولسىنىڭ نۇسخىسى بۇ ئەستە ساقلاش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. بالادۇر 300 گىرام، سېرىق سەبرە 468 گىرام، غارىقۇن 108 گىرام، قېلىن دارچىن، زىراۋەندە، زەپەر، نېپىز دارچىن، مەستىكى ھەر بىرى ئىككى گىرامدىن، قۇستە، سۇزاپ ئۇرۇقى، ئاقمۇچ ھەر بىرى 32 گىرامدىن، ئەفتىمۇن 30 گىرام، ھەسەل مۇۋاپىق مىقداردا. يۇقىرىقى دورىلاردىن مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى 4 ~ 6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئەنسىل سىركىسىنىڭ نۇسخىسى ئاق ياۋا پىياز (ئەنسىل) نى پاكىزلاپ، ئۇنى ياغاچ پىچاق بىلەن كېسىپ، سايىغا 40 كۈنگىچە ئۆزئارا تېگىشتۈرمەي ئېسىپ قويۇپ، ئاندىن بۇ ئەنسىل سېغىزدىن ياسالغان كۆك ساپال قاچىغا سېلىنىدۇ، ئەگەر ئەنسىل 500 گىرام بولسا، ئۇنىڭغا توققۇز كىلوگىرام سىركە قۇيۇپ، ئاپتاپتا توپتوغرا ئىككى ئاي قويۇپ قويۇلىدۇ. قۇياش جەۋزا ياكى① سەرتان ياكى ئەسەد بۇرجىدا بولسۇن بەزى كىشىلەر مەزكۇر پىيازنى قۇرۇتمايدۇ. سىركىگە سېلىپ ئاپتاپ سۇر بۇرجىنىڭ 30 - دەرىجىسىدە② بولغاندا قويۇپ ھەتتاكى ئاپتاپ ئەقرەپ بۇرجىنىڭ 20 - دەرىجىسىگىچە يېتىپ بارغۇچە (يەنى ئىسسىق پەسىلدە ئاپتاپتا تەخمىنەن ئالتە ئايغىچە قويۇلىدۇ). سىركەنجۇبىل ئەنسىلى يۇقىرىقى مەزكۇر سىركىدىن تەييارلىنىدۇ.

قۇرۇق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ھۆللۈك ۋە ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش مەقستى بىلەن ئىسسىق ۋە ھۆل غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: چۈجە گۆشى، پاقلان گۆشلىرى قاتارلىقلار شورپا قىلىپ بېرىلىدۇ. بوشاشتۇرغۇچىلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: كاللا - پاچاق يىلىكى، تاتلىق بادام يېغى، بابۇنە يېغى قاتارلىقلار. باش قىسمىغا بابۇنە، زىغىر، بىنەپشە قاينىتىلمىسى قاتارلىقلار نۇتۇل قىلىنىدۇ.

پىكىر قىلىش بۇزۇلۇش پىكىر قىلىش بۇزۇلۇشنىڭ مەنىسى، بىمارنىڭ بىرەر ئىشنى

---

① 12 بۇرجتىن ھەربىر بۇرجتا قۇياش بىر ئاي تۇرىدۇ ھەمدە يىلدا 12 بۇرجلاردا بولىدۇ. ھەمەل، سەۋر، جەۋزا، سەرتان، ئەسەد، سۇنبۇلە، مىزان، ئەقرەب، قەۋس، جەدى، دەلۋە، ھوت.

② ھەربىر بۇرجتا 30 دەرىجە بولىدۇ. ئاپتاپ دەرىجىسى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارىدۇ.

تامامەن ئۇيلىيالماسلىقىدۇر. يەنى بىمار مېڭىسىدە بۇرۇندىنلا مەۋجۇت بولغان تەرتىپ بېرىلگەن چوڭ - كىچىك ئىشلاردىن بىرەر يېڭى نەتىجىنى خۇلاسىلىيالمايدۇ. ھەمىشە ئۇيلىنىپلا يۈرۈيدۇ ياكى بىمارنىڭ خىيالى چېچىلىپ كېتىدۇ.

سەۋەبى ھۆل سوغۇقلۇق مېڭىدە غالىب بولىدۇ.

ئەگەر چوقۇم پىكىر بۇزۇلۇش ئىسسىقتىن بولسا، پىكرى چېچىلاڭغۇ بولىدۇ. بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى پەقەت ماددىسىز سوغۇقلۇق غالىب كەلگەنلىكتىن بولىدۇ ۋە بەزىدە سوغۇقلۇق بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ بىرگە كېلىشىدىنمۇ بولىدۇ. پىكىر بۇزۇلۇش گەرچە ئۇنتۇغاقلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنتۇغاقلىققا يېقىندۇر. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئاغرىغان بىمار مېڭىدە ساقلانغان ئۇچۇرلاردىن نەتىجە چىقىرالمايدۇ، ئۇچۇرلارنى تونۇشتۇرالمايدۇ، تونۇشتۇرۇش بىلەن ئۇ ئۇچۇرلارنى بىلەلەيدۇ ھەم ئۇنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇنتۇغاقلىق كېسىلى بولغان كىشىنىڭ ھالىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇ بىمارنىڭ قىياس① تەركىبلىرىنى ئۇنتۇغان بولىدۇ ھەمدە ئۇنى يادىدا تۇتالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىك نىسيانغا ئوخشاش دېيىلگەن. جىمى تېبابەت ئەھلى بۇ كېسەللىكنى ئەخمەقلىق كېسىلى دېگەن. بىماردىكى بۇ بۇزۇلۇش بىمارنىڭ ئائىلىسى، بالا - چاقىلىرى، ئۇنىڭ ئەخلاقي، ئەقلي، ئەمەلي ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شەرت ئاستىدا بۇ كېسەللىكنىڭ نامىنى زېھنىنىڭ تۆۋەنلىشى دەپ ئاتىغان. بۇ كېسەلدىكى بۇزۇلۇش ئىنچىكە ئىلىملەر ۋە مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شەرت ئاستىدا.

ئالامىتى ئەستە ساقلاش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى ۋە كەمچىل بولۇشىنىڭ ئالامەتلىرى، بۇ ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلغان ھالەتتە بولىدۇ.

داۋالاش ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتى بۇزۇلغانلىقنىڭ داۋاسىنى قىلىش، مېڭىنى تازىلاش، مىزاجىنى تەڭشەش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەسلەش كۈچىنىڭ بۇزۇلۇشى بۇ، خىيال قىلىش پائالىيىتىنىڭ ناچار ۋە ئاجىز بولۇشىدۇر، بىمار تامامەن چۈش كۆرمەيدۇ ياكى ئازراق كۆرگەن بولسا ئۇنتۇپ قالىدۇ. بىماردا گۇمان بولىدۇكى، بىرەر چۈش كۆرمىگەندەك ھېس قىلىدۇ ياكى ئاخشام كۆرگەن چۈشلىرىدىن ئاز بىر قىسمى تەرتىپسىز يادىدا قالغان بولىدۇ. قىلغان سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ جەزم قىلىدۇكى، مەن چۈش كۆردۈم، لېكىن ئۇنتۇپ قالدىم، دەيدۇ. ئۇمۇرى تەخەييىلىنىڭ

---

① قىياس — ئۇ بىر نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىشلار ۋە ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلاردىن بىرەر نەتىجە چىقىرىلىدۇ.

(خىيال قىلىنىدىغان ئىشلار) مەنىسى ئۇ سۈرەتلەرنىڭ① خىيال ئامبىرىدا ساقلىنىشىدۇر، بۇ سەزگۈلەردىن ئېنىقلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ سۈرەتلەر سىرتقى بەش سېزىمدىن يوقالسا، بەئەينى ئۇلارنى ھازىر قىلىدۇ.

بەزىدە بىمارنىڭ خىيال كۈچى تامامەن يوقىلىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنىڭدا بىمار كۈندۈزى ۋە كېچىسى كۆرگەن نەرسىلەرنى ئۇنتۇيدۇ ھەمدە سىرتقى بەش سەزگۈدىن يوقالغاندىن كېيىن ئۇ سېزىملارنى ئەسلىيەلمەيدۇ، يەنى يادىغا ئالالمايدۇ. بىمارنىڭ ئەستە ساقلاش قۇۋۋىتى سەزگۈلەردىن ئېنىقلانغان مەنىلەرنى تەرتىپ ۋە تەپسىلاتى بويىچە ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

سەۋەبى بۇ تۈرنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇنىڭدىن ئەستە ساقلاش كۈچىگە نۇقسان يېتىدۇ. يەنى ھۆللۈكى ياكى قۇرۇقلۇقى ئېشىپ كېتىدۇ. پەرقى پەقەت شۇ بولىدۇكى، بۇ تۈرى كۆپىنچە قۇرۇقلۇقتىن پەيدا بولىدۇ. ئەستە ساقلاشقا نۇقسان يېتىش ھۆللۈكتىن بولىدۇ.

ئالامىتى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى ئىككىلىسىنىڭ ئالامەتلىرى ھەم داۋالاش ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولىدۇ.

خىيالنىڭ قالايمىقان بولۇشى بىمار مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەرنى خىيال قىلىدۇ. كۆزىگە يوق نەرسىلەر كۆرۈنىدۇ. نەرسىلەرنى باشقا ھالەتلەردە كۆرىدۇ، بۇ مېڭە خىزمىتى قالايمىقانلىشىش تۈرىدىن بولۇپ، قىسمەن ياكى تولۇق يوقىلىشى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىسسىقتىنلا بولىدۇ (باشقا نەرسىدىن بولمايدۇ). بۇ تۈرنى نېمە ئۈچۈن نىسيان دەپ ئاتىغان؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، خىيالدا تەشۋىش ياكى پاراكەندىچىلىك كۆرۈلگەن بولسا، سەزگەن شەكىللەرنى مەۋجۇت بولمايدىغان ھالەتتە ساقلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ شەكىللەر مەۋجۇت بولمايدۇ. بەلكى باشقا ھالەتلەرنى ساقلاپ قالىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن بىمار سىرتقى شەكىللەرنى ئۇنتۇيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەستە ساقلاش قۇۋۋىتى توسالغۇغا ئۇچرىسا، توغرا ئۇچۇرلارنى ئۇنتۇپ، توغرا بولمىغان ئۇچۇرلارنى يادىدا ساقلاپ قالىدۇ (نەفىيس).

ھېكايە: جالىنۇس ئۆزىنىڭ كىتابىدا بايان قىلغانكى، رۇمنىڭ جەڭ بولغان تەرەپلىرىدە كۆپ كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن، بەزى كىشىلەر ئۆلۈمدىن ئامان قالغان ئىدى. ئۇلار چىرىگەن

---

① موللا نەفىيس بۇ جايدا يازغانكى، ھېسسىي مۇشتەرىك تامام ھالەتلەرنىڭ ئاساسىدۇر. ئەگەر بۇ ھالەتلەر ھېسسىي مۇشتەرىككە تەسىر قىلسا، گويا ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك مەلۇم بولىدۇ. ھېسسىي مۇشتەرىككە ھالەتلەر مۇشۇنداق سىرتقى سەزگۈلەردىن كېلىدۇ ۋە تەسىر قىلىدۇ. ئاشۇنىڭدەك ئىچكى سەزگۈلەردىن يەنى خىيال ۋە خىيال قىلىش قۇۋۋىتىدىنمۇ ھالەتلەر ئىچكى ياكى سىرتقى سەزگۈلەرنى ھېسسىي مۇشتەرىككە كەلگەندىن كېيىن خىيالغا تەسىر قىلىدۇ، مېڭىدىكى قۇۋۋەتلەر ئۆزئارا ئۇدۇلمۇئۇدۇل قويۇلغان ئەينەكلەرگە ئوخشايدۇ ھەمدە ھەربىر ئەينەكنىڭ ئەكسى ئىككىنچىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان بولىدۇ. بۇ كېسەلدە چۈشىنى ئەستە ساقلىيالماسلىق ۋە ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى خىيال قىلىش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىدۇر.

جەسەتلەردىن بۇزۇلغان ھاۋادا ياشىغان ئىدى. بۇ كىشىلەر بىر مەزگىل مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالدى، بۇنىڭدىن ئۇلار شۇنداق ئۇنتۇغاق بولۇپ كەتتىكى، يادىدا بولغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ھەتتاكى ئۆزىنىڭ ئىسمى ھەم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ ئۇنتۇدى. ئۆزىنى ۋە دوستلىرىنى تونۇيالمىدى. مەن بىر كىشىنى كۆردۈم. بىر كېچە بىر ئۆلۈك بىلەن بىرگە تۇردى. ئۆلۈك شۇ قەدەر مەينەت ئىدىكى، تىل بىلەن بايان قىلغىلى بولمايتتى. بۇ كىشىدە ئۇنتۇغاقلىق مۇشۇنداق پەيدا بولغان ئىدى، بۇنى جالىنۇس رۇمدىكى كىشىلەردىكىدەك بايان قىلغان.

سەۋەبى مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىدە سەپرا غالىب كەلگەن ياكى بۇنىڭدا ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولغان بولىدۇ.

ئالامىتى باشنىڭ ئالدى قىسمى ئىسسىق بولىدۇ. بۇرۇن ئىچى قۇرۇق بولىدۇ. بارلىق رەڭلەر كۆزگە ئوت رەڭگىدە كۆرۈنىدۇ.

داۋالاش ئەگەر سەپرادىن بولغان بولسا، سەپرا ماددىسىنى مېڭىدىن يەڭگىل ھۆقنە ۋە ھېلىلە قايىنتىلمىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش سەرسامدا سۆزلەنگەن دورىلار ئارقىلىق تەنقىيە قىلىش، تىلا، ياغ ۋە نۇتۇل قاتارلىقلار ئارقىلىق مېڭىنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش، لېكىن ئېنىق سەپرادىن بولغىنىدا تەنقىيەدىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ۋە ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشتا دەسلەپتىلا تەڭشەش، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن چارىلەر مېڭىنىڭ ئالدى قىسمىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار كېسەللىكنىڭ ئەسلىي سەۋەبى يوقىتىلىدۇ (مۇناسىپ چارىلەر بىلەن). ئەگەر مەشغۇلاتلارنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن مېڭىدە قوزغىلىش بولغان بولسا بىمار ئارام ئالدۇرۇلىدۇ. مېڭىنىڭ قوزغىلىشىنى توختىتىش ئۈچۈن، تىنچلاندۇرغۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئەپيۇننىڭ مۇرەككىباتلىرى ۋە باشقىلار. ئەگەر ئۇنتۇغاقلىق بەلغەم ھۆللۈكىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بەلغەمنىڭ مۇنزىج، مۇسھىللىرى ئىچكۈزۈلىدۇ (نۇسخا ئۈچۈن سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا قارالسۇن). ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەتىگەندە كۇشتە قىلىنغان مارجاندىن ئىككى بەرىنج، كۇشتە قىلىنغان خۇبسۇلھەدىدتىن ئىككى بەرىنج بەش گىرام خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. كەچتە يەتتە گىرام ئىترىفىل ئۇستىقۇددۇس سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنتۇغاقلىق كۆپىرەك بەلغەمى ماددىلارنىڭ غالىبلىقى ھەم مېڭە ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. مېڭە ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولسىمۇ يۇقىرىقى نۇسخا پايدىلىق بولىدۇ.

ئەگەر ئۇنتۇغاقلىق مېڭىدىكى ھۆللۈكنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن بادام مېغىزى ھالۋىسى يېگۈزۈلىدۇ (مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشقا قارالسۇن). بادام مېغىزى، خەشخاش يېغى، كاھۇ يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىقلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم ياكى قوشۇپ باش مايلىنىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش سىڭىشلىك، ئاسان ھەزىم بولىدىغان ھەم كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

پەرھىزى ئەگەر بەلغەمى ھۆللۈكتىن بولغان بولسا سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق ھاۋادىن ساقلىنىلىدۇ. ئەگەر مېڭىدىكى ھۆللۈكنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن بولسا، سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۆپ باش قاتۇرۇش، جىنسىي ئالاقىنى كۆپ قىلىش، كىتاب كۆرۈش ۋە جىسمانىي ئەمگەكنى كۆپ قىلىشتىن ساقلىنىلىدۇ.

كۆرسەتمە ئەتىگەن، كەچتە ھاۋالىق جايلاردا سەيلە قىلىش ھەمدە كۆڭۈلنى خۇشاللاندۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىش لازىم.

مالىخولىيا

پىكىر بۇزۇلۇش سەۋەبىگە قارىتا قويۇلغان ئىسىمدۇر. چۈنكى مالىخولىيانىڭ لۇغەت مەنىسى «قارا خىلىت» بولىدۇ. يوھەننا ئىبنى سەرافيون مالىخولىيانىڭ مەنىسىنى غەم - ئەندىشە ياكى قورقۇنچ① دەپ ئېيتقان. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامى ئەگەشمە ئالامەت② نامى بىلەن قويۇلغان. بۇ سۆزنىڭ توغرىسى مالىنخۇلىيادۇر، يەنى «ل» دىن كېيىن «ن» دۇر. بۇ يۇنانچە ھەرپ ۋە يۇنانچە لۇغەتلەرنى ئېنىقلاشتىن بىلىنىدى. بۇنىڭ مەنىسى قارا سەپرا (ئاچچىق سەۋدا) دۇر. مالىن — قارا. خۇلىيا — سەپرا دېگەن مەنىدە. مالىخولىيا بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭغا گىرىپتار بولغان بىماردا گۇمانخورلۇق، پىكرى بۇزۇلۇش ھەم قورقۇش بولىدۇ.

مالىخولىيادا پىكىر ئۆزگىرىش ۋە گۇمان ئومۇمەن، ئادەت ۋە شەكىل ھالەتلىرىگە مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ بىمارنىڭ خىيالىدا ساغلاملىق ھالىتىدە توپلانغان بولىدۇ، مەسىلەن: بىر كۇلالچى ئۆزىنى مەن توپىدىن ياسالغان بىر ساپال ئادەم دەپ خىيال قىلىپ، ئۇ بىرەر يېرىم سۇنۇپ

---

① قورقۇنچ — بىر نەپسانىي كەيپىياتتۇر. بۇنىڭدا روھ ۋەقە ياكى خىيالىي زىيانلاردىن قېچىپ ئىچكى تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ. نەپسانىي كەيپىيات: بۇنىڭ بەدەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتۇر (مەسىلەن: رەڭ - بەدەن بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر)، بەلكى ئۇ روھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: قورقۇنچ، غەم، ئاچچىقلىنىش، خۇشاللىق ۋە باشقىلار.

② ئەگەشمە ئالامەت — بۇ ھالەتنىڭ نامىدۇر. بۇ بىرەر كېسەلدە پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: مالىخولىيا كېسەللىرىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىدىن ئورۇنسىز قورقۇنچ پەيدا بولىدۇ.

كەتمىسۇن دېگەن قورقۇنچ بىلەن ئادەملەر ۋە تاملارغىمۇ يېقىن كەلمىگەن ئىدى. يەنى بىر كىشى خوراز سېتىۋالدى ھەم ئۇلارنى بېقىپ سەمرىتتى. ئاندىن ئۇلار يوقاپ كەتتى. ئاندىن ئۇ خىيال قىلدىكى، مەن خوراز بولۇپ قالدىم، دەپ ئويلاپ، ياغاچ ئۈستىگە چىقىپ قولى بىلەن يانپىشىغا ئۇرۇپ خورازغا ئوخشاش ئۇزۇنغىچە چىللىدى.

يەنە بىر بىمار يىلان باققۇچىلارنىڭ سورۇنىغا كۆپ باراتتى. ئۇ بىردەم يىلان قورسىقىمغا كىرىۋالدى، دەپ خىيال قىلسا، بىردەم يىلان جىگىرىمنى يېدى، دەپ خىيال قىلاتتى.

سەۋەبى

مالىخولىيانىڭ ھەقىقىي سەۋەبى نېمە؟

يېقىنقى زاماندىكىلەر بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ئېنىق ئەمەس، مېڭە توقۇلمىسىدا بىرەر ئاشكارا ئۆزگىرىش كۆرۈلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن قەدىمكىلەر بۇ كېسەللىك سەۋدا غالىب كەلگەنلىكتىن پەيدا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا سەمەرقەندى: بۇ مېڭىدىكى ئۆزگىرىش سەۋدا مىزاجى سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ مېڭىدىكى روھنى قورقىتىۋېتىدۇ، قاراڭغۇ ۋە قارىلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭدا قورقۇنچ بولىدۇ، دەپ ئېيتقان. مالىخولىيا بىمارى ئۈچۈن غەم - ئەندىشە، غەم پەيدا قىلىدىغان ئادەتتىكى سەۋەبلەر كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمار ھەمىشە غەمكىن يۈرىدۇ، ئادەتتىكى قورقۇش ھاجەتسىز بولغان نەرسىلەردىن قورقىدۇ. مەسىلەن: ئۆتكەن زاماندىكى خەتەرلەر ۋە ئاغرىقلارنى ياكى كەلگۈسىدىكى خەۋپلەرنى يادىغا كەلتۈرۈپ قورقىدۇ. ھەتتاكى بۇ بىمار بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىدىن قورقىدۇ. بەزى بىمارلار بىرەر ئىشنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورققاندا كېسەللىك قوزغىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىنىشىدە بىرەر سەۋەب چوقۇم بولىدۇ. لېكىن بىمار بۇنىڭدىن زىيادە قورقۇپ كېتىدۇ.

سەۋدانىڭ بەدەندە توپلىنىۋېلىشى مالىخولىيا سەۋدانىڭ بەدەندە توپلىشىپ قېلىشىدىن بولىدۇ. ئۇنىڭ قارا بۇخارلىرى مېڭىگىچە ئۆرلەيدۇ. بۇ سەۋدا تۆت خىلتنىڭ بىرەرسىنىڭ كۆيۈشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئاساسەن مالىخولىيا قاندىن بولغان سەۋدا، بەلغەمى سەۋدا، سەپراۋى سەۋدا، سەۋداۋى سەۋدا دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

باشنىڭ سەۋدادىن تولۇپ قېلىشى بەزىدە مالىخولىيا پەقەت باشنىڭ سەۋدا ماددىسى بىلەن تولغانلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. سەۋدا پۈتۈن بەدەنگە تارقالمايدۇ.

بەدەنگە سەۋدا يىغىلىۋالغانلىقىنىڭ ئالامىتى تېرىسى قارا، بەدىنى يەڭگىل ۋە ئورۇق بولىدۇ. ئۇ بىماردا كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى سەۋدانى پەيدا قىلغۇچى غىزالارنى

ئىستىمال قىلغانلىق تارىخى بولىدۇ. مەسىلەن: تۇزلاپ قۇرۇتۇلغان گۆش ۋە تۇزلاپ پىشۇرۇلغان بېلىق يېگەن بولىدۇ. غىزا يېيىشتىن ئىلگىرى قاتتىق ئەمگەك قىلغان ۋە جاپا تارتقان بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن تومۇرى قاتتىق ۋە قارىمۇقارشى بولىدۇ. تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى سۇزۇك بولىدۇ.

(1) قاندىن بولغان سەۋدا ئەگەر بۇ قارا سەۋدانىڭ پەيدا بولۇشى قاندىن بولسا، بىمار ئەقىلسىز بولىدۇ، بىھۇدە كۈلىدۇ. بىمارنىڭ رەڭگى بۇغداي ئۆڭ ۋە توق قىزىلغا مايىل بولىدۇ، ئۇنىڭ تومۇرلىرى كەڭ، ئىككى كۆزى قىزىل، تومۇرى چوڭغا مايىل بولۇپ، تېز سوقىدۇ. بۇ خىل ئالامەتلەر كۆرۈلگەن بىمار ياش بولسا، كېسەل كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى ھۆل ئىسسىق نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلغان بولىدۇ. ياكى بىمار قان چىقىرىشقا ئادەتلەنگەن بولسا، مەسىلەن: بىمار قان قالدۇرۇش، بۇرنى قاناش، ھەيز مېگىپ كېتىش، قۇسۇشقا ئادەتلەنگەن بولسا ياكى بوۋاسىر كېسىلى بولسا، ئاندىن ئەگەر قان چىقىرىش ئادىتىنى توختاتقان بولسا، بۇنىڭدىن قاننىڭ زىيادە كۆپىيىشىپ، بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ.

(2) سەۋدادىن بولغان سەۋدا ئەگەر سەۋدانىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىي سەۋدانىڭ كۆپىيىشىدىن بولغان بولسا، بىمار زىيادە غەم قىلىدۇ ھەم بىماردا غەم - ئەندىشە ① ، قورقۇنچ ۋە قورقۇنچاقلىق بولىدۇ ۋە يىغلايدۇ، يامان خىياللاردا بولىدۇ، تەنھالىقنى خالايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ مېڭىسى شۇ قەدەر بۇزۇلىدۇكى، بولمىغان ئىشلارنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كەلگۈسىدە بولىدىغان ۋەقەلەرنى ئۇلارنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ئىلگىرى خەۋەرمۇ بېرىدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى بۇزۇلۇش شۇقەدەر كۈچلۈك بولىدۇكى، ئۇ ئۆز - ئۆزىنى پەرىشتە دەپ چاغلاشقا باشلايدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر ھالەتتە بولۇپ، ئۆزىنى «خۇدا بولۇپ قالغاندەك» ھېس قىلىشقا باشلايدۇ، مەئازەللاھ.

ھېكايە: جالىنۇس ئېيتقان ھېكايىدە بىر يېتىلگەن ئەدىب پىكرى بۇزۇلۇش كېسەللىكى سەۋەبىدىن بۇ خىيالنى قىلغان ئىكەنكى، «خۇداۋەندە تەئەلا ئاسماننى كۆتۈرۈش ۋە توختىتىشتىن چارچىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالا ئاسماننى چۆرىۋەتتى. بۇنىڭ ئاستىدا مەن ئۆلۈپ قالىمەن»

---

① غەم - ئەندىشىنىڭ مەنىسى ئۇ ئويلىنىش ۋە پىكىردۇر. بۇ بىرەر نەپرەت پەيدا قىلىدىغان شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىنسان ئۇ نەپرەت پەيدا قىلىدىغان نەرسىنى كۆرۈشتىن قورقىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ يوقىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىمتىھاندا ياخشى يازالماسلىقنى ئويلاش سەۋەبىدىن ئوقۇغۇچىلاردا قورقۇنچ بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ يوقىلىشى (يەنى غەلىبە قىلىش) نى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ خىيال غەم دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن غەمدە بىرەر تۈردىكى ئويلىنىش بولمايدۇ، غەم ئۆتۈپ كەتكەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

دەپ خىيال قىلىپ، يول يۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان.

تەنھالىقنى ياخشى كۆرۈشنىڭ سەۋەبى بۇ خىلدىكى بىمارلار كىشىلەردىن قورقىدۇ ۋە كىشىلەردىن گۇمانلىنىدۇ. مەن بىر قانچە ئادەملەرنى كۆردۈم. ئۇلار بۇ كېسەللىككە مۇپتىلا بولغان ئىدى. ئۇلار كىشىلەرنى كۆرسە قاچاتتى. ھەتتاكى ئۇلار ئۆزىنىڭ دوستلىرىدىنمۇ قاچاتتى. ئۇلار «دوستلىرىمىز بىزنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ» دەپ گۇمانلىناتتى.

ھەكىم تەيازۇق ئېيتقانكى، بۇ كېسەللىك كۆپىنچە موتتەقى ۋە پەرھىزكارلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ ھەم ئۇلار ئۆز ئەخلاقلىرىنى ساقلايدۇ. ئۇلار كىشىلەردىن قاچىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىغا باغلىنىپ قالىدۇ.

(3) سەپرادىن بولغان سەۋدا ئەگەر مالىخولىيانىڭ پەيدا بولۇشى سەپرانىڭ كۆيۈشىدىن پەيدا بولغان بولسا، جۇنۇنمۇ قوشۇلۇپ كېلىدۇ ھەم بۇ خىلدىكى بىمارلاردا ھەيرانلىق، ئەقىلسىزلىق ۋە جۆيلۈش بولىدۇ. چىرقىرايدۇ، يۈگۈرۈيدۇ. بىقارار بولىدۇ. بىماردا ئۇيقۇسىزلىق، جىم تۇرالماسلىق، كۆپ ئاچچىقلىنىش بولىدۇ. بەدىنىنى تۇتقاندا ئىسسىق مەلۇم بولىدۇ. چىرايى سېرىق بولىدۇ. بىمار بەزىدە ئاچچىقلىنىشتىن يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئالامەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇقلۇق بىمارغا قۇرۇق ئىسسىق چارىلەر قىلىنغان بولسا، تېخىمۇ ئېنىقكى، كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىشى سەپرادىنلا بولغان بولىدۇ.

جۇنۇن كېسىلى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە: «بۇ ئەقىلسىزلىقنىڭ نامى بولۇپ، بۇنىڭدا بىمار سەكرەيدۇ، بىمار ئىنتايىن تېز ھاياجانلىنىدىغان، ئاچچىقلىنىدىغان ۋە ئەخلاقسىز بولۇپ قالىدۇ. جۇنۇننىڭ سەۋەبى ھارارەت ۋە ئۆتكۈرلۈكنىڭ غالىب كەلگەنلىكىدىن بولىدۇ (نەفىيس).

(4) بەلغەمدىن بولغان سەۋدا ئەگەر مالىخولىيانىڭ پەيدا بولۇشى بەلغەمنىڭ كۆيۈشىدىن بولسا، بىماردا بوشاڭلىق، ھۇرۇنلۇق ۋە جىملىق بولىدۇ.

سەۋدانىڭ باشقا تەسىر قىلىشىدىن بولغان مالىخولىيا بىمار زىيادە پىكىر قىلىدۇ ۋە زىيادە ئويلايدۇ. داۋاملىق قالايمىقان خىيال قىلىدۇ. كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان بولىدۇ، بىمار ھەمىشە بىر نەرسىگە قاراپ تۇرىدۇ. باش ۋە يۈزى ئورۇق ۋە قۇرغاق بولىدۇ. لېكىن باشقا بارلىق بەدىنىنىڭ مۇسكۇللىرى نورمال بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى بىمار خىيالچان بولۇپ قالىدۇ ياكى ئۇيقۇسىز قالغان بولىدۇ ياكى بىمار ئاپتاپتا تۇرۇپ قالغان، بولۇپمۇ بېشى ئوچۇق قالغان بولىدۇ ياكى ئىسسىق تەبىئەتلىك، مېڭە ئۈچۈن زىيانلىق بولغان غىزالارنى ئىستېمال قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن: سامساق، پىياز، كۆدە قاتارلىقلار. تومۇرى بوش، كىچىك،

قالايمقان سۇقىدۇ. تىندۇرۇلغان سۇيدۇكى سۇيۇق بولىدۇ.

مالىخولىيانىڭ ئەقلىي ئەمگەكچىلەر كۆپلۈكىدىن يۈز بېرىشى: رۇفىس يازغانكى، «بۇ كېسەللىك كۆپىنچە پەيلاسوپ ۋە ھۆكۈمالاردا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئەپلاتون ۋە باشقىلار».

تەبەرى ئېيتقانكى، مەن پازىل ۋە ئۆلىما كىشىلەردىن بىر جامائەتنى كۆردۈم. ئۇلار تەنھالىقنى خالايتتى. ئىلىمدىن باشقا تامامىي مەشغۇلاتلارنى تەرك ئېتىپ، كىشىلەردىن تامامەن ئايرىلىپ ياشىغان ئىدى. بۇنىڭدىن خىلتلار كۆيۈپ ئۇلاردا مالىخولىيا پەيدا بولغان.

فارابىمۇ ئاشۇنداق كىشىلەردىن ئىدى. فارابىمۇ كىشىلەردىن نېرى بولۇپ، ئۇلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايتتى، ئەگەر بىرەر شەخسنىڭ ئەيىبى بايان قىلىنغان بولسا، كۆپچىلىك بىلەن قوشۇلۇپ سۆزلەپ كېتەتتى. شۇنداقلا فارابىدا مالىخولىيانىڭ بىر تۈرى پەيدا بولغان ئىدى. بازارلارغا چىقاتتى. كۆزىنى ياشلاپ ئولتۇرۇپ مەنتىقىلىق سۆزلەرنى مەنىسىز بايان قىلاتتى. بالىلار ۋە بازاردىكى كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە كۈلۈشەتتى. تەبەرى ئېيتقانكى، بۇ ھېكايە ماڭا يېتىپ كەلدىكى، فارابى بىر كۈنى بىر كىشىنىڭ ھالۋا ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ھەم ئۇنى ئېنىقلىماقچى بولۇپ قانداق ساتىسىز (ھالۋا قانداق ياسىلىدۇ؟) دەپ سوراپتۇ. ئاندىن ياشانغان كىشى جاۋاب بېرىپتۇكى، 500 گىرام ھالۋىنى مۇنچىلىك قىممەتتە بېرىمەن. فارابى ئۇنىڭ جاۋابىدىن ئاچچىقلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپتۇ ھەمدە ئىككىسىنى شەھەردىكى ھاكىم قېشىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. فارابىدىن سوراپتۇ: «سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشتۇڭلار؟» فارابى جاۋاب بېرىپ ئېيتىپتۇكى: «مەن ئۇنىڭدىن كەيپىياتىنى سورىسام، ئۇ ماڭا مىقدارىنى ئېيتىپ بەردى» دېگەندە ھاكىم بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ھۆكۈم قىلىپتۇكى: «ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپتۇ. ئۇنى ساقايتقىلى بولمايدۇ. ھەتتاكى ئۆلۈپ كېتىدۇ».

ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەيسا ئىبنى ماسۇيەمۇ بار بولۇپ، بۇ كىشىمۇ تەنھالىقنى خالايتتى ھەمدە پەقەت دەرس بېرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. كىتابلارنى كۆرەتتى. ئۇ دۇنيانىڭ بارلىق راھەت - پاراغەتلىرىنى تامامەن تاشلىغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئەبۇ ماھىر باغداتتىن خەت يېزىپ ئادەتلىرىنى تاشلاشنى ئېيتقان، لېكىن ئەيسا قوبۇل كۆرمىگەن، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدا مالىخولىيانىڭ بىر تۈرى كۆرۈلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەر خىزمەتكارى ۋە قۇلۇم - قوشنىلىرىدىن قورقۇپ ئېيتتىكى، پالانى كىشىلەر مېنى ئۆلتۈرۈپ، مال - دۇنيالىرىمنى ئېلىۋالماقچى. ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ ھەتتاكى خىلتلىرى كۆيۈپ، قۇرۇپ كېتىپتۇ ھەم شۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

بەدەندە سەۋدا خىلتىنىڭ يىغىلىپ قېلىشىنى داۋالاش

قاندىن بولغىنىنى داۋالاش   ئەگەر مالىخولىيا قاندىن يەنى قاننىڭ كۆيۈشىدىن بولغان بولسا، ئۇكھەل تومۇردىن ① ، ئەگەر ئۇكھەل تومۇردىن قان ئېلىش مۇمكىن بولمىسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئەگەر مالىخولىيانىڭ سەۋەبى، ھەيز قېنىنىڭ توختىششىدىن بولغان بولسا سافىن تومۇردىن ② قان ئېلىنىدۇ. سافىندىن قان ئېلىش بىلەن قان يۇقىرىقى ئەزالاردىن تۆۋەنكى ئەزالار تەرەپكە ماڭىدۇ. ئۇ تومۇردىن قان ئېلىش بىلەن ھەيزمۇ راۋانلىشىدۇ. ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، لېكىن ئۇنى ئىچكۈزۈشتىن ئىلگىرى يۇمشاتقۇچى قاينىتىلما بىلەن ماددا پىشۇرۇلىدۇ ھەم ئۇنىڭدا ھۆللۈك پەيدا قىلىنىدۇ. تاكى ماددا ئېقىپ چىقىپ كېتىشكە لايىق بولغۇچە. تولۇق تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن يېيىشلىك غىزالاردىن چۈجە گۆشى، سېمىز توخۇ گۆشى، ئوغلاق گۆشى، بادام يېغى ياكى شېكەر بىلەن سۇيۇقلاندۇرۇلغان كىراخمال، يۇمشاق تارتىلغان ئۇنىنىڭ نېنى، كالا قېتىقىنىڭ سۈزمىسى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. مېۋىلەردىن تاۋۇز، تەرخەمەك، ئۈزۈم، ئانار، پىشقان تاتلىق ئالما قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. قىسقىسى، بۇ كېسەلدە غىزالار مايلىق، تاتلىق ھەم يەڭگىل، يېيىشلىك بولسۇن. بۇنىڭدىن خىلتلار كۆپەيسۇن ۋە ياخشى خىلتلار پەيدا بولسۇن. بۇ سەۋدانىڭ كەيپىياتىغا قارىمۇقارشى بولسۇن. مىزاجىدا ھۆللۈك پەيدا قىلىنىدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن ھۆللەشتۈرگۈچى غىزا ۋە شەربەتلەر ئىشلىتىلىدۇ، بىمارنى ئارام ئالدۇرۇش ھەم تىنچ قويۇش، تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەمىشە ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، باشقا سۈت قۇيۇلىدۇ، ئىلمان سۇدا باشنى يۇيۇلىدۇ، بۇنىڭدا نىلۇپەر، بىنەپشە، كاھۇ يوپۇرمىقى، پوستى ئاقلانغان ئارپا، پوستى خەشخاش، بابۇنە يوپۇرمىقى قاتارلىقلار قاينىتىلغان بولسۇن. بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىقلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ۋە ئۇ ياغلار چېپىلىدۇ.

---

① ئۇكھەل — بىر خىل تومۇردۇر. بۇ يۇقىرىقى مۈچە ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۇكھەل تومۇرى باسلىق ۋە قىيفال تومۇرلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللىنىدۇ. بۇ تومۇرنىڭ نامىنىڭ ئۇكھەل دەپ قويۇلۇشى بۇ تومۇر ئىنتايىن رەڭلىك بولۇپ، سۈرمە رەڭگىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدا قاننىڭ مىقدارى كۆپ بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭغا ئىككى تومۇردىن قان كېلىدۇ. لېكىن ئاخىرى قاننىڭ يۆزلىنىشى ۋە تارقىلىشى ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى باشقا تومۇرلاردىن زىيادە كۆك بولمايدۇ.

② سافىن — بىر خىل تومۇردۇر. بۇ ئوشۇقنىڭ ئىچكى تەرىپىگە جايلاشقان. بۇنىڭ نامىنىڭ سافىن دەپ ئاتىلىشى، سافىننىڭ مەنىسى «سەلىم» (ساغلام ۋە سالامەت) دۇر ھەم بۇ قان تومۇر جايلاشقان ئورۇنمۇ بىخەتەردۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئاستىدا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا قىزىل قان تومۇر ۋە ئەسەب مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭدىن قان ئېلىشمۇ ئاسان.

ئەفتىمۇن قايىنىتىلمىسىنىڭ نۇسخىسى ھېلىلە كابۇلى، ئۇستىقۇددۇس، ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم ھەربىرى 35 گىرامدىن، شاھتەررە، بىستىپايەج، سانا ھەربىرى 17.5 گىرامدىن. بۇ دورىلارنى بىر يېرىم كىلوگىرام سۇدا يېرىمى قالغۇچە قايىنىتىپ، ئىسسىق ھالىتىدە 35 گىرام ئەفتىمۇن سېلىپ، سوۋۇغاندا سۈزۈپ 3.5 گىرام غارىقۇن، يەتتە گىرام تۇربۇت ياكى يەتتە گىرام سەبرىنى ئېرىتىپ، شېكەر سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ①.

سەۋدادىن بولغىنىنى داۋالاش ئەگەر مالىخولىيا سەۋدانىڭ كۆيۈشىدىن پەيدا بولغان بولسا، قان غالىب كەلگەنلىك شەرتى ئاستىدا قان ئېلىنىدۇ، قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مۇسھىل بېرىلىدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئەفتىمۇن قايىنىتىلمىسى قايتا ـ قايتا ئىچكۈزۈلىدۇ، مۇسھىل ھەبلىرى يېگۈزۈلىدۇ. بۇ ئەفتىمۇن، بىستىپايەج، يۇيۇلغان لاجۇۋەرد تېشى، غارىقۇن، قارا ھېلىلە، سوقمۇنىيا، ئايارەج پەيقىرا بىلەن تەييارلانغان بولسۇن. ئايارەجلەر يېگۈزۈلىدۇ. لېكىن مۇناسىپى شۇكى، دەسلەپتە ئاجىز ئايارەجلەر يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئايارەج پەيقىرا، ئەگەر ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باسقۇچلىرىدا ياخشىلىنىش ياكى شىپا تېپىش ئاشكارا بولمىسا ئايارەج جالىنۇس، ئايارەج روفس ۋە ئايارەج لوغانىيا يېگۈزۈلىدۇ.

لېكىن مۇسھىل بېرىشتىن ئىلگىرى مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىستىفراغ ۋە تەنقىيەدىن كېيىن ھۆللۈك يەتكۈزۈش مەقسىتىدە مەزكۇر غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، ھامامغا كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا چارىلەردىن، مەسىلەن: مەرۇخ، نۇتۇل ۋە شەربەتلەر ئىشلىتىلىدۇ، يۈرەك ۋە مېڭە كۈچلەندۈرۈلىدۇ، ئەگەر يۈرەكنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە يۇقىرىدىكى دورىلار (مەرۇخ، نۇتۇل ۋە شەربەتلەر) ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىسسىقتىن بولغان خەفەقان ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بايانى كېيىن سۆزلىنىدۇ. ئەگەر يۈرەكنىڭ مىزاجى سوغۇق بولسا، مەجۇنى مۇپەررىھى ۋە داۋائىلمىشكى يېگۈزۈپ يۈرەك كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

مائۇلئۇسۇلنىڭ نۇسخىسى بىخ بەديان، بىخ كاسنە، بىخسۇس، بىستىپايەج، گاۋزىبان، بادرەنجبۇيا، ھېلىلە كابۇلى قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ سۈزۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەفتىمۇن قوشۇلىدۇ ھەمدە تەرەنجبىن بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

مەجۇنى مۇپەررىھى (بۇ رازىنىڭ نۇسخىسى) قىزىلگۈل ئۈچ گىرام، سەئدى كۇفى 17.5 گىرام، قەلەمپۇر، مەستىكى، سۇمبۇل تىپ، ئاسارۇن ھەربىرى 10.5 گىرام، دارچىن، زەرنەپ، زەپەر ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، قەلەمپۇر ئۆسۈملۈكى چېچىكى، لاچىندانە ھىندى،

---

① بىر قېتىملىق ئىستېمال مىقدارى بولۇپ، بۇنىڭ مىقدارى بۈگۈنكى كۈندە كۈچلۈكلەر ئۈچۈن ئىنتايىن زىيادە بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دورىلارنىڭ مىقدارى ئۈچتىن بىر ھەسسە قىلىنسا ئېھتىمال مۇناسىپ بولىدۇ.

جويۇز ھەربىرى 3.5 گىرامدىن يۇمشاق سوقۇلىدۇ، 500 گىرام يېڭى ئاملىنى 3.5 كىلوگىرام سۇدا بىر كىلوگىرام قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، 250 گىرام ھەسەل قۇيۇپ قويۇلغۇچە قاينىتىپ، ئاندىن ئۈستىگە سوقۇلغان دورىلارنى سېپىپ، سۆگەتنىڭ كەڭرى ياغىچى بىلەن تولۇق ئارىلاشقىچە قوچۇپ تەييارلىنىدۇ.

داۋائىلمىشكىنىڭ نۇسخىسى زورەمبات، دۇرنەج ئەقرەبى، مەرۋايىت، كەھرىۋا، بىخ مارجان ھەربىرى 35 گىرامدىن، قىرقىلغان ئەۋرىشىم،① ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، سۇمبۇل، سازەج ھىندى، لاچىندانە ھىندى ھەربىرى 17.5 گىرامدىن، ئۆشنە ھىندى، پىلپىل، زەنجىۋىل ھەربىرىدىن 14 گىرامدىن، ئىپار بىر گىرام. يۇقىرىقى دورىلارنىڭ كۇشتە قىلىدىغانلىرىنى ئايرىم - ئايرىم كۇشتە قىلىپ، قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بارلىق دورىلارنى كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلدە يۇغۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

سەپرادىن بولغىنىنى داۋالاش ئەگەر مالىخولىيا سەپرانىڭ كۆيۈشىدىن بولغان بولسا، ھېلىلە قاينىتىلمىسى ياكى ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى بىلەن تاكى سەۋدا ۋە سەپرانىڭ ھەر ئىككىلىسى بەدەندىن چىقىپ كەتكۈچە بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ.

ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى چارىدىن كېيىن مەتبۇخى مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ، يەنى دەسلەپتە ھۆللەشتۈرگۈچى لۇئاب ۋە شەربەتلەر ئىشلىتىلىدۇ. سېمىز توخۇ گۆشى ۋە ئوغلاق گۆشى، ئارپا ئېشىنى قاپاق، پالەك، بادام يېغى بىلەن پىشۇرۇپ يېگۈزۈش، تاتلىق سۇ مۇنچىسىغا چۈشۈرۈلىدۇ ھەم بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىقلارنى بەدەن ۋە باش قىسمىغا سۈركىلىدۇ. ھۆللەشتۈرگۈچى ئۆسۈملۈكلەر قاينىتىلمىسى بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ ھەم ئۇيقۇسىزلىق، ئاچ يۈرۈش ۋە ئەمگەك قىلىشنى تەرك ئېتىش، ئاندىن ھۆل سوغۇق نەرسىلەر بىلەن بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش لازىم.

ھېلىلە قاينىتىلمىسىنىڭ نۇسخىسى ھېلىلە زەرد، تەمرى ھىندى، شاھتەررە ھەربىرى 52.5 گىرامدىن، ئەينۇلا 20 دانە، سەرپىستان 50 دانە، قىزىلگۈل، تۇخۇمى كاسنە ھەربىرى 17.5 گىرامدىن. بارلىق دورىلارنى 1.5 كىلوگىرام سۇدا 500 گىرام قالغۇچە قاينىتىپ، بۇنىڭغا 35 گىرام ئەفتىمۇن سېلىپ، 0.48 گىرام سوقمونىيا، 3.5 گىرام يۇيۇلغان سەبرە، 3.5 گىرام توربۇت قوشۇپ كۆچلەندۈرۈپ، 70 گىرام تەرەنجىبىن بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەلغەمدىن بولغىنىنى داۋالاش ئەگەر مالىخولىيا بەلغەمنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان

---

① قىرقىلغان ئەۋرىشىم — ئىچىدىن قۇرتى چىقىرىۋېتىلگەن پىلە غوزىكى.

بولسا، بەدەننى تەنقىيە قىلىش مەقسىتىدە تۆۋەندىكى دورىلارنىڭ قايىنىتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ھېلىلە كابۇلى، شاھتەررە، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن ئۈزۈم، بىستىپايەج، سانا، ئەفتىمۇن، شېكەر، تۇربۇت، غارىقۇن قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، ھەببى ئىستەمخىقۇن بىلەن بىللە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، دائىم ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، سۇمبۇل يېغى، زەيتۇن يېغى، ئاق سەۋسەن يېغى سۈركىلىدۇ، پاقلان گۆشى، كەپتەر باچكىسى، توخۇ جۈجىسى، پاختەك گۆشلىرىدە تەييارلانغان غىزالارنى يېگۈزۈش لازىم.

باشتىن سەۋدانى تازىلاشنىڭ ئىلاجى مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئەگەر قان غالىب بولسا، دەسلەپتە قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆيگەن خىلىتلارنىڭ غالىبلىرى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، مەيلى قان، بەلغەم، سەپرا، سەۋدانىڭ كۆيۈشىدىن بولسۇن. بۇ مەقسەت ئۈچۈن قايىنىتىلمىلار ۋە ھەبلەر يېگۈزۈلىدۇ. بۇ سەۋدانىڭ ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولغان تۈرلىرىگە مۇناسىپ بولسۇن. لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى مېڭە ۋە خىلىتتا ھۆللۈك پەيدا قىلىنىدۇ، تاكى بۇنىڭ چىقىپ كېتىشى ئاسان بولغۇچە. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ساددا شورپا. بۇ سېمىز توخۇنىڭ گۆشى، ئوغلاق گۆشى، پاقلان گۆشى، سېمىز بېلىق قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن. مەسىلەن: ھالۋا يېگۈزۈلىدۇ، بۇ نىشاستە، شېكەر، خەشخاش ۋە بادام يېغى بىلەن تەييارلانغان بولسۇن.

ئىللىتىلغان ياغلارغا بېشى چۆكۈرۈلىدۇ. مېڭە ۋە خىلىتلارغا شۇ قەدەر ئۆتكۈر ھۆللۈك يەتكۈزۈش كېرەككى، بۇرۇندىن ھۆللۈك ۋە سۇيۇقلۇقلار ئاشكارا بولسۇن، مۇسھىل دورىلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشقا لايىق بولسۇن. مۇسھىل ئىچكۈزۈپ مېڭىنى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش مەقسىتىدە نۇتۇل ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا پوستى ئاقلانغان ئارپا، بىنەپشە، نېلۇپەر، كاھۇ يوپۇرمىقى، ئاق لەيلى قاتارلىقلار قايىنىتىپ نۇتۇل قىلىنىدۇ. زىمات چېپىلىدۇ، بۇ قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، نېلۇپەرنىڭ غۇنچىسى، بىنەپشە ۋە ئانا سۈتى بىلەن تەييارلانغان بولسۇن ۋە باشقا چارىلەر قىلىنىدۇ، يەنى ھۆللەشتۈرگۈچى لۇئاب ھەم شەربەتلەر ئىچكۈزۈلىدۇ. بىمارنىڭ بەدىنى سىيرىپ بېرىلىدۇ، تاتلىق سۇلۇق ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ. سوغۇق جايلاردا، سۇغا يېقىن جايدا ئارام ئالدۇرۇلىدۇ، جاپا چېكىش، كۆپ ئويلىنىش ھەم جىنسىي مۇناسىۋەتتىن تەرك ئېتىلىدۇ. يۈرەك كۈچلەندۈرۈلىدۇ، يەنى بۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىپ مۇپەررىھلەرنى يېگۈزۈش لازىم.

مالىخولىيا مىراقى

بۇ، مالىخولىيانىڭ خاس بىر تۈرىدۇر. بۇنىڭ نامى مىراقىدۇر. بۇنىڭ نامى نېمە ئۈچۈن مىراقى دەپ قويۇلغان؟

سەرافىيون بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلغانكى، چۈنكى بۇ كېسەللىك قورساق پەردىسىدىن باشلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نام قويۇلغان. مىراقى ئۇ پەردىدۇر. بۇ قورساق بوشلۇقىنى سىرتىدىن ئوراپ تۇرىدۇ. يوھەننا بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلغانكى، بۇ كېسەلدە قورساق پەردىسىدە كۆپۈش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ نام قويۇلغان، ئۇنى «قورساق كۆپۈۋالىدىغان» كېسەلمۇ دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى بۇ كېسەلدىن قورساقنىڭ ئىككى يېنى كۆپىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەۋداۋى خىلىتتىن قويۇق بۇخاراتلار پەيدا بولىدۇ. لېكىن دىيۇقەلىس ئۇنىڭ بۇ سەۋەبىنى بايان قىلغانكى، بۇ كېسەلدە ئاشقازاننىڭ ئۈچەي بىلەن تۇتىشىدىغان يولى، يەنى تۆشۈكى ئىششىق سەۋەبىدىن توسۇلۇپ قالىدۇ ھەمدە تاماق ئاشقازاندا تەبىئىي ھالەتتىن ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىپ قورساق كۆپىدۇ.

سەۋەبى مالىخولىيانىڭ بۇ تۈرىنىڭ سەۋەبلىرىدە ئىختىلاپ بار. ئىلگىرىكىلەر مالىخولىيا مىراقى سەۋداۋى ۋە ئۆتكۈر خىلىتلاردىن پەيدا بولغان، دەپ قارىغان.

1. ئاشقازان ئىچىگە سەۋدانىڭ يىغىلىپ قېلىشى بۇ سەۋداۋى خىلىت ئاشقازانغا يىغىلىپ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سوغۇق ئىششىق پەيدا قىلىدۇ. ئىششىقنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۇنىڭدا قىزىتما، ئۇسسۇزلۇق ھەمدە سەپراۋى قۇسۇش بولمايدۇ. لېكىن بۇقرات ۋە جالىنۇسنىڭ كۆزقارىشىچە، بۇ ئىششىقنىڭ ئاز قىسمى قاندىن بولغان ئىششىق بولىدۇ (جالىنۇس ۋە بۇقرات).

2. ماسارىقا تومۇر ئىچىگە ماددىنىڭ يىغىلىپ قېلىشى ياكى بۇ كۆيگەن خىلىت ماسارىقا تومۇر ئىچىگە يىغىلىپ توسۇلىدۇ ياكى ئۆزىنىڭ قويۇقلۇقى سەۋەبىدىن توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ (خەزاق ۋە ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا گۇرۇھى) ياكى بۇ خىلىت ماسارىقادا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا قىلىدۇ (تېۋىپلار گۇرۇھى).

3. تال ئىچىگە ماددىنىڭ يىغىلىپ قېلىشى ياكى بۇ خىلىت تالغا يىغىلىدۇ ۋە بۇنىڭدا ئىششىق ياكى توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ (رازى).

(4) قورساق پەردىسى ئىچىگە ماددىنىڭ يىغىلىپ قېلىشى ياكى بۇ خىلىت قورساق پەردىسى ئىچىگە يىغىلىپ قالىدۇ ھەمدە جىگەر ۋە ئۈچەيلەرنىڭ ھارارىتىدىن ئۇنىڭ

قويۇلۇشى ۋە كۆيۈشى ئاشىدۇ ھەم ئۇنىڭدا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ (بولىس) ياكى ئىششىق پەيدا بولمايدۇ (سەرافيون).

بۇ سەۋداۋى خىلىت مەيلى قايسى ئەزالاردا يىغىلغان بولسۇن، ئۇنىڭ بۇخارات ۋە تەركىبلىرى مېڭىگىچە يېتىپ بارىدۇ.

5. جىگەرنىڭ بۇزۇلۇشى دىيۇقەلىس ئېيتقانكى، مالىخولىيانىڭ سەۋەبى غىزانى ئاشقازاندىن جىگەرگىچە ئېلىپ بارىدىغان ئۇششاق قان تومۇرلارنىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقىدىن بولىدۇ. بۇ ئىسسىقلىق قاندا سەۋداۋى تەركىبلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن بۇ قان دەسلەپتە تال تەرەپكە، ئاندىن تالدىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزى تەرەپكە بارىدۇ ھەمدە ئېچىشىش، كۆيۈشۈش ۋە ناچار كەيپىياتلارنى پەيدا قىلىدۇ (نەفيس).

ئالتىنچى كۆزقاراش: بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئېيتىدۇكى، «بۇنىڭ سەۋەبى جىگەر دەرۋازىسى ياكى ماسارىقىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىدۇر، ئۇ قورساق پەردىسىدىكى قان ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى كۆيدۈرىۋېتىدۇ. كۆيگەن ماددىلار قورساق پەردىسىدە كۈنسېرى كۆپىيىدۇ.»

يەتتىنچى كۆزقاراش: يەنە بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئېيتىدۇكى، ئۇنىڭ سەۋەبى ئاچچىق ئۈچەينىڭ ئىششىقىدۇر.

يېڭى كۆزقاراش: ھازىرقى زامان تېبابىتىدە مالىخولىيا مىراقىنى سەرئى، بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئېنىقسىز كېسەل، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بۈگۈنگە قەدەر بىرەر توغرا ئۇسۇل بىلەن ئېنىقلانمىدى. يەنى بۇ كېسەللىك مېڭىنىڭ بىرەر بۆلىكىدە بۇزۇلۇش بولغانلىقتىن بولىدىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ بۇزۇلۇش قايسى قىسىمدا بولىدۇ ياكى بۇ كېسەللىك ئىششىق، ئۆسمە ياكى مېڭە توقۇلمىلىرىدىكى بىرەر ئۆزگىرىشتىن پەيدا بولامدۇ؟ بۇ بۈگۈنگىچە ئېنىق بولمىدى.

بوۋاسىرنىڭ مالىخولىيا مىراقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: تەجرىبە ۋە كۆزىتىشلەردىن ئىسپاتلاندىكى، مالىخولىيا مىراقى كۆپىنچە مۇشۇنداق كېسەللىكلەر بىلەن بىرلىشىپ كېلىدۇ. يەنى بۇ خىل بىمار بوۋاسىرغا مۇپتىلا بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئويىچە مالىخولىيا مىراقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بوۋاسىر كېسەللىكىدۇر.

ئالامىتى چۈچۈمەل ۋە كۆيگەن ئىس - تۈتەك پۇرىقىغا ئوخشاش كېكىرىدۇ. تاماق تولۇق ھەزىم بولمايدۇ، ئاشقازان ئاجىزلاش ھەم ھەزىم ناچارلىشىش بولىدۇ، ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن تولا تۈكۈرىدۇ. ئىششىق ياكى يەللىك كۆپۈش سەۋەبىدىن ئاغرىش ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ. قوۋۇرغا بېشى ئاستىدا تارتىشىش بولىدۇ. قورساق كۆپىدۇ. چوڭ تەرەت يۇمشاق

بولىدۇ. ئىككى تاغاق ئارىسىدا ئاغرىش بولىدۇ. بىماردا كۆكرەك سىقىلىش① (يۈرەك سىقىلىش) كۆرۈلىدۇ. ئاشقازاندا يېقىمسىزلىنىش پەيدا بولىدۇ. يالغان ئىشتىھا بولىدۇ. ئاشقازاندىن تاڭلاي ۋە يۇتقۇنچاق تەرەپكە ئىس - تۈتەككە ئوخشاش بۇخارات ئۆرلىگەندەك مەلۇم بولىدۇ. مالىخولىيا تالىنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولغاندا تالدا چوڭىيىش بولىدۇ.

داۋالاش مالىخولىيا مىراقىنىڭ داۋاسى شۇكى، كۈچلۈك زۆرۈرىيەت بولمىغاندا دورىلار ئارقىلىق ئىچىنى سۈرمەسلىك لازىم. غىزاسىغا پەقەت چۈجە گۆشى، تۇخۇم سېرىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەڭگىل غىزالار بېرىلىدۇ، ئەگەر قان غالىب بولسا ھەر 40 كۈندىن كېيىن ياكى مىزاجىغا ئاساسەن 40 كۈنگە يەتمىگەن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ۋاقىتتا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، يەنى زۆرۈرىيەتكە قاراپ قان چىقىرىلىدۇ، ئەگەر مىزاجىدا ئىسسىقلىق بولسا ھۆل سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن، مائۇش شەئىر، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئىسسىقلىق بولمىسا گۈلقەنت ئارقىلىق ئاشقازان ۋە باشقا ئىچكى ئەزالار كۈچلەندۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئىستىفراغنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، ئىچكى ئەزالارغا ئەزىيەت يەتكۈزمەيدىغان يۇمشاتقۇچى نەرسىلەر بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، يەنى ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر دورىلار ۋە چوڭ نۇسخىلىق، چوڭ ئايارەجلەرنى بەرمەسلىك. مەسىلەن: بادرەنجبۇيا، گاۋزىبان، ئەفتىمۇن، ئەفسەنتىن قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا خىيارشەنبەرنىڭ ئۇرۇقى مېغىزى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر تال سەۋەبىدىن كېسەللىك كۆرۈلگەن بولسا، تال تەرەپكە يۈزلىنىپ تال داۋالىنىدۇ. قان ئېلىش ۋە ئىچىنى سۈرۈش ئارقىلىق سەۋدا چىقىرىۋېتىلىدۇ، تاكى ئۇ سەۋدانى تال سۈمۈرۈپ ئاشقازانغا ئازراقمۇ چۈشۈرمىسۇن (نەفىيس).

ياۋۇزلىشىش كېسىلى (قۇترەب)

بۇ، مالىخولىيانىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى قۇترەبتۇر.

ئاتىلىش سەۋەبى ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، قۇترەب دېگەن كىچىك قۇرتلارنىڭ نامى، ئۇلار سۇنىڭ يۈزىدە تېز، تەرتىپسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ، بۇ قۇرت ھەر ۋاقىت سۇغا شۇڭغۇيدۇ ۋە سۇ يۈزىگە چىقىدۇ. بۇ كېسەلگە قۇترەب دېگەن نام نېمە ئۈچۈن قويۇلغان؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان بىمار قۇرتقا ئوخشاش تەرتىپسىز، تېز ھەرىكەت قىلىدۇ. بىمار بەزىدە جىمىپ بەزىدە قۇترايدۇ.

---

① كۆكرەك سىقىلىش — قورقۇتقۇچى ياكى ئەزىيەت يەتكۈزگۈچى شەيئى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان ھالەتنىڭ نامىدۇر (جۈملىدىن روھ بۇ ئەزىيەتكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن چاغدا).

شەرىپ ئىدرىس ئېيتقانكى، قۇترەب بىر كىچىك قۇرتنىڭ نامىدۇر. بۇ كەچتە ئوتنىڭ شولىسىغا ئوخشاش ئاشكارا بولىدۇ (بۇنى ئوردۇ تىلىدا شەپەرەك دەپ ئاتايدۇ)، ئېھتىمال بۇ كېسەللىكنىڭ نامى شۇ سەۋەبتىن قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان بىمارنىڭ كېسىلى ئۇ جانىۋارغا ئوخشاش كەچ ۋاقتىدا قوزغىلىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى، قۇترەب سۇئالىنىڭ نامىدۇر. «سۇئالى» سۇئالاتنىڭ كۆپلۈكىدۇر. سۇئالات ئىنتايىن ياۋۇز جاڭگالدىكى ياۋايى ھايۋانلار قاتارىدىندۇر.

بەزىلەر ئېيتتىكى، قۇترەب — چىلبۆرىنىڭ نامىدۇر. شۇ سەۋەبتىن كېسەللىكنىڭ نامى «چىلبۆرە كېسىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ بىمار چىلبۆرىگە ئوخشاش جاڭگاللاردا تۆت پۇتلاپ ماڭىدۇ. چىلبۆرىگە ئوخشاش ھۇۋلايدۇ ھەمدە ئىنسانلارغا خىرس قىلىدۇ (نەفىس).

سەۋەبى ياۋۇزلىشىش كېسىلىنىڭ سەۋەبى مېڭىدە سەۋدا ۋە سەپرانىڭ يىغىلىشىدىن بولىدۇ (نەفىس).

ئالامىتى بىمارنىڭ چىرايى تۇرۇك ھالەتتە بولۇپ، مىجەزى چۇس بولىدۇ. بىردەم بىر يەردە تۇرالمايدۇ، بەلكى ھەمىشە ئالاقزادە بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە ئالدىغا، بەزىدە كەينىگە ماڭىدۇ، ئۇنىڭ نەگە بېرىشى ئېنىق ئەمەس. كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتتا بىمار كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بىرەرسى ئۇچراپ قالسا مېنى قەستلەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. چۈنكى بۇ كېسەللىكتە بىمار كىشىلەرنىڭ كۆرسە ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. بۇ كېسەللىك كېچىدە قوزغىلىدۇ. كۈندۈزى قەبرىلەرگە ياكى خارابىلىكلەرگە مۆكۈۋالىدۇ. چۈنكى ئۇ تەنھالىقنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن بەزى بىمارلارنىڭ كېسىلى ئېغىر بولمايدۇ. شەيئىلەرنى بىرقەدەر تونۇيالايدۇ ھەم ئىنكاس قايتۇرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بىمار قاتتىق ئاغرىقلارنىمۇ سەزمەيدۇ.

يۇقىرىقى ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى بولغان بىمارلارنىڭ مىجەزى چۇس ۋە غەمكىن، رەڭگى سېرىق، تىلى قۇرۇق بولىدۇ. پۇتلىرىنىڭ بىر قانچە يېرىدە زەخىم بولىدۇ. ئۇ زەخىم ئېغىرلاشمايدۇ ياكى ياخشىلانمايدۇ. پۇتلىرىدا زەخىم بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى بەزىلەر مۇشۇنداق بايان قىلىدىكى، بىمار كەچ ۋاقىتتا سەزگۈسىنى يوقاتقان ھالدا يول يۈرىدۇ. بىمار ئۆز پۇتىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇتلىرى قاتتىق - يىرىك نەرسىلەرگە تېگىپ زەخىملىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يۈزىدىمۇ زەخىم بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئېغىز ئەتراپىدا توپا بولىدۇ. چۈنكى بىمارنىڭ ئېغىزلىرى نەملىشىپ تۇرىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتىكى، بىمارنى ئىت چىشلەيدۇ. چۈنكى ئۇ كەچ ۋاقىتتا سىرتقا چىقىۋالىدۇ ھەم نەرسىنى كۆرسە ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. ئىتنىڭ ئادىتى ئۆزىدىن قاچقان نەرسىنى قوغلاپ چىشلەشتۇر.

تەبەرى ئېيتقانكى، مەن كۇفە شەھىرىدە بىر ھامال (باشقىلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، ھەق ئېلىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئادەم) نى كۆردۈم، ئۇ بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان ئىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ۋە بەدىنىنىڭ كۆپ قىسىملىرىدا چوڭ ۋە يامان تۈردىكى جاراھەتلەر بار ئىدى. ئۇنىڭدىن زەرداب ئېقىپ تۇراتتى.

ھېكايە: روفس كەبىر ئېيتتىكى، بۇ كېسەلدىن بىر بىمار ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە سىرتقى زەربىنىڭ ئاغرىقىنى سەزمەس بولۇپ قالغان ئىدى. يەنى ئۇ يۇقىرىقى سۆزلەردىن گۇمان قىلدىكى، «مەن ئۆلگەندىن كېيىن چىرىمايمەن». شۇنداقلا مەن تۆمۈرنى ئوتتا قىزىتىپ ئۇنىڭ بىلىكىگە قويدۇم. ئۇنىڭغا بىرئاز بەرداشلىق بەردى. ئۇ ئېيتتىكى، تېخىمۇ داغلاڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ ئوتۇڭلار سوغۇقتۇر. ھەتتاكى بىلىكىنىڭ كۆپ جايلىرى كۆيۈپ بولدى ۋە گۆشىنىڭ كۆيگەن پۇرىقى ئۇنىڭغا ئازراق مەلۇم بولدى. بۇنىڭدىن ئۇ ئاگاھ بولدىكى ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى خاتا ئىدى.

داۋالاش ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا قان ئېلىنىدۇ، تولۇق مۇنزىج بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئەفتىمۇن قايىنتىلمىسىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ، بۇ كېسەلنى داۋالاشتا ئۈزلۈكسىز مېڭىنىڭ مىزاجىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك نۇتۇل، ياغ قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە ھۆللۈك يەتكۈزۈشكە تولۇق كۈچ سەرپ قىلىش، تاكى ئىستىفراغدىن ۋە مۇسھىل دورىلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن قۇرۇقلۇق ئېشىپ كەتمىسۇن. سىڭىشلىك تاماقلار يېگۈزۈلىدۇ. داۋاملىق قالايمىقان خىياللاردىن توختىتىش ئۈچۈن ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى تەدبىرلەر ئىشلىتىلىدۇ، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش لازىم. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، سەۋەبىگە قارىتا داۋالاش، مەنپەئەت قىلمىسا باش ۋە يۈزىگە ئۇرۇش، چوققىسىنى داغلاش، بۇنىڭدىن بىمار شىپا تاپىدۇ. چۈنكى ئۇرۇش بىلەن قۇۋۋىتى نەپسانىي ئويغىنىدۇ.

يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق ۋە ئىتسىمان ساراڭلىق كېسىلى (مانىيا ۋە دائۇل كەلب)

مالىخولىيانىڭ يەنە بىر تۈرىنىڭ نامى مانىيا ۋە دائۇل كەلبدۇر.

ئاتىلىش سەۋەبى: مانىيا يۇنانچە سۆزدۇر. ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى جۇنۇنى سەبئى (يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق) دۇر. چۈنكى بۇنىڭدا بىمار يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نام قويۇلغان، لېكىن رازى بىلەن يېقىنقى زاماندىكى تېۋىپلار ئېيتتىكى، مانىيانىڭ مەنىسى قوزغىلىشچان ساراڭلىقتۇر.

مانىيا يىرتقۇچسىمان ساراڭلىقتۇر. يەنى، ئاچچىقلىنىش، بىقارارلىق، ھاياجانلىنىش ۋە ئادەتلىرى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭكىدەك بولىدىغان ساراڭلىقتۇر. بۇنىڭ قاراشلىرىمۇ ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.

دائۇل كەلب مانىيانىڭ بىر تۈرىدۇر، بۇنىڭدا بىماردا ئاچچىقلىنىش بىلەن ئويۇن - تاماشا قىلىش تەبىئىتى بولىدۇ ۋە كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن مېھرىبانلىق قىلىشمۇ بىرگە بولىدۇ. بۇ ئىتنىڭ ئادىتىدۇر. بۇ سەۋەب بىلەن بۇ كېسەللىكنىڭ نامى دائۇل كەلب دەپ، يەنى ئىت كېسىلى دەپ قويۇلغان. چۈنكى بۇ بىمارنىڭ مىجەزى ئىتقا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن روفس بۇنىڭ سەۋەبىنى بۇنداق بايان قىلغانكى، بۇ بىمار ئىتقا ئوخشاش بىرەر ئادەمنى چىشلىۋالسا، ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ.

سەۋەبى

1. **سەۋدائى سەۋداۋى** مانىيانىڭ سەۋەبى بۇ سەۋدا تەبىئىي سەۋدانىڭ كۆيۈشىدىن پەيدا بولىدۇ.
2. **سەپرائى سەۋداۋى** ئۇنىڭ سەۋەبى ئۇ سەۋدادۇر، بۇ سەپرا بىلەن سەۋدانىڭ كۆيۈشىدىن شەكىللىنىدۇ.

ئالامىتى

سەۋدائى سەۋداۋىنىڭ ئالامىتى ساراڭلىق بىلەن غالجىرلىق بىللە بولىدۇ. بىمار بىر مەزگىلگىچە خامۇش، خىيالچان بولىدۇ. ئەگەر بىرەرسى گەپ سورىسا ھاڭۋېقىپ تۇرىدۇ ھەم ئويلىنىدۇ. جاۋاب بېرىشكە مەجبۇرلانسا خۇلاسىلىيەلەيدۇ، بىمار جىم تۇرمايدۇ. بىمارنىڭ بەدىنى قارىغا مايىل بولۇپ، ئورۇق بولىدۇ.

سەۋدائى سەپراۋىنىڭ ئالامەتلىرى بىمارنىڭ تەبىئىتى ئەسكىلىك قىلىش ۋە بۇزۇلۇش تەرىپىگە بەك مايىل بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن دەرھال تىنچلىنىدۇ. بىماردا بىئاراملىق، چېچىلاڭغۇلۇق ۋە ئىزتىراپ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

پەرقى بۇ كېسەللىك بىلەن سەرسامنىڭ پەرقى شۇكى، بۇ كېسەللىكتە قىزىتما بولمايدۇ، سەرسامدا قىزىتمىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

داۋالاش بىرىنچى قىسىمدا بەدەندىن سەۋدائى سەۋداۋىنى، ئىككىنچى قىسىمدا سەۋدائى سەپراۋىنى ھەربىرىگە مۇۋاپىق بولغان دورىلار ئارقىلىق چىقىرىش، لېكىن مۇسھىلنىڭ بارلىق شەرتلىرىگە رىئايە قىلىش، يەنى بۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇنزىج بېرىش ۋە ماددىنى

ھۆللەشتۈرۈش. بەدەن ۋە مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن نۇتۇللار، ياغلار ۋە ئاياللارنىڭ سۈتىنى ئىشلىتىش. لىئوقى خەشخاش يېگۈزۈش ئارقىلىق ئۇخلىتىش. ئەگەر ھارارەت غالىب كەلسە، قاپاق، پالەك، كاھۇ قاتارلىقلارنى تاتلىق بادام يېغىدا قورۇپ بېرىش. ئۇنداق بولمىغاندا ئوغلاق گۆشى، سېمىز توخۇ چۈجىسى گۆشى، سېمىز بېلىق، ئۆچكە يېغى قاتارلىقلارنى بېرىش. قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق تاكى زىيانلىق بۇخارات ۋە تەركىبلەر چوڭ تەرەتتىن مېڭىگە ئۆرلىمىسۇن.

سەۋداۋى ساراڭلىق (سەبارا)

مالىخولىيانىڭ يەنە بىر تۈرىنىڭ نامى سەبارا (سەۋداۋى ساراڭلىق) دۇر.

سەبارا بۇ سۈريان تىلىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى سەۋداۋى ساراڭلىقتۇر. سەبارا ناھايىتى قاتتىق ساراڭلىقتۇر. ئۇنىڭغا ئىسسىقلىق ھەم سەپراۋى سەرسامۇ قوشۇلغان بولىدۇ. ھەتتاكى ئۇ بىماردا سەرسامنىڭ ساراڭلىقىمۇ تېپىلىدۇ ھەم جۇنۇنلارغا ئوخشاش سۆزلەيدۇ. گويا سەۋداۋى ساراڭلىق يىرتقۇچسىمان ساراڭلىقتۇر، بۇ ئىسسىقتىن بولغان سەرسام بىلەن بىرىككەن بولىدۇ. چۈنكى، سەپراۋى سەرسامدا ئەگەر جۆيلۈش ۋە ئەقىلسىزلىق بولسا جۇنۇن بولمايدۇ. يىرتقۇچسىمان ساراڭلىقتا ئەگەر سەۋداۋى ساراڭلىق بولسا قىزىتما بولمايدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى سەۋدادۇر. بۇ خاس سەپرانىڭ كۆيۈشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ مېڭە تەرەپكە بېرىپ ساراڭلىق ۋە ئىششىق پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدا بىرى يەنە بىرىگە سەۋەب بولمايدۇ (نەفىيس).

ئالامىتى ئەگەر بۇ كېسەللىك باشلانغان بولسا ئۇزاق مۇددەت ئۇيقۇسىز قالىدۇ. ئۇيقۇدا ئىنتايىن بىئارام بولىدۇ. ئۇيقۇدا بىمار قورقىدۇ ياكى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدۇ. نەپەس ئېلىش ئارقىمۇئارقا يەنى كەينى - كەينىدىن بولىدۇ، ئۇنتۇغاق بولىدۇ. بىمار سوئالغا مۇۋاپىق جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئىككى كۆزى قىزىل، ھەرىكىتى سۇس، كۆزلىرىدە ئېغىرلىق بولىدۇ ۋە گويا كۆزىگە چاڭ - توزان كىرىپ كەتكەندەك بولىدۇ، ئۇنىڭ قان تومۇرلىرى تولغان بولىدۇ ھەم ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياش ئاقىدۇ.

داۋالاش سەرسام سەپراۋىنىڭ داۋاسى قىلىنىدۇ، ھەر خىل چارە بىلەن ماددىنى ئاستى تەرەپكە تارتىش ھەمدە باش تەرەپكە ماددىلار ۋە بۇخاراتلار ئۆرلىمىسۇن. لېكىن ھۆللۈك بۇنىڭدىن زىيادە يەتكۈزۈلىدۇ. بىمارنىڭ پۇت - قوللىرىنى ھەمىشە باغلاپ قويۇش زۆرۈردۇر

تاكى بىمار ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلالمىسۇن. تاكى بىمار ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن. شۇنداقلا تەبەرى ئېيتقانكى، مەن ئىككى ئەرنى كۆردۈم، ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى بوغۇزلىۋالغان ۋە تەبىرىستان ۋە ۋىيلەمدە بىر قانچە ئەر - ئاياللارنى كۆردۈم، ئۇلار دەرەخكە دار ياساپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان.

ئەقىل ئېلىشىش ۋە جۆيلۈش كېسىلى

مالىخولىيانىڭ يەنە بىر تۈرىنىڭ نامى ئەقىل ئېلىشىش كېسىلى ۋە جۆيلۈشتۇر. بۇ كېسەلدە پىكىر ۋە ئويلىنىش پائالىيەتلىرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. يەنى بۇنىڭدا ئەقىلدە ئۆزگىرىش ۋە تەشۋىش پەيدا بولىدۇ، تۆۋەنلەش ياكى يوقىلىش بولمايدۇ.

قوشۇمچە جۆيلۈش — زېھنىگە ئاپەت يېتىش ۋە مېڭىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىدۇر. بۇنىڭدا بىمارنىڭ مېڭىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ. پەرقلەندۈرۈش كۈچى بولمايدۇ. بىماردا تەرتىپسىز ھەرىكەتلەر ۋە جىمىپ كېتىش كۆرۈلىدۇ. مېڭىدە قايناش بولىدۇ. بىمار ئالىجوقا سۆزلەيدۇ.

ئاتىلىشى چۈنكى بۇ كېسەلدە ئەقىل ئېلىشىش ۋە بىھۇدە جۆيلۈش چوقۇم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ناملار بىلەن ئاتالغان.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى خاس مېڭىدىلا بولىدۇ. جۈملىدىن مېڭىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، يەنى پىكىر قىلىش قۇۋۋىتىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى باشقا بىر ئەزالاردا ۋە بەزىدە پۈتۈن بەدەندە بولىدۇ.

1. **كۆيگەن سەۋدا** دەسلەپكى ئەھۋالدا مېڭە كۆيگەن سەۋدا بىلەن تولغان بولىدۇ. مۇرە سەۋدانىڭ مەنىسى كۆيگەن سەۋدادۇر. چۈنكى مۇرە سەۋدا پەقەت كۆيگەن سەۋدانىلا كۆرسىتىدۇ.
2. **سەپرانىڭ كۆيۈشىدىن بولغان سەۋدا** مېڭە سەپراۋى سەۋدا بىلەن (بۇ سەپرانىڭ كۆيۈشىدىن شەكىللىنىدۇ) تولغان بولىدۇ.
3. **قاننىڭ كۆيۈشىدىن بولغان سەۋدا** مېڭە قاننىڭ كۆيۈشىدىن بولغان سەۋدا بىلەن تولغان بولىدۇ.
4. **غەيرىي تەبىئىي سەپرا** مېڭە غەيرىي تەبىئىي سەپرا بىلەن تولغان بولىدۇ.
5. **بۇزۇلغان بەلغەم** مېڭە بۇزۇلۇپ ئۆتكۈرلەشكەن بەلغەم بىلەن تولغان بولىدۇ.
6. **قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغىنى** ئەقىل ئېلىشىشنىڭ بەزى تۈرى قۇرۇق ئىسسىقتىن

بولىدۇ. بۇ مېڭىدە غالىبلىقنى ئىگىلەيدۇ. قۇرۇقلۇقتىن تەبىئىي روھنىڭ ماددىسى يەنى ھۆللۈكى يوقىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئەقىل ئىلىشىدۇ.

بۇ خىل ھۆللۈكنىڭ كۆپىيىشىدىن مېڭە پائالىيەتلىرى ئاجىز بولىدۇ. شۇنداقلا بالىلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ھۆللۈكنىڭ كەملىكى، مېڭە جەۋھىرىنىڭ كەملىكى ھەم روھىي تەبىئىينىڭ كەملىكىدىنمۇ مېڭىنىڭ پائالىيىتى ئاجىزلايدۇ. بۇ ياشانغانلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇ ئىككىنچى تۈرى، بەزىدە مېڭىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقىدىنمۇ، باشقا سەۋەبلەردىنمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن تەبىئىي روھ نورمالسىز پەيدا بولۇپ، ئەقىلسىزلىق كۆرۈلىدۇ.

7. باشقا ئەزالارغا ئاپەت يېتىش (تېگىش) بەزىدە بۇ كېسەللىك ئەزانىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: ئاشقازان، مىراق، بالىياتقۇ، مەنىي قاچىسى ۋە باشقا ئەزالاردىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشىدىن بۇ كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ئەزالاردىن مېڭە تەرەپكە پەقەت ناچار كەيپىيات يېتىدۇ ۋە بەزىدە ئىسسىق ماددىلار ۋە بۇخاراتلار ئۆرلەيدۇ. بۇنىڭدىن مېڭىنىڭ تەبىئىي پائالىيىتى بۇزۇلىدۇ.

8. پۈتۈن بەدەنگە ئاپەت يېتىش بەزىدە بۇ كېسەللىك پۈتۈن بەدەنگە ئومۇمىي بولغان سەۋەبتىنمۇ بولىدۇ. يەنى دائىملىق قىزىتمىدا بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىن مېڭە تەرەپكە ناچار ماددىلار ئۆرلەيدۇ.

قوشۇمچە جۇنۇن، مالىخولىيا، مېڭىگە زەربە يېتىش، قىزىتما، مېڭە تەسىرىگە ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر، قانغا زەھەرلىك ماددىلارنىڭ ئۆتۈشى، شارابنى كۆپ ئىچىش، مېڭە توقۇلمىلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى، نېرۋا ئاجىزلىقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جۆيلۈشنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئالامىتى

1. كۆيگەن سەۋدا بىمار غەمگە مۇپتىلا بولىدۇ. بىمارنىڭ گۇمان قىلىش پائالىيىتى بۇزۇلىدۇ، بۇ مالىخولىيادا سۆزلىنىپ بولدى.

2. سەپرادىن بولغان سەۋدا بۇ كېسەللىكتە غالجىرلىق ۋە قاپ يۈرەكلىك بولىدۇ.

3. قاندىن بولغان سەۋدا بۇ كېسەللىكتە خۇشاللىق ۋە كۈلۈشمۇ بولىدۇ. تومۇرلىرى تولغان بولىدۇ.

4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا بېشىدا كۆيۈشۈش ۋە ئىسسىقلىق بولىدۇ. بىئارامىلىنىدۇ، ئىچى تىتىلدايدۇ ۋە رەڭگى سېرىق بولىدۇ.

5. بەلغەمنىڭ بۇزۇلۇشى ئەقلى ئېلىشقان بىمارنىڭ تەبىئىتىدە مېھرىبانلىقمۇ بولىدۇ.

بىمار قوللىرىنى يانپېشىغا ھەر ۋاقىت قويۇۋالىدۇ. بېشى ئېغىر، ئۇيقۇچان بولىدۇ.

6. قۇرۇق ئىسسىق باشتا ئېغىرلىق ۋە ماددا مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئالامەتلىرى بولمايدۇ. ئۇيقۇسىزلىق بولىدۇ.

7. باشقا ئەزادىكى ئاپەت قايسى ئەزا سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولغان بولسا، شۇ ئەزادا ئاپەت بولىدۇ.

8. پۈتۈن بەدەندىكى ئاپەت پۈتۈن بەدەندە ئاپەت مەۋجۇت بولىدۇ. مەسىلەن: دائىملىق قىزىتما.

قوشۇمچە جۆيلۈش يېنىك بولغاندا بىمارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى قولاشمايدۇ ۋە قائىدىسىز بولىدۇ. لېكىن ئېغىرلاشقاندا ئۇ ئەخلاقسىز سارائىلاردەك بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىشقا باشلايدۇ. مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەرنى مەۋجۇت دەپ چۈشىنىدۇ. يەنى ئۇ نەرسىلەر ئەسلىدىنلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بىمار ئۇنى خىيالىي تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇ «ئۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن كەلدى، ئۇنى چىقىرىۋېتىڭلار. ئىتلار قاۋاۋاتىدۇ، ئۇنى ئۇرۇڭلار. مەن ئاسمانغا چىقىمەن، ئۇچار قۇشلار ئاسماندا ئۇچماقتا ھەمدە مەن يالغۇز قالدىم «ئوت مېنى كۆيدۈرمەكتە» دەيدۇ.

داۋالاش يۇقىرىقى مەزكۇر تۈرلەرنى داۋالاش بۇنىڭدىن ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەسلىي كېسەللىك سەۋەبى يوقىتىلىدۇ، جۆيلۈش كۈچلۈك بولسا سىركە ۋە گۇلابتىن 120 گىرامدىن ئېلىپ، بۇنىڭدا كافۇر ۋە سەندەل قاتارلىقلارنى ئېرىتىپ ھەم ئۇنىڭدا رەختنى ھۆللەپ قويۇلىدۇ ھەمدە قايتا - قايتا ئالماشتۇرۇلىدۇ. لېكىن دەسلەپتە باشتىكى چاچ چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ، ئەگەر پەسىل ۋە كېسەللىك سەۋەبى يول قويسا، باشقا مۇز قويۇلىدۇ. ئۈچەيلەرنى پاكىزلاش، ماددىلارنى مايىللاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ. ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچىلەرنى ئىشلىتىش لازىم.

ئاجىزلىق ھالىتىدە ھەرىكەتلەندۈرگۈچىلەر، كۈچلەندۈرگۈچىلەر ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، داۋائىلمىشكى، مۇپەررىھى ياقۇتى ئەنبىرى، نۇشدارى ۋە باشقىلارنى بېرىش لازىم.

ھاماقەتلىك ۋە دۆتلۈك كېسىلى

مالىخولىيانىڭ يەنە بىر تۈرىنىڭ نامى «ھاماقەتلىك ۋە دۆتلۈك كېسىلى» دۇر. بۇ كېسەلدە پىكىر ۋە چۈشىنىش پائالىيەتلىرى (ئەمەلىي ئىشلاردا پىكىر ۋە چۈشىنىش ئائىلە ئىشلىرى بىلەن

مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ياكى مەينەت مۇھىتتا تۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسۇن) ئۆزگىرىدۇ. يەنى بۇ پائالىيەتلەر تۆۋەنلەيدۇ ياكى يوقىلىدۇ ھەمدە ياشانغانلارغا ئوخشاش ئەقىللىق ياكى بالىلارنىڭ بالىلىق چاغلىرىغا ئوخشاش ھالەت بولىدۇ. سۆزلىگەن سۆزلىرى نەتىجىسى يوق ۋە مەقسەتسىز بولىدۇ. بىمار سۆزلەرنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولىدۇ ۋە مەقسەتكە يەتكۈزەلەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ سۆزلەر مەقسەتكە يەتكۈزۈشنىڭ ئەكسىچە باشقا تەرەپكە يەتكۈزىدۇ، پىكرى ۋە چۈشىنىش پائالىيىتى بۇزۇلغان كىشىلەرنىڭ ئاشكارا ھالىتى، يەنى دەسلەپتە بولسا ئەقىللىق كىشىلەرگە ئوخشاش مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى مەشھۇر سۆزلەردە بىمارنىڭ خىيالى توغرا بولىدۇ ھەمدە بۇ مەقسەتكە بىمار ئىنتىلىدۇ. ئۇنىڭ خىيالىمۇ توغرا بولىدۇ ھەمدە ئۇلار ھەر خىل تەجرىبىلەرگە ئىگە بولىدۇ. لېكىن ئەمەلىي ئىشلاردا ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە پىكرى بۇزۇلغان بولىدۇ.

سەۋەبى مېڭە ئارىلىق بۆلەكلىرىدە ماددىسىز سوغۇقلۇق ياكى سوغۇقلۇق بىلەن قۇرۇقلۇق غالىب كېلىدۇ ياكى سوغۇقلۇق بىلەن مېڭە بوشلۇقىدا بەلغەم بولىدۇ.

ئالامىتى قۇرۇقلۇق ۋە سوغۇقلۇقنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئىچكى ياكى سىرتقى سەۋەبلىرى ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بولىدۇ. مەسىلەن: قۇرۇق سوغۇق غىزالار ياكى دورىلارنى يېيىش، كۆپ ئەمگەك قىلىش، زىيادە ئىسسىقلىق پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىش، مەسىلەن: ئىسسىق ھاۋالار، ئىسسىق بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى، ئويلىنىش، قورقۇنچ، خۇشاللىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقنىڭ كۆپ بولۇشى ئىلگىرى ئۆتكەن بولىدۇ. بۇرۇن قۇرۇق بولىدۇ. ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك ھامامغا چۈشۈرۈش، باش ئۈستىگە ئىسسىق سۇ قۇيۇش بىلەن بىمارنىڭ ھالىتىدە ياخشىلىنىش بولىدۇ.

داۋالاش قۇرۇق سوغۇقلۇقنىڭ داۋاسى قىلىنىدۇ، مېڭىگە ھۆل ئىسسىقلىق يەتكۈزۈلىدۇ. غىزاسىغا سېمىز توخۇ گۆشلىرى، ئاددىي شورپا، دارچىن، خولىنجان بىلەن ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچىلەر سېلىپ بېرىش، بادام يېغى بىلەن شېكەردىن تەييارلانغان مۆتىدىل ھالۋىلار يېگۈزۈلىدۇ، ئاق لەيلى يېغى، بابۇنە يېغى سۈركىلىدۇ، ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۆسۈملۈك دورىلارنىڭ سۈيى بىلەن نۇتۇل قىلىپ، ھۆل ئىسسىقلىق مېڭە ئارىلىق بۆلىكىگە يەتكۈزۈلىدۇ.

بەلغەم بىلەن سوغۇقلۇق بەلغەم بىلەن سوغۇقلۇق بولىدۇ، بۇ پىكرى بۇزۇلۇش كېسەللىكىدە سۆزلەندى، ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىدە بايان قىلىندى. بۇنىڭغا ئاساسەن قىياس قىلساق، بۇنى داۋالاشمۇ پىكرى بۇزۇلۇش كېسىلى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئەقىل ئېلىشىش، ھاماقەتلىك ۋە دۆتلۈك كېسىلى مالىخولىيا تۈرلىرىدىن ئەمەس. بۇ كىتابنى يازغۇچى ئەقىل ئېلىشىشنى مالىخولىيانىڭ بىر تۈرى دەپ سانىغان. ھالبۇكى بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى مالىخولىيادا ۋەھىمە ۋە گۇمان قورقۇنچقا ئۆزگىرىدۇ، غەم ۋە قورقۇنچتىن باشقىلىرى بولمايدۇ. مالىخولىيادا قىزىتما بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۇ ئەقىل ئېلىشىشنىڭ كۆپ قىسىملىرىدا بۇ ئەھۋاللاردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. بەلكى توغرىسى شۇكى، ئەقلى ئېلىشىش سەرسامنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. چۈنكى سەرسامنىڭ ئىككى مەنىسى بولىدۇ. بۇ مەزمۇن دەسلەپتە سۆزلىنىپ بولدى.

بىرىنچى ھەقىقىي مەنىسى، يەنى مېڭە ياكى مېڭە پەردە ئىششىقى، ئىككىنچى مەنىسى ئوخشىتىش مەنىسى ياكى ھەقىقىي بولمىغان مەنىسى. بۇ مەنە تېۋىپلارنىڭ قارىشىچە، ئېلىشىش نامى بىلەن مەشھۇر ۋە چۈشىنىشلىكتۇر.

بۇنىڭغا ئاساسەن يازغۇچى ھاماقەتلىك ۋە دۆتلۈكنى مالىخولىيانىڭ تۈرلىرىدىن سانايدۇ. بۇمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭدا قورقۇنچ بولمايدۇ، بەلكى توغرىسى شۇكى، ھاماقەتلىك كېسىلىدە پىكىر قىلىشى بۇزۇلىدۇ، بۇنىڭ بايانى ئۇنتۇغاقلىقتا سۆزلىنىپ بولدى (نەفىس).

ئىشق كېسەللىكى

ئىشق سۆزى ئەشەقەدىن چىققان بولۇپ، بۇ لەبلاب يەنى ھەشقىپىچەكنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئۇ دەرەخلەرگە يۆگىشىدۇ، بۇنىڭدىن دەرەخلەر قۇرۇپ قالىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ «ئىشق» نامى شۇنىڭغا ئوخشاشلىقى سەۋەبىدىن قويۇلغاندۇر. چۈنكى بۇ كېسەلمۇ ئىنسانلارنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ ھەمدە ھاياتلىق ۋە تۇرمۇشنىڭ راۋاجلىنىشىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر شائىر مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

يۆگەشمىسە ھەشقىپىچەك قومۇشقا،
قايدا سەۋەب ئىشقتىن نەم قۇرۇشقا؟

بۇ ئىشق سۆزى ھەشقىپىچەكتىن چىققاندۇر. ئۇ شاخلارغا يۆگەشسە ئۇنى قۇرۇتىدۇ. پېشۋا مۇھىيددىن ئىبنى ئەرەبى «فۇتۇھاتى مەككىيە» دېگەن كىتابىنىڭ بايانىدا بۇ ھەزرەت يازغانكى، ئىشق سۆزى ھەشقىپىچەكتىن چىققاندۇر. بۇ ھەشقىپىچەكتۇر. ئۈزۈم تېلىغا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش دەرەخلەرگە يامىشىدۇ. مۇشۇنىڭدەك بۇ ئىشق كېسىلىمۇ ئاشىقنىڭ يۈرىكىگە چىرمىشىدۇ. ھەتتاكى ئۆزىنىڭ مەھبۇبى ۋە مەشۇقىدىن باشقا نەرسىلەر تەرەپكە قاراشتىن قارىغۇ قىلىۋېتىدۇ.

ئەللامە سەمەرقەندى يازغانكى، مالىخولىيانىڭ تۈرلىرىگە يېقىنراقى ئىشق كېسەللىكىدۇر.

ئىشق بىر ۋەسۋەسىگە سالغۇچى كېسەللىكتۇر (يەنى ۋەسۋەسە، پىكىر - خىيال ۋە باشقىلاردىن پەيدا بولىدۇ). بۇ ئىنساننى شۇ ئۇسۇلدا ئۆزىگە تارتىدۇكى، ئۆزىنىڭ پىكىر - خىيالى مەشۇقىنىڭ بەزى سۈرەتلىرى ۋە خىسلەتلىرىنى ياخشى تەسەۋۋۇر قىلىشقا مۇجەسسەملەشتۈرۈۋالىدۇ. يەنى مەيلى بۇ خىسلەتلەر ۋە باشقىلار ھەقىقەتتە ئۇيغۇن كەلمىسۇن، ئىنسان ئۆزىنىڭ خىيالىدا مەشۇقىنىڭ بەزى سۆزلىرىنى ياخشى چۈشىنىشكە مەركەزلەشتۈرۈۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەمىشە ئويلىنىش بىلەن بۇ ئىش ئېغىرلىشىدۇ، ھەتتاكى بىر خىل مالىخولىيا پەيدا بولىدۇ. مەشۇقىنىڭ سۆزلىرى ياخشى سېزىلىش سەۋەبىدىن بەزىدە شەھۋەتمۇ بولىدۇ ۋە بەزىدە شەھۋەت بولمايدۇ.

ئارىستوتېل ئېيتقانكى، ئىشق ئەسلىدە مەھبۇبىنىڭ ئەيىبلىرىنى بىلىشتىن قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ياراتقۇچى تەرىپىدىن مەھبۇبىنىڭ سۆزلىرى يۈرەككە ئوت ياقىدۇ.

ئالامىتى   ئىنسان قورقۇنچاق، گاڭگىراپ قالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ خىيالى مەشۇقىدا بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ پىكىر قۇۋۋىتى مەشۇقى ئۈستىدىلا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خامۇش ياشايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا ئازراق ئىنكاس بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدا ئۇنتۇغاقلىقمۇ بولىدۇ. ئاشىق ئۈچۈن ئىلىم بولسۇن، ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە يادىغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەستۇر ۋە مېڭىدە قۇرۇقلۇق غالىب كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇنتۇغاقلىقمۇ بولىدۇ. بىمار بېشىنى ئەگكەن ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ئاشىقى بەزىدە مەشۇقىنى ئويلاش ۋە ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتىن خالىي بولالمايدۇ. بىمارنىڭ ھالىتى مالىخولىياغا ئوخشاش بولىدۇ. يەنى غەم - ئەندىشە بولىدۇ. تەنھالىق ۋە خامۇشلۇق، ئۇنتۇغاقلىق بولىدۇ ھەمدە كۆپ ئىش قىلغۇسى كەلمەيدۇ.

كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ. چۈنكى توختىماي خىيال قىلىش، تاماقنى ئاز يېيىش، كۆپ ئۇخلىماسلىق سەۋەبىدىن چوقۇم ھەزىم بۇزۇلىدۇ. بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنىڭ تارقىلىشى كۆپىيىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆز قان تومۇرلىرىغا تولۇپ كېلىدىغان قاننىڭ مىقدارى كېمىيىپ، كۆزلىرىگە قۇرۇقلۇق يېتىدۇ، يىغلىمەيدۇ، كۆزلىرى كۆپ ھەرىكەتلىنىدۇ. كۆزلىرىدىن خۇشاللىق چىقىپ تۇرىدۇ. گوياكى ئۇ بىرەر لەززەتلىك نەرسە تەرەپكە قاراۋاتقاندەك ياكى خۇشاللىق بېغىشلايدىغان خەۋەرلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەھبۇبىنىڭ ھالىتى ۋە ئۇنىڭ ئەدەپلىرى كۆز ئالدىدا تۇرغاندەك بىلىنىدۇ. ئاشىقنىڭ نەزىرىدە قانداق نەرسە ياخشى كۆرگەن مەشۇقىدىن زىيادە لەززەت ۋە راھەت بېغىشلىيالايدۇ؟ بىمار غەمكىن ۋە خىيالچان كىشىلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭ تومۇرى مۇختەلىپ بولىدۇ. ئۇنىڭ نەپەسلىنىشى چوڭ① ،

---

① يۇقىرىغا ئۆرلىگۈچى نەپەس چوڭ، چوڭقۇر ھەم تېز - تېز بولىدۇ.

چوڭقۇر، تېز - تېز بولىدۇ، يەنى نەپەسلىنىش ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ كېلىدۇ.

روفس ئېيتقانكى، غەمكىنلىك يەنى ئاشىقلىقنىڭ ئالامىتى، بەدەندە قۇرۇقلۇق بولىدۇ ھەم بىمار خامۇش بولىدۇ. ئىش قىلىشنى تەبىئىي ياقتۇرمايدۇ. ئىبنى تەلمىز ئېيتقانكى، بۇ ئالامەتلەردىن ئىشقى كېسەللىكىنىڭ تۈرى ئېنىقلىنىدۇ ھەم بىمار غېمىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتمايدۇ. غەم ئىشق كېسىلى بىلەن بىر جىنستۇر، ئىشق بۇنىڭ بىر مەخسۇس قىسمىدۇر. ئەگەر بىمار غەم - ئەندىشىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلىيەلمىسە، بەلكى ئۇنى يوشۇرسا ئىشق كېسەللىكىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئېنىق بولىدۇ. جۈملىدىن ئۇ ئالامەتلەر بىلەن ئەگەر بىمار تېۋىپنىڭ سۆزلىرىگە ئازراقمۇ پەرۋا قىلمىسا ۋە ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ھەمدە ئېنىقلاشلىرىغا قۇلاق سالمىغان بولسا، ئۇنىڭدىن بىمارنىڭ بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغانلىقى ئېنىق بولىدۇ. ئۇنى تېۋىپقا ئېيتمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئاشىقلىق ياكى باشقا بىر شەخس سەۋەب بولىدۇ، مەسىلەن: ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشلىرى ئۆلۈپ كەتكەندە، بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ ياكى ئۇ كىشىلەردىن تارتىنىدۇ ۋە ياكى باشقا بىر سەۋەب بولىدۇ، ئەگەر ئۇ سۆزلەش بىلەن بۇمۇ بىرلەشكەن بولىدۇكى، بىرەر كىشىنىڭ نامىنى ئاڭلاش ياكى بىرەرسىنى كۆرۈش بىلەن بىمارنىڭ تومۇرى، نەپەسلىنىشى ھەم رەڭگىدە ئۆزگىرىش بولسا بىلىش لازىمكى، ئۇنىڭ ئۇ كىشى بىلەن بىرەر خاس مۇناسىۋىتى بار.

مۇشۇنىڭدەك جالىنۇس بىر ئاشىق ئايالنىڭ ھالىنى مەلۇم قىلغان. جالىنۇس بۇ سوئاللارنى ئۇنىڭدىن سورىغان. ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان. تۇيۇقسىز بىر كىشىنىڭ تەرىپىنى قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن ئايالنىڭ رەڭگى ۋە ئۇنىڭ تومۇرى ئۆزگەرگەن، ئاندىن باشقا بىر كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا بۇ ئايالدا ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمىغان. ئاندىن جالىنۇس دەسلەپكى كىشىنى تىلغا ئېلىپ ھۆكۈم قىلغانكى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولغان، جالىنۇس بۇ ئايالنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن.

بۇ ئىشق كېسىلى ئەرلەردە جۈملىدىن قوش جىنسلىقلاردا بولىدۇ. بۇلار ئاياللار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ ئۆتىدۇ ھەمدە ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىدۇ، ئەرلەردە ۋە ئاياللاردا جۈملىدىن مۇشۇنداق بىكار ۋە ئىشسىز كىشىلەردە بولىدۇ. بۇ مۇھىم ۋە چوڭ - چوڭ ئىشلاردىن قول ئۈزگەن بولىدۇ، بۇنداق كىشىلەر ئىرادىسىز ۋە بوشاڭ بولىدۇ.

ھۆكۈمالار ئېيتقانكى، كۆڭۈلنى باشقا ئىشقا مەشغۇل قىلمىسا، كۆڭۈل ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولىۋېرىدۇ. چۈنكى كۆڭۈل بىرەر ۋاقىتمۇ تىنچ ئارام ئالمايدۇ ھەمدە ئۇسۇل - چارىلەرنى ئويلاپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ خىيال ياخشى بولسا، بۇ ياخشى، ئۇنداق بولمىغاندا كۆڭۈل بۇزۇق ۋە خىيالىي سۆزلەرگە بېرىلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى قاتتىق تىرىشىدىغانلاردا، قاتتىق

ئەمگەك قىلىدىغانلاردا ياكى ساغلام ۋە تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار ئادەملەردە بۇ ئىشق كېسىلى پەيدا بولمايدۇ. ئىرادىلىك كىشىلەر شەھۋەتپەرەسلىككە كۆڭلىنى بەرمەيدۇ. چۈنكى ئىشق كېسىلى مۇشۇنداق رەزىل ۋە گۇمانىي سۆزلەرگە يېقىن بولىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ ساغلام، ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئازراقمۇ ئېتىبارى بولمايدۇ (نەفىس).

داۋالاش مىزاجىدا ھۆللۈك پەيدا قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇ كېسەللىك روھنىڭ ئالامەتلىرى ۋە خىيال قىلىش قۇۋۋىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. لېكىن بۇنىڭ تەسىرى بەدەندىمۇ بولىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپ خىيال قىلىش، كۆپ ئۇيقۇسىز قېلىش، ئاز غىزا يېيىش ۋە باشقا سەۋەبلەردىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمارنى روھىي جەھەتتىن داۋالاش ھەم بەدەنگە قارىتا داۋالاش ئۈچۈن ھۆللۈك يەتكۈزۈش، تاتلىق سۇلۇق ھامامغا چۈشۈش، ھۆللەشتۈرگۈچى مايلارنى چېپىش، غىزانى كۆپەيتىپ بېرىش ۋە مالىخولىيادا سۆزلىنىپ بولغان بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدىغان چارىلەرنى قوللىنىش، تاكى بەدەندە قۇرۇقلۇق ئېشىپ كەتمىسۇن.

بىمارغا مەشۇقىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئىشلار قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: قىسسە، ھېكايىلەر ۋە رومانلارنى ئاڭلىتىش، قىسسە ئوقۇتۇش، قىزىقارلىق چۆچەكلەرنى ئاڭلىتىش، باغلار، ھاۋالىق ۋە ياخشى يېشىلزارلىقلاردا ساياھەت قىلدۇرۇش، دۈشمىنى بىلەن ئۇرۇش قىلدۇرۇش، مەشۇقىغا مۇناسىۋەتسىز سۆزلەرنى قىلىپ، بىمارنىڭ ئەمەللىرى ۋە خىياللىرىنى باشقا تەرەپكە بۇراش، سەيلە قىلدۇرۇش ۋە ئوۋ ئوۋلاتقۇزۇش، بەزىدە ئۇنى قورقۇتۇش پايدىلىقتۇر. قىسقىسى، ئۇلارنى بىكار ۋە يالغۇز قويماسلىق لازىم.

مەشۇقىدىن باشقا كىشىلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ئىشق كېسەللىكىنى ئازايتىدۇ ۋە ئۇنىڭ خىيالىنى يوقىتىدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە كۆڭۈل خۇش بولىدۇ ۋە مەشۇقىدىن باشقىلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ ئۇسۇل - چارىلەر ئۈنۈم بېرىپ قالىدۇ. بىر شائىر تولىمۇ ئوبدان دېگەن:

كېسەل پەيدا بولسا قانداق داۋا بار،
بولماي ئىشق دەۋاسىغا خۇدا يار؟

قوشۇمچە

جۇنۇن بۇ كېسەللىكتە ئەقىل كۈچىدە تەڭپۇڭسىزلىنىش بولىدۇ ھەمدە بىمارنىڭ زېھنىدە مەۋجۇت بولمىغان خىياللار بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇ ئۆزىنى ئىنسانلاردىن دەپ قارىمايدۇ.

ئۆزىنى قوغدىمايدۇ ھەم ئۇرۇق - تۇغقان، جەمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقلىرىنى تونۇش خىيالى، ھەتتاكى مەزھىپى، پەرھىزلىرى ۋە شەرىئەتنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ.

بۇ بىر خاس ئۇقۇمدۇر. بەزى كىشىلەر مالىخولىيانى ئومۇمىي كېسەللىك دەپ بېكىتىپ، جۇنۇننى ئۇنىڭ بىر قىسمى دەيدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر جۇنۇننى ئومۇمىي كېسەللىك دەپ قاراپ، مالىخولىيانى ئۇنىڭ بىر قىسمى دەيدۇ.

جۇنۇننى بەزى تەتقىقاتچىلار بىرقانچە قىسىمغا بۆلگەن. لېكىن ئۇنى چوڭ جەھەتتىن ئۈچكە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق: بۇ خۇي - پەيلى يىرتقۇچ ھايۋاندەك بولۇپ قالىدىغان ساراڭلىق، بۇ ئادەتتە ئوردۇ تىلىدا «دىۋانگى» نامى بىلەن ئاتالغان.

2. ئەقلى تۆۋەنلەش: بۇنىڭدا بىماردا ھاماقەتلىك ۋە بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىش بولىدۇ ھەمدە چۈشىنىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولىدۇ.

3. ئەقلى يوقىلىش: بۇنىڭدا بىمار ئەقىل - پاراسىتىدىن قەتئىي ئايرىلىدۇ.

يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق: ئۆتكۈر يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق، سوزۇلما يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق، ئەقلى يوقىلىشتىن بولغان يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق ۋە تۇغما يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق دەپ تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

ئەقلى يوقىلىشتىن بولغان يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق: بۇ چوڭ جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرى، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان ساراڭلىق. يەنە بىرى، مالىخولىيا.

ئەقلى يوقىلىشتىن بولغان يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق: بۇ يەتتە يەتتە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

(1) جۇنۇنى نىپاسى: بۇ ھامىلدار ئايال يەڭگىگەندىن كېيىن بولىدۇ.

(2) جۇنۇنى سۇرقى: بۇنىڭدا ئوغرىلىق قىلىشقا ساراڭلارچە ئادەتلەنگەن بولىدۇ.

(3) جۇنۇنى ئىشقى: بۇنىڭغا بەزى شەھۋەتمۇ ئەگىشىپ كېلىدۇ، بەزى دىنىي مۇخلىسلارمۇ بۇ كېسەللىككە مۇپتىلا بولىدۇ.

(4) جۇنۇنىي نارى: بۇنىڭدا بىمارنىڭ كۆڭلىدە تۇرالغۇ ۋە باشقىلارغا ئوت يېقىپ، تاماشا كۆرۈش خاھىشى پەيدا بولىدۇ.

(5) جۇنۇنى خەمرى: بۇنىڭدا شاراب ئىچىشكە مەجنۇنلارچە خاھىش پەيدا بولىدۇ.

(6) جۇنۇنى قەتلىي نەپس: بۇنىڭدا بىمار ئۆز ئادىمى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ ۋە ئۆلۈۋېلىپ، ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىدۇ.

(7) جۇنۇنى قەتلى ئۇمۇدى: بۇنىڭدا بىمارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ساغلام كۆرۈنىدۇ، لېكىن ساراڭلىق غالىب كەلگەن چاغدا ئۆزىنىڭ ئەزىز يېقىن بىر تۇغقانلىرىنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ

يانمايدۇ.

ھاماقەتلىك كېسىلىنىڭ تۈرلىرى: ھاماقەتلىك توققۇز قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

① ئۆتكۈر ھاماقەتلىك؛ ② سوزۇلما ھاماقەتلىك؛ ③ پالەچلىكتىكى دىۋانىلىك؛ ④ ئاڭلاشتىن بولىدىغان ھاماقەتلىك: بۇ كۆپىنچە ئاياللاردا ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن كۆرۈلىدۇ؛ ⑤ سەرئىدىن بولغان ھاماقەتلىك: بۇنىڭدا ئەقىل سەرئى سەۋەبىدىن بۇزۇلىدۇ؛ ⑥ زەربە تېگىشتىن بولغان ھاماقەتلىك: بۇنىڭدا زەربە تېگىشتىن زېھنى بۇزۇلىدۇ؛ ⑦ سىفلىستىن بولغان ھاماقەتلىك: بۇنىڭدا سىفلىس ماددىسىنىڭ تەسىرىدىن مېڭە قۇۋۋەتلىرى تەسىرگە ئۇچرايدۇ؛ ⑧ نۇقرەس ماددىسىنىڭ بولغان ھاماقەتلىك: بۇنىڭدا ھاماقەتلىك نۇقرەسنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ؛ ⑨ نىپاستىن بولغان ھاماقەتلىك: بۇ تۇغۇتتىن كېيىنكى چىللە دەۋرى (تۇغقاندىن باشلاپ 40 كۈن) ئىچىدە بولىدۇ.

ئەقىل يوقىلىشىنىڭ تۈرلىرى: بۇنىڭدا ئىنساننىڭ ئەقلىي ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەيدۇ، لېكىن ئاڭلاش ئىقتىدارى نورمال بولىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچ تۈرى تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ: ① بەلاھەت: بۇنىڭدا باش سۆڭىكىنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىي ھالەتنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ؛ ② سىفاھەت: بۇنىڭدا بىرەر كېسەللىك ياكى ئەگەشمە كېسەللىك سەۋەبىدىن ئەقىل يوقىلىدۇ؛ ③ دەمامەت: بۇنىڭدا ساددىلىق بىلەن ھاماقەتلىك قوشۇلۇپ كەلگەن بولىدۇ.

جۇنۇننىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى ئومۇمىي سەۋەب، ئالامەت ۋە باشقىلار ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

جۇنۇننىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى پادىشاھلىقنىڭ ۋەيران بولۇشى، مەزھەبكە مۇناسىۋەتلىك ياكى مۈلۈككە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا قايناش قاتارلىقلارنىڭ نېرۋىغا تەسىر قىلىشى، سوقۇلۇشلار، كۆپ جىنسىي ئالاقە قىلىش ۋە جەلەق قىلىش، سىفلىس ماددىسى، ئاچ قورساق يۈرۈش، ئۇپ ئۆتۈپ كېتىش، ھامىلىدارلىقتىكى ئاپەتلەر، تۇغۇت، ھامىلىدارلىق قىزىتمىسى، قىيىنچىلىقتا قېلىش؛ بەزى جىسمانىي ۋە روھىي ھادىسىلەردىن بولغان كېسەللىكلەر، بەزى بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدان كېسەللىكلىرى، تەبىئەتنىڭ نورمالسىزلىنىشى، ئۇزاق مۇددەتكىچە سۈت ئىچىش، ئەقلىي ئەمگەك قىلىش، ئىشق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش، غەم - قايغۇدا قېلىش، جاپا چېكىش، قاتتىق قورقۇش، ئۇستازى ۋە مەزھىبىنىڭ قاتتىق قىيىنچىلىقتا قېلىشى، كۆپ ھاراق ئىچىش ۋە باشقا مەست قىلغۇچىلاردىن، مەسىلەن: نەشە ۋە باشقىلارنى ئىشلىتىشتىنمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. ئاتا - ئانىسىدىن ئىرسىيەت شەكلىدە ئەۋلادلىرىغىمۇ ئىرسىيەت قالىدۇ.

ساراڭلىق ساددىلىقنى ياقتۇرىدىغان كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا مەغرۇر كىشىلەردە يەنى ئىنتايىن ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ۋە ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ كىيىمى قاتارلىقلارنى ئويلايدىغان، ئوخشاشمىغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە پۇل تاپىدىغانلار ياكى ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا كىرىشىپ كەتكەنلەردە كۆپرەك پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا تەتقىقاتچىلار قىياس قىلىنىدۇ. بۇلار كۆپىنچە يېڭى ئىشلار ۋە يېڭى مەقسەت ئۈچۈن ئىزدەنگۈچىلەردە پەيدا بولىدۇ. بىماردا ئەگەر ئۇ بىرەر سەۋەبتىن يۇقىرىقىلار ھاسىل بولمىسا ساراڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىك ئازاد بولغان دۆلەتلەردە، ئەركىن ياشىغانلاردا كۆپ بولىدۇ، مۇشۇنداق جايلاردا ساراڭلارنىڭ سانىمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئومۇمىي ئالامەتلىرى بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى ئوخشاشمىغان كۈنلەردە ئوخشاش بولمىغان ھالەتلەردە ئاشكارا بولىدۇ. بەزىدە بىر مەزگىلگىچە ئەقلىدىن ئېزىشىنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولمايدۇ، بەزىدە بىردەمدىلا كېسەللىك ئاشكارا بولىدۇ. بۇ چاغدا بىمارنىڭ مىجەزى چېچىلاڭغۇ ۋە ناھايىتى ئىتتىك بولىدۇ، جۆيلۈيدۇ، قۇرۇق گەپ قىلىدۇ، تەنھالىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، ئىنتايىن مەينەت ياشايدۇ. ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى خىياللىرىنى ئالماشتۇرۇپ، يېڭى ئىش تەرەپكە يول ئالىدۇ، دوستلىرىدىن باشقا ئۆزىنىڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغىمۇ تېتىقسىزلىق قىلىدۇ، تېنى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلايدۇ. بىمارنىڭ كۆز ئالدىغا پەرىشان قىلىدىغان ۋە قورقۇنچلۇق ئىشلار كېلىۋېلىپ قورقۇپ كېتىدۇ ھەمدە قورقۇنچ ۋە ۋەھىمىدە ئۇياق - بۇياققا ماڭىدۇ. ئەكسىچە ئادەتتىكى ئەھۋالى بۇزۇلغان بولىدۇ. كۆپىنچە ئۇنىڭدا باش ئاغرىقى ۋە قەۋزىيەتلىكنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بەزىدە قۇسۇشىمۇ بولىدۇ، بەزىسىنىڭ تەبىئىتى دەسلەپتىلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش تەرەپكە مايىللاشقان بولىدۇ.

بەزىلەردە ئۇيقۇسىزلىق ھالىتىدىمۇ چۈش كۆرگەندەك ھالەت مەلۇم بولىدۇ. بىرەر كىشى بىمارغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل قىسقا ۋاقىت تۇرسا، بىمار ئۇنىڭدىن تامامەن بىخەۋەر بولىدۇ، گەرچە بۇ كېسەللىكنىڭ باشلىنىشى بولسىمۇ، لېكىن بىمارنىڭ بۇ خىياللىرىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمايدۇ. بەزىدە مۈگدەش، باش قېيىش ۋە ھۇرۇنلۇق بولىدۇ. بەزى ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە يالغان، ئەمەلىي بولمىغان خىياللاردا بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ئازراقمۇ ئاگاھ بولۇش خىيالى بولمايدۇ. بەزىدە كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ سۆزىدىن ئېزىپ قالىدۇ، بىرەر ئىشقا دىققىتىنى يىغالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى كەسپىنىمۇ قىلالمايدۇ.

ئەگەر بىرەر ئەزانىڭ شېرىكچىلىكىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولسا، مەسىلەن: مېڭە ۋە

جىگەر كېسەللىكلىرى ۋە باشقا كېسەللىكلەردىن بولسا، بۇ كېسەللىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئالامەتلەر مەۋجۇت بولىدۇ. بەزىدە جۈنۈن خىياللار بۇزۇلماستىنمۇ كۆرۈلىدۇ، ئادەتتە ساراڭلىق يالغان خىياللارسىز بولمايدۇ.

كۆپىنچە ساراڭلارنىڭ چىرايىدىنلا ساراڭلىقنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: مالىخولىيا بىمارلىرىنىڭ چىرايى غەمكىن، تاتىراڭغۇ ۋە ئاق، نۇرسىز بولىدۇ. ئادەتكە خىلاپ سۆزلەرنى قىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك بىمار ئىلگىرى پاكىز يۈرۈشنى ياخشى كۆرگەن بولسا، سەۋەبسىزلا مەينەت يۈرۈشكە باشلايدۇ. ئەگەر ئۇ دەسلەپتە مەينەتچىلىكنى ياخشى كۆرگەن بولسا، سەۋەبسىزلا تازىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

يۇقىرىقىدەك، ئەگەر بىر كىشى ھەمىشە خامۇش يۈرسە، ئۇ خۇشاللىق ۋە يېقىمسىزلىقنى تاللىسا، بۇ ئەھۋالدا يىرتقۇچسىمان ساراڭلىقنىڭ گۇمانى چوقۇم بولۇشى زۆرۈر. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر بىر كىشى سەۋەبسىزلا ئۆز - ئۆزىدىن قۇسۇر تېپىپلا يۈرسە، بۇ جۈنۈننىڭ خاس ئالامىتىدۇر.

بەزىدە جاھىل ۋە تاغدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى ساراڭنىڭكىدەك بولىدۇ، لېكىن بۇ كىشى ھەقىقەتەن ساراڭ بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئوي - خىياللىرى ئالاھىدە بولۇپ، قىياپىتىدىن ۋەھىمە ۋە مالالچىلىقنىڭ تەسىرلىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەۋجۇت بولمايدىغان ھەر خىل سۈرەتلەرنى خىيال قىلىپ تەسىرلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرەر سوئال سورالسا باغلاشمىغان جاۋابلارنى بېرىدۇ. يۇقىرىقى ئالامەتلەردىن دىياگنوز قويۇشتا ئازراق خاتالىق يۈز بېرىشى مۇمكىن، مەجنۇن ۋە ھەرىكىتى بۇزۇلغان كىشىلەردە مۇشۇنداق چوڭ پەرق بولىدۇ، بۇنداق كىشىلەر ئۆمرىنى ئەيش - ئىشرەتتە ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ساراڭلاردا بولمايدۇ. لېكىن بۇنىڭ مېڭىسى تامامەن كاردىن چىقىدۇ. بەزى كىشىلەر ئىلگىرىكى خوجايىنى ۋە باشقىلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن دىۋانە بولۇۋالىدۇ. شۇڭا، دىياگنوز قويۇشقا ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن ھەقىقىي ساراڭلىق ۋە يالغان ساراڭلىقنىڭ پەرقى يېزىلدى.

يالغان ساراڭ

1. ساراڭ دېيىشتىن خۇش بولىدۇ.
2. تۇيۇقسىزلا ساراڭلىق كۆرۈلىدۇ.
3. سەكرەيدۇ، غەلۋە قىلىدۇ. قۇرۇق گەپلەرنى قىلىدۇ ۋە ئەقىلسىزلىقنى ئۆزىنىڭ شوئارى قىلىدۇ.
4. ياسالمىلىق قىلىش ۋە دوراشتىن باشقا بىرەر جىسمانىي كېسەللىك بولمايدۇ، يەنى

يۈزەكى تېرىدە بىرەر خاس ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

5. كېسەللىك ئۆتكۈرلەشكەندە، ئەمگەكتىن كېيىن تەرلەيدۇ. تومۇردا ئىنتايىن يەڭگىللىك مەلۇم بولىدۇ.

6. تەبىئىتى ئارام ئېلىش ۋە راھەت تەرەپكە مايىل بولىدۇ. غىزا يېگۈسى كېلىپ تۇرىدۇ. كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇخلاشقا تىرىشىدۇ.

7. بىرەر ئەزىيەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن: ئاياللار چېچىنى كېسىدۇ، ئەرلەر تېرىسىنى تۆمۈر بىلەن داغلايدۇ.

8. تىنچلاندۇرغۇچى ۋە مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىشلەتكەندىن كېيىن بىمارنىڭ پۈتۈن ھالىتى ئاشكارا بولىدۇ.

ھەقىقىي ساراڭ

1. دىۋانە دېيىشكە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ.

2. ساراڭلىق كۆپىنچە تۇيۇقسىز كۆرۈلمەيدۇ.

3. بەزىدە غەمكىن ۋە خامۇش بولىدۇ، بەزىدە جۆيلۈيدۇ ۋە سېزىمىنى يوقىتىدۇ، سۆزلىرى قولاشمايدۇ.

4. تەبىئەتتىكى بىئاراملىقتىن يۈزىدىكى خاس قىسىمدا ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: كۆزلىرى قىزىلغا مايىل، چىرايى قورقۇنچلۇق بولۇپ قالىدۇ.

5. كېسەللىك ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقىتتا بىرەر نورمالسىزلىق پەيدا بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئازراقمۇ ھۇرۇنلۇق، تەرلەش ۋە باشقىلار كۆرۈلمەيدۇ.

6. بىئارام بولسا، قورسىقى ئاچسا ۋە چارچاپ كەتسە پەرۋا قىلمايدۇ. بىمار ناھايىتى ئاز ئۇخلايدۇ.

7. قاتتىق ئاغرىق ۋە يېقىمسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

8. مەست قىلغۇچى ۋە بىھوش قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىشلەتكەندە دورىنىڭ تەسىرى ئاز ۋە قىسقا ۋاقىتتا ئاشكارا بولىدۇ. يەنى كېسەلنىڭ كەيپىياتىغا خاس تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇنى ئەستە ساقلاڭكى، ئەگەر ساراڭلىققا دىياگنوز قويۇش تەلەپ قىلىنسا، بىمارغا ھەرگىز بۇ ئىشلارنى ئەسكەرتمەسلىك، بەلكى كېچە - كۈندۈزلۈك ھالەتلىرىنى بىرەر ھوشيار ئادەم ئارقىلىق ئېنىقلاش كېرەك.

ئەگەر بىرەر ساراڭنى تەكشۈرۈشكە توغرا كەلسە، تېۋىپ تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى بىمارغا ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىپ، بىمارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

مۇمكىن بولسا، ئامال قىلىپ ئۆزىنىڭ سالماقلىقى بىلەن بىمارنى قىزىقتۇرۇش ھەمدە ئۇنىڭغا

ھەر ۋاقىت غەرەزسىز ياخشىلىق قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈش. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە مەۋجۇت بولغان ھالەتلەرنى ئېنىقلاش. ئەگەر ساراڭ بولغان بولسا ياكى بىرەر غەمگە گىرىپتار بولغان بولسا ۋە بىمارلار ئۆزىنىڭ قىياپىتىنى يوشۇرۇپ، سۆزلەپ بېرىشتىن ۋاز كەچسە، كېسەلنى تونۇشتا تېۋىپ ناھايىتى دىققەت قىلىشى لازىم. بۇ ھالەتتە تېۋىپ دانالىق ۋە ھەييارلىق بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا سۆزلەرگە بۇراش، ئەگەر ئۇ ئوڭايسىزلانسا ۋە ئەھۋالنى سوراشتىن ئۇنىڭدا ھوشسىزلىنىش ۋە ئېسىنى يوقىتىش كۆرۈلمىسە، ئەھۋالنى ئارقا - ئارقىدىن سوراپ بارلىق ئەھۋاللار ئېنىقلىنىدۇ.

يىرتقۇچسىمان ساراڭلىقنىڭ تۈرلىرى

ئۆتكۈر يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق: ھاياجانلىنىش بولىدۇ. خۇي - پەيلىدە ۋەھشىيلىك بولىدۇ. بۇ نېرۋىلاردىكى غىدىقلىنىشنىڭ تەسىرى، پۈتۈن بەدەن ۋە يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ. بەدەندىكى ساغلاملىق بۇزۇلىدۇ ھەمدە باشقا كېسەللىكلەر (مەسىلەن: سەرسام) پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى بىمارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. تەبىئىتىدە تۇراقسىزلىق ۋە ھاياجانلىنىش بولىدۇ. ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. قاتتىق ئاۋاز بىلەن باغلاشمىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئومۇمەن بىمارنىڭ تەبىئىتى مەينەتچىلىككە مايىل بولىدۇ. خىياللىرى بۇزۇلىدۇ ۋە كىشىلەرگە ئورۇنسىز تۆھمەت چاپلايدۇ. تومۇرى تېز سوقىدۇ ۋە تولغان بولىدۇ، تىلى گەز باغلايدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ، بېشى ئاغرىيدۇ، ئاۋاز ۋە يورۇقلۇقلاردىن بىزار بولىدۇ. بىمارنىڭ قىياپىتى ئۆزگىرىپ تونۇش قىيىن بولىدۇ. مەسىلەن: كۆزلىرى قىزىل بولىدۇ ھەمدە كۆزلىرىنى ئايلاندۇرۇپ ۋە كۆزىنى چىمچىقلىتىپ تۇرىدۇ. كېچىدە قورقۇنچلۇق چۈش كۆرىدۇ. بىماردىكى يېقىمسىزلىقلار كېچىدە كۈچىيىدۇ. ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇققا بولغان سېزىمى كېمىيىدۇ. ھەتتاكى، بەدىنىگە ئوت تېگىپ كەتسىمۇ، يېقىمسىزلىق ھېس قىلمايدۇ.

ئۆتكۈر يىرتقۇچسىمان ساراڭلىققا گىرىپتار بولغان بەزى بىمارلار تەدرىجىي ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. بەزىدە سەرسام قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بەزىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ ۋە بەزىدە بۇ كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېردىكى يىرتقۇچسىمان ساراڭلىققا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

سوزۇلما خاراكتېردىكى يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق: بۇنىڭدا ئۆتكۈر يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ، يەنى بىر مەزگىلگىچە داۋاملىشىدۇ. ئىش - ئوقەت قىلىشقا ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرىغا ئۇنىڭ رايى بارمايدۇ. بەزىدە تەبىئىتىدە قايناش ھالىتىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ ھالەتتە قاتىللىق قىلىشتىن يانمايدۇ. بەزىدە جېدەل - ماجىرا قىلىدۇ. بەزىدە جىمجىت بولۇپ قالىدۇ.

لېكىن يەنە بەزىدە دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىدۇ.

مانىيائى زېھنى (جۇنۇنى ئەقلى) بۇ يالغۇزلۇق ساراڭلىقى ۋە مالىخولىيا دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

1. يالغۇزلۇق سارىڭىدا بارلىق خىياللار ۋە بارلىق ئىشلار نورمال بولىدۇ. لېكىن بىمارنىڭ بىرە بىر سۆزىدە ئەقلىنىڭ بۇزۇلغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىمار يالغۇز بولۇۋالىدۇ.

2. مالىخولىيا: بۇنىڭدا بىمار سەۋەبسىزلا غەمكىن ۋە رەنجىپلا يۈرۈيدۇ ھەم يىغلايدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆز كىشىلىرى تەرىپىگە مايىل بولىدۇ. ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ، داۋاملىق غەم ـ ئەندىشە قىلىپ يۈرىدۇ، ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇيقۇسى بەزىدە ياخشى، بەزىدە ناچار بولىدۇ. بىئاراملىق ۋە ئويلىنىشلار ئىچىدە ياشايدۇ. ئويلىنىش ۋە ئۇيقۇسىزلىقىنىڭ زىيادىلىكى بىلەن ئۇنىڭ ساغلاملىقى بۇزۇلىدۇ. بەزى چاغلاردا كەچتە بىمار زىيادە قورقىدۇ. ئۇ كېچە كېلىشى بىلەن ئۇخلىيالماسلىقنى ئويلاپ، بېشىغا مۇسىبەت كەلگەندەك ناھايىتى بىئارام بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سەۋەبسىز باشلىنىپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭدا ئىچكى ئەزالاردا، بولۇپمۇ جىگەردىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

بىمار تاماق يېمىگەنسېرى ئاجىزلاپ، كېسەللىك ئۆتكۈرلىشىپ بىمار ھالاكەتكە يېتىپ بارىدۇ.

مالىخولىيا مىراقى: بۇ بىر ئومۇمىي نېرۋىلار ئاجىزلىقىدىن بولىدىغان كېسەللىكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئىچكى ئەزالارنىڭ پائالىيەتلىرى بۇزۇلىدۇ. بەدەندىكى ماددا ئالمىشىش نورمال بولمايدۇ. بىمار ئىرادىسىز بولىدۇ. ئەرلەردىكى بۇ كېسەللىك ئاياللاردىكى ھىستېرىيە كېسىلى بىلەن ئوخشايدۇ.

سەۋەبى بوۋاسىر، جىگەر ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرى، سىفىلىس، ھەزىم ئاجىزلاش، ئەقلىي ئەمگەك قىلىش، مەقسىتىگە يېتەلمەسلىك، قورقۇنچ، ۋەھىمە، مەنىي تېز يۈرۈپ كېتىش، ئەمگەكچان كىشىنىڭ بىراقلا ئەيش ـ ئىشرەت ۋە راھەتكە بېرىلىشى، بوشاڭلىق ۋە ھورۇنلۇققا يۈزلىنىشى، ئۆتكۈر كېسەللىكلەر ۋە باشقا كېسەللىكلەردىن ئاجىزلاش، سىفىلىس ماددىسى ۋە باشقىلار بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرىدىن بوۋاسىرغا قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەن.

ئالامىتى بۇ خىلدىكى كىشىلەردە ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك بولىدۇ، ئۆزى قىلغان ئىشقا رازى بولمايدۇ، بىمار ھەر ۋاقىت قىلغان ئىشىدىن بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشتىن

ئەنسىرەپلا يۈرىدۇ، بىمار ئىرادىسىزلىكتىن ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ئويلانمايدۇ، تەقدىرىدىن ھەمىشە نالە قىلىدۇ. كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا تىرىشچانلىقى سەل تۆۋەن بولۇپ، كېيىن ئاستا - ئاستا كۈچىيىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئاخىرىدا تۇرمۇشتىن بىزار بولۇپ، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر تەرەپكە مايىل بولىدۇ. بىماردا ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا ئېغىر كېسەللىك پەيدا بولغانلىقى، بۇنىڭدىن ھايات كەچۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئۈستىدە پاراڭلىشىدۇ. ھەمىشە تېۋىپلاردىن مەسلىھەت سوراپ، دورا ئىستېمال قىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىماردىن ھال سورالسا، ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنى چوڭايتىپ ۋە كېسەللىك ئەھۋالىنى ئىنتايىن ئۇزارتىپ دەپ بېرىدۇ. ئەگەر بىمار ئوقۇمۇشلۇق بولسا كۆپىنچە تېببىي كىتابلارغا نەزەر سالىدۇ. تېۋىپ ۋە پەرۋىش قىلغۇچىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ. پاراۋان تۇرمۇش تەرەپكە بىمار خاس يۈزلىنىدۇ. دوستلىرى بىلەن ياخشى پاراڭلىشىدۇ. ئەگەر كېسەللىك غالىب كەلگەن بولسا، ۋەھشىيلىشىش سەۋەبىدىن تەنھالىقنى ياخشى كۆرىدۇ. كېسەللىك قوزغالغان ۋاقىتتا قورساقتىكى ئەزالار، كۆكرەك ۋە يۈرەك قاتارلىقلاردا ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ئېيتىدۇ. مۇشۇنداق بىمارلاردا قان ئايلىنىش سۈس ھەمدە پۇت - قوللىرى سوغۇق بولىدۇ.

جۇنۇن خەلقى (تۇغما ساراڭ): بۇ كېسەللىكتە خىيال بۇزۇلمايدۇ. لېكىن بىمار ئەقلىي زىت ۋە مەزھەپكە قارشى سۆزلەرنى چوقۇم قىلىدۇ. تەبىئەتتە زىت ۋە قارىمۇقارشى ماددا پەيدا بولىدۇ. مىجەزى تۇراقلىق بولمايدۇ، بىرەرسىگە رەھمى كەلمەيدۇ. باشلىنىشتا قۇۋۋىتى مۇدرىكە، ئەقلى ۋە ئومۇمىي چۈشىنىشى قائىدە بويىچە نورمال بولغان بولىدۇ. لېكىن بۇ كېسەللىك غالىب كەلگەن بولسا، ناشايان ئىشلارنى قىلىدۇ، مەزھەپكە ۋە ئەقىلگە خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ، ياخشى - ياماننى ئايرىيالايدۇ.

يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق تۆۋەندىكىدەك تۈرلەردە بايان قىلىنىدۇ:

1. جۇنۇنى نىپاسى: بۇنىڭدا چىللىنىڭ دەسلىپىدە ئېرىدىن بىزار بولۇپ، بالىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلايدۇ. ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، بىمار ئۇخلىسا قاتتىق جۆيلۈيدۇ. ئۆتكۈر يىرتقۇچسىمان ساراڭلىقنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە كۆپىنچە ئايال بىمارلار ساقىيىپ كېتىدۇ. لېكىن بەزىدە بۇ كېسەللىك سوزۇلما يىرتقۇچسىمان ساراڭلىققا ئۆزگىرىدۇ.

2. ئوغرىلىق سارىڭىدا بىمارنىڭ تەبىئىتى ئىختىيارسىز ئوغرىلىق تەرەپكە مايىل بولىدۇ. بۇ بىمار بىلەن ھەقىقىي ئوغرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق - ئالامەتلەر تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

ئوغرىلىق سارىڭىدا بىمار مەقسەتسىزلا ئوغرىلىق قىلىدۇ. يەنى كېسەل تۇتمىغاندا ئوغرىلىق قىلىش مەقسىتى بولمايدۇ. ئۇ ئەيىبىنى يوشۇرۇشقىمۇ تىرىشمايدۇ ھەم ئۆزىنى بۇ ئىشتىن

توختىتالمايدۇ. بەزىدە بىمار بۇ ئەيىبىنى ئىنكار قىلىدۇ. بەزىدە ئۇنى تىلغا ئېلىشى بىلەن ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. بەزى كىشىلەر نەرسىلەرگە موھتاج بولۇپ ئوغرىلىق قىلسا، بۇ ئۆز ئادىتى بىلەن مەجبۇرىي يىڭنىگە ئوخشاش ئادەتتىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلايدۇ ھەم مەقسەتسىزلا بىر كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ، باشقا بىر كىشىنىڭ نەرسىلىرىگە قوشۇپ قويىدۇ.

3. جۇنۇنى ئىشقى: بۇ «مۇبارەك كېسەللىك» نىڭ بايانىنى ئەللامە سەمەرقەندى ۋە نەفىس كۆڭۈل قويۇپ تەپسىلىي سۆزلىگەن. بۇنىڭدا قوشۇمچە قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىتى يوق.

4. ئوت سارىڭدا بىمارنىڭ كۆڭلىدە ئۆزلۈكسىز ئوت يېقىش خىيالى پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەلگە يېتىلگەن، ھەيز تۇتۇلغان ياكى ھەيز ئاغرىتىپ كېلىدىغان ئاياللار كۆپرەك گىرىپتار بولىدۇ.

5. جۇنۇنى خەمرى: ھاراق ئىچكەنسېرى ساراڭلىقى كۈچىيىدۇ ھەم بىمار بۇ يامان ئادىتىنى تاشلىيالمايدۇ. بۇ خىلدىكى بىمارلار كۆپىنچە ئىشنى ساراڭلار بىلەن قىلىدۇ. مەككار، يالغانچى، مۇناپىق ۋە مىجەزى تۇراقسىز بولىدۇ.

6. جۇنۇنى قەتلى نەفس: بۇ ئەمەلىيەتتە مالىخولىيانىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇنىڭدا خىيال بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بىمار ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ.

7. جۇنۇنى قەتلى ئۇمدە: بۇ ئۆتكۈر يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق (ياكى مانىيائى خۇلقى) نىڭ يامانلاشقان بىر شەكلىدۇر. بۇ باشقا تۈردىكى جۇنۇن بىلەن ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇ بىمارلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنى تونۇش قىيىن بولىدۇ. بىمار كۆپىنچە خامۇش، غەمكىن ياشايدۇ، ئاندىن كېيىن بىرەر كۈچ ياكى بىرەر سۆزنىڭ تەسىرىدىن ئۇنىڭدا ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە قانغا بولغان مەپتۇنلۇق خاھىشى قوزغىلىدۇ. باشقىلاردىن مەخپىي تۇتىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغۇچە بىمار ئۆزىگە پەخەس بولمايدۇ.

ئەقلى تۆۋەنلەش (ھاماقەتلىك): بۇ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ①تۇغما بولىدۇ؛ ② كېيىن باشقا ئەزالارنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكى ۋە ئاپەتلىرى داۋاملاشقاندا پەيدا بولىدۇ. ئۇ تۆت تۈر بىلەن بايان قىلىنغان:

1. بۇ كېسەلنىڭ ئۆتكۈر تۈرىدە كېسەللىك بىراقلا ئۆتكۈرلۈك بىلەن باشلىنىدۇ. ئالامەتلىرى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ.

2. سوزۇلما تۈرىدە كېسەللىك ئالامەتلىرى بىر مەزگىلگىچە داۋاملىشىدۇ، بۇ كۆپىنچە بىرەر ئۆتكۈر كېسەللىك ياكى بىرەر تەشەننۇجلۇق كېسەللىكتىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

3. قېرىلىقتىكى تۈرى: بۇ قېرىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

4. پالەچلىنىشتىن بولغان ئەقلى بۇزۇلۇش: بۇ ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

ئەقلى تۆۋەنلەشتە پەم - پاراسەت كەم بولىدۇ. تەربىيەنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەستە ساقلىشى ئاجىز بولىدۇ. ھەرىكەت قىلىش ۋە جىملىقتا نورمالسىز بولىدۇ. ئەخلاقى ۋە ئادەتلىرى بالىلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

ئەقلى يوقلىش (بىلاھەت) ئىنساندا بولىدىغان ئەقىل ۋە ئىدراكتىن قەتئىي سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بۇ ئۈچ تۈر بىلەن تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ:

1. بەلاھەتتە باشنىڭ شەكلى تۇغۇلۇشىدىنلا بۇزۇلغان ۋە ئۆزگەرگەن بولىدۇ. مېڭە باش سۆڭىكى ئىچىدە تولۇق ئۆسۈپ يېتىلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سەزگۈسى نورمال بولمايدۇ. ھەرپ ۋە سۆزلەرنى ياخشى تەلەپپۇز قىلالمايدۇ ياكى قەتئىي سۆزلەشكە قادىر بولالمايدۇ. ئوزۇقلىنىشنىڭ ناچارلىقى سەۋەبىدىن بويى پاكارلىقمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرى كۆرۈمسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن ئازراقمۇ ئالاقىسى بولمايدۇ. كۆپىنچە بىمارنىڭ پۇراش قۇۋۋىتى ۋە ئاڭلاش قۇۋۋىتىدىمۇ بۇزۇلۇش ھەم تەڭپۇڭسىزلۇق مەۋجۇت بولىدۇ. ئىشتىھاسى، ئۇسساش سېزىمىمۇ كەم بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ يېنىغا سۇ ۋە تاماق ئەكەلسە، ئۇ تولۇق يەپ - ئىچىدۇ.

2. سەفاھەت تېبابەتچىلىكتە ئەقلىنىڭ يوقلىشى دېيىلىدۇ. بۇ بىرەر كېسەللىكتىن كېيىن چوقۇم پەيدا بولىدۇ. سەفاھەتتە بەلاھەتكە سېلىشتۇرغاندا ئازراق چۈشىنىش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئۇ ئىككىسى تۆۋەندىكى ئالامەتلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

بەلاھەت

(1) تۇغما بولىدۇ.

(2) بەش سەزگۈ ۋە ئۇنىڭ ئەقىل - ئىدراكلىرى نورمال بولمايدۇ، ئۇ جايىدا جىمجىت ئولتۇرىدۇ.

(3) سىرتقى كۆرۈنۈشى مەخسۇس قىسمىدا بولىدۇ، مەسىلەن: پېشانىسى ياپىلاق ۋە چىشى سىرتقا چىقىپ تۇرغان بولىدۇ.

سەفاھەت

(1) بىرەر كېسەللىكتىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

(2) بەش سەزگۈ ۋە ئۇنىڭ ئىدراكلىرى نورمال بولىدۇ. مۇھىتنىڭ ئالمىشىشى ۋە يېڭى سۈرەتلەردىن قورقىدۇ.

(3) سىرتقى كۆرۈنۈشىدە بىرەر خاس ئۆزگىرىش كۆرۈلمەيدۇ.

3. دەمامەت: بۇ بىر خىل ئەقلى يوقىلىش كېسىلىدۇر. بۇنىڭدا ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ ناچار بولۇشى سەۋەبىدىن ئەزالارنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. يەنى باش بارلىق ئەزالارغا نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. كۆزلىرى ئالىغاي، قىزىل ۋە نەملىشەڭگۈ بولىدۇ. بىمار كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قارايدۇ. چىرايىدىن دۆتلۈكى چىقىپ تۇرىدۇ. تىلى چوڭ بولۇپ ئېغىزىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ، ئېغىزىنى ئېچىپ تۇرىدۇ. بۇرنى پاناق، كالپۇكى قېلىن، قورسىقى تومپايغان، پۇتى قىسقا ۋە مايماق بولىدۇ. تېرىسىدە كىر ۋە يىرىڭلىك بولىدۇ. ئەخلاقى بۇزۇلغانلىقتىن قاتتىق نومۇسسىز كېلىدۇ، سەت گەپلەرنى قىلىدۇ ھەمدە بۇ ھالەت تەكرار مەۋجۇت بولىدۇ.

داۋالاش جۇنۇننى داۋالاشتا ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى ۋە نېرۋىلاردىكى غىدىقلىنىشنى يوقىتىش ئۈچۈن نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بىمارنى ياخشى غىزالار بىلەن كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز - ئۆزىنى ياكى باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمەيدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بىمارنى جىمجىت ئورۇندا تۇرغۇزۇش لازىم.

ئۆتكۈر يىرتقۇچسىمان ساراڭلىقتا بىمارنى تار ۋە تىنچ ئورۇنغا قويۇش. كېسەللىك ياخشىلانمىغۇچە بىمارنىڭ يېنىغا بىرەر كىشىنى كىرگۈزمەسلىك. قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن يۇمشاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش. ئەگەر ھارارەت بەك غالىب كەلگەن بولسا، تومۇرى تېز ھەمدە ئارقىمۇئارقا سوقسا، باشقا مۇز قويۇش. سىركە، گۈلابقا ئوخشاش سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى نەرسىلەرنى چېپىش ياكى باشقا سوغۇق سۇ قۇيۇش. ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى ۋە سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشنى ئۇنتۇماسلىق. ئەگەر بىمار ياخشىلانغان بولسا، ئاز دېگەندە ئالتە ئايغىچە ئۇنىڭغا ئىش قىلغۇزماسلىق ۋە دەريا بويى ياكى بىرەر سوغۇق ھاۋالىق ئورۇنغا ئېلىپ بېرىش.

مالىخولىيا مىراقىنى داۋالاشتا، ئەڭ ئالدىدا مۇھىمراق بولغىنى شۇكى، تېۋىپ بىمارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىگە دىققەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى لازىم. تېۋىپ ئۇنىڭ تۈگىمەس گەپلىرىگە چىداپ ئولتۇرۇپ، ھېسداشلىق قىلغان ئاساستا ئاڭلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن دورا بېرىش بىلەن ساقلىنىش قائىدىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش. ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە خىياللىرىغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق بىراقلا قارشى تۇرماسلىق، ئاندىن ئۇنىڭ خىيالىنى ئىلىم - ئەخلاق تەرەپكە مايىل قىلىش. ئەگەر بوۋاسىر مەۋجۇت بولسا (بۇ يۇقىرىقىدا سۆزلىنىپ بولدى، مالىخولىيا مىراقى ئومۇمەن بوۋاسىر بىمارلىرىدا پەيدا بولىدۇ) داۋالىغاندا بوۋاسىرنى داۋالاشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش لازىم.

چۈنكى مالىخولىيا مىراقىدا جىگەر كېسەللەنگەن ۋە ھەزىم بۇزۇلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

مالىخولىيا بىلەن بوۋاسىرنى داۋالاشتا ئىككىلىسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش زۆرۈردۇر.

ھەر كۈنى يۇيۇنۇشقا بۇيرۇش، بىمارغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئەقلىي ئەمگەكلەرنى قىلدۇرۇش. كەم قانلىق ۋە بەدەن ئاجىزلىق بولغان ھالەتتە كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش ھەمدە ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن چارە قىلىش لازىم.

داۋائى شىپا جۇنۇنلۇق تۇتقان ۋاقىتتا تىنچلاندۇرۇش ۋە ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋائى شىپا ھەممىدىن ئوبدان دورا ھېسابلىنىدۇ. بۇ دورا بىر گىرامدىن 2 ~ 3 قېتىم ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ بىر دورىلىق ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدۇر، بۇ سۇبەبەھاردىن چىقىدۇ.

بەدەن ۋە مېڭىنى تازىلاش باشقا كېسەللىك ماددىلىرىغا ئوخشاشلا جۇنۇن ۋە مالىخولىيانىڭ تۈرلىرىدىمۇ كېسەللىك تۇتقاندىن كېيىن بىرئاز قويۇپ بەرگەن كۈنلەردە تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن مۇنزىج، مۇسھىل ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ناھايىتى مەنپەئەت قىلىدۇ.

ھاياجانلىنىشنى يوقىتىش ئۈچۈن جۇنۇننىڭ ئۆتكۈر تۇتقان ۋاقتىدا قان ئېلىشمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

ھاماقەتلىك ۋە بەلاھەتنىڭ تۈرلىرى ئومۇمەن تازىيسەت تۇرىدۇ، جۈملىدىن تۇغما ھالەتتە. لېكىن ئەگەشمە ئالامەتلەرگە رىئايە قىلىش بىلەن داۋالاش ۋە ساقلىقنى ساقلاش چارىلىرىگە رىئايە قىلىش لازىم. ئەگەر بىرەر خاس كېسەل، ئەقلى بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى بولسا، ئەسلىي كېسەللىك ماددىسىغا ئاساسەن داۋالاش. ئەگەر ئاجىزلاش ۋە قان ئازلىق بولسا، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

دەمامەت يەرلىك ئورۇننىڭ سۇ ۋە ھاۋاسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوزۇقلۇقنىڭ ھەزىم بولۇشى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەرىكەت قىلدۇرۇش. ھاۋانى تەگىشەش ئۈچۈن بىمارنى ھاۋاسى ياخشىراق ئورۇنلارغا يۆتكەش. يېمەك - ئىچمەكنى ياخشى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇش توغرىسىدا تەلىم - تەربىيە بېرىش. پولات ۋە ھاك مۇرەككىباتلىرىنى يېگۈزۈش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار جۇنۇن، مالىخولىيا ۋە مالىخولىيائى مىراقنى تەنقىيە قىلىش ئۇسۇلىدىن 8 ~ 10 كۈن ياكى 15 ~ 20 كۈنگىچە مۇنزىج ئىستېمال قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تەرتىپ بويىچە تۆۋەندىكى مۇسھىلنى بېرىش لازىم:

مۇنزىج، مۇسھىل نۇسخىسى گۈلبىنەپشە يەتتە گىرام، چىلان، ئەينۇلا ھەربىرى بەش دانىدىن، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقى، شاھتەررە، نىلۇپەر گۈلى ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، قۇرۇق يەرلىك شوخلا، گۈلى گاۋزىبان، گاۋزىبان يوپۇرمىقى، قىرقىلغان خام پىلە، يەرلىك ئەفتىمۇن، پىستە مېغىزى رەڭگىدىكى بىستىپايەج، ئۇستىقۇددۇس، بادرەنجبۇيا

قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ ئەتىگىنى سۈزۈپ، 48 گىرام گۈلقەنت ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئىچىنى سۈرگۈزۈش مەقسىتىدە بۇ مۇنزىج نۇسخىسىغا 48 گىرام تەمرى ھىندى مېغىزى قوشۇپ چىلىنىدۇ، ئەتىگەندە تەرەنجىبىن، شىرخىست، فۇلۇس مېغىزى، خىيارشەنبەر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرام، تاتلىق بادام مېغىزى شىرىسىدىن بەش دانە قوشۇپ، قائىدە بويىچە 3 ~ 4 قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك سۈرگە بېرىلىدۇ. سۈرگىلەرنى ئىچىۋاتقان مەزگىلدە سوۋۇتۇش ئۈچۈن دورا ئىچكۈزۈلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا 12 گىرام خېمىرى گاۋزىباننى بىر دانە كۈمۈش ۋاراققا يۆگەپ ئالدىدا يېگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەش دانە چىلاننى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام شەربىتى بىنەپشىدە ئېرىتىپ، يەتتە گىرام رەيھان ئۇرۇقىنى پۈتۈن سېپىپ ئىچكۈزۈش لازىم.

تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەتىگەندە زەھىرى مۆھرە، تاباشىر، يۇيۇلغان لاجۇۋەرد، مەرۋايىت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 3.2 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بەش گىرام چىلان شىرنىسى چۈشكەن خېمىرى ئەۋرىشىم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن 84 گىرام ئۆچكە سۈتىگە 24 گىرام چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈچ كۈنگىچە مۇشۇ مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈت 12 گىرامدىن ۋە شەربەت ئاز - ئازدىن كۆپەيتىلىدۇ. مۇشۇ مىقداردا بېرىپ، سۈتنىڭ مىقدارىنى 492 گىرامغا ۋە شەربەتنىڭ مىقدارى 60 گىرامغىچە يەتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن مۇشۇ ئۇسۇلدا كۈنلۈك مىقدارىنى تەدرىجىي ئازايتىپ، دەسلەپكى مىقدارىغا كەلتۈرۈلىدۇ ۋە ئۈچ كۈن مۇشۇ مىقداردا ئىچكۈزۈپ توختىتىلىدۇ. كەچتە بۇ نۇسخىدىكى ئۆچكە سۈتىگە ھەر كۈنى بىر دانە قۇرسى داۋائى شىپا قوشۇپ سۇ بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

رەۋغىنى لوبوبى سەبئەنى باشقا سۈركەپ ئۇۋۇلاپ بېرىشمۇ بۇ كېسەلگە بەلگىلىك ئۈنۈم بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆللەشتۈرۈشكە ئازراق مەنپەئەتى بار.

ئەگەر ئۇ كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ئۆتكۈر ھارارەت ۋە سەپرانىڭ قاينىشى پەيدا بولسا، ئۇنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىندى. لېكىن پەقەت مۇنزىج نۇسخىسىدىن ئۇستۇقۇددۇس بىلەن بادرەنجبۇيا ئايرىۋېتىلىدۇ. بۇ كېسەللىكلەردە قەۋزىيەتتىن ساقلىنىش زۆرۈردۇر.

ئۇزۇقلاندۇرۇش يەڭگىل ۋە ئاسان سىڭىدىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: پالەك، سېمىزئوت، قاپاق، تەندى (بىر

خىل مېۋە)، قىزىل چۈغلۈق، بەتۈۋا، تورئى، پىتاپەلۇل قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. مېۋىلەردىن ئانار، ئۈزۈم، ئاپېلسىن يېگۈزۈلىدۇ. بىماردا سۈت ئىچىش قورساق كۆپۈش پەيدا قىلمىسا، بۇ كېسەللىك ئۈچۈن سۈت ياخشىراق غىزادۇر. ئەگەر قورساق كۆپۈش پەيدا بولسا، مۇناسىپ تۈزەتكۈچىلەر بىلەن سۈتنىڭ ناچار تەسىرى يوقىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ سۈيى سۇيۇلدۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى هاك سۈيى ياكى بەدىيانىنىڭ سۈيى بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

پەرھىزى جىنسىي ئالاقىدىن، ئېغىر، قورساق كۆپتۈرگۈچى ۋە ئىسسىق نەرسىلەرنى يېيىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. مالىخولىيا بىمارىنى يالغۇز قويماسلىق ھەمدە تار ۋە قاراڭغۇ ئۆيدە تۇرغۇزماسلىق لازىم. ئۇنىڭدا بىمارنى قورقۇنچ باسىدۇ. ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇپ تۇرۇش ھەمدە ئۇنى ئاچچىقلاندۇرۇپ بىئارام قىلىپ قويماسلىق لازىم.

قارا بېسىش (كابۇس)

ئاتىلىش سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ نامى قارا بېسىش دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغانكى، قويۇق بۇخاراتلار بۇ كېسەللىكتە مېڭە جەۋھىرىنى باسىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ يەنە بىر نامى زاغۇت(باسقۇچى: بۇ كېسەلدە بىمار كۆپىنچە بىرەر نەرسە بېسىۋېلىپ چۈش كۆرىدۇ) دەپمۇ قويۇلغان.

قارا بېسىش بىر خىل كېسەللىكتۇر. بۇنىڭدا بىمار ئۇخلىغاندا بىرەر ئېغىر شەكىلنى كۆرىدۇ، مەيلى ئۇ ئىنسان ياكى باشقا بىرەر ئېغىر نەرسە بولسۇن. جۈملىدىن بىمار ئوڭدا ياتقاندا بۇ خىيالىي شەكىل ئادەمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇنى بېسىپ دېمىنى سىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازى، نەپەسلىنىشى ۋە ھەرىكىتى توسۇلىدۇ، بىمارنىڭ ھالىتى گويا ئۇنىڭ گېلى بوغۇلۇۋاتقاندەك بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىيالىي سېزىم بىماردىن يوقالسا، ئۇ دەرھال ئويغىنىدۇ. بىمار ئۇيقۇدا ھەرىكەت قىلىشقا، توۋلاشقا ۋە باشقىلارنى بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، تاكى باشقىلار يېقىمسىزلىقنى يوقاتقۇچە، لېكىن ئۇ توۋلاشقا قادىر بولالمايدۇ .

بىمار ئويغانغاندىن كېيىن بۇ بارلىق ئەگەشمە ئالامەتلەر يوقىلىدۇ. لېكىن بىمارنى بىرئاز قورقۇنچ باسىدۇ (ت).

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى نېرۋىلارنىڭ تەسىرىدۇر. بۇنىڭ بىلەن نەپەسلىنىش مۇسكۇللىرى (كېرىگەت ۋە قوۋۇرغا مۇسكۇللىرى) دا بىر خىل تارتىشىش بولىدۇ. بۇ تارتىشىش بىلەن بىماردا نەپەسى سىقىلغاندەك مەلۇم بولىدۇ.

نېرۋىلارنىڭ تەسىرى ۋە ئەزىيىتى سەۋەبىدىن كۆپرەك ھەزىم بۇزۇلىدۇ، بۇ ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشىغا بەزىدە باشقا سەۋەبلەرمۇ ياردەمچى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۈچەي قۇرتى، چىش چىقىش (بالىلاردىكى)، قورقۇنچلۇق خىيال قىلىش، ئوزۇقلىنىشنىڭ تەرتىپسىز بولۇشى، ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلماسلىق، كاۋاپ، چاي ۋە باشقىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن بولىدۇ (ت).

ئەللامە سەمەرقەندى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇنداق بايان قىلغان:

ئۇيقۇدا ئويغاقلىقنىڭ ھەرىكەتلىرى يوقىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇخارات تارقىسا، قويۇق ۋە پىشمىغان خىلتلاردىن بۇخارات كۆتۈرۈلۈپ مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆرلەيدۇ. بۇ خىيال قىلىش ئورنىدۇر. بۇ بۇخارات ئەگەر مېڭىگە يېتىپ بارسا، بۇ يەردە يەنىمۇ زىيادە قويۇقلىشىدۇ، كۆكرەك ۋە ئۆپكە قويۇق بۇخارات بىلەن تولىدۇ . بۇ سەۋەبتىن ئۇخلاۋاتقان ئىنساندا بىرەر نەرسە بېسىۋالغاندەك، گېلى بوغۇلغاندەك خىيال بولىدۇ.

بۇ ھالەتلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن نەپەس بوغۇلۇش بىلەن تەبىئەتتە ھەرىكەت ۋە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولىدۇ.

1. بۇخارات بۇ بۇخارات بەزىدە قاندىن، بەزىدە بەلغەمدىن ۋە بەزىدە سەۋدادىن بولىدۇ.

2. سوغۇقلۇق بەزى قارا بېسىش كېسىلى قاتتىق سوغۇق تېگىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ئۇيقۇلۇق ھالىتىدە تۇيۇقسىزلا باشقا تېگىپ، ئۇنىڭ تەسىرى مېڭىگىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ سوغۇقلۇق مېڭىنى قىستايدۇ ۋە سىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق خىيالىي سۈرەتلەر كۆرۈلىدۇ. لېكىن مېڭە ئاجىز بولمىغۇچە پەيدا بولمايدۇ.

ئالامىتى قاندىن بولغان بۇخارات: يۈز، كۆزلىرى قىزىل بولىدۇ. ئۇيقۇسى كۆپ بولىدۇ، لېكىن قاتتىق ئۇخلىمايدۇ.

بەلغەمدىن بولغان بۇخارات بىمارنىڭ سەزگۈسى سۇس بولىدۇ. تۈكۈرۈكى قاڭسىق، كۆپ بولىدۇ. بەدىنىدە سۇسلۇق، بوشاڭلىق بولىدۇ.

سەۋدادىن بولغان بۇخارات سەۋدا غالىب كەلگەنلىكنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئۇيقۇسى ئاز، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان بولىدۇ. بۇ خىيالىي تەسۋىر ئۇيقۇدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ قارا مەلۇم بولىدۇ. مۇشۇنىڭدەك ئۇيقۇدا ھەربىر خىلتتا ئۇنىڭ رەڭگى كۆرۈلىدۇ.

سوغۇقلۇق تۇيۇقسىزلا باشقا سوغۇق تېگىش ۋە مېڭە ئاجىزلىقنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ.

داۋالاش قاندىن بولغان بۇخاراتنى داۋالاشتا قان ئېلىنىدۇ، پاچاقلىرىغا ھىجامەت قويۇلىدۇ، تامىقى ئازايتىلىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان بۇخاراتنى داۋالاشتا، بەدەندىن بەلغەم چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، تۇرۇپ ئۇرۇقى قاينىتىلمىسى ۋە ھەسەل بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ. بەدىيان، ئۇد، قىزىلگۈل، مەستىكى ۋە گۈلقەنت قاينىتىلمىسى بىلەن ياكى ھەببى قوقىيا ۋە ئايارەج پەيقرا بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، شۇنىڭدەك باشتىكى بەلغەم ماددىسىنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن چۈشكۈرتكۈچى دورىلار يەنى بۇرۇن تېمىتىلمىسى، غار - غار سۇيۇقلۇقى، نۇتۇل، تىلا ئىشلىتىش ۋە پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاش لازىم.

سەۋدادىن بولغان بۇخاراتنى داۋالاشتا سەۋدانى چىقىرىش ئۈچۈن ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى ۋە مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈش لازىم.

سوغوقلۇقتىن بولغىنىنى داۋالاشتا، ئىسسىق ۋە قابىز خۇسۇسىيەتلىك ياغلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: سۇزاپ يېغى، مەستىكى يېغى، ئىزخىر يېغى قاتارلىقلار. تېرىنى قىزارتقۇچى زىماتلار. مەسىلەن: قىچا، قۇندۇز قەھرى، توغرىغۇ قاتارلىقلار ئەنسىل سىركىسى بىلەن چېپىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار بۇ كېسەللىكتىكى ھۆللۈكنىڭ كۆپ بولۇشى ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋالدا بۇ نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. يەنى يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇسنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئۈستىگە يەتتە گىرام بەدىيان، ئۈچ گىرام قۇرۇق يۇمغاقسۈت، بەش گىرام سېرىق ئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەندە يېگۈزۈلىدۇ. تاماقتىن كېيىن يەتتە گىرام مەجۇنى نانخا سۇ بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ تېنى بەك ئاجىز بولسا، كەچتە بەش گىرام جاۋاھىرلار چۈشكەن خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىنى سۇ بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

ئەگەر مېڭىدىكى ھۆللۈكنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن بولغان بولسا مۇنزىج بەلغەمنىڭ دورىلىرىنى ئىچكۈزۈپ، تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن مۇسھىل بېرىلىدۇ (سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش بايانىغا قارالسۇن)، تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: ناشتىدا بادام مېغىزى ھالۋىسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بۇنىڭغا ئۈچ گىرام لاچىندانە ئۇرۇقى قوشۇپ بېرىلىدۇ، ھەزىمنىمۇ ياخشىلاش مەقسەت قىلىنىدۇ، كەچكى ئۇخلاش ئالدىدا 12 گىرام ئىترىفىل كەشنىز يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ئۈچەي قۇۋۋىتى سەۋەبىدىن بولسا، بىر گىرام كەملە سەرخىسنى 12 گىرام گۈلقەنتكە قوشۇپ، ناشتىدا يېگۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە توققۇز گىرام ئىترىفىل دىدان

يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز غىزا ۋە باشقىلار: لەتىف، سىڭىشلىك، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى يېگۈزۈلىدۇ، غىزا ئۇخلاشتىن ئۈچ سائەت ئىلگىرى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت قالدۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ، تاماق ئىشتىھادىن ئاز بېرىلىدۇ، تاماقتىن كېيىن ھەر كۈنى ئازراق ۋاقىت پىيادە يول يۈرۈپ بېرىلىدۇ. يەل پەيدا قىلغۇچى، ئېغىر، تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالار (ماش ئۈنى، كۆك ماش، نوقۇت، يېسىمۇق، كاھۇ، كاللا - پاچاق، كالا گۆشى ۋە باشقىلار) دىن پەرھىز قىلىنىدۇ، بىمارنى ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلاشتىن چەكلەش لازىم.

بەدەندە ماددا تولۇپ قېلىش (فىھەزەج)

فىھەزەج پارسچە سۆز بولۇپ «فى زەدە» نىڭ ئەرەبچىسىدۇر. بۇنىڭ مەنىسى نېرۋىلارنىڭ ئۈزۈلۈشىدۇر. بۇ «تەساقىل» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىنساندا ھارغىنلىق ۋە بوشاڭلىق ئالامەتلىرى بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەسنەيدۇ ۋە كېرىلىدۇ. بىمارنىڭ يۈز، كۆزلىرى قىزىرىپ قالىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى، يېمەك - ئىچمەكلەرنى زىيادە ئىستېمال قىلىش ھەم ئەمگەك ۋە ھەرىكەتلەرنى زىيادە ئاز قىلىش ياكى سوغۇق يەللىك تاماقلارنى ئىستېمال قىلىشتىن پەيدا بولۇپ، قىل قان تومۇر ۋە مۇسكۇللارغا توپلىنىپ قالغان غەيرىي تەبىئىي ماددا ۋە بۇخاراتلاردىن بولىدۇ.

داۋالاش بۇنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ، يەنى بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ، ھەزىم ياخشىلىنىدۇ. تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن يۇمشاتقۇچىلار ۋە يەڭگىل سۈرگىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ھېلىلە مۇرەككىباتلىرى ۋە ئىترىفىل قاتارلىقلار.

ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن مىزاجىغا قاراپ جاۋارىش جالىنۇس، جاۋارىش ئۇد شېرىن ۋە باشقىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

تۆۋەندىكى سۇفۇپمۇ پايدىلىقتۇر: يۇمغاقسۈت 36 گىرام، قىزىلگۈل 24 گىرام، تازىلانغان ئامىلە، ئاقلانغان بىخسۇس ھەربىرى 12 گىرامدىن، بەدىيان 36 گىرام. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تەڭ مىقداردا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ توققۇز گىرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر مىزاجى سوغۇق ۋە بەلغەملىك بولسا، بەلغەمنى تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن زەنجىۋىل مۇراباسى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

تۇتقاقلىق كېسەللىكى (سەرئى)

مەنداش سۆزلىرى: سەبىيانى، قازۇن، قەسى، مەرەزى كاھىنى، ئەبرا قەلسا قاتارلىقلار.

سەرئىنىڭ مەنىسى «يىقىلىپ چۈشۈش» تۇر. چۈنكى بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى چوقۇم بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنىڭ نامى چوقۇم بولىدىغان ئالامەتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

سەبىيانى: بۇ كېسەللىكنى سەبىيانى (بالىلاردا بولىدىغان كېسەللىك) دېيىشنىڭ سەۋەبى، بۇ كېسەللىك بالىلاردا كۆپ پەيدا بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ يۇنانچە نامى قازۇن (بالىلار كېسەللىكى) دۇر، بەزىدە بۇ كېسەللىكنى قەسى (تومۇلۇشۇش ۋە قاتتىقلىشىش) مۇ دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى چوقۇم بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ ھېس ۋە ھەرىكىتى يوقىلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ نامى مەرەزى كاھىنى (سېھرىگەرلەر كېسىلى) مۇ دېيىلىدۇ. رازى بۇنىڭ سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك شەيتانلارنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ، دېگەن قورقۇنچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قويۇلغان، دەپ ئېيتىلغان.

تەبەرى ۋە ئەبۇلفەرج بۇنىڭ سەۋەبىنى، بۇ خىلدىكى بىمارلارنىڭ بەزىسى كەلگۈسىدىن بولىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ، خۇددى سېھرىگەرلەرگە ئوخشاش ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان، دەپ ئېيتقان، بىراق ھەكىم فازىل ئەللامە «كۇللىيات» ناملىق ئەسىرىدە بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا داۋالاشتىن ئىلگىرى ئۇد سەلىبكە ئوخشاش سېھرلەنگەن كىشىلەر ئىستېمال قىلىدىغان ۋە سېھرىگە قارشى تۇرىدىغان دورىلارنى بۇيرۇيدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ نامى ئەبرا قەلسامۇ دېيىلىدۇ. بۇ بىر زالىم ۋە باھادىر پادىشاھنىڭ نامى «بەرقەلس» دىن ياسالغان، چۈنكى بۇ كېسەللىكمۇ ئېغىر بولىدۇ.

سەرئى روھىي نەپسانىي بولىدىغان، نەپسانىي ئەزالارنى ھېس ۋە ھەرىكەتنىڭ تامامىي پائالىيەتلىرىدىن قىسمەن توختىتىدىغان بىر خىل كېسەللىكتۇر. سەرئىدە ئەزالار ئازراق ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە يىغىلىدۇ. ئەكسىچە سەكتىدە ئەزالارنىڭ پائالىيىتى پۈتۈنلەي توختايدۇ.

قوشۇمچە سەرئى بۇ بىر سوزۇلما كېسەللىكتۇر. بۇنىڭدا ھوشسىزلىق ۋە تەشەنچ دەۋرىيلىنىپ تۇرىدۇ (بۇقرات). داۋاملىشىش ۋاقتى 5 ~ 50 مىنۇتقىچە بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك مېڭىنىڭ بەزى بوشلۇقى توسۇلۇپ قالغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ ھەم بۇ توسالغۇ بارلىق نېرۋىلارنىڭ بەزى كانالچىلىرىدا بولىدۇ. بۇ ئەزالارنى ھەرىكەت

قىلدۇرىدىغان ۋە سېزىش كۈچىنى ئەزالارغا يەتكۈزىدىغان نېرۋىلاردا بولىدۇ.

جالىنۇسنىڭ نەزىرىدە، ئۇ تۇسالغۇلاردىن ياكى قويۇق خىلتتىن پەيدا بولىدۇ. (مەسىلەن: سەۋدا ۋە بەلغەم) ياكى كۆپ مىقداردىكى خىلتتىن بەلغەمنىڭ يېپىشقاقلىقىدىن بولىدۇ (مەسىلەن: قان، بەلغەم ۋە سەۋدا)، ئاندىن روھىي نەپسانىينى مېڭە بوشلۇقلىرى ۋە نېرۋىلارغا تەبىئىي ھالەتتە سىڭىپ كىرىشتىن توختىتىدۇ. بۇنىڭدىن پۈتۈن بەدەندە تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ.

سەرئىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئارىستوتېلنىڭ تۇتقاقلىق كېسەللىكىگە بولغان كۆزقارىشى شۇكى، تۇتقاقلىق كېسەل مېڭىدە توسۇلۇپ قالغان قويۇق يەللەردىن پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن روھنىڭ لەتىپ قىسمى بارلىق ئەزالارغا بېرىشتىن توختايدۇ. ئارىستوتېل دېگەنكى، تۇتقاقلىق كېسەل يەر تەۋرىگەنگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ يەر تەۋرەش زېمىندىكى گازلاردىن تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ ۋە تۇيۇقسىز يوقىلىدۇ.

جالىنۇس تۇتقاقلىق كېسەللىكىنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، تۇيۇقسىز يوقىلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىنى «ئەگەر سۇيۇقلۇقلار بىرەر ئازادە ئورۇندا بولسا، ئۇنىڭ كىرىپ، چىقىش سۈرئىتىنىڭ تېز بولىدىغانلىقى» ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن.

رازى ئېيتقانكى، ھەممىشە بىز ئارىستوتېلنىڭ كۆزقارىشىنى يۇقىرى ئورۇندا قويۇشىمىزنىڭ ئازراقمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. بەلكى توغرىسى تېبابەت ئىلمىدە جالىنۇسنىڭ كۆزقارىشى يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. جالىنۇسنىڭ كۆزقارىشى بۇقراتنىڭ سۆزى بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەنكى، بۇ تۇتقاقلىق كېسەل ھۆللۈكتىن پەيدا بولىدۇ، بۇ مېڭىنى ھۆللەشتۈرىدۇ، بۇ ھۆللۈك ئۆچكە مېڭىسىنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئېنىقلانغان. بۇ تەجرىبە قىلىنغان ئۆچكە تۇتقاقلىق كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، بۇ ئۆچكىنىڭ مېڭىسى چىقىرىلغاندا ئۇنىڭ مېڭىسى سۇيۇقلۇقلار بىلەن ھۆللىشىپ كەتكەنلىكى بايقالغان.

كېيىنكى تېۋىپلار تۇتقاقلىق كېسەللىكىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ۋە ئەسلىي ماھىيىتى باشقا نۇرغۇنلىغان مېڭە ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىگە ئوخشاش ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى، دېگەن.

تەشەننۇجنىڭ سەۋەبى تۇتقاقلىق كېسەللىكىدە تارتىشىپ قېلىشنىڭ سەۋەبى روھىي نەپسانىينىڭ يوللىرىدا تولۇق بولمىغان توسالغۇ پەيدا بولغان چاغدا روھىي نەپسانىي ئەزالار تەرەپكە ئۆزلەشكەندە زەربىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەزالاردا تىترەك، قائىدىسىز ۋە تەرتىپسىز ھەرىكەتلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ ھالەتنىڭ نامى تەشەننۇجتۇر. بۇ تەشەننۇج ئومۇمىي بەدەندە بولىدۇ. چۈنكى تۇتقاقلىق كېسىلىدە توسالغۇ نېرۋىلارنىڭ باشلىنىش ئورۇنلىرى بولىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئېيتقانكى، تۇتقاقلىق كېسەللىكىدە ئومۇمىي بەدەننىڭ ئىچكى

قىسمىدىكى تەشەننۇجىنىڭ سەۋەبىدىن، بۇ ئەزىيەت مېڭىگە يېتىدۇ ۋە نېرۋىلارغىمۇ يېتىپ كەلگەن بولىدۇ.

ئېغىزدىن كۆپۈك يېنىشنىڭ سەۋەبى تۇتقاقلىق كېسەللىكىدە قويۇق ۋە چاپلاشقاق ھۆللۈك كۆپۈك پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇ تۇتقاقلىق كېسەللىكىنىڭ سەۋەبىدۇر ھەمدە ئۇ كۆتۈرۈلۈپ نەپەس يوللىرى تەرەپكە بارىدۇ، يەنى ئۇ ھاۋادۇر. بۇ بىمار نەپەس ئالغاندىن كېيىن ئۆپكىدىن ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ ۋە يۈرەكنى قىزىتىدۇ ھەم نەپەسلىنىش مۇسكۇللىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە تارتىشىشى سەۋەبلىك نەپەسلىنىش ھەرىكىتى تەرتىپسىزلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاۋا ھۆللۈكلەر بىلەن بىرلىشىدۇ. بۇ نەپەسلىنىش يوللىرىدا مەۋجۇت بولىدۇ ياكى بۇنى تەبىئەت ئۇ تەرەپكە قايتۇرىدۇ.

تۇتقاقلىق كېسىلىدە خىرقىراپ قېلىشنىڭ سەۋەبى تۇتقاقلىق كېسىلىدە خىرقىراپ قېلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، نەپەسلىنىش ئەزالىرى يەنى كۆكرەك، كانايچە ۋە يوتقۇنچاق تەركىبلىرىنىڭ بىرى يەنە بىرىنى بېسىشتىن پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە پەقەت باشتىكى خىلىت بۇ كېسەللىكنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى، تۇتقاقلىق كېسەللىكى كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى باشتا ئوخشىمىغان ئورۇنلاردا ئاغرىق بولىدۇ. ئەگەر ئاغرىقتا كۆيۈشۈش سېزىمى قوشۇلۇپ كەلسە ۋە بۇ ئاغرىق كۆزنىڭ تېگىگىچە يېتىپ بارغان بولسا، كېسەللىكنىڭ ئىسسىق ماددىدىن بولغانلىقىنى بىلىش لازىم. ئەگەر ئاغرىققا باش ئېغىرلىشىش قوشۇلۇپ كەلسە، كېسەللىكنىڭ سوغۇق ماددىدىن بولغانلىقىنى بىلىش لازىم. باشتا ئېغىرلىق بولىدۇ. ھوشى ۋە سەزگۈسى ئۆزگىرىدۇ. باش قايىدۇ. تىلى تەرتىپسىز ھەرىكەت قىلىدۇ. بىمار بەزى ھەرپلەرنى ئوچۇق تەلەپپۇز قىلالمايدۇ. چىرايى سېرىق بولىدۇ.

تۇتقاقلىق كېسەللىكى بەزىدە خاس باشتىكى ماددىلار سەۋەبىدىن بولماستىن، باشقا ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكى ۋە مۇناسىۋىتى ئارقىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

باشتىكى تولۇپ قېلىش بۇ خىلىت مەخسۇس شەكىلدە خاس باشتىلا بولىدۇ. ئۇ بەزىدە بەلغەم، بەزىدە سەۋدا ۋە بەزىدە قان خىلىتى بولىدۇ.

ئەزالار شېرىكچىلىكى

1. ئاشقازان مەنبەلىك تۇتقاقلىق بۇ كېسەللىك باشقا ئەزالارنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇ بەزىدە ئاشقازان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يەنى ئاشقازان بۇزۇلغان ماددىلار بىلەن تولىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئەزىيەتلىنىدۇ ھەمدە مېڭە ئاشقازان سەۋەبىدىن يېقىمسىزلىنىپ يىغىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېڭە يېقىمسىزلىنىدۇ ۋە بىمار تەرتىپسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ.

2. ئاشقازان - ئۈچەيدىكى قۇرتتىن بولغان تۇتقاقلىق بەزىدە تۇتقاقلىق ئاشقازان - ئۈچەيدىكى قۇرتتىن (ئۇششاق قۇرت)، يىلان مەددە، قاپاق ئۇرۇقى مەددىلىرىدىن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قۇرتلارنىڭ ناچار، زەھەرلىك، مەينەت ماددىلىرى ۋە بۇخاراتلىرى مېڭە تەرەپكە ئۆرلەيدۇ، مېڭىدە قاتتىق يېقىمسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مېڭە يېغىلىپ، قالايمىقان ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ.

3. تال مەنبەلىك تۇتقاقلىق بەزىدە تۇتقاقلىق كېسىلى تالنىڭ شېرىكچىلىكى ۋە مۇناسىۋىتىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ تال قېتىش ۋە تال ئىششىش سەۋەبىدىن تالغا بۇزۇلغان ماددىلار تولىدۇ. تالدىكى ناچار ماددا تەركىبى مېڭە تەرەپكە ئۆرلەيدۇ.

4. قورساق پەردە مەنبەلىك تۇتقاقلىق بەزىدە تۇتقاقلىق قورساق پەردىسىنىڭ شېرىكچىلىكىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ قورساق پەردىسىدىكى قان تومۇرلاردا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، يەنى ئۇ توسالغۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۇ تومۇرلاردىكى خىلتلار بۇزۇلىدۇ. ئۇ خىلتلار بىلەن ناچار بۇخاراتلار ۋە ماددىلار مېڭە تەرەپكە ئۆرلەيدۇ.

5. بالىياتقۇ مەنبەلىك تۇتقاقلىق بۇ تۇتقاقلىق بالىياتقۇنىڭ شېرىكچىلىكىدىن ۋە مۇناسىۋىتىدىن پەيدا بولىدۇ. يەنى بالىياتقۇدا ھەيز قېنى ۋە باشقا كېرەكسىز ماددىلار توپلىنىپ، بىرەر زەھەرلىك كەيپىياتقا ئۆزگىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ناچار تەركىبلىرى مېڭە تەرەپكە ئۆرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بەزىدە تۇتقاقلىق بولىدۇ، بەزىدە تۇتقاقلىق بولمايدۇ.

6. قول - پۇت مەنبەلىك تۇتقاقلىق بەزىدە تۇتقاقلىق پۇت ۋە قوللارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم شېرىكچىلىكىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ ئەزالاردىن سوغۇق يەل ۋە زەھەرلەر مېڭە تەرەپكە ئۆرلەيدۇ. بۇنىڭدىن مېڭە يىغىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ.

ئۇ ئەزالاردا يەل ۋە زەھەرلىك ماددىلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئەزالاردىكى بەزى شىريانلار ۋە كۆك قان تومۇرلارغا بىرەر ماددا چاپلىشىۋالغان بولىدۇ. بۇ ئورۇنغا ماددا چاپلىشىۋالغانلىقتىن روھي نەپسانىينىڭ ئۆزلىشىشى مۇمكىن بولمايدۇ. ئاخىرىدا بۇ ماددا ۋە ئۇ ئەزالاردىكى قان ئۆلۈكلەرنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش سوغۇق بولىدۇ. يەنى ۋاقىت قانچە ئۇزارغانسېرى سوغۇقلۇق شۇنچە ئاشىدۇ. تۇتقاندا بەدىنى سوغۇق بىلىنىدۇ، ئاندىن بۇ سوغۇقلۇق نېرۋىلار ئارقىلىق مېڭىگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ مېڭە بوشلۇقلىرىدىكى ھۆللۈكلەرنى قويۇلدۇرىدۇ ۋە روھي نەپسانىينىڭ يولى ئۇنىڭ سوغۇقلۇقىدىن تارىيىدۇ.

بۇ توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ گۇمانى بۇ ماددىدىن يۇقىرىدىكى ھالەتلەر، پەقەت ئۇنىڭ سوغۇقلۇقىدىنلا پەيدا بولماستىن، بەلكى ئۇ ماددىدىكى چىرىش، بۇزۇلۇشتىن بىرەر زەھەرلىك

كەيپىيات پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن مېڭە ئۈزلۈكسىز يىغىلىدۇ.

بۇ زەھەرلىك كەيپىيات ۋە تۇتقاندا سوغۇق بىلىنىش نېمە ئۈچۈن مەخسۇس شەكىلدە پۇت - قوللىرىدا پەيدا بولۇپ، باشقا ئەزالاردا پەيدا بولمايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭدا روھنىڭ يولى تار بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرى بۇ ئارقىلىق سوغۇق ھاۋانى سۈمۈرىدۇ. چۈنكى بۇ ئەزالار يۈرەككە يىراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھارارىتىمۇ كەم بولىدۇ، ھەم بۇ چاپلاشقاق ماددىلار ئۇ ئەزالارغا چاپلىشىۋالىدۇ، ھەم تەسلىكتە چىقىدۇ.

7. چايان چېقىۋېلىشتىن بولغان تۇتقاقلىق بەزىدە تۇتقاقلىق چايان چېقىۋېلىشتىن پەيدا بولىدۇ. جۈملىدىن نېرۋا ئۈستىنى چېقىۋالغاندا. چۈنكى چايانىنىڭ چېقىۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭ زەھىرى نېرۋىلار ئارقىلىق سوغۇق زەھەرلىك كەيپىيات مېڭە تەرەپكە يېتىپ بېرىپ، مېڭىگە ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭە يىغىلىپ تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ. مېڭە پەرىشان ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. پۇت نېرۋىلىرىدىمۇ تارتىشىش پەيدا بولۇپ، بىمار تەرتىپسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ.

قوشۇمچە كۆپىنچە بىمارلاردا بۇ كېسەللىك ئاتا - ئانىسىدىن ئىرسىيەت قالىدۇ. بالىلاردىكى چىش چىقىش، ئۈچەي قۇرتى، تۇيۇقسىز قورقۇش، ياشلاردىكى جىنسىي ئالاقىنى كۆپ قىلىش، جەلق، مېڭىگە زەربە تېگىش، مېڭە ئىششىقى، مېڭە پەردە ئىششىقى، غەم - قايغۇ، ئېغىر ئەقلىي ئەمگەك، شارابنى كۆپ ئىچىش، سىفىلىس، نۇقرەس، مۇپاسىل ئاغرىقى، قاننىڭ زەھەرلىنىشى، ئۇنىڭدىن باشقا بۇرۇن ياكى يۇتقۇنچاق ياكى ئۈچەي ۋە كۆپىيىش ئەزالىرىدا بىرەر سوزۇلما كېسەللىكنىڭ بولۇشى ئايالىلاردىكى ھەيز قالايمىقانلىشىش، پاسسىپ روھىي كەيپىياتلار ۋە باشقىلار سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. لېكىن ئاياللارغا نىسبەتەن ئەرلەر بۇ كېسەللىككە كۆپ گىرىپتار بولىدۇ. مەزكۇر سەۋەبلەردىن مېڭىدە بىر قىسىم بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تا ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى.

ئالامىتى

باش تولۇپ قېلىشنىڭ ئالامىتى

بەلغەمدىن بولغىنى بۇنىڭدا بىمارنىڭ بەدىنى بوشىشىدۇ، رەڭگى ئاق ۋە مىزاجى سوغۇق بولىدۇ. تۈكۈرۈكى ۋە ماڭقىسى كۆپ بولىدۇ. كېسەل تۇتقاندا ئېغىزىدىن كۆپۈك كۆپ كېلىدۇ. ھەرىكەتلىنىشى قىيىن بولىدۇ ھەمدە سەزگۈلىرى سۇس بولىدۇ.

سەۋدادىن بولغىنى تېرىسى قۇرغاق بولىدۇ. ئىشتىھالىق بولىدۇ. يۈرىكى چالاڭغۇرايدۇ. ئېغىزىدىكى كۆپۈك چۈچۈمەل بولىدۇ. چۈچۈمەللىكىدىن ئېغىزىدىن يەرگە چۈشسە زېمىن قاينايدۇ. تۇتقاقلىق كېسىلى كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى بىماردا گۇمانخورلۇق ۋە قورقۇنچ بولىدۇ.

قاندىن بولغىنى قان غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ بايانى بىر قانچە قېتىم سۆزلىنىپ بولدى. ۋەداج ناملىق بويۇن تومۇرى كۆپۈشىدۇ. يۈزلىرى كۆپكەن ۋە قىزىل بولىدۇ. بۇ ئالامەتلەر دەسلەپتىلا كۆرۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن ھوشىدىن كېتىدۇ. بەزىدە كېسەل تۇتقان ۋاقىتتا بۇرنى قانايدۇ.

ئەزالار شېرىكچىلىكىنىڭ ئالامىتى ئاشقازان مەنبەلىك تۇتقاقلىق: ئۇ ماددىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاشقازان تىترەيدۇ، ئاشقازاندا ھەر ۋاقىت كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ. يەنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە كېڭىيىپ يىغىلىدۇ ۋە قالايمىقان ھەرىكەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ كېسەللىك قورساق ئاچقان ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. بىمارنىڭ ئېغىزى سۇ بىلەن تولىدۇ، ئۇنىڭ تەمى بۇزۇلغان نەرسىگە ئوخشاش بولىدۇ. كېسەل تۇتقان ۋاقىتتا بىمارنىڭ بويۇن تومۇرى كۆپۈپ كەتكەندەك سېزىلىدۇ، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى يوغىنايدۇ. بىماردا خۇددى گېلى بوغۇلۇۋاتقاندەك سېزىم بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا كېسەل تۇتسا يىقىلىدۇ. بەزىدە دەسلەپتە بىمار تۇۋلايدۇ. ئاشقازان مەنبەلىك تۇتقاقلىق كېسىلىدە كېسەل تۇتقاندا يەنە چوڭ تەرەت مېڭىپ كېتىدۇ ھەمدە كىچىك تەرەت ۋە مەنىي ئېقىپ چىقىدۇ. چۈنكى بارلىق ئەزالار تارتىشقان ۋاقىتتا ئۈچەي، دوۋساق ۋە ئۇرۇق خالتىسى قاتارلىقلاردا تەشەننۇج ۋە يىغىلىش پەيدا بولىدۇ. بۇ كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىۋېتىشكە تولۇق ياردەم بېرىدۇ.

بۇ خىل ئالامەتلىك كېسەللىكنى داۋالاش قىيىندۇر. قۇسقاندىن كېيىن كېسەلدە ئالامەت يەڭگىللەيدۇ ياكى تامامەن يوقىلىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە ئاشقازاننىڭ تولۇشىدىن كېيىن كېسەل كۆپ تۇتىدۇ ياكى ئۇنىڭ قوزغىلىش ئارىلىقى يېقىن بولىدۇ. لېكىن بۇ ئەھۋالدا ئاشقازاندىكى خىلىت ئۆز مىقدارىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھوشىدىن كېتىش پەيدا قىلمىسا، بەلكى ئۆزىنىڭ ناچار تەسىرى سەۋەبىدىن بىمار ھوشىدىن كەتسە، ئاشقازان بوش ۋاقىتتا ئېغىر قوزغىلىدۇ. بۇنىڭ ماددىسى ئاشقازان كىرىش ئېغىزى بوش ھالەتتە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدىكى سېزىم كۈچىيىدۇ. يەنى قورساق ئاچ ۋاقىتتا كېسەللىك قوزغىلىپ، ياخشى غىزالارنى يېگەندىن كېيىن ئالامەتلىرى يوقىلىدۇ.

ئاشقازان ـ ئۈچەيدىكى قۇرتتىن بولغان تۇتقاقلىق ئېغىزىدىن شۆلگەي ئاقىدۇ. بەزىدە ئېغىزىدىن قۇرت چىقىپمۇ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ قاتتىق ھەرىكەت قىلغاندا ياكى قاتتىق ھەرىكەتتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

بەدەن رەڭگى سېرىق بولىدۇ. قورسىقى تېز ئاچىدۇ. قورساق ئاچقان ۋاقىتتا قۇرتلار ئاشقازان تەرەپكە ئۆرلەيدۇ ھەم قۇرتلارنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى ئۆزىگە بىلىنىدۇ، يەنى قورساقتا قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.

تال مەنبەلىك تۇتقاقلىق   تال چىڭقىلىدۇ، تال ساھەسى قاتتىق بىلىنىدۇ، تال ئاغرىيدۇ.

قورساق پەردە مەنبەلىك تۇتقاقلىق   بۇنىڭدا بىمار ئاچچىق كېكىرىدۇ. قورسىقى كۆپىدۇ. قورساق پەردىسىدە كۆيۈش سېزىمى ۋە بىئاراملىق بولىدۇ. ھەزىم بولمىغان تاماقلار قۇسۇق ئارقىلىق چىقىدۇ.

بالىياتقۇ مەنبەلىك تۇتقاقلىق   ھەيز ۋاقىتسىز توختايدۇ، جىما قىلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

تۇتقاقلىق كېسەللىكىنىڭ بۇ قىسمى بالىياتقۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ كېسەللىك ھامىلدارلىق دەۋرىدە قوزغىلىپ، بىمار تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن يوقىلىدۇ. چۈنكى بالىياتقۇ ئېغىزى ئېچىلغاندىن كېيىن زەھەرلىك ماددا چىقىپ كېتىدۇ.

قول - پۇت مەنبەلىك تۇتقاقلىق   بۇ كېسەلدە شۇنداق سېزىم بولىدۇكى، سوغۇق يەل ئۇ ماددىلارنىڭ ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ، مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگەندىن كېيىن باشقا ھەر بىر ئەزادىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جالىنۇس ئېيتقانكى، بىر بالىدا بۇ كېسەللىك پاچاقتىكى بىرەر كېسەللىكتىن پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ سوغۇق بىر نەرسىنىڭ مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگەندەك سېزىمى بولغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

روفس ئېيتقانكى، بىر كىشى بۇ كېسەللىككە سوغۇق ماددىلار سەۋەبىدىن مۇپتىلا بولغان ئىدى ۋە سوغۇقلۇق ئۇنىڭ قول پەنجىسىگە توپلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ بىمار مېنىڭ قولۇمنى گويا مۇز بېسىپ تۇرغاندەك تۇرىدۇ، دەپ ئېيتقان.

كېسەل تۇتۇشقا يېقىن بىمارنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق قالىدۇ، ياش ئاقىدۇ. رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ. كېسەل تۇتۇشتىن سەل ئىلگىرى بىماردا ئەسنەش ۋە كېرىلىش بولىدۇ ھەم دوۋساق مۇسكۇللىرىنىڭ تارتىششىدىن سىيىپ سالىدۇ. مۇشۇنىڭدەك تەشەننۇجنىڭ سەۋەبىدىن پۇت - قوللىرىنىڭ بارماقلىرى ئېگىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللار خولېرا كېسىلىدىمۇ بولىدۇ. بۇ ئەسەبلەردىكى تەشەننۇجنىڭ سەۋەبىدىن ئەزالاردىمۇ تەمەددۇد ۋە تەشەننۇج بولىدۇ.

چايان چېقىۋېلىشتىن بولغان تۇتقاقلىق   كېسەل چايان چاققاندىن كېيىن قوزغىلىدۇ.

قوشۇمچە   كېسەللىك تۇتۇشتىن بۇرۇن بېشارەتچى ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ بەزى ۋاقىتلاردا كېسەللىك تۇتۇشتىن سەل ئىلگىرى كۆرۈلىدۇ. بەزىدە كېسەل تۇتۇشتىن بىر - ئىككى كۈن ئىلگىرى بولىدۇ.

كېسەللىك قوزغىلىشتىن ئىلگىرى بېشارەتچى ئالامەت شەكلىدە بىمارنىڭ پۇت - قوللىرىنىڭ بارماقلىرى ياكى قورسىقىدا چۈمۈلە ئۆمۈلىگەندەك سېزىم پەيدا بولىدۇ. ئۇ سېزىم قول - پۇتتىن باشلىنىپ ئۈستى تەرەپكە ئۆرلىگەندەك بىلىنىدۇ. ھەتتاكى مېڭىگە يېتىپ بارغاندا بىمار بىھوش بولۇپ، تۇتقاقلىق كېسەللىكىنىڭ دەۋرى باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللىك قوزغىلىشتىن ئىلگىرى بىماردا باش ئاغرىقى ياكى باش ئايلىنىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بىمارنىڭ بۇرنىغا ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان پۇراق پۇرايدۇ، كۆزىگە ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇۋاتقاندەك، رەڭگارەڭ شەكىللەر ۋە بەزىدە قورقۇنچلۇق شەكىللەر كۆرۈنىدۇ. قۇلاقلىرىغا ناغرا ۋە باشقا ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. بەزىدە ئەقلىدىمۇ نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ. بەزىدە يۈرەك چالاڭغۇراش ھەم ئاشقازان ئاغرىش ئالامىتى بولىدۇ، قۇسىدۇ. بەزىسىدە قىزىتما بولىدۇ. تەشەننۇجدىن كېيىن باش بىر مۈرە تەرەپكە سەل قىيسىيىدۇ. بۇ بىر خاس ئالامەتتۇر. لېكىن بەزى بىمارلاردا مەزكۇر بېشارەتچى ئالامەتلەردىن بىرەرسىمۇ كۆرۈلمەيدۇ.

كېسەللىك تۇتقاندىكى ئالامەتلەر: تۇتقاقلىق تۇيۇقسىز قوزغىلىدۇ، بەزىدە باش ئاغرىش، تىت - تىت بولۇش ۋە ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق بېشارەتچى ئالامەتلەر ئاشكارا بولغاندىن كېيىن بىمار بىھوش بولىدۇ. ئۆرە تۇرغان بولسا، چىرقىراپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. چىراي شەكلى ئۆزگىرىدۇ. چىرايى كۆكىرىدۇ. بويۇن بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالىدۇ، چىشلىرى كىرىشىدۇ، ئېغىزىدىن كۆپۈك كېلىدۇ. كۆز قارىچۇقى كېڭىيىدۇ ھەمدە يورۇقلۇقتىن يىغىلمايدۇ. چوڭ - كىچىك تەرەتنى ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ. بىمار تىلىنى چىشلەپ زېدە قىلىدۇ. پۈتۈن بەدىنى تارتىشىدۇ. يۈرىكى چالاڭغۇرايدۇ ھەمدە بىمار قىسقا ۋاقىت ھوشسىزلىنىدۇ.

كېسەللىك تۇتقاندىن كېيىنكى ئالامەتلەر: كېسەللىك تۇتقاندىن كېيىن بىمار ئالىجوقا سۆزلەيدۇ، جۆيلۈيدۇ. بەزى بىمارلار بىرەرسىنى ئۇرۇشنى ئويلايدۇ ياكى ئۇرۇپ بىرەرسىنى ھالاك قىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ مېڭىسى ئاجىز بولىدۇ. ئۇنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى تۆۋەنلەيدۇ. ھەرىكەت ئىنكاسى زىيادە بولىدۇ. كىچىك تەرەتى كۆپ كېلىدۇ، بەزىدە پالەچلىنىدۇ. بەزىدە بىمارنىڭ سۆزلەش كۈچىدە تەڭپۇڭسىزلىنىش بولىدۇ. بەزى بىمارلاردا بۇ كېسەللىك بىر كۈندە بىر قانچە قېتىم قوزغىلىدۇ. بەزىدە بىر قانچە كۈن ياكى بىر قانچە ئايدا قوزغىلىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش: تۇتقاقلىق كېسەلنىڭ تۇتۇشى بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش كېسىلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىسىنى تۆۋەندىكى ئالامەتلەردىن پەرقلەندۈرۈش لازىم:

تۇتقاقلىق كېسىلى (سەرئى)

1. بىمار تۇيۇقسىز، بىراقلا ھوشسىزلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ. تۇتقاقلىق

قوزغالمىغاندا ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ مۇتلەق بەلگىسى بولمايدۇ. بۇ مەزمۇن ھوشىدىن كېتىشتە بايان قىلىنىپ بولدى.

2. بىمارنىڭ يۈزى كۆكىرىدۇ. چىشلىرى كىرىشىدۇ، بەزىدە تىلى چىش ئارىسىدا قېلىپ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

3. كۆزلىرى پۇلتىيىدۇ، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلۇپ، كۆز قارىسى چۆرگىلەيدۇ. كۆز قارىچۇقلىرى يورۇقلۇقتىن تارايمايدۇ.

4. ئېغىزىدىن كۆپۈك كېلىدۇ.

5. تەشەننۇج تەرتىپلىك بولىدۇ. بۇ دەسلەپتە يەڭگىل بولۇپ، كېيىن ئېغىرلىشىدۇ. بەدەننىڭ بىر تەرىپىدە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

6. كېسەل تۇتۇش ۋاقتى قىسقا بولىدۇ. نەپەس ئالغاندا خىرقىرايدۇ ۋە بىماردا يىغلاش - كۈلۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ.

7. بىمارغا پۇت ياكى قورساقتىن باش تەرەپكە چۈمۈلە ماڭغاندەك سېزىم يېتىپ بارغاندەك بىلىنىپ، تۇتقاقلىق قوزغىلىشقا باشلايدۇ.

8. كېسەلنىڭ تۇتۇشى يوقالغاندىن كېيىن بىمار قاتتىق ئۇخلايدۇ ياكى بىھوش بولىدۇ. بىماردا باش ئاغرىش ئالامىتى بولىدۇ.

9. بىمار بىھوش بولۇشتىن ئىلگىرى چىرقىرايدۇ.

10. بىمار ھوشسىزلانغاندا چوڭ ـ كىچىك تەرىتى ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ.

11. كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشى ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ.

بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش:

1. كېسەللىك تەدرىجىي قوزغىلىدۇ. بىماردا گەرچە ھوشسىزلىق كۆرۈلسىمۇ، لېكىن ئۇ پەرۋىش خادىملىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ. جاۋاب قايتۇرالمايدۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بىھوشلۇق ھالىتىدە ئاڭلىغان سۆزلەرنى بايان قىلىدۇ.

2. بىمارنىڭ يۈزى قىزىرىدۇ، چىشلىرى كىرىشىدۇ، لېكىن تىلى ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. بەزىدە ئۆزىنى پەرۋىش قىلغان خادىملارنىڭ قولى ياكى بەدىنىنى چىشلىۋالىدۇ.

3. كۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا چىمچىقلىتىدۇ. يورۇقلۇقتىن كۆز قارىچۇقلىرىغا تەسىرى بولىدۇ. يەنى يورۇقلۇق تەسىرىدىن كۆز قارىچۇقى يىغىلىدۇ.

4. ھوشسىزلانغاندا ئېغىزىدىن كۆپۈك كەلمەيدۇ.

5. تەشەننۇج بىراقلا تەرتىپسىز بولىدۇ. لېكىن يۈز مۇسكۇللىرىدا كۆرۈلمەيدۇ ياكى ئاز ساندا پەيدا بولسا يۈزى كۆرۈمسىز بولىدۇ.

6. كېسەللىكنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ. بىمار ئۇزۇن - ئۇزۇندا نەپەس ئالىدۇ. بەزىدە يىغلايدۇ، يەنە بەزىدە كۈلۈمسىرەيدۇ.

7. قورساقتىن يىپ تارتقاندەك، بۇ گالغا بېرىپ توختىغاندەك سېزىم بولىدۇ.

8. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بىمارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. بىمار ئىرادىسىز بولىدۇ ۋە سۈيدۈكى كۆپ كېلىدۇ.

9. بىمار بىھۇش ھالەتتە ماڭىدۇ.

10. بىمار گەپ قىلالمايدۇ.

11. سوغۇق سۇ سېپىش ياكى داۋالاشتىن كېيىن قوزغىلىشى توختايدۇ ھەم مۇشۇنداق بىمارلاردا قوزغىلىشتىن ئىلگىرى يۈرەك چالاڭغۇراش، سول قوۋۇرغىلار ئاغرىش ياكى بىمارنىڭ گېلىدا تارتىشىش سېزىمى بولىدۇ.

باشتىكى تولۇپ قىلىشنى داۋالاش بەلغەمدىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەللىكنى داۋالاش: مۇنزىج بەرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئايارەج پەيقىرا، غارىقۇن، سەبرە، ئەنجۇدان رۇمى قاتارلىقلار بىلەن بەدەن پاكىزلىنىدۇ. ئاندىن مېڭىنى تەنقىيە قىلىش مەقسىتى بىلەن ھەب يېگۈزۈلىدۇ. بۇ، سەبرە، تۇربۇت، غارىقۇن، ھەشقىپېچەك ئۇرۇقى، شەھمەنزەل، سوقمونىيا قاتارلىقلار ھەسەل بىلەن قوشۇپ تەييارلانغان بولسۇن. ئايارەج يېگۈزۈلىدۇ. غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ، زۇپا، قىچا قايناتىلمىسىغا ھەسەل، ئاچچىقسۇ ۋە ئايارەج پەيقىرا قوشۇپ تەييارلانغان بولسۇن. چۈشكۈرتكۈچلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: قارىمۇچ، قۇندۇز قەھرى پۈرىتىلىدۇ، لاتاپەت پەيدا قىلغۇچى چارىلەر قىلىنىدۇ. يەنى غىزاسىغا نوقۇت سۈيىگە سېلىپ پىشۇرۇلغان كەكلىك، پاختەك، توخۇ، كېيىك گۆشى، كېپەكى ئايرىلمىغان نان بېرىلىدۇ. نورمال چېنىقتۇرۇلىدۇ، تاكى ماددا يۇقىرىقى ئەزالاردىن تۆۋەنكى ئەزالارغا كەلسۇن. ئۈستىدىن ئاستى تەرەپكە قارىتىپ ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ، ئاندىن باش ئۇۋۇلىنىدۇ. ئاشقازان تولۇپ قىلىش، ھەزىم بۇزۇلۇشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. سۈتتە تەييارلانغان غىزالار ۋە ئۇن تاماقلىرى، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان مېۋىلەر، مەسىلەن: ئالما، قۇرۇق نان قاتارلىقلار. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قويۇق ۋە ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلماسلىق. مەسىلەن: ناچار زېمىندىكى يىلتىزلار، بەرەڭگى، قومۇش، ئەينۇلا، شېكەر قومۇشى ۋە باشقىلار.

سەۋدادىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەل داۋالاش ئەفتىمۇن قايناتىلمىسى ۋە سەۋدا چىقىرىپ تاشلىغۇچى ھەبلەر بىلەن سەۋدا سۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى پۈرىتىپ باش كۈچلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئەنبەر، گۈلاب. ئوبدان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن: چۆجە، سېمىز توخۇ ۋە ئوغلاق گۆشى بىلەن مايلىق ساددا شورپىلارنى بېرىش لازىم.

قاندىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەللىكنى داۋالاش سافىن تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، پاچاقلىرىغا ھىجامەت قويۇلىدۇ، تامىقى ئازايتىلىدۇ.

ئەزالار شېرىكلىكىدىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەللىكنى داۋالاش:

ئاشقازان مەنبەلىك تۇتقاقلىق كېسەللىكنى داۋالاش ئەگەر مۇناسىپ كەلسە قان ئېلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاشقازاننى تازىلاش مەقسىتى بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ. ئەگەر ماددا بەلغەمدىن بولغان بولسا، تۇرۇپ ۋە سېرىقچېچەك سۈيى ھەمدە سىركەنجىۋىل ھەسىلى بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ. ئەگەر ماددا سەۋداۋى بولسا تۇرۇپقا قارا قۇستە قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ، ئەگەر ماددا سەپراۋى بولسا، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى سۈيى، قوغۇن ئۇرۇقى سۈيى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى سۈيى قاتارلىقلارغا ئاز مىقداردا تۇز ۋە سىركەنجىۋىل قوشۇپ قۇستۇرۇلىدۇ. ئەگەر ماددىنىڭ چىقىشى ئاسان بولسا، پەقەت قايناق سۇ ۋە سىركەنجىۋىل بىلەن قۇستۇرۇش لازىم.

ھەبلەر ئارقىلىق ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بايانى ھەر بىر قىسمى (سەپراۋى، سەۋداۋى ۋە بەلغەمى) دا سۆزلىنىپ بولدى. ئىچ سۈرگۈچى قايىنتىلمىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: يىلتىزلار قايىنتىلمىسى، ئەفتىمۇن قايىنتىلمىسى، ھېلىلە قايىنتىلمىسى قاتارلىقلار.

ئەگەر ئاشقازان قۇستۇرۇش ئارقىلىق پاكىزلانسا، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بەلغەمدىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەلىگە قىزىلگۈل، مەستىكى، ئۇششاق كۇندۇر، ئۇد ھىندى، سۇمبۇل قاتارلىقلارغا گۇلاب قوشۇپ ئاشقازان ساھەسىگە زىمات قىلىپ چېپىلىدۇ. تەرياقى ئەربەئە يېگۈزۈلىدۇ، ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىش ۋە شېكەردە تەييارلانغان گۈلقەنت يېگۈزۈش ھەمدە ياغدا قورۇلغان غىزالار ۋە دارچىن بىلەن قۇشقاچلارنىڭ گۆشىنى يېگۈزۈش لازىم.

سەۋدادىن بولغان بولسا سەندەل، گۇلاب قاتارلىقلار زىمات قىلىپ چېپىلىدۇ، غىزاسىغا چۆجە، سۈت ئېمىۋاتقان پاقلان گۆشى، ماش، بادام مېغىزى، پالەك، قۇرۇق يۇمغاقسۈت بېرىلىدۇ.

سەپرادىن بولغان بولسا سېمىزئوت يوپۇرمىقى، كاھۇ يوپۇرمىقى، سۆگەت شاخلىرىنى سىركىدە پىشۇرۇپ زىمات قىلىپ چېپىلىدۇ، غىزاسىغا ئانار سۈيىگە چىلانغان نان ئوغلاق گۆشى ۋە تەمرى ھىندى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت بىلەن بېرىلىدۇ. بېھى رۇببىسىغا تاباشىر، قۇرۇق يۇمغاقسۈت قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

تۇتقاقلىق كېسەللىك ئاشقازان بوش ۋاقتىدا پەيدا بولسا، بۇ باش ئاغرىقىدا سۆزلەنگەن

داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە داۋالىنىدۇ (بۇ ئاشقازان بوش ھالەتتە پەيدا بولىدۇ).

قۇرتلاردىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەللىكىنى داۋالاش قۇرت كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن دورىلار بىلەن قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ سۈرۈپ چىقىرىلىدۇ.

تالدىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەللىكىنى داۋالاش بۇنىڭ ئىلاجى شۇكى، تال كېسەللىكىنى داۋالاش، بۇنىڭ بايانى تال كېسەللىكىدە سۆزلىنىدۇ (ت).

قورساق پەردىسى مەنبەلىك تۇتقاقلىق كېسەلنى داۋالاش قورساق پەردىسىنىڭ داۋاسى قىلىنىدۇ (ت).

بالىياتقۇ مەنبەلىك تۇتقاقلىق كېسەلنى داۋالاش بۇنىڭدا بالىياتقۇنى داۋالاشنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بايانى يېقىندا سۆزلىنىدۇ (ت).

قول - پۇت مەنبەلىك تۇتقاقلىق كېسەلنى داۋالاش تۇتقاقلىقنىڭ بۇ تۈرىنىڭ تۇتقان ۋاقتىدىكى داۋاسى شۇكى، قول - پۇتنى ئۈستىدىن باغلاپ قويۇش تاكى يەل ۋە ناچار كەيپىيات مېڭىگە ئۆرلەشتىن توختىسۇن. قول - پۇتنى ئىسسىتىش، مەيلى ئوت ئارقىلىق ئىستىسقا زۆرۈرىيەت بولسىمۇ. تەبىئىتى ئىسسىق نەرسىلەردىن ئاقىرقارھا، قەسبۇزەرىرە، ھىڭ، پەرپىيون، بىلسان يېغى قاتارلىقلار. ئەمەلىي ئىسسىق نەرسىلەرنىڭ مىسالى شۇكى، ئەزالارنى بابۇنە يېغى قوشۇلغان ئىسسىق سۇدا تۇرغۇزۇشتۇر.

تۇتۇشتىن كېيىنكى باشقا ۋاقىتلاردا داۋالاش شۇكى، بەدەندىن بەلغەم سۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. باش كۈچلەندۈرۈلىدۇ ۋە ئىسسىتىلىدۇ، سىركەنجۇبىل ئەنسىلى، شەربىتى ئۇستۇقۇددۇس ئىچكۈزۈلىدۇ، سۇزاپ، ئىپار ۋە ئەنبەرلەر پۇرىتىلىدۇ. پىننە يېغى سۈركىلىدۇ. ئاندىن بەدەننى تەنقىيە قىلىش ۋە باشنى كۈچلەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن پۇت - قول ئىسسىتىلىدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن تىلالار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: قىچا، قۇندۇز قەھرى، قارىمۇچ قاتارلىقلار ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ، ياغلاردىن زەيتۇن يېغى، بىدانجىر يېغى، ئاق لەيلى يېغى، قۇستە يېغى، سۇزاپ يېغى قاتارلىقلار بىلەن ياغلىنىدۇ، ئەزالاردا زەخىم پەيدا قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بالادۇر ھەسىلى، كەپتەر مايىقى، ئەنجۈر سۈتى ۋە كىكەنج (ياۋا كەرەپشىنىڭ بىر تۈرى) چېپىلىدۇ ياكى داغلىنىدۇ. قىسقا ۋاقىتقىچە زەخىمنى پۈتتۈرمەسلىك تاكى بۇزۇلغان ماددا تولۇق چىقىپ كەتكۈچە. ئۇ ئەزاغا تىلىپ ھىجامەت قويۇلىدۇ، تاكى ماددا سىرتقى تەرەپكە تارتىلغۇچە ۋە باشقا ئەزالار تەرەپكە بارماي، تاكى ئەزادا ئىسسىقلىق پەيدا بولغۇچە.

چايان چېقىۋېلىشتىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەلنى داۋالاش چايان چېقىۋېلىشنىڭ چارىسى قىلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدا سۆزلىنىدۇ.

ئەبىلىبسىيا سەرئىنىڭ خاس بىر تۈرىنىڭ نامى ئەبىلىبسىيا①. يۇنان تىلىدا ئەبىلىبسىيانىڭ مەنىسى بۇ تەشەننۇجتۇر. بۇ ھېس ۋە ھەرىكەتنى توختىتىدۇ.

بۇ بارلىق تۈرلىرىدىن ناچار ۋە خەتەرلىكتۇر. يەنى بۇ تۈرى بەدەندىكى بارلىق ئەزالارنىڭ تەشەننۇجىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەكسىچە باشقا تۈرلىرىدە تەشەننۇج سەرئىدىن پەيدا بولىدۇ (تەشەننۇجتىن سەرئى پەيدا بولمايدۇ).

سەۋەبى مېڭىنىڭ بارلىق بوشلۇقلىرى ۋە بارلىق نېرۋىلار قويۇق خىلىتلار بىلەن توشقان بولىدۇ. بۇنىڭدىن نېرۋىلار توغرىسىغا كېڭىيىدۇ. رەئىس ئەزالارنىڭ پائالىيىتىگە زەرەر يېتىدۇ. جۈملىدىن نەپسانىي ئەزالارنىڭ پائالىيىتىگە نۇقسان يېتىدۇ.

سەرئىنىڭ بۇ خاس تۈرىدە بەزىدە ئىنسانىنىڭ ھالىتى سەكتىگە يېقىن بولىدۇ. يەنى سەكتىگە ئوخشاش بۇنىڭدا تەرتىپسىز ھەرىكەتلەر بولمايدۇ. لېكىن سەكتە ۋە سەرئىنىڭ پەرقى شۇكى، بۇنىڭدا يەنى سەرئىدە ئېغىزىدىن كۆپۈك كېلىدۇ. بۇ قويۇق خىلىت بەزىدە بەلغەمدىن بولغان، بەزىدە سەۋدادىن بولغان بولىدۇ.

ئالامىتى ۋە داۋالاش ئۇ ئىككى خىلىتنىڭ ئالامىتى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلى ئىلگىرى سۆزلەنگەن.

سەپرادىن بولغان سەرئى ئاز ساندىكى سەرئى سەپرادىن كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى بۇ تۈردىكى سەرئىدە زىيادە بىئاراملىق ۋە يېقىمسىزلىنىش كۆرۈلىدۇ. تەشەننۇج ئاز بولىدۇ. قوزغىلىش دەۋرى تېز يوقىلىدۇ. ئىزتىراپ ۋە بىئاراملىق بۇنىڭدا بەكمۇ زىيادە بولىدۇ. بۇ تۈرىدە يەنە قۇسۇش ئالامىتىمۇ بولىدۇ. يەنى قۇسۇقى ئاچچىق، سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. كۆيۈشۈش بولىدۇ. تۇتۇش يوقالغاندىن كېيىن ئەقلى زىيادە ئاجىز بولىدۇ. بەدىنىنىڭ رەڭگى ۋە كۆزلىرى سېرىق بولىدۇ.

ئۇممۇس سەبيان بۇ تۇتقاقلىق كېسەلنىڭ نامى بالىلار تۇتقاقلىق كېسىلىدۇر، بۇ تۈرى سەپرادىن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇممۇس سەبيانىنىڭ تەرىپىنى رازى ئۇممۇس سەبيان بىر تۈردىكى تەشەننۇجتۇر، يەنى بىر تۈرلۈك سەرئىدۇر، دەپ ئېيتقان. بۇنىڭ بىلەن قاتتىق، ئۆتكۈر، قورۇق، كۆيدۈرگۈچى قىزىتما بولىدۇ ھەمدە سۇيدۈكى سۈزۈك بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى، ئۇممۇس سەبيان بىر تۈرلۈك تۇتقاقلىقتۇر. ئۇنىڭ نامى ئۇممۇس

---

① ئەبىلىبسىيا — سەرئى ئۈچۈن ئىنگلىزچە سۆز ئەپى لىپسى، يۇنانچە سۆز «ئەپى لىپسا» دىن ئېلىنغان. يەنى بۇ ئازراق ئۆزگەرتىلگەن ھالىتىدۇر، ئەپى لىپ سىيانىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ئەبى لىب سىيادۇر. بۇنى يېزىلىشتىكى خاتالىق بىلەن ئەبىلىبسىيا يازغان ھەم مۇشۇ نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ، خاس ۋە ئومۇملۇقنى بىلدۈرىدۇ.

سەبىيان دەپ بالىلاردا پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان ھەم ئۇ كىشىلەر ئويلايدۇكى، ئۇمۇمۇس سەبىيان مۇشۇنداق سەرئىدۇر. بۇنىڭ نامىنى ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا «كۇللىيات» دېگەن كىتابىدا رىھۇس سەبىيان دەپ قويغاندۇر. باشقا كىشىلەر بۇنى ئۇمۇمۇش شەياتىن ۋە كىچىك بالىلارنىڭ چۆچۈشى نامى بىلەن ئاتىغان.

ھەكىم ئەبۇل فەرەج «مىفتاھ» دېگەن كىتابىدا يازغانكى، «ئومۇمىي تۇتقاقلىقنى كىشىلەر ئۇمۇمۇس سەبىيان دەيدۇ، چۈنكى تۇتقاقلىق ئومۇمەن بالىلاردا كۆرۈلىدۇ».

مۇسەننىف (ئەللامە سەمەرقەندى) يازغانكى، بالىلاردىكى سەرئى قىزىتما ۋە مىزاجدىكى ئىسسىقلىقتىن بولىدۇ، بۇ سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن يوقىلىدۇ. لېكىن مۇسەننىفنىڭ بۇ قارىشى ئومۇمىي ھالەت ۋە مەقسەتتە توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بارلىق تېۋىپلار دەلىللىدىكى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بالىلاردىكى سەرئى ھۆللۈكنىڭ كۆپلۈكى ۋە بەلغەمدىن پەيدا بولىدۇ ھەم بۇقراتنىڭ سۆزىچە تۇتقاقلىق بىرەر بالىدا بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى پەيدا بولغان بولسا، بىمار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن يوقايدۇ. ئىبنقراق ئېيتقاندا، بالىلاردىكى تۇتقاقلىق بەلغەمدىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مىزاجى ياشلىقتا قۇرۇق ئىسسىق بولسا، كېسەللىك يوقىلىدۇ. شۇنىڭدەك باشقا تېۋىپلارمۇ مۇشۇنداق ئېيتقان.

قىسقىسى، بۇ تۇتقاقلىق بالىلاردا بولىدۇ. بەزىدە سەپرادىن ۋە بەزىدە بەلغەمدىن پەيدا بولىدۇ. لېكىن بەزى تەجرىبىسىز تېۋىپلار بۇنىڭغا قايىل بولمايدۇ. بارلىق تېۋىپلار بىردەك: «بالىلاردا ئوخشاشلا سەپرا تۈرلىرىدىن باشقا تۈرلەردە تۇتقاقلىق پەيدا بولمايدۇ»، دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا بۇلار سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىپ بالىلارنى ھالاك قىلىدۇ (نەفىيس).

داۋالاش سەپرا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، بۇ مەقسەت بىلەن ئەينۇلا شەربىتى، تەمرى ھىندى شەربىتى قاتارلىقلار سوغۇق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. مىزاجى تەڭشىلىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ھوردىتىش، بۇرۇنغا دورا تېمىتىش، ھۆل سوغۇق دورىلارنى تىلا قىلىش، باشنى سۈتتە يۇيۇش، ئەگەر تۇتقاقلىق قوزغالغان ياكى قوزغىلىش توختىغاندىن كېيىن ئەزالاردا تەشەننۇج پەيدا بولسا، تاكى ئەزالارغا ھۆللۈك يەتكۈچە ۋە ماددىلار تارقالغۇچە ياغ ۋە ئىلمان سۇ بىلەن ئەزالارنى ئۇۋۇلاش لازىم.

تارتىشمايدىغان تۇتقاقلىق كېسىلى يازغۇچى يۇقىرىدا بايان قىلغانكى، ئەگەر تەشەننۇج بولسا بۇنىڭ مۇھىم شەرتى شۇكى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تۇتقاقلىق كېسىلىدە، تۇتقاقلىق پەيدا قىلغۇچى ماددا سۇيۇق بولغان شەرت ئاستىدا تەشەننۇج ئاشكارا بولمايدۇ.

سېزىم بىلەن بولىدىغان تۇتقاقلىق كېسەل بۇ تۇتقاقلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇنىڭدا بىمار بىھۇش بولمايدۇ. پەقەت يۈز، پۇتلىرى ياكى قوللىرىنىڭ بارماقلىرىدا تەشەننۇج پەيدا

بولىدۇ. بۇ بەزىدە پەقەت شۇ ئورۇن بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بەزىدە ئاستا ـ ئاستا ئۈستى تەرەپكە كېڭىيىدۇ. تەشەننۇجتىن ئىلگىرى بەزى بىمارلاردا مەزكۇر ئورۇنلار سېزىمسىز بولىدۇ. بەزى بىمارلاردا ئۇ ئورۇنلارغا يىڭنە سانجىغاندەك سېزىم بولىدۇ. ئاقىۋەت ئادەتتىكى تۇتقاقلىقنىڭ ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى مېڭىنىڭ ئۆسمىلىرى، مېڭىنىڭ يۇمشاپ كېتىشى، ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما مېڭە پەردە ئىششىقى، مېڭىگە قان چۈشۈش، مېڭە يىرىڭلىق چاقىسى، باشقا زەربە تېگىش، باش سۆڭىكىنىڭ سۇنۇشى، سۆڭەك پارچىلىرىنىڭ مېڭىنى بېسىشى قاتارلىقلار سەۋەب بولىدۇ.

يەڭگىل تۇتقاقلىق كېسەل: بۇ تۇتقاقلىقنىڭ يەنە بىر خاس تۈرىدۇر، بۇنى سەرئى خەفىپ، دەيدۇ. بۇنىڭدا بىمار بىھوش بولىدۇ. لېكىن بىھوشلۇق بىر ياكى ئىككى مىنۇتقىچە داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭدا تەشەننۇج بولمايدۇ. باش قايىدۇ. چىرايى بىر قەدەر سېرىق بولىدۇ. كۆزلىرى قېتىپ قالىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ قوللىرىدا بىرەر نەرسە بولسا يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار كېسەل تۇتقاندا بىمار پاكىز، ھاۋالىق ياتاقتا، يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە ياتقۇزۇلىدۇ. تۈگمىلىرى يېشىۋېتىلىدۇ، تىلىنىڭ چىشى ئارىسىدا قېلىپ، ئۈزۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېغىزىغا پاختا يېپ كاللىكى ياكى يۇمشاق توپ، رومال ۋە باشقىلاردىن كاللەك ياساپ سېلىپ قويۇلىدۇ. پۇت ـ قوللىرى قۇستە يېغى ۋە رەۋغىنى سۇرۇخ بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ. ئەگەر بىمار ھوشىغا كەلسە ئەسلىي سەۋەبىنى ئايرىپ داۋالاش لازىم. شۇڭلاشقا بەلغەمى تۇتقاقلىقى ئۈچۈن دەسلەپتە بۇ مۇنزىج نۇسخىسى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەنقىيە قىلىش لازىم.

مۇنزىج نۇسخىسى گۈلبىنەپشە، بىخ بەدىيان ۋە بىخ كاسىنە ھەربىرى يەتتە گرامدىن، ئاقلانغان بىخسۇس، شاھتەررە، پىرسىياۋشان، ئۇد سەلىب، كاسىنە ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، قۇرۇق ئىنئۈزۈمى ھەربىرى بەش گرامدىن، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم توققۇز دانە، ئۇستۇقۇدۇس، بادرەنجبۇيا ھەربىرى بەش گرامدىن. دورىلارنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ خېمىرى بىنەپشىدىن 48 گرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددىنى پىشۇرغاندىن كېيىن بۇ نۇسخىغا سۈرگە دورىلىرىنى قوشۇپ ئىككى قېتىم قايىنىتىپ بېرىلىدۇ. سۈرگىچى دورىلاردىن سانائى مەككى يەتتە گرام، تەرەنجىبىن، قارا شېكەر، گۈلقەنت ۋە خىيارشەنبەر مېغىزى ھەربىرى 48 گرامدىن، بەش دانە تاتلىق بادام مېغىزى شىرىسى قاتارلىقلار قوشۇپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر دانە ھەببى ئايارەج مۇسھىلى بېرىلىدۇ. شۇ كۈنى سۈرگە دورىلاردىن خىيارشەنبەر مېغىزى ۋە بادام مېغىزىنى ئايرىۋېتىپ قالغان دورىلار بىلەن سۈرگە بېرىلىدۇ، سۈرگە بەرگەن كۈنى ئەسىر ۋاقتىدا خام شورپا، كەچتە ماش كەچرىسى يېگۈزۈلىدۇ.

مۇسھىللارنىڭ ئارىلىقىدا قائىدە بويىچە بۇ سوۋۇتقۇچى نۇسخىنى ئىچكۈزۈش لازىم.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا 12 گىرام خېمىرى گاۋزىباننى بىر دانە كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلان ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ شىرىسى ۋە لوئابىنى چىقىرىپ 48 گىرام شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ، رەيھان ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈش لازىم.

مۇسھىلدىن كېيىن مېڭىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن بۇ نۇسخا ئەتىگەندە ئىشلىتىلىدۇ: جەدۋار، ئۇد سەلىب ھەربىرى بىر گىرامدىن. بۇ ئىككى خىل دورىنى يۇمشاق سوقۇپ، بەش گىرام خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئاۋۋال يېگۈزۈلىدۇ. ئۈستىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈمدىن توققۇز دانە ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كەچتە بىر دانە قۇرسى داۋائى شىپانى سۇ بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

ئەگەر تۇتقاقلىقنىڭ سەۋەبى قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە قۇرتى بولسا، مەددە قۇرتىغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز لەتىف، سىڭىشلىك، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. ئىسسىق، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى، ئېغىر ۋە كۆپتۈرگۈچى غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش كېرەك.

كۆرسەتمە كېسەل تۇتقاندا بىمارنى پاكىز ۋە ئازادە ئورۇندا تۇرغۇزۇش. ئۇنىڭ بېشىغا ياستۇق قويۇش ۋە بېشىنى قول بىلەن تۇتۇۋېلىش، ئۇنىڭ ئېغىزىغا يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك رەخت ياكى پاختا كاللىكى ۋە باشقىلارنى قويۇش. يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىش، بىمارنىڭ قول - پۇتلىرىغا بىرەر نەرسە تېگىپ، زەخىملىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش. ئەگەر بىمار بىھوش بولسا ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈشكە كۆپ تىرىشماسلىق، بەلكى قانداق ياتقان بولسا شۇنداق ياتقۇزۇش، ئۇنى قوغداش.

كېسەل تۇتمىغاندا بىمارنى ھەرگىز قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، ئەمگەك قىلىش، كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىش قىلىش ۋە كۆپ جىما قىلىشتىن توسۇش، قاتتىق سوغۇق ۋە قاتتىق ئىسسىقتىن، ئايلىنىۋاتقان نەرسىلەرگە قاراشتىن، ئېگىزگە چىقىپ پەسكە قاراشتىن، ئات ياكى بىرەر تېز ئۇلاغقا مىنىپ سەپەر قىلىشتىن، كۈندۈزى ئۇخلاشتىن، چاقماق ئاۋازىنى ئاڭلاشتىن ۋە ئۇنىڭ چاقنىشىنى كۆرۈشتىن ئىمكانقەدەر يىراق قىلىش لازىم. چۈنكى يۇقىرىدىكىلەر تۇتقاقلىق تۇتۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

ئۇممۇس سەبيان ئەگەر بۇ كېسەللىك سۈت ئېمىۋاتقان بالىلاردا بولسا، ئۇممۇس

سەبىيان نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. لېكىن داۋالاش ئۇسۇلى چوڭلارنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بالىلارغا نىسبەتەن ھەزىمنى ياخشىلاش زىيادە زۆرۈردۇر. ئومۇمەن سەبىياندا كېسەللىك تۇتقان ھالىتىدە بالىلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى يىرىك رەخت بىلەن ئۇۋۇلاش ھەمدە پۇت - قوللىرىغا قاتتىق ئۇرماسلىق كېرەك.

بەزى نازۇك مىزاج بالىلاردا ئۆتكۈر قىزىتمىدا بۇ تۈردىكى تەشەننۇج بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تۇتقاقلىق دەپ قارىماسلىق لازىم. يەنى تۇتقاقلىق بويىچە داۋالىماسلىق، بەلكى ئەسلىي كېسەللىكنى داۋالاش تەرەپكە يۈزلىنىش لازىم.

سەكتە كېسەللىكى

سەكتىنىڭ مەنىسى خامۇشلۇقتۇر. بۇ كېسەلدە خامۇشلۇق چوقۇم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نام قويۇلغان.

سەكتە ① كېسەللىكىدە نەپەس ئەزالىرىدىن باشقا پۈتۈن ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى يوقىلىدۇ، يەنى سەكتە ھالىتىدە پەقەت نەپەس ئەزالىرى ئازدۇر - كۆپتۇر ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ.

قوشۇمچىلار سەكتە كېسەللىكىدە مېڭە ياكى يۈلۈنغا قان قۇيۇلۇش ياكى ھۆللۈك قۇيۇلۇشتىن بىراقلا ھەرىكەت(ئىسترخا، پالەچ) ۋە ھېس يوقىلىش (ئېغىر ئۇيقۇ) كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى سەكتىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا سەمەرقەندى ئېيتقانكى، مېڭىنىڭ بارلىق چوڭ بوشلۇقلىرىدا تولۇق توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ قۇۋۋەتنى نەپسانىينى تامام بەدەن تەرەپكە سىڭىپ كىرىشتىن توختىتىدۇ. بۇنىڭدىن ھېس ۋە ھەرىكەت يوقىلىدۇ ھەم رەئىس ئەزالارنىڭ پائالىيەتلىرىدە زەرەر پەيدا بولىدۇ.

بىزنىڭ چوڭ بوشلۇقلاردىن كۆزدە تۇتقىنىمىز، مېڭىنىڭ ئىككى (نېپىز، قېلىن) پەردىسى ئوتتۇرىسىغا ياكى مېڭىنىڭ ئۈچ بۆلىكى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بوشلۇقلاردۇر. مېڭىنىڭ بۆلەكلىرىدىكى بوشلۇقلاردىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى مېڭە ئىچىدىكى بوشلۇقلاردۇر. بۇلار ئالدىنقى بوشلۇق، ئوتتۇرا بوشلۇق، ئاخىرقى بوشلۇق قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

---

① سەكتە — پالەچ دېيىلىدۇ. پالەچلىك باش ئەزالىرىدىن باشقا پۈتۈن بەدەندە بولىدۇ. بەزىدە بەدەننىڭ بىر تەرىپى بوشىشىپ كېتىشمۇ دېيىلىدۇ. شۇڭلاشقا جالىنۇس: «ئەگەر سەكتە يۈلۈندا بولسا چىرايدىكى ئەزالار ھەرىكەتلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن ئەزالار بوشىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر سەكتە بويۇننىڭ ئاستىدىكى ئەزالاردا بولسا نەپەس نورمال داۋاملىشىپ باشقا پائالىيەتلەر بۇزۇلىدۇ، ئەگەر سەكتە يۈلۈننىڭ بىر تەرىپىدە بولسا، شۇ تەرەپتىكى بەدەن بوشاپ كېتىدۇ» دېگەن. بۇ بۇقراتنىڭ سۆزلىرىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ (نەفس).

جالنۇس ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تېۋىپلار، مەسىلەن: ئايروفىلوس ئۇ بوشلۇق ①نى پارچىلاپ كۆزەتكەندۇر. سەكتە بىمارلىرى ئەگەر سەكتىدىن ياخشىلانسىمۇ تامامەن نىجاتلىق تاپالمايدۇ، بەلكى پالەچ بولىدۇ. لېكىن سەرئى، جۇمۇد ۋە سۇباتقا ئوخشاش مېڭە كېسەللىكلىرى سەكتىدەك ئۆتكۈر بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن شىپالىق ھاسىل بولغاندىن كېيىن بىرەر يېڭى كېسەللىك پەيدا بولمايدۇ.

بەلغەمدىن بولغان سەكتە بۇ توسۇلۇش بەزىدە بەلغىمى، قويۇق ۋە چاپلاشقاق خىلتتىن پەيدا بولىدۇ.

قاندىن بولغان سەكتە بەزىدە مېڭە توسالغۇسى (بۇنىڭدىن سەكتە پەيدا بولىدۇ) قان خىلتىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ، مېڭىنىڭ بارلىق بوشلۇقلىرى ۋە شىريانلارنى شۇنداق توسۇپ قويىدۇكى، ئۇنىڭدا روھنىڭ ئۆتۈشىگە بىرەر يول قالمايدۇ. ھاۋانىڭ يېتىپ بارالماسلىقىدىن بەدەننىڭ تەبئىي ھارارىتى كېمىيىپ يوقىلىدۇ. خۇددى ھاۋانىڭ يېتىپ بارالماسلىقىدىن ئوت ئۆچۈپ قالغانغا ئوخشاش.

ئىششىشتىن بولغان سەكتە بەزىدە سەكتە مېڭىنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇق ئىششىقىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن مېڭىنىڭ بىر بۆلىكىدىن يەنە بىر بۆلىكىگە بارىدىغان يول تولۇپ قېلىش، تەمەددۇد ۋە بېسىم سەۋەبىدىن توسۇلۇپ قالىدۇ.

قوشۇمچە سەكتىنىڭ سەۋەبى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

مېڭىگە قان تولۇش، مېڭە تومۇرلىرى توسۇلۇش، مېڭە قان تومۇرلىرىدا قان ئۇيۇۋېلىش، مېڭە پەردىسى ياكى مېڭىنىڭ ئۆزىدە قاناشنىڭ يۈز بېرىشى.

بەلغەمدىن بولغان سەكتىنىڭ ئالامىتى بەدىنى بوشىشىدۇ، تېرە رەڭگى ئاق بولىدۇ. ئېغىزىدىن تۈكۈرۈك ۋە بۇرنىدىن پوتلا كۆپلەپ چىقىدۇ.

خىرقىراش بولىدىغان سەكتە بۇ بەلغەمدىن بولغان سەكتىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇنىڭدا خىرقىرايدۇ ۋە ئېغىزىدىن كۆپۈك كېلىدۇ. بۇ تۈرى ئىنتايىن ئېغىردۇر. چۈنكى، خىرقىراش نېرۋىلار بوشاشقانلىقتىن نەپەسلىنىش ئەزالىرى بىرى يەنە بىرى ئۈستىگە چۈشۈپ توسۇلغانلىقى،. كۆكرەكتىكى مۇسكۇللارنىڭ ھەرىكەتلىنىش كۈچى ئاجىز بولغانلىقى ۋە ئۇ قۇۋۋەت ئىنتايىن تىرىشىش بىلەن ئادەتتىكىدەك ھەرىكەت بېرىۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. مۇشۇ ھالەتتە نەپەس ئالغاندا ۋە چىقارغاندا بىر خىلدىكى خىرقىراش باشلىنىدۇ. خۇددى سېمىز

---

① بوشلۇق — بەزىدە باش سۆڭىكى ئىچىدىكى بوشلۇقلارنى، بەزىدە مېڭىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان بوشلۇقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئادەملەر ئۇخلىغاندا خورەك تارتقاندەك.

شۇنىڭدەك نەپەس توسۇلۇپ، يۈرەك قىزىپ، خىلىتلار قاينىغاندا كۆپۈك چىقىدۇ.

قىسقىسى، مېڭە ئاپتىگە ئەگەر ئاشقازان ئاپتى ياكى يۈرەكنىڭ ئىسسىقلىقى ۋە خىلىتلارنىڭ قاينىشى قوشۇلسا، زىيادە خەتەرلىك بولىدۇ. سەكتە بولغان بىماردىن كۆپۈك كەلسە، ئۇ كۆپىنچە ھايات قالمايدۇ.

رازى: «بۇ كىشى سەكتە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۆپۈك كەلدى. ئۇ ھايات قالمىدى» دەپ ئېيتقان.

خىرقىراش بولمايدىغان سەكتە بۇ سەكتىنىڭ يەنە بىر تۈرىدۇر. بۇنىڭدا خىرقىراش، نەپەس قىيىنلىشىش بولمايدۇ. بىمار مۇردىغا ئوخشاش بولىدۇ.

سەكتە ۋە ئۆلۈمدىكى پەرق: سەكتە بىمارلىرى ۋە ئۆلۈكنى پەرقلەندۈرۈش ئۇستا تېۋىپلارغىمۇ قىيىن بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن جالىنۇس ئېيتقانكى، سەكتە بىمارلىرىنى 72 سائەتتىن بۇرۇن دەپنە قىلماسلىق. 72 سائەت ئەڭ قىسقا بوھران ① مۇددىتىدۇر. جالىنۇس ئېيتقانكى، رۇمنىڭ بەشەندىگان شەھىرىدە كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزىنىڭ بالا ۋە ئاياللىرىنى سەكتە كېسىلى ياخشىلىنىشتىن ئىلگىرى كۆمۈۋەتكەن. مەلۇم كىشى بىرەر مېيىتنى ئۈچ كۈن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى دەپنە قىلغان بولسا، شەرتكى بۇ كىشىدە قىزىتما بولمىغان بولسا، يەنى بىرەر جاھىل كېسەل ② بولمىسا، ئالدىراپ دەپنە قىلغاندا ھايات كۆمۈۋەتكەن بولىدۇ.

سەكتە بىمارلىرىنىڭ ھاياتلىقىنىڭ ئالامىتى، ئوبدان ئېتىلگەن يۇڭ ياكى پەي بىمارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە قويۇلىدۇ ياكى بىرەر ساپال قاچىنى سۇ بىلەن تولدۇرۇپ، كۆكرەك ئۈستىگە قويۇپ، نەپەسلىنىش ھەرىكىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىلىدۇ. ئەگەر يۇڭ ياكى سۇ ھەرىكەت قىلسا بىمارنىڭ ھاياتلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنداق بولمىسا مۇردا دەپ چۈشىنىلىدۇ. بىمارنىڭ ئۇرۇقدانلىرىغا ياكى چات ئارىسىغا ياكى تاشقى سۈيدۈك يولى، تىلىنىڭ ئاستىغا قولىنى قويۇش ياكى بىمارنىڭ مەقئىتىگە بارماقنى سېلىپ ئارقا تەرەپكە بېسىش لازىم. بۇ ئورۇنلاردا قىزىل قان تومۇرلار بولغاچقا، لوقۇلداپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر قىزىل قان تومۇرلار ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان بولسا بىمار ھاياتتۇر. بىرەر يورۇق ئورۇندا بىمارنىڭ ئىككى كۆزىگە قاراش. ئەگەر ئۇ روشەن ۋە پارقىراق بولسا ھاياتتۇر. ياكى بىرەر روشەن ئورۇندا بىمارنىڭ ئىككى كۆزىگە نەزەر

---

① بوھران — بۇ، تەبىئەت ۋە كېسەللىك ئوتتۇرىسىدا قاتتىق قارشىلىشىش بولغان كۈندۇر، ئۆتكۈر ۋە قاتتىق كېسەللىكلەردە تولۇق 72 سائەتتىن كېيىن بوھران كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆرۈلمەيدۇ، باشقا كېسەللەردە بەزىدە 7 - كۈنى، بەزىدە 11 - كۈنى، يەنە بەزىدە 14 - كۈنى يۈز بېرىدۇ.

② جاھىل كېسەللىك — بۇ ئۇزۇنغىچە ساقايمايدىغان كېسەللىكتۇر.

سېلىش ۋە دىققەت بىلەن قاراش. بىمارنىڭ ئىككى كۆزىدە تېۋىپنىڭ شەكلى ۋە كۆرۈنۈشى كۆرۈنسە بىمار ھاياتتۇر. ياكى بىمارنى بىرەر قاراڭغۇ ئورۇنغا ئەكىلىپ، چىراغنى يورۇتۇش، ئەگەر چىراغنىڭ شەكلى كۆز قارىچۇقىدا كۆرۈنسە، بىلىش لازىمكى بىمار ھاياتتۇر. بىمارنىڭ بەدىنى ئەگەر سېسىق پۇرىسا، ئۇنى دەلىللەشنىڭ بىرەر زۆرۈرىيىتى يوقتۇر (چۈنكى ئۇ شۇ چاغدا شەرتسىز ئۆلۈپ بولغاندۇر) — نەفىس.

بۇ تۈردە بىماردا نەپەسلىنىش ئاشكارا بولىدۇ. بۇ تۈرنىڭ ساقىيىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئېغىزىدىن كۆپۈك چىقىدۇ.

ئەگەر بىمار ئادەتتىكى سەكتىدىن شىپا تاپالىسىمۇ، ئۇ پالەچ بولىدۇ ياكى لەقۋا بولۇپ قالىدۇ ياكى ماددىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن پالەچ ۋە لەقۋانىڭ ھەر ئىككىلىسى بولىدۇ.

قاندىن بولغان سەكتىنىڭ ئالامەتلىرى بىمارنىڭ يۈزى قارىغا مايىل قىزىل بولىدۇ. يەنى بىمارنىڭ چىرايى گېلى بوغۇلۇپ قالغان ئادەمنىڭكىدەك بولىدۇ، بىمارنىڭ بويىنىدىكى «ۋەداج» ناملىق كۆك قان تومۇرى ۋە باشقا تومۇرلار كۆپۈشىدۇ. پېشانىسى تەرلەيدۇ. بىمار خىرقىرىماي نەپەس ئالىدۇ.

ئەگەر سەكتىنىڭ بۇ تۈرى ساقايسا، پالەچ بولمايدۇ.

ئىششىقتىن بولغان سەكتىنىڭ ئالامەتلىرى بۇنىڭدا قىزىتما بولىدۇ. سەكتە كېسىلى كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: باش ئېغىرلىشىش ۋە باش ئاغرىش قاتارلىق.

ئۇرۇلۇش ۋە زەربە تېگىشتىن پەيدا بولغان سەكتىمۇ ئىششىقتىن بولغان سەكتە تۈرىگە كىرىدۇ. چۈنكى سوقۇلۇشتىن سەكتە مېڭىنىڭ قېلىن ياكى نېپىز پەردىسىدە ئىششىق پەيدا بولغانلىقتىن بولىدۇ.

قوشۇمچە كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش شەكىللىرى: سەكتە كېسەللىكىنىڭ كۆرۈلۈش شەكلى ئۈچ خىل بولىدۇ.

1. بىمار تۇيۇقسىز بىھوش بولۇپ يىقىلىدۇ. چىرايى قىزىل ۋە بەزىدە سېرىق بولىدۇ. خىرقىراپ نەپەس ئالىدۇ.

2. تۇيۇقسىز باش قاتتىق ئاغرىپ، يېرىم بەدەن پالەچلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چىرايى كۆرۈمسىزلىشىدۇ. كۆڭلى ئېلىشىدۇ ۋە قۇسىدۇ. ئاندىن كۆزلىرى پۇلتىيىدۇ ۋە بىھوش بولىدۇ. پۇت - قوللىرى سوغۇق بولىدۇ. تومۇرى شۇ قەدەر ئاجىز سوقىدۇكى، تېۋىپنىڭ ئۇنى سېزىشى قىيىن بولىدۇ. بەزى بىمارلار يەڭگىل بىھوش بولىدۇ ۋە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ. لېكىن ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنتۇغاقلىققا گىرىپتار بولۇپ ياكى جۆيلۈپ بىھوش

بولىدۇ.

3. بىراقلا بەدەننىڭ يېرىمى پالەچلىنىدۇ. بىمارنىڭ ئازراق ھوشى بولىدۇ. لېكىن كېيىن تەدرىجىي بىھوشلىنىدۇ.

سەكتە كېسەللىكى بەزىدە بىراقلا پەيدا بولىدۇ، يەنە بەزىدە كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى تۆۋەندىكىدەك بېشارەتلىك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ:

بېشارەتچى ئالامەتلەر بىمار باش ئاغرىقىنىڭ شىكايىتىنى قىلىدۇ. باش قايىدۇ ياكى باشتا ئېغىرلىق بولىدۇ. قۇلاقلىرىغا ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. بىمار سۆزلەپ ـ سۆزلەپ توختايدۇ. ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇش كۈچى تەڭپۇڭسىزلىنىدۇ. بەزى بىمارلار ئالغاي بولىدۇ. يەنى بىر نەرسە ئىككى كۆرۈنىدۇ. بۇرنى قانايدۇ. كۆڭلى ئېلىشىدۇ. چېچىلاڭغۇ ۋە ئۇنتۇغاقلىق قوشۇلۇپ كېلىدۇ، ئالىجوقا سۆزلەيدۇ. قەۋزىيەت بولىدۇ. چۈشىدە قورقىدۇ. بەزى سەزگۈ نېرۋىلىرى نورمالسىزلىنىدۇ. بەدەننىڭ مەلۇم قىسمى سېزىمسىزلىنىدۇ. بىرەر ئورۇندا بىئارام بولغاندەك سېزىم بولىدۇ ۋە بەزىدە بەدەننىڭ بىرەر قىسمى پالەچلەنگەن بولىدۇ.

ئومۇمىي ئالامەتلەر سەكتە كېسەللىكى ئومۇمەن 40 ياش ياكى ئۇنىڭدىن ئاشقانلاردا كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ قوزغىلىشى بەش مىنۇتتىن 72 سائەتكىچە بولىدۇ. بىمار تامامەن بىھوش بولىدۇ. ھېس ۋە ھەرىكەتلەر يوقىلىدۇ. شۇنداقلا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويۇۋەتسە، مۇردىنىڭ قولىغا ئوخشاش چۈشىدۇ. تامامەن ئويغانمايدۇ. نەپەسى توختاپ خىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. قول ـ پۇتلىرى بوشاشقان، كۆزلىرى قېتىشقان بولىدۇ. بەزىدە ئىككىلا كۆز قارىچۇقى كېڭىيىدۇ ۋە سېزىمسىز بولىدۇ. چىشلىرى كىرىشىپ قالىدۇ، بىرەر نەرسە يۇتالمايدۇ، يەنى بىمار بەزىدە يۇتۇشقا تامامەن قادىر بولالمايدۇ. بەزىدە سۈيدۈكى توختايدۇ، بەزىدە سۈيدۈكى، چوڭ تەرىتى ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ. تومۇرى شۇ قەدەر ئاجىزكى، تۇتۇپ بىلگىلى بولمايدۇ. بىمار بەزىدە سەكتە ھالىتىدىلا ئۆزىچە، بەزىدە ھوشىغا كېلىپ پالەچلىنىدۇ ياكى ئەقىل ئېلىششىقا مۇپتىلا بولىدۇ. بەزى ۋاقىتتا سەكتە شۇ قەدەر ئۆتكۈر كېلىدۇكى، بىمار ئۆلىدۇ. ئەگەر بىھوشلۇق 24 سائەت داۋاملاشسا ۋە ئۇنىڭغا خىرقىراپ نەپەسلىنىش بىللە كەلسە، بۇ ئەھۋالدا ساقىيىش ئۈمىدى كەم بولىدۇ. سەكتىدىن كېيىن بەدەننىڭ يېرىمى پالەچلىنىش سەكتىنىڭ سەۋەبىدىن مېڭىدە قاناش، يەنى قىل قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشىدىن قان قۇيۇلۇش يۈز بەرگەندە كۆرۈلىدۇ.

خاس ئالامەتلەر ئەگەر سەكتىنىڭ سەۋەبى قان تولۇشتىن بولسا، بۇ قاندىن بولغان سەكتە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا بىھوشلۇقتىن ئىلگىرى كۆڭلى ئېلىشىدۇ، قۇسىدۇ، بېشى ئاغرىيدۇ ۋە قايىدۇ. ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. بىمار بوشاڭلىشىدۇ. بىھوشلۇق قىسقا ۋاقىت

داۋاملىشىدۇ ھەمدە ھوشىغا كەلگەندە بىمارنىڭ سەزگۈلىرىدە بىرەر ئۆزگىرىش كۆرۈلمەيدۇ.

ئەگەر سەكتىنىڭ سەۋەبى مېڭە تومۇرلىرىنىڭ تۇسۇلۇشىدىن بولغان بولسا بېشارەتچى ئالامەتلەر كۆرۈلمەيدۇ، سەكتە تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ. لېكىن سەكتىنىڭ سەۋەبى قاننىڭ ئۇيۇۋېلىشىدىن بولغان بولسا، يۇقىرىقى بېشارەتچى ئالامەتلەر ئاشكارا بولىدۇ. ھوشىغا كەلگەندە بىمارنىڭ بەدىنىنىڭ بىرەر قىسمى پالەچلىنىدۇ. ئەگەر سەكتىنىڭ سەۋەبى مېڭىدىكى قاناشتىن بولغان بولسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئالامەتلەر تېپىلىدۇ. بۇ بايان قىلىنىپ بولدى. لېكىن بەزى ھالەتلەردە پەرق چوڭىيىدۇ. شۇنداقلا ئەگەر قاناش ئالدىنقى مېڭىنىڭ يۈزى ياكى ئالدىنقى مېڭىدىكى تارىمۇشلارنىڭ بىرەر بوشلۇق①ىدا بولغان بولسا، بىمارنىڭ باش ۋە كۆزلىرى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالىدۇ. ئەگەر مېڭىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قىل قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشى سەۋەبىدىن قاناش كۆرۈلگەن بولسا، باش ۋە كۆزلىرىمۇ ئوڭ تەرەپكە قىيسىيىدۇ. ئەگەر مېڭىنىڭ سول تەرىپىدىكى قىل قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، باش ۋە كۆزلىرىمۇ سول تەرەپكە قىيسىيىدۇ. ئەگەر مېڭە بوشلۇقلىرىدىكى قىزىل قان تومۇرلار يېرىلىپ قاناش كۆرۈلگەن بولسا، بىھوش بولغان ۋاقىتتا مۇسكۇللار تارتىشىدۇ.

ئەگەر مېڭە پەردىلىرىگە قان چۈشكەن بولسا، بىھوش بولغان ۋاقىتتا مۇسكۇللار تارتىشىدۇ. ئەگەر مېڭە ئوتتۇرىسىغا قان چۈشسە، كۆز قارىچۇقى يىغىلىۋالىدۇ ۋە بىمارنىڭ بەدەن ھارارىتى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش سەكتە كېسەللىكىنىڭ دىياگنوزىنى مۇكەممەل قىلىش ئۈچۈن بۇنى بايان قىلىش زۆرۈركى، بۇ كېسەللىك بەزى ۋاقىتلاردا سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش②، سەرئى، ھاراق، ئەپيۇن قاتارلىقلارنىڭ بىھوش قىلغىنىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سەكتە كېسەللىكىنى بۇ كېسەللىكلەردىن تۆۋەندىكى ئالامەتلەر بىلەن پەرقلەندۈرىمىز:

سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش بۇنىڭدا بىمارنىڭ سۈيدۈكى توختاپ قالىدۇ ياكى ناھايىتى ئاز مىقداردا كېلىدۇ. تىنىقىدىن سۈيدۈك پۇرىقى كېلىدۇ ھەمدە بىمارنىڭ پۇت - قوللىرى تارتىشىدۇ.

سەرئى تەشەننۇج بولىدۇ. بۇنىڭدا سەكتىگە ئوخشاش خىرقىراپ نەپەس ئېلىش بولمايدۇ.

---

① بىرەر بوشلۇق — بۇ مېڭە ئالدى ئىچكى تارىمۇشىنىڭ توپلىمىدۇر. بۇ قوۋۇرغا ئىككى بۆلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

② سۈيدۈكنىڭ زەھىرى پۈتۈن بەدەنگە تارقاش، بۇ ھالەت سۈيدۈك توختاپ قېلىشتىن پەيدا بولىدۇ.

سۇباتى خەمرى (شارابتىن بولغان بىھوشلۇق) بىمارنىڭ ئېغىزىدىن شارابنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ قارىچۇقلىرى بىردەك بولىدۇ. يەنى بىرى كېڭەيگەن، يەنە بىرى تارايغان بولمايدۇ. ئەگەر بىمارنى كۈچەپ ئويغاتسا ئازراق «غودۇڭشۇش» بولىدۇ.

ئەپيۇندىن بىھوش بولغاندا بىمار كۈچەپ خىرقىراپ نەپەس ئالىدۇ. ئىككى كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقلىرى تارايغان بولىدۇ. بىمارنى ئويغاتقاندا ئويغىنىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان سەكتىنى داۋالاش كېسەللىك تۇتقاندا باشنى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئىسسىق دورىلاردىن، مەسىلەن: ئىپار، سۇزاپ، قەلەمپۇر قاتارلىقلار پۇرىتىلىدۇ. چۈشكۈرۈك كەلتۈرگۈچى دورىلار، مەسىلەن: كۇندۇش، قارىمۇچ، قۇندۇز قەھرى قاتارلىقلار بىلەن چۈشكۈرتۈلىدۇ. تۇكۇر قىلىش، مەسىلەن، بابۇنە، بەرەنجاسىپ، سۆئتەر، پۇدىنە، ئۆشنە ھىندى، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. قۇستۇرۇشقا تىرىشىلىدۇ، بۇنىڭدا بارماققا رەۋغىنى سەۋسەننى يوقتۇرۇپ، بىمارنىڭ يۇتقۇنچىقىغا كىرگۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ. بىمارنىڭ بېشىغا يۇڭدىن ياسالغان دوپپىنى كىيگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسسىتىلغان تۆمۈر قويۇلىدۇ. بىرەر ۋارونكا ۋە باشقىلار ئارقىلىق بىمارنىڭ يۇتقۇنچىقىغا تەرياقى كەبىر ۋە مەسرۇدىتۇس قاتارلىقلار قۇيۇلىدۇ، ئەگەر بۇ ئىككى خىل دورا ئۈنۈملۈك بولمىسا، بەدىيان سۈيى، رۇمبەدىيان سۈيى، زىرە سۈيىدە گۈلقەنتنى ئېرىتىپ يۇتقۇنچاققا قۇيۇلىدۇ، ئۆتكۈر ھۆقنىلەر ئارقىلىق ماددا باشتىن تارتىلىدۇ، بۇ ھۆقنە ھاشا، بەرەنجاسىپ، سىرىقچېچەك، ئىنچىكە قەنتەرىيۇن، قۇرۇق سۇزاپ، سوقۇلغان ئابدىمىلىك مېغىزى، كەرەپشە ئۇرۇقى، قارا شېكەر، ئاچچىقسۇ ۋە زەيتۇن يېغىدىن تەييارلانغان بولسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋائى سەردارۇ① سېپىپ بېرىلىدۇ، سەردارۇ ئوغرىتىكەن، تۇربۇت، بۆرە ئەرمىنى، شەھمەنزەل، سوقمۇنىيا قاتارلىق دورىلاردىن تەييار قىلىنغان بولسۇن.

قوزغىلىش يوقالغاندىن كېيىن بىماردا ياخشىلىنىش بولۇپ، تۆت كۈن ياكى يەتتە كۈن ياكى 14 كۈن ئۆتسە (يەنى بىمارنىڭ ئاجىز ۋە كۈچلۈكلىكىگە مۇناسىپ بولسا)، بەدەن ۋە مېڭىنى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن ئايارەج ۋە ھەبلەرنى يېگۈزۈش لازىم. بۇنىڭ بايانى باشتا سۆزلىنىپ بولدى.

قاندىن بولغان سەكتىنى داۋالاش ئىككى تەرەپتىكى قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، پاچاقلىرىغا تىلىپ ھىجامەت قويۇلىدۇ، ئاندىن ئىسسىق سۇ ۋە سىركەنجۇبىل بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئادەتتىكىدەك ھۆقنە قىلىنىدۇ، باشقا كۈچلەندۈرگۈچى ياغلار چېپىلىدۇ، ئۇ ياغلارنى ئىسسىتماسلىق، مەسىلەن: گۈل يېغى، بابۇنە يېغى قاتارلىقلار.

---

① سەردارۇ — ئۇ بىرەر قاينىتىلمىلار ئۈستىدىن سېپىپ بېرىلىدىغان دورا (ت).

ئىسسىقتىن بولغان سەكتىنى داۋالاش مېڭە ئىسسىقنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم. بۇ سەرسامدا سۆزلىنىپ بولدى.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار سەكتە بىمارلىرىنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك چارىلەرنى قوللىنىش، يەنى سەكتە ھالىتىدە توخۇ پېيىنى رەۋغىنى سەۋسەن ياكى كالىنىڭ سېرىقمېيىغا مىلەپ، ئايارەج پەيقىرا ياكى پەقەت سەبرىنى يۇقتۇرۇپ گېلىغا قويۇش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈپ قۇستۇرۇش، قۇسۇپ بولغاندىن كېيىن تەرياقى پارۇق ياكى تەرياقى ئەربەئەنى مائۇلھەسەلدە ئېرىتىپ يۇتقۇنچاققا تېمىتىش. ئەگەر بۇ چارىلەر بىلەن بىمار ھوشىغا كەلمىسە، تۆۋەندىكىدەك چارىلەرنى تاللاش لازىم:

دورا پۈركۈش بەرگى تەبىت، جوز، قۇندۇز قەھرىدىن ئۈچ گىرامدىن، ساپ ئىپاردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قومۇش ئارقىلىق بۇرۇن تۆشۈكىگە پۈركۈلمە، تەكمىد ۋە زىمات قاتارلىقلار بىلەن مېڭىدە ھەرىكەتلىنىش پەيدا قىلىش لازىم.

تەكمىد قەلەمپۇر، بەسباسە، جوز، لاچىندانە، ئېگىر قاتارلىقلارنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ چالا سوقۇلىدۇ، رەختكە ئوراپ قايتا - قايتا ئىسسىتىپ باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. كېچە - كۈندۈز سائەت - سائەتلەپ، بۇ تەكمىدنى بىر قانچە قېتىم قىلىنىدۇ. ئارىلىقتىكى ۋاقىتتا زىمات چېپىلىدۇ.

زىمات: قۇندۇز قەھرى، قارىمۇچ، پەرپىيۇن، كۈندۈش، زەنجىۋىل، سىيادان، قەلەمپۇر، لاچىندانە، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلارنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، ئەرقى بەدىيانىدا ئېزىپ ئىلمان قىلىپ، چاچنى چۈشۈرۈپ بۇ زىمات چېپىلىدۇ. ئۇ چارىنى قىلىش بىلەن بىرلىكتە ناھايىتى تېزلىك بىلەن ھۆقنە قىلىشقا تىرىشىش لازىم.

ھۆقنە غارىقۇن ئۈچ گىرام، ئاق تۇربۇت، چامغۇر كۆكى، ئابدىمىلىك ئۇرۇقى، زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى، ئىنچىكە قەنتەرىيۇن، سېرىقچېچەك يوپۇرمىقى، سۆرۈنجان شېرىن ھەربىرى بەش گىرامدىن، پىستە مېغىزى، رەڭلىك بىستىپايەج، سانائى مەككى يەتتە گىرامدىن، چىلان توققۇز دانە، سەرپىستان 11 دانە. دورىلارنى بىر يېرىم كىلوگىرام سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا تاتلىق بادام يېغىدىن 24 گىرام، بىدانجىر يېغىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ بارلىق دورىلار ۋاقتىدا تېپىلمىسا، زۆرۈر بولغاندا، يەنە ئادەتتىكى سوپۇندىمۇ ھۆقنە قىلىنىدۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سەكتىنى داۋالاشتا ئومۇملاشقان داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، بۇ پالەچ ۋە لەقۋادا بايان قىلىنىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز بەلغەمدىن بولغان سەكتە بىمارلىرى ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئىشتىھاسى بولسا قۇشقاچ، باچكا ياكى چۈجە گۆشىنىڭ شورپىسىغا ئىسسىق تەبىئەتلىك

خۇش پۇراق تەم تەڭشىگۈچىلەرنى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. قىيما شورپىسى تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، كەكلىك ياكى قوي گۆشى شورپىسىمۇ پايدىلىقتۇر. سوغۇق كۆكتاتلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆرسەتمە سەكتە بىمارلىرىنى كەڭرى ياتاقتا ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش. ئۇنىڭ باش - بىلەكلىرىنى ئېگىز ياستۇق ئۈستىدە قويۇش ھەمدە مۇشۇ جايدىكى پەرۋىش خادىملىرىغا ھۇجۇم قىلدۇرماسلىق، قاندىن بولغان سەكتىدە ئەگەر بىمار ياش ۋە قان مىزاج بولسا قان ئېلىش لازىم.

پالەچ

پالەچنىڭ مەنىسى «يېرىم قىلغۇچى» دۇر. بۇ كېسەللىكنىڭ نامى پالەچ دەپ شۇ سەۋەبتىن قويۇلغانكى، مەزكۇر كېسەللىكتە بەدەننىڭ يېرىمى ساغلام ۋە يېرىمى كېسەل بولىدۇ.

پالەچلىكتە بەدەننىڭ بىر تەرىپىدىكى بارلىق ئەزالار باشتىن - ئاياغقىچە بوشاشقان ھالەتتە بولىدۇ. بۇ كېسەللىكنى تونۇشتا بارلىق تېۋىپلار بىرلىككە كەلگەندۇر. لېكىن بەزى كىشىلەر پالەچ باشتىن باشقا بارلىق ئەزالارنىڭ بوشاشقانلىقىنىڭ نامىدۇر، دېگەنىدى. بۇلار «ساھىب كامىل» نىڭ مەزھىبىدۇر. لېكىن ئالدىنقى ھۆكۈمالار پالەچ ۋە ئىسترخانى پەرقلەندۈرمەيدۇ. ئۇلار پالەچ بىلەن ئىسترخا①نى بىرلا مەنىدە چۈشىنىدۇ.

جالىنۇسنىڭ ئۈچ تۈرلۈك سۆزى

بىرىنچى سۆزى: جالىنۇس: «جەۋامى دېگەن كىتابىدا ئەزالارنىڭ ئاغرىقى توغرىسىدىكى تۆتىنچى ماقالىسىدە ئەگەر مېڭىنىڭ ئارقا بۆلىكىنىڭ يېرىمىغا بىرەر زەرەر يەتسە، پالەچ پەيدا بولىدۇ. ئەگەر پۈتۈن قىسمىغا زەرەر يەتسە سەكتە پەيدا بولىدۇ» دەپ يازغان.

ئىككىنچى سۆزى: ئەزالارنىڭ ئاغرىقى توغرىسىدىكى ئۈچىنچى ماقالىسىدە جالىنۇس: «ئەگەر يۈلۈن مەركىزىدە دەسلەپتە بىرەر ئاپەت پەيدا بولسا، چىرايدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى بوشىشىدۇ. ئەگەر مەزكۇر يۈلۈن مەركىزىنىڭ يېرىمىدا بىرەر ئاپەت كۆرۈلسە شۇ تەرەپ پالەچلىنىدۇ» دەپ ئېيتقان. جالىنۇس يەنە: «بەزى پالەچلەنگەنلەرنىڭ يۈزىنىڭ شۇ تەرىپىدە ئىسترخا پەيدا بولىدۇ. بۇ ھالەتتە بىلىش لازىمكى ئاپەت مېڭىدىدۇر. ئەگەر يۈزىدىكى ئەزالار ساغلام بولسا بىلىش لازىمكى، ئاپەت يۈلۈن مەركىزىدۇر» دەپ ئېيتقان.

ئۈچىنچى سۆزى: جالىنۇس بۇ كىتابىنىڭ تۆتىنچى ماقالىسىدە « ئەگەر مېڭىنىڭ ئىككى بۆلىكى يۈلۈن مەركىزىگە يېقىن جايدا كېسەللەنگەن بولسا سەكتە (ئومۇمىي پالەچ) پەيدا بولىدۇ.

---

① پالەچ — يېرىم قىلغۇچى، ئىسترخا — بىرەر ئەزانىڭ بوشىشىپ كېتىشى، دېگەن مەنىدە.

ئەگەر مېڭىنىڭ بىر قىسمى كېسەللەنگەن بولسا پالەچ بولىدۇ» دەپ ئېيتقاندۇر.

جالىنۇسنىڭ بىرىنچى سۆزىدىن خۇلاسە چىقىدۇكى، مېڭىنىڭ ئارقا تەرىپى ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، بۇ ئاپەت مېڭىنىڭ يېرىم بۆلىكىدە بولىدۇ. ئاندىن بۇ ئورۇندىن چىققان نېرۋىلار كېسەللىنىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن جالىنۇسنىڭ ئىككىنچى سۆزىدە دېيىلگىنىمۇ مېڭىنىڭ ئىككى بۆلىكىدۇر، ئۇنداق بولمىغاندا چىرايىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى بوشىشىدۇ، ئۈچىنچى سۆزىدىكىسىمۇ پەقەت مېڭىنىڭ ئىككى بۆلىكىدۇر (نەفىيس).

يۇلۇن ۋە يۇلۇننىڭ باشلىنىدىغان ئورنىغا ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە سانسىزلىغان تارمۇشلار جۇغلاشقاندۇر، بۇنىڭدىكى بەزى تارمۇشلار ھەرىكەت بىلەن، بەزىسى ھېس بىلەن، شۇنىڭدەك بەزى تالالار يۇلۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ۋە بەزى تالالار ئالدى تەرەپكە قاراپ چوڭىيىدۇ ھەم مېڭە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئەگەر بىرەر تالادا بۇزۇلۇش بولسا، پەقەت بۇ شۇ تالانىڭ پائالىيىتى بۇزۇلىدۇ، يەنى ھەربىر تالا بىر ئايرىم خانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندەك ھالەتتە بولىدۇ. بۇ تالالار ھەر خىل ئورۇنلاردىن كېلىدۇ ۋە ئوخشاش بولمىغان مۇسكۇللار بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تالا ياكى باشلىنىش مەركىزىدە بىرەر ئەزىيەت پەيدا بولغان بولسا، پەقەت شۇ ئورۇندىكى مۇسكۇل ياكى تېرىنىڭ شۇ بۆلىكىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ، بۇ نورمالسىزلىق تالا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بەزىدە تالالار ئۆز يولىدا ماڭىدۇ، بەزى تالالار يۇلۇن ياكى يۇلۇننىڭ باشلىنىش ئورنىدا كېسىشىدۇ، يەنى ئوڭ تەرەپتىن سول تەرەپكە، سول تەرەپتىن ئوڭ تەرەپكە ماڭىدۇ، شۇڭلاشقا كېسىشكەن ئورۇننىڭ بىر تەرىپىگە زەرەر يەتسە، يەنە بىر تەرەپ پالەچلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىسا بىرلا تەرەپكە ئاپەت يەتسە. ئادەتتە پالەچمۇ بىرلا تەرەپتە بولىدۇ، پالەچلىك بەزىدە باش، چىراي ۋە پۈتۈن بەدەننىڭ بىر تەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يەنە بەزىدە باش ۋە چىرايدىن باشقا قالغان بەدەننىڭ بىر تەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يەرلىك ئورۇن ۋە ئومۇمىي بەدەننىڭ پالەچلىنىشى ھەر خىل ھالەتلەردە پەيدا بولىدۇ (ت).

پالەچ ۋە ئىسترخا بىرەر ئەزا ياكى بەدەن بۆلىكىنىڭ ھەرىكەت قۇۋۋىتىنىڭ يوقالغانلىقىنىڭ نامىدۇر. سېزىش كۈچىنىڭ يوقالغانلىقىنىڭ نامى خەدەردۇر.

تۈرلىرى پالەچ — بەدەننىڭ ھەرىكەتلىنىدىغان ھەربىر مۇسكۇلىدا يۈز بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەگەر قول - پۇتلار، تىل ياكى بىرەر خاس ئەزالار پالەچلەنگەن بولسا، يەرلىك ئورۇنلۇق پالەچ دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر يېرىم بەدەن پالەچلەنگەن بولسا، ئۇ مۇتلەق پالەچ ياكى يېرىم پالەچ دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر بەدەننىڭ تۆۋەنكى قىسمى پالەچلەنگەن بولسا، ئۇ بەدەننىڭ ئاستى پالەچلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر بەدەننىڭ پۈتۈن مۇسكۇللىرى پالەچلەنگەن بولسا، بۇ

ئومۇمىي پالەچ دېيىلىدۇ.

سەۋەبى پالەچنىڭ سەۋەبى بەلغەمى ياكى دەمۋى ① خۆللۈكلەردىن بولىدۇ. بۇ خۆللۈك مېڭە بوشلۇقىدىن بەدەننىڭ بىر تەرىپىدىكى نېرۋىلارنىڭ مەركىزىگە چۈشىدۇ ھەم بەدەننىڭ بىرەر تەرىپىدىكى نېرۋىلارغا ئۇنىڭ ئاجىز ۋە كۈچلۈكلۈكىگە ئاساسەن قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەرىكەت ۋە سەزگۈ قۇۋۋەت نېرۋىلىرىغا ئۆزلىششتىن توختايدۇ ياكى بۇ نېرۋىلارغا قۇۋۋەتنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. لېكىن ئەزالار ئۇنىڭدىن تەسىرلەنمەيدۇ. چۈنكى سوغۇقلۇق ۋە خۆللۈكتىن نېرۋىلارنىڭ مىزاجى بۇزۇلىدۇ. بەزى ئەزالارنىڭ تەبىئىي پائالىيىتىمۇ مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبىدىن بۇزۇلىدۇ. بۇنىڭدىن ئەزالار ئورۇقلايدۇ.

ئەبۇ بەلقىيا ئەگەر ماددىلار ياكى خۆللۈكلەر يۇلۇننىڭ باشلىنىش ئورنىدا بولسا يۈز ئەزالىرىدىن باشقا تامامىي بەدەن پالەچلەنگەن بولىدۇ. بۇ «ئەبۇ بەلقىيا ②» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەگەر يۇلۇننىڭ مەركىزىنىڭ بىر تەرىپىگە ماددا قويۇلغان بولسا، يۈزىدىن باشقا تامامىي بەدەننىڭ بىر تەرىپى پالەچلىنىدۇ. ئەگەر ماددا مېڭىنىڭ تامامىي بۆلەكلىرىنىڭ بىر تەرىپىگە چۈشكەن بولسا، يۈز ۋە بەدەننىڭ بىر تەرىپى پالەچلىنىدۇ.

«ساھىب كامىل» بۇ ئاخىرقى ھۆكۈمنى «پالەچ ۋە لەقۋا» بىردەك بولىدۇ دەپ يازغان، ئۇ خەلائى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قوشۇمچە پالەچنىڭ سەۋەبلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: ① بىرەر قان تومۇرنىڭ يېرىلىشىدىن مېڭىگە قان چۈشۈش؛ ② مېڭە قىزىل قان تومۇرلىرىنىڭ تومۇلۇشى ۋە ئۇنىڭدا قان ئۇيۇپ قېلىش؛ ③ مېڭە يۇمشاش؛ ④ مېڭە ئۆسمىلىرى؛ ⑤ بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش؛ ⑥ سەرئى؛ ⑦ ئۇسسۇل ئويناش كېسىلى قاتارلىقلارنىڭ تەپسىلاتى ئايرىم تېمىدا سۆزلەندى.

ئالامىتى خۆللۈكتىن بولغان پالەچنىڭ ئالامىتى شۇكى، بەدەننىڭ بىر تەرىپى بوشاشقان بولىدۇ ھەم بەدىنى ھېس ھەرىكىتى يوقالغان تەرەپكە قىيسايغان بولىدۇ. ئۇ بىراقلا پالەچلىنىدۇ، پالەچنىڭ بىرەر تاشقى سەۋەبى، مەسىلەن: تاياق تېگىش، سوقۇلۇش ياكى ئۈزۈلۈش بولمايدۇ. تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى ئاق ۋە پىشمىغان بولىدۇ. يەنى تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى ئاق، سۈزۈك بولمايدۇ، قىيامى قويۇق بولىدۇ.

---

① قاندىن بولغان خۆللۈكنىڭ قويۇلۇشى سەۋەبىدىن تومۇرلار يېرىلىدۇ، قان چۈشۈش بىلەن مېڭە، يۇلۇن ۋە نېرۋىلارغا تەسىر قىلىدۇ، يەنى نېرۋا تەسىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان يول بۇزۇلىدۇ.

② يۇنانچە سۆز «ئەپۇ پەلكىيا» نىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر، بۇ سەكتە ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئەپۇبەلكى ئېلىنغان.

«پالەچلىنىش تۇيۇقسىز كۆرۈلىدۇ. ئەكسىچە ئۇستىرخا ئىششىق سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىششىقنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي بولىدۇ. ماددىسىز ھۆل سوغۇقتىن، مىزاج بۇزۇلۇشتىن ئۇستىرخا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئەزا ئاستا سېزىمسىزلىنىدۇ. مۇشۇنىڭغىچە ئۇ مىزاج غالىب كەلگەن ۋە مۇستەھكەم بولغان بولىدۇ ھەم ئەزانىڭ مىزاجىنى بۇزۇۋېتىدۇ» (نەفىيس).

قوشۇمچە يېرىم پالەچلىكتە بەدەننىڭ ئۇزۇنىسىغا يېرىمى ۋە تىل پالەچلەنگەن بولىدۇ، كۆپىنچە لەقۋامۇ تەڭ پەيدا بولىدۇ. بىمار پۇتلىرىنى سۆرەپ ماڭىدۇ. قولى بىلەن بىرەر نەرسىنى تۇتالمايدۇ. ھەرىكەت قىلىشى قىيىنلىشىدۇ. سۆزلەش قۇۋۋىتىدە پەرق بولىدۇ. كېسەللەنگەن تەرەپ دەسلەپتە بىرقەدەر ئىسسىق، كېيىن سوغۇق بولىدۇ. ھەرىكەت قىلالمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ تەرەپنىڭ مۇسكۇللىرى يىگىلەيدۇ. ئەگەر بىمار ساقىيىشقا يۈزلەنسە لەقۋا بولمايدۇ. سۆزلەش قۇۋۋىتى ئەسلىگە كېلىدۇ. قولغا سېلىشتۇرغاندا پۇتتا تېز كۈچلىنىش بولىدۇ ھەمدە قوللىرى ھەمىشە بىرقەدەر ئاجىز تۇرىدۇ.

خاس ئالامەتلەر ئەگەر مېڭە قان تومۇرلىرى يېرىلىشتىن مېڭىگە قان چۈشۈپ پالەچ بولغان بولسا، سەكتىنىڭ ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ. يەنى باش ئاغرىش ۋە قۇسۇشتىن كېيىن بىمارنىڭ يېرىم بەدىنى بىراقلا پالەچلىنىدۇ. بۇ 40 ياشتىن ئاشقانلاردا بولىدۇ. سەكتە كۆرۈلگەندە بىمارنىڭ بەدەن ھارارىتى تۆۋەن بولىدۇ. لېكىن 24 سائەت ئىچىدە بەدەن ھارارىتى يۇقىرىلايدۇ. ئادەتتە بىرەر جىسمانىي ئەمگەك قىلىش، شاراب ئىچىش، ئاچچىقلىنىش ۋە ھاياجانلىنىشتىن كېيىن كېسەللىك ئاشكارا بولىدۇ.

ئەگەر مېڭە قىزىل قان تومۇرلىرىنىڭ توسۇلغانلىقىدىن پالەچ بولغان بولسا، بۇ كېسەللىك تۇيۇقسىز كۆرۈلىدۇ. ئومۇمەن بەدەننىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولىدۇ. كۆپىنچە ياشلاردا بولىدۇ ۋە بىھوشلۇق كۆرۈلمەيدۇ. يۈرەكنى تەكشۈرگەندە يۈرەك كىلاپانلىرىنىڭ بىرەر كېسەللىكى ئىسپاتلانغان بولىدۇ.

ئەگەر مېڭە قىزىل قان تومۇرلىرىدا قاننىڭ ئۇيۇۋېلىشى سەۋەبىدىن پالەچ بولغان بولسا، بىماردا پالەچلىنىشتىن ئىلگىرى باش ئاغرىش، باش قېيىش، ئەستە ساقلاش كۈچى ئاجىزلاش ۋە ھورۇنلۇق كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ مىجەزى چېچىلاڭغۇ بولىدۇ. سۆزلەش قۇۋۋىتىدە پەرق بولىدۇ. ئاندىن بىھوش بولۇپ ياكى بىھوش بولماي پالەچ بولىدۇ.

ئەگەر پالەچلىنىش مېڭە ئۆسمىلىرى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇ تەدرىجىي باشلىنىدۇ. دەسلەپتە تەشەننۇج ئارقىدىن لەقۋا پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قولى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن پۇتى پالەچلىنىدۇ. بىمار باش ئاغرىقى ۋە باش قېيىشنىڭ شىكايىتىنى قىلىدۇ، قۇسىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ.

ئەگەر پالەچلىنىش ئۇسسۇل ئويناش كېسىلى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، كېسەللىك ھالىتىنى ئاڭلىغاندا مەلۇم بولىدۇكى، پالەچ بولۇشتىن ئىلگىرى كېسەللەنگەن تەرەپتە تەرتىپسىز ھەرىكەت بولغان بولىدۇ.

ئەگەر سەرئىنىڭ سەۋەبىدىن پالەچ بولسا، سەرئى تۇتقاندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئادەتتە تېز ياخشىلىنىدۇ. ئاندىن يەنە بىر قوزغالغاندىن كېيىن بىمار پالەچلىنىدۇ.

ئەگەر بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش سەۋەبىدىن پالەچ بولغان بولسا، بۇ بىمارلار لەقۋا بولمايدۇ. ئۇنىڭ كۈچلىرىدە گويا بۇزۇلۇش بولمىغاندەك ۋە ئۇنىڭدا بۇ كېسەللىكنىڭ باشقا ئالامەتلىرى مەۋجۇت ئەمەستەك بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش تېۋىپ پالەچ كېسىلىگە دىياگنوز قويغاندا بىمارنىڭ قايسى تەرىپىنىڭ پالەچلەنگەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىشى، يەنە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئالاقىدار بۆلىكى بىلەن پالەچلەنگەن بۆلەكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم، تۇيۇقسىز پالەچلەندىمۇ ياكى تەدرىجىي پالەچلەندىمۇ ۋە ياكى كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى بىمار بىرەر كېسەلگە مۇپتىلا بولغانمۇ؟ بۇنى ئېنىقلاش زۆرۈر. پالەچلەنگەن مۇسكۇللارنىڭ بوشاشقان ياكى تارتىشقانلىقىغا، ئۇنىڭ بىرەر قىسمىدا بىئاراملىق كۆرۈلگەن - كۆرۈلمىگەنلىكىگىمۇ قاراش، ئاغرىق تەرەپ ساغلام تەرەپكە قارىغاندا يىگىلگەنمۇ ياكى سەمرىگەنمۇ؟ ئىككى تەرەپتىكى ھارارەتتە پەرق بارمۇ - يوق ؟ ئىككى تەرەپنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى ۋە ئۇنىڭدا بىرەر ئۆزگىرىشنىڭ بار - يوقلۇقى ھەمدە كېسەللەنگەن تەرەپتە ئاغرىقنىڭ بار - يوقلۇقى قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىش لازىم.

قىسقىسى، ئەگەر بىمار پالەچ بولسا نېرۋا سىستېمىسىنىڭ قايسى بۆلىكىدىكى بۇزۇلۇشتىن بۇ كېسەللىك كۆرۈلدى؟ ئۇنى ئېنىقلاش لازىم. بۇ ئىش تۆۋەندىكى ئالامەتلەر ئۈستىدە ئويلىنىشتىن ئېنىق بولىدۇ:

ئەگەر مېڭىگە قان چۈشۈش سەۋەبىدىن پالەچ بولغان بولسا، بىمار ھوشسىزلىنىدۇ ھەمدە تەشەننۇج بولىدۇ. كېسەللەنگەن مۇسكۇللار ناھايىتى تېز تارتىشىدۇ ھەمدە شۇ تەرەپتىكى قول - پۇتلار پالەچلىنىدۇ. لەقۋامۇ شۇ تەرەپتە كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر مېڭە ئىچكى بوشلۇقى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن پالەچ بولغان بولسا، بەدەنىنىڭ يېرىمى پالەچلىنىشتىن باشقا سېزىممۇ يوقىلىدۇ.

ئەگەر مېڭە غولى بۇزۇلۇشتىن پالەچ بولغان بولسا، يۈزنىڭ تۆۋەنكى قىسمى، بىر تەرەپتىكى قول - پۇت، پېشانىنىڭ شۇ تەرەپتىكى بۆلىكى ۋە ئۈچىنچى مېڭە نېرۋىسى (كۆزنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى نېرۋا) پالەچلىنىدۇ، سەزگۈسىمۇ تەڭپۇڭسىزلىنىدۇ.

ئەگەر پالەچ ئوتتۇرا مېڭىدىكى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بىر تەرەپنىڭ پۇت - قوللىرى پالەچلىنىدۇ، يەنە بىر تەرىپى لەقۋا بولىدۇ. مۇسكۇللار ناھايىتى تېز تارتىشىدۇ. ھارارەت ئۆرلەيدۇ. كۆزلىرى پۇلتىيىدۇ، كۆز قارىچۇقلىرى تارىيىدۇ. ئەگەر مېڭىنىڭ سول تەرەپ ئۈچىنچى پېشانە بوشلۇقىدا نورمالسىزلىق بولسا، ئوڭ تەرەپ پالەچلىنىشتىن سىرت بىمارنىڭ قۇۋۋىتىدىمۇ نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە ماددىنى لەتىفلەشتۈرۈش مەقسىتى بىلەن گۈلقەنت مائۇل بۇزۇرىدا ئېرىتىپ بېرىلىدۇ.

مائۇل بۇزۇرى (ئۇرۇقلارنىڭ قايناتىلغان سۈيى)، مەسىلەن: رۇمبەدىيان، سېرىقچېچەك، جۇۋنە، قەردمانە، كەرەپشە ئۇرۇقى ۋە باشقىلاردۇر.

ياكى گۈلقەنت مائۇلئۇسۇلدا ئېرىتىپ بېرىلىدۇ.

مائۇلئۇسۇل (يىلتىزلارنىڭ قايناتىلغان سۈيى)، مەسىلەن: بەديان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، ئىزخىر يىلتىزى، بىخسۇس ۋە باشقىلاردۇر.

بۇ دورىنى تۆت كۈن ياكى يەتتە كۈنگىچە، ئەگەر كېسەللىك ئېغىر بولسا 14 كۈنگىچە ئىچكۈزۈش لازىم.

ساھىر ئېيتقانكى، «پالەچ بىمارلىرىغا بىرەر كۈچلۈك دورا (سۈرگە ۋە باشقىلار) نى تۆت كۈندىن ياكى يەتتە كۈندىن ئىلگىرى ئىچكۈزمەسلىك. چۈنكى مېنىڭ تەجرىبەمكى، كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى دورىلارنى ئىچكۈزۈش، دەسلەپتىلا كېسەلدە زىيادىلىك پەيدا قىلىپ قويىدۇ.»

مۇنزىج بېرىپ، ماددىنى سۈيۈلدۈرۈپ ۋە لەتىفلەشتۈرۈپ ئاندىن ماددىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۆتكۈر دورىلار بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ. بۇ، سېرىقچېچەك، مەرزەنجۇش، ئىكلىلمىلىك، شۇمشا، ئابدىمىلىك ئۇرۇقى، ئەنجۈر، بىخسۇس، ئىنچىكە قەنتەرىيۇن، ھەسەل، ئاچچىقسۇ، كونا زەيتۇن يېغى ۋە شەھمەنزەلدىن تەييار قىلىنغان بولسۇن.

ھەبلەر يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ھەببى مەنتىن، ھەببى شەترەنجى ۋە ھەببى مۇقەل قاتارلىقلار. تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان ماددىلار تارقاپ، نېرۋىلار كۈچلەنگىچە ئومۇرتقا تۈۋرۈكلىرىگە ۋە بىمارنىڭ كېسەللەنگەن ئەزالىرى ئۈستىگە ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: ئابدىمىلىك يېغى، كەلكىلانەج يېغى، سۇمبۇل رۇمى يېغى، قۇستە يېغى، سېرىقچېچەك يېغى قاتارلىقلار، بۇ ياغلار مەيلى يەككە ياكى قۇندۇز قەھرى، ئاقىرقەرھا قوشۇپ سۈركەلسۇن، تەسىرى ئوخشاش بولىدۇ.

پالەچكە دەسلەپتە ئالدىراپ مۇسھىل بەرمەسلىك لازىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەللامە نەفىس

مۇنداق بايان قىلىدۇ: « پالەچنىڭ ماددىسى خام بولغانلىقى ئۈچۈن سۆرگە دورىلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلالمايدۇ ۋە ئۇنى چىقىپ كېتىشكە تەييار قىلالمايدۇ، مۇسھىلنىڭ سەۋەبىدىن ئۇنىڭدا ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسھىل ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن چوقۇم زەرەر ئاشىدۇ. ماددىلارنى تېز چىقارغاندا ماددىنىڭ سۇيۇق قىسمى چىقىپ كېتىپ، قويۇق قىسمى قېپقالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنىڭ ماددىسى نېرۋىلارغا تارقاپ كېتىدۇ. شۇڭا ماددىلارنى نېرۋىلاردىن چىقىرىۋېتىش قىيىن بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئورۇندا بۇ ئورۇن بىلەن تۇتىشىدىغان ۋە ئورۇندىن ماددىلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدىغان بىرەر تومۇرلار بولمايدۇ. بۇ ئورۇندىن ماددا پەقەت تارقىتىش، تەرلىتىش، سۈمۈرۈلۈش ۋە قۇرۇتۇش شەكلىدە چىقىرىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ماددا ناھايىتى سۇيۇق ۋە لەتىف بولغان چاغدا مۇمكىن بولىدۇ.»

بۇ داۋالاش پالەچتە ھارارەت بولمىغاندا قوللىنىلىدۇ. ئەگەر پالەچ بىلەن تەڭ ھارارەت بولسا، بىمارنىڭ تىنىدۇرۇلغان سۈيدۈكى رەڭلىك، بەدىنى ئىسسىق، تېرە رەڭگى قىزىل بولىدۇ، بىمار ياش بولسا دەسلەپتە ھارارەتنى پەسەيتىشنىڭ ئامالىنى قىلىش لازىم. چۈنكى ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ زەرەرى ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر. تەبىئەت ئىنتايىن كۈچىنىش بىلەن ئۇنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى بەزىدە ئىسسىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش بىلەن بەلغەمدە بۇزۇلۇش بولىدۇ ۋە قىزىتما بولىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە پالەچنى داۋالاش مۇمكىن بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھارارەتنى تېز پەسەيتىش زۆرۈردۇر. بۇ مەقسەت ئۈچۈن سىركەنجۇبىل ياكى زىرباجلار ئىچكۈزۈلىدۇ، ياغنى سىركىدە قاينىتىپ باشقا قويۇش لازىم.

زىرباجنىڭ تەركىبى پىيازنى قۇرۇق يۇمغاقسۈت بىلەن ئېزىپ ۋە بادام يېغىدا بىرئاز قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ ئىككى قاينىتىپ، ئاندىن مۇۋاپىق سىركە ۋە ئاق شېكەر ۋە ناھايىتى ئاز مىقداردا ئاچچىقسۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. قۇرۇق يۇمغاقسۈت ئاز مىقداردىكى زىرە بىلەن خۇش پۇراق قىلىنىدۇ.

داۋالاشتىكى قىيىنچىلىق ئەگەر پالەچ سەۋەبىدىن ئەزالار يىگىلىگەن بولسا، ئۇنى داۋالاش قىيىن بولىدۇ. چۈنكى دورىلار ۋە غىزالارنىڭ تەسىرى بىلەن تەبىئي قۇۋۋەتلەر (ھەزىم قىلىش ۋە باشقىلار) ئۆزىنىڭ پائالىيىتىدە يەنى پىشۇرۇش، لاتاپەت پەيدا قىلىش، ھۆللۈكنى توختىتىش ۋە چىقىرىپ تاشلاش قاتارلىقلاردا ھارارىتى غۇرۇزىيە بىلەن خىزمەت قىلىدۇ، ئەگەر بۇ تەبىئي قۇۋۋەتلەر بىرەر ئەزادا ئاجىزلىسا داۋالاشنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدا تامامەن بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن رازى: « ئەگەر پالەچلەنگەن ئەزا ئىنتايىن يىگىلىگەن بولسا ئىلاج يوقتۇر. ئەگەر سېمىز ۋە بەدەننىڭ رەڭگى نورمال بولسا، ئۇنى داۋالىغىلى بولىدۇ» دەپ ئېيتقاندۇر (نەفىيس).

پالەچ ۋە مىزاجىنىڭ ئىسسىقلىقى ئەللامە نەجىبۇددىين سەمەرقەندى (كىتابنىڭ يازغۇچىسى) ئېيتىدۇكى، پالەچ كېسەللىكىدە مىزاجدا ئىسسىقلىق پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، باشقا ئەزالاردا ئۆزىنىڭ مىزاجى، كەيپىياتىدا زىتلىشىش بولغىنىدەك يۈرەك ۋە مېڭە ئىسسىقلىق ھەم سوغۇقلۇقتا ئۆزئارا زىددىيەتلىشىدۇ. ئىنسان مىزاجىنىڭ مۆتىدىل بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ ئەزالىرى مىزاجىدا بىرى يەنە بىرى بىلەن باراۋەر بولىدۇ.

پالەچ كېسەللىكىدە ئەگەر ھۆللۈكلەر مېڭىدىن تارتىلسا، يۈرەك ۋە مېڭىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدۇ. بۇنىڭدىن يۈرەك ۋە جىگەرنىڭ ھارارىتى مېڭىنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ، ئاندىن كېيىن مىزاجى ئىسسىق بولىدۇ①. شۇڭلاشقا جالىنۇس: «پالەچتە ئەگەر مېڭىنىڭ ھۆللۈكلىرى پالەچلەنگەن نېرۋىلار تەرەپكە ئېقىپ بارسا، ئورنىدىكى مېڭىگە ئىسسىقلىق يەتكۈزۈلىدۇ» دەپ ئېيتقان. بەزىدە پەقەت بەدەن ساغلام بولۇشتىن بۇرۇن ئىسسىقلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا: «بەزىدە شۇنداقمۇ بولىدۇكى، بەدەننىڭ ساق تەرىپى گوياكى ئوتتا تۇرغاندەك، پالەچلەنگەن تەرەپ بولسا، مۇزدا تۇرغاندەك بولىدۇ» دەپ ئېيتقان. ئۇنىڭ ئىككى خىل سەۋەبى بار.

بىرىنچى، ئەگەر روھي نەپساني بەدەننىڭ كېسەل تەرىپىدىكى يوللارنىڭ توسۇلۇشى سەۋەبىدىن ئۆتەلمىسە، بۇ روھ ساغلام تەرەپكە بارىدۇ.

ئىككىنچى، ئەگەر كېسەللەنگەن تەرەپ قاننى سۈمۈرۈشتىن ئاجىز كەلسە، ئۇنىڭ بۆلىكىدىكى قان ساغلام تەرەپكە بارىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن روھ ئەگىشىپ ماڭىدۇ. چۈنكى قان روھنى كۆتۈرگۈچىدۇر، يەنى ئۇلۇغىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىسسىق دورىلار بىلەن كېسەل داۋالاشمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، ساغلام تەرەپ ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەسىرلىرى ساغلام تەرەپتە چوقۇم زىيادە بولىدۇ.

تەتقىقات پالەچتە ھارارەت پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، بىر تەرەپنىڭ نېرۋىلىرى ئاجىز بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىر تەرەپنىڭ تومۇرلىرى ئازادە بولىدۇ ۋە يەنە بىر تەرىپى تار بولىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن بىر تەرەپنىڭ ئىسسىقلىق پەيدا قىلىشى ۋە ئۆزگىرىش سۈرئىتى تېز بولىدۇ، يەنە بىر تەرىپىنىڭ سۇس بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر سەكتىنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، سەكتىنى داۋالاش ئۇسۇلىدا

---

① بۇ بايانىنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئەگەر پالەچ كېسىلىدە مېڭىدىن ھۆللۈك چىقىپ كەتكەن بولسا، مېڭىگە باشقا ئەزالارنىڭ ئىسسىقلىقى كېلىدۇ، باشقا ئەزالارنىڭ ئىسسىقلىقى دېگەندە، مەسىلەن: يۈرەك، جىگەرنىڭ مىزاجى مېڭىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن مېڭىنىڭ سوغۇقلۇقىمۇ شۇ ئەزالارغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ (ت).

داۋالاش، يەنى كۈچلۈك ھۆقنە ئىشلىتىش ۋە بىمارنى تىنچ ھەم جىمجىت ياتقۇزۇش لازىم.

ئەگەر كېسەللىك سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگەرگەن بولسا، دەرھال نېرۋىلارنى كۈچلەندۈرۈشكە يۈزلىنىش، كۈچۈلا مۇرەككىباتلىرىنى يېگۈزۈش، ئۇۋۇلاش ۋە باشقا چارىلەرنى قىلىش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلەپتە بەش كۈندىن سەككىز كۈنگىچە مائۇلھەسەلدىن باشقا بىرەر نەرسە بەرمەسلىك لازىم.

مائۇلھەسەل نۇسخىسى 24 گىرام ساپ ھەسەلنى سۇ ياكى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ياخشىراق بولغان تۆۋەندىكى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ:

مائۇلھەسەلنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى ئۇستىقۇددۇستىن ۋە بادرەنجبۇيىدىن بەش گىرام ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ ۋە ئۇنىڭغا 24 گىرام ساپ ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بەش كۈن ياكى سەككىز كۈندىن كېيىن بۇ مۇنزىج نۇسخىسى 10 ~ 12 كۈنگىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇنزىج نۇسخىسى ① بەديان، بىخ بەديان، بىخ كەرەپشە، بىخ ئىزخىر، بىخ كەبىر ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، پىرسىياۋشان، گاۋزىبان، ئۇستىقۇددۇس، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەربىرى بەش گىرامدىن، ئەنجۈر مونىكىدىن ئۈچ دانە، ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە ئېلىپ، دورىلارنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ 48 گىرام خېمىرى بىنەپشىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قوشۇمچە بۇ نۇسخىغا بەزىدە قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، بەش دانە چىلان، توققۇز دانە سەرپىستان، بەش گىرام بادرەنجى بۇيا قوشۇلىدۇ.

10 ~ 12 كۈندىن كېيىن بۇ مۇنزىجقا سۈرگە دورىلىرىنى قوشۇپ 2 ~ 3 قېتىم مۇسھىل بېرىلىدۇ.

سۈرگە دورىلار سانائى مەككى ۋە ئاق تۇربۇت ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، خىيارشەنبەر مېغىزى، شىرخىست، تەرەنجىبىن، قارا شېكەر، گۈلقەنت ھەربىرى 48 گىرامدىن، تاتلىق بادام مېغىزىدىن بەش دانە ئېلىپ، يۇقىرىقى مۇنزىج دورىغا قوشۇپ تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئومۇمىي بەدەنلىك تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن مېڭىنى ھەببى ئايارەج بىلەن تەنقىيە قىلىش، يەنى ئومۇمىي بەدەنلىك تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا بىر قېتىم ھەببى ئايارەج بېرىش، مۇسھىلدىن كېيىن نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن، بۇ نۇسخىنى

---

① ئەمەلىيەتتە بۇ نۇسخا «مۇنزىجى ھار» نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ، پالەچ ۋە بەلغەمدىن بولغان باشقا كېسەللىكلەردە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

كۇشتە قىلىنغان زەرنىختىن 0.24 گىرامنى بەش گىرام مەجۇنى سىير ياكى مەجۇنى ئازاراقى ياكى مۇقەل چۈشكەن مەجۇنى جوگىراجقا ئارىلاشتۇرۇپ، 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئەتىگەندە يېگۈزۈلىدۇ، شام ۋاقتىدا ھېكىم ئەرشىدىنىڭ خېمىرى ئەۋرىشىم نۇسخىسى ياكى جاۋاھىرلار چۈشكەن داۋائىلمىشكى ھارنى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبان، 24 گىرام ساپ ھەسەل بىلەن قوشۇپ يېگۈزۈش لازىم.

ياغلار بىلەن ياغلاش بەدەننى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى ياغلارنىڭ بىرەرسىنى ئىللىتىپ پالەچلەنگەن ئەزالارنى ئۇۋۇلاش، مەسىلەن: قۇستە يېغى، سۇرۇخ يېغى، مېيز يېغى قاتارلىق ياغلار بىلەن ياغلاش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش 5 ~ 8 كۈنگىچە غىزا بەرمەسلىك، ئۇنىڭدىن كېيىن نوقۇت سۈيى ياكى باچكا، چۈجە، كەكلىك گۆشلىرى ياكى قوينىڭ گۆشىنى ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچىلەر بىلەن پىشۇرۇپ، شورپىسىنى ئىچكۈزۈش لازىم.

پەرھىزى تەستە ھەزىم بولىدىغان، قورساق كۆپتۈرگۈچى ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، شۇنىڭدەك چۈچۈمەل نەرسىلەردىن ۋە ئېغىر ئەمگەكتىن ياكى ھارغىنلىق پەيدا قىلىدىغان ئىشلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆرسەتمە كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقتىدا بىمار سەكتە بىمارىدەك ھاۋالىق ئورۇنغا ياتقۇزۇلىدۇ ۋە بېشىغا ياستۇق قويۇلىدۇ، ئولتۇرۇپ قوپۇش ۋە ھەرىكەت قىلىشتىن قەتئىي پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، بىمارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بىمارنىڭ يېنىدا بىمارغا رەنج ۋە زەربە يېتىدىغان ھەم ئۇنىڭ غېمىنى ئاشۇرىدىغان بىرەر سۆزنى قىلماسلىققا كۆرسەتمە بېرىش لازىم. بۇ مەزگىلدە بىمار تىنچ ۋە خامۇش ھالەتتە بولىدۇ.

بىمار قەۋزىيەتتىن ساقلىنىش، ئەگەر قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولسا ھۆقنە قىلىش ئارقىلىق يوقىتىش لازىم. كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدىلا كۈچلەندۈرگۈچى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى دورىلارنى بەرمەسلىك، مەسىلەن: داۋائىلمىشكى ۋە شارابقا ئوخشاش نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

ئاگاھلاندۇرۇش پالەچنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىش، ئەگەر سەكتىدىن كېيىن پالەچ كۆرۈلگەن بولسا ساقىيىشتىن ئۈمىد يوقتۇر. ئەگەر بىمار بىر مەزگىل ياشىسىمۇ، پالەچلەنگەن ئورۇننىڭ مۇسكۇللىرى يىگىلەپ كېتىدۇ.

ئەسكەرتىش ئىسترخالانغان ئەزاغا يەرلىك ئورۇنلۇق دورا ئىشلەتكەندىن باشقا داۋالاش ئۇسۇلى پالەچ بىلەن ئوخشاش.

ئىسترخا

مەخسۇس ھالەتتە پالەچ «ئىسترخا» دەپ بۇ ۋاقىتتا ئاتىلىدۇ، يەنى بەدەننىڭ مەلۇم بىر ئەزاسىدا بولۇپ، بەدەننىڭ بىر تەرىپىدە بولمىغان چاغدا.

(1) نېرۋا ئۈزۈلۈش ئىسترخانىڭ سەۋەبى بەزىدە نېرۋىلارنىڭ توغرىسىغا ئۈزۈلۈشى بولىدۇ، ئۇزۇنسىغا ئۈزۈلۈشتىن ئىسترخا پەيدا بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن قۇۋۋەت ئۆتەلمەي توختاپ قالىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ئەزاغا بىرەر زەرەر يەتمەيدۇ. بۇنى داۋالىغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۈزۈلگەندىن كېيىن نېرۋىلارنىڭ ئۈزۈلگەن ئىككى ئۇچى ئارقىغا قايتىدۇ، ئۈزۈلگەن ئۇچىنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەستۇر.

(2) يۇلۇننىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى بەزىدە ئىسترخا يۇلۇننىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى سەۋەبلىك نېرۋا قۇۋۋەت يوللىرى توسۇلۇپ قالغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ.

(3) يۇلۇننىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقى بەزىدە يۇلۇننىڭ سوغۇق ئىششىقىدىنمۇ ئىسترخا پەيدا بولىدۇ.

(4) ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش بەزىدە تاياق تېگىش ۋە سوقۇلۇش سەۋەبىدىن ئىسترخا پەيدا بولىدۇ، تاياق تەگكەندىن كېيىن دەرھال ئىسترخا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭمۇ داۋاسى يوقتۇر. چۈنكى بۇنىڭدا سېزىم ماڭىدىغان ئەسەبلەر توغرىسىغا ئۈزۈلىدۇ ياكى ۋە كېسىلىدۇ ھەمدە بۇ ئىسترخا ئىككى كۈندىن كېيىن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق مەزگىلدە پەيدا بولىدۇ. ئۇ نېرۋىلاردا ئىششىق بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ھەمدە ئاغرىق سەۋەبىدىن ئۇ تەرەپكە ماددىلار قۇيۇلىدۇ.

(5) بوغۇملار چىقىقى بەزىدە ئىسترخا ئەزانىڭ ئۆز بوغۇمىدىكى ئىككى سۆڭەكنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تارىمۇشلارنى ھۆللەشتۈرىدىغان چاپلاشقاق ھۆللۈك سەۋەبىدىن مەلۇم بىر تەرەپكە سىلجىپ، مۇشۇ تەرەپتىن ئۆتكەن نېرۋىنى باسقانلىقىدىن بولىدۇ ۋە نېرۋا قۇۋۋىتىنىڭ يولى توسۇلىدۇ ھەم ئۇ نېرۋىمۇ تارتىشىپ ئۈزىراپ قالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن نېرۋىلارنىڭ بەزى تەركىبلىرى باشقا تەركىبلەر بىلەن يانداشىپ قۇۋۋەتلەرنىڭ يولىنى توسىدۇ.

(6) ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ سىلجىپ كېتىشى بەزىدە ئومۇرتقىلارنىڭ سىلجىپ كېتىشىدىن ئىسترخا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىنمۇ نېرۋىلار بېسىلىدۇ.

(7) مىزاج بۇزۇلۇش بەزىدە ئىسترخانىڭ سەۋەبى ماددىسىز ھۆل سوغۇقتىن مىزاج

بۇزۇلغانلىق بولىدۇ. مەسىلەن: مۇزدەك سوغۇق سۇ ئىچىش، مۇزدا سەپەر قىلىش، سوغۇق سۇدا تۇرۇش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ. جالىنۇس بىر بېلىقچىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ: «ئۇنىڭ سوغۇق جايدا بېلىق تۇتۇش تۈپەيلىدىن مەقئەت ۋە دوۋسىقىغا سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپ، چوڭ - كىچىك تەرەتنى تۇتالمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئەزالار مىزاجى بۇزۇلغانلىقتىندۇر، بۇنىڭ بىلەن شۇ ئەزاغا ئۆتكەن قۇۋۋەت شۇ ئەزاغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ» دەپ بايان قىلغان.

(8) بوھراننى يوقىتىش ئىستىرخا بەزىدە قىسمەن ئەزالار ئۈچەيلەر ۋە بالىياتقۇ بوھران شەكلىدە چىقىرىپ تاشلىغان ماددا سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ ئادەتتە قۇلۇنجى كېسەللىكىدە كۆپ بولىدۇ.

ئالامىتى

نېرۋا ئۈزۈلۈش ۋە يۇلۇن ئىششىقىنىڭ ئالامەتلىرى ئاغرىق ۋە تەمەددۇد بولىدۇ ھەمدە قىزىيدۇ.

سوغۇقتىن بولغان يۇلۇن ئىششىقىنىڭ ئالامەتلىرى بۇنىڭدا يەڭگىل ئاغرىق ۋە تۆۋەن قىزىتما بولىدۇ.

ئومۇرتقا سۆڭىكى سىلجىشىنىڭ ئالامەتلىرى بۇنىڭدا ئېغىزماندا تەقەسسۇئ بولىدۇ. يەنى ئېغىزمان ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، كۆكرەك سىرتىغا چىقىپ قالىدۇ ياكى بويۇن ئومۇرتقىسىدا تەقەسسۇئ① پەيدا بولىدۇ. بويۇن ئومۇرتقا تۈۋرۈكى ئىچى تەرەپكە سىلجىغان ياكى ئومۇرتقىلار سىرتقا سىلجىغان شەرت ئاستىدا ئېغىزمان ياكى بويۇن سىرتىغا پۇلتىيىپ چىقىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى، ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ ئوڭ - سولغا سىلجىپ شۇ تەرەپتىكى نېرۋىلار بېسىلىشتىن ئىستىرخا پەيدا بولىدۇ، لېكىن، ئەگەر ئومۇرتقا ئالدى ياكى كەينىگە سىلجىپ كەتسە، تەمەددۇد بولىدۇ. ئۇنىڭدا بېسىلىش بولمايدۇ، چۈنكى ئومۇرتقا تۈۋرۈكى ئۆزئارا بىرلەشكەنلىكتىن ئالدى ۋە كەينى تەرەپتىن نېرۋىلار چىقالمايدۇ.

بوغۇملار چىقىقى بۇنىڭ ئالامىتى بوغۇم ئويمىنى ئىچىدە تۇرىدىغان سۆڭەك ئۆسۈكچىسىنىڭ سىرتقا چىقىپ قېلىشىدۇر.

مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامىتى بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئىستىرخا دەرھال پەيدا بولمايدۇ ۋە باشقا ئالامەتلەردىن كېسىلىش، ئىششىش ۋە سۆڭەكنىڭ يۆتكىلىشى كۆرۈلمەيدۇ.

---

① تەقەسسۇئ: پەقەت ئېغىزمان ئومۇرتقىسى ئالدى تەرەپكە كۆكرەك سۆڭىكىنىڭ شېرىكچىلىكى بىلەن تېيىلىپ كەتكەنلىكىگە قارىتىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئېيتقاندا، «دوكلۇق» ئومۇرتقىنىڭ كەينى تەرەپكە تېيىپ كەتكىنىگە قارىتىلغان، بۇ ئىككى ئاتالغۇ ھەرگىز بويۇن ئومۇرتقىسىنىڭ تېيىپ كېتىشىگە ئېيتىلمايدۇ (نەفىس).

ئەزالارنى تۇتقاندا سوغۇق ۋە يۇمشاق بىلىنىدۇ ھەم ئىستىرخا كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئەزاغا تەسىر قىلغان ئىچكى ياكى تاشقى ھۆل سوغۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆرۈلگەن بولىدۇ.

داۋالاش

ئىسسىقتىن بولغان يۇلۇن ئىششىقىنى داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، يۇلۇندىكى ئىششىغان ئورۇنغا ئىششىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرى، ئېشىۋاتقان دەۋرى ياكى ئىششىقنىڭ قايتىش دەۋرىگە مۇۋاپىق زىمات چېپىلىدۇ، ئىستىرخا بولغان ئەزاغا چاپماي، دەسلەپتە ماددىلارنى تارقىتىدىغان زىماتلار چېپىلىدۇ. مەسىلەن: فۇپەل (سىپارى)، سەندەل، ئاقاقىيا، مامىسا قاتارلىقلارغا كاسىنە سۈيى قوشۇپ يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ، ئىششىق تەرەققىي قىلغان ۋاقىتتا قايتۇرغۇچى بىلەن يۇمشاتقۇچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ، مەسىلەن: ئارپا ئۇنى يۇمغاقسۈت سۈيى، گۈل يېغى قاتارلىقلارغا قوشۇپ چېپىلىدۇ، ئاخىرقى باسقۇچىدىن تۆۋەنلەش باسقۇچىغىچە پەقەت بوشاشتۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلارنى، مەسىلەن: بابۇنە، قىزىلچا يوپۇرمىقى قاتارلىقلارغا ھەببۇلئاس يېغى، پاكىزلانغان موم قوشۇپ چېپىش لازىم.

سوغۇقتىن بولغان يۇلۇن ئىششىقىنى داۋالاش: ئىششىق ئۈستىگە ھەببۇلغار، قۇرۇق مەئەسائىلە، مۇر، ئارچا مېۋىسى، زەپەر، قۇندۇز قەھرى، زەمچە قاتارلىقلارنى قۇستە يېغىدا ئېرىتىلگەن موم بىلەن قوشۇپ ئېرىتىپ چېپىلىدۇ.

ئۈرۈلۈش ـ سوقۇلۇشتىن بولغان ئىستىرخانى داۋالاش قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ، تارقاتقۇچى ۋە كۈچلەندۈرگۈچى دورىلاردىن مۇر، جاۋشىر، قۇندۇز قەھرى، پەرپىيۇن، موم قاتارلىقلارغا زەيتۇن يېغى قوشۇپ، زەربە تېگىپ ئىششىغان ئورۇنغا چېپىش لازىم. ئىستىرخالانغان ئەزاغا چېپىشقا بولمايدۇ.

جالىنۇس بىر ھېكايە سۆزلەپ: «بىر كىشى ئۇلاغدىن يىقىلىپ دەسلەپتە ئېغىزمانى يەرگە چۈشتى، ئۇنىڭ پۇت ـ قولى بوشىشىپ كەتتى، تېۋىپلار ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا زىمات چاپتى، مەن زەربە تەگكەن ئورۇنغا زىمات چېپىشنى مەنئى قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئىششىق تارقىدى ۋە بىمار شىپا تاپتى» دېگەنىدى.

ئومۇرتقىلار سىلجىشىنى داۋالاش بۇ، بوغۇملار چىقىقى، ئومۇرتقىلارنىڭ سىلجىشىدىن پەيدا بولىدۇ، داۋالاشتا بوغۇملار چىقىقىنىڭ داۋاسىنى قىلىش ھەمدە ئومۇرتقىلارنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان ئىستىرخانى داۋالاش: ئەھۋالغا قاراپ ئىسسىق تەبىئەتلىك

دورىلار بىلەن ئەزالارنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش كېرەك.

بوھراننى قايتۇرۇشنىڭ ئىلاجى بۇ كېسەللىكنىڭ مۇناسىپ ئىلاجى شۇكى، بۇ ئورۇنلارغا زىيادە ئىسسىق بولمىغان ياغلاردىن مەغەزگۈلى يېغى، سەۋسەن يېغى ۋە ئابدىمىلىك يېغى قاتارلىقلار چېپىلىدۇ ھەمدە ئەزانى كۈچلەندۈرىدىغان ۋە ماددىلارنى قايتۇرىدىغان ياغلاردىن بابۇنە يېغى، ئىكلىلمىلىك يېغى، مەرزەنجۇش يېغى قاتارلىقلارنى سۈركەش لازىم، ئۇ ياغلارغا بۇنىڭدا بىرئاز سوغۇقلۇق پەيدا قىلىدىغان، بىخسۇس ۋە كاسىنە قاتارلىقلارغا ئوخشاش دورىلارمۇ قوشۇلىدۇ.

تۆۋەنكى مۈچىلەر پالەچىنى داۋالاش بۇ پالەچلىك بىمارنىڭ تۆۋەنكى مۈچىلىرى (پۇتلىرى) ۋە مەقئەت ھەم دوۋساقلىرىغا تەسىر قىلىدۇ. بۇ ئەسلىي يۇلۇننىڭ كېسەللىكىدۇر، بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىنچى تۈردە بىرەر تەركىبىي كېسەللىك (شەكىل بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكنى كۆرسىتىدۇ) بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يۇلۇن ۋە ئۇنىڭ پەردە توقۇلمىلىرى كېسەللىنىدۇ. مەسىلەن: يۇلۇن ئىششىقى، يۇلۇن پەردە ئىششىقى قاتارلىقلار.

ئىككىنچى تۈردە يۇلۇن يولى ۋە ئۇنىڭ پەردىلىرىدە بىرەر كېسەللىك بولمايدۇ، بەلكى بىرەر يىراق ئەزادا بۇزۇلۇش بولىدۇ، بۇنىڭ شېرىكچىلىكىدىن يۇلۇننىڭ پائالىيىتى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، بۇ تەسىرلىنىشتىن بولغان پالەچ دېيىلىدۇ.

سەۋەبى تەركىبى بۇزۇلۇشتىن بولغان پالەچنىڭ سەۋەبلىرى بىر قانچە خىل بولىدۇ، مەسىلەن: يۇلۇنغا زەربە تېگىش، يۇلۇن ياللۇغلىنىش، قان تولۇپ قېلىش، قاناش، سىفلىسنىڭ يۇلۇنغا تەسىر قىلىشى، ئومۇرتقىلارنىڭ چىرىشى ۋە ئۇنىڭدىن يۇلۇننىڭ كېسەللىنىشى، ئۆسمە ۋە باشقىلارنىڭ يۇلۇننى نورمالسىز بېسىشى ۋە باشقىلار سەۋەب بولىدۇ.

تەسىرلىنىشتىن بولغان قىسمىنىڭ سەۋەبلىرى بىرەر يىراق ئەزادا ئىششىق ۋە كۆيۈشۈش سېزىمى ياكى غىدىقلىنىشنىڭ پەيدا بولۇشى، مەسىلەن: ئۈچەي قۇرتى ۋە چىش چىقىش ۋاقتىدا ئۈچەي ھەم چىش مىلىكلىرىدە كۆيۈشۈش سېزىمى، غىدىقلىنىش بولغىنىدەك بەزى سۈيدۈك چىقىرىش ئەزالىرىدا ئىششىق ۋە كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ. بەزىدە ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، ھامىلىدارلىق، سوغۇق ئۆتۈش ياكى سۇدا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش ياكى غەمكىنلىك ۋە روھىي زەربىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بىر يوتىنىڭ ساغلام، يەنە بىر يوتىنىڭ پالەچلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر.

ئالامىتى بۇ كېسەللىك بەزىدە بىردىنلا كۆرۈلسە، يەنە بەزىدە تەدرىجىي كۆرۈلىدۇ، ئەگەر بۇ كېسەللىك تەدرىجىي كۆرۈلگەن بولسا، پۇت مۇسكۇللىرىدا ئاجىزلىق، سېزىمسىزلىق

كۆرۈلىدۇ ياكى چۈمۈلە ئۆمىلىگەندەك سېزىم پەيدا بولىدۇ. ئېغىزمانىدا ئاغرىق بولىدۇ، بىمار دەلدەڭشىپ ماڭىدۇ، بەزىدە يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈت مۇسكۇللىرىنىڭ ھەرىكەت قۇۋۋىتى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ يوقىلىپ، ئىسترىخا پەيدا بولىدۇ ياكى بۇ ئېغىرلىشىپ تەشەننۇجنى پەيدا قىلىدۇ، ئاخىرىدا ھېس ۋە ھەرىكەت پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ، دوۋساقنىڭ مەلۇم بۆلەكلىرى ۋە مەقئەتنىڭ قورىغۇچى مۇسكۇللىرىمۇ پالەچلىنىدۇ ۋە بىمار ئوڭدىسىغا ياتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياتاق يارىسى پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئوفۇنەتلەنگەن سۈيۈقلۇق كۆپلەپ چىقىپ تۇرىدۇ، ئاخىرىدا بىمار ئاجىزلىق ۋە زەئىپلىكنىڭ غالىب كېلىشى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. دوۋساقنىڭ پالەچلىنىشىدىن سۈيدۈك تۇتۇلۇش كۆرۈلىدۇ، ئوفۇنەتنىڭ سەۋەبىدىن دوۋساق ياللۇغلىنىدۇ ۋە چاپلاشقاق، چىرىگەن سۈيۈقلۇق كۆپ مىقداردا سۈيدۈك بىلەن قوشۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ. بەزى كىشىلەردە بۇ ئىششىق دوۋساقتىن بۆرەككىچە يېتىپ بارىدۇ ۋە ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردە ئىششىق بىلەن يىرىڭ قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ.

مەقئەت مۇسكۇللىرىنىڭ پالەچلىنىشى سەۋەبىدىن چوڭ تەرەت ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ، پۈتلاردىكى ئىختىيارىي ھەرىكەت بۇ كېسەلدە گەرچە يوقالسىمۇ، لېكىن بەزىدە ئۇخلىغان ۋاقىتتا ئىختىيارسىز پۈتى تارتىشىدۇ ھەمدە يېقىمسىزلىق پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر كېرىگەت نېرۋىسى تۇسۇلۇشتىن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بارلىق يۇلۇنغا زەرەر يەتسە، كېرىگەت، باشقا نەپەسلىنىش مۇسكۇللىرى ۋە مۈچىلەر پالەچلىنىدۇ ھەمدە بىمار ناھايىتى تېز ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر يۇلۇننىڭ بويۇن قىسمى، ئېغىزمان تەرەپىنىڭ يۇقىرىقى قىسمى كېسەللەنگەن بولسا، مۇسكۇللاردا ئىسترىخا كۆرۈلۈش سەۋەبىدىن كىچىك تەرەت قىلىشتا قىينىلىدۇ. ئەگەر يۇلۇننىڭ ئېغىزمان ئوتتۇرا قىسمى كېسەللەنگەن بولسا، قوللىرى پالەچلەنمەيدۇ، لېكىن ئىككى پۈتى، دوۋساق ۋە تۈز ئۈچەي پالەچلەنگەن بولىدۇ. ئەگەر يۇلۇننىڭ ئېغىزمان ئاستى بۆلىكىدە بۇزۇلۇش بولغان بولسا، مۇسكۇللاردا پالەچلىنىش كۆرۈلگەندىن كېيىن دوۋساق تولۇپ قېلىش ۋە سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. لېكىن يۇلۇننىڭ ئۇزۇنلۇق ياكى كەڭلىكىنىڭ مەلۇم بۆلىكىدە بۇزۇلۇش بولسا، تولۇق پالەچ بولمايدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىرەر سىرتقى نەرسە يۇلۇنغا قاتتىق تەگسە ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پەردىلەردە بىرەر كېسەللىك پەيدا قىلسا ھەرىكەت يوقىلىشى مۇمكىن، لېكىن سەزگۈ يوقالمايدۇ، مۇشۇنىڭدەك ئەگەر يۇلۇننىڭ بىر تەرىپى كېسەللەنسە، شۇ تەرىپىنىڭ ھەرىكەت نېرۋىسى ۋە يەنە بىر تەرەپنىڭ سەزگۈ نېرۋىسى پالەچلىنىدۇ.

دىياگنوز قويۇش تۆۋەنكى مۈچە پالەچلىنىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى باشقا

كېسەللىكلەردىندۇر، بۇنىڭغا دىياگنوز قويۇش ئۇسۇلى ئىلگىرى سۆزلەنگەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇلۇن ياكى ئۇنىڭ پەردىلىرى ياللۇغلىنىش سەۋەبىدىن پالەچلەنگەن بولسا، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى نېرۋىلارنىڭ غىدىقلىنىش ئالامەتلىرى، مەسىلەن: مۇسكۇللاردا تەشەننۇج، ئىختىلاج ۋە باشقىلار كۆرۈلىدۇ، ئەگەر ھېس ئەسەبلىرىدە غىدىقلىنىش بولسا، تېرە قىچىشىش، تۇتقاندا سوغۇق ياكى ئىسسىق بىلىنىش ياكى تىكەن سانجىلغاندەك سېزىم بولۇش كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر قىل قان تومۇرلارنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى نېرۋىلاردا غىدىقلىنىش بولسا، مۇسكۇللار يىگلەشكە باشلايدۇ ۋە ياتاق يارىسى كۆرۈلىدۇ. كېسەللەنگەن ئورۇننى بېسىش بىلەن ئاغرىق ۋە يۇلۇن ئىششىقىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. ئەگەر يۇلۇندا يۇمشاپ كېتىش كېسىلى پەيدا بولسا، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى بولمايدۇ، لېكىن كېسەللەنگەن ئورۇننىڭ ئاستىدىكى ئەزالار پالەچلىنىدۇ.

تەسىرلىنىشتىن بولغان تۈرىدىمۇ يۇلۇن ئىششىقىنىڭ ئالامەتلىرى بولمايدۇ، لېكىن پاچاقتا بىرەر ئەزانىڭ شىرىكچىلىكىدىن مۇكەممەل بولمىغان پالەچ تەدرىجىي كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش ئەگەر مېڭىگە يېقىنراق يۇلۇن كېسەللەنگەن بولسا، زىيادە خەتەرلىكتۇر. لېكىن مېڭىدىن يىراقراق يۇلۇن پالەچلەنسە، خەتىرى ئانچە چوڭ بولمايدۇ ۋە بىمار بىر مەزگىلگىچە ياشايدۇ. تەسىرلىنىشتىن بولغان تۈرى ۋە سىفىلىستىن بولغان تۈرىدە بىمار كۆپىنچە ساقىيىپ كېتىدۇ.

داۋالاش ئەسلىي سەۋەبىگە قارىتا داۋالىنىدۇ، مەسىلەن: ئەگەر يۇلۇندا قان تولۇش بولسا قان ئېلىنىدۇ، سۈرگىلەر، مۇلەييىناتلار، مۇقەللىلات ۋە مۇسەككىناتلار ئارقىلىق قان تولۇش ئازايتىلىدۇ، ياۋا بۇغداي، ياۋا ئىتياڭقى مېۋىسى ۋە باشقىلار يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ چارىلەرنىڭ مەنپەئەتى كۆرۈلمىسە داۋائى شىپا بېرىلىدۇ. يۇلۇن ئۈستىگە مۇز خالتىسى قويۇلىدۇ، بىئاراملىق ۋە بىقارارلىقى ئۈچۈن نېرۋىلارنى سېزىمسىزلاندۇرغۇچىلاردىن بەزرۇلبەنجى ۋە شەۋكىران قاتارلىق دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، لېكىن ئەپيۇن مەنئى قىلىنىدۇ، لەتىف، ئاسان سىڭىدىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، زۆرۈرىيەت تېپىلسا شارابمۇ بېرىش كېرەك. ئەگەر يۇلۇن كەم قانلىق سەۋەبىدىن پالەچلەنگەن بولسا، كۇچۇلا جەۋھىرىگە ئەپيۇن قوشۇپ مۇناسىپ مىقداردا بېرىش، پولات ۋە بېلىق يېغى ئىشلىتىشمۇ بۇنىڭغا پايدىلىقتۇر. بىمارنىڭ قول - پۇتلىرى ياستۇققا قويۇپ ئېگىزلىتىلىدۇ، مۇسكۇللارنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇۋۇلاش ۋە بېسىش پايدىلىقتۇر.

تەسىرلىنىشتىن بولغان تۈرىدە ئەسلىي كېسەللىكنى يوقىتىش كېرەك، چۈنكى بۇنىڭ شىرىكچىلىكىدىن پالەچلىك كۆرۈلىدۇ. يۇلۇننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كۇچۇلا ۋە ئەپيۇن

جەۋھىرى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

ساراڭلىق قوشۇلۇپ كەلگەن پالەچ

ماھىيىتى بۇ كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا مېڭىنىڭ قىزىل قان تومۇرلىرىدا يەڭگىل ئىششىق بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن تارىمۇش - توقۇلمىلار پەيدا بولىدۇ، بۇلار يىغىلىپ، مېڭىنىڭ ئەسلىي جەۋھىرىنى يەنى نېرۋا تۈگۈنلىرىنى باسىدۇ ھەمدە مېڭە ماددىسى يىگلەيدۇ، مېڭە پەردىسى قېلىنلاپ مېڭە بىلەن چاپلىشىپ قالىدۇ.

مېڭە ۋە يۈلۈن بوشلۇقىدىكى ھۆللۈكنىڭ مىقدارى كۆپىيىدۇ، گەرچە پۈتۈن مېڭە كىچىك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن پېشانە بوشلۇقى ۋە چوققا بوشلۇقى زىيادە كىچىك كۆرۈنىدۇ. مېڭە قاتىدۇ ۋە يۈلۈننىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە تارىمۇش توقۇلمىلىرى كۆپ بولۇش سەۋەبىدىن يۈلۈنىمۇ قاتتىقلىق بولىدۇ.

سەۋەبى روھىي ئازابقا مۇپتىلا بولۇش، كۆپ جىما قىلىش، ھاراقكەشلىك ۋە سىفلىس بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. بۇ كېسەل كۆپىنچە ئوتتۇرا ياش ئەرلەردە، بولۇپمۇ ئۆيلەنگەنلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. نامرات كىشىلەرگە قارىغاندا تۇرمۇشى باياشات كىشىلەر بۇ كېسەلگە كۆپ مۇپتىلا بولىدۇ. ئىش ۋە تىجارەت قاتارلىقلاردا چوڭ زىيان تارتىشتىنمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ خىل پالەچتە بىماردا دەسلەپتە ئىش ۋە تىجارەت قىلىشتا تىرىشماسلىق كۆرۈلىدۇ. دوستلىرى ۋە باشقىلار بىلەن سۆھبەتتە بىرلىككە كېلەلمەيدۇ، ئازراق ئەمگەك قىلىشتىن ھارغىنلىق ھېس قىلىدۇ، بەتخەجلىك قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا باقمىغان ھالدا ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۆزىنى ماختايدۇ، بىھۇدە سۆزلەيدۇ ۋە قالايمىقان ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. ئەستە ساقلاش كۈچى ئاجىزلايدۇ. سۆزلىگەن ۋاقتىدا تىل ۋە لەۋلىرى تىترەيدۇ، توختاپ - توختاپ سۆزلەيدۇ. ئىككى كۆز قارىچۇقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ئىككىنچى دەرىجىگە يېتىپ بارسا، بىمارنىڭ ئۆزىنى ماختىشى ۋە بىھۇدە سۆزلىشى ئەۋج ئالىدۇ. بەزىدە بىراقلا ساراڭنىڭ قىلىقلىرىنى قىلىشقا باشلايدۇ، كېچىدە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كېتىدۇ ھەمدە ھەمىشە بىقارار بولىدۇ. بىمار بەزىدە ئۆزىنى پادىشاھ، بەزىدە پۇلدار ۋە بەزىدە ھەممىدىن زىيادە كۈچلۈك، دەپ قارايدۇ. سۆزلىگەندە يۈز، لەۋ ۋە تىلى تىترەيدۇ، ساغلام ھالىتىدىكىگە ئوخشاش خەت يازالمايدۇ، خەت يازغاندا بەزىدە ھەرپلەر، بەزىدە جۈملىلەر

چۈشۈپ قالىدۇ، بىمار خەتلەرنى ئوقۇغاندا دىققىتىنى يىغالمايدۇ، كۆز قارىچۇقلىرى يورۇقلۇقتىن يىغىلمايدۇ. سەرئى ياكى سەكتىگە ئوخشاش تۇتقاقلىق بولىدۇ ھەمدە بىمار ھوشىغا كەلگەندە بىلەك ياكى بەدىنىنىڭ يېرىمى پالەچلەنگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، ياخشى ماڭالمايدۇ، ماڭسا يىقىلىپ چۈشىدۇ، شوتا، پەلەمپەيگە چىقالمايدۇ، بەدىنىنىڭ باشقا مۇسكۇللىرىمۇ تەدرىجىي پالەچلىنىدۇ، تىزىنىڭ قايتۇرما ئىنكاسى كۈچلۈك بولىدۇ، سۈيدۈكى تۇتۇلىدۇ، چوڭ تەرەت ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ، ياتقان ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، مېڭىسى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كېتىدۇ، يەنى ئاجىزلىق سەۋەبىدىن ياكى رەئىس ئەزالارنىڭ ئىششىشىدىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش غىزالىنىش ۋە باشقا ئىشلاردا ساقلىقنى ساقلاش پەرھىزلىرىگە ئەمەل قىلىنىدۇ ۋە پەرۋىش خادىملىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: بىمارنىڭ كىيىمى ۋە تۇرالغۇ ئورنىنى پاكىز تۇتۇش، غىزاسىنى ۋاقتىدا بېرىش، يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە ياتقۇزۇش، ئەپچىل چارىلەر بىلەن خىياللىرىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىش، ئەگەر سىفلىس سەۋەبىدىن بولغان بولسا، سىفلىسنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش قان تازىلىغۇچى دورىلاردىن قان تازىلىغۇچى جەۋھەرلەر ۋە باشقىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر جۇنۇن كۈچەيسە، ئەقلى نورمالسىزلاشسا ۋە ئۇيقۇسىزلىق كۆپەيگەن بولسا، داۋائى شىپانى 1 ~ 2 قۇرسىقچە ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

يىغىلىپ قېلىش (تەشەننۇج)

بۇ كېسەللىكنىڭ نامى چوقۇم بولىدىغان ئالامەتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان (چۈنكى تەشەننۇجنىڭ مەنىسى يىغىلىپ قېلىشتۇر، بۇ مەزكۇر كېسەللىكتە چوقۇم بولىدۇ).

تەشەننۇج بىر خىل نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبىدىن مۇسكۇللار ئۆزىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا① قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى سوزۇش قىيىن بولىدۇ.

داۋاملىق تۇتىدىغان تەشەننۇج ۋە بوشايدىغان تەشەننۇج تەشەننۇج كېسەللىكنىڭ بەزى تۈرلىرى ئۆز ھالىتىدە تۇرىدۇ (تەشەننۇجى ئىستىمرارى) يەنى بۇ داۋالاشقا موھتاج بولىدۇ. بەزى تۈرلىرى ئاسانلا ئۆزلۈكىدىن بوشايدۇ (تەشەننۇجى ئىرتىجاجى)

---

① مۇسكۇلنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى — بۇ مۇسكۇلنىڭ ھەرىكەت قىلمايدىغان بېشى بولۇپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىككىنچى بېشى ھەرىكەتچان بولىدۇ. گەرچە بەزى مۇسكۇللارنىڭ ئىككى بېشى ھەرىكەت قىلسىمۇ.

مەسىلەن: ئەسنەش.

ئەسنەشمۇ بىر خىل تەشەننۇجتۇر، بۇ جاغ مۇسكۇللىرىدا پەيدا بولۇپ، ئاسان يوقىلىدۇ. بۇ ئەھۋال سەرئىدە چوقۇم بولىدىغان تەشەننۇجتىمۇ بولىدۇ، بۇ تەشەننۇجنىڭ نامى ئۇقالدىن ① بولغان تەشەننۇجتۇر.

قوشۇمچە تەشەننۇج ئىختىيارىغا بېقىنىدىغان مۇسكۇللارنىڭ بىر خىل يىغىلىشى ياكى ئارقىمۇئارقا يىغىلىشلارنىڭ نامىدۇر. بۇ غەيرىي تەبىئىي ۋە ئىختىيارسىز پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۆتكۈر بولىدۇ، مۇسكۇللارنىڭ يىغىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەزالاردا مەلۇم بىر تۈرلۈك ھەرىكەت پەيدا بولۇشى چوقۇمدۇر. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەزا ئىگىلىدۇ ياكى بىرەر تەرەپكە قىيسىيىپ قالىدۇ.

يىغىلىشنىڭ تۈر ئېتىبارىدىن قارىغاندا تەشەننۇجى ئىرتىجاجى، تەشەننۇجى ئىستىمرارى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

1. تەشەننۇجى ئىرتىجاجى: بۇ كېسەللىكتە مۇسكۇللار قايتا ـ قايتا يىغىلىدۇ ھەم بوشايدۇ، يەنى مۇسكۇللارنىڭ يىغىلىشى ئۇزۇن ۋاقىت، ئارقىمۇئارقا بولمايدۇ. مەسىلەن: سەرئىدىكى قول - پۇت ۋە بويۇننىڭ لىكىلدىشى قاتارلىقلار.

2. تەشەننۇجى ئىستىمرارى: بۇ تەشەننۇجى ئىستىمرارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇنىڭدا مۇسكۇللار ئارقىمۇئارقىدىن بىر مەزگىلگىچە تارتىشىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا قوشنا ئەزالارمۇ تارتىشىدۇ (ياكى يىغىلىدۇ) ھەمدە مۇشۇنداق ھالەت بىر مەزگىلگىچە داۋاملىشىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا باشقا ئەزالارنىڭ تارتىششى ۋە يىغىلىشلىرى قوشۇلمايدۇ، بۇ مۇسكۇللارنىڭ يىگىلىشى ۋە مۇسكۇللارغا قۇرۇقلۇق يېتىشتىن پەيدا بولىدۇ.

ئوخشىمىغان ھالەت ۋە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەشەننۇجنىڭ بايانلىرى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىنچىسى ئومۇمىي بايان: بۇ، ئومۇمىي بەدەنلىك تەشەننۇج بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئىككىنچىسى خاس بايان: بۇ، مەخسۇس تەشەننۇجلۇق كېسەللىكلەردە بايان قىلىنىدۇ.

كۆپىنچە ھاللاردا تەشەننۇج خەتەرلىك ئالامەت بولۇپ، بۇ باشقا كېسەللىكلەر بىلەن پەيدا بولىدۇ.

---

① ئۇقال — ئەقەلەدىن چىققان سۆز بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى تولغىنىش، ئېگىلىشتۇر. چۈنكى، بۇ تەشەننۇجتا ئەزالار يىغىلىپ ئېگىلىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنىڭ نامى «ئۇقال» قويۇلغان. ئۇقال بىر تەشەننۇجتىن بولغان كېسەللىك بولۇپ، بۇ جانىۋارلارنىڭ پۇتىدا كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى هۆللۇكتىن بولغان تەشەننۇج: ئەللامە سەمەرقەندى: «تەشەننۇجنىڭ بىرىنچى تۈرى ئىستىمرارى (بۇ بىر هالدا تۇرىدۇ) بەلغەمى ۋە قويۇق ماددىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ ماددىلار نېرۋىلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنى توغرىسىغا كېڭەيتىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى كېمىيىدۇ ۋە كەڭلىكى چوڭىيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەزا بوشاشمايدۇ» دەپ يازغاندۇر.

نېرۋىلاردا ئۇ ماددىلارنىڭ ئۆزلىشىشىدىن نېمە ئۈچۈن ئىسترخا پەيدا بولمايدۇ؟ چۈنكى بۇ ماددا قويۇق بولىدۇ، ئۇنىڭ نېرۋىلار تېنىگە ۋە نېرۋا تالالىرى جەۋھىرىگە ئۆزلىشىشى مۇمكىن بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نېرۋىلار ئۇ ماددىلارنى سۈمۈرەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن نېرۋىلارنىڭ هۆللۈكى ئېشىپ، بوششىپ كېڭىيىپ كېتىدۇ. تەشەننۇجنىڭ بۇ تۈرىنىڭ نامى تەشەننۇجى ئىمتىلائى ۋە هۆللۈكتىن بولغان تەشەننۇج (تەشەننۇجى رەتەب) دېيىلىدۇ.

قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇج بەزىدە تەشەننۇج نېرۋىلارنىڭ قۇرغاقلىششى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، خۇددى هۆل نەرسىلەرنى ئوت يېنىغا يېقىن قويساق، قۇرۇپ قالغانغا ئوخشاش بۇنىڭدىن نېرۋىلاردا تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ، يەنى خۇددى ئۇد ① (بەربىت) ناملىق چالغۇ ئەسۋابىنىڭ تارىسى ئىسسىق هاۋادا قويۇش بىلەن يىغىلىپ، ئۈزۈلۈپ كەتكىنىدەك.

بەزىدە تەشەننۇج نېرۋىلارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە تەشەننۇج بىرەر زىيانلىق نەرسە سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن نېرۋىلار ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى باشلىنىش نۇقتىسىغا يىغىلىدۇ ۋە ئۇنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن يىغىلىدۇ. بۇ زىيانلىق نەرسە ياكى كەسكۈچى بولىدۇ، بۇ مۇسكۇللار ياكى نېرۋىلاردا پەيدا بولىدۇ، لېكىن نېرۋىلار ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك ئۆتكۈرلۈككە يېتىپ بارالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئەھۋالدا تەشەننۇجنىڭ ئورنىغا ئىسترخا پەيدا بولىدۇ، بۇ زىيانلىق ماددا بىرەر ئىسسىق، ئۆتكۈر ۋە كەسكۈچى خىلىت بولىدۇ. يەنى نېرۋىلاردا غىدىقلاش پەيدا قىلىدىغان كەيپىيات ئۆتكۈر ياكى تۇزلۇق بولىدۇ، بۇ نېرۋىلاردا قىچىشىش ۋە تېرە قىچىشىشنى پەيدا قىلىدۇ ياكى ساقلىق ۋە هاياتلىققا زىيانلىق بولغان بىرەر زەھەرلىك كەيپىيات بولىدۇ. بۇنىڭ مېڭە ۋە نېرۋىغا يېتىپ بېرىشىدىن، مەسىلەن: نېرۋىلار ئۈستىنى چايان ياكى يىلان

---

① ئۇد (بەربىت) — ساتار تۈرىدىكى بىر ئەرەبچە چالغۇ بولۇپ، بۇنىڭدا ئۆچكە ۋە كالا ئۈچىيىدىن ياسالغان تارا بولىدۇ.

چىقىۋېلىشتىن ياكى ئەپيۇن ۋە شەۋكىران ① قاتارلىقلارنى يېيىشتىن بۇ خىل تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ ياكى بۇ كەيپىيات زەھەردىن خالىي بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆتكۈر سوغۇقلۇق نېرۋىلارنى يىغىپ قويىدۇ.

بۇ تۈردىكى تەشەننۇجقا تەشەننۇج پەيدا قىلغۇچى زىيانلىق ماددىدىن پەيدا بولغان تەشەننۇجمۇ كىرىدۇ. مەسىلەن: بۇنىڭدا زەڭگەر رەڭ خىلىت قۇسۇش بولىدۇ.

بۇ تۈردىكى تەشەننۇجقا ئاشقازاننىڭ سەزگۈسى كۈچلۈك بولغان ۋە ئاشقازان تەرەپكە سەپرانىڭ چىقىرىلىشىدىن بولغان تەشەننۇجمۇ كىرىدۇ.

شۇنىڭدەك بۇ تۈرگە ئاشقازاننىڭ بىرەر كېسەللىكىدىن پەيدا بولغان تەشەننۇجمۇ كىرىدۇ، بۇ تەشەتنۇج خولېرا بولغان كىشىدە بولىدۇ. تەشەننۇجنىڭ بۇ تۈرى تېز ساقىيىپ كېتىدۇ، ئۇنى داۋالاش تەس ئەمەس. بۇ خىل تەشەننۇج ئاشقازاندىكى غىزا تۆۋەنلىگەندىن ۋە ئىچىشىش توختىغاندىن كېيىن يوقايدۇ.

بۇ تۈرگە بالىياتقۇنىڭ ياكى نېرۋىلىق ئەزالار، مەسىلەن: دوۋساق ۋە مەنىي قاچىسىنىڭ بىرەر كېسەللىكلىرىدىن پەيدا بولىدىغان تەشەننۇجمۇ كىرىدۇ. يەنە بۇ تۈرگە قورساقتىكى قۇرتلاردىن پەيدا بولىدىغان تەشەننۇجمۇ كىرىدۇ.

قوشۇمچە تەشەننۇجنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: بەزى مېڭە كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: مېڭىگە زەربە تېگىش ۋە مېڭە سوقۇلۇش، مېڭىدە قاننىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى، قىزىل قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى، قىل قان تومۇرلاردا قان ئۇيۇۋېلىش، مېڭە يۇمشاش، مېڭە سىلكىنىش، مېڭە پەردە ئىششىقى، مېڭە ئۆسمىلىرى، ئەزالارنىڭ كۆيۈشى، ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىش، سەرئى، بويۇن قاتمىسى، سەكتە، قۇلۇنجى، خولېرا، سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش، هاراقتىن زەھەرلىنىش، كۆچۈلادىن زەھەرلىنىش، قاندا سەپرا ۋە كاربون تۆت ئوكسىدلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، يۇتقۇنچاق تەشەننۇجى قاتارلىقلار. بالىلاردىكى ئاجىزلاشتۇرغۇچى كېسەللىكلەر، مەسىلەن: ئىچ سۈرۈش (ئىسھال)، كەم قانلىق، ھەزىم بۇزۇلۇش، ئەزالاردا ئەزىيەت ۋە غىدىقلىنىشنىڭ پەيدا بولۇشى، مەسىلەن: چىش چىقىش، بۇزۇلغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش، ئۈچەي قۇرتى، يۇقۇملۇق قىزىتما، يۇقۇمسىز قىزىتما، ئوتتۇرا قۇلاق ئىششىقى، خەتنىلىكنىڭ تار بولۇشى، قەۋزىيەت، دوۋساق تېشى، سوغۇق ئۆتۈش، قورقۇش، قىزىل، چېچەك ۋە راخىت كېسەللىكى قاتارلىقلار. ئەرلەردە جەلق ياكى جىمانىڭ كۆپ بولۇشى، ئاچچىقلىنىش، رەنجىش ۋە باشقىلار. ئاياللاردا بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش، ھەيز قالايمىقانلىشىش، چىللە مەزگىلى،

---

① شەۋكىران — تاغ كەندىرىگە ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭ ياخشىسى يەزدىنىڭ زەلئەدىكى «تەففەت» دېگەن جايدىن كەلتۈرۈلگىنىدۇر. (نەفىيس).

هاملىدارلىق كۈنلىرى ۋە باشقىلاردا بۇ خىل ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئالامىتى

هۆللۈكتىن بولغان تەشەننۇجنىڭ ئالامىتى بۇنىڭدا تەشەننۇج دەرھال پەيدا بولىدۇ ھەمدە ماددىلار توشۇۋالغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: بەدەندىكى ئېغىرلىق، ھەرىكەتتىكى بوشاڭلىق ۋە ھورۇنلۇق، تېرىلەردىكى تارتىشىش، تومۇرلارغا قان تولۇش، تىنىدۇرۇلغان سۈيدۈكنىڭ قويۇق بولۇشى قاتارلىقلار ھەمدە بەلغەم غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: تېرە رەڭگىنىڭ ئاق بولۇشى، بەدەننىڭ بوششىشى، بەدەننى تۇتقاندا يۇمشاق ۋە سوغۇق بىلىنىشى، ئۇسسۇزلۇقنىڭ كەملىكى، ئۇيقۇنىڭ كۆپ، نېرۋىلارنىڭ بوشاشقان بولۇشى قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ ھەم تەشەننۇج كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى بىمارغا بەلغەمنى قوزغايدىغان چارىلەر قوللىنىلغان بولىدۇ، مەسىلەن: بەلغەم پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، سۇغا يېقىن رايونلاردا ياشاش، رىيازەت، ئەمگەك ۋە ھەرىكەتنىڭ ئاز بولۇشى قاتارلىقلار بۇ خىل تەشەننۇجنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇجنىڭ ئالامىتى كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى بىمارغا قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى چارىلەر قوللىنىلغان بولىدۇ. مەسىلەن: ئىستىفراغنىڭ كۆرۈلۈشى، يەنى قاتتىق قۇسۇش، قاننىڭ كۆپ چىقىپ كېتىشى ۋە ئۆتكۈر ئىچى سۈرۈش ياكى مەسىلەن: كۆپ چارچاش، ئۇيقۇسىز قېلىش، ئېچىرقاپ قېلىش، ئۆتكۈر كۆيدۈرگۈچى قىزىتما قاتارلىقلار. كېسەللىك ئالامىتىنىڭ ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولۇشى ۋە ئەزالارنىڭ يىگىلىشى تەشەننۇجنىڭ ئالامىتىدۇر.

قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇجنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئەزالار ئۈستىگە ياغلارنى چاپقاندا، ئۇ تېز سۈمۈرۈلىدۇ.

«تەشەننۇج ئاستا پەيدا بولىدۇ»، چۈنكى قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇج نېرۋىلاردا ئېلاستىكلىق پەيدا قىلىدىغان سۈيۇقلۇقلار يوقالغان ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ، بۇ شۇ قەدەر يوقىلىدۇكى، نېرۋىلار ئۆزلۈكىدىن يىغىلىشقا باشلايدۇ، بۇ خىل يىغىلىش ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ (نەفىيس).

بۇ كېسەللىكنىڭ نامى قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇج ① (تەشەننۇجى خۇشكى) ۋە تەشەننۇجى ئىستىفراغىمۇ دېيىلىدۇ. بۇ تۈرنى داۋالىغىلى بولمايدۇ. بالىلار ۋە ياشلار بۇ كېسەلگە مۇپتىلا بولسا داۋالاش مۇمكىن، لېكىن بۇ ناھايىتى ئاز ساندا ئۇزاق مەزگىلدە ساقىيىدۇ.

---

① قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇج— بۇنى يەنە بىر ئۇقۇمدا «مۇسكۇللار قۇرۇقلۇقى (يەبۇسەتى ئۇزلات)» دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئەمەل قىلىش لازىم. بۇنىڭ بايانى سوغۇقلۇقنى يوقىتىشتا سۆزلىنىدۇ. بۇ تەشەننۇج ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكىدىن كۆرۈلگەنلىرىدە، ئۇ ئەزانى داۋالاش، تەشەننۇج بولغان ئەزاغا مۇۋاپىق ياغلارنى سۈركەش، قۇرتتىن بولغىنىدا قۇرتنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىپ تاشلاش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان ئۇسخىلار

(كېسەل تۇتقان ھالەتتە داۋالاش) كېسەل تۇتقاندا بىمار ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلىدۇ، باش ۋە تاغاقنى بىر قەدەر ئېگىز قىلىپ، كۆكرەك ۋە گالدىكى توسالغۇلار ئېچىلىدۇ، باشقا سوغۇق سۇ قۇيۇلىدۇ ياكى مۇزنى پارچىلاپ خالتىغا تولدۇرۇپ باشقا قويۇلىدۇ، قىچىنى يۇمشاق ئېزىپ ھەمدە ئىسسىق سۇدا ئېرىتىپ، ئىسسىق پاشويە قىلىش تاكى نېرۋا تەبىئىي ئويغانغىچە پاچاقلارغا قىچا زىماتى چېپىلىدۇ، تەشەننۇجنى توسقۇچى ۋە ئۇخلاتقۇچى دورىلار پۈرىتىلىدۇ ۋە ئىچى تەرەپتىن كافۇر، ھىڭ، قۇندۇز قەھرى، ئىپار، ئۇد سەلىب، پارپا(جەدۋار) ۋە باشقىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر تەشەننۇج سەۋەبىدىن بىمار دورا يېيەلمىسە، مۇشۇنداق دورىلار ھۆقنە قىلىش ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ، تەشەننۇج بولغان ئەزانى ئىسسىق ياغ، مەسىلەن: قۇستە يېغى، رەۋغىنى سۇرۇخ بىلەن ئۇۋۇلاش، ئەگەر مۇمكىن بولسا تېز - تېز ھۆقنە قىلىش لازىم.

ھۆقنە ئۇسخىسى

12 گىرام يەرلىك سوپۇننى ئېزىپ ياكى قىرىپ، ئۈچ گىرام ئاش تۇزىنى ئىككى كىلوگىرام ئىسسىق سۇدا ئېرىتىپ ۋە 48 گىرام رەۋغىنى بادانجىر قوشۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ، سوپۇن سۇغا سېلىش ۋە ئوتتا قويۇش بىلەن تېز ئېرىيدۇ. ھۆقنە سۇيۇقلۇقى ئىللىمان بولۇشى لازىم.

بىمار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئەسلىي سەۋەبىگە قارىتا داۋالاش لازىم. تەشەننۇجنىڭ ھەرىكىتىدىن پەيدا بولىدىغان ئاجىزلىق ۋە زەئىپلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن، كۈچلەندۈرۈپ ھەرىكەت پەيدا قىلغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبى ئاياللاردىكى بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇشتىن بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ۋە ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبى بالىلاردىكى ئۈچەي قۇرتى سەۋەبىدىن بولسا، قۇرت ئۆلتۈرگۈچى ۋە چىقىرىپ تاشلىغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش ۋە ھەزىمنى ياخشىلاش لازىم.

مۇشۇنىڭدەك باشقا مۇستەقىل كېسەللىكلەردە، تەشەننۇج ئەگەشمە ئالامەت ۋە ئالامەتلەر شەكلىدە ئاشكارا بولىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز

كېسەللىك قويۇپ بەرگەندىن كېيىن سىڭىشلىك، ئاسان ھەزىم بولىدىغان ۋە كۈچلەندۈرگۈچى غىزالاردىن خام شورپا، توخۇ ياكى ئۆچكە گۆشى شورپىسى ۋە باشقىلار يېگۈزۈلىدۇ. قورساق كۆپتۈرگۈچى، ئېغىر ھەم ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلىش لازىم.

كىچىك باللار ۋە سۈت ئېمىۋاتقان باللاردىكى تەشەننۇج باللاردا بىر ياشتىن باشلاپ يەتتە - سەككىز ياشقىچە تەشەننۇج كېسەللىكلىرى كۆپ كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، بۇ ياشتا نېرۋىلار ناھايىتى نازۇك بولۇپ، سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ ئادەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى سەۋەبلەردىن تەسىرلىنىدۇ. قىسقىسى، باللاردىكى تەشەننۇج ھۆللۈكنىڭ زىيادە بولۇشى، باشقا ئەزالاردىكى نورمالسىزلىق ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ئىنكاسى بىلەن پەيدا بولىدۇ. جۈملىدىن باللار بىرەر سەۋەبتىن ئاجىز ۋە كۈچسىز بولغان چاغدا، مەسىلەن: ئۇ راخىت كېسىلىگە مۇپتىلا بولغاندا ياكى ياخشى سۈت ۋە غىزا بىلەن ئوزۇقلىنالمىغاندا بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلىدۇ.

ئۇنىڭ ئەسلىي ھالەت ۋە كېسەللىكلىرىنىڭ بىرقانچە ئەگەشمە شەكلى بولىدۇ. مەسىلەن: چىش چىقىش، ئۈچەي قۇرتى، بۆرەك ۋە دوۋساق تېشى، ھەزىم بۇزۇلۇش، قەۋزىيەت، ئىچ سۈرۈش، سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش، سوغۇق سۇدا چىلىق چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش، قورقۇش قاتارلىقلار. شۇنىڭدەك بەزى مېڭە كېسەللىكلىرى ۋە ئاپەتلىرى تەشەننۇج كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ، مەسىلەن: ئىششىق، سەكتە، مېڭىدە قاننىڭ ئاز بولۇشى ياكى بۆرەك كېسەللىكلىرى ۋە قىزىلغا ئوخشاش كېسەللەرنىڭ قىزىتمىلىرى سەۋەبىدىن مېڭىدىكى قانغا بۇزۇلغان ماددىنىڭ ئۆتۈشى ياكى قاناشتىنمۇ بەزىدە تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ.

ئەسكەرتىش ئۆتكۈر قىزىتما، ئۆپكە ئىششىقى ۋە باشقىلاردا تىترەش بىلەن قىزىتما ئۆرلەشنىڭ ئورنىغا باللاردا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئالامەتىنىڭ ئۆتكۈر ۋە يەڭگىللىككە ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

يەڭگىل بولىدىغان تەشەننۇج: بۇ بىر قانچە كۈنلۈك بولغان بوۋاقلاردا كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدا بوۋاق ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، كۆزلىرىنى ئاجىز ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ھەمدە كۆزىنىڭ قارىسى ئارقىغا تارتىشىدۇ. يۈز مۇسكۇللىرىدا ئازراق تىترەش بولىدۇ. ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدا بەزىدە بىر كۆك ھالقا پەيدا بولىدۇ، بالا يەڭگىل - يەڭگىل ئۇھ تارتىدۇ ۋە ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىدا ئازراق يېقىمسىزلىق ۋە قىيىنلىق مەلۇم بولىدۇ. ئادەتتە بۇ ھالەت ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە سۈتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزىم قىلدۇرغۇچى ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلاردىن ئەرقى جۇۋۇنە، ئەرقى پىننە، ئەرقى بەدىيان، ئەرقى لاچىندانە ۋە باشقىلارنى داۋائىلمىشكى ۋە باشقىلار بىلەن قوشۇپ بېرىش لازىم.

ئۆتكۈر بولىدىغان تەشەننۇج بۇنىڭ ئالامىتى بالا چىرقىراپ ھوشىدىن كېتىدۇ ۋە مۇسكۇللىرى تارتىشىشقا باشلايدۇ، دەسلەپتە قول - پۇتلىرى قاتتىق تارتىشىپ بارماقلىرى قاتىدۇ، باش ئالدى - كەينىگە ياكى باشقا تەرەپكە ھەرىكەتلىنىدۇ، كۆزلىرى بوششىپ سىرتىغا

پۈلتىيىپ چىقىدۇ ياكى ئۈستىگە تارتىلىدۇ. كۆزلىرىدىن ياش ئاقىدۇ، كۆز قارىچۇقلىرى تارىيىپ ئاخىرىدا كېڭىيىدۇ ھەمدە يورۇقلۇققا ئىنكاس بولمايدۇ ۋە سېزىمسىزلىنىدۇ. كۆز بۇرجىكى ئۈستى ۋە سىرتىغا تارتىشىدۇ، بۇنىڭدىن بىمارنىڭ يۈزى كۆرۈمسىزلىشىدۇ، چىرايى دەسلەپتە قىزىل، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆكىرىدۇ، ئېغىزىدىن ئاق كۆپۈك كېلىدۇ، ئەگەر تىلى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسا، كۆپۈكنىڭ رەڭگى قاننىڭ سەۋەبىدىن قىزىل بولىدۇ. يۆتەلگۈنچاقتا تەشەننۇج بولۇش سەۋەبىدىن دېمى سىقىلىدۇ، نەپەس قىيىنلىشىدۇ. بويۇندىكى كۆك قان تومۇرلار قان بىلەن تولغان بولىدۇ، تومۇرى ئىنچىكە ۋە تېز سالىدۇ، قورساق مۇسكۇللىرىدىكى تەشەننۇج سەۋەبىدىن بىمارنىڭ چوڭ كىچىك تەرىتى ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ. مەزكۇر ئەگەشمە ئالامەتلەر بىر ـ ئىككى مىنۇت يوقىلىپ ئاندىن قايتىلىنىدۇ. ئەگەر تۇتقاقلىق ئاخىرلىشىشقا باشلىسا، بالا چوڭقۇر بىر نەپەس ئالىدۇ، ئاندىن پۇت ـ قوللىرى بوشىشىدۇ، چىرايىدىكى كۆكۈچلۈك يوقىلىپ، ئەسلىي رەڭگىگە كېلىدۇ ھەمدە قورققان بالىلاردەك يىغلايدۇ ھەم يىغلاپ ـ يىغلاپ ئۇخلاپ قالىدۇ، تەرلەش بىلەن بەدەنلىرى ھۆل بولۇپ كېتىدۇ ياكى قاتتىق ئۇيقۇ ھالىتى بىلەن بالا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئوچۇقكى، بەزى تەشەننۇج بەدەننىڭ بىر تەرىپىدە ياكى پەقەت يۈز مۇسكۇللىرىدا ياكى بىر قولىدا ۋە ياكى بىر پۇتىدا بولىدۇ، ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپتە تەشەننۇج كۆرۈلسە، ئىككى تەرەپ بىردەك بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىمارنىڭ چىرايى زىيادە كۆرۈمسىزلىشىدۇ.

شۇنىمۇ ئەستە ساقلاش لازىمكى، تۇتقاقلىق قانچە يەڭگىل بولسا، شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتقىچە داۋاملىشىدۇ، بەزى بالىلاردا 2 ~ 4 سائەتكىچە تۇتماي كېيىن تۇتقاقلىق قايتىلىنىدۇ ھەمدە بىر كۈندە 3 ~ 4 قېتىم قوزغىلىدۇ. تۇتقاقلىق يوقالغاندىن كېيىن بالا ئىنتايىن بىئارام بولىدۇ ھەمدە چىشلىرى كىرىشىپ كېتىدۇ، بەدەن ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. ئوبدان ئۇيقۇسى كەلمىسە، تۇتقاقلىق قايتىلىنىشىنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ يېشى قانچە چوڭ بولسا، خەتىرى شۇنچە ئاز بولىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكتە بەزى بالىلارنىڭ كۆزلىرىدە ئالغايلىق پەيدا بولىدۇ، بەزى بالىلاردا پالەچ ۋە ئىسترخا پەيدا بولسا، يەنە بەزى بالىلارنىڭ ئەقلىي كۈچىدە بۇزۇلۇش بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى، پۇراش سېزىمى ياكى گەپ، سۆزىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش كېسەل تۇتقان ۋاقىتتا بىمارنىڭ كىيىمىنىڭ تۈگمىلىرى ۋە بەلباغلىرى يېشىپ بوشىتىلىدۇ، باشنى ئېگىز قىلىپ ئېغىزىغا سۇ چېچىلىدۇ، ھاۋالىق ئورۇنغا يۆتكىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئىسسىق سۇدا بالىنى ئولتۇرغۇزۇپ، بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيۇش ياكى مۇز قويۇش لازىم.

ئەگەر تەشەننۇجنىڭ تۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن بولسا سۇبات شىريانى مۇۋاپىق بېسىش ۋە

تەشەننۇجنى تۇسقۇچى سۇيۇق پۈرىتىلما ھەم پۈرىتىلمىلار پۈرىتىلىدۇ، سىركىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ (بۇنىڭدا سىركە بىر ھەسسە، سۇ ئۈچ ھەسسە قوشۇلىدۇ) لازىم.

تۇتقاقلىق يوقالغاندىن كېيىن ئەسلىي كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىشقا كىرىشىلىدۇ، مەسىلەن: قەۋزىيەتنى يوقاتقۇچى سۈرگە دورىلىرى ھۆقنە قىلىنىدۇ، ئەگەر قورساق كۆپكەن بولسا يەل تارقاتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇزۇلغان غىزا بىلەن ئاشقازان تولۇپ قېلىش كۆرۈلسە، قۇستۇرغۇچىلارنى ئىشلىتىپ ئاشقازان پاكىزلىنىدۇ، ئەگەر ئۈچەي قۇرتى كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ۋە چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىلىدۇ، ئەگەر چىش چىقىش مەزگىلى بولسا، مۇۋاپىق چارىلەر بىلەن چىش مىلىكلىرىگە تۆشۈك ئېچىش لازىم.

سەۋەبكە قارىتا داۋالاشقا كىرىشىشتىن باشقا، كېسەل سۇسلاشقان كۈنلەردە تەشەننۇجنى يوقاتقۇچى ۋە مېڭە نېرۋىلىرىنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلاردىن ئۇد سەلىب، جەدۋار، كافۇر، ئېپار، ھىڭ قاتارلىق دورىلارمۇ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ دورىلارنى ئېغىزدىن ئىستېمال قىلدۇرۇشقا ئامال بولمىغاندا، تۈز ئۈچەي ئارقىلىق ھۆقنە ① قىلىپ يەتكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قاتتىق ئۇيقۇ ھالىتى بولسا، باشقا سوغۇق سۇ تۆكۈلىدۇ، ئەگەر پۇت - قوللىرى سوغۇق بولسا، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ۋە كۈچلەندۈرگۈچى (مەسىلەن: داۋائىلمىشكى، كافۇر، شاراب ۋە باشقىلار) بىلەن ئىسسىتىلىدۇ، بىئارام بولغان ھالەتتە نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرغۇچىلاردىن كەم قانلىققا شىپا بولىدىغان مۇرەككەباتى پولاتنى ئىشلىتىش لازىم.

تۇتقاقلىق يوقالغاندىن كېيىن بالىنى ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچلەندۈرگۈچى دورا ھەم خىلىت ھاسىل قىلغۇچى لەتىف غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بالىلاردىكى پاچاق تەشەننۇجى (تەشەننۇجى سەلامى) بۇ، كىچىك بالىلاردىكى بىر خىل كېسەللىكتۇر، بۇنىڭ ئالامەتلىرى سەرئى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭدا بىھۇشلۇق بولمايدۇ، مېڭىدىكى قۇۋۋەتلەر ئاجىز بولىدۇ، بۇ كېسەللىكتە بالىنىڭ بېشى ياكى پۈتۈن بەدىنى سەجدە قىلغاندەك ئالدى تەرەپكە ئېگىلىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامى تەشەننۇجى سەلامى دەپ قويۇلغاندۇر. بەزىدە بالىنىڭ بېشى ياكى بەدىنى ئارقا تەرەپكە ئېگىلىپ قالىدۇ، بۇ ھالەت 24 سائەتتە بىر قانچە قېتىم يۈز بېرىدۇ. ئەتىگەندە كۆپىنچە باش ئاغرىيدۇ، بەزىدە سۇباتقا ئوخشاش ھالەت كۆرۈلىدۇ، كۆزى ئالىغايلىشىدۇ، تىلى گەز باغلايدۇ ھەمدە قەۋزىيەتمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ، بۇ كېسەللىك ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

---

① تەشەننۇجنى يوقاتقۇچى ھۆقنە نۇسخىسى: ئېپار 0.24 گىرام، كافۇر بىر گىرام، ھىڭ بىر گىرام، توخۇ تۇخۇمى بىر دانە، سۇ 144 گىرام. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئارىلاشتۇرۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ.

ئاقۋىتى ئاخىرقى ھېسابتا بۇ كېسەللىكتە سەرئى، يارتا پالەچ، تۆۋەنكى مۇچە پالەچلىكى بولىدۇ. ئەگەر ساغلاملىقى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىسا، ئالتە ئايدىن ئىككى - ئۈچ يىلغىچە بالا ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، لېكىن تولۇق شىپا تاپالمايدۇ.

داۋالاش كۆچلەندۇرۇش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن ساقلىقنى ساقلاشنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇلىغا رىئايە قىلىنىدۇ، مۇرەككەپلىك پولات يېگۈزۈلىدۇ، بېلىق يېغى ۋە باشقىلار ئىچكۈزۈلىدۇ، قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن رەۋەنچىنى، سەبرە ۋە باشقىلار يېگۈزۈلىدۇ، ئىلمان ياكى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇش لازىم.

ھېق تۇتۇش بۇمۇ بىر خىل تەشەننۇجتۇر، بۇنىڭ بايانى بۇ يەردە بولۇشى لازىم ئىدى، لېكىن ئەللامە سەمەرقەندى بۇنى ئاشقازان كېسەللىكلىرىدە بايان قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشقازان كېسەللىكلىرى بابىغا مۇراجىئەت قىلغايسىز.

ھامىلىدار ئاياللاردىكى پاچاق تەشەننۇجى بۇ بىر ئۆتكۈر تەشەننۇج كېسەللىكىدۇر، بۇ ھامىلىدارلىقنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئېيىدا ياكى تۇغۇتتىن كېيىن ۋە ياكى نورمال تۇغقان ۋاقىتىدا كۆرۈلىدۇ. بۇنى تەشەننۇجى نەفاسىمۇ دەپ ئاتايدۇ. بۇ كېسەللىكتە تۇيۇقسىز سۇبات بولۇپ، تامام بەدەن ۋە پۇت قوللىرىدا دەسلەپتە ئىستىمرارى تۈرىدىكى، ئاخىرىدا ئىرتىجاجى تۈرىدىكى تەشەننۇج ئاشكارا بولىدۇ.

سەۋەبى چىللە مەزگىلىدىكى ئايالنىڭ نېرۋىلىرى ناھايىتى سەزگۈر ۋە نازۇك بولىدۇ، يەنى تۇغۇتتىن ئىلگىرى يېقىمسىزلىق زىيادە بولىدۇ، ئەگەر ھامىلىدار بوشانسا ياكى سۇيۇقلۇق ۋە سۇ تەركىبلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بالا ھەمراھى چوڭايغان بولسا، بۆرەك، ئۈچەي ۋە قالقانبەزنىڭ پائالىيەتلىرى سۇسلىشىدۇ. گەرچە ھەققىي ئىللەت ھازىرغىچە نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن مەزكۇر سەۋەبلەر بۇ ئورۇندا سانالدى.

بېشارەتچى ئالامەتلەر بىمارنىڭ بېشىنىڭ بىر تەرىپىدە ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە بېشى قايىدۇ، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلايدۇ ياكى يوقايدۇ، كۆزىگە ئوت ئۇچقۇنى ياكى كۇمۇتا ئۇچقاندەك كۆرۈنىدۇ. قۇسىدۇ ھەمدە ئاشقازان ئورنىدا ئاغرىش بولىدۇ، بۇ تۇتقاقتا ياردەم بېرىدىغان مۇھىم ئالامەتتۇر، سۈيدۈكتە ئاق سۇيۇقلۇق كۆپىيىپ، سۈيدۈك مىقدارى كېمىيىدۇ، بەزىدە يەڭگىل بىھوشلۇقمۇ بولىدۇ.

ئەگەر ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە بۇ ئالامەتلەر تېپىلسا، كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى ساقلىقنى ساقلاش چارىلىرىنى قىلىش، مەسىلەن: ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، سۇنى كۆپ ئىچكۈزۈش، غىزاسىنى ئازايتىش ھەمدە ئاسان سىڭدىغان

غىزالارنى يېگۈزۈش، تەرلەتكۈچى ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئارقىلىق قاندىكى زەھەرلىك ماددىلارنى چىقىرىش، كۈچلەندۈرگۈچى ۋە تەشەننۇجنى توسقۇچى دورىلاردىن داۋائىلىمىشكى، جەدۋار مۇرەككەباتلىرى ۋە باشقىلارنى يېگۈزۈش لازىم.

بېشارەتچى ئالامەتلەردىن كېيىن تۇتقاقلىق باشلانغان بولسا، دەسلەپتە بەدەن ئېگىلىدۇ، ھەممە يۈزىدە ئىرتىجاجى تۈرىدىكى تەشەننۇج بولىدۇ، يۈزى كۆرۈمسىزلىشىدۇ، كۆزىنىڭ قارىسى ئۈستىگە ياكى ئوڭ ـ سولغا تارتىلىدۇ ۋە ئېغىز بۇرجىكى ئۈستى ۋە سىرتقى تەرەپكە تارتىشىدۇ، بەزىدە تىلى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، چىرايى دەسلەپتە نۇرسىز، كېيىن كۆك بولىدۇ. قىزىل قان تومۇرلار تارتىشىدۇ، تومۇرى كۈچلۈك سوقىدۇ، قان بېسىمى ئۆرلەيدۇ، تومۇرى ئىنچىكە بولىدۇ ھەممە كۆك قان تومۇرلار تولغان ھالەتتە بولىدۇ. بەدەن ھارارىتى ئۆرلەيدۇ، ئېغىزىدىن كۆپۈك كېلىدۇ، پۇتلىرى ئېگىلىدۇ ھەممە پۇت بارماقلىرى ئىچى تەرەپكە تارتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىق بەدەن مۇسكۇللىرى ئىنتايىن تېزلىك بىلەن تەدرىجىي تارتىشىشقا باشلايدۇ، نەپەس قىسقا ۋاقىت توختاپ، ئاندىن تېز، تەرتىپسىز خىرقىراش بىلەن داۋاملىشىدۇ. بەزىدە بىمارنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرىتى ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ، تۇتقاقلىق يوقالغاندىن كېيىن بىمارنىڭ ئېسىدە بىرەر سۆزمۇ ساقلانمايدۇ.

تۇتقاقلىق بىر ـ ئىككى قېتىمدىن يۈز قېتىمغىچە قوزغىلىدۇ، بۇ كېسەلدە ئۈزلۈكسىز يەڭگىللەش ۋە ئېغىرلىشىش بولۇپ تۇرىدۇ، تۇتقاقلىق ۋاقتى ئومۇمەن بىر ـ ئىككى مىنۇت بولىدۇ، تۇتقاقلىق تۇتۇشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بولمايدۇ. تۇتقاقلىقتىن كېيىن ئومۇمەن ھوشىغا كېلىدۇ، لېكىن تۇتقاقلىق تېز قايتقان بولسا تۇتمىغان مەزگىلدىمۇ بىھوش بولۇپ تۇرىدۇ. كۆز قارىچۇقى يورۇقلۇقتىن تارايمايدۇ، ئەگەر ھامىلدارلىق ۋاقتى توشۇشتىن ئىلگىرى بۇ كېسەللىك پەيدا بولغان بولسا، بالا ئۆلۈك تۇغۇلىدۇ، ئەگەر ھامىلدارلىقنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە يېقىن بۇ كېسەللىك كۆرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن تولغاق تېز ـ تېز تۇتۇشقا باشلايدۇ ھەممە تەشەننۇجنىڭ سەۋەبىدىن كېسەل تۇتقان ۋاقىتتا ھامىلدار بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن تۇغىدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش بۇ كېسەللىك ئانا ۋە بالا ئۈچۈن ياماندۇر. بۇ كېسەللىكتە ئانا 25 پىرسەنت، بالا 50 پىرسەنت ئۆلۈپ كېتىدۇ، تۇتقاقلىق ئارىلىقىدا ئۆلۈم كۆرۈلسە، بۇ نەپەسلىنىش توختاش سەۋەبىدىن ياكى تۇتقاقلىقتىن كېيىنكى نېرۋا ئاجىزلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

داۋالاش تەشەننۇج تۇتقان ۋاقىتتا كۆپىنچە تىل ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ ھەممە باشقا ئەزالارنى چىشلەپ زەخىملەندۈرىدۇ. بۇ كېسەل تۇتقان ۋاقىتتا ئەزالارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ۋە ئاسراشقا تىرىشىلىدۇ، مەسىلەن: چىش ئارىلىقلىرىغا رەخت، كاللەك يىپ ياكى بىرەر ياغاچ ياكى

قوشۇقنىڭ دەستىسىگە رەخت يۆگەپ ئېغىزغا كىرگۈزۈپ، تىل ئۈزۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتقان ۋاقىتتا تاكى ئېغىزدىن سۇيۇقلۇق سىرتقا ئېقىپ چۈشكۈچە يېنىچە ياتقۇزۇلىدۇ، تەشەننۇجنى يوقىتىش ئۈچۈن ھىڭ ۋە كافۇر ھەم تەشەننۇجنى توسقۇچى سۇيۇق پۇرىتىلمىلار ئىشلىتىلىدۇ.

كېسەللىك تۇتمىغان ۋاقىتتا ئەڭ مۇھىم چارىلەر بىلەن زەھەرلىك ماددىلارنى بەدەندىن چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىش، تەشەننۇج قوزغىلىشتىن ساقلىغۇچى ۋە تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

تەنقىيە ۋە زەھەرلىك ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن قۇستۇرۇش ۋە باشقىلار ئارقىلىق ئاشقازان - ئۈچەيلەرنى پاكىزلاش ھەم ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن سۈرگىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە ھۆقنە قىلىنىدۇ، بۆرەكنىڭ پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر ئىشلىتىلىدۇ ۋە بۆرەككە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. تېرىنىڭ تەرلىتىش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېرىنى قىزىتىش، يوتقان، ئەدىياللارغا يۆگەش، تەرلەتكۈچى ھامامغا چۈشۈرۈش، ئابزەن قىلىش ۋە پاشويە قىلىش لازىم.

ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئەگەر ھوشى بولسا ۋە دورىنى ئىچەلىسە، شەربىتى ۋەردتىن 48 ~ 72 گىرامغىچە ئېلىپ، ئۇنىڭغا 240 گىرام ئەرقى بەديان ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بىرەر باشقا كۈچلۈك مۇسھىل بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ھەببى ئۇسارىدىن 4 ~ 6 دانىغىچە، ھەببى مۇسەككىن نەۋازدىن تۆت دانە ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئۇ بىھوشلۇق سەۋەبىدىن دورىلارنى ئىچىشكە قادىر بولالمىسا، ھەببى سالاتىن يېغىدىن بىر - ئىككى تامچە ئېلىپ، ئاز مىقداردىكى قايماق ياكى بادام يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ بىمارنىڭ تىل تۈۋىگە قويۇلىدۇ.

ھۆقنە قىلىش ئۈچۈن 60 گىرام قايناق سۇ، تۆت گىرام تۇز ئىنتايىن ياخشىدۇر، تاكى ئۈچەيلەر پاكىزلانغۇچە قايتا - قايتا ھۆقنە قىلىنىدۇ، تاكى بۆرەكنىڭ سۈيدۈك ھەيدەپ چىقىرىش پائالىيىتىمۇ ھەرىكەتكە كەلسۇن. ھۆقنە سۈيى ناھايىتى ئاستىلىق بىلەن تەدرىجي تۈز ئۈچەيگە يەتكۈزۈلىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەش ئۈچۈن ئىچكى تەرەپتىن ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، ئوغرىتىكەن شىرىسى ۋە باشقىلار شەربىتى بۇزۇرىدا ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، سۇ، ئانار شەربىتى، شەربىتى بۇزۇرى ۋە باشقىلارنى كۆپ بېرىش ناھايىتى پايدىلىقتۇر. بىماردا كېسەللىك قانچىلىك كۆپ بولسا، ئۇ شۇنچە كۆپ دورا ئىچسۇن. نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرغۇچىلاردىن بەرشىشا ئىككى گىرام، ھەببى جەدۋار ئىككى دانە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇرەككەباتى ئەپيۇنلەر ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ، بىر كۈندە ئۈچ قېتىم بېرىلىدۇ. ئەگەر داۋائى شىپا

بولسا ئۇ ھەممىدىن ياخشىدۇر، بۇ، بىر گىرامدىن 3 ~ 4 قېتىم بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئايال بىمار كۈچلۈك ۋە قاۋۇل بولسا، مېڭىسىگە قان تولغان ۋە يۈزى كۆكەرگەن بولسا، تومۇرى كۈچلۈك ۋە تېز سوقسا ھەمدە سۇباتى شىريانىنىڭ ھەرىكىتى كۈچلۈك بولسا، قان ئېلىشتىن ئەنسىرىمەسلىك لازىم. بۇ ۋاقىتتا قان ئېلىش بىر زۆرۈر ئۇسۇل بولۇپ، 300 ~ 480 گىرامغىچە قان ئېلىنىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا سۇبات شىريانىنى بېسىش بىلەنمۇ تۇتقاقلىق كېسەللىكى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش كېسەللىك ئۆتكۈرلەشكەن ۋە تۇتقاقلىق كۆپ قوزغالغان ۋاقىتتا غىزا قەتئىي توختىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئانار سۈيى، ئارپا سۈيى، سۈت ۋە باشقا مېۋىلەرنىڭ سۈيىنى تەدرىجىي بېرىش لازىم.

پەرۋىش خىزمىتى ئايال بىمار تىنچ ۋە جىمجىت، تار ياتاقتا ياتقۇزۇلىدۇ ھەمدە يېنىچە ئۇخلىتىلىدۇ ۋە ۋاقتى - ۋاقتىدا بەدىنىنى ئۆرۈپ بېرىش لازىم.

ئەسكەرتىش تەشەننۇج ھامىلدار يەڭگىشتىن ئىلگىرى كۆرۈلگەن بولسا، ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش پايدىلىقمۇ ياكى پايدىلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ كۆزقاراشتا كۆپ ئىختىلاپلار بار. لېكىن كۆپىنچە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەنلەر ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە تىرىشماسلىق لازىم، دەپ قارايدۇ.

مۇسكۇل تەشەننۇجى ئەگەر خاس مۇسكۇللاردا ئاغرىش ياكى ئاغرىقسىز تەشەننۇج بولسا، بۇ مۇتلەق مۇسكۇل تەشەننۇجى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، جۆيلۈتكۈچى قىزىتما، ئوفۇنەتلىك قىزىتما، خەنناق، بۆرەك ئىششىقى قاتارلىق ئۆتكۈر كېسەللىكلەر بىلەن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا سوغۇق تېگىشتىن، تاياق تېگىشتىن ياكى ئۈچەي قۇرتىدىنمۇ بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ. ئاز ساندا بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىدىنمۇ بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ. بەزىدە يۈزنىڭ مۇسكۇللىرىدا تەشەننۇج بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يۈزى كۆرۈمسىز بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ئىككىلەمچى لەقۋا ئەھۋالىمۇ كۆرۈلىدۇ. بەزىدە بىر ياكى ئىككىلا تەرەپتىكى قاپاقتا، قۇلاقتا ياكى لەۋلەردە تىترەش بولىدۇ. ئەگەر يۈزنىڭ بىر تەرىپىنىڭ مۇسكۇللىرىدا تىترەش كۆرۈلسە، يۈزى زىيادە كۆرۈمسىز بولىدۇ. ئەگەر يۈزنىڭ مۇسكۇللىرىدا تەشەننۇج بىر مەزگىلگىچە تۇرسا، كېسەللەنگەن تەرەپنىڭ كالپۇكى تارتىشىپ تۇرىدۇ، مۇسكۇللار قاتتىق بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا تارتىشىش پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر كەچتە پاچاقلارغا سوغۇق ئۆتۈش سەۋەبىدىن ياكى بىرەر ئەزانىڭ شېرىكچىلىكى بىلەن ئىنكاس شەكلىدە بىراقلا تەشەننۇج كۆرۈلسە، بىمار بىراقلا ئۇيقۇسىز قالسا، ئۆزىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ بېسىشقا باشلايدۇ.

قول - پۇتلارنىڭ تەشەننۇجلىنىشى بۇمۇ مۇسكۇل تەشەننۇجىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، پۇت - قوللارنىڭ مۇسكۇللىرىدا بولىدۇ ۋە بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن باشقا ئەزالارمۇ شېرىك بولىدۇ. بۇ تەشەننۇجى ئىستىمرارى بولۇپ، ئارقىمۇئارقا بىر مەزگىلگىچە تارتىشىدۇ ياكى توختاپ يەنە قايتىلىنىدۇ. بۇ ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، زەرەب، ئىسھال ۋە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن كېيىن كۆرۈلىدۇ ھەمدە كۆپرەك ئىنسان بەدىنىدىكى كۈچلەرنىڭ ئاجىزلىششى، بالىلاردىكى راخىت كېسەللىكى ھەمدە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللاردا كۆرۈلىدۇ. دەسلەپتە مۇسكۇللاردا چۈمۈلە ئۆمىلىگەندەك سېزىم ۋە ئاغرىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەشەننۇج باشلىنىدۇ. بۇ كۆپرەك شام ۋاقتىدا پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۇيقۇدىمۇ داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭدا مۇسكۇللار يىغىلىدۇ، لېكىن بىھوشلۇق بولمايدۇ، تەشەننۇجنىڭ مۇددىتى بىر قانچە دەقىقىدىن بىر قانچە سائەتكىچە بولىدۇ ھەمدە بىر - ئىككى سائەت ۋە بىر قانچە كۈن توختاپ، ئارقىدىنلا يەنە تۇتىدۇ، بۇ بىر يەڭگىل كېسەللىك بولۇپ، بىر قانچە كۈندە يوقىلىدۇ.

داۋالاش مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىپ قېلىشى ئوخشاش بولمىغان كېسەللىك ۋە ھالەتلەردىن ئىككىلەمچى شەكىلدە پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىي كېسەللىك ھالەتلىرىگە قارىتا داۋالىنىدۇ، كۈچلەندۈرگۈچىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ، مۇناسىپ ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى ۋە سېزىمسىزلاندۇرغۇچى (تەشەننۇجنى يوقاتقۇچى) دورىلاردىن مۇرەككىباتى ئەپيۇن (بەرشىشا، ھەببى جەدۋار)، مۇرەككىباتى مىشكى، جەدۋار، ئۇد سەلىب، داۋائى شىپا ۋە باشقىلار يېگۈزۈلىدۇ. كېسەل تۇتقان ۋاقىتتا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇۋۇلىنىدۇ، ئابزەن ۋە پاشويە قىلىنىدۇ. قىسقىسى، بىرەر ئۇسۇلدا سۇيۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش پايدىلىقتۇر. تەشەننۇجنى توسقۇچى ياغلاردىن كافۇرنى ئاچچىق ئۆسۈملۈك يېغىدا ئېرىتىپ چېپىشمۇ پايدىلىقتۇر.

تەمەددۇد ۋە كۇزاز

تەمەددۇد مۇسكۇللارنىڭ ئىككى تەرىپى (مەسىلەن: ئالدى ۋە ئارقا تەرىپى) تەشەننۇجنىڭ نامىدۇر، بۇنىڭ بىلەن ئەزا تۈز ۋە تارتىشقان ھالەتتە تۇرىدۇ، مەلۇم تەرەپكە ئېگىلمەيدۇ. تەمەددۇد بۇنىڭدىن زىيادە يىغىلمايدۇ ۋە كېڭەيمەيدۇ، قايتمايدۇ ۋە ئېگىلمەيدۇ. بۇ ياخشىلانغۇچە بىمار خۇددى بوغۇمىدا ھەرىكەت يوقتەك بولۇپ قالىدۇ.

شۇڭلاشقا بۇقراتنىڭ: «تەمەددۇد تارتىشىش پەيدا بولغان بولسا، بىمار تۆت كۈنگىچە ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەگەر تۆت كۈندىن ئېشىپ كەتسە ساقىيىدۇ» دېگەن سۆزىنى شەرھلەپ، جالىنۇس

مۇنداق دېگەن: «تەمەددۇد ئارقا ۋە ئالدى ئىككى تەرەپنىڭ تەشەننۇجىنىڭ مۇرەككەپلىشىشىدىن پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەمەددۇد تەشەننۇجتىن زىيادە كۈچلۈك بولىدۇ ھەمدە تەبىئەت مۇسكۇللارنىڭ كۈچلۈك تارتىشىپ ئاغرىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن تەمەددۇد بوھران باسقۇچى تۆت كۈن بولىدۇ».

تەمەددۇد تەشەننۇجنىڭ قارىمۇقارشىسىدۇر (سەمەرقەندى). ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئېيتقانكى، «تەمەددۇد بىر خىل كېسەللىكتۇر، بۇ مۇرەككەپ ئەزالاردا پەيدا بولىدۇ ھەمدە ھەرىكەتلىنەلەيدىغان ئەزالارنىڭ يىغىلىش قۇۋۋىتىنى توسىدۇ، تەمەددۇد مەيلى ئەزانى كېڭىيىشتىن توسسۇن ياكى توسمىسۇن بەرىبىر پەيدا بولىدۇ. قىسقىسى، بۇ خۇددى تەشەننۇج ئەزالارنى كېڭىيىشتىن توسقاندەك ئېگىلىش ۋە يىغىلىشتىنمۇ توسىدۇ، لېكىن تەمەددۇدنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا تەشەننۇجنىڭ ئەكسى بولالمايدۇ، بەلكى قايتا - قايتا تەشەننۇجلانغاندىمۇ تەمەددۇد كېلىپ چىقىدۇ.

تەمەددۇدنىڭ سەۋەبلىرى تەشەننۇجنىڭكىگە ئوخشايدۇ، تەمەددۇدمۇ بۇزۇلغان ماددا ۋە ئىستىفراغنىڭ ئۆتكۈر بولۇشى ھەم باشقا ئەزىيەتلەردىن پەيدا بولىدۇ.

كۇزاز بۇ كېسەللىكنىڭ نامى چوقۇم بولىدىغان ئالامەتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. چۈنكى لۇغەتتە كۇزازنىڭ مەنىسى يىغقۇچى ۋە قۇرۇتقۇچىدۇر (بۇ كېسەلدە چوقۇم بولىدۇ).

بەزىدە كۇزاز چىراي مۇسكۇللىرىدىن باشلانغان تەشەننۇجقا قارىتا ئېيتىلىدۇ، ئاندىن مۇسكۇللارنى ئۇزۇنىسىغا ئالدى تەرەپ ياكى ئارقا تەرەپ ياكى ئىككىلا تەرەپكە تارتىشتۇرىدۇ، تەمەددۇد ئىككى تەشەننۇجتىن مۇرەككەپ بولغاندا تارتىشىش ئىككىلا تەرەپتە بولىدۇ.

بەزىدە كۇزاز مەلۇم ئەزادا بولغان ھەربىر تەمەددۇدقا ئېيتىلىدۇ. بەزىدە كۇزاز مەخسۇس ئىچكى ياكى سىرتقى سوغۇقلۇقتىن پەيدا بولغان تەمەددۇدقا قارىتا ئېيتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سوغۇقلۇقتىن ھۆللۈك قېتىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئەپيۇن ئىستېمال قىلىش، مۇزدەك سوغۇق سۇ ئىچىش ۋە ياكى قاتتىق سوغۇق ھاۋاغا يولۇقۇشتىن ھەمدە سوغۇق سۇغا چۆمۈلۈشتىن پەيدا بولىدۇ، مەيلى تەمەددۇد بىر ياكى ئىككى تەرەپتە بولسۇن.

جالىنۇس: «بەزى تەمەددۇد قاتتىق سوغۇقلۇقتىن كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن نېرۋىلاردا جۇمۇدقا ئوخشاش ھالەت پەيدا بولىدۇ» دەپ ئېيتقان.

رازى: «كۇزاز بەزىدە مەخسۇس ھالەتتە ئومۇرتقا تۈۋرۈكى مۇسكۇللىرىدا يۈز بېرىدىغان جۇمۇدقا قارىتا ئېيتىلىدۇ» دەپ ئېيتقان.

قوشۇمچە كۇزاز بىر خىل ئۆتكۈر كېسەللىكتۇر، ئۇ مەخسۇس كۇزاز ماددىسىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا بەدەننىڭ ئىختىيارىغا بېقىنىدىغان مۇسكۇللاردا ئۆتكۈر تەشەننۇجى ئىستىمرارى

كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى

كۇزاز①نىڭ سەۋەبى ئەگەر كۇزاز (تەمەددۇد) ماددىدىن پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبى تەمەددۇد پەيدا قىلغۇچى سۇيۇقلۇقنىڭ نېرۋا تالالىرىنىڭ ئىچى ۋە ئۇنىڭ يېرىقلىرىغىچە يېتىپ بېرىشتىن پەيدا بولىدۇ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك مۇسكۇللارنى تارتىشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەزا تارتىشىپ تۈز بولۇپ قالىدۇ، يىغىلىشى ۋە قىيسىيىشى قىيىن بولىدۇ، لېكىن ئەزانىڭ ئۆزۈنلۈقىدا ھېچقانداق قىسقىراش بولمايدۇ ياكى بۇ ماددا نېرۋىلارنىڭ باشلىنىش ئورنىدا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك نېرۋا، مۇسكۇللاردا تارتىشىش ۋە تارىيىش پەيدا بولىدۇ ھەم ئەزا تارتىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەزا يىغىلىشقا قادىر بولالمايدۇ ياكى تەمەددۇد نېرۋىلارنىڭ باشلىنىش ئورنى ۋە ئۇنىڭ تەنلىرىگە بىرەر ئەزىيەت يېتىشتىن، مەسىلەن: يىلان، چايان چېقىۋېلىش ياكى ئۆتكۈر ماددا ياكى سوقۇلۇش ۋە ياكى ئۆتكۈر قۇسۇشتىن كېيىن تەمەددۇد پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ كۈچلۈك قۇستۇرغۇچى زىيانلىق ماددىلار قانغا سۈمۈرۈلسە، نېرۋىلار ۋە مۇسكۇللارغا ئەزىيەت يېتىدۇ ۋە تەمەددۇد ۋە تەشەننۇجنىڭ سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ.

تەتقىقات ئەسلىي ھەقىقەت شۇكى، قىسقارغۇچى ۋە كېڭەيگۈچى ئەزالاردا ئىككى خىل مۇسكۇل باردۇر، شۇڭلاشقا قىسقارغۇچى مۇسكۇللار ئەگەر تارتىشسا، ئەزالار قىيسىيىدۇ. كېڭەيگۈچى مۇسكۇللار تارتىشسا ئەزا كېڭىيىدۇ، ئەگەر بۇ ئىككىلىسى داۋاملىق تارتىشسا تەدرىجىي تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ، بۇ ئىككىلا تەرەپتىكى كېڭەيگۈچى ۋە يىغىلغۇچى مۇسكۇللاردا تەشەننۇج پەيدا بولسا، ئۇ ئەزا تارتىشىپ تۈزلىنىپ، تەمەددۇد ھالىتىدە تۇرۇپ قالىدۇ، بۇ ئىككىلا مۇسكۇلنىڭ تەشەننۇجلىنىشى دەپ ئاتىلىدۇ. قىسقىسى، بۇ بارلىق ھالەتلەر تەشەننۇجتىلا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە كىشىلەر تەمەددۇدنى ئايرىم بايان قىلمىغان (ت).

قۇرۇقلۇقتىن بولغان كۇزازنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەگەر مۇسكۇللارنىڭ قۇرۇقلۇق يېتىش ۋە سۇيۇقلۇقنىڭ تارقاپ كېتىشى سەۋەبىدىن كەڭلىكى كېمەيگەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئەسەبىي قۇۋۋەتنىڭ يوللىرى يىغىلىدۇ ھەمدە بۇ يوللارغا ھەرىكەتلەندۈرۈش قۇۋۋىتى ئۆزلىشەلمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەزالارنىڭ مۇسكۇللىرى تارتىشىپ ھەرىكەت قىلالمايدۇ، ئاندىن كېيىن قۇرۇقلۇق غالىب كەلگەنلىكتىن مۇسكۇللاردا قاتتىقلىقمۇ بولىدۇ، بۇ ئەھۋال كۇزازنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

---

① كۇزاز — بۇ يەردىكى كۇزازدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى تەمەددۇدتۇر. بۇ، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ تونۇشتۇرۇشى بويىچە تەشەننۇجنىڭ قارىمۇقارشىسىدۇر. بۇنىڭدا ئەزانىڭ يىغىلىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

تەمەددۇد ۋە كۇزاز ئىككى تەرەپتىكى مۇسكۇللاردا پەيدا بولىدۇ، ئىككى بىر تۈردىكى تەشەننۇجتىن زىيادە ناچار بولىدۇ. چۈنكى، ئىككى تۈردىكى تەشەننۇج بىر تۈردىكى تەشەننۇجتىن زىيادە ئۆتكۈر بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى تەمەددۇد ۋە كۇزاز تۆت كۈندە تامام بولىدۇ، بۇ تۆت كۈندە بىمار ساقىيىدۇ ياكى ئۆلۈپ كېتىدۇ①.

بەزىدە كۇزاز زەھەرلىك بۇخارات ۋە يەللەردىن پەيدا بولىدۇ، بۇ مۇسكۇللارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ ۋە تارتىشىش پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە كۇزاز بىرەر جاراھەتتىن ياكى ئوتتا كۆيۈپ قېلىشتىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نېرۋىلار ۋە مۇسكۇللاردا يېقىمسىزلىق بولىدۇ، مۇسكۇللارغا ئەزىيەت يېتىدۇ ھەمدە ئىككى تەرەپتىكى مۇسكۇل كۈچلۈك يىغىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەزا تارتىشىپ تۈز بولۇپ قالىدۇ ياكى ئازراق قىيسىيىدۇ.

جاراھەت، زەخىم، كۆيۈكتىن كېيىن كۇزاز پەيدا قىلغۇچى مەخسۇس زەھەر بەدەنگە كىرىدۇ. يەڭگەندىن كېيىن چىللە مەزگىلىدە ئانا ۋە بالىغا كۇزاز بالىلارغا كىندىك يولى ئارقىلىق، ئانىغا بالىياتقۇ زەخمىسى يولى ئارقىلىق كۇزاز ماددىسى كىرىش سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك يۈز بېرىدۇ.

كۇزازدا مۇسكۇللارنىڭ تەشەننۇجلىنىشىدىن بەدەن تارتىشىپ، بەزىدە ئالدى تەرەپكە، بەزىدە كەينى تەرەپكە، يەنە بەزىدە مەلۇم تەرەپكە قىيسىيىپ قالىدۇ.

قوشۇمچە كۆپىنچە سوقۇلۇش ۋە زەخىمدىن كېيىن پەيدا بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە ئۇلارسىزمۇ كۆرۈلىدۇ. ئومۇمەن بۇ كېسەل ياشلاردا بولىدۇ، بەزى ئاياللاردا يەڭگەندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى ئەگەر كۇزاز ئالدى تەرەپتە بولسا بىمارنىڭ چىرايى قىزىلغا مايىل بولىدۇ، نەپەسلىنىش ئەزالىرى تارتىشىش ھەمدە نەپەسلىنىش ئەزالىرىدىكى تەمەددۇد سەۋەبىدىن بىماردا بوغما ۋە دېمى سىقىش كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مېڭە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەزالارغا قان تولۇپ، بىمارنىڭ يۈز ۋە كۆزلىرى رومال قاتارلىقلار بىلەن دارغا ئېسىلغان كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشاش قىزىل بولىدۇ ياكى نەپەس يېتىشمەسلىكتىن، قان تولۇشتىن ياكى كۆك قان تومۇردىكى قاننىڭ سۈزۈك بولماسلىقىدىن بىمارنىڭ چىرايى يېشىلغا مايىل ياكى كۆككە مايىل قارا بولىدۇ. ئىككى كۆزى پۇلتىيىدۇ، بىمار كۈلۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭ

---

① بۇ ئورۇندا ئەللامە سەمەرقەندى يازغانكى، لېكىن قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇج تەمەددۇد ۋە كۇزاز ئىككىلىسىدىن زىيادە ناچار بولىدۇ.

سەۋەبىدىن ئىككى جاغنىڭ مۇسكۇللىرى تارتىشىدۇ، ئاغرىق ①نىڭ كۈچلۈكلۈكى سەۋەبىدىن بىمار ئۇخلىيالمايدۇ.

سۈيدۈكى تۇتۇلىدۇ ② ۋە بەزىدە بىمارنىڭ كىچىك تەرىتى ئىختىيارسىز ئاز ئاز چىقىپ كېتىدۇ، بەزىدە كىچىك تەرىتى قان ئارىلاش كېلىدۇ، چۈنكى زىيادە تارتىشىش ۋە بېسىلىش سەۋەبىدىن ئۇششاق قان تومۇرلار يېرىلىپ كېتىدۇ.

تەمەددۇد ۋە كۇزازنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ئالامىتى ھۆللۈك، قۇرۇقلۇق ۋە ئىششىقتۇر ھەم ئۇنىڭ ئەزىيىتىدۇر، بۇ تەشەننۇجتا سۆزلەندى.

قوشۇمچە دەسلەپتە بىمارنىڭ قىزىلئۆڭگەچ ۋە بويۇن مۇسكۇللىرى تارتىشىدۇ، بۇنىڭدا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، ئېڭىكى چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاۋازى ئۆزگىرىدۇ، يۇتۇشى قىيىنلىشىدۇ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى قاتتىق ئاغرىيدۇ، ئېغىز بۇرجىكى تارتىشىدۇ، ئاندىن ئېغىزمان ۋە مۈچە مۇسكۇللىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىلەن پۈتۈن بەدەن مۇسكۇللىرى تارتىشىدۇ، ئەگەر بىمارنىڭ ئۇيقۇسى كەلسە تەشەننۇج ئازلايدۇ، لېكىن ئۇيقۇسىز ھالەتتە شامال تېگىش، كۈچلۈك ئاۋازنى ئاڭلاش ۋە يورۇقلۇققا ئۇچرىشىشتىن تەشەننۇج پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ، كۇزازدا بەزىدە بىمارنىڭ بېشى كەينى تەرەپكە، بەدىنى ئالدى تەرەپكە تارتىشىپ قالىدۇ، بۇنىڭدىن بەدەن ياغا ئوخشاش ئېگىلىپ قالىدۇ (كۇزازى خەلفى). بەزىدە بەدەن ئالدى تەرەپكە ئېگىلىپ قالىدۇ (كۇزازى قۇدامى) ۋە بەزىدە مەلۇم تەرەپكە ئېگىلىپ تارتىشىپ قالىدۇ (كۇزاز جانىبى). بەدەن ھارارىتى ساغلام ۋاقتىدىكىدىن زىيادە بولىدۇ، بەزىدە بىمارنىڭ بەدەن ھارارىتى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى 106 ~ 110 دەرىجىگىچە يېتىپ بارىدۇ، بىمار ئۇسساشتىن بىئارام بولىدۇ، قەۋزىيەتمۇ كۆرۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە ئۆلگەنگە قەدەر بىمارنىڭ ھوش - سېزىمى يوقالمايدۇ، بىمار كۆپىنچە 4 -، 5 - كۈنلىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ، يەنى بۇ كېسەللىكنىڭ ساقىيىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ، ئەگەر بىمار ساقىيىشقا يۈزلەنسە، تەشەننۇج تەدرىجىي ئازىيىشقا باشلايدۇ ۋە ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن قوزغىلىدۇ، بەدەن ھارارىتى ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەيدۇ ۋە قىسقىغىنە ۋاقىتتىن كېيىن بىمار ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىرەر كىشى كۈچۈلا ياكى كۈچۈلا جەۋھىرىنى كۆپ مىقداردا يېگەن بولسا،

---

① كۇزازنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىدە ئاغرىق چوقۇم بولىدۇ (نەفىيس).

② چۈنكى كېرىگەت ۋە قورساق مۇسكۇللىرىدا تەمەددۇد پەيدا بولغاندا دوۋساقتىن سۈيدۈك قۇۋۋىتى تەبىئىي چىقىرىلىدۇ، قورساق مۇسكۇللىرىمۇ بۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ ۋە دوۋساققا يىغىلىش بېسىمى چۈشۈرىدۇ ھەمدە دوۋساق بوشلۇقىدىكى سۈيدۈكنى سىقىپ چىقىرىدۇ. بەزىدە دوۋساق سىڭايان بولۇپ، قورساق مۇسكۇللىرىنىڭ تەمەددۇدى بىلەن ئاز - ئازدىن ئىرادىسىز چىقىپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىمۇ كۇزازغا ئوخشاش ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ، بۇ ئىككى ھالەت تۆۋەندىكى ئالامەتلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

كۇزاز

1. كۇزازدا كېسەللىك قوزغىلىش بىلەنلا چىشلىرى كىرىشىپ قالىدۇ ۋە تەشەننۇجنىڭ تۇتقاقلىقى يوقالغاندا چىشلىرى ئەسلىگە قايتىدۇ.

2. تەشەننۇج دەسلەپكى ئالامەتلەردىن كېيىن ئاستا - ئاستا باشلىنىدۇ ۋە تەشەننۇجتىن كېيىن مۇسكۇللار تارتىشىپ تۇرىدۇ.

3. كۇزاز بىمارى ئۈچ - تۆت كۈندە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

4. كۇزاز بىمارىنىڭ زارىنى ئاڭلىغاندا زەخملەنگەنلىكى ئومۇمەن مەلۇم بولىدۇ.

كۆچۈلادىن زەھەرلىنىش:

1. كۆچۈلادىن زەھەرلىنىش سەۋەبىدىن كۇزاز كېسىلى كۆرۈلسە، چىشى ئاخىرىدا كىرىشىپ قالىدۇ ھەمدە كېسەل تۇتمىغاندا كىرىشمەيدۇ.

2. كۆچۈلادىن زەھەرلەنگەندە تەشەننۇج ناھايىتى تېز باشلىنىدۇ ھەمدە تۇتمىغاندا مۇسكۇللار بوشىشىدۇ.

3. كۆچۈلادىن زەھەرلىنىش سەۋەبىدىن بىمار 15 مىنۇتتىن بىر سائەتكىچە بولغان ۋاقىتتا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

4. كۆچۈلانىن زەھەرلەنگەندە كۆچۈلا ياكى كۆچۈلا جەۋھىرى يېگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش داۋالاشمۇ تەشەننۇجنى داۋالاشقا ئوخشاشتۇر، لېكىن ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا: «كۇزازنى داۋالىغاندا، تەشەننۇجقا نىسبەتەن تېز داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم. چۈنكى، كۇزازدا گال بوغۇلۇپ، نەپەس توختاپ بىراقلا ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ ئېيتقان.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان ئۇسخىلار ئەگەر بىمارنىڭ بەدىنىدە زەخىم بولسا، زەخمنى ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇپ، بىرەر مۇناسىپ مەلھەملەردىن مەلھىمى نىم ياكى مەلھىمى كافۇر چېپىلىدۇ، بىمارنىڭ قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئاسان سىڭىدىغان غىزالار بېرىلىدۇ، ئەگەر قەۋزىيەت بولسا مۇسھىل ياكى ھۆقنە ئارقىلىق يوقىتىلىدۇ، سوغۇق ئۆتكۈزۈپ قويماسلىق، يۇمشاق كۆرپىدە، تار ياتاقتا ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش، بىمارنىڭ يېنىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماسلىق، ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇش ياكى ھورلاندۇرۇش لازىم.

ئەگەر تەشەننۇج تۇتۇشقا باشلىسا، كەندىرنى سۇدا ئېزىپ ياكى كەندىر رۇببىسىدىن (كەندىر يوپۇرمىقى ۋە ئەپيۇندىن تەييارلانغان نەشىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ) 0.12 گىرام ئېلىپ، بىماردا مەستلىك ۋە باش ئايلىنىش پەيدا بولغۇچە قايتا - قايتا يېرىم سائەت ۋاقىت

قالدۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە تۇتقاقلىق يوقالغاندىن كېيىن مەجۇنى فەلەك سىيردىن بەش گىرام ياكى جاۋاھىرلار چۈشكەن داۋائىلمىشكى مۆتىدىلدىن بەش گىرام ياكى جەدۋار، ئۇد سەلىب چۈشكەن خىمىرى گاۋزىباندىن يەتتە گىرام ياكى تەرياقى پارۇقتىن بىر گىرام ۋە باشقىلارنى كۈندە ئاز ـ ئازدىن بىر قانچە قېتىم يېگۈزۈلىدۇ.

كىچىك باللاردىكى كۇزاز كۇزاز ئەسلىدە باللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، بۇ كېسەللىكنى «قورقۇشنىڭ تەسىرى» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ، ھالبۇكى، بۇمۇ ئەسلىدىلا تەشەننۇج كېسىلىدۇر، بۇ كۇزاز ماددىسى بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك كۆپىنچە يوقسۇل، ئاجىز، بىلىمسىز ئائىلىلەردىكى باللاردا كۆرۈلىدۇ. چىللە ئىچىدىكى ئايالنى تار، مەينەت، قاراڭغۇ، زەيكەش ئۆيدە ياتقۇزۇش، بالىنىڭ كىندىكىنى مەينەت قايچا بىلەن كېسىش ھەمدە كىندىكىنى مەينەت، كىر لاتىلار بىلەن ئوراش قاتارلىقلار بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. قىسقىسى، كۇزازنىڭ زەھىرى مەينەت قايچا، زەيكەش زېمىن ياكى كىر رەختلەر بىلەن بالىنىڭ كىندىكىنى ئوراش سەۋەبىدىن بالىنىڭ بەدىنىگە كىرىپ، ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇزۇلغان ماددىلارنىڭ قورساقتا مەۋجۇت بولۇشى، غىزالىنىشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى ۋە ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى، سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرى قاتارلىقلارمۇ بۇ كېسەللىكنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىك ئومۇمەن تۇغۇلغىنىغا 3 ~ 13 كۈنلۈك بولغان باللاردا پەيدا بولىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بېشارەتچى ئالامەتلەردىن كېيىن تەدرىجىي كۆرۈلىدۇ ۋە بەزىدە بىراقلا كۆرۈلىدۇ، بېشارەتچى ئالامەتلىرى ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

بالا يىغلايدۇ ۋە بىئارام بولىدۇ، پۇت ـ قوللىرى بىرەر سەۋەبسىز تارتىشىدۇ، ئۇيقۇسى ياخشى بولمايدۇ ۋە قايتا ـ قايتا چۆچۈيدۇ. بالا سۈت ئېمىشكە تەلپۈنىدۇ، لېكىن ئېمەلمەيدۇ. كۆزىنىڭ ئەتراپى كۆكىرىدۇ، ئىچى كۆك رەڭلىك سۇرىدۇ ھەمدە تەرىتىگە چاپلاشقاق ھۆللۈك ئارىلاشقان بولىدۇ. ئۇ ئالامەتلەردىن كېيىن كېسەللىكنىڭ خاس ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، يەنى بالىنىڭ يۈز مۇسكۇللىرى تۇيۇقسىز تەرتىپسىز تەشەننۇجلىنىدۇ، ئېغىزىدىن كۆپۈك چىقىدۇ، بارماقلىرى ئىچى تەرەپكە ئېگىلىدۇ، ئېڭىكى چۈشۈپ كېتىدۇ، سۈت ئېمەلمەيدۇ، يۈزى ۋە بەدىنىنىڭ رەڭگى كۆك بولىدۇ، دورا ئىچكۈزۈش ۋە ئېغىزىنى ھۆل قىلىش بىلەن تەشەننۇج تۇتۇشقا باشلايدۇ، ئاقىۋىتى ئېغىر بولۇپ، بۇنىڭدا بالا كۆپىنچە 8 ~ 30 سائەتكىچە بولغان ئارىلىقتا بوغۇلۇش ياكى كۈچىنىڭ يوقىلىشىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەزىدە بىماردا يۇقىرىدىكى بېشارەتچى ۋە مەخسۇس ئالامەتلەر كۆرۈلمەي، كۇزاز تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا ھازىرغىچە بىرەر ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ياكى دورا يوق،

شۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق ئۈمىد بىلەن بالىنىڭ پۇت - قوللىرىغا ئۇرۇلىدۇ، بالىنىڭ ئانىسى ۋە ئۇنىڭ دەردداشلىرىغا تەسەللى بېرىلىدۇ، نەپەس ئېلىشى راۋانلاشقۇچە بىمارنىڭ قېشىدا تۇرۇشمۇ بىر ياخشى ئۇسۇلدۇر.

بالىلاردىكى كۇزازنىڭ ئىلاجى ۋە چارىلىرى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنىدۇ: بالىنىڭ زەخىملەنگەن كىندىكى جاراھەت تازىلاش ئۇسۇلى بىلەن يۇيۇپ پاكىزلىنىدۇ ھەمدە يېڭى مەلھەم ئىشلىتىلىدۇ. ئىلمان سۇدا بالا قىسقا ۋاقىت تۇرغۇزۇلىدۇ ۋە ئىسسىق سۇدا يۇيۇندۇرۇلىدۇ، ھەسەل ۋە بىدانجىرنى ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، بۇلار بىلەن ئۈچەي تازىلىنىدۇ ۋە ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى، تىنچلاندۇرغۇچى ھەم بالىلاردىكى تەشەننۇجقا قارشى تۇرغۇچىلار ئاز مىقداردا ئېھتىيات بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ تەپسىلاتى «كۇزاز كېسىلى» بايانىدا سۆزلەندى. مەسىلەن: جەدۋار ۋە ئۇد سەلىبتىن 0.12 گىرامدىن ئېلىپ، ئىككىلىسىنى ئېزىپ، ئۇنى خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ بىر قانچە قېتىم يالىتىلىدۇ. ئىپار ۋە كافۇر يېگۈزۈلىدۇ، پۇرىتىلىدۇ ھەمدە بۇلارنى ئۆسۈملۈك ياغلىرىدا ئېرىتىپ بەدەنگە چېپىش پايدىلىقتۇر.

بالىنىڭ ئانىسىنى ساقلىقنى ساقلاش قائىدە - ئۇسۇللىرىغا رىئايە قىلدۇرۇش، ياخشى غىزالاندۇرۇش، نىپاس ئىچىدىكى ئايال ۋە بالىغا پاكىز كىيىم كىيدۈرۈش ھەمدە كۈن نۇرى كۈچلۈك بولمىغان پاكىز، ھاۋالىق ۋە قۇرۇق ئورۇنلاردا تۇرغۇزۇش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەزا تىترەش كېسەللىكى (رەئشە)

رەئشە لۇغەتتە «تىترەش» دېيىلگەندۇر. بۇ كېسەللىكنىڭ نامى چوقۇم بولىدىغان ئالامەت بىلەن ئاتالغان (چۈنكى بۇ كېسەللىكتە تىترەش چوقۇم بولىدۇ).

رەئشە بىر خىل ئەزا كېسەللىكىدۇر، يەنى رەئشە مۇرەككەپ ئەزالاردا بولىدىغان كېسەللىكتۇر، بۇ ئەزانىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ئەزاغا ھەرىكەت بېرىپ، يەنى ئۆز يولى ۋە ئۆز نېرۋىلىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز مۇسكۇللارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن ياكى ئۈزلۈكسىز بىر ھالەتتە تۇرغۇزۇشتىن ئاجىز كېلىشى ھەمدە ئەزانىڭ ئېغىرلىقى بىلەن تەڭ تۇرالمىغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئەزانىڭ ئېغىرلىقى ئەزانى تۆۋەنكى تەرەپكە ھەرىكەت قىلدۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىختىيارىي ھەرىكەتلەر ياكى ئىختىيارىي جىمجىتلىق بىلەن زىددىيەتلىشىدۇ، ئاندىن ئىختىيارىي ھەرىكەتلەر، ئىختىيارسىز ھەرىكەتلەر بىلەن بىرلىشىدۇ ياكى ئەزانىڭ ئىختىيارىي جىملىقى، ئىختىيارسىز ھەرىكەت بىلەن بىرلىشىدۇ.

قوشۇمچە بەزى تەتقىقاتچىلار ئۆزىنىڭ داۋالاش كىتابلىرىدا سوغۇقتىن توڭلاپ تىترەش ۋە باشقىلاردەك رەئشەگىمۇ مۇستەقىل ئىسىم تۇرغۇزمىغان، بەلكى باشقا كېسەللىكلەر بىلەن ئەگەشمە ئالامەت ۋە ئالامەت شەكلىدە بايان قىلغان.

بۇ كىشىلەر رەئشەنىڭ ماھىيىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

رەئشە بىر نازۇك، يەڭگىل قىسىمدىكى تىترەشلىك تەشەننۇجتۇر، بۇ پەقەت سىرتقا چىقىدىغان ۋە چوڭ ئەزالاردا، مەسىلەن: قول - پۇت، باش ۋە تىل قاتارلىقلاردا بولىدۇ، لېكىن بەزىدە رەئشە مۇسكۇللاردا ياكى مۇسكۇللارنىڭ بەزى خاس تالالىرىدىمۇ يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭدىن پۈتۈن ئەزادا تىترەش ئاشكارا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ خاس مۇسكۇلى ياكى ئۇ تالالارنىڭ تۈۋىنگىچە چەكلىك تىترەيدۇ، بۇ قىسىمدىكى تىترەشنىڭ نامى ئىختىلاج (تىترەپ كېتىش) دەپ قويۇلغاندۇر، بۇنىڭ ماھىيىتى تىترەشكە قارىمۇقارشى بولمايدۇ، رەئشەنىڭ ھەر خىل دەرىجىسى باردۇر.

سەل ئېغىرلاپ قالغان يەنى ئاشكارا قىسىمدىكى رەئشەنىڭ مىسالى شۇكى، قولى بىرئاز تىترەپ، سۇ ئىچكەندە قاچا سىلكىنىپ كېتىدۇ، سۇنى تۆكۈۋەتمەي ئىچىشى قىيىن بولىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ يۇلۇننىڭ بىرقانچە ئورۇندىن قېتىش ۋە باشقىلىرىدا تېپىلىدۇ، بۇنىڭدىن يەڭگىل رەئشە پەيدا بولىدۇ، بۇ تىلنى ئېغىزدىن چىقارغاندا ياكى قولىنى ئۇزاتقان ۋاقىتتا شۇ ئەزالاردا ئاشكارا بولىدۇ ياكى بۇ ھاراقنىڭ سوزۇلما زەھەرلىشىدىن ياكى بىرەر باشقا ماددىلاردىن، مەسىلەن: قوغۇشۇننىڭ زەھىرىدىن ياكى تىترەشلىك پالەچتىن ياكى باشقا ئاجىزلىقلارنىڭ نەتىجىسىدە ئاشكارا بولىدۇ. بۇ، مەلۇم ئۆتكۈر ياكى ئېغىر كېسەللىك سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ ئىككىسى قارشىلاشقاندا بۇنىڭدىن ناھايىتى يەڭگىل رەئشە پەيدا بولىدۇ، بۇ چىراي ۋە قول پۇتلارنىڭ مۇسكۇللىرىدا ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ئىختىلاج دېيىلىدۇ ھەممە بۇ كېسەللىك ئومۇمىي پالەچ، جۇنۇن، مۇسكۇللار يىگىلەشنىڭ دەسلىپى ۋە ئورۇقلاتقۇچى پالەچلەردە كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى رەئشە بەزىدە ماددىسىز سوغۇقتىن نېرۋىلارنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ نېرۋىلارنىڭ نورماللىقىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نېرۋىلارغا ئۆتىدىغان قۇۋۋەتتىن تولۇق تەسىرلەنمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن نېرۋىلار بىرئاز بوشاشسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ تەسىرى پالەچ پەيدا قىلىدىغان دەرىجىگىچە يېتىپ بارمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدا بىرقەدەر قۇۋۋەت قېپقالغان بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن نېرۋىلار ئەزانى ئۈستى تەرەپكە تارتىدۇ، بۇ يەردىكى ئاجىزلىق سەۋەبىدىن ئەزا تىترەشتىن توختاشقا قادىر بولالمايدۇ، بۇنىڭدىن ئەزا ئاستى تەرەپكە بارىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشمىغان، قارىمۇقارشى ھەرىكەتلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك ياشانغانلاردا

چىقىرىلىدۇ، كۈچلۈك دورىلار ۋە كۈچلۈك سۈرگىلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇ تۈردىكى دورىلار كۈچلەرنى تارقىتىپ ۋە ئاجىزلاشتۇرۇپ، رەئىشەنى كۈچەيتىۋېتىدۇ ھەمدە ئىككىلىسى (سۇئى مىزاج سادده ۋە ئىمتىلا) دە مىزاجنى تەڭشەش، قۇستە يېغى، زىنبىق يېغى سۈركەش، بۆرە ۋە توشقان شورپىسىدا بىمارنى ئولتۇرغۇزۇش، ئىسپەت (بىر خىل ئۆسۈملۈك دورا) نىڭ زىماتىنى چېيىش، ئىسسىق بۇلاقلارنىڭ سۈيى بىلەن ھامامغا چۈشۈرۈش، تىترىگەن ئەزانى بېسىپ ئۇۋۇلاپ بېرىش لازىم، چۈنكى بۇ بارلىق چارىلەر رەئىشە بولغان ئورۇنغا قاننى كۆپ سۈمۈرتۈپ، بۇ ئورۇننى ئىسسىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت قۇۋۋىتى ئەسلىگە كېلىدۇ.

روھىي كەيپىياتلاردىن بولغان رەئىشەنى داۋالاش ئەگەر رەئىشەنىڭ سەۋەبى پاسسىپ روھىي كەيپىياتلاردىن بولسا، بىمار تىنچلاندۇرۇلىدۇ ۋە خۇشاللاندۇرۇلىدۇ، ئارام ئالدۇرۇلىدۇ ۋە راھەتلەندۈرۈلىدۇ ھەمدە قۇۋۋەتتە زىيادە ئاجىزلىق پەيدا قىلماسلىق، رەئىشەنىڭ سەۋەبىنى يوقىتىش لازىم.

نېرۋىلارنىڭ قۇرۇشىدىن بولغان رەئىشەنى داۋالاش ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇجتا سۆزلىنىپ بولدى.

نېرۋىلارغا ئەزىيەت يېتىشتىن بولغان رەئىشەنى داۋالاش ئۇنىڭ سەۋەبلىرى يوقىتىلىدۇ ھەمدە بۇ سەۋەبلەرنىڭ تەسىرى قېپقالغان بولسا ئۇمۇ يوقىتىلىدۇ، سوغۇقلۇقتىن بولغان بولسا سەۋەبىنى يوقىتىشنىڭ شەكلى شۇكى، زەيتۇن يېغىغا ئاقىرقەرھا، ھىڭ، قۇندۇز قەھرى قوشۇپ چېيىش ۋە كۆيگەن ئەھۋالدا ئىسپىغۇل لۇئابى، تۇخۇمنىڭ ئېقى ۋە سوغۇق ياغلارنى چېيىش، زەھەرلىك جانىۋارلار چېقىۋالغاندا شۇنىڭ چارىلىرىنى قىلىش لازىم. بۇنىڭ بايانى ئاللا خالىسا بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدا سۆزلىنىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار پالەچنى ئەمەلىي داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئۇسسۇل ئويناش كېسىلى

بۇ كېسەللىك بەدەننىڭ بىر ياكى ئىككى تەرىپىدە جۈملىدىن قول - پۇت ۋە يۈزنىڭ مۇسكۇللىرىدا بولىدۇ، بۇ ئۇيقۇ ھالىتىدە يوقىلىدۇ. بۇ تەرتىپسىز ھەرىكەت ئۇسسۇل ئويناش ھەرىكىتى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ نامى ئۇسسۇل ئويناش كېسىلى، دەپ قويۇلغان.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك ئىرسىيەتلىك بولۇپ 8 ~ 16 ياشقىچە بولغانلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىككە بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇشقا گىرىپتار بولغان بىمارلار ياكى ئەسەبىي مىزاج بولغان كىشىلەر ئاسان گىرىپتار بولىدۇ، سۇئىئۇلقۇنىيە (كەم قانلىق)، ئۆتكۈر چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، يۈرەك قېرىنچە ئىششىقى، تارقىلىشچان قىزىتما، ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلماسلىق، رەنج ۋە غەم، باشقا زەربە تېگىش، مېڭە ئاجىزلىقى، قورقۇنچ، بالىلاردىكى ئۈچەي قۇرتى، ئاياللاردىكى ھەيز قالايمىقانلىشىش، تۇنجى ھامىلىدارلىق، ئەرلەردىكى جەلەق قىلىش ئادىتى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرىدىن سانىلىدۇ.

ئالامىتى كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە بىمار بىئارام بولىدۇ، بىر جايدا ئولتۇرالمايدۇ، مىجەزى چۇسلىشىدۇ، ھەزىم قىلىش پائالىيىتى بۇزۇلىدۇ، قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرىدۇ، يول يۈرگەندە كىچىك قەدەم ئالىدۇ، پۇتلىرىنى سۆرەپ ماڭىدۇ، ئەگەر بىرەر نەرسە كۆتۈرسە قوللىرى تىترەيدۇ، بىر - ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بۇ كېسەللىكنىڭ خاس ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

ئومۇمەن، ئوڭ تەرەپنىڭ قول - پۇت ۋە يۈز مۇسكۇللىرى تەرتىپسىز تىترەش بىلەن يىغىلىدۇ، مۇشۇنداق ھەرىكەت بەدەننىڭ بىر تەرىپىدىلا چەكلەنگەن بولىدۇ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ مۇسكۇللىرىدا بۇ خىل ھەرىكەت كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئەگەر بىمار ئۇخلاۋاتقان بولسا بۇ ھەرىكەت توختايدۇ، لېكىن ئۇيقۇسىزلىق ھالىتىدە ياكى بىمار بىرەر ئىش قىلىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ تەرتىپسىز ھەرىكەتلىرى كۆپىيىدۇ. بىمار ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە قوللىرىنى ئۇرىدۇ، ياتقاندا ئۇياق - بۇياقلارغا ئۆرۈلىدۇ، پۇت - قوللىرىنى قالايمىقان پۇلاڭلىتىدۇ ھەمدە خىلمۇخىل شەكىللەرنى چىقىرىدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى بىمارغا سەپسېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتى كۈچىيىپ كېتىدۇ. بىمار توختاپ - توختاپ سۆز قىلىدۇ، تېنى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، ماڭغان ۋاقىتتا دەلدەڭشىيدۇ ھەمدە بىر نەرسىنى مەزمۇت تۇتالمايدۇ.

ئىنتايىن ئېغىر ھالەتلەردە بىمارنىڭ بارلىق ئىختىيارسىز ھەرىكەتلىرى تېزلىشىدۇ ۋە ئۆتكۈرلىشىدۇ. كۆزلىرىنى ئۇياق - بۇياققا ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، بىمارنىڭ چىشلىرى كىرىشىدۇ، بەزىدە تىلى چىشى ئارىلىقىدا قېلىپ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. سۆزلەش، ئۇخلاش، يېيىش، ئىچىشى قىيىن بولىدۇ. چوڭ - كىچىك تەرىتى ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ، يۈرەك ھەرىكىتى ۋە نەپەسلىنىشى تەرتىپسىزلىشىدۇ. بىمار ئۆز خاھىشى ۋە ئىرادىسى بويىچە بىرەر ئىشنى قىلالمايدۇ. ئومۇمەن، بۇ كېسەللىك 8 ~ 10 ھەپتىگىچە داۋاملىشىدۇ ھەمدە كۆپىنچە بىمار ساقىيىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۈچ ئاي ئۆتكەن بولسا، ئاندىن سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ ھەمدە ئىككى - ئۈچ يىلغىچە داۋاملىشىدۇ. بەزىدە بۇ ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، لېكىن يەنە بىر قېتىم

قايتىلىنىشىنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ. بۇ كېسەللىك باللاردا دەسلەپىدىلا ئۆتكۈر بولمىسا، بۇ كۆپ خەتەرلىك ئەمەس ئەلۋەتتە. ھامىلىدار مەزگىلىدە ۋە ھەيز كۈنلىرىدە كۆرۈلسە خەتەرلىك بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىك چوڭ بوغۇملاردىكى كېسەللىك سەۋەبىدىن بولسا، بۇ ۋاقىتتىمۇ خەتەرلىك بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈش بۇ كېسەللىكنى ئۈچ خىل كېسەللىكتىن پەرقلەندۈرۈش لازىم: ① يۇلۇننىڭ بىر قانچە ئورۇندىن قېتىۋېلىشى؛ ② ئىرسىيەتلىك تىترەش؛ ③ بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش.

يۇلۇننىڭ بىر قانچە ئورۇندىن قېتىۋېلىشى بۇ كېسەللىك ياشلىق مەزگىلىدە باشلىنىدۇ، بىمارنىڭ مۇسكۇللىرى تارتىشىدۇ، ھەرىكەت كۈچلۈك بولىدۇ ھەمدە كېسەللىك ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىدۇ.

ئىرسىيەتلىك لىكىلداش بۇ كېسەللىكتە بىمار گەپ قىلغاندا بىر ئېغىز ـ بىر ئېغىزدىن توختاپ سۆزلەيدۇ ھەمدە بىمارنىڭ كۆزلىرى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تەرتىپسىز ۋە ئىختىيارسىز ھەرىكەت قىلىدۇ.

بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش بۇ كېسەللىكنىڭ باشقا ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ ۋە ھەر ئىككى خىل كېسەللىكتە ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى ئوخشاشمىغان ھالەتتە بولىدۇ.

كېسەللىكنىڭ ماھىيىتى بۇ كېسەللىكنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى ئېنىق ئەمەس، قىياسىكى، بۇ بىرەر بۇزۇلغان خىلتنىڭ زەھىرى مېڭىگە ئورۇنلىشىپ، مېڭىدە ئازراق بۇزۇلۇش پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ پائالىيىتىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ. لېكىن بۇ بۇزۇلۇشلار مۇشۇنداق ئاشكارا بولمايدۇكى، مېڭىنىڭ مەلۇم ئورنىدا نورمالسىزلىق كۆرۈلمەيدۇ، ئىششىق، قىزىللىق، قان تولۇش، قېتىشىش، يۇمشاش ۋە باشقىلار كۆرۈلمەيدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە ئەسلىي سەۋەبىنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشىلىدۇ، ئەگەر قەۋزىيەت بولسا قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ، ھەزىم ياخشىلىنىدۇ، دېڭىز سۈيى ياكى تۇزلۇق سۇ ۋە ياكى گۈڭگۈرتلۈك بۇلاق سۇلىرى بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ، ئەگەر سۇئۇلقۇنىيەنىڭ شىكايىتى بولسا، ساپ قان پەيدا قىلغۇچى ۋە تېز ھەزىم بولغۇچى، كۈچلەندۈرگۈچى غىزالاردىن، سۈت، تۇخۇم ۋە مۇرەككەباتى پولات قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئەگەر ھەيزنىڭ قالايمىقانلىشىشىدىن بولغان بولسا ھەيز راۋانلاشتۇرۇلىدۇ، ھامىلىدارلىق سەۋەبىدىن بولغان بولسا ھامىلە چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ، ئەگەر ساقلىقنى ساقلاش قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلماسلىقتىن بولغان بولسا، ساقلىقنى ساقلاش قانۇن ـ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ھەرىكەت قىلىش،

ئەتىگەندە ھاۋالىق جايدا سەيلە قىلىش ۋە كۆڭۈلنى ئېچىش قاتارلىقلار.

ئەگەر غەم - قايغۇدىن بولغان بولسا يوقىتىلىدۇ. باشقا زەربە تېگىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. ئەگەر مېڭە ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بالىلاردىكى ئۈچەي قۇرتىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ چىقارغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئەگەر كېسەللىك ئۆتكۈر ھالەتكە ئۆزگەرگەن بولسا، ئالدى بىلەن بىمارنى ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن توسۇش ھەمدە بىرەر ئىشقا مەشغۇل قىلدۇرماسلىق، ھەتتاكى خەۋەر ئاڭلاتماسلىق، شاھمات ۋە قارتا ئويناتماسلىق، بىمار ساقايغۇچە باشقىلاردىن ئايرىش. چۈنكى بالىلار بۇنى كۆرۈپ كۈلىدۇ ۋە دورايدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ كېسىلى كۈچىيىپ كېتىدۇ.

ھەممىدىن ياخشىراقى شۇكى، ئەگەر كېسەلنىڭ باشلىنىشى بولسا بىمارنىڭ تۇرىدىغان مۇھىتى بىلەن ئىچىدىغان سۈيىنى تەكشەپ ۋە كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ، بىمارنىڭ تۇتقاقلىقنى ساقايتىش ۋە ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجىدا سوغۇقلۇق غالىب كەلگەن بولسا، بەدەنگە ۋە تىترىگەن ئەزا ياغ بىلەن ياغلاپ ئۇۋۇلىنىدۇ.

ياغ نۇسخىسى: قۇندۇز قەھرى، ئاقىر قەرھا، ھىڭدىن ئۈچ گرامدىن، رەۋغىنى زەيتۇندىن 60 گرام ئېلىپ، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بەدەن ياكى تىترىگەن ئەزاغا سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ ۋە ئەتىگەندە قۇندۇز قەھرىدىن بىر گرام 60 گرام مائۇلھەسەل بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

بۇ نۇسخىنى ھەر كۈنى بىر قانچە قېتىمدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلدۇرۇپ، تاكى تەرتىپسىز ھەرىكەتلەر ئازراق ئازايغاندا يەنە قائىدە بويىچە پالەچتىكىگە ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك مۇنزىجلارنى ئىچكۈزۈپ تەنقىيە قىلىش ۋە تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن نېرۋىنى، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مەجۇنى پەلاسىپە بىلەن مەجۇنى سىير بەش گرامدىن ۋە مەجۇنى ئازاراقى ئۈچ گرام ياكى مەجۇنى قۇگراج مۇقەل ئۈچ گرام ۋە باشقىلار سۈت بىلەن ئەتىگەندە يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە كەچتە ئۇخلاش ۋاقتىدا ھەببى ئەھمەردىن بىر داننى ياكى ھەببى ئازاراقىدىن بىر داننى سۈت بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز بۇنىڭ ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىزىدە پالەچنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىگە رىئايە قىلىش لازىم.

بەل يۇلۇنى يىگلەش

بۇ كېسەللىك ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن يۇلۇننىڭ تەشرىھىنى چۈشىنىش مۇھىمدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال يۇلۇننىڭ تەشرىھى يېزىلدى.

يۇلۇننىڭ تەشرىھى   يۇلۇننىڭ باشلىنىش ئورنىدىن چىققان نېرۋا تالالىرى يۇلۇنغا بارىدۇ، بۇ، بويۇننىڭ بىرىنچى ئومۇرتقىسىدىن باشلىنىپ، بەلنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى ئومۇرتقىسىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئاخىرىدا بۇ تالالار يىپچىلار شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

مېڭىگە ئوخشاش يۇلۇندىمۇ ئۈچ پەردە بولىدۇ، سىرتى تەرىپىدە قېلىن پەردە، ئىچكى تەرىپىدە نېپىز پەردە ۋە ئارىلىقىدا ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردە بولىدۇ.

يۇلۇن توقۇلمىسىدا   مېڭىنىڭ ئەكسىچە توپىسىمان جەۋھەر ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ ۋە ئاق قان جەۋھىرى سىرتقى تەرىپىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

يۇلۇننىڭ ئىككى يېنىدىن يۇلۇن نېرۋىلىرى چىقىدۇ، يۇلۇن نېرۋىلىرىنىڭ تۈۋى ئىككى بولىدۇ، ئالدى تۈۋى (ئەسلىي مۇھەررىكە) دا ھەرىكەت تالالىرى بولىدۇ، بۇ نېرۋا ئارقىلىق ھەرىكەت قۇۋۋىتى مۇسكۇللارغىچە بارىدۇ.

ئارقا تۈۋى (ئەسلىي ھېس) دا ھېس تالالالىرى بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق يۇلۇن ئىچىگە سېزىم يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ ھېس تۈۋىدە بىر نېرۋا تۈگۈنچىسى بولىدۇ، بۇ ئىككى تۈۋنىڭ بىرلىشىشىدىن يۇلۇن نېرۋىلىرى ھاسىل بولىدۇ، بۇلاردا ھېس ۋە ھەرىكەت قۇۋۋىتى بولىدۇ، بۇ نېرۋىلار ئومۇرتقىلارنىڭ يان تۆشۈكىدىن چىقىپ ھەرخىل ئەزالارغا تارقىلىدۇ، بۇلارنى بىر تارىمۇش غىلاپى ئورايدۇ.

پۈتۈن يۇلۇندا ئالدى تەرەپتە بىر تۆشۈك، ئارقا تەرەپتە بىر تۆشۈك بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى بۆلىكى بولىدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا سەپسېلىپ قارالسا، ھەربىر يان بۆلىكى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ بۆلەكلەر قەۋائىم ۋە ئۇمۇد دېيىلىدۇ. بۇ بۆلەك ھېس تۈۋى ئالدىغا جايلاشقان، بۇ قائىمە مۇقەددىمە دېيىلىدۇ. ھېس ۋە ھەرىكەت تۈۋى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۆلەك قائىمە جانىبە دېيىلىدۇ. ئاخىرقى بۆلەك ھېس تۈۋى ئارقىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قائىمە مۇئەخخىرە دېيىلىدۇ. قائىمە مۇقەددىمەدە مېڭىدىن تۈز (ئۇدۇل) يۇلۇنغا تۆۋەنلىگەن نېرۋا تارىمۇشى بولىدۇ. بۇ موردەرمى مۇستەقىم دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا مېڭىدىن قول، يۇقىرىقى بىلەك، بىلەك مۇسكۇللىرى تەرەپكە بارىدىغان ھەرىكەت تارىمۇشى بولىدۇ. قائىمە مۇئەخخىرە ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، بۇ ئىككى بۆلەكتىن ھېس تارىمۇشى ئۆتىدۇ ۋە تۇتۇش سېزىمىنى مېڭىگە يەتكۈزىدۇ.

ئىچكى بۆلىكى قائىمە مۇئەخخىرە ئەنسىيە ۋە تاشقى بۆلىكى قائىمە مۇئەخخىرە ۋەھشىيە دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى بۆلەك يۇلۇننىڭ باشلىنىش ئورنىغىچە يېتىپ بارىدۇ، قائىمە جانىبەنىڭ بۇ بۆلىكىدىن ئۆتكەن ھەرىكەت تالاسى موردەرمى مۇتقائ دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا مېڭىنىڭ بىر تەرىپىدىن باشلىنىپ، بەدەننىڭ قارشى تەرىپىدە ئاخىرلىشىدىغان تالا بولىدۇ. يۇلۇننىڭ سىرتقى

يۈزىگە يېقىن ئاق ماددا ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، ئالدى بۆلەكتىكى يۇلۇن تارىمۇشى توپىسىمان ماددىنى يۇلۇننىڭ باشلىنىش ئورنى تۇتاشتۇرىدۇ (مەۋرد جانىبى مۇقەددەم) ۋە ئىنكاسىنىڭ ھەرىكەت تارىمۇشى بۇنىڭدىن ئۆتىدۇ.

ئارقا بۆلەكتىكى مەسدە (مۇخەيخى مۇستەقىم يولىدىن مۇسكۇل سېزىمى سەۋەبتىن مۇسكۇللارنىڭ ھەرىكىتى قائىدىلىك بولىدۇ) ئاستىدىن ئۈستى تەرەپ مۇئەخخىرە دىماغقىچە يېتىپ بارىدۇ، قائىمە جانىبەنىڭ ئىچكى تەرەپ بۆلىكى ھەزمە ئاساسىيە جانىبە مۇقەددىمە دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئالدى تەرەپ ھەرىكەت تۈۋى تارقالغان ئورۇنغا يېقىن يۇلۇن بۆلىكى مەستەر سائىدە دېيىلىدۇ، بۇ بىر ھېس سەزگۈچى مەسدەردۇر.

يۇلۇننىڭ توپىسىمان جەۋھىرى (مەركىزى بۆلەك) يۇلۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇشۇنداق جايلاشقانكى، يۇلۇنى توغرىسىغا قىرىپ قارىغاندا، ئىككى يېرىم ھىلال ئاي شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ ئىككى ئاينىڭ كەينى تەرىپى بىرى يەنە بىرى بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئالدى ۋە ئارقا بېشى سىرتقى تەرەپكە قاراپ تۇرىدۇ، بۇ ئالدى ۋە ئارقا مۈڭگۈز دېيىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئالدى مۈڭگۈز قېلىن (كەڭ) ئارقا مۈڭگۈز تار بولىدۇ، ئالدى مۈڭگۈزدە ھەرىكەت تارىمۇش نېرۋىسى بولىدۇ، بۇنىڭدىن مۇسكۇل ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇنىڭغا مېڭىنىڭ نېرۋا تالاسى ھەرىكەت ئىنكاسىنى يەتكۈزىدۇ ۋە ئالدى مۈڭگۈزدە ھېس ئۈچۈن بىرنەچچە نېرۋا ھۈجەيرىسى (خەلياتى ھېسسىيە) بولىدۇ.

بەل يۇلۇنى يىگىلەشنىڭ ماھىيىتى بۇ كېسەللىكتە يۇلۇننىڭ قائىمە مۇئەخخىرە بۆلىكى قېتىپ قالىدۇ ۋە بەزىدە قائىمە جانىبە بۇ كېسەللىككە مۇپتىلا بولۇپ، ئالدى مۈڭگۈزگىچە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. بۇ سەۋەبتىن مۇسكۇللارنىڭ ئىختىيارىي قۇۋۋىتىدە ۋە سەزگۈسىدە بۇزۇلۇش كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە يۇلۇننىڭ ئېغىزمان ۋە بەلدە بولغان بۆلىكى كۆپىرەك كېسەللىنىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك 30 ~ 50 ياشتىكىلەردە كۆرۈلىدۇ، ئەرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ، ئىرسىيەتلىك بولىدۇ. ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىلىرى بىرەر ئەسەبىي كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بولىدۇ، بۇ كېسەللىكنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى سىفىلىستۇر، سىفىلىس كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، 2 ~ 8 يىللارغىچە بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. سوغۇق تېگىش، سۇغا چۆمۈلۈش، كۆپ ئەمگەك قىلىش، زەربە تېگىش، ئوبدان غىزالانماسلىق، جىما ۋە جەلەقنى كۆپ قىلىش، ھاراقنى كۆپ ئىچىش ۋە باشقىلار ئۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ، بەزىدە تۇتقاقلىق ۋە ساراڭلىقتىمۇ بۇ كېسەل كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىك تەدرىجىي باشلىنىدۇ، دەسلەپتىلا بىمارنىڭ پۇتلىرى ئاغرىيدۇ، پاچاقلاردىن باشقا ئەزالاردىمۇ ئاغرىق بولىدۇ، ئاغرىغان ئورۇندا كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ ۋە

بەزى ئورۇنلار ياللۇغلىنىدۇ. كېسەللىك قوزغالغاندا ئاغرىق كۈچىيىدۇ ۋە بەزى بىمارلار ئۆزىنىڭ بەدىنىنى ئېگىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىشىشقا باشلايدۇ، كۆز قارىچۇقلىرى ئوخشاش بولمايدۇ، يەنى يىراقتىكى نەرسىگە قارىغان ۋاقىتتا ئىككىلىسى بىردەك كېڭەيمەيدۇ ۋە يېقىندىكى نەرسىگە قارىغان ۋاقىتتا ئىككىلىسى بىردەك يىغىلمايدۇ. يورۇقلۇقنىڭ تەسىرى بولمايدۇ، يەنى كۆز قارىچۇقى يورۇقلۇقتا يولۇققاندا يىغىلمايدۇ. سۇيىدۇكى تامچىلاپ كېلىدۇ، دەسلەپتە تىز رېفلېكسى تۆۋەنلەشكە باشلاپ، ئاخىرىدا تىز رېفلېكسى تامامەن يوقىلىدۇ. بىمار كۆزلىرىنى يۇمالمايدۇ ھەمدە ئۆرە تۇرالمايدۇ، ئەگەر تېز مېڭىپ دەلدەڭشىپ كەتسە، يىقىلىپ چۈشۈشىنىڭ خەۋپى بولىدۇ. پەلەمپەيگە چىققاندا پۇتى قاتتىق يېقىمسىزلىنىدۇ ھەم پەلەمپەيدىن چۈشكەن ۋاقىتتا ئاغرىق ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىمار بىرەر نەرسىنىڭ ياردىمىسىز مېڭىشقا تامامەن قادىر بولالمايدۇ ھەمدە ئازراق ماڭسا ئېڭىشىپ قالىدۇ ھەم ئورنىدا تۇرالمايدۇ. ئەگەر قەدەملىرىنى يۆتكىسە، پۇتلىرىنى ئالدى ۋە سىرتقى تەرەپكە ئېگىز پۇلاڭلىتىپ يەرگە قويىدۇ، ئەگەر بىمارغا ئۆزىنىڭ بىر پۇتىنى يەنە بىر پۇتى بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بۇيرۇلسا، پۇتلىرى تەرتىپسىز ھەرىكەت قىلىدۇ، مۇسكۇللارنىڭ سەزگۈسى يوقىلىدۇ، بىمار ئەزالىرىنىڭ قايسى يېرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلمەيدۇ ھەمدە كۆزىنى يۇمغاندا بۇرۇن، قۇلاق ۋە باشقا جايغا قولىنى ئاپىرالمايدۇ.

مەزكۇر كېسەللىكتە گەرچە مۇسكۇللارنىڭ سەزگۈسىدە بۇزۇلۇش بولسىمۇ، لېكىن بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى ياكى مۇسكۇللارنىڭ ھەجمىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئەزالىرىدا ئاغرىق بولىدۇ، بەدىنىنىڭ ئوخشىمىغان ئەزالىرىدا جۈملىدىن پۇتتا يىڭنە سانجىلغاندەك ياكى چۈمۈلە ماڭغاندەك سېزىم بولىدۇ. ماڭغان ۋاقىتتا بىمار پۇتىنى خۇددى قۇم ياكى پاختا ئۈستىگە قويغاندەك سېزىدۇ، تېرىسىنىڭ بەزى قىسىملىرىنىڭ سەزگۈسى يوقىلىدۇ. بەزى بىمارلارنىڭ بەدىنىنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتقاندا، بىمارغا باشقا تەرىپىنى تۇتقاندەك مەلۇم بولىدۇ. بەزى بىمارلارغا يىڭنە سانجىغان ۋاقىتتا ئاغرىقنى شۇ ۋاقىتتا سەزمەي، بەلكى بىر مەزگىلدىن كېيىن سېزىدۇ. پۇتلىرىدا جاراھەت بولۇپ، ئۇ تاراپ پۇت دۈمبىسىگىچە يېتىپ بارىدۇ، بىمارنىڭ ئاشقازان، بۆرەك، دوۋساق ياكى تۈز ئۈچەيلىرىدە ئاغرىش كۈچلۈك بولىدۇ ھەمدە ئەتراپلىرىغا تارقايدۇ. قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ئاغرىق يوقايدۇ. بەزى بىمارلارنىڭ نەپسى قىسىلىدۇ ، ئېغىر قەۋزىيەت بولىدۇ، لېكىن كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئەگەر مۇسكۇللار پالەچلەنگەن بولسا، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى تۇتالمايدۇ، چوڭ بوغۇملار ئىششىدۇ ھەمدە كۆرۈمسىز بولىدۇ. بىمار ماڭالمايدۇ، ئەگەر باش، بويۇن ۋە كۆكرەك مۇسكۇللىرى كېسەللەنگەن بولسا، گەپ قىلىش، يۇتۇش ۋە نەپەس ئېلىشتا قىيىنىلىدۇ، لېكىن ئەستە ساقلاش كۈچى ۋە ئەقلى نورمال

بولىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ، لېكىن داۋالىغاندا كېسەللىك بىر مەزگىل ياخشىلىنىدۇ، كېيىن كېسەللىك تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ، تاكى كېسەللىك يەتتە ـ سەككىز يىلغىچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە مەزگىلگىچە ھايات تۇرىدۇ. ئەگەر كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدىلا سىفىلىسنىڭ ئىلاجى قىلىنسا ياخشىلىنىشتىن ئۈمىد بولىدۇ، لېكىن ئەگەر كۆرۈش تور پەردىسى ياكى كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن كۆرۈشتە پەرق كۆرۈلسە، ئومۇمەن قارىغۇ بولۇپ قېلىش خەۋپى بولىدۇ.

ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبى بىمار كۆپىنچە ئۆپكە ئىششىقى، يەلتاشما، پالەچ ياكى نەپەس مۇسكۇللىرى پالەچلىنىش، دېمى سىقىلىش ياكى بۆرەك كېسەللىكلىرى ۋە ياكى دوۋساق كېسەللىكلىرىگە مۇپتىلا بولۇشتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش بۇ كېسەللىكنى سوزۇلما يۇلۇن ئىششىقى ۋە ئارقا مېڭىنىڭ ئىششىقىدىن پەرقلەندۈرۈش لازىم. سوزۇلما يۇلۇن ئىششىقىدا پالەچ ۋە ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ ھەمدە بىمار قايرىلىپ قارىيالمايدۇ. بۇ كېسەللىكتە بىمار يول يۈرەلمەيدۇ ۋە ئىككى پۇتىنى يىغىپ ئۆرە تۇرالمايدۇ ھەم سۆزلىيەلمەيدۇ، پۇتلىرىنى نەدە قويسا شۇ يەردە تۇرىدۇ، ئارقا مېڭە ئىششىغان بولسا قايتا ـ قايتا قۇسىدۇ، ئېغىزمان ۋە باش ئاغرىيدۇ ھەمدە باش قېيىش، تەشەننۇج بولىدۇ ھەم ئاخىرىدا بىمار ئالغايلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ.

داۋالاش بىمار نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشى لازىم، بىمارغا ئادەتتىكى ئىشلارنى قىلغۇزۇش، لېكىن ئەقلىي ئەمگەكنى تامامەن قىلدۇرماسلىق، ھەتتاكى ئىمكانقەدەر ئويلىنىش ۋە باش قاتتۇرۇشتىن ھەمدە غەم ـ قايغۇدىن ئازاد قىلىش لازىم. بىمار يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن چېنىقتۇرۇش، سوغۇق ۋە سوغۇق سۇغا چىلىنىشتىن ساقلىنىش، سوغۇق ئۆتكۈزۈپ قويماسلىق لازىم، ئەگەر كىچىك تەرەت قىلغاندا يېقىمسىزلىنىش كۆرۈلمىسە، ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم كىچىك تەرەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش، ئەگەر كىچىك تەرەت ئۆزلۈكىدىن كەلمىسە ياكى كىچىك تەرەت قىلغاندا ئاغرىسا، پاكىز سۈيدۈك نەيچىسى ئارقىلىق سۈيدۈكنى چىقىرىش لازىم.

چۈنكى، بۇ كېسەللىكنىڭ 90% ى سىفىلىس سەۋەبىدىن بولىدۇ، شۇڭا سىفىلىسنى قائىدىلىك داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن داۋالاش لازىم، بۇنىڭ تەپسىلىي بايانى بۇ كىتابنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا سۆزلىنىدۇ. تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن مەجۇنى ئازاراقىدىن ئۈچ گىرام ياكى مەجۇنى پەلاسپەدىن يەتتە گىرام ياكى مۇقەل چۈشكەن مەجۇنى جۇگىراجتىن بەش گىرام ئاۋۋال يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئەرقى چۆپچىنىدىن 72 گىرام، ئەرقى ئۆشبىدىن 72 گىرام، چىلان شەربىتىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى جەۋھىرى سىينىدىن ئىككى بەرەنج ئېلىپ، يۇقىرىقى

دورىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ، ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كېمەيتىش ئۈچۈن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قورساق ئاغرىقى ۋە قۇسۇشنىڭ شىكايىتى بولسا، بىمارنى بىر - ئىككى ۋاخ ئاچ قالدۇرۇش، ئۇيقۇسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىدە سۆزلىنىپ بولغان زىماتنى پېشانىگە چېپىش، مېڭىش توغرا كەلسە بىرەر نەرسىنىڭ ياردىمىدە تۈز مېڭىشنى تەكىتلەش لازىم.

كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار ئاسان ھەزىم بولىدىغان ۋە سىڭىشلىك غىزالاردىن تۇخۇم، سۈت، قايماق، خام شورپا، توخۇ شورپىسى، كەكلىك شورپىسى، قوي گۆشى شورپىسى ۋە باشقىلارنى كاكچا نان ياكى قۇرۇتۇپ پىشۇرۇلغان نان بىلەن بېرىش لازىم.

پەرھىزى ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش ۋە جىنسىي ئالاقىدىن قەتئىي پەرھىز تۇتۇش ھەم چۈچۈمەل، ياغلىق، ئاچچىق يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلىشى لازىم.

خەدەر

بۇ كېسەللىكنىڭ نامى خەدەر دەپ چوقۇم بولىدىغان ئالامەتكە قارىتا قويۇلغان، چۈنكى خەدەرنىڭ مەنىسى سۇس بولۇشتۇر (سۇس بولۇش بۇ كېسەللىكتە چوقۇم بولىدۇ).

خەدەر سەۋەبىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا ماس ھالدا تۇتۇش قۇۋۋىتىنى بۇزىدۇ ياكى كېمەيتىدۇ. لېكىن قەدىمدە ئۆتكەن ھۆكۈمالار خەدەرنى مەخسۇس شەكىلدە تۇتۇش سېزىمى كەم بولۇش ئالامىتىگە قارىتا ئېيتقان. بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ ئەزالىرىدا چۈمۈلە ماڭغاندەك ۋە يىڭنە سانجىلغاندەك ھالەت ئاغرىقسىز مەلۇم بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئالامەت بىلەن سېزىمسىزلانغان ئەزانىڭ تەبىئىي ھەرىكىتى قىيىن بولىدۇ، شۇڭلاشقا سەۋەبى ئادەتتىكىچە بولغاندا بۇ ئەزادا رەئشە پەيدا بولىدۇ ياكى سەۋەبى كۈچلۈك بولغان شەرت ئاستىدا ئىسترخا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىرەر ئەزانىڭ سەزگۈسى يوقالسا، ئۇنىڭ ھەرىكىتىمۇ چوقۇم يوقىلىدۇ. ئەگەر سەزگۈ نېرۋىلىرى بىلەن ھەرىكەت نېرۋىلىرى قارىمۇقارشى① بولسا، مۇشۇ ھالەتتە تۇتۇش سېزىمى بۇزۇلىدۇ، لېكىن بۇ ئەزانىڭ ھەرىكىتى نورمال بولىدۇ.

---

① سەزگۈ نېرۋىلىرى بەزىدە ھەرىكەت نېرۋىلىرى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ ۋە ئايرىم - ئايرىم بولىدۇ ۋە بەزىدە بىرلا نېرۋىدا ھەرىكەت ۋە سەزگۈ تالالىرى بولىدۇ. كۆپرەك بۇ تۆردىكى نېرۋىلاردا ئەگەر ئاپەت پەيدا بولسا، ئومۇمەن سەزگۈ ۋە ھەرىكەت ئىككىلىسى نورماللىسىزلىنىدۇ، لېكىن بۇ ھالەت پەقەت سەزگۈ ياكى پەقەت ھەرىكەت نورماللىسىزلىنىشى مۇمكىن.

سەۋەبى

1. نېرىپلارنىڭ بېسىلىشى: ھېسنى توختاتقۇچى قۇۋۋەت ئەزاغا تولۇق ياكى بىرئاز قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېرىپلارنىڭ بېسىلىشى ياكى سۆڭەك سۇنۇش ۋە ياكى بوغۇمدا كۆمۈرچەك ئۆسۈپ قېلىشتىن بولىدۇ.

بەزىدە بىرەر ئەزاغا تايىنىپ ئولتۇرۇش ۋە ئەزانى بوغۇپ قويۇش بىلەن شۇ ئەزادا سەزمەسلىك كۆرۈلىدۇ.

2. بەلغەمدىن بولغان توسالغۇ: بەزى سەزمەسلىك نېرىپلارنىڭ توسالغۇسىدىن، بۇ توسالغۇ پىشمىغان، قويۇق ۋە سوغۇق خىلتتىن يەنى بەلغەمدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېسنىڭ قۇۋۋىتى نېرۋىلارغا بېرىشتىن توختايدۇ ياكى بۇ توسالغۇ ھۆل ۋە سۇدەك سۇيۇق ماددىدىن بولىدۇ. ئۇلارنى نېرۋىلار سۈمۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن نېرۋىلار ھۆللىنىپ بوشىشىدۇ (ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئېچىلغان بولىدۇ) ۋە ھېس قۇۋۋىتىنىڭ يولى چەكلىنىپ توسۇلىدۇ. چۈنكى، نېرۋىنىڭ تالالىرى سۇس ۋە بوشاشقان بولىدۇ.

3. قاندىن بولغان توسالغۇ: بەزى نېرۋىلاردىكى توسالغۇ قاندىن يەنى سەزمەس بولغان ئەزا تەرەپكە قاننىڭ كۆپ قۇيۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. قان قۇيۇلۇشنىڭ سەۋەبى، بەدەن قان بىلەن تولغان بولىدۇ ياكى ئەزا قان كۆپ قۇيۇلىدىغان ئورۇنغا ئورۇنلاشقان بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ تەرەپكە قان كۆپ قۇيۇلىدۇ ياكى ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدە خاس روھىي ھايۋانىينىڭ توختىشى خەدەرنى پەيدا قىلىدۇ. جالىنۇس بىرىنچى بايانىدا مۇشۇنداق ئېيتقان. چۈنكى خەدەر ئەزانىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئوخشاشتۇر. ئەزانىڭ ئۆلگەنلىكىنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەزادىكى بارلىق روھلار توختايدۇ.

ئاخىرقى تۈردە «ئەزانىڭ شەكلى بىلەن پەيدا بولىدۇ»، ئەگەر ئەزانىڭ شەكلى ئۆزگەرسە ۋە ئۇنىڭ شەكلى ئەسلىگە قايتسا، ئۇ ئەزا تەرەپكە قان چۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھېس قايتىپ كېلىدۇ.

4. نېرۋىلار مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى: بەزىدە سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بىلەن نېرۋىلارنىڭ جەۋھىرى قويۇقلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نېرۋىلاردا قۇۋۋىتى نەپسانىي ياخشى ئۆزلىشەلمەيدۇ.

5. نېرۋىلارغا قۇرۇقلۇق يېتىش: بەزى نېرۋىلارنىڭ توسالغۇسى قۇرۇقلۇقتىن پەيدا بولىدۇ، چۈنكى قۇرۇقلۇقتىن نېرۋا يوللىرى توسۇلىدۇ، نېرۋا تالالىرى ئۆزئارا چاپلىشىپ قالىدۇ، نېرۋا تالا بوشلۇقلىرىدىكى ھۆللۈك يوقىلىپ، نېرۋا تالالىرى يىغىلىپ، قىسقىرايدۇ.

6. زەھەرلىنىشتىن بولغان خەدەر: ئەپيۇنگە ئوخشاش سوغۇق زەھەر ياكى ئاق پارپىغا ئوخشاش ئىسسىق زەھەرلەرنى ئىستېمال قىلىش ياكى چايان ۋە يىلان چېقىۋېلىشتىنمۇ بۇ

كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى

1. نېرۋىلارنىڭ بېسىلىشى: ئالامەتلىرى، سەۋەبلىرى ئېتىبارى بىلەن ئاشكارا بولىدۇ (ت).

2. بەلغەمى توسالغۇ: بەدەن بوشىشىدۇ ۋە ئىنكاسى سۇس بولىدۇ، تېرە رەڭگى ئاق بولىدۇ، سېزىمى ئېغىر بولىدۇ.

3. قاندىن بولغان توسالغۇ: رەڭگى قارامتۇل قىزىل بولىدۇ ھەمدە قان غالىب كەلگەنلىكىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ (ت).

4. نېرۋىلار مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى: نېرۋىلار تومۇلىشىدۇ ھەم قاتتىقلىشىدۇ، ئىسسىقلىق قىلىنسا مەنپەئەتى كۆرۈلىدۇ.

5. نېرۋىلاردىكى قۇرۇقلۇق: قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇجنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

6. زەھەرلىنىشتىن بولغان خەدەر: زەھەرلەنگەنلىكى ۋە زەھەرلىك ماددىلارنى ئىشلەتكەنلىكى بۇنىڭ ئالامىتىدۇر (ت).

داۋالاش

1. نېرۋىلارنىڭ بېسىلىشى: (باسقۇچى سەۋەبنى توختىتىش) يەنى سۆڭەكنى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈش، ئولتۇرۇش شەكلىنى ئۆزگەرتىش ھەمدە توسالغۇنى ئېچىش.

2. بەلغەمدىن بولغان توسالغۇنى يوقىتىشتا: پالەچنىڭ داۋاسىنى قىلىش، بۇ سوغۇقتىن ۋە ھۆللۈكتىن پەيدا بولىدۇ.

3. قاندىن بولغان توسالغۇنى يوقىتىشتا: ئەگەر ئەزانىڭ ھالىتى ئۆزگىرىش بىلەن خەدەر پەيدا بولمىغان بولسا، قان ئېلىش ۋە غىزانى ئاز بېرىش لازىم.

4. نېرۋىلارنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇشنى تۈزەشتە: ئىسسىق ياغلار، ئىلمان قايناق سۇ بىلەن نېرۋىلارنى يۇمشىتىش، ئىسسىق زىمات، ئىسسىق نۇتۇلارنى ئىشلىتىش ۋە ئۇۋۇلاش بىلەن قىزىللىق پەيدا قىلىش، نېرۋىلارنىڭ مىزاجىنى ئۆزگەرتىش لازىم.

5. نېرۋىلاردىكى قۇرۇقلۇقنى يوقىتىشتا: قۇرۇقتىن بولغان تەشەننۇجنىڭ داۋاسىنى قىلىش، بۇنىڭ بايانى ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

6. زەھەرلىنىشتىن بولغان خەدەرنى يوقىتىشتا: تەرياق يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە مەخسۇس ھەربىر زەھەرنىڭ قارىمۇقارشىسى بولغان دورىلار بېرىلىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدا سۆزلىنىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەسلى كېسەللىك سەۋەبلىرىنى تېپىش، ئەگەر ئىمتىلا بەلغەمنىڭ تەسىرلىرى كۆرۈلگەن بولسا، پالەچنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلى بويىچە

بەدىنىنى تەنقىيە قىلىش ھەممە سېزىمسىزلانغان ئورۇنغا تۆۋەندىكى زىماتنى چېپىش:

زىمات نۇسخىسى ئاقىرقەرھا، ئاچچىق قۇستە، قەلەمپۇر، زەنجىۋىل، قىچا قاتارلىقلارنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، سىركىدە يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

يەنە بىر زىمات نۇسخىسى ئاقىرقەرھا ۋە ياۋا ئۈزۈمنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، كونا سىركە ۋە يۇمغاقسۈت سۈيىدە يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

لەقۋا

ئاتىلىش سەۋەبى لەقۋا — بۈركۈتنىڭ نامىدۇر، بۈركۈت مەشھۇر قۇش بولۇپ، ئەبۇ ئۇبەيدە ئېيتقانكى، بۇ كېسەللىكنىڭ «بۈركۈت» دەپ ئاتىلىشى لەقۋا بىمارىنىڭ جاۋغىيى كېڭىيىپ بۈركۈتنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بەزىلەر لەقۋانى بۈركۈت تۇمشۇقىنىڭ قىيپاشلىقىغا ئوخشاتسا، يەنە بەزىلەر لەقۋا بىمارىنى بۈركۈتنىڭ قارىشىغا ئوخشىتىدۇ، ئەگەر بۈركۈت قاياققا قارىسا، بېشىمۇ شۇ تەرەپكە بۇرۇلىدۇ.

لەقۋا كېسەللىكى يۈزدە پەيدا بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن يۈز بىر تەرەپكە غەيرىي تەبىئىي شەكىلدە يەنە بىر تەرەپكە تارتىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۈزنىڭ تەبىئىي كۆرۈنۈشى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ۋە ئىككى لەۋنىڭ ئۆزئارا ياخشى بىرلىشىشى يوقىلىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، بىمار سۈمۈرۈشتىن ئاجىز كېلىدۇ، ئەگەر بىمار پۈۋلىسە يەل بىر تەرەپتىن چىقىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىمارغا چىراغنى ئۆچۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ ۋە بىر تەرەپتىن ئىككى قاپاقنىڭ ياخشى بىرلىشىشى يوقىلىپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا بىمارغا شۇ تەرەپتىكى كۆزنى يۇمۇش مۇمكىن بولمايدۇ.

بۇ كېسەللىك ناھايىتى ئاز ساندا يۈزنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە بولىدۇ، ئەكسىچە پالەچ ۋە تەشەننۇج بەدەننىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە بولىدۇ، ئەگەر ئىككى تەرەپ نېرۋىلارغا ئاپەت يەتسە، يۈزدە مايماقلىشىش پۈتۈنلەي مەلۇم بولمايدۇ. بۇنى رازى ھېكايە قىلىپ بايان قىلغانكى، «بىر كىشى ھىجامەت قويدۇرغان ۋە قىسقا ۋاقىت ئاچ قورساق تۇرغان، بۇنىڭدىن بۇ كىشى لەقۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ۋە بۇ لەقۋا بىمارىنىڭ ئېغىزى مايماق بولمىغان. ئەلۋەتتە، بۇ بىمار ئۈچۈن بىر كۆزنى يۇمۇش قىيىن بولغان، يەنە بىر كۆزنى يۇمۇش قەتئىي مۇمكىن بولمىغان. ئەگەر بىمار ئېغىزىغا سۇ ئالسا، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن سۇ ئېقىپ كېتەتتى.» رازى دېگەنكى، نېمە ئۈچۈن بۇ بىمارنىڭ يۈزىدە مايماقلىق ئاشكارا بولمىدى؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كېسەللىك بىمارنىڭ يۈزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىدى، ئاندىن بۇنىڭدا يۈزنىڭ قايسى تەرىپى كېسەل، قايسى

تەرىپى ساغلام ئىككەنلىكىدە ئىختىلاپلار بولغان.

يۇھەننا ئىبنى ماسۇيە لەقۋا كېسىلىنى تونۇشتا، بۇمۇ ئېنىق بولۇشى كېرەككى، بۇ كېسەللىك مايماق بولغان تەرەپتە بولمايدۇ، بەلكى يەنە بىر تەرەپتە بولىدۇ، دېگەن.

يۇھەننانىڭ بۇ كۆزقارىشى تامامەن توغرىدۇر، لەقۋادا كۆپىنچە ۋاقىتتا يۈزنىڭ بىر تەرەپ مۇسكۇلى بوشىشىپ كېتىدۇ ۋە يەنە بىر تەرەپ يۈز مۇسكۇلى ئۆز ھالىتىدە كۈچلۈك تۇرىدۇ، ساغلام مۇسكۇلدا بىر تەبىئىي تەشەننۇج چوقۇم بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسترخالانغان تەرەپ مۇسكۇلى ئۇنىڭ تەشەننۇجىدىن تارتىلىپ كېتىدۇ.

يۇھەننانىڭ بۇ سۆزىنى تۆۋەندە ئەللامە نەفىيس يازغانكى، «بۇ بايان تەشەننۇجتىن بولغان لەقۋادا قەتئىي توغرا ئەمەس، بەلكى ئىسترخائى لەقۋادا توغرىدۇر». لەقۋا كۆپىنچە ئىسترخادىنلا بولىدۇ، لېكىن بەزىدە بىر تەرەپ مۇسكۇلىدا تەشەننۇج پەيدا بولۇشتىن ئېغىزنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ، يەنى لەقۋا شەكلى ئاشكارا بولىدۇ.

ساغلام ۋە كېسەللەنگەن تەرەپ ئۆزئارا قانداق پەرقلەندۈرۈلىدۇ؟ كېسەل تەرەپنىڭ سەزگۈسى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ ياكى سۇسلىشىدۇ، كېسەللەنگەن تەرەپتە لىكىلداش بولۇپ، بۇ تەرەپتە چايناش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ ۋە مۇنداقمۇ پەرقلىنىدۇكى، كېسەل تەرەپ ئەگەر قول بىلەن تارتىپ تۈزلەپ قويۇلسا ئۇ ياخشىلىنىدۇ، يەنى ئۆز شەكلىگە قايتىدۇ ۋە ئۆزلۈكىدىن يەنە بىر تەرەپمۇ ئاسان ئۆز شەكلىگە قايتىدۇ.

سابىت ئىبنى قۇررە: بۇ كېسەللىك ھالىتىدە يامان كۆرۈش (كەراھەت) پەيدا قىلىدۇكى، ئۆزىدىكى تېتىش قۇۋۋىتى ۋە چايناش قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ھېس - ھەرىكەت كۈچى ئىككى ئېڭەكتىن بىر تەرەپ مۇسكۇلى تەرەپكە ئۆتۈشتىن توختايدۇ دېگەن. «مەن» دەيمەنكى، بۇ ئالامەتلەر بىلەن بەزىدە ھەر ۋاقىت كۆز يۇمۇلماي ياش ئاقىدۇ ۋە گەپ قىلىش قىيىنلىشىدۇ.

قوشۇمچە لەقۋا يۈزنىڭ بىر تەرەپ مۇسكۇلى بوشىشىشنىڭ سەۋەبى كېسەللەنگەن تەرەپ يۈز نېرۋىسىغا تارقالغان نېرۋا (يۈز نېرۋىسى) كېسەللەنگەنلىكىدىن بولىدۇ.

سەۋەبى

1. تەشەننۇجتىن بولغان لەقۋا ئەللامە سەمەرقەندى: «لەقۋانىڭ سەۋەبى بەزى كىشىلەرنىڭ يۈزىنىڭ بىر تەرىپى تەشەننۇجلىنىشتىن پەيدا بولىدۇ، ئاندىن كېيىن تەشەننۇجلانغان تەرەپ ساق تەرەپنى ئۆزى تەرەپكە تارتىدۇ، بۇنىڭدىن كالپۇك ۋە قاپاق بىرلىشىپ ساق تەرەپكە تارتىلىدۇ» دەپ يازغان.

2. ئىسترخادىن بولغان لەقۋا لەقۋانىڭ سەۋەبى بەزىدە جاۋىغاي مۇسكۇللىرى

بوشىشىشتىن پەيدا بولىدۇ.

قوشۇمچە لەقۋادا بىر تەرەپنىڭ نېرۋىلىرى بوشىشىشنىڭ سەۋەبلىرى ئومۇمەن سوغۇق تېگىش، قۇلاق ئېششىقى، سىفىلىس، بەزى مېڭە كېسەللىكلىرى، قۇلاق سۆڭەكلىرىنىڭ زەخمىسى، ئاجىزلىق، مەلۇم چىشنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.

لەقۋا كېسەللىكى ئورنىغا قاراپ ئۈچ خىل بولىدۇ: ① مەركەز مەنبەلىك؛ ② مەركەز ئۈستى مەنبەلىك؛ ③ مەركەز ئاستى مەنبەلىك.

مەركەز مەنبەلىك لەقۋادا ئاپەت يۈز نېرۋىسىنىڭ مەركىزىدە بولىدۇ، بۇ ئوتتۇرا مېڭىدە كۆرۈلىدۇ؛ مەركەز ئۈستى مەنبەلىك لەقۋادا ئاپەت بۇ مەركەزنىڭ ئۈستىدە، يەنى ئالدىنقى مېڭىدە بولىدۇ؛ مەركەز ئاستى مەنبەلىك لەقۋادا ئاپەت بۇ مەركەزنىڭ ئاستىدا، خاس ئالامەتتە يۈز نېرۋىسىدا پەيدا بولىدۇ.

تەشەننۇجلىنىشتىن بولغان لەقۋانىڭ ئالامىتى تەشەننۇجلانغان تەرەپتىكى پېشانە تېرىسى قاتتىق بولىدۇ ۋە ئۈستىگە تارتىشىدۇ. ئاز تۈكۈرىدۇ، ساق تەرەپتىكى كۆز يۇمۇلمايدۇ. بۇ جەھەتتە تەشەننۇجتىن بولغان لەقۋا ۋە ئىسترخادىن بولغان لەقۋادا پەرق بولىدۇ. شۇنداقلا ئىسترخادىن بولغان لەقۋادا قاپاقلىرى بوشاشقان بولىدۇ ھەمدە پۈتۈنلەي ھەرىكەت بولمايدۇ.

تەشەننۇجتىن بولغان لەقۋادا بىمارنىڭ قاپىقى ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەت قىلالمايدۇ، شۇڭا قاپىقىنى مەجبۇرىي ھەرىكەتلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

ئىسترخادىن بولغان لەقۋانىڭ ئالامىتى جاۋغاي بوشىشىپ، ھەرىكىتى سۇسلىشىدۇ، پېشانە ۋە چىراي مۇسكۇللىرىنىڭ تارتىشىشى ئازلايدۇ، تۆۋەنكى قاپاق ئاستى تەرەپكە چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇ تەرەپتىن ياش ئېقىپ تۇرىدۇ. شۇ تەرەپتىكى تاڭلاي بوشايدۇ، پۈۋلىگەندە لەقۋا تەرەپتىن ھاۋا ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ، بىمارنىڭ سەزگۈلىرى سۇس بولىدۇ.

قوشۇمچە مەركەز ئاستى مەنبەلىك لەقۋادا چىرايىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، كېسەللەنگەن تەرەپنىڭ تېرىسى بوشاشقان بولىدۇ، يۈزىنىڭ نورمال شەكلى يوقىلىدۇ، بىمار پۇشتەك چالالمايدۇ ھەمدە پۈۋلىيەلمەيدۇ، ئەگەر پۇشتەك چېلىش ۋە پۈۋلەشكە تىرىشسا، كېسەللەنگەن تەرەپتىكى نەپەس يوللىرىدىن ھاۋا چىقىپ كېتىدۇ. «ب، م» ھەرپىنى ياخشى تەلەپپۇز قىلالمايدۇ، كېسەللەنگەن تەرەپتىكى كۆزىنى يۇمالمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن ياش ئېقىپ تۇرىدۇ، بىمار كېسەللەنگەن تەرەپتە غىزا يېيەلمەيدۇ، كۈلسە ساق تەرەپ ھەرىكەت قىلىدۇ، لېكىن كېسەللەنگەن تەرەپ ھەرىكەتسىز تۇرىدۇ. بۇ خىل لەقۋا سوغۇق ئۆتۈش، يۈز نېرۋىسى ۋە يەتتىنچى نېرۋىغا تاياق تېگىش ياكى ئۇ نېرۋىنى بىرەر ئۆسمىنىڭ بېسىشىدىن بولىدۇ.

ئەسكەرتىش ئەگەر بىرەر سەۋەبتىن ئوتتۇرا مېڭىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا يۈز

نېرۋىسىنىڭ تارمۇشلىرى بۇزۇلسا، شۇ تەرەپتە بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ، شۇ تەرەپ لەقۋا بولىدۇ ھەمدە يەنە بىر تەرەپنىڭ قول - پۇتلىرى پالەچلىنىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرا مېڭىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدا بۇزۇلۇش بولسا، شۇ تەرەپنىڭ پۇت - قوللىرى پالەچلىنىدۇ، ئۇ تەرەپ لەقۋا بولىدۇ.

مەركەز مەنبەلىك لەقۋا يۇقىرىقى ئالامەتلەر كۆرۈلگەندىن باشقا، كېسەللەنگەن تەرەپ مۇسكۇللىرى يىگىلەيدۇ، بۇ خىل لەقۋا ئوتتۇرا مېڭىنىڭ مەركىزىنى ئۆسمىنىڭ بېسىشى، قاناش ياكى ئۇ ئورۇننىڭ توقۇلمىلىرىنىڭ يۇمشىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

مەركەز ئۈستى مەنبەلىك لەقۋا بۇ خىل لەقۋادا مېڭىنىڭ ئالدىقى قىسمىنىڭ يۈزى ياكى بىرەر بوشلۇقىدا بۇزۇلۇش يۈز بېرىدۇ ھەمدە بۇ بۇزۇلۇش مېڭىنى ئۆسمە ياكى قاپارتمىنىڭ بېسىشى، مېڭە يۇمشاش ۋە مېڭە قاناش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل لەقۋانىڭ ئومۇمىي لەقۋادىن پەرقى شۇكى، بۇ خىل لەقۋادا بىمار كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچالايدۇ ھەمدە كۈلۈش ياكى يىغلاشتىن كېسەللەنگەن تەرەپتە ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. لېكىن چاينىغاندا، يۇتقاندا ۋە سۆزلىگەن ۋاقىتتا ھەرىكەت پەيدا بولمايدۇ، بۇ ئالامەت يۈزنىڭ ئومۇمىي قىسمىدا كۆرۈلىدىغان لەقۋادا بولمايدۇ، كېسەللەنگەن مۇسكۇللار بۇ خىل لەقۋادا يىگىلەيدۇ، لېكىن بۇ مەركەز ئۈستى مەنبەلىك لەقۋادا بولمايدۇ. بۇمۇ قىياسىكى، بەزى بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش بىمارلىرىدىمۇ لەقۋا بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا بۇ كېسەللىكنىڭ باشقا ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، بەزىدە سىفلىس سەۋەبىدىنمۇ لەقۋا بولىدۇ.

داۋالاش

تەشەننۇجلىنىشتىن بولغان لەقۋانى داۋالاش مۇناسىپى شۇكى، كېسەللىك ئېغىرلاشمىغان بولسا تۆت كۈنگىچە، ئەگەر كېسەللىك ئېغىرلىشىپ، سەزگۈلەر سۇسلاشسا يەتتە كۈنگىچە مۇسھىل ۋە باشقا دورىلار ئارقىلىق لەقۋا كېسەللىكىنى داۋالىماسلىق لازىم. بولمىسا بىردىنلا ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. پالەچ ياكى ئېغىر سەكتە ياكى يېنىك سەكتە پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىپى شۇكى، دەسلەپتە مۇنزىجلار بىلەن خىلتنى لەتىفلەشتۈرۈپ ۋە سۇيۇلدۇرۇپ، ئۇنى چىقىشقا لايىقلاشتۇرۇش ھەمدە بۇ مەقسەت ئۈچۈن مائۇلئۇسۇلنى سىركەنجىۋىل بۇزۇرى بىلەن ياكى سىركەنجىۋىل ئەنسىلى ياكى گۈلقەنت بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈش لازىم.

بەزى كىشىلەر: ئەگەر «لەقۋا ئالتە ئايغىچە داۋاملاشسا، ئۇنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوق» دەپ ئېيتقان (ھاۋى كەبىر رازى).

چۈنكى لەقۋانىڭ ماددىسى قويۇق بولىدۇ ھەمدە قىيىنلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنىڭ

ئۈچۈن بۇ ماددا ئايدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ①، بەلكى ئاپتاپنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ (نەفىيس).

شۇنىڭغا ئاساسەن رازى ھاۋى كەبىردە قەدىمكى قارابادىندىن بۇنى نەقىل كەلتۈرگەنكى: «بۇ لەقۋا ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتسە، بۇنى داۋالىماسلىق لازىم، چۈنكى ئۇ ساقايمايدۇ».

ئەگەر تەشەننۇج قۇرۇقلۇقتىن ياكى توشۇپ كېتىشتىن بولسا، ئۇنى داۋالاشتا يۇمشاتقۇچى دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: رەختىنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ ياكى مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن ياغلاپ يەرلىك ئورۇنغا قويۇلىدۇ، ھايۋانلارنىڭ دۈۋسىقىغا ئىسسىق سۇ ئېلىپ يەرلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇج ۋە تەشەننۇجى ئىمتىلائىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئوخشاشتۇر. تەشەننۇج ئىمتىلائىنى داۋالاشنىڭ باشقا چارىلىرى لەقۋائى ئىستىرخانى داۋالاش بىلەن ئوخشاش، مۇشۇ سەۋەبتىن بەزى كىشىلەر ئەگەر ئۇ ئىككىسىنى ئايرىغىلى بولمىسا، بىرەر خەۋپ يوق، دەپ ئېيتقان.

ئىستىرخادىن بولغان لەقۋانى داۋالاش يەڭگىل چارىلەر قوللىنىلىدۇ (يەنى يەڭگىل غىزا ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ)، ماددىنى تولۇق پىشۇرغاندىن كېيىن ئۇنى چىقىرىپ تاشلىغۇچى ھەبلەر ۋە ئايارەجلەر يېگۈزۈلىدۇ (بۇ پالەچتە سۆزلىنىپ بولدى) ھەم مەرزەنجۇش، يالپۇز، ئاقىرقەرھا، قىچا، پوستى بىخ كەبىر، چۈچۈمەل ئانار ئۇرۇقى ۋە زەنجىۋىل قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا سىركەنجىۋىل ياكى ئايارەج پەيقىرا ياكى ھەسەل سۈيى قوشۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، غاز ۋە قارىچىغىنىڭ ئۆت سۈيۈقلۇقىنى ھۆل، پاكىز چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى بىلەن بىللە بۇرۇنغا تېمىتىش لازىم.

يالپۇز، سۇزاپ، ئاقىرقەرھا، دەرمىنە، غار يوپۇرمىقى، ئادراسمان، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، مەرزەنجۇش ۋە باشقىلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ ۋە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. قۇندۇز قەھرى، سەكبىنەج، جاۋشىر، مۇقەل پۇرىتىش كېرەك، چۈنكى بۇ بەلغەمنى لەتىفلەشتۈرىدۇ ۋە مېڭىدىن تۆۋەنگە تارتىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ناشتىدا مەستىكى، بەتەم يېلىمى، ئېگىر قاتارلىقلار چايناتقۇزۇلىدۇ، ماددىنىڭ سۇيۇق ۋە لەتىق تەركىبلىرىنى چىقىرىپ،

---

① ئاينىڭ بىر دەۋرى ياكى بىر ئايلىنىشى بىر ئايدا تاماملىنىدۇ، شۇڭلاشقا ھەربىر ئايدا ئاي ھىلال شەكلىدە ئاشكارا بولىدۇ. قۇياشنىڭ بىر ئايلىنىشى بىر يىلدا تاماملىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بىر پەسىل بىر يىلدىن كېيىن كېلىدۇ. ئاي ۋە قۇياشنىڭ ھالەتلىرى بىر دەۋردە ئالمىشىپ تۇرىدۇ. تېۋىپلار كېسەللىك ماددىسىنىڭ ئىككى خىل بولىدىغانلىقىغا قايىلدۇر. بىرىنچى، ئۆتكۈر ۋە ئىسسىق ماددىلار ئاي ۋە ئاينىڭ ئۆزگىرىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ۋە بۇنىڭ بوھرانى ئاي ئىچىدە بولىدۇ. ئىككىنچى، قويۇق ۋە سوغۇق ماددىلار قۇياش ۋە قۇياشنىڭ ئۆزگىرىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇنىڭ بوھرانى بىر يىل ئىچىدە بولىدۇ، ئايدا ھەممىدىن چوڭ ئۆزگىرىش 14 - كۈنى بولىدۇ، يەنى ئاي تولۇن بولغاندا ياكى تامامەن كېمىيىپ يوقالغاندا. شۇنىڭدەك، قۇياشتا چوڭ ئۆزگىرىش ئالتە ئايدىن كېيىن كېلىدۇ، يەنى ئۇ ياز پەسلىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنى قۇرۇتۇپ، قويۇلدۇرۇپ قويىدىغان ئۆتكۈر دورىلارنى ھەرگىز ئىشلەتمەسلىك لازىم. ھەممە ئۇنىڭغا دورىلار تەسىر قىلمايدۇ. لەقۋاغا غار - غار قىلىدىغان ۋە چاينايدىغان دورىلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەسىرى تېز كۆرۈلىدۇ، لېكىن بۇ دورىلار كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىنتايىن زىيان قىلىدۇ.

جالىنۇس ئېيتقانكى، بەزى لەقۋا تەشەننۇج ۋە ئىسترخانىڭ ھەر ئىككىلىسىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدا يۈزنىڭ بىر تەرىپى بوشاشقان بولىدۇ ھەممە يەنە بىر تەرەپتە تەشەننۇج بولىدۇ. بۇ قويۇق ۋە سۇيۇق ماددا سەۋەبىدىن بولىدۇ. يەنى ماددىنىڭ قويۇق - سۇيۇقلۇقى ئوخشاش بولمايدۇ. قويۇق ماددىدىن تەشەننۇج، سۇيۇق ماددىدىن ئىسترخا پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر بىر تەرەپنىڭ مۇسكۇللىرى ئىسترخا بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپنىڭ ساغلام مۇسكۇللىرى ئۆزىنىڭ تەبىئىي قۇۋۋىتى بىلەن كېسەللەنگەن تەرەپنىڭ مۇسكۇللىرىنى تارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتە ئىسترخا بولسا، يەنە بىر تەرەپتە تەشەننۇج بولىدۇ، دەپ قاراش توغرا ئەمەستۇر. بۇ بىر تەرەپنىڭ قىسقىرىشى ۋە تەشەننۇجلىنىشى تەبىئىي ئىشتۇر، كېسەللىك ئەمەس. بۇنى داۋالاشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار لەقۋانى داۋالاش ۋە ئۇنى ئەمەلىي داۋالاش ئۇسۇلى پالەچنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرىغا ئوخشاش بۇنىڭ بايانى پالەچتە سۆزلەندى.

مۇسكۇللارنىڭ لىكىلداش كېسەللىكى (ئىختىلاج)

بۇ كېسەللىكنىڭ نامى «ئىختىلاج» چوقۇم بولىدىغان ئالامەتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئىختىلاجنىڭ مەنىسى لىكىلداشتۇر، لىكىلداش بۇ كېسەللىكتە چوقۇم بولىدۇ، ئىختىلەجەتۇلئەين ئەرەبچە سۆز بولۇپ، كۆزنىڭ لىكىلدىشىغا ئېيتىلىدۇ.

ئىختىلاج بۇ بىر خىل ئىختىيارسىز ھەرىكەتتۇر، بۇ بەدەننىڭ بىرەر مۇسكۇلدا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: يۈرەك ۋە ئاشقازان، مۇسكۇل ۋە مۇسكۇلغا تۇتاش ئەزالاردا، مەسىلەن: تېرە (ئادەتتە تېرىدە لىكىلداش بولمايدۇ.) كېڭىيىش ۋە يىغىلىش ھەرىكىتى بولغان ئورۇندا لىكىلداش بولىدۇ ھەم بۇ تېز ۋە ئارقىمۇئارقا بولىدۇ. ئاندىن بۇ ئورۇن لىكىلداشتىن تېز توختايدۇ، بەزىدە بۇ ئورۇن لىكىلدايدۇ، ئاندىن لىكىلداش توختايدۇ. ئاندىن يەنە لىكىلداشقا باشلايدۇ.

سەۋەبى ئەللامە سەمەرقەندى بۇرۇنقى ھۆكۈمالاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر ئەزانىڭ لىكىلدىشىنىڭ سەۋەبى قويۇق ۋە چاپلاشقاق سۇيۇقلۇقتىن بولىدۇ، بۇ تارقاپ قويۇق بۇخاراتلار ۋە يەللەرنى پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىدىن چىقىپ كېتىشى

مۇمكىن ئەمەس ھەمدە قۇۋۋىتى داپىئە ئۇنى چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن روھ ۋە قۇۋۋەت ئوتتۇرىسىدا قارىمۇقارشىلىق، زىددىيەت، بىئاراملىق ۋە پەرىشانلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ قارشىلىشىشتىن بۇ ئورۇندا لىكىلداش پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن يەل لەتىفلىشىپ تارقايدۇ.

ئىختىلاج پەقەت سوغۇق ۋاقىتلاردا، سوغۇق تەبىئەتلىك بەدەنلەردە ياكى سوغۇق تەبىئەتلىك ياشلاردا ۋە سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش ھەم سوغۇق سۇ ئىچىشتىن پەيدا بولىدۇ.

لېكىن ھەقىقەت شۇكى، ئىختىلاج ئەمەلىيەتتە مۇسكۇللارنىڭ بىر ئىرتىجاجى تۈرىدىكى تەشەننۇجىدۇر، بۇ ئېگىلگەن ھالەتتە كۆرۈلىدۇ، چۈنكى بۇ تەشەننۇجنىڭ يەڭگىل تۈرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ سەۋەبلىرىمۇ يەڭگىل ۋە تېز يوقىلىدۇ، بۇ مۇسكۇللارغا مۇناسىۋەتلىك نېرۋىلارغا تەسىر قىلىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئېيتقانكى، لىكىلداش بەزى روھىي كېسەللىكلەر، خۇشاللىنىش، ئاچچىقلىنىش ۋە غەمدىن پەيدا بولىدۇ (ئىختىلاج ئەگەر ئىزچىل داۋاملىشۋەرسە، سەرئى، لەقۋا، سەكتە، تەشەننۇج، تەمەددۇد ۋە مالىخولىيادىن دېرەك بېرىدۇ).

پەرقى لىكىلداش ۋە رەئشەنىڭ پەرقى شۇكى:

1. رەئشە تەشەننۇجقا ئوخشاش مۇرەككەپ ئەزالاردا پەيدا بولىدۇ، بۇ ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىختىلاج ھەربىر يىغىلىپ كېڭىيەلەيدىغان ئەزادا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: نېرۋىلار، قان تومۇرلار، جىگەر، تال ۋە بالىياتقۇ قاتارلىقلاردا بولىدۇ.

2. ئىختىلاج دەرھال پەيدا بولىدۇ ۋە دەرھال يوقىلىدۇ.

3. رەئشەدە ھەرىكەت ئەزانىڭ ئاستى تەرىپىگىچە بارىدۇ، ئىختىلاجتا ئوخشاشمىغان تەرەپلەر ھەرىكەت قىلىدۇ ھەمدە ئۈستۈنكى تەرەپكە سىلجىيدۇ.

داۋالاش لىكىلداۋاتقان ئەزاغا تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىق تۇز، ئىسسىق ياغلار بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ، مەسىلەن: بابۇنە يېغى، خەيرى يېغى، قۇستە يېغى قاتارلىقلار بىلەن دەسلەپتە ئاستا ئۇۋۇلاپ تەدرىجىي كۈچەيتىلىدۇ، ئەگەر بۇ داۋالاش ئۈنۈملۈك بولسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا مۇسھىل ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بايانىدا سۆزلىنىپ بولدى، تاكى مۇسھىل بېرىش بىلەن ئىختىلاجنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبى (قويۇق - سۇيۇقلۇقنى) چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىش

ماھىيىتى بۇ كېسەللىكتە ھارارەتنىڭ زىيادىلىكىدىن قاندا قايناش بولۇپ، مېڭە ۋە يۇلۇننىڭ باشلىنىش ئورنىغا زەخىم يېتىدۇ ھەمدە بىمار ئاجىزلاشقاندىن كېيىن بىھوشلىنىدۇ ۋە

بەزى ۋاقىتلاردا نەپەس توختايدۇ ھەمدە بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. ئۆتكۈر ھارارەت ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدىن قىل قان تومۇرلارنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى نېرۋىلار پالەچلىنىپ، قىل قان تومۇرلار كېڭىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆپكىنىڭ قىل قان تومۇرلىرىغا قان تولۇش سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ھاۋا پۇۋەكچىلىرىنى بېسىپ قويىدۇ ھەمدە قان ئوبدان تازىلانمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن نەپەس قىيىنلىشىدۇ ۋە ھوشىدىن كېتىدۇ.

سەۋەبى كۈچلۈك ئاپتاپ ۋە تومۇز ئىسسىق بۇ كېسەللىكنىڭ ئەسلىي سەۋەبىدۇر. ياز پەسلىدە قارا كىيىم كىيىش، ھاراقنى كۆپ ئىچىش، قاتتىق ئىسسىقتا ھاۋا ئالماشتۇرماسلىق قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرىدۇر. ئىسسىق مەملىكەتلەردە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 120 ~ 108 دەرىجىگە چىقسا، قاتتىق ئىسسىق بولغان كېچىسىمۇ بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ، تومۇز ئىسسىقتا جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەكنى كۆپ قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ. سەۋەبلەرنىڭ ئالامىتى ئېتىبارى بىلەن بۇ كېسەللىك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. بەزىدە بىمار ئىنتايىن ئاجىزلاپ بىھوش بولىدۇ، مۇسكۇل بوشىشىدۇ، پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرلەيدۇ. تومۇرى ئاجىز ۋە ئىنچىكە سالىدۇ، يۈرەك رىتىمى ئىنتايىن يەڭگىل بولىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسىدۇ، بۇ ئەھۋالدا يۈرەك ھەرىكىتى توختاش بىلەن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى بىمارنىڭ سالامەتلىكى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىدۇ.

2. مېڭە ۋە يۇلۇنغا ئۆتكۈر ھارارەتنىڭ تەسىر قىلىشى سەۋەبىدىن بىمار بىھوش بولۇپ يىقىلىدۇ ھەمدە نەپىسى توختاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

3. بۇ كېسەللىكتە كۆپىنچە، دەسلەپتە تومۇز ئىسسىق ۋە قىزىش سەۋەبىدىن بىمارنىڭ بېشى ئاغرىيدۇ، باش قېيىشقا باشلايدۇ، ئاندىن قىزىتما شىددەت بىلەن ئۆرلەيدۇ. بۇنىڭ ھارارىتى 106 ~ 110 دەرىجىگە، بەلكى بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە بولىدۇ، بىمار قاتتىق بىئارام بولىدۇ ۋە قاتتىق ئۇسسايدۇ. كىچىك تەرەت قىلىش قېتىم سانى كۆپ بولىدۇ، ئاخىرىدا بىمار بىھوشلىنىدۇ، جۆيلۈشكە باشلايدۇ، نەپەسلىنىشتە قىيىنلىشىدۇ ھەمدە ئۇ سەۋەبىدىن خىرقىرىغان ئاۋاز كېلىدۇ. يۈز - كۆزلىرى قىزىرىدۇ، يۈرىكى كۈچلۈك سوقىدۇ ھەمدە بىھوشلۇق غالىب كېلىپ ۋە ئاجىزلىق پەيدا بولۇپ، بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بىمار ناھايىتى تېز ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەگەر ساقىيىشقا ئىمكان بولسا ئۇزۇن ئۆتمەي تولۇق ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئاقىۋىتى ۋە نەتىجىسى ياشانغان، ئاجىز ۋە شارابخور كىشىلەر بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولسا، كۆپىنچە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۆلۈش نىسبىتى ئومۇمەن 30% ~ 40% بولىدۇ. بۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن بەزىدە يەنە باشقا مېڭە كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: باش ئاغرىقى، ئەستە ساقلاش كۈچى ئاجىزلاش، سەرسام ياكى ساراڭلىق كۆرۈلىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاش ياز پەسلىدە، يالاڭباش ۋە يالاڭ ئاياغ ھەرگىز سىرتقا چىقماسلىق، ئاپتاپتا كۈنلۈك تۇتۇش ياكى باش، بويۇن ۋە ئومۇرتقىنى ئاپتاپنىڭ زەربىسىدىن ساقلاش ئۈچۈن بىرەر رەخت بىلەن ئورىۋېلىش، قارا كىيىملەرنى، تورلۇق كىيىملەرنى كىيىپ سىرتقا چىقماسلىق لازىم. بۇ پەسىلدە پىشمىغان ئامدا شەربەت تەييارلاپ ئىچكەندە، ئاپتاپنىڭ ئاپىتىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

داۋالاش بىمار سوغۇق ۋە ھاۋالىق ئورۇنغا قويۇلىدۇ، كىيىملىرىنىڭ تۈگمىلىرى يېشىۋېتىلىدۇ ھەمدە يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە ياتقۇزۇلىدۇ، ئەگەر بىھوش بولسا، سوغۇق سۇ سېپىلىدۇ ياكى ئەرقى گۇلاب، ئەرقى كىيۇرە سېپىلىدۇ ۋە بۇ ئەرەقلەرگە سەندەل ۋە كافۇر ئارىلاشتۇرۇپ پۇرىتىلىدۇ ۋە چاچنى چۈشۈرۈپ، ئۇ ئەرەقلەرگە رەختنى چىلاپ، قايتا - قايتا بىمارنىڭ بېشىغا قويۇلىدۇ. بەدەن سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ، جۈملىدىن باش، بويۇن ۋە ئومۇرتقا ياكى بەدەن سوغۇق سۇ بىلەن سۈرتۈلىدۇ، مۇز پارچىسىنى رەختكە ئوراپ پۈتۈن بەدەن ئۈستىگە قويۇپ چىقىلىدۇ، بىمارنىڭ قېشىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماسلىق، ئەگەر بىمار ھوشىغا كەلسە ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ شىكايىتىنى قىلسا، مۇز سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى پىشمىغان ئامنى قوقاسقا كۆمۈپ، ئۇنىڭ پوستىنى ئاقلاپ، جەۋھىرىنى سوغۇق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈلىدۇ ھەمدە ئازراق كىيۇرە ياكى گۇلاب ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە ناۋات ئارىلاشتۇرۇپ مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر كېسەلدە ئاپتاپ ئۆتۈشنىڭ تەسىرلىرى بېسىقسا، كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ نۇسخىنى بىر قانچە كۈن ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

نۇسخا دەسلەپتە مۇپەررىھى بارىد ياكى مۇپەررىھى ياقۇتتىن يەتتە گىرام ئېلىپ يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن بەش دانە چىلان، بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلان، ئۈچ گىرام كاۋا ئۇرۇقى، قارا سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، 96 گىرام ئەرقى گاۋزىبان، 48 گىرام ئەرقى گۇلابقا چىلاپ لۇئابى ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گىرام نىلۇپەر شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش لەتىق، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالاردىن، سۈت، دوغاپ، گۈرۈچ سۈيى قاتارلىقلار سوۋۇتۇپ بېرىلىدۇ.

ئەسكەرتىش ئىسسىق پەسىلدە پىشمىغان ئام شەربىتى، لىمون شەربىتى، تەمرى ھىندى شەربىتى، قېتىق، قېتىق سۈزمىسى ۋە باشقىلارنى ئىستېمال قىلىپ تۇرۇش ئاپتاپ ئۆتۈشتىن ساقلايدۇ.

زۇكام

سەمەرقەندى ئېيتقانكى، زۇكامدا، سۇيۇق ماددا مېڭىنىڭ ئالدى ئىككى بوشلۇقلىرىدىن بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىگە ئاقىدۇ. نەزلىدە ماددا يۇتقۇنچاق تەرەپكە ئاقىدۇ (نەفىيس).

نەزلە ۋە زۇكامنىڭ پەرقى بەزى كىشىلەر نەزلىنى ماددا كۆكرەك ۋە ئۆپكە تەرەپكە چۈشكەن چاغدىكى ھالەت بىلەن خاسلاشتۇرىدۇ، بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ھەممىسىنى نەزلە، دەپ ئاتايدۇ ھەمدە زۇكامنىڭ مەخسۇس شەكلى دېيدۇ، بۇنىڭدا سۇيۇق ماددا بۇرۇندىن ئارقىمۇئارقا كېلىپ تۇرىدۇ (نەفىيس).

قوشۇمچە زۇكام ئەمەلىيەتتە بۇرۇن شىللىق پەردىلىرىنىڭ نەزلىسىدۇر، نەزلە ئەمەلىيەتتە شىللىق پەردىلەردىكى ئىششىقتۇر. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇندىن سۇيۇقلۇقلار كۆپ ئاقىدۇ. بۇقرات شۇنداق قارىغانكى، ئەگەر سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرى تېرىدە بولسا، تېرە قىزىل قان تومۇرلىرى تارىيىدۇ ھەمدە قانلار ئىچكى ئەزا تەرەپكە يۈرىدۇ ۋە بۇرۇننىڭ شىللىق پەردىلىرىدە قان قېيىش پەيدا بولىدۇ. سوغۇق تېگىش ئۇنىڭ ئەسلىي سەۋەبىدۇر، بۇنىڭ بىلەن كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش شارائىتى ھازىرلىنىدۇ ۋە نەزلە بەدەنگە تارقىيدۇ، بۇنىڭ بىلەن باشقا ئەزالاردا باشقا تۈردىكى ئىششىقلار پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى

1. سىرتقى ئىسسىقلىقتىن بولغان زۇكام: زۇكامنىڭ سەۋەبى بەزىدە مېڭىنىڭ ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ. بۇ سىرتقى سەۋەبلەردىن، يەنى ئاپتاپنىڭ ئىسسىقلىقىدىن ياكى باشقا ئىسسىق ياغلارنى چېپىشتىن ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئىپار ۋە زەپەرنىڭ پۇرىقىنى پۇراشتىن بولىدۇ (بۇنىڭدىن مېڭىگە ئىسسىق ئۆتىدۇ)، مېڭىنىڭ ھۆللۈكلىرى سۇيۇلىدۇ ھەم باشنىڭ ئىسسىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن پۈتۈن بەدەندىن ھۆللۈكلەرنى باش تەرەپكە تارتىپ كېلىدۇ. ئەگەر باش ماددىلار بىلەن تولغان بولسا ۋە بۇ ماددىلار سۇيۇق بولسا، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى تەرەپكە چۈشىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا مېڭە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تومۇرلار كېڭىيىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن مۇشۇ جايدا قان تولۇپ نەزلە پەيدا بولىدۇ (ت).

2. ئىچكى ئىسسىقلىقتىن بولغان زۇكام: زۇكامنىڭ سەۋەبى بەزىدە باشنىڭ ئىسسىقلىقىدىن بولىدۇ، يەنى بۇ ئىسسىقلىق سىرتقى ئىسسىقلىقتىن پەيدا بولمايدۇ، بەزىدە باشنىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن پۈتۈن بەدەنمۇ ئىسسىق بولىدۇ.

3. سىرتقى سوغۇقلۇقتىن بولغان زۇكام: بەزىدە زۇكامنىڭ سەۋەبى مېڭىنىڭ سوغۇقلۇقى (سوغۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش) دىن بولىدۇ، بۇ مېڭىگە سىرتقى سەۋەبلەردىن يېتىدۇ. بۇ، سوغۇق پەسىللەردە باشقا سوغۇقلۇق يېتىشتىن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن باشنىڭ تېرىسى قېلىنلاپ، تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مېڭىدىن ھەمىشە تارقاپ تۇرىدىغان بۇخاراتلار چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

4. ئىچكى سوغۇقلۇقتىن بولغان زۇكام: بەزى زۇكام مېڭىنىڭ خاس سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى سوغۇقلۇق مېڭە ئۆزىدىكى ئوزۇقلۇقنى ئەتراپقا يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ ۋە مېڭىگە ئۆرلەيدىغان بۇخاراتلارنى تارقىتالمايدۇ، ھەزىم ۋە پىشىشنىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن كېرەكسىز ئوزۇقلۇقلار ماددا شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ ھەمدە تارقىلالماسلىقى سەۋەبىدىن بۇخاراتلار مېڭىگە يىغىلىپ، ھەمىشە نەزلە بولۇپ تۇرىدۇ.

5. سەپرادىن بولغان ئىمتىلا: بەزى زۇكامنىڭ سەۋەبى تامام بەدەن ۋە باش ماددا بىلەن تولغانلىقتىن بولىدۇ، لېكىن بەدەنگە قارىغاندا باشتا تولۇپ قېلىش زىيادە بولىدۇ. ئۇ تۆت تۈرلۈك بولىدۇ، بىرىنچى تۈرى: ئۇنىڭ بۇخاراتلىرى (ۋە ماددىلىرى) دا سەپرا غالىب كېلىپ، بۇ مېڭىدە توسۇلىدۇ.

6. قاندىن بولغان ئىمتىلا: بۇ ئىككىنچى تۈرىدۇر، بۇنىڭ بۇخاراتلىرىدا مېڭە توسۇلىدۇ، قاندىن بولغان بۇخاراتلار غالىب كەلگەن بولىدۇ.

7. بەلغەمدىن بولغان ئىمتىلا: بۇ ئۈچىنچى تۈرىدۇر، بۇنىڭ بۇخاراتلىرى مېڭىدە بولىدۇ، ھۆل ۋە بەلغەمى بۇخاراتلار غالىب كەلگەن بولىدۇ، بۇ بارلىق تۈرلەردىن خەتەرسىزدۇر. چۈنكى ئۇ كېسەلنىڭ مىزاجى ئەزانىڭ مىزاجىغا مۇۋاپىقتۇر، ئەزانىڭ مىزاجىغا مۇۋاپىق كەلمىگەن كېسەلگە قارىغاندا خەتىرى ئاز بولىدۇ. چۈنكى ئەزانىڭ مىزاجىغا قارىمۇقارشى كېسەللىك شۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەب كۈچلۈك بولغان ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى كۈچلۈك بولمىسا، ئەزانىڭ ئەسلىي مىزاجىنى مەغلۇپ قىلىشقا تولۇق قادىر بولالمايدۇ ھەمدە ئەزا ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەيدۇ.

8. سەۋدادىن بولغان ئىمتىلا: بۇ تۆتىنچى تۈرىدۇر، بۇنىڭ توسۇلغان بۇخاراتلىرىدا سەۋداۋى بۇخاراتلار غالىب كەلگەن بولىدۇ، بۇ تۈرى ئاز ئۇچرايدۇ، چۈنكى سەۋدا بەدەندە كەم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈك سەۋەب بولمىسا سەۋداۋى كېسەللىكلەر مېڭىدە كۆرۈلمەيدۇ. چۈنكى سەۋدانىڭ مىزاجى مېڭىنىڭ مىزاجى بىلەن قارىمۇقارشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز ئۇچرايدۇ.

قوشۇمچە ئوبدان ئوزۇقلىنالمىغان، نازۇك مىزاج، بەدىنى ئاجىز كىشىلەر ئارام ئېلىشقا

ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ئەمگەك قىلىدىغان، بەدىنى كۈچلۈك ئادەملەر ئاز زۇكامدايدۇ، پۈتۈن بەدەن ياكى بويۇنغا سوغۇق تېگىش، جۈملىدىن بەدەن ئاجىزلاش، بەزىدە پەقەت پۇتنى سوغۇق سۇغا چىلاشتىنمۇ زۇكام پەيدا بولىدۇ. بىردىنلا پەسلىنىڭ ئالمىشىشى، سوغۇق ھاۋا ياكى زەيكەش مۇھىتتا تۇرۇش، كېچىنىڭ سوغۇقىدا ئۇزاق تۇرۇپ قېلىش، سۇغا چۆمۈلۈش ۋە ئۇزۇن ۋاقىتقىچە نەم كىيىملەرنى كىيىش، قىزىق غىزا يېگەندىن كېيىن سوغۇق سۇ ئىچىش، غىدىقلىغۇچى بۇخاراتلارنىڭ بۇرۇنغا كىرىشى، مەسىلەن: بۇس ۋە باشقىلار. بەزى ئائىلىلەردە بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئىرسىيەتلىك بولىدۇ، بۇ كېسەللىك بەزى ۋاقىتلاردا باشقا كېسەللىكلەرگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ، مەسىلەن: چېچەك، قىزىل، تارقىلىشچان زۇكام، كۆكيۆتەل ۋە باشقىلاردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى

سىرتقى ئىسسىقلىقتىن بولغان زۇكامنىڭ ئالامىتى بۇرۇندا غىدىقلىنىش ۋە كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ، چۈنكى بۇرۇندىن سۇ ئاقىدۇ، ئۇ ئۆتكۈر يەنى تۇزلۇق بولىدۇ (كۆز ۋە يۈزىدە قىزىللىق بولىدۇ).

ئىچكى ئىسسىقلىقتىن بولغان زۇكامنىڭ ئالامىتى يۇقىرىقىدەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، بۇ سىرتقى ھارارەت سەۋەبىدىن بولىدۇ. بىمارنىڭ تومۇرى چوڭ، تېز، ئارقىمۇئارقا سوقىدۇ (تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى سېرىققا مايىل بولىدۇ).

سىرتقى سوغۇقلۇقتىن بولغان زۇكامنىڭ ئالامىتى ئۇنىڭ ئالامىتى زۇكامنى پەيدا قىلغۇچى سىرتقى سەۋەبلەردىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

ئىچكى سوغۇقلۇقتىن بولغان زۇكامنىڭ ئالامىتى بىمارنىڭ سەزگۈسى سۇس، بەدىنى بوش بولىدۇ، باشتا قىزىقلىق بولماي ئېغىرلىق بولىدۇ، بىمار باشنى ئىسسىتىدىغان نەرسىلەردىن راھەت تاپىدۇ، مېڭىدە سوغۇقلۇقنىڭ باشقا ئالامەتلىرى (بۇنىڭ بايانى بۇ كىتابنىڭ بېشىدا سۆزلىنىپ بولدى) تېپىلىدۇ.

سەپرادىن بولغان ئىمتىلانىڭ ئالامىتى بۇرۇندىن سۇ ئاقىدۇ، ئۇ كېسەللىكنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، ھەتتا شۇنداق مەلۇم بولىدۇكى، گويا ئۇنىڭ بۇرنىغا ئوتنىڭ چوغى قويۇلغاندەك بۇرۇن تۆشۈكى كۆيىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن باش ئاغرىيدۇ. بىمار ئۇسسايدۇ، بىمارنىڭ ئەقىل تىلى ياكى تاڭلىيىدا يېرىكلىشىش بولىدۇ، بىمارنىڭ ئىككى كۆزى ئېچىشىدۇ ھەمدە ئىككى كۆزىدىن ياش ئاقىدۇ.

قاندىن بولغان ئىمتىلانىڭ ئالامىتى زۇكامدىن بىمارنىڭ كۆزلىرىدە قىزىللىق بولىدۇ

ۋە بىمارنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ، بېشى ئېغىرلىشىدۇ. سېزىمى سۇسلىشىدۇ، بىمار ئەقىلسىز ۋە گومۇش بولىدۇ (ئۇيقۇسىرايدۇ، لېكىن ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، ئۆزىگە ئەقىل تىلى، چىش مىلىكلىرى، ئىككى قۇلاق ۋە يۈزىدە غىدىقلىنىش ھەم ئېچىشىشقا ئوخشاش سېزىم مەلۇم بولىدۇ، شۇنداقلا بۇرۇندىن گۇلاب رەڭلىك سۇيۇقلۇق ئاقىدۇ. تاتلىق يېمەكلىكلەرمۇ تەمسىز بىلىنىدۇ).

بەلغەمدىن بولغان ئىمتىلانىڭ ئالامىتى باش ئېغىرلىشىدۇ، چۈنكى مېڭە ماددىلار بىلەن تولغان بولىدۇ، بېشىنى كۆتۈرۈشكە مادارى يەتمەيدۇ، سەزگۈسى سۇسلىشىدۇ، بىمارنىڭ گەپ - سۆزى ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدۇ، دىمىغىدا گەپ قىلىدۇ. چۈنكى بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى ئاۋازنى سۈزۈك، سۆزنى ياخشى تەلەپپۇز قىلىشقا ياردەملىشىدۇ. ئەگەر بۇرۇن چاپلاشقاق بەلغەمدىن توسۇلغان بولسا گەپنى ياخشى قىلالمايدۇ، شۆلگەي كۆپىيىدۇ، بىمار بىرەر نەرسە يەپ - ئىچسە، ئۇنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ، چۈنكى بىمارنىڭ سەزگۈلىرى سۇسلىشىدۇ، بۇ تىل ئۈستىگە چاپلاشقاق سۇيۇقلۇقلار چاپلىشىۋېلىش ھەمدە نېرۋىلارغا تەسىر قىلغانلىقتىندۇر ياكى بىرەر نەرسىنى يېگەندە تىلنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىدۇ، غىزا يېگەندە تىلى ئۈزۈلۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى شۇ بولىدۇكى، تىل چايناۋاتقان غىزانى ئىلەشتۈرۈش، ئۇنى يىغىش ئۈچۈن ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قايتۇرۇپ چىش ئارىلىقلىرىغا يەتكۈزىدىغان ئەزا ۋە ۋاستىدۇر، ئەگەر تىل قېلىنلاپ قالسا، تىلنىڭ چىش ئارىلىقىغا قايتىشى ۋە ھەرىكەت قىلىشى قىيىنلىشىپ، چىشلار تەرىپىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

سەۋدادىن بولغان ئىمتىلانىڭ ئالامىتى بىمار كۆزلىرى قۇرۇغاندەك ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن باشتا ئېغىرلىق ۋە ئاغرىق بولىدۇ. ئېغىز تەمدە كۆيۈپ كەتكەن نەرسىنى يېگەندەك سېزىم بولىدۇ، ئەگەر بىمار بىرەر نەرسىنى پۇرىسا، تۈتۈن پۇرىقى ۋە سېسىق پۇراق كېلىدۇ.

قوشۇمچە باشلىنىشتىلا كەيپىياتتا سۇسلۇق ۋە ھورۇنلۇق بولىدۇ. بىرەر ئىش قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ، پۈتۈن بەدىنى ئاغرىيدۇ، پېشانىسى بىر نەرسە سانجىلغاندەك ئاغرىيدۇ. باش ئاغرىش، ئىككى چېكە ئېغىر بولۇش ئالامەتلىرى بولىدۇ، كۆزلىرى ئاغرىيدۇ ۋە پارقىراق بولىدۇ، گال ئاغرىغاندەك، بۇرنى قۇرۇغاندەك ھېس قىلىدۇ، چۈشكۈرىدۇ، بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن كۆزلىرى قىزىرىدۇ ۋە بۇرنىدىن سۇيۇقلۇق ئېقىشقا باشلايدۇ. سۇيۇقلۇق دەسلەپتە سۇيۇق ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ، بۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بۇرۇننىڭ گىرۋەكلىرىدە قىزىللىق ۋە يېقىمسىزلىق بولىدۇ، كۆزلەردىن ياش ئاقىدۇ، ئۇ ياش سۇيۇقلۇقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن ياش كانالچىلىرى ئىششىيدۇ. تېتىش قۇۋۋىتى، پۇراش قۇۋۋىتى ۋە ئاڭلاش قۇۋۋىتىدە بىرئاز بۇزۇلۇش

بولىدۇ.

سۈيۈقلۇقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن بەزىدە يۇتقۇنچاقتىمۇ قىزىللىق ۋە ئىششىق بولىدۇ ۋە يۇتقاندا ئاغرىيدۇ. ئەگەر يۇتقۇنچاققا قەدەر تەسىر قىلسا، ئاۋازى پۈتىدۇ ياكى بوغۇلۇپ قالىدۇ ھەمدە كەينى - كەينىدىن يۆتىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن گەپ قىلغاندا بىئارام بولىدۇ، ئەگەر كېسەللىك ئۆتكۈر بولسا يەڭگىل قىزىشمۇ بولىدۇ، بۇنىڭ ھارارىتى 102 دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ. تومۇرى تېز سوقىدۇ، تىلى گەز باغلايدۇ ۋە ئىشتىھاسى يوقىلىدۇ، ئۇسسۇزلۇق كۆپ ۋە قەۋزىيەت بولىدۇ. سۈيدۈكى قىزىل، ئاز كېلىدۇ، ئومۇمەن 36 سائەت ئىچىدە نەزلىنىڭ سۈيۈقلۇقى قويۇلىدۇ ھەمدە كۆپلەپ چىقىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىششىغان بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە قايتىدۇ ھەمدە بىمار ئاستا ئاستا بۇرنى ئارقىلىق نەپەس ئېلىشقا باشلايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

مەزكۇر ئالامەتلەر ئىسسىقتىن بولغان نەزلىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر، ئەگەر نەزلە سۈيۈقلۇقىدا كۆيۈشتۈرۈش ۋە ئېچىشتۇرۇش ھەمدە ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بولمىسا، سوغۇقلۇقتىن بولغان نەزلە دېيىلىدۇ.

بۇرۇننىڭ شىللىق پەردىلىرىنىڭ ئىششىقىدىن بولغان نەزلە بەزىدە يۇتقۇنچاق ۋە ئۆپكىگىچە يېتىپ بارىدۇ. بەزىدە بۇرۇن قۇلاق ئوتتۇرىسىدىكى يول ئارقىلىق قۇلاققىچە، بەزىدە بۇرۇن كانالچىسىنىڭ يولى ئارقىلىق كۆزگىچە، بەزىدە بۇرۇن ئۈستىگە جايلاشقان پېشانە سۆڭەك بوشلۇقىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورۇنلاردا كېسەللەنگەن ئەگەشمە ئالامەتلەر ئاشكارا بولىدۇ، مەسىلەن: ئۆپكىنىڭ ئۇششاق كانالچىلىرى سەۋەبىدىن يۆتىلىش، قۇلاقنىڭ سەۋەبىدىن قۇلاق ئاغرىش ۋە قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە كۆزنىڭ سەۋەبىدىن كۆزدىن ياش ئېقىش ۋە باشقىلار پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش سىرتقى ئىسسىقلىقتىن بولغان زۇكامنى داۋالاش: ئەگەر بەدەندە تولۇپ قېلىش بولسا، قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئارقىلىق بەدەندىن ماددىلار چىقىرىلىدۇ، تاكى مېڭە تەرەپكە بەدەندىن ماددا ئۆرلىمىگىچە (ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇنۇش، سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلارنى بۇرۇنغا تېمىتىش)، مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىقلار تاكى غىدىقلىنىش پەسىيىپ، مېڭە سوۋۇغىچە ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر زۇكام سوزۇلما بولسا، ئۇنى توختىتىش ۋە توسۇش ئۈچۈن كافۇر بىلەن ئىسرىقلىنىدۇ. ئىسرىقلاش ئۇسۇلى: بىرەر شېشىنى ئوت ئۈستىگە قويۇپ، ئىچىگە كافۇر سېلىپ كۆيدۈرۈلىدۇ. كافۇر سوغۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ ھەمدە زىيادە سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان سۈيۈقلۇقلارنى قاتۇرىدۇ (ياكى سىركىگە چىلانغان بۇغداينىڭ كېپىكى بىلەن ئىسرىقلاش). بۇمۇ سوغۇقلۇق

پەيدا قىلىدۇ ۋە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ ھەم بىنەپشە، خەشخاشنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن شەربىتى خەشخاش ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇغداينىڭ كېپىكىنىڭ سۈيى، باقلا ئۇنى، نىشاستە، كەتىرا، بادام يېغى ۋە شېكەردىن تەييارلانغان ھالۋا يېگۈزۈلىدۇ.

ئىچكى ئىسسىقلىقتىن بولغان زۇكامنى داۋالاش ئەگەر مۇناسىپ بولسا قان ئېلىنىدۇ. بەدەندىن ماددا ئازلىغىچە ۋە باشقا تەرەپكە مايىل بولغۇچە يۇمشاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ ۋە بۇ مەقسەت ئۈچۈن بىنەپشە، بىخسۇس، ئاق لەيلى، سەرپىستان، چىلان قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا خىيارشەنبەر ۋە شىرخىست قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ (ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ)، مىزاجنى تەڭشەش، سوغۇق نۇتۇل، سوغۇق شۇمۇم، سوغۇق ياغ ۋە باشقىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

تاشقى سوغۇقلۇقتىن بولغان زۇكامنى داۋالاش ئىسسىقلىق باش ئىچىگە يېتىپ بارغۇچە تېرىق ۋە ئىسسىق رەخت بىلەن باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، بىمارنى تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلغانغا قەدەر ھاممامغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ماددىلار پىشۇرۇلىدۇ، بۇرۇن تەرەپكە زۇكام سۇيۇقلۇقىنىڭ قۇيۇلۇشىدىن توسۇش ئۈچۈن ئۇد (ئېگىر) ياكى باشقا دورىلار بىلەن بىمارنىڭ بۇرنى ئىسرىقلىنىدۇ، بۇ مېڭىنى ئىسسىتقۇچى ۋە توسالغۇنى ئاچقۇچى بولسۇن، مەسىلەن: لادەن، قۇستە ۋە سىركىگە چىلانغان سىيادان قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئىچكى سوغۇقلۇقتىن بولغان زۇكامنى داۋالاش باشنى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، نۇتۇل ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمەلىك ۋە مەرزەنجۇشنىڭ قاينىتىلمىسى ئىشلىتىلىدۇ، پۇرىتىلمىلاردىن قورۇلغان سىيادان ۋە رۇمبەدىيان قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

سەپرادىن بولغان ئىمتىلانى داۋالاش يۇمشىتىلىدۇ، مېۋىلەر سۈيى بىلەن خىيارشەنبەر ۋە تەرەنجىبىننى قوشۇپ بېرىپ، ماددا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە غىزاسىغا پەقەت ئارپا سۈيىلا بېرىلىدۇ، بۇ خىلىت مېڭىدە پىشىپ توسۇلۇپ، بۇرۇن يولى بىلەن سىرتقا چىقىرىلىشى قىيىن بولغان شەرت ئاستىدا ئۆسۈملۈكلەردىن، مەسىلەن: بىنەپشە، بابۇنە، ئاق لەيلى، كاھۇ يوپۇرمىقى، خەشخاش پوستى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلغان سۇلىرى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ. ئەگەر مېڭىدىكى نەزلە سۇيۇق بولسا، خەشخاش شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ، تاكى بۇ قويۇلۇپ كۆكرەك پەردىسى ۋە كېرىگەتكە قۇيۇلمىغۇچە ۋە بۇرۇن پەردىلىرى، شۇنداقلا كۆزلىرىگە كېڭەيمىگۈچە. بۇنىڭدىن ئۇلاردا كۆيۈشۈش ۋە غىدىقلىنىش پەيدا بولىدۇ. ئەگەر خەشخاش شەربىتى سەۋەبىدىن غەلىۋىر سىمان سۆڭەكتە توسالغۇ پەيدا بولسا ھەمدە ماددىلار

بۇرۇن تەرەپكە بارمىسا، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ۋە ئەنبەر بىلەن ئىسرىقلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ دورىلارنىڭ ئىسسى تۇسالغۇنى ئېچىپ مېڭىنى كۈچلەندۈرىدۇ، بۇخاراتلارنى يوقىتىدۇ ۋە باش قىسمىغا زىيادە ئىسسىقلىقمۇ يەتكۈزمەيدۇ.

قاندىن بولغان ئىمتىلانى داۋالاش قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، يۇمشاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ، ئارپا سۈيى، چىلان، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلار باراۋەر مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر ئۇلاردىن تۇسالغۇ پەيدا بولغان بولسا يەنى ماددا ئاقمىسا، ئۇنى ئىسرىقلايدىغان دورىلار بىلەن ئىسرىقلىنىدۇ، بۇ سەپراۋى زۇكامنى داۋالاشتا سۆزلەندى ھەمدە ئۇنىڭغا سۇمبۇل، سۇندۇرۇس ۋە ئېگىر قاتارلىقلار كۆپلەپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئورۇندا ماددا زىيادە قويۇق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇسالغۇلارنى ئېچىشتا، زىيادە ئىسسىق دورىلارغا ئېھتىياج چۈشىدۇ ھەمدە بىمارنى، مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلملىك ۋە مەرزەنجۇش قاتارلىق ئۆسۈملۈك دورىلارنىڭ سۈيى بىلەن ھورلاندۇرۇش لازىم.

بەلغەمدىن بولغان ئىمتىلانى داۋالاش زۇپا، بىخسۇس ۋە قۇرۇق ئەنجۈر قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىنى تەرەنجىبىن بىلەن قوشۇپ بېرىپ چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ، غىزالىرىغا پەقەت پۇرچاق ۋە بادام مېغىزى بىلەن شېكەرسىز ياكى ئازراق شېكەر بىلەن تەييارلانغان ياكى بۇغداي كېپىكى، بادام مېغىزى ۋە ھەسەلدىن تەييارلانغان ھالۋىلار بېرىلىدۇ ياكى ھەسەل بىلەن كېپەك يېگۈزۈلىدۇ، سۇنىڭ ئورنىغا جۇلاپ يەنى ھەسەل شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ، چۈنكى سۇ ماددىنى خېمىغا ياندۇرىدۇ، ماددىنىڭ پىششىنى كېچىكتۈرىدۇ ۋە بەلغەمنى كۆپەيتىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۆسۈملۈكلەردىن، مەسىلەن: سېرىقچېچەك ، بابۇنە، بەرەنجاسىپ، يالپۇز ۋە ئىكلىلملىك قاتارلىقلارنىڭ سۈيىدە ھورلاندۇرۇلىدۇ. شەرتكى، ماددىنى پىشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، ئەگەر تۇسالغۇ پەيدا بولغان بولسا قارا شېكەر، قەغەز، سۇمبۇل، ئادراسمان، ھەراق ۋە سۇندۇرۇس بىلەن ئىسرىقلاش كېرەك.

سەۋدادىن بولغان ئىمتىلانى داۋالاش ئارپىنىڭ سۈيى خەشخاش بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ھالۋا يېگۈزۈلىدۇ، بۇ شېكەر، بادام يېغى ۋە نىشاستىدىن تەييارلانغان بولسۇن. ھۆل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۇلىرى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: بىنەپشە، ئاق لەيلى، كاھۇ يوپۇرمىقى، خەشخاش ۋە قاپاق قاتارلىقلار (بۇنى باشنىڭ ئالدى بۆلىكىگە نۇتۇل قىلىش)، ئەگەر تۇسالغۇ پەيدا بولغان بولسا، مىئە شېكىرى ۋە سۇندۇرۇس بىلەن ئىسرىقلاش كېرەك.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەگەر نەزلە ھارنىڭ سەۋەبىدىن زۇكام بولسا، بۇ نۇسخا ئەتىگەن ـ كەچتە ئىككى قېتىم ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ

گىرام، چىلاندىن بەش دانە، سەرپىستاندىن توققۇز دانە ئېلىپ، سۇدا قايىنتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 24 گىرام بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر نەزلە سۇيۇقلۇقى قويۇق بولسا، بېھى ئۇرۇقىنىڭ ئورنىغا گۈلبىنەپشە قوشۇپ بېرىش لازىم.

قوشۇمچە بەزىدە يۇقىرىقى نۇسخىغا ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن ۋە گاۋزىباندىن بەش گىرام قوشۇلىدۇ. ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان نەزلە سۇيۇقلۇقىنى قويۇلدۇرۇش نەزەرگە ئېلىنسا، ئۈچ گىرام كاھۇ ئۇرۇقى شىرىسى قوشۇلىدۇ ۋە ئەگەر مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش كېرەك بولسا، بەش دانە تاتلىق بادام مېغىزى شىرىسى قوشۇلىدۇ ۋە ئەگەر يۆتەل بولسا ئاقلانغان چۆچۈكبۇيا يىلتىزى قوشۇلىدۇ، ئەگەر بۇ قايىنتىلما بىلەن مەنپەئەت تاپمىسا، تۆۋەندىكى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ:

قايىنتىلما نۇسخىسى گۈلبىنەپشە يەتتە گىرام، چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى يەتتە گىرام، ناۋات 24 گىرام. دورىلارنى سۇدا قايىنتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بەزىدە بۇ قايىنتىلمىنى ئىچىشتىن ئىلگىرى 12 گىرام لۇئوقى مۆتەدىل، 12 گىرام لۇئوقى نەزلىنى تاۋۇز سۈيى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

پۇركۈلمە دورا: ئالتە گىرام ئاش تۇزى، ئۈچ گىرام بۆرە ئەرمىنىنى ئېلىپ، 174 گىرام سۇدا قايىنتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقى نۇسخىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ھەمدە بۇنىمۇ كۈندە بىر قانچە قېتىم بۇرۇنغا تېمىتىپ تۇرۇش كېرەك.

ئەگەر قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولسا، كەچتە ئىترىفىل زامانى قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، ئەگەر مەزكۇر دورىلارنى ئىستېمال قىلىش بىلەن نەزلە توختىمىسا، گال ئاغرىسا، ئاندىن بۇ نۇسخىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

كەتىرا ۋە رۇبىسۇسنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ ھەمدە بېھى ئۇرۇقى، چىلان، سەرپىستان چۆشكەن خېمىرى خەشخاشقا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، لېكىن 12 گىرام شەربىتى بىنەپشە ئورنىغا 24 گىرام شاتۇت شەربىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر نەزلە يەڭگىللىگەن بولسا ئاندىن بۇ نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ: ئىككى بەرىنج مەرۋايىت كۈشتىسى، ئىككى بەرىنج تۆمۈر پوقى كۈشتىسىنى جاۋارىش جالىنۇسقا ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى قېتىمدا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئىترىفىل زامانىنى ھەپتىدە ئىككى قېتىم قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

ئەگەر نەزلە بارىدىنىڭ سەۋەبىدىن زۇكام بولسا، بۇ نۇسخا ئىككى قېتىم ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

نۇسخا چىلان بەش دانە، سەرپىستان يەتتە دانە، گۈلبىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى،

ھەمىشباھار ئۇرۇقى ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، گاۋزىبان ۋە ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر قىزىتما بولسا بۇ نۇسخىغا بەش گىرام ئوغرىتىكەن سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، تەنقىيە قىلىش زۆرۈر بولسا، بۇ نۇسخىغا ئۈستىقۇددۇس ۋە بادرەنجى بۇيىدىن بەش گىرامدىن قوشۇپ مۇنزىج قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە مۇسھىلغا سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ، شۇنداقلا مېڭىنى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن ھەببى بىنەپشە، ھەببى ئايارەجگە ئوخشاش دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىككى بەرىنج بىخ مارجان كۈشتىسىنى بەش گىرام خېمىرى گاۋزىبان ئەنبەرىگە ئارىلاشتۇرۇپ كەچتە يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئەتىگەندە بادام مېغىزى چۈشكەن ھالۋا (بۇ ئاجىزلىقتىن بولغان باش ئاغرىقىدا بايان قىلىندى) ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ھەپتىدە ئىككى قېتىم يەتتە گىرام ئىترىفىل كەشنىز ئىلمان قايناق سۇ بىلەن كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە غىزادىن كېيىن جاۋارىش جالىنۇسنى سۇ بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

دائىملىق نەزلە ۋە زۇكام ئىككى بەرىنج كۈشتە قىلىنغان مارجاننى بەش 60 گىرام خېمىرى گاۋزىبان ئەنبەرىگە ئارىلاشتۇرۇپ ناشتىدا يېگۈزۈلىدۇ، ناشتىدىن كېيىن بەش گىرام جاۋارىش جالىنۇس يېگۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە 3.2 گىرام بەرشىشا يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە نەزلە كۈچلۈك بولسا، بۇ دورىنى توختىتىپ قويۇش ۋە بېھى ئۇرۇقى، چىلان، سەرپىستان چۈشكەن نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئەگەر قەۋزىيەت بولسا ئىترىفىل مۇلەييىن ياكى ئىترىفىل زاماندىن يەتتە گىرامنى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن يېگۈزۈش لازىم.

ئۇزۇقلاندۇرۇش باشلىنىشتىلا لەتىپ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئادەتتىكى غىزالارنى يېگۈزۈشكە باشلاش، غىزادىن كېيىن يېڭى ياكى ئىلمان قايناق سۇنى ئاز مىقداردىن ئىچكۈزۈش كېرەك.

پەرھىز نەزلە مەيلى ئىسسىقتىن ياكى سوغۇقتىن بولسۇن، سۇ ۋە سوغۇق ھاۋادىن ھەم مۇز ئىستېمال قىلىشتىن قەتئىي پەرھىز قىلىشى، سوغۇق سۇدا باش يۇيۇش ۋە باشنى سوغۇق ھاۋادا ئوچۇق قويۇش، سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش زىيانلىقتۇر. جۈملىدىن سوغۇق ۋاقىتلاردا سوغۇق نەرسىلەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش زۆرۈردۇر. غىزادىن كېيىن ئۇخلاشنى قەتئىي مەنئى قىلىش، گۆش ۋە چۈچۈمەل نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم. لېكىن سوغۇق نەزلە بولغان ئەھۋالدا قۇشقاچ گۆشى، باچكا گۆشى ۋە نوقۇت سۈيى ئىستېمال قىلدۇرۇش دۇرۇستۇر. قويۇق ۋە ئېغىر غىزالارنى ئىستېمال قىلىشتىن توسۇش، تومۇز ئىسسىقتا تۇرۇشتىن، كۆپ

جىنسىي ئالاقە ۋە ئەقلىي ئەمگەك قىلىشتىن، شۇنداقلا خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇراشتىن پەرھىز قىلىش لازىم.

ئەسكەرتىش نەزلىنى مەيلى ئىسسىقتىن ياكى سوغۇقتىن بولسۇن دەسلەپتە ھەرگىز توختاتماسلىق لازىم. ئەگەر بىرەر سەۋەبتىن تۇيۇقسىز توختاپ قالسا، ئۇنى ئاققۇزۇش ئۈچۈن تولۇق تىرىشىش لازىم، شۇنداقلا بۇ مەقسەت ئۈچۈن قەغەز، ناۋات، ئەنبەر، ئېگىر ۋە باشقىلارنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىقلاش ياكى بابۇنە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، ئىكلىلمەلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ ۋە قاينىتىپ، توختىغان نەزلە راۋانلاشقۇچە ھورلاندۇرۇش لازىم.

داۋالاش كۆرسەتمىسى ئىسسىق نەزلىنىڭ نۇسخىسىغا ناۋاتنىڭ ئورنىغا شەربىتى بىنەپشە قوشۇش ھەمدە سوغۇق نەزلىدە ناۋات ياكى ھەسەل قوشۇش، سوغۇق پەسىلدە ۋە سوغۇق نەزلىدە دورىلارنىڭ شىرىسىنى بەرمەسلىك، ئەگەر مەزكۇر چارىلەر بىلەن كېسەلدە بىرەر مەنپەئەت كۆرۈلمىسە، ئاشقازان ۋە ئۈچەي خىزمىتىنى ياخشىلاشقا تىرىشىش لازىم.

يۇقۇملۇق نەزلە

خاس ئالامەتلىرى بۇ، ئىسسىقتىن بولغان نەزلىنىڭ بىر تۈرىدۇر، بۇ يۇقۇملۇق خاراكتېردە بەزى - بەزىدە تارقىلىدۇ. كېسەللىك باشلىنىشتىلا بىمار پۇت - قوللىرىنىڭ ئاغرىغانلىقىنىڭ شىكايىتىنى قىلىدۇ، يۇتقۇنچاق ۋە بۇرۇندا غىدىقلىنىش، كۆزلىرىدە ئېچىشىش مەلۇم بولىدۇ. چۈشكۈرۈك كېلىدۇ ۋە قىزىتما بولىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ خاس ئالامىتى بىمار ناھايىتى تېزلا ئاجىزلىشىدۇ.

داۋالاش كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدىلا ئىسسىقتىن بولغان نەزلىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ. بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، چىلاندىن بەش دانە، سەرپىستاندىن توققۇز دانە ئېلىپ، 240 گىرام سۇدا قاينىتىپ سۈزۈلىدۇ ھەمدە 24 گىرام شەربىتى بىنەپشىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بەش گىرام ئوغرىتىكەن سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قوشۇمچە ئەگەر ئۇسسۇزلۇق ۋە قۇرۇقلۇق زىيادە بولسا، ئۈچ گىرام كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئىككى گىرام كاھۇ ئۇرۇقى شىرىسى (ئاقلانغىنىنىڭ) يۇقىرىقى نۇسخىغا قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل كۆپ بولسا، دەسلەپتە لۇئوقى نەزلىنىڭ تاۋۇز سۈيى چۈشكەن نۇسخىسىدىن

12 گرام يېگۈزۈپ، يۇقىرىقى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر يۆتەل كۈچلۈك بولسا، يۇتقۇنچاقتا غىدىقلىنىش سېزىلسە ۋە ئۇسسۇزلۇق كۈچلۈك بولسا، ئەرەب يېلىمى ۋە كەتىرادىن بىر گرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، ئۇنى 12 گرام خېمىرى خەشخاشقا ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن بېھى ئۇرۇقى ۋە چىلان چۈشكەن نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر گال ئاغرىسا شەربىتى بىنەپشىنىڭ ئورنىغا شاتۇت شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئەگەر ئاجىزلىق ۋە كۈچسىزلىك غالىب كەلگەن بولسا، خېمىرى مەرۋايىتتىن ئۈچ گرام يېگۈزۈپ، بېھى ئۇرۇقى، چىلان چۈشكەن نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئەگەر قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولسا، بۇ نۇسخىغا 3 ~ 7 گرامغىچە سانائى مەككى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر جۆيلۈش قوشۇلۇپ كەلسە، ئىسسىق سۇ بىلەن پاشويە قىلىش ۋە سىركىدىن 24 گرام، گۈلابتىن 12 گرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، رەختنى ھۆللەپ قايتا - قايتا باشنىڭ چوققا سۆڭەك ئۈستىگە قويۇلىدۇ. ئەگەر ئىچ سۈرۈشكە باشلىسا، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بىمار ئاجىزلىسا ۋە بىماردا ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى بولسا، زەھىرى مۆھرە ۋە تاباشىرنىڭ ھەربىرىدىن بىر گرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام خېمىرى خەشخاشقا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن بېھى ئۇرۇقى، چىلان چۈشكەن نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە غىزاسىغا ھەببۇلئاس قاينىتىلغان ئارپا سۈيى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر بەلغەم قويۇق بولسا، ئۇنى سۇيۇلدۇرۇپ چىقىرىش ئۈچۈن بۇ نۇسخىنى ئىچكۈزۈش لازىم.

نۇسخا: گاۋزىبان، گۈلى گاۋزىبان، قىرقىلغان خام پىلە، ئاقلانغان بىخسۇس، بۇغداي كېپىكى ھەربىرى بەش گرامدىن، چىلان بەش دانە، ناۋات 24 گرام. ھەممىسىنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق غالىب كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئۈچ گرام كاھۇ ئۇرۇقى شىرىسى قوشۇش، ئەگەر بىماردا ئىككىلەمچى ئۆپكە ئىششىقى ۋە كۆكرەك پەردە ئىششىقى پەيدا بولسا (بۇنىڭدا كۆپىنچە ئۆپكە ئىششىقى ۋە كۆكرەك پەردە ئىششىقى پەيدا بولىدۇ)، بېھى ئۇرۇقى، چىلان چۈشكەن نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ. كۆكرەك ساھەسىگە تەنكار تالقىنى قىرۇتىسىدىن 12 گرامغا سەبرىدىن ۋە زەپەردىن بىر گرام قوشۇپ ئىلمان قىلىپ كۆكرەككە چېپىپ ئۇۋۇلاش ۋە كونا پاختا بىلەن تېڭىش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش لەتىق، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، سۇنىڭ ئورنىغا ئىللىتىلغان ئەرقى گاۋزىبان ياكى ئىللىتىلغان قايناق سۇ ئىچكۈزۈش لازىم.

پەرھىز بىمارغا نەزلە، زۇكامدا پەرھىز قىلىش زۆرۈر بولغان نەرسىلەردىن بۇ كېسەللىكتىمۇ پەرھىز قىلىش زۆرۈردۇر.

قاش ئۈستى ئاغرىش (ئەسابە)

ئاتىلىشى بۇ ئاغرىقنىڭ نامى «ئەسابە» دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغانكى، بۇنىڭدىكى ئاغرىق كۆز ئەتراپىدىكى نېرۋىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئاغرىق قاش ئۈستىدە بولىدۇ، بۇ يەر نېرۋىلار بىلەن قوشۇلۇپ تۇرىدۇ.

قاش ئۈستى ئاغرىقى ئىككى قاشتا ۋە بەزىدە بىرلا قاشتا (يەنى قاشلارنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ)، يەنى پېشانە مۇسكۇللىرىنىڭ يېنىدا بولىدۇ (ھەم كۆز بۇرجىكىنىڭ سۆڭىكى ئەتراپىدا بولىدۇ)، شۇنىڭ ئۈچۈن سۆڭەك ئۈستىدىكى مۇسكۇللاردا ۋە پەردىلەردە ئاغرىق بولىدۇ، سۆڭەكنىڭ ئۆزىدە ئاغرىق بولمايدۇ.

بۇ ئاغرىقنىڭ ئورنى تۆت مۇسكۇللارنىڭ گىرۋەكلىرىدە بولىدۇ، بۇلاردىن ئىككىسى كۆز ۋە قاپاقنى ① ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ھەم ئىككىسى يۈزنى ئالدى - ئارقىغا ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ گىرۋەكلىرى بىرى ئىككىنچى بىرىگە يېقىن بولىدۇ.

قوشۇمچە بۇ مېڭە نېرۋىلىرىنىڭ 12 - نېرۋا تۈتامىدىن 5 - نېرۋا تۈتامىغىچە ياكى ئۇنىڭ بىرەر شاخچە نېرۋىسىنىڭ ئاغرىقى بولۇپ، بۇ نېرۋا ئاغرىقلىرى باشقا نېرۋا ئاغرىقىدىن قاتتىق بولىدۇ.

سەۋەبى

ئىسسىق ماددىلار، سەۋەبلىك مىزاج بوزۇلۇش بۇ كېسەللىك ئىسسىق ماددىلار ۋە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشى ھەمدە مۇشۇ ئورۇندىكى نېرۋىلاردا توسۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولىدۇ.

---

① سەمەرقەندىنىڭ بۇ سۆزى توغرىسىدا ئەللا نەفىيس ئېيتقانكى، خاس كۆزنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان مۇسكۇللار 12 بولۇپ، ھەربىر كۆزدە ئالتىدىن بولىدۇ. بۇلاردىن تۆتى كۆزنىڭ تۆت تەرىپىدە (ئۈستى، ئاستى، ئىچى ۋە سىرتىدا) بولىدۇ. بۇلار كۆز ئالمىسىنى ئۆزى تەرەپكە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، ئىككى قىيپاش مۇسكۇل بولۇپ، بۇ كۆزنى ئايلاندۇرىدۇ. يۇقىرىقىلار جەمئىي ئالتە بولىدۇ، ھەربىر قاپاقتا ئۈچ مۇسكۇل بولۇپ، ئۇلاردىن ئىككىسى كۆزنىڭ ئىككى بۇرجىكىدىن چىقىپ، يۇقىرىقى قاپاقنى ئاستى تەرەپكە باراۋەر تارتىدۇ، بىر مۇسكۇل ئۈستىدىن قاپاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىدۇ. بۇنىڭ يىغىلىشىدىن كۆز ئېچىلىدۇ، لېكىن بۇ مۇسكۇللار يېقىن - يېقىن جايلاشقاندۇر، شۇنىڭدەك كەڭ مۇسكۇل چىرايىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، بۇنىڭ تالالىرى تۆت ئورۇندىن كېلىدۇ. ئوقۇرەك سۆڭىكىدىن؛ كۆكرەك سۆڭىكىدىن؛ تاغاق سۆڭەك ئۈستىدىكى ئۆسۈكچىدىن؛ گەدەنىنىڭ ئىككىنچى ئومۇرتقىسى يېنىدىن. بۇلاردىن ئاشكارىكى، بۇ مۇسكۇللارنىڭ گىرۋىكى ئۆزئارا يېقىن بولمايدۇ، بۇ كېسەللىكتە چىرايدىكى ئىككى مۇسكۇلنىڭ گىرۋىكى روشەن ساغلام بولىدۇ. مۇسەننىپ بۇ ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە شۇنىڭ ئۈچۈن توغرا كېلىپ قالغانكى، ئۇ مۇئالىجاتى بۇقراتىيەدىن بۇ سۆزنى توغرا دەپ قاراپ، مۇلاھىزە قىلماسلىقنى نەقىل كەلتۈرگەن.

بۇ كېسەللىك كۆپىنچە شىمالنىڭ سوغۇق ھاۋاسىنىڭ مېڭىشى ۋە سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بەزىدە بۇ كېسەللىك قاش ئۈستىنىڭ ماددىسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ، ئاغرىق ئىككى چېكە ۋە كۆزلەردە بولىدۇ (نەفىيس).

قوشۇمچە ھەزىم بۇزۇلۇش، دائىملىق قەۋزىيەت، بىرەر چىشنىڭ چىرىشى، كۆز، قۇلاق ياكى بۇرۇنلارنىڭ كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك ئەزا كېسەللىكلىرى، سوغۇق ئۆتۈش، باللىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش، ئۇفۇنەتلىك قىزىتما، نۇقرەس، مۇپاسىل ۋە زەھەرلىنىش، قاننىڭ ئاجىز بولۇشى، نەزلىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى ۋە باشقىلار.

ئالامىتى

ئىسسىق ماددىلار بىمار ئۈچۈن قاپاقلىرىنى ئۈستىگە كۆتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ، بىمارنىڭ ئېغىزى ماياق بولىدۇ، كۆزلىرى ئايلانمايدۇ ۋە گوياكى ئۇنىڭ پېشانىسى يېرىلىپ كەتكەندەك مەلۇم بولىدۇ.

ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ئاپتاپ چىقىشى بىلەن ئاغرىق باشلىنىدۇ ۋە ئاپتاپ كۈچىيىش بىلەن ئاغرىقمۇ كۈچىيىدۇ. ئاپتاپنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن ئاغرىقمۇ يېنىكلەيدۇ ھەمدە كېچىدە ئاغرىق تامامەن يوقىلىدۇ (بۇ سەۋەبتىن بۇنى ئاپتاپ ئاغرىقى دەپ ئاتىغان). بۇنىڭ سەۋەبى ئىسسىق پەسىلدە بىمار ئاپتاپتا يۈرۈپ، ئاندىن سوغۇق جايغا كەلگەندە بېشىنى ئوچۇق قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلىدۇ ھەمدە ھارارەت باشتا توختاپ قالىدۇ.

قوشۇمچە مەزكۇر نېرۋىنىڭ شاخچىلىرى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاغرىقى سەۋەبىدىن ھەر خىل ئالامەتلەر ھەر خىل ئورۇنلاردا ئاشكارا بولىدۇ. بۇ ئاغرىق كۆپىنچە ياشانغانلاردا بولىدۇ، بەزىدە پېشانە، قاش، قاپاق ۋە كۆز ئالمىسى ئاغرىيدۇ، بۇنىڭ ئالامىتى بۇ ئەزالارنىڭ مۇناسىۋەتلىك نېرۋىسى (ئەسەب پەۋقۇل موھەججەر) كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ.

بەزىدە يۈز، ئېڭەك سۆڭىكى ياكى تۆۋەنكى ئېڭەكتە ئۆتكۈر ئاغرىق بولىدۇ، بۇ ئاغرىق قىرغاندەك، نەشتەر سانجىغاندەك ياكى ئوتتا كۆيگەندەك بولىدۇ. ئاغرىق سەۋەبىدىن بىمار بىئارام بولۇپ، ئۇھ تارتىدۇ ياكى تۇۋلايدۇ. ئاغرىغان ئورۇننى ئۇۋۇلايدۇ ياكى باسىدۇ ياكى ئۆز ئېغىزىغا ئۇرىدۇ. بەزىدە ئاغرىق بىلەن كېسەللەنگەن مۇسكۇللار تارتىشىدۇ، كېسەللىك ئۆتكۈرلەشكەندە كېسەللىكنىڭ ئۇتقاقلىقى تېزلىشىدۇ، ئەگەر كېسەللىك كونىرىسا ئاغرىقنىڭ

دەۋرى ھەپتە ياكى ئايلاردىن كېيىن بولىدۇ، بۇنىڭ تۇتقاقلىقى بىر مىنۇتتىن 10 ~ 15 مىنۇتقىچە تۇرۇپ يوقىلىدۇ ۋە بىمار ئۇخلايدۇ. بەزى ۋاقىتتا تۇتقاقلىق شۇنداق ئۆتكۈرلىشىدۇكى، بىمار كالپۇكىنى چىشلەيدۇ، نەشتەر بىلەن تېشىشكە ياكى ئۆزى بەرداشلىق بېرىشكە مايىل تۇرىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتا كېسەللىكنىڭ تۇتۇشىنى ئادەتتىكى سەۋەب قوزغاپ قويىدۇ. مەسىلەن: بىرەر ياخشى ياكى يامان خەۋەرنى تۇيۇقسىز ئاڭلاش، يۆتىلىش، چۈشكۈرۈش، بەدەن بىر خىل سىلكىنىش ياكى سوغۇق تېگىش قاتارلىقلار.

كۆز ئويمىنى يۇقىرىقى قىرغىقىدا قاشنىڭ سىرتقى ئۇچتىن بىر قىسمىغا يېقىن جايدىكى سۆڭەكتە بىر تۆشۈك بولۇپ، بۇ يولدىن نېرۋىنىڭ بىر شاخچىسى سىرتقا چىقىدۇ. بۇ تۆشۈك ساھەسى ئەگەر سىرتىدىن بېسىلسا، بۇ نېرۋا بېسىلىدۇ ۋە كېسەللەنگەن ھالەتتە ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. بۇ ھالەتتە پېشانە، قاش، قاپاق ۋە بەزى ۋاقىتتا كۆز ئالمىسىدا ئاغرىق بولىدۇ، كۆزى قىزىرىدۇ ۋە كۆزدىن ياش ئاقىدۇ، بىمار كۆزىنى يۇمۇپ تۇرىدۇ، كېسەللەنگەن تەرەپ تېرىدە قورۇق بولىدۇ ۋە بۇ ئورۇنغا يېقىن قىزىل قان تومۇرىدا لوقۇلداش سېزىمى بولىدۇ، شۇنىڭدەك كۆز ئويمىنىنىڭ تۆۋەنكى قىرغىقىغا يېقىن مەڭز سۆڭىكىدە بىر تۆشۈك بولىدۇ، بۇ تۆشۈكتىن بۇ نېرۋىنىڭ بىر ـ ئىككى شېخى سىرتقا چىقىدۇ. بۇ تۆشۈك ساھەسى ئەگەر سىرتىدىن بېسىلدا، بۇ شاخ بېسىلىدۇ ۋە كېسەللەنگەن ھالەتتە ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۈستۈنكى كالپۇك، مەڭز، بۇرۇن يېنى ۋە تۆۋەنكى قاپاقتا ئاغرىق بولىدۇ.

تۆۋەنكى ئېڭەكتە تۆۋەنكى ئېڭەك ساھەسىنىڭ سەل سىرتقى تەرىپىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپتە بىردىن تۆشۈكى بولىدۇ، بۇ يولدىن مەزكۇر نېرۋىنىڭ ئاستى ئېڭەك نېرۋا شاخچىسى چىقىدۇ، بۇ نېرۋا كېسەللەنگەندە تۆۋەنكى كالپۇك، چىش مىلىكى، تىل ۋە ئاستىنقى ئېڭەكنىڭ ئەتراپ بۆلىكى ئاغرىيدۇ، مەزكۇر تۆشۈك ساھەسى ئەگەر سىرتتىن بېسىلسا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، بۇ نېرۋا شاخچىسى ئومۇمەن ئىنتايىن ئاز كېسەللىنىدۇ. قاش ياكى يۈزنىڭ بۇ ئاغرىقى ئومۇمەن يۈزنىڭ يېرىمىدا ۋە بەزىدە ھەزىم بۇزۇلغاندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىقتىن باشقا مۇسكۇلدا تەشەننۇجمۇ بولسا، بۇ ھەقىقىي قاش ئاغرىقى دەپ چۈشىنىلىدۇ. بۇ ھالەتتە تەشەننۇج سەۋەبىدىن يۈز كۆرۈمسىزلىشىدۇ، يۈزنىڭ كۆرۈمسىزلىنىشى بەزىدە بۇ كېسەللىك ساقايغاندىن كېيىنمۇ تۇرۇپ قالىدۇ، قاش ئاغرىقىنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر، بەزىدە بىمارغا بۇ ئاغرىق ئوتتا داغلىغاندەك ياكى كۆيگەندەك، بەزىدە توك سوققاندەك سېزىلىدۇ. بەزىدە بىرەر كىشى بەدىنىنى قىرغاندەك ياكى نەشتەر بىلەن تەشكەندەك سېزىلىدۇ.

ئاقىۋىتى كۆپىنچە ۋاقىتتا بۇ ئاغرىق بىرقانچە قېتىم تۇتقاندىن كېيىن تەدرىجىي يوقىلىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتتا بۇ ئاغرىق شۇ پېتى تۇرۇپ داۋاملىشىدۇ.

داۋالاش ئىسسىق ماددىلار: بۇرۇننى غىدىقلاپ قانىتىلىدۇ، ئەگەر بۇرۇن قانىمىسا قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، سىركە ۋە كافۇر پۇرىتىلىدۇ، پاچاق ۋە تاپان ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ، غىزاسىغا كۆكتات شورپىسىنى سىركە ۋە شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈش لازىم.

ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بۇنىڭ ئىلاجى سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ، تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىدۇ، كافۇرنى گۈل يېغىدا ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ (نەفىيس).

داۋالاش پىرىنسىپى

1. ئەسلىي سەۋەبنى تولۇق مۇلاھىزە قىلىش ھەمدە ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشىش كېرەك.

2. بىماردىكى ئاجىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن تاماقىي كۈچلەندۈرگۈچى ۋاستىلەرنى قوللىنىش، مەيلى دورا ياكى غىزا بولسۇن، بىرىنچى مەقسەت ئۈچۈن ئەگەر چىشتا چىرىش بولسا، ئۇنى چىقىرىۋېتىش ۋە ئەگەر چىشلاردا ئاغرىق بولسا، ئاقىرقەرھاغا ئوخشاش نەرسىلەرنى چىشلارنىڭ ئارىلىقىغا قويۇش ياكى چايناپ بېرىش، ئەگەر ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ زىيانلىق ماددىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا ئەسلىي كېسەللىكنى داۋالاش لازىم.

يەنە بىر مەقسەت ئۈچۈن كۈچلەندۈرۈشكە رىئايە قىلىش بىلەن كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار، مەسىلەن: سەنكىيا، كۇچۇلا، پولات مۇرەككىباتلىرى ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش، ھەزىم بۇزۇلغان ۋاقىتتا ياخشىلاش ھەمدە قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق.

ئاغرىق تۇتقان ۋاقىتتا ئەپيۇن مۇرەككىباتلىرى، مەسىلەن: بەرشىشا بىلەن ئاغرىق تۇتقان ۋاقىتتا قارشى تۇرۇلىدۇ ھەمدە چايغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن قوزغىتىلىدۇ. ئەگەر چاچ - ساقىلىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولسا چاچ - ساقالنى چۈشۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك، چۈنكى چاچلار نېرۋىلارنى قوغدايدۇ ھەمدە ۋە سوغۇقلۇقنىڭ تېرە ئىچىگە يېتىشىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالاش ئاغرىغان ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، يەنى تۆمۈرنى قىزىتىپ تېرىگە تەگكۈزمەي ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە قاپارتما سېلىش، قىچا زىماتى چېپىش ۋە ئەپيۇنگە ئوخشاش تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار بىلەن تىلا قىلىش، ئۇۋۇلاش ياكى سۇۋالما شەكلىدە چېپىش لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام شەربىتى نىلۇپەر ئارىلاشتۇرۇپ،

ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ، سىرتقى تەرەپتىن بۇ زىماتنى تەييارلاپ چېپىش لازىم.

زىمات ئەپيۇندىن بىر گىرام، ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئاق سەندەل، قىزىلگۈل ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرقى گۈلدە يۇمشاق ئېزىپ ھەمدە ئۇنىڭغا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئىلمان قىلىپ، قاش ۋە پېشانىگە چېپىلىدۇ، بەزىدە ئۇ چارىلەرنى قوللىنىش بىلەن بىرلىكتە بۇ چۈشكۈرتۈلمىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

چۈشكۈرتۈلمە خورمىنىڭ ئۇرۇقىنى تاشقا سۇ قۇيۇپ سۈرۈپ، قايسى تەرەپتە ئاغرىق بولسا، شۇ تەرەپ بۇرۇن تۆشۈكىگە 2 ~ 3 كۈنگىچە كۈندە ئۈچ قېتىم تېمىتىلىدۇ.

يەنە بىر زىمات قىزىل سەندەل، ئاق سەندەل، كاھۇ ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، نىلۇپەر گۈلى ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، ئەپيۇندىن بىر گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى گۈلابتا ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ.

ئەگەر قاش ئۈستى ئاغرىشىنىڭ سەۋەبى نەزلىنىڭ توختاپ قېلىشىدىن بولسا، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش قائىدىسىگە ئوخشاش داۋالاش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز لەتىپ ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار، مەسىلەن: گۆش شورپىسى، ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى ھەمدە سۈت ۋە باشقىلارنى بېرىش، ئەگەر كېسەللىك نەزلىنىڭ توختاپ قېلىشى سەۋەبىدىن بولسا، نەزلىنىڭ غىزا ۋە پەرھىزىگە رىئايە قىلىنىدۇ.

مېڭە قېچىشىش

مېڭە قېچىشىش بىمارنىڭ مېڭىسىدە قېچىشقاندەك سېزىم بولىدۇ، لېكىن باش ئاغرىش ۋە يېقىمسىزلىق بولمايدۇ. باشنى تۇتۇش، باش ئۈستىگە بىرەر ئېغىر نەرسە بىلەن ئۇرۇشتىن لەززەت تاپىدۇ (بولۇپمۇ باش ئۈستىگە ئىسسىق سۇ قۇيۇش بىلەن بىماردا راھەتلىنىش بولىدۇ). بۇ كېسەللىكنىڭ گەرچە بىرەر نامى بولمىسىمۇ، لېكىن كۆپ ئۇچرايدۇ (نەفىيس).

سەۋەبى ئۇنىڭ سەۋەبى لەتىپ ۋە سۇيۇق ماددىلار ھەم بۇخاراتلاردۇر. بۇلار ئۆتكۈر، غىدىقلاشچانلىققا ئىگە بولۇپ، مىقدارى ئاز بولىدۇ. بۇ باش ئاغرىقى پەيدا قىلغۇدەك كۆپ مىقداردا بولمايدۇ، بۇ ماددىلار ۋە بۇخاراتلار مېڭە تەرەپكە ئۆرلەيدۇ ھەمدە مېڭە بوشلۇقلىرى ۋە باشقىلارغا يېتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن مېڭىگە تەسىر قىلىدۇ (يەنى

ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبلىك مېڭىگە تەسىر قىلىدۇ، مۇشۇنىڭدەك غىدىقلىغۇچى ماددىلار ۋە بۇخاراتلار تەر تۆشۈكچىلىرىگە چاپلىشىدۇ، يەنى تەسىر قىلىدۇ). بۇ كېسەللىك خىلىتلار ئۆتكۈر بولغان چاغدا بولىدۇ، يەنى ئۇلاردا ئۆتكۈرلۈك ۋە ھارارەت كەيپىياتى بولغان چاغدا بولىدۇ.

داۋالاش (خىلىتلارنىڭ مىزاجىنى ئۆزگەرتىش)، سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش، مائۇلجەبىن، قېتىق سۈيى، ئىسپىغۇل لۇئابى، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى لۇئابى قاتارلىقلار خەشخاش شەربىتى ۋە بىنەپشە شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، خىلىتلاردا ھۆللۈك پەيدا قىلىش ۋە بۇ مەقسەت ئۈچۈن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى نەرسىلەر يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئۆچكە سۈتىنى شېكەر ياكى تاۋۇزنىڭ سۈيى، قاپاقنىڭ سۈيى، كاھۇ ۋە پالەك سۈيى بىلەن خىلىتلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆيۈشتۈرۈشى يوقالغۇچە ھەم ئۇ چىقىپ كېتىشكە لايىق بولغۇچە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئۇ ماددىنى چىقىرىۋېتىش، يەنى بۇ مەقسەت ئۈچۈن ھېلىلە، تەمرى ھىندى، ئەفسەنتىن ۋە ئەفتىمۇننىڭ قايىنتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى شاھتەررىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيىگە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى كۈچلۈك دورىلار بېرىلىدۇ. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا ۋە بەدەن قۇۋۋىتى يېتەرلىك بولسا، قان ئېلىش، ئاندىن سوغۇق تەبىئەتلىك تىلالار، ياغلار ۋە ھۆللەشتۈرگۈچى نەرسىلەر بىلەن مېڭە مىزاجىنى تەڭشەش (يەنى مېڭىنىڭ ئىسسىقلىقىنى يوقىتىش) كېرەك.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار بۇ كېسەللىك ئۆتكۈر ۋە ئىسسىق ماددىلار سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنى داۋالاشتا تىنچلاندۇرۇش ۋە سوۋۇتۇش چارىسىنى قوللىنىش كېرەك، شۇڭلاشقا بۇ مەقسەت ئۈچۈن، سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى، قۇرۇق يۇمغاقسۈتنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى گۈلدە شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام نىلۇپەر شەربىتى قوشۇپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ سۇيۇق پۇرىتىلمىنى پۇرىتىش كېرەك.

سۇيۇق پۇرىتىلما: كافۇردىن بىر گىرام، ئاق سەندەلدىن ئۈچ گىرام، سىركىدىن 24 گىرام ئېلىپ ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ شېشىگە قۇيۇپ، قايتا - قايتا پۇرىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئارپا سۈيى، بۇنى تەييارلىغان ۋاقىتتا كاھۇ، پالەك، قاپاق ۋە بادام مېغىزى سېلىنغان بولسۇن ۋە ئۇنى ناۋات بىلەن تاتلىق قىلىپ، ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇش لازىم.

پەرھىز ئىسسىق نەرسىلەردىن ۋە ئاپتاپتا يول يۈرۈشتىن توختىتىش لازىم.

پايدىلىق قوشۇمچە:

مېڭىنىڭ يۇمشاپ كېتىشى

ماھىيىتى بۇ كېسەللىكتە مېڭىنىڭ جەۋھەر توقۇلمىلىرىدا يۇمشاپ كېتىش بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ پائالىيىتى بۇزۇلىدۇ. بۇ تۇيۇقسىزلا بولغان بولسا ئۇنىڭ سەۋەبى ئىسسىقتىن بولغان سەرسامدىن بولىدۇ، بۇ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ① ئاق رەڭلىك يۇمشاش؛ ② قىزىل رەڭلىك يۇمشاش؛ ③ سېرىق رەڭلىك يۇمشاش.

ئاق رەڭلىك يۇمشاش بۇنىڭدا كېسەللەنگەن ئورۇن ئاق كۆرۈنىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇ «ئاق رەڭلىك يۇمشاش» دەپ ئاتالغان. بۇ قىسمى نىسبەتەن كۆپ كۆرۈلىدۇ، بۇ مېڭىنىڭ ئاق جەۋھىرىدە پەيدا بولىدۇ ھەمدە مېڭىنىڭ ئوڭ - سول يېرىم شارلىرىغا ۋە بوشلۇقىغا سوزۇلۇپ تۇشىدۇ. كېسەللەنگەن بۆلەك ساغلاملىق ھالىتىدىن بىرقەدەر يۇمشاق بولىدۇ، ئەگەر كېسەللىك ئۆتكۈر بولسا، خام قايماقتەك يۇمشاق بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك كۆپىنچە ئاجىز ۋە 50 ياشتىن ئاشقانلاردا كۆرۈلىدۇ ياكى يۈرەك كېسەللىكلىرى ياكى بۆرەك كېسەللىكلىرىگە مۇپتىلا بولغان ياكى ئۇنىڭ مېڭە قىزىل قان تومۇرلىرىنىڭ تەركىبى ۋە توقۇلمىلىرى ئۆزگەرگەن، مەسىلەن: قىزىل قان تومۇرلارنىڭ دىۋارلىرىدا ماي پەيدا بولغان (مايلىق بۇزۇلۇش) ياكى ئۇنىڭ مېڭە توقۇلمىلىرىدا بۇزۇلۇش پەيدا بولسا، مېڭىنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن ساپ قان يېتىپ بارالمايدۇ.

قىزىل رەڭلىك يۇمشاش بۇنىڭدا كېسەللەنگەن ئورۇننىڭ رەڭگى قىزىل بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنى «قىزىل رەڭلىك يۇمشاش» دەپ ئاتىغان. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە مېڭىنىڭ كۈل رەڭ ۋە ئاق جەۋھىرىدە بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ كېسەللىك مېڭىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، لېكىن كۈچلۈك گۇمان بولىدۇكى، مېڭىنىڭ قىزىل قان تومۇرلىرىدا بىرەر توسقۇچى ماددىنىڭ كەپلىشىش سەۋەبى بىلەن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن مېڭىنىڭ باشقا قىزىل قان تومۇرلىرىغا قان كۆپ مىقداردا يېتىپ بارىدۇ ۋە بېسىلىشتىن مېڭىنىڭ توقۇلمىسى ئازراق ياكى كۆپ ئورۇندا بۇ قەدەر سوزۇلۇق بولىدۇكى، ئۆلگەندىن كېيىن ئاناتومىيەلىك تەكشۈرگەندە باش سۆڭىكىنى دومىلاش بىلەن مېڭە قۇيۇلۇپ ئاقىدۇ ۋە مېڭىنىڭ ئارىلىق توقۇلمىلىرى قىزىلگۈل رەڭلىك كۆرۈنىدۇ.

سېرىق رەڭلىك يۇمشاش بۇ تۈردە كېسەللەنگەن ئورۇن سېرىق رەڭدە كۆرۈنىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامى «سېرىق رەڭلىك يۇمشاش» دەپ قويۇلغاندۇر. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە ئوتتۇرا ياشتىكىلەردە بولىدۇ، بۇ كېسەللىكتە ئالدىنقى مېڭە كۆز تېگى كېسەللىنىدۇ ۋە بەدەن پالەچلىنىدۇ. كېسەللەنگەن ئورۇن يۇمشايدۇ ۋە گۈڭگۈرت سېرىقىغا ئوخشاش سېرىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا تۆشۈك ئېچىش بىلەن سېرىققا مايىل ساپ سۇيۇقلۇق چىقىدۇ ھەمدە تەكشۈرۈش بىلەن بىرەر قىسىمدىكى توقۇلمىدا بۇزۇلۇش ئېنىق بولمايدۇ ھەمدە قان توپلىشىش ۋە قىزىللىقنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلمايدۇ. بەلكى بۇ جايدا دەسلەپتە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بولىدۇ، ئىششىق ئىچىدە كۆپىنچە سېرىق يۇمشاش كۆرۈلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا قان قۇيۇلۇش ۋە قاننىڭ ئۇيۇپ گۆش پارچىسىغا ئۆزگىرىشى بىلەن بۇ رەڭدار يۇمشاقلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك كېسەللىك، دەپ قىياس قىلىنىدۇ.

ئالامىتى ئاق رەڭلىك يۇمشاشتا خاس ئازدۇر - كۆپتۇر دائىملىق باش ئاغرىقى بولىدۇ ۋە تۇيۇقسىز باش قايىدۇ. بۇ قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن يوقىلىدۇ، بەزىدە كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا قاراڭغۇلىشىش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەش بولىدۇ، ھوشى ۋە سەزگۈسىدە تەڭپۇڭسىزلىنىش بولىدۇ، بىمار قورقۇنچاق بولىدۇ، بىرەر سۆزنىڭ جاۋابىنى بېرىشتىن قورقىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مىجەزى چېچىلاڭغۇ بولۇپ قالىدۇ. بىمار ئازراق بىئارام بولسىلا يىغلايدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاجىز بولىدۇ، پۇت - قوللىرىدا تىكەن سانجىلغاندەك ئاغرىش ياكى چۈمۈلە ئۆمىلىگەندەك سېزىم بولىدۇ. ئاڭلاش قۇۋۋىتى ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدە پەرق بولىدۇ، غىزادىن كېيىن مۈگدەيدۇ، قول - پۇتلىرىدا قاتتىقلىق ۋە سەزگۈسى زىيادە بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئاغرىق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تەشەننۇج بولىدۇ، كېسەللىكنىڭ كۈچىيىشى بىلەن نەپەسلىنىشتە دېمى سىقىلىش ئېغىرلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خىرقىراپ نەپەس ئېلىشقا باشلايدۇ، ئاخىرىدا بىمار جۆيلۈش، تەشەننۇج ۋە سۇباتقا مۇپتىلا بولۇپ ئۆلىدۇ.

بۇنى ئېنىقلىماق لازىمكى، چۈنكى بۇ كېسەللىكتە كېسەللەنگەن ئورۇننىڭ پائالىيىتىدە بۇزۇلۇش كۆرۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر ئارقا مېڭە يۇمشاپ كەتكەن بولسا، بىمار گويا ئارقىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك دەلدەڭشىپ ماڭىدۇ. ئاۋازى پۈتۈپ قالىدۇ ھەمدە كۆپىنچە پۇتى تىترەيدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكنىڭ نەتىجىسىدە تۇيۇقسىزلا سەرئى، تەشەننۇج، جۆيلۈش ۋە باشقىلار كۆرۈلىدۇ، ئەگەر كېسەللىك سوزۇلما بولسا، قول - پۇتلىرى ياكى بەدەننىڭ يېرىمى پالەچلىنىدۇ، مۇسكۇللاردا ئاجىزلىق ۋە بەزىدە قاتتىقلىق ھەم ئاغرىق بولىدۇ. پۇت - قوللىرى

كۆپىنچە ئىششىغان بولىدۇ ۋە پۇت ـ قوللىرىدا چۇمۇلە ئۆمىلىگەندەك سېزىم بولىدۇ. بىمار سوئالغا ئىنتايىن بوش ئاۋاز بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، دەلدەڭشىپ ماڭىدۇ، تومۇرى ئاجىز ۋە بوش سالىدۇ، كۆپىنچە قۇسۇش ۋە قەۋزىيەت بولىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا چوڭ تەرىتىنى تۇتالمايدۇ. سىيگەندە قىينىلىدۇ، بىمار خىرقىراپ نەپەس ئالىدۇ ھەمدە ھوشسىزلىنىدۇ. بىر ياكى ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ ئالامەتلەر يوقىلىپ قايتا كۆرۈلۈپ، تەرەققىي قىلىپ بىمار ئۆلىدۇ.

داۋالاش بۇ كېسەللىك ياشانغانلىق سەۋەبىدىن بولسا، بىمار تىنچ ۋە ھاۋالىق ئورۇنغا قويۇلىدۇ ھەمدە غەم ـ قايغۇ، ئويلىنىش ۋە باش قاتۇرۇشتىن ئازاد قىلىنىدۇ، قول ـ پۇتلىرى ئىسسىق تۇتۇلىدۇ، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچىلەرنى ئىشلىتىش لازىم. بۇ كېسەللىكنى دەسلەپكى باسقۇچتا داۋالىغىلى بولىدۇ، لېكىن ئاخىرقى باسقۇچىدا داۋالىغىلى بولمايدۇ، ئەگەر بۇ كېسەللىك پالەچتىن كېيىن پەيدا بولغان بولسا، بۇ نۇسخىنى ئەتىگەندە ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

نۇسخا مەجۇنى ئازاراقىدىن ئۈچ گىرام يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن 60 گىرام ئەرقى بەديان، 60 گىرام ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە كەچتە يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ نۇسخىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

نۇسخا بەش گىرام جاۋاھىرلار چۈشكەن داۋائىلمىشكى مۆتىدىل دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن 60 گىرام ئەرقى بەديان، 60 گىرام ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ زىماتنى پېشانىسىگە چېپىش لازىم.

زىمات نۇسخىسى نىلۇپەر ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى، ئاق سەندەل ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام، كافۇردىن بىر گىرام، ئەپيۈندىن 0.48 گىرام، زەپەردىن 0.48 گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئالتە گىرام گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ھەمدە 24 گىرام كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى قوشۇپ زىمات قىلىش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش سۈت، ساگۇدانە، توخۇ شورپىسى قاتارلىقلارنى پەلىكى ياكى نان بىلەن بېرىش، بۇ نەرسىلەرنى ئاز ـ ئازدىن كېچە ـ كۈندۈز بىر قانچە قېتىم بېرىش، بىر قېتىمدىلا كۆپ يېگۈزمەسلىك لازىم.

يۇلۇن قاتتىقلىشىش كېسىلى

«تەسەللۇب» نىڭ لۇغەت مەنىسى قاتتىق بولۇشتۇر، لېكىن تېبابەتچىلىكتە بۇ بىرەر ئەزادا ئىششىقتىن كېيىن پەيدا بولغان قېتىششقا ئېيتىلىدۇ. بۇ سۆز كۆپرەك نېرۋا سىستېمىسى ئۈچۈن

نېرۋىلارنىڭ باشلىنىش ئورنىدا بۇ قېتىشىش پەيدا بولغان چاغدا قوللىنىلىدۇ. نېرۋا مەركىزى يەنى مېڭە ۋە يۇلۇندا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا بولسا، ئىششىق يوقالغاندىن كېيىن بۇ يەردىكى تارمۇشلارنىڭ مىقدارى ئاشىدۇ. مۇشۇنداق ئومۇمىي ئىششىقلار ھەممە جايلاردا بولىدۇ، ئۇنىڭ تەسىرىدىن ئۇ ئورۇننىڭ ھەجمى چوڭىيىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ رەڭگى ئاققا مايىل بولىدۇ، ئاخىرىدا بۇ يەرنىڭ توقۇلمىلىرى يىغىلىپ قېتىشىپ قالىدۇ، بۇنىڭ بېسىشى بىلەن ئەسلىي ئەسەب توقۇلمىسى ئاجىزلىشىدۇ ۋە بۇزۇلىدۇ، بەلكى بەزى ۋاقىتلاردا پۈتۈنلەي بۇزۇلىدۇ، بۇ ھالەت «تەسەللۇب» دېيىلىدۇ. بۇ قاتتىقلىشىش يۇلۇننىڭ ھەر خىل ئورۇنلىرىدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن، كېسەللەنگەن ئورۇننىڭ پائالىيىتى بۇزۇلىدۇ ياكى يوقىلىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتا كېسەللەنگەن ئورۇن نېپىز پەردە بىلەن چاپلىشىدۇ، نېپىز پەردىدىمۇ قېتىشىش ھالىتى پەيدا بولىدۇ. بۇ تۈرلەر كېسەللىك ئورنى ۋە قېتىشىشنىڭ تۈرىگە ئاساسەن بىر قانچىگە بۆلۈنىدۇ. ئەگەر يۇلۇننىڭ ئارقا تەرىپىدە قېتىشىش كۆرۈلسە، يۇلۇن يىگلەش كېسىلى پەيدا بولىدۇ، بۇ سۆزلىنىپ بولدى. بۇنىڭ قالغان تۈرلىرى سۆزلىنىدۇ.

يۇلۇن ۋە مېڭىنىڭ بىر قانچە ئورنىدىكى قېتىشىش نۇرغۇنلىغان ئۇششاق، قاتتىق، قىزىل نۇقتىلار مېڭە ۋە يۇلۇننىڭ ئوخشىمىغان ئورۇنلىرىدا تېپىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەقلىدە بۇزۇلۇش، گاسلىق، كۆز ئالمىسى تىترەش، باش، بويۇن، قول - پۇت ۋە پۈتۈن بەدەندە رەئشە بولىدۇ. قىيىلىنىپ سۆزلەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن پالەچ بولىدۇ ھەمدە مۇسكۇللار قاتتىقلىشىپ يىغىلىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك ئومۇمەن ياشلىقتا كۆپ كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭغا ئەرلەرنىڭ گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئاياللاردىن ئاز بولىدۇ ھەمدە بۇ كېسەللىك بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش ياكى نېرۋا ئاغرىقى بولغان بىمارلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. سوغۇق تېگىش، سۇدا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش، ئۇزۇن كۈنلەرگىچە خىيالچان يۈرۈش ۋە بەزى ئۆتكۈر كېسەللىكلەر، مەسىلەن: ئىسكارلاتىنا، ئۇچەي مەنبەلىك قىزىتما ۋە خولېرا قاتارلىق كېسەللىكلەردىن كېيىنمۇ پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر قاتقان ئورۇننىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. دەسلەپتىلا بىمار يول يۈرگەندە ئاجىزلىق ھېس قىلىدۇ، ئەزالاردا ئاغرىق بولىدۇ، قول - پۇت، باش ۋە پاچاقلىرى ئىش قىلغان ۋاقىتتا تىترەيدۇ، لېكىن بىمار ئارام ئېلىپ ياتسا تىترەش توختايدۇ. ئورنىدىن تۇرسا تىترەش يەنە باشلىنىدۇ. ئەگەر بىمار بىرەر نەرسىنى كۆتۈرگەن بولسا قوللىرىدا تىترەش ئاشكارا بولىدۇ، توختاپ - توختاپ،

دانىمۇدانە سۆزلەيدۇ، كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئۇياق - بۇياققا چۆرگىلەيدۇ. بۇ ئالامەتلەر يىل ئۆتكەنسېرى ئېغىرلاپ بارىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەل ئاجىزلاپ، ئۇزۇن ئورۇن تۇتۇپ يېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئىچكى ئەزالارنىڭ خىزمىتىدە تەڭپۇڭسىزلىق بولىدۇ، يەنى ئىشتىھا يوقىلىدۇ، ئىچ سۈرۈش كېسىلى ۋە دوۋساق ئىششىقى پەيدا بولىدۇ، تومۇرى بىر مىنۇتتا 103 ياكى 104 نى سوقىدۇ، بەزى بىمارلار ھوشسىزلىنىدۇ ۋە بىماردا ياتاق يارىسى پەيدا بولۇپ، ئاخىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش بۇ كېسەللىكنى يۇلۇن يىگلەش كېسىلىدىن پەرقلەندۈرۈش لازىم.

يۇلۇن يىگلەش

1. بۇ كېسەللىك ئومۇمەن 40 ياشتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.
2. دەم ئالغاندا قول تىترەيدۇ.
3. كۆزلىرى ئۇياق - بۇياققا ئايلانمايدۇ.
4. دەسلەپتە قول تىترەش باشلىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تىترەش ئاجىزلىشىدۇ.

يۇلۇن ۋە مېڭىدىكى بىر قانچە ئورۇننىڭ قاتتىقلىشىشى:

1. بۇ كېسەللىك 40 ياشتىن ئىلگىرى كۆرۈلىدۇ.
2. ئىش قىلغان ۋاقىتتا قولى تىترىگەنلىك مەلۇم بولىدۇ.
3. كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئۇياق - بۇياققا ئايلىنىدۇ.
4. دەسلەپتە ئاجىزلىق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قول - پۇتلىرى ۋە باشقا قىسىملىرى تىترەيدۇ.

داۋالاش ھازىرغىچە داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى تېپىلمىدى، لېكىن يۇلۇن يىگلەشنى داۋالاشتا قوللىنىدىغان چارىلەرنى ئىشلىتىپ باقسا بولىدۇ.

يان تەرەپ قېتىشىش يۇلۇننىڭ يان تەرىپىدىكى ئاق جەۋھەردە قاتتىقلىشىش بولىدۇ، بۇ تامامەن ئۇزۇنسىغا چوڭىيىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن پۇت پالەچ بولغاندىن كېيىن مۇسكۇللار قاتتىقلىشىپ يىگلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى سوغۇق ئۆتۈش، سۇدا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش ھەمدە سىفىلىس كېسەللىكى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرىدۇر. مۇشۇ سەۋەبتىن مېڭىنىڭ بىرەر بۆلىكىدە قاناش پەيدا بولىدۇ ياكى مېڭىنىڭ جەۋھىرى يۇمشايدۇ ياكى مېڭە غولى، ئوتتۇرا مېڭە، يۇلۇن مەركىزىدە بۇزۇلۇش بولىدۇ، بۇ كېسەللىك ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەردە كۆپ بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە بىمار يول يۈرۈشتىن ناھايىتى تېز چارچايدۇ، پۇتلىرى ئېگىلىدۇ، تىز رېفلېكسى كۈچىيىدۇ، پۇتى تىترەپ ئاستا ماڭىدۇ①، ماڭغاندا پۇتلىرى ئېگىلىپ ئىككى تىزى يېقىنلىشىپ قالىدۇ ھەمدە ماڭغاندا ئىز قالدۇرۇپ ماڭىدۇ. سەزگۈ قۇۋۋىتىدە تەڭپۇڭسىزلىنىش بولمايدۇ، چوڭ - كىچىك تەرەتتە مەلۇم يېقىمسىزلىق سېزىلمەيدۇ، مۇسكۇللاردا يىگىلەش بولمايدۇ، كۆزى نورمال بولىدۇ. بىمارنىڭ يىققۇچى مۇسكۇللىرى ئىككى پاچاقنى ئاجراتقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تارتىشىدۇ. ئەگەر بىمار ياتقان ھالەتتە پاچاقلىرى تۇتۇپ مىدىرلىتىلسا بىرئاز بوشايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئېگىلىپ قالىدۇ. بۇ كېسەللىك تېز تەرەققىي قىلىدۇ ۋە بىمار ئىككى - ئۈچ يىلدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش بۇ كېسەللىكنى داۋالاشنىڭ بىرەر ئۈنۈملۈك ئىلاجى يوقتۇر، لېكىن بەل يۇلۇنى قېتىشنى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە داۋالاپ نەتىجىسىنى كۈتۈش لازىم.

ئىرسىيەتلىك تىترەش كېسەللىكى

بۇ بىر تۈرلۈك ئىرسىيەتلىك كېسەللىكتۇر. بالا تۇغۇلغاندىلا بۇ كېسەللىككە مۇپتىلا بولىدۇ، يەنى، يۇلۇننىڭ ئارقا بۆلىكى ۋە توپا رەڭلىك جەۋھىرىدە بىر خىل قاتتىقلىق پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى، ئەمما چوقۇم تۇغما ئاجىز بولغان نېرۋا ۋە ئۇنىڭ ئۆتۈش يوللىرىدىكى ئۆزگىرىشتىن بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىك جەمەتىدىكى بىرقانچە ئادەمدە (مەسىلەن: بىر ئاتا - ئانىنىڭ بىرقانچە ئاچا - سىڭىللىرىدا) كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا بىمار مەستكە ئوخشاش مېڭىپ، قوللىرىنى تەرتىپسىز ئېگىپ پۇلاڭلىتىدۇ، ئەگەر بىمارنى بىرەر نەرسىنى تۇتۇشقا بۇيرۇسا، قول بارماقلىرى جىپسىلاشمايدۇ. قولى بەزىدە ئۇ تەرەپ ۋە بۇ تەرەپكە كېتىپ قېلىپ، ئاخىرىدا بىردىنلا ئۇ نەرسىنى تۇتۇۋالىدۇ، بىمارنىڭ بېشى ساڭگىلىغان ھالەتتە تىترەيدۇ، تىزىدا رېفلېكس پەيدا بولمايدۇ. كۆز قارىچۇقى ساغلام ھالەتتىكىگە ئوخشاش بولۇپ، بىرەر تۈردىكى ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئەمما كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بىمار گەپ قىلغاندا توختاپ - توختاپ دانىمۇدانە سۆزلەيدۇ، پۇتلىرى كۆرۈمسىز بولىدۇ، بىمار ماڭغان ۋاقىتتا پۇت قىرىنى زېمىنغا

---

① پۇتى تىترەپ ئاستا مېڭىش — بۇ بىر مەخسۇس نېرۋىدىن بولىدىغان ئالامەت بولۇپ، ئادەتتە تىزنى ئازراق ئېگىپ، پۇت تاپىنى ئالدى بۆلىكىنى قول بىلەن تېز ۋە كۈچەپ قىسقا ۋاقىت بېسىپ تۇرغاندا شەكىللىنىدۇ. بېسىپ تۇرۇش قانچىلىك داۋاملاشسا، پۇت شۇ ۋاقىتقىچە تىترەيدۇ. بۇنىڭ مەركىزى يۇلۇننىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى توققۇزكۆز نېرۋىسى چىقىدىغان بۆلىكىدۇر. بۇ ھەرىكەت ساغلام ئادەملەردە پەيدا بولمايدۇ.

پۈلتايغان بولىدۇ. بۇنىڭدا دولقۇنسىمان ھەرىكەت بولىدۇ.

2. ئىككى كۆزى سىرتقا پۈلتايغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزلىنىشى ئاستىغا بولىدۇ.

3. باش سۆڭىكىنىڭ چاكلىرى ئايرىلىپ، كۆك قان تومۇرلار كۆپۈشكەن ھالەتتە بولىدۇ.

ھەقىقىي باش چوڭىيىش

1. گەرچە باش چوڭايسىمۇ لېكىن باشقا سۇ يىغىلىشتەك چوڭايمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، بۇنىڭدا باش ئارقىسى زىيادە چوڭىيىپ، چوققا سۆڭەك ئالدىنقى بۆلىكى بېسىلغان بولىدۇ.

2. كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان بولىدۇ.

3. چاكلار ئاجرىمايدۇ ھەمدە كۆك قان تومۇرلاردا كۆپۈش بولمايدۇ.

داۋالاش بۇنىڭ ئۈنۈملۈك داۋالاش چارىسى يوقتۇر. دورا ۋە غىزا بىلەن پەقەت تەبىئەت ۋە قۇۋۋەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. مەۋجۇت بولغان ئالامەتلەر ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىگە رىئايە قىلىپ داۋالاش، ئىترىفىللار ۋە يەڭگىل يۇمشاتقۇچىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

مېڭە يىگىلەش ياشانغانلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ناچار بولۇش سەۋەبىدىن مېڭە يىگىلەش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن باش جام سۆڭىكى ئىچىدە بوشلۇق پەيدا بولىدۇ، تەبىئەت بۇ بوشلۇقنى سۇ تەركىبلىرى بىلەن تولدۇرغاچقا، بۇنىڭ بېسىمى مېڭىگە چۈشىدۇ ھەمدە تەدرىجىي مېڭە بېسىلىشنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. سەزگۈسى ۋە دەسلەپتە ئەقلى تۆۋەنلەپ، كېيىن تەدرىجىي يوقىلىدۇ. ئاجىزلىشىش شۇ قەدەر ئېغىرلىشىدۇكى، بىمار ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ، كۈندۈزى مۈگدەپ، كېچىدە جۆيلۈيدۇ ۋە قالايمىقان سۆزلەيدۇ، بەزىدە تۇيۇقسىز سەكتە پەيدا بولۇشتىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىمار بىر مەزگىللەرگىچە ئىنتايىن ئاجىزلىق ھالىتىدە پەقەت نەپەس ئېلىپ ياتىدۇ، لېكىن بۇ ئۆچەي دەپ قالغان ھاياتلىق چىرىغىنىڭ قاچان ئۆچىدىغانلىقىنىڭ بىلگىلى بولمايدۇ.

مېڭە بولماسلىق بەزى ۋاقىتلاردا بەزى بالىلار مېڭىسىز تۇغۇلىدۇ، بۇنداق بالىلار تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ قالىدۇ. بەزى بالىلارنىڭ مېڭىسى تولۇق ئۆسۈپ يېتىلمىگەن بولغاچقا، مېڭىسىنىڭ پائالىيەتلىرى تۇغما يېتەرسىز بولىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىدىمۇ يېتەرسىزلىك ۋە نورمالسىزلىق بولىدۇ.

مېڭە يىگىلەشنى داۋالاش بۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاپ ساقايتىش قىيىندۇر، لېكىن ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش ئاساسىدا بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى ئاز - ئازدىن كۆپ قېتىمغا بۆلۈپ بېرىش، 3 -، 4 - كۈنى بىرقەدەر يەڭگىل بولغان مۇسھىلنى بېرىش لازىم. مۇسھىل ماددىلارنى مايىللاشتۇرىدۇ، يەنى مېڭىنىڭ

سۈيۈقلۇقلىرىنى ئۈچەي تەرەپكە مايىللاشتۇرۇپ، مېڭىدىكى بېسىمنى ئازايتىدۇ.

مېڭە سىلكىنىش

مېڭە سىلكىنىش مېڭىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان مېڭە پائالىيەتلىرىدە تەڭپۇڭسىزلىنىش بولىدۇ. بەزىدە باشقا تاياق تېگىش، ماشىنىلارغا سوقۇلۇش ياكى ماشىنىدىن يىقىلىپ چۈشۈش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ. مېڭە سىلكىنىشنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىدەك:

كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ، مۈگدەيدۇ، ئازراق بىھوشلۇق بولىدۇ ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى مۇسكۇللاردا ئاجىزلىق كۆرۈلگەندىن كېيىن بىمار تۇيۇقسىز ھوشىغا كېلىدۇ ياكى قىسقا ۋاقىتقىچە مۇشۇ ھالەتتە تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋاللار ئۆتكۈر بولسا، قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن تەكشۈرۈلسە مېڭىدە بىرەر بۇزۇلۇش كۆرۈلمەيدۇ، لېكىن بەزىلەرنىڭ مېڭىسىدىن يىرىڭ تېپىلىدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ مېڭە جەۋھىرى يۇمشاق بولىدۇ.

ئالامىتى ئەگەر سوقۇلۇش يەڭگىل بولسا، بىمار تېز ھوشىغا كېلىدۇ، لېكىن خىياللىرى قالايمىقانلىشىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، قۇسۇش، توڭلىغاندەك سېزىمدا بولۇش، مۈگدەش ۋە قۇلاقلىرىغا ۋاراڭ - چۇرۇڭ سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. قاتتىق سوقۇلغاندا قىسقا ۋاقىت ھوشسىز بولۇپ قالىدۇ. يەنى بىمار چوڭقۇر ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقاندەك خۇدىنى يوقىتىدۇ، بەدىنى سوغۇق، تاتارغان بولىدۇ. كۆز قارىچۇقىغا يورۇقلۇقنىڭ تەسىرى بولمايدۇ، يەنى يورۇقلۇقتىن كۆز قارىچۇقى كىچىكلىمەيدۇ. مۇسكۇللار بوشىشىپ، تومۇر ئاجىز سوقىدۇ، چوڭ - كىچىك تەرەتنى تۇتالمايدۇ. نەپەس ئېلىشى ئېنىق بولمايدۇ، ئاندىن بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن بۇ ئالامەتلەردە ياخشىلىنىش بولىدۇ، لېكىن ئەقلىي كۈچىدىكى نورمالسىزلىقتىن ئاسارەت قالىدۇ. بەزى بىمارلار گەپ قىلىش بىلەن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىدۇ، بەزىدە مۈچىلەر پالەچلىنىدۇ. سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مېڭىدە ئازراق بۇزۇلۇش قېپقالىدۇ. ئەگەر مېڭىگە قاتتىق زەربە يەتسە، بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا تېز كېتىۋاتقان قاتناش ۋاسىتىلىرىغا سوقۇلغاندا، مېڭىنىڭ نېرۋىلىرىغا بۇ ئەزىيەت يېتىدۇ، ئۇنىڭ بىرەر كۈچلۈك ئالامىتى ئاشكارا بولمايدۇ. لېكىن بىر قانچە كۈندىن كېيىن باش ئاغرىقى ۋە ئاجىزلىقنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، مۇسكۇللار كۈچسىزلىنىدۇ، ئومۇمىي بەدەنلىك تەشەننۇج، كۆرۈش كۈچى نورمالسىزلىنىش، ئالغايلىق، قۇسۇش، قەۋزىيەت ھەمدە گاسلىق بولىدۇ، بەزىدە ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ساۋقۇن ئاۋازلىرى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، ئاز بىر

سۆڭىكى تېشىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئۆسمىدىكى ھۆللۈك ۋە يىرىڭ قاتارلىقلارنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مۇشۇنداق ھادىسىدە باش سۆڭىكىنى كېسىش ئۈچۈن كۆپىنچە يۇملاق چىشلىق ھەرە ئىشلىتىلگەنلىكتىن، كېسىلگەن سۆڭەكنىڭ پارچىسى يۇملاق قۇرسقا ئوخشاش چىقىدۇ، ئاندىن بۇ قۇرسقا ئوخشاش سۆڭەك دەستىكاردىن كېيىن ئورنىغا سېلىنىدۇ.

مېڭىدە قان تولۇپ قېلىش مېڭە ۋە مېڭە پەردىسىدە نورمالسىز قان توپلىنىپ قېلىشنىڭ نامى ئىمتىلائى دىماغدۇر. مېڭىدە قان تولۇپ قېلىشتىن ھەر خىل كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: سەرسام ۋە سەكتە قاتارلىقلار.

مېڭىدە قان تولۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرى

1. قان پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى كۆپلەپ يېيىش ھەمدە جىسمانىي ئەمگەكنى ئاز قىلىش، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پۈتۈن بەدەندە قان كۆپلەپ ھاسىل بولىدۇ. مېڭە كېسەللىكلىرى بىلەن بىرەر سېلىشتۇرما دىياگنوزى بولمايدۇ.

2. مېڭىگە قاننىڭ كۆپ مىقداردا يېتىپ بېرىشىدىن بولىدۇ، بۇ بىر قانچە سەۋەبتىن بولىدۇ: مېڭە قىزىل قان تومۇرلىرى (ئەقلىي ئەمگەكنىڭ كۆپلۈكىدىن قىزىل قان تومۇرلارنىڭ قان تومۇرلارنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى نېرۋىلىرى پالەچلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىزىل قان تومۇرلارنىڭ قەۋەتلىرى ئاجىزلاپ كېڭىيىدۇ ۋە قان مېڭىگە زۆرۈرىيەتتىن زىيادە يېتىپ بارىدۇ) نىڭ كېڭىيىشى، يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ تېز بولۇشى، مېڭىنىڭ مەلۇم قىسمىدا غىدىقلىنىش ۋە ئەزىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى، مېڭىگە زەربە تېگىش، ياز پەسلىدە ئۇپ (ئىسسىق) ئۆتۈپ كېتىش، بەزى زەھەرلەرنى ياكى شارابلارنى ئىستېمال قىلىش قاتارلىقلار.

3. يۈرەك ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرى، ئانورسىما كېسىلى، مېڭە كۆك قان تومۇرى ئۇستىنى ئۆسمە قاتارلىقلارنىڭ بېسىشى، گال بوغۇلۇش، كۈچلۈك يۆتىلىش، نەپەس ئېلىشنى توختىتىپ ئىنجىقلاش، باشنى تۆۋەنگە ئېگىش قاتارلىقلاردىنمۇ بەزىدە مېڭىنىڭ تەبىئىي قان ئايلىنىشى ۋە ئۆتۈشۈشىدە توسالغۇ پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مېڭىدە ئىمتىلائ شەكىللىنىدۇ.

ئالامىتى يەڭگىل تۈردە قىسقا ۋاقىت مېڭىدە قان تولۇش بولىدۇ، بۇ تەشەننۇجلۇق يۆتەلدە بولىدۇ، بۇنىڭدا بىمارنىڭ يۈزىنىڭ رەڭگى كۆك بولىدۇ، شىريانى سۇباتىنىڭ سوقۇشى ئازراق كۈچىيىدۇ، چوققا ياكى باش ئارقىسىدا ھەر ۋاقىت يەڭگىل ئاغرىش ۋە ئېغىرلاشقاندەك سېزىم بولىدۇ، كۆز قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىشىنىڭ شىكايىتى بولۇپ، ئەستە ساقلاش ۋە تەپەككۇر قىلىش كۈچىدە بۇزۇلۇش كۆرۈلىدۇ. مىجەزىدە چىچىلاڭغۇلۇق بولىدۇ، بەدىنى بوشىشىدۇ، ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ. ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، ئۇيقۇسى كەلسە ئۇخلاش بىلەن تەبىئىتى يەڭگىللىمەيدۇ، كۆپىنچە چۈش كۆرىدۇ، تەبىئىتىدە

يېقىمسىزلىنىش كۆرۈلىدۇ، مۇسكۇللاردا جۇملىدىن قول - پۇت مۇسكۇللىرىدا لىكىلداش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق جىسمانىي ئەمگەك قىلسىلا چارچاپ قالىدۇ.

ئۆتكۈر تۈردە مېڭىدىكى قان ئايلىنىشتا تۇيۇقسىز نۇقسان كۆرۈلۈش بىلەن ئېغىر دەرىجىدە قان تولۇپ قېلىش پەيدا بولغان بولسا، بىمارنىڭ خىياللىرى چېچىلاڭغۇ ۋە سۇس بولىدۇ. مۈگدەيدۇ، ئەمما ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، يۈزى قىزىل بولۇپ، پېشانە ۋە بويۇن كۆك قان تومۇرلىرى زىيادە كۆپىشىدۇ. باشنى تۇتقاندا ئىسسىق مەلۇم بولىدۇ. قول - پۇت، باش ۋە بويۇننىڭ قىزىل قان تومۇرلىرىدا نورمالسىز سوقۇش بولىدۇ، كۆزنىڭ قارىچۇقى ئاۋۋال تارىيىپ كېيىن كېڭىيىدۇ. نەپەسلىنىشى ساغلام ھالەتتىكىدەك بولىدۇ، تومۇرى تولغان، بوش ھەمدە پەرقلىق بولىدۇ. قەۋزىيەتلىكنىڭ شىكايىتىمۇ بولىدۇ، نەتىجىدە جۆيلۈش ۋە تەشەنۇج بولۇشتىن كېيىن بىھوشلۇق بولىدۇ.

سەكتىدىن ئىلگىرى كۆپىنچە بىمارلاردا بېشارەتچى ئالامەت شەكلىدە يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىرقانچە قېتىم كۆرۈلگەن بولىدۇ. بەزى تېۋىپلار بۇنى ۋە قاندىن بولغان سەكتىنى بىرلا كېسەل دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

بەزىدە مېڭە تولۇپ قالغان ئەھۋالدا ئىلگىرىكى ئالامەتلەرنىڭ ئورنىغا سەرئىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

ئاقىۋىتى مېڭىدىكى يەڭگىل تولۇپ قېلىشتا ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن مېڭە ئەسلىدىكى ھالىتىگە كېلىدۇ، لېكىن ئۆتكۈر ئەھۋالدا ئەگەر بۇ شىكايەت ئۇزۇن داۋاملاشسا، مېڭىنىڭ قىزىل قان تومۇرلىرى كېڭىيىپ مۇرەككەپلىشىدۇ. مېڭىنىڭ ھەجمى كىچىكلەيدۇ، مېڭە بوشلۇقلىرىدا ھۆللۈكنىڭ مىقدارى ئاشىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن تەبىئەت ھەمىشە يېقىمسىز تۇرىدۇ.

داۋالاش بىمارنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ، بەلباغلىرى بوشىتىلىدۇ، باشنى ئېگىز قىلىپ ياتقۇزۇپ، باش مۇز ۋە سوغۇق سۇ ئارىلاشمىسى بىلەن سوۋۇتۇلىدۇ، مايىللاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن پاشويە قىلىنىدۇ، پاچاقلىرىغا قىچا زىماتى چېپىلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئىككى چېكىسىنى داغلاش لازىم. مۇمكىنقەدەر يۆتىلىش، نەپەس ئېلىشنى توختىتىپ، ئىنجىقلاش، باشنى تۆۋەن قىلىش، پىكىر قىلىش، ئويلىنىش ۋە ئەقلىي ئەمگەكتىن يىراق قىلىش، قوزغاتقۇچلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، مەيلى قوزغاتقۇچى نەرسىلەر غىزا ياكى دورا بولسۇن. مەسىلەن: چاي، شاراب ۋە داۋائىلمىشكى قاتارلىقلار. ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى ۋە تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: كاھۇ ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقى، قۇرۇق يۇمغاقسۇتنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 36 گرام شەربىتى ۋەرد مۇكەررەر بىلەن كەچكى ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىچكۈزۈلىدۇ. بىر دانە ھەببى جەدۋار ياكى ئىككى گرام بەرشىشا يېگۈزۈلىدۇ.

ئۆچەيدىن سۇ تەركىبلىرىنى زىيادە چىقىرىدىغان مۇسھىللارنى ئىشلىتىش خۇسۇسىيىتى بىلەن پايدىلىقتۇر، مەسىلەن: تۇز تەركىبلىك سۈرگىلەر (يەنى بۇنىڭدا تۇزلۇق تەركىبلەر بولسۇن). داۋائى شىپامۇ مېڭىنى تىنچلاندۇرۇش تەسىرى بىلەن پايدىلىقتۇر. غىزالار ئاددىي، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، سوغۇق ۋە چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى بولسۇن، مەسىلەن: سېمىزئوت، پالەك، قىزىل بۇغداش، كاھۇ، قاپاق، چامغۇر، سەۋزە، بەرگىنەي قاتارلىقلار.

ئەسكەرتىش چۈنكى ياۋا بۇغداينىڭ مۇرەككىباتلىرى مېڭە قىزىل قان تومۇرلىرى مۇسكۇل قەۋىتىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرىدۇ ھەمدە قىزىل قان تومۇرلارنى قىسقارتىپ تارايتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى كىشىلەر مېڭىدىكى تولۇپ قېلىش ئۈچۈن ياۋا بۇغداي رۇببىسىنى يېگۈزۈشنى ھاۋالە قىلىدۇ، ياۋا بۇغداي رۇببىسى سۇيۇقلۇقىنىڭ ئىستېمال مىقدارى ئادەتتە 15 ~ 60 تامچىغىچىدۇر، بۇ سۇدا ئېرىتىلىپ كۈندە ئۈچ قېتىم بېرىلىدۇ.

مېڭە ئاجىزلىقى

مېڭىنىڭ پۈتۈن ياكى بەزى پائالىيەتلىرىدە تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلۈشىنىڭ نامى مېڭە ئاجىزلىقىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى پۈتۈن مېڭە ياكى ئۇنىڭ بىرەر خاس بۆلىكىگە قان ياخشى يېتىپ بارالماسلىق ياكى ئاز مىقداردا يېتىپ بېرىش سەۋەبىدىن مېڭىنى لايىقىدا ئوزۇقلاندۇرالماسلىقى بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن مېڭە ئاجىزلىقى ئومۇمىي مېڭە ئاجىزلىقى ۋە قىسمەن مېڭە ئاجىزلىقى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سەۋەبى مېڭىنىڭ بىرەر بۆلىكىگە قاننىڭ كەم يېتىپ بېرىشى سەۋەبىدىن (قىسمەن مېڭە ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى) ئومۇمەن بۇ ئورۇندىكى قان تومۇرلارنىڭ تارىيىشى، ئۆسمە ياكى ئۇيۇۋالغان قاننىڭ بېسىشى بولىدۇ.

پۈتۈن مېڭىگە قاننىڭ ئاز يېتىپ بېرىشى (ئومۇمىي مېڭە ئاجىزلىقى) نىڭ سەۋەبى ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىق، كەم قانلىق، مېڭە ئۆسمىسى، يۈرەك ئاجىزلىقى، باش سۆڭىكى ئىچىدە قاناشنىڭ بولۇشى، بەدەننىڭ باشقا بۆلەكلىرىگە قاننىڭ ئارتۇق يېتىپ بېرىشى، جىگەر ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار بولىدۇ. بۇ ئورۇندا پەقەت كەم قانلىقتىن بولىدىغان مېڭە ئاجىزلىقىنىڭ بايانى سۆزلىنىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىكنىڭ مۇھىم سەۋەبى قان ئازلىقتۇر. بۇ، كۆپىنچە قان تومۇر ئىچىدە قان ئۇيۇش ياكى توسالغۇ پەيدا بولۇشتىن پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ ئالامەتلىرى ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

بۇ ئورۇندا پەقەت پۈتۈن مېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك بولىدىغان مېڭە ئاجىزلىقىنىڭ ئالامەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. مېڭىنىڭ ئومۇمىي ئاجىزلىقىدا ھوشىدىن كېتىشنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: يۈزىنىڭ رەڭگى نۇرسىز، كۆز قارىچۇقلىرى كېڭەيگەن بولىدۇ، بەزىدە بەدەن مۇسكۇللىرىدا تەشەننۇج بولىدۇ، لېكىن بەزىدە بۇ ئالامەتلەر تەدرىجىي ئاشكارا بولىدۇ. مەسىلەن: بىماردا باش ئاغرىقى ۋە باش قېيىشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، كۆرۈش ۋە ئاڭلاش قۇۋۋىتى نورمالسىزلىنىدۇ، ئەستە ساقلاش كۈچى بۇزۇلىدۇ. ئەگەر ئاچ قورساقلىق سەۋەبىدىن كېسەل بولغان بولسا جۆيلۈش ۋە بىئاراملىق بولىدۇ، بەزى كىشىلەردە ئومۇمىي مېڭە ئاجىزلىقىدىن ساراڭلارنىڭكىدەك ھەرىكەت كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش ئەگەر مېڭىنىڭ مەلۇم خاس قىسمىدا قان كەملىك بولسا، مەخسۇس بۆلىكىنى كۈچلەندۈرىدىغان بىرەر مەخسۇس دورا يوق. لېكىن مېڭىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئومۇمىي ئاجىزلىق ۋە كەم قانلىق بولسا، ئومۇمىي بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان چارىلەرنى ئىشلىتىش كېرەك، ئومۇمىي بەدەن كۈچلەنسە مېڭىمۇ كۈچلىنىدۇ، مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئومۇمىي بەدەننى كۈچلەندۈرگۈچى نەرسىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بەدەندە قاننىڭ پەيدا بولۇشىنى ئاشۇرۇش، ئاچچىقلىنىش غەم - قايغۇ ھەمدە ئەقلىي ئەمگەكتىن ساقلىنىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، كەم قانلىقنىڭ سەۋەبى بولسا بۇنى يوقىتىش لازىم، مۇناسىپ ھەرىكەت بىلەن، مەسىلەن: ئەتىگەن ۋە كەچتە باغلاردا سەيلە قىلىش ۋە كۆڭۈلنى ئېچىش بىلەن مېڭە ۋە نېرۋىلار كۈچلىنىدۇ. ساپ قان پەيدا قىلغۇچى ۋە كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. قەۋزىيەتنى يوقىتىش لازىم. تۆۋەندىكى مۇرەككەباتلار مېڭە ئاجىزلىغان ئەھۋالدا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ پۈتۈن بەدەنگە قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

بادام مېغىزى ھالۋىسى پوستى ئاقلانغان تاتلىق بادام مېغىزى يەتتە دانە، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، ناۋات 24 گىرام. دورىلارنى سۇدا ئېزىپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ ھالۋىغا ئوخشاش پىشۇرۇش ھەمدە ناۋاتنى قوشۇپ قويۇلغان چاغدا چۈشۈرۈپ سوۋۇتۇپ ياكى ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، نەزلە مەۋجۇت بولسا كۆكنار، ئاق خەشخاش ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرامدىن قوشۇپ بېرىش لازىم.

يەنە بىر ھالۋا نۇسخىسى كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، چىلغوزا مېغىزى، ياڭاق مېغىزى ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، ناۋاتتىن 12 گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى سۇدا ئېزىپ ۋە ھالۋىغا ئوخشاش پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ھەبۇب بەرھەمى مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن 12 گىرام ياۋا نىلۇپەرنى يۇمشاق سوقۇپ، بادام يېغىدا ياغلاپ، قارىمۇچ ۋە لاچىندانىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ،

سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ قارىمۇچ چوڭلۇقىدا ھەب ياساپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىككى ھەبتىن يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش غىزاسىغا ئاسان ھەزىم بولىدىغان ۋە كۈچلەندۈرگۈچى غىزالاردىن، مەسىلەن: تۇخۇم، سۈت، خام شورپا ھەمدە ھالۋا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

مېڭە تۇسالغۇسى

قان تومۇرلار تۇسۇلۇشىنىڭ سەۋەبى بىر قانچە خىل بولىدۇ، يەنى بەزىدە ئۇنىڭ تۇسۇلۇشى قان تومۇر ئىچىدە قان ئۇيۇۋېلىشتىن بولىدۇ، ئۇنى تېبابەتچە «تەخەسسۇر» دەپ ئاتايدۇ ھەمدە بۇ ئۇيۇۋالغان قان «ئەلەقە» دېيىلىدۇ (تەخەسسۇر — ئۇيۇشۇش، قويۇلۇش، ئەلەقە — ئۇيۇۋېلىش، ئەلەقە — ئۇيۇۋالغان قان دېگەن مەنىدە بولىدۇ.)

مېڭە قىزىل قان تومۇرلىرىنىڭ تۇسۇلۇشى ھەرقانداق ياشتىكىلەردە كۆرۈلىدۇ، بالىلىق ياكى ياشلىقتا يۈرەك قېرىنچىسى (رېماتىزم ماددىسىدىن بەزىدە قېرىنچە ئىششىقى كۆرۈلىدۇ) ئىششىقىدىن كېيىن قاننىڭ ئۇيۇۋالغان پارچىسى كىلاپان ياكى يۈرەك ئىچكى پەردىسىدىن ئايرىلىپ، مېڭە قىزىل قان تومۇرلىرىغا يېتىپ بېرىپ كەپلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىزىل قان تومۇر تۇسۇلىدۇ. شۇنىڭدەك ياشانغانلاردا يۈرەكنىڭ كىلاپانلىرى، شىريانى سۇباتى ياكى غول قىزىل قان تومۇردىن (يەنى بۇ تومۇرلار ئىچكى پەردىلىرىنىڭ ياغسىمان ئۆزگىرىشىدىن كېيىن) ئازراق بۇزۇلغان تەركىب ئاجراپ، تۇسالغۇ شەكلىدە مېڭە قان تومۇرلىرىغا يېتىپ بېرىپ كەپلىشىپ، ئۇلاردا تۇسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە يۈرەكنىڭ ئىچكى پەردىسىدە يارا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن بىرەر تەركىب ئاجرىلىپ، مېڭە قان تومۇرلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ بەزىدە يۈرەك بوشلۇقى ياكى ئۆپكە كۆك قان تومۇرىدىن قاننىڭ بىرەر ئۇيۇۋالغان تەركىبى مەزكۇر قان تومۇرغىچە يېتىپ بېرىپ ئۇنى تۇسۇپ قويىدۇ، قان تومۇرنىڭ بۇ تارىيىشى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئالدىنقى مېڭە قىزىل قان تومۇرى ياكى ئوتتۇرا مېڭە قىزىل قان تومۇرى، جۈملىدىن سول تەرەپ قىزىل قان تومۇرلاردا بولىدۇ. بۇ تۇسالغۇ بەزى ۋاقىتلاردا مېڭىنىڭ ئۇششاق قان تومۇرلىرىغىچە يېتىپ بارالىغۇدەك كىچىك بولىدۇ. ئەگەر نۇرغۇنلىغان قىل قان تومۇرلار بىر قانچە ئورۇنلاردا تۇسۇلغان بولسا، ئۇ ئورۇنلارنىڭ مېڭە جەۋھىرى يۇمشايدۇ. ئاجىز ۋە ياشانغان مەزگىلدە يۈرەك پەردىلىرى ۋە قىزىل قان تومۇرلارنىڭ قەۋەتلىرىدە بۇزۇلۇش پەيدا بولسا، مېڭە ئاستى قىزىل قان تومۇرلىرى، شىريانى سۇباتى، ئومۇرتقا سۆڭىكى قىزىل قان تومۇرى قېنىنىڭ ئۇيۇشى ھەمدە ھەلقەنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىلەن تۇسالغۇ پەيدا بولىدۇ.

ئادەتتە مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ تۇسۇلۇشىدىن مېڭىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا قان ئاز

يېتىپ بارىدۇ ياكى قەتئىي يېتىپ بارالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېڭىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى ئۇزۇقلاندۇرۇشى تولۇق بولمايدۇ ھەمدە مېڭە جەۋھىرى يۇمشاپ كېتىدۇ. كېسەللەنگەن ئورۇندىكى تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى بىلەن ئەتراپىدىكى باشقا قان تومۇرلاردا قان ئېقىمى كۆپىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ يېرىلىدۇ ھەمدە مېڭىدە قاناش بولىدۇ، بۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى خەتەرلىك بولىدۇ.

ئالامىتى مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى سەكتە بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا سەكتىدىكىدەك بىھوشلۇق بولمايدۇ، توسۇلغان قان تومۇردا (ئەگەر توسالغۇ باشقا جايدىن كېلىپ قان تومۇرنى توسسا) ئالامەتلەر تېزلا كۆرۈلىدۇ. لېكىن قان تومۇر كەپلەشمىسى (قان ئۇيۇلمىسىدا) دە بولسا تەدرىجىي كۆرۈلىدۇ، يەنى باش قېيىش، ئەقىل ئېلىشىش، سېزىمى يوقىلىش، خىياللار چېچىلاڭغۇ بولۇش، قىسقا ۋاقىتلىق بىھوشلۇق بولىدۇ. كۆنسېرى ئادەتتىكى ھەرىكەتلەر، تىنچلىقلار ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئوخشىماسلىقلار يۈز بېرىدۇ. يۇقىرىقى بۇ ئالامەتلەر بەزى ۋاقىتلاردا ساغلام ۋە ياش كىشىلەردە قان تومۇر توسۇلۇش ئالدىدىكى بېشارەتچى ئالامەتلەر بولماي بىراقلا كۆرۈلىدۇ. ئاقىۋەتتە ئاساسەن مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشى ئۈچ خىل شەكىلدە بولىدۇ.

1. كۆپىنچە بىماردا بىھوشلۇق كۆرۈلمەي بىراقلا يارتا پالەچكە مۇپتىلا بولىدۇ، ئەمما بەزىدە تەشەننۇجمۇ كۆرۈلىدۇ.

2. سەرئىگە ئوخشاش بىر قانچە قېتىم تەشەننۇج ۋە ئەقلى ئېلىشىش كۆرۈلگەندىن كېيىن يارتا پالەچ بولىدۇ.

3. تۈيۈقسىز جۆيلۈش بولىدۇ، شۇنىڭدەك قىل قان تومۇرلار توسۇلغان ئەھۋالدا ئۇسسۇل ئويناش كېسىلىگە ئوخشاش قائىدىسىز شەكىلدىكى تەشەننۇج يۈز بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرئاز جۆيلۈش ۋە ئەقىل ئېلىشىشمۇ بولىدۇ.

داۋالاش بۇ كېسەللىكنى ئادەتتە سەكتىنى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە داۋالاش كېرەك. بۇنىڭ بايانى ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى. كىچىك قىزىل قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشىنى داۋالىغىلى بولىدۇ، لېكىن بىر قانچە قان تومۇرلار توسۇلغان بولسا ساقىيىشتىن ئۈمىد بولمايدۇ.

نېرۋا ئاغرىقى

گەرچە ھەممە ئاغرىق نېرۋىلار بىلەن سېزىلسە، نېرۋىلار كېسەللىنىشتىن بولمىغان ھەممە ئاغرىقنى «نېرۋا ئاغرىقى» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ، پەقەت سەزگۈ نېرۋىلىرى ۋە ئۇنىڭ شاخلىرىغا

ئەزىيەت يېتىشتىن ھەمدە ئىچكى سەۋەبلەردىن نېرۋىلارنىڭ كېسەللىنىشى ۋە ئەزىيەتكە ئۇچرىشىدىن بولغان ئاغرىق «نېرۋا ئاغرىقى» دېيىلىدۇ. ئاغرىق ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتىن يۈز بەرسە، نېرۋا ئاغرىقى دېيىلمەيدۇ. نېرۋا ئاغرىقى ئومۇمەن ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ ۋە تۇتقاقلىق ئۆتكۈرلىشىدۇ. بۇ ئورۇندىكى تېرىنىڭ سەزگۈرلۈكى ئاشقان بولىدۇ ۋە ئاغرىيدۇ (ئەسلىي كېسەللەنگەن نېرۋىلارنىڭ شاخلىرى تېرىگە تارقىلىپ تۇرغان شەرت ئاستىدا). نېرۋا ئاغرىقلىرىنىڭ نامى كېسەللەنگەن ئورۇنغا ياكى سەۋەبلىرىگە ئاساسەن قويۇلىدۇ، مەسىلەن: يۈز نېرۋىلىرى ئاغرىقى، گەدەن نېرۋىلىرى ئاغرىقى، قاش ئۈستى ئاغرىقى ياكى قاش ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، قوۋۇرغا ئارىلىق نېرۋىلىرى ئاغرىقى، بۇ ناملار ئورنىغا ئاساسەن قويۇلغان. شۇنىڭدەك كەم قانلىق، زىيابىتۇس، سىفلىس ۋە ئۇفۇنەتلىك قىزىتما قاتارلىقلاردىن بولغان نېرۋا ئاغرىقى، بۇ ناملار كېسەللىك سەۋەبىگە ئاساسەن قويۇلغان. بەزى ۋاقىتلاردا ئاغرىق ئىنكاس شەكلىدە كېسەللىك ئورنىدىن باشقا جايدا سېزىلىدۇ. مەسىلەن: دوۋساق تېشىدا نېرۋىلارنىڭ شېرىكچىلىكىدىن ئىككى ئۇرۇق بېزى، يوتىدا ئاغرىق كۆرۈلىدۇ، بۇنداق ئاغرىق ئىنكاسلىق نېرۋىلار ئاغرىقى دېيىلىدۇ.

نېرۋا ئاغرىقلىرى ئۆتكۈرلىشىشىنىڭ گەرچە مۇئەييەن ۋاقتى بولمىسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كەچتە ئۆتكۈرلىشىپ كېتىدۇ. نېرۋا ئاغرىقى كېسەللەنگەن نېرۋىدىن تارقالغان ئورۇندىن سىرت، ئۆزىنىڭ شاخچىلىرى تارقالغان بارلىق ئورۇنلارغىمۇ تارقىلىدۇ، مەسىلەن: بىلەكنىڭ ئىچكى تەرەپ زىندى ناملىق نېرۋىسى ئۈستىگە زەربە تېگىش ياكى بېسىم چۈشۈش بىلەن بۇ ئورۇندىن بارماقلارغىچە سىرقىراش مەلۇم بولىدۇ.

سەۋەبى

نېرۋىلار ئاغرىقىنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

1. قاننىڭ مىزاجى بۇزۇلۇش يەنى قاننىڭ تەركىبى بۆلەكلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى: بۇنىڭغا قان تەركىبىنىڭ ئۆزگەرتىدىغان بارلىق كېسەللىكلەر تەسىر كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: ئۇلار ئۆزىنىڭ زەھىرى ۋە بۇزۇق ماددىسىنى قانغا تارقىتىدۇ. بۇلار سىفلىس، ۋەجئۇل مۇپاسىل، نۇقرەس، ئۇفۇنەتلىك قىزىتما، زىيابىتۇس (بۇنىڭ بىلەن قاندا شېكەر تەركىبلىرى نورمالسىز ھالەتتە كۆپىيىدۇ) قاتارلىقلار، ياكى ئۇلار بىرەر سەۋەبتىن قان تەركىبلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: سۇئىئۇلقۇنىيەنىڭ تۈرلىرى.

2. نېرۋا قوزغىلىش (قوزغىلىش ئىنكاسى): مەسىلەن: بىرەر چىشنىڭ ۋە سۆڭەكنىڭ چىرىشى، ئۆسمە ۋە خالتىلىق ئۆسمە، ئىششىقلار ۋە چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقلار. بۇ سەۋەبلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك نېرۋىلار ئەزىيەتلىنىدۇ ۋە ئۇلاردا ئىنكاسلىق ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، ئىنكاسلىق ئاغرىقنىڭ بىر ياخشى مىسالى جىگەر ئىششىقىدا تاغاق سۆڭەك ئەتراپىدىمۇ ئاغرىقنىڭ

كۆرۈلۈشىدۇر. چۈنكى كېرگەت نېرۋىسى كېرگەتكە تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭ بىر قانچە شاخچىلىرى جىگەر نېرۋا تورى بىلەنمۇ تۇتىشىدۇ. مۇشۇنىڭدەك دوۋساق تېشى ۋە دوۋساق قۇم كېسەللىكى بولغان ئەھۋالدا زەكەر ئۇچىدىمۇ ئاغرىش ۋە قىچىشىش بولىدۇ.

3. ئىرسىيەت: بەزىدە ئىنكاسلىق ئاغرىق ئىرسىيەت شەكلىدە ئاتا ئانىسىدىن ئەۋلادلىرىغا قالىدۇ، بۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېيتىش قىيىندۇر.

4. نېرۋا كېسەللىكلىرى: بەزىدە بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇشقا ئوخشاش باشقا نېرۋىلىق كېسەللىكلەردىنمۇ نېرۋا ئاغرىقى كۆرۈلىدۇ.

5. ئۇرۇلۇش ۋە جاراھەت: بەزىدە نېرۋىلارنىڭ زەربىگە ئۇچرىشى ياكى كېسىلىشى بىلەنمۇ بۇ تۈردىكى ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، بۇ خىل ھالەت پۇت ـ قولنى كېسىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن كۆپ كۆرۈلىدۇ.

نېرۋا ئاغرىقىنىڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان تۈرلىرى: قاش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، ئىرقۇننىسا، قوۋۇرغا ئارىلىق نېرۋىلىرى ئاغرىقى قاتارلىقلار. ئاز كۆرۈلىدىغان تۈرلىرى: يوتا ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقى، بويۇن ئاغرىقى، ئەمچەك ئاغرىقى قاتارلىقلاردۇر.

قاش ئاغرىقى ۋە باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشىنىڭ بايانى سۆزلىنىپ بولدى. ئىرقۇننىسانىڭ بايانى ئالدىمىزدا ئايرىم سۆزلىنىدۇ.

قوۋۇرغا ئارىلىقى نېرۋىلار ئاغرىقى(ياكى كۆكرەك ئاغرىقى): بۇنىڭدا كۆپرەك ئېغىزمانىنىڭ ئالتىنچى ۋە توققۇزىنچى نېرۋىلىرىنىڭ سەزگۈ شاخچىلىرى (كۆكرەك ئالدى تەرىپىگە تارقالغان سەزگۈ شاخچىلىرى) كېسەللىنىدۇ. ئاياللاردا بۇ ئاغرىق ئومۇمەن قان ئازلىق، بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش، ھەيز قالايمىقانلىشىش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش سەۋەبىدىن، ئەرلەردە سوغۇق ئۆتۈش ۋە كەم قانلىق قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ. بەزىدە ئومۇرتقا كېسەللىكلىرى ۋە سىلنىڭ سەۋەبىدىن، بەزىدە كۆكرەك پەردە ئىششىقى ساقايغاندىن كېيىنمۇ بۇ تۈردىكى ئاغرىق كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى ئاغرىق قوزغالغان ۋاقىتتا قوۋۇرغا ئارىلىق نېرۋىلىرى بىلەن پاراللېل بولغان كۆكرەكنىڭ يان ۋە ئالدى تەرىپىدە ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، ئاغرىق يۆتىلىش، چۈشكۈرۈش، قولنى پۇلاڭلىتىش ھەمدە چوڭقۇر نەپەس ئېلىش بىلەن كۈچىيىدۇ. يەرلىك ئورۇنلارنى بېسىش بىلەن ئازراق ئارام بېرىدۇ. ئەگەر ئومۇرتقا تۈۋرۈكى ئىككى يېنىدىكى نېرۋا چىققۇچى ئورۇن ۋە قوۋۇرغىلار ئارىلىق بوشلۇقى، تۆش سۆڭىكىگە يېقىن كۆمۈرچەك ئارىسى بېسىلسا، ئاغرىق كۈچىيىدۇ ھەم بىمارغا ئەزىيەت يېتىدۇ. ئاغرىق يوقالغاندىن كېيىن چۈمۈلە ئۆمىلىگەندەك سېزىم ۋە سوغۇق تەگكەندەك كەيپىيات مەلۇم بولىدۇ. بۇ كېسەللىك بەزىدە نەملە نارىيدىن بۇرۇن

كۆرۈلىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش بۇ ئاغرىق بەزى ۋاقىتلاردا كۆكرەك پەردە ئىششىقىنىڭ باشلىنىشى ۋە كۆكرەك پەردە ئاغرىقى بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ، لېكىن كۆكرەك پەردە ئاغرىقىدا ئاغرىق مۇسكۇللاردا بولىدۇ، يەنى بۇ ئاغرىق مۇسكۇللار ھەرىكەت قىلغان ۋاقىتتا كۈچىيىدۇ. بۇنى كۆكرەك پەردە ئىششىقى بىلەن پەرقلەندۈرۈشتە: كۆكرەك پەردە ئىششىقىدا باشقا ئالامەتلەر مەۋجۇت بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭدا نېرۋىلار چىققۇچى ئورۇن ئۈستىنى بېسىش بىلەن ئاغرىق ۋە ئەزىيەت كۈچىيىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەيدۇ.

يوتا نېرۋىلىرى ئاغرىقى بۇ، بەل نېرۋىلىرىنىڭ تەشەننۇجلىنىشىدىن بولغان ئاغرىق بولۇپ، ئادەتتە يوتا ۋە پاچاققىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ ئاغرىق ئولتۇرغۇچى نېرۋا ئاغرىقىنىڭ ئەكسىچە يوتا، پاچاق، ئوشۇقنىڭ ئالدى ۋە ئىچكى تەرىپى ھەم ئېغىزمان تەرىپى ياكى باش بارماق ۋە كۆرسەتكۈچ بارماقلىرىدا بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە بۆرەك غىدىقلىنىش ياكى سوغۇق يەردە ئوڭدىسىغا يېتىشتىن بولىدۇ.

بەل ۋە قورساق ئاغرىقى بۇ، ئېغىزماننىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىدىكى نېرۋىلارنىڭ ئاغرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە بۇ ئاغرىق بەل، چات ئارىلىقى ۋە جىنسىي ئەزالىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ ھەم تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا بايقىلىدۇ. يەنى بەل بىرىنچى ئومۇرتقىسىنىڭ سىرتقى گىرۋىكى، توققۇزكۆز سۆڭىكىنىڭ ئوتتۇرىسى، ئولتۇرغۇچ سۆڭەكنىڭ ئالدى يۇقىرىقى ئۆسۈكچىسىنىڭ ئىچكى تەرىپى، چات ئارىلىقى ۋە كۆپىيىش ئەزالىرىدا كۆرۈلىدۇ.

گەدەن ۋە باشنىڭ ئارقا قىسمى ئاغرىش بۇ، گەدەن، ئېغىزمان، باش ۋە باشنىڭ ئارقا قىسمىدا بولىدىغان گەدەن ئۈستىدىكى تۆت نېرۋىنىڭ ئاغرىقىدۇر. لېكىن بۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. ئەگەر كۆرۈلسە ئىنتايىن ئۆتكۈر بولىدۇ ۋە بۇ سەۋەبتىن بىمارنىڭ بېشىنى مىدىرلىتىشى ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ.

گەدەن ۋە بىلەك ئاغرىقى بۇ، گەدەننىڭ ئاستىنقى تۆت نېرۋىسى ۋە ئېغىزمان بىرىنچى نېرۋىسىنىڭ سەزگۈ شاخلىرىنىڭ ئاغرىقىدۇر. بۇ ئاغرىق گەدەننىڭ ئارقا تەرىپى ئاستىنقى بۆلىكى، بىلەكنىڭ يۇقىرىقى ئارقا بۆلىكى، بىلەكنىڭ ئىچكى، ئارقا تەرىپىدە بولىدۇ. بەزىدە ئاغرىق بارماقلارغىچە يېتىپ بارىدۇ.

ئەمچەك ئاغرىقى بۇ، ئوقۇرەك سۆڭەك ئۈستى نېرۋىسىدىكى بىر شاخچىنىڭ ئاغرىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇرەك سۆڭەك ئۈستى نېرۋىسى ئەمچەكنىڭ سەزگۈ نېرۋىسىدۇر.

سەۋەبى بۇ كۆپىنچە تۇنجى ھەيز كۆرگەندىن باشلاپ 30 ياشقىچە بولغان ئاياللاردا

كۆرۈلىدۇ. بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدان كېسەللىكلىرى، كەم قانلىق، ئۇزاق مۇددەت بالا ئېمىتىش، ھەيز تۇتۇلۇش، ھەيز كۆپ كېلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئەمچەك ئاغرىقى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش، ئوفۇنەتلىك قىزىتما، چارچاش، ئويلىنىش، باش قاتۇرۇشنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ھۆللۈك، نەم ئورۇنلاردا ياشاش قاتارلىقلار بۇ كېسەللىككە سەۋەبچى بولىدۇ. ئەمما بۇ كېسەللىك ئەرلەردە ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئاغرىق كۆپىنچە قوۋۇرغا ئارىلىق نېرۋىلار ئاغرىقى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

ئالامىتى بۇنىڭدا ئەمچەكنىڭ ئوخشىمىغان ئورۇنلىرىنى باسسا ئاغرىق بولىدۇ، بەزىدە ئاغرىق تاغاق سۆڭەك ۋە قولتۇقىچە، يەنە بەزىدە قولغىچە تارقايدۇ. ئادەتتە ھەيز كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل ئاغرىق كۈچىيىدۇ، يەنى ئاغرىش كۈچلۈك بولغاندا قۇسۇش كۆپ بولىدۇ، ئەمچەك تېگىپ قويۇلغان ياكى تېگىپ قويۇلمىغان ھالەتتە ئاغرىق كۈچلۈك بولىدۇ. ئاغرىق بولغان ئەمچەك سوغۇق مەلۇم بولىدۇ. كېسەللەنگەن تەرەپنى بېسىپ ئۇخلاش قىيىن بولىدۇ، كۆپىنچە بۇ كېسەللىك بىر مەزگىلگىچە داۋاملىشىدۇ ۋە سەرتاننىڭ گۇمانى بولىدۇ.

سېلىشتۇرما دىياگنوز ئالامىتى كۆپىنچە نېرۋا ئاغرىقى نېرۋىلار بىلەن پاراللېل تەرەپتە تۇتقاقلىق شەكىلدە يەڭگىل ياكى ئۆتكۈر بولىدۇ. لېكىن ئاغرىق تۇتقان ۋاقىتتا ئۆتكۈر بولىدۇ، ئاغرىق تۇتمىغان ھالەتتە بەزىدە ئاغرىق قەتئىي بولمايدۇ ۋە سۆڭەكلەرنىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ، تېرە ئاستىغا تارقالغان نېرۋا ئورۇنلىرىنى بېسىش بىلەن ئاغرىق كۈچىيىدۇ، كېسەللەنگەن ئورۇنلارنىڭ پەرۋىشى ۋە ھېس ھەرىكەت قۇۋۋىتىدە ئاز - كۆپ نورمالسىزلىقلار كۆرۈلىدۇ، ئەمما ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ پۈتۈن بەدەنلىك ياكى يەرلىك ئورۇنلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ.

كۆپىنچە نېرۋا ئاغرىقلىرىنىڭ خاس سەۋەبلەر بىلەن ئازراق خۇسۇسىي مۇناسىۋىتى بولىدۇ، مەسىلەن: ئوفۇنەتلىك قىزىتما بىلەن قاش ئۈستى ئاغرىقى، تىز بوغۇمى ئاغرىقى بىلەن ئىرقۇننىسا ۋە باش كەينى ئاغرىقى، كەم قانلىق سەۋەبىدىن بولغان ئاشقازان ۋە ئۈچەي نېرۋا ئاغرىقلىرى قاتارلىقلار.

داۋالاش پرىنسىپى نېرۋا ئاغرىقلىرىنى داۋالاش ئۇسۇلى ئادەتتە ئىچكى تەرەپتىن داۋالاش بىلەن يەرلىك ئورۇننى داۋالاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

ئىچكى تەرەپتىن داۋالاش ئىچىدىن داۋالاشنىڭ ئىككى مۇھىم مەقسىتى بار. بىرىنچى، ئاغرىقنىڭ سەۋەبى يوقىتىلىدۇ، ئىككىنچى بەدەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

ئاغرىقنىڭ سەۋەبىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سەۋەبنى ئىنچىكىلىك بىلەن

مۇلاھىزە قىلىش لازىم. ئەگەر بەدەننىڭ قايسى يېرىدە بىرەر يات ماددا ئېنىقلانسا، يەنى بۇ يات ماددا نېرۋا ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى بولغانلىقى ئېنىقلانسا ئۇنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن مۇناسىپ چارىلەر قىلىنىدۇ، مەسىلەن: ئوق قايسى يەردە توختاپ قالغان بولسۇن، قايسى جاينىڭ سۆڭىكى ياكى بىرەر چىش چىرىگەن بولسۇن، قايسى ئورۇندىكى ئۆسمىنىڭ بېسىشى ياكى ئۈچەيلەردە توسالغۇ بولسۇن ئىلاجى قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك نۇقرەس، ۋەجىئۇل مۇپاسىل، سىفلىس، زىيابىتۇس، كەم قانلىق، ئوفۇنەتلىك قىزىتما قاتارلىقلار مەۋجۇت بولسا، يەنى نېرۋا ئاغرىقىنىڭ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولسا ئۇ كېسەللىكلەرنى داۋالاش تەرەپكە يۈزلىنىدۇ، مەسىلەن: نۇقرەس ۋە ۋەجىئۇل مۇپاسىل ئۈچۈن سۆرۈنجان شېرىن ۋە كۇچۇلانىڭ مۇرەككەپ دورىلىرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. كەم قانلىق، سىفلىس، ئوفۇنەتلىك قىزىتما ئۈچۈن سىماب ۋە سەنكىيانىڭ مۇرەككەپ دورىلىرى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاسان سىڭدىغان قۇۋۋەتلىك غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى، قىيما شورپىسى، سۈت قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ھەزىمنى ياخشىلاش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەزىمنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلاردىن جاۋارىش جالىنۇسقا ئوخشاش دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئەتىگەن ۋە كەچتە پىيادە مېڭىش، باغلارنى ئايلىنىپ كۆڭلىنى ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

ئاغرىق قوزغالغان ۋاقىتتا ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلاردىن ئەپيۇن، داۋائى شىپا ۋە بەزرۇلبەنجلەرنىڭ مۇرەككەپ دورىلىرى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ ئاغرىقلاردا چاي ۋە شارابقا ئوخشاش قوزغاتقۇچى نەرسىلەر چەكلىنىدۇ.

يەرلىك ئورۇننى داۋالاش كېسەللەنگەن ئەزاغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، تۆمۈرنى قىزىتىپ كېسەللەنگەن ئورۇن ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ سۇلۇق قاپارتما پەيدا قىلىنىدۇ ھەمدە بۇ ئورۇندا كۆيۈشۈش ۋە قوزغىلىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن بۇ ئورۇن زىماتى خەردەلگە ئوخشاش دورىلارنى چېپىش بىلەن قىزارتىلىدۇ. ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلاردىن، مەسىلەن: ئەپيۇن چېپىش ياكى ئەپيۇن ئېرىتمىسىنى تېرە ئاستىغا ئەملەش كېرەك، بەزىدە كېسەللەنگەن نېرۋا يىڭنە بىلەن تىلىپ تارتىلىدۇ ياكى ئۈزۈۋېتىلىدۇ. بەزىدە مۇز ئىشلىتىش بىلەن نېرۋىلارنىڭ سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش تۆۋەنلىتىلىدۇ.

تەنقىيە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن داۋالاش بۇ ئاغرىقلاردا، ئەھۋالغا قاراپ دەسلەپتە مۇنزىج ئىچكۈزۈپ، ماددىنى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بىر قانچە قېتىم مۇسھىل بېرىش بىلەن بەدەننى تەنقىيە قىلىشمۇ پايدىلىق بولىدۇ. ئادەتتە مۇسھىللاردىن ھەببى ئايارەج بېرىلىدۇ.

بۇنىڭدا سەبرە تەركىبى كۆپ بولۇپ، تەنقىيەدە خاس مەنپەئەت ھاسىل بولىدۇ. باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ۋە قاش ئۈستى ئاغرىقىدا بۇنىڭ نۇسخىلىرى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى يېزىلغاندۇر.

نېرۋىلار ئىششىقى بۇ يەردىكى نېرۋىلار ئىششىقى دېگىنىمىز، نېرۋىلارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىنى كۆرسىتىدۇ. نېرۋىلار بەزىدە نۇقرەس، ۋەجئۇل مۇپاسىل، سىفلىس قاتارلىقلارنىڭ ماددىسى بىلەن ۋە بەزىدە سىرتقى سوغۇقلۇق بىلەن ئىششىيدۇ، بۇنىڭغا كۆپىنچە يانپاش سۆڭەك نېرۋىسى، بەزىدە بىلەكنىڭ نېرۋا تورى ۋە بىلەك نېرۋىلىرى گىرىپتار بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللىك ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقىتتا نېرۋا يۆنىلىشى بارابىرىدە ئاز - كۆپ ھەر ۋاقىت ئاغرىق مەۋجۇت بولىدۇ، كەچتە ئاغرىق كۈچىيىپ، بىئاراملىق پەيدا بولىدۇ، كۆپىنچە قىزىتما كۆرۈلىدۇ، ناۋادا كېسەللىك كونىرىغان بولسا ياكى باشلىنىشىدىلا سوزۇلما شەكلىدە كۆرۈلگەن بولسا، ئاغرىق تۇتقاقلىق بولىدۇ، نېرۋىلارنى باسقاندا ئاغرىقتا بىرئاز كۈچىيىش بولىدۇ، بەزىدە كېسەللەنگەن ئورۇنلاردا سېزىمسىزلىق، پالەچ ۋە يىگىلەش پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش نېرۋىلار ئىششىقىنى داۋالاش ئۇسۇلى نېرۋىلار ئاغرىقىنى داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن بىلەن ئانچە ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن: داغلاش، قىزارتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ، ئەزاغا تىنچلىق بېغىشلاش، يۇمشىتىش بىلەن ئۈچەيلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلەشتۈرۈش كېرەك. يەنى بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا مەجۇنى سۆرۈنجاننى ئىستېمال قىلدۇرۇش پايدىلىقتۇر.

يۇلۇن ئىششىقى

بۇ، ئىسسىقتىن بولغان باشقا ئىششىقلارغا ئوخشاش ئۆتكۈر ئىششىق ۋە سوزۇلما ئىششىق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

يۇلۇن ئۆتكۈر ئىششىقى ئادەتتە بۇ كېسەللىك ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن يۇلۇننىڭ جەۋھىرى يۇمشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئالامەتلىرى ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، كېسەللىكنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ۋە كېسەللەنگەن ئورۇن ئېتىبارى بىلەن ئوخشاشمىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش، يەنى يۇلۇن زەربىگە ئۇچراش، ئومۇرتقىلارنىڭ چىرىشى، ئومۇرتقىلارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى، ئومۇرتقىلارنىڭ تېيىپ كېتىشى، يۇلۇننىڭ سىلكىنىشى، يۇلۇن كانىلى ئىچىدە قان ئۇيۇۋېلىش (توپلىنىۋېلىش)، يۇلۇن پەردىلىرىنىڭ

ئىششىقى، سىرتقى سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈكنىڭ بەدەنگە تەسىر قىلىشى، مەسىلەن: سۇدا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش، سوغۇق ئۆتۈش، باشقا كېسەللىكلەرنىڭ زەھەرلىك ماددىلىرى، مەسىلەن: قىزىل قاپارتما، قانغا يىرىڭ ئارىلىشىش، چېچەك، قىزىل ھەمدە ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما قاتارلىقلار.

ئالامىتى بۇ كېسەللىكنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىدەك:

بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا بىمارنىڭ بەدىنىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا سېزىم ۋە ھەرىكەت يوقىلىدۇ، سۈيدۈكى تۇتۇلىدۇ ياكى تامچىلاپ كېلىدۇ. قەۋزىيەت بولۇپ، يەڭگىل جۇغ - جۇغ بىلەن قىزىيدۇ، بارماقلىرىدا پارقىراقلىق ۋە سېزىمسىزلىق كەيپىياتى بولىدۇ، كېسەللەنگەن ئورۇن، يەنى يۇلۇن ئىششىغان جاينىڭ ئەتراپىدا سانجىق مەلۇم بولىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەنكى مۈچىلەر پالەچلىنىدۇ. لېكىن كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە سەزگۈرلۈك ۋە مۇسكۇللارنىڭ قىسقىرىش كۈچى ئېشىپ كېتىدۇ، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ يول ماڭغاندا ئاغرىق بولىدۇ، ئەمما يۇلۇن ئىششىقىدا يۇلۇن پەردىسى ئىششىقىغا قارىغاندا ئاغرىق يېنىك بولىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ ئېغىزمانى ئۈستىدە قايناق سۇغا چىلانغان بۇلۇت ئايلاندۇرۇلسا يەرلىك ئورۇندىن كېسەللىك باشلىنىدۇ. بۇ ئورۇنغا بۇلۇتنى قويغاندا ئاغرىق ۋە كۆيۈشۈش كۈچىيىدۇ ھەم نېرۋىلاردىمۇ بۇ خىل كەيپىيات پەيدا بولىدۇ، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن يۇلۇننىڭ ئىششىغان بۆلىكىدىن چىققان نېرۋىلاردىمۇ مۇشۇ كەيپىيات بولىدۇ، ئاخىرىدا سەزگۈ ۋە ھەرىكەت قۇۋۋىتى مۇناسىۋەتلىك بولغان نېرۋىلار ۋە مۇسكۇللاردىن يوقايدۇ، مۇسكۇللار يىگىلەيدۇ ھەمدە بۇ جايغا بېسىم چۈشسە، بۇ ئورۇندا يەنى ئېغىزمان ۋە بەلدە ئاسانلا ياتاق يارىسى پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر يۇلۇننىڭ بويۇن قىسمىدا ئىششىق كۆرۈلسە كۆكرىكى ئېگىلىپ، دېمى سىقىلىش كەيپىياتى مەلۇم بولىدۇ ۋە بەزىدە نەپەس قىيىنلىشىش سەۋەبىدىن ناھايىتى تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى ئانچە ياخشى بولمايدۇ، يەنى بىمار 6 ~ 7 كۈندە نەپەسنىڭ ئىنتايىن ئاجىزلىششى ياكى قاننىڭ ئوفۇنەتلىنىشى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەزىدە تۆۋەنكى مۈچىلەردە پالەچلىنىش كۆرۈلۈپ، بىمار ئۆمۈرلۈك پالەچ بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر يۇلۇننىڭ تۆۋەنكى بۆلىكى كېسەللەنگەن بولسا، دەسلەپكى مەزگىلدىن باشلاپلا مۇناسىپ داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا، ساقىيىشىنىڭ ئۈمىدى ئازراق ئاشىدۇ.

داۋالاش بىمارنى ھەرىكەت قىلىشتىن توسۇپ، ئۇنىڭغا تىنچلىق ۋە راھەت بېغىشلاش ئۈچۈن كېسەللىك ئورنىغا قاراپ ئوڭدىسىغا ياكى يېنىچە ياتقۇزۇلىدۇ، يەنى مۇسكۇللاردا قاتتىقلىق، سانجىق ۋە قوزغىلىش كەيپىيات (مەسىلەن: سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش ۋە

كۆچلۈك قىسقىراش) مەۋجۇت بولسا، بۇ ۋاقىتتا مايىللاشتۇرۇش ۋاستىسى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: قىزارتقۇچى زىماتلار چېپىلىدۇ، ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، ھۆقنە قىلىش، ئاغرىق ۋە ئېچىشىشنى ياخشىلايدىغان نەرسىلەردىن، مەسىلەن: كافۇر، كۆك قۇرۇھ يوپۇرمىقى، ھۆل كاسىنە يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى زىمات قىلىپ چېپىش كېرەك.

ئەگەر پالەچلىنىش كۆرۈلسە يەڭگىل يۇمشاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن، 24 سائەت ئىچىدە قىينالماي 2 ~ 3 قېتىم چوڭ تەرەت قىلالايدۇ، ئەمما بۇ ھالەتتە قان ئالماسلىق كېرەك. بەلكى قۇۋۋەتنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن بىمارغا يۈرەكنى قوزغاتقۇچى دورىلار تاكى ئاجىزلىق يوقالغۇچە يېگۈزۈلىدۇ، ئىككىنچى قەدەمدىكى داۋالاشتا ياتاق يارىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىمار يۇمشاق ۋە ئېلاستىكلىقى بولغان كۆرپىلەردە ياتقۇزۇلىدۇ، يەنە يۇلۇننىڭ پائالىيىتىنى كۈچەيتكۈچى دورىلاردىن ئازاراقىنىڭ مۇرەككەپ دورىلىرىنى① ئىشلەتسە پايدىلىق، لېكىن ئۇنى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى يەڭگىل بولغاندا ئىشلىتىش مۇناسىپتۇر.

يۇلۇن سوزۇلما ئىششىقى بۇنىڭدا يۇلۇننىڭ جەۋھىرى يۇمشاپ، بەزىدە ئاق، بەزىدە سېرىق رەڭدە بولىدۇ. سوزۇلما ئىششىقنىڭ سەۋەبلىرى ئادەتتە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دەسلەپتىلا پەيدا بولىدۇ ۋە بەزىدە ئۆتكۈر ئىششىقتىن كېيىن سوزۇلما شەكىلگە ئۆزگىرىدۇ.

ئالامىتى كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە بەدەننىڭ تۆۋەنكى قىسمى جانسىز بولۇپ، بىمار ئۆرە تۇرالمايدۇ ھەمدە ساق ۋاقىتتىكىدەك يول يۈرەلمەيدۇ ھەم پاچاقلىرىدا يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ئاغرىق بولىدۇ ۋە پاچىقى ئىششىيدۇ، سەزگۈ قۇۋۋىتى تەدرىجىي يوقىلىدۇ. ئىختىلاج ياكى تەشەننۇجتىن كېيىن ھەرىكەتمۇ ئازىيىدۇ ھەم بەدەننىڭ تۆۋەنكى قىسمى ئاستا - ئاستا پالەچلىنىپ، ئىككى پاچاقنىڭ مۇسكۇللىرى يىگىلەيدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئاغرىق بىلەن بىرەر قوزغاتقۇچى بولماستىن، تۇيۇقسىز پاچاق مۇسكۇللىرى تارتىشىدۇ، يەنى ئۇنىڭدا تەمەددۇد ياكى تەشەننۇج بولىدۇ. بەزىدە بىر ياكى ئىككى پاچاقنىڭ مۇسكۇللىرىدا قېتىشىش بولغانلىقتىن، پاچاقلىرى تارتىشىپ تۈز بولۇپ قالىدۇ، ئاخىرىدا ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن پۇتنىڭ مۇسكۇللىرى يىگىلەپ، تېرىدىن كېپەك تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ. بىماردىمۇ ئۇزۇن يېتىش سەۋەبىدىن ياتاق يارىسىنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ ھەم بۇ سەۋەبتىن دوۋساق ۋە تۈز ئۈچەينىڭ مۇسكۇللىرى پالەچلىنىدۇ. بۇنىڭدىن دەسلەپتە سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىپ، كېيىن سۈيدۈك توختاپ قالىدۇ ۋە دائىم قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بەزىدە بەل قۇۋۋىتىدە گەرچە قوزغىلىش ھالىتى پەيدا بولسىمۇ لېكىن تەدرىجىي يوقىلىدۇ.

---

① بەزى كىشىلەر بۇ مەقسەت ئۈچۈن ياۋا بۇغداي مۇرەككەباتلىرىنىمۇ ئىشلىتىدۇ.

بۇ كېسەللىك بىماردا بىر مەزگىلگىچە داۋاملىشىدۇ، بەزىدە بىر مەزگىلدىن كېيىن پاچاقلىرى تەدرىجىي كۈچلىنىپ، بىمار ئوبدان ماڭالايدىغان بولىدۇ. باھار ۋە ياز پەسىللىرىدە بىرئاز ياخشىلىنىش مەلۇم بولىدۇ، يامغۇرلۇق ۋە سوغۇق پەسىللەردە ئېغىرلىشىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن ئاغرىغان كىشى قان ئوفۇنەتلىنىش قاتارلىقلارنىڭ شىكايەتلىرىگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ.

داۋالاش بۇ كېسەللىك يۇلۇننىڭ ئۆتكۈر ئىششىقىنى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە داۋالىنىدۇ، بەدەننى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە ئاسان ھەزىم بولىدىغان ياخشى غىزالار يېگۈزۈلۈپ، كۈچلەندۈرگۈچلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: پولات چۈشكەن مۇرەككەپ دورىلار يېگۈزۈلىدۇ (پولات كۇشتىسى ياكى خۇبسۇلھەدىد كۇشتىسىنى مەجۇنى ئازاراقى قاتارلىقلارغا قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ)، باشتىن ـ ئاخىر قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، سىيدۈكنى چىقىرىش ئۈچۈن كاتېتىر ئىشلىتىش زۆرۈردۇر.

يۇلۇن پەردىسى ئىششىقى

يۇلۇن پەردىسى ئىششىقى يۇلۇن ئىششىقىغا ئوخشاش ئۆتكۈر ئىششىق ۋە سوزۇلما ئىششىق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

ئۆتكۈر ئىششىق ئاز كۆرۈلىدۇ، بۇ تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەردىن بولىدۇ: ئومۇرتقىنىڭ تاياقتىن زەخىملىنىشى، ئومۇرتقىلارنىڭ چىرىشى (ياتاق يارىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىپ يۇلۇنغىچە يېتىشى)، سوغۇقلۇق، ئىسسىقلىقنىڭ غەيرىي تەبىئىي تەسىرى، مەسىلەن: چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش، ئېغىزمانغا ئاپتاپنىڭ قاتتىق چۈشۈشى، پەسىلنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشى، باشقا كېسەللىكلەرنىڭ بۇزۇق ماددىلىرىنىڭ يۇلۇنغا يۆتكىلىشى، مەسىلەن: سىفىلىس، سىل، مېڭە ئىششىقى، يەلتاشما قاتارلىقلار.

ئالامىتى بۇ كېسەللىكتە تىترەش ۋە قىزىتما بولۇپ، ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، ئېغىزمانىدا كۆيۈشۈش بىلەن قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ، بۇنىڭدا ھەرىكەت قىلىش ۋە بېسىش بىلەن ئاغرىق كۈچىيىدۇ. بۇنىڭ قادىلىپ ئاغرىشى پۇت ـ قوللىرىغىچە تارقىلىپ، تەدرىجىي بويۇن ۋە ئېغىزمان مۇسكۇللىرى تارتىشىدۇ، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا ئارقىغا ئېگىلىپ قالىدىغان كۇزاز پەيدا بولىدۇ، بەزىدە كۆكرەك ۋە مۈچىلەردىكى مۇسكۇللاردا لىكىلداش كەيپىياتى كۆرۈلىدۇ. قول ـ پۇتلارنىڭ مۇسكۇللىرىدا ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ، لېكىن ھەرىكەت قۇۋۋىتى تولۇق يوقالمايدۇ. ئەگەر ئىششىقنىڭ سەۋەبىدىن يۇلۇن پەردىلىرىنىڭ بوشلۇقىغا سۇيۇقلۇقلار سىرغىپ چىققان بولسا،

پاچاق پالەچلىنىدۇ. سىرغىما سۇيۇقلۇقنىڭ سىرغىپ چىقىش مىقدارى قانچە ئاشسا، پالەچلىنىش بەدەن ئۈستى تەرەپكە شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ، كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر مەزگىلىدە نەپەس ئاجىزلاپ، بويۇن، ئېغىزمان ۋە قورساق قىسمى تارتىشىپ، چوڭ - كىچىك تەرىتى توختاپ قالىدۇ، ياتاق يارىسى كۆرۈلىدۇ. ئاندىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن توپا رەڭلىك ئوفۇنەتلىك ئىچ سۈرۈشكە باشلايدۇ ھەمدە بىمار ئاجىزلاپ، جۆيلۈش ياكى بىھوشلۇق ھالىتىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى نەپەس توختاپ قېلىپ ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولۇپ، 3 ~ 4 كۈندىن 3 ~ 4 ھەپتىگىچە بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

سېلىشتۇرما دىياگنوز ئالامىتى ئومۇرتقا قىسمىدا ئۆتكۈر ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە قادىلىپ ئاغرىش پۇت - قوللارغىچە تارقىلىدۇ، سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىدۇ، مۇسكۇللار تارتىشىپ قالىدۇ، دوۋساق ۋە تۈز ئۈچەي پالەچلىنىدۇ.

داۋالاش يۇلۇن پەردىسى ئىششىقىنى داۋالاش يۇلۇن ئىششىقىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاشتۇر. يەنى كېسەللىك ماددىسىنى سىرتقا مايىللاشتۇرۇش، سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ۋە ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

كېسەللىك ماددىسىنى سىرتقا مايىللاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن باشقا ۋاستىلەردىن سىرت (بۇنىڭ بايانى يۇلۇن ئىششىقىدا سۆزلىنىپ بولدى)، بەزىدە ئېغىزماندىكى ئىششىقنىڭ ئۇدۇلىغا زۇلۇك قۇرتى لوڭقا قويۇلىدۇ، مۇشۇنىڭدەك سوۋۇتۇش ۋە تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن سوۋۇتقۇچى زىماتلاردىن باشقا يەنە مۇز خالتىسى يەرلىك ئورۇنغا قويۇلىدۇ. چوڭ - كىچىك تەرەت توختاپ قالسا ھەر كۈنى كاتېتىر ۋە ھۆقنە قىلىش زۆرۈردۇر.

سوزۇلما ئىششىق يۇلۇن پەردىسى سوزۇلما ئىششىقىنىڭ سەۋەبلىرى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن سوزۇلما ئىششىق سىفلىس كېسەللىكىنىڭ زەھەرلىك ماددىسىدىن ھەمدە سۆڭەك كېسەللىكلىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئومۇرتقا قىسمىدا قاتتىق ئاغرىق بولمايدۇ، لېكىن بەزىدە پۇت - قوللىرىدا ۋەجئۇل مۇپاسىلدەك ئاغرىق بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە پۇتلارنىڭ سېزىمى ۋە ھەرىكەت قۇۋۋىتى تەدرىجىي ئاجىزلاشقا باشلايدۇ ھەم ئۈستى تەرەپكە تەرەققىي قىلىپ ماڭىدۇ. پۇت - قوللار سېزىمسىزلىنىدۇ ياكى چۈمۈلە ماڭغاندەك سېزىم بولۇپ، ئاخىرىدا سەزگۈ تامامەن يوقىلىدۇ ياكى سەزگۈ ۋە ھەرىكەتنىڭ يوقىلىشى ھەم ئاجىزلىششى بەزىدە كۆچىيىپ بەزىدە ئاجىزلايدۇ.

بويۇن يۇلۇن پەردىسىدە ئىششىق بولغان چاغدا بويۇن، ئېغىزماندا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ، بۇ ئاغرىق باش ۋە قوللارغىچە تارقايدۇ ھەم ھەر ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا بويىنى

ئېگىلىپ قولىدا سىزىمسىزلىنىش كۆرۈلىدۇ، بەزىدە تېرىدە سۇلۇق قاپارتما كۆرۈلۈپ ئاندىن ئاغرىق يوقايدۇ، قول مۇسكۇللىرى بولۇپمۇ بىلەك مۇسكۇللىرى يىگلەيدۇ ھەمدە قولى يىغىلىپ قالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا پاچاقلىرى پالەچلىنىدۇ، ئەمما يىگلەش كۆرۈلمەيدۇ.

داۋالاش سوزۇلما يۇلۇن پەردە ئىششىقىنى داۋالاش ئۇسۇلى مېڭە پەردە ئىششىقىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاشتۇر، يەنە سىزىمسىزلانغان ئومۇرتقىلارنىڭ ئىككى يېنىنى داغلاشمۇ پايدىلىقتۇر.

يۇلۇن قاناش

مېڭە قاناشقا ئوخشاش يۇلۇندىمۇ قاناش كۆرۈلىدۇ، لېكىن بۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

سەۋەبى يۇلۇن زەربىگە ئۇچراش، كۈچلۈك ھەرىكەتنىڭ كۆپ بولۇشى، يۇلۇن جەۋھىرىنىڭ يۇمشىشى، ئومۇرتقىلارنىڭ بۇزۇلۇشى، قان تومۇر توقۇلمىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، مەسىلەن: مايغا ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار.

ئالامىتى ئەگەر يۇلۇن كانالچىسىدا قاناش بولسا ئومۇرتقىدا تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولغاندىن كېيىن بىمار بىرئاز بىھوش بولىدۇ، كېيىن پاچاقتا زەربە تەگكەندەك مەلۇم بولىدۇ، ئاخىرىدا پاچاق، دوۋساق ۋە تۈز ئۈچەي مۇسكۇللىرى پالەچلىنىدۇ.

ئەگەر قان ئاز مىقداردا ياكى تەدرىجىي چىققان بولسا، پالەچلىنىشمۇ ئاستا كۆرۈلىدۇ، بۇ بىر قانچە كۈن داۋاملىشىدۇ. ئەگەر ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردىنىڭ بوشلۇقلىرىغا قان كۆپلەپ چىققان بولسا، ئومۇرتقا ۋە باشتا كۈچلۈك ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە تېزلا كەسمە پالەچ كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىمار تەشەننۇجقا گىرىپتار بولىدۇ. ئەگەر يۇلۇننىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىگە قان چۈشكەن بولسا، يۈرەكنىڭ ھەرىكىتى ئاجىز بولۇپ، نەپەس ئالغاندا دېمى سىقىلىدۇ، بەدەن سوغۇق بولۇپ، چىرايى تاتىرىدۇ. لېكىن بىمارنىڭ ھوشى ۋە سەزگۈلىرى نورمال بولىدۇ.

ئاقىۋىتى ئەگەر ئۈتكۈر قاناش كۆرۈلگەن بولسا، بىمار دەرھال ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى بىمار ئۇزاق مۇددەتكىچە ياشىسا، يۇلۇنلىرى يۇمشاپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش ياخشى ئارام ئالدۇرۇپ، مېڭىنى تىنچلاندۇرۇش ھەمدە ئومۇرتقىلار ئۈستىگە مۇز تېڭىش، ئىچكى قاناشنى توختىتىش ئۈچۈن مۇرەككەباتى ئەپيۇن يېگۈزۈش مۇناسىپتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا قاننى قويۇلدۇرۇش، مەسىلەن: قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، خۇنسىياۋشان قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، 12 گىرام خېمىرى خەشخاشقا قوشۇپ ئەتىگەن ۋە كەچتە يېگۈزۈلىدۇ.

كەمتۈك ئومۇرتقا ۋە يۇلۇنغا سۇ چۈشۈش

ئەگەر يۇلۇن پەردىسى بوشلۇقىغا سۇ يىغىلغان بولسا، ئۇ ئىستىسقائى نۇخائى دەپ ئاتىلىدۇ، ئەگەر يىغىلغان سۇنىڭ مىقدارى كۆپ بولسا، ئۇنىڭدىن يۇلۇن يىگىلەيدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە تۇغما، كەمتۈك ئومۇرتقا بىلەن بالىلاردا كۆرۈلىدۇ.

كەمتۈك ئومۇرتقا ئومۇرتقا ئارقا تەرىپى مۇكەممەل بولمىغان ھالەتنىڭ نامىدۇر. ئومۇرتقا بولمىغان ئورۇندىكى پەردىلەر ياردەمگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىچكى سۇيۇقلۇقنىڭ بېسىشى بىلەن پەردىلەر سىرتقا چىقىۋېلىپ، ئېغىزماندا چوڭ ياكى كىچىك پۇلتايمىلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ پۇلتايمىلار ئاپىلسىن چوڭلۇقىدىن ئادەم بېشى چوڭلۇقىغىچە بولىدۇ. يەنى بۇنىڭدا ئاشكارا شەكىلدە دولقۇنسىمان ھەرىكەت بولىدۇ. بۇ پۇلتايمىلار تېرە ۋە تېرە ئاستىدىكى قېلىن پەردىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر كېسەل بالا مۇشۇ ھالەتتە بىر قانچە كۈن ياشىسا، قېلىن پەردە تېخىمۇ قاتتىقلىشىدۇ ۋە قېلىنلاپ كېتىدۇ. بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا مۇشۇ ھالەتتە قانچە ئۇزۇن تۇرسىمۇ ھېچقانداق نورمالسىزلىق كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن تۇغۇلغاندىن كېيىن ئېغىر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ پۇلتايما بويۇندا بولسا قولى پالەچلىنىپ، قول مۇسكۇللىرى يىگىلەيدۇ ۋە بىمار بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن بۇ بەل ياكى توققۇز كۆز ئۇدۇلىدا بولسا بالا بىر قانچە يىلدىن 50 ~ 60 يىلغىچە ياشىيالايدۇ. بۇ ھالەتتە ھۆللۈكنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بېسىشى ئالامەت ھەم ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە باشقا سۇ يىغىلىش قوشۇلۇپ كەلسە، پۇلتايمىنىڭ چىققان ئورۇنىنىڭ ھەجمى تەدرىجىي چوڭىيىدۇ ياكى ئۇنىڭ قېپى تېشىلسە، بەدەننىڭ تۆۋەنكى قىسمى بوشىشىپ پالەچلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىمار چوڭ - كىچىك تەرەتنى تۇتالمايدۇ ۋە تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش چوڭايغان پۇلتايمىنى داۋالاشقا يۈزلەنمەستىن، بەلكى بىمارنى ھەر خىل شەكىلدە ئارام ئالدۇرۇپ راھەت بېغىشلاش لازىم. ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى، يېمەك - ئىچمەك، ھاۋا قاتارلىقلارغا رىئايە قىلىش ئارقىلىق بىمارنىڭ تەبىئىتىنى ساغلام تۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، بالىنى مۇناسىپ ھاۋالىق جايلارغا ئېلىپ بېرىش لازىم.

ئەگەر بۇ پۇلتايما چىقىش تېزلىك بىلەن چوڭايسا، ئۇچى ئۇچلۇق قورال بىلەن ئۇنىڭ يان تەرىپىنى تېشىپ، سۇنى ئېقىتىۋېتىش ھەمدە لاتا بىلەن مۇناسىپ بېسىم چۈشۈرۈپ تېڭىپ قويۇش لازىم.

يۇلۇن ئىچى كاۋاكلىشىش

بۇ كېسەللىكتە يۇلۇننىڭ ئىچىدە كانالچە شەكىلدە بىر بوشلۇق پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ «ئەنبوبە نۇخائىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر بوشلۇقنىڭ ئىچىدە سۇغا ئوخشاش ھۆللۈك مەۋجۇت بولسا، ئۇ، يۇلۇنغا سۇ چۈشۈش دەپ ئاتىلىدۇ. ئومۇمەن بۇ، يۇلۇن بوشلۇقنىڭ بويۇن ياكى ئېغىزمان بۆلىكىنىڭ ئارقا تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ. لېكىن بەزىدە يۇلۇننىڭ ئارقا بىرىنچى ياكى ئىككىنچى ئۆسۈكچىسىدە بولىدۇ، بۇ بوشلۇق يەنى كانالچە بىر قانچە ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، بۇنىڭ ئەتراپىدا تالالىق توقۇلمىلار بولىدۇ. بەزى تېۋىپلارنىڭ پەرەز قىلىشىچە، يۇلۇن مەركىزىي كانىلىنىڭ كېڭىيىشى سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. لېكىن بەزىلەر ئېيتىدۇكى، بۇ تۇغما بولىدۇ، بولۇپمۇ باشقا سۇ يىغىلىش كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولغان باللاردا كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى بىمار ھايات ۋاقتىدا ئالامەتلەرگە قاراپ بۇ كېسەللىككە دىياگنوز قويۇش قىيىن بولىدۇ، ئەمما يۇقىرىدا دېيىلگەن ئالامەتلەرنى ئۆلۈمدىن كېيىن تەكشۈرگەندە ئاشكارا بولىدۇ. ياشلىققا قەدەم قويغاندا خاس بولمىغان ھالەتتە ئالامەتلەر تەدرىجىي ئاشكارىلىنىدۇ.

ھېس قىلغۇچى قۇۋۋەتنىڭ يوقىلىشى سەۋەبىدىن سوغۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرىنى ھەم چىمداشنىڭ ئاغرىق سېزىمىنى سېزەلمەيدۇ، لېكىن سىيلىسا سېزىم بولىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ خىل كېسەللىكتە ھېس - قۇۋۋەتنىڭ تامامەن بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇسكۇلدىكى ھېس ۋە بەش سەزگۈنىڭ سېزىملىرى نورمال بولىدۇ.

يۇقىرىقى مۈچىلەرنىڭ مۇسكۇللىرى يىگىلەيدۇ، يەنى يىگىلەش دەسلەپتە قولنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ، يۇقىرىقى بىلەك مۇسكۇللىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. تۆۋەنكى مۈچىلەرنىڭ مۇسكۇللىرىدا يىگىلەش بولمايدۇ، بەلكى ئازراق ئاجىزلايدۇ ياكى قاتتىقلىشىدۇ. قولنىڭ بارماقلىرى ئىششىپ، سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولىدۇ، سۇلۇق قاپارتما يېرىلغاندىن كېيىن يىرىڭلاپ، تىرناقلىرى چۈشۈپ كېتىدۇ. سۆڭەك توقۇلمىلىرى ئاجىزلايدۇ ۋە ئىششىيدۇ، بوغۇم، جۈملىدىن تاغاق ۋە بىلەك بوغۇمىدا ئېغىزمان يۇلۇنى يىگىلەشكە ئوخشاش ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ، بوغۇمنىڭ خالتىلىرى ۋە تارىمۇشلىرى بوشىشىدۇ، سۆڭەك بېشى شالاڭلىشىپ كىچىكلەيدۇ، ئومۇرتقا تۈۋرۈكى ئېگىلىدۇ، كۆز قارىچۇقى كىچىكلەيدۇ، ئەمما دوۋساق ۋە تۈز ئۈچەيدە نورمالسىزلىق كۆرۈلمەيدۇ. بۇ كېسەللىك ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ، ئاخىرىدا بىمار ئوخشىمىغان ئەگەشمە كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش بۇ كېسەللىكنى داۋالاشنىڭ بىرەر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى يوق. ئاغرىق ۋە

ئەگەشمە كېسەللىكلەر كۆرۈلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ چارىسىنى قىلىش ۋە ياخشىلاش تەرەپكە كىرىشىپ، يۇلۇندىن يىڭنە ئارقىلىق سۇ ئېلىش لازىم. بىمارغا ياخشى غىزا بېرىش، ياخشى مۇھىتتا تۇرغۇزۇش لازىم.

سوزۇلما مېڭە ئىششىقى

مېڭىنىڭ ئۆتكۈر ئىششىقى (ئۆتكۈر مېڭە پەردە ئىششىقى) بەزىدە سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئەمما بەزىدە كېسەللىك باشلىنىشىدىلا سوزۇلما ھالەتتە پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى سوزۇلما مېڭە ئىششىقىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ئوخشاش بولمايدۇ، ئەمما، ئادەتتە جۇنۇن ۋە مالىخولىيانىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ بەزىدە تېزلىك بىلەن، بەزىدە ئۇزاق مەزگىل داۋاملىشىش بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ، مەسىلەن: مېڭىدە بىھۇدە خىياللار پەيدا بولۇپ،ئۇنى بىمار ئورۇندىيالماسلىقتىن يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق ئالامىتى شۇكى، بىمار كېكەچلەيدۇ ياكى توختاپ - توختاپ سۆزلەيدۇ، قۇلاق قىچىقىرىش ياكى قۇلاق غوڭۇلداش بولىدۇ. بەزى ئورۇنلارنىڭ مۇسكۇللىرى تارتىشىدۇ، باش ئاغرىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، باش قېيىش، نېرۋىلار ۋە مۇسكۇللار ئاجىزلاش سەۋەبىدىن يول يۈرۈشتە قىينىلىدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، قەۋزىيەت كۆپ پەيدا بولىدۇ، تومۇرى قائىدىسىز سوقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك تەرەققىي قىلسا، ئەستە ساقلاش قۇۋۋىتى بۇزۇلىدۇ ۋە سەزگۈسى نورمالسىزلىشىدۇ ھەمدە بىھوشلۇقتىن كېيىن پالەچلىنىش كېلىپ چىقىدۇ، يەنى بۇ كېسەللىك ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ.

مېڭە پەردىسىنىڭ سوزۇلما ئىششىقى

مېڭە پەردىسىنىڭ سوزۇلما ئىششىقى كۆپىنچە ياشانغانلاردا ۋەجئۇل مۇپاسىل، نۇقرەس، تىترەشلىك جۆيلۈش، ئاقسىللىق سىيدۈك كۆرۈلۈش قاتارلىق كېسەللىكلەر ۋە باشقا كېسەللىكلەردىن كېيىن نورمالسىز ھالەتتە پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىكنىڭ خاس بولمىغان ئالامەتلىرىدىن ئەقلىي كۈچى ئاجىزلاش، سۆزلەرنى تولۇق سۆزلىيەلمەسلىك، تېز ماڭالماسلىق، دائىملىق قەۋزىيەت بولۇش، قۇلاقلىرىغا ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىش، مىجەزى چېچىلاڭغۇ بولۇش كۆرۈلىدۇ، باش ئاغرىش ۋە

باش قېيىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، بۇ ئالامەتلەردىنلا بۇ كېسەللىككە دىياگنوز قويغىلى بولمايدۇ. پەقەت شۇنداق مەلۇم بولىدۇكى، مېڭىدە چوقۇم بىرەر تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلىدۇ، بىمار بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يول يۈرۈشتە قىينىلىدۇ، بەدەندىكى مۇسكۇللار تەدرىجىي ئاجىزلاپ، ھەتتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئېغىزمان ۋە بەلدە ياتاق يارىسى پەيدا بولۇپ، ئاخىرىدا بىر قانچە ئاي ياكى بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش مېڭە ۋە مېڭە پەردىسىنىڭ سوزۇلما ئىششىقىدا ھەببى ئايارەج ھەمدە ھەببى شەبيارغا ئوخشاش سەبرە مۇرەككەباتلىرى بىلەن ئومۇمىي بەدەن ۋە مېڭىنى تەنقىيە قىلىش لازىم. بۇ مۇسھىللاردىن ئىلگىرى بىر قانچە كۈنگىچە مۇنزىج ئىچكۈزۈش مۇۋاپىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىك ئورۇنغا ماددىنى مايىللاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇلاق كەينىنى داغلاپ، قاپارتما ياكى يارا پەيدا قىلىپ پۈتكۈزۈلمەيدۇ. ساقلىقنى ساقلاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ، سىڭىشلىك ۋە ئوزۇقلۇقى مول بولغان غىزالار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ، بىمارنىڭ قۇۋۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، لېكىن ئىسسىق ۋە ماددىنى قوزغاتقۇچى دورىلار ۋە نەرسىلەردىن، مەسىلەن: شاراب، كاۋاپ، قەھۋە، چايدىن پەرھىز قىلدۇرۇپ، ئىمكانقەدەر ساددە ۋە يۇمشاتقۇچى غىزالار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: پالەك، سېمىز ئوت، چۈلائى، قاپاق، سۈت، ماش كەچرىسى، ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. چاچنى چۈشۈرۈپ قىزارتقۇچى ۋە كۆيۈشتۈرگۈچى تىلا (سۇيۇق چېپىلما) ۋە زىماتلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: زىغىر ۋە قىچىنىڭ زىماتى بىمار بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك قىزىتىلىپ، قېلىن چېپىلىدۇ. ھۆقنە ۋە يەڭگىل يۇمشاتقۇچىلار بىلەن ئاشقازان ۋە ئۈچەي باشتىن - ئاخىر تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاياللاردا ھەيز قالايمىقانلىشىش كۆرۈلسە، ھەيز ھەيدىگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بىماردا ياتاق يارىسى پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاستىغا يۇمشاق نەرسىلەر سېلىنىپ ياتقۇزۇلىدۇ، ئەگەر سۈيدۈك تۇتۇلۇش ئەھۋاللىرى بولسا كاتېتېر سېلىنىدۇ.

مېڭە ئۆسمىسى

باش سۆڭىكى ئىچىدىكى مېڭە ۋە مېڭە پەردىلىرىنىڭ ئوخشىمىغان قىسىملىرىدا غەيرىي تەبىئىي ئۆسۈش پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوخشىمىغان ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىمۇ پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئۆسمىنى تونۇش قىيىن بولىدۇ، يەنى بۇ ئالامەتلەرنىڭ چوقۇم مېڭە ئۆسمىسىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلىش ناھايىتى مۇرەككەپ ئىشتۇر، ئۆسمىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى كۆپىنچە ئۆلۈمدىن كېيىن ئاناتومىيەلىك تەكشۈرگەندە بايقىلىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا باشنىڭ بىرەر جايىدا ئاغرىش بولىدۇ، بۇ خىل ئاغرىش بىرەر تەدبىرنى قوللىنىش ۋە داۋالاش بىلەن يوقالمايدۇ، بۇ ھالەتتە مېڭىدىكى ئۆسمىنىڭ باسقانلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولغانلىق گۇمانى غالىب بولىدۇ. سانسىز ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن يۇقىرىقىسى مىسال شەكلىدە يېزىلدى. تۆۋەندە بىر قانچە خالتىلىق ئۆسمىنىڭ تۈرلىرى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ. ھەربىر تېبابەت ئۆگەنگۈچى بۇ خىل ئەھۋالنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

1. يەككە مېڭە ئۆسمىسى بۇنىڭدا مېڭىنىڭ مەلۇم بۆلىكىدە پىشۇرۇلغان تۇخۇمغا ئوخشاش ئاق ۋە قاتتىق ئۆسمە پەيدا بولىدۇ.

2. يېلىمگە ئوخشايدىغان ئۆسمە بۇ خىل ئۆسمە يېلىم قىيامىغا ئوخشاش بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ نامى يېلىمسىمان ئۆسمە دەپ قويۇلغان. بۇ ئۆسمە مېڭىنىڭ ئاق جەۋھىرىدىكى تارىمۇشلۇق توقۇلمىدىن شەكىللىنىدۇ، بەزىدە قاتتىق، بەزىدە يۇمشاق بولىدۇ. بۇ ئۆسمىنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل ئاق بولىدۇ ھەم بۇنىڭدا قىزىل قان تومۇر ۋە كۆك قان تومۇرلار كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭ روشەن چېگراسى بولمايدۇ، بۇ بەزىدە مېڭىدىن باشلىنىپ تەدرىجىي كۆزنىڭ تورسىمان پەردىسىگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ھەجمى بەزىدە ئامۇت ياكى نەشپۈت چوڭلۇقىدا بولىدۇ، بۇ سەرتان بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ، لېكىن سەرتان چوڭلاردا كۆپ پەيدا بولىدۇ، بۇ كېسەللىك بالىلاردا كۆپ پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى سەۋەبىدىن مېڭە توقۇلمىلىرى تەدرىجىي بۇزۇلىدۇ.

3. گۆشسىمان ئۆسمە بۇ، گۆش رەڭگىدىكى ئىنتايىن قاتتىق ئۆسمىدۇر، ئادەتتە نەشپۈت چوڭلۇقىدا بولۇپ، مېڭە پەردىلىرىدىن باشلىنىپ مېڭە جەۋھىرىگىچە يېتىپ بارىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئۆسمە سۇيۇق ۋە ئېقىشچان بولغان بىر ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ ھەمدە بەزىدە بۇ ماددىنى بىر پەردە ئوراپ تۇرىدۇ، بۇ سۇيۇق ماددا بەزىدە تاشقا ئوخشاش قېتىۋېلىپ، مېڭە ئىچىدە تاشنى پەيدا قىلىدۇ.

4. تۈگۈنچىسىمان مېڭە ئۆسمىسى بۇ تۈردىكى ئۆسمىنىڭ جەۋھىرى ئۇيۇغان ئوغۇز سۈتىگە ئوخشاش دانىلىق، ئازراق قاتتىق ھالەتتە بولۇپ، ئۇنى بېسىش بىلەن يېرىلىدۇ. ئۇ تۈگۈنچىلەرنىڭ رەڭگى ئاق ياكى سۇس سېرىق بولىدۇ، ئۇنىڭ سانى بىر ياكى بىر قانچە بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى تېرىقتىن ئارپا چوڭلۇقىغىچە يەنە بەزىلىرى تۇخۇم چوڭلۇقىدا بولىدۇ. بۇ ئالدىنقى مېڭە (چوڭ مېڭە) دە كۆرۈلگەندەك ئارقا مېڭە (كىچىك مېڭە) ۋە ئوتتۇرا مېڭىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. يەنە بۇ تۈگۈنچىنىڭ مەركىزىي بۆلىكىدە بەزىدە يىرىڭ پەيدا بولىدۇ. ئادەتتە بۇ بالىلاردا (2 ~ 7 ياشقىچە بولغان بالىلاردا) كۆرۈلىدۇ.

5. بەلغەمسىمان مېڭە ئۆسمىسى بۇ خىل ئۆسمە گەرچە چاپلاشقاق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يېلىمسىمان مېڭە ئۆسمىگە قارىغاندا يۇمشاق ۋە پارقىراق بولىدۇ. بۇ ئۆسمە چوڭ مېڭىنىڭ ئاق جەۋھىرىدە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا قاناش كۆرۈلگەن بولسا، سەرئىنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ ھەمدە ئۇنتۇغاقلىق كۆرۈلىدۇ.

6. چاۋا ياغسىمان مېڭە ئۆسمىسى بۇ خىل ئۆسمە چاۋا ياغ ماددىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭدىن بەزىدە موي قاتارلىقلارمۇ تېپىلىدۇ. بۇ ئومۇمەن كىچىك ۋە قاتتىق بولىدۇ ھەم مېڭە قېلىن پەردىسىگە خالتىسىمان ھالەتتە چاپلىشىپ تۇرىدۇ.

7. مەرۋايىتسىمان مېڭە ئۆسمىسى بۇ پارقىراق مەرۋايىتقا ئوخشاش ئۆسمە بولۇپ، تېرىق ۋە يېسىمۇق چوڭلۇقىدىن ياڭاق چوڭلۇقىغىچە بولىدۇ، بۇ بەزىدە يالغۇز ۋە بەزىدە توپلاشقان ھالەتتە بىر قانچە بولىدۇ. ئەگەر توپلاشقان ھالەتتە بولسا شەكىلسىز ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ چوڭ مېڭە ياكى كىچىك مېڭىنىڭ ئاستىنقى يۈزىدە ياكى مېڭە ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردىسى ۋە نېپىز پەردىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ، ئاز ساندىكىسى باش سۆڭىكى ۋە مېڭە قېلىن پەردىسىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. بۇمۇ تاشقا ئوخشاش بولۇپ، سەپرادىن بولغان تاشلارنىڭ ماددىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

8. خالتىسىمان مېڭە ئۆسمىسى بۇنىڭ بىر قانچە تۈرى بولىدۇ. بۇنىڭ بىر تۈرى خاس تۈردىكى قۇرتتىن بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرتتىن بولغان ئۆسمە دەپ ئاتالغان. بۇ قۇرت مېڭىدە ئۇزاق مەزگىلگىچە ئۆز خالتىسىدا ياشىغاچقا، ئۇنىڭدىن بىرەر ئەزىيەت ئاشكارا بولمايدۇ، بەزىدە بۇ قېتىشىپ تاش ۋە قۇم شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

9. قاندىن ياكى سەۋدادىن بولغان مېڭە ئۆسمىسى بۇ ئۆسمىنىڭ خالتىسى كۆپىنچە ياپىلاق بولىدۇ، بۇنىڭ سىرتقى دىۋارى قاننىڭ بەزى تەركىبلىرىدىن شەكىللىنىدۇ (بۇ قان تومۇردىن سىرتقا چىقىپ قاتىدۇ). بۇ خالتا مېڭە قېلىن پەردىسىنىڭ ئاستىنقى يۈزى بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە قان ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ چىقىدۇ. ئاخىرىدا بۇ قان ئۆزگىرىپ (كۆيۈپ) قارىدايدۇ ۋە مەزكۇر تەركىبلەرنىڭ قاتلاممۇقاتلام توپلىنىشىدىن خالتا دىۋارى قېلىنلايدۇ. بەزىدە بۇنىڭدا قان تومۇرلارمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ بىر سوزۇلما ھالىتى بولۇپ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى تۇيۇقسىز تۇتىدىغان سەكتىگە ئوخشاش خەتەرلىك بولىدۇ. بۇ خالتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 ~ 8 ئىلىككىچە، كەڭلىكى تۆت ئىلىككىچە، چوڭقۇرلۇقى ئىككى يېرىم ئىلىككىچە بولىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە 50 ياشتىن ئاشقانلاردا كۆرۈلىدۇ. بەزىدە سىرتقى زەربىگە ئۇچراش، جۇنۇننى قوزغاتقۇچى سەۋەبلەر ۋە شارابنى كۆپ ئىچىش سەۋەبىدىنمۇ بەزى

تومۇرلار يېرىلىپ، بۇ ئۆسمە شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

10. سەرتاندىن بولغان مېڭە ئۆسمىسى سەرتاننىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى مېڭىدە پەيدا بولىدۇ، لېكىن كۆپرەك يومشاق تۈردىكى سەرتان كۆرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇملاق، يەنە بەزىلىرى شەكىلسىز بولۇپ، مىقدارىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ ھەم بۇ بىرلەمچى بولۇپ، پەقەت مېڭە يولىدىلا پەيدا بولىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئىككىلەمچى بولۇپ، سەرتان ماددىلىرى باشقا ئورۇنلاردىن مېڭىگە يېتىپ كېلىپ بۇ يەردە چوڭىيىدۇ. بىرلەمچى ھالەتتە كۆپىنچە بىر بولىدۇ، ئىككىلەمچى ھالەتتە بىر قانچە بولىدۇ ھەم بۇ مېڭە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بەزىدە بىر نېپىز پەردە ئارقىلىق مېڭە جەۋھىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ كۆپىنچە ئالدىنقى مېڭىدە ۋە بەزىدە باش سۆڭىكىدە پەيدا بولىدۇ.

11. سىفلىستىن بولغان مېڭە ئۆسمىسى بۇ خىل ئۆسمىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قېلىن پەردە بىلەن باش سۆڭىكى ئارىسىدا ياكى ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردە بىلەن نېپىز پەردە ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ، لېكىن بەزىدە مېڭە جەۋھىرىدىمۇ پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئۆسمە مېڭە پەردىلىرىدە پەيدا بولسا، مېڭە جەۋھىرىگە بېسىم چۈشىدۇ. بۇ بېسىلغان بۆلەك قايسى قۇۋۋەتلەرنىڭ مەركىزى بولسا، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىدە تەڭپۇڭسىزلىق يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل مېڭە ئۆسمىسى بەزىدە بىر، بەزىدە بىر قانچە بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەجمى ئادەتتە تۇخۇم چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئۇنى يېرىپ كۆرسە، ئىچىدىن سېرىق رەڭلىك ماددا چىقىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ جەۋھىرى بولسا ئۇيۇغان سۈتكە ئوخشاش مەلۇم بولىدۇ.

12. قىزىل قان تومۇرلارنىڭ خالتىسىمان كۆپۈۋېلىشىدىن بولغان مېڭە ئۆسمىسى مېڭىدىكى قىزىل قان تومۇرلارنىڭ خالتىسىمان كۆپۈۋېلىشى كۆپىنچە مېڭە غولى قىزىل قان تومۇرى، بەدەن ئومۇرتقىسىدىكى قىزىل قان تومۇرى، ئالدى مېڭە بوشلۇقى قىزىل قان تومۇرى بىلەن ئۇششاق قىزىل قان تومۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ. يەنى قىزىل قان تومۇر قاتلاملىرىنىڭ قىسمەن ئورۇنلىرىدا ئاجىزلاش يۈز بېرىپ، قاننىڭ بېسىمى بىلەن كېڭىيىدۇ، ئاندىن بەزىدە بۇ كۆپۈۋالغان ئورۇن تەمەددۇد سەۋەبىدىن يېرىلىدۇ، ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك بولمايدۇ، يەنى يېسىمۇق، ئارپا، تۇخۇم چوڭلۇقىدا ۋە بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولىدۇ.

ئالامىتى مېڭە ئۆسمىسىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئاپەتلىرى ئۇلارنىڭ پەيدا بولغان ئورنى، چوڭ - كىچىكلىكى، مىقدارى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىش سۈرئىتى، خەتەرلىك ياكى خەتەرسىز تۈرلىرى ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۆسمە مەۋجۇت بولۇپ، بىرەر يېڭى

ئالامەت ئاشكارا بولمىسا، لېكىن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىسپاتى ئاناتومىيە قىلىش ئارقىلىق ئاشكارا بولسا، ئۆسمىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرىدىن ھەممىسىگە ئومۇمىي ئورتاق بولغان ئالامەت باش ئاغرىقى (بۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ) دۇر. بۇنداق باش ئاغرىقى دائىم بولىدۇ. گەرچە ئاغرىقتا بەدەننىڭ تەسىرىدىن كۈچىيىش - كېمىيىش بولسىمۇ، بەزىدە باشنىڭ پۈتۈن قىسمىدا، يەنە بەزىدە باشنىڭ يېرىمىدا ۋە بەزىدە بىرەر ئورۇندىلا چەكلىنىدۇ (ئادەتتە بۇ ئاخىرقى ھالەت كۆپ كۆرۈلىدۇ). بەزىدە بىمارنىڭ بېشى قېيىپ، ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، يەنە بەزىدە كۆرۈش نېرۋىسى ئىششىش سەۋەبىدىن كۆرۈش كۈچى ئاجىزلاپ، نەتىجىدە ئاستا - ئاستا كۆرۈش كۈچى تامامەن يوقىلىدۇ. بەزىدە تاماقنى ئازراق يېسۇن ياكى يېمىسۇن كۆڭلى ئېلىشمايلا قۇسىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا تەشەننۇج كۆرۈلىدۇ، بۇ بەزىدە قولدىن، بەزىدە پۇتتىن، يەنە بەزىدە يۈزىدىن باشلىنىدۇ. بەزىدە لەقۋا، يارتا پالەچ ياكى كەسمە پالەچ كۆرۈلىدۇ. يەنە بەزىدە پەقەت بىر قول ياكى بىر پۇت پالەچلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مېڭە نېرۋىلىرىغا بېسىم چۈشۈش سەۋەبىدىن خاس ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ، بەزىدە بەش سەزگۈدە نورمالسىزلىنىش بولىدۇ. بەزىدە نەپەس ئېلىش قالايمىقانلىشىدۇ، يۈرىكى ئاجىزلاپ، تومۇرى ئاجىز ھەم بوش سوقىدۇ.

يۇقىرىقى مەزكۇر ئالامەتلەر ئومۇمەن تەدرىجىي ئاشكارا بولۇپ، تەرەققىي قىلىدۇ.

ئەگەر ئۆسمە مېڭە يۈزىدە بولۇپ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەدەن مۇسكۇللىرىدا ھەرىكەتلىنىش ۋە تارىيىش پەيدا قىلغان بولسا، بۇنىڭدا ئىككى خىل ئالامەت كۆرۈلىدۇ. بىرىنچى، مېڭىنىڭ غىدىقلىنىشى سەۋەبىدىن مۇسكۇللارنىڭ قىسقىرىش كۈچى ئاشىدۇ ھەم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا تەشەننۇج يۈز بېرىدۇ. بۇ سەرئى كېسەللىكىنىڭ قوزغىلىشى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىككىنچى، بۇ بۆلەكلەرنىڭ پائالىيەتلىرى توسۇلۇش سەۋەبىدىن مۇناسىۋەتلىك مۇسكۇللار پالەچلىنىدۇ، بۇ مەزكۇر يۈزدە ئوخشاشمىغان ئەزالارنى قوزغىتىدىغان ئايرىم - ئايرىم مەركەزلەر بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە يۈز ۋە تىلنىڭ مۇسكۇللىرىدا تەشەننۇج بولىدۇ. بەزىدە قول، بىلەك ياكى مۈرە مۇسكۇللىرىدا ۋە بەزىدە پۇتنىڭ بارماقلىرى، پاچاقنىڭ مۇسكۇللىرىدا تەشەننۇج بولۇشتىن باشقا، بەزىدە مەزكۇر ئەزالاردا سېزىمسىزلىنىشنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ، يەنى بۇ ئەزالار ئىششىپ يىڭنە سانجىغاندەك سېزىم بولىدۇ.

ئەگەر مېڭىنىڭ پېشانە قىسمىدا ئۆسمە بولسا، بىمارنىڭ خىيال قىلىش ئىقتىدارى نورمالسىزلىنىدۇ ۋە سول تەرەپ پېشانە ئۈچىنچى بوشلۇققا بېسىم چۈشكەن بولسا، سۆزلەش قۇۋۋىتىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر ئۆسمە مېڭىنىڭ بويۇن ئۇدۇلىدىكى بوشلۇقىدا بولسا، بىمارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىدە نورمالسىزلىق بولىدۇ، يەنى نەرسىلەرنىڭ يېرىمىنى كۆرۈپ، يېرىمىنى كۆرەلمەيدۇ. بەزىدە ئەما

بولۇپ قالىدۇ.

ئۆسمە چېكە بوشلۇقىدا بولسا، بىمارنىڭ گاس بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولىدۇ. ئەگەر ئۆسمە مېڭىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بېسىم پەيدا قىلسا، پالەچلىنىش كۆرۈلىدۇ ۋە بەدەننىڭ يېرىمىدا سېزىم يوقىلىدۇ.

ئەگەر ئۆسمە مېڭە غولىدا بولسا، بەدەننىڭ بىر تەرىپى پالەچلىنىدۇ، مېڭە ئۈچىنچى نېرۋىسىغا بېسىم چۈشۈش سەۋەبىدىن يەنە بىر تەرەپىنىڭ كۆز مۇسكۇللىرى پالەچلىنىشتىن، بىمار ئالىغاي بولۇپ قالىدۇ. كۆز قارىچۇقى كېڭىيىپ، يورۇقلۇققا ئۇچراشقاندا تارايمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن كېسەللەنگەن كۆز ئەتراپىتىكى نەرسىلەرنى ئوبدان كۆرەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئۈستۈنكى قاپىقى كۆزنى يېپىۋالىدۇ.

ئۆسمە ئوتتۇرا مېڭىدە بولسا مېڭە ئالتىنچى نېرۋا ئۈستىنى بېسىش سەۋەبىدىن كۆز ئىچى تەرەپكە كېتىدۇ ھەمدە مېڭە يەتتىنچى نېرۋىسىنىڭ بېسىلىشىدىن لەقۋا بولۇپ قالىدۇ. مېڭە سەككىزىنچى نېرۋىسىغا بېسىم چۈشۈش سەۋەبىدىن بىمار گاس بولۇپ قالىدۇ، يەنى قايسى تەرەپتە ئۆسمە بولسا، شۇ تەرەپتە لەقۋالىق پەيدا بولىدۇ، ھەم بەدەننىڭ يەنە بىر تەرىپى پالەچلىنىدۇ.

ئەگەر ئۆسمە يۇلۇن مەركىزىدە بولسا پالەچلىنىش كېلىپ چىقىدۇ. بەزىدە توققۇزىنچى، ئونىنچى ۋە ئون بىرىنچى يۇلۇن نېرۋىلىرى بېسىلىش سەۋەبىدىن بۇ نېرۋىلارنىڭ پائالىيىتىدە نورمالسىزلىقلار پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بىمارنىڭ يۇتۇشىدا قىيىنلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، يۈرەك ھەرىكىتى ۋە نەپەس قائىدىسىز بولۇپ، قۇسىدۇ ھەم تىلنىڭ بىر تەرەپ مۇسكۇللىرى يىگىلەپ ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئۆسمە ئارقا مېڭىدە بولسا، بىمار مەستتەك ماڭىدۇ ھەمدە كېتىۋېتىپ ئوڭ ۋە سولغا يىقىلىپ چۈشىدۇ. سەككىزىنچى ۋە ئونىنچى مېڭە نېرۋىسىغا بېسىم چۈشۈش بىلەن ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بىمارنىڭ بېشى ئارقا تەرەپكە تارتىشىدۇ ھەم پاچىقى تارتىشىدۇ ۋە ئېغىزمان مۇسكۇللىرى ئاجىزلايدۇ.

دىياگنوز قويۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار تېۋىپ بۇ گەپنى ئويلىشى لازىمكى، ئادەتتە ئۆسمىنىڭ ئالامەتلىرى تەدرىجىي ئاشكارىلىنىپ تەرەققىي قىلىدۇ ھەمدە ئاغرىق، قۇسۇش، تەشەننۇج قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئالامەتلەر مېڭە ئۆسمىسى سەۋەبىدىن ئاشكارا بولىدۇ. بۇ خىل ئالامەتلەر باشقا كېسەللىكلەردىمۇ بولىدىغانلىقىنى تېۋىپ تەپسىلىي ئويلاپ، مېڭە ئۆسمىسىنى شۇ كېسەللىكلەردىن، يەنى مېڭە يىرىڭلىق ئىششىقى، بۆرەك كېسەللىكلىرى، قوغۇشۇندىن زەھەرلىنىش قاتارلىقلاردىن پەرقلەندۈرۈشى لازىم.

مېڭە يىرىڭلىق ئىششىقى بۇ كۆپىنچە قۇلاق ئىچىدە يىرىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇنىڭدا قىزىتما بولىدۇ، بىمارنىڭ بەدىنىنى ئىنچىكە تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ بىرەر قىسمىدا يىرىڭنىڭ مەۋجۇتلۇقى تېپىلىدۇ.

بۆرەك سوزۇلما ئىششىقى تىندۇرۇلغان سۈيدۈكنى تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭدا سۈيدۈك يولى قاسىراقچىلىرى كۆرۈلىدۇ. يۈرىكىدە چوڭىيىش، قىزىل قان تومۇر دىۋارلىرىدا قېلىنلاش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

قوغۇشۇندىن زەھەرلىنىش قوغۇشۇن زەررىچىلىرىنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەدەنگە كىرىشىدىن بىمارنىڭ قورسىقىدا ئاغرىق بولىدۇ، ئىككى قولى پالەچلىنىدۇ ھەمدە چىش مىلىكى ئۈستىدە كۆك داغ بايقىلىدۇ.

ئەسكەرتىش يۇقىرىقى مەزكۇر ئالامەتلەردىن ۋە ئاشكارا بولغان ئەھۋاللاردىن مېڭىنىڭ تار بوشلۇقىنىڭ مەلۇم قىسمىدا ئۆسمە مەۋجۇتلۇقىنى ئېنىقلاش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. بۇ ئالامەتلەردىن بەزى ۋاقىتلاردا بىر تەۋرىنىپ تۇرىدىغان مۇدۇر - چاقا ئۇرۇنۇش بىلەن سۈيۈقلۇقنىڭ تاۋۇشى ئاڭلانغاندەك گۇمان پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بۇ تاۋۇش كۈچلۈك بولىدۇ، بەزىدە ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، تۈرىنى ئازراقمۇ ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىمارنىڭ يېشى چوڭ بولسا سەرتان ئۆسمىسىنىڭ گۇمانى بولىدۇ. ئەگەر باشقا بىر ئەزانىڭ سىرتىدا سەرتان مەۋجۇت بولسا، بۇ گۇمان سەرتاننىڭ دەرىجىلىرىگىچە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر بىمار كىچىك بالا بولسا، تۈگۈنچىسىمان مېڭە ئۆسمىسىنىڭ گۇمانى كۈچلۈك بولىدۇ، لېكىن يېلىمسىمان مېڭە ئۆسمىسى ياش بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇر. ئەگەر بىمارنىڭ بەدىنىدە سىفىلىسنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسىنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، بۇ ۋاقىتتا سىفىلىستىن بولغان ئۆسمىنىڭ گۇمانى كۈچلۈك بولىدۇ.

ئاقىۋىتى مېڭە ئۆسمىلىرىنىڭ نەتىجىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلاردىن سەرسام كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى سەرسامغا ئوخشاش خەتەرلىك ۋە ھالاكەتلىك بولىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭدىن نېرۋىلار ئاجىزلىقى، تەشەننۇج ۋە قاتتىق ئۇيقۇ كېسىلى كۆرۈلۈشتىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى ئومۇمىي بەدەندىكى ئۆسمىلەرگە ئوخشاش مېڭە ئۆسمىلىرىنىڭمۇ بىرەر ئۈنۈملۈك داۋالاش دورىسى يوق، ئەمما سىرتقى تەرەپتىكى ئۆسمىلەرنىڭ ھەقىقىي ئىلاجى كېسىشتۇر. كېسىش مېڭىگە ئوخشاش نازۇك ئەزادا ماھىر دەستىكارچىسىز مۇمكىن بولمايدۇ ۋە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. شۇڭا، بۇنىڭدا پەقەت ئەگەشمە كېسەللىك

ئالامەتلىرىگە قارىتا يەڭگىللىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. سىفىلىستىن بولغان ئۆسمىلەرنى داۋالاشتا، سىماب، رەسكىپور، شىڭگىرىف، كالىي پېرمانگانات ۋە سەنكىيا قاتارلىقلار چۈشكەن مۇرەككەپ دورىلارنى ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىش بىلەن سالامەتلىك تولۇق ئەسلىگە كېلىدۇ.

ئەگەر تۆگۈنچىسىمان ئۆسمىنىڭ گۇمانى غالىب بولسا، خەتەرسىز كېسەللىكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىدا كۈچلەندۈرۈش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا كۈچەش كېرەك. مەسىلەن: بېلىق يېلىمى، بېلىق يېغى، مۇرەككىباتى كاسىيە (شېكەر، كۆيدۈرۈلگەن سەرتان، كۇشتە قىلىنغان سەدەپ ۋە مەرۋايىت) قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

باشقا بارلىق ئۆسمىلەردە باش سۆڭىكىنى سىرتتىن داغلاش ياكى يارا پەيدا قىلىش ھەمدە نېرۋا غىدىقلىنىش كۆرۈلگەندە، مەسىلەن: تەشەننۇج ۋە سەرئىگە ئوخشاش ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاشكارا بولغاندا، نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرغۇچى ۋە ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى دورىلاردىن، مەسىلەن: بەرشىشا، داۋائى شىپا ۋە ئەپيۇن ھەم خەشخاش پوستى چۈشكەن دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. ئاشقازان ۋە ئۈچەينى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن يەڭگىل سۈرگىلەر، مەسىلەن: ھېلىلە مۇرابباسى ۋە ئىترىفىللارنى داۋاملىق ئىشلىتىش، غىزالاردىن سىڭىشلىك، كۈچلەندۈرگۈچى غىزالارنى يېگۈزۈش. مەسىلەن: سۈت، قىيما شورپىسى، ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلار، قەۋزىيەت ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئۇنداق قىلمىسا باش ئاغرىقى ۋە باشقا ئالامەتلەر كۈچىيىپ كېتىشىنىڭ كۈچلۈك ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

يۇلۇن ئۆسمىلىرى

يۇلۇندا مېڭىگە ئوخشاش ھەر خىل تۈردىكى ئۆسمىلەر پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: سەرتاندىن بولغان ئۆسمە ياكى سەرتان، تۆگۈنچىسىمان ئۆسمە، سىفىلىستىن بولغان ئۆسمە، سۆڭەكسىمان ئۆسمە، قۇرتتىن بولغان ئۆسمە، قىزىل قان تومۇرلارنىڭ خالتىسىمان كۆپۈۋېلىشىدىن بولغان ئۆسمە، قان ۋە سەۋدادىن بولغان ئۆسمە قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا گەدەننىڭ ئىككىنچى ئومۇرتقا ئۆسۈكچىسى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا چوڭىيىدۇ، بۇ سۆڭەك ئۆسمىسىنىڭ تۈرىدىن بولىدۇ.

ئالامىتى يۇلۇن ئۆسمىسىنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بولۇشى تامامەن مېڭە ئۆسمىلىرىگە ئوخشاشتۇر. مەسىلەن: يۇلۇنغا بېسىم چۈشۈش ھەم غىدىقلىنىشتىن ئىششىش ياكى يۇلۇن نېرۋىلىرىنىڭ بېسىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە مۇسكۇللاردا ئوخشاشمىغان تۈردىكى ئالامەتلەر ۋە ئەگەشمە كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ

ئالامەتلەرنىڭ ئاشكارا بولۇشىغا كېسەللىك ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزى ئۆسمىلەر، ئومۇرتقىلارنىڭ ئىچكى يۈزىدە، بەزىلىرى يۇلۇن پەردىلىرىدە، يەنە بەزىلىرى يۇلۇن جەۋھىرىنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۆسمە يۇلۇن جەۋھىرىنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولسا، يۇلۇن جەۋھىرىگە بېسىم چۈشۈش، نېرۋا يولىنىڭ توسۇلۇشى ۋە يۇلۇن جەۋھىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەم بۇزۇلۇشىدىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پالەچلىنىش ۋە ئىستىرخا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى يۇلۇن جەۋھىرىنىڭ بۇزۇلغان كۆلىمىنىڭ كەڭ ياكى چەكلىك بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر يۇلۇننىڭ بارلىق نېرۋا يولى بۇزۇلغان بولسا، كېسەللەنگەن يۇلۇندىن تۆۋەنكى ئەزالارنىڭ ئىككى تەرىپى تولۇق پالەچلىنىدۇ ھەمدە ئۇلاردا يىگىلەش پەيدا بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەگەر يۇلۇننىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە بۇزۇلۇش كۆرۈلسە، پەقەت بىر تەرەپ مۇسكۇللار پالەچلىنىدۇ، بەزىدە يۇلۇندا ئۆسمە سەۋەبىدىن، ئىستىرخا ۋە پالەچلىنىشنىڭ يەنە بىر قائىدىسىز تۈرلىرى پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر يۇلۇن پەردىلىرىدە ئۆسمە پەيدا بولسا، نېرۋىلارنىڭ يىلتىزى كېسەللىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھېس قۇۋۋىتى ياكى ھەرىكەت قۇۋۋىتى ياكى ھەر ئىككىلىسى يوقىلىدۇ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مۇسكۇللىرى يىگىلەيدۇ.

يۇلۇن ئۆسمىلىرىدە كېسەللەنگەن ئورۇندا، بەزىدە قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ، بۇ كۈچەيگەن ياكى ئاجىزلىغان ھالەتتە دائىم تۇرىدۇ، بۇنىڭدا بەزى ۋاقىتلاردا باشقا سەۋەبلەردىن ئۆتكۈرلۈك ۋە يەڭگىللىكىدە كۈچىيىش ياكى ئاجىزلاش بولۇپ تۇرىدۇ.

بەزى كېسەللەنگەن نېرۋا شاخلىرى تارقالغان ئورۇنلاردا قاپارتما پەيدا بولىدۇ، ئەگەر يۇلۇن ۋە ئۇنىڭ پەردىلىرىدە قىزىل قان تومۇرى خالتىسىمان كۆپۈش ياكى سەرتان پەيدا بولغان بولسا، نېرۋىلارنىڭ كېسەللىنىشىگە ماس ھالدا سەزگۈ ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى قۇۋۋەت بۇ نېرۋىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن يوقىلىدۇ، بۇنىڭدا ئاپەت مىقدارىنىڭ ئېتىبارى بىلەن ئاز - كۆپلۈك بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش مېڭە ئۆسمىسىگە ئوخشاش يۇلۇن ئۆسمىسىنىڭ قايسى تۈردىكى ئۆسمە ئىكەنلىكىنى ئايرىش قىيىن بولىدۇ. بۇ ھالەتتىمۇ بۇ خىل ئۆسمىنىڭ باشقا تەسىرلىرىدىن يوشۇرۇن گۇمان پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بەدەننىڭ باشقا قىسىملىرىدا تۈگۈنچىسىمان ئۆسمە مەۋجۇت بولسا، يۇلۇن ئۆسمىسىنىڭ تۈگۈنچىسىمان ئۆسمە تۈرىدىن بولىدىغانلىق گۇمانى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. مۇشۇنىڭدەك بەدەندە سىفىلىسنىڭ تەسىرلىرى مەۋجۇت بولغان بولسا، يۇلۇن ئۆسمىسى سىفىلىستىن بولغان ئۆسمە تۈرىدىن بولىدىغانلىقىنىڭ خىيالى ئىنتايىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

ئەگەر پالەچ ۋە ئىسترىخا كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى يۇلۇندا قاتتىق ئاغرىق كۆرۈلسە، بۇ خىل پالەچلىنىشنى ئۆسمە سەۋەبىدىن بولغان، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەگەر بەدەنىنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدا سەرتان مەۋجۇت بولسا، بۇنىڭ يۇلۇنغا سەرتان ماددىسىنىڭ تارقىلىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولغانلىقى گۇمانى كۈچلۈك بولىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئومۇرتقا تۈۋرۈكى ئېگىلىپ قالىدۇ.

داۋالاش بۇنىڭدا مېڭە ئۆسمىلىرىنىڭ ئۆتكۈر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى داۋالاش بويىچە تەدبىر قوللىنىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا چارە يوق. ئەگەر ئاغرىق كۈچلۈك بولسا، ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار (ئەپيۇن ۋە ئۇنىڭ مۇرەككباتلىرى) بىلەن ئاغرىقنى پەسەيتىش، يەرلىك ئورۇنغا مايىللاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن سۇلۇق قاپارتقۇ شەكىللەندۈرۈپ يارا پەيدا قىلىش ۋە ئۇنى ساقايتماسلىق ياكى تېرىنى قىزارتقۇچىلارنى ئىشلىتىش، تەشەننۇج ۋە باشقا نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر كۆرۈلگەندە نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى دورىلار بىلەن ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ياخشى غىزالارنى يېگۈزۈش لازىم.

كۆز كېسەللىكلىرى

كۆز قاتتىق پەردە كېسەللىكلىرى

قاتتىق پەردە ئۇ، تالالىق مەزمۇت پەردە ياكى قەۋەتتىن ئىبارەت بولۇپ، مېڭىنىڭ قېلىن پەردىسىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ پەردە كۆرۈش نېرۋىسى ئۈستىگە يېپىشقان ياكى ئۇنىڭ بىلەن تۇتاشقان بولىدۇ (بۇ قەۋەت بارلىق قەۋەتلەردىن سىرتتا بولىدۇ. ئالدى تەرەپتە بۇ قەۋەتتىن مۈڭگۈز پەردە شەكىللىنىدۇ. بۇ تەخمىنەن ئالتە بۆلەك بولىدۇ). بەزى تېۋىپلار بۇ قەۋەتنى قەۋەت ھېسابلىمايدۇ، بەلكى بىر پەردە، دەيدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن كۆز پەردىلىرى ئالتىگە بۆلۈنىدۇ (لېكىن بۇنى قەۋەت دېمەسلىك خاتادۇر).

كۆز قەۋەتلىرىنىڭ سانى توغرىسىدا شەرھلىگۈچىلەرنىڭ ئىختىلاپى ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بەزى تېۋىپلار ئۇلارنى ئۈچ، بەزىلىرى بەش ۋە بەزىسى ئالتە، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەزىلىرى بىر، ئىككى، تۆت ياكى يەتتە، دەيدۇ. لېكىن ھەقىقەتتە دەسلەپكى ئۈچ سۆزگە يۈزلىنىش توغرا بولىدۇ ۋە ئارقىسىدىكى ئۈچ سۆزنىڭ مۇلاھىزىسىگە ھەرگىز يۈزلەنگىلى بولمايدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ ئىختىلاپ پەقەت بايان ئۇسلۇبىدىكى ئىختىلاپتۇر. ئۇنداق بولمىغاندا كۆز پەردىلىرىنى ھەربىر شەرھلىگۈچى ئۆزىنىڭ بايان ئۇسلۇبى بىلەن ھەممىسىنى بايان قىلىدۇ. مەسىلەن: قاتتىق پەردە ۋە مۈڭگۈزسىمان پەردىنى بىر دەپ چۈشىنىدىغان كىشىلەر كۆز پەردىلىرىنى ئۈچ، دەيدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلار بالا ھەمراھسىمان پەردە ۋە ئۈزۈمسىمان پەردىنى بىر، دەپ قارايدۇ. چۈنكى مۈڭگۈزسىمان پەردە قاتتىق پەردىنىڭ چوڭىيىشىدۇر. ئۈزۈمسىمان پەردە بالا ھەمراھسىمان پەردىنىڭ چوڭىيىشىدۇر. لېكىن مۈڭگۈزسىمان پەردىدە قاتتىق پەردە توقۇلمىسىدا بولمايدىغان بەزى سۈپەتلەر (مەسىلەن: سۈزۈكلۈك ۋە قان تومۇرلاردىن خالىي بولۇش) تېپىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۈزۈمسىمان پەردە توقۇلمىسى بالا ھەمراھسىمان پەردىنىڭ توقۇلمىسى بىلەن بىرئاز ئوخشاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى كىشىلەر ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم پەردە دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى ھەر كىشى ئۆز ئۇسلۇبىنىڭ ئىگىسىدۇر.

رىن تەبەرى: يازغۇچى پىردەۋسۇل ھېكمەت ئېيتقانكى، ئارقا تەرەپتە كۆزنىڭ پەردىلىرى ئۈچ بولىدۇ. بىرىنچىسى، تورسىمان پەردە؛ ئىككىنچىسى، بالا ھەمراھسىمان پەردە؛ ئۈچىنچىسى، قاتتىق پەردە. ئالدى تەرەپتىمۇ ئۈچ بولىدۇ. ئۈزۈمسىمان پەردە، مۈڭگۈزسىمان پەردە ۋە بىرىكتۈرگۈچى پەردە. ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ھەممىدىن بەك ماڭا مۇشۇنداق دېيىش ياقىدۇ.

كۆز قاتتىق پەردە ئىششىقى بۇ پەردىدە بەزىدە بىرلەمچى ھالەتتە ۋە باشقا پەردىلەرنىڭ شېرىچىلىكى سەۋەبىدىن ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ ئىششىق بەزىدە قاندىن، بەزىدە سەپرادىن ۋە بەزىدە بەلغەمدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى كۆزى پۇلتىيىپ قالىدۇ. چۈنكى ئىششىق سەۋەبلىك كۆز ئالمىسى ئالدى تەرەپكە بېسىلىدۇ. كۆز ئالمىسى چوڭىيىدۇ ھەممە پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بىمار كۆز چوڭقۇرلۇقىدا ئاغرىش ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ پەردىمۇ ئىچىدە بولىدۇ. لېكىن ئىششىق خاس بۇ پەردىدە بولغان ۋاقىتتا بولىدۇ.

ئەگەر ئىششىق قاندىن بولسا، ئاغرىق مەۋجۇت بولۇش بىلەن كۆز پۇلتىيىپ چىقىش، تەمەددۇد، قىچىششىمۇ بولىدۇ. لېكىن بىمار كۆزنىڭ قايسى ئورنىدا قىچىشىش بولغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ.

ئەگەر ئىششىق سەپرادىن بولسا، ئاغرىق، كۆز پۇلتىيىپ چىقىش بىلەن كۆيۈشۈش ۋە ئېچىشىش بولىدۇ.

ئەگەر ئىششىق بەلغەمدىن بولسا، ئاغرىق ۋە كۆز پۇلتىيىپ چىقىش بىلەن قاپاقلاردا ئېغىرلىق ۋە بوششىش بولىدۇ.

داۋالاش قاندىن بولغان ئىششىقتا قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، يەڭگىل ھۆقنە بىلەن چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ. ھۆقنە بىنەپشە، نىلۇپەر، ئاق لەيلى، چىلان، سەرپىستان، ئاقلانغان ئارپا قاتارلىقلار بىلەن كۈنجۈت يېغى ۋە قارا شېكەردە قايىنىتىپ تەييارلانغان بولسۇن. ئادەتتىكى قايىنىتىلمىلار بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ. بۇ، چىلان، سەرپىستان، ئەينۇلا، نىلۇپەر، ئاق لەيلى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت قاتارلىقلارغا تەرەنجىبىن قوشۇپ تەييارلانغان بولسۇن. چۈنكى كۈچلۈك ھۆقنىلەر ۋە قايىنىتىلمىلار خىلىتلاردا قوزغىلىش پەيدا قىلىدۇ. بۇلاردىن ئىششىق چوڭىيىشىنىڭ خەۋپى بولىدۇ. چۈنكى كۆز ئاجىز بولۇپ، ماددىلارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تەييار تۇرىدۇ. ئەگەر ماددىلار قۇيۇلۇشنىڭ خەۋپى بولمىسا ھەممە باشنى تازىلاپ بولغان بولسا، كۆزگە شىيافى

ئەبيەز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، قەلەي كۈشتىسى 21 گىرام، ئەپيۇن بىر گىرام قاتارلىقلارنى تۇخۇم ئېقىغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان بولسۇن. مەزكۇر شىيافنى قايىنىتىپ سۈزۈلگەن قۇرۇق يۇمغاقسۈت سۈيى ۋە ئىتئۈزۈمى سۈيىدە يۇغۇرۇپ تەييارلاش لازىم. سۇنى قايىنىتىشتىكى مەقسەت چاپلاشقاقلىق سەۋەبىدىن تەر تۆشۈكچىلىرىنى توسۇپ قويماسلىق ئۈچۈندۇر؛ ئىتئۈزۈمى سۈيىنى ئىشلىتىشتىكى مەقسەت، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى تارقىتىش ۋە كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. لېكىن كۆزگە ھۆللۈكلەر قۇيۇلۇۋاتقان چاغدا بۇ خىل چاپلاشقاق ۋە توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇلاردىن قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھۆللۈكلەر كۆز تەرەپكە ئاقىدۇ، بۇلاردىن كۆز پەردىلىرى تارتىشىدۇ ۋە بەزىدە قاتتىق تەمەددۇد سەۋەبىدىن يېرىلىپ كېتىدۇ.

سەپرادىن بولغان ئىششىقتا يەڭگىل قايىنىتىلمىلار ئارقىلىق بەدەندىن سەپرانى چىقىرىپ تاشلاش ۋە كۆزگە پوستى ئاقلانغان ئارپا، پوستى ئاقلانمىغان تاتلىق بېھى ئۇرۇقى، چالا سوقۇلغان چالسۇ ھەمدە ئازراق ئەنزىرۇت قاتارلىقلارنىڭ قايىنىتىلغان سۈيىنى تېمىتىش. بارلىق دورىلارنى ئىككى قاچىدا قايىنىتىش، يەنى بىر قاچىغا سۇ قۇيۇپ، بۇ سۇغا ئىككىنچى قاچىنى قويۇپ قايىنىتىش بىلەن دورىلارنىڭ قۇۋۋىتى لوئابقا تولۇق چىقىدۇ ۋە ئىككى كۆز ئۈستىگە ئانار مېۋىسى پورى، كاسىنە شېخى، گۈل يېغى قوشۇپ زىمات قىلىش لازىم.

بەلغەمدىن بولغان ئىششىقتا ھۆقنىلەر ۋە قايىنىتىلمىلار بىلەن بەلغىمى ھۆللۈك بەدەندىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. مەستىكى يېغى، ئېپار ۋە زۇپا سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. مۇر، قورۇلغان سىيادان، زەپەر قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ چۈشكۈرتۈش لازىم.

كۆز قاتتىق پەردىسىنىڭ قۇرغاقلىشىشى بەزىدە بۇ پەردىدە قۇرۇقلۇق پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى كۆز چوڭقۇرلۇقىدا ئاغرىق بولىدۇ. قاتتىق پەردە ئارقىسىغا تارتىشقاندەك مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن مېڭە ۋە كۆزلەرنىڭ مىزاجىدا ھۆللۈك پەيدا قىلىنىدۇ. باش سۈتتە يۇيۇلىدۇ. سۈت ۋە بىنەپشە يېغى كۆزگە تېمىتىلىدۇ. كۆزنى تېڭىپ قويۇش لازىم.

پۈتۈن كۆزدە بولىدىغان ئاغرىق بەزىدە بۇ پەردە دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقىدا مېڭە قىلىن پەردىسى بىلەن شېرىك بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كېسەللىك ماددىسى مېڭىنىڭ ئىچكى پەردىسىدە بولىدۇ.

ئالامىتى كۆز چوڭقۇرلۇقىدا ئاغرىق بولىدۇ، ئىككى كۆز پۇلتىيىپ چىقىدۇ ھەمدە قىزىللىق بولمايدۇ.

داۋالاش دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقىنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم، بۇ سۆزلىنىپ بولدى.

قاتتىق پەردىنىڭ تولغىشىپ كېتىشى قاتتىق پەردىنىڭ بىر تەرەپكە ئېگىلىپ كېتىشمۇ قاتتىق پەردە كېسەللىكلىرىدىندۇر. بۇنىڭ سەۋەبى زەھەرلىك ھاۋالار ياكى ئىسلار بولىدۇ. بۇ كۆزلەرگە تەسىر قىلىپ شىشسىمان سۇيۇقلۇقنى (كۆزنىڭ ھەممىدىن ئارقىدىكى ھۆللۈكىنىڭ نامى بولۇپ، بۇنىڭ مىقدارى ئۇچىلىسىدىن زىيادە بولىدۇ) قۇرۇتىدۇ. بۇ قىرۋۇسىمان سۇيۇقلۇق ۋە تورسىمان پەردە ئارىسىغا جايلاشقان. بوشلۇق سەۋەبىدىن قىرۋۇسىمان سۇيۇقلۇق تورسىمان پەردە ۋە بالا ھەمراھىسىمان پەردە بىلەن كۆز قاتتىق پەردىسىگە چۈشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كۆز قاتتىق پەردىسى چوقۇم بىرەر تەرەپكە چوقۇم ئېگىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ ياكى ئېگىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى كۆزنى قاتتىق بېسىم بىلەن تېڭىشتىن بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كۆز ئۆزىنىڭ بارلىق پەردىلىرى ۋە سۇيۇقلۇقلىرى بىلەن قاتتىق پەردە ئۈستىگە چۈشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر پەردە ئېگىلىدۇ ياكى مەلۇم بىر تەرەپكە قىيسىيىدۇ.

ئالامىتى بىمار گويا ئىككى كۆزى مەلۇم بىر تەرەپكە ئېگىلىپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەمەددۇتىكىدەك ئاغرىق بولىدۇ. يەنى بۇ تەمەددۇد قايسى تەرەپتە بولسا، كۆز شۇ تەرەپكە تارتىشىدۇ.

داۋالاش مىزاجىغا ھۆللۈك يەتكۈزۈش مەقسىتىدە يېمەك - ئىچمەكنى مۇناسىپ ياخشىلاش، ئابزەن، يەنى نۇتۇل قىلىش، ھامامغا چۈشۈرۈش، ئۇۋۇلاش ھەمدە سۇيۇق چىپىلما، پۈركەلمە ۋە تېمىتىلما دورا ئىشلىتىش لازىم.

كۆز قاتتىق پەردىسىنىڭ ئىستىرخاسى كۆز قاتتىق پەردە كېسەللىكلىرىدىن كۆز قاتتىق پەردىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىشمۇ بار. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ پەردىنىڭ ھۆللۈكىدۇر.

ئالامىتى ئادەمگە گويا بىمارنىڭ كۆزلىرى ئاستىغا تارتىۋاتقاندەك مەلۇم بولىدۇ. ماددىسىز ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلغاندا ئاغرىق تامامەن بولمايدۇ. ھۆللۈك بىلەن تەمەددۇد بولغاندا ئاغرىقمۇ بولىدۇ. ئەگەر ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇش بولغان بولسا، تەمەددۇد ۋە پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش مۇنزىجتىن كېيىن ھەب، ئايارەجلەر بىلەن بەدەن ۋە مېڭە تازىلىنىدۇ. غار - غار قىلىدىغان ۋە چاينايدىغان دورىلار، مەسىلەن: مەستىكى، راتىنەج، ئېگىر قاتارلىقلار يالغۇز

ياكى ئۈرۈقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇق غىزالار، مەسىلەن: ياغدا قورۇلغان گۆش، چوغدا پىشۇرۇلغان كاۋاپ، ياغدا قورۇپ پىشۇرۇلغان ئۇچار قۇشلار گۆشى ياكى قورۇمىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئاغرىقمۇ بولسا ماددىلىق دەپ چۈشىنىپ، قان ئېلىپ سۈرگە بېرىلىدۇ، ماددا قاندىن بولسا قان ئېلىش ئېنىقتۇر. ئەگەر ماددا بەلغەمدىن بولسىمۇ قان ئېلىنىدۇ، بۇ مىزاج، كۈچ، ياش ۋە پەسىل ھەممىسى مۇناسىپ بولغان شەرت ئاستىدا پايدىلىقتۇر. چۈنكى قان بارلىق خىلتلاردىن تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن قان ئېلىش بىلەن بەلغەممۇ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدەن ۋە مېڭە قۇرغاقلىشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن تېببىي ئىلىم ئۆلىمالىرى پالەچنىڭ دەسلەپىدە قان ئالىدۇ. بەزى تېۋىپلارنىڭ قارىشىچە مۇشۇنداق كېسەللىكلەردە سۈرگە بېرىشتىن ئىلگىرى قان ئېلىش ياخشىدۇر تاكى قان تومۇرلاردا مۇسھىل بەرگەن ۋاقىتتا ماددىلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن كەڭلىك پەيدا بولسۇن.

بالا ھەمراھسىمان پەردە كېسەللىكلىرى

بالا ھەمراھسىمان پەردە بۇ، مېڭە نېپىز پەردە تالالىرى، كۆك ۋە قىزىل قان تومۇرلاردىن تۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ نامى بۇ پەردە تورسىمان پەردىنى ھامىلە پەردىسى ھامىلىنى ئوراپ تۇرغاندەك ئوراپ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن قويۇلغان. لېكىن بەزى كىشىلەر بۇ پەردىنى ھامىلىنىڭ ئورنىغۇچى پەردىسى بىلەن كۆك ۋە قىزىل قان تومۇرلارنىڭ كۆپلۈكىدە ئوخشاشلىق بولۇش سەۋەبىدىن شۇنداق بايان قىلغان. بۇ پەردە قاتتىق پەردىنىڭ ئاستى ۋە تورسىمان پەردىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، كۆزنىڭ ئارقا بەش ـ ئالتە پەردىسى ئۈستىنى قورشىغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن ئۈزۈمسىمان پەردە شەكىللىنىدۇ. بۇ پەردە قارا رەڭدە بولۇپ، يورۇقلۇقنى نورماللاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئىچكى يۈزى ئىنتايىن قارا كۆرۈنىدىغان بولۇپ، تورسىمان پەردە بىلەن تۇتىشىدۇ. ئالدى تەرەپتە قاتتىق پەردە بىلەن مۈگۈزسىمان پەردە تۇتاشقان ئورۇندا بۇ پەردە ئېگىلىپ ئىچىگە ئۆرۈلىدۇ. بۇ ئېگىلگەن تارىمۇشلارنى خەمەل دەيدۇ. بۇ تەخمىنەن 80 چە بولىدۇ. بۇ پەردىنىڭ ئالدى تەرىپىگە سىيلىشتۇرغاندا ئارقا تەرىپى نىسبەتەن قېلىن بولىدۇ ھەمدە ئارقا تەرەپتە كۆرۈش نېرۋىسى ئۈچۈن بىر تۆشۈك بولىدۇ. بۇ پەردە ئىچكى ۋە سىرتقى ئىككى قاتلامدىن تەركىب تاپقان. ئىچكى قاتلام ئەمەلىيەتتە تومۇردىن شەكىللىنىدۇ. بۇ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. سىرتقى قىسمىدا چوڭ ـ چوڭ قان تومۇرلار تورى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قارا رەڭلىك

ماددا تېپىلىدۇ.

2. ئىچكى قىسىمدا (بۇنى بەزىدە ئوتتۇرا قاتلاممۇ دەپ ئاتايدۇ) ئىنتايىن مەزمۇت، ئىنچىكە قىل قان تومۇرلار تورى بولىدۇ. ئىچكى قاتلام نازۇك ۋە رەڭلىك بولىدۇ. كۈندۈزى كۆرمەيدىغان بىمارلاردا بۇ رەڭ ماددىسى يوقالغان بولىدۇ (ت).

بۇ پەردىدە ئومۇمەن قان كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ پەردىدە كۆك ۋە قىزىل قان تومۇرلار ناھايىتى مول بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پەردە كۆزنىڭ كۆپلىگەن بۆلەكلىرى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق يولىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا قان قۇيۇلىدۇ.

ئالامىتى قىزىللىق كۆزنىڭ ئارقا بۆلىكىدە، بالا ھەمراھسىمان پەردە گىرۋەكلىرى ئەتراپىدا كۆرۈلىدۇ ھەمدە تەمەددۇد سەۋەبىدىن ئاغرىقمۇ بولىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، ھىجامەت قويۇلىدۇ، قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ. بۇ بارلىق چارىلەر ماددىنى باشقا تەرەپكە مايىللاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئازايتىش ئۈچۈندۇر. ئىسپىغۇل يوپۇرمىقى سۈيى، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقى سۈيى قاتارلىقلارنى ئوبدان قايىنىتىپ، بۇنىڭدا ئاززاق رۇسۇت، ئاززاق شىيافى ئەبيەزنى ئېرىتىپ كۆزگە تېمىتىلىدۇ. خورما غۇنچىسىنى سوقۇپ، ئىسپىغۇل، ئاز مىقداردا سىركە ۋە گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە زىمات قىلىش لازىم. خورما غۇنچىسى خورما پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىدا ئاشكارا بولىدۇ.

تورسىمان پەردە كېسەللىكلىرى

تورسىمان پەردە كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ تالالىرىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ شېشىسىمان سۇيۇقلۇق ۋە قىرووۋسىمان سۇيۇقلۇقنى ئارقا تەرەپتىن قىرووۋسىمان سۇيۇقلۇق ۋە تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇق ئارىسىغىچە، خۇددى ئوۋلانغان ھايۋاننى تور ئوراپ تۇرغاندەك ئوراپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ نامى تورغا ئوخشاش قويۇلغان. كۆرۈش نېرۋىسىدىن تورسىمان پەردىنىڭ پەيدا بولۇش ھالىتى شۇكى، كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ تالالىرى قاتتىق پەردە ۋە بالا ھەمراھسىمان پەردىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ، تۆت تەرەپكە تارقاپ بىر پەردە شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ. بارلىق سىرتقى شەيئىلەرنىڭ شەكلى ۋە ئەكسى بۇ پەردە ئۈستىگە چۈشىدۇ. بۇنىڭ سىرتقى يۈزى بالا ھەمراھسىمان پەردە بىلەن، ئىچكى يۈزى قىرووۋسىمان سۇيۇقلۇق بىلەن تۇتىشىدۇ، ئارقا تەرىپى زىيادە قېلىن بولىدۇ. كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ كىرىش ئورنى تەخمىنەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئالدى تەرەپتە بۇ پەردە كىرپىك مۇسكۇلىغىچە تارقايدۇ. بۇ يەردە بۇنىڭ ئاخىرقى تالالىرى بولىدۇ. ئالدىنقى گىرۋەكلىرى تورسىمان بولىدۇ. بۇ ھەرە چىشىسىمان ئەتراپ دەپ

ئاتىلىدۇ. بۇ پەردە ئەسلىي ھالىتىدە يۇمشاق، بوش ۋە يېرىم سۈزۈك بولىدۇ. لېكىن كېيىن دۇغ، نېپىز، قىزىلغا مايىل بولىدۇ. تورسىمان پەردىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا، يەنى كۆرۈش نېرۋىسى كىرىش ئورنىنىڭ ئازراق سىرتقى تەرىپىدە يۇملاق سېرىققا مايىل بىر قاپارتما (سېرىق نۇقتا) كۆرۈنىدۇ، بۇ نۇقتا كۆز قارىچۇقىنىڭ ئۇدۇلىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئويمان بولىدۇ. بۇ ئورۇندىكى تورسىمان پەردە شۇ قەدەر نېپىز بولىدۇكى، بالا ھەمراھسىمان پەردىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ مەركىزى ئويمان دېيىلىدۇ.

كۆرۈش مەركىزى نۇقتىسىدا كۆرۈش كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بۇنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى ئىبنى ھىشىم (كۆز ئىلمىنىڭ ھەممىدىن چوڭ ئۇستىسىدۇر. ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيەسى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر) «تەھدىق ئورنى» ئۇقۇمى بىلەن بايان قىلغان.

بۇ پەردىنىڭ مەخسۇس كېسەللىكلىرى تۆت تۈرلۈك بولىدۇ.

1. يەرقان   بۇنىڭدا كۆزدە ياش ئېقىش قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ئەگەر يەرقانغا ياش ئېقىش قوشۇلۇپ كەلمىسە، بۇ پەقەت بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ رەڭگىدە بولىدۇ، باشقا پەردىلەرنىڭ رەڭگىدە بولمايدۇ ۋە بۇ رەڭنىڭ سەۋەبى سەپرا بىلەن بىرلەشكەن غىزا بولىدۇ. ئەگەر يەرقانغا ياش ئېقىش قوشۇلۇپ كەلسە، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردىكى سەپرا تورسىمان پەردە تەرەپكە كەلگەنلىكى ۋە تورسىمان پەردە بۇ سەپرانى قىروۋسىمان سۈيۈقلۇق تەرەپكە غىزانى چىقارغانغا ئوخشاش چىقارغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق پەردىلەردە كۆيۈشۈش پەيدا بولىدۇ ۋە ھەممىسى رەڭلىك بولىدۇ.

داۋالاش   ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ھېلىلە قايناتىلمىسى بىلەن چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ، ماددىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئاياللارنىڭ سۈتىدە شىيافى ئەبيەزنى ئېرىتىپ كۆزىگە تېمىتىلىدۇ ۋە ئىسپىغۇل، كاسىنە سۈيى، تۇخۇم ئېقى ھەم گۈل يېغى قاتارلىقلاردىن زىمات تەييارلاپ چېپىش لازىم. جالىنۇس ئېيتقانكى، تۇخۇم ئېقىنىڭ سۇيۇق ياكى لەتىف قىسمى بارلىق چاپلاشقاق دورىلاردىن ياخشىراقتۇر. چۈنكى بۇ بارلىق ئۆتكۈر سۇيۇقلۇقلەرنى تازىلايدۇ ۋە كۆزنى سىلىقلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەر تۆشۈكچىلىرى يەنى كىچىك تۆشۈكلەرگە باشقا دورىلارغا ئوخشاش چاپلىشىۋالمايدۇ ھەمدە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىرەر ھالەتتە ئاغرىق پەيدا قىلمايدۇ. لاتاپەت ۋە ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈيى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: بىنەپشە، ئاق لەيلى، بابۇنە ۋە ئىكلىلمىلىك قاتارلىقلارنىڭ سۈيى بىلەن ھورلاندۇرۇش لازىم.

2. تورسىمان پەردىنىڭ توسالغۇسى   تورسىمان پەردىنىڭ يەنە بىر كېسەللىكى توسالغۇ بولۇپ، بۇ تورسىمان پەردىنىڭ قان تومۇرلىرىدا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شىشسىمان

ۋە قىروۋسمان سۇيۇقلۇقلارنىڭ غىزاسى توسۇلىدۇ.

قوشۇمچە تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ كېسەللىكنىڭ ماھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك خىيالى شۇكى، تورسىمان پەردىنىڭ قىزىل قان تومۇر تورى مەركىزى ياكى كۆك قان تومۇر مەركىزى ۋە ئۇلارنىڭ شاخچىلىرىدا توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. ئۇ تومۇرلاردىكى توسالغۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان:

(1) يۈرەك كىلاپانلىرى كېسەللىكلىرى؛
(2) قىزىل قان تومۇرلار قېتىش؛
(3) يات ماددا سەۋەبىدىن قىزىل قان تومۇرلاردا توسالغۇنىڭ پەيدا بولۇشى؛
(4) قاندىن بولغان تولۇپ قېلىش.

ئالامىتى كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان ۋە قۇرغاق بولىدۇ. ياش ئاز ئاقىدۇ، كۆزىدە قورۇلغاندەك ئاغرىق بولىدۇ، چۈنكى پەردىلەر يىغىلىپ قالغان بولىدۇ. كۆزى ئىچىگە ئولتۇرۇشىدۇ.

قوشۇمچە: بىر قانچە سائەت ئىچىدە كۆز تېگى سۇس سېرىق رەڭلىك، تۇپا رەڭلىك كۆرۈنىدۇ، قىزىل قان تومۇرلار ئىنتايىن ئىنچىكە بولىدۇ. كۆك قان تومۇرلاردىكى قان ئادەتتىكى مىقداردىن ئاز بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تۇيۇقسىز ئەمالىق ياكى كۆرۈش كۈچى ئاجىزلاش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، قورۇشنى يوقاتقۇچى ۋە توسالغۇنى ئاچقۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر توسالغۇ ئېچىلىپ، كۆزنىڭ قۇرۇقلۇق ھالىتى يوقىلىش بىلەن ساقىيىشقا باشلىسا، كۆزگە ھۆللۈكنى ئاشۇرىدىغان دورىلار تېمىتىلىدۇ. پۈتۈن بەدەن ئۈچۈنمۇ ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى چارىلەرنى قوللىنىش لازىم.

3. ۋەردىنەج ۋە يەنەئ بۇ تورسىمان پەردىنىڭ ئۈچىنچى كېسەللىكى بولۇپ، بالىلاردا ۋەردىنەج ۋە چوڭلاردا يەنەئ دېيىلىدۇ. بۇ بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ بىر چوڭ ئىششىقىدۇر. بۇ ئىششىق ھەددىدىن زىيادە چوڭىيىدۇ. ھەتتاكى بىمار كۆزىنى ئېچىشقا قادىر بولالمايدۇ. كۆز ئېقى چوڭىيىپ قارىسىنى توسۇۋالىدۇ. بەزىدە بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىششىق بىر قاپاقتا ياكى ئىككىلى قاپاقتا بولىدۇ. ئاخىرىدا بىمار كۆزىنى ئاچالمايدۇ.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى تورسىمان پەردىگە تۇتاشقۇچى قان تومۇرلارنىڭ بىرەرىنىڭ ئېغىزى ئوچۇق قالغانلىق بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ناھايىتى كۆپ قان ئاقىدۇ ھەمدە بۇ قان بىرىكتۈرگۈچى پەردە تەرەپ ياكى قاپاق تەرەپ ياكى ئىككىلا قاپاق تەرەپكە قۇيۇلۇپ ئىششىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ كېسەللىكنى بەزى كىشىلەر قاپاق كېسەللىكلىرىدىن ۋە بەزىسى

بىرىكتۈرگۈچى پەردە كېسەللىكلىرى قاتارىدىن سانايدۇ.

بۇ ماددا ئۈزۈمسىمان ۋە مۈڭگۈزسىمان پەردە تەرەپكە قويۇلمايدۇ. ئۇنداق بولمىسا كۆز ئېقى ئۇ ئىككىسىنى ئورالمايدۇ.

بەزىدە ۋەردىنەج بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ بىرەر ئىنچىكە تومۇرىنىڭ يېرىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرىكتۈرگۈچى پەردە تەرەپكە ماددا قويۇلۇپ، بۇ ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بەزىدە قاپاقنىڭ ئىنچىكە قىل قان تومۇرلىرىنىڭ يېرىلىشىدىن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قاپاقتا ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىغان ھالەتتە كۆزنىڭ ئېقىدا ئىششىق مەلۇم بولىدۇ. قاپاق ئىششىغاندا قاپاق كۆپۈشكەن ھەمدە سىرتقى تەرەپكە ئۆرۈلگەن بولىدۇ، ھەتتاكى بىمار كۆزلىرىنى يۇمۇپ - ئېچىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئىششىق چوڭ بولغاچقا كۆزنى كۆرگىلى بولمايدۇ ھەمدە قاپاق ئىچىدىن يېرىلىپ كۆپلەپ قان چىقىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەلدە ماددا ئۆتكۈر بولغان چاغدا قاپاقتا كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق چىقىدۇ.

ئومۇمەن، بۇ كېسەللىك بالىلارنىڭ بەدىنىدە ماددىلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردا پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بالىلارنىڭ مىزاجى ھۆل بولىدۇ، كۆپ يەيدۇ، ھەزىم قىلىشى بۇزۇلىدۇ، كۆزى ئاجىز بولىدۇ.

ۋەردىنەج پەقەت ئىسسىق ماددا، مەسىلەن: قان ياكى سەپرا ئارىلاشقان قاندىن پەيدا بولماستىن، بەلكى بەلغەمدىن بولغان ۋە سەۋدادىن بولغان ماددىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر مۇناسىپ بولسا قان ئېلىنىدۇ. ھېلىلە، تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىن قايناتىلمىسى بىلەن بىر قانچە قېتىم تاكى كۈچلەر ئاجىزلىمىغۇچە چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ. ماددىنى قايتۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچى شىياف ۋە زەرۇر كۆزگە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: زەرۇرى مەلىكايا، زەرۇرى ئەسفەر سىغىر، زەرۇرى ئەغبەر، شىيافى ئەھمەرلەيىن ۋە زەرۇرلارنىڭ تەركىبلىرىدىن تەييارلانغان شىيافلار ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن ئۈچ تۆت كۈنگىچە پەقەت سۈت تېمىتىلىدۇ، ئاندىن زەرۇرى مەلكايادىن تەييارلانغان شىياف سۈت ياكى ئىسپىغۇل لۇئابى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابىدا ئېرىتىپ تېمىتىلىدۇ. زەرۇرنى قاپاقتىن باشقا كۆز ئۈستىگە ھەرگىز سەپمەسلىك لازىم ھەمدە تۆۋەندىكى دورىلار زىمات قىلىنىدۇ: پىستىنىڭ سىرتقى پوستى، ئەدەس، رۇسۇت، ئانار مېۋىسى پورى، كاسىنە يوپۇرمىقى ياكى كاسىنە ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

4. كۆز ئالمىسىنىڭ ئاغرىقى ۋە كۆزنىڭ يېرىمى ئاغرىش تورسىمان پەردىنىڭ تۆتىنچى كېسەللىكى كۆز ئالمىسى ئاغرىقى ۋە كۆز يېرىمى ئاغرىش نامى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ

بىر تۈرلۈك ئاغرىقتۇر، بۇنىڭدا ئىنسان كۆزىنىڭ تېگىدە گويا بىر-بىر نەرسە سانجىلىۋاتقاندەك ياكى بېسىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا ئوخشاش بەزىدە ئاغرىق ھەر ۋاقىت ۋە بەزىدە مەلۇم خاس ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاغرىق بەزىدە تورسىمان پەردىلەرگە تۇتاشقان قان تومۇرلاردا پەيدا بولغان توسالغۇدىن پەيدا بولىدۇ (قىزىل قان تومۇر ۋە كۆك قان تومۇر مەركىزىدە پەيدا بولغان توسالغۇدىن پەيدا بولىدۇ).

داۋالاش   بۇنىڭ ئىلاجى ھەببى ئايارەج ئارقىلىق ماددا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ ھەمدە ئىككى چېكىگە زۇلۇك قۇرتى قويۇلىدۇ.

بەزىدە بۇ قاننىڭ ھارارىتىدىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش   سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا قان چىقىرىش لازىم.

بەزىدە قىزىل قان تومۇرلاردىكى كېرەكسىز ماددىلاردىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئاز قىسمى قان بىلەن قىزىل قان تومۇر شاخچىلىرىغا بارىدۇ. كۆپىنچە بۇ كېسەللىك (يەنى سۇدائى ھەدقە) بىلەن باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشمۇ پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش   بۇ كېسەللىك بىلەن باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشنىڭ ئىلاجى بىردۇر، يەنى قان ئېلىش ۋە ئىچىنى سۈرۈش ئارقىلىق ماددا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. چېكە ياكى قۇلاق كەينى قىزىل قان تومۇرلىرىدىن (بۇ قىزىل قان تومۇرلاردىن ماددىلار ئۆرلەۋاتقان بولسا، قىزىل قان تومۇرنى ئۈزۈش ئۇسۇلى بويىچە كېسىلىدۇ، بۇنىڭ تەپسىلاتى شەقىقدە سۆزلەنگەن) ماددىلار ئۆرلەۋاتقان بولىدۇ. بۇنى تونۇشتا بۇنىڭ زىيادە لوقۇلداۋاتقانلىقىغا قاراپ ماددىلارنىڭ ئۆرلەۋاتقانلىقى چۈشىنىلىدۇ. كېسىشنى كېچىكتۈرمەسلىك لازىم. چۈنكى كۆزگە ماددىلار بارغان ۋاقىتتا بەزىدە كۆزدە ماددىلارنىڭ تولۇپ قېلىشى بىلەن يېرىلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆرۈش تامامەن يوقىلىدۇ ۋە بەزىدە كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆز قارىچۇقى كېڭىيىپ كېتىش كېلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىقىلار باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش كېسەللىكىدە سۆزلىنىپ بولدى. بەزىدە تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇق دۇغلىشىدۇ. قىزىل قان تومۇرلارنىڭ شاخچىلىرىدىن بۇزۇلغان سۇيۇقلۇقلار تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇققا كېلىپ بىرلىشىدۇ. بۇ تەرەپكە يازغۇچى ئىشارەت قىلغانكى، بۇ كېسەللىكتىن كېيىن تۇخۇم ئېقىسمان ھۆللۈكنىڭ دۇغلىششى، كۆزگە سۇ چۈشۈش ۋە كۆز قارىچۇقى كېڭىيىپ كېتىش كېسىلى پەيدا بولىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتلەردىن ئاز ساندىكى بىمارلار ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن تومۇرنى تېز كېسىش زۆرۈر، يەنى بوشاڭلىق قىلماسلىق لازىمدۇر. قىزىل بۇغداش سۈيى، مامىسا ئۇسارىسى، رۇسۇت، تۇخۇم ئېقى ۋە ئانا سۈتى قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ ۋە بۇنىڭغا گۈل يېغى قوشۇپ كۆزگە تېمىتىش ۋە ئىككى چېكىگە چېكە چاپلىمىسى چاپلاش لازىم.

چېكە چاپلىمىسىنىڭ نۇسخىسى كاسنە ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى ھەربىرى يەتتە گرامدىن، مۇرمەككىدىن 3.5 گرام، رۇسۇتتىن 10.5 گرام، ئەپيۇندىن 1.5 گرام ئېلىپ ئېزىپ، ئىسپىغۇل لوئابىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى چېكە ئۇيمىنىغا چېپىلىدۇ ۋە قۇرۇتۇلىدۇ.

بەزىدە بۇ پەردىدە پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىز كۆرۈش كۈچى يوقىلىدۇ. بۇنىڭ ئىلاجى يوق.

تورسىمان پەردىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى

بۇ ئىششىق بەزىدە يۈزەكى بولىدۇ ۋە بەزىدە چوڭقۇر بولىدۇ. يۈزەكى ئىششىق بىر قىسمىدىكى كۆپۈشتۇر. بۇ تورسىمان پەردىنىڭ يۈزىدىكى قەۋەتلەردە پەيدا بولىدۇ. چوڭقۇر ئىششىق تورسىمان پەردىنىڭ چوڭقۇر قەۋەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ.

شۇنىڭدەك سەۋەب ئېتىبارى بىلەن بۇ ئىششىقنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈرلىرى بولىدۇ. مەسىلەن: قەنت سىيىش ۋە سىفلىستىن بولغان تورسىمان پەردە ئىششىقى قاتارلىقلار.

بۇ كېسەللىك بەزىدە بىرلەمچى يەنى ئىرسىيەتلىك، بەزىدە ئىككىلەمچى يەنى شېرىكىي بولىدۇ. ئاخىرقى ھالەتتە تۇتاش توقۇلمىلار ئىششىقى تورسىمان پەردىگىچە تەرەققىي قىلىدۇ.

ئەگەر كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ كىرىش ئورنى ئاشكارا ھالەتتە كېسەللەنگەن بولسا، بۇ كەيپىيات نېرۋىدىن بولغان تورسىمان پەردە ئىششىقى دەپ ئاتىلىدۇ. تورسىمان پەردە ئىششىقى بەزىدە بىر كۆزدە بولىدۇ، لېكىن كۆپرەك ئىككىلا كۆزدە بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ بەزىدە ئۆتكۈر ۋە بەزىدە سوزۇلما بولىدۇ. بۇ ھەپتىلەر ۋە ئايلارغىچە داۋاملىشىدۇ.

سەۋەبى بىرلەمچى ھالەتتە تورسىمان پەردە ئىششىقىنىڭ كۆرۈلۈشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئومۇمەن باشقا كېسەللىكلەرنىڭ شېرىكچىلىكى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: بۆرەك ئىششىقىدىن بولغىنى كۆپ كۆرۈلىدۇ، شۇڭلاشقا بۆرەك ئىششىقىنىڭ ھەرقايسى تۈرىدە تورسىمان پەردە ئىششىقى بولىدۇ، خۇسۇسەن بۇ ئىششىق ئىسكارلاتىنا ۋە ھامىلىدارلىقتا كۆرۈلىدۇ. بۆرەك ئىششىقى بىمارلىرىدىن 50% ~ 25% كىچە بولغىنىنىڭ تورسىمان پەردىسىگە بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتمەيدۇ.

شۇنىڭدەك قەنت سىيىش كېسىلى ۋە سىفلىستىمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئاۋۋالقى قىسمى ناھايىتى ئومۇملاشقاندۇر. بۇ ئىرسىيەتلىك ۋە ئىككىلەمچى تۈردىكى سىفلىستا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئىككىلەمچى سىفلىسنىڭ ئىككىنچى دەرىجىسىدە بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ. بۇ ئومۇمەن ئىككى كۆزنى كېسەللەندۈرىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن باشقا كېسەللىكلەر، مەسىلەن: قان تومۇر كېسەللىكلىرى، قان

زەھەرلىنىش، بالا ھەمراھىسىمان پەردە، كىرپىكسىمان تەنچە ۋە قوشنا توقۇلمىلارنىڭ ئىششىقمۇ بۇ پەردىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىششىق شەكىللىنىشكە سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھامىلدارلىق دەۋرىدىمۇ تورسىمان پەردە ئىششىقى پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى بىر قانچە ئالامەتلەر ھەممە تۇرلەرگە ئورتاق بولۇپ، ئاز - كۆپ تېپىلىدۇ، يەنى ئۇلار كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقىدۇر. بۇ تورسىمان پەردىدىكى ئىششىقنىڭ كەڭلىكى ۋە ئۆتكۈرلۈكى ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن ئومۇمەن ناھايىتى زىيادە ئاجىزلايدۇ. خۇسۇسەن كېچە ۋاقتىدا بۇ شىكايەت زىيادە ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭدىن نامازشام قارىغۇسى كېسىلى پەيدا بولىدۇ، كۆرۈش دائىرىسىمۇ ئۆزگىرىدۇ ھەم كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ پەرقلەندۈرۈش كۈچىمۇ ئۆزگىرىدۇ. پەرقلەندۈرۈش كۈچى بىلەن كۆرۈش كۈچى سىرتقى شەيئىلەرنىڭ شەكلى ۋە ئوخشاشلىقىنى پەرقلەندۈرىدۇ. مەسىلەن: كۆرۈش دائىرىسى كىچىكلەش. بۇنىڭدا نەرسىلەر ئادەتتىكىگە سېلىشتۇرغاندا كىچىك كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭدەك بەزىدە چوڭ كۆرۈش كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا نەرسىلەر ئادەتتىكىدىن چوڭ كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بەزىدە كۆرۈش بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نەرسىلەرنىڭ شەكىللىرى ئۆزگىرىپ قىيپاش، مايماق مەلۇم بولىدۇ، يەنى تۈز نەقىشلەر دولقۇنسىمان ۋە كۆپۈشكەن كۆرۈنىدۇ. كۆرۈشتە ئەزىيەت ۋە يېقىمسىزلىق چوقۇم بولىدۇ. لېكىن ئاغرىقنىڭ كۆرۈلۈشى ئاز ساندىلا بولىدۇ. ئەگەر ئىششىقنىڭ سەۋەبى بۆرەك ئىششىقى بولسا تىندۇرۇلغان سۈيدۈكتە تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنىڭدا يەرلىك ئورۇننى داۋالاش بىلەن مەنپەئەت كۆرۈلمەيدۇ.

ھامىلدارلىق دەۋرىدە تورسىمان پەردە ئىششىقى كۆرۈلىدۇ. بۇ ئومۇمەن ھامىلدارلىقنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا بولىدۇ ھەمدە كۆرۈش كۈچىدە بۇزۇلۇش بولمايدۇ. لېكىن ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا پەيدا بولغان بولسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

ئاقىۋىتى بەزىدە تامامەن ساغلاملىق ھاسىل بولىدۇ، يەنى تورسىمان پەردە ئىششىقى تامامەن يوقىلىپ، كۆرۈش كۈچى ئەسلىي ھالىتىگە قايتىدۇ. لېكىن بەزىدە تورسىمان پەردىدە كۆرۈش ناھايىتى ئاجىزلايدىغان ياكى قەتئىي يوقىلىدىغان ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: تورسىمان پەردىنىڭ يىگىلىشى. بۇنىڭ سەۋەبىدىن بالا ھەمراھىسىمان پەردىنىڭ تومۇرلىرى ئاشكارا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

داۋالاش يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالىنىدۇ، يەنى كۆزگە تولۇق ئارام بېرىلىدۇ، كۆزنى يورۇقلۇقتىن قاچۇرۇش لازىم. كۆزنى يورۇقلۇقتىن قاچۇرۇشتا كۆزگە كۆزەينەك تاقاش ياكى قاراڭغۇ ئۆيدە ئارام ئالدۇرۇش ۋە لۇفاھ جەۋھىرىنى كۆزگە تېمىتىش لازىم.

ئىچكى تەرەپتىن داۋالاش ئاز مىقداردا سىماب ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم. بۇنىڭغا

ئاساسەن تەرلەتكۈچىلەر ۋە بەزى ئۆتكۈر مۇسھىللارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بىرەر باشقا كېسەللىكنىڭ شىرىكچىلىكىدىن تورسىمان پەردە ئىششىقى كۆرۈلگەن بولسا، ئەسلىي كېسەللىكنىڭ ئىلاجى تەرەپكە يۈزلىنىش زۆرۈردۇر.

شىشسىمان سۇيۇقلۇق كېسەللىكلىرى

شىشسىمان سۇيۇقلۇق سۈزۈك، قويۇق، ئاق، ئېرىگەن شىشىگە ئوخشاشتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامى شىشسىمان سۇيۇقلۇق دەپ قويۇلغاندۇر. شىشسىمان سۇيۇقلۇق قىرۋۇسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ئارقا يېرىم بۆلىكى ئۈستىنى چوڭ دائىرىدە قورشاپ تۇرىدۇ. چوڭ دائىرە توپقا ئوخشاش يۇملاق جىسىمنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ دائىرىسى ھەممە دائىرىلەردىن چوڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شىشسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ مىقدارى بارلىق سۇيۇقلۇقلارنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇقتۇر. كۆز بوشلۇقىنىڭ بەشتىن تۆتى بۇنىڭ بىلەن تولۇپ تۇرىدۇ. بۇ تاكى تورسىمان پەردە ئۈستىگە نەرسىلەرنىڭ ئەكسى ياخشى چۈشكۈچە قىرۋۇسىمان سۇيۇقلۇق ۋە تورسىمان پەردە ئارىسىدا مۇناسىپ ئارىلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ سۇيۇقلۇق تورسىمان پەردىنىڭ ئىچىدىكى بىر نازۇك پەردە بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ، بۇ بىر سۈزۈك ۋە چاپلاشقاق سۇيۇقلۇقتۇر. بۇ بەزى سۈپەتلەردە تۇخۇم ئېقى بىلەن بىرئاز ئوخشاشتۇر. بۇ سۇيۇقلۇقنىڭ پەردىسى بۇنىڭ سىرتقى يۈزى ئۈستىنى قورشىغان بولىدۇ ۋە بۇ پەردە قىرۋۇسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ پەردىسى گىرۋەكلىرى ئەتراپىغا تۇتىشىدۇ. ھامىلە ھالىتىدە شىشسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىنچىكە كانالچە بولۇپ، بۇنىڭدا بىر قىزىل قان تومۇر بولىدۇ. بۇ قىرۋۇسىمان سۇيۇقلۇق پەردىسىنىڭ ئارقا يۈزىگىچە تارقايدۇ. لېكىن بالاغەتكە يەتكەندە، بۇ قىزىل قان تومۇر يوقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئەتراپىدىكى توقۇلمىلار، بالا ھەمراھسىمان پەردە، كىرپىكسىمان تەنچە ۋە تورسىمان پەردىدىن بولىدۇ (ت).

شىشسىمان سۇيۇقلۇق كېسەللىكلىرى داۋالاش ئېتىبارى بىلەن بارلىق كۆز كېسەللىكلىرىدىن قىيىندۇر.

بۇ سۇيۇقلۇقتا ئىككى خىل كېسەللىك مەخسۇس ھالەتتە پەيدا بولىدۇ.

بىرىنچى كېسەللىك — غىزانىڭ بولماسلىقى

سەۋەبى بىرىنچى، غىزا ئېلىپ كەلگۈچى تومۇرلارنىڭ غىزا (قان) دىن خالىي بولغانلىقى بولىدۇ. ئۇ قان تومۇرلارنىڭ خالىي بولۇش سەۋەبى ياكى ئومۇمىي بەدەندىكى ئۆتكۈر تازىلاشتىن

ياكى خاس باشنى تازىلاشتىن ياكى ئىستىفراغ قىلماسلىقتىنمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: روزا تۇتۇش ۋە غىزانى توختىتىش سەۋەبىدىن غىزانىڭ ھۆللۈك ماددىسى (بۇنىڭدىن غىزا ھۆللۈكى تەييار بولىدۇ) توسۇلۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن شېشىسىمان سۇيۇقلۇقتا قۇرۇقلۇق ئاشىدۇ. ئىككىنچى، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئۇزۇقلاندۇرغۇچى قان تومۇردا توسالغۇ پەيدا بولۇپ، بۇ ئۇزۇقلۇق يېتىپ بارالمىغانلىقتىن بولىدۇ.

ئالامىتى بىمار كۆزىنى ئايلاندۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ ھەمدە گوياكى كۆزىگە تىكەن ياكى قۇم كىرىپ كەتكەندەك ئاغرىق مەلۇم بولىدۇ. ئاپتاپتا كۆزىنى ئاچالمايدۇ، كۆزى ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ، ياش ئاقمايدۇ. ئەگەر بۇ توسالغۇدىن بولغان بولسا تەرتىپسىزلىك بىلەن بەزى - بەزىدە ياش چىقىپ تۇرىدۇ. بەزىدە قۇلىقىدىن يىرىڭغا ئوخشاش نەرسە چىقىدۇ ياكى بىمار ئېغىزىغا بىرەر تەمسىز نەرسە كەلگەندەك ھېس قىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك قان تومۇرلارنىڭ خالىي بولۇشىدىن پەيدا بولغان بولسا، كۆزدە قۇرۇقلۇق ۋە ئولتۇرۇشۇپ كېتىش بولىدۇ ھەمدە يۇقىرىقى ئالامەتلەردىن بىرەرسىمۇ بولمايدۇ، يەنى ياش ئاقمايدۇ. قۇلاقلىرىدىن يىرىڭغا ئوخشاش ھۆللۈك ئاقمايدۇ ھەمدە ئېغىزىغا بىرەر نەرسە كەلمەيدۇ.

داۋالاش ئەگەر بۇ كېسەللىك توسالغۇدىن بولغان بولسا، مۇسھىللىق ۋە توسالغۇ ئېچىش خۇسۇسىيىتى بولغان قايىنىتىلما ئىچكۈزۈلىدۇ، قايىنىتىلما توسالغۇ ماددىسىغا مۇۋاپىق بولسۇن. مەسىلەن: ئەگەر ماددا سوغۇق بولسا، بەديان، ئىزخىر يىلتىزى، ئەفسەنتىن، سېرىق ئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ قايىنىتىلمىسى شەربىتى دىنارغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ماددا ئىسسىق (بۇ ئاز ساندىلا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ) بولسا، كاسىنە ئۇرۇقى، شۇمشا، تازىلانغان ئىتئۈزۈمى ۋە شاھتەررە قاتارلىقلارنىڭ قايىنىتىلمىسى سىركەنجىۋىل ساددىگە قوشۇپ بېرىلىدۇ. كۆزىگە ھەمىشباھار يوپۇرمىقى، ئاق لەيلى يوپۇرمىقىغا تۇخۇم ئېقى ۋە بىنەپشە يېغى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ ھەمدە شىيافى ئەبيەز ئانا سۈتى بىلەن سۈرمە شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. بىنەپشە يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. بۇ بارلىق چارىلەر ھۆللۈك پەيدا قىلىش مەقسىتىدە قىلىنىدۇ. ئەگەر قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن قان تومۇرلاردا ئۇزۇقلۇق تۇرالمىسا، باش سۈت بىلەن يۇيۇلىدۇ، بىنەپشە يېغى سۈركىلىدۇ. سىڭىشلىك غىزالارنى ياخشى يېگۈزۈش لازىم.

ئىككىنچى كېسەللىك — جوھۇز (كۆز ئالمىسىنىڭ سىرتقا پۇلتىيىپ چىقىشى):

بۇ سۇيۇقلۇقنىڭ ئىككىنچى مەخسۇس كېسەللىكى بولۇپ، ئىششىقسىز كۆزنىڭ سىرتقا پۇلتىيىپ چىقىشىدۇر. بىمار كۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى سۇسلىشىپ قالغاندەك ھەمدە كۆزى ئىچكى تەرەپتىن سىرتقى تەرەپكە ئىتتىرىلىۋاتقاندەك ھېس بولىدۇ.

سەۋەبى بىرىنچى، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى غىزا ئېلىپ كەلگۈچى قان تومۇرلارنىڭ

كېڭىيىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. بۇ، گال بوغۇلۇش، ئاچچىقلىنىش، توۋلاش، قۇسۇش، قاتتىق تولغاق ئاغرىقى ۋە نەپەس ئېلىشنى توختىتىپ قويىدىغان ھالەتلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شىشىسىمان سۇيۇقلۇقنى ھۆللەشتۈرىدىغان غىزالارنى قان تومۇرلار زۆرۈرىيەتتىن زىيادە بۇ تەرەپكە ئېلىپ كېلىدۇ ۋە كۆز ئالمىسى چوڭىيىپ، ئۆز ئورنىدىن سىرتقى تەرەپكە پۈلتىيىدۇ.

ئالامىتى   ياش ئاقىدۇ، ئۇنىڭدا بىرقەدەر قويۇقلۇق ۋە چاپلاشقاقلىق بولىدۇ.

ئىككىنچى، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى غىزانىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن بۇ سۇيۇقلۇق ئەتراپىدىكى پەردىلەرنىڭ قېلىنلىغانلىقى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئاياللاردا ھامىلدارلىق ۋە باشقا ھالەتلەردە ھەيز قېنى توختاپ قېلىش سەۋەبىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاخىرقى تۈردە بىرەر ئۆتكۈر كېسەللىك بولمايدۇ ھەمدە بۇ ئاز قىسىم ئەھۋالدا شىشىسىمان سۇيۇقلۇق كېسەللىكلىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ.

داۋالاش   قان ئېلىنىدۇ، ھىجامەت قويۇلىدۇ، مۇسھىل دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە ئۆتكۈر ھوقنە ئىشلىتىپ بەدەن ۋە باش تازىلىنىدۇ. كۆزگە ياش ئاققۇزغۇچى دورىلار تارتىلىدۇ. مەسىلەن: ھېلىلە، مۇرچ ۋە بۇ تۈردىكى باشقا دورىلار، مەسىلەن: پىياز سۈيى، بەدىيان سۈيى، كەرەپشە سۈيى ھەمدە سۇماق شامچىسى قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ. بۇ چارىلەر بىلەن غىزانىمۇ كېمەيتىپ بېرىش لازىم.

قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق كېسەللىكلىرى

قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق كۆز سۇيۇقلۇقلىرى ئىچىدە ئوتتۇرىدىكى سۇيۇقلۇقتۇر. بۇنىڭ نامى قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق دەپ قويۇلۇشى بۇ سۇيۇقلۇق قىروۋغا ئوخشاش ئۇيۇغان ۋە سۈزۈك بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. بۇنىڭ بەردىيە، ئەدەسىيە (قىروۋغا ئوخشاش) دەپ ئاتىلىشىمۇ بۇ سۇيۇقلۇقنىڭ يۇمىلاق (يېسىمۇققا ئوخشاش) بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بۇ بىر ناھايىتى سۈزۈك سۇيۇقلۇقتۇر. بۇ ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردە بىلەن ئورىلىدۇ. بۇ پەردە ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۇيۇقلۇقنىڭ ئىككى يۈزى يېسىمۇق دانچىسىغا ئوخشاش پۈلتايغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئارقا يۈزى ئالدىغا سېلىشتۇرغاندا زىيادە پۈلتايغان بولىدۇ.

بۇ سۇيۇقلۇق شىشىسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ئالدى، ئۈزۈمسىمان تۆشۈكنىڭ كەينى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى ئاسقۇچى تارمۇشلار ۋاستىسى ئارقىلىق (بۇ ئەسلىي ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردىنىڭ تەركىبىدۇر) ئۆز جايىدا تۇرىدۇ.

قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق شېرىكىي كېسەللىكلىرى   بۇ سۇيۇقلۇقنىڭ شېرىكىي

كېسەللىكلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، خاس كېسەللىكى پەقەت بىرلا بولىدۇ. شىرىكىي كېسەللىكلەر تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى تۈرى قىرروۋسىمان سۈيۈقلۇق چىققى. بۇ قىرروۋسىمان سۈيۈقلۇق ئورنىدا كۆرۈلىدىغان كېسەللىكتۇر (بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئورنىدىن قوزغىلىدۇ). بۇنىڭ يەنە ئالتە خىل ھالىتى بولىدۇ. چۈنكى بۇ سۈيۈقلۇق ياكى ئارقىسىغا ياكى ئالدىغا ياكى ئوڭغا ياكى سولغا ياكى ئۈستىگە ياكى ئاستىغا يۆتكىلىدۇ.

بىرىنچى خىل ھالەتنىڭ مىسالى، بۇ سۈيۈقلۇقنىڭ ئىچىگە يۆتكىلىشى شېشىسىمان سۈيۈقلۇق كەم بولغان ئەھۋالدا بولىدۇ، بۇ سۆزلىنىپ بولدى. ياكى تورسىمان پەردە توسالغۇسىدىن غىزانىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇنىڭ بايانىمۇ تورسىمان پەردە كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلىنىپ بولدى. يەنە بىر خىل ھالەتنىڭ مىسالى، بۇ سۈيۈقلۇقنىڭ سىرتىغا يۆتكىلىشىدۇر. بۇ شېشىسىمان سۈيۈقلۇقنىڭ ھۆللىشىپ كەتكەن ھالىتىدە بولىدۇ. بۇنىڭ بايانى سۆزلىنىپ بولدى ياكى ئۇنىڭ مۇسكۇللىرىنىڭ بوششىپ كەتكەن ھالىتىدە بولىدۇ. بۇ سۈيۈقلۇق رايونى ۋە تارىمۇشلارنى قوغدايدۇ. بۇنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئىسترخا كېسەللىكىنىڭ ئىلاجى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئېھتىمال ئۇ مۇسكۇللاردىن كىرپىكسىمان مۇسكۇل تالالىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قالغان تۆت ھالەتنىڭ مىسالى، مەسىلەن: بۇ سۈيۈقلۇق ئۆز جايىدىن ئوڭ تەرەپكە ياكى سول تەرەپكە، ئۈستى تەرەپكە، ياكى ئاستى تەرەپكە يۆتكىلىدۇ.

ئەگەر ئىككىلا تەرەپنىڭ سۈيۈقلۇقلىرى ئىككى تەرەپكە يۆتكەلسە، مەسىلەن: بىرى ئۈستى ياكى ئاستى، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئەكس تەرەپكە يۆتكەلگەن ياكى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھالىتىدە تۇرغان بولسا، بۇ سەۋەبتىن بىر نەرسە ئىككى كۆرۈنىدۇ. بۇ ئالىغايلىق دېيىلىدۇ. بۇنىڭ بايانى داۋالاش بىلەن كېيىن ئايرىم سۆزلىنىدۇ.

قوشۇمچە

قىرروۋسىمان سۈيۈقلۇق چىققى: قىرروۋسىمان سۈيۈقلۇق بەزىدە تولۇق ۋە بەزىدە تولۇق بولمىغان ھالەتتە ئۆز ئورنىدىن مەلۇم بىر تەرەپكە يۆتكىلىدۇ. تولۇق بولمىغان ھالەتتە بۇ سۈيۈقلۇقنىڭ مەلۇم ئەتراپى مەلۇم بىر تەرەپكە ئېگىلىپ، بۇ تەرەپ ئۆز ئالدىدىكى ئۈزۈمسىمان تۆشۈكنى يۆگەيدۇ. تولۇق چىققىنا ئالدى تەرەپكە يۆتكەلگەن بولسا، قىرروۋسىمان سۈيۈقلۇق كۆز قارىچۇقى يولىدىن چىقىپ ئالدىنقى بوشلۇققا بارىدۇ. بۇ ھالەت خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۈزۈمسىمان تۆشۈكتە ئۆتكۈر تارىيىش بولغان ۋاقىتتا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۈڭگۈز پەردە ۋە ئۈزۈمسىمان پەردە تۇتاشقان ئورۇندا دائىرە ھالىتىدە كۆپلىگەن قىسمى توسالغان ئۆتكۈر بۇلۇڭ ياسايدۇ. بۇنىڭدىن ئىككىلەمچى ھالەتتە كۆزگە يېشىل سۇ چۈشۈش پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە كۆزگە زەربە تېگىشتىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ ھەمدە قاتتىق پەردە يېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىروۋسىمان پەردە ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپ بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ ئاستىغا بارىدۇ. بۇنى تونۇشتا بىرەر قىيىنچىلىق پەيدا بولمايدۇ.

ئەگەر قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق ئارقا تەرەپكە يۆتكەلگەن بولسا، شېشىسىمان سۇيۇقلۇق ئىچىگە پاتىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك تۇغما ۋە ناتۇغما دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق ئۆز ئورنىدىن ئاسقۇچى تارىمۇشتا مەلۇم خىل ئاپەت پەيدا بولغان ۋاقىتتا يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ يېرىلىشى، جىسمىدىكى تارتىشىش ياكى ئۇنىڭ سۇيۇقلۇقىنىڭ كەم بولۇشى قاتارلىقلار.

تۇغما تۈرى دەسلەپتە قىسمەن بولىدۇ. بۇ ئومۇمەن ئۈستى تەرەپتە كۆرۈلىدۇ. ئاندىن تولۇق چىقىقتا ئۆزگىرىدۇ. ناتۇغما تۈرى زەربە تېگىش، بالا ھەمراھسىمان پەردە ئىششىقى، ئۆتكۈر يىراقنى كۆرەلمەسلىك ۋە كونىرىغان كۆزگە سۇ چۈشۈش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى كۆرۈش كۈچىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ. تەھدىق ئۆزگىرىپ، ئالىغايلىق پەيدا بولىدۇ. يۇقىرىقى ئالامەتلەر تولۇق بولۇش ۋە تولۇق بولماسلىق ئېتىبارى بىلەن ھەر خىل بولىدۇ. بۇ كېسەلدە كۆپىنچە خەتەرلىك، مۇرەككەپ ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش تولۇق بولمىغان چىقىقتا ئەگەر غىدىقلىنىش ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولمىسا، مۇناسىپ ئەينەك تاللاپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئومۇمەن زىيادە كۈچ پۇلتايغان قىروۋسىمان سۇيۇقلۇققا سەرپ قىلىنىدۇ، تاكى تەھدىق نورماللاشقۇچە.

باشقا ئەھۋاللاردا دەستىكار قىلىشتىن باشقا چارە يوقتۇر.

ئىككىنچى تۈرى بۇ كېسەللىك قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كەيپىياتى ئۆزگەرگەن ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ شەكلى ئۈچ خىل بولىدۇ:

(1) قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ رەڭگى خىلتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا قىزىل، ئاق، سېرىق ياكى قارا رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭدىن ھەربىر نەرسە شۇ رەڭدە كۆرۈنىدۇ.

(2) شېشىسىمان سۇيۇقلۇققا مۇناسىۋەتلىك قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقتا ھۆللۈك ياكى قۇرۇقلۇقنىڭ غالىب بولۇشى: بۇنىڭ بايانى سۆزلىنىپ بولدى.

(3) قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ قۇرغاقلىششى: بۇنىڭ بىلەن كۆرۈش كۈچى ئاجىزلايدۇ. قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ قۇرغاقلىششى مەلۇم بىرەر كۆيۈشتۈرگۈچى ۋە قۇرغاق خىلتتىن بولىدۇ.

ئالامىتى بىمار كۆزنى ئايلاندۇرغان ۋاقىتتا كۆز ئالمىسىدا ناھايىتى يىرىكلىك ھېس قىلىدۇ.

داۋالاش   باشنى كېسەللىك ماددىسىدىن تازىلاش ئۈچۈن ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئەفسەنتىن، قىزىلگۈل، مەستىكى ۋە سەبرە قاتارلىقلار. مۆتىدىل تەبىئەتلىك غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. بىنەپشە يېغى، ئانا سۈتى ھەممە تۇخۇم ئېقى تېمىتىلىدۇ. پاختا شارچىسىنى گۈل يېغى ۋە گۈلابتا ھۆللەپ كۆزگە قويۇلىدۇ.

ئۈچىنچى تۈرى (بىسىلىش)   بۇ، قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ بىسىلىشى بولۇپ، ئەتراپتىكى ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا يازغۇچى   ئۇ، شېرىكنى كېسەللىكلەردىن بولۇپ، بىسىلىش (زەغتە) نامى بىلەن مەشھۇردۇر دەپ ئىشارەت قىلغان. يەنى بۇ، بىماردا كۆزى ھەقىقەتەن بىسىلغاندەك ئاغرىق سېزىلىدىغان ھالەتتۇر.

سەۋەبى   ھەمالىق ئىچىدە ئىششىق بولىدۇ. ھەمالىق ھەملاقنىڭ كۆپلۈكىدۇر. ھەملاق قاپاقنىڭ ئىچكى يۈزىگە ئېيتىلىدۇ. كۆز پەردىلىرىنىڭ ئىچىدە ئىششىق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ئورنى تارىيىدۇ، گويا ھەر تەرەپتىن ياكى بىرەر خاس تەرەپتىن بىسىلغاندەك ئۇنىڭ تەركىبلىرى چاپلىشىپ ئۆزئارا بىرلىشىدۇ. بۇنىڭدىن بىسىم سېزىمى بولىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ. كۆزنى ئايلاندۇرالمايدۇ، كۆزى چاپاقلىشىدۇ ھەممە ياش ئاقىدۇ.

داۋالاش   ئىششىقنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم. بۇ، يېقىندا كۆز ئاغرىقىدا سۆزلىنىدۇ.

پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش   بەزىدە قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقتا بىرەر ئۆتكۈر ماددىدىن پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ (نەفىيس).

تۆتىنچى تۈرى   قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كەملىكى، يەنى مىقدارىدىكى ئۆزگىرىشتىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكتۇر (بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مىقدارى ئۆزگىرىدۇ). ئۇنىڭ ئىككى ھالىتى بولىدۇ:

(1) تەبىئىي مىقداردىن ئېشىپ كېتىدۇ؛
(2) تەبىئىي مىقداردىن ئازىيىپ كېتىدۇ.

خاس كېسەللىكى   بۇ، قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ قۇرغاقلىششىدۇر. بۇ سەۋەبتىن قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق ئەسلىي ھالىتىدىن زىيادە قۇرۇقلىشىپ دۇغلىشىدۇ.

قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ دۇغلىششى① دىن نەرسىلەرنىڭ ئەكسى بولغان يورۇقلۇق كۆرۈش نېرۋىسىغىچە يېتىپ بارالمايدۇ ۋە كۆرۈش نۇرىمۇ دۇغلىشىدۇ، خۇددى ئەينەك دۇغ بولغان ھالەتتە نەرسىلەرنىڭ ئەكسى چۈشمىگىنىدەك.

---

① قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ دۇغلىششىنىڭ نامى كۆزگە سۇ چۈشۈش دەپ قويۇلغان «ت».

سەۋەبى (1) بۇنىڭ سەۋەبى روزا تۇتۇش، ئاچ قورساق يۈرۈش ۋە ئىستىفراغنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن قۇرۇقلۇق پەيدا بولغانلىقىدۇر.

داۋالاش پۈتۈن بەدەننىڭ مىزاجىدا سۇيۇقلۇق پەيدا قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا يەپ - ئىچىدىغان نەرسىلەر سېخىيلىق بىلەن بېرىلىدۇ. ئۇۋۇلىنىدۇ، هاماماغا چۈشۈرۈلىدۇ. هەرىكەت ۋە ئەمگەك ۋە جىنسىي ئالاقە قاتارلىق تارقاتقۇچى ئىشلارنى قىلماسلىق، ئاچ يۈرمەسلىك لازىم.

(2) بۇنىڭ سەۋەبى پەقەت كۆزنىڭ (پۈتۈن بەدەننىڭ ئەمەس) قۇرۇقلۇقى بولىدۇ. بۇ، ياز پەسلى ۋە قاتتىق ئاپتاپتا سەپەر قىلىش ۋە چاڭ - توزانغا ئۇچراشتىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش مېڭىدە سۇيۇقلۇق پەيدا قىلىنىدۇ ۋە خاس كۆزگىمۇ سۇيۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ. بۇرۇنغا دورا تېمىتىلىدۇ. كۆزگە يۇمشاق ۋە يەڭگىل دورىلار قويۇلىدۇ، مەسىلەن: لۇئابلار. سۈتكە چىلانغان دورىلار پۈركىتىلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە ۋە نىلۇپەرنى سۈتكە چىلاپ پۈركىتىلىدۇ. هەمدە باشقا چارىلەر قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن: ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، سۇيۇق چېپىلمىلار ۋە ياغلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردە كېسەللىكلىرى

ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردە ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە نازۇكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ نامى ئۆمۈچۈك تورىسىمان دەپ قويۇلغاندۇر. بۇ، تورىسىمان پەردىنىڭ تالالىرىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا بالا هەمراهسىمان پەردىنىڭ ئازراق ئىنچىكە تالالىرىمۇ تېپىلىدۇ. بۇ پەردە قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇق ۋە تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ئارىلىقىنى توسۇپ تۇرىدۇ.

بۇ پەردىنىڭ نېپىز بولۇپ شەكىللىنىشى تاكى نەرسىلەرنىڭ ئەكسى بولغان يورۇقلۇقنى قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇققىچە بېرىشتىن توختاتماسلىق ئۈچۈندۇر.

بۇ بىر نازۇك، ئىنتايىن سۈزۈك پەردە بولۇپ، بۇ قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇق ئۈچۈن غىلاپ ياسايدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقى يۈزى كەينى يۈزىگە سېلىشتۇرغاندا زىيادە قېلىن بولىدۇ. بۇ پەردە ئىنتايىن ئېلاستىكتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئەگەر يېرىلسا گىرۋەكلىرى ئىچكى تەرەپكە قايتىدۇ. بۇ ئۆز جايىدا ئاسقۇچى تارمۇشلار ئارقىلىق تۇرىدۇ.

ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردە كېسەللىكلىرى روشەنكى، باشقا ئەزالاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردىدىمۇ كۆرۈلۈش ئىمكانىيىتى بولىدۇ، مەسىلەن: ئىششىق، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش، تەشەننۇج، ئىسترخا، دۇغلىشىش قاتارلىقلار. كېسەلگە ماس

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدىغانلىقىمۇ ئاشكارىدۇر، مەسىلەن: ئەگەر بۇ پەردە دۇغلاشقان بولسا كۆرۈشتە نورمالسىزلىق پەيدا بولىدۇ. لېكىن بۇ پەردە قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق ئۈستىنى ئورايدۇ. يەنى گويا ئۇنىڭ بىر تەركىبىدۇر. بۇ پەردىدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرى قىروۋسىمان پەردە كېسەللىكلىرى بىلەن ئاسانلا ئارىلىشىپ قالىدۇ، مەسىلەن: ئەگەر بۇ پەردە دۇغلاشقان بولسا، قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ دۇغلىشىشىدىن پەيدا بولغاندەك كۆرۈشتە نورمالسىزلىق پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن كۆزگە سۇ چۈشۈش توغرىسىدا ئوچۇق ھالدا ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردىنىڭ دۇغلىشىشىمۇ ئەسلىدە كۆزگە سۇ چۈشۈشتۇر، دەپ ئېيتىلغان. بۇ سەۋەبتىن ئۆمۈچۈك تورىسىمان پەردە كېسەللىكلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش ئەمەلىيەتتە ئازراقمۇ زىيادە مەنپەئەتى بولمىغان پايدىسىز ئىشتۇر (ت).

تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇق كېسەللىكلىرى

تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇق تۇخۇم ئېقى بىلەن رەڭگى، سۈزۈكلۈكى ۋە قىيامىدا ئوخشاشلىقى بولغان سۇيۇقلۇقتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامى تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇق دەپ قويۇلغان. بۇ قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ئالدىدىغا ئۆتكۈر يورۇقلۇقلارنىڭ بىراقلا قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق ئۈستىگە چۈشۈشىدىن توسۇش ھەمدە ئۆتكۈر يورۇقلۇقلارنى قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق ئۈستىگە تەدرىجىي چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق ۋە ئۈزۈمسىمان پەردە ئارىسىدا توسۇق بولۇش ئۈچۈنمۇ پايدىسى بار. بۇ سەۋەبلىك قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق بۇ پەردىنىڭ قاتتىقلىقى ۋە يىرىكلىكىدىن ئەزىيەتكە ئۇچرىمايدۇ (ھەم تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇق مۈڭگۈزسىمان پەردىنى ئېگىز ۋە پۇلتايغان قىلىدۇ، شۇنداقلا مۈڭگۈزسىمان پەردىنى ئۈزۈمسىمان پەردىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ (ت)).

تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ئۈچ خىل كېسەللىكى بولىدۇ.

① ئۇنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى؛ ② ئۇنىڭ كېمىيىپ كېتىشى؛ ③ ئۇنىڭ دۇغلىشىشى ۋە قويۇقلىشىشى.

تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى بىلەن مۈڭگۈزسىمان پەردە زىيادە كۆپۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، كۆرۈش كۈچىدە بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا پېتىنقى ئەينەكنى كۆز ئالدىغا قويۇش ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كېمىيىشىدىن بۇ نورمالسىزلىق پەيدا بولىدۇكى، ئەگەر بۇ سۇيۇقلۇق ناھايىتى كېمىيىپ كەتكەن بولسا كۆرۈش كۈچى ئاجىزلايدۇ، ھەتتا يوقىلىدۇ.

بۇنىڭ قويۇقلىشىشى ۋە دۇغلىشىشىدىن تۆۋەندىكىدەك زەرەر يېتىدۇ: ئەگەر بۇنىڭدا دۇغلىشىش ئادەتتىكىدەك بولسا، يىراقتىكى نەرسىلەرنى كۆرەلمەيدۇ ھەمدە يېقىندىكى نەرسىلەرنىمۇ ياخشى كۆرەلمەيدۇ. ئەگەر زىيادە دۇغلىشىپ كەتكەن بولسا ھەمدە دۇغلىشىش بارلىق سۇيۇقلۇقلاردا بولغان بولسا، كۆرۈش كۈچى تامامەن يوقىلىدۇ. ئەگەر دۇغلىشىش پۈتۈن سۇيۇقلۇقلاردا بولماي، بەلكى ئۇنىڭ بەزى بۆلەكلىرىدە بولسا، بۇنىڭ بىر قانچە ھالىتى بولىدۇ.

1. ئەگەر بۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تەركىبلەردە، يەنى كۆز قارىچۇقى ئەتراپىدا ۋە ئۇنىڭغا باراۋەر ئورۇندا بولسىمۇ كۆرۈش كۈچى يوقىلىدۇ. بۇنىڭ كېسەللىك ھالىتى كۆزگە سۇ چۈشۈش كېسىلى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇنى كۆزگە سۇ چۈشۈش، دەپ ئاتايدۇ.

2. ئەگەر بۇ دۇغلىشىش كۆز قارىچۇقىدىن كىچىك بولسا ھەمدە ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى ئوچۇق تۇرغان بولسا، ھەربىر جىسىمدا بىر تۆشۈك كۆرۈنىدۇ.

3. ئەگەر دۇغلىشىش ئوتتۇرىسىدا بولماي، تۆت ئەتراپىدا بولسا، بىراقلا نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى كۆرۈش مۇمكىن بولمايدۇ. بەلكى ھەربىر نەرسىنى ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشكە زۆرۈرىيەت چۈشىدۇ. چۈنكى بۇ تۈردىكى دۇغلىشىشتىن كۆز قارىچۇقى، يەنى جىسىمنىڭ ئەكسىنىڭ چۈشۈش يولى تارىيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنىڭ ئەكسىنى بىراقلا يەتكۈزەلمەيدۇ.

4. ئەگەر بۇ دۇغلىشىش بىر جايدا بولماي، ھەر خىل ئورۇندا بولسا، ئۇ دۇغلاشقان تەركىبلەرنىڭ شەكىللىرى سىرتتىن ئېنىقلانغان شەكىللەردەك بولىدۇ، مەسىلەن: ھەرە، چاچ، چىۋىن قاتارلىقلارغا ئوخشاش نەرسىلەر خۇددى كۆزگە سۇ چۈشكەن بىمارلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەندەك كۆرۈنىدۇ.

پەرقى: بىرىنچى پەرقى، پەقەت كۆزگە سۇ چۈشۈشتە ئوخشاشمىغان رەڭلەر بولىدۇ ھەمدە بۇ ھەمىشە ئاق تۇرىدۇ. ئىككىنچى پەرقى، بۇ شەكىللەر تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كۆرۈلىدۇ ۋە ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋاملىشىدۇ، لېكىن كۆرۈش كۈچىدە بىرەر چوڭ ئاپەت پەيدا بولمايدۇ، بەلكى بىر خىل ھالەتتە تۇرىدۇ. كۆزگە سۇ چۈشۈشتە كۆرۈش كۈچى تەدرىجىي كېمىيىپ ۋە دۇغلىشىپ ماڭىدۇ، ھەتتا كۆزگە سۇ چۈشۈش شەكىللىنىدۇ.

ئۈزۈمسىمان پەردە كېسەللىكلىرى

ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ تەشرىھى ئۈزۈمسىمان پەردە بىر قېلىن پەردىدۇر، بۇنىڭ سىرتقى قىسمى قاتتىقتۇر. چۈنكى بۇ پەردە مۈڭگۈزسىمان پەردىگە ئوخشاش قاتتىق پەردە

بىلەن (ئۆز گىرۋەكلىرىگە يېقىن) تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئىچكى تەرىپى بۇلۇتسىمان بولۇپ، گۆشكە ئوخشاش يۇمشاقتۇر. بۇنىڭدا تارىمۇشلار ۋە يىرىكلىك بولىدۇ.

بۇ پەردىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ئۇدۇلىدا بىر تۆشۈك بولىدۇ. بۇ يولدىن يورۇقلۇق ئۆتىدۇ. چۈنكى بۇ تۆشۈك ئۈزۈمنى سىپىدىن ئاجراتقان ۋاقىتتا پەيدا بولىدىغان تۆشۈك بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۆشۈكنىڭ نامى ئۈزۈمسىمان تۆشۈك دەپ قويۇلغاندۇر.

ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ ئالدىنقى يۈزىنىڭ رەڭگى ئوخشاشمىغان مىللەت ۋە دۆلەتلەردە ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئارقا يۈزىنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ. ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ توقۇلمىلىرىدا ئازراق يىغىلىش ۋە كېڭىيىش بىلەن ئوخشاشمىغان ۋاقىتلاردا كۆز قارىچۇقىنى كىچىكلىتىدىغان ياكى چوڭايتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى تارىمۇشلار بولىدۇ. ئۆتكۈر يورۇقلۇققا ۋە يېقىندىكى نەرسىلەرگە قارىغان ۋاقىتتا كۆز قارىچۇقى كىچىكلەيدۇ، يىراقتىكى نەرسىلەرگە ۋە قاراڭغۇغا قارىغان ۋاقىتتا كۆز قارىچۇقى كېڭىيىپ چوڭىيىدۇ (ت).

بۇ پەردىدە مەخسۇس ھالەتتە بەش تۈرلۈك كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

1. زەخىم بۇ، ئۈزۈمسىمان پەردىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى كۆز قارىچۇقىنىڭ ئۇدۇلىدا كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بۇ قىزىل بولىدۇ. ئەكسىچە مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ كىچىك يىرىڭلىق ئىششىقى ئاققا مايىل بولىدۇ. ئۈزۈمسىمان پەردىسىنىڭ رەڭگى مەيلى قارا رەڭدە ياكى كۆك رەڭدە بولسۇن ئۇنىڭ ئاستىغا بېسىلىدۇ، بۇنىڭدا قىزىل قان تومۇرلار شەكىللەنگەندەك مەلۇم بولىدۇ. بەزىدە بۇ كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق مۈڭگۈزسىمان پەردىنى يېرىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈزۈمسىمان پەردە مۈڭگۈزسىمان پەردىدىن سىرتقا چىقىپ قالىدۇ. لېكىن بۇ يىرىڭلىق ئىششىق چوڭىيىپ مۈڭگۈزسىمان پەردىدە قاتتىق تەشەننۇج پەيدا بولغان ۋاقىتتا بولىدۇ. بەزىدە يېرىۋەتمەيدۇ، بەلكى تارقاپ كېتىدىغان ئازراق ماددا ئۇنىڭدا بولىدۇ.

داۋالاش زەخىمنىڭ ئىلاجى ئايرىم سۆزلىنىدۇ.

2. تولۇپ قېلىش بۇ پەردە ئۇنىڭ جەۋھىرىگە قوشۇلۇپ قېلىنلىقىنى ئاشۇرىدىغان سۇيۇقلۇق بىلەن تولىدۇ (ئىششىق يۈز بەرمىگەن ھالەتتە). بۇنىڭ بىلەن بۇ پەردە كۆز قارىچۇقى كېڭەيگۈدەك تارتىشىدۇ، بەزىدە كېڭىيىپمۇ كېتىدۇ. بۇنى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئېيتقاندۇر. كۆز مىقدارى چوڭىيىشتىن ئۇنىڭدا ئىششىق پەيدا بولغان ھالەتتىكىدەك بۇنىڭدا كۆرۈش كۈچى ئاجىزلايدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى بىمارنىڭ كۆزىگە قارىسا، ئۇنىڭ بىر كۆزى يەنە بىر كۆزىدىن چوڭ مەلۇم بولىدۇ. لېكىن بۇ بىرلا كۆزدە سۇيۇقلۇقلار كۆپ بولغان ۋاقىتتا ياكى بىر كۆزدە يەنە بىر كۆزگە سېلىشتۇرغاندا، سۇيۇقلۇق زىيادە بولغان ۋاقىتتا بولىدۇ ھەمدە بىمار ئىككىلا

كۆزنىڭ تارتىشقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

بۇ كېسەللىك بىلەن ئىششىقتىكى پەرق ئاغرىق ۋە قىزىللىقتىن ئىبارەت.

داۋالاش بەدەندىن ماددىلار تازىلىنىدۇ، مۇسھىل، ھەب ۋە ئايارەجلەر يېگۈزۈلىدۇ. غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. داۋالىق پەرھىز تۇتۇلىدۇ، بولۇپمۇ قويۇق ۋە ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالاردىن، مەسىلەن: كالا گۆشى ۋە سېمىز قوي گۆشىدىن پەرھىز تۇتۇلىدۇ، تاكى بەدەندە ماددىلار كۆپىيىپ قالمىسۇن. كۆزنىڭ سۇيۇقلۇقلىرىنى سۈمۈرگۈچى ھەمدە ماددىلارنى تارقاتقۇچى دورىلار سۈرمە شەكلىدە كۆزگە تارتىلىدۇ، مەسىلەن: بەديان سۈيى، ھەسەل، ھىڭ، قارىمۇچ، سەكبىنەج، ئوشەق قاتارلىقلار.

سەكبىنەج ۋە ئوشەقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ئاخىرقى دورا يېلىم تۈرىدىن بولۇپ، بۇ نام بىلەن تېپىلىدۇ.

3. چىقىق بۇ، پەردىنىڭ ئۆز جايىدىن يۆتكىلىشىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى ئىششىقتۇر. ئىششىق خاس بۇ پەردىدە ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پەردىلەردە پەيدا بولۇپ، تەمەددۇد پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىششىقتىن بېسىم پەيدا بولۇپ، بۇ پەردە ئۆز جايىدىن يۆتكىلىدۇ.

ئالامىتى ئاغرىق بولىدۇ. كۆزدىن ياش ئاقىدۇ. بۇ ئالامەت بىلەن بىمار ئېغىرلىق ھېس قىلىدۇ، كۆز قارىچۇقى ئۆز جايىدىن يۆتكەلگەنلىكتىن، بىمار نەرسىلەرنى تىك ھالەتتە كۆرەلمەيدۇ. كۆرۈش كۈچى بۇزۇلىدۇ. بەزىدە ياش ئاقىدۇ، ئىككى كۆزى يۇمۇلمايدۇ. مۈڭگۈز پەردىگە قارىغاندا ئىككى بۆلەك بولغاندەك مەلۇم بولىدۇ. بىر بۆلىكى ئۆز ھالىتىدە سۈزۈك بولىدۇ، يەنە بىرى بولسا دۇغ بولىدۇ.

داۋالاش ئىششىق ماددىسىغا مۇۋاپىق مۇسھىل دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر مۇناسىپ بولسا قان ئېلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن سۈرمە شەكلىدە كۆزدىكى سۇيۇقلۇقنى سۈمۈرىدىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ياش ئاققۇزىدىغان دورىلار سۈركىلىدۇ. كۆزى داكا بىلەن تېڭىلىدۇ، بۇنىڭدا ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بولغان قوغۇشۇن پارچىسىنى كۆزنىڭ شەكلىگە ئوخشاش ياساپ قويۇلىدۇ، تاكى بىمار بۇ تۆشۈكتىن قارىيالىسۇن.

بەزىدە مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ كۆپۈشىدىنمۇ ئۈزۈمسىمان پەردە ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىدۇ. بۇنىڭ بايانى ئۈزۈمسىمان پەردە پۈلتىيىپ چىقىش كېسەللىكىدە سۆزلىنىدۇ.

4. كۆز قارىچۇقىنىڭ كېڭىيىشى.

5. كۆز قارىچۇقىنىڭ تارىيىشى: بۇ ئىككى كېسەلنىڭ بايانى ئايرىم ئايرىم سۆزلىنىدۇ.

مۈڭگۈز پەردە كېسەللىكلىرى

مۈڭگۈز پەردە بىر خىل قاتتىق ۋە سۈزۈك پەردىدۇر. بۇنىڭ شەكلى ئاقلىۋېتىلگەن مۈڭگۈزگە ئوخشىغانلىقى ۋە نېپىز بولغانلىقى ئۈچۈن، مۈڭگۈزسىمان پەردە، دەپ نام قويۇلغان. بۇ، قاتتىق پەردىنىڭ گىرۋەكلىرىدىن پەيدا بولىدۇ. مۈڭگۈز پەردە ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى پەردىلەر ۋە سۇيۇقلۇقلارنى قوغدايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن مۈڭگۈز پەردە قاتتىق بولۇپ، مۈڭگۈزگە ئوخشاش تۆت قاتلامدىن تۈزۈلگەن. ئەگەر بىرەر قاتلامغا ئاپەت يەتسە ئىككىنچى قاتلام سالامەت تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى، بۇنىڭ نامى مۈڭگۈز پەردە دەپ قويۇلۇشى بۇنىڭ ئەڭ قاتتىق بۆلىكى كۆز قارىچۇقىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشقانلىقى سەۋەبىدىندۇر. بۇنىڭ قاتتىق بولۇشى مۈڭگۈز پەردە ئۈستىگە زەربە تەگسە، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بۇنىڭغا ياردەمچى بولىدىغان بىرەر نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. مۈڭگۈز پەردە نۇرلارنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۈچۈن سۈزۈك يارىتىلغاندۇر. قىروۋسىمان پەردە ئالدى قەندىل ياكى پانۇس شىشىسىنىڭ مىسالىدۇر. كۆيۈۋاتقان چىراغ ئۈچۈن ئېيتقاندا قەندىل ياكى شىشە چىراغنى سىرتقى ئاپەتلەردىن، مەسىلەن: ھاۋا قاتارلىقلاردىن ساقلايدۇ ۋە ئۇنىڭ يورۇقلۇقىنى سىرتقا چىقىشتىن توختىتىپ قويمايدۇ (ياكى بۇنىڭ ياخشى مىسالى سائەتنىڭ ئەينىكىدۇر).

1. مۈڭگۈز پەردىنىڭ قۇرغاقلىششى   بۇ پەردىنىڭ مەخسۇس كېسەللىكى قۇرغاقلىششتۇر. بۇنىڭدا بۇ پەردە يىرىكلىشىدۇ.

يىرىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى

1) قۇرۇقلۇق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ مەلۇم جايى ئېگىز، مەلۇم جايى پەس بولۇپ، تەكشى بولمايدۇ ھەمدە مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ يورۇقلۇقلارنى ۋە ئەكسىنى قوبۇل قىلىدىغان پارقىراقلىقى ھەم سۈزۈكلۈكى يوقاپ كېتىدۇ.

2) ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم ئۆتكۈر ياكى تۇزلۇق خىلىت قۇيۇلۇپ، بۇنى ئېرىتىۋېتىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ھالەت ئۆتكۈر قىچىششلاردا بۇ تۈردىكى ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ.

3) پەردىنىڭ ئەسلىي مىزاجىنىڭ ئۆتكۈر دورىلار سەۋەبىدىن ئۆزگەرگەنلىكىدىن بولىدۇ.

ئالامىتى   ئەگەر بىمار كۆزىنى ئېچىپ - يۇمسا يىرىكلىك ياكى يۇقىرىقى قاپىقىدا بىرەر قۇرۇق ۋە سانجىلىدىغان نەرسە باردەك مەلۇم بولىدۇ. بەزىدە كۆزىدىن ياش ئاقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇقلۇق ۋە يىرىكلىك كۆزىدىنمۇ كۆرۈنىدۇ.

داۋالاش   بۇ كېسەللىكنىڭ بارلىق تۈرلىرىدە مىزاجىدا سۇيۇقلۇق پەيدا قىلىنىدۇ، ئەگەر

قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى بىرەر ماددا بولسا بىنەپشە، خىيارشەنبەر مېغىزى ۋە تەرەنجبىن ئارقىلىق ماددىنى بەدەندىن چىقىرىپ تاشلاش لازىم. سۈرمە شەكلىدە قوغۇشۇن كىرى مۇشۇنداق تارتىلىدۇ: بىنەپشە يېغى بىلەن قوغۇشۇننى قولغا قىسقا ۋاقىت سۈركەپ، ئاندىن كېيىن كۆزگە تارتىلىدۇ. شۇنىڭدەك بېھى ئۇرۇقى لۇئابىغا كەتىرا ۋە بىنەپشە يېغى ياكى كەپتەر باچكىسىنىڭ قېنى قوشۇپ تارتىلىدۇ. كەپتەر باچكىسىنىڭ قانىتىدىن مەلۇم پەيىنى يۇلۇپ چىققان قاننى كۆزگە تېمىتىش ياكى كەپتەر باچكىسىنىڭ قانىتى ئاستىدىكى بىرەر تومۇردىن قان ئېلىپ قاننى كۆزگە تېمىتىش لازىم.

2. مۇگگۇز پەردىنىڭ پۇلتىيىپ چىقىۋېلىشى بۇ پەردىنىڭ ئىككىنچى بىر كېسەللىكى پۇلتىيىپ چىقىۋېلىشتۇر. بۇنىڭدا مۇگگۇز پەردە بىرىكتۈرگۈچى پەردىدىن ۋەردىنەج كېسەللىكىدە بىرىكتۈرگۈچى پەردە مۇگگۇز پەردە ئۈستىدە بولغىنىدەك كۆزدىن ئېنىق مەلۇم بولىدۇ.

قوشۇمچە بۇ كېسەللىكتە مۇگگۇز پەردە ئالدى تەرەپكە چىقىپ بىر كۆپۈشكەن شەكىلگە ئۆزگىرىدۇ. بۇ بەزىدە ئۈزۈم شەكلىدە بولىدۇ ۋە بەزىدە كونۇسسىمان شەكىلدە بولىدۇ. بۇ ئومۇمەن ياش ئاياللاردا بولىدۇ. بۇ پۇلتىيىپ چىققان ئورۇننىڭ كۆپرەكى ئۈزۈمسىمان پەردە بولىدۇ. بەزىدە مۇگگۇز پەردىنىڭ ھەممە قىسمى ۋە بەزىدە پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسمى پۇلتىيىپ چىقىدۇ.

سەۋەبى بۇنىڭ ئاستىغا بۇزۇلغان خىلىت كىرىپ، سىرتقى تەرەپكە كۆپتۈرۈش سەۋەبىدىن بولىدۇ.

روشەن تەبىرى بۇزۇلغان خىلىت سەۋەبىدىن مۇگگۇز پەردىنىڭ توقۇلمىلىرى يۇمشايدۇ ۋە جاراھەتلىنىدۇ. بەزىدە ئىششىقنىڭ نەتىجىسىدە ۋە بەزىدە ئىششىقسىز پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللەنگەن بۆلەك ئاق ياكى كۆك رەڭلىك كۆرۈنىدۇ. كۆپىنچە ئۇنىڭ يۈزىدە بىرقانچە قان تومۇر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پۇلتىيىپ چىققان ئورۇننىڭ ھەجمى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىدە ئىككى كۆزنى يۇمالمىغۇدەك چوڭىيىدۇ. كۆزدىكى بېسىم ۋە تەمەددۇد كۈچىيىدۇ. ئاغرىق مەۋجۇت بولىدۇ. تورسىمان پەردە، كۆرۈش نېرۋىسى ۋە بالا ھەمراھسىمان پەردىنىڭ يىگىلىشى سەۋەبىدىن ئەمالىق پەيدا بولىدۇ. ئاخىرىدا كۆپۈشكەن ئورۇن قۇرۇيدۇ ۋە جاراھەتلىنىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يېرىلىش يۈز بېرىدۇ (ت).

پەرقى بۇ ئەھۋالدا مۇگگۇز پەردە پۇلتىيىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇگگۇز پەردە مۇدۇر - چاقىلىرىنىڭ پەرقى شۇكى، پۇلتىيىپ چىقىشتا بۇ سۇلائى بىلەن بېسىلمىغۇدەك قاتتىق

بولىدۇ. مۇدۇر - چاقىدا كۆزدىن ياش ئاقىدۇ، ئاغرىق بولىدۇ. سۇلائى بىلەن بېسىلىدۇ ۋە بۇنىڭ رەڭگى ئاق، قارا ياكى ئاققا مايىل قارا بولىدۇ. بەزىدە مۈڭگۈز پەردىدە يارا (زەخىم) ۋە ئاق پەردە پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بايانى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

داۋالاش قويۇق ۋە چاپلاشقاق ماددا بەدەندىن تازىلىنىدۇ. تارقاتقۇچى سۈرمىلەردىن زەرۇرى ئەسفەر، شىيافى ئەھمەر قاتارلىقلار كۆزگە تارتىلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك قايناتمىلار بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بىلەن ئېغىز بۇسلىنىدۇ.

بۇنىڭ غەلىبىلىك ئىلاجى دەستىكار قىلىشتۇر.

3. مۈڭگۈز پەردە سەرتانى بەزىدە بۇنىڭدا سەرتان پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئاغرىق قاتتىق بولىدۇ. كۆز تومۇرلىرى كۆپۈشىدۇ، قىزىرىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى قارىغا ۋە كۆككە مايىل بولىدۇ. قاتتىق سانجىلىش بولىدۇ. بۇ چېكىلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ قاتتىق ھەرىكەت ۋە ئەمگەك قىلغان ۋاقىتتا بۇ سانجىلىش كۈچىيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئىشتىھا يوقىلىدۇ.

داۋالاش بۇ كېسەللىك داۋاسىزدۇر. ئەلى ئىبنى ئەيسا بۇنىڭ ساقايماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان: بۇ كېسەلگە زىيادە كۈچلۈك بىرەر دورا مەۋجۇت ئەمەس. ھالبۇكى، كېسەللەرنى داۋالىغاندا دورىنىڭ كۈچى كېسەلنىڭ كۈچىدىن كۈچلۈك بولۇشى زۆرۈردۇر. لېكىن، ھەرھالدا داۋالاش قىلىش زۆرۈر بولۇپ، تاكى ئاغرىق پەسىيىپ كېسەل تەرەققىي قىلمىسۇن.

قان ئېلىشتا قۇۋۋەت بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك مۇۋاپىق قان چىقىرىلىدۇ. مائۇلجەبىن ۋە سىركەنجۇبىل ئەفتىمۇن ئارقىلىق يەڭگىل ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. ئەگەر ماددىدا ئۆتكۈرلۈك ۋە ئاغرىقتا كۈچىيىش بولسا، شىيافى ئەبيەزنى تۇخۇم ئېقىغا قوشۇپ سۈرمە شەكلىدە تارتىلىدۇ ۋە ئۆتكۈر دورىلاردىن قەتئىي پەرھىز قىلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئۆتكۈر دورىلاردىن بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. ئاق لەيلى يوپۇرمىقى، ھەمىشەباھار يوپۇرمىقى، ئىنتىئۇزۇمى قاتارلىقلارنى سوقۇپ بىنەپشە يېغى بىلەن بىللە كۆزگە زىمات قىلىنىدۇ.

4. مۈڭگۈزسىمان پەردە چاقىسى بەزىدە ئۇنىڭ قاتلاملىرىغا ماددا توپلىنىشىپ، كىچىك چاقا پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى رەڭگى، ئاغرىق ۋە باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەر سەۋەب بولىدۇ:

(1) ماددا كەيپىياتىنىڭ بۇزۇلۇشى ئېتىبارى بىلەن، مەسىلەن: بۇ ماددا ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ ياكى تۇزلۇق بولىدۇ ياكى يالغۇز ماددا بولۇپ، بۇنىڭدا ئۆتكۈرلۈك قاتارلىقلار بولمايدۇ.

(2) ماددىنىڭ قىيامىنىڭ بۇزۇلۇش ئېتىبارى بىلەن، مەسىلەن: بۇنىڭ قويۇق ياكى سۇيۇق بولۇشى.

(3) ماددىنىڭ ئاز ۋە كۆپ بولۇش ئېتىبارى بىلەن، ئەگەر ماددا يەككە ۋە مىقدارى ئاز بولسا، ئاغرىق ئاجىز بولىدۇ. ئەگەر ماددا مىقدارى كۆپ، قىيامى سۇيۇق ۋە كەيپىياتىدا ئۆتكۈرلۈك بولسا، ئاغرىق كۈچلۈك بولىدۇ ھەمدە يېقىمسىزلىق كۈچىيىدۇ.

(4) ماددىنىڭ ئورنى ئېتىبارى بىلەنمۇ ئۇنىڭ ھالەتلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر ماددا بۇ سىرتقى يۈز ئاستىدا، يەنى بىرىنچى قاتلامنىڭ ئاستىدا بولسا كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق قارا ۋە سۈزۈك كۆرۈنىدۇ.

ئەگەر ماددا زىيادە ئىچىدە بولسا، يەنى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قاتلام ئاستىدا بولسا، ئۈزۈمسىمان پەردىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، بەلكى بۇ ماددا ئۇنى كۆرۈشتىن توسۇپ قويىدۇ.

ئەسكەرتىش مۈڭگۈزسىمان پەردە كىچىك يىرىڭلىق ئىششىقى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ سىرتقى قاتلىمىدا ۋە كۆز قارىچۇقىدىن ئايرىم پەيدا بولغان بولسا، بۇ ئانچە ناچار ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ قاتلام ماددا ۋە سۇيۇقلۇقلار كۆپلۈكىدىن تارتىشىپ ياكى ماددىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بۇزۇلۇپ يېرىلسا زىيادە يېرىلمايدۇ. چۈنكى بۇ قاتلام باشقا سىرتقى زەربىلەر ۋە ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلىسۇن ئۈچۈن باشقا قاتلاملاردىن قاتتىق يارىتىلغان ھەم كۆز قارىچۇقى ئۇدۇلىدىن يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈن زەخىم ساقايغاندىن كېيىن زەخىمنىڭ تەسىرى كۆرۈش كۈچىنى توختىتالمايدۇ. بۇ كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق ئۈچىنچى قاتلامنىڭ ئارقىسى ۋە كۆز قارىچۇقىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە بولسا، بۇ ئىنتايىن ناچاردۇر. چۈنكى بۇ قاتلام يېرىلسا ناھايىتى زىيادە يېرىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ يۇمشاقلىقى ئۈزۈمسىمان پەردە سىرتقى يۈزىنىڭ يۇمشاقلىقى بىلەن ئوخشاش بولسۇن ئۈچۈن زىيادە يۇمشاق يارىتىلغان. ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ سىرتقى يۈزى بىرقەدەر قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن كۆز سىرتقى يۈزى (يەنى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ سىرتقى قاتلىمى) ئۇدۇلىدىكى قىسمى ئىنتايىن يۇمشاق بولىدۇ. ئىچكى قاتلام كىچىك يىرىڭلىق ئىششىقدا، قالغان قاتلاممۇ ماددىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن يېرىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بىلەن ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ پۈلتىيىپ سىرتقا چىقىشىنىڭ خەۋپىمۇ بولىدۇ ھەم بۇ يىرىڭلىق ئىششىق ساقايسا، زەخىم پۇتۇشىنىڭ تەسىرى كۆز قارىچۇقىغا تەسىر قىلىپ كۆرۈش كۈچىنى توسىدۇ.

داۋالاش ئىششىقلار ۋە زەخىملەرنى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە داۋالىنىدۇ. قان ئېلىش ۋە مۇسھىل ئارقىلىق بەدەندىكى ماددىلاردا كېمىيىش پەيدا قىلىنىدۇ ۋە ئاستا تەرەپكە تارتىلىدۇ، دەسلەپتە ماددىلارنى قايتۇرغۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ، ئاخىرقى باسقۇچىدا كۇندۇر چۈشكەن شىيافى ئەبيەز ئىشلىتىلىدۇ. تۆۋەنلەش باسقۇچىدا بولسا، يەنى كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق ياخشىلىنىشقا باشلىسا، شىيافى ئەھمەرلەييىننى ئىشلىتىش لازىم.

مۆڭگۈزسىمان پەردە ئىششىقى

سەۋەبى بەزىدە كۆزگە زەربە تېگىش ياكى يات جىسىم ۋە ئېچىشتۇرغۇچى نەرسىنىڭ كۆز ئىچىگە كىرىپ كېتىشىدىن مۆڭگۈزسىمان پەردە ئىششىپ قالىدۇ. بەزىدە ئادەتتىكى كۆز ئاغرىقى، سۆزنەكتىن بولغان كۆز ئاغرىقى قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسىدە بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ.

تۈرلىرى مۆڭگۈزسىمان پەردە ئىششىقى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. ئىششىق يىرىڭلايدۇ.
2. ئىششىقتا يىرىڭلاش بولمايدۇ.

ئالامىتى كۆزدىن ياش ئاقىدۇ، مۆڭگۈزسىمان پەردىنىڭ سۈزۈك يۈزى دۇغلىشىدۇ، كۆرۈش كۈچى بۇزۇلىدۇ ھەمدە يورۇقلۇقتىن قورقۇش پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر ئىششىقتا يىرىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىسا، ئالامەتلەردە ئۆتكۈرلىشىش پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئاقىۋەتتە يىرىڭ چىقىشقا باشلايدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتى ئىششىق يوقالغاندىن كېيىن ئاق پەردە كۆرۈلىدۇ ھەمدە يىرىڭلاش نەتىجىسىدە يارا كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن بەزىدە سەبەر ۋە ناچار قىسمىدىكى كۆز ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ. بەزىدە ئۈزۈمسىمان پەردە، كىرپىكسىمان تەنچە كېسەللىنىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ نەتىجىسىدە مۆڭگۈزسىمان پەردىنىڭ كەينى ۋە ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇققا يىرىڭ يىغىلىدۇ.

داۋالاش كۆز ئارام ئالدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنى يورۇقلۇقتىن قاچۇرۇش ئۈچۈن شارپا بىلەن باغلاپ قويۇش لازىم. قالغان باشقا ئۇسۇللار كۆز ئاغرىقىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

يوشۇرۇن يىرىڭ بۇ، مۆڭگۈزسىمان پەردە كېسەللىكلىرىدىن بولۇپ، بۇنىڭدا يىرىڭ مۆڭگۈز پەردە ئاستىدا يوشۇرۇن تۇرىدۇ ھەمدە يىرىڭ بۇ پەردە ئاستىدا پەيدا بولغان، سىرتقا ئېغىر ئالمىغان زەخىمدىن پەيدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا يىرىڭ توسۇلۇپ قالىدۇ ياكى يىرىڭ قاتتىق كۆز ئاغرىقىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ماددىلىرى تارقىلىشىنىڭ ئورنىغا يىرىڭ پەيدا قىلىپ، بۇ ئورۇندا توختايدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ بەزى تۈرلىرىدە يىرىڭ مۆڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئاز قىسمىدا بولىدۇ ۋە بەزى تۈرلىرىدە يىرىڭ كۆپ قىسمىغا تارقايدۇ. ھەتتا بەزىدە كۆزنىڭ پۈتۈن قارىسىنى ئورىۋالىدۇ، ئىككىنچى تۈرى ناھايىتى ياماندۇر.

داۋالاش ماددىلارنى ئاسان تارقىتىدىغان دورىلار چىپىلىدۇ، مەسىلەن: زەرۇرى ئەسفەر (زەرۇر — سېپىلىدىغان دورا؛ ئەسفەر — سېرىق رەڭ).

زەرۇرى ئەسفەر نۇسخىسى ئەنزىروت 3.3 گىرام، سەبرە، زەپەر، رۇسۇت ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، مۇرمەككى 3.5 گىرام. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان ئېزىپ ۋە يىپەك رەخت بىلەن تاسقاپ تەييارلاپ، ئانا سۈتى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ ياكى شۇمشا ۋە زىغىر لۇئابى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. شۇمشا ۋە ئىكلىلمىلىكنىڭ ئىلمان قاينىتىلمىسى بىلەن ھەر سائەتتە بىر قېتىم ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم. ئالتۇن مەرقەشىشا ۋە كۈمۈش ئىقلىمىياسى زەرۇرى يېرىڭنى قۇرۇتۇپ تارقىتىدۇ. ئەگەر بۇ چارىلەر بىلەن تارقالمىسا دەستىكار ئارقىلىق داۋالاش قىلىنىدۇ. نەشتەر بىلەن كۆز قارىچۇقى ھالقىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ (لېكىن زىيادە چوڭقۇر قىلماسلىق)، سايمان ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىچىدىكى يېرىڭنى چىقىرىپ، ئاندىن كۆز زەخمىلىرىنىڭ ئىلاجىنى زەخىم پۈتكۈچە قىلىش لازىم.

كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە كېسەللىكلىرى

كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى كۆز مۇسكۇللىرىنى كۆز ئالمىسى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكى ياكى ئۆزى ئۇلار بىلەن بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈن بۇنىڭ نامى بىرىكتۈرگۈچى پەردە، دەپ قويۇلغان.

كۆز ئۈچۈن بۇ پەردە ئەسلىدە بىر تۈردىكى شىللىق پەردىدۇر. بۇ، قاپاق ئىچكى يۈزىنى ئورىغاندىن كېيىن كۆزنىڭ سىرتقى يۈزى، يەنى قاتتىق پەردىنىڭ ئالدى بۆلىكى ۋە مۈڭگۈزسىمان پەردە ئۈستىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ: ① قاپاقتا بولىدىغان بۆلەك: بۇ قاپاقتا بولىدۇ؛ ② كۆز ياكى كۆز ئالمىسى ئۈستىگە جايلىشىدۇ. قاپاقتا بولىدىغان بۆلىكى قاپاق ئىچكى يۈزى ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىنتايىن قېلىن ۋە قان تومۇرلار بىلەن تولغان بولىدۇ. بۇنىڭدا قاپارغان نۇقتىلار كۆرۈلىدۇ. بۇ قاپارتمىلار قاپاق قوتۇرىدا ناھايىتى چوڭىيىدۇ. بۇ بۆلەك كۆز ئىچكى بۇرجىكىدە بىر ھىلالسىمان تارىمۇش شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئايسىمان تارىمۇش دەپ ئاتىلىدۇ. كۆزدىكى بۆلىكى قاتتىق پەردىنىڭ ئالدى بۆلىكى ئۈستىدە بولىدۇ. بۇ ئىنتايىن نېپىز ۋە سۈزۈك بولۇپ، كۆز ئالمىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇنىڭدا نۇقتىلار بولمايدۇ، قان تومۇرلار كۆپ بولمايدۇ. مۈڭگۈز پەردىنىڭ ئۈستىگە چاپلىشىپ تۇرغان پەردە يەنىمۇ نېپىز ۋە سۈزۈكرەك بولىدۇ. ساغلاملىق ھالىتىدە قان تومۇرلار بولمايدۇ. لېكىن كېسەللىك ھالىتىدە، مەسىلەن: سەبەردە، بۇنىڭ ئىچىدە قان تومۇر پەيدا بولىدۇ.

بىرىكتۈرگۈچى پەردە قاپاقتىن كۆز ئالمىسى ئۈستىگە قايتقاندا، بۇنىڭدىن بىر كەڭلىك شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭدا سانسىزلىغان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىدىغان بەزلەر بولىدۇ.

بۇ پەردىدىكى كېسەللىكلەر: بۇنىڭدا ۋە باشقا پەردىلەردە شېرىكچىلىك شەكىلدە پەيدا بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ مەخسۇس كېسەللىكلىرى تۆۋەندىكى تۆت خىلدۇر:

1. **ئىششىق** بۇ پەردىدە ئوچۇق كۆرۈلىدۇ. ھەقىقىي كۆز ئاغرىقى مۇشۇدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆز ئاغرىقىغا ئوخشىتىپ، كۆزنىڭ بۇ قىزىللىقىمۇ كۆز ئاغرىقى دېيىلىدۇ. چاڭ - توزان، ئىس - تۈتەك ۋە ئاپتاپ قاتارلىقلارنىڭ ئىسسىقلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىششىق بولمايدۇ.

2. **ۋەدقە (كۆز مۇدۇرى)** بۇنىڭ بايانى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

3. **سەبەل** بۇنىڭ بايانى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

4. **قان تومۇرلارنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشى** بىرىكتۈرگۈچى پەردىدە قىزىللىق ۋە ئىششىق بولمايدۇ، كۆپۈشكەن قىزىل قان تومۇرلار ئاشكارا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىللە ئاغرىق ۋە ياش ئېقىش بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك قاننىڭ قايىنىشى، ئۇنىڭ قويۇقلۇقى ۋە ئۆتكۈرلۈكىدىن بولىدۇ. ئومۇمەن بۇ كېسەللىك ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىدىن كېيىن بولىدۇ. داۋالاشتا يۇقىرى دەرىجىدە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ كېسەللىك ئەسلىدە سەبەرنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، شىيافى ئەبيەز كۆزگە سۈركىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قويۇق ماددىنى لەتىفلەشتۈرگۈچى ۋە ماددىنى چىقارغۇچى دورىلارنى، مەسىلەن: ئەھمەرلەيىن، رۇشنائى ۋە زەرۇرى رەمادى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش لازىم.

5. **بىرىكتۈرگۈچى پەردە دۇغلىشىش** بەزىدە بىرىكتۈرگۈچى پەردىدە سىرتقى سەۋەبلەر، مەسىلەن: چاڭ - توزان، ئاپتاپ ۋە ئۆتكۈر يورۇقلۇق تەرەپكە تىكىلىپ قاراش قاتارلىقلاردىن ئىسسىقلىق پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن ئۇ سەۋەبلەرنىڭ يوقىلىشى بىلەن يوقىلىدۇ. بۇ كېسەللىكمۇ ئىككىلەمچى كۆز ئاغرىقىنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى دۇغلىشىشمۇ دېيىلىدۇ.

ئالامىتى يۇقىرىقى سەۋەبلەر ياكى بىرگە بولىدۇ ياكى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ بولغان بولىدۇ. ياش ئاقىدۇ، كۆزلىرىدە بىر ئاز قىزىللىق ۋە ئېچىشىش بولىدۇ.

داۋالاش كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىنىڭ تۆتىنچى كېسەللىكىنى داۋالاش ئۇسۇلى

بويىچە داۋالىنىدۇ، يەنى قان ئېلىنىدۇ. ھېلىلە، ئەينۇلا، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن قاتارلىقلارنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ. شەرتى، سەۋەبنى يوقاتقاندىن كېيىنمۇ ياخشىلانمىغان بولسا شىيافى ئەبيەز سۈركەش لازىم.

كۆز ئاغرىقى

ئەرەبلەر بۇنى بىرەر كىشىنىڭ كۆزىدە ئىششىق پەيدا بولۇشقا قارىتا ئىيتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆز ئاغرىقىنىڭ نامى ئۆزىنىڭ چوقۇم بولىدىغان سۈپىتىگە ئاساسەن قويۇلغان(چۈنكى كۆز ئاغرىقىدىمۇ ئىششىق بولىدۇ).

كۆز ئاغرىقى بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقىنىڭ نامىدۇر، مەيلى ئىششىق ئىسسىقتىن ياكى سوغۇقتىن بولسۇن، بۇ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتىكىلەرنىڭ پىكرىدۇر. لېكىن ئىلگىرىكى تېۋىپلارنىڭ كۆزقارىشىچە، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىنىڭ پەقەت ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىنى كۆز ئاغرىقى، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ باشقا ئىششىقلىرىنى كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە دۇغلىشىش دەپ ئاتىغاندى، بەزىدە پەقەت كۆزنىڭ ئاغرىقلىرىنىمۇ كۆز ئاغرىقى، دەيدۇ.

قوشۇمچە بۇ كېسەللىكتە قاپاقنىڭ ئىچى ۋە كۆز ئالمىسىنىڭ ئۈستىدىكى بىرىكتۈرگۈچى پەردىدە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ۋە قىزىللىق بولىدۇ ھەمدە كۆزلىرىدىن ياش ئاقىدۇ.

سەۋەبى بۇ ئىششىق بەزىدە قاندىن، بەزىدە سەپرادىن، بەزىدە بەلغەمدىن ۋە بەزىدە سەۋدادىن پەيدا بولىدۇ. سەۋدادىن بولغان كۆز ئاغرىقىنى كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرى رەممەديابەس ياكى ئاشوبى چەشمى خۇشك (قۇرۇقلۇقتىن بولغان كۆز ئاغرىقى) دەپ ئاتايدۇ.

كۆز ئاغرىقىنىڭ يەنە بىر تۈرىنىڭ نامى ۋەردىنەج بولۇپ، تورسىمان پەردە كېسەللىكلىرىدە بايان قىلىنىدى.

قوشۇمچە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەردىن بەزىدە كۆز كېسەللىنىدۇ، كۆز ئاغرىقى بەزىدە كېسەللىك ماددىسى ۋە ئىششىق پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنىڭ تەسىر قىلىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بىر ۋاقىتتا ئىككى ئىش قىلىش سەۋەبىدىن بولىدۇ. كۆزگە يات نەرسە كىرىپ كېتىش، ئاپتاپ ياكى ئۆتكۈر ئىسسىقلىق تەسىر قىلىش، بالىلاردا چىش چىقىش، سوغۇق تېگىش، نەزلە ۋە زۇكام بولۇش، شۇنداقلا چېچەك، قىزىل، سۆزنەك، خەنناق ۋە خانازىر قاتارلىقلاردىن كېيىنمۇ كۆز ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك ئىسسىق پەسىلگە قارىغاندا سوغۇق پەسىلدە كۆپ كۆرۈلىدۇ ھەم بالىلارغا قارىغاندا ياشلار ۋە ياشانغانلاردا كۆپ بولىدۇ.

ئالامىتى

قاندىن بولغان كۆز ئاغرىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆزلىرى ناھايىتى قىزىل، ئىششىق ناھايىتى زىيادە بولىدۇ. تەمەددۇد قاتتىق بولىدۇ، كۆزدە چاپاق بولىدۇ، تومۇرلىرى كۆپۈشىدۇ، چېكىسى ئاغرىيدۇ ھەمدە قان غالىبلىقىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى بولىدۇ.

سەپرادىن بولغان كۆز ئاغرىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆزدە ئىششىق، تەمەددۇد ۋە قىزىللىق بولىدۇ. چاپاق ۋە ياش ئېقىش ئاز بولىدۇ، لېكىن ئاغرىق، سانجىلىش ۋە قىچىشىش قاتتىق بولىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان كۆز ئاغرىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆز قاتتىق كۆپۈشكەن بولىدۇ. قىزىللىق ئاز، چاپاق كۆپ بولىدۇ، ياش ئاقىدۇ. ئۇخلىغاندا كۆزى چاپلىشىپ قالىدۇ، ئېغىرلىق بولىدۇ.

سەۋدادىن بولغان كۆز ئاغرىقىنىڭ ئالامەتلىرى ئېغىرلىق، قارىلىق ۋە قۇرۇقلۇق بولىدۇ ھەمدە كېسەللىك دەۋرى ئۇزۇن بولىدۇ. كۆزىدە قادىلىش بولىدۇ، كۆزنىڭ چاپلىشىشى كەم بولىدۇ. بىرىكتۈرگۈچى پەردە بەزىدە قىزىل، قاپاق ھەمىشە قىزىل بولىدۇ. بۇ تۈردىكى كۆز ئاغرىقىدا كۆپىنچە باش ئاغرىيدۇ.

جۈملىدىن سەۋداۋى مىزاجلىق ۋە مېڭىسىدە قۇرۇقلۇق غالىب كەلگەن كىشىلەردە بۇ خىل ئاغرىق بولىدۇ.

بەزى ئالامەتلەر ئېتىبارى بىلەن كۆز ئاغرىقىنى سەپرادىن، بەلغەمدىن، سەۋدادىن بولغان دېيىش ئەللامە سەمەرقەندىگە ئوخشاش تېۋىپلارنىڭ كۆزقارىشىدۇر. لېكىن قەدىمكى تېۋىپلار كۆز ئاغرىقى (رەمەد) نى پەقەت ئىسسىقتىن بولغان ئىششىققا قاراتقان، بۇ بېشىدا سۆزلەندى.

قوشۇمچە كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى ئىششىپ قىزىرىپ قالىدۇ، قاپاقلىرىمۇ ئىششىيدۇ ۋە كۆزىدىن ياش ئاقىدۇ. بۇنىڭدا كۆزگە يات ماددا كىرىپ كېتىش، ئېچىشىش ۋە ئاغرىقنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. كۆزىدىن دەسلەپتە سۇيۇق سۇيۇقلۇق چىقىدۇ، لېكىن كېيىن قويۇلۇپ قالىدۇ، بىمار يورۇقلۇققا قارىيالمايدۇ. ئەتىگەندە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا كۆزى چاپلىشىپ قالىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش بۇ كۆز ئاغرىقىنى ئۈزۈمسىمان پەردە ئىششىقى، مۈڭگۈزسىمان پەردە ئىششىقى ۋە قاتتىق پەردە ئىششىقى قاتارلىقلاردىن پەرقلەندۈرۈش لازىمدۇر. ئۈزۈمسىمان پەردە ئىششىقىدا كۆزى ئىنتايىن قىزىل بولىدۇ ۋە مۈڭگۈز پەردىنىڭ ئەتراپىدا سۇس قىزىل ھالقا مەلۇم بولىدۇ. قاپاق ئىچكى پەردىسى (بىرىكتۈرگۈچى پەردە) قىزىل

بولمايدۇ. ئەگەر تۆۋەنكى قاپاقنى باسسا قىل قان تومۇرلار بىرىكتۈرگۈچى پەردە بىلەن ھەرىكەت قىلمايدۇ. ئۆزۈمسىمان پەردىنىڭ رەڭگى سۇسلىشىدۇ، كۆز قارىچۇقىنىڭ كېڭىيىش - تارىيىش ھەرىكىتى نورمالسىزلىشىدۇ. كۆز ۋە باشتا ئاغرىق بولىدۇ، ئاغرىق كېچىدە كۈچىيىدۇ، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلايدۇ.

مۈڭگۈز پەردە ئىششىقىدا كۆزى ئىنتايىن قىزىل بولىدۇ، قىزىللىق ئومۇمەن مۈڭگۈز پەردىنىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ. مۈڭگۈز پەردە بىرقەدەر دۇغ بولىدۇ. كۆزىدىن ياش ناھايىتى كۆپ ئاقىدۇ ھەمدە بىمار يورۇقلۇققا قارىيالمايدۇ.

قاتتىق پەردە ئىششىقىدا ئومۇمەن قىزىللىق بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. كۆزىدە ناھايىتى يەڭگىل ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە بۇ كېسەللىك ناھايىتى ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ.

داۋالاش

قاندىن بولغان كۆز ئاغرىقىنى داۋالاش قايسى تەرەپتە كېسەللىك بولسا ياكى قايسى تەرەپتە ئاغرىق كۈچلۈك بولسا، شۇ تەرەپتىكى قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئەگەر قان ئېلىش مۇمكىن بولمىسا، مەسىلەن بىمار بالا بولسا ھىجامەت قويۇلىدۇ. ھېلىلە، ئەينۇلا، تەمرى ھىندى ۋە شاھتەررەنىڭ قايناتىلمىسى بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. شىيافى ئەبيەز كۆزىگە تېمىتىلىدۇ، بۇ تۇخۇم ئېقى ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا دورىلاردىن، (مەسىلەن: شۈمشا لۇئابى) سۈتتە يۇغۇرۇلغان بولسۇن، لېكىن سۇدا يۇغۇرۇلمىسۇن، چۈنكى بۇ دەسلەپتە نۇقسان پەيدا قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك بەدەننى ۋە مېڭىنى تەنقىيە قىلىشتىن ئىلگىرى شىيافى ئەبيەز ۋە چاپلاشقاق دورىلارنى ھەرگىز ئىشلەتمەسلىك لازىم.

تەنقىيە قىلىپ ماددىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن سەندەل، رۇسۇت، ئاقاقىيا، مامىسا ۋە كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى قاتارلىقلار زىمات شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ، ناخۇش بولغان نەرسىلەر، مەسىلەن: ئانار، زىرىق ھەمدە تەمرى ھىندى قاتارلىقلار شېكەر بىلەن تاتلىق قىلىپ بېرىلىدۇ، چۈچۈمەل نەرسىلەر كۆز ئاغرىقى ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. بىر نىكتۈرگۈچى پەردە ئەسەبتىن تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن تامامى چۈچۈمەل نەرسىلەر ئەسەب ئۈچۈن زىيانلىق بولىدۇ.

سەپرادىن بولغان كۆز ئاغرىقىنى داۋالاش ھېلىلە قايناتىلمىسى بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ، سوغۇق ئۇسارىلەردىن كاسنە ئۇسارىسى، سېمىزئوت ئۇسارىسى، ھۆل يۇمغاقسۈت ئۇسارىسى، ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقى ئۇسارىسى قاتارلىقلار زىمات قىلىنىدۇ، كۆزگە لۇئابلاردىن بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئىسپىغۇل لۇئابى قاتارلىقلار تېمىتىلىدۇ. سۈت ۋە تۇخۇم ئېقى تېمىتىلىدۇ. ئەگەر

ئاغرىق ۋە قادىلىش قاتتىق بولسا، شىيافى كافۇر ۋە شىيافى ئەپيۇن ئىشلىتىلىدۇ، تاكى سەزگۈنىڭ ئېشىپ كېتىشى يوقالسۇن. بۇ كېسەللىكتە ئاغرىق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن دەسلەپتە ئاغرىق پەسەيتىش تۆۋەندىكى بىر قانچە سەۋەبتىن زۆرۈردۇر.

1. ئاغرىق سەۋەبىدىن كۈچلەر تارقاپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا كېسەللىكنى يوقىتىدىغان كۈچ ئاجىزلايدۇ.

2. چۈنكى ئاغرىق تۈپەيلى ئەزا ئاجىزلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ كېسەللىكنىڭ شارائىتى ئۆتكۈر بولىدۇ.

3. چۈنكى تەبىئەت ئاغرىق تەرەپكە يۈزلەنگەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەلنى يوقىتىش تەرەپكە بارمايدۇ.

4. چۈنكى ئاغرىق ئىسسىقلىق پەيدا قىلىپ، كېسەللىك ئورنى تەرەپكە ماددىلارنى تارتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللىك ئۆتكۈر بولىدۇ.

لېكىن يۇقىرىقى دورىلارنى داۋاملىق ئىشلەتمەسلىك لازىم، چۈنكى بۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ئۆتكۈر بولىدۇ. جالىنۇس «ھىلەتۇلبىررى» ناملىق كىتابىدا ئېيتقانكى: مەن بىر گۇرۇھ كىشىلەرنى بىلىمەن، بۇ تېۋىپلار ئۆتكۈر تىنچلاندۇرغۇچىلارنى ئىستېمال قىلدۇرغاندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆرۈش كۈچى ئۆز ھالىتىگە كەلمىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ كۆزى قاراڭغۇلاشتى ھەمدە ئاز كۈندىن كېيىن بەزىلىرىنىڭ كۆزىگە سۇ چۈشتى. بەزى كىشىلەردە كۆرۈش ئاجىزلاشتى ۋە بەزىلەرنىڭ كۆزى قۇرغاقلىشىشتىن قارىغۇ بولۇپ قالدى.

بەلغەمدىن بولغان كۆز ئاغرىقىنى داۋالاش مۇنزىجتىن كېيىن ئايارەج ۋە ھەب بىلەن مېڭە تازىلىنىدۇ، كۆزلىرىگە يۇيۇلغان شۇمشا لوئابى تېمىتىلىدۇ. بۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى: شۇمشا ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ يېرىم كۈن قويۇلىدۇ. ئاندىن سۈزۈپ يەنە سۇ قۇيۇپ يېرىمى قالغۇچە قايىنىتىپ تەييارلىنىدۇ. ئەگەر شۇمشا ئۈچ گىرام بولسا، سۇ 20 ھەسسە بولۇشى لازىم، بۇنىڭغا زىغىر لوئابى تېمىتىلىدۇ ھەمدە ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن زەرۇرى ئەبيەز سېلىپىدۇ.

زەرۇرى ئەبيەزنىڭ نۇسخىسى ئەنزىرۇتنى ئېلىپ ئېشەك سۈتى ياكى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، سۆگەت ياغىچى ئوتىدا ياكى يەڭگىل ئوت كۆيۈۋاتقان تونۇردا بىر كۈن تۇرغۇزۇلىدۇ ھەمدە كۆيۈپ كېتىشتىن ساقلىنىدۇ. ئاندىن بۇنىڭدىن بىر ھەسسە ۋە نىشاستەدىن تۆتتىن بىر ھەسسە ئېلىپ، ئوبدان سالايە قىلىنىدۇ. بەزىدە كۆزگە يات ماددا كىرىپ كەتكەندە كۆزنى يۇمدۇرۇش ئۈچۈن بىر ھەسسە ناۋاتمۇ قوشۇلىدۇ. بەزى كىشىلەر ئەنزىرۇتنى سۈتتە ئېزىپ، ئاپتاپتا چاڭ - توزاندىن ساقلاپ قۇرۇتىدۇ. ئەنزىرۇتنى بۇ ئۇسۇل بويىچە ئۈچ قېتىم سۈتكە چىلاپ قۇرۇتقاندىن كېيىن دورىغا قوشۇلىدۇ. پېشانە ۋە قاپاقلىرىغا سەبرە،

رۇسۇت، مۇرمەككى، ئاقاقىيا ۋە زەپەر قاتارلىقلار چېپىلىدۇ.

سەۋدادىن بولغان كۆز ئاغرىقىنى داۋالاش مېڭىگە ياخشى خىلىتلارنى پەيدا قىلىدىغان ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالار بىلەن سۇيۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ مالىخولىيادا سۆزلەنگەندۇر. ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. بىنەپشە، نىلۇپەر، ئاق لەيلى يوپۇرمىقى، قاپاق قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا ئارپا ئېشى ئارىلاشتۇرۇپ باش قىسمىغا قۇيۇلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ھورلىرى بىلەن باش ھورلاندۇرۇلىدۇ. ھامامغا چۈشۈش داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بىنەپشە يېغى ۋە يېڭى سۈت بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. بېھى ئۇرۇقى لۇئابى كۆزگە تېمىتىلىدۇ. بابۇنە، بىنەپشە، زىغىر قاتارلىقلارغا نىلۇپەر يېغى ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ ھەمدە شىيافى دىنار جونى كۆزگە تارتىلىدۇ.

شىيافى دىنار جونىنىڭ نۇسخىسى قەلەي كۈشتىسى، ئالتۇن چىلىندان ھەربىرى 35 گىرامدىن، ئەپيۇن بەش گىرام، نىشاستە 3.5 گىرام، كەتىرا بەش گىرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ ھەب ياسىلىدۇ.

سەۋدانى بەدەننى ھۆللەشتۈرۈشتىن ئىلگىرى چىقىرىپ تاشلاش ۋە تارقىتىشقا تىرىشماسلىق لازىم.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەگەر كۆزگە سىرتتىن بىرەر نەرسە كىرىپ كەتكەن بولسا ئۇنى چىقىرىۋېتىش، ئەگەر كۆزى ئاغرىسا ۋە قىزىللىق ناھايىتى كۆپ بولسا، ئىسسىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى زىماتلاردىن بىرەرىنى كۆزنىڭ ئەتراپىغا ئىلمان ھالەتتە كۈندە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم چېپىش كېرەك.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش: 12 گىرام پوستى خەشخاشنى سۇدا قاينىتىپ، ئۇنىڭدا لۆڭگىنى ھۆللەپ سىقىۋېتىپ، ئىسسىق پېتى كۆزگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇشۇنداق ئىسسىق ئۆتكۈزۈش قانچە كۆپ قىلىنسا شۇنچىلىك كۆپ مەنپەئەتى بولىدۇ، مەسىلەن: بىر سائەتتىن ئىككى سائەتكىچە ئىسسىق ئۆتكەزسە بولىدۇ.

زىمات قۇرۇق ئامىلەدىن ئۈچ گىرام، لودپەتانىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، ئىككىسىنى كالىنىڭ سېرىقمېيىدا قورۇپ ۋە سۇدا ئېزىپ، كۆزنىڭ ئەتراپىغا چېپىلىدۇ. لېكىن بۇ كۆز ئىچىگە كىرىپ كەتمىسۇن.

يەنە بىر زىمات نۇسخىسى قورۇلغان زەمچە، پىلە گىجراتى ھەربىرى ئالتە گىرامدىن، ئەپيۇندىن بىر گىرام، زەپەردىن 0.48 گىرام ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ كۆز ئۈستىگە چېپىلىدۇ.

يەنە بىر زىمات نۇسخىسى: قۇرۇق ئىنتىزۇمى، قىزىل سەندەل، رۇسۇتنىڭ ھەربىرىدىن بىر

گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ ئىلمان قىلىپ، كۆز ئەتراپىغا چېپىلىدۇ. زىماتنى ئىشلەتكەندىن كېيىن كۆز ئىچىگە تۆۋەندىكى دورىلاردىن بىرى تېمىتىلىدۇ:

تۆشۈك ئەزالارغا تېمىتىلىدىغان دورا (قەتۇر) نۇسخىسى زەمچىدىن ئالتە گىرام، شېكەردىن ئۈچ گىرام ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، ئەرقى گۇلابتىن 192 گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە 4 ~ 5 قېتىم كۆزگە تېمىتىلىدۇ.

يەنە بىر تېمىتىلما دورا (قەتۇر) نۇسخىسى شىيافى ئەبيەزنى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ كۆزگە تېمىلىتىدۇ.

شىيافى ئەبيەزنىڭ نۇسخىسى نىشاستە 3.5 گىرام، قەشقەر ئۇپىسى، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10.5 گىرامدىن ئېلىپ، ئىسپىغۇل لۇئابىدا يۇغۇرۇپ شىياف تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بولسا، ھارارەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا: بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، چىلاندىن بەش دانە، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سۇدا دورىلارنىڭ شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ سۈزۈپ، 48 گىرام نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئۇ چارىلەر بىلەن كېسەللىك ياخشىلانمىسا، سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىدىغان دورىلارنى قائىدە بويىچە ئىشلىتىشنى داۋاملاشتۇرۇش، لېكىن ئىچىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش لازىم:

يەنە بىر نۇسخا گۇلبىنەپشە يەتتە گىرام، چىلان بەش دانە، گاۋزىبان، نىلۇپەر گۈلى، شاھتەررە يوپۇرمىقى ھەربىرى بەش گىرامدىن، بەدىيان يەتتە گىرام، مىندى بەش گىرام. دورىلارنى كەچتە ئىسسىق سۇغا چىلاپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، ئەگەر قەۋزىيەت بولسا 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنداق بولمىسا 48 گىرام شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە كەچتە يەتتە گىرام ئىترىفىل كەشنىز ياكى يەتتە گىرام ئىترىفىل زامانىنى قايناق سۇ بىلەن بېرىش لازىم.

ئەگەر نەزلە ياكى سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن كۆز ئاغرىقى بولسا نوقۇئى مۆتىدىلگە گۈلى مىندىدىن بەش گىرام قوشۇپ 8 ~ 10 كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ. قالغان چارىلەرنى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش قىلىش لازىم.

ئەگەر سۆزنەكنىڭ سەۋەبىدىن بولسا سۆزنەكنىڭ دورىلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بايانى

سۆزنەكتە سۆزلىنىدۇ. چېپىش ئۈچۈن يۇقىرىقى دورىلاردىن بىرەرى ئىشلىتىلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى دورا چېپىلىدۇ:

نۇسخا كەت سەفىد، رۇسۇت، ئەپيۇن، قورۇلغان زەمچە ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن، نېپىز پوستلۇق لىمون ئەرقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئەرەقنى دورىلارغا تامچىلىتىپ تۇرۇپ ئېزىپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب ياساپ ۋە كەچلىكى سۇدا ئېزىپ كۆزنىڭ ئەتراپىغا چېپىلىدۇ ۋە شىيافى ئەبيەز ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر كۆز ئاغرىقى چېچەك قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى چېچەك قاتارلىقلاردا بايان قىلىنىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: قاپاق، تەندا، پالەك، سېمىزئوت قاتارلىقلار. يەڭگىل، ئاددىي غىزالار ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: مۇچلار سېلىنمىغان ئۆچكە شورپىسى، پۇرچاق ئۇنى كاكچىسىمۇ بېرىلىدۇ. تۇرئى ۋە پەلۇلمۇ زىيانلىق ئەمەستۇر. غىزالارغا مۇچ ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەرنى ناھايىتى ئاز سېلىپ بېرىلىدۇ. قېتىق، قېتىق سۇزمىسى، بارلىق قىسىمدىكى چۈچۈمەل نەرسىلەر ھەمدە يەللىك، تەستە ھەزىم بولىدىغان، كۆپتۈرگۈچى غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆرسەتمە ئاپتاپتا يول يۈرۈش ۋە ئوت يېنىدا ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، يېزىش، ئوقۇش، ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك ھەم جىنسىي مۇناسىۋەتتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، سوغۇق ھاۋادا يول يۈرۈشتىن توسۇلىدۇ، سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇش، شۇنداقلا ئىس - تۈتەك ۋە چاڭ - توزاندا يول يۈرۈشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، ھاۋالىق، قاراڭغۇ ئورۇنلاردا تۇرغۇزۇلىدۇ، كۆز ئالدىغا كۆك لاتا ئېسىپ قويۇلىدۇ، كۆزنى پاكىز سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇشقا دەۋەت قىلىنىدۇ. قەۋزىيەت بولسا قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ، خالىغان رەختلەر بىلەن كۆزنى تازىلىماسلىق، بەلكى پاكىز، زەرچۇبە رەڭگىدىكى رەخت بىلەن كۆزنى تازىلاش، ھەر قېتىم كۆزنى تازىلىغاندا مۇلايىملىق، ئېھتىياتچانلىق بىلەن تازىلاش، ئىمكانقەدەر كۆزگە راھەت ۋە تىنچلىق بېغىشلاش لازىم، قاپاقنى ئۇۋۇلاش ۋە قايتا - قايتا كۆزنى تازىلاش مۇناسىپ ئەمەس.

سۆزنەكتىن بولغان كۆز ئاغرىقى

بۇ، كۆز ئاغرىقىنىڭ يۇقۇملۇق تۈرى بولۇپ، سۆزنەك كېسەللىك ماددىسى يۇقۇش شەكلىدە كۆزگە يېتىپ بارىدۇ. كۆز يۇقۇملىنىپ بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن يىرىڭ پەيدا

بولىدۇ، كۆزدە قاتتىق ئاغرىق ۋە ئىششىق بولىدۇ.

سەۋەبى سۆزنەك ماددىسىنىڭ يىرىڭى بارماق، ياغلىق، لۆڭگە قاتارلىقلار ئارقىلىق كۆزگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئەگەر ھامىلىدار سۆزنەك بولسا، بالا تۇغۇلغان ۋاقىتتا بالىنىڭ كۆزلىرىگە سۆزنەكنىڭ يىرىڭى يۇقىدۇ ياكى بالا باققۇچى سۆزنەك بولسا، بالىنىڭ كۆزىگە بۇنىڭ ماددىسى يۇقۇپ، كۆز ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ. بۇ، بالىلاردا ۋە ياشلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ياشلاردا ئاۋۋال بىر كۆزىدە ئاغرىق بولىدۇ، ئاندىن كېيىن ماددىنىڭ يۇقۇشىدىن يەنە بىر كۆزى ئاغرىيدۇ، لېكىن توققۇز ياشتىن ئاشقان بالىلاردا دەسلەپتىلا ئىككى كۆزى ئاغرىيدۇ. ئەگەر بالىلاردا بۇ كېسەللىك بولسا، تۆت - بەش كۈندىن كېيىنلا ئاشكارا بولىدۇ.

ئالامىتى كۆزى قىزىل ۋە ئىششىغان بولىدۇ، ياش ئاقىدۇ ۋە ئۆتكۈر ئاغرىق، ئېچىشىش بولىدۇ. بىمار كۆزىنى ئاچالمايدۇ، يورۇقلۇقتىن نەپرەتلىنىدۇ. كۆزى 2 ~ 4 كۈندىن كېيىن يىرىڭلايدۇ، قاپاقلىرى ئىششىيدۇ، ئۈستۈنكى قاپىقى ساڭگىلاپ قالىدۇ، كۆزىنى ئاچسا يىرىڭ چىقىدۇ. بۇ ئاغرىق ئومۇمەن بىر ئىككى ئايغىچە داۋاملىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالامەتلەردە يەڭگىللەش بولىدۇ ھەمدە كېسەللىك سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر داۋالاش مۇناسىپ بولمىسا، مۈڭگۈزسىمان پەردە كۆپىنچە ئېرىپ، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاش سۆزنەك بىمارى تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىمكى، يىرىڭنى كۆزىگە تەگكۈزمەسلىك، ئۇخلاپ قوپقاندا دەسلەپتە قولىنى يۇيۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆز قاتارلىقلارنى يۇيۇش. ئەگەر ھامىلىدار ئايال سۆزنەك بولسا، يەڭگىش ۋاقتىدا نىيم سۈيى بىلەن تاشقى جىنسىي ئەزانى يۇيۇش ھەمدە تۇغۇلغان بالىنىڭ كۆزىگە بىر گىرام زەمچىنى 36 گىرام ئەرقى گۇلابقا ئارىلاشتۇرۇپ ئۈچ - تۆت كۈنگىچە كۈندە بىر قانچە قېتىم تېمىتىپ تۇرۇش لازىم.

داۋالاش ئەگەر بىر كۆزىلا كېسەللەنگەن بولسا، بىمارنىڭ شۇ كۆزى پاكىز رەخت بىلەن تېڭىلىدۇ ياكى كۆز قاپچۇقى تاقىلىدۇ. ئەگەر كۆزىدە ئۆتكۈر ئاغرىق ۋە ئىششىق بولسا، ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ (بۇنىڭ بايانى كۆز ئاغرىقىدا سۆزلىنىپ بولدى) ھەمدە كۈندە بىر قانچە قېتىم قىزىلگۈلنىڭ سۈيى بىلەن كۆز يۇيۇلىدۇ. ئاغرىق يوقالغاندىن كېيىن زەمچىنى 36 گىرام قىزىلگۈل ئەرقىگە ئارىلاشتۇرۇپ قەتۇر شەكلىدە كۆزگە تېمىتىلىدۇ، زىمات قاتارلىقلار كەچتە ئۇخلاش ۋاقتىدا چېپىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى كۆز ئاغرىقىدا سۆزلىنىپ بولدى. ئەتىگەندە شاھتەررە چىلانىمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭغا ئەبنۇس كېپىكى، شىشىم كېپىكى قوشۇپ بېرىلىدۇ. كەچلىكى دەسلەپتە مەجۇنى ئۆشبىدىن بەش گىرام ياكى مەجۇنى چۆپچىنىدىن بەش گىرام يېگۈزۈپ،

ئۈستىدىن ئەرقى ئۆشبىدىن 72 گىرام، ئەرقى مۇرەككەپ فاسادى خۇندىن 48 گىرام، چىلان شەربىتىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە كەچلىكى يەتتە گىرام ئىترىفىل شاھتەررە قايناق سۇ بىلەن بېرىلىدۇ.

شاھتەررە چىلانمىسى (نوقۇئى شاھتەررە) نۇسخىسى شاھتەررە، قەسبۇزەرىرە، ئىتئۇزۇمى ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، چىلان بەش دانە، مىندى، قارا ھېلىلە، قىزىل سەندەل ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، ئەبنۇس كېپىكى، شىشىم كېپىكىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، كەچلىكى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ چىلان شەربىتى قوشۇپ 15 ~ 20 كۈنگىچە بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ، سۇفۇپى مۇسھىل سىيلە 2 ~ 3 قېتىم قايىنىتىپ بېرىلىدۇ ھەمدە مۇسھىللار ئارىلىقىدا سوۋۇتقۇچىلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا دەسلەپتە خېمىرى گاۋزىباندىن 12 گىرامنى كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن بەش دانە چىلان شىرىسىنى 72 گىرام ئەرقى گاۋزىبان، 72 گىرام ئەرقى شاھتەررىدە چىقىرىپ، 24 گىرام چىلان شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بەش گىرام رەيھان ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق بالىدا بولسا بالىنىڭ ئانىسىغا قان تازىلىغۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە بالىنىڭ كۆزى يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن يۇيۇلىدۇ ۋە كۆزىگە زىمات چېپىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ئادەتتىكىدەك ئاددىي غىزالارنى بېرىش ۋە مۇسھىللارنىڭ ئارىلىقىدا ماش كەچىرىسى يېگۈزۈش لازىم.

قۇرۇقلۇقتىن بولغان كۆز ئاغرىقى (رەمەدىيابەس)

بەزىدە ئاز ساندا بىرىكتۈرگۈچى پەردىدە بىر تۈردىكى قۇرۇقلۇق پەيدا بولىدۇ ھەمدە بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك ئاغرىق بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىششىق ۋە قىزىللىق بولمايدۇ. باشنىڭ تېرىسى نېپىز بولۇپ، تۇتۇش بىلەن ئاغرىيدۇ، قۇلاق غوڭۇلدايدۇ، بۇنى كۆز ئاغرىقىغا ئوخشىتىپ يۇقىرىقىدەك ئاتىغان.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بەدەندىكى ماددىسىز قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتۇر.

ئالامىتى باش سۆڭەكنىڭ ئۈستى سىرتقى پەردىسىدە ئاغرىق بولىدۇ ۋە بۇ ئاغرىققا كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى شېرىكلەشكەن بولىدۇ ھەمدە كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىدە ھارارەت يۇقىرىلاپ سۇيۇقلۇقلىرىنى قۇرۇتىدۇ.

داۋالاش بەدەن ۋە كۆزگە سۇيۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ، يەنى سۇيۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆز قۇم تىققاندەك ئاغرىش بۇ كىشى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، كۆزىدە قۇم تىققانغا ئوخشاش قادىلىش ھېس قىلىدىغان ۋە ئەتىگەندە بۇ ئەھۋال يوقىلىدىغان ھالەتتۇر.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى بۇزۇلغان سۇيۇقلۇق بولۇپ، بۇ ئۇيقۇ ھالىتىدە كۆز پەردىلىرىدە توسۇلۇپ قالىدۇ ھەمدە ئويغانغاندا تارقاپ كېتىدۇ.

داۋالاش مىزاجىغا قاراپ مۇناسىپ دورىلار بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ، ياش ئاققۇزغۇچى سۈرمىلەر تارتىلىدۇ، مەسىلەن: ئەھمەرلەيىن، ئەھمەرھاد ۋە باسلىقۇن قاتارلىقلار تەدرىجىي ئىشلىتىلىدۇ.

كۇمنە

بۇ سۆز ئورتاق شەكىلدە ئۈچ مەنە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

بىرىنچى كېسەللىك يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەنىدە بولۇپ ، قاپاق كېسەللىكلىرىدىندۇر.

ئىككىنچى كېسەللىك مۆڭگۈزسىمان پەردە ئاستىغا يىرىڭ توپلىنىشۋېلىش مەنىسىدە بولۇپ، مۆڭگۈز پەردە كېسەللىكلىرىدىندۇر، بۇ بايان قىلىنىپ بولدى.

ئۈچىنچى كېسەللىك بىرىكتۈرگۈچى پەردە كېسەللىكلىرىدىن بولۇپ، بۇنى يازغۇچى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان:

كۇمنە قۇرۇقلۇقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا ئوخشاش بىر ھالەت بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن كۆرۈش كۈچىمۇ ئاجىزلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق نەرسىلەر خۇددى بۇلۇت ياكى ئىس - تۈتەك ئىچىدە قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ، كۆز پەردىلىرىنىڭ رەڭگى قىزىل بولۇپ، دۇغلاشقان ھالەتتە بولىدۇ. كۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى سۇس بولىدۇ. بىمارغا خۇددى كۆزلىرىنىڭ ھەجمى ۋە مىقدارى ئىلگىرىكىدىن كۆپ چوڭىيىپ كەتكەندەك مەلۇم بولىدۇ ھەم قىچىشىشمۇ بولىدۇ. بۇ خىل كۆز ئاغرىقى ئىسسىق سۇدىن باشقا بىرەر نەرسە بىلەن ئارام تاپمايدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى كۆز پەردىلىرىدە توسۇلۇپ قالغان ئازراق ناچار ۋە لەتىف سۇيۇقلۇقلاردۇر. بۇنىڭدا كۆزدە ئاغرىق پەيدا قىلغۇدەك ۋە ياش ئاققۇزغۇدەك زىيادە ئۆتكۈرلۈك بولمايدۇ، پەقەت ئازراق ئۆتكۈر بولغانلىقتىن كۆزدە قىچىشىش پەيدا قىلىدۇ.

داۋالاش ئايارەج ۋە ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى بىلەن ئۇ ماددىلار چىقىرىۋېتىلىدۇ، غار - غار

قىلدۇرۇلىدۇ. زەرۇرى كۇمىنە كۆزگە سېپىلىدۇ.

زەرۇرى كۇمىنەنىڭ نۇسخىسى   پىلپىل بىر گىرام، سېرىق ھېلىلە ئۈچ گىرام، مامىرانچىنى بىر گىرام، سەبرە سۇقۇتىرى 0.72 گىرام، رۇسۇت، مۇرمەككى، كۆپۈكى دەريا ھەربىرى 3.5 گىرامدىن ئېلىنىدۇ. دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، زەرۇر شەكىلدە كۆزگە ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە بۇنىڭغا بەدىيان سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ ھەب ياسىلىدۇ. لەتىف ۋە تارقاتقۇچى دورىلار، مەسىلەن: شۇمشا، ئىكلىلمىلىك، بابۇنە قاتارلىقلارنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىنىڭ كۆپۈپ قېلىشى

ئىنتىفاخ بىر خىل سوغۇقتىن بولغان ئىششىق بولۇپ، كۆزنىڭ بىرىكتۈرگۈچى پەردىلىرىدە ئومۇمەن قىچىشىش بىلەن پەيدا بولىدۇ.

بۇ، يەلدىن، بەلغەمدىن، سۇ چۈشۈشتىن، سەۋدادىن بولغان دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئالامىتى

يەلدىن بولغىنىنىڭ ئالامىتى   بۇنىڭدا ئىششىق تۇيۇقسىز كۆرۈلىدۇ ھەمدە كۆز ئىچكى بۇرجىكى تەرەپكە مايىل بولىدۇ. بۇ ھالەت پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى كۆز ئىچكى بۇرجىكىدە چىۋىن ۋە ھەرە چاققاندەك ھالەت مەلۇم بولىدۇ، يەنى بىرئاز كۆيۈشۈش ۋە قىچىشىش بولىدۇ ھەمدە بۇ ئىششىق ياز پەسلىدە پەيدا بولىدۇ، ياشانغانلاردا بولىدۇ. بۇ ئىششىقنىڭ رەڭگى بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارغا ئوخشاش ئاق رەڭدە بولىدۇ، ئېغىرلىق تامامەن بولمايدۇ.

بەلغەمدىن بولغىنىنىڭ ئالامىتى   بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، يەلدىن بولغان ئىششىقتىن زىيادە سوغۇق ۋە ئېغىر بولىدۇ ھەمدە بارماق بىلەن باسقاندا قولنىڭ ئىزى قىسقا ۋاقىتقىچە يوقالمايدۇ.

سۇ چۈشۈشتىن بولغىنىنىڭ ئالامىتى   بارماق بىلەن باسقاندا قولنىڭ ئىزى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە تۇرمايدۇ، ئاغرىق بولمايدۇ، قىچىشىش ۋە لوقۇلداش بولمايدۇ، بۇنىڭ رەڭگى بەدەن رەڭگىگە ئوخشاش بولىدۇ.

سەۋدادىن بولغىنىنىڭ ئالامىتى   بۇنىڭدا قاتتىقلىق بولىدۇ، بارماق بىلەن باسقاندا بېسىلمايدۇ، قاتتىق تەمەددۇد بولىدۇ، ئىششىق قاش ۋە يۈزلىرىگىچە تارقايدۇ، ئاغرىق ئازراقمۇ كۈچەيمەيدۇ. ئىششىقنىڭ رەڭگى سەۋدانىڭ رەڭگىدەك كۆك بولىدۇ ۋە كۆپىنچە بۇ ئىششىق قاپاق ۋە كۆزدە، يەنى كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىدە ئومۇمىيۈزلۈك بولىدۇ. بۇ كۆپىنچە كونىرىغان

كۆز ئاغرىقى ۋە چېچەكتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش

يەلدىن بولغىنىنى داۋالاش دەسلەپتە ئەپيۇن چۈشمىگەن شىيافى ئەبيەز ۋە زەرۇرى ئەسفەر ئىشلىتىلىدۇ. سەبرە، شىيافى مامىسا، ئىكلىلمىلىك، سەندەل، فۇپەل قاتارلىقلارغا ئۇخشاش ماددىلارنى قايتۇرغۇچى دورىلار تىلا قىلىنىدۇ.

كېسەللىكنىڭ دەسلەپتە زەرۇرى ئەسفەر سەغىرگە ئەھمەرلەيىن قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. سەبرە، رۇسۇت ۋە زەپەر قاتارلىقلار ئىنتىئۇزۇمى سۈيى بىلەن تىلا شەكلىدە چېپىلىدۇ. يەل پەيدا قىلغۇچى غىزا قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلدۇرماسلىق، قۇرۇق غىزالارنى يېگۈزۈش ۋە ئىترىفىل ئىشلىتىش لازىم.

بەلغەمدىن بولغىنىنى داۋالاش بەلغەمنىڭ مۇسھىلى، مەسلەن: ئايارەج بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. سىركەنجىۋىل ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن ياكى مەيپۇختەج①، خىيار شەنبەر ۋە بەدىيان قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، دەسلەپتە ئەھمەرلەيىننى، ئاندىن كېيىن زەرۇرى ئەسغەرگە شىيافى ئەھمەر ھاد② قوشۇپ كۆزىگە چېپىلىدۇ.

شىيافى ئەھمەر ھادنىڭ نۇسخىسى شادىنەج، كۆيدۈرۈلگەن زەمچىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن، كۆيدۈرۈلگەن مىس، زەپەر، قارىمۇچنىڭ ھەربىرىدىن 1.5 گىرامدىن ئېلىپ، سۇزاپنىڭ سۈيىدە ئېزىپ شىياف ياسىلىدۇ.

سۇ چۈشۈشتىن بولغىنىنى داۋالاش بۇنىڭدا ئايارەجلەر ئارقىلىق تەسىرى كۈچەيتىلگەن قاينىتىلما بىلەن ئىچىنى سۈرۈش، ئاندىن كېيىن يۇقىرىقى مەزكۇر سۈرمىلەرنى ئىشلىتىش لازىم. بۇ خاس تۈردە شىيافى دىنار جونى تارتىش، تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن نۇتۇل قىلىش پايدىلىقتۇر. تارقاتقۇچى دورىلاردىن، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، يالپۇز ۋە مەرزەنجۇش قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى ئىشلىتىلىدۇ، كۇرسىنە ئۇنى، ئارپا ئۇنى، سەبرە، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، بەدىيان سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىش لازىم.

سەۋدادىن بولغىنىنى داۋالاش ماددىنى پىشۇرغاندىن ۋە بەدەننى ھۆللەشتۈرگەندىن كېيىن بەدەن تازىلىنىدۇ. شىيافى ئەھمەرلەيىن ۋە شىيافى ئەسفەر قاتارلىقلارنى كۆزگە تارتىش

---

① مەيپۇختەج — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، قاينىتىلغان شارابتۇر.

② شىيافى ئەھمەر ھاد — ئەھمەر قىزىل، ھاد — ئۆتكۈر دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ شىياف (شامچە) نىسبەتەن ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇنىڭغا تەڭداش تۇرىدىغىنى شىيافى ئەھمەرلەيىن (ت).

لازىم. شۇنىڭدەك يۇقىرىقى زىمات ۋە نۇتۇلمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بەدەننى تازىلاشتىن ئىلگىرى ۋە تازىلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ، چۈنكى مۇنچىغا چۈشكەندە ماددىلار يۇمشايدۇ ۋە تارقايدۇ.

كۆزگە پەردە چۈشۈش (سۇبەل)

سۇبەلنىڭ ئەسلىي مەنىسى ياش ئېقىشتۇر. ياش ئېقىش بۇ كېسەلدە چوقۇم بولىدۇ. سۇبەل كۆزنىڭ بىر پەردىسى بولۇپ، بۇ، كۆزنىڭ سىرتقى قان تومۇرلىرىنىڭ ئىششىشىدىن بىرىكتۈرگۈچى پەردە ۋە مۈڭگۈزسىمان پەردە يۈزىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇ تومۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئىس - تۈتەككە ئوخشاش ئازراق توقۇلما بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئاق ۋە نېپىز پەردىدەك كۆرۈنىدۇ.

سۇبەل ئىككىلەمچى ۋە سالامەتلىككە زىيانلىق ھالەتتە ئەسلىدىكى قان تومۇرلارنىڭ كۆپىيىشىدۇر. بۇنىڭغا بارلىق قان تومۇرلارغا ئوخشاش قان كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ تۈردىكى تەبىئىي كۆپىيىشلەرنىڭ مىسالى يۈرەك مۇسكۇل تالالىرى ۋە بالىياتقۇ مۇسكۇل تالالىرىدا ھامىلدارلىق ھالىتىدە ئۇچرايدۇ. بۇ پەردىمۇ ئەسلىدە بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، زىيادە قېلىن ۋە دۇغلۇق بولىدۇ.

سەبەلدىكى قان تومۇرلۇق پەردە ئومۇمەن مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىدە كۆرۈلىدۇ، شەكلى بۇلۇتقا ئوخشايدۇ. رەڭگى ئومۇمەن سارغۇچ ۋە سەل سۈزۈك بولىدۇ. مۈڭگۈزسىمان پەردە يۈزى بۇ قان تومۇرلارنىڭ كۆپۈۋېلىشى سەۋەبىدىن تەكشى بولمايدۇ. بۇ قان تومۇرلارنىڭ ئەسلىي مەنبەسى بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ قان تومۇرلىرىدۇر، ئادەتتە بۇ خىل يېڭى كۆپىيىش كۈنسېرى تەرەققىي قىلىدۇ. ھەتتا مۈڭگۈز پەردىنىڭ يۇقىرىقى يېرىم بۆلىكى بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يۆگىلىدۇ. بۇ ھالەتتە كۆرۈش كۈچى شۇ قەدەر تەسىرگە ئۇچرايدۇكى، ئاخىرىدا يورۇقلۇقنى سېزىشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ.

تۈرلىرى سۇبەل ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سۇبەل رۇتەب: بۇنىڭدا كۆزدىن ياش ئاقىدۇ ۋە قاپاقلىرىدا زىيادە سۇيۇقلۇق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىچىشىش، تەدرىجىي چۈشكۈرۈش ۋە كۆز ئىچىدە لوقۇلداش بولىدۇ. بۇ تۈردە قان تومۇرنى كەسكۈچى سايمان بىلەن كېسىش مۇمكىن بولمايدۇ.

سۇبەل يابەس: بۇنىڭدا بىمارنىڭ كۆزىدە ياش ۋە سۇيۇقلۇق بولمايدۇ ھەمدە ئۇ پەردىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن باشقا يەنە بىرەر نورمالسىزلىق كۆزىدە تېپىلمايدۇ.

سۇبەل مۇستەھكەم: بۇنىڭدا پەردە قېلىن بولىدۇ، كۆز قارىسى ئاق بولىدۇ ۋە كۆرۈش

كۆچى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى قان تومۇرلاردىكى تولۇپ قېلىش، يەنى ئۇ قان تومۇرلارغا قاندىكى كېرەكسىز ماددىلار ۋە قويۇق سۇيۇقلۇقنىڭ تولۇپ قېلىشى بولىدۇ.

يۇقىرىقى تولۇپ قېلىش كونا كۆز ياشاڭغىراش ياكى تەتۈر كىرپىك سەۋەبىدىن مۈڭگۈز پەردە ئۈستىنىڭ ئارقمۇئارقا غىدىقلىنىشىدىن بولىدۇ.

سۇبەل خەفىفنىڭ ئالامەتلىرى ئەگەر سەبەل كېسەللىكى يېڭى باشلانسا ۋە چۈشكەن پەردە نېپىز بولسا، كۆرۈش كۈچىدە يەڭگىل نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ ھەمدە كۆزدىكى كىچىك قان تومۇرلار ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش بىر تۈزۈلۈشتە كۆرۈنىدۇ.

سۇبەل مۇستەھكەمنىڭ ئالامەتلىرى قان تومۇرلار نىسبەتەن چوڭ بولىدۇ، كۆرۈش كۈچى تولۇق ئاجىزلايدۇ، بىرىكتۈرگۈچى پەردە قىزىل بولىدۇ. كۆزدىكى قان تومۇرلار قىزىل توردەك مەلۇم بولىدۇ، يورۇقلۇققا قارىيالمايدۇ. ئەگەر كېسەللىك كونىرىسا قىچىشىش ئازلايدۇ، مۈڭگۈزسىمان پەردە كۆپۈشكەن بولۇپ، يۈزى تەكشى بولمايدۇ. مۈڭگۈزسىمان پەردە ئۈستىگە بىر پەردە چاپلىشىۋالغاندەك، مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ پارقىراقلىقى يوقالغاندەك كۆرۈنىدۇ. كۆرۈش كۈچى نورمالسىزلىشىدۇ، بەزىدە كۆزدە ئېچىشىش ۋە ئاغرىش قاتتىق بولىدۇ. جۈملىدىن كېچىدە قاپاق ۋە كۆزى ئەتراپىدا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە كۆز قارىچۇقى يېغىلىپ شەكىلسىز بولۇپ قالىدۇ، بۇ ھالەتتە بەزىدە مۈڭگۈزسىمان پەردە جاراھەتلىنىدۇ.

داۋالاش سۇبەل خەفىفتە قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئايارەج قاتارلىقلار بىلەن سۈرگە بېرىلىدۇ، تەنقىيە قىلىنغاندىن كېيىن ئاشقازان بوش ھالەتتە ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، كۈچلۈك سۈرمە تارتىلىدۇ، مەسىلەن: باسلىقۇن قاتارلىقلار.

باسلىقۇن ①نۇسخىسى كۆپۈكى دەريا، كۈمۈش چىلىنىدان ھەربىرى 35 گىرامدىن، كۆيدۈرۈلگەن مىس، لاھۇر تۇزى، سازەج ھىندى، قەلەي ئۇپىسى، قارىمۇچ، ئاقمۇچ، سۇمبۇل، تۇتىيا ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، قەلەمپۇر، ئۆشنە ھەربىرى 3.5 گىرامدىن، مامىرانچىنى، زەرچۇۋە ھەربىرى 10.5 گىرامدىن، ھېلىلە پوستى، قەشقەر ئۇپىسى، ئاش تۇزى، مامىيسا ئۇسارىسى ھەربىرى 17.5 گىرامدىن، ئېپار 1.5 گىرام. دورىلاردىن سۈرمە تەييارلىنىدۇ.

سۇبەل مۇستەھكەمدە تومۇرلارنى قىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. تومۇرلار ئاستىدىن نۇرغۇن يىپلارنى ئۆتكۈزۈپ، ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قايچا بىلەن قىرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇز ۋە زىرە

---

① باسلىقۇن — يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى پادىشاھتۇر.

سۈيىنى كۆزگە تېمىتىش ھەمدە كۆزنىڭ چاپلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىمارغا كۆزنى بىر خىل ھالەتتە ئايلاندۇرۇپ تۇرۇشنى ئېيتىش لازىم.

كۆرسەتمە بىمارنى پاكىز ۋە قاراڭغۇ ياتاقتا تۇرغۇزۇش، كۆز ئالدىغا قارا رەڭلىك ياكى سېرىق رەڭلىك رەخت ئېسىپ قويۇش، سوغۇق ھاۋادا يول يۈرۈشتىن چەكلەش، ئەقلىي ئەمگەك قىلىش، سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش، ئوت يېنىدا ئولتۇرۇش، ئاپتاپتا يول يۈرۈش ۋە چۈچۈمەل نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇش، ئەگەر قەۋزىيەت بولسا ئۇنى داۋالاش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئاددىي ۋە ئادەتتىكى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئۆچكە شورپىسىغا پۇرچاق ئۇنى قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، قاپاق، سەي كاۋىسى، تەندا، پالەك قاتارلىقلار كاكچا نان ياكى پەلكى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. قارىمۇچ ۋە تەم تەڭشىگۈچى دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن توسۇش ھەمدە قېتىق، قېتىق سۈزمىسى، تەمرى ھىندى، لىمون قاتارلىقلاردىن ۋە كۆپتۈرگۈچى، تەستە ھەزىم بولىدىغان نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

كۆزگە ئاق چۈشۈش

كۆزگە ئاق چۈشۈش مۈڭگۈز پەردىنىڭ سىرتقى يۈزىدە بولىدىغان نېپىز ئاقلىققا ئېيتىلىدۇ، بۇ ئەسىرى ساھاب دەپ ئاتىلىدۇ ياكى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئىچىدە بولىدىغان قويۇق ئاقلىققا ئېيتىلىدۇ، بۇ بەياز دەپ ئاتىلىدۇ. مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ قەۋەتلىرىدە زەخىم پەيدا بولغاندىن كېيىن داغ قالغانلىقى سەۋەبىدىن كۆزدە ئاقلىق پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئاقلىق ناھايىتى نېپىز ۋە سۇس بولسا، بۇ دەندى دېيىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئاقلىق قېنىق بولسا، پولى ياكى پولا دېيىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئاقلىق ناھايىتى قېنىق بولسا، تىنتى دېيىلىدۇ.

سەۋەبى

1. بۇ كېسەللىك بەزىدە زەخىملەردىن كېيىن كۆزنى ئۇزۇن تېڭىپ قويۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ ياكى زەخىملەر سەۋەبىدىن كۆزى ئاجىزلاپ، ناچار ماددىلار زىيادە قۇيۇلغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ.

بۇ تۈرىنى داۋالىغان بىلەنمۇ پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ. بەلكى زەخىم پۈتكەندىن

كېيىن بۇنىڭ تەسىرى ۋە ئىزى قېپقالىدۇ. بۇ ئىزنىڭ يوقىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

2. بۇ بەزىدە كۆز ئاغرىقىدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

① قائىدىسىز داۋالاش: ماددىنى قويۇلدۇرۇپ قويۇش ۋە تارقىتىۋەتمەسلىك؛
② قائىدىسىز داۋالاشلار بىلەن كۆز پەردىلىرىگە ئاغرىق ۋە يېقىمسىزلىقنىڭ يېتىشى؛
③ ئۇزاق مۇددەتكىچە كۆزنى تېڭىپ قويۇش.

3. بەزىدە بۇ كېسەللىك باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ۋە قاتتىق باش ئاغرىقىدىن كېيىن بولىدۇ، چۈنكى بۇ ھالەتلەردە ئۆتكۈر ئاغرىق ۋە يورۇقلۇقتىن يېقىمسىزلىنىش سەۋەبىدىن كۆزنى يۇمۇۋېلىپ ئاچمايدۇ. كۆزى ئوچۇق ھالەتتە ھەرىكەت زىيادە بولغانلىقى، يورۇقلۇق ۋە ھاۋا بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئۈچۈن كۆزدىكى ماددىلار تارقىلىدۇ ياكى مۇشۇنداق ئاغرىقلاردا بەزىدە قاتتىق ئاغرىق سەۋەبىدىن بىھۇدە ھەرىكەتلەر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماددىلار كۆز تەرەپكە قۇيۇلىدۇ.

4. كۆز ياشاڭغىراش ياكى تەتۈر كىرپىك سەۋەبىدىن مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ داۋاملىق غىدىقلىنىشى ياكى بۇ پەردىدە ئىششىقنىڭ بولۇشى ياكى كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق قاتارلىقلارنىڭ پەيدا بولۇپ، زەخىم بولۇشى تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بالىلاردا كۆپ يىغلاش سەۋەبىدىنمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. لېكىن مۇناسىپ داۋالاش بىلەن بالىلاردا بۇ كېسەللىك ئاسانلا يوقىلىدۇ، لېكىن ياشلاردا ۋە ياشانغانلاردا ئاسانلىقچە ياخشىلانمايدۇ.

ئالامىتى كۆزنىڭ مۈڭگۈزسىمان پەردىسىدە ئاق داغ پەيدا بولىدۇ، كۆرۈش كۈچى تۆۋەنلەيدۇ ياكى كۆرۈش كۈچى تامامەن يوقىلىدۇ. ئەگەر بۇ مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ مەركىزىدە بولسا، ئۇنىڭ نېپىز بولۇشى ياكى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۆرۈش كۈچى تۆۋەنلەيدۇ. ئەگەر بۇ ئاق مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئەتراپىدا بولسا، ئۇنىڭ قېلىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۆرۈش كۈچىدە ئازراقمۇ تۆۋەنلەش بولمايدۇ.

داۋالاش ئەگەر ماددىلارنىڭ قويۇلۇشى ۋە يىغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋەبلەر تامامەن يوقالغان بولسا، ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ئىسسىق سۇ ھورلىرىدا ھورلاندۇرۇلىدۇ، بۇنىڭدا كۆزى يۈزى تەرلەپ، قىزارغۇچە ئوچۇق تۇتۇلىدۇ، ئاندىن تازىلىغۇچى سۈرمىلەر تارتىلىدۇ. سۈرمە تارتىشتىن ئىلگىرى يۇقىرىقىدەك قىلىشنىڭ ماددىلارنى لەتىفلەشتۈرۈپ ۋە يۇمشىتىپ، تازىلىغۇچى دورىلارنىڭ تەسىرىنى تېز قوبۇل قىلىشتا پايدىسى بار.

ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، يەنى كېسەللىك كونىرىغان بولسا ھەمدە بىمار سېمىز، كۈچلۈك

بولسا ھەزۇم سەغىر، ھەزۇم كەبىر، ھەزۇم مۇئەسسەل چېپىش لازىم.

ھەزۇم سەغىر نۇسخىسى ياساش ئۇسۇلى شۇكى، تۇخۇم شاكىلىنى تاتلىق سۇغا چىلاپ ئاپتاپتا قويۇلىدۇ. سۇدا سېسىق پۇراق پەيدا بولغاندا، شاكالنى ئېلىپ ئوبدان يۇيۇپ تازىلاپ ۋە ئۇنىڭ ئىچكى نېپىز پەردىسىنى ئېلىۋېتىپ، يەنە باشقىدىن سۇ قۇيۇپ ئاپتاپتا سۇدا سېسىق پۇراق پەيدا بولغۇچە قويۇپ يەنە يۇيۇلىدۇ، تاكى سۇدا سېسىق پۇراق پەيدا بولمىغانغا قەدەر مۇشۇ ئەمەل قىلىنىدۇ. ئاندىن قۇرۇتۇپ يۇمشاق ئېزىپ، شېكەر بىلەن كۆزگە تارتىلىدۇ.

ھەزۇم كەبىر نۇسخىسى يۇقىرىقى مەزكۇر مۇدەببەر قىلىنغان تۇخۇم شاكىلى، كونا قومۇش بوغۇمى، كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ، مەرۋايىت، كۆپۈكى دەريا، سالما مايىقى، دەھەنە (تاشنىڭ بىر خىل تۈرى)، كۈمۈش چىلىندان، ئالتۇن چىلىندان، شادىنەج، كەرگەس قانىتى كۈلى، بىخ مارجان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى بىر ھەسسىدىن، سەنگى مەسەن (كۆك بىلەي تېشى) دىن تۆتتىن بىر ھەسسە، شەپەرەڭ مايىقىدىن يېرىم ھەسسە ئېلىپ، ھەممىسىنى ياخشى ئېزىپ تەييارلىنىدۇ.

ھەزۇم مۇئەسسەل نۇسخىسى سالما مايىقى، مۇدەببەر قىلىنغان تۆگىقۇش تۇخۇمىنىڭ شاكىلى، كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ، كۆيدۈرۈلگەن بىخ مارجان، ئەبابىل مايىقى، توغرىغۇ، سالايە قىلىنغان كەرگەس قانىتى كۈلى قاتارلىقلارنى غازنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقىغا ئارىلاشتۇرۇپ قۇرۇتۇپ، ئىككى قېتىم ئېزىپ، سۇيۇق ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە تارتىلىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار دەسلەپتە قىچىشىشنى يوقىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن شىيافى دىنار جوننى ئۆچكىنىڭ سۈتىدە سۈرۈپ كۆزگە كۈندۈزى ئىشلىتىلىدۇ، كەچتە ئۇخلاش ۋاقتىدا كوھلى بەياز چېپىلىدۇ. ئەگەر ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە يەڭگىللەش مەلۇم بولسا، ئېچىشىش ۋە غىدىقلىنىشنىڭ بىرەر ئەندىشىسى بولمىسا، كوھلى سابۇنە (سىلىقلاشتۇرغۇچى دورا) كۈندە ئىككى قېتىم تارتىلىدۇ ھەمدە كەچلىكى كوھلى بەياز ياكى كوھلى گىل كەجىد ياكى ئىككىلىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ تارتىش. ئىترىفىل كەشنىزنى ئەتىگەن - كەچتە سۇ بىلەن يېگۈزۈش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز يەڭگىل ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار بېرىلىدۇ، قەۋزىيەت بولسا چوڭ تەرەت راۋانلاشتۇرۇلىدۇ، سېمىزئوت، پالەك، قاپاق تەرى، كاكچا نان بېرىلىدۇ. يەل پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر، مەسىلەن: ئەنجۈر، سامساق، پىياز ۋە سۈت قاتارلىقلاردىن، شۇنىڭدەك بېلىق، كالا گۆشى ۋە تاتلىق نەرسىلەرنى كۆپ بېرىش ۋە گۈرۈچ، قېتىق ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش (ناخۇنە، زۇپرە)

ناخۇنە تىرناق دېگەن سۆزگە قارىتىلغان، تېۋىپلار ئارىسىدا زۇپرە نامى بىلەن مەشھۇردۇر. كىشىلەر بۇ كېسەللىكنى تىرناقنىڭ ئاقلىقى ۋە قاتتىقلىقى بىلەن ئوخشاش چۈشىنىپ، ئۇنى زۇپرە دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى پارسچىدا ناخۇنەدۇر. زۇپرە كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىنىڭ بىر نېرۋىسىنىڭ (گۆش ۋە پەردە) ئۆسمىسىدۇر. بۇ ئۆسمە كۆپىنچە كۆز ئىچكى بۇرجىكىدىن باشلىنىدۇ ۋە بەزىدە سىرتتىن ۋە بەزىدە ئىككى تەرەپتىن پەيدا بولىدۇ، بۇ كېسەللىك كۆز ئۈچۈن كۆزدە تولۇق ھەرىكەت بولماسلىقى سەۋەبىدىن زىيانلىقتۇر. بۇ كۆپىنچە بىرىكتۈرگۈچى پەردىدە بولىدۇ، بەزىدە مۈڭگۈزسىمان پەردە ئۈستىگە قەدەر يېتىپ بېرىپ، كۆز قارىچۇقنى يېپىۋالىدۇ.

بۇ بىر خاس قىسمىدىكى گۆش ۋە قانلىق توقۇلما بولۇپ، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ ئادەتتە ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە، نېپىز بولىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتتا قېلىنلاپ گۆشتەك بولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ ئۈچ بۇرجەكلىك بېشى مۈڭگۈز پەردە قەۋەت تەرەپكە چوڭىيىپ، بەزىدە كۆز قارىسىنىڭ يېرىمىغىچە يېتىپ بارىدۇ ۋە بىر قېتىم كەسكەندىن كېيىن يەنە ئىككىنچى قېتىم پەيدا بولىدۇ ھەم بىر مەزگىلگىچە تۇرىدۇ.

سەۋەبى ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى يەرلىك ئورۇندىكى چاپلاشقاق ماددىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بولىدۇ، بۇ كېسەللىك بوران - چاپقۇن كۆپ چىقىدىغان قۇملۇق جايلاردا كۆپرەك بولىدۇ ۋە كۆزلەرگە چاڭ - توزانلار تەسىر قىلىش بىلەن كۆزلەردە غىدىقلىنىش پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك ئىسسىق مەملىكەتلەردە كۆز ئاغرىقىغا ئېھتىيات قىلماسلىق سەۋەبىدىن ياكى مۈڭگۈزسىمان پەردىسىنىڭ زەخىملىنىشىدىن كېيىن كۆپ پەيدا بولىدۇ.

كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىنچى تۈرى پەردىگە ئوخشاش نېپىز ۋە ئاق بولىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى توسۇپ قويمايدۇ ھەمدە كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ بىرەر تەرىپىدىن باشلىنىدۇ. بۇنىڭدا كۆز بۇرجىكىدىن باشلىنىش زۆرۈر ئەمەس، بۇ سەۋەبتىن بۇ سۇبەلگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، سەبەلمۇ نېپىز پەردىنىڭ نامىدۇر، بۇنىڭ باشلىنىشى بىرەر تەرەپكە خاس ئەمەس، ئۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇكى، سۇبەل كۆزنىڭ تۆت ئەتراپىدىن مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئەتراپىدا يىغىلىدۇ ۋە كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش بىرەر مۇئەييەن گىرۋەكتىن (ئوڭ - سول ياكى ئۈستى - ئاستىدىن) باشلىنىدۇ. بۇ سەۋەبىدىن مەلۇمكى، بۇ ئۇنىڭ يىلتىزىدۇر ۋە مەيلى قايسى

تەرەپتىن باشلانغان بولسۇن، مۇشۇ ئورۇندىن باشلىنىپ باشقا ئورۇنلارغا تارقايدۇ.

ئىككىنچى تۈرى كۆز ئىچكى بۇرجىكى مۇسكۇلى بىلەن (بۇنىڭ نامى ۋەتەددۇر) باشلىنىپ، كۆز قارىسىغىچە ئۆتكۈرلىشىپ يېتىپ بارىدۇ ھەمدە قېلىنلايدۇ ۋە كۆز قارىسىدىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

ئۈچىنچى تۈرى كۆزنىڭ قارىسىنى توسۇپ، كۆرۈشنى نورمالسىزلاشتۇرىدۇ، بەزىدە كۆرۈش قۇۋۋىتى تامامەن يوقىلىدۇ.

ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان تۈرى كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈشنىڭ باشقا بىر تۈرى ئاز ساندا پەيدا بولىدۇ. يەنى بۇنىڭ شەكلى خۇددى رەخت ۋە ئەستەرگە ئوخشايدۇ. رەختكە ئوخشايدىغىنى كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىدە پەيدا بولىدۇ، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ؛ ئەستەرگە ئوخشايدىغىنى كۆزنى ئوراپ تۇرىدىغان قاتتىق قەۋەتتە پەيدا بولىدۇ. چۈنكى تىرناقسىمان ئۆسۈكچىنىڭ قىرغىقى ئىچىدىن كۆز تەرەپكە ئۆرۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ گىرۋەكلىرى (يەنى بۇ ئورۇندىن تىرناقسىمان گۆش ئۆسۈشكە باشلايدۇ) دە كۆرۈلىدۇ، ئەبرە ئۇ رەختتۇر، ئۇ ئەستەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.

ئالامىتى كۆز بىرىكتۈرگۈچى قەۋەتتە قىزىل گۆشسىمان ئۈچ بۇرجەك پەردە پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ يىلتىزى بۇرۇن تېگى تەرەپتە ۋە ئۇچى كۆز قارىچۇقى تەرەپتە بولىدۇ، بۇ پەردە بەزىدە شۇ قەدەر چوڭىيىدۇكى، پۈتۈن مۈڭگۈزسىمان قەۋەتنى يېپىۋالىدۇ، بۇنىڭدىن كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ (ت).

بىرىنچى تۈرىنى داۋالاش بۇ خاس قىسمىنىڭ ئىلاجى قان ئېلىش، ئايارەج ئارقىلىق ماددا سۈرۈپ چىقىرىش، شىيافى ۋىزەج، شىيافى دىنار جونى ۋە باسلىقۇن ئەكبەر كۆزىگە سۈرمە قىلىپ تارتىشتۇر، لېكىن بۇلارنى مۇنچىغا چۈشۈرۈش ۋە تىرناقچە گۆشنى يۇمشاتقاندىن كېيىن تارتىش لازىم، تاكى دورىلارنىڭ تەسىرى تېز كۆرۈلسۇن.

شىيافى ۋىزەج نۇسخىسى بۇنى شىيافى ئەسۋەد دەپمۇ ئاتايدۇ. سۈرمە، زەنگار، سازەج ھىندى ھەربىرى بەش گىرامدىن، ئالتۇن چىلىنىدان يەتتە گىرام، ئوشەق، سەكبىنەج، قارىمۇچنىڭ ھەربىرىدىن 1.5 گىرامدىن ئېلىپ، كونا ھاراقتا ئوشەق ۋە سەكبىنەجنى ئېرىتىپ، ئېزىلگەن باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

شىيافى دىنار جونى نۇسخىسى بۇنىڭ نامى رەڭگىنىڭ دىنار يەنى ئالتۇنغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن قويۇلغان. شىڭگىرف، كۆيدۈرۈلگەن مىس، كۇندۇر، قىزىل زەرنىخ، ناۋات، ئوشەقنىڭ ھەربىرىدىن 3.5 گىرامدىن، زەپەر، زەرچىۋەنىڭ ھەربىرىدىن 0.84 گىرامدىن

ئېلىپ، سالايە قىلىپ سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ شىياف ياسىلىدۇ.

ئىككىنچى تۈرىنى داۋالاش بۇ تۈرىنى داۋالىمسا ۋە دەستىكار قىلمىسا، بىرەر خەتىرى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ تۈرى كۆرۈش ئۈچۈن زىيانلىق ئەمەس، بۇنىڭدا كۆز قارىچۇقى يۆگىلىپ قالمايدۇ، لېكىن كۆز ئۈچۈن كۆزنى ياخشى ھەرىكەت قىلغىلى قويماسلىق ۋە كۆرۈش كۈچىنى ئۆزگەرتىش سەۋەبىدىن يېتەرسىزلىك پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر كۆز قارىسىغىچە چوڭىيىپ، كۆرۈش كۈچىگە نۇقسان يەتكۈزمىگەن چاغدا ياخشىسى يۇقىرىقى مەزكۇر سۇرمىنى تارتىش لازىم. ئەگەر كۆز قارىسىدىن ئېشىپ كەتمىگەنلىكى ئېنىق بولسا، بۇ سۇرمىنىمۇ تارتماسلىق لازىم، چۈنكى بۇ ئۆتكۈر سۇرمە كۆزدە ئاجىزلىق پەيدا قىلىشتىن باشقا بىرەر مەنپەئەت بەرمەيدۇ.

ئۈچىنچى تۈرىنى داۋالاش تارتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

تارتىش ئۇسۇلى بۇنىڭ ئۇسۇلى قىسقۇچ ئارقىلىق ئۇنى ئۈستىگە كۆتۈرۈش، ئەگەر بىرىكتۈرگۈچى پەردە بىلەن قاتتىق چاپلاشمىغان بولسا ئاسانلا ئۈستىگە كۆتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئاستىغا «مەھەت» ياكى بىرەر ئۈچارقاناتنىڭ پېيى تۈۋىنى كىرگۈزۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق كېسىلىدۇ. ئەگەر تولۇق كېسىلمەي ئازراق قېپقالسا، ئىككىنچى قېتىم پەيدا بولىدۇ. لېكىن كەسكەن ۋاقىتتا كۆز بۇرجىكىدىكى مۇسكۇلنى تولۇق تىلىۋەتمەسلىك، ئۇنداق بولمىغاندا كۆز ياشاڭغىراش كېسىلى پەيدا بولىدۇ، بەزىدە بۇ ئەمەلنى قىلغان ۋاقىتتا ھۆللۈك ئېقىپ كېتىپ، كۆرۈش كۈچى يوقىلىدۇ. «مەھەت» سۇلائى ناملىق سايماننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇ كۆزگە سۇ چۈشۈشتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئالدى بېشى ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە بولىدۇ.

پەرقى كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش ۋە بۇ گۆش ئارىسىدىكى پەرق، تىرناقچە گۆش ئاق رەڭلىك، نېرۋىدىن تۈزۈلگەن، قاتتىق بولىدۇ. بۇ گۆش قىزىل ۋە يۇمشاق بولىدۇ. لېكىن تارتىش ئەمىلىنى قىلىشتىن ئىلگىرى بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ، تاكى ئاغرىق سەۋەبىدىن كۆز تەرەپكە بىرەر ماددا قۇيۇلمىسۇن. ئەگەر بۇ بىرىكتۈرگۈچى پەردە بىلەن چاپلاشقان بولسا، دەسلەپتە بۇنىڭدىن ئاجرىتىش، تاكى بىرىكتۈرگۈچى پەردە كېسىلىپ كەتمىسۇن. چۈنكى، بەزى ۋاقىتلاردا تىرناقچە گۆش ئۆسۈش كېسىلىدە ئۆسمە گۆش كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى بىلەن چاپلىشىپ كېتىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بۇنىڭدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ئادەتتىكى ئۇسۇلدا كۆتۈرۈپ كېسىلىدۇ، لېكىن بۇ بىرىنچى قىسىمدا دەسلەپتە تىرناقچە گۆشنىڭ گىرۋەكلىرىنى كېسىش زۆرۈر بولىدۇ. تاكى بۇ سايماننى كىرگۈزىدىغان ئورۇن پەيدا بولغۇچە، تىرناقچە گۆشنىڭ ئاستىغا مەھەتنى كىرگۈزۈپ، بۇنى سىلىقلىق بىلەن بېشى زىيادە ئۆتكۈر ۋە ئىنچىكە بولمىغان ئەۋزار بىلەن سويۇش لازىم.

ئاز كۆرۈلىدىغان تۈرىنى داۋالاش بۇ تۈرىدە دەستىكار ئۇسۇلىنى ھەرگىز قوللانماسلىق لازىم، چۈنكى بۇنى كەسكەندە قاتتىق پەردە كېسىلىدۇ، بۇ ناھايىتى خەتەرلىكتۇر ھەم بۇنى كېسىشتىن كۇزاز پەيدا بولىدۇ، بۇ بىر چوڭ بالايىقازادۇر. كۇزاز تۆت كۈندە بىمار ساقىيىپ كېتىدىغان ياكى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئۆتكۈر كېسەللىكلەرنىڭ تۈرىدىندۇر، ئۇ بىر چوڭ، خەتەرلىك تەشەننۇج خاراكتېرلىك كېسەللىكتۇر. بۇنىڭدا بويۇن قاتارلىقلارنىڭ مۇسكۇللىرىدا ئۆتكۈر تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ.

كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈشىنى داۋالاش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك شىياف ۋە كوھلىمۇ ئىشلىتىلىدۇ:

شىياف: چاكسۇ، تازىلانغان تۇتىيا، زەمچە، ئاق ناۋات، شورە قەلىمى ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئەرقى لىموندا ياخشى سالايە قىلىپ شىياف ياسىلىدۇ.

كوھلى نۇسخىسى: بۇ يۇقىرىقى شىيافنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. نۆشۈدۈر ئىككى گىرام، شورە قەلىمى توققۇز گىرام، سەرەس ئۇرۇقى 10 دانە، قارىمۇچ 12 دانە، لوتىيا 1.6 گىرام. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى يۇمشاق قىلىپ سۈرمە ياساپ، سۈرمە تايىقى بىلەن تىرناقچە گۆش ئۈستىگە سۈركىلىدۇ. ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىترىفىل شاھتەررە، ئىترىفىل ئۇستۇقۇددۇس ياكى ئىترىفىل زامانىدىن يەتتە گىرامى سوغۇق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. بۇ، تىرناقچە گۆش ئۆسۈشكە پايدىلىق.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز كۆزگە ئاق پەردە چۈشۈش كېسىلىگە ئوخشاش ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز قىلدۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

كۆز ئىچكى بۇرجىكى مۇسكۇلى ئۆسمىسى (غۇددە)

غۇددە دېگەن كۆز ئىچكى بۇرجىكى مۇسكۇلىنىڭ تەبىئىي مىقداردىن زىيادە ئۆسۈۋېلىشىنىڭ نامى بولۇپ، ئەگەر بۇ ئۆسۈۋەرسە، كۆزدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى بۇرۇن تۆشۈكى تەرەپكە چىقىرىشتىن، چاپاق ۋە ياش شەكلىدە تارقىلىشتىن توختىتىدۇ. شۇڭلاشقا، كېرەكسىز ماددىلار كۆزدىلا توسۇلۇپ بۇزۇلىدۇ ۋە كۆز ئاقمىسى پەيدا بولىدۇ، بەزىدە بۇ بىمارنى قارىغۇ قىلغۇدەك چوڭىيىدۇ.

داۋالاش بەدەندىكى ئارتۇق خىلىت تەنقىيە قىلىنىدۇ، مەلھەمى زەنگار ياكى شىيافى زەنگار ئۆسمە ئۈستىگە سۈركىلىدۇ، ئەگەر بۇنىڭ بىلەن يوقالسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا دەستىكار ئۇسۇلى بىلەن داۋالىنىدۇ، يەنى تىرناقچە گۆش ئۆسۈش كېسىلىنى داۋالاش ئۇسۇلى

بويىچە داۋالاش، لېكىن بۇنى يىلتىزىدىن كېسىۋېتىمەسلىك لازىم. ئۇنداق بولمىسا كۆز ياشاڭغىراش كېسىلى پەيدا بولىدۇ. بەلكى بۇنى تەبىئىي مىقدار ھالىتىگە كەلگۈدەك قىلىپ كېسىپ، بۇ ئورۇن ئۈستىگە زەرۇرى ئەسفەر سېپىش ھەمدە گۈل يېغىنى تۇخۇم سېرىقى بىلەن زىمات شەكلىدە چېپىش لازىم، تاكى ماددىلار بۇ ئورۇنغا قۇيۇلۇشنىڭ خەۋپى يوقالغۇچە.

شىيافى زەنگار نۇسخىسى ئەرەب يېلىمى، قەلەي كۈشتىسى، زەنگارنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، سۈزاپ سۈيىدە ئېزىپ شىياف ياسىلىدۇ.

كۆز يارىسى

يارا گەرچە كۆزنىڭ بارلىق پەردىلىرىدە پەيدا بولسىمۇ، لېكىن بىرىكتۈرگۈچى پەردە، مۈڭگۈز پەردە ۋە ئۈزۈمسىمان پەردىدىن باشقا پەردىلەردە يارا ئوچۇق مەلۇم بولمايدۇ. بۇ يارىدىن كۆزدە ئىنتايىن بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ، بۇنى تېۋىپ كۆز ئاغرىقى دەپ ئويلايدۇ. ئاندىن كېيىن بۇزۇلۇش يەنىمۇ تەرەققىي قىلسا ۋە يىرىڭ كۆپەيسە، بۇ يىرىڭ پەردىلەرنى تېشىپ، ھۆللۈكلەرگە ئارىلىشىپ ئۈزۈمسىمان ۋە مۈڭگۈزسىمان پەردىنى تېشىپ سىرتقى تەرەپكە ئاقىدۇ، سىرتقى تەرەپتە يارا بولمايدۇ.

سەۋەبى ئۆتكۈر ۋە كۆيدۈرگۈچى خىلتلار بولىدۇ. بۇ، پەردىلەرگە قۇيۇلۇپ پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش پەيدا قىلىپ يارا شەكىللەندۈرىدۇ. كۆز يارىسىنىڭ يەنە بۇ سەۋەبلىرىمۇ بار، بۇلار كۆزگە زەربە تېگىش، يىڭنە سانجىلىش، يا ئوقى، تاش، بىرەر ئۈچلۈق نەرسە قاتارلىقلارنىڭ سانجىلىشى، كۆز ئاغرىقى ۋە چېچەككە ئوخشاش كېسەللىكلەرنى خاتا داۋالاش، قۇرۇقلۇقتىن بولغان كېسەللىكلەردە بەدەننى تەنقىيە قىلىشتىن ئىلگىرى ماددىلارنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ۋە ئۆتكۈر سۈرمە ئىشلىتىش قاتارلىقلار. مۈڭگۈز پەردە يارىسى ئادەتتە ياشلار ۋە ياشانغانلاردا كۆرۈلىدۇ، تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەردە يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

مۈڭگۈز پەردە يارىسىنىڭ قوزغاتقۇچى سەۋەبلىرى كۆزگە زەربە تېگىش ۋە يات ماددىلارنىڭ كىرىپ كېتىشىدىن باشقا، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى، سۆزنەكتىن بولغان كۆز ئاغرىقى، قاپاق قوتۇرى ۋە بوغما كېسىلىدىن بولغان كۆز مۈڭگۈز پەردىسىگە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، مۈڭگۈز پەردە يۇمشاش ۋە كۆزگە سېرىقسۇ چۈشۈش قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭ سەۋەبى بولىدۇ.

ئومۇمىي ئالامەتلىرى كۆزدە قاتتىق قادىلىش بولىدۇ، چۈنكى بۇ پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش،

لەتىپ ۋە ئىنتايىن سەزگۈر پەردىدە بولىدۇ. قاتتىق ئاغرىيدۇ، ئاغرىق بىلەن ياشمۇ كۆپ ئاقىدۇ، چۈنكى ماددىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆيۈشتۈرۈشىدىن بىمارنىڭ كۆزلىرى ئېچىشىدۇ.

كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى يارىسىنىڭ ئالامەتلىرى خاس كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى يارىلىرىنىڭ ئالامىتى شۇكى، كۆز ئېقىدا بىر قىزىل نۇقتا كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭ قىزىللىقى پۈتۈن كۆزدىكى قىزىللىقتىن زىيادە بولىدۇ. رازى ئېيتقانكى، «قاپاق بۇ ۋاقىتتا كۆتۈرۈلسە، كۆز ئېقىدا بىر قىزىل ئورۇن كۆرۈنىدۇ ياكى پۈتۈن كۆز ئېقى قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ ھەمدە بىر خاس ئورۇندا ناھايىتى قىزىللىق بولىدۇ».

ئەگەر بۇ پەردىدىكى يارا چوڭقۇر بولسا، يىرىڭلىق ئىششىق دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئومۇمەن ئادەتتىكى يارا دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈزۈمسىمان پەردە يارىسىنىڭ ئالامەتلىرى كۆز قارىچۇقى (كۆز قارىسى) نىڭ ئۇدۇلىدا قىزىل نۇقتا كۆرۈنىدۇ، ئۈزۈمسىمان پەردىدە قىزىل قان تومۇرلار شەكىللىنىدۇ. ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ يارىسى بەزىدە مۈڭگۈزسىمان پەردىنى يېرىۋېتىدۇ.

مۈڭگۈزسىمان پەردىكى يارىنىڭ ئالامەتلىرى كۆز قارىسىدا ئاق نۇقتا كۆرۈنىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ يارىسى ئۈزۈمسىمان پەردىنى كۆرۈشتىن توختىتىدۇ. ئۈزۈمسىمان پەردە مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ، مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ بۇ يارىسى يەتتە تۈرلۈك بولىدۇ، بۇنىڭدىن تۆت تۈرلۈك يارا ئۇنىڭ سىرتقى يۈزىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نامىنى جالىنۇس يارا دەپ ئاتىغان، بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بەزى تېۋىپلار، مەسىلەن: كەمارفيۇن «قورۇقلۇق ۋە جەرەب» دەپ ئاتىغان. ھۇسەيىن ئىبنى ئىسھاق: «بۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسىدە تامامەن ئىختىلاپ يوق، بەلكى بۇ ئىختىلاپ پەقەت ئۇلارنىڭناملىرىدا بولىدۇ» دەپ ئېيتقان. چۈنكى، قورۇقلۇق ۋە جەرەب، ئىنھىلال فەردىنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. ئىنھىلال فەردىنىڭ مەنىسى تېرىنى يارىدىغان كېسەلدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ نامىنى يارا دەپ قويغان. جۈملىدىن بۇ كۆزدە پەيدا بولغان چاغدا بۇنى ئۇلارنىڭ بۇنداق ئاتىشىدا تامامەن خاتالىق يوق.

ئىنھىلال — يەككە ئەزا توقۇلمىلىرىنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: سۆڭەك، مۇسكۇل ۋە باشقا يەككە ئەزالارنىڭ كېسىلىشى ۋە يېرىلىشى قاتارلىقلار.

1. ئىس ـ تۈتەككە ئوخشاش بولىدۇ ۋە كۆپ ئورۇننى قورشايدۇ، بۇنىڭ نامى قەتام (چاڭ ـ توزان) دۇر، يۇنان تىلىدا ئەخلۇس (كۆز قاراڭغۇلىشىش) دەپ ئاتايدۇ.

2. بۇ تۈرى دەسلەپكى تۈرىدىن چوڭقۇر، كىچىك تېيىز ۋە زىيادە ئاق بولىدۇ، بۇنى سىھاب (بۇلۇت) ۋە يۇنان تىلىدا فانالىيۇن (بۇلۇت) دەپ ئاتايدۇ.

3. كۆز قارىسى ھالقىسى ياكى گىرۋىكىدە پەيدا بولۇپ، ئاق پەردە يەنى بىرىكتۈرگۈچى

پەردىنىڭ ئازراق قىسمىنى قورشايدۇ، بۇنى ئەكلىل دەپ ئاتايدۇ ۋە يۇنان تىلىدا ئەرخمىيۇن دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى بۇ يارىنىڭ بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئۈستىدىكى بۆلىكى كۆز قارىسىنىڭ گىرۋىكى سىرتىدا بولۇپ، قىزىل بولىدۇ. بۇ مۈڭگۈزسىمان پەردىدە كۆز قارا ھالقىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئاق رەڭدە كۆرۈنىدۇ.

ئەكلىل — كۆز قارىسى گىرۋىكى.

4. بۇ قىسمى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ سىرتقى يۈزىدە بولىدۇ، شەكلى شاخچىلارغا ئوخشايدۇ ھەمدە كۆز ئۈستىگە بىر كىچىك يۇڭ پارچىسى قويغاندەك مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭ رەڭگى ئاق ھەم شاخلىرى ئۇ يەر - بۇ يەرگە تارقالغان بولىدۇ. بۇنى سەۋفى (يۇڭغا ئوخشاش) دەپ ئاتايدۇ. يەنە بۇنى ئىھتىراقى (ئىھتىراقى: كۆيگەن)، يۇنان تىلىدا ئەبى قوما (شاخدار) ۋە ھەقىيقاۋما دەپ ئاتايدۇ.

مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ چوڭقۇر يارىسى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك يارىسى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ چوڭقۇر قەۋىتىدە بولىدۇ.

1. بۇ تۈرى چوڭقۇر ۋە سۈزۈك بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستىدە ئازراق قاقاچ بولىدۇ، شەكلى تېرىققا ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇنى يۇنان تىلىدا لوقوتون (ئۇرۇق) دەپ ئاتايدۇ.

2. بۇ تۈرى تېيىز، زىيادە كەڭ بولىدۇ، بۇنىڭ نامىنى ھافىرە (چوڭقۇر) ۋە يۇنان تىلىدا قولوما (چوڭقۇر) دەپ ئاتايدۇ.

3. بۇ تۈردە يىرىڭ ۋە قاقاچ بولىدۇ، بۇنى ئىھتىراقى دەپ ئاتايدۇ ھەم يۇنان تىلىدا ئەبى قوما ۋە ھەقىقاۋما دەپ ئاتايدۇ، بۇ تۈرى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ سىرتقى يۈزىدە پەيدا بولىدىغان تۆتىنچى تۈرىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاشتۇر. بۇ تۈرى كونىرىسا ۋە كۆزدىن ھۆللۈكلەر ئاقسا پەردىلەرنى يەيدۇ، كۆزنى بۇزىدۇ، بۇنى بەزى كىشىلەر يىرىڭلىق ئىششىق دەپ ئاتايدۇ.

تومۇرلۇق بەزىدە كۆزدە يۇقىرىقى مەزكۇر تۈرلەردىن باشقا، ئاز ساندا يەنە بىر خىل يارىمۇ پەيدا بولىدۇ، ئۇ قان تومۇرلۇق يارا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرى مەيلى كۆزنىڭ قايسى بۆلىكىدە ئاشكارا بولسۇن، قان تومۇرلۇق تورغا ئوخشاش شاخلار، يەنى تومۇرلار شەكىللەنگەندەك مەلۇم بولىدۇ ھەمدە بۇ يارا نۇرغۇن قەۋەتلەرگە تەسىر قىلىدۇ. بۇنىڭ ماددىسى تورسىمان پەردىدىن كېلىدۇ، كۆز بۇ يارىدىن ساقىيالمايدۇ.

ئەسكەرتىش بارلىق زەخمىلەردىن ياخشى ۋە خەتەرسىز بولغىنى بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ سىرتقى يۈزىدە پەيدا بولغان يارىدۇر. بۇنىڭدا ئاغرىق، بىئاراملىق ۋە ياش ئېقىش ئاز

بولىدۇ، كۆزنى يۇمالايدۇ. بۇ يارا يۇقىرىقى سۈپەتلەرنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئۇ زىيادە ناچار بولىدۇ، يەنى ناچارراق يارا، بۇ بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ سىرتقى بۆلىكىدە بولماي، بەلكى يوشۇرۇن بولغان ياكى مۈڭگۈزسىمان پەردە ئۈستىدە بولغان، ئاغرىق، بىئاراملىق ھەم ياش ئېقىش زىيادە بولغىنىدۇر. بۇنىڭدىنمۇ زىيادە ناچار بولغىنى مۈڭگۈزسىمان پەردە ئۈستىدە، كۆز قارىچۇقى ئاستىدا بولغىنىدۇر. چۈنكى بۇ ئورۇندا مۈڭگۈزسىمان پەردە ياكى ئۈزۈمسىمان پەردە ناھايىتى تېز كۆپۈشىدۇ، ھەممىدىن ناچارراقى كۆز قارىسىدا كۆز قارىچۇقىنىڭ ئالدىدا بولغىنىدۇر. چۈنكى، بۇ يارا ياش ئاققۇزىدۇ، كۆزنى ئاچقۇزمايدۇ، بۇ سەۋەبتىن كۆز ئۇزاق مۇددەتكىچە يۇمۇلغان ھالەتتە تۇرىدۇ، كۆزنىڭ يۇمۇلغان ھالەتتە تۇرۇشى ۋە ياش ئېقىش سەۋەبىدىن كۆزدە پەردە پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش ھەر تۈردىكى يارىلاردا قان ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك دەرىجىدە قان چىقىرىلىدۇ، تاكى كۆز تەرەپكە يارىنى پۈتۈشتىن توختاتقۇچى ماددىلار ۋە كېرەكسىز ماددىلار بارمىغۇچە. بەدەن ۋە باش ھېلىلە قايناتمىسى ۋە ئاز مىقداردىكى ئايارەج پەيقىرا بىلەن تازىلىنىدۇ، ئەگەر زەخىم بىلەن ئۆتكۈر ئاغرىقمۇ بولسا، تۇخۇم ئېقى ياكى ئاياللارنىڭ سۈتىدە شىيافى ئەبيەزنى ئېرىتىپ كۆزگە چېپىلىدۇ، چۈنكى تۇخۇم ئېقى ۋە سۈتتە ئاغرىق پەسەيتىش، سوغۇقلۇق ۋە تازىلاش كۈچىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. ئاندىن كېيىن لوئابلار ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسى پىشۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: شۇمشا لوئابى، زىغىر لوئابى (زىغىر ۋە شۇمشا چاڭ - توزاندىن تازىلانغان بولسۇن) نى يېرىڭ ئاشكارا بولغانغا قەدەر چېپىپ، ئاندىن يېرىڭ پەيدا بولغاندىن كېيىن، بۇنى شىيافى ئابار ۋە زەرۇرى ئەنزىرۇت بىلەن تازىلاش لازىم.

زەرۇرى ئەنزىرۇت نۇسخىسى نىشاستىدىن 10.5 گىرام، مۇدەببەر قىلىنغان ئەنزىرۇت، قەلەي كۈشتىسىدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى يۇمشاق ئېزىپ تەييارلىنىدۇ.

يارا يېرىڭدىن تازىلانغاندىن كېيىن شىيافى كۇندۇر ئارقىلىق يارىنى پۈتتۈرۈشكە تىرىشىش، ئەگەر ياردا قاقاچ پەيدا بولسا، شۇمشا سۈيى ۋە ھەسەلنى قاقاچ يۇمشاپ ئاسان سويۇلۇپ كەتكۈچە تېمىتىش لازىم.

كۆز ئىچكى بۇرجىكى ئاقمىسى (غەرب)

غەربنىڭ مەنىسى ياش ئېقىشتۇر، شۇڭلاشقا كۆزدىن ياش ئېقىپ توختىمىسا بۇنى ئومۇمەن «بىئەينى غەرب» (كۆزدىن ياش ئېقىش) دەپ ئاتايدۇ. بۇ كېسەللىكتە ياش ئېقىش چوقۇم بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنىڭ نامى چوقۇم بولىدىغان ئالامەت بىلەن ئاتالغان، غەرب

كۆز ئىچكى بۇرجىكى ئاقمىسىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

قوشۇمچە بۇ ھەقىقەتەن ياش خالتىسىنىڭ سوزۇلما ئىششىقىدۇر، بۇ كۆپىنچە بۇرۇن ياش كانالچىسى توسۇلۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولۇپ، ئاقما شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

بۇرۇن ياش كانالچىسى كۆزدىن بۇرۇنغا چۈشىدىغان كانالچىدۇر.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى ياكى يىرىڭلىق ئىششىق ياكى مۇدۇر - چاقا بولىدۇ. بۇ يۇقىرىقى ئورۇندا ئىسسىق ۋە ناچار ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ، ئۇلار توپلىنىپ ياش خالتىسىدا يىرىڭ پەيدا قىلىدۇ.

يىرىڭلىق ئىششىق (خەراج) ئىششىق ماددىسى بەدەننىڭ مەلۇم ئىچكى بۆلىكىگە توپلىنىپ، بۇ جايدا يىرىڭ پەيدا قىلىدىغان ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتۇر.

مۇدۇر - چاقا (بۇسۇر) كىچىك ئىششىقنىڭ نامىدۇر. بۇ ئېغىز ئالىدۇ، بەزىدە كۆز بۇرجىكىنىڭ سىرتقى تەرىپىدىن ئېغىز ئالىدۇ، بەزىدە قاپاق تېرىسى ئاستىدىكى مەلۇم ئورۇندىن، بەزىدە ئىككى قاپاق تېرىسى ئاستىدىن ئېغىز ئالىدۇ، بەزىدە بۇرۇن ۋە كۆز ئارىسىغا جايلاشقان كانالچە تۆشۈكىگە ئېغىز ئالىدۇ ھەمدە پۈتۈشى قىيىن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئەزا ھۆل مىزاجلىق سۇيۇقلۇق جەۋھىرىدىن تۈزۈلگەن نازۇك ئەزا بولۇپ، ھەمىشە ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ.

ھۆللۈكى سەۋەبىدىن يارا ھەمىشە ھۆل ۋە بوشاشقان ھالەتتە تۇرىدۇ ھەمدە بۇنىڭدا گۆش پەيدا بولمايدۇ.

دائىملىق ھەرىكەت سەۋەبىدىن يارىنىڭ ئىككى گىرۋىكى يۆتكىلىپ، بىرى ئىككىنچىسىدىن ئايرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يارىنىڭ پۈتۈشى قىيىن بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئاقما پەيدا بولىدۇ ھەم بۇ ئورۇندىكى يارىلارغا ئۆتكۈر ۋە داغلىغۇچى دورىلارمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. چۈنكى، بۇلاردىن كۆزگە ئەزىيەت يېتىدۇ ھەمدە ئىششىق چوڭىيىپ كېتىدۇ.

قوشۇمچە بۇ كېسەللىك ئۇمۇمەن بۇرۇن ياش كانىلىنىڭ تارىيىشى ياكى توسۇلۇشىدىن ھەمدە بۇ كانال شىللىق پەردىسىنىڭ ئىششىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك ھۆل مىزاجلىقلاردا ۋە بالىلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى كۆزى چاپلاشمايدۇ، ئەگەر بۇ زەخىم قاپاق ئىچىگە ئېغىز ئالسا، دائىم كۆز بۇرجىكىدىن سېرىق رەڭلىك ھۆللۈك ۋە يىرىڭ چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزى چاپلاشمايدۇ، ئەگەر قاپاق سىرتىغا ئېغىز ئالسا، ماددىلار سىرتقا چىقىدۇ، كۆزى قۇرۇق بولىدۇ. ئەگەر ئىچى تەرەپكە ئېغىز ئالسا، كۆزدىن يىرىڭغا ئوخشاش ئاق، مايلىشاڭغۇ ۋە نورمال قىيامدىكى چاپاق چىقىدۇ. ئەگەر ئاستىنقى قاپاق بېسىلسا، بۇنىڭدىن يىرىڭ ۋە زەرداب سۇ

چىقىدۇ. بۇ يارا ئىچكى تەرەپكە ئېغىز ئالغان ۋە كۆزگە يىرىڭ يىغىلغان ۋاقىتتىمۇ بولىدۇ، يىرىڭ بېسىش بىلەن ياكى باسماستىن يىرىڭ يىغىلغان ئورۇندىن چىقىدۇ، ئەگەر بۇ ئاقما يىرىڭ بىلەن تولغان بولسا، ئادەتتىكى ئىششىقتەك كۆرۈنىدۇ. بەزىدە بۇ ئاقما بۇرۇن تەرەپكە ئېغىز ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇرۇن تۆشۈكى ياكى ئېغىزدىن يىرىڭ چىقىدۇ، يارىدىن چىققان زەرداب ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن سۆڭەك بۇزۇلۇپ قارىدايدۇ. بەزىدە يىرىڭ قاپاق ئاستىدىن چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قاپاق تارىمۇشلىرى بۇزۇلىدۇ ۋە قارىداپ يىرىڭلايدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن بەزىدە يىرىڭلاش سەۋەبىدىن كۆز شەكلىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

قوشۇمچە ئومۇمەن كۆزدىن ياش ئاقىدۇ، سوغۇق ھاۋا تېگىش، چاڭ - توزان ۋە ئىس - تۈتەك قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ياش ئېقىش كۈچىيىدۇ. ئەگەر ياش خالتىسى ئۇزاق مۇددەت يىرىڭ بىلەن تولۇپ تۇرۇپ قالسا، بۇنىڭ شىللىق پەردىسىدە يىگىلەش پەيدا بولىدۇ ۋە دىۋارلىرى كېڭىيىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىك بىلەن سىرتقى جىرتاقلىقمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

داۋالاش بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ، قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، لەتىف غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، يارىلارنى داۋالاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش داۋالىنىدۇ، تاكى بەدەندىكى ماددىلار ۋە ھۆللۈكلەر كېمەيسۇن ھەم زەخمىنىڭ پۈتۈشى ئاسان بولسۇن. كۆزنى يىرىڭ ۋە چاپاقتىن پاكىزلىغاندىن كېيىن يارا قاپاققا يېقىن ۋە چوڭقۇر بولغان شەرت ئاستىدا شىيافى غەرب ئىشلىتىلىدۇ.

يارىنى تازىلاشتا، كونا پاختا بىلەن سۈركىلىدۇ ھەمدە بۇرۇنقى بۇزۇلغان گۆشنى يوقىتىشتا مەلھەمى زەنگار ئىشلىتىلىدۇ.

شىيافى غەرب نۇسخىسى سەبرە، كۇندۇر، ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان، ئانارگۈلى، سۈرمە، زەمچە ھەربىرىدىن بىر ھەسسىدىن، زەنگاردىن تۆتتىن بىر ھەسسە ئېلىپ، قائىدە بويىچە شىياق ياساپ، بۇنى سۇدا ئېرىتىپ، كۆز بۇرجىكىگە ئۈچ تامچە تېمىتىش، تامچە بىلەن تامچىنىڭ ئارىلىقىدا ئازراق ۋاقىت توختاش. ئەگەر ئاقما قاپاقتىن يىراق بولسا ۋە چوڭقۇر بولمىسا، تۆمۈر سايمان بىلەن گۆشنى كېسىش، بۇ داۋالاش بىلەن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ساقىيىپ كېتىدۇ ۋە نورمال كۆزگە ئوخشاش، بىرقانچە ئايغىچە ئاقما قۇرۇق ھالەتتە تۇرىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى داۋالاشلار بىلەن ساقىيىپ كەتسە داغلىماسلىق، ئۇنداق بولمىسا داغلاش، داغلىغاندىن كېيىن مەلھەمى سەفىد ئىشلىتىش لازىم، **داغلاش** ھالىتى، كىچىك داغلايدىغان سايمان (بۇنىڭ بېشى يۇملاق بولسۇن) ئوتقا ئوخشاش قىزىل ۋە قىزىق ھالەتكە كەلگەندە ئاقما ئۈستىگە بىرقانچە قېتىم بۇزۇلغان گۆش يوقىلىپ، ھۆللۈك قۇرۇغانغا قەدەر قويۇلىدۇ. داغلىغان ۋاقىتتا مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان خېمىر ياكى سوۋۇتۇلغان رەخت پارچىسىنى كۆزگە قويۇش

لازىم. داغلاشنىڭ ئىككىنچى شەكلى ئاستىنقى تەرىپى ئىنچىكە بولغان پوتەن ۋارونكىنى ئېلىپ، ئاستىنقى تەرىپىنى ئاقما ئورنىغا قويۇپ، بۇنىڭغا قوغۇشۇن ئېرىتىپ قۇيۇلىدۇ. بىمار داغلاشنىڭ تەسىرى تولۇق كۆرۈلگۈچە سەۋر قىلسۇن، ئاندىن ۋارونكا ئېلىۋېتىلىدۇ. بۇنداق قىلىش بىلەن داغلاشنىڭ تەسىرى باشقا ئورۇنلارغا تارقاپ كەتمەيدۇ.

كۆزگە زەربە تېگىش

كۆزگە زەربە تېگىشنىڭ ئىلاجى قان ئېلىش، ئىچنى سۈرگۈزۈش، ھىجامەت قويۇش ۋە يەڭگىل ھۆقنە قىلىش. بۇنىڭ پۈتۈن داۋالاش ئۇسۇللىرى كېسەللەنگەن ئەزادىن ماددىنى قايتۇرۇش تاكى كۆزدە ئىششىق پەيدا قىلماسلىق ۋە ماددىنى مايىللاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئىچنى سۈرگۈزۈشتە دەملەنمە ۋە مېۋىلەرنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىش، ئۆتكۈر مۇسھىللارنى بەرمەسلىك لازىم، چۈنكى ئۆتكۈر مۇسھىللاردىن تەپلەر پەيدا بولىدۇ، خىلىتلارنى قاينىتىدۇ، ئاندىن تۇخۇم سېرىقىنى ئېقى بىلەن گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە چېپىلىدۇ، بۇ نەرسىلەر سوۋۇتقۇچى ۋە ئاغرىق پەسەيتكۈچىدۇر.

كۆكلۈك ئەگەر ئىششىقنىڭ قىزىللىقى يوقالغاندىن كېيىن ۋە ماددا قايتقاندىن كېيىن كۆز ئىچىدە كۆكلۈك قېپقالسا، پىننە، يۇمغاقسۈت، ھەجرۇل پىلپىل ۋە زەرنىخ قاتارلىقلار تىللا قىلىنىدۇ، بۇ كۆكلۈك قان سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ، ئىنچىكە قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئېغىزىنىڭ ئېچىلىپ كېتىش سەۋەبىدىن چىقىدۇ. كۆكلۈك تېرىنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىدە ياكى تېرىنىڭ ئىككى قەۋەتلىرىدىن يۇقىرىقى قەۋەت ئاستىغا توپلىنىپ ئۇيۇپ، قاننىڭ ئۆز رەڭگىدىن شەكىللىنىدۇ.

يۇمغاقسۈتنىڭ تەركىبىدە بىر تۈرلۈك ئىسسىق قۇۋۋەت بار، بۇ سەۋەبتىن قويۇق ۋە ئۇيۇغان ماددىلار سۇيۇلدۇرۇپ تارقايدۇ. پىننە لاتاپەت پەيدا قىلىدۇ ۋە ماددىلارنى چىقىپ كېتىشكە مايىللاشتۇرىدۇ، ھەجرۇل پىلپىل قارىمۇچقا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان تاشنىڭ نامىدۇر (نەفىيس).

كۆزگە يات نەرسىلەرنىڭ كىرىپ كېتىشى (قەزا، كۇتۇك)

قەزا كۆزگە يات نەرسىلەر كىرىپ كېتىش دېمەكتۇر.

ئوردۇ تىلىدا كۇتۇك دەپ كۆزگە مەلۇم بىر نەرسە كىرىپ كېتىشتىن بولغان ھالەتكە ئېيتىلىدۇ ھەمدە بۇ نەرسىنى كۆزگە كىرىپ كەتكۈچى دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئالامىتى   چاڭ ـ توزان، بوراندا قېلىشتىن كۆزدىن ياش ئاقسا ۋە ئىلگىرى كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولمىغان بولسا ۋە مەلۇم قىسمىدىكى ماددىلاردا قايناش بولمىسا، يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن كېيىن كۆزدىن ياش ئېقىش كۆرۈلگەن بولسا، بىلىش لازىمكى، بۇ ياش ئېقىش كۆزگە كىرىپ كەتكەن نەرسە ۋە كۆزگە يېقىمسىزلىق يېتىش سەۋەبىدىن بولىدۇ. جۈملىدىن كۆزنى يۇمغان ۋە ئۇۋۇلىغان ۋاقىتتا يېقىمسىزلىق زىيادە بولىدۇ ۋە ياش ئاقىدۇ.

چارىسى   مۇشۇنداق ھالەتتە مۇناسىپى:

1. كۆزنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش، تاكى كۆزى بوشاشسۇن ۋە كىرىپ كەتكەن يات نەرسىنىڭ چىقىشى ئاسانلاشسۇن. ئاندىن ئىككى قاپاقنى ئۆرۈپ، قاپاقنىڭ ئىچكى تەرىپىدىن كىرىپ كەتكەن نەرسىنى ئىزدەش، ئەگەر كۆز ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولسا، بۇنى پاختا بىلەن چىقىرىۋېتىش، بۇنىڭ ئۇسۇلى: پاختىنى كۆزگە كىرىپ كەتكەن نەرسە ئۈستىگە قويۇپ، كىرىپ كەتكەن نەرسە پاختىغا چاپلاشقۇچە قىسقا ۋاقىت تۇرغۇزۇپ، پاختا تېزلىكتە ئۈستىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

2. كۆزگە كۆپ مىقداردا نىشاستە چۈشكەن يۇمشاق زەرۇر (سېپىلما دورا) سېپىش، تاكى دورىنىڭ چاپلاشقاقلىقى سەۋەبىدىن كۆزگە كىرىپ كەتكەن يات نەرسە بۇنىڭغا چاپلاشسۇن. زەرۇر ئېرىپ چاپلاشقاقلىق ئاشكارا بولغاندىن كېيىن يات نەرسىنى پاختىغا يۇقتۇرۇپ چىقىرىۋېتىش، بۇ ۋاقىتتا كۆزگە كىرىپ كەتكەن يات نەرسە زەرۇر ۋە زەرۇر پەيدا قىلىدىغان ياش بىلەن چاپلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ.

3. ئەگەر كۆز ئىچىگە كىرىپ كەتكەن يات نەرسىنى كۆرگىلى بولمىسا، بارماق ئۈستىگە زىغىر تالاسىدىن توقۇلغان رەخت ياكى مەخمەلگە ئوخشاش نېپىز رەختنى ئوراپ قاپاق، كىرىپ كەتكەن يات نەرسە چىققانغا قەدەر كۆزگە ئاستا سۈركىلىدۇ.

كۇمۇتا ئومۇمەن ھەرە ۋە كىچىك چۈمۈلىگە ئوخشاش كىچىك جانلىقتۇر، بۇنىڭ كىچىك ـ كىچىكلىرىمۇ بولىدۇ، بۇ كۆز قارىسىغا چاپلىشىپ كۆزنى چاقىدۇ، بۇنىڭدىن كۆزدە قاتتىق ئېچىشىپ ئاغرىش پەيدا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كۆز قىزىرىپمۇ قالىدۇ، بۇنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار:

1. گىل پارسى ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەلۇم مايلىق سېغىزنى يۇمشاق سوقۇپ كۆزگە سېپىپ، قىسقا ۋاقىت كۆزنى تېڭىپ قويۇش. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەرىكەت قىلالماي سېغىزغا چاپلىشىپ چىقىدۇ.

گىل پارسى باش يۇيىدىغان سېغىزدۇر، بەزىسىنىڭ رەڭگى ئاق، بەزىسى كۆككە مايىل ۋە بەزىسى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. قىزىلغا مايىل بولغىنى ياخشىراقدۇر. بۇنىڭدا چاپلاشقاقلىق زىيادە

بولىدۇ (نەفىيس).

بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە مىلتان سېغىزى بۇ مەقسەت ئۈچۈن ياخشىراق ئورۇنباسار بولىدۇ.

2. ئىسسىق سۇ بىلەن كۆزگە تاكى كۆزى بوشاشقۇچە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ئاندىن بىرقانچە بېشى بولغان بىر تۆشۈكلۈك سۈلائى ئېلىپ، ياكى ئەگمە شەكىللىك مىل بىلەن كۆزنى كۈچەپ پۈۋلەش ئارقىلىق كۈمۈتنى ئۆز جايىدىن قوزغىتىش، كۆز قارىسىدا بولغاندا بۇنىڭ بىرەر بېشى بىلەن ئاستا - ئاستا كۈمۈتا كۆزدىن چىقىپ كەتكۈچە سۈركەش لازىم.

كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە مۇدۇر - چاقا چىقىپ قېلىش (ۋەدقە)

ۋەدقە — بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ ئىششىقى بولۇپ، بۇ بەلغەم ماددىسىدىن بولغان شەرت ئاستىدا ئاق مۇدۇر - چاقىغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇ ئاقلىق ياغقا ئوخشاش بولىدۇ، يۇمشاق بولماي ھەمىشە قاتتىقلا بولىدۇ. ئەگەر قان ماددىسىدىن بولغاندا رەڭگى قىزىلمۇ بولىدۇ، بۇ كېسەللىكنىڭ ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىدە كۆز ئىچكى بۇرجىكىدە بەزىدە كۆز سىرتقى بۇرجىكىدە، بەزىدە قاپاق ئاستىدا ۋە بەزىدە كۆز قارىسى ئەتراپىدا كىچىك - كىچىك مۇدۇر - چاقىلار قېلىنلىغان پەردىگە ئوخشاش كۆپ بولىدۇ.

ۋەدقە ۋە ئۈزۈمسىمان پەردە كۆپۈۋېلىشتىكى پەرق بولسا، ئۈزۈمسىمان پەردە كۆپۈۋېلىش مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ كېسەللىكى، ۋەدقە بولسا بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ كېسەللىكىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبىدىن بىرىكتۈرگۈچى پەردە يېرىلمايدۇ، لېكىن بەزىدە بۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە زىيادە تەمەددۇد سەۋەبىدىن ئاز ساندا يېرىلىپ كېتىشمۇ كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى قويۇق ماددىلاردىن، بۇ بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە توپلىنىپ، قاپارتما ياكى ئىششىققا ئۆزگىرىدۇ.

داۋالاش قان ماددىسىدىن بولغان قىسمىدا قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، بەلغەم ماددىسىدىن بولغىنىدا ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى ۋە ھەببى ئايارەج بىلەن بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ، كېسەل كونىرىغان بولسا، شىيافى ئەھمەرلەيىين كۆزگە تارتىلىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا كېسەللىك ماددىلىرىنى تارقىتىش ۋە بەدەن سىرتىغا چىقىپ كېتىشكە مايىللاشتۇرۇش تەسىرىمۇ بولىدۇ.

شىيافى ئەھمەرلەيىين نۇسخىسى: شادىنەج 21 گىرام، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا ھەربىرى 17.5 گىرام، كۆيدۈرۈلگەن مىس 10 گىرام، بىخ مارجان، مەرۋايىت، كەھرىۋا، قەلەي كۈشتىسى، شىڭگىرپتىن 3.5 گىرامدىن، خۇنسىياۋشان، زەپەر ھەربىرىدىن 1.5 گىرام ئېلىپ،

سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ شىياق تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر كۆزدە قىزىللىق بولسا، شىيافى ئەبيەز كۆزىگە تېمىتىلىدۇ، گۈلابتا داكىنى ھۆللەپ، كۆزنى تېڭىپ قويۇپ ئۇخلىتىلىدۇ. چۈنكى، بەزىدە بۇ كېسەللىك داكىنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ، ئەگەر قاپارتما قاتتىق بولمىسا ۋە بۇنىڭغا يىرىڭ توپلانغان بولسا، دەسلەپتە شىيافى ئەبيەز تېمىتىش ۋە ئېغىز ئالغاندىن كېيىن شىيافى ئەبيەز، ئابار ۋە شىيافى كۇندۇر تېمىتىش لازىم.

شىيافى كۇندۇر نۇسخىسى ئوشەق ۋە ئەنزىرۇتنىڭ ھەربىرىدىن 17.5 گرامدىن، كۇندۇردىن 35 گرام، زەپەردىن يەتتە گرام ئېلىپ، شۇمشا لۇئابىدا يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

كۆز ئېقىدا رەڭدار چېكىت پەيدا بولۇش (تەرفە)

بۇ كېسەللىك تەرفە نامى بىلەن سۆزلەنگەن، بۇنىڭ مەنىسى كۆزگە تېگىپ بىرىكتۈرگۈچى پەردىدە قىزىللىق پەيدا قىلىدىغان زەربىدۇر. شۇڭلاشقا بۇ نام سەۋەب ئېتىبارى بىلەن قويۇلغان، بۇنىڭغا ئوخشىتىپ بىرىكتۈرگۈچى پەردىدىكى ھەربىر قىزىللىق كۆز ئېقىدا رەڭدار چېكىت پەيدا بولۇش دەپ ئاتالغان، مەيلى بۇ زەربىدىن بولسۇن ياكى بولمىسۇن.

كۆز ئېقىدا پەيدا بولغان رەڭدار چېكىت، بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ قىزىل چېكىتىدۇر، بۇ يېڭى قىزىل قان ياكى كونا، ئۆلگەن قارا قاندىن پەيدا بولىدۇ، بۇ قان كۆزنىڭ بەزى يېرىلغان قان تومۇرلىرىدىن ئېقىپ، بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە كېلىدۇ. بۇ يېرىلىشنىڭ سەۋەبى كۆزگە تەگكەن زەربە بولىدۇ، زەربە كۆزنىڭ بەزى ئىنچىكە تومۇرلىرىنى يېرىۋېتىدۇ، بۇ سەۋەبتىن قان چىقىپ بىرىكتۈرگۈچى پەردە يۈزىگە بارىدۇ ۋە بۇنىڭ ئاستىدا توختايدۇ، بەزىدە زەربە سەۋەبىدىن بىرىكتۈرگۈچى پەردىمۇ بىللە يېرىلىدۇ ياكى قان تومۇرلار يېرىلىشىنىڭ سەۋەبى قان تومۇرلارنىڭ تولۇپ قېلىشى بولىدۇ، بۇ تارتىشىش پەيدا قىلىپ، قان تومۇرلارنى يېرىۋېتىدۇ ياكى بۇنىڭ سەۋەبى قاننىڭ قايىنىشى ۋە كۆز تەرەپكە ئېقىشى بولىدۇ.

كۆز تەرەپكە ئېقىشنىڭ سەۋەبى قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى، قايىنىشى ۋە ئۆتۈلۈشۈپ تۇرىدىغان قان مىقدارىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن بولىدۇ ياكى ئىششىقنىڭ پىششىدىن ئىلگىرى يېرىلىپ كېتىشى ۋە قاتتىق ۋارقىراشمۇ كۆز ئېقىغا رەڭدار چېكىت چۈشۈشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بولىدۇ. چۈنكى ۋارقىرىغان ۋاقىتتا نەپەسنى توختىتىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭلاشقا قان تومۇرلار تارىيىپ، مېڭە قان بىلەن تولۇپ، قان تومۇرلار يېرىلىدۇ. يۇقىرىقىغا ئاساسەن قاتتىق ھەرىكەتمۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى ھەرىكەتتىن ئىسسىقلىق پەيدا بولىدۇ، ئىسسىقلىق خىلىتلاردا

قايناش ۋە كېڭىيىش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. يۇقىرىقىغا ئاساسەن قاتتىق قۇسۇشتىنمۇ بەزىدە قان تومۇرلار يېرىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتتە كۆچەشكە ۋە نەپەسنى توختىتىشقا توغرا كېلىدۇ.

داۋالاش   قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئادەتتىكى دورىلار بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ھېلىلە قاينىتىلمىسىغا سوقمونىيا قوشۇپ بېرىلىدۇ (ئايارەجسىز)، لېكىن مۇسھىلدىن ھۆقنە ياخشىراق بولىدۇ. كۆزگە سۈت ۋە لۇئاب ئىسسىق ھالەتتە ئاغرىق پەسىيىش ۋە ماددىدا پىشىپ سۈيۈلۈش پەيدا بولغۇچە تېمىتىلىدۇ. تۇخۇم ئېقى ۋە سېرىقىغا پاختىنى مىلەپ، كۆزگە تېڭىلىدۇ ھەمدە ئاغرىق پەسەيگىچە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلىدۇ. ئاغرىق پەسەيسە كەپتەر قانىتىدىن قانىنى ئىسسىق - ئىسسىق تېمىتىش ياكى كېسەلنىڭ دەسلەپىدە كەپتەر قانىتىدىن قانىنى ئىسسىق - ئىسسىق تېمىتىش بىلەن ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلارنىمۇ ئىسسىق سۇدا ئېرىتىپ ئىشلىتىش لازىم. مەسىلەن: گىل ئەرمەنى، قىزىل سېغىز ۋە قىيمۇلىيا سېغىزى قاتارلىقلار. كېسەللىكنىڭ ئاخىرىدا، يەنى تۆۋەنلەش باسقۇچىدا قانىنى تارقاتقۇچى دورىلار، مەسىلەن: كۈندۈر، مۇرمەككى، ئۇشەق، زەپەر، ھەتتا قىزىل زەرنىخمۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن ئۈزۈمگە ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقى، يېڭى پەنىرمايە ۋە ئاز مىقداردا لاھۇر تۇزى ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە زىمات قىلىش، تاغ پىننىسى ۋە قۇرۇق زۇپا قاينىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا بىپەرۋالىق قىلماسلىق، چۈنكى بەزىدە قان قېتىشىپ تامامەن تارقالمايدۇ ۋە تارقاش بىلەن ئىنتايىن ناچار مەلۇم بولىدۇ. بەزىدە ئەتراپىدىكى ئەزالارنى يارىلاندۇرۇپ يارا پەيدا قىلىدۇ ۋە باشقا پەردىلەرگىچە كېڭىيىدۇ.

ئۈزۈمسىمان پەردە پۈلتىيىپ چىقىش (مورسەرەج)

مورسەرەج ئەسلىي پارسچە سۆز بولۇپ، چۈمۈلە باش دېگەنلىكتۇر. ئۈزۈمسىمان پەردە پۈلتىيىپ چىقىش مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ يېرىلىشى سەۋەبىدىن ئۈزۈمسىمان پەردە سىرتىغا پۈلتىيىپ چىقىدىغان كېسەللىكتۇر، مۈڭگۈزسىمان پەردە يارا ياكى مۇدۇر - چاقا سەۋەبىدىن يېرىلىدۇ، لېكىن چۈمۈلە بېشىسىمان دەپ ئۈزۈمسىمان پەردە چۈمۈلە بېشىغا ئوخشاش ناھايىتى ئاز قىسمى سىرتىغا چىققان ۋاقىتتا ئېيتىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن ئارتۇق چىقىپ ئۈزۈمگە ئوخشاش بولسا، ئۈزۈمسىمان پەردە پۈلتىيىپ چىقىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۈزۈمدەك بولمىسا ۋە چۈمۈلە بېشىدىن چوڭ بولسا، بۇ چىۋىن بېشىسىمان پۈلتىيىپ چىقىش دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ تۈرى

چىۋىن بېشىغا ئوخشاش بولىدۇ.

ئەگەر بۇ تۈرى ئۈزۈمدىن چوڭ بولۇپ، قاپاقتىن ئېشىپ قاپاق گىرۋىكىگە سۈركىلىپ كۆزنى يۇمغىلى قويمىسا، بۇ ئالمىغا ئوخشاش پۇلتىيىپ چىقىش دېيىلىدۇ، بۇ تۈرى ئالمىسىمان بولۇپ، كونىرىغان بولسا ۋە مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ يېرىلغان ئورنى بىلەن بىرلەشكەن بولسا، مىخسىمان پۇلتىيىپ چىقىش دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۇ مىخنىڭ شەكلىگە ئوخشاش بولىدۇ.

مىخ — بۇ يۇملاق، ياپىلاق ھارۋا چاقى ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان نەرسە بولۇپ، ھىندى تىلىدا دەم كۇرە دەپمۇ ئاتايدۇ.

سەۋەبى مۈڭگۈزسىمان پەردە يېرىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئومۇمەن مۈڭگۈزسىمان پەردىدە يارا ۋە مۇدۇر - چاقىنىڭ پەيدا بولۇشى ياكى مەلۇم سىرتقى سەۋەبنىڭ يۈز بېرىشى، مەسىلەن: ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش قاتارلىقلار. بەزىدە يۇقىرىقى مەزكۇر سەۋەبلەردىن مەلۇم بىرەرى مەۋجۇت بولماستىن، بەلكى دەسلەپتىلا كۆز ئىچكى قىسمىدا بېسىم بولىدۇ. بۇ قاتتىق يۆتىلىش، كۈچەپ چۈشكۈرۈش ۋە ۋارقىراش بىلەن مۈڭگۈزسىمان پەردىدە تۆشۈك پەيدا قىلىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

بەزىدە كۆزنى تەكشۈرگەندە كۈچەش سەۋەبىدىنمۇ بىمارنىڭ مۈڭگۈزسىمان پەردىسى تېشىلىپ كېتىدۇ.

ئالامىتى مۈڭگۈزسىمان پەردىدە تۆشۈك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى كۆپىنچە يارا يۈزىدە تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق پەردىسىدىكى قاقاچ (مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئىچىدىكى بەشىنچى قەۋەت) كۆپۈشۈپ بىر كىچىك، سۈزۈك قاپارتما شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ. تۆشۈك پەيدا بولغان ۋاقىتتا تۇخۇم ئېقسىمان ھۆللۈك سىرتىغا چىقىدۇ. كۆپىنچە بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئۈزۈمسىمان پەردىمۇ زەخىملىنىدۇ، كۆزى يۇمشاق سېزىلىدۇ، ئالدىنقى بوشلۇق يوقىلىدۇ، بۇنىڭدا قىرۋۇسىمان سۇيۇقلۇق ئۆز جايىدىن يۆتكىلىشى ياكى سىرتقا پۇلتىيىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر بۇ تۆشۈك پۈتۈپ ساقايسا، ئۈزۈمسىمان پەردە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىغا كېلىدۇ ۋە بەزىدە بۇ تۆشۈك پۈتمەيدۇ، بەلكى ئاقما ھالىتىدە قالىدۇ، بۇ خىل ھالەت كۆز ئۈچۈن ناھايىتى خەتەرلىك بولغانلىقى ئىسپاتلانغان.

پەرقى ئۈزۈمسىمان پەردە پۇلتىيىپ چىقىش ۋە مۈڭگۈزسىمان پەردە مۇدۇر - چاقىسىدىكى پەرق:

1. ئۈزۈمسىمان پەردە پۇلتىيىپ چىقىشتا، ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ رەڭگى قارا ياكى كۆك بولىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر ئۈزۈمسىمان پەردە قارا بولسا پۇلتىيىپ چىققان قاپارتمىنىڭ رەڭگىمۇ قارا بولىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن باشقا رەڭلەردىمۇ بولىدۇ، ئالمىسىماننىڭ رەڭگى گەرچە

ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەلۇم قىسىملىرىدا ئوخشاشلىق بولمايدۇ.

2. بۇ قاپارتما يىلتىزىنىڭ ئەتراپىدا گۈللۈك رەختكە ئوخشاش ئاق نەرسە مەلۇم بولىدۇ ھەمدە بۇ ئاقلىق مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ يېرىلغان بۆلىكىنىڭ گىرۋىكىدە بولىدۇ، چۈنكى مۈڭگۈز پەردە بۇ ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئەسلىي رەڭگىدە كۆرۈنىدۇ.

3. ئۈزۈمسىمان پەردە پۈلتىيىپ چىقىشتا كۆز قارىسى كىچىكلەپ دۈگىلەكلىكى يوقايدۇ، مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ مۇدۇر - چاقىلىرىدا بۇ ئالامەتلەر بولمايدۇ، بەلكى بۇنىڭ رەڭگى ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ رەڭگى بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ. بۇنىڭ يىلتىزىدا ئاقلىقنىڭ بىرەر تەسىرى كۆرۈلمەيدۇ ھەم كۆز قارىسىنىڭ دۈگىلەكلىكى يوقالمايدۇ. بەزىدە مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ قىسمەن ئىچكى قەۋىتى يېرىلىپ، سىرتقى قەۋىتى يېرىلمايدىغان ھالەتمۇ ئۇچرايدۇ، بۇ ھالەتتە مۇدۇر - چاقىلارغا ئوخشاپ قالىدۇ، چۈنكى، بۇنىڭ رەڭگى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش بولىدۇ.

يۇقىرىقى سۆزلەنگىنى توغرا ئەمەس، چۈنكى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئىچكى قەۋىتى يېرىلغان بولسا، قاپارتمىنىڭ ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ پۈلتىيىپ چىقىشىغا ئوخشاش بولۇشى ۋە رەڭگىنىڭمۇ ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ رەڭگىدە مەلۇم بولۇپ، مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ قاپارتمىسىغا ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن بولمايدۇ. ئۈزۈمسىمان پەردە پۈلتىيىپ چىقىشتا، مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ پەقەت ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قەۋىتى يېرىلغان ۋە تۆتىنچى قەۋىتى يېرىلمىغان ۋاقىتتا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتقانكى: «بەزىدە مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ بەزى قەۋەتلىرى يېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بەزى قەۋىتى كۆپۈپ قالىدۇ. بۇ مۈڭگۈزسىمان قەۋەتنىڭ بەزى پەردىلىرى بۇزۇلغان ۋاقىتتا بولىدۇ. ۋەجۇ تۈرى مۇدۇر - چاقىلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پەرقى مۇدۇر - چاقىلار بولغان ئەھۋالدا بىرىكتۈرگۈچى پەردە قەۋىتىنىڭ ئىچىدە قىزىللىق بولىدۇ. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ياش ئېقىش ۋە ئاغرىق بولىدۇ، سۇلائى بىلەن باسسا بېسىلىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە بۇ قاپارتمىدا بۇنداق بولمايدۇ.»

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ بۇ سۆزىدە ئوچۇق سۆزلىنىۋاتقىنى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ سىرتقى قەۋىتى يېرىلغاندا، خاس مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئاستىدىكى ئۈچ قەۋەت كۆپۈشىدۇ ياكى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ سىرتقى قەۋىتى بۇنىڭ ئاستىدىكى قەۋەت بىلەن يېرىلىدۇ. بۇ ھالەتتە ئاستى تەرىپىدىكى ئىككى قەۋەت كۆپۈشىدۇ ياكى ئۈستىدىكى قەۋەت بىلەن بۇنىڭ ئاستىدىكى ئىككى قەۋەتمۇ يېرىلىدۇ. بۇ ھالەتتە پەقەت تۆتىنچى قەۋەت كۆپۈشىدۇ، بۇ ئۈچ خىل ھالەتلەردە مۇدۇر - چاقىغا ئوخشاش ئاقلىق، مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ رەڭگىدە بولىدۇ. چۈنكى،

بۇ ئۈزۈمسىمان پەردىنى كۆرۈشتىن توسىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن كۆز ئېقىدا قىزىللىق ۋە ئاغرىق بولمايدۇ، ئەمما بۇ ئالامەتلەر مۇدۇر ـ چاقىلاردا بولىدۇ. سۇلائى بىلەن باسقاندا بېسىلمايدۇ، چۈنكى مۈڭگۈزسىمان پەردە بىر قاتتىق تەنچىدۇر.

داۋالاش ئەگەر ئۈزۈمسىمان پەردە پۈلتىيىپ چىقىشتا، يېرىلغان ئورۇننىڭ ئەتراپى زىيادە قېلىنلىمىغان بولسا، توم ۋە يۇمىلاق داكا بىلەن كۆزنى چىڭ تېڭىش، ئەگەر ئۇ يېرىلغان گىرۋەك قېلىنلىغان بولسا، بۇنى داۋالاش مۇمكىن بولمايدۇ ۋە داۋالاشنىڭ مەنپەئەتى بولمايدۇ. بەزىدە داكىغا قەلەي كۇشتىسىدىن 18 ~ 38 گىرامغىچە ئوراپ تېڭىلىدۇ، لېكىن داكىغا يۇمشاق قىلىنغان سۈرمىنى كىچىك خالتىغا قۇيۇپ تېڭىش ياخشىدۇر، چۈنكى سۈرمە يۇمشاق سوقۇلغان بولغاچقا ھەم كۆزنىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆزگە ئىكسىرىن تارتىش لازىم.

ئىكسىرىننىڭ مەنىسىنى بەزى كىشىلەر شىپالىق بەخش ئەتكۈچى ۋە بەزى كىشىلەر مەنپەئەت بېغىشلىغۇچى، دەپ قارايدۇ. لېكىن رازى ئېيتقانكى: «بۇنىڭغا ئۈچ مەنە سىڭگەن دەپ تونۇشقا بولىدۇ ھەم شىپا بېغىشلىغۇچىنىڭ جۇغلانمىسى بولىدۇ.»

ئىكسىرىن نۇسخىسى: سۈرمە، شادىنەجتىن ئوخشاش مىقداردا ئېلىپ، ئوبدان سالايە قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

قابىز دورىلارنى كۆزگە سۈرمە قىلىپ تارتىش. بۇنىڭدا يېرىكلىك بولمىسۇن، تاكى بۇ دورىلار ئۆزىنىڭ قورۇش ۋە قويۇقلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى سەۋەبىدىن كۆزنى تۈزگۈچى توقۇلمىلارنى تارايتىپ، يېرىلىشنى كۈچەيتىۋەتمىسۇن ھەمدە ئۈزۈمسىمان پەردىنى پۈلتىيىپ چىقىشتىن توسسۇن. مەسىلەن: شادىنەج مەغسۇل (يەنى يۇيۇلغان شادىنەج)، كۈمۈش چىلىندان، كۆيدۈرۈلگەن سەنجى (سەنجى «مۈڭگۈز» نىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشىدۇر، بۇ، سەدەپ ۋە بىر خىل دورىلىق مۈڭگۈزگە ئوخشاش دەريادا ياشايدىغان ھايۋاننىڭ قېپىدۇر)، كۆيدۈرۈلگەن دورىلىق مۈڭگۈز قاتارلىقلار. ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ مىخسىمان ۋە ئۈزۈمسىمان پۈلتىيىپ چىقىشى ئەگەر كونىرىغان بولسا ۋە داكىدا تېڭىش بىلەن ساقايمىسا، تاكى كۆزنىڭ شەكلى نورماللاشقۇچە ۋە كۆرۈمسىزلىك قالمىغىچە كېسىۋېتىش لازىم.

كۆز قارىچۇقىنىڭ كېڭىيىشى (ئىنتىشار ۋە ئىنتىسائى)

ئىنتىشار (چېچىلىپ كېتىش) ۋە ئىنتىسائى (كېڭىيىپ كېتىش) دىن ئىبارەت ئىككى خاس ئۇقۇمنى بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن تېۋىپلار قاپىيىداش شەكىلدە ئىشلەتكەن ئىدى (نەفىس).

كۆز قارىچۇقى كېڭىيىپ كېتىش كۆز قارىچۇقى ئەسلىي ھالىتىدىن زىيادە

كېڭىيىپ، بەزىدە كۆز قارىسى ھالقىسىغىچە يېتىپ بارىدىغان، بۇ سەۋەبتىن نۇر چېچىلىپ كېتىدىغان كېسەللىكتۇر.

ئۈزۈمسىمان تۆشۈك ئارقىلىق يورۇقلۇق نۇرلىرى كۆز ئىچىگە كىرىدىغانلىقى ئېنىق. بۇ نۇرلار تەسۋىرنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۈزۈمسىمان تۆشۈك بىر ئىشىك بولۇپ، سىرتقى يورۇقلۇققا ماس ھالدا كىچىكلەپ ۋە چوڭىيىپ تۇرىدۇ، تاكى تەسۋىر شەكىللەندۈرۈش پائالىيىتى ئۈچۈن قانچىلىك يورۇقلۇققا زۆرۈرىيەت بولسا، كۆز قارىچۇقىنى شۇنىڭغا ماس ھالدا باراۋەر تۇرغۇزىدۇ، بۇ سەۋەبتىن كۈچلۈك يورۇقلۇققا قارىغان ۋاقىتتا كۆز قارىچۇقى تارىيىپ كىچىكلەيدۇ، ئاجىز يورۇقلۇققا قارىغان ۋاقىتتا كېڭىيىدۇ (ئەبۇ سەھل ۋە ئىبنى ھاشىم). بۇ ئىلىمنى بىلگەندىن كېيىن ئەگەر كېسەللىك شەكلىدە كۆز قارىچۇقى ناھايىتى كېڭەيسە ياكى ئەگەر نورمالسىز ھالەتتە تارايسا، سىرتقى يورۇقلۇقنى قوبۇل قىلىش، تەرتىپكە سېلىش ۋە نورماللاشتۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقى، كۆرۈش پائالىيىتىنىڭ چوقۇم تەڭپۇڭسىزلىشىدىغانلىقىنى چۈشىنىش بەك قىيىن بولمايدۇ. قىسقىسى، ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ تۆشۈكى سىرتقى نۇرنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈندۇر، بۇ بىر ئۆلچەم بىلەن ئىچكى تەرەپكە يورۇقلۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

«تەزكىرە» ناملىق كىتابنىڭ يازغۇچىسى ئېيتقانكى: «ئىنتىشار ۋە ئىتتىسائىدىكى پەرق: نۇر چېچىلىپ كېتىش كۆرۈش كۈچىدە بولىدۇ، كېڭىيىپ كېتىش ئۈزۈمسىمان تۆشۈكتە بولىدۇ. يەنى ئۈزۈمسىمان تۆشۈكنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن كۆرۈش قۇۋۋىتى چېچىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېڭىيىپ كېتىش بىر كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ، نۇر چېچىلىپ كېتىش بىر ئەگەشمە كېسەللىكتۇر. ھۆكۈمالارنىڭ بايانلىرىنى مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، «تەزكىرە» نىڭ يازغۇچىسىنىڭ سۆزلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشكە توغرا كېلىدۇ (نەفىس).

سەۋەبى

1. زەربە تېگىشتىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىپ كېتىش: بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە سىرتتىن كۆزگە زەربە تېگىشتىن بولىدۇ. مەسىلەن: كۆزگە زەربە تېگىشتىن ۋە تاپانچا ئوقى تېگىشتىن بولغىنىنى داۋالىغىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ تەسىرى كۆرۈش نېرۋىسىغىچە يېتىپ بارمايدۇ، بەلكى ئۈزۈمسىمان پەردىنى تۆت تەرەپكە تارتىپ كېڭەيتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆز قارىچۇقى كېڭىيىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىر سۇغا چىلانغان تېرىگە تۆشۈك ئېچىپ، تۆشۈك ئورنىغا تاش ياكى مەلۇم قاتتىق نەرسە كۈچەپ ئىتتىرىلسا، بۇ تۆشۈك قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كېڭىيىدۇ (نەفىس).

ئىمام رازى: «كۆز قارىچۇقىنى كېڭەيتىش ۋە تارايتىشنى بىر نازۇك مۇسكۇل قىلىدۇ» دەپ

ئېيتقان.

2. ماددىدىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىش: بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى بەدەن ئىچىدە بولىدۇ، يەنى بۇزۇلغان ھۆللۈك ۋە بۇخاراتلار ئۆزىنىڭ مەخسۇس تەسىرى بىلەن نېرۋا تالالىرىنى كېڭەيتىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۈزۈمسىمان تۆشۈك كېڭىيىدۇ.

بۇ تۈرى ئومۇمەن ئۆتكۈر باش ئاغرىقى ياكى سەرسام ياكى ماشىرادىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. يەنى ئۇ كېسەللىكلەرنىڭ مەخسۇس ماددىلىرى كۆزلەرگىچە يېتىپ كېلىپ، ئۈزۈمسىمان قەۋەتنىڭ نېرۋا ۋە مۇسكۇل غىلاپلىرىغا تەسىر قىلىدۇ. بۇ تۈرىنى داۋالىغىلى بولمايدۇ، بۇنى ياخشىلاشنىڭ بىرەر چارىسى يوق.

3. تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپىيىشىدىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىش: بەزىدە تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپىيىپ، ئۈزۈمسىمان پەردە ئۈستىگە بېسىم سېلىشى ۋە بۇنى كېڭەيتىۋېتىش سەۋەبىدىن كۆز قارىچۇقى كېڭىيىدۇ. بۇ قىسمى ئومۇمەن ئاياللار ۋە بالىلاردا كۆرۈلىدۇ.

4. ئىششىقتىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىش: بەزىدە ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ ئىششىشى ۋە تارتىششى سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ، بۇ سۆزلىنىپ بولدى.

5. قۇرۇقلۇقتىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىش: بەزىدە بۇ كېسەللىك ئۈزۈمسىمان پەردىگە قۇرۇقلۇق يېتىش ۋە تارتىشىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۆشۈكى بار تېرە قۇرۇغان ۋاقىتتا تارتىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ تۆشۈكى كېڭىيىدۇ.

ئالامىتى

1. زەربىدىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىشنىڭ ئالامىتى: زەربىدىن كېيىن بۇ ھالەت پەيدا بولۇش بىلەن يەرلىك ئورۇنغا تەگكەن زەربىنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ.

2. ماددىدىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىشنىڭ ئالامىتى: ئۆتكۈر ئاغرىق ياكى سەرسام ياكى ماشىرادىن كېيىن بۇ كېسەللىك ئاشكارا بولىدۇ.

3. تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىشنىڭ ئالامىتى: بۇ ئىككى تۈرنىڭ ئالامەتلىرى ۋە داۋالىشى كۆز پەردە كېسەللىكلىرىدە سۆزلەندى.

4. ئىششىقتىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىشنىڭ ئالامىتى بۇ يۇقىرىدا سۆزلىنىپ بولدى.

5. قۇرۇقلۇقتىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىشنىڭ ئالامىتى: قۇرۇقلۇق بىلەن كۆرۈش كۈچى ئاجىزلاشنىڭ كۆرۈلۈشى، يەنى ئاچلىق، بەدەن سۇيۇقلۇقلىرىنى خوراتقۇچى ئەمگەكلەرنى قىلىش ۋە ئىستىفراغدىن كېيىن كېسەللىكنىڭ ئېغىرلىششى، كۆزنىڭ يىگىلىشى قاتارلىقلار. كۆز

يىگلەش كېيىن سۆزلىنىدۇ.

داۋالاش

1. زەربىدىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىش: قىيفال تومۇردىن قان ئېلىش، پاچاق ئۇستىگە ھىجامەت قويۇلىدۇ، يەڭگىل ھۆقنە قىلىنىدۇ، ئىچى تەرەپتىن بىرەر دورا ئىچكۈزۈلمەيدۇ. بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسىنىڭ بۇ سۆزى بۇقراتنىڭ ئۇستىدىن دورا ئارقىلىق ماددىنى چىقارماسلىق دەپ ئېيتقىنىغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردىكى بۇقراتنىڭ كۆزدە تۇتقىنى قۇستۇرۇشتۇر. يەنى بۇ خىل ھالەتتە قۇستۇرماسلىق، قۇستۇرغان ھالەتتە باش تەرەپكە ماددىلار كۆپلەپ ئۆرلەيدۇ ھەم نەپەس توختايدۇ. شۇڭلاشقا كېڭىيىپ كېتىش زىيادىلىشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ ھالەتتە قۇستۇرۇش چەكلەنگەن. قويۇق غىزالاردىن، جىمادىن، ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلاشتىن، يورۇقلۇققا قاراشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. كۆزىگە ئوغۇل تۇغقان ئايالىنىڭ سۈتى تېمىتىلىدۇ، ماش ئۇنى، بىنەپشە، ئاق لەيلى قاتارلىقلارغا تۇخۇم سېرىقى قوشۇپ كۆزگە تاكى ئاغرىقتا پەسىيىش ۋە ماددىدا تارقىلىش بولغۇچە زىمات قىلىش لازىم.

ئەگەر كېسەللىك ساقىيىشقا يۈزلەنسە ۋە ئاغرىق يوقالسا، زىماتقا بابۇنە ۋە قىرۇت قوشۇش تاكى تارقىلىپ قۇۋۋەت ئاشسۇن، ئىششىق يوقالغاندىن كېيىن باسلىقۇن ۋە رۇشنائىنى كۆزگە تارتىش لازىم تاكى قالغان ماددىلار لەتىفلىشىپ يوقالسۇن.

2. ماددىدىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىش: دەسلەپتە ماددىغا قارىتا داۋالىنىدۇ ھەمدە مۇسھىل بىلەن بەدەن ۋە مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ. كۆز گويا مېڭىنىڭ بىر تەركىبىدەك بولغاچقا، مېڭىنى تازىلاش بىلەن كۆزمۇ تازىلىنىدۇ. شىيافى مەرارەت تارتىلىدۇ، كۆرۈش تامامەن يوقالماستىن، ئاز مىقداردا مەۋجۇت بولغان شەرت ئاستىدا. كۆرۈش كۈچى كۆرۈش نېرۋىسى ساغلام بولغان ۋە كۆز قارىچۇقى بەك زىيادە كېڭىيىپ كەتمىگەن ۋاقىتتا يوقاپ كەتمەيدۇ. ئەگەر كۆرۈش نېرۋىسى بۇزۇلغان بولسا، كۆرۈش كۈچىمۇ يوقىلىدۇ. كۆز قارىچۇقى ناھايىتى زىيادە كېڭىيىپ كەتكەن چاغدىمۇ كۆرۈش قۇۋۋىتى بۇزۇلىدۇ.

شىيافى مەرارەت: غاز، شەببۇت (بام ناملىق بېلىق)، ئۆچكە، قارچىغا، بۆركۈت ھەربىرىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۆتىدىن بىر دانىدىن ياكى بىر دانىدىن كۆپ ئېلىپ، ئەگەر بۇ ئۆتلەرنىڭ ئېغىرلىقى بەش گىرام بولسا، شەھمەنزەلدىن ئۈچ گىرام، سەكبىنەج ۋە پەرپىيۇندىن 3.5 گىرامدىن ئېلىپ ھەممىسىنى ئېزىپ، بەديان سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ شىياف ياسىلىدۇ (مەرارەت: ئۆت خالتىسى). بۇلاردىن باشقا ھەر خىل ئۆت خالتىلىرىدا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ پايدىلىق تەركىبلەر بار.

3. قۇرۇقلۇقتىن بولغان كۆز قارىچۇقى كېڭىيىش: بۇ، قۇرۇقلۇقتىن بولغان كۆرۈش

كۈچى ئاجىزلىقىغا ئوخشاش داۋالىنىدۇ، لېكىن بۇ تۈرىنىڭ ساقىيىشى باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا قىيىن بولىدۇ. شۇڭلاشقا جالىنۇس ئېيتقانكى، ئۈزۈمسىمان پەردىدە ئىششىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن بولغان كېسەللىكلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئاسان يوقىلىدۇ. چۈنكى ھەربىر ئەزانى ھۆللەشتۈرۈشكە سېلىشتۇرغاندا قۇرۇقلاشتۇرۇش ئاساندۇر.

كۆز قارىچۇقى تارىيىش (زەيق)

كۆز قارىچۇقى تارىيىش — كۆز قارىچۇقى ئەسلىي ھالىتىدىن زىيادە تارىيىپ كېتىدىغان كېسەللىكتۇر.

كۆز قارىچۇقىنىڭ تارىيىشى كۆرۈش قۇۋۋىتىگە زىيانلىقمۇ - ئەمەسمۇ؟ كۆز قارىچۇقى تارىيىش كۆز قارىچۇقى كېڭىيىپ كېتىشنىڭ دەل ئەكسىدۇر. كۆز قارىچۇقى كېڭىيىپ كېتىش كېسىلىدە ئۈزۈمسىمان پەردە تۆشۈكى ھەقىقەتەن يورۇقلۇق ئىشىكى بولۇپ، بىر خىل ھالەتتە كۆز ئىچىگە يورۇقلۇقنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى سۆزلىنىپ بولدى. ھازىر كۆز قارىچۇقىنىڭ زىيادە كېڭىيىپ كېتىشى كۆرۈش پائالىيىتىگە زىيانلىق بولىدىغانلىقى ئوچۇق بولدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بۇنىڭ تارىيىشىمۇ زىيانلىق. كۆز قارىچۇقى كېڭىيىپ كەتكەن ھالەتتە يورۇقلۇق ئەگەر زۆرۈرىيەتتىن زىيادە بارىدىغان بولسا، كۆز قارىچۇقى تارىيىپ كەتكەن ھالەتتە زۆرۈرىيەت ۋە ھاجەتتىن ئاز بارىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆرۈش كۈچىدە نورمالسىزلىق پەيدا بولىدۇ. يۇقىرىقىغا ئاساسەن چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ، رازى ئۈزۈمسىمان پەردىدە بىر نازۇك مۇسكۇل بولۇپ، بۇ كۆز قارىچۇقىنى كېڭەيتىش ۋە تارايتىش خىزمىتىنى بېجىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى سەۋەبلەردىن (بۇ سەۋەبلەرگە دورىلارمۇ كىرىدۇ) كۆز قارىچۇقىدا تارىيىشمۇ① بولىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

سەۋەبى

1. ئىششىقتىن بولغان كۆز قارىچۇقى تارىيىش: بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە ئىششىق بولىدۇ، ئىششىق مەيلى ئۈزۈمسىمان پەردىدە ياكى باشقا پەردىلەردە بولسۇن، ئىششىق سەۋەبىدىن كۆپىنچە ئۈزۈمسىمان پەردە ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپمۇ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى كۆز پەردە كېسەللىكلىرىدە سۆزلەندى.

2. تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كېمىيىشىدىن بولغان كۆز قارىچۇقى تارىيىش: بەزىدە بۇ تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كېمىيىشىدىن بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۈزۈمسىمان پەردە يولى

قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن ياكى نېرۋا تەسىرىدىن تارىيىدۇ.

ئالامىتى بۇ تۈرنىڭ ئالامىتىنى سەمەرقەندى مۇنداق بايان قىلغان: «كۆرۈش قۇۋۋىتى ئۆتكۈر بولمايدۇ ۋە جىسىملارنى تۈز ھالەتتە كۆرەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇدۇلمۇئۇدۇل قارىغاندا قانچىلىك ياخشى كۆرەلمىسە، شۇنچىلىك سىڭايان ھالەتتە كۆرىدۇ. بۇ خىل ھالەت كۆز قارىچۇقى تارىيىشتىن باشقا سىڭايان بولۇشمۇ قوشۇلۇپ كەلگەن ۋاقىتتا بولىدۇ».

داۋالاش تۇخۇم ئېقىسمان ھۆللۈك كېمىيىپ كېتىشنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى قەتۇر②، سەئۇت③ ۋە نۇتۇل④ ئىشلىتىلىدۇ. ھۆللەشتۈرگۈچى ۋە مايلىق غىزالار يېتەرلىك يېگۈزۈلىدۇ. بىمار نەپەس ئېلىشنى توختىتىش لازىم، بۇ يەردىكى نەپەس ئېلىشنى توختىتىشنىڭ مەنىسى ئىبنى ئەبى سادىقنىڭ «كۆكرەك ۋە قورساق مۇسكۇللىرىدا خۇددى چوڭ تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئىنجىقلىغان ئادەمگە ئوخشاش تارتىشىش پەيدا قىلىپ، قانچىلىك ۋاقىتقىچە نەپەس ئېلىشنى توختىتالىسا، ئىچكى تەرەپكە ئالغان نەپەسنى ئىتتىرىش كېرەك» دېگىنىدەك بولىدۇ. بۇ ئىش بىلەن كۆز قارىچۇقى كېڭىيىدۇ.

ئەپيۇن ۋە يەبرۇج (لۇفاھ يىلتىزى)، زەھەرلىك دورا بولۇپ، خۇسۇسىيەت جەھەتتە بىرى ئىككىنچىسىنىڭ قارىمۇقارشىسىدۇر. ئەگەر ئەپيۇن بىلەن كۆز قارىچۇقى تارايسا، يەبرۇج بىلەن كېڭىيىدۇ. بۇ زەھەرلىنىش ئىلمىدە سۆزلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كۆز دوختۇرلىرى كۆز قارىچۇقىنى كېڭەيتىشنى ئارزۇ قىلغان ۋاقىتتا ۋە كۆزنىڭ ئىچكى قىسمىنى تەكشۈرمەكچى بولغاندا، كۆزگە يەبرۇج جەۋھىرى تېمىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆز قارىچۇقى بىرقانچە كۈنگىچە كېڭەيگەن ھالەتتە تۇرىدۇ.

كۆزگە سۇ چۈشۈش

ماھىيىتى كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى، بۇ كېسەللىكتە قىرۋۇسمان

---

① ئەللامە سەمەرقەندى ۋە ئەللامە نەفىيسنىڭ دىققەت بىلەن قاراشلىرىدىن چوقۇم ئەبۇ سەھل مەسىھا ۋە ئىمامى ھاشىم (كۆز كېسىلى ئالىمى) نىڭ بايانلىرى ئۆتۈپ باقمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زىددىيەتنى بۇلار چۈشىنەلمەيدۇ ھەم بۇ مەسىلە ئۇلارنىڭ نەزىرىدە زىددىيەت پەيدا قىلىپ قويىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە بۇنى ئۇزارتىش مېنىڭ نەزىرىمدە پەقەت بىر مەنىسى يوق پەرىشانلىقتۇر.

② قەتۇر — كۆزگە تېمىتىلىدىغان دورا.

③ سەئۇت — پۇرايدىغان دورا.

④ نۇتۇل — دورىلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن كېسەللەنگەن ئەزانى يۇيۇش.

سۇيۇقلۇق ۋە بۇنىڭ غىلاپى (ئۆمۈچۈك تورسىمان پەردە) دۇغلىشىدۇ، قېلىنلايدۇ. بۇ شۇنچىلىك قەدىمكى كۆزقاراش بولۇپ، بۇنىڭ تەزكىرىسى «مۇئالىجاتى بۇقراتىيە» ناملىق كىتابتا ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا، ئەللامە تەبىرى (مۇئالىجاتى بۇقراتىيەنىڭ يازغۇچىسى) يازغانكى، بىزنىڭ زامانىمىزدىكى كۆز دوختۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى كۆزگە سۇ چۈشۈش ھەققىدە قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ دۇغلىشىش ئىكەنلىكىگە قايىلدۇر. دۇغلىشىش قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ھەر ئىككى بۆلىكىنى قاپلايدۇ.

1. سىرتقى بۆلىكى (ئورىغۇچى بۆلەك) نى خاس ئۇقۇمدا پوستى دەپ ئاتىلىدۇ.

2. ئىچكى بۆلىكى (مەركىزىي بۆلەك) خاس ئۇقۇمدا ئۇرۇق دەپ ئاتىلىدۇ.

سىرتقى بۆلەك سەل ئۇيۇغان، ئۇرۇققا نىسبەتەن زىيادە يۇمشاق ۋە رەڭسىز بولىدۇ. ئۇرۇق نىسبەتەن قاتتىق، بۇنىڭ رەڭگى بىرئاز سېرىققا مايىل بولىدۇ، لېكىن بۇ ئىككىسىدە بىرەر ئاشكارا پەرق (پاسىل) بولمايدۇ. بەلكى بۇ ئۆزگىرىش تەدرىجىي يۈز بېرىدۇ، ياشنىڭ چوڭىيىشى بىلەن ئۇرۇق تېنىدە چوڭىيىش ۋە پوستىدا تاناسىپلىق ھالەتتە كېمىيىش بولىدۇ. ياشانغانلاردا پۈتۈن قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ قىيامى ئۇرۇققا ئوخشاش بولىدۇ ھەم قاتتىقلىشىپ ئېلاستىكلىقى يوقىلىدۇ. قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇق توقۇلمىسىدا پىيازغا ئوخشاش ئۈچ - تۆت قەۋەت بولىدۇ، بۇ، ئۇزۇن ۋە ئالتە تال سىڭايان تارىمۇشلاردىن تۈزۈلىدۇ.

قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ دۇغلىشىشى قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ دۇغلىشىش ھالىتى شۇكى، ئۇرۇق بىلەن پوست تالالىرى يىغىلىدۇ ھەمدە بۇلارنىڭ يىغىلىشى سەۋەبىدىن بىر قىسمىدىكى ھۆللۈك تولدىغان بوشلۇقلار پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن تالالار كۆپۈشۈپ نورمالسىزلىشىدۇ ھەم دۇغلىشىپ پارە - پارە بولىدۇ. ئاخىرىدا قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ جەۋھىرى ئۆزگىرىپ يۇمشاش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئۇنىڭ شەكلى ئۆزگىرىدۇ. لېكىن ئۇرۇق ئومۇمەن سۈزۈكلا تۇرماستىن، زىيادە قاتتىقلىشىدۇ ۋە زىيادە قويۇقلىشىدۇ.

سەمەرقەندىنىڭ خاتالىقلىرى ئەللامە سەمەرقەندى بۇ كېسەللىكنىڭ ماھىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ: «كۆزگە سۇ چۈشۈش توسالغۇدىن بولغان كېسەللىكتۇر، بۇنىڭ سەۋەبىدىن كۆز قارىچۇقى توسۇلىدۇ. يەنى سىرتقى نۇرلار كۆز ئىچىگە كىرىشتىن توختايدۇ ياكى كۆرۈش نۇرى سىرتقا چىقىشتىن توختايدۇ. بۇ بىر نورمالسىز ھۆللۈك بولۇپ، بۇ، كۆز قارىچۇقىنىڭ ئىچىدىكى تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇق ۋە مۈڭگۈزسىمان پەردە ئارىلىقىدا قىيام بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن سىرتقى جىسىملارنىڭ سۈرەتلىرى كۆز ئىچىگە كىرەلمەيدۇ.» بۇ تېببىي ئىلىم ھۆكۈمالىرىنىڭ كۆزقارىشىدۇر ياكى كۆزگە چۈشكەن سۇ سەۋەبىدىن كۆرۈش نۇرى

سىرتقى جىسىملارغىچە يېتىپ بارالمايدۇ. ئالگېبرا ئىلمى ھۆكۈمالىرىنىڭ ۋە بارلىق تېۋىپلارنىڭ كۆزقارىشىدۇر.

كۆزگە سۇ چۈشۈشنى نورمالسىز سۇيۇقلۇقتىن بولىدۇ، دەپ چۈشىنىش خاتالىقتۇر. بۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر گىرىپتار بولىدۇ، بۇ خاتالىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى پەقەت دىققەت بىلەن يېقىندىن قارىغاندا كۆزىگە سۇ چۈشكەن بىمارنىڭ كۆزىگە قارىغاندا مۆڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئاستىدا بىر نورمالسىز سۇيۇقلۇق كۆرۈنىدۇ. بۇ كۆز قارىچۇقىنىڭ ئىچىدە توختاپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ.

سەۋەبى   قىرۋۇسمان سۇيۇقلۇقنىڭ دۇغلىشىشىنىڭ سەۋەبى بەزىدە بەدەن ئىچىدە بولىدۇ ۋە بەزىدە بەدەن سىرتىدا بولىدۇ.

بەدەن سىرتىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى باشقا زەربە تېگىشتۇر، بۇنىڭدا مېڭە سىلكىنىپ كېتىدۇ.

ئىچكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بەدەندە تولۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلۈشتۇر. يەنى بەدەن قويۇق ۋە بۇزۇلغان خىلىتلار بىلەن تولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن پۈتۈن بەدەننىڭ ئوزۇقلىنىشى بۇزۇلىدۇ، بۇنىڭغا قىرۋۇسمان سۇيۇقلۇقمۇ شېرىك بولىدۇ.

بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى ئۆتكۈر باش ئاغرىقى بولىدۇ، چۈنكى كۈچلۈك ئاغرىق كۆزدە بولماستىن، بەلكى باشنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدا بولغاندا خىلىتلاردا قايناش پەيدا قىلىدۇ ۋە سۇيۇقلۇقلارنى دۇغلاشتۇرىدۇ.

ئاغرىقتىن خىلىتلارنىڭ قاينىشى: تەبىئەت ئاغرىق ئورۇنغا كېسەللىك ماددىسى بىلەن كۈرەش قىلىش ئۈچۈن يۆزلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قان ۋە روھمۇ بارىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەزادا ئىسسىقلىق ئاشىدۇ ھەمدە ئىسسىقلىقتىن خىلىتلاردا قايناش ۋە ھەرىكەتلىنىش چوقۇم بولىدۇ. ئاغرىقتىن سۇيۇقلۇقلارنىڭ دۇغلىششى، ئاغرىق سەۋەبىدىن ھەزىمنىڭ ئاجىز بولۇشى ۋە بۇ ئەزانىڭ باشقا تەبىئىي كۈچلىرىنىڭ ئاجىزلىششى چوقۇم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جايدىكى سۇيۇقلۇقلار ئۆزگىرىش ۋە ئۇنىڭ دۇغلىششى قىياسقا يېقىندۇر، كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ سەۋەبلىرى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

تۇغما تۈرى   بۇ قىسمى ئانا قورسىقىدا ھامىلىنىڭ ئوزۇقلىنىشىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى سەۋەبىدىن ياكى بالىياتقۇ ئىچىدىلا ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئىششىقى بولۇش سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ. ياشانغانلاردىكى تۈرى ياشانغانلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇ تۈر ھەممە تۈرلەردىن كۆپ

ئۇچرايدۇ، بۇ قىسىمدىكى سۇ چۈشۈش ئومۇمەن 50 ياشتىن كېيىن كۆرۈلىدۇ، بەزىدە 40 ياشتىكى كىشىلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش ئەسلىدە قىرووۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كېمىيىشى ۋە بۇزۇلۇشىدۇر. بۇنىڭ ئەسلىي سەۋەبى ئېنىق ئەمەس، بۇنىڭغا ئىرسىيەتلىكنىڭمۇ ئازراق دەخلىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ كېسەلدە ئومۇمەن ئىككى كۆز كېسەللىنىدۇ، لېكىن ئىككى كۆز ئادەتتە بىرلا ۋاقىتتا كېسەللەنمەيدۇ. تۆۋەندىكى كېسەللىكلەر ۋە ھالەتلەر كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرى ۋە قوزغاتقۇچى سەۋەبلىرىدىن سانىلىدۇ. بۆرەك كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: بۆرەك ئىششىقى، بۇنىڭغا ئاساسەن شېكەر سىيىش كېسىلى، نۇقرەس، سىفلىس، سەرئى، تەشەننۇج، قىزىل قان تومۇر كېسىلى، كۆزگە زەربە تېگىش، بىرەر نەرسىنىڭ كۆز ئىچىگە كىرىپ كېتىشى، مۈڭگۈز پەردە يارىسى، ئۈزۈمسىمان پەردە ۋە كىرپىكسىمان تەنچە مۇسكۇلىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى، بالا ھەمراھسىمان پەردىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى ۋە ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلى، كۆزگە يېشىل سۇ يىغىلىش، نەزلە، زۇكام بىلەن كۆپ ئاغرىش، كەچتە ئۇششاق خەتلەرنى كۆپ ئوقۇش، كۆپ ئىلىم تەھسىل قىلىش، بەزى مەخسۇس دورىلار، مەسىلەن: شىلىم (ياۋا بۇغداي) ئىستېمال قىلىش، ئۆتكۈر يورۇقلۇق ياكى ھارارەتنىڭ كۆزگە تەسىر قىلىشى (بۇ بوتۇلكا ياسىغۇچى ۋە تۆمۈر تاۋلىغۇچىلاردا بولىدۇ) قاتارلىقلار.

ئالامىتى

كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى بۇ باسقۇچنىڭ ئالامىتى بولسا، ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدا ھەرە، چىۋىن ۋە چاچقا ئوخشاش شەكىللەر كۆرۈنىدۇ. بۇنى خاس ئۇقۇمدا خىيالات دەپ ئاتايدۇ، بۇ خىيالات يەنى خىيالىي شەكىللەر دەسلەپتە قىرووۋسىمان سۇيۇقلۇقتا پەيدا بولۇشقا باشلايدىغان ئۆزگىرىشلەرگە ماس بولىدۇ.

ئاشقازان مەنبەلىك خىيالات بەزىدە بۇ قىسىمدىكى خىيالات ئاشقازاندا بۇزۇلۇش بولغان ۋە ئاشقازاندىكى ھەزىم ئۆزگەرگەن ۋاقىتتا بولىدۇ. بۇ، كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ ئالامىتى ئەمەس. ئىككىسىدىكى پەرق: بۇ ئىككى ھالەتلەردە ئاشقازان سەۋەبىدىن تۆۋەندىكى شەكىللەر كۆرۈنىدۇ:

1. ئۇ بىر كۆزگىلا كۆرۈنمەستىن، بەلكى ئىككى كۆزگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. يەنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كۆزگە كۆرۈنىدۇ، بىر كۆزدە بۇرۇن كۆرۈلۈپ، يەنە بىرىدە كېيىن كۆرۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئىككى كۆزگە بىراقلا كۆپ كۆرۈنىدۇ، بىر كۆزگە كۆپ كۆرۈنۈپ، يەنە بىرىدە ئاز كۆرۈنىدىغان ئەھۋال بولمايدۇ.

2. بۇ شەكىللەر ھەمىشە كۆرۈنمەيدۇ، بەلكى ئاشقازان تولۇپ قالغان ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشتىن كېيىن زىيادە بولىدۇ ھەمدە قورساق ئاچقان ۋاقىتتا ئازلايدۇ.

3. كۆزدە دۇغلىشىش تامامەن بولمايدۇ، مەيلى بىر مەزگىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسۇن، يەنى ئۇ خىيالات كۆرۈنگەندىن كېيىن ئۈچ - تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بەلكى ئۇ ساغلام ۋە نورمال تۇرىدۇ.

4. بۇ خىيالات ئايارەج يېيىش بىلەن ۋە قۇستۇرۇش بىلەن يوقىلىدۇ. يەنى ئاشقازاننى ياخشىلاش ۋە تازىلاشتىن كېيىن بۇ شىكايەت يوقىلىدۇ.

لېكىن بۇ خىيالات كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ. بۇلاردا يۇقىرىقى مەزكۇر ئالامەتلەر ئەكسىچە بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) كۆپرەك بىرلا كۆزگە شەكىللەر كۆرۈنىدۇ. چۈنكى تەبىئەت ئۆز قائىدىسىگە مۇۋاپىق ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىر تەرەپنى قوغدايدۇ ھەمدە ئىككىنچى ئاجىز تەرەپكە ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ، ئەگەر ئىككى كۆزگە شەكىللەر كۆرۈنگەن بولسا، بۇ تۆۋەندىكىدەك سۆزلەردە ئوخشاش بولمايدۇ:

① ۋاقىت جەھەتتە، مەسىلەن: مەلۇم بىرىدە دەسلەپتە، كېيىن ئىككىنچىسىدە.

② رەڭ جەھەتتە، مەلۇم بىر كۆزدە شەكىللەرنىڭ رەڭگى سۇسلاش بولسا، ئىككىنچىسىدە تېخىمۇ سۇس بولىدۇ.

③ قىيام جەھەتتە، مەلۇم بىر كۆزگە كۆرۈنگەن سۈرەت توم ۋە چوڭ بولسا، ئىككىنچى كۆزدە كۆرۈنگىنى ئىنچىكە ۋە كىچىك بولىدۇ.

④ شەكىل جەھەتتە، بىر كۆزدە شەكىل بولسا، ئىككىنچى كۆزدىمۇ سۇس شەكىل بولىدۇ. چۈنكى ئىككى كۆزدە بۇ شەكىللەرنىڭ، يۇقىرىقى مۇندەرىجىدىكى بارلىق ئالامەتلەرنىڭ باراۋەر ۋە بىردەك بولۇشى ئاز ئۇچرايدۇ.

(2) بۇ شەكىللەردە ئوخشاشمىغان ۋاقىتلاردا (مەسىلەن: ھەزىم بۇزۇلغان، ئاشقازان تولۇپ قالغان ۋە ئاشقازان بوش ھالەتتە) ئازىيىش ۋە كۆپىيىش بولمايدۇ (ئاشقازاندىن بولغىنىدا بۇ شەكىللەردە ئازىيىش ۋە كۆپىيىش بولىدۇ)، بەلكى بۇنىڭدا دائىم بىرلا ھالەتتە تۇرىدۇ.

(3) ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كۆزگە سۇ چۈشىدۇ.

(4) كۆزدىكى دۇغلىشىش كۈچىيىپ بارىدۇ، تاكى كۆرۈش قۇۋۋىتى تامامەن يوقالغانغا قەدەر.

(5) ئاشقازان ۋە مېڭىنى تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن بۇ كېسەللىك يېنىكلىمەيدۇ. بەلكى

شەكىللەر قائىدە بويىچە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

مۈڭگۈزسىمان پەردە مەنبەلىك خىيالات بەزىدە بۇ شەكىللەر مۈڭگۈزسىمان پەردىدە زەخىم پەيدا بولۇپ، ساقىيىش سەۋەبىدىنمۇ كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ساقايغان ئورۇنىنىڭ قېلىن بولۇشى سەۋەبىدىن سۈزۈك بولمايدۇ. بۇ ھالەتمۇ كۆزگە سۇ چۈشۈشتىن خەۋەر بەرمەيدۇ. بۇ ھالەتنىڭ ئالامىتى، بۇنىڭدا ئالماشمايدىغان شەكىللەر كۆرۈنىدۇ. بەلكى بىر ھالەتتىلا كۆرۈنىدۇ.

ئالامىتى ئەگەر كۆزگە سۇ چۈشكەندە كۆز كۆڭۈل قويۇپ كۆز تەكشۈرۈلسە، كۆز قارىچۇقىنىڭ ئاستىدا توپا رەڭ ياكى كۆكۈچ ئاققا مايىل ياكى ئەنبەر رەڭلىك نەرسە كۆرۈنىدۇ. كۆرۈش كۈچى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاشقا باشلايدۇ، ھەربىر نەرسىنىڭ ھەجمى چوڭ كۆرۈنىدۇ ياكى كۆز ئالدىدا چېۋىن، ھەرە ئۇچۇۋاتقاندەك مەلۇم بولىدۇ. ئاپتاپ ۋە ئۆتكۈر يورۇقلۇققا قاراشتىن يېقىمسىزلىق بولىدۇ، بۇ نەرسىلەر ناھايىتى ئۇچۇق ۋە پارقىراق بولىدۇ، مەسىلەن: كۈن ۋە ئاي ئىككى پارچە بولغاندەك كۆرۈنىدۇ. كۆپىنچە دەسلەپكى دەرىجىلىرىدە يىراقنى كۆرەلمەسلىكنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، بىرەر ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلمايدۇ. كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ پىششىقى ئۈچۈن كېتىدىغان مۇددەت ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇ بىرقانچە ئايدىلا پىششىقى مۇمكىن ياكى بۇنىڭ پىششىقى ئۈچۈن بىرقانچە يىل كېتىشىمۇ مۇمكىن. مەلۇم ئارىلىقتىكى ئورۇنغا يېتىپ بېرىپ، تەرەققىي قىلماسلىقىمۇ مۇمكىن.

كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ دەرىجىلىرى كۆزگە سۇ چۈشۈش گەرچە ئومۇمەن تۆت دەرىجە بويىچە بايان قىلىنسىمۇ، لېكىن ھەر دەرىجىنىڭ خاس بولمىغان ھالەتتە ئۆزىدىن كېيىنكى دەرىجىگە ئۆتىدىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇش لازىم.

1. دەسلەپكى دەرىجىسى: كۆپىنچە بۇ دەرىجىدە كۆزگە سۇ چۈشۈش دۇغ شەكلىدە باشلىنىدۇ ۋە بۇ دۇغلار پوستىنىڭ يۈزىنى قاپلاپ، بۇ جايدا ئۇ زىيادە كېڭىيىپ، قىرووسىمان سۇيۇقلۇق مەركىزىگىچە كېڭىيىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ياشانغانلاردىكى تورى چېكىتسىمان ياكى بۇلۇتسىمان داغلاردىنمۇ باشلىنىدۇ. بۇ قىرووسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ مەلۇم بۆلىكىدە بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا كۆزگە سۇ چۈشۈش ئۆزىنىڭ دەسلەپكى دەرىجىسىدىلا توختايدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كۆرۈش كۈچىدە ناھايىتى ئاز نورمالسىزلىق پەيدا بولىدۇ.

2. كۆپۈش دەرىجىسى: بۇ دەرىجىدە قىرووسىمان پەردە، ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرۈپ كۆپۈشىدۇ ھەمدە ئۈزۈمسىمان پەردىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ ئالدىنقى بوشلۇق چوڭقۇرلۇقىنى

كېمەيتىدۇ، كۆزگە چۈشكەن سۇ كۆكۈچ ئاق رەڭدە پارقىراق كۆرۈنىدۇ ھەمدە بۇنىڭدا يۇلتۇزغا ئوخشاش سۈزۈك نىشانلار كۆرۈنىدۇ.

3. پىشىش دەرىجىسى: بۇ دەرىجىدە قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ئىچىدىكى، سۇيۇقلۇقلارنىڭ كۆپلىگەن بۆلىكى يوقىلىدۇ. قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق بىرئاز تارىيىپ، دۇغلىشىپ سۇس توپا رەڭ ياكى كەھرىۋا رەڭگىگە ئۆزگىرىدۇ. يۇلتۇزسىمان نىشانلارنى بۇ دەرىجىدىمۇ پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ، ئالدىنقى بوشلۇق ئۆزىنىڭ ئەسلىي ۋە تەبىئىي ھالىتىگە قايتىدۇ، بۇ دەرىجىدە كۆزگە سۇ چۈشۈشنى قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ئەكسى ھالىتى بىلەن ئاسانلىقچە پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە بۇنى جەراھى ئەمەلىي ئۈچۈن «پۇختا (پىشقان)» دەپ ئاتايدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا كۆزگە چۈشكەن سۇ نورمال ھالەتتە چىقىدۇ.

4. زىيادە پىشىش دەرىجىسى: ئەگەر ئۆزگىرىشلەر داۋاملىشىۋەرسە، قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق يۈزى نۇرسىمان نىشانلارنىڭ يوقىلىشى سەۋەبىدىن بىردەك بولىدۇ ياكى بۇنىڭ ئۈستىدە قائىدىسىز دۇغ شەكىللىنىدۇ. كۆزگە سۇ چۈشۈشتە، بۇنىڭ سۈيى ئۈزلۈكسىز چىقىپ تۇرۇپ، ئاخىرىدا ئۇ بىر قۇرۇق، ياپىلاق شەكىلدە تۇرۇپ قېلىپ، ئالدى بوشلۇق بىرئاز چوڭقۇرلىشىشمۇ مۇمكىن. كۆزگە چۈشكەن سۇ يۇمشاق، سۇيۇق بولسا، ئۇرۇق بۇ سۇيۇقلۇق تېگىگە چۆكىدۇ، بۇ ھالەتتە ئۇ سۇ ئاق كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭدا بىرئاز سارغۇچ رەڭ مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ، يەنى مۇنزىج ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئايارەج ۋە مۇسھىل ھەبلەر يېگۈزۈلىدۇ.

كۆزگە كۆزگە چۈشكەن سۇنى سۇيۇلدۇرۇپ تارقىتىدىغان سۈرمە تارتىلىدۇ، مەسىلەن: شىيافى مەرارەت (ئۆت خالتىلىرى شىيافى) ۋە باسلىقۇنغا ئوخشاش دورىلار تارتىلىدۇ. بارلىق ئۆت خالتىلىرىدا (بۇ ئۆت خالتىلىرى شىيافىغا چۈشىدۇ) كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىش خاسىيىتى بولىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر كېسەللىك دەسلەپكى ھالەتتە بولسا، نىل ئۇرۇقىنى يۇمشاق ئېزىپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە چېپىش ياكى كۈندۈر ئىسنى ئەتىگەن ۋە كەچتە كۆزگە يەتكۈزۈش ياكى سۈرمىنى مايلىق دورىنىڭ سۈيىدە ئېزىپ، ئەتىگەن، كەچتە كۆزگە تارتىش ياكى سۈرمە نۇسخىسىنى تەييارلاپ ئەتىگەن، كەچتە كۆزگە تارتىش لازىم.

كوھلى نۇسخىسى زەپەر 3.2 گىرام، ئەپيۇن بىر گىرام، زەمچە ئىككى گىرام، كۆپۈكى دەريا ئۈچ گىرام، نۆشۈدۈر، يېشىل تۇتىيا، زەنگار، ئەرەب يېلىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن

ئىككى گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۈرمە تەييارلىنىدۇ.

يەنە بىر كوھلى نۇسخىسى قارا سۈرمە ئىككى گىرام، كۆيدۈرۈلگەن نىل ئۇرۇقى، قورۇلغان زەمچە، تېشىلمىگەن مەرۋايىت قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سالايە تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كۈشتە قىلىنغان مارجان، كۈشتە قىلىنغان خۇبسۇلھەدىدنى ئىترىفىل ئۇستىقۇددۇسقا ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن - كەچتە يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئادەتتىكى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. چۈچۈمەل، يەللىك ۋە ئېغىر غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش، بولۇپمۇ ئاساسەن زىيادە مايلىق تاماق، هاراق ۋە چاي قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ لازىم.

پىشقان كۆزگە سۇ چۈشۈشنى داۋالاش پىشقان كۆزگە سۇ چۈشۈش كۆرۈش قۇۋۋىتىنى تولۇق توسۇپ قويىدۇ، بۇ ئەمەلىي قەدەھ ئارقىلىق داۋالىنىدۇ. كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە ئەمەلىي قەدەھنىڭ مەنىسى ئەمەلىي قەدەھ قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەن ھالەتتە كۆزگە چۈشكەن سۇغا بېسىم بېرىپ، سۇنى بىر ئورۇندىن ئىككىنچى ئورۇنغا يۆتكەش ياكى بۇنى تارتىپ ياكى پەردىلەرنى كېسىپ سۇنى چىقىرىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىي قەدەھ قىلىشقا ماس كېلىدىغان سۇ: ① ئاق، سۈزۈك ۋە سۇيۇق بولغىنىدۇر، لېكىن ناھايىتى زىيادە سۇيۇقمۇ بولمىسۇن؛ ② بارماق بىلەن باسقاندا تارقاپ كېتىدىغان، بارماقنى تارتقاندىن كېيىن يىغىلغۇدەك سۇيۇق بولسۇن؛ ③ بىمار ئاپتاپ ۋە چىراغنىڭ يورۇقلۇقىنى سېزەلىسۇن؛ ④ بىمار چۈشكۈرگەن ۋاقىتتا ئىككى كۆزىدىن بىر يورۇقلۇق چىققاندەك، گويا ئۇ ئۇزۇن نۇردەك سېزىلگەن بولسۇن.

ئەمەلىي قەدەھ قىلىشنىڭ ئۇسۇلى بىمارنى چوڭ ياستۇق ئۈستىدە يورۇق ئورۇندا ياتقۇزۇپ (بۇ كۈنى شىمال شامىلى چىقىۋاتقان بولسۇن)، بىمارنىڭ ئىككى تىزىنى كۆكرىكىگە يىغىپ، ئىككى قولىنى پاچىقىغا باغلاپ قويۇپ، بىماردىن بىرئاز ئېگىز ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ساغلام كۆزىنى داكا بىلەن تېڭىپ قويۇش، تاكى كېسەللەنگەن كۆزىنى يۇمالمىسۇن. ئۇنداق بولمىسا ساغلام كۆز بىلەن بىرگە كېسەللەنگەن كۆز، يەنى ئەمەلىي قەدەھ قىلماقچى بولغان كۆز يۇمۇلىدۇ. بۇنىڭغا داۋالاش ۋە ئەمەلىي قەدەھنىڭ ئۈنۈمى بولغان ھالەتتە، ئادەتتىكىچە قارىغاندا (داكا بىلەن تېڭىپ قويۇش سەۋەبىدىن) يىغىلغان سۇ كونا ئورنىدا بولمايدۇ، بىمار ساغلام كۆزى بىلەن قاراتقۇزۇلىدۇ (مەقسەت، ئەمەلىي قەدەھ ياخشى بولغاندىن

كېيىن ئەگەر ئازراق قاراتقۇزۇلسا، بۇ كېسەللەنگەن كۆزى بىلەن كۆرەلەيدۇ)، ئاندىن سەن بىمارغا نەزىرىنى كۆز ئىچكى بۇرجىكى تەرەپكە يۆتكەشكە بۇيرىغىن، بۇنىڭ بىلەن كۆزنىڭ نەزىرى سەن تەرەپكە سىڭايان ھالەتتە چۈشىدۇ. كۆزنى بۇ ھالەتتە تۇرغۇزۇپ، ئاندىن سەن كۆز قارىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن يەنى گىرۋىكىگە يېقىن كۆز سىرتقى بۇرجىكى تەرەپ سەل ئۈستىگە مايىل ئورۇننى قەدەھ ئەمەلىگە ئىشلىتىلىدىغان مەھەتنىڭ ئارقا تەرىپى بىلەن نىشان بېسىلىدۇ، يەنى بۇ جاي ئاستا بېسىلىدۇ، تاكى بىمار سەۋر قىلىش ۋە بەرداشلىق بېرىشكە ئادەتلەنگەن بولسۇن. تاكى تىلىدىغان ۋاقىتتا تېيىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، مەھەتنىڭ ئۇچى ئۆتكۈر بولسۇن.

ئاندىن سەن بۇ نىشانلىغان ئورۇن ئۈستىنى مەھەتنىڭ ئۆتكۈر ئۇچى (بۇ گال بولمىسۇن) بىلەن كۈچەپ باسقىن، بىرىكتۈرگۈچى پەردە يېرىلسۇن.

ئەگەر بىرىكتۈرگۈچى پەردە بوشاشقان بولۇپ، بۇنىڭغا مەھەتنى كىرگۈزگىلى بولمىسا، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر ئۇچلۇق نەشتەرنى كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەھەتنى كىرگۈزۈش لازىم. مەھەتنى كۆز قارىچۇقىغا ئۇدۇللاش، ئەگەر مەھەتنىڭ كۆز قارىچۇقى ئۇدۇلىدىكى ئورۇندا مۆڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئاستى ۋە كۆزگە چۈشكەن سۇنىڭ ئۈستىگە يېتىپ بارغانلىقى مەلۇم بولسا، بۇنى ئاستا بېسىڭ، تاكى كۆزگە چۈشكەن سۇ تۆۋەنگە چۈشسۇن ۋە ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ ئارقىسىدا توختىسۇن.

ئاندىن سىز مەھەتنى بۇ ئورۇنغا قىسقا ۋاقىت تۇرغۇزۇپ، بۇ جايدىن كۆتۈرۈڭ ھەم چۈشكەن سۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلگەن ـ كەلمىگىنىگە قاراڭ، ئەگەر قايتىپ كەلگەن بولسا، ئىككىنچى قېتىم ۋە ئۈچىنچى قېتىم بېسىڭ، تاكى ئىككىنچى قېتىم تولۇق توختىسۇن (چۈنكى بەزىدە كۆزگە چۈشكەن سۇ بۇ جايدا ئىنتايىن تەستە يىغىلىدۇ)، ئاندىن مەھەتنى ئايلاندۇرۇپ، ئاز ـ ئازدىن سىرتقا چىقىرىڭ ھەم تۇخۇم سېرىقىنى گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، كۆز ئۈستىگە زىمات قىلىڭ، كۆز ئىچىگە تۇز ۋە زىرە سۈيى تېمىتىڭ، ئىككى كۆزنى مەزمۇت داكىلار بىلەن تېڭىپ، بىمارنى قاراڭغۇ ياتاقتا ئوڭدىسىغا ئۇخلىتىڭ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆلۈككە ئوخشاش ئۈچ كۈنگىچە ھەرىكەت قىلماي يېتىشنى ئېيتىڭ، يۆتىلىش، چۈشكۈرۈش ۋە بۇ تۈردىكى باشقا ھەرىكەتلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇڭ، تاكى كۆزگە چۈشكەن سۇ بۇ جايدىن قايتىپ كۆز قارىچۇقىغا كېلىۋالمىسۇن.

سۈمۈرۈش ئەمەلى بەزى ئۇستا كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالىغۇچىلار تۆشۈكلۈك مەھەت بىلەن داۋالايدۇ. تۆشۈكلۈك مەھەت ئەسلىدە مەھەت شەكلىدىكى بىر تۆشۈكلۈك سۈلائىدۇر.

بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكلۈك سۇلائى تۈۋرۈككە ئوخشاش تۇرغان بولىدۇ، بۇ سۇلائىنىڭ بېشى كۆز ئىچىگە سۇغا يېتىپ بارغانلىقى كۆرۈنگىچە كىرگۈزۈلىدۇ، ئاندىن بۇ تۈۋرۈككە ئوخشاش سايماننىڭ بىر بېشىنى داۋالىغۇچى ئۆز ئېغىزىغا ئېلىپ، ئېھتىيات بىلەن بۇ بارلىق سۇيۇقلۇق سۇلائىنىڭ ئىچىگە تارتىلغىچە سۈمۈرىدۇ.

ئوبۇلقاسىم زەھراۋى ئىمامۇل جەراھەت يازغانكى: «بەزى ئىراقلىقلاردىن مەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى تاپتىمكى، ئىراقتا بىر تۆشۈكلۈك مەھەت ياسالغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن كۆزگە سۇ چۈشۈشتىكى سۇيۇقلۇق سۈمۈرۈلەتتى.»

كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ ئەمەلىي قەدەھ قىلىشقا ماس كەلمەيدىغان تۈرلىرى كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ ئەمەلىي قەدەھ قىلىشقا ماس كەلمەيدىغان بەش تۈرى بولىدۇ.

1. **بۇلۇتسىمان:** بۇ قارا بۇلۇتقا ئوخشاش بىر ھۆللۈك بولۇپ، كۆزدە توختايدۇ، كېڭەيمەيدۇ، ھەرىكەت قىلمايدۇ ۋە ئاپتاپتا بىمار توختىغان ۋاقىتتا يۆتكەلمەيدۇ (ئەمما سىمابقا ئوخشاش بولغىنى يۆتكىلىدۇ).

2. **سىمابسىمان:** بۇ بىر يۇمىلاق ھۆللۈك بولۇپ، سىماب بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئاپتاپتا تۇرغاندا يۆتكىلىدۇ.

3. **گەجسىمان ياكى ھاكسىمان:** بۇ گويا گەجنىڭ بىر پارچىسىدەك كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆز قارىچۇقى توسۇلىدۇ، يۆتكەلمەيدۇ، ھەرىكەت قىلمايدۇ ھەمدە يەنە بىر كۆزنى يۇمۇش ۋە ئېچىش بىلەن بۇنىڭدا ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

4. **ئاسمان رەڭگىسىمان:** بۇنىڭ رەڭگى ئاسمان رەڭگىگە (بۇ ئاسمان رەڭگىدە قىياس قىلىنىدۇ، يەنى كۆك رەڭدە كۆرۈنىدۇ) ئوخشاش بولىدۇ. بۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ھەرىكەت قىلمايدۇ ھەم بۇنىڭغا ئەمەلىي قەدەھ قىلىشنىڭ مەنپەئەتى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ سۇيۇقلۇق ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆيۈشتۈرۈشى سەۋەبىدىن تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇقنى بۇزىدۇ.

5. **يېپىلغان يەنى تارقالغان سۇيۇق سۇ:** بۇ ھازىرغىچە تولۇق ۋە مۇستەھكەم بولمىغان بولسا ۋە نورمال قويۇقلۇققا بارمىغان بولسا، بىمار بەزى - بەزىدە نەرسىلەرنى كۆرەلىسە ھەمدە ئۇنىڭ كۆرۈش كۈچى كېمىيىپ ئېشىپ تۇرغان بولسا، بۇ تۈرى ئەمەلىي قەدەھنى سۇيۇقلۇقى سەۋەبىدىن قوبۇل قىلمايدۇ، مەھەتكە چاپلاشمايدۇ، مەھەت ئەمەلىي قەدەھ قىلىدىغان سايماندۇر.

ئېتىراز يازغۇچىنىڭ بۇ سۆزگە ئېتىراز بار، چۈنكى يازغۇچى خۇددى سۇ مەھەتكە مۈڭگۈزسىمان پەردە ئاستىدىكى يوشۇرۇن يېرىك مەھەتكە چاپلىشىپ چىققانغا ئوخشاش

چىقىدۇ، دەپ گۇمان قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىش ھەقىقەتەن مۇنداق بولمايدۇ، بەلكى سۇ بولسا مەھەت بىلەن باسقان ۋاقىتتا ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ ئاستى تەرىپىگە يۆتكىلىدۇ، يەنى كۆز قارىچۇقىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن يۆتكىلىدۇ. شۇڭلاشقا كۆرۈش قۇۋۋىتى ئۆز ھالىتىگە قايتىدۇ، بۇنى بىز دەسلەپتە سۆزلەپ بولدۇق. ئاندىن بۇ جايغا بىر مەزگىلدىن كېيىن سۇ يىغىلسا سۈمۈرۈلىدۇ.

ئەگەر كۆزگە چۈشكەن سۇ زىيادە قويۇق ۋە قاتتىق ئۇيۇغان بولسا، قەدەھ سايمىنى بىلەن بۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ. ئەگەر زىيادە سۇيۇق بولغان بولسا، ئۇ ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كېلىدۇ (نەفىيس).

ئەمەلىي قەدەھ قىلىشقا ماس كەلمەيدىغان باشقا تۈرلىرى: كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ ئەمەلىي قەدەھنىڭ مەنپەئەتى كۆرۈلمەيدىغان باشقا تۈرلىرىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: شېشىسىمان، ئاق قىروۋغا ئوخشاش، كۆك رەڭلىك، سېرىق رەڭلىك، قىزىل رەڭلىك، يېشىل رەڭلىك ۋە قارا رەڭلىكلىرى.

ئەمەلىي قەدەھ قىلىشقا لايىقلاشتۇرۇش بارلىق تۈرلەرنى ئەمەلىي قەدەھ قىلىشقا لايىقلاشتۇرۇش مۇمكىن، بۇنىڭ ۋاستىسى غىزا ۋە باشقىلاردىكى چارىلەر ھەم سەرپ قىلىشلاردا ياخشىلاشنى قوللىنىش، لەتىپ غىزالارنى ئاز مىقداردا بېرىش، كەچتە تاماق يېيىش، قويۇق غىزالار، مەسىلەن: كالا گۆشى، پەنىر ۋە سېرىق پۇرچاق ئۇنى قاتارلىقلار. شاراب ئىچىشنى ۋە جىما قىلىشنى چەكلەش. كۆكتاتلاردىن، مەسىلەن: پىياز، كۇدە، ياۋا رەيھان ۋە جۈملىدىن بېلىققا ئوخشاش نەرسىلەرنى بەرمەسلىك، بېلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن كۆزگە سۇ چۈشۈشنى پەيدا قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ قويۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن تېۋىپلار كۆزگە چۈشكەن سۇنى تېز بىر جايغا توپلاشنى مەقسەت قىلسا، ئۇ بىمارنى بېلىق يېيىشكە بۇيرۇيدۇ.

سۇنى سۇيۇلدۇرغۇچى سۈرمە ئىشلىتىش: مەسىلەن: شىيافى مەرارەت ۋە سۈرمە تۈرىدىكى بارلىق نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ. بەشىنچى تۈرى سۇيۇق ۋە تارقالغان ھالەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدا بېلىققا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېگۈزۈپ قويۇلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولىدۇ.

كۆزگە سۇ چۈشۈشنى داۋالاشنىڭ ئەمەللىرى يۇقىرىقى مەزكۇر ئەمەلنى ئەللامە نەفىيس ئېيتقان. بۇنىڭدىن قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپ، كۆز قارىچۇقى يولىنى روشەنلەشتۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆرۈش كۈچى يېڭىباشتىن پەيدا بولىدۇ. لېكىن بەزى ئەمەللەر بىلەن قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق تامامەن سىرتقا چىقىدۇ ۋە بەزى ئەمەللەر بىلەن بۇ سۈمۈرۈلۈپ يوقىلىدۇ.

بىرىنچى خىل كېسىش ئەمەلى: كۆزنى سىزىمسىزلاندۇرغۇچى دورا① بىلەن كۆزنى سىزىمسىزلاندۇرۇش، كۆزنى ئاچقۇچى سايمان بىلەن كۆزنى ئېچىپ تۇرغۇزۇش، ئىچكى تەرەپ مۈڭگۈز پەردىگە يېقىن بىرىكتۈرگۈچى پەردىنى موچىن بىلەن تۇتۇپ، ئاندىن پىچاقنىڭ ئۇچىنى (بۇ مەخسۇس پىچاق ئۇچىنىڭ شەكلى ئۈچ بۇرجەك بولىدۇ) مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ سىرتقى گىرۋىكىدىن كىرگۈزۈپ، كۆزنىڭ ئالدىنقى بوشلۇقىغىچە يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ جايدا تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى بولىدۇ، پىچاق ئەگەر ئىچىگە كىرگۈزۈلسە، ئۇ مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئالدىدا تامامەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرىدۇ، ئاندىن مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ بۇ تۆشۈكنى ئازراق چوڭايتىپ، پىچاقنى ئىنتايىن ئاستا، سىلىقلىق بىلەن سىرتقا چىقىرىش. سىرتقا چىقارغان ۋاقىتتا تۆشۈكنى بىر ئاز چوڭايتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن تورسىمان پەردىنى كەسكۈچى سايماننى② بۇ تۆشۈك يولىدىن كۆز ئىچىگە كىرگۈزۈش ۋە كىرگۈزگەن ۋاقىتتا بۇ سايماننىڭ ئۇچى تۆشۈككە ياكى ئۈزۈمسىمان پەردىگە سانجىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش، ئاندىن بۇ سايماننىڭ بېشىنى قىروۋسىمان پەردىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى پەردە، يەنى ئۆمۈچۈك تورسىمان پەردە ئۈستىگە تەگكۈزۈش ۋە زەخىم تەرەپكە تارتىپ بۇنى يىرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ سايماننى كىرگۈزگەندىكىگە ئوخشاش ئېھتىيات بىلەن سىرتقا چىقىرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن قوشۇقسىمان سايمان ئارقىلىق تۆشۈكنى ئېچىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق ئۆزلۈكىدىن چىقىپ كەتسە، تۆشۈكتىن، ئۈستى تەرەپتىكى قاتتىق پەردىنى قوشۇقسىمان سايمان ئارقىلىق يەڭگىل بېسىش، بېسىشنىڭ يۆنىلىشى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئاستىدىن ئۈستى تەرەپكە بولسۇن، قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق ئومۇمەن ئاسانلىقچە چىقىپ كېتىدۇ، ئۇنداق بولمىسا چىشلىق موچىننى كىرگۈزۈپ، قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنى تۇتۇپ سىرتقا تارتىش، ئەگەر ئەمەلدە ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ ئاز قىسمىمۇ سىرتقا چىقسا، ئىككى قاپاقنى جىپسىلاشتۇرۇپ، يەڭگىل ئۇۋۇلاش لازىم، تاكى ئۈزۈمسىمان پەردىدە ھەرىكەتلىنىش پەيدا بولۇپ تارايسۇن ياكى ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ بۇ چىقىپ كەتكەن قىسمىنى قوشۇقسىمان سايمان بىلەن ئىچىگە كىرگۈزۈش لازىم. ئەگەر بۇ چارىلەر پايدىلىق بولمىسا، قايچا بىلەن كېسىۋېتىش لازىم.

ئەگەر ئەسلى تۆشۈك ئاچقان ۋاقىتتا ئۈزۈمسىمان پەردە پىچاقنىڭ ئۇچى ئالدى تەرىپىگە بارسا، دەستىكارنى باشقا ۋاقىتتا قىلىش. ئەگەر مۈڭگۈز پەردىدىكى تۆشۈك قىروۋسىمان

---

① ھازىرغىچە سىزىمسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆز ئىچىگە سىزىمسىزلاندۇرغۇچى سۇيۇقلۇق تېمىتىلىدۇ.

② ئۆمۈچۈك تورسىمان پەردىنى كەسكۈچى سايمان: بىر ئۇزۇن سۇلائى بولۇپ، بۇنىڭ ئالدى بېشى ئۇچلۇق ۋە ئەگمە بولىدۇ.

سۈيۈقلۇق سىرتقا چىقىپ كەتكۈدەك چوڭ بولمىسا، ئۈچى گال بولغان پىچاق بىلەن ياكى ئەگرى يۈزلۈك قايچا بىلەن تۆشۈكنى يەنىمۇ چوڭايتىش لازىم. قىروۋسىمان سۈيۈقلۇقنىڭ پۈتۈن غىلاپىنى چىقىرىۋېتىشمۇ زۆرۈر بولىدۇ، ئەگەر بۇ ئىچىدە قېپقالسا، بەزى ۋاقىتلاردا كۆز ئىچىدە خەتەرلىك ئىششىقنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىككىنچى خىل كېسىش ئەمەلى: دەستىكار ئارقىلىق كېسىشتىن ئىلگىرى چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ئارقىلىق ئۈچەي ۋە باشقا ئەزالارنى تازىلاش، بىمارنىڭ ئېغىزىنى قايناق سۇ ۋە سوپۇن بىلەن يۇيۇش، تاكى ئۇفۇنەتتىن ئېغىزى ساپ بولسۇن، ئىككى يەبرۇج جەۋھىرىنى كۆزىگە تېمىتىپ كۆز قارىچۇقىنى كېڭەيتىش، ئىككى كۆزنى ئۇفۇنەتكە قارشى تۇرغۇچى دورىلار بىلەن يۇيۇش. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆزنىڭ سەزگۈسىنى سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورا بىلەن يوقىتىپ، ئەسلي ئەمەلنى باشلاش. كۆزنى ئاچقۇچى سايماننى ئىككى قاپاققا قويۇپ، كۆزنى ئوچۇق تۇرغۇزۇش. كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىنى مەخسۇس موچىن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سول قولى بىلەن تۇتۇپ، ئاستى تەرەپ كۆز ئالمىسىدا تۇرغۇزۇش، ئوڭ قولى بىلەن مەخسۇس ئۆتكۈر پىچاق (بۇنىڭ بىسى ناھايىتى ئۆتكۈر، ئۇزۇن ۋە تۈز بولىدۇ) نىڭ ئۇچىنى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ گىرۋىكىگە كىرگۈزۈش، نەشتەرنىڭ يۈزلىنىشى ئاستى تەرەپكە بولسۇن تاكى بۇنىڭ ئۇچى كۆزنىڭ ئالدى بوشلۇقىغا كىرسۇن. بۇ جايدا تۇخۇم ئېقسىمان سۈيۈقلۇقنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى بولىدۇ، ئۆزلىرى ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ يۈزى ئۇدۇلىدىن پىچاقنى ئالدى تەرەپكە يۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇچىنى كىرگۈزۈپ، دەسلەپتە تۆشۈكنىڭ ئۇدۇلىدىكى مۈڭگۈزسىمان پەردىدىن سىرتقا چىقارسىلا، ئۇنىڭدىن كېيىن نەشتەر بىسىنىڭ يۈزلىنىشىنى قاتتىق پەردىدىن ئۈستى تەرەپكە قىلسىلا ھەممە تەدرىجي ھەرىكەت بېرىپ، كېسىپ مۈڭگۈزسىمان پەردىنى قاتتىق پەردىدىن ئاجراتسىلا، بەزى كىشىلەر قاتتىق پەردىنىڭ ئورنىغا مۈڭگۈزسىمان پەردىنى كېسىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش بىلەن ئۈزۈمسىمان پەردە ياخشى ئاشكارا بولىدۇ. ئەمەلي قەدەم قىلغۇچى ئۆزىنىڭ سول قولى بىلەن موچىننى تۇتۇشنى مەلۇم ياردەمچىگە ھاۋالە قىلسۇن، تاكى ئۇ كۆزنى ئۆز جايىدا تۇرغۇزسۇن. ئۆزى بىر ئەگرى مۈڭگۈزسىمان پەردىنى تۇتىدىغان موچىن بىلەن ئۈزۈمسىمان پەردىنى تۇتۇپ سىرتقى تەرەپكە تارتىپ، ئۈزۈمسىمان پەردىنى كەسكۈچى قايچا ئارقىلىق ئۈزۈمسىمان پەردىدىن يېتەرلىك بۆلەكنى كېسىۋېتىپ، ئاندىن قوشۇقسىمان سايماننىڭ ئۇچلۇق بېشىنى تۆشۈك يولى بىلەن ئىچىگە كىرگۈزۈپ، قىروۋسىمان سۈيۈقلۇقنى پەردىلەردىن ئايرىپ، ئاندىن قوشۇقسىمان سايماننىڭ بېشى ئارقىلىق كۆز ئالمىسىنى ئاستىدىن سىلىقلىق بىلەن تاكى قىروۋسىمان سۈيۈقلۇق تۆشۈك يولى ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن سىرتقا چىققۇچە بېسىش، بۇ ۋاقىتتا شېشىسىمان

ھۆللۈكنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش لازىم، ئۇنداق بولمىسا بۇنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن چوڭ قاباھەت يۈز بېرىدۇ. ئاندىن مەزكۇر قوشۇقسىمان سايماننىڭ پۈلتايغان يۈزى بىلەن كۆز ئالمىسىنى تۆشۈك ئاستىدىن ئاستا ـ ئاستا بېسىش كېرەك، تاكى ئېقىۋاتقان قان ۋە تۇخۇم ئېقىسمان ھۆللۈك ئالدىنقى بوشلۇقتىن تامامەن سىرتقا چىقسۇن ۋە زەخىم گىرۋىكى ئەسلىگە قايتىپ بىرلەشسۇن. ئەگەر يۇقىرىقى چارە بىلەن قىروۋسىمان پەردە سىرتقا چىقمىسا، مەخسۇس قوشۇقسىمان سايمان ئارقىلىق قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنى بېسىپ چىقىرىش، قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىمارنىڭ كۆز ئالدىدا بارماقنى قويۇپ، بىمارنىڭ بارماقنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى ئېنىقلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن نىسالە ياكى تازىلانغان پاختا قاتارلىقلارنى كۆز ئۈستىگە قويۇپ، مۇناسىپ ئۇسۇل بىلەن داكىدا تېڭىپ قويۇش. نىسالە بىر يۇمشاق پاختىغا ئوخشاش تۈكلىرى بولغان قۇرتتۇر، بۇ كۆپىنچە زەخىملەر ئۈستىگە تېڭىلىدۇ.

ئۈچىنچى خىل كېسىش ئەمەلى: بۇ ئەمەلمۇ باشقا ئەمەلگە ئوخشاش بولىدۇ. پەرقى بۇنىڭدا پەقەت قاتتىق پەردىنىڭ ئورنىغا مۈڭگۈزسىمان پەردىگە تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۈزۈمسىمان پەردە كېسىلمەيدۇ، كېسىش جەريانىدا ئەگەر ئۈزۈمسىمان پەردە سىرتقا چىقسا، بۇنى مەجبۇرىي كېسىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى ئەمەل تېشىش: ئىككى كۆز قارىچۇقىنى يەبرۇج جەۋھىرى بىلەن كېڭەيتىش ھەمدە دەستىكاردىن ئىلگىرى سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورا بىلەن كۆزنى سېزىمسىز قىلىش، داۋالىغۇچى بىمارنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئۆرە تۇرۇپ تۈز ياكى ئەگرى يىڭنىنى مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ گىرۋىكىدىن تېشىپ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، كۆز قارىچۇقى يولىدىن ئىچىگە يەتكۈزۈپ، قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق پەردىسىدە تۆشۈك ئېچىپ (بۇ ئەمەلدە قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق بۇ تۆشۈكتىن سىرتىغا چىقىدۇ)، ئاندىن يىڭنىنى ئېھتىيات بىلەن پۈتۈنلەي سىرتىغا چىقىرىش ھەم يەبرۇج جەۋھىرىنى كۆزگە تېمىتىش، قائىدە بويىچە كۆزنى داكىدا تېڭىپ، بىر كۈن بىمارنى قاراڭغۇ ئۆيدە تۇرغۇزۇش، 15 ~ 20 كۈندىن كېيىن كۆزنى تەكشۈرۈش، ئەگەر ئاسارىتى مەۋجۇت بولسا، يۇقىرىقى مەزكۇر چارىنى ئىككىنچى قېتىم قىلىش، بۇ ئەمەل بىلەن قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق ياخشى تارقىلىپ، كۆرۈش كۈچى يېڭىباشتىن نورماللىشىدۇ.

بەشىنچى ئەمەل قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنى سۈمۈرۈش: بۇنى بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسى (ئەللامە نەفىيس): «بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئەمەلگە ئېغىز بىلەن سۈمۈرۈشنىڭ ئورنىغا رېزىنكە سۈمۈرگۈچى خالتا ئورۇنلاشتۇرغان سايمان تاللىنىدۇ. بۇ ئىشپىرىسقا ئوخشاش ھۆللۈكنى سۇلائى ئىچىگە تارتىدۇ» دېگەن.

ئالتىنچى ئەمەل قىرووۋسىمان سۈيۇقلۇقنى ئۆز جايىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئاستىغا چۈشۈرۈش ئەمەلىدۇر. بۇ ئۇسۇلنى «شەرھىي ۋەسەت» تىن بۇ كىتابنى شەرھلىگۈچى نەفىيس ئېيتقان. بۇ ئەمەل گەرچە ئىلگىرى راۋاجلانغان ئەمەل بولسىمۇ، ھازىرمۇ بەزى كۆز دوختۇرلىرى ئىشلىتىدۇ. لېكىن بەزىدە ئىككىنچى قېتىم كۆز قارىچۇقى ئالدىغا قايتىپ، كۆرۈش كۈچى يېڭىباشتىن يوقىلىشى سەۋەبىدىن ھازىر بۇ ئۇسۇل تەدرىجىي ئىشلىتىشتىن قېپقالغان. بۇنىڭ ئۇسۇلى «شەرھى» دا بايان قىلىنغان ئۇسۇل بىلەنمۇ ئوخشاش ئەمەس، يەنى قاتتىق پەردىدە، مۈڭگۈزسىمان پەردە گىرۋىكىدىن يەنى مۈڭگۈزسىمان پەردىگە يېقىن گىرۋەكتىن ئالتىدىن بىر قىرات ئارىلىق قالدۇرۇپ، كەڭلىكى ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى ئەگمە يىڭنە بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ. قىرووۋسىمان سۈيۇقلۇق ئارقا پەردىسى بۇنىڭ بىلەن يېرىلىدۇ. ئاندىن يىڭنىنى ئۈستى، ئالدى تەرەپكە كۆتۈرۈپ ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ ئارقىسى ۋە قىرووۋسىمان سۈيۇقلۇقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، قىرووۋسىمان سۈيۇقلۇقنى ئاستى تەرەپكە بېسىش ھەم قىسقا ۋاقىتقىچە بېسىقلىق ھالەتتە تۇرغۇزۇش تاكى قىرووۋسىمان سۈيۇقلۇق بۇ جايدا ئورۇن ئالسۇن. ئەگەر قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن قىرووۋسىمان سۈيۇقلۇق يەنە ئۈستىگە ئۆرلىگەن بولسا، ئىككىنچى قېتىم يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن بېسىش، ئاندىن يىڭنىنى سىرتىغا چىقىرىش لازىم.

مۇھىم كۆرسەتمىلەر

1. كۆزگە چۈشكەن سۇ پىشمىغان بولسا سۇنى چىقارماسلىق، يەرلىك ئورۇندا ئەگەر بىرەر سەۋەبتىن كۆيۈشۈش ۋە بۇزۇلۇش مەۋجۇت بولسا، مەجبۇرىي چىقىرىۋېتىش كېرەك.

2. ئەگەر يەنە بىر كۆزى ساغلام بولسا، كۆزگە چۈشكەن سۇنى چىقىرىش ئەمەلىنى قىلماسلىق لازىم، بۇ جايدا كۆزگە سۇ چۈشۈش سەۋەبىدىن باشقا بۇزۇلۇشلار ۋە كۆز بۇزۇلۇشىنىڭ خەۋپى بولسا، سۇنى چىقىرىۋېتىش لازىم.

3. ئەگەر قىرووۋسىمان سۈيۇقلۇقنىڭ قايسى ئورنى دۇغلاشقان بولسا، يەبرۇج جەۋھىرى بىلەن كۆزگە چۈشكەن سۇ تولۇق پىشقىچە كۆز قارىچۇقىنى كېڭەيتىپ، ئاندىن دەستىكار قىلىش لازىم.

4. ئەگەر كۆزدە قوتۇر، مۈڭگۈزسىمان پەردىدە ئىششىق بولسا ياكى بىرەر كېسەللىك بولسا، قەدەھ ئەمەلى قىلماسلىق لازىم، بولمىسا نەتىجە ناچار بولىدۇ، مىزاجى ئاجىز بولمىغان كىشىلەرگە بۇ ئەمەلنى قوللانسا بولىدۇ.

5. ئەمەلىي قەدەھتىن كېيىن بىمارنى ساپ ھاۋا ئالمىشىپ تۇرىدىغان ياتاقتا تۇرغۇزۇش، ناچار ھاۋاغا يولۇقتۇرماسلىق كېرەك.

6. بىمارنى يۇمشاقراق كۆرپىدە ئۇخلىتىش ۋە بىرقانچە ماھىر پەرۋىش خادىمىنى بۇنىڭ

خىزمىتىگە قويۇش لازىم، بىمار چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرمىسۇن.

خۇلاسە شۇكى، بۇ دەستىكارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا ياردەمچى بولىدىغان بارلىق پايدىلىق چارىلەر توپلاندى.

7. پەسىل ئېتىبارى بىلەن بۇ ئەمەلنى قىش (قاتتىق سوغۇق بولمىغاندا)، باھار ۋە كۈز پەسلىدە قىلىش لازىم، ئىسسىق پەسلىدە قىلىش مۇناسىپ ئەمەس.

8. شىپاخانىدا تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ۋە گانگرېنا كېسەللىكلىرى كۆپەيگەن بولسا، بۇ دەۋردە بۇ ئەمەلنى قىلماسلىق لازىم.

9. دەستىكار قىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى مۇسھىل ئارقىلىق ئۈچەيلەرنى تازىلاش ياخشىدۇر.

10. ئاز دېگەندە قەدەھ ئەمەلدىن بىر سائەت ئىلگىرى يەبرۇج جەۋھىرى (ياكى لۇفاھ جەۋھىرى) بىلەن كۆز قارىچۇقىنى كېڭەيتىش لازىم، بۇ دورا مەخسۇس شەكىلدە ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ كۆز قارىچۇقىنى كېڭەيتكۈچى تالالىرىغا تەسىر قىلىدۇ.

11. بۇ ئەمەلنى ئەتىگەندە قىلىش زىيادە ياخشىدۇر.

12. ئەمەلىي قەدەھ ئۈچۈن بىمارنى بىھوش قىلىش ياخشى ئەمەس. شۇڭلاشقا بىمارغا بىھوش قىلغۇچى دورا بېرىلمىسە، ئەمەلدىن ئىلگىرى يەڭگىل غىزا يېگۈزۈش ياخشى، ئەگەر بىمارنىڭ يېشى كىچىك ياكى يۈرىكى ئاجىز بولسا، بىمارنى قەدەھ ئەمەلى قىلغان ۋاقىتتا بىمارنىڭ جىم تۇرماسلىقىدىن ئەندىشە قىلغاندا بىھوش قىلىش مۇناسىپتۇر.

13. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ ئەمەللەردە بىمار ياتقۇزۇلىدۇ ھەمدە بۇ ئەمەلدىن كېيىنمۇ بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىراقى بۇ ئەمەل كۆز ئالمىسىنى ئۇخلاش ۋاقتىدا كىيىلىدىغان كىيىمنىڭ رەختىگە ئوخشاش رەختتە ئوراپ قويۇپ قىلىنىدۇ.

14. ئىككى قاپاقنى كۆزنى ئاچقۇچى سايمان بىلەن ئوچۇق قويۇش ياكى بىرەر ياردەمچى بارمىقى بىلەن بىمارنىڭ كۆزنى ئوچۇق تۇرغۇزۇش، لېكىن ھەرھالدا كۆز ئالمىسى ئۈستىگە بېسىم چۈشۈشتىن ساقلىنىش لازىم.

15. ئەمەلىي قەدەھتىن كېيىن ئېلاستىك داكا بىلەن كۆز تېڭىلىدۇ ياكى بېلىق يېلىمى بىلەن قاپىقى چاپلاپ قويۇلىدۇ ياكى بىرەر چاپلاشقاق نەرسە بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

16. ئەمەلىي قەدەھتىن كېيىن ئىككى كۈنگىچە بىمارنى ھەرىكەت قىلدۇرماي كۆرپىدە ياتقۇزۇش، شارھمۇ مۇشۇنداق ئېيتقان.

17. گەپ - سۆز قىلىشتىنمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېھتىيات قىلىش.

18. چاينىلىدىغان غىزانى يېمەسلىك.

19. بىمار ياتقان ئورنىدىن تۇرۇۋالمىسۇن، چوڭ تەرەتنىمۇ مەلۇم ياپياڭ تەرەت قاچىسىغا قىلسۇن تاكى تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن كۆپ تۇرۇشقا توغرا كەلمىسۇن.

20. ئەمەلىي قەدەھ قىلىپ ئالتە سائەتتىن كېيىن كۆزنى تاڭغان داكىنى ئالماشتۇرۇش لازىم، لېكىن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن ئۈزۈمسىمان پەردىدە ئىششىق پەيدا بولۇشنىڭ خەۋپى ئېنىق بولمىغان ۋاقىتتا، يەبرۇج جەۋھىرى تېمىتىش ئۈچۈن قاپاقنى ئاچماسلىق لازىم.

21. ئەمەلىي قەدەھتىن كېيىن 24 سائەتتە بىر قېتىم مەزكۇر جەۋھەردىن بىر تامچىدىن 10 كۈن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كۈنلەرگىچە تېمىتىپ تۇرۇلىدۇ.

22. ئۈچىنچى كۈنىدىن كېيىن باشقا ياردەمچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ھەمدە ئېغىزمانىغا ياستۇق قويۇپ بېرىلىدۇ.

23. ئەگەر بىئارام قىلىدىغان ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولمىغان بولسا، غىزا مىقدارى تەدرىجىي كۆپەيتىلىدۇ ۋە غىزا ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

24. ئۈچىنچى كۈنى پەقەت ئاجىز يورۇقلۇقتا كۆز كېسەللى دوختۇرى زەخمىنىڭ پۈتكەن - پۈتمىگەنلىكىگە قارايدۇ. لېكىن تولۇق ئالتە كۈن بولماي تۇرۇپ كۆرمەسلىك لازىم.

25. ئون كۈندىن بۇرۇن داكا بىلەن تېڭىشنى توختاتماسلىق لازىم. ئەگەر ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىسا، ئۇنىڭدىن تېڭىشنى ئۇزاقراق داۋاملاشتۇرۇش ياكى ئىششىقنى داۋالاش ئۈچۈن تېڭىقنى يېشىۋېتىش لازىم.

26. بىمارنىڭ يورۇقلۇققا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈلىدۇ.

27. بىمارغا كۆزنىڭ نۇرىنى يەيدىغان ئىنچىكە ئىشلارنى قىلدۇرماسلىق، ئەگەر كۆزنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، 20 كۈن ئۆتكەن بولسا، كۆزنى ئادەتتىكىدەك ئىشلىتىۋەرسە بولىدۇ.

28. كۆزنى بىر قېتىمدا ئۇزۇنغىچە ئىشلەتمەسلىك لازىم.

29. ئىككى ئايدىن كېيىن كۆزەينەكنى تاقاش لازىم.

30. ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى پەيدا بولسا، ئومۇمىي ئىششىقلارنىڭ داۋالاش چارىلىرى قوللىنىلىدۇ.

كۆزگە يېشىل سۇ چۈشۈش

ماھىيىتى بۇ كېسەللىكتە كۆز ئالمىسى ئىچىگە ئادەتتىكىدىن زىيادە سۇيۇقلۇق پەيدا بولىدۇ ۋە سۈمۈرۈلۈشى ئاز بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كۆز ئالمىسى قاتتىقلىشىپ، ئۇنىڭدىكى تارتىشىش كۈچىيىدۇ، نەتىجىدە كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ.

سەۋەبى   بۇ كېسەللىك كۆپرەك ياشانغانلاردا پەيدا بولىدۇ. جۈملىدىن كۆز ئالمىسى كىچىك كىشىلەردە بولىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە قاتتىق دەرد ـ ئەلەم تارتىش ۋە زەربىلەردىن كېيىن پەيدا بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، مۈڭگۈز پەردە بىلەن ئۈزۈمسىمان پەردە تۇتاشقان ئورۇن ئەتراپىدا ھالقا ھالىتىدە بىر ئۆتكۈر بۇلۇڭ شەكىللىنىدۇ. كۆزدىكى سۇيۇقلۇقلار تەبىئىي ھالدا بۇ بۇلۇڭغا ۋە كىرپىكسىمان تەنچە مۇسكۇلىغا يېقىن گىرۋەككە سىرغىيدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتتا ياشانغانلاردا قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇق مىقدارىنىڭ كۆپىيىشىدىن ياكى كۆزنىڭ ئىششىقتىن بولغان ياكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن ئۈزۈمسىمان پەردە بېسىلىپ، ئالدى تەرەپكە يۆتكىلىدۇ ۋە مۈڭگۈزسىمان پەردىنى باسىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇيۇقلۇقلار سىرغىيدىغان بۇلۇڭنى توسىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۇيۇقلۇقلار كۆز ئالمىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە توپلىنىپ، كۆز پەردىلىرىدە تارتىشىشقا سەۋەبچى بولىدۇ ھەمدە ئىششىق (ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق) باشلىنىدۇ.

ئالامىتى   بەزىدە كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ، چىراغ ياكى پانوسنىڭ ئەتراپى ھال رەڭ كۆرۈنىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلايدۇ. كۆرۈش دائىرىسى كىچىكلەيدۇ، كۆز ئالمىسىدىكى قاتتىقلىق ئاشىدۇ.

بۇنىڭ تۆت تۈرى بولىدۇ، يەنى ئۆتكۈر، سوزۇلما، تۇتقاقلىق، ئىككىلەمچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۆتكۈر خاراكتېرلىك كۆزگە يېشىل سۇ چۈشۈش   كۆز ئالمىسى قىزىل رەڭلىك، قاتتىق بولىدۇ. ئاغرىق ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ناھايىتى تېز يوقىلىدۇ، مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئەتراپىدا قىزىل ھالقا كۆرۈنىدۇ، كۆز قارىچۇقى كېڭەيگەن، ھەرىكىتى سۇس ياكى ھەرىكەتسىز بولىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتى بەزىدە بىرقانچە سائەتلەر ئىچىدە ۋە بەزىدە ئىككى ـ ئۈچ كۈندە يوقىلىدۇ.

سوزۇلما خاراكتېرلىك كۆزگە يېشىل سۇ چۈشۈش   بۇنىڭدا دەسلەپكى ئالامەتلەر ئۇزۇنغىچە تۇرىدۇ، كۆز ئالمىسى قاتتىقلىشىش، كۆرۈش دائىرىسى كىچىكلەش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش قاتارلىقلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ، ئاغرىق ئاز بولىدۇ ياكى بەزىدە ئاغرىق بولمايدۇ.

تۇتقاقلىق خاراكتېرلىك كۆزگە يېشىل سۇ چۈشۈش   بۇنىڭدا كېسەللىك

تۇتقاقلىق قايتىلىنىدۇ. بۇ ئاخىرىدا ئۆتكۈر ياكى سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگىرىپ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى يوقىتىدۇ.

ئىككىلەمچى خاراكتېرلىك كۆزگە يېشىل سۇ چۈشۈش مۈڭگۈزسىمان پەردىدىكى ئاقما ياكى تېشىلىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش بۇنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى دەستىكاردۇر. بۇنىڭدا كۆزدىكى تارتىشىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۈزۈمسىمان پەردە كېسىپ ئازراق ئاجرىتىلىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن مۈڭگۈزسىمان پەردە ۋە قاتتىق پەردە تۇتاشقان ئورۇن ئۈستىگە نەشتەر ئۇرۇلىدۇ. بۇ ئەمەل بىلەن سىرغىما سۇيۇقلۇقلار توختايدۇ، نەشتەر بۇ ئورۇن ئۈستىگە ئۇرۇلىدۇ، لېكىن مۈڭگۈزسىمان پەردىنىڭ مەلۇم بۆلىكى ئاجرىتىلمايدۇ. بەلكى چوڭ تۆشۈك ئېچىپ، قاتتىق پەردىدىن كىچىكرەك بىر يۇملاق پارچە ئاجرىتىلغان ئەمەلمۇ بار. بۇنىڭ بىلەن سۇيۇقلۇقلارنىڭ بۇ ئورۇنغا سىرغىشى داۋاملىشىدۇ ھەمدە كۆز ئالمىسىدىكى تارتىشىش ئازىيىدۇ. ئەگەر بىرەر سەۋەبتىن دەستىكار قىلىش مۇمكىن بولمىسا ۋە كېسەللىكنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولسا، مۇناسىپ ئۇسۇل بىلەن مېڭىنى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج ۋە ئىترىفىللارنى، كۆزگە ياش ئاققۇزغۇچى سۈرمە ۋە كۆزگە تېمىتىلىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم، بۇ داۋالاشنىڭ ئايلار ۋە يىللاردا مەنپەئەتى كۆرۈلىدۇ.

كۆز ئالمىسىنىڭ پۈلتىيىشى

سەۋەبى

1. تولۇپ قېلىش: بەزى كۆز ئالمىسىنىڭ بىرەر ماددا بىلەن تولۇپ، زىيادە كۆپۈشۈشى ۋە زىيادە ئېغىر بولۇشىدىن بولىدۇ.

2. بېسىلىش: بەزىدە كۆز ئالمىسى ئىچىدىن سىرتقى تەرەپكە بېسىلىدۇ، مەسىلەن: گالنى بوغقان، ئۆتكۈر باش ئاغرىغان، قۇسقان، چىرقىرىغان، چوڭ تەرەتنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىنجىقلىغان ۋاقىتتا، ھامىلدار ئاياللاردىكى تۇغۇش ئۈچۈن ئىنجىقلىغاندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا.

گالنى بوغقان ۋاقىتتا مېڭىنىڭ پۈتۈن تومۇرلىرى، باشنىڭ تومۇرلىرى ۋە باش بوشلۇقلىرى تولۇپ قالىدۇ. باش ئاغرىغان ۋاقىتتا ئاغرىغان ئەزالار ئاغرىقنى ساقايتىش ئۈچۈن تەبىئەت قانىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بۇ قاندىن باش تومۇرلىرى ۋە بوشلۇقلىرى تولىدۇ (بۇ كۆزنى ئىچىدىن سىرتقى

تەرەپكە ئىتتىرىدۇ). تۇۋلىغاندا، قۇسقاندا، تولغاقتا ۋە باشقىلاردا نەپەسنى توختىتىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مېڭىدە ئىمتىلا بولىدۇ.

3. ئىسترخا: بەزىدە ئۇنىڭ سەۋەبى كۆزنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۆز ئورنىدا تۇتۇپ تۇرىدىغان تارىمۇش ۋە مۇسكۇللارنىڭ ئىسترخاسىدىن بولىدۇ.

ئالامىتى

1. تولۇپ قېلىشتا كۆزلىرى سىرتقا چىقىپ قالىدۇ ۋە كۆز ئالمىسى كۆپۈشۈش بىلەن كۆز ئالمىسمۇ چوڭىيىدۇ.

2. كۆز ئالمىسىنىڭ بېسىلىشىدا يۇقىرىقى سەۋەبلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ياكى ئۇنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ئىلگىرى بولىدۇ. بىماردا كۆزلىرى خۇددى ئارقىدىن ئالدى تەرەپكە ئىتتىرىلىۋاتقاندەك سېزىم بولىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كۆزنىڭ ئالمىسى چوڭىيىدۇ.

3. ئىسترخادا كۆز ئالمىسى چوڭايمايدۇ، ئىچىدە بىرەر قاتتىق تارتىشىش ۋە بېسىلىش بولمايدۇ، كۆز ئالمىسىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان، سىلجىپ كېتىشتىن ساقلايدىغان تارىمۇش ۋە مۇسكۇللار بوششىپ كۆز ئالمىسى سىلجىپ كېتىدۇ.

داۋالاش

1. تولۇپ قېلىشتا ئۆتكۈر ھۆقنىلەر، مۇسھىللار ۋە ھىجامەت قويۇش بىلەن بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ، شىيافى سۇماق كۆزلىرىگە تارتىلىدۇ.

شىيافى سۇماق نۇسخىسى سۇماقنى سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇپ، سۈزۈپ، ئاندىن كېيىن قاينىتىپ قىيام قىلىش، يەنى قويۇق - سۇيۇقلۇقنى تەڭشەش ۋە يۇيۇلغان قەلەي كۇشتىسىدىن بىر ھەسسە، كافۇردىن تۆتتىن بىر ھەسسە، كەتىرادىن ئالتە ھەسسە ئېلىپ، سۇماق قىيامىغا ئارىلاشتۇرۇپ شىياف ياسىلىدۇ.

2. كۆز ئالمىسى بېسىلىشنى داۋالاش: ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ كۆزى تېڭىلىدۇ، يەنى باش ئارقىسىغا قوغۇشۇننىڭ بىر پارچىسى ياكى سۈرمە خالتىسى قويۇلىدۇ. بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ، كۆزلىرىگە قورىغۇچى تىلالاردىن، مەسىلەن: ئانار پوستى، ئاقاقىيا، ئەلىق، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى قاتارلىقلار چېپىلىدۇ. قاتتىق سوغۇق گۇلاب بىلەن قابىز دورىلار قاينىتىلغان سۇدا ئېغىزى چايقىلىدۇ.

قابىز دورىلار، مەسىلەن: ئانارگۈلى، زەيتۇن يوپۇرمىقى، خەشخاش پوستى قاتارلىقلار

قورۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن گۈلابتا قايناتىپ بېرىلىدۇ (بۇنىڭدىن ئەزالىرى زىيادە مەزمۇت ۋە كۈچلۈك بولىدۇ).

ئەلىق — قىزىلگۈلگە ئوخشاش تىكەنلىك ئۆسۈملۈكتۇر.

لىھيەتۇتتىس: تېكە ساقىلى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر خىل دورىدۇر. بۇ دورا تولغاق تۇتقان ۋاقتىدا ئاياللارنىڭ كۆزىگە تولدۇرۇلسا بالىنى چىقىرىدۇ ۋە ھەيز ھەيدەشكە پايدىلىقتۇر. چۈنكى بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كۆچەشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش بۇ ۋاقىتتا پايدىلىق بولىدۇ، ئەگەر نىپاس ئاز كەلسە كېسەللىك ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، بۇ كېسەللىك پەقەت ئىنجىقلاش ۋە بېسىم سەۋەبىدىن بولغان بولسا، پەقەت ئۇنىڭ ئىلاجىنى قابىز دورىلار بىلەن قىلىش لازىم.

3. ئىستىرخانىڭ ئىلاجى: تاكى ئۇ ھۆللۈكلەر چىقىپ كەتكۈچە چوڭ - چوڭ ئايارەجلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، غار - غار، شەمۇم ۋە يۈيۈلما ئىشلىتىلىدۇ، بۇ باش كېسەللىكلىرىدە سۆزلىنىپ بولدى. ماددىلارنى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆز ئۈستىگە كۈچلۈك قابىز دورىلاردىن تەمرىھىندىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، ئانارگۈلى، كۈندۇر، سۇمبۇل قاتارلىقلار قويۇلىدۇ.

كۆز يىگىلەش

بۇ كېسەللىك ئومۇمەن ياشانغانلاردا پەيدا بولىدۇ، لېكىن بەزىدە ياشلارنىڭ بىر كۆزىدىمۇ پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك ياشلاردا كۆرۈلگەندە شېشىسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ياكى قىرۋۇسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ ياكى تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭدىكى قۇرۇقلۇق كۆپلەپ ئىستىفراغ بولۇپ كېتىشىدىن بولىدۇ ياكى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كېسەلدىن ئەمدىلا ساقايغان كىشىلەردە ياكى بالا ھەمراھىسىمان پەردە ياكى تورسىمان پەردىنىڭ قان تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشى سەۋەبىدىن ئۇ سۇيۇقلۇقلار تەرەپكە ئوزۇقلۇقلار سىرغىپ بارالمايدۇ ياكى كۆزلەرنىڭ قۇۋۋىتى ئوزۇقلۇق ھاسىل قىلىشتىن ئاجىز بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ، مەسىلەن: سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلغان ۋاقىتتا، سەۋەب بىلەن سوغۇقلۇق كۆزگە توپلىنىپ، ئوزۇقلاندۇرۇش قۇۋۋىتىنى ئۆلتۈرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز جالىنۇسنىڭ «ھىلەتۇلبەرئى» دېگەن كىتابىدىن نەقىل كەلتۈردۇقكى، «تېۋىپلار نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ كۆز كېسەللىكىنى ئەپيۇنغا ئوخشاش سېزىملاندۇرغۇچى دورىلار بىلەن داۋالىغان ئىدى، بۇنىڭ بىلەن بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن بەزى كىشىلەرنىڭ كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىدى ۋە بەزى كىشىلەر كۆز يىگلەش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولدى. چۈنكى غىزانىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن سۈيۇقلۇقلار قۇرۇيدۇ، سوغۇقلۇقنىڭ ئۇيۇتقۇچى سوغۇقلۇقى ماددىلارنى قاتۇرۇپ قويىدۇ».

ماھىيىتى بۇ قانداق كېسەللىك؟ بۇ كېسەللىك ئەسلىي كۆز سۈيۇقلۇقلىرىنىڭ ئازلاپ كېتىشىدۇر ۋە پەردىلەرنىڭ كىچىكلەپ كېتىشى ھەمدە تۇخۇم ئېقسىمان سۈيۇقلۇقنىڭ يوقىلىشى ياكى ناھايىتى ئاز بولۇشى، مەيلى ئۇنىڭ سەۋەبى يۇقىرىقى سەۋەبلەر بولسۇن ياكى ئۈزۈمسىمان قەۋەتنىڭ ئىچىدىن سىرتىغا يېرىلىشى سەۋەبىدىن بولسۇن، يەنى تۇخۇم ئېقسىمان سۈيۇقلۇقنىڭ كۆزدىن چىقىپ كېتىشى، كۆز ئالمىسىنىڭ يىگلىشى سەۋەبىدىن قاپاق كۆز بىلەن چاپلىشىپ يۇمۇلۇپ قالىدۇ ھەمدە بەزى ۋاقىتلاردا كۆرۈشمۇ ئاجىزلىشىدۇ. كۆرۈشنىڭ يوقىلىشى قۇرۇقلۇق غالىب كەلگەندە ۋە سۈيۇقلۇقلاردىن، يەنى خاس قىروۋسىمان سۈيۇقلۇقنىڭ سۈزۈكلۈكى ۋە پاكىزلىقى يوقالغاندا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆز ئىچىدە جىسىمنىڭ تەسۋىرى پەيدا بولمايدۇ ھەم بۇ كېسەللىكتە كۆرۈش ئاجىزلىقى چوقۇم بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر بۇ كېسەللىك ياشلاردا بولغان بولسا ئىستىفراغ قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى قىل قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشىدىن بولسا، توسالغۇنى ئېچىپ، ئاندىن پۈتۈن بەدەن ۋە باشنىڭ مىزاجىغا ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى توسالغۇ بولمىسا، سۈيۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۇسۇلى تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر، ئەگەر بۇ كېسەللىك ياشانغانلاردا بولغان بولسا ساقىيىشى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ياشانغانلارنىڭ ئەزالىرىدا ئەسلىدىنلا قۇرۇقلۇق غالىب كەلگەن بولىدۇ، لېكىن ھەر ھالدا ئىلاجىنى قىلىش، ھۆللۈك يەتكۈزۈش، تاكى كېسەللىك ئېغىرلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھۆللۈك پەيدا قىلىشقا تىرىشىش لازىم.

كۆك كۆزلۈك

كۆزلەرنىڭ رەڭگى ئەمەلىيەتتە ئۈزۈمسىمان قەۋەتنىڭ رەڭگى ئاسمان رەڭگىدە بولۇپ، قارىلىقىنىڭ كېمىيىشىدۇر. بۇ، كۆز كۆكىرىپ قېلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ① ئەسلىي (تۇغما)؛ ② ھادىسە (ئىككىلەمچى)؛

ئەسلىي كۆك كۆزلۈك ئەسلىي كۆك كۆزلۈك تۇغما كۆك كۆز بولۇشتۇر. بۇ كېسەللىك ئەمەس ۋە بۇنىڭ ھېچقانداق ئىلاجىمۇ يوق.

ئىككىلەمچى كۆك كۆزلۈك بۇ خىل كۆك كۆزلۈك بىرەر سىرتقى زەربىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن قىروۋسىمان سۇيۇقلۇق سىرتقا پۇلتىيىپ چىقىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇلتىيىپ چىقىۋېلىش سەۋەبىدىن ياكى شېشىسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن بولىدۇ. ياكى كۆز پەردىلىرىدىن قاتتىق پەردە، بالا ھەمراھسىمان پەردە ۋە تورسىمان پەردە قاتارلىقلار ئىششىيدۇ.

ئالامىتى ۋە داۋالاش ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى كۆز پەردىلىرى ۋە ھۆللۈك كېسەللىكلىرىدە سۆزلەندى.

قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپىيىشى. يەنى ئۇ شېشىسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن بولسا، ئىسسىق ياغلارنى بۇرۇنغا تېمىتىش پايدىلىقتۇر. مەسىلەن: ئاچچىق بادام يېغى، بىدانجىر يېغى ۋە غار يېغى قاتارلىقلار.

بۇنىڭغا ئاساسەن شادىنەج، پىلپىل، زەنجىۋىل، كۆپۈكى دەريا، سېرىق ھېلىلە قاتارلىقلارغا ئوخشاش نەرسىلەر بىمارنىڭ مىزاجى سوغۇق بولغان شەرت ئاستىدا سۈرمە شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئەرەب يېلىمى، سۈرمە، تۇتىيا ۋە تاباشىرغا ئوخشاش سوغۇق نەرسىلەر مىزاجى ئىسسىق بولغان شەرت ئاستىدا سۈرمە شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بارلىق نەرسىلەر سۇيۇقلۇقلارنى سۈمۈرىدۇ، مۇشۇنىڭدەك گۈل يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ، سوغۇق ۋە ئىسسىق ھەر ئىككى مىزاجدىكىلەرگە پايدىلىق بولىدۇ، غار — بىر خىل دەرەختۇر، بۇ دەرەخ مىڭ يىلغىچە قۇرۇپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن غارغا ئوخشىتىپ غار دەپ قويۇلغان. شادىنەج — نوقۇت شەكلىدىكى بىر خىل يۇمشاق تاشتۇر (ت).

كۆز بەرىسى

كۆز بەرىسىنىڭ سەۋەبى: بەزىدە ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ مىزاجى ئۆزگىرىشتىن پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تەبىئىي رەڭگىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئۇنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبى بىرەر قويۇق سۇيۇقلۇق سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇ تۈرنىڭ نامىنى ئىسكەندەر «كەناش» دېگەن كىتابىدا كۆزگە ئاق چۈشۈش دەپ بايان قىلغان ۋە تەبەرى دېگەن تېۋىپ بۇنى كۆك كۆزلۈك كېسەللىكى قاتارىدا بايان قىلغان.

بەدەندىكى ئاق داغنى بەرەس دەيدۇ، بۇ ھەقىقەتەن تېرىنىڭ رەڭگى كېمىيىش كېسەللىكىدۇر. لېكىن بەدەندىكى بەرەس بىلەن كۆزدىكى بەرەسنىڭ بىرەر خاس مۇناسىۋىتى يوق، كۆزدىكى ئاقتا ئۈزۈمسىمان قەۋەتنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، يوقىلىپ ئاق بولۇپ قالمايدۇ.

پەرقى كۆك كۆزلۈك ۋە كۆزگە ئاق چۈشۈش بۇ كۆك سۇدىن پەيدا بولىدۇ، پەرقى شۇكى، كۆزگە ئاق چۈشۈشتە پەيدا بولغان سۇ بىلەن كۆرۈش قۇۋۋىتى يوقالمايدۇ ۋە كۆزنى دەستىكار قىلىش بىلەن ئاقلىق يوقىلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا كۆز ئالدىدا پاشا قاتارلىقلارغا ئوخشاش شەكىللەر كۆرۈنىدۇ، كۆك كۆزلۈكتە پەيدا بولغان سۇدا يۇقىرىقى ئالامەتلەر پۈتۈنلەي بولمايدۇ (نەفىيس).

ئالامىتى بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، دەسلەپكى تۈرى (قىروۋسىمان سۈيۈقلۇق كۆپۈشۈش) نىڭ ئالامىتى بولمايدۇ.

داۋالاش كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر ئايارەجلەر ئارقىلىق ماددىلار ئىستىفراغ قىلىنىدۇ، مەسىلەن: ئايارەج جالىنۇس ۋە ئايارەج لوغانىزىيا يېگۈزۈپ مۇسھىل بېرىلىدۇ. ئىسسىق نەرسىلەر بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، چۈشكۈرتۈلىدۇ، ئىسسىق نەرسىلەر بىلەن مىزاجىنى تەڭشەش لازىم.

زەپەر ۋە زەپەر يېغى سۈرمە شەكلىدە كۆزگە سۈركىلىدۇ، مەيلى كۆزگە ئاق چۈشۈش قايسى سەۋەبتىن بولغان بولسۇن، كۆزنى قارايتىش ئۈچۈن ھۆل ۋە يېڭى شەھمەنزەل كۆزگە سۈرمە تايىقى ئارقىلىق تارتىلىدۇ، بەزى كىشىلەر بۇ سۈرمە تايىقى مۈشۈكنىڭ كۆزىنىمۇ قارايتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بەزىدە كۆزلەردە پىشقان ياكى پىشۇرىدىغان سۈيۈقلۇقلارنىڭ تارقاپ كېتىشىدىن كۆزگە ئاقلىق پەيدا بولىدۇ.

سۈيۈقلۇقتىن بولغان كۆزگە ئاق چۈشۈش كۆزدە رەڭ ماددىسىنى پەيدا قىلىدىغان پىشۇرغۇچى ماددا تارقاپ كېتىش سەۋەبىدىن بىمارنىڭ كۆزىدە ئاقلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈيۈقلۇقى تارقاپ قۇرۇپ كەتسە، ئۆسۈملۈك ئاقىرىپ قالغانغا ئوخشاش، شۇ سەۋەبتىن بىمارلار ۋە ياشىنىپ قالغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ئەسلىي سۈيۈقلۇق تارقاپ كېتىش سەۋەبىدىن ئاقىرىپ قالىدۇ.

بۇ تۈردىكى كۆزگە ئاق چۈشۈش كۆزگە سۇ چۈشۈش بىلەن ئىككى تەرەپتىن، يەنى

كۆرۈش قۇۋۋىتى يوقىلىش ۋە مۇڭگۇز قەۋەت رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزگە ئاق چۈشۈش كېسىلى كۆزگە سۇ چۈشۈش كېسىلىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ، ھەقىقەتەن بۇ ھۆللۈك ئورنىدا قۇرۇپ كېتىدۇ، قۇرۇق ئىستىسقادا قورساقنىڭ كۆپۈشى ئىستىسقادىن سانىلىدۇ ھەمدە ئىستىسقادا قەتئىي سۇ بولمايدۇ.

پەرقى: بۇ تۈردىكى كۆزگە ئاق چۈشۈش كۆزگە سۇ چۈشۈشتىن بولىدۇ، كۆزگە سۇ چۈشۈشتە كۆز ئالدىدا كۇمۇتا ۋە باشقا شەكىللەر كۆرۈنىدۇ ھەم كۆزنى دەستىكار قىلىشنىڭ مەنپەئەتى بولىدۇ، ئەگەر كۆزدىكى ئاقلىق قۇرۇقلۇقتىن پەيدا بولغان بولسا، كۆزنىڭ يىگىلىشى مۇقەررەر.

داۋالاش قۇرۇقتىن بولغان بۇ تۈرنى داۋالاشتا ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ (نەفىس). بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇقلۇقنى ياخشىلاش چارىلىرىنى قىلىش لازىم.

كۆرۈش خىزمىتى نورمالسىزلىقى

كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش

كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىدىن نەرسىلەرنى ياخشى كۆرگىلى بولمايدۇ ياكى يىراقنى تامامەن كۆرگىلى بولمايدۇ ياكى كۆرگەندە خاتا كۆرىدۇ. مەسىلەن: بەزى چوڭ نەرسىلەر كىچىك، كىچىك نەرسىلەر چوڭ كۆرۈنگەندەك مەلۇم بولىدۇ ياكى بەزىدە رەڭ ۋە شەكىل ئەسلىدىكىدەك مەلۇم بولمايدۇ.

ئومۇمىي ئالامەتلىرى ئاز ۋاقىت خەت يېزىش ياكى خەت ئوقۇش بىلەن، ياكى كۆز ئىشى قىلىشتىن كۆزلىرى ھېرىپ قالىدۇ. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ، كىتابنىڭ ھەرپلىرىنى ئوچۇق كۆرەلمەيدۇ، داۋاملىق باش يەڭگىل ئاغرىشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، كۆزلىرىدىن ياش ئاقىدۇ ۋە نەرسىلەر سىڭايان كۆرۈنىدۇ.

سەۋەبى **ماددىلىق ۋە ماددىسىز سوغۇقتىن مىزاجنىڭ بۇزۇلۇشى:** كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى بەزىدە ماددىلىق ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ. بۇ مېڭىدىكى نورمالسىز ھۆللۈكنى ئاشۇرۇپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى سۇسلاشتۇرىدۇ ۋە كۆرۈش ئەزالىرىنى ئۆزگەرتىدۇ.

بۇ ماددىسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ.

ماددىلىق ۋە ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش، بەزى كۆرۈش ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى ماددىلىق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولىدۇ، بۇ ئەزالارنىڭ مىقدارىدا چوڭىيىش ۋە ئۇنىڭدا تارتىشىش پەيدا قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ناچار چىقىرىندىلىرى ۋە ماددىلىرى بىلەن تولدۇرىدۇ.

بەزىدە ئۇنىڭ سەۋەبى ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ، بۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ھارارىتىنىڭ تەسىرىدىن كۆرۈش ئەزالىرىنى قىزىتىپ، كۆپ تارقىتىۋېتىش سەۋەبىدىن ئۇنىڭ سۇيۇقلۇقلىرىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ.

ئاشقازان ۋە ئۈچەي ئاجىزلىقى بەزى كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى ئاشقازان ۋە

ئۈچەي ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ ھەمدە كۆزلىرىدە بىرەر كېسەللىك كۆرۈلمەيدۇ.

ياشىنىپ قېلىش بەزىدە كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىش ياشانغانلاردا ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى ئەسلىي سۇيۇقلۇقلار بۇزۇلغانلىق سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەزىم قىلىش قۇۋۋىتى ۋە تەبىئىي بەدەن ھارارىتى ئاجىزلايدۇ، ئۇنىڭدىن بىر قىسىم ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ.

بىمارنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە كېرەكسىز سۇيۇقلۇقلار ۋە ناچار بۇخاراتلار كۆپ بولىدۇ.

بىمارنىڭ مېڭىسىنىڭ مىزاجى ۋە ئۇنىڭ ھېس قىلىش قۇۋۋىتى ئاجىزلىغان بولىدۇ.

تۇخۇم ئېقىسمان ۋە قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ دۇغلىشىشى بەزى كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇق ياكى قىروۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ دۇغلىشىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بىمارنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇش سىستېمىسىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىدىن كۆزنىڭ بىرەر سۈزۈك سۇيۇقلۇقى دۇغلىشىپ، بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقىنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى ئومۇمەن مېڭە ياكى نېرۋا ئاجىزلىقىنىڭ بولۇشى، كۆپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە بىرەر جىسمانىي ئىشنى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قىلىش، جىمانى كۆپ قىلىش، نەزلە ۋە زۇكامغا كۆپ گىرىپتار بولۇش، قويۇق ۋە سوغۇق تاماقلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، تاماكا چېكىش، نەشكەشلىك، ھاراقكەشلىك ، باشقا زەربە تېگىش قاتارلىق ئىشلار كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئالامىتى **ماددىلىق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** كۆزلىرىدە ئاغرىق ۋە قىزىللىق بولماستىن ياش ئاقىدۇ ۋە ئازراق چاپاق بولىدۇ. كۆزلىرى ساغلاملىق ھالىتىدىكىدىن زىيادە چوڭ بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىدۇ، تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇق بىلەن مۈڭگۈز پەردىنىڭ دۇغلاشقانلىقى مەلۇم بولىدۇ، بىمارنىڭ كۆز قارىچۇقىدا ئۇنىڭغا قارىغۇچىنىڭ سىيماسى ھاسىل بولمايدۇ، خۇددى مەينەت ئەينەكتە سۈرەت ۋە شەكىللەر كۆرۈنمىگىنىدەك. غىزا ۋە ئۇيقۇدىن كېيىن ھەم ھەزىم بۇزۇلغان ۋاقىتتا كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى زىيادىلىشىدۇ.

ماددىسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ساغلام كۈنلىرىدىكىدىن كۆزلىرى كىچىك مەلۇم بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بىلەن بىللە كۆزلىرى قۇرۇق بولىدۇ، كۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى سۇسلىشىدۇ ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ.

ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش كۆزلىرى يىگىلەيدۇ ھەمدە ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ، كۆز، بۇرنىدىن سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئېقىشى ئاز بولىدۇ، قورساق ئاچقاندا، چۈش ۋاقتىدا ۋە ئىچى سۈرۈشتىن كېيىن كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى ئاشىدۇ، لېكىن تاماق يېيىش ۋە

ئۇخلاشتىن كېيىن كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى بىرئاز ياخشىلىنىدۇ.

ئاشقازان ئاجىزلاش كۆرۈشتىن ئاجىزلاش ھەر ۋاقىت بولمايدۇ، بەلكى ھەزىم بۇزۇلغان ۋاقىتتا ئېغىرلىشىدۇ، قورساق ئاچ ۋاقتىدا بۇ ئالامەت پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ.

توخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇقىنىڭ دۇغلىشىشى بىمار كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا قارا پەردە باردەك ھېس قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ كۆرۈشى يەرگە سېلىشتۇرغاندا ئاسمان تەرەپتە زىيادە ئېنىق بولىدۇ.

دۇغلىشىشنىڭ سەۋەبى بۇ، سۇيۇقلۇق ياكى بەدەندىكى بۇزۇلغان خىلتلارنىڭ كۆپلىكى، جىمانى كۆپ قىلىش، يېمەك - ئىچمەكنىڭ نورمالسىزلىقى ۋە ھەمىشە كېچىدە تاماق يېيىش سەۋەبىدىن دۇغلۇق پەيدا بولىدۇ.

كۆپ جىما قىلىش مېڭىنى ناھايىتى بەك قۇرغاقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆزلىرىمۇ قۇرغاقلىشىدۇ، چۈنكى كۆزنىڭ سۇيۇقلۇقلىرى مېڭىنىڭ ھۆللۈكىدىن، كۆزلەرنىڭ ئوزۇقلۇقى مېڭىنىڭ ئوزۇقلۇقىدىن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇق قۇرۇپ، يىغىلىپ قويۇقلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆزنىڭ پارقىراقلىقى ۋە سۈزۈكلۈكى يوقىلىدۇ.

ياكى كۆپ جىما قىلىش مېڭىنى(قۇرۇتۇش بىلەن) زىيادە سوغۇقمۇ قىلىۋېتىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتى تارقايدۇ ۋە يوقايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مېڭىدىكى ھەزىم قۇۋۋىتى كېمىيىدۇ، كۆزگە قويۇق ماددا يىغىلىۋالىدۇ ۋە توخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇق دۇغلىشىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ جىما قىلىش كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقىنى بىر قانچە سەۋەبتىن پەيدا قىلىدۇ: ① قىروۋسمان سۇيۇقلۇقنى قۇرۇتىدۇ؛ ②روھنىڭ جەۋھىرىنى بولۇپمۇ روھىي نەپسانىينىڭ جەۋھىرى لەززەت تۈپەيلىدىن ۋە ھارارىتى غۇرۇزىيەنىڭ تارقىلىشى سەۋەبىدىن ناھايىتى كۆپ چىقىپ كېتىدۇ؛ ③ قۇۋۋەتلەرنى ئاجىزلاشتۇرۋېتىدۇ.

قىروۋسمان سۇيۇقلۇقنىڭ دۇغلىشىشى: بۇ ئەسلىدە كۆزگە سۇ چۈشۈشتۇر، بۇنىڭ ئەھۋاللىرى سۆزلىنىپ بولدى.

داۋالاش ماددىلىق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتا مېڭىنى پاكىزلاش مەقسىتى بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ ۋە ھەبلەر يېگۈزۈلىدۇ، غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، ئېگىر ۋە مەستىكىگە ئوخشاش نەرسىلەر چايناتقۇزۇلىدۇ، ئېپار چۈشكەن باسلىقۇن ۋە رۇشنائى كەبىر سۈرمە قىلىپ تارتىلىدۇ.

باسلىقۇن ۋە رۇشنائى كەبىرنىڭ نۇسخىسى ئىلگىرىكى سەھىپىلەردە يېزىلدى.

ماددىسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش مېڭىنىڭ مىزاجىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتى

بىلەن خاس قىسمىدىكى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: پاختەك ۋە توخۇ گۆشلىرى ياغدا قورۇپ بېرىلىدۇ ياكى نوقۇت ۋە دارچىن بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. بان يېغى ۋە يەسمەن يېغىغا ئوخشاش دورىلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈيى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ، شىيافى ئەسفەر ۋە شىيافى ئەخزەر سۈرمە شەكلىدە تارتىلىدۇ.

شىيافى ئەسفەر نۇسخىسى   سېرىق ھېلىلە، تۇتىيا ھىندى ھەربىرى 10.5 گرامدىن ياكى 17.5 گرامدىن، ئاقمۇچ ۋە ئەرەب يېلىمى ھەربىرى 10.5 گرامدىن، زەپەردىن 3.5 گرام ئېلىپ، بەدىيان سۈيىدە ئېزىپ شىياف ياسىلىدۇ.

شىيافى ئەخزەر نۇسخىسى   زەنگار 10.5 گرام، كۆيدۈرۈلگەن سېرىق زەمچە 24.5 گرام، بۆرە ئەرمىنى، كۆپۈكى دەريا، قىزىل زەرنىخ ھەربىرى 3.5 گرامدىن، نۆشۈدۈر 1.5 گرام، ئۇشەق 4.5 گرام. دورىلارنى سۈزاپنىڭ سۈيىدە ئېرىتىپ شىياف ياسىلىدۇ.

ماددىلىق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتا، بەدەندە قان غالىب بولغان بولسا قان ئېلىنىدۇ، ھېلىلە قاينىتىلمىسى بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ، تۇزلۇق، ئۆتكۈر ۋە بۇخاراتلارنى پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەردىن كۆدە، پىياز ۋە ياۋا رەيھاندىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ ۋە سۈرمە شەكلىدە سوغۇق ھەم ياش ئاققۇزغۇچى نەرسىلەر تارتىلىدۇ، تاكى ياش بىلەن ماددا چىقىپ كېتىدۇ، مەسىلەن: ھەسرۇم (غوراپ سۈيى) ۋە باشقىلار.

ھەسرۇمدا مۇدەببەر قىلىنغان تۇتىيا: بۇ ھەسرۇم خام ئۈزۈم سۈيىدە مۇدەببەر قىلىنىدۇ.

ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتا، ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى چارىلەر قىلىنىدۇ، ھۆللۈكنىڭ زىيادىلىكى بىلەن ھارارەتمۇ يوقىلىدۇ. چۈنكى ھۆللۈك بىلەن ھارارەت پەسىيىدۇ، باش ھۆل سوغۇق ياغ بىلەن ياغلاپ ئۇۋۇلىنىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە يېغى ۋە نىلۇپەر يېغى، بۇرنىغا ۋە كۆزلىرىگە تاتلىق بادام يېغى تېمىتىش، قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتىدە يۇيۇلىدۇ ھەمدە كۆپ سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان شاراب ئىچكۈزۈلىدۇ، تاكى سۇ بىلەن ئۇنىڭ ھۆللۈكى ئاشسۇن ۋە ھارارەت كېمەيسۇن.

ئاشقازان ئاجىزلىشىشتا، ئاشقازان ماددىلار بىلەن تولغان شەرت ئاستىدا ئاشقازان تولۇپ قالغان ماددىلاردىن تەنقىيە قىلىنىدۇ ۋە مۇناسىپ جاۋارىشلار بىلەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

ياشانغاندىن بولغان كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى   بۇنىڭ ئىلاجى يوقتۇر، چۈنكى يوقالغان نەرسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، يەنى ياشانغانلاردا تەبىئىي ھۆللۈك ۋە تەبىئىي ھارارەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاجىز بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ بارلىق ئاجىزلىقلار ياشانغانلاردا چوقۇم پەيدا بولىدۇ، ئىككىنچى قېتىم ئۇ ھۆللۈك ۋە ھارارەتنى قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرۈش ئاجىزلىقىنىمۇ يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس (ت).

لېكىن بۇ مەقسەت بىلەن بىرەر چوڭ ئاقىۋەت كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن داۋالىنىدۇ، بۇزۇلغان سۇيۇقلۇقلاردىن مېڭىنى پاكىزلاپ تۇرۇش ھەمدە بەزى دورىلارنىڭ كۆزنى روشەن قىلىشى ئۈچۈن سۈرمە شەكلىدە تارتىش، مەسىلەن: شادىنەج، كۆپۈكى دەريا، سېرىق ھېلىلە قاتارلىقلارنى. بەزى نەرسىلەرنى كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەسىلەن: سۈرمە، تۇتىيا ۋە باشقىلار كۆزگە تارتىلىدۇ.

تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇقنىڭ دۇغلىششى ئەگەر بەدەندە ئىمتىلا بولغان بولسا، يەنى ماددىلار كۆپ بولسا، ئەفتىمۇن ۋە غارىقۇننىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن ماددىنى ئىستىفراغ قىلىش لازىم.

ئەسكەرتىش يۇقىرىقى بارلىق تۈرلەردە مىزاجغا رىئايە قىلىشنى نەزەرگە ئېلىش، يەنى ئۇنى قۇرۇقلۇق ياكى ھۆللۈك بىلەن ئالماشتۇرۇشقا تىرىشىش لازىم.

قىرۋۇسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ دۇغلىششى مېڭە ۋە بەدەننى تەنقىيە قىلىش چارىلىرىدە لەتىفلەشتۈرۈشنى قوللىنىش ھەمدە كۆزگە سۇ چۈشۈشتە سۆزلەنگەن قائىدە ۋە كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش لازىم.

ئەمەلىي داۋالاش كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى ئومۇمەن مېڭە ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. شۇڭا مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بادام مېغىزى چۈشكەن ھالۋا بىر قانچە كۈن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ تەركىبى مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان باش ئاغرىقىدا سۆزلىنىپ بولدى. بۇنىڭغا ئاساسەن مېڭىنى تازىلاش ۋە قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئىترىفىل زامانى ياكى ئىترىفىل كەشنىز ياكى ئىترىفىل كەبىر كەچتە قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ھەم كەچتە ئۇخلاشتىن ئاۋۋال جاۋاھىر سۈرمىسى ياكى بىرەر سۈرمە تارتىشقا كۆرسەتمە بېرىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز بىمارنىڭ غىزاسىغا ئۇزۇقلۇقى كۆپ، يەڭگىل ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. ھەزىمنى ياخشىلاش، قەۋزىيەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۈچەيلەرنى باشتىن - ئاخىر پاكىز تۇتۇش، ئۇيقۇسىزلىقنى يوقىتىش، ئەقلىي ئەمگەكنى كېمەيتىش، كىتاب ئوقۇشنى توختىتىشقا يول كۆرسىتىش، چۈچۈمەل، يەللىك، كۆپتۈرگۈچى نەرسىلەردىن ھەم قىزىلمۇچ، كۈنجۈت، سامساق، پىياز، بېلىق ۋە باشقىلارنى يېگۈزۈشتىن، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش ۋە جىمادىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. كۆزنى ئارام ئالدۇرۇش ۋە پاكىز تۇتۇش ھەمدە ئەتىگەن ۋە كەچتە كۆزگە سۇ چېچىش، بىمارنى يېشىلزارلىقلارغا ئېلىپ چىقىش ياكى ئەتىگەن - كەچتە كەڭرى ئورۇنلاردا سەيلە قىلدۇرۇش لازىم.

خىيالىي شەكىللەرنىڭ كۆرۈنۈشى

تەخەييۇلاتنىڭ مەنىسى يالغان ۋە خاتا شەكىللەردۇر، بۇ ئاز ساندا كېسەللىك ھالىتىدە كۆز ئالدىدا كۆرۈنىدۇ.

1. تۈۋرۈك كۆرۈنۈش

بەزىدە ئىنسانغا گويا كۆز ئالدىدا ئىس ـ تۈتەك تۈۋرۈكتەك كۆرۈنىدۇ. بۇ ئۈستىگە ئۆرلەپ بىر قانچە شاخچىلارغا ئايرىلىدۇ. بۇ مېڭە ۋە كۆرۈش ئەزالىرىدا بۇزۇلغان ماددىلارنىڭ تولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

داۋالاش

مەتبۇخى ئەفتىمۇن بىلەن ئومۇمىي بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ، بەدەننى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن مېڭىنى تەنقىيە قىلىش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىترىفىل ۋە ھېلىلە مۇرابباسىنى يېگۈزۈش لازىم.

2. كۆز ئالدىدا ئوت ئۇچقۇنلىرى كۆرۈنۈش بەزى ۋاقىتلاردا خۇددى كۆز ئالدىدا ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇۋاتقاندەك ھالەت پەيدا بولىدۇ، بۇ ھەر ئىككى كۆزدە ھەر خىل ۋاقىتلاردا چىقىپ تۇرىدۇ.

بۇ، قىزىل قان تومۇرلارنىڭ بېسىلىشى، يەنى مېڭە ئاجىزلاش بىلەن قىزىل قان تومۇرلاردا قان تولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بىرەر بىماردا تۇيۇقسىز قىزىل قان تومۇرلىرى بېسىلىشتىن قان تۇسۇلۇپ ھوشىدىن كېتىش كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

بەزى ۋاقىتتا بۇ، قىزىل قان تومۇرلارنىڭ قېنى قىزىل قان تومۇرلارنىڭ تولۇپ قېلىشى ۋە ئۇنىڭ يېرىلىشى سەۋەبىدىن قان ئاقىدۇ ۋە بۇ بوش ئورۇنغا توپلىنىدۇ، بۇنىڭدىن مېڭە ۋە يۈرەك تەسىرگە ئۇچرايدۇ، شۇڭلاشقا يۈرەك تەسىرگە ئۇچراشتىن غەشى، خەنناق ۋە ئۆلۈم كېلىپ چىقىدۇ ۋە مېڭە تەسىرگە ئۇچراش سەۋەبىدىن سەكتە (پالەچ) قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا خەنناق كېسىلىنى بەزىدە سەكتىمۇ دەيدۇ، چۈنكى بۇنىڭدىمۇ جان بوغۇلىدۇ (نەفىيس).

قىسقىسى، خەنناق كېسىلى بىر كەڭرى چۈشەنچىدۇر.

ئەگەر قان مېڭىگە قۇيۇلسا سەكتە پەيدا بولىدۇ (نەفىيس).

قاننىڭ بېسىمى قان تولۇشتا بۇ قان قىزىل قان تومۇرلار دىۋارلىرى ئارىسىغا بېسىم پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بېسىمنى قان تەرەپكە مەنسۇپ قىلالىغىنىدەك قىزىل قان

تومۇرلار تەرەپكىمۇ مەنسۇپ قىلالايدۇ.

داۋالاش ئەگەر مۇمكىن بولسا قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىستىفراغ قىلىنىدۇ، لېكىن قان ئېلىشنى ئىستىفراغ قىلىشتىن ئىلگىرى قىلىش، ئەگەر قان ئېلىشتىن ئىلگىرى ئىستىفراغ قىلىنسا، خەنناق ماددىسى قوزغىلىش سەۋەبلىك ماددا يۈرەك ۋە مېڭە تەرەپكە قۇيۇلىدۇ ۋە ئۆلۈمنى پەيدا قىلىش ئەندىشىسى بولىدۇ. يۇقىرىدىكى «ئەگەر مۇمكىن بولسا» دېگەن شەرت قان ئېلىش بىلەن ئىستىفراغ قىلىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر ۋە پەرھىز قىلدۇرۇش زۆرۈردۇر. يەنى تاتلىق يېمەكلىكلەر، ھالۋىلار ۋە گۆش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئوزۇقلۇقى يۇقىرى بولغىن يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

3. ئاق نەرسىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى بەزىدە ئىنسان چۈشكۈرگەن ياكى كۆزىنى ئۇۋۇلىغان ۋاقىتتا كۆزلىرى ئالدىدا ئازراق ئاق نەرسىلەر ئۇستىگە چىقىۋاتقاندەك ياكى ئاستىغا چۈشۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

بۇ ئاشقازاندا ياكى كۆز ئەتراپىدا ياكى ئالدىنقى مېڭىدە بۇزۇلغان ماددىلارنىڭ تولۇپ قالغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

داۋالاش قۇستۇرۇلىدۇ، ئايارەجلەر ۋە غار - غارلار بىلەن مېڭە ۋە ئاشقازان تەنقىيە قىلىنىدۇ، ياخشى غىزالار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: نوقۇت ۋە دارچىن بىلەن پىشۇرۇلغان توخۇ قاتارلىق.

4. چوڭ نەرسىلەرنىڭ كىچىك كۆرۈنۈشى بەزىدە چوڭ نەرسىلەرنى ئىنسان كىچىك كۆرىدۇ، ۋاھالەنكى، ئىنسان ۋە چوڭ نەرسىنىڭ ئارىلىقىدىكى پاسىل يېقىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر پاسىل يىراق بولسا، چوڭ نەرسە كىچىك كۆرۈنىدۇ، بۇ بىر تەبىئىي سۆزدۇر. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ۋە سەييارىلەر چوڭ بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە كىچىك كۆرۈنىدۇ، ھەتتاكى بەزى ۋاقىتلاردا چېكىتتەك كۆرۈنىدۇ.

سەۋەبى ئۇ ھالەتنىڭ سەۋەبى كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ بېسىلىشى ۋە تارىيىشىدۇر. مەيلى ئۇنىڭ بېسىلىشى ۋە تارىيىشىنىڭ سەۋەبى ئىششىق ياكى ئۇنىڭ توسالغۇسى ياكى ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقى بولسۇن.

داۋالاش ئۇنىڭ ئىلاجى ھۆللۈك پەيدا قىلىشتۇر، يەنى قۇرۇقلۇقتىن بېسىلىش پەيدا بولغان شەرت ئاستىدا. ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى ھەم قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ، ھۆللۈكتىن بولغان بېسىلىش بولغان شەرت ئاستىدا.

5. كىچىك نەرسىلەرنى چوڭ كۆرۈش   ئىنسان كۆزىدە بەزىدە كىچىك نەرسىلەرنى چوڭ كۆرىدىغان ھالەت پەيدا بولىدۇ، مەيلى ئارىلىقتىكى پاسىل يىراق ياكى يېقىن بولسۇن، **لېكىن ناھايىتى يېقىنمۇ بولمىسا ياكى ئارىلىق بەك يېقىن بولۇپ كەتسە، كىچىك نەرسىمۇ چوڭ كۆرۈنۈشى تەبىئىي ئىشتۇر.**

سەۋەبى   كۆرۈش قۇۋۋىتى بىلەن شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا كىرىستاللىسمان سۇ ۋە ئەينەكسىمان ھۆل جىسىم بولماستىن، بەلكى قېلىن، پارقىراق جىسىم توسالغۇ بولغان بولغاچقا، نۇر سىزىقلىرى بۇ توسالغۇ جىسىمنىڭ مەركىزىدىكى قېلىن نۇقتىدىن ئۆتكەندە سۇنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىچىك نەرسە چوڭ كۆرۈنىدۇ.

مۇشۇنىڭدەك، قىش پەسلىنىڭ كېچىلىرىدە ئاسماندىكى سەييارىلەر چوڭ كۆرۈنىدۇ، چۈنكى بۇ پەسىلدە ھاۋا قويۇق ۋە ھۆللەشكەن بولىدۇ.

مۇشۇنىڭدەك دەرھەم پۇل چوڭقۇر سۇ ئاستىدا، خەت ۋە ھەرپلەر پاكىز ئەينەك ئاستىدا چوڭ مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش   ئايارەجلەر بىلەن ئىستىفراغ قىلىنىدۇ، ئاشقازان ۋە باش تەنقىيە قىلىنىدۇ، ياش ئاققۇزغۇچى سۈرمىلەر بىلەن، **مەسىلەن: باسلىقۇن بىلەن** كۆزلەرنىڭ پەردىلىرىنىمۇ تەنقىيە قىلىنىدۇ.

6. بىر نەرسىنىڭ بىر قانچە كۆرۈنۈشى   بەزىدە ئارىلىق يىراق بولغان شەرت ئاستىدا كۆزلەردە بىر نەرسىنى بىرقانچە كۆرىدىغان ھالەت پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كۆز ئىچىدە ھۆللۈك زەررىچىلىرى پەيدا بولىدۇ. ئۇلار كۆرۈش قۇۋۋىتى بىلەن سىرتقى شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ بولۇپ، ھەربىر زەررىچە سىرتقى شەيئىلەرنىڭ ئەكسىنى تونۇسىمۇ، زەررىچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سېيماسى توسۇلمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر نەرسە بىرقانچە بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

داۋالاش   ئاشقازان ۋە مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ، كېچىدە غىزا يېيىشتىن، جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇيقۇسىزلىقمۇ يوقىتىلىدۇ.

7. ئادەمنىڭ سىڭايان كۆرۈنۈشى   بەزىدە كۆزدە گويا بىرەر كىشى ئوڭ ياكى سولغا سىڭايان بولۇپ قالغاندەك ھالەت پەيدا بولىدۇ، بىمار بۇ ئىشتىن گۇمان قىلىپ، ئۆزى سىڭايان ئوخشايدۇ دەپ ھېس قىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى تۇخۇمسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ بىرەر بۆلىكىدە دۇغلۇق پەيدا بولىدۇ، بۇ دۇغلاشقان تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بولماستىن، بەلكى بىر تەرەپتىلا بولىدۇ.

داۋالاش   **ئەگەر بىرەر ماددا سەۋەبىدىن بولغان بولسا،** ماددا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، غىزا

ياخشىلىنىدۇ، كۆز سۇيۇقلۇقىنى سۈزۈلدۈرگۈچى سۈرمىلەردىن شىيافى مەرارات تارتىلىدۇ.

8. بىرەر نەرسىنى ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك كۆرۈش بەزىدە گوياكى بىر نەرسە ئېگىز جايدىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن قورققانغا ئوخشاش ھالەت پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ، بىرەر نەرسىنىڭ كۆز پەردىلىرىگە ئارقىمۇئارقا قۇيۇلۇشىدىن بولىدۇ.

داۋالاش خىلتقا مۇۋاپىق قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىستىفراغ قىلىنىدۇ، شەربىتى خەشخاش ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تاكى ماددىدا قويۇقلۇق پەيدا بولۇپ، قويۇلۇشتىن توختىسۇن. يەنە ھەمىشە چۈشكۈرتۈپ تۇرۇلىدۇ، تاكى ماددا بۇرۇن تەرەپكە يۆتكەلسۇن.

9. يىراقنى كۆرەلمەسلىك بەزىدە ئىنسان يىراقتىكى نەرسىگە سېلىشتۇرغاندا يېقىندىكى نەرسىنى ئوچۇق كۆرىدۇ. بۇ ھالەت كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ كەمتۈكلۈكى دېيىلىدۇ.

10. يېقىننى كۆرەلمەسلىك بەزىدە يېقىندىكى نەرسىگە سېلىشتۇرغاندا يىراقنى ئوچۇق كۆرىدۇ، بۇ ھالەت كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئۇزىرىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ كەمتۈكلۈكىدە يىراقتا سېلىشتۇرغاندا يېقىندىكى نەرسىلەرنى ئوبدان كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ئەسلىي سەۋەبى قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ زۆرۈرىيەتتىن زىيادە پۇلتىيىپ قېلىشىدۇر ياكى كۆز ئالمىسىنىڭ ئالدىدىن ئارقا تەرەپكە زىيادە ئۇزىرىشىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، بەزى ۋاقىتلاردا بىمارنىڭ كۆزى ئاشكارا شەكىلدە كۆپىيىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ، قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ زىيادە پۇلتىيىشىدىن نېمە ئۈچۈن يېقىندىكى نەرسىلەرنى ئوبدان كۆرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ تەپسىلىي جاۋابى «ئەزالارنىڭ مەنپەئەتلىرى» دېگەن كىتابتا ئىنچىكە شەرھلەنگەن. كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئۇزىرىشىنىڭ سەۋەبى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇنىڭدا قىرۇۋسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ پۇلتىيىشى نورمالدىكىدىن ئاز بولىدۇ.

داۋالاش ئىككىلا ھالەتتە مۇۋاپىق ئەينەكلەرنى تاقاش، بەدەن ھالىتىگە قاراپ ھۆللەشتۈرگۈچى ياكى ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى ۋە تەنقىيە قىلغۇچى چارىلەرنى قىلىش لازىم (ت).

ئالغايلىق ئالغايلىق كېسەللىكىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، ساغلام كۆزدە بىر نەرسە بىرلا كۆرۈنىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئىككى كۆرۈنمەيدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى بىر نەرسىنىڭ ئەكسى تورسىمان پەردىنىڭ ئىككى قارىمۇقارشى ئورنىغا چۈشىدۇ، بۇ، ئىچىگە بېرىپ بىر ئورۇندا بىرلىشىپ تەسىر قىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئوڭ كۆز تورسىمان پەردىسىنىڭ سىرتقى بۆلىكى سول كۆزنىڭ ئىچكى بۆلىكىگە ئوخشايدۇ، ئەكسىچە سول

كۆز تورسىمان پەردىنىڭ سىرتقى بۆلىكى ئوڭ كۆز تورسىمان پەردىنىڭ ئىچكى بۆلىكىگە ئوخشايدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن ئىككى تورسىمان پەردىنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكى بۇنىڭغا ئوخشاش بۇ ئىككى پەردىنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكى ئۆزئارا ئوخشاشتۇر. بۇنىڭ قارىمۇقارشى بۆلىكىنىڭ ئوخشاشلىقىنىڭ مەنىسى شۇكى، ئوڭ تەرەپ تورسىمان پەردىنىڭ سىرتقى بۆلىكىگە كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ تالاسى تارقالغاندۇر ۋە سول تەرەپ تورسىمان پەردىنىڭ ئىچكى بۆلىكىنىڭ تالاسى بىلەن كىرىسسىمان كېسىشكەن ئورۇندا بىرلىشىپ مېڭىنىڭ بىر تەرىپىگە بارىدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭ سول تەرەپ تورسىمان پەردىنىڭ سىرتقى بۆلىكىنىڭ تالاسى ئوڭ تەرەپ تورسىمان پەردىنىڭ ئىچكى بۆلىكىنىڭ تالالىرى بىلەن بىرلىشىپ، مېڭىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە بارىدۇ ۋە بۇ ئورۇندا شۇ تالا يېتىپ بېرىپ، بىر مەركەزدە ئاخىرلىشىدۇ.

ئالغايلىق كېسىلىدە ھەرقانداق نەرسە ئىككى كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بۇ ھالەتتە ئىككى كۆز قىيسىپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر نەرسىنىڭ ئەكسى ئىككىلا كۆزنىڭ تورسىمان پەردىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۆلەككە چۈشمەيدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئالغاي ئەگەر ئىككى كۆزى بىلەن ئىش قىلسا، ئۇلارغا بىر نەرسە ئىككى كۆرۈنىدۇ، لېكىن بۇ كىشى كۆپىنچە بىر كۆزى بىلەن ئىش قىلسا بۇلاردا ھەرقانداق نەرسىنى ئىككى كۆرمەيدىغان قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

سەۋەبى   بۇ كېسەللىك بەزىدە تۇغما بولىدۇ، بۇ داۋاسىزدۇر. يەنە بەزىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ، بۇ تۈر كۆپىنچە بالىلاردا كۆرۈلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نېرۋىلىرى يۇمشاق ۋە نازۇك بولىدۇ.

1. **باللاردىكى ئالغايلىق:** باللاردىكى بەزى ئالغايلىق سەرئى كېسەللىكى سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېڭە پەردىلىرى ئىششىيدۇ ۋە كۆزلىرىنىڭ قاتتىق پەردىسى تارتىشىدۇ، سەرئى يوقالغاندىن كېيىن كۆزلىرى ئالغاي پېتىچە تۇرۇپ قالىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ سەۋەبى ئانىنىڭ بالىنىڭ ئۇخلىشى ۋە سۈت ئېمىشىگە قائىدىسىزلىك قىلىشى ھەم ئېھتىيات قىلماسلىقىدىن بولىدۇ، مەسىلەن: بالىنى بىرلا تەرەپتە ياتقۇزۇپ ئۇخلىتىش ۋە شۇ تەرەپتىن ئېمىتىش قاتارلىقلار. بۇنداق ھالەتتە بالا ئانىسىغا شۇ ھالەتتە يېتىپ تۇرۇپ قاراۋەرسە، بالىنىڭ كۆزى ئالغايلىشىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ سەۋەبى بالىنىڭ قورقۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بالا قورقۇپ كەتسە، قورقۇتقان نەرسىنى بىلىش ئۈچۈن شۇ قورققان تەرەپكە ئۇزاققىچە قارايدۇ ھەمدە باشقا تەرەپكە قارىشى قىيىن بولىدۇ، بۇنىڭدىن كۆز قارىچۇقى ۋە پەردىلىرى تارتىشىدۇ ھەم يېقىمسىزلىنىدۇ.

ئالغايلىق كېسىلىدىكى كۆز ئالمىسىنىڭ سىلجىشى كۆزنىڭ بىر ياكى بىر قانچە

مۇسكۇللىرىدا ئېنىق بولمىغان تەشەننۇجتىن بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئىككى كۆزنىڭ نۇرى سىرتقى نەرسىلەر بىلەن بىرلىشەلمەيدۇ.

2. چوڭلاردىكى ئالغايلىق: بەزىدە چوڭلاردىمۇ كۆز ھەرىكەتلەندۈرگۈچى مۇسكۇللىرىنىڭ تەشەننۇجىدىن ئالغايلىق پەيدا بولىدۇ.

يەنى بۇ تەشەننۇج بىلەن كۆز ئالمىسى سىڭايان بولۇپ قالىدۇ.

(1) بەزىدە بۇ تەشەننۇجنىڭ سەۋەبى قۇرۇق سوغۇقلۇق بولىدۇ، مەسىلەن: ئۆتكۈر كېسەللىكلەردىن كېيىن ۋە ئىسسىقتىن بولغان سەرسامدا پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئەھۋاللاردا تارقاش ئۆتكۈر بولىدۇ، نېرۋىلار ۋە مۇسكۇللار ئىسسىقتىن قورۇلىدۇ.

(2) بەزىدە بۇ تەشەننۇجنىڭ سەۋەبى بىرەر بۇزۇلغان سۇيۇقلۇقنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ، بۇ، نېرۋىلار ۋە مۇسكۇللارغا تولۇپ تەشەننۇجقا سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: سەرئى كېسەللىكىدىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

بۇ ھالەتتە تولۇپ قېلىشتىن بولغان ماددىلىق تەشەننۇجنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ.

3. ئىسترخادىن بولغان ئالغايلىق: بەزىدە كۆز ئالمىسىنىڭ بىرەر مۇسكۇلىنىڭ ئىسترخالىنىشى سەۋەبىدىن كۆزلىرى يەنە بىر تەرەپكە سىڭايانلىشىپ ئالغاي بولۇپ قالىدۇ.

4. نامەلۇم سەۋەب: بەزى ئالغايلىق كۆزنىڭ ھۆللۈك قەۋەتلىرىنىڭ ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىشىدىن بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ باشقا نامەلۇم سەۋەبلىرىمۇ بولىدۇ.

بەزى ئالغايلىق كېسىلى بىلەن بىمارنىڭ كۆزىدە بىئاراملىق، ياش ئېقىش بولىدۇ.

قوشۇمچە بەزى كىشىلەردىكى ئالغايلىقنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى كۆز ئاجىزلاش، كۆزگە يىڭناسىقۇ چىقىش، قىزىتما، بەدەن ئاجىزلاش، ئاشقازان ۋە ئۈچەي كېسەللىكلىرى، بولۇپمۇ ئۈچەي قۇرتى، غەم - قايغۇ، بالىلارغا چىش چىقىش، باشقا سۇ يىغىلىش، ئالغايلىقنىڭ يۆتكىلىشى قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.

داۋالاش

1. بالىلارغا تۆۋەندىكى چارىلەر قىلىنىدۇ: بالىنىڭ كۆزى قايسى تەرەپكە مايماق بولۇپ قالغان بولسا، قارشى تەرەپكە قاراشقا مايىل قىلىش، بۇنىڭ شەكلى شۇكى، بۇنىڭ قارشى تەرىپىگە بىرەر نەرسە تېڭىپ قويۇلىدۇ، بۇنىڭغا قاراش ئۈچۈن قىزىقتۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: كۆز ئەگەر بىر تەرەپكە ئېگىلگەن بولسا، بالىنىڭ بۇرنى بىلەن كۆزنىڭ ئىچكى جىيىكى ياكى ئىككى چېكە ياكى قۇلاق بىلەن بىرەر قىزىل نەرسە چاپلاپ قويۇلىدۇ.

ياكى بالىنىڭ يۈزىگە بىر نىقاب يېپىلىدۇ. نىقابنىڭ كۆز قارىسى ئۇدۇلىدا بىر تۆشۈك بولسۇن ۋە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا چىراغ قويۇلىدۇ، ھەم بالىنى يېقىمسىزلانغان تەرەپكە تۈز قاراشقا

ئۈندىلىدۇ، بۇ كۈچەش ۋە يېقىمسىزلىق بىلەن قاراشتىن كۆزلىرى ساغلام بولىدۇ، لەقۋا بىمارلىرىنىڭ يۈزى ئەينەككە قاراش بىلەن ئوڭشىلىدۇ.

ئەسكەرتىش ئالغايلىقنىڭ بۇ تۈرىگە ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىق لازىم، چۈنكى بالىلارنىڭ ئەزالىرىدا ھۆللۈك بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ داۋالاشنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ، بۇنىڭدا بالىنىڭ بېشىغا تەكيى (ياستۇق) قويۇشتىن يۇملاق باشنى ئۇزۇنچاق قىلىپ قويغانلىقنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئەگەر سۆڭەك بولۇپمۇ باش سۆڭىكى ئەسلىدىنلا قاتتىق بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلسا، يۇمشاق نېرۋا ۋە يۇمشاق پەردىلەر نېمىشقا بۇ تەسىرنى قوبۇل قىلالمىسۇن.

بالا ئېمىتىۋاتقان ئانىغا لەتىپ غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، تەبىئىي ھارارەت ۋە ئەسلىي قۇۋۋەتلەر كۈچلىنىپ تاكى ئۆز ئورنىغا قايتسۇن ۋە بۇخارات پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر بېرىلمەيدۇ، ئالغايلىق سەرئى كېسىلىدىن كېلىپ چىققاندا يۇقىرىدىكى ئۇسۇلنى قوللىنىش لازىم.

2. ئەگەر قۇرۇق تەشەننۇج بولغان بولسا، ھۆللەشتۈرگۈچى نۇتۇللار ۋە ياغلار بىلەن ھۆللۈك پەيدا قىلىنىدۇ، بۇ قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇجتا سۆزلەندى، كۆزگە ئېشەك سۈتى ۋە قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى تېمىتىلىدۇ.

ھۆللۈكتىن تەشەننۇج بولغان ئەھۋالدا تولۇپ قېلىشتىن بولغان تەشەننۇجنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، ئايارەجنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ، غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، يەڭگىل غىزالار بېرىلىدۇ.

3. ئىستىرخادىن بولغان ئالغايلىقتا ئىستىرخانى داۋالاشنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم، بۇ ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

4. ئەگەر سەۋەبى نامەلۇم بولسا، مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن مامىرانچىنى ۋە بەدىيان زىمات قىلىنىدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەر تازىلىنىدۇ، يەنى مۇسھىل بېرىلىدۇ ھەمدە قۇستۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەشەننۇجقا مەنپەئەت قىلىدىغان دورىلار ۋە جاۋارىشلار يېگۈزۈلىدۇ، ئەگەر يەللەرنىڭ ئاشقازاندىن مېڭە تەرەپكە ئۆرلىشىدىن بولغان بولسا، قۇستۇرۇش ۋە ئىچىنى سۈرگۈزۈش بىلەن ئاشقازاننى پاكىزلاش ھەمدە ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلار ئارقىلىق يەللەرنى تارقىتىش لازىم.

نامازشام قارىغۇسى

بۇ بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا بىمار كەچتە كۆرەلمەيدۇ، ھەتتا قاراڭغۇ جايدىمۇ كۆرەلمەيدۇ، كۈندۈزدە كۆرەلەيدۇ، لېكىن قۇياش پاتقان ۋاقىتتا كۆرۈش ئاجىزلايدۇ، بەزى كىشىلەر ئويلايدۇكى، نامازشام قارىغۇسى كەچتە كۆرەلمەسلىكنىڭ نامىدۇر. ئەگەر بۇ كېسەللىك

ناهايىتى ئۆتكۈر بولسا، ھاۋا بۇلۇتلۇق كۈندىمۇ كۆرۈش قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بىر قىسىم مەخسۇس خىلىتلاردۇر، بۇ، كۆرۈش روھىنى كېچىدە دۇغلاشتۇرۇپ، قويۇق قىلىپ قويىدۇ ھەمدە كۈندۈزدە ئاپتاپنىڭ ئىسسىقلىقى، يورۇقلۇق ۋە ئۇيقۇسىزلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن تارقايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمار كۈندۈزدە ئېنىق كۆرۈپ، كېچىدە كۆرەلمەيدۇ.

بۇ كېسەللىك كۆرۈش روھىنى كەچتە دۇغلاشتۇرۇپ قويىدىغان ۋە كۈندۈزى ئاپتاپنىڭ ئىسسىقلىقى، يورۇقلۇق ۋە ئويغاقلىق ھەرىكىتىدىن تارقاپ كېتىدىغان بىر خىل مەخسۇس خىلىتلار سەۋەبىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندۈزى كۆرۈش قۇۋۋىتى ئۆتكۈرلىشىدۇ ۋە كەچتە كۆرەلمەيدۇ.

قوشۇمچە بۇ كېسەللىك تور پەردىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ داۋاملىشىشىدا تور پەردىنىڭ ئىچىدىكى ئىككى قىسىم ھۈجەيرە ناهايىتى مۇھىم رول تۇتقان. بىرى ئەجسامى ئەسۇبەدۇر، بۇ تۇتقۇچقا (ساپلىققا) ئوخشايدۇ، بۇ ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى كەچتە ۋە ئاجىز يورۇقلۇقتا بېجىرىدۇ. يەنە بىرى، كونۇسسىمان ھۈجەيرە: بۇ ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى كۈچلۈك يورۇقلۇقتا ۋە كۈندۈزدە بېجىرىدۇ.

نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىدە ئەجسامى ئەسۇبەدە بۇزۇلۇش كۆرۈلىدۇ ۋە كونۇسسىمان ھۈجەيرە ساغلام تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىمار كۈندۈزى كۆرەلەيدۇ، لېكىن كەچتە كۆرەلمەيدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە كۈندۈزى كۆرمەسلىك كېسىلىدە (بۇنىڭ بايانى بۇ كېسەللىكنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ) كونۇسسىمان ھۈجەيرە كېسەللىنىدۇ، ئەجسامى ئەسۇبە ساغلام تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندۈزى كۆرمەسلىك كېسەللىكىدە بىمار كۈندۈزى كۆرەلمەيدۇ، كەچتە كۆرەلەيدۇ.

ئىرسىي سەۋەبلەر بەزىدە بۇ كېسەللىك ئىرسىيەتلىك بولىدۇ، بەزىدە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىق، كۆزگە كۈچلۈك قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى، ھۆللەشتۈرگۈچى ۋە سوغۇق نەرسىلەرنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىش، ئاشقازان ۋە ئۈچەينىڭ بۇزۇلۇشى، ھارغىنلىق ۋە باشقىلاردىن پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىك تارقىلىشچان كېسەللىك شەكلىدە يۈز بېرىدۇ. جىگەر ئاجىزلىقى، سىركە، سەنكىيا ۋە باشقىلارغا ئوخشاش زەھەرلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلىشتىنمۇ نامازشام قارىغۇسىنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ يېگىلىشىدۇر، بەزى ۋاقىتلاردا بۇنىڭ بىرەر سەۋەبى مەلۇم بولمايدۇ، ئىسسىق مەملىكەتلەردە پاراخوت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇقىنىڭ ناچار بولۇشى ۋە ئۆتكۈر يورۇقلۇقنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. ئوزۇقلۇق ماددىلار، ماي ماددىسى كەم بولۇش، كەم قانلىق، قاراڭغۇدا دىققەت بىلەن قاراش، كۆرۈشكە زىيادە كۈچەش بىلەنمۇ كۆزنىڭ كۆرۈشكە

يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش شارائىتى ھازىرلىنىدۇ.

ئالامىتى بىمار كۈندۈزدە كۆرەلەيدۇ، نامازشام ۋاقتىدا كۆرەلمەيدۇ. بۇ كېسەللىك ئىسسىق مەملىكەتلەردە سوغۇق ۋاقىتلاردا كۆپ پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ئەرلەردە ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ بولىدۇ، ياش ئېتىبارى بىلەن باللار بۇ كېسەللىككە كۆپ گىرىپتار بولىدۇ، ئومۇمەن ئىككىلا كۆزى كېسەللىنىدۇ، لېكىن ئىككى كۆزنىڭ كېسەللىنىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. مۆڭگۈزسىمان پەردىنىڭ ئۈچ بۇرجەك پەردىسى قۇرۇق كۆرۈنىدۇ، بۇ نەرسىنىڭ ئوخشىمىغان ئورۇنلىرىدا دۇغ، ئاق كۆپۈك توپلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ پاكىزلىۋېتىلسە، يەنە كۆپۈك توپلىنىدۇ، بۇ، نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىنىڭ مۇھىم ۋە خاس ئالامىتىدۇر. بۇ كېسەللىك بىلەن ئومۇمەن قۇرۇقلۇقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىمۇ بولىدۇ، نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكى بىمارى كۆزى ساغلام كىشىلەرگە قارىغاندا قۇياش تەرەپكە ئۇزاق مەزگىلگىچە قارىيالايدۇ ھەمدە كەچتە پەقەت ئۆتكۈر، ئوچۇق يۇلتۇزلارنى كۆرىدۇ، بىراق يورۇقلۇقى تۆۋەن يۇلتۇزلارنى دۇربۇن بىلەنمۇ كۆرەلمەيدۇ.

داۋالاش ئايارەجلەر ۋە غار - غارلەر بىلەن بۇ قىسمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان بۇزغۇچى ماددىنى چىقىرىپ تاشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مۇچ، كۈندۈش، قۇندۇز قەھرى ۋە سەبرە بىلەن چۈشكۈرتۈلىدۇ. تارقاتقۇچى قايىنتىلمىلار، مەسىلەن: بەدىيان، سېرىقچېچەك، بابۇنە، بەرەنجاسىپ، مەرزەنجۇش، پىننە، سۇزاپ قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ.

ئۆچكىنىڭ جىگىرىنى كىچىك ئېغىزلىق قازاندا ئازراق بەدىيان ۋە پىلپىل بىلەن قايىنتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھورلاندۇرۇلسا ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ياغدا قورۇلغان جىگەر بىلەن ھورلاندۇرۇلسىمۇ ياخشى ئۈنۈمى بولىدۇ.

غىزاسىغا ھىڭ، پىننە، قىچا، يالپۇز، ھىڭ دەرىخى يىلتىزى قوشۇلغان ئۆتكۈر تاماقلار يېگۈزۈلىدۇ. چۈنكى بۇ بەلغەمنى كېسىدۇ ۋە لەتىفلەشتۈرىدۇ ۋە كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. پىلپىلنى بەدىيان بىلەن يۇمشاق سوقۇپ، كاۋاپ قىلىنغان ئۆچكە جىگىرى ياكى ئەركەك كالا جىگىرى ئۈستىگە سەپسە جىگەردىن سۇ چىقىدۇ، ئۇنى ئىچىپ بەرسە، ھەم ئۇ جىگەرنى سالايە قىلىپ، كۆزلىرىگە چېپىپ بەرسە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئەگەر پىلپىل ۋە ئېگىرنى ئۆچكىنىڭ جىگىرىگە سېپىپ كاۋاپ قىلىپ ئۇنىڭدىن چىققان ھۆللۈكنى كۆزگە سۈركەپ بەرسە پايدىلىقتۇر، نامازشام قارىغۇلۇقىنى يوقىتىشنىڭ بۇ ئىلاجى

ئاجايىپ ئۈنۈملۈك بولۇپ، يۇقىرىقى نۇسخىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئومۇمىي بەدەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ، ئەتىگەندە بەش گىرام جاۋاھىرلار چۈشكەن خېمىرى گاۋزىبان ياكى جاۋاھىرلار چۈشكەن داۋائىلمىشكى مۆتەدىل ياكى خېمىرى مەرۋايىتتىن بەش گىرامنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى گۇلابتىن 72 گىرامدىن ئېلىپ، 24 گىرام ئانار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، كەچتە يەتتە گىرام ئىترىفىل كەبىر ياكى ئىترىفىل سەغىر سۇ بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بېلىق يېغى ۋە ھايۋانات جىگىرىنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ يېگۈزۈشمۇ پايدىلىقتۇر.

ئەگەر ھايۋانات جىگىرى بىلەن مايلىق نەرسىلەرمۇ يېگۈزۈلسە، زىيادە پايدىلىق بولىدۇ، ئومۇمىي بەدەننى كۈچلەندۈرگۈچى، مەسىلەن: پولات كۈشتىسىنى جاۋارىش جالىنۇس ياكى مەجۇنى ئازاراقىغا ئارىلاشتۇرۇپ غىزادىن كېيىن يېگۈزۈشمۇ پايدىلىقتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن كەچلىكى ئۇخلاش ۋاقتىدا ئەرقى بەدىيانغا زەنجىۋىلنى سۈرۈپ، كۆزلىرىگە تارتىلىدۇ ياكى ئەركەك كالىنىڭ ئۆتىنى شېشىگە تولدۇرۇپ ئىككى كۈن ئاپتاپتا قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆزگە تارتىلىدۇ ياكى ئەركەك كالا، چىشى كالىنىڭ ئۆتىدە ئۈچ قېتىم ھۆللەپ قۇرۇتۇلغان زەرچىۋە، لىمون سۈيىدە ئۈچ قېتىم ھۆللەپ قۇرۇتۇلغان سەنگى بەسرى ئالتە گىرام، ئوت ئۈستىدە تۆت قېتىم قىزارتىپ لىمون سۈيىدە ئۆچۈرۈلگەن كەرتى ئۇرۇقى مېغىزى، گۈليەسمەن ھەربىرىنى ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بەدىيان سۈيىدە سۈرمىگە ئوخشاش ئوبدان يۇمشاق قىلىپ كۆزگە تارتىلىدۇ. ئەگەر ئاشقازان بۇزۇلغان بولسا، جاۋارىش جالىنۇسنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم، بەش گىرام كۈشۈش ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ، ئېزىپ شىرىسىنى چىقىرىپ 48 گىرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن، كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ، غىزادىن كېيىن ھەببى كەبەد نۇشادارى ئىككى تالدىن، ئىككى ۋاخ يېگۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە ئىترىفىل كەبىر ياكى ئىترىفىل كەشنىز يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش غىزاسىغا لەتىف، ئاسان سىڭىدىغان ۋە كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار، مەسىلەن: توخۇ، ئۆچكە، پاختەك، قوي گۆشى شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم تۇخۇم، سۈت، قايماق، پۇرچاق ئۇنى كاكچا نېنى بىلەن بېرىلىدۇ. مايلىق نەرسىلەرنى يېيىش، ھەسەل ۋە كاۋاپ قىلىنغان ھايۋانات جىگىرىنى يېگۈزۈش ناھايىتى پايدىلىق. سوغۇق يەللىك، كۆپتۈرگۈچى ۋە

تەستە ھەزىم بولىدىغان نەرسىلەردىن سامساق، پىياز، ئەدەس ئۈنى، باقلە، لوبىيا، يېسىۋىلەك ھەمدە كاللا ـ پاچاق ۋە باشقىلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش، سۇ ۋە ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش لازىم.

كۈندۈز قارىغۇسى

بۇ بىر خىل كېسەللىكتۇر، بۇنىڭدا بىمار كۈندۈزدە كۆرەلمەيدۇ. كەچتە ۋە ھاۋا بۇلۇتلۇق كۈنلەردە نورمال كۆرىدۇ، بۇ كېسەللىك نامازشام قارىغۇسىنىڭ ئەكسىدۇر.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى روھنىڭ سۇيۇق ۋە كەملىكىدىن بولىدۇ، بۇ، ئاپتاپنىڭ يورۇقلۇقى ۋە ئىسسىقلىقى بىلەن تارقايدۇ ۋە قاراڭغۇ ھەم سوغۇق ھاۋادا (تارقاشنىڭ بولماسلىقى سەۋەبلىك) يىغىلىدۇ.

ئىرسىي سەۋەبلەر كۈندۈز قارىغۇلۇقىنىڭ سەۋەبلىرى ئومۇمەن قاراڭغۇدا كىچىك خەتلىك كىتابلارنى ئوقۇش، ئاپتاپنىڭ نۇرىغا ئۇزاققىچە قاراش، كۆپ جىما قىلىش ۋە مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ، بۇ كېسەللىك قۇرۇق مىزاج ۋە ياشانغانلاردا ھەم قۇرغاق دۆلەتلەردىكى كىشىلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى بىمار كۈندۈزى كۆرەلمەيدۇ، لېكىن كەچكە يېقىنلاشقانسېرى كۆرۈشكە باشلايدۇ ھەمدە ئەتىگەن بولسىلا كۆرەلمەيدۇ. سوغۇق پەسىللەردە بۇ كېسەللىك كۆپ كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش ئۇنىڭ ئىلاجى ھۆللەشتۈرۈشتۇر، يەنى مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن سۈت، بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ، سوۋۇتقۇچى لوئابلار ۋە بىر خىل چۈچۈمەل ئاپېلسىن سۈيىنى شەربىتى بىنەپشە، شەربىتى نىلۇپەرگە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سوغۇق سۇغا شۇڭغۇپ، كۆزلىرىنى ئېچىشنى ئېيتىش، قاننى قويۇلدۇرۇش مەقسىتىدە ھالۋا، كاللا ـ پاچاق، پاقلان گۆشى يېگۈزۈش لازىم.

ئەمەلىي داۋالاش كىچىك خەتلىك كىتابلارنى ئوقۇماسلىق، ئاپتاپقا ۋە چاقنايدىغان نەرسىلەرگە قارىماسلىق، جىمانى تامامەن تەرك ئېتىش، ئۇنداق بولمىسا نورماللىقنى نەزەردە تۇتۇش لازىم.

ئەگەر مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولسا مېڭە ئاجىزلىقىنىڭ داۋاسى قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بايانى ئاجىزلىقتىن بولغان باش ئاغرىقىدا سۆزلىنىپ بولدى، بەرودى كافۇرنى ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا كۆزگە تارتىش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئادەتتىكى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئۆچكىنىڭ كاللا - پاچىقى، ئۆچكە گۆشى شورپىسى، توخۇم، ماش ئۈنى، بولكا، گۈرۈچ، سۈت، قايماق قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. چۈچۈمەل، ئۆتكۈر، تۇزلۇق نەرسىلەردىن، ھاراقكەشلىك، غەم ۋە ئاچچىقلىنىش، قىزىلمۇچ، قارا شېكەر ۋە ياغ قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

خەفەش كېسەللىكى

بۇ بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئىنسان تۇغۇلۇشى بىلەنلا كۆرۈلىدۇ، بۇ كېسەللىكنى ئەرەبچىدە «خەفەش»، ئوردۇ تىلىدا «چەندا» دەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۈڭگۈزسىمان ۋە ئۈزۈمسىمان پەردىنىڭ نېپىز بولۇشىدىن ئاپتاپنىڭ نۇرى ۋە يورۇقلۇقنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى ياكى تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ تۇغۇلۇشتىنلا مىقدارىنىڭ ئاز بولۇشى ياكى ئۈزۈمسىمان پەردە ۋە بالا ھەمراھسىمان پەردىدە قارا ماددا مىقدارىنىڭ ئاز بولۇشىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان كۈننىڭ يورۇقىدا شەيئىلەرنى تولۇق كۆرەلمەيدۇ. چۈنكى كۈچلۈك يورۇقلۇق سەۋەبىدىن كۆرۈش روھى چېچىلىپ كېتىدۇ.

كۈن پاتقان ۋاقىت ياكى ھاۋا تۇتۇق كۈنى بىمار ئوبدان كۆرەلەيدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئاجىزلىق بولىدۇ ۋە ئىنسان كۈندۈزدىمۇ سايە ئورۇنلاردا كۆرەلەيدۇ، يورۇقلۇقتا كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمار كۆزىنى كىچىكلىتىۋالىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ كېسەللىكنىڭ نامى خەفەش قويۇلغاندۇر. چۈنكى لۇغەتتە خەفەشنىڭ مەنىسى كۆزنىڭ كىچىك بولۇشىدۇر، بۇ كېسەللىكنىڭ داۋاسى يوقتۇر.

بەزىدە بۇ كېسەللىكتە تاكى قاپاق ۋە كۆز پەردىلىرى قارىدىغىچە بىنەپشە يېغىنىڭ تۈتۈنىگە تۇتۇلىدۇ تاكى قارىلىق سەۋەبىدىن نۇر يىغىلسۇن ۋە كۆزلىرى يورۇقلۇققا قاراشقا قادىر بولسۇن.

باشقا تېۋىپلارنىڭ كۆزقارىشى: كۆپىنچە تېۋىپلار خەفەشنى كۆرۈش ئاجىزلىقى دەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن قاپاق ھەمىشە ياش بىلەن ھۆللىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ گۇمانىغا ئۇيغۇن بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى شۇكى، بەدەن ۋە باشتىن ماددىنى ئىستىفراغ قىلىش، ئاندىن تۇتىيائى ھىندى، سۈرمە ئىسپاھانى، ئاس يوپۇرمىقى كۈلى ۋە ئانارگۈلنىڭ كۈلى سۈرمە شەكلىدە تارتىلىدۇ.

كۆچلۈك يورۇقلۇقتا قاراشتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقى (قۇمۇر)

كۆچلۈك يورۇقلۇقتا قاراشتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقى ئەمەلىيەتتە كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ھارغىنلىقىدۇر. بۇ مۇزغا ئۇزاققىچە قاراشتىن پەيدا بولىدۇ، چۈنكى ئاپتاپنىڭ نۇرلىرى مۇزدىن كۆز تەرەپكە قايتىپ كېلىدۇ ھەمدە كۆرۈش روھىنى چاچىدۇ ۋە ئاجىزلاشتۇرىدۇ. مەيلى ئاپتاپ چىقسۇن ياكى ئاپتاپ چىقمىسۇن.

بۇ كېسەللىك خۇسۇسىيىتى بىلەن مۇز تەرەپكە قاراشتىنلا بولماستىن، بەلكى تامامىي ئۆتكۈر يورۇقلۇق ۋە قاتتىق ئاقلىقلارغا قاراشتىنمۇ بولىدۇ، بۇنى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا مۇشۇنداق ئوچۇق ئېيتقان.

بۇ كېسەللىك ئادەتتە سوغۇق مەملىكەتلەردە، مۇزلۇقلاردا سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ كۆزىدە كۆرۈلىدۇ. ئەگەر سەپەر قىلغۇچى يولنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆزىنى ئاچسا، پۈتۈن دۇنيا مۇز بىلەن قاپلانغاندەك كۆرۈنىدۇ ۋە ئاپتاپنىڭ نۇرلىرى بىلەن شۇنداق پارقىرايدۇكى، قىسقا ۋاقىتقىچە كۆزلىرىنى ئېچىپ تۇرۇش قىيىن بولىدۇ. قىسقىسى بۇ بىر مۇسىبەتلىك كۆرۈنۈشتۇر.

داۋالاش يۈزىگە قارا رەخت يېپىلىدۇ، قارا كىيىم كىيگۈزۈلىدۇ. كۆزلىرىنىڭ ئاستى ئوچۇق قالسا، قارا شارپا بىلەن باغلاش لازىم.

ھەممىسىدىن ياخشىراقى تۈرك كىشىلىرى ئۆزىنىڭ سەپىرىدە ئىشلىتىدىغان، چارۋىچىلار ھايۋانات قۇيرۇقىنىڭ قارا يۇڭىدىن ياسىغان تورسىمان نىقابتۇر (تۈرك نىقابى). چۈنكى بۇ، قارىلىقى سەۋەبىدىن نۇرنى سۈمۈرۈپ يىغىدۇ، ئۇنىڭدا تورغا ئوخشاش تۆشۈك بولغانلىقى ئۈچۈن نەرسىلەرنى كۆرۈشتىمۇ توسالغۇ پەيدا قىلمايدۇ.

كۆزنى سۈتتە يۇيۇش، كۆزىگە ئېزىلگەن بادام بولۇپمۇ ئاچچىق بادامنى زىمات قىلىش ھەمدە ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم.

تاشقى سەۋەبتىن بولغان كۆز ئاغرىقى ئەگەر مۇز تەرەپكە قاراش بىلەن كۆز ئاغرىقى پەيدا بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى تارقاتقۇچى نەرسىلەر بىلەن قىلىش لازىم، بۇنىڭ بىلەن

تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىدۇ، ماددىلار لەتىفلىشىپ سۈيۈلىدۇ، مەسىلەن: لاتاپەت پەيدا قىلغۇچى قايناتمىلار بىلەن ھورلاندۇرۇش ۋە بۇنىڭغا چامغۇر، سامساق كۆكى، سامساقنىڭ قۇرۇق پوستى، قۇرۇق زۇپا، بابۇنە ۋە ئىكلىلمەلىك قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىلغان بولسۇن. شارابنىڭ بۇخاراتى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ، بۇ قىزىتىلغان تۈگمەن تېشى ياكى قىزدۇرۇلغان مىس ئۈستىگە تامچىلىتىپ چۈشۈرۈپ ھوردىتىلىدۇ.

قاراڭغۇ جايلاردا تۇرۇشتىن بولغان ئەمالىق بۇ، قاراڭغۇ ئۆيلەردە ئۇزاق مۇددەت تۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

سەۋەبى كىشى ئۇزۇنغىچە قاراڭغۇدا تۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز سىرتقا چىقسا، كۆز قارىچۇقى كېڭىيىدۇ ۋە كۈن نۇرى كۆرۈش قۇۋۋىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

چۈنكى ئىنسان قاراڭغۇ ئۆيدە تۇرغاندا كۆز قارىچۇقى كېڭەيگەن بولىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە كۆزلىرى ئۆتكۈر يورۇقلۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. يەنى كىشى قاراڭغۇ جايدىن تۇيۇقسىزلا يورۇقلۇققا چىقسا، ئۆتكۈر يورۇقلۇق كېڭەيگەن كۆز قارىچۇقى يولى بىلەن كۆپ مىقداردا كۆزنىڭ نازۇك تۈزۈلۈشلىرىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ نورمال خىزمەت پائالىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئىمامى ئىبنى ھىشىم ئېيتقاندەك كۆرۈش ئىدراكىغا ئەلەملەر يېتىدۇ. يەنى ئۆتكۈر يورۇقلۇق كۆز ئۈچۈن پەقەت ئاغرىققا سەۋەبچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەزى ۋاقىتلاردا كۆرۈش قۇۋۋىتىنى يوقىتىۋېتىدۇ. قىسقىسى، بۇ ھالەتتە قۇياش نۇرلىرى كۆز نېرۋىلىرىغا ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلىك تەسىر بېرىدۇ.

داۋالاش ئاپتاپ تەرەپكە قارىماسلىق ھەمدە يۈزىگە كۆك رەڭلىك نىقاب تاقاش. تۆمۈر بىلەن قوغۇشۇن سۈركىگەن تەرەپكە قارىتىش، ياخشى تاماقلارنى يېگۈزۈش، كېچىدە تاماق يېيىشنى توسۇش، روزا تۇتۇش ۋە جىما قىلىشتىنمۇ توسۇش لازىم.

ئاق، ئوچۇق رەڭ نۇرنى چاچىدۇ، قېنىق، قارا رەڭ نۇرنى يىغىدۇ، كۆك رەڭ ئۇ ئىككى رەڭنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ (نەفىيس).

قاراڭغۇدا قىسقا ۋاقىت تۇرۇش قاراڭغۇدا قىسقا ۋاقىت تۇرۇش سەۋەبىدىن باشقا ئەزالارنىڭ ساغلاملىقى بۇزۇلغىنىدەك كۆزگە ئوخشاش نازۇك ۋە لەتىپ توقۇلمىلىق ئەزالارمۇ بۇزۇلىدۇ.

كۆزنىڭ سۇيۇقلۇقلىرى دۇغ ۋە قارا بولىدۇ، كۆرۈش كۈچى ئازدۇر - كۆپتۇر نورمالسىزلىنىدۇ.

داۋالاش ئەگەر بۇ ئەھۋال بولسا لەتىفلەشتۈرگۈچى سۈرمە، لەتىفلەشتۈرگۈچى غىزا ۋە لەتىفلەشتۈرگۈچى مەجۇنلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، لەتىفلەشتۈرگۈچى سۈرمىلەرنىڭ مىسالى باسلىقۇن ۋە شىيافى مەرائەتتۇر.

كۆزنىڭ يورۇقلۇققا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى

بۇ ئىش شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، كۆرۈش روھى ۋە كۆزدە ھارارەت، نۇرلاندۇرۇش زىيادە بولىدۇ، **شۇنىڭ ئۈچۈن كۆز يورۇقلۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.**

بۇ ھالەت كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىسسىقتىن بولغان سەرسامدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئەگەر بۇ ھالەت كۆزنىڭ بىرەر كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن، **مەسىلەن: كۆز ئاغرىش، كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆز تورلىشىش** ياكى قاپاق قوتۇرى سەۋەبىدىن بولسا سەرسامنىڭ خەۋپى بولمايدۇ.

داۋالاش ئۇنىڭ ئىلاجى سوۋۇتۇش ۋە ھۆللەشتۈرۈشتۇر، **بۇ ئۇسۇل قايتا - قايتا سۆزلىنىپ** بولدى.

قاپاق كېسەللىكلىرى (ئەمرازى ئەجفان)

قاپاق كۆز ئويمىنىدا قاپقاققا ئوخشاش تېرىنىڭ نېپىز ئىككى ئۆسۈكچىسى بولۇپ، كۆز ئالدىغا جايلىشىدۇ.

ئەگەر قاپاق يېپىلسا كۆز ئۆز ئويمىنى ئىچىگە يۇشۇرۇنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆز سىرتقى ئەزىيەتلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئادەم ئۇخلاشقا ئوخشاش ھالەتلەردە كۆزمۇ ئارام ئالىدۇ. ئۈستۈنكى قاپاق ئاستىنقى قاپاقتىن چوڭ بولۇپ، زىيادە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۈستۈنكى قاپاقتا بىر مۇسكۇل ئارتۇق بولۇپ، بۇ، قاپاقنى ئۈستىگە كۆتۈرۈش، كۆزنى يۇمۇش ئۈچۈن يارىتىلغان. كۆزنى ئېچىپ تۇرغاندا ئىككى قاپاقنىڭ ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى گىرۋەكلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر ئېللىپس شەكىللىك بۇرجەكلىك ئورۇن كۆرۈنىدۇ. بۇ ئىككى قاپاقنىڭ تۇتاشقان ئورنىدىكى ئىچكى ۋە سىرتقى تەرەپتە پەيدا بولىدۇ. ئىچكى تەرەپ يەنى بۇرۇن ئەتراپىدىكى بۇرجەك ئىچكى بۇرجەك دېيىلىدۇ. سىرتقى تەرەپتىكى بۇرجەك سىرتقى بۇرجەك دېيىلىدۇ. كۆز سىرتقى بۇرجىكى ئىچكى بۇرجىكىگە قارىغاندا تارراق بولىدۇ ھەمدە كۆز ئالمىسىنى زىيادە ئوراپ تۇرىدۇ. كۆز ئىچكى بۇرجىكى شۇ قەدەر چوڭ ۋە ئۇزۇن بولىدۇكى، ئىككى قاپاق كۆز ئالمىسى بىلەن بىر ئۈچ بۇرجەكلىك بوشلۇق ئارقىلىق ئازراق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مەزكۇر بوشلۇقنىڭ باشلىنىش ئورنىدا بىر كونۇسسىمان ئۆسۈكچە كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۆشۈك بولىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇ تۆشۈكچىنىڭ نامىنى «بەۋالەتەيىن» دەپ ئاتايدۇ. ياش كانىلى بۇ نۇقتىدىن باشلىنىدۇ.

قاپاق توقۇلمىسىدا تۆۋەندىكىلەر بولىدۇ:

ھەممىدىن ئۈستىگە جايلاشقىنى تېرە بولۇپ، بۇنىڭ ئاستىدا بىر بوشاشقان بىرىكتۈرگۈچى تارمۇش توقۇلمىسى بولىدۇ. بۇ، تېرە ۋە تېرە ئاستى توقۇلمىسىنى بىرلەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ ئاستىدا كۆزنى يۇمدۇرغۇچى يۇملاق مۇسكۇل بولىدۇ. بۇنىڭ ئاستىدا قاپاق كۆمۈرچىكى ۋە قاپاقنى ئۆز جايىدا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەتراپىدىكى سۆڭەكلەر بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان تارمۇششىمان پەردە بولىدۇ. قاپاق كۆمۈرچىكى ئاستىدا كىچىك مەرۋايىتقا ئوخشاش بەزلەر بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىر تۈرلۈك ياغسىمان ھۆللۈك چىقىپ، قاپاقنى چاپلىشىپ قېلىشتىن

ساقلايدۇ. بۇنىڭ ئاستىدا كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىنىڭ قاپاقنى ئوراپ تۇرىدىغان بۆلىكى بولىدۇ. قاپاق ئەزالىرىدىن يەنە كىرپىكلەر بولۇپ، قاپاقنىڭ گىرۋەكلىرىگە جايلىشىدۇ. يۇقىرىقى قاپاقتا يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەردىن سىرت كۆزنى ئاچقۇچى مۇسكۇلمۇ بولىدۇ.

كىرپىك

كىرپىك مۇستەھكەم، ئېگىلگەن موي بولۇپ، قاپاق گىرۋەكلىرىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ. يۇقىرىقى قاپاقتىكى كىرپىكنىڭ سانى ۋە ئۇزۇنلۇقى تۆۋەنكى قاپاقتىكى كىرپىكتىن كۆپ ۋە ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ كىرپىكلەرنىڭ سەپلىرى ئىككى ياكى ئۈچ بولىدۇ. ئاستى - ئۈستى كىرپىكلەرنىڭ بىرلىشىپ ئىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يۇقىرىقى قاپاقنىڭ كىرپىكلىرى ئۈستى تەرەپكە، تۆۋەنكى قاپاقنىڭ كىرپىكلىرى ئاستى تەرەپكە ئېگىلگەن بولىدۇ.

قاپاق ساڭگىلاش

بەزىدە كۆز ئاغرىقى بىلەن يۇقىرىقى تامام قاپاق ياكى پەقەت ئۇنىڭ ئاستى بۆلىكىلا بوشىشىدۇ، دەسلەپكى ئەھۋالدا قاپىقى تامامەن كۆتۈرۈلمەيدۇ، لېكىن ئىككىنچى ئەھۋالدا پەقەت ئاستى بۆلىكىلا يۇمۇلۇپ ئېچىلمايدۇ.

قوشۇمچە بۇ كېسەللىكتە قاپاقنى كۆتۈرگۈچى مۇسكۇلنىڭ بوشىشى ياكى يىگىلىشى سەۋەبىدىن ئۈستۈنكى قاپاق ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەندەك مەلۇم بولىدۇ، بەزىدە قاپاق قېلىنلاپ ئېغىرلىشىش سەۋەبىدىنمۇ بۇ خىل كەيپىيات پەيدا بولىدۇ.

قاپاق ساڭگىلاش بەزىدە ئاشكارا بولىدۇ، بەزىدە يەڭگىل ھالەتتە بولىدۇ. بەزىدە قاپاق ساڭگىلاپ كۆز قارىچۇقىنى توسۇۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆرۈش پائالىيىتى يوقىلىدۇ. بۇ ھالەتتە بىمار پېشانە مۇسكۇلىنىڭ ياردىمى بىلەن قاپاقنى ئۈستىگە كۆتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ پېشانىسىگە قورۇق چۈشىدۇ ھەمدە بىمار بېشىنى ئارقا تەرەپكە ئېگىپ قاراشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ مەزكۇر كېسەللىكنىڭ مەخسۇس شەكلىدۇر.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك قاپاقنى كۆتۈرگۈچى مۇسكۇللارنىڭ بوشىشىدىن بولىدۇ. بەزىدە پالەچ ۋە لەقۋانىڭ تەسىرىدىنمۇ قاپاق بوشىشىدۇ، بۇ سۆزلىنىپ بولدى.

قوشۇمچە قاپاق بوشىشىش بەزىدە تۇغما ۋە بەزىدە ناتۇغما بولىدۇ. تۇغما بوشىشىش

قاپاقنى كۆتۈرگۈچى مۇسكۇلنىڭ كىچىكلىكى ۋە يىگىلىشى سەۋەبىدىن ئىككى كۆزنىڭ يۇقىرىقى قاپىقىدا كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچە بۇنىڭ بىلەن باشقا تۇغما نۇقسانلارمۇ مەۋجۇت بولىدۇ.

ناتۇغما بوشىشىش ئومۇمەن بىرلا كۆزنىڭ يۇقىرىقى قاپىقىدا بولىدۇ. بۇ، مېڭە ئۈچىنچى نېرۋا جۈپى (كۆز قارىچۇقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش نېرۋا) نىڭ پالەچلىنىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ نېرۋا قاپاقنى كۆتۈرگۈچى مۇسكۇلغا كېلىپ تارقالغان بولىدۇ. قاپاقنى كۆتۈرگۈچى مۇسكۇل بوشىشىش بىلەن بىرگە ئومۇمەن بۇ نېرۋا شاخلىرى تارقالغان كۆز مۇسكۇللىرىمۇ بوشىشىدۇ.

قاپاق بوشىشىنىڭ باشقا سەۋەبلىرى مۇنۇلار: قاپاق ئېغىرلىقى، قاپاق قوتۇرى، قاپاق ئۆسمىسى، قاپاقنىڭ يارىدەمگە ئېرىشەلمەسلىكى ياكى ئاز ئېرىشىشى (بۇ كۆز ئالمىسى يىگىلەپ كېتىشتە بولىدۇ)، قاپاق تېرىسى، قاپاقنى كۆتۈرگۈچى مۇسكۇل ۋە كۆز ئويمىنى يۇقىرىقى گىرۋىكى ئوتتۇرىسىدىكى بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىنىڭ ئاز ياكى يوق بولۇشى قاتارلىقلار. يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن ئۈستۈنكى قاپاق ئاستىغا ساڭگىلاپ قالىدۇ.

داۋالاش ئەگەر ماددىلىق بولسا ئۇ ماددا بەدەندىن تازىلىنىدۇ، ئاندىن خاس كۆز ئاغرىقى داۋالىنىدۇ. ئەگەر كۆز ئاغرىقىدىن كېيىنمۇ بوشىشىش يوقالمىسا، بۇرۇن تۆشۈكى ئىچىدىكى ئىنتايىن ئىنچىكە ئىككى تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن قان ئېلىش ھالىتى شۇكى، بىمار ئۆزىنىڭ نەپەس ئېلىشىنى توختىتىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى ئاپتاپ تەرەپكە قىلىپ ئۆرە تۇرىدۇ، تاكى بۇ تومۇرنى قان ئالغۇچى كىشى كۆرەلىسۇن، ئاندىن نەشتەر بېشى ياكى بىرەر باشقا سايمان (بۇ سايمان تىلىش ئۈچۈن ئەۋزارغا ئوخشاش ياسالغان بولسۇن) بىلەن نەشتەر ئۇرۇلىدۇ، تاكى كۆزدىن قان بىلەن سۇيۇقلۇق چىقسۇن. قاپاق ئۈستىگە قابىز ۋە قۇرۇغۇچى زىمات چېپىلىدۇ، مەسىلەن: سەبرە، ئاقاقىيا، مامىسا، زەپەر، مۇرمەككى قاتارلىقلار ھۆل ئاس سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. ياش ئاققۇزغۇچى سۈرمىلەر تارتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ داۋالاشتىن كېيىنمۇ قاپاقلىرى يېپىلىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتى يوقالغان بولسا، ئۇنى بۇ ھالەتتە كۆتۈرىمىزكى، كۆزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن يەنە بىر بۇرجىكىگىچە يۇقىرىقى قاپاقنى قايچا بىلەن كېسىپ، زۆرۈرىيەتكە قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا چىقىرىۋېتىش، يەنى قاپاقنىڭ كۆپ بۆلىكى بوشاشقان بولسا، كۆپ مىقداردا كېسىپ چىقىرىۋېتىش، ئاندىن قاپاقنى بىر قانچە ئورۇندىن تىكىش تاكى تېرە گىرۋەكلىرى بىرلەشسۇن. ئاندىن كېيىن زەرۇرى ئەسفەرنى سېپىش، تۇز ۋە زىرىنى زىغىر تالالىق رەختكە باغلاپ سۇغا چىلاپ، ئۇنىڭ سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ، كۆز ئىچىگە تېمىتىش، 2 ـ، 3 ـ كۈنى يىپلارنى قايچا بىلەن كېسىپ چىقىرىۋېتىش

ۋە مەلھەم چېپىش لازىم. بۇ ئۇسۇلدا قاپاق كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كۆزى ئېچىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل تېبابەتتە تەسمىر دېيىلىدۇ (ت).

قاپاق چاپلىشىپ قېلىش

بىرىنچى تۈرى بەزىدە كۆز ئاغرىقى سەۋەبىدىن كۆز زىيادە قىزىرىدۇ، گوياكى قاپىقى يېرىلغاندەك ۋە سويۇلۇپ كەتكەندەك بولىدۇ ھەمدە كۆزنى ئۇزۇنغىچە يۇمۇپ تۇرۇش سەۋەبىدىن ئىككىلا قاپاق چاپلىشىپ، ئېچىش قىيىنلىشىدۇ ياكى مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە بىرلىشىپ كېتىدۇ.

سەۋەبى بۇ خىل كۆز ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى مۇسكۇللارنى بوشاشتۇرىدىغان ۋە ئاستى - ئۈستى قاپاقتا چاپلىشىش پەيدا قىلىدىغان مەلۇم ئۆتكۈر خىلىتتۇر.

ئالامىتى ئەگەر بۇ كېسەللىك مېڭىدىكى ماددىلاردىن بولسا باش ئاغرىيدۇ، باشتا تەمەددۇد ۋە قاتتىق ئىسسىقلىق سېزىلىدۇ. پېشانە ئەتراپىدا ئېچىشىش بولىدۇ، بۇ كېسەللىكتىن ئىلگىرى بىمار كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىك باشقا ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكىدىن پەيدا بولسا، ئاشقازان، بالياتقۇ، بۆرەك قاتارلىق ئەزالاردا ئاپەت مەۋجۇت بولىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىپ ماددا چىقىرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋۇتقۇچىلار بىلەن ئومۇمىي بەدەن ۋە باشنىڭ مىزاجى ئۆزگەرتىلىدۇ ھەم مەزكۇر خىلىتنىڭ قالغان تەسىرى يوقىتىلىدۇ. چاپلىشىپ قېلىش ياخشىلانمىسا، كۆزگە شىيافى ئابار، شىيافى ئەبيەز تېمىتىلىدۇ.

شىيافى ئابار نۇسخىسى: ئالتۇن چىلىندان، تۇتىيا، سۈرمە، قەلەي ئۇپىسى، قەلەي كۇشتىسى، كۇندۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، خۇنسىياۋشان، ئەپيۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 3.5 گىرامدىن، ئەنزىرۇتتىن بەش گىرام ئېلىپ، دورىلاردىن شىياف(شامچە) ياسىلىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن كۆزلىرىگە زەرۇرى ئەبيەز ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئەنزىرۇت سۈتتە مۇدەببەر قىلىنغان بولسۇن، يەنى ئەنزىرۇتقا ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى قۇيۇپ، سايىدا قۇرۇتۇلغان بولسۇن.

زەرۇرى ئەبيەزنىڭ نۇسخىسى ئەنزىرۇت 35 گىرام، نىشاستە يەتتە گىرام، ناۋات،

ئەرەب يېلىمى، ئەپيۇن ھەربىرى 3.5 گىرام. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، مەشۇت رەختتە تاسقاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كۆزلىرىدە دورا ئېرىسە ۋە كۆزلىرى ئۇنىڭ بىلەن پاكىزلانسا، كۆزگە گۈل يېغى تېمىتىپ تېڭىپ قويۇش لازىم.

ئەسكەرتىش بۇ تۈرى كۆز ئاغرىقىنىڭ تۈرلىرىدىن باشقا سەۋەبلەردىن پەيدا بولمايدۇ، بۇنىڭدا گۈل يېغى ئىشلىتىش دۇرۇس بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كۆزگە ياغلىق ئىككى سۇلائى تارتىلىدۇ.

ئىككىنچى تۈرى بەزىدە ئاستى - ئۈستى قاپاق بوشىشىش سەۋەبىدىن قاپاق بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياكى مۈڭگۈز پەردە بىلەن ياكى ئىككىلىسى بىلەن چاپلىشىپ قالىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆز زەخمىسىدۇر. بۇنىڭ بىلەن ئاستى - ئۈستى قاپاق ئۇزۇنغىچە يۇمۇقلۇق تۇرىدۇ ياكى كۆز دوختۇرنىڭ خاتالىقى بىلەن بىرىكتۈرگۈچى پەردە، مۈڭگۈزسىمان پەردە ياكى قاپاق پەردىسى يېرىلىدۇ. بۇ، سەبەل كېسەللىكىدە ئۇنىڭ تومۇرلىرىنى قىرغاندا، كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش كېسەللىكىدە تىرناقچە گۆشنى كەسكەندە ۋە قاپاق قوتۇرىدا قاپاقنى قىرغان ۋاقىتتا، زىرە ۋە تۇز سۈيى بىلەن ئىككى قاپاقنى داغلىماسلىق ۋە كۆز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالغانلىق ۋەجىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئىككىنچى تۈرىنى داۋالاش دەستىكارلىق ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يەنى قاپاق ئالاھىدە تەييارلانغان يىڭنە سۇلائى كىرگۈزۈلۈپ قاپاقتا تارتىشىش پەيدا قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاپاقنىڭ چاپلىشىۋالغان باشقا قىسىملاردىن ئاجرىشى ئۈچۈن قىسقۇچ ياكى ئۈچ بۇرجەكلىك يىڭنە (كۆز ئوپېراتسىيەسىدە ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس يىڭنە) بىلەن چاپلىشىپ قالغان ئورۇن كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش كېسىلىدە قوللىنىلغان ئۇسۇلدا ئاجرىتىلىدۇ. ئەگەر مەھەت بىلەن ئاجراتقىلى بولمىسا قايچا بىلەن كېسىش لازىم. كېسىش جەريانىدا مۈڭگۈزسىمان پەردىنى كېسىۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۈزۈمسىمان پەردە پۇلتىيىپ چىقىپ قالىدۇ. كېسىشتىن كېيىن زىرە ۋە تۇز سۈيى كۆزگە تېمىتىلىدۇ، قاپاق ئىككىنچى قېتىم چاپلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قاپاق ئاستىغا گۈل يېغىغا چىلانغان پاختا قويۇلىدۇ. شۇنىڭدەك قاپاق ئۆزئارا چاپلىشىپ قېلىشنى داۋالاشتىمۇ ئەگەر مۇمكىن بولسا سۇلائى قاپاق ئاستىغا كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا سىرتقى كۆز بۇرجىكى سۇلائى كىرەلىگەن ئورۇنغىچە تىلىنىدۇ، يەنى سۇلائىنى كىرگۈزۈپ قاپاقنى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قايچا بىلەن كېسىلىدۇ، ئاندىن زىرە ۋە تۇز سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ، قاپاق ئاستىغا گۈل يېغىدا پاختىنى ھۆللەپ قويۇلىدۇ، تاكى كۆز ئىككىنچى قېتىم چاپلىشىپ قالمىسۇن.

قاپاق ئۆرۈلۈپ قېلىش (شەترە)

شەترەنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاستى ـ ئۈستى قاپاقنىڭ ئۆرۈلۈپ قېلىشىدۇر.

قاپاق ئۆرۈلۈپ قېلىش قاپاقنىڭ يىغىلىپ ۋە سىرتقى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قېلىشىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ شەترە خارىجىيە دېيىلىدۇ. ئەگەر ئىچكى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قالغان بولسا، بۇ شەترە داخىلىيە دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى قاپاق ئۆزئارا بىرلىشەلمەيدۇ، يەنى كۆزنىڭ پۈتۈن ئېقى ياكى بىر قىسمى ئېچىلىپ قالىدۇ، بىمارنىڭ كۆزى توشقاننىڭ كۆزىگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ ۋە داۋاملىق چاڭ ـ توزان سەۋەبىدىن كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ.

سەۋەبى

1. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە تۇغما بولۇپ، داۋاسىزدۇر.

2. بەزىدە بۇ كېسەللىك تەتۈر كىرپىكنى كەسكەندە قاپاقلارنىڭ كېسىلىپ كېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بەزىدە قاپاقتا بەزلەر ياكى ئۆسمە پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ. بەزىدە قاپاقلارنىڭ چاپلىشىپ قېلىشى بىلەن ۋە بەزىدە قائىدىسىز ئۇسۇلدا قاپاقلارنى تىكىش بىلەن بولىدۇ. قاپاقنىڭ كۆيۈپ قېلىشىدىنمۇ بولىدۇ.

3. بەزىدە قاپاقنى كۆتۈرگۈچى مۇسكۇللارنىڭ يىغىلىشىدىن بولىدۇ.

قاپاقنى كۆتۈرگۈچى مۇسكۇلنىڭ نامى رافىئول جەفەن، مەسلول جەفەندۇر.

4. بەزىدە سەبەل كېسەللىكىدە دەستىكار قىلغان ۋاقىتتا قاپاقنىڭ قائىدىسىز پۈتۈشىدىن پەيدا بولىدۇ. يەنى ياردەمچى قاپاقنى سىرتقا ئۆرىگەن چاغدا قاپاقنىڭ ئاز بىر قىسمى كېسىلىپ كېتىپ زەخىملىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قاپاق سىرتقا ئۆرۈلۈپ قالىدۇ. بۇ ھالەتتە زەخىمنىڭ پۈتۈشى ياكى ئۆسمە پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن تارىيىش، يىغىلىش پەيدا بولىدۇ (ھالبۇكى دەستىكاردىن كېيىن ئۇنى ئىچكى تەرەپكە ئۆرۈپ قويۇش لازىم ئىدى).

سەبەل، ئىككىلەمچى قان تومۇر پەردىسىدۇر، بۇ، جالا دېيىلىدۇ (ت).

5. بەزىدە بۇ كېسەللىك باش ۋە پېشانىگە زەربە تېگىشتىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بىرەر سۆڭەك پۇلتايغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن باش سۆڭەك پەردىسى ۋە قاپاقلار يىغىلىدۇ.

قوشۇمچە   بەزىدە قاپاق ئىششىقى ۋە سوزۇلما كۆز ئاغرىقىدىن، بەزىدە قاپاقلارنىڭ تېرە ۋە مۇسكۇل قاتلىرى ئىسترخاسىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاخىرقى تۈرى ياشانغانلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت ئاستىنقى قاپاق تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ئالامىتى   تۆۋەندە تەشەنۇجتىن بولغان شەترەنىڭ ئالامەتلىرى يېزىلغان، قالغان

تۈرلىرىنىڭ ئالامەتلىرى ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن ئاشكارا بولىدۇ.

بىرەر ماددىدىن بولغان تەشەننۇجنىڭ ئالامەتلىرى تۇيۇقسىزلا ئاشكارا بولىدۇ. شەترە بىرەر ماددىدىن بولغاندا قاپاقتا ئېغىرلىق، تەمەددۇد ۋە تولۇپ قېلىشنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. ئەگەر قۇرۇقلۇقتىن تەشەننۇج بولسا، كېسەللىك ئاستا - ئاستا ئاشكارا بولىدۇ، قاپاقنى يىگلەتكۈچى ۋە قۇرغاقلاشتۇرغۇچى سەۋەبلەر ئىلگىرى كۆرۈلگەن بولىدۇ.

داۋالاش

1. بىرىنچى ھالەتنىڭ داۋاسى يوق، بۇ سۆزلىنىپ بولدى.

2. ئىككىنچى ھالەتتە بارلىق قىسىملارنىڭ ئىلاجى تۆمۈر سايمان بىلەن دەستىكار قىلىنىشتۇر.

ئەگەر قاپاقلارنى كېسىش ياكى تىكىش زىيادە كۆتۈرۈشتىن بولغان بولسا، چاپلىشىۋالغان ئورۇننىڭ تېرىسىنى كېسىپ قان ئاققۇزۇلىدۇ، ئاندىن كېسىلگەن ئورۇنغا گۆش ئۈندۈرگۈچى مەلھەملەردىن فەتىلە ياكى شامچە قويۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تىلىنغان ئورۇننىڭ ئىككى گىرۋىكى بىرلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۆش پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بەز ياكى ئۆسمە سەۋەبىدىن بولغان بولسا ئىككى - ئۈچ ئىلغۇچنىڭ ياردىمى بىلەن كۆتۈرۈپ، قايچا بىلەن كېسىپ ئېلىۋېتىپ، ئۆتكۈر دورىلار چېپىلىدۇ، تاكى ئىككىنچى قېتىم ئۆسمە پەيدا بولمىسۇن.

3. مۇسكۇللارنىڭ تەشەننۇجىدىن بولغان ئەھۋالدا ماددا ئىستىفراغ قىلىنىدۇ، تارقاتقۇچى ياغلار سۈركىلىدۇ. ماددىلىق تەشەننۇجتا شۇمشا لوئابى بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ. لېكىن تۆۋەندىكىدەك چارىلەر تەشەننۇجنىڭ ئىككىلا تۈرىدە ئىشلىتىلىدۇ:

ھۆللەشتۈرۈش يەنى ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھۆللەشتۈرگۈچى نەرسىلەر بېرىلىدۇ، مەرۇخات (بوشاشتۇرغۇچى) ۋە نۇتۇللار ئىشلىتىلىدۇ. زىمات قىلىنىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە، ئاق لەيلى، قاپاق قاتارلىقلارغا ئايال كىشىنىڭ سۈتى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. تەغەرىق راس يەنى ھۆللەشتۈرگۈچى ۋە يۇمشاتقۇچى ياغلار باشقا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: بىنەپشە يېغى ۋە قاپاق يېغى قاتارلىقلار.

4. سەبەلنى دەستىكار قىلغان ھالەتتە زەخىم پۈتكەندىن كېيىن ئەگەر بىرىكتۈرگۈچى پەردە قاپاق بىلەن چاپلىشىۋالغان بولسا ۋە بۇ سەۋەبتىن قاپاق تارتىشىۋالغان ھەم سىرتقا ئۆرۈلۈپ قالغان بولسا، بۇنى ئايرىشنىڭ چارىسى قىلىنىدۇ. بۇ، قاپاق چاپلىشىۋېلىشتا سۆزلىنىپ بولدى. ئەگەر تۈگۈنچىگە ئوخشاش بىرەر نەرسە پەيدا بولغان بولسا شۇمشا لوئابى، زىغىر لوئابىغا ئوخشاش لوئابلار ۋە داخلىيون بىلەن تارقىتىشقا تىرىشىش، ئەگەر تارقالمىسا دەستىكار قىلىپ

كېسىۋېتىش لازىم.

5. زەربە سەۋەبىدىن شەترە پەيدا بولغان بولسا، بۇنىڭ ئىلاجى يوقتۇر، لېكىن ھەرھالدا يۇمشىتىش ئۈچۈن تىرىشىش، ياش ئاققۇزغۇچى نەرسىلەردىن يىراق قىلىش لازىم.

قاپاقنىڭ ئىچىگە ئۆرۈلۈپ قېلىشى

ئىككى قاپاق گىرۋەكلىرى بىلەن بىرگە ئىچى تەرەپكە ئۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرى بولىدۇ:

1. **پۈتۈشتىن بولغان تۈرى** بۇ، قاپاق كۆمۈرچىكى ۋە بىرىكتۈرگۈچى پەردە زەخمىسى (پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش) نىڭ پۈتۈشىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ، ئومۇمەن يۇقىرىقى قاپاقتا بولىدۇ.

2. **تەشەننۇجتىن بولغان تۈرى** بۇ، قاپاق مۇسكۇلىدا تەشەننۇج پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا ئومۇمەن تۆۋەنكى قاپاقلار كېسەللىنىدۇ، بۇ تۈرى ئومۇمەن ياشانغانلاردا بولىدۇ.

سەۋەبى پۈتۈشتىن بولغان تۈرىنىڭ ئەسلىي سەۋەبى سوزۇلما قاپاق قوتۇرى، قاپاقلارنىڭ كۆيۈشى ۋە ئۇنىڭ زەخمىسى، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىنىڭ ساقىيىشىدىن بولغان ئۆزگىرىشلىرىدۇر. مەيلى بۇ زەخىم بىرەر دەستىكار قىلىش سەۋەبىدىن ياكى زەربە تېگىش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولغان بولسۇن. تەشەننۇجتىن بولغان تۈرىنىڭ سەۋەبى كۆز ئالمىسىنىڭ يىگىلەپ كېتىشى ۋە ئىككى قاپاق تەشەننۇجى، ئىككى قاپاق ئىششىقى ۋە بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقى ياكى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە كۆزنى تېڭىپ قويۇش قاتارلىقلاردۇر.

ئالامىتى قىچىشىش ۋە ئاغرىق مەۋجۇت بولىدۇ، كۆزگە ئاق چۈشىدۇ، يورۇقلۇقتىن نەپرەتلىنىدۇ. ياش ئاقىدۇ ھەم مۆڭگۈزسىمان پەردىدە يارا پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش جاراھەتنىڭ پۈتۈشىدىن بولغان تۈرىدە دەستىكار قىلىش لازىم. تەشەننۇجتىن بولغان تۈرىدە تېگىش سەۋەبىدىن شەترە داخىلىيە پەيدا بولغان بولسا، تېڭىپ قويۇش توختىتىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرەر كېسەللىك سەۋەبى بولسا، ئۇ يوقىتىلىدۇ، دەسلەپتىلا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاددىي چارىلەر قوللىنىلىدۇ. ئەگەر پايدىسى كۆرۈلمىسە دەستىكار ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

تۈرلىرى قاپاق گىرۋىكى ئىششىقىنىڭ ئىككى تۈرى بولىدۇ. بىرىنچى تۈرى، يېڭى قاپاق گىرۋىكى ئىششىقى؛ ئىككىنچى تۈرى، كونىرىغان قاپاق گىرۋىكى ئىششىقى.

بىرىنچى تۈرى، يەنى يېڭى قاپاق گىرۋىكى ئىششىقى: بۇ، يەڭگىل بولىدۇ.

ئالامىتى كۆز بۇرجىكى ۋە قاپاقتا قاتتىقلىق، قىزىرىش بولمايدۇ، قىچىشىش بولىدۇ.

داۋالاش ئادەتتىكى دورىلار بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ، مەسىلەن: مېۋىلەر سۈيى. چۈنكى بۇنىڭ ماددىسى ئۆتكۈر دورىلارغا زۆرۈرىيەت چۈشكۈدەك زىيادە قويۇق بولمايدۇ.

گۇلابقا سۇماقنى چىلاپ تاكى كېسەللىك ماددىسى تارقالغۇچە ۋە بۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكى يوقالغۇچە كۆزگە تېمىتىلىدۇ.

كەچ ۋاقتىدا سېمىزئوت، كاسىنە يوپۇرمىقىغا خام گۈل يېغى قوشۇپ ياكى تۇخۇم ئېقىغا گۈل يېغى قوشۇپ، قاپاق ئۈستىگە بىرەر رەخت پارچىسى بىلەن زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ. ئەتىگەندە مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ تاكى دورىلارنىڭ ھۆللەشتۈرۈشى، ماددىنى تارقىتىشى ۋە ئېچىشىشنى يوقىتىشىغا ياردىمى بولسۇن.

ئىككىنچى تۈرى، يەنى كونىرىغان قاپاق گىرۋىكى ئىششىقى: بۇ، كونىرىغان ۋە قېلىنلاشقان بولىدۇ.

ئالامىتى قاپاق قىزىل ۋە قېلىنلىغان بولىدۇ ھەمدە قىچىشىشمۇ بولىدۇ.

داۋالاش قىيفال تومۇر ياكى پېشانە تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ. پاچاق ياكى ئىككى تاغاق سۆڭەك ئوتتۇرىسىغا ھىجامەت قويۇلىدۇ. ھېلىلە ۋە غارىقۇن قاينىتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. كۆزىگە شىيافى ئەھمەرلەييىن تارتىلىدۇ. ئىسسىق سۇ بىلەن قاپاققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ئىسسىق سۇنىڭ ھورلىرى بىلەن قاپاق ھورلاندۇرۇلىدۇ. بېلىق يېغى، يېسىسمۇق، ئانار پوستىنىڭ ئېچىدىكى پورى قاتارلىقلار شارابى مەيپۇختەج بىلەن قاپاق ئىششىقىدا تارقاش، كېسەللىك ماددىسىنىڭ قويۇلۇشى توختاش ۋە ئاغرىقتا پەسىيىش پەيدا بولغۇچە زىمات قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شارابتا كېسەللىك ماددىلىرىنى تارقىتىش قۇۋۋىتىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ئاخىرقى تۈرىدىنمۇ ئېغىرلاشسا، ئىككى كۆزىدىن ياش ئاقسا ۋە كىرپىكلەر تۆكۈلۈشكە باشلىسا، تازىلاش ۋە پەرھىزدىن كېيىن شىيافى ۋىزەج، شىيافى ئەھمەرلەييىن ۋە شىيافى ئەبيەز قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بەدىيان سۈيى بىلەن ئىككى كۆزگە تارتىلىدۇ. بۇ بارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت ئۆتكۈر دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن ماددىدا ئۆتكۈرلۈك ۋە بۇزۇلۇشتا زىيادە بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تاكى ئۇلاردا تەڭشىلىش بولغۇچە ئازراق سوۋۇتقۇچى دورىلارمۇ قوشۇلىدۇ.

قاپاق قوتۇرى (جەرەب): بۇنىڭدا قاپاقنىڭ ئىچكى يۈزى ئۈستىگە كىچىك مۇدۇر - چاقلار

چىقىدۇ. بۇ، قىچىشىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن تۇختىماي بىر خىل قويۇق ھۆللۈك چىقىپ تۇرىدۇ. ئىككى كۆزى قىزىل بولىدۇ (ت).

قاپاق قوتۇرى ئۈچ خىل بولىدۇ: ① كېڭەيگۈچى قاپاق قوتۇرى؛ ② ئەسۋەسىمان قاپاق قوتۇرى؛ ③ ئەنجۈرسىمان قاپاق قوتۇرى.

بۇلاردىن باشقا نەفىس بىر تۈر قوشقان، بۇ تۆتىنچى تۈرنى قارا رەڭلىك قاپاق قوتۇرى دەپمۇ ئاتايدۇ.

1. **كېڭەيگۈچى قاپاق قوتۇرى:** كېڭەيگۈچى قاپاق قوتۇرىنىڭ ماددىسىنى نەفىس تۇزلۇق بولىدۇ، دەپ ئېيتقان.

2. **ئەسۋەسىمان قاپاق قوتۇرى:** بۇ تۈرى كۆز ئاغرىقى كۆرۈلۈشتىن بۇرۇن ۋە بەزىدە كۆز ئاغرىقىدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. ناۋادا بۇ، كۆز ئاغرىقى كۆرۈلۈشتىن بۇرۇن بولغان بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى ئۆتكۈر ۋە چىرىگەن خىلتلارنىڭ قاپاق پەردىسى ئاستىغا توپلىنىشى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قاپاق قوتۇرىنىڭ بۇ خاس تۈرى پەيدا بولىدۇ.

3. **ئەنجۈرسىمان قاپاق قوتۇرى:** بۇ تۈرى ئەنجۈرگە ئوخشاش ئۆزئارا چاپلىشىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەنجۈرسىمان قاپاق قوتۇرى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئاستى يۇمىلاق، بېشى ئۇچلۇق (ئۆتكۈر) بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئەنجۈرگە① ئوخشىتىلغان ۋە يۇنان تىلىدا سوقۇسلىس دەپ ئاتالغان. چۈنكى سوقى يۇنان تىلىدا ئەنجۈر دېگەنلىكتۇر.

بۇ تۈر قاندا بۇزۇلۇش پەيدا بولغان ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. يەنى قان بىرەر شەكىلدە كۆيۈپ، بۇنىڭدا ئۆتكۈرلۈك پەيدا بولىدۇ. بۇ تۈر بارلىق تۈرلەردىن ناچاردۇر.

4. **قارا رەڭلىك قاپاق قوتۇرى:** بۇ، قاپاق قوتۇرىنىڭ تۆتىنچى تۈرى بولۇپ، قارا رەڭدە بولىدۇ، ئۈستىدە قاقىچى بولىدۇ ۋە بۇ تۈر ئۈچىلىسىدىن ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇنىڭ يۇنانچە نامى تەۋىل خەسىس يەنى «ناچار» دۇر. بۇ تۈر ئۆز ماددىسىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە كۆپلۈكى سەۋەبىدىن تېز يوقالمايدۇ. ئەگەر كونىراپ كەتسە، بۇنىڭ سەۋەبى سەۋدادىن بولغان ناچار ماددا بولىدۇ.

سەۋەبى چاڭ - توزان ۋە بۇلغانغان ھاۋادا تۇرۇش، بۇزۇلغان غىزالارنى ئىستېمال

---

① ئىبنى سەرافيۇن بۇ تۈرنىڭ نامىنى ئىككى قاپاقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەنجۈرسىمان مۇدۇرنىڭ ئەنجۈرگە ئوخشاش يېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەنجۈرسىمان قاپاق قوتۇرى دەپ ئېيتقان. لېكىن بەزى كىشىلەر قاپاق ئەنجۈرنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئوخشاش يېرىلىدۇ، دەپ قاراپ ئەنجۈرسىمان قاپاق قوتۇرى دەپ ئاتىغان. رازى ئۆزىنىڭ كىتابى «فاخىر» دا سەرافيۇننىڭ قاپاق قوتۇرىنىڭ بۇ خاس تۈرىدە ئىككى قاپاق ئىچىدە ئەنجۈرنىڭ بېغى شاخ بىلەن تۇتاشقان ئورۇن ئارقىسىدا بولىدىغان تۆشۈككە ئوخشاش تۆشۈك پەيدا بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇنىڭ نامى تىبنى قويۇلغان دېگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرگەن. يۇقىرىقى سۆزدىن تىبنىگە ئوخشاشلىقى ئېنىق بولىدۇ. تىبنىنىڭ مەنىسى كېپەككە ئوخشاش دېگەنلىك بولىدۇ، لېكىن يۇنانچە نامى بۇ سۆز بىلەن قارىمۇ قارشى بولىدۇ (چۈنكى يۇنان تىلىدا ئەنجۈرگە ئوخشىتىلىدۇ).

قىلىش، كۆيۈشتۈرگۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش، پاسكىنا ئورۇندا تۇرۇش، كۆز ئاغرىقى قاتارلىقلاردىن كېيىن كۆپىنچە بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ. بۇ بىر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، ساغلام كۆزگە بۇنىڭ ماددىسى كىرىپ كەتسە، بۇ كېسەللىككە مۇپتىلا بولىدۇ.

ئالامىتى

كېڭەيگۈچى قاپاق قوتۇرىدا، قاپاقنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىرقەدەر يىرىكلىك بولىدۇ. قىزىللىق ۋە قىچىشىش بولىدۇ. قىچىشىش سەۋەبىدىن كۆزدىن ياش ئاقىدۇ. بۇ تۈر ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىدا داۋالاشتا قائىدىسىزلىك بولغان ۋە سوغۇق نەرسىلەرنى ئىشلەتكەندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆز ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدىغان ئىسسىق كېرەكسىز ماددىلارنىڭ قويۇق قىسمى كۆزگە قۇيۇلۇپ، قاپاق پەردىسى ئاستىدا تۇرۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدا ئازراق ئۆتكۈرلۈك ۋە كۆيۈشتۈرۈش كەيپىياتىمۇ بولىدۇ. بۇ، تارقاتقۇچىلارنى ئىشلىتىش بىلەنمۇ تارقالمايدۇ.

ھەسفى: ئەسۋەسىمان قاپاق قوتۇرىنىڭ شەكلى كىچىك ئەسۋىلەرگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭ بېشى ئاق بولۇپ، ئۈلاردىن يەڭگىل، نېپىز قاسراقچىلار تۆكۈلىدۇ. ئەگەر بۇنى داۋالاشقا سەل قارالسا كۆزىدىن ياش ئاقىدۇ (كۆز ياشاڭغىراش كېسىلى پەيدا بولىدۇ) ۋە كۆزىگە ئاق چۈشىدۇ ياكى سەبەل پەيدا بولىدۇ. ياش ئېقىش، كۆزگە ئاق چۈشۈش پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، يىرىك ئەسۋە بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە سانجىلىپ ۋە سۈركىلىپ ئۇنى ئۇپرىتىدۇ.

سەبەل كۆرۈلۈشىنىڭ سەۋەبى، بۇ ھالەتتە كۆز تومۇرلىرى تولۇپ كۆپۈشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا سەبەل پەردىسى پەيدا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىبنى تەلمىز سەبەل ۋە قاپاق قوتۇرى ئۆزئارا ئايرىلالمايدۇ، دەپ ئېيتقان.

ئەنجۈرسىمان قاپاق قوتۇرىدا يىرىكلىك، قاتتىقلىق ۋە قېلىنلاش زىيادە بولىدۇ، بۇ ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ ۋە بۇنىڭ ماددىسى بەدەندە كۆپلەپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

قوشۇمچە ئىككى قاپاق ئىچكى يۈزىدە تۇتاشمىغان، يۇمىلاق، كىچىك - كىچىك ئاققا مايىل مۇدۇر - چاقا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئەتراپى ئىششىيدۇ، كۆزى قىزىل بولىدۇ، ھەر ۋاقىت سۇ تولۇپ تۇرىدۇ. كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىنىڭ ھەر ۋاقىت كۆيۈشۈشى ۋە غىدىقلىنىشى سەۋەبىدىن قاپاق قېلىنلايدۇ ۋە قاتتىقلىشىدۇ. قاتتىقلىشىش سەۋەبىدىن قاپىقى شاڭگىلاپ ئۇخلاۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئىككى كۆزدە ھەمىشە يات نەرسە كىرىپ كەتكەندەك ئېغىرلىق بولىدۇ ۋە پارقىرايدۇ. بىمار يورۇقلۇقتىن كۆزىنى قاچۇرىدۇ. كەچ ۋاقىتتا كۆزىدىن سۇيۇقلۇق چىقىپ، قاپاقلىرىنى چاپلاشتۇرۇپ قويىدۇ. مۈڭگۈزسىمان پەردە ھەمىشە سۈركىلىش يېتىش سەۋەبىدىن نېپىزلاپ زەخىملىنىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈستىدە پەردە شەكىللىنىدۇ. بەزىدە كۆزى قىچىشىدۇ. ئەگەر كېسەللىك سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگەرگەن بولسا ئالامەتلىرى يەڭگىللەيدۇ، بۇ ئومۇمەن ئۇزۇن

ۋاقىتقىچە داۋاملىشىدۇ.

داۋالاش كېكەيگۈچى قاپاق قوتۇرىنى داۋالاشتا قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ھېلىلە زەرد قايىنتىلمىسى ۋە شېكەر بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، رۇشنائى، شىيافى ئەخزەرلەيىن ۋە شىيافى ئەھمەرلەيىن كۆزىگە تارتىلىدۇ. ئەگەر قاپاق قوتۇرى قاتتىق بولسا مەبزەئ① بىلەن يەڭگىل تىلىنىدۇ، زىيادە چوڭقۇر تىلماسلىق لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ ماددىسى زىيادە قويۇق ۋە زىيادە چوڭقۇر بولمايدۇ.

مەبزەئ: قاپاق قوتۇرىنىڭ ئۈستى سۇلائى بىلەن يېرىكلىكى يوقالغۇچە ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ مىقداردا قان چىقىپ، ئەسلى ھالىتىگە ئوخشاش نېپىز بولغۇچە قىرىلىدۇ.

يۇقىرىقى داۋالاشلار بىلەن تامامەن ياخشىلانمىسا، يۇقىرىقى مەزكۇر سۈرمىنى تارتىش ۋە كېسەللىك ساقايغۇچە مۇنچىغا چۈشۈرۈش لازىم. مۇنچىغا چۈشۈرۈشنىڭمۇ خىلتىنىڭ تولۇق تارقىشىغا مۇئەييەن ياردىمى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەزالار تولۇق تازىلىنىدۇ ھەمدە دورىنىڭ تەسىرىنى تېز قوبۇل قىلىشقا ياردىمى بولىدۇ.

ئەسۋەسمان قاپاق قوتۇرىنى داۋالاشتا قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئەفتىمۇن قايىنتىلمىسى بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىنتايىن لەتىف غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. بۇ تۈردىكى قاپاق قوتۇرىنى ھەرگىز قىرماسلىق لازىم. چۈنكى، بۇ تۈردىكى قاپاق قوتۇرى پەردىنىڭ يۈزىدە بولىدۇ، قاپاقنىڭ ئىچىدە بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ تۈردە قاپاقتا قېلىنلاش بولمايدۇ. ئەگەر قىرىلسا پەردە يېرىلىپ قاپاق بۇزۇلىدۇ. بىرەر خاس زۆرۈرىيەت بولمىسا ۋە دورىلار بىلەن داۋالاشتىن ئۈمىد بولسا قاپاقنى ھەرگىز قىرماسلىق لازىم. چۈنكى قىرىش بىلەن قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولىدۇ ۋە ئىككى كۆزگە ماددىلار كۆپلەپ كېلىدۇ. بۇ خاس تۈردە ماددىلارنى تازىلاشتىن ئىلگىرى قاتتىق ئۆتكۈر شىيافنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى بۇ تۈر ئۆتكۈر ۋە پاسكىنا خىلتلاردىن پەيدا بولىدۇ، بۇ شىيافلار ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن ئاغرىقنى كۈچەيتىۋېتىدۇ ۋە كۆز تەرەپكە ماددىلارنى تارتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قاتتىق كۆز ئاغرىقى ۋە زەخىم پەيدا بولۇپ، داۋالاش قىيىن بولىدۇ.

ئەگەر بەزىدە بىرەر ئۆتكۈر شىيافلار ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭدىن كېيىن بەرۇدى بىنەپشە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، تاكى ئىسسىق دورىلار تەسىرىدىن پەيدا بولغان ئىسسىقلىق يوقالسۇن ۋە كۆز مىزاجى تەڭشەلسۇن.

بەرۇدى بىنەپشە نۇسخىسى گۈلبىنەپشە، كۆيدۈرۈلگەن يۇمغاقسۈت، كەتىرانىڭ ھەربىرىدىن 10.5 گىرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى سىركىدە بەش قېتىم سالايە قىلىپ مۇدەببەر

---

① مەبزەئ — تۆمۈر سايماندۇر. بۇنىڭ بىلەن قان تومۇر ۋە تېرە كېسىلىدۇ.

قىلىنىدۇ، ئاندىن سالايە قىلىنىدۇ.

ئەنجۇرسىمان قاپاق قوتۇرنى داۋالاشتا قان ئېلىنىدۇ، ئەفتىمۇن قايناتىلمىسى بىلەن بىر قانچە قېتىم ئارقىمۇئارقا مۇسھىل بېرىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ماددىسىنىڭ مىقدارى كۆپ ۋە قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا ئۇنىڭ ماددىسىنى چىقىرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەمىشە شىيافى ئەھمەر ھاد كۆزگە تارتىلىدۇ. ناۋات ۋە ۋەردە① بىلەن تاكى قاپاقتا ساغلاملىق ھالىتىدىكىگە ئوخشاش نېپىزلەش پەيدا بولغۇچە قىرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن شىيافى ئەبيەز، شىيافى ئابار ۋە شىيافى ۋىرەج كۆزگە تاكى ھارارەت پەسەيگىچە ۋە قىرىشتىن بولغان زەخىم پۈتكىچە تارتىلىدۇ.

قارا رەڭلىك قاپاق قوتۇرنى داۋالاشتا، سەۋدانىڭ مۇسھىلى بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ئايارەج ۋە ھەب بىلەن مېڭە تازىلىنىدۇ، يەڭگىل غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. ئەنجۈر يوپۇرمىقى ياكى تۆمۈر سايمان بىلەن ئوبدان قىرىلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر ئىششىق چوڭ، ئاغرىق ئۆتكۈر ۋە كۆزى قىزىل بولسا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بايانى كۆز ئاغرىقىدا سۆزلىنىپ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىق ھېلىلە پوستى، ئامىلە پوستى، بەلىلە پوستى، نىم يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى كەچتە سۇ ياكى ئەرقى گۈلابقا چىلاپ، ئەتىگەن ۋاقتىدا سۈزۈپ ئېلىپ، كۈندە بىر نەچچە قېتىم كۆزى يۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كوھلى گۈل، كۈنجۈت ياكى كوھلى بەرۇدى كافۇرى ياكى كوھلى كافۇرى كۆزگە تارتىلىدۇ. يۇقىرىقىغا ئاساسەن كوھلىلار كەچلىكى ئۇخلاش ۋاقتىدىمۇ تارتىلىدۇ.

ئىچىش ئۈچۈن بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ: ئىترىفىل شاھتەررە يېگۈزۈپ، ئاندىن ئەرقى مۇرەككەپ مۇسەففى خۇندىن 72 گىرام، ئەرقى شاھتەررەدىن 72 گىرامنى 24 گىرام چىلان شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ئادەتتىكى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭدا چۈچۈمەل تەم تەڭشىگۈچى دورىلار ۋە ئاقمۇچ، قارىمۇچ، قىزىلمۇچ قاتارلىقلار بولمىسۇن. مەسىلەن: كۆكتاتلار بىلەن پىشۇرۇلغان ئۆچكە گۆشى، توخۇ گۆشى يېگۈزۈلىدۇ، پالەك، سېمىز ئوت، سەي كاۋىسى، تەندا، قىزىلبۇغداش قاتارلىقلار ماش ئۈنى قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان كاكچا نان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆرسەتمە كۆزنى چاڭ - توزان، ئىس - تۈتەك، ئۆتكۈر يورۇقلۇقتىن ساقلاش، بوران چىقىۋاتقان ۋاقىتتا ئۆيدىن ھەرگىز چىقماسلىق لازىم.

---

① ۋەردە — بىر نەشتەر بولۇپ، بېشى يۇملاق بولىدۇ.

كۆز بۇرجىكى ۋە قاپاق قىچىشىش (ھىككەتۇل ئاماق ۋەلئەجفان)

بۇ، تۇزلۇق ۋە بۇزۇلغان سۇيۇقلۇقنىڭ كۆز بۇرجىكى ۋە قاپاق تەرەپكە قۇيۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن قىچىشىش بىلەن تۇزلۇق ياش ئاقىدۇ. قاپاقلىرىدا قىزىرىش ۋە ئېچىشىش بولىدۇ. بەزىدە تۇزلۇق ياشتىن قاپاق زىيادە قىچىشىش بىلەن ئىككى قاپاق زەخىملىنىدۇ.

داۋالاش كاسىنەنى ئېزىپ گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزىگە زىمات قىلىنىدۇ. ھەسرۇمى يەنى بەرۇدى ھەسرۇم ياكى ھەسرۇمدا سالايە قىلىنغان تۇتىيا سۈرمە شەكلىدە تارتىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى داۋالاش بىلەن كېسەللىك ساقايسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا ئۇزۇقلىنىش چارىلىرى ياخشىلىنىدۇ ۋە نورماللاشتۇرۇلىدۇ، يەنى مۇناسىپ لەتىف غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئوغلاق گۆشى ۋە پاقلان گۆشى بىلەن نان يېگۈزۈلىدۇ. مېۋىلەردىن ئەنجۈر ۋە ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم بېرىلىدۇ. مىزاجىدا ھۆللۈك پەيدا قىلىنىدۇ. كېسەل ساقايغىچە ھاممامغا چۈشۈرۈلىدۇ. ياغلار بىلەن مايلىنىدۇ، نۇتۇل ۋە ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

يۇقىرىقىغا ئاساسەن قان ئېلىش ھەمدە كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى بۇزۇق ماددىنى ئىستىفراغ ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش ۋە ياش ئاققۇزغۇچى، كۆزنى تازىلىغۇچى سۈرمىلەرنى تارتىش لازىم، مەسىلەن: باسلىقۇن ۋە ئەزىز.

ھەسرۇمنىڭ لۇغەت مەنىسى، خام ئۈزۈم چۈشكەن دورىدۇر. بەرۇدى ھەسرۇمنىڭ نۇسخىسى سۆزلىنىپ بولدى.

ئەزىز بىر تېۋىپنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى بۇ سۈرمىگە قويۇلغان.

قاپاق ياغسىمان ئۆسمىسى (شىرناق)

قاپاق ياغسىمان ئۆسمىسى يۇقىرىقى قاپاقتىكى ئۆسمە بولۇپ، بۇ، ياغسىمان ماددىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆز تولۇق ئېچىلالمايدۇ، بەلكى بوشاشقان بولىدۇ. بۇ ئۆسمە قاپاق بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ، سەلئەگە ئوخشاش ئەزادىن ئايرىم تۇرمايدۇ ۋە ھەرىكەت قىلمايدۇ.

بۇ كېسەللىكتە قاپاقنى كۆتۈرۈش قىيىن بولىدۇ. كۆز ياشاڭغىراش، كۆز ئاغرىقى، نەزلە ۋە زۇكامغا كۆپ گىرىپتار بولىدىغان كىشىلەر كۆپرەك كېسەللىنىدۇ. بۇ كېسەللىك سوزۇلما

كېسەللىكلەردىن سانىلىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

ئالامىتى ئەگەر ئىككى بارماق بىلەن قاپاق ياغسىمان ئۆسمىسىنى بېسىپ ئاندىن قويۇۋەتسە، ئوتتۇرىسى ئېگىز ئاشكارا بولىدۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىككى كۆزى نەم تۇرىدۇ ياكى ياش ئېقىپ تۇرىدۇ، چۈشكۈرىدۇ. بىمار ئۈچۈن ئاپتاپ، چىراغ ۋە يورۇقلۇق تەرەپكە قاراش قىيىن بولىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

داۋالاش ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا قان ئېلىش ئارقىلىق ماددىلار ئىستىفراغ قىلىنىدۇ. قۇرسى بىنەپشە يېگۈزۈلىدۇ، لەتىپ غىزالار، مەسىلەن: كۆكتات شورپىسى بىلەن ئۇچارقۇشلارنىڭ گۆشى يېگۈزۈلىدۇ، مىزاجى تەڭشىلىدۇ، مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ، تارقاتقۇچى دورىلار قايىنىتىلغان سۇلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. باسلىقۇن ئەكبەر كۆزىگە تارتىلىدۇ. يۇقىرىقى چارىلەر بىلەن كېسەللىك ماددىسى تارقاپ كەتسە ياخشى، ئۇنداق بولمىسا دەستىكار قىلىش، يەنى قاپاق ياغسىمان ئۆسمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن پەقەت ياغسىمان پەردىگىچە يېتىپ بارغۇدەك يۈزەكى تۆشۈك ئېچىلىدۇ، چۈنكى بەزىدە خاتالىق سەۋەبىدىن قاپاق ئىچكى پەردىسى ۋە مۈڭگۈزسىمان پەردە تېشىلىپ كېتىدۇ. ناۋادا ياغسىمان ماددا ئېنىقلانسا، زىغىر تالالىق رەختىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇنى تۇتۇپ (تاكى ياغلاشقاقلىقى سەۋەبىدىن قولدىن چىقىپ كەتمىسۇن)، ئاندىن كېيىن ئوڭ، سول ۋە ئۈستى تەرەپكە تاكى ياغسىمان ماددا تامامەن چىقىپ كەتكۈچە ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ، كېيىن سىركە ۋە گۇلابتا رەختنى ھۆللەپ بۇ ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ئەگەر ئاز مىقداردا ياغسىمان ماددا قېپقالسا، تۇزنى ئېزىپ تاكى ئۇنى يوقاتقۇچە ئۈستىگە سېپىش لازىم. تۇز ئىشلەتكەندە غەپلەتتە قېلىشقا تامامەن بولمايدۇ. چۈنكى بۇ، كۆز ئۈچۈن قاپاق ياغسىمان ئۆسمىدىنمۇ زىيانلىق. بۇنىڭدىن ئاغرىق ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ ھەمدە كۆز قارىچۇقى قاتتىقلىشىدۇ ۋە كۆزنى ئاچالمايدۇ.

ئەسكەرتىش ئەلى ئىبنى ئەيسا ئېيتقانكى، بىر كىشىدە شىرناق كېسەللىكى پەيدا بولغان ئىدى. بۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن ئۇنى دەستىكار ئۇسۇلى بىلەن داۋالىماستىن، بەلكى تارقاتقۇچى تىلا ۋە زەرۇرى ئەغبەر بىلەن بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تامامەن ياخشى بولدى. بۇ، دەستىكار بىلەن قاپاق ياغسىمان ئۆسمىدىكى ياغنى چىقىرىۋېتىشتىن ياخشىدۇر.

قاپاقتا تۈگۈنچە پەيدا بولۇش (ئۇقدە)

ئاتىلىش سەۋەبى بۇ كېسەللىك تۈگۈنچە بىلەن ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ نامى ئۇقدە قويۇلغان.

بۇ كېسەللىك يۇقىرىقى قاپاق تېرىسى ئاستىدا پەيدا بولىدۇ ۋە تۇتۇپ بىلگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى قويۇق ھۆللۈك بولۇپ، قاپاققا قۇيۇلۇپ قاتتىقلىشىدۇ. بۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

ھەرىكەتچان تۈرى بۇ تۈر ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئۆز ئورنىدىن ئوڭ، سول، ئاستى - ئۈستىگە ئاسانلا يۆتكىلىدۇ. چۈنكى بۇ تۈر سەلئەگە ئوخشاش بىر پەردە بىلەن بىرلەشكەنلىكى سەۋەبىدىن ئەزادىن ئايرىم تۇرىدۇ.

داۋالاش ئەگەر تۈگۈنچە زىيادە چوڭقۇر بولمىسا سىرتىغا چىقىرىلىدۇ. يەنى بۇنىڭ ئۈستىدىكى تېرىنى توغرىسىغا تىلىپ، تۆشۈكنىڭ ئەتراپلىرىنى ئىلغۇچ بىلەن تارتىپ تۈگۈنچىدىن ئاجرىتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن مۇلايىملىق بىلەن تۈگۈنچە پەردىسى بىلەن تارتىپ ئېلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەردىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. ئۇنداق بولمىسا دەستىكار تولۇق بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر تۈگۈنچە بار ئورۇن ئۈستىگە «+» شەكىللىك تۆشۈك ئاچىدۇ.

ئەگەر بۇ تۈگۈنچە چوڭقۇر بولسا، قاپاقنى ئۆرۈپ، يەنى ئىچىدىن تۆشۈك ئېچىپ تۈگۈنچىنى چىقىرىدۇ، ئاندىن زىرىنىڭ سۈيى قىسقا ۋاقىت تۆشۈككە تولدۇرۇپ قۇيۇلىدۇ.

قاتتىق تۈرى بۇ تۈرى تاشقا ئوخشاش ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. ئۆز جايىدىن تامامەن يۆتكەلمەيدۇ. يەنى بۇ ئەزادىن ئايرىلىپ تۇرمايدۇ. چوڭ يىرىڭلىق ئىششىققا ناھايىتى ئوخشايدۇ.

داۋالاش بۇنى دەستىكار ئارقىلىق چىقىرىش خەتەرلىكتۇر. چۈنكى، بۇ قاپاق بىلەن بىرلەشكەن بولۇپ، ئالدىنقى قىسمىدىكىدەك پەردە ئارقىلىق قاپاقتىن ئايرىلىپ تۇرمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ماددىسىنى تامامەن چىقىرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ يىلتىزى قېلىپ، بۇ كېسەلنى ئىككىنچى قېتىم پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىمار يېقىمسىزلىق ۋە ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بۇ سەۋەبتىن چوڭ ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

مۇناسىپ ئىسسىق سۇ ۋە قىرۇتى بىلەن تۈگۈنچىنى يۇمشىتىپ، يۇمشىغاندىن كېيىن داخلىيۇن ۋە لوئابلار بىلەن تارقىتىلىدۇ، مەسىلەن: زىغىر ۋە شۇمشا لوئابى.

ئەگەر تۈگۈنچە تارقاپ كەتمىسە داۋالاش قىلىنمايدۇ. يەنى دەستىكار سايمانلىرى ۋە ئۆتكۈر دورىلار بىلەن تىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر ئومۇمىي بەدەننى تازىلىغاندىن ۋە كېسەللىك ماددىسىنىڭ قۇيۇلۇشىنى توختاتقاندىن كېيىن قايچا بىلەن كېسىپ، قىسقا ۋاقىت قان ئاققۇزۇشنى توغرا، دەپ قارايدۇ.

كېڭەيگۈچى تۈرى بۇ كېڭەيگەن بولىدۇ. قېلىنلىقى زىيادە بولمايدۇ. رەڭگى قارا

ئۈجمىگە ئوخشاش ياكى پىدىگەن رەڭگىدە كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭدا قان تومۇرلارمۇ بولۇپ، ئەزاغا چاپلاشقان بولىدۇ.

داۋالاش   بۇ تۈرنى تۆمۈر سايمانلار بىلەن تىلىش قەتئىي مۇناسىپ ئەمەس، بەلكى بەدەننى ئارىلاپ تەنقىيە قىلىش ۋە قويۇق غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش مۇناسىپتۇر.

يىڭناسقۇ (شەئىرە)

يىڭناسقۇ بىر خىل ئىششىق بولۇپ، قاپاق گىرۋەكلىرىدىكى كىرپىك يىلتىزلىرىدا كۆرۈلىدۇ، شەكلى ئارپا بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامى شەئىرە قويۇلغان. بۇ بىر قاتتىق ئىششىق بولۇپ، رەڭگى قاپاق رەڭگىدە بولىدۇ.

ئەرۇس   يىڭناسقۇنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، رەڭگى قىزىل ۋە يۇمشاق بولىدۇ. بۇنىڭ ماددىسى كۆپىنچە قان بولىدۇ.

داۋالاش   قان ئېلىنىدۇ، مېڭە تازىلىنىدۇ. ئاچ قورساق قويۇلىدۇ. غىزا كېمەيتىلىدۇ. كەچتە تاماق يېيىش توختىتىلىدۇ ۋە كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە سەبرە، رۇسۇت، مامىيسا، گىل ئەرمىنى قاتارلىقلار كاسىنە سۈيى بىلەن تىلا قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىسسىتىلغان موم ۋە مەلھەمى داخلىيۇن تىلا قىلىنىدۇ. بۇ داۋالاش بۇنىڭ ئىككىلا تۈرى ئۈچۈن ئورتاقتۇر. لېكىن بىرىنچى تۈرى بۇ داۋالاش بىلەن ساقايمىسا دەستىكاردىن باشقا چارە يوق. دەستىكار قىلىشتا بۇنىڭ يىلتىزىنى تىرناق بىلەن بېسىپ تۇرۇپ كېسىش ياكى قايچا بىلەن كېسىش ھەمدە قىسقا ۋاقىت قان ئاققۇزۇش، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاكى قان توختىغىچە زەرۇرى ئەسفەر سېپىش لازىم.

قاپاق ئۈجمىسىمان ئۆسمىسى

بۇنىڭدا ئىششىق ئۈجمە شەكلىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈجمە نامى بىلەن ئاتالغان. ئۈجمىسىمان ئۆسمە قارامتۇل قىزىل، يۇمشاق ۋە بوشاشقان گۆشتۇر. بۇ كۆپىنچە ئاستىنقى قاپاق ئىچىدە ئېسىلغان ھالەتتە بولىدۇ. بەزىدە يۇقىرىقى قاپاقتىمۇ بولىدۇ ۋە بەزىدە بىرىكتۈرگۈچى پەردىدە، كۆز ئىچكى بۇرجىكى مۇسكۇلى تەرەپتە كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش كېسەللىكىگە ئوخشاشمۇ بولىدۇ. بەزىدە قانلىق بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن قىزىل ياكى قارامتۇل قان ئېقىپ تۇرىدۇ. بەزىدە قان ئاقمايدۇ.

سەۋەبى كۆيگەن ۋە بۇزۇلغان قاندىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى ۋە يېگۈچى دورىلار بىلەن كۆز تازىلىنىدۇ، مەسىلەن: ئۇزۇنچاق زىراۋەندە، زەنگار، زەمچە، مەدەستان، كۈندۈر ۋە نۆشۈدۈر قاتارلىقلار. ئۆتكۈر شياف ئىشلىتىش، مەسىلەن: شيافى ئەخزەر ۋە رۇشنائى. بۇ ئۇجمىسىمان ئۆسمىنى ناۋات ياكى تۆمۈر سايمان بىلەن قىرىپ، زەرۇرى ئەسفەر ھار ۋە شيافى ئەھمەر بۇنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ياخشىراق داۋالاش ئۇسۇلى دەستىكاردۇر، چۈنكى يۇقىرىقى ئۆتكۈر دورىلارغا سېلىشتۇرغاندا دەستىكار بىلەن ساقايتىش زىيادە ئاساندۇر. دەستىكار ئۇسۇلىدا زارە بىلەن ئۇجمىسىمان ئۆسمىنى كۆتۈرۈپ يىلتىزىدىن كېسىش، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تۇز ۋە زىرە سۈيى تېمىتىش لازىم. ئەگەر تولۇق كېسىلمىسە قايتىلىنىدۇ.

ئەگەر يىلتىزىدىن كېسىش مۇمكىن بولمىسا قاپاقنى سىرتىغا تارتىپ كۆزنى خېمىر بىلەن تولدۇرۇپ، ئاندىن ئۆتكۈر دورىلار بۇنىڭ قالدۇق يىلتىزىغا ئىككى سائەتكىچە قويۇلسا، بۇ جاي قارىدايدۇ. ئاندىن سۈت بىلەن بىرقانچە قېتىم تاكى كۆزدە ئىسسىقلىق بولمىغىچە يۇيۇلىدۇ. ئۇزۇنچاق زىراۋەندە ۋە يۇملاق زىراۋەندىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

بەردە بەردە بىر بەلغەمى ھۆللۈك بولۇپ، يۇقىرىقى قاپاقنىڭ ئىچىدە قويۇلىدۇ ۋە قاتىدۇ. كۆپىنچە قاپاقنىڭ سىرتىدىمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ، ئاققا مايىل بولۇپ، شەكلى ۋە قاتتىقلىقى قىروۋ بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامى بەردە (ئۆۋلە) قويۇلغان.

قوشۇمچە بۇ كېسەللىكنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىقاتچىلار قاپاق تۈگۈنچىسىمان بەزلىرىدىن مەلۇم بىرىنىڭ چوڭىيىشى، دەپ ئېيتقان. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ كانىلىنىڭ توسۇلغانلىقىدۇر. بۇنىڭ بىلەن ئەتراپىتىكى قاپاق كۆمۈرچىكىدە سوزۇلما ئىششىق بولىدۇ، بۇ كېسەللىك ياشلاردا كۆپ بولىدۇ ۋە بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان قىروۋسىمان ماددىلار تېپىلىدۇ.

ئالامىتى بۇنىڭ ماددىسىدا ئۆتكۈرلۈكمۇ بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بەزىدە ئاغرىق بولىدۇ. بەزىدە ئىچكى ياكى تاشقى سەۋەبلەردىن ماددىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى زىيادە بولغان چاغدا قىچىشىش بولىدۇ. ھەتتا بىمار بۇنى قاشلاش بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ.

قوشۇمچە بەردە بەزىدە يەڭگىل ۋە يوشۇرۇن ئالامەتلەر بىلەن، بەزىدە ئالامەتسىز تەدرىجىي كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ بەز تېنى ھەپتىلەر بەلكى ئايلاردىن كېيىن كەرسىنە باراۋىرىدە چوڭىيىدۇ، تۇتقاندا قاتتىق بىلىنىدۇ. تېرىدىن ئايرىلىپ، قاپاق كۆمۈرچىكى بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ، قاپاقنى تەتۈر ئۆرىسە بۇنى ئوبدان تەكشۈرگىلى بولىدۇ. بەزىدە بۇ ئۆزلۈكىدىن غايىب بولىدۇ ۋە بەزىدە بىرلا ھالەتتە يىللاپ تۇرۇپ قالىدۇ. بەزىدە بۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ.

داۋالاش كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇش مەقسىتىدە شۇمشا، زىغىر لۇئابى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش باشقا دورىلار كۆزگە تېمىتىلىدۇ. ئوشەق، گەندە بەھروزە، راتىنەج، بەتەم يېلىمى قاتارلىقلارنى سىركە، زەيتۇن يېغى لېيىدا ئېزىپ ئىككى قاپاق ئۈستىگە زىمات قىلىنىدۇ. ئەگەر زىيادە قاتتىق بولۇش سەۋەبىدىن تارقالمىسا تىلىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. تىلىپ چىقىرىۋېتىشتا قاپاقنى توغرىسىغا تىلىپ سۇلائىنىڭ كەڭ بېشى بىلەن بەردە چىقىرىۋېتىلىدۇ. چۈنكى بۇ قاپاقتىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن زەرۇرى ئەسفەر بىلەن بۇ تۆشۈك تولدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇ ھۆللۈك قاپاقنىڭ ئىچىدە بولسا، قاپاقنى تەتۈر ئۆرۈپ توغرىسىغا تىلىش لازىم.

قېتىشىش بىر قويۇق ماددىدىن بولىدۇ، بۇ، بەردە كېسەللىكىدىكى كېرەكسىز ماددىدىن زىيادە قويۇق ۋە سەۋداۋى بولىدۇ. بۇ قاپاقتا توپلىشىپ قاتتىقلىشىپ قېتىشىدۇ.

داۋالاش ھەببى ئايارەج ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ، موزاي سۆڭىكى يىلىكى، موم ۋە بىنەپشە يېغى قاتارلىقلار تىلا قىلىنىدۇ، تاكى قويۇق ماددا يۇمشاپ تېز تارقاپ كەتسۇن ياكى مەلھەمى داخىلىيۇن ھەتتا ماددا تارقاپ كەتكۈچە تىلا قىلىنىدۇ.

ئەگەر ماددا تارقاپ كەتمىسە، قاپاقنى تەتۈر ئۆرۈپ، يۇمىلاق باشلىق نەشتەر بىلەن بۇ ئورۇننى تىلىش ۋە تىرناقلار بىلەن بارلىق كېرەكسىز ماددىلار چىقىپ كەتكۈچە سىقىش، ئەگەر كېسەللىكنىڭ قايتىلىنىشىنىڭ خەتىرى بولسا زەخىمنىڭ گىرۋەكلىرىنى قايچا بىلەن كېسىش تاكى زەخىمنىڭ پۈتۈشى كېچىكسۇن ۋە ماددا تولۇق چىقىپ كەتسۇن.

قاپاق يارىسى

بۇ سىرتقى سەۋەبلەر، مەسىلەن: زەربە تېگىش قاتارلىقلاردىن ياكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. ئىششىق ئىچىگە يىرىڭ تولۇپ، زەخىم پەيدا بولىدۇ.

قاپاقتىكى زەخىملەرگە ئەدەس، ئانار پوستى، پىستىنىڭ سىرتقى پوستى قاتارلىقلار سىركىدە قايىنىتىپ زىمات قىلىنىدۇ. قاقاچ چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن زەخىمنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن تۇخۇم سېرىقىغا زەپەر قوشۇپ ياكى شىيافى كۇندۇر قوشۇپ ياكى شىيافى ئىستەفتىقان قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم.

شىيافى ئىستەفتىقان نۇسخىسى: ئالتۇن چىلىندان، قارىمۇچ، ئەپيۇن، زەپەر ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، لاھور تۇزى، توغرىغۇ، قىزىل زەرنىخ ھەربىرى 5. 3 گىرامدىن، ئەرەب يېلىمى، شىيافى مامىسا، ئەنزىرۇتنىڭ ھەربىرىدىن 14 گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى بەدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇپ شىياف ياسىلىدۇ.

قاپاق ئېسىلىپ قېلىش

بۇ كېسەللىك سۇيۇق ماددىلار سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ ئەزالارنىڭ ھەزىم قىلىش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىششى ۋە بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: سۇئۇلقۇنىيە (كەم قانلىق) دە كۆزىتىلگەندۇر.

داۋالاش كېسەللىك سەۋەبى يوقىتىلىدۇ. ئىسسىتىلغان كېپەك بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

تەتۈر كىرپىك

ئارتۇق كىرپىك ۋە تەتۈر كىرپىك (شەئىر زائىد ۋە شەئىر مۇنقەلىب): بەزى كىشلەر تەتۈر كىرپىك ۋە ئارتۇق كىرپىكنى بىرلا دەپ چۈشىنىدۇ، بۇ يازغۇچىنىڭ سۆزلىرىدىن ئېنىقتۇر. لېكىن توغرىسى تەتۈر كىرپىك ئىككى قاپاق گىرۋەكلىرىدە پەيدا بولۇپ، كۆزنىڭ ئىچى تەرىپىگە ئېگىلگەن كىرپىكتۇر. ئەگەر قاپاق ھەرىكەت قىلسا كىرپىك كۆز ئالمىسىغا سانجىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كۆزدىن ياش ئاقىدۇ ۋە كۆزلىرى ئاجىزلاپ، ماددىلارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆزگە قىزىل قان تومۇرلۇق پەردە چۈشۈش، كۆز ياشاڭغىراش، كۆز قىچىشىش ۋە قىزىرىش پەيدا بولىدۇ.

ئارتۇق كىرپىكنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىي ھالەتنىڭ ئەكسىچە قاپاقلارنىڭ گىرۋەكلىرىدە بولمايدۇ، بەلكى كۆزگە يېقىن بولىدۇ. بۇ تۈز بولغان ھالەتتە سانجىلىدۇ ۋە سىرتقى تەرەپكە ئېگىلگەن ھالەتتە بولغاندا كۆزگە بىرەر ئوچۇق نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى كۆز ئۈستىگە توغرا كېلىپ قالسا، ئالدىدىكى نەرسىلەر قارا سىزىقتا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ.

شۇڭلاشقا بۇرۇنقى بەزى تېۋىپلار ئېيتقانكى، كىرپىك ئەگەر ئادەتتىكىدىن زىيادە بولسا ۋە ئۆز ئورنىدا بولمىسا ئاي نۇرىغا قارىغاندا ئاي ۋە چىراغنىڭ نۇرلىرى (بۇ بىمارنىڭ ئىككى كۆزىگە يېتىپ بارىدۇ) چېچىلاڭغۇ كۆرۈنىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك قاپاق ۋە قاپاقنىڭ گىرۋەكلىرىگە يىغىلىپ، چىرىگەن ۋە بۇزۇلغان خىلتلاردىن پەيدا بولىدۇ.

قوشۇمچە تەتۈر كىرپىكنىڭ سەۋەبلىرى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: كۆز قاپىقىنىڭ سوزۇلما ئىششىقلىرى، قاپاققا زەربە تېگىش، قاپاقنىڭ ئوت ياكى قايناق سۇ بىلەن

كۆيۈپ قېلىشى قاتارلىقلار. بۇ كېسەللىك سوغۇق رايون ۋە سوغۇق ۋاقىتلاردا، سوغۇق مىزاجلىقلاردا ۋە ياشانغانلاردا كۆپ بولىدۇ.

ئالامىتى كۆزلىرىدە كىرپىكلەرنىڭ سۈركىلىشى سەۋەبىدىن ئاغرىق بولىدۇ، ياش ئاقىدۇ. بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن مۈڭگۈز پەردىدە زەخىم ياكى ئاقلىق پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆتكۈر ۋە قاپاقتىكى ماددىلارنى تازىلىغۇچى سۈرمىلەر تارتىلىدۇ، مەسىلەن: باسلىقۇن، شىيافى ئەھمەر ۋە ھاد، شىيافى ئەخزەر قاتارلىقلار.

ئاندىن كېيىن كىرپىكلەرنى يۇلۇپ، ئۇ ئورۇن داغلىنىدۇ، لېكىن بىر كىرپىكنى يۇلۇپ، يىڭنە بىلەن داغلاپ ياخشىلانغاندىن كېيىن ئىككىنچىسىنى يۇلۇپ داغلاش مۇناسىپتۇر. داغلىغان ۋاقىتتا قاپاقنى ئۆرۈپ داغلاش، تاكى كۆزگە ئىسسىقلىق يەتمىسۇن. لېكىن بەزى كىشىلەر كۆزنى سوغۇق خېمىر بىلەن تولدۇرىدۇ ۋە داغلاشتىن كېيىن كۆزگە تۇخۇم ئېقىنى گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ تىلا قىلىدۇ.

بەزىدە كىرپىكنى يۇلغاندىن كېيىن داغلىماستىن كۆك دەريا پاقىسىنىڭ قېنى، ياكى ئىت كانىسىنىڭ قېنى، چۈمۈلە تۇخۇمى ياكى ئەنجۈر سۈتى تارتىلىدۇ.

ئىت كانىسى: بۇ، ئىتلارنىڭ قۇلىقىغا چاپلىشىپ ياشايدۇ، كۆپ مىقداردا قان سۈمۈرۈۋالسا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ھۈنەيىن دېگەن تېببىي ئالىم، ئۆز كىتابى «ئىختىيارات» تا يازغانكى، كىرپىكلەرنى يۇلۇۋەتكەندىن كېيىن يەرلىك ئورۇنغا ھۆپۈپنىڭ ئۆتىنى سۈركەش لازىم. چۈنكى بۇ داۋالاش ناھايىتى يېتەرلىك بولۇپ، باشقا دورىنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ، ئەگەر بۇ تەتۈر كىرپىك بىر تالدىن بەش تالغىچە بولسا، بەزىدە ياۋا ئۈزۈم ياكى مەستىكى ياكى ئۇد خام ئارقىلىق باشقا ئەسلىي ۋە تەبىئىي كىرپىكلەر بىلەن چاپلاپ قويۇلىدۇ. ياۋا ئۈزۈم ھەببۇلئاسقا ئوخشاش بىر خىل ئۇرۇق دورا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن چاپلاشقاق ھۆللۈك بولىدۇ.

بەزىدە مۇمكىن بولسا يىڭنە ئارقىلىق ئارتۇق كىرپىك يۇلۇۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، يىڭنىنىڭ تۆشۈكىگە بۇ ئارتۇق كىرپىك كىرگۈزۈلۈپ، قاپاقنى ئۆرۈپ تۇرۇپ يۇلۇۋېتىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن بىر تال چاچ ياكى يىپەك يىپنىڭ بىر بېشىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككى بېشىنى بىرلەشتۈرۈپ تەڭلەشتۈرۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئارتۇق كىرپىككە تەگكۈزۈلۈپ ئاستا، ئاز - ئازدىن قاپاقنىڭ سىرتىغا چىققۇچە تارتىلىدۇ. ئەگەر ئىككى قېتىم مۇشۇ ئەمەلنى قىلىشقا زۆرۈرىيەت تۇغرا كېلىپ قالسا، يەنە بىر ئورۇنغا قىلىش تاكى كىرپىك تۆشۈكى

كېڭىيىپ قالمىسۇن، تۆشۈك كېڭىيىپ قالسا كىرپىك چۈشۈپ كېتىدۇ.

تەتۈر كىرپىكنى يوقىتىش تەتۈر كىرپىك ناھايىتى كۆپ بولسا، قاپاق كېسىۋېتىلىدۇ. بۇ ئەمەل تەشمىر دېيىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئەھۋالدا بۇ ئامالدىن باشقا داۋالاش ئۇسۇلى يوق.

كېسىشنىڭ بىرىنچى ئۇسۇلى شۇكى، ئالدى بىلەن قاپاق تېرىسى ئوتتۇرىسىدىن يىڭنىنىڭ يىپىدا ئۈچ ئورۇندىن باغلىنىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى ياردەمچى كىشى بۇنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن قاپاقنى تەتۈر ئۆرۈپ، كۆزلىرى ئوچۇق قالغۇدەك زىيادە كۆتۈرمەيدۇ. ئاندىن تېرە قايچا بىلەن كېسىلىدۇ ۋە زەخمىنىڭ ئىككى گىرۋىكى بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر قانچە ئورۇندىن ئايرىم - ئايرىم تىكىپ تۈگۈنچىلىنىدۇ. ئاندىن بۇنىڭ ئۈستىگە زەرورى ئەسفەر سېپىلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى يىپلار قايچا بىلەن كېسىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ ھەمدە مەلھەملەر بىلەن داۋالىنىدۇ.

كېسىشنىڭ ئىككىنچى ئۇسۇلى قاپاقنى تەتۈر ئۆرۈپ، قاپاق گىرۋىكىدىن تۆشۈك ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زەخمىنى پۈتتۈرۈپ گۆش پەيدا قىلغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىرپىك سىرتقا ئېگىپ، قاپاق كىچىكلەپ، كىرپىك كۆزگە سانجىلمايدۇ. كۆزنىڭ بۇ سەۋەبتىن ياشاڭغىراشمۇ ئوڭشىلىدۇ. ئەمما جىرتاقلىق كېسىلىگە ئوخشاش كۆز ئالمىسى ئازراق ئوچۇق قالىدىغان بولغاچقا، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشى مۇمكىن.

ئەمەلىي داۋالاش بىمارنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ، بېشى ئارقا تەرەپكە ئېگىلدۈرۈلىدۇ ۋە داۋالىغۇچى بىمارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ، موچىن بىلەن بىمارنىڭ كىرپىكلىرىنى بىر - بىرلەپ يۇلىدۇ. لېكىن يۇلۇشتىن ئىلگىرى كۆزگە يەبرۇج جەۋھىرىدىن بىر قانچە تامچە تېمىتىلىدۇ، تاكى بىمار يېقىمسىزلانمىسۇن. كىرپىكلەرنى يۇلۇپ بولغاندىن كېيىن زەپەردىن ئالتە گرام، كافۇردىن 0.24 گرام ئېلىپ، بۇلارنى سۇدا ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ، كەچتە ئىترىفىل كەشنىز ياكى ئىترىفىل ئۇستىقۇددۇس ياكى ئىترىفىل زاماندىندىن يەتتە گرام ئېلىپ، قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە كوھلى گۈل كۈنجۈت، كوھلى كافۇر ياغ تەركىبى بولغان دورىدىن مەلۇم بىرى بىلەن قائىدە بويىچە سۈركىلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى نۇسخىدىن بىرى تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ:

سۈرمە (كوھلى) نۇسخىسى: شورە قەلەمىدىن 36 گرام، قارا سۈرمىدىن ئالتە گرامدىن ئېلىپ، ئىككىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، سۈرمە تەييارلاپ كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا كۆزگە تارتىلىدۇ.

يەنە بىر سۈرمە نۇسخىسى: نۆشۈدۈر بىر گرام ، سەبرە، قىزىل سېغىز، يەسمەنگۈلى،

مەنسىل، لوتەسەجى ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى سۇرمىگە ئوخشاش يۇمشاق قىلىپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە كۆزگە تارتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز   ئادەتتىكى تاماقلارغا قارىمۇچ ئاز سېلىپ يېگۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا ئۆتكۈر ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچ دورىلار بولمىسۇن، ئاپتاپتا مېڭىشتىن، خەت يېزىشتىن ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالارنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

كىرپىكلەرنىڭ تۆكۈلۈشى

بۇ كېسەللىك كۆزنى چاڭ - توزان ۋە قاتتىق ئۆتكۈر يورۇقلۇقتىن قوغداپ قالالمىغانلىقى سەۋەبىدىن زىيانلىقتۇر. شۇڭلاشقا كۈن نۇرىدا كۆرۈش كۈچى ئاجىزلايدۇ، چاقماق چاققان ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتتە كۆرۈش كۈچى تامامەن يوقىلىدۇ. يەنى، كىرپىكنىڭ رولى ئۆزىنىڭ قارىلىقى سەۋەبىدىن يورۇقلۇقنى سۈمۈرۈپ نورماللاشتۇرۇشتۇر.

سەۋەبى

(1) **سەپرادىن ۋە سەۋدادىن بولىدۇ:** بۇنىڭ سەۋەبى سەپرا ياكى سەۋدانىڭ ياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىرلىشىش سەۋەبىدىن كىرپىك يىلتىزىنىڭ ئوزۇقلىنىشى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى بۇ سەۋەب پەقەت بىر خاس ئورۇنغا بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن بەدەندىكى مويلار چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

(2) **ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن بولىدۇ:** كىرپىكلەر يېتەرلىك ئوزۇقلىنالمىغانلىقتىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرگە سۇ قۇيماسلىق سەۋەبىدىن قۇرۇپ قالغىنىغا ئوخشاش. كىرپىك چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم ئەسلىدىكى ئورنىدىن ئۈنۈپ چىقمايدۇ.

(3) **ھۆللۈكتىن بولىدۇ:** ھۆللۈكتىن كىرپىك يىلتىزى بوشىشىپ، كىرپىك تۆشۈكى كېڭىيىپ كەتكەنلىكتىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

(4) **كىرپىكلەر ئوزۇقلىنالماسلىقتىن بولىدۇ:** بەزىدە بۇ كېسەللىك ئوزۇقلارنىڭ كىرپىكلەرگىچە يېتىپ بارالماسلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ قويۇق ۋە تەر تۆشۈكچىلىرىگە چاپلىشىۋالىدىغان خىلىت سەۋەبىدىن بولىدۇ.

بۇ، كىرپىكلەرنىڭ ماددىسىنى بۇزىدۇ، بۇ قىسمى دائىرىلىك چاچ چۈشۈشنىڭ تۈرلىرىدىندۇر.

بەزىدە كىرپىكلەرگىچە ئوزۇقلۇق يېتىپ بارالماسلىقى تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ يوقىلىشى ۋە

تۇسۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: چېچەك، زەخىم ۋە كۆيۈپ قېلىش قاتارلىقلار. بۇ تۈرنى داۋالىغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ زەخىم ساقايغاندىن كېيىن تېرىگە ئوخشاش قاتتىق توقۇلما پەيدا بولىدۇ. بۇ توقۇلمىدا تۆشۈك ۋە تەر تۆشۈكچىلىرى بولمايدۇ. كىرپىك قايتىدىن ئۈنۈپ چىقالمايدۇ. زەخىم ۋە باشقىلاردىن كېيىن كىرپىك ئۈنمەسلىكنىڭ سەۋەبى كىرپىك خالتىسى زەخىملىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە كىرپىك يىلتىزىدۇر.

ناھايىتى ئۆتكۈر كېسەللىكلەرنىڭ ئاخىرىدا كىرپىكلەر بەدەندە قان ۋە ھارارەتنىڭ كېمىيىشى سەۋەبىدىن ئوزۇقلىنالماي تۆكۈلىدۇ. چۈنكى كىرپىكمۇ باشقا ئەزالارغا ئوخشاش قان ئارقىلىق ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بۇ ھالەت دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، جۈزام ۋە سۇئۇلقۇنىيەگە ئوخشاش كېسەللىكلەردە بولىدۇ. قاپاق ئىششىقى ۋە گۆشخور چاقا سەۋەبىدىنمۇ كىرپىكلەرنىڭ تۆكۈلۈشى ئىككىلەمچى پەيدا بولىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

ئالامىتى

(1) **سەپرا ۋە سەۋدادىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى:** سەپرا ۋە سەۋدانىڭ غالىب كەلگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قىچىشىش ۋە كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ماددا قاپاقنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولغاندا ئىككى قاپاقتىن كىرپىكلەرنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن باشقا بىرەر ئاشكارا ئالامەت كۆرۈلمەيدۇ.

(2) **ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنىڭ ئالامىتى:** بۇ تۈرى ئۆتكۈر كېسەللىكلەر، مەسىلەن: سەرسام ۋە كۆيدۈرگۈچى قىزىتمىدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

(3) **ھۆللۈكتىن بولغىنىنىڭ ئالامىتى:** بەلغەم غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

(4) **كىرپىكلەر ئوزۇقلىنالماسلىقىنىڭ ئالامىتى:** بۇنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ.

داۋالاش

(1) **سەپرا ۋە سەۋدادىن بولغىنىدا:** سەپرا ۋە سەۋدا بەدەندىن تازىلىنىدۇ، مىزاجى تەڭشىلىدۇ. كىرپىك ئۈندۈرگۈچى سۈرمە تارتىلىدۇ. مەسىلەن: لاجۇۋەرد، ئەمەن تېشى، كۆيدۈرۈلگەن خورما ئۇرۇقى، كۇندۇر ئىسى، چىلغوزا پوستى، سۇمبۇل قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ تارتىلىدۇ.

(2) **ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن بولغىنىدا:** ياخشى غىزالار بېرىلىدۇ ۋە ھامامغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق كۈچلەر كۈچلەندۈرۈلىدۇ. بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. قەتئىي ئىستىفراغ قىلىنمايدۇ. قىسقىسى، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ ۋە قۇرۇقلۇق يەتكۈزگۈچى

نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، ئاندىن ياش ئاقتۇرمايدىغان سۈرمىلەر تارتىلىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا ھۆللۈكلەرنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن قۇرۇقلۇق ئېشىپ كېتىدۇ. بەلكى كىرپىكلەرنىڭ يىلتىزىنى قىزىتىدىغان سۈرمىلەرنى تارتىش تاكى كىرپىك ئۆز ئۇزۇقلۇقىنى قۇۋۋەت بىلەن سۈمۈرەلىسۇن، مەسىلەن: باسلىقۇن ۋە رۇشنائىنى تارتىش.

رۇشنائىنىڭ نۇسخىسى: كۆيدۈرۈلگەن مىس، شادىنەج ھەربىرى 5. 17 گىرام، قارىمۇچ، زەپەر، شەھمەنزەل ھەربىرى 1.5 گىرامدىن، زەنگار، سەبرە، توغرىغۇ ھەربىرى 3.5 گىرامدىن، ئالتۇن چىلىندان يەتتە گىرام. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى يۇمشاق سوقۇپ تەييارلىنىدۇ.

(3) **ھۆللۈكتىن بولغىنىدا:** ئايارەج ۋە ھەبلەر بىلەن ماددا چىقىرىلىدۇ. قۇرۇتقۇچى چارىلەردىن ئېغىر ئەمگەك قىلدۇرۇش، ئۇخلاتماسلىق ۋە غىزانى ئازايتىش چارىلىرىنى ئىشلىتىش، ياش ئاققۇزغۇچى، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى سۈرمىلەرنى تارتىش تاكى ھۆللۈكلەر چىقىپ كەتكۈچە، مەسىلەن: شىيافى سۇرۇخ ھەم شىيافى سەبىز قاتارلىق.

(4) **ئۇزۇقلىنالمىغاندا:** دەسلەپتە كېسەللىكنىڭ قايسى خىلتتىن پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاش، بەلغەمدىن پەيدا بولغانمۇ ياكى سەۋدادىن ياكى بۇزۇلغان قاندىن ياكى كۆيگەن سەپرادىن پەيدا بولغانمۇ؟ بۇ قاپاقنىڭ رەڭگىدىن مەلۇم بولىدۇ، بولۇپمۇ ئىككى قاپاق بىرلەشكەندىن كېيىن خىلىت پۈتۈن بەدەندە غالىب كەلگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ بەلگىسى بولىدۇ، ئاندىن شۇ غالىب خىلتنى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭغا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشنىڭ تۈرلىرى ئېتىبارى بىلەن دائىرىلىك چاچ چۈشۈشنىڭ تىلاسى چېپىلىدۇ، بۇ، كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا سۆزلىنىدۇ. ئاندىن كىرپىك ئۈندۈرگۈچى سۈرمىلەر تارتىلىدۇ.

قاپاق پىتى

بۇنىڭدا پىتنىڭ ئۆسۈپ كۆپىيىش ئورنى قاپاق بولۇپ، ئۇ تەبىئەت تېرە تەرەپكە ھەيدەپ چىقارغان چىرىگەن، پاسكىنا ھۆللۈكلەردىن بولىدۇ.

داۋالاش مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزگەندىن كېيىن، ماددىنى لەتىفلەشتۈرگەندىن ۋە مۇنزىج بەرگەندىن كېيىن قوقىيا ئارقىلىق مۇسھىل بېرىلىدۇ ھەممە بەدەن ۋە باش بۇزۇلغان ھۆللۈكتىن تەنقىيە قىلىنىدۇ. مېڭىنى تەنقىيە قىلىدىغان دورىلار بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ئايارەج پەيقىرا ياكى ھەسەلگە ئاچچىق سۇ قوشۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ، ھۆللۈكلەر قاپاقتىن تازىلىنىدۇ ۋە تۈرلۈك سۇ ھەم سېرىقچىچەك سۈيى بىلەن قاپاق يۇيۇلىدۇ. ھۆللۈكلەرنى

پاكىزلىغۇچى، پىت ئۆلتۈرگۈچى سۈرمىلەر تارتىلىدۇ. مەسىلەن: زەمچە بىر ھەسسە ۋە ياۋا ئۈزۈم ھەم توغرىغۇدىن يېرىم ھەسسە ئېلىپ، ئۇلارنى ئېزىپ سۈرمە تايىقى بىلەن قاپاقلار ئۈستىگە سۈركىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پىتلار ئۆلىدۇ.

سىماب ۋە پىت سۈرمە تايىقىنى سىمابتا بىرئاز تۇرغۇزۇپ، سىمابنىڭ پۇرىقى سۈرمە تايىقىغا سىڭگەندە، بۇنى ئاستا - ئاستا ئايلاندۇرۇش. يەنى كۆزىگە بىرەر سۈرمە تارتقانغا ئوخشاش ئايلاندۇرۇلسا، بۇ پىتلارنى ئۆلتۈرىدۇ. چۈنكى سىماب پۇرىقىنىڭ كىچىك - كىچىك قۇرتلارنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار. سىماب ساپ بولۇپ، بۇنىڭدا باشقا ئارىلاشمىلار بولمايدۇ. يەنى بۇ جاراسىم ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئوفۇنەتلىنىشكە قارشى تۇرغۇچى زەبەردەست دورىدۇر.

ياش خالتىسى كېسەللىكلىرى

ياش ئەزالىرى: ياشقا مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنىڭ بىرىنچىسى ياش بېزى بولۇپ، ياش پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا ياش بېزى دېيىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ياش يولىدۇر. بۇ يول ياش بېزىدىن كۆزگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۈچىنچىسى، ياش كانالچىسى بولۇپ، بۇ كانالچە كۆزنىڭ سىرتقى يۈزىدىن ياش خالتىسىغا بارىدۇ. ياش خالتىسىنىڭ بىر يولى بۇرۇن كانالچىسى ئارقىلىق بۇرۇن ئىچىگە يېتىپ بارىدۇ، شۇ سەۋەبتىن كۆز سۈرمىسى ۋە ياش بۇرۇندىكى پوتلىغا ئارىلىشىپ چىقىدۇ.

ياش بېزى: بۇ بەز كۆز ئويمىنىنىڭ سىرتقى بۇرجىنىڭ ئۈستى تەرىپى، قاشنىڭ قۇيرۇقىغا يېقىن جايلاشقان. بۇ بىر بادام شەكىلدىكى بەز بولۇپ، بۇنىڭ ھەجمى ۋە ئېغىرلىقى بادام باراۋىرىدە بولىدۇ، بۇنىڭ يۇقىرىقى يۈزى پۇلتىيىپ، كۆز ئويمىنى سۆڭىكى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۆۋەنكى ئويمان يۈزى كۆز ئالمىسىدا تۇرىدۇ، تومۇرلار ۋە نېرۋىلار بۇ بەزنى تېشىپ، بەز ئىچىگە كىرىدۇ. بۇ بەزنىڭ توقۇلمىسى تۈكۈرۈك (شۆلگەي) بېزىنىڭ توقۇلمىسىغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇ بەزنىڭ پائالىيىتى ياش پەيدا قىلىشتۇر، بۇ يەتتە ~ سەككىز كانالچە ئارقىلىق كۆز يۈزىگىچە يېتىپ كېلىدۇ.

ياش كانالچىسى: بۇ ئىككى كانالچە بولۇپ، ھەربىر كانالچە قاپاقنىڭ ياش پەيدا بولغۇچى نۇقتىسىدىن باشلىنىپ، ياش خالتىسىغا كېلىپ ئېچىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆزنىڭ يۈزىدىن ياش خالتىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ.

ياش خالتىسى: بۇنىڭ ئىچىگە كۆز يېشى مەزكۇر ئىككى كانالچە ئارقىلىق كېلىدۇ، بۇ خالتا ئۈستى پۈتەي بولىدۇ، ئاستى تەرىپىدىن بۇرۇن تەرەپكە بارىدىغان كانالچە باشلىنىدۇ. ياش بۇ كانالچە بىلەن ياش خالتىسىدىن بۇرۇن تەرەپكە ماڭىدۇ.

بۇرۇن كانالچىسى: بۇ كانالچە ياش خالتىسىدىن باشلىنىپ بۇرۇننىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىگە ئېچىلىدۇ. بۇ كانالچىنىڭ ئېغىزىدا بىر قاپقاق بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇ كانالچە توسۇلۇپ، ئۈستىدىن ياش ۋە باشقىلار ئۆتەلمەيدۇ ھەم بۇرۇندىن بىرەر نەرسە بۇ كانالچە ئىچىگە كىرەلمەيدۇ، بۇ كانالچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ (3/4) قىرات كېلىدۇ.

كۆز ياشاڭغىراش

بۇ كېسەللىكتە كۆز سۇغا ئوخشاش ھۆللۈك بىلەن ھەمىشە ھۆللىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن قاپاقتا بىرەر مۇدۇر بولمايدۇ، قىچىشمايدۇ، قاپىقىدا يىرىڭلىكمۇ بولمايدۇ ۋە تەتۈر كىرپىكنىڭ سانجىلىشىمۇ بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بەزىدە ھۆللۈك ئېشىپ كېتىش ۋە نەم بولۇپ تۇرۇشتىن تەرەققىي قىلىپ ياش ئېقىشقا باشلايدۇ. بۇ كېسەللىك ئەگەر يەنىمۇ تەرەققىي قىلسا، كۆزدە ئاق پەردە پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە كۆپلەپ ياش ئېقىش سەۋەبىدىن قاپاق گىرۋىكى ئىششىقى پەيدا بولىدۇ. بەزىدە ئىككى قاپاقنىڭ كۆپ ھەرىكەتلىنىشىدىن كۆزگە قۇيۇلغان ماددىنىڭ مىزاجى ئۆتكۈرلىشىدۇ ۋە تۇزلۇق تەرەپكە مايىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ماددىلاردىن گۆشخور چاقا كۆرۈلىدۇ. كىرپىكلەر چۈشۈپ كېتىدۇ. گۆشخور چاقا ئەزانى يەيدۇ ياكى بۇزىدۇ.

بىرىنچى سەۋەبى بۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى شۇكى، بەزىدە كۆز تىرناقسىمان گۆش ئۆسمىسىنى كەسكەندىن كېيىن كۆز بۇرجىكىنىڭ مۇسكۇلى يىگىلەيدۇ، بۇ، كۆزنى كېسىش ئەمىلى بىلەن داۋالىغان ۋاقىتتا كۆز بۇرجىكى تىرناقسىمان ئۆسمىسىنى ئارتۇق كېسىۋەتكەنلىكتىن بولىدۇ. ئەگەر كۆز بۇرجىكىنىڭ گۆشى كەملىگەن بولسا، كۆز ۋە بۇرۇن تۆشۈكى ئارىلىقىدا تۆشۈك ئېچىلىپ قالىدۇ (بۇرۇن كانالچىسىدىن ياش ئاقىدۇ). ئەگەر بۇ گۆش چوڭايسا كۆزدىن بۇرۇن تۆشۈكىگە بارىدىغان ماددىلار توختايدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆز ئىچكى ئاقمىسى پەيدا بولىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەبى بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى كۆز بۇرجىكى مۇسكۇلىنى كېسىش بولماستىن، بەلكى باش ۋە كۆزلەرگە ماددا تولغانلىقىدىن بولىدۇ (بۇلاردا ئىمتىلائ بولىدۇ) ۋە قۇۋۋىتى ماسىكە، قۇۋۋىتى ھازىمە ۋە قۇۋۋىتى مۇنزىجە ئاجىزلايدۇ. يەنى قۇۋۋىتى ماسىكە بۇ ماددىلارنى توختىتىشقا قادىر بولالمايدۇ ۋە قۇۋۋىتى ھازىمە ھەم قۇۋۋىتى مۇنزىجە ئۇلاردا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا بىر مۇناسىپ قىيام ۋە مىزاج پەيدا بولىدۇ. بۇ ئەزالارنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماددىلار ئۆزلۈكىدىن مېڭىدىن كۆز تەرەپكە كېلىدۇ. كۆز بۇنى توختىتىشقا، ھەزىم قىلىش ۋە پىشۇرۇشقا تولۇق قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى مېڭە بىلەن كۆزمۇ ئاجىزلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماددا كۆزلىرىدىن ياش شەكلىدە تەپچىرەيدۇ، بۇ مېڭە ئىششىقىدا كۆرۈلىدۇ.

بىرىنچى تۈرىنى داۋالاش زەرۇرى ئەسفەر ۋە شىيافى زەپەر ئىشلىتىلىدۇ. سەبىرە،

كۇندۇر ۋە مامىساغا ئوخشاش دورىلار سۈرمە شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، گۆش ئۈندۈرگۈچى، ئەزادا قورۇش پەيدا قىلغۇچى ۋە ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى بولسۇن. بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى گۆش يوقالمىغان ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر گۆش يوقالغان بولسا، بۇ دورىلار بىلەن گۆش قايتا پەيدا بولمايدۇ.

شىيافى زەپەر نۇسخىسى زەپەر، سۇمبۇل ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، ئاقمۇچ، قارىمۇچ ھەربىرى 1.845 گىرامدىن، قوقىيا 0.615 گىرام، نۆشۈدۈر 1.5 گىرام، موزا 10.5 گىرام، كافۇر 0.615 گىرام. بۇلاردىن قائىدە بويىچە شىياف تەييارلىنىدۇ.

ئىككىنچى تۈرىنى داۋالاش مۇناسىپ بولسا مېڭىنى تازىلاش مەقسىتى بىلەن ئىچىنى سۈرگۈزۈش ۋە قان ئېلىش ھەمدە يۇيۇلغان تۇتىيا ھىندىنى سۈرمە شەكلىدە تارتىش لازىم. تۆۋەندىكى سۈرمىنى تارتىش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ياخشىدۇر. مەسىلەن: بۇ سۈرمىنى ئىبنى تەلمىز بايان قىلغان. بۇ ئېقىۋاتقان ھۆللۈكنى توختىتىدۇ. كۆزنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلايدۇ ۋە كۆز ئاغرىقىدىن يىراق قىلىدۇ.

دەمئە نۇسخىسى تۇتىيائى ھىندى ۋە ئېكەكلەنگەن ھېلىلەنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، خام ئۈزۈم سۈيى ياكى سۇماقنىڭ سۈيىدە سالايە قىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

سوغۇقلۇق ۋە كۈلۈشتىن بولغان كۆزدىن ئارىلاپ ياش ئېقىش: بەزىدە كۆزگە سوغۇقلۇق يەتكەن بولسا، كۆز پەردىلىرىدىكى ھۆللۈكلەر ئۇلارنىڭ قىسقىرىشى سەۋەبىدىن سىقىپ چىقىرىلىدۇ. بۇ كۆپىنچە قىش پەسلىدە ئەتىگەندە كۆرۈلىدۇ.

بۇ تۈرگە كۈلگەن ۋاقىتتا چىقىدىغان ياشمۇ كىرىدۇ، چۈنكى كۈلگەندە باش ۋە كۆكرەك بوشلۇقلىرى كېڭىيىدۇ ھەم ئۇنىڭ نېرۋىلىرى، مۇسكۇللىرى تارتىشىدۇ، شۇڭلاشقا بېسىم سەۋەبىدىن ھۆللۈكلەر سىقىلىپ، ياش شەكلىدە ئېقىپ چىقىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كۈلگەندە چىققان ياش سوغۇق بولىدۇ، يىغلىغاندا چىققان ياش ئىسسىق بولىدۇ (نەفىيس).

ئارىلاپ ياش تامچىلاش

بۇ بىر خىل كېسەللىكتۇر، بۇنىڭدا ياش تامچىلاپ قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن يەنە بىر قانچە تامچە تېمىپ توختايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامىنى بوۋالتىن (سۈيدۈكنىڭ ئىككى تامچىسى)، دەپ قويغان.

سەۋەبى بۇنىڭدا يۇقىرىقى قاپاق قېلىنلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆپۈشۈش بولىدۇ. بۇ كۆپۈشۈش كۆزنى يۇمغان چاغدا ئەگەر تۆۋەنكى قاپاق ياكى بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە

تېگىپ سۈركەلسە ياش چىقىدۇ. بۇ كېسەلدىكى يېقىمسىزلىق ئىمتىلا ۋاقتىدا، يەنى بەدەندە ماددىلار توپلىنىپ قالغان ياكى ئاشقازان تولغان ۋاقىتتا ھەم زىيادە ھاراق ئىچكەندە ۋە ئۇيقۇسىزلىق كۆرۈلگەندە كۈچىيىدۇ. ئەگەر قاپىقى قېلىنلىمىغان بولسا ۋە قاپارتما كىچىك بولسا ياش ئاقمايدۇ.

داۋالاش بەدەندىن كېسەللىك ماددىسى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، قويۇق ۋە بۇخارات پەيدا قىلغۇچى غىزالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. غىزا كېمەيتىپ، ھەزىمنى ياخشىلاپ، ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ، ئىششىق تارقاتقۇچى زىماتلارنى چېپىلىدۇ، مەسىلەن: مامىسا، مۇر، زەپەر قاتارلىقلار زىمات قىلىنىدۇ. ياش ئاققۇزغۇچى ۋە ھۆللۈكلەرنى تارقاتقۇچى سۈرمىلەردىن باسلىقۇن ۋە شىيافى ئەھمەر كۆزگە تارتىلىدۇ.

ئىككىنچى توم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

رەببىمىز ئاللانى ماختايمىز ھەمدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام يوللايمىز.

قۇلاق كېسەللىكلىرى

قۇلاقنىڭ تەشرىھى

قۇلاق ئاڭلاش ئەزاسى بولۇپ، ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى، سىرتتا باش سۆڭىكىنىڭ ئىككى يېنىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ كۆمۈرچەكتىن تۈزۈلگەن، بۇنىڭدا ھەر خىل ئويمان ۋە ئېگىزلىك بولىدۇ، بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۆشۈك بولىدۇ (بۇ قۇلاق تۆشۈكى)، بۇ يول ئارقىلىق ئاۋاز دولقۇنى ئىككىنچى بۆلىكىگە يېتىپ بارىدۇ، بۇ يول بىر پەردىدە ئاخىرلىشىدۇ، بۇ قۇلاق پەردىسى (قۇلاق تۆشۈكى پەردىسى) دېيىلىدۇ. بۇ پەردە قۇلاقنىڭ بىرىنچى بۆلىكىنى ئىككىنچى بۆلىكىدىن ئايرىيدۇ، بۇ پەردىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە بىر بوشلۇق بولىدۇ، بۇ قۇلاقنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى ياكى ئارىلىق بۆلەك دېيىلىدۇ. بۇ بوشلۇق ئەرەبچىدە جوبە ياكى تىبلە (ناغرا) دېيىلىدۇ، بۇ بوشلۇقنىڭ ئىچكى تەرىپىدە قۇلاقنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكى ياكى ئىچكى بۆلەك جايلاشقاندۇر.

قۇلاقنىڭ بىرىنچى بۆلىكى بۇ، قۇلاقنىڭ سىرتقى بۆلىكى دېيىلىدۇ، بۇنىڭ تۈزۈلۈشىدە بىر تەكشى بولمىغان كۆمۈرچەك ۋە بىر يول بولىدۇ (بۇ يۇقىرىدا سۆزلەندى)، شۇڭلاشقا بۇ كۆمۈرچەك سەدقەتۇل ئۇزنى (قۇلاق سۇپرىسى) ۋە قۇلاق يولى سىماخەت (قۇلاق تۆشۈكى) دېيىلىدۇ.

قۇلاق كۆمۈرچىكى (قۇلاق سۆپرىسى) قۇلاق كۆمۈرچىكىنىڭ ئاڭلاش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇكى، ئاۋازدىن ھاۋادا پەيدا بولغان ئاۋاز دولقۇنىنى يىغىپ، قۇلاق تۆشۈكى يولى ئارقىلىق قۇلاق پەردىلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ كۆمۈرچەك تەكشى بولماستىن، بەلكى بۇنىڭدا بىرنەچچە كۆتۈرۈلۈپ چىققان ۋە ئويمانلاشقان ئورۇنلار بولىدۇ، قۇلاقنىڭ بۇ ئېگىز - پەس ئورۇنلىرىغا ئايرىم - ئايرىم نام قويۇلغان. شۇڭلاشقا، ھەممىنىڭ سىرتىدىكى ئوراپ تۇرىدىغان كۆمۈرچەك قىرغىقى ۋە ئىچى تەرەپكە ئېگىلىپ تۇرغان ۋە ئۈستى تەرەپكە زىيادە ئوچۇق ئاشكارا بولغان بۆلىكى ئۆرپى مۇھىت (ئېگىلىپ تۇرىدىغان يۇقىرىقى قىرغاق) دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاستى، ئىچكى تەرىپىدە كۆتۈرۈلگەن سىزىق بولىدۇ، بۇ ئەرزى موتەۋەسسىيت (ئارىلىق قىرغاق) دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى قىرغاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ھوپرە زورقىيە (ئوتتۇرا قىرغاق تۆشۈكى) دېيىلىدۇ. يەنى ئۆرپى موتەۋەسسىيتىنىڭ ئۈستى تەرىپى ئىككى شاخ ياكى ئىككى قىرغاققا بۆلۈنۈپ، بىر ئۈچ بۇرجەك ئورۇن شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ ئۈچ بۇرجەك ئورۇن ھوبرە موسەللەس (ئۈچ بۇرجەك ئويمان) دېيىلىدۇ. ئۆرپى موتەۋەسستىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە بىر چوڭ ئازادە بوشلۇق بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىگە قۇلاق تۆشۈكى جايلاشقاندۇر. بۇ بوشلۇق جۆف مەركىزى (ئوتتۇرا تۆشۈك) دېيىلىدۇ. قۇلاق تۆشۈكىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە بىر كىچىك كۆمۈرچەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇ بەروزى مۇقەددەم (ئالدى دۆڭچە) دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا تۈك بولىدۇ، بۇ تۈك بەزى كىشىلەردە كۆپ بولىدۇ، بۇ ئالدى دۆڭچىنىڭ قارشى ئارقا تەرىپىدە قۇلاق تۆشۈكىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرۈلگەن ئورۇن بولۇپ، بۇ بەروزى مۇئەخخەر (ئارقا دۆڭچە) مەرزە دېيىلىدۇ. ئارقا دۆڭچە ئارىلىق سىزىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن پەيدا بولغان دۆڭچىنىڭ ئارقا تەرىپى شەھمۇل ئۇزنى (قۇلاق مېيى) دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈرچەك بولمايدۇ، پەقەت ماي، تېرە ۋە بوشلۇق توقۇلمىسى بولىدۇ.

قۇلاق كۆمۈرچىكى سېرىق رەڭلىك بولىدۇ، بۇ كۆمۈرچەك بىلەن بىرنەچچە كىچىك - كىچىك مۇسكۇل ۋە تارىمۇش بولىدۇ، بۇ كۆمۈرچەكنى ئەتراپ مۇسكۇللىرى ۋە كۆمۈرچەك تەركىبلىرى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، گويا بۇ مۇسكۇلمۇ تارىمۇشنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، قۇلاق تېرىسى ئىنتايىن ئىنچىكە بولۇپ، كۆمۈرچەك بىلەن ئوبدان چاپلىشىپ تۇرىدۇ، يەنى بىرلىشىپ تۇرىدۇ.

قۇلاق تۆشۈكى بۇ تۆشۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ياشلاردا تەخمىنەن ئىككى ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ، بۇ يولنىڭ ئارىلىق بۆلىكى ئىچكى ۋە سىرتقى بۆلەكلىرىگە نىسبەتەن بىرئاز ئۈستىدە بولىدۇ، بۇ يولنىڭ سىرتقى بۆلىكى كۆمۈرچەك ئىچكى بۆلىكى سۆڭەكتىن تۈزۈلگەن. كۆمۈرچەك بۆلىكى تەخمىنەن يېرىم قىرات سۆڭەك بۆلىكى تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىرات

ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ، بۇ يولنىڭ ئىچىنى نېپىز تېرە ئەستەرلەپ تۇرىدۇ، بۇ تېرىدە بىرئاز تۈكمۇ بولىدۇ، كۆمۈرچەك بۆلىكىدە تېرىنىڭ ئاستىدا بەزلەر بولىدۇ، بۇنىڭ مېيى ياكى تۈكنىڭ ھۆللۈكىدىن قۇلاق كىرى شەكىللىنىدۇ، قۇلاق پەردىسى يېرىم سۈزۈك ۋە نېپىز بولىدۇ، بۇنىڭ توقۇلمىسى ئۈچ قەۋەت بولۇپ، سىرتقى قەۋىتى تېرە، ئارىلىق قەۋىتى تالالىق، ئىچكى قەۋىتى شىلىلىق پەردە بولىدۇ، بۇ قۇلاق ئىچكى بوشلۇقنى ئەستەرلەپ تۇرىدۇ.

قۇلاق ئارىلىق بۆلىكى بۇ، جوبە ياكى تىبلە دېيىلىدۇ، بۇ بىر تۈز بولمىغان بوشلۇقتۇر، بۇ باش سۆڭىكىنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىنىڭ (ئەزىمى ھوجرى) ئىچىگە جايلاشقان، بۇ بوشلۇقنىڭ چېگراسى شۇكى:

1. ئالدى شىريان سۇباتى يولى.

2. ئارقىسى باش سۆڭىكىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى بوشلۇقى (خەلايا ھولىمە).

3. ئاستى ۋەرىدى ۋەداجىنىڭ تۆشۈكى (ھوبرى ۋەداجىيە).

4. ئۈستىدە بۇ سۆڭەكنىڭ بىر ئىنچىكە قەۋىتى بولۇپ، بۇ بوشلۇقنى باش سۆڭىكى بوشلۇقىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

5. ئىچى تەرىپى قۇلاقنىڭ ئىچكى بۆلىكى.

6. سىرتى، قۇلاق پەردىسى (غىشائى سەماخىي).

قۇلاقنىڭ بوشلۇقى ھاۋا بىلەن تولۇپ تۇرىدۇ، قۇلاق ئىچىدە ئىنتايىن ئۇششاق ئۈچ سۆڭەك بولىدۇ، بۇ بوشلۇقتىن بىر يول گال تەرەپكە بارىدۇ، بۇ نەغنەغە (قۇلاق ۋە گال ئارىلىق نەيچىسى) دېيىلىدۇ. بۇ يول ئارقىلىق بۇ بوشلۇقنىڭ ھاۋاسى ئېغىز ۋە گالنىڭ ھاۋاسى بىلەن مۇناسىۋەت پەيدا قىلىدۇ، بۇ بوشلۇق ناغرا بوشلۇقى بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ناغرا پەردىسى ياكى تېرىسىدەك ئۇنىڭ سىرتقى تەرەپ قۇلاق پەردىسى ۋە بەزى ناغرىخانىلاردا ئاستى تەرەپتە بىر تۆشۈك بولىدۇ. بۇ بوشلۇقتىكى تۆشۈك يۇقىرىدا سۆزلەنگەن گال تۆشۈكىدۇر. بۇ خۇددى ناغرىغا تاياق تەگسە، ناغرىنىڭ تېرىسىدە تىترەش پەيدا بولغاندەك تېرىنىڭ تىترىشىدىن ئىچىدە دولقۇن پەيدا بولۇپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ ۋە ئازراق ھاۋا ئارقا تۆشۈكتىن سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن ناغرىنىڭ تېرىسى تەۋرىنىش بىلەن چېلىنىدۇ، بۇنىڭغا ئوخشاش قۇلاقنىڭ ناغرىسىغا ئاۋاز ئۇرۇلۇش بىلەن قۇلاق پەردىلىرىدە تىترەش پەيدا بولىدۇ ۋە بۇنىڭ ئىچىدىكى ھاۋادا دولقۇن كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئازراق ھاۋاسى گال تەرەپكە ماڭىدۇ.

بۇ بوشلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالدىدىن ئارقىغا يېرىم قىرات، كەڭلىكى ئىچىدىن سىرتىغا قاراپ تۆتتىن بىر قىرات ۋە ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىرات كېلىدۇ.

قۇلاق ئىچكى بۆلىكى ۋە سىرتقى بۆلىكى ئارىلىقىدا ئىككى دېرىزە بولۇپ، بىر دېرىزە

يۇمىلاق بولىدۇ، بۇنى بىر پەردە ئوراپ تۇرىدۇ. يەنە بىر دېرىزە تۇخۇمسىمان بولۇپ، بۇنىمۇ بىر پەردە ئوراپ تۇرىدۇ ۋە بۇ پەردىگە قۇلاقنىڭ ئاخىرقى ئۈچىنچى سۆڭەكنىڭ (ئەزمى رىكابى) كەڭلىكى تېگىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى دېرىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئاۋاز دولقۇنى قۇلاق ئارىلىق بۆلىكىدىن ئىچكى بۆلەككە يېتىپ بارىدۇ، چۈنكى ئەسلى (ھەقىقىي) ئاڭلاش قۇۋۋىتى قۇلاقنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولىدۇ.

قۇلاق سۆڭىكى قۇلاق بوشلۇقىدا يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك ئۈچ دانە سۆڭەك بولىدۇ.

بىرىنچى سۆڭەك: كىچىك بولقىغا ئوخشايدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەرەبچىدە بولقىسىمان (مەترەقە) سۆڭەك دېيىلىدۇ. بۇ سۆڭەكنىڭ دەستىسى قۇلاق پەردىسىگە تېگىپ تۇرىدۇ، يەنە بىر بېشى سۆڭەك بىلەن تېگىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى سۆڭەك: بۇ، قىزىتىلغان تۆمۈرنى ئۈستىگە قويۇپ سوقىدىغان تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىگە ئوخشايدىغان سەندەلسىمان سۆڭەك بولۇپ، بۇ ئەرەبچىدە سەندەلسىمان (سەندانى) سۆڭەك دېيىلىدۇ. بۇ، بىرىنچى، ئىككىنچى سۆڭەك ئارىلىقىغا جايلاشقاندۇر.

ئۈچىنچى سۆڭەك: بۇ ئىنتايىن چىرايلىق ئۈزەڭگۈگە ئوخشايدۇ، بۇ ھەممىدىن كىچىك، نازۇك بولۇپ، بۇ ئەرەبچىدە رىكابى (ئۈزەڭگۈ) دېيىلىدۇ. ئۈزەڭگۈسىمان سۆڭەكنىڭ بىر قىسمى سەندەلسىمان سۆڭەك بىلەن بىرلىشىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ يەنە بىر كەڭ بۆلىكى ئىچكى قۇلاقنىڭ تۇخۇمسىمان دېرىزىسى بىلەن تېگىشىپ تۇرىدۇ.

قىسقىسى، ئەگەر قۇلاق پەردىسى ئاۋاز دولقۇنىدىن ھەرىكەتلەنسە، بۇ بارلىق سۆڭەكلەر ئارقا - ئارقىدىن ھەرىكەت قىلىدۇ، يەنى قۇلاق پەردىلىرىنىڭ تىترىشىدىن ھەممىدىن ئىلگىرى بولقىسىمان سۆڭەك ھەرىكەت قىلىدۇ، بولقىسىمان سۆڭەكنىڭ ھەرىكەت قىلىشىدىن ئىككىنچى سۆڭەك يەنى سەندەلسىمان سۆڭەك ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە سەندەلسىمان سۆڭەكنىڭ ھەرىكەت قىلىشىدىن ئۈچىنچى سۆڭەك، يەنى ئۈزەڭگۈسىمان سۆڭەك ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئۈزەڭگۈسىمان سۆڭەكنىڭ ھەرىكەت تەسىرى قۇلاقنىڭ ئىچكى بۆلەكلىرىگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ ئورۇنلارغا ئاڭلاش نېرۋا تالالىرى بىر خاس تەرتىپ بىلەن تارقالغان.

قۇلاق ئىچكى بۆلىكى بۇ بۆلەككە ئاڭلاش نېرۋىسى تارقالغان بولىدۇ، ئاڭلاش قۇۋۋىتى ئەسلىدە بۇ بۆلەكتە بولۇپ، بۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى بۆلەك (قۇلاق كۆمۈرچىكى، قۇلاق تۆشۈكى ياكى بوشلۇقى) شۇنىڭ ئۈچۈن تۈزۈلگەنكى، بۇ ئىككى بۆلەك ئاۋازنى ئىچكى تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

قۇلاق ئىچكى بۆلىكى ئىنتايىن تولغىماش، ئەگرى ۋە بوشلۇق بولۇپ، بۇنى ياراتقۇچى قۇلاق سۆڭىكى ئىچىدە مۇشۇنداق شەكىللەندۈرگەن. قۇلاق بوشلۇقى سۆڭىكى تاشقا ئوخشاش

قاتتىق بولۇپ، ياراتقۇچى سۆڭەك ئىچىنى تەشمە يولغا ئوخشاش ياراتقاندۇر.

بۇ يۆگىمەچ يول قۇلۇلىگە ئوخشاش ئىككى يېرىم ئايلىنىدۇ، بۇ قۇلۇلىسىمان سۆڭەك دېيىلىدۇ. بۇ بۆلەك باشقا ئىككى بۆلەكنىڭ ئۇدۇلىدا بولىدۇ، بۇ تولغىماش چوڭ - كىچىك يول ئاي شەكلىدە بولۇپ، بۇ ئايسىمان يول دېيىلىدۇ. بۇ ئۈچ ئايسىمان يول بىر ئارىلىق بوشلۇققا ئېچىلىدۇ، بۇنىڭ نامى دەھلىزە دېيىلىدۇ. بۇ دەھلىزە شۇنداق ئارىلىققا جايلاشقانكى، بۇنىڭ ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىدە ئۈچ ئايسىمان يول بولىدۇ، بۇنىڭ ئۇدۇلىدا قۇلۇلىسىمان سۆڭەكنىڭ ئىككى يېرىم ئايلانغان يولى بولىدۇ.

دەھلىزە ۋە ناغرىخانا ئارىلىقى تۇخۇمسىمان دېرىزە ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىشىدۇ، قۇلۇلىسىمان سۆڭەك ۋە ناغرىخانا ئارىلىقى يۇمىلاق دېرىزە ئارقىلىق تۇتىشىدۇ. قىسقىسى، قۇلاق ئىچكى بۆلىكى بۇ ئىككى دېرىزە ئارقىلىق بۇ ناغرىخانىدىن ئۆتۈپ، ئىچىگە ئاۋاز يەتكۈزىدۇ ۋە قۇلاق ئىچكى نېرۋىسى بۇ ئاۋازنى ئاڭلايدۇ، قۇلاق ئىچكى بۆلىكىدە دەھلىزە، قۇلۇلە ۋە ئايسىمان يوللارنىڭ ئىچىنى ناھايىتى ئىنچىكە (نېپىز) پەردە ئەستەرلەپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇ يول ۋە ئەستەرنىڭ ئارىلىقىدا بىر قىسىم ھۆللۈك تېپىلىدۇ، بۇنى بىر پەردە ئايرىپ تۇرىدۇ، بۇ پەردىنىڭ ئىچىدىنمۇ بىر قىسىم ھۆللۈك تېپىلىدۇ. قىسقىسى، بۇ پەردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتى ھەر ئىككى تەرەپتە ھۆللۈك بولغان ئىككى پەردە تېپىلىدۇ، بۇ پەردە بۇ يولغا ياكى بۇ بوشلۇققا ئېسىلىپ تۇرىدۇ، بۇ پەردىنىڭ شەكلى بۇ يول ياكى بۇ بوشلۇقنىڭ شەكلىگە ئوخشاش بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پەردە قۇلاق ئىچكى پەردىسى دېيىلىدۇ، ئىچكى قۇلاق سۆڭەك پەردىسى ئىچكى يۈزى بىرئاز نازۇك كۆتۈرۈلۈپ چىققان يۈڭگە ئوخشاش بولىدۇ، بۇ يۈڭگە ئوخشاش كۆتۈرۈلمە مەخمەلنىڭ يۈڭگە ئوخشاش ئىچكى ھۆللۈكلەردە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. تاكى ئىچىدىكى ھۆللۈكلەرنىڭ يەڭگىل تەۋرىنىشىدىنمۇ بۇ يۈڭلار ھەرىكەتلىنىدۇ، بۇ دۆڭچە ۋە يۈڭلارغا (مويلارغا) ئاڭلاش نېرۋىلىرىنىڭ ئاخىرقى تالالىرى تارقالغان بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ مويلارنىڭ سېزىمى كۈچلۈك بولىدۇ.

بۇمۇ مەشھۇركى، ئاڭلاش قۇۋۋىتى قۇلاق پەردىلىرىدە بولىدۇ ۋە بۇ پەردە ئاڭلايدۇ، دېيىش پۈتۈنلەي خاتادۇر. بەلكى ئاڭلاش پەردىلىرى پەقەت ئاۋاز دولقۇنىنى ئىچكى تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ئاڭلايدۇ (تەرجىمان).

قۇلاق ئاغرىقى

1. ئىسسىق ھۆللۈكلەر ۋە ئىسسىق يەللەر: بۇ ئاغرىق بەزىدە ئىسسىق، ئۆتكۈر ھۆللۈكلەر ۋە يەللەردىن پەيدا بولىدۇ، بۇلار قۇلاققا توپلىنىپ تارتىشىش پەيدا قىلىدۇ. بۇ ماددىلار ئۆزىنىڭ

ئۆتكۈرلۈكىدىن ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ.

1) **ئاشقازان مەنبەلىك ھۆللۈكلەر ۋە ئىسسىق يەللەر:** بۇ ھۆللۈكلەر ۋە يەللەر بەزىدە ئاشقازان ھەم ھەزىم قىلىش كۈچىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

2) **ئاپتاپ:** بەزىدە ئاپتاپتا ئۇزاق مۇددەت مېڭىشتىن پەيدا بولىدۇ.

3) **ئىسسىق سۇ:** بەزىدە قايناق سۇ، ئىسسىق بۇلاقلارنىڭ سۈيىنى قۇلاق ياكى باشقا قۇيۇشتىن ياكى ئۇنىڭغا چۈشۈشتىن پەيدا بولىدۇ.

4) **ئىسسىق دورىلار:** بەزىدە قۇلاق ۋە باشقا ئىسسىق دورىلارنى قۇيۇشتىن پەيدا بولىدۇ.

2. **سوغۇق يەللەر ياكى سوغۇق ماددىلار:** قۇلاق ئاغرىقى قۇلاق كانىلىدا يىغىلىپ قالغان قويۇق، سوغۇق يەللەر ۋە ماددىلاردىن بولىدۇ.

1) **ئاشقازان مەنبەلىك سوغۇق يەللەر ۋە ماددىلار:** بۇ يەللەر ۋە ماددىلار بەزىدە ئاشقازان ۋە ھەزىم ئەزالىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ.

2) **مېڭە مەنبەلىك سوغۇق يەللەر ۋە ماددىلار:** بەزىدە ئۇ مېڭىدىكى سوغۇق، كېرەكسىز ماددىلاردىن پەيدا بولۇپ، قۇلاق تەرەپكە كېلىدۇ.

3) **سوغۇق ھاۋادا ئۇزۇن مېڭىشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقى:** بەزىدە ئۇ سوغۇق يەللەر ۋە ماددىلار سوغۇق كۈنلەردە سوغۇق ھاۋادا ئۇزۇن مېڭىشتىن پەيدا بولىدۇ.

4) **سوغۇق سۇ:** بەزىدە ئۇ باشقا سوغۇق سۇ قۇيۇش ياكى سوغۇق سۇغا شۇڭغۇشتىن پەيدا بولىدۇ.

5) **سوغۇق دورىلار:** بەزىدە سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى قۇلاققا قۇيۇشتىن ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ.

3. **قاندىن (قاننىڭ قېيىپ قېلىشىدىن) بولغان قۇلاق ئاغرىقى:** بەزىدە قۇلاق ئاغرىقى قاننىڭ كۆپلۈكى (قان قېيىپ قېلىش) دىن پەيدا بولىدۇ.

4. **مىزاجنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى.**

5. **مىزاجنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى:** ئۇ بەزىدە مىزاجنىڭ ئىسسىقتىن ياكى سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشتىن، كۆپرەك ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ.

6. **قۇلاق ئىششىقى:** بەزىدە قۇلاق ئاغرىقى ئىششىقتىن پەيدا بولىدۇ، بۇ ئىششىق ئىسسىقتىنمۇ، سوغۇقتىنمۇ بولىدۇ.

1) قۇلاقنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى بەزىدە قۇلاق تۆشۈكىدە ۋە ئۇنىڭ سىرتقى ئەزالىرىدا بولىدۇ.

2) **ھۆللۈكتىن بولغان ئىششىق:** بەزىدە قۇلاق ئاغرىقى ھۆللۈكتىن بولغان ئىششىق (كۆپكەن ئىششىق) تىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

7. **چوڭ ـ كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق:** بەزىدە قۇلاقتىكى ئاغرىق چوڭ ـ كىچىك يىرىڭلىق ئىششىقلار (يارا) دىن پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل قۇلاق ئاغرىقى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

8. **قۇرت پەيدا بولۇش:** بەزىدە قۇلاق ئاغرىقى قۇلاق ئىچىدىكى سېسىق (چىرىگەن) ماددىلاردىن پەيدا بولغان قۇرتتىن كېلىپ چىقىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بەزىدە كونا زەخىملەردە قۇرت پەيدا بولىدۇ. بۇ ھالەت بىر مەزگىل ئۆتۈپ، زەخىمدە چىرىش پەيدا بولغاندا بولىدۇ. جۈملىدىن ھاۋا ھۆل ھەم ئىسسىق بولغان ۋاقىتتا (مەسىلەن: يامغۇرلۇق پەسىلدە كۆرۈلىدۇ).

9. **سىرتقى قۇرت:** بەزىدە قۇلاق ئاغرىقى قۇرتنىڭ قۇلاققا سىرتتىن كىرىۋېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

10. **سۇ:** بەزىدە قۇلاق ئاغرىقى قۇلاققا سۇ كىرىپ كېتىشتىن پەيدا بولىدۇ. گاھىدا بۇ سۇ قۇلاق ئىچىدىكى كىرلار بىلەن بىرلىشىپ (بۇزۇلۇپ)، قىزىپ قايناپ ۋە قوزغىلىپ قۇلاقنى زەخىملەيدۇ. جۈملىدىن سۇ ناچار بولسا ۋە ئۇنىڭغا كۆپ قىسىم ئىسسىق بۇلاق سۇلىرىغا گۈڭگۈرت ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرى تەسىر قىلغاندەك مەلۇم (زەھەرلىك) دورا تەسىر قىلغان بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

سەۋەبلەرنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى: بەزىدە قۇلاق ئاغرىقى ئومۇمەن نەزلە ۋە زۇكام بولۇش، تويۇقسىز سوغۇق تېگىش، مەلۇم چىشنىڭ بۇزۇلۇشى، مۇنچىغا چۈشكەن ۋاقىتتا قۇلاققا سۇ كىرىپ كېتىش، ئۇچلۇق ياكى بىسلىق نەرسىلەر بىلەن قۇلاق كولاش، بەزى نەرسىلەرنىڭ قۇلاققا كىرىپ كېتىشى، بوغۇم ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇش، زەخىم ۋە مۇدۇر ـ چاقىلارنىڭ قۇلاقتا مەۋجۇت بولۇشى، قۇلاقتا قۇرت، كىر پەيدا بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىنمۇ پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى

1. **ئىسسىق ھۆللۈكلەر ۋە يەللەر** قۇلاقتا سانجىلىپ ئاغرىش ۋە قىزىللىق بولىدۇ. كۆزمۇ قىزىرىپ قالىدۇ، قۇلاقتىن باش تەرەپكە كۆيۈشۈش تارقىغاندەك سېزىم بولىدۇ، كېسەلنىڭ يۇتقۇنچىقىدا قۇرۇقلۇق بولىدۇ.

1) **ئاشقازان مەنبەلىك ئىسسىق ھۆللۈكلەر ۋە يەللەر:** ئەگەر بۇ ئۆتكۈر ھۆللۈك ۋە يەللەر ئاشقازان ھەم ئۈچەينىڭ بۇزۇلۇشىدىن قۇلاققا يېتىپ بارغان بولسا، ئاشقازان ۋە ئۈچەيدە كۆيۈشۈپ ئاغرىش بولىدۇ، يۇقىرى ھارارەتنىڭ سەۋەبىدىن قاتتىق ئۇسسايدۇ، سوغۇق سۇ

ئىچىشتىن راھەتلىنىپ كېتىدۇ، كۆزىدىن ياش ئاقىدۇ.

2) **ئاپتاپ ئۆتۈشتىن بولغان قولاق ئاغرىقىنىڭ ئالامىتى:** ئەگەر ئاپتاپتا مېڭىشتىن ئۆتكۈر ماددىلار پەيدا بولغان بولسا، بىمارنىڭ قولىقى ۋە يۈز - كۆزلىرى ئېچىشىدۇ، بۇرۇن تۆشۈكىدە قۇرۇقلۇق، تەبىئىتىدە بىئاراملىق ۋە ئۇسساش بولىدۇ، سوغۇق سۇ كۆلچىكىگە چۆمۈلۈشتىن ئاغرىق يوقايدۇ.

3) **ئىسسىق سۇ سەۋەبىدىن بولغان قولاق ئاغرىقىنىڭ ئالامىتى:** ئەگەر بۇ ئۆتكۈر ماددىلارنىڭ قايناش سەۋەبى، ئىسسىق سۇنى سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىش بولسا باشتا ئېغىرلىق بولمايدۇ. باش ۋە قولاقتا قاتتىق قىزىقلىق سېزىلىدۇ. باشنىڭ ئارقا ۋە ئوتتۇرا قىسمى ئاغرىيدۇ.

4) **ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلاردىن بولغان قولاق ئاغرىقىنىڭ ئالامىتى:** ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىلگىرى ئىشلەتكەنلىك تارىخى بولىدۇ.

2. سوغۇق يەللەر ياكى سوغۇق ماددىلار

1) **ئاشقازان مەنبەلىك سوغۇق يەللەر ۋە سوغۇق ماددىلار:** بۇ تۈردىكى سوغۇق ماددىلار ۋە يەللەر ئاشقازان ۋە ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولسا ئېغىزىغا سۇ يىغىلىدۇ **ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشىنىڭ باشقا بۇزۇلۇشلىرى مەۋجۇت بولىدۇ.** باش ئاغرىيدۇ، باشقا ئىسسىق سۇ قۇيۇلسا ئاغرىق پەسىيىدۇ.

2) **مېڭە مەنبەلىك سوغۇق يەللەر ۋە سوغۇق ماددىلار:** ئەگەر بۇ خىل ماددىلار ۋە يەللەر مېڭىدىكى قالدۇق ماددىلاردىن ھاسىل بولغان بولسا، ئالامىتى شۇكى، بىمارنىڭ ئىككى قولىقى ئېغىرلىشىدۇ، گۈركىرەيدۇ ۋە غوڭۇلدايدۇ، مېڭە ئۇنى سېزىدۇ.

3) **سوغۇق ھاۋادا مېڭىش ۋە تۇرۇش:** بۇ ماددىلار ۋە يەللەر سوغۇق ھاۋادا مېڭىشتىن پەيدا بولغان بولسا، بۇنىڭ ئالامىتى سوغۇق ھاۋاغا ئۇچراشقاندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ.

4) **سوغۇق سۇ تەسىر قىلىشتىن بولغان قولاق ئاغرىقىنىڭ ئالامىتى:** بۇ كېسەللىك باشقا سوغۇق سۇ قۇيۇش ياكى سوغۇق سۇغا چۆمۈلۈشتىن پەيدا بولغان بولسا، قولاق ئاغرىشقا باشنىڭ كەينى تەرىپىنىڭ ئاغرىشى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ئاغرىق بىمار بېشىنى ئېگەلمىگۈدەك دەرىجىدە قاتتىق بولىدۇ.

5) **سوغۇق تەبىئەتلىك دورا ئىشلىتىشتىن بولغان قولاق ئاغرىقىنىڭ ئالامىتى:** سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلىشتىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ئاشكارا بولىدۇ.

3. قاندىن (قاننىڭ قىيىپ قېلىشىدىن) بولغان قولاق ئاغرىقى

بۇنىڭدا بىمارنىڭ چىرايىدا قىزىللىق بولىدۇ. بىمار سەجدە قىلغان ۋاقىتتا بىمارنىڭ باش ۋە پېشانىسىنىڭ ئىچكى

تەرپىدە ئېغىرلىق ۋە قاتتىق سانجىق سېزىلىدۇ.

4. مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى بۇنىڭدا يۈز ۋە باش ئىسسىق بىلىنىدۇ. باش ئاغرىيدۇ، ئېغىرلىق بولمايدۇ. سانجىق بولىدۇ، بىمار سوغۇق ھاۋادىن راھەتلىنىدۇ.

5. مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى بۇنىڭدا ئاغرىق بىلەن ئېچىشىش بولىدۇ. قۇلاق قىزارمايدۇ ھەم بۇ ھالەتتە ئىسسىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشنىڭ مەنپەئەتى بولىدۇ (ئۇ نەرسىلەر مەيلى ئەمەلىي ئىسسىق بولسۇن ياكى تەبئىي ئىسسىق بولسۇن ئوخشاشلا پايدا قىلىدۇ)، لېكىن تەبئىتى ئىسسىق نەرسىلەر تېز ۋە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. يۇقىرىقىغا ئاساسەن كېسەللىك يۈز بېرىشتىن بۇرۇن سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش چارىلىرى قوللىنىلغان بولىدۇ.

6. قۇلاق ئىششىقى

1) ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامىتى: قۇلاقنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامىتى قاتتىق ئاغرىق بىلەن سانجىق بولىدۇ. باش ۋە پېشانىسىدە ئېغىرلىق بولىدۇ، تارتىشىش، كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ، چىرايىدا قىزىللىق نامايان بولىدۇ.

چوڭقۇر ئورۇندىكى ئىششىق: ئەگەر بۇ ئىششىق تۆشۈك ئىچىدىكى چوڭقۇر قىسىمدا بولسا، يېقىنلىق سەۋەبىدىن ئاڭلاش نېرۋىسىمۇ ئىششىققا شېرىك بولىدۇ، بۇ خىل ھالەت ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ، قاتتىق ئاغرىيدۇ، ئىنتايىن خەتەرلىك ھالەت يۈز بېرىدۇ ھەم يىرىڭ يىغىلىشقا پۇرسەت بەرمەيدۇ. بۇ ئورۇننىڭ سەزگۈرلۈكى يۇقىرى بولغاچقا، ئاغرىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن بىمار ھوشسىزلىنىدۇ، پەيلىرى تارتىشىدۇ، ئاخىرىدا ئەقلى ئېلىشىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتتا سەرسامىمۇ كېلىپ چىقىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بىمار يەتتىنچى كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ كېسەللىك ئېغىر بولىدۇ. بۇ خىل ھالەت پەيدا بولسا قۇلاقنىڭ ئاڭلاش قۇۋۋىتى ئېغىرلىشىدۇ. قاتتىق ئاغرىق قۇلاقنىڭ چوڭقۇر قىسمىدىمۇ بولىدۇ، ئاغرىغان قۇلاققا پات - پات بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، كۆزدىن ياش ۋە بۇرۇندىن ھۆللۈك ئاقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىزىتما بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا دائىملىق تەپ شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.

2) سوغۇقتىن (ھۆللۈكتىن) بولغان ئىششىق: بۇنىڭدا سانجىق بولماستىن ئېغىرلىق ۋە تارتىشىش بولىدۇ. ئاغرىق قاتتىق بولمايدۇ، باش ئاغرىش بىرگە بولمايدۇ، بىماردا ئاچچىقلىنىش ۋە ئاسان چېچىلىشتەك ئالامەتلەرمۇ كۆرۈلمەيدۇ. بۇ ئىششىق بەزىدە قۇلاقنىڭ سىرتقى قىسمىدا، بەزىدە تۆشۈكىدە، يەنە بەزىدە ھەر ئىككى ئورۇندا بولىدۇ، لېكىن ئاڭلاش نېرۋىسىدا ئومۇمەن بولمايدۇ.

7. چوڭ - كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق (يارا) بۇنىڭدا يىرىڭ چىقىدۇ، دەسلەپتە ئىششىيدۇ، ئاندىن كېيىن پىشىپ ئېغىز ئالىدۇ.

8. قۇرت بۇ قۇرتلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە چىشلىشىدىن قۇلاقتا غىدىقلىنىش ھەم قىچىشىش سېزىمى بولىدۇ، ئاندا - ساندا قۇرت ئۆمىلىگەن سېزىم بولىدۇ. بەزىدە قۇرت سىرتقا چىقىدۇ، بەزىدە بۇ قۇرتنىڭ تېنى ئاق، بېشى قارا رەڭدە بولىدۇ، بۇ قۇرت سىرتقا چىققاندىن كېيىن ناھايىتى تېپىرلاپ كېتىدۇ، بەزىدە بۇ قۇرت توپا رەڭلىك كۆكۈنغا ئوخشاش بولىدۇ.

9. سىرتتىن كىرگەن قۇرتنىڭ ئالامىتى بۇ قۇلاققا كىرىۋالغان بولىدۇ. قۇرتنىڭ ھەرىكىتى قۇلاق ئىچىدىكى قۇرتنىڭ مىقدارىغا ماس كېلىدۇ. قۇلاق ئاغرىقى بەزىدە ئېغىرلىشىپ، بەزىدە يەڭگىللەپ قالىدۇ.

10. سۇ بۇنىڭدا قۇلاق ئاغرىقى سۇغا چۆمۈلگەندىن كېيىن ياكى ھامامغا چۈشۈپ بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاندا - ساندا قۇلاق ئېغىرلاش ۋە گاسلىقمۇ بولىدۇ.

قۇلاق ئاغرىقىنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى قۇلاقتا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ. ئاغرىقنىڭ سانجىقى يۈز ۋە پېشانىگىچە تارقىلىدۇ، كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ، قۇلاق ئىچىدە ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى (قىزىللىق ۋە باشقىلار) بولىدۇ.

داۋالاش

1. ئىسسىق ھۆللۈكلەر ۋە يەللەر

1) ئاشقازان مەنبەلىك ئىسسىق ھۆللۈكلەر ۋە يەللەردىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش: ئەگەر زۆرۈر بولسا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن زۆرۈرىيەتكە ماس ھالدا قان چىقىرىلىدۇ، ھېلىلە قايناتمىسى مۇسھىلى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاشقازاننى سوۋۇتۇش مەقسىتى بىلەن سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار ۋە شەربەت ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ، خەشخاش، كاھۇ ئۇرۇقى ۋە قۇرۇق يۇمغاقسۈتتىن تەييارلانغان بولسۇن. بىر ھەسسە گۈل يېغىغا ئۈچ ھەسسە سىركە قوشۇپ، سىركە تۈگەپ ساپ ياغ قالغانغا قەدەر قاينىتىپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق قاتتىق بولۇپ تەشەننۇج، ئەقلى ئېلىشىپ قېلىش ياكى ھوشىدىن كېتىش خەۋپى كۆرۈلسە، ئەپيۈننى سۈتتە ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتىپ بېرىلىدۇ، تېمىتىدىغان ياغقا ئەپيۈن قوشماسلىق لازىم. شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىز كېرەككى، ئەپيۈننى بىر مەزگىل ئىشلەتمەسلىك كېرەك، ئەگەر ئەپيۈن قوشۇپ ئىشلەتسىڭىز قۇلاقنى گاس قىلىپ قويىدۇ (نەفىيس) ۋە قۇلاققا سىرتىدىن سوغۇق تىلالار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: سەندەل، مامىسا، گۈلاب، يۇمغاقسۈت سۈيى، كاھۇ سۈيى قاتارلىقلار.

2) ئاپتاپ ئۆتۈشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش: گۈل يېغىنى سىركىدە قاينىتىپ

(تەپسىلاتى يۇقىرىدا سۆزلەندى) قۇلاققا تېمىتىلىدۇ، قۇلاققا قۇرتنىڭ سوغۇق قىلىنغان پارچىسى قويۇلىدۇ، مېڭىگە سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، يەنى سوغۇق تىلالار، نۇتۇلات، مەروخاتلار ئىشلىتىلىدۇ (بۇ باش ئاغرىقى بايانىدا سۆزلەندى).

(3) ئىسسىق سۇ تەسىر قىلىشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش: ئەگەر زۆرۈر بولسا قان ئېلىش تاكى باشتىكى ماددىلار تۆۋەنگە مايىللاشسۇن. ماددىلارنى مايىللاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن پۇت، پاچاق باغلاپ قويۇلىدۇ ۋە ئىككى پۇت ئۇۋۇلىنىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلار قۇلاققا تېمىتىلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى، تەتۈر سۆگەت يېغى، قاپاق يېغى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ياغلار تاكى مېڭىگە ھۆللۈك يېتىپ، ھارارەت پەسەيگىچە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

4) ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش: قان ئېلىش، قەۋزىيەتلىكنى ئوڭشاش ۋە بۇ دورىلارغا تەبىئىتى قارىمۇقارشى بولغان سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى قۇلاققا قويۇش كېرەك.

2. يەللەر ۋە سوغۇق ماددىلار

1) ئاشقازان مەنبەلىك قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش: بەدەندىن ماددىلار تازىلىنىدۇ، ئاشقازان تەنقىيە قىلىنىدۇ، قۇلاققا ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار تېمىتىلىدۇ، مەسىلەن: ھەببۇلغار ئۆسۈملۈكى يېغى، سۇزاپ يېغى، رىندى يېغى قاتارلىقلارنى پىياز ياكى سۇزاپنىڭ سۈيىدە قايناتىپ، يېغى قالغاندا ئىشلىتىلىدۇ ۋە ياكى بۇنىڭدا قۇندۇز قەھرى ياكى پەرپيۇن ئېرىتىپ ئىشلىتىلىدۇ تاكى بۇ دورىلار سەۋەبىدىن ياغنىڭ ھارارىتى يەل ۋە ماددىلارنى تارقىتىش كۈچى ئاشسۇن.

2) مېڭە مەنبەلىك قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش: ئايارەج ۋە غار - غار قىلغۇچى دورىلار بىلەن مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ. قۇلاققا ئاشقازاندىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن دورىلار تېمىتىلىدۇ.

3) سوغۇق ھاۋا تەسىرىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش: قۇلاققا سىرتقى تەرەپتىن ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار ئارقىلىق ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا نۇتۇل قىلىنىدۇ. بۇ سېرىقچېچەك، ئادراسمان، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، غار ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقى، مەرزەنجۇش، ياۋا رەيھان ۋە بەرەنجاسىپ قايناتمىسىدىن تەييارلانغان بولسۇن. بۇ ھامام ئىچىدە ياكى قىزىق مەشنىڭ ئۇدۇلىدا قىلىنىدۇ، تاكى دورىنىڭ ئىسسىق بۇخاراتلىرى قۇلاققا يېتىپ بارسۇن ياكى قۇلاقنى چامغۇر قايناتمىسىدا ھوردىتىش ياكى قىچا ئارقىلىق قۇلاققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، بۇنىڭ ئۈچۈن قىچىنى سوقۇپ، ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلاردا يۇغۇرۇپ قۇلاققا چېپىش ياكى يۇقىرىقى

سۈلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ياكى ئىللىتىلغان تاتلىق زەيتۇن يېغىغا پاختىنى چىلاپ قۇلاققا قويۇش لازىم.

4) **سوغۇق سۇدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش:** باشنىڭ ئارقا قىسمىغا ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار سۈركىلىدۇ ھەم قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

5) **سوغۇق تەبىئەتلىك دورا ئىشلىتىشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش:** بۇنىڭدا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارغا قارىمۇقارشى بولغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

3. قاندىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ھۆل مېۋىلەرنىڭ سۈيىدە قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ، سىركىدە مۇدەببەر قىلىنغان گۈل يېغىنى قۇلاققا تېمىتىلىدۇ (مۇدەببەر قىلىش ئۇسۇلى يۇقىرىدا سۆزلەندى).

4. ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش شىيافى ئەبيەز ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلار قۇلاققا تېمىتىلىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك زىماتلارنى چېپىلىدۇ. مەسىلەن: مامىسا، ئارپا ئۇنى، سەندەل ۋە كافۇرنى يۇمغاقسۈت ياكى كاھۇ سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ، چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىشتىن ماددىلاردا مايىللىشىش بولىدۇ. يەنى باشتىكى ماددىلار تۆۋەن تەرەپكە كېلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى ماددىلار ئۈستىگە ئۆرلەشتىن توختايدۇ.

5. سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش ئەگەر بەلغەمنىڭ ئالامەتلىرى، مەسىلەن: ئېغىرلىق ۋە ئۇيقۇنىڭ كۆپ بولۇشى ھەم بۇرۇن تۆشۈكىدە ھۆللۈك كۆپ بولسا، ھەبلەر، ئايارەجلەر بىلەن مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئاندىن قۇلاققا ئىسسىق ياغلار تېمىتىلىدۇ. مەسىلەن: تۇرۇپ يېغى، قۇستە يېغى، سۇمبۇل يېغى، زەنبىق يېغى قاتارلىقلار. ماددىلارنى تارقىتىشتا بابۇنە، سېرىقچېچەك (سويا)، مەرزەنجۇش، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلارنى قاينىتىپ قۇلاققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، ئەگەر بەلغەمنىڭ ئالامىتى بولمىسا بەلكى ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان بولسىمۇ مۇشۇ خىل داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما تەنقىيە قىلماسلىق ۋە ماددىلارنى تارقاتقۇچى دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

زەنبىق يېغىنى تەييارلاشتا كۈنجۈت يېغىغا ئاق چەمبىلىنى بىرقانچە كۈنگىچە چىلاپ يېغى چىقىرىلىدۇ.

6. قۇلاق ئىششىقىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش

1) سىرتقى تەرەپتىكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق: ئىششىق تەرەپتىكى ماددىنى تارتىشقا تىرىشىلىدۇ، ماددا تەرەپكە سۈمۈرۈتۈش قوللىنىلىدۇ، مەيلى بۇ مەقسەت ئۈچۈن ھىجامەت

قويۇشقا توغرا كەلسىمۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن كەرنۇب يوپۇرمىقىنى كونا سېرىقمايدا قايىنىتىپ، زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ.

2) ئىچكى تەرەپتىكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق: قان ئېلىنىدۇ ۋە قەۋزىيەتلىك يوقىتىلىدۇ. شىيافى ئەبيەز قۇلاققا تېمىتىلىدۇ، يۇمغاقسۈت، ئۈتىئۈزۈمى ۋە كاسىنە سۈيىدە تىلائى نەرد ئېرىتىلىپ چېپىلىدۇ. تىلائى نەرد ھەكىم ھۆنەيىنى ئىبنى ئىسھاق ئىشلىتىشكە بولىدۇ، دېگەن تىلادۇر.

تىلائى نەردىنىڭ نۇسخىسى: قىزىل سەندەل، ئاق سەندەل، مامىسا، گىل ئەرمىنى، رۇسۇت، قەلەي كۈشتىسى، بوش، تۇخۇمى كاسىنە، تاباشىر، كافۇر قاتارلىقلارنى سوقۇپ، بەزى سوغۇق ئۇسارىلەردە يۇغۇرۇپ، ئۇزۇنچاق ھەب ياكى شامچە تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۇچى تەرەپ ئىنچىكە، تۆۋى توم تەييارلىنىدۇ. يەنى شاھمات ئۇرۇقىغا ئوخشاش ئالتە قىرلىق بولسۇن، بۇ، تاشقا سۈركەشكە ئاسان بولىدۇ.

بوش بىر مەشھۇر بولمىغان ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى ياكى شىيافىدۇر.

قۇلاققا ئەمچەكتىن سۈت تېمىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ چارىلەر بىلەن ئاغرىق پەسەيمىسە قۇلاققا ئىششىقنى پىشۇرغۇچى لوئابلار تېمىتىلىدۇ. بۇ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، مەسىلەن: زىغىر لوئابىنى تاكى ئىششىق پىشىپ، ئاغرىق پەسەيگەن ۋە يىرىڭ ئاققانغا قەدەر تېمىتىلىدۇ.

3) سوغۇقتىن بولغان ئىششىقنى داۋالاش: ھەب ۋە ئايارەجلەر بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ، غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، ئىششىقنى تارقىتىش ئۈچۈن قۇلاققا ئىسسىق ياغلار تېمىتىلىدۇ، مەسىلەن: سېرىقچېچەك يېغى، تۇرۇپ يېغى. ئىششىق تارقاتقۇچى زىماتلار، مەسىلەن: شۈمشا ئۇنى، بابۇنە ۋە ئۇد خاملارغا موم ۋە زەيتۇن يېغى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

7. چوڭ - كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق زەخىم ئەگەر يېڭى بولسا مەلھەمى سەفىدنى گۈل يېغىدا ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ، ھەسەل سۈيى ۋە كونا پاختا بىلەن زەخىمدىكى يىرىڭلار تازىلىنىدۇ (بۇ زەخىمنىڭ پۈتۈشىنى توسىدۇ). ئاندىن زەخىمنى پۈتتۈرگۈچى مەلھەم، مەسىلەن: مەلھەمى سەفىد، مەلھەمى ئۇد خامنى شامچىغا (فەتىلەگە) يۇقتۇرۇپ قۇلاققا كىرگۈزۈلىدۇ ۋە زەخىملەرنى قۇرۇتقۇچى دورىلار سېپىلىدۇ. بۇ ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان، كۇندۇر، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن. ئەگەر زەخىم كونا ۋە يىرىڭلىغان بولسا، مەلھەمى مىسرى، مەلھەمى باسلىقۇن كەبىر، مەلھەمى سۇرۇخ ۋە خۇبسۇلھەدىد سىركىسى پايدىلىق بولىدۇ.

مەلھەمى سەفىدنىڭ نۇسخىسى: قەلەي ئۇپىسى، موم ئوخشاش مىقداردا، ياغ ئىككى دورا باراۋىرىدە، مومنى ياغ بىلەن يەڭگىل ئوتتا ئېرىتىپ، ئاندىن قەلەي كۈشتىسى بىلەن سالايە

ھاۋانچىسىغا ئاز - ئازدىن سېلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ياغ بىلەن موم ئارىلىشىپ بولغاندىن كېيىن ساپلىق بىلەن قوچۇلىدۇ، ھەتتا قوچۇش بىلەن سوۋۇپ ئۇيۇسۇن، ئۇنداق بولمىسا قەلەي كۇشتىسى موم ئاستىغا چۆكۈۋالىدۇ.

مەلھىمى مىسرى: زەنگار، ھەسەل، سىركە ۋە كۇندۇرنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، قىيامى ھەسەلدەك بولغاندا بۇنىڭغا موم ۋە ياغلارنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

مەلھىمى باسلىقۇن كەبىر: موم 250 گرام، زۇپتى رۇمى 120 گرام، مۇرمەككى، ئۇدخام، بەتەم يېلىمى ھەربىرى 60 گرام، زەيتۇن يېغىدىن بىر كىلوگرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلىنىدۇ.

مەلھىمى سۇرۇخ: مەدەستان، زەيتۇن يېغى ھەربىرى ئىككى ھەسسە، سىركىدىن ئون ھەسسە ئېلىپ، ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاندىن بۇنىڭغا بىر ھەسسە زەرچىۋە قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

خۇبسۇلھەدىد سىركىسى: خۇبسۇلھەدىد يەنى تۆمۈر پوقىنى ئېلىپ سىركىدە بىر ئاي ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن قويۇلىدۇ، ئاندىن قۇلاققا تېمىتىلىدۇ ياكى تۆمۈر پوقىنى سوقۇپ، سىركىگە يەتتە قېتىم چىلاپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن ئۆتكۈر سىركىدە ھەسەلدەك قويۇلغۇچە قاينىتىپ، ئاندىن قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. ئەگەر قۇلاقتىن پەقەت سۇ ئاقسا، يىرىڭ ئاقمىسا كونا شاراپتا مويزىنى ئېزىپ چېپىش پايدىلىق. چۈنكى بۇ ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ.

ئەگەر يىرىڭ ئاققان بولسا داۋالاشتا، ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى دورىلار بىلەن ئاشۇ زەخىمنى تازىلىغۇچى ۋە يىرىڭنى سۇيۇلدۇرۇپ ئاققۇزىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىشكە زۆرۈرىيەت چۈشىدۇ. ئەپيۇن كۆلىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قۇندۇز قەھرى بىلەن ئىشلەتسە، قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ ۋە زەخىمگىمۇ پايدا قىلىدۇ.

8. قۇرت سەۋەبىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش

قۇرتنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سىركە ياكى بۆرە ئەرمىنى قۇلاققا تېمىتىلىدۇ ياكى سەبرىنى ئېلىپ، يېڭى ئەفسەنتىن سۈيى ياكى شەھمەنزەل سۈيى ياكى شاپتۇل غازىڭى سۈيى قوشۇپ ياكى شاپتۇل غازىڭى قاينىتىلغان سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. ئەگەر قۇرت ئۆلگەن بولسا ئۇنى چىقىرىشقا تىرىشىلىدۇ، مەسىلەن: يۇڭ ياكى پاختىدا شامچە ياساپ دەبىق ياكى يېلىمغا مىلەپ قۇلاققا كىرگۈزۈلىدۇ ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈپ سىرتقا چىقىرىلىدۇ. دەبىق دېگەن بىر ئۇرۇق بولۇپ، نوقۇتتىن كىچىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر خىل چاپلاشقاق سۇيۇقلۇق بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: قۇرتنى چىقىرىش ئۈچۈن بەزى كىشىلەر چۈشكۈرتۈشنىمۇ ئېيتقان ۋە يازغۇچىمۇ بۇنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. لېكىن چۈشكۈرتۈشنىڭ تەسىرى قۇلاق ناغرىخانىسىغىچە

يېتىپ بارالايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەردە توسۇۋالىدۇ. بۇ سىرتقى تۆشۈك بىلەن ناغراخانا ئارىلىقىغا جايلاشقان.

9. سىرتتىن كىرگەن قۇرت سەۋەبىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش بۇنى داۋالاشتا يۇقىرىدىكى قۇرتنى يوقىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش داۋالىنىدۇ، يەنى قۇرتنى ئۆلتۈرۈپ سىرتقا چىقىرىۋېتىلىدۇ.

10. قۇلاققا سۇ كىرىپ كېتىشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش قۇلاقتىكى سۇنى چىقىرىشقا چارە قىلىنىدۇ، مەسىلەن: ئالقاننى قۇلاققا قويۇپ بىر پۇتچىلاپ سەكرەش ۋە باشنى سۇ كىرىپ كەتكەن قۇلاق تەرەپكە ئېگىش ياكى بىر كىچىك نەيچە ئارقىلىق ياكى نەيچە ئىشلەتمەي ئېغىز ئارقىلىق سۈمۈرۈش ياكى سۇنى قۇلاق ئىچىدىلا تارقىتىۋېتىش ۋە قۇرۇتۇۋېتىشكە تىرىشىش قاتارلىق، بۇنىڭ ئۇسۇلى بەدىيان ياكى سېرىقچېچەك ياكى بەردىنىڭ ياغىچىنى ئېلىپ (بۇ ئۇيۇل بولمىسۇن، بەلكى كاۋاك بولسۇن) قۇلاق تۆشۈكىگە كىرگۈزۈلىدۇ، ياغاچنىڭ ئەتراپىدىكى قۇلاق تۆشۈكىگە پاختا تىقىلىدۇ تاكى قۇلاق ئىچىگە ھاۋا كىرىۋالمىسۇن. ئاندىن ئۇ ياغاچنىڭ سىرتقا چىقىپ تۇرغان ئۇچىغا پاختا يۆگەپ، يەسمەن يېغى ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن ھۆللەپ، ئوت يېقىلىدۇ تاكى قۇلاق ئىچىگە ھارارەت يېتىپ بارسۇن ۋە سۇنى سۈمۈرۈپ يوقاتسۇن. مۇشۇنىڭدەك چىراغدىكى ياغ كۆيۈپ يوقالغىنىدەك. ياغاچقا ئورالغان پاختىنى ماي بىلەن ھۆللەشتىن مەقسەت ياغاچ كۆيسۇن ئۈچۈندۇر.

قۇلاقتىكى سۇنى چىقىرىشنىڭ بىر چارىسى بولۇتتىن بىر شامچە ياساپ قۇلاققا كىرگۈزۈلىدۇ ھەمدە بىمار يېنىچە ياتقۇزۇلىدۇ، قۇلاقتىكى سۇ شامچىغا سۈمۈرۈلگىچە تۇرغۇزۇپ، ئاندىن شامچە چىقىرىۋېتىلىدۇ.

ئەگەر ۋەجىئۇل مۇپاسىل سەۋەبىدىن ئاغرىق پەيدا بولغان بولسا، ۋەجىئۇل مۇپاسىلنى داۋالاش بىلەن بىرگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، دورا تېمىتىش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ قوللىنىلىدۇ، بۇ داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

ئەگەر قۇلاققا كىر يىغىلىۋالغانلىقتىن ئاغرىق پەيدا بولسا، گۈل يېغى ياكى ئاچچىق بادام يېغى ئىلمان ھالەتتە قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئەگەر بىمارنىڭ ئىشتىھاسى ياخشى بولسا، لەتىف غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: سۈت، ئۆچكە گۆشى شورپىسى (بۇنىڭدا كۆكتاتلار گۆش بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن) قاتارلىقلار. كۆكتاتلار ۋە ئوتياش قاتارلىقلارمۇ قەۋزىيەتنى يوقاتقانلىقى سەۋەبىدىن ياخشى غىزا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن غىزالار تەدرىجىي كۆپەيتىلىدۇ، يەللىك، تەستە ھەزىم بولىدىغان ۋە قابىز غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، يول يۈرۈشتىن ھەم ئوتقا قاقلىنىشتىن ساقلىنىدۇ.

قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق

(تەرەش، ۋەقرى، سۇمۇم)

تەرەش (قۇلاق ئېغىرلىقى)، ۋەقرى (تامامەن ئاڭلىماسلىق)، سۇمۇم (قۇلاق تۆشۈكىنىڭ پۈتەيلىكى)، بەزىدە ئوخشىتىش شەكلىدە يۇقىرىقى سۆزلەر بىرى ئىككىنچىسىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بەزى كىشىلەر مەخسۇس ھالەتتە كونىرىغىنىنى ۋەقرى، يېڭىسىنى تەرەش دەپ ئاتايدۇ.

1. تۇغما گاسلىق ئەگەر گاسلىق تۇغما بولغان بولسا، بۇنىڭ بىرەر داۋاسى يوق. چۈنكى بۇنىڭ ئىككىلا سەۋەبى بولىدۇ. ئاڭلاش قۇۋۋىتىنىڭ تامامەن بولماسلىقى ياكى تۇغما قۇلاق پۈتەيلىكى، بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا داۋالىغىلى بولمايدۇ.

مۇشۇنداق كىشىلەر چوقۇم گاچىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەرپلەرنى چۈشىنەلمىسە، ئاۋازنىڭ چىقىدىغانلىقىنى بىلەلمىسە، قانداقمۇ سۆزلىيەلىسۇن؟

2. ياشانغانلاردىكى گاسلىق بۇ خىل گاسلىقنىڭمۇ داۋاسى يوق، بۇ، ياشانغانلاردا قۇۋۋەت ئاجىزلاشقانلىقتىن پەيدا بولىدۇ، چۈنكى بۇ ياشتا پۈتۈن ئەسلىي ئەزالاردا قۇرۇق سوغۇقلۇق غالىب كېلىدۇ، ئەگەر بۇنى داۋالىغىلى بولسا ئۆلۈمنىمۇ توختاتقىلى بولاتتى.

3. ئۇرۇلۇشتىن بولغان گاسلىق بەزىدە گاسلىق ئۇرۇلۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئۇرۇلۇشتىن ئاڭلاش نېرۋىسى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، بۇنىمۇ داۋالىغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۈزۈلگەن نېرۋىنىڭ تۇتىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

4. ئۆتكۈر كېسەللىكلەر بەزىدە گاسلىق ئۆتكۈر سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، سەپرادىن پەيدا بولغان ماددا بوھران شەكلىدە مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگەنلىكى سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ. بۇ ھالەت ئۆتكۈر قىزىتمىلاردا بولىدۇ. بۇنىڭدا سەپرا غالىب كەلگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

سەپرا غالىب كەلگەنلىكتىن بولغان گاسلىقنى داۋالاش سەپرا تەنقىيە قىلىنىدۇ ۋە تۆۋەن تەرەپكە يۆتكىلىدۇ، ئاچچىق ئانارنىڭ پوستىنىڭ سىقىلغان سۈيىگە سىركە، گۈل يېغى، كۈندۈر قوشۇپ قاينىتىپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

داۋائى رۇممان: بۇنى تەييارلاشنىڭ ئۇسۇلى ئاچچىق ئانارنىڭ دانىلىرىنى چىقىرىپ ئېلىپ، ئۇرۇقىنى ئايرىۋېتىپ، سىقىپ سۈزۈپ، سۈيىگە مۇشۇ ئاچچىق ئانارنىڭ پوستىنى سېلىپ، بۇنىڭغا سىركە، گۈل يېغى ۋە كۈندۈر سېلىپ قىيام بولغۇچە ئوتتا قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

5. مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان گاسلىق   بەزىدە گاسلىق ئاڭلاش قۇۋۋىتى ئەزالىرىدا مىزاج بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولغان، مىزاج بۇزۇلۇشتىن ئەزانىڭ نورمال خىزمىتىنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. نورمال مىزاجدىن ئىنسان ساغلام تۇرىدۇ، قۇۋۋەتلەر نورمال ۋە ئەزالارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى تەرتىپلىك بولىدۇ.

ئالامىتى   قۇلاق ئىچىدىكى چوڭقۇر ئورۇندا قۇلاق نېرۋىسىنىڭ ئەتراپىدا ئېغىرلىق، تارتىشىش بولماي ئاغرىق سېزىمى بولىدۇ. ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش سوغۇقتىن بولغان بولسا، سوغۇق نەرسىلەردىن يېقىمسىزلىنىدۇ ھەم سوغۇق ۋاقىتلاردا كېسەللىك ئېغىرلىشىدۇ. ئەگەر بۇ مىزاج بۇزۇلۇش ئىسسىقتىن بولغان بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە ئىسسىق نەرسىلەردىن يېقىمسىزلىق يېتىدۇ. چۈش ۋاقتىدا ئۆتكۈر بولىدۇ. قۇلاق ئىچى ۋە ئەتراپىدا كۆيۈشۈش، ئېچىشىش سېزىمى بولىدۇ. ئەگەر قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن بولسا، بۇنىڭ ئالامىتى قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەردىن كېيىن يۈز بېرىدۇ، مەسىلەن: ھارغىنلىق، ئاچلىق، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلار كېيىن يۈز بېرىدۇ، قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن بىمارنىڭ يۈز - كۆزى ئورۇق بولىدۇ. مىزاجنىڭ ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىنىڭ بايانىنى ئىبن سىنا قانۇندىمۇ يازمىغان ۋە يازغۇچىمۇ بۇ ئورۇندا يازمىغان.

داۋالاش   گاسلىقنى داۋالاشتا قايسى مىزاجنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان بولسا، بۇنى دورىلار، غىزالار، نۇتۇللار بىلەن ھەم قۇلاققا ۋە بۇرۇنغا دورا تېمىتىش ئارقىلىق بۇ مىزاج ئۆزگەرتىلىدۇ.

6. قويۇق خام خىلىتلار   بەزىدە گاسلىق پىشمىغان ۋە قويۇق خىلىتلار سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاڭلاش نېرۋىسىغا قۇيۇلىدۇ، خۇددى تارتىشىش، تەشەننۇج ۋە پالەچتە باشقا نېرۋىلار ئۇستىگە قۇيۇلغىنىدەك سەۋەبتىن روھىي نەپسانىي ئۇلارغا سىڭىپ كىرەلمەيدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ھېس ھەرىكىتى يوقايدۇ.

ئالامىتى   قۇلاق ئاغرىقىنىڭ سوغۇقتىن بولغان تۈرىدىكى ئالامەتلەر بولىدۇ. يەنى ئىسسىق نەرسىلەردىن مەنپەئەت يېتىدۇ، بەزى سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى تەدبىرلەرنى قىلغان بولىدۇ، ئېچىشىش ۋە قىزىللىق بولمايدۇ، باشتا بىرئاز ئېغىرلىق بولىدۇ، جۈملىدىن سەجدە قىلغان ۋاقىتتا بۇ ئالامەت زىيادە مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش   ئايارەجلەر، غار - غارلار بىلەن مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ، قۇلاققا ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغ، مەسىلەن: سېرىقچېچەك يېغى، سۇزاپ يېغى تېمىتىش، لەتىفلەشتۈرگۈچى دورىلار، لەتىفلىك ۋە سۈيۈلدۈرگۈچى دورىلار بىلەن (ياكى ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن) ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. لەتىفلەشتۈرگۈچى دورىلار ھەندى قوقى، بەرگى غار، مەرزەنجۇش، پىننە،

بەرەنجاسىپ، تاغ پىننىسى، بابۇنە قاتارلىقلاردۇر. ھەندى قوقى ھىندىچە نام بولۇپ، سەكپۇرا ۋە بەزى كىشىلەر گەداپورنا دەپ ئاتايدۇ. بەزى نۇسخىلاردا «لاتاپەت ۋە سۇيۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى دورىلارنىڭ ھورى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش» دەپ يېزىلغىنىدەك بۇنىڭدىمۇ سۇزاپ، يالپۇز، ئەفسەنتىننى ئېلىپ زەيتۇن يېغى، سىركە ۋە سۇدا قاينىتىش ھەمدە كاساڭغا قۇيۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە ۋارونكا قويۇپ ۋارونكا قۇلاققا قويۇلىدۇ تاكى بۇنىڭ ھورى قۇلاققا يەتسۇن.

قۇلاق تۆشۈكى تۇسۇلۇش بەزىدە گاسلىق قۇلاق تۆشۈكى تۇسۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئاۋاز بولغان ھاۋا ئاڭلاش نېرۋىسىغا يېتىپ بارالمايدۇ. ئەگەر تۇسالغۇ قۇلاقتا جۇغلاشقان كىرنىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا، قۇلاق تۆشۈكى ئاپتاپقا ئۇدۇل قىلىنسا كىر ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.

داۋالاش سايمان ئارقىلىق كىر چىقىرىۋېتىلىدۇ ياكى ياغ بىلەن ۋە ئىسسىق سۇنىڭ ھورى بىلەن كىر يۇمشىتىلىدۇ، تاكى كىر يۇمشاپ ئۆزى ئېقىپ چىقىدۇ ياكى سايمان بىلەن چىقىرىۋېتىلىدۇ.

يات ماددا ئەگەر قۇلاق تۆشۈكىگە ئۇششاق ھاك پارچىسى، قۇم، ئۇرۇق ياكى باشقا نەرسىلەر كىرىپ كېتىشتىن قۇلاق تۆشۈكى تۇسۇلۇپ قالغان بولسا، بۇنى داۋالاشتا قۇلاق تۆشۈكىگە ياغ تېمىتىلىدۇ تاكى قۇلاق تۆشۈكى يۇمشاپ كېڭەيسۇن، ئاندىن قۇندۇز قەھرىگە ئوخشاش بەزى دورىلار بىلەن چۈشكۈرتۈلىدۇ، چۈشكۈرتكەن ۋاقىتتا بۇرۇن ۋە ئېغىزنى تۇتۇۋېلىش، باشنى ھاك پارچىسى كىرىپ كەتكەن قۇلاق تەرەپكە ئېگىش لازىم.

ئەسكەرتىش چۈشكۈرۈك تۇغرىسىدىكى گۇمان قۇلاق ئاغرىقىدا يېزىلغان ياكى ئۇ يات جىسىم پەچكارى (زەراقە) بىلەن تارتىپ ئېلىۋېتىلىدۇ.

پەچكارى — تار يولى بولغان بىر نەيچە بولۇپ، بۇنىڭ بوشلۇقى ئىچىدە يەنە بىر نەيچە بار، بۇنىڭ تۇملۇقى تۆشۈكىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ (نەفىيس). ئىشلىتىش ئۇسۇلى: پەچكارىنىڭ بېشىنى قۇلاققا كىرگۈزۈپ، ھاۋا كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن ئەتراپىغا پاختا تىقىپ، ئاندىن ئىچىدىكى نەيچە ئاستا تارتىلىدۇ. بوشلۇق سەۋەبىدىن ئۇششاق ھاك پارچىسى سىرتقا چىقىدۇ، بۇ ئەمەلنى قىلغاندا بىمارنى تاختىدا ياتقۇزۇپ بېشىنى ئېسىلدۇرۇپ قويۇش لازىم. تېۋىپ بىمارنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇش لازىم (ياكى يات ماددىنى بىر نەيچە ياساپ، بۇنىڭ بېشى يۇمىلاق ۋە مايلىق بولسۇن)، بۇنىڭغا دەبىق ياكى بېلىق يېغىغا ئوخشاش چاپلاشقاق دورىلارنى يۇقتۇرۇپ، پەچكارىغا ئوخشاش مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇنىمۇ ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، بۇ يات ماددىلار قۇلاقتىن چىققاندا ھەرگىزمۇ

بىپەرۋالىق قىلماسلىق كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا تەشەننۇج كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

9. گۆش ئۆسۈش ۋە سۆگەلدىن بولغان گاسلىق ئەگەر قۇلاق تۆشۈكىگە بەزى زەخمىنىڭ پۈتۈشى سەۋەبىدىن گۆش پەيدا بولۇپ قالغان بولسا ياكى سۆگەل سەۋەبىدىن توسۇلۇپ قالغان بولسا، بۇنى داۋالاشتا مۇمكىن بولسا (يەنى سىرتىدا بولسا) نەشتەر ياكى ئۇزۇن دەستىلىك پىچاق بىلەن كېسىۋېتىلىدۇ. ئەگەر توسۇش قۇلاقنىڭ چوڭقۇر قىسمىدا بولسا، مەلۇم بىر ئىنچىكە سايمان بىلەن كېسىپ قۇلاق ئىچىگە شامچە كىرگۈزۈلىدۇ، شامچە ئۈستىگە سېرىق زاكقا ئوخشاش دورىلار سېپىلىدۇ، بۇ زەخمىنى پۈتۈشتىن توختىتىدۇ، ئەگەر كېسىش مۇمكىن بولسا، ئەككال يەنى ئۆتكۈر، يېگۈچى دورا ئەزاغا چېپىلىدۇ: مەسىلەن: قىزىل زەرنىخنى سىركىدە ئېزىپ تېمىتىلىدۇ، ھەتتا ئۆسمە گۆش ئېرىپ كەتكۈچە زەخمىنى پۈتكۈزگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

سەۋەبى قۇلاق ئىچىگە كىر يىغىلىپ قېلىش، قۇلاقتا سوزۇلما ئىششىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، نېرۋىلار ئاجىزلىقى، قۇرۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش، مېڭىنىڭ ئاجىز بولۇشى، ئاڭلاش پەردىسى بۇزۇلۇش ۋە تېشىلىپ كېتىش، قۇلاق پەردىسىگە قاتتىق، ئۈنلۈك ئاۋازنىڭ تەسىر قىلىشى، زىيادە سوغۇقلۇقنىڭ تەسىر قىلىشى، قان ئازلىق، قان ئىشلەش بۇزۇلۇش، بەزىدە كەنپىر، بادامبەز ئىششىقى، نۇقرەس، سىفلىس (ئاتىشەك)، ۋەجئۇل مۇپاسىل، ئىسكارلاتىنا قاتارلىقلارغا ئوخشاش كېسەللىكلەر سەۋەبىدىنمۇ گاسلىق پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭدەك ياشانغانلاردا ھۆللۈك ئېشىپ كېتىشتىن بولغان قۇلاق ئېغىرلىقىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

ئالامىتى قۇلاققا ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. بەزىدە ئاڭلاش كۈچى يېتەرسىز بولىدۇ، بەزىدە پۈتۈنلەي ئاڭلىمايدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەسلىي سەۋەبىنى ئېنىقلاشقا تىرىشىلىدۇ، ئەسلىي سەۋەبى ئېنىقلانسا شۇنىڭغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر قۇلاققا كىر توشۇۋالغان بولسا، كەچتە قۇلاققا بادام يېغى تاكى كىر يۇمشاپ چىقىپ كەتكەنگە قەدەر تېمىتىلىدۇ ۋە ئەتىگەندە ئىسسىق سۇدا تەنكارنى ئېرىتىپ قۇلاق پەچكارى بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئەگەر قۇلاقتا ئىششىق بولسا ئىششىقنى داۋالاش، ئەگەر نېرۋىلار ئاجىزلىغان بولسا نېرۋىنى كۈچەيتكۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش، ئەگەر نېرۋىلارغا قۇرۇقلۇق يېتىپ قالغان بولسا، ئىككى تامچە بادام يېغى ياكى ئىككى تامچە قاپاق يېغى ياكى ئىككى تامچە كاھۇ يېغىنى ئىككى - ئۈچ قېتىم قۇلاققا تېمىتىش، ئەگەر قۇلاقتىكى پەردە بۇزۇلغان بولسا يۇقىرى ماھارەت بىلەن قۇلاققا سۈنئىي پەردە سېلىش لازىم.

ئەگەر پەردە تېشىلىپ كەتكەن بولسا، ئالتە تامچە بادام يېغى، ئالتە تامچە قاپاق يېغى، تۆت تامچە چىلغوزا يېغىنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەن - كەچتە قۇلاققا تېمىتىپ بېرىش. ئەگەر مېڭە ئاجىزلاش سەۋەبىدىن گاسلىق پەيدا بولغان بولسا، مېڭە ئاجىزلىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ھەمدە قۇلاققا بادام يېغى، كاھۇ يېغى، قاپاق يېغىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ تامچە ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ، ئەتىگەن - كەچتە قۇلاققا تېمىتىپ بېرىش. ئەگەر قەۋزىيەتلىكمۇ بولسا ئىترىفىل زاماندىن ياكى ئىترىفىل كەشنىزدىن ياكى ئىترىفىل ئۇستقۇددۇس يېيىگۈزۈش. ئەگەر قان ئازلىقتىن بولغان بولسا، بۇنى يوقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىشلىتىش لازىم:

نۇسخا: خۇبسۇلھەدىد ۋە مارجان كۇشتىسىنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى بەرىنجتىن ئېلىپ، يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا ئارىلاشتۇرۇپ ناشتىدا يېگۈزۈش، تاماقتىن كېيىن پولات داغمال سۇيىدىن ئىككى يۇتۇمنى سۇغا بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش، كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا يەتتە گىرام ئىترىفىل كەشنىزنى قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈش. ئەگەر بۇ كېسەلگە قان بۇزۇلۇش سەۋەب بولغان بولسا، تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم:

نۇسخا: ئەتىگەندە مەجۇنى چۆبچىندىن يەتتە گىرامنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن ئەرقى شىير (سۈت)، ئەرقى مائۇلجەبىن، ئەرقى ئۆشبە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، كەچتە مەجۇنى ئۆشبىنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن 72 گىرام ئەرقى شاھتەررە، 48 گىرام ئەرقى چۆپچىندىن ئېلىپ، 24 گىرام چىلان شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، تاماقتىن كېيىن گۆلگۆرت سېرىقى سۇيۇقلۇقىدىن بەش تامچە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى ياغلارنى تەييارلاپ قۇلاققا ئەتىگەن - كەچتە تېمىتىپ بېرىلىدۇ:

ياغ نۇسخىسى كۆك قاپاق سۈيى، كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيى، قاپاق يېغى ۋە گۈل يېغى ھەربىرى 24 گىرامدىن، ئاچچىق قۇستە، بابۇنە گۈلى ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، بۇ دورىلارنى سوقۇپ، ياغلار ۋە سۇلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قايىنتىپ تەييارلىنىدۇ. ئەگەر قىزىتما سەۋەبىدىن كېسەللىك پەيدا بولغان بولسا، سوۋۇتقۇچى ۋە قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قائىدە بويىچە قىزىتما ئېتىبارى بىلەن مۇنزىج ئىچكۈزۈپ ماددا تەنقىيە قىلىنىدۇ ۋە يۇقىرىقى ياغ ئەتىگەن - كەچتە قۇلاققا تېمىتىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك بادامبەز ئىششىقى، نۇقرەس، سىفلىس قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولسا، شۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاپ ساقايتىش، ئەسلىي سەۋەب يوقالسا، كېسەللىك ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز سۇيۇق - سەلەڭ غىزالار بېرىلىدۇ. بۇ، لەتىپ ۋە ئاسان

سىڭدىغان بولسۇن، مەسىلەن: سۈت، تۇخۇم، ئۆچكە گۆشى شورپىسى، توخۇ گۆشى شورپىسى قاتارلىقلار. كۆكتاتلاردىن سەي كاۋىسى، پالەك، سېمىزئوت قاتارلىقلار، كاكچا نان، گۈرۈچتە قىلىنغان غىزالار بېرىلىدۇ.

نەزلىنىڭ قۇيۇلۇشىدىن بولغان گاسلىق بەزىدە نەزلىنىڭ قۇيۇلۇشىدىن قۇلاقتا ئوخشاش بولمىغان ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق ئېغىرلىقى، قۇلاق ئىششىقى، قۇلاق قىچىقىرىش، قۇلاق غوڭۇلداش ۋە باشقىلار كۆرۈلىدۇ.

بەزىدە نەزلە سۈيۇقلۇقى سەۋەبىدىن قۇلاق ۋە گال ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كانال توسۇلىدۇ، بۇ، ئاناتومىيەدە نەغنەغە دېيىلىدۇ. بۇ كانال قۇلاق ناغرىخانىسىدىن باشلىنىپ يۇتقۇنچاققا كېلىپ ئېچىلىدۇ، بۇ، ياشلار ۋە بالىلاردا نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ توسۇلۇشىدىن ئاڭلاش قۇۋۋىتىدە كۆرۈنەرلىك پەرق بولىدۇ، باشقا ئورۇنلاردىكىگە ئوخشاش نەزلە سۈيۇقلۇقى بەزىدە سۇيۇق، بەزىدە قويۇق، بەزىدە يىرىڭ ئارىلاشقان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئاخىرقى ھالەتتە نەزلىدىن بولغان ئىششىق ۋە يىرىڭلاش سەۋەبىدىن قۇلاق پەردىسى بۇزۇلۇپ تېشىلىدۇ.

داۋالاش قائىدە بويىچە نەزلىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، بۇنىڭ تەپسىلاتى باش كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەندى. ئىترىفىللار ۋە ئايارەجلەر بېرىلىدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىشنى مەقسەت قىلىنىدۇ. نەزلە سۈيۇقلۇقىنى توختاتقۇچى قابىز غار - غارلار بېرىلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر نەزلە سۇيۇق بولسا، ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلان، 11 دانە سەرپىستان قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە ياكى 24 گىرام شەربىتى بىنەپشىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەتىگەن - كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ. يۇقىرىقىغا ئاساسەن ئانارگۈلى، كۆكنار غار - غار نۇسخىسى كۈندە 3 ~ 4 قېتىم غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئانارگۈلى، كۆكنار غار - غار نۇسخىسى: ئانارگۈلى تۆت گىرام، كۆكنار ئىككى دانە، ئۈجمە يوپۇرمىقى، سوقۇلمىغان ئەدەس ھەربىرى 12 گىرام، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، گەزمازەج ھەربىرى ئالتە گىرام، زەمچىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 750 گىرام سۇدا يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ ئىككىنچى نۇسخىمۇ بۇنىڭغا پايدا قىلىدۇ.

ئىككىنچى نۇسخا: نەمەكى لاھۇردىن 12 گىرام، زەمچىدىن ئالتە گىرام، ئۈجمە يوپۇرمىقىدىن 24 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى 750 گىرام سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا غار - غار قىلىنىدۇ. كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا ئىترىفىل مۇلەييىندىن توققۇز گىرام ياكى ئىترىفىل زامانىدىن 12 گىرام ياكى ئىترىفىل كەشنىزدىن 12 گىرام يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر نەزلە سۈيۇقلۇقى قويۇلۇشىدىن بولسا، بېھى ئۇرۇقى، چىلان چۈشكەن نۇسخىنىڭ ئورنىغا تۆۋەندىكى نۇسخىنى تەييارلاپ

ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا: گاۋزىبان، گۈلى گاۋزىبان، ئاقلانغان بىخسۇس، ئۇستىقۇددۇس ھەربىرىدىن بەش گرامدىن ئېلىپ، يېتەرلىك سۇدا قاينىتىپ 24 گرام شەربىتى بىنەپشە بىلەن بېرىلىدۇ. يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇل - چارىلىرى يېتەرلىك بولىدۇ.

كۆرسەتمىلەر ۋە ئەسكەرتىشلەر ئەگەر نەغنەغە يولى توسۇلۇپ قالغان بولسا، بۇ قول ئەمەلىيىتى ئارقىلىق سۇلائى بىلەن ئېچىلىدۇ ۋە بۇنىڭغا قابىز دورىلار ھۆقنە شەكلىدە يەتكۈزۈلىدۇ. بۇنى ماھىر جەرراھلار قىلالايدۇ. ئەگەر ناغرىخانا بوشلۇقىدا يىرىڭ بولسا، ئۇنى داۋالاشتا دورا سۈيى بۇرۇن بوشلۇقىغا كىرگۈزۈلىدۇ، يەنى 24 گرام نىم يوپۇرمىقىنى 24 گرام ھەسەلدە قاينىتىپ، ئىلمان ھالەتتە بۇرۇن بوشلۇقىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نەغنەغە دائىم سۇلائى بىلەن ئېچىپ تۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز نەزلە كېسەللىكىدىكى ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىزگە ئەمەل قىلىنىدۇ.

قۇلاق غوڭۇلداش (تىنىنىن ۋە دەۋى)

تىنىنىن دېگەن لۇغەتتە تەشتەكنىڭ سۇنغان ئاۋازى دېگەن مەنىدە. لېكىن تېببىي ئىلىمدە ئادەمنىڭ قۇلىقىغا ئەمەلىيەتتە سىرتتا مەۋجۇت بولمىغان ئاۋاز ئاڭلىنىش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاۋاز بەزىدە كېچە - كۈندۈز، بەزىدە ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

قۇلاق قىچقىرىش بىلەن غوڭۇلداشنىڭ پەرقى، قۇلاق قىچقىرىشتا ئاۋاز كۈچلۈك ۋە ئىنچىكە بولىدۇ. غوڭۇلداشتا ئاۋاز بوش، توم بولىدۇ.

قۇلاقتا شىر - شىر، تىك - تىك، تىڭ - تىڭ قىلغاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپىنچە قۇلاق ئاغرىقمۇ بولىدۇ.

1. باشتىكى ماددىلار ۋە ئاجرالما ماددىلار بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بەزىدە ماددىلار ۋە ئاجرالما نەرسىلەر سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇ، باش ماددىلىرىدىن پەيدا بولۇپ، قۇلاققا كېلىدۇ ۋە ئاڭلاش نېرۋا تالالىرىدا ھەرىكەت پەيدا قىلىدۇ.

ئالامىتى قۇلاق قىچقىرىش ۋە غوڭۇلداش بىلەن باش ۋە قۇلاقتا ئېغىرلىق، تارتىشىش سېزىمى بولىدۇ ھەم كېسەللىك يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئالاقىدار سەۋەبلەر ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاجرالما ماددىلار پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: غىزانى كۆپ ئىستېمال قىلىش، ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىقلار.

داۋالاش مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئاشقازان ۋە ھەزىم ياخشىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن لاتاپەت پەيدا قىلغۇچى دورىلارنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن قۇلاق ھوردىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئەفسەنتىن، مەرزەنجۇش، پىننە، يالپۇز، دەرمەنى تۈركى قاتارلىقلار. ئىسسىق ياغلاردىن سەۋسەن يېغى، يەسمەن يېغى قۇلاققا تېمىتىلىدۇ ۋە ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، تاكى تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن بىر قىسىم قېپقالغان ئاجرالما ماددىلار تارقاپ كېتىدۇ. لېكىن مېڭىنى تەنقىيە قىلىشتىن ئىلگىرى مەزكۇر چارىلەر (قۇلاقنى ھوردىتىش، قۇلاققا دورا تېمىتىش ۋە مۇنچىغا چۈشۈش) دىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. شۇنىڭدەك قاتتىق ھەرىكەت قىلىش، ئاپتاپتا ئولتۇرۇش، ئوتنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

2. قۇرۇقلۇق ۋە ئاچلىق بۇ كېسەللىك بەزىدە قۇرۇقلۇق ۋە ئاچلىقنىڭ غالىب كېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى قورساق ئاچقان ۋاقىتتا تەبىئەت ھۆللۈك تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. بۇ، پۈتۈن بەدەندە شەبنەمدەك تارقايدۇ ۋە قورساق ئاچقانلىق سەۋەبىدىن ئۇ نەم تارقاپ كېتىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇنىڭدىن بۇ ھۆللۈكلەردە قاتتىق ھەرىكەت ۋە بىئاراملىق پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بۇ ئەھۋالدا ھېس قۇۋۋەت ئاشىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتنىڭ ئالدىدا باش يېنىك بولىدۇ ۋە كېيىن قۇۋۋىتى سامىئە (ئاڭلاش قۇۋۋىتى) تېز بولىدۇ.

ئالامىتى قورساق ئاچقان ۋاقىتتا كېسەللىك ئالامىتى ئېغىرلىشىدۇ.

داۋالاش ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە ھۆللەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، تاكى قۇرۇقلۇق يوقالسۇن. قۇلاققا ھۆل سوغۇق ياغلار سۈركىلىدۇ، بۇنىڭدا ھېس سېزىمىنى تۆۋەنلەتكۈچى قۇۋۋەتمۇ بولسۇن، مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، گۈل يېغى، كاھۇ يېغى، خەشخاش يېغى قاتارلىقلار.

3. بەدەن ئاجىزلاش ۋە ئورۇقلاش بەزىدە بۇ كېسەللىك ئاڭلاش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ، پۈتۈن بەدەن ئاجىزلىغاندا كۆرۈلىدۇ، چۈنكى ئاجىزلىق ئاڭلاش قۇۋۋىتىگە تەسىر قىلىدۇ، ئۇ شۇنداق نازۇك بولىدۇكى، ئادەتتىكى ۋە يەڭگىل دولقۇندىن بىر قىسىم بەدەن خالىي بولالماي تەسىر پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: شاۋقۇن، بۇ، قۇلاققا ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن پەيدا بولىدۇ، شۇنداقلا كېسەللىكتىن يېڭى ساقايغان كىشىلەردە بولىدۇ.

داۋالاش خۇش پۇراق غىزا، خۇش پۇراق نەرسىلەر بېرىلىدۇ، بۇ بەك ئۆتكۈر بولۇپ كەتمىسۇن. مېڭە كۈچلەندۈرۈلىدۇ، قۇلاققا گۈل يېغىنى سىركىدە ئېزىپ تېمىتىلىدۇ، بادام يېغى تېمىتىلىدۇ، تاكى قۇلاق كۈچلەنسۇن.

ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىق، ئورۇقلاشنى يوقاتقۇچى كۈچلۈك غىزالار يېگۈزۈلىدۇ.

سەۋەبى قۇلاق قىچقىرىش ۋە غوڭۇلداش كېسەللىكلىرىنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

ھەزىم بۇزۇلۇش بولۇپمۇ قورساق ئېسىلىش، بەدەن ئاجىزلىق، قان ئازلىق، قان سۇيۇلۇش، مېڭە ئاجىزلىق، دەرد ـ ئەلەم، قۇلاق زەخىملىنىش، خاس زەھەرلىك دورىلارنى ئىچىدىن ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن قۇلاق غوڭۇلداش پەيدا بولىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر ھەزىم بۇزۇلغان بولسا، ئەتىگەندە بۇ نۇسخىدىكى دورا يېگۈزۈلىدۇ.

نۇسخا: يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇسنى يېگۈزۈپ ئۈستىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، بەش گىرام ئەفتىمۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گىرام قىزىلگۈل گۈلقەنتى قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ، غىزادىن كېيىن جاۋارىش كۇمۇنىدىن يەتتە گىرامى ئىككى ۋاق ئېقىن سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى ھەببى نىلۇپەردىن ئىككى دانىدىن ئىككى ۋاخ يېگۈزۈلىدۇ ھەم بۇ دورىلارنى قايىنىتىپ ھوردىتىلىدۇ.

نۇسخا: پوستى خەشخاش، بەرەنجاسىپ، مەرزەنجۇش، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، بابۇنە گۈلى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ھوردىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بەدەن ئاجىزلاش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا، بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: تۇخۇم، سۈت، قايماق، چۈجە گۆشى ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ، قۇلاققا گۈل يېغى ئەتىگەن ـ كەچتە تېمىتىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر قان ئازلىق ياكى قان ئاجىزلاشتىن بولغان بولسا، بۇ نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ: 0.48 گىرام پولات كۇشتىسىنى يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا بىرلەشتۈرۈپ ئەتىگەن ـ كەچتە يېگۈزۈلىدۇ، يېگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن بەش تامچە پولات داغمال سۈيىنى بىر قانچە يۇتۇم سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر مېڭە ئاجىزلاش سەۋەبىدىن بولغان بولسا مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بايانى مېڭە ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا سۆزلەندى. قۇلاققا ئاچچىق بادام يېغى تېمىتىپ بېرىلىدۇ. قۇلاق زەخىملىنىشتىن بولغان بولسا ئۇمۇ يۇقىرىدا سۆزلىنىپ بولدى.

ئەگەر بىرەر زەھەرلىك دورا ئىستېمال قىلىشتىن قۇلاق غوڭۇلداش پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭغا زەھەر قايتۇرغۇچى مەخسۇس دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە تۆۋەندىكى ھۆل سوغۇق كەيپىيات پەيدا قىلغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، چىلان شىرىسى، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزىنىڭ شىرىسى قاتارلىق بىر قىسىم نەرسىلەرنى ئىچىدىن ئىستېمال قىلدۇرۇپ،

بادام يېغى، گۈل يېغى سىرتقى تەرەپتىن قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز لەتىف ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان كۈچلۈك غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: سۈت، تۇخۇم، قايماق، ئوغلاق گۆشى شورپىسى، توخۇ شورپىسى، قاپاق، سەي كاۋىسى، پالەك، سېمىزئوت، قىزىل كۆكتات، كاكچا نان قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، ئەستە ھەزىم بولىدىغان يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم، سامساق، پىياز ۋە مۇرچلۇق چايلىقلار بۇ كېسەلگە زىيان قىلىدۇ.

قۇلاق قاناش

1. **بوھراندىن بولغان قۇلاق قاناش** بەزىدە قۇلاق مەلۇم قان خىلتىدىن بولغان كېسەللىكنىڭ بوھران دەۋرىدە بۇرۇن قانىغاندەك قانايدۇ، بۇ قاننى بىمار ئاجىزلاپ ياكى ھوشىدىن كەتمىسە توختاتماسلىق لازىم.
2. **تولۇپ قېلىشتىن بولغان قۇلاق قاناش** بەزىدە قۇلاق قاننىڭ كۆپلۈكىدىن مەلۇم تومۇرلار يېرىلىپ ياكى ئۈزۈلۈپ كېتىش سەۋەبىدىن قانايدۇ.
3. **ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇشتىن بولغان قۇلاق قاناش** بەزىدە قۇلاققا زەربە تېگىش ۋە ئۇرۇلۇشتىن قاناش يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدا بەزى تومۇرلار يېرىلىپ كەتكەن بولىدۇ.
4. **ھاشاراتلار چېقىۋېلىشتىن بولغان قۇلاق قاناش** بەزىدە قۇلاق زەھەرلىك ئۆمۈچۈك چېقىۋېلىشتىنمۇ قانايدۇ، خۇددى چار يىلان چېقىۋالغاندا بەدەن تۈك تۆشۈكچىلىرى ۋە پۈتۈن بەدەن تۆشۈكلىرىدىن قان چىققانغا ئوخشاش.

داۋالاش ئەگەر قىزىتما بىلەن قىزىقلىق بولسا سىركىدە موزىنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئازراق كافۇر قوشۇپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ ياكى موزا بىلەن بارتەڭ سۈيى تېمىتىلىدۇ ياكى خىرپە سۈيىگە مامىسا ۋە ئاقاقىيانى قوشۇپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ، پۈتۈن تاتلىق ئانارنى سىركىدە قاينىتىپ، پىشقان ۋاقىتتا سۈيىنى سىقىپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ، لېكىن قىزىتما بولمىسا، بەلكى مىزاج نورمال بولسا، كۈدىنىڭ سۈيىنى سىركە بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئازراق كافۇر قوشۇپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ، چۈنكى كۈدىنىڭ سۈيى داغلىغۇچى دورىلار قاتارىدىن بولۇپ، قان توختىتىدۇ ھەم ئۈنۈمى تېز بولىدۇ. ئەگەر قۇلاقتا قان ئۇيۇپ قالغان بولسا، بۇنىڭدىن ئەنسىرەش كېرەك.

قۇلاق يېرىلىش

قۇلاق كۆمۈرچىكى يېرىلىش قۇلاققا زەربە تەگكەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. كۆمۈرچەكنىڭ پۈتۈنلۈكى بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك تېببىي ئاتالغۇدا سۇنۇش دېيىلىدۇ، لېكىن بەزى تېۋىپلار كۆمۈرچەكنى سۆڭەك بىلەن ئوخشاش بىر نەرسە دەپ چۈشىنىدۇ. سۇنۇش دېگەن بۇ سۆزنى ھەر كىشىنىڭ قانداق چۈشىنىشى ئىختىيارى.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى قۇلاق بېسىلىش ياكى قاتتىق نەرسە تېگىپ كېتىش ياكى ئۇنىڭ زەربىسىدىن قۇلاق يېرىلىپ كېتىش قاتارلىقلار.

داۋالاش دەسلەپتە قان ئېلىنىدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىپ قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ، تاكى ماددا ئاغرىغان ئورۇندىن تۆۋەنكى تەرەپكە يۆتكەلسۇن، ئاندىن سەبرە، مۇرمەككى، مىدە لەكرى، ئاقاقىيا، قىچا ۋە خېنە قاتارلىقلاردا زىمات تەييارلاپ چېپىلىدۇ، ئەگەر قۇلاق سۇنۇپ تاشقى تەرەپكە چىقىپ كەتكەن بولسا، تاشقى تەرەپتىن زىمات ئىشلىتىلىدۇ، ھەتتا زىمات قۇرۇپ كۆچلىنىپ ئىچى تەرەپكە قايتقاي، ئەگەر تاشقى تەرەپتىن ئىچكى تەرەپكە قاراپ سۇنغان بولسا ئىچىدىن زىمات قىلىنىدۇ، ئەگەر قۇلاق سۇنۇپ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن بولسا، ئىچى - تېشى تەرەپتىن زىمات قىلىنىدۇ.

ئەگەر قان توختىغان بولسا ئۇنىڭغا بەتەم يېلىمى، بەھرۇزە يېلىمى، زۇپتى رۇمى، موم، ئۆردەك يېغى قاتارلىقلاردا مەلھەم تەييارلاپ چېپىلىدۇ. بۇ، زەخىمنى پۈتتۈرىدۇ، بۇ مەلھەم مەخسۇس كۆمۈرچەك ئەزالارغا ئىشلىتىلىدۇ.

قۇلاق يۇلۇنۇپ چىقىش

قۇلاق يۇلۇنۇپ چىقىشنىڭ سەۋەبى، قاتتىق تارتىش، قۇلاق ئىششىقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ئاپەتلەردىن پەيدا بولىدۇ. بۇ قۇلاقنى يىلتىزىغا بېسىپ، ئۆز ئورنىغا چاپلاش لازىم.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ ۋە سۈرگە بېرىلىدۇ، تاكى ماددا مايىل بولسۇن ھەم قۇلاقتا ئىششىق پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەسلىك، ئاندىن قۇلاقنى ئۆز ئورۇنغا ئەكېلىپ، ئۈچ كۈن تېڭىپ قويۇلىدۇ ھەتتا ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ مۇستەھكەم بولسۇن. ئەگەر ئۆز ئورنىغا ئەكەلگەندىن كېيىنمۇ ئاغرىق بولسا قىرۇتى ئىشلىتىلىدۇ، بۇ، ئۆردەك يېغىدىن ياسىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئاق لەيلى يوپۇرمىقى سۈيى، ھەمىشباھار يوپۇرمىقى سۈيى، ئىسپىغۇل يوپۇرمىقى سۈيى، قاپاق لېشى سۈيى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇ نەرسىلەر ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، ئەزانى يۇمشىتىدۇ ۋە بوشىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق يوقايدۇ.

قۇلاق تۈۋى ئىششىقى

بۇ ئىششىق ناھايىتى ئېغىر ۋە خەتەرلىك بولۇپ، ئادەتتە يۇقۇملۇق شەكىلدە تارقايدۇ. شۇنىڭدەك يىرىڭلىق ئىششىقمۇ خەتەرلىك بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەردىن يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولغان بولسا ئانچە خەتەرلىك ئەمەس، بۇ ياخشى بوھراندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىششىق يۇمشاق، سەزگۈر بەزدە پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىششىق ناھايىتى ناچار ۋە بۇزۇق ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئىششىق بەزىدە سەرسامنى، بەزىدە ساراڭلىقنى پەيدا قىلىدۇ. ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

بۇ بەزنىڭ ئىسمى غۇددە نەكەب (قۇلاق تۈۋى بىزى) دېيىلىدۇ، بۇ بەزنىڭ سۇيۇقلۇقى ئېغىزغا قۇيۇلىدۇ، تۈكۈرۈك ۋە باشقا ھۆللۈكلەرگە قوشۇلىدۇ، بەزنىڭ ئورنى قۇلاق ئاستىدا بولىدۇ. بۇ بەز يولى چوڭ ئېغىز چىشىنىڭ ئىچكى يۈزىگە ئېچىلىدۇ. شۇڭا، ئاغرىقمۇ قۇلاق ئاستىدىكى ئورۇندا بولىدۇ ۋە بۇ ئورۇندىن كېڭىيىدۇ (ت).

يىرىڭلىق ئىششىق، ئىسسىقتىن بولغان يىرىڭ چىقىدىغان ئىششىقنى كۆرسىتىدۇ. ياخشى بوھران ئالامەتلىرى ياخشى بولغان بوھراننى كۆرسىتىدۇ.

تۈرلىرى ئەللامە سەمەرقەندى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتىگە ئاساسەن ئىششىق تۆت تۈرلۈك بولىدۇ، دېگەن.

1. كېسەللىكنىڭ ئورنى: ئەگەر قۇلاق تۈۋىدە قىزىللىق، ئېغىرلىق ۋە تارتىشىش كۆپ بولسا، باسقاندا بېسىلمىسا، تومۇر ۋە بەز كانالچىسى بېسىلىپ تارايغان بولسا، بۇ ئىششىق قاندىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق بىلەن كۆيۈشۈش، ئېغىرلىق بولسا، بېسىلىش كۆپ بولمىسا، ئۇنىڭ قېشىدىكى تومۇردا زىيادە تارىيىش بولمىسا، ئىششىق بەك چوڭ بولمىسا، بۇ ئىششىق سەپرادىن بولغان بولىدۇ.

يەنە بىر چۈشەنچىدە ماددىدا ھارارەت بولسا ياكى قاندا ھارارەت بولسا، بۇنى تېۋىپلار سەپرا تەرەپكە مەنسۇپ قىلغان.

ئەگەر ئىششىق كەڭ، بوش، يۇمشاق بولۇپ، رەڭگى سۇس قىزىل بولسا، بۇ ئىششىق بەلغەمدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئىششىق قاتتىق بولسا بوش ئاغرىسا، بۇ ئىششىق سەۋدادىن بولغان بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك كۆپىنچە كىچىك بالىلاردا ۋە ياشلاردا كۆرۈلىدۇ، ئوغۇللارغا

قارىغاندا قىزلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە كۆپ تارقىلىدۇ. بۇ كېسەللىك كارخانىدا ئىشلەيدىغان قىزلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ، لېكىن بۇ كېسەللىككە ئۆمرىدە بىر قېتىملا گىرىپتار بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللىك ئاشكارا بولۇشتىن ئىلگىرى بىر ھەپتىدىن ئۈچ ھەپتىگىچە يەڭگىل ئەگەشمە ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن: بەدەن ئاجىزلىق، ھورۇنلۇق، ئۇيقۇسىزلىق، ھەزىم بۇزۇلۇش، قورساق ئېسىلىش، كۆڭلى ئېلىشىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، بۇ ھالەتتە بىر كۈن ئىچىدىلا قۇلاقنىڭ كەينىدە ئىششىق پەيدا بولىدۇ. ئومۇمەن دەسلەپتە سول قۇلاق ئاستىدا ئاغرىق بولۇش بىلەن بىرگە ئىششىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىششىق چوڭىيىپ قۇلاقنىڭ ئاستى، ئارقىسى، گەدەن تەرەپكە كېڭىيىدۇ، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە بىر تەرەپتىكى بەزمۇ ئىششىيدۇ. چىرايى ۋە گەدىنى ئىششىغان بولىدۇ، تىنىقى پۇرايدۇ، تىلى گەز باغلايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىتما 102 دەرىجىگىچە ئۆرلەيدۇ ۋە تۇيۇقسىز ئىششىق چوڭىيىدۇ، بۇ سەۋەبتىن چايناش، يۇتۇش، تەس بولىدۇ، ئىشتىھاسى يوقىلىدۇ. بەزىدە تۈكۈرۈك كۆپ بولىدۇ، بەزىدە ئېغىزى قۇرۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىتما ئۆرلەيدۇ، جۆيلۈيدۇ، باش قاتتىق ئاغرىيدۇ، 4 -، 5 - كۈنى ياكى 7 -، 8 - كۈنى قىزىتما چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىششىقمۇ قايتىشقا باشلايدۇ.

قۇلاق ئاستى بەز ئىششىقى بەزىدە بىر تەرەپتە بەزىدە ئىككى تەرەپتە بولىدۇ، بەزىدە قۇلاق بېزىدىن باشقا بەزلەردىمۇ ئىششىق بولىدۇ، بەزىدە بۇ ئىششىق پىشىپ يىرىڭ تاشقى تەرەپكە ياكى قۇلاق ئىچكى تەرەپكە ئېغىز ئالىدۇ. بۇ بەز ئىششىقى بەزىدە باشقا يۇقۇملۇق قىزىتمىلىق كېسەللىكلەرگە ئەگىشىپ كېلىدۇ. بەزىدە مۇستەقىل ھالدا بۇ كېسەللىك ئاشكارا بولىدۇ ۋە يۇقۇملۇق بولىدۇ.

داۋالاش بۇ، بارلىق ئىششىقلارنى داۋالاشتا، ئەگەر زۆرۈر بولسا قان ئېلىنىدۇ، سۈرگە بېرىلىدۇ، مەيلى بۇ ئىششىقلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بولسىمۇ. ئىششىقنى يۇمشاتقۇچى، ئاغرىقنى پەسەيتكۈچى، ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك بولغان، سوغۇق تەبىئەتلىك ۋە ماددىلارنى قايتۇرغۇچى بولمىغان زىمات چېپىلىدۇ، مەسىلەن: سېرىقچېچەك تالقىنى، بابۇنە، زىغىر قاتارلىقلارغا گۈل يېغى ۋە موم قوشۇپ، ئىلمان قىلىپ چېپىلىدۇ ياكى كەرنۇب بەرگىنى سېرىقمايدا پىشۇرۇپ چېپىلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش تۆۋەندىكى نۇسخا ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ: گۈلبىنەپشە يەتتە گىرام، چىلان بەش دانە، گاۋزىبان، ئۇستىقۇددۇس، شاھتەررە، ئىتئۈزۈمى ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى بىر كېچە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ ئەتىگەندە سۈزۈپ، 24

گىرام چىلان شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەت بولسا چىلان شەربىتىنىڭ ئورنىغا 48 گىرام گۈلقەنت قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يەرلىك ئورۇنغا ئاغرىق پەسەيتىش ۋە ئىششىق تارقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى زىمات چېپىلىدۇ:

زىمات نۇسخىسى جەدۋاردىن 12 گىرامنى ھۆل ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ ئىسسىتىپ چېپىلىدۇ ياكى قۇرۇق (يەرلىك شوخلا) ئىتئۈزۈمى، گۈلبىنەپشە، رۇسۇت، قىزىل سەندەل، ئاق لەيلى يوپۇرمىقى، خىيارشەنبەر مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى ھۆل ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ ئىلمان قىلىپ زىمات قىلىنىدۇ ياكى رۇسۇت، ئۇپا، كافۇر، ئەپيۇن قاتارلىقلارنى بىر گىرامدىن ئېلىپ، گۈلابتا ئېزىپ قۇلاق ئەتراپىغا چېپىلىدۇ ياكى كافۇر، ئەپيۇندىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، ئايال كىشىنىڭ سۈتىدە ئېزىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن چېپىلىدۇ. قۇلاققا تۆۋەندىكى دورىلاردىن مەلۇم بىرىدىن تېمىتىلىدۇ.

نۇسخا: گۈل يېغى ۋە توخۇ تۇخۇمى ئېقىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ئىلمان قىلىپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: شىيافى ئەبيەزنى ئايال كىشىنىڭ سۈتىدە ئېزىپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: شىيافى مامىسانى ئايال كىشىنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ تېمىتىلىدۇ، شۇنىڭدەك تۆۋەندىكى دورىنى سۇدا قاينىتىپ ھورلاندۇرۇلىدۇ ۋە سۈيىگە رەختنى چىلاپ سىقىۋېتىپ، ئىسسىق ھالدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىنەپشە، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، ئاق لەيلىگۈلى، پوستى خەشخاش، بابۇنە گۈلى ھەربىرىنى 12 گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، قۇلاق ھورلاندۇرۇلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز لەتىف، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار بېرىلىدۇ ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەللىك، قىزىق غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، غىزا ئىشتىھادىن كەم بېرىلىدۇ.

كۆرسەتمە بىمارنى سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشتىن ساقلاش، دوستلىرىدىن ئايرىپ ھاۋاسى سالقىن، ياخشى ئورۇندا ئارام ئالدۇرۇش، كۆپ ماڭدۇرماسلىق، 8 ~ 10 كۈن ئارام ئالدۇرۇش ياتقۇزۇش لازىم.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بۇ كېسەللىكنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن ئۇرۇقدان ئىششىقى، تۇخۇمدان ئىششىقى ۋە سۈت بېزى ئىششىقى كۆپ يۈز

بېرىدۇ. بۇ 15 ~ 30 پىرسەنتكىچە بىمارلاردا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە: ئاشقازان ئاستى بېزى ئىششىقى، ياش بېزى ئىششىقى، قالقانبەز ئىششىقى، ئۇنتۇغاقلىق، لەقۋا، پالەچ، سەرسام، مېڭە يىرىڭلىق ئىششىقى، گاسلىق، كاۋاك نېرۋا ئىششىقى، كۆرۈش كۈچى يوقىلىش، بۇرۇن قاناش، ئۆپكە ئىششىقى، سىل، بۆرەك ئىششىقى قاتارلىقلار.

قۇلاققا يات نەرسە كىرىپ كېتىش

ئەگەر قۇلاققا بىرەر نەرسىلەر كىرىۋالسا، ئۇنى چىقىرىۋېتىشتا قۇلاققا كىرىپ كەتكەن سۇنى چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، بۇ سۇنى چىقىرىۋېتىشنىڭ بايانىدا سۆزلەندى.

قۇلاققا سىماب كىرىپ كەتكەن بولسا، بەزىدە باشنى ئېگىش بىلەن ئۆزلۈكىدىن دەرھال چىقىپ كېتىدۇ. بەزىدە ئاز مىقداردا قۇلاق تۆشۈكى ئىچىگە كىرىۋالىدۇ، بۇنىڭدىن ئېغىر ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: تەشەننۇج ياكى ئەقلى ئېلىشىش ھەم قۇلاقتا قاتتىق ئېغىرلىق بولىدۇ، بەزىدە سەرئى ۋە سەكتە پەيدا بولىدۇ.

رازى ئېيتقانكى، بىر تېۋىپ ئۆزى كۆرگەن بىر ئىشنى ماڭا سۆزلەپ بەردى: «ئۇ مۇشۇنداق بىماردىن بىرنى كۆرگەن، بۇ سەۋەبتىن دەسلەپ بىمار سەرئى كېسىلىگە، ئاندىن سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان.» قۇلاقتا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ، ئاغرىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن قۇلاق يېرىلىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە، قۇلاققا ئىلمان كۈنجۈت يېغى تېمىتىلىدۇ ۋە باشنى شۇ تەرەپكە ئېگىپ، كۈندۈش، قۇندۇز قەھرى بىلەن چۈشكۈرتۈلىدۇ، چۈشكۈرگەن ۋاقىتتا ئېغىز - بۇرۇننى تۇتۇۋېلىش، ئاندىن قۇلاققا قەلەي ياكى ئالتۇن سۈلائىنى كىرگۈزۈپ بىرئاز تۇرغۇزۇش، چۈنكى سىماب ئۆز خۇسۇسىيىتى بىلەن بۇنىڭغا چاپلىشىپ چىقىدۇ، لېكىن سۈلائىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن سىركىدە تازىلاش، تاكى ئۇنىڭدا كىر قالمىسۇن. بۇنىڭ بىلەن سىماب ياخشى چاپلىشالايدۇ، ئاندىن سۈلائىنى چىقىرىپ پاكىز تازىلاش، بۇنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلاش، تاكى قۇلاقتا سىمابتىن ئازراقمۇ قالمىسۇن.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ دېيىشىچە، «ھەرقانداق كىشى قۇلاقتىكى سىمابنى قەلەي سۈلائى بىلەن چىقىرىشنى ئويلىسا، بۇ خاتادۇر. چۈنكى سىماب چوڭقۇر ئورۇندا ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا بولسا ھەرىكەتلەندۈرۈش، يەنى بىر پۇتىدا سەكرەشتىن سىرت، باشقا نەرسىگە زۆرۈرىيەت چۈشمەيدۇ (يەنى سىماب ئۆزلۈكىدىن چىقىپ كېتىدۇ). ئەگەر كىرىۋالغان سىماب بەك چوڭقۇر بولسا، سۈلائىنىڭ ئانچە پايدىسى بولمايدۇ ۋە سۈلائى ئۇ يەرگىچە يېتىپ بارالمايدۇ» (نەفىيس).

قۇلاق قىچىشىش

بۇ، شورلۇق ھۆللۈكتىن بولىدۇ. ئەفسەنتىننىڭ سۈيىنى چىقىرىپ بىرەر ياغ بىلەن قوشۇپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئۆرۈك مېغىزى يېغى ۋە ئاچچىق بادام يېغى قاتارلىقلار.

قۇلاقنىڭ كۈچلۈك ئاۋازلارغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى

قۇلاق كۈچلۈك ئاۋازلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مېڭىنىڭ پۈتۈن نەپسانىي قۇۋۋىتى ياكى پەقەت ئاڭلاش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىدىن بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كۈچلۈك ئاۋازدىن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. قۇلاقنىڭ بۇ كېسەللىكى خۇددى كۈچلۈك يورۇقلۇققا قاراشتىن پەيدا بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىدەك پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش مەزكۇر چارىلەر بىلەن، يەنى غىزالار، خۇش پۇراق نەرسىلەر ۋە چاينايدىغان دورىلار بىلەن مېڭە كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

قۇلاق تۈۋى جاراھىتى

بۇ، قۇلاق تۈۋىدە يېرىلىش بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن يىرىڭ ۋە زەرداب چىقىپ تۇرىدۇ. كۆپىنچە بۇ كېسەللىك بالىلاردا پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى بىرەر ئۆتكۈر يېگۈچى خىلىت ياكى شورلۇق خىلىت بولىدۇ.

داۋالاش ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسىغا ھىجامەت قويۇلىدۇ، قۇلاق تۈۋى يېڭى سۈتتە يۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەدەستان، قەمبىل قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەزانى قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتقۇچى دورىلار جاراھەت ئۈستىگە سېپىلىدۇ.

بۇرۇن كېسەللىكلىرى

بۇرۇننىڭ تەشرىھى

ياراتقۇچى بۇرۇننى ھەر خىل پۇراقلارنى پۇراش ئۈچۈن ياراتقان.

بۇرۇن ئىچكى ۋە سىرتقى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ.

سىرتقى بۆلەك: بۇ، يۈزدە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان بۆلەكتۇر.

ئىچكى بۆلەك (بۇرۇن بوشلۇقى): بۇرۇن ئارقىلىق تارتىلغان ھاۋا بۇرۇن تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ گالغىچە يېتىپ بارىدىغان بۆلەكتۇر.

سىرتقى بۆلەك يۈز ئوتتۇرىسى، يۇقىرىقى كالپۇك ئۈستىگە جايلاشقان ئۈچ بۇرجەك شەكلىدىكى چوقچايغان بۆلەكتۇر. بۇنىڭ ئۈستى تەرىپى ئىككى قاش ئارىسىدا پېشانە بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئاستى (كەڭ بۆلىكى) يۇقىرىقى كالپۇك ئۈستىدە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى تۆشۈك بولۇپ، بۇ بۇرۇن تۆشۈكى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇرۇن تۆشۈكىدە تۈكلەر بولۇپ، بۇنىڭ پايدىسى چاڭ - توزاننى كۆپ مىقداردا ئۆپكىگە كىرىشتىن توختىتىشتۇر. ئىككى بۇرۇن تۆشۈكى ئارىسىدىكى دىۋار قاسمۇلئەنفى دېيىلىدۇ. بۇرۇننىڭ ئىككى يان يۈزى ئۆزئارا بىرلىشىپ بۇرۇن دۈمبىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇرۇن دۈمبىسى بەزى كىشىلەردە زىيادە ئېگىز، بەزى كىشىلەردە ناھايىتى پەس بولىدۇ. بۇرۇننىڭ ئۇچىسمان ئۆسۈكچىسى ئەرنەبەتۇلئەنفى دېيىلىدۇ. بۇ ئۆسۈك ياشلاردا كۆپىنچە ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۇزۇنچاق ئويمان بىلەن بۆلۈنگەن بولىدۇ.

قاسمۇل — تەقسىم قىلغۇچى، ئىككىگە بۆلگۈچى، ئەرنىبە توشقان.

سۆڭەكلەر: بۇرۇننىڭ ئىككى سۆڭىكى، يەنى يۇقىرىقى جاغ بۇرۇن ئۆسۈكچىسى بولىدۇ.

كۆمۈرچەكلەر: بۇلارنىڭ سانى بەش بولۇپ، ئىككىسى ئۈستۈنكى بۆلەك ئىككى يان تەرەپتە، ئىككىسى تۆۋەنكى بۆلەك ئىككى يان تەرەپتە، قالغان بىرى ئوتتۇرىدا بولىدۇ.

ئۈستۈنكى بۆلەك ئىككى يان تەرەپتىكى كۆمۈرچەك (ئۈچ بۇرجەكلىك كۆمۈرچەك): بۇ ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە بولۇپ، بۇرۇن سۆڭىكىنىڭ تۆۋەنكى گىرۋىكى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئالدى گىرۋىكى ئوتتۇرىدىكى كۆمۈرچەك بىلەن، ئارقا گىرۋىكى بۇرۇن سۆڭىكى ۋە يۇقىرىقى

جاغ ئۆسۈكچىسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. تۆۋەنكى گىرۋىكى بولسا، بىر تالالىق توقۇلما ئارقىلىق تۆۋەنكى بۆلەك يان كۆمۈرچەك بىلەن تۇتۇشىدۇ.

تۆۋەنكى بۆلەك يان كۆمۈرچەك (غەزرۇپى رائىفى): بۇ، نېپىز ۋە ئېلاستىك بولۇپ، بۇ ھالەتتە تۇتىشىدۇكى، ھەربىر كۆمۈرچەكنىڭ ئازراق بۆلىكى بۇرۇن تۆشۈكى سىرتقى دىۋارى (بۇرۇن يېنى، بۇرۇن قانىتىنى) نى ۋە ئازراق بۆلىكى بۇرۇن تۆشۈكى ئىچكى دىۋارىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇرۇن تۆشۈكى ئارىسىغا جايلاشقان دىۋارى بۇرۇننى ئىككىگە بۆلگۈچى (قاسمۇلئەنفى) دېيىلىدۇ. بۇ ئارىلىقتىكى دىۋار سەۋەبىدىن بۇرۇن ئىككى تۆشۈكلۈك بولىدۇ. بۇ كۆمۈرچەكنىڭ سىرتقى بۆلەك ئارقا تەرىپى بىر تارىمۇشلۇق پەردە ئارقىلىق يۇقىرىقى جاغ بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ تۇتاشقان ئورۇندا بىرقانچە كىچىك كۆمۈرچەكلەر بولۇپ، بۇ كۆنجۈتسىمان كۆمۈرچەك دېيىلىدۇ. ئوتتۇرىدىكى كۆمۈرچەك (بۇرۇن پاسىل كۆمۈرچىكى) ئىككى بۇرۇن تۆشۈكى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن ئىككى تۆشۈككە بۆلۈنىدۇ. بۇ بىر تۆت بۇرجەكلىك كۆمۈرچەك بولۇپ، بۇنىڭ ئالدى قىلىن دىۋارى بۇرۇن سۆڭەكلىرى ھەم تۆۋەنكى ۋە ئۈستۈنكى كۆمۈرچەكلەر بىلەن ئارقا گىرۋىكى غەلۋىرسىمان سۆڭەكنىڭ تىك بۆلىكى بىلەن، تۆۋەنكى گىرۋىكى بۇرۇننى ئىككىگە بۆلگۈچى سۆڭەك ۋە يۇقىرىقى جاغنىڭ بىر ئۆسۈكچىسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بارلىق كۆمۈرچەكلەر بىر مەزمۇت تالالىق پەردە بىلەن بىرى يەنە بىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

تېرە: بۇ، بۇرۇننى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇرۇن ئۇچى (ئەنبەر) ۋە يېنى (رائىق) غا قان تومۇرلار زىچ جايلاشقان بولۇپ، تېرىسى ئىنتايىن قېلىن ۋە زىيادە چاپلاشقان بولىدۇ. بۇنىڭدا ياغ پەيدا قىلغۇچى بەزلەر كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئېغىزى ئوچۇق بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن تىككۈچى يىڭنىنىڭ ئۇچىنى بۇنىڭدا سىلىقلاشتۇرىدۇ. بۇرۇن ئىچىدىكى بەلغەم ياكى ماڭقا پەيدا قىلغۇچى پەردە (شىللىق پەردە) نىڭ سىرتقى تەرىپى بۇرۇن تۆشۈكى ئەتراپىدىكى سىرتقى تېرە بىلەن، ئىچكى تەرىپى بۇرۇن بوشلۇقى پەردىسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. نەزلە، زۇكام ھالىتىدە بۇ پەردىدىن بەلغەم ۋە ماڭقىنىڭ پەيد بولۇشى نورمالدىن كۆپ بولىدۇ.

بۇرۇن بوشلۇقى (بۇرۇن تۆشۈكى): بۇرۇن بوشلۇقى ئىچىنى شىللىق پەردە ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ پەردىنىڭ ھۆللۈكى ماڭقا دېيىلىدۇ. بۇ، بۇرۇن تۆشۈكى پەردىسىدىن ئاز - كۆپ پەيدا بولىدۇ. نەزلە ۋە زۇكام ھالىتىدە بۇنىڭ پەيدا بولۇشى نورمالسىز ھالەتتە كۆپىيىدۇ. بۇ بوشلۇق ئىچىگە باشقا نېرۋىلاردىن سىرت پۇراش نېرۋا تالالىرىمۇ تارقالغان. شۇڭلاشقا بىرەر نەرسىنى ياخشى پۇراش ئارزۇ قىلىنسا، تاكى ھاۋا پۇراقنى ئېلىپ، بۇرۇننىڭ چوڭقۇر

ئورۇنلىرىغىچە، ئۈستى ۋە ئىچكى يىراق ئورۇنلارغا يېتىپ بارغۇچىلىك كۈچەش بىلەن قايتا - قايتا نەپەس ئېلىنىدۇ.

پۇراش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى (پۇرىيالماسلىق كېسىلى)

بۇنىڭدا پۇراش قۇۋۋىتى يوقالغان بولىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

1. تۇغما پۇرىيالماسلىق بۇنى قەتئىي داۋالىغىلى بولمايدۇ.

2. بۇرۇننىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن بولغان پۇرىيالماسلىق.

1) بۇرۇن بوۋاسىرى بۇرۇندىكى توسۇلۇش، بەزىدە بۇرۇنغا گۆش پەيدا بولۇپ قالغاندىن بولىدۇ، بۇ، بۇرۇن بوۋاسىرى دېيىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە بەزىسمان گۆش بولۇپ، نەپەس ئېلىش ۋە بۇرۇن يوللىرىنى توسۇپ قويىدۇ.

بۇ گۆش بەزىدە ئاق بولۇپ، بۇنى داۋالاش ئاسان. بۇنىڭدا يەڭگىل ئاغرىق بولىدۇ. لېكىن بەزىدە بۇ گۆش قىزىل ياكى كۆك بولىدۇ، بۇنى داۋالاش قىيىن، بۇنىڭدا ئاغرىق كۈچلۈك بولىدۇ. خۇسۇسەن بۇنىڭدىن سېسىق پۇراقلىق زەرداب ئېقىپ تۇرغان بولسا.

بۇ ئەمەلىيەتتە ئىششىق ئەمەس، بەلكى چوڭايغان گۆش بولىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر بۇنى ئىششىقلار قاتارىدىن سانايدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇرۇن تۆشۈكى پۈتۈپ قالىدۇ. ھەتتا ئۆسكەن گۆشنى بۇرۇن تۆشۈكىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. بەزىدە چوڭىيىپ ئۇزىراپ، بۇرۇن ياكى تاڭلايدىن چىقىپ قالىدۇ. بۇ تېبابەتچىلىكتە زۈلۈك قۇرتمۇ دېيىلىدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە قان ئېلىنىدۇ، ھېجامەت قويۇلىدۇ، ھەببى ئايارەج يېگۈزۈلىدۇ، تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن زەنگار، ئۆشنە، مۇرمەككى قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلاپ، پەلكۈچكە يۇقتۇرۇپ بۇرۇنغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ دورا بىلەن گۆش يېيىلىپ، پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتسە، بۇ ياخشى ئەھۋال، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۆتكۈر دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ، مەسىلەن: مىس، سېرىق زەمچە، قىزىل زەرنەخ قاتارلىقلارنى سىركىگە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى كېسىۋېتىلىدۇ.

كېسىۋېتىش: كېسىشتە يىپ ھەرە بىلەن كېسىش، تۆشۈكلۈك بولغانلىقىنىڭ پايدىسى، ئۇنىڭ تۆشۈكىگە گۆش كىرگەندە ئاندىن ئايلاندۇرۇلىدۇ ياكى بىر تال چاچنى ئېلىپ، بۇنىڭغا نۇرغۇن تۈگۈنچىلەرنى سېلىپ ھەرىنىڭ چىشىغا ئوخشاش قىلىپ، ئاندىن بۇ چاچنى بىر دانە قوغۇشۇن سۈلائى (بۇ خاس مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ياسىلىدۇ) ئارقىلىق بۇرۇنغا كىرگۈزۈپ، تاڭلايغا ئېلىپ بېرىپ سىرتىغا چىقىرىش (چۈنكى بۇرۇن تۆشۈكى تاڭلاينىڭ گال ئەتراپىغا

ئېغىز ئاچىدۇ). ئاندىن پۈتۈن گۆش زەخىملەنگىچە بۇ چاچنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتۇپ ھەرىگە ئوخشاش ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئاندىن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەلھىمى زەنگار بىلەن پۈتۈن گۆش ئۈزۈلگىچە داۋالاش، ئاندىن بۇنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن قەلەي كۇشتىسى مەلھىمى سۈركەش لازىم ياكى تۆمۈر سايمان بىلەن كېسىش لازىم. بۇنىڭ ھالىتى بىمارنى مەلۇم ئورۇندۇق ئۈستىدە ئاپتاپقا قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، جەرراھ ئۆز قولى بىلەن بىمارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىنى ئېچىپ، ئىنچىكە نەشتەرنى بۇرۇن ئىچىگە كىرگۈزۈپ پۈتۈن گۆشنى تولۇق كېسىدۇ. ئەگەر بۇرۇننىڭ چوڭقۇر جايىدا ئازراق قېپقالسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن يىپ ھەرە بىلەن كېسىپ، ئاندىن قوغۇشۇندىن ياسالغان مەلۇم نەيچىگە ياكى نەي تۈۋىگە (بۇنىڭدا نەيچىگە ئوخشاش تۆشۈك بولىدۇ) مەلۇم رەختنى ئوراپ، بۇنىڭغا يېگۈچى ۋە قۇرۇتقۇچى دورىلارنى سۈركەپ تاكى بۇرۇن يولى ئوچۇق تۇرسۇن ئۈچۈن بۇرۇنغا كىرگۈزۈلىدۇ.

2) بىستىپايەجىسمان ئىششىق بەزىدە بۇ كېسەللىك ئىششىق سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ بىر نامى كۆپ پۇتلۇق ئىششىق، يەنە بىر نامى بىستىپايەج دېيىلىدۇ. بۇنىڭ نامى ماھى رۇبىيانغا ئوخشىتىپ قويۇلغان، چۈنكى بۇ ئىششىق ماھى رۇبىيان (ئەركەك بېلىق) غا بىر قانچە جەھەتتىن ئوخشايدۇ. يەنى بۇ بېلىقمۇ يۇمشاق بولۇپ، سۆڭەك ۋە قىلتىرىقى بولمايدۇ. ئۇنىڭ پۇتى پىياز يىلتىزىغا ئوخشاش ناھايىتى كۆپ ۋە ئىنچىكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئىششىقمۇ تۇتقاندا يۇمشاق بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا قان تومۇرلار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

بىستىپايەج: بۇ بىر يىلتىز بولۇپ، بۇنىڭ 72 شاخچىسى بولىدۇ. بۇ، ھىندىچە كەنگالى دېيىلىدۇ. بۇ سۆز بەستىپايە (20 پۇت) نىڭ ئەرەبچىسىدۇر. بۇ، پۇتقا ئوخشاش ئىنچىكە بولىدۇ.

بەزىدە بۇ ئىششىق يارىغا ئۆزگىرىپ، بۇنىڭدىن يىرىڭ ۋە ھۆللۈك ئېقىپ تۇرىدۇ.

بەزىدە بۇ ئىششىق سەرتانغا ئايلىنىشى مۇمكىن، بۇنىڭدا بۇرۇن شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

سەرتان پەيدا بولغانلىقنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئىششىق دەسلەپتە قاتتىق بولىدۇ، ئاخىرىدا ئاغرىق يەڭگىللەيدۇ، تومۇرى كۆكىرىدۇ ۋە تارتىشىپ قالغاندەك بولىدۇ، بۇ ئالامەتلەر بىلەن بىمار قاپاقتا تارتىشىش ۋە تەشەننۇج ھېس قىلىدۇ.

سەرتان: بۇ بىر خىل يامان سۈپەتلىك ئىششىق بولۇپ، بۇنىڭدا تارقالغان يىلتىزلار بولىدۇ(ت).

داۋالاش ھەب ۋە ئايارەجلەر ئارقىلىق مېڭە تازىلىنىدۇ، ئىششىققا رۇسۇت، مۇرمەككى چېپىلىدۇ ياكى مۇرمەككى، زۇپائى رۇتەب①، زەيتۇن يېغى چۆكمىسى، مەدەستانلارغا، بەزى

---

① زۇفائى رۇتەبە — بۇ، پارقىراق ۋە مايلىشاڭغۇ بولۇپ، قوي يۇڭىغا توپلىنىدۇ.

لوئابلار، مەسىلەن: شۇمشا ياكى زىغىر لوئابىنى قوشۇپ چېپىلىدۇ، ئاندىن نەشتەر سانجىلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا زۈلۈك قۇرتى قويۇلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق سەرتان تۈرىدىن بولسا دەستىكار قىلماسلىق، بۇنىڭغا ئۆتكۈر دورىلارنى چاپلىماسلىق، تاكى ئۇ ئورۇن يارا بولۇپ قالمىسۇن، بەلكى ئۇنىڭغا ئارىلاپ قىرۇتى سۈركەش تاكى ئۇنىڭ قېتىشى ۋە تارتىششى ئازايسۇن ۋە بەدەننى ھەمىشە ئەفتىمۇن قايناتىلمىسى، مەجۇنى نۇجاھ بىلەن تازىلاپ تۇرۇش لازىم.

زۈلۈك قۇرتىنىڭ بايانى: بۇ قۇرت ئەزالاردىكى ماددىنى ھىجامەت قىلغانغا قارىغاندا زىيادە چوڭقۇر ئورۇندىن سۈمۈرۈپ چىقىدۇ، چۈنكى بىرىنچى، زۈلۈك قۇرتىنىڭ سۈمۈرۈش كۈچى زىيادە كۈچلۈك بولىدۇ؛ ئىككىنچى، بۇ قۇرت گۆشنىڭ ئىچىگە پاتىدۇ؛ ئۈچىنچى، زۈلۈك قۇرتىنىڭ ئېغىزى بەزىدە تومۇرلارنىڭ ئېغىزىغا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تومۇر قېنىنىمۇ شورايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇرۇن ئۈستىگە ھىجامەت قويۇش قىيىن بولىدۇ. لېكىن تەجرىبە بىلەن زەھەرلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان زۈلۈك قۇرتىنى قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

مەسىلەن: بۇ زۈلۈك قۇرتىنىڭ بېشى چوڭ، بېشىنىڭ رەڭگى توپا رەڭ ياكى قارا ياكى كۆك بولىدۇ ياكى ئىنچىكە تۈكلىرى بولىدۇ ياكى بۇ مارمائىچ ناملىق دەريا بېلىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ ياكى بۇنىڭدا توزىنىڭ قانىتىغا ئوخشاش رەڭ بولىدۇ ياكى بۇنىڭدا لاجۇۋەرد ①نىڭكىدەك سىزىقلار بولىدۇ. بۇ تۈردىكى زۈلۈك قۇرتى ئىششىق، ھوشىدىن كېتىش، قاناش، قىزىتما، ئەزالارنىڭ بوششىپ كېتىشى ۋە يامان سۈپەتلىك زەخمىلەرنى پەيدا قىلىدۇ، لېكىن بۇ خىل زۈلۈك قۇرتلار ياخشىراق بولىدۇ. ① قورسىقى قىزىل، دۈمبىسى يېشىل ئېقىن سۇدا ياشىغان زۈلۈك قۇرت؛ ② سۇ لېشى ياكى پاقىلار كۆپ بولغان سۇدا ياشىغان زۈلۈك قۇرت؛ ③ ماش رەڭلىك، ئۈستى يېشىل، دۈمبىسىدە زەرنىخ رەڭلىك ئىككى ئىز بولغان زۈلۈك قۇرت؛ ④ رەڭگى قىزىل ۋە سېرىق رەڭ ئارىسىدا بولغان، يان تەرىپى يۇمىلاق زۈلۈك قۇرت؛ ⑤ جىگەر رەڭلىك زۈلۈك قۇرت؛ ⑥ تەدىگە ئوخشاش كىچىك زۈلۈك قۇرت؛ ⑦ چاشقان قۇيرۇقىغا ئوخشاش زۈلۈك قۇرت؛ ⑧ ئىنچىكە، كىچىك باشلىق زۈلۈك قۇرت قاتارلىقلار.

زۈلۈك قۇرتنى قويۇش ئۇسۇلى: مۇناسىپ بۇكى، زۈلۈك قۇرت قويۇشتىن بىر كۈن ئىلگىرى تۇتۇلسۇن (يەنى سۇدىن تۇتۇلسۇن) ھەمدە تەتۈر ئېسىپ قۇستۇرۇلسۇن، تاكى ئۇنىڭ قورسىقىدىكى پاسكىنا ھۆللۈكلەر ھەممىسى چىقىپ كەتسۇن ۋە ئىشتىھاسى كۈچەيسۇن (بۇنداق قىلغاندا زۈلۈك قۇرت ئەزاغا دەرھال چاپلىشىدۇ ۋە قان شورايدۇ). قويۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا

---

① لاجۇۋەرد — كۆك رەڭلىك تاش بولۇپ، بۇنىڭدا ئالتۇن رەڭلىك ياكى قىزىل رەڭلىك سىزىقلار بولىدۇ.

ئازراق قوزا قېنى ياكى بىرەر باشقا ياخشى جانىۋارنىڭ قېنى (بۇنىڭ قېنى ياخشى بولسۇن) نى قويۇش، تاكى زۈلۈك قۇرت ئازراق قان ئىچىپ ئىشتىھاسى بىرئاز تۆۋەنلىسۇن. ئاندىن بۇنى پاسكىنا چاپلاشقاق ھۆللۈكلەردىن ئۆلۈك بۇلۇت ئارقىلىق تازىلاپ، ئاندىن كېسەللەنگەن ئەزانى توغرىغۇ سۈيى بىلەن قىزارغۇچە يۇيۇپ ئۇۋۇلاپ، زۈلۈك قۇرتنى قويۇش لازىم. زۈلۈك قۇرتنى چۈشۈرۈۋېتىش ئارزۇ قىلىنسا، بۇنىڭغا بىرئاز تۇز ياكى كۈل ياكى زىغىر رەختنى كۆيدۈرۈپ ياكى بۇلۇتنى كۆيدۈرۈپ ياكى يۇڭنى كۆيدۈرۈپ سېپىش. قۇرت چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئورۇننى ھىجامەت ئارقىلىق سۈمۈرتۈش، تاكى بۇ ئورۇننىڭ قېنى بىرئاز سۈمۈرۈلسۇن. بۇنىڭ بىلەن زۈلۈك قۇرتنىڭ چىشلىگەن تەسىرى ۋە زەھەرى يوقىلىدۇ. ئەگەر زۈلۈك قۇرت چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن قان توختىمىسا، يەرلىك ئورۇنغا قان توختاتقۇچى دورىلار سېپىلىدۇ.

چىگە رەخت — بۇ بىر نېپىز رەخت بولۇپ، زىغىر تالالىرىدىن توقۇلىدۇ.

3) قويۇق چاپلاشقاق خىلىت بەزىدە بۇ كېسەللىك قويۇق چاپلاشقاق ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ. بۇ بۇرۇن يولىنى پۇراش نېرۋىلىرىغىچە ھاۋا يېتىپ بېرىشتىن توختاتقۇدەك توسۇپ قويىدۇ. مۇشۇ ئورۇنغا بۇ ماددىلار توپلىنىپ، خۇددى گۆش ياكى بەزگە ئوخشاش قاتىدۇ. بۇ، مېڭىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، بۇرۇنغا قۇيۇلۇپ، قويۇلغان قويۇق ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مېڭىنىڭ مىزاجىدا ھارارەتمۇ يۇقىرى بولىدۇ، بۇ ماددىلارنى قۇرۇتۇپ قويۇقلۇقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ماددىلار قېتىپ قېلىپ، بۇرۇن تۆشۈكى پۈتۈپ قالىدۇ.

ئالامىتى بىمارنىڭ بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدە، بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ ئەتراپىدا ئېغىرلىق سېزىلىدۇ.

داۋالاش مەتبۇخى ئۇسۇل (بۇ نۇسخا ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى) ئارقىلىق ماددىلار سۇيۇلدۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىچىنى سۈرگۈچى ھەبلەر بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ھەببى ئايارەج ۋە ھەببى قوقىيا. ئەنجۈرنى ھەسەل ۋە ئاچچىق سۇ بىلەن قاينىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يول ئېچىلىپ ماددىلار ئېقىپ چىققان بولسا قىزىلچا سۈيى، مەرزەنجۇش سۈيى، سۇزاپ سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ھەمدە بۇ ماددىلارنى لەتىفلەشتۈرگۈچى ۋە سۇيۇلدۇرغۇچى دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: بابۇنە، مەرزەنجۇش، شېبە ئەرمىنى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ھوردىتىلىدۇ.

4) بۇرۇن يولى تارىيىپ قېلىش بەزىدە بۇرۇن يولى قويۇق، چاپلاشقاق ماددىلاردىن توسۇلۇپ قالماستىن، بەلكى تۇغما تار بولغانلىقى ئۈچۈن، داۋاملىق مېڭىدىن قۇيۇلىدىغان، ئادەتتىكى ھۆللۈكلەردىنمۇ توسۇلۇپ قالىدۇ.

داۋالاش ئىترىفىللار بىلەن مېڭە تازىلىنىدۇ، مېڭىنىڭ مىزاجى زىيادە ھۆللەشمىگەن ھالەتتە تۇرغۇزۇلىدۇ، يەنى كېرەكسىز چىقىرىندى ماددىلارنىڭ كۆپ پەيدا بولۇشىدىن مېڭىدە زىيادە ھۆللۈك بولمىسۇن ياكى بۇ ماددىلاردىن ئاز - كۆپ بۇرۇن تۆشۈكى تەرەپكە چوقۇم قۇيۇلۇش بولمىسۇن.

5) غەلۋىرسىمان سۆڭەكنىڭ توسۇلۇشى بەزىدە قويۇق چاپلاشقاق ماددىلار غەلۋىرسىمان سۆڭەك تۆشۈكلىرىگە چاپلىشىپ توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. غەلۋىرسىمان سۆڭەك تۆشۈكلۈك ۋە مۈرەككەپ سۆڭەك بولۇپ، بۇ بۇرۇن تۆشۈكىدە پۇرىغۇچى نېرۋىلارنىڭ ئاستى تەرىپىگە جايلاشقان ۋە بۇنىڭدا بۇلۇتقا ئوخشاش ئورغۇنلىغان قىيپاش تۆشۈكلەر (غەلۋىرسىمان سۆڭەك بوشلۇقى) بولىدۇ. ھاۋا بۇرۇن تۆشۈكىگە كىرگەندە، شۇ قىيپاش، ئەگرى تۆشۈكچىلەر ۋە بوشلۇقلاردىن ئۆتۈپ كىرىدۇ.

ئەسكەرتىش بۇ تۈرى ئەسلىدە ئۈچىنچى تۈرى (قويۇق چاپلاشقاقلىق خىلتتىن بولغان تۈرى) گە كىرىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن يوللىرى توسۇلۇپ قالىدۇ (ت).

ئالامىتى بىمارنىڭ ئاۋازى بۇزۇلىدۇ، خۇددى بۇرنىدا سۆزلىگەندەك سۆزلەيدۇ، يەنى ئاۋازىدا تەنىن (غوڭۇلداش) بولىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېيتىدۇكى، بەزى كىشىلەر پالانى كىشى بۇرنىدا سۆزلەيدۇ ياكى پالانى كىشى دىمىغىدا سۆزلەيدۇ، دېيىشىدۇ. ھالبۇكى، ۋەقە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇرنى، دىمىغى پۈتۈپ قالغان بولىدۇ.

ئىبنى سەرافىيون «كەناش» دېگەن كىتابىدا يازغانكى، ئەگەر پۇراش سېزىمى (قۇۋۋىتى) يوقالغان بولسا، بۇنىڭغا قاراڭكى بىمار دىمىقىدا سۆزلەمدۇ، ئەگەر سۆزلىسە ئۇنىڭ سەۋەبى مېڭىدە بولمايدۇ، بەلكى بۇرۇن تۆشۈكىدە بولىدۇ.

تەنىننىڭ مەنىسى: قۇلاق غوڭۇلداش بولۇپ، لېكىن بۇ يەردىكى مەنىسى ئاۋازنىڭ دىمىغىدا سۆزلىگەندەك چىقىشىدۇر، غەلۋىرسىمان سۆڭەكنىڭ ئۈچ بۆلىكى بولۇپ، بىرىنچىسى، يۇقىرىقى بۆلىكى بولۇپ، بۇ قىيپاش ھالەتتە پۇراش نېرۋىسى ئاستىدا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئورغۇنلىغان تۆشۈكلەر بولىدۇ. ئىككىنچىسى، تىك بۆلىكى بولۇپ، بۇ بۇرۇن ئوتتۇرىسىدىكى دىۋارنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتنىشىدۇ. ئۈچىنچىسى، يانىدىكى بۆلىكى بولۇپ، بۇ ئىككى بۆلەككە

بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان قىيپاش تۆشۈكلەر، كاناللار تولغىماچ ئەگمىلەر بولىدۇ. بۇ بۇرۇن تۆشۈكى يان دىۋارىنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتنىشىدۇ. بۇنىڭدىكى تولغاش ئەگمىنى شىللىق پەردە ئورايدۇ. بۇ بۆلەكلەر بوشلۇقلىرىنىڭ تۇسۇلۇشى ۋە بۇلارغا بەلغەمنىڭ يىغىلىشىدىن ئاۋازنىڭ سۈزۈكلۈكى چوقۇم نورمالسىزلىشىدۇ. چۈنكى بۇرۇننىڭ بۇ بوشلۇقلىرىنى بۇرۇن بىلەن سۈمۈرۈلگەن ھاۋا گال تەرەپكە بارىدىغان تۆشۈك مۇكەممەل قىلىدۇ.

داۋالاش   دەسلەپتە ماددىلارنى سۈيۈلدۈرۈپ مېڭە تازىلىنىدۇ، ئاندىن ماددىلارنى يۇمشىتىپ سۈيۈلدۈرگۈچى دورىلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ، مەسىلەن: كۇندۇش، پىننە، شەھمەنزەل (ئاچچىقتاۋۇز مېغىزى) ۋە تۆگىنىڭ سۈيدۈكى قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ياكى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ئەڭ ياخشى ھالەت دەسلەپتە بىمارنىڭ ئېغىزىنى سۇ بىلەن تولدۇرۇپ، ئاندىن بېشىنى كەينىگە ئېگىپ كۈچەپ نەپەس ئېلىشقا دەۋەت قىلىنىدۇ، تاكى دورا ئۈستى تەرەپكە ئۆرلىيەلىسۇن ھەمدە بۇ تۆردىكى دورا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن قارىمۇچ، قۇندۇز قەھرى ئارقىلىق چۈشكۈرۈك كەلتۈرۈشكە تىرىشىلىدۇ، تارقاتقۇچى قايناتمىلارنىڭ بۇخاراتى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ، بۇنىڭدا كەرەپشە، قىچا، زىرە، شېھ، ياۋا رەيھان، پىننىگە ئوخشاش دورىلار قاينىتىلغان بولسۇن ۋە ئاچچىق بادام يېغىنى، ئادراسمان ۋە ئاقمۇچ بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىش لازىم.

6) ئالدى مېڭە ياكى پۇراش نېرۋىسى مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى   بەزىدە بۇ كېسەللىك ئالدى مېڭە مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ۋە بەزىدە ئۇ نېرۋىلار مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئۆسۈكچىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا پۇراش سېزىمى ھاسىل بولىدۇ.

رازى: ھەقىقىي پۇراش قۇۋۋىتى يوقىلىش مۇشۇ بولىدۇ، دەپ ئېيتقان.

ئالامىتى   بۇنىڭدا پۈتۈنلەي باشتا ئېغىرلىق بولمايدۇ. ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇش، يەنى پەقەت ماددا بولمىغان شەرت ئاستىدا. ئاۋاز سۆزلەشكەندىمۇ پەقەت بۇزۇلمايدۇ.

ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشنىڭ ئالامىتى شۇكى، كېسەللىك يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئىسسىقلىق پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىشلەتكەن بولىدۇ، بىمارنىڭ باش ئالدى تەرىپى ۋە پېشانىسى قىزىق بىلىنىدۇ، مېڭىدىكى پىشقان ھۆللۈكلەر بۇرۇن ياكى گال ئارقىلىق چىقىپ تۇرىدۇ.

مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامىتى: بۇرۇندىن ئازراق خام پوتلا (ماڭقا) ئاقىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتتا بىمار بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئېغىرلىق ھېس قىلىدۇ، مىزاج بۇزۇلۇش بىلەن

ماددا تولۇپ قېلىشمۇ بولغان شەرت ئاستىدا. سوغۇقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشتىن بولغىنى نىسبەتەن كۆپ يۈز بېرىدۇ (نەفىيس).

مىزاجنىڭ قۇرۇقتىن بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامىتى: بۇ كېسەللىك ئۆتكۈر كېسەللىكتىن كېيىن، مەسىلەن: ئىسسىقتىن بولغان سەرسامغا ئوخشاش كېسەللىكلەردىن كېيىن يۈز بېرىدۇ.

داۋالاش مىزاج تەڭشىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن باشنىڭ ئالدى تەرىپىگە نۇتۇل ئىشلىتىلىدۇ، تىلا دورىلار چېپىلىدۇ ۋە دورىلار پۇرىتىلىدۇ. مىزاج بۇزۇلۇش يەككە بولسا مېڭىنى تازىلاش زۆرۈر ئەمەس، ئەگەر ماددىلىق بولسا مېڭىنى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇقلۇقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشتىن بولغىنىدا ساغلاملىقنىڭ پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىشىدىن ئۈمىد كۈتمەسلىك. بۇنىڭغا ئاساسەن نېرۋىلاردا ئۆتكۈر كېسەللىكلەردىن پەيدا بولغان تەشەننۇجتىن ساقىيىشىنىمۇ ئۈمىد قىلماسلىق لازىم. ئەگەر بىمار كىچىك بالا بولسا، ساقىيىشى ياكى بىرئاز ياخشى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بالىلارنىڭ بەدىنىدە ئەسلىي ۋە تەبىئىي ھۆللۈك تولۇق بولىدۇ.

پۇراش سېزىمى (قۇۋۋىتى) نىڭ بۇزۇلۇشى

بۇنىڭدا پۇراش قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىي ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كېتىشى ۋە پەرىشان بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ (كەمچىل بولۇپ قېلىشى ئەمەس). يەنى بۇ كېسەللىكتە پۇراش تۆۋەنلەش ياكى تامامەن يوقىلىش بولمايدۇ، بەلكى پۇراق چوقۇم مەلۇم بولىدۇ، لېكىن بۇ خاتا سېزىمدۇر. بۇ تۆۋەندىكى باياندىن ئاشكارا بولىدۇ. تېبابەتچىلىكتە بۇ «تەشۋىشى ئەفئال» دېيىلىدۇ (ت).

بىرىنچى تۈرى: ھەممە پۇراقلارنى بىر خىل پۇراش بەزىدە پۇراش سېزىمىدە ھەر خىل پۇراقلارنى بىرلا خىل پۇراق ھېس قىلىدىغان بۇزۇلۇش بولىدۇ.

(1) مىزاج بۇزۇلۇش بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى مېڭىنىڭ ئالدى بۆلىكىنىڭ مىزاجى بۇزۇلغانلىقى بولىدۇ.

ئالامىتى مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ پۈتۈن تۈرلىرى ۋە ئالامەتلىرى پۇراش سېزىمى يوقىلىش كېسەللىكىدە سۆزلىنىپ بولدى. ئۇنى داۋالاشمۇ پەقەت مىزاجدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشتۇر.

(2) ناچار خىلىت بۇنىڭدا بۇزۇق خىلىتلار مېڭە ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ پۇرىقى سېزىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ ماددىنىڭ مىقدارى كۆپ بولسا ياكى بۇنىڭدا بەزى بىر ناچار كەيپىيات ئۆتكۈر بولسا، پۇراق ھەمىشە كېلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر مىقدارى ئاز بولسا ياكى ئۇنىڭ كەيپىياتى

ئۆتكۈر بولمىسا، پۇراق ھەر ۋاقىت كېلىپ تۇرمايدۇ، بەلكى بەزىدە ئەتراپتىكى نەرسىنى پۇرىغاندا ئۇنىڭ پۇرىقى سېزىلىدۇ. چۈنكى پۇراش سېزىمى ئۇ نەرسىنى پۇراش ئۈچۈن تەييار تۇرىدۇ ۋە تەبىئەت شۇ تەرەپكە يۆزلەنگەن بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ ماددىلار يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن پۇراش سېزىمى دەسلەپتە ئۇ ماددىلارنى ئېنىقلايدۇ، يەنى شۇ ماددىلارنىڭلا پۇرىقىنى ئېنىقلايدۇ.

بۇ ماددىلار ۋە خىلتلارنىڭ تۈرى (قايسى تۈردىكى ماددا توپلانغانلىقى سېزىلگەن) پۇراقتىن ئېنىقلىنىدۇ. ئەگەر ھەربىر نەرسىنىڭ پۇرىقى قارىمۇچ ۋە سۇمبۇلنىڭ پۇرىقىدەك سېزىلسە بىلىش لازىمكى، ماددىلار ئىسسىق بولىدۇ، ئەگەر سېسىق پۇراق سېزىلسە چىرىگەن ماددىلارنىڭ جۇغلاشقانلىقىدىن بولىدۇ.

داۋالاش مۇناسىپ ھەبلەر بېرىلىدۇ ۋە غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ ئارقىلىق شۇ خىل ماددا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

ئىككىنچى تۈرى بىر خىل پۇراقنى ھەر خىل پۇراقلاردا پۇراش: بەزىدە بىر نەرسىدىن ھەر خىل پۇراقلار كەلگەندەك سېزىلىشمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئالدى مېڭىنىڭ مىزاجىدا ھەر خىل كەيپىياتتىكى ماددىلاردىن ئىختىلاپ پەيدا بولغانلىقى، يەنى ئالدى مېڭىگە ھەر خىل كەيپىياتتىكى ماددىلارنىڭ جۇغلاشقانلىقى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېڭىنىڭ خىزمىتىدە ئاجايىپ - غارايىپ ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ.

داۋالاش مېڭە شۇ ماددىلاردىن تازىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى تۈرى بەزى پۇراقلارنى پۇراپ، بەزى پۇراقلارنى پۇرىيالماسلىق: بەزىدە بەزى پۇراقلارنى سېزىپ ۋە بەزى پۇراقلارنى سېزىلمەسلىكمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدا بەزى كىشىلەر خۇش پۇراقنى سېزىپ، سېسىق پۇراقنى سېزەلمەيدۇ، بەزى كىشىلەر پەقەت سېسىق پۇراقنى سېزىپ، خۇش پۇراقنى تامامەن سېزەلمەيدۇ، يەنە بەزىدە بۇ سېسىق پۇراق بىمارغا خۇش پۇراقتەك مەلۇم بولىدۇ خۇددى بىمارغا كۆمۈر ۋە توپىنىڭ تەمى ياخشى مەلۇم بولغىنىدەك.

ۋەھەم — يات نەرسىلەرنى يېيىشنى خالاپ قالىدىغان كېسەللىكتۇر. بۇ، ئاياللارنىڭ ھامىلىدارلىق كۈنلىرىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ (ت).

بەزى پۇراقلارنى پۇراپ، بەزى پۇراقلارنى پۇرىيالماسلىقنىڭ سەۋەبى، بەزىبىر ناچار ماددىنىڭ ئالدى مېڭە تەرىپىگە ياكى پۇراش قۇۋۋىتىنىڭ ئەمچەك بېشىغا ئوخشاش ئىككى ئۆسۈكچىسىگە ياكى ئۇنىڭ شاخچىلىرىغا جۇغلىشىۋالغانلىقى ياكى بەزىبىر ناچار زەخمىنىڭ (ئوفۇنەتلەنگەن يارا) بۇرۇن تۆشۈكىدە بولغانلىقى بولىدۇ.

داۋالاش بۇ ماددىلار مېڭىدىن تازىلىنىدۇ، بىمار سېسىق پۇراقنى سېزەلمىسە، ئىپار ۋە

بۇنىڭغا ئوخشاش ئۆتكۈر پۇراقلىق نەرسىلەر ھەمىشە پۇرىتىلىدۇ ھەم بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. خۇش پۇراقنى سېزەلمىسە، قۇندۇز قەھرى، سەكبىنەج، مۇرمەككى، جاۋشىر ۋە كۇندۇشقا ئوخشاش ئۆتكۈر سېسىق پۇراقلىق دورىلار پۇرىتىلىدۇ. چۈنكى خۇش پۇراق ياكى سېسىق پۇراقنى ئايرىيالماسلىقنىڭ سەۋەبى بۇ ئورۇندا سۇئى مىزاج مەستۇۋى پەيدا بولغانلىقى ۋە پۇراش قۇۋۋىتى بۇنىڭغا ئادەتلەنگەنلىكى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئىدراك قىلالمايدۇ.

سۇئى مىزاج مەستۇۋى (سۇئى مىزاج مۇتەففەق): ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ئەزانىڭ جەۋھىرىنى قورشاپ، ئۇنىڭ ئەسلىي مىزاجىنى يوقىتىپ، ئەسلىي مىزاجىغا ئوخشاش تۇرىدىغان مىزاج بۇزۇلۇشتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەزا ئۇنىڭ مىزاجىنى سېزىلمەيدۇ ۋە بۇنىڭدىن يېقىمسىزلىق ھېس قىلمايدۇ (نەفىس).

بەزى كىشىلەر سېسىق پۇراقنى سېزىدۇ، خۇش پۇراقنى سېزەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى خۇش پۇراققا ماس ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىمار قارىمۇقارشى نەرسىنىلا سېزەلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى داۋالاشتا بۇ مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئەكسىچە بولغان سېسىق پۇرايدىغان نەرسىلەر بىلەن داۋالاش لازىم. يەنى قارىمۇقارشى داۋالاش ئۇسۇلىغا ئەمەل قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا خۇش پۇراقنى سېزىپ، سېسىق پۇراقنى سېزەلمەيدىغان شەخسنى قىياس قىلىش لازىم.

بۇ داۋالاش ئۇسۇلىنى رازى ئۆز كىتابى «فاخىر» دا بايان قىلغان ھەم بۇنى يازغۇچىمۇ تەقلىد قىلىپ ئۇنىڭغا دەلىل قىلغان. ھالبۇكى، بۇ ئۇسۇل ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كۆزقاراشتىكىلەرنىڭ ئۇسۇلىغا قارىمۇقارشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا بۇنى زىكىر قىلغانكى: «بۇ كىشى خۇش پۇراقنى سېزىپ، سېسىق پۇراقنى سېزەلمىسە، ئۇنىڭ بۇرنىغا ھەتتاكى ساقايغىچە قۇندۇز قەھرىگە ئوخشاش خۇش پۇراق نەرسىلەرنى تېمىتىش لازىم» (نەفىس).

بۇرۇن مۇدۇرى

بەزىدە بۇرۇندا مۇدۇر پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ماددىلىرى قاتتىق بولىدۇ. شەكىل ۋە قاتتىقلىقتا سۆگەلگە ئوخشاش بولىدۇ.

سەۋەبى مېڭىدىن تارتىلىپ بۇ ئورۇنغا، يەنى بۇرۇن تۆشۈكى پەردىلىرىگە كەلگەن ماددىلار مۇشۇ ئورۇندا ئوفۇنەتلىنىپ قىزىيدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ لەتىف ۋە سۇيۇق تەركىبلىرى تارقىلىپ، قالغان تەركىبلىرى قېتىشىپ مۇدۇر شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دەسلەپتە

نەپەسلىنىشكە، ئاندىن مېڭە ئەتراپىدىكى شىلىمشىق كېرەكسىز ماددىلارنىڭ چىقىشىغا توسالغۇ پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش ئۇ ماددىلار مېڭىدىن تازىلىنىدۇ، ئاندىن مۇدۇرلارنى يۇمشىتىش مەقسىتىدە موم ۋە ياغلاردا ياغلىنىدۇ. ئىسسىق سۇ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ چارىلەر بىلەن مۇدۇرلار تارقاپ كەتسە، بۇ ياخشى ئەھۋال، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مۇمكىن بولسا نەشتەر بىلەن تىلىنىدۇ ياكى ئۆتكۈر ۋە گۆش يېگۈچى مەلھەملەر مۇدۇر پۈتۈنلەي يوقاپ كەتكۈچە سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: مەلھىمى ئەخزەر. ئاندىن پۈتتۈرگۈچى مەلھەملەردىن، مەسىلەن: مەلھىمى سەفىدە سۈركىلىدۇ. بۇ مۇدۇرلارنى داۋالاشتا غەپلەتتە قالماسلىق لازىم. چۈنكى، كۆپىنچە بۇ مۇدۇر ئاقمىغا ئۆزگىرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ياخشىلاش ۋە چارە قىلىش قولدىن كېتىدۇ.

بۇرۇن قاناش

بۇ، بۇرۇندىن قان ئاقىدىغان كېسەللىكتۇر. بۇنىڭ ھالەتلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتتا بۇرۇن تۆشۈكىدە كۆيۈشۈش، ئېچىشىش، قىچىشىش بولىدۇ. باشتا قىزىقلىق، قۇرغاقلىق بولىدۇ، بىر ياكى ئىككىلا بۇرۇن تۆشۈكىدىن تامچىلاپ ياكى جىرقىراپ قان ئاقىدۇ، بەزىدە بۇرۇن ئارقا تۆشۈكلىرىدىنمۇ قان ئېقىپ گالغا قۇيۇلىدۇ، بەزىدە چۈشكۈرۈش ياكى يۆتىلىش بىلەنمۇ بۇرۇن قانايدۇ، قاناش بەزىدە قىسقا ۋاقىت داۋاملىشىپ توختايدۇ، بەزىدە ئۇزاق ۋاقىت داۋاملىشىدۇ.

بوھراندىن بولغان بۇرۇن قاناش بەزىدە بۇرۇن قاناش بىرەر كېسەللىكنىڭ بوھران دەۋرىدە يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۆتكۈر قىزىتمىلار ياكى بەزى ئۆتكۈر كېسەللىكلەرنىڭ بوھران كۈنلىرىدە كۆرۈلىدۇ. بۇنداق بۇرۇن قاناشنى توختاتماسلىق لازىم، چۈنكى بۇ ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسى چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر بەك كۆپ قان چىقسا ۋە بىمارنىڭ ئاجىزلاپ كېتىش خەۋپى بولسا، بۇ ۋاقىتتا قان توختىتىش زۆرۈر بولىدۇ.

ئۆتكۈر قىزىتما، قاتتىق باش ئاغرىقى ياكى بەزى مېڭە كېسەللىكلىرىدە، ئەگەر بوھران كۈنلىرىدە بۇرۇن قانىسا، ئۇنى دەرھال توختىتىش خەتەرلىك. چۈنكى بۇ خىل بۇرۇن قاناش كېسەللىكنىڭ تەبىئىي ئىلاجىدۇر. ئەگەر قان مىقدارى بەك كۆپ بولسا ياكى بىماردا زەئىپلىشىش ئالامىتى پەيدا بولسا، توختاتسا بولىدۇ ياكى بىمار ئەسلىدىنلا ئاجىز بولسا، بۇرۇن قاناشنى توختىتىشقا تىرىشىش لازىم.

قانىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بولغان بۇرۇن قاناش بەزىدە بۇرۇن قاناش قانىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە تېزلىكى سەۋەبىدىن بولىدۇ، چۈنكى قان ئۆزىنىڭ تېز ۋە ئۆتكۈرلۈكىدىن قىل قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزىنى ئېچىتىۋېتىدۇ.

ئالامىتى قان ئاز - ئازدىن چىقىدۇ ۋە ناھايىتى سۇيۇق بولىدۇ.

داۋالاش قايسى بۇرۇن تۆشۈكىدىن قان ئاققان بولسا، بىمار بەك ئاجىز بولمىغان شەرت ئاستىدا شۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، قان ئالغاندا نەشتەر بەك كەڭ بولماسلىقى كېرەك ۋە قاننى بىرقانچە قېتىم چىقىرىش لازىم ياكى سوغۇق تەبىئەتلىك شەربەتلەر ياكى قاننى قويۇلدۇرغۇچى غىزالار ئارقىلىق قانىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، مەسىلەن: كىيۇرە شەربىتى، چىلان شەربىتى، رەۋەن شەربىتى قاتارلىقلارنى بېرىش. غىزاسىغا تەفشىلنى (بۇ مەسۇر ئۇنىنى سىركىدە قاينىتىپ، پىشۇرۇپ تەييارلىنىدىغان غىزا) گۈرۈچ، مەسۇر ئۇنى بىلەن بېرىش. مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان سۇنى باشقا قۇيۇش ھەم ئۇنىڭدا يۇيۇندۇرۇش لازىم. شۇنىڭدەك سوغۇق سۇنى بەدەندە سوغۇقلۇق پەيدا بولغۇدەك ئىچكۈزۈشمۇ پايدىلىقتۇر.

ئىككى بىلەك ياكى يوتىنى چىڭ باغلاش ۋە ئۇنى ئۇۋۇلاش لازىم. ئەگەر قان قول - پۇت تەرەپكە كەلگەن بولسا، بەدەننىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىكى قان تومۇرلار قاندىن خالىي بولىدۇ ۋە بۇرۇن قاناشمۇ توختايدۇ.

جالىنۇس: بۇ باغلاش تەدبىرىنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇكى، قولنى قولتۇقتىن قول بېغىشىغىچە، پۇتنى يوتىدىن پاچاققىچە باغلاش لازىم.

ئىبنى سەرافيۇنمۇ ئۆزىنىڭ «كەناش» دېگەن كىتابىدا جالىنۇسنىڭ دېگىنىدەك ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن رازى ئېيتقانكى: «مۇناسىپى شۇكى، باغلاش مەزكۇر ئەزالارنىڭ تۆۋىدىن بولسۇن تاكى ئۇلار قان بىلەن تولسۇن . پۇتۇن ئەزانى باشتىن - ئاخىرىغىچە باغلاش خاتالىق». شۇنىڭدەك قۇلاق، ئۇرۇقدان ۋە ئەمچەكنى باغلاشمۇ بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. لېكىن قان توختاشنىڭ سەۋەبى، بۇ ئەزالارنىڭ قان بىلەن تولۇپ قالغانلىقى بولماستىن، بەلكى قانىنىڭ شۇ تەرەپكە تارتىلغانلىقى بولىدۇ (يەنى قانىنىڭ يۆزلىنىشى ئۇلار تەرەپكە بولىدۇ). بۇ سەۋەبتىن بۇ ئەزالارنى ئاغرىق پەيدا بولغۇدەك چىڭ باغلاش لازىم، دېيىلگەن. شۇنىڭدەك ئۇرۇقداننى تارتىشمۇ بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ (لېكىن بۇ ئۇسۇل ھەر كىشىگە ماس كەلمەيدۇ).

بۇرۇنغا ياۋا رەيھان سۈيىگە ئازراق كافۇر قوشۇپ تېمىتىش لازىم. شۇنىڭدەك پىننە سۈيى ياكى ئېشەك تېزىكىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيىدىمۇ بۇرۇن قاناشنى توختىتىش خاسىيىتى بار.

مـوزا، يۇمغاقسۈت، تۆگـمەن توزۇندىسى، كۇندۇر، سەبرە، خۇنسىياۋشان ۋە زەمچە

قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، پەلكۈچنى تېزەك سۈيىدە ياكى تۇخۇم ئېقىدا ھۆل قىلىپ، ئاندىن دورىغا مىلەپ بۇرۇنغا تىقىلىدۇ ياكى بۇ دورىلار بۇرۇنغا پۈركۈلىدۇ. پۈركۈشتە ئاۋۋال دورىلارنى ئۇپىدەك سوقۇپ، ئاندىن ئۇلارنى بىر كىچىك نەيچىگە سېلىپ، نەيچىنى بۇرۇن ئىچىگە كىرگۈزۈپ قاتتىق پۈركۈش ئارقىلىق دورىلار يىراققىچە يەتكۈزۈلىدۇ.

تومۇرلارنىڭ تولۇپ كېلىشى ۋە كۆپۈشۈپ كېلىشىدىن بولغان بۇرۇن قاناش بەزىدە بۇرۇن قاناش شۇنداق يۈز بېرىدۇكى، قاننىڭ كۆپلۈكىدىن مېڭە ئاستىدىكى تومۇرلار، يەنى شەبكىيە مەشمىيە① دىكى قىزىل قان تومۇرلار تولىدۇ. بۇنىڭ تەسىرىدىن بۇرۇن تومۇرلىرى تولۇپ ئېچىلىپ كېتىپ قاناش يۈز بېرىدۇ.

ئالامىتى بۇرۇن قاناش قاتتىق باش ئاغرىقىدىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ ھەم بۇرۇن قاناشتىن ئىلگىرى چىرايى ۋە كۆزى قىزىرىپ قالىدۇ ھەم قان بۇلدۇقلاپ چىقىدۇ. ئەگەر بۇ قان قىزىل قان تومۇردىن چىقىۋاتقان بولسا، قان سۇيۇق ۋە قىزىل بولىدۇ.

بۇ تۈردىكى بۇرۇن قاناش كۆپىنچە ئۆتكۈر كېسەللىكلەردىن كېيىن ياكى ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇشتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە مېڭە بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن: سەرسام، باش قېيىش، سەكتە، قاتتىق ئۇيقۇ (سۇبات) كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بۇرۇن قاناش يىلان چېقىۋېلىشتىنمۇ پەيدا بولىدۇ. بەزىدە مېڭە تورسىمان پەردىسىدىكى تومۇرلار يەنى قىزىل قان تومۇرلارنىڭ تولۇپ كېلىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. داۋالاش تەدبىرلىرىنىڭ ئۈنۈمى ئازراق بولىدۇ، لېكىن بۇ تۈردىكى بۇرۇن قاناشنى ئەدۋىيە كاۋىيە ئارقىلىق توختىتىشقا بولىدۇ.

ئەدۋىيە كاۋىيە (داغلىغۇچى دورىلار): تېبابەتچىلىكتە گۆشنى يەيدىغان، ئەزانى كۆيدۈرۈپ قۇرۇتىدىغان ۋە يەرلىك ئورۇندا قاقاچ پەيدا قىلىدىغان دورىلارغا ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: زەمچە ۋە زەنگار.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئېيتقانكى، داغلىغۇچى دورىلارنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى بۇنىڭدىن قاقاچ پەيدا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ چۈشۈپ كەتسە، دەسلەپتىكىدىن زىيادە بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ.

رازى ئېيتقانكى، مېنىڭ خىيالىمچە بۇ داۋالاش ئادەتتىكى كۆك قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئوچۇق قالغان، قىزىل قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئوچۇق قالمىغان ھالەتتە پايدىلىق بولىدۇ (چۈنكى قىزىل قان تومۇرلارنىڭ قېنىنى توختىتىش قىيىن بولىدۇ). كۆك قان تومۇرلار ئوچۇق قالغاندىمۇ، ئېھتىمال قان كۆپ مىقداردا چىقىپ، بىمار ھوشىدىن كەتكەن چاغدا مەنپەئەتلىك

---

① شەبكىيە مەشمىيە — مېڭە قىزىل قان تومۇرلىرى تورىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ مېڭە ئاستىدا بولىدۇ.

بولىدۇ. ئومۇمەن بۇرۇن قاناشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: بەدەندە قان كۆپ بولۇش، شۇڭلاشقا بەزى قان مىزاج كىشىلەردە باھار پەسلى ياكى ياز پەسلىدە بۇرۇن قانايدۇ. بەزىدە قاننىڭ سۇيۇقلۇقى ۋە قاننىڭ مەخسۇس بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىنمۇ بۇرۇن قانايدۇ. بەزىدە كۆكيۆتەل ۋە ۋابائى قىزىتما بۇرۇن قاناشقا سەۋەبچى بولىدۇ. ياش قىزلاردىمۇ ھەيز كۆنلىرىدىن ئىلگىرى بۇرۇن قانايدۇ. ئىسسىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ۋە ئاپتاپتا زىيادە يول يۈرۈشمۇ بەزىدە بۇرۇن قاناشنى پەيدا قىلىدۇ. تېنى ئاجىز باللاردا جۈملىدىن قورساقتا قۇرت بار باللاردا دائىم بۇرنىنى كولاپ تۇرۇش سەۋەبىدىن كۆپىنچە بۇرۇن قانايدۇ. بەزى كېسەللىكلەردە بوھران شەكلىدىمۇ بۇرۇن قانايدۇ. ياشانغانلاردىكى بۇرۇن قاناش ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. زەخىم ۋە زەربىدىن كېيىن بۇرۇن قاناش بەزى ۋاقىتلاردا خەتەرلىك بولىدۇ. ئەگەر قان بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بۇرۇن قاناش ناھايىتى كۆپ بولۇپ كەتسە،بىمارنىڭ ھاياتى خەتەر ئىچىدە قالىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ھەممىدىن بۇرۇن قان ئېقىشنى توختىتىشقا تىرىشىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىي سەۋەبىنى تېپىپ، سەۋەبىگە قارىتا چارە قىلىنىدۇ، تاكى كەلگۈسىدە بۇرۇن قاناش يۈز بەرمىسۇن. شۇنداقلا قان توختىتىش ئۈچۈن بىمارنى ئوڭدا ياتقۇزۇپ ئىككى قولى تۈز كۆتۈرگۈزۈلىدۇ. باش ۋە ئېغىزمان بەدەنگە نىسبەتەن سەل ئېگىز قىلىنىدۇ، بۇرۇننىڭ قايسى تۆشۈكىدىن قان ئېقىۋاتقان بولسا، بۇنىڭ ئۈستى بېسىلىدۇ ياكى بۇرۇن تۆشۈكىگە پاختا قاتارلىقلار تىقىپ قويۇلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇللار بىلەن قان توختىمىسا، باشقا ئۇزۇنغىچە سوغۇق سۇ جىرغىتىپ قويۇلىدۇ، پېشانىگە مۇز تېڭىلىدۇ، شۇنداقلا تۆۋەندىكى نۇسخىلاردىن بىرى باش ۋە پېشانىگە چېپىلىدۇ:

زىمات نۇسخىسى گىل ئەرمىنىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، 12 گىرام سىركىدە ئېزىپ، باش ۋە پېشانىگە چېپىلىدۇ ياكى گىل ئەرمىنى، مىلتان سېغىزى، قۇرۇق ئامىلە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ چېپىلىدۇ ياكى 12 گىرام مىلتان سېغىزىنى ئىسپىغۇل لۇئابىغا بىرلەشتۈرۈپ باش چوققىسىغا چېپىلىدۇ. تۆۋەندىكى دورىلاردىن بىرەرسى تېمىتىلما شەكلىدە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ:

بۇرۇن تېمىتىلمىسى نۇسخىسى: ئالتە گىرام ئاش تۇزىنى 48 گىرام سوغۇق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئاز - ئازدىن ئۇزاق ۋاقىت بۇرۇنغا تېمىتىش ياكى ئۈچ گىرام زەمچىنى 36 گىرام سوغۇق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىش ياكى كافۇردىن 0.8 گىرامنى 12 گىرام ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيىدە ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىش لازىم. قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە سۇيۇقلۇقىنى يوقىتىش ئۈچۈن بەدەن سىرتىدىن چارە قىلىش بىلەن بىرگە تۆۋەندىكى نۇسخا تاللاپ ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا: 60 گرام مىلتان سېغىزىنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىنى 48 گرام نىلۇپەر شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، چىلان 15 دانە، كاۋا ئۇرۇقى، پوستى ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى ھەربىرى ئۈچ گرامدىن. بۇ دورىلارنىڭ لۇئاب ۋە شىرىسىنى 144 گرام ئەرقى گاۋزىباندا چىقىرىپ 48 گرام نىلۇپەر شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈش لازىم.

يەنە بىر نۇسخا: ئاۋۋال قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، خۇنسىياۋشان ۋە كەھرىۋا شەمئى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، ئامىلە مۇراببىاسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر دانە كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ يېگۈزۈش، ئاندىن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بېھى ئۇرۇقى چۈشكەن نۇسخىنى ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈش، تاماقتىن كېيىن بەش تامچە كافۇر ئېرىتمىسىنى بىر نەچچە يۇتۇم سۇ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش لازىم.

ئەگەر قان توختىسا سەۋەبىگە قارىتا داۋالاش لازىم.

ئەگەر قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەب بولغان بولسا تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىشلىتىش:

نۇسخا: پولات كۈشتىسىدىن ئۈچ بەرىنجنى يەتتە گرام جاۋارىش ئانارىنگە ياكى يەتتە گرام جاۋارىش مەستىكىگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش لازىم.

ئەگەر ئىسسىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن بولغان بولسا، مۇشۇ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى توختىتىش، ئەگەر كىچىك بالىلاردا ئۈچەي قۇرتى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بۇ قۇرتلارغا قارىتا داۋالاش لازىم. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش چۈنكى بۇرۇن قاناش كۆپىنچە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆپلۈكى سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدا سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلاردىن، مەسىلەن: پالەك، تەندا، سەي كاۋسى، لال ساگ، سېمىزئوت، قاپاق، سەۋزە، چامغۇر قاتارلىقلار پايدىلىق بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن مېۋىلەردىن ئالما، ئانار، نەشپۈت، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئەگەر بىمار قان كۆپ ئېقىشتىن ئاجىزلاپ، ئورۇقلاپ كەتكەن بولسا، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، لەتىف ۋە قان پەيدا قىلىدىغان غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: مېۋىلەر ئەرقى، ئارپا ئېشى ۋە سۈت قاتارلىقلار.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى قان بۇزۇلۇش بولسا، بۇنىڭ بىلەن بەدەندە قان ئازلىقمۇ بولسا، بۇ ھالەتتىمۇ يۇقىرىقى نەرسىلەر يېگۈزۈلىدۇ.

پەرھىز بىمار ئاپتاپ ۋە ئوتتىن يىراق قىلىنىدۇ، مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئەقلىي ئەمگەك چەكلىنىدۇ، ياغلىق، ئاچچىق نەرسىلەر ۋە ئۆتكۈر ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا چۈشكەن غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇرۇن يارىسى

بۇرۇن ھۆل يارىسى بۇرۇن يارىسى بەزىدە ھۆل بولىدۇ، بۇنىڭدىن ھۆللۈك ئېقىپ تۇرىدۇ، بۇ، مېڭە ئەتراپىدىن قۇيۇلغان ئۆتكۈر، بۇزۇق ھۆللۈكتىن پەيدا بولىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇپا، مەدەستان، كۈمۈش چىلىندان، كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن، گۈل يېغى قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان مەلھەم پايدىلىق بولىدۇ. بۇ مەلھەم مېڭىنى تازىلىغاندىن كېيىن، يەنى مېڭە ئەتراپىدىن بۇرۇن تەرەپكە قۇيۇلۇپ زەخىم پەيدا قىلىدىغان ھۆللۈكلەرنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

بۇرۇن قۇرۇق يارىسى بەزىدە بۇرۇن يارىسى قۇرۇق بولىدۇ، بۇنىڭدىن بىرەر ھۆللۈك ئاقمايدۇ، بۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ. كۆيگەن ياكى بۇزۇلغان خىلتلاردىن پەيدا بولىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق چارە بۇرۇنغا نىلۇپەر يېغى، توخۇ ياكى ئۆدەك يېغى، مەلھەمى ئەبيەز قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ ۋە سېرىق موم، ئاچچىق بادام يېغى، بىنەپشە يېغى، كالا پاچىقى يىلىكى قاتارلىقلاردا تەييارلانغان، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى قوشۇلغان قىرۇتى سۈركىلىدۇ. بېھى ئۇرۇقى لۇئابىنى ئارىلاشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى مومنى ياغلاردا ئېرىتىپ، ئازراق بېھى ئۇرۇقى لۇئابى قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

بۇرۇن ئۇفۇنەتلىك يارىسى بەزىدە بۇرۇن يارىسى ئۇفۇنەتلىك بولىدۇ، يارىدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ. بۇ يارىنىڭ يىرىڭى ئۇزاق مەزگىل تۇرۇپ قالغانلىقى ۋە يارا كونىرىغانلىقتىن بولىدۇ ياكى بۇ يارا بۇرۇنغا ئېقىپ كەلگەن ئۇفۇنەتلىك ھۆللۈكلەردىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ داۋاسى، ئاق خەربەق ۋە ھالۇندىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ بۇرۇنغا پۈركۈلىدۇ، ئاندىن سىركە، شاراب بىلەن زەخىمنى يۇيۇپ مۇرمەككىنى ئېزىپ، تاكى يىرىڭدىن تازىلانغىچە پۈركۈپ، ئاندىن زەخىمنى قۇرۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

بۇرۇننىڭ پۇرىشى

بۇ كېسەللىكتە بۇرۇندىن سېسىق پۇرايدىغان ھۆللۈك ئاقىدۇ ياكى قاتتىق قاقاچ چىقىدۇ، بەزىدە ھۆللۈك بىلەن قانمۇ چىقىدۇ، بۇرۇن ئىچكى پەردىسى نېپىزلىغانلىقتىن بۇرۇن تۆشۈكى چوڭىيىدۇ، بۇرۇندىن نەپەس ئېلىش قىيىن بولغانلىقتىن بىمار ئېغىزىدىن نەپەس ئالىدۇ. تىنىقى سېسىق پۇرايدۇ، لېكىن بىمار بۇنى سەزمەيدۇ، پۇراش سېزىمى يوقايدۇ ياكى سۇسلىشىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكنى داۋالاش تەرەپكە تۇتۇش قىلىنمىسا، ئاقىۋەتتە سۆڭەك ۋە كۆمۈرچەك ئىرىشكە باشلايدۇ، بۇرۇن ئولتۇرۇشىدۇ ياكى شەكلىنى يوقىتىدۇ، بۇ كېسەللىك يىللارغىچە داۋاملىشىدۇ.

1. ئوفۇنەتلەنگەن بوۋاسىر ۋە يارا بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى بۇرۇندىكى ئوفۇنەتلەنگەن بوۋاسىر ياكى كونا ئوفۇنەتلەنگەن يارا بولىدۇ. بۇنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى بوۋاسىردىن بولغان پۇراش قۇۋۋىتى يوقىلىشنى داۋالاشتا سۆزلىنىپ بولدى.

2. سېسىق بۇخارات بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى سېسىق بۇخارات بولىدۇ. بۇ، كۆكرەك بوشلۇقى، ئۆپكە قاتارلىقلاردىن ئۆرلەپ، بۇرۇن تەرەپكە ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدىكى ئىككى بۇرۇن تۆشۈكىدىن يېتىپ بارىدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە بۇزۇق ماددىلار جۇغلاشقان ئەزا تازىلىنىدۇ، ئاندىن رەيھان شارابى تېمىتىلىدۇ، رەيھان شارابى بىر خىل خۇش پۇراق خاس ئىچىملىكتۇر. ياساش ئۇسۇلى: شاراب قاچىسىغا ئۈزۈم سۈيى بىلەن قەلەمپۇر، جوز، دارچىن، بەسباسە، ئۇد ھىندى، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا قاتارلىقلار سېلىنغان كىچىك خالتىنى سېلىپ تەييارلىنىدۇ.

بۇ شارابنى تېمىتىشنىڭ پايدىسى شۇكى، بۇنىڭ بىلەن سېسىق پۇراق يوقايدۇ. بۇرۇن سېسىق ھۆللۈكلەردىن تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇنىڭدا خۇش پۇراق بولغانلىقتىن سېسىق پۇراقنى يوشۇرۇپ قالىدۇ. بۇرۇنغا سۇمبۇل، سەئدى كۇفى ۋە قىزىلگۈل قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ياكى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ پۈركۈلىدۇ ۋە ئۇلاردىن شامچە ياساپ شارابتا ھۆللەپ بۇرۇنغا قويۇلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا ئۆتكۈر خۇش پۇراق بولۇپ، سېسىق پۇراقنى باسىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇرۇننىڭ سېسىق پۇرىشى مەلۇم بولمايدۇ.

3. سېسىق ھۆللۈك بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى سېسىق ھۆللۈكلەر بولىدۇ. بۇ پۈتۈن مېڭىدە ياكى مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ياكى خاس بۇرۇن ئەتراپىدىكى بۆلىكىدە يىغىلىپ، بۇرۇنغا قويۇلىدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە ھەب ۋە ئايارەجلەرنى بېرىپ ھۆللۈك تازىلىنىدۇ، ئاندىن سىركەنجۇبىل بۇزۇرى ۋە قىچا كۆپۈكى (بۇ قىچىنى قايناتقاندا چىقىدۇ) بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن سېسىق ھۆللۈكلەر تازىلىنىدۇ، ئاندىن خۇش پۇراق شارابلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭدا خۇش پۇراق دورىلار قاينىتىلغان بولسۇن، مەسىلەن: سۇمبۇل، قەلەمپۇر، قىزىلگۈل قاتارلىقلار. ئاندىن بۇرۇنغا سۇمبۇل ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار سوقۇپ پۈركۈلىدۇ.

سەۋەبى ئومۇمەن بۇرۇن پۇراشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: چىش مىلىكى يىرىڭلاش، چىش ۋە تىلنى پاكىز تۇتماسلىق، ئېغىزدا مۇدۇر پەيدا بولۇش، تىلنىڭ ئىششىپ قېلىشى، زۇكام، نەزلىنىڭ ئۆزگىرىشى، سىفىلىس، خانازىر، چېچەك ۋە قىزىلغا ئوخشاش كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىش؛ بۇرۇنغا زەربە تېگىش، بۇرۇندا يارىنىڭ ئۇزاق مەزگىلگىچە تۇرۇشى ياكى گالدا قاپارتما ۋە چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ پەيدا بولۇشى ياكى ئۆپكىدە گانگرېنا بولۇش قاتارلىقلار.

ئەمەلىي داۋالاش ھەممىدىن بۇرۇن كېسەللىكنىڭ ئەسلىي سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا چوڭقۇر تەكشۈرۈش قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىي سەۋەبىنىڭ چارىسى قىلىنىدۇ. ئەگەر چىش ۋە تىلدا سېسىقلىق بولسا مىسۋاك ياكى سۇنۇن ئارقىلىق تازىلىنىدۇ، ئەگەر ئېغىزىغا مۇدۇر چىققان بولسا ئۇنى ئېغىز يارىسىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىدا داۋالاش، ئەگەر زۇكام، نەزلىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولغان بولسا تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈش لازىم:

نۇسخا: گۈلبىنەپشە يەتتە گىرام، چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى يەتتە گىرامدىن، گاۋزىبان، پوستى ئاقلانغان بىخسۇس، ئۇستىقۇددۇس، بادرەنجبۇيا بەش گىرامدىن. دورىلارنى بىر كېچە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ ئەتىگەندە سۈزۈپ، 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە بىلەن ياكى 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش، كەچتە ئىترىفىل ئۇستىقۇددۇستىن يەتتە گىرام ياكى ئىترىفىل كەشنىزدىن يەتتە گىرام ياكى ئىترىفىل زاماندىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈش ھەمدە 12 گىرام نىيىم يوپۇرمىقىنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، ھۆقنە قىلىپ بۇرۇننى تازىلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن گۈل يېغىدىن 3 ~ 4 تامچە بۇرۇنغا تېمىتىش لازىم.

10 ~ 15 كۈنگىچە يۇقىرىقى مەزكۇر نۇسخىنى ئىچكۈزۈپ 2 ~ 3 قېتىم سۈرگە بېرىلىدۇ. بۇنىڭ دورىلىرى زۇكام، نەزلىنىڭ بايانىدا سۆزلەندى.

يۇقىرىقى ئۇسۇلدا ماددىنى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن مېڭە قۇۋۋەتلەندۈرۈلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى نۇسخا بىر نەچچە كۈن ئىشلىتىلىدۇ.

نۇسخا: مارجان كۇشتىسىدىن ئىككى بەرىنجنى يەتتە گىرام جاۋاھىرلار چۈشكەن خېمىرى گاۋزىبانغا قوشۇپ سۇ بىلەن ئەتىگەن - كەچتە يېگۈزۈلىدۇ. كەچتە ئىترىفىل ئۇستىقۇددۇستىن يەتتە گىرامى قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە تۆۋەندىكى دورىلار بۇرۇن تېمىتىلمىسى شەكلىدە كۈندە 2 ~ 3 قېتىم ئىشلىتىپ تۇرۇلىدۇ.

بۇرۇن تېمىتىلمىسى نۇسخىسى: سۇمبۇلدىن توققۇز گىرام، مۇرمەككىدىن تۆت گىرام،

تاتلىق ئاناردىن بىر دانىنى پوستى بىلەن ئېلىپ، ھەممىسىنى قەلەيلەنمىگەن مىس قازاندا ئوبدان پىشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سىقىپ سۈيىنى ئېلىپ سۈزۈپ، نەرگىس يېغىدىن 12 گىرام قوشۇپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئەگەر سىفلىس، خانازىر، چېچەك قاتارلىق كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك كۆرۈلگەن بولسا، ئەسلىي سەۋەبىنىڭ چارىلىرى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ ۋە قائىدىلىك داۋالىنىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش غىزاسىغا لەتىق، ئاسان ھەزىم بولىدىغان كۈچلەندۈرگۈچى نەرسىلەر، مەسىلەن: سۈت، پەلكا، ئارپا ئېشى، ساگۇدانە، توخۇ گۆشى شورپىسى، ئۆچكە گۆشى شورپىسى، ماش ئۈنى، ئارھەر ئۈنىدىن تەييارلانغان كاكچا نان قاتارلىقلار بېرىلىدۇ ۋە سوغۇق، تەستە ھەزىم بولىدىغان، قورساقنى كۆپتۈرگۈچى نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆرسەتمە بۇرۇن كۈندە 2 ~ 3 قېتىم تازىلىنىدۇ، ھۆقنە قىلغاندا ئېغىزى ئوچۇق قويۇلىدۇ، تاكى بۇ بۇرۇنغا بارسۇن ۋە گالغا كەتكىنى ئېغىزىدىن چىقىپ كەتسۇن. بىمارنى ئوچۇق، ھاۋاسى ساپ جايدا ئارام ئالدۇرۇش، غىزادىن كېيىنلا ئۇخلاتماسلىق، ئوڭدا يېتىپ ئۇخلاشتىن توسۇش لازىم، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئىترىفىللارنى يېگۈزۈش پايدىلىقتۇر.

بۇرۇن ئېزىلىپ كېتىش

ئەگەر بۇرۇن يەڭگىل، ئادەتتىكىدەك ئېزىلگەن بولسا بۇرۇنغا توم سۇلائىنى كىرگۈزۈپ كۆتۈرۈش، تاكى پاناقلىقى يوقالسۇن ۋە سىرتىنىمۇ قول بىلەن باراۋەر تۈزەش، تاكى مايماقلىقى يوقالسۇن. ئاندىن سەبرە، مىدەلەكرى، ئاقاقىيا، مۇرمەككى قاتارلىقلارنى پاقىيوپۇرمىقى لۇئابىغا ئارىلاشتۇرۇپ قەغەزگە يۇقتۇرۇپ بۇرۇنغا چاپلاپ قويۇش لازىم.

ئەگەر بۇرۇننىڭ بۇرۇننى تىرەپ تۇرىدىغان ھەمدە بۇرۇننى ئىككىگە بۆلىدىغان تۈز چاك① ئالدىغا جايلاشقان كۆمۈرچىكىمۇ سۇنغان بولسا، قان ئېلىپ بۇرۇندىن ماددا قايتۇرۇلىدۇ، تاكى بۇرۇندا ئىششىق پەيدا بولمىسۇن.

مېڭە مىزاجىنى سوغۇق زىماتلار ۋە تىلالار بىلەن قوغداش، تاكى مېڭە زىيادە قىزىپ كەتمىسۇن ۋە سەرسام پەيدا بولمىسۇن، ئاندىن بۇرۇنغا بالىياتقۇنى ئاچقۇچى سايماننى كىرگۈزۈپ ئايلاندۇرۇش، تاكى بۇنىڭ بىلەن بۇرۇننىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئورۇنلىرى ئەسلىگە

---

① تۈز چاك — بۇ باش سۆڭىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

كەلسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇن ئىچىگە شامچە قويۇش، شامچە ناھايىتى كىچىك ياغاچ ئۈستىگە ئورالغان بولسۇن ھەمدە بۇنىڭغا ئاقاقىيا ۋە مىدەلەكرى تىلا قىلىنغان بولسۇن، تاكى كۆمۈرچەكلەر تۇتاشقىچە بۇرۇننىڭ تەبىئىي شەكلىنى ساقلاش ۋە سىرتىدىن قول بىلەن رۇسلاش، تاكى بۇرۇن سىرتىمۇ نورماللاشسۇن. تىلا شەكلىدە ئۈستىدە سۆزلىنىپ بولغان دورىلار چېپىلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ نەپەسلىنىشى قىيىن بولسا، بۇرۇن شەكلىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن نەيچىنى پاختىغا يۆگەپ، ئۇنىڭغا بۇرۇن سۆڭىكى ۋە كۆمۈرچىكىنى تۇتاشتۇرغۇچى دورىلارنى يۇقتۇرۇپ بۇرۇنغا تىقىلىدۇ.

كۆپ چۈشكۈرۈش

چۈشكۈرۈش پايدىلىق بولۇپ، بۇ تەبىئىي ھالەتتە پەيدا بولۇپ، زىيانلىق خىلتلارنى ياكى باشقا بىر زىيانلىق نەرسىنى چۈشكۈرۈش ياردىمىدە بۇرۇندىن ياكى ئېغىزدىن سىرتقا چىقىرىپ تاشلايدۇ.

چۈشكۈرگەن ھالەتتە بۇرۇن تۆشۈكى ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپ بوشلۇقلىرىغا كۈچەش بىلەن ھاۋا كىرىپ تارقىلىش بىلەن بەلغەم ۋە باشقا ماددىلار چىقىپ كېتىدۇ.

بىرەر خىلتتىن ئەزىيەت قانداق يېتىدۇ؟ گاھىدا خىلىت بۇرۇن يولى ئاخىرىدا ياكى پۇراش ئەزالىرىنىڭ بەزىسىدە ئۆز كەيپىياتى بىلەن غىدىق پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ تەسىرى نېرۋىلار ئارقىلىق مېڭىگىچە يېتىپ بارىدۇ، ئاندىن بۇ سېزىملار نېرۋىلار ئارقىلىق نەپەسلىنىشكە مۇناسىۋەتلىك مۇسكۇللارنى، بۇ ئەزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن يىغىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. خىلتلاردىن سىرت، زىيانلىق ماددىلار بۇ مەزكۇر ئورۇنلاردا ئاغرىق ۋە غىدىق پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەردۇر، مەيلى تاشقى نەرسىلەر ياكى ئىچكى نەرسىلەر بولسۇن.

چۈشكۈرۈشتە نەپەسلىنىشتىكى ھاۋا بىلەن ياردەملەر مۇشۇنداق ئېلىنىدۇكى، دەسلەپتە ئىككى ئۆپكە ھاۋا بىلەن تولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆكرەك مۇسكۇللىرى ۋە كېرىگەتنىڭ قىسقىرىشى بىلەن ئىككى ئۆپكىدىكى ھاۋا باش تەرەپكە، يەنى بۇرۇن تۆشۈكى تەرەپكە ئىنتايىن تېزلىكتە ئۆرلەش بىلەن ئۇ زىيانلىق نەرسىلەر تارقىلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

سەۋەبى چۈشكۈرۈشنىڭ سەۋەبى، بەزىدە تاشقى سەۋەبلەردىن بولىدۇ، مەسىلەن: چاڭ - توزان، ئىس - تۈتەكلەر، ئۆتكۈر پۇراق، كۈچلۈك ئاپتاپقا ئۇچراش، بۇرۇنغا يات نەرسە

كىرىپ كېتىش قاتارلىق. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بەزى پۇراش ئەزالىرىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ شېرىكچىلىكىدە مېڭىگە يېتىپ بارىدۇ.

بۇ بەزىدە ئىچكى سەۋەبتىنمۇ بولىدۇ، شۇڭلاشقا بۇقرات «پۇسۇلى بۇقراتىيە» دېگەن كىتابىنىڭ 7 ـ ماقالىسىدە چۈشكۈرۈك باش تەرەپتىن كېلىدۇ، بۇ، مېڭە مىزاجىنىڭ ئىسسىق بولۇشى ۋە باشنىڭ بوش ئورنىدا (بۇرۇن تۆشۈكىدە)سۇيۇقلۇقلار ئورۇنلىشىپ قېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ، دېگەن. بۇنىڭدىن بۇرۇنغا مەلۇم غىدىقلىغۇچى نەرسىلەر كىرگەندىكىدەك كەيپىيات پەيدا بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا تەبىئەت ئۇ يات ماددىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ، دەسلەپتە ئۆپكە تەرەپكە نۇرغۇن ھاۋانى تارتىدۇ، ئاندىن بۇنى تۇيۇقسىزلا چىقىرىدۇ. يەنى ئۇ ھاۋا بىلەن يات ماددىمۇ چىقىپ كېتىدۇ، مەسىلەن: دورا پۈۋلەيدىغان نەيچىدە قانچىلىك نەرسە بولسا، پۈۋلەش بىلەن چىقىپ كەتكىنىگە ئوخشاش. چۈشكۈرۈك پەيدا قىلغۇچى بۇ ھۆللۈك ئۆتكۈر ۋە غىدىقلىغۇچى بولۇشى لازىم. بۇنىڭ بايانى يۇقىرىدا زىكىر قىلىندى. چۈنكى ئۆتكۈر بولمىغان ھۆللۈكلەرنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە قۇيۇلۇشىدىن چۈشكۈرۈك پۈتۈنلەي بولمايدۇ.

ئەگەر بۇرۇندىن پۈتۈن نەرسىلەر ۋە سۈمۈرگەن ھاۋامۇ چىقىپ كەتسە، بۇنىڭدىن بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، چۈنكى بۇ ھالەتتە ھاۋا تار ئورۇندىن ناھايىتى تېز چىقىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ ئورۇن قانچە تار بولسا ۋە كۆكرەك قانچىلىك كۈچەش بىلەن قىسقارسا ئاۋاز شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بەزى ئادەملەر چۈشكۈرگەندە ئاۋازى قاتتىق چىقىدۇ.

بۇقراتنىڭ نەزەردە تۇتقىنى، چۈشكۈرۈك باش سەۋەبىدىنلا بولماستىن، بەلكى باشتىن چۈشكۈرۈكنىڭ بۇ ھالەتتە ھاسىل بولىدىغىنىدۇر.

داۋالاش ئەگەر چۈشكۈرۈك كۆپ بولسا، ئۇنى داۋالاشتا مېڭە ۋە باشتىكى ئەزالار سوۋۇتۇلىدۇ ۋە ئارام ئالدۇرۇلىدۇ. بىر ساددە يېغى باشقا سۈركىلىدۇ، ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ، تاكى ماددىلار قاتارلىقلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى يوقالسۇن.

چاڭ ـ توزان، ئىس ـ تۈتەك ۋە باشقا يات ماددىلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

چۈشكۈرۈك بەك كۆپ بولسا داۋالاشقا زۆرۈرىيەت شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشىدۇكى، چۈشكۈرۈكنىڭ كۆپلۈكىدىن مېڭە ۋە باشقا قوشنا ئەزالار قىزىيدۇ، مېڭە سىلكىنىدۇ ۋە مېڭىنىڭ قىزىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ماددىلار مېڭە تەرەپكە تارتىلىپ كېلىپ مېڭىنى تولدۇرىدۇ. ئەگەر مېڭىدىكى بىرەر ماددىنى پىشۇرۇشقا موھتاج بولسا، چۈشكۈرۈكنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇنى پىشۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى پىشىش ئۈچۈن ھەزىم قۇۋۋىتىنىڭ ئارام ئېلىشى ۋە راھەتلىنىشى زۆرۈر بولىدۇ (بۇ ئۇسۇل تېبابەتتە ئىسپاتلانغان). شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشكۈرۈكنىڭ كۆپلۈكى

سەۋەبىدىن بەزىدە كۈچلۈك بۇرۇن قاناش بولىدۇ، بەزىدە قىزىتمىلارغا ئوخشاش قىسمەن كېسەللىكلەردە بۇنىڭ كۆپ بولۇشى قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

بۇرۇن قۇرۇش

بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە ھارارەت ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ كۈچلۈكلۈكى بولىدۇ. مەسىلەن: كۆيدۈرگۈچى ۋە ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتما.

بەزىدە بىرەر چاپلاشقاق خىلىتلاردىن بولۇپ، بۇ خىلىتلار بۇرۇن تۆشۈكىگە چاپلىشىپ قالىدۇ. نەپەسلەنگەندە كىرىپ - چىقىدىغان ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن قۇرۇيدۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن يوللىرى توسۇلۇپ قالىدۇ ۋە مېڭە قاتارلىق ئەزالاردىكى ھۆللۈكلەرنىڭ بۇرۇن تەرەپكە قويۇلۇشى توختايدۇ.

داۋالاش بۇنىڭ ئىلاجى سوۋۇتۇش ۋە ھۆللەشتۈرۈشتۇر. يەنى بىرىنچى تۈردە ئۇسارىلەر ۋە ياغلار ئارقىلىق سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ، ئىككىنچى تۈردە سۈت ۋە ياغلار ئارقىلىق ھۆللۈك پەيدا قىلىنىدۇ، چاپلاشقاق خىلىتلارنى يۇمشىتىلىپ چىقىرىلىدۇ، يەنى ياغلار ۋە لۇئابلار ئارقىلىق خىلىتلار چىقىپ كېتىشكە لايىق بولغۇچە يۇمشىتىلىدۇ. ئاندىن غار - غارلار ۋە بۇرۇن تېمىتىلمىلىرى ئارقىلىق بۇلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان نەزلىنىڭ بىرىنچى دەرىجىسىدە بۇرۇن قۇرۇق بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا ھۆللۈكلەرنىڭ سىرغىپ چىقىشى توختايدۇ، ئەگەر ئىككىنچى دەرىجە باشلانسا، بەلغەمى ھۆللۈكلەر كۆپلەپ ئېقىشقا باشلايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بەزى ۋاقىتلاردا سوزۇلما نەزلىدىمۇ بۇرۇن قۇرۇپ قالىدۇ، بۇلارنىڭ چارىسى نەزلە كېسەللىكىنى داۋالاشتا سۆزلەندى.

بۇرۇن قىچىشىش

بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى بۇرۇندا سوغۇق ھاۋا سۈمۈرگەن چاغدا ئېچىشىش ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ، بۇ، مېڭىگىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆزدىن ياش ئاقىدۇ، بەزىدە بۇ ئېچىشىش ۋە كۆيۈشۈش سوغۇق ھاۋانى سۈمۈرمىگەن چاغدىمۇ مەلۇم بولىدۇ.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى مېڭە ئەتراپىدىكى ئۆتكۈر خىلىتلاردىن پەيدا بولغان ئۆتكۈر بۇخارات ۋە ھۆللۈكلەر بولىدۇ. ئەگەر بۇ بۇخارات ۋە ماددىلار سوغۇق ھاۋا سەۋەبىدىن بۇرۇن

ئىچىدە تۇسۇلغان بولسا قاتتىق ئېچىششىنى پەيدا قىلىدۇ، لېكىن بەزىدە ئېچىششىنى پەيدا قىلغۇچى ھۆللۈكلەرنىڭ ئومۇمىي بەدەندىن باش تەرەپكە ئۆرلىشىدىن بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن سوغۇق ھاۋا يەتمىسىمۇ كۆيۈشۈش مەلۇم بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە ئۆتكۈر نەزلە بولىدۇ، بەزىدە كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق بولىدۇ ياكى چېچەك ياكى بۇرۇن قاناشنىڭ مۇقەددىمىسى بولىدۇ.

داۋالاش يېمەك - ئىچمەك بىلەن بەدەننىڭ مىزاجى تەڭشىلىدۇ ۋە ئۇ ئۆتكۈر خىلتلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن لەخلەخە پۇرىتىلىدۇ، بۇ، سەندەل، قىزىلگۈل، كافۇر ۋە گۈل يېغىدىن تەييارلانغان بولسۇن. ئەگەر باشقا بەدەندىن بۇ ماددىلار ئۆرلىگەن بولسا، ئىترىفىل يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى يۇمغاقسۈت بىلەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

تىل، كالپۇك ۋە ئېغىز كېسەللىكلىرى

تىلنىڭ تەشرىھى

تىل تەملەرنى تېتىش، سۆزلەش ۋە لوقمىنى ئىلەشتۈرۈش خىزمىتىنى قىلىدۇ. بۇلاردىن تېتىش پائالىيىتى ھەممىدىن مۇھىمدۇر. تىلنىڭ ئالدى تەرىپى ئىنچىكە بولۇپ، بۇ تىل ئۇچى دېيىلىدۇ. تىل ئۇچى ئالدى تەرەپتىكى چىشنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرىدۇ، تىلنىڭ ئارقا تەرىپى كەڭ بولۇپ، تىل تۈۋى دېيىلىدۇ. تىل تۈۋى بىرقانچە مۇسكۇل ۋە تارىمۇشلار ئارقىلىق ئەگمە سۆڭەك ۋە دۆم كۆمۈرچەك بىلەن بىرلىشىپ تۇرىدۇ ھەمدە بەزى مۇسكۇللار ئارقىلىق يۇمشاق تاڭلاي ۋە گال بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. تىلنىڭ ئاستى يۈزى بىر مۇسكۇل ئارقىلىق تۆۋەنكى ئېڭەك بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. تىلدا تىلنى ئەستەرلەپ تۇرىدىغان پەردە بولۇپ، بۇ پەردە تىلنىڭ يان گىرۋەكىدىن ئۆتۈپ چىش مىلىكىگە يېتىپ بارىدۇ ھەمدە بۇ جايدا زىيادە قېلىنلاپ قاتتىقلىشىدۇ. بۇ پەردىنىڭ بىر ئۆسۈكچىسى تىلنىڭ ئاستى يۈزىدە بولۇپ، بۇ تىل تۇتامى دېيىلىدۇ. بۇ، تىلنى ئۈستى تەرەپكە كۆتۈرگەندە ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭ بىر بېشى تىل بىلەن، يەنە بىر بېشى تۆۋەنكى ئېڭەك بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ. تىل مۇسكۇلدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىرئاز ياغسىمان ماددىلار تېپىلىدۇ. تىلنىڭ توقۇلمىسىدا نۇرغۇنلىغان مۇسكۇللار بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن سۆزلىگەندە ھەرخىل ھەرىكەتلەر پەيدا بولىدۇ. تىل گەرچە ئاشكارا بىر ئەزا بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىر تالالىق توقۇلما ئارقىلىق تەڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. تىلنىڭ يۇقىرىقى يۈزىدە نۇرغۇنلىغان چوڭ ـ كىچىك ئۆسۈكچىلەر بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن تىل يۈزى يىرىك بولىدۇ، بۇ، ئەركەك كالا، چىشى كالا ۋە سۇ كالىسىنىڭ تىلىدا ئاشكارا شەكىلدە بولىدۇ. ئۆسۈكچىلەر چوڭ، كىچىك ۋە ئوتتۇراھال دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

چوڭ ئۆسۈكچە بۇ ئۆسۈكچە 8 ~ 10 غىچە بولۇپ، تىل يىلتىزى ئەتراپىغا ئەرەبچە يەتتە «V» ياكى تەتۈر «م» ۋە «8» شەكىللىك جايلاشىدۇ. بۇنىڭ ئۇچى ئارقا تەرەپتە ۋە تۈۋى ئالدى تەرەپتە بولىدۇ، بۇ ھەلەمسىياتۇ مۇخەندىقە دېيىلىدۇ.

كىچىك ئۆسۈكچە بۇ، تىل ئالدىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدا كۆپ بولىدۇ. بۇنىڭ شەكلى كونۇسسىمان ياكى يىپقا ئوخشاش ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بولىدۇ، بۇ ھەلەمىيياتۇ خەيت دېيىلىدۇ.

ئوتتۇراھال ئۆسۈكچە بۇ ئالدىنقىسىغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ بولىدۇ ۋە تىلنىڭ يۇقىرىقى يۈزىدە تېپىلىدۇ، بۇ ھەلەمىييا تۇفتىرىيە دېيىلىدۇ.

تىلغا باشقا ھەرىكەت نېرۋىلىرىدىن سىرت، تېتىش كۈچىنىڭ ئىككى نېرۋىسىمۇ تارقالغان (ت).

تىل ئىششىقى

1. قاندىن بولغان ئىششىق بەزىدە تىلدا ئىششىق قان سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇنىڭ ئالامىتى، تىل قىزىل ۋە پارقىراق بولىدۇ. تارتىشىش بىلەن ئاغرىق بولىدۇ. ئېغىزدىن شۆلگەي ئاز ئاقىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئىششىقنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن قىزىلئۆڭگەچ توسۇلۇپ قالغان بولسا ۋە بىمار دورا قايىنتىلمىسىنى ئىچەلمىسە، يۇمشاتقۇچى ھۆقنىلەر بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. ئىششىقنىڭ دەسلىپىدە كاھۇ، كاسىنە، ئىتئۈزۈمى سۈيىگە ئوخشاش قابىز ۋە سوغۇق دورىلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە بۇ تۈردىكى قابىز دورىلارنىڭ سۈيىدە رەختنى ھۆللەپ تىل ئۈستىگە قويۇلىدۇ، بۇ، ئىششىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئاندىن كاكنەچ، كەرنۇب سۈيى، زىغىر لۇئابى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئىششىق تارقاشقا باشلىسا، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، بىنەپشە قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭغا خىيارشەنبەر مېغىزىمۇ چىلانغان بولسۇن.

2. سەپرادىن بولغان ئىششىق بەزىدە تىل ئىششىقى سەپرادىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، تىل سېرىق بولىدۇ، ئاغرىق ۋە ئېچىشىش كۈچلۈك بولىدۇ، بەزىدە ئىششىق بىلەن بىرگە پۈتۈن تىلغا مۇدۇر چىقىدۇ.

داۋالاش بۇنىڭدا قان ئالماستىن، قاندىن بولغان تىل ئىششىقىنىڭ چارىلىرى قوللىنىلىدۇ.

3. بەلغەمدىن بولغان ئىششىق بەزىدە تىل ئىششىقى بەلغەمدىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى تىلى ئاق، شۆلگىيى كۆپ ئاقىدۇ.

داۋالاش ھۆقنە قىلىنىدۇ، بۇ بىرئاز ئۆتكۈر بولسۇن، لېكىن بەك ئۆتكۈر بولۇپ

كەتمىسۇن. ئايارەج بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، تىلغا ساپ ھەسەل ياكى يالپۇز بىلەن ئايارەجنى قوشۇپ سۈركىلىدۇ، ئىسسىق تەبىئەتلىك مەجۇنلەر يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: مەجۇنى مەسرۇدىتۇس، مەجۇنى بەرشىشا، مەجۇنى سەنجىرىنا قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ.

4. سەۋدادىن بولغان ئىششىق بەزىدە تىل ئىششىقى سەۋدادىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى تىلى قارا ۋە قۇرغاق بولىدۇ، تۈكۈرۈك ناھايىتى ئاز چىقىدۇ.

داۋالاش ئەفتىمۇن قايىنىتىلمىسى بىلەن سەۋدا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئەنجۇر، شۇمشا ۋە زىغىر قايىنىتىلمىسى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭغا بىنەپشە يېغى، ھەسەل، خىيارشەنبەر قوشۇلغان بولسۇن. كاھۇ، كاسىنە ۋە يۇمغاقسۈتىنىڭ سۈيى ئېغىزدا ئۇزۇنىغىچە تۇرغۇزۇلىدۇ، تاكى ماددىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئېشىپ، بۇ ئىششىق سەرتانغا ئۆزگەرمىسۇن.

پايدىلىق سۆز بەزىدە ئەپيۇن، زەھەرلىك موگۇغا ئوخشاش زەھەرلىك نەرسىلەرنى يېيىشتىنمۇ تىلدا ئىششىق پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇنى داۋالاش ئۇسۇلى كىتابنىڭ ئاخىرىدا سۆزلىنىدۇ.

تېتىش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە يوقىلىشى

ئېغىزنىڭ تېتىش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدا كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، بىرەر نەرسىلەرنى تېتىمىسىمۇ شۇ نەرسىنىڭ تەمى مەلۇم بولۇش ياكى نەرسىلەرنى بىمار تېتىپ كۆرسە، ئۇنىڭ ئەكسىچە تەم مەلۇم بولۇشتۇر.

تېتىش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى بەزىدە تېتىش قۇۋۋىتى بۇ دەرىجىدە يوقىلىدۇ، بىمار ئىسسىق ياكى سوغۇقنى ۋە ئاچچىق ياكى تاتلىقنى ئايرىيالمايدۇ.

كۆز، قۇلاق، بۇرۇن ۋە تىلدا ئۇلارنىڭ ئۆز مەخسۇس قۇۋۋەتلىرى بىلەن سېزىش قۇۋۋىتىمۇ چوقۇم تېپىلىدۇ. بۇنىڭ نېرۋا تالالىرى ئايرىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلنىڭ تېتىش قۇۋۋىتى يوقالسىمۇ سېزىش قۇۋۋىتىنىڭ يوقالماسلىقى ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

سەۋەبى بۇ سېزىم قوبۇل قىلىدىغان، تىل ۋە ئېغىز يۈزىگە تارقالغان يۇمشاق نېرۋىلارغا ھۆللۈكنىڭ بېرىشى ۋە ئېغىز يۈزىگە تەسىر قىلىشىدىن بولىدۇ.

داۋالاش ماددىنى پىشۇرۇش ۋە سۈيۈلدۈرۈش مەقسىتىدە دەسلەپتە مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئايارەج پەيقىرا ۋە ھەببى قوقىيا ئارقىلىق مېڭە تازىلىنىدۇ، ئاقىرقەرھا، ياۋا ئۈزۈم ۋە قىچا قايىنىتىلمىسى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، مىزاجنىڭ ئىسسىقلىقى بۇنىڭدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىغان شەرت ئاستىدا. ئەگەر بىرەر ئىش توسقۇنلۇق قىلمىسا، سىركەنجۇۋىل ئەنىسلى ۋە گۈلقەنت بىلەن تازىلىنىدۇ. رىباس①، قىزىلگۈل، سۇماق قاتارلىقلارنىڭ

---

① رىباس — بىر خىل دەرەخ بولۇپ، بۇنىڭ يىلتىزىنى رەۋەن دەپ ئاتايدۇ.

قايىنتىلمىسى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭغا تەرەنجىبىن ۋە ئاچچىقسۇمۇ قوشۇلغان بولسۇن.

تېتىش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى بۇنىڭدا بەزىدە ئېغىز تەمى ئاچچىق بولىدۇ، يەنى ئادەم ئېغىزىدا ئاچچىق تەمنى سېزىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبى زىيادە كۈچلۈك بولسا، ئادەمگە ئاچچىقلىق بىرەر نەرسىنى تېتىماستىنمۇ سېزىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئېغىزغا سالغان ھەممە نەرسە ئاچچىق مەلۇم بولىدۇ. بۇ تىل ۋە ئېغىزدا سەپرانىڭ زىيادىلىكىنىڭ ئالامىتى ۋە دەلىلىدۇر. بەزىدە چۈچۈمەل مەلۇم بولىدۇ، بۇ، چۈچۈمەل بەلغەم قاتارلىقلارنىڭ زىيادىلىكىنىڭ دەلىلىدۇر ۋە بەزىدە ئېغىزنىڭ تەمى تۇزلۇق مەلۇم بولىدۇ، بۇ تۇزلۇق بەلغەمنىڭ غالىبلىقى ۋە كۆپلۈكىنىڭ دەلىلىدۇر.

داۋالاش مۇناسىپ ئۇسۇللار بىلەن ئۇ خىلتلار ۋە ماددىلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، مۇناسىپ دورىلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

خۇددى قۇلاق غوڭۇلداش كېسىلىدە سىرتتا ئاۋاز بولمىسىمۇ قۇلاققا ئاۋازلار ئاڭلانغىنىدەك ۋە كۆزگە ھەر خىل رەڭدىكى شەكىللەرنىڭ كۆرۈنۈش كېسەللىكىدە ھەقىقىي مەۋجۇت بولمىغان ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگىنىدەك، تېتىش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدا تىلغا ھەر خىل تەملەر سېزىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق تەملەردىكى نەرسىلەرنىڭ قەيەردە مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈر ئەمەس، بەلكى ئۇ نەرسىلەر بىلەن نېرۋىلار ۋە نېرۋىلارنىڭ مەركىزىدە بۇ خىلدىكى قوزغىلىش پەيدا بولغانلىقىدىن بولىدۇ. بەزىدە بۇ تۈردىكى قوزغىلىش ئىچكى سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ.

تىل ئېغىرلىقى ۋە سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى

تىل — ئاۋاز چىقىرىش ۋە ھەرپلەرنى ئىپادىلەشتىكى ئەزا ۋە ۋاستىدۇر ھەممە تىل ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى مۇناسىپ بولغان ئەھۋالدا مۇشۇنداق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلى چوڭ، ئېغىر ياكى كىچىك بولسا، ئادەم سۆزلەشكە ۋە بارلىق ھەرپلەرنى پاساھەت بىلەن ئىپادىلەشكە قادىر بولالمايدۇ.

قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇج بۇ كېسەللىك بەزىدە قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇج (تەشەننۇج ئىستىفراغى) تىن بولىدۇ. بۇ، تىل مۇسكۇللىرىنىڭ ئىنتايىن ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلغانلىقىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى ئۆتكۈر قىزىتمىلاردىن كېيىن بۇ ھالەت پەيدا بولىدۇ. تىلى يىگىلگەن بولۇپ تارتىشىپ تۇرىدۇ.

بۇ تۈرنىڭ ئىلاجى يوق. بۇنىڭ سەۋەبى ئومۇمىي بەدەنلىك تەشەننۇجتا مېڭىنىڭ باشقا كېسەللىكلىرى بىلەن سۆزلىنىپ بولدى. لېكىن ھەرھالدا ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى ياغلار، يۇمشاتقۇچى لوئابلار ۋە ھايۋانات ياغلىرى بىلەن داۋالىنىدۇ. ياغلاردىن بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى، تاتلىق بادام يېغى قاتارلىقلار ئىلمان ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ، لوئابلاردىن كىنۇچە ئۇرۇقى لوئابى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ھايۋانات ياغلىرىدىن توخۇ يېغى، ئۆردەك يېغى قاتارلىقلارنى ئېغىزدا قويۇش، ئۇلار بىلەن غار - غار قىلىش، تىل ئۈستىگە سۈركەش، باش ئۈستىگە نۇتۇل قىلىش، گەدەن، باش ئارقىسى ۋە قۇلاق تۈۋىنى ئۇلار بىلەن ئۇۋۇلاش لازىم.

تىل ئىستىرخاسى بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى خاس تىلدا ئىستىرخا پەيدا بولغانلىقتىن بولىدۇ. بۇنىڭدا مېڭە ساغلام بولىدۇ.

بۇنىڭ ئالامىتى مېڭىدىن ھېس - ھەرىكەت ئالىدىغان ئەزالارنىڭ ھېس ۋە ھەرىكەتلىرى نورمال بولىدۇ. تىلنىڭ سەزگۈلىرى يوقىلىدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە بەدەن تازىلىنىدۇ، قارىمۇچ، نۆشۈدۈر، قىچا، ئاقىرقەرھا، تاغ پىننىسى، توغرىغۇ ۋە تۇز قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ تىلغا سۈركىلىدۇ، مەزكۇر دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە قۇلاق ئەتراپى ئىككى تەرەپ جاغ ئۈستى داغلىنىدۇ.

پالەچ بەزىدە مېڭە بىلەن باغلىنىشلىق ھالدا تىلنىڭ بوشىشىپ كېتىشىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى، باشقا كېسەللىكلەر كۆرۈلمەي، دەسلەپتىلا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: بۇنىڭدىن ئىلگىرى تەشەننۇج كۆرۈلمەيدۇ. سەزگۈلىرى ۋە بەدەن ھەرىكەتلىرى سۇسلىشىدۇ. بىمارنىڭ تىلى بوشىشىدۇ. شۆلگىيى ئاقىدۇ. ئىستىرخا قاتتىق بولسا بىمار سۆزلىيەلمەيدۇ. ئۇنداق بولمىسا تىلدا كېكەچلىك پەيدا بولىدۇ. كۆپىنچە بىمارنىڭ سۆزلىرى تىت، تىت، تىت چىقىدۇ، بۇ كېكەچلىك دېيىلىدۇ.

داۋالاش ھەبلەر، ئايارەجلەر، غار - غارلار بىلەن مېڭە تازىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىقچېچەك يېغى ۋە بابۇنە يېغى بىلەن تاكى ماددا يۇمشاپ تارقالغۇچە غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، باش ئارقىسىغا قايناق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىرەر تارقاتقۇچى ياغ، مەسىلەن: ئۆرۈك مېغىزى يېغى باشقا قۇيۇلىدۇ (بۇنىڭ ئۇسۇلى باش ئاغرىقىدا سۆزلىنىپ بولدى).

سەرسام ۋە بەرسام بەزىدە تىل ئېغىرلىقى ۋە سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى سەرسام ۋە بەرسامدىن كېيىن مېڭىدىكى ماددىلارنىڭ بوھران يولى بىلەن نېرۋىلار تەرەپكە قۇيۇلۇشىدىن بولىدۇ. ئەگەر بۇ تۈرى سوزۇلما بولسا، داۋالىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىك سوزۇلما

هالەتكە ئۆزگەرمىگەن بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن تىل ئۈستىگە شۆلگەي ئاققۇزغۇچى ۋە قويۇق ماددىنى سۇيۇلدۇرغۇچى **لاھۇر تۇزى ۋە نۆشۈدۈر قاتارلىقلار** پايدىلىق بولىدۇ.

تىل ئاستىدىكى تارىمۇشنىڭ قىسقىلىقى بەزىدە بۇ تىل ئاستىدىكى تارىمۇشنىڭ تۇغما ۋە بىرەر زەخىم ساقايغاندىن كېيىن قىسقىراپ قالغانلىقىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەرپلەرنى چىقىرىپ ئىپادىلەشتە ۋە سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىشتا، تىل كېڭىيەلمەيدۇ ۋە ئېغىز ئىچىگە ياخشى قايتالمايدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى تارىمۇش تىلنىڭ ئۇچىغىچە چاپلىشىپ تۇرىدۇ. بەزىدە تىلنىڭ ئۇچى بۇ تارىمۇشتىن خالىي بولسىمۇ، لېكىن تىل تولۇق كېڭىيەلمەيدۇ (چۈنكى تىلنىڭ ھەرىكىتى ئۈچۈن تىلنىڭ ئۇچى بۇ چاپلىشىشتىن ئازاد بولۇشى لازىم).

داۋالاش بۇ تارىمۇش تىلنىڭ ئۇچى تەرەپتىن توغرىسىغا نەشتەر بىلەن بىرئاز تىلىنىدۇ، لېكىن نەشتەرنىڭ چوڭقۇرلاپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. ئۇنداق بولمىسا قىزىل قان تومۇر كېسىلىپ كېتىپ، قاننى توختىتىش قىيىن بولىدۇ. بۇ تارىمۇشنى كېسىشتە تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلىنىدۇ:

بۇنىڭ بايانى سۆزلىنىپ بولغانىكى، تىل ئېغىزدىن چىقىرىلىپ، تاڭلاي تەرەپكە ئېگىلىدۇ. بۇ چاپلىشىپ قالغان تارىمۇشنى كېسىش بىلەن تىل تولۇق ئازادلىقكە ئېرىشىدۇ. كەسكەندىن كېيىن قان توختىتىش مەقسىتىدە سوقۇلغان زەمچە ۋە قۇرۇق دورىلار سېپىلىدۇ.

قاتقان ئىششىق ۋە تۈگۈنچە: بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى تىلغا ھەرىكەت بەرگۈچى نېرۋىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى، باش ئارقا تەرىپىگە زەربە تېگىش ياكى بىرەر نەرسە چۈشۈشتىن كېيىن تۇيۇقسىز بۇ كېسەللىك ئاشكارا بولىدۇ. بەزىدە بۇ نېرۋا ئۈزۈلۈشىنىڭ سەۋەبى بىرەر ئۆتكۈر ۋە كەسكۈچى ماددىنىڭ بۇنىڭغا قويۇلۇشى بولىدۇ. بۇ تۈرنى داۋالاش مۇمكىن ئەمەس.

تىلنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى

بەزىدە تىل ئېغىز بوشلۇقىغا پاتمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭىيىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامى تىل ساڭگىلاش (ئىزلائ لسان) دەپ قويۇلغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئىككىلەمچى ھۆللۈكلەرنىڭ مېڭىدىن قويۇلۇپ تىلنى قاپلىۋالغانلىقى بولىدۇ. بۇ ئېسىلىشنىڭ تۈرىدىن بولۇپ ئىششىق ئەمەس.

داۋالاش ئەگەر ئىسسىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلسا ۋە ئۇ قاننىڭ ھۆللۈكلىرى بولسا قان

ئېلىنىدۇ، ئاندىن تىل ئۈستىگە ماددىنى سۈيۈلدۈرگۈچى ۋە ھۆللۈك ئاققۇزغۇچى نەرسىلەر سۈركىلىدۇ. مەسىلەن: مەسەل، تۇرۇنجى سۈيى، ئاچچىق ئانار قاتارلىقلار. ئەگەر ئىسسىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى بولمىسا، يەنى بۇ بەلغەمنىڭ سۈيۇق ھۆللۈكلىرى بولسا، ئايارەجلەر ئارقىلىق دەسلەپتە ئۇلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن تىل ئۈستىگە تۇز ياكى زەنجىۋىل ياكى نۆشۈدۈر سىركە ۋە رەخبىيىن (قېتىقنىڭ چۈچۈمەل سۈيى) بىلەن سۈركىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تىل كىچىكلەپ ئەسلىي ھالىتىگە كېلىدۇ.

مەسەل — قايىنىتىپ قويۇلدۇرۇلۇپ ئاندىن بۇنىڭغا تۇز سېلىپ، ھەتتا بۇ قۇرۇپ ۋە ئىنتايىن چۈچۈمەل دەرىجىگە بارغۇچە ئاپتاپتا قويۇپ تەييارلانغان قېتىقتۇر.

بەزىدە تىل چوڭىيىش تۇغما بولىدۇ. بۇ ئېسىلىش تۈرىدىن ھەمدە ئىششىق تۈرىدىن بولمايدۇ. بۇنى داۋالىغىلى بولمايدۇ.

تىل ئاستىدا پاقىسىمان ئۆسمە پەيدا بولۇش

بۇ خىل ئۆسمە تىل ئاستىدىكى بىر قاتتىق بەزدەك بولىدۇ. بۇنىڭ رەڭگى تىل ئۈستىنىڭ رەڭگى ۋە بۇنىڭ تومۇرلىرىنىڭ رەڭگى بىلەن بىرلىشىپ پاقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامىمۇ پاقىسىمان ئۆسمە دەپ قويۇلغان. بەزى كىشىلەر بۇنىڭ نامىنى ئۇنىڭ شەكلى پاقىنىڭ بېشىغا ئوخشاش بولغانلىقى سەۋەبىدىن مۇشۇنداق ئاتىغان. ئەگەر بۇ بەز چوڭىيىپ كەتسە سۆزلەش قىيىنلىشىدۇ.

داۋالاش ئەگەر قان كۆپ بولسا قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، مۇسھىل بېرىلىدۇ، ماددىلارنى سەرخىللاشتۇرغۇچى، يۇمشاتقۇچى دورىلار، مەسىلەن: يالپۇز، زۇپا، نەمەك قاتارلىقلار ئانار پوستى بىلەن بېرىلىدۇ، گۆش يېگۈچى دورىلار، مەسىلەن: كۆيدۈرۈلگەن نۆشۈدۈر، زەمچە، زەنگار، بىخ سەۋسەن، مۇرمەككى قاتارلىقلارنى سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەزگە سۈركىلىدۇ.

ئەگەر بۇ چارىلەر ئۈنۈم بەرسە بەك ياخشى، ئۈنۈم بەرمىسە ئۇنى يېرىپ بەز چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭ ھالىتى دەسلەپتە تىل ئاستىدىكى ئىككى قىزىل قان تومۇر زارە ئارقىلىق قايتۇرۇلىدۇ، تاكى نەشتەر ئۇنىڭغا تەگمىسۇن، ئۇنداق بولمىسا قان شۇنچىلىك ئاقىدۇكى، توختىتىش قىيىن بولىدۇ. كېيىن سىركە ۋە سۇ بىلەن ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن زەخمنى پۈتتۈرگۈچى دورىلارنىڭ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ.

تىل يېرىلىش

باشتىكى ئەزالارنىڭ قۇرۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش: بۇ كېسەللىك باش ۋە مېڭىنىڭ مىزاجىدا قۇرۇقلۇق تىلدا قۇرۇقلۇق پەيدا بولغۇدەك غالىبلىقنى ئىگىلىگەن ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. ھەتتا تىل يېرىلىدۇ. بۇنىڭدا چوڭقۇر يېرىقلار كۆرۈنۈپ قالىدۇ، بۇ ساقايغىچە بىرەر نەرسىلەرنى يېيىش قىيىنلىشىدۇ. بەزى چۇچۇمەل، تۇزلۇق نەرسىلەرنى يېگەندە ئاغرىپ كېتىدۇ ۋە قاتتىق كۆيۈشۈش سېزىمى پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئۆتكۈر نەرسىلەر تىلغا چاپلىشىپ قالىدۇ ۋە يېرىۋېتىدۇ.

داۋالاش ئىسپىغۇل ۋە ئازراق شېكەر ئېغىزدا قويۇلىدۇ، ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، بىمارنىڭ غىزاسىغا كاللا - پاچاق بېرىلىدۇ، تىل ئۈستىگە بەگەنەي كۆپۈكى سۈركىلىدۇ، بەگەنەي كۆپۈكى ئۇنى كەسكەندە ۋە ئۆزئارا سۈركىگەندە چىقىدۇ. بىنەپشە يېغى بىلەن قىرۇتى سۈركىلىدۇ.

ھەزىم بۇزۇلۇشتىن بولغان تىل يېرىلىش بەزىدە تىل ئاشقازاندىكى كۆيگەن ماددىلاردىن بۇزۇق ماددىلار ۋە بۇخاراتلار ئۆرلىگەنلىكى سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ تىل ھۆللۈكىنى قۇرۇتۇپ ئۇنى يېرىۋېتىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، سېسىق كېكىرىدۇ ۋە ئېغىز تەمى ئۇ خىلتلارنىڭ تەمىگە مۇۋاپىق ئۆزگىرىدۇ، بەزىدە بۇ خىلتلار قۇسۇق ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.

داۋالاش مۇناسىپ دورىلار ئارقىلىق ئاشقازان تازىلىنىدۇ، سەرپىستان شۈمۈلىدۇ.

تىلنىڭ كۆيۈشۈشى

سەۋەبى ① ئاشقازاننىڭ ھاراريتى ئېشىپ كېتىشتىن بولىدۇ، بۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ؛ ② مېڭىنىڭ ھاراريتى ئېشىپ كېتىشتىن بولىدۇ؛ ③ ئۆتكۈر تەملىك نەرسىلەرنى ياكى ئاچچىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن بولىدۇ، بۇ، تىل ھۆللۈكىنى قۇرۇتىۋېتىدۇ؛ ④ مەلۇم ئۆتكۈر خىلتنىڭ قۇيۇلۇشىدىن بولىدۇ.

داۋالاش سوغۇق تەبىئەتلىك ئۇسارىلەر، مەسىلەن: سېمىزئوت ئۇسارىسى، كۆك يۇمغاقسۈت ئۇسارىسى، سوغۇق تەبىئەتلىك لۇئاب، مەسىلەن: ئىسپىغۇل لۇئابى ۋە شۇنىڭدەك سوغۇق تەبىئەتلىك مېغىزلار، مەسىلەن: تەرخەمەك مېغىزى، تاتلىق بادام مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى

مېغىزى ۋە قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلار شۇمۇلىدۇ، غار - غار قىلدۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئۆتكۈر ماددا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. بادام مېغىزى ئىسسىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئورۇندا ياغ تەركىبلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن مەنپەئەتلىكتۇر.

تىل قىچىشىش

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى ئېچىشتۇرغۇچى، كۆيدۈرگۈچى ئۆتكۈر خىلىتلار (ئۆتكۈر، كۆيگەن ۋە چاپلاشقاق خىلىتلار) نىڭ ئاشقازانغا قۇيۇلغانلىقىدىن بولىدۇ. مەيلى ئۇ باش ئەتراپىدىن قۇيۇلغان ياكى بۇ ئاشقازان ۋە بەدەندىن تىل تەرەپكە ئۆرلىگەن بولسۇن.

ئالامىتى تىل قىزىل بولىدۇ. ئادەم تىلىنى چىش بىلەن قاشلىماي تۇرالمايدۇ. ئىسسىق سۇدىن راھەتلىنىدۇ.

داۋالاش بۇ ماددىلار دەسلەپتە بەدەندىن تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئىسسىق سۇ بىلەن ئېغىزنى چايقىغاندىن كېيىن سۈت بىلەن ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ، سۈتكە ئازراق شېكەر سېلىنغان بولسۇن. ئاندىن سىركە ۋە گۈل يېغى بىلەن ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ ھەم سېرىق ھېلىلىنى سوقۇپ تىلغا سۈركىلىدۇ ۋە چايناتقۇزۇلىدۇ.

تىل تېرىسى سويۇلۇش

تىل، تاڭلاي، ئېغىز بۇرجىكى ۋە چىش مىلىكىدىن قاسراق چۈشۈشىنىڭ سەۋەبى، بەدەندىن بۇ ئەزالار تەرەپكە ئىسسىق خىلىتلارنىڭ ئۆرلىگەنلىكىدىن بولىدۇ. بۇ، ئۇ ئەزالارنىڭ پەردىسىنى كۆيدۈرۈپ قۇرۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلاردىن نېپىز قاسراقچىلار سويۇلۇپ چۈشىدۇ.

ئالامىتى ئەگەر ھەرقانداق رەخت بىلەن ئىنسان ئېغىزىنى سۈرتسە ياكى تاڭلايغا سۈركىسە، بۇنىڭدىن نېپىز قاسراقلار ئاق پىيازنىڭ پوستىغا ئوخشاش، ئاغرىماستىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ. ھېلىلە قاينىتىلمىسى بىلەن ئىستىفراغ قىلىنىدۇ، سىركىدە ئاس يوپۇرمىقى، گۈلنار، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى قاينىتىپ ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ، بۇنى داۋالاشتا تۇتۇش قۇۋۋىتى ۋە يۇمشىتىش قۇۋۋىتى بار نەرسىلەر ياخشىراقتۇر.

ئېغىز مۇدۇر - چاقىسى

بۇ، قاندىن پەيدا بولىدۇ. قانغا ئاز مىقداردا سەپرامۇ ئارىلاشقان بولىدۇ. ئاغرىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن غىزالار ۋە باشقا نەرسىلەرنى چايناش مۇمكىن بولمايدۇ.

ئېغىز يارىسى

ئېغىز يارىسى ئېغىز ۋە تىل پەردىسىنىڭ سىرتقى قەۋىتىدە پەيدا بولىدىغان يارا ياكى زەخىمدۇر. بۇ پۈتۈن ئېغىزنى قاپلاپ كېتىدۇ. بەزىدە ئاشقازان ۋە قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئىچكى قەۋىتىگىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ماددىلارنىڭ ناچارلىقىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئېغىز زەخمىسى هارارەت ۋە هۆللۈكنىڭ بىرگە بولۇشى هەم تېرىنىڭ يۇمشاق بولۇشى سەۋەبلىك ئىختىيارىي كېتىدۇ.

يامرىغۇچى گۆشخور چاقا: ئىچى چوڭقۇر بولغان زەخىمنى جالىنۇس ئېغىز يارىسى دەپ ئاتىماستىن ناچار يارا، دەپ ئاتىغان. بۇ زەخىملەرنىڭ نامى كۆپ تېۋىپلارنىڭ كۆزقارىشىدا گۆشخور هەم يامرىغۇچىدۇر.

ئومۇمىي هالەتلەر: بۇ كېسەللىكتە ئېغىزدا كۆيۈشۈش ۋە ئاغرىق بولىدۇ، شۆلگەي ئاقىدۇ. ئېغىزدىن سېسىق پۇراق چىقىدۇ، ئۇسسايدۇ، ئىشتىهاسى يوقىلىدۇ. تىلى گەز باغلايدۇ، قۇسىدۇ ۋە ئىچى سۈرىدۇ، ئېغىزدىن ئاق هۆللۈك چىقىرىۋېتىلسە، ئۇنىڭ يۈزىدىن زەخىم مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭ مۇدۇر - چاقىلىرى ياكى قاپارتمىلىرى ئومۇمەن ئېغىز بۇرجىكىدە، لەۋلەرنىڭ ئىچىدە ۋە تىل ئاستىدا بولىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا گال، قىزىلئۆڭگەچ ۋە بەزىدە ئاشقازانغىچە كېتىدۇ، بۇ سەۋەبتىن سۆزلەش، يۇتۇش ۋە نەپەس ئالغاندا ئاغرىش كۆرۈلىدۇ. تېنى ئاجىز باللاردا زەخىم كېتىپ، تارقالغان ئورۇندىكى توقۇلمىلارنى بۇزۇۋېتىدۇ. چۈنكى بۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر. شۇ سەۋەبتىن بەزى ۋاقىتلاردا بالىنىڭ ئانىسىنىڭ ئەمچەك تۈگمىسىدىمۇ بۇ خىل مۇدۇر - چاقا ياكى داغ پەيدا بولىدۇ.

قاندىن بولغان ئېغىز يارىسى: بەزىدە ئېغىز يارىسى قاندىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى قىزىقلىق ۋە قىزىللىق بولىدۇ. ئېغىز پەردىسى كۆپۈشىدۇ.

داۋالاش قىيفال ياكى ئېڭەك ئاستىدىكى تومۇر ياكى تۆت تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، هېلىلە ۋە شاهتەررە قايناتمىسى بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. سۇماق سۈيى ۋە سىركە بىلەن

ئېغىزى چايقىتىلىدۇ، بۇنىڭدا مەزكۇر دورىلار قاينىتىلغان بولسۇن. مەسىلەن: قىزىلگۈل، يۇمغاقسۈت، مەسۇر قاتارلىقلار. قىزىلگۈل، سۇماق، يۇمغاقسۈت، ئانار گۈلى، تاباشىر، نوقۇت، كافۇر قاتارلىقلارنى ئېزىپ، زەخىملەر ئۈستىگە سېپىلىدۇ ۋە ئېغىزدا تۇرغۇزۇلىدۇ. چۈنكى ئېغىز ئىچىدىكى ھارارەت ۋە ھۆللۈك زىيادە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زەخىمدە بۇزۇلۇش تېز بولىدۇ. ئەگەر بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن سېسىق پۇراق كۈچلۈك بولسا سىركە، نۆشۈدۈر، زەمچە، تۇز ۋە باشقا ئۆتكۈر كۆيدۈرگۈچى دورىلار بىلەن ئېغىز چايقىتىلىدۇ. بۇ بۇزۇق، پاسكىنا توقۇلمىلارنى يەپ، ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ ۋە زەرداب سۇنى قۇرۇتىدۇ. ئەگەر سىركىنى ئىشلەتكەندە كۆيۈشۈش سېزىمى پەيدا بولۇشتىن ئەندىشە بولسا، بۇنىڭ ئورنىغا زەپەر سېلىنىدۇ.

ھۆللۈكتىن بولغان ئېغىز يارىسى: بەزىدە تۇزلۇق بەلغەمى ھۆللۈكلەرنىڭ تۇزلۇقلۇقى سەۋەبىدىن ئېغىز يارىسى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى: مۇدۇر - چاقىلارنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ. يېنىك ئاغرىيدۇ ۋە بۇ سۇلۇق ئىششىقلارغا ئوخشاش بولىدۇ، ئېغىز پەردىسى قېلىنلىغاندەك مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش ھەببى سەبرە بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. ئاقىرقەرھا ۋە ياۋا ئۈزۈمنى قاينىتىپ سۈيىدە ئېغىز چايقىتىلىدۇ، سىركىدە مامىرانچىنى، ھېلىلە ۋە ئاقىرقەرھانى قاينىتىپ ئېغىز چايقىتىلىدۇ.

سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئېغىز يارىسى بۇ تۈرى سەۋدا ۋە ئىسسىقتىن كۆيگەن ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ. بۇ پۈتۈن تۈرلىرى ئىچىدە ناھايىتى ناچار بولىدۇ.

ئالامىتى تىل رەڭگى قارا، ئاغرىق ۋە كۆيۈشۈش سېزىمى كۈچلۈك بولىدۇ.

داۋالاش ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ، دەسلەپتە كالا پاچىقى يىلىكى تىلا قىلىنىدۇ. ئاندىن خېنە يوپۇرمىقىنى قايتا - قايتا چايناش بۇيرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سىركىدە سوغۇق تەبىئەتلىك ۋە قابىز دورىلارنى قاينىتىپ ئېغىزنى چايقىتىلىدۇ، موزا، ئانار پوستى، ئانارگۈلى، سۇماق، قۇرۇق يۇمغاقسۈت قاتارلىقلارنى سىركىدە قاينىتىپ ئېغىز چايقىتىلىدۇ.

ماھىيىتى بۇ يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، ئۇششاق، كۆل رەڭ ياكى ئاق رەڭلىك مۇدۇر - چاقا ياكى ئەسۋە چىش مىلىكلىرى، تىل، ئىككى لەۋ ۋە مەڭزىنىڭ ئىچكى يۈزىگە چىقىدۇ. بۇ ئاشكارا ئۇششاق قاپارتمىدەك مەلۇم بولىدۇ. لېكىن قولدا سىلىغاندا قاتتىق سېزىلىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن كىچىك - كىچىك زەخىم پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئەتراپىدا قىزىللىق كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قېتىققا ئوخشاش ئاق رەڭلىك سۇيۇقلۇق ئۇيۇپ قالىدۇ.

سەۋەبى ئادەتتە بۇ كېسەللىك ھەزىم پائالىيىتى بۇزۇلغانلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە سۈت ئېمىۋاتقان بالىلاردا چىش چىقىۋاتقان كۈنلەردە كۆرۈلىدۇ. جۈملىدىن ئانا سۈتىنىڭ ئورنىدا كالا، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ سۈتى بىلەن بېقىلغان بالىلاردا بولىدۇ. بەزىدە نۇقرەس كېسەللىكلىرىدىنمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. بەزىدە سۆزنەك ياكى سىفلىس كېسەللىكلىرىدە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن ياكى سىماب قاتارلىقلارنى ئىچىدىن ئىستېمال قىلغانلىق سەۋەبىدىن، بۇ خىل شىكايەت بولىدۇ ھەم سىل كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ۋە بەزى قىزىتمىلارنىڭ دەۋرلىرىدە ئېغىز يارىسىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. ساغلام ئادەملەردە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆپلۈكىمۇ بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى بولىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئاۋۋال كېسەللىكنىڭ ئەسلىي سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشىلىدۇ، ئەگەر قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولغان بولسا، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

سوۋۇتقۇچى نۇسخا: ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى، بەش گىرام چىلانىنى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ، لوئابى ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى نىلۇپەردىن 48 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتمۇ بولسا، نىلۇپەر شەربىتىنىڭ ئورنىغا 48 گىرام قىزىلگۈل گۈلقەنتىنى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. تۆۋەندىكى نۇسخىلاردىن بىرەر زەرۇر نۇسخىسى تەييارلىنىدۇ ۋە كۈندە بىرنەچچە قېتىم سۇلۇق قاپارتمىلارنىڭ ئۈستىگە سېپىلىدۇ.

زەرۇر نۇسخىسى (1): زەرۋەرد، ئاق قۇستە، لاچىندانە ھىندى، كاۋاۋچىن، تاباشىر ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ، يۇمشاق قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

زەرۇر نۇسخىسى (2): تاتلىق ئانار پوستى، ئاچچىق ئانار پوستى، سېرىق ھېلىلە پوستى ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، سۇماق 1.5 گىرام، زەرچىۋە ئۈچ گىرام، لاھۇر تۇزى 1.5 گىرام، نۆشۈدۈر بىر گىرام. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، كونا سىركىدە يۇغۇرۇپ، قۇرۇتۇپ ۋە يۇمشاق ئېزىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرۇر نۇسخىسى (3): ئادەم چېچى كۈلى بىر گىرام، كۆيدۈرۈلگەن ئەنسىل پوستى ئالتە گىرام، قورۇلغان رەيھان ئۇرۇقى ئۈچ گىرام، كافۇر 1.5 گىرام. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېزىپ تاسقاپ ئىشلىتىلىدۇ.

زەرۇر نۇسخىسى (4): كۆك يۇڭنى كۆيدۈرۈپ، زەرۇر شەكلىدە سېپىشمۇ پايدىلىق. ئەگەر

ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا تۆۋەندىكى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ. نۇسخا: خۇبسۇلھەدىدە كۇشتىسىدىن ئىككى بەرەنجى يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، بەش گىرام تۇخۇمى كۇشۇش قاتارلىقلارنى 168 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ سۈزۈپ، قەۋزىيەت بولمىسا ئاق ناۋاتتىن 48 گىرام، قەۋزىيەت بولسا گۈلقەنت قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە تاماقتىن كېيىن ھەببى كەبەد نۇشدارى ياكى ھەببى پىپتەدىن ئىككى تالدىن ئىككى ۋاخ يېگۈزۈلىدۇ ۋە مەزكۇر زەرۇر نۇسخىلىرىدىن بىرەر نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر سۈت ئېمىۋاتقان بالا بولسا، ئۇنىڭ ئاشقازىنىنى ياخشىلاش ۋە ئاشقازانىنىڭ ھەزىم خىزمىتىنى نورماللاشتۇرۇش تەرەپكە يۈزلەندۈرۈلىدۇ ھەم بۇ مەقسەت ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا: ئۈچ گىرام جاۋارىش مەستىكىنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن 1.5 گىرام لاچىندانە ئۇرۇقى، ئىككى گىرام بەدىياننى 48 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ، ئېزىپ شىرىسىنى چىقىرىپ سۈزۈپ، 12 گىرام ئاق ناۋات قوشۇپ ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم ئۈستىدىكى زەرۇر نۇسخىسىدىن مەلۇم بىر نۇسخىنى تەييارلاپ، بالىنىڭ ئېغىزىغا سىپىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر نۇقرەس، سۆزەنەك، سىفلىس قاتارلىق كېسەللىكلەردىن بىرى بۇنىڭغا سەۋەب بولغان بولسا، بۇنى داۋالاشتا ئەسلىي سەۋەبكە قارىتا چارە قىلىنىدۇ، ئەگەر سىماب ئىستېمال قىلىشتىن بۇ كېسەللىك يۈز بەرگەن بولسا، بۇنى داۋالاشنى سىفلىسنىڭ بايانىدىن كۆرۈڭ.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى تەپلەر بولغان بولسا ۋە قايسى تۈردىكى تەپ بولسا، بۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىلاجى قىلىنىدۇ.

غىزا ۋە پەرھىز بىمارنى ئوزۇقلاندۇرۇشتا سوغۇق، لەتىپ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان نەرسىلەردىن سۈت، ساگۇدانە، ئارپا ئېشى، پەلكا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك ئوتياش، كۆكتات ۋە ئۈندۈرمە بۇنىڭغا زىيادە پايدىلىق بولىدۇ. پالەك، سېمىزئوت، قاپاق، ماشنىڭ يۇمشاق ئۇنىمۇ بېرىلىدۇ. تۇزلۇق، چۈچۈمەل، مايلىق، تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر سېلىنغان، تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەل پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆرسەتمە ئەگەر بىمار سۈت ئېمىۋاتقان بالا بولسا ئۇنى پاكىز بېقىش، سۈت ئىچكۈزىدىغان قاچىنى قايناق سۇ بىلەن يۇيۇپ، بالىغا شۇ قاچىدا سۈت ئىچكۈزۈش، سۆزەنەك، سىفلىس بولغان بىمارلاردا ئەگەر سىماب ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن، بۇ كېسەللىك يۈز بەرگەن بولسا، سىماب چۈشكەن دورىلارنى ئىشلىتىشنى توختىتىش لازىم، ئۇنداق بولمىسا چىش مىلىكى بۇزۇلۇشنىڭ خەتىرى بولىدۇ.

ئېغىز گۆشخور چاقىسى (ئاكىلە فەم)

ئاكىلە: بۇ، گۆشخور چاقا بولۇپ، يارا شەكىللىك زەخىم بولىدۇ. پەرق پەقەت شۇكى، قىسقا مۇددەتتە ئېغىز ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان ئورۇنلارغا تارقىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ماددىسى بۇزۇق بولىدۇ ۋە سېسىق پۇرايدۇ. بۇنىڭدا چىرىش بولىدۇ①.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى بۇزۇلغان، غىدىقلىغۇچى، ئۆتكۈر، يېگۈچى خىلىتلار بولىدۇ. بۇ، چىش مىلىكلىرى تەرەپكە باش تەرەپتىن قۇيۇلىدۇ. باشقا پۈتۈن بەدەندىن ئۆرلەيدۇ. چىش مىلىكى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بۇ ماددىنى قوبۇل قىلىپ ئوفۇنەتلىنىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، ئەفتىمۇن قايناتمىسى بېرىپ ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. سىركە، سۇماق سۈيى، پىشقان ئۈزۈم رۇببىسى ۋە تۇتۇش قۇۋۋىتى ھەم قۇرۇتۇش قۇۋۋىتى بولغان باشقا داغلىغۇچى دورىلار بىلەن بۇنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭىيىشى توختىغىچە ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ. پەلدىپىيۇن ۋە سۆرۈنجان (مۇرەككەپ دورا) بىلەن داۋالىنىدۇ، تاكى ئۆزگەرگەن، بۇزۇلغان گۆشلەر يوقالسۇن ۋە يىرىڭ، يىرىڭ قاتارلىقلاردىن زەخىم تازىلانسۇن، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا يېڭى، ياخشى گۆش پەيدا بولىدۇ ۋە زەخىم پۈتىدۇ.

پەلدىپىيۇن نۇسخىسى: سۇ تەگمىگەن ھاكتىن بىر ھەسسە، قىزىل زەرنىخ، توغرىغۇ، ئۆشنە، ئاقاقىيا ھەربىرىدىن يېرىم ھەسسىدىن ئېلىپ، سوقۇپ سىركىدە يۇغۇرۇپ، ھەب قىلىپ قۇرۇتۇپ تەييارلاپ، زۆرۈر بولغاندا سوقۇپ ئۇندەك قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا سېپىلىدۇ.

سۆرۈنجان نۇسخىسى تاتلىق ئانار پوستى، ئاچچىق ئانار پوستى، موزا، ئانارگۈلى، زەمچە مىسرى، خام قەغەز كۈلى، ئاقىرقەرھا ھەربىرىدىن 35 گىرامدىن، نەمەكى لاھۇر، نۆشۈدۈر ھەربىرىدىن 17.5 گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، ھەببۇلئاس سىركىسىدە ھەب قىلىپ قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

ئېغىز شۆلگىيى

ئېغىز شۆلگىيى: بۇ، ئېغىزدىكى مەخسۇس بەزلەردىن پەيدا بولىدىغان ھۆللۈكتۇر. بۇ ھۆللۈكنىڭ پايدىسى، تاكى تىلنىڭ ھەرىكىتى ئاسان بولسۇن ۋە نەرسىلەرنىڭ تەمى بۇ ھۆللۈك بىلەن بىرلىشىپ، تىل توقۇلمىسى ئىچىگە تېز سىڭىپ كىرىشى ئۈچۈن ھۆللەپ تۇرۇشتۇر

---

① مۇشۇ يەردە ئەسلىي كىتابنىڭ مەزكۇر مەزمۇنى تەكرار بولغاچقا، تەكرار قىسمى تەرجىمە قىلىنمىدى — ت.

ھەمدە بۇ قۇرۇق نەرسىلەرنىڭ گالدىن تۆۋەنلىشىگە ناھايىتى ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭدا بىر تۈرلۈك مەخسۇس ھەزىم قىلىش كۈچى بولىدۇ. بۇ مەخسۇس غىزا تەركىبلىرىنى ھەزىم قىلىدۇ. شۆلگەي پەيدا قىلغۇچى بەزلەر ھەر تەرەپتە ئۈچتىن بولىدۇ. ① قۇلاق ئاستى بېزى؛ ② ئېڭەك ئاستى بېزى؛ ③ تىل ئاستى بېزى.

قۇلاق ئاستى بېزى بۇ غۇددە تۇننەكفى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىقى كېسىلى مۇشۇ بەزدە بولىدۇ. بۇ بەزنىڭ كۆپ قىسمى قۇلاق تۈۋىدە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامىنى قەدىمكى زاماندا ئۆتكەنلەر «قۇلاق تۈۋى» دەپ ئاتىغان ھەمدە قۇلاق ئارقىسىدىمۇ بۇنىڭ ئاز قىسمى بولىدۇ. بۇ، شۆلگەي بەزلىرى ئىچىدىكى ھەممىدىن چوڭ بەزدۇر. بۇنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 18 ~ 30 گىرامغىچە بولىدۇ. بۇ بەز تېرە بىلەن ناھايىتى يېقىن بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭ كۆپلىگەن قىسمى تۆۋەنكى جاغ سۆڭەك بۇرجىكىگە ئورۇنلاشقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ بەزدە بىر نەيچە ئارقىلىق ئېغىزغا قۇيۇلىدىغان ھۆللۈك پەيدا بولىدۇ. بۇ نەيچە بۇنىڭدىن باشلىنىپ گال ئىچكى يۈزى يۇقىرىقى جاغ ئىككىنچى چوڭ ئېزىق چىش ئۇدۇلىغا ئېغىز ئاچىدۇ. بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2.5 قىرات، توملۇقى قاغىنىڭ ئادەتتىكى پېيىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ.

ئېڭەك ئاستى بېزى بۇنىڭ يەنە بىر نامى شۆلگەي پەيدا قىلغۇچى بولۇپ، تىل تۈۋىدە بولىدۇ. بۇنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 7 ~ 8 گىرام باراۋىرىدە بولىدۇ. ئەگەر بىر سىزىق ئېڭەك سۆڭەكتىن باشلاپ تۆۋەنكى جاغ بۇرجىكىگىچە (بۇ قۇلاق ئەتراپىدا بولىدۇ) تارتىلسا، بۇ سىزىقنىڭ تەخمىنەن ئوتتۇرىسىدا، تۆۋەنكى جاغنىڭ ئارقىسىدا بولىدۇ.

بۇ ئورۇندا بۇنىڭ ئۈچۈن سۆڭەكتە بىر ئويمان بولىدۇ. ئۇنىڭ كانىلى تەخمىنەن ئىككى قىرات ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. بۇ تىلنىڭ تۆۋەنكى يۈزىدىكى توسۇق ئەتراپىغا ئېغىز ئاچىدۇ. بۇنى ساكىبۇل لۇئاب ۋە راشھۇل لۇئاب دەپ ئاتايدۇ.

تىل ئاستى بېزى بۇ بەز ھەممە بەزلەردىن كىچىك بولىدۇ. بۇ تىل ئاستى ۋە ئېڭەك سۆڭىكى ئارقىسىغا جايلاشقان. بۇنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 3 ~ 4 گىرام بولىدۇ. بۇنىڭ شەكلى بادامغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭ كاناللىرى 8 ~ 20 گىچە بولىدۇ. بۇلار تىل ئاستىدىكى توسۇلغان ئورۇن ئەتراپىدا تامام بولىدۇ (ت).

ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىش

شۆلگەينىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۇنىڭ ئۇيقۇدا ئېقىشى ئىختىيارىي قۇۋۋەت خىزمەتتىن قالغاندا بولىدۇ.

1. ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكى ۋە ھارارىتى ئېشىپ كېتىشتىن بولىدۇ. بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى ھارارەت ۋە ھۆللۈكنىڭ زىيادىلىكى، جۈملىدىن ئاشقازاننىڭ ھارارىتى ۋە ھۆللۈكى كۆپىيىپ كېتىشتىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى قورساق ئاچ ۋاقىتتا شۆلگەي كۆپىيىدۇ.

داۋالاش باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، قابىز رۇببىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: پىشمىغان ئۈزۈم رۇببىسى، بېھى رۇببىسى، ئانار رۇببىسى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ ۋە قابىز مېۋىلەر يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئالما، زەرۇر، چۈچۈمەل بېھى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. قابىز ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك قايناتمىلار بىلەن ئېغىز چايقىتىلىدۇ، مەسىلەن: سۇماق، مەسۇر، ئاس شاخلىرى، قىزىلگۈل، ئۈجمە، ئانارگۈلى قايناتمىسى بىلەن ئېغىزى چايقاتقۇزۇلىدۇ، كۆك كاسىنە چۆپىگە تۇزدىن 3.5 گىرام قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ، تاكى ھارارەت پەسىيىپ، ھۆللۈك قۇرۇغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

2. ئاشقازاننىڭ سوغۇقلۇقى ۋە ھۆللۈكى: بەزىدە بۇ كېسەللىك ئاشقازاندىكى بەلغەم ۋە ئۇنىڭ ھۆل سوغۇقلۇقىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى بەلغەم غالىب كەلگەنلىكنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. مەسىلەن: ھەزىم ئاجىزلىق، شۆلگەي چاپلاشقاق، قويۇق بولۇش، ئېغىز ئاچچىق بولۇش قاتارلىقلار بولىدۇ.

داۋالاش سېرىقچېچەك، تۇرۇپ ئۇرۇقى، بىخسۇس قايناتىلمىسى بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ، ئىترىفىل ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش پۇدىنە قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ. بۇغداي تالقىنى ئازراق قىچا بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. قىچا ماددىنى لەتىفلەشتۈرىدۇ، ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئاچچىق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ، كۇندۇر ۋە مەستىكى چايناشقا بۇيرۇلىدۇ.

ئېغىز سېسىق پۇراش

بۇ كېسەللىكتە بەزى ۋاقىتلاردا بىمارنىڭ ئېغىزىدىن بىمارنىڭ قېشىدا تۇرۇش قىيىن بولغۇدەك سېسىق پۇراق چىقىدۇ. بىمار بۇنى ئۆزى سەزمەيدۇ.

ئاشقازاننىڭ بۇزۇلۇشى بۇ كېسەللىك بەزىدە ئاشقازاننىڭ نورمالسىز ھارارىتى (ئوفۇنىتىدىن) سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ، ئاشقازاننىڭ، تاڭلاي ئەتراپىنىڭ ۋە چىش تۈۋىدىكى ھۆللۈكلەرنىڭ ئېشىپ كېتىپ، ئۇلارنى نورمالسىز سەرپ قىلىپ، بىر قىسىم ناچار كەيپىياتنى پەيدا قىلىدۇ، بۇزۇق كەيپىياتتىن ئۇ ئەزالاردا ئوفۇنەت (سېسىق پۇراق) پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى سېسىق پۇراق تاماق يېگەن ۋاقىتتا ئازىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپىنچە چىشى قارا بولىدۇ. بۇ، ئۇفۇنەت چىش يىلتىزىدىن چىش جەۋھىرىگىچە يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى بۇزغان ۋاقىتتا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھۆللۈكى بۇزۇلغاندا چىش كۆك ياكى قارا بولۇپ قالىدۇ.

داۋالاش ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئۆرۈك قېقىنى چىلاپ سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئارپا تالقىنى شېكەر بىلەن مۇز سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ياكى كىيرە، ئەينۇلا، تاۋۇز، شاپتۇل قاتارلىقلارغا ئوخشاش مېۋىلەر يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئەتىگەندە سەۋرچانلىق بىلەن يېگۈزۈشكە تىرىشىلىدۇ. بۇ تۈردە ھەزىم قىلىشتا بۇزۇلۇش بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى يىلتىزىدىن داۋالاشتا ھەزىمنى ياخشىلاشنى مۇقەددەم قىلىش لازىم. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېغىز ۋە چىشنى تازىلاش، تامىقىغا گۆشنى ئازراق، كۆكتاتلارنى كۆپ بېرىش. بۇ ھالەتتە ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ.

نۇسخا: يەتتە گىرام جاۋارىش كۇمۇنى ياكى يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇس دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، بەش گىرام رۇمبەدىيان قاتارلىقلارنى 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ ئاق ناۋات قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، مەستىكى، كۇندۇر، قەلەمپۇر، لاچىندانە قاتارلىقلاردىن ئازراقتىن ئېلىپ چاينىلىدۇ ياكى شۈمۈلىدۇ.

ئاشقازاندىكى ئۇفۇنەتلەنگەن بەلغەم بەزىدە ئېغىزدىكى پۇراق بەلغەمنىڭ بۇزۇلۇشى (ئۇفۇنەتلىنىشى) دىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاۋۋالقى تۈرگە تەۋە ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق. چۈنكى بىرەر بۇزۇلۇش نورمال بولمىغان ھارارەتسىز بولمايدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى، يېپىش ۋە ئېغىز يۇيۇش بىلەن بەك پايدىسى بولمايدۇ. دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ھالەتتە ھەزىم بۇزۇلىدۇ. بۇنىڭ ئوچۇق ئالامىتى شۇكى، ھەزىم بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن بولىدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە قۇرۇق تۇزلانغان بېلىق يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئادەتتىكى لوبىيا، سېرىقچېچەك قاينىتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئاشقازان تازىلانغۇچە قۇستۇرۇلىدۇ، شۇنداقلا ئايارەج پەيقىرا، سەبرە تەركىبلىك ھەب، سەبرە دەملەنمىسىگە ئەفسەنتىن قوشۇپ ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن زەنجىۋىل مۇرابباسى يېگۈزۈلىدۇ، ئىترىفىل سەغىر، گۈلقەنت، سىركەنجىۋىل ھەسىلى قاتارلىقلار داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، غىزاسىغا قۇرۇق نەرسىلەر يېگۈزۈلىدۇ، تاكى بەلغەم پەيدا بولۇشى ئازلىغانغا قەدەر.

چىش مىلىكلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە چىرىشى بەزىدە ئېغىز سېسىق پۇراشنىڭ

سەۋەبى چىش مىلىكى بۇزۇلۇپ چىرىغانلىقىدىن بولىدۇ، چىرىشنىڭ سەۋەبى باش ئەتراپىدىن چىش مىلىكلىرىگە قۇيۇلغان ئۆتكۈر ھۆللۈكلەردۇر. بۇ، چىش مىلىكلىرىنى چىرىتىپ بۇزۇۋېتىدۇ.

بەزى بىمارلاردا ئادەتتىكى سەۋەبلەر بىلەن چىش مىلىكى ئاغرىيدۇ ۋە قانايدۇ.

ئالامىتى چۆچۈمەل ۋە تۇزلۇق نەرسىلەر بىلەن ئېغىز چايقىغان ۋاقىتتا چىش مىلىكلىرى ۋە تۇتاش قىسىملاردىن كېسەلنىڭ ئېغىز بۇرجىكىگە چاپلاشقاق ۋە سېسىق پۇراقلىق ھۆللۈك يىغىلىدۇ. مۇشۇنداق بولۇش بىلەن بىرگە ئېغىزدىكى سېسىق پۇراق يوقالمايدۇ.

داۋالاش ھېلىلە قايناتىلمىسى ۋە ئايارەجلەر بىلەن مېڭە ۋە ئېغىز تەنقىيە قىلىنىدۇ، سىركىدە بەرگى ئاس، ئانارگۈلى ۋە ئەنگۈر سۈيىنى بىرلەشتۈرۈپ قايناتىپ ئېغىز چايقىلىدۇ. ھەببى مىشكى ئېغىزدا تۇتۇلىدۇ. بۇ، پۇراقنى يېسىپ، چىش مىلىكلىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ھەببى مىشكى نۇسخىسى: قەلەمپۇر، خولىنجان، ئاقىرقەرھا ھەربىرى تۆت گىرامدىن، قىزىلگۈل، سەندەل، ھېلىلە ھەربىرى سەككىز گىرامدىن، تاباشىر ئۈچ گىرام، ئىپار، كافۇر ھەربىرى 0.48 گىرامدىن. بۇلار بېھى سۈيى ياكى گۈلابتا يۇغۇرۇپ ھەب قىلىنىدۇ.

ئەگەر بۇزۇق زەخىملەر (يامان يارىلار) سەۋەبىدىن ياكى بۇزۇلغان ھۆللۈكلەرنىڭ كېلىشىدىن چىش مىلىكلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولسا، گۆشخور چاقىغا ئىشلەتكەن دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ (بۇ سۆزلىنىپ بولدى). ئەگەر كېسەللىك ئېغىر بولسا، ھۆللۈك ۋە زەرداب كۆپ چىقسا پەرپىيۇنغا ئوخشاش قاتتىق نەرسىلەر بىلەن داۋالىنىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا موزا، تاباشىر، قىزىلگۈل، ئاقاقىياغا ئوخشاش مۆتىدىل ۋە ئادەتتىكى دورىلار بىلەن ياكى مەسۇر ئۇنى، گۈرۈچكە ئوخشاش ئاجىز دورىلار سىركە بىلەن ئېغىزنى چايقاپ بولغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

چىش بۇزۇلۇش بەزىدە بۇ خىل كېسەللىك چىشلارنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ياكى ئۇلارنىڭ چىرىشىدىن بولىدۇ.

داۋالاش بۇزۇلغان ۋە چىرىگەن چىشلار سۇغۇرۇۋېتىلىدۇ، ئەگەر سېسىغان ياكى يېيىلگەن بولسا چىشلارنىڭ بۇزۇلغان، چىرىگەن قىسىملىرى ئېكەك بىلەن قىرىۋېتىلىدۇ، تاكى بۇنىڭ بۇزۇلۇشى ئېشىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن پارقىراتقۇچى دورىلار بىلەن چىشلار تازىلىنىدۇ، مەسىلەن: كۆپۈكى دەريا، تۇز، سەدەپ كۈلى قاتارلىق دورىلار بىلەن چىش تازىلىنىدۇ. قۇرۇق، خۇش پۇراق سۇنۇن، مەسىلەن: ئاس، موزا، رامەك، سەئدى كۇفى، مەستىكى، قىزىلگۈل قاتارلىقلار چىشقا سۈركىلىدۇ.

قوشۇمچە بەزىدە ئېغىز سېسىق پۇراش بالىياتقۇدا بۇزۇلغان ھۆللۈكنىڭ يىغىلىپ

قېلىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ سەۋەب بولغان بولسا، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا يۈزلىنىش لازىم. بەزىدە بۇ كېسەللىك چىش تازىلىقىنى ياخشى قىلماسلىق سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ھالەت بولغان بولسا، ھەر كۈنى ئەتىگەن - كەچتە، ئۇخلايدىغان چاغدا ئېغىزنى مىسۋاكلاش ۋە چىرىشنى يوقاتقۇچى سۇنۇنلار بىلەن چىشلارنى تازىلاش لازىم. بەزى چاغلاردا ئېغىزدىن كېلىدىغان بىر خىل سېسىق پۇراق خام پىياز ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى يېيىش سەۋەبىدىن بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى يېمەسلىك لازىم. بۇ كېسەللىكنىڭ ھەقىقىي ۋە كۆپ كۆرۈلىدىغان ھالىتى ئاقمىسىمان يارا سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا يازغۇچى مۇدۇر - چاقىنىڭ چىرىشى ۋە بۇزۇلۇشى دەپ نام بەرگەن ھەمدە چىشنىڭ ئۇپراپ كېتىشىمۇ ئەمەلىيەتتە مۇشۇنىڭغا كىرىدۇ. بۇ يارىدىن چاپلاشقاق، ئوفۇنەتلەنگەن ھۆللۈك دائىم سىرغىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ھەزىم بۇزۇلۇش بىلەنمۇ بۇ خىل سېسىق پۇراق پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئەگەر چىش ۋە چىش مىلىكلىرى كۆزىتىلسە، ئەسلىي ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ خىل يارا ئاقمىسى تېپىلىدۇ. بۇنىڭ دىۋارى بەك نېپىز بولىدۇ. پەقەت ئىنچىكە سۇلائىنىلا ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزگىلى بولىدۇ، بۇ كېسەللىك كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا كىشىلەر بۇنىڭدىن كۆپ ھاللاردا خەۋەرسىز قالىدۇ. تەنبۇل دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى، لىيە، قەلەمپۇر، لاچىندانە قاتارلىق نەرسىلەرنى يېگۈچىلەردە كېسەللىك ئىككىلەمچى ھالەتتە ئۇ دورىلارنى يېيىش سەۋەبىدىن يەڭگىللەپ قالىدۇ.

غىزا ۋە پەرھىز ئادەتتىكى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، غىزا تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەللىك ۋە بەك ئىسسىق بولماسلىقى كېرەك. كۆكتاتلار بۇ ھالەتتە بەك مۇناسىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: چامغۇر، تەرئى، سېمىزئوت، پالەك، قاپاق، تەندا، شۇمشا، ماش ئۇنى ۋە شورپا قاتارلىقلارمۇ بېرىلىدۇ، غىزانى ئىشتىھادىن ئازراق بەرسە ياخشى. بىمارغا ھەر كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا چىشنى ياخشى تازىلاشقا كۆرسەتمە بېرىش لازىم.

تاڭلاي ئىششىقى

تاڭلاي بۇ، ئېغىزنىڭ ئۈستىدىكى تەرىپىنىڭ نامى بولۇپ، ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن، ئالدى تەرىپىدە تۇرغۇچى بۆلەك سۆڭەك بولۇپ، ئۇنى قاتتىق تاڭلاي، ئارقا تەرىپىدە تۇرغۇچى بۆلەك يۇمشاق بولۇپ، ئۇنى يۇمشاق تاڭلاي دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۆڭەك يوق.

قاتتىق تاڭلاي بۇ، يۇقىرىقى جاغ سۆڭىكى ۋە تاڭلاي سۆڭەكلىرىدىن شەكىللىنىدۇ. ئۈستىنى شىللىق پەردە ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ پەردىنىڭ ئاستىدا بەزلەر بولىدۇ. قاتتىق تاڭلاي

پەردىسى ئىنتايىن قاتتىق ۋە قېلىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى زىيادە قېلىن، رەڭگى سۇس پۇرلەشكەن بولىدۇ. ئارقا تەرىپى نېپىز، پارقىراق ۋە قىزىل بولىدۇ. بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆپۈشكەن سىزىق ئالدىدىن ئارقىغا ماڭغان يۆنىلىشتە تېپىلىدۇ. قاتتىق تاڭلاينىڭ ئالدى ۋە يان تەرىپىدە يۇقىرىقى جاغ سۆڭىكىدىكى چىش ۋە چىش مىلىكلىرى بولىدۇ ھەمدە ئارقا تەرىپى يۇمشاق تاڭلاي بىلەن تۇتاشقان بولىدۇ.

يۇمشاق تاڭلاي بىر ھەرىكەتچان بۆلەكتۇر. بۇ، ئېغىز ۋە گال ئوتتۇرىسىدا بىر مۇكەممەل بولمىغان دىۋار ياسايدۇ ھەمدە ئېسىلىپ تۇرىدۇ، بۇ يېرىك دىۋارنىڭ ئالدى يۈزى ئويمان ۋە ئارقا يۈزى پۇلتايغان بولىدۇ، بۇنىڭ يۇقىرىقى گىرۋىكى قاتتىق تاڭلاينىڭ ئارقا گىرۋىكى بىلەن تۇتىشىدۇ ھەمدە تۆۋەنكى گىرۋىكى ئەركىن بولىدۇ. بۇ شىللىق پەردە، مۇسكۇللار، قان تومۇرلار، نېرۋىلار ۋە بەزلەردىن تۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئاستىنقى گىرۋىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كونۇسسىمان قاپارتما گۆش بولىدۇ. بۇ ئەقىل تىل دەپ ئاتىلىدۇ. ئەقىل تىلىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككىدىن مىھرابلار ئاستىغا چۈشىدۇ. ئۇ ئىككى مىھرابلار غەلسەمە دەپ ئاتىلىدۇ. ئالدى مىھراب تىلىنىڭ يان تەرىپىدە ئاخىرلىشىدۇ ۋە ئىككىنچى مىھراب گالنىڭ يان تەرىپىدە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئىككى مىھرابلارنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك بوشلۇق بولىدۇ. بۇ، گال ۋە ئېغىز ئارىلىقىدىكى توسۇقتۇر. بۇ بوشلۇقنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدە بادامبەز تۇرىدۇ، يۇمشاق تاڭلايدا نېپىز پەردە بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭدا بەزلەر كۆپ بولىدۇ (ت).

1. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بەزىدە تاڭلايدا ئىسسىق ئىششىق، يەنى ئۆتكۈر قاندىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى ئاغرىق بولۇش بىلەن بىرگە قىزىللىق بولىدۇ.

داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، ھېلىلە ۋە شاھتەررە قايىنىتىلمىسى بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ. دەسلەپتە سىركە بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ، بۇنىڭدا ئاس، قىزىلگۈل، ئانارگۈلى، ئانار يىلتىزى قاتارلىقلار قايىنىتىلغان بولسۇن تاكى ماددا قايتقاي. سىپىلىدىغان قابىز دورىلاردىن، مەسىلەن: تاباشىر، قىزىلگۈل، سىمىزئوت ئۇرۇقى، نىشاستە، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى، ئەدەس ئۇنى قاتارلىقلارغا كافۇر قوشۇپ قوشۇق دەستىسىدە سۈركىلىدۇ ۋە كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا بابۇنە، بىنەپشە، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن (بۇنىڭغا خىيارشەنبەر ئۇرۇقى قوشۇلغان بولسۇن) ئېغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ.

يۇمشاق ئىششىق بەزىدە بۇنىڭدا يۇمشاق ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى رەڭگى ئاق بولىدۇ، ئاغرىمايدۇ، بۇنىڭدا كۆپۈپ قېلىش بولىدۇ.

داۋالاش ئەفتىمۇن قايىنىتىلمىسى ۋە ئايارەج دورىلار بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ،

ئاچچىقسۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىرگە گەزمازەج ۋە ئاقىرقەرھامۇ بولسۇن.

كالپۇك ئاقىرىپ قېلىش، يېرىلىش ۋە تېرىسى سويۇلۇش

كالپۇك ئىككى گۆش ئۆسۈكچىسى بولۇپ، بۇ ئېغىزنى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ سىرتقى تەرىپىدە تېرە ۋە ئىچكى تەرىپىدە ئېغىز شىللىق پەردىسى بولىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇسكۇللار، نېرۋىلار، قان تومۇرلار ۋە بەزلەر بولىدۇ، ئىككى كالپۇك ئوتتۇرىسىدا ئارقا تەرەپ يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى چىش مىلىكلىرى بىلەن بىر ئۆسۈكچە ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ، بۇ ئۆسۈكچە باغلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. كالپۇك بەزلىرىنىڭ توقۇلمىسى تۈكۈرۈك بەزلىرىنىڭ توقۇلمىسىغا ئوخشايدۇ.

كالپۇك ئاقىرىپ قېلىش قاندا ھۆللۈك كۆپ بولغان باش ۋە يۈزدىكى ئەزالاردا، بەلكى پۈتۈن بەدەندىكى ئەزالاردا ھارارەت تۆۋەن بولغان ۋاقىتتا كۆرۈلىدۇ.

بۇ، خام ھۆللۈك ۋە بەلغەم ھەزىم ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

ھارارەت تۆۋەنلەش سەۋەبىدىن قۇۋۋىتى مۇغەييىرە (ئۆزگەرتكۈچى قۇۋۋەت) نىڭ غىزا جەۋھىرىنى ئەزالارغا ئوخشاش يەتكۈزۈشى ئاجىزلاپ قالىدۇ ۋە بۇ ھۆللۈك تارقىلالمايدۇ، قۇۋۋىتى مۇغەييىرە قۇۋۋىتى غازىيەنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ غىزادا ئۆزگىرىشلەر ۋە شەكىللەرنى پەيدا قىلىپ، بۇنى ئەزالارغا ئوخشاش يەتكۈزىدۇ (ت). بۇ كېسەللىك نېمە ئۈچۈن كالپۇكتىلا ئاشكارا بولىدۇ؟ ۋەھالەنكى، قۇۋۋىتى مۇغەييىرە ئاجىزلىغاندا نېمە ئۈچۈن باشقا ئەزالارمۇ بۇ كېسەللىككە شېرىك بولمايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كالپۇكنىڭ رەڭگى قىزىل ياقۇتقا ئوخشاش ئوچۇق رەڭلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقلىقنىڭ تەسىرى قۇۋۋىتى مۇغەييىرەنىڭ ئادەتتىكى ئاجىزلىقىدىن ئاشكارا بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئەزالاردىكى قىزىللىق بىلەن ئاقلىق بىرلەشكەن ھالەتتە تۇرىدۇ ۋە بۇلار بىرئاز سۇسلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ئەزالاردا ئاقلىقنىڭ تەسىرى تاكى سەۋەبى قاتتىق كۈچلۈك بولمىسا ئاشكارا بولمايدۇ (نەفىيس).

ئەگەر بۇنىڭ بىلەن بىرگە كالپۇك تېرىسى چۈشسە، بىلىش لازىمكى، بۇنىڭ بىلەن قۇرۇقلۇقمۇ بولىدۇ، مەيلى ماددىسىز ياكى ھارارەت بىلەن بولسۇن.

داۋالاش بەلغەمنىڭ مۇسھىلىنى بېرىپ، غىزاسى تەرتىپكە سېلىنىدۇ، يەنى كۆكتات، جانىۋارلارنىڭ كاللا ـ پاچىقىنى يېيىشتىن ساقلىنىلىدۇ، چاپلاشقاق ۋە مايلىق بولمىغان، پەقەت بىر يىللىق بولغان پاقلاننىڭ گۆشى غىزاسىغا بېرىلىدۇ، لەتىق ياغلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ،

مەسىلەن: سۇمبۇل يېغى، يەسمەنگۈل يېغى، ئاق لەيلىگۈل يېغى، زەپەر يېغى تاكى ھارارىتى غۇرۇزىيە كۈچلىنىپ، قويۇق بەلغەمى خىلتلار سۇيۇلۇپ تارقىسۇن. ئەگەر تېرىسى چۈشكەن بولسا قىرۇتى سۈركىلىدۇ. بۇ، ئۆردەك ۋە توخۇ يېغى، كەتىرا، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى لۇئابى، زىغىر ئۇرۇقى لۇئابى قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن، كىندىك ۋە مەقئەت ھالقىسىغا ياغ سۈركەلمەيدۇ، بەلكى پۈتۈن بەدەن ئۈستىگە ماي سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ.

كالپۇك تىترەش

ئاشقازان شېرىكچىلىكىدىكى كالپۇك تىترەش بەزىدە ئاشقازان شېرىكچىلىكىدە كالپۇك تىترەش پەيدا بولىدۇ، چۈنكى ئېغىز بىلەن ئاشقازان يولى تۇتىشىدۇ.

ئالامىتى بۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆڭلى ئېلىشىش ۋە ھېق تۇتۇش بولىدۇ. بۇ تۈردىكى تىترەش قۇسۇشنىڭ نىشانى بولىدۇ. چۈنكى ئاشقازان زىيانلىق ماددىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەنگەنلىكتىن قۇسۇش پەيدا بولىدۇ.

نېرۋا شېرىكچىلىكىدىكى كالپۇك تىترەش بەزىدە كالپۇك تىترەش ئاشقازان تەرەپكە مېڭىدىن كەلگەن نېرۋىنىڭ شېرىكچىلىكىدە تىترەيدۇ ھەمدە بۇ مېڭىگە ئەزىيەت يەتكەن ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: لەقۋا، سەرئىنىڭ دەسلەپىدە كۆرۈلىدۇ.

تومۇردىكى تولۇپ قېلىشتىن بولغان كالپۇك تىترەش بەزىدە كالپۇك تىترەش ئۇنىڭ ئىنچكە تومۇرلىرى قان بىلەن تولۇپ كەتكەندە يۈز بېرىدۇ.

ئالامىتى قان كۆپلۈكنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

داۋالاش قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. غىزا ئازايتىلىدۇ ۋە تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىدۇ.

كالپۇك يىغلىۋېلىش

1. بۇ كېسەللىك بەزىدە بالىلاردا تۇغما بولىدۇ، بۇنى بالىلىق دەۋرلىرىدە ياخشىلىغىلى بولىدۇ. يەنى بالىنىڭ ئەزالىرى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان چاغدا، مەسىلەن: ياپىلاق باش، پاناق بۇرۇن ۋە مايماق ئەزالارنى نورمال ھالەتكە كەلتۈرگىلى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئەزالار يۇمشاق بولۇپ، ھەر خىل شەكىللەرنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تەييار بولىدۇ. بۇنىڭ ھالىتى

تارتىپ نورماللاشتۇرۇش ۋە تېگىشتۇر.

2. بەزىدە بۇ كېسەللىك ئىستىفراغدىن بولغان تەشەننۇجتىن پەيدا بولىدۇ، بۇنى داۋالىغىلى بولمايدۇ.

3. بەزىدە تەشەننۇج ئىمتىلا سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش   تەشەننۇج ئىمتىلانىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. يەنى ماددىنى تازىلاپ ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ. تەشەننۇج ئىستىفراغى: بۇ، تەشەننۇج ئىستىفراغنىڭ كۆپلۈكىدىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئىچى كۆپ سۈرۈش.

تەشەننۇجى ئىمتىلا دېگەن تەشەننۇج، بۇ بۇزۇق ماددىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن يۈز بېرىدۇ.

كالپۇك بوۋاسىرى

بەزىدە ئاستىنقى كالپۇكتا كىچىك ئۈزۈمدەك كۆك رەڭلىك قاپارتما پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كالپۇك تاشقى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قالىدۇ ھەمدە كالپۇك ئوتتۇرىسىدىن يېرىلىدۇ. بۇ كالپۇك بوۋاسىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە ئاستىنقى كالپۇكتا قارا رەڭلىك ئۈجمىسىمان قاپارتما پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ رەڭگى ۋە شەكلى شاتۇتقا ئوخشايدۇ. ساھىب سەھھاھ ۋە بەيھەقى ئۆزىنىڭ «سەيدىنە» (يەككە دورىلار كىتابى) دا ۋە فازىل ئەللامە كۇللىياتى قانۇنىنىڭ شەرھىدە بۇنى شاتۇت دەپ ئاتىغان ھەمدە بۇنى پارس تىلىدا شاھ تۇت دەپ ئاتايدۇ (نەفىيس). بەزىدە بوۋاسىر ئىككىلا كالپۇك ۋە چىرايىنىڭ بەزى بۆلەكلىرىگىچە يېتىپ بارىدۇ.

سەۋەبى   بۇنىڭ سەۋەبى قاندىن بولغان كۆيگەن ماددىدىن بولىدۇ. بۇ تومۇرلاردىن چىقىپ، تېرە ۋە گۆش ئارىلىقىغا جۇغلىنىدۇ.

داۋالاش   ئەگەر ئۇنىڭ رەڭگى قارا بولسا قىيفال تومۇر ۋە تۆت تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى بىلەن مۇسھىل بېرىپ، بەدەننى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن كالپۇكقا نەشتەر سانجىلىدۇ ۋە قان توختىتىش ئۈچۈن سىركە سۈركىلىدۇ. بۇ داغلاشنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل بولسا ئۇنى نەشتەر بىلەن كەسمەسلىك، بەلكى زىماتلار ۋە مەلھەملەر بىلەن داۋالاش كېرەك.

زىمات نۇسخىسى   مەسۇر، بابۇنە، ئىكلىلملىك، ئاق لەيلى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى تۇخۇم

سېرىقى ۋە توخۇ يېغى بىلەن پىشۇرۇپ ياسىلىدۇ.

مەلھەم نۇسخىسى تۆمۈر پوقى، مەدەستان، ئۇپا، زەپەر ۋە زەمچە قاتارلىقلارغا موم ۋە بادام يېغى قوشۇپ ياسىلىدۇ.

ئەگەر بوۋاسىرغا بىر مەزگىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، كالپۇك يوغىناپ كېتىدۇ، ئۇزۇنسىغا تىلىپ زەخىم يۈزىنى قىرىپ بىرلەشتۈرۈپ تىكىلىدۇ، تاكى كالپۇك قايتىدىن تۈزلىنىپ نورمال بولسۇن. تىكىپ بولغاندىن كېيىن قان توختاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: قىزىلگۈل، زەپەر، خۇنسىياۋشان قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ سېپىپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن جاراھەتنى پۈتتۈرگۈچى مەلھەملەر چېپىلىدۇ.

كالپۇك ئىششىقى

بۇ، باشقا ئىششىقلارغا ئوخشاش بۇزغۇچى ماددىلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە كۈچلۈكلىكىدىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش غالىب خىلىت قان ئېلىش ۋە سۈرگە بېرىش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن زىماتى مۇھەللىل ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭدا تۇتۇش كۈچىمۇ بولسۇن، مەسىلەن: رۇسۇت، بابۇنە، ئارپا ئۇنى، كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيى قاتارلىقلاردىن زىمات تەييارلاپ چېپىلىدۇ.

كالپۇك مۇدۇرى ۋە يارىسى

بۇنى داۋالاشتا قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ھېلىلە قايىنتىلمىسى بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ.

زەخىم ئادەتتە مۇدۇر - چاقا يېرىلىپ كېتىپ جاراھەتلەنگەندە پەيدا بولىدۇ. يارىنى داۋالاشتا بۇنىڭغا مەلھىمى سەپىد ئىشلىتىلىدۇ، مەدەستان ۋە موزىنى ئېزىپ قىرۇتىغا ئارىلاشتۇرۇپ، موم ۋە ئۆرۈك مېغىزى يېغى بىلەن قوشۇپ چېپىلىدۇ.

چىش ۋە چىش مىلىكى كېسەللىكلىرى

چىش ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

(1) سۈت چىش: بۇ، كىچىك بالىلاردا پەيدا بولۇپ چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ سانى

جەمئىي 20 بولىدۇ. ھەربىر جاغ سۆڭىكىدە 10 دانىدىن بولىدۇ. بالىلاردا ئېغىز چىشلار ھەربىر جاغ سۆڭىكىدە 10 دانە بولۇشىنىڭ ئورنىغا تۆت دانىدىن بولىدۇ.

(2) مەڭگۈلۈك چىش: بۇ ھەمىشە تۇرىدۇ. بۇ ئادەتتە 32 دانە بولىدۇ. ھەربىر جاغ سۆڭىكىدە 16 دانىدىن بولىدۇ. ئالدى تەرەپتىكى تۆت چىشلارنى سەنايا ياكى رۇبائىيات دەپ ئاتايدۇ. بۇ چىش كەڭ، نېپىز بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ خىزمىتى يۇمشاق غىزالارنى پىچاققا ئوخشاش كېسىشتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كەسكۈچى چىش دەپ ئاتىلىدۇ. چىشلار ئىككى جاغ سۆڭىكى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

رۇبائىيات چىشنىڭ ئالدىدا ھەر تەرەپتە بىر دانىدىن چىش بولىدۇ. بۇنىڭ يىلتىزلىرى كەڭ، توم ۋە پۈتۈن چىشلارنىڭ يىلتىزلىرىدىن زىيادە ئۇزۇن بولىدۇ. بېشى ئىنچىكە، كونۇس شەكىللىك بولىدۇ. بۇ ئىككىسى قوزۇق چىش يەنى (ناب، كىلە) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ خىزمىتى بەزى قۇرۇق نەرسىلەرنى پارچىلاشتۇر.

بۇ ئىككى قوزۇق چىشلارنىڭ ئىككى يېنىدا بەش دانىدىن كەڭ چىش بولىدۇ. بۇ چىشلارنىڭ بېشى يىرىك بولىدۇ. بۇلار ئېزىق چىش يەنى ئەزراس، ئەزگۈچى چىش، يەنى تەۋاھىن ۋە ئەرھا دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ چىشلارنىڭ خىزمىتى غىزالارنى ئېزىش ۋە قاتتىق نەرسىلەرنى پارچىلاشتۇر. بۇ بەش ئېزىق چىشنىڭ ئالدىدىكى ئىككى ئېزىق چىش كىچىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بېشىدا ئىچكى ۋە سىرتقى تەرەپتە ئىككى دۆڭچە بولىدۇ، ئارقا تەرەپتىكى ئۈچ ئېزىق چىش چوڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىدا ئۈچ ~ تۆت ۋە بەزىدە بەش دۆڭچە بولىدۇ. ئۇ دۆڭچىلەرنىڭ ئارىلىقىدا كرېست شەكىللىك كانالچىلار بولىدۇ. بۇ غىزانى ئېزىشكە ياردەم بېرىدۇ. كىچىك ئېغىز چىشلارنىڭ يىلتىزلىرى ئومۇمەن بىر بولىدۇ ۋە چوڭ ئېزىق چىشلارنىڭ يىلتىزلىرى ئىككى ئاچا (يەنى ئىككى شاخقا بۆلۈنگەن)، ئۈچ شاخچە ۋە بەزىدە تۆت شاخچىلارغا بۆلۈنگەن بولىدۇ. يۇقىرىقى جاغ سۆڭىكىدىكى چىش يىلتىزلىرى تۆۋەنكى جاغ چىش يىلتىزلىرىدىن كۆپ بولىدۇ.

ھەرھالدا بۇ چىشلار 16 دانە بولىدۇ. بۇلار ئىككى جاغ سۆڭىكىدە بىر خىل شەكىلدە ئورۇنلاشقان. پۈتۈن چىشلار ئىككى جاغ سۆڭىكىگە مۇشۇنداق ئورۇنلىشىپ تۇرىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچكى يىلتىزلىرىنىڭ باراۋىرىدە ئىككى جاغ سۆڭەكلىرىدە تۆشۈك تېپىلىدۇ. بۇلار ئەۋارى دەپ ئاتىلىدۇ. چىش يىلتىزلىرى، سانلىرىنىڭ ئېتىبارى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىدە بىر، بەزىدە ئىككى ۋە بەزىدە ئۈچ ـ تۆت بولىدۇ. شۇڭلاشقا سەنايا ۋە رۇبائىياتتا پەقەت بىر يىلتىز بولىدۇ. ئېزىق چىشلاردىن ئۈستىدىكى چوڭ ئېزىق چىشلارنىڭ ئومۇمەن ئۈچ يىلتىزى بولىدۇ ھەمدە ئاستىدىكى ئېزىق چىشلارنىڭ ئومۇمەن ئىككى يىلتىزى بولىدۇ.

چىشلارنىڭ سانى كۆپىنچە 32 دانە بولىدۇ، بەزىدە پەقەت 28 دانە ۋە بەزىدە 36 دانىمۇ بولىدۇ.

چىشنىڭ قانچىلىك قىسمى چىش مىلىكلىرىدىن سىرتىدا تۇرغان بولسا، بۇ چىش بېشى دەپ ئاتىلىدۇ ۋە قانچىلىك قىسمى سۆڭەك تۆشۈكىگە چۆشۈپ تۇرغان بولسا، بۇ چىش يىلتىزى دەپ ئاتىلىدۇ. چىشنىڭ بىر بۆلىكى ئىككى بۆلەك (چىش بېشى ۋە چىش يىلتىزى) نىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. مۇشۇ جايغا چىش مىلىكى گۆشى چاپلىشىپ تۇرىدۇ ھەمدە بۇ جاي ئازراق تار بولىدۇ. بۇ چىش بوينى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر مەلۇم چىش تۈۋرۈك شەكلىدە ئۆرە تۇرغۇزۇلسا، بۇنىڭ بويىنىدىن تۆۋەنكى چىش ئىچىدە بىر بوشلۇق ياكى تۆشۈك كۆرۈنىدۇ. بۇ تۆشۈكتىن ئۇششاق - ئۇششاق كانالچىلار چىش يىلتىزلىرىغا بارىدۇ. بۇ كانالچىلار چىش يىلتىزلىرىنىڭ باشلىرى ئۈستىدىكى بىر كىچىك تۆشۈكتە تامام بولىدۇ. بۇ بوشلۇقنىڭ ئىچىدە يۇمشاق ۋە نازۇك ماددا بولىدۇ. بۇنىڭدا سەزگۈ ۋە قان تومۇر ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. بۇ چىش جەۋھىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا چىش يىلتىزلىرىدىكى تۆشۈكچىلەر ئارقىلىق قان تومۇرلار ۋە نېرۋىلار چىشقا بارىدۇ. ئەگەر بۇ نېرۋىغا بىرەر ئەزىيەت يەتكەن بولسا چىشتا ئاغرىق بولىدۇ (ت).

چىش ئاغرىقى

بىرىنچى گورۇھ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن تېۋىپلار بىرلىككە كەلگەنكى، چىشلاردا ھېس بولمايدۇ. چۈنكى چىش سۆڭەكنىڭ قىسمىدىندۇر. ئەگەر ئۇنىڭ بىر بۆلىكى سۇنۇپ كەتسە ياكى سۈركىلىش بىلەن ئۇپراپ كەتسە ئاغرىق بولمايدۇ. يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇنى يۇلغاندىن كېيىن بەزىدە ئاغرىق قېپقالىدۇ (ئەگەر ئۇنىڭدا سېزىم ۋە خاس ئۇنىڭ ئاغرىقى بولغان بولسا چىشنى يۇلۇۋەتكەندىن كېيىن ئاغرىق يوقالماسلىقنىڭ مەنىسى نېمە؟)

ئىككىنچى گورۇھ جالىنۇس ئېيتقانكى، «چىشلاردا سېزىم بولىدۇ، يەنى سەزگۈر ئەزالارغا ئوخشاش سېزىم بولىدۇ» — سابىت ئىبن قۇررە بۇ بايانىنى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ دەلىللىرىنى يېتەرلىك ۋە تولۇق ئىسپات، دەپ بىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ۋە يېقىنقى زاماندىكى تېۋىپلارمۇ مۇشۇ پىكىردە بولۇپ، بۇلار جالىنۇس بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتا.

نېرۋىلار چىش بوشلۇقى ئىچىدىكى يىلىكتە بولىدۇ، خاس جەۋھەردە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىلا گورۇھتا ھەقىقەتنىڭ بىرلا تەرىپى مەۋجۇت بولىدۇ (ت).

ئومۇمىي ھالەتلەر چىش ئاغرىقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئاجىزلاپ، كۆچىيىپ تۇرىدۇ. بەزىدە كېسەللەنگەن چىش ئەتراپىدىكى چىش مىلىكلىرى ئىششىدۇ، بەزىدە چىراي ۋە يۈزمۇ ئىششىدۇ.

1. ئىششىش بىلەن بىرگە مىزاجىنىڭ ماددىسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى چىشلارنىڭ ئاغرىقى بەزىدە ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ. ئادەتتە بۇ ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ ھەمدە چىش مىلىكى ئىششىقلىرى ۋە يارىسىنىڭ شېرىكچىلىكىدىن ھاسىل بولىدۇ.

ئالامىتى سوغۇق سۇدىن ئارام تاپىدۇ. بىئارام قىلغۇچى ئاغرىق بولىدۇ. چىش مىلىكلىرىدە ئىششىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىزىللىق ۋە لوقۇلداش بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى خاس چىشلاردا بولغان بولسا، چىش چىرىگەن بولىدۇ ۋە ئاغرىق چىشنىڭ ئۇزۇنلۇقى باراۋىرىگىچە مەلۇم بولىدۇ، ئەگەر نېرۋىلىرىدا بولسا ئاغرىق بەك چوڭقۇرلۇقىچە مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ھىجامەت قويۇلىدۇ، تۆت تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ھېلىلە ۋە تەمرى ھىندى قاينىتىلمىسى بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. ئېغىزغا گۇلاب ۋە سىركە ئېلىنىدۇ. قاتتىق ئاغرىقتا ئۇنىڭغا بىرئاز كافۇرمۇ قوشۇلىدۇ، ئاندىن ئېغىزغا پەقەت گۈل يېغى ئېلىنىدۇ، ئەگەر ئاغرىق زىيادە كۈچلۈك بولسا يۇقىرىقىلارغا ئەپيۇنمۇ قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەپيۇن تىنچلاندۇرۇپ، ئاغرىق پەسەيتكۈچىدۇر.

چاھاررىگ (تۆت تومۇر) پارسچە سۆزدۇر. بۇنىڭ مەنىسى ئەرەب تىلىدا ئەربەئە ئۇرۇقتۇر. بۇ تۆت تومۇرلار ئىككى كالپۇكتا، ئىككىسى ئۈستۈنكى كالپۇكتا، ئىككىسى ئاستىنقى كالپۇكتا بولىدۇ. بۇلاردىن قان ئېلىش ئېغىز ۋە چىش مىلىكى كېسەللىكلىرىدە شۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇكى، ئىنتايىن يېقىندىن كېسەللىك ماددىسى چىقىرىلىدۇ. ئۇلاردىن قان ئېلىش بېشى يۇملاق خاس نەشتەر بىلەن قىلىنىدۇ. بۇنى ۋەردە دەپ ئاتايدۇ (نەفيىس).

2. مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى بەزىدە چىش ئاغرىقى مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ خۇسۇسەن چىشلاردا ياكى ئۇلارنىڭ نېرۋىلىرىدا يۈز بېرىدۇ.

ئالامىتى ئاغرىق بىلەن لوقۇلداش، چىرايدا ئېچىشىش، چىش مىلىكلىرىدە ئىششىق بولمايدۇ. بۇ ئاغرىق سوغۇق سۇ ئىچىش ياكى ئۆزىمۇ ۋە تەبىئىتىمۇ سوغۇق بولغان نەرسىلەرنى يېگەندىن كېيىن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. ئىسسىق نەرسىلەرنى يېگەندە ئاغرىق پەسىيىدۇ.

داۋالاش ئەگەر ماددىلىق بولسا ئايارەج بىلەن ماددا سۈرۈپ چىقىرىلىدۇ، پىننە، ئاقىرقەرھا ۋە يالپۇز قاتارلىقلارنى سىركىدە قاينىتىپ سۈيىدە ئېغىز چايقىتىلىدۇ. چىشلارنىڭ

تۈۋىگە ئاقىرقەرھا، بۆرە ئەرمىنى، زەنجىۋىل، قارىمۇچ ۋە شەترەنجى ھىندى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ سۈركىلىدۇ. چىشلارنىڭ تۈۋىگە تەرياقى ئەربەئە، تەرياقى ئەسنان، پۇلونىيا قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئېڭەككە تۇز، تېرىق ۋە كونا رەخت قاتارلىقلارنى قىزىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. **لېكىن بۇ غىزادىن ئىككى سائەت ئىلگىرى ياكى غىزادىن تۆت سائەت كېيىن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە بولىدۇ.**

تەرياقى ئەسناننىڭ نۇسخىسى: قۇندۇز قەھرى، ھىڭ، قارىمۇچ، زەنجىۋىل، مىئەسائىلە، ئەپيۇن قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ھەسەلدە يۇغۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

چىشلارنى داغلاش ئەگەر يۇقىرىقى چارىلەر ئۈنۈم بەرسە ياخشى، ئۇنداق بولمىسا چىشلار ئالتۇن ياكى كۈمۈشتە ياسالغان كىچىك داغلىغۇچى سايمانلار بىلەن داغلىنىدۇ.

بۇنىڭ داغلاش ئۇسۇلى: دەسلەپتە سايمان قىزىتىلىدۇ، ئاندىن كىچىك نەيچىگە كىرگۈزۈپ (بۇ ئاغرىق چىش ئۈستىگە بۇرۇنلا قويۇپ بولۇنغان بولسۇن) ئېغىز ئىچىگە كىرگۈزۈش ياكى چىشلارنىڭ ئەتراپىغا خېمىر قويۇپ، كىچىك سۈزگۈچ ياكى قۇلاق كىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كىچىك قوشۇقنى ئېلىپ ناھايىتى قىزىق زەيتۇن يېغى بىلەن تولدۇرۇپ، ئېزىق چىشنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇيۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دەرھال ئاغرىق توختايدۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەن چىش سۇنۇپ كېتىدۇ. ئەگەر مۇرەككەپ دورىلار بىلەن مەقسەت ھاسىل بولمىغان ۋاقىتتا ئوت بىلەن داۋالىنىدىغان چارىلەر قوللىنىلىدۇ ياكى چىش پارچىلىۋېتىلىدۇ، پارچىلىۋېتىشنىڭ ھالىتى چىشلار ئۈستىگە مىس پوقىنى ئۈزۈم دەرىخى سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ پاختا بىلەن قويۇش ياكى سىركىگە 40 كۈن چىلاپ قويۇلغان زەنجىۋىل قويۇش، ئاۋۋال باشقا چىشلارغا ياغ سۈركەپ، ئۇلارنى دورىلارنىڭ تەسىرىدىن ساقلاش لازىم.

مىس پوقى — مىس ئېتىلغان ۋاقىتتا چاچرىغان قىسىمدۇر.

3. ئاشقازان شېرىكچىلىكىدىن بولغان چىش ئاغرىقى **بەزىدە چىشلارنىڭ ئاغرىقى ئاشقازاندىكى ماددىلارنىڭ كۆپلىكىدىن بولىدۇ. يەنى ئاشقازان قويۇق، ئۆتكۈر، ناچار ياكى بۇزۇلغان ماددىلار بىلەن ياكى ماددىلارنىڭ مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن تولغان ۋاقىتتا بولىدۇ.**

ئالامىتى بۇ ئاغرىق ھەزىم بۇزۇلۇش، ئاشقازان تولۇپ قېلىش ۋە كەچلىك تاماق يېگەندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ.

داۋالاش **سۈرگىچى ھەب ياكى ئايارەج ئارقىلىق ئاشقازان تازىلىنىدۇ، لېكىن**

قۇستۇرۇلمايدۇ، غىزا ئاز - ئازدىن بېرىلىدۇ، تاكى ھەزىم بولغىچە.

4. چىشنىڭ يۇلۇنۇپ كېتىشى ۋە سۇنۇشى بەزىدە چىشلارنىڭ ئاغرىقى، بىرەر ھەرىكەتلەندۈرگۈچسىز ۋە بىرەر سىرتقى نەرسە چىش تۈۋىگە يېتىپ بارماستىن، پەقەت ناچار ماددىلارنىڭ چىرىتىش سەۋەبىدىن چىش سۇنۇپ كېتىدۇ ياكى يۇلۇنۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

داۋالاش ئاقىرقەرھا، ئەپيۇن، كۇندۇر تالقىنى قاتارلىقلارنى سوقۇپ سۈتتە يۇغۇرۇپ، شۇ ئورۇنغا تاكى ئاغرىق ئارام بەرگۈچە ۋە بەك يۇلۇنۇپ كېتىشتىن توختىغىچە قويۇلىدۇ، ئەگەر يۇقىرىقى چارىلەر ئۈنۈم بەرسە ياخشى، ئەگەر ئۈنۈم بەرمىسە يۇقىرىقى چارىلەر بىلەن زەيتۇن يېغى ياكى بىرەر تۆمۈر ئارقىلىق تاكى ئاغرىق توختىغىچە چىش داغلىنىدۇ.

5. نەزلە بەزىدە چىش ئاغرىقى نەزلە سۇيۇقلۇقىنىڭ قۇيۇلۇشى سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇنىڭدىن چىش يىلتىزى ياكى ئۇنىڭ نېرۋىلىرى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ئالامىتى ئاغرىق بىلەن بىرگە نەزلىنىڭ ئالامىتى مەۋجۇت بولىدۇ.

داۋالاش مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ ۋە نەزلىنىڭ داۋاسى قىلىنىدۇ. بەتەم يېلىمى، قارىمۇچ، پوستى بىخ كەبىر، زەمچە ۋە ھەسەلگە ئوخشاش دورىلار بىلەن چىش كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

6. قۇرت ۋە ئۇپراش بەزىدە چىشتىكى ئاغرىق چىش ئىچىگە قۇرت پەيدا بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدا تۆشۈك پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ تۆشۈكتىن ھۆللۈكلەر كىرىپ بۇزۇلىدۇ ھەمدە بۇ جايدا قۇرت پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش كۈدە ئۇرۇقى، بەزرۇلبەنجى، پىياز ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئۆچكە يېغى ياكى مومدا كۇمىلاچلاپ قۇرۇتۇپ، كۆيدۈرۈپ ئىسى يەتكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ تەرتىپى كۇمىلاچنى ئوتتا قويۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە ۋارونكا دۈم قويۇلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بېشى تەرەپكە سۇنغان، قۇرت يېگەن چىش تۇتۇلىدۇ، تاكى ئىسنىڭ بۇخاراتلىرى كىرىپ، قۇرتلار چىقىپ كەتسۇن.

چىش ئاغرىقى مىزاجنىڭ ماددىلىق بۇزۇلۇشىدىن بولىدۇ. بۇ ئادەتتە يارىغا ئايلىنىدىغان ئىششىقتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەر سانسىزلىغان بولىدۇ. مەسىلەن: تاماق سىڭمەسلىك، نۇقرەسكە ئوخشاش كېسەللىكلەر، سىماب ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەباتلىرىنى ئىشلىتىش، ھامىلىدارلىق مەزگىلى، چىشلارنى تازىلىماسلىق، ئاچچىق - تاتلىق ۋە ناچار غىزالارنى قالايمىقان يېيىش قاتارلىقلار. شۇنىڭ ئۈچۈن چىش ئاغرىقىنى داۋالىغان ۋاقىتتا ۋاقىتلىق ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنى ئىشلەتكەندىن سىرت، ئاغرىقنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەرنى يوقىتىش تەرەپكىمۇ كىرىشىش زۆرۈر. سىماب يېيىشتىن چىش مىلىكى ئىششىپ قالغان بولسا، بۇنى يېمەسلىك ئىنتايىن زۆرۈر. نۇقرەس كېسەللىكىنىڭ ماددىسى سەۋەبىدىن

ئىششىق ۋە ئاغرىق بولغان بولسا، نۇقرەسنى داۋالاش تەرەپكە يۈزلىنىش لازىم.

ئەگەر ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە بولغان بولسا ئاغرىق توختىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، ساقلىقنى ساقلاش قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش بىلەن باشقا ھېچقانداق چارە قىلىنمايدۇ.

ئەگەر مۇناسىپ بولمىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىشتىن بولغان بولسا، شۇ نەرسىدىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش چىشلارنىڭ ئاغرىقىنى توختىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخىلار ئىشلىتىلىدۇ:

نۇسخا: ئاقىرقەرھا، قەلەمپۇر، قارىمۇچ، ئاش تۇزى، قىچا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنى سوقۇپ تاسقاپ، سۇنۇن ياسىلىدۇ ۋە ئاز - ئازدىن چىشقا سېپىلىدۇ. ئەگەر چىشتا كاۋاك پەيدا بولغان بولسا ۋە بۇنىڭدا ئاغرىق بولغان بولسا تۆۋەندىكى نۇسخىنى تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ:

نۇسخا: 3.2 گىرام ئەپيۇن بىلەن 3.2 گىرام كافۇرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ياكى قەلەمپۇر يېغى ياكى ئەنجۈر سۈتىدە يۇغۇرۇپ چىش تۆشۈكىگە قويۇلىدۇ، كۈندە بىر نەچچە قېتىم تۆۋەندىكى نۇسخىلاردىن بىرى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

غار - غار نۇسخىسى: چەمبىل دەرىخى ئۆسۈملۈكىنىڭ پوستى، سەرەس دەرىخى پوستى، بەرەڭگى كابۇلى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قايناتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخىسى: بەرەڭگى كابۇلىدىن 12 گىرام ئېلىپ، سۇدا قايناتىپ سۈزۈپ، سۈيىدە غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، ئەگەر مىدىرلاپ قالغان چىشتا ئاغرىق بولسا، سۇنۇنى موغەيلان پوستىنى سۇنۇنى تاماكا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم چىشقا سېپىلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى نۇسخىنى تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ:

نۇسخا: قورۇلغان زەمچە، قورۇلغان كۆك تۇتىيا، مەستىكى، كەت سەفىد، ئاقمۇچ، زەنجىۋىل، ئاق لاچىندانە، لاھۇر تۇزى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇنۇن تەييارلاپ ئەتىگەن - كەچتە ئۇخلايدىغان چاغدا چىشقا سېپىپ ئارقىدىن پان يېيىلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى نۇسخا ئېگەككە زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ:

زىمات نۇسخىسى ئەپيۇن ۋە زەپەردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ.

ئەگەر چىشتىن يىرىڭ چىققان ۋە ئاغرىق ئۆتكۈر بولغان بولسا، بۇنىڭ داۋاسى چىش

مىلىكى ئاقمىسىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بايانى كېيىن سۆزلىنىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئەگەر غىزا يېگۈسى كەلسە ۋە ئاغرىق قاتتىق بولسا، چاينىمىسىمۇ بولىدىغان يۇمشاق، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ساگۇدانە، ئارپا ئېشى، توخۇم، پەنىر قاتارلىقلار.

ئەگەر قاتتىق ئاغرىق پەسەيسە ئادەتتىكى غىزالار بېرىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدىغان، چۈچۈمەل نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، سوغۇق سۇ بىلەن ئېغىزنى چايقاتقۇزماسلىق، قەۋزىيەت قىلىپ داۋالاش جەريانىدا ئىترىفىل ۋە باشقا دورىلار ئارقىلىق چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىپ تۇرۇش لازىم.

چىش قاماش

بۇ، بىرەر قۇرۇقلۇق ياكى يىرىكلىك پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى يېيىش سەۋەبىدىن چىشنىڭ سېزىمسىزلىنىشىدۇر.

چۈچۈمەل نەرسىلەرنى يېيىشتىن بولغان چىش قاماش بۇ بەزىدە تاشقى سەۋەبتىن، مەسىلەن: چۈچۈمەل، قابىز، چاپلاشقاق نەرسىلەرنى چايناش قاتارلىقلاردىن بولىدۇ. بەزىدە ئىچكى سەۋەبتىن، مەسىلەن: چۈچۈمەل بەلغەم ياكى بىرەر باشقا ھۆللۈك ئاشقازانغا چاپلىشىۋېلىشتىن بولىدۇ. بۇنىڭ تەسىرى چىشقىچە يېتىپ بارىدۇ.

داۋالاش چىش ياكى ئۇنىڭ نېرۋىلىرىدا سوغۇقلۇق تەسىرىدىن پەيدا بولغان قورۇلۇش ۋە قۇرۇقلۇق يوقالغۇچە ھەمدە ئۇنىڭ چاپلاشقاق تەركىبلىرى تارقاپ كەتكۈچە ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەر بىلەن داۋالىنىدۇ ياكى مايلاشقاق ۋە يۇمشاتقۇچى نەرسىلەر بىلەن داۋالىنىدۇ، تاكى بوشىشىش پەيدا بولۇپ، چىشلار ۋە تارىمۇشلارنىڭ جەۋھىرىدىن قابىزلىق يوقالسۇن. ئىسسىقلىق پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەردىن، مەسىلەن: يالپۇز، تاغ رەيھىنى، ھەسەل، تۇز قاتارلىق نەرسىلەر چايناتقۇزۇلىدۇ ياكى سۈركىلىدۇ.

تۇز چۈچۈمەل نەرسىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى مۇشۇ بولىدۇكى، ئەگەر سىركە بىلەن تۇز ئارىلاشتۇرۇلسا سىركىنىڭ چۈچۈمەللىكىنى پارچىلايدۇ (نەفىيس).

مايلاشقاقلىق پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەردىن خىرپە، موم، پوستى ئاقلانغان تاتلىق بادام قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

داۋالاش ئىچكى سەۋەبتىن چىش قامىغان بولسا مۇناسىپ چارىلەر بىلەن ئاشقازاندىكى

بەلغەم ۋە باشقىلار تازىلىنىدۇ، ئاندىن يۇقىرىقى دورىلار چىشقا سۈركىلىدۇ ياكى چايناتقۇزۇلىدۇ.

سوغۇق نەرسىلەرنى يېيىشتىن قاماش   بۇ، سوغۇق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى، ئەگەر بىرەر سوغۇق ياكى ئىسسىق ياكى قاتتىق نەرسىلەر چىشقا تەگسە چىش ئاغرىيدۇ.

داۋالاش   نان ياكى تۇخۇم سېرىقىنى قىزىتىپ چىش تېگىگە بىر نەچچە قېتىم ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، تاكى ئۇنىڭ ئىسسىقلىقىدىن كۆزدىن ياش ئاقسۇن، بۇنىڭ بىلەن چىشلاردا پەيدا بولغان قاتتىق سوغۇقلۇق يوقىلىدۇ، ئاندىن گۈل يېغىدا مەستىكىنى ئېرىتىپ ئىسسىق ـ ئىسسىق ئېغىزدا تۇتۇلىدۇ ، بۇ، چىش مىلىكى ۋە چىشلارنى كۈچلەندۈرىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ نامى چىش سۆيىنىنىڭ يوقىلىشى يەنى چىش چۈرۈكلىشىشتۇر. بۇنى مۇستەقىل ھالەتتە يېقىندا بۇنىڭدىن كېيىن يازغۇچى بايان قىلغان.

چىش ئۇۋۇلۇپ كېتىش ۋە كاۋاكلىشىش

بۇ كېسەللىك بەزىدە سۇيۇقلۇقلارنىڭ چىشقا ئۆتۈپ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ، بەزىدە ئەسلىي تەبىئىي ھۆللۈكلەرنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇلار بىلەن ئۇنىڭ تەركىبلىرى ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدۇ ھەمدە چىشلار ئۈستىدە قۇرۇقلۇق غالىب كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىش يېرىلىپ سۇنۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ياشانغان، كېسەلدىن يېڭى ساقايغان ۋە ئارقىمۇئارقا ئاچ قالغان كىشىلەردە پەيدا بولىدۇ.

پەرقى   بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق: قۇرۇقلۇقتىن بولغان ھالەتتە چىش يىگىلەيدۇ ۋە ھۆللۈكتىن بولغان ھالەتتە بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ ھەم چىشلارنىڭ رەڭگى كۆك، سېرىق ۋە قارا رەڭدە بولۇپ قالىدۇ.

داۋالاش   ھۆللۈكتىن بولغىنىنى داۋالاشتا ئايارەج ۋە ھەبلەر ئارقىلىق مېڭە چىشلار تەرەپكە كېلىدىغان ھۆللۈكلەردىن تەنقىيە قىلىنىدۇ، قابىز چىش پاستىسى (بۇ چىشنىڭ بۇزۇلۇشىنى توختىتىدۇ) ئارقىلىق چىشلار كۈچلەندۈرۈلىدۇ، مەسىلەن: رۇسۇت، سۇمبۇل، سەئدى كۇفى، موزا، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلاردىن چىش پاستىسى تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ، سىركە

بىلەن ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ، بۇنىڭدا قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلار قايىنتىلغان بولسۇن. **مەسىلەن: ئاس يوپۇرمىقى، ئانارگۈلى، زەمچە قاتارلىقلار قايىنتىلغان بولسۇن.** چىشلارغا ئامىلە ئۇسارىسى، مەستىكى ۋە ئاز مىقداردا كافۇر تولدۇرۇلىدۇ، لېكىن دەسلەپتە بۇزۇق تەركىبلەر تەرتىپ بىلەن تازىلىنىدۇ، **تاكى بۇزۇلۇش كۆچىيىپ ئەتراپىغىچە تارقالمىسۇن ھەمدە زىيادە بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن.**

گەرچە بۇ كېسەللىك قۇرۇقلۇقتىن پەيدا بولغان بولسىمۇ، **بۇنى داۋالاش ناھايىتى قىيىندۇر، لېكىن ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى غىزالار ۋە شەربەتلەر بىلەن مىزاجنى ھۆللەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇخۇم ئېقى، ئىسپىغۇل لۇئابى، ئېشەك سۈتى، بىنەپشە يېغى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، چىشلار ئۈستىگە چاپلىنىدۇ ياكى ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ.**

چىش ئۈستىگە كىر توپلىنىش ۋە چىش رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىش

چىش ئۈستىگە كىر توپلىنىش (ھۇفرى ۋە قەلئى)   ھۇفرى چىش كىرىنىڭ نامىدۇر. بۇ، لاي پارچىلىرىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇيۇغان نەرسە قۇمغا ئوخشاش ئاسان پارچىلىنىدۇ. ئەگەر چىشنىڭ يىلتىزلىرىغا ئۇيۇپ ئۆزىچە قېتىۋالغان بولسا، ئۇنى ئاجرىتىش قىيىن بولىدۇ. بۇ قەلئىمۇ دېيىلىدۇ. بۇنىڭ رەڭگى قارا، كۆك ياكى سېرىق رەڭدە بولىدۇ.

سەۋەبى   بۇنىڭ سەۋەبى ھۆل، قويۇق ھۆللۈكلەر ۋە ماددىلار بولىدۇ. بۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىن تومۇر يوللىرى بىلەن ئۆرلەپ ئېغىز ۋە چىش يۈزىگە ئۇيۇپ قالىدۇ. ئېغىزنىڭ يۈزىگە ئۇيۇغىنى بولسا تىلنىڭ ھەرىكەتلىنىشى بىلەن تازىلىنىدۇ، لېكىن بۇ چىشلاردا بولسا، چىشنىڭ ئىچى ياكى سىرتقى تەرىپىدە بولىدۇ. **چۈنكى تىل ئۇ يەرگىچە يېتىپ بارالمايدۇ.** بۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇيۇپ قېلىنلايدۇ.

ئەگەر خىلتلاردىن بۇ ماددا ھاسىل بولسا كىرلارنىڭ رەڭگىدىن خىلت ئېنىقلىنىدۇ.

داۋالاش   پۈتۈن بەدەن ۋە ئاشقازاننى شۇ خىلتتىن تازىلىنىدۇ، ئەگەر چىش كىرى بەك قاتتىق بولسا، تۆمۈر سايمانلار بىلەن يۇمشىتىپ ئېھتىيات بىلەن پۈتۈنلەي تازىلىنىدۇ، ئەگەر بەك قاتتىق بولمىسا، پارقىراتقۇچى مەجۇنلار بىلەن تازىلىنىدۇ، **مەسىلەن: كۆپۈكى دەريا،**

تۇز، سەدەپ كۈلى، سوقۇلغان شېشە، كۆيدۈرۈلگەن شېھ، كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ تەييارلانغان بولسۇن.

چىش رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىش بۇنىڭ سەۋەبى، بۇزۇق ماددا چىش ئىچىگە ئۆتۈۋالىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ رەڭگى ئۆتۈۋالغان خىلتنىڭ رەڭگىگە مۇۋاپىق كۆكۈچ پىدىگەن رەڭگىدە، سېرىق ياكى گەج رەڭگىگە ئوخشاش بولىدۇ.

داۋالاش ھەبلەر ۋە غار - غارلار بىلەن پۈتۈن بەدەن ۋە باش شۇ غالىب خىلتتىن تازىلىنىدۇ.

ئەگەر سېرىق (بۇ سەپرانىڭ ئالامىتى) بولسا ئاق لەيلى، ئارپا ۋە مەسۇر ئۇنى قاتارلىقلارنى سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ سۈركىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيى ياكى سىركە بىلەن ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ تاكى سەپراۋى ماددا قۇيۇلۇشتىن توختىسۇن. ئەگەر ئۇ قارا (بۇ سەۋدانىڭ ئالامىتى) بولسا، گۈل يېغىغا بىخ كەبىر، ئەفتىمۇن، مەستىكى، ئۆشنە قاتارلىقلارنى سوقۇپ تاسقاپ قوشۇپ سۈركىلىدۇ.

ئەگەر ئۇ تەلقىيە رەڭگىدە يەنى گەجگە ئوخشاش بولسا، بۇ، قويۇق بەلغەمدىن پەيدا (بۇنى تەلقىيەمۇ دەپ ئاتايدۇ) بولسا قىرۇتى، مەستىكى يېغى، ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلاردىن، مەسىلەن: توخۇ يېغىغا خەيرى يېغى، موم، ئاز مىقداردىكى زۇپا، بىرقانچە كۈنگىچە سۇغا چىلانغان بۇغداينىڭ ئازراق شىرنىسى قاتارلىقلارنى قوشۇپ سۈركىلىدۇ، بۇ ئاخىرقى تۈرى، ئاز ۋاقىتلاردا ياخشىلىنىدۇ. چۈنكى چىشنىڭ جەۋھىرى قاتتىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دورىنىڭ تەسىرى ئۇ يەرگىچە ئوبدان يېتىپ بارالمايدۇ.

تەلقىيە: بۇ تەلەق تەرەپكە مەنسۇپ بولۇپ، تەلەق — ئەبرەكتۇر. بۇغداي شىرنىسى يەنى بۇغداي سۇدا ئېزىلسە، سۈتكە ئوخشاش بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇنى شىرە دەپ ئاتايدۇ (ت).

بەزىدە بۇ تۈردە يەنى بۇنىڭ رەڭگى پىدىگەن رەڭگىدە بولسا، سىركە بىلەن ئېغىزنى چايقاش پايدىلىق بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئۇرۇقنى ئايرىۋەتكەن شەھمەنزەلنى قايناتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ. شەھمەنزەل تەسىرى كۈچلۈك بولۇش سەۋەبى بىلەن ماددىنى سۈمۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ قويۇق بەلغەم ۋە سەۋدانى تارقىتىدۇ، كېسىدۇ. بۇنى ئۇرۇقىدىن ئايرىۋېتىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، شەھمەنزەلنىڭ ئۇرۇقى قاتتىق زەھەرلىكتۇر. بەزىدە بۇنىڭدىن بىر دانگ (0.48 گىرام) يېگۈزسىمۇ ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

چىشنىڭ مىدىرلىشى ۋە چۈشۈپ كېتىشى

ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى جاغ چىش تۆشۈكىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن بولغان چىش مىدىرلاش   بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى جاغنىڭ چىش تۇرىدىغان تۆشۈكلىرىنىڭ بەك كېڭىيىپ كەتكەنلىكى بولىدۇ. بۇ كىچىك بالىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

بالىلاردىكى چىش چۈشۈپ كېتىشنىڭ سەۋەبى سۈت چىش ئاجىز ۋە تۇغما كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئەت ئۇ چىشلارنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن تەبىئەت چىش تۆشۈكلىرىنى تاكى ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسلەپكىدىن چوڭ ۋە مەزمۇت چىش پەيدا بولغۇچە چوڭايتىدۇ، بۇ چىش تاكى ھايات ئاخىرلاشقانغا قەدەر خىزمەت قىلىدۇ.

چىش يىگىلەشتىن بولغان چىش مىدىرلاش   بۇنىڭ سەۋەبى چىشلارنىڭ قۇرغاقلىشىشى ۋە يىگىلىشى بولىدۇ. بۇ بەزىدە ياشانغانلاردا بولىدۇ، بۇنى داۋالىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى چىش ئۆسۈپ يېتىلىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، يوقىلىش ۋە كېمىيىشكە قاراپ مېڭىپ ئاخىرىدا تۈگەيدۇ.

ياشانغانلاردا بۇ پەقەت چىشنىڭ يىگىلىشىدىنلا بولماستىن، بەلكى چىش مىلىكىنىڭ كېمىيىشىدىنمۇ بولىدۇ. چىش مىلىكى چىشلارنى قورشاپ، ئۇلارنى مۇستەھكەم قىلىدۇ.

ياشلاردا بەزىدە قان ئازلىق سەۋەبىدىن بولىدۇ، شۇنداقلا كېسەلدىن تۇرغان ۋە داۋاملىق ئاچ يۈرۈيدىغان كىشىلەردە بولىدۇ.

ئالامىتى   بەدىنى ئورۇق، كۆزى ئولتۇرۇشقان بولىدۇ، پۈتۈن بەدەندە قورۇقلۇق بولىدۇ ۋە چىش مىلىكىدە چىشنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئاغرىق، كاۋاكلىشىش، بوشىشىش، سېسىش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ھېچقايسىسى بولمايدۇ.

داۋالاش   قورۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلەتمەي، ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، ياخشى ئارام ئالدۇرۇلىدۇ ۋە ئاسايىشلىق يەتكۈزۈلىدۇ، قورساق توق ھالەتتە ئۇخلىتىلىدۇ ۋە ياغ قاتارلىقلار بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ، پۈتۈن بەدەنگە جۇملىدىن مېڭىگە ھۆللۈك پەيدا قىلىنىدۇ، ئاندىن قىزىلگۈل، تاباشىر، ئەدەس، زەمچە، مائىن كالان قاتارلىقلارغا ئوخشاش قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلار بىلەن چىش كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

چىش پەيلىرىنىڭ بوششى   بەزىدە چىشلارنىڭ مىدىرلاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى سۇيۇق ھۆللۈك بولىدۇ. بۇ، چىش مىلىكى ۋە چىشلارنى تۇتۇپ تۇرغۇچى پەيلەرنى بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئالامىتى   چىش مىلىكى بوشاشقان بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چىشتا يىگىلەش بولمايدۇ،

سۆزلىگەندە جاغلىرى تىترەيدۇ، ئېغىزدىن شۆلگەي ئاقىدۇ، چىش تۈۋىدە سوغۇقلۇق سېزىلىدۇ.

داۋالاش   پالەچنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، ئىسسىق، قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلاردىن، مەسىلەن: ئاقىرقەرھا، بىخ كەبىر پوستى، خېنە، سەئدى كۇفى، زەمچە، قىزىلگۈل، سۇمبۇل قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ ئېغىز چايقىتىلىدۇ. قابىزلىق ۋە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى سۇيۇق چېپىلمىلار ۋە سۇنۇن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق سەۋەبىدىن بولغان چىش مىدىرلاش   بەزىدە چىش مىلىكىدىكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ سەۋەبىدىن مىدىرلاپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىششىقنىڭ تەمەددۇدىدىن چىش مىلىكى چىشلاردىن ئاجراپ كېتىدۇ.

ئالامىتى   قاتتىق ئاغرىق ۋە لوقۇلداش بولىدۇ.

داۋالاش   چىش مىلىكى ئىششىقىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، ئاندىن سوغۇق تەبىئەتلىك قابىز دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: تاباشىر، سېرىق ھېلىلە پوستى، ئانارگۈلى، سۇماق، پاقىيوپۇرمىقى ۋە سېمىزئوت قاتارلىقلارنىڭ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقىتىلىدۇ، كېسەللىكنىڭ تۆۋەنلەش باسقۇچىدا پەقەت تارقاتقۇچى دورىلاردىن، مەسىلەن: كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى ۋە گۈل يېغى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

5. ئاجىزلاش ۋە قان ئازلىقتىن بولغان چىش مىدىرلاش   بەزىدە چىشلارنىڭ مىدىرلاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى، ئاجىزلاش ۋە قان ئازلىق سەۋەبىدىن چىش مىلىكى بوشىشىپ چىشتىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكى بولىدۇ. بۇ تۈردىكىسى يېڭى كېسەلدىن تۇرغاندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. بوشىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ھۆللۈك بولمايدۇ (بۇ يۇقىرىدا سۆزلەندى).

ئالامىتى   چىش مىلىكى ئاق بولۇپ، گويا ئۇنىڭدا قان يوقتەك مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش   ياخشى ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى غىزالار بىلەن قۇۋۋەت يەتكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: پاقلان ياكى ئوغلاق گۆشى، سېمىز چۈجە گۆشى، تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ، ئىسسىق تەبىئەتلىك، قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلاردىن ياسالغان سۇنۇن سۈركىلىدۇ، تاكى قاننى ئۇ تەرەپكە سۈمۈرۈپ توختاتسۇن، مەسىلەن: سەئدى كۇفى، سۇمبۇل، كۆيدۈرۈلگەن ئېگىر، مەستىكى، قىزىلگۈل قاتارلىقلار.

ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە چىشنىڭ ئۇپرىشى   بەزىدە چىشلار مىدىرلاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى چىش مىلىكىدىكى گۆشنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكى ۋە بۇزۇلغانلىقى بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ تەرەپكە ئۆتكۈر يېگۈچى ۋە قاننى كۆيدۈرگۈچى ماددىلارنىڭ قۇيۇلغانلىقى بولىدۇ.

داۋالاش   قان ئېلىنىدۇ، مۇسھىل بېرىلىدۇ، ھىجامەت قويۇلىدۇ، سۇماق ۋە ئانار چۈشكەن تاماقلار بېرىلىدۇ. تاتلىق نەرسىلەردىن (تاتلىق - تۇرۇم ۋە ھالۋا)، گۆشتىن ۋە قاننى

كۆپەيتكۈچى ھەر خىل نەرسىلەردىن ساقلىنىلىدۇ. كۈندۈر، زىراۋەندە، خۇنسىياۋشان، كۈرسىنە تالقىنى، ئىرسا (كۆكۈچ سەۋسەن) قاتارلىقلارنى ئېزىپ، ھەسەل ياكى ئەنسىل سىركىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۈركىلىدۇ.

ئەگەر چىش مىلىكى چىرىگەن ۋە كۈچلۈك داۋالاشقا موھتاج بولغان بولسا پەرپىيۇن بىلەن داۋالىنىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت چىرىگەن گۆشنى يوقىتىش. ئۇنىڭدىن كېيىن سىركە بىلەن ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ.

ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇش بەزىدە بۇ چىشقا تاياق تېگىش ياكى بىرەر زەربە يېتىشتىن بولىدۇ.

داۋالاش سوغۇق تەبىئەتلىك، قابىز خۇسۇسىيەتلىك نەرسىلەر بىلەن داۋالىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن چىشلار چىڭ باغلىنىدۇ. بۇنىڭ بايانى سۆزلىنىپ بولدى. ئەگەر ساقايسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن داغلىنىدۇ ياكى ئالتۇن, كۈمۈش زەنجىر بىلەن باغلىنىدۇ، ئاندىن يۇقىرىقى دورىلار سېپىلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر چىش پەقەت مىدىرلىغان بولسا، سۇنۇنى پوستى مۇغەيلاننى ئەتىگەن كەچتە چىشقا سېپىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئاغرىقمۇ بولسا، سۇنۇنى زەرىدىنى ياكى تۆۋەندىكى نۇسخىنى تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ:

سۇنۇن نۇسخىسى سۇماق پوستى، يېشىل موزا، زەرچىۋە، ئانار پوستى، زەمچە قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، سۇنۇن تەييارلاپ چىشقا سېپىلىدۇ ياكى چىش ئاغرىقىدا سۆزلەنگەن سۇنۇن ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز يۇمشاق غىزالار بېرىلىدۇ (بۇنى يېگەندە چىشقا بېسىم كەلمەيدۇ)، مەسىلەن: سۈت، يۇمشاق كەچرى، دىليا، ساگۇدانە، مۇچ ۋە تەم تەڭشىگۈچىلەر ئاز سېلىنغان شورپا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. سوغۇق سۇ بىلەن ئېغىز چايقىماسلىق ۋە چىش مىلىكىنى بوشاشتۇرۇپ قويىدىغان سېمىزئوت، پالەك كۆكى قاتارلىق غىزالاردىن، شۇنداقلا يۇمشاتقۇچى دورىلارنى بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم.

چىشنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى

ئىششىق چىش خۇددى ئۆزىگە ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن ئۆسۈپ يېتىلگىنىدەك ناچار ماددىلارنىمۇ قوبۇل قىلىش بىلەن ھەجمى چوڭىيىدۇ. بۇ، تۇم ۋە كۆپۈشكەن

بولىدۇ ھەممە بۇنىڭدا بىر تۈردىكى ئىششىق پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ ناچار ماددىلارنى قوبۇل قىلمىسا، بەزىدە كۆك ۋە قارا بولمايتتى، چۈنكى بۇنىڭ سەۋەبى ناچار ماددىلارنىڭ سۈمۈرۈلۈشىدىن باشقا ئىش ئەمەس.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىقمۇ بولسا بىلىش لازىمكى، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا ئوخشاش بۇنىڭغا ئىسسىق خىلىتلار ئۆزلەشكەن بولىدۇ. ئەگەر ئاغرىق بولمىسا بوشاشقان ئىششىقلارغا ئوخشاش بەلغەمى ھۆللۈكىنىڭ دەلىلىدۇر.

داۋالاش ئەگەر ئاغرىق قوشۇلۇپ كەلسە قان ئېلىنىدۇ، بەدەندىن ماددىلار تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن خەشخاش بىلەن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، سۇماق سۈيى ۋە گۈلاب بىلەن ئېغىز چايقىتىلىدۇ، سوغۇق ۋە قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلاردىن تىلا (سۇيۇق چېپىلما) تەييارلاپ سىركە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چېپىلىدۇ، مەسىلەن: سەرو مېۋىسى، موزا، مائىن كەلان سۈيى قاتارلىقلار.

ئەگەر ئاغرىق قوشۇلۇپ كەلمىسە داۋالاشتا ئايارەجلەر، ھەبلەر ۋە غار - غارلار ئارقىلىق مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ ۋە سەئدى كۇفى، مەستىكىنى چايناشقا بۇيرۇلىدۇ، تاكى مەۋجۇت بولغان ماددىلار تارقالسۇن. ئامىلە ئۇسارىسى (سوك) سۇزاپ بىلەن چىشقا سۈركىلىدۇ ياكى سامساقنى ياغدا قورۇپ چىشقا سۈركىلىدۇ.

چىشنىڭ ئۇپرىشى بەزىدە مەلۇم چىش باشقا چىشلاردىن قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزىراپ قالغاندەك سېزىلىدۇ. يەنى ئۇ ئۆز قاتتىقلىقى بىلەن ئۇپرىمايدۇ، لېكىن ئۇدۇلدىكى چىشنى ئۇپرىتىپ كىچىكلىتىدۇ. غىزا چايناشقان ۋاقىتتا بۇ چىش ئۇپرىغان چىش بىلەن ياخشى بىرلىشەلمەسلىكى ۋە سۈركىلەلمەسلىكى سەۋەبىدىن قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ.

داۋالاش چىشنىڭ مىدىرلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىككى بارماق ياكى بىرەر سايمان بىلەن تۇتۇپ، تاكى باشقا چىشلارغا باراۋەر بولغىچىلىك ئېكەك بىلەن ئېكەكلىنىدۇ.

ئىششىق بەزىدە چىش يىلتىزىدا ئىششىق پەيدا بولۇشتىن چىش چوڭىيىپ قالىدۇ. چىش يىلتىزى چىش ئۈنىدىغان ئورۇندۇر. چىش ئىششىق بار تەرەپنىڭ قارشىسىغا سىلجىيدۇ.

داۋالاش ئەگەر مۇناسىپ بولسا قان ئېلىنىدۇ، بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ، كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيى، ھۆل قىزىلگۈل سۈيى ۋە بۇ تۈردىكى قابىز ۋە ماددىنى قايتۇرغۇچى سۇلار بىلەن ئېغىز چايقىتىلىدۇ، ئاندىن ئىششىق تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن ئېغىز غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

چىش يۇلۇنۇش ئەگەر چىش تۇتۇپ تۇرغۇچى تارىمۇشىدىن ئايرىلىپ كەتمىگەن

بولسا، قول بىلەن ئۆز ئورنىغا ئەكېلىپ مەستىكى ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئالتۇن زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ يىلتىزىغا زەمچە ۋە كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى تاكى چىش مۇستەھكەم بولغۇچە چېپىلىدۇ.

ئالتۇن زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئالتۇن قارىداپ قارا بولۇپ قالمايدۇ ۋە ئۇزۇن مۇددەت تۇرسىمۇ ئاجىزلىمايدۇ.

چىش قىچىشىش

ئادەتتە بۇ كېسەللىك ناچار كەيپىياتتىكى ھەر خىل سۇلارنى ئىچىشتىن پەيدا بولىدۇ. **مەسىلەن: تۇزلۇق سۇ، گۈڭگۈرت ۋە نىترون تەركىبلىك سۇلار.**

بەزىدە ئۆتكۈر خىلىت پەيدا قىلىدىغان غىزالارنى يېيىشتىن بولىدۇ. **ئەگەر بۇ خىلىت پۈتۈن بەدەنگە تارقىسا، ئۇنىڭ بىلەن قىچىشىش پەيدا بولىدۇ.** ئۇ، خىلىتتىن ئاز بىر قىسمى چىش تۈۋى تەرەپكە كېلىدۇ. **بەزىدە چىش جەۋھىرىگىمۇ سىڭىپ كىرىدۇ.**

ئالامىتى چىش تۈۋى قىچىشقاندەك كەيپىيات بولىدۇ. چىشلارنى ئۆزئارا سۈركىمەستىن ياكى بىرەر نەرسىنى چايناشتىنمۇ قىسقا ۋاقىت چىدىغىلى بولمايدىغان بىئاراملىق بولىدۇ.

داۋالاش بۇ بۇزۇق ماددىلار ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى ۋە ھەببى ئايارەجلەر بىلەن بەدەن ۋە مېڭىدىن تەنقىيە قىلىنىدۇ. ناچار غىزالاردىن، مەسىلەن: ئۆتكۈر، ئاچچىق ۋە تۇزلۇق غىزالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ، سىركەنجۇبىل ئەنسىلى ياكى ھۇمماز يىلتىزى قاينىتىلغان سىركە بىلەن تاكى ناچار خىلىتلار يوقالغۇچە ئېغىز چايقىلىدۇ.

چىش چىقىرىش ئۇسۇللىرى

سېرىقماي، قايماق، ھايۋانلارنىڭ يىلىك ۋە مېڭىسى چىش تۈۋىگە سۈركىلىدۇ، ئاغرىق قاتتىق بولسا، گۈل يېغى بىلەن ئىتئۈزۈمنىڭ سىقىلغان سۈيى سۈركىلىدۇ.

چىشنى غۇچۇرلىتىش

بۇ كېسەللىك جاغ مۇسكۇللىرىدا بىر تۈرلۈك ئاجىزلاش پەيدا بولغانلىقتىن بولىدۇ. بۇنىڭدا تەشەنۇجقا ئوخشاش ھالەت كۆرۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىك كىچىك بالىلاردا بولۇپ، يېتىلگەندە يوقاپ كېتىدۇ.

بەزىدە، كېسەللىك سەكتە، سەرئى، تەشەننۇج ۋە پالەچنىڭ دەسلەپىدە نېرۋىلار ماددىلار بىلەن تولۇپ ئاجىزلىغانلىقتىن بولىدۇ.

بەزىدە قورساق ئىچىدە قۇرت پەيدا بولغان ۋاقىتتا قورساقتىن مېڭىگە ئۆرلىگۈچى ھۆللۈك ماددىلىرىدىن بىئارام بولغانلىقتىن بولىدۇ.

بەزىدە قاتتىق ئەزىيەت (يەنى ئاغرىق) تىن ساقلىنىش ئۈچۈن مېڭە ۋە نېرۋىلاردا بىئاراملىق يۈز بەرگەنلىكتىن بولىدۇ.

داۋالاش   ئەگەر كېسەللىك مېڭىنىڭ بۇزۇلغان ھۆللۈكىدىن پەيدا بولغان بولسا، باش ئايارەج ۋە غار - غارلار بىلەن تەنقىيە قىلىنىدۇ، گەدەن قابىزلىق قۇۋۋىتى بولغان خۇش پۇراق ياغلار بىلەن ياغلىنىدۇ. مەسىلەن: قۇستە يېغى، زەپەر يېغى قاتارلىق.

چىش چۈرۈكلىشىش (زىھابۇ مائىلئەسنان)

بۇ چىش بىرەر قىزىق ۋە قاتتىق نەرسىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، بەلكى بۇنىڭدىن يېقىمسىزلىنىدىغان كېسەللىكتۇر. بۇ ئاغرىق ئەمەس بەلكى ئاغرىقنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

1. سوغۇقلۇق   كۆپىنچە بۇ كېسەللىك سوغۇقلۇقتىن پەيدا بولىدۇ. سوغۇقلۇق چىشنى زىچلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇنىڭدا بىرئاز ئاغرىش بىلەن بىرگە بىر تۈرلۈك سەزمەسلىكمۇ پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش   بۇنىڭ ئۈچۈن ھەببۇلغار، زەمچە، ئۇزۇن زىراۋەندە قاتارلىقلارنى ئېزىپ چىشلارغا سۈركىلىدۇ. تۇخۇم سېرىقىنى ياغدا قورۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش پايدىلىقتۇر ياكى تالنى ياغدا قورۇپ ياكى سوقۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بېرىشمۇ پايدىلىق ۋە ياۋا پىيازنى قىزىتىپ، سوقۇپ، ئىسسىق سىركە بىلەن قوشۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈشمۇ پايدىلىق.

2. ئىسسىقلىق   بەزىدە كېسەللىك ئىسسىقلىقتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ چىشلارنىڭ نورمال مىزاجىنى بۇزۇپ، شۇنچىلىك قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇكى، بىرئاز ئاغرىق بىلەن چىش سېزىمسىزلىنىدۇ. بۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

ئالامىتى   چىش مىلىكىنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ، چىش مىلىكى ۋە چىشنى تۇتقاندا قىزىق بولىدۇ.

داۋالاش گۈل يېغىدا سەندەل ياكى كافورنى ئېرىتىپ چېپىلىدۇ. سېمىز ئوت كۆكى ۋە ئۇرۇقىنى چايناشمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ.

چىش مىلىكى ئىششىقى

چىش مىلىكى چىش مىلىكى ئەمەلىيەتتە بىر تۈردىكى قاتتىق، كۈچلۈك ۋە قېلىن پەردىدۇر. بۇ، چىش بوينى ۋە جاغنىڭ چىش بۆلەكلىرى بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ توقۇلمىسىدا تارىمۇشلار كۆپ تېپىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈستىنى سىلىق پەردە ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ پەردىدە قان تومۇرلار كۆپ بولىدۇ، لېكىن سەزگۈسى تۆۋەن بولىدۇ. چىش بويۇنلىرى ئەتراپىدىكى پەردىدە نۇرغۇن كىچىك ئۆسۈكچىلەر بولىدۇ، بۇ ئورۇندىن بۇ پەردە قايتىپ، سۆڭەك ئىچى پەردىسى بىلەن تۇتىشىدۇ (ت).

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق چىش مىلىكلىرىدە بەزىدە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاغرىق ۋە لوقۇلداش بولىدۇ.

داۋالاش قىيفال ۋە تۆت تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. مېۋىلەر قايناتىلمىسى، سېرىق ھېلىلە ۋە شاھتەررە قايناتىلمىسى بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك قايناتىلمىلار ۋە ئۇسارىلەر بىلەن ئېغىز چايقىتىلىدۇ. بۇلاردا قورۇش كۈچىمۇ بولسۇن. قايناتىلمىلار — سوغۇق تەبىئەتلىك ۋە قابىز دورىلار، مەسىلەن: ئەدەس، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، ئانارگۈلى، ئاس يوپۇرمىقى، قىزىل سەندەل، فۇپەل، سۇماق قاتارلىقلارنىڭ قايناتىلغان سۈيىدۇر. سوغۇق تەبىئەتلىك ئۇسارىلەر — سېمىزئوت، ئىتئۈزۈمى، پاقىيوپۇرمىقى قاتارلىقلارنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيىدۇر.

ھۇمرە (تىلما) بەزىدە چىش مىلىكلىرىدە ھۇمرە يەنى سۇرۇخ بادە پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئاغرىق قاتتىق بولىدۇ، قىزىللىق ۋە ئېچىشىش بولىدۇ ھەمدە ئىششىق ناھايىتى كىچىك بولىدۇ. ئىششىغان ئورۇننى قول بىلەن باسسا، بۇ ئورۇندىن قان يوقىلىدۇ ھەمدە قولنى تارتقاندا قان قايتىپ كېلىدۇ. ئېغىزغا ئەمەلىي سوغۇق بولغان نەرسىلەرنى ئېلىش بىلەن ئاغرىق دەرھال توختايدۇ، تاكى ئۇ ئېغىزنىڭ ئىسسىقلىقى سەۋەبىدىن يېڭىباشتىن قىزىغۇچە.

داۋالاش ئەگەر مۇناسىپ بولسا ھېلىلە قايناتىلمىسى بىلەن سەپرا تازىلىنىدۇ، چىش مىلىكلىرى ئۈستىگە ھىجامەت قويۇلىدۇ، ئەگەر ماددىدىن چىش مىلىكلىرى تازىلانغان بولسا، سىركە بىلەن ئېغىز چايقىتىلىدۇ. سىركىدە ئاس يوپۇرمىقى، ئىتئۈزۈمى يىلتىزى قايناتىلغان

بولسۇن.

بەلغەمدىن بولغان ئىششىق   بەزىدە چىش مىلىكىدە بەلغەمى ھۆللۈكتىن ئىششىق بولىدۇ.

ئالامىتى   رەڭگى ئاق ۋە تۇتقاندا سوغۇق بولىدۇ.

داۋالاش   دەسلەپتە ھەسەل ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن ئېغىز چايقىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن تارقاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، مەرزەنجۇش، شۇمشا ۋە زىغىر قاتارلىقلارنىڭ قايناتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ.

چىش مىلىكى قاناش

چىش مىلىكى قاناشنىڭ سەۋەبى چىش مىلىكلىرىنىڭ قۇۋۋىتى غازىيەسى چىش مىلىكىدىكى قاننى چىش مىلىكلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئاجىز بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن چىش مىلىكلىرىگە قان تولىدۇ ۋە يېرىلىپ قانايدۇ.

چىش مىلىكلىرىنىڭ قانىشى خۇددى بۇرۇن قانىغانغا ئوخشاش بولىدۇ، يەنى چىش مىلىكى قاناشمۇ بۇرۇن قاناشقا ئوخشاش بىر تۈرلۈك قاناشتۇر.

چىش مىلىكلىرىنىڭ قۇۋۋىتى غازىيەسى ئاجىزلاپ، چىش مىلىكلىرىنىڭ قان بىلەن تولۇشى ۋە قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشى باشقا سەۋەبتىن بولىدۇ. مەسىلەن: يارا قاتارلىقلار.

داۋالاش   قابىز ۋە كۈچلەندۈرگۈچى سۇنۇن پاراشوكى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئاس يوپۇرمىقى، كۆيدۈرۈلگەن ئەدەس، تاباشىر، سۇماق، ئەرەب مېۋىسى، موزا قاتارلىقلاردىن سۇنۇن تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. زەمچىنى كۆيدۈرۈپ سىركىدە داغلاپ، سوقۇپ چىش مىلىكلىرى ئۈستىگە سېپىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى ھەسسە تۇز، بىر يېرىم ھەسسە سورى ۋە بىر يېرىم ھەسسە قۇرۇق قىزىلگۈلمۇ بولسۇن.

زەمچىنى داغلاشنىڭ ھالىتى زەمچىنى كۆيدۈرۈپ، بۇنىڭدىن بۇسلار كۆتۈرۈلگۈچىلىك سىركە قۇيۇلىدۇ (نەفىيس).

سورى قىزىل زەمچىگە ياكى تەرىخ ناملىق بېلىقنىڭ كۆلىگە ئېيتىلىدۇ ھەمدە تەرىخنىڭ كۆلى تەرىخنى كۆيدۈرۈپ چوغقا ئوخشاش قىزىل قىلىپ تەييارلىنىدۇ. تەرىخ بىر غېرىچ باراۋرىدىكى بېلىقتۇر. بۇ ئەخلاتى يار خەلات دەرياسىدىن ئەرجىسقا يېقىن جايدا (ئەرمىنىيە دۆلىتىدە) تۇتۇلىدۇ ۋە تۇزلاپ قۇرۇتۇپ، شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ بېلىق ئەزەربەيجاندىنمۇ كېلىدۇ. ياخشىسى كونا بولغىنىدۇر. بۇ بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق

بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تەسىرى قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىشتۇر (نەفىس).

ئەمەلىي داۋالاش چىش مىلىكى قانىغان ھالەتتە تۆۋەندىكى سۇنۇن نۇسخىلىرىدىن بىرەرسى تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ:

سۇنۇن نۇسخىسى ئالتە گىرام زەمچىنى قازانغا سېلىپ كۆيدۈرۈش، كۆيدۈرۈش ئارىلىقىدا ساپ سىركە سېپىپ تۇرۇلىدۇ. ئەگەر قۇرۇسا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم يەنە سېپىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ گىرام ئانارگۈلى، ئۈچ گىرام ھىراكىس (يېشىل زەمچە) قوشۇپ سۇنۇن تەييارلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا قورۇلغان زەمچە تۆت گىرام، قورۇلغان تۇتىيا، تاباشىر، مەستىكى، كەت سەفىد، كەھرىۋا شەمئى ئۈچ گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ سۇنۇن تەييارلاپ، ئەتىگەن - كەچتە چىشلار ئۈستىگە سۈركىلىدۇ ھەمدە تۆۋەندىكى دورىلار غار - غار شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

غار - غار نۇسخىسى 12 گىرام ئاش تۇزىنى 480 گىرام سۇدا ئېرىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا 12 گىرام زەمچىنى 480 گىرام سۇدا ئېرىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

نۇسخا قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، خۇنسىياۋشان، كۆيدۈرۈلگەن بىخ مارجان، كەھرىۋا شەمئى، تاباشىر بىر گىرامدىن. دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، ئەنجىبار شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ كۈندە ئاز ئازدىن يالىتىلىدۇ.

ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، ئىچىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

نۇسخا قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، خۇنسىياۋشان قاتارلىقلاردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ ئېزىپ، بىر دانە ئامىلە مۇرابباسىغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۈستىدىن تاتلىق ئانار شەربىتىنى 48 گىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈلىدۇ ھەمدە غىزادىن كېيىن كافۇر ئېرىتمىسى بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش چىش مىدىرلاپ قېلىشتىكى ئوزۇقلاندۇرۇش چارىلىرىگە رىئايە قىلىنىدۇ.

چىش مىلىكى يارىسى ۋە ئاقمىسى

ناسۇر — نەيچە شەكلىدە گۆشتە پەيدا بولىدىغان كونا زەخمىگە ئېيتىلىدۇ.

چىش مىلىكى يارىسى بۇ ئاددىي يارا بولۇپ، بۇنىڭدا ئىششىق ۋە ئۇفۇنەت بولمايدۇ.

چىش مىلىكى يارىسىنى داۋالاش ئېغىز يارىسىنىڭ داۋاسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، يۇقىرىقى مەزكۇر قۇرۇتقۇچى دورىلار (ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى دورىلار) ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر يارا كۈچلۈك، ھۆللۈك ۋە يىرىڭ كۆپ بولسا، كۈچلۈك دورىلار، ئەگەر يارا ئادەتتىكىدەك بولسا، ئادەتتىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر يارا ئۇفۇنەتلىنىشكە باشلىغان بولسا، بۇنى داۋالاش گۆشخور چاقىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش، يەنى دەسلەپتە ئۆتكۈر سىركە ۋە فەلدىفىيۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن قابىز ۋە گۆش ئۈندۈرگۈچى دورىلار، مەسىلەن: موزا ۋە مۇرمەككى ئىشلىتىلىدۇ.

چىش مىلىكى ئاقمىسى يۇقىرىقىغا ئاساسەن ئاقمىنى داۋالاشمۇ گۆشخور چاقىنى داۋالاش بىلەن يېقىن بولىدۇ.

بەزىدە ئاقمىنى داۋالاشتا داغلاشقا زۆرۈرىيەت بولىدۇ. داغلاشتا ياغنى قايىنىتىش ھەمدە سۇلائىنى ئېلىپ، بۇنىڭ بىر بېشىغا يۇڭ يۆگەپ قايناۋاتقان ياغقا سېلىپ، بۇنىڭ بىلەن تاكى بۇزۇلغان گۆش چۈشۈپ كەتكۈچە ۋە يارىنىڭ ساقىيىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان ھۆللۈك قۇرۇپ كەتكۈچە داغلىنىدۇ.

ماھىيىتى چىش مىلىكى ئاقمىسى ئۇ كېسەللىكتۇر، بۇنىڭدا چىش مىلىكلىرىنىڭ ئەتراپى ئىششىپ قالىدۇ. چىش مىلىكىدە چىش يىلتىزلىرىغىچە بىر ئاقما بولىدۇ. ئاقمىدىن ھەر دائىم سېسىق پۇراقلىق يىرىڭ ۋە چاپلاشقاق ھۆللۈك چىقىپ تۇرغانلىقتىن چىش مىلىكىدىن يىرىڭ ئېقىشمۇ دېيىلىدۇ. چىش مىلىكى ئاقمىسى كۆپ ئۇچرايدۇ. بىر چىش كېسەللىكلىرى دوختۇرىدا ئۆلچەم بولىدۇكى، ھازىر بۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقانلارنىڭ تەخمىنەن 80% ى بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان، ئەمما بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز كېسىلىنى ئۇقمايدۇ.

سەۋەبى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ: ئېغىز ۋە چىشنى پاكىز تۇتماسلىق، يەنى تاماقتىن كېيىن چىشلارنى تازىلىماسلىق سەۋەبىدىن ئاخىرىدا چىشلار ئۈستىگە سېرىق رەڭلىك قاتتىق چۆكمە ئۇيۇپ قالىدۇ. چۆكمە سەۋەبىدىن چىش مىلىكلىرىنىڭ ئەتراپى زەخىملىنىپ، چىش مىلىكلىرىدىن يىرىڭ ئېقىشقا باشلايدۇ. كۆپىنچە بۇ كېسەللىككە ۋەجئۇل مۇپاسىل ۋە نۇقرەس بىمارلىرى گىرىپتار بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا چىش مىلىكلىرى بۇزۇلغان چىش كۆرۈلمىگۈدەك ئىششىيدۇ، ئادەتتىكى سەۋەبلەردىن قانايدۇ. تىلنى گەز باغلايدۇ. ئېغىز تەمى بۇزۇلغان بولىدۇ. تىنىقىدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ. كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى دەرىجىسىدە چىش مىلىكلىرى يېغىلىپ يىگىلەيدۇ. چىش مىلىكلىرىنى بېسىش بىلەن سېسىق پۇراقلىق يىرىڭ ۋە چاپلاشقاق ھۆللۈك

چىقىدۇ. جۈملىدىن بىمار پان، فۇپەل قاتارلىقلارنى يېمىگەن ۋە بۇلار بىلەن ئېغىزنى يۇمغان چاغدا چىشلارنىڭ يىلتىزلىرى بوش بولىدۇ ھەمدە چىشلىرى مىدىرلاشقا باشلايدۇ. ئاخىرىدا چىش يىلتىزلىرى شۇنچىلىك بوشايدۇكى، چىش چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ كېسەللىك بەزىدە بىر - ئىككى ياكى بىر قانچە چىشلاردىن باشلىنىدۇ ھەمدە ئۇ چىشلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. لېكىن بەزىدە پۈتۈن چىشلار بۇنىڭ بىلەن كېسەللىنىپ چۈشۈپ كېتىدۇ.

چىش مىلىكلىرى ئىششىقى ۋە چىش ئاغرىقىغا كۆپ گىرىپتار بولىدىغانلار بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار ئۆز كېسىلىدىن خەۋەرسىز بولىدۇ. بىرەر يېقىمسىزلىق بولمايدۇ ھەمدە ئاغرىق سېزىممۇ بولمايدۇ. لېكىن چىش ۋە چىش مىلىكلىرى قائىدىلىك تەكشۈرۈلسە، بىر قانچە چىشلاردا چىش مىلىكى يارىسى ۋە ئاقمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىسپاتلىنىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئېغىز ۋە چىش تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، تاماقتىن كېيىن نىم (يوپۇرمىقى ئاچچىق بىر خىل دەرەخ) ياغىچىدىن ياسالغان چىش كولىغۇچ بىلەن چىش ئارىسىدىكى تاماق قالدۇقلىرى چىقىرىۋېتىلىدۇ ۋە كۈندە بىرنەچچە قېتىم ئېغىز ياخشى چايقىلىدۇ، غار غار قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

غار - غار نۇسخىسى تۇتىيا بىر گىرام، زەمچە ئىككى گىرام، ئاش تۇزى ئۈچ گىرام، ساپ سىركە 60 گىرام، سۇ 240 گىرام. قاتتىق دورىلارنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ غار غار قىلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخىسى ئانارگۈلى، سۇماق، سوقۇلمىغان ئەدەس، سەرو مېۋىسى، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، يېشىل موزا قاتارلىقلاردىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، 180 گىرام ئەرقى گۇلاب، 180 گىرام ساپ سىركىدە قاينىتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

يۇقىرىقىغا ئاساسەن سۇنۇنى پوستى مۇغەيلان، سۇنۇنى چۆپچىنى ياكى سۇنۇنى موزىلارنى ئەتىگەن - كەچتە چىشقا سۈركىلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى سۇنۇنلاردىن بىرەرنى تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

سۇنۇن نۇسخىسى (1) قورۇلغان زەمچە، قورۇلغان يېشىل تۇتىيا، كۆيدۈرۈلگەن موزا، لاھۇر تۇزى، كەت، پاپىريا، قاقىلە ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، يۇمشاق سۇنۇن تەييارلىنىدۇ.

سۇنۇن نۇسخىسى (2) لاھۇر تۇزى، قورۇلغان قۇرۇق يۇمغاقسۈت، ھىراكىس (يېشىل زەمچە) ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، يېشىل تۇتىيا، قۇستە، كەت سەفىد، قورۇلغان ئاق زىرە،

مەستىكى ھەربىرى 3.5 گىرامدىن، بەھەر دەنتى، زەنجىۋىل، ئەركەك زورەمبات، ئۇششاق كاۋاۋچىن ھەربىرى 2.75 گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇنۇن تەييارلىنىدۇ.

سۇنۇن نۇسخىسى (3) كەت سەفىد، تاتلىق قۇستە، قورۇلغان يېشىل تۇتىيا، زەنجىۋىل ھەربىرى 12 گىرامدىن دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ يۇمشاق سۇنۇن تەييارلىنىدۇ.

سۇنۇن نۇسخىسى (4) ئاقىرقەرھا، لاچىندانە ئۇرۇقى، قەلەمپۇر، ئانار پوستى، قورۇلغان يېشىل تۇتىيا، قارىمۇچ ھەربىرى 12 گىرامدىن، قورۇلغان زەمچە، خۇمدان سېغىزى (ئاق سېغىز) ياكى مىلتان سېغىزى ھەربىرى ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، دورىلاردىن قائىدە بويىچە سۇنۇن تەييارلىنىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز غىزاسىغا ئادەتتىكى غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ئۆچكە گۆشى شورپىسى ماش ئۇنى، ئارھەر (بىر خىل دانلىق زىرائەت) ئۇنى بىلەن تەييارلانغان كاكچا نان بىلەن بېرىلىدۇ. پالەك، تەرئى، تەندا، سېمىزئوت، سۈت قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. گۆش، بېلىق، تۇخۇم قاتارلىقلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلىش مۇناسىپتۇر. يۇقىرىقىغا ئاساسەن قېتىق، دوغاپ ۋە يەللىك، قابىز غىزالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

كۆرسەتمە ئېغىز تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، چىش تازىلاش پاراشوكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىشلەتكەندىن كېيىن يېرىم سائەتكىچە ئېغىزنى چايقىماسلىق لازىم. چۈنكى بۇ كېسەللىكتە ئېغىز تەمى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەمسىز بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىمار پان، تاماكا، ھاراق قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلىنىدۇ. گەرچە بۇ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش بىلەن ۋاقىتلىق راھەتلىنىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ زەھەرلىك تەسىرى باشقا كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: تىترەش، نېرۋا ئاجىزلىقى، خەفەقان قاتارلىقلار. چۈنكى چىش مىلىكى يارىسى ۋە چىش مىلىكى ئاقمىسىدا يىرىڭ ئاشقازانغا يېتىپ بارىدۇ ۋە يىرىڭنىڭ ئاز بىر قىسمى قانغا سۈمۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىمار ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ. مەسىلەن: ھەزىم بۇزۇلۇش، سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ئىششىقى، ئۆپكە ئىششىقى، قان بۇزۇلۇش، كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆز ئاغرىقى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش قاتارلىقلار.

يۇقىرىقى خەتەرلىك ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدىلا چىش مىلىكى يارىسى ۋە چىش مىلىكى ئاقمىسىنى يوقىتىش تەرەپكە يۈزلىنىش مۇناسىپتۇر. چۈنكى ئاقىۋەتتە يۇقىرىقى مەزكۇر كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبى پەقەت كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا داۋالاشقا يۈزلەنمەسلىك بولىدۇ.

چىش مىلىكىنىڭ كېمىيىشى ۋە بوشىشى

چىش مىلىكىنىڭ كېمىيىشى ۋە بوشىشى چىشلارنىڭ مىدىرلاپ قېلىشى ۋە چۈشۈپ كېتىشىنىڭ بايانىدا داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن سۆزلىنىپ بولدى.

بۇ مەزكۇر كېسەللىكلەر ئۈچۈن بۇ نۇسخا ناھايىتى پايدىلىق. ھېلىلە كابۇلى پوستى، ھېلىلە پوستى، تازىلانغان ئامىلە، زەنجىۋىل، پىلپىل، تۇتىيا، موزا، لاھور تۇزى، پەتىنىڭ قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ ئايرىم ئايرىم سوقۇپ، بىرلەشتۈرۈپ سۇنۇن شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

چىش مىلىكى چوڭىيىش (چىش مىلىكى ئۆسۈپ قېلىش)

بۇ كېسەللىك ئاخىرقى ئېزىق چىشتا (ئاخىرقى ئېزىق چىش پۈتۈن چىشلارنىڭ ئارقىسىغا جايلاشقان) ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا بىمارغا ئېغىز چىشقا ئازراق غىزا كىرىۋالغاندەك مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش بۇنى داۋالاشتا قەلقەنىد ۋە مۇرمەككى يۇمشاق سوقۇپ سۈركىلىدۇ.

چىش مىلىكى يىرىڭلاش

چىش مىلىكى يىرىڭلاشنى داۋالاش ئۇسۇلى چىش مىلىكى ئاقمىسىنى داۋالاشقا ئوخشاشتۇر.

گال ۋە كىچىك تىل كېسەللىكلىرى

گال غىزا يولى يەنى قىزىلئۆڭگەچ، ھاۋا يولى يەنى يۇتقۇنچاق ئوتتۇرىسىدىكى قىزىلئۆڭگەچ ئېغىزى ۋە كانايغا يېقىن جايلاشقان بوشلۇقنىڭ نامىدۇر. بۇرۇن، ئېغىز ۋە يۇتقۇنچاق گال ئالدى تەرىپىدە بولىدۇ. گال گەدەن بېشى ئارقىسى باش سۆڭىكى ئاستىدىكى بىر بۆلەك ئۈستىدە، قىزىلئۆڭگەچ ئاستىدا بولىدۇ (بۇ گال بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ). گال باش سۆڭىكى تۈۋىدىن باشلىنىپ، ئاستىغا تۆۋەنلەپ بويۇن بەشىنچى ئومۇرتقىسى ئۇدۇلىدىكى يۇتقۇنچاق ئىككى يۇملاق كۆمۈرچىكى ئۇدۇلىدا ئاخىرلىشىدۇ. گالنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4.5 قىرات (6 ~ 7 ئىلىك) بولۇپ، توقۇلمىسىدا پەردە ۋە مۇسكۇل بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن گال خالتىغا ئوخشاش بولىدۇ، گالنىڭ ئۈستى تەرىپى ئازراق كەڭرى ۋە ئاستى تەرىپى (بۇ يەرگە قىزىلئۆڭگەچ تۇتىشىدۇ) تار بولىدۇ. گالغا تۆۋەندىكىدەك يەتتە تۆشۈك ئېچىلىدۇ: بۇلار بۇرۇن ئارقىسىدىكى ئىككى تۆشۈك (بۇ گال ئۈستى، ئالدى بۆلىكىگە ئېچىلىدۇ)، قۇلاق ئىككى تۆشۈكى (بۇ قۇلاق ۋە گال ئارىسىدا بولۇپ، گالنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىگە ئېغىز ئاچىدۇ)، گال تۆشۈكى (ئېغىز ۋە گال ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكتۇر)، يۇتقۇنچاق تۆشۈكى، قىزىلئۆڭگەچ تۆشۈكى (بۇ يۇتقۇنچاق تۆشۈكىنىڭ ئاستى ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان، غىزا بۇ يول ئارقىلىق گالدىن قىزىلئۆڭگەچكە بارىدۇ).

گالنىڭ يۇقىرىقى ئالدى بۆلىكىدە، بۇرۇن تۆشۈكى ئارقا قىسمىدا ئىككى بەز بولۇپ، بۇ بەز بالىلاردا كۆپىنچە چوڭىيىپ، بۇرۇن ئارقا تۆشۈكىنى توسىدۇ (ت).

كىچىك تىل ئاغرىقى

كىچىك تىل بىر تۈردىكى گۆش بولۇپ، بۇ تاڭلاي ئاخىرىدا يەنى گال ئۈستىدە مۇشۇنداق ساڭگىلاپ تۇرىدۇكى، ئۆزىدىن كېيىنكى بوشلۇق ئۈچۈن پەردىگە ئوخشاش بولىدۇ (سەمەرقەندى). لېكىن نەفىس يازغانكى، «كىچىك تىل بۇ ئورۇندا ئىشىك توسۇقىغا ئوخشاش بولىدۇ.»

كىچىك تىلدا قان تومۇر، نېرۋىلار كۆپ بولمىغانلىق سەۋەبىدىن بۇنىڭ سېزىمى ئۆتكۈر بولمايدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۆزىگە ئۇرۇلغان نەرسىنى سېزىشى ئاجىز بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن كىچىك تىلدا مۇسكۇل جەۋھىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىرەر ھەرىكىتى بولمايدۇ.

كىچىك تىل پەردە ياكى ئىشىك توسۇقىغا ئوخشاش بولۇپ، بۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى يۇمشاق تاڭلايدۇر. بۇنىڭ بىر ئاشكارا بۆلىكى كىچىك تىل بولۇپ، كىچىك تىلنىڭ ئىككى يېنىدىن ئىككىدىن مېھراب تۆۋەنلىگەن بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىككى مۇسكۇل ئېگىزلىكىدۇر، مۇشۇ مۇسكۇللارنىڭ ياردىمى سەۋەبىدىن يۇمشاق تاڭلاي ھەرىكەتلىنىدۇ، گال ۋە ئېغىز ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق زورۇر تېپىلغاندا، مەسىلەن: لوقما يۇتقان ۋاقىتتا تارىيىدۇ ياكى توسۇلىدۇ. كىچىك تىلنىڭ بىر مەخسۇس پايدىسى: ئەللامە نەفىيس يازغانكى: «سىرتتىن يۇتقۇنچاق تەرەپكە بۇ نەرسىلەر، مەسىلەن: ئىسسىق - سوغۇق ھاۋا، ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان قاتارلىقلار سىڭىپ كىرىدۇ. دەسلەپتە ئۇلار كىچىك تىل بىلەن ئۇچرىشىدۇ، كىچىك تىل بۇنى ئۆپكە تەرەپكە بىراقلا بېرىشتىن توختىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆپكە ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى، ئىسسىقلىقى، چاڭ - توزاننىڭ زىيىنى ۋە چاڭ - توزاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۆپكىمۇ بىردىنلا نۇرغۇن ھاۋا كىرىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ نەرسە، مەسىلەن: ئاۋاز ئۆپكىدىن چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەنمۇ كىچىك تىل ئۇچرىشىدۇ. چۈنكى، كىچىك تىل ئاۋاز چىققان ئورۇندا دەرۋازا توسۇقىغا ئوخشاش بولۇپ، بۇنىڭ خىزمىتى ئاۋازنى ئۆلچەشتۇر (يەنى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق ھاۋا كىرگۈزۈش ياكى چىقىرىش ئىشىك توسۇقىغا مۇناسىۋەتلىك). شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋاز دولقۇنى بولغان ھاۋا بىراقلا چىقىرىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭ چىقىشى ئۈزۈلۈپمۇ قالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاۋاز كۈچى ئاشىدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن كىچىك تىلنىڭ ئۈزۈلۈشى ئاۋازدا زەرەر پەيدا قىلىدۇ ھەمدە ئادەتتىكى ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇقتىن يۆتەل پەيدا بولىدۇ.

كىچىك تىل ئاغرىقىدا يازغۇچىنىڭ كۆزدە تۇتقىنى كىچىك تىل ئىششىقىدۇر. بۇ ئالدىنقى بايانلاردىن ئاشكارا بولىدۇ.

كىچىك تىل ئىششىقى كىچىك تىلدا ئىششىق ئىككىلەمچى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ نامى ھەر خىل ھالەتلەر ئېتىبارى بىلەن ھەر خىل بولىدۇ. ئەگەر ئىششىق ئۇنىڭ ھەممە ئورۇنلىرىدا ئۇزۇنىسىغا بولسا، بۇ ۋەرەمى ئۇمۇدى ۋە ۋەرەمى ئۇستۇۋانى دېيىلىدۇ. ئەگەر ئىششىق كىچىك تىلنىڭ باش تەرىپىدە يۇملاق ھالەتتە بولسا، ئۇ ۋەرەمى ئىنەبى دېيىلىدۇ.

تۈرلىرى قاندىن، سەپرادىن، بەلغەمدىن ۋە سەۋدادىن بولغان كىچىك تىل ئىششىقى دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ خىلتلار ئېتىبارى بىلەن بۆلۈنۈشىدۇر.

ئالامىتى

قاندىن بولغان ئىششىق   كىچىك تىل قىزىل، كۆپكەن بولىدۇ، ئېچىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاغرىق ئاز بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سېزىمى بەك ئۆتكۈر بولمايدۇ.

سەپرادىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامىتى   سانجىق بولۇش بىلەن بىرگە قاتتىق ئېچىشىش بولىدۇ. ئۆتكۈر ئۇسسۇزلۇق بىلەن ئېغىز قۇرۇش بولىدۇ. قاندىن بولغان ئىششىققا قارىغاندا ئاغرىق كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان ئىششىق   ئىششىق يۇمشاق، رەڭگى ئاق بولىدۇ، ئاغرىق ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

سەۋدادىن بولغان ئىششىق   ئىششىق قاتتىق، رەڭگى قارا بولىدۇ.

داۋالاش

قاندىن بولغان ئىششىق   قان ئېلىنىدۇ، گۇلاب ۋە سىركە بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ ۋە قىزىلگۈل، سەندەل، كافۇر، ئانارگۈلى قاتارلىقلارنى ئېزىپ، سۇلائىنىڭ كەڭ بېشىغا قويۇپ ياكى لەگامغا ئوخشاش سايمانغا قويۇپ، تاكى كېسەللەنگەن ئورۇندىن ماددىلار قايتىپ چوڭقىيىشتىن توختىغىچە مۇلايىملىق بىلەن سۈركىلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا كىچىك تىل چوڭقىيىپ گال تەرەپكە ماڭىدۇ.

سەپرادىن بولغان ئىششىق   تەمرىھىندى ۋە شىرخىست دەملىمىسى بىلەن ماددا يۇمشىتىلىدۇ، غار - غارغا كاسىنە سۈيى، ئىتئۈزۈمى سۈيى، قابىز رۇبلار ئىشلىتىلىدۇ (مەسىلەن: شام ياڭىقى، ئۈجمە، قىزىلگۈل ۋە رىباس رۇببىسى، خىيارشەنبەر رۇببىسى قاتارلىقلار). سوغۇق تەبىئەتلىك لوئابلار ۋە ئۇسارىلەر (مەسىلەن: ئاق لەيلى ئۇرۇقى لوئابى، كىنوچە ئۇرۇقى لوئابى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، كۆك كەشنىز سۈيى، كۆك پاقىيوپۇرمىقى سۈيى) قاتارلىقلار قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ تۈردىكى يۇمشاتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلار پەقەت قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن ماددا ۋە ئەزانىڭ قاتتىقلىشىشى، يىغىلىپ قېلىشى ۋە ئاغرىق ئۆتكۈرلىشىشىنىڭ خەۋپى بولغاندا ياكى بەدەن ماددىلار بىلەن، ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلار بىلەن تولۇق ساغلاملىق ھاسىل بولۇشى مۇمكىن بولمىغۇدەك تولغاندا، بۇنىڭ بىلەن ئەزا ئاجىز ۋە توقۇلمىسى نازۇك بولغان ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدۇ. مۇشۇ ھالەتتە قابىز خۇسۇسىيەتلىك ۋە ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلار بىلەن تارقاتقۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلار قوشۇپ بېرىلىدۇ، تاكى كېلىۋاتقان ماددىلار قايتسۇن ۋە كېلىپ بولغان ماددىلار تارقالسۇن.

بەلغەمدىن بولغان ئىششىق ئاچچىقسۇ، سىركەنجىۋىل ۋە قىچا سۈيى بىلەن تاكى بەلغەم سۈيۈلۈپ تارقىغۇچە غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. نۆشۇدۇرنى ئېزىپ بىرەر نەيچە بىلەن پۈركۈلىدۇ، چۈنكى بۇ، بەلغەمنى سۈيۈلدۈرىدۇ. موزا، نۆشۇدۇر، تۇز ۋە زەمچە ئارىلىق كىچىك تىل ئۈستىگە كۆتۈرۈلىدۇ ۋە بىر ئاز سىرتقا تارتىلىدۇ. چۈنكى كىچىك تىل بەلغىمى ھۆللۈكتىن بوشىشىپ گالغا ساڭگىلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن غىزا يۇتۇشقا توسالغۇ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قابىز دورىلار بىلەن كۆتۈرۈپ بېسىش زۆرۈردۇر.

بۇ كېسەللىكتە غار - غارمۇ پايدىلىق بولىدۇ. 60 گىرام ئەرەب دەرىخى پوستىنى 250 گىرام سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئەتىگەن - كەچتە ئۈچ تۆت قېتىم غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

تىلا 120 گىرام ئەرەب دەرىخى پوستى بىر كىلوگىرام سۇدا قويۇلۇپ رۇب تەييار بولغۇچە قاينىتىلىدۇ. ئاندىن بۇ رۇب ۋە ھەسەلدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ پايە ئارىلىق كىچىك تىلغا سۈركىلىدۇ.

سەۋدادىن بولغان ئىششىق ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى ياكى مائۇلجەبىن ۋە سىركەنجىۋىل ئەفتىمۇن ئارىلىق بەدەن سەۋدا ماددىسىدىن تازىلىنىدۇ. تارقاتقۇچى ۋە سۈيۈلدۈرگۈچى دورىلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: رۇبىسۇس، خىيارشەنبەر رۇببىسى، يېڭى سۈت، بادام يېغى، شۇمشا لۇئابى، ئاز مىقداردا تۇز قاتارلىقلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

كىچىك تىل ساڭگىلاش

بەزىدە كىچىك تىل ساڭگىلاپ قالىدۇ، بۇ سەقوتى لەھات دېيىلىدۇ. يەنى كىچىك تىل چوڭىيىپ، ئۆز ئورنىغا قايتمىغۇدەك دەرىجىدە ئاستى تەرەپكە ساڭگىلاپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىمارغا گېلىغا بىرەر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر بىمار ئېغىزىنى ئېچىپ تىلىنى سىرتقا چىقارسا، كىچىك تىلىنىڭ چوڭايغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بەزىدە غىزا يۇتقان ۋاقىتتا لوقما گالغا ماڭغۇچە بېسىشقا زۆرۈرىيەت چۈشكۈدەك چوڭىيىدۇ.

كىچىك تىل تۆۋەنلەش سەۋەبىدىن يۆتەل پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى

قاندىن بولغان كىچىك تىل ساڭگىلاش بۇ كېسەللىك بەزىدە ھۆل ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ. بۇ، قاندىن پەيدا بولىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان كىچىك تىل ساڭگىلاش بەزىدە بۇ ھۆل سوغۇقتىن مىزاج

بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ. بۇ، بەلغەمدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى

قاندىن بولغان كىچىك تىل ساڭگىلاش قىزىللىق ۋە قىزىقلىق بولىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان كىچىك تىل ساڭگىلاش قىزىقلىق ۋە قىزىللىق بولمايدۇ، ئېغىزدىن شۆلگەي كۆپ چىقىدۇ.

داۋالاش

قاندىن بولغان كىچىك تىل ساڭگىلاش ئالدى بىلەن قان ئېلىنىدۇ ۋە پۈتۈن چارە ئۇسۇللار ئىشلىتىلىدۇ، بۇ كىچىك تىلنىڭ قاندىن بولغان ئىششىقىدا سۆزلىنىپ بولدى. مەسىلەن: غار - غارلار، سۈركەيدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان كىچىك تىل ساڭگىلاش غار - غار قىلدۇرۇشتا ھەسەل سۈيى ۋە زۇپا سۈيى ئىشلىتىلىدۇ، تاكى بەلغەم سۈيۈلۈپ تارقىسۇن ھەمدە قابىز دورا بىلەنمۇ غار غار قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى بولسۇن، زەمچە، ئاس يوپۇرمىقى ۋە نۆشۈدۈرنى يۇمشاق سوقۇپ پۈركۈپ، كىچىك تىلغا يەتكۈزۈلىدۇ، باش ئوتتۇرىسى ئەتراپىغا تىلا شەكلىدە تۆۋەندىكى دورىلار چاپلىنىدۇ: دەسلەپتە سىركىدە ئاس يوپۇرمىقى ۋە يۇمغاقسۈتنى قاينىتىپ ئاندىن مىدە لەكىرى، ئاقاقىيا ۋە گۈل ئەرمىنى، يىلىم (بۇ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن تەييارلىنىدۇ)، ئىسپىغول قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ چاپلىنىدۇ. بۇ تىلا بوشاشقان كىچىك تىلنى ئۈستى تەرەپكە تارتىدۇ.

شەكلى جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى بەزىدە كىچىك تىلنىڭ تۈۋى ئىنچىكە، بېشى توم بولىدۇ.

داۋالاش ئىسسىق سۇدا زۇپتى رۇمىنى ئېرىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر كىچىك تىل بوشاشقان بولسا قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى، ئامىلە ئۇسارىسى، موزا قاتارلىقلار بىلەن تاكى كىچىك تىل تەرەپكە ئىككىنچى قېتىم ماددىلار قۇيۇلمىغۇچە غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر كىچىك تىلدا قىزىقلىق پەيدا بولسا، يەنى بۇنىڭدا قىزىقلىق ۋە قىزىللىق كۆرۈلسە، ئىنتىئۇزۇمى ۋە كاسىنە سۈيى بىلەن غار غار قىلدۇرۇش لازىم.

كىچىك تىلنى كېسىش ئەگەر كىچىك تىل ئۈستىگە كۆتۈرۈلمىسە ھەمدە بۇنىڭ تۈۋى ناھايىتى ئىنچىكە، بېشى ناھايىتى توم، كىچىك تىل بېشى بەك قېلىنلاپ، ئۈزۈم شەكلىدە يۇملاق بولسا، رەڭگى ئاق بولسا، گالنى بوغۇشىنىڭ ئەندىشىسى بولسا ياكى كىچىك تىل ئۇزۇن،

تۆۋى ئىنچىكە ۋە ئۇنىڭ بېشى چاشقاننىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش بولۇپ قالسا، شۇنداقلا بوشاشقان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا كېسىۋېتىش لازىم بولىدۇ. كېسىشتە دەسلەپتە بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ ھەم بىمارنىڭ تىلى ئاستىغا بېسىلىدۇ. كىچىك تىلنى تۇتقۇچى سايمان بىلەن كەسمەكچى بولغان ئورۇننى تۇتۇپ، قېپقالغان بۆلىكى نەشتەر ياكى قايچا بىلەن كېسىلىدۇ. ئاندىن گۈلابقا سۇماققا ئوخشاش نەرسىلەرنى قوشۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. كىچىك تىلنى تۆۋىدىن كەسمەسلىك لازىم، ئۇنداق قىلمىغاندا ئاۋاز تۇسۇلۇپ قالىدۇ ۋە بەزى ھەرپلەرنى نورمال چىقارغىلى بولمايدۇ. چاڭ توزان ۋە ئىس تۈتەك سەۋەبىدىن بىماردا يۆتەل كۆپىيىپ كېتىدۇ، چۈنكى بۇ نەرسىلەر بىمارنىڭ گېلىغا بەك تېز يېتىپ بارىدۇ. ئۆپكىگە ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇق تېز يېتىپ بارىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ كۆكرىكى ۋە ئۆپكىسىدە سوغۇقلۇق بىمارنى ھالاك قىلغۇدەك ئورۇنلىشىدۇ. كىچىك تىلنى تامامەن كىچىكمۇ كەسمەسلىك لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا دەسلەپتىكىدەك مۇسىبەت كۆرۈلىدۇ.

كىچىك تىلنى كېسىش خەتەرلىك بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن بەزىدە قاتتىق ئىششىقلار پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىمار بوغۇلۇپ ھالاك بولىدۇ. بەزىدە بۇنىڭدىن قان ئېقىپ توختاتقىلى بولمايدۇ.

خەنناق ۋە زەبھە

خەنناق ۋە زەبھە سۆزىنىڭ ئېنىقلىمىسى: خەنناق ۋە زەبھە سۆزىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئىشلىتىلىشىدە تېۋىپلارنىڭ كۆزقارشى ئوخشاش ئەمەس، شۇڭلاشقا بەزى كىشىلەر خەنناقنى يۇتقۇنچاقنىڭ سىرتقى مۇسكۇللىرىدا ياكى كاناي ۋە كانايچە ئىچىدە ياكى قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئىچى ياكى سىرتىدا پەيدا بولىدىغان ئىششىققا ئېيتىدۇ. زەبھەنى بادامبەزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىغا ئېيتىدۇ. بۇ كۆزقاراش ساھىبى كامىلنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش قاراشتىكىلەرنىڭكىدۇر.

بەزى كىشىلەر خەنناقنى يۇتقۇنچاق سىرتقى مۇسكۇللىرىنىڭ ئىششىقىغا زەبھەنى گال، قىزىلئۆڭگەچ مۇسكۇللىرىنىڭ ئىششىقىغا ئېيتىدۇ. ئىچكى مۇسكۇللارنىڭ ئىششىقىنى خەنناق كەلبى دەيدۇ، بۇ ساھىبى تەقۋىمنىڭ كۆز قارىشىدۇر. يازغۇچى بۇنىڭ بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتا.

بەزى كىشىلەر زەبھەنى مەخسۇس ھالەتتە، ئېغىزنىڭ مەلۇم بۆلىكىدە ياكى سىرتىدا ئىششىق ئاشكارا بولمايدىغان ئورۇندا پەيدا بولىدىغان ئىششىققا ئېيتىدۇ. بۇ ئىبنى ئەبى سادىقنىڭ

كۆزقارىشىدۇر. بەزى كىشىلەر خەنناق ۋە زەبھەنى پۈتۈنلەي پەرقلەندۈرمەيدۇ، بۇ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ۋە پەيلاسوپ ئەبۇل پەرھىنىڭ تۇتقان يولىدۇر (نەفىس).

ئىختىناق (گال بوغۇلۇش كېسىلى)

ئىختىناقنىڭ مەنىسى ھاۋانىڭ ئۆپكە ياكى يۈرەككە بېرىشى مۇمكىن بولماسلىقى ياكى قىيىن بولۇشىدۇر، ئۇنىڭ سەۋەبى يولنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى ياكى تارىيىپ قېلىشى بولىدۇ.

مۇتلەق خەنناق بۇنىڭ سەۋەبى بادامبەزنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسكۇللارنىڭ ئىششىقى بولىدۇ. بۇنىڭدا گال سىرتقى مۇسكۇللىرىدا ئىششىق بولىدۇ. بۇ ئېغىز ۋە تىل بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ مۇتلەق خەنناق دېيىلىدۇ.

ئىككى بادامبەز بۇ ئىككى نېرۋىلىق گۆش (ئاق بەزسىمان گۆش) بولۇپ، گالنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىل تۈۋى ئەتراپىغا (غەلەسمەنىڭ ئىككى مېھرابلىرى ئوتتۇرىسى) جايلاشقان. بۇنىڭ ئۈستىدە كىچىك تىل بولىدۇ. ئىككى بادامبەزدىن بىر تۈرلۈك شىلىمشىق ھۆللۈك چىقىپ، ئەتراپىنى ھۆللەشتۈرىدۇ. بۇ ھۆللۈك بەزلەردىن 12 ~ 15 كىچە تۆشۈكلەر ئارقىلىق ئېغىزغا چىقىدۇ. بۇ بەزنىڭ نامى شەكلى بادامغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قويۇلغان. ھەربىر بەزنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 0.8 ئىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى ئاستىنقى جاغ بۇلۇڭى ئۇدۇلىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى يۈزى گالنىڭ ئۈستۈنكى مۇسكۇلى بىلەن تۇتىشىدۇ.

سىرتقى مۇسكۇللار ئىششىقىنىڭ ئالامىتى بىمار ئېغىزنى ئېچىپ تىلىنى سىرتقا چىقارسا ئىششىق كۆرۈنىدۇ. ئەكسىچە ئەگەر ئىششىق ئىچكى مۇسكۇللاردا بولسا پۈتۈنلەي ئاشكارا بولمايدۇ.

ئىچكى مۇسكۇللارغا سېلىشتۇرغاندا سىرتقى مۇسكۇللار ئىششىقىنىڭ خەتىرى ئاز بولىدۇ. چۈنكى ماددىلار سىرتقى تەرەپكە قايتىشقا مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن نەپەس يولى پۈتۈنلەي توسۇلۇپ قالمايدۇ.

بۇقرات «ئەبزىما» دا ئېيتقانكى، خەنناقنىڭ ناچار تۈرى ئىششىق، قىزىللىق ۋە گەدەننىڭ سىرتىدا مەلۇم بولمايدىغان، ئاغرىق قاتتىق بولۇپ بويۇننى تۈزلىمەي نەپەس ئالالمايدىغان، يەنى نەپەس ئېلىشتا قىينىلىشىش بولىدىغىنىدۇر. بۇ بىرىنچى كۈندىن تۆتىنچى كۈنىگىچە ھالاك قىلىدۇ.

سىرتقى مۇسكۇللار ئىششىقى:

تۈرلىرى بۇ ئىششىق بەزىدە قاندىن، بەزىدە بەلغەمدىن، بەزىدە سەپرادىن ۋە بەزىدە

سەۋدادىن بولىدۇ.

ئالامىتى

قاندىن بولغان ئىششىق يۈزى قىزىل بولىدۇ، گېلىدا ئېچىشىش بولىدۇ، باش ۋە گالنىڭ ئەتراپىدىكى تومۇرلار كۆپىيىشكەن بولىدۇ، ئۇ تومۇرلاردا لوقۇلداش بولىدۇ، پۈتۈن بەدەندىن تەر ئاقىدۇ، ئېغىزدا تاتلىق - تۇرۇم ياكى شارابنىڭ تەمى بولىدۇ.

قاندىكى ئۈزۈم شېكرى: قاننىڭ تەمى ئۈزۈمنىڭ سىقىلغان سۈيىدەك تاتلىق بولىدۇ. ئەگەر بۇ نورمالسىز ھارارەت سەۋەبىدىن قاينىسا ۋە ئۆزگىرىش پەيدا بولسا، ئۇنىڭ تەمى شاراب تەمدەك بولىدۇ (نەفىيس).

سەپرادىن بولغان ئىششىق قاندىن بولغان ئىششىققا قارىغاندا بوغۇلۇش ئازراق بولىدۇ، چۈنكى سەپرانىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن ئىششىق كىچىك بولىدۇ. لېكىن ئۇسساش، ئېچىشىش، ئاغرىق قاندىن بولغان ئىششىققا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ. قاندىن بولغان ئىششىقتا تارتىشىشتىن بولغان ئاغرىق كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ تۈردە ئېغىزى قۇرۇق ۋە ئاچچىق بولىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان ئىششىق چىرايى ۋە كۆزلىرىدە ئېسىلىش بولىدۇ، رەڭگى ئاق، شۆلگىيى كۆپ، ئاغرىق ئاز ۋە يۇتقاندا قاتتىق قىينىلىش بولىدۇ. ئېغىز تەمى تۇزلۇق بولىدۇ.

سەۋدادىن بولغان ئىششىق بۇ ئىششىق قاتتىق، رەڭگى قارا بولىدۇ. بىمارنىڭ ئېغىزى قۇرغاق ۋە چۈچۈمەل بولىدۇ. ئىششىغان ئورۇننىڭ ئۇدۇلىدا تارتىشىشقا ئوخشاش كەيپىيات، يەنى تارتىشىش يۈز بەرگەنلىك سېزىمى بولىدۇ. سەۋدادىن بولغان تۈرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ (نەفىيس).

داۋالاش

قاندىن بولغان ئىششىق ئىككى تەرەپتىكى قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، قان ئاز - ئازدىن بىر نەچچە قېتىم چىقىرىلىدۇ، پاچاققا ھىجامەت قويۇلىدۇ، يۇمشاتقۇچى ھۆقنە بىلەن چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ، تاكى مادا بەدەننىڭ تۆۋەنكى تەرىپىگە ماڭسۇن ۋە چىقىپ كەتسۇن. ئاندىن تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن سىركە، گۇلاب ۋە سىركەنجۇبىل بىلەن ياكى ئەدەس، كاھۇ ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ياكى شاتۇت رۇببىسى ۋە كۆك ياڭاق سىركىسى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق مەلۇم بولسا ئۇنىڭغا نەشتەر سانجىلىدۇ. خاس كېسەللىك ئورنىدىن قان چىقىرىۋېتىلىدۇ، ئاخىرقى باسقۇچىغا يېقىن تازىلانغان ئەنجۈر، شۇمشا، كىنۇچە ئۇرۇقى، زىغىر قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى ۋە يېڭى سۈت، خىيارشەنبەر مېغىزى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دورىلار

بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئىششىقنىڭ رەڭگى قىزىللىقتىن سارغايسا ۋە ئىششىق پىشىپ يۇمشىسا، ئۆزلۈكىدىن ياكى غار غار ئىشلىتىش بىلەن ئېغىز ئالمىسا، مۇمكىن بولسا ئىششىق بارماق بىلەن ياكى مىلنەھاڭ بىلەن بېسىلىدۇ، تاكى ئىششىق ئېغىز ئالسۇن ۋە يىرىڭ چىقسۇن.

ئاندىن كالىنىڭ سېرىقمېيى ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن ياكى بىنەپشە يېغى ياكى يېڭى سۈت، ھەسەل بىلەن غار غار قىلدۇرۇلىدۇ، تاكى زەخىم يىرىڭدىن يۇيۇپ تازىلانسۇن.

مىلنەھاڭ — بۇ بىر سۇلائى بولۇپ، بېشى نەشتەرگە ئوخشاش ئۆتكۈر بولىدۇ ھەمدە بىر نەيچە ئىچىگە قويۇلغان بولىدۇ.

رازى ئېيتقانكى، «بۇ ئەمەلنى مەن ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىلنىڭ ۋەزىرىگە قوللانغان ئىدىم، بۇنىڭ بىلەن دەرھال يىرىڭ ۋە ناھايىتى كۆپ قان چىقتى، بىر ئاز قان ئۇنىڭ ئاشقازىنى تەرەپكە قۇيۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دەرھال نەپەس ئالدى ۋە ياخشىلىنىپ كەتتى». مېنىڭ بۇ ئەمەلىممۇ شۇ ئاجايىپ ئىشلاردىن قېلىشمايدۇ، بۇ خۇراساندا ماڭا مۇناسىۋەتلىك مەشھۇر ئاجايىپ ئەمەللەردىن ئىدى.

خەنناقتا ئىششىقنى ئېغىز ئالدۇرغۇچى غار - غارلار تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: يېڭى سۈت ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلاردا بۆرە ئەرمىنى، ھىڭ ۋە ئەبابىل مايىقى ئېرىتىلگەن بولسۇن ياكى موزا، ئانارگۈلى، زەمچە، ئانار پوستى قاتارلىقلارغا ئوخشاش قابىز دورىلارنىڭ قايىنىتىلمىسى بولسۇن، بۇ تۆردىكى دورىلارمۇ ئىششىقنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلاردىن ئەزالارنىڭ تەركىبلىرى يېرىلغۇدەك تارتىشىدۇ (نەفىيس).

سەپرادىن بولغان ئىششىق ئالدى بىلەن قان ئېلىنىدۇ، مېۋىلەر قايىنىتىلمىسى، خىيارشەنبەر ۋە شىرخىست بىلەن چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ، ئاندىن مەزكۇر يۇقىرىقى دورىلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. ئەدەس، شاتۇت رۇببىسى، كاھۇ ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى قاتارلىقلار شېكەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، ماددىلارنى سىرتقى تەرەپكە تارتقۇچى زىمات گالنىڭ سىرتىغا چېپىلىدۇ تاكى قانچىلىك ماددا بولسا ئىچىدىن سىرتىغا تارتىلسۇن. مەسىلەن: زۇپتى رۇمى، نىترون، قىچا ، ياۋا سۇزاپ قاتارلىقلار. لېكىن ياخشىراقى ماددىنى سىرتقى تەرەپكە ھىجامەت ئارقىلىق تارتىشتۇر.

بەلغەمدىن بولغان ئىششىق ئۆتكۈر ھۆقنىلەر بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: بۇغداي كېپىكى، ئىكلىلمىلىك، سېرىقچېچەك، ئەنجۈر، توغرىغۇ، تۇز قاتارلىقلارنىڭ قايىنىتىلمىسىغا قارا شېكەر ۋە ئاچچىقسۇ قوشۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ، ئاچچىقسۇ ۋە ھەسەل بىلەن ياكى ئۈزۈم رۇببىسى، سىركەنجۇۋىل ئەنسىلى، تۇرۇپ سۈيى، قىچا، ياۋا ئۈزۈم، ئاقىرقەرھا

بىلەن، ياڭاق پوستى رۇببىسى بىلەن غار غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئاخىرىدا ئىششىق پىشقان ۋاقىتتا ئەنجۈر ۋە بۆرە ئەرمىنى قايىنىتىلمىسى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ بۇ ئىششىقنى پىشۇرىدۇ ۋە ئېغىز ئالدۇرىدۇ. گالغا بۆرە ئەرمىنى، ھىلىڭ، نۆشۇدۇر قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ پۈركۈسە كېچىكتۈرمەستىن ئىششىقنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ.

سەۋدادىن بولغان ئىششىق ئالدى بىلەن باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئاندىن ئوتتۇراھال ھۆقنە ئارقىلىق بەدەندىن سەۋدا ماددىسى چىقىرىلىدۇ ۋە بەلغەمدىن بولغان ئىششىقنىڭ غار - غار نۇسخىسى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئاچچىقسۇ، ئەنجۈر، ياڭاق پوستى رۇببىسى قايىنىتىلمىسىغا ئىششىقنى يۇمشىتىش قۇۋۋىتى بولغان، شۇمشا لۇئابى ۋە خىيارشەنبەر مېغىزى قاتارلىقلار قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئىچكى مۇسكۇللاردىكى ئىششىق (زەبھە) بەزىدە خەنناقنىڭ سەۋەبى گال ئىچكى مۇسكۇللىرىنىڭ ئىششىقى بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئېغىزنىڭ مەلۇم بۆلىكىدە ۋە سىرتىدا مەلۇم تۈردىكى ئىششىق كۆرۈلمەيدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنى زەبھە دەيدۇ. گال يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك نەپەس ۋە غىزا يولى جايلاشقان بوشلۇقنىڭ نامىدۇر. لېكىن تەبەرى ئېيتقانكى، «يۇتقۇنچاق، قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇسكۇللارنىڭ ھەممىسى گالغا تەۋە.» بۇ چۈشەنچىدىن ئىككى بادامبەز، تىل تۈۋى، گال ئەتراپىدىكى مۇسكۇللار، قۇلاق تۈۋى ئىچى ۋە سىرتى قاتارلىق ھەممە ئەزالار گالغا تەۋە. شۇنداقلا ئۇ بارلىق ئەزالارنىڭ كېسەللىكى گالنىڭ كېسەللىكى دېيىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەگەر ئىششىق يۇتقۇنچاقتا بولسا، يۇتۇشقا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى نەپەس توختايدۇ. بۇ بەزى ۋاقىتلاردا نەپەس ئېلىشقا توسالغۇ بولۇش سەۋەبلىك ھالاكەتلىك بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. ئەگەر ئىششىق قىزىلئۆڭگەچتە بولسا، بۇ ئىش دەل ئەكسىچە بولىدۇ. بەزىدە يۇتقۇنچاقتىكى ئىششىق شۇنچىلىك چوڭ بولىدۇكى، يېقىنلىقى ۋە قوشنىلىقى سەۋەبىدىن يۇتۇش كۈچىنىمۇ يوقىتىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن قىزىلئۆڭگەچنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىدىكى ئىششىق نەپەسلىنىشنى توختاتقۇدەك چوڭ بولىدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قاتارلىقلار خەنناق، زەبھەنى مەنىداش ھالەتتە بىرىنى ئىككىنچىسىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ.

ئىت بوغمىسى (خەنناق كەلبى) زەبھە ۋە خانىقەگە ئوخشاش ئىت بوغمىسىمۇ خەنناقنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. ئەگەر ئىششىق گال ئىچكى مۇسكۇللىرىدا بولسا بۇ ئىت بوغمىسى دېيىلىدۇ. بۇ تۆۋەندىكى بايانلاردىن ئاشكارا بولىدۇ. بەزىدە خەنناقنىڭ سەۋەبى گەدەن ئومۇرتقۇلىرىنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشى بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ياكى ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇش ياكى ئۇلارنىڭ مۇسكۇللىرى ۋە تارىمۇشلىرىنىڭ ئىششىقى بولىدۇ. بۇ ئىششىقلار ئۆزىنىڭ كۆرۈلۈش ئورنى ئېتىبارى بىلەن ئومۇرتقىلاردا تارتىشىش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئىچكى

ياكى سىرتقى تەرەپكە قوزغايدۇ. بەزىدە ئومۇرتقا تەشەننۇج سەۋەبىدىن، بەزىدە بىرەر ئۆتكۈر ماددا سەۋەبىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ. بۇ ئومۇرتقا جەۋھىرى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار تارىمۇش قاتارلىقلارنى يەپ، ئومۇرتقىلارنى ئۆز ئورنىدىن يۆتكىۋېتىدۇ.

بوغمىنىڭ بۇ تۈرى باللاردا ۋە يېشى توشمىغان باللاردا بولىدۇ (نەفىيس).

ئىچكى مۇسكۇللارنىڭ ئىششىقى سەۋەبىدىن بولغان خەنناقنى كەلبى دەيدۇ.

ئىت بوغمىسى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بۇنىڭ ئاتىلىش سەۋەبىنى تەبەرى مۇنداق بايان قىلغانكى، بۇ كېسەللىك ئىتلاردا كۆپ بولىدۇ، خۇددى دائۇسسۆئىلەپ (بۇنىڭدا چاچ تۆكۈلىدۇ) ئومۇمەن تۈلكىدە كۆپ بولغىنىدەك. ئىلگىرىكىلەر خەنناق كەلبىنى يۇتقۇنچاق ئىچىدە بولغان ئىششىقتا ئېيتقان ئىدى. چۈنكى بۇنىڭدا بىمار ئىتتەك ئېغىزىنى ئېچىپ، تىلىنى سىرتقا چىقىرىۋالىدۇ. ئاندىن كىشىلەر ھەر تۈرلۈك ناچار خەنناقنى كەلبى دېيىشكە باشلىغان (نەفىيس).

خەنناقنىڭ بۇ تۈرى تامامىي تۈرلىرىدىن ناچاردۇر،بۇ بىرىنچى كۈنىدىن تۆتىنچى كۈنىگىچە كۆپىنچە ھالاك قىلىدۇ.

ئالامىتى ئەگەر ئومۇرتقا قوزغالغان بولسا بىمار بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ ۋە بىرەر تەرەپكە ئايلاندۇرالمايدۇ ھەمدە ئېغىزىنى ئاچالمايدۇ.

ئەگەر ئىچكى مۇسكۇللاردا ئىششىق بولسا، كۆپىنچە ئېغىز ئوچۇق تۇرىدۇ ۋە تىلى سىرتقا چىقىپ قالىدۇ. چۈنكى نەپەس يولى تارايغانلىقى ئۈچۈن بىمار مەجبۇرىي ھالدا ئېغىزىنى ئېچىپ تاكى نەپەس يولى كېڭەيگىچە تىلىنى سىرتقا چىقىرىۋالىدۇ.

داۋالاش يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ھەر ئىككى تۈردە قان ئېلىنىدۇ، ھىجامەت قويۇلىدۇ، ھۆقنىلەر ئارقىلىق ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، تاكى ماددا ئازلىسۇن ۋە باشقا تەرەپكە تارتىلسۇن ھەم غار - غار، زىماتلار، ھىجامەت، قايىنتىلما قاتارلىق چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى. ئەگەر مۇناسىپ بولسا قوزغىلىپ كەتكەن ئومۇرتقىنى لەگام تىلىغا ئوخشاش سايمان بىلەن ئۆز جايىغا قايتۇرۇشقا تىرىشىلىدۇ،بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا بۇ سايماننى ئېغىزغا كىرگۈزۈپ، پۈلتىيىپ چىققان ئورۇننى كۆتۈرۈشنى ياردەمچىگە ئېيتىش ۋە باسقۇچى نەرسىنى گەدەن سىرتقى تەرىپىگە ئىتتىرىش كېرەك.

ئەگەر سايمان نەيچە شەكلىدە بولۇپ، ئىچىدە سىرتقا چىقارغىلى بولىدىغان نەشتەر بولسا، يەنى خۇددى مىلنەھەڭگە ئوخشىسا، سايمان بىلەن ئىششىقنى تىلىش مۇمكىن بولىدۇ. ئومۇرتقىنىڭ قوزغىلىش سەۋەبى ئىششىق بولغان شەرت ئاستىدا.

ئەگەر بويۇن ئومۇرتقىسى ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلسە، قابىز زىمات تاكى ئومۇرتقا

مۇستەھكەملەنگەنچە چېپىلىدۇ. بۇ زىمات ئۇمۇرتقىلارنىڭ ئورنىغا كېلىشىدىن ئىلگىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، چۈنكى زىمات يەرلىك ئورۇنغا چاپلىشىپ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇمۇرتقىنى سىرتقى تەرەپكە تارتىپ، ئۆز ئورنىغا كەلتۈرىدۇ ياكى ئۇمۇرتقىنى يۇلۇنغا چۈشكەن بېسىم يوقالغۇچە تارتىدۇ. مەسىلەن: مىدەلەكرى، مۇرمەككى، ئاقاقىيا، يېلىم (بۇ ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن ياسىلىدۇ)، سەبرە قاتارلىقلارغا ئىسپىغۇل لۇئابى قوشۇپ چېپىلىدۇ.

تەبەرى بىر قىسسە يازغانكى، بىر تۇغۇت ئانىسى رەققى مۇقەييەردىن بىر پارچە ئېلىپ ئاپتاپتا قويغان، بۇنىڭ بىلەن قىير ئېرىگەن، ئاندىن بۇنى بالىنىڭ گەدىنىگە چاپلىغان. بۇ قۇرۇغان چاغدا ئۇمۇرتقا ئۆز جايىغا كەلگەن.

رەققى — بىر تۈرلۈك نېپىز تېرە بولۇپ، خەت يېزىشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

رەققى مۇقەييەر — قەتىران سۈركەلگەن تېرە.

قىير — قەتىران.

تاركۇل — قارامتۇل قىزىلغا مايىل بىر خىل ياغ بولۇپ، زېمىندىكى ئىسسىق سۇ چىقىدىغان بۇلاقلاردىن چىقىدۇ.

يۇقىرىقىغا ئاساسەن ھىجامەتنى كۆچەپ تارتىش بىلەن بەزى ۋاقىتلاردا ئۇمۇرتقا ئۆز ئورنىغا كېلىدۇ ياكى يۇلۇننىڭ بېسىلىشىنى يوقىتىدۇ.

سۆگەك ئاجراش (ئەزمى شەجى) ئەگەر تۇيۇقسىز ئۇمۇرتقىنىڭ مەلۇم بۆلىكى ئاجراپ، گال دىۋارىغا بېسىم چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بوشلۇقىنى تارايتقان بولسا، بۇ ئەزمى شەجى دېيىلىدۇ.

بۇنىڭ ئەزمى شەجى دېيىلىشىدىكى سەۋەب، بۇمۇ گالدا كۆرۈلىدىغانلىقى ۋە يۇتۇش قۇۋۋىتىنى يوقىتىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر (نەفىس).

ئەزمى شەجى، يەنى شەجا ھەقىقەتتە گالغا سانجىلغان ۋە يۇتۇشنى قىيىنلاشتۇرىدىغان سۆگەككە ئېيتىلىدۇ.

داۋالاش

ئۇمۇرتقىلار ئۆز جايىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قابىز دورىلار زىمات قىلىنىدۇ.

ئۇختىناقنىڭ باشقا سەۋەبى بەزىدە ئۇختىناقنىڭ سەۋەبى يۇتقۇنچاقنى ئاچقۇچى مۇسكۇللارنىڭ ھەرىكىتى يوقالغانلىق بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن گال يولى تارىيىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ سەۋەبى ئىچكى مۇسكۇللارنىڭ قۇرغاقلىششى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇسكۇللار تارتىشىپ يول تارىيىدۇ ياكى بۇنىڭ سەۋەبى ئۆپكە ئىششىقى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇختىناق دەرھال كۆرۈلمەستىن، بەلكى تەدرىجىي كۆرۈلىدۇ. ھەتتا بىمارنىڭ دېمى تۇتۇلىدۇ. بۇ ئۆپكىنىڭ

يىرىڭلىشى، كۆكرەكنىڭ يىرىڭلىشى، كاناي ۋە كانايچە ئىششىقىدىن پەيدا بولىدىغان ئىختىناقنىڭ ھالىتىدۇر. چۈنكى كۆكرەك بوشلۇقى شۇقەدەر كەڭ بولىدۇكى، ئىششىقنىڭ چوڭىيىپ، بۇنى تولدۇرۇپ، نەپەسنى توختىتىپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە ئىششىق يۇتقۇنچاقتا بولسا نەپەسلىنىش دەرھال توختايدۇ، چۈنكى نەپەس يولى يۇتقۇنچاقتا تارايغان بولىدۇ (نەفىس).

زەبھە

زەبھەنى بەزى كىشىلەر گالنىڭ ئىچكى مۇسكۇللىرىنىڭ ئىششىقىغا ئېيتىدۇ. بۇ توغرۇلۇق سۆزلىنىپ بولدى، لېكىن يازغۇچى سەمەرقەندى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان:

زەبھە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بولۇپ، يۇتقۇنچاقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يۇتۇشقا ياردەم بېرىدىغان مۇسكۇللاردا، قىزىلئۆڭگەچ ئېغىزى مۇسكۇلىدا، يۇتقۇنچاق ئېغىزى مۇسكۇللىرىدا ھەم قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئۇنىڭ ئىچكى پەردىسىدە بولىدۇ.

يۇتقۇنچاقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇسكۇللاردىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى چوقۇم غەلەسمەنىڭ مېھرابلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇسكۇللاردۇر.

قىزىلئۆڭگەچ ئېغىزى مۇسكۇلىدا ئۇنىڭ توقۇلمىسىدا تېپىلىدىغان مۇسكۇل تالاسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ جالىنۇسنىڭ چۈشەنچىسىدۇر.

يۇتقۇنچاق، كاناي ۋە ئۇنىڭ ئېغىزى ھەنجىرە دېيىلىدۇ.

سەۋەبى   بۇنىڭ سەۋەبى ئىسسىق، قويۇق ۋە بۇزۇلغان قان بولىدۇ. لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتتا قاننىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكى، قاچان ۋە قانداق شەكىلدە بەدەن ئىچىگە كىرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قىيىن بولىدۇ.

ئالامىتى   بىمار لوقمىنى يۇتالمايدۇ. ئەگەر بىمار يۇتۇشقا تىرىشسىمۇ لوقما بۇرۇن تۆشۈكىدىن چىقىپ كېتىدۇ. بىمار سۆزلىيەلمەي قالىدۇ. بەزى چاغدا ئۇنىڭ ئاۋازى بۇرنىدا سۆزلىگەندەك چىقىدۇ. كۆزى پۇلتىيىپ قالىدۇ. ئېغىزىدىن شۆلگەي كۆپ ئاقىدۇ.

بەزىدە گالنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىششىق ئورنىنىڭ سىرتىدا ھىلال ئايغا ئوخشاش قىزىللىق بولۇپ، بىر قۇلاقتىن يەنە بىر قۇلاققىچە چەمبەرگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. بۇ ھالەت ئىششىق ماددىسى سىرتىغا چىققان ۋاقىتتا بولىدۇ، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

داۋالاش   قىيفال تومۇردىن ئازراق قان ئېلىنىدۇ، تاكى قۇۋۋەت بىمارنىڭ گېلى توسۇلۇش سەۋەبىدىن تاماق يېيەلمىگەن كۈنلەردە يوقىلىپ كەتمىسۇن. بۇ ماددىلارنىڭ كۆپلۈكى پەقەت گال ئەتراپىدا بولغان، پۈتۈن بەدەن ماددىلار بىلەن تولمىغان ۋاقىت ئۈچۈن

ئېيتىلغان.

رازى ۋە قان ئېلىشتىكى زىددىيەت: رازى ئېيتقانكى، مەندىن ئىلگىرىكى بارلىق جامائەتنىڭ خەنناق توغرىسىدىكى كۆزقارشى بىردەك ئەمەس. لېكىن مەن ئۆتكۈر تۈردىكى خەنناقنى كۆردۈم، بۇ ئورۇق ئادەملەردە پەيدا بولغان. بۇلارنىڭ بەدىنىدە ماددىلار كۆپ ئەمەس ئىدى. بۇنداق بىمارلار ئۈچۈن ئۇلارنى ناھايىتى سوغۇق ئورۇندا تۇرغۇزۇشنى مۇناسىپ دەپ قارايمەن، تاكى ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن ھۆللۈكلەر زىيادە تارقاپ كەتمىسۇن ۋە قورسىقى ئېچىپ، ئۇسساپ قالمىسۇن. قان ئالماسلىق تاكى ئۇنىڭدىكى قان ئۇنىڭ پەرۋىشى ئۈچۈن قېپقالسۇن. ئەگەر بىمار كۈچلۈك بولسا، 20 كۈنگىچە ئاچ قورساق قويۇلىدۇ، بۇ مەزگىلدە تاكى گال ئېچىلغانغا قەدەر غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. لېكىن بۇ بىماردىن قان ئالغاندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە غىزا بەرمىسە ئۆلۈپ قالىدۇ.

ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى، يەنى سوغۇق تەبىئەتلىك ھۆقنىلەر بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى كۈنى قان ئېلىنىدۇ، بۇنىڭ شەرتى، بەدەندە قۇۋۋەت تولۇق بولسۇن. ماددىنىڭ پىشىشى ئۈچۈن قاننى توختىتىپ ئېلىش لازىم. قان 18 ~ 36 گىرامغىچە ئېلىنىدۇ، تاكى قۇۋۋەت يوقالماي ماددا تارقالسۇن. يۇتۇش مۇمكىن بولغان شەرت ئاستىدا ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزىدە بويۇنىنىڭ يەنە بىر ئومۇرتقىسى ئەتراپىغا ھىجامەت قويۇش بىلەن يول ئازراق ئېچىلىدۇ ۋە نەرسىلەرنى يۇتۇپ بولغۇچە ھىجامەت ئېلىۋېتىلمەيدۇ.

بەدەننى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن گالغا ماددىنى سىرتقا تارتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ. مەسىلەن: توغرىغۇ، قۇستە، قۇندۇز قەھرى ۋە گۈڭگۈرت سېرىقى قاتارلىقلار تاكى ماددا سىرتقى تەرەپكە تارتىلغىچە چېپىلىدۇ.

خانقە (خەنناق ۋابائى)

خەنناقنىڭ بۇ تۈرى ۋابا شەكلىدە تارقىلىدۇ. خانقە مۇشۇ تۈردىن بولغانلىقى ئۈچۈن خەنناق ۋابائى دېيىلگەن.

تونۇش بۇ بىر ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا تاڭلاي، گال، يۇتقۇنچاق ۋە بۇرۇن بوشلۇقى ئىچىدىكى شىلىمشىق سۇيۇقلۇقنىڭ سىرغىپ چىقىشى بىلەن ناچار بىر پەردە پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللەنگەن ئورۇننىڭ يۈزەكى قەۋەتلىرىنى قاپلايدۇ. بەزلەر ئىششىيدۇ. بۇ كېسەللىك ئەمەلىيەتتە بىر خىل مەخسۇس چىرىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇنىڭ زەھەرلىك

ماددىسى سۈمۈرۈلۈپ، پۈتۈن بەدەندىكى قاننى زەھەرلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بىمارنىڭ بۇرۇن ۋە ئېغىز شۆلگىيىدە ھەم گال، يۇتقۇنچاق ۋە بۇرۇن بوشلۇقىنىڭ شىللىق پەردىسىدە تېپىلىدىغان ئوفۇنەتلىك ماددا بولسىمۇ، لېكىن گال ئىششىقى، نەزلە، ھارغىنلىق، ئاجىزلاش، قىش پەسلى قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرىگە كىرىدۇ. بۇ كېسەللىككە كۆپىنچە ئىككى ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلار گىرىپتار بولىدۇ. لېكىن 5 ~ 15 ياشقىچە بولغان بالىلارمۇ بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا بوشاڭلىق ۋە ئاجىزلىق سېزىلىدۇ. باش ئاغرىش، كۆڭلى ئېلىشىش قاتارلىقلارنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بەزىدە بىر ئىككى قېتىم ئىچى سۈرىدۇ، مۈگدەيدۇ. بويۇندا تەشەننۇج مەلۇم بولىدۇ، يەڭگىل قىزىتما بولىدۇ، بۇ بەزىدە ئۆتكۈرلىشىدۇ، سۈيدۈكىدە تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق تېپىلىدۇ. گالدا ئېچىشىش بولۇپ، يۇتقۇنچاق تەرەپكە تارقىلىدۇ. بۇ پەردىنىڭ رەڭگى قارا ياكى سېرىققا مايىل توپا رەڭ بولىدۇ. بۇ پەردە گالغا چاپلىشىپ تۇرىدۇ، ئاجراتقاندا ئاسان ئاجراپ، شىللىق پەردىدىن قان چىقىشقا باشلايدۇ ۋە پەردە ئىككىنچى قېتىم ناھايىتى تېزلا شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. بىمارنىڭ ئېغىزىدىن شۆلگەي ئاقىدۇ. بۇنىڭدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ. قانغا داۋاملىق زەھەرلىك ماددا سۈمۈرۈلۈش بىلەن بىمار ناھايىتى ئاجىزلايدۇ 5 ـ، 6 ـ كۈنى يالغان پەردە ئۆزلۈكىدىن ئاجراشقا باشلاپ، 7 ـ،8 ـ كۈنگىچە پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ.

بەزىدە يۇتقۇنچاق ئىچىدە ئۇ پەردە چوڭىيىپ، نەپەس ئېلىش قىيىنلاشقۇدەك قېلىنلايدۇ. بۇ ھالەتتە بىمار ئىككى سائەتتە ياكى كۆپ دېگەندە ئىككى كۈندىن تۆت كۈن ئىچىدە ھالاك بولىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىكتە بۇرۇن ياكى ئېغىزدىن قان ئاقىدۇ. بەزىدە قول ـ پۇتىنىڭ سېزىمى يوقىلىدۇ، بەزىدە جۆيلۈيدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ مۇددىتى 8 ~ 10 كۈن، بەزىدە 14 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. بىمار بۇ كېسەللىكتىن تەدرىجىي ساقىيىدۇ، بۇنىڭدا بوھرانىنىڭ ئورنىغا تارقاش بولىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتى ساقىيىپ ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن بەزىدە پالەچنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ. تاڭلاي پالەچلىنىدۇ. ئۇنىڭ سېزىمى ۋە ھەرىكىتىدە نورمالسىزلىق بولىدۇ، بىمار دىمىغىدا سۆزلەيدۇ، تاماق، سۇ ۋە باشقا نەرسىلەرنى يۇتقاندا بۇرنىدىن چىقىپ كېتىدۇ. كۆز مۇسكۇللىرى پالەچلىنىش سەۋەبىدىن بىمار ئالىغاي بولۇپ قالىدۇ ۋە كۆزنىڭ قارىچۇقى كېڭىيىپ كېتىدۇ. بىمار يېقىندىكى نەرسىنى ياخشى كۆرەلمەيدۇ، بەزى بىمارلاردا لەقۋالىقمۇ كۆرۈلىدۇ. بەزىدە نېرۋىلارنىڭ ئىششىقى سەۋەبىدىن پالەچ بولىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكتە ئادەتتە ئۈچ پىرسەنتتىن 14 پىرسەنتكىچە ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ. ئەگەر بۇ ئىششىق يۇتقۇنچاققىچە يېتىپ بارسا دېمى تۇتۇلۇش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر يۈرەك ئاجىزلىماستىن سۈيدۈك تۇتۇلۇش، تومۇرى ناھايىتى تېز ياكى بەك ئاستا سوقۇش، جۆيلۈش، قاتتىق ئۇيقۇ، بۇرنى قاناش، نەپەس سىقىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئالامەتلەر باشلانسا، كېسەللىك ئەھۋالى خەتەرلىك، دەپ قارىلىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى

1. ماددىلارنى مايىللاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن يۇمشاتقۇچى ھۆقنە ۋە يەڭگىل مۇسھىللار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: خىيارشەنبەر، شىرخىست، مېۋىلەر قاينىتىلمىسى، ئەينۇلا، تەمرى ھىندى قاتارلىقلار.

2. تىنچلاندۇرۇش مەقسىتىدە تىنچلاندۇرغۇچى ۋە سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئىسپىغۇل لۇئابى، چىلان شىربىسى قاتارلىقلار.

3. دەسلەپتە ئۈچەينى تەنقىيە قىلىپ ئىچىنى سۈرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە ماددىنى قايتۇرغۇچى ۋە قابىز دورىلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: شاتۇت، سىركە، گۇلاب، ئەدەس، كۆك ياڭاق قاتارلىقلار. بەزىدە بۇ قابىز دورىلارغا يۇمشاتقۇچى، بوشاشتۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلارمۇ قوشۇپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: خىيارشەنبەر. لېكىن بۇ، ئىششىقنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە ئاخىرقى باسقۇچىدا مۇناسىپ بولىدۇ.

4. دەسلەپكى باسقۇچىدا ماددىنى قايتۇرغۇچى زىمات چېپىلىدۇ، ئىششىقنىڭ تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا ماددىنى قايتۇرغۇچىغا تارقاتقۇچى ۋە بوشاشتۇرغۇچى دورىلار قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئاخىرقى باسقۇچىدا ماددىلارنى سىرتقى تەرەپكە تارتقۇچى زىمات گال سىرتىغا چېپىلىدۇ. مەسىلەن: زۇپتى، قىچا، نىترون.

5. ئەگەر ئىششىق پىشقان بولسا ئۇنى قول بىلەن، ئەۋزار بىلەن ياكى غار غار بىلەن ئېغىز ئالدۇرۇلىدۇ ۋە يىرىڭنى تازىلاشقا تىرىشىلىدۇ. ئەگەر ئىششىق ئېغىز ئالسا، تازىلىغۇچى دورىلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: يېڭى سۈت ۋە ھەسەل قاتارلىقلار.

6. غىزاسىغا تىنچلاندۇرغۇچى، سوۋۇتقۇچى، لەتىف، سۇيۇق نەرسىلەر بېرىلىدۇ. ئەگەر گالدىن غىزا ئۆتمىسە ھۆقنە ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ ئاخىرىدا تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ. بىر نەچچە كۈنگىچە ناھايىتى لەتىف غىزالار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: پەقەت ئانار سۈيى ياكى تاۋۇز سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ.

7. شاتۇت گال ئىششىقلىرى ۋە خەنناققا ناھايىتى مەنپەئەتلىك. شاتۇت يوپۇرمىقى يالغۇز

ياكى باشقا دورىلار بىلەن غار - غارغا ئىشلىتىلىدۇ ۋە شاتۇت شەربىتى ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

8. ئاجىزلىق ۋە ئورۇقلۇق غەلىبە قىلغاندا خېمىرى مەرۋايىت، داۋائىلمىشكى، كافۇر مۇرەككەباتلىرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۈچلەندۈرگۈچىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

9. نەپەس سىقىلىشىنىڭ ئاخىرىدا مەجبۇرىي دەستىكار ئۇسۇلى بىلەن يۇتقۇنچاق ياكى كانايىنى كېسىپ، نەيچە قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ھەممىدىن بۇرۇن چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ ياكى ھۆقنە قىلىنىدۇ، ئاندىن تۆۋەندىكى غار غارلارنىڭ بىرەرسى بىلەن كۈندە 6 ~ 7 قېتىم غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

غار - غار نۇسخىسى (1): بۇ كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا پايدىلىق بولۇپ، ماددىنى قايتۇرغۇچى ۋە قابىز خۇسۇسىيەتلىكتۇر. شاتۇت يوپۇرمىقى 12 گرام، ئانار گۈلى تۆت گرام، كۆكنار تۆت دانە، گەزمازەج ئالتە گرام، سوقۇلمىغان ئەدەس 12 گرام، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ئالتە گرام قاتارلىقلار سۇدا قايناتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

غار - غار نۇسخىسى (2): كۆك شاتۇت يوپۇرمىقى، كۆك ئامۇت يوپۇرمىقى 24 گرامدىن. بۇلارنى يېرىم كىلوگرام سۇدا قايناتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. 48 گرام شاتۇت يوپۇرمىقىنى يالغۇز ئىشلىتىشمۇ ناھايىتى پايدىلىق.

غار - غار نۇسخىسى (3): بۇ كېسەللىك تەرەققىي قىلىۋاتقان مەزگىلدە پايدىلىق. 12 گرام خىيارشەنبەر مېغىزىنى 125 گرام سۈت، 125 گرام سۇدا قايناتىپ سۈزۈپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىششىق تارقىتىدۇ ۋە بوشاشتۇرىدۇ.

چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ياكى ھۆقنىدىن كېيىن ئىچىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ:

نۇسخا: بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، چىلان بەش گرام، پوستى ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى ئۈچ گرام. بۇلارنى 72 گرام ئەرقى شاھتەررە، ئالتە گرام ئەرقى مۇرەككەپ پاسادى خونغا چىلاپ، شىرىسىنى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، 12 گرام شاتۇت شەربىتى قوشۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولسا كەچ تەرەپتە 24 گرام خىيارشەنبەر مېغىزىنى 840 گرام سۈتتە قايناتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئەتىگەندە يۇقىرىقى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

زىماتلارنىڭ تۆۋەندىكى نۇسخىلىرىدىن مەلۇم بىرىنى تاللاپ گال سىرتىغا چېپىلىدۇ.

زىمات نۇسخىسى (1): 12 گرام جەدۋارنى مۇۋاپىق مىقداردا كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ، مۇۋاپىق مىقداردا چېپىلىدۇ، بۇ ماددىنى قايتۇرۇپ، ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

زىمات نۇسخىسى (2): ئارپا ئۇنىنى قېتىق سۈيىگە قوشۇپ ۋە ئۈچ گرام رەۋەنچىنىنى

ئايرىم يۇمشاق سوقۇپ قوشۇپ، بىر پارچە نېپىز رەختكە سۈركەپ گالغا باغلاپ قويۇلىدۇ، بۇ ئېھتىمال ئىششىق تارقاتقۇچى ۋە بوشاشتۇرغۇچىدۇر.

زىمات نۇسخىسى (3): خىيارشەنبەر مېغىزى توققۇز گىرام، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى 12 گىرام، ئارپا ئۇنى، بابۇنە گۈلى، سۇمبۇل تىب، ئىكلىلمىلىك، قىزىل سەندەل ھەربىرى ئالتە گىرامدىن، رۇسۇت، سەبرە ئۈچ گىرامدىن. دورىلارنى كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ 24 گىرام گۈل يېغى قوشۇپ ئىلمان ھالەتتە زىمات قىلىنىدۇ، بۇنىڭغا قابىز ۋە بوشاشتۇرغۇچى دورىلار قوشۇلغان بولىدۇ.

قوشۇمچە بەزىدە مەزكۇر نۇسخىغا سۇ لېشى بىر گىرام، قىزىلگۈل، ئۇدخام، مەستىكى رۇمى ئالتە گىرامدىن، جەدۋار ئۈچ گىرام، مەلھىمى داخىلىيۇن 12 گىرام، بىر دانە توخۇ تۇخۇمى ئېقى قوشۇپمۇ تەييارلىنىدۇ.

تەدبىر بۇ زىماتنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ. چوڭ پاقىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ئىسسىق ھالەتتە گالغا باغلىنىدۇ، ئاندىن كونا پاختىنى ئوتتا قىزىتىپ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. بۇ ئىششىق تارقاتقۇچى ۋە بوشاشتۇرغۇچىدۇر.

كۆرسەتمە چۈنكى بۇ كېسەللىك ئۆتكۈر يۇقۇملۇق بولغانلىقى ئۈچۈن بىمارنى ئازادە، ھاۋالىق ئايرىم ياتاقتا ياتقۇزۇش مۇناسىپتۇر. بىمارنىڭ كىيىم كېچەكلىرىنى پاكىز تۇتۇش ۋە ئۇنى كۆرپىدە ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش، ياتاقنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق ۋە نەم بولۇش، ئەخلەت ـ چاۋادىن خالىي بولۇش لازىم. بىمارنىڭ تۈكۈرۈك ۋە بەلغەمى ئېغىزلىق قاچىدا تۇرۇش، ياتاقنى تاكى ھاۋاسى ساپ بولغۇچە لوبان، ئېگىر قاتارلىقلار بىلەن ئىسرىقلاپ تۇرۇش لازىم. بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنى ساقلاشقا تىرىشىش، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق لازىم. ئەگەر قىش پەسلىدە بىمار كېسەللەنگەن بولسا سوغۇق ئۆتۈشتىن ساقلىنىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز بىمارغا مۇناسىپ كېلىدىغان غىزالار تۆۋەندىكىدەك: تاتلىق ۋە ناخۇش ئانار سۈيى، ئۈزۈم سۈيى، شاتۇت سۈيى، تاۋۇز سۈيى، سۇيۇق ئارپا سۈيى دەسلەپتە بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قويۇق ئارپا سۈيى، سۈت، چۈجە گۆشىنىڭ ئاددىي شورپىسى (بۇ مۇچلۇق تەم تەڭشىگۈچلەردىن خالىي بولسۇن) بېرىلىدۇ. ساگۇدانە سۇدا پىشۇرۇلغان بولسۇن ياكى سۈتكە ماش ئۇنى سۈيى، ئەدەس ئۇنى سۈيى قوشۇپ پىشۇرۇلغان بولسۇن.

غىزالىق ھۆقنە ئەگەر غىزا گالدىن تەستە ئۆتسە، يەنى بىمار غىزالارنى يۇتالمىسا

ئۇزۇقلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، ھۆقنە ئارقىلىق غىزانى يەتكۈزۈشتۇر. بۇنىڭدىمۇ بەدەننى ئۇزۇقلاندۇرۇشتىكى ئەسلىي مەقسەت ھاسىل بولىدۇ، لېكىن غىزالىق ھۆقنىنى ئۈچەينى چوڭ تەرەتتىن تازىلاپ بولغاندىن كېيىن قىلىش لازىم. يەنى دەسلەپتە ئىسسىق سۇ قاتارلىقلار بىلەن ھۆقنە قىلىپ، ئۈچەينى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن شورپا قاتارلىقلار ياكى مەلۇم يەڭگىل نەرسىلەر بىلەن ئاز مىقداردا ھۆقنە قىلىنىدۇ تاكى ئۈچەيگە زىيادە ئېغىرلىق چۈشمىسۇن ۋە ئۇ غىزا ئىچى سۈرۈش ھالىتىدە تېز چىقىپ كەتمىسۇن. بۇ مەقسەت ئۈچۈن چۈجە گۆشى شورپىسى، ئۈزۈم سۈيى، ئانار سۈيى، ئارپا سۈيى، سۈت قاتارلىقلار زىيادە مۇناسىپ بولىدۇ (ئاملى).

بەك كىچىك بالىلار غار - غار قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن زەمچىنى سۇدا ئېرىتىپ، پەلكۈچ بىلەن سۈركىلىدۇ ياكى سۇفۇپ شەكلىدە نەيچە ئارقىلىق گالغا پۈركىلىدۇ.

مەسەل ئۇسۇلى بىلەن داۋالاش مېڭە ۋە يۇلۇن پەردە ئىششىقدىن بولغان قىزىتمىدا يېزىلغانكى، كېسەللىك ماددىسى بىرەر ھايۋاننىڭ بەدىنىگە كىرگۈزۈلسە، ئۇنىڭ بەدىنىدە قۇۋۋىتى مۇدەببىرە ۋە تەبىئەت قارشىلىشىش ئۈچۈن تۇرىدۇ، بۇ ماددىغا قارشى ئۇنىڭ قېنىدا تەرياقى ماددىلار تەييار بولىدۇ. شۇڭلاشقا قېنىنى سىرتقا چىقىرىپ، ئۇنىڭ زەردابى سۈزۈۋېلىنىپ تەرياق ھاسىل قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا تەبىئىي تەرياقلار ئېرىتمىسى بولىدۇ. بۇ قان زەردابى مەسەل تەرياقى دېيىلىدۇ. بۇ دورا ئەملەش شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭلاشقا خەنناقنىڭ مەسەل تەرياقىنى ئىشلىتىش بىلەن ئالامەتلەردە بىرئاز يەڭگىللەش بولىدۇ ۋە يۈرەك ئاجىزلاشنىڭ خەتىرى ئازىيىدۇ. بايان قىلىنغانكى، بۇ تەرياقنى ئىشلىتىش بىلەن بۇ تۈردىكى بىمارلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يېرىم ھەسسە تۆۋەنلەيدۇ. ئەگەر تۇنجى كۈندىن باشلاپ بۇنى ئىشلىتىشكە باشلىغان بولسا ئالامەتلىرى يېنىك بولىدۇ. بۇ تەرياقنىڭ تەسىرى 24 سائەتتىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئالامەتلىرى ئېغىر بولسا، بۇ دورىنىڭ تەسىرى بولمايدۇ.

ئەگەر بۇ تەرياقنى ئىشلىتىش بىلەن بەدەندە قىزىل داغ، بوغۇملاردا ئىششىق، ئاغرىق ۋە قىزىتما بولسا، ئازراقمۇ ئەندىشە قىلماسلىق لازىم. چۈنكى بۇ شىكايەت ئەگەشمە ۋە ۋاقىتلىق بولىدۇ.

بادامبەز ئىششىقى (زەبھەلەۋزىيە) بۇ كېسەللىكتە بادامبەز، گالنىڭ ئېغىز ۋە تىلغا يېقىن مۇسكۇللىرى ئىششىيدۇ، ئۇلاردا ئېچىشىش بولىدۇ ۋە ئاق رەڭلىك بىر نەرسە ئۇيۇپ قالىدۇ.

سەۋەبى ئادەتتە ياشلاردا سوغۇق ئۆتۈش، بۇلغانغان ھاۋادا نەپەس ئېلىش، ناھايىتى

ئىسسىق ياكى سوغۇق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش بىلەن ۋە بەزىدە خەنناق ۋابائى، ۋەجئۇل مۇپاسىل ۋە يۇقۇملۇق قىزىتما مەزگىللىرىدە بۇنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بىر قېتىم يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ قايتا - قايتا قوزغىلىدۇ. بۇ كېسەللىك بەزىدە ۋابا شەكلىمۇ تارقايدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە ئازراق جۇغ - جۇغ بولۇپ قىزىيدۇ، ئۇسسۇزلۇق ئۆتكۈر بولىدۇ، بىمار بىئارام بولىدۇ. كۆپىنچە كەچتە ئالىجوقا سۆزلەيدۇ. گالدا ئېچىشىش ۋە ئاغرىق سېزىلىدۇ. غىزا يۇتقاندا قىيىنلىدۇ، تۆۋەنكى جاغ گۆشى ئاستىدا ئىششىغان بادامبەزنى كۆرگىلى بولىدۇ. بېشى بىلەن ئاغرىيدۇ. بەدەن هارارىتى 104 ~ 105 كىچە بولىدۇ. تومۇرى كۈچلۈك، تولغان بولىدۇ. تومۇر سوقۇشى 180 ~ 120 گىچە بولىدۇ. سۈيدۈك مىقدارى ئازىيىدۇ. كۆپ ئۇسسايدۇ، ئاغرىقنىڭ لوقۇلداش تەسىرى قۇلاققىچە يېتىپ بارىدۇ. بىمارغا گېلىدا بىرەر نەرسە باردەك سېزىلىپ، قايتا - قايتا يۆتىلىدۇ، بىمارنىڭ ئاۋازى كۈچىيىدۇ. ئاڭلىغۇچىغا بىمار بۇرنىدا سۆزلىگەندەك مەلۇم بولىدۇ. بىمارنىڭ ئېغىزىدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ. تەكشۈرگەندە بىر ياكى ئىككى بادامبەزنىڭ ئىششىغانلىقى كۆرۈنىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈستىدە توپا رەڭ پەردە ئۆيۈپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ. كىچىك تىل ۋە تاڭلاي قىزىرىدۇ، تىلى دۇغ هالەتتە بولىدۇ. كۆپىنچە ھەپتە ئون كۈندىن كېيىن بىمار ساقىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئۆتكۈر بولسا، بادامبەزدە يىرىڭ پەيدا بولۇپ، ئومۇمەن گالغا ئېغىز ئالىدۇ.

بەزى تېنى ئاجىز كىچىك بالىلاردا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ قايتا - قايتا قوزغىلىشى سەۋەبىدىن بادامبەز ھەمىشە ئىششىپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىچىك بالا ئېغىزىنى ئېچىپ نەپەس ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئارامىدا ئۇخلىيالمايدۇ. ئۇخلىغاندا خورەك تارتىدۇ ۋە چۆچۈيدۇ. بالىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكى بېسىلىدۇ، كالپۇكى تومۇلىشىدۇ. ئېغىزى ھەر ۋاقىت ئوچۇق تۇرىدۇ، چىرايى نۇرسىز كۆرۈنىدۇ. تاماق يۇتقاندا بۇرنىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئېغىزى پۇرايدۇ. ئاۋازى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، بالا «ن»، «م» ھەرپىنى ياخشى چىقىرالمايدۇ، بىرئاز گاسىلىقمۇ بولىدۇ. بالىنىڭ ھەزىمى بۇزۇلىدۇ ۋە كەم ئەقىل، ئاجىز، ئورۇق بولىدۇ. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمۇ تۆۋەنلەيدۇ. ھەر ۋاقىت بېشى ئاغرىغانىنىڭ شىكايىتىنى قىلىدۇ، ئازراق سوغۇق تېگىش بىلەن يۇقىرىقى كېسەللىك ئالامەتلىرى كۈچىيىپ كېتىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش بۇنى خەنناق ۋابائىدىن پەرقلەندۈرۈش لازىم. بۇ كېسەللىكتە (بادامبەز ئىششىقىدا) پەردە سېرىققا مايىل توپا رەڭ بولىدۇ ۋە پۈتۈن بادامبەزگە تارقالمىغان بولىدۇ، بەلكى ئوخشاشمىغان ئورۇندىكى بەزنىڭ رەڭگى قىزىل كۆرۈنىدۇ. ئەگەر بۇ پەردىنى بەزى نەرسىلەر بىلەن تۇتۇپ، بەزدىن ئاجراتماقچى بولسا ئاسان ئاجرايدۇ. ئۇنى ئاجراتقاندىن كېيىن قاناش بولمايدۇ، بۇ پەردە تاڭلاي، كىچىك تىل ۋە گالدا بولمايدۇ، بىر

قېتىم ئاجرىتىۋەتكەندىن كېيىن يېڭى پەردە ناھايىتى تېزلا شەكىللەنمەيدۇ.

خەنناق ۋابائىدا پەردىنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل توپا رەڭ بولىدۇ. بۇ پۈتۈن بادامبەزگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بەزى نەرسىلەر بىلەن ئۇنى تۇتۇپ ئاجراتقاندا ئاسان ئاجرىمايدۇ. ئەگەر ئۇنى ئاغرىتماي ئاجراتماقچى بولسا، بەزنىڭ يۈزىدىن قان ئېقىشقا باشلايدۇ، ئاندىن ناھايىتى تېزلا يېڭى پەردە پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا بۇ يالغان پەردە تاڭلايدىمۇ تېپىلىدۇ.

بادامبەز ئىششىقىدا بىمارنىڭ تومۇرى تولغان بولۇپ، تېز سوقىدۇ. بىمار 4 ~5 كۈندە ساقىيىپ كېتىدۇ. ياخشىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن پالەچ بولۇش ئېھتىمالى بولمايدۇ.

خەنناق ۋابائىدا بىمارنىڭ تومۇرى ئاجىز بولىدۇ ۋە كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈرلۈكى تۆت كۈندىن كېيىن بولىدۇ. كېسەللىك ياخشىلانغاندىن كېيىن پالەچ بولۇپ قېلىش خەتىرى بولىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش بىمارنى ئارام ئالدۇرۇپ ياتقۇزۇلىدۇ، ئاغرىغان ئورۇنغا سىرتقى تەرەپتىن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاجىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈچلەندۈرگۈچى نەرسىلەر يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئېغىرلاپ، يىرىڭلىق ئىششىققا ئۆزگەرسە ئۆزلۈكىدىن ئېغىز ئالىدۇ. ئەگەر ئۆزلۈكىدىن ئېغىز ئالمىسا، تېشىپ ئېغىز ئالدۇرۇلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

نۇسخا بېھى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل ئۈچ گرامدىن، چىلان بەش دانە، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، 72 گرام ئەرقى شوخلا، 72 گرام ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، 36 گرام شاتۈت شەربىتى قوشۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتمۇ بولسا، ئاۋۋال خىيارشەنبەر مېغىزىنى سۈتتە قايىنىتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە ئانارگۈلى، كۆكنار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ خەنناقنىڭ بايانىدا سۆزلەندى. بۇنى ئىشلىتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن خىيارشەنبەر ۋە سۈت چۈشكەن غار - غار نۇسخىسى ئىشلىتىلىدۇ. خەنناقتا سۆزلەنگەن زىمات قاتارلىقلار بۇ كېسەللىككىمۇ پايدىلىق بولىدۇ، غار - غار ياكى زىماتمۇ ئىسسىق بولۇشى لازىم، تاكى ئۇ دورىلارنىڭ سىرتقى ئىسسىقلىقى بىلەن ئىششىقنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە تېز يەڭگىللەش بولسۇن.

ئوزۇقلاندۇرۇش بىمارنىڭ غىزاسىغا سۇيۇق نەرسىلەرنى بېرىشمۇ خەنناقتا سۆزلەندى.

كۆرسەتمە ساقايغاندىن كېيىن مۇھىتنى ئالماشتۇرۇش كېرەك. بىمارغا دېڭىز بويىنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى پايدىلىق بولىدۇ، خەنناق ۋابائىدا سۆزلەنگەن كۆرسەتمىگە ئىتائەت قىلىش لازىم.

گال ئىششىقى

گال ئىششىقى بۇ ئادەتتىكى (تارقىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولمىغان ۋە يۇقۇمسىز) گال ئىششىقى بولۇپ، بۇنىڭدا گال ۋە بۇرۇن شىللىق پەردىسى ئىششىپ، قىزىرىپ قالىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ ئۈستىدە غەيرىي تەبىئىي پەردە پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يۆتەل قوزغىلىدۇ ۋە ئاغرىق سېزىلىدۇ، بۇ پەردە بەزىدە يىرىڭلاپمۇ قالىدۇ. گال ئىششىقىنىڭ ئىككى تۈرى بولىدۇ.

ئۆتكۈر گال ئىششىقى

سەۋەبى ئادەتتە تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. نەزلە ۋە زۇكام ياكى بادامبەز ئىششىقىنىڭ تەكرار پەيدا بولۇشى، خەنناق ۋابائى ياكى قىزىل قىزىتمىسىغا ئوخشاش كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى، چاڭ - توزان ياكى بەزى غىدىقلىغۇچى نەرسىلەرنىڭ گالغا يېتىپ بېرىشى، ئومۇمىي قۇۋۋەت ئاجىزلاش، قاننىڭ بەزىدە زەھەرلىنىشى قاتارلىقلار.

ئالامىتى گال ۋە بۇرۇن شىللىق پەردىسىدە ئىششىق ھەمدە ئاغرىق بولىدۇ. يالغان پەردە پەيدا بولىدۇ. قۇرۇق يۆتەل بولىدۇ، بۇرۇندىن نەپەس ئېلىش قىيىن بولىدۇ. كېسەللەنگەن ئورۇندا قاتتىق ئاغرىق سېزىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئۆتكۈر بولسا قۇلاق ئېغىرلىقىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتا سۆزلەش قىيىنلىشىدۇ. ئېغىزى ۋە تىنىقى سېسىق پۇرايدۇ. تىلى گەز باغلايدۇ ۋە ئېغىز تەمى بۇزۇلىدۇ. بىمارنىڭ غىزا يۇتۇشى قىيىنلىشىدۇ، بەدەن ھارارىتى كۆپىنچە 104 دەرىجە ۋە تومۇر سوقۇشى 120 قېتىمغىچە بولىدۇ. بىمارغا بۇ بارلىق بەدەن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى كېچىدە كۈچەيگەندەك بىلىنىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش خەنناقتىن بۇنى پەرقلەندۈرۈش ئاسان بولىدۇ. چۈنكى خەنناق ناھايىتى ئۆتكۈر كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئاجىزلاش ئېغىر بولىدۇ. گال ۋە گال پاسىلىدا پەردە بولىدۇ. كۆپىنچە پەردە تۈكۈرۈش بىلەن چىقىپ كېتىدۇ ۋە سۈيدۈكتە تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق بولىدۇ.

ئاقىۋىتى ئادەتتە يەتتە كۈندىن 14 ~ 15 كۈن ئىچىدە بىمار ساقىيىپ كېتىدۇ. لېكىن بەزىدە ئىششىق ئېغىرلىشىپ گال يىرىڭلىق ئىششىقىغا ئۆزگىرىدۇ. بۇ بىر خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، بىمارنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

كېسەللىك تەشرىھى يەرلىك ئورۇندىكى شىللىق پەردە كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە ئىششىپ، قۇرۇيدۇ، رەڭگى قارامتۇل قىزىل ۋە پارقىراق بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك بىر مەزگىل

داۋاملاشسا، بۇنىڭدا شىللىق پەردە يۈزى بىلەن چاپلاشمايدىغان، ئاسانلىقچە ئاجرايدىغان بىر خىل پەردە پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇنى ئاجراتسا ئاستىدىن يىرىڭ چىقىدۇ، بۇ كېسەللىكتە بەزىدە بادامبەزمۇ ئىششىدۇ.

سوزۇلما گال ئىششىقى

سەۋەبى ئادەتتە تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن سوزۇلما خاراكتېرلىك گال ئىششىقى تەدرىجىي پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورىلار، شاراب، تاماكا ۋە مەلۇم تۈردىكى غىدىقلىغۇچى نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، گالغا زىيانلىق ئىشلارنى قىلىش، مەسىلەن: تولا گەپ قىلىش، قاتتىق توۋلاش، ناخشا ئېيتىش قاتارلىقلار. مۇشۇ سەۋەبتىن كېسەللىك ناخشىچىلار، ئاخباراتچىلار، قارى قۇرئانلار ۋە ۋائىزلاردا بولىدۇ. يۈرەك كېسەللىكلىرىدە قان تولۇش سەۋەبىدىن بۇ شىكايەت بولىدۇ. سىفلىسنىڭ ئىككىنچى دەرىجىسىدىمۇ بەزىدە بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

سىل، نۇقرەس، ھەزىم بۇزۇلۇشىنىڭ نەتىجىسىدىمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن بەزىدە گال ئىششىقىنىڭ سوزۇلما ھالىتى پەيدا بولىدۇ. لېكىن كۆپىنچە كېسەللىك ئۆتكۈر ھالەتتە باشلىنىپ كېيىن سوزۇلما ھالەتكە ئۆتىدۇ.

ئالامىتى كېسەللىكنىڭ بۇ تۈرىدە قىزىللىق ۋە ھۆللۈكلەرنىڭ سىرغىپ چىقىشى نىسبەتەن ئاز بولىدۇ، بۇنىڭدا قىزىتما بولمايدۇ. بەلغەم ناھايىتى ئاز چىقىدۇ ۋە چاپلىشاڭغۇ بولۇپ، ئۇزۇن يۆتەلگەندىن كېيىن چىقىدۇ. ئەگەر سىفلىسنىڭ ئىككىنچى دەرىجىسىدە گال ئىچىدە زەخىم پەيدا بولسا، بۇ زەخمە كىچىك ۋە يۇمىلاق بولىدۇ، بەك چوڭقۇر بولمايدۇ. ئەگەر ئۈچىنچى دەرىجىسىدە زەخىم پەيدا بولسا، زەخىم ناھايىتى چوڭقۇر بولىدۇ. ئەگەر سىل سەۋەبىدىن زەخىم پەيدا بولسا خاس تۈردىكى پۇلتايغان ھالەتتە بولىدۇ. بەزىدە يۇتقۇنچاق كەينى بويۇن ئومۇرتقىسى ئالدىغا يىرىڭ يىغىلىپ، يىرىڭلىق ئىششىقنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قالغان ئالامەتلىرى ئۆتكۈر گال ئىششىقى بىلەن ئوخشاش.

كېسەللىك تەشرىھى كېسەللىكنىڭ بۇ تۈرىدە شىللىق پەردە قېلىن، قارىغا مايىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى كۆك قان تومۇر كېڭىيىپ كەتكەن بولىدۇ. شىللىق پەردە قۇرۇق، پارقىراق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدا بىر خىل بۇلۇتسىمان پەردە بولىدۇ. يۇمشاق تاڭلايدا سۈزۈك ئەسۋە تېپىلىدۇ، بۇنىڭ ئېغىز ئېلىپ يېرىلىشى بىلەن خالتىسىمان زەخىم پەيدا بولىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئاۋۋال ئەسلىي سەۋەبنى ئېنىقلاشقا تىرىشىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق لازىم، تەرلەتكۈچى، كۈچلەندۈرگۈچى،

قىزىتما قايتۇرغۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. قابىز خۇسۇسىيەتلىك غار - غارلار، سىرتتىن ئىششىق تارقاتقۇچى، قىزارتقۇچى زىماتلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بالىلار ۋە ياشانغانلاردا بۇ كېسەللىك كۆرۈلسە، تېزلىك بىلەن داۋالاشقا تۇتۇش قىلىش لازىم.

ئەگەر زۇكام نەزلە سەۋەبىدىن بولغان بولسا، تۆۋەندىكى نۇسخا بىر قانچە كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گىرام، چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە. دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ 24 گىرام شاتۇت شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ:

نۇسخا قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، گۈلبىنەپشە يەتتە گىرامدىن، چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە. دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، 24 گىرام شاتۇت شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بادامبەز ئىششىقى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بۇنى داۋالاش ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى. ئەگەر خەنناق ۋابائى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بۇنى داۋالاشمۇ ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى. ئەگەر سىفلىس ياكى سىل، نۇقرەس سەۋەبىدىن بولغان بولسا سىفلىس، سىل، نۇقرەسكە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ. ئەگەر ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش، چاڭ - توزان ۋە زىيادە توۋلاش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇ نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

بادامبەز ئىششىقى ۋە خەنناق ۋابائىدا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇلى، يەنى غار - غار قىلدۇرۇش، زىمات چېپىش، ئىچىملىكلەرنى بېرىش، غىزالىنىش ئۇسۇلى ۋە پەرۋىش چارىلىرىنى بۇ كېسەللىكتىمۇ ئىشلىتىش لازىم.

سوزۇلما گال ئىششىقىدا مۇھىت ئالماشتۇرۇشمۇ كۆپىنچە پايدىلىق بولىدۇ.

بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ دېيىشىچە، غار - غار قىلدۇرۇشتا دورا سۇيۇقلۇقى يۇمشاق تاڭلايدىن ئارقىغا ئۆتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن گال ئىششىقىغا ئانچە مەنپەئەتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن غار - غارنىڭ ئورنىغا سۇدا ئېرىتىلگەن زەمچىنى ياكى باشقا قابىز دورىلارنى پۈركۈلمە شەكلىدە يەرلىك ئورۇنغا يەتكۈزۈش ياكى گالغا بەزى قابىز دورىلارنى پەلكۈچ بىلەن تىلا شەكلىدە چېپىش لازىم.

زەمچە ئېرىتمىسى نۇسخىسى: زەمچىدىن 0.24 ~ 0.6 گىرامغىچە ئېلىپ، 36 گىرام سۇدا ئېرىتىپ تەييارلىنىدۇ.

يۇتقۇنچاق ئىششىقى

يۇتقۇنچاق ئىششىقى سوزۇلما ۋە ئۆتكۈر خاراكتېرلىك دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يۇتقۇنچاق ئىششىقى: بۇ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى تۈرى، ئۆتكۈر نەزلىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ئىششىقى، ئىككىنچى تۈرى، سۇلۇق ئىششىقتىن بولغان يۇتقۇنچاق ئىششىقى، ئۈچىنچى تۈرى، پەردە مەنبەلىك يۇتقۇنچاق ئىششىقى.

1. ئۆتكۈر نەزلىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ئىششىقى: بۇ، يۇتقۇنچاق نەزلىسىمۇ دېيىلىدۇ. بۇ ئادەتتە زۇكام، نەزلىنىڭ بىر مەزگىلگىچە تۇرۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچى ئىچكى سەۋەب: بۇ كەينى - كەينىدىن زۇكام بىلەن ئاغرىش، نۇقرەس، قىزىل ۋە بەزى بىر يۇقۇملۇق قىزىتمىلار ۋە كۆپىنچە ۋاقىتتا گال ئاغرىش، گال ئىچىدە مەلۇم يىرىڭلىق ئىششىق ياكى زەخىمنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، ئومۇمىي ساغلاملىقنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلار. ئىككىنچى تاشقى سەۋەب: مەسىلەن: ئىسسىق ياكى سوغۇق بۇخاراتنىڭ تىنىق ئارقىلىق گالغا يېتىپ بېرىشى، غىدىقلىغۇچى ۋە قوزغاتقۇچى نەرسىلەرنىڭ مەلۇم يول بىلەن گال ئىچىگە كىرىشى، كۈچلۈك ئاۋازدا چىرقىراش، يول مېڭىش ياكى بىر مەزگىلگىچە يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەش، ۋەز ئېيتىش ياكى ناخشا ئېيتىش، تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش قاتارلىقلار.

بەزىدە قىزىل قاپارتما (سۇرۇخ بادە) كېسىلى، قىزىل، تارقىلىشچان زۇكام ۋە جۆيلۈش بولىدىغان قىزىتما قاتارلىقلارغا گىرىپتار بولغاندىن كېيىن يۇتقۇنچاق ئىششىقىنىڭ بۇ ھالىتى پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئۆتكۈر نەزلىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ئىششىقىدا يۇتقۇنچاقتا يىرىكلىك، ئېچىشىش، قۇرۇقلۇق بولىدۇ ۋە بىر تۈردىكى توسۇلۇش بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇتقاندا، سۆزلىگەندە، يۆتەلگەندە ئاغرىق بولىدۇ. ئاۋاز ئازراق ياكى پۈتۈنلەي توسۇلىدۇ. يۆتەل دەۋرىيلىك قوزغىلىدۇ. كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا سۇيۇق بەلغەم چىقىدۇ. لېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن قويۇلىدۇ. 103 - دەرىجىگىچە قىزىيدۇ. بەزىدە بىماردا بىر خاس كەيپىيات پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن نەپەس بىلەن بىر تۈرلۈك ئاۋاز پەيدا بولىدۇ. بۇ يىراققىچە ئاڭلىنىدۇ، بىئاراملىق سەۋەبىدىن چىرايى كۆكىرىپ ئۆچىدۇ، بۇ ئادەتتە ياشلاردا يۈز بېرىدۇ ۋە زۇكامدىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

كېسەللىك تەشرىھى يۇتقۇنچاقنىڭ شىللىق پەردىسى قىزىل، ئىششىغان، دۇغ،

يۇمشاق، بوشاشقان بولۇش بىلەن بىر قانچە جايى سويۇلغان بولىدۇ.

كېسەللىك ئاقىۋىتى بالىلاردا بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى ئېغىر ئۆتىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ يۇتقۇنچىقى تەبىئىي تار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇتقۇنچاق دىۋارى توسۇلۇشى مۇمكىن. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە تۆت كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر بەلغەم ئاسانلىق بىلەن چىقسا شىپا تاپىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىك ئۆتكۈرلۈكتىن سوزۇلما ھالەتكە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش بىمار ئىسسىق ۋە نەم جايدا ياتقۇزۇلىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن بىمارنىڭ ياتقىغا بىر چوڭ قاچىغا قايناۋاتقان سۇنى تولدۇرۇپ قويۇش، گال ۋە كۆكرەكنى ئىسسىق رەخت بىلەن تېڭىپ قويۇش، مۇمكىن قەدەر سۆزلەش ياكى يۆتىلىشتىن توختىتىش، بەزى مۇناسىپ ئۇسۇللار بىلەن ئىسسىق ھورنى گالغا يەتكۈزۈش، سىرتتىن گالغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، دەسلەپتە گال ئىچىگە بەزى دورىلارنى چېپىش مۇناسىپ ئەمەس، لېكىن ئاخىرىدا قابىز دورىلار چېپىلىدۇ. بىمارنى قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق لازىم.

ئىچىش ئۈچۈن ھۆللەشتۈرگۈچى لۇئابلار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: بېھى ئۇرۇقى، چىلان چۈشكەن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا: بېھى ئۇرۇقى ئۈچ دانە، چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە. دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ ئېلىپ، شاتۇت شەربىتىدىن 24 گىرام قوشۇپ ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ياخشىلانمىسا تۆۋەندىكى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ.

نۇسخا: قۇرۇق ئىنئۈزۈمى، گۈلبىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، بەش دانە چىلان، توققۇز دانە سەرپىستان قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ ئېلىپ، شاتۇت شەربىتىدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. غار غار قىلدۇرۇش بۇنىڭغا ئانچە ئۈنۈم بەرمەيدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر ئانارگۈلى، كۆكنارنى قاينىتىپ غار غار قىلدۇرغان.

يۆتەل كۈچىيىپ ئېغىرلاشسا خەشخاش مۇرەككەباتلىرى (خەشخاش پوستى چۈشكەن ھەببى سۇئال) دىنمۇ بېرىپ يۆتەلنى پەسەيتىش لازىم.

نەزلىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ئىششىقىدا قۇستۇرغۇچىلار مەنپەئەتلىك بولىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز بىمارغا لەتىف، ئاسان سىڭدىغان ۋە سۇيۇق غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئارپا ئېشى، توخۇ گۆشى شورپىسى قاتارلىقلار.

2. سۇلۇق ئىششىقتىن بولغان يۇتقۇنچاق ئىششىقى: بۇنىڭدا دەسلەپتە ئىششىق ئالامىتى پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك ئورۇنغا قان زەرداپى يىغىلىپ، سۇلۇق ئىششىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە شىللىق پەردىنىڭ رەڭگى بىرئاز قىزىل بولۇپ، بوشاشقان بولىدۇ.

سەۋەبى كېسەللىكنىڭ بۇ تۈرى تۆۋەندىكىدەك ھالەتلەردىن پەيدا بولىدۇ: بەدەنگە سوغۇقلۇق يېتىش، بەك ئىسسىق نەرسىلەر، مەسىلەن: قىزىق سۈت، قىزىق چاي ياكى قىزىق سۇ قاتارلىقلارنى ئىچىش، بەزىدە مەئدەنى تىزاپ (مەدەن كىسلاتاسى) ياكى تۇزلۇق دورىلارنى خاتا ئىستېمال قىلىش، بەزىدە قىزىل قاپارتما ئىششىق پەيدا قىلغۇچى ماددىسىنىڭ گال تەرەپكە قايتىشى سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. بۇ، ئۆتكۈر نەزلىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ئىششىقىنىڭ يەڭگىل ھالەتلىرىدىمۇ تېپىلىدۇ. ئومۇمەن شىپاخانىلاردا بىمارلارنىڭ ئۇفۇنەت ماددىلىرىدىن يۇقۇملىنىش بىلەن داۋالىغۇچى، پەرۋىش خادىمى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار كىشىلەردە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بەزىدە سىل، سىفلىس، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما قاتارلىقلارنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بىلەنمۇ پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى يۇتقۇنچاق ئىششىقىدا گالدا ئاغرىق بولىدۇ. بىمار سۆزلىيەلمەيدۇ ۋە يۆتىلەلمەيدۇ. ھەتتا يۇتۇش، سۇ ئىچىشمۇ قىيىنلىشىدۇ، بىماردا گېلىدا بىرەر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك سېزىم بولىدۇ، نەپەسلىنىشتە يېقىمسىزلىق بولىدۇ. يەنى نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىمدا بىر خىل ئاۋاز پەيدا بولىدۇ. لېكىن نەپەسنى سىرتقا چىقارغاندا قىينالمايدۇ. ئەگەر دەم سىقىلىش كەيپىياتىدا ياخشىلىنىش بولمىسا، بىمار نەپەس ئالالماي تېز ھالاك بولىدۇ، ئاۋاز پەردە كۆمۈرچىكى ئىششىيدۇ. ئىششىق تىل تۈۋىنى بېسىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق كۆرگىلى بولىدۇ.

بەزىدە بۇ كېسەللىك ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئېغىرلىشىدۇ ۋە بىرنەچچە سائەتتە ئىششىق چوڭىيىپ يۇتقۇنچاق توسۇلۇش سەۋەبىدىن بىمارنىڭ ھاياتى خەتەر ئىچىدە قالىدۇ.

داۋالاش سۈلۈق ئىششىقتىن بولغان يۇتقۇنچاق ئىششىقىدا ھەممىدىن بەك بۇنىڭغا يۈزلىنىش كېرەككى، يۇتقۇنچاقنىڭ توسالغۇسىنى ئېچىش، ئىششىغان ئورۇنغا سىرتتىن زۈلۈك قۇرتى قويۇش ياكى تىلىپ قان چىقىرىش ياكى گەدەنگە مۇز قويۇش، مۇز سۈمۈرتۈشمۇ پايدىلىق. بۇ ۋاقىتتا قۇستۇرۇشمۇ ئىنتايىن پايدىلىق، قالغان ئۇسۇل چارىلەر ۋە ئىچىدىغان دورىلار نەزلىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ئىششىقىغا ئوخشايدۇ.

3. پەردە مەنبەلىك يۇتقۇنچاق ئىششىقى: بۇ بەزىدە خەنناق، بەزىدە خەنناق غىشائى دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا يۇتقۇنچاق شىللىق پەردە يۈزىدە بۇزۇلغان غەيرىي تەبىئىي پەردە پەيدا بولىدۇ، بۇ بەزىدە زەخىمدىنمۇ بولىدۇ. بۇ، باللارنىڭ بىر خەتەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكىدۇر. بەزىدە ۋابا شەكلىدىمۇ تارقايدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ زەھەرلىك ماددىسى نەپەس ئارقىلىق قانغا سۈمۈرۈلۈپ تەسىر قىلىدۇ.

ماھىيىتى يۇتقۇنچاق شىللىق پەردىسىگە دەسلەپتە قان تولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن قان زەردابى پەردىدىن چىقىشقا باشلايدۇ ۋە بۇ زەرداب بىلەن غەيرىي تەبىئىي پەردە ئاۋاز كۆمۈرچىكى ئارقىسىدا شەكىللىنىشكە باشلايدۇ، بۇ پەردە شىللىق پەردە بىلەن ئاسانلا ئاجرىغۇدەك چاپلىشىدۇ ۋە شىللىق پەردە توقۇلمىسىدا بۇزۇلۇش بولمايدۇ.

سەۋەبى پەردە مەنبەلىك يۇتقۇنچاق ئىششىقى كۆپىنچە يۇقۇملۇق خەنناق سەۋەبىدىن بولىدۇ. مەيلى بۇ دەسلەپتە گالدا پەيدا بولۇپ، يۇتقۇنچاققا كېڭەيگەن بولسۇن ياكى دەسلەپتە يۇتقۇنچاقتا پەيدا بولۇپ، گالغا كېڭەيگەن بولسۇن. ئەگەر بۇ دەسلەپتە يۇتقۇنچاقتا پەيدا بولسا (بۇ ياشلارغا قارىغاندا بالىلاردا كۆپ بولىدۇ)، كۆپىنچە سۇيۇقتا تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق چىقمايدۇ ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە پالەچ ۋە ئىستىرخا پەيدا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بۇ دەسلەپتە گالدا پەيدا بولسا، بۇ ئىككى خىل ئالامەت ئومۇمەن تېپىلىدۇ.

پەردە مەنبەلىك يۇتقۇنچاق ئىششىقى ئاز ساندا بەزى ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار (مەسىلەن: قىزىل، قىزىل قىزىتمىسى) دا تېپىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بەزىدە باشقا يەرلىك ئورۇنلۇق قوزغىتىشلار (مەسىلەن: قايناۋاتقان سۇ، ئۆتكۈر داۋائى بۇخارات ۋە باشقا يات ماددىلار) زەربە ۋە باشقا ئاپەتتىنمۇ بۇ ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللەنگەن ئورۇندىكى ئالامەتلەر خەنناق ۋابائى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن ئومۇمىي بەدەن زەھەرلىنىشىنىڭ ئالامەتلىرى (بۇ ئوفۇنەتلىك كېسەلدە بولىدۇ) ئاساسىي جەھەتتىن پەيدا بولمايدۇ. شەرتكى، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىش بولسا. كۆپىنچە ۋاقىتتا بۇ كېسەللىك بىردىنلا ئاشكارا بولىدۇ. بەزىدە بېشارەتچى ئالامەتلەر ئارقىلىق تەدرىجىي ئاشكارا بولىدۇ، دەسلەپتە بەدەن ھارارىتى ئۆرلەيدۇ، يۆتەل ۋە زۇكام بولىدۇ، ئاۋازى كۆچىيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىكنىڭ ئەسلىي ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ، يەنى بالىلار ئۇخلاۋېتىپ تۇيۇقسىز چۆچۈيدۇ، تەشەننۇج خاراكتېرلىك قۇرۇق يۆتەل دەۋرىيلىك ھالەتتە قوزغىلىدۇ. بىمارنىڭ ئاۋازى دىمىغىدا سوزۇلغاندەك چىقىدۇ. يۆتەلگەندە نەپەسنى ئىچى تەرەپكە تېزلىك بىلەن تارتىدۇ، بۇنىڭدىن پۇشتەك چالغاندەك ياكى خوراز چىللىغاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، بىردەمدىن كېيىن يۆتەل يوقايدۇ. نەپەس ئېلىش بىلەن خورەك تارتقاندەك ياكى پۇشتەك چالغاندەك ئۆتكۈر ئاۋاز پەيدا بولىدۇ ياكى پەقەت شاۋقۇن ئاۋازىلا ئاڭلىنىدۇ. بۇ ئاۋازنى يىراقتىنمۇ ئاڭلىغىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئالامەتلەردە ياخشىلىنىش بولسا، بالا بوشاڭ ۋە ئاجىز بولىدۇ، تەشەننۇج خاراكتېرلىك يۆتەل قوزغىلىپ تۇرىدۇ. ئەتىگەندە قىسقا ۋاقىت ياخشىلىنىدۇ، بىمار بىرئاز ئۇيقۇسىرايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تەشەننۇج خاراكتېرلىك قۇرۇق يۆتەل پەيدا بولىدۇ ۋە بالا ئۇخلىيالمايدۇ. يۇقىرىقىدا سۆزلەنگەن پۈتۈن ئالامەتلەر تەرەققىي قىلىدۇ، نەپەس

ئېلىش بىلەن بىر نەرسە گال ئىچىدە تۇرۇپ قالغاندەك بولىدۇ ۋە بىمار بىئارام بولىدۇ، ئارام ئالالماسلىق بىلەن قايتا   قايتا ئۆرۈلىدۇ. تەشەننۇج بولغان ۋاقىتتا ھاۋانىڭ يېتەرلىك كىرەلىشى ئۈچۈن بېشىنى ئارقا تەرەپكە ئېگىپ، ئارقىمۇئارقا نەپەسلىنىدۇ. بۇرۇن تۆشۈكى كېڭىيىدۇ. خەتەرلىك ھالەتتە ئالامەتلەرنىڭ ياخشىلىنىشى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ. دەم سىقىلىش ھەر ۋاقىت بولۇپ تۇرىدۇ، سوغۇق تەرلەيدۇ، بىمار ئېغىر كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ بىھوش بولىدۇ، لېكىن يۇتقۇنچاق پەردىسىنى ساختا پەردىنى ئاجرىتىۋەتمەستىن كۆرۈش مۇمكىن بولمايدۇ.

كېسەللىك تەرەققىياتى بۇ كېسەللىكنىڭ مۇددىتى كۆپىنچە 24 سائەتتىن بەش كۈنگىچە بولىدۇ، لېكىن دەم سىقىلىشنىڭ ئەندىشىسى بىر كۈندىن تۆت كۈنگىچە بولىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاستا بولۇپ، يۆتەلگەندە بەلغەم چىقىشقا باشلىسا ياكى يۆتەلنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بۇزۇق پەردە چىقىپ كېتىپ نەپەسلىنىش ياخشىلانسا، بۇنىڭ مۇددىتى بەزىدە 14 كۈنگىچە ئۇزىراپ كېتىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا كىچىك باللار ئۇخلاۋېتىپ قورقۇپ چۆچۈيدۇ ۋە تەشەننۇجقا مۇپتىلا بولۇپ، گېلى بوغۇلۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەزىدە بىمار ئاجىزلاش ۋە قۇۋۋىتى تۆۋەنلەش سەۋەبىدىن ھالاك بولىدۇ.

داۋالاش پەردە مەنبەلىك يۇتقۇنچاق ئىششىقىنى داۋالاش، ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ۋە ئۇزۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلى خەنناق ۋابائى بىلەن ئوخشايدۇ.

سوزۇلما مەنبەلىك يۇتقۇنچاق ئىششىقى كېسەللىك ھالىتى ئومۇمەن ئۆتكۈر يۇتقۇنچاق ئىششىقى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ، لېكىن بەزىدە يۇتقۇنچاققا ئارقىمۇئارقا غىدىقلىغۇچى نەرسىلەرنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن ياكى تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىش بىلەن تەدرىجىي ھالەتتە سوزۇلما مەنبەلىك يۇتقۇنچاق ئىششىقى كەيپىياتى ئاشكارا بولىدۇ، بۇنىڭدا شىللىق پەردە قېلىنلايدۇ ۋە يەڭگىل سۇلۇق ئىششىق كەيپىياتى ھەمىشە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

قوزغىلىش ۋە غىدىقلىنىش پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر بۇلار ئۆتكۈرلۈكى بىلەن بەدەنگە تەسىر قىلىدۇ.

سەۋەبى ئومۇمەن بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

يۇتقۇنچاقتا بىرەر زەخىم ياكى ئۆسمە ياكى سىل ماددىلىرىنىڭ تېپىلىشى، يەرلىك ئورۇندىكى نېرۋىلارغا غىدىقلىغۇچى نەرسىلەرنىڭ تەسىر قىلىشى، مەسىلەن: ھاراق، تاماكا قاتارلىقلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، يۇتقۇنچاققا بىرەر سىرتقى بېسىمنىڭ چۈشۈشى، يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىش، قىرائەت قىلىش قاتارلىقلار.

ئالامىتى يۇتقۇنچاقتا چۇمۇلە ئۆمىلىگەندەك سېزىم بولىدۇ، بۇ سېزىم سۆزلىگەندە كۈچىيىدۇ، ئاۋازىدا تىترەش بولىدۇ ياكى پۈتۈنلەي تۇتۇلۇپ قالىدۇ. يۇتقۇنچاقتا ئاغرىق بولىدۇ، بەزىدە تەشەننۇج خاراكتېرلىك يۆتەل قوزغىلىدۇ. بەلغەم كۆپ مىقداردا، بەزىدە ئاز مىقداردا چىقىدۇ، نەپەس ئېلىش قىيىنلىشىدۇ، بەلغەمگە مۇدۇر ماددىسى ناھايىتى كۆپ ئارىلاشقان بولىدۇ، بەزىدە بەلغەمگە بىرئاز قان ئارىلىشىپمۇ كېلىدۇ. تاماق يۇتقاندا قاتتىق ئاغرىيدۇ ۋە قاتتىق يۆتەل قوزغىلىدۇ. دېمى سىقىلىدۇ، يۇتقۇنچاقتا بەزىدە زەخىم ياكى گانگرېنا بولىدۇ.

كېسەللىك تەشرىھى يۇتقۇنچاق پەردىسى سۇس قىزىل، قېلىنلىغان ۋە ئىششىغان بولىدۇ. بۇنىڭدا ئازدۇر كۆپتۇر بىر خىل بەلغەم بولىدۇ. شىللىق پەردىنىڭ رەڭگى ئادەتتە ئۆڭۈپ كەتكەن بولىدۇ، يۇتقۇنچاقنىڭ ئارقا دىۋارىدا يىڭنە تۆشۈكى چوڭلۇقىدىن كەرسىنە چوڭلۇقىغىچە قاپارتما كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بەزىدە زەخىممۇ تېپىلىدۇ، بۇ ئادەتتە يۇمىلاق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپى كەسكەندەك بولۇپ، بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا قىزىل رەڭلىك ھالقا بولىدۇ. بۇ زەخىملەردە بۇ خىل خۇسۇسىيەت بولىدۇكى، بىر تەرەپتىن ياخشىلىنىپ، يەنە بىر تەرەپكە كېڭىيىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئاۋۋال ئەسلىي سەۋەبنى ئېنىقلاشقا تىرىشىلىدۇ، ئەگەر بەزى ئورۇندا غىدىقلىنىش مەۋجۇت بولسا يوقىتىلىدۇ ۋە يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالاش كۈچەيتىلىدۇ، ئەگەر كېسەللەنگەن ئورۇندا بىرەر ئۆسمە بولسا دەستىكار قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالىنىدۇ. ئومۇمىي ساغلاملىقنى نەزەردە تۇتۇش، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، قابىزلىق، تىنچلاندۇرغۇچى ياكى چىرىشنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى گال ئىچىگە پۈركۈش، يەرلىك ئورۇننى داۋالاش ئۈچۈن دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم. دورىلارنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھەر خىل يولى بار، بەزى ۋاقىتتا دورا پەلكۈچ بىلەن يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ. بەزى ۋاقىتتا بۇخارات يۇتقۇنچاققىچە يەتكۈزۈلىدۇ، بەزى ۋاقىتتا دورىلار پۈركۈش شەكلىدە يەتكۈزۈلىدۇ. بەزى ۋاقىتتا سۇفۇپ دورا نەيچىگە قويۇپ پۈركۈلىدۇ، بۇ ۋۇجۇر دېيىلىدۇ. بۇ ھالەتتە ئەپيۇن مۇرەككەباتلىرى بىلەن يۆتەلنى توختىتىشقا ھەرگىز تىرىشچانلىق قىلماسلىق لازىم.

تۆۋەندىكى نۇسخىلاردىن بىرەر نۇسخىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم، بۇ ئاغرىق پەسەيتكۈچى، سىلىقلاشتۇرغۇچى ۋە بەلغەم چىقارغۇچىدۇر.

ئىچىدىغان نۇسخا گۈلبىنەپشە يەتتە گىرام، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە، بىخ كاسنە يەتتە گىرام، بەديان، گاۋزىبان، پوستى ئاقلانغان بىخسۇس، زىغىر ئۇرۇقى بەش گىرامدىن. دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، 24 گىرام شاتۇت شەربىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا گاۋزىبان بەش گىرام، پىرسىياۋشان سەككىز گىرام، پوستى ئاقلانغان بىخسۇس، زىغىر ئۇرۇقى بەش گىرامدىن، ئەنجۈر مونىكى ئۈچ دانە. دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، ناۋات قوشۇپ بېرىلىدۇ.

بۇ ھەبنى تەييارلاپ ھەر ۋاقىت شۈمۈپ بېرىلىدۇ.

تاتلىق بادام مېغىزى، قورۇلغان زىغىر ئۇرۇقى، چىلغوزا مېغىزى، بىخ سەۋسەن، كەتىرا، سەمغى ئەرەبى سەككىز گىرامدىن، رۇببىسۇس ئۈچ گىرام، ئاق ناۋات ئالتە گىرام. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، ساپ ھەسەلدە يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلىنىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز لەتىف، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، سۇيۇق غىزالار بېرىلىدۇ. ئەگەر تاماقنى يۇتقاندا چىدىغۇسىز ئاغرىق بولسا ھۆقنە قىلىش ئارقىلىق ئۇزۇقلاندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى خەنناق ۋابائىدا سۆزلەندى. سوغۇق سۇ ۋە مۇزدىنمۇ پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

گال مۇدۇرى

بەزىدە گالغا قىزىق ۋە ئېچىشىش پەيدا قىلغۇچى مۇدۇر چىقىدۇ، بۇ كۆپىنچە قىزىلئۆڭگەچكە چىقىدۇ، كانايغا ئاز چىقىدۇ.

ئالامىتى ئاغرىق ۋە ئېچىشىش بولىدۇ، بولۇپمۇ غىزا يۇتقاندا جۈملىدىن مەلۇم ئۆتكۈر تەملىك، تاتلىق ياكى ئاچچىق ياكى تۇزلۇق يېمەكلىكلەرنى يۇتقاندا، بۇ نەرسىلەر مۇدۇرنىڭ يۈزىنى سويۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن گالنىڭ ئېچىشىشى كۈچىيىدۇ.

داۋالاش تاكى ئېچىشىش پەسەيگىچە قان ئېلىنىدۇ. ئارپىنىڭ شىرىسى، نىشاستە ۋە بىنەپشە يېغى بىلەن ھالۋا تەييارلاپ يېگۈزۈلىدۇ. سوغۇق سۇ ئىچىشنى ماددا پىشقۇچە توختىتىپ قويىدۇ، ئەگەر مۇدۇر - چاقىلاردا يىرىڭ پەيدا بولغان بولسا قىرۇتى ياكى مەلھەمى ئەبيەز ئىشلىتىلىدۇ. يەنى بىمارغا بۇ دورىلار ئىلمان قىلىپ، يالغۇز ياكى تۇخۇم سېرىقىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

گالغا يات ماددا تۇرۇپ قېلىش

زۈلۈك قۇرت ياكى بېلىق قىلتىرىقىنىڭ گالغا كەپلىشىپ قېلىشى

ئەگەر گالغا زۈلۈك قۇرت چاپلىشىپ قالسا، بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، بىماردا غەمكىنلىك ۋە

پەرىشانلىق بولىدۇ، تۈكۈرۈك بىلەن سۇيۇق قان چىقىدۇ.

ئەگەر زۇلۇك قۇرت قىزىل ئۆڭگەچكە چاپلىشىۋالسا، ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىمارنىڭ گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ. زۇلۇك قۇرت ناھايىتى كۆپ قان سۈمۈرۈۋالغانلىقتىن ئېسىلىپ چوڭىيىدۇ.

كانايغا زۇلۇك قۇرت چاپلىشىۋېلىش ئاز ئۇچرايدۇ، چۈنكى زۇلۇك قۇرت گالغا سۇ بىلەن بىللە بارىدۇ، سۇ كانايغا بارمايدۇ. زۇلۇك قۇرت سەۋەبىدىن بىئاراملىق ۋە غەمكىنلىك پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەللامە نەفىيس تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان: زۇلۇك قۇرتلار ئۇفۇنەتتىن، ئازدۇر - كۆپتۇر زەھەرلەشتىن خالىي بولمايدۇ. جۈملىدىن بۇزۇلغان سۇدا زۇلۇك قۇرتلار بولىدۇ (بۇنىڭدا بۇزۇلغان كىچىر)، ياكى يېشىل ۋە قارا رەڭلىك زۇلۇك قۇرت ياكى بەدىنىدە مويلىرى بولغان ياكى لاجۇۋەرد رەڭلىك ئىزلار بولغان زۇلۇك قۇرتلاردا كۈچلۈك زەھەرلەش ئىقتىدارى بولىدۇ، بۇ ئايلىنىپ كېتىش ۋە قىزىتمىغا سەۋەب بولىدۇ. قايسى ئەزاغا چاپلىشىۋالسا، شۇ ئەزادا زەخىم (ناچار جاراھەت)، ناچار تۆردىكى پالەچ (ئىسترخا) پەيدا قىلىدۇ.

داۋالاش ئەگەر ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولسا، يەنى ئۇ كۆپۈشۈپ چوڭايغان بولسا ياكى ئېغىزغا يېقىنلا يەردە بولسا، مەلۇم سايمانلار بىلەن تۇتۇپ، ئېھتىيات بىلەن ئېلىش لازىم.

تۇتىدىغان سايمان بۇ سايمان قارماققا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ بويىنى ئۇزۇن بولۇپ، ئىككى بېشىدا ئىككى ئويمان بولىدۇ، ئويماننىڭ ئەتراپىدا بىگىزنىڭ چىشىغا ئوخشاش چىشلار بولىدۇ، شۇڭا بۇنىڭ بىلەن تۇتۇش مۇمكىن بولىدۇ.

زۇلۇك قۇرتنى تۇتۇش ئۇسۇلى شۇكى، بىمارنى ئاپتاپتا ئۆرە تۇرغۇزۇپ، ئېغىزىنى ئاچقۇزۇپ تىلىنى ئاستىغا بېسىش، ئاندىن مەزكۇر سايماننى گالغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ گەدەن تۆۋىدىن تۇتۇپ قىسقا ۋاقىت توختاش، تاكى زۇلۇك قۇرت بوشىشىپ بۇ ئورۇندىن ئاجرىسۇن، ئۇنداق بولمىسا زۇلۇك قۇرت ئۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ بېشى ئۇ يەرگە چاپلىشىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورۇندا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ ۋە ئىششىق پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئاشقازان ۋە ئۈچەي تەرەپكە چۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە زەھەرلىشىدىن بۇ ئەزالاردا غىدىق پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ كۆرۈنمىسە، ساپ سىركە بىلەن ياكى تۇز ۋە سىركە بىلەن ياكى سىركىدە ئەپيۇننى ئېرىتىپ غار - غار قىلدۇرۇش، بۇنىڭغا كۆيدۈرۈلگەن يۇڭ قوشۇش لازىم.

زۇلۇك قۇرتتا بۇ نەرسىلەر بىلەن كۆيۈشۈش ۋە ئېچىشىش بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆز جايىدىن ئاجرايدۇ.

سىركە ئەپيۇننىڭ تەسىرىنى زۇلۇك قۇرتنىڭ بەدىنىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن زۇلۇك قۇرت سېزىمسىزلىنىپ بوشىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز

جايدىن ئاجرايدۇ.

تەبەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن گۈلسەۋسەن يىلتىزىدەك ياخشى نەرسە يوق. بۇ سىركە ياكى ياغدا ئېزىلگەن بولسا، بۇ زۈلۈك قۇرتىغا تەسىر قىلىپ، ئۇنى ھالاك قىلىدۇ.

ئەگەر گالغا قىلتىرىق ياكى باشقا نەرسە سانجىلىپ قالسا ۋە سانجىلغان نەرسە كۆرۈنسە، يۇقىرىقى سايمان بىلەن ئېلىۋېتىلىدۇ. ئەگەر كۆرۈنمىسە سىلىقلاشتۇرغۇچى نەرسىلەر ئىچكۈزۈلىدۇ،بۇنىڭ بىلەن بەزى ۋاقىتتا قىلتىرىق ۋە باشقا نەرسىلەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن قۇستۇرۇلىدۇ، ئۇ نەرسىلەر بەزىدە چىقىپ كېتىدۇ، ياكى بىرەر نەرسىنى يىپقا باغلاپ يۇتقۇزۇلىدۇ،مەسىلەن: ئۆلۈك بۇلۇت پارچىسى يۇتقۇزۇش. ئەگەر ئۆلۈك بۇلۇت قىلتىرىقتىن ئۆتۈپ كەتسە سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ (تاكى بۇلۇت كۆپۈپ چوڭايسۇن) ياكى يىپ بىلەن چىگىلگەن گۆش پارچىسى ياكى يۇڭ پارچىسىنى ھەسەلگە مىلەپ يېگۈزۈلىدۇ، تاكى ھەسەل ئېرىپ بولغۇچە سەۋرى قىلىنىدۇ، ئاندىن يىپ ئېھتىيات بىلەن تارتىلىدۇ، بۇنداق قىلىش بىلەن بەزىدە بۇ قىلتىرىققا چاپلىشىپ ئۇنى يۇلۇپ چىقىرىدۇ.

بەزىدە گالغا خەزىران ئۆسۈملۈكىنىڭ ئىنچىكە ئېگىلگەن ياغىچى ياكى ئېگىلگەن، ئىنچىكە سىم كىرىپ كېتىدۇ، ئۇلارنى سايمان بىلەن تۆۋەنگە ئىتتىرىش ياكى ئۈستىگە تارتىپ ئېلىش لازىم. تاكى ئۇ نەرسىلەر سايمانغا سانجىلىپ چىقىپ كەتكۈچە.

بەزىدە يات ماددىلار قەلەيدىن ياسالغان ئۇزۇن، ئېگىلگەن ئىنچىكە سايمان بىلەن ئىتتىرىلىدۇ، لېكىن ياخشىراقى بۇنى تۆۋەنگە ئىتتىرمەسلىك لازىم، ئۇنداق بولغاندا بەزىدە ئۈچەيلەردە غىدىق پەيدا بولىدۇ.

قىزىلئۆڭگەچ توسۇلۇش

قىزىلئۆڭگەچ غىزانىڭ ئۆتۈش يولىدۇر بۇمۇ گالغا ئوخشاش بىر كانال ئەزا بولۇپ، ئىچكى تەرىپى پەردىدىن، سىرتقى تەرىپى مۇسكۇل تالاسىدىن تۈزۈلىدۇ، گال ئەسلىدە قىزىلئۆڭگەچنىڭ يۇقىرىقى قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسكۇل تالالىسى قىسقىراش بىلەن بۇ يول تارىيىدۇ ۋە لوقما بېسىلىپ ئاستى تەرەپكە ماڭىدۇ، جالىنۇس بۇ تالانى مۇسكۇل، دەيدۇ. قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئۇزۇنلۇقى (گالنى ھېسابغا ئالمىغاندا) تەخمىنەن توققۇز قىرات (12 ~ 13 ئىلىك) بولىدۇ، بۇ گالنىڭ تۆۋەنكى قىسمى بەشىنچى بويۇن ئومۇرتقىسى ئۇدۇلىدىن باشلىنىپ، ئومۇرتقا تۈۋرۈكى ئالدىدىن تۆۋەنلەپ ئۆتۈپ، كۆكرەكنىڭ ئارقا تەرىپىگە بارىدۇ ۋە بۇ جايدا

كۆكرەك 9 - ئومۇرتقىسى ئۇدۇلىدىكى كېرىگەت تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ، ئاشقازاننىڭ يۇقىرىقى قىسمى (ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئۈستىدە) دا ئاخىرلىشىدۇ، قىزىلئۆڭگەچنىڭ يۆنىلىشى پۈتۈنلەي تۈز بولماستىن، بەلكى دەسلەپ گەدەندە تۈز سىزىقتا ئوخشاش بولىدۇ. گەدەننىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىدە بىرئاز سول تەرەپكە ئېگىلىدۇ. ئاندىن يەنە قايتىپ تۈز سىزىقتا كەلگەندىن كېيىن كېرىگەت تۆشۈكىگە كىرىش ئۈچۈن ئالدى تەرەپكە مېڭىپ، ئاندىن سول تەرەپكە ئېگىلىپ ئاشقازان بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئومۇرتقا تۈۋرۈكى بولىدۇ ۋە ئالدىدا، يەنى گەدەن قىسمىدا كاناي، كۆكرەكتە ھاۋا يولى، يۈرەك ۋە يۈرەك غىلاپى بولىدۇ (ت).

قىزىلئۆڭگەچ توسۇلۇپ قېلىش بۇ كېسەللىك قىزىلئۆڭگەچنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە پەرۋىش قىلىش ھەمدە لوقمىنى ئاشقازان تەرەپكە ئىتتىرىش ئۈچۈن يارىتىلغان مۇسكۇلنىڭ بوشاشقانلىقى (پالەچلەنگەنلىكى) سەۋەبىدىن بولىدۇ. بەزىلەر ئېيتىدۇكى، «بۇ مۇسكۇل قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئىچىگە تارقالغان بولۇپ، ئۇنى پەرۋىش قىلىپ تۇرىدۇ، ۋە كىرگەن نەرسىنى تۆۋەنگە چۈشۈرىدۇ.»

قىزىلئۆڭگەچ ئىچىدە تارىمۇشلار بولۇپ، بۇلار جالىنۇس ئىستىلاھىدا مۇسكۇل دېيىلىدۇ. (ت)

ئالامىتى سۇغا ئوخشاش سۇيۇق نەرسىلەرنى ۋە كىچىك، يەڭگىل نەرسىلەرنى يۇتۇش مۇمكىن ئەمەس. كىچىك ۋە يەڭگىل نەرسىلەر يەڭگىللىكى سەۋەبىدىن ئۆزى ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ، بەلكى تۆۋەنگە ئۆتۈشتە مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئاشقازان تەرەپكە ئىتتىرىشىگە موھتاج بولىدۇ. لېكىن بىمار چوڭ ۋە ئېغىر لوقمىنى يۇتقاندا قىينالمايدۇ، يەنى قىينالماستىن لوقما ئۆتۈپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن يولنى كېڭەيتىدۇ، قىزىلئۆڭگەچ دىۋارلىرىنى قايتۇرىدۇ. بۇ كېسەللىكنى داۋالىغىلى بولمايدۇ، بىمار كىچىك بالا بولسا شىپا تېپىشى مۇمكىن.

داۋالاش ئايارەجلەر بېرىلىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى، ئەزالارنى كۈچلەندۈرگۈچى نەرسىلەر بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: رۇمبەدىيان، سۇمبۇل تىپ، كۇندۇر، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، مەستىكى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

قىزىلئۆڭگەچ قىچىشىش

بەزىدە گال ۋە قىزىلئۆڭگەچتە بىمار بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك قىچىشىش بولىدۇ، بىمار قىچىشىشنى يوقىتىش ئۈچۈن يۆتىلىدۇ، باش ۋە گەدىنىنى ئۇياق - بۇياققا ئېگىدۇ.

سەۋەبى بۇنىڭ سەۋەبى ئاشقازاندىكى بىرەر قويۇق، ئۆتكۈر خىلىت بولىدۇ. خىلىتنىڭ تەركىبى ئاشقازاندىن قىزىلئۆڭگەچ ئېغىزى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىقى بېشى (گال ۋە قىزىلئۆڭگەچ) تەرەپكە يېتىپ بارىدۇ. بۇ ئۆتكۈرلۈكىدىن سەزگۈ ئەزالارغا تەسىر قىلىدۇ. يەنى بۇ ماددىلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى شىللىق پەردىلەرگە، خۇددى قىچىشقاق ماددىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى تېرىگە تەسىر قىلغاندەك تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئورۇندا بىئارام قىلغۇچى قىچىشىش پەيدا بولىدۇ، لېكىن بىمار بىرەر نەرسە بىلەن قاشلىيالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ماددا تارقاپ كېتىدۇ (يەنى قىچىشىش پەسىيىدۇ).

داۋالاش سېرىقچېچەك، ماش، تۇرۇپ ئۇرۇقى سۈيى ۋە سىركەنجىۋىل بىلەن قۇستۇرۇپ ئاشقازان تازىلىنىدۇ، سىركەنجىۋىل ئەنسىلى ۋە كونا سىركە بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، كونا سىركە زىيادە ئۆتكۈر ۋە قويۇق ماددىلارنى سۈيۈلدۈرۈشتا ئىنتايىن كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ، يېڭى سۈتكە شېكەر سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، تاتلىق كېيۈرى شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭدىن ياخشى ۋە نورمال قان پەيدا بولىدۇ.

كاناي لىكىلداش ۋە تىترەش

يۇتقۇنچاق بۇ ئەمەلىيەتتە كانايىنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكى بولۇپ، بۇنىڭدىن ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. ئاۋاز پەردىسى يۇتقۇنچاقتا چاپلاشقان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئاۋاز پەيدا بولىدۇ. يۇتقۇنچاق بويۇنىنىڭ ئالدى تەرەپ تىل تۈۋى ئاستىغا، كانايىنىڭ قالغان بۆلىكى ئۈستىگە جايلاشقان. بۇنىڭ ئىككى يېنىدا بويۇن چوڭ تومۇرلىرى، ئارقىسىدا گال بولىدۇ. يۇتقۇنچاقنى گالنى ئوراپ تۇرىدىغان پەردە ئوراپ تۇرىدۇ، يۇتقۇنچاقنىڭ ئاستى يۇمىلاق ۋە تار، يۇقىرىقى بۆلىكى كەڭ بولىدۇ. ئارقىسى ۋە يان تەرىپى ياپىلاق بولىدۇ. يۇتقۇنچاق تۆۋەندىكى كۆمۈرچەكلەردىن تۈزۈلىدۇ، بۇ كۆمۈرچەكلەر تارىمۇشلار بىلەن تۇتۇشۇپ، مۇسكۇللارنىڭ ياردىمى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

يۇتقۇنچاق كۆمۈرچەكلىرى بۇنىڭدا ئۈچ چوڭ، ئىككى ئوتتۇراھال ۋە تۆت ناھايىتى كىچىك كۆمۈرچەك بولىدۇ. چوڭ كۆمۈرچەكلەر دەرقى، لائىسىمى، مۇكىببە قاتارلىقلار. ئوتتۇراھال كۆمۈرچەك تەرجالى، ناھايىتى كىچىك تۆت كۆمۈرچەك يۇتقۇنچاق ئىككى ئۆسۈكچىسى ۋە ۋەتەدى قاتارلىقلاردۇر.

دەرقى ناملىق كۆمۈرچەك بۇ غۇزرۇپى تۇرسىمۇ دېيىلىدۇ، بۇ كۆمۈرچەك توسۇققا ئوخشىتىلىدۇ، بۇ باشقا بارلىق كۆمۈرچەكلەردىن چوڭ بولۇپ، ئىككى يان بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ.

ئىككى يان بۆلەكنىڭ بىرلىشىشىدىن بىر ئۆسۈكچە شەكىللىنىدۇ. بۇ نوتۇئى ھەلقۇم دېيىلىدۇ. بۇ ئۆسۈكچە ياش ئەرلەردە زىيادە روشەن ۋە ئېگىز بولىدۇ. يان تەرەپتىكى ھەربىر بۆلەك تەخمىنەن تۆت چاسا بولىدۇ، بۇنىڭ سىرتقى يۈزىدە بىر توغرا سىزىق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر مۇسكۇل تۇتاشقانلىقىنىڭ نىشانىدۇر. ئىچكى يۈزى سىلىق ۋە ئويمان بولىدۇ، ئالدى تەرەپتە ئىككى يان بۆلەك ئۆزئارا تۇتىشىدۇ. بۇ جايغا مۇكىببە ناملىق كۆمۈرچەك، ئاۋاز پەردىسى ۋە بىرقانچە مۇسكۇللار چاپلىشىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ يۇقىرىقى گىرۋىكىگە پەردە، تۆۋەنكى گىرۋىكىگە لائىسمى ناملىق كۆمۈرچەك چاپلىشىپ تۇرىدۇ. ئارقا گىرۋىكى يۇمىلاق ۋە قېلىن بولىدۇ، بۇنىڭ يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى تەرىپى ئىككى ئۆسۈكچىدە ئاخىرلىشىدۇ، بۇ ئۆسۈكچە قەرىن دېيىلىدۇ.

لائىسمى ناملىق كۆمۈرچەك بۇ كۆمۈرچەك ھالقىغا ئوخشاش يۇمىلاق بولۇپ، ئالدى بۆلىكى ئىنچىكە، ئارقا بۆلىكى كەڭ بولىدۇ. بۇ دەرقى ناملىق كۆمۈرچەكنىڭ ئاستىغا، كاناي ئۈستىگە جايلاشقان، بۇنىڭ يۇقىرىقى گىرۋىكىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدە ئىككى سىلىق ئورۇن بولۇپ، بۇ جايدا تەرجالى ناملىق كۆمۈرچەك تۇرىدۇ.

مۇكىببە ناملىق كۆمۈرچەك مۇكىببە پان يوپۇرمىقىغا ناھايىتى ئوخشايدىغان بولۇپ، تىل تۈۋى ئاستىغا، يۇتقۇنچاق يۇقىرىقى تۆشۈكى ئۈستىگە جايلاشقان. پان يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچىغا ئوخشايدىغان تەرىپى دەرقى ناملىق كۆمۈرچەك ئارىلىقىدىن يۇقىرىقى بۆلەك بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، يەنە بىر تەرىپى ئەركىن تۇرىدۇ. بۇ كۆمۈرچەكنىڭ پايدىسى شۇكى، يۇتقۇنچاق تۆشۈكىنى توسۇپ لوقما قاتارلىقلارنى يۇتقاندا لوقمىنىڭ يۇتقۇنچاق ئىچىگە كىرىپ كېتىشىنى توسىدۇ.

تەرجالى ناملىق كۆمۈرچەك بۇ ئىككى بولۇپ، ھەربىرى ئۈچ بۇرجەكلىك كونۇسسىمان بولىدۇ، بۇ ئىككى كۆمۈرچەك تۆۋەنكى تەرىپى ئارقىلىق لائىسمى ناملىق كۆمۈرچەكنىڭ يۇقىرىقى گىرۋىكىنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرىدۇ، بۇنىڭ يۇقىرىقى بېشى ئەركىن بولىدۇ، بۇنىڭغا بىر كونۇس شەكىللىك كۆمۈرچەك چاپلىشىپ تۇرىدۇ، بۇ يۇتقۇنچاق مۈڭگۈزى دېيىلىدۇ، تەرجالى ناملىق كۆمۈرچەك بىلەن ئاۋاز پەردىسى چاپلىشىپ تۇرىدۇ.

ۋەتەدى ناملىق كۆمۈرچەك بۇ ئىككى بولۇپ، تەرجالى ۋە دەرقى ناملىق كۆمۈرچەك ئارىلىقىدىكى پەردىدە تۇتىشىدۇ.

ئاۋاز پەردىسى بۇ تەرجالى ۋە دەرقى ناملىق كۆمۈرچەك ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تارمۇشلار بولۇپ، سانى تۆت بولىدۇ. ئۈستىدىكى ئىككىسى يالغان پەردە، ئاستىدىكى ئىككىسى ھەقىقىي پەردە دېيىلىدۇ. ھەقىقىي پەردە بەزىدە لىسانۇ مىزمارمۇ دېيىلىدۇ، مىزمار باجە دېيىلىدۇ،

مىزمار لىسانى مىزمارنىڭ ئاۋاز شەكىللەندۈرىدىغان بۆلىكىدۇر.

ئىككى ھەقىقىي پەردە ئوتتۇرىسىدا تۆشۈك بولۇپ، فەتھەتۇ مىزمار دېيىلىدۇ. بۇ تۆشۈك ئاۋاز چىقارغان ۋاقىتتا ناھايىتى تارىيىدۇ، سۈمۈرگەن ھاۋانى چىقىرىش بىلەن بۇ پەردىلەر تىترەپ، ئاۋاز پەيدا بولىدۇ، مەزكۇر تۆشۈكنىڭ تارىيىپ - كېڭىيىشى پەردىنىڭ يېقىنلىشىشى ياكى يىراقلىشىشىدىن بولماستىن، بەلكى يۇتقۇنچاقنىڭ باشقا مۇسكۇللىرىنىڭ ھەرىكىتى سەۋەبىدىن تارتىشىشى ياكى بوشىشىدىن مۇسكۇللار قىسقىراپ، بۇ پەردىگە تۇتاشقان كۆمۈرچەكلەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ ياكى يىراقلاشتۇرىدۇ.

يۇتقۇنچاق مۇسكۇللىرى بۇلار سەككىز جۈپ بولۇپ، جەمئىي 16 بولىدۇ، ئۇلاردىن بەش جۈپى ئاۋاز پەردىلىرى ۋە يۇتقۇنچاق تۆشۈكىگە مەخسۇس، قالغان ئۈچ جۈپى مۇكىببە ناملىق كۆمۈرچەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ (بۇلار مۇكىببىنى ئاچىدۇ ياكى ئېتىدۇ). دەسلەپكى بەش جۈپ مۇسكۇل ئاۋاز پەردىسىنى تارتىشتۇرىدۇ ياكى بوشاشتۇرىدۇ، يەنى يۇتقۇنچاق تۆشۈكىنى تارايتىدۇ ياكى كېڭەيتىدۇ.

كاناي (ھەلقۇم) بۇ، ھاۋا يولىنىڭ يۇتقۇنچاق ئاستىغا جايلاشقان بۆلىكى بولۇپ، بويۇن بەشىنچى ئومۇرتقىسى ئۇدۇلىدىن باشلىنىپ كۆكرەك ئۈچىنچى ئومۇرتقىسى ئۇدۇلىغىچە يېتىپ بېرىپ، ئىككى شاخقا بۆلۈنىدۇ. بۆلۈنگەن شاخ كاناي شاخچىسى دېيىلىدۇ. كانايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4.5 قىرات (6 ~ 7 ئىلىك)، دىيامېتىرى تەخمىنەن بىر قىرات بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ كانىيى چوڭ، كەڭ بولىدۇ، كاناي ئالدى تەرەپ بويۇندا قالقانبەز، كۆكرەكتە ئۈزۈمسىمان بەز بولىدۇ، ئارقىسىدا قىزىلئۆڭگەچ ئومۇرتقا تۈۋرۈكى ئومۇرتقىلىرى، يان تەرىپىدە بويۇن تومۇرلىرى، كۆكرەكتە ئۆپكە بولىدۇ. كاناي ئوڭ شېخى تەخمىنەن بىر قىرات ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، سول شېخىدىن كىچىك، زىيادە كەڭ ۋە تۈز بولىدۇ. كاناي سول شېخى تەخمىنەن ئىككى قىرات ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئوڭ شېخىدىن چوڭ، تار بولىدۇ، كاناي توقۇلمىسىدا مۇكەممەل بولمىغان يۇمىلاق كۆمۈرچەكلەر (سانى 16 ~ 20 گىچە) بولۇپ، بۇلارنى تارىمۇشلۇق پەردىلەر، مۇسكۇل تالالىرى، شىلىمشىق سۇيۇقلۇق چىقارغۇچى بەزلەر، ئىچكى تەرىپىنى ئورىغۇچى شىللىق پەردە قاتارلىقلار تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. كۆمۈرچەكلەر تامامەن يۇمىلاق، مۇكەممەل ھالقىسىمان بولماستىن، بەلكى ئالدى ئىككى ئۈچبۆلۈك بىلەن مۇكەممەل بولىدۇ، ئارقىسىدا بىر ئۈچبۆلۈك كەمچىل بولىدۇ، بۇ جايدا پەردە بولىدۇ، بۇ كۆمۈرچەكلەر ھالقىسى ئۈستىدە ئويمان بولىدۇ، بۇلار ئارىسىدىكى بوشلۇقلارنى پەردىلەر تولدۇرىدۇ، پەردە ئىككىسى ئۈستىدىكى ئويماننى تۇتاشتۇرىدۇ.

كاناي لىكىلداش بۇنىڭ ئالامىتى سۆزلىگەندە بىرئازدىن كېيىن ئاۋاز تىترەيدۇ، بۇ ھالەت داۋاملىق بولمايدۇ.

كاناي تىترەش بۇنىڭ ئالامىتى سۆزلىگەندە ئاۋاز تىترەيدۇ، بۇ خىل ئەھۋال بۇنىڭدا داۋاملىق بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ ئومۇمەن ئەزالارنىڭ لىكىلدىشى ۋە تىترىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋەبلەردىن بولىدۇ. شۇنىڭدەك بۇلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىمۇ بىر خىل بولىدۇ، لېكىن بۇ ھالەتتە غار - غار قىلدۇرۇش ۋە لوئوق دورىلارنى يالىتىش زىيادە مەنپەئەتلىكتۇر.

سۇدا تۇنجۇقۇش ۋە بوغۇلۇپ قېلىش

سۇدا تۇنجۇققان كىشىنى داۋالاش ئۇسۇلى شۇكى، تەتۈر ئېسىپ قويۇلىدۇ، تاكى بۇنىڭدىن سۇ چىقىپ كەتسۇن، ئاندىن ئۇنىڭ گېلىغا قارىمۇچ ۋە زەنجىۋىل قايىنىتىلغان سىركىدىن ئاز مىقداردا قۇيۇلىدۇ ۋە بىرنەچچە كۈنگىچە نوقۇت ئۇنى ۋە سۈت بىلەن ھالۋا تەييارلاپ يېگۈزۈلىدۇ. بۇ ئۆپكىنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن نەرسىلەردىن ياخشى بولۇپ، ئۆپكىنىڭ مىزاجىنى ساغلام قىلىدۇ.

بىمار ئارغامچا بىلەن بوغۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن كۆپۈك چىققان - چىقمىغانلىقىغا قاراش لازىم. ئەگەر كۆپۈك چىقسا ئۇنىڭ ھايات قېلىشىدىن ھېچقانداق ئۈمىد بولمايدۇ. بۇ خىل ھالەت گېلى ئىششىغانلىق سەۋەبىدىن بوغۇلغان كىشىنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

ئەگەر كۆپۈك چىقمىسا قان ئېلىنىدۇ ۋە قۇۋۋىتى ئوتتۇراھال بولغان ھۇقنە ئىشلىتىلىدۇ، بىنەپشە يېغى ۋە ئىلمان سۇ بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش

سەۋەبى

(1) **نەزلە:** بەزىدە بۇ ئۆتكۈر نەزلە سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ نەزلە گال ۋە كانايغا قۇيۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سىرتقى يۈزىنى سويۇۋېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ چاپلاشقاق، سىلىقلاشتۇرغۇچى ھۆللۈكىنى يوقىتىۋېتىدۇ. بۇ ئۇلارنى ھەمىشە ھۆللەپ تۇرىدۇ ھەمدە ئاۋازنىڭ سۈزۈك ۋە ئاسان چىقىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

(2) **ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** بۇ، يۇتقۇنچاقنىڭ ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ، يۇتقۇنچاقنى قۇرۇتىۋېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھۆللۈك تەركىبىنى ئازايتىپ، يېغىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ۋە يىرىكلىك پەيدا بولىدۇ.

(3) **سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** بەزىدە بۇ سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ يۇتقۇنچاقنى تارايتىپ، يېغىپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن گالدا يىرىكلىك پەيدا بولىدۇ.

(4) **ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى يۇتقۇنچاق ۋە كانايىنىڭ مىزاجى ھۆللۈكتىن بۇزۇلغانلىقى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇلار بوشىشىپ يۇمشايدۇ.

(5) **قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** بەزىدە بۇ، قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ يۇتقۇنچاق، كانايىنى قۇرۇتۇپ، ئۇلارنىڭ سىلىقلاشتۇرغۇچى ھۆللۈكىنى سۈمۈرۈۋالىدۇ.

(6) **ۋارقىراش:** بەزىدە قاتتىق توۋلاش بىلەنمۇ ئاۋاز پۈتۈپ قالىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدىن يۇتقۇنچاقنى سىلىقلاشتۇرغۇچى ھۆللۈك تارقاپ كېتىپ، يىرىكلىشىپ قالىدۇ، بۇنىڭدىن يۇتقۇنچاق ۋە كانايدا ئىششىق ۋە ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى

(1) **نەزلە:** بۇ ئورۇنلاردا نەزلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ھارارىتى سەۋەبىدىن يىرىكلىك، ئېچىشىش ۋە غىدىقلىنىش مەلۇم بولىدۇ.

(2) **ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** بۇ كۆپىنچە ئۆتكۈر قىزىتمىلاردا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم بەلغەم چىقمايدۇ.

(3) **سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** بۇ ھالەت سوغۇق ۋاقىت ۋە شىمالنىڭ سوغۇق ھاۋاسى ماڭغان ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا ئېغىزدىن بەلغەم قاتارلىقلار چىقمايدۇ.

(4) **ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** بۇ ئورۇنلار (گال ۋە كاناي) دا يىرىكلىك سېزىلمەيدۇ ۋە ئاغرىق بولمايدۇ. بەلكى ئېغىرلىق مەلۇم بولىدۇ.

(5) **قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** گەرچە ئاۋاز پۈتۈپ قالسىمۇ، لېكىن ئېغىرلىق ۋە توملۇق بولمايدۇ، بەلكى ئىنچىكە ۋە بىرئاز سۈزۈك بولىدۇ، يۇتقۇنچاقتا بىرئاز يىرىكلىك ۋە ئاغرىق بولىدۇ، بۇ كۆپىنچە چاڭ تۇزان ۋە ئىس - تۈتەكلەردىن پەيدا بولىدۇ.

(6) **ۋارقىراش:** بۇنىڭ ئالامىتى ئاشكارا بولىدۇ.

داۋالاش

(1) **نەزلە:** نەزلىنى توختىتىش ئۈچۈن خەشخاش شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ، غار - غار

قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: پوستى خەشخاش، چىلان، كاھۇ ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، قىزىل مەسۇر قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا نىشاستا، ئەرەب يېلىمى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ، ماددىنى قويۇلدۇرغۇچى تىلا ۋە نۇتۇللار باشقا ئىشلىتىلىدۇ.

(2) **ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** ئارپا سۈيى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، نىشاستا، بادام مېغىزى، ھەمىشباھار قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى ۋە ھۆل سوغۇق، چاپلاشقاقلىق پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر ئىچكۈزۈلىدۇ.

(3) **سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** ھىلىڭ ۋە زەپەر چۈشكەن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، قورۇلغان قىچا، قارىمۇچ، مۇرمەككى، مىئەسائىلە ۋە بەھرۇزە قاتارلىقلارغا ھەسەل قوشۇپ ھەب ياساپ تىل ئاستىغا قويۇلىدۇ.

داۋائى ھىلتىت نۇسخىسى: قارىمۇچ، ھىلىڭ، قىچا، زەپەر قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ھەسەلدە بىرئاز قايناتىپ، قويۇلغاندا كۈندە ئۈچ گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

(4) **ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** رۇمبەدىيان، بەدىيان، بىخ سەۋسەن قاتارلىقلارنى سۇدا قايناتىپ ھەسەل قوشۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، ھەسەلدە تەييارلانغان زەنجىۋىل مۇرابباسى يېگۈزۈلىدۇ، ھەسەل، سىيادان، ئەنجۈر قاينىتىلمىسى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: كەرەپشە يىلتىزى، بەدىيان يىلتىزى، بىنەپشە رەڭلىك سەۋسەن يىلتىزى، بىخسۇس قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، شۇمشا، چىلغوزا مېغىزى، رۇببسۇس، مىئەسائىلە، مۇرمەككى ۋە ھەسەلدىن تەييارلانغان لوئوقلار يالىتىلىدۇ.

(5) **قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** يېڭى بىنەپشە يېغى ۋە ئىسپىغۇل لۇئابىغا شېكەر سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سېمىز توخۇ شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

(6) **ۋارقىراش:** ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ، تۇخۇم سېرىقى ئىچكۈزۈلىدۇ، ناھايىتى يۇمشاق ئۇن بىلەن ياسالغان سەۋەيياڭ(يۇمشاق تارتىلغان ئۇندىن ياسىلىدىغان بىر غىزا) يېگۈزۈلىدۇ، سۈت ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، نىشاستا ۋە بادام يېغى بىلەن تەييارلانغان ھالۋا يېگۈزۈلىدۇ، تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاتلىق بادام مېغىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، كەتىرا، بېھى ئۇرۇقى مېغىزى ۋە ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن تەييارلانغان لوئوق يالىتىلىدۇ. يۇمشاقلىق پەيدا قىلغۇچى ھەبلەر ئېغىزدا تۇتۇلىدۇ، مەسىلەن: سەمغى ئەرەبى، نىشاستا، كەتىرا، ئاق خەشخاش، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، بىنەپشە قاتارلىقلانى سوقۇپ، ئىسپىغۇل لۇئابى ئارىلاشتۇرۇپ، چوڭ - چوڭ ھەب تەييارلاپ ئېغىزدا تۇتۇلىدۇ.

يۇتۇش قىيىنلىشىش

بۇنىڭ سەۋەبى قىزىلئۆڭگەچ مىزاجى بۇزۇلغانلىقى بولىدۇ.

ئالامىتى يۇتۇش قىيىنلىشىدۇ، غىزا قىزىلئۆڭگەچتىن ئاشقازان تەرەپكە تەستە ماڭىدۇ ۋە يۇتقان ۋاقىتتا ئاغرىق بولمايدۇ. ئەكسىچە ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى ئىششىق ياكى بىرەر بېسىلىش بولغان بولسا يۇتقاندا ئاغرىق بولىدۇ، قىزىلئۆڭگەچنىڭ بەزى ئورۇنلىرىدا غىزانىڭ توختاپ قالغانلىق سېزىمى ئاز بولىدۇ.

ئەگەر ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغان بولسا ئۇسساش بولىدۇ ۋە سوغۇق سۇ بىلەن مەنپەئەت تاپىدۇ. ئەگەر سوغۇقتىن بولغان بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئەگەر ھۆللۈكتىن بولسا ئېغىزدا ھۆللۈك بولىدۇ ۋە تۈكۈرۈك كۆپ چىقىدۇ. ئەگەر قۇرۇقلۇقتىن بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

داۋالاش مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن شەربەت، غار - غار ۋە ئىككى تاغاق ئارىلىقىغا لۇتۇخات ۋە مەرۇخات قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

تۆۋەندە ھەربىر تۈرنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ:

ئەگەر مىزاج ئىسسىقتىن بۇزۇلغان بولسا بىمارغا تەمرى ھىندى شەربىتىگە سېمىزئوت ئۇرۇقى ياكى ئىسپىغۇل لۇئابى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كاسنە يوپۇرمىقى سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، كۆك كاھۇ سۈيى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، ئىككى تاغاق سۆڭەك ئوتتۇرىسىغا سەندەل، كافۇر، كۆك كاھۇ سۈيى، كۆك خىرپە سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى قاتارلىقلار چېپىلىدۇ ۋە بىنەپشە يېغى، موم سۈركىلىدۇ.

ئەگەر مىزاج سوغۇقتىن بۇزۇلغان بولسا دىنار شەربىتى، بادرەنجبۇيا شەربىتىگە بەديان، مەستىكى، سۇمبۇل قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بەديان، دارچىن، سېرىقچېچەك قاينىتىلمىسىغا شارابى مەيپۇختەج قوشۇپ غار - غار قىلدۇرۇش، سۇمبۇل، ئەفسەنتىن، مەستىكى، قۇندۇز قەھرى چېپىلىدۇ ۋە خەيرى يېغى، تۇرۇپ يېغى، قۇستە يېغى قاتارلىقلار بىلەن مايلاپ ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر مىزاج ھۆللۈكتىن بۇزۇلغان بولسا بېھى شەربىتى، ئالما شەربىتى، ھەببۇلئاس شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ، قىزىل بەھمەن، ئاق بەھمەن، قىزىلگۈل، ھېلىلە، ئەنجۇدان قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە سۇمبۇل رۇمى يېغى، زەنبىق يېغى قاتارلىقلار بىلەن ئۇۋۇلاپ بېرىش لازىم.

ئەگەر مىزاج قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلغان بولسا نىلۇپەر شەربىتى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئىسپىغۇل لۇئابى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە يېڭى سۈت بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تاتلىق بادام مېغىزى، ئاق لەيلى يوپۇرمىقى، بىنەپشە يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، كىنۇچە ئۇرۇقى لۇئابى ۋە توخۇ يېغىنى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ، بىنەپشە يېغى، قاپاق ئۇرۇقى يېغى قاتارلىقلاردا ئۇۋۇلىنىدۇ (نەفىيس).

قىزىلئۆڭگەچ ئىششىقى

ئىسسىق ئىششىق قىزىلئۆڭگەچ ئىششىقى بەزىدە ئىسسىقتىن بولىدۇ.

ئالامىتى قىزىش، ئۇسساش ئۆتكۈر بولىدۇ، ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا غىزا يۇتقاندا ئاغرىق بولىدۇ.

داۋالاش ئۇكھەل تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سوغۇق شەربەتلەر ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا دەسلەپتە ماددىنى قايتۇرغۇچى زىمات چاپلىنىدۇ. مەسلەن: سەندەل، گۇلاب، بېھى سۈيى، ئاس سۈيى قاتارلىقلار. ئاندىن ئىششىقنى تارقاتقۇچى زىمات چاپلىنىدۇ، مەسلەن: ئارپا ئۇنى، بابۇنە، بىنەپشە، ئاق لەيلى، ئىتئۈزۈمى سۈيى، گۈل يېغى قاتارلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ. شۇنىڭدەك دەسلەپتە ماددىنى قايتۇرغۇچى شەربەتلەردىن، مەسلەن: شاتۇت شەربىتى، شەربىتى فەۋاكى قاتارلىقلارغا سېمىزئوت شىرىسى، ئىككى خىل ئانار سۈيى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئىششىقنى تارقاتقۇچى شەربەتلەردىن، مەسلەن: بىنەپشە شەربىتى، كاكىنەچ شەربىتىگە خىيارشەنبەر ياكى ئارپا سۈيى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سوغۇق ئىششىق بەزىدە قىزىلئۆڭگەچ ئىششىقى سوغۇقتىن بولىدۇ.

ئالامىتى ئېغىرلىق بولىدۇ، قاتتىق ئاغرىق بولمايدۇ.

داۋالاش سېرىقچېچەك، بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، شۇمشا قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، شارابى مەيپۇختەج قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسىغا تارقاتقۇچى ۋە پىشۇرغۇچى دورىلاردىن تىلا تەييارلاپ چاپلىنىدۇ، ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلاردىن، مەسلەن: بەكائىن يېغى، بابۇنە يېغى، زەيتۇن يېغى قاتارلىقلار بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ.

قىزىلئۆڭگەچ يارىسى

بۇ، قىزىلئۆڭگەچ مۇدۇرى ياكى ئېغىز ئالغان ئىششىق ياكى ئۆتكۈر خىلتلارنى قۇسۇشتىن بولىدۇ.

ئالامىتى بىرەر ئۆتكۈر تەملىك لوقمىلارنى يۇتقاندا ئاغرىق بولىدۇ، ئاچچىق، تۇزلۇق ياكى ئۆتكۈر بولغان غىزالارنى يېگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن زەخمىدە قاتتىق ئېچىشىش پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىكتە مايلىق، تەمسىز لوقمىلار (چوڭ بولسۇن - بولمىسۇن) يېگەندە ئاغرىق بولمايدۇ.

قىزىلئۆڭگەچ يارىسى ۋە ئۇنىڭ ئىششىقىدىكى پەرق، ئىششىق ھالىتىدە چوڭ لوقما ئاغرىتىدۇ، يارا ھالىتىدە ئۆتكۈر تەملىك لوقما ئاغرىتىدۇ.

داۋالاش گۈل يېغى بىلەن ياسالغان قىرۇتى يېگۈزۈلىدۇ ۋە تۇخۇم سېرىقى، قەلەي ئۇپىسى، گۈل يېغىدىن تەييارلانغان مەلھىمى ئەبيەز يېگۈزۈلىدۇ.

كۆكرەك ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرى

كۆكرەك ۋە ئۆپكىنىڭ تەشرىھى

ئەبۇ سەھىل مەسىھا ئېيتقانكى، قورساقنىڭ پۈتۈن بوشلۇقى ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بىرى، ئۈستۈنكى بۆلىكى (كۆكرەك بوشلۇقى) بولۇپ، بۇ، ئۆپكە ۋە يۈرەك قاتارلىقلارنى ئوراپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى، ئاستىنقى بۆلىكى (قورساق بوشلۇقى) بولۇپ، بۇ، غىزا ئەزالىرى (ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەر، تال، ئاشقازان ئاستى بېزى قاتارلىقلار) نى ئوراپ تۇرىدۇ. كېرىگەت (دىئافراگما) بۇ ئىككى بوشلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا توسۇق بولىدۇ. كېرىگەت تۆش سۆڭەك ئۇچى (خەنجەرسىمان كۆمۈرچەك ئۇچى) دىن باشلىنىپ قىيپاش ھالەتتە ئىككى تەرەپتىن ئاستى ۋە ئارقا تەرەپكە بېرىپ، كۆكرەك بوشلۇقىدىكى كۆكرەك 12 ـ ئومۇرتقىسىغىچە يېتىپ بېرىپ توختايدۇ. كېرىگەتنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىنىڭ نامى كۆكرەك بوشلۇقى ۋە ئاستىنقى بۆلىكىنىڭ نامى قورساق بوشلۇقى بولىدۇ.

كۆكرەك بوشلۇقى: كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ ئۈستى تەرىپى تار، ئاستى تەرىپى كەڭ بولىدۇ (يەنى كونۇسسىمان بولىدۇ). كۆكرەكنىڭ ئالدى دىۋارى تۆش سۆڭەك، ئارقا دىۋارى ئومۇرتقا تۈۋرۈكى، ئىككى يان دىۋارى قوۋۇرغا، قوۋۇرغا كۆمۈرچەكلىرى ۋە قوۋۇرغا مۇسكۇللىرى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. تۆۋەنكى چېگراسى بولسا ئۈستىدە سۆزلىنىپ ئۆتۈلگىنىدەك كېرىگەتتىن ھاسىل بولىدۇ. كۆكرەك بوشلۇقى تامامەن يېپىق ھالەتتە تۇرىدۇ. كۆكرەك ئالدى دىۋارى كىچىك، ئارقا دىۋارى (كۆكرەك بىرىنچى ئومۇرتقىسىدىن 12 ـ ئومۇرتقىسىغىچە) چوڭ بولىدۇ.

كۆكرەك پەردىسى، ئۆپكە پەردىسى ۋە قوۋۇرغا پەردىسى: كۆكرەك بوشلۇقى ئىچىنى كۆكرەك پەردىسى قاپلايدۇ. بۇ پەردە پەقەت كۆكرەكنىڭ پۈتۈن دىۋارلىرىنى قاپلاپلا قالماستىن، بەلكى قايتىپ بېرىپ ئۆپكىنى ھەر تەرەپتىن قاپلايدۇ ھەمدە يۈرەك قېپى كېرىگەت ئۈستۈنكى يۈزى، ئۆپكە تۆۋەنكى يۈزى قاتارلىقلارنى قاپلايدۇ. بۇ پەردە ھەمىشە ھۆللۈك بىلەن ھۆللىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ھۆللۈك كۆپ پەيدا بولۇشقا باشلىسا، بۇ سەۋەبتىن كۆكرەك

بوشلۇقىغا سۇ يىغىلىدۇ. كۆكرەككە سۇ يىغىلغاندا ئوڭ تەرەپتىكى پەردە سول تەرەپتىكى پەردىدىن تامامەن ئايرىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كۆكرەكنىڭ بىر تەرىپىدىكى سۇ ۋە يىرىڭ يەنە بىر تەرەپكە بارمايدۇ. بۇ پەردىنىڭ ئۆپكىنى ئورىغان بۆلىكى ئۆپكە پەردىسى دەپ ئاتىلىدۇ. قوۋۇرغىلارنىڭ ئىچكى يۈزىنى ئورىغان بۆلىكى قوۋۇرغا پەردىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆپكە ئىككى بولۇپ، بىرى ئوڭ تەرەپتە، يەنە بىرى سول تەرەپتە بولىدۇ. ئەبۇلخەرھى ئىبنى قەۋف ئۆپكە بەش جەۋھەردىن تۈزۈلىدۇ، دەيدۇ.

1. كاناي شاخچىلىرى — بۇ يىرىك تومۇرلار نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ھاۋا ئۆپكە ئىچىگە كىرىدۇ.

2. ئۆپكە خاس توقۇلمىسى.

3. ئۆپكە قىزىل قان تومۇر شاخچىلىرى، بۇ يوللار بىلەن يۈرەك ئوڭ قېرىنچىسىدىن ئۆپكىگىچە دۇخانى، يەنى تۈتۈن ئارىلاش قان يېتىپ بارىدۇ (مەسىيھا).

4. ئۆپكە كۆك قان تومۇر شاخچىلىرى، بۇ يوللار بىلەن ئۆپكە ئارقىلىق سۈمۈرۈلگەن ھاۋا خاس قان بىلەن بىرلىشىپ يۈرەك سول بوشلۇقى تەرەپكە بارىدۇ (مەسىيھا).

5. ئۆپكە ئۈستىنى ئوراپ تۇرغان پەردە ئۆپكە پەردىسى (غىشائۇررىيە) دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۆپكە يەنى ئۆپكە خاس خەۋھىرى بوشاشقان (رەخۋ)، بۇلۇتسىمان گۆشتۇر. بۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان يوللار بولىدۇ (ئەبۇلفەرەج). ئوڭ تەرەپكە جايلاشقان ئۆپكە (ئوڭ ئۆپكە) ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن، سول تەرەپكە جايلاشقان ئۆپكە (سول ئۆپكە) ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن (مەسىيھا) بولۇپ، بۇ بۆلەكلەرنى فۇسۇس (پارچە) دەپمۇ ئاتايدۇ.

بۇ يوللار سەۋەبىدىن ئۆپكە بىر قانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ يوللار ئۆپكىنىڭ ئارقا گىرۋەك يۇقىرىقى تەرىپىدىن باشلىنىپ، ئاستى ئالدى تەرىپىگە كېلىپ توختايدۇ.

ئوڭ تەرەپكە چوڭ ۋە كەڭ بولىدۇ، لېكىن ئۇزۇنلۇقى سول ئۆپكىدىن كەم بولىدۇ. چۈنكى ئوڭ تەرەپتە كېرىگەت جىگەرنىڭ پۇلتايغان بۆلىكى سەۋەبىدىن ئۈستى تەرەپكە زىيادە كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئوڭ ئۆپكىنىڭ ئېغىرلىقى ئەرلەردە تەخمىنەن 792 گىرام، ئاياللاردا 720 گىرام بولىدۇ. سول ئۆپكە ئوڭ ئۆپكىگە سېلىشتۇرغاندا كىچىك، تار لېكىن زىيادە ئۇزۇن بولىدۇ. بۇنىڭ ئېغىرلىقى ئەرلەردە تەخمىنەن 600 گىرام، ئاياللاردا 540 گىرام بولىدۇ.

ھەربىر ئۆپكىنىڭ شەكلى كونۇسسىمان يەنى ئۈستى تەرىپى تار، ئاستى تەرىپى كەڭ بولىدۇ. ئۆپكىنىڭ تۆۋەنكى يۈزى ئويمان بولۇپ، كېرىگەت ئۈستىگە ئورۇنلاشقان، سىرتقى يۈزى پۇلتايغان، پارقىراق ۋە قوۋۇرغىلار بىلەن تۇتاشقان بولىدۇ. ئىچكى يۈزى ئويمان بولۇپ، بۇنىڭغا يۈرەك قېپى بىلەن ئورۇنلاشقان بولىدۇ. بۇ يۈزدە بىر يول بولۇپ، بۇ يولدىن ئۆپكە قان

تومۇرلىرى ۋە كاناي شاخچىلىرى ئۆتۈشكەن بولىدۇ. قورساقتىكى بالا نەپەس ئالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆپكىسى قىزىل بولىدۇ. بۇنى تەتقىقاتچى تېۋىپلار ئېيتقان (نەفىيس).

كاناي (بۇنىڭغا يۇتقۇنچاقمۇ كىرىدۇ): كاناي ئېغىزنىڭ ئاخىرى (گال ۋە تىل تۈۋى) دىن باشلىنىپ، بويۇندىن ئاستى تەرەپكە مېڭىپ، ئوقۇرەك سۆڭەكتىن تۆۋەنلەپ كۆكرەك ئۈچىنچى ئومۇرتقىسى ئۇدۇلىغا يېتىپ بېرىپ، بۇ يەردە ئىككى شاخقا بۆلۈنىدۇ، ئاندىن ھەربىرى نۇرغۇن شاخچىلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ شاخچىلار ئۆپكە جەۋھىرىدە باشقا تومۇرلار بىلەن مەخسۇس ھالەتتە شەكىللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆپكە گۆشى بولىدۇ (مەسىھى).

بۇ شاخچىلارنىڭ ئاخىرقى ئۇچى ئاخىرغىچە تارقالغان بولۇپ، ئىچىگە كۆپ مىقداردا ھاۋا توپلىنىدۇ. بۇ ھاۋا خانىلىرى (ھاۋا بوشلۇقلىرى) كاناي شاخچىلىرى بىلەن ئۆپكە قىزىل قان تومۇرى ۋە ئۆپكە كۆك قان تومۇرىنىڭ ئاخىرقى شاخچىلىرى (قىلغان تومۇرلار) غىچە كېڭىيىپ بارىدۇ. بۇلارنىڭ دىۋارى ئۆپكە قىزىل قان تومۇرىنىڭ ئىنچىكە قىسىملىرىدىن تۈتۈنسىمان ماددا ھاۋا خالتىلىرىغا سىڭىپ كىرەلىگۈدەك نېپىز بولىدۇ. بۇ يەردىن ياخشى ھاۋانىڭ پايدىلىق تەركىبلىرى سۈمۈرۈلۈپ، ئۆپكە كۆك قان تومۇرى ئارقىلىق يۈرەك سول بوشلۇقىغا بارىدىغان قان تومۇرلارغا بارىدۇ. ئۆپكە قىزىل قان تومۇرىنىڭ قېنى قاندىكى تۈتۈنسىمان ماددىلار سەۋەبىدىن قارىغا مايىل بولسىمۇ، بۇ قان مەخسۇس ھاۋا تەركىبلىرى سەۋەبىدىن ئوچۇق قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ.

خاس ئەسكەرتىش: جالىنۇس تەشرىھ كەبىردە يازغانكى، جانلىقتا كېسەللىك پەيدا بولمىغۇچە ئۇنىڭ پەقەت كۆكرەك ئاستى بۆلىكىلا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ قاتتىق رىيازەت قىلسا ياكى قىزىسا، قوۋۇرغا ئارىلىقىدىكى مۇسكۇللار ھەرىكەت قىلىدۇ. ھاۋاغا بولغان زۆرۈرىيەت ئاشسا، كۆكرەكنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىمۇ ھەرىكەت قىلىدۇ.

دەم سىقىش (رەبو)

بۇ كېسەللىك بوھەر، زەيقۇن نەفەس، ئىنتىسابۇن نەفەس دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

بۇ، ئۆپكىنىڭ كېسەللىكى بولۇپ، بۇنىڭدا ئىنسان جىم تۇرغاندىمۇ قايتا - قايتا نەپەس ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، يەنى ئىككى نەپەس ئارىلىقىدا توختاش ئاز بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سوغۇق ھاۋا (ساپ ھاۋا)غا زۆرۈرىيەت زىيادە بولىدۇ ۋە نەپەس يولىنىڭ تار بولۇشى، خىلتلار بىلەن تولغانلىقى سەۋەبىدىن سوغۇق ھاۋا يۈرەككە ئاز يېتىپ بارىدۇ. ئەگەر چوڭ ۋە تېز نەپەس ئېلىش بىلەن ھاجەت تولۇق بولمىسا، بۇنىڭ چارىسى مۇشۇنداق قىلىنىدۇكى،

نەپەسنى قايتا - قايتا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى نەپەسلىنىش ئېھتىياجى ئاشسا ۋە بىرەر توسقۇنلۇق بولمىسا چوڭ نەپەس ئالىدۇ. ئەگەر ئېھتىياج بۇنىڭدىنمۇ ئاشسا، نەپەس ئېلىش تېزلىشىدۇ. ئەگەر ھاجەت بۇنىڭدىنمۇ ئاشسا، ئارقىمۇئارقا نەپەس ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يازغۇچى ئەمگەك قىلغاندا ساغلام كىشىلەرمۇ يۈرەك ھارارىتى ۋە سوغۇق ھاۋاغا بولغان زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن ئارقىمۇئارقا نەپەس ئېلىشقا موھتاج بولىدىغانلىقى ئۈچۈن جىم تۇرۇشنى تىلغا ئالغان. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ دېيىشىچە، دەم سىقىش سوزۇلما كېسەللىكلەردىن بولۇپ، سەرئى ۋە تەشەننۇجنىڭ قوزغىلىشىغا ئوخشاش ئۇنىڭمۇ ئۆتكۈر قوزغىلىشى بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر دەم سىقىشنىڭ تەرىپىنى مۇشۇنداق قىلىدۇ: دەم سىقىش دەۋرىيلىك ھالەتتە تۇيۇقسىز قوزغىلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇ ئاز مەزگىلدىن كېيىن يوقىلىدۇ ۋە ئاز مەزگىلدىن كېيىن مۇشۇنداق يەنە دەۋرىيلىك قوزغىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ ماھىيىتى مۇنداق بايان قىلىنىدۇكى، شاخچە كانايچىلارنىڭ كىچىك شاخچىلىرىنىڭ پەردىلىرىدە قان، ھاۋا تولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇ يوللاردىن خاس تۈردىكى بەلغىمى ھۆللۈك سىرغىپ چىقىدۇ.

ئەگەر بۇ باشقا ئەزالاردىكى كېسەللىكلەرنىڭ شېرىكچىلىكى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، شېرىكىي دەم سىقىش كېسىلى ياكى ئىككىلەمچى دەم سىقىش كېسىلى دېيىلىدۇ. ئەگەر يالغۇز كۆرۈلسە، دەم سىقىش كېسىلى دېيىلىدۇ.

دەم سىقىشنىڭ ماھىيىتى ۋە سەۋەبلىرىدە ھازىرمۇ بىرئاز تالاش تارتىش بار. مەسىلەن:

1. بۇنىڭ سەۋەبى تەشەننۇج بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شاخچە كانايچىلارنىڭ مۇسكۇل تالالىرى قىسقىرايدۇ.

2. بۇنىڭ سەۋەبى شاخچە كانايچىلارنىڭ پەردىسىدىكى قاندىن بولغان ئىششىق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەلغەممۇ سىرغىپ چىقىدۇ. بۇ سەۋەبنى ھەممىدىن بۇرۇن سەمەرقەندى ئۆز ئۇسلۇبىدا بايان قىلغان.

3. دەم سىقىش ئەسلىدە ئىنچىكە شاخچە كانايچىلارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بەلغەممۇ سىرغىپ چىقىدۇ.

4. دەم سىقىش كېرىگەتنىڭ تەشەننۇجلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

5. دەم سىقىش نەپەسلىنىشكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مۇسكۇللىرىنىڭ تەشەننۇجلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

6. دەم سىقىش ئەسلىدە قان تومۇرلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى تارايتىدىغان ۋە كېڭەيتىدىغان نېرۋا مەركىزىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولىدۇ.

تىك تۇرۇپ نەپەس ئېلىش تىك تۇرۇپ نەپەس ئېلىش بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا بىمار تۈز تۇرۇپ، گەدىنىنى ئۈستى تەرەپكە كۆتۈرۈش بىلەن ھاۋا يولى ئېچىلىپ نەپەس ئېلىش ئاسانلىشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامى ئۆرە تۇرۇپ نەپەس ئېلىش دەپ قويۇلغان، بۇنى نەپەسى مۇستەقىممۇ دەپ ئاتايدۇ.

نامىدىكى ئىختىلاپ بەزى كىشىلەر خۇسۇسىيىتى بىلەن بۇنى تىك تۇرۇپ نەپەس ئېلىش، دېگەن. رەبو ۋە بوھەرنى بۇ ھالەتكە ئېيتقان. بۇنىڭدا كاناي شاخچىلىرىدا ئىمتىلا بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۆپكە شىريان تومۇرىدا ئىمتىلا بولىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر شاخچە كانايىنىڭ تولۇپ قېلىشىنى رەبو، شىريان تومۇرىنىڭ تولۇشىنى بوھەر دېگەن (نەفىيس).

سەۋەبى

نەزلە: نەپەس سىقىشنىڭ سەۋەبى بەزى ۋاقىتتا قويۇق، چاپلاشقاق بەلغەم خىلتى بولىدۇ. بۇنى ئۆپكە كۆكرەك ۋە كۆكرەك پەردىسىدىن سۈمۈرىدۇ ياكى ئۇ ئەزالاردىن ئۆپكە تەرەپكە سۈمۈرۈلۈپ كېلىدۇ ياكى بۇ بەلغەم نەزلە شەكلىدە ئۆپكىگە قۇيۇلۇپ، كاناي شاخچىلىرىنى تولدۇرۇپ قويىدۇ.

1. **يۈرەك مەنبەلىك دەم سىقىش:** بەزى ۋاقىتتا بۇنىڭ سەۋەبى كۆكرەك ۋە ئۆپكىدە يۈرەكنىڭ ھەرىكىتى ھەم ھارارىتى سەۋەبىدىن تولۇش بولىدۇ، بۇنىڭدىن ھاۋا ئۆتۈش يولى ۋە ھاۋا ئورۇنلىرى تارىيىپ، نەپەس ئېلىشتا چوقۇم قىيىنلىش بولىدۇ.

3. **قۇۋۋەت ئاجىزلاش:** بەزىدە بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتى ئاجىزلاپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن پۈتۈن بەدەننىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. بۇ ئاجىزلاش ۋە ئورۇقلاشقا كۆكرەك مۇسكۇللىرى شېرىك بولغانلىقى ئۈچۈن تارىيىپ كېڭىيىشكە قادىر بولالمايدۇ.

4. **قۇرۇقلۇق ۋە ئۆپكە ئورۇقلاش:** بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى سىل ۋە جۇدەتكۈچى قىززىتما سەۋەبىدىن ئۆپكىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغانلىقى بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى دەرىجىسىدە نەپەس قىستاشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

5. **ئۆپكە ئىششىقى ۋە باشقىلار:** بەزىدە ئۆپكە ۋە باشقا قوشنا ئەزالارنىڭ ئىششىقى سەۋەبىدىن ھاۋا يولى بېسىلىپ تارىيىدۇ. قوشنا ئەزالاردا كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى: كېرىگەت، جىگەر، تال، ئاشقازان قاتارلىقلار.

قوشۇمچە بەزىبىر خاس نەرسىلەرنىڭ پۇرىقىدىن ئادەملەردە بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: تاماكا، ئوت - چۆپ، سوغۇق ھاۋا، چاڭ - توزان، بۇخارات ھەمدە يۈرەك

ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرى، ئاشقازان بۇزۇلۇش، ئاشقازان ئېسىلىش، قەۋزىيەت، ھەزىم بۇزۇلۇش، بۇرۇن بوۋاسىرى، نەزلە ۋە يۆتەل، سوزۇلما زۇكام، ھامىلىنىڭ ئېغىرلىقى، بادامبەز چوڭىيىش، گال كېسەللىكلىرى، كۆكرەك ئارىلىق بۆلىكى ئۆسمىلىرى، بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش، چېچەك، قىزىل، كۆكيۆتەل، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى ۋە ئانورسىما، بەزى پاسسىپ روھىي كەيپىيات، مەسىلەن: غەم - ئەندىشە، ئاچچىقلىنىش بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرىگە كىرىدۇ. بۇ كېسەللىك ھەر دۆلەت، ھەر ياشتا كۆرۈلىدۇ، لېكىن ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى

1. نەزلىدىن بولغان دەم سىقىش: كۆكرەكتە خىر - خىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. يۆتىلىش بىلەن بەلغەم كېلىدۇ، نەپەس سىقىلىدۇ، بىمار تىلىنى سىرتقا چىقىرىۋالىدۇ، بولۇپمۇ ھەرىكەت قىلغان ۋاقىتتا بۇنىڭ شىكايىتى كۆپ بولىدۇ. بۇنىڭ نامىنى كىشىلەر تىلىنى سىرتقا چىقىرىۋېلىش كېسىلى، دەپ ئاتىغان.

ئەگەر بۇنىڭ بىلەن يۆتەل بولمىسا ۋە يۆتەلگەندە قويۇق بەلغەم چىقمىسا، بىمار ئۇيقۇدا بوغۇلۇپ قالىدۇ ياكى سۇباتقا گىرىپتار بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى ئىستىسقائى لەھمىگە گىرىپتار بولىدۇ.

2. يۇرەك مەنبەلىك دەم سىقىش: بۇنىڭدا تىنىق چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئارقىمۇئارقا نەپەس ئالىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن تومۇر سوقۇشىمۇ چوڭ ۋە ئۇسساش كۈچلۈك بولىدۇ.

3. قۇۋۋەت ئاجىزلاشتىن بولغان دەم سىقىش: بىمار يىغلىغاندەك نەپەس ئالىدۇ، يەنى نەپەس ئارىلىقىدا ئۈزۈلۈش بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھاۋا ئىككى قېتىم كىرىدۇ. بۇ، بالىلار يىغلىغان ۋاقىتتا بولىدۇ، بۇ، نەپىسى موزائىپ دېيىلىدۇ. بۇ خىل نەپەسلىنىشنىڭ سەۋەبى قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ. تىك تۇرۇپ نەپەس ئېلىش بىلەن جىگەر، ئاشقازان قاتارلىقلار تۆۋەنگە سىلجىپ كۆكرەك ۋە ئېغىزماندىن قايتىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆپكىگە بېسىم چۈشۈرەلمەيدۇ. بىمارلار كېيىن بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن نەپەسلەنگەندە ئۆرە تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نەپەسلىنىش راۋانلىشىدۇ، تومۇرى يۇمشاق بولىدۇ.

4. قۇرۇقلۇق ۋە ئۆپكە ئورۇقلاشتىن بولغان دەم سىقىش: بۇنىڭدا بىمار ئۇسسايدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئاۋازى ئىنچىكە چىقىدۇ. ئەگەر يۇتقۇنچاقچە ئاپەت يەتكەن بولسا ئاۋازى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بەلغەم قاتارلىقلار چىقمايدۇ، ئۆپكىنى ھۆللەشتۈرگۈچى نەرسىلەرنى يېگەندىن كېيىن دەم سىقىش ياخشىلىنىدۇ.

5. ئۆپكە ئىششىقى ۋە باشقىلاردىن بولغان دەم سىقىش: بۇنىڭدا مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش ئالامىتى دەم سىقىشنىڭ قوزغىلىشى كۆپىنچە تاڭ ئېتىشقا يېقىن باشلىنىدۇ. كېسەل تۇتقاندا بىمارنىڭ كۆكرىكىدە سانجىلغاندەك سېزىم مەلۇم بولىدۇ، بىماردا قورقۇنچ بولىدۇ. كۆكرىكىنى كېرىشكە تىرىشىدۇ، نەپەس ئېلىشى قىسقا، نەپەس چىقىرىشى ئۇزۇن بولىدۇ، نەپەسلەنگەندە شاۋقۇن ئاۋازى چىقىدۇ. كۆزى پۇلتىيىپ، چىرايى خىيالچان ۋە پەرىشان بولىدۇ. بەدەن ھارارىتى تۆۋەنلەپ، بەزى ۋاقىتتا 80 ياكى 82 دەرىجىگىچە چۈشۈپ قالىدۇ، قىينىلىپ نەپەس ئېلىشتىن بەدەن تېرىسى نەملىشىپ كېتىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئىككى ئۈچ سائەتتىن 36 سائەتكىچە بولىدۇ. ياخشىلانغاندىن كېيىن قوۋۇرغا ئارىلىق مۇسكۇللىرى بىر قانچە كۈنگىچە ئاغرىيدۇ. كېسەللىك تۇتمىغان كۈنلەردە بىمار ساغلام كۆرۈنىدۇ، ئۇزاق مەزگىل بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان كىشىلەر ئاجىز ۋە ئورۇق بولىدۇ. ئىككى تاغاق سۆڭەك يۇمىلىقى ئالدى ئۈستى تەرەپكە ئېگىلگەن بولىدۇ. چىرايى ئويچان، نەپەس سىقىلىشىنىڭ دەۋرى بەزىدە تەرتىپلىك، بەزىدە تەرتىپسىز بولىدۇ، بەزىدە بىر يىلدىن كېيىن قوزغىلىدۇ، بەزىدە ھەر ئايدا ۋە بەزىدە كۈندە بىر خاس ۋاقىتتا قوزغىلىدۇ (ت).

داۋالاش

1. نەزلىدىن بولغان دەم سىقىش: سۇيۇلدۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن بەلغەم سۇيۇلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: زۇپا شەربىتى، سىركەنجۇبىل ئەنسىلى بېرىلىدۇ. ئىسسىق تۆردىكى لئوقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ زىيادە ئىسسىقلىق يەتكۈزمىسۇن. مەسىلەن: ئەنجۈر، شۇمشا، بەدىيان، گۈلسەۋسەن يىلتىزى، قۇرۇق زۇپانىڭ قايناتىلمىسى ھەسەل، زەپەر ۋە قورۇلغان ئەنسىل بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئاندىن ماددىنى سۇيۇلدۇرۇپ، پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تۇرۇپنىڭ قايناتىلغان سۈيى ۋە ھەسەل بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ، ئايارەج پەيقىرا ۋە ھەببى غارىقۇن تاكى بەدەن تازىلانغۇچە بېرىلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر بەلغەمنىڭ چىقىشى ئاسان بولمىسا (بۇ ئومۇمەن دەم سىقىشتا بولىدۇ)، بۇ نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ.

نۇسخا گاۋزىبان، گۈلى گاۋزىبان بەش گىرامدىن، چىلان بەش دانە، قىرقىلغان خام پىلە تۆت گىرام، بۇغداي كېپىكى بەش گىرام. دورىلارنى سۇدا قايناتىپ سۈزۈپ ئېلىپ، 24 گىرام ساپ ھەسەل قوشۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بىر كېچە - كۈندۈزدە بۇ لئوق

بىرنەچچە قېتىم يالىتىلىدۇ.

نۇسخا تاتلىق بادام مېغىزى بەش دانە، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا ئۈچ گرامدىن، ئاق ناۋات 48 گرام. دورىلاردىن قائىدە بويىچە لوئوق تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەت بولسا بادام يېغىدىن 24 گرامنى ئىسسىق سۈتكە ئارىلاشتۇرۇپ كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ياخشىلانمىسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىچىدىغان نۇسخىغا پوستى ئاقلانغان بىخسۇس، قۇرۇق زۇپا قاتارلىقلاردىن بەش گرامدىن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئەتىگەندە يۇقىرىقى نۇسخىنى ئىچكۈزۈپ، كەچتە بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا لوئوقى چىلغوزىنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئارقىدىن زىغىر ئۇرۇقىدىن توققۇز گرام، ئاق ناۋاتتىن بىر گرامنى سۇدا قاينىتىپ ئىلمان ھالەتتە ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەتىگەندە ئىچىدىغان نۇسخىغا 12 گرام لوئوقى مۆتىدىل قوشۇپ بېرىلىدۇ.

بۇ ھالەتتە بۇ نۇسخىمۇ پايدىلىق: تاۋۇز سۈيى چۈشكەن لوئوقى نەزلە 12 گرام ياكى لوئوقى سەرپىستان 12 گرام ياكى لوئوقى مۆتىدىل 12 گرامنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئارقىدىن بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام، چىلاندىن بەش دانە، سەرپىستاندىن توققۇز دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقىدىن يەتتە گرامنى 168 گرام ئەرقى گاۋزىباندا قاينىتىپ سۈزۈپ ئېلىپ، 48 گرام ساپ ھەسەل ياكى24 گرام بىنەپشە شەربىتى قوشۇپ، ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئەتىگەندە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن نۇسخىنى ئىچكۈزۈپ، كەچتە زەرچۇبە چۈشكەن سۇفۇپى دەمەدىن 15 گرام سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك يەڭگىللىسە ئىككى بەرەنج كۈشتە تىلا كەلانى يەتتە گرام مەجۇنى راھۇل مۇئمىنىن بىلەن قوشۇپ ئەتىگەندە بېرىلىدۇ ۋە كەچتە ئىككى بەرەنج خۇبسۇلھەدىد كۈشتىسى، ئىككى بەرەنج مارجان كۈشتىسى لوئوقى چىلغوزا بىلەن قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ، كەچتە ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىنتىسابىدىن ئىككى بەرەنج ئېلىپ 48 گرام قايماققا قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئىنتىسابى: بەزرۇلبەنجى بەش گرام، جۇۋىنە، لاھۇر تۇزى 60 گرامدىن، سەنكىيا ئىككى گرام. دورىلارنى سوقۇپ بىر دانە ياۋا كەپتەرنىڭ قورسىقى (ئىچكى ئەزاسى ئېلىۋېتىلگەن) غا سېلىپ ۋە ساپال قاچىغا قويۇپ 10 كىلوگرام تېزەك ئوتىدا گىل ھېكمەت قىلىپ، سوۋۇغاندا چىقىرىپ، يۇمشاق ئېزىپ ساقلاپ قويۇلىدۇ.

2. يۈرەك مەنبەلىك دەم سىقىش: باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، يۈرەك ھارارىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىسپىغۇل لوئابى، نىلۇپەر شەربىتى ۋە بىنەپشە شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

3. قۇۋۋەتلەر ئاجىزلاشتىن بولغان دەم سىقىش: پالەچنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، شۇمشا قاينىتىلمىسىغا ھەسەل قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سەۋسەن يېغى، نەرگىس يېغى، بان يېغى قاتارلىقلار بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ. سىيادان تالقىنى، ھەسەل ۋە سېرىقچېچەك يېغى بىلەن زىمات قىلىنىدۇ، ئومۇمىي بەدەننى كۈچلەندۈرۈش نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

بان — بەكائىن ياكى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا نەرسىنىڭ نامىدۇر.

4. قۇرۇقلۇق ۋە ئۆپكە ئورۇقلاشتىن بولغان دەم سىقىش: ئۆپكىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئارپا سۈيى، يېڭى سۈت، ئۆچكە سۈتى، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھۆللەشتۈرگۈچى لۇئاب، ئۇسارىلەر (ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىقىلغان سۈيى) ۋە لىئۇقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى سۇيۇق چېپىلما ۋە مەلھەملەر كۆكرەككە چېپىلىدۇ.

5. ئۆپكە ئىششىقى ۋە باشقىلاردىن بولغان دەم سىقىش: بۇ ئىششىقلارنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. بۇ ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

قوشۇمچە ئەگەر چېچەك، قىزىل سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بۇ نۇسخىنى كۈندە ئىككى ۋاخ تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

نۇسخا خاكسى بەش گىرام، ئەنجۈر مونىكى بەش دانە، قىرقىلغان خام ئەۋرىشىم بەش گىرام، ساپ ھەسەل 48 گىرام. دورىلار سۇدا قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇشتىن بولغان بولسا، بۇنى داۋالاش بىلەن نەپەس قىستاشنىمۇ داۋالاش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش لەتىف، ئاسان ھەزىم بولىدىغان تاماقلار ئاز ئازدىن بېرىلىدۇ. مەسىلەن: شورپا، ئارپا ئېشى، پۇرچاق قاتارلىقلار.

پەرھىز تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەللىك، ئىسسىق ۋە چۈچۈمەل نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، كېسەللىك قوزغالغان مەزگىلدە بىمار چېنىقىش ۋە ئەمگەك قىلىشتىن توختىتىلىدۇ.

كۆرسەتمە بۇ كېسەللىكتە قۇستۇرۇش ناھايىتى پايدىلىق. كېسەللىك قوزغىلىشتىن ئىلگىرى، قايناق سۇ ياكى چاي ئىچىش بىلەن بەزى ۋاقىتتا كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشى توختايدۇ. بىمارغا قايسى جاينىڭ ھاۋاسى مۇۋاپىق كەلسە، شۇ جايدا تۇرغۇزۇش، چاڭ - توزاندا تۇرۇشتىن چەكلەش، قەۋزىيەت بولۇپ قېلىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشتىن ساقلاش، تويغۇزۇپ غىزا بەرمەسلىك ۋە كۆپ ئۇخلاتماسلىق لازىم. تاماق يەپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئۇخلاش ياخشىدۇر. سوغۇق ئۆتكۈزۈپ قويماسلىق، نەم ئورۇنلاردا ئۇخلاتماسلىق، كېسەللىكنى قوزغاتقۇچى يېمەك -

ئىچمەكتىن قەتئىي پەرھىز قىلدۇرۇش، ئەگەر بىمار بۇ كېسەللىكنى قوزغايدىغان كەسىپلەر، مەسىلەن: پاختا ئېتىش، تاش ئويۇش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، بۇلارنى قىلدۇرماسلىق لازىم.

يۆتەل

يۆتەل كۆكرەك ۋە ئۆپكىنىڭ بىر خىل ھەرىكىتى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن تەبىئەت ئۆپكىنىڭ ۋە ئۆپكىگە قوشنا ئەزالارنىڭ زەھەرلىرىنى يوقىتىشقا تىرىشىدۇ، بۇ ئەزالارنىڭ مىسالى كاناي، كۆكرەك ئوتتۇرا پاسىل پەردىسى، قوۋۇرغا ئىچىنى ئەستەرلەپ تۇرغۇچى پەردە، كۆكرەك ۋە يانپاش مۇسكۇللىرى قاتارلىقلار. يۇقىرىقى ئەزىيەتنى يوقىتىشتا، تەبىئەت قۇۋۋىتى نەپسانىيدىن ياردەم ئالىدۇ، بۇ مۇسكۇللارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كۆكرەككە كۈچەش بىلەن بېسىم چۈشۈرىدۇ ۋە تارايتىدۇكى، ئۆپكىدىكى ھاۋا زەربە بىلەن دەرھال چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەزىيەت يەتكۈزگەن نەرسىمۇ چىقىپ كېتىدۇ. شەرتكى، ھاۋا يوللىرىدىكى بۇ ئەزىيەت يەتكۈزگۈچى ماددىلار چىقىپ كېتىشكە لايىق بولسۇن.

ئەگەر باشقا ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكىدە يۆتەل پەيدا بولغان بولسا، بۇ شېرىكىي يۆتەل دېيىلىدۇ. مەيلى بۇ نېرۋىلار شېرىكچىلىكىدىن بولسۇن ياكى نەپەسلىنىش ئەزالىرىغا تەسىر قىلىدىغان باشقا تۈردىن بولسۇن. ئەگەر يۆتەلنىڭ سەۋەبى ئۆپكە ۋە شاخچە كانايدا بولغان بولسا، بۇ ئەسلىي يۆتەل دېيىلىدۇ.

سەۋەبى

1. **يات ماددا:** يۆتەلنىڭ سەۋەبى بەزىدە ئۆپكە ئىچىگە يات ماددا كىرىپ كەتكەنلىك بولىدۇ، بۇنى چىقىرىش زۆرۈردۇر. چۈنكى ئۆپكە ۋە ھاۋا يوللىرىغا ھاۋادىن باشقا نەرسە كىرىپ - چىقمايدۇ، يەنى ئۇ نەپەستىن باشقا نەرسىلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇڭلاشقا غىزا ياكى سۇنىڭ مەلۇم قىسمى ھاۋا يولىغا كىرىپ كەتسە يۆتەل باشلىنىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ھاۋانىڭ ياردىمىدە ئۆپكە ھەرىكەتكە كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوشنا ئەزالارمۇ شېرىك بولۇپ، بۇلاردا تارىيىش، كېڭىيىش ھەرىكىتى كۆرۈلىدۇ. تارىيىش ھەرىكىتىدىن مەقسەت ماددىنى چىقىرىپ تاشلاشتۇر، كېڭىيىش ھەرىكىتىدىن مەقسەت راھەتلىنىش ۋە ئۆتكۈر قىسقىراشقا تەييارلىنىشتۇر.

قان ۋە يىرىڭ: بۇ يات ماددا بەزىدە قان بولىدۇ، بۇنى داۋالاش قاتارلىقلار قان تۈكۈرۈشتە سۆزلىنىدۇ. بۇ يات ماددا بەزىدە يىرىڭ بولىدۇ. بۇ قوشنا ئەزالاردىن ئۆپكىگە كېلىدۇ ياكى ئۆپكىدە پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بۇ يىرىڭ كۆكرەك پەردە ئىششىقىدىن كېلىدۇ، بۇ ئىششىق پىشىپ

ئېغىز ئالىد، بەزىدە كۆكرەك زەخىملىرى (كۆكرەك يارىسى) دىن كېلىدۇ. بەزىدە يۆتەلنىڭ سەۋەبى ئۆپكىدىكى ئىششىق بولىدۇ، بۇ زاتىررىيە نامى بىلەن مەشھۇردۇر. بەزىدە جىگەر ئىششىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. **چۈنكى جىگەر بىلەن كېرىگەت ئۆزئارا تۇتىشىدۇ ۋە ئۆپكە كېرىگەتنىڭ ئۈستى يۈزىگە ئورۇنلاشقان بولىدۇ.**

مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى ۋە ئۇنى داۋالاش (بۇلاردا يۆتەل ئىككىلەمچى شەكىلدە پەيدا بولىدۇ) ئايرىم ئايرىم ئۆز ئورۇنلىرىدا سۆزلىنىدۇ.

2. **نەزلە ۋە زۇكام:** بەزىدە يۆتەلنىڭ سەۋەبى قويۇق ۋە چاپلاشقاق خىلىت (بەلغەم) نىڭ ئۆپكىدە توسۇلغانلىقى بولىدۇ.

3. **ئۆتكۈر نەزلە:** بەزىدە يۆتەلنىڭ سەۋەبى سۇيۇق ۋە ئۆتكۈر نەزلە بولىدۇ. بۇ ئۆپكىگە باراۋەر قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ ھەمدە نەزلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە يەرلىك ئورۇننى ئېچىشتۇرۇش سەۋەبىدىن غىدىق پەيدا بولىدۇ.

نەزلىدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى، بۇقراتنىڭ دېيىشىچە، تەشرىھ ئىلمى بويىچە شىللىق پەردە ئىششىقىدۇر.

4. **سوزۇلما نەزلە:** بەزىدە يۆتەل خاس ئۆپكىدىكى ھۆللۈكتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ياشانغان ۋە ھۆل مىزاج كىشىلەر (بەزىدە بالىلاردا) دە كۆرۈلىدۇ.

بۇ تۈردىكى يۆتەل شاخچە كانايچىلارنىڭ سوزۇلما ئىششىقى ياكى سوزۇلما نەزلە دېيىلىدۇ. بۇ ئادەتتە قىش پەسلىدە كۆرۈلىدۇ.

5. **ئۆپكە تولۇپ قېلىش:** بەزىدە يۆتەل ئۆپكە مىزاجىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن بولىدۇ. ئۆپكىگە سەپراۋى قان تولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەمەددۇد ۋە ئېچىشىش پەيدا قىلىدۇ، بۇنى تەبىئەت يۆتەل ئارقىلىق قايتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

سەپراۋى قاننىڭ مەنىسى: بىرىنچى، بۇ سەپرا ئارىلاشقان قاندۇر؛ ئىككىنچى، ئۆتكۈرلۈك ۋە ھارارەت بولغان قاندۇر.

ئەگەر ئۆپكىدىكى ئىمتىلا ئادەتتىكى قاندىن بولغان بولسا ئۇنىڭدىن يۆتەل پەيدا بولىدۇ.

6. **سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** بەزىدە يۆتەل ئۆپكىنىڭ سوغۇقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ. بۇ ئۆپكىنىڭ قورۇلۇۋېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. تەبىئەت بۇ ئەزىيەتنى يۆتەل ئارقىلىق يوقىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

7. **قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** بەزىدە يۆتەل ئۆپكە مىزاجىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولىدۇ.

8. **كانايىنىڭ يىرىكلىشىشى:** بەزىدە يۆتەل كانايىنىڭ يىرىكلىشىشىدىن بولىدۇ، بۇ، چاڭ -

تۇزان، تۇتۇن، گاز ۋە باشقا سەۋەبلەردىن كۆرۈلىدۇ. باشقا سەۋەبلەرنىڭ بىر مىسالى قاتتىق ۋارقىراشتۇر، قاتتىق ۋارقىراش بىلەن گال ۋە كاناي ئىچكى پەردىسىنى سىلىقلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ھۆللۈك قۇرۇپ كېتىدۇ.

ئالامىتى

(1) چىسى ئەسلىي كىتابتا سۆزلەنمىگەن.

(2) **نەزلە ۋە زۇكامدىن بولغان يۆتەل:** بۇنىڭدا يۆتەل زۇكامدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. قۇيۇق، چاپلاشقاق بەلغەم ئاز مىقداردا ۋە تەستە چىقىدۇ.

ئەسكەرتىش بەزىدە شۇنداق بولىدۇكى، بۇ چاپلاشقاق بەلغەم ئۆپكىگە دائىم قۇيۇلىدۇ ۋە بۇنىڭ بارلىق ئالامىتى سىل بىمارلىرىنىڭكىدەك بولىدۇ (نەفىيس).

(3) **ئۆتكۈر نەزلىدىن بولغان يۆتەل:** كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا بەلغەمسىز قۇرۇق يۆتەل بولىدۇ، بولۇپمۇ كەچ ۋاقىتتا يەنى ئۇيقۇدىن كېيىن يۆتەل قاتتىق بولىدۇ. بۇ تۈردىكى يۆتەل ناچار بولۇپ، ئۇزۇنغىچە داۋاملاشسا سىل پەيدا بولىدۇ. چۈنكى يۆتەلدىن ئۆپكە تومۇرلىرى يېرىلىپ كېتىدۇ ۋە قاناش بولىدۇ دە، قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن زەخىم (سىل يارىسى) پەيدا بولىدۇ.

(4) **سوزۇلما نەزلىدىن بولغان يۆتەل:** بەلغەم كۆپ چىقىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتتا گالغا چاپلىشىپ قالىدۇ، بولۇپمۇ ئۇخلىغاندا ۋە ئۇيقۇدىن كېيىن خىرقىراش كۈچلۈك بولىدۇ.

(5) **ئۆپكە تولۇپ قېلىشتىن بولغان يۆتەل:** بۇنىڭدا نەپەس چوڭ ۋە ئىسسىق بولىدۇ، ئۇسساش كۈچلۈك بولىدۇ، بولۇپمۇ ئەمگەك قىلغان ۋاقىتتا. سوغۇق ھاۋادىن يەڭگىللىك ھاسىل بولىدۇ ۋە سوغۇق ھاۋانى ناھايىتى ئارزۇ قىلىدۇ. سوغۇق ھاۋادىن ئۇسسۇزلۇق پەسىيىدۇ، يەنى سوغۇق سۇ ئىچىشتىنمۇ پەسەيمەيدىغان ئۇسسۇزلۇق سوغۇق ھاۋادا پەسىيىدۇ. بىمارنىڭ چىرايى قىزىل بولىدۇ، يۆتەلگەندە ئېغىزدىن بىرەر نەرسە چىقمايدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتتا سەپراۋى سېرىق تۈكۈرۈك چىقىدۇ.

(6) **سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان يۆتەل:** تېرە رەڭگى قوغۇشۇن رەڭگە كىرىدۇ. ئۇسساش ئاز بولىدۇ. ئىسسىق ھاۋادىن نەپەسلىنىش ۋە مۇنچىغا كىرىش بىلەن مەنپەئەت ھاسىل بولىدۇ.

قوغۇشۇن رەڭ — بۇنىڭدا ئاقلىق بىلەن بىرئاز كۆكلۈكمۇ بولىدۇ.

(7) **قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان يۆتەل:** ھەرىكەت ۋە ئەمگەك قىلغان، قورساق ئاچقان ۋە ئۇسسىغان ۋاقىتتا يۆتەل كۈچىيىدۇ. ھۆللۈك يەتكۈزىدىغان مۇنچىغا كىرگەندىن ياكى ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن يۆتەلدە

پەسىيىش بولىدۇ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدۇ، يۆتەل بىلەن بىرەر نەرسە چىقمايدۇ، بەدىنى ئورۇق بولىدۇ. تومۇرى تېز، ئارقىمۇئارقا سوقىدۇ.

ھۆللۈك يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ پايدىلىق مىسالى — ئارپا سۈيىگە سەرتان نەھرىنى قوشۇپ ئىچكۈزۈش (نەفىيس).

(8) كانايىنىڭ يېرىكلىشىشىدىن بولغان يۆتەل: تاشقى سەۋەبلەرنىڭ كۆرۈلۈشى بۇنىڭ ئالامىتىدۇر.

داۋالاش

1. «ئەسلىي كىتابتا سۆزلەنمىگەن»

2. نەزلە ۋە زۇكامدىن بولغان يۆتەل: بەلغەمنى سۇيۇلدۇرۇش ۋە پىشۇرۇش ئۈچۈن زۇپا، ئەنجۈر، شۇمشا، بىخسۇس، گۈلسەۋسەن قاتارلىقلارنى قايناتىپ، ھەسەل قوشۇپ تاكى بەلغەم يۆتەل بىلەن چىقىپ كەتكۈچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

3. ئۆتكۈر نەزلىدىن بولغان يۆتەل: نەزلىنى توختىتىش ئۈچۈن خەشخاش شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ، قابىز نەرسىلەر بىلەن غار غار قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: پوستى خەشخاش، بەزرۇلبەنجى، پوستى بىلەن سوقۇلغان كۆك ماش، ئاس يوپۇرمىقى، كاھۇ ئۇرۇقى، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى قايناتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، چاچنى چۈشۈرۈپ، باش يېرىك رەخت بىلەن قىزارغىچە سۈرتۈلىدۇ، چۈنكى ئاغرىق ۋە ھارارەت پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن ماددا ئىچىدىن سىرتقا چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نەزلە بۇ جايغا يۈزلىنىدۇ. ئەگەر بۇ تەدبىر يېتەرلىك بولمىسا ئەنجۈر قايناتىلمىسىغا قىچىنى قوشۇپ، باشقا تىلا قىلىنىدۇ تاكى قاپارتما پەيدا بولۇپ ئېغىز ئالسۇن ۋە بۇنى بىر مەزگىلگىچە ساقايتماسلىق لازىم.

ھەببى سۇئالنى شۈمۈش، ماددىنى چاپلاشقاق ۋە قويۇق قىلىدۇ، تاكى ماددا ئۆپكە تەرەپكە قۇيۇلۇشتىن توختىسۇن. مەسىلەن: نىشاستە، كەتىرا، پوستى ئاقلانغان بادام مېغىزى، پوستى ئاقلانمىغان باقىلە، خەشخاش ئۇرۇقى، خەشخاش پوستى، سەمغى ئەرەبى، گىل ئەرمىنى قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، ئىسپىغۇل لۇئابىدا يۇغۇرۇپ ھەب ياسىلىدۇ.

4. سوزۇلما نەزلىدىن بولغان يۆتەل: بەلغەم ماددىسىنى پىشۇرغاندىن كېيىن بەدەندىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، قۇرۇق زۇپا، پىرسىياۋشان قاتارلىقلارنى قايناتىپ سۈزۈپ، تاكى ماددا پىشقۇچە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاندىن تۇرۇپ ئۇرۇقى، بىخسۇس ۋە ھەسەل بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ ھەمدە تاكى بەلغەم چىقىپ كەتكۈچە ئايارەج روفس بېرىلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك ۋە بەلغەم بوشاتقۇچى لۇئوق ئېغىزدا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: رۇببسۇس، قۇرۇق زۇپا، گۈلسەۋسەن يىلتىزى، ئاچچىق بادام مېغىزى، ئازراق ھىڭ، ياۋا

ئىتئۈزۈمى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. قۇرۇق غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: قورۇلغان گۆش ۋە كاۋاپ قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

5. ئۆپكە تولۇپ قېلىشتىن بولغان يۆتەل: باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى نەرسىلەر بىلەن ھارارەتنى پەسەيتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن: ئارپا سۈيى باراۋەر ئىچكۈزۈلىدۇ، ئىسپىغۇل لۇئابى، خېمىرى بىنەپشە، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئاقلانغان تاتلىق بادام مېغىزى، بىنەپشە، كەتىرا، چىلان، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ۋە ناۋاتتىن ياسالغان سوغۇق لۇئوقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. سوغۇق چېپىلمىلار كۆكرەككە چېپىلىدۇ، مەسىلەن: سەندەل، كافۇر، قاپاق پوستى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، كۆك كاھۇ سۈيى، گۇلاب قاتارلىقلاردىن تىلا تەييارلاپ چېپىلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈيى قوشۇپ تەييارلانغان كۆك قىرۇتى بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ، مەسىلەن: كاھۇ سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى قاتارلىقلار.

6. سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان يۆتەل: ئەگەر سوغۇقلۇقنىڭ سەۋەبى تاشقى تەرەپتە بولسا، مەسىلەن: مۇزغا يېقىن تۇرۇش، سوغۇق سۇنى ئىچىش بولسا نەپەس ئېلىشنى توختىتىش لازىم.

ئەگەر سوغۇقلۇقنىڭ سەۋەبى ئىچكى تەرەپتە بولسا، ھەسەل ۋە ياۋا پىياز بىلەن ياسالغان گۈلقەنت بېرىلىدۇ، تازىلانغان ئەنجۈر، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى مەجۇنى قەفىگە قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئىسسىق تەبىئەتلىك لۇئوقلار يالىتىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى بۇرۇن سۆزلىنىپ بولدى. ئىسسىق ياغلار كۆكرەككە سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: زەنبىق يېغى، سەۋسەن يېغى.

مەجۇنى قەفىنىڭ نۇسخىسى تازىلانغان بەز 52.5 گىرام، زەپەر، سۇمبۇل، دارچىن، نېپىز دارچىن، جويۇز ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، قەسبۇزەرىرە، ئىزخىر غۇنچىسى، ھەببەتۇلخۇزرا يېلىمى، كۆك مۇقەل ھەربىرى 9.75 گىرامدىن، مۇرمەككى 14 گىرام، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 56 گىرام. سوقۇشقا تېگىشلىك دورىلارنى سوقۇپ، چىلايدىغان دورىلارنى چىلاپ، ھەممىسىنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

7. قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان يۆتەل: ئارپا سۈيى، ئىسپىغۇل لۇئابى، تەرخەمەك سۈيى، قىزىلگۈل شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ، سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ھەبلەر سۈركىلىدۇ. بۇ، رۇببىسۇس، قاپاق ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، نىشاستە، كەتىرا، بىنەپشە، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، تۇخۇم ئېقى بىلەن تەييارلانغان بولسۇن. ئەگەر قىزىتما بولمىسا سۈت ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى زىماتلار كۆكرەككە چېپىلىدۇ، مەسىلەن: قىرۇتى، بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى، ئاق موم، كاھۇ سۈيى، كۆك كەشنىز سۈيى ۋە تۇخۇم ئېقى بىلەن تەييارلانغان بولسۇن.

8. كانايىنىڭ يىرىكلىشىشىدىن بولغان يۆتەل: **لوئوق ۋە ھالۋىلار ئارقىلىق كانايدا سىلىقلىق پەيدا قىلىنىدۇ.** بۇ لوئوق بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئىسپىغۇل لوئابى، بىنەپشە، كەتىرا، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، ئاق خەشخاشلاردىن تەييارلانغان بولسۇن. ھالۋا ئارپا كېپىكى، ئاق خەشخاش، شېكەر ۋە بادام يېغىدىن تەييارلانغان بولسۇن. بۇنىڭدىن سىرت، باشقا ھەب ۋە ياغلارنى ئىشلىتىش لازىم.

شاخچە كاناي ئىششىقى (ئىسسىقتىن بولغان نەزلە) بەزىدە يۆتەل كاناي شاخچىلىرىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىدىن بولىدۇ، مەيلى بۇ ئىششىق چوڭ ياكى كىچىك شاخچىلاردا بولسۇن، بۇ ۋەرەمى شەئەب ۋە ئىلتىھابى شەئەب دېيىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە شاخچە كانايلارنىڭ نەزلىسىدۇر.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك كۆپىنچە باھار پەسلىنىڭ باشلىرىدا ياكى كۈز پەسلىدە كۆرۈلىدۇ. كىچىك بالا ۋە ياشانغانلاردا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن زىيادە شارائىت ھازىرلانغان بولىدۇ، يەنى ئۇلار بۇ كېسەللىككە كۆپ گىرىپتار بولىدۇ. سوغۇقلۇق بۇ كېسەللىكنىڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان سەۋەبىدۇر. ئۆپكە ئىششىقى، كۆكيۆتەل، نەپەس قىستاش، يۈرەك ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرى، نۇقرەس، ۋەجئۇل مۇپاسىل، سىفلىس ۋە بەزى يۇقۇملۇق قىزىتمىلار، مەسىلەن: چېچەك، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، قىزىل، تارقىلىشچان زۇكام دەۋرلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. چاڭ - توزان، ئىسسىق - سوغۇق ياكى غىدىقلىغۇچى ھاۋادا نەپەس ئېلىش، ئاياللاردا ھەيز توختاپ قېلىش قاتارلىقلار بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بولىدۇ.

ئالامىتى ئەگەر كانايىنىڭ چوڭ شاخلىرىدا ئىششىق بولسا، بەدەن ھارارىتى بىرئاز يۇقىرىلايدۇ. گالدا ئاغرىق بولىدۇ. بىمارنىڭ كۆكرەك سۆڭەك ئۈستۈنكى بۆلىكى ئارقىسىدا، گەدەننىڭ ئاستىدا قىزىقلىق، ئېچىشىش ۋە غىدىقلىنىش مەلۇم بولىدۇ، يۆتەلگەنسېرى كۆكرەكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇسكۇللاردا ئاغرىق بولىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە قۇرۇق يۆتەل بولىدۇ، كېيىن سۈيۇق ۋە كۆپۈكلۈك بەلغەم چىقىدۇ، ئاخىرىدا دۇغ ۋە يىرىڭغا ئوخشاش قويۇق بەلغەم چىقىدۇ.

ئەگەر شاخچە كانايچىلارنىڭ ئىنچىكە شاخچىلىرىدا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بولسا، بۇنىڭدا قىزىتما ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ، باش ئاغرىش، قۇسۇش، نەپەس سىقىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، نەپەسلىنىش قېتىم سانى ئاشىدۇ، نەپەسلەنگەن ۋاقىتتا ئاشقازان ساھەسى ۋە

قوۋۇرغىلار بېسىلىدۇ، يۆتەل كۈچەش بىلەن كېلىدۇ، بەلغەم چاپلاشقاق بولىدۇ ۋە تەسلىكتە چىقىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە باللاردا بولىدۇ. نەپەس سىقىش بىلەن هاۋا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى تولۇق ئورۇندالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇزۇق قان پۈتۈن بەدەندە ئايلىنىدۇ، بۇنىڭدىن بەزى ۋاقىتتا تەشەننۇج پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئاخىرىدا باللار ئاجىزلاپ هوشىدىنمۇ كېتىدۇ. ئەگەر مۇناسىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلمىسا بالا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش ئىسسىقتىن بولغان نەزلىنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش قىلىنىدۇ. كىچىك باللارنى داۋالىغاندا ئېهتىيات قىلىش ۋە تېز داۋالاش زۆرۈر بولىدۇ. بىمار هاۋاسى ساپ ۋە هۆل ئىسسىق بولغان ئورۇنغا يۆتكىلىدۇ، بەلغەم چىقارغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر بەلغەم سۇيۇق چىقسا بۇ نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ: بېهى ئۇرۇقى ئۈچ گىرام، چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، هەمىشباهار ئۇرۇقى هەربىرىنى يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنىڭ هەممىسىنى قاينىتىپ سۈزۈپ ئېلىپ، 24 گىرام بىنەپشە شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر بەلغەم زىيادە چاپلاشقاق بولۇپ تەستە چىقسا بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ: گاۋزىبان، گۈلى گاۋزىبان، پوستى ئاقلانغان بىخسۇس بەش گىرامدىن، ناۋات 24 گىرام. دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ، هەرگىز قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق لازىم، بەلكى ئىترىفىل مۇلەييىن بىلەن چوڭ تەرەتنى بىر - ئىككى قېتىم ماڭغۇزۇۋېتىش ئىنتايىن ياخشى. چۈچۈمەل ۋە ئاچچىق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۆپكە ئىچىگە بەلغەم كۆپ يىغىلغان بولسا ئەپيۈن ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەباتلىرىدىن هەببى جەدۋار، شەربىتى خەشخاش، لۇئۇقى خەشخاش قاتارلىقلارنى يېيىشكە رۇخسەت قىلماسلىق لازىم، بۇنداق هالەتتە قۇستۇرۇش ئىنتايىن پايدىلىق.

بۇ كېسەللىككە پايدىلىق بولغان مۇرەككەپ دورىلار شۇكى، لۇئۇقى خەشخاش، شەربىتى ئەئجاز، هەببى سۇئال، دىياقوزا، لۇئۇقى شەمئۇن قاتارلىقلار. سوغۇق هاۋا ۋە سوغۇق سۇدىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

قان تۈكۈرۈش

ئېغىزدىن قان چىقىشنىڭ نامى قان تۈكۈرۈشتۇر، مەيلى ئۇ نەدىن كەلگەن بولسۇن.

سەۋەبى

1. **ئېغىز قاناش:** قان ئېغىزدىن چىقىدۇ، بەزىدە ئېغىز تەركىبلىرى، مەسىلەن: چىش مىلىكىدىن چىقىدۇ.

2. **كىچىك تىل، تاڭلاي ۋە گال:** بەزى ۋاقىتتا قان كىچىك تىل، تاڭلاي ۋە گالدىن

چىقىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتا بۇ قان باشتىن چۈشىدۇ.

3. **يۇتقۇنچاق ۋە كاناي:** بەزىدە بۇ قان يۇتقۇنچاق ۋە كانايدىن چىقىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بىرنەچچە خىل بولىدۇ:

بىرىنچى، جاراھەت: بۇ يەرلىك ئورۇنلارغا زەربە تېگىشتىن يۈز بېرىدۇ، يەنى كۆكرەك ياكى گەدەن ئالدىغا زەربە تېگىش ياكى يېيىلىش سەۋەبىدىن بەزىدە قان تومۇر يېرىلىپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى، قاتتىق يۆتىلىش (يۆتىلىش نورمالسىز ۋە قاتتىق ھەرىكەتتۇر) بىلەن ئۆپكە، يۇتقۇنچاق ۋە كانايغا قاتتىق زەربە يېتىدىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق يۆتەلگەن ۋاقىتتا ئارقىمۇئارقا يۆتىلىشتىن بۇ ئەزالار يېرىلىپ كېتىدۇ.

ئۈچىنچى، قاتتىق ۋارقىراش: ۋارقىراشتىن بۇ ئەزالاردا پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بۇنىڭدا نەپەس ئېلىشنى توختىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ھاۋا، ئىسسىق بۇخارات توسۇلۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يۇتقۇنچاق ۋە كانايدا تەمەددۇد پەيدا بولىدۇ. مېڭىپ ناخشا ئېيتىش، نەي ۋە سۇناي چېلىشمۇ بۇنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

تۆتىنچى، مەلۇم سەۋەبلەر: مەسىلەن: قاتتىق قۇسۇش ۋە كۈچەپ ئىنجىقلاش، يەنى چوڭ تەرەت قىلغاندا كۈچەش. بۇ ھالەتتە غەيرىي تەبىئىي ۋە قاتتىق ھەرىكەت يۈز بېرىدۇ ھەمدە نەپەس ئېلىشنى توختىتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەزالاردا پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش ۋە يېرىلىش يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن بەزى ۋاقىتتا قاتتىق ئاچچىقلاش، كۆپ چېنىقىش، تاغقا چىقىش، ئىسسىقنىڭ زىيادىلىكىدىنمۇ تومۇرلاردا قاتتىق ئىمتىلا ۋە تەمەددۇد پەيدا بولىدۇ، بۇ يېرىلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

4. **قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئاشقازان:** بەزىدە بۇ قان قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئاشقازاندىن چىقىدۇ.

5. **جىگەر:** بەزىدە جىگەردىن كەلگەن قان قۇسۇق بىلەن چىقىدۇ. يەنى تولۇش بولغان ۋاقىتتا جىگەردىن قان ماسارىقا تومۇرى ئارقىلىق ئاشقازان ۋە ئۈچەيگە يېتىپ كېلىپ، بەزىدە قۇسۇق بىلەن چىقىدۇ.

6. **ئۆپكە:** بەزى ۋاقىتتا بۇ قان ئۆپكىدىن كېلىدۇ، يەنى ئۆپكە تومۇرى يېرىلىپ كېتىدۇ. يېرىلىشنىڭ سەۋەبى بەزىدە سىرتقى سەۋەبتىن بولىدۇ، مەسىلەن: ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش، قاتتىق ۋارقىراش. بەزىدە ئىچكى سەۋەبتىن بولىدۇ، مەسىلەن: سەپراۋى، شورلۇق ۋە بۇزۇق ماددىلاردىن ئۆپكە تومۇرلىرى يېيىلىدۇ. بەزىدە ئۆپكە تومۇرلىرىنىڭ ئېغىزى قاننىڭ كۆپلۈكىدىن (ئىمتىلادىن) ئېچىلىپ كېتىدۇ ۋە يېرىلىپ كېتىدۇ.

بەزى ۋاقىتتا ئۆپكە تومۇرلىرى ئۆپكە مىزاجىدا قۇرۇق سوغۇقلۇق پەيدا بولغانلىقى سەۋەبىدىن يېرىلىپ كېتىدۇ. بۇ يىغلاش ۋە قورۇلۇشقا سەۋەبچى بولۇش بىلەن تەمەددۇد بولغان

ۋاقىتتا قان تومۇرلار يېرىلىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن ئىسسىق دورىلار (بۇنىڭدىن قاندا قايناش پەيدا بولىدۇ) مۇ بۇ تومۇرلارنىڭ يېرىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

7. **كۆكرەك:** بەزىدە بۇ قان كۆكرەكتىن كېلىدۇ، بۇنىڭ ھالىتى كۆكرەك يارىسى ئۆپكە بىلەن تۇتاشقانلىقى ئۈچۈن كۆكرەكتىكى ماددىلار (يەنى قان ۋە يىرىڭ) ھاۋا يوللىرىغا يېتىپ بېرىپ، يۆتەل بىلەن چىقىدۇ.

تۆۋەندىكى كېسەللىكلەردىن بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىمالى چوڭ بولىدۇ. يۈرەك كىلاپان كېسەللىكلىرى، مېڭە كېسەللىكلىرى، ئىمتىلا بولۇش، ھەيز تۇتۇلۇش، بوۋاسىر قېنىنىڭ توختىشى، سىل، سىفلىس، ئانورسىما كېسەللىكلىرى. قان تۈكۈرۈشكە قان مىزاج كىشىلەر كۆپ گىرىپتار بولىدۇ.

ئالامىتى

1. **ئېغىز قاناشتىن بولغان قان تۈكۈرۈش:** ئەگەر قان چىش مىلىكىدىن كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى شۇكى، قان يۆتىلىش بىلەن چىقمايدۇ، بەلكى ئادەتتىكىدەك تۈكۈرۈش بىلەن چىقىدۇ.

2. **كىچىك تىل، تاڭلاي ۋە گالدىن بولغان قان تۈكۈرۈش:** ئەگەر قان تاڭلايغا باشتىكى ئىمتىلا سەۋەبىدىن كەلگەن بولسا بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، قان بۇرۇن تۆشۈكىدىن چىقىدۇ، بۇرۇننى تۇتۇۋالسا گالدىن چىقىدۇ ۋە بۇرۇن قاناشنىڭ ئالامىتى تېپىلىدۇ، مەسىلەن: قاننىڭ غالىبلىقىدىن چىرايى قىزىل ۋە بېشى ئېغىر بولىدۇ، كۆز ئالدىدا چاقنىغاندەك كۆرۈنۈش مەلۇم بولىدۇ ۋە قان چىققاندىن كېيىن باش يەڭگىللەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا يۆتىلىش بىلەن ھەمىشە قان چىقمايدۇ.

ئەگەر خاس گالدىن قان كەلسە گالدا غىدىقلىنىش ۋە قۇرۇق يۆتەل كۆرۈلىدۇ، قان يۆتەل ئارقىلىق چىقىدۇ، نەپەسلەنگەندە كۆپىنچە ئاغرىق بولىدۇ.

3. **يۇتقۇنچاق ۋە كانايدىن بولغان قان تۈكۈرۈش:** ئەگەر قان يۇتقۇنچاق ۋە كانايدىن كەلگەن بولسا، قان يۆتىلىش بىلەن چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭ مىقدارى ئاز بولىدۇ، بۇ كۆپىنچە تۇتقاقلىق كېلىدۇ.

4. **قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئاشقازاندىن بولغان قان تۈكۈرۈش:** ئەگەر قىزىلئۆڭگەچتە جاراھەت بولسا، ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسى ئاغرىيدۇ، قان قۇسۇش بىلەن چىقىدۇ. بۇنى داۋالاش ئاشقازان كېسەللىكلىرىدە سۆزلىنىدۇ.

5. **جىگەردىن بولغان قان تۈكۈرۈش:** جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشتە قان قۇسۇش بىلەن

چىقىدۇ، بۇ بىر ناچار ئالامەتتۇر.

جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشتە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى قانلىق ئىچ سۈرۈش. بۇ جىگەردىكى ئىمتىلا سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇنىڭدا تولغاقنىڭ ئالامىتى بولمايدۇ.

قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان ۋە جىگەر كېسەللىكلىرىدە قان قۇسۇش ئارقىلىق چىقىدۇ، بۇ قان قارىغا مايىل بولىدۇ. ئاشقازاندا غىزا بولسا قۇسۇقتا غىزا قالدۇقى بولىدۇ. بۇ ئورۇنلاردا بىمار كۆيۈشۈش ۋە قىزىقلىق ھېس قىلىدۇ.

6. ئۆپكىدىن بولغان قان تۈكۈرۈش: بۇنىڭدا قان بەلغەم ئارقىلىق چىقمايدۇ، بەلكى يۆتەل بىلەن چىقىدۇ، قاننىڭ رەڭگى ئوچۇق قىزىل بولىدۇ، ئاغرىق پۈتۈنلەي بولمايدۇ. چۈنكى ئۆپكە جەۋھىرىدە سېزىم تۆۋەن، ئۆپكە پەردىسىدە سېزىم كۈچلۈك بولىدۇ.

ئەگەر ئۆپكىدە گانگرېنا بولسا كۆپىنچە ۋاقىتتا قان ئاز چىقىدۇ، ئاندىن تەدرىجىي ئېغىرلىشىدۇ، يەنى جاراھەت ئېغىرلاپ كېتىدۇ، ئۆتۈش يولى ئازادىلىشىدۇ، چىقىدىغان قاننىڭ مىقدارىمۇ كۆپىيىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئارىلاشقان ماددىغا ئاساسەن قاننىڭ رەڭگىمۇ سۇس بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ئۆپكە تومۇرلىرىنىڭ يېرىلىشى سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن بولسا، كۆپىنچە ۋاقىتتا قان كۆپ مىقداردا بىراقلا چىقىدۇ. بۇ قان توق قىزىل ۋە كۆپۈكلۈك بولىدۇ. ۋېرىد شىريانى يېرىلىش سەۋەبىدىن بىراقلا كۆپ قان چىقىدۇ . يۈرەك كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن ناھايىتى كۆپ قان چىقسا، بىمارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ خەۋپى بولىدۇ.

7. كۆكرەكتىن بولغان قان تۈكۈرۈش: بۇنىڭدا قان كۆكرەكتىن كېلىدۇ ۋە قاتتىق يۆتەلگەندىن كېيىن چىقىدۇ، مىقدارى ئاز بولىدۇ، رەڭگى قارا زۈلۈك قۇرتىغا ئوخشاش بولىدۇ، كۆكرەكتە تەمەددۇدلۇق ئاغرىق بولىدۇ، بۇ ئورۇندىكى تومۇرلاردا يېرىلىش يۈز بېرىدۇ، بەزىدە نەپەسلەنگەندە ئاغرىق بولىدۇ.

ئالاھىدە ئەسكەرتىش كۆپىنچە ۋاقىتتا قان چىقىشتىن ئىلگىرى بېشارەتچى ئالامەت شەكلىدە بىرەر ئالامەت ئاشكارا بولمايدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەردە بېشارەتچى ئالامەت شەكلىدە ھۆرۈنلۈك، بوشاڭلىق، ئىرادىسىزلىك بولىدۇ، چىرايى قىزىل، ئېغىز تەمى تۇزلۇق بولىدۇ. گېلىدە چۈمۈلە ئۆمىلىگەندەك سېزىم ۋە قۇرۇق يۆتەل بولىدۇ. نەپەسلەنگەندە كۆكرەكتە ئاغرىق بولىدۇ ۋە يۈرەكتە ئېچىشىش سېزىمى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قان چىقىشقا باشلايدۇ. بەزى بىمارلاردا پەقەت ئىككى تامچىدىن تۆت تامچىغىچە قان بەلغەم بىلەن چىقىدۇ ۋە بەزى بىمارلاردا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مىقداردا قان چىقىدۇ، ئاخىرىدا ئاجىزلىق، زەئىپلىك كۆرۈلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۆلۈم كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش

1. ئېغىز قاناشتىن بولغان قان تۈكۈرۈش: قابىز نەرسىلەر بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: ئاس يوپۇرمىقى، ئانارگۈلى، موزا ۋە زەمچە قاتارلىقلارنى قايناتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، ئەگەر ئېغىزدا بىرەر يېڭى زەخىم بولسا، بۇنىڭغا كۇندۇر بىلەن خۇنسىياۋشاننى يۇمشاق سوقۇپ، تاكى زەخىم قۇرۇپ قان توختىغىچە سېپىش لازىم.

ئەسكەرتىش ئەگەر زۈلۈك قۇرتى سەۋەبىدىن قان چىققان بولسا ئۇنى داۋالاش ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

ئەگەر گالدىن قان كېلىۋاتقان بولسا قابىز دورىلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە باشقا ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ، بۇنىڭ نۇسخىسى يۇقىرىدا سۆزلىنىپ بولدى. ئىچىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا بەش گىرام سۆگەت يىلتىزى لوئابىنى 24 گىرام خەشخاش شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ.

2. كىچىك تىل، تاڭلاي ۋە گالدىن بولغان قان تۈكۈرۈش: قاننىڭ مىقدارى زىيادە بولسا قىيفال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، باش كەينىگە قانلىق ھىجامەت قويۇلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا قورۇش پەيدا قىلغۇچى، قوقاق ياندۇرغۇچىلار بىلەن غار -غار قىلدۇرۇش يېتەرلىك بولىدۇ، مەسىلەن: مائىن كەلان، ئانار پوستى، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى، ئاس يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى قايناتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ھەم قابىز رۇبلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ئاس رۇببىسى، بېھى رۇببىسى، خام ئۈزۈم رۇببىسى، زەئرۇر رۇببىسى قاتارلىقلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ (زەئرۇر — بىر تۈرلۈك مېۋىدۇر)، باشقا سىركە بىلەن ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك تىلا چېپىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى بۇرۇن قاناشتا سۆزلىنىپ بولدى.

3. يۇتقۇنچاق ۋە كانايدىن بولغان قان تۈكۈرۈش: يۇقىرىقى قابىز خۇسۇسىيەتلىك غار - غارلار ئىشلىتىلىدۇ، قۇرسى نەپسۇددەم شورىلىدۇ، بۇ گىل ئەرمەنى، كەھرىۋا، سەمغى ئەرەبى، خۇنسىياۋشان، تاباشىر، نىشاستە، كەتىرا، ئاقاقىيا، ئانارگۈلى، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى، بارتەڭ سۈيى ۋە سېمىزئوت سۈيى قاتارلىقلار بىلەن ياسىلىدۇ. بۇنى ئېغىزدا قويۇشنىڭ پايدىسى شۇكى، دورا ئېغىزدا ئاستا - ئاستا ئېرىپ يۇتقۇنچاققا كىرىدۇ ۋە قىزىلئۆڭگەچ تەرەپكە ئاز مىقداردا ئېقىپ، كاناي تەرەپكە سىرغىيدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش

غار - غار نۇسخىسى: ئانارگۈلى، كۆكنار، يېشىل موزا، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، قورۇلغان زەمچە ئالتە گىرامدىن. دورىلارنى قايناتىپ غار - غار شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ، شۇنىڭدەك زەمچىنى سۇدا

ئېرىتىپ گالغا يەتكۈزۈلىدۇ.

ئىچىش نۇسخىسى قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، خونسىياۋشان قاتارلىقلاردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، يەتتە گىرام خېمىرى خەشخاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۈستىدىن بېھى ئۇرۇقى، قارا سېمىزئوتتىن ئۈچ گىرامدىن، ھەببۇلئاستىن تۆت گىرام ئېلىپ، دورىلار 168 گىرام ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ، لۇئابى ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ 24 گىرام ئەئجاز شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كەچتە يۇقىرىقى نۇسخا بېرىلىدۇ ۋە غىزادىن كېيىن كافۇر ئېرىتمىسىدىن ئالتە تامچىدىن سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئاشقازاندىن بولغان قان تۈكۈرۈش: ئەسلي ئەزانى داۋالاش تەرەپكە كىرىشىلىدۇ.

5. جىگەردىن بولغان قان تۈكۈرۈش: يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

6. ئۆپكىدىن بولغان قان تۈكۈرۈش: باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە قان تۈكۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان قۇرسلار يېگۈزۈلىدۇ، بۇ ھالەتتىن بىمار بىرئاز نىجات تاپىدۇ. كۆپىنچە بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى سىل كېسىلى بولىدۇ.

ئەگەر ۋەرىد شىريانى يېرىلىش سەۋەبىدىن قان كەلسە، بۇنى داۋالاشتا بىمار ئارام ئالدۇرۇپ ياتقۇزۇلىدۇ ۋە تىنچلاندۇرۇلىدۇ، مۇز بىلەن كۆكرەككە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ ۋە مۇز يېگۈزۈلىدۇ، بۇ ھالەتتە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن نۇسخىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن قان كەلگەن بولسا، بۇنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىمۇ ۋەرىد شىريانىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىدا سۆزلەنگىنىگە ئوخشاش بولىدۇ.

ئەگەر سىل سەۋەبىدىن قان كەلگەن بولسا، بۇنىڭ ئىلاجى سىل كېسەللىكىدە سۆزلىنىدۇ.

ئەگەر ئىچكى ئەزالارغا زەربە يېتىش سەۋەبىدىن قان كەلسە، شۇ ئەزالارغا قارىتا مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئانورىسما يېرىلىپ كېتىش سەۋەبىدىن قان كەلگەن بولسا ئۇنىڭ ئىلاجى يوقتۇر. ئەگەر ئۆپكىدىكى سەرتان سەۋەبىدىن قان كەلگەن بولسا بۇنىڭمۇ بىرەر ئىلاجى يوقتۇر. ئەگەر ئۆپكە ئىششىقى سەۋەبىدىن قان كەلگەن بولسا ئۆپكە ئىششىقىنى داۋالاش، بۇنىڭ تەپسىلاتى كېيىنچە سۆزلىنىدۇ.

ئەگەر قان قاتتىق ئىسسىق، كۆپ چېنىقىش، ناخشا ئېيتىش ۋە كۈچلۈك يۆتىلىش سەۋەبىدىن كەلسە ئۇلارنى تەرك ئېتىش لازىم.

7. كۆكرەكتىن بولغان قان تۈكۈرۈش: ئۆپكىدىن قان چىققان ھالەتتە قوللىنىلغان داۋالاش بۇنىڭدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: قان ئېلىنىدۇ، يۇقىرىقىدا سۆزلەنگەن قۇرسلار يېگۈزۈلىدۇ،

لېكىن بۇنىڭدىمۇ قۇرسلارنى كۆكرەككە تىلا شەكلىدە چېپىش مۇناسىپتۇر.

كۆرسەتمە كېسەللىك قوزغالغان ۋاقىتتا ھەممىدىن ئىلگىرىكى چارە شۇكى، بىمارنى ئارام ئالدۇرۇپ، تىنچلاندۇرۇش بىلەن بىرگە سوغۇق ۋە ھاۋالىق ئورۇندا تۇرغۇزۇلىدۇ. ئىسسىق كىيىملەر كىيگۈزۈلىدۇ، ياستۇق قويۇپ بېشىنى ئېگىزلىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاننىڭ قايسى جايدىن چىققانلىقىغا دىياگنوز قويۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا غىزاسىغا ئاسان ھەزىم بولىدىغان، كۈچلەندۈرگۈچى نەرسىلەر يېگۈزۈلىدۇ، لېكىن 12 سائەتكىچە بىرەر غىزا بېرىلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈت، ساگۇدانە، ئارپا ئېشىغا ئوخشاش لەتىف، سۇيۇق غىزالار بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن غىزالار تەدرىجىي ئاشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئادەتتىكى ھالەتلەردە بىمارنى قاتتىق ئەمگەك قىلىش، كۆپ سۆزلەش، ۋارقىراشتىن توسۇش، قۇرۇق، قوزغاتقۇچى غىزا ۋە دورىلاردىن، مەسىلەن: شاراب، چاي، كاۋاپ قاتارلىقلار ۋە چۈچۈمەل نەرسىلەرنى يېيىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم. بۇ بىمارلار ئۈچۈن جىما قىلىش ھەرھالدا زىيانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئۆپكە ئىششىقى (1)

ئۆپكە ئىششىقى ئۆپكىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى بولۇپ، ئىسسىق ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ. مەيلى خاس ئىسسىقلىق بولسۇن، مەسىلەن: قان ۋە سەپرا ياكى ئوفۇنەتلەنگەن ئىسسىقلىق بولسۇن، مەسىلەن: بەلغەمنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى. بەزىدە بۇ كېسەللىك بىرلەمچى ھالدا پەيدا بولىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتتا بىرەر باشقا كېسەللىكلەردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: نەزلە.

بەزى ۋاقىتتا ئۇ ئىششىقنىڭ سەۋەبى، كۆكرەك پەردە ئىششىقى ياكى زەبھە، خەنناق قاتارلىقلارنىڭ ماددىلىرىنىڭ يۆتكىلىپ ئۆپكە تەرەپكە بارغانلىقى بولىدۇ.

ئالامىتى ئۆتكۈر تۈردىكى دائىملىق قىزىتما، يۆتەل ۋە نەپەس قىستاش كۆرۈلىدۇ. كۆكرەك ئالدى تەرىپىدە ئېغىرلىق بولىدىغان ئاغرىق بولىدۇ. چىرايى قىزىل بولىدۇ، بولۇپمۇ مەڭزى قىزىل رەڭ سۈركەپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. كۆزىمۇ قىزىل بولىدۇ. قاپاقلىرى ئىششىيدۇ، ئۇسساش كۈچلۈك بولىدۇ، تىلى قۇرۇيدۇ، سوغۇق ھاۋانى ئارزۇ قىلىدۇ، تومۇرى دولقۇنلۇق سوقىدۇ.

يۇقىرىقى ئالامەتلەر ئۆپكە ئىششىقىنىڭ خاس ئالامەتلىرىدۇر.

كۆكرەكنى تەكشۈرۈش ئۆپكە ئىششىقىدا ئىششىق سەۋەبىدىن ئۆپكىنىڭ ھاۋا

بوشلۇقى تولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا كۆكرەكنى چېكىپ تەكشۈرسە چېكىلگەن ئورۇندىن ئوچۇق تاۋۇش ئاڭلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئىششىقنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئاسان بولىدۇ. شۇنىڭدەك بىمارنىڭ كۆكرىكىگە قولنى قويۇپ تۇرۇپ بىمارنى سۆزلەتسە، ئاۋازنىڭ تىترىشى قولغا مەلۇم بولىدۇ، بۇ نورمال ھالەتتىكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ.

تىڭشىغۇچنى كۆكرەككە قويۇپ بىمارنى ئازراق سۆزلەتسەك، ئىششىق بار ئورۇندا سۆزلەرنىڭ تاۋۇشى ئوچۇق بولىدۇ.

تىڭشىغۇچقا نەپەس كىرگەندىكى ئاۋاز خىرقىرىغان ئىنچىكە ئاۋازدەك ئاڭلىنىدۇ. مەسىلەن: بەزىدە چاچنى ئۇۋۇلاشتىن پەيدا بولىدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ساغلام ھالەتتىمۇ دۈمبىنىڭ تۆتىنچى ئومۇرتقىسى يېنىغا تىڭشىغۇچنى قويغاندا، بۇ ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ئۇ بۇ يەردىن باشقا ئورۇنلاردىمۇ ئاڭلىنىدۇ. بۇ كېسەللىكتە مەخسۇس تۈردىكى چاپلاشقاق تومۇر دېتى رەڭلىك بەلغەم ناھايىتى تەستە چىقىدۇ.

داۋالاش   قان كۆپ بولسا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، يەڭگىل قايىنتىلمىلار بىلەن چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ، مەسىلەن: چىلان، سەرپىستان، نىلۇپەر، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىنەپشە قاتارلىقلارنى قايناتىپ خىيارشەنبەر مېغىزى، تەرەنجىبىن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ. دەسلەپتە ماددىلارنى قايتۇرغۇچى زىماتنى كۆكرەككە چېپىلىدۇ، مەسىلەن: سەندەل، ئارپا ئۇنى، خىرپە سۈيى، بىرئاز بىنەپشە يېغى قاتارلىقلار. ئاندىن تارقاتقۇچى زىماتلار، مەسىلەن: بىنەپشە، بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلى، بابۇنە يېغى قاتارلىقلار چېپىلىدۇ، سوغۇق سۇ ياكى سوغۇق ھاۋادىن قاچۇرۇش پايدىلىق.

ئۆپكە ئىششىقى (2)

ئۆپكە ئىششىقى ئۆتكۈر، سوزۇلما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. چوڭ بۆلەكلىك ئۆپكە ئىششىقىدا پۈتۈن ئۆپكە ياكى ئۆپكىنىڭ بىرەر چوڭ بۆلىكى ئىششىدۇ، كىچىك بۆلەكلىك ئۆپكە ئىششىقىدا ئۆپكىنىڭ كىچىك بۆلىكى ئىششىدۇ.

ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئۆپكە ئىششىقى

چوڭ بۆلەكلىك ئۆپكە ئىششىقى: بۇنىڭدا پۈتۈن ئۆپكە ياكى ئۇنىڭ بىرەر چوڭ بۆلىكى ئىششىدۇ، بۇ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى دەرىجىدە   قاراپ تەكشۈرگەندە ئۆپكىگە قان تولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل، ئازراق كۆپكەن بولىدۇ. بارماق بىلەن باسقاندا ئۆپكە يۈزىدە نىشانىسى قېپقالىدۇ. سۇغا

سالغاندا ئۆپكىنىڭ ئازراق بۆلىكى سۇدا لەيلەيدۇ، بەزى قىسمى سۇغا چۆكىدۇ، بۇ ھالەتتە ئەگەر قىرىپ قارايدىغان بولساق، قىرغان (تىلغان) جايدىن ناھايىتى كۆپ كۆپۈكلۈك قىزىل قان چىقىدۇ، شاخچە كانايىنىڭ تورى قان بىلەن تولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ دىۋارلىرىغا قان سۇيۇقلۇقى سىرغىپ چىقىپ ئۆپكە پۈۋەكچىسىگە جۇغلىشىدۇ، بۇ بىرىنچى دەرىجىنىڭ نامى ئىمتىلائىيە دەرىجىسى دېيىلىدۇ، بۇ ئىمتىلا ئىششىق تەرەپكە مەنسۇپتۇر.

ئىككىنچى دەرىجىدە ئۆپكىدە قاتتىقلىق ۋە ئېغىرلىق پەيدا بولىدۇ، بېسىش بىلەن كوركىرىغاندەك ئاۋاز پەيدا بولمايدۇ. سۇغا سالغاندا ئۆپكە چۆكىدۇ، قىرغاندا قاتتىق نەرسىلەرگە ئوخشاش قىرىلىدۇ، بۇنىڭ رەڭگى جىگەرنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەرىجىنىڭ نامى جىگەردەك قىزىرىش دەرىجىسى دېيىلىدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجىدە ئۆپكىنىڭ رەڭگى كۈل رەڭ بولىدۇ ۋە بۇزۇلىدۇ، قىرغاندا ئۇنىڭدىن سارغۇچ رەڭدىكى سۇ چىقىدۇ، ئەگەر ئۆپكىدە مۇشۇ ھالەت بولسا، كېسەلنى ئۆلۈپ كېتىدىكەن، دەپ قاراش لازىم. بۇ دەرىجىسى تەكبىت ئەغبىرارى دېيىلىدۇ.

سەۋەبى گەرچە ئۆپكە ئىششىقىنىڭ بۇ تۈرى ھەممە ياشتىكىلەردە كۆرۈلسىمۇ، لېكىن ئالتە ياشقىچە بالىلاردا پەيدا بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ، ياشلارمۇ بۇ كېسەللىككە كۆپ مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ، ئاياللارغا نىسبەتەن ئەرلەردە، يېزىلاردا ياشىغانلارغا نىسبەتەن شەھەردە ياشىغانلاردا بۇ كېسەللىك كۆپ پەيدا بولىدۇ، بەزى ئۆپكە ئىششىقى يۇقۇملۇق شەكىلدە تارقىلىدۇ ۋە قىش پەسلى، باھار پەسلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ، سوغۇق ئۆتۈپ قېلىش، بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولىدۇ. بۇ كېسەللىككە كۈچلۈك ئادەملەرمۇ گىرىپتار بولىدۇ، لېكىن تېنى ئاجىز كىشىلەردە بۇنىڭغا مۇپتىلا بولۇش ئۈچۈن زىيادە شارائىت ھازىرلانغان بولىدۇ، ئوڭ ئۆپكىگە نىسبەتەن سول ئۆپكە، يۇقىرىقى قىسمىغا قارىغاندا تۆۋەنكى قىسىم ئوڭاي ئىششىيدۇ، زىيادە چارچاش ۋە ھېرىش، شارابخورلۇق، ئوزۇقلىنىشتا پەرھىزگە دىققەت قىلماسلىق، كۆكرەككە زەربە تېگىش قاتارلىق سەۋەبلەردىنمۇ بولىدۇ، بۇ بىر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، نەپەس يولى ئارقىلىق باشقىلارغا يۇقىدۇ.

ئالامىتى كېسەللىك قوزغىلىشتىن بىر - ئىككى كۈن ئىلگىرى بىمارنىڭ بەدىنى ئاجىزلايدۇ ۋە ئېغىرلىشىدۇ ھەمدە بىمار بىئارام بولىدۇ. ئاندىن جۇغ - جۇغ بىلەن قىزىتما ئۆرلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىرگە قاتتىق ئاجىزلاش، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش، باش ئاغرىش، جۆيلۈش ئالامەتلىرى بولىدۇ، بىئارام بولىدۇ ۋە مۈگدەيدۇ. بەزى بىمارلاردا دەسلەپتە زۇكام نەزلە تېپىلىدۇ، تېرىسى قۇرغاق، ئىسسىق بىلىنىدۇ. تومۇرى مىنۇتىغا 90 ~ 120 گىچە سوقىدۇ، قىزىتمىسى 102 ~ 105 كىچە بولىدۇ. نەپەسلىنىشى مىنۇتىغا 30 ~ 40 ۋە بەزىدە

60 ~ 80 گىچىمۇ بولىدۇ، دەسلەپتە تومۇرى كۈچلۈك ۋە تولۇپ سوقىدۇ، لېكىن ئاخىرىدا ئىنچىكە، سۇس بولۇپ قالىدۇ. كۆكرەكتە ئاغرىق بولىدۇ. قۇرۇق يۆتىلىدۇ، لېكىن ئاغرىق سەۋەبىدىن بىمار يۆتىلىنى توختىتىۋالىدۇ، بەزىدە يۆتەل شۇنداق قاتتىق بولىدۇكى، توختىتىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئولتۇرغاندا يۆتەل كۈچلۈك بولىدۇ. دەسلەپتە بەلغەم چىقمايدۇ. كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا كۆپ جۆيلۈيدۇ، بەدىنى بەك ئاجىزلايدۇ. تىلى گەز باغلايدۇ. گېلى قۇرۇيدۇ، مەڭزى قىزىل بولىدۇ، قاتتىق ئۇسسايدۇ. ئۆپكىنىڭ ئىششىغان تەرىپىدىكى گال تەرەپتە قاتتىق قىزىللىق بولىدۇ، نەپەس قىستايدۇ، ئەگەر بۇ كېسەللىك خەتەرلىك باسقۇچقا يەتسە بەلغەم چاپلاشقاق چىقماي، بەلكى سۇيۇق، سېرىققا مايىل قىزىل چىقىدۇ، نەپەس قىستاش كۈچلۈك بولىدۇ، تومۇرى ئاجىز سوقىدۇ، چىرايى تاتىراڭغۇ، كالپۇكى كۆك بولىدۇ، تېنى سوغۇق بولۇپ، تەرلىگەندە شاراب پۇرىقى كېلىدۇ. ئاخىرى بىمار قاتتىق ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن هوشسىزلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىكلىرى سەرسام، بۆرەك ئىششىقى، مۇپاسىل ئىششىقى، يۈرەك قېرىنچە ئىششىقى، قورساق پەردە ئىششىقى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئەگىشىپ كېلىدۇ.

ئاقىۋىتى ئەگەر ئالامەتتە يەڭگىللەش بولسا 5 ~ 8 كۈنگىچە بوھران بولۇپ قىزىتما چۈشىدۇ، بۇ بوھران ئادەتتە ئىسھال، بۇرۇن قاناش ياكى تەرلەش شەكلىدە بولىدۇ، ئەگەر ئالامەتلىرى ئېغىر بولسا، بىمار 6 ~ 12 كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. قۇۋۋەت ئاجىزلاش ياكى ئۆپكىنىڭ قاتتىق ئىششىشىدىن نەپەس يولى توسۇلۇپ، بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

كىچىك بۆلەكلىك ئۆپكە ئىششىقى

تونۇش بۇ تۈردە ئىككىلا ئۆپكىنىڭ كىچىك كىچىك بۆلەكلىرىدە ئىششىش ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى شاخچە كانايچىلار ئىششىغان بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن كىچىك بۆلەكلەر بېسىلىپ، ئۆپكىنىڭ ئاغرىغان بۆلەكلىرى قاتتىق ۋە قىزىل بولىدۇ، قىرغاندا ئەتراپىدىكى يۈزى سۈزۈك كۆرۈنىدۇ. باسقاندا يىرىڭ ئارىلاش قان چىقىدۇ ۋە ئۆپكە پۇۋەكچىلىرىدە قان زەردابى تولۇپ قالىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك تېنى ئاجىز، بۇزۇلغان ھاۋادا تۇرىدىغانلار ياكى ئاجىزلىق سەۋەبىدىن بىر تەرەپكە ئۆرۈلەلمەيدىغانلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىك ئومۇمەن بالىلاردا قىزىل، چېچەك ۋە كۆكيۆتەلدىن كېيىن ھەم ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، ئىسكارلاتىنا ۋە يۇقۇملۇق زۇكامدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى قىزىتما 103 ~ 105 كىچە بولىدۇ. قىزىتما تەرتىپسىز بولۇپ تېز ئۆرلەپ، تېز

چۈشىدۇ، كۆپ تەرلەيدۇ، تومۇرى ئاجىز، تېز، تەرتىپسىز سوقىدۇ، نەپسى تېز بولىدۇ ۋە تەستە يۆتىلىدۇ، بەدىنى قاتتىق ئاجىزلايدۇ، چىرايى تاتىراڭغۇ، نۇرسىز بولىدۇ، بالىلار ئاغرىق سەۋەبىدىن يىغلاڭغۇ بولۇپ قالىدۇ، بەلغەمنىڭ مىقدارى ئاز بولىدۇ، لېكىن قىزىل بولمايدۇ، ئېغىر ھالەتتە بىئاراملىق زىيادە بولۇپ، ئازابلىنىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىماردا بوشاڭلىق، ئاجىزلىق زىيادە بولىدۇ، ئورۇقلايدۇ، بۇ كېسەللىكتىن ساقىيىشقا ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىك ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ، ئاخىرىدا نەپەس زەئىپلىشىپ ۋە قۇۋۋەت ئاجىزلاپ، بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

سوزۇلما خاراكتېرلىك ئۆپكە ئىششىقى

تونۇش ئۆپكە ئىششىقىنىڭ بۇ تۈرىدە ئۆپكىدە قېتىشىش پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ رەڭگى قارىداپ قالىدۇ، قىرغاندا ئەتراپ يۈزىدە ئاق رەڭلىك تالالار، ئۇ يەر - بۇ يەردە كۆرۈنىدۇ. بەزى ئورۇنلىرىدا ئويمانلىشىش بولىدۇ، شاخچە كاناي كېڭىيىدۇ، ئۆپكە پەردىسى قېلىنلايدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك كۆپىنچە ئۆي - ئىمارەت ياسىغۇچىلار، تاش ئويغۇچىلارغا ئوخشاش چاڭ - توزانلىق مۇھىتتا تۇرىدىغانلاردا كۆپ پەيدا بولىدۇ ھەم بۇ كېسەللىك چوڭ بۆلەكلىك ئۆپكە ئىششىقى، كىچىك بۆلەكلىك ئۆپكە ئىششىقى، شاخچە كاناي ئىششىقى، سىل، سىفلىس ۋە ئۆسمە كېسەللىكلىرىدىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى دەسلەپتە بىرەر خاس ئالامەتلەر ئاشكارا بولمايدۇ. لېكىن كېسەللەنگەن تەرەپ قوۋۇرغىلىرىدا ئاغرىش ۋە تارتىشىش بولىدۇ، نەپەس قىستايدۇ، قاتتىق يۆتىلىدۇ، بۇنىڭدا بەلغەم سۇيۇق چىقىدۇ، بەدەن ئورۇق، ئاجىز بولىدۇ، كەچتە كۆپ تەرلەيدۇ. قان رەڭگى ئۆڭگەن ھالەتتە بولىدۇ ۋە كۆپىنچە قىزىتما كۈچلۈك بولىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش

ئەگەر قەۋزىيەت بولسا ھەممىدىن بۇرۇن ئۇ يوقىتىلىدۇ ۋە بۇ مەقسەت ئۈچۈن لۇئۇقى سەرپىستان، خىيارشەنبەردىن 12 گرامنى ئەرقى گاۋزىباندا قاينىتىپ ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئۈچەي تازىلانغان بولسا بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا ئۈچ گرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلان، توققۇز دانە سەرپىستاننى سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 24 گرام بىنەپشە شەربىتى قوشۇپ، بەش گرام خاكسى سېپىپ، كۈندە بىر نەچچە قېتىم ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئەگەشمە ئالامەتلىرى كۈچلۈك بولسا ۋە كۆپ ئۇسسىسا، بۇ نۇسخىغا يەتتە گرام ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بەش گرام گاۋزىبان، تۆت

گىرام ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى شىرنىسى، ئۈچ گىرام كاۋا ئۇرۇقى شىرنىسى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر يۆتەلمۇ زىيادە بولسا لوئوقى سەرپىستاندىن 12 گىرام ياكى لوئوقى مۆتىدىلدىن 12 گىرام ياكى ئىككىلىسىنى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا قاينىتىپ ئاز ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كۆكرەككە تەنكار تالقىنى قىرۇتىسىدىن 12 گىرام ياكى ئىنتىزۇمى چۈشكەن قىرۇتىدىن 12 گىرام ياكى ئىككىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ياكى ئۇنىڭ بىرىگە بىر گىرام سەبرە، بىر گىرام زەپەرنى ئېزىپ بىرلەشتۈرۈپ چېپىپ، ئۇۋۇلاپ ئىسسىق پاختا بىلەن كۆكرەككە تېڭىپ قويۇلىدۇ.

ئەگەر كۆكرەكتە ئاغرىق زىيادە بولسا بۇ ھەبنى تەييارلاپ، يۇقىرىقى بېھى ئۇرۇقى چۈشكەن نۇسخا بىلەن ئەتىگەن - كەچتە بىردىن ئىككى ۋاخ بېرىش لازىم.

ھەب نۇسخىسى بىر گىرام لوبان (بىر خىل يېلىم) بىلەن بىر گىرام ئاق مومنى بىرلەشتۈرۈپ ماش چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئۇسساپ قالغان ۋاقىتتا سوغۇق سۇنىڭ ئورنىغا ئىلمان سۇ ياكى ئىلمان ئەرقى گاۋزىبان ياكى ئىلمان ئەرقى بەدىيان قاتارلىقلارنىڭ بىرسى ئاز ئازدىن بېرىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش كېسەللىك ھالىتىدە غىزاسىغا ئىلمان سۈت ياكى ئارپا ئېشى ياكى ساگۇدانە، شورپا، ماش ئۇنى سۈيى ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر سۈت ئىچىشتىن قورساق ئېچىلسا، بۇ سەۋەبتىن نەپەس قىستاش كۈچلۈك بولسا، رۇمبەدىيان قاينىتىپ بېرىلىدۇ ياكى ھاك سۈيى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ ياكى سۈتنىڭ ئورنىغا مائۇلجەبىن ياكى تۇخۇم ئېقىنىڭ سۈيى ئاز ئازدىن بېرىلىدۇ. سوغۇق سۇ بەرمەسلىك، بەلكى ئىسسىتىپ ۋە ئۇنىڭغا ئازراق تۇز قوشۇپ بېرىش لازىم. كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر مەزگىلىدە ياكى قاتتىق ئۇسسىغاندا بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئىسپىغۇل لوئابى، قارا خىرپە ئۇرۇقى شىرنىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرنىسىنى نىلۇپەر شەربىتىگە قوشۇپ سوۋۇتۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كېسەللىك يېنىكلىگەنسېرى غىزاسى كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ.

كۆرسەتمە بىمارغا پاكىز، ئىسسىق كىيىم كىيدۈرۈش ۋە بىمارنى يورۇق، ئازادە ۋە ھاۋا ئالمىشىپ تۇرىدىغان ياخشى ئورۇندا تۇرغۇزۇش، تەرتىپلىك بولۇش، بىمارنى كۆرپىدە ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش، كۆپ ھەرىكەت قىلىشتىن، كۆپ سۆزلەشتىن توسۇش، بىمارنىڭ يېنىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماسلىق، ياتاق ئىچىگە ئاپتاپ چۈشۈشتىن ساقلىنىش، كېسەللىك باشلىنىشىدا كۆكرەككە ھەرىكەت يەتكۈزۈشتىن ساقلاش ۋە ئۇنى ئىسسىق ساقلاشنىڭ چارىسىنى قىلىش، مەسىلەن: زىماتنى چېپىپ قىزىق پاختا بىلەن تېڭىپ قويۇش لازىم. ئاغرىغان تەرەپنى تىلىپ ھىجامەت قويۇش ياكى زۈلۈك قۇرت چاپلاشمۇ پايدىلىق.

بالىلار ئۆپكە ئىششىقى

تونۇش بالىلاردىكى ئۆپكە ئىششىقى ئوردۇ تىلىدا دەبەيەنى (قوۋۇرغىلارنىڭ مېڭىشى) دېيىلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە بالىلار تېز - تېز نەپەس ئالىدۇ ۋە تىنىغان ۋاقىتتا ھەر نەپەستە قوۋۇرغىلارنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇشۇش پەيدا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامى «قوۋۇرغىنىڭ مېڭىشى» دېيىلىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك كۆپىنچە ئىككى ياشتىن تۆۋەن بالىلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇ ئۆپكە ئىششىش سەۋەبىدىن بولىدۇ، ئاجىز ۋە ئورۇق بالىلار كۆپ گىرىپتار بولىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتتا سېمىز، ساغلام بالىلارمۇ سوغۇق تېگىش سەۋەبىدىن گىرىپتار بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللىك دەسلەپتىلا قاتتىق قوزغىلىدۇ، قۇسىدۇ، دەسلەپتە يەڭگىل قىزىيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن جۇغ جۇغ بىلەن قىزىتما ئۆرلەشكە باشلايدۇ، يۆتىلىدۇ، نەپەس قىستايدۇ. قوۋۇرغا ئاستى - ئۈستىگە ھەرىكەت قىلىدۇ، يەنى بىمار ھەر قېتىم نەپەسلەنگەندە قوۋۇرغىلار ئاستىن ئۈستۈن بولىدۇ، بولۇپمۇ تۆۋەندىكى قوۋۇرغىلار ۋە كۆپىنچە ۋاقىتتا قوۋۇرغىلارنىڭ ئەگمىسىدە ئولتۇرۇشۇش پەيدا بولىدۇ. چىرايى كۆكىرىدۇ. بۇرۇن تۆشۈكى كېڭىيىدۇ ۋە لىپىلدايدۇ، تىلى قۇرۇيدۇ ۋە گەز باغلايدۇ، شۇنداقلا قاتتىق بىئارام بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ، كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر ھالىتىدە بىمار ھوشسىزلىنىدۇ ياكى تارتىشىپ قالىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى ئومۇمەن ياخشى بولىدۇ، لېكىن بەك كىچىك ۋە ئاجىز بالىلاردا ئاقىۋىتى ناچار بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر كېسەللىك ئۆتكۈر قوزغالسا، ئۇنى داۋالاش ئۆپكە ئىششىقى بىلەن ئوخشاش. لېكىن دورىلار بىر قېتىملىق مىقدارىنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز، يېشىغا مۇناسىپ ھالدا بېرىلىدۇ، بۇنىڭدىمۇ قائىدە بويىچە دەسلەپتە يۇمشىتىش چارىلىرى قوللىنىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى بىدانجىر يېغى ياكى بادام يېغىنى ئانىنىڭ سۈتى ياكى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئاز - ئازدىن يالىتىلىدۇ ياكى پەقەت سەبرە ئانىنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر قەۋزىيەتلىك يوقالسا، ئۆپكە ئىششىقىدا سۆزلەنگەن نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ، لېكىن نۇسخىنى ئىچكۈزۈشتىن ئىلگىرى بۇ ھەبدىن بىر دانە ئېلىپ، بۇ دورىنىڭ ئازراق بۆلىكىدە سۈرۈپ ئاۋۋال ئىچكۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن قالغان دورىلارنى ئىچكۈزۈش لازىم.

ھەببى دەبە ئەتپال قورۇلغان كۆك تۇتىيا، چالا قورۇلغان تەنكار قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، ئىككىسىنى ئۆچكە سۈتىدە ياكى سۇدا ئېرىتىپ يېسسىمۇق چوڭلۇقتا ھەب تەييارلىنىدۇ، قالغان چارە ۋە داۋالاش ئۆپكە ئىششىقىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش.

ھەببى ئۇسارە كىچىك بالىلاردىكى ئۆپكە ئىششىقىغا ھەببى ئۇسارىمۇ ناھايىتى پايدىلىق ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر. ئۇنى ئىشلەتكەندىن كېيىن كۆپىنچە ۋاقىتتا قۇسىدۇ ۋە ئىچى سۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ تەبىئىتى ناھايىتى تېز تازىلىنىدۇ. ئالتە گىرام ئۇسارە، ئالتە گىرام سەبرە، ئۈچ گىرام مەستىكى بىلەن ماش چوڭلۇقتا ھەب تەييارلىنىدۇ، بىر ھەب ئانىنىڭ سۈتىدە ياكى باشقا ئايالنىڭ سۈتىدە ياكى بىرەر ياردەمچى نەرسە بىلەن ئېرىتىپ بالىغا يېگۈزۈلىدۇ.

ئۆپكىنىڭ كۆپۈپ قېلىشى بەزى ۋاقىتتا ئۆپكىدە بوشاشتۇرغۇچى ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئېغىر دەرىجىدە نەپەس قىستاش بولىدۇ، لېكىن ئىسسىقلىق زىيادە بولمايدۇ. چىرايىدا قىزىللىق بولىدۇ، شۆلگەي ۋە تۈكۈرۈكى كۆپ بولمايدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق داۋالىنىدۇ، يەڭگىل ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ ۋە ماددىلارنى قايتۇرغۇچى زىماتلار ئىشلىتىلىدۇ قىزىتما پەسىيىپ، ئىششىق يانغاندا بەلغەمدىن بولغان يۆتەل داۋالىنىدۇ، يەنى بەلغەم پىشۇرۇلىدۇ ۋە زۇپا، ئەنجۈر، شۇمشا قايناتمىسى بىلەن بەلغەم چىقىرىلىدۇ.

ئۆپكىنىڭ تاشتەك قېتىۋېلىشى بەزى ۋاقىتتا ئۆپكىدە قاتتىق قاتقان ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بۇ بەزىدە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ ۋە بەزىدە دەسلەپتىلا قېتىشىش پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ۋاقىت قانچە ئۇزارسا، نەپەس قىستاش شۇنچە ئېغىرلىشىدۇ، يۆتىلىش بىلەن بىرەر نەرسە چىقمايدۇ ۋە كۆكرەكتە ھارارەت بولمايدۇ. نەپەس ئېلىشى قىيىن بولىدۇ.

داۋالاش ماددىنى يۇمشاتقۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: زىغىر لوئابى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى لوئابى، بادام يېغى، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى قاتارلىقلار. كۆكرەككە بىنەپشە يېغى، ئاق موم، ئاق لەيلى ئۇرۇقى لوئابى، شۇمشا ئۇرۇقى لوئابى ۋە زىغىر لوئابى قاتارلىقلار چېپىلىدۇ.

كۆكيۆتەل

بۇ بىر يۇقۇملۇق ۋە ۋابا خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، باللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ خاس ئالامەتلىرى شۇكى، ھەپتە ئون كۈن زۇكام ئالامەتلىرى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن نۆۋەت بىلەن يۆتەل قاتتىق قوزغىلىدۇ. بىمار ئاجىزلاش بىلەن كۈچسىزلىنىدۇ، چىرايى ۋە كۆزلىرى قىزىل بولىدۇ، يۆتەلگەن ۋاقىتتا بىمار نەپەسنى كۈچەپ ئىچىگە تارتسا، پۇشتەك چالغاندەك ئاۋاز پەيدا بولىدۇ، يۆتەلگەندە ئاز مىقداردا سۇيۇق، چاپلاشقاق بەلغەم چىقىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتتا يۆتىلىۋېرىپ قۇسۇپ سالىدۇ. ئەگەر ئاشقازان تولغان بولسا غىزا سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ، ئادەتتە كېچىدە قوزغىلىدۇ، 24 سائەت ئىچىدە بەزىدە تەخمىنەن بەش ـ ئالتە قېتىم قوزغىلىدۇ ۋە بەزىدە بىر سائەتتە بىرنەچچە قېتىم قوزغىلىدۇ، يۆتەلمىگەندە بىمار ئۆزىنى ساقىيىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ، يۆتەلنىڭ قاتتىق تۇتۇشى بىلەن بەزى ۋاقىتتا بۇرۇن قانايدۇ، كۆز بىرىكتۈرگۈچى قەۋەتنىڭ تومۇرى يېرىلىپ كېتىدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرىتى چىقىپ كېتىدۇ، بەزىدە تەشەننۇجمۇ كۆرۈلىدۇ.

بالا يىغلىغاندا، چاڭ ـ توزاندا نەپەسلەنگەندە ۋە بەزىدە يېمەكلىك يۇتقاندا ياكى سۇ ئىچكەندە گال غىدىقلىنىپ يۆتىلىدۇ. 2 ~ 6 ھەپتىگىچە بۇنىڭ ئالامەتلىرى داۋاملىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۆتەل سەل پەسىيىپ، قوزغىلىش ئارىلىقى ئۇزىرايدۇ، شۇنىڭدەك كېسەللىك ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ.

بەزىدە بۇ كېسەللىك بىرنەچچە ئايغىچە داۋاملىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادەتتە شاخچە كاناي ئىششىيدۇ.

داۋالاش بۇنى داۋالاش شاخچە كاناي ئىششىقىنى داۋالاش بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ھاۋا يوللىرىنى ئاچقۇچى، بەلغەم چىقارغۇچى، بەزى قۇستۇرغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلغاندا ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش لوباندىن 0.12 گرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام خېمىرى گاۋزىبان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە بۇ قايناتما دورىلار بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، باقىلە، ئاقلانغان بىخسۇس، پىرسىياۋشان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گرام ئېلىپ، سۇدا قايىنىتىپ سۈزۈپ ۋە 24 گرام شەربىتى بىنەپشە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، باللار ئۈچۈن ئۇنىڭ مىقدارىنى يېشىغا ماسلاشتۇرۇپ ئازايتىپ بېرىش لازىم. بۇ كېسەللىككە ھەببى لوبان (ھەببى كۇندۇر) مۇ ناھايىتى پايدىلىق ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر.

ھەببى لوبان كۇندۇر (لوبان)، باقلا ئۇنى، بېھى ئۇرۇقى مېغىزى ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، رۇبىسۇس، كەتىرا، گۈلبىنەپشە، تەرەنجىبىن ھەربىرى بەش گىرامدىن، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم تۆت گىرام، رۇمبەدىيان، بەدىيان، ئاقلانغان ئاچچىق بادام مېغىزى، ئاق قەنت ھەربىرى ئىككى گىرامدىن. بۇلارنى سوقۇپ تاسقاپ، ئىسپىغۇل لۇئابىدا يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب ياسىلىدۇ ۋە بىر دانە ھەب شۈمۈلىدۇ، ئەگەر ئۇ ئېرىپ تۈگىسە، يەنە بىر ھەب ئېغىزغا سېلىنىدۇ، كىچىك بالىلارغا بىر ھەبنى ھەسەلدە ئېزىپ، كۈندە ئۈچ تۆت قېتىم يېگۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپى كاكرا سەنگمۇ بۇ كېسەللىككە ناھايىتى ماس كېلىدۇ ۋە پايدىلىق. چالا قورۇلغان كاكرا سەنگى، يېرىم سارغايتىلغان زەنجىۋىل، پىلپىل ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، ھەممە دورىلارنى سۇقۇپ، تاسقاپ سوفۇپ تەييارلىنىدۇ ۋە بۇ سۇفۇپتىن 0.12 گىرامنى 12 گىرام ھەسەل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يالىتىلىدۇ. بۇ بىر قېتىملىق يېيىش مىقدارى بولىدۇ، كۈندە بىر نەچچە قېتىم يالىتىش لازىم.

داۋائى مۇز بۇ بىر خىل چىلغوزا شەكىللىك قىزىل رەڭلىك مېۋە بولۇپ، بۇ ئوردۇ تىلىدا كەبۇتەر دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن بىر دانە ئېلىپ كوزىغا سېلىپ گىل ھېكمەت قىلغاندىن كېيىن 15 ~ 20 كىلوگىرام تېرەك كۈلىگە قويۇلىدۇ. سوۋۇغاندا ئېچىپ، تازىلاپ سوقۇپ بىر - ئىككى گىرام ئېلىپ، 12 گىرام ھەسەل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۈندە تۆت قېتىم يالىتىلىدۇ، بۇ ھەكىم ئەختەر ھاشىمنىڭ تەجرىبىسىدۇر.

تاتلىق ئانارنى يېگۈزۈش كۆكيۆتەل ئۈچۈن پايدىلىق. بالىغا ھەر كۈنى 250 ~ 500 گىرامغىچە ئانار يېگۈزۈش لازىم.

سىل

ئاتىلىشى سىلنىڭ مەنىسى ئورۇقلاشتۇر، بۇ كېسەللىكنى سىل دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئورۇقلاش چوقۇم بولىدۇ ياكى سىلنىڭ مەنىسى نومۇس قىلىش دېگەن بولىدۇ. چۈنكى بىمار قول - پۇتلىرىنىڭ ئورۇقلىشىدىن نومۇس قىلىدۇ. سىل يەنە يالىڭاچلانغان قىلىچ، سۇغىرىلغان قىلىچ دەپمۇ ئاتالغان.

سىلنى تونۇش سىل ئۆپكىنىڭ خاس جاراھىتى بولۇپ، بۇ مەخسۇس ماددىدىن پەيدا بولىدۇ.

سىلنىڭ مەنىلىرى كۆپىنچە ۋاقىتتا تۈۋەن قىزىتما بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قەرشى دېگەن ھۆكۈما ئۆپكە زەخمىسى بىلەن ئورۇقلاشنىڭ قوشۇلۇپ كەلگىنىنى سىل دەپ ئاتىغان.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا «سىل» دېگەن بۇ ئىسىمنى قىزىتما بولمىغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلەتكەن. ئۆپكە قويۇق، چاپلاشقاق نەزلىلەرنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلانغان بولىدۇ. بۇ ھەمىشە بۇنىڭغا قويۇلۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى تارايتىپ قويىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نەپەس قىستاش ۋە قاتتىق يۆتەل بولىدۇ، بۇ كېسەللىك كۈچنى خورىتىپ، بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ.

كۆپىنچە كىشىلەر ئۆپكە ۋە كۆكرەكتە يىغىلغان يىرىڭنى سىل دەپ ئاتىغان.

سىل ماددىسى سىل ماددىسى ئۆپكىنىڭ ئىككى قانىتىغا تەسىر قىلغىنىدەك، باشقا ئەزالارغىمۇ تەسىر قىلىپ ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەبۇل ھەسەن تىبرى دېگەن ئالىم چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۆرەك ئىششىقى، چوڭ ـ كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق، ئاقما ۋە باشقا كۆپ كېسەللىكلەر سىل ماددىسىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ ماددا ئەگەر شۇ ئەزالاردىن ئۆپكە تەرەپكە يۆتكەلگەن بولسا، ئۆپكىدە سىل جاراھىتى پەيدا بولىدۇ.»

سىل كېسەللىكىدىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرى بىلەن ئۆپكە يارىسىدىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرى ئوخشاش بولىدۇ.

«مۇئالىجاتى بۇقراتىيە» دېگەن كىتابتا يېزىلغانكى، سىل ماددىسىدىن ئادەتتە سول ئۆپكىنىڭ بۆلۈكى كېسەللىنىدۇ، بۇ ماددىدىن بۇزۇلۇش بىلەن دەسلەپتە كىچىك ـ كىچىك، بىر قەدەر قاتتىق ئەسۋە شەكىللىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۆپكىگە تۇتاش تەركىبلەردە يەڭگىل ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىششىغان قىسمى يۇمشاپ، ئۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەخسۇس مۇدۇر چاقىمۇ يۇمشايدۇ، بۇزۇلۇپ بەلغەم بىلەن يىرىڭ شەكلىدە چىقىدۇ، بۇ ئەسۋىلەر ۋە ئۆپكىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن ئۆپكىدە چوڭ ـ كىچىك ھۇررەك پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا يىرىڭ ۋە بەلغەم بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا بۇ ھۇررەكلەرنىڭ دىۋارى بىرى يەنە بىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، بۇ تالالىق تۈزۈلۈشتىن بۇ ھۇررەك توسۇلىدۇ ۋە ساقىيىدۇ، لېكىن ئادەتتە بۇ ھۇررەكلەر چوڭقۇرلاپ ماڭىدۇ ۋە ئاخىرىدا پۈتۈن ئۆپكە بۇزۇلىدۇ، بەزى ۋاقىتتا بۇ سىل ماددىلىرى يۇمشاش ۋە يىرىڭ شەكىللىنىشنىڭ ئورنىغا بەك قاتتىق بولۇپ كېتىدۇ، ئۆپكىنىڭ ئىچىدە تاشلارغا ئۆزگىرىدۇ، ئۇ تاشلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بەزىدە كېسەللىك ساقىيىدۇ، بەزىدە ئۆپكىدە زەخىم پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ زەخىم بەزى ۋاقىتتا ئۆپكە ئىششىقى، كۆكرەك پەردە ئىششىقى، قان تۈكۈرۈش، سوزۇلما زۇكام، نەزلە ياكى كونا يۆتەلدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك ئاتا ـ ئانىدىن بالىلىرىغا ئىرسىيەت قالىدۇ، تەبىئەت كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى

بۇ كېسەللىكنىڭ بېشارەتلىك سەۋەبلىرىدۇر. بۇ كېسەللىك ئۇچۇن ياش ۋە جىنسنىڭ بىرەر ئايرىمىسى بولمايدۇ، لېكىن ياشلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ، يېزىلارغا نىسبەتەن شەھەرلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. قاراڭغۇ، تار ئۆي ۋە بۇزۇق ھاۋا شۇنداقلا ساقلىقنى ساقلاش قانۇنلىرىغا رىئايە قىلماسلىق بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. بۇ كېسەللىك ئېرىدىن ئايالغا، ئايالدىن ئېرىغا يۇقىدۇ.

ئالامىتى بۇ زەخىمدە تۆۋەن قىزىتما ھەر دائىم بولىدۇ. بۇ پۈتۈن ئالامەتلەردە خوراتقۇچى قىزىتمىغا ئوخشايدۇ، مەسىلەن: غىزا يېگەندىن كېيىن ۋە كەچتە ئالامىتى ئېغىر بولىدۇ. يۆتەل بىلەن قان ۋە يىرىڭ چىقىدۇ.

يىرىڭ ۋە بەلغەمدىكى پەرق يىرىڭ ۋە بەلغەم تۆۋەندىكىلەر ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ:

1. يىرىڭنى كۆيدۈرگەندە سېسىق پۇراق كېلىدۇ. بەزى ۋاقىتتا سىلنىڭ يىرىڭىدا بىر خىل بۇزۇلۇش بولىدۇكى، تۈكۈرگەن ۋاقىتتىلا سېزىلىدۇ.
2. بەلغەمنى سۇغا سالسا ئازراق مەزگىلدىن كېيىن سۇ تېگىگە يىرىڭ چۆكىدۇ.
3. بەزى ۋاقىتتا يىرىڭ بىلەن قانمۇ چىقىدۇ.
4. بەزى ۋاقىتتا يىرىڭ بىلەن قۇرۇق تالالارمۇ چىقىدۇ، يەنى جاراھەت ئورنىنىڭ قاقاچلىرى ئاجراپ چىقىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە بەلغەمدە بۇزۇلۇش بولمايدۇ. سۇغا سالغاندا بەلغەم سۇغا چۆكمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قان ۋە جاراھەت قاسىرىقى بولمايدۇ.

سىلنىڭ ئالامەتلىرىدە ئۆپكە ئىششىقىدەك مەڭزىدە قىزىللىق بولىدۇ، بۇ خىل قىزىللىق ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما قىزىللىقى دېيىلىدۇ.

سىلنىڭ باشلىنىشىدا ئۆپكىنىڭ تۈزۈلۈشىدە يىرىڭ بولمايدۇ، بەلكى بۇنىڭ تۈزۈلۈشىدە سىل ماددىسى بىلەن قاتتىقلىق ۋە ئىششىق بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ئاستا - ئاستا ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭغا دىياگنوز قويۇش ناھايىتى قىيىن بولۇپ، بىمارنى ئىنچىكە كۆزەتكەندىمۇ جەزم قىلغىلى بولمايدۇ.

دەسلەپكى باسقۇچتا بىمار يۆتىلىدۇ، بولۇپمۇ يۆتەل تاماق يېگەندىن كېيىن، كەچتە ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا ۋە ئەتىگەندە قاتتىق بولىدۇ. دەسلەپتە قۇرۇق يۆتەل بولىدۇ. لېكىن بەزىدە بىرئاز قان ئارىلاشقان چاپلاشقاق بەلغەم چىقىدۇ، بەزىدە يېرىم كىلوگىرامغىچە قان چىقىدۇ. بىمار ئاجىزلايدۇ، ئادەتتىكى ئىش قىلىش ۋە بىر نەچچە قەدەم مېڭىشتىن نەپەس قىستايدۇ، ھەزىم قۇۋۋىتى بۇزۇلىدۇ، مايلىق غىزالاردىن سەسكىنىدۇ. بەدەن رەڭگى سېرىققا مايىل بولۇپ

قالىدۇ. تومۇرى يۇمشاق، تېز سوقىدۇ. چۈشتىن كېيىن بەدەن ھارارىتى بىرئاز ئۆرلەيدۇ، كېچىدە سوغۇق تەرلەش بىلەن چاچلىرى ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. چىش مىلىكىدە قىزىل سىزىقچىلار كۆرۈنىدۇ.

بۇ دەرىجىدە تۈكۈرگەندە ئوقۇرەك سۆڭەك ئۈستى ياكى ئاستى تەرەپتىن، ئاغرىغان تەرەپتىن تاس قىلغان ئاۋۇش ئاڭلىنىدۇ. شۇ جايغا قولنى قويۇپ بىمارنى سۆزلەتسە تىترەش ئادەتتىكىدىن زىيادە سېزىلىدۇ. نەپەس ئالغاندا ئاغرىغان تەرەپ ئانچە كېڭەيمەيدۇ ۋە نەپەسنىڭ تىڭشىغاندىكى ئاۋۇشى ئاجىز ئاڭلىنىدۇ. ئەگەر سىل ماددىسىدىن ئۆپكىدە يىرىڭ بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ بايانى. بۇنى بەزى كىشىلەر ئىككىنچى دەرىجە دەيدۇ. بۇ ھالەتتە ئورۇقلاش ۋە ئاجىزلاش ناھايىتى زىيادە بولىدۇ. ئەتىگەندە يۆتەلگەندە كۆپ مىقداردا يىرىڭ ئارىلاش بەلغەم چىقىدۇ. بۇنىڭ رەڭگى كۆككە مايىل سېرىق بولىدۇ. كېسەللىك باشلانغان دەسلەپكى كۈنلەردە، قىزىتما دائىم ئۆرلەپ ھەم چۈشۈپ تۇرىدۇ، تاماق يېگەندىن كېيىن ئىككى سائەتكىچە جۇغ - جۇغ بىلەن قىزىتما ئۆرلەيدۇ. تومۇرى بەك تېز سوقىدۇ، يېرىم كېچىدىن كېيىن تەرلەپ يەڭگىل قىزىيدۇ. كۆپىنچە بەدەننىڭ يۇقىرىقى قىسمى تەرلەيدۇ، قول پۇتلىرى جانسىز بولىدۇ، ئىشتىھا تۇتۇلىدۇ، كۆزى روشەن، پارقىراق بولىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ تېنى ئاجىزلاپ كەتسە ۋە يۇقىرىقى ئالامەتلەر ئېغىرلاشسا، ئۇ سىلنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا يۆتەل ئېغىر بولىدۇ. بەلغەم بىلەن يىرىڭ كۆپ چىقىدۇ، ئۆپكىدە چوڭ چوڭ زەخىم شەكىللىنىدۇ. كەچتە قىزىتما ئۆرلەيدۇ ۋە كېچىنىڭ ئاخىرى ياكى ئەتىگەندە بىمار كۆپلەپ تەرلەپ، پۈتۈن بەدىنى ۋە كۆرپىسى ھۆل بولۇپ كېتىدۇ.

بىمارنىڭ قۇۋۋىتى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ ۋە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ، تىرنىقى ئاق، يۇمىلاق بولىدۇ، چېچى چۈشىدۇ ۋە ئىچى سۈرىدۇ، قول - پۇتلىرى ئېسىلىدۇ، گەرچە بىمار ئۆلۈمگە يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن شىپا تېپىش ئۈمىدى بولىدۇ. ئەس - ھوشى ئۆلۈپ قالغۇچە جايىدا بولىدۇ، بەزى بىمارلاردا ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى قول پۇتلىرىدا تەشەننۇج، بەلدە ئاغرىق ۋە نەپەس قىستاش بولىدۇ.

ساقلىنىش چارىلىرى بۇ كېسەللىكنىڭ ئاجىزلاشتىن پەيدا بولۇش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ساقلىق ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى كۆرسەتمىلەرگە ئەمەل قىلىش لازىم:

1. قولنى يۇيۇپ ۋە ئېغىزنى چايقاپ تاماق يېيىش.
2. يېمەك ئىچمىكى ھەمىشە نورمال بولۇش.
3. ئاسان ھەزىم بولىدىغان، كۈچلۈك غىزالارنى، سۈت، سېرىقماي، قايماقلىق

يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش.

4. كالا سۈتىنى قايىنىتىپ ئىستېمال قىلىش.
5. داۋاملىق گۆشنى ئوبدان، يۇمشاق پىشۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.
6. ئەگەر ئانا بالا ئېمىتىۋاتقان بولسا، بالىنى ئېمىتمەسلىك.
7. سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بىمارلارنىڭ قاچىسىنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش.
8. ھاراق، نەشىگە ئوخشاش نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىش.
9. تاماكا چەكمەسلىك كېرەك.

بىمارنىڭ تۇرىدىغان ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم كۆرسەتمىلەر شۇكى، بىمارنى يورۇق، ئازادە، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئورۇندا ئارام ئالدۇرۇش، چاڭ - توزان ۋە ئاپتاپتىن ساقلاش، ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىش، بىر ياتاقتا كۆپ ئادەم ئۇخلىماسلىق، دېرىزە ۋە يورۇقلۇق ئۆتكۈزگۈچى نەرسىلەرنى ئېتىپ قويماسلىق لازىم.

دەرد - ئەلەم، غەم - ئەندىشىدىن ئازادە بولۇش لازىم.

جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قىلىش، يېشى كىچىك تۇرۇپ توي قىلىش بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ.

ئېغىر جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەك بۇ كېسەللىككە بەك زىيانلىق، يەڭگىل چېنىقىش پايدىلىق.

سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنى ساغلام كىشىلەردىن مۇمكىنقەدەر ئايرىۋېتىش، بەلغەم ۋە تۈكۈرۈكنى مەخسۇس بىر قاچىغا يىغىپ بىر تەرەپ قىلىش، كىيىم - كېچەك ۋە يوتقان - كۆرپە كىرلىكلىرىنى قايناق سۇدا مىكروبسىزلاندۇرۇپ ئىشلىتىش لازىم.

داۋالاش ئەگەر بىرەر توسالغۇ بولمىسا دەسلەپتە ئاغرىق تەرەپنىڭ باسلىق تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ، گال ئاغرىش سېزىمى بولىدۇ، خوراتقۇچى قىزىتما بىلەن ئۇفۇنەتلىك قىزىتما بولمىغان ھەمدە ئاشقازان ئاجىزلاپ كەتمىگەن شەرت ئاستىدا ئېشەك سۈتى، ئانا سۈتى ۋە ئۆچكىنىڭ سۈتى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا سۈت بۇ ھالەتتە قىزىتمىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ ھەمدە ئاشقازاندا بۇزۇلۇش ۋە چۈچۈمەللىك پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

بارلىق سۈتلەر سىل بىمارلىرى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق، لېكىن سېغىپلا ئىسسىق - ئىسسىق ئىچكۈزۈش كېرەك، چۈنكى سۈتنىڭ قۇۋۋىتى تېزلا ئۆزگىرىدۇ، ئەگەر ئەمچەكتىن بىۋاستە ئېمىپ ئىچىش مۇمكىن بولسا، بۇ ئىنتايىن ياخشى.

دېڭىز قىسقۇچپاقىسى بىلەن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنى تەييارلاشنىڭ ئۇسۇلى: قىسقۇچپاقىنى تىرىك تۇتۇپ، ئۇنىڭ قول - پۇتلىرى كېسىۋېتىلىدۇ، ئاندىن كۆل ۋە تۇز سۈيى

بىلەن يۇيۇپ، ئۇنىڭدىكى چاپلاشقاق ۋە بۇزۇق نەرسىلەر تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارپىنى سۇدا ئېزىپ ۋە سىقىپ، قىسقۇچپاقا بىلەن يەڭگىل ئوتتا پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

قالغان داۋالاش ئۇسۇللىرى كىتابنىڭ ئاخىرىدا تەپنىڭ بايانىدا كېلىدۇ. زەخمىنى داۋالاشتا زەرداب سۇ ۋە يىرىڭنى تازىلايدىغان، يۆتەلنى پەسەيتىدىغان، زەخمىنى پۈتتۈرىدىغان، يەنى زەخمىنى قۇرۇتقۇچى ئۆتكۈر بولمىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى پۈتۈن زەخمىنىڭ ئىلاجى زەخمىنى قۇرۇتۇشتۇر.

سىل كېسىلىنى داۋالاشنىڭ قىيىنلىقى بەزى تېۋىپلار سىل كېسىلىنى داۋالىغىلى بولمايدۇ، دېگەندۇر.

جالىنۇس بۇ كېسەللىكنى داۋالىغىلى بولمايدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە ھۆججەت كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىن بىر ھۆججەت شۇكى، ئۆپكە ھەر ۋاقىت قىسقىراپ - كېڭىيىپ تۇرىدۇ. زەخمىنىڭ پۈتۈشى ئۈچۈن ئارام ئېلىش زۆرۈر بولىدۇ، تاكى زەخمىنىڭ لەۋلىرى ئۆزئارا بىرلەشكۈچە (نەفىيس).

ئۇنىڭدىن باشقا سىل كېسىلىنىڭ مەخسۇس ماددىسىدىنمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. ئۇ، كېسەللىكنىڭ ساقىيىشىنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ، بۇنىڭ زىيانلىق ماددىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش سۈرئىتى ئاستا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېسەللىك ماددىسى بۇ كېسەللىكنىڭ ساقىيىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر يۆتىلىش بىلەن قان كەلسە، بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، خۇنسىياۋشان، كۆشتە قىلىنغان بىخ مارجان، رۇببىسۇس، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا ھەربىرى بىر گىرامدىن بۇلارنى يۇمشاق ئېزىپ 24 گىرام خېمىرى خەشخاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىككىگە بۆلۈپ، ئەتىگەندە بىر بۆلىكى، كەچتە بىر بۆلىكى يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گىرام، چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا كۆيدۈرۈلگەن سەرتان 0.24 گىرام، رۇببىسۇس، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، تاباشىر، لاچىندانە، بېلىق مېيى، ئازغان مونچىقى جەۋھىرى، قۇم كەھرىۋا ھەربىرى 0.5 گىرامدىن. بۇلارنى ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، 24 گىرام شەربىتى خەشخاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يالىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنلا مەزكۇر قايناتما ئىچكۈزۈلىدۇ. بېلىق مېيى نۇسخىسى: سىل كېسىلى ئۈچۈن پايدىلىق. بېلىق مېيى ئىككى گىرام، ناۋات 24 گىرام قاتارلىقلارنى 120 گىرام

سۈتتە قايىنتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

داۋائى كىبرىت سىل ۋە قان تۈكۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. گۈڭگۈرت سېرىقى، تازىلانغان ئامىلە قاتارلىقلارنى بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، 12 گىرام ئەئجاز شەربىتى ياكى 24 گىرام خېمىرى خەشخاش ياكى 24 گىرام لۇئوقى سەرپىستان بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

داۋائى خىرپە نۇشدارى ئەگەر كۆپ مىقداردا قان كېلىۋاتقان بولسا، بۇ نۇسخا پايدىلىق.

نۇسخا تۇخۇمى خىرپەدىن ئىككى گىرام، نۆشۈدۈردىن ئىككى گىرامنى گىل مىلتان لېيىغا ئارىلاشتۇرۇپ پاچىك دەشتىنىڭ چوغىدا بىر سائەت قويۇپ، ئاندىن چىقىرىپ 0.72 گىرامدىن ئېلىپ، 12 گىرام ئەنجبار شەربىتى بىلەن قوشۇپ يالىتىلىدۇ.

ئەگەر ئىچ سۈرۈش بولسا قۇرسى تاباشىر كافۇرى بەش گىرام، ھەببۇلئاس شەربىتى 24 گىرام ياكى خەشخاش شەربىتى 24 گىرام قاتارلىقلار مۇرەككەپ قىلىپ بېرىلىدۇ.

بەزى پايدىلىق مۇرەككەپ دورىلار: شەربىتى پەريادەرەس، شەربىتى ئەئجاز، قۇرسى سەرتان، ساددە كافۇرى، قۇرسى كافۇر، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلار.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا بۇ كېسەللىككە گۈلقەنتنى كۆپ بېرىش مۇجەررەپتۇر دېگەندۇر.

ئۇزۇقلاندۇرۇش، پەرھىز ۋە مۇناسىپ كۆرسەتمىلەر سىل بىمارلىرىنى ئۇزۇقلاندۇرۇشتا ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ئۇزۇقلۇقى يۇقىرى، كۈچلۈك غىزالار بېرىلىدۇ، سۈتنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقلىقى سۆزلەنگەندۇر. بۇنىڭدىن ئېشەك سۈتى ۋە ئانا سۈتى ئىنتايىن پايدىلىق، ئۇنىڭدىن باشقا كالىنىڭ ۋە ئۆچكىنىڭ سۈتىنى قايىنتىپ ئىچكۈزسە بولىدۇ. شۇنىڭدەك ياخشى غىزالاردىن تۇخۇم شورپىسى، ئارپا ئېشى، سەرتان، ئۆچكە ياكى قوي گۆشى ياكى چۈجە گۆشى شورپىسى، قېتىق سۈزمىسى، بادام شورپىسى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ھاۋا، ئورۇن ۋە باشقىلارغا ئالاقىدار ئۇسۇل چارىلەر سىل بىمارلىرى ئۈچۈن پايدىلىق. سەيلە قىلدۇرۇش، كۆڭلىنى كۆتۈرۈش، ھاۋا ۋە سۇيىنى ئالماشتۇرۇش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق. دېڭىز سەپىرى، دېڭىز سەيلىسى، ئېگىز تاغلار ۋە دېڭىز ساھىلى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھاۋا ۋە سۇيىمۇ پايدىلىق. سىل بىمارلىرى ئۈچۈن بەزىدە تاغلارغا، ھاۋاسى ۋە سۇيى ياخشى بولغان ئورۇنلارغا شىپاخانا سېلىپ بېرىش لازىم. سىل بىمارلىرى ئۈچۈن دورىدىنمۇ ئىنتايىن مۇھىم نەرسە ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە ياخشى رىئايە قىلىشتۇر.

يىرىڭ تۆكۈرۈش

بەزىدە بەدىنىدە ھارارەت يۇقىرى بولماي تۇرۇپ، قويۇق يىرىڭ ئېغىزدىن چىقىدۇ، بۇ بەزىدە ئۆپكىدىن، بەزىدە كۆكرەكتىن چىقىدۇ.

كۆكرەكتىن يىرىڭ چىقىشتىن بۇرۇن كۆكرەكتە ئاغرىق ۋە چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق بولغان بولىدۇ.

داۋالاش زۇپا، ئەنجۈر، ھاشا، بىخسۇس، گۈلسەۋسەن يىلتىزى ۋە شۇمشا قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ، كۆكرەككە يىرىڭنى سۇيۇلدۇرغۇچى سۇيۇق تىلالار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: ھۆل زۇپا، بەھروزە، تەنكار تالقىنى، شۇمشا، تۇخۇمى ئۇتىنىگىن (بىر خىل تىكەنلىك دەرەخ ئۇرۇقى)، پىرسىياۋشان، بابۇنە يېغى، غار يېغى، توخۇ يېغى ۋە ھەسەل قاتارلىقلار چېپىلىدۇ. مۇرمەككى، مىئەسائىلە، زىراۋەندە، كۇندۇر، زەرنىخ قاتارلىقلار گالغا پۈركۈلىدۇ. ئاندىن يىرىڭنى تازىلىغۇچى ھەبلەر بىلەن تازىلىنىدۇ، مەسىلەن: زىغىر، چىلغوزا، چىگىت مېغىزى، شۇمشا، رۇببىسۇس، بىخ سەۋسەن قاتارلىقلارنى ھەسەلدە يۇغۇرۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

كۆكرەككە يىرىڭ يىغىلىش

بۇنىڭ سەۋەبى كۆكرەكتە پەيدا بولغان يىرىڭلىق ئىششىق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ يېرىلىشى بىلەن يىرىڭ كۆكرەك بوشلۇقىدا ئىككى تەرەپ ياكى پەقەت بىر تەرەپكە يىغىلىدۇ. بۇ ئېغىز يولى بىلەن چىقمايدۇ.

يىرىڭلىق ئىششىقتا بۇنىڭ ئىچى ئىششىق ماددىسى ئۈچۈن بىر بوشلۇق پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ كۈچىدە يىرىڭ شەكىللىنىش زۆرۈر بولىدۇ.

تەبەرى دېگەن ھۆكۈمانىڭ دېيىشىچە، دۇبەيلە دېگەن پارسچە سۆز بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى يىرىڭنىڭ ئىككى كىچىك خالتىسى دېگەنلىك بولىدۇ (نەفىيس).

كۆكرەك بوشلۇقى كۆكرەك ۋە ئۆپكە ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ كېسەللىك كۆپىنچە ۋاقىتتا سوزۇلما كۆكرەك پەردە ئىششىقىدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. يەرلىك ئورۇن ئىششىشتىن يىرىڭ پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى كۆكرەكتە ئېغىرلىق ۋە ئاغرىق بولىدۇ. قۇرۇق يۆتەل بولىدۇ. چوڭ - چوڭ نەپەس ئالىدۇ. خوراتقۇچى قىزىتما بىلەن بىرگە كېلىدۇ. قىسقىسى، بىمارنىڭ پۈتۈن ئەگەشمە

ئالامەتلىرىدە سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىغۇچىنىڭ ئەھۋالى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ سىل كېسىلى قاتارىدىن سانىلىدۇ.

كۆكرەكنى تەكشۈرۈش يىرىڭ قايسى تەرەپتە بولسا شۇ ئورۇندا ئاغرىق، ئېغىرلىق، تارتىشىش ۋە كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ.

ئاغرىق ۋە باشقىلارنى ئېنىقلاشتا بىمارنى بەزىدە ئوڭ يېنىچە، بەزىدە سول - يېنىچە ياتقۇزغاندا قەيەردە ئېغىرلىق، تارتىشىش مەلۇم بولسا، بۇنى يىرىڭ پەيدا بولغان ئورۇن دەپ چۈشىنىش لازىم.

كۆيۈشۈشنى ئېنىقلاشتا كۆكرەككە سۇغا چىلانغان زىغىر رەخت ياكى مەخمەل رەخت يېپىلىدۇ، يېپىلغان رەختنىڭ قايسى يېرى قۇرۇسا، شۇ ئورۇندا كۆيۈشۈش بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن قايسى تەرەپتە يىرىڭ بولسا، شۇ يەردە يىرىڭنىڭ داۋالغۇشى سېزىلىدۇ.

داۋالاش يىرىڭنى لەتىفلەشتۈرۈش ۋە سۇيۇلدۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، تاكى ئۇ نامەلۇم شەكىلدە تارقىلىپ كەتسۇن. بۇ مەقسەت ئۈچۈن زۇپا، ئەنجۈر، سەرپىستان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم قاتارلىقلارنى قاينىتىپ بادام يېغى، كەتىرا، ناۋات قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئاندىن سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى بېرىپ سۈيدۈكى راۋان قىلىنىدۇ.

بەزىدە كۆكرەكتىكى يىرىڭلىغان ئورۇن ئۈستىگە ئىنچىكە داغلىغۇچى سايمان بىلەن كىچىك - كىچىك داغ سېلىنىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكتە تۆۋەندىكى ئاقىۋەتلەردىن بىرى بولىدۇ:

1. يىرىڭنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن بىمار بوغۇلۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، نەپەس قىستايدۇ، بەلغەم ۋە باشقا نەرسە چىقمايدۇ.

2. ئۆپكە بۇزۇلىدۇ ۋە ئاخىرىدا سىل بولىدۇ، بۇنىڭ ئالامىتى ئىششىق يېرىلىش بىلەن 40 كۈنگىچە يىرىڭ تازىلىنىپ بولالمايدۇ.

3. كۆكرەكتىكى يىرىڭ چوڭ - كىچىك تەرەت بىلەن چىقىدۇ. بۇ خىل ھالەت شۇكى، يىرىڭ كېرىگەتنى بىر ئورۇندىن بۇزۇپ تۆشۈك پەيدا قىلىدۇ، كېرىگەت بىلەن بۆرەك، ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالار بىرلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۆشۈك بەزىدە تۇتاشقان ئەزالاردا بولىدۇ، يىرىڭ سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەت يولىدىن چىقىدۇ، ئەگەر بۇ يىرىڭ ئۆپكىنى جاراھەتلەندۈرۈپ قويغان بولسا، ئېغىزدىن چىقىدۇ، يەنى يىرىڭ تۈكۈرىدۇ.

ئۇنىڭ روشەن ئىپادىسى شۇكى، ئىششىق سەۋەبىدىن ئىششىغان ئورۇننىڭ يۈزىدە بىر خىل سىرغىما سۇيۇقلۇق سىرغىپ چىقىشقا باشلايدۇ ۋە باشقا يەنە بىر يۈزى ئەگەر بۇنىڭ بىلەن

تۇتاشقان بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئىششىقتىن كېيىن بۇ قىسمىدىكى ھۆللۈك ئاقىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئىككى يۈز ئارىلىقىدا بۇ ھۆللۈك تالالىرىغا يۆتكىلىپ ئىككىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ تۈرنىڭ پائالىيىتى سىرتقى ئەزالىرىنىڭ كۆيگەن يۈزىدە بولىدۇ، مەسىلەن: ئىككى بارماق ئوتتۇرىسى كۆيگەن بولسا، قارىمۇقارشى يۈز ئۆزئارا چاپلىشىپ قالىدۇ - دە، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىككى بارماق بىرلىشىپ قالىدۇ.

يەرلىك ئورۇندا كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى ئىششىق سەۋەبىدىن كېرىگەتنىڭ ئۈستۈنكى يۈزى بىلەن ئۆپكە چاپلىشىپ قالىدۇ. تۆۋەنكى يۈزى بىلەن ئاشقازان، جىگەر ۋە بۆرەك چاپلىشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆكرەك ۋە ئۆپكىنىڭ يىرىڭى ئاقما شەكلىدە كېرىگەتنى تېشىپ، ئۇ ئەزاغىچە يول پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆكرەكنىڭ يىرىڭى ئۆپكە، ئاشقازان، ئۈچەي ۋە بۆرەككىچە يېتىپ بارىدۇ، بۇ ئەزالار ئۇنى سىرتقى تەرەپكە چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكرەك يىرىڭى بەزى ۋاقىتتا ئېغىزدىن چىقىدۇ. بەزى ۋاقىتتا چوڭ تەرەت، قۇسۇق ۋە سۈيدۈكتىن كېلىدۇ.

تەبەرى دېگەن ھۆكۈما رېي پادىشاھىنىڭ داۋالاش ھېكايىسىنى بايان قىلغان: «بىر ياشانغان ئادەم بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان ئىدى، لېكىن جالىنۇسنىڭ كىتابىنى ئاز كۆرگەن ئىدى. ئۇنىڭ يىغلاپ پەرياد قىلىشىدىن كۆكرەكتىكى يىرىڭ ئېغىزىدىن ھەم سۈيدۈكىدىنمۇ كېلەتتى. مەن جالىنۇسنىڭ بۇ بايانىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىدا قويدۇم، بۇنىڭدىن ئۇ تەسكىن تاپتى ۋە بۇ كېسەللىكتىن پۈتۈنلەي شىپا تاپتى».

4. يىرىڭ تەدرىجىي تارقايدۇ، قىزىتما پەسىيىدۇ، ئىشتىھا ياخشىلىنىدۇ. بەلغەم ۋە نەپەس ئاسانلىق بىلەن چىقىدۇ، ئاخىرىدا ساقىيىپ كېتىدۇ.

5. ئەگەر بۇ كېسەللىك كونىرىغان بولسا قول - پۇتلىرى ئېسىلىدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ ۋە سىل مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش باشلىنىدۇ. قىسقىسى، سىلنىڭ پۈتۈن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

كۆكرەك پەردە ئىششىقى

كۆكرەك پەردە ئىششىقى خالىس ياكى ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ئىششىقىدۇر. بۇ ئىششىق كۆكرەكنىڭ پەردىسىدە بولىدۇ. بۇ، قوۋۇرغىلارنىڭ ئىچى ۋە كېرىگەتنىڭ يۇقىرىقى يۈز پەردىسىنى ئەستەرلەپ تۇرىدۇ. بۇ پەردىنىڭ نامى ئۆپكە پەردىسى، كۆكرەك پەردىسى ۋە قوۋۇرغا پەردىسى قاتارلىقلاردۇر.

بۇ ئىششىقنىڭ نامى بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، كۆكرەك پەردە ئىششىقى خالىس كۆكرەك پەردە ئىششىقىدۇر ۋە بەزىلەرنىڭ كۆزقارىشىدا ئۇششاق قوۋۇرغا پەردە ئىششىقىدۇر.

ئايرىپ تۇرغۇچى كېرىگەت مۇسكۇل پەردە بولۇپ، بۇ ھەزىم ئەزالىرى، نەپەس ئەزالىرى ئارىلىقىدىكى توسۇقتىن ئىبارەت.

بۇ ئىششىق بەزىدە ئوڭ تەرەپتە، بەزىدە سول تەرەپتە ۋە بەزىدە ھەر ئىككى تەرەپتە بولىدۇ.

تونۇش كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە ئۆپكە پەردىسى قېلىنلايدۇ ۋە قىزىرىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ پارقىراقلىقى يوقايدۇ. ئۇنىڭ ئىككى يۈزىدە قان زەردابى ئۇيۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن بۇ پەردە يىرىكلەپ قالىدۇ، قان يىغىلىش سەۋەبىدىن غىلاپ ئىچىدىكى يىغىلغان قاندىن قان زەردابى سىرغىپ چىقىدۇ، ئەگەر بىمار ساقايسا قان زەردابى سۈمۈرۈلۈپ كېتىدۇ. غىلاپنىڭ ئىككى يۈزىنىڭ بەزى ئورۇنلىرى ئۆزئارا چاپلىشىپ قالىدۇ. بەزىدە قان سۇيۇقلۇقى سۈمۈرۈلۈپ كېتىشنىڭ ئورنىغا ئۇ جايدا يىرىڭ پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

سەۋەبى سوغۇق ئۆتۈش، ئۇرۇلۇش، يىقىلىپ چۈشۈش، ئۆپكە كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: ئۆپكە ئىششىقى، ئۆپكە قاراسان (گانگرېنا) كېسىلى، ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقى، ئۆسمە، يۇقۇملۇق قىزىتمىلار، مەسىلەن: چېچەك، قىزىل، قىزارتقۇچى قىزىتما، يۇقۇملۇق زۇكام، سىل، ئىسسىقتىن بولغان ۋەجئۇل مۇپاسىل، ئىسسىقتىن بولغان بۆرەك ئىششىقى، نىپاستىن بولغان قىزىتما قاتارلىقلار ئۇنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئالامىتى دائىم قىزىيدۇ. قوۋۇرغىلارنىڭ ئاستىدا سانجىلىپ ئاغرىش سېزىمى بولىدۇ، بۇنىڭدا گەپلەشكەندە، يۆتەلگەندە، ئۇزۇن نەپەس ئالغاندا كۆكرەكتە ئاۋاز پەيدا بولىدۇ، نەپەس قىستاش، يۆتىلىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، تومۇرى ھەرە چىشىدەك سوقىدۇ.

نەپەس قىستاش شۇنىڭ ئۈچۈن بولىدۇكى، ئىششىق نەپەس يوللىرىنى بېسىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېرىگەتمۇ نەپەس ئەزالىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ.

ئۆپكە بۇ ئەزاغا يېقىن ۋە تۇتاش بولغانلىق سەۋەبىدىن كېسەللىك ماددىسى ئۆپكىگە سىرغىپ چىقىپ، ئەزىيەتلىنىپ يۆتەل پەيدا قىلىدۇ.

ئۆتكۈر كۆكرەك پەردە ئىششىقىنىڭ ئالامىتى باشلانغاندا بىر نەچچە قېتىم جۇغ - جۇغ بولۇش بىلەن يەڭگىل قىزىيدۇ، كۆكرەكتە ئېغىرلىق مەلۇم بولىدۇ. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن كۆكرەكتە خۇددى نەيزە سانجىلغاندەك قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. بۇ دەۋردە نەپەس ئېلىش، سۆزلىشىش، يۆتىلىش ۋە ئۆرۈلۈپ يېتىشتىن ئالامەتلەر ئېغىرلىشىدۇ، ئاخىرىدا بىمار ئاغرىقنىڭ قاتتىقلىقى سەۋەبىدىن كۆكرەكنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدۇ، بەلكى قورساقچە نەپەسلىنىدۇ. دەسلەپتە بىمارنى ئاغرىغان ئورۇن تەرەپكە ياتقۇزۇش بىلەن ئارام تاپىدۇ، لېكىن ئاخىرىدا ئانچە

پايدىسى بولمايدۇ. تىلىنى گەز باغلايدۇ، سۈيدۈكى قىزىل بولۇپ مىقدارى ئازىيىپ كېتىدۇ، چىرايى قىزىل بولىدۇ، تېرىسى ئىسسىق، قۇرغاق بولىدۇ، تومۇرى قاتتىق ۋە تېز سوقىدۇ، قىزىتما 102 ~ 103 دەرىجىدە تۇرىدۇ. تومۇرى مىنۇتىغا 90 ~ 120 قېتىمغىچە سوقىدۇ، نەپىسى مىنۇتىغا 30 ~ 35 كىچە بولىدۇ، بىمار قاتتىق ئاجىزلاپ كېتىدۇ ۋە قۇرۇق يۆتەل بولىدۇ.

ئەگەر بىمار ساقىيىشقا يۈزلەنسە ئۇنىڭ ئالامەتلىرىدە يەڭگىللەش بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا سوزۇلما ئۆپكە ئىششىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

سوزۇلما كۆكرەك پەردە ئىششىقىنىڭ ئالامىتى ئەگەر قان زەردابى سۈمۈرۈلمەي يىرىڭغا ئۆزگەرسە، قايتا ـ قايتا جۇغ جۇغ بىلەن قىزىتما بولىدۇ، تېرىسى قۇرۇق، ئىسسىق بولىدۇ، تومۇرى تېز، ئاجىز سوقىدۇ، بىمار ئاجىزلاپ، ئورۇقلاپ كېتىدۇ ۋە بەزىدە كۆكرەكنىڭ ئاغرىغان تەرىپى ئىششىپ قالىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئالامىتى خوراتقۇچى قىزىتمىنىڭ ئالامىتىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئومۇمىي ئالامىتى بىمار ئادەتتە ساق تەرىپىنى بېسىپ ياتىدۇ، ئۇسسايدۇ. ئومۇمەن قەۋزىيەت بولۇپ قالىدۇ، ئەگەر بىمارنىڭ كۆكرىكى چېكىپ تەكشۈرۈلسە، تەبىئىي تاۋۇشنىڭ ئورنىغا بوغۇق تاۋۇش ئاڭلىنىدۇ. كۆكرەككە قولنى قويۇپ بىمارنى ئازراق گەپ قىلدۇرغاندا قولغا ئۇنىڭ ئاۋازى تەبىئىي تىترەش ھالىتىدىن بىرئاز تۆۋەن مەلۇم بولىدۇ. ئاغرىغان تەرەپتە نەپەس تاۋۇشى تىڭشىغۇچنى قويۇپ تىڭشىغاندا ئاڭلىنىدىغان ئاۋازدىن ئاجىز ئاڭلىنىدۇ ياكى ئاڭلانمايدۇ. تىڭشىغۇچنى كۆكرەككە قويغاندىن كېيىن ئەگەر بىمار ئازراق سۆزلىسە، سۆز تاۋۇشى تەبىئىي تاۋۇشتىن كۈچلۈك مەلۇم بولىدۇ. كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا كۆكرەكتە سۈركىلىش تاۋۇشى نورمالسىز ئاڭلىنىدۇ.

ئەگەر ئىششىق سەۋەبىدىن زەرداب سۇ سىرغىپ چىققان بولسا، بۇ، كۆكرەك بوشلۇقىغا يىغىلىپ قالىدۇ. ئۆپكىنىڭ ھەجمى ئىمتىلا سەۋەبىدىن كىچىكلەپ كېتىدۇ ۋە بېسىلىدۇ. بۇنداق ھالەتتە تىڭشىغۇچنى كۆكرەككە قويغاندا ئۇ ئاۋاز سۇ بار جايغىچە ئاڭلىنىدۇ، سۇ بولمىغان جايدا ئاڭلانمايدۇ. چۈنكى يەنە بىر تەرەپ ئۆپكە زىيادە خىزمەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەرەپ نەپەس تاۋۇشىنى تىڭشىغۇچتا تىڭشىغاندا زىيادە تېز ئاڭلىنىدۇ. ئەگەر سۇ ئازراق بولسا بىمارنى تۇرغۇزۇپ، كۆكرەكنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىنى چەككەندە بوغۇق تاۋۇش ئاڭلىنىدۇ، لېكىن بىمار پۈكلىنىپ ياتسا، ئىلگىرىكى بوغۇق تاۋۇش ئاڭلانغان ئورۇندىن ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ. چۈنكى سۇ باشقا جايغا يۆتكىلىپ كېتىدۇ.

ئەگەر سول تەرەپ ئىششىش سەۋەبىدىن سول تەرەپكە سۇ يىغىلغان بولسا، سۇنىڭ

بېسىشىدىن يۈرەك بېسىلىپ، ئاستى تەرەپكە چۈشىدۇ، بۇنىڭغا ئۇنىڭ ھەرىكىتى گۇۋاھ بولىدۇ. ئەگەر ئوڭ تەرەپنىڭ ئىششىقى سەۋەبىدىن، ئۇ ئوڭ تەرەپكە سۇ يىغىلغان بولسا، سۇنىڭ بېسىمىدىن جىگەر بېسىلىپ، قوۋۇرغىلاردىن ئاستىغا چۈشىدۇ.

ئەگەر سۇ بىرلا تەرەپتە بولسا، ئاغرىغان تەرەپ نىسبەتەن چوڭ بولىدۇ ۋە نەپەسلەنگەن ۋاقىتتا ھەرىكەت ئازلايدۇ. كۆكرەك پۈلتىيىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش كۆكرەك پەردە ئىششىقى ئۆپكە ئىششىقى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، كۆكرەك مۇسكۇل ئاغرىقى، قوۋۇرغا ئارىلىق نېرۋا ئاغرىقى ۋە جىگەر چوڭىيىش بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ تۆۋەندىكى ئالامەتلەردىن پەرقلىنىدۇ:

ئۆپكە ئىششىقىدا دەسلەپتە جۈغ - جۈغ بىلەن ئۆتكۈر قىزىتما بولىدۇ. بۇ كۆكرەك پەردە ئىششىقىنىڭ قىزىتمىسىغا نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. يۆتىلىش بىلەن تۆمۈر دېتى رەڭ بەلغەم چىقىدۇ ۋە بىمارنىڭ چىرايى ناھايىتى سولغۇن كۆرۈنىدۇ. چىرايىدا قىزىللىق بولىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ كۆكرىكىگە قولنى قويۇپ سۆزلەتسەك، قولغا تىترەش سېزىمى ناھايىتى زىيادە مەلۇم بولىدۇ.

كۆكرەككە تىڭشىغۇچنى قويۇپ ئازراق سۆزلەتكەندە، تىڭشىغۇچقا سۆز تاۋۇشى ناھايىتى زىيادە ئاڭلىنىدۇ ھەم نەپەس تاۋۇشى بىلەن مەزكۇر سايماندا ئىنچىكە خىر -خىر ئاۋازمۇ ئاڭلىنىدۇ.

كۆكرەك مۇسكۇل ئاغرىقى ۋە قوۋۇرغا ئارىلىق نېرۋىلىرىنىڭ ئاغرىقىدا قىزىتما بولمايدۇ. كۆكرەكنى چېكىش بىلەن بوغۇق تاۋۇش ئاڭلانمايدۇ ۋە تىڭشىغۇچ بىلەن تىڭشىساقمۇ كۆكرەكتىن سۈركىلىش تاۋۇشى ئاڭلانمايدۇ.

ئەگەر جىگەر چوڭايسا چېكىپ تەكشۈرگەندە، ئۇششاق قوۋۇرغا ياكى بەزى ۋاقىتتا ئۈچىنچى قوۋۇرغىچە بوغۇق تاۋۇش ئاڭلىنىدۇ. ئەگەر بىمارنى چوڭقۇر نەپەس ئالدۇرۇپ سۆزلەتكەندە، ئۇنىڭ بوغۇق تاۋۇش چېگراسى ئۈستىدىن ئاستىغا يۆتكىلىدۇ. چۈنكى نەپەسلىنىش سەۋەبىدىن كېرىگەت تۆۋەنلەيدۇ. بۇنىڭدىن جىگەرمۇ بېسىلىپ تۆۋەنلەيدۇ، بۇ خىل ئەھۋال كۆكرەك پەردە ئىششىقىدا كۆرۈلمەيدۇ.

ئەگەر كۆكرەك پەردە ئىششىقى ئوڭ تەرەپتە بولسا، جىگەرنىڭ چوڭ بۆلىكىمۇ ئوڭ تەرەپتە بولغانلىقى ئۈچۈن، جىگەر چوڭىيىش بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

تۈرى كۆكرەك پەردە ئىششىقى قان، سەپرا، سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولىدىغان ماددا ئېتىبارى بىلەن تۆت تۈرلۈك بولىدۇ.

ئالامىتى

قاندىن بولغىنىنىڭ ئالامىتى بىمارنىڭ چىرايىدا قىزىللىق بولىدۇ. تومۇرى چوڭ ۋە ھەرە چىشىدەك سوقىدۇ، نەپەس قىستايدۇ.

بەزى ۋاقىتتا دەسلەپتە يۆتەلگەندە بەلغەمگە قان ئارىلىشىپ كېلىدۇ.

سەپرادىن بولغىنىنىڭ ئالامىتى سانجىق، ئاغرىق، قىزىتما ۋە كۆيۈشۈش سېزىمى قاتتىق بولىدۇ. يۆتەل بىلەن سېرىق بەلغەم چىقىدۇ، تومۇرى تېز، ئارقىمۇئارقا سوقىدۇ.

سەۋدادىن بولغىنىنىڭ ئالامىتى سانجىق زىيادە بولىدۇ. ئېغىزى قۇرۇق، قىزىتمىسى يۇقىرى، تىلى يىرىك ۋە قارا بولىدۇ. يۆتەل بىلەن ئازراق ماددا تەستە چىقىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ. ئومۇمەن بۇ ھالاك قىلغۇچى كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ.

بەلغەمدىن بولغىنىنىڭ ئالامىتى ئاغرىق بىلەن ئېغىرلىق بولىدۇ. يەڭگىل قىزىيدۇ. سانجىق ئاز بولىدۇ. دەسلەپتە بەلغەمنىڭ ئاقلىقى بىلەن ئازراق قىزىللىقمۇ بولىدۇ.

داۋالاش

قاندىن بولغىنىنى داۋالاش: دەسلەپتە قارشى تەرەپ باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئۈچىنچى كۈنىدىن كېيىن ئاغرىغان تەرەپتىن قان ئېلىنىدۇ، مائۇلپەۋاكىھ (مېۋە سۈيى) بىلەن قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ، مەسىلەن: چىلان، سەرپىستان، تاتلىق ئەينۇلا، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم، ئەنجۈر، خىيارشەنبەر مېغىزى ۋە تەرەنجىبىن قاتارلىقلار. خېمىرى بىنەپشە ياكى شەربىتى بىنەپشە بىلەن بىللە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. قوۋۇرغىلارغا بىنەپشە، ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلى ئىلمان سۇ ۋە بابۇنە يېغى قاتارلىقلار بىلەن زىمات قىلىنىدۇ.

سەپرادىن بولغىنىنى داۋالاش قايسى تەرەپتە كېسەللىك بولسا شۇ تەرەپتىن قان ئېلىنىدۇ، ئاندىن مېۋىلەر قايناتمىسى بىلەن قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ، ھارارەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن يۆتەل پەيدا قىلمايدىغان سوغۇق شەربەتلەر ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭدا چۈچۈمەللىك بولمىسۇن. نىلۇپەر شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، شىرخىست، ئىسپىغۇل لۇئابىغا ئوخشاش نەرسىلەر بېرىلىدۇ.

سەۋدادىن بولغىنىنى داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، ھارارەت پەسەيتىلىدۇ، داۋاملىق زىماتلارنى چېپىلىدۇ. بۇ كەرنۇب يوپۇرمىقى، بىنەپشە، بابۇنە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

يەرلىك ئورۇندىكى ئىششىق بوشاپ، ئىششىق ماددىسى يۇمشىغىچە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ، ئاغرىق پەسەيگىچە مۇنزىج بېرىپ ھۆقنە ئارقىلىق ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ.

بەلغەمدىن بولغىنىنى داۋالاش ئىككىنچى تۈردىكىنىڭ داۋالاش چارىلىرى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: قان ئېلىنىدۇ، ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ، زىمات چېپىلىدۇ، ھۆللەشتۈرۈلىدۇ،

ھارارەت پەسەيتىش قاتارلىقلار بىلەنمۇ داۋالىنىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا سوغۇقلۇقنى ئاز يەتكۈزۈش لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا ماددا قويۇلۇپ ۋە خام قېلىپ ئۇزۇندا پىشىدۇ، ئارپا سۈيىگە نوقۇت ۋە بەدىيان قاتارلىقلارنى قوشۇپ مۇرەككەپ قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر ماددىنى سۈيۇلدۇرۇش زۆرۈر بولسا زۇپا شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش بۇ كېسەللىكنىڭ داۋاسى ۋە ئەمەلىي داۋالاش ئۇسۇلى ئوزۇقلاندۇرۇش، كۆرسەتمە ۋە باشقىلار ئۆپكە ئىششىقىغا ئوخشاش. ئەگەر قىزىتما يوقالغاندىن كېيىن قۇرۇق ۋە تۇزسىز نەرسىلەرنى يېگۈزسە بىمار ساقىيىپ كېتىدۇ.

غەيرىي خالىس كۆكرەك پەردە ئىششىقى بەزىدە بۇ ئىششىق قوۋۇرغا ئارىلىقىدىكى مۇسكۇللاردا ياكى قوۋۇرغىلارنى سىرتىدىن ئوراپ تۇرىدىغان پەردىدە بولىدۇ، بۇنىڭدىكى ئىششىق بەزىدە تېرىدىمۇ بولىدۇ ۋە بەزىدە تېرىدە بولمايدۇ. بۇ ئىششىقنىڭ نامى خاتا ئۇقۇم بېرىدىغان كۆكرەك پەردە ئىششىقى، توغرا بولمىغان كۆكرەك پەردە ئىششىقى، يەنى غەيرىي خالىس كۆكرەك پەردە ئىششىقى دەپ قويۇلغان.

ئالامىتى ئەگەر ئىششىق مۇسكۇللاردا بولسا سانجىق پەيدا بولىدۇ. تومۇردا ھەرە چىشىسىمان سوقۇش ئازراق بولىدۇ، بۇ قىسىمدا ئېغىزدىن بىرەر ماددا چىقمايدۇ، لېكىن نەپەستە سىقىلىش بولىدۇ. چۈنكى بۇ مۇسكۇللار نەپەسلىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. بەزىدە ئىششىق سىرتقا ئاشكارا بولىدۇ ۋە قولىدا تۇتقاندا ئاغرىق سېزىلىدۇ. بەزىدە سىرتقا يېرىلىپ ئېغىز ئالىدۇ ۋە بەزىدە يىرىڭنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن نەشتەر سانجىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئىششىق قارىدىغان بولسا بۇ خەتەرلىكتۇر.

ئەگەر مەزكۇر ئىششىق تېرىدە بولغان بولسا، پۈتۈن ئالامەتلەر ئوخشاش بولىدۇ. پەقەت سانجىق، تومۇرنىڭ ھەرە چىشىسىمان سوقۇشى كۈچلۈك بولىدۇ ۋە نەپەس قىستاش ئاز بولىدۇ.

داۋالاش بۇنىڭدا كۆكرەك پەردە ئىششىقىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، قان ئېلىنىدۇ، ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ ۋە ھارارەت پەسەيتىلىدۇ. بۇنىڭدا زىماتنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ياخشى، چۈنكى دورىلارنىڭ تەسىرى يېقىنلىق سەۋەبىدىن تېز يېتىپ بارىدۇ.

ئۇششاق قوۋۇرغىلار پەردە ئىششىقى

بۇ ئىششىق ئۇششاق قوۋۇرغىلاردىكى پەردىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ ئوڭدا ياتقاندا كېرىگەتنىڭ ئاستى تەرىپىدە بولىدۇ.

ئۇششاق قوۋۇرغا تۆۋەندىن 10 قوۋۇرغا بولۇپ، ئۇنىڭ بېشى ئۆزئارا تۇتاشمايدۇ، ھەر تەرەپتە بەش دانىدىن بولىدۇ.

ئالامىتى بىمار ھەرىكەت قىلالمايدۇ ۋە بىرەر ھالەتتە ئۇخلىيالمايدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە ھۆقنە قىلىنىدۇ. زىمات چېپىلمايدۇ، بەلكى ماددا تېرە تەرەپكە ھىجامەت قويۇش ئارقىلىق سۈمۈرتۈلىدۇ. ئاندىن ئەنجۈر ۋە قىچىنىڭ زىماتى چېپىلىدۇ، تاكى ئۇ جايغا زەخىم چۈشسۇن، قالغان چارىلەر كۆكرەك پەردە ئىششىقى بىلەن ئوخشاش.

رازى دېگەن ھۆكۈما كۆكرەك پەردە ئىششىقى توغرىسىدا يازغانكى، ئەگەر ماددىنىڭ جەۋھىرى ئۈستى تەرىپىدە بولسا، قان ئېلىش ئىنتايىن پايدىلىق. ئاستى تەرەپكە مايىللاق بولسا، ئۇنىڭ پايدىسى ئازراق بولىدۇ.

ھۆقنە ۋە مۇسھىلدىكى پەرق شۇكى، ھۆقنە قىلىش مۇسھىلغا نىسبەتەن خەتەرسىز، مۇسھىلدىكى خەتەر بولسا، تېۋىپ مۇسھىل بېرىشتە بىمارنىڭ مىزاجى ۋە ئۇنىڭ تەبىئىتىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەيدۇ.

كۆكرەك پەردە ئىششىقى ۋە ئېغىزمان ئىششىقى بەزىدە كۆكرەكنى ئوڭ - سول ئىككى بۆلەككە بۆلىدىغان پەردىدە ئىششىق بولىدۇ، بۇ پەردە كۆكرەك سۆڭىكى ئارىلىقىدىن باشلىنىپ، ئارقىسى ئومۇرتقا بىلەن ۋە ئۈستى ئوقۇرەك سۆڭەكنىڭ تۇتاشقان ئورنى بىلەن بىرلىشىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىككى پەردە بولىدۇ، بۇ كۆكرەك پەردىسى ئۆپكە پەردىسىنىڭ بىر بۆلىكى بولىدۇ، بۇ ئىككى ئۆپكىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان ۋە بۇ جايغا يۈرەك جايلاشقان.

ئەگەر بۇ ئىششىق مەزكۇر پەردىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بولسا ۋە كۆكرەك سۆڭىكىگە تۇتاشقان بولسا، ئۇ كۆكرەك پەردە ئىششىقى دېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولسا، بۇ ئومۇرتقىلار بىلەن بىرلەشكەن بولسا، ئۇ ئېغىزمان ئىششىقى دېيىلىدۇ.

ئالامىتى كۆكرەك پەردە ئىششىقىدا ئاغرىق، قوۋۇرغا ئارىلىقلىرىدىن ئاشقازان ئېغىزىغىچە كېڭىيىدۇ. بىمار ئېگىلەلمەيدۇ ۋە ئۈستىگىمۇ قارىيالمايدۇ. يانپاشلاپ ياكى ئوڭدا يېتىپ ئۇخلاشتىن ئارام تاپىدۇ.

ئېغىزمان ئىششىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئاغرىق ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئوڭدا يېتىپ ئۇخلىيالمايدۇ، ئوڭ - سولغا ئېگىلەلمەيدۇ، يۆتەلگەن ۋاقىتتا بىمار ئاغرىقتىن بىئارام بولۇپ كېتىدۇ.

داۋالاش بۇنىڭ ئىلاجى كۆكرەك ئىششىقى بىلەن ئوخشاش، پەقەت پەرقى كۆكرەك

ئاغرىقىدا زىماتلار كۆكرەك ئۇدۇلىغا، ئېغىزمان ئىششىقىدا ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسىغا چېپىلىدۇ.

خانىقە بەزىدە پۈتۈن كۆكرەك پەردىسى ئىششىيدۇ. كۆكرەكنىڭ ئوڭ - سول بۆلىكىدە ئاغرىق بولىدۇ.

بۇ ئىششىق پەقەت پەردىدىلا بولىدۇ، بۇنىڭ بايانى خالىس كۆكرەك پەردە ئىششىقىدا سۆزلەندى.

ئالامىتى بىمار نەپەس ئالالمايدۇ، يەنى قىينىلىپ نەپەس ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش لازىم، تاكى نەپەس ئېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلمىسۇن، ئۇنداق بولمىغاندا بىمار نەپەسلىنەلمەي بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ نامىنى شۇ سەۋەبتىن خانىقە دەپ ئاتىغان.

بەرسام (كېرىگەت ئىششىقى) بەزى ئىششىق كېرىگەتتە بولىدۇ، بۇ، ئاشقازان، جىگەر ۋە نەپەس ئەزالىرى ئارىلىقىدىكى توساقتىن ئىبارەت. بۇنىڭ نامى بەرسام دېيىلىدۇ. بۇ ئىششىق مەزكۇر پەردىنىڭ جەۋھەر مۇسكۇلىدىمۇ بولىدۇ ۋە كۆكرەكنىڭ مەزكۇر پەردىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدىغان پەردىدىمۇ بولىدۇ.

ئالامىتى بىمارنىڭ سېزىمى يوقىلىدۇ، ئەگەر يۆتەلسە قاتتىق ئاغرىقتىن ئايلىنىپ كېتىدۇ ۋە بىر ھالەتتە ئۇخلىيالمايدۇ، بىمار چوڭ تەرەت قىلىش ئۈچۈن كۈچىيەلمەيدۇ، قۇسالمايدۇ، قۇسۇشتىن ئاغرىق كۈچىيىپ ھوشىدىن كېتىدۇ.

داۋالاش بۇ ئىككى خىل كېسەللىك (خانىقە ۋە بەرسام) نى داۋالاش ئىلگىرىكى تۈرلىرى بىلەن ئوخشاش، ئەگەر بۇ كېسەللىكلەر قوشۇلۇپ كەلگەن بولسا بىمار تەستە ساقىيىدۇ.

كۆكرەك قېتىۋېلىش

بۇ كېسەللىكنىڭ نامى كۆكرەك سوۋۇش ياكى كۆكرەك قېتىۋېلىش دېيىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە كۆكرەك مۇسكۇل پەردىلىرى ياكى ئۆپكىگە سوغۇق ئۆتۈپ كۆكرەك قېتىۋالىدۇ ھەمدە تارتىشىش پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئىي كېڭىيەلمەيدۇ، تۇنجۇقۇپ قالغاندەك ھالەت پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بويۇننى تۈزلىمىسە نەپەس ئالالمايدۇ.

بەزىدە بۇ كېسەللىكتىن بىمار تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يۈرەك سوۋۇپ كېتىدۇ ۋە ھارارىتى غۇرۇزىيە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ياكى نەپەس توختاپ قالىدۇ.

سەۋەبى   كۆكرەككە سوغۇق ھاۋا تېگىشتىن ياكى قاردا قېلىشتىن ياكى سوغۇق سۇغا چۆمۈلۈشتىن سوغۇق ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىك ئەپيۈننىڭ تەسىرىدىن ۋە بەزىدە قوغۇشۇن ئېرىتكۈچى كىشىلەردە پەيدا بولىدۇ، چۈنكى قوغۇشۇننىڭ ئىسى يۆرەكنى سوۋۇتۇپ، ھارارەتنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ. نەپەس ئەزالىرىنى قاتۇرۇپ قويىدۇ، بۇنىڭدىن نەپەس تار ۋە كىچىك بولىدۇ. بەزىدە بىمار بوغۇلۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش   كۆكرەكنى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئىسسىق ياغلار سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: قۇستە يېغى، سەۋسەن يېغىغا قۇندۇز قەھرى قوشۇپ سۈركىلىدۇ. سۇزاپ، يالپۇز، پىننە، ھىڭ، ئەفسەنتىن، قۇندۇز قەھرى، ھەسەل ۋە ياڭاق يېغى قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان ئىسسىق تەبىئەتلىك زىماتلار چېپىلىدۇ. كونا شارابنى ئىسسىتىپ، ئۇنىڭغا ئازراق ھىڭ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش پايدىلىقتۇر.

يۈرەك كېسەللىكلىرى

يۈرەكنىڭ تەشرىھى

يۈرەك مۇسكۇللۇق ئەزا بولۇپ، بۇنىڭ توقۇلمىسى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەمدۇر. بۇنىڭ شەكلى كونۇسسىمان بولىدۇ، يەنى سەۋزىگە ئوخشاش ئۈستى تەرىپى كەڭ، تۆۋەنكى تەرىپى ئۇچلۇق بولىدۇ. يۇقىرىقى بۆلىكى يۈرەك تېگى، تۆۋەنكى بۆلىكى يۈرەك ئۇچى دېيىلىدۇ. يۈرەك ئۆز غىلاپى ئىچىدە ئىككى ئۆپكە ئارىلىقىدا كۆكرەك ئىچىدە بولىدۇ. «يۈرەك تېگى (كەڭ بۆلىكى) تەخمىنەن كۆكرەك ئوتتۇرىسىغا، يۈرەك ئۇچى سول تەرەپكە جايلاشقان (ئىبنۇل قەفى).»

يۈرەك تەبىئىي ھارارەتنىڭ بۇلىقى، قان ئايلىنىش مەركىزى، روھىي ھايۋانىينىڭ باشلىنىش ئورنىدۇر. يۈرەك كۆكرەك ئىچىگە قىيپاش جايلاشقان بولۇپ، كۆپ بۆلىكى سول تەرەپكە جايلاشقان، ئەگەر كۆكرەك ئوتتۇرىسىغا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بىر تىك سىزىق سىزسا، يۈرەك بۇ سىزىقتىن سول تەرەپ ئۈچ قىرات، ئوڭ تەرەپ بىر يېرىم قىرات دائىرىسىگە جايلاشقان. يۈرەكنىڭ يۇقىرىقى گىرۋىكى، ئۈستى، ئارقا ۋە ئوڭ تەرەپكە مايىلدۇر، يۈرەك ئۇچى يۇقىرىقى تەرەپنىڭ ئەكسىچە ئاستى، ئالدى ۋە سول تەرەپكە مايىلدۇر ۋە بۇ بەشىنچى، ئالتىنچى قوۋۇرغا ئارىلىقى، سول ئەمچەكتىن تەخمىنەن بىر يېرىم قىرات ئاستى، بىر قىرات ئىچكى تەرەپكە جايلاشقان. ئەگەر كۆكرەككە بىر سىزىق سول تەرەپ ئىككىنچى قوۋۇرغىنىڭ تۆۋەنكى قىرغىقى ۋە ئوڭ ئۈچىنچى قوۋۇرغا كۆمۈرچەك يۇقىرىقى قىرغىقى ئارىلىقىغا قىيپاش تارتىلسا، يۈرەكنىڭ يۇقىرىقى قىرغىقى بۇ سىزىققا ئۇدۇللىشىدۇ، ئەگەر بىر سىزىق خەنجەرسىمان ئۆسۈكچە ساھەسىدىن باشلانسا (بۇ يەتتىنچى قوۋۇرغا كۆمۈرچىكى تۇتاشقان ئورۇندۇر) ۋە بەشىنچى، ئالتىنچى قوۋۇرغا ئارىلىقى ئەمچەك تۈگمىسىدىن تەخمىنەن بىر يېرىم قىرات ئاستىغىچە يەتكۈزۈلسە، بۇ سىزىقتىن يۈرەك ئۇدۇلىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپى چېگرالىنىدۇ، بۇ كېرىگەتكە تېگىپ تۇرىدۇ.

نەپەس ئالغاندا ۋە چىقارغاندا، قورساق ئاچقاندا ۋە تويغاندا، يەنى تەبىئىي ۋە غەيرىي

تەبىئىي ھالەتلەردە يۈرەك ئورنى ھەر خىل ئۆلچەملەردە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: يۈرەك بەزىدە ئۈستىدە، بەزىدە ئاستىدا بولىدۇ. ئەگەر ئوڭ تەرەپ كۆكرەككە سۇ يىغىلسا يۈرەك سول تەرەپكە ئېگىلىدۇ، ئەكسىچە سول كۆكرەككە سۇ يىغىلسا ئوڭ تەرەپكە ئېگىلىدۇ.

يۈرەكنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئېغىرلىقى يۈرەك تەخمىنەن بەش قىرات ئۇزۇنلۇقتا، ئۈچ يېرىم قىرات كەڭلىكتە، ئىككى يېرىم قىرات قېلىنلىقتا بولىدۇ. يۈرەكنىڭ ئېغىرلىقى ئەرلەردە 300 ~ 360 گىرامغىچە، ئاياللاردا 240 ~ 300 گىرامغىچە بولىدۇ.

يۈرەكنىڭ بۆلۈنۈشى يۈرەك ئىچكى بوشلۇقى بىر ئارىلىق دىۋار ئارقىلىق ئوڭ - سول ئىككى بوشلۇققا بۆلۈنىدۇ (بۇ ئارىلىق دىۋاردا ھېچقانداق تۆشۈك بولمايدۇ)، ھەربىر بوشلۇق بىر پەردە (كىلاپان) ئارقىلىق (بۇ كىلاپانغا ئوخشاش ئېچىلىپ، ئېتىلىپ تۇرىدۇ) ئۈستى، ئاستى ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، ئاستىدىكى ئىككى بۆلىكى يۈرەك قېرىنچىسى دېيىلىدۇ. قىسقىسى، يۈرەك ئوڭ دالانچە، ئوڭ قېرىنچە، سول دالانچە، سول قېرىنچە قاتارلىق تۆت بوشلۇققا بۆلۈنىدۇ.

بەزى كىشىلەر يۈرەك ئۈچ بوشلۇققا بۆلۈنىدۇ، دېگەن، بۇ توغرا ئەمەس، ئەبۇ سەھل مەسىھانىڭ سۆزى تەشرىھكە مۇناسىپكى، «يۈرەكتە ئىككى قېرىنچە بولۇپ، بىرى ئوڭ تەرەپتە، يەنە بىرى سول تەرەپتە بولىدۇ، ئوڭ قېرىنچىدىكى قاندا ھاۋائى دۇخانى بولۇپ، بۇنىڭدا روھ ئاز بولىدۇ ۋە سول قېرىنچە قېنىدا روھ زىيادە بولىدۇ» (مولخىس).

ئوڭ دالانچە بۇ سول دالانچىغا نىسبەتەن چوڭ بولىدۇ، لېكىن ئوڭ دالانچىنىڭ دىۋارى نېپىز بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئوڭ قېرىنچە دىۋارىمۇ سول قېرىنچە دىۋارىدىن نېپىز بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىگە تەخمىنەن 60 گىرام قان سىغىدۇ، بۇنىڭدا ھەمىشە كۆك قان تومۇر قېنى (قارىغا مايىل) ئىككى كاۋاك ۋېنا تومۇرىدىن كېلىدۇ، بۇ ئوڭ قېرىنچە تەرەپكە ماڭىدۇ ۋە ئوڭ قېرىنچىدىن ئۆپكىگە يەتكۈزۈلىدۇ، تاكى بۇ قاننىڭ ئوكسىگېنى تازىلىنىدۇ، ئوڭ دالانچە ۋە ئوڭ قېرىنچە ئارىلىقىدا بىر كىلاپان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچ قانىتى بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ ئۈچ قاپقاقلىق كىلاپان دېيىلىدۇ، بۇ كىلاپاننىڭ پايدىسى ئوڭ دالانچىنىڭ قېنى ئوڭ قېرىنچىغا ئاسان ماڭىدۇ، لېكىن بۇ قان ئارقىغا قايتالمايدۇ.

ئوڭ قېرىنچە بۇ بىر ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك بوشلۇق بولۇپ، ئوڭ دالانچىنىڭ ئاستىغا جايلاشقان، ئوڭ دالانچىغا كۆك قان تومۇر قېنى كېلىدۇ. بۇ قان شىريانى رىيەۋى (ۋەرىدى شىريانى) ئارقىلىق ئوڭ قېرىنچىدىن ئۆپكىگە ماڭىدۇ، ئوڭ دالانچە ۋە ئوڭ قېرىنچە ئارىلىقىدىكى تۆشۈك (ھەلقىنى) فۇھۇل ۋەتىين (يۈرەك قان تومۇر ئېغىزى) دېيىلىدۇ

(مەسيها). بۇ ئېغىز ئىچىدىن سىرتقى تەرەپكە كىلاپان ئارقىلىق ئېتىلىدۇ (مەسها)، يەنى ئەگەر دالانچە قېنى بۇ تۆشۈككە كەلسە، بۇ كىلاپان شۇنداق توسۇلىدۇكى، ئۇنىڭ قېنى دالانچە تەرەپكە قايتالمايدۇ. ئوڭ قېرىنچىنىڭ قېنى ئۆپكە تەرەپكە ۋەرىدى شىريانى تومۇرى ئارقىلىق بارىدۇ. بۇ تومۇرنىڭ توقۇلمىسى شىريان (قىزىل قان تومۇر) تومۇرى بىلەن ئوخشاش، يەنى شىريان تومۇردەك سوقىدۇ (گىلانى)، لېكىن بۇ تومۇر قېنىدا ھاۋائى دۇخانى (چالا ئوكسىد) تېپىلىدۇ (مەسها). بۇ تومۇرنىڭ باشلىنىش ئورنىدا ئۈچ قاناتلىق بىر كىلاپان بولۇپ، بۇنىڭ خىزمىتى ئەگەر قان يۈرەكتىن ئۆپكە تەرەپكە ماڭسا ئېچىلىدۇ، ئەگەر ئۇ قان قايتماقچى بولسا، بۇ كىلاپان توسۇۋالىدۇ (ئىبنى قىف).

بۇ كىلاپان ئايغا ئوخشايدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامى ئايسىمان قاپقاق دەپ قويۇلغان. شۇنداقلا بۇ قاپقاقلار ئايرىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ئورۇندا ئۇنىڭ قانىتىنىڭ سانىغا مۇۋاپىق ئۈچ تەرەپتىن يېپىلىدۇ، بۇ كىلاپاننىڭ شەكلى، ھالىتى، پائالىيىتى ۋە تۈزۈلۈشى شىريانى ئەئزەم (چوڭ قىزىل قان تومۇر، يەنى ئائورتا) كلاپىنى بىلەن ئوخشاش، بۇنىڭ بايانى تۆۋەندە سۆزلىنىدۇ:

ئۈچ قاپقاقلىق كىلاپاننىڭ ئۈچ قانىتى بولۇپ، ئۈچىلىسى ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە بولىدۇ، بۇ قاناتلارنىڭ كەڭ بۆلىكى (تېگى) يۈرەك دىۋارى (يۈرەك قىزىل قان تومۇرى ئېغىزى) بىلەن تېگىشىپ تۇرىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۇچى ئىنچىكە بولۇپ، ھىبالى ۋەترىيە ئارقىلىق يۈرەك مۇسكۇلى ئۆسۈكچىلىرى (ئومودى لەھمىيە) بىلەن تېگىپ تۇرىدۇ.

يۈرەكنىڭ بارلىق كىلاپانلىرى يۈرەك ئىچىنى ئەستەرلەپ تۇرىدىغان پەردىدىن شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە يۈرەكنىڭ بىر ئاز مۇسكۇل تالالىرىمۇ بولىدۇ.

سول دالانچە كۆك قان تومۇر قېنى ئوڭ قېرىنچىدىن ۋەرىدى شىريانناملىق تومۇر ئارقىلىق ئۆپكىگە يېتىپ كېلىدۇ ۋە ئۆزىدىكى ھاۋائى دۇخاننى بۇ يەرگە (ئۆپكىگە) چىقىرىدۇ ۋە ئۆپكىدىن ھاۋانىڭ بىر مەخسۇس بۆلىكىنى (ساپ ھاۋانى) ئېلىپ (بۇ ئىنتايىن ئوچۇق قىزىل بولۇپ)، يەنە بىر تومۇر (شىريانى ۋەرىدى) ئارقىلىق ئۆپكىدىن يۈرەكنىڭ سول دالانچىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. شىريانى ۋەرىد ۋە ۋەرىدى شىريانىنىڭ ئېغىزى ئۆزئارا بىرلىشىدۇ، يەنى ئىككىلىسىنىڭ ئوتتۇرىسى قىل قان تومۇر ئارقىلىق تۇتىشىدۇ.

گەرچە شىريان ۋەرىدىدىكى قان ئىنتايىن قىزىل (شىريانى خۇن) بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ تۈزۈلۈشى كۆك قان تومۇر قېنىغا ئوخشاشتۇر ۋە كۆك قان تومۇر قېنىدەك بۇنىڭدا جىملىق بولىدۇ. گەرچە سول دالانچە ئوڭ دالانچىغا نىسبەتەن كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ توقۇلمىسى

بەك قېلىن ۋە مۇستەھكەمدۇر. شىريان ۋەرىدى ئۆپكىگە بىر ئاز يېقىن بولسىمۇ، لېكىن دالانچىغا يېقىن تۆت چوڭ تومۇرغا يىغىلىپ، تۆت تۆشۈك ئارقىلىق سول دالانچىدا ئاخىرلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سول دالانچىنىڭ قېنى سول قېرىنچىغا بارىدۇ. سول دالانچە ۋە سول قېرىنچە ئارىلىقىدىمۇ بىر كىلاپان بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى قانىتى بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى قاپقاقلىق كىلاپان دېيىلىدۇ، بۇنىڭ پايدىسىمۇ ئوڭ قېرىنچە كىلاپانلىرىغا ئوخشاش، بۇ قان سول دالانچىدىن سول قېرىنچىغا بارىدۇ ۋە بۇمۇ سول دالانچىغا قايتمايدۇ، يەنى قان ئۆتكەندە بۇ قانات ئېچىلىدۇ، قايتقاندا بۇ قانات ئېتىلىدۇ.

سول قېرىنچە بۇ، كونۇسسىمان بولىدۇ ھەم بۇنىڭ دىۋارى ئوڭ قېرىنچىدىن زىيادە قېلىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىگە شىريان قېنى سول دالانچىدىن كېلىدۇ، بۇ قان بۇ قېرىنچىدىن ئائورتا ئارقىلىق پۈتۈن بەدەنگە تارقىلىدۇ، بۇ قان بىلەن بىللە روھىي ھايۋانىيمۇ بولىدۇ، بۇ روھىي ھايۋانىي پۈتۈن ئەزالارنى قىزىتىدۇ، سول قېرىنچە يىراق ئەزالارغا قان ۋە روھ يەتكۈزىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سول قېرىنچىنىڭ دىۋارى زىيادە قېلىن، مۇسكۇل تالالىرى كۆپ، قىسقىراش قۇۋۋىتى ئوڭ قېرىنچىغا قارىغاندا زىيادە كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنىڭغا بىر ئېغىز (سول دالانچە ۋە ئۇنىڭ ئارىلىقىدىكى) ئارقىلىق قان كېلىدۇ ۋە يەنە بىر ئېغىز (ئائورتا ئېغىزى) ئارقىلىق قان چىقىپ، پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ. بۇ ئىككى ئېغىزدا ئوڭ قېرىنچىغا ئوخشاش كىلاپان بولىدۇ، بۇنىڭ ياردىمى بىلەن قان ئۆتىدۇ، ئاندىن ئۇ قان ئارقىغا قايتالمايدۇ. ئائورتا ئېغىزىدىكى كىلاپاننىڭ ئۈچ ئايسىمان قانىتى بولىدۇ، بۇ ئايسىمان قاپقاق دېيىلىدۇ. بۇنىڭ شەكلى، قىياپىتى ۋە باشقا پائالىيەتلىرى ۋەرىدى شىرياننىڭ كىلاپانلىرى بىلەن ئوخشاش.

سول دالانچە ۋە سول قېرىنچە ئارىلىقىدا قان ئۆتۈش يولى بولۇپ، بۇنى ئىككى قاپقاقلىق كىلاپان ئايرىپ تۇرىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى قاپقاقلىق كىلاپان دېيىلىدۇ ھەم بۇ تاجسىمان قاپقاق دېيىلىدۇ. بۇ كىلاپاننىڭ ئۇچىنىمۇ قان تومۇرلۇق پەردە ئوراپ تۇرىدۇ (ھىبالى ۋىترىيە)، بۇ يەنە بىر تەرەپ يۈرەكنىڭ دىۋارىدىن مۇسكۇلنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئارقىلىق چاپلىشىپ تۇرىدۇ، بۇ كۆتۈرۈلۈش ئۇمۇدى لەھمىيە دېيىلىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا بۇ كىلاپانلارنى ئۆستەڭلەردىكى سۇنى توختىتىش ئۈچۈن قويۇلىدىغان تاختاي ياكى قاپقاققا ئوخشىتىدۇ.

تۈزۈلۈشى يۈرەكنىڭ سىرتقى پەردىسى شىللىق (سۇلۇق) پەردە بولىدۇ، بۇ پەردىنىڭ كېسەللىنىشىدىن يۈرەك غىلاپىغا نورمالسىز ھالەتتە سۇ يىغىلىدۇ، بۇ يۈرەككە سۇ چۈشۈش (يىغىلىش) دېيىلىدۇ (ئىھتىۋائى رەتۇبەت). يۈرەكنىڭ دالانچە ۋە قېرىنچە ئىچىنى ئەستەرلەپ تۇرىدىغان پەردە بولۇپ، بۇ، يۈرەك ئىچكى پەردىسى دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى پەردىنىڭ

ئوتتۇرىسىدا يۈرەكنىڭ خاس جەۋھىرى (يۈرەك مۇسكۇل بۆلىكى) بولىدۇ، بۇ مۇسكۇل تالالىرى قىسقىراشتىن يۈرەك يىغىلىدۇ.

يۈرەكتە قان تومۇردىن باشقا نېرۋىلارمۇ بولىدۇ، بۇ نېرۋىلارنىڭ بەزىسى دىماغى ئەسەب (قايتقۇچى نېرۋا) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ (ت).

يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى

يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى بەزىدە ئىسسىقتىن، بەزىدە سوغۇقتىن، بەزىدە قۇرۇقلۇقتىن ۋە بەزىدە ھۆللۈكتىن بولىدۇ.

ئالامىتى

يۈرەكنىڭ ئىسسىقلىقى ئېشىپ كېتىش چوڭ نەپەس ئالىدۇ. تومۇرى چوڭ، تېز ۋە ئارقىمۇئارقا سوقىدۇ، كۆكرەكنى تۇتۇش بىلەن ئىسسىق مەلۇم بولىدۇ، ئۇسسايدۇ، سوغۇق ھاۋادىن راھەتلىنىدۇ، پۈتۈن بەدىنى ئورۇقلايدۇ، غەمكىن بولىدۇ، كۆيۈشۈش سېزىمى بىلەن بىئاراملىق بولىدۇ.

يۈرەكنىڭ سوغۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش تومۇرى كىچىك ۋە بوش سوقىدۇ، توختاش ۋاقتى بەك قىسقا بولىدۇ، نەپەس ئاجىز، قۇۋۋىتى تۆۋەن بولىدۇ، ئىسسىق نەرسىلەر بىلەن مايلاش، پۇراشتىن راھەت ھېس قىلىدۇ، قورقۇنچاق كېلىدۇ، بىئارام بولىدۇ ۋە چۆچۈيدۇ، يۈزەكى تېرىلىرى ئۆچۈك بولىدۇ.

يۈرەكنىڭ قۇرۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش تومۇرى قاتتىق، ئارقىمۇئارقا سوقىدۇ، ئورۇقلايدۇ، خۇشاللىق، ئەندىشە، غەم قايغۇ، قورقۇش قاتارلىق روھىي كەيپىياتلار پەيدا بولمايدۇ، ئەگەر پەيدا بولسا ئۇزۇنغىچە تۇرىدۇ.

يۈرەكنىڭ ھۆللۈكى ئېشىپ كېتىش تومۇرى يۇمشاق، ئاستا ۋە ھەر خىل سوقىدۇ، غەم ئەندىشە ۋە باشقا خىل كەيپىياتلار تېز پەيدا بولىدۇ ۋە تېز يوقايدۇ.

داۋالاش

يۈرەكنىڭ ئىسسىقلىقى ئېشىپ كېتىش قۇرسى كافۇر ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتى بولغان سوغۇق تەبىئەتلىك شەربەتلەر، مەسىلەن: شەربىتى رىباس، ئانار شەربىتى ۋە سەندەل شەربىتى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ. كۆكرەككە سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى زىماتلار مەسىلەن: سەندەل، كافۇر قاتارلىقلار گۇلابقا قوشۇپ چېپىلىدۇ.

يۈرەكنىڭ سوغۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش داۋائۇلمىسكى ۋە مۇپەررىھى ھار ئىشلىتىش. بۇنىڭ بايانى مالىخولىيادا سۆزلىنىپ بولدى. يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى شەربەتلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: گاۋزىبان شەربىتى، بادرەنجبۇيا شەربىتى، ئۇد شەربىتى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭدا زەپەر، ئىپار، ئەنبەر، سۇمبۇل ۋە قىزىلگۈلمۇ بولسۇن. دارچىن، زەپەر، زىرە ۋە ئۇد قاتارلىق ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچىلەر سېلىپ پىشۇرۇلغان گۆشلەر يېگۈزۈلىدۇ. تېز مەنپەئەتىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆكرەككە سۇمبۇل، دارچىن، قەلەمپۇر، سەئدى كۇفى، قىزىلگۈل، مەرزەنجۇش قاتارلىقلارغا رەيھان سۈيى، بادرەنجبۇيا سۈيى قوشۇپ تەييارلانغان ئىسسىق تەبىئەتلىك زىماتلار چېپىلىدۇ.

يۈرەكنىڭ قۇرۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش قۇرۇقلۇق بىلەن ئىسسىقلىق بولسا، ئارپا سۈيى بادام يېغى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، سۈت ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ھالۋا، بۇ ئارپا سۈيى، شېكەر، بادام يېغىدىن تەييارلانغان بولسۇن. تاشلىق زېمىندا ئاققان دەريا سۈيى بېلىقى بادام يېغى بىلەن پىشۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. كۆكرەككە بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى، يۇمغاقسۈت سۈيى، كاھۇ سۈيى بىلەن تەييارلانغان قىرۇتى چېپىلىدۇ.

يۈرەكنىڭ ھۆللۈكى ئېشىپ كېتىش سىڭىشلىك غىزالار ئاز - ئازدىن يېگۈزۈلىدۇ، يۈرەككە مەخسۇس قۇرۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: قەلەمپۇر، زەپەر، بادرەنجبۇيا قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ، نورمال چېنىقتۇرۇلىدۇ، ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبى ماددىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا مۇناسىپ چارىلەر بىلەن ماددا چىقىرىۋېتىلىدۇ. مەسىلەن: قان ئېلىش ياكى مۇسھىل بېرىش قاتارلىقلار.

خەفەقان

خەفەقان يۈرەكنىڭ تىترەش ھەرىكىتىنىڭ نامىدۇر. بۇ، يۈرەككە يەتكەن مەلۇم ئىللەتنىڭ ئەزىيىتىدىن يۈز بېرىدۇ، خەفەقان ھەرىكىتى ياكى ئىختىلاجى ھەرىكىتى يۈرەكنىڭ تەبىئىي قىسقىراش ۋە كېڭىيىش ھەرىكىتى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ، ھاۋائىي دۇخانىيەنى چىقىرىپ، ساپ ھاۋانىڭ سۈمۈرۈلۈشى ئۈچۈن يۈرەكتە ھەر ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى خەفەقان ھەرىكىتىدە سىقىلىش، بىئاراملىق ۋە پەرىشانلىق بولىدۇ، يۈرەك ئۆزلۈكىدىن بىمار سېزەلىگۈدەك كۈچلۈك تىترەپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە يۈرەك گەرچە تەبىئىي ھالەتتە ھەر ۋاقىت ھەرىكەت قىلسىمۇ، لېكىن ئىنساندا ئۇنىڭ سېزىمى بولمايدۇ.

يۈرەك ھاۋائىي دۇخانىينى ئۆپكە تەرەپتىن ئۆپكە ۋېناسى ئارقىلىق چىقىرىدۇ ۋە ئۆپكىدىن

ھاۋانى ئۆپكە ئارتېرىيەسى ئارقىلىق سۈمۈرىدۇ (مەسىھا).

يۈرەككە ئازار يېتىش ياكى ئازارلىنىش سەۋەبى   بۇ ئەزىيەت ياكى ئەزىيەتلىنىشنىڭ سەۋەبى يۈرەك تىترەشنى پەيدا قىلىدۇ، بەزى ۋاقىتتا كۈچلۈك، قاتتىق بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ناھايىتى تۆۋەن ۋە يەڭگىل بولىدۇ. ئەگەر يۈرەك ئاجىز ۋە نازۇك بولسا، يەڭگىل سەۋەبلەرمۇ تىترەشنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

سەۋەبى

1. قان تولۇش: بەزىدە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى يۈرەككە قان تولۇپ قېلىش بولىدۇ. يۈرەك تولۇپ قېلىش دېگىنىمىز، خىلىتلارنىڭ مىقدارى زىيادە بولۇشتۇر، بۇنىڭدا تومۇرلاردا تولۇش بولىدۇ، مەيلى ئۇ كەيپىيات جەھەتتە ياخشى بولسىمۇ. بۇ خىل ئىمتىلا قاندىن بولغان ئىمتىلاغا قارىتىلغان.

2. سەۋدا ماددىسى: بەزىدە بۇ كېسەل سەۋدا ماددىسىدىن بولىدۇ، بۇ يۈرەك تومۇرلىرىغا يېتىپ بارىدۇ، يۈرەك بۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ ۋە ئەزىيەتلىنىدۇ.

3. كەم قانلىق: بۇ بەزىدە قاناش، كۆپ قان ئېلىش ياكى يېمەك - ئىچمەكنىڭ تەرتىپسىزلىكىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدىن قان مىقدارى ئازىيىش، قىيامىدا سۇيۇلۇش ۋە كەيپىياتىدا بۇزۇلۇش بولىدۇ، قاننىڭ ئازلىقى ۋە بۇزۇلۇشىدىن يۈرەك ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا: «ئەگەر يۈرەكتە ئاجىزلىق پەيدا بولسا گەرچە ئۇنىڭدا ئازراق قۇۋۋەت قالسىمۇ، يۈرەك ئەزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن، سەللا تىترەپلا قويىدۇ. بۇنىڭدىن خەفەقان پەيدا بولىدۇ» دېگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا يۈرەك ئاجىزلاش مەيلى قايسى تۈرىدىن بولسۇن، ئازراق نەرسىلەردىن تەسىرلىنىش ئىمكانىيىتى چوڭ بولىدۇ. ھەتتا غىزانىڭ ئادەتتىكى بۇخارلىرىمۇ تەسىر قىلىدۇ.

بۇنىڭغا تۆۋەندىكى پۈتۈن سەۋەبلەر ۋە ئادەتلەر كىرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن يۈرەك مۇسكۇلى ۋە نېرۋا تالالىرى ئاجىزلايدۇ، مەسىلەن: تاماكا، نەشە، كەندىر ۋە ئەپيۇندىن ياسالغان چېكىملىك چېكىش ۋە ھاراق، چاينى كۆپ ئىچىش، كۆپ جىما قىلىش، زىيادە چارچاش، جەلەق قىلىش، ئاچ قورساق قېلىش قاتارلىقلارمۇ سەۋەب بولىدۇ. روھىي ئامىللاردىن، مەسىلەن: ئىچى پۇشۇش، غەم - ئەندىشە، ئويلىنىش، ئىككىلىنىش، قورقۇش، چۆچۈش ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار ھەم كۆپ چېنىقىش، ھۇرۇنلۇقنىڭ زىيادىلىكىمۇ يۈرەك ئاجىزلىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

4. ئاشقازان مەنبەلىك: بەزىدە خەفەقان ئاشقازان سەۋەبىدىن كۆپ پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئاشقازان يۈرەككە يېقىن ھەمدە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئاشقازاندا بەزى بۇزۇق خىلىتلار بولىدۇ. مەيلى ئۇ كۆيگەن سەپرا ياكى چاپلاشقاق سۇيۇقلۇق بولسۇن ياكى بۇزۇلغان غىزا بولسۇن.

5. يۈرەك سەزگۈ قۇۋۋەتلىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشى: بەزىدە خەفەقان يۈرەكنىڭ سېزىش قۇۋۋىتى ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەندە پەيدا بولىدۇ.

6. يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى: بەزىدە خەفەقان يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن، بولۇپمۇ ماددىسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ.

7. يۈرەك كىلاپان كېسەللىكلىرى: مەسىلەن: يۈرەك دىۋارىدا ياغنىڭ زىيادە بولۇشى، ئۇنىڭ سويۇلۇشى، يۈرەك چوڭىيىش، يۈرەك كېڭىيىش، يۈرەك كىلاپان كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار خەفەقاننى پەيدا قىلىدۇ.

8. باشقا كېسەللىكلەر: مەسىلەن: بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش، ھەيز كۆپ كېلىش، ھەيز ئازلاش، ھەيز توختاش، نۇقرەس، ۋەجئۇل مۇپاسىل، ئۇسسۇل ئويناش كېسىلى، ساراڭلىق، تۇتقاقلىق كېسىلى، مالىخولىيا، گىيگا كېسىلى، ئۆپكە ئىششىقى، سىل، بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغانلار بۇ كېسەللىككە ئاسان گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.

كېسەللىكنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى: ئەرلەرگە نىسبەتەن ئاياللاردا، ياشانغانلارغا نىسبەتەن ياشلاردا ۋە سېمىز كىشىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئالامىتى

1. قان تولۇشتىن بولغان خەفەقان: قان كۆپلۈكنىڭ ئالامىتى تېپىلىدۇ، مەسىلەن: تومۇرى تولغان، بەدىنى ئېغىر، ھۇرۇن، مۈگدەڭگۈ بولىدۇ. تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى رەڭلىك ۋە قويۇق بولىدۇ.

2. سەۋدا ماددىسىدىن بولغان خەفەقان: پىكرى بۇزۇلىدۇ. قورقىدۇ ۋە چۆچۈيدۇ، مالىخولىيانىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

3. كەم قانلىقتىن بولغان خەفەقان: قان ئازلىقنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

4. ئاشقازان مەنبەلىك خەفەقان: ئاشقازان كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، بىمارنىڭ قۇسۇقىدىن كېسەللىك ماددىسى ئېنىقلىنىدۇ.

ھەزىم بۇزۇلغان ھالەتتە كۆپىنچە قورساق ئېسىلىش ۋە ئاچچىق كېكىرىش بولىدۇ، ئېغىزغا سۇ يىغىلىدۇ ۋە كۆكرەكتە كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ.

5. يۈرەك سەزگۈ قۇۋۋەتلىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان خەفەقان: ئادەتتىكى ئەزىيەت يېتىشتىن خەفەقان ھالىتى پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: ئادەتتىكى ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇقنىڭ يېتىشى ياكى ئادەتتىكى روھىي كەيپىيات يەنى غەم - قايغۇدىن يۈرەككە ئەزىيەت يېتىدۇ.

بەزىدە يۈرەك ئۆزلۈكىدىن سەزگۈرلىشىپ، غىزا ۋە خىلىتلارنىڭ ئادەتتىكى بۇخاراتلىرى ۋە ئۆزگىرىشلىرىدىنمۇ (بۇنىڭدىن بەزى كىشىلەر خالىي بولالمايدۇ) ئۇنىڭغا ئەزىيەت يېتىدۇ. لېكىن

بەدىنى ساغلام، خىزمىتى ياخشى ۋە كۈچى بارلارنىڭ تومۇرى چوڭ، كۈچلۈك سوقىدۇ.

6. يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان خەفەقان: مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى سۆزلىنىپ بولدى.

7. يۈرەك كېلاپان كېسەللىكلىرىدىن بولغان خەفەقان: ئەگەر يۈرەك كېلاپانلىرى سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك كۆرۈلسە، يۈرەك ھەرىكىتى نورمالسىزلىشىدۇ، ئۆپكە كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، يۈرەك ھەرىكىتى سۇسلىشىدۇ.

8. باشقا كېسەللىكلەردىن بولغان خەفەقان: شۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

بالىياتقۇ بوينىنى بوغقۇچى كېسەللىكلەردە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، بەزىدە باش ئاغرىش، باش قېيىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، قۇلاقتا ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىش ۋە نەپەس قىستاش بولىدۇ.

ئومۇمىي ئالامىتى يۈرەك ناھايىتى تېز ۋە قاتتىق سوقىدۇ، كۆكرەككە سىرتتىن قارىغاندا يۈرەكنىڭ ھەرىكەت دەۋرى كېڭەيگەندەك كۆرۈنىدۇ.

بىمارغا يۈرەك پۇلتىيىپ گال تەرەپكە ئۆرلەپ قالغاندەك ياكى كۈچلۈك تىترىگەندەك مەلۇم بولىدۇ، ئائورتا تىترەيدۇ، تومۇرى تېز - تېز سوقىدۇ، بەدەن تېرىسى قىزىل بولىدۇ، بىمار بىئارام بولىدۇ، يۈرەك ئۇدۇلىدا بەزىدە ئاغرىقمۇ بولىدۇ، بەزىدە نەشتەر سانجىلغاندەك، بەزىدە پەقەت ئاغرىقلا مەلۇم بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن سول تەرەپنى بېسىپ يېتىش قىيىن بولىدۇ.

داۋالاش

1. قان تولۇشتىن بولغان خەفەقان: سول تەرەپ باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە قېتىق ياكى ئۇيۇتۇلغان سۈت ئىچكۈزۈلىدۇ، سۈتنى ئۇيۇتۇش ئۈچۈن بەزىدە ئۇنىڭدا ئېچىتقۇچ (پەنىرمايە) قوشۇلىدۇ، بەزىدە سۈت بىر كۈن ياكى ئۇنىڭدىن زىيادە قويۇلسا ئۇيىدۇ، ئۇ قېتىق دېيىلىدۇ، بۇ ناھايىتى سوغۇق نەرسىدۇر.

لېكىن ساھىب زەخىرەنىڭ دېيىشىچە، رائىب، بۇ، سۈزۈك سېرىق رەڭلىك سۇ، بۇ قېتىقنىڭ قويۇق تەركىبلىرى (بۇ قېتىقنى كېچىدە سوغۇق ئورۇندا قويۇشتىن ئۈستىگە يىغىلىدۇ) دىن ئايرىلىدۇ، بۇ سۇ ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، قەۋزىيەتنى يوقىتىدۇ (ھارارەتنى پەسەيتىدۇ ۋە يۇمشىتىدۇ). قۇرسى كافۇر يېگۈزۈلىدۇ، غىزاسىغا پەقەت گۆشسىز كۆكتات شورپىسى بېرىلىدۇ.

2. سەۋدا ماددىسىدىن بولغان خەفەقان: بۇنىڭغا مالىخولىيانىڭ داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، بۇنىڭدا قاندىكى سەۋدا ماددىسى كۈچلۈك بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرەكنىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. كەم قانلىقتىن بولغان خەفەقان: قاننىڭ قىيامىنى نورماللاشتۇرىدىغان ياخشى غىزالار

يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى تاماكا ۋە ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇلغان نەشە چېكىش، ھاراقكەشلىك ۋە باشقىلار بولسا، ئۇ نەرسىلەر چەكلىنىدۇ ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا مۇپەررىھى بارىدنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئارقىدىن ئاق سەندەل، قۇرۇق يۇمغاقسۈتنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، 72 گرام ئەرقى گاۋزىبان ياكى 72 گرام ئەرقى ئاپېلسىنغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ ۋە 24 گرام ئالما شەربىتى ياكى 24 گرام ئانار شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە كۆك قىسمى ئېلىۋېتىلگەن كەرەل گۈلى (گۈلى قىزىل ئېچىلىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ گۈلى) دىن يەتتە دانىنى ئەرقى بىدمۇشكى، ئەرقى گۇلاب، ئەرقى گاۋزىباننىڭ ھەربىرىدىن 48 گرام ئېلىپ، ئۇنىڭغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سىقىپ سۈزۈلدۈرۈپ، نىلۇپەر شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا كۇچۇلا تەركىبلىك بەزى دورىلار، مەسىلەن: ھەببى ئازاراقى، مەجۇنى لىينادىن بىر گرام يېگۈزۈلىدۇ. كۇچۇلا يۈرەك تارىمۇشى ۋە نېرۋىلارنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك روھىي كەيپىيات سەۋەبىدىن بولغان بولسا، دىققىتىنى باشقا تەرەپكە بۇراش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ.

نۇسخا ھەكىم ئەرشىدنىڭ خېمىرى ئەۋرىشىم نۇسخىسى، چىلان شىرىسى چۈشكەن خېمىرى ئەۋرىشىمنىڭ ھەربىرىدىن بەش گرام ئاۋۋال يېگۈزۈلىدۇ، ئارقىدىن ئەرقى سەۋزە ۋە ئەرقى ئەنبەرنىڭ ھەربىرىدىن 72 گرام ئېلىپ، ئۇنى 24 گرام ئالما شەربىتى قاتارلىقلارغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەتىگەندە بېرىلىدۇ ۋە كەچتە مۇپەررىھى بارىدتىن بەش گرام، ئەرقى سەۋزە، ئەرقى ئەنبەر ھەربىرىدىن 72 گرامدىن ئېلىپ، 24 گرام ئانار شەربىتى بىلەن بىللە بېرىلىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولسا 48 گرام گۈلقەنتنى 72 گرام ئەرقى گۇلاب، 72 گرام ئەرقى گاۋزىباندا ئېرىتىپ، 48 گرام دىنار شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قان ئازلىق ۋە بەدەن ئاجىزلاش سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك يۈز بەرگەن بولسا، بۇ نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ.

نۇسخا جاۋاھىرلار چۈشكەن داۋائىلمىشكى مۆتەدىلنى كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ ئاۋۋال يېگۈزۈلىدۇ، ئارقىدىن بەديان، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، لاچىندانە، قارا خىرپە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، 36 گرام ئەرقى گاۋزىبان، 72 گرام ئەرقى گۇلاب قاتارلىقلارغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ ۋە ناۋات قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. ئاشقازان مەنبەلىك خەفەقان: قۇستۇرۇش ۋە ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئاشقازان

تازىلىنىدۇ ۋە ئاشقازان بىلەن بىللە يۈرەكمۇ كۈچەيتىلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ھەزىم بۇزۇلسا بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا زەھرى مۆھرى ۋە تاباشىردىن بىر گرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، داۋائىلمىشكى مۆتىدىل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئاۋۋال يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن ئۈچ گرام بەديان، بەش گرام قۇرۇق كەشنىز، 11 دانە كۆك ئۈزۈم، ئۈچ گرام لاچىندانە قاتارلىقلارنى 72 گرام ئەرقى سەۋزە، 72 گرام ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىقلارغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گرام گۈلقەنت قوشۇپ ئەتىگەندە يېگۈزۈلىدۇ.

نۇسخا بەديان، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، تاباشىر، لاچىندانە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گرام، ئاق ناۋاتتىن 24 گرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ تەييارلاپ، سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭغا قىزىلگۈلمۇ قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

5. يۈرەك سەزگۈ قۇۋۋەتلىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان خەفاقان: يۈرەككە يۈرەكنىڭ مەخسۇس دورىلىرى ۋە مىزاجغا مۇناسىپ خۇش پۇراقلار بىلەن قۇۋۋەت يەتكۈزۈلىدۇ. قويۇق غىزالاردىن، مەسىلەن: كاللا - پاچاق، ھەلىم قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىشتىن يۈرەك سېزىمى ئاجىزلايدۇ ۋە يۈرەك ئادەتتىكى نەرسىلەردىن ئەزىيەتلەنمەيدۇ.

6. يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان خەفەقان: بۇنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى سۆزلىنىپ بولدى.

7. يۈرەك كىلاپان كېسەللىكلىرىدىن بولغان خەفەقان: ئەگەر بۇ كېسەللىك يۈرەك كىلاپانلىرىدىكى كېسەللىك سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك داۋاسى يوق، كېسەللىك ئالامىتى يەڭگىل بولسا يۇقىرىقى نۇسخا بېرىلسە پايدىلىق.

8. باشقا كېسەللىكلەردىن بولغان خەفەقان: بالىياتقۇ بوغۇلۇش ياكى ھەيز كۈنلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولغان بولسا، ئەسلىي كېسەللىك داۋالىنىدۇ، ئەگەر نۇقرەس ۋە مۇپاسىل ئاغرىقى، ئۇسسۇل ئويناش كېسىلى، سارائىلىق، تۇتقاقلىق، مالىخولىيا، ئۆپكە ئىششىقى، سىل كېسىلى، گىيگا كېسىلى ۋە باشقىلارنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، شۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن خەفەقانغىمۇ رىئايە قىلىنىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش لەتىپ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى غىزالارنى يېگۈزۈش، سۈت، شورپا، تۇخۇم، قايماق، بالائى (قاينىتىلغان سۈت ئۈستىدىكى ئۇيۇپ قالغان بۆلەك)، تويۇنغان سۈت، نوقۇت ۋە ماشتا تەييارلانغان تاماق، كاكچا نان، كۆكتاتلاردىن قاپاق، سەي كاۋىسى، تەندا، خىرپە، پالەك قاتارلىقلارنى بېرىش شۇنداقلا مېۋىلەردىن ئۈزۈم، ئالما،

ئاپېلسىن، نەشپۈت قاتارلىقلارنى بېرىش لازىم.

كۆرسەتمە بىمارغا پەسلىگە قاراپ پاكىز كىيىم كىيگۈزۈش، ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا سەندەل ۋە كافۇر تەركىبلىك كىيىملەرنى كىيگۈزۈش، بىمارنى ئازادە، ھاۋالىق ئورۇندا ئارام ئالدۇرۇش، بىمارنىڭ يېنىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماسلىق، بىمارنى غەم - ئەندىشە ۋە دەرد - ئەلەمدىن مۇمكىنقەدەر يىراق قىلىش، ئەتىگەندە كەڭرى جايدا سەيلە قىلدۇرۇپ خۇشاللىق يەتكۈزۈش، ماددىلارنى قوزغىتىدىغان ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەر، مەسىلەن: ھاراق، چاي، قەھۋە قاتارلىقلاردىن مۇمكىنقەدەر پەرھىز قىلدۇرۇش، ئەگەر بۇ نەرسىلەرگە ئادەتلەنگەن بولسا تەدرىجىي ئۇنى تاشلاتقۇزۇش لازىم.

كۆپ تەپەككۇر قىلىش، كۆپ جىنسىي ئالاقە قىلىش ۋە كۆپ ئەمگەك قىلىشتىن ساقلىنىش، ۋاقتىدا غىزالىنىش ۋە خۇشال - خۇرام كەيپىياتنى ساقلاش لازىم.

يۈرەك ئاغرىقى

بۇ نام ئۇنىڭ مەخسۇس ھالىتىگە ئاساسەن قويۇلغان. بۇنىڭدا يۈرەك ئۇدۇلىدا بىردىنلا تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىق قوزغىلىدۇ، بۇ بەزىدە ئۆلۈپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ.

تونۇش بۇ كېسەللىكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى يوشۇرۇن بولىدۇ، ئوخشىمىغان كىشىلەردە كېسەللىك قوزغىلىش بىلەن كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ. بەزى كىشىلەر خىيالىدا يۈرەك بىر ياكى ئىككى ئائورتا تومۇرنىڭ تارىيىشى ياكى توسۇلۇشى سەۋەبىدىن يۈرەك پەرۋىشى ياكى ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىش تەرتىپىدە بۇزۇلۇش يۈز بېرىشتىن پەيدا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدا قان ئازلىق بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۆزى گۇۋاھ بولىدۇكى، يۈرەك ئارتېرىيەسىنىڭ بىر چوڭ شېخىنى باسقاندىن كېيىن، دەسلەپ يۈرەك ھەرىكىتى تەرتىپسىزلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈرەكنىڭ سوقۇشى قىسقا ۋاقىت، يەنى يۈرەك بوشاپ كېڭەيگەن ھالەتتە تۇرۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئوزۇقلىنىش تەرتىپسىزلىكى سەۋەبىدىن يۈرەككە قان تولۇق يېتىشمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن يۈرەك نېرۋىلىرىغا بېسىم يېتىشتىن ئاغرىق ئاشكارا بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك قوزغالغان ۋاقىتتا بىمار ئۆلۈپ كەتسە، جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرگەندە يۈرەكنىڭ چوڭايغانلىقى مەلۇم بولىدۇ ۋە يۈرەك قېرىنچىسى قان بىلەن تولىدۇ، ئادەتتە يۈرەك ياكى چوڭ شىريان تومۇرلاردا قانداقلا بولمىسۇن كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: يۈرەك مۇسكۇل ئىششىقى، يۈرەك مۇسكۇلىنى ماي قاپلاش، چوڭ شىريان سىفلىس سەۋەبىدىن ئىششىش، سۇلۇق ئۆسمە، چوڭ شىرياننىڭ ياكى كلاپانلارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى،

كۆكرەكتىكى كىلاپانلارنىڭ سۇلۇق ئىششىقى ياكى ئۆسمە سەۋەبىدىن توسۇلۇشى، كىلاپانلارنىڭ تاشتەك قېتىشى ياكى تارىيىشى، يۈرەك ئارتېرىيەسىنىڭ قېتىشى ياكى ئۇنىڭغا تاش كەپلىشىۋېلىش ياكى ئىششىش ياكى قان ئۇيۇپ قېلىش سەۋەبىدىن ئۇنىڭدا توسۇلۇش يۈز بېرىدۇ.

يۈرەكنىڭ بۇ كېسەللىكلىرىدە نېمە ئۈچۈن ئۆلۈم پەيدا قىلغۇچى قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولىدۇ؟

جاۋاب بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلىي يىلتىزى نېرۋىغا مۇناسىۋەتلىك، دەپ جاۋاب بەرگەن. بەزى كىشىلەر يۈرەكنىڭ ئوزۇقلىنىشىدا بۇزۇلۇش بولغاندا پەيدا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر ئائورتىنىڭ ئىششىغان قەۋىتىنىڭ تارتىششىدىن بۇ ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتتا جەسەتنى يارغاندا يۈرەكتە بۇ كېسەللىكنىڭ ھېچقانداق ئالامەتلىرى تېپىلمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن كۆزقاراشلار بەربات بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە كىشىلەر يۈرەكتە قاتتىق تەشەننۇج بولۇشتىن بۇ ئاغرىق باشلىنىدۇ، دەپ قارىغان.

بەزى كىشىلەر بۇ كېسەللىكنى ئىرسىيەتلىك، دەپ قارىغان. بۇ ئاغرىقنىڭ تەسىرى بىلەككىچە تارقايدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى كىشىلەر يۈرەك ئاسارىتى ۋە ئاغرىقلار يولىنىڭ شېرىكلەشكۈچى بۆلەكلىرى ئارقىلىق مېڭە ئالدىدىكى توپىسىمان جەۋھەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئاندىن مېڭە بۇنىڭ تەسىرىدە ئۆزگىرىپ ئەسلىي يىلتىزغا ئالاقىدار مۇناسىۋەتلىك يولدىن ئۇ توپىسىمان جەۋھەر ۋە تۇتاش بۆلەكلەرگە تارقايدۇ، شۇڭلاشقا بۇ توپىسىمان جەۋھەر بۇ نېرۋىلارنىڭ مەركىزى بولىدۇ، ئۇنىڭ بۆلۈنگەن ئورنىدا ئاغرىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا يۇقىرىقى ئائورتا ئۆزىنىڭ ئاغرىقنى بويۇنىڭ 3 ـ، 4 ـ ۋە كۆكرەكنىڭ 1 ـ، 2 ـ. 3 ـ نېرۋىلىرىدىكى بۆلۈنۈش ئورنىدا ئۆزگەرتىدۇ. شۇنىڭدەك يۈرەك دالانچىسى ۋە قېرىنچىسىنىڭ نېرۋىلىرى، ئېغىزمان يۇلۇنىنىڭ 2 ـــ 8 ـ نېرۋىسىغىچە بۆلۈنۈپ چىقىدۇ ۋە ئېغىزمانىنىڭ نېرۋىسى بىلەك ۋە ئۇنىڭ ئىچكى تەرىپىگە تارقايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئورۇندا ئاغرىق سېزىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

سەۋەبى

ئىلگىرىكى سەۋەبى بۇ كېسەللىك ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەردە، 50 ياشتىن ئاشقانلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

كېيىنكى سەۋەبى كۆپ چېنىقىش، كۆپ دەرد ـ ئەلەم تارتىش، ئاچچىقلىنىش، كۆپ ئويلىنىش، قەۋزىيەتلىك، قورساق ئېسىلىش، ھاراق ئىچىش، نۇقرەس ماددىسىنىڭ زەھرى، دىيابېت، سىفلىس، بەزى يۈرەك كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: چوڭ ئائورتا كىلاپان كېسەللىكلىرى

قاتارلىقلار.

ئالامىتى بۇنىڭ دەۋرى ۋاقىتلىق بولىدۇ. كېسەللىك بىمار ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرگەندە، ئېگىز ئورۇنغا چىققاندا، بەزىدە تاماق يېگەندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ، شۇڭلاشقا كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتتا يۈرەك ئۇدۇلىدا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ، بۇ ئادەتتە كۆكرەك سۆڭەكلىرى ئارىلىقىدىن باشلىنىپ، بويۇن، ئېغىزمان، سول تەرەپ تاغاق، سول بىلەك، بەزىدە ئىككى بىلەك مۇسكۇللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە، بەزىدە بارماققىچە تارقىلىدۇ، بۇ ئاغرىق شۇنداق قاتتىق بولىدۇكى، بىماردا دەرھال ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك سېزىم بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ دېمى سىقىلىدۇ. ئاغرىق ھەر خىل بولىدۇ، بەزىدە نەشتەر سانجىغاندەك، بەزىدە ئوتتا كۆيگەندەك، بەزىدە تارتىشقاندەك مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر ماڭغاندا بۇ كېسەللىك قوزغالسا، بىمار بىئارام بولۇپ بىرەر نەرسىنى تۇتۇۋالىدۇ ياكى ئولتۇرۇۋالىدۇ، يۈرەك ئاغىدۇ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ ۋە تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىدۇ، چىرايى غەمكىن، نۇرسىز بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى سوغۇق بولىدۇ، بەزىدە تەرلەشتىن پۈتۈن بەدەن ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. تومۇرى ئاستا ۋە ئىنچىكە سوقىدۇ. نەپىسى تېز - تېز بولىدۇ، چوڭقۇر بولمايدۇ، لېكىن بىمارنىڭ ئەس - ھوشى نورمال بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىككى - ئۈچ مىنۇت ياكى ئىككى - ئۈچ سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ. بەزىدە كېسەللىك قوزغالغاندا قۇسۇشمۇ بولىدۇ. ئاغرىق باشلانغاندا، ئەگەر بىمار مېڭىشتىن ۋە چېنىقىشتىن دەرھال توختىسا، پۈتۈن ئالامەتلەر دەرھال يوقىلىدۇ. لېكىن بۇ كېسەللىك تەكرار قوزغالسا، قاتتىق ئېغىرلاشسا ئادەتتىكى سەۋەبلەردىن قوزغىلىدۇ ۋە قاتتىق ئاغرىق ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ. ئەتىگەندە كۆپ قوزغىلىدۇ. ئەگەر بىمار ئۇخلىسا ئاغرىق قويۇپ بېرىدۇ. ئاخىرىدا كېسەللىك قاتتىق تۇتقاندا بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن بەزىدە بىماردا ھېچقانداق ئاغرىق ۋە ئالامەت بولماي تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

تۈرلىرى بۇ كېسەللىك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ھەقىقىي يۈرەك ئاغرىقى؛ يەنە بىرى، ساختا يۈرەك ئاغرىقى.

ھەقىقىي يۈرەك ئاغرىقى

1. ئومۇمەن 40 ~ 50 ياشتىكىلەردە كۆرۈلىدۇ.
2. ئادەتتە ئەرلەردە بولىدۇ، چېنىقىش، غەم - قايغۇ ياكى ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك قوزغىلىدۇ.
3. كېچىدە ئاندا - ساندا پەيدا بولىدۇ.
4. بىمارنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئاغرىيدۇ ۋە بىمارغا يۈرىكى ئېغىر نەرسىدە بېسىلىپ قالغاندەك بىلىنىدۇ.

5. ئاغرىق پەقەت بىر ئىككى مىنۇتقىچە داۋاملىشىدۇ، كېسەل تۇتقاندا بىمار خامۇش بولۇپ قالىدۇ ۋە ھەرىكەت قىلالمايدۇ.

ساختا يۈرەك ئاغرىقى:

1. ھەرقانداق ياشتىكىلەردە ھەتتا ئالتە ياشتىكى بالىلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.
2. ئادەتتە ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، ھېچقانداق ھەرىكەت قىلمىسىمۇ قوزغىلىدۇ.
3. كېچىدە قوزغىلىدۇ.
4. بەك قاتتىق ئاغرىمايدۇ ۋە بىمارغا يۈرىكى ئېچىلىپ ئازادىلىشىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ.
5. ئاغرىق بىر سائەتتىن بىر يېرىم سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ. بىمار ئېڭىشىپ قالىدۇ ۋە ماڭالايدۇ.

ساختا يۈرەك ئاغرىقى ئادەتتە بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش، نېرۋا ئاجىزلاش، تاماكا چېكىش، قەھۋە، چاينى كۆپ ئىستېمال قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئاقىۋىتى يۈرەك ئاغرىقىدىن ھەقىقىي يۈرەك ئاغرىقىنىڭ ئاقىۋىتى ناچار بولىدۇ، بۇ كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا ئۆلۈم ئەھۋالى يۈز بەرمەيدۇ، لېكىن سوزۇلما ھالەتكە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۆلۈم ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى ئاغرىقنى يوقىتىش ئۈچۈن تومۇرلارنى كېڭەيتكۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

تۇتقان ۋاقىتتىكى داۋالاش كېسەل تۇتۇشنىڭ باشلىنىشىدىلا ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش ۋە ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، يۈرەكنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تەرتىپسىزلىنىشىنى يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچىلەر بىلەن يوقىتىش ۋە كۆڭلى ئېلىشسا قۇستۇرۇش لازىم. قورساق ئېسىلىش بولسا يەلنى ھەيدەش، ئاغرىقنى تىنچلاندۇرۇش ۋە ئاغرىقنى يوقىتىش ئۈچۈن خىنە ئەترى ياكى گۇلاب ئەترىنى ئاغرىغان ئورۇنغا سۈركەش ياكى بۇ چېپىلمىنى چېپىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش نۇسخىسى زەرچىۋە، تەنكارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ، سەبرە گۈلى يوپۇرمىقىغا سېپىپ ۋە قىزىتىپ كۆكرەككە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخىسى بۇغداي كېپىكى، ئاق لەيلىگۈلى، بابۇنە گۈلى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، ئاش تۇزىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى سوقۇپ، ئىككى كىچىك خالتىغا دورىنى سېلىپ قايتا ـ قايتا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

سۇيۇق پۇرىتىلما نۇسخىسى ئەرقى ئاپىلسىن، ئەرقى بىدمۇشكى، ئەرقى گۇلاب،

كۆك كەشنىز سۈيى، كۆك قاپاق سۈيى، ساپ سىركىدىن 12 گرام، ئاق سەندەلدىن ئالتە گرام ئېلىپ تەييارلاپ ۋاقتىدا پۈرتىلىدۇ، ئىچىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا ئىككى بەرىنج جاۋاھىر مۆھرىنى بەش گرام جاۋاھىرلار چۈشكەن خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىگە قوشۇپ 48 گرام ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى گۇلاب، ئەرقى ئەنبەر، شەربىتى ۋەرد مۇكەررەر ياكى ئانار شەربىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 48 گرامدىن ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ، ناھايىتى ئاز مىقداردىن بىر نەچچە قېتىم بېرىلىدۇ.

ئەگەر تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئاغرىق قوزغالسا 48 گرام سىركەنجۇبىل ساددىگە قايناق سۇ قوشۇپ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن جاۋارىش كۆمۈنىدىن يەتتە گرام، ئەرقى گۇلابتىن 96 گرام ئېلىپ، شەربىتى ۋەرد مۇكەررەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇشتىن بولغان بولسا ھەممىدىن بۇرۇن قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن شەربىتى ۋەرد مۇكەررەر، شەربىتى دىنارنىڭ ھەربىرىدىن 48 گرام ئېلىپ، ئۇنىڭغا 144 گرام ئەرقى گۇلاب ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا نۆشۈدۈر سادده ئاۋۋال يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەدىياندىن يەتتە گرام، سېرىق ئۈت ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گرامدىن ئېلىپ 144 گرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گرام قىزىلگۈل گۈلقەندىنى قوشۇپ ئىككى ۋاخ يېگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ھەببى كەبەد نۇشادارى ياكى پىتە ئىككى ۋاخ سۇ بىلەن بېرىلىدۇ.

قوزغالمىغان ۋاقىتتىكى داۋالاش بارلىق چارىلەر بىلەن ساقلىقنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، يۈرەكنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە ئىپار، ئەنبەر، كافۇر، گۇلاب، ئاپېلسىن قاتارلىقلارغا ئوخشاش پۈتۈن يۈرەككە خۇشلۇق يەتكۈزگۈچى ۋە خۇش پۇراقلىق دورىلارنى ئىشلىتىش، مەسىلەن: جاۋاھىرلار چۈشكەن داۋائىلمىشكى مۆتىدىل، مۇپەررىھى بارىد، جاۋاھىرلار چۈشكەن خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، خېمىرى مەرۋايىت قاتارلىقلارنى بېرىش لازىم. قەۋزىيەتلىكنىڭ شىكايىتى بولسا قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن 48 گرام قىزىلگۈل گۈلقەندىنى بېرىلسە، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

بىمارنى جاپا - مۇشەققەت، روھىي بېسىم، ئېغىر ھەرىكەت ۋە چېنىقىشتىن توسۇش، غەم - قايغۇ ۋە ئاچچىقلىنىشتىن مۇمكىنقەدەر ساقلىنىش لازىم. بولۇپمۇ تاماقتىن كېيىن مېڭىش ۋە چېنىقىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، ئېگىز ئورۇنلارغا چىقىش خەتەرلىكتۇر، قوزغاتقۇچى دورىلارنى ھەرگىز ئىشلەتمەسلىك، قەھۋە، ھاراق، تاماكا ۋە باشقىلارنى چەكلەش، يېمەك - ئىچمەكتە ئېھتىيات قىلىش لازىم. چۈنكى كېسەللىك قوزغالغاندا غىزا ياخشى ھەزىم بولماي قورساق ئېسىلىدۇ. شۇڭا ئېغىر ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىشتىن

ساقلىنىش لازىم.

يېڭىچە داۋالاش قوزغالغان ۋاقىتتا ئىمائىل نىترائىت پۇرىتىلىدۇ. بۇ بىر ئۇچۇچان سۇيۇقلۇقتۇر، بۇ يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكىنى توختىتىدۇ، ئۇنى ئىككى - ئۈچ قېتىم پۇراتقاندىن كېيىن بىمارنىڭ چىرايى قىزىرىدۇ. باش تومۇرلىرى قان بىلەن تولىدۇ، ئاندىن يۈرەك بىر قېتىم كۈچلۈك سوقىدۇ ھەمدە ئاغرىق دەرھال يوقىلىدۇ، ئىمائىل نىترائىت قاچىلانغان ئامپۇلنى چېقىپ، دورىنى رومال ۋە باشقىلارغا تۆكۈپ بىمارغا پۇرىتىلىدۇ، ئەگەر ئاغرىق ئۇنىڭ بىلەن پەسەيمىسە ئەپيۇن جەۋھىرىدىن 0.12 گىرام ياكى يەبرۇج جەۋھىرىدىن 0.0006 گىرام ئېلىپ، تېرىگە ئوكۇل قىلىنسا ئاغرىق دەرھال قويۇپ بېرىدۇ.

چۈنكى ئەپيۇن جەۋھىرى يۈرەك ھەرىكىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلەتكەندە قاتتىق ئېھتىيات قىلىش زۆرۈردۇر.

ئوزۇقلاندۇرۇش كېسەللىك قوزغالغاندىن كېيىن يەڭگىل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان غىزالاردىن، مەسىلەن: توخۇ شورپىسى، ساگۇدانە، ئارپا ئېشى، سۈت، ماش ئۇنى، ئوغلاق شورپىسى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

كۆرسەتمە بىمارنىڭ قېشىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماسلىق، غىزاغا بەك تويغۇزۇۋەتمەسلىك، كەچلىك غىزانى ئاز دېگەندە ئۇخلاشتىن ئۈچ سائەت بۇرۇن يېگۈزۈش، ئەتىگەندە ھاۋاسى ساپ ئورۇنلاردا سەيلە قىلدۇرۇش ۋە خۇشاللىق يەتكۈزۈش لازىم.

غەشى

بۇ بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا نەپەستىن باشقا ھېس ۋە ھەرىكەت قۇۋۋەتلىرى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا يۈرەك ئاجىزلاش ياكى روھىي ھايۋانىي يۈزلەنگەن ئورۇننىڭ مەركىزىي تەرىپى(يۈرەك ئەتراپى) سەۋەب بولىدۇ ياكى بۇ روھىي ھايۋانىي ناھايىتى زىيادە خوراپ ۋە تارقاپ كەتكەندە پەيدا بولىدۇ.

قاتتىق قورقۇش قاتتىق قورققان ۋاقىتتا روھ سىرتتىن ئىچى تەرەپكە ھەرىكەت قىلىپ ماڭىدۇ.

سەۋەبى

1. بىرەر بوغقۇچى ماددا توشۇپ قالغانلىق سەۋەب بولىدۇ.
2. ئۇنىڭ سەۋەبى بىر قىسىم تارقاتقۇچى ئىستىفراغ بولىدۇ. چۈنكى چىقىپ كەتكەن ماددا بىلەن روھلار (قۇۋۋەتلەر) مۇ خورايدۇ.

بوغقۇچى ماددىنىڭ توشۇپ قېلىشىنىڭ مىسالى ھاراقنى كۆپ ئىچىش، بۇ غەشىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىستىفراغدىن بولغان غەشى قاتتىق ئاغرىقلار ئىستىفراغنىڭ تۈرلىرىدىندۇر ۋە بەزىدە پاسسىپ روھىي كەيپىياتلارمۇ بولىدۇ.

قاتتىق ئاغرىش ئاغرىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن غەشى ئەگەشمە بولۇپ كېلىدۇ. بۇ ئىستىفراغ قاتارىغا كىرىدۇ.

ئىستىفراغنىڭ تۈرلىرى، مەسىلەن: قاتتىق ئىچ سۈرۈش، كۆپ قۇسۇش، بۇرنى قاناش، قاناش، ئىستىسقانىڭ سۈيى چىقىپ كېتىش، يىرىڭلىق جاراھەتنىڭ يېرىلىشى، ھەيز ۋە نىپاسنىڭ كۆپ كېلىشى، كۆپ تەرلەش ۋە باشقىلار.

بەزى روھىي كەيپىياتلار، مەسىلەن: قاتتىق كۈلۈش، بۇنىڭدىن غەشى ۋە ئۆلۈپ كېتىشتەك ئەھۋاللارمۇ پەيدا بولىدۇ.

ئىمتىلا بۇ قىزىتمىلارنىڭ باشلىنىشىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ دەسلەپكى تۈرى (ئىمتىلائى) گە كىرىدۇ، چۈنكى ماددا مۇستەۋقەد ھارارەت (مۇستەۋقەد ھارارەت دېگىنىمىز، ماددىلارنىڭ چىرىش مەركىزى، ماددىلارنىڭ چىرىيدىغان ئەسلىي ئورنىدۇر) ئاز ئازدىن يىغىلىدۇ، بۇ قىزىتمىنىڭ دەسلەپىدە ناھايىتى زىيادە بولىدۇ، ئەگەر قىزىتما ئاشكارا بولسا، قان قايناپ قىزىتمىمۇ ئۆرلەيدۇ، بۇنىڭدىن قۇۋۋەتلەر ئاجىزلايدۇ ۋە غەشى يۈز بېرىدۇ.

بۇنداق ۋاقىتتا پۇت - قوللىرىنى تېڭىپ قويۇش، ئىسسىق نەرسىلەر بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، قوزغىلىشنىڭ دەسلەپىدە بەدەننى ئۇۋۇلاش لازىم تاكى ماددا ئىچىدىن سىرتىغا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭسۇن، ئۇخلاپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا ماددا ئىچى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ.

بۇ ئىمتىلائىدىن غەشى پەيدا بولىدۇ، بۇ قان تومۇرلاردا يۈز بېرىدۇ. يەنى بۇ تومۇرلار بۇزۇق خىلىتلاردىن تولۇپ قالىدۇ.

بۇ، ھەزىم بۇزۇلغاندا ئاشقازاننىڭ تولۇپ قېلىشىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ، يەنى ئاشقازان بۇزۇلغان غىزالار بىلەن تولۇپ قالىدۇ.

ئاشقازان ۋە يۈرەك شېرىكچىلىكىدىكى غەشى ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ۋە ئاشقازان سەزگۈرلۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، بۇ، يۈرەككە بەك يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نۇرغۇن كېسەللىكلىرى غەشىگە سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇش، بۇ كالا ئىشتىھا كېسىلىدە يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: ئاشقازان كىرىش ئېغىزى، ئاشقازان ئىششىقى ۋە ناچار

خىلتلاردىن ئۇنىڭ تولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ يۈرەك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنچىلىك زىچكى، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ ئاغرىقى يۈرەك ئاغرىقى دېيىلىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ئاتىلىش سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ مەنىسىنى يۇنان تىلىدا يۈرەك مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە قىلغۇچى ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ تەرجىمىسىنى يۈرەك دەپ تەرجىمە قىلغان(ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقىنى يۈرەك ئاغرىقى دەپ يازغاندۇر).

كالا ئىشتىها كېسىلى بۇ كېسەللىكتە ئاشقازان ئىمتىلا بولغانلىقتىن بىمار تاماقنى ھەزىم قىلالمايدۇ، ئەمما ئەزالار غىزاغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى بەزىدە غەشى يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. يەنى مىزاج بۇزۇلۇشتىن ئىلگىرى خەفەقان يۈز بېرىدۇ ۋە بۇ ئامىللار ئېغىرلاشسا غەشى پەيدا بولىدۇ. بۇ تېخىمۇ تەرەققىي قىلسا بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. يۈرەك مىزاجى بۇزۇلۇشنىڭ بارلىق تۈرلىرى سۆزلىنىپ بولدى.

بۇخارات ۋە زەھەرلەر بەزى غەشى بۇزۇق بۇخارات ۋە زەھەرلىك ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ھەيزنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى بۇنىڭغا مىسالدۇر.

يۈرەك ئىششىقى بەزىدە غەشى يۈرەكنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقىدىن بولىدۇ، بۇ يۈرەكتە ئاندا - ساندا پەيدا بولىدۇ. بۇ، يۈرەك مەنبەلىك غەشى دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى سوغۇقتىن بولغان ئىششىق سوزۇلما ئىششىقتۇر.

يۈرەك قېپى ئىششىقى بەزىدە غەشى يۈرەك قېپى پەردىلىرىدە سوزۇلما ئىششىق بولۇشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىمار تەدرىجىي ئورۇقلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا جالىنۇس مايمۇننىڭ بىر ۋەقەسىنى سۆزلىگەن: جالىنۇس بۇ مايمۇننى ئاناتومىيە قىلىش مەقسىتىدە باققان ھەمدە يېرىپ مايمۇننىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى تەكشۈرگەن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مايمۇن كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاشقا باشلىغان. ئاخىرىدا ئۇنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ قورسىقى ۋە كۆكرىكىنى يارغاندا مايمۇننىڭ يۈرەك غىلاپىنىڭ ئىششىغانلىقىنى كۆرگەن. بۇنىڭدىن ئورۇقلاشنىڭ سەۋەبى ئىششىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن.

زەھەرلىنىش بەزىدە غەشى زەھەرلىك جانىۋارلارنىڭ چېقىۋېلىشىدىن ۋە زەھەر يېيىشتىن پەيدا بولىدۇ.

ئۆپكە شىريان ۋەرىدىنىڭ توسۇلۇشى بەزىدە غەشى ئۆپكىدىن يۈرەككە ساپ ھاۋا

ئالماشتۇرىدىغان كۆك قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئائورتا توسۇلۇش بەزىدە ئائورتا توسۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ، بۇ چوڭ قىزىل قان تومۇردۇر، بۇ تومۇر ئارقىلىق قەلبتىكى روھ شىريان قېنى بىلەن يۈرەكتىن پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ.

بۇ خىل غەشىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سەۋەبى ئاشكارا بولماي تۇرۇپ ئالامىتى ئېغىر بولىدۇ، ئاشكارا سەۋەبى قۇۋۋەتلەرنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئۇزۇنغىچە مۇنچىدا تۇرۇش، ئاشقازان ئاجىزلىغان ۋاقىتتا ئەتىگەندە مۇنچىغا كىرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇقراتنىڭ دېيىشىچە، بىماردا بىرەر ئاشكارا سەۋەب بولماستىن، قاتتىق غەشى بولىدۇ ۋە بەزىدە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ، يەنى بۇ تۈر ئۆلۈمگە يېقىن بولىدۇ.

غەشىنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

ناچار مىزاج، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىق، قان ئازلىق، ھەر خىل سەۋەبلەردىن كۆپلەپ قان چىقىپ كېتىش، مېڭىگە زەخىم يېتىش، قاتتىق ئاغرىق، بەدەننىڭ كۆپ قىسمى كۆيۈپ قېلىش، قاتتىق زەربە تېگىش، ئاشقازان ئۈدۈلىغا زەربە تېگىش، ئىسسىقتا ئادەملەر بىر ئورۇنغا يىغىلىۋېلىش، ئېچىرقاش، تۇيۇقسىز خۇشال بولۇش ياكى قاتتىق غەم يېيىش، نازۇك مىزاج، يۈرەك ئاجىزلاش ۋە يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، بىرەر چوڭ كۆك قان تومۇرنىڭ بېسىلىشى، شۇنداقلا ئىستىسقادا قورساقتىن بىر قېتىمدا بىراقلا كۆپ سۇ چىقىرىۋېتىشتىن كېيىن بولىدۇ، ئىسسىق زەھەرلىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، زەھەرلىك جانىۋارلار چېقىۋېلىش، قۇۋۋەت تارقاپ كېتىش قاتارلىقلاردا، تۇغۇت جەريانىدا بەزى ئاياللاردا غەشى كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى ئومۇمىي غەشىنىڭ ئالامىتى قول - پۇت سوۋۇپ كېتىش، نەپەس ئاجىزلاش، تومۇرى كىچىك ۋە ئاجىز سوقۇش، رەڭگى سارغىيىشتىن ئىبارەتتۇر. غەشى بولغان بىمارلاردىن گەپ سورىغاندا، ئۇنىڭ سۆزىنى ياخشى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئاۋازى خۇددى يىراقتىن ياكى تامنىڭ كەينىدىن كەلگەندەك ئاڭلىنىدۇ. چۈنكى مېڭە قۇۋۋىتى بۇنىڭدا سەكتىدەك پۈتۈنلەي بۇزۇلمايدۇ، بەلكى پەقەت قۇۋۋەت ئاجىزلىشىدۇ.

قوشۇمچە بەزىدە غەشى تۇيۇقسىز قوزغىلىدۇ ۋە بىمار شۇ ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى غەشى تەدرىجىي پەيدا بولىدۇ. بەزىدە ئاز مەزگىلدىن كېيىن يوقىلىدۇ. غەشىدىن بۇرۇن كۆپىنچە ۋاقىتتا بۇ ئالامەتلەر ئاشكارا بولىدۇ: كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ ۋە باش قېيىش بولىدۇ. بەزىدە كۆڭلى ئېلىشىدۇ ۋە قۇسىدۇ، چىرايى نۇرسىز بولىدۇ. تومۇرى ئىنچىكە، تېز، بەزىدە تەرتىپسىز سوقىدۇ ۋە بىمار ئارقىمۇئارقا تەرتىپسىز نەپەس ئالىدۇ، بەزىدە سوغۇق نەپەس ئالىدۇ،

بىئارام بولىدۇ، قۇلىقىغا شار - شۇر قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھوشىدىن كېتىدۇ.

غەشى تۇتقاندا پۈتۈن بەدەن مۇزلايدۇ ۋە تاتىرىپ، تەرلەپ ھۆل بولۇپ كېتىدۇ ھەمدە كۆز قارىچۇقى كېڭىيىدۇ. تومۇرى ئىنچىكە، ئاجىز سوقىدۇ ياكى سوقمايدۇ، نەپەس بوش، تەرتىپسىز بولىدۇ، تارتىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن سىيدۈك ۋە چوڭ تەرىتى چىقىپ كېتىدۇ، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن يۈرەككە ئىسسىقلىق قوشۇلىدۇ ۋە قۇسىدۇ ھەمدە قول - پۇتلىرى تىترەيدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى سۇبات (قاتتىق ئۇيقۇ) كېسەللىكىنىڭ ئالامىتىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى سۇباتتىن پەرقلەندۈرۈش لازىم.

غەشى (ھوشىدىن كېتىش)

1. غەشىدە بىمارنىڭ چىرايى سارغىيىدۇ.
2. بىمارنىڭ تومۇرى ئاجىز، توختاپ - توختاپ سوقىدۇ.
3. نەپەس ئاستا ۋە تەرتىپسىز بولىدۇ.
4. بەدەن سوغۇق تەرلەپ ھۆل بولۇپ كېتىدۇ.
5. مېڭىدە قان ئاز بولىدۇ.

سۇبات (قاتتىق ئۇيقۇ)

1. بىمارنىڭ چىرايى قىزىل بولىدۇ.
2. تومۇرى تولۇپ سوقىدۇ.
3. خىرقىراپ نەپەس ئالىدۇ.
4. سوغۇق تەرلەش بولمايدۇ.
5. قاتتىق ئۇيقۇدا مېڭىدە قان كۆپ بولىدۇ.

داۋالاش بۇ، تۇتقان ۋاقىتتىكى داۋالاش ۋە ھوشىغا كەلگەندىن كېيىنكى داۋالاش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتتىكى داۋالاش شۇكى، بىمارنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىلىدۇ، خۇش پۇراقلىق دورىلار چۈشكەن غىزالارنىڭ پۇرىقى پۇرىتىلىدۇ ھەمدە خۇش پۇراقلىق تەم تەڭشىگۈچلەر سېپىپ پىشۇرۇلغان كاۋاپنىڭ پۇرىقى ۋە ياخشى پۇراقلار پۇرىتىلىدۇ، ئالما سۈيى بىلەن داۋائىلمىشكىنى بىمارنىڭ گېلىغا تېمىتىپ تۇرۇلىدۇ، قول - پۇتلىرى چىڭ

بىرلەشتۈرۈپ باغلاپ قويۇلىدۇ، بىمار مىدىرلىتىپ تۇرۇلىدۇ.

بىمارنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىش بىلەن ھوشىغا كېلىشىنىڭ سەۋەبى، سۇ چېچىش بىلەن تەبىئەت تۇيۇقسىز ئويغىنىدۇ ھەمدە بىمار نەپەس ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، يۈزىنى ھۆل قىلىشقا قارىغاندا سوغۇق سۇنى كۈچەپ بىمارنىڭ يۈزىگە چېچىش زىيادە مەنپەئەتلىكتۇر. چۈنكى تېرىگە كۈچلۈك سۇ تېگىش بىلەن ئويغىنىش زىيادە بولىدۇ، سۇ چېچىش بىلەن سوغۇقلۇقمۇ زىيادە يېتىدۇ، ھوشىغا كەلگەندە سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، ئەگەر سەۋەبى ماددىلارنىڭ ئىستىفراغلىق سەۋەبىدىن بولسا ئۇنى توختىتىش لازىم.

ئەگەر ئىمتىلا بولسا ئۇنى چىقىرىپ تاشلاش، ئەگەر مىزاج بۇزۇلغان بولسا، ئۇنى ياخشىلاش لازىم.

ئەمەلىي داۋالاش غەشى ئەسلىي مۇستەقىل كېسەللىك بولماستىن، بەلكى پەقەت بىر كېسەللىك ئالامىتىدۇر، بۇ يۈرەك كېسەللىكلىرىگە قوشۇلۇپ پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتىدا بىمارنى دەرھال ھاۋالىق مۇھىتتا تۇرغۇزۇش، يۇمشاق كۆرپىدە ياتقۇزۇش، ئاندىن سوغۇق سۇنى ئېغىزغا ئېلىپ بىمارنىڭ يۈزىگە پۈركۈش، بىمارنىڭ قول - پۇتلىرىنى يۈرەك تەرەپكە قارىتىپ ئۇۋۇلاش، بۇنىڭ بىلەن ئەزالارنىڭ قېنى يۈرەك تەرەپكە قايتىدۇ، سىركە پۇرىتىش ياكى نۆشۈدۈر، ھاكنى بىر شىشىگە سېلىپ، ئۇنىڭدىن چىققان گازنى پۇرىتىش لازىم. بەزى كىشىلەر قىزىلمۇچنى يۇمشاق سوقۇپ، بىمارنىڭ بۇرنىغا پۈركۈشنىڭ غەشى تۇتقاندا پايدىلىق ئىكەنلىكنى ئىسپاتلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يۈرەكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىمارنىڭ گېلىغا تۆت بەرەنج جاۋاھىر مۆھرىنى، 24 گىرام ئەرقى بىدىمۇشكى ياكى 24 گىرام ئەرقى گۇلابقا قوشۇپ تېمىتىش كېرەك.

ئەگەر غەشى قان كۆپ چىقىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ھەممىدىن ئاۋۋال قان توختىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، قان چىقىۋاتقان بولسا، باش قىسمىغا سوغۇق سۇ سېپىش ياكى مېڭىگە مۇز خالتىسى قويۇش ۋە بۇ نۇسخىنى ئىشلىتىش لازىم.

نۇسخا: بەش گىرام چىلان شىرىسى چۈشكەن خېمىرى ئەۋرىشمىنى 60 گىرام ئەرقى بىدىمۇشكىگە قوشۇپ ئاز - ئازدىن يېگۈزۈش، ئەگەر بىمار ھوشىغا كەلسە، يۈرەكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخىنى بېرىش لازىم:

نۇسخا: ئىككى بەرەنج جاۋاھىر مۆھرىنى بەش گىرام ھەكىم ئەرشەدنىڭ خېمىرى ئەۋرىشم نۇسخىسىغا قوشۇپ ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئارقىدىن ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى گۇلاب، ئەرقى ئاپىلسىن، تاتلىق ئانار شەربىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ ئۈچ خىل ئەرەقتىن بىرسى بولسىمۇ يېتەرلىك بولىدۇ، بىر خىل ئەرەقنى ئىشلەتمەكچى بولغاندا

مىقدارى 168 گىرام بولسا يېتەرلىك بولىدۇ.

نۇسخا: جاۋاھىرلار چۈشكەن داۋائىلمىسكى مۆتىدىلدىن بەش گىرامنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ ئارقىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، بەش گىرام قۇرۇق يۇمغاقسۈت، 11 دانە كۆك ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم قاتارلىقلارنى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام ئاق ناۋات قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەش تامچە پولات داغمال سۈيى بەش تامچە سۇغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قاتتىق ئاغرىق سەۋەبىدىن غەشى بولسا، ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن زىمات قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئەزالارنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن غەشى بولسا، قائىدە بويىچە كۆيۈكنىڭ چارىسىنى قىلىش كېرەك.

ئادەملەرنىڭ ئىسسىق ئورۇندا توپلىشىۋېلىش سەۋەبىدىن غەشى بولغان بولسا، بۇ ئورۇندىن دەرھال كىشىلەرنى تارقىتىۋېتىش لازىم.

ئەگەر ئېچىرقاش سەۋەبىدىن غەشى بولغان بولسا، ئاز مىقداردا سۈت، كىچىك ئاپېلسىن ۋە ئۈزۈم ئەرقى بېرىش، بىر قېتىمدا كۆپ مىقداردا غىزا ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى بەرمەسلىك لازىم.

ئەگەر نېرۋا ئاجىزلاش سەۋەبىدىن بولغان بولسا نېرۋىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا: ئىككى بەرىنج ئالتۇن كۈشتىسىنى بەش گىرام داۋائىلمىسكى مۆتىدىلگە قوشۇپ ئەتىگەن، كەچتە يېگۈزۈش ۋە كەچتە بىر دانە ھەببى ئەھمەرنى سۈت بىلەن يېگۈزۈش لازىم. بۇ نۇسخىلارنىڭ ئورنىغا كۈچلۈك تەركىبلىك دورىلارنى بەرگەندە ناھايىتى ئوبدان ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان، مەسىلەن: ھەببى ئازاراقى، مەجۇنى لىنا قاتارلىقلار.

ئەگەر ئىسسىق زەھەرلەرنى ئىستېمال قىلىش ياكى زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋېلىش سەۋەبىدىن غەشى يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەسلىي سەۋەبىگە قارىتا داۋالاش، بۇنىڭغا ئاساسەن قالغان سەۋەبلەرنىڭ ئىلاجىنى قائىدە بويىچە قىلىش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئەگەر بىمارنىڭ ئىشتىھاسى بولسا لەتىف، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى بېرىش، مەسىلەن: سۈت ياكى ئۆچكە گۆشى شورپىسى، ئالما سۈيى، ئاپېلسىن سۈيى ۋە باشقىلارنى بېرىش، بىمارنىڭ قۇۋۋىتى تولۇق ھاسىل بولغۇچە بىمارنى يول يۈرۈشتىن توختىتىش ۋە ساقايغاندىن كېيىنمۇ يەللىك، تەستە ھەزىم بولىدىغان، ئىسسىق،

ئاچچىق - چۈچۈك ۋە قوزغاتقۇچى نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

يۈرەك دالانچىسى ئىششىقى

بۇ، ئېغىر كېسەللىكلەر ۋە ياكى كونا قىزىتما، يەنى ئۆتكۈر كېسەللىكلەر ۋە سوزۇلما تەپلەردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى   كۆكرەك ۋە ئۆپكىدە يۈرەك ئەتراپى ئىششىپ ئېغىرلىق سېزىلىدۇ ۋە كۆپىنچە ۋاقىتتا ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ.

بۇ ئىششىق دەرھال جاننى ئالمىسىمۇ، لېكىن يۈرەك ئىششىقى جاننى ئالىدۇ. مەزكۇر كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بىمار ئۇزۇن مەزگىل ياشىيالمايدۇ، بەلكى بۇنىڭدىن ھوشسىزلىنىپ قەتئىي ھوشىغا كەلمەيدۇ.

بىمارنىڭ چىرايى ناھايىتى سارغىيىپ كېتىدۇ. كۆزىدە ئېسلەڭگۈلۈك بولىدۇ.

يۈرەك كېڭەيگەندە بىمارغا يۈرەك كېڭىيىشتىن توختاپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ، چۈنكى يۈرەك كېڭەيگەندە يۈرەكنىڭ ئىككى دالانچىسى تارتىشىدۇ، بۇنىڭدىن ئاغرىق كۈچىيىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرەك تولۇق كېڭىيەلمەيدۇ. يەنى تولۇق كېڭىيىشتىن ئىلگىرى مەركەز تەرەپكە قايتىدۇ.

داۋالاش   چېنىقىشتىن تەرك ئېتىلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا روھ زىيادە تارقاپ كېتىپ يۈرەك قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، غەشىنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ. ئىششىق ماددىسى تارقاپ كەتكۈچە تارقاتقۇچى قايىنتىلمىلاردىن، مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلملىك، پىرسىياۋشان، بۇغداي كېپىكى قايىنتىلمىسى قاتارلىقلار كۆكرەككە چېپىلىدۇ. خۇش پۇراق بولغان تارقاتقۇچى زىماتلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: ئىكلىلملىك، بابۇنە، زىغىر، ئاق لەيلى يوپۇرمىقى، كەرنۇب يوپۇرمىقى، مامكاپ ۋە زەپەر قاتارلىقلار زىمات قىلىنىدۇ.

يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى

بۇ سەۋدادىن بولغان كېسەللىك بولۇپ، ئۆتكۈررەك سەۋدا ماددىسىنىڭ يۈرەك توقۇلمىلىرىغا سىڭىپ چىقىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە سەۋدا ماددىسى قويۇلۇشتىن يۈرەك تارىمۇشلىرى پۈتۈنلەي قارىداپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

ئالامىتى   بىماردا يۈرىكى تىقىلىپ قالغاندەك سېزىم بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىمار يەڭگىل هوشسىزلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئېغىزىدىن شۆلگەي كۆپ چىقىدۇ.

داۋالاش   سەۋدا ماددىسىنى چىقىرىپ تاشلاشتا سەۋدانى سۈرگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەۋدا چىقىپ كېتىدۇ، جىگەرنىڭ مىزاجىنى ياخشىلاپ، تەبىئىي قان پەيدا قىلىنىدۇ، مۇپەررىھاتلار ئارقىلىق يۈرەك قۇۋۋەتلەندۈرۈلىدۇ (بۇ مالىخولىيا كېسەللىكىدە سۆزلەندى) ۋە تەرياقى كەبىر يېگۈزۈلىدۇ.

يۈرەك سويۇلغاندەك ئاغرىش

بۇ بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا بىمارغا گويا ئۇنىڭ يۈرىكى توسقۇنلۇققا ئۇچراشتىن سويۇلغاندەك مەلۇم بولىدۇ ياكى قاتتىق ئاغرىقتىن تۇيۇقسىز هوشىدىن كېتىدۇ ۋە دەرهال يوقايدۇ.

بۇ كېسەللىك ئۇزاق مەزگىل سەپراۋى ئىچى سۈرگەن كىشىدە بولىدۇ ياكى ئۆتكۈر نەزلىلەرنىڭ كۆكرەككە قۇيۇلۇشىدىن بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئىنكاس شەكلىدە يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ ياكى خاتا سېزىمدىن بىمار ئۇنى يۈرەك كېسىلى دەپ چۈشىنىدۇ.

ئالامىتى   بىمارنىڭ چىرايى ئاغرىق ۋە ئەزىيەت سەۋەبىدىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ هەم بەدىنىنىڭ هەر خىل ئورۇنلىرىدىن تەر كۆپ چىقىدۇ.

داۋالاش   مىزاجىنىڭ سەپراسى ۋە ئۆتكۈر ئارتۇق ماددىلار بەدەندىن تازىلىنىدۇ، ياخشى قان پەيدا قىلغۇچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: پاختەك، كەكلىك گۆشى، نان، خۇش پۇراقلىق ئىچىملىك قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

يۈرەك قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك سېزىم بولۇش

بۇ بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا گويا ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرەكتىن چىقىپ كەتكەندەك مەلۇم بولىدۇ، يۈرەكتە ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن يۈرەك هەرىكىتى قالايمىقانلىشىدۇ. هەرىكەت بىمارغا گويا يۈرەك كۆكرەكتىن چىقىپ كەتكەندەك مەلۇم بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ خاس ئالامەتلىرىدىن بىرى يۈرەك قاتتىق سىقىلىدۇ، بىمارنىڭ بەدەن رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

داۋالاش باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، شاھتەررە ۋە سېرىق ھېلىلە قايناتىلمىسى ئارقىلىق بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئوبدان غىزا ۋە يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى دورىلار بېرىلىدۇ.

يۈرەك غىلاپىغا سۇ يىغىلىش

بۇ كېسەللىكتە يۈرەك سۇدا لەيلەپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ، چۈنكى بىماردا ئۇ سۇيۇقلۇقلارنىڭ سېزىمى بولىدۇ، بۇ يۈرەكنى قورشايدۇ، ئەگەر يۈرەك ئۇ سۇيۇقلۇقلار ئىچىدە ھەرىكەت قىلسا، يۈرەك لەيلەپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ ۋە چالاڭغۇراپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ سۇيۇقلۇقلار كۆپ بولسا، يۈرەكنى قورشاپ ۋە سىقىپ، ئۇنى توختىتىپ قويىدۇكى، بۇنى بىمار سېزەلەيدۇ ۋە يۈرەكتە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ، قۇۋۋەتلەر ئاجىزلايدۇ، بىمارنىڭ ئاچچىقى يامان بولۇپ قالىدۇ.

بۇ كېسەللىك جىگەر ۋە ئاشقازان شېرىكچىلىكىدە بولىدۇ.

داۋالاش ھۆللۈكلەر سۇيۇلۇپ ۋە لەتىفلىشىپ، ئىچىدىن سىرتىغا چىقىپ تارقاپ كەتكۈچە چېنىقتۇرۇلىدۇ، چوڭ - چوڭ ئايارەجلەر ئارقىلىق ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ ۋە كۆكرەككە ھۆللۈكلەرنى تارقىتىپ قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك زىماتلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: قىزىلگۈل، سۇمبۇل، زەپەر قاتارلىقلارغا بادرەنجبويا سۈيى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ ۋە بىمارنى خۇشال قىلىش، ئاچچىقىنى بىلەنمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈلىدۇ.

يۈرەك تارتىشقاندەك سېزىم بولۇش

بۇ كېسەللىكتە يۈرەك ئاستىغا تارتىشقاندەك سېزىم بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، جىگەر، ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالار يۈرەكنىڭ ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، كېرىنگەت بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئەزالاردىن بىرەر ماددىنىڭ قويۇلۇشىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدىن يۈرەك ئېغىرلاپ كېتىدۇ. بۇ تارتىشىشتىن يۈرەك تەسىرگە ئۇچرايدۇ ۋە ئۇنىڭدا تارتىشىش سېزىمى بولىدۇ.

بەزىدە يۈرەكتە ئازراق ئاغرىقمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدىن بىمار غەشىدەك يىقىلىپ چۈشىدۇ، بۇ قانداق ماددا بولىدۇ؟ ئۇنى بىمارنىڭ رەڭگى ۋە باشقا ئالامەتلىرىدىن ئېنىقلىغىلى بولىدۇ.

داۋالاش بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا مۇناسىپ چارىلەر بىلەن ئۇنىڭ ماددىسى تەنقىيە قىلىنىدۇ، جىگەر ۋە ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش چارىلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

يۇرەك قېرىنچە ئىششىقى ۋە يۇرەك كىلاپان كېسەللىكلىرى

يۇرەك قېرىنچە ئىششىقى بۇ، يۇرەك ئىچكى پەردىسىنىڭ ئىششىقى بولۇپ، ئادەتتە يۇرەكنىڭ سول بوشلۇقىدا كۆرۈلىدۇ، ئادەتتە تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن بولىدۇ:

خانازىر، سىفلىس، سەرتان، چېچەك، سىل، ئىسسىقتىن بولغان ۋەجئۇل مۇپاسىل، نۇقرەسىنىڭ ماددىلىرى، ئۆپكە ۋە ئۆپكە پەردە ئىششىقى ياكى قورساق پەردە ئىششىقى ياكى قانغا يىرىڭ ئارىلىشىپ كېتىش، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى سىرتقى زەخىمۇ ئۇنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. بەزىدە بىمار تارراق ۋە قاراڭغۇ ئورۇندا خىزمەت قىلىش، قاتتىق ھەرىكەت قىلىش، ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈش قاتارلىقلاردىن يۇرەكنىڭ بەزى كىلاپانلىرى ياكى تارىمۇشى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

تەبىئىي ئالامەتلەر ئەگەر يۇرەك كىلاپانلىرى ئاغرىمىسا، بىرەر خاس ئالامەتلەر ئاشكارا بولمايدۇ، ئەگەر كىلاپانلار كېسەللەنسە، يۇرەك ئۇچىدا يەڭگىل ئىسقىرتقاندەك ئاۋاز چىقىدۇ ياكى يۇرەكنىڭ بىرىنچى تاۋۇش ئورنىدا ئاڭلىنىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىك ۋەجئۇل مۇپاسىل ماددىسى سەۋەبىدىن ئەگەشمە بولۇپ كەلسە، ۋەجئۇل مۇپاسىلنىڭ ئالامەتلىرىدىن باشقا بىرەر ئېغىر ئالامەتلەر ئاشكارا بولمايدۇ، ئاغرىمايدۇ، لېكىن چىرايى غەمكىن بولىدۇ. تومۇرى تېز ۋە ئاجىز سوقىدۇ، نەپسى تېز ۋە ئارقىمۇئارقا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك باشقا سەۋەبلەردىن بولغان بولسا ئالامەتلىرى ئېغىر بولۇپ، بەزىدە بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. يۇرەك ئۇدۇلىدا ئاغرىق ۋە يېقىمسىزلىنىش بولىدۇ، بىمار بىئارام ۋە روھسىز بولىدۇ، تومۇرى ئىنچىكە ۋە تەرتىپسىز سوقىدۇ، نەپسى قىستايدۇ، سوغۇق تەرلەيدۇ، بەزىدە ھوشسىزلىنىدۇ. بەدەن ھارارىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ، داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ بايانى يۇرەك كىلاپان كېسەللىكلىرىدە سۆزلىنىدۇ.

يۇرەك كىلاپان كېسەللىكلىرى بۇنىڭدا قاننىڭ راۋانلىقى ياكى قايتىپ كېلىشىدە بۇزۇلۇش بولىدۇ، ئومۇمەن يۇرەك كىلاپانلىرى يۇرەك قېرىنچە ئىششىقىدىن بۇزۇلىدۇ، يەنى بۇ توملاپ ۋە قېلىنلاپ قالىدۇ، بەزىدە ئۆزئارا ياكى يۇرەك دىۋارى بىلەن چاپلىشىپ قالىدۇ. بەزىدە

كىچىكلەيدۇ ۋە بەزىدە يېرىلىپ كېتىدۇ. بەزىدە يۈرەك بوشلۇقى كېڭىيىپ كەتكەنلىكتىن، كىلاپانلار يۈرەك تۆشۈكىنى ئېتەلمەيدۇ.

قىسقىسى، يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن كىلاپان ئېتىلىپ قالغانلىقتىن قان ئايلىنىش توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ ياكى كىلاپان ئېتىلمەستىن قان يۈرەككە قايتىدۇ، ئادەتتىكى چاغلاردا ئومۇمىي ئالامەتلەر ئازراق ئاشكارا بولىدۇ. لېكىن تەبىئىي ئالامەتلەردىن پەرقلەندۈرۈشتە بۇنىڭ ياردىمى بولىدۇ. مەسىلەن: يۈرەك كېسەللىكلىرىدە يۈرەكنىڭ تەبىئىي ئاۋازىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. بىرىنچى ياكى ئىككىنچى ئاۋاز بىلەن ئىسقىرتقاندەك ئىنچىكە ياكى توم ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، بەزىدە سۈركىلىش ئاۋازى، بەزىدە پۈشتەك چالغاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.

ئائورتا كىلاپان كېسەللىكلىرى

ئائورتا تارىيىش ياكى تۇسۇلۇش

ئائورتا تارىيىش سەۋەبىدىن يۈرەك قىسقارغاندا قان ئايلىنىش توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، بۇنىڭدىن بىر يات ئاۋاز يۈرەك بىرىنچى ئاۋازىنىڭ ئورنىدا، كۆكرەك قەپىزى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قوۋۇرغىلارنىڭ ئارىلىقىدا كۈچلۈك ئاڭلىنىدۇ، لېكىن يۈرەك ئۇچى تەرەپتە بۇ ئاۋاز تەدرىجىي تۆۋەنلەپ ماڭىدۇ، بۇ ئاۋاز ئوڭ تەرەپ ئىككىنچى قوۋۇرغا كېسىشكەن ئورۇندا كۆكرەك قەپىزى ئىچىدە ۋە ئائورتا يولىدا، ئوڭ تەرەپ ئوقۇرەك سۆڭەك ۋە بەزى شىريان سۇبات تومۇردىمۇ ئاڭلىنىدۇ. بۇ ئاۋاز تېز، ئۇزۇن ۋە تەكشى ئاڭلىنىدۇ، بۇ تاۋۇش ئائورتا تۇسۇلۇش دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا تومۇر ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بولىدۇ، يۈرەك سول قېرىنچىسى قېلىن ۋە كەڭ بولىدۇ، بۇنىڭدىن بەزى يۈرەك ئورنى سەۋەبلىك تۇيۇقسىز غەشى كۆرۈلىدۇ، بەزىدە بۇنىڭدىن ھېچقانداق نورمالسىزلىق بولمايدۇ، ئائورتىغا قايغان قان يۈرەك كېڭەيگەن ۋاقىتتا ئائورتىدىن قايتىپ يۈرەككە قۇيۇلىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ يات ئاۋاز ئىسقىرتقاندەك ئاڭلىنىدۇ. ئوڭ تەرەپتە يۈرەكنىڭ ئىككىنچى ئاۋازى ئورنىدا، يۈرەك ئۇچىغا نىسبەتەن خەنجەرسىمان ئۆسۈكچىدە زىيادە ئوچۇق ئاڭلىنىدۇ. بۇ ئائورتىدىكى قان قېيىش دېيىلىدۇ، ئەگەر يۇقىرىقى ئىككى خىل كېسەللىك قوشۇلۇپ كەلسە، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يۈرەك تاۋۇشى ئورنىدا ھەرە تارتقاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ئائورتىغا قان قېيىشتا تومۇرنى تۇتقاندا بارماققا تومۇر دولقۇنلۇق كېلىپ ئاندىن قايتقاندەك سېزىلىدۇ. چوڭ قىزىل قان تومۇرلاردا بۇ ئەھۋالنى كۆز بىلەنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ ھالەتتىمۇ سول قېرىنچە قېلىنلاپ چوڭىيىپ كېتىدۇ، بەزىدە يۈرەك تۈزۈلۈشى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئىككى قاپقاقلىق كىلاپان يېقىمسىزلىنىدۇ ۋە ئوڭ يۈرەك قېرىنچىسىمۇ ئازراق چوڭىيىدۇ.

ئىككى قاپقاقلىق كىلاپان كېسەللىكلىرى

بۇ كىلاپان سول دالانچە ۋە سول قېرىنچە ئارىلىقىغا جايلاشقان. بۇ كېسەللىكتە سول قېرىنچىنىڭ قېنى يۈرەك قىسقارغاندا سول دالانچىغا قايتىدۇ، بۇ سەۋەبتىن يۈرەك ئۇچىدىن سەل

سىرتقى تەرەپتە يۈرەكنىڭ بىرىنچى ئاۋازى ئورنىدا كۈچلۈك ئاۋاز پەيدا بولىدۇ، لېكىن بۇ ئاۋاز يۈرەك تېگى ۋە خەنجەرسىمان ئۆسۈكچىدە پۈتۈنلەي بولمايدۇ. كىلاپان كېسەللىكى يەڭگىل بولغانلاردا تومۇر ساق كىشىلەردەك ۋە ئېغىر بولغانلاردا تومۇر تەرتىپسىز، قالايمىقان سوقىدۇ. كېسەللىك شىريانى ۋەرىد تومۇرىدا بولسا، ئۆپكىگە قان قايىدۇ، بۇنىڭدىن يۆتەل پەيدا بولىدۇ، تىنغاندا ئاغرىيدۇ، بەزىدە ئۆپكە ئىششىيدۇ، بەزىدە سەكتە يۈز بېرىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىككە ئۈچ قاپقاقلىق كىلاپان كېسەللىكى قوشۇلۇپ كەلسە، جىگەرگە قان قېيىشتىن يەرقان، بۆرەككە قان قېيىشتىن ئىستىسقائى لەھمى پەيدا بولىدۇ.

كىلاپان توسۇلۇش ۋە كىلاپان تارىيىش سول دالانچە ۋە سول قېرىنچە ئارىلىقىدىكى تۆشۈك تارىيىپ ياكى توسۇلۇپ قالىدۇ، بۇ ئەھۋالدا سول دالانچىنىڭ قېنى سول قېرىنچىغا توختاپ توختاپ كىرىدۇ، بۇ چاغدا يات ئاۋاز(تاۋۇش) يۈرەكنىڭ ئىككىنچى ئاۋازىدىن كېيىن ۋە بىرىنچى ئاۋازىدىن بىرئاز ئىلگىرى يۈرەك ئۇچى ئورنىدا ئاڭلىنىدۇ (بۇ كىلاپان تارىيىش تاۋۇشى)، ئۇ ئاۋازنىڭ يېتىپ بېرىشى ناھايىتى قىيىن بولىدۇ، ئەگەر بۇ كېسەللىك بىلەن ئىككى قاپقاقلىق كىلاپان كېسەللىكى شېرىك بولسا، ئىككى كېسەللىكنىڭ ئاۋازى بىرلىشىپ، ئىسقىرتقاندەك بىر خىل ئۇزۇن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.

ئاقىۋىتى ئۆپكىگە قان قېيىشتىن، بەزىدە قان تۈكۈرۈش كۆرۈلىدۇ، ئوڭ قېرىنچە تومىلاپ چوڭىيىپ قالىدۇ.

ۋەرىدى شىريانىنىڭ كىلاپان كېسەللىكلىرى بۇ، ئايسىمان قاپقاق كىلاپان كېسەللىكلىرى ناھايىتى ئاز ۋە كەم ئۇچرايدىغان كېسەللىكتۇر. ئەگەر كىشى ئۇنىڭغا گىرىپتار بولسا، ئۇنىڭ يات ئاۋازى كۆكرەك قەپىزىنىڭ سول تەرەپ ئوتتۇرىسىدا، ئۈچىنچى قوۋۇرغا ئارىلىقىدا يۈرەكنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى ئاۋازىنىڭ ئورنىغا ئىسقىرتقانغا ئوخشاش ئاۋاز سول تەرەپ ئوقۇرەك سۆڭەك ئارىلىقىغىچە ئاڭلىنىدۇ، لېكىن سول تەرەپ سۇبات تومۇردا ياكى ئوقۇرەك سۆڭەك ئاستىدا ئاڭلانمايدۇ.

ئۈچ قاپقاقلىق كىلاپان كېسەللىكلىرى بۇ كىلاپان كېسەللىكلىرى ئادەتتە ئىككى قاپقاقلىق كىلاپان كېسەللىكلىرى بىلەن بىرگە كۆرۈلىدۇ، ئەگەر قايسى سەۋەبتىن ئۈچ قاپقاقلىق كىلاپان كېسەللەنگەن بولسا، كۆكرەك قەپىزى تۆۋەنكى بۆلىكىدە يۈرەك ئاۋازىنىڭ ئورنىدا ئىسقىرتقاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بويۇن كۆك قان تومۇرى قىزىل قان تومۇرىدەك سوقىدۇ، كۆك قان تومۇرى قان بىلەن تولىدۇ ۋە ئىستىسقائى لەھمى يۈز بېرىدۇ.

كىلاپان كېسەللىكلىرى ئالامەتلىرى قان ئايلىنىش قالايمىقانلىشىشتىن قاتتىق

يۈرەك تىترەش يۈز بېرىدۇ، نەپەس قىستاش، تېز مېڭىش، ئېگىزگە يامىشىش تەسلىشىدۇ، باش ئاغرىيدۇ ۋە قايىدۇ، قۇلاقتا غوڭۇلداش، قىچقىرىش قاتارلىقلار يۈز بېرىدۇ. بەزىدە غەشى (بولۇپمۇ ئائورتا كىلاپان كېسەللىكلىرىدە) بولىدۇ، يۆتىلىدۇ. بەزىدە ھەر خىل ئەزالاردىن قان ئاقىدۇ، ئىستىسقائى بەتنى ياكى ئىستىسقائى لەھمى كۆرۈلىدۇ، ئاخىرىدا ئۇخلاش، يېتىش تەسكە چۈشىدۇ، بىمار ئولتۇرۇپ ياكى ئېغىزنى ئېچىپ نەپەس ئالىدۇ.

ئاقىۋىتى يۈرەك كىلاپان كېسەللىكلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ھەمىشە ناچار بولىدۇ، ئەگەر بىردىن ئارتۇق كىلاپان كېسەللەنسە، بىمار ناھايىتى تېز ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى

1. بەدەن قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.
2. يۈرەك دىۋارىغا قۇۋۋەت يەتكۈزۈش ۋە يۈرەكنى تەرتىپسىز ھەرىكەت قىلىشتىن توسۇش لازىم.
3. قان ئايلىنىشىنىڭ بۇزۇلۇشىنى مۇمكىنقەدەر يىراق قىلىش لازىم.

بىرىنچى مەقسەتنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئاسان ھەزىم بولىدىغان، كۈچلۈك غىزالارنى بېرىش، ئارام ئالدۇرۇش، جاپا تارتىش، ھاياجانلىنىش، غەم قايغۇدىن يىراق قىلىش، بەزىدە قوزغىغۇچى، قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنى بېرىش، ساقلىقنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، ھەر كۈنى سوغۇق ياكى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇش قاتارلىقلار مەنپەئەتلىكتۇر.

ئىككىنچى مەقسەت ئۈچۈن يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، بۇ كۈچەيتىش بىلەن ھەرىكەت پەيدا قىلماسلىق، بەلكى ئارام ئالدۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچى مەقسەت ئۈچۈن سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، تەرلەتكۈچى ۋە سۈرگىچى دورىلارنى بېرىش لازىم، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار نىسبەتەن زىيادە مەنپەئەتلىك، بۇ، يۈرەككە تەسىر قىلىپ، بۆرەك قىزىل قان تومۇرلىرىنىڭ تارتىشىشىنى زىيادە قىلىدۇ. بىمارنى ئۇخلىتىش، ئاغرىقنى يوقىتىش ئۈچۈن بەزىدە يۈرەك ئۇدۇلىغا تىنچلاندۇرغۇچى زىماتلار چاپلىنىدۇ، بەزىدە زۈلۈك قويۇش ياكى ھىجامەت قويۇش بىلەن ئۇ ئورۇننىڭ قېنىنى چىقىرىۋېتىش، ئاجىزلىق پەيدا قىلغۇچى دورىلار ۋە چارىلەر بۇ كېسەللىككە ناھايىتى زىيانلىق، دەپ كۆرسىتىلگەن (ت).

ئەمچەك كېسەللىكلىرى

ئەمچەكنىڭ تەشرىھى

ئەمچەك سۈت پەيدا قىلىدىغان ئىككى بەزدۇر ھەم قوشۇمچە نەسىللىنىش ئەزالىرىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە ئەرلەردىمۇ ئاياللارغا ئوخشاش بۇ ئىككى بەز بولىدۇ، ئەمما ئادەتتىن تاشقىرى سەۋەبلەردىن چوڭايمىغان ئەھۋال ئاستىدا پەقەت قالدۇق ئىز ۋە بەلگىگە ئوخشاش كىچىك بولىدۇ. بۇ ئىككى ئەمچەك ياش ئاياللاردا چوڭ ۋە كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئەمچەك يېرىم توپقا ئوخشايدۇ. بۇ كۆكرەكنىڭ ئالدى ۋە يان يۈزىدە كۆكرەك ئۈچىنچى قوۋۇرغىدىن ئالتىنچى قوۋۇرغىغىچە ۋە كۆكرەك سۆڭىكىدىن قولتۇققىچە تۇرىدۇ. ئەمچەكنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ھەجمى ئوخشاشمىغان ئاياللاردا، ئوخشاشمىغان ياشتىكىلەردە ئوخشاش بولمايدۇ. ياشلىقتىن ئىلگىرى كىچىك بولىدۇ، ئاندىن نەسىللىنىش ئەزالىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە چوڭىيىپ بارىدۇ. ھامىلدارلىق كۈنلىرىدە ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان مەزگىلدە چوڭىيىدۇ، ياشانغاندا يىگىلەيدۇ ۋە بوشىشىدۇ.

سول ئەمچەك ئادەتتە ئوڭ ئەمچەكتىن بىرئاز چوڭ بولىدۇ، ئەمچەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سەل ئاستىدا بىر دانە كىچىك كونۇسسىمان شەكىلدىكى ئېگىزلىك بولىدۇ، بۇ ئەمچەك تۈگمىسى دېيىلىدۇ. ئەمچەك تۈگمىسىنىڭ يۈزى قارىغا مايىل ياكى قارا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا توق قىزىلگۈل رەڭلىك ھالقا بولىدۇ، بۇنىڭ رەڭگى قىزلاردا قىزىلگۈل رەڭدە بولىدۇ ۋە ھامىلدارلىق كۈنلىرىدە بۇ رەڭ قېنىقلىشىپ، بۇغداي رەڭگە كىرىدۇ، ھەتتاكى ئاخىرىدا قارىدايدۇ.

بالا ئېمىتكەندىن كېيىن ئەمچەكنىڭ بۇ رەڭگى يوقىلىدۇ، لېكىن بۇ ئىز (بۇغداي رەڭلىكلىكى ۋە قارىلىقى) ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىغىچە قېپقالىدۇ. بۇ ھالقا رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھامىلدار بولغانلىقنىڭ كۈچلۈك دەلىلى شەكىللىنىدۇ.

ئەمچەكنىڭ تۈزۈلۈشىدە سۈت پەيدا قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كىچىك - كىچىك بەزلەر

بولىدۇ.

ئەمچەك تۈگمىسى بۇ بىر كونۇسسىمان ئېگىزلىكتۇر، ئۇ ئەمەلىي قوزغىلىشتىن (ھەرىكەتتىن) بىرئاز تىكلىنىدۇ، بۇنىڭ رەڭگى قىزىلگۈل ياكى بۇغداي رەڭگە مايىل بولىدۇ، بۇنىڭ يۈزى پۈرمىلىك بولۇپ، ئۈستىدە كىچىك - كىچىك دۆڭچە بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇچىدا نۇرغۇنلىغان تۆشۈكلەر بولۇپ، بۇ سۈت كانالچىلىرىنىڭ ئېغىزىدۇر. ئەمچەك تۈگمىسىنىڭ تۈۋىدە ۋە ھالقىسى يۈزىدە نۇرغۇنلىغان ماي بەزلىرى بولىدۇ، بۇ بالا ئېمىتكەن كۈنلەردە چوڭىيىپ، تېرە ئاستىدا كىردەك مەلۇم بولىدۇ، بۇ بەزلەردىن مەخسۇس مايلىق ماددا سىرغىپ تۇرىدۇ.

بۇنىڭ پايدىسى ئەمچەك تۈگمىسىنىڭ تېرىسىنى بالا ئېمىتكەن ۋاقىتتا زىيادە قوغداپ تۇرىدۇ.

تۈزۈلۈشى ئەمچەكنىڭ تۈزۈلۈشىگە بەز مۇسكۇلى ۋە ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تالالىرى كىرىدۇ، ئازراق مايلىق توقۇلمىسىمۇ بولىدۇ، بەز مۇسكۇلى نۇرغۇنلىغان بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭدا سۈتنىڭ كىچىك - كىچىك كانالچىلىرى بولىدۇ، بۇ كانالچىلار ئۆزئارا بىرلىشىپ چوڭىيىدۇ، بۇ چوڭ كانالچىلارنىڭ ھەممىسى 15 ~ 20 دانىگىچە بولىدۇ، بۇ سۈت كانالچىسى دېيىلىدۇ. بۇ كانالچىنىڭ ئەتراپى كۆپۈشكەن بولۇپ، بۇ سۈت قاچىسى دېيىلىدۇ، ئاندىن تارىيىپ ئەمچەك تۈگمىسىدىكى تۆشۈك ئارقىلىق ئېچىلىدۇ.

سۈت ئەگەر سۈتكە قارالسا سىرتىدىن سۈتنىڭ پۈتۈن تەركىبلىرى بىر - بىرى بىلەن ئوخشاش مەلۇم بولىدۇ، ھەممە نەرسىلەر پۈتۈنلەي تارقىغاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن سۈت ئەسلىدە ئىككى قىسىم تەركىبىدىن مۇرەككەپتۇر. ① ساپ، سۇيۇق، ئېقىشچان سۇيۇقلۇق بولۇپ، بۇ سۈت سۈيى ياكى مائۇلجەبىن دېيىلىدۇ؛ ② ئازراق ئۇيىدىغان تەركىبلەر مەزكۇر سۇيۇقلۇقتا لەيلەيدۇ، بۇ سۈت دانچىسى دېيىلىدۇ، بۇ دانچىلار سەۋەبىدىن سۈتنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ.

سۈت ئازلىق

بەزىدە بۇ، قاننىڭ سۈت پەيدا قىلىدىغان ماددىسى ئازلاپ كەتكەنلىكتىن پەيدا بولىدۇ.

بىرىنچى سەۋەبى سۈت ئازلىق: بەزىدە قان ئېلىش ياكى ئىچ سۈرۈش، ھەيز كۆپ كېلىش ۋە بۇرنى قاناش قاتارلىق سەۋەبلەردىن قان خورايدۇ ياكى قان ئازلىق سەۋەبىدىن پۈتۈن بەدەن مىزاجى ۋە ئەمچەكنىڭ مىزاجى بۇزۇلىدۇ ياكى قان پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى

ئىستېمال قىلماسلىق ياكى تاماقنى ئاز يېيىش، قاننىڭ مىزاجىغا قارشى بولغان قۇرۇق سوغۇق غىزالارنى كۆپلەپ يېيىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى بىماردا يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن بەزىبىر سەۋەبلەر تېپىلىدۇ ياكى ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش سۈت پەيدا قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان سەۋەبلەر يوقىتىلىدۇ ۋە مۇناسىپ غىزالارنى يېگۈزۈپ، ياخشى قان پەيدا قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەبى بەزىدە بۇ ئۈچ خىل خىلتلار (سەپرا، سەۋدا، بەلغەم) دىن بىرەر خىلت غالىب بولۇپ، قاننى بۇزۇپ قويىدۇ، **بۇنىڭ بىلەن سۈت پەيدا بولمايدۇ.**

ئالامىتى ئەگەر سەپرا غالىب كەلگەن بولسا، سۈتنىڭ رەڭگى سارغۇچ، قىيامى سۇيۇق، تەملىك ۋە ئۆتكۈر پۇراقلىق بولىدۇ.

ئەگەر بەلغەم زىيادە بولسا، سۈت ناھايىتى ئاق، سۇدەك بولىدۇ، پۇرىقى ۋە تەمىدە چۈچۈمەللىك بولىدۇ.

ئەگەر سەۋدا كۈچلۈك بولسا، سۈت ناھايىتى قويۇق ۋە مىقدارى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. چۈنكى سەپرا ۋە بەلغەمنىڭ ئەكسىچە سەۋدا قاننىڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر.

داۋالاش غالىب كەلگەن خىلت بەدەندىن تازىلىنىدۇ ۋە شۇ خىلتقا قارىمۇقارشى بولغان دورا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: سەپرا غالىب بولغاندا ئارپا سۈيى، ئوغلاق گۆشى ياكى پاقلان گۆشى قاتارلىقلار بىلەن ئوبدان شورپا قىلىپ بېرىلىدۇ، ئەينۇلا سېلىنغان ياكى ئانار سېلىنغان ياكى لىمون سېلىنغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. بەلغەم غالىب كەلگەندە سەۋزە ئۇرۇقى، بەدىيان چۈشكەن ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچلەر سېلىنغان شورپا ۋە بۇغداي ئۇنى، شۈمشا، كۈنجۈت يېغى ۋە ھەسەلدىن تەييارلىغان ھالۋا بېرىلىدۇ، سەۋدا غالىب كەلگەندە بۇغداي، نوقۇت ئۇنى، ئەنجۈر، بادام يېغى شورپىسى، سېمىز توخۇ گۆشى ۋە قوينىڭ سۈتى، گۈرۈچتىن ياسالغان مەززىلىك غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، بۇ سۈتتە ياسالغان بولغاچقا، ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

سەۋەبى بەدەندە قاننىڭ ئازلىقى، غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەم ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان كۈنلەردە جىمانى كۆپ قىلىش، كۆپ مىقداردا قان چىقىپ كېتىش، ئوتنىڭ قېشىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇش، ئەمچەكنىڭ سۈمۈرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش قاتارلىقلار سەۋەب بولىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر قان ئازلىق سەۋەب بولغان بولسا، بەدەننى كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: تۇخۇم، قايماق قاتارلىق نەرسىلەر يېگۈزۈلىدۇ. تۆۋەندىكى سۇفۇپلارنىڭ بىرەرسى ئەتىگەن ـ كەچتە سۈت بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (1) قىزىل تۇدەرىدىن 12 گىرام يەپ، ئارقىدىن سۈت ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (2) سىتاۋەر ۋە ئاق ناۋاتتىن 12 گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ تەييارلاپ، 12 گىرامى سۈت بىلەن بېرىلىدۇ.

نۇسخا (3) سىتاۋەر، ئاق زىرە، ئاق ناۋاتنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ قىلىپ، ئالتە گىرامى سۈت بىلەن بېرىلىدۇ، بىدانجىر يېغى بىلەن ئەمچەكنى ئۇۋۇلىغاندا سۈت پەيدا قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا غەم - قايغۇ ۋە كۆپ ئويلىنىشنى يىراق قىلىش، بالا ئېمىتىۋاتقان مەزگىلدە جىما قىلىشتىن قەتئىي پەرھىز قىلىش مۇناسىپتۇر. ئوت قېشىدا بىمارنى كۆپ ئولتۇرغۇزماسلىق، ئەگەر قان چىقىش سەۋەبىدىن ھوشىدىن كەتكەن بولسا، بەدەننى كۈچلەندۈرگۈچى غىزالارنى بېرىش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىزى لەتىپ ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان كۈچلۈك غىزالارنى، سۈت، قايماق، گۆرۈچ، ماش ۋە نوقۇت سېلىنغان سۈتلۈك غىزالارنى يېگۈزۈش، بىمارغا ئاراملىق ۋە تىنچلىق بەخش ئېتىش، قاتتىق چېنىقماسلىق، دەرد - ئەلەم، ئىچ پۇشۇقىدىن يىراق قىلىش لازىم.

سۈت كۆپلۈك

سۈتنىڭ كۆپلۈكى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردىن زىيانلىق: ① سۈتنىڭ كۆپ چىقىشى بىلەن بەدەن ئاجىزلايدۇ، چۈنكى بۇ قاندىن پەيدا بولىدۇ؛ ② ئەمچەكتە تۇرۇپ قېلىپ، قويۇلۇپ ۋە بۇزۇلۇپ ياكى چۈچۈمەل بولۇپ قالىدۇ؛ ③ ئەمچەكنىڭ تەبىئىي ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھارارەت ئەمچەككە دەرھال تەسىر قىلالمايدۇ؛ ④ ئەمچەكتە تارتىشىش ۋە ئاغرىق پەيدا قىلىپ، ئىششىققا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىپ قويىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى سۈت ئازلىق سەۋەبىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

بۇنى داۋالىغاندا ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ، ھەيز راۋانلاشتۇرۇلىدۇ، تاكى ئەمچەكنىڭ سۈت پەيدا قىلىدىغان قېنى بالىياتقۇ تەرەپكە ماڭغۇچە. ئەمچەككە لاك، ئامىلە ئۇسارىسى، مەدەستان، گۈل يېغى ياكى زىرە ۋە سىركە چېپىلىدۇ، تاكى سۈت يولى تارىيىپ، سۈت ئازايغۇچە. ئەگەر مەنىي ئازايتقۇچى دورىلار يېگۈزۈلسە، بۇنىڭغا مەنپەئەتلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىپ، قاننى ئازايتىپ ۋە قويۇلدۇرۇپ، ئەمچەك تەرەپكە بېرىشتىن توختىتىدۇ.

سەۋەبى بەدەندە قان سۇيۇلۇشنىڭ كۆپلۈكى ئەمچەكنىڭ سۈمۈرۈش قۇۋۋىتىنىڭ

كۈچلۈك بولۇشى ۋە كۈچلەندۈرگۈچى، ئۇزۇقلۇقى مول غىزالارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، بەدەننىڭ ھۆللۈكى ئېشىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش قان كۆپ بولغاندا قان ئېلىش ئارقىلىق قان ئازايتىلىدۇ، نوقۇت سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئەمچەكنىڭ سۈمۈرۈش قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولسا، تۆۋەندىكى زىمات كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم چېپىلىدۇ:

زىمات نۇسخىسى لاك ۋە مەدەستاندىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، گۈل يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ زىمات قىلىنىدۇ ۋە بۇ سۇفۇپتىن 12 گىرام سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپ نۇسخىسى نوقۇت، ئاقلانغان كاھۇ ئۇرۇقى، سۇزاپ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن، جۆئدە ئۇرۇقى ۋە ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، سۇفۇپ قىلىپ 12 گىرامدىن بېرىلىدۇ. ئەگەر بەدەندە ھۆللۈك كۆپ بولۇش سەۋەبىدىن سۈت زىيادە بولسا، بۇ قايسى خىلتنىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا، بۇنىڭغا ماس ھالدا مۇنزىج ئىچكۈزۈپ، مۇسھىل بېرىلىدۇ ۋە ئەگەر كۈچلۈك، ئۇزۇقلۇقى كۆپ غىزالار سەۋەبىدىن بولغان بولسا، شۇ خىلدىكى غىزالارنى ئىستېمال قىلىشتىن توختىتىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز تۇزلۇق نان، نوقۇت ۋە پۇرچاق، شۇمشا كۆكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنى كاكچا نان بىلەن يېگۈزۈش، قان ۋە بەلغەم پەيدا قىلغۇچى غىزالاردىن، تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

ئەمچەك ئىششىقى

باشقا ئەزالارغا ئوخشاش بەزىدە ئەمچەكتىمۇ ئىسسىق ياكى سوغۇقتىن ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە بۇنىڭدا سۈت ئۇيۇپ قېلىش ۋە چىرىشتىن ئىسسىق ئىششىق پەيدا بولىدۇ. سۈتنىڭ ئۇيۇش سەۋەبى بەزىدە سۈت قويۇلۇپ قېلىش ياكى بەدەن ياكى ئەمچەك مىزاجى سوۋۇپ كېتىشتىن سۈت ئۇيۇپ قالىدۇ ياكى بەدەن ياكى ئەمچەك مىزاجىنىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقىدىن سۈت ئۇيۇپ قالىدۇ. يەنى سۈتنىڭ سۈيىنى قۇرۇتۇپ تارقىتىۋېتىدۇ ياكى بالا سۈتنى ياخشى ئېمەلمىگەنلىكتىن، سۈت ئەمچەكتە بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىپ قويۇلۇپ قالىدۇ.

سەۋەبى زەخىملىنىش، ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى ھەزىم قىلىش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولىدۇ، ئەگەر بىر ئەمچەكنىڭ تۈگمىسى يەنە بىر ئەمچەكنىڭ

تۈگمىسىدىن كىچىك بولسا، ئانا بالىنى ئېمىتكەندە كۆپىنچە يەنە بىر ئەمچەكتىن ئېمىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېمىتمىگەن تەرەپتە سۈت يىغىلىپ قېلىپ بۇزۇلۇپ، ئەمچەك ئىششىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئەمچەك ئىششىغاندا ئەگەر بالا ئەمچەكنى ئەمسە، ئانىغا قاتتىق ئاغرىق يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئانا ئاغرىمىغان ئەمچەكنى ئېمىتىدۇ، مۇشۇنىڭدىن ئىششىق تېز تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا يىرىڭ پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

ئالامىتى ئەمچەك ئىششىيدۇ، قاتتىقلىق بولىدۇ، ئاغرىيدۇ ۋە قىزىللىق بولىدۇ.

دەسلەپتە يەڭگىل قىچىشىدۇ، بۇ بىرئازدىن كېيىن يوقايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىچىشىش كۈچلۈك بولىدۇ، ئەگەر ئىششىسا، بۇ ئورۇن قىزىرىدۇ ھەمدە بۇنىڭدا قىچىشىش، كۆيۈشۈش ۋە سانجىپ ئاغرىش قاتتىق بولىدۇ، قىزىيدۇ. بۇلارنى تۇتۇپ بىلگىلى بولىدۇ ۋە ئاغرىق قولتۇق، تاغاق ۋە بىلەككىچە يېتىپ بارىدۇ. ئەگەر ئالامىتىدە يەڭگىللەش بولمىسا، يىرىڭلاشتىن گۇمانلىنىش لازىم.

داۋالاش سىركە ۋە سۇ بىلەن رەختنى ھۆللەپ ئەمچەككە قويۇلىدۇ، تاكى ھارارەت پەسەيگىچە ۋە سۈتنىڭ ئۇيۇپ قېلىشى يوقالغۇچە. ئەگەر ھارارەت قاتتىق بولسا، باقىلە ئۇنى، ئارپا ئۇنى، مىدە لەكرى، تۇخۇم سېرىقى، يۇمغاقسۈت سۈيى، خىرپە سۈيى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاغرىق پەسەيتكۈچى، ماددىلارنى قويۇلۇشتىن توسقۇچى سوغۇق دورىلار چېپىلىدۇ، ئاخىرىدا ئەگەر ھارارەت پەسەيسە تارقاتقۇچى تىلا، موم ۋە گۈل يېغى، مەسىلەن: زىغىر، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك ۋە كۈنجۈت قاتارلىقلار قوشۇلغان قىرۇتى چېپىلىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭدا يىرىڭ بولسا يۇمشاتقۇچى، پىشۇرغۇچى لۇئابلار سۈركىلىدۇ. مەسىلەن: ئىتئۈزۈمى، ئاق لەيلى، شۈمشا، ئەنجۈر مۇنىكى قاتارلىقلار چېپىلىدۇ ۋە ئىسسىق زىماتلاردىن، مەسىلەن: بەدىيان، ئىتئۈزۈمى، زىغىر، ئۇدخام قاتارلىقلارنىڭ سۇفۇپى ئەنجۈر مۇنىكى قايناتمىسى بىلەن چېپىلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ.

تەكمىد نۇسخىسى خەشخاش پوستىدىن 24 گىرام ئېلىپ، ئەرقى گۈلدە قايىنىتىپ ۋە ئالتە گىرام تارپىن يېغى قوشۇپ تەكمىد قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ زىمات ئىشلىتىلىدۇ.

زىمات نۇسخىسى جەدۋارنى كۆك كاسىنە سۈيى ياكى كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيى بىلەن ئېزىپ، 12 گىرام سىركە ياكى 12 گىرام گۈل يېغى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ. بۇ زىماتنى بىرئاز تۇرغۇزغاندىن كېيىن، بۇ دورىلارنى رەختكە ئوراپ ئەمچەككە تەكشى قويۇش ۋە ئۇنى قۇرۇتۇپ قويماسلىق لازىم.

نۇسخا پوستى خەشخاشتىن 10 گىرام، نۆشۈدۈردىن تۆت گىرام ئېلىپ، بىرلەشتۈرۈپ ئەمچەككە قويۇلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق پىشىپ، ئۇنىڭغا يىرىڭ تولغان بولسا، يىرىڭلىق ئىششىقنى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە دەستىكار قىلىش ئارقىلىق يېرىپ يىرىڭ تازىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش ۋە سوۋۇتۇش ئۈچۈن بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گىرام، چىلان بەش دانە، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى ئىككى گىرام قاتارلىقلارنى 24 گىرام ئەرقى شاھتەررە ۋە 24 گىرام ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىقلارغا چىلاپ شىرنىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، 24 گىرام نىلۇپەر شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان، جىگەر ۋە ھەزىم پائالىيىتى بۇزۇلغان بولسا، ئۇنى ياخشىلاش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئاسان ھەزىم بولىدىغان، لەتىپ غىزالار بېرىلىدۇ، غىزانى ئاز - ئازدىن يېگۈزۈش ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىك ھەم كۆكتاتلارنى، مەسىلەن: شورپا، تۇخۇم، ماش ئۇنى، پۇرچاق ۋە ماشتىن تەييارلانغان غىزا، سەي كاۋىسى، پالەك، تەندا، خىرپە، قاپاق، ئارپا ئېشى، ساگۇدانە قاتارلىقلارنى كۆپرەك بېرىش لازىم.

ئەمچەكنىڭ تارتىشىشى

بەزىدە ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ قېلىپ، ئىششىماستىن تارتىشىش پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

داۋالاش تارقاتقۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى قايناتمىلار بىلەن، مەسىلەن: چامغۇر سۈيى، زەيتۇن يېغى، ئاق لەيلىگۈلى، شۈمشا قاتارلىقلارنىڭ قايناتىلمىسىنى قوشۇپ، سىرتقىماي ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

ئەمچەككە تۈگۈنچە پەيدا بولۇپ قېلىش

بەزىدە ئەمچەكتە بالاغەتكە يەتكەن چاغدا تۈگۈنچە پەيدا بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا تەبىئىي ھالەتتە تاناسىل ئەزالارغا ئىسسىقلىق بارىدۇ، مەنىي ۋە ھەيزنىڭ ھۆللۈكى قاينايدۇ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قۇۋۋەتمۇ بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كۈچەيدۇ، خۇددى بوھران ھالىتىدە تەبىئەت كېسەللىك بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن تەييار تۇرغاندەك. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋاقىتتا ھۆللۈك ۋە ماددىلار ئەمچەككە يېتىپ بارىدۇ. چۈنكى تاناسىل ۋە ئەمچەك ئارىلىقى تومۇر ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ ماددا بەزى ۋاقىتتا ئەمچەككە يېتىپ كېلىپ قويۇلۇپ

قالدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئۇچۇچان، لەتىف تەركىبلىرى تارقاپ كېتىپ، قالغان قىسىملىرى قېتىپ قالدۇ ۋە بەز چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرلەردە ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ يوقاپ كېتىدۇ، ئاياللاردا كۈندىن - كۈنگە چوڭىيىشقا قاراپ ماڭىدۇ ۋە كۆكرەكتە نامايان بولىدۇ ئەمچەك ياراتقۇچى بىر ھېكمەت بىلەن زۆرۈر كەلگەن ۋاقتىدا سۈت پەيدا قىلىشقا شەكىللەندۈرگەن ئەزادۇر.

ئەمچەك ئېزىلىپ، ئاغرىق سەۋەبىدىن ماددا سۈمۈرۈلۈپ ئۇ تەرەپكە ماڭىدۇ، ئىششىغان بولسا، قوينىڭ تازىلانغان بويۇن بېزى ۋە قەلەمپۇرنى سوقۇپ، نامازشامگۈلى يوپۇرمىقى سۈيى ۋە مەجنۇنتال يوپۇرمىقى سۈيى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ زىمات قىلىپ چېپىلىدۇ، بۇ زىماتنى دەسلەپتە تاكى ئەزالارغا قۇۋۋەت كېلىپ ۋە ماددىلار ئۈزۈلۈپ قايتىپ كەتكۈچە، يەنى ئىششىق چوڭىيىپ كەتمىگۈچە ئىشلىتىش لازىم.

ئاشقازان كېسەللىكلىرى

ئاشقازاننىڭ تەشرىھى

ئاشقازان غىزا يولى ياكى غىزا ئەزالىرىنىڭ ھەممىدىن كەڭرى بۆلىكى بولۇپ، قورساق بوشلۇقىنىڭ توققۇز بۆلىكىدىكى ئوڭ تەرەپ قوۋۇرغا بىرلەشمىسى ئاستى قىسمى، قوۋۇرغا بىرلەشمىسى قىسمى ۋە بىرئاز سول تەرەپ قوۋۇرغا بىرلەشمىسى قىسمىغا جايلاشقان. بۇ ئېگىلگەن كونۇسسىمان ئەزا بولۇپ، بۇنىڭ كېڭەيگەن، يۇمىلاق، كەڭ بۆلىكىنى ئاشقازان تېگى، دەپ چۈشىنىش لازىم. ئاشقازاننىڭ تۆت تەرىپى شۇكى، ئالدى تەرىپى قورساق ئالدى دىۋارى، ئارقا تەرىپى قورساق ئارقا دىۋارى، ئاشقازان ئاستى بېزى ۋە كېرىگەتنىڭ ئىككى تەرىپى، ئۈستى تەرىپى جىگەر ۋە كېرىگەت، ئاستى تەرىپى بوغماق ئۈچەينىڭ توغرا بۆلىكىدۇر.

ئاشقازاننىڭ ھەجمى ھەر خىل ئادەملەردە ۋە ئاشقازان بوش ياكى تولغانلىق ئېتىبارى بىلەن ھەر خىل بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئاشقازان ئادەتتىكىدەك تولغاندا ئۇزۇنلۇقى توغرىسىغا تەخمىنەن 12 قىرات، كەڭلىكى ئۇزۇنىسىغا تەخمىنەن تۆت قىرات كېلىدۇ. ئاشقازاننىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن تۆت يېرىم ئۇقىيە (156 گىرام) كېلىدۇ، ئاشقازاندا ئىككى باش، ئىككى تۆشۈك، ئىككى قىرغاق ۋە ئىككى يۈز باردۇر.

ئاشقازاننىڭ سول بېشى (ئاشقازان تېگى) بۇ، ئاشقازاننىڭ تال بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان ناھايىتى كەڭ ۋە كېڭەيگەن بۆلىكىدۇر.

ئاشقازاننىڭ ئوڭ بېشى بۇ جىگەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئەتراپىغا ئاشقازان چىقىش ئېغىزى جايلاشقان بولۇپ، سول بېشىغا نىسبەتەن تار بولىدۇ، بۇ جىگەرنىڭ تۆۋەنكى يۈزى ۋە قورساق دىۋارى بىلەن تۇتىشىدۇ.

يۇقىرىقى تۆشۈك (ئاشقازان كىرىش ئېغىزى) بۇنىڭدىن غىزا ئاشقازانغا قىزىلئۆڭگەچتىن كىرىدىغان بولۇپ، بۇ ئاشقازاننىڭ ھەممىدىن ئۈستۈنكى بۆلىكىدۇر. بۇ ۋارونكىغا ئوخشاش بولۇپ، قىزىلئۆڭگەچ بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى تۆشۈك (ئاشقازان چىقىش ئېغىزى) بۇنىڭدىن غىزا ئاشقازاندىن چىقىپ ئۈچەيگە بارىدۇ، بۇ تۆشۈك يۇمىلاق، تالالىق بىر قاپقاق بىلەن ئېتىلىپ تۇرىدۇ، بۇ قاپقاق غىزا ھەزىم بولۇشتىن ئىلگىرى غىزانى ئۈچەي تەرەپكە بېرىشتىن بىر مەزگىل توختىتىپ تۇرىدۇ.

ئاشقازاننىڭ تۆۋەنكى قىرغىقى (ئاشقازاننىڭ چوڭ ئەگمىسى) بۇ، پۇلتايغان ياكى پاچاققا ئوخشاش بولۇپ، بۇنىڭغا مايلىق پەردە چاپلىشىپ تۇرىدۇ، ئاشقازاننىڭ يۇقىرىقى قىرغىقى تۆۋەنكى قىرغىقىدىن كىچىك بولۇپ، بۇ ئەگمە چوڭقۇر بولىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ئالدى يۈزى بۇ، ئۈستى ۋە ئالدىغا مايىل بولۇپ، كېرىگەت ۋە جىگەر سول بۇرجىكىنىڭ تۆۋەنكى يۈزى ۋە قورساقنىڭ ئالدى دىۋارى بىلەن تۇتىشىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ئارقا يۈزى بۇ ئارقا ۋە ئاستى تەرەپكە مايىل بولۇپ، ئاشقازان ئاستى بېزى ۋە كېرىگەتنىڭ ئىككى تەرىپى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

تۈزۈلۈشى ئاشقازان ئىككى قەۋەتتىن تۈزۈلىدۇ، ئىچكى قەۋەت (شىللىق قەۋەت) بۇ ھەزىم سۇيۇقلۇقى تەييارلايدۇ، سىرتقى قەۋەت (مۇسكۇل قەۋەت) بۇ ھەزىم سۇيۇقلۇقلىرىنى غىزا بىلەن ئارىلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئاشقازاندا قۇرتقا ئوخشاش ھەرىكەت پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن غىزا ھەرىكەتلىنىدۇ. بۇ ئىككى قەۋەتنى بىر مەخسۇس توقۇلما تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇ توقۇلمىنى بەزى كىشىلەر مۇستەقىل قەۋەت دەپ ئاتايدۇ. ھەممە قەۋەتنىڭ ئۈستىنى قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ئوراپ تۇرىدۇ، بۇ ئاشقازاننى ئۆز ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئاشقازان تارىمۇشلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە ئۇنى جىگەر، تال ۋە باشقىلار بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئاشقازان سۇيۇقلۇقى بۇ، ئاشقازان ئىچكى قەۋىتىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا باشقا تەركىبلەردىن سىرت بىر مەخسۇس ھەزىم جەۋھىرى ۋە بىر چۆچۈمەل جەۋھەر (تىزابى نەمەك) بولىدۇ. ئاشقازان سۇيۇقلۇقى ئۆزىنىڭ ھەزىم قىلىش جەۋھىرى ۋە چۆچۈمەل جەۋھىرىنىڭ پائالىيىتى بىلەن تەبىئىي ھارارەتنىڭ ياردىمىدە غىزانىڭ ھايۋانىي (گۆش) تەركىبلىرىنى پارچىلايدۇ ھەم ھەزىم قىلىپ بىر مەخسۇس شەكىلگە ئۆزگەرتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنچىكە تومۇرلارغا سۈمۈرۈلۈشكە لايىقلىشىدۇ.

ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى

1. ماددىسىز ئىسسىقلىق بەزىدە ئاشقازاندا قىزىقلىق پەيدا بولىدۇ، قىزىقلىق بىلەن بىرەر ماددا بولمايدۇ. يەنى ئاشقازاندا ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئۇسسايدۇ، كۆيۈشتۈرىدىغان كېكىرىك كېلىدۇ، يەڭگىل غىزالار ئاشقازاندا

بۇزۇلىدۇ. مەسىلەن: ئۈچارقاناتلارنىڭ گۆشى. يەڭگىل غىزالارنىڭ ئەكسىچە قويۇق غىزالار ئاشقازاندا بۇزۇلمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاز مىقداردىكى ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالارمۇ بۇزۇلىدۇ، چۈنكى بۇ ئاشقازاندا تېز بۇزۇلىدۇ، قورسىقى ئاچمايدۇ. چۈنكى هارارەت سەۋەبىدىن ئاشقازان ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى بوشىشىدۇ هەم ئاشقازاندىن قىسقىراش كۈچى (قىسقىراش كۈچى غىزانى سۈمۈرۈش ۋە هەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ) يوقىلىدۇ ۋە ئېغىزى قۇرۇق بولىدۇ.

داۋالاش سوغۇق تەبىئەتلىك شەربەت ۋە رۇبىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ئانار شەربىتى، غورا شەربىتى، لىمون شەربىتى، رىباس رۇبىسى، ئالما رۇبىسى، چۈچۈمەل بېهى رۇبىسى قاتارلىقلار. قويۇق غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، تاكى هارارەتتە تۆۋەنلەش پەيدا بولسۇن، ئاشقازان يىغىلسۇن. ئۇنىڭ چۈچۈمەللىكى بىلەن قورساق ئاچىدۇ هەمدە قويۇق بولۇشى سەۋەبىدىن ئۇلار ئاشقازاندىمۇ بۇزۇلمايدۇ، مەسىلەن: قەرىس ۋە سەكباج، بۇ كالا گۆشى بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن. پىشمىغان ئۈزۈمنىڭ غىزاسى (هەسرىمىيە)، سۇماقنىڭ غىزاسى (سۇماقىيە) قاتارلىقلارنى قېرىن بىلەن بېرىش لازىم.

ئەگەر هارارەت قۇۋۋەتنى ئاجىزلاشتۇرغۇدەك زىيادە بولسا ئانار، زىخ سېلىنغان، غوراپ سېلىنغان غىزالار پاختەك ۋە كەكلىك گۆشى بىلەن بېرىلىدۇ هەمدە ناهايىتى سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ، تاكى هارارەتتە تۆۋەنلەش بولسۇن ۋە ئاشقازاندىكى يىغىلىش كۈچەيسۇن.

قەرىس — بۇ، سىركە، كۆكتاتلار ۋە تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر بىلەن پىشۇرۇلغان گۆشتۇر.

سەكباج — بۇ، سىركە، مۇناسىپ كۆكتاتلار ۋە تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر بىلەن پىشۇرۇلغان گۆشتۇر.

غوراپ — چۈچۈمەل ئۈزۈم، پىشمىغان ئۈزۈم.

2. ماددىلىق ئىسسىقلىق ۋە قۇرۇقلۇق بەزىدە ئاشقازاندا سەپرادىن بولغان ماددا بىلەن قۇرۇق ئىسسىقلىق پەيدا بولىدۇ. يەنى قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئېغىزى ئاچچىق بولىدۇ هەمدە هەر ۋاقىت كۆڭلى ئېلىشىدۇ، سەپرا زىيادە بولغان شەرت ئاستىدا. ئەگەر سەپرا ئاز بولغان بولسا، كۆڭۈل ئېلىشىش پەقەت تاماقتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. سەپرا قۇسۇق، چوڭ كىچىك تەرەتتىن چىقىدۇ. تاماق يېگەندىن كېيىن سېسىق پۇراقلىق، ئۆتكۈر كېكىرىك كېلىدۇ.

داۋالاش ئاشقازاننى سەپرادىن تازىلاش ئۈچۈن سىركەنجۇبىل ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ ياكى هېلىلە ۋە سوقمونىيا قايناتىلمىسى بىلەن مۇسهىل بېرىلىدۇ. قۇستۇرۇش ۋە

ئىچىنى سۈرۈش ماددىنىڭ مايىللىقى ۋە بىمارنىڭ چىدامچانلىقىغا قاراپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازان ھارارىتىنىڭ ماددىسىز ئېشىپ كېتىشى دېگەن بىرىنچى قىسىمدا بايان قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن مىزاج تەڭشىلىدۇ.

3. ماددىلىق ئىسسىقلىق ۋە ھۆللۈك بەزىدە ئاشقازاندا ھۆل ئىسسىقلىق بىرەر ھۆللۈكتىن بولغان ماددا بىلەن بولىدۇ. **يەنى، ماددىلىق ھۆل ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ.**

ئالامىتى ئىشتىھاسى نورمال بولىدۇ. كۆڭلى ئېلىشىدۇ. كۆپ تۈكۈرۈشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، بولۇپمۇ قورساق ئاچقان چاغدا. ئېغىز تەمى بەتتەم بولىدۇ ۋە كۆپىنچە ۋاقىتتا قۇسۇقتىن ھۆللۈك چىقىدۇ.

داۋالاش سىرىقچىچەك سۈيى ۋە سىركەنجۇبىل بۇزۇرى بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ. ھېلىلە مۇراببىاسى، گۈلقەنت (گۈلقەنت شېكەردە تەييار قىلىنغان ۋە تاباشىر ئارىلاشتۇرۇلغان بولسۇن) ھەمدە تەبىئىتى قۇرۇق، ھارارىتى بولمىغان جاۋارىشلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

4. ماددىسىز ئىسسىقلىق ۋە قۇرۇقلۇق بەزىدە ئاشقازاندا ماددا بولماستىن، قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ، **يەنى ماددىسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلىدۇ.**

ئالامىتى قاتتىق ئۇسسايدۇ، تىلى قۇرۇيدۇ، بەدىنى ئورۇق بولىدۇ ۋە قەۋزىيەت بولىدۇ.

داۋالاش سۈت بولۇپمۇ كالا سۈتى ۋە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئارپا ئۇنى، بادام يېغى ۋە شېكەردە تەييارلانغان ھالۋا يېگۈزۈلىدۇ ۋە قۇملۇق زېمىندا ئاققان دەريا سۈيى بېلىقى، كىچىك ئۇچارقاناتلىقلارنىڭ بىلەك گۆشىنى ئىشلىتىپ، ئاشقازاندا ھۆللۈك ۋە سوغۇقلۇق پەيدا قىلىنىدۇ.

5. ماددىسىز سوغۇقلۇق ۋە قۇرۇقلۇق بەزىدە ئاشقازاندا ماددا بولماستىن، قۇرۇق سوغۇقلۇق پەيدا بولىدۇ، **يەنى ماددىسىز قۇرۇق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ.**

ئالامىتى ئاشقازان مىزاجى ماددىسىز سوغۇقلۇق ۋە ماددىسىز قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشنىڭ پۈتۈن ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. **ئاشقازان مىزاجىنىڭ ماددىسىز قۇرۇقلۇق ۋە ماددىسىز سوغۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشنىڭ بايانى تۆۋەندە سۆزلىنىدۇ:**

داۋالاش نورمال ھۆل ئىسسىق يېمەكلىكلەر يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئارپا سۈيى مۇۋاپىق مىقداردىكى كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شەربەت ۋە ئۇۋۇلاشقا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ئادەتتىكى نورمال دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق بولسۇن، مەسىلەن: گاۋزىبان شەربىتى، تاتلىق ئانار شەربىتى، زۇپا شەربىتى قاتارلىقلار. مەستىكى يېغى، سۇمبۇل

يېغىغا موم قوشۇپ ئۇۋۇلاش لازىم.

ئاشقازان مىزاجىنىڭ ماددىسىز سوغۇقلۇق ۋە ماددىسىز قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش قىيىندۇر.

6. ماددىسىز سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك بەزىدە ئاشقازاندا بىرەر ماددا بولماستىن ھۆل سوغۇقلۇق پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئاشقازان مىزاجىنىڭ ماددىسىز ھۆل سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى يالغۇز سوغۇقلۇقتىن ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇش ۋە يالغۇز ھۆللۈكتىن ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرىدىن (بۇنىڭ ئايرىم ئايرىم بايانى ھازىر سۆزلىنىدۇ) تەركىب تاپىدۇ. بەدەن رەڭگى ئاق بولىدۇ، ئىستىسقا بولغانلارغا ئوخشاش بەدىنىدە ئىششىق بولىدۇ، ھۇرۇن، بوشاڭ بولىدۇ. چوڭ تەرىتى سۇيۇق ۋە يۇمشاق كېلىدۇ.

داۋالاش قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: غىزالاردىن كاۋاپ ۋە تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر چۈشكەن قورۇمىلار، مەجۇن ۋە جاۋارىشلاردىن كۇمۇنى، فەلافىلى، قۇرسى گۈل، جاۋارىش ئۇد، زەنجىۋىل مۇرابباسى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. قۇستە يېغى، سۇمبۇل رۇمى يېغى ۋە سەۋسەن يېغى قاتارلىقلار بىلەن ياغلاش لازىم.

7. ماددىسىز ھۆللۈك ۋە ئىسسىقلىق بەزىدە ئاشقازاندا بىرەر ماددا بولماستىن ھۆل ئىسسىقلىق پەيدا بولىدۇ. ماددىسىز ۋە ھۆل ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ناھايىتى ئۆتكۈرلەشمىگۈچە بىرەر ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

ئالامىتى ئېغىزىدا بەتتەملىك بولىدۇ، چۈنكى ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن ئاشقازاندا ھۆللۈك زىيادە پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆللۈك ئۆزگىرىدۇ ۋە بۇزۇلىدۇ ھەمدە ئۆزگەرگەن، بۇزۇلغان سۇيۇقلۇقتا قېرىقلىق بولىدۇ.

ئېغىزىدىن شۆلگەي ئاقىدۇ، باش تەرەپكە بۇخاراتلار ئۆرلەيدۇ. بۇخاراتلار ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش ئېترىفىللار ئارقىلىق قۇرۇق سوغۇقلۇق پەيدا قىلىنىدۇ.

8. ماددىسىز سوغۇقلۇق بەزىدە ئاشقازاندا ماددا بولماستىن، سوغۇقلۇق پەيدا بولىدۇ. يەنى ماددىسىز سوغۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى ھەزىم قىلىش ئاجىزلايدۇ. ئاشقازاندا غىزا ئۇزۇنغىچە تۇرىدۇ ۋە چۈچۈمەل بولىدۇ، چۈچۈمەل كېكىرىدۇ. چوڭ تەرىتى يۇمشاق كېلىدۇ. يەنى كالا تېزىكىدەك كۆپۈشكەن بولىدۇ ۋە ئىشتىھا كۈچىيىدۇ، يەنى ئاشقازان ئىشتىھاسى ياكى پۈتۈن بەدەندىكى ئىشتىھا

كۈچىيدۇ.

داۋالاش ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلار ۋە مۇراببالار، مەسىلەن: جاۋارىش كومۇنى، جاۋارىش ئۇد، زەنجىۋىل مۇراببىاسى، گۈلقەنت قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ.

9. ماددىلىق ھۆللۈك ۋە سوغۇقلۇق بەزىدە ئاشقازاندا ھۆل سوغۇقلۇق (ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش) پەيدا بولىدۇ. ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بىلەن چاپلاشقاق بەلغەمدىن بولغان ماددىمۇ بولىدۇ.

ئالامىتى ئىشتىھاسى تۆۋەنلەيدۇ، ئۆتكۈر غىزالار تەرەپكە تەبىئەت مايىل بولىدۇ. كۆڭلى ئېلىشىدۇ، ئۇسسىمايدۇ ياكى ئازراق ئۇسسايدۇ. قورسىقى كۆپىدۇ، چۈچۈمەل كېكىرىكلەر كېلىدۇ. بەزىدە قۇسقاندا بەلغەم چىقىدۇ، بەدەن رەڭگى ئاققا مايىل ۋە بوشاشقان بولىدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە تۇرۇپ ئۇرۇقى، قىچا، تۇز، توغرىغۇ ۋە سىركەنجىۋىل ھەسىلى يېگۈزۈپ بەلغەمنى سۈيۈلدۈرۈپ، بەلغەمنى چىقىپ كېتىشكە تەييار قىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن سىرىقچىچەك ۋە تۇرۇپ قايىنتىلمىسى بىلەن قۇستۇرۇپ ئاشقازان تازىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سوغۇقلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلار يېگۈزۈلىدۇ.

10. ماددىلىق سوغۇقلۇق ۋە قۇرۇقلۇق بەزىدە ئاشقازاندا سەۋدادىن بولغان ماددا بىلەن قۇرۇق سوغۇقلۇق كېلىپ چىقىدۇ.

ئالامىتى ھەزىم ئاجىزلىقى، قورساق كۆپۈش مەۋجۇت بولۇش بىلەن ئىشتىھا ناھايىتى زىيادە بولىدۇ، ئاشقازان كۆيۈشىدۇ ۋە تاماقتىن بۇرۇن ئاشقازاندا چۈچۈمەللىك بولىدۇ. بەزىدە قۇسۇقتىن چۈچۈمەل ماددا (چۈچۈمەل ماددا سەۋەبىدىن چىش قامايدۇ) چىقىدۇ ھەمدە تال چوڭىيدۇ.

داۋالاش سەۋدادىن ئاشقازاننى تازىلاش ئۈچۈن مۇسھىل بېرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن مىزاجنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇناسىپ شەربەت، غىزا ۋە ياغلار ئىشلىتىلىدۇ.

11. ماددىسىز ھۆللۈك بەزىدە ئاشقازاندا بىرەر ماددا بولماستىن ھۆللۈك ئاشىدۇ. يەنى ئاشقازاندا ماددىسىز ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئاز ئۇسسايدۇ، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى غىزالاردىن سەسكىنىدۇ ۋە بۇ غىزالاردىن ئەزىيەت يېتىدۇ. شۆلگەيى كۆپ چىقىدۇ، تاماق ئاشقازاندا ئۇزۇن تۇرمايدۇ.

داۋالاش قۇستۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئىترىفىل سەغىر ۋە قۇرسى گۈل يېگۈزۈلىدۇ.

12. ماددىسىز قۇرۇقلۇق بەزىدە ئاشقازاندا بىرەر ماددا بولماستىن، قۇرۇقلۇق پەيدا

بولىدۇ. يەنى ئاشقازاندا ماددىسىز قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئۇسسايدۇ، ئېغىزى قۇرۇيدۇ ۋە ئورۇقلايدۇ، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى غىزالار پايدا قىلىدۇ.

رازى ئېيتقانكى، ئەگەر قۇرۇقلۇق زىيادە بولسا بىمارنىڭ ئاشقازىنى ياشانغانلارنىڭ ئاشقازىنىدەك بولۇپ قالىدۇ. يەنى غىزا ئانچە ياخشى ھەزىم بولمايدۇ، غىزا ياخشى ھەزىم بولماسلىق سەۋەبىدىن بەدەن ئورۇقلايدۇ.

داۋالاش ئاشقازانغا ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ، سۈت ۋە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. دورىلارنىڭ قايىنىتىلغان سۈيى بىلەن ئاشقازان ئۈستى يۇيۇلىدۇ ۋە ئۇۋۇلىنىدۇ. ئەگەر ئاشقازاندا قۇرۇقلۇق تېپىلغان بولسا، باشقا ئەزالارغا ھۆللۈك يەتكۈزمەي تۇرۇپ، ئاشقازانغا ھۆللۈك پەيدا قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئاشقازانغا ھۆللۈك يەتكۈزۈش مەقسىتى بىلەن ھۆللەشتۈرگۈچى ھامامغا چۈشۈرۈلىدۇ، ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى ئابزەنلەردە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

ئاشقازان ئاغرىقى

سەۋەبى ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى.

2. **خىلىتلارنىڭ تولۇپ قېلىشى:** ئاشقازانغا بۇزۇق خىلىتلارنىڭ تولۇپ قېلىشى بۇ خىلىتلارنىڭ كەيپىياتىنىڭ ناچارلىقى ۋە مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ. بۇمۇ مىزاج بۇزۇلۇشقا كىرىدۇ.

3. **ئىششىق ۋە يارا:** بەزىدە ئاشقازاندا ئىششىق ياكى يارا پەيدا بولىدۇ.

يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ بايانى مەيلى ماددىلىق ياكى ماددىسىز بولسۇن سۆزلىنىپ بولدى، ئىششىق ۋە يارىنىڭ بايانى ئاشقازان ئاغرىقىدىن كېيىن كېلىدۇ.

4. **تارتىشىش پەيدا قىلغۇچى يەللەر:** بەزىدە ئاشقازانغا يەللەر يىغىلىپ تارتىشىش پەيدا قىلىدۇ.

5. **غىزانىڭ بۇزۇلۇشى:** بەزىدە ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى ئاشقازانغا بىرەر غىزا كىرىپ، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىدىكى ناچارلىق ۋە مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ.

6. **ئاشقازان ئاجىزلىقى:** بەزىدە ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى ئاشقازاننىڭ غىزانى ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىپ تاشلاشتىن ئاجىز كېلىشىدىن بولىدۇ.

تۈرلىرى ئاشقازان ئاغرىقى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسى، نېرۋىدىن بولغان ئاغرىقتۇر. بۇ ئومۇمەن كېچىدە قوزغىلىدۇ ۋە بەزىدە تەرتىپسىز بولىدۇ ياكى ئاغرىق ئاشقازان بوش ۋاقىتتا كۈچىيىدۇ. نېرۋىدىن بولغان ئاغرىققا كۆپرەك ياش ئاياللار ياكى ياشىنىپ قالغان ئاياللار گىرىپتار بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاجىز، ئورۇق، بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش، ئەندىشە ۋە ئەقلىي ئەمگەكنىڭ كۆپلۈكى، ئوفۇنەتلىك قىزىتمىنىڭ سوزۇلما زەھەرلىشى، قەۋزىيەتنىڭ داۋاملىششى، نۇقرەس ماددىسى ۋە چاي، تاماكا قاتارلىقلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ سەۋەبلىرىدۇر. ئاشقازان ئاغرىقىدا بۇزۇلغان غىزالارنى يېيىش ئارزۇسى زىيادە بولىدۇ. ئىككىنچىسى (تولۇپ قېلىشتا)، ئاشقازان بوش بولۇشنىڭ ئورنىغا ئاشقازان تولۇپ قالغان ۋاقىتتا ئاغرىق قاتتىق بولىدۇ ۋە بېسىش بىلەن ئاغرىقتا بىرئاز يەڭگىللەش بولىدۇ. بۇ ئادەتتە ھەزىم بۇزۇلۇش، تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەللىك غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، غىزا مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا كۆڭلى ئېلىشىدۇ ۋە قۇسىدۇ. قورساقتا تولغاپ ئاغرىش، تەشەننۇج بولىدۇ. چۈچۈمەل ۋە كۆيۈشتۈرىدىغان كېكىرىكلەر كېلىدۇ. قورساقتا كۆپۈش، كوركىراش ۋە كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ. بەزىدە بۇ ئاغرىق ئاشقازان بوش ھالەتتە سوغۇق سۇ ياكى مۇز سۈيى ئىچىش سەۋەبىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ. روھىي زەربىلەر، نۇقرەس ماددىسى ۋە باشقىلارمۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن سانىلىدۇ.

ئالامىتى

1 ـ، 2 ـ، 3 ـ تۈرلىرىنىڭ ئالامىتى ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇشتا سۆزلىنىپ بولدى.

4. تارتىشىش پەيدا قىلغۇچى يەللەردىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى: كېكىرىك كېلىدۇ. ھېق تۇتىدۇ. قوۋۇرغىلار ئەگمىسى ۋە قورساقتا تارتىشىش بولىدۇ ھەمدە ئاغرىق سول تەرەپ تال ئۈستىدە غىزا ئاشقازان تېگىدىن غىزا ئۆتۈپ كەتكەن چاغدا بولىدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا غىزا ھەزىم بولغان ۋاقىتتا بولىدۇ.

بۇ ئورۇننى بېسىش بىلەن كوركىراش ئاۋازى پەيدا بولىدۇ.

5. غىزانىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى: ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە تاماق سىڭمەسلىكنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ.

6. ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى: ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ ئالامىتى ئاغرىق تاماقتىن كېيىن قوزغىلىدۇ، ئاغرىق قۇسۇش، ئىچ سۈرۈشتىن كېيىن يوقىلىدۇ.

رازى ئېيتقانكى، «ئاشقازانغا غىزادىن ئەزىيەت يەتكەن بولسا، بىلىش لازىمكى، ئۇ ئاشقازان ناھايىتى ئاجىزدۇر.» شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشقازان غىزانى چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر

ئاجىزلىق ئاشقازاننىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىدە بولسا، قۇسۇق ئارقىلىق، ئەگەر تۆۋەنكى بۆلىكىدە بولغان بولسا ئىچى سۈرۈشلەر ئارقىلىق چىقىرىۋېتىدۇ.

داۋالاش

1 ـ، 2 ـ، 3 ـ تۈرنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇشتا سۆزلىنىپ بولدى.

4. تارتىشىش پەيدا قىلغۇچى يەللەردىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى: بۇغداي كېپىكى ۋە تۇز بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاشقازان بوش ھالەتتە ھەرىكەت قىلدۇرۇلىدۇ، تاكى ھارارەت كۈچلەنسۇن، يەللەر ۋە يەل پەيدا قىلىدىغان ھۆللۈكلەر تارقاپ كەتسۇن. يەل تارقاتقۇچى جاۋارىش، مەسىلەن: جاۋارىش كۇمۇنى يېگۈزۈلىدۇ، كۇندۇر، ئاق زىرە، پىننە ۋە قارا زىرە قاتارلىقلارنى چاينىتىپ كېكىرىك كەلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى ئاشقازاندىكى يەللەر كېكىرىك ئارقىلىق چىقىدۇ. يەللەر كېكىرىك ئارقىلىق چىقىپ كەتكەندەك ئاشقازاندىكى ماددىلار قۇسۇق ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.

5. غىزانىڭ بۇلۇشىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى: بۇزۇلغان غىزانى قۇستۇرۇش ئارقىلىق چىقىرىپ ئاشقازان تازىلىنىدۇ. بىر ۋاخلىق غىزانىڭ ھەممىسىنى بىر ۋاقىتتا يېگۈزمەسلىك، بەلكى كۈندە بىر نەچچە قېتىم ئاز ـ ئازدىن بېرىش لازىم.

6. ئاشقازان ئاجىزلىقى: ئاشقازانغا قۇۋۋەت يەتكۈزۈلىدۇ، ئەگەر ماددىلار يىغىلىۋېلىشتىن ئاجىزلىق بولغان بولسا، ئاشقازان ماددىلاردىن پاكىزلىنىدۇ ھەمدە قۇرسى كەۋكەب يېگۈزۈلىدۇ.

قۇرسى كەۋكەب: قۇندۇز قەھرى، سۇمبۇل، دارچىن، تىن ھىرە (قۇمسىز ساپ سېغىز)، لۇفاھ يىلتىزى پوستى ھەربىرى 14 گىرامدىن، ئەپيۇن، زەپەر، قۇستە، كۆيدۈرۈلگەن ئەبرەك ھەربىرى 17.5 گىرامدىن، ئاق خەشخاش، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان، ئەنجۇدان ئۇرۇقى (ھىڭ دەرىخى)، ئاق بەزرۇلبەنجى، قۇرۇق مىئەسائىلە، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەربىرى 12 گىرامدىن. يېلىم تۈرىدىكى دورىلارنى ھۆللەپ ۋە باشقا دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ قۇرس ياساپ، سايىدا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش بىرىنچى تۈرى (نېرۋىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى) دە يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاغرىق يېنىكلەيدۇ. ئەگەر يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالارنى يېگۈزگەندىن كېيىنمۇ ئاغرىق پەسەيمىسە، ئاغرىق توختىتىش چارىلىرى قىلىنىدۇ، مەسىلەن: ئاشقازان ساھەسىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

جاۋارىش ئانارنى يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن بەش گىرام زىرىشكى (زىرىق) بىلەن، بەش دانە ئەينۇلانى 144 گىرام ئەرقى كاسىنىگە چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گىرام سىركەنجۇۋىل لىمونى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە غىزادىن كېيىن ئىككى ۋاخ سىركەنجۇۋىل لىموندىن

24 گىرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى تۈرى (تولۇپ قېلىش)دە ئاغرىق تۇتقان ۋاقىتتا، ئەگەر ئاغرىق قاتتىق بولسا، تۇزنى ئىسسىق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇپ ئاشقازان تازىلىنىدۇ. قۇستۇرۇشتىن كېيىن بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا گۈلقەنت ۋە سىركەنجۇبىلىنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرام ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى گۈلابقا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەۋەبىنى يوقىتىشقا تىرىشىلىدۇ. ئەگەر ئاجىزلىق ۋە ئورۇقلاش سەۋەبىدىن بولسا، كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق كېرەك.

ئەگەر بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش، مالىخولىيا، نۇقرەس ۋە ۋەجئۇل مۇپاسىل سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇ كېسەللىكلەرنى داۋالاش لازىم.

ئەگەر ئەندىشە ۋە ئەقلىي ئەمگەك سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئەندىشىدىن ئازاد قىلىشقا تىرىشىش ۋە ئەقلىي ئەمگەك قىلىشنى توختىتىش كېرەك.

ئەگەر ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ئاشقازان ئاغرىغان بولسا، بىرنەچچە كۈنگىچە بىر گىرام مەستىكىنى 24 گىرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەن - كەچتە يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەت سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ. قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن بادام يېغى، بىدانجىر يېغى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ، ئىسسىق سۈت بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ ئىككى خىل دورا ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىمۇ قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. باشقا ھالەتلەردىكى قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن يەتتە گىرام ئىترىفىل مۇلەييىن ئۇخلاشتىن بۇرۇن بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئوفۇنەتلىك قىزىتمىنى داۋالاش ۋە قەۋزىيەتنى يوقىتىشقا تىرىشىلىدۇ.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولۇپ، كۆڭلى ئېلىشىش ۋە باشقىلارنىڭ شىكايىتى بولسا، ھەممىدىن بۇرۇن قۇستۇرۇلىدۇ، قۇستۇرۇشتىن كېيىن بۇ نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

نۇسخا ئاۋۋال يەتتە گىرام جاۋارىش كۇمۇننى يېگۈزۈپ، ئارقىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، بەش گىرام رۇمبەدىيانىنى 144 گىرام ئەرقى بەدىيان ياكى سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى ۋەرىد مۇكەررەر ياكى خېمىرى بىنەپشە ياكى گۈلقەنتتىن 48 گىرام ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەندە بېرىلىدۇ ۋە تاماقتىن كېيىن ئىككى تالدىن ئىككى ۋاخ ھەببى ئابىدىملىك يېگۈزۈلىدۇ.

كەچتە يۇقىرىقى نۇسخا بېرىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

يەتتە گىرام جاۋارىش مەستىكى يېگۈزۈلۈپ، ئۈستىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، ئۈچ گىرام قۇرۇق پىننە، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈمنى 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى چارىلەر بىلەن ئومۇمەن ئاغرىق يوقىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق قاتتىق بولۇپ، بىمار زىيادە بىئارام، بىقارار بولغان بولسا، ئۇ چارىلەرگە قوشۇپ قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قورساققا تۆۋەندىكى نان تېڭىلىدۇ:

ماش ئۇننى سۈتتە يۇغۇرۇپ، بۇنىڭغا ئالتە گىرام ئاش تۇزى، ئۈچ گىرام زەنجىۋىل، ئۈچ گىرام ھىڭنى يۇمشاق ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ نان پىشۇرۇلىدۇ، ناننىڭ بىر تەرىپى پىشۇرۇلمىسۇن. پىشۇرۇلمىغان تەرەپكە گۈل يېغى سۈركەپ قورساققا تېڭىلىدۇ. ئەگەر بۇ نان سوۋۇپ قالسا، يەنە بىر ناننى يۇقىرىقىدەك تەييارلاپ ئالدىن قورساققا تېڭىلىدۇ ۋە كەچتە 0.12 گىرام مىرگانگ تۈزىنى جاۋارىش كۆمۈنغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر تۇتقاقلىق ئاغرىق بولغان بولسا، بىرنەچچە كۈنگىچە بۇ مىرگانگ تۈزى نۇسخىسى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر مىرگانگ تۈزى نۇسخىسى بىلەن ياخشىلانمىسا، تۆۋەندىكى نۇسخا ئىشلىتىپ بېقىلىدۇ:

نۇسخا ئەتىگەندە ئۈچ گىرام جاۋارىش كۆمۈننى سۇ بىلەن مۇشۇ مىقدار بويىچە ئۇدا ئۈچ كۈن يېگۈزۈلىدۇ. تۆتىنچى كۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى بىر گىرام - بىر گىرامدىن 14 - كۈنگىچە كۆپەيتىلىدۇ ھەممە ئۈچ كۈنگىچە مۇشۇ مىقداردا بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى بىر گىرام - بىر گىرامدىن ئازايتىپ، دەسلەپتىكى مىقدار يەنى ئۈچ گىرامغا يەتكۈزۈلىدۇ ۋە ئۈچ كۈن مۇشۇ مىقداردا ئىستېمال قىلدۇرۇپ توختىتىلىدۇ.

ئەگەر ئېغىر، يەل پەيدا قىلىدىغان غىزالار سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بۇ خىل غىزالارنى ئىستېمال قىلىشتىن توختىتىپ ۋە قۇستۇرۇپ، جاۋارىش كۆمۈنى چۈشكەن نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر غىزانىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن بولغان ۋە قۇستۇرۇش مۇمكىن بولغان بولسا قۇستۇرۇلىدۇ. قۇستۇرۇشتىن كېيىن جاۋارىش تەمرى ھىندى يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، بەش دانە ئەنۇلانى 72 گىرام ئەرقى بەدىيان ياكى سۇدا شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گىرام گۈلقەنت بىلەن ياكى 48 گىرام شەربىتى ۋەردى مۇكەررەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە ئۇخلاشتىن ئاۋۋال تۆت دانە ھەببى تەنكار يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قۇستۇرۇش مۇمكىن بولمىسا، بىمار قۇسۇشنى خالىمىسا ۋە ئاغرىق زىيادە ئۆتكۈر بولمىسا، قۇستۇرمايلا مۇشۇ نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر سوغۇق سۇ ۋە مۇز ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئاغرىق بىرئازدىن

كېيىن ئۆزلۈكىدىن يوقايدۇ، ئەگەر ئاغرىق يوقالمىسا، قائىدە بويىچە قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر چاي ئىچىشنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، چاينى كۆپ ئىچىش ئادىتىنى تاشلاتقۇزۇشقا تىرىشىلىدۇ ۋە ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى، بەش دانە چىلاننى 72 گىرام ئەرقى گاۋزىبان، 72 گىرام ئەرقى گۈل قاتارلىقلارغا چىلاپ شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان ئاغرىقى تاماكىنى كۆپ چېكىش سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن بولسا، بۇ ناچار ئادەتنى تاشلاتقۇزۇشقا، ئاغرىق بولسا ئاغرىق پەسەيتىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىق ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز تولۇپ قېلىشتىن بولغان تۈردە ئاغرىق پەسىيىپ، ئاز دېگەندە 21 سائەتتىن كېيىن ھەقىقىي ئىشتىھا مەۋجۇت بولغاندا ماش ۋە گۈرۈچتىن تەييارلانغان يۇمشاق غىزا، تەمرى ھىندى، زىرە ۋە پىنىنىڭ لۇئوقى بىلەن ياكى لىموننىڭ خام سېيى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن غىزاسىغا توخۇ گۆشى شورپىسى ئوغلاق گۆشى شورپىسى، ماش ئۇنىنىڭ كاكچا نېنى ياكى خۇشكە (دىۋەز نان) بىلەن بېرىلىدۇ. غىزا قورسىقى ئاچقاندا يېگۈزۈلىدۇ. ھاراق، تاماكا، كاۋاپ، چاي، ھالۋا، بازاردىكى تاتلىق - تۇرۇم، ئېغىر، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆرسەتمە ھەرقانداق ۋاقىتتا قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق ۋە قايسى خىل تاماقتىن ئاغرىق قوزغالسا، شۇ غىزادىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

ھەزىم ئاجىزلىقى، ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە تاماق سىڭمەسلىك

ھەزىم ئاجىزلىقى ھەزىم ئاجىزلىقىنىڭ مەنىسى ئاشقازاندىن غىزا تېز تۆۋەنلىمەستىن، بەلكى ئادەتتىكىدىن ئۇزاقراق ئاشقازان ئىچىدە تۇرۇپ قېلىشتۇر.

يازغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، ھەزىم ئاجىزلىقى ھەزىم بۇزۇلۇشنىڭ چوقۇم بولىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر، ھەزىم بۇزۇلۇشنىڭ ئۆزى ئەمەس. ھەزىم ئاجىزلىقىنىڭ ھەقىقىتى بۇكى، غىزادا ھەزىم ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن غىزا ئۆزگەرتكۈچى كۈچ (قۇۋۋىتى مۇغەييىرە) نىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تەبىئىي ھالەتتە تەييار تۇرىدىغان قىيام ۋە مىزاجنىڭ پەيدا بولماسلىقىدۇر (نەفىيس).

ئۆزگەرتكۈچى كۈچ ئۇزۇقلاندۇرغۇچى كۈچ (قۇۋۋىتى غازىيە) نىڭ غىزا ۋە قاننى

ئەزالارنىڭ تەركىبلىرىگە ئۆزگەرتىدىغان قىسىمدۇر. ئۆزگەرتكۈچى كۈچنىڭ پائالىيىتى ھەزىم ئاجىزلىقى ۋە غىزا پىشمىغان ھالەتتە ياخشى بولمايدۇ.

ھەزىم ئاجىزلىقىنى بەزى كىشىلەر ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ پائالىيىتى بۇزۇلىدىغان، لېكىن ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ توقۇلما تۈزۈلۈشى ۋە تەركىبىدە بىرەر ئوچۇق بۇزۇلۇش سېزىلمەيدىغان كېسەللىكتۇر، دەپ تونۇشتۇرىدۇ.

ئالامىتى ئاشقازاندا ئېغىرلىق ۋە تارتىشىش بولىدۇ. يېتەرلىك ۋاقىتتىن كېيىنمۇ كېكىرگەندە غىزا تەمى ۋە ئۇنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ.

ھەزىم بۇزۇلۇش ھەزىم بۇزۇلۇش غىزا ياخشى ھەم تولۇق ھەزىم بولماي، بەلكى ناچار ھالەتتە ھەزىم بولۇپ، غىزادا بىرەر ناچار كەيپىيات پەيدا بولىدىغان مەنىدە بولىدۇ.

ئالامىتى ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش ھارارەت تەسىرىدىن بولغان بولسا، چوڭ تەرەتتە قاتتىق سېسىق پۇراق بولىدۇ. سېسىق پۇراقلىق، كۆيۈشتۈرىدىغان ئۆتكۈر كېكىرىكلەر كېلىدۇ.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن بولغان بولسا، چۈچۈمەل كېكىرىكلەر كېلىدۇ. قوۋۇرغا بېشى ئەتراپىدا (قوۋۇرغىلار مېھرابىدا) تارتىشىش سېزىلىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ، ئاشقازاندا كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ.

تاماق سىڭمەسلىك تاماق سىڭمەسلىكنىڭ مەنىسى غىزانىڭ ئاشقازاندا پۈتۈنلەي ھەزىم بولماسلىقىدۇر، بەلكى بۇزۇلۇپ غەيرىي تەبىئىي نەرسىگە ئۆزگىرىشى ياكى ئۆز ھالىتىدە تۇرۇشى ھەمدە ئاستىغا تۆۋەنلىمەسلىكى ياكى تەدرىجىي ئىچىنىڭ سۈرۈلۈپ كېتىشىدۇر.

سەۋەبى

1. مىزاج بۇزۇلۇش: ھەزىم ئاجىزلىقى، ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە تاماق سىڭمەسلىك قاتارلىقلار بەزىدە بىرەر ماددىدىن بولماستىن، ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن بولىدۇ.
2. بۇزۇق ماددىنىڭ يىغىلىپ قېلىشى: ئاشقازانغا ناچار ماددىلار يىغىلىپ قالىدۇ.
3. ماددىنىڭ قويۇلۇشى: بىرەر ئورۇندىن كېلىپ قويۇلىدۇ.

مىزاج بۇزۇلۇش، بۇزۇق ماددىنىڭ يىغىلىپ قېلىشى، ماددىنىڭ قويۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ئالامەتلىرى ۋە داۋالىشى بايان قىلىنىپ بولدى.

ئاشقازاننىڭ ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشى ۋە ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ پەرقى، ماددىسىزدا ئاشقازان يەڭگىل بولىدۇ. چۈنكى ماددىسىزدا ماددا بولمايدۇ، ماددا ئېغىرلىق پەيدا قىلىدۇ. ئىككىنچى پەرقى، ئەگەر بىمارغا بىرەر ياخشى غىزا يېگۈزۈپ قۇستۇرۇلسا، غىزا بىلەن باشقا بىرەر نەرسە چىقمايدۇ. ئۈچىنچى پەرقى، ماددىسىز ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ ۋە داۋالاش قىيىن

بولىدۇ. چۈنكى ماددىدىن بولغىنىدا ماددا ھەزىم كۈچىگە يېقىنلا بولىدۇ. ماددىنى ئاشقازاندىن چىقىرىش ئاسان بولىدۇ. ئەكسىچە ئاشقازاننىڭ ماددىسىز مىزاجى بۇزۇلۇشتا چىقىرىش مۇمكىن بولمايدۇ (چۈنكى ماددىسىز ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇشتا ماددىلا بولمايدۇ. ماددا ئاسانلىق بىلەن چىقىپ كېتىدۇ) (نەفىيس).

4. **ئاشقازان تېنى ئاجىزلىقى:** بەزىدە ئاشقازان تېنى ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى ئاشقازان ئاجىزلىقى ۋە ئاشقازان تالالىرى تۈزۈلۈشى، يەنى توقۇلما تۈزۈلۈشىنىڭ بوشاشقانلىقى بولىدۇ. بوشىشىش سەۋەبىدىن ئاشقازاننىڭ تەبىئىي خىزمەتلىرى ياخشى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ تەبىئىي خىزمەتلەر ئاشقازاننىڭ ئۈچ قىسىم تالالىرى كۈچلۈك ھەم ئۇلارنىڭ توقۇلما تۈزۈلۈشى مۇستەھكەم بولغان چاغدا تولۇق بولىدۇ.

ئالامىتى   ئاشقازان تېنى ئاجىزلىقى كۆپ قۇسۇشتىن كېيىن بولىدۇ. ئازراق غىزالانغاندا يېمەكلىك ھەزىم بولىدۇ، كۆپرەك غىزالانغاندا كېسەللىك ئېغىرلىشىدۇ.

داۋالاش   كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىترىفىل ۋە جاۋارىشلار يېگۈزۈلىدۇ. ئىترىفىل ۋە جاۋارىشلار خۇش پۇراقلىق بولۇشتىن باشقا قورىغۇچىمۇ بولسۇن، مەسىلەن: جاۋارىش ئۇد. ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاشقازان ئۈستىگە زىمات چېپىلىدۇ. مەسىلەن: سۇمبۇل، سەئدى كۇفى، ئىزخىر، مەستىكى قاتارلىقلارغا بېھى سۈيى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ. ناردىن يېغى سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ. ناردىن ھىندى سۇمبۇلنىڭ نامىدۇر، بۇ سۇمبۇل تىب دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

5. **بۇزۇلغان غىزا:** بەزىدە ھەزىم بۇزۇلۇش بۇزۇلغان غىزادىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: بۇزۇلۇشنى تېز قوبۇل قىلىدىغان غىزا، يەنى چۈچۈمەل سۈت (ياكى يېڭى سۈت)، يېڭى بېلىق (يەنى تۇز سېپىپ قۇرۇتۇلمىغان بېلىق) قاتارلىقلار ياكى تېز ئۆزگەرمەيدىغان قويۇق غىزالار، مەسىلەن: سۇ كالىسى گۆشى قاتارلىقلار. زىيادە ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالار، مەسىلەن: ھەسەل ياكى ئۇ غىزا ناھايىتى سوغۇق تەبىئەتلىك بولىدۇ، مەسىلەن: قاپاق. ياكى بۇنىڭدا بەتتەم ياكى سېسىق پۇراق بولىدۇ ياكى ئۇ ناچار ئۇسۇلدا تەييارلانغان بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن سەسكەندۈرىدىغان پۇراق كېلىدۇ.

بەزىدە ھەزىم بۇزۇلۇش ئاشقازان ھەزىم قىلىشتىن ئاجىز كەلگەندەك كۆپ غىزا يېيىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

بەزىدە ھەزىم بۇزۇلۇش غىزا مىقدارىنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

بەزىدە ھەزىم بۇزۇلۇش يېمەك - ئىچمەكنىڭ تەرتىپسىزلىكىدىن بولىدۇ. يەنى، ئېغىر غىزا يەپ ئارقىدىن يەڭگىل غىزا يېيىش. مەسىلەن: غىزاغا تولغان ئاشقازانغا تۆپىلەپ غىزا يېيىش قاتارلىق ياكى تەبىئەت غىزانى ھەزىم قىلىشقا كىرىشىۋاتقان چاغدا تەبىئەت سۇغا ئېھتىياجلىق

بولمىسىمۇ سۇ ئىچىش قاتارلىقلار.

بەزىدە ھەزىم بۇزۇلۇش ئىككىلەمچى ئامىللاردىنمۇ، مەسىلەن: تەرتىپسىز قاتتىق جىسمانىي ھەرىكەت قىلىش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ. ھەزىم ئۈچۈن تىنچلىق ۋە راھەت زۆرۈر بولىدۇ (نەفىيس).

مەسىلەن: ئېغىر غىزالارنى يەپ ئۇزۇن ۋاقىت ئۇيقۇسىز تۇرۇش ياكى يەڭگىل غىزالارنى يەپ ناھايىتى كۆپ ئۇخلاش قاتارلىق.

داۋالاش ناچار غىزالاردىن ئاشقازاننى تازىلاش ئۈچۈن سېرىقچېچەك ۋە پىننە قاينىتىلمىسى ھەمدە سىركەنجىۋىل بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ. ناچار غىزالاردىن ھەزىم بۇزۇلغاندا قۇستۇرۇش ياخشىدۇر.

ياكى گۈلقەنت، جاۋارىش شەھرىياران ۋە جاۋارىش تەمرى ھىندى بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. بۇ دورىلار بۇزۇلغان غىزالارنى چىقىرىشتىن باشقا ئاشقازاننىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ناچار غىزا سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئاشقازان ئاجىزلىقىنى يوقىتىدۇ ۋە ئاشقازاندا تۇرۇپ قالغان بىر قىسىم غىزانى ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئىچىنى سۈرگۈزۈش غىزا ئاشقازاندىن ئۈچەيلەر تەرەپكە ماڭغاندا ۋە قۇستۇرغىلى بولمىغاندا ياكى بىرەر باشقا كۈچلۈك سەۋەبتىن قۇستۇرۇش مۇمكىن بولمىغاندا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئاشقازاننى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ئاشقازان بوش قويۇلىدۇ. يەنى ئاشقازان قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلىسە، غىزا شۇنچىلىك بېرىلىدۇ، ئەگەر ئاشقازان بەرداشلىق بېرەلمىسە، غىزا ئازايتىپ بېرىلىدۇ.

يېمەك - ئىچمەك ياخشىلىنىدۇ. يەنى يەڭگىل، ئاسان سىڭىدىغان غىزالار بېرىلىدۇ، تاكى ئاشقازان غىزالارنى ھەزىم قىلالىسۇن، مەسىلەن: كەكلىك گۆشى، پاختەك گۆشى، چۈجە گۆشى قاتارلىقلارغا دارچىن، زەنجىۋىل ۋە مۇۋاپىق مىقداردا زەپەر قوشۇپ پىشۇرۇلغان بولسۇن.

قوشۇمچە سەۋەبى نورمالسىز غىزالىنىش، مەسىلەن: كۆپ يېيىش، تۆپلەپ يېيىش، قەرەلسىز يېيىش، تاماق يەۋېتىپ سوغۇق سۇ ياكى مۇز ئىستېمال قىلىش، بۇزۇلغان ۋە چala پىشقان غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، ئۆتكۈر چاي، قەھۋە، ھاراق قاتارلىقلارنى كۆپ ئىچىش، غىزادا ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر ۋە ياغنىڭ كۆپ بولۇشى، ئاشقازان سۇيۇقلۇقى ۋە ھەزىم سۇيۇقلۇقىنىڭ سۇيۇلۇپ كېتىشى ياكى ئاشقازان سۇيۇقلۇقى ۋە ھەزىم سۇيۇقلۇقىنىڭ پەيدا بولۇشى، سىرغىپ چىقىشىدا ئازىيىش ياكى كۆپىيىشىنىڭ يۈز بېرىشى، نېرۋىلار ئاجىزلىقى، قاتتىق قورقۇش، دەرد - ئەلەم، غەم - ئەندىشە، تاماقتىن بۇرۇن ياكى تاماقتىن كېيىن ھەرىكەتنىڭ زىيادىلىكى، ئەقلىي ئەمگەكنىڭ كۆپلۈكى، ئاشقازان ۋە

ئۈچەيلەرنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى ۋە چىقىرىپ تاشلاش كۈچىدە بۇزۇلۇشنىڭ يۈز بېرىشى، ۋەجىئۇل مۇپاسىل، نۇقرەس ۋە باشقىلارنىڭ تەسىرلىرى قاتارلىقلار.

ئالامىتى ئاشقازاندا ئېغىرلىق، ئېسىلىش، كۆيۈشۈش، ئاغرىق ياكى بىئارامىلىق، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇش، ئىشتىھا ياكى ئۇسسۇزلۇق ئازلاش كۆرۈلىدۇ، لېكىن بەزىدە بۇلاردا غەيرىي تەبىئىي ھالەتتە كۆپىيىشمۇ بولىدۇ، قەۋزىيەت بىلەن ئىچى سۈرۈش ئارىلىشىپ كېلىش، قورساق ئېسىلىش، كوركىراش، تولغاق، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، قول - پۇت كۆيۈشۈش، تېرە قىچىشىش، تىننىقى پۇراش، سۈيدۈكى ئاق كېلىش، ئېغىز تەمى بۇزۇلۇش، باشتا ئېغىرلىق ۋە ئاغرىق بولۇش، ئېغىزىغا بەزىدە ئاچچىق، بەزىدە تۇزلۇق، بەزىدە چۈچۈمەل سۇ يېنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. چۈچۈمەل كېكىرىكلەر كېلىدۇ. ئومۇمىي بەدەندە بىر خاس كەيپىيات شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭدا ئومۇمىي بەدەن ئېغىر بولىدۇ. تەبىئەت ئۇيقۇ، مۈگدەش تەرەپكە مايىل بولىدۇ، قول - پۇتتا يەڭگىل قىزىقلىق سېزىمى بولىدۇ.

داۋالاش ئۇسۇلى ھەزىم ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا، يېمەك - ئىچمەكتە غىزالىنىش تەرتىپىگە رىئايە قىلىنسا ۋە مۇناسىپ چېنىقتۇرۇلسا، دورا ئىشلىتىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ، بەزى چاغلاردا ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە پەقەت ئادەتتىكى دورا، مەسىلەن: ئەرقى جۇۋەنە ياكى ئەرقى پىننە ياكى ئەرقى بەدىيانىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىچىش ياكى سۇنىڭ ئورنىدا ئىچىش تولۇق يېتەرلىك بولىدۇ.

ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار ئەگەر ئاشقازاندا ئېغىرلىق، كۆڭلى ئېلىشىش، ئاغرىق ۋە باشقىلار بولغان بولسا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئاشقازانىنى تازىلاش مەقسىتى بىلەن ئىسسىق سۇغا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قۇستۇرۇلىدۇ. ئەگەر قۇستۇرۇش بىلەن ئاغرىقتا پەسىيىش ھاسىل بولمىسا، قۇستۇرۇشتىن كېيىن قايناق سۇنى شىشە ياكى مۇناسىپ قاچىغا قۇيۇپ، قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ھەزىم خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىچكى تەرەپتىن ھەببى ھىلتىت ئىككى تالدىن ئىككى ۋاخ يەتتە گىرام جاۋارىش كۇمۇنى ياكى 60 گىرام ئەرقى بەدىيان بىلەن بېرىلىدۇ. ئەگەر پۇراقلىق، چۈچۈمەل كېكىرىكلەر كەلسە ۋە كۆكرەكتە كۆيۈشۈش سېزىمى بولسا ھەممە قورساق ئېسىلىشنىڭ شىكايىتى بولغان بولسا، بۇ نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

نۇسخا جاۋارىش كۇمۇنىنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئارقىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، بەش گىرام رۇمبەدىيان قاتارلىقلارنى 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گىرام گۈلقەنت ياكى 48 گىرام سىركەنجۇبىل ساددە

قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە تاماقتىن كېيىن ھەببى كەبەد نۇشادارى ياكى ھەببى ئابدىمىلىكتىن ئىككى تالدىن ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ ياكى ئۈچ گىرام نەمەك سۇلايمانى يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئېغىزىغا سۇ يانغان بولسا، ئىككى بەرىنج خۇبسۇلھەدىن كۈشتىسىنى يەتتە گىرام جاۋارىش مەستىكىگە ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈمنى 156 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، گۈلقەنتتىن 48 گىرام قوشۇپ بېرىلىدۇ، تاماقتىن كېيىن ھەببى ئابدىمىلىك ئىككى تالدىن ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ.

ئەگەر تاماق يېگەندىن كېيىن قورساق ئېسىلىشىنىڭ شىكايىتى بولسا بۇ نۇسخا ئەتىگەندە بېرىلىدۇ:

نۇسخا جاۋارىش جالىنۇسنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، بەش گىرام ئەفتىمۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 168 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام ئاق ناۋات قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەتىگەن، كەچتە تاماقتىن كېيىن بۇ سۇفۇپ بېرىلىدۇ.

سۇفۇپى تەبخىر نۇسخىسى بەدىيان، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، لاچىندانە ئۇرۇقى، تاباشىر قاتارلىقلاردىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىچى سۈرۈۋاتقان بولسا، ئىچ سۈرۈشنى بىراقلا توختاتماسلىق، بەلكى ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى تازىلاش ئۈچۈن ئىچ سۈرۈشكە يەنىمۇ ياردەم قىلىش لازىم. شۇڭلاشقا، ياردەم بېرىش مەقسىتىدە 36 گىرام بادام يېغى يەتتە گىرام ئىسسىق سۈت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

نۇسخا پوستى تۇرۇنجى، مەستىكى رۇمى، لاچىندانە ئۇرۇقى، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن سۇماق ھەربىرى بىر گىرامدىن. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى يۇمشاق ئېزىپ، 24 گىرام سىركەنجۇبىل سادىدىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئاۋۋال يالىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرقى بەدىيان ۋە ئەرقى گۇلابتىن 72 گىرامدىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا 48 گىرام گۈلقەنت قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ياكى بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ: زەھرى مۆھرى، تاباشىر، ئاق سەندەل، كەھرىۋا شەمئى، سەدەپ، مەرۋايىت ھەربىرى بىر گىرامدىن، لاچىندانە ئۇرۇقى 24 گىرام. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېزىپ، تاتلىق بېھى رۇببىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاۋۋال يېگۈزۈلىدۇ. ئارقىدىن زىرىشكى، ھەببۇلئاسنى ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ 48 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا شىرىسىنى چىقىرىپ، تاتلىق بېھى رۇببىسىدىن 24 گىرام قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە تاماقتىن كېيىن ھەببى ئابدىمىلىك

بېرىلىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر دورىلار پايدا قىلمىسا، ئاخىرىدا بۇ نۇسخىنى بېرىپ سىناپ بېقىلىدۇ.

نۇسخا 0.24 گىرام مىرگانگ تۇزىنى جاۋارىش كۇمۇنىغا قوشۇپ ئەتىگەندە بېرىلىدۇ ۋە كەچتە يەتتە گىرام مەجۇنى نانخۇا 144 گىرام ئەرقى بەدىيان بىلەن بېرىلىدۇ ۋە تاماقتىن كېيىن ھەببى ئابدىمىلىك، ھەببى كىبرىت، ھەببى كەبەد نۇشادىرنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى دانىدىن ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ، نەمەك سۇلايمانىدىن ئۈچ گىرام يۇقىرىقىلارنىڭ خالىغان بىرى بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئاشقازاندا، ئاشقازان سۇيۇقلۇقىدا، كېكىرىكلەردە چۈچۈمەللىك غالىب كەلگەن بولسا، تۇزلۇق سۇفۇپلار ۋە ھەزىم قىلدۇرغۇچى ھەبلەردىن تۇز تەركىبلىرى كۆپ بولغانلىرى تاللىنىدۇ، مەسىلەن: كەبەد نۇشادارى، نەمەك سۇلايمانى قاتارلىقلار.

ئەگەر ئاشقازاندا تۇزلۇقلۇق غالىب كەلگەن (نەفىيس ئېيتقاندەك: ئەگەر تۇزلۇق نەرسىلەر ئاشقازاندا غالىب كەلگەن بولسا، ھەزىم ياخشى بولمايدۇ) بولسا، چۈچۈمەللىك زىيادە بولغان نەرسىلەردىن ساقلىنىلىدۇ، مەسىلەن: چۈچۈمەل ئانار سۈيى، پوستى نېپىز لىمون سۈيى، تەمرى ھىندىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى ۋە ئۇلارنىڭ شەربىتى قاتارلىقلار.

ئەگەر نېرۋىلار ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ھەزىم ئاجىزلىسا (ياشانغان كىشىلەر ۋە تېنى ئاجىز، كېسەلدىن يېڭى ساقايغان كىشىلەردە بولىدۇ)، بۇ ۋاقىتتا نېرۋىلارنى كۈچلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتى بولغان دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ. مەسىلەن: كۇچۇلا، ئابدىمىلىك تەركىبلىك دورىلار (مەجۇنى لىنا، مەجۇنى ئازاراقى، ھەببى ئابدىمىلىك، ھەببى ئازاراقى قاتارلىقلار).

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ھەزىم ئاجىزلىقى، ھەزىم بۇزۇلۇش، تاماق سىڭمەسلىك قاتارلىقلار كۆرۈلگەندە ئاسان ھەزىم بولىدىغان، لەتىف، تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر سېلىنمىغان غىزالار قەرەللىك، تەرتىپلىك بېرىلىدۇ ھەمدە گۆشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. ئاشقازان قانچىلىك كۈچلۈك غىدىقلانسا، شۇنچە ئاددىي غىزالار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئاددىي شورپا، سۈت (بۇنىڭغا ھاك سۈيى قوشۇلغان بولسۇن)، ساگۇدانە، توخۇ تۇخۇمى سېرىقى، ماش، گۈرۈچتىن تەييارلانغان غىزا ۋە باشقىلار. ئوتياش ۋە كۆكتاتلاردىن گىيا، تەرئى، قاپاق، پالەك، چامغۇر، پەلول، مېۋىلەردىن ئانار، ئۈزۈم، كىچىك ئاپېلسىن، ئامۇت ۋە باشقىلار يېگۈزۈلىدۇ.

لېكىن ئاشقازاندا چۈچۈمەللىك غالىب كەلگەن بولسا، ئۇ چۈچۈمەل يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلىش، سۇنى ئاز ئىچىش، تاماقتىن كېيىن دەرھال سۇ ئىچمەسلىك لازىم. بەلكى بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن يەنى ساپ سۇنىڭ ئورنىغا تۇزلۇق سۇ ياكى ئەرقى پىننە، ئەرقى جۇۋىنە

ئىچكۈزۈلگەن بولسا زىيادە ياخشىدۇر. لېكىن ئاشقازاندىكى تەبىئىي تۇزلۇقلۇق ئېشىپ كەتكەندە تۇزلۇق سۇ بېرىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭغا تۇزلۇق سۇنىڭ ئورنىغا چۈچۈمەل سۇ ئىچىشكە كۆرسەتمە بېرىش لازىم.

ياغ، سېرىقماي ھەمدە ماي، شېكەر ۋە كىراخمال تەركىبى يۇقىرى بولغان يېمەكلىكلەر، مەسىلەن: تاتلىق - تۇرۇملار ۋە ھالۋىلاردىن، تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەللىك يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆرسەتمە ئەتىگەندە پىيادە مېڭىش ياكى بىرەر ئۇلاغقا مىنىپ ھاۋا يېيىش ۋە ھەر كۈنى ئىسسىق ياكى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش بۇ، كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق. ھەر كۈنى بىر خىل ئىشنىلا قىلماسلىق لازىم. بىرلا ئىشنى قىلىش سەۋەبىدىن ئادەم بىزار بولىدۇ. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلدۇرماسلىق، ھەر كۈنى بىر خىلدىكى تاماقنى يېمەسلىك، تاماقنى قورساق تازا ئاچقاندا يېيىش لازىم. تاماقتىن كېيىن بىرەر جىسمانىي ياكى ئەقلىي ئەمگەك قىلماسلىق، تاماقتىن بۇرۇن ۋە تاماقتىن كېيىن بىر يېرىم سائەت ئەتراپىدا ئارام ئېلىش، چىشلارنى مىسۋاك ياكى چىش تازىلاش پاراشوكى بىلەن يۇيۇش، يەنى ئېغىز، گال ۋە تىل چايقاش ياكى غار غارىلار بىلەن پاكىز تۇتۇش، جۈملىدىن ئەگەر چىشلاردا بىرەر كېسەللىك بولسا، ئېغىزدىن سېسىق پۇراق كەلسە، چىش مىلىكىدە يىرىڭ بولغان بولسا، كۈندە بىر نەچچە قېتىم چىشلارنى تازىلاش لازىم. جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن ئىمكانقەدەر پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

بىمارنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىزىقارلىق ھېكايە ۋە ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق كۆرسىتىش، تاكى بىمارنىڭ تەبىئىتىدە خۇشاللىق ھاسىل بولسۇن.

ئەگەر ئاشقازاندا چۈچۈمەللىك غالىب كەلگەن بولسا، چۈچۈمەل نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىش ياخشىدۇر. تامىقىغا تۇز ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا - دەرمەكلەرنى كۆپ ئىشلەتمەسلىك، ھاراق، كاۋاپتىن قەتئىي پەرھىز قىلىش لازىم. ئەگەر ئاشقازاندا چۈچۈمەللىك ئاز پەيدا بولغان بولسا، تۇز، چۈچۈمەل ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا - دەرمەكلەر سېلىنغان نەرسىلەرنى يېگۈزۈش لازىم. خام سەي قاتارلىقلار پايدىلىقتۇر.

خولېرا (ھەيزە)

خولېرا (ھەيزە): لۇغەتتە ئىچى سۈرۈپ كەتكەنگە ئېيتىلىدۇ.

تاماق سىڭمەسلىك (تۇخمە): لۇغەتتە بىر كەڭرى مەنىلىك سۆزدۇر، بۇ خولېرادەك

كەيپىياتلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

لېكىن تېۋىپلار كېيىنچە خولېرانى بىر مەخسۇس ھالاك قىلغۇچى كېسەللىك ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلەتكەن، بۇ ئادەتتە يۇقۇش خاراكتېرلىك تارقايدۇ ۋە ھەزىم بۇزۇلۇش (تۇخمە) نى ئادەتتىكى ھەزىم بۇزۇلۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

بۇ، بۇزۇق ۋە ھەزىم بولمىغان ماددىلار چىقىرىپ تاشلىغۇچى (قۇۋۋىتى دافىئە) نىڭ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەر يولىدىن، قۇسۇش ۋە ئىچى سۈرۈش ئارقىلىق ئۆتكۈرلۈك بىلەن چىقىدىغان ئۆتكۈر كېسەللىكتۇر. بۇزۇق ۋە ھەزىم بولمىغان ماددىلار پۈتۈن بەدەندىن قايتىپ ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەر تەرەپكە كېلىدۇ.

بەزى كىشىلەر خولېرانى تونۇشتا تۆۋەندىكى قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان:

خولېرا يۇقۇملۇق ۋە ھالاك قىلغۇچى كېسەللىكتۇر، بۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تائۇن، چېچەككە ئوخشاش يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردەك يۇقۇپ تارقايدۇ. ئادەتتە قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش كۆپ كۆرۈلىدۇ ۋە بىمار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

كېسەللىك ئەھۋالى خولېرا پەقەت بۇ كېسەللىك بىلەن ئۇچراشقان ئادەملەرلا گىرىپتار بولىدىغان كېسەللىكتۇر. خولېرا ئومۇمەن يامغۇرلۇق پەسىلدە تارقايدۇ، ۋاقىتلىق بولىدۇ. لېكىن ھىندىستاننىڭ بەزى ئورۇنلىرىدا، مەسىلەن: گانگا ۋە بەرھەم پەتىر ئەتراپلىرىدا 12 ئاينىڭ ھەممىسىدە بۇ كېسەللىك تېپىلىدۇ.

تونۇش بۇ بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر. بۇ بىر خاس قىسىمدىكى زەھەرلىك ماددىدىن (خولېرا ماددىسىدىن) پەيدا بولىدۇ. لېكىن بۇ ماددىنىڭ قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىختىلاپ بار. بەزى كىشىلەرنىڭ خىيالىدا بۇ ماددا قانغا يېتىپ بېرىپ، سىمپاتىك نېرۋا ۋە يۈلۈن مەركىزىگە تەسىر قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۈچەيلەرنىڭ ئىنچىكە قان تومۇرلىرى ئۆز قەۋەتلىرىنىڭ پالەچلىنىشى سەۋەبىدىن كېڭىيىدۇ ھەمدە قان زىيادە مىقداردا يېتىپ كېلىش سەۋەبىدىن قان زەردابى سىرغىشقا باشلايدۇ ۋە ئۆپكىنىڭ قىل قان تومۇرلىرى تارىيىدۇ، بۇ سەۋەبتىن قان ئالدىغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ زەھەرلىك ماددا قانغا قوشۇلمايدۇ، بەلكى ئاشقازانغا يېتىپ بېرىپ ئۈچەيلەرگە تەسىر قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن قۇسۇش ۋە ئىچى سۈرۈشكە باشلايدۇ. لېكىن توغرىسى، بۇ ماددا قانغا سۈمۈرۈلۈپ ئۈچەيلەرگە تەسىر قىلىدۇ. لېكىن ماددا ئۈچەيلەرگە تەسىر قىلغاندىن كېيىن قاننىڭ سۇيۇق ۋە ئېقىشچان قىسمىنىڭ قانداق ئۇسۇلدا ئۈچەي يولىدىن چىقىپ كېتىپ، بۇ سەۋەبتىن قاننىڭ قويۇلۇپ قېلىش سەۋەبى ئېنىق ئەمەس.

سەۋەبى سۇ ۋە ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى ھەم بۇزۇلۇشى، يەنى كېسەللىك ماددىسى بىلەن سۇ ۋە ھاۋانىڭ يۇقۇملىنىشى بۇ كېسەللىكنىڭ چوڭ سەۋەبى بولىدۇ. سۇ ۋە ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى ھەم بۇزۇلۇشى بەزى چاغلاردا يۇقۇش يوللىرى بىلەن ئىنسان بەدىنىگە تەسىر قىلىدۇ. لېكىن بەزىدە كېسەللىك ماددىسى بۇزۇلغان مېۋە، كۆكتات، ئوتياشلار ياكى ھايۋانىي غىزالار، مەسىلەن: سۈت، گۆش ۋە باشقا نەرسىلەر ئارقىلىق ئادەم بەدىنىگە تەسىر قىلىدۇ ھەم بەزىدە كېسەللىك ماددىسى مەخسۇس ماددىلار ئارقىلىق ئۇزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئۈچەيلىرىگە يېتىپ بارىدۇ. ئەگەر ئادەم ئاشقازان بوش ھالەتتە كېسەللىك ماددىسى بار قۇدۇقلارنىڭ سۈيىنى ئىچكەن بولسا، بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ ھەم نازۇك مىزاج، تېنى ئاجىز، قورقۇنچاق كىشىلەر ۋە ھەزىمى ئاجىزلىغان ياكى غىزا بىلەن ماسلىشالماسلىق سەۋەبىدىن ئاجىزلىغان كىشىلەر ياكى مەينەت ئورۇنلاردا تۇرىدىغان كىشىلەر، ھارغىنلىق، كەمبەغەلچىلىك، غىزانىڭ سىڭمەسلىكى، غەم - ئەندىشە، قورقۇش، ئىچى سۈرۈۋاتقان كۈنلەردە ئۆتكۈر مۇسھىل ئىشلىتىش يۇقۇملىنىشقا سەۋەبچى بولىدۇ ھەم چوڭقۇر نەمخۇش ئورۇنلار، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر توپلانغان تار ۋە پاسكىنا مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈش، ھاراقنى كۆپ ئىچىش، خولېرا بىلەن يۇقۇملانغان ئورۇنغا باشقا نورمال ھاۋادىن بىراقلا كىرىش، ئىلگىرى خولېراغا گىرىپتار بولغان بولۇش خولېرانىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرىدۇر. ئاق تەنلىك ئادەملەرنىڭ بۇ كېسەللىككە كۆپ گىرىپتار بولىدىغانلىقىمۇ بايان قىلىنغان. بۇ خاس ماددىنىڭ تەسىرى ئادەم بەدىنىگە كۆپىنچە چىۋىن ئارقىلىق يۇقىدۇ. ئىسسىق ۋە يامغۇرلۇق پەسىللەردە بۇ كېسەللىك كۆپ تارقىلىدۇ، لېكىن بەزى ئورۇنلاردا بىر يىلنىڭ ھەممىسىدە تارقىلىدۇ. بۇ يەردىن بۇ كېسەللىك ئەتراپىدىكى ئورۇنلارغا تارقايدۇ.

تۈرلىرى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى، ئالامەتلەر ۋە چىققۇچى خىلتلار ئېتىبارى بىلەن خولېرا ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، يەنى سەپرادىن بولغان خولېرا ۋە بەلغەمدىن بولغان خولېرادىن ئىبارەت.

سەپرادىن بولغان خولېرا سەپرادىن بولغان خولېرانىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: ئاشقازان ۋە يۈرەك مەنبەلىك بىئاراملىق بولىدۇ. يەنى يۈرەك ۋە ئاشقازاندىكى ئىللەتلەر سەۋەبىدىن بىئاراملىق كۆرۈلىدۇ.

قاتتىق كۆڭلى ئېلىشىدۇ ۋە ئۇسسايدۇ. سۇنى كۆپ ئىچسىمۇ پەسەيمەيدۇ، سەپرالىق قۇسىدۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ بارلىق ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولىدۇ. ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردە ئاغرىق بولۇپ، بىمار قاتتىق بىئارام بولىدۇ. يۈزى ئورۇق بولىدۇ ۋە

ئىككى چېكىسى ئولتۇرۇشىدۇ. بۇرنى ئىنچىكىلەيدۇ. قول پۇتى سوغۇق بولىدۇ.

بەزىدە بۇ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى شۇ قەدەر ئېغىرلايدۇكى، ھوشىدىن كېتىدۇ ۋە قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىشى سەۋەبىدىن تومۇر سوقۇش يوقايدۇ ۋە بەزىدە ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ.

يەنى بۇزۇق ماددىلار بەدەندە كۆپلەپ مەۋجۇت بولغان چاغدا، ئۇ غىزا بۇزۇلغاندا كۆرۈلىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان خولېرا بۇ خىلدىكى خولېرادا چۈچۈمەل قۇسىدۇ ھەمدە قۇسۇقتىن بەلغەم چىقىدۇ. چوڭ تەرەتتىدىنمۇ بەلغەم خىلىتى چىقىدۇ.

تاماق سىڭمەسلىك خولېرانىڭ تۈرلىرىدىندۇر. بەزى چاغلاردا خولېرا كۆرۈلۈشتىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن تاماق سىڭمەسلىك بولىدۇ. يەنى تاماق سىڭمەسلىك سەۋەبىدىن بۇزۇلغان ۋە ھەزىم بولمىغان غىزا (بەدەندىكى خىلىتلار) قايتىپ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەر تەرەپكە كېلىدۇ. بەدەندىكى خىلىتلار ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇش شەكلىدە چىقىش ئۈچۈن تەييار تۇرىدۇ. يەللەر كۆپ بولىدۇ. ئەگەر خولېرا باشلانغان بولسا، بۇ چاغدا كىندىك ئورنىدا ئاغرىق ۋە قورساق تولغاپ ئاغرىش بولىدۇ. كىندىك ئورنىدىكى ئاغرىق ۋە قورساق تولغاپ ئاغرىشتىن كېيىن كۆپلەپ ئىچى سۈرىدۇ. كۆپ ئىچى سۈرۈش بىلەن بىرگە بەزىدە قۇسمايدۇ ۋە بەزىدە ئازراق قۇسىدۇ.

بېشارەتچى ئالامەتلەر كېسەللىك ماددىسى بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن كېسەللىك بىر كۈندىن تۆت كۈنگىچە ئاشكارا بولىدۇ. لېكىن ئادەتتە بۇ مەزگىل 12 ۋە 24 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بۇ مەزگىلدە تۆۋەندىكى ئالامەتلەر ئاشكارا بولىدۇ:

تەبىئەتتە قورقۇنچ، بىئاراملىق، ئاجىزلىق، ھورۇنلۇق ۋە ئىرادىسىزلىك بولىدۇ. چىرايى نۇرسىزلىنىدۇ، بەزىدە يەڭگىل باش ئاغرىقى ياكى باش قېيىش ھەمدە بەدەندە ئېغىرلىق بولىدۇ. ھەزىم بۇزۇلىدۇ، ئىشتىھا تۇتۇلىدۇ ياكى تۆۋەنلەيدۇ، كۆپ ئۇسسايدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ. كېسەللىك باشلىنىشتىن بۇرۇن ئادەتتە ئىككى ئۈچ قېتىم ئىچى سۈرىدۇ، بەزىدە بۇ بېشارەتچى ئالامەتلەردىن بىرەر ئالامەت كۆرۈلمەي تۇرۇپ تۇيۇقسىز كېسەللىك قوزغىلىدۇ.

دەرىجىلىرى ئەگەشمە كېسەللىك ۋە ئالامەتلەر ئېتىبارى بىلەن خولېرانى بەزى كىشىلەر ئۈچ دەرىجىگە بۆلىدۇ. يەنى باشلىنىش دەۋرى، ئۆتكۈرلىشىش دەۋرى، ئاخىرلىشىش دەۋرىدىن ئىبارەت. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ۋە باشقىلار مۇشۇنىڭدەك بۆلگەن.

لېكىن، بەزى كىشىلەر ئاخىرلىشىش دەۋرىدىن كېيىن تۆۋەنلەش دەۋرىنى قوشۇپ، خولېرانى تۆت دەرىجىگە بۆلگەن.

بىرىنچى دەرىجە دەسلەپتە ئەتىگەندە قورساقتا ئاغرىق بولۇپ قۇسىدۇ ۋە ئىچى سۈرىدۇ. ئىچى سۈرگەندە ئاۋۋال كېرەكسىز ماددىلار، يەنى چوڭ تەرەت چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گۈرۈچ يۇغان سۇغا ئوخشاش ئىچى سۈرىدۇ. ئىچى سۈرۈش بىلەن ياكى ئىچى سۈرۈشتىن كېيىن قۇسۇشقا باشلايدۇ. قۇسۇقتىن دەسلەپتە غىزا چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سەپراۋى قۇسۇق چىقىدۇ، ئاندىن كېيىن قۇسۇقتا گۈرۈچ يۇغان سۇغا ئوخشاش ماددا چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى دەرىجە باشلىنىدۇ.

ئىككىنچى دەرىجە قاتتىق قوزغىلىش دەۋرى بولۇپ، بۇ «كېسەللىك تەرەققىي قىلىش» دەرىجىسىدۇر. بۇ دەرىجىدە قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈش قاتتىق بولىدۇ، قول پۇتى تارتىشىشقا باشلايدۇ، باش ۋە قورساقتا ئاغرىق بولىدۇ، قاتتىق ئۇسسايدۇ، لېكىن سۇ ياكى دورا ئىچسە، دەرھال قۇسۇق يولى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، كۆپ بىئارام بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلاش ۋە ئورۇقلاش دەۋرى باشلىنىدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجە ئاخىرلىشىش دەۋرى. بۇ دەرىجىدە بىمار بەك ئاجىزلاپ كېتىدۇ، سوغۇق تەرلەيدۇ، قولى تىترىگەندەك مەلۇم بولىدۇ. پۈتۈن بەدەن تېرىسى كۆكىرىدۇ، تىرنىقىمۇ كۆكىرىپ قالىدۇ. پۈتۈن بەدەن مۇزغا ئوخشاش توڭلايدۇ، چۈنكى ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇش سەۋەبىدىن قان تومۇرلاردىن قان زەردابى ناھايىتى كۆپ مىقداردا چىقىپ كېتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن قان قويۇلۇپ قالىدۇ ۋە قاننىڭ ئايلىنىشى ئاستىلايدۇ. نەتىجىدە بەدەن سىرتقى ھارارىتى تۆۋەنلەيدۇ، مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ، يۈزى ئورۇقلايدۇ، قاتتىق ئۇسسايدۇ، كالپۇكى كۆكىرىدۇ، كۆزلىرى ھەرىكەتسىز بولۇپ قالىدۇ ۋە ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ. كۆزىنىڭ تۆت ئەتراپى كۆكىرىدۇ، سۈيدۈكى تۇتۇلىدۇ، زىيادە بىئارام بولىدۇ، نەپەسلەنگەندە يېقىمسىزلىق كۆرۈلىدۇ، گەپ قىلىشى قىيىنلىشىدۇ. تومۇرى ئاجىز، توختاپ توختاپ سوقىدۇ (تومۇرى پەرقلىق سوقىدۇ)، بۇ چاغدا قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈش ئالمىشىپ كېلىدۇ، بۇ ھالەت بىر قانچە سائەت داۋاملىشىدۇ ۋە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۈچ سائەتتىن 12 سائەت ئىچىدە بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ مۇددەتتىن ئۆتۈپ كەتسە، بىمارنىڭ ساقىيىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن كېيىن تۆتىنچى دەرىجە باشلىنىدۇ.

تۆتىنچى دەرىجە تۆۋەنلەش دەۋرى. بۇ دەرىجىدە كېسەللىك يېنىكلەيدۇ، بۇنىڭدا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاستا - ئاستا يەڭگىللەپ كېسەللىك پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. شۇڭلاشقا قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش توختايدۇ، ئۇسساش ئازلايدۇ، كىچىك تەرەت كېلىدۇ، تومۇرى تېزلىشىدۇ، مەڭزى قىزىرىشقا باشلايدۇ ۋە بەزى بىمارلار قىزىيدۇ. بۇ ئېنىقكى، ئەگەر

خولېرا ئىنتايىن ئۆتكۈر ھالەتتە تارقالغان بولسا، بەزى كىشىلەردە باشلىنىش بىلەنلا بەدىنى توڭلايدۇ. قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش بولماستىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك تۈردۇر. بۇ ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش بولمايدىغان خولېرا دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزىدە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، ئۆتكۈر خولېرادا 2 ~ 4 قېتىمغىچە ئىچى سۈرگەندىن كېيىنلا پۇت - قولى تارتىشىدۇ ۋە ناھايىتى تېز خەتەرلىك ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە مۇشۇنداقمۇ بولىدۇكى، گەرچە ئەسلىي كېسەللىك ئالامەتلىرى يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن بىماردا مۈگدىگەندەك ھالەت بولىدۇ ۋە بىمار بۇ قاتتىق ئۇيقۇ ھالىتىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بەزىدە ئۆتكۈر ئالامەتلەر يوقىلىپ، بىمارلار ساقىيىشقا يۈزلەنگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم ئىچ سۈرۈش ۋە باشقىلار باشلىنىدۇ ھەمدە جۆيلۈش، بىھوشلۇق ياكى تارتىشىپ قېلىشقا باشلايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتى خولېرا كېسىلىدە بەزى بىمارلار ئاشقازان ئىششىقى سەۋەبىدىن شىددەت بىلەن قۇسۇشقا باشلايدۇ، بەزىلىرىنى ھېق تۇتۇش ۋە كېكىرىكلەر قىينايدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئىشتىھاسى يوقىلىدۇ. بەزى كىشىلەر كۆكرەك پەردە ئىششىقى، ئۆپكە ئىششىقى، سوزۇلما بۆرەك ئىششىقى، ئۈچەي ئىششىقى، ئىچ سۈرۈش، سوزۇلما تولغاق، قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىقى، قىزىتما قاتارلىقلارغا گىرىپتار بولىدۇ.

تۆتىنچى دەرىجىدە قىزىتما بولىدۇ، بۇنىڭدا تېرە كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: شىرا (تىلما)، قىزىل رەڭلىك داغ پەيدا بولىدۇ ياكى باشقا تۈردىكى مۇدۇر - چاقىلار چىقىدۇ، ئېغىزىغمۇ مۇدۇر - چاقا چىقىدۇ، گال ۋە شۆلگەي بەزلىرى ئىششىدۇ ۋە يىرىڭلايدۇ. كۆز مۈڭگۈز پەردىسى زەخىملىنىدۇ، ئەگەر بۇ كېسەللىك ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشسا، قان ئازلىق كۆرۈلىدۇ ۋە ئۇزاق مەزگىلگىچە ئاجىزلىق داۋاملىشىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش خولېرا تاماق سىڭمەسلىك، سەنكىيادىن زەھەرلىنىش، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالامەت پەرقى تۆۋەندىكىچە يېزىلدى:

خولېرا

1. خولېرادا دەسلەپتە ئىچى سۈرگەندە كېرەكسىز ماددىلار چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەرەت گۈرۈچ يۇغان سۇغا ئوخشاش كېلىشكە باشلايدۇ ھەمدە قۇسۇقتىن دەسلەپتە ھەزىم بولمىغان غىزا چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سەپرادىن بولغان قۇسۇق، ئاندىن كېيىن گۈرۈچ يۇغان سۇغا

ئوخشاش قۇسۇق كېلىدۇ.

2. خولېرانىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆتكۈر بولىدۇ. بىر - ئىككى قېتىم ئىچى سۈرۈشتىن كېيىنلا بىمار ناھايىتى بەك ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

تاماق سىڭمەسلىك:

1. تاماق سىڭمەسلىكتە قۇسۇق ۋە ئىچى سۈرۈشلەردە ھەزىم بولمىغان غىزا چىقىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن ئومۇمەن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

2. تاماق سىڭمەسلىكنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ئۆتكۈر بولمايدۇ ھەمدە بىمار زىيادە ئاجىزلىمايدۇ.

خولېرا

1 . خولېرادا دەسلەپتە گالدا ئاغرىق بولمايدۇ.

2. ئىچ سۈرۈش ئومۇمەن قۇسۇشتىن ئىلگىرى كېلىدۇ.

3. چوڭ تەرەت ئومۇمەن گۈرۈچ يۇغان سۇغا ئوخشاش سۇيۇق، ئاققا مايىل بولىدۇ، ئەگەر ئىچى سۈرسە ئارقىمۇئارقا ۋە ئىختىيارسىز بولىدۇ.

4. بىمارنىڭ ئاۋازى خۇددى پۇشتەك چالغاندەك ياكى قۇدۇقلار ئىچىدە سۆزلىگەندەك چىقىدۇ.

5. كۆزنىڭ بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىدە ئىششىق بولمايدۇ.

6. خولېرادا ئۆلۈمدىن كېيىن كۆك قان تومۇرلاردا قان تولۇپ قېلىش تېپىلىدۇ.

سەنكىيادىن زەھەرلىنىش

1. قۇسۇشتىن ئىلگىرى گالدا ئاغرىق بولىدۇ.

2. ئىچ سۈرۈش قۇسۇشتىن كېيىن كېلىدۇ.

3. چوڭ تەرەت قېنىق، قان ئارىلاش، سېسىق پۇراقلىق كېلىدۇ، قورساق تولغاپ ئاغرىيدۇ، تەرىتى ئاز ساندا گۈرۈچ يۇغان سۇغا ئوخشاش كېلىدۇ.

4. سەنكىيا زەھىرىدىن ئاۋازغا بىرەر تەسىر يەتمەيدۇ.

5. كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىدە ئىششىق بولىدۇ.

6. سەنكىيادىن زەھەرلەنگەندە ئۆلگەندىن كېيىن، كۆك قان تومۇردا قان تولۇپ قېلىش بولمايدۇ.

سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنىڭ خاس ئالامىتى ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇشنىڭ رەڭگى سەپرا رەڭگىدە بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن خولېرادىن ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

خولېراغا ئوخشايدىغان ئىچ سۈرۈش خولېراغا ئوخشايدىغان ئىچ سۈرۈش خولېرانىڭ بېشارەتچى ئالامىتى دەپ گۇمان قىلىنىدۇ، بەزى ۋاقىتتا بۇ تۈردىكى ئەسلىي ئىچ سۈرۈش خولېرا كېسىلىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر مۇناسىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا، ئىچ سۈرۈشتە كۆپىنچە ياخشىلىنىش بولىدۇ.

بەزى قىزىتمىلارنىڭ باشلىنىشىدا ئىچ سۈرىدۇ، بۇنىڭدىن بىمار بەك ئاجىزلاپ كەتمەيدۇ ۋە خولېراغا ئوخشاش بەدىنى توڭلايدۇ.

گەرچە قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈش بولمايدىغان خولېراغا دىياگنوز قويۇش تەس بولسىمۇ، ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇشنىڭ نۆۋىتى كەلمەستىنلا بىمار ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇ شۇ قەدەر ئۆتكۈر ۋە خەتەرلىك بولىدۇ.

ئاقىۋىتى بۇ كېسەللىكنىڭ ئاقىۋىتى كۆپىنچە ناچار بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىك يۇقۇملۇق شەكىلدە تارقالغان بولسا، شىپا تېپىشىدىن ئۈمىد ئاز بولىدۇ. ئەگەر يۇقۇپ تارقىلىشى يەڭگىل بولسا ياكى ئۇنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولسا شىپا تېپىشىنىڭ ئۈمىدى بولىدۇ. بۆرەك كېسىلى بار كىشىلەر خولېرا بىلەن كېسەللەنگەن بولسا، شىپا تېپىشىنىڭ ئۈمىدى ئاز بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىكنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسى زىيادە ئۇزىراپ كەتسىمۇ ئاقىۋىتى ناچار بولىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى جۇرجانى ۋە ئەيلاقى ئېيتىدۇكى، خولېرانى داۋالىغۇچى ماھىر ۋە يۈرەكلىك بولۇشى لازىم. داۋالىغۇچى بۇ كېسەللىكنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن قورقۇپ، مۇناسىپ چارە قىلىشتىن توختىۋالمىسۇن. بۇ كېسەللىكنى داۋالىغاندا ھەممىدىن چوڭ قىيىنچىلىق بىمارغا نېمە بەرسە، شۇ قۇسۇق يولىدىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك خولېرادا ئۇسسۇزلۇق يوقالمايدۇ ۋە سۇ قانچىلىك ئىچكۈزۈلسە، شۇنچىلىك سۇ چىقىپ كېتىدۇ، تومۇرنىڭ ئاجىزلىقى، تارتىشىپ قېلىش ۋە ئەزالاردىكى سوغۇقلۇق، بۇ ئالامەتلەر شۇنداق قورقۇنچلۇق بولىدۇكى، كىشىلەر بىمارنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. لېكىن يۈرەكلىك، ماھىر داۋالىغۇچى بۇلاردىن قورقماي داۋالاش ئېلىپ بارىدۇ، بۇ ئارقىلىق قۇۋۋەتمۇ ساقلىنىپ قالىدۇ. يەنى بىمار ھايات قالىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ چىرايى پۈتۈنلەي ئۆزگەرسە ۋە نەپەسلىنىش سىستېمىسى قالايمىقانلاشقان بولسا، بىمارنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوق.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈش داۋاملاشسا، ئىچ سۈرۈش، قۇسۇشنى توختىتىشقا ئالدىرىماسلىق، بەلكى تەبىئەتكە ياردەم بېرىش، تاكى زەھەرلىك ماددىلار ياخشى چىقىپ كەتكۈچە. بۇ ئۇسۇل ئاجىزلىق زىيادە غالىب كەلمىگەن ۋاقىتتا قوللىنىلىدۇ، لېكىن ئاجىزلىق غالىب كەلگەن بولسا، خولېرا كېسىلى ئۈچۈن زەھەر قايتۇرغۇچى ۋە تەرياق تەسىرىنى

تۇتقان دورىلارنى ئىشلىتىشنى باشلاش لازىم، مەسىلەن: نارجىل، ئابدىمىلىك قاتارلىقلار.

ئەگەر ئاشقازان بۇزۇق ماددىلاردىن تامامەن تازىلانغان بولسا، زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار بىلەن بەدەننى كۈچلەندۈرگۈچى، تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنىمۇ قوشۇپ ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر قۇسۇش بىلەن ئىچ سۈرۈش بىرەر چارىلەر ئارقىلىق توختىمىسا، ئاجىزلىق غالىب كەلسە ۋە ئاجىزلىق سەۋەبىدىن بىمارنىڭ ھاياتى خەتەر ئىچىدە قالغان بولسا، كۈچلۈك تۇتقۇچى دورىلار، مەسىلەن: ئەپيۇن تەركىبلىك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن ئۇلاردا زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلارمۇ بولۇشى لازىم.

دەسلەپتە ماددا ئۈستى تەرەپكە (قۇسۇش تەرەپكە) مايىل بولسا، ئۇنى چىقىرىشقا ياردەم قىلىش ئۈچۈن كۆپرەك ئىسسىق سۇغا تۇز ياكى سىركەنجۇبىل قوشۇپ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ. ئەگەر ماددا ئاستى تەرەپكە (ئۈچەيلەر تەرەپكە) مايىل (ئاستى تەرەپكە مايىل بولغانلىقى ئۈچەيلەرنىڭ ئېسىلىشى ۋە قورساق كوركىراش ئاۋازىدىن ئېنىقلىنىدۇ) بولسا، جاۋارىش سەپەرجىلى مۇسھىل ياكى جاۋارىش شەھرىياران يېگۈزۈپ يۇمشىتىشقا ياردەم بېرىلىدۇ ياكى يۇمشىتىش ئۈچۈن شەربىتى ۋەرد مۇكەررەر، ئەرقى بەدىيان، ئەرقى پىننە، سىركەنجۇبىل ساددە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 36 گرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى سەبرىنى 24 گرام گۈلقەنتكە قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

قىسقىسى، ئەگەر ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەر ياخشى تازىلانغان (مەيلى ئاشقازان، ئۈچەيلەر ئۆزلۈكىدىن ياكى دورىلار ئارقىلىق تازىلانغان بولسۇن) بولسا، كېسەللىك زەھىرىنى يوقاتقۇچى، زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: نارجىل دەريائى، بىنەپشە رەڭلىك جەدۋار، يەرلىك ئابدىمىلىك، كافۇر، زەھرى مۆھرى چىنى، پادى زەھرى ھايۋانىي قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 0.12 گرامدىن ئېلىپ ئەرقى گۈلاب، ئەرقى كېيۇرە (ئاپېلسىن ئەرقى) دە سۈرۈپ، سىركەنجۇبىل لىموندىن 24 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر سائەتتە بىر قېتىم، كېيىن ئىككى - ئۈچ سائەتتە ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇھىم نۇقتا خولېرادا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دورا ئاشقازاندا توختىمايدۇ. دورىلارنىڭ ئاشقازانغا ئېغىر كەلمەسلىكى ۋە قۇسۇق ئارقىلىق چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، مىقدارىنى ئازايتىپ بېرىش، بىر سائەت ياكى يېرىم سائەتتە دورىنى بىر يۇتۇم - بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈش لازىم.

سەپرادىن بولغان خولېرا قۇسۇشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسسىق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ، تاكى ئاشقازان تولۇق تازىلانسۇن، ئاندىن قۇسۇش توختىتىلىدۇ، تاكى قۇۋۋەتلەر ئاجىزلاپ كەتمىسۇن ۋە ناخۇش ئانار رۇببىسى ياكى شەربىتى ئانار نەئنائى ۋە بىر قىسىم

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇلاردىن ماددىلارنىڭ ئاشقازانغا قۇيۇلۇشى توختايدۇ.

بەلغەمدىن بولغان خولېرا رۇمبەدىيان، زىرە، مەستىكى، ئېگىر قاتارلىقلارنىڭ قايناتىلغان سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئاندىن بۇ ھالەتتە قويۇپ قويۇلىدۇ تاكى ئازراق ئىچى سۈرسۇن ۋە ئاشقازان، ئۈچەيلەر بۇزۇق غىزالاردىن تازىلانسۇن. بەدەندىكى قۇۋۋەت بەرداشلىق بېرەلىسە ھەرگىز ئىچ سۈرۈشنى توختىتىشقا تىرىشماسلىق، ئاندىن كېيىن بېھى شارابى، جاۋارىش سەپەرجەلى قابىز يېگۈزۈش لازىم.

تاماق سىڭمەسلىكتىن بولغان خولېرا ھەسەل سۈيىنى ئىسسىق ئىچكۈزۈش، تاكى بۇ چاپلاشقاق ماددىلارنى يۇمشىتىپ ئاشقازاننى يۇيىدۇ، قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈشلەر ئارقىلىق ئاشقازاننى تازىلايدۇ.

ئەگەر بۇ داۋالاش يېتەرلىك بولسا ياخشى، ئۇنداق بولمىغاندا جاۋارىش سەپەرجەلى مۇسھىل ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ، تازىلاشتىن كېيىن بىمار ئۇخلىتىلىدۇ ھەمدە بىمارنىڭ قورساق ۋە بەدىنى رەختلەر بىلەن يېپىلىدۇ، يەنى بىمارنى ھەر خىل ئۇسۇلدا ئىسسىق ساقلاشقا تىرىشىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇمكىن بولسا بىمار ھاماMغا كىرگۈزۈلىدۇ.

كېسەللىك يوقالغاندىن كېيىن يەڭگىل غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئۇچارقاناتلارنىڭ گۆشىگە ئانار سۈيى، غوراپ سۈيى قوشۇپ بېرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالارنىڭ مىقدارىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇپ، نورمال تۇرمۇش ئادىتىگە يەتكۈزۈلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش خولېرانى ئەمەلىي داۋالاشتىكى نۇسخىلار تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ. بۇنى يۇقىرىقى كۆرسەتمىگە ئاساسەن بىر يۇتۇم بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈش، يەنى پۈتۈن نۇسخىنى بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈپ ئىچكۈزۈش لازىم.

نۇسخا (1) زەھرى مۆھرى ۋە تاباشىردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ ئېزىپ، يەتتە گىرام جاۋارىش ئۇد تۇرۇش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاۋۋال يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن قارا سېمىزئوت ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرامدىن، بەش دانە ئەينۇلا قاتارلىقلارنى ئەرقى بەدىيان، ئەقى شوخلا 24 گىرامدىن، ئەرقى گۇلاپ، ئەرقى بىدىمۇشكىدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ، بۇنىڭغا چىلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ 48 گىرام غورا شەربىتى، 48 گىرام ياكى 36 گىرام سىركەنجۇبىل لىمون ئارىلاشتۇرۇپ يۇقىرىقى كۆرسەتمە بويىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

قوشۇمچە بەزىدە دەسلەپكى دورىلارغا سۇماق، ئانار ئۇرۇقى ۋە قىزىلگۈل چېچىكىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن قوشۇلىدۇ. بەزىدە 36 گىرام بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، 48 گىرام ئەرقى

كىيۇرە، 48 گىرام لىمون شەربىتى قاتارلىقلار بىمارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن قوشۇپ بېرىلىدۇ. بەزىدە زەھرى مۆھرى، تاباشىرغا 0.24 گىرام كافۇر قوشۇلىدۇ. بۇنىڭدىن نۇرغۇن مەنپەئەت هاسىل بولىدۇ ۋە بۇ نۇسخا كۆپ قېتىم تەجرىبىدىن ئۆتكەن.

نۇسخا (2) جەدۋار، ئابدىمىلىك، نارجىل دەريائى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، يەتتە گىرام جاۋارىش تەمرى ھىندى بىلەن قوشۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئاندىن 96 گىرام ئەرقى گۇلاپقا 24 گىرام سىركەنجۇبىل ساددە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا (3) ئەرقى پىياز ۋە ئۆچۈرۈلگەن ھاكنىڭ تازىلانغان سۈيىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، 24 گىرام ساپ ھەسەل بىلەن تاتلىق قىلىپ ئاز ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ ھەبنى تەييارلاپ يۇقىرىقى نۇسخا بىلەن بېرىلسە ناھايىتى پايدىلىق.

ھەب نۇسخىسى نارجىل، جەدۋار، قارىمۇچ، يەرلىك ئابدىمىلىك، كۆك خورما ياغىچى ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، زەھرى مۆھرى، تاباشىر، زورەمبات، ئۇد خام، لىمون ئۇرۇقى مېغىزى، مەستىكى رۇمى ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئەرقى گاۋزىبان ياكى ئەرقى بەديان ياكى ئەرقى پىنىندە نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب ياسىلىدۇ ۋە ئىككى ھەب يۇقىرىقى نۇسخا بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇسساش ۋە قۇسۇش ئۇسساش ۋە قۇسۇش ئۆتكۈرلەشكەن چاغدا ئانار شەربىتى ۋە سىركەنجۇبىل ياكى بېھى شەربىتىدىن 36 گىرام ياكى بېھى رۇببىسى ياكى تاتلىق ئانار رۇببىسىدىن 12 گىرام ئېلىپ، 60 گىرام ئەرقى گۇلاب بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ، ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى مۇز پارچىسى سۈمۈرتۈلىدۇ.

بىر گىرام زەھرى مۆھرىنى 60 گىرام ئەرقى گۇلابتا ياكى 60 گىرام ئەرقى بىدىمۇشكىدە ئېرىتىپ، 36 گىرام ناخۇش ئانار شەربىتى، بەزىدە 36 گىرام لىمون شەربىتى قوشۇپ ياكى چۈچۈمەل ئانارنى ئەرقى گۇلابقا قوشۇپ سۈزۈپ، مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان ئوبدان تازىلىنىپ بولغان بولسا، قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈشلەرنى توختىتىش ئۈچۈن بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا پىستىنىڭ سىرتقى پوستى، تاباشىر، لاچىندانىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، 24 گىرام ئانار شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ دائىم ئاز ئازدىن يالىتىلىدۇ.

خولېرادىكى قاتتىق ھارارەت ۋە قۇسۇشنى پەسەيتىش ئۈچۈن لىمون سۈيىنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ ئىچكۈزۈش پايدىلىق بولىدۇ.

ئەگەر ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇش كۆپ بولسا، بىمار ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا، پەقەت نىلۇپەر ئۇرۇقى مېغىزى ئىچىدىكى كۆكى ياكى لىمون ئۇرۇقىنى ئەرقى گۈلابتا ئېزىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. قۇسۇشنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى توختىتىش ئۈچۈن يوتا ۋە بىلەك چىڭ باغلىنىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ قول - پۇتىدا تارتىشىپ قېلىش بولغان بولسا، رەختنى سىركىمايىدا ھۆللەپ، ئاشقازان ساھەسىگە قويۇلىدۇ، ئىسسىق سۇ بىلەن پاشويە قىلىنىدۇ، ئىسسىق خىش ياكى ئىسسىق سۇنى شىشىگە ئېلىپ يوتا ياكى قولتۇق ۋە قول پۇتلار ئۈستىگە قويۇلىدۇ. قەلەمپۇردىن بىر گىرام ئېلىپ سوقۇپ، 24 گىرام كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ پۈتۈن بەدەن، جۈملىدىن قول پۇت ئىلمان ھالەتتە ياغلاپ ئۇۋۇلىنىدۇ. جوز 72 گىرام، جائىفەل 36 گىرام، قەلەمپۇر 12 گىرام، زەپەر 12 گىرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ، قۇرۇق ئۇۋۇلىنىدۇ ياكى دەريا تۇزىدا قۇرۇق ئۇۋۇلىنىدۇ ۋە جاۋاھىر مۆھرىدىن 0.12 گىرامنى جاۋاھىرلار چۈشكەن بەش گىرام دائىلمىشكى مۆتىدىل بىلەن قوشۇپ، ئەرقى گۈلاب بىلەن ئەتىگەن، چۈش، كەچتە بېرىلىدۇ. ئەگەر قورساق ئېسىلىش ۋە قورساق ئاغرىش بولغان بولسا بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا بەش گىرام بەدىيان بىلەن بەش دانە قاقلەنى 144 گىرام ئەرقى گۈلابقا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، گۈلقەنت قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇ زىمات قورساققا تېڭىلىدۇ.

زىمات نۇسخىسى ئالتە گىرام سەبرە، 36 گىرام خىيارشەنبەر مېغىزىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيى ياكى 24 گىرام سەبرە گۈلى مېغىزىدا ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن 96 گىرام ئەرقى گۈلابنى 48 گىرام سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەڭگىل قايىنىتىپ، بۇنىڭدا رەختنى ھۆللەپ قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى 12 گىرام دەريا تۇزى، 12 گىرام قارا تۇز، 60 گىرام زورەمبات، 60 گىرام بەدىيان قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ ۋە سوقۇلغان دورىغا كىچىك خالتا تەييارلاپ، دورىلارنى خالتىغا سېلىپ، ئوچاق ئۈستىدە قىزىتىپ قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھوشىدىن كېتىشنى يوقىتىش ئۈچۈن باش ۋە يۈزگە سوغۇق سۇ سېپىلىدۇ ياكى 12 گىرام كافۇرنى 60 گىرام ئەرقى گۈلاب ياكى 60 گىرام ئەرقى كىيۇرە ياكى 60 گىرام ئەرقى بىدىمۇشكىدە ئېرىتىپ باش ۋە يۈزگە سېپىلىدۇ، ئىككى بىلەك ۋە ئىككى پاچىقى چىڭ باغلىنىدۇ ۋە بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

نۇسخا نارجىل دەريائى، زەھرى مۆھرى چىنى، يەرلىك ئابدىمىلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، ئەرقى گۈلابتا ئېزىپ گالغا تېمىتىلىدۇ ياكى تەرياقى فارۇقنى 60 گىرام ئەرقى گۈلابتا ئېرىتىپ گالغا تېمىتىلىدۇ.

ئاجىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن 0.48 گىرام تەرياقى فارۇق ئەرقى گۈلاب بىلەن بېرىلىدۇ ياكى بەش گىرام داۋائىلمىشكى 60 گىرام ئەرقى بىدىمۇشكى بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر كىچىك تەرەت تۇتۇلغان بولسا، سېرىقچېچەك يوپۇرمىقى، كەترا يوپۇرمىقى، كەندىر يوپۇرمىقى، ئانار يوپۇرمىقى، كىپاس يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 36 گىرامدىن ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، بۆرەك ۋە دوۋسۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ۋە پىسپىنى ئېزىپ، كىندىك ئۈستىگە تېڭىش ھەمدە بۇ نۇسخىنى ئىچكۈزۈش لازىم.

نۇسخا كاۋاۋچىن ۋە ئوغرىتىكەندىن بەش گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 0.6 گىرام شورە قەلىمى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ تۆۋەنلەش باسقۇچىدا قىزىتما بولغان بولسا ياخشىدۇر. بۇ چاغدا بىرەر ئىسسىق تەبىئەتلىك قوزغاتقۇچى نەرسىلەرنى بەرمەسلىك، بەلكى زۆرۈر تېپىلسا، سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكۈلنى خۇشلاندۇرغۇچىلارنى بېرىش لازىم.

ئاجىزلاپ كەتكەن چاغلاردا، شىپالىق ھاسىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يېمەك ئىچمەككە ۋە پەرھىزگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش لازىم. بۇ ناھايىتى نازۇك ۋاقىت بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا دورىلاردىن جاۋارىش شاھى ۋە جاۋارىش ئامىلە ئەنبەردىن يەتتە گىرامدىن ياكى ئامىلە نۇشدارى لۇئلۇۋى يېگۈزۈش، ئەگەر قەۋزىيەت بولغان بولسا ئۇچەيلەر تۇسالغۇسىنى ئېچىش ئۈچۈن ھۆقنە قىلىش لازىم.

ھۆقنىنىڭ بىر نۇسخىسى 24 گىرام يەرلىك سوپۇن، 24 گىرام ئابدىمىلىك يېغىغا ئىلمان سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ. ئەگەر قاتتىق ئۇيقۇنىڭ شىكايىتى بولسا، 24 گىرام سىركىنى 24 گىرام گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ چوققا سۆڭەك ئۈستىگە قويۇلىدۇ.

ئەگەر بىمار ئاجىزلىغان ھالەتتە ھېق تۇتۇشقا باشلىسا، 24 گىرام ئەرقى گۇلاب، 24 گىرام ئەرقى قەرنەپىل (قەلەمپۇر ئەرقى) ئىچكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭدەك 24 گىرام تامچىلىتىلغان سىركىنى 250 گىرام ئەرقى گۇلاب بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ياكى ئەرقى ئەجىبتىن ئىككى بونىدنى ئەرقى پىننىگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئىككى سائەت ئارىلىق قالدۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى پەقەت 24 ~ 36 گىرام جۇۋىنە قاينىتىلمىسى ئىككى سائەت ئارىلىق قالدۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بەزى بىمارلارغا بۇ دورىلارنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىرى كۆرۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز خولېرا بىمارىغا كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا ۋە كېسەللىك ئۆتكۈرلەشكەندە پەقەت غىزا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتتە ھېچقانداق غىزا ھەزىم بولمايدۇ ۋە زىيانلىق بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن 120 گىرام ئەرقى گۇلابقا 24 گىرام سىركەنجىۋىل قوشۇپ ياكى 24 گىرام لىمون شەربىتىنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ بىر يۇتۇم - بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى مۇز شورىتىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا تەبىئەتكە مۇناسىپ كەلسە، ئانار ياكى كىچىك ئاپېلسىن سۈيىنى سىقىپ مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ، بىر يۇتۇم -

بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك يوقىلىشقا باشلىسا، ئارپا ئېشىغا ئەرقى لىمون قوشۇپ مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي توخۇ گۆشى شورپىسى، ئوغلاق گۆشى شورپىسى، ساگۇدانە، ماشنىڭ يۇمشاق ئۇنى، يۇمشاق پىشۇرۇلغان ماش ۋە گۈرۈچتىن تەييارلانغان غىزالار بېرىلىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شورپا، كاكچا نان، ماشنىڭ يۇمشاق ئۇنى، يۇمشاق پۇشۇرۇلغان گۈرۈچ ۋە ماشتىن تەييارلانغان غىزالارنى يېگۈزۈشكە باشلاش لازىم. گىيا، سەي كاۋىسى ۋە تەندوك قاتارلىق كۆكتاتلارمۇ كاكچا نان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

سەقىل، يەللىك ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالاردىن باشتىن ئاخىرغىچە قەتئىي پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

بىمارنىڭ تۇرالغۇسى ۋە باشقا كۆرسەتمىلەر خولېراغا گىرىپتار بولغان بىمارنى ساغلام ئادەملەردىن ئايرىپ، ئازادە ياتاقتا تۇرغۇزۇش، ياتاقنىڭ ھاۋاسىنىڭ ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىغا، يورۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بىمار يورۇقلۇقنى خالىمىسا، ياتاق ئىشىكى يېپىپ قويۇلىدۇ ياكى پەردىنى تارتىپ قاراڭغۇ قىلىنىدۇ. بىمارنى يېتىپ ئارام ئېلىشقا بۇيرۇش، بىرەر كىشىنى بىمارنىڭ يېنىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بارغۇزماسلىق كېرەك، چۈنكى غەم - ئەندىشىلىك سۆزلەپ بىمارغا روھىي زەربە يەتكۈزىدۇ. ئەگەر بىمار قورسىقىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىدىن ياكى قورسىقىنىڭ تولغاپ ئاغرىۋاتقانلىقىدىن زارلانسا، قىزىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، بېشىنى شامالدۇرغۇچ بىلەن سوۋۇتۇش، ئەگەر ئۇيقۇسى كەلسە ئارام ئالدۇرۇش بىلەن ئۇخلىتىش لازىم. بىمار ئۇخلىسا، ئۇنىڭ تەبىئىتى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاش چارىلىرى پاكىزلىقنى نەزەردە تۇتۇش، ھەر كۈنى يۇيۇندۇرۇش، پاكىز كىيىم كىيگۈزۈش، كۆرپىسىنى ھەر كۈنى ئاپتاپقا سېلىش، چوڭ تەرەت ۋە تەرەت قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ تازىلىقىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش، تۇرالغۇ ئۆي ياكى ياشايدىغان ئورۇن ئەتراپىدا ياكى كوچىلاردا تەرەت قىلىش ئورنى بولسا، ئۇلارنى كۆمۈۋېتىش، ئەگەر قاچىلارغا تەرەت قىلغان بولسا بۇنى تۇرالغۇ جايدىن يىراق ئورۇنغا كۆمۈۋېتىش لازىم.

سۇ تازىلىقىنى ياخشى قىلىش لازىم. چۈنكى بۇ كېسەللىك كۆپىنچە سۇ ئارقىلىق تارقايدۇ. بۇ مەزگىلدە سۇنى قايناتماستىن ھەرگىز ئىچمەسلىك لازىم. ھەتتا ئېغىزنى چايقايدىغان، قولنى يۇيىدىغان سۇمۇ قاينىتىلغان سۇ بولۇشى لازىم، ئىشلىتىدىغان قاچا ۋە باشقىلارنىمۇ قايناق سۇ بىلەن مىكروبسىزلاندۇرۇپ ئىشلىتىش لازىم. شۇنىڭدەك قاينىتىلغان سۈت ئىچىش لازىم.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز خولېرا تارقالغان كۈنلەردە لەتىف، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېيىش، قورساقنى تويغۇزۇپ يېمەسلىك لازىم. قورساق ياخشى ئاچماي تۇرۇپ ياكى ئالدىدا يېگەن تاماق ياخشى ھەزىم بولماي تۇرۇپ تاماق يېمەسلىك لازىم. تاماق بىلەن لىمون، سىركە، پىياز ئىشلىتىش پايدىلىقتۇر ياكى ئاجىز گۈڭگۈرت كىسلاتاسىدىن بەش تامچىنى ئازراق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ تاماقتىن كېيىن ئىچىش لازىم. بارلىق مېۋە - چېۋىلەر، ھالۋا، تاتلىق - تۈرۈم، قايناتمىغان سۈت، قېتىق، قايماق، پەنىرمايە قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم. مېۋە - چېۋىلەر ھەم بۇزۇلغان كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلماسلىق، ئەگەر زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن يېمەكچى بولسا، ياخشى يۇيۇپ ۋە پىشۇرۇپ يېيىش لازىم. چىۋىن قونۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەيدىغان نەرسىلەرنى يۆگەپ قويۇش، كېسەللىك تارقالغان مەزگىلدە ناشتا قىلماي ئۆيدىن چىقماسلىق ياكى خولېرا بىمارنىڭ يېنىغا ھەرگىز كەلمەسلىك كېرەك.

جىسمانىي ياكى ئەقلىي ئەمگەكتىن پەرھىز قىلدۇرۇش، بۇنىڭغا ئاساسەن بىرەر كۈچلۈك مۇسھىلنى بۇ مەزگىلدە ئىشلەتمەسلىك لازىم.

پاسسىپ روھىي كەيپىياتلار سەيلە قىلىش ۋە كۆڭۈلنى خۇشال - خۇرام تۇتۇش، غەم ئەندىشە، دەرد - ئەلەم، قورقۇنچ قاتارلىق يۈرەككە تەسىر قىلىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش لازىم.

تاماق سىڭمەسلىك، ئىچ سۈرۈش ۋە باشقىلار بۇ مەزگىلدە ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە باشقىلار كۆرۈلسە، ئۈچ تامچە ئەرقى ئەجىب (بۇنىڭدا پىننە جەۋھىرى، جۇۋىنە جەۋھىرى ئۈچ گىرامدىن، كافۇر ئالتە گىرام سېلىنىدۇ) نى ئەرقى گاۋزىبان ياكى ئەرقى بەدىيانغا قويۇپ، ھەر ئۈچ سائەتتە بىر قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ھەببى كىبرىت يېگۈزۈلىدۇ.

ئىشتىھا تۆۋەنلەش ۋە ئىشتىھا يوقىلىش

ئىشتىھا تۆۋەنلەش ۋە ئىشتىھا يوقىلىش قورساق ئاز ئاچىدىغان ياكى پۈتۈنلەي ئاچمايدىغان كېسەللىكتۇر. بۇ، نامىدىن ئاشكارىدۇر. بەزىدە بىمار غىزادىن پۈتۈنلەي سەسكىنىدۇ، ئەگەر بىمارغا مەجبۇرىي تاماق يېگۈزۈلمىسە بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ.

1. مىزاجنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى: ئىشتىھا تۆۋەنلەش ۋە ئىشتىھا يوقىلىشنىڭ سەۋەبى بەزىدە ئاشقازاندا ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش كۆرۈلگەنلىكتىن بولىدۇ. ئىسسىقلىق ئاشقازاننى بوشاشتۇرىدۇ ۋە ئىشتىھانى يوقىتىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا تەجرىبە قىلغاندا كۆرۈلىدۇكى، ياز

پەسىلدە ئەگەر ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتسە، ئىشتىها تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

2. مىزاجنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى: بەزىدە بۇ كېسەللىك ئاشقازاننىڭ پۈتۈن تەركىبلىرىدە قاتتىق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولغانلىقتىن بولىدۇ ۋە يېقىنلىق سەۋەبىدىن جىگەرگىمۇ سوغۇقلۇق تارقايدۇ، ئىشتىها يوقىلىدۇ.

3. سەپرادىن بولغان خىلىت ۋە تۇزلۇق خىلىت: بەزىدە ئىشتىها تۆۋەنلەش ۋە ئىشتىها يوقىلىش ئاشقازاندىكى سەپراۋى ماددا ياكى تۇزلۇق ماددىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئاشقازان ئەزىيەتلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سۈمۈرۈشنىڭ ئورنىغا چىقىرىپ تاشلاشقا مايىل بولىدۇ.

4. چاپلاشقاق بەلغەم: بەزىدە بۇ كېسەللىك چاپلاشقاق بەلغەمنىڭ ئاشقازانغا كۆپلەپ يىغىلىۋالغانلىقىدىن بولىدۇ.

5. چىرىگەن خىلىت: بەزىدە ئىشتىها تۆۋەنلەش ئاشقازانغا چىرىگەن، بۇزۇلغان ماددىلار يىغىلىۋالغانلىقتىن بولىدۇ ۋە تەبىئەت بۇنى چىقىرىپ تاشلاشقا تىرىشىپ غىزا تەلەپ قىلىشنى خالىمايدۇ.

6. بەدەندىكى تولۇپ قېلىش: بەزىدە ئىشتىها يوقىلىش بەدەن غىزادىن بىھاجەت بولغاندا كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەدەن پىشمىغان بەلغەم بىلەن تولىدۇ. بۇنى ياخشىلاش، پىشۇرۇش ۋە بەدەن تەركىبىگە ئايلاندۇرۇش تەرەپكە تەبىئەت يۈزلەنگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئەزالار قان تومۇردىن ئوزۇقلۇق تەلەپ قىلىش ۋە سۈمۈرۈشنى توختىتىدۇ، يەنى ئاشقازان تومۇرلىرىدىن ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈشنى توختىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشقازانمۇ غىزا خالىمايدۇ. چۈنكى بەدەن غىزاغا ئېھتىياجلىق بولمايدۇ. خۇددى توشقانغا ئوخشاش جانىۋارلار قىش پەسلىدە بىر مەزگىلگىچە غىزاغا ئېھتىياجلىق بولمىغاندەك. چۈنكى ئۇنىڭ بەدىنىگە پىشمىغان خىلىتلار كۈز پەسلىدە كۆپلەپ يىغىلىدۇ.

ھايۋانلار قىش پەسلىدە ھېس، ھەرىكەتسىز تۇرىدۇ، بۇلار ھايۋاناتى شاتىئە دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئورۇنلاردا مۇز تۇتۇپ، بۇ جايدىكى ھايۋانلار ئۆز ئۇۋىلىرىدا بىر قانچە ئايغىچە ئۆچەككە كىرىدۇ.

7. ماددىنىڭ ئاز تارقىلىشى: بەزىدە ئىشتىها شۇنىڭ ئۈچۈن يوقاپ كېتىدۇكى، بەدەننىڭ ھۆللۈكلىرى ئاز تارقايدۇ ياكى ئاز چىقىم بولىدۇ. يەنى ئەگەر ئاز چىقىم بولسا، بۇنىڭ ئورنىغا تولۇقلىنىدىغان ماددىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ ئاز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەزالارنىڭ تەلەپ قىلىشىمۇ ئاز بولىدۇ.

8. جىگەر كېسەللىكلىرى: بەزىدە ئىشتىها يوقىلىش جىگەر ئاجىزلىقى ياكى جىگەر

كانالچىلىرى تۇسۇلۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىگەر ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىن كەيلۇسنى سۈمۈرەلمەيدۇ.

9. **ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى:** بەزىدە ئىشتىھا يوقىلىش ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ قۇيۇلۇشى توختاپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئاشقازان كىسلاتاسىدىكى چۈچۈمەللىك غىدىقلىنىشنى پەيدا قىلىپ، غىزاغا بولغان ئىشتىھانى قوزغايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتى بىلەن ئاشقازاننىمۇ تازىلايدۇ.

10. **ئاشقازان سېزىمىنىڭ يوقىلىشى:** بەزىدە ئاشقازان ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدىكى سەزگۈ بۇ سەۋەبتىن يوقىلىدۇكى، ئاشقازانغا كەلگەن نېرۋىلار بىرەر سەۋەبتىن كېسەللىنىدۇ، بۇنىڭدىن ئاشقازان سېزىمسىزلىنىپ ئىشتىھا يوقىلىدۇ.

يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن باشقا تۆۋەندىكى سەۋەبلەرمۇ ئىشتىھا ئاجىزلاشقا سەۋەب بولىدۇ. سوزۇلما ئاشقازان ئىششىقى ياكى ئاشقازان يارىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، مايلىق غىزالارنى كۆپ مىقداردا يېيىش، ئېغىر، يەل پەيدا قىلغۇچى، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان نەرسىلەر ھەمدە ھاراق قاتارلىقلارنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىش، ھەزىم پائالىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، نېرۋىلار ئاجىزلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، ھەزىم ئەزالىرىدا يامان سۈپەتلىك ئۆسمىنىڭ تېپىلىشى قاتارلىقلار.

ئالامىتى

1. **ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** سېسىق كېكىرىدۇ، ئۇسسايدۇ، ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالاردىن (بۇلاردا ھارارەت تەسىرى بولىدۇ) سەسكىنىپ سوغۇق سۇدىن راھەت تاپىدۇ.

2. **سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** ئاشقازان سوغۇقلۇقىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئۇنىڭ داۋاسى سۆزلىنىپ بولدى. بۇ تۈردە جاۋارىش پۇدىنە ۋە ساماساق يېگۈزۈش ھەمدە تېرىق بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئىنتايىن پايدىلىق.

3. **سەپرادىن بولغان خىلىت ۋە تۇزلۇق خىلىت:** ئاشقازاندا كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ ۋە قۇسىدۇ ھەمدە ھەددىدىن زىيادە سوغۇق سۇ ئىچكۈسى كېلىدۇ. ئېغىز تەمى ئاچچىق ياكى تۇزلۇق بولىدۇ.

4. **چاپلاشقاق بەلغەم:** كۆيۈشۈش سېزىمى بولمايدۇ ۋە ئۇسسىمايدۇ، بىمار قىزىق ۋە ئۆتكۈرلۈك بولغان نەرسىلەرنى خالايدۇ. ئاندىن بۇ تۈردىكى ئۆتكۈر ئىسسىق نەرسىلەرنى يېيىش بىلەن قورساق كۆپىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ، تارتىشقاندەك بىلىنىدۇ، ئەگەر كېكىرىك كەلسە راھەت تاپىدۇ.

5. **چىرىگەن خىلىت:** كۆڭلى ئېلىشىدۇ، ئىشتىھا يوقىلىدۇ. ئېغىزدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ. چوڭ تەرىتى ناچار بولۇپ، سېسىق پۇراقلىق كېلىدۇ.

6. **بەدەندىكى تولۇپ قېلىش:** بەدەن تولۇپ قېلىشنىڭ ئالامەتلىرى بولىدۇ، ئىلگىرى راھەت پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن تارىخى بولىدۇ.

7. **ماددىنىڭ تارقىلىشى:** بەدەن تېرىسى قاتتىق بولىدۇ ۋە بىمار بىر مەزگىل غىزا يېمەسلىككە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

8. **جىگەر كېسەللىكلىرى:** ئوخشاشمىغان رەڭلەردە يەنى بەزىدە ئاق، بەزىدە كۆك ئىچى سۈرىدۇ. بەزىدە سەپرا ئارىلىشىش بىلەن ئىچى سېرىق رەڭلىك كېلىدۇ.

9. **ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى:** بىمارنىڭ قورسىقى ئاچمايدۇ، ئەمما تاماق يېسە ھەزىم بولىدۇ. چۈچۈمەل، قابىز نەرسىلەرنى يېگەندىن كېيىن ئىشتىھا ئەسلىگە كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپىنچە ھالدا تالمۇ چوڭىيىدۇ.

داۋالاش

1. **ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** سوغۇق ۋە قابىز دورىلار بىلەن ئاشقازان مىزاجى نورماللاشتۇرۇلىدۇ، بۇ ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

2. **ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن مىزاجى بۇزۇلۇش:** بۇنىڭ داۋاسى ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

3. **سەپرا خاراكتېرلىك تۇزلۇق خىلىت:** قۇستۇرۇش ۋە ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئاشقازاندىكى ماددىلار تازىلىنىدۇ.

4. **چاپلاشقاق بەلغەم خىلتى:** دەسلەپتە قىچا، زاغۇن، بىخ كەبىر، رۇمبەدىيان قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى ھەمدە ھەسەل ۋە تۇز بىلەن بۇ بەلغەمنى سۇيۇلدۇرۇش ھەم لەتىفلەشتۈرۈپ، ئاندىن كېيىن سېرىقچىچەك، تۇرۇپ ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ھىندى تۇزى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىنى سىركەنجۇبىل ھەسىلى بىلەن ئىچكۈزۈپ بىمارنى قۇستۇرۇپ، ئاشقازىنىدىكى چاپلاشقاق بەلغەم تازىلىنىدۇ.

5. **چىرىگەن خىلىت:** قۇستۇرۇپ ئاشقازان تازىلىنىدۇ ھەمدە داۋائىلمىشكى، جاۋارىش ئۇد قاتارلىقلار بىلەن ئاشقازان كۈچلەندۈرۈلىدۇ ۋە خۇش پۇراق قىلىنىدۇ.

6. **بەدەن تولۇپ قېلىش:** بىمارغا پىيادە مېڭىشقا كۆرسەتمە بېرىلىدۇ ھەمدە غىزاسى ئازايتىلىدۇ، غىزانى كۆپ يېگەندە تەبىئەت غىزانى دەپ ھەزىم قىلىش تەرەپكە يۈزلىنىپ كېتىپ ماددىلارنى تارقىتالمايدۇ، يەنى غىزا سەۋەبىدىن ماددىلار يەنىمۇ يىغىلىپ قالىدۇ.

7. **ماددىنىڭ ئاز تارقىلىشى:** ھامامغا كىرگۈزۈش، تەرلىتىش، ئۇۋۇلاش ۋە بەدەننىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىش. بۇنىڭدا قاتتىق جاپا - مۇشەققەت تارتقۇزۇش، قاينىتىلمىلاردا ئولتۇرغۇزۇش لازىم. قاينىتىلمىغا تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئاچقۇچى، بوشاشتۇرغۇچى دورىلار قوشۇلغان بولسۇن. ئىسسىق تەبىئەتلىك ھەم تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئاچقۇچى ياغلار سۈركىلىدۇ.

بارلىق چارىلەر پەقەت بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى تارقىتىپ، غىزاغا بولغان ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇش ۋە ئەزالارنىڭ زەنجىرسىمان سۈمۈرۈشنى ئاشقازانغىچە يەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر.

8. جىگەر كېسەللىكلىرى: جىگەردىكى ئەسلىي كېسەللىكنى داۋالاش، ئۇنىڭدىن باشقا غىزالارنى ئۆزلەشتۈرگۈچى، جىگەرگە كۈچ بېغىشلىغۇچى ۋە جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم، بۇ جىگەر كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

9. ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى: تال چوڭىيىشقا قىلىنغان ئىلاجلار قىلىنىدۇ، كانالچىلارنىڭ توسالغۇسىنى ئېچىش ئۈچۈن سىركەنجۇبىل بۇزۇرى ۋە كەۋامىخ، باشقا ئۇرۇق دورىلار بىلەن بىرگە سىركىگە چىلانغان خام سەي يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: كەپە سويمىسى، ئەنجۈر، سامساق قاتارلىقلار كەرەپشە ئۇرۇقى، بەديان، سۇزاپ ئۇرۇقى ۋە جۇۋىنە بىلەن سىركىگە چىلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ماددىلارنى كەسكۈچى، سەرخىللاشتۇرغۇچى، سۇيۇلدۇرغۇچى دورىلار بىلەن قۇستۇرۇش ناھايىتى پايدىلىق. مەسىلەن: تۇرۇپ ئۇرۇقى، زاغۇن، سېرىقچېچەك، تۇز، توغرىغۇ قاتارلىقلارغا سىركەنجۇبىل ھەسىلى قوشۇپ قۇستۇرۇلىدۇ. كەۋامىخ - كۆكتاتلىق قاتلىما ياكى كۆكتاتلاردۇر. بۇ، پىننە، سۈت ۋە باشقا تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر بىلەن تەييارلىنىدۇ، مەسىلەن: ئەكامۇخ كەبىر، ئەكامۇخ ئەنجۇدان قاتارلىقلار.

10. ئاشقازان سېزىمى يوقىلىش: ئاشقازان سېزىمى يوقىلىشنى داۋالاش قىيىن، لېكىن ھەرھالدا بۇنى داۋالاش ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش لازىم.

بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئاۋۋال مۇسھىل، ھەب ۋە ئايارەجلەر بىلەن مېڭە تازىلىنىدۇ، ئاندىن مەجۇنلەر، مۇناسىپ ياغلار ۋە خۇش پۇراق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

قوشۇمچە ئەگەر سوزۇلما ئاشقازان ئىششىقى ياكى ئاشقازان يارىسى ۋە باشقىلار سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاش ئالدىمىزدا بايان قىلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ياغلىق ۋە مايلىق غىزالارنى ئىستېمال قىلىشتىن كېلىپ چىققان بولسا، ياغلىق ۋە مايلىق غىزالارنى ئىستېمال قىلماسلىق ۋە تۆۋەندىكى نۇسخىلاردىن بىرەر نۇسخىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم:

نۇسخا ئاۋۋال بەش گىرام جاۋارىش ئۇد تۇرۇش يېگۈزۈلىدۇ، ئارقىدىن ئۈچ گىرام بەديان، ئۈچ گىرام زىرىشكى، بەش دانە ئەينۇلانى14 4گىرام ئەرقى بەديانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، سىركەنجۇبىل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ ۋە تاماقتىن كېيىن سۇفۇپى نەئنائى يېگۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپى نەئنائى قۇرۇق پىنىنىدىن 11 گىرام، سۇماق پوشتىدىن5 . 5گىرام، ئاش

تۇزىدىن 0.5 گىرام، قارىمۇچتىن يەتتە گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، سوفۇپ تەييارلىنىدۇ ۋە كۈندە بىرنەچچە قېتىم تۆۋەندىكى يالانچۇق يالىتىلىدۇ:

يالانچۇق زەھرى مۆھرە، تاباشىر، سۇماق پوستى، ئانار ئۇرۇقى، قۇرۇق پىننە، پوستى تۇرۇنجى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا 48 گىرام سىركەنجىۋىل ياكى ئانار شەربىتى قوشۇپ يالىتىلىدۇ، بۇ بىر كۈنلۈك ئىستېمال مىقدارىدۇر.

ئەگەر كېسەللىك ئېغىر، يەللىك ۋە ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن پەيدا بولسا، تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

نۇسخا ئاۋۋال يېگۈزۈپ جاۋارىش جالىنۇسى يېگۈزۈلىدۇ. ئاندىن يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، بەش گىرام سېرىق ئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ ۋە ئۇنىڭغا 48 گىرام گۈلقەنت قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، تاماقتىن كېيىن ھەببى كىبرىتتىن ئىككى تال بېرىلىدۇ ۋە كەچ ۋاقتىدا بەش گىرام مەجۇنى نانخا 48 گىرام ئەرقى بەدىيان بىلەن بېرىلىدۇ.

ھەببى كىبرىت نۇسخىسى تازىلاپ لايىقلاشتۇرۇلغان گۈڭگۈرت سېرىقىدىن 66 گىرام، قارىمۇچتىن بەش گىرام، ئاش تۇزىدىن بىر گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، لىمون ئەرقىدە يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېسەللىك پەيدا بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاش ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى. ئەگەر كېسەللىك كۆپ ھاراق ئىچىشتىن پەيدا بولغان بولسا، ھاراق ئىچىشنى تەدرىجىي توختىتىش ۋە يۇقىرىقى جاۋارىش ئۇد تۇرۇش چۈشكەن نۇسخىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم. ئەگەر نېرۋا ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بۇ شىكايەت بولغان بولسا، جاۋارىش جالىنۇس چۈشكەن نۇسخىنى بېرىش لازىم.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا لەتىف غىزا ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى ئازايتىپ قەرەللىك بېرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن غىزانى تەدرىجىي كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. ئۆچكە گۆشى شورپىسى، ماش ئېشى، ئەرھەر (بىر خىل ئاشلىق) ئېشى، توخۇ گۆشى شورپىسى، يۇمشاق پىشۇرۇلغان ماش ۋە گۈرۈچتىن تەييارلانغان غىزالار بېرىلىدۇ. ئېغىر، يەللىك ۋە ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش ۋە قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوچۇق ھاۋادا پىيادە يول مېڭىپ بېرىش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

ئىشتىها بۇزۇلۇش (ۋەھمى ۋە پەسادى شەھۋەت)

ۋەھمى ۋە پەسادى شەھۋەتكە نىسبەتەن كۆپىنچە تېۋىپلارنىڭ كۆزقارىشىدا پەرق يوق. لېكىن يازغۇچى بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك پەرقلەندۈرگەن:

ۋەھمى دېگەن ناچار غىزالار، مەسىلەن: چاپلاشقاق ۋە تۇزلۇق غىزالارنى يېگۈسى كېلىدىغان كېسەللىكتۇر. پەسادى شەھۋەت دېگەن يات نەرسىلەر، مەسىلەن: سېغىز، كۆمۈر، پارچە پۇرات نەرسىلەر، هاك ۋە قەلەيگە ئوخشاش ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەرنى يېگۈسى كېلىدىغان كېسەللىكتۇر.

مەن بىرئايالنىڭ كونا پاختىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ئۇ ئايال داۋاملىق پاختىنى چاينايتتى ۋە بەزىدە يۇتۇۋېتەتتى (نەفىيس).

سەۋەبى بىرىنچى سەۋەب: بۇ خاھىشلار ئاشقازان تېۋىتلىرىغا ناچار، يامان ماددىلارنىڭ يىغىلغانلىقى، تەبىئەت كۈچى بۇ ماددىلارغا قارشى بولغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى يوقاتماقچى بولغانلىقىدىن (پەيدا بولىدۇ).

مەسىلەن: تەبىئەت بۇ كېسەللىكتە سېغىز، هاك ۋە مۇرچلارنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ نەرسىلەر ئاشقازانغا يىغىلغان يامان ماددىلار ۋە سۇيۇقلۇقلارغا قارىمۇقارشى بولۇپ، تەبىئەت ئۇلار ئارقىلىق، ئاشقازاندىكى يامان سۇيۇقلۇقلارنى يوقاتماقچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر خاھىش پەيدا بولىدۇ.

مەزكۇر ياد نەرسىلەر تەبىئەتكە زىيانلىق بولماستىن، بەلكى ناهايىتى پايدىلىق ۋە مۇناسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن تەبىئەت ئۇلارنى خالايدۇ. (نەفىيس).

سوئال: بىر ئىزدەنگۈچى سېغىز ۋە هاكنى بەدەن قانداق قوبۇل قىلىدۇ؟ دەپ سورىغان.

جاۋاب: مەسىلەن: هامىلدارلىق مەزگىلىدە يۇقىرىقىدەك نەرسىلەرنى خالاش خاھىشىنىڭ كۆپ بولۇشى. هامىلدارلىق مەزگىلىدە قاننىڭ كۆپ قىسمى هامىلىنى ئوزۇقلاندۇرۇشقا سەرپ بولۇپ، قان ئۆز تەركىبلىرى ئېتىبارى بىلەن يېتىشمەيدۇ. تەركىبىدە تۇپراق ماددىسى بولغان بۇ ماددىلار هامىلىنىڭ سۆڭەكلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە ناهايىتى كۆپ ئىشلەنگەچكە، يەنى بۇ تەركىبلەر ئانىنىڭ قېنىدا ئازلاپ كېتىدۇ. بۇ ئازلىقنى تولۇقلاش ئۈچۈن تەبىئەت خالاپ ئانىدا سېغىز قاتارلىق يات ماددىلارنى يېيىش خاھىشى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭغا باشقا نەرسىلەرنى يېيىشمۇ شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەب: (ئاشقازاندىكى) «بۇزۇق ماددىلار ئۆزى مەزكۇرد يات نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. بۇ قاراش خۇددى ئەللامۇ نەفىيس بايان قىلغىنىدەك ۋەشمىخ، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ سۆزى ئۇنى كۈچلەندۈرگىنىدەك بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىدا خاتادۇر.

بۇ كېسەللىك ئومۇمەن ھامىلدارلىقنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئايلىرىغىچە بولىدۇ. باشقىچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ھەممىدىن كۆپ ھامىلدار ئاياللاردا، ئۇنىڭدىن كېيىن ھامىلدار بولمىغان ئاياللاردا، ئۇنىڭدىن كېيىن باللاردا ۋە بەزىدە ئەرلەردىمۇ بۇ خىلدىكى خاھىش پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش ئاشقازاننى تازىلاش ئۈچۈن قۇستۇرۇلىدۇ، دەسلەپتە بېلىق يېگۈزۈپ ھەسەل سۈيى، سىركەنجىۋىل (سىركەنجىۋىلگە تۇرۇپ چىلانغان بولسۇن)، سېرىقچېچەك سۈيى، تۇز، تۇرۇپ ئۇرۇقىغا ئوخشاش دورىلارنى بېرىپ ھەر ئايدا بىر - ئىككى قېتىم قۇستۇرۇلىدۇ. تۇربۇت، بەرەڭگى كابۇلى، نەبتى تۇزى، ئايارەج ۋە ھەسەل قاتارلىقلار بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ.

نەبتى تۇزى قارا رەڭلىك، سېسىق پۇراقلىق تۇزدۇر.

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى جاۋارىشلار يېگۈزۈلىدۇ. بۇ، رۇمبەدىيان، ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلە، مەستىكى، زىرە، جۇۋنە، لاچىندانە، قاقلە، قارىمۇچ، زەنجىۋىل، سۇزاپ ۋە ناۋات قاتارلىقلار بىلەن تەييار قىلىنغان بولسۇن.

ئەگەر ناچار نەرسىلەرنى خالاش كۈچلۈك بولسا، ئۇ خاھىشلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن چۈجىلەرنىڭ مايدا قورۇلغان يۇمشاق سۆڭەكلىرى (مەشاشى ئىزام)نى چايناشقا بۇيرۇلىدۇ.

مەشاشى ئىزام سۆڭەكلەرنىڭ يۇمشاق باشلىرىغا قارىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بەزى كىشىلەرمۇ ناچار نەرسىلەرنى خالاشنى يوقىتىش ئۈچۈن ياراتقۇچى بۇ ياخشى نەرسىنى پەيدا قىلغان، دەپ قارايدۇ.

ياكى جۇۋنە، خۇش پۇراقلىق تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەك سېلىپ ۋە تۇز سۇركەپ قورۇتۇلغان موزاي گۆشىنى چايناشقا بېرىلىدۇ.

ھامىلدار ئاياللاردا بۇ كېسەللىكنى داۋالىماي، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش ياخشىدۇر. چۈنكى ئۈچ - تۆت ئايدىن كېيىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا داۋالىمىسىمۇ، بۇ ئالامەتلەر ئۆزلىكىدىن يوقىلىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

تۇخۇ چۈجىسىنىڭ قورۇلغان سۆڭەكلىرىنى چايناش بۇ بابتا ئاجايىپ تەسىرلىكتۇر (ئىكسىر ئەزەم).

ئىت ئىشتىها كېسىلى

ئىت ئىشتىها كېسىلىدە شۇ قەدەر قاتتىق قورساق ئاچىدۇكى، ياخشىراق غىزالارنى يېگەندىن كېيىنمۇ بىمار تويمايدۇ ۋە بىرگە تاماق يېگۈچىلەردىن ئىتتەك قىزغىنىدۇ. ئىتلارنىڭ ئادىتىدە گەرچە ئىتنىڭ قورسىقى غىزانى تامامەن سىغدۇرالمىغۇدەك تويسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تاماققا ھېرىسمەنلىكى يوقالمايدۇ، يەنى ئىت غىزاغا ئېتىلىدۇ. شۇڭا ئىت ئىشتىها كېسىلىنىڭ نامى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن قويۇلغان.

سەۋەبى

1. **مىزاج بۇزۇلۇش:** بەزىدە ئاشقازاندا مەخسۇس تۈردىكى مىزاج بۇزۇلۇش كۆرۈلىدۇكى، ھەزىم ئاجىزلىقى ۋە قورساق ئېسىلىش مەۋجۇت بولۇش بىلەن زىيادە تاماق يېيىش خاھىشى بولىدۇ، لېكىن بىمار ئۇسسىمايدۇ. ئۇسساش بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ سوغۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

2. **ئاشقازان كىسلاتاسى: كۆپىيىش** بەزىدە ئىشتىھانىڭ كۈچىيىپ كېتىشى ئاشقازانغا چۈچۈمەل خۆللۈك (ئاشقازان كىسلاتاسى) نىڭ كۆپلەپ قۇيۇلۇشى سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ. بۇ، ئاشقازاننىڭ ھارارەت ياردىمى بىلەن تاماقنى ھەزىم قىلىدىغان مەخسۇس خۆللۈكتۇر.

3. **ماددىنىڭ كۆپ تارقىشى ۋە كۆپ سەرپ بولۇشى:** بەزىدە بۇ تۈردىكى ئىشتىها بەدەندىكى ئۆتكۈر تارقاشتىن ياكى سەرپ بولۇشتىن پەيدا بولىدۇ.

4. **چىقىرىپ تاشلاش ۋە يوقسىزلىق تارتىش:** بەزىدە ئىت ئىشتىھاسى چىقىرىپ تاشلاش، ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ قېلىش سەۋەبىدىن پۈتۈن ئەزالارنىڭ غىزاغا موھتاج بولۇشى، بۇ مۇھتاجلىق سەۋەبىدىن ئەزالارنىڭ ئوزۇقلۇقنى سۈمۈرۈشىنىڭ ئەزادىن ئاشقازانغىچە يېتىپ بېرىشىدىن پەيد بولىدۇ.

ئۇزاق مەزگىللىك قىزىتمىلاردىن ساقايغاندىن كېيىن بۇ خىل ئۆتكۈر قورساق ئېچىش پەيدا بولىدۇ. بۇ، چىقىرىپ تاشلاش ۋە ئاچ قېلىشتىن بولغان ئىت ئىشتىها كېسىلى تۈرىگە كىرىدۇ.

5. **قورساق قۇرتى:** بەزىدە ئىشتىها كۈچىيىش مەددە ۋە چوڭ يىلانسىمان قۇرتلاردىن پەيدا بولىدۇ. قۇرت غىزا تەرەپكە بېرىپ غىزانى دەرھال سۈمۈرىۋالغاچقا، ئادەم ئېچىرقاپ كېتىدۇ.

چۈچۈمەل بەلغەم بەزىدە ئاشقازاندا بىرەر چۈچۈمەل بەلغەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشتىها كۈچىيىپ كېتىدۇ. بەلغەمنىڭ چۈچۈمەللىكى ئاشقازاندا غىدىقلىنىش پەيدا قىلىدۇ، يەنى

قان تومۇرلارنىڭ سۈمۈرۈشىدىن ئاشقازاندا بۇ كەيپىيات پەيدا بولغاندەك، بەلغەمنىڭ چۇچۇمەللىكىدىنمۇ بۇ كەيپىيات پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى

1. **مىزاج بۇزۇلۇش:** مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

2. **ئاشقازان كىسلاتاسى كۆپىيىش:** ئاز ئۇسسايدۇ، چۇچۇمەل كېكىرىك كېلىدۇ. ئەگەر بىمار غىزا يېمىگەن بولسا، ئاشقازاندا قاتتىق كۆيۈشۈش سېزىمى پەيدا بولىدۇ، يەنى بۇ ۋاقىتتا ئازراق غىزا يېمەي مۇمكىن بولمايدۇ، بىمار تاماقنى قانچە كۆپ يېگەنسېرى چوڭ تەرەتمۇ شۇنچە كۆپ كېلىدۇ.

3. **ماددىنىڭ كۆپ تارقىشى ۋە سەرپ بولۇشى:** بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بولىدۇ، مەسىلەن: ئىسسىق ھاۋا، ئۇيقۇسىزلىق، كۆپ جىما قىلىش، ئاچچىقلىنىش، ئاچ قېلىش، ھامامغا چۈشۈش ۋە چېنىقىش قاتارلىقلار سەۋەب بولىدۇ ۋە ھەزىمدە ھېچقانداق نورمالسىزلىق بولمايدۇ. چوڭ تەرەت يېگەن تاماقنىڭ باراۋىرىدە كەلمەي، بەلكى ئۇنىڭدىن ئاز كېلىدۇ.

4. **چىقىرىپ تاشلاش ۋە ئاچلىق:** چىقىرىپ تاشلاش ۋە تارقىلىشنىڭ سەۋەبلىرى ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ياكى بىمار ئۇزاق مۇددەتكىچە ئاچ قالغان بولىدۇ. بىمار غىزانى شۇقەدەر كۆپ يەيدۇكى، ئاشقازاندا ئېغىرلىق پەيدا بولىدۇ. لېكىن بىمار كۆپ غىزا يېسىمۇ، چوڭ تەرىتى كۆپ كەلمەيدۇ.

لېكىن ئىچىنى سۈرگۈچى دورا يېمەستىن ئىچى ئۆزلۈكىدىن كەلگەن بولسا، بىلىش لازىمكى، ئۇ ساقتۇر. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەگەر بىماردا چۇچۇمەل كېكىرىكلەر كېلىشكە باشلىغان بولسا، بىلىش لازىمكى، ساغلاملىق ئەسلىگە كەلگەن بولىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بۇ كېسەللىكنىڭ باشقا تۈرلىرىدىمۇ ئەگەر ئىچى بىرنەچچە قېتىم كېلىپ توختاپ قالغان بولسا، بۇمۇ ساقىيىشقا دالالەت قىلىدۇ، چۈنكى دەسلەپتە ئەزالار غىزانى سۈمۈرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمدى سۈمۈرەلەيدۇ.

5. **قورساق قۇرتى:** ئۈچەيلەردىن ئاشقازان تەرەپكە قۇرتلارنىڭ ھەرىكىتى، يەنى لۆمۈلدىگەنلىكى سېزىلىدۇ ھەمدە قورساق قۇرتىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

6. **چۇچۇمەل بەلغەم:** ئاچچىق كېكىرىك كېلىدۇ، سوغۇق سۇ ئىچىش خاھىشى ئاز بولىدۇ. چوڭ تەرەتنىڭ مىقدارى كۆپ ۋە ئۇنىڭ قىيامى زىيادە بوش بولىدۇ.

داۋالاش

1. **مىزاج بۇزۇلۇش:** ئاشقازاننى قىزىتىش ئۈچۈن مەجۇنلەر يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: مەجۇنى

سەپەرجىل قابىز، مەجۇنى خۇزى ۋە مەجۇنى پەنجىنۇش قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەردىن مەستىكى، رۇمبەدىيان، زىرە، جۇۋنە قاتارلىق دورىلار چايناتقۇزۇلىدۇ ھەم سۇمبۇل، قەلەمپۇر، جوز، قىزىلگۈل قاتارلىق دورىلاردا زىمات تەييارلاپ چېپىلىدۇ. ئەگەر ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇش بىلەن بىرەر ماددا، يەنى بەلغەم خىلتى بولغان بولسا، ھەببى قوقىيا ۋە ھەببى ئايارەج بىلەن ئاشقازان تازىلىنىدۇ ۋە ئاشقازاننى ياخشىلايدىغان تاتلىق شەربەتلەر ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان غىزالاردىن ھەلىم ۋە مايلىق غىزا قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ. ئاشقازاندا ئۇزۇن توختىماي ئەزالارغا تېز يېتىپ بېرىش شەرت ئاستىدا ھەلىم، مايلىق ئاتىلا ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئۇزۇندا ئۆتىدىغان ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. قەۋزىيەت بولماسلىقى، ئاشقازان تائامنى ھەزىم قىلالماي سېسىق كېكىرىش، ئىچ سۈرۈش ۋە خولېرا پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن ئىترىفىل سەغىر، ئىترىفىل خۇزى ۋە جاۋارىش، نارمىشكى يېگۈزۈلىدۇ.

2. ئاشقازان كىسلاتاسى: ئەفتىمۇن قايىنتىلمىسى مۇسھىلى بېرىلىدۇ، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. تالغا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈلىدۇ ھەمدە مايلىق غىزالار يېگۈزۈلىدۇ.

چۈچۈمەللىكنى يوقىتىش ئۈچۈن تۇزلۇق دورىلاردىن ھەببى كەبەد نۇشدارى، سۇفۇپى خەردەل، تەنكار ۋە نەمەك سۇلايمانى يېگۈزۈلىدۇ.

3. ماددىنىڭ كۆپ تارقىشى ۋە سەرىپ بولۇشى: غىزالار ئاشقازاندا ئۇزۇنغىچە تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان، ئېغىر غىزالاردىن مەسىلەن: ئەۋجەرى، پېتىر نان (بۇنىڭدا خېمىر تۇرۇچ بولمايدۇ) يېگۈزۈلىدۇ. چاپلاشقاق، قان تومۇرلاردا توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: خەبىس نامىلىق ھالۋا، بۇ، يۇمشاق تارتىلغان ئۇن، شېكەر ۋە ئۆسۈملۈك مايلىرىدىن تەييارلىنىدۇ. پىشقان نىشاستە ۋە لەۋزىنەمۇ يېگۈزۈلىدۇ. بەدەننىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېتىش مەقسىتىدە سوغۇق سۇدا ۋە سوغۇق ئورۇنلاردا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ھەم بەدەنگە قىرۇتى سۈركىلىدۇ. قىرۇتى قابىز ياغلاردىن تەييارلانغان بولسۇن، مەسىلەن: ئاس يېغى، ئاس يېغىغا چۈچۈمەل بېھىنىڭ سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان بولسۇن. قىرۇتى چاپلاشقاق بولماسلىقى ئۈچۈن تەر تۆشۈكچىلىرىگە چاپلىشىپ تەر تۆشۈكچىلىرىنى توسىدۇ. خۇسۇسەن قىرۇتى يېغىدا باشقا دورىلار بىلەن قورۇش كۈچى پەيدا قىلىنغان بولسۇن.

لەۋزىنە (لەۋزىنەج): مېغىزلارنىڭ بىر خىل خاس ھالۋىسى.

4. چىقىرىپ تاشلاش ۋە ئاچلىق: ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى غىزالار ئاز مىقداردىن پات - پات يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: پاقلان كاۋىپى تاكى ياخشى ھەزىم بولسۇن ۋە ئاشقازاندا ئېغىرلىق

پەيدا قىلمىسۇن ھەم پۈتۈن بەدەنگە غىزا تولۇق يېتىپ بارسۇن. ھەم بەدەندىن بىرەر نەرسە خوراپ كەتمەسلىككە تىرىشىش، يەنى بەدەندىن بىرەر نەرسىنى خوراتماسلىقنىڭ چارىسى تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېتىش ۋە ئىچىنى سۈرگۈزمەسلىك. تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېتىش ۋە ئىچى سۈرۈپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئالما شەربىتى ۋە چۈچۈمەل بېھى شەربىتى بېرىلىدۇ ھەمدە ھەسىرمىيە — سۇماقىيە يېگۈزۈلىدۇ.

ھەسىرمىيە - پىشمىغان ئۈزۈمنىڭ غىزاسى. سۇماقىيە — سۇماقنىڭ غىزاسى.

5. قورساق قۇرتى: قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. بۇ ئۈچەي كېسەللىكلىرىدە قورساق قۇرتلىرىنى داۋالاشنىڭ بايانىدا تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ.

6. چۈچۈمەل بەلغەم: ھەب ۋە ئايارەجلەر بىلەن ئاشقازاندىن بەلغەم تازىلىنىدۇ ۋە ئاددىي شورپىلار ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: دارچىن، يالپۇز، قارا زىرە، مۇچ قاتارلىقلار.

كالا ئىشتىھا كېسىلى

بۇ يونانچە «بۇلىيمۇس» دەپ ئاتىلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا بارلىق ئەزالار ئاچ ۋە غىزاغا موھتاج بولىدۇ، لېكىن ئاشقازان توق بولىدۇ ۋە غىزادىن سەسكىنىدۇ.

ئاتىلىش سەۋەبى بۇ كېسەللىكنى كالا ئىشتىھا يەنى ئاچلىق دېيىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەزالار ئاچ بولىدۇ. ھالبۇكى ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، ئىشتىھا يوقالغان بولىدۇ.

كالا ئىشتىھا دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى چوڭ ئىشتىھا دېگەنلىك بولۇپ، ئىشتىھا ۋە ئاچلىقنىڭ چوڭلۇقى كالىنىڭ چوڭلۇقىغا ئوخشىتىلغان. ئۇنىڭ يۇنانچە نامىغا كەلسەك، يۇنان تىلسا «مۇسا» دېگەن سۆز ئاچلىق دېگەن مەنانى «بولى» دېگەن سۆز چوڭ نەرسە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يۇنانچە بولىيمۇسنىڭ ئورنىغا ئەرەبچىدە جۇئۇل بەقەر دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

كالىدەك دېگەن سۆز چوڭ نەرسە مەنىسىدە بولىدۇ. كالا ئىشتىھا كېسىلى كالىنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش ئىشتىھانىڭ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئوخشىتىلىدۇ. پارس كىشىلىرى ئىنتايىن چوڭ جىسىملارنى كالىغا ئوخشىتىدۇ. بۇ يەردە بۇ كېسەللىكنى كالا ئىشتىھا كېسىلى دېيىشتىكى سەۋەب، بۇ كېسەللىك كۆپرەك كالىلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇنداق دېيىش ئازراقمۇ توغرا ئەمەس.

سەۋەبى

1. سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش: بۇ كېسەللىك ئاشقازاندا نورمالسىز سوغۇقتىن مىزاج

بۇزۇلۇش پەيدا بولغانلىقتىن ئاشقازان سېزىمىنىڭ يوقىلىشى ياكى سېزىم مەۋجۇت بولۇش بىلەن غىزا توسۇلۇپ قالغانلىقتىن بولىدۇ، بەدەن تومۇرلىرى بوش بولىدۇ، ئەزالاردا غىزاغا زۆرۈرىيەت ۋە موھتاجلىق بولىدۇ. لېكىن ئاشقازاندىن غىزانى سۈمۈرۈش كۈچى پۈتۈنلەي يوقايدۇ.

2. **بەلغەمى خىلىتلار:** بەزىدە كالا ئىشتىھا كېسىلى قويۇق، چاپلاشقاق بەلغەمى ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ. بەلغەمى ماددىلار ئۆزىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئاشقازاننى قاپلايدۇ. قاپلىۋالغانلىق سەۋەبىدىن ئاشقازان بەلغەمى ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ ئۇرۇنۇش ئاشقازاننىڭ غىزادىن سەسكىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ھالبۇكى، پۈتۈن ئەزالار غىزاغا موھتاجدۇر.

3. **ئاشقازان ئاجىزلىقى (ھوشىدىن كېتىشنى پەيدا قىلغۇچى ئىشتىھا):** بەزىدە كالا ئىشتىھا كېسىلى ئاشقازان ئىنتايىن ئاجىزلىغانلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. ئاشقازان ئاجىزلىششى بىلەنلا ئاشقازان ۋە پۈتۈن بەدەندە نورمالسىز ھارارەت كۆرۈلىدۇ. بۇ نورمالسىز ھارارەت ھۆللۈكلەرنى خورىتىپ، تومۇرلارنى بوش قالدۇرىدۇ ۋە بوش قالغان تومۇرلار غىزاغا شۇقەدەر موھتاج بولىدۇكى، ئۇنىڭ تەقەززاسى داۋاملىق ئاشقازانغا يېتىپ بارىدۇ، بۇ ئىشتىھانىڭ نامى ھوشىدىن كېتىشنى پەيدا قىلغۇچى ئىشتىھادۇر. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ھوشىدىن كېتىشنى پەيدا قىلغۇچى ئىشتىھانى ئايرىم بابتا بايان قىلغان. چۈنكى ھوشىدىن كېتىشنى پەيدا قىلغۇچى ئىشتىھا كېسىلىدە كالا ئىشتىھا كېسىلىگە ئوخشاش غىزادىن سەسكىنىش بولمايدۇ.

ئالامىتى

1. **سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** غىزانىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن بەدەن ئاجىز ۋە ئورۇق بولىدۇ، ئىشتىھاسى يوقىلىدۇ. قول بىلەن ئاشقازان ئورنىنى سىلىغاندا سوغۇق مەلۇم بولىدۇ. ئاشقازاندا سوغۇقلۇق شۇقەدەر غالىب بولۇپ، بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتى شۇ قەدەر كۆپ تارقاپ كەتكەندە، سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرى سىرتتىنمۇ مەلۇم بولىدۇ. ئاشقازان ئاغرىيدۇ، بەزىدە بىمار ھوشىدىن كېتىدۇ.

كالا ئىشتىھا كېسىلى كۆپ كىشىلەردە كۆرۈلىدۇ، بۇ كىشىلەر سوغۇقتا سەپەر قىلىپ، سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ، بولۇپمۇ بۇ كىشىلەر بۇرۇندىنلا ئاچ قورساق يۈرگەن ۋە غىزانى ئاز يېگەن بولسا، بۇنداق ۋاقىتتا سوغۇقلۇق ئاسان تەسىر قىلىدۇ.

2. **بەلغەمى خىلىتلار:** ماددىلىق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

3. **ھوشىدىن كېتىشنى پەيدا قىلغۇچى ئاچلىق:** ئاشقازان مىزاجى ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇق قاتتىق بولىدۇ، چوڭ تەرەتتە قۇرۇقلۇق بولىدۇ، بىمار ئاچلىققا چىدىيالمايدۇ. غىزا بېرىش كېچىكتۈرۈلسە، بىمار ھوشىدىن كېتىدۇ ۋە بىراقلا ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

داۋالاش

1. **سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش:** ھوشىدىن كەتكەندە يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىلىدۇ، خۇش پۇراق نەرسىلەر پۇرىتىلىدۇ، قول - پۇتى چىڭ باغلاپ قويۇلىدۇ ۋە ئۇۋۇلىنىدۇ، قول - پۇتىغا يىڭنە سانجىلىدۇ ۋە مويى يۇلۇنىدۇ.

ئاشقازان ساھەسىگە كۈچلەندۈرگۈچى زىمات چېپىلىدۇ. زىمات خۇش پۇراق دورىلاردىن تەييارلانغان بولسۇن، مەسىلەن: سەك، رامىك، قىزىلگۈل، سۇمبۇل، مەستىكى، ئۇد قاتارلىقلار. بۇ تۈردىكى خۇش پۇراق دورىلار يۈرەك دورىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن گۇلاب، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى بىدىمۇشكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن شارابقا ياكى ئالما سۈيىگە چىلانغان نانلار يېگۈزۈلىدۇ.

ئەزالارغا تېز ئۇزۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالاردىن. چۈجىلەرنىڭ گۆشى، نوقۇت، زىرە، دارچىن، چالا سوقۇلغان خام ئېگىر قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئاشقازان مىزاجىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تەرياق، مەجۇنى سەنجىرىنا، جاۋارىش بۇزۇرى قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك زىماتلار چېپىلىدۇ.

سوك — ئامىلىنىڭ بىر خىل خۇش پۇراق مۇرەككىباتى. رامىك - بىرخىل خۇش پۇراق مۇرەككىباتتۇر.

2. **بەلغەمى خىلىتلار:** ئاشقازاننى تازىلاش، قىزىتىش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

نەفىس ئېيتقانكى، بۇ ھالەتتە ئاشقازاننى تازىلاش ئاسان ئەمەستۇر. چۈنكى ئاشقازاننى تازىلاشتا قۇستۇرماي ياكى ئىچىنى سۈرگۈزمەي مۇمكىن بولمايدۇ. ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەندە ۋە ھوشىدىن كەتكەندە قۇستۇرۇش، ئىچىنى سۈرۈش خەتەرلىكتۇر.

3. **ھوشسىزلىنىشنى پەيدا قىلغۇچى ئاچلىق:** ھوشىدىن كەتكەندە بۇ كېسەللىكنى داۋالاش لازىم، بۇ سۆزلىنىپ بولدى. ئەگەر بىمار ھوشىغا كەلگەن بولسا، بىمارغا تەبىئىتى سوغۇق بولغان غىزالار سوۋۇتۇپ يېگۈزۈلىدۇ، بۇ غىزالار ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى بولسۇن. مەسىلەن: ئانار سۈيى، ئالما سۈيى ۋە باشقىلارغا چۆكۈرۈپ سوغۇق قىلىنغان نان قاتارلىق.

بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى، ھوشىدىن كېتىشنى پەيدا قىلغۇچى ئاچلىق كېسىلىنى داۋالاشتا بوشاڭلىق ۋە غەپلەت بىلەن ئىش قىلماسلىق لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا ئاخىرىدا ھوشىدىن كېتىش ھارارەتنى ئۆچۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈم كېلىپ چىقىدۇ. ھارارەتنىڭ ئۆچۈشى سەۋەبىدىن خىلىتلار بۇزۇلىدۇ ۋە سوۋۇيدۇ. بۇزۇلغان ۋە سوۋۇغان خىلىتلار مېڭە تەرەپكىمۇ ئازراق ئۆرلەيدۇ. خىلىتلار سوغۇقلۇقى سەۋەبىدىن مېڭىنى سوۋۇتىدۇ ۋە مېڭىنىڭ تەبىئىي ئۆتۈش يوللىرىدا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

كۆپ ئۇسساش

1. يالغان ئۇسسۇزلۇق: ئۇسساش بەزىدە قويۇق ۋە تۇزلۇق خىلتلارنىڭ ئاشقازانغا يىغىلىپ قېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. خىلتلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئاشقازاندا كۆيۈشۈش پەيدا قىلىدۇ، بۇ كۆيۈشۈش ئاشقازاندا قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ ئارقىلىق تۇزلۇق، قويۇق ماددىلار يۇيۇلغۇچە. تەبىئەت سۇ تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن قويۇقلۇقى سەۋەبلىك بىر - ئىككى قېتىم سۇ ئىچىش بىلەن يۇيۇلمايدۇ. ياكى ئاشقازانغا ناھايىتى قۇرۇق ماددىلارنىڭ يىغىلىپ قالغانلىقى سەۋەب بولىدۇ، مەسىلەن: قويۇق بەلغەم ۋە كۆيگەن سەۋدانىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ، ئۇلار سۇ بىلەن ئېرىيدىغانلىقى ئۈچۈن سۇغا مۇھتاجا بولىدۇ. ئەگەر بىمار سۇ ئىچكەن بولسا، ئازراق ماددىلار بۇ سۇ بىلەن بىرلىشىپ، زىيادە قويۇق ۋە سوغۇق بولۇپ قالىدۇ، قويۇقلۇقى سەۋەبىدىن جىگەر تەرەپكە سىڭىپ بارالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىگەر ۋە پۈتۈن بەدەن ئىلگىرىكىدەك ئۇسسۇزى يەنى سۇغا موھتاج بولىدۇ ۋە بۇ خىلتمۇ ئۆز ھالەتلىرى ئېتىبارى بىلەن سۇ تەلەپ قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئۇسساش يالغان ئۇسسۇزلۇق دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئۇسسۇزلۇق ھۆللۈكنىڭ ئازلىقىدىن، يەنى ئەزالارنىڭ سۇغا موھتاج بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولمايدۇ. ھەقىقىي ئۇسساش بەدەننىڭ سۇغا مۇھتاج بولغانلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ ھەقىقىي ئۇسسۇزلۇق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالامىتى   بۇنىڭ ئالامىتى سوغۇق سۇ ئىچكەندىن كېيىنمۇ، ئۇسسۇزلۇق تامامەن پەسەيمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇسسۇزلۇق ئىچمىسە، يەنى قاتتىق ئۇسساشقا بەرداشلىق بەرگەن بولسا ئۇسساش توختايدۇ. چۈنكى ئۇسساشقا چىداش بىلەن ئىچكى ئەزالاردىكى ھارارەت ئۆتكۈرلىشىپ، قويۇق ۋە تۇزلۇق ماددىلار ئېرىپ سۇيۇقلىشىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ماددىلار ئەگەر ياخشى بولغان بولسا، ئەزالار بۇنىڭدىن ھۆللۈككە ئېرىشىدۇ، مەسىلەن: يىغىلىۋالغان ماددىلار قويۇق بەلغەمنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان ۋە بۇنىڭدا بىرەر ناچار كەيپىيات بولمىغان بولسا، بەدەن ھارارىتى ئۇ ماددىلارنى سۇيۇلدۇرۇپ ۋە لەتىفلەشتۈرۈپ تارقىتىۋېتىدۇ، بۇ سەۋەبلەر يوقلىش بىلەن ئۇسسۇزلۇقمۇ پەسىيدۇ.

بەزى كىشىلەر سامساق ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەگەر بۇ قاراش راست ۋە توغرا بولسا، مەخسۇس بەلغەمدىن كۆرۈلگەن بولسا، سامساق بۇ تۈردىكى ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتەلەيدۇ.

بەزىدە بۇ ئۇسساشتا ماددا ئېتىبارى بىلەن ئېغىز تەمى چۈچۈمەل ياكى تۇزلۇق بولىدۇ.

داۋالاش ماددىلارنى سەرخىللاشتۇرغۇچى ۋە سۇيۇلدۇرغۇچى بولغان نەرسىلەر، مەسىلەن: سامساق، ھەسەل، ئىسسىق سۇ، سىركەنجۇبىل قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. يەل پەيدا قىلغۇچى ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان ۋە قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدىغان غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: كاللا - پاچاق، ھەلىم ① قاتارلىقلار. پەقەت زىرباج ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. شېكەر ياكى ناۋاتنى بادام يېغى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

زىرباج — سىركە ۋە قۇرۇق مېۋىلەرنىڭ شورپىسى. بۇ زەپەر بىلەن خۇش پۇراق قىلىنىدۇ.

2. ئاشقازان ھارارىتى ۋە قۇرۇقلۇقى: بەزىدە كۆپ ئۇسساش ئاشقازاننىڭ ھارارىتىدىن بولىدۇ، مەسىلەن: بۇ ئۆتكۈر قىزىتمىلاردا بولىدۇ. بەزىدە كۆپ ئۇسساش ئاشقازاننىڭ ھارارىتى سەۋەبىدىن، بەزىدە ھارارەت ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشىدىن كۆرۈلىدۇ. بۇ ھەممىدىن ئېغىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ، بەزىدە كۆكرەك، ئۆپكە ۋە يۈرەكنىڭ ھارارىتى كۆپ ئۇسساشنى پەيدا قىلىدۇ.

پەرقى كۆكرەك ۋە ئۆپكە سەۋەبىدىن بولغان كۆپ ئۇسساش بىلەن ئاشقازان سەۋەبىدىن بولغان كۆپ ئۇسساشتىكى پەرق، كۆكرەك ۋە ئۆپكە سەۋەبىدىن بولغان ئۇسساش سوغۇق سۇ ئىچىشنىڭ ئورنىغا سوغۇق ھاۋادىن بەك تېز يوقىلىدۇ. چۈنكى كۆكرەك ۋە ئۆپكىگە ھاۋانىڭ تەسىرى سۇغا نىسبەتەن تېزرەك يېتىپ بارىدۇ، ئاشقازان مەنبەلىك ئۇسساش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، سوغۇق ھاۋاغا نىسبەتەن سوغۇق سۇ بىلەن تېز يوقايدۇ.

ئالامىتى ئەزالار مىزاجى بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش سۆزلىنىپ بولدى.

3. ئۇسساش پەيدا قىلغۇچى كېسەللىكلەر: بەزىدە كۆپ ئۇسساش جىگەر ئىششىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىششىق ئىسسىقتىن بولغان چاغدا.

بەزىدە كۆپ ئۇسساش جىگەرنىڭ ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇش ياكى سوغۇقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ.

بەزىدە كۆپ ئۇسساش ئىستىسقا كېسەللىكىدە كۆرۈلگىنىدەك جىگەر كاناللىرى توسۇلۇپ ئەزا بىلەن سۇ ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ ھاسىل قىلىپ، سۇنىڭ سىڭىشىنى توسۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ، يەنى گەرچە بەدەندە سۇ كۆپ بولسىمۇ، ئۇسسۇزلۇق قانمايدۇ. بەزىدە

---

① بۇ بىر تۈرلۈك تاماق بولۇپ، دانلىق زىرائەت، گۆش ۋە دانلىق، كىچىك دانلىق زىرائەت قاتارلىقلارنى ئېلىپ، ئۇن قىلىپ پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ — تەرجىماندىن.

ئۇسساشنىڭ كۆپلۈكى خۇددى زىيابىتۇش كېسەللىكىدە كۆرۈلگىنىدەك بۆرەك ھارارىتى ۋە خىزمىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ قەنت سىيىش كېسىلىدە كۆرۈلىدۇ. يۇقىرىقى بارلىق كېسەللەرنىڭ بايانى كېيىن سۆزلىنىدۇ.

4. ئۇسساتقۇچى نەرسىلەر: بەزىدە كۆپ ئۇسساش كونا شاراب ئىچىش ياكى سامساق، پىياز، ھىڭ ياكى بىرەر ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزا يېيىش ياكى دېڭىز سۈيى ئىچىش سەۋەبىدىن بولىدۇ. دېڭىز سۈيى ئاچچىق، تۇزلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن تەبىئەت ئاشقازاننى باشقا سۇ ئارقىلىق يۇيۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دېڭىز سۈيى بىلەن كۆپىنچە ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ. بەدەننىڭ ھۆللۈكلىرى چىقىپ كېتىپ، قۇرۇقلۇق پەيدا بولىدۇ. قۇرۇقلۇق پەيدا بولغانلىقى، ھۆللۈك ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تەبىئەت سۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

داۋالاش   ئارپا سۈيى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى باشقا نەرسىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: ئىسپىغۇل لۇئابى، قاپاق سۈيى، تاۋۇز سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، سېمىزئوت شىرىسى قاتارلىقلارغا مەيخوش (ئاچچىق - چۈچۈك) ئالما رۇببىسى، ئەينۇلا رۇببىسى قاتارلىق دورىلارنى قوشۇپ مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، قاندىكى قىزىقلىقنى باشقا بىرەر چارىلەر بىلەن تۈزىتىش مۇمكىن بولمىغاندا قان ئېلىش لازىم.

5. مۇسھىل: بەزىدە كۆپ ئۇسساش مۇسھىل دورا ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن كۆپ ئىچ سۈرۈش سەۋەبىدىنمۇ بولىدۇ. چۈنكى، مۇسھىلنىڭ تەسىرى بىلەن بۇزۇلغان ھۆللۈكلەر كۆپ چىقىپ كەتكەن بولسا، ئوزۇقلۇققا موھتاج بولغان ئەزالارنى ئوزۇقلاندۇرۇشقا بارىدىغان ئەسلىدىكى ھۆللۈكلەرمۇ تارقىلىشقا باشلايدۇ. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئەگەر بەدەندىكى ھۆللۈكلەر نورمالدىن ئازلىغان بولسا، تەبىئەت ھۆللۈك ھاسىل قىلىش ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلىدۇ، تاكى تەلەپ قىلىنغان سۇ چىقىپ كەتكەن سۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىچە. مۇسھىل دورا ئىسسىق تەبىئەتلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەزالارنى قىزىتىدۇ. يەنى مۇسھىل دورا كۆپىنچە ئىسسىق تەبىئەتلىكلا بولىدۇ.

داۋالاش   پىشمىغان ئۈزۈم سىلىنغان غىزالار مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە بۇ تۈردىكى باشقا قابىز ۋە توختاتقۇچى (ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى) دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ھەر خىل قۇرۇق تالقانلار (قۇرۇق نانلار ياكى قۇرۇپ كەتكەن توقۇچاقلار) ئانار سۈيى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، نورمال ھامامغا چۈشۈرگەندىن كېيىن (بۇنىڭدا تەرلەش زىيادە بولمايدۇ) ئەزالارغا بىنەپشە يېغى سۈركىلىدۇ. بىنەپشە يېغىدىن ھۆللۈك يېتىدۇ ھەمدە نورمال ھامامغا چۈشۈرۈش بىلەن بەدەنگە ھۆللۈك ۋە سوغۇقلۇق يېتىدۇ. بەدەننىڭ تەر تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىدۇ. تەر تۆشۈكچىلىرىگە سۇ ۋە ياغ سىڭدۈرۈلىدۇ. مۇسھىل دورىنىڭ

تەسىرى توختىتىلىدۇ. چۈنكى ھامماغا چۈشۈش ماددىلارنى بەدەننىڭ سىرتقى ئەزالىرى تەرەپكە يۆزلەندۈرىدۇ ۋە مۇسھىل دورا ئىچكى تەرەپكە سۈمۈرۈلىدۇ. (ھەر ھالدا ھامماغا چۈشۈش ماددىلارنىڭ يۆزلىنىشىنى ئۆزگەرتىدۇ).

6. يىلان گۆشى ۋە پەرپىيون: بەزىدە كۆپ ئۇسساش يىلانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش سەۋەبىدىن بولىدۇ. يىلانلارنىڭ گۆشى ئۆزىنىڭ زەھىرى سەۋەبىدىن ئۇسسۇتىدۇ. چۈنكى يىلانلارنىڭ زەھىرى ئاۋۋال يۈرەكنى، ئاندىن پۈتۈن ئەسلىي ئەزالارنى قىزىتىپ بۇزىدۇ ۋە پۈتۈن كۈچلەرنى تارقىتىۋېتىدۇ.

بەزىدە پەرپىيون ئىشلىتىش بىلەن ئۇسسايدۇ. چۈنكى پەرپىيون ئىنتايىن ئىسسىقتۇر. ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسلىي ھۆللۈكلەر تارقاپ كېتىدۇ.

پەرپىيون بىر دەرەخنىڭ سۈتىدۇر، بۇ بارلىق دەرەخلەرنىڭ سۈتىدىن زىيادە ئىسسىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنساننىڭ مىزاجى بىلەن پەرپىيوندا قەتئىي مۇناسىۋەت بولمايدۇ.

داۋالاش   بەدەندە ھۆللۈك پەيدا قىلىش ئۈچۈن سۈت، قايماق، ئارپا سۈيى، بىنەپشە يېغى، تاۋۇز ۋە تەرخەمەك سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە يۈرەكنىڭ كۈچلىنىشى ۋە زەھەرنىڭ يېقىمسىزلاندۇرۇشنى يوقىتىش ئۈچۈن مەجۇنى مۇپەررىھى بارىد يېگۈزۈلىدۇ.

7. چاپلاشقاق، قويۇق نەرسىلەر: بەزىدە كۆپ ئۇسساش قويۇق ۋە چاپلاشقاق نەرسىلەرنى يېيىشتىن بولىدۇ. **مەسىلەن: ئۇسساش يېڭى بېلىقلارنى يېگەندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ (ئۇ بېلىق تۇزلاپ قۇرۇتۇلىدۇ. تۇزلاپ قۇرۇتۇلغانلىقتىن قۇرۇقلۇقتىن كۆرۈلىدىغان كۆپ ئۇسساش پەيدا بولىدۇ).** چۈنكى قويۇق نەرسىلەرنى سۈيۈلدۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ چاپلاشقاقلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھارارەت ئاشقازان تەرەپكە يۆزلىنىدۇ. چاپلاشقاق بولغانلىقى ئۈچۈن چاپلاشقاق نەرسىلەر ماسارىقا تومۇرىغا چاپلىشىدۇ ۋە سۇ يالغۇز ئۇ تومۇرلاردىن ئۆتىدۇ ھەمدە بۇ نەرسىلەر قائىدە بويىچە تومۇرلارغا چاپلىشىپ قالىدۇ، چاپلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇ چاپلاشقاق نەرسىلەر تولۇق تارقىلىپ بولغۇچە، ئىككى - ئۈچ قېتىم سۇ ئىچىشكە زۆرۈرىيەت بولىدۇ.

داۋالاش   چاپلاشقاق ماددىلارنى سۈيۈلدۈرگۈچى نەرسىلەردىن، **سىركەنجۇبىل ئىسسىق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.**

8. مۇزدىن بولغان ئۇسساش: مۇز يېيىش سەۋەبىدىنمۇ كۆپ ئۇسسايدۇ. ئەگەر بۇ توغرا بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى مۇزنىڭ قاتتىق سوغۇقلۇقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشقازانغا بۇ سوغۇق مۇزدىن ئەزىيەت يېتىدۇ ۋە بەدەن ھارارىتى ئەزىيەت تەرەپكە يۆزلىنىدۇ ھەمدە شۇنىڭ ئۈچۈنكى مۇز سەۋەبىدىن ئاشقازاندا يېغىلىۋېلىش يەنى قورۇلۇش كۆرۈلىدۇ، قورۇلۇشنى يوقىتىش ئۈچۈن تەبىئەت سۇ تەلەپ قىلىدۇ.

ئاشقازان ئىششىقى

ئاشقازان ئىششىقىدا كۆپرەك ئاشقازان شىللىق پەردىسى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. كۆپىنچە ئىششىق، قان تولۇش ۋە قىزىللىق ئاشقازان شىللىق پەردىسىدە بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاشقازان شىللىق پەردىسىدىن ئاق ۋە قويۇق ھۆللۈكنىڭ چىقىشى كۆپىيىدىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئىششىق ۋەرەمى نەزلى دەپ ئاتىلىدۇ.

ماددىلار ئېتىبارى بىلەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ئاشقازان ئىششىقى بەزىدە ئىسسىقلىقتىن، يەنى قاندىن ياكى سەپرادىن بولىدۇ، بەزىدە بەلغەمدىن بولىدۇ، بۇ ۋەرەمى رەخو دېيىلىدۇ. بۇنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۈچ نەرسە شېرىك بولىدۇ.

1. ئاشقازان ھۆللۈكىنىڭ ئاشقازانغا يىغىلىشى.
2. ھەزىم ئاجىزلىقىدىن بەلغەمى ھۆللۈكنىڭ پەيدا بولۇشى.
3. تارقاتقۇچى ھەرىكەتنىڭ ئازلىقى.

بەزىدە ئاشقازاندا قاتتىق يەنى سەۋدادىن بولغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بۇ ئىششىق كۆپىنچە باشقا ئىششىقنىڭ يۆتكىلىشى ۋە قېتىششىدىن بولىدۇ، بەزىدە دەسلەپتە سەۋدا ماددىسىدىنمۇ بولىدۇ.

يامان سۈپەتلىك ئۆسمىدىن بولغان ئىششىق (سەرتانى ۋەرەم) تەبىرى شۇكى بەزىدە ئاشقازاندا يامان سۈپەتلىك ئۆسمىدىن بولغان ئىششىقمۇ بولىدۇ. لېكىن كۆپىنچە جاھىل تېۋىپلار ئاشقازان يامان سۈپەتلىك ئۆسمىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئەقىلدىن يىراق، دەپ چۈشىنىدۇ.

ئۆتكۈرلۈك ئېتىبارى بىلەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ئۆتكۈرلۈك ۋە زامان ئېتىبارى بىلەن ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى ئۆتكۈر ئىششىق، يەنە بىر تۈرى بەلغەمدىن بولغان سوزۇلما ئىششىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ئومۇمەن ناچار ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىش ياكى كۆپ مىقداردا تاماق يېيىش، تاماقتا تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر كۆپ بولۇش ياكى تاتلىق ۋە ئاچچىق نەرسىلەرنى، شارابنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، نۇقرەس ياكى ۋەجئۇل مۇپاسىل ماددىسى بەدەندە مەۋجۇت بولۇش، يۈرەك، جىگەر، بۆرەك

كېسەللىكلىرى، خولېرا، خەنناق، ئىسكارلاتىنا، قىزىل، ئۆپكە ئىششىقى ۋە ئاشقازان يارىسى، ئاقىۋەتتە سەنكىيا قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىش، ناھايىتى قىزىق سۇ ئىچىش، ئاشقازاننى غىدىقلايدىغان ۋە زەخىملەيدىغان بىرەر يات نەرسىنىڭ ئاشقازانغا تۇيۇقسىز يېتىپ بېرىشى ئاشقازان راكى (سەرتانى مەئىدە) ۋە ئاشقازان سىلى ۋە باشقىلارنىڭ ئاقىۋىتى شەكلىدە ئاشقازان ياللۇغى پەيدا بولىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان ئىششىق كېسەللىكنىڭ بۇ ھالىتىدە ئاشقازاننىڭ شىللىق پەردىسى قېلىنلاپ، قاتتىق ۋە تۇپا رەڭ بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدا زەخىم ياكى قاناشنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. ئاشقازان نورمال ھالەتتىن چوڭىيىپ كېتىدۇ، ئاشقازان ھۆللۈكىنىڭ ئورنىغا ئاشقازاندىن بىر خىل چاپلاشقاق ھۆللۈك چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ بەلغەمدىن بولغان ئىششىق دەپ ئاتىلىدۇ.

سەۋەبى بۇ ھالەت ئومۇمەن ئۆتكۈر ئىششىقنىڭ نەتىجىسىدە بولىدۇ. بۇ بەزىدە بىرلەمچىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: شارابخورلۇق، ئۆتكۈر تەملىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر قوشۇلغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ياكى يۈرەك، جىگەر، بۆرەك، ئۆپكە كېسەللىكلىرى ۋە نۇقرەس، ۋەجئۇل مۇپاسىل، سىفلىس قاتارلىق كېسەللىكلەر سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇزۇلغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، تاماقتىن كېيىن قاتتىق ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك قىلىش، دەرد - ئەلەم، كۆپ ئويلىنىش قاتارلىقلاردىن كېسەللىك ئېغىرلىشىدۇ. دائىم قەۋزىيەت بولۇش، چىشتا مەلۇم تۈردىكى بۇزۇلۇشنىڭ بولۇشى ۋە شۇنىڭدەك باشقا سەۋەبلەر، بۇنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبى بولىدۇ.

ئالامىتى

1. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق (قاندىن ۋە سەپرادىن بولغان ئىششىق) بۇنىڭدا قىزىتما بولىدۇ. ئاشقازان ساھەسىدە قىزىقلىق، ئېچىشىش ۋە ئاغرىق بولىدۇ. تاماقتىن كېيىن يەرلىك ئورۇننى بېسىش، يۆتىلىش بىلەن ئاغرىق كۈچىيىدۇ.

تۇتۇش بىلەن بۇ ئورۇندا ئىششىق ئاشكارا بولىدۇ. ئىششىق ئاشقازاننىڭ ئالدى تەرىپىدە بولغان شەرت ئاستىدا، بولۇپمۇ ئوڭدا ياتقان ۋە بىمار ئورۇقلىغان ۋاقىتتا زىيادە ئاشكارا بولىدۇ. بەزىدە ئىششىق ئاشقازاننىڭ ئارقا تەرىپىدە بولغاندا ئاشقازاندا يېقىمسىزلىنىش بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئارقىسىدا چوڭ قىزىل قان تومۇر ھەرىكەت قىلىدۇ. چوڭ قىزىل قان تومۇر ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە بولىدۇ، قايتا - قايتا كۆڭلى ئېلىشىدۇ ۋە قۇسىدۇ، ئۇسسۇزلۇق قاتتىق بولىدۇ، بىئاراملىق (ئاشقازان مەنبەلىك بىئاراملىق) بولىدۇ ھەمدە ئىشتىھا پۈتۈنلەي

يوقىلىدۇ.

بەزىدە قەۋزىيەت، بەزىدە ئىچ سۈرۈش بولىدۇ، تۈكۈرۈك كۆپ كېلىدۇ، بەزىدە ئاچچىق سۇ ئېغىزغا يانىدۇ، تىلى گەز باغلايدۇ، سۈيدۈك مىقدارى ئازلايدۇ، بېشى ئاغرىيدۇ، تىلى قىزىل بولىدۇ، ئاجىزلىق غالىب كېلىدۇ. ئەگەر كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە داۋالاشقا يۈزلەنمىگەن بولسا، ئاخىرىدا ھېق تۇتۇش كۆپىيىپ بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بالىلاردا ئاشقازان ئىششىقى ئېغىرلاپ، ئون ئىككى بارماق ئۈچەيگە يېتىپ بارسا، ئۆت خالتىسىنىڭ ئىششىشى سەۋەبىدىن يەرقان پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئىششىق ئۈچەيگىچە يېتىپ بارغان بولسا ئىچ سۈرۈشكە باشلايدۇ.

2. بەلغەمدىن بولغان ئىششىق (سوزۇلما ئىششىق) بۇنىڭدا يەڭگىل قىزىتما بولىدۇ. تۈكۈرۈك كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە غىزاغا بولغان ئىشتىھا يوقىلىدۇ. ئاشقازان ئېسىلىپ قالىدۇ ۋە تارتىشىدۇ، لېكىن تۇتقاندا قاتتىق سېزىلمەيدۇ. تىلى ئىنتايىن ئاق بولىدۇ، چىرايىدا كۆپچۈش بولىدۇ، يۈزىنىڭ رەڭگى قان ئازلىق سەۋەبىدىن قوغۇشۇن رەڭگىگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

ھەزىم قىلىش كۈچى بۇزۇلىدۇ. ئاشقازان ئورنىدا بىر خىل ناھايىتى يەڭگىل ئاغرىق بولىدۇ. تاماق يېگەندىن كېيىن ئاغرىق كۈچىيىپ كېتىدۇ. قورساقتا تارتىشىش بولىدۇ. قولنى تەگكۈزۈش بىلەن ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا ئاغرىق كۆرۈلىدۇ. تىل ئوتتۇرىسى سۇس، ئەتراپى قىزىل بولىدۇ ۋە تىل ئۈستىدە چىشلارنىڭ ئىزى بولىدۇ، چۈچۈمەل كېكىرىك كېلىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇش بولىدۇ. قاتتىق ئۇسسايدۇ، ئالقان، تاپان ئېچىشىدۇ، يەڭگىل قىزىتما ۋە قەۋزىيەت بولىدۇ، بەزىدە ئېغىزغا قاپارتما چىقىدۇ. كۆكرەكتە كۆيۈشۈش، باشتا ئاغرىق بولىدۇ. سۈيدۈكنىڭ مىقدارى ئاز ۋە رەڭگى قىزىل بولىدۇ، تېرىسى قۇرغاق، بەدىنى نۇرسىز بولىدۇ. بوشاڭلىق، ھورۇنلۇق، ئۇيقۇسىزلىق، تىترەش ۋە ئاجىزلىق غالىب كەلگەن بولىدۇ.

قوغۇشۇن رەڭگى — بۇنىڭدا ئاق رەڭگە ئازراق كۆك رەڭ قوشۇلغان بولىدۇ ياكى ناھايىتى سۇس كۆك رەڭ بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش ئاشقازان ئىششىقىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى ئاجىزلىقتىن بولغان ھەزىم بۇزۇلۇش بىلەن ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن ئاشقازان ئىششىقىنى ئاجىزلىقتىن بولغان ھەزىم بۇزۇلۇشتىن پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش لازىم.

ئاجىزلىقتىن بولغان ھەزىم بۇزۇلۇشتا ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا قولنى قويۇش بىلەن يېقىمسىزلىق بولمايدۇ، تومۇر بوش سوقىدۇ، قول - پۇتلىرى سوغۇق بولىدۇ، تىلىدا گەز كۆپ بولمايدۇ.

سوزۇلما ئاشقازان ئىششىقىدا بېسىش سەۋەبىدىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزى يېقىمسىزلىنىدۇ. بىماردا يەڭگىل قىزىتما بولىدۇ، تومۇرى تېز سوقىدۇ، تىلى گەز باغلايدۇ ۋە تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلىك نەرسىلەرنى يېيىش بىلەن ئاغرىق كۈچىيىدۇ.

ئاجىزلىقتىن بولغان ھەزىم بۇزۇلۇشنىڭ مەنىسى ھەزىم قىلغۇچى ئەزالارنىڭ (ئاشقازان ۋە ئۈچەينىڭ ھەزىم قىلغۇچى كۈچى) ئاجىزلىشىشىدىن پەيدا بولىدىغان ھەزىم بۇزۇلۇشتۇر.

3. سەۋدادىن بولغان قاتتىق ئىششىق تۇتۇش بىلەن ئىششىقتا قاتتىقلىق ئاشكارا بولىدۇ. بىماردا ناچار ۋە بۇزۇق خىياللار پەيدا بولىدۇ. تەبىئەت چىچىلاڭغۇ بولىدۇ. بەدەن رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، كۆزلىرى قۇرغاقلىشىدۇ.

داۋالاش ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق: باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئاندىن ئانار سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، غىزالاردىن پەقەت ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، دورىلاردىن قۇرسى تاباشىر پىشمىغان ئۈزۈم سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ دورا ئىششىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن ئاخىرىغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە كاسنە سۈيىگە خىيارشەنبەر مېغىزى قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇ دورا بىلەن ئاز مىقداردا ھېلىلىمۇ قوشۇپ بېرىلىدۇ.

دەسلەپتە ئاشقازانغا ماددىنى قايتۇرغۇچى زىمات چېپىلىدۇ. زىماتتا خۇش پۇراق ۋە قابىزلىق دورىلارمۇ بولسۇن. ئاندىن ماددىلارنى تارقاتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ. ئەگەر ئىششىق قايتىش مەزگىلىدە بولسا، پەقەت تارقاتقۇچى زىمات چېپىلمايدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەسلىي سەۋەبنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن بۇنى يوقىتىشقا تىرىشىش ھەم ئاشقازاننى مۇمكىنقەدەر تىنچ قويۇش لازىم، يەنى ئاشقازانغا قانچىلىك تىنچلىق بېرىلسە شۇنچە ياخشى. ئەگەر بىمارنىڭ قۇۋۋىتى ئىككى ئۈچ كۈن تاماق يېمەسلىككە بەرداشلىق بېرەلىسە غىزانى توختىتىش مۇناسىپ كېلىدۇ. لېكىن ئۇسسۇزلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەرقى شوخلىنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ ئاز ئازدىن بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاشقازان ساھەسىدە ئۆتكۈر ئاغرىق بولسا، 48 گىرام خەشخاش پوستىنى 240 گىرام ئەرقى گۈلگە قوشۇپ قاينىتىپ، ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئاشقازان ساھەسىگە تۆۋەندىكى زىمات چېپىلىدۇ:

رۇسۇت، قىزىل سەندەل، گۈل ئەرمەندىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى كۆك ئۈنتۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ، ئىلمان ھالەتتە زىمات قىلىنىدۇ. بۇ نۇسخىغا ئىككى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئارپا ئۇنىدىن ئالتە گىرام، خىيارشەنبەر مېغىزىدىن 12 گىرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقىدىن ئىككى گىرام قوشۇلىدۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن بۇ زىماتنى توختىتىپ بۇنىڭ ئورنىغا تۆۋەندىكى

زىماد چېپىلىدۇ.

ئارقاتقۇچى زىمات نۇسخىسى خىيارشەنبەر مېغىزىدىن 12 گىرام، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، ئارپا ئۇنى، بابۇنە، سۇمبۇل، ئىكلىلمىلىك، قىزىل سەندەلنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنى كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ، ئىلمان ھالەتتە زىمات قىلىنىدۇ ۋە تۆۋەندىكى تىندۇرۇلمىلار نۇسخىسى كۈندە بىر نەچچە قېتىم ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

تىندۇرۇلمىلار نۇسخىسى تىندۇرۇلغان كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدىن 48 گىرام، تىندۇرۇلغان كۆك كاسنە سۈيىدىن 48 گىرامغا 24 گىرام بۇزۇرى شەربىتىنى قوشۇپ، ئالتە گىرام خاكسى سېپىپ بېرىلىدۇ ۋە كەچ ۋاقتى بىلەن تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئاز - ئازدىن كېچىگىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

كاسنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، 72 گىرام ئەرقى بەدىيان ۋە 72 گىرام ئەرقى شوخلىدا شىرىسىنى چىقىرىپ، شەربىتى بۇزۇرى مۆتىدىلدىن 24 گىرام قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى نۇسخىلار بىلەن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە يەڭگىللەش بولسا، يەتتە - سەككىز كۈنگىچە مۇنزىج ئىچكۈزۈپ، مۇسھىل بېرىلىدۇ.

مۇنزىج نۇسخىسى گۈلبىنەپشىدىن يەتتە گىرام، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە، بەدىياندىن يەتتە گىرام، گاۋزىباندىن بەش گىرام، قۇرۇق ئىتئۈزۈمىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، بۇلارنى كەچلىكى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، تىندۇرۇلغان كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدىن 48 گىرام ۋە شەربىتى بۇزۇرى مۆتىدىلدىن 24 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، شەربىتى بۇزۇرىنىڭ ئورنىغا 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە كەچلىكى تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

داۋائىلمىسكى مۆتىدىلدىن بەش گىرامنى ئالدىدا يېگۈزۈپ، ئارقىدىن يەتتە گىرام قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم قاتارلىقلارنى 144 گىرام ئەرقى شوخلىدا شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام بۇزۇرى شەربىتى ياكى 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە مۇسھىل بېرىدىغان كۈنى سانائى مەككىدىن يەتتە گىرام قوشۇلىدۇ، ئەتىگەندە ئىتئۈزۈمى سۈيىنىڭ ئورنىغا خىيارشەنبەر مېغىزىدىن 60 گىرام، تەرەنجىبىندىن 48 گىرام، قارا شېكەر ۋە گۈلقەنتتىن 48 گىرامدىن، تاتلىق بادام مېغىزىدىن بەش دانە قوشۇپ، بىر - ئىككى قېتىم مۇسھىل بېرىلىدۇ.

مۇسھىلدىن كېيىن سوۋۇتۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

سوۋۇتقۇچى نۇسخا ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى بىلەن بەش دانە چىلاننى 72 گىرام ئەرقى گاۋزىبان، 72 گىرام ئەرقى شوخلىدا شىرىسى ۋە لوئابىنى چىقىرىپ، 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە قوشۇپ، يەتتە گىرام رەيھان ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سوۋۇتقۇچى نۇسخىنى بەرگەندىن كېيىن پەقەت تىندۇرۇلمىلار بىر نەچچە كۈنگىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ئاشقازاننىڭ غىزانى ھەزىم قىلىشى تەس بولماسلىقى ئۈچۈن، دورا - دورمەكلەر سىلىنمىغان ئۆچكە گۆشى شورپىسى، ئارپا ئېشى، ماش سۈيى قاتارلىق اسان سىڭدىغان، سۇيۇق تاماقلار ئاز مىقدار بېرىلىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان ئىششىق (سوزۇلما ئىششىق) بەلغەمنى سۇيۇلدۇرۇش ۋە پىشۇرۇش ئۈچۈن مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم بۇ مەقسەت ئۈچۈن شۇنداقلا ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تەرياقى ئەربەئە يېگۈزۈلىدۇ. غىزا مۇمكىنقەدەر ئاز ۋە يەڭگىل بېرىلىدۇ. ئاشقازان ساھەسىگە گۈل يېغى ۋە سىركە سۈركىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۈزۈم ياغىچى كۈلى، سەئدى كۇفى، ئىزخىر، سۇمبۇل ۋە سىركە قاتارلىقلار زىمات شەكلىدە چېپىلىدۇ. ئاندىن يۇقىرىقى چارىلەر بىلەن ئىششىق قايتمىسا ۋە مۇسھىل بېرىش مۇمكىن بولسا، زۇپا قايىنتىلمىسىنى خىيارشەنبەر بىلەن ياكى سەبرە قايىنتىلمىسى بېرىلىدۇ ۋە قۇستۇرۇشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش بەلغەمدىن بولغان ئىششىقتا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىققا ئوخشاش مۇنزىج ئىچكۈزۈپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم مۇسھىل بېرىلىدۇ ۋە شۇنىڭدەك سوۋۇتقۇچىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قىزىتما بولسا، قۇرسى گۈل (بىر دانە) تىندۇرۇلمىلار بىلەن بېرىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما يوقالغان بولسا، مەجۇنى دەبىدلۋەرد بىلەن تىندۇرۇلمىلارنى بېرىلىدۇ. سۇنىڭ ئورنىغا ئەرقى شوخلا ياكى تۆمۈر داغمال سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

قالغان چارىلەر، غىزا ۋە پەرھىزدە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئۇسۇلى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئىتائەت قىلىش لازىم.

سەۋدادىن بولغان قاتقان ئىششىق مىزاجىدا ھارارەت بولغان شەرت ئاستىدا، بەدىيان ۋە كەرەپشە سۇلىرى خىيارشەنبەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددىلار پىشقاندىن كېيىن بىدانجىر يېغى، مائۇلئۇسۇل ۋە چوڭ نۇسخىلىق ئايارەجلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئاشقازان ساھەسىگە ماددىلارنى يۇمشاتقۇچى، تارقاتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ، بۇ زىماتقا ئازراق قابىز ۋە خۇش پۇراق دورىلاردىن سۇمبۇل، شۇمشا، مىئەسائىلە، زىغىر، بابۇنە، زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى، مۇقەل، ئەفسەنتىن، زەپەر، كەرنۇب سۈيى، توخۇنىڭ يېغى، كالا پاچىقى يىلىكى، موم، زەيتۇن يېغى قاتارلىقلار قوشۇلىدۇ.

ئاشقازان يىرىڭلىق ئىششىقى ۋە ئاشقازان يارىسى

ئاشقازان يىرىڭلىق ئىششىقى ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىدۇر. ئاشقازان يىرىڭلىق ئىششىقىنىڭ ماددىلىرى ئۆتكۈر بولىدۇ ۋە كۆپىنچە بىر ئورۇنغا يىغىلىدۇ، يەنى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنىڭ ئىچىدە بىر ئورۇندا پەيدا بولىدۇ. بۇ ئورۇن ئىچىگە ئىششىق ماددىسى يىغىلىپ قالىدۇ ھەمدە پىشىپ يىرىڭ شەكىللىنىپ، يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئاغرىق ئېغىرلىشىدۇ، قىزىتما ئۆتكۈر بولىدۇ. ئەگەر ماددا تولۇپ، پىشىپ، يەنى يىرىڭ شەكىللىنىپ ياخشى بولغان بولسا، قىزىتما ۋە ئاغرىقتا يەڭگىللەش بولىدۇ. لېكىن ئېچىشىش قېپقالىدۇ.

يىرىڭلىق ئىششىق ئېغىز ئالغانلىقىنىڭ ئالامىتى مويلار تىكلىنىپ قالىدۇ، جۇغ - جۇغ بولىدۇ، يىرىڭ ۋە قان چوڭ تەرەت ياكى قۇسۇق بىلەن چىقىدۇ، ئىششىق يانىدۇ.

داۋالاش ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئىششىق ئۆزلۈكىدىن ئېغىز ئالمىسا، يېڭى سۈت ۋە ئىسسىق سۇ ئىچكۈزۈپ، ئىششىق ئۈستى مۇلايىملىق بىلەن بېسىلىدۇ. بېسىم سەۋەبىدىن ئىششىق ئېغىز ئېلىش ئۈچۈن، بىمارغا ناھايىتى يۇمشاق ياستۇق ئۈستىدە قورساقنى پۈكلەپ يېتىش ئېيتىلىدۇ، ئېغىز ئالغاندىن كېيىن يىرىڭ يۇيۇلۇپ پاكىزلىنىش ئۈچۈن شېكەر سۈيى ياكى ھەسەل سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئاندىن قورساق تازىلانغاندىن كېيىن زەخمنى تولدۇرغۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: كۇندۇر، خۇنسىياۋشان، ئانارگۈلى، كەھرىۋا، گىل ئەرمىنى ۋە قىزىلگۈل قاتارلىقلار.

ئاشقازان يارىسى ۋە ئاشقازان مۇدۇر - چاقىسى ئاشقازان يارىسى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاشقازان چىقىش ئېغىزى ئەتراپى ۋە ئاشقازاننىڭ ئارقا تەرىپىدە پەيدا بولىدۇ، بۇ چوڭ كىچىك بولۇپ، سانى ئاز ياكى كۆپ بولىدۇ.

لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سان جەھەتتە بىرلا يارا بولىدۇ. بۇ تەخمىنەن بىر تەڭگە باراۋىرىدە تارقالغان بولىدۇ. بۇنىڭ شەكلى ئېلىلىپسىمان ياكى يۇملاق بولۇپ، ئەتراپى چوڭقۇر بولىدۇ، بۇ كېسەلگە كۆپىنچە 20 ~ 40 ياشقىچە بولغان ئاياللار گىرىپتار بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: بۇزۇلغان ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، نورمالسىز تاماق يېيىش، ئىلگىرى سوزۇلما ئاشقازان ئىششىقى مەۋجۇت بولۇش. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ ئالامەتلەر ھەيز كۈنلىرى

قالايمىقانلىشىش سەۋەبىدىن قان تۆكۈرۈش كېسىلى بىلەن ئاغرىغان ئاياللاردا بولىدۇ.

ئالامىتى ئاچچىق، چاپلاشقاق نەرسىلەرنى يېگەندىن كېيىن ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسى ياكى تۆش سۆڭەك ئاستى ياكى كىندىك ئۈستىدە ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە قۇسۇق ۋە چوڭ تەرىتىدە يىرىڭ ياكى قان كۆرۈلىدۇ. كېكىرىكنىڭ كۆپ ھەم سېسىق كېلىشى ھەم تىلىنىڭ قۇرۇق بولۇشىمۇ ئاشقازان يارىسىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە ھەزىم بۇزۇلۇشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا ئاغرىق ۋە ئېچىشىش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ئاغرىق ئاشقازاندىن يىراقلاشقا باشلايدۇ. يىراقلاش ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدىن باشلىنىدۇ ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدىكى ئاغرىق ئېغىزمان، قوۋۇرغىلارغىچە يېتىپ بارىدۇ. تاماق يېگەندىن كېيىن ئاغرىق كۈچىيىدۇ. بەزىدە ئاغرىقنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن بىمار قۇسۇۋېتىدۇ. قۇسۇقتا غىزا، قان ۋە بەلغەم ئارىلاش چىقىدۇ. ھەزىم پائالىيىتى ھەمىشە بۇزۇلۇپ تۇرىدۇ. ئىشتىھا يوقايدۇ ۋە بىمار تەدرىجىي ئاجىزلايدۇ. قەۋزىيەت بولىدۇ. تىلى قىزىل بولىدۇ. ئەگەر يارا ئاشقازاندا تۆشۈك پەيدا بولۇش دەرىجىسىگە يېتىپ بارغان بولسا، بۇ چاغدا ئاشقازان كىرىش ئېغىزى تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىيدۇ بۇ ئاخىرىدا پۈتۈن قورساققا تارقايدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىمار ئاجىزلايدۇ ۋە چىرايى سارغىيىدۇ. تومۇرى تېز ۋە ئاجىز سوقىدۇ، قۇسىدۇ، قورسىقى كۆپىدۇ. قورساقنى باسقاندا ئاغرىيدۇ. ئەگەر يارا يىرىڭى ئاشقازاندىن چىقىپ، قورساق ئورىغۇچى پەردىسىگىچە يېتىپ بارسا، قورساق ئورىغۇچى پەردىسىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىششىشى سەۋەبىدىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئاقىۋىتى ئومۇمەن داۋالاش ۋە پەرھىز ياخشى بولغان شەرت ئاستىدا ئاشقازان يارىسى بولغان بىمار ساقىيىپ كېتىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا كېسەللىك تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا بىمات ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش بەزىدە يارىلارنى تازىلىغۇچى، بەزىدە پۈتتۈرگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. تازىلىغۇچى دورىلاردىن ھەسەل سۈيى ۋە جۇلاپ يىرىڭ ۋە قورساقنى تازىلاش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. تازىلاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن قاقاچنى ئاجرىتىۋېتىپ زەخمىنى چوڭايتىدىغان ئۆتكۈر دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك ھەمدە پۈتتۈرگۈچى دورىلاردىن قۇرسى كەھرىۋانى قابىز بولغان رۇببىلار بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

ئەمەلىي داۋالاش ئاشقازان يارىسى ۋە مۇدۇر - چاقسىنى داۋالىغاندا مۇمكىنقەدەر ئاشقازاننى ھەر خىل ھەرىكەت ۋە خىزمەتتىن ساقلاشنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. شۇڭلاشقا بىمار

بەرداشلىق بېرەلىسە، ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە تاماق بەرمەسلىك، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئەرقى شوخلا، ئەرقى بەديان، ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىقلارنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ ئىچكۈزۈش ھەم كۈندۈر، خۇنسىياۋشان، گۈل ئەرمىنى، ئانارگۈلى قاتارلىقلاردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ سۈرمىدەك يۇمشاق سوقۇپ، 24 گىرام ئەنجبار شەربىتىگە قوشۇپ ئاز - ئازدىن يالىتىش ياكى قۇرسى كەھرىۋا ياكى قۇرسى گۈلناردىن بىر دانىنى 24 گىرام خەشخاش شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، 144 گىرام ئەرقى شوخلا بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇش ۋە ئىچىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخىنى بېرىلىدۇ:

قۇرسى كەھرىۋا، قۇرسى گۈلناردىن بىر داندىن، تىندۇرۇلغان كۆك كاسىنە سۈيى، تىندۇرۇلغان كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيى، كۆك سېرىقچېچەك يوپۇرمىقى سۈيىنىڭ ھەربىرىدىن 36 گىرامدىن ئېلىپ، 24 گىرام ھەببۇلئاس شەربىتىگە قوشۇپ بېرىش لازىم.

ئەگەر قۇسۇقتا يىرىڭ قاتارلىقلار چىقىشقا باشلىغان بولسا، يىرىڭنى تازىلاش ئۈچۈن ھەسەل سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. يىرىڭنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرىقى مەزكۇر دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. قورساققا توخۇ تۇخۇمى سېرىقىنى گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈركەپ ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش مۇناسىپ كەلسە غىزانى پۈتۈنلەي بەرمەسلىك، لېكىن بىمار ئاچلىقتىن بىئارام بولسا، يەڭگىل، لەتىپ ۋە سۇيۇق غىزالاردىن ئانار سۈيى، كىچىك ئاپېلسىن سۈيى، توخۇ تۇخۇمى ئېقى ۋە سېرىقىنى قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، ئارپا ئېشى، ئاھاك سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت، ساگۇدانە، شورپىغا ئوخشاش ساددا (تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەك چۈشمىگەن) نەرسىلەرنى بېرىش. بۇ غىزالارنى ھەر تۆت سائەتتىن كېيىن ياكى ئاز كۆپ ئارىلىق قالدۇرۇش بىلەن ئاز مىقداردا بېرىش لازىم. ئەگەر ھۆقنە قىلىشقا بولسا، ئاشقازانغا زىيادە ئېغىرلىق چۈشمەسلىك ئۈچۈن ھۆقنە ئارقىلىق ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈش لازىم. ھۆقنە ئارقىلىق ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈشنىڭ تەركىب ۋە پايدىلىرى خەنناق كېسەللىكلىرىنىڭ بايانىدا سۆزلەنگەن.

قورساق كۆپۈش

قورساق كۆپۈشتە ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ ھەزىم قىلىش كۈچى ۋە ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئاجىزلاش بولىدۇ. ئاجىزلاش سەۋەبىدىن ئاشقازان، ئۈچەيلەردە يەل پەيدا بولۇپ، قورساق كۆپۈش كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ.

قورساق بەزىدە ئاشقازان سەۋەبىدىن كۆپىدۇ. مەسىلەن: ئاشقازاننىڭ مىزاجى بىرەر سەۋەبتىن بۇزۇلغان بولىدۇ (ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇش) ياكى غىزا سەۋەبىدىن ياكى ئاشقازانغا بىرەر خىلىت كەلگەنلىك سەۋەبىدىن كۆپىدۇ.

ئاشقازان سەۋەبىدىن قورساق كۆپۈشنىڭ ھالىتى ئاشقازاندا سوغۇقلۇق پەيدا بولىدۇ، ئاشقازاننىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىي ھارارىتى ئاجىزلىغانلىقى ئۈچۈن ئاشقازان غىزانى پىشۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ، ھەزىمنىڭ ئورنىغا باشقا قىسمىدىكى قوزغىلىش پەيدا بولىدۇ. قوزغىلىش سەۋەبىدىن بۇخارات پەيدا بولىدۇ.

غىزا سەۋەبىدىن قورساق كۆپۈشنىڭ ھالىتى غىزانىڭ زىيادىلىكى ياكى ئاشقازان ئىچىدىكى ھۆللۈكنىڭ زىيادە بولۇشى ياكى غىزانىڭ ئۆزى يەل پەيدا قىلغۇچى بولغانلىقى ياكى غىزادا چۈچۈمەللىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. غىزا ھارارەت تەسىرىدىن تولۇق پىشىشقا قادىر بولالمايدۇ.

قاپاق، تەرخەمەكلەردىن ھۆللۈك زىيادە بولىدۇ. ئەگەر تەركىبىدە ھۆللۈك زىيادە بولغان نەرسىلەر بەدەن ھارارىتى تەسىر قىلسا، بۇلار ياخشى ھەزىم بولمايدۇ ۋە بۇلاردىن بۇخارات ئۆرلەپ يەل ھالىتىدە جۇغلىشىدۇ.

خىلىت سەۋەبىدىن قورساق كۆپۈشنىڭ سەۋەبى شۇكى بەلغەم، سەۋدا ياكى تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك سەپرا (سەپرا بىلەن قويۇق بەلغەم ئارىلاشقان بولىدۇ) قاتارلىقلار ئاشقازان ھارارىتىدىن تارقاپ يەلگە ئۆزگىرىدۇ.

يۇقىرىقى سەۋەبلەرنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئۇلارنى داۋالاش ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇش ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقىدا بايان قىلىنىپ بولدى.

كۆپتۈرگۈچى نەرسىلەردىن ئەدەس، لوبىيا قاتارلىقلار مەخسۇس ھۆللۈك پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەردۇر، بۇلارنى تارقىتىشقا ھارارەت قادىر بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن يەللەر پەيدا بولۇپ، قورساقنى كۆپتۈرىدۇ.

سەۋەبى قورساق كۆپۈشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: يەللىك، تەستە ھەزىم بولىدىغان، سوغۇق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، سۇ ۋە چايلارنى كۆپ ئىچىش، تاماقتىن كېيىن دەرھال ئۇخلاش، ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرى، جىگەر كېسەللىكلىرى، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى ۋە نۇقرەس، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما قاتارلىقلار. ئەسەبىي مىزاجلىق ئاياللاردا بۇنداق ئالامەتلەر بولىدۇ.

ئالامىتى ئادەتتىكى چاغلاردا بەزى نەرسىلەرنى يەپ، بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن قورساق كۆپىدۇ ۋە كېكىرگەندىن كېيىن تەبىئەت بىرئاز ياخشىلىنىدۇ. بەزىدە ئاغرىيدۇ ۋە

قورساق كوركىرايدۇ. بەزىدە ئاچچىق كېكىرىدۇ، كۆپ تۈكۈرىدۇ، يۈرىكى چالاڭغۇرايدۇ، تاماقتىن كېيىن مەيدىسى ئېچىشىدۇ. .

داۋالاش كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن قورساق كۆپسە، شۇ كېسەللىكنى داۋالاش، ئادەتتىكى چاغلاردا ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش ۋە غىزالارنى لەتىپلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش، ھەزىمنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاشقازان، ئۈچەي تەرەپكە يۈزلىنىش لازىم.

ئەمەلىي داۋالاش ئومۇمىي ھالەتلەردە دەسلەپتە يەل تارقىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر گىرام مەستىكى 24 گىرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. ئاندىن بەدىياندىن يەتتە گىرام، رۇمبەدىياندىن بەش گىرام، قاقىلەدىن بەش دانە ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، بۇنىڭدا 24 گىرام گۈلقەنتنى ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ نۇسخا بىلەن كېسەللىك ياخشىلانمىسا، ئاۋۋال جاۋارىش كۇمۇنىنى يېگۈزۈپ، ئاندىن 84 گىرام بەدىيان، 60 گىرام رۇمبەدىيان، ئۈچ گىرام ئاق زىرە شىرىلىرىنى سۇدا تەمىنى چىقىرىپ، خېمىرى بىنەپشىنى بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ ۋە تاماقتىن كېيىن ھەببى كەبەد نۇشادىرى ياكى ھەببى ئابدىمىلىك (ئىككى دانىدىن ئىككى ۋاخ) ياكى نەمەك سۇلايمانى (ئىككى گىرام) يېگۈزۈلىدۇ. ئىچكى تەرەپتىن دورا ئىشلەتكەندىن كېيىن 12 گىرام نوقۇت ئۇنىغا 12 گىرام ئاش تۇزى قوشۇپ قورساق قۇرۇق ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى چارىلەردىن كېيىن زۆرۈر بولغان شەرت ئاستىدا، تۆۋەندىكى دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ:

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش نۇسخىسى: زەنجىۋىل، مالكەنگنى، بۇغداي كېپىكى، ئاش تۇزى، تېرىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئىككى دانە كىچىك خالتىغا سېلىپ تەييارلاپ، ئوچاق ئۈستىدە قىزىتىپ، قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. كەچلىكى يەتتە گىرام مەجۇنى نانخا 144 گىرام ئەرقى بەدىيان بىلەن بېرىلىدۇ ياكى مىرگانگ تۇزىدىن 0.24 گىرام جاۋارىش كۇمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ. قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئىككى دانە ھەببى تەنكار يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئاغرىق يوقالغاندىن كېيىن كېسەللىك ھالەتلىرىگە مۇناسىپ ئادەتتىكى لەتىپ غىزالار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئۆچكە، توخۇ، كەكلىك، قوي گۆشلىرى قاتارلىقلارنىڭ شورپىسى، ماش ئۇنى، ماش كەچرىسى، پەلكا قاتارلىقلار.

كۆكتاتلار، تاتلىق - تۈرۈملار، مېۋىلەر، چاي، قەھۋە، يەللىك، تەستە ھەزىم بولىدىغان

نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش ھەمدە تاماقنى ئىشتىھادىن ئاز بېرىش، تاماقنى يەپ بولۇپ، دەرھال سۇ ئىچىشتىن توسۇش، بەلكى بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن سۇ ئىچكۈزۈش ۋە ھەرقانداق ھالەتتە قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق لازىم.

كېكىرىش

كېكىرىك — ئاشقازاندىن ئېغىز يولى ئارقىلىق چىقىدىغان يەلدۇر. كېكىرىك يەلنىڭ ئاشقازاندىن ئېغىز يولى ئارقىلىق چىققان ۋاقىتىدا پەيدا بولىدىغان ھالەتتۇر.

ئەگەر كېكىرىك كۆپ كەلسە، ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە يەلنىڭ كۆپلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا كېكىرىك سەۋەبىدىن غىزا ئېغىز يولىدىن قۇسۇق ھالىتىدە چىقىپ كېتىدۇ.

بەزىدە كېكىرىك تەبىئىي ھالەتتىمۇ بىرەر نەرسىنى ئاز ئاز ۋە شوراپ - شوراپ ئىچكەن ياكى ئالدىراپ تاماق يېگەن ۋاقىتتا كېلىدۇ.

ئەسنەش

ئەسنەش — ئىنسان خالىسۇن - خالىمىسۇن ئېغىزىنى ئېچىشقا مەجبۇر بولىدىغان ھالەتتۇر.

ئەسنەش پۈتۈن بەدەندىن باش تەرەپكە ئۆرلىگەن ھەزىم بولمىغان بۇخاراتلار، بۇزۇق ماددىلار سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا پۈتۈن بەدەندىن باش تەرەپكە ئۆرلىگەن ماددىلار ئەگەر ئېڭەك سۆڭىكى ۋە كالپۇك مۇسكۇللىرىغا يىغىلغان بولسا، ئېڭەك، كالپۇك مۇسكۇللىرىدا تارتىشىش پەيدا قىلىدۇ، يەنى تەبىئەت ئۇ ماددىلارنى ئەسنەش ئارقىلىق قايتۇرىدۇ. كۆپ ئەسنەشنىڭ سەۋەبى شۇدۇركى، ئەسنەش كۆپىنچە چالا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ۋاقىتتا، ھەزىم ئاجىزلىغان ۋاقىتتا بولىدۇ. .

كېرىلىش

كېرىلىشمۇ پۈتۈن بەدەندىن باش تەرەپكە ئۆرلىگۈچى ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ، يەنى بۇ، بەدەننىڭ باشقا مۇسكۇللىرىغا يىغىلغان چاغدا بولىدۇ.

داۋالاش بۇ ھەممە كېسەللىكلەر (كېكىرىش، ئەسنەش، كېرىلىش) نىڭ ئىلاجى ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ۋە تازىلاش ھەمدە ھەزىمنى نورماللاشتۇرۇشتۇر. ھەزىمنى نورماللاشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى قايتا - قايتا سۆزلىنىپ بولدى.

قۇسۇش، ھۆ بولۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش

قۇسۇش ۋە ھۆ بولۇش ئاشقازاننىڭ بىرەر نەرسىنى ئېغىز يولى ئارقىلىق چىقىرىشى ئۈچۈن ئاشقازاندا پەيدا بولىدىغان خاس ھەرىكەتنىڭ نامىدۇر.

قۇسۇش ۋە ھۆ بولۇشتىكى پەرق ھۆ بولۇشتا ئاشقازاننىڭ ھەرىكىتى بىلەن غىزا ۋە باشقا نەرسىلەر چىقمايدۇ. قۇسۇشتا ھەتتا سۇمۇ چىقىدۇ.

كۆڭۈل ئېلىشىش قۇسۇش ۋە ھۆ بولۇشتىن بۇرۇن پەيدا بولىدىغان ھالەتنىڭ نامىدۇر. كۆڭۈل ئېلىشىشتا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئاشقازاننىڭ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ھەمدە قۇسۇش ياكى ھۆ بولۇشنىڭ يېقىندا ئاشكارا بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. قۇسۇش ياكى ھۆ بولۇش ھالىتى بەزىدە ماددا تەلپىگە مۇۋاپىق ھالدا بىر مەزگىلگىچە تۇرىدۇ، بەزىدە ئازراق ۋاقىتتا تامام بولىدۇ. ئەگەر ماددا ئاشقازاندا پەيدا بولغان بولسا، كۆڭۈل ئېلىشىپ تۇرىدۇ، ئەگەر باشقا ئەزالاردىن قۇيۇلغان بولسا، كۆڭۈل ئېلىشىش بەزى ۋاقىتتا بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا توختايدۇ.

كۆڭۈل داۋالغۇش داۋاملىق كۆڭۈل ئېلىشىپ تۇرۇشمۇ ئۇزۇن ۋاقىت بولىدىغان كۆڭۈل ئېلىشىشقا قارىتا ئېيتىلىدۇ. بەزىدە ئىشتىھا يوقاشنىمۇ دائىم كۆڭۈل ئېلىشىش دەپ ئاتايدۇ.

سەۋەبى قۇسۇش، ھۆ بولۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇزۇق ماددىلار (بۇزۇلغان خىلىتلار) بولىدۇ. خىلىتلار ئۆزىنىڭ بۇزۇلغانلىقى سەۋەبىدىن ياكى مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن ئاشقازانغا ئېغىرلىق چۈشۈرۈپ ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ. بۇ ماددىلار ئاشقازان بوشلۇقىدا ياكى ئاشقازان جەۋھىرىدە بولۇپ، ئاشقازاننىڭ قەۋەتلىرىگە تارقالغان بولىدۇ. ماددىلار ئاشقازان بوشلۇقىدا بولغان ھالەتتە قۇسۇش، ئاشقازان جەۋھىرىدە بولغان ھالەتتە ھۆ بولۇشلار بولىدۇ.

بەزى چاغلاردا بۇزۇق ماددىلار مەۋجۇت بولماي، بەلكى قۇسۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى داۋاملىشىدۇ، مەسىلەن: چۆرگىلەش. چۆرگىلەشتىن بولغان قۇسۇش نىرۋا مەنبەلىك قۇسۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

1. سەپرادىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش قۇسۇشقا سەۋەب بولىدىغان بۇزۇلغان خىلىتلار بەزىدە سەپرادىن بولغان سىپسىقلىق بولىدۇ.

2. هۆللۈكتىن ياكى ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش بەزىدە سوغۇق هۆللۈكتىن بولغان ياكى سەۋدادىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش بولىدۇ (هۆللۈكتىن ياكى ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان قۇسۇش).

3. ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىدىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش بەزىدە بۇ ماددىلار ئاشقازاندا پەيدا بولمايدۇ ۋە ئاشقازان جەۋھىرى بىلەن بىرلەشمەيدۇ، بەلكى باشقا ئەزالاردىن ئاشقازانغا قۇيۇلىدۇ. باشقا ئەزالارنىڭ مىسالى جىگەر، ئۆت خالتىسى، تال قاتارلىقلاردۇر.

بەزىدە بۇ ماددىلار ئاشقازانغا پۈتۈن بەدەندىن كېلىدۇ. بۇ بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتمىلارنىڭ بوھرانىدا بولىدۇ. بۇ تۆۋەندە سۆزلىنىدۇ:

4. غىزانىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش بەزىدە كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇش غىزانىڭ بۇزۇلۇشىدىن كۆرۈلىدۇ، يەنى غىزانىڭ كۆپلۈكىدىن بولىدۇ. غىزانىڭ كۆپلۈكىگە ئاشقازاننىڭ كۈچى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ياكى غىزا كەيپىيات ئېتىبارى بىلەن ناچار بولىدۇ. مەسىلەن: غىزا ئاچچىق، ئۆتكۈر ياكى چۈچۈمەل بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئاشقازان ئىچىشىشقا سەۋەبچى بولۇپ ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ. بۇنى ئاشقازان قۇسۇش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلايدۇ ياكى بىمار تاماقنى تەرتىپسىز هالەتتە ئىستېمال قىلغان بولىدۇ. تاماقنى تەرتىپسىز ئىستېمال قىلىشقا قايناق سۇ ئىچىشمۇ كىرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن تاماق سىڭمەسلىك ۋە خولېرادىكى قۇسۇشمۇ بۇ تۈرگە كىرىدۇ.

5. ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش قۇسۇشنىڭ سەۋەبى بەزىدە ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇش ۋە ئاشقازاننىڭ ئاجىزلىقى بولىدۇ. ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇش ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن غىزانىڭ ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بەلكى قۇسۇش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنىڭ بايانى، ئالامەتلىرى ۋە داۋالاشلىرى سۆزلىنىپ بولدى.

6. ئاشقازان كېسەللىكلىرىدىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش ئاشقازاننىڭ ئۇرغۇنلىغان كېسەللىكلىرى قۇسۇشنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، مەسىلەن: ئاشقازان شىللىق پەردە ئىششىقى، ئاشقازان يارىسى، ئاشقازان يامان سۈپەتلىك ئۆسمىسى، ئاشقازان تۆۋەنلەپ كېتىش، ئاشقازان تارتىشىپ قېلىش قاتارلىقلار.

7. كېسەللىكلەرنىڭ شېرىكچىلىكىدىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش بەزى چاغلاردا باشقا كېسەللىكلەردە نېرۋا شېرىكچىلىكى سەۋەبىدىن ئاشقازاننىڭ چىقىرىپ تاشلاش

قۇۋۋىتى ھەرىكەتكە كېلىدۇ، مەسىلەن: ئۈچەي ئىششىقى، ئۈچەي قۇرتى، ئۈچەي توسۇلۇش (قۇلۇنجى)، ئۈچەي چۇقۇقى، قورساق ئاغرىقى، بۆرەك ئاغرىقى ۋە بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش، جىگەر ئاغرىقى، جىگەردە تاش پەيدا بولۇش، بەزى يۇرەك كېسەللىكلىرى، قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ئىششىقى، جىگەر يىگىلەش، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇم توشۇش نەيچىسى كېسەللىكلىرى، مېڭە پەردە ئىششىقى، مېڭە ئىششىقى، مېڭە ئۆسمىلىرى، سەكتە، بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش قاتارلىقلار. ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇش بۇ تۈرگە كىرىدۇ.

8. بوھراندىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش بەزىدە بوھران ھالەتتە قۇسۇش بولىدۇ، يەنى تەبىئەت كېسەللىك ماددىسىنى ئاشقازان تەرەپكە چىقىرىدۇ، ئاندىن ئاشقازان كېسەللىك ماددىسىنى قۇسۇش يولى ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلايدۇ.

زىيابىتۇس، سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش ۋە بەزى يۇقۇملۇق قىزىتمىلىق كېسەللىكلەردە، مەسىلەن: قىزىل، چېچەك قاتارلىقلاردا مۇدۇر - چاقا چىققان چاغدا قۇسۇش كۆرۈلىدۇ. قۇسۇشنىڭ سەۋەبى كېسەللىك ماددىسى بولۇپ، ئۇلار قۇسۇشنىڭ قوزغىلىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

9. زەھەرلىنىشتىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش بەزى تۈردىكى زەھەرلەرنى، مەسىلەن: شاراب، ئەپيۇن، كەندىر يوپۇرمىقى ۋە ئەپيۇندىن تەييارلانغان نەشە، سەنكىيا، تاماكا، سۈرمە، سىماب قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىش ياكى بىرەر سەۋەب بىلەن زەھەرلىك نەرسىلەرنىڭ قانغا قوشۇلۇشى كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ھەمدە بىھوش قىلغۇچى بەزى دورىلارنى پۇراش سەۋەبىدىنمۇ قۇسۇش كۆرۈلىدۇ. زەھەرلىك دورىلارنى پۇراشتىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇش زەھەرلىنىشتىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يىرگەندۈرىدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈش، سېسىق نەرسىلەرنى پۇراش، بۇزۇق ۋە ناچار ھاۋادىن نەپەس ئېلىش بەزى چاغلاردا قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنىڭ قوزغاتقۇچىسى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش، كېمىدە سەپەر قىلىش، چۆرگىلەش ۋە بەزى ئادەملەردە ئۇلاغلاردا سەپەر قىلىش سەۋەبىدىن قاتتىق قۇسۇش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھەممە تۈرلەر نېرۋا شېرىكچىلىكىنىڭ مىساللىرىدۇر.

ئالامىتى

1. سەپرادىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنىڭ ئالامىتى بۇنىڭدا ئېچىشىش، ئۇسساش بولىدۇ، قۇسقاندا چىققان نەرسىلەر ئاچچىق بولىدۇ.

2. ھۆللۈكتىن ياكى ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنىڭ ئالامىتى بۇنىڭدا ئېچىشىش، ئۇسساش بولمايدۇ، قورساق كۆپۈش ۋە قورساق كوركىراش بولىدۇ، قۇسقاندا چىققان ھۆللۈك ۋە بەلغەم چۈچۈمەل ياكى تۇزلۇق ياكى تاتلىق بولىدۇ. بىمار قۇسۇقدىن بۇ تەمنى سېزىدۇ.

3. ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىدىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنىڭ ئالامىتى ئەگەشمە ئالامەتلەر تېز يوقىلىدۇ، يەنى قۇسقاندىن كېيىن قىسقا ۋاقىت ئاشقازانغا ماددىلار ئىككىنچى قېتىم قۇيۇلۇپ بولغۇچە بۇ ئالامەتلەردە پەسىيىش بولىدۇ.

4. غىزانىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنىڭ ئالامىتى تەرتىپسىز ئوزۇقلانغاندىن كېيىن قۇسۇش ۋە كۆڭلى ئېلىشىش ئاشكارا بولىدۇ.

5. كېسەللىكلەر بۇ كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ كېسەللىكلەر مەۋجۇت بولىدۇ.

6. بوھراندىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنىڭ ئالامىتى بۇ خاس تۈرنىڭ ئالامىتى كۆپىنچە بىرەر ئۆتكۈر كېسەللىكتە بولىدۇ ھەمدە بوھران يۈز بەرگەن ۋاقىتتا ئاشكارا بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش تاماق يەپ بىر سائەتتىن بىر يېرىم سائەت ئىچىدە قۇسقان بولسا، قۇسۇش ئاشقازان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئەگەر تاماق يەپ ئىككى ـ ئۈچ سائەتتىن كېيىن قۇسقان بولسا، ئىنچىكە ئۈچەيلەردىكى كېسەللىكنى ئويلىشىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇزاق مەزگىلدىن كېيىن قۇسسا، چوڭ ئۈچەي كېسەللىكلىرىنىڭ دەلىلىدۇر.

مېڭە كېسەللىكلىرىنىڭ دەسلەپىدە ياكى بىراقلا بەدەن ھارارىتىنىڭ يۇقىرىلىشى سەۋەبىدىن (بۇ تۇتقاقلىق قىزىتمىلاردا بولىدۇ) كۆڭۈل ئېلىشىش بولماستىن، يەڭگىل تىترەش بىلەن قۇسۇش بولىدۇ ھەمدە ئاشقازاننى بېسىش بىلەن بىرەر ئاغرىق مەلۇم بولمايدۇ. لېكىن ئاشقازان، ئۈچەي ۋە جىگەر كېسەللىكلىرىدە كۆڭۈل ئېلىشىش بىلەن قۇسۇش بولىدۇ، ئەگەر قورساقنى باسسائاغرىقمۇ سېزىلىدۇ.

داۋالاش

1. سەپرادىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى داۋالاش بۇ خىلتنى ئاشقازاندىن تازىلاش ئۈچۈن سىركەنجۇبىل ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ، ھېلىلە

قايىنتىلمىسى ياكى ئايارەج پەيقرا ۋە سوقمونىيا بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ. يەڭگىل ھۆقنە قىلىنىدۇ. قىسقىسى، بۇلاردىن قايسىسى مۇناسىپ بولسا، شۇ قوللىنىلىدۇ. ئەگەر ئاشقازاندىن بۇزۇق ماددا چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇ چاغدا قۇسۇش توختايدۇ. قالغان ماددىلار چىقىپ كېتەلەيدۇ. ئاشقازان مۇناسىپ خۇش پۇراق شەربەتلەر ۋە غىزالار بىلەن ساغلاملاشتۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ئالما شەربىتى، بېھى شەربىتىگە ئۇد خام، سەندەل، گۇلاب قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە غىزالاردىن سۇماق سېلىنغان غىزا، ئانار سېلىنغان غىزا، پىشمىغان ئۈزۈم سېلىنغان غىزاغا بېھى، گۇلاب ۋە ئۇد قاتارلىقلار سېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر سەپرا يىغىلغان بولسا، ئىسسىق سۇغا سىركەنجۇبىل قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن جاۋارىشى، ئانارەيىندىن يەتتە گىرام يېگۈزۈلىدۇ. ئارقىدىن زىرىق، قۇرۇق پىنىندىن ئۈچ گىرامدىن، ئەينۇلدىن بەش دانىنى ئېلىپ، دورىلارنىڭ شىرىسىنى 144 گىرام ئەرقى بەدىياندا چىقىرىپ، 24 گىرام غورا شەربىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە تۆۋەندىكى يالانچۇقنى تەييارلاپ، ئاز ئازدىن يالىتىپ تۇرۇلىدۇ.

يالانچۇق زەھرى مۆھرى، تاباشىر، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن سۇماق، ئانار ئۇرۇقى، قۇرۇق پىننە، زىرىشك، قىزىلگۈل ئانىلىقى، ئاق سەندەل قاتارلىقلاردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، 24 گىرام ئانار شەربىتى ياكى 24 گىرام سىركەنجۇبىل لىمونى ياكى 24 گىرام غورا شەربىتىگە بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە بۇ دورىلار چېپىلىدۇ.

نۇسخا: زىرىشك ئۈچ گىرام، تازىلانغان ئامىلە تۆت دانە، سۇماق، تاباشىر، پوستى تۇرۇنجى، ئاق سەندەل، پىستىنىڭ تاشقى پوستى قاتارلىقلاردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، ئەرقى گۇلابتا ئېزىپ، 12 گىرام سىركە قوشۇپ چېپىلىدۇ.

2. ھۆللۈكتىن ياكى ئاشقازان كېسەللىكىدىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش

لەتىفلەشتۈرگۈچى قۇستۇرغۇچىلار ياكى بىرەر باشقا چارىلەر بىلەن ئاشقازان تازىلىنىدۇ، مەسىلەن: سېرىقچېچەك قايىنتىلمىسىغا سىركەنجۇبىل قوشۇپ قۇستۇرۇش ئۈچۈن ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر بۇ يېتەرلىك بولمىسا، سىركەنجۇبىل قوشۇلغان سېرىقچېچەك قايىنتىلمىسى بىلەن بىرگە تۇرۇپ ئۇرۇقى، تۇز، قىچا ۋە ھەسەل ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئانار شەربىتىگە پىننە قوشۇپ، ھەمدە قەلەمپۇر، ئۇدخام، قىزىلگۈل بىلەن خۇش پۇراق قىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

لەتىفلەشتۈرگۈچى قۇستۇرغۇچىلار: ماددىلاردا سۇيۇقلۇق ۋە نازۇكلۇق پەيدا قىلىدىغان

قۇستۇرغۇچى دورىلاردۇر.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر بەلغەم تۇپلانغان بولسا، دەسلەپتە تۆۋەندىكى دورىلارنى ئىچكۈزۈپ ئوبدان قۇستۇرۇلىدۇ.

نۇسخا 12 گىرام تۇرۇپ ئۇرۇقىنى سۇدا ئېزىپ 48 گىرام سىركەنجۇبىل سادده بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر تەبىئەت تازىلانغان بولسا، تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا مەستىكى رۇمى، ئۇد غەرقى، قۇرۇق پىننە قاتارلىقلاردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، يەتتە گىرام جاۋارىش مەستىكىگە قوشۇپ 144 گىرام ئەرقى بەدىيان بىلەن بېرىلىدۇ ۋە غىزادىن كېيىن نۇشدارى سادده سۇ بىلەن بېرىلىدۇ ھەمدە كەچلىكى داۋائىلمىشكى مۆتىدىل 144 گىرام ئەرقى بەدىيان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

3. ماددىلارنىڭ قويۇلۇشى قايسى ئەزادىن ئاشقازانغا ماددا قويۇلۇۋاتقان بولسا، دەسلەپتە شۇ ئەزانىڭ چارىسى قىلىنىدۇ ۋە ئەزا تەرەپكە يۆلىنىپ ئۇ تەنقىيە قىلىنىدۇ ھەمدە مېۋىلەرنىڭ سۈيى ۋە رۇببىلرىنى خۇش پۇراق ۋە قابىز دورىلارغا قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ ئاشقازان كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

4. غىزانىڭ بۇزۇلۇشى بۇزۇلغان غىزانى ئاشقازاندىن تازىلاپ، ئاشقازان قۇۋۋەتلەندۈرۈلىدۇ ۋە غىزادىكى تەرتىپسىزلىك يوقىتىلىدۇ. غىزا بۇزۇلغان ھالەتتە ئاز - ئازدىن سىركەنجۇبىل يالىتىشمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

5. سەۋەبچى كېسەللىكلەر بۇنىڭدا ئەسلىي كېسەللىكلەر تەرەپكە يۆلىنىش لازىم.

ئەگەر كېسەللىك ھامىلە سەۋەبىدىن بولغان بولسا، تۆۋەندىكى يالانچۇق نۇسخىسىنى ئاز - ئازدىن يالىتىپ تۇرۇش لازىم:

نۇسخا: زەھرى مۆھرى، تاباشىر، سۇماق پوستى، ئانار ئۇرۇقى، قۇرۇق پىننىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، سىركەنجۇبىل لىمونغا ئارىلاشتۇرۇپ ئاز ئازدىن يالىتىش، بىمارنى بىرەر يەڭگىل نەرسە بىلەن ناشتا قىلدۇرماسلىق، ياتقان ئورنىدىن تۇرغۇزماسلىق. چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىشنى ئويلاش، ھارغىنلىق يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن ساقلاش، تاماقتىن بۇرۇن ياكى تاماقتىن كېيىن بىر - ئىككى سائەت ئارام ئالدۇرۇش ۋە راھەت بېغىشلاش لازىم.

6. بوھراندىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى داۋالاش قۇسۇشنى توختىتىشنىڭ ئورنىغا تەبىئەتكە ياردەم بېرىش، يەنى قۇسۇشنى كۈچەيتىشكە تىرىشىش لازىم.

ئۇزۇقلاندۇرۇش بىمارغا سۇيۇق ـ سەلەك چۈچۈمەل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار بېرىش، مەسىلەن: توخۇ گۆشى شورپىسىغا ئانار ئۇرۇقى سېلىپ ئىچكۈزۈش، ماشنىڭ يۇمشاق ئۇنىنى ئاز مىقداردا بېرىش، تۇزلۇق سۇنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ بېرىش ياكى پىننە ۋە لاچىنداننى سۇدا پىشۇرۇپ بېرىش لازىم. پەسىللىك قىزىتمىلاردا قەنت شەربىتى، لىمون ئەرقى تارتىپ ئىچكۈزۈش پايدىلىق. بۇنىڭغا ئاساسەن قىزىل تەمرى ھىندى ۋە پىشمىغان ئام شەربىتى (پىشمىغان ئامنى قوقاسقا كۆمۈپ تەييارلانغان شەربەت) پەسىللىك قىزىتمىلاردىن بولغان قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى توختاتقۇچى بولىدۇ.

كۆرسەتمە قۇسقاندىن كېيىن دەرھال غىزا بەرمەسلىك لازىم. ئەگەر غىزا بۇزۇلغان ھالەتتە قۇسسا، ئاشقازان پاك ـ پاكىز تازىلانغىچە ئىسسىق سۇغا تۇز قوشۇپ بىر قانچە قېتىم قۇستۇرۇش قۇستۇرۇشتىن كېيىن ئاز دېگەندە ئالتە يەتتە سائەتكىچە ھېچقانداق نەرسە بەرمەسلىك. ئەگەر ئېغىزى قۇرۇسا، ئېغىزنى چايقاش ۋە غار ـ غار قىلدۇرۇش لازىم. قۇسىدىغان ئۆتكۈر كېسەللىكلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە ئاۋۋال غىزا توختىتىلىدۇ، قۇسۇش تېز پەسەيگەندىن كېيىن ھەزىم بولىدىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ.

قان قۇسۇش

قەي ئارقىلىق چىقىدىغان قان ئاشقازان ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەزالاردىن كېلىدۇ. ئاشقازان ئەتراپىدا پەقەت قىزىلئۆڭگەچ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن قان قەي ئارقىلىق چىقىدۇ.

سەۋەبى

1. قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشى بۇنىڭ سەۋەبى ئاشقازان ياكى قىزىلئۆڭگەچنىڭ بىرەر قان تومۇر ئېغىزىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى ياكى بىرەر تومۇر يېرىلىشى، ئۈزۈلۈپ كېتىشى بولىدۇ.

1) قان تومۇرلار ئېغىزىنىڭ ئېچىلىشى: بۇنىڭ سەۋەبلىرى بىرەر ئۆتكۈر ماددا، قان تومۇرلارنىڭ ئاجىزلىقى، ماددىلارنىڭ تولۇپ قېلىشى قاتارلىقلار بولىدۇ.

2) قان تومۇرنىڭ يېرىلىشى ۋە ئۈزۈلۈشى: بۇنىڭ سەۋەبلىرى تولۇپ قېلىش، ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش، تارتىشىش، بىمار كۈچەپ ۋارقىراش قاتارلىقلار بولىدۇ.

قورساق ساھەسىگە بىۋاستە زەربە تېگىش ئۇرۇلۇشنىڭ مىسالىدۇر. بوۋاسىر قېنىنىڭ توختاپ قېلىشى ۋە ھەيزنىڭ تۇتۇلۇشى ماددىلار تولۇپ قېلىشنىڭ مىسالى. شۇنىڭدەك تۆۋەندىكى كېسەللىكلەردە يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن قان قۇسۇش پەيدا بولىدۇ: ئاشقازان، جىگەر،

ئاشقازان ئاستى بېزى، تال ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى، بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش ۋە سەرئىگە ئوخشاش كېسەللىكلەر. سۇئۇلقۇنىيە (ياكى قان تەركىبلىرى بۇزۇلۇشنىڭ بەزى ھالەتلىرى)، بەزى يۇقۇملۇق قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر، مەسىلەن: چېچەك، قىزىل، سېرىق قىزىتما قاتارلىقلار.

2. قان قۇيۇلۇش بەزىدە قان قۇسۇش قاننىڭ بەزى ئەزالاردىن ئاشقازانغا كېلىپ قۇيۇلۇشى سەۋەبىدىن بولىدۇ، مەسىلەن: جىگەر، تال ۋە باش قاتارلىقلار. بۇرۇن قانىغاندا قان (باشتىن كەلگەن قان) ئاشقازان تەرەپكە ئېقىپ بىمار سەزمىگۈدەك ھالەتتە قۇيۇلىدۇ.

3. يارا ۋە يېيىلىش بەزىدە ئاشقازان يارىلىرى ۋە بۇ يارىلارنىڭ يېيىلىشىدىن قان قۇسۇش بولىدۇ. بۇنىڭ بايانى ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

يارا ۋە يېيىلىش سەۋەبىدىن بولغان قان قۇسۇشنىڭ ئالامىتى: قايسى ئەزادىن قان كەلگەن بولسا، شۇ ئەزادا ئاغرىق بولىدۇ.

سەنكىيا يېيىش سەۋەبىدىن بولغان قان قۇسۇش يارا ۋە يېيىلىشتىن بولغان قان قۇسۇش تۈرىگە كىرىدۇ. چۈنكى سەنكىيا ئاشقازاننىڭ ئىچكى يۈزىنى جاراھەتلەندۈرىدۇ.

ئەسكەرتىش قان قۇسۇش ۋاستىسى ئارقىلىق چىقىدۇ. بۇنىڭ تۈرلىرى ھەر خىل بولىدۇ. يەنى قان بەزىدە كۆپ مىقداردا چىقىدۇ، بەزىدە ئاز مىقداردا چىقىدۇ، بەزىدە قويۇق، بەزىدە سۇيۇق بولىدۇ. شۇنىڭدەك قان بەزىدە كۆپۈكلۈك بولۇپ، غىزا بىلەن چىقىدۇ. بۇنىڭدا بەزىدە پەقەت ئېچىشىشلا بولىدۇ ۋە بەزىدە ئاغرىقمۇ بولىدۇ. بەزىدە قان غىزا ئارىلاشماي خالىس شەكىلدە چىقىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا قان شۇ قەدەر كۆپ مىقداردا چىقىدۇكى، بىمارنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىنىڭ خەۋپى بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش قان تۈكۈرۈشتە ئۆپكە قاتارلىقلارنىڭ قېنىمۇ ئېغىز يولىدىن چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قان قۇسۇشنى قان تۈكۈرۈشتىن پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش لازىم.

قان قۇسۇش

1. قان قۇسۇق ئارقىلىق چىقىدۇ.
2. قۇسۇقتا قىزىل ياكى قارىغا مايىل ئۇيۇغان قان بولىدۇ.
3. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىمارنىڭ چوڭ تەرەتى قارا بولىدۇ، چۈنكى ئاشقازاندىكى قان ئۈچەيلەرگە بارىدۇ ھەمدە قورساقتىكى ئەزالاردىن بىرەرسى كېسەللىنىدۇ.

قان تۈكۈرۈش

1. قان يۆتىلىش ياكى تۈكۈرۈش بىلەن چىقىدۇ.
2. قاننىڭ رەڭگى ئوچۇق قىزىل ۋە كۆپۈكلۈك بولىدۇ.
3. ئاز كۈنلەرگىچە يۆتەل بىلەن كېلىدۇ، كۆكرەكنى تەكشۈرگەندە، كۆكرەكنىڭ بىرەر كېسەللىكى مەۋجۇت بولىدۇ، مەسىلەن: كۆكرەكتە ئاغرىق ۋە يېقىمسىزلىنىش سېزىلىدۇ.

ئاقىۋىتى قان قۇسۇشنىڭ سەۋەبلىرىگە ئاقىۋىتى مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئادەتتىكى ئۇرۇلۇش قاتارلىقلاردىن بۇ ئالامەت پەيدا بولسا، بۇنىڭدا ھاياتقا خەۋپ يەتمەيدۇ. ئەگەر سەۋەبى كۈچلۈك بولسا مەسىلەن: بىرەر ھالاك قىلغۇچى كېسەللىك سەۋەبىدىن قان قۇسۇش بولسا، بۇ خەتەرلىك بولىدۇ.

داۋالاش

1. **قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشى:** باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە بىر نەچچە قېتىم قان چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت قاننى ئازايتىش ۋە قاننى باشقا تەرەپكە يۆزلەندۈرۈش تۇر.

ئۇششاق كۇندۇر، سەمغى ئەرەبى، گىل ئەرمىنى، ئانارگۈلى، خۇنسىياۋشان قاتارلىقلارغا بېھى سۈيى قوشۇپ يۇتۇملاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بەللۇت، خەرنۇب، قىزىل ئۈزۈم ۋە سۇماق قاتارلىقلارغا ئوخشاش قابىز ۋە قان توختاتقۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

2. **قان قۇيۇلۇش:** قان قۇيۇلغان ئەزانى ياخشىلاش ۋە قان ئېلىش ئارقىلىق قۇيۇلغان قاننى چىقىرىۋېتىش لازىم. قۇيۇلغان قان قاناش بولغان ئەزادىن باشقا بىرەر تەرەپكە (مەسىلەن: ئاشقازان تەرەپكە) قۇيۇلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەسلىي سەۋەبكە ئۇيغۇن چارىلەرنى قىلىش ۋە تۆۋەندىكى چارىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش لازىم:

بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇش ۋە بىر نەچچە كۈنگىچە غىزا بەرمەسلىك، مۇز پارچىسى شۈمۈرتۈش ۋە مۇزنى سوقۇپ ئاشقازان ساھەسىگە قويۇش، ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، ھۆقنە قىلىش ئارقىلىق قەۋزىيەتنى يوقىتىش، قول پۇتىنى چىڭ باغلاپ قويۇش ۋە تۆۋەندىكى يالانچۇق نۇسخىسىنى قان توختىتىش ئۈچۈن يالىتىش لازىم:

بۇ ئېنىقكى، يەپ - ئىچىدىغان دورىلار قۇسۇش مەۋجۇت بولغان ھالەتتە ئاشقازاندا توختىمايدۇ ۋە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇ نۇسخا بولسا قۇسۇش توختىغان ھالەتتە بېرىلىدۇ.

نۇسخا قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، خۇنسىياۋشان، بىخ مارجان، كەھرىۋا شەمئى

ھەربىرىنى بىر گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، شەربىتى خەشخاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاز ئازدىن يالىتىش ۋە 10 تامچە كافۇرنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئاز ئازدىن ئىچكۈزۈش ياكى تۆۋەندىكى بۇ نۇسخىنى ئىچكۈزۈش لازىم:

نۇسخا قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، خۇنسىياۋشان ھەربىرىنى بىر گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ. بىر دانە ئامىلە مۇرابباسىغا بىرلەشتۈرۈپ ئاۋۋال يېگۈزۈش، ئاندىن بېھى ئۇرۇقى، قارا سېمىزئوت ئۇرۇقى، ھەببۇلئاس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، 169 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، 24 گىرام ئەنجىبار شەربىتى ياكى 24 گىرام ھەببۇلئاس شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ۋە ئاشقازان ساھەسىگە تۆۋەندىكى زىماتنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ چېپىش لازىم.

زىمات نۇسخىسى ئاقاقىيادىن تۆت گىرام، ئانارگۈلىدىن ئالتە گىرام، ئاق ۋە قىزىل سەندەلدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى پاقىيوپۇرمىقى سۈيى ياكى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرقى گۇلابتا ئېزىپ چېپىلىدۇ. قالغان چارىلەرنى قان تۈكۈرۈشتە بايان قىلىنغانلاردىن تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز بىمارغا لەتىف، ئاسان ھەزىم بولىدىغان ۋە كۈچلەندۈرگۈچى غىزالاردىن ئارپا ئېشى (ئارپا قورۇلغان بولسۇن)، ياخشى پىشۇرۇلغان گۆرۈچ، ياخشى پىشۇرۇلغان دانلىق زىرائەتلەر، سۈت، ماش ئۇنى سۈيى قاتارلىقلارنى بېرىش لازىم. ئارپا تالقىنى، گۈرۈچ ۋە ئانار سۈيىمۇ بۇ ھالەتتە ياخشى غىزالاردىندۇر. جىسمانىي ھەرىكەتتىن، يول يۈرۈشتىن، جىمادىن ۋە ئىسسىق، قوزغاتقۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن بىمارنى توسۇش، غەم قىلىش ۋە ئاچچىقلىنىشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىمارنى ساقلاش ۋە ئېغىر، يەل پەيدا قىلىدىغان، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىغان غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

قان قۇسۇش قەتئىي توختىمىسا، غىزا بېرىش مۇناسىپ ئەمەس بولۇپ، بۇ ھالەتتە پەقەت دورا بېرىلىدۇ. دورىدا بىرئاز غىزا تەركىبلىرىمۇ بولسۇن، مەسىلەن: سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئانار سۈيى، ئامىلە مۇرابباسى ۋە باشقا شەربەت قاتارلىقلار. ئەگەر زۆرۈرىيەت ئۆتكۈر بولسا، تالقان سۈيىنى ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈش لازىم.

ئەگەر ئەھۋالى خەتەرلىك بولسا ۋە ئاجىزلىق ناھايىتى كۈچلۈك بولسا، غىزا ھۆقنە ھالىتىدە يېگۈزۈلىدۇ.

ئاشقازاندا قان ئۇيۇپ قېلىش

بەزىدە قان ئاشقازانغا كېلىپ ئۇيۇپ قالىدۇ. ئەگەر قان قان تومۇرلاردىن چىقىپ ئاشقازان بوشلۇقىغا يىغىلغان بولسا، يىغىلغان قان ئۇيۇپ قالىدۇ. چۈنكى قاننىڭ ساقلىنىشى قان تومۇرلار بىلەن بولىدۇ. ئۇيۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قان ئۆزگىرىپ سوغۇق ۋە قويۇق بولىدۇ. ئۇيۇپ قالغان قاننىڭ ئىچىدە زەھەر ۋە ناچار كەيپىيات پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئايلىنىپ كېتىدۇ، سوغۇق تەر چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن توڭلاپ تىترەش باشلىنىدۇ، توڭلاپ تىترەش بىر ناچار ئالامەتتۇر.

داۋالاش قايناق سۇدا سېرىقچېچەك ۋە پىننىنى قاينىتىپ، سىركەنجۇبىل قوشۇپ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇش لازىم.

ئاشقازاندا سۈت ئۇيۇپ قېلىش يۇقىرىقى چارىلەر ئاشقازاندا سۈت ئۇيۇپ قالغان ۋاقىتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئاشقازاندا سۈت ئۇيۇپ قېلىش ئۈچۈن توشقاننىڭ پەنىرمايىسى پايدىلىقتۇر.

جالىنۇس ئېيتقانكى، مەن بۇنى قايتا - قايتا تەجرىبە قىلغاندا پايدىسىنى بايقىغان ۋە پەقەت توشقاننىڭ پەنىرمايىسىلا پايدىلىق بولماستىن، بەلكى پۈتۈن جانىۋارلارنىڭ پەنىرمايىسىمۇ ئاشقازاندا سۈت ئۇيۇپ قېلىش ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ. بۇ جايدا توشقاننىڭ پەنىرمايىسى ئاشقازاندا سۈت ئۇيۇپ قېلىش ئۈچۈن بەك كۈچلۈك ۋە بەك مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر ئېمىۋاتقان بالىنىڭ قورسىقىدا سۈت ئۇيۇپ قالغان بولسا، ئانىسىنى بالىنى ئېمىتىشتىن توختىتىش لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا سۈت بالىنىڭ قورسىقىدا يەنىمۇ زىيادە ئۇيۇۋالىدۇ. يەم - خەشكگە پىننە، سېرىقچېچەك، سۇزاپ، قەيسۇم ۋە ھۇمماز يوپۇرمىقى بېرىلگەن كالا سۈتى ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇلار بىلەن كالىنىڭ سۈتى قورساقتا ئۇيۇپ قالمايدۇ (نەفىس).

قەيسۇم — بەرەنجاسپىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

ھېق تۇتۇش

ھېق تۇتۇش ئادەتتە قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان ۋە ئاشقازان ئەتراپىدىكى كېسەللىكلەردىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئىتتىرىش ھەرىكىتىدۇر. بۇ ئاپەتلەر سەۋەبىدىن كېرىگەت ۋە باشقا مۇسكۇللار تۇيۇقسىز كۈچەش بىلەن قىسقىرىپ. بۇنىڭ بىلەن ھاۋا يۇتقۇنچاققا كىرىدۇ. يۇتقۇنچاقنىڭ ھاۋانىڭ كىرىشى ئۈچۈن تولۇق تەييارلىقى بولمىسا، كىچىك تىل پەردىسىگە زەربە

تېگىدۇ ۋە ھېقىنىڭ مەخسۇس ئاۋازى پەيدا بولىدۇ.

مەزكۇر ئاپەتلەرنىڭ ئاشكارا بولۇشى نېرۋىلار ئارقىلىق نېرۋا مەركىزىدە بولىدۇ، ئاندىن كېيىن ئالاقىدار نېرۋا مەركىزى ئالاقىدار مۇسكۇللاردا ھەرىكەت پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئاپەتلەر گەرچە ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن كۆپرەك ئاشقازان ئېچىشىشىنىڭ سەۋەبىدىنلا ھېق تۇتۇش كۆرۈلىدۇ.

ھېق تۇتۇش ۋە ئۇھ تارتىش ھېق تۇتۇش ھاۋا ئۆپكە ئىچىگە كىرىش ئېتىبارى بىلەن ئۇھ تارتىشقا ئوخشاش بولىدۇ. ھېق تۇتۇشتا كېرىگەت ۋە باشقا مۇسكۇللار قىسقىرىدۇ. لېكىن پەرقى ھېق تۇتۇشتا تۇيۇقسىز كۈچەش بىلەن ھاۋا ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇھ تارتىشتا كېرىگەت ۋە باشقا مۇسكۇللار بىرقەدەر يەڭگىل قىسقىرىدۇ، ھاۋا ئىچىگە كىرگەندە بىرەر نورمالسىز ئاۋاز پەيدا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ھېق تۇتۇشتا كېرىگەت تۇيۇقسىز قاتتىق قىسقىرىدۇ، كۈچلۈك قىسقىرىش سەۋەبىدىن ئاۋاز پەردىسىگە قاتتىق زەربە تېگىدۇ.

سەۋەبى

1. **غىدىقلىغۇچى نەرسىلەر:** بەزىدە ھېق تۇتۇشنىڭ سەۋەبى بىرەر ئېچىشتۇرغۇچى نەرسە بولىدۇ. ئېچىشتۇرغۇچى نەرسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئاشقازان ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا تەسىر قىلىدۇ. ئېچىشتۇرغۇچى نەرسە ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر ماددىلارنىڭ تۈرىدىن بولىدۇ ياكى ئۆتكۈر كەيپىياتتىكى غىزا بولىدۇ. بۇ نەرسىلەر بولۇپمۇ ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ سېزىمى ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتتا ئېچىشىشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

2. **يەل:** بەزىدە ھېق تۇتۇشنىڭ سەۋەبى يەل بولىدۇ. يەل ئاشقازان بوشلۇقى ئىچىدە توسۇلۇپ ۋە تارتىشىش پەيدا قىلىپ ئاغرىتىدۇ.

3. **ھۆللۈكلەرنىڭ كۆپلۈكى:** بەزىدە ھېق تۇتۇش ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن ئاشقازانغا يېقىمسىزلىق يەتكۈزىدىغان بىرەر نەرسە سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئاشقازانغا يېقىمسىزلىق يەتكۈزىدىغان بىرەر نەرسىلەر بەزىدە ھۆللۈكلەر تۈرىدىن بولىدۇ. ھۆللۈكلەر كۆپ مىقداردا ئاشقازان ئىچىگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ. بەزىدە غىزا تۈرىدىن بولىدۇ (بۇنىڭ بايانى ھۆللۈكتىن بولغىنىدىن كېيىن سۆزلىنىدۇ).

4. **غىزانىڭ كۆپلۈكى:** بەزىدە ئاشقازانغا يېقىمسىزلىق يەتكۈزىدىغان نەرسىلەر غىزا تۈرىدىن بولىدۇ. غىزا مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى ۋە قويۇقلۇقى سەۋەبىدىن ئاشقازانغا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ ۋە ھېق تۇتۇشنىڭ قوزغاتقۇچىلىق سەۋەبىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

5. **مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى:** بەزىدە ھېق تۇتۇش ئاشقازان مىزاجى سوغۇقتىن بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى سوغۇقلۇق نورمال مىقدارىدىن ئېشىپ كەتسە، ئاشقازان

ئۈچۈن دۈشمەن بولىدۇ ۋە ئەزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

6. جىگەر ئىششىقى: بەزىدە ھېق تۇتۇش جىگەر ئىششىقى چوڭ بولغان شەرت ئاستىدا كۆرۈلىدۇ. جىگەر ئىششىقى سەۋەبىدىن ئاشقازان ۋە كېرىگەتكە بېسىم زەخمىتى يېتىدۇ ھەم جىگەر ۋە ئاشقازان ئارىلىقىدا بىر ئىنچىكە نېرۋا ئارقىلىق مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىش بولىدۇ.

جىگەر ۋە ئاشقازان ئارىلىقىدىكى نېرۋا بىر مېڭە نېرۋىسى بولۇپ، بۇنىڭ نامى ئاداشقان نېرۋىدۇر. ئاداشقان نېرۋىنىڭ ئاخىرقى شاخچىلىرى جىگەر ۋە ئاشقازانغا تارقايدۇ.

7. ئاشقازانغا قۇرۇقلۇقنىڭ يېتىشى: بەزىدە ھېق تۇتۇش ئاشقازانغا قاتتىق قۇرۇقلۇق يېتىشتىن يۈز بېرىدۇ. بۇ تۈردىكى ھېق تۇتۇش بىر ناچار ئالامەتتۇر.

كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ئومۇمىي سەۋەبلەر ئۈستىدە بايان قىلىنغاندەك بۇ كېرىگەتنىڭ بىر خىل تەشەننۇج خاراكتېرلىك كېسەللىكى بولۇپ، بۇنىڭدا كېرىگەت قايتا-قايتا قىسقىرىدۇ. كېرىگەتنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى نەرسىلەر ئوخشاش بولمايدۇ.

1. قورساقتىكى بەزى ئەزالارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئۆتكۈر ئىششىقلىرى، مەسىلەن: ئاشقازان ئىششىقى، قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى، سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ئىششىقى، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، ئۈچەي چۇۋۇقى قاتارلىقلار.

2. ئاشقازان شىللىق پەردىسىنىڭ ئېچىشىشى ۋە غىدىقلىنىشى، مەسىلەن: ئۆتكۈر ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى يېيىش، قورساق كۆپۈش، ھەزىم بۇزۇلۇش، خولېرا، ئاشقازانغا سەپرانىڭ قۇيۇلۇشى، بۇزۇلغان بەلغەم خىلتىنىڭ ئاشقازانغا يىغىلىشى قاتارلىقلار. بولۇپمۇ ھېق تۇتۇش ئاشقازان غىدىقلىنىشتىن بولىدۇ.

3. بىرەر نېرۋىلاردىكى قالايمىقانلىشىش ۋە بۇزۇلۇش، مەسىلەن: بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش، سەرئى، روھىي زەربە، مېڭە ئۆسمىسى قاتارلىقلار.

4. بەزى ۋاقىتلاردا بىرەر ئاشكارا سەۋەبى بولمايدۇ. لېكىن قاندا بۇزۇلۇش ۋە زەھەرلىنىش چوقۇم بولىدۇ، مەسىلەن: زىيابىتۇس، نۇقرەس ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرى، ئۆتكۈر قىزىتمىلار، جىگەردىكى بۇزۇلۇش قاتارلىقلار.

ئالامىتى

1. غىدىقلىغۇچى نەرسىلەردىن بولغان ھېق تۇتۇشنىڭ ئالامىتى: ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا ئېچىشىش بولىدۇ ھەم بۇ ھالەت بىرەر چاپلاشقاق غىزا ياكى دورا يېگەندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: تۇزلانغان ماش ۋە قىزىلمۇچ، پىلپىل چۈشكەن دورا ياكى سەپراۋى قۇسۇش ھېق تۇتۇشتىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. قۇسۇقنىڭ رەڭگى سېرىق، كۆك ياكى قارا بولىدۇ.

2. يەلدىن بولغان ھېق تۇتۇشنىڭ ئالامىتى: بۇ شىكايەت تاماق سىڭمەسلىك ۋە ھەزىم ئاجىزلىقىدىن كېيىن يۈز بېرىدۇ. بۇ تۈردىكى ھېق تۇتۇش بالىلاردا كۆپىنچە كۆپ سۈت ئىچكەندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. چۈنكى بالىلارنىڭ ھەزىم قىلىشى ئاجىزلىغاندا، سۈت بالىنىڭ ئاشقازىنىدا بۇزۇلىدۇ ۋە بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن غەيرىي تەبىئىي يەللەر پەيدا بولىدۇ.

3. ھۆللۈكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان ھېق تۇتۇش: ئېغىز سۇ بىلەن تولىدۇ، ئاشقازاندا ئېغىرلىق بولىدۇ، غىزا ئاشقازاندا چۈچۈمەل بولۇپ قالىدۇ.

4. غىزانىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان ھېق تۇتۇشنىڭ ئالامىتى: بىمار ئېغىر غىزا يېگەن بولىدۇ ۋە چېنىقىش، ھاممامغا چۈشۈشنى توختاتقان بولىدۇ.

ساھىبى «كامىلۇس سەنائە» دە ئېيتقانكى، ھېق تۇتۇش بەزىدە ئاشقازاندىكى تولۇپ قېلىشتىن پەيدا بولىدۇ. ھېق تۇتۇشتىن غىزانى كۆپ يېگەنلىكى بىلىنىدۇ ۋە بەزىدە مۇشۇنداق تەرتىپسىزلىكلەر سەۋەبىدىن ھېق تۇتۇش پەيدا بولىدۇ. قويۇق غىزانى كۆپ ئىستېمال قىلىش، چېنىقىش ۋە ھاممامغا چۈشۈشنى توختىتىش بىلەن بەدەندە ماددىلار كۆپلەپ پەيدا بولىدۇ.

5. سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان ھېق تۇتۇشنىڭ ئالامىتى: ئۇسسۇزلۇق ئاز بولىدۇ، ئىسسىق نەرسىلەر تەرەپكە رىغبىتى كۈچلۈك بولىدۇ، كۆپىنچە سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ياشانغانلار ۋە كىچىك بالىلاردا كۆرۈلىدۇ.

6. جىگەر ئىششىقىدىن بولغان ھېق تۇتۇشنىڭ ئالامىتى: قىزىتما ۋە ئايلىنىپ كېتىش ئۆتكۈر بولىدۇ، جىگەر ئىششىقىنىڭ پۈتۈن ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

7. ئاشقازانغا قۇرۇقلۇق يېتىشتىن بولغان ھېق تۇتۇشنىڭ ئالامىتى: كېسەللىكنىڭ ئاشكارا بولۇشى ئۇزاق مەزگىللىك ئىستىفراغ ۋە ئۆتكۈر قىزىتمىلاردىن كېيىن بولىدۇ. خولېرادىن كېيىن ئاشقازان قۇرۇقلۇقىدىن بولغان ھېق تۇتۇش كۆرۈلىدۇ. بۇ ئاشقازان قۇرۇقلۇقىدىن بولغان ھېق تۇتۇشقا كىرىدۇ.

داۋالاش

1. ئېچىشتۇرغۇچى نەرسىلەردىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش: سىركەنجىۋىل ۋە ئىسسىق سۇ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئىسپىغۇل، بادام يېغى، گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى ۋە گۇلاب ئىچكۈزۈلىدۇ، غىزاسىغا ئارپا سۈيىنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ بادام يېغى قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە قەۋزىيەت بولماسلىق شەرتى ئاستىدا ئارپا تالقىنى شېكەر بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئاشقازاندا غىدىقلىنىش، ئېچىشىش بولغان ھالەتتە ئاشقازان سەپرا ياكى بۇزۇق خىلتتىن يۇيۇلىدۇ، قۇستۇرۇلىدۇ. قۇستۇرۇشتىن كېيىن بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، تۇخۇم ئېقى، ئىسپىغۇل لۇئابى قاتارلىق تىنچلاندۇرغۇچىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

2. يەلدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش: ئاشقازاندا ھارارەت پەيدا قىلىدىغان يەيدىغان، چاينايدىغان يەل تارقاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ ھەمدە مەستىكى، زىرە، پىننە، زەنجىۋىل قاتارلىقلار بىلەن كېكىرىك كەلتۈرۈلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر كۆپۈش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، يەل تارقاتقۇچىلار بىلەن داۋالاش، مەسىلەن: جاۋارىش كۇمۇنىنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەدىيان، رۇمبەدىيان، قارا زىرە قاتارلىقلاردىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، 144 گرام ئەرقى بەدىياندا شىرىسىنى چىقىرىپ، خېمىرى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، سىرتقى تەرەپتىن تەكمىد ھار ئىشلىتىش لازىم.

3. ھۆللۈكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش: ئاشقازاندىكى بەلغەمى ھۆللۈكلەر قۇستۇرۇش ۋە ئايارەج سۈرگىلىرى ئارقىلىق تازىلىنىدۇ، ھېق تۇتۇشنى يوقىتىشتا چۈشكۈرتۈشمۇ ناھايىتى پايدىلىق ھېسابلىنىدۇ. لېكىن قۇرۇقلۇقتىن پەيدا بولغان ھېق تۇتۇش چۈشكۈرتۈش بىلەن يوقالمايدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر ئاشقازانغا بەلغەم يىغىلىۋالغان بولسا، تۇزنى ئىسسىق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ گرام زەنجىۋىل، بەش دانە قارىمۇچنى 250 گرام سۇدا قاينىتىپ ئاز ئازدىن ئىچكۈزۈش لازىم. تۆۋەندىكى نۇسخىمۇ ئاشقازانغا بەلغەم يىغىلىۋېلىشتىن بولغان ھېق تۇتۇشتا قۇستۇرۇشتىن كېيىن پايدىلىق:

نۇسخا قارا زىرە، رۇمبەدىيان، زەنجىۋىل، قۇرۇق پىننە، كەرەپشە ئۇرۇقى، يۇمىلاق زىراۋەندىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ، 12 گرام گۈلقەنت قوشۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ئاشقازان ئۈچۈن بوشاشتۇرغۇچى ۋە تەشنانى يوقاتقۇچىدۇر.

قويۇق بەلغەم مەۋجۇت بولغاندا قۇستۇرغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى نۇسخىمۇ بېرىلىدۇ:

دەسلەپتە ئىككى گرام جەدۋارنى يۇمشاق ئېزىپ، 12 گرام خېمىرى گاۋزىبان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېگۈزۈش، ئاندىن گاۋزىبان، گۈلى گاۋزىبان، پوستى ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلاردىن بەش گرامدىن ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، ئاق ناۋات قوشۇپ بېرىش لازىم.

ياكى ئاۋۋال مەستىكى، ئاقىرقەرھادىن بىر گرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، يەتتە گرام جاۋارىش جالىنۇس بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېگۈزۈش، ئاندىن 169 گرام ئەرقى بەدىيان ئىچكۈزۈش ھەمدە تۆۋەندىكى يالانچۇقنى داۋاملىق ئاز - ئازدىن يالىتىپ تۇرۇش لازىم:

يالانچۇق: تاتلىق بادام مېغىزى، قارىمۇچتىن 15 دانىدىن، ئاق ناۋاتتىن 36 گرام ئېلىپ، دورىلارنى سۇدا ئېزىپ، يالاپ تۈگىتىش لازىم.

4. غىزانىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش: ئىلمان سۇ ئىچكۈزۈپ بۇ غىزانى

قۇستۇرۇش ئارقىلىق چىقىرىۋېتىش ۋە غىزانى ئازايتىپ بېرىش لازىم. تاماق سىڭمەسلىك، ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە بۇزۇلغان غىزادىن بولغان ھالەتتىمۇ دەسلەپتە قۇستۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن بوشاشتۇرغۇچى ۋە تەشەننۇجنى يوقاتقۇچى دورىلارنى يېگۈزۈش لازىم.

5. سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش: ئاشقازانغا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇناسىپ غىزا ۋە دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: غىزاسىغا توخۇ گۆشى يېگۈزۈلىدۇ. توخۇ گۆشى زىرە، دارچىن ۋە زەنجىۋىل بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن. يالپۇز، كەرەپشە ئۇرۇقى، دۇقۇ (ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى)، زىرە، رۇمبەدىيان، زەنجىۋىل، سۇمبۇل، ئېگىر، قۇندۇز قەھرى قاتارلىقلار ياۋا پىياز سىركىسى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ۋە كونا زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئاشقازان ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ.

6. جىگەر ئىششىقىدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش: جىگەر ئىششىقىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

7. ئاشقازانغا قۇرۇقلۇق يېتىشىدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش: سۈت، بادام يېغى ۋە ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى ھالۋىلار، ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى باشقا ھۆل نەرسىلەر (بۇنىڭ بايانى قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇجتا سۆزلىنىپ بولدى) ئىشلىتىلىدۇ.

ئومۇمىي چارىلەر بەدەن ياكى روھتا قاتتىق قوزغىلىش پەيدا قىلىش ئادەتتىكى ھالەتلەردە كۆپىنچە پايدىلىق بولىدۇ، مەسىلەن: بىمارنى مىدىرلىتىش ۋە ئۇنى ۋارقىرىتىش. تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بارلىق نەپسانىي جەلپ قىلىشلارمۇ پايدىلىق بولىدۇ، مەسىلەن: ئاچچىقلىنىش، خۇشال بولۇش ۋە قورقۇش ھەمدە قىسقا ۋاقىتقىچە نەپەس ئېلىشنى توختىتىش ۋە سۇ ئىچمەي تۇرۇشمۇ ھېق تۇتۇش ئۈچۈن پايدىلىق.

شۇنىڭدەك سوغۇق سۇ ياكى ئىسسىق سۇنى يۇتۇملاپ ئىچكۈزۈش، چۈشكۈرتۈش، ناسۋال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى پۇرىتىش، بىمارغا تۇيۇقسىز بىر قورقۇنچلۇق ياكى خاپا قىلىدىغان خەۋەر يەتكۈزۈش قاتارلىق چارىلەردىن ئادەتتىكى ھېق تۇتۇش توختايدۇ ۋە بىرەر دورىغا زۆرۈرىيەت بولمايدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا ھېق تۇتۇش داۋاملىشىپ، قاتتىق بىئارام قىلىدۇ ۋە ھېچقانداق چارىلەر ئۈنۈم بەرمەيدۇ، ھەتتا ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ.

دائىم ھېق تۇتۇش: ئۆتكۈر ھالەتلەردە ئەگەر ھېق تۇتۇش داۋاملاشسا، تەشەننۇجقا قارشى ھەرخىل دورىلار ئۈزۈلدۈرمەستىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: جۇۋىنە قاينىتىلمىسىغا ئوخشاش.

باشقا كېسەللىكلەر ئەگەر باشقا كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ھېق تۇتۇش بولسا، بۇنىڭغا قارىتا چارە قىلىش بىلەن بىرگە ئەسلىي كېسەللىكلەر تەرەپكە قارىتا چارە قىلىنىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئەسلىي سەۋەبىگە ئۇيغۇن غىزا قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەش، ئاشقازان غىدىقلىنىشتىن بولغان ھالەتتە يەڭگىل، لوئابلىق نەرسىلەرنى ئاز مىقداردا يېگۈزۈش، مەسىلەن: تۇخۇم ئېقىنى سۈتكە چېلىپ بېرىش، ھېق تۇتۇش ئۆتكۈر بولغان ھالەتتە پەقەت تۇخۇم ئېقى بېرىش لازىم، بۇنىڭغا ئاساسەن ئارپا ئېشى، سۈت ۋە گۈرۈچتىن ياسالغان مەززىلىك غىزا، پىرەنىك، شۆۋگۈرۈچ قاتارلىقلارمۇ ياخشى غىزالاردۇر. ئېغىر، يەللىك، تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالاردىن ھەم مۇرچ، دورا - دورمەك ۋە ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

ئاشقازاننىڭ تەتۈر لۆمۈلدىشى

بۇ كېسەللىكتە ئادەم ئاز غىزا يېسىمۇ ھەزىم بولغاندىن كېيىن قۇسۇش بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.

ئاتىلىش سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ نامى تۆۋەنكى تەرىپىدىن قايتىپ ئۈستىگە بارىدىغان نەرسىگە ئوخشىتىپ قويۇلغان ياكى ئاشقازاننىڭ تەبىئىي خىزمىتى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن شۇنداق ئاتالغان. چۈنكى ئاشقازاننىڭ تەبىئىي خىزمىتى بولسا غىزانى تۆۋەنگە ئىتتىرىشتۇر، لېكىن ئاشقازاننىڭ تەتۈر لۆمۈلدىشىدە غىزا تۆۋەنگە ئىتتىرىلىشمەي، ئەكسىچە قايتىپ ئۈستىگە بارىدۇ.

سەۋەبى ئاشقازان چىقىش ئېغىزى بىلەن تۇتىشىدىغان بىرىنچى ئۈچەي ئون ئىككى بارماق ئۈچەي نامى بىلەن، ئىككىنچى ئۈچەي ئاچچىق ئۈچەي نامى بىلەن مەشھۇردۇر. ئاچچىق ئۈچەي ئون ئىككى بارماق ئۈچەي بىلەن تۇتىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ شىللىق پەردىسى ئوگاي تۆكۈلىدۇ (ئاچچىق ئۈچەيدە شىللىق پەردە تۆكۈلۈش، غىدىقلىنىش پەيدا بولىدۇ). ئەگەر ھەزىم بولغان غىزا، ئاچچىق ئۈچەيگە يېتىپ بارسا، ئېچىشىشقا سەۋەبچى بولىدۇ (يەنى غىزانىڭ ئېچىشتۇرغۇچى كەيپىياتى ئۆتكۈرلۈك، تۇزلۇقلۇق، چۈچۈمەللىك، ئاچچىقلىق بولىدۇ) ياكى غىزانىڭ بۇزۇلۇشى ئاچچىق ئۈچەيگە تەسىر قىلىپ ئېچىشىش پەيدا قىلىدۇ. ئېچىشىش سەۋەبىدىن بۇ ئۈچەيلەر ھەزىم بولغان غىزالارنى ئالدى تەرەپكە ئىتتىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە غىزا قايتىپ ئاشقازان تەرەپكە بارىدۇ، ئاشقازانمۇ ھەزىم بولۇپ بولغان غىزانى سىغدۇرماي قىزىلئۆڭگەچ تەرەپكە ئىتتىرىدۇ، قىزىلئۆڭگەچ تەرەپكە ئىتتىرىش ئاشقازان ئۈچۈن ئاساندۇر. شۇنىڭ بىلەن غىزا قۇسۇش يولى ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.

پەرقى ئاشقازاننىڭ تەتۈر لۆمۈلدىشى بىلەن ئۈچەي تولغىشىپ قېلىشىنىڭ پەرقى: ئۈچەي تولغىشىپ قېلىشتا چوڭ تەرەتكە ئوخشاش سېسىق پۇراقلىق قۇسۇق ئاززاق چىقىدۇ. چۈنكى ھەزىم بولغان غىزا ئىنچىكە ئۈچەيلەردە ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ بۇزۇلىدۇ. ئۈچەي شىلىق پەردىلىرى تۆكۈلۈشتىن بولغان قۇسۇشتا تۆكۈلگەن نېپىز شىلىق پەردىلەر چىقىدۇ ھەمدە ئاچچىق ۋە ئۆتكۈر تەملىك نەرسىلەرنى يېيىش بىلەن ئاغرىق ۋە ئېچىشىش ئېغىرلاپ كېتىدۇ.

داۋالاش چاپلاشقاق نەرسىلەر بىلەن داۋالىنىدۇ. بۇ ئۈچەي غىدىقلىنىشتا سۆزلىنىدۇ.

ئاشقازان مەنبەلىك بىئاراملىق

بەزىدە بىمار ئاشقازان سەۋەبىدىن بىئارام بولۇپ، روھى چۈشكۈن بولۇپ قالىدۇ ۋە پەرىشانلىق بىلەن ئۇۋ - سول تەرىپىنى ئالماشتۇرۇپ ياتىدۇ. بۇ ئالامەتلەر بىلەن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كۆڭۈل ئېلىشىشمۇ بولىدۇ.

سەۋەبى ئاشقازان مەنبەلىك بىئاراملىقنىڭ سەۋەبى كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەيدا قىلغۇچى ماددا بولىدۇ. جۈملىدىن بۇ ماددا ئاشقازان جەۋھىرى بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ. ئەگەر كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەيدا قىلغۇچى ماددىلار ئاشقازانغا يىغىلغان بولسا، ، كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەيدا قىلىدۇ، ئەگەر ئاشقازان جەۋھىرى بىلەن بىرلەشكەن بولسا، بىئارام بولۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاشقازاندا پەيدا بولغان ياكى جىگەردىن كەلگەن زىيانلىق ماددىلار ئىسسىقلىق يەنى سەپرادىنلا بولىدۇ.

داۋالاش مۇمكىن بولسا، ئۇ ماددىلاردىن ئاشقازان تازىلىنىدۇ، يەنى ئىسسىق سۇ ۋە سىركەنجۇبىل بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ، ئىچكى ۋە تاشقى چارىلەر بىلەن ئاشقازانغا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ مەقسەت بىلەن ئالما شەربىتى ياكى بېھى شەربىتىگە تەرخەمەك سۈيى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. تاباشىرنى قەنت شەربىتىگە قوشۇپ، ئارپا تالقىنى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئاشقازان ساھەسىگە سەندەل، قىزىلگۈل، كافۇر ۋە قاپاق پوستى قاتارلىقلار زىمات قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ماددىلار سوغۇق بولسا، بۇزۇلۇشتىن، مەسىلەن: چۈچۈمەل، تۇزلۇق ۋە ناپاكلىقتىن خالىي بولمىسا، ئاشقازاننى ئۇلاردىن تازىلاش ئۈچۈن كەسكۈچى بولغان دورىلار بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: ھەسەلدىن تەييارلانغان سىركەنجۇبىلگە سېرىقچېچەك قايىنتىلمىسى قوشۇلىدۇ. ياكى ئۇلارنى لەتىفلەشتۈرگۈچى (سۇيۇلدۇرغۇچى) دورىلاردىن ئەرقى بەديان ۋە ئەفسەنتىن شەربىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئاشقازان لىكىلداش

بەزىدە ئاشقازاندا لىكىلداش ھەرىكىتى پەيدا بولىدۇ، يەنى ئاشقازان يۈرەككە ئوخشاش تىترەيدۇ، بۇ لىكىلداش باشقا مۇسكۇللاردىكىگە ئوخشاش بولماستىن، بەلكى خەفەقانى قەلبكە ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر لىكىلداش ھەرىكىتى ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ياكى ئاشقازاننىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىدە بولسا، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا مۇناسىۋەتلىك ۋە تۇتاشلىقى سەۋەبىدىن يۈرەكتە خەفەقان ۋە بەزىدە ئايلىنىپ كېتىشمۇ كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى

1. **خىلىت ئەزىيىتىدىن بولغان ئاشقازان لىكىلداش:** بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئاشقازاندىكى ئەزىيەت بولىدۇ، ئەزىيەت ياكى ئاشقازانغا يىغىلىۋالغان سوغۇق ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ ياكى جىگەر قاتارلىقلاردىن كەلگەن ماددىلاردىن بولىدۇ ياكى ئېچىشتۇرغۇچى خىلىت سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئېچىشتۇرغۇچى خىلىت ئاشقازان قەۋەتلىرىدە توسۇلۇپ بىرلىشىدۇ. ئېچىشتۇرغۇچى خىلىتنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن چىقىرىپ تاشلاش قۇۋۋىتى ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە بۇ لىكىلداش ھەرىكىتى ئاشكارا بولىدۇ. ئېچىشتۇرغۇچى خىلىتتىن بولغان تۈرىدە بەزى چاغلاردا كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشمۇ بولىدۇ.

2. **قۇرتتىن بولغان ئاشقازان لىكىلداش:** بەزىدە ئۈچەيلەردىكى قۇرت ئاشقازانغا بارغانلىقتىن ئاشقازان ئەزىيەتلىنىپ لىكىلدايدۇ. بۇ ھالەت قەۋزىيەت ھالىتىدە ئۈچەيلەرگە سەپرا قۇيۇلغان ۋاقىتتا بولىدۇ، يەنى قۇرتلار سەپرانىڭ ئاچچىقلىقى ۋە ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن ئەزىيەتلىنىپ ئاشقازان تەرەپكە ئۆرلەيدۇ.

ئالامىتى

1. **خىلىت ئەزىيىتىدىن بولغان ئاشقازان لىكىلداشنىڭ ئالامىتى:** بۇنىڭدا شۇ خىلىتنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ.

2. **قۇرتتىن بولغان ئاشقازان لىكىلداشنىڭ ئالامىتى:** قەۋزىيەت بولىدۇ، ئۈچەيلەردە ئاغرىق بولىدۇ، داۋاملىق كۆڭۈل ئېلىشىدۇ، ئاشقازاندا چۈمۈلە ئۆمىلىگەندەك سېزىم بولىدۇ. ئاشقازاننى بىرەر نەرسە سىقىۋاتقاندەك مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش

1. **خىلىت ئەزىيىتىدىن بولغان ئاشقازان لىكىلداشنى داۋالاش:** بۇنى داۋالاشتا قايسى تۈردىكى خىلىتلار ۋە ماددىلاردىن كېسەللىك پەيدا بولغانلىقىغا قاراش، ئاندىن ئۇلارنى

قۇستۇرۇش ۋە ئىچىنى سۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش لازىم.

2. قۇرتتىن بولغان ئاشقازان لىكىلداشنى داۋالاش: بۇنىڭدا ھۆقنىلەر ئارقىلىق چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ. ھۆقنىلەرنىڭ نۇسخىسى قۇلۇنجىدا سۆزلىنىدۇ. ھۆقنىدىن كېيىن قۇرتلارنى ئۆلتۈرگۈچى ۋە چۈشۈرگۈچى چارىلەرنى قىلىنىدۇ. بۇ قۇرتلارنىڭ بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقى

ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقىنى ئادەتتىكى كىشىلەر ئوردۇ تىلىدا «كىلىجىكادەرد»، ئەرەب تىلىدا «ۋەجئۇل فەۋاد»، «ۋەجئۇل قەلب» دەپ ئاتايدۇ.

لېكىن ئاغرىق جىگەر، يۈرەكتە بولماي، بەلكى ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا بولىدۇ. چۈنكى يۈرەك جىگەر بىلەن يېقىن. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە كىشىلەر ئۇ ئەزالارنىڭ ئاغرىقىنى روشەن ئايرىيالمايدۇ.

جالىنۇس ئېيتقانكى، ئەگەر ئادەملەر ساڭا يۈرىكىدە ئاغرىق ياكى كېسەللىك بارلىقىنىڭ شىكايىتىنى قىلسا، سەن ئويلىشىڭ لازىمكى، يۈرىكىم دېگىنى ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدۇر. چۈنكى ئئورتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇش سەۋەبىدىن يۈرەك ناھايىتى تېز ئاشقازان كىرىش ئېغىزى كېسەللىكلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

بۇ ئەھۋال ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقىنى جىگەر ئاغرىقى، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدىكى ئېچىشىشنى جىگەرنىڭ ئېچىشىشى دەپ ئاتايدىغان دۆلەتتە ياشايدىغانلاردا بولىدۇ.

بەزى يېقىنقى زاماندا ئۆتكەنلەر ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقىنى جىگەر ياكى يۈرەكنىڭ ئېچىشىشى، دەپ يازغان، لېكىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقىنىڭ ئالامەتلىرىدە ئايلىنىپ كېتىشنىڭ بىرەر بايانى يوق. يازغۇچ ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقىنىڭ نىڭ ئالامەتلىرىدە ئايلىنىپ كېتىشنى بايان قىلغان. ھالبۇكى، ئايلىنىپ كېتىش ھەقىقي يۈرەك ئاغرىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشتىن ياكى سەپراۋى ماددىنىڭ قۇيۇلۇشىدىن بولىدۇ.

ئالامىتى ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ سېزىمى ناھايىتى ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاغرىق ۋە ھوشسىزلىنىش بىرقەدەر ئۆتكۈر بولىدۇكى، بىمار ئۆتكۈرلۈك سەۋەبىدىن بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بەلكى ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە يۈرەكنىڭ يېقىنلىقى سەۋەبىدىن روھ تارقاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، قول - پۇتى مۇزلايدۇ.

داۋالاش ئاشقازان ئاغرىقى ۋە ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ (ماددىلىق بولسۇن ياكى ماددىسىز بولسۇن) تەپسىلاتى داۋالاشلىرى بىلەن سۆزلىنىپ بولدى.

ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقى: بىلەن ئومۇمىي ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ پەرقى: ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقىدا ئاغرىق ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا، يۈرەككە يېقىن جايدا بولىدۇ، بىمار يۈرەك ساھەسىدە ئاغرىق ۋە ئېچىشىش بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئومۇمىي ئاشقازان ئاغرىقىدا بىمار پۈتۈن ئاشقازىنىدا ئاغرىق بارلىقىنىڭ شىكايىتىنى قىلىدۇ. قالغان سەۋەبلىرى، ئالامەتلىرى ۋە داۋالاشلىرى ئوخشاش بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن داۋالاش قاتارلىقلاردا ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ ئۇسۇلى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئاشقازان كۆيۈشۈش

سەۋەبى

1. **غىزانىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان ئاشقازان كۆيۈشۈش:** بۇ بەزىدە خام ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان نەرسىلەرنى يېيىشتىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: پېتىر نان (خېمىرتۇرۇچ سېلىنمىغان) ۋە خام مېۋىلەر. بۇ نەرسىلەر ئۇزۇندا ھەزىم بولۇش سەۋەبىدىن ئاشقازاندا ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىپ، ئاشقازاندىن ئۈچەي تەرەپكە تېز ئۆتەلمەيدۇ، بەلكى ئاشقازان ئىچىدە بۇزۇلۇپ چۈچۈمەل بولۇپ قالىدۇ، شۇنچىلىك چۈچۈمەللىكى ئۇنىڭدىن چىش قامايدۇ ۋە ئاشقازانىنىڭ كۆيۈشۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

كۆيۈشتۈرگۈچى سەۋەب پەيدا بولۇش بىلەن بىرگە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاشقازانغا بىرەر خام ھۆللۈكمۇ يىغىلىپ قالىدۇ. ئەگەر ھۆللۈككە ئاجىز ھارارەت تەسىر قىلغان بولسا، ھۆللۈك چۈچۈمەل بولۇپ قالىدۇ. يەنى ھەزىم ئاجىزلاش سەۋەبىدىن يىغىلىپ قالغان ھۆللۈكتە بۇزۇلۇش باشلىنىدۇ ۋە ھۆللۈكنىڭ بەزى تەركىبلىرى ئاخىرىدا چۈچۈمەللىككە ئۆزگىرىدۇ.

2. **ئاشقازان كىسلاتاسى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان ئاشقازان كۆيۈشۈش:** بەزىدە ئاشقازان كۆيۈشۈش ئاشقازان كىسلاتاسى كۆپ سىرغىپ چىققان چاغدا بولىدۇ.

پەرقى غىزا بۇزۇلۇشتىن بولغان ئاشقازان كۆيۈشۈش بىلەن ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان ئاشقازان كۆيۈشۈشىنىڭ پەرقى: بىرىنچى تۈرى ئېغىر غىزالارنى يېگەندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ، يەنى غىزا ھەزىم بولۇشقا باشلىغان ۋە ئۆزگىرىپ چۈچۈمەل بولغان چاغدا. لېكىن ئىككىنچى تۈرى ئەتىگەنلىك ناشتىدا ۋە قورساق ئاچقان ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ، يەنى غىزا ھەزىم بولۇشقا باشلىغان ۋە ئۆزگىرىپ چۈچۈمەل بولغان چاغدا. بىرىنچى

تۈرى قورساق ئاچقان ھالەتتە يوقايدۇ. ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان تۈرى ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ كۆپلەپ سىرغىپ چىقىشىدىن پەيدا بولۇپ، تاماق يېگەندىن كېيىن يوقايدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە غىزا ئاشقازان كىسلاتاسى بىلەن ئارىلىشىدۇ.

داۋالاش بىرىنچى تۈرىنىڭ ئىلاجى: سېرىقچېچەك ۋە تۇرۇپ سۈيى، ھەسەل ۋە تۇز ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن پەقەت قۇرۇتقۇچى غىزالار ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان قورۇلغان گۆشكە قانائەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: قورۇما، يەنى مايدا قورۇلغان دورا - دەرمەكلىك گۆش قاتارلىقلار.

ئىككىنچى تۈرىنىڭ ئىلاجى: سول قولنىڭ ئۇسەيلىم تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ، سىركەنجۇبىل بۇزۇرى ئىچكۈزۈلىدۇ، ھېلىلە ۋە ئامىلە مۇراببباسى يېگۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخىمۇ پايدىلىق:

كەندىر تۇزى، كۇندۇش تۇزى، تۇرۇپ تۇزى، پىننە يوپۇرمىقى تۇزى، ياۋا پىدىگەن تۇزى، جۇۋنە جەۋھىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، سالايە ھاۋانچىسىدا سالايە قىلىپ يېگەندىن كېيىن ئىككى دانە ھەببى كەبەد نۇشدارى ياكى ئىككى دانە ھەببى ئابدىملىك ياكى ئۈچ گىرام نەمەك سۇلايمانى يېگۈزۈلىدۇ.

ئاشقازان قىچىشىش ۋە غىدىقلىنىش

سەۋەبى بىرىنچى، بىرەر ئۆتكۈر ۋە غىدىقلىغۇچى خىلىت بولىدۇ. ئۆتكۈر ۋە غىدىقلىغۇچى خىلىت بەزى ئەزالاردىن ئاشقازانغا سىرغىپ چىقىدۇ، بۇ، قىچىشقاق پەيدا قىلىدىغان خىلىتلارغا ئوخشاش بولىدۇ. ئىككىنچى، ئاشقازان ئىچكى يۈزىگە چىققان كىچىك مۇدۇر - چاقىلار سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ مۇدۇر - چاقىلارنىڭ تۈرىمۇ قىچىشقاق مۇدۇر - چاقىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ.

پەرقى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈرىنىڭ پەرقى: بىرىنچى تۈرىدە (خىلىتتىن بولغىنى) ئاشقازان غىزانى قورشاپ ھەزىم قىلىدۇ. ئىككىنچى تۈرىدە (مۇدۇر - چاقىدىن بولغىنى) ئاشقازان غىزانى قورشاپ ھەزىم قىلالماي، بەلكى غىزانى پىشۇرماي خام پېتى چىقىرىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

داۋالاش بىرىنچى تۈرىنى داۋالاشتا بۇ ماددىلار چىقىرىپ تاشلىنىپ ئاشقازانغا قۇۋۋەت يەتكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى تۈرىنى داۋالاش ئىچ سۈرۈش كېسىلىدە سۆزلىنىدۇ.

ئاشقازان تۆۋەنلەش

ئاشقازان تۆۋەنلەش، ئاشقازان بۇزۇلغان ھۆللۈكلەر بىلەن ھۆللىنىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھۆللۈكلەردىن بەزىدە ئاشقازان بوشاپ كېتىدۇ، يەنى ئاشقازاننىڭ توقۇلما تالالىرى بوشاپ كېتىدۇ، بەزىدە ئاشقازاننى باشقا ئەزالار بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان تارىمۇشلار بوشاپ كېتىدۇ.

ئاشقازان تۆۋەنلەش بەدەننى ئاجىزلاتقۇچى كېسەللىكتۇر. يەنە بۇ ئاجىزلاپ كەتكەنلەردە پەيدا بولىدۇ. بەزى چاغدا بىمارنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئالدى تەرىپى كۆتۈرۈلۈپ، دۈمبىسى ئىچىگە بېسىلىپ كېتىدۇ ھەمدە ھەزىم ھەر ۋاقىت بۇزۇلغان بولىدۇ.

داۋالاش پالەچ ۋە ئىسترخانىڭ ئۇسۇلىدا داۋالاشقا تىرىشىش لازىم، بۇنىڭ بايانى سۆزلىنىپ بولدى. لېكىن بۇ يەردە خۇش پۇراق ۋە قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار، يەنى بىرقەدەر قۇرۇق ۋە قابىز غىزالار مۇناسىپ كېلىدۇ.

كۇچۇلا تەركىبلىك دورىلار بۇ ھالەتتە زىيادە مەنپەئەتلىك بولىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن ھەببى ئابىدىمىلىكمۇ كۇچۇلا تەركىبلىك دورىلارغا يېقىندۇر.

ئاشقازان تارىمۇشلىرىنىڭ بوشاپ كېتىشى

بىمارنىڭ بىرەر كېسەللىك بىلەن ئۇزاق مەزگىل ئاغرىشى، ۋاقتىدا داۋالانماسلىقى ۋە قالايمىقان ئوزۇقلىنىشىدىن ياكى قۇسۇش، ئىچ سۈرۈشنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاشقازان توقۇلمىسى بوشاپ ۋە ئاجىزلاپ، ئاشقازان تالالىرى ئورۇقلايدۇ ۋە ئاقىۋەتتە باشنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرى (ئوزۇقلۇق تەلەپ قىلىش، ئۇنى توختىتىش، ھەزىم قىلىش، ئارتۇق ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلاش) ئاجىزلايدۇ.

ئالامىتى غىزا ھەزىم بولمايلا چىقىدۇ، لېكىن تەستە چىقىدۇ، ھەتتاكى بەزى چاغلاردا ئىچىنى سۈرگۈچى دورا ياكى ھۆقنە ئارقىلىق چىقىدۇ. چوڭ تەرەت كەلمەسلىك بىلەن بەدىنىمۇ ناھايىتى ئاجىز، قورسىقى ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن، ئىشتىھاسى پۈتۈنلەي تۇتۇلغان بولىدۇ، بۇ ھالەتنى داۋالىغىلى بولمايدۇ.

ئاشقازان تارتىشىپ قېلىش

ئاشقازان تارتىشىپ قېلىشتا باشقا ئەزالارغا ئوخشاش بەزى ۋاقىتلاردا ئاشقازاننىڭ تارمۇشلىرى يىغىلىپ كىچىكلەپ قالىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاشقازاننىڭ بىر تەرىپى كىچىكلەپ قالىدۇ ۋە ئاشقازاننىڭ غىزا سىغىمچانلىقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ھەمدە ئاشقازاننىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئاشقازاننى تۇتۇپ تۇرغۇچى تارمۇشلار كىچىكلەيدۇ.

ئالامىتى غىزا ئاشقازاندا توختىمايدۇ، بىمار بىر تەرىپى بىلەن ياتىدۇ ياكى ئالدىغا ئېگىلىپ قېلىپ تۈز تۇرۇشى مۇمكىن بولمايدۇ.

داۋالاش تەشەننۇجنى داۋالاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش داۋالاش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئاشقازاننى كۈچەيتىش، جىسمانىي قۇۋۋەتنى نورمال ھالەتتە ساقلاشقا تىرىشىش لازىم. موم يېغىغا قىزىلگۈل، قومۇش، قورۇلغان نان قاتارلىقلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئاشقازان ساھەسىگە زىمات قىلىش، كەكلىكنىڭ ئىچى باغرىنى ئېلىۋېتىپ، تونۇردا كۆيدۈرۈپ 3 ~ 6 گىرامغىچە ئاس شەربىتى بىلەن قوشۇپ يالىتىش لازىم.

كېسەلدە ياخشىلىنىش بولغۇچە غىزاسىغا كەكلىك قورۇمىسى، شارابقا چىلانغان نان قوشۇپ يېگۈزۈش لازىم. بۇرۇن تۆشۈكىنى ھەر ۋاقىت بېھى ۋە ئالما سۈيى بىلەن نەمدەپ بەرسىمۇ ئاغرىق پەسەيتىدۇ. بۇ كېسەللىك ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ ۋە داۋالاش قىيىن بولىدۇ. ئاشقازان تارتىشىپ قېلىش داۋالىغۇچىنى ھاردۇرۇپ قويىدۇ.

ئاشقازان تارتىشىپ قېلىش كېسەللىكىنىڭ باياننى سەمەرقەندى تەشەننۇجى مەئدە نامى بىلەن يازغان. تەشەننۇجنىڭ مەنىسى يىغىلىپ قېلىش، قىسقىرىپ قېلىشتۇر. بۇ ئېنىقكى، ئاشقازان تارمۇشلىرىدا قىسقىرىش كۆرۈلمىسە، ئاشقازان كىچىكلەپ قالمايدۇ.

ئاشقازان قېتىش

بەزىدە ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ۋە ئاشقازان تېگى بىر قىسىم قويۇق ماددىلار سەۋەبىدىن قېتىپ قالىدۇ. بۇ ماددا قان تومۇر ئارقىلىق ئاشقازان تېگىگە كىرىپ ئىششىققا ئوخشاش بىر نەرسە پەيدا قىلىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئىششىق ئەمەس.

تال مەنبەلىك ئاشقازان قېتىش بەزى ۋاقىتتا بۇ خىل تال كېسەللىكى ئاشقازاننىڭ قوشنا قىسىملىرىغا تەسىر قىلىپ، شېرىكىي كېسەللىك شەكىللەندۈرىدۇ.

ئالامىتى كۆز بۇرجەكلىرىدە ئىششىپ قېلىش مەلۇم بولىدۇ. تۆكۈرۈك كۆپ مىقداردا چىقىدۇ، بەزىدە ئاشقازان ساھەسىدە سىلاش بىلەن قاتتىقلىق ئاشكارا بولىدۇ، بىمار ئۆرۈلەلمەيدۇ، سەجدە قىلغان ۋاقىتتا ۋە تائام يۇتقاندا، بولۇپمۇ لوقما چوڭ ۋە قاتتىق بولغاندا ئاشقازاندا ئاغرىق بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر مىزاجى ئىسسىق، ئەۋرىشكە سۈيدۈكى قارامتۇل قىزىل بولسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش، غىزاسىغا گۆش سالماسلىق، ئىششىقنى يۇمشاتقۇچى، تارقاتقۇچى دورىلارغا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى قوشۇپ زىمات قىلىش، مەسىلەن: ئىتئۈزۈمى، بابۇنە، بىنەپشە، ئارپا ئۇنى، ئىكلىلمىلىك، بىخ سەۋسەن قاتارلىقلارغا موم، گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى قوشۇپ زىمات قىلىش لازىم.

ئەگەر ئەۋرىشكە سۈيدۈكى ئاق، مىزاجى سوغۇق بولسا، قويۇق ماددىلارنى تارقاتقۇچى ھۆقنە قىلىش، مەسىلەن: ئەفتىمۇن، بىستىپايەج، بىخسۇس، ئاق لەيلى يىلتىزى، زاراڭزا ئۇسارىسى (زاراڭزا يوپۇرمىقى ئەرقى) قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىسىغا خىيارشەنبەر، ھەسەل سۈيى، كۈنجۈت يېغى قوشۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ. ئىششىقنى يۇمشاتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى زىماتلار چىپىلىدۇ. مەسىلەن: بىنەپشە، بابۇنە، سۇمبۇل، ئىزخىر، شۇمشا تالقىنى، بەكائىن ئۇرۇقى، مۇقەل، ئاچچىق بادام قاتارلىقلارغا زىغىر لۇئابى، بەكائىن يېغى، موم، توخۇ يېغى قاتارلىقلارنى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ لازىم.

تال مەنبەلىك ئاشقازان قېتىشنى داۋالاش تالدىن بولغان ئاشقازان قېتىشنى داۋالاشتا تال تەرەپكە يۈزلىنىپ داۋالاش، يەنى تال قېتىشنى داۋالاش لازىم.

قورساق مۇسكۇلى قېتىش

بۇ، قورساقنىڭ ئاشقازان ساھەسىگە جايلاشقان مۇسكۇلىدا يۈز بېرىدۇ. ئاشقازان كېسەللىكلىرىدە بۇ مۇسكۇللارنىڭ كېسەللىكىنى بايان قىلىش، بەزى ۋاقىتتا قورساق مۇسكۇللىرى ئىششىقلىرى بىلەن ئاشقازان ئىششىقلىرىدا ئوخشاشلىق بولىدىغانلىقى مۇناسىۋىتى ۋە ئەمەلىي زۆرۈرىيەتتىن سۆزلەنگەن.

بۇ مۇسكۇللارنىڭ قېتىشمۇ ئاشقازان قېتىشقا ئوخشاش قويۇق خىلىتتىن پەيدا بولىدۇ. قويۇق خىلىتلار قورساق مۇسكۇللىرىغا تارقىلىپ ئىششىق پەيدا قىلماي قېتىشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش ئاشقازان قېتىش ۋە قورساق مۇسكۇللىرى قېتىش

شەكلى، ئورنى، خىزمەتلىرىنىڭ نورمال ۋە نورمالسىزلىقى قاتارلىقلار بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

شەكىل ئېتىبارى بىلەن ئاشقازان قېتىش يۇمىلاق ۋە كەڭرى بولىدۇ، چېگراسىنى ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مۇسكۇللاردىكى قېتىش ئۇزۇنچاق بولۇپ، چاشقان قۇيرۇقىدەك بىر تەرىپى توم، يەنە بىر تەرىپى ئىنچىكە بولىدۇ ۋە چېگراسى ئېنىق بولمايدۇ.

ئورۇن ئېتىبارى بىلەن ئاشقازان قېتىش خەنجەرسىمان ئۆسۈكچىدىن كىندىككىچە بولىدۇ. قورساق مۇسكۇللىرى تۆت جۈپ بولۇپ، بىر جۈپى توغرىسىغا، بىر جۈپى ئۇزۇنىسىغا ۋە ئىككى جۈپى قىيپاش ھالەتتە بولىدۇ.

ئەگەر خىزمەت ئېتىبارى بىلەن قېتىش خاس ئاشقازاندا بولسا، ئاشقازاننىڭ خىزمەتلىرى نورمالسىز، ئەگەر مۇسكۇللاردا بولسا، ئاشقازاننىڭ خىزمەتلىرى نورمال بولىدۇ.

داۋالاش مىزاجنىڭ سوغۇق ياكى ئىسسىقتىن بۇزۇلغانلىقىنى كۆزىتىپ، مىزاج مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىنىدۇ، زىمات چېپىلىدۇ، ياغلىنىدۇ، نۇتۇل قىلىنىدۇ ۋە باشقا چارىلەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر مىزاجى ئىسسىقتىن بۇزۇلغان بولسا، شاھتەررە، تەمرى ھىندى، خىيارشەنبەر ۋە تەرەنجىبىن قاتارلىقلارنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئەفتىمۇن ۋە غارىقۇن قاينىتىلمىسى ۋە قويۇق ماددىلارنىڭ مۇسھىلى بولغان دورىلار بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر مىزاجى ئىسسىق بولسا بىنەپشە، قىزىلگۈل، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، ئاق لەيلى يىلتىزى قاتارلىقلارغا موم ۋە گۈل يېغى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ. مىزاجى سوغۇق بولسا، ئۇشەق، مۇقەل، كەرنۇب يىلتىزىنىڭ كۈلى، قۇندۇز قەھرى، زەپەر قاتارلىقلار سېرىقچېچەك ئۇرۇقى لۇئابى، زەيتۇن يېغى ۋە ھايۋاننىڭ كونىرىغان يېغى بىلەن زىمات قىلىنىدۇ.

ئۈچەي كېسەللىكلىرى

ئۈچەينىڭ تەشرىھى

ئۈچەي ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ئىنچىكە ئۈچەي (ئەمئائى دىقاق). بۇ، ئاشقازاندىن باشلىنىپ چوڭ ئۈچەيدە ئاخىرلىشىدۇ، شۇنداقلا ئون ئىككى بارماق ئۈچەي، ئاچچىق ئۈچەي، يانپاش ئۈچەيدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يەنە بىرى، توم يەنى چوڭ ئۈچەي (ئەمئائى غەلاز). بۇ، ئىنچىكە ئۈچەيدىن باشلىنىپ تۈز ئۈچەيدە توختايدۇ، بۇمۇ قارىغۇ ئۈچەي، بوغماق ئۈچەي، تۈز ئۈچەيدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئون ئىككى بارماق ئۈچەي بۇ، بىرىنچى ئۈچەي بولۇپ، ئاشقازان چىقىش ئېغىزىدىن باشلىنىپ ئاچچىق ئۈچەيدە ئاخىرلىشىدۇ. سەپرا كانىلى بۇنىڭغا كېلىپ ئېغىز ئاچىدۇ ۋە سەپرا بۇنىڭغا قۇيۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 12 ئىلىك بولىدۇ. بۇ، ئۈچەي بەلنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئومۇرتقىسى ئۇدۇلىدا بولىدۇ.

ئاچچىق ئۈچەي بۇ، ئىككىنچى ئۈچەي بولۇپ، ئون ئىككى بارماق ئۈچەيدىن باشلىنىپ يانپاش ئۈچەيدە ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ گەز كېلىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن بۇ ئۈچەي ئادەتتە بوش بولىدۇ. بۇ ئۈچەينىڭ قورساقتىكى بېشى ۋە ئاخىرلىشىش ئورنى سول تەرەپ يېرىقتا بولىدۇ.

يانپاش ئۈچەي بۇ ئۈچەي پۈتۈن ئۈچەيلەردىن نېپىز ۋە ئىنچىكە بولىدۇ. بۇ، ئاچچىق ئۈچەيدىن باشلىنىپ قارىغۇ ئۈچەيدە ئاخىرلىشىدۇ، بۇنىڭ ئاخىرلىشىش ئورنى ئوڭ تەرەپ يېرىقتا بولىدۇ.

قارىغۇ ئۈچەي بۇ، بىر خالتىسىمان ئەزا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى تەخمىنەن بىر يېرىم قىرات (ئىككى يېرىم ئىلىك) كېلىدۇ. يانپاش ئۈچەي بۇنىڭدا ئاخىرلىشىدۇ ۋە بوغماق ئۈچەي بۇ يەردىن باشلىنىدۇ. بۇ ئوڭ تەرەپ يېرىقتا بولىدۇ. بۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئادەتتىكى قەلەم چوڭلۇقىدا توم، قۇرت شەكىللىك ئۈچتىن ئالتە قىراتقىچە (2 ~ 10 ئىلىككىچە)

ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆسۈكچە بولىدۇ. بۇ، سازاڭسىمان ئۆسۈكچە دېيىلىدۇ. يانپاش ئۈچەي ۋە قارىغۇ ئۈچەي تۇتاشقان ئورۇندا بىر كىلاپان بولۇپ، بۇ قارىغۇ ئۈچەيدىكى غىزا قاتارلىقلارنىڭ يانپاش ئۈچەيگە قايتىپ كېتىشىنى توسىدۇ.

بوغماق ئۈچەي بۇ چوڭ ئۈچەيلەر ئىچىدە ھەممىدىن چوڭى ھېسابلىنىدۇ. تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى بۆلىكى قارىغۇ ئۈچەيدىن باشلىنىپ ئۈستى تەرەپكە ئۆرلەيدۇ (ئۆرلىگۈچى بۆلەك)، ئىككىنچى بۆلىكى ئۈستى تەرەپتىن سول تەرەپكە توغرىسىغا مېڭىپ جىگەردىن تالغىچە بارىدۇ. ئۈچىنچى بۆلىكى بۇ يەردىن تۆۋەنگە چۈشۈپ بىر ئەگمىدە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ «S» شەكىللىك بوغماق ئۈچەي دەپ ئاتىلىدۇ. تۆتىنچى بۆلىكى مۇشۇ ئەگمە بولۇپ، تۈز ئۈچەيدە ئاخىرلىشىدۇ، بۇ دەسلەپتە ئوڭ تەرەپ يىرىقتا بولۇپ، ئوڭ تەرەپ بەلدىن قوۋۇرغا بىرلەشمىسىگىچە بېرىپ، باش قىسمى ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ سول تەرەپ بەلگىچە بارىدۇ، ئاندىن ئاستىغا تۆۋەنلەپ سول تەرەپ يىرىققىچە يېتىپ بارىدۇ. بوغماق ئۈچەينىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن تۆت قەدەم (بىر مېتىردىن ئۇزۇنراق) بولىدۇ.

تۈز ئۈچەي بۇ بىر تۈز ھالەتتىكى ئاخىرقى ئۈچەيدۇر، بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 12 ئىلىك بولىدۇ. بۇ، بوغماق ئۈچەي ئەگمىسىدىن باشلىنىپ مەقئەتتە ئاخىرلىشىدۇ، بۇنىڭ ئالدىدا ئەرلەردە دوۋساق، ئاياللاردا بالىياتقۇ ۋە جىنسىي يول بولىدۇ.

ئۈچەينىڭ تۈزۈلۈشى ئاشقازانغا ئوخشاش ئۈچەينىڭ تۈزۈلۈشىدىمۇ سىرتقى تەرىپىنى قورساق ئورىغۇچى پەردە ئەستەرلەپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسكۇل بولىدۇ، بۇنىڭ سىرتقى تەرىپىدە ئۇزۇنچاق، ئىچكى تەرىپىدە توغرا ياكى يۇمىلاق تالا بولىدۇ. بۇ تالالارنىڭ قىسقىرىشىدىن ئۈچەيلەردە بىر تۈرلۈك ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ھەرىكىتى قۇرتنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، قۇرتسىمان ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ھەرىكىتى سەۋەبىدىن غىزا ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈستىدىن ئاستى تەرەپكە تەدرىجىي ماڭىدۇ. مۇسكۇل قەۋەت ئاستىدا قان تومۇر، نېرۋا قاتارلىقلار تارقالغان توقۇلما بولىدۇ (شىللىق پەردە ئاستى توقۇلمىسى).

ھەممىدىن ئىچىدىكىسى شىللىق پەردە ئەستىرى بولۇپ، بۇنى چاپلاشقاق سۇيۇقلۇق ئوراپ تۇرىدۇ، بۇ غىشائى سەھرۇجمۇ دېيىلىدۇ. بۇ پەردىدىن غىزانى ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ھۆللۈكلەر ئاجرىلىپ چىقىدۇ. بۇ پەردىنىڭ ئىچكى يۈزىدە ئىنتايىن كىچىك قاپارتمىلار بولۇپ، بۇ ئۈچەي تىۋىتچىسى دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك شىللىق پەردىدە توغرىسىغا نۇرغۇنلىغان پۈرمىلەر بولۇپ، بۇ سەماماتى مۇتەقارىبە دېيىلىدۇ.

ئەگەر غىزا ئاشقازاندىن ئۆز ۋاقتىدا ئۆتۈپ ئۈچەيگە يېتىپ بارسا، ئۈچەيدە ئۇ غىزا بىلەن ئۈچ تۈرلۈك سۈيۇقلۇق بىرلىشىدۇ. بىرىنچى، سەپرا؛ ئىككىنچى، ئاشقازان ئاستى بېزى سۈيۇقلۇقى؛ ئۈچىنچى، ئۈچەي سۈيۇقلۇقى.

ئۈچەيدىكى ھەزىمدە بۇ ئۈچ خىل سۈيۇقلۇق بىرلىشىپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۈچەي ھەزىمى ئەمەلىيەتتە ئاشقازان ھەزىمىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئاشقازاندا ھەزىم بولماي قالغان تەركىبلەر ئۈچەيگە يېتىپ كېلىپ ھەزىم بولىدۇ. ئۈچەيدىكى غىزانىڭ ھۆللۈكلىرى، ئېرىگەن ۋە ھەزىم بولغان تەركىبلەر ماسارىقا تومۇرى، يەنى سۈمۈرگۈچى تومۇرلارغا سۈمۈرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا چوڭ ئۈچەيلەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئوزۇقلۇق تەركىبلىرى ناھايىتى ئاز قالىدۇ، خۇددى خاس چىقىرىندى ماددا قالغاندەك بولىدۇ. ئۇنىڭدا چوڭ تەرەت كەيپىياتى (پۇراق، رەڭ قاتارلىقلار ئېتىبارى بىلەن) پەيدا بولىدۇ ۋە قۇرغاقراق چوڭ تەرەت شەكىللىنىدۇ. چوڭ تەرەتنىڭ ئاز - كۆپ، قۇرۇق - سۇيۇق بولۇشى سۇ تەركىبلەرنىڭ سۈمۈرۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

غىزا جەۋھىرى ئۈچەينىڭ ھەزىم قىلىش قۇۋۋىتىدىن شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ نۇرغۇنلىغان بۆلىكى ماسارىقا تومۇر ئارقىلىق جىگەر دەرۋازىسى، جىگەر كاۋاكچىلىرى ۋە يۈرەككە يېتىپ بارىدۇ، قالغان بۆلىكى سۈمۈرگۈچى لىمفا كاناللىرى ئارقىلىق ئېقىپ بېرىپ، كۆكرەك كانىلىغا يېتىپ بارىدۇ ۋە كۆكرەك كانالچىسىدىن ئۈستىدىكى كۆك قان تومۇرلارغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يۈرەككە يېتىپ بارىدۇ.

زەرەب ۋە خەلفە

زەرەب — ئارقىمۇئارقا ئىچ سۈرۈشكە ئېيتىلىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، زەرەب ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىكى غىزالار ھەزىم بولماي، پۈتۈن بەدەننىڭ پەرۋىشى توختايدىغان، چوڭ تەرەت يولىدىن غىزالار ئارقىمۇئارقا چىقىپ كېتىدىغان ۋە ئىچى پۈتۈنلەي سۈيۇق كېلىدىغان ھالەتنىڭ نامىدۇر. بۇ ھالەت قۇۋۋىتى ماسىكە (تۇتۇش كۈچى) ئاجىزلاپ كەتكەن ۋە قۇۋۋىتى دافىئە (چىقىرىش كۈچى) ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ.

ئاتىلىشى بۇنى زەرەب دېيىشتىكى سەۋەب، زەرەبنىڭ مەنىسى بۇزۇلۇشقا تەييار تۇرۇش ۋە ئۆتكۈرلۈك بولۇشتۇر. بۇ كېسەللىكتە چوڭ تەرەت تېزلىك بىلەن چىقىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن زەرەب قويۇلغان. شۇڭلاشقا بىرەرىنىڭ ئاشقازىنى بۇزۇلغان بولسا، ئەرەبلەر «زەرەبەت مەئىدە» دەيدۇ. ئەرەبلەر زەرەبنى تىلى ئۆتكۈر (لىسانى زەرەب)، ئۆتكۈر قىلىچ (سەيغى زەرەب) دەپ ئىشلەتكەنلىكى ياكى زەرەبنىڭ مەنىسى داۋالاشقا لايىق بولمىغانلىقى، كېسەللىك خەتەرلىك

بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى زەرەب (داۋالىغىلى بولمايدىغان) دەپ قويغان.

ئەگەر زەخىم ياخشىلانمىسا داۋالىغىلى بولمايدىغان زەخىم (زەرەبۇل جەرىھ) دېيىلىدۇ.

خەلفە — بۇ غىزا قورساقتا نورمال تۇرۇش ۋاقتىدىكىدەك تۇرمايدىغان كېسەللىكتۇر. بۇنىڭدا غىزا بەزىدە تېز، بەزىدە ئۇزۇندا، بەزىدە بىرنەچچە قېتىمدا چىقىدۇ. غىزانىڭ چىقىشىدىمۇ پەرق بولىدۇ، بەزىدە ئىككى - ئۈچ قېتىمدىلا چىقىدۇ، بەزىدە غىزا ھەزىم بولغاندىن كېيىن ۋە بەزىدە بۇزۇلغاندىن كېيىن چىقىدۇ. لېكىن يازغۇچى زەرەب بىلەن خەلفىنى ئانچە پەرقلەندۈرمىگەن ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ تۈرلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ بايان قىلغان.

ئەگەر كىچىك ئۈچەينىڭ خىزمىتى ياكى تۈزۈلۈشىدە مەلۇم تۈردىكى بۇزۇلۇش پەيدا بولۇشتىن قايتا - قايتا تەشەننۇج بولماي ئىچى سۈرسە، بۇ ئىسھال دېيىلىدۇ. ئىچ سۈرۈشنىڭ سانى ۋە مىقدارى ئۈچەينىڭ قۇرتسىمان ھەرىكىتى ۋە ئۆتكۈر سىرغىما سۇيۇقلۇققا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۈچەينىڭ قۇرتسىمان ھەرىكىتى كۈچىيىپ كەتسە، ئىچ سۈرۈشنىڭ قېتىم سانى كۆپىيىدۇ. ئەگەر سىرغىما ھۆللۈكلەر كۆپەيسە، چوڭ تەرەتنىڭ مىقدارى كۆپىيىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى خىزمەت كۈچەيسە، چوڭ تەرەت قېتىم سانى ۋە مىقدارى كۆپىيىدۇ.

سەۋەبى

1. ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە بەزىدە زەرەب ۋە خەلفە (ئىختىلاف) نىڭ سەۋەبى ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن ئاشقازاندا بوشىشىش پەيدا بولغانلىقى بولىدۇ.

ئىختىلاف ۋە خەلفەنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاشتۇر. لېكىن بەزى كىشىلەر ئۇ ئىككىسىدە ئوخشىماسلىق بار، يەنى ئىختىلاف دەۋرلىك ئىچ سۈرۈشكە ئېيتىلىدۇ، خەلفە ئوخشىمىغان رەڭلەردە كېلىدىغان ئىچ سۈرۈشكە ئېيتىلىدۇ، دەيدۇ.

2. بەلغەمدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە بەزىدە ئىچ سۈرۈشنىڭ سەۋەبى ئاشقازاندىكى بەلغەمنىڭ كۆپلۈكى بولىدۇ.

3. شىلىمشىق سۇيۇقلۇقتىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە ئاشقازان يۈزى چاپلاشقاق ھۆللۈكلەردىن سىلىقلىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشقازاننىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ.

4. سەپرادىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە ئىچ سۈرۈشنىڭ بىر سەۋەبى سەپرانىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەيگە قۇيۇلغانلىقى بولىدۇ. بۇ بەدەندە سەپرا كۆپ بولغان ۋە پۈتۈن ئەزالار سەپرانى جىگەر ئارقىلىق ئاشقازان ۋە ئۈچەي تەرەپكە چىقارغان چاغدا بولىدۇ.

5. ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە بەزىدە ئىچ سۈرۈشنىڭ

سەۋەبى ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ سىرغىپ چىقىشىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن بولىدۇ. بۇ، ئاشقازان كۆيۈشۈشكە سەۋەبچى بولۇپ، تەبىئەت بۇنى چىقىرىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

6. قورساقتىكى ماددىدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە ئىچ سۈرۈشنىڭ بىر سەۋەبى ئاشقازاننىڭ ئىچكى يۈزىگە مۇدۇر - چاقا ياكى يارا چىقىپ قېلىش بولىدۇ. ئەگەر غىزا بۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ غىدىقلاش پەيدا قىلسا، كۆيۈشۈش ۋە ئەزىيەتكە سەۋەب بولىدۇ. بولۇپمۇ غىزادا چۈچۈمەللىك ۋە تۇزلۇققا يېقىن ئۆتكۈر كەيپىيات بولسا، قۇۋۋىتى داپىئە غىزانى دەرھال چىقىرىۋېتىدۇ ۋە قەتئىي توختاتمايدۇ.

بۇ تۈردىكى ئىچ سۈرۈش قورساقتىكى ماددىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش دېيىلىدۇ، بۇ خەتەرلىك بولىدۇ.

7. نەزلىدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە بەزىدە ئىچ سۈرۈشنىڭ سەۋەبى نەزلە بولىدۇ. بۇ باش قىسمىدىن ئاشقازانغا قۇيۇلۇپ غىزانى بۇزىدۇ، ئاندىن ئۆزىمۇ تۆۋەنلەيدۇ ۋە غىزانى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بولىدۇ. بىرىنچى، بۇنىڭ ئۆزىدىمۇ سىلىقلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. ئىككىنچى، تەبىئەتمۇ بۇنى ئىتتىرىدۇ.

نەزلە مېڭە مىزاجى بۇزۇلۇشتىنمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئورۇندا كېرەكسىز ماددىلار شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئاز قىسمى زۇكام شەكلىدە بۇرۇن تۆشۈكى تەرەپكە بارىدۇ ۋە بىر بۆلىكى تاڭلاي ھەم گال ئارقىلىق ئاشقازان تەرەپكە قۇيۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ نەزلە ھالىتى بىر مەزگىل داۋام قىلسا ئاشقازان مىزاجىمۇ بۇزۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەزىم بۇزۇلىدۇ، قۇۋۋەتلەر ئاجىزلىشىدۇ، بەدەن ئورۇقلاشقا باشلايدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆلۈم گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ.

ئىچ سۈرۈشنىڭ بۇ تۈرىنى بارلىق تېۋىپلار تەسلىكتە تونۇيدۇ (نەفىيس).

8. غىزادىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە بەزىدە ئىچ سۈرۈش غىزانىڭ تەرتىپسىزلىكىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدا مىقدار ياكى كەيپىيات ياكى ئىستېمال جەھەتتىكى تەرتىپسىزلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مىقدار جەھەتتىكى تەرتىپسىزلىك: غىزانىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن تولۇق ھەزىم بولماي بۇزۇلۇپ، غىدىقلىنىش پەيدا قىلىدۇ، تەبىئەت بۇنى يوقىتىدۇ.

كەيپىيات جەھەتتىكى تەرتىپسىزلىك: لەتىف غىزالار ئاشقازاندا ئادەتتىكى سەۋەبلەردىن بۇزۇلىدۇ (تېز ھالەت ئۆزگەرتىدۇ)، مەسىلەن: سۈت ۋە بېلىق قاتارلىقلار. شۇڭا تەبىئەت ئۇنى ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىۋېتىدۇ. چاپلاشقاق ۋە مايلىق غىزالار ھەزىم بولۇشتىن بۇرۇن

سىيرىلىپ ئۈچەي تەرەپكە ماڭىدۇ، مەسىلەن: ئەينۇلاغا ئوخشاش ياكى تەمسىز ۋە غىدىقلىغۇچى غىزالارنى تەبىئەت نە كېرەك قىلمىغاچقا، ھەزىم قىلىشتىن بۇرۇن چىقىرىۋېتىدۇ ياكى يەل پەيدا قىلغۇچى غىزالار يەل پەيدا قىلىپ، ياخشى ھەزىم بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇزۇلۇپ چىقىپ كېتىشكە لايىق بولىدۇ. بۇزۇلغان، كونىرىغان ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، بۇزۇلغان سۇ ئىچىش، خام مېۋىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش مۇشۇ قاتارغا كىرىدۇ.

غىزا ئىستېمال قىلىش جەھەتتىكى تەرتىپسىزلىك: غىزا ئىستېمال قىلىشنىڭ تەرتىپسىزلىكى، مەسىلەن: دەسلەپتە يۇمشاق، يەڭگىل ۋە مايلىق غىزالارنى، كېيىن قابىز ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى يېيىش ياكى دەسلەپتە تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزانى، كېيىن ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى يېيىش، يەنى خام ئۆزۈم چۈشكەن غىزانى يېگەندىن كېيىن گۆرۈچ ۋە ماشتىن تەييارلانغان غىزانى ئىستېمال قىلغانغا ئوخشاش. ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزا ئۆزىمۇ بۇزۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاستىدىكى تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزانى بۇزىدۇ. چۈنكى بۇزۇلغان غىزادىن بەدەن زەرەرلىنىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت قائىدە بويىچە ئۇنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىچە غىزا تەرتىپسىزلىكىنىڭ مەنىسى لەتىف ۋە يەڭگىل غىزالارنى بۇرۇن، تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى كېيىن يېيىشتۇر.

ھەزىم بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرى بەزىدە ھەزىمنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن قاتتىق چېنىقىش ياكى كۆپ سۇ ئىچىش، بۇ سەۋەبلەردىن غىزا بۇزۇلىدۇ. بۇنى ئاشقازان ئىچ سۈرۈش يولى ئارقىلىق چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن باشقا ئەزالارنىڭ ماددىلىرىمۇ تارتىلىپ ماڭىدۇ، بۇ سەۋەبتىن پۈتۈن بەدەن چوقۇم تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

9. **تولۇپ قېلىشتىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە** بەزىدە ئىچ سۈرۈش بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئاز بولۇشى ۋە پۈتۈن ئەزالار، پۈتۈن قان تومۇرلارنىڭ قان قاتارلىقلار بىلەن تولۇپ قېلىشىدىن بولىدۇ. ئەگەر ئاشقازان ۋە كىچىك ئۈچەيلەردە غىزا ھەزىم بولۇپ، تولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن جىگەر ۋە باشقا ئەزالار تەرەپكە بارالمىغانلىقى ئۈچۈن غىزا ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.

10. **جىگەر ئاجىزلىقى ۋە سۈمۈرۈشنىڭ ئازلىقىدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە** بەزىدە ئىچ سۈرۈش جىگەر ۋە قان تومۇرلارنىڭ قۇۋۋىتى جازىبەسىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدىن ھەزىم يوللىرىدىكى دەسلەپكى ھەزىم جەۋھىرى جىگەر ۋە باشقا ئەزالار تەرەپكە

ئاشقازان، ئۈچەيلەردىن تارتىلىپ كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ چوڭ تەرەت بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.

11. دەۋرىيلىك بولىدىغان زەرەب ۋە خەلفە بۇ، ئىچ سۈرۈشنىڭ بىر خاس تۈرى بولۇپ، تۇتقاقلىق ئىچ سۈرۈش دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىچ سۈرۈش دەۋرىيلىك بولىدۇ.

بۇ خىل ئىچ سۈرۈشنىڭ سەۋەبى ماددىلار ئاستا ئاستا مەلۇم بىر ئەزا ياكى بىرنەچچە ئەزاغا يىغىلىدۇ. ئاندىن تولۇپ ئۈچەيگە كېلىپ ئىچ سۈرۈش يولى ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.

12. توسالغۇدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە ماسارىقا تومۇرىدا توسالغۇ پەيدا بولۇپ، غىزا جەۋھىرى جىگەر تەرەپكە تولۇق يېتىپ بارالمىغانلىقتىن ئىچ سۈرۈش كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ھالەت توسالغۇلاردىن بولغان ئىستىسقادا بولىدۇ.

13. ئاشقازان سىلىقلىشىپ قېلىشتىن بولغان زەرەب ۋە ناچار خەلفە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئاشقازانغا بىرەر يېگۈچى خىلتنىڭ قۇيۇلۇشى ياكى ئاشقازاننىڭ ئىچكى قەۋىتىدە بىرەر ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ پەيدا بولۇشى ياكى ئىسسىق تەبىئەتلىك زەھەر ئىستېمال قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنىڭ تەسىرىدىن ئاشقازان تېۋتچىسى يوقاپ كېتىدۇ.

يېگۈچى خىلتنىڭ قۇيۇلۇشى ناچار خەلفەدە بولىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ فەلغەمۇنى ۋە ھۇمرەدىن ئىبارەت ئىككى تۈرى بولىدۇ.

ئاشقازان ئىششىقى ياكى فەلغەمۇنى تۈرىدىن ياكى ھۇمرە تۈرىدىن بولىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىدىن ئاشقازان سىلىقلىشىپ قېلىش كېسىلى پەيدا بولىدۇ.

«غەنى مەنا» دېگەن كىتابتا سۆزلەنگەنكى، «ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتىن ئىچ سۈرۈشنىڭ سەۋەبى، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ئاشقازان جەۋھىرىنى كۆيدۈرگەنلىكتىن ئاشقازانغا مۇدۇر - چاقىلار چىقىدۇ. بۇ مۇدۇر - چاقىلار ئۈستىدىن غىزا ئۆتكەندە ئاشقازاندا ئېچىشىش پەيدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاشقازان بۇ غىزانى ھەزىم قىلىشتىن بۇرۇن چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاشقازاننىڭ بۇ ھالىتىنىڭ نامى ئاشقازان سىلىقلىشىپ قېلىشتۇر. ئەگەر بۇ ھالەت ئۈچەيلەردە بولسا، ئۈچەي سىلىقلىشىپ قېلىش دېيىلىدۇ.

ئىسسىق تەبىئەتلىك زەھەرلەرنىڭ مىسالى: پەرپىيۇن، شۇبرۇم سۈتى، كەنىر قاتارلىقلار.

شۇبرۇم ئوت — بىر خىل زەھەرلىك ئۆسۈملۈكتۇر. بۇنىڭ ئوردۇچە قاپىيەداش نامى يوق.

تېۋىپلارنىڭ نەزىرىدە ئاشقازان سىلىقلىشىپ قېلىش ھەزىم پۈتۈنلەي بۇزۇلىدىغان ياكى ھەزىمدە ئاشكارا تۆۋەنلەش بولىدىغان كېسەللىكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبىدىن غىزا سىيرىلىپ چىقىپ

كېتىدۇ. ئاشقازان سىلىقلىشىپ قېلىشىنىڭ مەنىسى غىزانىڭ ئاشقازاندىن سىيرىلىپ چىقىپ كېتىشىدۇر.

ھۆمرە — قانغا سەپرا ئارىلىشىشتىن پەيدا بولىدىغان ئىششىق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە قاندىن بولغان ئىششىقتۇر. بۇنىڭدا ئۆتكۈرلۈك ۋە ھارارەت ئاشقان بولىدۇ.

قوشۇمچە   قورساقتا سوغۇق تېگىش، ئاشقازان ئاجىزلاش، خولېرا، جىگەر ۋە تال كېسەللىكلىرى، ئۈچەي توقۇلمىسىدىكى مەلۇم بۇزۇلۇش، مەسىلەن: ئۈچەي شىللىق پەردىسىدە كۆيۈشۈش ۋە غىدىقلىنىشنىڭ بولۇشى، ئۈچەي زەخمىسى، ئۈچەي قۇرتى، بوۋاسىر، تولغاق، نۇقرەس، ناچار سىل، قورساق سىلى، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، ئوفۇنەتلىك قىزىتما، بوھران، قورقۇش، غەم - قايغۇ، روھىي زەربىگە ئۇچراش، بالىلارغا چىش چىقىش، سۈرگە دورىلىرىنى يېيىش، بەزى زەھەرلەرنى ئىستېمال قىلىش، پەسىل ئالمىشىش، ھامىلدارلىق كۈنلىرى قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرىگە كىرىدۇ.

بۇلاردىن بەزىلىرى يازغۇچى بايان قىلغان سەۋەبلەرگە كىرىدۇ، بەزىسى مۇستەقىل بولىدۇ، مەسىلەن: يۇقىرىقى مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ بايانى بۇ كىتابتا ئالامەتلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن مۇستەقىل باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بايانى بۇ يەردە زۆرۈر دەپ قارالمىدى.

ئالامىتى

1. ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنىڭ ئالامىتى   ئۇسساش ئاز بولىدۇ. ئاشقازاندىكى غىزادا كۆپ ئۆزگىرىش بولمايدۇ، كۆيۈشۈش ئاز بولىدۇ، ئاچچىق كېكىرىدۇ، قۇسۇقتا بەلغەم بولمايدۇ ۋە ئىچ سۈرۈش بىلەن بەلغەم چىقمايدۇ، چۈنكى بۇ تۈر بەلغەمى ماددىدىن پەيدا بولمايدۇ.

2. بەلغەمدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنىڭ ئالامىتى   شۆلگەي كۆپ چىقىدۇ، ئاشقازان بەلغەمنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىدىن يېقىمسىزلانغانلىقى ئۈچۈن كۆڭۈل ئېلىشىش بولىدۇ ۋە قۇسقاندا بەلغەم چىقىدۇ ھەم بەلغەم غىزا بىلەن بىرلىشىپ چوڭ تەرەت يولىدىنمۇ چىقىدۇ. ھەزىم قىلىش ئاجىزلاش سەۋەبىدىن غىزادا ناھايىتى ئاز ئۆزگىرىش بولىدۇ. ھەزىم ئاجىزلاشنىڭ بىرىنچى سەۋەبى سوغۇقلۇق، ئىككىنچى سەۋەبى بەلغەم غىزا ۋە ئاشقازان جەۋھىرى ئارىلىقىدا توسۇق بولغانلىقىدۇر.

3. شىلىمشىق سۇيۇقلۇقتىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنىڭ ئالامىتى   غىزا ئاشقازاندىن ناھايىتى تېزلا چىقىپ كېتىدۇ. بىمار ھەرىكەت قىلسا، تاماقنىڭ ئېغىرلىقى سېزىلىدۇ ھەمدە تاماق تاشقا ئوخشاش ئۆزگەرمەي چىقىپ كېتىدۇ.

4. سەپرادىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنىڭ ئالامىتى بۇ تۇردىكى ئىچ سۈرۈش سەپرادىن بولغان كۆيدۈرگۈچى قىزىتما ۋە ئۆچ كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتمىلاردىن كېيىن ياكى ئىسسىق غىزالارنى يېگەندىن كېيىن ياكى ئىسسىق دورىلار ياكى ساپ شاراب ئىچكەندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ. سەپرا ماددىسى چوڭ تەرەت بىلەن بىرلىشىپ چىقىدۇ. بەزىدە ساپ هالەتتە چىقىدۇ. كۆيۈشۈش، ئۇسساش قاتتىق بولىدۇ ۋە بەزىدە قىزىتمىمۇ بولىدۇ.

5. ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنىڭ ئالامىتى بۇ تۈردە ئىشتىها كۈچلۈك بولىدۇ. كىسلاتانىڭ چۈچۈمەللىكى ۋە ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا كۆيۈشۈش مەلۇم بولىدۇ، ئېغىزى ئاچچىق بولىدۇ، بۇ، تاماق يېگەندىن كېيىن ياكى بەزى مايلىق تاماقنى يېگەندىن كېيىن يوقاپ كېتىدۇ.

6. قورساقتىكى ماددىدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنىڭ ئالامىتى ئېغىزىغا مۇدۇر - چاقا چىقىدۇ، بۇنىڭدا قۇرۇق ئىسسىقلىقمۇ تېپىلىدۇ. ئېغىز پۇرىقى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، تاماق يېگەندىن كېيىن ئاشقازاننىڭ مۇدۇر - چاقا چىققان ئورنىدا ئېغىرلىق سېزىلىدۇ ھەمدە مۇشۇ جايدا ئاغرىق ۋە كۆيۈشۈش زىيادە بولىدۇ. ئاندىن غىزا بىلەن ئاغرىقمۇ ئاستىغا تۆۋەنلەيدۇ تاكى غىزا ئاشقازاندىن سىرتقا چىقىپ بولغۇچە. چوڭ تەرەتتە زەرداب سۇ ۋە ھەزىم بولمىغان غىزا چىقىدۇ، غىزادا ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمايدۇ ياكى ئازراق ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئالامەتلەرنىڭ يەڭگىل - كۈچلۈكلۈكى مۇدۇرنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

7. نەزلىدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنىڭ ئالامىتى ئۇزۇن ئۇيقۇدىن كېيىن بىمارنىڭ بىر قانچە قېتىم ئىچى سۈرگەندىن كېيىن نەزلە ماددىسى چىقىپ كەتسە ئىچ سۈرۈش ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالىدۇ. بۇ ھالەت مۇشۇنداق تەرتىپتە ئارقىمۇئارقا داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بۇ ئىچ سۈرۈش خاس ئاشقازاندىكى نەزلە سەۋەبىدىن بولسا، بۇنىڭدا بىرەر قائىدىلىك تەرتىپ ۋە مۇئەييەن دەۋر بولمايدۇ.

ئىچ سۈرۈش بىلەن نەزلىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: تاڭلاي، گال، قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا نەزلىنىڭ تۆۋەنگە قۇيۇلغانلىق سېزىمى بولىدۇ. ھەم مېڭە مىزاجىنىڭ بۇزۇلغانلىق ئالامىتى تېپىلىدۇ، بۇنىڭ بايانى بىر قانچە قېتىم سۆزلىنىپ بولدى.

نەزلە ئارىلاشقان چوڭ تەرەت ئادەتتە كۆپۈكلۈك بولىدۇ.

ئۇيقۇ ھالىتىدە نەزلە ئاشقازانغا قۇيۇلىدۇ، بىمار بۇنى سېزەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇيقۇسىزلىق ھالىتىدە بىمار بۇنى سېزەلەيدۇ ھەمدە نەزلىنى ئاشقازان تەرەپكە بارغۇزماستىن، بەلكى تۈكۈرۈك

ئارقىلىق چىقىرىۋېتىدۇ (نەفىس).

نەزلىنىڭ ئوخشاشمىغان ھالەتلىرىدە ئېغىز تەمى ۋە باشقا ئەھۋاللار ھەر خىل بولىدۇ.

(1) ئېغىزى ئاچچىق بولىدۇ، كۆيۈشۈش ۋە ئۇسساش بولىدۇ.

(2) ئېغىزى بەتتەم بولىدۇ، ناچار قىسمىدىكى تاتلىق تەم بولىدۇ، تۈكۈرۈكى قويۇق بولىدۇ.

(3) ئېغىزى ئاچچىق بولىدۇ ۋە زەخىم سۈيىگە ئوخشاش سېسىق پۇراق كېلىدۇ.

(4) ئېغىزىدا تاتلىق تەم مەلۇم بولىدۇ، بۇنىڭغا بىرئاز تۇز تەركىبى ئارىلاشقان بولىدۇ.

8. غىزادىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنىڭ ئالامىتى تاماقنىڭ تەرتىپسىزلىكى ئاشكارا بولىدۇ.

9. تولۇپ قېلىشتىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنىڭ ئالامىتى بىمار ئورۇقلاشقا باشلايدۇ، ئىشتىھاسى ئازىيىدۇ. بىمار بىر مەزگىلگىچە بىكار يۈرۈپ، ھەرىكەت ۋە چېنىقىشنى تاشلىۋەتكەن بولىدۇ. ئىچى سۈرگەندە ھەزىم بولغان غىزا چىقىپ كېتىدۇ.

10. جىگەر ئاجىزلىقى ۋە سۈمۈرۈشنىڭ ئازلىقىدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنىڭ ئالامىتى ئاق ياكى يېشىل رەڭدە ئىچى سۈرىدۇ، بەدەن ناھايىتى ئورۇقلايدۇ. تومۇردا قان ناھايىتى ئاز بولىدۇ، بەدەن رەڭگى سېرىق ياكى ئاق بولۇپ قالىدۇ، ئىچ سۈرگەندە تەرەتنىڭ ئاق بولۇشى كەيلۇس ئۆزگەرمەستىن چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتا بولىدۇ. تەرەتنىڭ يېشىل رەڭدە بولۇشى غىزادا ئۆزگىرىش پەيدا بولغان ياكى ئۆزگەرگەن سەپرا ئارىلاشقان ۋاقىتتا بولىدۇ.

11. دەۋرىيلىك بولىدىغان زەرەب ۋە خەلفەنىڭ ئالامىتى ئاشقازانغا ماددىلار يىغىلىپ قالىدۇ، بۇنى ئېنىقلاشنىڭ ھالىتى ئىچ سۈرۈشتىن بۇرۇن بۇ ئەزادا تارتىشىشتىن بولغان ئاغرىق مەلۇم بولىدۇ، ئاندىن ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ ھەمدە ئاشقازاندا يىڭنە سانجىغاندەك سېزىم ۋە ئازراق قىچىشىش بىلەن ئاغرىق مەلۇم بولىدۇ، شۇڭا بۇ سېزىم بولغاندا ئادەم تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدۇ.

ئەگەر بۇ ماددىلار چىقىپ كەتسە، بىماردا يەڭگىللەش ۋە راھەت ھاسىل بولىدۇ. بەزىدە بۇ تۈردىكى ئىچ سۈرۈش تۇتقاقلىق قىزىتمىلاردا تەبىئەت كېسەللىك ماددىلىرىنى شۇ كۈنى چىقىرىپ تاشلىغان ۋاقىتتا بولىدۇ.

ماددىلارنىڭ تۈرى سەپرادىن ياكى سەۋدادىن ياكى قايسى خىلتتىن بولغانلىقى ئىچ سۈرۈشنىڭ رەڭگى ۋە باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر ئىچ سۈرۈش (ھەر كۈنى كەلسە) مۇئەييەن ۋاقىتتا كەلمىسە، بەلكى ئاغرىق داۋاملىق تۇرىدۇ، بەزى چاغدا ئىچ سۈرۈش توختىغان ۋاقىتتا ئاغرىق ئۆتكۈرلەشكەن بولسا، بىلىش لازىمكى، بۇزۇلغان ماددا قانغا يىغىلغان بولىدۇ.

12. توسالغۇدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنىڭ ئالامىتى بۇنىڭدا بەدەن قۇرغاق، ئورۇق بولىدۇ. چۈنكى غىزا جەۋھىرى يېتەرلىك مىقداردا ئەزالارغا يېتىپ بارالمايدۇ. توسۇلۇشتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنىڭ بىر تۈرى تۇتقاقلىق بىلەن كېلىدۇ. چۈنكى جىگەرنىڭ توسۇلۇپ قالغان تومۇرلىرى مۇئەييەن مۇددەتتە كەيلۇس بىلەن تولىدۇ، ئاندىن كەيلۇس قايتىپ ئۈچەي يولى بىلەن ئىچ سۈرۈش شەكلىدە چىقىپ كېتىدۇ. **ئاندىن ئۇ قان تومۇرلار يېڭىدىن كەيلۇس بىلەن تولغۇچە ئىچ سۈرۈش توختايدۇ ھەممە بۇ ئەسنادا ساغلاملىقتەك ھالەت بولىدۇ. بۇ ئىچ سۈرۈش سىرغىشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش دېيىلىدۇ.**

جىگەرنىڭ دۆڭ تەرىپىدىكى توسالغۇنىڭ بىر ئالامىتى ئوڭ تەرەپ قوۋۇرغا ئاستىدا ئېغىرلىق مەلۇم بولىدۇ. ھۆللۈكلەر جىگەردىكى توسالغۇ بار جايغىچە يېتىپ بېرىپ توختاشتىن جىگەر كۆپۈپ ئېغىرلىشىدۇ، بىمارنىڭ بەدىنى ئورۇق ۋە ئاجىز بولىدۇ، تېرە رەڭگى ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى بەدەن يېتەرلىك غىزاغا ئېرىشەلمەيدۇ.

13. ئاشقازان سىلىقلىشىپ قېلىشتىن بولغان زەرەب ۋە ناچار خەلفەنىڭ ئالامىتى يېگەن نەرسە ھەزىم بولماي چىقىپ كېتىدۇ. ئاشقازاندا ئاغرىق، كۆيۈشۈش، ئۈچەي تولغاپ ئاغرىش قاتارلىقلار بولمايدۇ، چوڭ تەرەتتە زەرداب سۇ ۋە سېسىق پۇراق بولمايدۇ (سەمەرقەندى).

يۇقىرىقى مەزكۇر ئالامەتلەرنى ئەللامە سەمەرقەندى يازغان. ئۇ چوقۇم بۇ توغرىدا كەڭ قورساقلىق قىلغان. چۈنكى يېگۈچى خىلتتىن ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك زەھەرلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن بولغان ئىچ سۈرۈشتە ئاغرىق، كۆيۈشۈش، ئۈچەي تولغاپ ئاغرىش، زەرداب سۇ ۋە بەتتەملىك قاتارلىقلار كۆرۈلۈشى كېرەك.

باشقا سەۋەبلەر ئاشقازان ئاجىزلاش سەۋەبىدىن تاماقتىن كېيىن ئىچى سۈرىدۇ. بۇ ئىچ سۈرۈشنىڭ قېتىم سانى كۈندۈزدە كۆپ بولىدۇ.

ئومۇمىي ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتى ئىچ سۈرۈشتە تۆۋەندىكىدەك ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ: قورساقتا ئېسىلىش، كوركىراش ۋە ئاغرىق بولىدۇ، ئۈچەيلەر تولغاپ ئاغرىيدۇ، تىلى گەز باغلايدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ ۋە ئاچچىق كېكىرىدۇ، ئىچ سۈرۈش

بەزىدە سۇيۇق، بەزىدە كۆپۈكلۈك①، بەزىدە توپا رەڭ، بەزىدە سېرىققا مايىل كېلىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى ئىچ سۈرۈشنى دەرھال توختاتماسلىق لازىم. بۇنداق قىلغاندا كۆپىنچە ناچار ئەھۋاللار ئاشكارا بولىدۇ. ئاشقازان ۋە ئۈچەينىڭ ئىچىدە بۇ ھالەتتە كۆپىنچە ھەزىم بولمىغان، بۇزۇلغان تاماقلار بار بولغان بولىدۇ، بۇلارنى ھەممىدىن بۇرۇن چىقىرىۋېتىش، ئاندىن ئىچ سۈرۈشنى تەدرىجىي توختىتىش لازىم. بۇ كېسەللىكتە ئارام ئېلىپ يېتىشقا كۆرسەتمە بېرىش لازىم. ئەگەر قايسى ۋاقىتتا ئىچ سۈرۈش باشلانغان بولسا، شۇ چاغدىن باشلاپ 24 سائەتكىچە پۈتۈنلەي تاماق بەرمەسلىك، ئۇسساپ قالسا پەقەت سوغۇق سۇ ياكى تامچىلىتىلغان سۇ ياكى بىرەر مۇناسىپ ئەرەق، مەسىلەن: ئانار سۈيى، ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش لازىم. قېتىق سۈزمىسىمۇ ئىچ سۈرۈشكە دورا ۋە غىزا بولىدۇ، ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن ياخشى پەسەيتكۈچى بولىدۇ.

داۋالاش

1. ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنى داۋالاش جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش فەلافىلى ۋە جاۋارىش ئۇد قاتارلىقلار بىلەن ئاشقازاندا قۇرۇق ئىسسىقلىق پەيدا قىلىش لازىم.

2. بەلغەمدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنى داۋالاش ئاشقازاننى بەلغەمدىن تازىلاش ئۈچۈن قۇستۇرۇلىدۇ، ئاندىن غىزانى ھەزىم قىلدۇرغۇچى جاۋارىشلار يېگۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا ئازراق قابىز ۋە ئۆتكۈر دورىلارمۇ بولسۇن.

3. ئاشقازان دىۋارى سىلىقلىشىپ قېلىشتىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنى داۋالاش جاۋارىش خەرنۇب ۋە جاۋارىش كۇندۇر يېگۈزۈلىدۇ، ئىسسىق سۇدىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، قورۇلغان تالقان يېگۈزۈلىدۇ، بۇ ئوبدان قورۇلغان بولسۇن. مەسىلەن: ئارپا تالقىنى، گۈرۈچ تالقىنى، زەئرۇر تالقىنى.

زەئرۇر — بىر خىل مېۋىدۇر، بۇ ھىندىستاندا بولمايدۇ.

جاۋارىش خەرنۇبنىڭ نۇسخىسى خەرنۇب نەبتى (ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگىنى)، قارا زىرە (بۇ شاراب سىركىسىدە مۇدەببەر قىلىپ قورۇلغان بولسۇن)، سۇماق، ھەببۇلئاس، ئارپا ئۇنى، بەللۇت، قورۇلغان يۇمغاقسۈت، مەستىكى قاتارلىق دورىلاردىن ئوخشاش مىقداردا ئېلىپ ئازراق سوقۇپ، تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلاش لازىم.

خەرنۇب نەبتى — ئالمىغا ئوخشاش بىر خىل مېۋىدۇر، بۇ ھىندىستاندا يوق.

---

① نەزلە سەۋەبىدىن كېسەللىك كۆرۈلسە، ئۇخلاپ قوپقاندىن كېيىن تەرىتى كۆپۈكلۈك كېلىدۇ.

جاۋارىش كۇندۇر نۇسخىسى كۇندۇر، ئانارگۈلىنىڭ ھەربىرىدىن 35 گىرامدىن، قارىمۇچ، جۇۋىنە، سۇمبۇل، كاشىم، رۇمبەدىيان، سىيادان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلدە قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاش لازىم.

4. سەپرادىن بولغان زەرەب ۋە خەلپەنى داۋالاش ئەگەر سەپرا چوڭ تەرەت بىلەن ئاز چىقىۋاتقان بولسا، سەپرانى چىقىرىشقا ياردەم قىلىنىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىككى خىل ئانار سۈيىنى شېكەر بىلەن ياكى شەربىتى ۋەرد مۇكەررەر بىلەن ياكى سېرىق ھېلىلەنى شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇش. بۇ نەرسىلەر سەپرانىڭ مۇسھىلى بولۇش بىلەن ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلاردا قورۇش پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا سىقىش ۋە تارايتىش قۇۋۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاشقازاندىكى بوشىشىش ۋە سىلىقلىقنى يوقىتىدۇ.

ئەسكەرتىش بۇ تۈردىكى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش مۇناسىپ ئەمەس، چۈنكى بۇ ئىچ سۈرۈشنىڭ داۋاملىشىپ تۇرۇشى ياخشىدۇر. ئۇنى توختىتىشنىڭ ۋاستىسى ئىچ سۈرۈشنى توختاتماسلىق. ئەگەر مۇئامىلە چەكتىن ئېشىپ كەتسە، يەنى سەپرا بىلەن باشقا نورمال ماددىلار چىقىپ كەتسە ۋە بۇنىڭدىن ئاجىزلىق، ئورۇقلاش، ئايلىنىپ كېتىش كېلىپ چىقسا، توختىتىشقا تىرىشچانلىق قىلىش لازىم.

سەپرانى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئىچ سۈرۈش توختىمىغان شەرت ئاستىدا قۇرسى ھۇمماز ۋە قۇرسى تاباشىر ئىستېمال قىلدۇرۇش (بۇ ئىككى خىل قۇرسنىڭ نۇسخىسى سۆزلىنىپ بولدى) لازىم.

سەپرا قۇيۇلغان ھالەتتە تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىشلىتىش

نۇسخا زەھرى مۆھرى، تاباشىرلارنى بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، جاۋارىش ئانارىن بىلەن قوشۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈش، ئارقىدىن بەدىياندىن بەش گىرام، زىرىشكتىن ئۈچ گىرام، قارا سېمىزئوت ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، شىرىسىنى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا چىقىرىپ، 24 گىرام غورا شەربىتى ياكى 24 گىرام ئانار شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈش لازىم.

قوشۇمچە بەزى كىشىلەر جاۋارىش ئانارىننىڭ ئورنىغا يەتتە گىرام جاۋارىش ئامىلە بېرىدۇ ۋە ئاشقازاننى زىيادە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن پىستىنىڭ سىرتقى پوستى، زەھرى مۆھرى قوشىدۇ. ئەگەر ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشنىڭ قورقۇنچىسى بولسا بەش گىرام ئاق لەيلى، ئۈچ گىرام بېھى ئۇرۇقى لۇئابى قوشۇلىدۇ. ئەگەر زىيادە قورۇش كۆزدە تۇتۇلسا، تەرخەمەك شىرىسى قوشۇلىدۇ.

5. ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنى داۋالاش باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئەفتىمۇن قايىنتىلمىسى بىلەن سۈرگە بېرىلىدۇ، تال ساھەسىگە ئىسسىق ۋە قابىز دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، لۆڭگە، يىرىك روماللار بىلەن قورساق تېرىسى ياخشى سۈرتىلىدۇ. ئەتىگەنلىك ناشتىدا، كىسلاتانىڭ ئۆتكۈرلۈكى يوقاش ئۈچۈن مايلىق ھالۋىلار بېرىلىدۇ، ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلگەن بىماردا ئىچ سۈرۈش ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ. بۇنىڭدا شېكەر ۋە بادام يېغىدا ياكى شېكەر بىلەن كۈنجۈت يېغىدا ياكى شېكەر بىلەن ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغىدا تەييارلانغان ھالۋىنى يېگۈزۈش لازىم.

6. قورساقتىكى ماددىدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنى داۋالاش زەپەر چۈشمىگەن قۇرسى تاباشىر، سۇفۇپى ئانار دانە ۋە سۇفۇپى زەلىقۇل ئەمئا بەسورى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. سوغۇق ۋە قابىز دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: سۇماق ياكى رەۋەن ئۆسۈملۈكى سېلىنغان ياكى گۈرۈچ ۋە ئارپىدىن تەييارلانغان غىزالار بېرىلىدۇ، ياكى پوستى ئاقلانغان ئەدەس ئۈنى بېرىلىدۇ، بۇلار سۇ ۋە ياغ بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن. لېكىن ياخشىراقى، بۇ بىمارلارنىڭ غىزاسىدا چۈچەمەللىك بولمىسۇن. چۈنكى چۈچۈمەللىكتىن ئاشقازان يارىسىدا غىدىق پەيدا بولۇپ، ئاغرىق كۈچىيىپ كېتىدۇ.

قۇرسى تاباشىرنىڭ نۇسخىسى قىزىلگۈل، ھۇمماز ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 5.3 گىرامدىن، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، تاباشىر، كەتىرانىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئىسپىغۇل لۇئابىدا يۇغۇرۇپ قۇرس ياسىلىدۇ.

سۇفۇپى زەلىقۇل ئەمئا بەسورىنىڭ نۇسخىسى ئىسپىغۇل، رەيھان ئۇرۇقى، كىنۇچە ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، زۆرۈرىيەتكە قاراپ قورۇش ۋە ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىلاشقۇدەك قايناق سۇ قۇيۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە گۈل يېغى قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

7. نەزلىدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنى داۋالاش مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن قان ئېلىنىدۇ، ھىجامەت قويۇلىدۇ، ئەھۋالغا قاراپ مۇسھىل بېرىلىدۇ. مەسىلەن، مەسىلەن: سەبرە، سېرىق ھېلىلە ۋە قىزىلگۈل ياكى ئايارەج پەيقرا ياكى ھەببى قوقىيا يېگۈزۈپ مېڭىنىڭ مىزاجى ياخشىلىنىدۇ. مۇناسىپ خۇش پۇراقلار پۇرىتىلىدۇ. چۈشكۈرتكۈچى دورىلار، زىماتلار، نۇتۇللار ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بايانى مېڭە كېسەللىكلىرىدە سۆزلىنىپ بولدى. ماددىنىڭ يۆزلىنىشىنى ئۆزگەرتىش، يەنى باشقا تەرەپكە قايتۇرۇشقا تىرىشىلىدۇ، چاچنى چۈشۈرگەندىن كېيىن يىرىك رەخت باشقا سۈركىلىدۇ قىچا ۋە ئىپار زىماتى چېپىلىدۇ، پۇت ۋە پاچاقلىرى ياغ ۋە

تۇز بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ ھەمدە بابۇنە ۋە ئىكلىلمىلىكنى سۇدا قاينىتىپ سۇيىدە پۇت يۇيۇلىدۇ. نەزلىنى توختىتىشقا تىرىشىلىدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئانارگۈلى، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى ۋە زەپەر بىلەن خەشخاش شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ. زەمچە، موزا، ئانارگۈلى، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى، سۇماق، ئاقاقىيا قاتارلىقلار بىلەن لوئۇق تەييارلاپ يالىتىلىدۇ. قىزىلگۈل، ئەرەب يېلىمى، خەشخاش، رۇببىسۇس، نىشاستە، كەتىرا، زەپەر ۋە كاھۇ ئۇرۇقى قاتارلىقلار بىلەن قۇرس تەييارلاپ يېگۈزۈلىدۇ. ئېگىز ياستۇقلاردا ئۆگدىسىغا يېتىپ ئۇخلاشتىن توسۇلىدۇ. نەزلە بىمارلىرى ئۈچۈن دۈم يېتىپ ئۇخلاش ۋە مۇمكىنقەدەر باشنى بەدەندىن تۆۋەن قويۇپ يېتىش ناھايىتى مۇناسىپ. چۈنكى مۇشۇنداق ھالەتتە نەزلە خۆللۈكلىرى باشنىڭ ئالدى بۆلىكىگە بارىدۇ ۋە بۇرۇن يولى بىلەن ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

نەزلىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختاتماسلىق لازىم. بۇقرات شۇنداق ئېيتقانكى، مېڭىدىكى خۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش ۋە مېڭىنى خۆللۈكلەردىن تازىلاشقا تىرىشچانلىق قىلىش ھەمدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە نەزلىنىڭ قويۇلۇشىنى توختىتىش لازىم، تاكى ناھايىتى ئاز قويۇلسۇن.

ھېكايە: رازى ھېكايە بايان قىلغانكى، مېنىڭ بىر ئىلىملىك دوستۇم تېبابەت ئىلمىدىن ئازراق خەۋەردار ئىدى. ئىچ سۈرۈشنىڭ شىكايىتىنى يەنە ماڭا ئېيتىپ، مېنى ھەمىشە قىينايتتى، شۇڭلاشقا مەن داۋالاشقا بىر نەچچە نەرسىنى دەپ بەرسەم، ئۇ: «ئۆزلىرى ئېيتىشتىن بۇرۇن مەن بۇ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىپ بولغان، بۇ پۈتۈنلەي مەنپەئەت قىلمىغان» دېيىشكە باشلىدى. ئەگەر بىر مەزگىلگىچە بۇ داۋالاش پايدىسىز بولغان بولسا، بۇلارنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دېدىم مەن. ئۆزئارا غەمكىن ئولتۇردۇق ھەمدە بۇ كېسەلگە مۇناسىۋەتلىك پاراڭلاشتۇق. بىر كۈنى نېمە كۆردىكى، ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، چوڭ تەرەت قىلىش ئۈچۈن قايتا - قايتا ھاجەتخانىغا باردى، ئاندىن ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ھاجەتكە بارمىدى. مەن سورىدىمكى ئىچ سۈرۈش ھەمىشە ئۇيقۇدىن كېيىن كېلەمدۇ؟ — ھەئە... مەن چۈشەندىمكى، ئۆتكۈر ماددىلار نەزلە شەكلىدە باش قىسمىدىن ئاشقازانغا قويۇلغان. بۇ، ئاشقازاندىكى غىزانى چىقىشقا مەجبۇرلاپ، ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭ كۈچلىنىشى بىلەن ئۇ ئۇيقۇسىزلىقتا كۆپلەپ بەلغەم تۈكۈرگەن. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭغا چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، قىچا ۋە پەرپىيۇنغا ئوخشاش ئىسسىق دورىلارنى بېشىغا سۈركەشنى ئېيتتىم، بۇنىڭدىن ئۇ شىپا تاپتى (نەفىس).

ئەمەلىي داۋالاش: نەزلە ھالىتىدە تۆۋەندىكى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ:

نۇسخا كۈشتە قىلىنغان تۆمۈر پوقى، مارجان كۈشتىسىدىن ئىككى بەرەنجتىن ئېلىپ، يەتتە گىرام جاۋارىش مەستىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدىن بېھى ئۇرۇقىدىن 3 ~ 5 دانىغىچە، سەرپىستاندىن توققۇز دانىنى سۇدا قاينىتىپ، شەربىتى بىنەپشە

ئارىلاشتۇرۇپ، يەتتە گىرام پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

8. غىزادىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنى داۋالاش مىقدار جەھەتتىن بولغىنىدا ئاشقازان قانچىلىك ھەزىم قىلالىسا، بۇنىڭغا ئاساسەن غىزا مىقدارى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ.

كەيپىيات جەھەتتىن بولغىنىدا، قايسى كەيپىياتتىكى ۋە تۈردىكى غىزا مىزاجىغا مۇۋاپىق كەلسە شۇنى تاللاش لازىم.

ئىستېمالدىكى تەرتىپسىزلىكتىن بولغىنىدا، ئەگەر غىزانىڭ تەرتىپسىزلىكى سەۋەب بولغان بولسا، تەرتىپى ئۆزگەرتىلىدۇ، مەسىلەن: قابىز ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار كېيىن يېگۈزۈشنىڭ ئورنىغا دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئاشقازاندا ئاجىزلىق پەيدا قىلىدىغان يېقىمسىزلىقنىڭ چارىسى قىلىنىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش: ئەگەر غىزا بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن ئىچ سۈرگەن بولسا، ئۇنى توختاتماسلىق، بەلكى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ ئاشقازاننى پاكىزلاش لازىم. بۇنىڭدا بادام يېغىدىن 24 گىرام، ئابدىمىلىك يېغىدىن 36 گىرامنى ئىسسىق سۈتكە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، ئەگەر ئۈچەي تازىلانغان بولسا، جاۋارىش مەستىكىدىن يەتتە گىرامنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن يەتتە گىرام بەدىيان، ئۈچ گىرام ھەببۇلئاس، ئۈچ گىرام قاقىلە قاتارلىقلارنى سۇدا ئېزىپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 36 گىرام ئاق ناۋات قوشۇپ بېرىش لازىم.

9. تولۇپ قېلىشتىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنى داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، بەدەن چېنىقتۇرۇلىدۇ، بەدەن ئۇۋۇلىنىدۇ، ھامامدا تەرلىتىلىدۇ، يەنى بۇ ئەمەللەر قايتا - قايتا قىلىنىدۇ.

10. جىگەر ئاجىزلىقى (سۈمۈرۈشنىڭ ناچارلىقى) دىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنى داۋالاش غىزانى ئۆزلەشتۈرگۈچى جاۋارىشلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: جاۋارىش فەندادىقۇن ۋە جاۋارىش مەستىكى. جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن جىگەر كېسەللىكلىرىدە سۆزلەنگەن ئەمەللەر قىلىنىدۇ. بۇ زىماتلار ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ۋە غىزا قاتارلىقلارنىڭ تۈرلىرىدىن بولىدۇ.

11. دەۋرىيلىك بولىدىغان زەرەب ۋە خەلفەنى داۋالاش غالىب خىلىتتىن بەدەن تازىلىنىدۇ، قان ئېلىنىدۇ، ھۆقنە ۋە كۈچلۈك تەسىرلىك ھەبلەر بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. بىمارنىڭ ئورۇقلاپ، ئاجىزلىشىشىدىن قورقماسلىق لازىم. چۈنكى شىپا تاپقاندا بىمار ناھايىتى تېز كۈچلىنىدۇ ۋە سەمرىيدۇ. قايسى ئەزاغا ماددىلار توپلانغان بولسا، شۇ ئەزانى كۈچلەندۈرۈش لازىم.

لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ تۈردىكى ئىچ سۈرۈش قابىز دورىلار بىلەن توختىتىلغان بولسا، ئاقىۋەتتە يىرىڭلىق ئىششىقلار، ناچار تۈردىكى ھالاك قىلغۇچى ئىششىقلار ياكى سوزۇلما قىزىتما قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ.

12. توسالغۇدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنى داۋالاش

جىگەر توسالغۇسىدا سۆزلىنىدىغان چارىلەر بىلەن توسالغۇلارنى ئېچىش لازىم.

13. ئاشقازان سىلىقلىشىپ قېلىشتىن بولغان زەرەب ۋە خەلفەنى داۋالاش

ئاشقازان ساھەسىگە قابىز، كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار زىمات قىلىنىدۇ، مەسىلەن: سۇماق، قىزىلگۈل، تاباشىر، فۇپەل، سەندەل، ئانار پوستى، رۇسۇت، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ئاس يوپۇرمىقى سۈيىدە ياكى ئۈزۈم سۈيىگە بېھى سۈيى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ كېسەللىك ئىششىقتىن بولغان بولسا، ئىششىقنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ ۋە ھارارەت بولغان شەرت ئاستىدا تالقان ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: تاتلىق بادام يېغى بىلەن ئارپا تالقىنى، ئالما تالقىنى ياكى بېھى تالقىنى بېرىلىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئېيتقانكى، سۈت ۋە يۇمشاق تارتىلغان ئۇن ھالۋىسى خاسىيىتى بىلەن ئاشقازانغا تىۋىت پەيدا قىلىدۇ. يەنى بۇ كېسەللىك ئۈچۈن بۇ شىپالىق بەرگۈچى دورىدۇر.

پايدىلىق قوشۇمچە

بوھراندىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە: ئەگەر بوھران سەۋەبىدىن ئىچى سۈرگەن بولسا، بىمار زىيادە كۈچسىزلىنىپ كەتمىگەنگە قەدەر ئىچ سۈرۈشنى توختاتماسلىق لازىم، بوھراندىن بولغان ئىچ سۈرۈش ئومۇمەن ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالىدۇ.

سىلدىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە: ئەگەر سىل قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ئىچى سۈرگەن بولسا، تۆۋەندىكى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

نۇسخا كەھرىۋا شەمئى، تاباشىر، لاچىندانە ئۇرۇقى، گىلۇئى جەۋھەرنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ، بەش گىرام خېمىرى مەرۋايىت بىلەن قوشۇپ ئاۋۋال يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنجبار يىلتىزى، ھەببۇلئاس، قارا سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، شىرىسىنى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا چىقىرىپ، 24 گىرام شەربىتى خەشخاش قوشۇپ ۋە بەش گىرام پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بوۋاسىردىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە: ئەگەر بوۋاسىر سەۋەبىدىن ئىچ سۈرۈش بولغان

بولسا تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىچكۈزۈش لازىم:

نۇسخا مالتى بەسىنت (بۇ بىر كۇشتىنىڭ نامى بولۇپ، ئالتۇن ۋاراق ۋە مەرۋايىتتىن تەييارلىنىدۇ) تىن ئىككى بەرىنجىنى يەتتە گىرام مەجۈنى مۇقەل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەتىگەندە بېرىش ۋە مىرگانگ تۇزىدىن ئىككى بەرىنجىنى يەتتە گىرام جاۋارىش شاھىغا قوشۇپ كەچتە بېرىش ھەمدە ھەببى رۇسۇتتىن ئىككى دانىنى كەچ ۋاقتىدا بېرىش ۋە مەلھىمى سائىدە چۇپنى ئىلمان ھالەتتە بوۋاسىر مونەكچىسى ئۈستىگە چېپىش لازىم.

تولغاقتىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە: ئەگەر تولغاق سەۋەبىدىن بولغان بولسا تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا سۇفۇپى مويادىن ئالتە گىرام، تىندۇرۇلغان كۆك كاسىنە سۈيى، تىندۇرۇلغان ئىتئۈزۈمى سۈيىنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرامغا ھەببۇلئاس شەربىتىدىن 24 گىرام قوشۇپ بېرىلىدۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىچ سۈرۈش ئازايسا تۆۋەندىكى نۇسخىنى بېرىش لازىم:

نۇسخا ئىككى بەرىنىخ مالتى بەسىنت، بىر بەرىنىخ تۇتىيائى كەبىرنى يەتتە گىرام مەجۈنى سەنگدانە مۇرغى بىلەن قوشۇپ ئىككى ۋاخ يېگۈزۈش لازىم.

چىش چىقىشتىن بولغان زەرەب ۋە خەلفە: ئەگەر بالىلاردا چىش چىقىش سەۋەبىدىن ئىچ سۈرۈش بولغان بولسا تۆۋەندىكى نۇسخىنى بېرىش لازىم:

ئاۋۋال جاۋارىش مەستىكىدىن بىر گىرامنى يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن بەدىياندىن ئىككى گىرام، لاچىندانە ئۇرۇقىنى، قارا سېمىزئوت ئۇرۇقى بىر گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئالتە گىرام ئاق ناۋات قوشۇپ، ئاز - ئازدىن كۈندە بىر قانچە قېتىم بېرىش (بۇ مىقدار ئالتە ئايلىقتىن ئىككى ياشقىچە بولغان بالىلار ئۈچۈن يېتەرلىك) ۋە بالىنىڭ چىش مىلىكلىرىگە ھەسەل سۈركەپ قويۇش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇش غىزالاندۇرۇشتا سەۋەبلىرىگە قاراش، ئومۇمىي ھالەتلەردە ئاچ قالدۇرۇش ۋە غىزانى لەتىفلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، كېسەللىك باشلىنىپ 24 سائەتتىن كېيىن بەزى سۇيۇق، ئاسان ھەزىم بولىدىغان تاماقلارنى بېرىش، مەسىلەن: ئانار سۈيى، ئۈزۈم سۈيى، ئالما سۈيى، قورۇلغان ئارپا ئېشى، شورپا، قىيما شورپىسى، ماش ئۇنى، قېتىق، خۇشكە، دانلىق زىرائەتلەردىن تەييارلانغان يۇمشاق غىزالار، ساگۇدانە، ماشنىڭ سۇيۇق كەچرىسى قاتارلىقلار. ئۇن ۋە كەچرى قاتارلىقلارغا مۇرچلار، ئىسسىق تەم تەگشگۈچى دورىلار چۈشمىگەن بولسۇن.

غىزانىڭ مىقدارى ۋە تۈرىنى بەلگىلەشتە تېبۇپ ناھايىتى دانالىق بىلەن ئىش تۇتۇشى زۆرۈردۇر.

غىزالار ئۈچەيدە توختىماي چىقىپ كېتىش (زەلىقۇل ئەمئائ) كېسەللىكى

غىزا ئۈچەيلەردە توختىماستىن، ناھايىتى تېز چىقىپ كېتىدۇ.

سەۋەبى

1. مۇدۇر - چاقا   بەزىدە بۇنىڭغا مۇدۇر - چاقا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئۈچەيلەرنىڭ ئىچكى يۈزىدە ئىسسىق ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ مۇدۇر - چاقىلار ئۈچەيلەرگە يېقىمسىزلىق يەتكۈزسە، ئۈچەيلەر ھەزىم بولمىغان يەنى خام غىزالارنى چىقىرىپ تاشلايدۇ.

2. ئۈچەي سىرتىدىكى مۇدۇر - چاقىدىن بولغان زەلىقۇل ئەمئا   بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى ئۈچەيلەرنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى مۇدۇر - چاقىلار بولىدۇ (بۇ يۇقىرىقى مەزكۇر ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ).

3. ياغ قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان زەلىقۇل ئەمئا   بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى بۇزۇلغان ۋە ئۆزگەرگەن ھۆللۈكلەر بولىدۇ. بۇ ئۈچەيلەرگە توپلىنىپ، ئۈچەيلەرنىڭ يۈزلىرىگە چاپلىشىدۇ ھەمدە ئۈچەيلەرنىڭ سىلىقلىشىپ قېلىشى سەۋەبىدىن غىزا تېز چىقىپ كېتىدۇ.

4. ئۈچەي ئاجىزلىقى   بەزىدە ئۈچەيلەردە غىزا شۇنىڭ ئۈچۈن توختىيالمايدۇكى، ئۈچەيلەرنىڭ مىزاجى ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇپ بوشاپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ماسىكەسى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

5. سەپرادىن بولغان زەلىقۇل ئەمئا   بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى باشقا ئەزالاردىن ئۈچەيگە ئۆتكۈر سەپرانىڭ قۇيۇلۇشى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەردە كۆيۈشۈش پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈچەيلەر بۇنى چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئىچ سۈرۈشتە سۆزلىنىپ بولدى.

6. پالەچ   بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۈچەي غىزانى توختىتىپ تۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. بۇ ھالەت ئۈچەي نېرۋىلىرى پالەچلەنگەن ۋاقىتتا بولىدۇ. پالەچلىنىشنىڭ سەۋەبى نېرۋىلار ئۆزى ياكى ئۇنىڭ باشلىنىش مەركىزى بەلغەم بىلەن تولۇش ياكى ئۇلارغا بىرەر زەربە يېتىشتىن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار نېرۋىلار پالەچلىنىدۇ.

ئالامىتى

1. مۇدۇر - چاقىدىن بولغان زەلىقۇل ئەمئانىڭ ئالامىتى   غىزا ھەزىم بولماي ياكى

چالا ھەزىم بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۇيۇق زەرداب سۇمۇ چىقىدۇ. ئۈچەيدىن غىزا ئۆتكەندە ئاغرىق مەلۇم بولىدۇ. ئاغرىقنىڭ قاتتىقلىقى مۇدۇرنىڭ قاتتىقلىقى ۋە كۆپلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. باش ۋە چىراي تەرەپكە كۆيۈشۈش ئۆرلىگەندەك مەلۇم بولىدۇ. سوغۇق سۇ ئىچىشتىن كۆيۈشۈش قىسقا ۋاقىت يوقىلىدۇ.

2. ئۈچەي سىرتىدىكى مۇدۇر - چاقىدىن بولغان زەلىقۇل ئەمئانىڭ ئالامىتى   بىمار قورسىقىدىكى ئەزالاردا سانجىق ۋە كۆيۈشۈشنى ھېس قىلىدۇ. ھەزىم بولمىغان غىزالار ئىچ سۈرۈش بىلەن چىقىدۇ. بۇ تۈرى ئالدىنقى تۈرىدىن چوڭ تەرەتتىن زەرداب سۇ چىقماسلىق بىلەن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى بۇ تۈردە قويۇلغان زەرداب سۇ قورساق بوشلۇقىدا توسۇلۇپ قالىدۇ. ئاغرىق ئوخشىمىغان ئورۇندا مەلۇم بولىدۇ. بەزىدە ئۈستى، بەزىدە ئاستى، بەزىدە ئوڭ ۋە بەزىدە سول تەرەپتە بولىدۇ. ئاغرىق ئورۇندىكى بۇ ئوخشىماسلىق كېسەللەنگەن ئورۇن ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ.

3. ياغ قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان زەلىقۇل ئەمئانىڭ ئالامىتى   بۇ تۈردە بۇزۇلغان ھۆللۈكلەر غىزا بىلەن چىقىدۇ ۋە غىزا تولۇق ھەزىم بولمايدۇ. ئۈچەيدە غىزا ئاز توختايدۇ. لېكىن ئاشقازاننىڭ ھالىتى ياخشى بولىدۇ. ئاشقازاندا ھەزىممۇ بولىدۇ ھەمدە غىزا تەبىئىي ھالەتتە توختايدۇ. بۇ كېسەللىك ئاشقازاندا بولمىغان، بەلكى ئۈچەيلەردىلا بولغاندا بولىدۇ.

4. ئۈچەي ئاجىزلىقىدىن بولغان زەلىقۇل ئەمئانىڭ ئالامىتى   بۇزۇلغان ھۆللۈكلەردىن بولغان زەلىقۇل ئەمئانىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. پەرقى، بۇنىڭدا چوڭ تەرەت بىلەن ھۆللۈكلەر ئارىلىشىپ چىقمايدۇ. چۈنكى بۇ تۈردە ھۆللۈكلەر ئۈچەينىڭ ئىچكى يۈزىنى قاپلىغان بولىدۇ.

5. سەپرادىن بولغان زەلىقۇل ئەمئانىڭ ئالامىتى   سەپرادىن بولغان خىلىت مەقئەتتە كۆيۈشۈش پەيدا قىلىدىغان غىزا بىلەن چىقىدۇ.

6. پالەچتىن بولغان زەلىقۇل ئەمئانىڭ ئالامىتى   پالەچنىڭ ئالامەتلىرى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن پالەچنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم، بۇ سۆزلىنىپ بولدى.

داۋالاش

1. مۇدۇر - چاقىدىن بولغان زەلىقۇل ئەمئانى داۋالاش   قان ئېلىنىدۇ، ئارپا تالقىنى سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭغا ساپ گۈل يېغى قوشۇلغان بولسۇن. سۇفۇپى زەلىقۇل ئەمئا بەسورى ۋە چاپلاشقاق دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، كەتىرا ياكى لوئابلىق ئۇرۇقلار. سوۋۇتقۇچى ھۆقنە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ، قورۇلغان ئارپا، گۈرۈچ، پوستى خەشخاش، ئاق

لەيلى، كىنۇچە قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بولسۇن. دەسلەپتە يۇقىرىقى دورىلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئاندىن گۈل يېغى، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك شەربەت ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: خەشخاش شەربىتى، تاتلىق ئانار شەربىتى، ئاس شەربىتى قاتارلىقلار. سوغۇق تەبىئەتلىك ۋە ھارارەت تۆۋەنلەتكۈچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: غىزالار گۈرۈچ، ئەدەس ۋە گۈل يېغى بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن. ناننى بادام يېغى بىلەن ئېزىپ بېرىلىدۇ. ئۆتكۈر تۈردىكى چۈچۈمەل نەرسىلەر ئۈچەيدە كۆيۈشۈپ پەيدا قىلغاچقا، ئۇلار پەرھىز قىلدۇرۇش.

ئارپا تالقىنى سۈيىنىڭ تەركىبى: ئارپىنىڭ تالقىنىنى ئارپا ئېشىغا ئوخشاش قاينىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ سۈيىنى سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

2. ئۈچەي سىرتىدىكى مۇدۇر - چاقىدىن بولغان زەلىقۇل ئەمئانى داۋالاش قان ئېلىنىدۇ، ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى نەرسىلەر ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: بېھى سۈيى، ئۈزۈم شېخى سۈيى قاتارلىقلارغا تاباشىر قوشۇپ بېرىلىدۇ، مەسىلەن: قاينىتىلغان كاسىنە، پىشمىغان ئۈزۈم سۈيى بىلەن پىشۇرۇلغان كۆكتات شورپىسى بېرىلىدۇ. قورساق ساھەسىگە سوۋۇتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ. مەسىلەن: كائى، قاپاق پوستى، سۆگەت يوپۇرمىقى سۈيى، ئىسپىغۇل يوپۇرمىقى سۈيى، پاقىيوپۇرمىقى، قىزىل بۇغداش قاتارلىقلارغا ئارپا ئۇنى قوشۇپ چېپىلىدۇ. بۇنىڭدا بىمار تىنچ، سوغۇق ئورۇندا تۇرغۇزۇلىدۇ.

3. ياغ قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان زەلىقۇل ئەمئانى داۋالاش ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇ سۇيۇقلۇقلار قۇستۇرۇش ئارقىلىق چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئايارەج پەيقىرا بېرىلىدۇ، ئاندىن قابىز قۇرسلار ۋە سۇفۇپلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، قالغان ھۆللۈكلەر سەۋەبىدىن ئىچ سۈرۈش توختىمىغان شەرت ئاستىدا، سۇفۇپى ئانار دانە، قۇرسى گۈلنار بېرىلىدۇ.

4. ئۈچەي ئاجىزلىقىدىن بولغان زەلىقۇل ئەمئانى داۋالاش قابىز ۋە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى قۇرسلار ۋە سۇفۇپلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، تالقان يېگۈزۈلىدۇ. گۈل يېغى تارقاتقۇچى ۋە قابىز بولغانلىقى ئۈچۈن، قورساق گۈل يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ.

5. سەپرادىن بولغان زەلىقۇل ئەمئانى داۋالاش سۈرگۈچى مۇسھىللار بىلەن سەپرادىن بولغان خىلىت چىقىرىۋېتىلىدۇ، مەسىلەن: سېرىق ھېلىلىگە شېكەر قوشۇپ بېرىلىدۇ، ياكى قۇستۇرۇش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئاندىن قابىز، سوغۇق ۋە ئەزالارنى كۈچلەندۈرگۈچى قۇرسلاردىن قۇرسى تاباشىر يېگۈزۈلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش زەلىقۇل ئەمئا ۋە ئىچ سۈرۈشتە بۇ نۇسخا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. جاۋارىش ئانارىندىن بەش گىرامنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئارقىدىن بېھى ئۇرۇقى، قارا سېمىزئوت

ئۇرۇقى، ئاق سەندەلدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا لۇئاب ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام ھەببۇلئاس شەربىتى قوشۇپ ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ، كەچتە مالتى بەسىنتتىن ئىككى بەرىنجى 24 گىرام ئاچچىق ئانار شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ، تاماقتىن كېيىن ھەببى ئابدىمىلىكتىن ئىككى دانە يېگۈزۈلىدۇ. ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئارپا تالقىنى، تەرخەمەك، ئەگرى تەرخەمەك، ساگۇدانە قاتارلىقلار دەسلەپتىلا يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن تەدرىجىي غىزا كۆپەيتىلىدۇ، ئىسسىق، چۈچۈمەل دورا - دەرمەكلەر، تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. قالغان نۇسخىلار زەرەب ۋە خەلفەدە سۆزلىنىپ بولدى.

قوشۇمچە ئىچ سۈرۈش كېسەللىكى تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى، غىدىقلىنىشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش؛ ئىككىنچى، تولۇپ قېلىشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش؛ ئۈچىنچى، ئۆپ ئۆتۈشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش؛ تۆتىنچى، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشتىن ئىبارەت.

1. غىدىقلىنىشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش بۇنىڭدا كۆيۈشۈش ۋە غىدىقلىنىش سەۋەبىدىن ئىچ سۈرىدۇ. بۇ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) چوڭ تەرەتتىن بولغان ئىچ سۈرۈش: بۇ بىر يەڭگىل تۈرى بولۇپ، كۆپ مىقداردا، تېز - تېز تاماق يېيىش ياكى ھارغان (چارچىغان) ۋاقىتتا تاماق يېيىشتىن پەيدا بولىدۇ.

تاماق يەپ ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن قورساق ئېسىلىپ، ئۈچەيلەر تولغاپ ئاغرىپ ئىچ سۈرۈشكە باشلايدۇ. چوڭ تەرەت سارغۇچ، يەڭگىل، سېسىق پۇراقلىق بولىدۇ. ئىچ سۈرۈشتىن كېيىن قورساق ئېسىلىش قاتارلىقلارنىڭ شىكايىتى يوقىلىدۇ، يەنى ساغلاملىق ھاسىل بولىدۇ. بەزىدە بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى ئېلىشىشمۇ بولىدۇ. كۆپىنچە تىلىنى گەز باغلايدۇ.

2) قورساقتىكى ماددىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش: بۇ، ياشلاردا سوزۇلما ئىچ سۈرۈش بىلەن، بالىلاردا ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما ئىچ سۈرۈش بىلەن بولىدۇ. لېكىن ئەرلەرگە نىسبەتەن ئاياللاردا ۋە بالىلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە ھەزىم بولمىغان غىزا ئۈچەيدە غىدىق پەيدا قىلىدۇ. شىلىمشىق ماددا ۋە بەلغەم ئارىلاش ئىچى سۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە غىزامۇ چىقىدۇ. غىزادىن كېيىن دەرھال چوڭ تەرەت قىلىش سېزىمى بولىدۇ. ئۇزۇقلاندۇرۇشنىڭ كەملىكىدىن بىمار كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ، ئاجىزلايدۇ. ئېغىز ئىچى ۋە تىلى قىزىل بولىدۇ. بەزىدە ئېغىزىدا سۇلۇق قاپارتمىمۇ پەيدا بولىدۇ. ئېغىزىدىن شۆلگەي ئاقىدۇ، بۇ كېسەللىكتە ئىشتىھا ساغلاملىق ھالىتىدىكىدەك بولىدۇ.

3) سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش: بۇنىڭدا سەپرانىڭ ئۈچەيلەرگە قۇيۇلۇشى ئاشىدۇ.

بۇنىڭدىن ئۈچەيگە غىدىقلىنىش ۋە كۆيۈشۈش يېتىدۇ. كۆپىنچە بۇ ئىسسىق مەملىكەتلەردە تولغاق شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. سەپرا كۆپ چىقىش سەۋەبىدىن ئىچ سۈرۈشنىڭ سانى 20 ~ 35 قېتىمغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ كۆك رەڭلىك، سېرىقتا مايىل كېلىدۇ. مەقئەتتە كۆيۈشۈش ۋە ئېچىشىش بولىدۇ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا قىزىل رەڭلىك ھالقا پەيدا بولىدۇ، قاتتىق ئۇسسايدۇ. باللاردىكى بۇ خىل ئىچ سۈرۈشنىڭ ئالامەتلىرى خولېرانىڭ ئالامەتلىرىگە ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن ئىچ سۈرۈشنىڭ رەڭگىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

4) قۇرتتىن بولغان ئىچ سۈرۈش: بۇنىڭدا ئۈچەيلەردىكى قۇرتنىڭ غىدىقلىشى سەۋەبچى بولىدۇ، بۇ، باللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

2. تولۇپ قېلىشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش بۇ جايدىكى تولۇپ قېلىشنىڭ مەنىسى قان تولۇپ قېلىشتۇر. بۇ، ئىنچىكە ئۈچەيلەرنىڭ شىللىق پەردىلىرىدە يۈز بېرىدۇ. قان تولۇپ قېلىش بەزىدە يەڭگىل ۋە ئادەتتىكىدەك بولىدۇ. بەزىدە شۇنچىلىك ئۆتكۈر بولىدۇكى، شىللىق پەردىلەردە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ. غىدىقلىنىشتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنىڭ ساقايماسلىقى، تاشقى تەرەپتىن سوغۇق تېگىش، تەرنىڭ توختاپ قېلىشى ۋە پەسىللىك قىزىتما قاتارلىقلار سەۋەبىدىن بولىدۇ. 24 سائەتتە تەخمىنەن 10 ~ 12 قېتىم ئىچى سۈرىدۇ. بۇ بەزىدە ئاز مىقداردا، ئاق ۋە بەلغەم ئارىلاش بولىدۇ، بەزىدە كۆپ مىقداردا، سۇدەك سۇيۇق، پۇراقسىز بولىدۇ، قان تولۇش ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق سەۋەبىدىن بەدەن ھارارىتى ئازراق يۇقىرىلايدۇ، تومۇرى تېز سوقىدۇ. قورساقتا ئاغرىق ۋە تولغاپ ئاغرىش بولىدۇ. ئاغرىق سانجىق ياكى تارتىشىش بىلەن بولىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ، ئىشتىھاسى يوقىلىدۇ. ئەگەر بىرنەچچە كۈنگىچە ساقايمىسا، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشكە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

3. ئۆپ ئۆتۈشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش بۇ سوغۇق مەملىكەتلەر (مەسىلەن: ياۋروپادىكى سوغۇق دۆلەتلەر) دە ياز پەسلىدە يۈز بېرىدۇ. ئۇ خولېراغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئۆپ ئۆتۈشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش خولېراغا ئوخشاپ كەتكەچكە، تارقىلىشچان خولېرا دېيىلىدۇ. ھەيزە ئەيشىيائى دەپ ئاتىلىدۇ.

4. سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈش كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە ئەتىگەندە ئۈچەيدە تولغاپ ئاغرىش بولماستىن ئىككى - ئۈچ قېتىم ئاق رەڭلىك ئىچ سۈرىدۇ ۋە كەچتە تەبىئەت تازىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمار بۇنىڭغا ئازراقمۇ پەرۋا قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە بىرئاز ئاجىزلاش پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەنگەن بولسا تەرەتنىڭ رەڭگى تەدرىجىي ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ، بەزىدە ئاق بولىدۇ، بەزىدە بۇلغانغان سۇدەك، بەزىدە كۆپۈكلۈك بولۇپ، تېزلىك

بىلەن چىقىدۇ. بەدەن تېخىمۇ ئاجىزلايدۇ ۋە ئىچ سۈرۈش ئۆتكۈرلىشىدۇ. تىل ئەتراپى ۋە ئۇنىڭ ئۇچى قىزىل، پارقىراق بولىدۇ، تىل ئوتتۇرىسى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، ئاز مەزگىلدىن كېيىن شىلىلىق پەردىسى سويۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن تىل يۈزىدە يارا پەيدا بولىدۇ ۋە تىلىنىڭ سەزگۈسى ئېشىپ كېتىدۇ، تاماق يېگەندە يېقىمسىزلىق بولىدۇ ۋە مۇرچ، دورا - دورمەكلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن غىدىقلىنىدۇ، ئىشتىھاسى ئاشىدۇ ۋە بۇزۇق نەرسىلەر (تۇپا قاتارلىقلار) نى يېيىش رىغبىتى كۈچىيىدۇ. تاماق يېگەندىن كېيىن قورساقتا ئېسىلىش ۋە كۆكرەكتە كۆيۈشۈش پەيدا بولىدۇ. ئاچچىق كېكىرىدۇ. ئۈچەيلەردە تولغاپ ئاغرىش پەيدا بولىدۇ، لېكىن بەزى چاغدا ئىشتىھا يوقاپ كېتىدۇ.

سوزۇلما ھالەتتە بىمارنىڭ تەبىئىتى چىپچىلاڭغۇ بولىدۇ ۋە تومۇرى ناھايىتى ئىنچىكە سوقىدۇ، بۇنىڭدا بەزىدە ئاستىلىقمۇ بولىدۇ. بەدەن تېرىسى قۇرغاق ۋە يىرىك بولىدۇ، مۇسكۇللار يىگىلەيدۇ، جىگەر كىچىكلەيدۇ، بەدەن رەڭگى تاتارغان، ئېسىلگەن بولىدۇ، بۇنىڭدا بەزىدە داغ چۈشىدۇ ۋە مۈڭگۈز پەردىدە يارا پەيدا بولىدۇ.

نەتىجىدە رەئىس ئەزالارنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن قاتتىق ئۇيقۇ، ھوشىدىن كېتىش ياكى تەشەننۇج بولىدۇ ۋە بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ساغلاملىقى ئەسلىگە كەلسە، كېسەللىك قايتىلىنىشىنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ.

تولغاقتىن پەرقلەندۈرۈش ئىچ سۈرۈشتە قان چىقمايدۇ، ئۈچەيلەردە تارتىشىش ۋە تولغاپ ئاغرىش ناھايىتى يەڭگىل بولىدۇ. تولغاقتا ئاغرىق ئۆتكۈر بولىدۇ. ئىچ سۈرۈشتە ئاغرىق تۈز ئۈچەي ۋە بوغماق ئۈچەينىڭ ئاخىرقى ئەگمىسى (Sسىمان بۆلىكى) دە بولمايدۇ.

داۋالاش

1. غىدىقلىنىشتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش بۇنىڭدا ھەممىدىن بۇرۇن ئۈچەيلەردىن غىدىقلىغۇچى سەۋەب يوقىتىلىدۇ. بۇ مەقسەتتە يەڭگىل، غىدىقلىنىش پەيدا قىلمايدىغان دورىلارنى، مەسىلەن: يۇمشاتقۇچىلار بىلەن سوغۇق تەبىئەتلىك لۇئاب قاتارلىقلارنى بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن سوغۇق تەبىئەتلىك لۇئابلار بىلەن ئارىلىق يەتكۈزۈش. غىزاسىغا ئەھمىيەت بېرىش، يەڭگىل ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان تاماقلارنى يېگۈزۈش، ئەگەر مۇمكىن بولسا مۇھىت ئالماشتۇرۇش كېرەك.

1) چوڭ تەرەتتىن بولغان ئىچ سۈرۈش: بۇنىڭدا ھېچقانداق داۋالاشنىڭ زۆرۈرىتى بولمايدۇ. بىرقانچە قېتىم ئىچ سۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تەبىئەت ئۆزلۈكىدىن تازىلىنىپ قالىدۇ.

2) قورساقتىكى ماددىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش: بۇنىڭ ئايرىم بىرەر مۇستەقىل ئىلاجى يوق. سوزۇلما ئىچ سۈرۈش ياكى ئۆتكۈر ئىچ سۈرۈشمۇ بۇنىڭغا شېرىك بولسا، بۇنىڭ

ئىلاجىنى قىلىش لازىم.

3) سەپرادىن ۋە ئۆپ ئۆتتۈشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش: بۇنىڭدا ئۈچەينى دەسلەپتە سەپرا ۋە ھەزىم بولمىغان غىزادىن يۇمشىتىش ۋە ئىچىنى سۈرۈش ئارقىلىق تازىلاش لازىم، بۇ مەقسەتتە تەمرى ھىندى، ئەينۇلا بەك ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ. داۋالىنىشقا كىرىشكەندە بارىد ۋە يۈرەكنى كۈچەيتىش تۈرىدىكى باشقا خۇش پۇراق نەرسىلەر پايدىلىق. بۇ ھالەتتە قول - پۇتلارنى ئىسسىق ساقلاش لازىم.

4) قۇرتتىن بولغان ئىچ سۈرۈش: بۇنىڭدا قۇرتنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. بۇ ئايرىم بابتا سۆزلىنىدۇ.

2. تولۇپ قېلىشتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش بۇنىڭدا دەسلەپتە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش قاتتىق زىيانلىق بولۇپ، سىلىقلاشتۇرغۇچى مۇسھىللار بېرىلىدۇ، مەسىلەن: بىدانجىر يېغى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۈچەي دەسلەپتە تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تىنچلاندۇرغۇچى لۇئابلار، يەڭگىل قورۇغۇچى دورىلار ئارقىلىق ئىچ سۈرۈش تەدرىجىي توختىتىلىدۇ، قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى ئىسسىق تەبىئەتلىك زىمات ۋە لەتۇخاتلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر زۆرۈر بولسا قورساق ساھەسىگە مايلىلاشتۇرۇش مەقسىتىدە قىزارتقۇچى زىماتلار (مەسىلەن: زىماتى خەردەل) ۋە داغلىغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

3. ئۆپ ئۆتتۈشتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش بۇنىڭ ئىلاجى غىدىقلىنىشتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنىڭ ئۈچىنچى تۈرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

4. سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ئۈچەيلەرنى قورۇغۇچى ۋە قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، جىگەرنىڭ خىزمەتلىرى نورماللاشتۇرۇلىدۇ ۋە بەدەن تەرلىتىلىدۇ. بۇ ھالەتتە ئازاراقى ۋە ئەپيۇن مۇرەككىباتى بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ۋاقىتتا تەرخەمەك ۋە ھەزىمنى كۈچلەندۈرگۈچى ئاچچىق دورىلارمۇ مەنپەئەتلىك.

ئەمەلىي داۋالاش غىدىقلىنىشتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش: ئەگەر ئۈچەيلەردىكى كۆيۈشۈش ۋە غىدىقلىنىش سەۋەبىدىن ئىچى سۈرۈۋاتقان بولسا، بىدانجىر يېغىدىن 48 گىرام، كالا سۈتىدىن 96 گىرامنى بىرلەشتۈرۈپ دەسلەپتە تاكى ئۈچەيلەر تازىلانغىچە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

بېھى ئۇرۇقى، ئاق لەيلى، بەدىيان قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، 24 گىرام ھەببۇلئاس شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، بەش گىرام سوقۇلمىغان ئىسپىغۇل سېپىپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن مەنپەئەت بولمىسا، ئەتىگەندە سۇفۇپى مويادىن ئۈچ گىرام ياكى سۇفۇپى تىنىدىن ئالتە گىرامنى دەسلەپتە

يىگۈزۈپ، ئاندىن ئاق لەيلى، گاۋزىبان يوپۇرمىقى، بەدىيان قاتارلىقلاردىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، 114 گرام ئەرقى گۈلدە شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، 24 گرام شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە كەچ ۋاقتىدا سۇفۇپى مەقلىياسادىن بەش گرامنى كالا يېغىدا ياغلاپ يىگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئەرقى گاۋزىباندىن 196 گرامنى 24 گرام نىلۇپەر شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش دەسلەپتە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىشقا ئالدىرىماي، بەلكى ئۈچەيلەرنى تازىلاش لازىم. ئەگەر ئىچ سۈرۈش سۇدەك، ئاغرىقسىز كەلگەن بولسا، ئۇنى توختاتماسلىق لازىم ھەمدە بۇ ۋاقىتتا تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم. جاۋارىش ئامىلەدىن يەتتە گرامنى دەسلەپتە يىگۈزۈپ، ئاندىن قارا سېمىزئوت ئۇرۇقى، زىرىشك، كاھۇ ئۇرۇقى، ئاق سەندەل قاتارلىقلاردىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، 48 گرام ئەرقى گۈل، 72 گرام ئەرقى كىيۇرەدە شىرىسى ۋە لۇئابىنى چىقىرىپ، 24 گرام ئەنجبار شەربىتى ياكى 24 گرام ھەببۇلئاس شەربىتى ياكى 24 گرام ئانار شەربىتى قوشۇپ بېرىش لازىم.

سوزۇلما ئىچ سۈرۈش بۇنىڭدا تۆۋەندىكى نۇسخىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ: مەجۇنى سەنگدانە مۇرغدىن يەتتە گرامنى دەسلەپتە يىگۈزۈپ، ئاندىن بەدىيان، لاچىندانە ئۇرۇقى، ھەببۇلئاس قاتارلىقلاردىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ شىرىسىنى چىقىرىپ ھەمدە ھەببۇلئاس شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، كەچ ۋاقتىدا تۇتيائى كەبىر ياكى مالتى بەسىنتىن ئىككى بەرنىجگە سەنگدانە مۇرغى ياكى جاۋارىش مەستىكى ياكى ئامىلە نۇشدارى سادده ياكى جاۋارىش ئۇد شىرىن قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم بىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ، 60 گرام ئەرقى لاچىندانە بىلەن قوشۇپ يىگۈزۈش ۋە تاماقتىن كېيىن ھەببى رالدىن بىر دانە بېرىش لازىم.

ھەببى رال نۇسخىسى ئاق رال ۋە ئەرەب يېلىمىدىن ئالتە گرامدىن ئېلىپ ئېزىپ، 28.5 گرام سۇدا ھەب تەييارلىنىدۇ.

بۇ ھالەتتە سۇفۇپى مويا، سۇفۇپى تىن ۋە سۇفۇپى مەقلىياسامۇ پايدىلىق.

سۇفۇپى مويا نۇسخىسى پوستى خەشخاش، بەدىيان، قارا ھېلىلەدىن ئالتە گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى كالىنىڭ سېرىقمېيى بىلەن مايلاپ سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ تەييارلاپ، 3 ~ 5 گرامغىچە يىگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئۈچەينىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنسا، جامەت رۇببىسى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

سۇفۇپى تىن نۇسخىسى سوقۇلمىغان ئىسپىغۇل، رەيھان ئۇرۇقى، كىنۇچە ئۇرۇقى،

نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، گۈل ئەرمىنى، تاباشىر، قورۇلغان ھۇمماز ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، بېشىدىكى ئۈچ خىل ئۇرۇق دورىلاردىن باشقىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ، قالغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، 6 ~ 9 گىرامغىچە بېرىلىدۇ.

سۇفۇپى مەقلىياسا نۇسخىسى زاغۇن ئۇرۇقىدىن 70 گىرام، مۇدەببەر قىلىنغان زىرە كېرمانىدىن 30 گىرام، زىغىر ئۇرۇقى، كۈدە ئۇرۇقى، قارا ھېلىلە (زەيتۇن يېغىدا قورۇلغىنى)نىڭ ھەربىرىدىن توققۇز گىرامدىن، مەستىكىدىن تۆت گىرام ئېلىپ، زاغۇن ئۇرۇقىدىن باشقا بارلىق دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، زاغۇن ئۇرۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، 5 ~ 12 ئىستېمال قىلىنىدۇ.

تۆۋەندىكى نۇسخىمۇ سوزۇلما ئىچ سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكەن.

نۇسخا مالتى بەسىنىت، تۇتىيائى كەبىردىن بىر بەرەنجتىن ئېلىپ، يەتتە گىرام جاۋارىش مەستىكى ياكى يەتتە گىرام مەجۇنى سەنگدانە مۇرغى بىلەن قوشۇپ، كۈندە ئىككى قېتىمدىن بىرقانچە كۈن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى شىربىلەر بىلەن بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئۈچ گىرام ھەببۇلئاس شىربىسى، ئۈچ گىرام ئەنجبار يىلتىزى شىربىسى، بەش گىرام كاسىنە ئۇرۇقى شىربىسى، ئۈچ گىرام قارا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىربىسى قاتارلىقلار.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز باشقا ھۆكۈم ۋە كۆرسەتمىلەر ئىچ سۈرۈشتە مەزكۇردۇر.

قانلىق ئىچ سۈرۈش (زوسىنتارىيا)

بۇ، ئۈچەيلەرنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەبلەردىن بولىدۇ، مەيلى قان، يىرىڭ ياكى ئۈچەي ھۆللۈكلىرى چىققان بولسۇن.

زوسىنتارىيەنىڭ مەنىسى يۇنان تىلىدا ئۈچەي زەخمىسى بولۇپ، ئالىملار بۇ سۆزنى بۇ مەنە ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئىدى. بەزى كىشىلەر قانلىق ئىچ سۈرۈشنى زوسىنتارىيە دەيدۇ، بۇ ئۈچەي زەخمىسىدە چوقۇم بولىدۇ، لېكىن تولغاقتىمۇ بۇ قانلىق ئىچ سۈرۈش بولىدۇ، بۇنى ئۇ نام بىلەن ئاتىمايدۇ.

سەۋەبى

1. تولۇپ قېلىشتىن بولغان قانلىق ئىچ سۈرۈش ئۈچەيدىن قان چىقىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە تولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن ئۈچەي قان تومۇرلىرىنىڭ ئېغىزىدا غىدىقلىنىش بولماستىن ئېچىلىپ قالغانلىق بولىدۇ. بۇنىڭ ئىككى خىل شەكلى بولىدۇ. بىرى چوڭ

ئۈچەيلەردىن؛ يەنە بىرى كىچىك ئۈچەيلەردىن قان كېلىدۇ.

2. ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى تۆكۈلۈشتىن بولغان قانلىق ئىچ سۈرۈش ئۈچەيلەردىن قان كېلىشنىڭ سەۋەبى ئۈچەي شىللىق پەردىلىرىنىڭ تۆكۈلۈشى بولىدۇ.

1) سەپرادىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈش: شىللىق پەردىنى سويغۇچى نەرسىلەر سەپراۋى ئۆتكۈر ماددىلار بولىدۇ، بۇ ئۈچەيگە قۇيۇلۇپ ئۇنىڭ تەرسىسى (شىلىمشىق ھۆللۈكى) نى يوقىتىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۈچەي شىللىق پەردىلىرىنى ئاجرىتىپ زەخىملەندۈرىدۇ، ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى تۆكۈلۈش سەۋەبىدىن قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ قېلىپ، ئۇلاردىن قان ئېقىشقا باشلايدۇ.

تەرسىس — قوغۇشۇن سۆزىدىن چىققان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى قەلەي يالتىلغاندۇر. تەرسىستە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى مايلىشاڭغۇ شىلىمشىق ھۆللۈكتۇر. بۇ، ئۈچەي يۈزىگە قەلەي مىس ئۈستىگە چاپلاشقاندەك چاپلاشقان بولىدۇ. بۇ ھۆللۈكنىڭ پايدىسى ئۈچەي يۈزى ۋە ئۈچەيلەردىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ئارىسىدا توسۇق بولۇشتۇر، مەسىلەن: قۇرۇق، يىرىك چوڭ تەرەت ۋە ئۆتكۈر خىلىت ھەمدە ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ئۈچەي شىللىق پەردىسى سويۇلۇپ كەتمەيدۇ، قۇرۇق، يىرىك چوڭ تەرەت ۋە ئۆتكۈر خىلىت ئۇلار ئۈستىدىن ھەر كۈنى ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بۇزۇلغان ۋە چىرىگەن چوڭ تەرەت شۇ يەردىن توختىماي ئاسانلا چىقىپ كېتىدۇ.

2) بەلغەمدىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈش: بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى شورلۇق بەلغەم خىلىتى بولىدۇ. بۇ سەپرا خىلىتىغا ئوخشاش تەسىر قىلىدۇ، يەنى ئۈچەيلەرنىڭ تىۋىتچىلىرىنى تۆكۈۋېتىدۇ، ئاندىن ئۈچەينى زەخىملەندۈرۈپ، ئۈچەينىڭ قان تومۇر ئېغىزىنى ئېچىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قاناش كېلىپ چىقىدۇ.

3) ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈش: بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى ئاشقازان كىسلاتاسى بولىدۇ، بۇ ئۆزىنىڭ ئاچچىقلىقى ۋە ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن ئۈچەيدە غىدىقلىنىش پەيدا قىلىدۇ.

4) چوڭ تەرەتتىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈش: بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى قۇرۇق ۋە يىرىك چوڭ تەرەت بولىدۇ. بۇ ئۆزىنىڭ قۇرۇقلۇقى ۋە يىرىكلىكىدىن ئۈچەيلەردە ئۆتكەن ۋاقىتتا غىدىقلاش پەيدا قىلىدۇ.

5) زەھەرلىنىشتىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈش: بەزىدە بۇ مۇسھىل دورىلارنى ئىچكەندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسھىل دورىلار ئارقىلىق ئۆتكۈر خىلىتلار چىقىدۇ ياكى مۇسھىل دورا ئۆزى ئۆتكۈر بولىدۇ.

ئالامىتى

1. تولۇپ قېلىشتىن بولغان قانلىق ئىچ سۈرۈشنىڭ ئالامىتى قان ئۈچەيدىن تولۇپ قېلىش سەۋەبلىك چىققان بولسا، بوۋاسىر، جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش ۋە ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى تۆكۈلۈشنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلمايدۇ.

بوۋاسىرنىڭ ئالامىتى مەقئەتتە ئاغرىق، ئېغىرلىق، قىچىشىش بولىدۇ، چوڭ تەرەتتىن بۇرۇن ياكى كېيىن قان قۇيۇلۇش ياكى تامچىلاش شەكلىدە چىقىشى.

جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنىڭ ئالامىتى قان تۇيۇقسىز چىقىدۇ، قان ساپ بولۇپ، ئۈچەي قاسراقچىلىرى بولمايدۇ، ئىچ سۈرۈش ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن دەۋرىيلىك شەكىلدە كۆرۈلىدۇ، ئاغرىق بولمايدۇ، تەرەت گۆش يۇغان سۇدەك كېلىدۇ، بەدىنى ئورۇقلايدۇ، رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، جىگەر ساھەسىدە ئېغىرلىق بولىدۇ.

2. ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى تۆكۈلۈشتىن بولغان قانلىق ئىچ سۈرۈشنىڭ ئالامىتى ئاغرىق ۋە ئۈچەيدە تولغاپ ئاغرىش بولىدۇ، ئۈچەي تىۋىتچىلىرى چىقىدۇ.

1) سەپرادىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشنىڭ ئالامىتى

دەسلەپتە سەپرا ۋە ئۈچەي تىۋىتچىلىرى چوڭ تەرەتكە ئارىلىشىپ چىقىدۇ، ئاندىن قان ۋە ئۈچەي تىۋىتچىلىرى، ئۈچەينىڭ باشقا چاپلاشقاق ھۆللۈكلىرى بىلەن سەپرا ماددىسى قوشۇلۇپ چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۈچەيدە ئاغرىق بولىدۇ.

ئەگەر غىدىقلىنىش يۇقىرىقى ئۈچەيلەردە بولسا، ئاغرىق كىندىك ئەتراپىدا بولىدۇ، قان ۋە چاپلاشقاق ھۆللۈكلەر چوڭ تەرەت بىلەن ئارىلىشىپ چىقىدۇ، بىئاراملىق ۋە چۈشكۈنلۈك بولىدۇ.

بۇ تۈرى ناھايىتى ناچار بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئۈچەيلەر رەئىس ئەزالارغا، مەسىلەن: جىگەر ۋە يۈرەككە يېقىن بولىدۇ ۋە بۇ بەك ئىنچىكە بولىدۇ. ئۇلاردا جۈملىدىن ئاچچىق ئۈچەيدە دورا ناھايىتى ئاز توختايدۇ. ئۇلاردا ماسارىقا تومۇر ھەم نېرۋىلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن سېزىمى كۈچلۈك ۋە ئۇلارنىڭ ئاغرىقى قاتتىق بولىدۇ.

ئەگەر غىدىقلىنىش ۋە ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى تۆكۈلۈش تۆۋەنكى ئۈچەيلەردە بولسا، ئاغرىق كىندىك ئاستىدا بولىدۇ ھەم قان ۋە ئۈچەي تىۋىتچىلىرى چوڭ تەرەتتىن بۇرۇن كېلىپ، ئاندىن چوڭ تەرەت كېلىدۇ ۋە بەزىدە بۇ ئىككىسىدىن بۇرۇن چوڭ تەرەت كېلىدۇ.

بۇ تۈرى چوڭ ئۈچەيلەردە پەيدا بولىدىغان بولۇپ خەتىرى ئاز بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئۈچەيدە ئىنچىكە ئۈچەيدە بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەر بولمىغاچقا، چوڭ ئۈچەيدىكى زەخمىنىڭ پۈتۈشى

ئاسان بولىدۇ.

2) بەلغەمدىن بولغان ئۆچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشىنىڭ ئالامىتى بۇنىڭدا بەلغەم چىقىدۇ ھەمدە سەپرادىن بولغىنىغا ئوخشاش چوڭ تەرەت رەڭلىك بولمايدۇ، يەل ۋە قورساق كوركىراش (بۇ بەلغەمدىن پەيدا بولىدۇ) كۆپ بولىدۇ، ئېغىرلىق بىلەن ئاغرىق بولىدۇ، ئاغرىق بىرلا ئورۇندا بولۇپ، بىرەر يانغا يۆتكەلمەيدۇ. سەپرادىن بولغىنىغا ئوخشاش ئاغرىقتا ئۆتكۈرلۈك بولمايدۇ ھەم ئۆچەي تىۋىتچىلىرى ۋە قان بىلەن بەلغەم چىقىدۇ. ئومۇمەن بۇ تۈرى نەزلە ۋە زۇكامدىن كېيىن ئاشقازان ۋە ئۆچەيلەرگە بەلغەم قۇيۇلغاندا پەيدا بولىدۇ.

3) ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان ئۆچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشىنىڭ ئالامىتى ھەر ۋاقىت ئۆچەيدە تولغاپ ئاغرىش بولىدۇ، چوڭ تەرەت بىلەن چۈچۈمەل پۇراقلىق ھۆللۈك چىقىدۇ ھەمدە چوڭ تەرەت زېمىن ئۈستىدە قاينايدۇ، بىماردا قاتتىق بىئاراملىق بولىدۇ ۋە بەزىدە قاتتىق ئاغرىقتىن ئايلىنىپ كېتىدۇ، بۇ تۈرى خەتەرلىكتۇر.

4) چوڭ تەرەتتىن بولغان ئۆچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشىنىڭ ئالامىتى سەۋەبى مەۋجۇت بولىدۇ، يەنى ئىلگىرى قەۋزىيەتنىڭ بولۇشى ۋە قۇرۇق، يىرىك تەرەتنىڭ ئۆچەيلەردىن ئۆتكەنلىكى بۇنىڭ سەۋەبىدۇر. بەزىدە ئۆچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشتىن كېيىنمۇ قەۋزىيەت بولىدۇ. ئۆچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشىنىڭ سەۋەبى يوقالمايدۇ، شىللىق پەردە تۆكۈلگەن ئورۇندىن قان ۋە تىۋىتچىلار كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جاھىل تېۋىپلار قابىز ۋە توختاتقۇچى دورىلارنى بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چوڭ تەرەتنىڭ قۇرۇقلۇقى يەنىمۇ ئېشىپ، قۇلۇنجى ۋە ئۆچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشىنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ، بىمار ھالاك بولىدۇ.

5) زەھەرلىنىشتىن بولغان ئۆچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشىنىڭ ئالامىتى بۇنىڭ ئالامىتى زەھەرلىنىش بابىدا يېزىلغان.

داۋالاش

1. تولۇپ قېلىشتىن بولغان قانلىق ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش قان كۆپ، بەدەن كۈچلۈك بولغان شەرت ئاستىدا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئاندىن قابىز رۇبلاردىن رىباس رۇببىسى، پىشمىغان ئۈزۈم رۇببىسى، ئاس رۇببىسى، بېھى رۇببىسى، ئالما رۇببىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە چاپلاشقاق دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، تاكى قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى توسۇلسۇن. ئەگەر بۇ قان چوڭ ئۆچەيلەردىن كېلىۋاتقان بولسا، بۇ دورىلار بىلەن توختاتقۇچى ھۆقنە ئىشلىتىلىدۇ، چۈنكى ھۆقنە ئارقىلىق دورىنىڭ تەسىرى چوڭ ئۆچەيلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ.

1) سەپرادىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشنى داۋالاش ئەگەر ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈش ۋە غىدىقلىنىشىنىڭ سەۋەبى (يەنى سەپرانىڭ قويۇلۇشى) باراۋەر مەۋجۇت بولغان بولسا، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن چۈچۈمەل رۇب ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: پىشمىغان ئۈزۈم رۇببىسى، ئانار رۇببىسى، رىباس رۇببىسى، ئالما رۇببىسى، چۈچۈمەل بېھى رۇببىسى قاتارلىقلار. پىشمىغان ئۈزۈم سۈيى قوشۇپ تەييارلانغان غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدىن سەپرا ئاجىزلايدۇ، بوشاشقان ئەزالاردا قورۇلۇش ۋە كۈچ پەيدا بولىدۇ، لېكىن بۇ ھالەتتە چۈچۈمەل نەرسىلەرنى ئىشلەتمەسلىك ياخشىدۇر، چۈنكى چۈچۈمەل نەرسىلەردە ئۆتكۈرلۈك ۋە كەسكۈچى كۈچ بولىدۇ.

ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى تۆكۈلۈشنى داۋالاش مەقسىتى بىلەن سوغۇق، لۇئابلىق قورۇلغان ئۇرۇق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ھەم چاپلاشقاق دورىلاردىن سۇفۇپى مەقلىياسا بېرىلىدۇ.

توختاتقۇچى ھۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ، بۇ، گۈرۈچ، ئارپا تالقىنى، پوستى ئاقلانغان ئەدەس، ئانارگۈلى غۇنچىسى، ھەببۇلئاس قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، خۇنسىياۋشان، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى، قەغەز كۈلى، قۇلۇلە كۈلى، قەلەي ئۇپىسى، ئۆچكىنىڭ ئېرىتىلگەن بۆرەك يېغى، تۇخۇم سېرىقى قوشۇپ تەييار قىلىنغان بولسۇن.

لېكىن مۇناسىپى، ئەگەر شىللىق پەردە تۆكۈلۈش ئۈستۈنكى ئۈچەيلەردە بولسا ئىچىدىغان دورىلار، ئەگەر تۆۋەنكى ئۈچەيلەردە بولسا ھۆقنىلەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. تاكى دورا كېسەللەنگەن ئورۇنغا تېز يېتىپ بارسۇن ۋە ئۇزۇن مۇساپىدىن ئۇنىڭ تەسىرى تۆۋەنلەپ كەتمىسۇن.

سۇفۇپى مەقلىياسانىڭ نۇسخىسى (بۇنى كىتابنىڭ يازغۇچىسى ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ دورا كىتابىدا يازغان): ئىسپىغۇلدىن 70 گرام، رەيھان ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىدىن 35 گرامدىن، ھۇمماز ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقىدىن 24.5 گرامدىن، نىشاستىدىن 5.4 گرام، كىنۇچە ئۇرۇقىدىن 17.5 گرام، ئەرەب يېلىمىدىن 35 گرام، گىل ئەرمەنىدىن 52.5 گرام، خەشخاش ئۇرۇقىدىن 35 گرام. ئۇرۇقلارنى قورۇپ، ئىسپىغۇل، رەيھان ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ۋە كىنۇچە ئۇرۇقىدىن باشقا بارلىق دورىلارنى سوقۇپ، قالغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم.

بۇ نۇسخىنى بۈگۈنگىچە بەزىلەر (يازغۇچىدىن باشقا) سۇفۇپى مەقلىياسا نامى بىلەن ئاتىغان. چۈنكى مەقلىياسا يۇنانچە سۆز بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى ھەرف (ھالۇن) دۇر ھەمدە بۇ نۇسخا سۇفۇپى مەقلىياسا نامى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ بۇ نامى بۇنىڭغا ھالۇن چۈشىدىغانلىقى ئۈچۈن قويۇلغان (نەفىيس).

چاپلاشقاق دورىلار — بۇ دورىلاردا قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزىغا چاپلىشىپ توسىدىغان

چاپلاشقاقلىق بولىدۇ.

2) بەلغەمدىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشنى داۋالاش سەۋەبىنى يوقاتقاندىن كېيىن، بەلغەمنى چىقىرىپ تاشلاپ، بەلغەمنىڭ قويۇلۇشىنى توختاتقاندىن كېيىن يۇمشاقلىق پەيدا قىلغۇچى ئۇرۇق دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭدا چاپلاشقاقلىق بولسۇن. مەسىلەن: رەيھان ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، ياۋا رەيھان ئۇرۇقى قاتارلىقلار. قابىزلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سوۋۇتقۇچى بولمىسۇن. مەسىلەن: بۇ ھۆقنىلەر ھەببۇلئاس، ئانارگۈلى غۇنچىسى، جۇپتى بەللۇت، زەمچە، قەغەز كۆلى، زەپەر ۋە قەلەي ئۇپىسى قايناتمىسىدىن تەييارلانغان بولسۇن.

ئەسكەرتىش پۈتۈن تېۋىپلار ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈش ۋە غىدىقلىنىشنىڭ بۇ خاس تۈرى شورلۇق بەلغەم خىلىتىدىن پەيدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆتكۈر دورىلارنى ناھايىتى تەرىپلىگەن. بۇ ئۈچەي غىدىقلىنىشنىڭ سەۋەبى بولغان چاپلاشقاق ھۆللۈكلەرنى لەتىفلەشتۈرۈپ ئۇلارنى يوقىتىدۇ، مەسىلەن: قىچا، زىرە، ھالۇن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆدە ئۇرۇقى، جۇۋىنە، كەرەپشە ئۇرۇقى قاتارلىقلار. لېكىن مۇشۇنداق دورىلارنى ئىشلىتىش خەتەرلىك. چۈنكى بۇلاردىن بەزىدە ئۈچەيلەردە ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر ۋە كەسكۈچى بولۇشى سەۋەبىدىن ئەزىيەت، يەنى غىدىقلىنىش ۋە شىللىق پەردە تۆكۈلۈش پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شىللىق پەردە تۆكۈلۈش ۋە غىدىقلىنىش يەنىمۇ كۈچىيىدۇ ھەمدە غىدىق پەيدا قىلغۇچى ھۆللۈكلەر يەنىمۇ ئۆتكۈرلىشىدۇ، شۇنداقلا يەنىمۇ كۆپ تۆكۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشنى چوقۇم ئويلىنىش كېرەك.

3) ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشنى داۋالاش ئاۋۋال ئۇنىڭ سەۋەبى يوقىتىلىدۇ، غىزاسى ياخشىلىنىدۇ. سۇفۇپى تىن ۋە چاپلاشقاق ئۇرۇق دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. چاپلاشقاق ھۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: شوۋىگۈرۈچكە نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، گىل ئەرمەنى، تۇخۇم سېرىقى قوشۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ، چۈچۈمەل نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

4) چوڭ تەرەتتىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشنى داۋالاش چاپلاشقاق ۋە سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلاردىن لۇئابلار ۋە شەربەتنى بىنەپشە بىلەن قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق دورىلار چوڭ تەرەتنى ھەيدىگەندىن باشقا ئاغرىقنىمۇ پەسەيتىدۇ، بىرەر قابىز دورىلار بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۈچەيلەر قۇرۇق چوڭ تەرەتلەردىن تازىلانغان بولسا، قابىز دورىلار بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ، قان ۋە شىللىق پەردىلەر چىقىپ تۇرغان شەرت ئاستىدا.

5) زەھەرلىنىشتىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشنى داۋالاش چوڭ تەرەت يۇمشاپ ئاغرىق ۋە كۆيۈشۈش پەسەيگىچە قۇستۇرۇلىدۇ، سۈت ۋە چاپلاشقاق ھالۋىلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

6. مۇسھىل دورىلاردىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشنى داۋالاش چاپلاشقاق سوغۇق دورىلار ۋە قېتىق سۈزمىسى پايدىلىقتۇر.

يىرىڭلىق ئىچ سۈرۈش ئۈچەيلەردىن يىرىڭ چىقىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۈچەي ئىششىقى بولۇپ، بۇنىڭدا يىرىڭ شەكىللىنىدۇ ۋە بۇنىڭدا ئېغىز ئالىدۇ. بەزىدە يارا بولۇش سەۋەبىدىن ئۈچەيدە غىدىقلىنىش بولىدۇ.

يارا ئومۇمەن چوڭ ئۈچەيلەردە بولىدۇ. چۈنكى چوڭ ئۈچەيلەر نىسبەتەن قېلىن ۋە يارىغا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە زىيادە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئەكسىچە كىچىك ئۈچەيلەر زىيادە نازۇك بولۇپ، سەزگۈسى كۈچلۈك بولىدۇ ھەمدە رەئىس ئەزالار بىلەن زىيادە يېقىندۇر.

بەلغەم بىلەن يىرىڭنىڭ پەرقى يىرىڭ سۇغا چۆكىدۇ ھەمدە سۇنى قوچۇش بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بەلغەمدە بۇنداق ئەھۋال بولمايدۇ.

داۋالاش ئۈچەيلەر يىرىڭدىن پاكلانغىچە ھەمدە گۆش ۋە توقۇلمىلار ئۆسكىچە دەسلەپتە تازىلىغۇچى ھۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: پاقىيوپۇرمىقى ئۇسارىسى، خام ئۈجمىگە ئەرەب يېلىمى، گۈل ئەرمىنى، خۇنسىياۋشان، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى، قەغەز كۈلى قاتارلىقلار قوشۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ.

ئەگەر يىرىڭ ناچار ۋە سېسىق پۇراقلىق بولسا، بۇ، يىرىڭنىڭ ئەزالارنى يېگەنلىكى ۋە بۇزغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە زەرنىخ ھۆقنە قىلىنىدۇ.

زەرنىخ ھۆقنىسى قىزىل زەرنىخ، سېرىق زەرنىخ، سېرىق زەمچە، زەمچە، موزا، كۆيدۈرۈلگەن مىس، ئۆچۈرۈلگەن ھاكنىڭ ھەربىرىدىن 21 گىرامدىن، ئەپيۈن، زەپەرنىڭ ھەربىرىدىن 14 گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى پاقىيوپۇرمىقى ئۇسارىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ قۇرس تەييارلاپ قۇرۇتۇپ، 1 ~ 3 گىرامغىچە گۈرۈچ، ئەدەس، ئارپا قاينىتىلمىسى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىچە، زەرنىخنى ھۆقنە قاينىتىلمىسىغا قوشۇپ ئىشلىتىش زىيادە لەتىق بولىدۇ، بۇنىڭ مىقدارى ئەمەلىي ئەھۋالغا مۇۋاپىق بولسۇن، يەنى بۇنىڭ مىقدارى ئاز ياكى كۆپ قىلىنىدۇ. ھەتتاكى زەخىم ھۆللۈكلەر، يىرىڭ ۋە ناپاك تەركىبلەردىن تازىلانسۇن.

زەخىم تازىلانغاندىن كېيىن قابىز ۋە زەخىمنى پۈتتۈرگۈچى ھۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش

بۇ ئۇرۇنغا ئاساسەن خۇسۇسىيىتى بىلەن جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش دەپ يېزىلغان.

يىرىڭلىق ئىچ سۈرۈش جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشتە بەزىدە يىرىڭ چىقىدۇ، بۇ، جىگەر چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقىنىڭ ئېغىز ئالغانلىقىدىن بولىدۇ. جىگەر چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقىنىڭ بايانى جىگەر كېسەللىكلىرىدە سۆزلىنىدۇ.

گۆش يۇغان سۇدەك ئىچ سۈرۈش بەزىدە جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش گۆش يۇغان سۇغا ئوخشاش كېلىدۇ، بۇ، جىگەر ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ بايانى جىگەر كېسەللىكلىرىدە سۆزلىنىدۇ.

جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش بەزىدە قانلىق ئىچ سۈرۈش بولۇپ، بۇ، جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ.

سەۋەبى ئادەتكە ئايلىنىپ كېلىۋاتقان مەلۇم قاناشنىڭ توختاپ قېلىشى سەۋەبىدىن جىگەر ۋە تومۇرلاردا تولۇپ قېلىش ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: بۇرۇن قاناش، ھەيز قېنى، بوۋاسىر قېنى قاتارلىقلارنىڭ توختاپ قېلىشى ياكى قول - پۇتلارغا ئوخشاش بىرەر چوڭ ئەزالارنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىدىن جىگەردە تولۇپ قېلىش ھاسىل بولىدۇ، ئاندىن جىگەردىكى تولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن جىگەر دەرۋازىسى ۋە ماساريقا تومۇردا تولۇپ قېلىش يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭدىن ئۈچەيلەرنىڭ بىرەر تومۇرى يېرىلىپ، بۇرۇن قاناشقا ئوخشاش ئۈچەيلەر بوشلۇقىدا قاناش بولىدۇ.

سەمەرقەندى يازغانكى، جىگەر قان تومۇرلىرىنىڭ يېرىلىشى سەۋەبىدىن قانلىق ئىچ سۈرىدۇ. جىگەر يېرىلىشتىن بولغان قانلىق ئىچ سۈرۈش قۇيۇلغان قان مەلۇم شەكىلدە غىزا كانالچىلىرىغىچە يېتىپ بارغان، قورساق ئورىغۇچى پەردە بوشلۇقىغا قۇيۇلمىغاندا بولىدۇ ھەمدە جىگەر يېرىلىش بىلەن ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىمۇ يېرىلىش يۈز بەرگەن ۋاقىتتا بولۇشى مۇمكىن، بۇ، ئىششىق، چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق ۋە زەربە قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئالامىتى قانلىق ئىچ سۈرۈشتە جىگەر تولۇپ قېلىشتىن ساپ قان چىقىدۇ. بۇنىڭ ئالامەتلىرى بەدەندە تولۇپ قېلىش (قان كۆپلۈك) تىن ئىلگىرى بولغان بولىدۇ، ئادەتلەنگەن قاناش توختايدۇ، ئۈچەي غىدىقلىنىشىنىڭ ئالامىتى بولمايدۇ، يەنى ئاغرىق بولمايدۇ، چوڭ تەرەتكە قان ئارىلاشمىغان بولىدۇ، سېسىق پۇراق بولىدۇ، ئىچ سۈرۈشتە قاننىڭ مىقدارى كۆپ

بولىدۇ.

داۋالاش ئىچ سۈرۈشنى بىماردا ئاجىزلىق كۆرۈلمىگۈچە توختاتماسلىق، ئەگەر ئاجىزلىقنىڭ خەۋپى بولسا، بۇ قاننى باشقا تەرەپكە يۆزلەندۈرۈپ چىقارماسلىق، مەسىلەن: قول، پۇت، كۆكرەك ۋە ئۇرۇقدانىنى بوغۇپ قويۇش ياكى قاننى سىرتقا چىقىرىپ باشقا تەرەپكە يۆزلەندۈرۈش لازىم، لېكىن قان ئىچ سۈرۈشتىن چىقىۋاتقان قاندىن ئاز چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن قانلىق ئىچ سۈرۈشتە ئۈچەي غىدىقلىنىش پەيدا بولۇشنىڭ خەۋپى بولغاندىمۇ قان باشقا تەرەپكە يۆزلەندۈرۈلىدۇ ۋە چىقىرىلىدۇ. چۈنكى بۇ قان ئۈچەيدىن كۆپ ئۆتسە، ئۈچەينىڭ تۈۋىتچىلىرىنى سويۇۋېتىدۇ ۋە ئۈچەينىڭ چاپلاشقاق ھۆللۈكلىرىنى يوقىتىۋېتىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۈچەيدە يارا پەيدا بولۇشنىڭ خەۋپى بولىدۇ.

قاننى باشقا تەرەپكە يۆزلەندۈرگەندىن كېيىن قابىز دورىلار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: قۇرسى كەھرىۋا، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرنىسى ياكى پاقىيوپۇرمىقى شىرنىسى قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قانلىق ئىچ سۈرۈش جىگەر يېرىلىشتىن يۈز بەرگەن بولسا، قابىز ۋە يارىنى پۈتتۈرگۈچى قۇرس يېگۈزۈلىدۇ. بۇ نىشاستە، تاباشىر، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسى، خۇنسىياۋشان، گۈل ئەرمىنى، رەۋەن، ئانارگۈلى ۋە پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن تەييار قىلىنغان بولسۇن.

لىھيەتۇتتىس — قابىز خۇسۇسىيەتلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇنىڭ ماھىيىتىدە ئىختىلاپ بار. ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ئاقاقىيادۇر.

خاس ئەسكەرتىش جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاشتا تېۋىپ ناھايىتى ئويلىنىش بىلەن ئىش قىلىشى كېرەك، تاكى بىرەر خاتا دىياگنوز قويۇلۇپ قالمىسۇن. چۈنكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش قانلىق ئىچ سۈرۈش دەپ قارىلىپ ئۇنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، جىگەرگە قارىتا پۈتۈنلەي داۋالاش قىلىنمايدۇ، بۇنىڭدىن بىمار ھالاك بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى تېۋىپلىرىمىز كېسەللىكلەرنى تونۇش، كېسەللىك سەۋەبلىرى ۋە ئالامەتلىرىنى بىلىشتىكى قىيىنچىلىقلارغا جۇملىدىن ئوخشاپ كېتىدىغان كېسەللىكلەرنى پەرقلەندۈرۈشتىكى قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارايدۇ. بۇ تۈردىكى بارلىق سۆزلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە زۆرۈر ئەمەس، يەنى ئارتۇق ئىشتۇر. مۇشۇنداق تېۋىپلار جالىنۇسنىڭ بۇ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ: ئاللا مۇشۇنداق تېۋىپلارنى ھالاك قىلسۇن، قەبرىلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىۋەتسۇن.

جالىنۇس يەنە بىر ئورۇندا ئېيتقانكى: «مەن كۆپ كىشىلەرنى بىلىمەن. بۇلار جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىدى، تېۋىپلارنىڭ نادانلىقى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. چۈنكى تېۋىپلار بۇ ئىككى تۈردىكى قانلىق ئىچ سۈرۈشنى تولۇق پەرقلەندۈرمىگەن.»

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش خاتالىشىپ قېلىشىنىڭ يەنە بىر ھالىتى جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشتە قان بىلەن سەپراۋى خىلتمۇ چىقىدۇ. بۇ، ئۈچەي شىللىق پەردىلىرىنى سويۇۋېتىدۇ. چوڭ تەرەت بىلەن ئۈچەي قاسىراقچىلىرىمۇ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن تېۋىپ ئۈچەيلەردە غىدىقلىنىش بار، دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككىسىدىكى پەرقنى بايان قىلىش مۇھىم.

1. ئومۇمەن جىگەر مەنبەلىك قانلىق ئىچ سۈرۈشتە ئاغرىق بولمايدۇ ھەمدە جىگەر ساھەسىدە ئازراق ئاغرىق مەلۇم بولىدۇ، لېكىن قانلىق ئىچ سۈرۈشتە ئاغرىق قاتتىق بولىدۇ.

2. جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش دەۋرىيلىك بولىدۇ، يەنى ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە قان كېلىپ توختايدۇ، ھەتتا ئىككىنچى قېتىم قان توپلىنىدۇ. لېكىن قانلىق ئىچ سۈرۈشتە قان ئۈزۈلمەي، ئارقىمۇئارقا چىقىپ تۇرىدۇ.

3. جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشتە بەدەن ئورۇقلايدۇ. لېكىن قانلىق ئىچ سۈرۈشتە بەدەن زىيادە ئورۇق بولمايدۇ. ئەگەر قانلىق ئىچ سۈرۈشتە قان كۆپ چىقسا ۋە ۋاقتى ئۇزىراپ كەتسە، مۇشۇنداق ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن.

4. جىگەر مەنبەلىك قانلىق ئىچ سۈرۈشتە باشتىن ـ ئاخىرغىچە ساپ قان چىقىدۇ ياكى گۆش يۇغان سۇدەك قان چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئۈچەي قاسىراقچىلىرى ئارىلاشمايدۇ. ئەگەر قان كۆپ كەلسە، ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ ھەمدە قان بىلەن قاسىراقچىلار ئارىلاشقان بولىدۇ. لېكىن قانلىق ئىچ سۈرۈشتە دەسلەپ سەپرا، ئاندىن قاسىراقچىلار، ئاندىن قان ۋە شىللىق پەردىلەر، ئاندىن يىرىڭ چىقىدۇ. چۈنكى ئۈچەيگە سەپرا قۇيۇلسا دەسلەپتە ئۆزى چىقىدۇ، ئاندىن ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئۈچەيگە قۇيۇلسا ئۈچەينىڭ شىللىق پەردىسىنى تۆكۈۋېتىدۇ. ئەگەر بۇ پەردە تۆكۈلسە سەپرا ئۈچەي جەۋھىرىدە خاس غىدىق پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ قالغان بولسا، ئاز ـ ئازدىن قان چىقىدۇ ھەمدە بۇ قان بىلەن ئاز مىقداردا شىللىق پەردە ۋە ئۈچەينىڭ قاسىراقچىلىرى چىقىدۇ. ئەگەر بۇ تۈردە يىرىڭ شەكىللەنگەن بولسا، يىرىڭ چىقىدۇ ۋە بۇنىڭدا قاننىڭ كۆپلۈكىدىن دەسلەپتە قان تومۇرلار يېرىلغان بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە ساپ قان ئاز ـ ئازدىن چىقىدۇ، نادان تېۋىپلار بۇنى بوۋاسىر قېنى دەپ چۈشىنىدۇ.

5. جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشتە چوڭ تەرەت ئۆتكۈر سېسىق پۇراقلىق كېلىدۇ، لېكىن قانلىق ئىچ سۈرۈشتە ئۆتكۈر سېسىق پۇراق بولمايدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر ئىچ سۈرۈش قانلىق ياكى گۆش يۇغان سۇدەك كەلسە تۆۋەندىكى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

نۇسخا قۇرسى تاباشىر قابىزدىن بىر داننى جاۋارىش ئامىلىدىن بەش گىرام ياكى جاۋارىش ئانارىندىن بەش گىرامغا قوشۇپ، دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئاندىن سەندەل، سىمىزئوتتىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، شىرىسىنى 144 گىرام ئەرقى گۇلدە چىقىرىپ، بېھى رۇببىسى ياكى تاتلىق ئانار شەربىتىدىن 48 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بىماردا سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش بولسا، تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

نۇسخا جاۋارىش ئانارىندىن بەش گىرامنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئاندىن زىرىشك، ئاق سەندەلدىن ئۈچ گىرامدىن، چىلاندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئەرقى گۇلدە شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گىرام ئاچچىق ئانار شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ئىچ سۈرۈش توختىمىسا، يۇيۇلغان لوك، قىزىلگۈل ئانىلىقى، سەمغى ئەرەبى، ھەببۇلئاس شىرىسى، قىزىلگۈل، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى قاتارلىقلار قوشۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە ئاز دېگەندە 24 سائەتكىچە پەقەت تاماق بېرىلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاسان ھەزىم بولىدىغان ئاددىي، لەتىف تاماقلاردىن مۇرچ سېلىنغان ئارپا ئېشى، پوستى ئاقلانمىغان، قورۇپ پىشۇرۇلغان ماش ئۈنى سۈيى، قېتىق سۈزمىسى، ساگۇدانە، كەچرى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر چۈشكەن تاماقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

كۆرسەتمە ئىچ سۈرۈشنى قورقۇنچ بولمىسا بىراقلا توختاتماسلىق لازىم. مۇشۇنىڭدەك بوھراندىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى تېز توختاتماسلىق، بىمارغا ئارام ئېلىپ يېتىشقا كۆرسەتمە بېرىش، ئۇسسىغاندا تۆمۈر داغمال سۈيى ياكى ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزۈش لازىم.

سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش بەزىدە جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش سەپرادىن بولىدۇ. بۇنىڭ ھالىتى جىگەر سەپرا بىلەن تولىدۇ ھەممە جىگەرنىڭ قۇۋۋىتى دافىئەسى سەپرانى كۆچەش بىلەن ئۈچەي تەرەپكە ئىتتىرىدۇ.

زەرداب سۇدەك ئىچ سۈرۈش بەزىدە زەرداب سۇدەك ئىچ سۈرۈش بولىدۇ، يەنى تەرەت زەرداب سۇدەك كېلىدۇ.

سەدىد يەنى زەرداب سۇ يارىنىڭ سۈيىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭدا سۇس سېرىقلىق بولىدۇ. ئىچ سۈرۈشتە زەرداب سۇنىڭ كېلىشى يارىدىن بولىدۇ، يارىدىن سۈيۈق يىرىڭ سىرغىپ چىقىدۇ.

ياغ لېپىدەك ئىچ سۈرۈش بەزىدە جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشتە قويۇق ۋە بۇلغانغان نەرسىلەر چىقىدۇ، بۇنىڭ رەڭگى ۋە قىيامى چۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ.

بۇ ئىچ سۈرۈشنىڭ سەۋەبى جىگەرنىڭ چوڭ يىرىڭلىق ئىششىقى بولىدۇ. يىرىڭلىق ئىششىق ياخشى پىشماي، يەنى بۇنىڭدا يىرىڭ ياخشى يىغماي ئېغىز ئالغانلىقى بولىدۇ ياكى جىگەرنىڭ بىرەر تۇسالغۇسى بولىدۇ. تۇسالغۇ سەۋەبىدىن خىلىتلاردا ئاجايىپ - غارايىپ ئۆزگىرىش ۋە بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئىچ سۈرۈش شەكلىدە بۇ ئۆزگەرگەن نەرسىلەر چىقىدۇ ياكى بۇنىڭ سەۋەبى خىلىتلارنىڭ كۆيۈشى ۋە ئۆزگىرىشى بولىدۇ. بۇ قاتتىق ئۇسسىغان ۋاقىتتا ئاز ساندا يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن خىلىتلارنىڭ سۇيۇق تەركىبلىرى يوقىلىدۇ ھەمدە قويۇق تەركىبلىرى سېسىق پۇراقلىق پىسەپ ھالىتىدە قېپقالىدۇ.

سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش، زەرداب سۇدەك ئىچ سۈرۈش ۋە ياغ لېيىدەك ئىچ سۈرۈشلەرنىڭ ئالامىتى ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى تۆكۈلۈشنىڭ ئالامەتلىرى، يەنى ئاغرىق ۋە ئۈچەي تولغاپ ئاغرىش دەسلەپتە بولمايدۇ، ئۈچەيدىن ئۆتكۈر خىلىتلار كۆپ ئۆتكەندىن كېيىن چوقۇم ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى سويۇلغاندا، ئاغرىق ۋە ئۈچەي تولغاپ ئاغرىش پەيدا بولىدۇ ھەم ئىچ سۈرۈش ئارقىمۇئارقا كەلمەيدۇ. سەپرادىن بولغان خىلىت قاتارلىقلار چوڭ تەرەت بىلەن ئارىلاشمايدۇ. بەلكى جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشتە چوڭ تەرەتتىن كېيىن ياكى چوڭ تەرەت بىلەن ئاز مىقداردا قوشۇلۇپ كېلىدۇ، بۇنىڭدا ئىچ سۈرۈشتىن كېيىن بىمار ئارام تاپىدۇ. ئاشقازان بوش بولغان ۋاقىتتا ئىچ سۈرۈش كۆپ بولىدۇ. ئەگەر بىمار تاماق يېگەن بولسا، تاماق ھەزىم بولۇپ بولغۇچە ئىچ سۈرۈش توختايدۇ.

داۋالاش

سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش، زەرداب سۇدەك ئىچ سۈرۈش ۋە ياغ لېيىدەك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش بۇ ناچار خىلىتلارنى توختاتماسلىق، يەنى قابىز دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا ئاقىۋىتى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بەلكى بۇ ھالەتتە مىزاج ۋە خىلىتلارنى تەڭشەش، يەنى ئارپا سۈيى ۋە سوۋۇتقۇچى شەربەتلەرنى ئىشلىتىش لازىم، بۇنىڭدا قورۇش خۇسۇسىيىتى بولمىسۇن. مەسىلەن: خەشخاش شەربىتى، چىلان شەربىتى، تاتلىق ئانار شەربىتى.

ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈش كىشىلەرنىڭ ئۈچەيلىرىدە غىدىق پەيدا بولۇشتىنمۇ مۇشۇنداق ئىچ سۈرۈش بولىدۇ.

ئالامىتى خىلىتلىق ئىچ سۈرۈشكە بەزىدە قان ئارىلىشىپ، بەزىدە قان ئارىلاشماي كېلىدۇ. بەزى ۋاقىتتا بۇ خىلىتلار چىقىش بىلەن بىمار راھەتلىنىپ قالىدۇ، بەزى چاغلاردا قاتتىق ئاغرىقتىن بىمار ھوشىدىن كېتىدۇ.

داۋالاش يۇقىرىقى مەزكۇر داۋالاش ئۇسۇلى (يەنى مىزاج ۋە خىلىتنى تەڭشەش) ۋە چاپلاشقاق دورىلار بىلەن ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ، مەسىلەن: ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، ئىسپىغۇل، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، تۇدەرى قاتارلىقلارنى قايناق سۇغا چىلاپ، گۈل يېغى قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

تولغاق

ئاتىلىش سەۋەبى زەھىرنىڭ مەنىسى تولغاقتۇر، چۈنكى بىماردا ھاجەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قورساق تولغاپ ئاغرىيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنىڭ نامى تولغاق، دەپ قويۇلغان.

تولغاق تۈز ئۈچەينىڭ بىر خىل نورمالسىز ھەرىكىتىنىڭ نامىدۇر. تولغاق ئىنساننى مەجبۇرىي چوڭ تەرەتنى چىقىرىپ تاشلاشقا مايىل قىلىدۇ ھەم ئىنسان بۇنى ئۆز ئىختىيارى ۋە ئىرادىسى بىلەن توختىتالمايدۇ. چوڭ تەرەتتە ئازراق چاپلاشقاق ھۆللۈكتىن باشقا ھېچ نەرسە چىقمايدۇ. چاپلاشقاق ھۆللۈك ئۈچەيدىن كۆچەش بىلەن چىقىدۇ ياكى بۇ ئۈچەيدە توختاپ قالغان چوڭ تەرەتتىن سىقىلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئازراق ساپ قانمۇ چىقىدۇ. قان تۈز ئۈچەي قان تومۇرلىرىدىن تارتىشىش سەۋەبلىك كېلىدۇ.

پايدىلىق سۆز تولغاق ئەمەلىيەتتە چوڭ ئۈچەينىڭ بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىنىڭ (بوغماق ئۈچەينىڭ ئاخىرقى بۆلىكى ۋە تۈز ئۈچەي) ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىدۇر، بۇ ئىششىق ئومۇمەن ئۈچەينىڭ ئىچكى پەردىسى، يەنى شىللىق پەردىسىدە، بەزىدە ئۇنىڭ ئاستىدىكى پەردىدە بولىدۇ، بەزىدە مۇسكۇل قەۋىتىدە بولىدۇ. بۇ ئىششىق تەرەققىي قىلىپ يارا پەيدا قىلىدۇ ۋە يىرىڭلايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئۈستى تەرەپكە تەرەققىي قىلىپ كىچىك ئۈچەيلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ كېسەللىكتە ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى ئاستىدىكى بەزلەرمۇ ئىششىيدۇ. بەزى ۋاقىتتا قورساق ئورىغۇچى پەردىسىمۇ تەسىرگە ئۇچراپ ئىششىيدۇ.

سەۋەبى

1. **بەلغەمدىن بولغان تولغاق** بۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە شورلۇق ئۆتكۈر ھۆللۈك بولىدۇ. بۇ، تۈز ئۈچەيگە قۇيۇلۇپ غىدىقلىنىشنى پەيدا قىلىدۇ ۋە بىمارنى چوڭ تەرەت قىلىشقا قىستايدۇ.
2. **سەپرادىن بولغان تولغاق** بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى ئۆتكۈر سەپرا بولىدۇ، بۇ

يۇقىرىقى مەزكۇر شورلۇق بەلغەمگە ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3. ئىششىقتىن بولغان تولغاق بەزىدە تولغاقنىڭ سەۋەبى تۈز ئۈچەينىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى بولىدۇ. بۇنى بىمار توختاپ قالغان چوڭ تەرەت دەپ چۈشىنىپ ھەممە چوڭ تەرەتنى چىقىرىۋېتىشكە تەييارلىنىدۇ.

4. چوڭ تەرەتتىن بولغان تولغاق بەزىدە تولغاقنىڭ سەۋەبى قۇرۇق چوڭ تەرەت بولىدۇ. بۇ، ئۈچەيلەردە توختاپ قالىدۇ ۋە ئادەمنى چوڭ تەرەت قىلىشقا قىستايدۇ. لېكىن بۇنىڭ چىقىشى تەس بولغانلىقى ئۈچۈن بىمار ئىنجىقلايدۇ ۋە كۈچەشكە مەجبۇر بولىدۇ، ئاندىن بۇ چوڭ تەرەتتىن قويۇق يەل پەيدا بولىدۇ. قويۇق يەل ئۈچەيدە تارتىشىش پەيدا قىلىپ قاتتىق ئاغرىققا سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنجىقلاش ۋە كۈچەش بىلەن شىلىمشىق ھۆللۈك ۋە ئۈچەيلەرنىڭ قاسىرىقى چىقىدۇ. بۇنى نادان تېۋىپلار ئىچ سۈرۈش دەپ ئويلاپ، توختاتقۇچى ۋە قابىز دورىلارنى ئىشلىتىدۇ ھەمدە بىمارنى ھالاك قىلىدۇ.

5. سوغۇقلۇقتىن بولغان تولغاق بەزىدە تولغاقنىڭ سەۋەبى سوغۇقلۇق بولىدۇ. بۇ، مەقئەت ۋە تۈز ئۈچەيدە تەشەننۇج پەيدا قىلىدۇ. يەنى تولغاقمۇ ئەمەلىيەتتە تۈز ئۈچەينىڭ تەشەننۇجلۇق ھەرىكىتىدۇر.

6. ئاغرىقتىن بولغان تولغاق بەزىدە تولغاق بىرەر قاتتىق نەرسىلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇش (بۇ ئۇلاغ مىنگەندە بولىدۇ) ياكى چوڭ تەرەتنىڭ قويۇق ۋە قاتتىق بولۇشىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن مەقئەت ۋە تۈز ئۈچەيگە يېقىمسىزلىق ۋە ئاغرىق يېتىدۇ، ئاغرىق ۋە يېقىمسىزلىق سەۋەبىدىن بىمار ئىنجىقلاش ۋە كۈچەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

سەۋەبى ھىندىستانغا ئوخشاش ئىسسىق مەملىكەتلەردە بۇ خىل كېسەللىك كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ يامغۇرلۇق پەسىللەردە ۋابا شەكلىدە كۆپ تارقايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئادەتتە قاتتىق سوغۇقنىڭ بەدەنگە تۇيۇقسىز تەسىر قىلىشى، بولۇپمۇ جىسمانىي ئەمگەكنىڭ كەينىدىن تەرتىپسىز ئۇزۇقلىنىش، مەسىلەن: خام كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى يېيىش، بۇزۇلغان، تۇزلانغان گۆش ۋە بېلىقلارنى ئىستېمال قىلىش، تۇزلۇق ۋە بۇلغانغان سۇ ئىچىش قاتارلىقلار. سۈرگە دورىلارنى ئىشلىتىش، بولۇپمۇ ياز پەسلىدە ئىشلىتىش، ئوفۇنەتلىك قىزىتما، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما ۋە خولېرا كېسەللىكى، پاكىز بولمىغان ئورۇنلاردا ياشاش قاتارلىقلار بولىدۇ.

ئالامىتى

1. بەلغەمدىن بولغان تولغاقنىڭ ئالامىتى بۇنىڭدا چاپلاشقاق ھۆللۈك بىلەن بەلغىمى ھۆللۈكمۇ چىقىدۇ.

2. سەپرادىن بولغان تولغاقنىڭ ئالامىتى سەپرا تەرەت بىلەن چىقىدۇ. مەقئەتتە ئېچىشىش ۋە كۆيۈشۈش بولىدۇ.

3. ئىششىقتىن بولغان تولغاقنىڭ ئالامىتى تۈز ئۈچەيدە لوقۇلداش ۋە ئېغىرلىق بولىدۇ. بۇ ھالەتتە بەزى چاغلاردا قىزىتما بولىدۇ ۋە كىچىك تەرەت قىلغاندا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئىششىق سەۋەبىدىن دوۋساق ئېغىزىغا بېسىم يېتىدۇ.

4. چوڭ تەرەتتىن بولغان تولغاقنىڭ ئالامىتى (ساختا تولغاق) چوڭ تەرەتتىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. مەسىلەن: قورساق ئاغرىتىپ، ئېغىرلىق، دائىم ئۈچەي تولغاپ ئاغرىش، چوڭ تەرەت ماياقتەك كېلىش، قۇرۇق غىزالارنى كېسەل كۆرۈلۈشتىن بۇرۇن ئىستېمال قىلغانلىق قاتارلىقلار.

چوڭ تەرەتتىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشىنىڭ بايانى يېقىندا سۆزلىنىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش تولغاقنىڭ بۇ خاس تۈرى (ساختا تولغاق) باشقا تۈرلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك پەرقلەندۈرۈلىدۇكى، بىمارغا بىرەر ئۇرۇق (مەسىلەن: خىيارشەنبەر ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل ئۇرۇقى قاتارلىقلار) يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ چىقمىسا ئېنىقكى، تولغاقنىڭ بۇ تۈرى چوڭ تەرەتتىن بولغان بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا چوڭ تەرەتتىن بولمىغان بولىدۇ.

5. سوغۇقلۇقتىن بولغان تولغاقنىڭ ئالامىتى كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن بۇرۇن مەقئەتكە سوغۇق يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

6. ئاغرىقتىن بولغان تولغاقنىڭ ئالامىتى مەزكۇر سەۋەبنىڭ كۆرۈلۈشى بۇنىڭ گۇۋاھچىسى بولىدۇ.

تۈرلىرى تولغاقنىڭ ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما دەپ ئىككى تۈرى بولىدۇ.

ئۆتكۈر تولغاقنىڭ ئالامىتى: دەسلەپتە سۇيۇق ئىچ سۈرۈپ، چاپلاشقاق ھۆللۈك قورساق تولغاپ ئاغرىش بىلەن كېلىدۇ، ئىشتىھاسى تۆۋەنلەيدۇ، يەڭگىل قىزىتما بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ تەرەت قىلىشقا قايتا - قايتا زۆرۈرىيەت بولىدۇ. چوڭ تەرەت قىلغان ۋاقىتتا بىمار ئىنجىقلايدۇ ۋە كۈچەيدۇ، قورساقتا ئاغرىق بولىدۇ، تەرەتنىڭ مىقدارى ئاز بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا قان، چاپلاشقاق ھۆللۈك، قاسراقچىلار ھەمدە كىچىك ماياقچىلار ئارىلىشىپ چىقىدۇ، بەزىدە ئىنجىقلاش بىلەن مەقئەتمۇ چىقىپ قالىدۇ.

ئۆتكۈر ھالەتتە كىندىك ئەتراپى ۋە چوڭ ئۈچەيلەردە، بولۇپمۇ بوغماق ئۈچەينىڭ «S» سىمان بۆلۈكىدە ئاغرىق بولىدۇ، ئاغرىق بېسىش بىلەن كۈچىيىدۇ، بىمار ئاغرىق ۋە تولغاق سەۋەبىدىن قاتتىق بىئارام بولىدۇ، ئورۇقلايدۇ، قىزىتمىسى 102 گىچە بولىدۇ. تېرىسى قۇرغاق،

ئىسسىق سېزىلىدۇ ۋە تومۇرى تېز، قاتتىق سوقىدۇ، خىيالچان كۆرۈنىدۇ، چىرايى ئازراق قىزىل بولىدۇ. كۆزلىرى قىزىل، پارقىراق بولىدۇ، تىلىدا گەز بولمايدۇ ياكى گەز باغلىغان بولىدۇ، يەنە بەزىدە قىزىل بولىدۇ. تەشنالىق ئاشىدۇ، تاماقتىن سەسكىنىدۇ، ئۇخلىيالمايدۇ، سۈيدۈكى قىزىل، ئاز مىقداردا، كۆپ قېتىم كېلىدۇ. كىچىك تەرەت قىلغاندا بەزىدە ئېچىششىمۇ بولىدۇ، چوڭ تەرەت قىلىش قېتىم سانى كۈنىگە 30 ~ 40 غىچە بولىدۇ، لېكىن مىقدارى ئاز بولىدۇ. ئەگەر بىمار ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنسە، ئاغرىق، ئۈچەي تولغاپ ئاغرىش، قىزىتما، ئىچ سۈرۈش ئازىيىشقا باشلايدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك باشلىنىشتا هالاك قىلغۇچى تۈردىن بولسا، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. بىمار ئورۇق ۋە ئاجىز بولىدۇ، تىلى قۇرۇق، سارغۇچ ياكى قارا بولىدۇ، چىشىدا داغ بولىدۇ، تومۇرى تېز، تەرتىپسىز سوقىدۇ، قورساق ئېسىلىدۇ، هېق تۇتىدۇ، ئۇيقۇسىزلىق پەيدا بولىدۇ، تەرەت سېسىق پۇراقلىق، قاسراقچىلار ئارىلاشقان هالەتتە چىقىدۇ ۋە ئاخىرىدا بىمار ئاجىزلاپ بىھوش بولۇپ ئۆلىدۇ.

سوزۇلما تولغاقنىڭ ئالامىتى ئەگەر تولغاق سوزۇلما بولسا بىمار بەك بىئارام بولىدۇ، كۈندىن كۈنگە ئورۇقلايدۇ ۋە ئاجىزلايدۇ، چىرايى نۇرسىز بولىدۇ، ئېزىلەڭگۈ كېلىدۇ. قان ئازلىقنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. ئۆتكۈر تولغاققا نىسبەتەن ئۈچەي تولغاپ ئاغرىش ۋە ئىچ سۈرۈشنىڭ قېتىم سانى ئاز بولىدۇ. بەزىدە كېسەللىك غايىب بولغاندەك بولىدۇ، بىمار بەزىدە غىزا قاتارلىقلارنى نورمالدىن زىيادە ئىستېمال قىلىدۇ، تىلى قىزىل، پارقىراق بولىدۇ ھەمدە يېرىلىدۇ.

ئىچ سۈرۈش كۆپىنچە سۇيۇقراق، سېسىق پۇراقلىق بولۇپ، شىلىلىق پەردە قاسراقچىلىرى، يىرىڭ ۋە قان ئارىلاش كېلىدۇ. لېكىن ئۆتكۈر تولغاققا نىسبەتەن ئۇنىڭ سانى ئاز بولىدۇ، ئىشتىها تۆۋەنلەيدۇ، بەزىدە ئازراق مەزگىل قەۋزىيەتمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىچ سۈرۈشكە باشلايدۇ. ئەگەر بىرەر كۈنى تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزا يېگەن بولسا ئىچ سۈرۈش كۆپىيىدۇ.

ساختا تولغاق يۇقىرىدا سۆزلەنگىنى ھەقىقىي تولغاقنىڭ ئالامىتى. ئۈچەي ئىچىدە ئىششىق ۋە غىدىقلىنىش بولىدۇ. لېكىن بەزىدە ئۈچەي توسالغۇلىرىدىن تولغاق پەيدا بولىدۇ ۋە ھاجەت ئادا قىلغان ۋاقىتتا چاپلاشقاق ھۆللۈك چىقىدۇ، بۇ ساختا تولغاق دېيىلىدۇ.

ئۈچەيلەرنىڭ كەيپىياتى ئەگەر ئۈچەيلەرگە قارىسا ئۆتكۈر تولغاق كېسەللىكىدە تۈز ئۈچەي قاتارلىقلارنىڭ شىلىلىق پەردىسىدىكى كېسەللەنگەن ئورۇنلار قىزىل ۋە بوشاشقان بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈستىدە قىزىلغا مايىل بەلغەم ئۇيۇپ قالىدۇ، ئۈچەي بەزلىرى جايلاشقان ئورۇنلار ئىششىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. بەزى ۋاقىتتا بۇ يۇقىرىقىدەك بولۇپ، كېسەللىك ياخشىلىنىدۇ.

لېكىن بەزى ۋاقىتتا شىللىق پەردىنىڭ تۆكۈلۈشى بىلەن ئۈچەي زەخىملىنىپ يېرىك شەكىللىنىدۇ. ئۇ زەخىملەرنىڭ شەكلى يۇمىلاق، ئېللىپسىسىمان ياكى تەرتىپسىز بولىدۇ، زەخىمنىڭ ئەتراپى بىرقەدەر قېلىن بولىدۇ، زەخىم چوڭقۇرلاپ بەزىدە مۇسكۇل قەۋىتىگىچە، بەزىدە قورساق ئورىغۇچى پەردىسىگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئاندىن ئۇ ياخشىلانغاندا تالالىق توقۇلما شەكىللىنىدۇ، بۇنىڭ قىسقىرىشى بىلەن ئۈچەي بوشلۇقى تارىيىدۇ.

سوزۇلما تولغاقتا شىللىق پەردە زەخىمىسى ھەر خىل دەرىجىدە بولىدۇ، يەنى بەزىسى ساقايغان، بەزىسى ساقىيىشقا يېقىنلاشقان ۋە بەزىسى زەخىم ھالىتىدە بولىدۇ. بەزىدە ئۈچەيدە چوڭ زەخىم كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ ئەتراپىدا كۆمۈرچەككە ئوخشاش قاتتىقلىق تېپىلىدۇ ۋە بەزىدە ئۈچەي يۈزى يېرىك بولىدۇ. ئۈچەينىڭ بەزى ئورۇنلىرى توپا رەڭ، بەزى ئورۇنلىرى قارا رەڭدە بولىدۇ. بەزىدە ئۈچەي بەزلىرى ۋە پەردىلىرى يىگىلەيدۇ. لېكىن ئۈچەينىڭ ماسارىقا بەزلىرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىششىپ قالىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى كېسەللىكنىڭ يەڭگىل ھالەتلىرىدە ئابدىمىلىك يېغى، ئىسپىغۇل لوئابلىرىغا ئوخشاش سىلىقلاشتۇرغۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلار ئارقىلىق ئۈچەيلەرنى تازىلاش لازىم، بۇنىڭدا توختاتقۇچى دورىلارنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىتى بولمايدۇ. قورساق ئاغرىقى ۋە ئۈچەي تولغاپ ئاغرىشنى ئازايتىش ئۈچۈن خەشخاش پوستى قايناتىلمىسى ياكى ئىسسىق سۇ بىلەن قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدىن ئادەتتە ئاغرىق ۋە ئۈچەي تولغاپ ئاغرىش پەسىيىدۇ. بەزىدە زىغىرنىڭ ئىسسىق زىماتىمۇ بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك بۇ دەرىجىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، سىلىقلاشتۇرغۇچىلار بىلەن ئۈچەينى تازىلىغاندىن كېيىن ئۈچەينى تىنچلاندۇرغۇچى ۋە توختاتقۇچىلارنى ئىشلىتىشنى تەدرىجىي كۆپەيتىپ ھەتتا كافۇر ۋە ئەپيۇننىڭ مۇرەككەپ دورىلىرىغىچە بېرىلىدۇ. لېكىن ئېھتىيات قىلىش يەنى تەدرىجىي كۆپەيتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. ئۇنداق بولمىسا ئۈچەيدە يېڭى تۇسالغۇ پەيدا بولۇپ، ئاغرىقنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توختاتقۇچىلارنى لوئابلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىش ياخشىدۇر تاكى ئۈچەيلەر توسۇلۇپ قالمىسۇن.

بىمارنى ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش لازىم. ئۇنداق بولمىسا مېڭىش - تۇرۇشتىن كېسەللىك تەرەققىي قىلىپ كېتىدۇ.

ئۇسساش، قورساقتىكى قىزىقلىق ۋە ئۆتكۈرلۈكنى يوقىتىش ئۈچۈن تىنچلاندۇرغۇچى لوئابلارنى شەربەت شەكلىدە ئىچكۈزۈپ تۇرۇش، مەسىلەن: بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئاق لەيلى لوئابى، ئىسپىغۇل لوئابى قاتارلىقلارغا مۇز قوشۇپ بېرىش لازىم. ئەگەر ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن بولغان بولسا، توختاتقۇچى دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك، بەلكى

بۇنىڭ ئەمەلىي داۋالاشتىكى نۇسخىسىغا پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى لوئابىغا ئوخشاش لوئابلارنى قوشۇش لازىم.

سوزۇلما تولغاقتا مۇستەھكەملەش بىلەن بىر ئۇزاق مەزگىلگىچە داۋالاش قىلىنىدۇ، غىزادا قاتتىق پەرھىز تۇتۇلىدۇ، ساقلىقنى ساقلاش قائىدە - تۈزۈملىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، بىمارغا ئارام ئېلىشقا كۆرسەتمە بېرىلىدۇ، بۇ ھالەتتە خالىس تۇتقۇچى ۋە توختاتقۇچى دورىلارنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەتى بولمايدۇ. بەلكى نۇسخىنى مۇشۇنداق تەركىبلەردىن تۈزۈش لازىم. چىرىشنى توسقۇچى بولسۇن. تەرخەمەك، قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت قاتارلىقلار توختاتقۇچى بولسۇن. بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئىسپىغۇل لوئابى ئاغرىق پەسەيتكۈچى ۋە يۇمشاتقۇچى بولسۇن.

بەزى چاغلاردا بىر خىل دورىدا بىر قانچە ياخشىلىقلار مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بىرنەچچە دورىلارنى قوشقاندا ياخشىلىقلار مۇجەسسەملىنىدۇ. ئاغرىقنى يوقىتىش ئۈچۈن سول تەرەپ بەلگە (بۇ جايدا كۆپىنچە ئاغرىق كۆپ بولىدۇ) ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك زىماتلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر سوزۇلما تولغاقنىڭ ئىلاجى مۇناسىپ ھۆقنىلەر بىلەن قىلىنسا، ئۈچەينىڭ كېسەللەنگەن بۆلەكلىرىگىچە دورىنىڭ تەسىرى ياخشى يېتىپ بارىدۇ ھەمدە تېز ساقىيىشىنىڭ ئۈمىدى بولىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش قاتارلىقلاردىكى كۆرسەتمە بۇ كېسەللىكتە ساقلىقنى ساقلاش قانۇنلىرى قاتتىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. غىزادا قاتتىق پەرھىز تۇتۇلىدۇ. پەرھىز تۇتماستىن پەقەت داۋالاش بىلەن ساقىيىشنىڭ ئۈمىدى مەۋھۇمدۇر.

غىزالار يەڭگىل، لوئابلىق، ئاددىي، سۇيۇق ھالەتتە بېرىلىدۇ. گۆش، بېلىق، مۇرچ، تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر، شورپا ۋە نان قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. مۇناسىپ غىزالار بۇدۇر: ماشنىڭ يۇمشاق كەچىرىسىنى بېرىش، قېتىق بىلەن ساگۇدانە بېرىش، ئارپا ئېشى، پىرەنىك، سۈت ۋە گۈرۈچتىن تەييارلانغان مەززىلىك غىزا، قېتىق، گۈرۈچ بېرىش، دانلىق زىرائەتلەرنى سۇ ياكى سۈتتە پىشۇرۇپ بېرىش لازىم.

سوزۇلما تولغاقتا سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش چەكلىنىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا مۇھىتنى ئالماشتۇرۇش لازىم.

ئەسكەرتىش سوزۇلما تولغاقتا بەزى ۋاقىتلاردا بىر نەچچە كۈن دورا ئىچىلىدۇ. پەرھىز تۇتۇش بىلەن كېسەللىك ئالامەتلىرى يوقايدۇ. ئەمما كىچىككىنە ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ، مەسىلەن: قان، يىرىڭ ۋە چاپلاشقاق ھۆللۈك كېلىدۇ ھەمدە ئۈچەي

تولغاپ ئاغرىش ۋە قورساق ئاغرىش ئاشكارا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللىك ئالامەتلىرى يوقالغاندا بىر مەزگىلگىچە دورا ئىچىش ۋە پەرھىزنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

داۋالاش

1. بەلغەمدىن بولغان تولغاقنى داۋالاش: بۇنىڭ ئىلاجى بەئەينى بەلغەمدىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشنىڭكىدەك بولىدۇ. پەقەت پەرق بۇ كېسەللىكتە شىياف ۋە ھۆقنىلەر بىلەن پايدا زىيادە بولىدۇ.

2. سەپرادىن بولغان تولغاقنى داۋالاش: بۇنىڭ ئىلاجى بەئەينى سەپرادىن بولغان ئۈچەي شىللىق پەردىسى تۆكۈلۈشنىڭكىدەك بولىدۇ. پەقەت پەرقى شىياف ۋە ھۆقنىلەر بىلەن پايدا زىيادە بولىدۇ.

سەپرادىن بولغان تولغاقنىڭ دەسلەپىدە ئۈچەي يۇمشاتقۇچى لوئابلار ئارقىلىق سەپرادىن تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچەينى تىنچلاندۇرغۇچى ۋە سەپرانى كەسكۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ئەينۇلا شىرىسى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى.

3. ئىششىقتىن بولغان تولغاقنى داۋالاش: دەسلەپتە ماددىنىڭ كېلىشى توختىتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن لەتىف ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلارنىڭ سۈيى بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ بۇلارنىڭ سۈيىدە بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى، شۇمشا، كەرنۇب بەرگى، بابۇنە، بىنەپشە قاتارلىقلاردىن شىياف تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر شىياف ئىششىققىچە يېتىپ بارالمىسا، ئۇ دورىلاردىن ھۆقنە تەييارلىنىدۇ ھەمدە ئىششىق تارقالماي، بەلكى يىرىڭلاشقا باشلىغان بولسا، پىشۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

4. چوڭ تەرەتتىن بولغان تولغاقنى داۋالاش: چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىپ چىقىرىش ئۈچۈن يۇمشاتقۇچى ھۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ، سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلاردىن خىيارشەنبەر، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىقلارغا بادام يېغى قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا بۇنىڭغا پەقەت قايناق سۇلا يېتەرلىك بولىدۇ.

5. سوغۇقلۇقتىن بولغان تولغاقنى داۋالاش: قايناق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغ سۈركىلىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتىمۇ ئىسسىق، تەسىرىمۇ ئىسسىق بولسۇن. مەسىلەن: قىزىتىلغان قۇستە يېغى.

6. ئاغرىقتىن بولغان تولغاقنى داۋالاش: يۇمشىتىلىدۇ ھەمدە بوشاشتۇرۇش ئۈچۈن قىرۇتى چېپىلىدۇ، بۇ موم، بابۇنە يېغى ۋە مۇقەل بىلەن تەييار قىلىنغان بولسۇن ھەمدە كۈنجۈت يېغى ۋە زەيتۇن يېغى ھۆقنە قىلىنىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ھەقىقىي تولغاقتا (ئۆتكۈر ھالەتتە) ئۈچەيلەرنى 48 گىرام ئابدىمىلىك

يېغى بىلەن تازىلىغاندىن كېيىن، بۇ نۇسخىنى بېرىلىدۇ: قىزىلگۈل، ئاق لەيلى، كىنۇچە ئۇرۇقى، بەدىيان، گاۋزىباندىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى كېچىدە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ 24 گىرام قىزىلگۈل گۈلقەنتى قوشۇپ ۋە يەتتە گىرام سوقۇلمىغان ئىسپىغۇل سېپىپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ نۇسخا بىلەن ياخشىلىنىش كۆرۈلمىگەن بولسا، ئەتىگەندە يۇقىرىقى نۇسخا، كەچتە تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ.

سۇفۇپى تىندىن 60 گىرامى كالىنىڭ سېرىقمىيىدا ياغلاپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۈستىدىن بەش گىرام ئاق لەيلى لوئابى، ئۈچ گىرام ھەببۇلئاس شىرىسىنى سۇدا چىقىرىپ، 48 گىرام بىنەپشە شەربىتىدىن قوشۇپ ۋە سوقۇلمىغان ئىسپىغۇل سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قوشۇمچە ئەگەر قان كېلىۋاتقان بولسا، ئەتىگەندىكى نۇسخىغا كىنۇچە ئۇرۇقى، ھەببۇلئاس ئۇرۇقى، ئەنجىبار يىلتىزى قاتارلىقلاردىن بەش گىرامدىن قوشۇلىدۇ. بەزىدە ئەتىگەنلىك نۇسخىغا تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۈنجۈتى ۋە كەچلىك نۇسخىغا تەرخەمەك شىرىسى قوشۇلىدۇ.

قايىنتىلما نۇسخىسى بۇ، تولغاق ئۈچۈن پايدىلىق. گۈلبىنەپشە، كىنۇچە ئۇرۇقى، تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۈنجۈتى، ئاق لەيلى، ئەنجىبار يىلتىزىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرامدىن، گاۋزىباندىن بەش گىرام ئېلىپ، دورىلارنى بىر كېچە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، 24 گىرام بىنەپشە شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سوقۇلمىغان ئىسپىغۇل سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر يالغان تولغاق بولسا، ئاۋۋال يۇقىرىقى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ، ئاندىن ئابدىملىك يېغىنى كالا سۈتىگە قوشۇپ، 24 گىرام ناۋات بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىكنى تامامەن يوقىتىش ئۈچۈن بىر - ئىككى كۈن تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ: ئاق لەيلى، بەدىيان، ھەببۇلئاس قاتارلىقلارنىڭ شىرىسى ۋە لوئابىنى 144 گىرام ئەرقى گاۋزىباندا چىقىرىپ، 24 گىرام قىزىلگۈل گۈلقەنتى قوشۇپ، يەتتە گىرام رەيھان ئۇرۇقى ياكى يەتتە گىرام سوقۇلمىغان ئىسپىغۇلنى ئۈستىگە سېپىپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ھالەتتە پەقەت ئىسپىغۇل يېتەرلىك بولىدۇ.

سوزۇلما خاراكتېرلىك تولغاقتا ئەتىگەندە 3 ~ 6 گىرامغىچە سۇفۇپى مويا، بەش گىرام ئاق لەيلى لوئابى، ئۈچ گىرام تەرخەمەك شىرىسى، ئۈچ گىرام ھەببۇلئاس شىرىسى، 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە قاتارلىقلار يەتتە گىرام سوقۇلمىغان ئىسپىغۇل بىلەن بېرىلىدۇ. كەچتە سۇفۇپى تىندىن ئالتە گىرامنى سۇ بىلەن ياكى ئاق لەيلى لوئابى چۈشكەن نۇسخا بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەتىگەندە تەرياقى پىچەشتىن ئۈچ گىرام قېتىق بىلەن بېرىلىدۇ ۋە ئۈچ گىرام سۇفۇپى مويا، بەش گىرام ئاق لەيلى لوئابى چۈشكەن نۇسخا قاتارلىقلار كەچتە بېرىلىدۇ ۋە ئۇخلايدىغان

ۋاقىتتا ھەببى پىچەشتىن بىر دانە قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

تەرياقى پىچەش نۇسخىسى سېرىق ھېلىلە پوستى، جۇۋىنە، ئاق زىرە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم قورۇپ، سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ.

ھەببى پىچەش نۇسخىسى كافۇر، سېرىق ھېلىلە پوستى، زەپەردىن ئالتە گىرامدىن، يېشىل موزا، ئامىلە پوستىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى گۈلابتا يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ قابىز دورىلاردىن قەۋزىيەت پەيدا بولغان بولسا، سىلىقلاشتۇرغۇچىلار بىلەن چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشتىن مۇمكىنقەدەر ساقلىنىش لازىم.

ھۆقنە نۇسخىسى كونا تولغاق ۋە ئۈچەي يارىلىرى ئۈچۈن ئەپيۇن، زەپەردىن 2.75 گىرامدىن، ئەرەب يېلىمىدىن 3.75 گىرام، قىزىلگۈلدىن 144 گىرام ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، قىزىل بۇغداش سۈيى ياكى سېمىزئوت سۈيىگە قوشۇش ھەمدە بىر دانە تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى پىشۇرۇپ، گۈل يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ بۇنىڭغا قوشۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆقنە قىلىش لازىم.

يەنە بىر ھۆقنە نۇسخىسى گۈرۈچ، پوستى ئاقلانغان ئارپا، پوستى ئاقلانغان ئەدەستىن 84 گىرامدىن، ھەببۇلئاستىن 12 گىرام، چۈچۈمەل ئانار پوستىدىن 17 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى 1.5 كىلوگىرام سۇدا 500 گىرام قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ ساقلاپ قويۇلىدۇ ۋە ئەرەب يېلىمى، كافۇر (يۇمشاق سالايە قىلىنغان بولسۇن)، گىل ئەرمەنىدىن 3.5 گىرامدىن، قەلەي ئۈپىسىدىن 18 گىرام، خۇنسىياۋشان، ئاقاقىيادىن 12 گىرامدىن، توخۇ تۇخۇمى سېرىقىدىن ئىككى دانە ئېلىپ، شاراب سىركىسىدە قاينىتىپ، ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغىنى ئېرىتىپ، سۈزۈپ، ھەممىسىنى سوقۇپ رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، تۇخۇم ۋە ئېرىتىلگەن ياغنى ھاۋانچىغا سېلىپ ياخشى ئېزىپ، ھەممە دورىلار ئارىلاشقان ۋاقىتتا، مەزكۇر قاينىتىلمىنى قوشۇپ ئىلمان ھالەتتە كۈندە ئىككى قېتىم ھۆقنە قىلىنىدۇ.

قورساق ئاغرىش

قورساق ئاغرىش ئۈچەي ئاغرىقىنىڭ نامىدۇر، بۇ، ئۈچەي تەشەننۇجدىن پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى ئۈچەي تولغاپ ئاغرىشنىڭ سەۋەبلىرى بىر قانچىدۇر.

1. يەل بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى يەل بولىدۇ، بۇ، ئۈچەيلەردە توسۇلۇپ تارتىشىش پەيدا

قىلىدۇ.

2. سەپرا بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى بىرەر ئۆتكۈر ۋە سەپرادىن بولغان ماددا بولىدۇ، بۇ ئۈچەيلەرگە قۇيۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ.

3. مىزاج بۇزۇلۇش بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى ئۈچەينىڭ ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇش بولىدۇ، بۇ پەقەت ئۆزىنىڭ كەيپىياتى بىلەن ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ.

مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ باشقا تۈرلىرىدىنمۇ ئۈچەي تولغاپ ئاغرىش پەيدا بولىدۇ.

4. تۇزلۇق بەلغەم بەزىدە ئۈچەي تولغاپ ئاغرىشقا تۇزلۇق ۋە شورلۇق خىلىت سەۋەب بولىدۇ.

5. پىشمىغان بەلغەم بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى بەلغىمى، پىشمىغان، قويۇق خىلىت بولىدۇ. بۇ ئۈچەيلەرگە يىغىلىدۇ ھەمدە قويۇق بولۇش ۋە كۈچ ئاجىز بولۇش سەۋەبىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

6. چوڭ تەرەت بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى قۇرۇق چوڭ تەرەت بولىدۇ. بۇ ئۈچەيلەردە توختاپ قالىدۇ ھەمدە كۈچەش بىلەن چىقمايدۇ.

7. ئۈچەي ئىششىقى بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى ئۈچەي ئىششىقى بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئىلاجى قولۇنجى بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

8. قۇرت بەزىدە بۇنىڭ سەۋەبى قورساق يىلانسىمان قۇرتى ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان قۇرت بولىدۇ، بۇنىڭ بايانى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

ئالامىتى

1. يەل كوركىراش، قورساق ئېسىلىش ۋە ئېغىرلىق بولماستىن، بەلكى قورساقتا تارتىشىش بولىدۇ ۋە يەل چىقىش بىلەن ئاغرىق ئارام بېرىدۇ.

2. سەپرا ئازراق ئېغىرلىق بولىدۇ، لېكىن كۆيۈشۈش، ئېچىشىش ۋە ئۇسسۇزلۇق قاتتىق بولىدۇ، چوڭ تەرەتتە سەپرا چىقىدۇ.

3. مىزاج بۇزۇلۇش سەپرادىن بولغان ئۈچەي ئاغرىقىنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئېغىرلىق بولمايدۇ ۋە چوڭ تەرەتتە سەپرا چىقمايدۇ.

4. تۇزلۇق بەلغەم كۆيۈشۈش بولىدۇ، سەپرادىن بولغان ئۈچەي ئاغرىقىغا سېلىشتۇرغاندا ئېغىرلىق زىيادە بولىدۇ ھەمدە چوڭ تەرەتتە بەلغەم چىقىدۇ.

5. پىشمىغان بەلغەم بەزىدە بۇ تۈردىكى خىلىتلار (قويۇق بەلغەم) چوڭ تەرەتتە

چىقىدۇ، ئېغىرلىق زىيادە بولىدۇ، ئاغرىق بىرلا ئورۇندا بولىدۇ.

6. چوڭ تەرەت   چوڭ تەرەتتىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

7. ئۈچەي ئىششىقى   ئىششىقتىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

داۋالاش

1. يەل   يەلنى تارقاتقۇچى ئۇرۇق دورىلار بىلەن يەل تارقىتىلىدۇ، مەسىلەن: كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، رۇمبەدىيان، جۇۋىنە قاتارلىقلار.

2. سەپرا   سىلىقلاشتۇرغۇچى سوغۇق تەبىئەتلىك ئۇرۇق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئىسپىغۇل ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، رەيھان ئۇرۇقى قاتارلىقلارغا سوغۇق سۇ ۋە گۈل يېغى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر بۇ يېتەرلىك بولمىسا، خىيارشەنبەر ۋە شىرخىست ئارقىلىق سەپرا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

3. مىزاج بۇزۇلۇش   مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ناخۇش ئانار سۈيىگە ئىسپىغۇل قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ گۇلاب ۋە گۈل يېغى قاتارلىقلارغا چىلانغان بولسۇن.

4. تۇزلۇق بەلغەم   ئۈچەيلەرنى تازىلاش ئۈچۈن تۇربۇت ۋە بىستىپايەج چۈشكەن ھۆقنىلەر بىنەپشە ۋە سەرپىستان بىلەن مۆتىدىل قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، بىنەپشە ۋە سەرپىستاننىڭ چاپلاشقاقلىقى غىدىقلىنىش ۋە قوزغىلىشنى پەسەيتىدۇ.

5. پىشمىغان بەلغەم   بەلغەم يۇقىرىقى ئۈچەيلەردە بولغان شەرت ئاستىدا، بۇ بەلغەم قۇستۇرۇش ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، قۇستۇرۇش ئۈچۈن سىرىقچېچەك قاينىتىلمىسى ۋە ھەسەل قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ. بەلغەم تۆۋەنكى ئۈچەيلەردە بولغان شەرت ئاستىدا، تۆۋەندىن ھۆقنە ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن مىزاجنىڭ تەڭشىلىشى ۋە ھەزىمنىڭ كۈچلىنىشى ھەم بۇ خىلتلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلاردىن جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش فەلافىلى يېگۈزۈلىدۇ.

6. چوڭ تەرەت   چوڭ تەرەتتىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشىنى داۋالاش ئۇسۇلىدا داۋالاش لازىم.

7. ئۈچەي ئىششىقى   ئىششىقتىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشىنىڭ ئۇسۇلىدا داۋالاش لازىم.

قورساق كوركىراش

سەۋەبى

قورساق كوركىراش بەزىدە يەللىك (يەل پەيدا قىلغۇچى) تاماق يېيىش ياكى كۆپ مىقداردا تاماق يېيىش ياكى ئىنتايىن ناچار كەيپىياتتىكى ئېغىر ۋە تولۇق ھەزىم بولمايدىغان تاماقلارنى يېيىشتىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: سۇ كالىسى گۆشى.

بەزىدە ئۇ ئۈچەي ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا گەرچە تاماقنىڭ مىقدارى ۋە كەيپىياتى نورمال بولسىمۇ، تولۇق ھەزىم بولمايدۇ.

ئالامىتى يېمەكلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان بىرىنچى خىلىتنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۇ غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

ئۈچەي ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولىدىغان ئىككىنچى تۈرىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىرتقى سەۋەب تەسىر قىلمىسىمۇ، غىزا ياخشى بولسىمۇ قورساق كوركىراش پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش دەسلەپكى تۈرىدە غىزا ياخشىلىنىدۇ، كېيىنكى تۈرىدە غىزا ئازايتىپ بېرىلىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن ئىچ سۈرۈپ كەتكەن شەرت ئاستىدا مەجۇنى فەلافىلى، جاۋارىش كۇمۇنى ۋە مەجۇنى خۇزى يېگۈزۈلىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن ئىچ سۈرۈپ كەتكەن شەرت ئاشتىدا.

ئەمەلىي داۋالاش ئەتىگەندە تۆۋەندىكى نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ: جاۋارىش بەسباسەدىن يەتتە گىرام يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەتتە گىرام بەدىيان، ئۈچ گىرام رۇمبەدىيان، ئۈچ گىرام قارا زىرە، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ شىرىسىنى 144 گىرام ئەرقى بەدىياندا چىقىرىپ، 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە بىر گىرام سۇفۇپى ئەملاھ يەتتە گىرام جاۋارىش كۇمۇنىغا قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپى ئەملاھ نۇسخىسى كەندىر تۇزى، كۇندۇش تۇزى، تۇرۇپ تۇزى، پىننە يوپۇرمىقى تۇزى، ياۋا پىدىگەن يوپۇرمىقى تۇزى، ئەجۋائىن جەۋھىرى قاتارلىق دورىلارنى ئوخشاش ئېغىرلىقتا ئېلىپ، سالايە قىلىپ يېگەندىن كېيىن، ئىككى دانە ھەببى كەبەد نۇشادىرى، ئىككى دانە ھەببى ئابدىمىلىكە ياكى ئۈچ گىرام سۇلايمان تۇزى يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولسا، كەچتە ئىككى دانە ھەببى تەنكار قايناق سۇ بىلەن

يېگۈزۈلىدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا پەقەت ئاز ۋاقىت ئاچ قورساق قالدۇرۇشلا يېتەرلىك بولىدۇ. ھەببى كەبەد ياكى جاۋارىش جالىنۇس، جاۋارىش كۇمۇنى قەۋزىيەتتىن تەبىئەت تازىلانغان چاغدا يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، سەيلە قىلىش ياكى پىيادە يول مېڭىشقا كۆرسەتمە بېرىلىدۇ، قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش يەڭگىل تاماقلار ئىشتىھادىن ئاز بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئۆچكە گۆشى شورپىسى، كاكچا نان، ماش كەچرىسى، ئارھەر ئۇنى قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ، يەل پەيدا قىلغۇچى، تەستە ھەزىم بولىدىغان تاماقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

قۇلۇنجى ۋە ئىيلاۋۇس

ئۈچەي توسۇلۇش (قۇلۇنجى) ئۈچەيلەرنىڭ بىر خىل كېسەللىكىدۇر. بۇنىڭدا قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولىدۇ ۋە تەبىئىي ھالدا چىقىپ كېتىدىغان نەرسىلەر (چوڭ تەرەت) نىڭ چىقىشى قىيىن بولىدۇ. قۇلۇنجىدا ئىككى خىل نەرسە تېپىلىدۇ. بىرى، قاتتىق ئاغرىق، يەنە بىرى، توختاپ قېلىش.

ئەگەر قەۋزىيەتتە چوڭ تەرەت توختاپ قالسا ئاغرىق بولمايدۇ.

ئۈچەي تولغاپ ئاغرىشتا، ئەگەر ئاغرىق بولسا، ئومۇمەن چوڭ تەرەت توختاپ قېلىش بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچەي تولغاپ ئاغرىشتىكى ئاغرىق ئۈچەي توسۇلۇشتىكى ئاغرىققا يەتمەيدۇ. ئۈچەي توسۇلۇشتا ئاغرىق تارتىشتىن بولىدۇ. بۇ ئىنساننى بىھوش قىلىپ قويىدۇ.

ئاتىلىش سەۋەبى: بۇنىڭ نامى قۇلۇنجى دەپ قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى، بۇ كېسەللىك ئومۇمەن قۇلۇن (بوغماق) ئۈچەيدە پەيدا بولىدۇ. قۇلۇن ئۈچەينى قۇلۇن دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتايدۇكى، ئۇنىڭ مەنىسى ئازادىدۇر. بۇ قورساقتا يىراق - يىراقلارغىچە تارقىلىدۇ (نەفيس).

ئىيلاۋۇس بۇمۇ قۇلۇنجىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، كىچىك ئۈچەيلەردە پەيدا بولىدۇ.

كىچىك ئۈچەيلەر: ئون ئىككى بارماق ئۈچەي، ئاچچىق ئۈچەي يەنى يانپاش ئۈچەي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يانپاش ئۈچەينىڭ نامى «زاتىنتەلافىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سەمەرقەندى ئىيلاۋۇسنى قۇلۇنجى بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قۇلۇنجىنىڭ تۈرىدىن سانايدۇ. ئەمەلىيەتتە قۇلۇنجى بوغماق ئۈچەي، قارىغۇ ئۈچەي، تۈز ئۈچەيلەردە پەيدا بولىدىغان كېسەللىكتۇر. بۇ كېسەللىك كىچىك ئۈچەيدە پەيدا بولسا، بۇ ئىيلاۋۇس (ئۈچەي ئالمىشىپ قېلىش) دەپ ئاتىلىدۇ، قۇلۇنجى دېيىلمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسى ئايرىم - ئايرىم كېسەللىكتۇر، ئىيلائۇسنى قۇلۇنجى دېيىش پەقەت ئوخشىشتۇر.

ئاتىلىش سەۋەبى ئىلائۇسنىڭ مەنىسى «ئۈنىڭدىن پاناھ تىلەش» بولۇپ، بۇنى بۇقرات ئېيتقاندۇر. لېكىن جالىنۇس ئۆز كىتابى «ئەغلۇقىن» دا ئېيتقانكى، ئۇنىڭ مەنىسى «ئاللا رەھىم قىلسۇن» دۇر (ئىيلا، ئەللاھ).

بۇ كېسەللىكنىڭ نامى ئىلائۇس (ئاللا پاناھ بولسۇن) دەپ شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغانكى، بۇ ئادەتتە تۆت كۈندە ھالاك قىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بىر نەچچە خىل بولىدۇ.

1) ئىلائۇستا ئاغرىق ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. ئۆتكۈر ھۆقنە ياكى قاتتىق ئىچىنى سۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ توسالغۇ ئاسانلىق بىلەن ئېچىلمايدۇ، بەلكى چوڭ تەرەت ئاشقازان تەرەپكە يانىدۇ، ئاندىن ئاشقازاندىن قۇسۇق شەكلىدە چىقىدۇ. خۇددى بەزى چاغلاردا ھۆقنە، قورساق قۇرتلىرى يەنى يىلانسىمان قۇرت ئۈچەيلەردىن ئاشقازان تەرەپكە بېرىپ قۇسۇق ئارقىلىق چىققىنىغا ئوخشاش.

2) ئىلائۇستا ئاغرىق قاتتىق بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئۈچەيلەرنىڭ سېزىمى ئۆتكۈر بولىدۇ، يەنى بۇنىڭدا نېرۋىلار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

3) ئىلائۇستا ئاشقازان يەنى ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا ناھايىتى زىيان يېتىدۇ. چۈنكى بۇزۇق ماددىلار ۋە چوڭ تەرەت ئاشقازان كىرىش ئېغىزى تەرەپكە بارىدۇ.

4) ئىلائۇستا مېڭىگىمۇ قاتتىق ئاغرىق يېتىدۇ ۋە ئەقلىي ئېلىشىش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مېڭە ۋە ئاشقازان ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مۇناسىۋەت بولىدۇ ھەمدە ئاغرىق چىدىغۇسىز قاتتىق بولىدۇ.

5) يۈرەككىمۇ سېسىق پۇراق، قاتتىق ئاغرىق ۋە ئاشقازاننىڭ شېرىكچىلىكىدىن قاتتىق زەرەر ۋە نۇقسان يېتىدۇ.

تۈرلىرى قۇلۇنجى سەۋەبلىرى ئېتىبارى بىلەن بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجى بۇ تۈردە قويۇق ۋە چاپلاشقاق بەلغەم چوڭ تەرەت بىلەن بىرلىشىپ، ئۈچەيدە توسۇلۇپ قالىدۇ ۋە چوڭ تەرەتنىمۇ چىققىلى قويمايدۇ.

ئالامىتى بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجىنىڭ ئالامىتى شۇكى، قۇلۇنجىدىن بۇرۇن ئىشتىھا تۇتۇلۇش، تاماق سىڭمەسلىك بولغان بولىدۇ، قويۇق، ئېغىر غىزالارنى يېگەن بولىدۇ، ئۆتكۈر قەۋزىيەت بولىدۇ، ئاغرىق كۈچلۈك بولىدۇ، قۇلۇنجى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن چوڭ تەرەت بىلەن بەلغەم چىقىۋاتقان بولىدۇ ھەمدە چوڭ تەرەتنىڭ مىقدارى ئاز بولىدۇ.

2. يەلدىن بولغان قۇلۇنجى بۇنىڭ سەۋەبى ھەزىم بۇزۇلۇش بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەردە تاماق بۇزۇلىدۇ، غىدىقلىغۇچى ماددىلارنىڭ تۈرلىرى بىلەن يەلمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ

ئۈچەيلەردە تارتىشىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ سەۋەبلەرنىڭ جۇغلىنىشى بىلەن ئۈچەينىڭ تەشەننۇجلۇق ھەرىكىتى باشلىنىدۇ. بۇ قولۇنجى ئاغرىقى شەكلىدە ئاشكارا بولىدۇ.

ئالامىتى كېسەللىك يۈز بېرىشتىن بۇرۇن قورساقتا كوركىراشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. يەل پەيدا قىلغۇچى ۋە سوغۇق، تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالار ۋە ھۆل مېۋىلەرنى يېگەن بولىدۇ، ئاغرىق ئۇ يەر - بۇ يەرگە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ ھەمدە بىمارغا ئۈچەيلىرىنى بىرەر كىشى تېشىۋەتكەندەك مەلۇم بولىدۇ، قىسقا - قىسقا سېسىق پۇراقلىق كېكىرىك كېلىپ تۇرىدۇ. ئىسسىق نەرسىلەر بىلەن ئۇۋۇلاش ۋە ئىسسىق ئۆتكۈزۈشتىن بەزى ۋاقىتلاردا ئاغرىق كۈچىيىدۇ. يەنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئارام بېرىدۇ، يەل توختاپ قالغان ئورۇن بەزى چاغدا ئېسسىلىشىۋالىدۇ. بۇنى قول بىلەن تۇتقاندا يۇمىلاق مەلۇم بولىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن چوڭ تەرەت يۇمشاق كېلىدۇ. يەنى چوڭ تەرەت كالىنىڭ تېزىكىگە ئوخشاش كۆپۈشكەن ھالەتتە كېلىدۇ. ئەگەر چوڭ تەرەتنى سۇغا سالسا سۇدا لەيلەيدۇ. قورساقتا كۆپۈش بولىدۇ، قورساقنى بېسىش بىلەن ئاغرىقتا كۈچىيىش بولمايدۇ، بەلكى راھەتلىنىدۇ. قەۋزىيەت، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە بەزىدە قۇسۇش بولىدۇ، قىزىتما بولمايدۇ، تومۇردا ئانچە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئاغرىق دەۋرىيلىك ھالدا ئۆتكۈرلىشىدۇ، ئاغرىق تويۇقسىز كىندىكتىن باشلىنىپ پۈتۈن قورساققا تارقايدۇ. بىمار قورساقنى تۇتۇپ ئوڭدىسىغا ياتىدۇ، بىئاراملىق قاتتىق بولىدۇ، قايتا - قايتا ئورنىدىن تۇرىدۇ، يانپاشلىرىنى يۆتكەپ ئولتۇرىدۇ، قاتتىق پەرياد قىلىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يەل چىققاندىن كېيىن ئاغرىق ئارام بېرىدۇ ۋە تۇيۇقسىز ساقىيىپ قالىدۇ.

ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان قولۇنجى بۇ، يەلدىن بولغان قولۇنجى تۈرىگە تەۋە بولۇپ، بەزى چاغلاردا ئاچچىق كېكىرىك كېلىدۇ. قورساق دەرھال كۆپىدۇ. ئاغرىق زىيادە قاتتىق بولمايدۇ، بۇ ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان قولۇنجى دەپ ئاتىلىدۇ.

3. ئىششىقتىن بولغان قولۇنجى بۇنىڭ سەۋەبى ئۈچەينىڭ بىرەر يېرىدە پەيدا بولغان ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق بولىدۇ، ئۇ شۇ ئورۇندا تارىيىش پەيدا قىلىپ، چوڭ تەرەت ۋە يەللەرنىڭ چىقىشىنى توسىدۇ.

ئالامىتى يۇقىرى قىزىتما بولىدۇ، قاتتىق ئۇسسايدۇ، سەپرادىن بولغان قۇسۇق كېلىدۇ، تومۇرلىرى كۆپۈشكەن بولىدۇ، ئېغىرلىق ۋە لوقۇلداش بولىدۇ، ئىششىغان ئورۇندا ئاغرىق بولىدۇ. ئىششىق تەرەققىياتىنىڭ ئېتىبارى بىلەن قولۇنجىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى تەدرىجىي ئېغىرلايدۇ. بەزى چاغلاردا ئىششىق بەلغەمدىن بولىدۇ، يەنى يۇقىرىقى مەزكۇر ئەگەشمە ئالامەت ۋە كېسەللىك ئالامىتى يەڭگىل بولىدۇ.

4. تولغىشىشتىن بولغان قولۇنجى بۇنىڭدا ئۈچەيدە تولغىشىش بولۇپ، تۈگۈنچىدەك بولۇپ قالىدۇ.

بىرىنچى، ئۈچەي تولغىشىشتىن بولىدۇ ۋە تۈگۈنچىلىنىپ توسۇلۇپ قالىدۇ. يەنى چۇقۇق بولماستىن تولغىشىش بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۈچەي تارىمۇشلىرى يەنى ئۇنىڭ مۇقىملاشتۇرۇپ تۇرغۇچىلىرى ئۈزۈلىدۇ. ئۈزۈلۈش سەۋەبىدىن ئۈچەينىڭ ئورنى ئۆزگىرىدۇ ۋە چوڭ تەرەت توختاپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى، قورساق چىقۇقى ياكى يىرىق چۇقۇقى سەۋەبىدىن ئۈچەي تولغىشىپ قالىدۇ، يەنى قايتىپ كېتەلمىگۈدەك كەپلىشىپ قالىدۇ.

قورساق چۇقۇقى يەنى كىندىك ئورنىدا بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ ۋە قورساقتىن تومپىيىپ تۇرىدۇ.

يىرىق چۇقۇقى بۇنىڭدا ئۈچەي ئۇرۇقدان خالتىسىغىچە چۈشۈۋالىدۇ، بۇ ئۇرۇقدان خالتىسى چۇقۇقى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش بەزى چاغلاردا ئۈچەيدە شۇنداق قاتتىق تۈگۈنچە ياكى مۇستەھكەم تولغىشىش بولىدۇكى، ئۇ قەتئىي ئېچىلمايدۇ ۋە دوختۇرنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقى بىكار بولىدۇ.

ئالامىتى سەكرەش ياكى قاتتىق ھەرىكەت قىلىش ياكى بىرەر چوڭ، ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرۈش ياكى تۇيۇقسىز چۇقۇق پەيدا بولۇش قاتارلىقلاردىن كېيىن بىردىنلا قولۇنجى پەيدا بولىدۇ. ئاغرىق بىرلا ئورۇندا توختاپ قالىدۇ، يەلدىن بولغان قولۇنجىغا ئوخشاش ئورۇنلاشقان جايىدىن يۆتكەلمەيدۇ.

5. چوڭ تەرەتتىن بولغان قولۇنجى بۇنىڭدا چوڭ تەرەت قۇرغاقلىشىپ ئۇرۇقچىدەك بولۇپ، ئۈچەيگە كەپلىشىپ ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالىدۇ.

چوڭ تەرەت قۇرغاق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ:

بىرىنچى، تاماقلارنىڭ قۇرۇقلۇقى، مەسىلەن: تېرىق ۋە بەللۇت.

ئىككىنچى، تاماق مىقدارىنىڭ ئازلىقى.

ئۈچىنچى، ئۈچەيلەرنىڭ ھارارىتى ۋە قۇرۇقلۇقى.

تۆتىنچى، ئۈچەيلەرنىڭ سېزىم قۇۋۋىتى تۆۋەنلەش، مەيلى بىرەر مەست قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشتىن كۆرۈلگەن بولسۇن ياكى بىرەر باشقا سەۋەبتىن بولسۇن.

بەشىنچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى كۆپ ئىشلىتىش.

ئالتىنچى، تارقاشنىڭ كۆپلۈكى، بۇ ئىسسىق ئارىشاڭلاردا يۇيۇنغاندىن كېيىن يۈز بېرىدۇ.

يەتتىنچى، سىرتقى ھاۋانىڭ ھارارىتى.
سەككىزىنچى، ھەرىكەتنىڭ كۆپلۈكى.

ئالامىتى تاماقنىڭ ئازلىقى ۋە قۇرۇقلۇقى: بۇ، قۇرۇقلۇق ياكى تاماقنى بەك ئاز يېيىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا مۇشۇنداق غىزالارنى قۇلۇنجى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن يېگەن بولىدۇ.

ئەزالارنىڭ ھارارىتى بۇ، ئەزالارنىڭ ھارارىتىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى قۇلۇنجىدىن بۇرۇن چوڭ تەرەت قۇرۇق كېلىدۇ، قاتتىق ئۇسسايدۇ، قورساق تېرىسىدە كۆيۈشۈش بولىدۇ ۋە بىمار ئورۇقلايدۇ، چوڭ تەرەت سېسىق پۇراقلىق، رەڭگى قارامتۇل قىزىل كېلىدۇ.

ئۆچەي قۇرۇقلۇقىدىن بولغان قۇلۇنجى بۇ، ئۆچەينىڭ قۇرۇقلۇقىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا يۇقىرىقى مەزكۇر ئالامەتلەر ئاشكارا بولىدۇ. لېكىن قورساق تېرىسىدە كۆيۈشۈش بولمايدۇ، چوڭ تەرەت سېسىق پۇراقلىق كېلىدۇ، قارا رەڭدە كەلمەيدۇ.

سېزىمسىزلىنىش بۇنىڭدا ئۆتكۈر غىزالارنى، مەسىلەن: سامساق، قىچا، كەرەپشە سېلىنغان غىزالارنى يېگەندە چوڭ تەرەت قىلىش سېزىمى بولمايدۇ، ئۆتكۈر بولمىغان شامچە دورىلاردىن ئاغرىق مەلۇم بولىدۇ، مەسىلەن: بۆرە ئەرمىنى، تۇز، سوپۇن قاتارلىقلار. تاماق بىلەن قورساق ئېسىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كۈچلۈك ئاغرىق پەيدا بولمايدۇ. بەزىدە ئۆچەيدە ئاقمىمۇ بولىدۇ. ئاقمىنىڭ ئۆچەي سېزىمىنى يوقىتىۋېتىشىدىكى سەۋەب ئۆچەي جەۋھىرىنى بۇزىدۇ ۋە روھىي نەپسانىيىنىڭ خىزمىتىنى يوق قىلىۋېتىدۇ.

سۈيدۈك ھەيدەش بۇ خىل قۇلۇنجى سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرنى كۆپ ئىشلىتىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى قۇلۇنجى سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى كۆپ ئىشلىتىشتىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

تارقاشنىڭ كۆپلۈكى بۇ، ھۆللۈكلەرنىڭ تارقاپ كېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا تارقاشنىڭ سەۋەبلىرى مەۋجۇت بولىدۇ، مەسىلەن: ئىسسىق ھاۋا، تەر تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىپ كېتىش، كۆپ تەرلەش، تارقاش كۆپ بولىدىغان ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىش، مەسىلەن: تۆمۈرچىلىك ئىشلىرى قاتارلىقلار.

6. **سەپرادىن بولغان قۇلۇنجى** بۇنىڭدا قويۇق سەپرا خىلتى كۆپ مىقداردا ئۆچەيگە قۇيۇلۇپ غىدىقلاش پەيدا قىلىپ، ئۆچەي تەشەننۇجىغا سەۋەب بولىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىك ئۆچەي تەرەپكە جىگەردىكى تاشنىڭ چۈشۈشىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ، بۇ بەك ئۆتكۈر ھالەتتۇر.

سەپرادىن بولغان قۇلۇنجدا كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشى ئاستا - ئاستا باشلىنىدۇ. يەلدىن بولغان تۈرىگە سېلىشتۇرغاندا كۆڭۈل ئېلىشىش كۆپ بولىدۇ ۋە قۇسقاندا سەپرا (يېشىل ياكى سېرىق چىقىدۇ. بۇ تۈردە كېسەللىك دەۋرى بىر نەچچە سائەتتىن بىر نەچچە كۈنگىچە بولىدۇ، لېكىن قاتتىق ئاغرىقتا پەسىيىش ۋە كۈچىيىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر قۇلۇنجنىڭ تۇتۇشى بىرنەچچە كۈنلەرگىچە داۋاملاشسا، ئۈچەي ئىششىقى ۋە يەرقان (سېرىقلىق چۈشۈش) كېسىلى بولۇشنىڭ خەۋپى بولىدۇ. كېسەللىكنىڭ قايتىلىنىشى ھەپتىلەر، ئايلار ۋە بەزىدە يىللاردىن كېيىن بولىدۇ.

7. تەشەنۇجتىن بولغان قۇلۇنجى بۇ، سوغۇق سۇدا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش، سوغۇق سۇ ئىچىش ياكى قاتتىق قورقۇش ۋە چۆچۈش سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇنىڭغا نۇقرەس، ۋەجئۇل مۇپاسىل، ئىختىنا قۇررەھمى، مالىخولىيا بىمارلىرى كۆپ گىرىپتار بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە قورساق ئېسىلىش ۋە يەلنىڭ شىكايىتى كۆپ بولمايدۇ. ئاغرىق بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ياكى ئېغىزمان ۋە كۆكرەك تەرەپكە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. قورساقنى بېسىش ياكى يەل چىقىش بىلەن ئاغرىق ئارام بېرىدۇ.

8. قوغۇشۇندىن زەھەرلىنىشتىن بولغان قۇلۇنجى قوغۇشۇننىڭ زەھىرى بەدەنگە يېتەرلىك مىقداردا غىزا يولى ئارقىلىق كىرگەن بولسا، ئۈچەيدە تەشەنۇج پەيدا قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ كېسەللىك قوغۇشۇن كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردا كۆپ بولىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى: تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ ھەمدە كەم قانلىق سەۋەبىدىن بەدەننىڭ رەڭگى ئۆڭىدۇ، ئېغىزدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ ۋە ئېغىز تەمى قېرىق بولىدۇ. ئىشتىھاسى تۆۋەن ياكى پۈتۈنلەي يوقايدۇ. دائىملىق قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، چوڭ تەرىتى قۇرغاق بولۇپ، ماياقتەك چىقىدۇ، بەدىنىدە ئاجىزلاش غەلىبە قىلىدۇ.

قۇلۇنجىنىڭ تەشەنۇجلۇق ئاغرىقى كىندىك ئەتراپىدىن باشلىنىدۇ. كىندىك ئەتراپىنى بېسىش بىلەن ئاغرىق پەسەيگەندەك ۋە راھەتلەنگەندەك مەلۇم بولىدۇ، بىمارنىڭ قورسىقى تارتىشىدۇ ۋە بېسىلغاندەك بولىدۇ. قورساقنى تۇتۇش بىلەن توسالغۇ مۇنەكچىسى مەلۇم بولىدۇ. بەزى ۋاقىتتا ئاغرىق قاتتىق بولىدۇكى، بىمار بىئارام بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ، ئولتۇرۇۋالىدۇ ۋە بىئارام بولغانلىقىدىن زارلىنىدۇ. بىمارنىڭ چىش مىلىكىگە كۆك رەڭلىك داغ چۈشىدۇ، بەزىدە قولنىڭ تۈزلىگۈچى مۇسكۇللىرى پالەچلىنىدۇ. بۇ ئىككىسى پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويىدىغان ئالامەتلەردۇر.

9. مىستىن بولغان قۇلۇنجى ئەگەر مىسنىڭ زەررىچىلىرى بەدەنگە كىرگەن بولسا، ئۈچەيلەردە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق پەيدا قىلىپ قۇلۇنجغا سەۋەب بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇنىڭدا تەشەنۇجلۇق ئاغرىق پەيدا بولمايدۇ، بەلكى ئىششىقتىن بولغان ئاغرىق بولىدۇ. بۇ

كۆپىنچە قەلەيلەنمىگەن ياكى قەلىيى بۇزۇلغان مىس قاچىلاردا تاماق يېيىش سەۋەبىدىن بولىدۇ ياكى مىسنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىدا ئىشلەش سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاغرىق تۇيۇقسىز ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدىن سەل تۆۋەندە ياكى كىندىك ئۈستىدە ئۆتكۈرلۈك بىلەن باشلىنىدۇ، ئاغرىق باسقاندا كۈچىيىپ كېتىدۇ ۋە ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ياخشىلىنىدۇ، لېكىن بەزىدە 24 ~ 36 سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ، چىرايى غەمكىن، ئۆڭگەن بولىدۇ. كۆزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولىدۇ، كالپۇكى كۆكىرىدۇ ۋە چىش مىلىكى ئۈستىگە پىدىگەن رەڭلىك داغ چۈشىدۇ، بۇ، مىستىن بولغان قۇلۇنجى ئۈچۈن دىياگنوز ئالامىتىدۇر. قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش بولىدۇ، لېكىن چوڭ تەرەت راۋان بولىدۇ، بەزىدە ھاۋا يوللىرىدىكى تەشەننۇج سەۋەبىدىن دېمى سىقىلىش پەيدا بولىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش قۇلۇنجنى تۆۋەندىكى كېسەللىكلەردىن پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش ئىنتايىن مۇھىم.

قۇلۇنجى بىلەن ئۈچەي تولغاپ ئاغرىشىنىڭ پەرقى بەزىدە قۇلۇنجى ۋە ئۈچەي تولغاپ ئاغرىشتا ئوخشاشلىق بولىدۇ. بۇ ئىككىسى ئىلگىرىكى سەۋەبىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: كېسەللىك يۈز بېرىشتىن بۇرۇن قۇلۇنجىدا تاماق سىڭمەسلىك بولىدۇ، ئىشتىھا يوقىلىدۇ، كۆكتات، ھۆل مېۋە - چېۋىلەر ۋە قويۇق تاماقلارنى ئىستېمال قىلغانلىق تارىخى بولىدۇ.

ئۈچەي تولغاپ ئاغرىشتا ئاغرىق ئۆتكۈر، كېسىلگەندەك ۋە يېپىلگەندەك بولىدۇ، بۇنىڭدا تارتىشىش بولمايدۇ. ئۈچەي تولغاپ ئاغرىشتا بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن، بولۇپمۇ بىمار قايناق سۇ ئىچكەندىن كېيىن چوڭ تەرەت كېلىدۇ ۋە قۇلۇنجىدىكى ئاغرىق كۈچلۈك بولىدۇ.

قۇلۇنجى بىلەن ئۈچەي تولغاپ ئاغرىشىنىڭ باشقا تۈرلىرى، يەنى يەلدىن، بەلغەمدىن، چوڭ تەرەتتىن بولغانلىرىنىڭ پەرقى: ئۈچەي تولغاپ ئاغرىشتا چوڭ تەرەت ئاسان چىقىدۇ، قۇلۇنجىدا مۈشكۈللۈك بىلەن چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچەي تولغاپ ئاغرىشىنىڭ ئۇ تۈرلىرىنىڭ ئىلاجى بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجنىڭ ئىلاجى بىلەن ئوخشاش.

قۇلۇنجى بىلەن بۆرەك ئاغرىقىنىڭ پەرقى بەزىدە قۇلۇنجنىڭ ئاغرىقى بۆرەك ئاغرىقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، يەنى بۇ ئىككى كېسەللىكتە ئوخشاشلىق ھەممىدىن كۆپ بولىدۇ. چۈنكى بوغماق ئۈچەيدە بۆرەك ئاغرىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، بەزىدە قۇلۇنجىدا سىيدۈك تۇتۇلۇش پەيدا بولىدۇ.

بۇ ئىككىسىدىكى پەرق بۆرەك ئاغرىقىدا ئاغرىق بەلدىن باشلىنىدۇ. بۇ، ئالدى ۋە

ئارقا تەرەپ، يوتا ۋە ئۇرۇقدانغىچە يېتىپ بارىدۇ. قايسى تەرەپتىكى بۆرەك كېسەللەنگەن بولسا، شۇ تەرەپكە قولنى قويۇش بىلەن ئاغرىيدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئورنى كىچىك ۋە ئارقا بەل ئەتراپىدا بولىدۇ، بىمارغا خۇددى بېلىغا بىر نەرسە پېتىپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ. قۇلۇنجنىڭ ئاغرىقى بوغماق ئۈچەينىڭ كەڭلىكى ۋە يۆنىلىشىگە ماس تارقايدۇ، يەنى ئۈستى، ئوڭ ۋە سولغا كېڭىيىدۇ، لېكىن دەسلەپتە ئوڭ تەرەپ تۆۋەنكى بۆلەكتىن باشلىنىدۇ، بۇ، بوغماق ئۈچەينىڭ باشلىنىش ئورنىدۇر ھەم قۇلۇنجى ئاغرىقى ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە سوغۇق تەرلەش بولىدۇ. بۆرەك ئاغرىقىنىڭ دەلىلى سۈيدۈك تۇتۇلۇش ياكى ئازلاشتۇر. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قېنىق قىزىل رەڭلىك سۈيدۈك ئاز - ئازدىن، ئېچىشتۇرۇپ كەلسە، بۆرەكتە قۇم ياكى بۆرەك ئىششىقى بولىدۇ، بۇ ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بۆرەك ئاغرىقى قۇسۇش بىلەن يەڭگىللەيدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە قۇلۇنجدا قۇسۇشتىن بىرەر مەنپەئەت يەتمەيدۇ. لېكىن رازى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە ئېيتقان ۋە ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا: «بۆرەك ئاغرىقىدا قۇسۇشنىڭ مەنپەئەتى ئازراق بولىدۇ» دېگەن.

قۇلۇنجى بىلەن باشقا ئاغرىقلارنىڭ پەرقى بەزىدە قۇلۇنجى ئاغرىقى بالىياتقۇ، جىگەر، تال، ئاشقازان ئاغرىقلىرى، قورساق قۇرتى ئاغرىقى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن بۇلار ئاغرىق ئورنى، ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كېسەللەنگەن ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

ئاغرىق ئورنى: قۇلۇنجدا ئاغرىق ئىككى تەرەپ يىرىق، كىندىك بىلەن دوۋسۇن ئارىسىدا بولىدۇ، جىگەر ئاغرىقى ئوڭ تەرەپ قوۋۇرغا ئاستىدا، تال ئاغرىقى سول تەرەپ قوۋۇرغا ئاستىدا، ئاشقازان ئاغرىقى كىندىك ئۈستىدە بولىدۇ. بالىياتقۇ ئاغرىقى داس بوشلۇقى ئىچىدىكى ئويمان ئورۇندا بولىدۇ.

ئاغرىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكى: ئۇ ئەزالاردا قۇلۇنجى ئاغرىقىغا ئوخشاش ئاغرىق ھەرگىز بولمايدۇ. جىگەر ئاغرىقى تاش سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇنىڭدا ئاغرىق ئۆتكۈر بولۇپ، جىگەر ئورنىدىن باشلىنىپ، ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ، بەزىدە ئوڭ تەرەپ توققۇزىنچى قوۋۇرغا بېشى باراۋىرىدە ئىششىق كۆرۈنىدۇ ۋە بەزىدە بىماردا بىرئاز سېرىقلىق چۈشۈشمۇ بولىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى: مەسىلەن: بالىياتقۇ ئاغرىقىدا ھەيز تۇتۇلۇش، جىگەر ۋە تال ئاغرىقىدا تومۇر سوقۇشى ئۆزگىرىش، ئاشقازان ئاغرىقىدا ھەزىم ئاجىزلاش، قۇرتتىن بولغان ئاغرىقتا قۇرت چىقىش قاتارلىقلار بولىدۇ. قۇلۇنجنىڭ ئالامەتلىرى ئىشتىھا يوقىلىش، قۇسۇش، پاچاق ئاغرىش، قورساق كۆپۈش قاتارلىقلاردۇر.

ئېغىزمان نېرۋىلىرى ئاغرىقى: بۇنىڭدا ئومۇمەن بەدەننىڭ بىر تەرىپىدە ئاغرىق بولىدۇ ۋە

ئوخشاشمىغان ئورۇنلارغا قولنى تەگكۈزگەندە ئاغرىق بولىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى قۇلۇنجنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئوخشاش بولىدۇ. پەقەت مىستىن بولغان قۇلۇنجدا چوڭ تەرەت نورمال بولغانلىقى ئۈچۈن ئوخشىمايدۇ. قۇلۇنجدىكى ئورتاق بولغان داۋالاش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

1. مۇسھىل ۋە ھۆقنە ئارقىلىق ئىچنى سۈرۈش ۋە ئۈچەينى تازىلاش.
2. ئاغرىق ۋە ئۈچەيلەردىكى تەشەننۇجنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشىش.
3. ساقايغاندىن ۋە ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن كېسەللىكنىڭ قايتا قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى قىلىش.

ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن ھەر خىل چارىلەر ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار ئىچ تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ. قورساق ئۈستىگە ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىزارتقۇچى دورىلار (مەسىلەن: قىچا) نىڭ زىماتى چېپىلىدۇ.

داۋالاش

1. بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجنى داۋالاش قۇلۇنجنىڭ بەلغەمدىن بولغان تۈرىنىڭ ئىلاجىدا دەسلەپتە مۇسھىل شامچىلار تۈز ئۈچەيگە كىرگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: تۇربۇت، شەھمەنزەل ئۇرۇقى، بۆرە ئەرمىنى (توغرىغۇ)، ئەنزىرۇت، تۇز قاتارلىقلارغا قارا شېكەر قوشۇپ، قائىدە بويىچە شامچە ياساپ تۈز ئۈچەيگە كىرگۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئىچى سۈرسە ياخشى، ئۇنداق بولمىسا سەۋەبىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈك ئېتىبارى بىلەن ئاز - كۆپ كۈچلۈك ھۆقنە قىلىنىدۇ.

ھۆقنە قىلىش ۋاقتىدا ئوخشاشمىغان شەكىللەر تەجرىبە قىلىنىدۇ، مەسىلەن: بىمار سەجدە ھالىتىدە مەقئەتنى ئۈستىگە كۆتۈرگەن ياكى ئوڭدا ياتقان ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر شەكىلدە تۇرغان بولسۇن، ئوڭ ياكى سول يانپاشتا ياتقان بولسۇن، قايسى ھالەتتە ھۆقنە قىلىش ياخشى بولسا، شۇ ھالەتتە ھۆقنە قىلىپ ئۇخلىتىلىدۇ. بەزى كىشىلەرگە دەسلەپكى ھالەتتە ھۆقنە قىلسا ۋە بەزى كىشىلەرگە ئوڭدا ياتقان ھالەتتە ھۆقنە قىلسا زىيادە مەنپەئەتلىك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قايسى تەرەپكە ئاغرىق زىيادە يۆلەنگەن بولسا، شۇ تەرەپنى بېسىپ ئۇخلىتىش ئىنتايىن پايدىلىق. مەسىلەن: ئەگەر ئاغرىق ئېغىزمان تەرەپتە بولسا، ئوڭدا ياتقۇزۇش، ئالدى تەرەپتە بولسا، سەجدە قىلغان شەكىلدە ياتقۇزۇش زىيادە مەنپەئەتلىك. چۈنكى مۇشۇنداق ھالەتتە ھۆقنە كېسەللىك تەرەپكە ئاسانلىق بىلەن يېتىپ بېرىپ تولۇق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھۆقنە بىلەن ئىچى كەلگەندىن كېيىن ئۆتكۈر ۋە تېز ئىچىنى سۈرگۈچى مۇسھىل ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ مۇسھىل سوقمونىيا، شەھمەنزەل، غارىقۇن ۋە باشقىلاردىن تەييارلانغان بولسۇن

ۋە سەپەرجىلى مۇسھىل، شەھرىياران قاتارلىقلار كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئېلىشىش بولسا مۇسھىل دورا ئاشقازاندا توختىمايدۇ.

توسالغۇنى ئېچىشتىن بۇرۇن مۇسھىل ئىچكۈزۈشتە قاتتىق خەتەرنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ. چۈنكى توسالغۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قاتتىق ۋە بەدەن خىلتلار بىلەن تولغان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خىلتلار بۇ ھالەتتە ئۈچەي تەرەپكە تارتىلىپ كېلىدۇ ۋە چىقىپ كېتىدىغان يول بولمىسا، ئاغرىق كۈچىيىپ بىمار ھالاك بولىدۇ.

يۇقىرىقىغا ئاساسەن توسالغۇنى ئېچىشتىن بۇرۇن ئابزەن قىلىش ۋە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئومۇمەن زىيانلىق بولىدۇ. لېكىن ئىچ سۈرگەن بولسا، قۇلۇنجنىڭ سەۋەبى ئادەتتىكىدەك بولسا، ئابزەن قىلىش ۋە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

ئابزەن — دورىلارنىڭ ئىلمان سۈيىدە بىمارنى ئولتۇرغۇزۇشتۇر.

بىمار ساقايغاندىن كېيىن ئاچ قورساق تۇرغۇزۇش، بىر مەزگىلگىچە يەنى ئاز دېگەندە 24 سائەتكىچە تاماق بەرمەسلىك، چۈنكى ئىشتىھا چىقىپ كەتكەن ماددىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن پەيدا بولىدۇ.

2. يەلدىن بولغان قۇلۇنجنى داۋالاش

بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجغا ئوخشاش داۋالىنىدۇ، شامچە ۋە ھۆقنە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئورۇندا ئىشلىتىلگەن شامچە ۋە ھۆقنىلەر يەللەرنى تارقاتقۇچى بولسۇن. مەسىلەن: شىياف، بۇ، توغرىغۇ، مۇقەل، جاۋشىر، سۇزاب ئورۇقى، قۇندۇز قەھرى، شەھمەنزەل ۋە قارا شېكەردىن تەييارلانغان بولسۇن. ھۆقنە — سۇزاپ، ياۋا رەيھان، بەرەنجاسىپ، بابۇنە، مەرزەنجۇش، كەرەپشە ئورۇقى، بەدىيان، جۇۋىنە، ئەنجۇر قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا ھەسەل قوشۇپ تەييار قىلىنغان بولسۇن.

ئەگەر شامچە ۋە ھۆقنە ئىشلەتكەندە يەل ۋە يەل ماددىسى (گەجىسمان بەلغەم قاتارلىقلار) چىققاندىن كېيىنمۇ ئاغرىقتا پەسىيىش بولمىسا، ئۈچەينى قىزىتقۇچى ھۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، بەرەنجاسىپ، سۇزاپ، جۇۋىنە، سىيادان (بۇ زەيتۇن يېغى قوشۇپ ئېزىلگەن بولسۇن)، قۇندۇز قەھرى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ.

بىمارنىڭ بۇ ھۆقنىلەر قورسىقىدا قانچىلىك تۇرغۇزالىسا، شۇنچىلىك تۇرغۇزۇشقا تىرىشىشى (يەنى تېزلا چىقىرىۋەتمەسلىكى) مۇناسىپتۇر. مەجۇنى كۇمۇنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەل تارقاتقۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: پەندادىقۇن، سەنجىرىنا، تەرياقى كەبىر قاتارلىقلار. تېرىق ۋە تۇزنى قىزىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئىسسىق تەبىئەتلىك ۋە يەل تارقاتقۇچى ياغلاردىن سۇزاپ يېغى، سېرىقچېچەك يېغى، يەسمەنگۈلى يېغى قاتارلىقلارنى قورساق ئۈستىگە سۈركەش چوڭ تەرەتتىن بولغان قۇلۇنجغا

سېلىشتۇرغاندا زىيادە زۆرۈر ۋە پايدىلىقتۇر.

بەلغەمدىن ۋە يەلدىن بولغان قۇلۇنجدا سوغۇق سۇ بەرمەسلىك زۆرۈر.

يەلدىن بولغان قۇلۇنجنى داۋالاشتا مەزكۇر داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن قۇستۇرۇشمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەم يەل تارقاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. قۇستۇرۇش غىزادىن كېيىنلا كېسەللىك ئاشكارا بولغان ۋە تاماق ئاشقازان ئىچىدە مەۋجۇت بولغان چاغدا قىلىنىدۇ. قۇستۇرۇشتىن كېيىن يەل تارقاتقۇچى ۋە ھەزىم قىلدۇرغۇچى دورىلار، مەسىلەن: ھىڭ، لاچىندانە، پىننە، زىرە، جۇۋىنە، بەديان، زەنجىۋىل، كافۇر، جاۋارىش كۇمۇنى قاتارلىقلار يۇمشاتقۇچىلار ۋە مۇسھىللارغا قوشۇپ بېرىلىدۇ ياكى ھۆقنە بىلەن ئۈچەينى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن بۇ دورىلار بېرىلىدۇ.

ھۆقنە ئۈچۈن قايناق سۇدا ئېرىتىلگەن يەرلىك سوپۇن يېتەرلىك بولىدۇ ياكى بۇنىڭغا ئابدىملىك يېغى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن بېرىلىدىغان مۇسھىل دورىلار: رەۋەنچىنى، سانا، شىرخىست، تەرەنجىبىن، ئابدىملىك يېغى قاتارلىقلار.

غىزا ئىچ سۈرۈشتىن كېيىن، تەبىئەت پاكىزلىنىپ بولغان ۋە غىزا خاھىشى پەيدا بولغان ۋاقىتتا بېرىلىدۇ. غىزا قىيما شورپىسى ۋە شورپىغا ئوخشاش يەڭگىل بولسۇن، بۇنىڭغا ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر چۈشكەن بولسۇن.

ئاشقازان كىسلاتاسىدىن بولغان قۇلۇنجدا يۇقىرىقى مەزكۇر داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، يەنى يەل تارقاتقۇچى ھۆقنە ۋە شامچىلارنى ئىشلىتىش، بۇنىڭغا ئاساسەن يەل تارقاتقۇچى ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلارنى ئىشلىتىش. ئەفتىمۇن قايىنتىلمىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق بەدەننى تازىلاش لازىم.

3. ئىششىقتىن بولغان قۇلۇنجنى داۋالاش ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتا زۆرۈرىيەت بولسا قان ئېلىنىدۇ، گۈلاب ۋە سىركە ياكى سىركىدە رەختىنى ھۆللەپ دەسلەپتە ئاغرىق ئورۇن ئۈستىگە قويۇلىدۇ. ئاندىن كۆيۈشۈش ئازايسا ۋە كېسەللىك تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىن ئېشىپ كەتسە، ئىششىق ھارارىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئېتىبارى بىلەن يۇمشاتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى زىماتلارنى ئىشلىتىش، مەسىلەن: بىنەپشە، ئاق لەيلى، بۆرە ئەرمىنى، ئارپا ئۇنى، بابۇنە قاتارلىقلارغا موم، بابۇنە يېغى، زىغىر ئۇرۇقى لۇئابى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ ھەمدە بۇ دورىلارنىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن نۇتۇل قىلىنىدۇ، ئىلمان ياغ سۈركىلىدۇ، مەسىلەن: بىنەپشە يېغى، بابۇنە يېغى.

ئۈچەيدە سوغۇقلۇق پەيدا قىلىدىغان، يەنى سوۋۇتقۇچى بولغان ھۆقنىلەرنى ئىشلىتىش، مەسىلەن: ئارپا سۈيى، كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيى ھەم ئۈچەيدە بىرئاز قوزغىلىش ۋە ھارارەت پەيدا

قىلىدىغان ھۆقنىلەرنى ئىشلىتىش، مەسىلەن: شۇمشا، زىغىر، بابۇنە قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان ھۆقنىدە خىيارشەنبەر مېغىزىمۇ ئېرىتىلگەن بولسۇن. ئەينۇلا سۈيى، خىيارشەنبەر مېغىزى، شىرخىست ۋە بىنەپشە شەربىتى ئىچكۈزۈش لازىم.

4. تولغىنىشتىن بولغان قۇلۇنجنى داۋالاش

قورساقنى يەڭگىل - يەڭگىل ئۇۋۇلاش ھەمدە دانالىق بىلەن ئۈچەي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يەنى ئۈچەينى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە ھەرىكەتلەندۈرۈش لازىم. ئېھتىمال بىر ھەرىكەت بىلەن ئورنىغا كەلمىسە، يەنە بىر ھەرىكەت بىلەن ئورنىغا كېلىشى مۇمكىن.

ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى: بىمارنىڭ ئىككى پاچىقى چىڭ باغلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۈچەيلەر مىدىرلىغۇدەك ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ تۇرۇپ قول - پۇتى قوشۇپ كۆتۈرۈلىدۇ، ھەتتاكى ئۇنىڭ دۈمبىسى دۈمچىيىپ، قورسىقى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتسۇن، ئاندىن مىدىرلىتىلىدۇ. ئەگەر مىدىرلىتىش بىلەن ئۈچەي ئۆز شەكلىگە كەلمىسە يۇيۇلغان خام سىمابتىن 35 ~ 70 گىرامغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە پىيادە ماڭدۇرۇلىدۇ، قورساق ئۈستىدىن ئاستىغا بېسىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سىماب ئاستى تەرەپكە چۈشىدۇ ۋە ئۈچەيلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە كېلىشىگە ياردىمى بولىدۇ ھەتتاكى سىماب سىرتقا چىقىدۇ. سىماب سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ياغلىق، ئاددىي شورپا يۇتۇم - يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ تاكى ئۈچەيلەردە يۇمشاش ۋە ياغلىشىش بولۇپ، ئۈچەيلەردىكى سىمابتىن پەيدا بولغان ئاپەت (غىدىقلىنىش قاتارلىقلار) يوقالسۇن.

يۇقىرىقىغا ئاساسەن سىمابنى ئىچكۈزۈشتىن بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق ياغلىق شورپا ئىچكۈزۈلىدۇ، تاكى ئۈچەيلەر ئەسلىي ھالىتىگە كېلىش ئۈچۈن تەييار بولسۇن. يەنى بۇ شورپا بىرنەچچە كۈنگىچە بېرىلىدۇ.

ئەگەر سىماب چىقمىغان بولسا ۋە بىمار سىماب سەۋەبىدىن بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك ئېغىرلىق ۋە ئاغرىش ھېس قىلسا، بىمارنى تەتۈر قىلىش لازىم، تاكى سىماب قىزىلئۆڭگەچ ئارقىلىق چىقىپ كەتسۇن.

خام سىمابتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئۆلتۈرۈلمىگەن سىمابتۇر، چۈنكى ئۆلتۈرۈلگەن سىماب تومۇرغا ئۆتۈپ كەتسە، بىمارنى ھالاك قىلىدۇ.

سىمابنى يۇيۇشنىڭ ئۇسۇلىنى ھىندى ھۆكۈمالىرى خىمىيە كىتابلىرىدا يازغانكى، بىرەر چوڭقۇر سالايە ھاۋانچىسىغا ئابدىمىلىك يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن سىمابنى سېلىپ، سىمابنىڭ كىرى يەنى قارىلىقى يوقالغۇچە سالايە قىلىنىدۇ، ئاندىن ئابدىمىلىك سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ ئىتئۈزۈمى سۈيى قۇيۇپ سالايە قىلىپ، ئىتئۈزۈمى سۈيىمۇ تۆكۈۋېتىلىدۇ. ئەگەر ئابدىمىلىك

سۈيى، ئۈنتۈزۈمى سۈيىنى تاپقىلى بولمىسا، ھېلىلە، ئاملە، بەلىلە قاتارلىقلارنىڭ سۈيى (ھېلىلە، ئاملە، بەلىلە بىر كېچە سۇغا چىلاپ قويۇلسا يېتەرلىك بولىدۇ) دە سىماب ساپ بولغۇچە سالايە قىلىنىدۇ. سانائەت ئەھلى (خىمىيە ئالىملىرى) بۇنى باشقا ئۇسۇلدا تازىلايدۇ، يەنى 405 گىرام سىمابنى يېرىم كىلوگىرام سۇ بىلەن بىرەر ساپال قاچىغا قويۇپ يەڭگىل ئوتتا قاينىتىلىدۇ. قانچىلىك سۇ ئازلىسا شۇنچىلىك سۇ قويۇلىدۇ، ھەتتاكى سىمابنىڭ قارىلىقى سۇغا ئۆتۈپ، ھالاك قىلغۇچى مەدەن توپىلىرىدىن تازىلانغۇچە.

قورساق ۋە يىرىق چۇقۇقى ئەگەر ئۈچەي تولغىنىشتىن بولغان قۇلۇنجى قورساق چۇقۇقى ياكى يىرىق چۇقۇقىدىن پەيدا بولغان بولسا، قورساق چۇقۇقى ۋە ئۇرۇقدان چۇقۇقىغا قارىتا داۋالاش قىلىش، ئۈچەيلەرنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت بۇرجەكلىك تېڭىق بىلەن باغلاش لازىم.

5. چوڭ تەرەتتىن بولغان قۇلۇنجىنى داۋالاش قۇلۇنجىنىڭ بۇ خاس تۈرىنىڭ ئىلاجى ئاچچىقسۇ ۋە بادام يېغىنى ئىسسىق ئىسسىق ئىچكۈزۈش ياكى ئىسسىق، ياغلىق ۋە سىلىقلاشتۇرغۇچى شورپا، مەسىلەن: سېمىز توخۇ شورپىسى ئىچكۈزۈش، بىمارنىڭ قورسىقىنى مىدىرلىتىش، بىمارغا بىر پۇتتا سەكرەشنى ئېيتىش، يەنى چوڭ تەرەت يۇمشاپ چىقىپ كېتىشكە لايىق بولىدىغان ۋە ئاستا ـ ئاستا تۆۋەن تەرەپكە قاراپ مېڭىش سالاھىيىتى بولغان شەرت ئاستىدا. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇمشاتقۇچى ۋە سىلىقلاشتۇرغۇچى ھۆقنىلەرنى قىلىش. مەسىلەن: قىزىلچا كۆكى، بىنەپشە، ئاق لەيلى كېپىكى، ئەنجۈر، شۇمشا، زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا كۈنجۈت يېغى، قارا شېكەر، ئاچچىقسۇ، خىيارشەنبەر مېغىزى قوشۇپ ھۆقنە قىلىش. ئەگەر قەۋزىيەت يوقالغان بولسا ئۆتكۈر تۈردىكى مۇسھىل ئىچكۈزۈش لازىم، مەسىلەن: بۆرە ئەرمىنى (توغرىغۇ)، سوقمونىيا، شەھمەنزەل قاتارلىقلار.

ئۈچەي توسۇلۇش ئېچىلغاندىن كېيىن چوڭ تەرەتنىڭ قۇرۇق بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئويلىنىش لازىم:

ئەگەر ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ سەۋەبى غىزالارنىڭ قۇرۇقلۇقى ياكى ئۇنىڭ مىقدارىنىڭ ئازلىقى بولغان بولسا كەيپىيات ۋە مىقدارىنى ئالماشتۇرۇش لازىم.

ئەگەر ئۈچەيلەرنىڭ ھارارىتى ۋە قۇرۇقلۇقى چوڭ تەرەتنىڭ قۇرۇقلۇقىغا سەۋەب بولغان بولسا، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك مېۋىلەر سۈيى ۋە بىنەپشە شەربىتى ئىچكۈزۈش لازىم. مەسىلەن: ئەينۇلا، شاپتۇل، شاھلۇج (ئەينۇلانىڭ بىر تۈرى) قاتارلىقلار.

ئەگەر ئۈچەينىڭ سېزىمى يوقالغان بولسا، تەرياقى مەسرۇدىتۇس، خەندىقۇن ۋە سەۋسەن شارابى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن ياكى ھۆقنە شەكلىدە كۈچلەندۈرگۈچى ياغ ئىستېمال

قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ئابدىمىلىك يېغى، قۇستە يېغى قاتارلىقلار.

خەندىقۇن — بۇ، كونا شارابنىڭ نامى بولۇپ، بۇنىڭغا زەنجىۋىل، قاقلە، لاچىندانە، قەلەمپۇر، دارچىن، قارىمۇچ، ھەسەل قوشۇپ قايىنىتىپ تەييارلانغان بولسۇن.

ئەگەر چوڭ تەرەت قۇرۇقلۇقىنىڭ سەۋەبى سۈيدۈكنى ھەيدەشنىڭ كۆپ بولۇشى بولسا قۇرۇق خورما، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈم، نىشاستە ۋە قايماق قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان ھالۋىنى يېگۈزۈش. شەربىتى بىنەپشە، خىيارشەنبەر مېغىزى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۈيدۈكنى كېمەيتكۈچى ۋە چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىپ تەرەت ماڭدۇرغۇچى دورىلارنى ئىچكۈزۈش لازىم.

ئەگەر چوڭ تەرەتنىڭ قۇرۇقلۇقى بەدەندىكى ھۆللۈكنىڭ زىيادە تارقاپ كېتىشىدىن بولغان بولسا، بىمارنى سوغۇق ئورۇندا تۇرغۇزۇش، پۈتۈن بەدەنگە قىرۇتى سۈركەش. قىرۇتى قابىز خۇسۇسىيەتلىك ۋە بەدەن تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئەتكۈچى ياغلاردىن تەييارلانغان بولسۇن، مەسىلەن: گۈل يېغى، ئاس يېغى قاتارلىقلار. مايلىق تاماقلارنى يېگۈزۈش لازىم.

6. سەپرادىن بولغان قۇلۇنجىنى داۋالاش بۇنىڭدا ئىچىنى سۈرگۈچى، چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى، ئاغرىق پەسەيتكۈچى، يەل تارقاتقۇچى ھۆقنە قاتارلىقلار يەلدىن بولغان قۇلۇنجىغا ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭدا كۆپرەك جىگەرنى ياخشىلاش ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىشنى مەخسۇس ئويلاش لازىم.

7. تەشەننۇجتىن بولغان قۇلۇنجىنى داۋالاش بۇنىڭدا تەشەننۇجنى قايتۇرغۇچى دورىلار يۇمشىتىش ۋە ئىچىنى سۈرۈشتىن كېيىن ياكى يۇمشاتقۇچى ۋە ئىچىنى سۈرگۈچى دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ھىڭ، كافۇر، ئەپيۇن، پىننە، جۇۋنە قاتارلىقلار. ئەگەر يەل كۆپ بولسا، يەلنى تارقاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئاغرىق پەسەيتىپ، تەشەننۇجنى توسىدۇ.

8. قوغۇشۇندىن بولغان قۇلۇنجىنى داۋالاش بۇنىڭدا ئابدىمىلىك يېغى ھۆقنە ياكى مۇسھىل شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۈچەيدىكى تەشەننۇجنى يوقىتىش ئۈچۈن (تەشەننۇج ئومۇمەن قەۋزىيەتكە سەۋەبچى بولىدۇ) تەشەننۇجنى قايتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: كافۇر، ئەپيۇن قاتارلىقلار. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىسسىق سۇدا ئابزەن قىلدۇرۇش (يەنى چوڭ قاچىدا بىمارنى ئولتۇرغۇزۇش) ۋە ئىسسىق سۇنى ھۆقنە قىلىش، سۈتكە بادام يېغى قوشۇپ ئىسسىتىپ ئىچكۈزۈش. كېسەل تۇتقاندىن كېيىن زەمچە، كىبرىت تەركىبلىك دورىلارنى بەرگەندە قوغۇشۇننىڭ زەھىرى ئۈچۈن تەرياقلىق رولىنى ئۆتەيدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن زەمچە 1.2 ~ 3 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ. كىبرىت تەركىبلىك دورىلار ھەر خىل شەكىلدە بېرىلىدۇ، مەسىلەن: گۈڭگۈرت سېرىقى ئېرىتمىسى، گۈڭگۈرت سېرىقى سۇفۇپى، گۈڭگۈرت سېرىقى كىسلاتاسى

قاتارلىقلار. بۇنىڭغا ئاساسەن گۈڭگۈرت سېرىقى سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇش ۋە بۇنىڭدا بىمارنى يۇيۇندۇرۇشمۇ پايدىلىقتۇر.

9. مىستىن بولغان قولۇنجىنى داۋالاش بۇنىڭدا ئاغرىق پەسەيتىش ۋە تەشەننۇجنى يوقىتىش ئۈچۈن قورساققا قايناق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، گۈڭگۈرت سېرىقى سۈيىدە يۇيۇندۇرۇلىدۇ ھەمدە ئابزەندە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ياكى قورساققا زىماتى خەردەل چېپىلىدۇ. بەھروزە يېغى (سەنۇبەر يېغى، تارپىن يېغى) بىلەنمۇ قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ تۈردە ئىچىنى سۈرۈش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ۋە ھۆقنە قىلىشنىڭ زۆرۈرىتى بولمايدۇ، بۇ يەردە ئىسسىق سۇ تەشەننۇجنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ھۆقنە قىلىنغان بولسا توغرىدۇر.

ئەمەلىي داۋالاش: يەلدىن بولغان قولۇنجدا ھەممىدىن ئىلگىرى تۆۋەندىكى ھۆقنە قىلىنىدۇ:

ھۆقنە نۇسخىسى يەرلىك سوپۇندىن 12 گىرام، ئابدىمىلىك يېغىدىن 24 گىرام، قايناق سۇدىن 360 گىرام ئېلىپ ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ، ھۆقنە تەييارلاپ قائىدە بويىچە ئىشلىتىش لازىم. ھۆقنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەتتە گىرام جاۋارىش كۆمۈنى كەبىرنى دەسلەپتە يېگۈزۈش، ئاندىن بەدىياندىن يەتتە گىرام، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە، رۇمبەدىياندىن بەش گىرام ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى بەدىياندا شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام دىنار شەربىتىگە 24 گىرامغا بىرلەشتۈرۈپ ئەتىگەندە ئىچكۈزۈش ۋە كەچتە سۇفۇپى ئەملاھتىن 0.48 گىرامنى جاۋارىش سەپەرجەلدىن بەش گىرامغا قوشۇپ يېگۈزۈش ياكى جاۋارىش كۆمۈندىن يەتتە گىرامنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئارقىدىن بەدىياندىن يەتتە گىرام، رۇمبەدىياندىن بەش گىرام، ئەفتىمۇن ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى بەدىياندا شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گىرام دىنار شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈش لازىم.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن خەشخاش پوستىدىن 12 گىرامنى ئەرقى گۇلابتا قايناتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ياكى بىرەر شىشە قاچىغا ياكى تېرە قاچا ياكى رېزىنكە قاچىغا قايناق سۇ تولدۇرۇپ ئاغرىغان ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى ماش ئۇنىنى كالا سۈتىدە يۇغۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن جۇۋىنە، ھىلڭ، ئاش تۇزى، زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ نان پىشۇرۇپ، ناننىڭ بىر تەرىپى خام قالدۇرۇلسۇن، خام تەرىپىگە گۈل يېغى يۇقتۇرۇپ يەرلىك ئورۇن ئۈستىگە قويۇش لازىم.

ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن بەزىدە بەرشىشامۇ يېگۈزۈلىدۇ، بۇ ئەپيۇن تەركىبلىك دورىدۇر.

ئۈچەي توسۇلۇش ئېچىلغاندىن كېيىن مەلۇم مەزگىلگىچە ھەر ئۈچ كۈندە بەديان، ئاق تۇربۇت، سانائى مەككى قاتارلىقلاردىن يەتتە گىرام، قىزىلگۈل گۈلقەنتىدىن 24 گىرام ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى بەديان، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرقى گۇلابتا قاينىتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈش، ئۇسساپ قالغاندا ئىلمان سۇ ياكى ئىلمان ئەرقى بەديان ئىچكۈزۈش، سوغۇق سۇدىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

سەپرادىن بولغان قۇلۇنجى بۇنىڭدىمۇ ئاۋۋال ھۆقنە قىلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن جاۋارىش تەمرى ھىندى يېگۈزۈپ، ئارقىدىن تەمرى ھىندىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى، ئەينۇلانىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيىدىن 60 گىرامدىن ئېلىپ، 48 گىرام قىزىلگۈل گۈلقەنتىگە قوشۇپ يېگۈزۈش لازىم.

تەشەنۇجتىن بولغان قۇلۇنجى بىر گىرام بەرشىشانى 72 گىرام ئەرقى بەديان، 72 گىرام ئەرقى شوخلا بىلەن بېرىش لازىم. لېكىن بۇنىڭدا بىر چوڭ ناچار تەسىر بولىدۇكى، بۇ ئۈچەينىڭ قۇۋۋىتى داپىئەسىنى تۆۋەنلىتىپ، چوڭ تەرەتنى توختىتىپ قورساق ئېسىلىشنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەرشىشانى ئۈچەي تامامەن تازىلىنىپ بولمىغۇچە ئىشلەتمەسلىك، ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن باراۋەر ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش لازىم.

مىس ۋە قوغۇشۇندىن بولغان قۇلۇنجىدا ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن ئاغرىق ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ياكى بىمارنى ئىلمان سۇدا ئولتۇرغۇزۇش، بەدەندىكى مىس ۋە قوغۇشۇننىڭ زەھىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن كۆك ئىتئۈزۈمنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيى، كۆك كاۋىنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيىدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ، 48 گىرام دىنار شەربىتىگە قوشۇپ بېرىش لازىم.

قۇلۇنجى بىمارلىرى ئۈچۈن تاماق قەلەيلەنگەن قاچىلاردا پىشۇرۇلىدۇ، سۈت ۋە تۇخۇم ئىستېمال قىلىش بۇ ھالەتتە پايدىلىق بولىدۇ.

ئۆتكۈر ئاغرىق بولغاندا ۋە ئايلىنىپ كەتكەندە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىچىدىغان دورا بېرىش لازىم.

ئۈچەي قۇرتى

ئۈچەي قۇرتى ئۈچەيدە قۇرت پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبى ئۈچەيدىكى بۇزۇلغان بەلغەمى ھۆللۈكلەر بولىدۇ.

بۇزۇلغان ھۆللۈكلەر ۋە قۇرت: بۇلاردىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت سىرتقى مۇھىتتا بىز كۆرگىنىمىزدەكتۇر. يەنى بىز بۇزۇلغان كېرەكسىز ماددىلار، بۇزۇلغان گۆش ۋە بۇزۇلغان

سۇيۇقلۇقلاردا ئۇلارنى كۆپ كۆرىمىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ چۈنكى بۇنداق مۇھىتتا ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىپ تەرەققىي قىلىش ۋە كۆپىيىشىگە زۆرۈر بولغان ماددىلار تەييار بولغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار شۇ يەردىكى چىرىگەن سۇيۇقلۇقلار ئارقىلىق زېمىنغا تارقىلىدۇ.

ناپاك تەنچىلەر ۋە بۇزۇلۇش: ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ۋابا توغرىسىدا يازغانكى: «بىرەر يەككە ۋە ساپ سۇيۇقلۇقتا بۇزۇلۇش بولمىغىنىدەك ساپ سۇدا بۇزۇلۇش بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇزۇلۇشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى سەزگىلى بولمايدىغان ھالەتتە ناپاك تەنچىلەر بىلەن ھۆللۈكلەرنىڭ بىرلىشىشىدۇر».

سۇيۇقلۇقلاردا قۇرتلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن سۇيۇقلۇقلارنىڭ سېسىشى نۇرغۇن جەھەتلەردە بىر تۈر ۋە بىرخىل ھالەتكە تەۋە بولىدۇ. يەنى ھەر ئىككىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئوخشىشىدۇ ۋە ئوخشاش شارائىتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پەرق بار دېيىلسە، شۇنچىلىك پەرقلىنىدۇكى، بىر ئورۇندا پەيدا بولغان نەرسىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ، يەنە بىر ئورۇندا پەيدا بولغان نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

نورمالسىز ھارارەت ۋە بۇزۇلۇش: بەزى نەرسىنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى بىرەر بۇزۇلغان ھۆللۈكتە جاندارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۆز نەسلىنى كۆپەيتىشى ئۈچۈن ئىككىلىسىدە خاس قىسمىدىكى مۇھىت، يەنى مۇناسىپ قىسمىدىكى ھارارەت ۋە مۇناسىپ تۈردىكى ھۆللۈك لازىم بولىدۇ. ئاندىن بۇزۇلۇش پائالىيىتى مۇناسىپ ھارارەتتىلا داۋاملاشقىنىدەك بۇزۇلۇش دەۋرلىرىدە بۇزۇلۇشتىنمۇ ھارارەت پەيدا بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئەزالارنىڭ ھەزىم قىلىش قۇۋۋىتىمۇ ياخشى ماددىلاردا ھەزىم ۋە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن مۇناسىپ ھارارەت ۋە سۇيۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولىدۇ ھەم ھەزىم خىزمىتى دەۋرلىرىدىمۇ ھارارەت پەيدا بولۇشى زۆرۈردۇر.

چۈنكى ھەزىم بۇزۇلۇش پائالىيىتىدە بۇزۇلۇش دەسلەپتە كۈچلۈك بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھارارەت نورمالسىز ھارارەتنى ئىستىلاھى بىلەن ئاتىغان. چۈنكى ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە ھەزىمدە ياخشىلىنىش دەسلەپتە ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھارارەتنى تەبىئەت تەرەپكە مەنسۇپ قىلىپ، تەبىئىي بەدەن ھارارتى ئىستىلاھىنى بۇنىڭغا بېغىشلىغان.

قۇرتنىڭ پەيدا بولۇشى قۇرتنىڭ پەيدا بولۇش ھالىتى بۇكى، قۇرتلارنىڭ تۇخۇمى ياكى ناھايىتى كىچىك بالىلىرى پىشمىغان ياكى پىشىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن گۆش قاتارلىقلارنى يېيىش بىلەن ئاشقازانغا كىرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا تاماقلارغا ئىشلىتىلىدىغان كۆكتاتلار ۋە بۇزۇلغان سۇ ئارقىلىقمۇ ئۇنىڭ تۇخۇمى قىلقۇرتقا ئوخشاش بەدەنگە كىرىدۇ. قاپاق ئۇرۇقسىمان قۇرت تۇخۇمىنىڭ ئازما، كۆل قاتارلىقلارنىڭ سۈيىدە بولىدىغانلىقى كۆپىنچە بايقىلىدۇ. ئەگەر

ئازما ۋە كۆلنىڭ سۈيىنى ئەركەك كالا، توڭگۇز قاتارلىقلار ئىچكەن بولسا، ئۇلارنىڭ قورسىقىدا مەزكۇر قۇرتنىڭ تۇخۇملىرىنىڭ سىرتقى پەردىسى بۇزۇلۇپ، لىچىنكىلىرى ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەيلىرىنىڭ ئىچكى دىۋارلىرىغا سىڭىپ كىرىپ، قان تومۇرلىرىغا يېتىپ بارىدۇ ھەمدە بەدىنىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلىرىغا تارقايدۇ. ئەگەر ئىنسان بۇ جانىۋارلارنىڭ گۆشىنى يېگەن بولسا، مۇشۇ قۇرت لىچىنكىلىرى ئادەمنىڭ ئۈچەيلىرىگە يېتىپ بېرىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان قۇرت قاتارلىق مەخسۇس شەكىللەرگە كىرىدۇ.

تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى سىرتقى شەكلى ۋە ھالەت ئېتىبارى بىلەن ئۈچەي قۇرتى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. ئۇزۇن قۇرت: بۇ، يىلانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، توپىدىكى سازاڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

2. كەڭ قۇرت: بۇ قاپاق ئۇرۇقى نامى بىلەن ئاتالغان. بۇنىڭ ھەر دانىسى كۆك قاپاقنىڭ يۇمشاق ئۇرۇقىغا ئوخشاش بولىدۇ.

3. كىچىك قۇرت: بۇ ئىنچىكە يىپقا ئوخشاش بولىدۇ.

ئادەتتە مۇشۇ ئۈچ تۈر تېپىلىدۇ. گەرچە قۇرتنىڭ تۆۋەندىكى تۈرلىرى بىلەن سانى ئۈچتىن ئېشىپ كەتسىمۇ. لېكىن قۇرۇلما ئېتىبارى بىلەن كۆزىتىلسە ئۇلار ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. قورساقلىق قۇرتلار: بۇلارنىڭ غىزا كانىلى بولىدۇ.

2. قورساقسىز قۇرتلار بۇلارنىڭ غىزا كانىلى بولمايدۇ.

بىرىنچى تۈرگە يىلان ۋە باشقا ئۇششاق قۇرتلار (يىپسىمان قۇرتلار)، ئىككىنچى تۈرگە قاپاق ئۇرۇقسىمان قۇرتلار كىرىدۇ.

كىتابنىڭ يازغۇچىسى (سەمەرقەندى) شەكلى ۋە كۆپ كۆرۈلۈش ئېتىبارى بىلەن قورساق قۇرتلىرىنى ئۇزۇن، كىچىك، كەڭدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلگەن.

1. ئۇزۇن قۇرت، يەنى يىلانلار (ھەييات): ئۇزۇن - ئۇزۇن قۇرتلاردۇر. بەزى قۇرتلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر قول ئۇزۇنلۇقىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇلار يىلانلار (سازاڭلار) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش ئورنى يۇقىرىقى ئۈچەيلەردە بولىدۇ.

يىلانلار (ھەييات) يىلان (ھەييە) نىڭ كۆپلۈكىدۇر، سانىپ دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى يىلاندۇر. بۇ قۇرتمۇ يىلانغا ئوخشاش بولىدۇ. سازاڭنى ئەرەبلەر «خەراتىن» دەپ ئاتايدۇ.

ئالامىتى بەزى ۋاقىتلاردا بولۇپمۇ قورساق ئاچ ھالەتتە قورساق تولغاپ ئاغرىيدۇ. ئۇيقۇدا چىشنى غۇچۇرلىتىدۇ. بۇ ئەرەبچىدە «سەرىرۇلئەسنان» دېيىلىدۇ. قورساق ئاچقاندا

ئاشقازان تەرەپكە قۇرتنىڭ ماڭغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بەزىدە قۇرت ئاشقازانغىچە يېتىپ بارىدۇ. بەزىدە كۆڭۈل ئېلىشىش بولىدۇ. ئۇيقۇدا ئېغىزىدىن شالىمۇ ئاقىدۇ. قۇرت چوڭىيىپ قەۋزىيەتنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى غىزالارنىڭ جەۋھىرى ئۇ قۇرتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە سەرپ بولىدۇ. سىرتقى ئەزالار سوغۇق بولىدۇ. كالپۇكلىرىدا قىچىشىش بولىدۇ، قۇسۇش ۋە بىئاراملىق بولىدۇ. چوڭ تەرىتى ئاق كېلىدۇ. بەزىدە قۇرتلار ئاشقازانغا يېتىپ بېرىپ، ئېغىزىدىن چىقىدۇ ھەمدە بەزىدە قۇسۇق بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. بەزىدە قۇرتلارنىڭ ناچار ھەرىكەتلىرىدىن ۋە مېڭە تەرەپكە ئۇلارنىڭ ناچار ماددىلىرى ھەم تەسىرلىرى يېتىش سەۋەبىدىن تۇتقاقلىق كېسەلگە ئوخشاش ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: يىقىلىپ چۈشۈش، ئەزالاردا تەشەننۇج كۆرۈلۈش قاتارلىقلار. بەزىدە قۇرتلار ئۆت نەيچىسى تەرەپكىمۇ بارىدۇ ھەمدە ئاز ساندا گالغا يېتىپ بېرىپ، يۇتقۇنچاق ياكى بۇرۇنغا كىرىشكە باشلايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەزىدە تۆۋەنگە چۈشۈپ تۈز ئۈچەيدىن چىقىپ، ئاياللارنىڭ جىنسىي يولى ۋە سۈيدۈك يولىغا كىرىشىدۇ. بۇ 6 ~ 16 قىراتقىچە (10 ~ 171 ئىلىككىچە) ئۇزۇنلۇقتا، تۆتتىن بىر قىراتقىچە (يېرىم ئىلىككىچە) توملۇقتا بولۇپ، ئىككى بېشى كونۇسسىمان، ئوتتۇرىسى توم ۋە يۇمىلاق بولىدۇ. قۇرتنىڭ رەڭگى ئاقۇچ سېرىق بولىدۇ. ئومۇمەن بىمارنىڭ ئىشتىھاسى ئاز بولىدۇ، بەزىدە ئىشتىھاسى كۈچىيىپ كېتىدۇ. تاتلىق - تۈرۈملارغا ئامراق بولۇپ قالىدۇ، كۆپ ئۇسسايدۇ، ئۇيقۇسى قاتتىق بولمايدۇ، ئېغىزىدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ. چىرايىنىڭ رەڭگى ئۆڭىدۇ. قورساقتا ئېسىلىش ۋە بىرئاز قىزىقلىق مەلۇم بولىدۇ. بەزىدە تۈز ئۈچەيدە بىرئاز تەشەننۇجمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك بەزىدە تەرەت سۇيۇق بولۇپ، تەرەتتە چاپلاشقاق ھۆللۈك ۋە ھەزىم بولمىغان تاماق چىقىدۇ. قول - پۇت ئورۇقلايدۇ. بەزىدە بۇرۇن، ئېغىز ۋە مەقئەتتە قىچىشىش بولىدۇ. بەزىدە قەۋزىيەت، بەزىدە ئىچ سۈرۈش بولىدۇ.

2. كەڭ قۇرت، يەنى قاپاق ئۇرۇقسىمان قۇرت: بۇ ئادەتتە چوڭ ئۈچەيدە، يەنى قارىنغۇ ئۈچەيدە، بوغماق ئۈچەيدە پەيدا بولىدۇ، تۈز ئۈچەيدە پەيدا بولمايدۇ. قۇرتنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ ئىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولىدۇ (نەفىيس). بەزىدە ئۇزۇنلۇقى 8 ~ 9 گەزگىچە ۋە بەزىدە 12 گەزگىچە بولغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئالامىتى يىلانسىمان قۇرتلارنىڭ بەزى ئالامەتلىرى بۇ تۈردىمۇ تېپىلىدۇ. قۇرت چوڭ تەرەت بىلەن چىقىدۇ. شەكلى قاپاق ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامى قاپاق ئۇرۇقسىمان قۇرت، دەپ قويۇلغان. بۇ تۈرى پۈتۈن تۈرلەردىن زىيادە ناچار بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە خالتىغا ئوخشاش بىر قاتتىق پەردە بولۇپ، بۇنى قۇرت چىققاندىن كېيىن كۆرگىلى بولىدۇ.

قاپاق ئۈرۈقسىمان قۇرتنىڭ تۈرلىرى قاپاق ئۈرۈقسىمان قۇرتنىڭ كەڭلىك ئېتىبارى بىلەن تار، ئوتتۇراھال ۋە كەڭدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرى بولىدۇ.

بىرىنچى تۈرى تار، ئىككىنچى تۈرى ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا، ئۈچىنچى تۈرى ھەممىدىن كەڭ بولۇپ، ئېغىرلىقى 0.4 گىرام بولىدۇ.

قاپاق ئۈرۈقسىمان قۇرتلارنىڭ پۈتۈن تۈرلىرى شەكلى ئۇزۇن بولۇپ، سانسىز پارچىلاردىن تۈزۈلىدۇ ھەم ھەربىرى نۇرغۇن دانچىلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ (قاپاق ئۈرۈقىغا ئوخشاش)، مۇستەقىل جانىۋاردۇر، بۇنىڭدا نەسىل قالدۇرۇش ئىختىلابى بولىدۇ.

بىرىنچى تۈر توڭگۇزدىن بولغىنى «خىنزىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەتتە توڭگۇز گۆشى يېيىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ تۈرى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ، بۇ «قەرئىيە سۇلاھىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئاتىلىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ بېشىدا بىر قانچە كىچىك كۆتۈرۈلگەن ئىلمىكى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ ئارقىلىق قۇرتلار ئۈچەينىڭ ئىچكى پەردىسىگە چاپلىشىدۇ. قۇرتنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر گەزدىن ئىككى گەزگىچە بولىدۇ.

ئىككىنچى تۈرى (ئوتتۇراھال تۈر) كالىدىن بولغان قاپاق ئۈرۈقسىمان قۇرت «بەقەرى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئادەتتە ئەركەك كالا گۆشىنى يېيىشتىن پەيدا بولىدۇ.

ئادەتتە ئادەمدە ئۇزۇنلۇقى تۆت گەزدىن سەككىز - توققۇز گەزگىچە بولغان قۇرت تېپىلىدۇ. بۇنىڭ بېشىدا بىرىنچى تۈرىدىكىگە ئوخشاش ئىلمىكى بولمايدۇ.

ئورتاق ئالامىتى قاپاق ئۈرۈقسىمان قۇرتنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۈچ تۈرىدە بۇ ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، ئۇلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا زىيادە ئاشكارا ۋە روشەن بولمايدۇ. بەزىدە قۇرتلارنىڭ تەسىرىدە ئازراقمۇ يېقىمسىزلانمايدۇ، بىماردا قۇرت بارلىقىنىڭ غېمى ۋە گۇمانىمۇ بولمايدۇ. لېكىن قۇرتلارنىڭ بىر ئىككى پارچىسى چوڭ تەرەت بىلەن چىققاندا، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاشكارىلىنىدۇ ھەم بەزىدە ئۇلاردىن ئىككىنچى تۈرىدىكى قۇرتلار توغرىسىدا سۆزلەنگەن ئالامەتلەر ئاشكارا بولىدۇ، مەسىلەن: ئىشتىھا كۈچىيىپ كېتىش، ئورۇقلاش، ئاجىزلاش، قورساق ئېسىلىش، ئۈچەي تولغاپ ئاغرىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، باش ئاغرىش، باش قېيىش، مەقئەت ۋە بۇرۇن قىچىشىش، بەزىدە چوڭ تەرەت سۇيۇق كېلىش، يېقىمسىزلىنىش ۋە بەزىدە بىھوشلىنىش قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى تۈرى كەڭ (ئەرىزە) ۋە چوڭ (ئەزىمە) بولىدۇ، چۈنكى بۇ دەسلەپكى ئىككى تۈردىن ئۇزۇن ۋە كەڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 ~ 12 گەزگىچە بولىدۇ ھەمدە بېشىدا ئىلمىكى بولمايدۇ، لېكىن بىرئاز تىلغۇچىسى بولىدۇ.

3. كىچىك قۇرت: بۇ ئۇششاق قۇرتلار بولۇپ، شەكلى سىركە ۋە پەنىر قۇرتلىرىغا

ئوخشايدۇ، كۆپىنچە زىرىكە ئوخشاش ئېگىلگەن كۆرۈنىدۇ. بۇلار تۈز ئۈچەي ۋە ئۇنىڭغا يېقىن قوشنا ئۈچەيلەردە پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى مەقئەتتە قىچىشىش ۋە غىدىقلىنىش بولىدۇ، بۇ قۇرت چوڭ تەرەت بىلەن چىقىدۇ.

ئۇششاق قۇرت: بۇ تۈز ئۈچەيدىن باشقا بوغماق ئۈچەينىڭ ئاخىرقى بۆلىكى («S» سىمان بوغماق ئۈچەي بۆلىكى) ۋە قارىغۇ ئۈچەيدە توپلاشقان ھالەتتە بولىدۇ. بۇ قورساقتىكى پۈتۈن قۇرتلاردىن كىچىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تۆتتىن بىر قىراتتىن (يېرىم ئىلىكتىن) زىيادە بولمايدۇ. بۇ بالىلاردا كۆپ بولىدۇ. بالا بۇرنىنى كولايدۇ، ئىشتىھاسى تۆۋەن بولىدۇ، ئېغىزىدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ.

ئۇششاق قۇرتقا ئوخشايدىغان ئىككى تۈر بولۇپ ئاز ئۇچرايدۇ.

يىپسىمان قۇرت: بۇ قۇرت پاختا يىپقا ئوخشاش ئىنچىكە بولىدۇ ۋە ئۇششاق قۇرتلاردىن زىيادە ئۇزۇن بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم قىراتتىن ئىككى قىراتقىچە (2.5 ~ 3.5 ئىلىككىچە) بولىدۇ. ئېغىزىنىڭ مويى ئىنچىكە ۋە بەدىنى بىرئاز توم بولىدۇ، ئەركىكى چىشىسىغا قارىغاندا كىچىك بولىدۇ. بۇ كۆپىنچە قارىغۇ ئۈچەي، بەزىدە بوغماق ئۈچەي ۋە تۈز ئۈچەيدە تېپىلىدۇ. دىياگنوزدا كۆپرەك ئۇنىڭ تەرەت بىلەن چىقىشىغا قارىلىدۇ.

ئىلمەك قۇرت: بۇ قۇرت تەخمىنەن يېرىم قىرات ئۇزۇنلۇقتا، يىپقا ئوخشاش ئىنچىكە بولىدۇ ۋە يۇقىرىقى ئىنچىكە ئۈچەيلەرنىڭ ئىچكى شىللىق پەردىسىدە ياشايدۇ. بۇ تۈردىكى قۇرتنىڭ تۇخۇمى بۇزۇلغان سۇ ئارقىلىق ئادەم بەدىنىگە كىرىپ، ھالاك قىلغۇچى سۇئۇلقۇنىيەنى پەيدا قىلىدۇ، قانلىق ئىچ سۈرۈش ۋە بەزىدە ئىچ سۈرۈشنىمۇ پەيدا قىلىدۇ.

داۋالاش ئۇزۇن قۇرت، يەنى يىلانسىمان قۇرتنى داۋالاش يىلانسىمان قۇرتنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن بەرەڭگى كابۇلى، سەرخىس (پەنكىراج ياكى بەسورە)، شىبھ (دەرمىنە)، قەنبىل، كۆك ماش (تۇرمۇس)، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، ئاچچىق قۇستە، تۇربۇت، نەمەك ھىندى بېرىش. بۇنىڭدىن باشقا قۇرت ئېتىبارى بىلەن زەھەرلەش ھەم ئىچىنى سۈرۈش كۈچى بولغان دورىلارنى بېرىش لازىم.

داۋالاش پىرىنسىپى: ئۈچەي قۇرتىنى داۋالاش پىرىنسىپى ئۇلارنى مەخسۇس دورىلار بىلەن (بۇ ئۇ قۇرتلار ئۈچۈن زەھەر بولسۇن) ئۆلتۈرۈپ چىقىرىشتۇر.

يىلانسىمان ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان قۇرتنى داۋالاش پىرىنسىپى بىرلا بولىدۇ، لېكىن ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممىدىن تەسىرى ياخشى دورا دەرمىنە تۈركىدۇر. بۇ ئۆز جەۋھىرىدىكى پائالىيەتلەر (دەرمىنىن) ئارقىلىق تەسىر قىلىدۇ. ئەگەر بۇ جەۋھەر (بۇ بىر تەمسىز سۇفۇپتۇر)

بېرىلسە، ئۇنىڭ ئىستېمال مىقدارى بالىلارغا 0.12 ~ 0.18 گىرامغىچە ۋە يېتىلگەنلەرگە 0.24 ~ 0.36 گىرامغىچە بولىدۇ. ئىشلىتىش ئۇسۇلى: شېكەر سۇفۇپى قوشۇپ ياكى نان، سۈت، قايماق قاتارلىقلار بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. بۇ ئەتىگەندە 3 ~ 4 كۈنگىچە ئارقىمۇئارقا بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى بىرەر مۇسھىل دورا ئىشلىتىلىدۇ.

كەڭ قۇرت يەنى قاپاق ئۇرۇقسىمان قۇرتنى داۋالاش يۇقىرىقى مەزكۇر دورىلار بىلەن قۇرتنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىش، ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئاچچىقسۇنى يۇتۇملاپ ئىچكۈزۈش، چاپلاشقاق، ھۆللەشتۈرگۈچى تاماقلاردىن. مەسىلەن: ھالۋا، كاللا - پاچاق، ھۆل پەنىر قاتارلىقلارنى بەرمەسلىك لازىم.

قاپاق ئۇرۇقسىمان قۇرتلارنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنىڭ داۋالاش پرىنسىپى بىرلىككە كەلگەندۇر. بۇنىڭ دورىلىرى بۇ ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ، يەنى ئاشقازان ۋە ئۈچەي ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە بوش بولسۇن، تاكى دورىلار قۇرتلار بىلەن ياخشى ئۇچراشسۇن. بۇ مەقسەتنى ھاسىل قىلىشنىڭ بىر ھالىتى كەچ سائەت ئالتە يەتتىدە تاماق يېگۈزگەندىن كېيىن كېچىدە ئازراقمۇ تاماق يېگۈزمەسلىك، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ناشتىدىن بۇرۇن قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورا يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئىلگىرى قەۋزىيەت بولغان بولسا، بىر كۈن بۇرۇن بىرەر مۇسھىل بىلەن ئۈچەي تازىلىنىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورىنى يېگۈزۈپ، 3 ~ 4 سائەتتىن كېيىن قۇرتنى چىقىرىش ئۈچۈن ئابدىمىلىك يېغى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

يىلانسىمان ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان قۇرت ئۈچۈن بەزى ۋاقىتلاردا بۇ كۆرسەتمە بېرىلىدۇكى، دەسلەپكى 3 ~ 4 كۈنگىچە پەقەت تاتلىق نەرسىلەر بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. قاپاق ئۇرۇقسىمان قۇرتنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن زىيادە تەسىرلىك دورا سەرخىس بولىدۇ. لېكىن بۇ ئەستە تۇرسۇنكى، سەرخىس بىلەن ئابدىمىلىك يېغىنى قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرماسلىق لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا بەزى ۋاقىتلاردا بۇنىڭدىن خەتەرلىك نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ مەقسەتتە ئىشلىتىدىغان باشقا دورىلار:

1. ئانار پوستى قاينىتىلما ھالەتتە، 3 ~ 4 قېتىملىق ئىستېمال مىقدارىدا، ھەر يېرىم سائەتتىن كېيىن بىر قېتىم (قاينىتىلمىنىڭ ئىستېمال مىقدارى 24 ~ 72 گىرامغىچە) ئىچكۈزۈلىدۇ.
2. قەنبىل: 3 ~ 9 گىرامغىچە سۇ ياكى شاراپ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.
3. بەھروزە (تارپىن) يېغى: 18 ~ 60 گىرامغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن مۇسھىل بېرىلىدۇ، تاكى بۇ ماي بەدەندىن چىقىپ كەتسۇن ۋە سۈمۈرۈلمىسۇن.

3. ئۇششاق قۇرتنى داۋالاش ئۈچەيلەرنى تازىلىغۇچى ھۆقنە قىلىش، ئاچچىق ئۆرۈك ئۇرۇقى مېغىزى يېغى ۋە سۈزاپ سۈيىدە ياكى ئەفسەنتىننىڭ سۈيىدە سەبرىنى ئېرىتىپ ياكى شاپتۇل يوپۇرمىقى سۈيىدە ياكى قەترانىدا پاختىنى ھۆللەپ مەقئەتكە شامچە تەييارلاپ كىرگۈزۈش لازىم.

ئۇششاق قۇرت ئۈچەيلەرنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىدە بولسا، بۇنىڭدا دورا يېگۈزۈشنىڭ ئورنىغا ھۆقنە قىلىش زىيادە مەنپەئەتلىك. ھۆقنىگە ھەر خىل تۈردىكى نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ. ① تۇتقۇچىلار: بۇ قۇرتلار ئۈچۈن ھالاكەتكە سەۋەبچى بولىدۇ؛ ② ئادەتتىكى تۇز؛ ③ سەبرە، ئەفسەنتىن، شەھمەنزەل قاتارلىقلارغا ئوخشاش قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورىلار.

ئىلمەك قۇرت: بۇ مەملىكىتىمىزدە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جۇۋىنە جەۋھىرى كۆپ مىقداردا (ئىككى گىرامغىچە) بېرىلىدۇ. جۇۋىنە جەۋھىرى بېرىش ئۈچۈن زۆرۈرى شۇكى، بۇنى بېرىشنىڭ ئالدى - كەينىدە بىرەر ياغ ھەم شاراب (ياكى شاراب جەۋھىرى بولغان نەرسە) ئىستېمال قىلدۇرماسلىق لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا بۇ جەۋھەر ئۇلاردا ئېرىپ بەدەنگە سۈمۈرۈلۈپ، زەھەرلىنىشنىڭ ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. دەسلەپكى بىر كۈندە بىمارغا مەخسۇس سۈت بېرىلىدۇ، ئىككىنچى كۈنى كەچتە ئۈچەي گۈلقەنت بىلەن تازىلىنىدۇ ھەمدە ئەتىگەندە ئىككى سائەتتىن ئارىلىق قالدۇرۇپ، جۇۋىنە جەۋھىرى ئىككى قېتىملىق ئىستېمال مىقدارىدا بېرىلىدۇ، ئاندىن كەچتە گۈلقەنت بىلەن ئۈچەي تازىلىنىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش يۇقىرىقى كۆرسەتمە بويىچە تۆۋەندىكى سۇفۇپلاردىن بىرىنى ئەتىگەندە، بىرىنى كەچتە سۈت بىلەن يېگۈزۈش ۋە كەچتە ئىترىفىل دىدان بېرىش لازىم.

سۇفۇپ نۇسخىسى بەرەڭگى كابۇلى، دەرمىنە تۈركى، ئاق تۇربۇتنىڭ ھەربىرى 10 گىرامدىن، سەرخىس، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، ئاچچىق قۇستىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن، لاھور تۇزىدىن بىر گىرام ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ سۇفۇپ ياساپ، 12 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

يەنە بىر سۇفۇپ نۇسخىسى بەرەڭگى كابۇلى، سەرخىس، دەرمىنە تۈركى، كۆك ماش، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، ئاچچىق قۇستە، ئاق تۇربۇت، لاھور تۇزى ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ تەييارلاپ 3 ~ 7 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا ئۈچ گىرام قەنبىلنى يۇمشاق سوقۇپ، 24 گىرام گۈلقەنت بىلەن قوشۇپ يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن ئاچچىق ئانار پوستىدىن 24 گىرامنى سۇدا قاينىتىپ

ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۆششاق قۇرت ئۈچۈن رۇسۇت، ئەركەك زورەمبات، بەرەڭگى كابۇلى قاتارلىقلاردىن بىر گىرامدىن ئېلىپ سۇدا قايناتىپ ۋە سۈزۈپ، ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈش ھەمدە ئۇ دورىلارنى سۇدا قايناتىپ ھۆقنە قىلىش ۋە ھۆقنىدىن كېيىن ئۈچ گىرام قەنبىلنى ئىككى گىرام شاپتۇل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، رەخت شامچىسىنى بۇنىڭغا يۇقتۇرۇپ مەقئەتكە كىرگۈزۈش لازىم.

ھۆقنە نۇسخىسى ئاچچىق ئانار دەرىخى پوستى 24 گىرام، شاتۇت دەرىخى پوستى 24 گىرامنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ ئەتىگەندە قايناتىپ، ئاندىن سۈزۈپ 24 گىرام شاپتۇل يوپۇرمىقى سۈيىنى بىرلەشتۈرۈپ ھۆقنە قىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز قاپاق ئۇرۇقسىمان ۋە يىلانسىمان قۇرت بىمارلىرىغا تۇز كۆپ سېلىنغان تاماق يېگۈزۈش لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن تامىقى ياخشى پىشۇرۇلغان بولسۇن. بۇ ھالەتتىن باشقا يەنى خاس مەقسەت ئۈچۈن سۈت، قېتىق ئىچكۈزۈلىدۇ. باشقا تۈردە سۈت، شېكەر ۋە قېتىقتىن پەرھىز قىلدۇرۇش ھەمدە چالا پىشقان گۆش يېيىش، بۇزۇلغان سۇ ئىچىش ۋە يۇيۇلمىغان كۆكتات يېيىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

ئۈچەي ئىششىقى

ئۈچەي ئىششىقىدا كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتۇر. ئىششىق ئۈچەينىڭ پۈتۈن ئۇزۇنلۇقى ۋە بارلىق قەۋەتلىرىدە ناھايىتى ئاز كۆرۈپ شىللىق پەردىسىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ بالىلاردا چىش چىقىش مەزگىلىدە ئۈچەي شىللىق پەردىسى قىزىرىپ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى بوشىشىدۇ ھەم ئۇنىڭ يۈزىدە شىلىمشىق ھۆللۈك ئۇيۇپ ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئۈچەينىڭ بەزلىرى ئىششىپ قان تومۇرلار قان بىلەن تولىدۇ. ئەگەر ئىششىق ناھايىتى ئۆتكۈر بولسا، شىللىق پەردىنىڭ ئوخشىمىغان ئورۇنلىرىدا غىدىقلىنىش پەيدا بولىدۇ ھەم بۇ زەخىملىنىدۇ. ئىششىقنىڭ سەۋەبى يوقالغان بولسا ئۈچەي ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە قايتىدۇ. ئەگەر ئەسلىي ھالىتىگە كەلمىسە، يەنى سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگەرگەن بولسا شىللىق پەردىنىڭ رەڭگى توپىدەك بولىدۇ. شىللىق پەردىنىڭ مەلۇم جايى قېلىنلاپ، مەلۇم جايى نېپىزلايدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدە تالالىق بەلغەم ئۇيۇپ قالىدۇ ۋە ئۈچەي بەزلىرى يىگىلەيدۇ، بەزىدە شىللىق پەردە ئاستىدا چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولۇپ قالغان قەۋەتلەرنىمۇ بۇزىدۇ.

سەۋەبى سوغۇق ئۆتۈش، سۇدا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىش، بىرەر سىرتقى نەرسىنىڭ ئۈچەيلەرگە كەپلىشىشى، سىرتقى زەربىلەرنىڭ ئۈچەيگىچە يېتىشى، سەنكىيا

قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىدىن ياكى بىرەر ھەزىم بولمىغان ۋە بۇزۇلغان غىزادىن ئۈچەيدە غىدىق پەيدا بولۇش، ئىششىقنىڭ مەلۇم قوشنا ئەزادىن ئۈچەيگە يۆتكىلىشى، مېڭە زەخىملىنىش، ئاشقازان مەنبەلىك كېسەللىكلەر، مەسىلەن: تولغاق، خولېرا، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما، قانغا يىرىڭ ئارىلاش كېلىش، سىل قاتارلىقلار.

ئالامىتى ئۈچەيدە قۇلۇنجغا ئوخشاش ياكى تەشكەندەك ئاغرىق مەلۇم بولىدۇ. قورساق كۆپۈشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بەزىدە قەۋزىيەت بولىدۇ، لېكىن كۆپىنچە بەلغەم ئارىلاش ئىچ سۈرىدۇ. بۇنىڭدا پۇراق ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، بالىلاردا كۆپىنچە قۇسۇش بولىدۇ، بالا بىئارام بولىدۇ ۋە بىردەم - بىردەم چىرقىراپ يىغلايدۇ. سۇيۇق بەلغەملىك، رەڭسىز ياكى كۆك رەڭلىك ئىچ سۈرىدۇ، ئۆتكۈر ھالەتلەردە قىزىتمىمۇ بولىدۇ، بىمار قاتتىق ئاجىزلايدۇ، تىلى قىزىل، قۇرۇق بولىدۇ، بەزىدە قارا بولىدۇ ھەم ئۇسسايدۇ. ھېق تۇتۇش ۋە قۇسۇشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بەزىدە قۇسۇقتىن چوڭ تەرەتمۇ چىقىدۇ. كۆپىنچە ئىچ سۈرۈشنىڭ غىدىقلىشى سەۋەبىدىن مەقئەت ئەتراپىدا قىزىل ھالقا شەكىللىنىدۇ. ئاغرىق كىندىكنىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ، ئاغرىقتا بېسىش ياكى ھەرىكەت قىلىش بىلەن كۈچىيىش بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىمار پۇتىنى يىغىپ ئوڭدىسىغا ياتىدۇ.

ئەگەر ئىششىق سەۋەبىدىن ئون ئىككى بارماق ئۈچەي ئىششىغان بولسا سەپرا كانىلى (ئۆت كانىلى) توسۇلغانلىقتىن سېرىقلىق چۈشۈش بولىدۇ. قارىغۇ ئۈچەي ئىششىقى ۋە قارىغۇ ئۈچەي ئەتراپى ئىششىقىدا ئوڭ تەرەپ يېرىقنى بېسىش بىلەن قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ ھەم ئۇ ئورۇندا ئىششىق بىلىنىدۇ.

ئۈچەي ئىششىقىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا ئاجىزلاشنىڭ كۈچىيىشى سەۋەبىدىن بىمار تەشنىنۇج، قاتتىق ئۇيقۇ كېسىلى، قۇۋۋەت يوقىلىش، بىھوشلۇققا گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش بۇ كېسەللىكنى قۇلۇنجى، قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى، ئاشقازان ئىششىقى، ئىچ سۈرۈش، چىقۇق، ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما قاتارلىقلاردىن پەرقلەندۈرۈش لازىم. قۇلۇنجدا بېسىش بىلەن ئاغرىق پەسىيىدۇ. كېسەللىك باشلىنىشتىن ئىلگىرى قەۋزىيەت مەۋجۇت بولىدۇ ۋە ئىششىق ئالامەتلىرى بولمايدۇ. قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقىدا ئىچ سۈرۈش ئاز بولىدۇ، لېكىن قورساق مۇسكۇللىرى قېتىش ۋە ئاجىزلاش قاتارلىقلار كۈچلۈك بولىدۇ.

ئاشقازان ئىششىقىدا ئاغرىق پەقەت ئاشقازان ساھەسىدە بولىدۇ.

تولغاقتا ئاغرىق دائىرىلىك بولمايدۇ، بەلكى ھەر خىل شەكىللەر بىلەن پۈتۈن قورساقتا

بولىدۇ، چوڭ تەرەت قىلىدىغان ۋاقىتتا بىمار ئىنجىقلايدۇ، چوڭ تەرەت قان ياكى بەلغەم ئارىلاش كېلىدۇ.

ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتمىدا خاس تۈردىكى ھارارەت تۆۋەنلەش ۋە ئۆرلەش، خاس تۈردىكى بەدەنگە چىقىدىغان مۇدۇر - چاقىلار بىلەن پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش ئاسان بولىدۇ. چىقۇقتا كېسەللەنگەن ئورۇننى كۆرۈش بىلەنلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى بۇ كېسەللىكنىڭ يەڭگىل ھالىتىدە دورا بىلەن داۋالاشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىتى بولمايدۇ. بەلكى بىمارنىڭ تاماقىنى مۇناسىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، بىمارنى ۋە ھەرىكەت قىلدۇرماي ئارام ئالدۇرۇپ، ئىسسىق تۇتۇش يېتەرلىك بولىدۇ. ئادەتتىكى غىزالارنىڭ ئورنىغا شورپا، ئارپا سۈيى، ھاك سۈيى بىلەن سۈت، ماش ئۇنىنىڭ سۈيى ۋە بۇ تۈردىكى يەڭگىل، سۇيۇق تاماقلار ئاز مىقداردا بېرىلىدۇ، بۇ ئىسسىق بولمىسۇن. كۆپىنچە ھالەتلەردە يۇقىرىقىلار بىلەن دورىلارنى بېرىشنىڭمۇ زۆرۈرىتى بولىدۇ. غىدىقلىنىش ۋە قوزغاش پەيدا قىلغۇچى ماددىلار (مەسىلەن: خام مېۋە) كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولسا ۋە ئۈچەيدە مەۋجۇت بولسا، بۇ ھالەتتە ھەممىدىن بۇرۇن مەلۇم يۇمشاتقۇچىنى، مەسىلەن: ئابدىمىلىك يېغىنى ئىچكۈزۈپ، ئۈچەينىڭ غىدىقلىنىشىنى كۈچەيتكۈچىلەردىن تازىلاش لازىم. لېكىن بىمار تېۋىپلارنىڭ قېشىغا ئىچى سۈرۈپ كەتكەن ۋاقىتتا كېلىدۇ. بۇ ھالەتتە ئىچ سۈرۈشنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى توختىتىش ۋە ئاغرىقنى پەسەيتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بەرشىشا ياكى ئەپيۇننىڭ مۇرەككەپ دورىلىرىنى بېرىش لازىم. لېكىن بالىلارغا ئەپيۇن تەركىبلىك دورىلارنى بېرىشتە قاتتىق ئېھتىيات قىلىش لازىم. يۇقىرىقى مەقسەت ئۈچۈن كافۇر، جۇۋنە جەۋھىرى، يالپۇز جەۋھىرى ناھايىتى ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچەيلەرنىڭ سوزۇلما ئىششىقىدىمۇ دەم ئېلىش، تاماقنىڭ تەرتىپلىك بولۇشى، قابىزلىق نەرسىلەر ۋە چىرىشنى توسقۇچى نەرسىلەرگە زۆرۈرىيەت بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ھۆقنىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. ھۆقنە ئىسسىق سۇ ۋە قابىز دورىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن.

ئەمەلىي داۋالاش بەدەن تۈزۈلۈشىگە قاراپ يۇقىرىقى ئۇسۇلدا ئۈچەينى تازىلاش ئۈچۈن دەسلەپتە 48 گىرام ئابدىمىلىك يېغىنى سۈتكە قوشۇپ ئىچكۈزۈش ياكى 12 گىرام تۇز سۈيى ۋە 24 گىرام ئابدىمىلىك يېغىنى ئىسسىق سۇغا قوشۇپ ھۆقنە قىلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكى نۇسخىنى بېرىش لازىم:

نۇسخا كۆك سىرىقچېچەك يوپۇرمىقىنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيى، كۆك ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقىنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيىدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ، بۇنىڭغا 48 گىرام دىنار شەربىتى قوشۇپ ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈش ۋە ئاغرىغان ئورۇنغا تۆۋەندىكى زىماتنى كۈندۈزدە چېپىش

لازىم:

زىمات نۇسخىسى خىيارشەنبەر مېغىزى 12 گىرام، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى توققۇز گىرام، ئارپا ئۇنى، بابۇنە گۈلى، سۇمبۇل، ئىكلىلملىك ئالتە گىرامدىن، جەدۋار ئۈچ گىرام قاتارلىقلارنى كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ، 24 گىرام گۈل يېغى قوشۇپ ئىلمان قىلىپ زىمات قىلىش ۋە كەچتە ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا كۆك ماش نېنىغا تۆۋەندىكى دورىلارنى قوشۇپ ساھەسگە تېڭىلىدۇ.

ماش ئۇنىنى سۈتتە يۇغۇرۇپ بۇنىڭغا ئاش تۇزىدىن 12 گىرام، ھىڭدىن ئالتە گىرام، زەنجىۋىل، سېرىقچېچەك يوپۇرمىقىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇش نان پىشۇرۇش، ناننىڭ بىر تەرىپى خام بولسۇن. خام تەرىپىنى گۈل يېغى بىلەن مايلاپ قىزىق ھالەتتە كېسەللەنگەن ئورۇنغا تېڭىش. كەچتە ئاز دېگەندە ئىككى نان يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن پىشۇرۇپ تېڭىلىدۇ.

ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ھۆقنە قىلىپ تۇرۇش، ئەگەر بىمارنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلسە، ھەزىمنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىقى مەزكۇر نۇسخا بىلەن مەجۇنى نانخا بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىچ سۈرۈپ ئۈنى توختىتىش زۆرۈر بولسا تىندۇرۇلغان سۇلارغا 48 گىرام كۆك پاقىيوپۇرمىقى سۈيى قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە شەربىتى دىنارنىڭ ئورنىغا 24 گىرام ھەببۇلئاس شەربىتى ياكى 24 گىرام ئەنجبار شەربىتى بېرىلىدۇ.

تىندۇرۇلغان سۇلار: كۆك كاسنە يوپۇرمىقىنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيى، كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدىن 60 گىرامغا، تۆۋەندىكى سۇفۇپتىن ئۈچ گىرام قوشۇپ بېرىلىدۇ:

كافۇر ئۈچ گىرام، لاچىندانە ئۇرۇقى، بەدىيان، قىزىلگۈل، قۇرۇق يۇمغاقسۈتتىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ.

تىندۇرۇلغان سۇلار نۇسخىسى بىلەن ئەرقى ئەجبىتىن ئىككى ۋاخ، تۆت تامچىدىن بەرسمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن قىيما شورپىسى، سۈت، ئارپا ئېشى، ئانار سۈيى قاتارلىقلاردىن ئاز مىقداردا بېرىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىك ئەسلىگە كېلىش بىلەن تاماقمۇ تەدرىجىي كۆپەيتىلىدۇ ۋە ساگۇدانە، توم تەرخەمەك، ماشنىڭ يۇمشاق، سۇيۇق كەچرىسى شورپا بىلەن بېرىلىدۇ. قەۋزىيەتنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، يول يۈرۈشتىن توختىتىلىدۇ، بىمارغا مۇمكىنقەدەر تىنچلىق ۋە دەم ئېلىش بەخش ئېتىلىدۇ.

سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ئىششىقى

بۇ كېسەللىكتە قارىغۇ ئۈچەينىڭ سازاڭسىمان ئۆسۈكچىسى ئىششىيدۇ. بۇ نەزلىدىن بولغان ئىششىق تۈرىدىن بولۇپ، تەرەققىي قىلىپ بەزىدە يارىغا ئۆزگىرىدۇ (يەنى ئىششىقتا يىرىڭ شەكىللىنىدۇ)، بەزىدە بۇنىڭدىن قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى يۈز بېرىدۇ ۋە بەزىدە قورساق ئورىغۇچى پەردىسىدە تېشىلىش بولىدۇ. ئومۇمەن دەسلەپتە ئۈچەيدە قېتىشىش پەيدا بولىدۇ ۋە ھەزىم بولمىغان غىزا ياكى بىرەر ئۇرۇق مۇشۇ جايغا كەپلىشىدۇ. بۇنىڭدىن سازاڭسىمان ئۆسۈكچىدە ئىششىق پەيدا بولىدۇ، ئاندىن بۇ ئىششىق بەزىدە ئۆسۈكچىدىن قارىغۇ ئۈچەيگە يېتىپ بېرىپ، قارىغۇ ئۈچەي ئىششىقىنى پەيدا قىلىدۇ، بەزىدە بۇ قارىغۇ ئۈچەي ئەتراپىدىكى توقۇلمىلارغىچە يېتىپ بېرىپ، قارىغۇ ئۈچەي ئەتراپى ئىششىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

سەۋەبى كۆپىنچە بۇ كېسەللىك ياشلىق مەزگىلىدە پەيدا بولىدۇ، ئەرلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ زىيادە ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرىدىغان كىشىلەردە كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ:

1. ئاموت ۋە ئۈزۈم ئۇرۇقىغا ئوخشاش يات جىسىملارنىڭ سازاڭسىمان ئۆسۈكچىگە كەپلىشىشى؛

2. ئۈچەي بولۇپمۇ قارىغۇ ئۈچەيدە قېتىشىشنىڭ بولۇشى؛

3. سىل ماددىسى سەۋەبىدىن قارىغۇ ئۈچەينىڭ يىرىڭلىشى؛

4. يامان سۈپەتلىك ئۆسمىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى؛

5. دائىم قەۋزىيەتنىڭ بولۇشى؛

6. ئېغىر ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىش قاتارلىق يۇقىرىقى سەۋەبلەر سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ئىششىقىنىڭ قوزغاتقۇچىسى، يەنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى سەۋەبلەر دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئىششىق ئۆسۈكچە كانىلىنىڭ تارلىقى ۋە توسۇلۇشىدىنمۇ بولىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا زەربە تېگىشتىنمۇ بۇ كېسەللىكنىڭ ئىستېداتى پەيدا بولىدۇ. بەزى كىشىلەر نۇقرەس ماددىسىنى ۋە بەزى كىشىلەر مۇپاسىل ئاغرىقى ماددىسىنى يەنە كېسەللىكنىڭ يىراق سەۋەبى، دەپ ئوتتۇرا قويغان.

سازاڭسىمان ئۆسۈكچىنىڭ توقۇلمىسى قارىغۇ ئۈچەينىڭ توقۇلمىسىغا ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئىنچىكە كانالچە بولىدۇ، بۇ بىر قېلىن دىۋار بىلەن ئورالغانلىقى ئۈچۈن يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ ئۈچەي ئىچىگە ئېغىز ئېلىشى سىرتقى تەرەپكە ئېغىز ئېلىشىغا قارىغاندا

زىيادە كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەتتە ئۆسۈكچىنىڭ ئەتراپىدىكى قورساق ئورىغۇچى پەردىسىدە ئىششىق پەيدا بولسا ئۆسۈكچىنىڭ ئەتراپىدىكى توقۇلمىلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزئارا چاپلىشىپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۈچەي ئىچىگە بۇ يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ ئېغىز ئېلىش ئىمكانىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

تۈرلىرى بۇ كېسەللىك ماھىيىتى بىلەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

① نەزلىدىن بولغان ئىششىق؛ ② ياردىن بولغان ئىششىق.

1. نەزلىدىن بولغان ئىششىق: بۇنىڭدا قارىغۇ ئۈچەينىڭ پۈتۈن كانىلى قېلىنلايدۇ. ئۇنىڭ مۇسكۇل دىۋارى بىرئاز قېلىنلاپ قالىدۇ ياكى ئۇنىڭدا تالالىق توقۇلما پەيدا بولىدۇ ۋە ئۆسۈكچىنىڭ شىللىق پەردىسى قويۇق، چاپلاشقاق بەلغەمدىن زەخىملىنىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئۆسۈكچىنىڭ ئورىغۇچى پەردە قەۋىتى بەزىدە قورساق ئورىغۇچى پەردىسىنىڭ تۇتاشقۇچى بۆلەكلىرى بىلەن چاپلىشىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن چاپلىشىش مەنبەلىك توسۇلۇش شەكىللىنىپ، ئۈچەينىڭ ئەگمىسىنى تۇتاشتۇرۇپ يۇتۇۋېتىدۇ ياكى ئۇنىڭدا مۇناسىپ بولمىغان ئەگمە پەيدا قىلىدۇ.

سوزۇلما ئىششىقتا بەزى ۋاقىتلاردا ئۆسۈكچە كانىلى چاپلىشىپ قېلىشتىن بىرئاز توسۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا خالتىسىمان ئۆسمە شەكىللىنىدۇ، بۇ ئاقىۋەتتە قورساق بوشلۇقى ئىچىگە ئېغىز ئالىدۇ.

2. ياردىن بولغان ئىششىق: بۇنىڭدىمۇ يۇقىرىقى بارلىق ئالامەتلەر تېپىلىدۇ. پەقەت پەرقى بۇنىڭدا زورايغاندا بىر - ئىككى يارا مەۋجۇت بولىدۇ. يارىنىڭ يىرىڭلىشى نەتىجىسىدە ناھايىتى خەتەرلىك ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

1. توقۇلمىلار چاپلاشقاندىن كېيىن تېشىلىش يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قورساق ئورىغۇچى پەردىسىگە كىرىپ، بىر چەكلىك دائىرىدىكى يىرىڭلىق ئىششىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ تۈردىكى يىرىڭلىق ئىششىق بىر مەزگىلدىن كېيىن بەزىدە قورساق ئورىغۇچى پەردە بوشلۇقى ئىچىگە ئېغىز ئېلىپ، ئۆتكۈر ئىششىقنى پەيدا قىلىدۇ.

2. بەزىدە سازاڭسىمان ئۆسۈكچىنىڭ يىرىڭلىق ئىششىقى قورساق ئورىغۇچى پەردە ئارقىسىغا ئېغىز ئالىدۇ. بۇ ھالەتتە ئىششىقنىڭ يىرىڭ ئۇلتۇرغۇچى سۆڭەك غىلاپى ۋە ئۈچەي ئارىسىغا جايلاشقان بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىدا ئۆز يولىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئاندىن بۇ ئورۇندىن بۇ ئۈچ يولنى شەكىللەندۈرىدۇ.

(1) ئۈستى تەرەپكە تەرەققىي قىلىپ، بۆرەك ئەتراپىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا يىرىڭلىق ئىششىقنى پەيدا قىلىدۇ.

(2) ئاستى تەرەپتە يىرىق تارامۇشىغىچە تۆۋەنلەپ، سىرتقى تەرەپكە ئېغىز ئالىدۇ. يىرىڭ ئاستى تەرەپكە تۆۋەنلەشتىن توختايدۇ. چۈنكى ئاستىدىكى مەزكۇر تارامۇش ۋە غىلاپ چاپلىشىپ قالغان بولىدۇ.

(3) يىرىڭ داس بوشلۇقى تەرەپكە يېتىپ بېرىپ، تۈز ئۈچەي ياكى دوۋسۇنغا ئېغىز ئالىدۇ ياكى تېشىلىپ سىرتقى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ.

3. بەزى ھالەتلەردە سازاڭگىسمان ئۆسۈكچە قورساق ئورىغۇچى پەردە بوشلۇقى ئىچىدە ئازادىلىك بىلەن ئېسىلىپ تۇرىدۇ ۋە توقۇلمىلار چاپلىشىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ يىرىڭلىق ئىششىقى ئېغىز ئالىدۇ، بۇ ھالەتتە قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ئىچىدە ھالاك قىلغۇچى تۈردىكى بۇزۇلۇشتىن بولىدىغان ئىششىق پەيدا بولىدۇ ھەمدە تېزلىك بىلەن ئۆلۈم گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ.

ئالامىتى

1. نەزلىدىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامىتى: كېسەللىك تۇيۇقسىز قوزغىلىدۇ، يەنى بېشارەتچى ئالامەتلەر بولماي تۇرۇپ، تۇيۇقسىز كۆرۈلىدىغان كېسەللىكنىڭ ئاشكارا بولۇشى تۆۋەندىكى ئالامەتلەر بىلەن بولىدۇ:

ھەممىدىن بۇرۇن ئوڭ تەرەپ يانپاشتا تۇيۇقسىز ئاغرىق قوزغىلىدۇ، يەرلىك ئورۇنلۇق ئالامەت شەكلىدە بۇ جاينى تۇتۇشتىن ئاغرىق سېزىمى بولىدۇ، قىزىيدۇ. قەۋزىيەت بولىدۇ، تىل ئۈستىنى گەز قاپلىغان بولىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىش، ھۆ بولۇش، قۇسۇشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ، ئاغرىق ئوڭ تەرەپ يىرىقتىن باشلاپ قورساقنىڭ باشقا ئەزالىرىغىچە تارقايدۇ ھەم ئاغرىق داۋاملىشىدۇ ۋە ئېغىرلىق بولىدۇ، مىدىرلىتىشتىن ئاغرىق كۈچىيىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىمار دائىم ئوڭدىسىغا ياتىدۇ ۋە ئوڭ پاچىقىنى يىغىۋالىدۇ، بۇ ئاغرىقنىڭ مەركىزىي ئورنى داس سۆڭىكىنىڭ ئالدى يۇقىرىقى ئۆسۈكچىسىدىن كىندىك تەرەپكە تەخمىنەن ئىككى يېرىم قىرات ئارىلىقتا بولىدۇ. تومۇرى تېز سوقىدۇ. ئۇ ئالامەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر ھالەتتە ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك ئورۇندا يىرىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغان بولسا، بەزىدە يىرىق تارامۇشى ئۈستىدە يۇمشاق ئۆسمىگە ئوخشاش پۇلتايغان ئورۇن سېزىلىدۇ. بۇ بەزىدە ئوڭ تەرەپ يانپاشنى پۈتۈن قورشايدۇ. ئېنىقكى، بۇ بىر چوڭقۇر ئورۇنلۇق ئىششىقتۇر. بۇ، چېكىپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئېنىقلىنىدۇ. يەنى بۇ ئورۇننى چېكىپ تەكشۈرسە بوغۇق تاۋۇش چىقىدۇ. بۇ يەلدىن بولغان ئېسىلىش بولمىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاغرىق ئومۇمەن تۇتقاقلىق بولۇپ، ئوڭ پاچاققىچە يېتىپ بارىدۇ. ئوفۇنەتلىك قىزىتمىغا ئوخشاش ئۆتكۈر ھارارەت بولىدۇ.

روشەنكى، قەۋزىيەت بولۇش ئۇنىڭ بىر ئېنىق ئالامىتى بولسىمۇ، لېكىن ئىچ سۈرۈش ۋە كىچىك تەرەت قىلغاندا يېقىمسىزلىقنىڭ بولۇشى قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭدا بولۇشى مۇمكىن.

2. يارىدىن بولغان ئىششىقنىڭ ئالامىتى: ئەگەر قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىچىدە تېشىلىش بولسا، بۇ ۋاقىتتا سىرتتىن زەربە تەگكەندە بولىدىغان ئالامەتلەر بولىدۇ.

سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ئىششىقى ئادەتتىكىچە قوزغالسا، ئومۇمەن 7 ~ 10 كۈن ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ. يەرلىك ئورۇنلۇق كۆيۈشۈش پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ، لېكىن بۇ ئورۇندا يىرىڭ شەكىللەنگەن (يەنى قارىنىغۇ ئۈچەينىڭ ئەتراپىدا يىرىڭلىق ئىششىق شەكىللەنسە) بولسا، دائىم قىزىتما بولىدۇ ياكى يۇقىرى قىزىتما بولىدۇ، يەرلىك ئورۇنلۇق كۆيۈشۈش ئېغىرلىشىدۇ ۋە قاتتىق ئاغرىيدۇ، يىرىڭ دولقۇنى ناھايىتى ئاز سېزىلىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىكلىرى: قۇلاق ئاستى بەز ئىششىقى، ئۆتكۈر ئەغدىدەس ئىششىقى، قارىنىغۇ ئۈچەي ئاقمىسى قاتارلىقلار.

ئاقىۋىتى: بۇ كېسەللىك بەزىدە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يوقىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئاغرىغان ئورۇندا يىرىڭلىق ئىششىق شەكىللىنىشكە باشلايدۇ ياكى ئومۇمىي قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ئىششىيدۇ.

1. ساقىيىش، تارقاش ھالىتىدە ھارارەت تېز چۈشۈپ، ئىششىق يېنىپ بىمار 10 كۈن ئىچىدە پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىدۇ.

2. ئەگەر ئومۇمىي ئالامەتلەردە ئۈچ كۈنگىچە ياخشىلىنىش بولمىسا ھەمدە يەرلىك ئورۇنلۇق ئىششىق كۈنسېرى تەرەققىي قىلسا، يىرىڭلىق ئىششىق شەكىللىنىۋاتقانلىقىنىڭ گۇمانى كۈچلۈك بولىدۇ.

3. تېشىلىش ۋە ئومۇمىي قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى ھەر ۋاقىت بولىدۇ. تومۇرنىڭ تېزلىكى كېسەللىك ھادىسىسىنىڭ بىر نىشانى.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش:

1. جىگەردە تاش پەيدا بولۇش بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ: يەنى جىگەردە تاش پەيدا بولغاندا ئاغرىق ئوڭ تەرەپ قوۋۇرغىلارنىڭ ئاستى قىسمىدا بولىدۇ ۋە تۆۋەنكى تەرەپكە تارقىلىشىنىڭ ئورنىغا ئۈستى ئوڭ تەرەپ تاغاق تەرەپكە ئۆرلەيدۇ. ئاغرىق مۇستەقىل تۇرىدۇ، لېكىن بەزىدە تۇتقاقلىق ھالەتتىمۇ بولىدۇ، يەرقان (سېرىقلىق چۈشۈش) ناھايىتى تېز پەيدا بولىدۇ ھەم جىگەر كېسەللىكلىرىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى بەزىدە تېپىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جىگەردە تاش پەيدا بولۇش كۆپىنچە ئاياللاردا ئوتتۇرا ياش مەزگىلىدە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بولىدۇ.

2. بۆرەك ئاغرىقىدىن مۇشۇنداق پەرقلەندۈرۈش لازىمكى، بۆرەك ئاغرىقىدا ئاغرىق ئارقا

تەرەپ بەل بۆرەك ئۇدۇلىدا بولىدۇ. ئاغرىق ئاستى تەرەپكە تارقىلىپ، شۇ تەرەپتىكى ئۇرۇقدان ۋە يوتىغىچە يېتىپ بارىدۇ، كىچىك تەرەت قايتا قايتا كېلىدۇ ياكى توختاپ قالىدۇ ۋە سۈيدۈككە مۇناسىۋەتلىك باشقا شىكايەتلەرمۇ مەۋجۇت بولىدۇ، بۆرەك ئاغرىقى ئادەتتە ئەرلەردە بولىدۇ. بولۇپمۇ قاتتىق سۈنى ئىچكەن كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

3. ئۆت ئىششىقىدىن مۇشۇنداق پەرقلەندۈرۈلىدۇكى، ئۆت ئىششىقىدا قورساق ئوڭ تەرىپىدىكى قوۋۇرغىغا يېقىن جايدا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ. بۇ جايدا بەزىدە ئىششىق سۇس ھالەتتە سېزىلىدۇ، لېكىن قىزىتما بەزىدە سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ئىششىقىدىكىدەك بولىدۇ.

4. ئۈچەي بوغۇلۇشتىن مۇشۇنداق پەرقلەندۈرۈلىدۇكى، بۇنىڭدا ئۈچەي بوغۇلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ يولى توسۇلىدۇ. ئۈچەي بوغۇلغان ھالەتتە چوڭ تەرەت ئومۇمەن قۇسۇق شەكلىدە ئېغىزدىن چىقىدۇ، بەزىدە بۇ ھالەت سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ئىششىقىدا بولمايدۇ.

5. قارىنغۇ ئۈچەي سەرتانى (يامان سۈپەتلىك ئۆسمىسى) دىن مۇشۇنداق پەرقلەندۈرۈش لازىمكى، قارىنغۇ ئۈچەي سەرتانى دەسلەپتە ناھايىتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ ۋە چوڭ ياشتىكىلەردە يۈز بېرىدۇ.

6. ئومۇرتقا تۈۋرۈكى مۇسكۇلىنىڭ يىرىڭلىق ئىششىقىدىن مۇشۇنداق پەرقلەندۈرۈش لازىمكى، بۇنىڭدىمۇ كېسەللىكنىڭ تەرەققىياتى تەدرىجىي بولىدۇ. بىمار يانغا ئېگىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سوغۇقتىن بولغان يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى: كېسەللىك قوزغالغاندا، ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە زىماتلار ئىسسىق ھالەتتە چېپىلىدۇ، ھەر كۈنى ئۈچەي تەنقىيە قىلىنىدۇ، يەنى يۇمشاتقۇچىلار ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھۆقنە قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن بەزىدە ئىچكى تەرەپتىن تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

بىمارنى يول يۈرۈش ياكى ھەرىكەت قىلىشتىن توختىتىش، ھەر ۋاقىت ئارام ئېلىپ يېتىشقا كۆرسەتمە بېرىش لازىم.

بىمار لەتىپ غىزالاردىن سۈت، ئارپا ئېشى، شورپا قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ. قىسقىسى، قارىنغۇ ئۈچەي ئۆسۈكچىسى ئىششىقىنى داۋالاش ئۇسۇلى ئۈچەي ئىششىقىنى داۋالاشقا ئوخشاشتۇر.

ئەمەلىي داۋالاش ئىتئىزۈمى سۈيى، كۆك كاسىنىنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيىدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ، 48 گىرام دىنار شەربىتىگە قوشۇپ ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ.

ئاغرىغان ئورۇنغا خەشخاش پوستىنى 240 گىرام ئەرقى گۈلابتا قاينىتىپ قايتا - قايتا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئىسسىق ئۆتكۈزۈشتىن كېيىن زىماتى مۇھەللىل (تارقاتقۇچى زىمات)

چېپىلىدۇ، بۇنىڭ نۇسخىسى سۆزلىنىپ بولدى. زىماتى مۇھەللىلىنىڭ ئورنىغا ماش ئۇنى نېنى تېگىلىسمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ تەركىبى ئۈچەي ئىششىقىدا سۆزلەندى. بۇ نان سوۋۇغاندىن كېيىن ئالماشتۇرۇپ قويۇلىدۇ.

بەزىدە يۇقىرىقى مەزكۇر نۇسخا بىلەن تۆۋەندىكى ھەبمۇ بىر دانىدىن پەقەت ئەتىگەندە بېرىلىدۇ.

ھەب نۇسخىسى نوقۇت ئۇنىدىن 12 گىرام، زەقۇم سۈتىدىن يېتەرلىك مىقداردا ئېلىپ يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇملاچ تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر يىرىڭلاپ كەتكەن بولسا دەستىكار قىلدۇرماقتىن باشقا چارە يوقتۇر.

قەۋزىيەت

بۇ ھەسرى، ئېھتىباسۇل بەتەن، ئېئتىقالۇلبەتەن، ئېئتىقالۇت تەبىئەت، ئېھتىباسۇت تەبىئەت، ئىمساكۇل بەتەن قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

ئاتىلىش سەۋەبى قەۋزىيەت سۆزىنىڭ مەنىسى تۇتۇلۇشتۇر. بۇ ئەرەب تىلىدا ئىمساك دېيىلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ قەۋزىيەت دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب چوڭ تەرەتنى ئۈچەي تۇتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ كېسەللىكتە ئۈچەينىڭ چوڭ تەرەتنى چىقىرىپ تاشلاش قۇۋۋىتىدە خۇددى بېخىل ئادەم مال - دۇنيانى تۇتۇپ تۇرۇپ دەرھال ئىشلەتمىگىنىدەك ۋە ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغاندىمۇ ناھايىتى ئاز پۇل ئىشلەتكىنىگە ئوخشاش ھالەت پەيدا بولىدۇ. ئېئتىقال سۆزىنىڭ مەنىسى تۇتۇلۇش يەنى توختاشتۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ ئىمساك ۋە ئېھتىباس سۆزىنىڭ مەنىداش سۆزىدۇر. تەبىئەت تېۋىپلارنىڭ ئىستىلاھىدا چوڭ تەرەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر ئۆزگىچە ئاتالغۇدۇر.

تونۇش قەۋزىيەت دېگەن نېمە؟ قەۋزىيەت چوڭ ئۈچەي خىزمىتىنىڭ كەملىكى ۋە يېتەرسىزلىكىنىڭ نامىدۇر. بۇ تېبابەتچىلىكتە پائالىيەتنىڭ ئاجىزلىششى دەپ ئاتىلىدۇ. چوڭ ئۈچەينىڭ چوڭ تەرەتنى چىقىرىش پائالىيىتىدە نورمالسىزلىق پەيدا بولماستىن، چوڭ تەرەت مىقدارىنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشىنى قەۋزىيەت دەپ ئاتىغىلى بولمايدىغانلىقى ئېنىقتۇر. يەنە چوڭ ئۈچەينىڭ چوڭ تەرەتنى چىقىرىش پائالىيىتىنىڭ نورمال بولۇشى ۋاقىت ۋە مىقدار ئېتىبارى بىلەن ھەربىر كىشىدە ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ئېنىقتۇر. شۇڭلاشقا قەۋزىيەتنىڭ ئۆلچىمى بۇ كىشىنىڭ نورمال ئادىتى ۋە ئىلگىرىكى تەبىئىي ھالەتلىرى بولىدۇ. بۇنىڭدا ۋاقىت ۋە

مىقدار ئادىتىنى ئويلاش زۆرۈر.

ئېنىقلاش قەۋزىيەتنىڭ كېسەللىك ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن چوڭ تەرەتنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ چوڭ تەرەت ئۈچەي (بۇ ئۇنىڭ تەبىئى ئورنىدۇر) دە ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ قالغاندا قانداق كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ؟ دېگەنلەرنى بىلىش كېرەك.

چوڭ تەرەت بىر ئېشىندى ماددىدۇر. بۇ، ئاشقازان، ئۈچەينىڭ ھەزىم ۋە سۈمۈرۈش خىزمىتىدىن كېيىن قېپقالىدۇ. بۇنىڭدا ئوزۇقلاندۇرۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ.

ئېشىندى ماددىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان تۈرلىرى بولىدۇ. مەسىلەن: تەر، كۆز يېشى ۋە سۈتمۇ بىر خىل ئېشىندى ماددىدۇر. لېكىن بۇزۇلۇش ئېتىبارى بىلەن ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇن بۇ چىقىرىندى ماددىغا بېرىلىدۇ. ئۇ چوڭ تەرەتتۇر. بۇ سەۋەبتىن بەزىدە چوڭ تەرەتنى مۇتلەق چىقىرىندى ماددا دەپ ئاتايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بەدەندە بۇنىڭدىن چوڭ بىرەر چىقىرىندى بولمايدۇ.

چوڭ - كىچىك ئۈچەيلەردە ھەزىم ۋە سۈمۈرۈش قۇۋۋىتى بولىدۇ، لېكىن ئۇلاردىكى ئۆزئارا پەرق، كىچىك ئۈچەينىڭ چوڭ ئۈچەيگە قارىغاندا ھەزىم قىلىش ۋە سۈمۈرۈش كۈچى زىيادە بولىدۇ، چوڭ ئۈچەينىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى چوڭ تەرەت شەكىللەندۈرۈشتۇر (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا).

چوڭ تەرەت شەكىللىنىشتە، ئۈچەيدىكى شۇۋىگۈرۈچكە ئوخشاش غىزانىڭ ئاشقان قىسمى چوڭ ئۈچەيگە يېتىپ بېرىپ يېتەرلىك قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ھەزىم يوللىرىدىكى دەسلەپكى ھەزىم تەركىبلىرى سۈمۈرۈلۈپ بولغان بولىدۇ. بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇنىڭدا بۇزۇلۇش خىزمىتى باشلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلاردا خاس تۈردىكى پۇراق (چوڭ تەرەت پۇرىقى) پەيدا بولىدۇ. ئاندىن سىرتقا چىقىرىلغىچە ئۈچەيلەردە تۇرىدۇ، ئۈچەينىڭ سۈمۈرۈش ۋە شۇراش خىزمىتى داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چوڭ تەرەت قىيامى قاتتىقلىشىدۇ. قاتتىقلىشىش سەۋەبىدىن بۇ ئاخىرىدا مایاق شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

چىرىشتىن ھەر خىل تۈردىكى ماددىلار پەيدا بولىدۇ. ئۇ چىرىگەن ماددىلارنىڭ سۈمۈرۈلۈشى بەدەن ئۈچۈن قانچىلىك پايدىلىق بولىدۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش قىيىن ئەمەس.

قەۋزىيەت ھالىتىدە بۇ زەھەرلىك بۇزۇق ماددىلار ئۈزلۈكسىز سۈمۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن نۇرغۇن تۈردىكى ئەگەشمە كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

ئاشقازان كېسەللىكلەرنىڭ ئانىسى دېيىلگەن ئىكەن، ئۇنداقتا قەۋزىيەتكىمۇ تولۇق ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

بۇقرات ئېيتقانكى: «خۇددى چوڭ تەرەتنىڭ يۇمشاق بولغىنى ناچار بولغىنىدەك، ئۇنىڭ

قاتتىق بولغىنىمۇ ناچاردۇر. لېكىن ئىككىسىدىكى پەرق، چوڭ تەرەتنىڭ يۇمشاقلىق تەرەپكە مايىل بولۇشى ياخشىدۇر، چوڭ تەرەت يۇمشاقلىقتىن قاتتىقلىق تەرەپكە مايىل بولىدۇ.»

بۇقراتنىڭ بۇ بايانى شەرھلەنسە يۇقىرىقى مەزكۇر ھەقىقەت يادىمىزغا كېلىدۇ. قەۋزىيەت سەۋەبىدىن نۇرغۇن كېسەللىكلەرنىڭ ئىستىبداتى پەيدا بولسا، چوڭ تەرەتنىڭ راۋانلىقىدىن نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئىستىبداتى يوقايدۇ.

چوڭ تەرەتنىڭ نورماللىقى: ئادەتتە نورمال ھالەتتە 24 سائەت ئەتراپىدا چوڭ تەرەت كېلىدۇ. لېكىن مۇشۇنداقمۇ ساغلام كىشىلەر باركى، بۇلاردا 24 سائەتتە ئىككى قېتىم چوڭ تەرەت قىلىش سېزىمى بولىدۇ، شۇنىڭدەك بەزى كىشىلەردە 48 سائەتتىن كېيىن چوڭ تەرەت قىلىش سېزىمى بولىدۇ.

مۇنداق ئاز ئۇچرايدىغان مىسال ماڭا يولۇققان: بىر كىشى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم چوڭ تەرەت قىلىدىكەن. بۇ ئۇنىڭ بىر تەبىئىي ھالىتىدۇر، يەنى ئارىلىقتىكى ۋاقىتتا ئۇنىڭدا بىرەر خاس شىكايەت بولمىغان، بۇ قەۋزىيەت تەرەپكە مەنسۇپ قىلىنىدۇ.

قەۋزىيەتنىڭ تۈرلىرى قەۋزىيەتنىڭ شەكىللىرى ئادەتتە ئۈچ خىل بولىدۇ.

1. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا چوڭ تەرەتنىڭ كەلمەسلىكى، يەنى چوڭ تەرەت قىلىشتا كېچىكىش يۈز بېرىش.
2. چوڭ تەرەت مىقدارىنىڭ تەبىئىي مىقداردىن ئاز بولۇشى.
3. چوڭ تەرەتنىڭ ئاسانلىق بىلەن كەلمەسلىكى، يەنى چوڭ تەرەت قىلىش ئۈچۈن زىيادە ئىنجىقلاش ۋە كۈچەش.

ئۈچەيدىكى غىزا ۋە چىقىرىندى ماددىلارنىڭ سۈرئىتى: ئۈچەيدىكى غىزا ۋە چىقىرىندى ماددىلارنىڭ سۈرئىتى قانداق بولىدۇ؟ گەرچە بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بەزى كىشىلەر قىياس قىلىپ ئېيتقانكى، كۆپىنچە ھالەتلەردە ئاشقازاندىكى نەرسىلەر ئاشقازاندىن غىزا كاناللىرىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىگىچە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن تەخمىنەن 20 ~ 48 سائەت سەرپ بولىدۇ، يەنى كىچىك ئۈچەيلەردە تۆت - بەش سائەت، بوغماق ئۈچەيدە سەككىز سائەت، تۈز ئۈچەيدە ئالتە سائەت تۇرىدۇ. تاماق ياكى چىقىرىندى ماددىلار قانچە تۆۋەنلەپ ماڭغانسېرى، ئۇنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاپ ماڭىدۇ، ھەتتا تۈز ئۈچەيدە ئۇنىڭ سۈرئىتى ھەممىدىن بەك ئاستا بولىدۇ.

چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش بوغماق ئۈچەينىڭ «S» سىمان قىسمىغا بۇ ئېشىندى ماددىلار 12 سائەت ياكى 24 سائەتتە توپلىنىدۇ. بۇ تۈز ئۈچەيگە يېتىپ بېرىپ ئېغىرلىق شەكىللەندۈرسە، تەبىئىي ھالدا چوڭ تەرەت قىلىش تەلپى بولىدۇ، بۇ تەبىئىي تەلەپ ھەر خىل

نەرسىلەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى سەۋەبلىك تاماملىنىدۇ.

بەزى كىشىلەردە ئەتىگەندە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا چوڭ تەرەت قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ ساغلاملىق ئېتىبارى بىلەن ھەممىدىن ياخشى ھالەت دېيىشكە بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ناشتا قىلىدۇ، چاي ئىچىدۇ، تەنبۇل دەرىخى يوپۇرمىقىنى يەيدۇ، تاماكا چېكىدۇ، پىيادە ماڭىدۇ ۋە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھاجەت قىلىش ئۈچۈن ھاجەتخانىغا بارىدۇ.

قەۋزىيەتنىڭ بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈرى بولىدۇ.

ئىككىلەمچى قەۋزىيەت بۇ بىرەر ئىككىلەمچى سەۋەبتىن بولىدۇ.

بىرلەمچى قەۋزىيەت بۇنىڭدا كۆپىنچە قەۋزىيەت بولىدۇ.

روشەنكى، بىرلەمچى قەۋزىيەتنىڭ سەۋەبى ئەسلىدىنلا بار بولىدۇ.

ئۈچەيدىن ئوزۇقلۇق ماددا ۋە ئېشىندى ماددىلارنىڭ ئۆتۈشى تەبىئىي پائالىيەتلەردىن بولۇپ، بۇنىڭ ئىرادە بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئىككى ئىشقا زۆرۈرىيەت بولىدۇ.

بىرى، ئۈچەيلەرنىڭ چىقىرىپ تاشلاش قۇۋۋىتىنىڭ ساغلاملىقى، يەنە بىرى، غىزا ۋە ئېشىندى ماددىسىنىڭ مۇناسىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسىدۇر.

ئەگەر مەلۇم سەۋەبتىن ئۈچەي ئاجىزلىسا ۋە ئۇنىڭ مۇسكۇل قۇۋۋەتلىرىنىڭ چىقىرىپ تاشلاش قۇۋۋىتى كېمەيسە ياكى غىزا ۋە چىقىرىندى ماددىدا مۇناسىپ قوزغىلىش ھاسىل بولمىسا، يۇقىرىقى ئەمەلگە چوقۇم تەسىر قىلىدۇ.

ئۈچەي ئاجىزلاش: ئۈچەي ئاجىزلاش بەزىدە بىرلەمچى (تۇغما) ۋە بەزىدە ئىككىلەمچى (ناتۇغما) پەيدا بولىدۇ، ياشانغانلاردا ئومۇمەن بولىدۇ.

ئىككىلەمچى ئاجىزلىقنىڭ سەۋەبىگە تۆۋەندىكى كېسەللىكلەر كىرىدۇ:

قىزىتمىلار، ئۆتكۈر كېسەللىكلەر، سۇئۇلقۇنىيە (قان ئازلىق)، مالىنخولىيا ۋە نېرۋا ئاجىزلىقىغا ئوخشاش كېسەللىكلەردىن مېڭە ۋە نېرۋىلار تەسىرگە ئۇچرايدۇ. نېرۋىلار پالەچى ۋە ئىستىرخاسىمۇ ئىككىلەمچى ئاجىزلىقنىڭ سەۋەبىگە كىرىدۇ.

ئۈچەي ئاجىزلىقنىڭ يەرلىك ئورۇنلۇق سەۋەبى، يەللەر سەۋەبىدىن ئۈچەينىڭ كۆپۈشى ۋە شىللىق پەردە نەزلىسى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بوۋاسىرمۇ يەرلىك ئورۇنلۇق سەۋەبلەرگە كىرىدۇ.

مۇناسىپ ھەرىكەتلەندۈرۈش بۇ ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئۈچەيلەردە چىقىرىپ تاشلاش ھەرىكىتى قوزغىلىدۇ. بۇ كۆپىنچە تاماقتىن ھاسىل بولىدۇ، بۇ

ھەرىكەتلەندۈرۈش تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن ئازلايدۇ:

تاماق مىقدارىنىڭ ئازلىقى، تاماقنىڭ قۇرغاق بولۇشى، تاماقنىڭ ئارتۇق ئېشىندى ماددىسى بولماسلىق ۋە ئۇنىڭدىن ئۈچەيدە تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈش پەيدا بولماسلىق، مەسىلەن: غىزا گۆشلۈك ۋە نىشاستىلىق بولۇپ، كۆك ئوتياش تۈردىن بولماسلىقى. كۆك ئوتياش تەركىبىدە تالالار بولۇپ، ئۈچەينى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە تولۇق تەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ.

تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزانى ئىستېمال قىلىش ۋە سۇنى ئاز ئىچىشمۇ بۇ جۈملىگە كىرىدۇ.

بەزى كىشىلەردە ھەزىم ۋە سۈمۈرۈش قۇۋۋىتى شۇنچىلىك كۈچىيىپ كېتىدۇكى، تاماق ھەزىم بولغاندىن كېيىن كۆپ مىقداردا ئېشىندى ماددا قالمايدۇ. بۇنىڭدىن ئۈچەينىڭ چىقىرىپ تاشلاش قۇۋۋىتىدە تولۇق ھەرىكەت ھاسىل بولىدۇ. تەخمىنەن بۇ ھالەت چېنىقىش ۋە جىسمانىي ئەمگەك سەۋەبىدىن تارقاش مىقدارى كۆپ بولغان ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ.

قەۋزىيەتنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەر: ئاشقازاننىڭ كۆپىنچە كېسەللىكلىرىدە، بولۇپمۇ قۇسۇش پەيدا قىلىدىغان كېسەللىكلەردە قەۋزىيەت پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئاشقازان ئىششىقى، ئاشقازان يارىسى قاتارلىقلار.

ئاغرىق داس بوشلۇقى ئىششىقى، قورساق ئىششىقى ۋە سوقۇلۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىنمۇ ئۈچەينىڭ چىقىرىپ تاشلاش قۇۋۋىتىنى توختىتىپ قويىدىغان ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.

سۆزنەك چوڭ تەرەت كېلىش بىلەن سۈيدۈكمۇ بولىدۇ ۋە سۆزنەك سەۋەبىدىن سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزنەك بىمارى چوڭ تەرەت قىلىشتىن بىئارام بولىدۇ. بۇ قەۋزىيەتنى پەيدا قىلىدۇ.

جىگەر ۋە ئۆت كېسەللىكلىرى جىگەر ۋە ئۆتنىڭ پۈتۈن كېسەللىكلىرى قەۋزىيەتنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سەپرانىڭ غىدىقلىشى ئازلايدۇ. سەپرا بىر تۈردىكى تەبىئىي مۇسھىلدۇر، بۇنىڭ بىلەن ئۈچەينىڭ چىقىرىپ تاشلاش ھەرىكىتى تېزلىشىپ كېتىدۇ.

ھۇرۇنلۇق ۋە بىپەرۋالىق تەرەت قىلىش تەقەززاسى قايتا - قايتا تەكرارلانسا بىر ۋاقىتتىن كېيىن بۇ سېزىم يوقايدۇ، بۇنىڭ چوقۇم بولىدىغان نەتىجىسى قەۋزىيەتتۇر. بىرلەمچى (دائىملىق) قەۋزىيەتنىڭ ئومۇمىي ۋە كۆپ كۆرۈلىدىغان سەۋەبى مۇشۇدۇر.

قەۋزىيەت كېلىپ چىقىشنىڭ سەۋەبلىرى بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈپ سۆزلىنىدۇ.

بىرەر ئىشقا زىيادە مەشغۇل بولۇپ كېتىش: مەسىلەن: بىرەر ئويۇنغا، سۆزلىشىشكە ۋە ھېكايىلەرگە بېرىلىپ كېتىش ، كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلىنىش، يازغۇچىلىق ۋە كىتاب تۈزۈش ئىجادىيىتى، مۇھىم ئىشلارنىڭ توغرا كېلىپ قېلىشى قاتارلىقلار.

قىنالماق ۋە يېقىمسىزلىق: مەسىلەن: قىش پەسلىدە سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق ھاۋا تېگىشىنى ئويلاش، مەكتەپ قاتارلىقلاردا ھاجەتخانىنىڭ بىكار بولۇشىنى ساقلاش.

مەينەتچىلىك: ئەگەر ھاجەتخانا مەينەت بولسا بەزى زىل ئادەملەر تەرەت قىستىسىمۇ، بۇ يەرگە تەرەت قىلمايدۇ.

مۇھىتنىكى ئۆزگىرىش ئادەتتە يېزىلاردا كىشىلەر ئوچۇقچىلىقتا تەرەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن. مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ كىشىلەر شەھەرگە كىرگەندە شەھەردىكى تەرەت قاچىسىغا ئادەتلىنەلمەسلىكتىن ئولتۇرسا تەرەت قىلالمايدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن باشقا ئادەتلەرمۇ قىياس قىلىنىدۇ.

شەرم - ھايا ۋە قائىدە - يوسۇنلار: يات ئورۇنلارغا بارغاندا تەرەت قىلىش كۆپىنچە تەبىئەتكە ئېغىر كېلىدۇ، جۈملىدىن ئاياللار ۋە كېلىنلەردە بولىدۇ.

بەزى ئائىلىلەردە ناچار قائىدە بار كى، يېڭى توي قىلغان قىزنى ئاچ قويىدۇ ياكى ناھايىتى ئاز تاماق بېرىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب چوڭ ئۆيدە كېلىنىنىڭ تەرەت قىلىش ئۈچۈن خالاغا بېرىشى نومۇسلۇق ئىش دەپ خىيال قىلىنغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئۆتۈش يولىنىڭ توسۇلۇشى ۋە تارىيىشى چوڭ ئۈچەينىڭ بەزى بۆلىكىدە بېسىلىش ۋە تارىيىشىنىڭ بولۇشى چوڭ تەرەتنىڭ ئۆتۈشىدە كېچىكىشكە سەۋەبچى بولىدۇ. مەسىلەن: يارا قاتارلىقلار ساقايغاندىن كېيىن ئۆتۈش يولىنىڭ تارىيىشى، بالىياتقۇ سىڭايان بولۇپ قېلىش، بالىياتقۇ ئۆسمىسى ۋە بالىياتقۇ ئىششىقىدىن بېسىلىش، چوڭ تەرەتنىڭ يىغىلىشى ۋە توسالغۇلارنىڭ يىغىلىشىدىن ئۈچەيلەرنىڭ توسۇلۇشى، مەقئەت قورىغۇچى مۇسكۇل تەشەننۇجى ۋە بوغماق ئۈچەي تەشەننۇجى قاتارلىق سەۋەبلەر زىيادە ئۆتكۈرلەشسە، پۈتۈن ئۆتۈش يوللىرى توسۇلۇپ قالىدۇ. ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە بولىدىغان قەۋزىيەت مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

زىيادە سېمىزلىك ۋە بەلنى چىڭ باغلاش: مەسىلەن: ئىشتاننىڭ بېغى ياكى پوتىنى چىڭ باغلاش مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

ئويلىنىش ۋە پىكىر قىلىش: ئەگەر بىرەر كىشى ئەقلىي ئەمگەكتە ئويلىنىش قىلسا، قان مېڭە تەرەپكە زىيادە بارىدۇ ۋە ھەزىم ئەزالىرى تەرەپكە تەبىئەتنىڭ يۈزلىنىشى ئاز بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشقازان ۋە ئۈچەينىڭ پۈتۈن خىزمىتى سۇسلىشىدۇ، نەتىجىدە قەۋزىيەت بولۇپ قالىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلار، يازغۇچىلار، رەسساملار، مۇھەررىرلەر، ئىجادىيەتچىلەر، چوڭ ھۆكۈمالار،

مۇتەپەككۇرلار كۆپرەك ئولتۇرۇپ ئىش قىلغانلىقى ۋە ھەرىكەت، چېنىقىشقا سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە بۇ كېسەللىكنىڭ شىكايىتىنى قىلىدۇ.

ئارام ئېلىش ۋە راھەتلىنىش ئادىتى تېۋىپلار يازغانكى، ھەرىكەت مۇئەييەن چوشۇرگۈچىدۇر. يەنى ھەرىكەت سەۋەبىدىن ئۈچەينىڭ لۆمۈلدىمە ھەرىكىتى تېزلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاماق ئۆز يولىدا تەدرىجىي تۆۋەنلەپ ماڭىدۇ. بۇ تېبىبىي قانۇنىيەتنىڭ پۈتۈن تەستىقى قەۋزىيەت بىمارلىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئادەتتە ھۇرۇن ۋە كۆپ ئارام ئالىدىغان كىشىلەردە بولىدۇ. ئەمگەكچى، جاپاكەش كىشىلەردە بەزىدە بۇنىڭ شىكايىتى بولىدۇ.

ئىختىيارغا بېقىنىدىغان مۇسكۇللار تەرەتنىڭ چىقىرىشىغا چوڭ ئۈچەينىڭ قىسقىرىشىدىن باشقا قورساق ۋە نەپەس مۇسكۇلىمۇ ياردەملىشىدۇ. بۇ مۇسكۇللار ئۆز خىزمىتىنى ئادا قىلسا، قورساق بوشلۇقىنى تارايتىپ، بوغماق ئۈچەي ۋە تۈز ئۈچەيگە بېسىم پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چوڭ تەرەت چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇنىڭغا قورساقنىڭ نەپەس چىقىرىشنى ئادا قىلىدىغان مۇسكۇللىرى قوشۇلىدۇ. كېرىگەت، مەقئەتنى كۆتۈرگۈچى مۇسكۇل ۋە دوۋساقنىڭ قىسقارغۇچى مۇسكۇللىرىدا ئاجىزلاش پەيدا بولسا ئوچۇقكى قەۋزىيەت يۈز بېرىدۇ.

ئىچ سۈرۈش ۋە مۇسھىل دورىلار مۇسھىل دورىلارنى ئىشلىتىپ ئىچىنى سۈرگەندىن كېيىن قەۋزىيەت پەيدا بولىدۇ. يەنى مۇسھىل دورىلارنى ئىشلەتكەندە، ئۈچەي مۇسكۇللىرى كۈچلۈك دەم ئېلىشقا زۆرۈرىيەت چۈشكۈدەك ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال تولغاق ۋە ئىچى سۈرگەندە بولىدۇ، ئىچى سۈرۈشتىن كېيىن ئۈچەي بوشىشىپ ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئالامەتلىرى ۋە ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتى قەۋزىيەت بولغاندا سەل قاراپ، قەۋزىيەتنى يوقىتىشقا چارە قىلمىسا، ئىككى - تۆت كۈنگىچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋاقىتتىن كېيىن چوڭ تەرەت ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ. تۈز ئۈچەي قۇيۇق، قاتتىق ۋە يۇمىلاق توسالغۇلار بىلەن تولۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ رەڭگى ئادەتتە قارىغا مايىل بولىدۇ. بۇ توسالغۇلار بەزىدە ئايرىم - ئايرىم، بەزىدە بىرى ئىككىنچىسى بىلەن بىرلىشىپ جۇغلاشقان شەكىلدە كېلىدۇ، بەزىدە چوڭ تەرەت قىلىش سېزىمى بولىدۇ، بىمار شۇ مەقسەتتە ھاجەتكە ئولتۇرۇپ ئىنجىقلايدۇ. لېكىن دەسلەپتە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىكار بولىدۇ. ئاخىرىدا بىر قىسىم توسالغۇ قىيىنلىش بىلەن چىقىدۇ ۋە بىر نەچچە سائەتتە ئىككى - ئۈچ قېتىم مۇشۇنداق بولىدۇ، ھەتتا ئۈچەينىڭ تۆۋەنكى بۆلىكى خالىي بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچەي بىر مەزگىل خىزمەت قىلمايدۇ. قەۋزىيەت مەزگىلىدە بىمار ھەر خىل ناچار كەيپىياتلارغا دۇچار بولىدۇ.

يەرلىك ئورۇنلۇق ئالامەت ئۈچەينىڭ تۆۋەنكى بۆلىكى ۋە مەقئەتتە ئېغىرلىق مەلۇم بولىدۇ ياكى مەقئەتتە قىچىشىش سېزىمى بولىدۇ، بەزىدە تۈز ئۈچەي ۋە مەقئەتنىڭ كۆك قان تومۇرلىرى كۆپۈشىدۇ ۋە بوۋاسىرنىڭ ھالىتى پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە پاچاق ۋە يوتىدا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، چۈنكى داس بوشلۇقى ئىچىدىكى قويۇق تەرەتنىڭ بېسىمى نېرۋىلارغا چۈشىدۇ، قورساقتا ئادەتتىكىچە ئېسىلىش بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كېكىرىكمۇ كېلىدۇ. تىلىنى ئاققا مايىل ياكى سارغۇچ گەز باغلايدۇ، تىنىقىدا بەزىدە سېسىق پۇراق بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر قەۋزىيەت مەزگىلىدە ھارغىن، چېچىلاڭغۇ، مىجەزى چۈس ۋە ئىرادىسىز بولۇپ قالىدۇ. بەزى كىشىلەردە باش ئاغرىش، بېشى ئېغىر بولۇش، زېھنى تۆۋەنلەش كۆرۈلىدۇ.

يەنە باشقا نۇرغۇنلىغان ئەگەشمە كېسەللىكلەر بۇ سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇكى، قەۋزىيەتلىك ھالىتىدە غىزا ماددىلىرى نورمال ھەزىم بولۇشنىڭ ئورنىغا ھەر خىل بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ. بۇ سۈمۈرۈلۈپ نۇرغۇنلىغان يەرلىك ۋە ئومۇمىي بەدەنلىك ئاپەتلەرگە سەۋەبچى بولىدۇ.

ئەللامە نەفىيس قەۋزىيەت توغرىسىدا يازغانكى، بۇنىڭدا قاتتىق خەتەرلەر بولىدۇ. ئەگەر ئۈچەيدىن دەسلەپكى ھەزىمنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرى چىقىپ كەتمىسە، بۇ بۇزۇلۇپ جىگەر تەرەپكە بارىدۇ (سۈمۈرۈلۈپ كېتىدۇ).

بۇنىمۇ ئەستە ساقلاش لازىمكى، بىماردا قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى قايتا قايتا بولسا، ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى سېزىشى تۆۋەنلەيدۇ. ھالبۇكى، تەرەت كېلىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سېزىمى ئەسلىگە كېلىدۇ.

بۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش لازىمكى، تەبىئىي ھالەتلەردە چوڭ تەرەت بوغماق ئۈچەينىڭ «S» سىمان بۆلىكىدىن تۈز ئۈچەيگە يېتىپ بېرىپ، تېزدىن مەقئەت يولىدىن چىقىدۇ. لېكىن قەۋزىيەت ھالىتىدە (مەيلى ئۇ سېزىم قۇۋۋىتى يوقالغانلىقتىن ياكى ئۈچەي ئاجىزلىقتىن بولسۇن) بۇ چىقىرىندى ماددا تۈز ئۈچەيدە تۇرۇپ قالىدۇ ۋە بۇنىڭدىن تۈز ئۈچەي كېڭىيىپ، چىقىرىندى ماددىلارنىڭ جۇغلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك تۇرالغۇ ھازىرلىنىدۇ.

ئۈچەيدە توسالغۇلار قانداق شەكىللىنىدۇ؟ بوغماق ئۈچەيدە چوڭ تەرەت بىر مەزگىل تۇرۇپ قالسا، ئۇنىڭ كۆپىنچە ھۆللۈكى سۈمۈرۈلۈپ كەتكەنلىكتىن شەكىللىنىدۇ.

ئەگەر بۇ توسالغۇلار تۈز ئۈچەيگە جۇغلاشقان بولسا، بەزىدە ئاز مىقداردىكى چوڭ تەرەت ھۆللۈكى مەقئەتتىن چىقىدۇ ۋە بەزىدە ئۇ توسالغۇلار سەۋەبىدىن بەلغەمى ھۆللۈكلەرنىڭ سىرغىپ چىقىشى ئاشىدۇ، بۇنىڭ چىقىرىپ تاشلىنىشى ئىچ سۈرۈش شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ.

قەۋزىيەت سەۋەبىدىن بەزىدە بوغماق ئۈچەيدە نەزلىدىن بولغان ئىششىق ۋە چوڭ ئۈچەيدە

يارىمۇ (تەرەت يارىسى ۋە مەقئەت ئاقمىسى) كۆرۈلىدۇ. قەۋزىيەت ھالىتىدە بوغماق ئۈچەينىڭ ئاخىرىدا بەزىدە چىقىرىندى ماددىلار شۇنچىلىك توپلىنىدۇكى، قورساقنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىدە بىر چوڭ پۈلتايما شەكىللىنىدۇ، ئەگەر بارماق بىلەن باسسا چوڭ تەرەت تۇسالغۇسىنى روشەن ھالەتتە ھېس قىلغىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ ئورۇق ۋە قورساق ئورىغۇچى پەردىسى نېپىز كىشىلەردە شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئۈستىنى بارماق بىلەن كۈچەپ باسسا ئۇنىڭدا ئويمان پەيدا بولىدۇ. قەۋزىيەت سەۋەبىدىن جىگەرنىڭ خىزمىتى تەسىرگە ئۇچراپ بەدەندە قان ئازلىقى پەيدا بولىدۇ.

قەۋزىيەتتىن ئاشقازان شۇنچىلىك تەسىرگە ئۇچرايدۇكى، ئۇنىڭ پۈتۈن خىزمەتلىرى سۇسلىشىدۇ. ئىشتىھا تامامەن يوقىلىدۇ ھەمدە ھەزىم بۇزۇلىدۇ. قەۋزىيەت سەۋەبىدىن ئىنجىقلاش ۋە كۈچەش بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەزىدە سېرىقئەت يېرىلىش ياكى سوڭى (مەقئەتى) چىقىپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ (مەقئەت چىقىقى كۆرۈلىدۇ). قەۋزىيەتنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرىدە قۇلۇنجمۇ بولىدۇ.

بەزى كىشىلەردە قەۋزىيەتتىن نەپەسلىنىش تەسىرگە ئۇچرايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن نەپەس قىستاش پەيدا بولىدۇ. بولۇپمۇ كىچىك بالىلاردا مۇشۇنداق بولىدۇ.

داۋالاش قەۋزىيەتنىڭ ئىلاجىدا چارە - تەدبىر بىلەن تەرەت كەلسە دورا ئىشلەتمەسلىك لازىم. قەۋزىيەتنىڭ دەسلەپكى ھالەتلىرىدە چارە - تەدبىر بىلەن مەقسەت ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: تاماقنى ياخشىلاش بىلەن چوڭ تەرەت قىلىشقا بىر خاس ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. يېڭىدىن ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇلسا بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تەبىئەت بۇنىڭغا ئادەتلىنىدۇ. يەنى ئادەم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا چوڭ تەرەت قىلغۇسى كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن ھاجەتكە بېرىشى لازىم. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن بۇ ۋاقىتتا نورمال تەرەت قىلىش ئادىتى يېتىلىدۇ.

بىرلەمچى قەۋزىيەتتە ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك مۇسھىللارنى ئىستېمال قىلىش چەكلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدا يەڭگىل يۇمشاتقۇچىلارنى ۋە ياغلارنى ئىستېمال قىلىش مۇناسىپتۇر. بۇ كېچە - كۈندۈزدە تاماق ئورنىدا ئىستېمال قىلىنسۇن، مەسىلەن: بادام، بادام يېغى، قايماق، سېرىقماي، سۈت، كۆكتات، يېرىك تارتىلغان ئۇننىڭ نېنى ۋە كۈچۈلا قاتارلىقلار. كۈچۈلا ئۈچەي ۋە نېرۋىلارنى كۈچلەندۈرىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن ئۈچەيلەرنىڭ چىقىرىپ تاشلاش قۇۋۋىتى كۈچىيىدىغانلىقى ئۈچۈن بىرلەمچى قەۋزىيەتنىڭ بۇ ھالىتىگە مەخسۇس پايدىلىق ۋە ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ. قەۋزىيەت ئۈچەي ئاجىزلىقى، بىمارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە كەم قانلىق سەۋەبلىرىدىن بولىدۇ.

ئىككىلەمچى قەۋزىيەت ئۆتكۈر بولغاندا كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر مۇسھىللارنى بېرىشكە ئىجازەت

قىلىنىدۇ.

چېنىقىش ۋە ھەرىكەت: ئۈستىدە سۆزلىنىپ بولغانكى، شىكايەت ئادەتتە ھورۇن، بوشاڭ ۋە كۆپ ئولتۇرىدىغان ئادەملەردە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن قەۋزىيەت بىمارلىرى ياش ۋە قۇۋۋىتىگە مۇناسىپ چېنىقىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، مەسىلەن: پىيادە مېڭىش، يۈگۈرۈش، باغلار ۋە يېشىللىقلاردا ئايلىنىش، ئاتقا مىنىش، چېلىشىپ ئويناش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئويۇنلارغا قاتنىشىش لازىم. ۋالېبول، ۋاسكېتبول، پۇتبول قاتارلىقلارنى ئوينىغاندىمۇ جىسمانىي چېنىقىش بولىدۇ.

غىزانى ياخشىلاش قەۋزىيەت ھالىتىدە تاماق مىقدارىنى كېمەيتمەسلىك لازىم. غىزالار زىيادە قۇرۇق بولمىسۇن، يەنى ئۆزىمۇ ھۆل ھەم ھۆللەشتۈرگۈچى تەسىرىمۇ بولغان غىزالار بولسۇن. يۇقىرىدا سۆزلەنگەنكى، غىزادا نىشاستە ۋە گۆش تەركىبلىرى كۆپ بولسا، قەۋزىيەتكە سەۋەبچى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن قەۋزىيەت بىمارلىرىغا مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق بولسۇن كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى بېرىش ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

كۆكتاتلاردىن سېمىزئوت، پالەك، شۇمشا، چولائى، قىزىلچا، پىدىگەن، چامغۇر، سەۋزە، كۆك نوقۇت قاتارلىقلار ئەڭ ياخشىدۇر.

قاپاق، تەرئى، تەندى قاتارلىقلار قابىز ئەمەستۇر. كەرسىنە، ئەينۇلا، ماش، كەچىنال، پىدىگەن قاتارلىقلار يۇمشاتقۇچى بولماستىن تۇتۇش تەرەپكە مايىلدۇر.

مېۋىلەردىن ئام، ئەنجۈر، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن كۆك ئۈزۈم، ئەينۇلا، ئۈزۈم، نەشپۈت، قوغۇن قاتارلىقلار يۇمشاتقۇچىدۇر. ئارپا، ئالما، بېھى تۇتۇش تەرەپكە مايىلدۇر.

ئەگەر سۈت مىزاجىغا مۇۋاپىق بولسا، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا بادام يېغىدىن 3 ~ 12 گىرامغىچە قوشۇلسا، قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر.

بۇغداي ياكى گۈرۈچ: كۈندىلىك تاماقلىرىمىزدا بۇغداي ۋە گۈرۈچ ئاساس قىلىنىدۇ، بۇغدايدا گۈرۈچكە قارىغاندا نىشاستىنىڭ مىقدارى ئاز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈرۈچ قابىزلىقتا مەشھۇردۇر. بۇنىڭ راستلىقى ئىچ سۈرۈش ۋە تولغاق بىمارلىرىغا گۈرۈچ (كەچرى ياكى گۈرۈچ ئۇنى غىزاسى شەكلىدە) يېيىشكە كۆرسەتمە بېرىلگەنلىكىدۇر. بۇغداي ئۇنى قانچىلىك يىرىك بولسا ۋە ئۇنىڭ كېپىكى ئۇنىنىڭ ئىچىدە بولسا قەۋزىيەت ھالىتىگە شۇ قەدەر مەنپەئەتلىكتۇر. يۇمشاق تارتىلغان ئۇنىنىڭ نېنى نىسبەتەن ئېغىر بولىدۇ. يەنى ياغ ئارىلىشىشتىن ئۇنىڭدا ئېغىرلىق ئاشىدۇ. بۇ پەرق خاس گۈرۈچ ۋە قورۇلغان گۈرۈچنى يېگۈزۈش ۋە ھۆقنە قىلىشقا بولىدۇ. يەككە گۈرۈچ ئاسان ھەزىم بولىدۇ، قورۇلغان گۈرۈچ تەستە سىڭىدۇ.

دورىلار ئەگەر قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن دورىلاردىن ياردەم ئېلىشنىڭ زۆرۈرىتى

بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسپىغۇل، بادام يېغى ۋە ئابدىمىلىك يېغى ياخشىراقتۇر.

كەچتە 9 ~ 12 گىرامغىچە ئىسپىغۇلنى ساپ سۇ ياكى سۈت (ئىلمان ھالەتتە) بىلەن يېگۈزۈش، بادام يېغى ۋە ئابدىمىلىك يېغىنى مىزاجغا قاراپ 3 ~ 12 گىرامغىچە ياكى زۆرۈر بولغاندا بۇنىڭدىن كۆپ مىقداردا سۈتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم. بەزى كىشىلەر بۇنداق ياغلارنى كۆڭلى ئېلىشمايلا ئىچىۋالىدۇ.

بوۋاسىر

بۇقرات بوۋاسىرنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرىدۇ: بوۋاسىر ئاخىرقى ئۈچەي (تۈز ئۈچەي) ئىچكى شىللىق پەردىسىنىڭ قان تومۇر ئۆسمىسىدۇر. يەنى مەقئەت ھالقىسى ۋە تۈز ئۈچەينىڭ تۆۋەنكى بۆلىكى (بىر ئىككى قىراتقىچە) نىڭ ۋېنالىرى، پاچاق ۋېنالىرىنىڭ ئەگرى - بۈگرى كۆپۈشىگە ئوخشاش كۆپۈپ قالىدۇ.

نېمە ئۈچۈن بۇ ھالەت ئۈچەينىڭ باشقا بۆلەكلىرىدە پەيدا بولماي، تۈز ئۈچەينىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىدىلا يۈز بېرىدۇ؟

بۇنىڭ بىر سەۋەبى، بۇ ئورۇندا ۋېنا تومۇرلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى ۋە بۆلۈنۈشى ئۈچەينىڭ باشقا بۆلەكلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ ھەم بۇ يەرگە كەلگەندە چوڭ تەرەت قۇرغاقلىقتىن تۈز ئۈچەيگە بېسىم چۈشۈرىدۇ.

لېكىن سەمەرقەندى بوۋاسىرنىڭ ماھىيىتىنى مۇنداق بايان قىلغان: بوۋاسىر بىر تۈردىكى ئۆسمىدۇر. بۇ، مەقئەت تومۇرلىرىنىڭ ئېغىزىدا قويۇق سەۋداۋى قاندىن پەيدا بولىدۇ، يەنى بۇ گۆش ياكى مونچاق گۆش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

مونچاق گۆش: بۇ، سۇنغان سۆڭەك ياكى كۆمۈرچەك ياكى زەخىم ئۈستىدە پەيدا بولىدىغان ئۆسمىگە ئېيتىلىدۇ. بۇنى ئوردۇ تىلىدا «تۈگۈنچە» دەپ ئاتايدۇ.

بوۋاسىر مۇنەككىچىلىرىنىڭ سەۋداۋى ماددىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى بوۋاسىر مۇنەككىچىلىرىنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرىنىڭ رەڭگى بىلەن ياكى قارىلىقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بىلەن ياكى ئازراق قارىلىق ئارىلاشقان بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

بوۋاسىرنىڭ بۆلۈنۈشى: بوۋاسىر تۈگۈنچىلىرى شەكلى، قاناش - قانىماسلىقى، ئورۇن ئېتىبارى بىلەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. شەكىل ئېتىبارى بىلەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) سۆگەلسىمان بوۋاسىر   بۇ ئەدەس ۋە نوقۇتقا ئوخشاش بولىدۇ. بۇ كىچىك، قاتتىق سۆگەلگە ئوخشايدۇ.

(2) ئۈزۈمسىمان بوۋاسىر   بۇ كەڭ، يۇمىلاق بولۇپ، بېشى يېشىل بولىدۇ ۋە توق قىزىل رەڭلىك ئۈزۈمگە ئوخشايدۇ.

(3) ئۈجمىسىمان بوۋاسىر   بۇ يۇمشاق بولۇپ، يېشىل رەڭلىك ئۈجمە شەكلىدە بولىدۇ. بۇنىڭ بىر يۇمىلاق ئۇرۇقسىمان بېشى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋى تەرىپى ئىنچىكە كېلىدۇ.

بوۋاسىر قاناش ياكى قانىماسلىق ئېتىبارى بىلەن ھەربىرى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) قانىمايدىغان بوۋاسىر   بۇنىڭدىن ئازراقمۇ قان چىقمايدۇ.

(2) قانايدىغان بوۋاسىر   بۇنىڭدا ئاغرىق بولۇش ياكى بولماسلىق بىلەن ئاز مىقداردا قان چىقىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بوۋاسىر تۈگۈنچىسى بەزىدە مەقئەت ھالقىسىنىڭ سىرتىدا، بەزىدە ئىچىدە بولىدۇ. ئەگەر ئىچكى تەرەپتە بولسا، ئۇنى داۋالاش ئىنتايىن تەس. بوۋاسىرنىڭ ھەربىر تۈرىنى داۋالاش ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

1. تاشقى بوۋاسىر: بۇ، مەقئەت ھالقىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، بەدەن تېرىسىگە يېقىن بولىدۇ.

2. ئىچكى بوۋاسىر: بۇ، تۈز ئۈچەينىڭ ئىچكى بۆلىكىدە (ئاستىدىن بىر - ئىككى قىراتقىچە) بولىدۇ. كۆپىنچە ھالەتلەردە بۇ ئىككى ئورۇندا تۈگۈنچە مەۋجۇت بولىدۇ.

ئىچكى بوۋاسىر تۈگۈنچىسى ھەر خىل شەكىل ۋە ھالەتتە بولىدۇ، يەنى يۇمىلاق، ئۇزۇنچاق، ياپىلاق، بېسىلغان، ئېنىقلىغىلى بولمايدىغان ۋە كۆپكەن ھالەتلەردە بولىدۇ. يەنى بەزىسىنىڭ يىلتىزى كېڭەيگەن، بەزىسىنىڭ تارايغان (بويۇنغا ئوخشاش) بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىنى شىللىق پەردە ئوراپ تۇرىدۇ. ئىچىدە كۆپۈشكەن ۋېنا تومۇرلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان قان تومۇر تورلىرى ھەم بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىلار كۆپ تېپىلىدۇ. بۇ دەسلەپتە ناھايىتى يۇمشاق بولۇپ، باسقاندا بېسىلىپ قاناش بولمايدۇ، لېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما (تارىمۇش) كۆپىيىپ كېتىدۇ ۋە بىردىن ئىككىگىچە كىچىك قىزىل قان تومۇرنىڭ بوۋاسىر تۈگۈنچىسىگە تارقالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

تاشقى بوۋاسىر تۈگۈنچىسى مەقئەت ھالقىسى ئۈستىدە بولىدۇ ۋە ئۇنى مەقئەت ھالقىسىنىڭ تېرىسى ئوراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ۋېنا تومۇرى كۆپۈشكەن ھالەتتە بولىدۇ، بۇنىڭ ئەتراپىدىكى تېرە ئاستى توقۇلمىسى چوڭايغان بولىدۇ. بۇ ھەمىشە ئىچكى بوۋاسىردىن كېيىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن قان چىقمايدۇ، لېكىن ئاغرىق قاتتىق بولىدۇ.

بۇ توقۇلمىغا ئاخىرقى مەزگىلدە قان تومۇر تەركىبلىرى كۆپ مىقداردا توپلىنىدۇ. بوۋاسىر

تۈگۈنچىلىرى ئۈستىدە تېرىنىڭ ئۇزۇنچاق تارىمۇشلىرىمۇ تېپىلىدۇ. بۇ، مەقئەت ھالقىسىدىن سىرتىغا چىققان بولىدۇ. بۇ تارىمۇشنىڭ رەڭگى قارامتۇل ياكى سېرىق رەڭگە مايىل بولىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى بولسا يۇقىرىدا سۆزلىنىپ بولدى، ئەگەر بىرەر سەۋەبتىن مەقئەت كۆك تومۇرلىرىغا ئۈستىلەپ بېسىم چۈشكەن بولسا، قاننىڭ ئايلىنىشىدا توسالغۇ پەيدا بولىدۇ ھەمدە بۇ كۆك تومۇرلار قان بىلەن تولۇپ كېڭىيىدۇ، چۈشىدىغان بېسىمنىڭ شەكىللىرى ھەر خىل بولىدۇ، قۇرغاق چوڭ تەرەت قىلىش بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. مەسىلەن: دائىم قەۋزىيەت بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ سەۋەبلەرمۇ قوشۇمچە بولىدۇ. بۇ ئۈچەيلەردە غىدىقلىنىش ۋە كۆيۈشۈش سېزىمى پەيدا قىلىپ، كۆك قان تومۇرلارنى كېڭەيتىدۇ. تۆۋەندە بۇ ئىككى تۈرنىڭ سەۋەبى سۆزلىنىدۇ. مەسىلەن: ھۇرۇنلۇق ۋە بوشاڭلىقتا تۇرمۇش ئۆتكۈزمەك، يەنى جىسمانىي ئەمگەك ۋە مۇناسىپ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق ياكى ھەمىشە ئولتۇرۇپ قىلىدىغان كەسىپلەر. تۈز ئۈچەيدىكى يارا سەۋەبىدىن مەقئەت دائىم غىدىقلىنىش، گۆشنى كۆپ يېيىش، قىزىلمۇچ ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، كۆپ شاراب ئىچىش، قۇرۇق ئۈزۈم، ئەدەس، پىدىگەن، كۈنجۈت قاتارلىقلارنى، شۇنداقلا كۈچلۈك سۈرگە دورىلىرىنى كۆپ ئىشلىتىش، جىگەر خىزمەتلىرىنىڭ ئاجىزلىقى، ھامىلدارلىق كۈنلىرىدە بالىياتقۇ بېسىمىنىڭ ئۈچەيگە يېتىپ بېرىشى، مەزى بېزىنىڭ چوڭىيىشى (ياشانغان كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ)، دوۋساق تېشى بېسىمىنىڭ ئۈچەيگە يېتىپ بېرىشى، سوغۇق ۋە ھۆل تاشلاردا ئولتۇرۇش، باشقا ياخشى ۋە يامان سۈپەتلىك ئۆسمە قاتارلىقلار.

بۇ كېسەللىك ياشلارغا قارىغاندا ئوتتۇرا ياشلىقلاردا كۆپرەك پەيدا بولىدۇ ۋە ئىسسىق بەلباغدىكى دۆلەتلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئالامىتى تاشقى بوۋاسىر: ئادەتتە بۇ تۈگۈنچە بوشاشقان ھالەتتە بولىدۇ. بەزىدە بۇ ئورۇندا ئاغرىقتىن باشقا بەزىدە ئازراق قىچىشىش بولىدۇ، چوڭ تەرەت قىلغاندىن كېيىن ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن بوۋاسىر تۈگۈنچىسى بار ئورۇن ئېغىر مەلۇم بولىدۇ ھەم بۇنىڭدا قىچىشقاندەك سېزىم بولىدۇ، لېكىن بۇ تۈگۈنچە يەرلىك ئورۇنلۇق قىچىشىش ۋە كۆيۈشۈش ھەم سوغۇقتىن ئىششىش ئۈچۈن ناھايىتى بەك تەييار تۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قان تولىدۇ، كۆكلۈك بولىدۇ ۋە تارتىشىدۇ. مەقئەتتە قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە ناھايىتى نازۇك ۋە سەزگۈرلۈكى ئاشقان بولىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىمار ماڭالمايدۇ ۋە ئولتۇرالمايدۇ، بۇ ۋاقىتتا تۈگۈنچە ئىچىدىكى كۆك قان تومۇر ئۇيۇغان قان بىلەن تولۇپ كېڭىيىدۇ. مۇناسىپ داۋالاش بىلەن بۇ ئىششىق بىر نەچچە كۈندە يوقىلىپ، ئومۇمەن بىر كىچىك مۇنەكچە قېپقالىدۇ، بۇنى ئىلگىرىكىگە

سېلىشتۇرغاندا زىيادە قېلىن ۋە قاتتىق بولىدۇ. چۈنكى بوۋاسىر تۈگۈنچىسى قايتقاندا مۇنەكچە ئىچىدە تالالىق توقۇلما پەيدا بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ھالەت تەكرار يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولسا، ئاقىۋەتتە مەقئەت ھالقىسى قورۇلۇپ تارىيىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا تۈگۈنچىلەرنىڭ داۋامىي يارىلىنىش بىلەن يامان سۈپەتلىك ئۆسمە (راك كېسىلى) پەيدا بولىدۇ.

ئىچكى بوۋاسىر قان ئاقمىغىچە ئادەتتە ئىچكى بوۋاسىرنىڭ ئالامەتلىرى كۆپ ئاشكارا بولمايدۇ. لېكىن مەقئەت ئەتراپىدا ئومۇمەن ئېغىرلىق ۋە تولۇپ قالغاندەك سېزىم بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەزىدە ئاغرىقمۇ بولىدۇ. بۇ ئاغرىق تەرەت قىلىشتىن بۇرۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچىيىدۇ، بىمارغا ئۈچەيدە بىرەر يات نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك سېزىلىدۇ. بۇ تۈگۈنچە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەقئەت سىرتىغا چىقىدۇ ھەمدە ئاغرىقنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. ھەتتا بۇ ئاغرىق بوۋاسىر مۇنەكچىسى قايتا ئىچىگە كىرگىچە داۋاملىشىدۇ، ئاندىن ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن قان ئېقىش ئاشكارا بولىدۇ. بۇ دەسلەپتە چوڭ تەرەتتىن كېيىن بىر نەچچە تامچە تامىدۇ. لېكىن بىرقانچە كۈندىن كېيىن قاناش مىقدارى بەدەندە قان ئازلىق ئالامىتى ئاشكارا سېزىلگۈدەك ئاشىدۇ. ئاندىن كېيىن ئەگەر مۇناسىپ داۋالاش ۋە چارە قىلىنمىسا ئاغرىق ۋە بىئاراملىق كۈچىيىدۇ، قان ئارىلاش ئۈچەي تىۋىتچىلىرى تۈز ئۈچەيدىن چوڭ تەرەت بىلەن ئارىلىشىپ چىقىدۇ. ئەتراپتىكى ئەزالار بۇ غىدىقلىنىش ۋە قوزغىلىشتىن تەسىرگە ئۇچرايدۇ ھەمدە ئاغرىق ۋە قاناشنىڭ كۆپلۈكىدىن نېرۋا ئاجىزلايدۇ. ئەگەر جىگەر دەرۋازىسى بېسىلىش سەۋەبىدىن بوۋاسىر پەيدا بولغان (بۇ جىگەر يىگلەشتە كۆرۈلىدۇ) بولسا، بوۋاسىر قېنىنىڭ پەيدا بولۇشى بەدەننىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ ھەمدە بۇ ھالەتتە قاننى تېز توختىتىش مۇناسىپ ئەمەس.

بەزى چاغدا قاتتىق ئاغرىق سەۋەبىدىن بىمار تەرەت قىلالمايدۇ ۋە تەرەت قىلىش بىلەن ئاغرىقمۇ كۈچىيىدۇ. بەزى چاغدا تۈگۈنچە مەقئەتكە كىرەلمىگۈدەك ئىششىيدۇ، بۇ چاغدا بەك قاتتىق ئاغرىيدۇ، بۇ بەزىدە قۇرۇپ چۈشۈپ كېتىدۇ.

قان بەزىدە چوڭ تەرەتتىن كېيىن تامچىلاپ كېلىدۇ ۋە بەزىدە چوڭ تەرەتكە ئارىلىشىپ چىقىدۇ. بەزىدە قان كۆپلەپ چىقىپ ھوشىدىنمۇ كېتىدۇ.

بوۋاسىردا ئومۇمەن ئىشتىھا يوقىلىدۇ ۋە ھەزىم بۇزۇلىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى تاشقى بوۋاسىر: بۇنىڭدا ئەگەر تۈگۈنچىلەر ئىششىمىغان بولسا ئۇنى داۋالاش ناھايىتى ئاددىيدۇر، يەنى قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق ۋە كېسەللەنگەن ئورۇننى پاكىز تۇتۇش، بەزىدە بىرەر ئاددىي مەلھەملەرنى (ياكى قىرۇتنى) چېپىش ھەم ئۇ ئورۇننىڭ غىدىقلىنىشىدىن ساقلىنىش لازىم. سىرتقى بوۋاسىرنىڭ ئاددىي ھالەتلىرىدە ئومۇمەن تۈگۈنچىلەرنى كېسىپ تاشلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

لېكىن تۈگۈنچىلەردە ئىششىق پەيدا بولسا، ياكى ئۇنىڭ ئىچىدە قان ئۇيۇپ قالسا بىمارنى ئارام ئالدۇرۇپ ھۆقنىلەر بىلەن ئۈچەيلەر تازىلىنىدۇ. يەنى ھۆقنىنىڭ سۈيىنى يېتەرلىك قىلىپ، ئىسسىق ھالەتتە يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر تۈگۈنچىلەردە ئاغرىق ۋە تارتىشىش قاتتىق بولسا، بوۋاسىر تۈگۈنچىسىگە نەشتەر ئۇرۇلىدۇ.

ئىچكى بوۋاسىر: ئىچكى بوۋاسىرنى داۋالاش ئىچكى، تاشقى تەرەپتىن داۋالاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىچكى تەرەپتىن داۋالاش تۈز ئۈچەينىڭ كۆك قان تومۇرى ئىچىدە قان ئۇيۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەرنى مۇمكىنقەدەر يوقىتىش، يەنى قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق ۋە جىگەرنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرىش. بۇ مەقسەت ئۈچۈن يەڭگىل يۇمشاتقۇچى دورىلار (غىدىقلىنىشقا سەۋەبچى بولمايدىغان دورىلار) ئەڭ ياخشىدۇر، مەسىلەن: ئىسپىغۇل، ئابدىمىلىك يېغى، بادام يېغى قاتارلىقلار.

بەزىدە ئاز مىقداردا سانا ۋە گۈڭگۈرت سېرىقى ئىشلىتىشكىمۇ يول قويۇلىدۇ، لېكىن مۇمكىنقەدەر سانا ئىشلىتىشتىن، شۇنىڭدەك سەبرە ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ كېسەللىكتە غىزالىنىشتا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىپ، مۇمكىنقەدەر ئاددىي ۋە يۇمشاتقۇچى غىزالار بېرىلىدۇ، مۇچ تەركىبلىك تەم تەڭشىگۈچىلەر ئىمكانقەدەر ئاز بېرىلىدۇ، كۆپىنچە ئوتياش ۋە كۆكتاتلار پايدىلىق بولىدۇ. بېلىق ۋە گۆشتىن ئامالنىڭ بارىچە ساقلىنىپ، ھاراق ۋە كاۋاپنى قەتئىي بەرمەسلىك، ساپ ھاۋادا مۇناسىپ بەدەن چېنىقتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش، بەدەن چېنىقتۇرۇشنى بىمارنىڭ كۈچى بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك قىلىش، مەسىلەن: سەيلە قىلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش ياكى بىرەر چېنىقىش ئويۇنلىرى قاتارلىقلار. ئەگەر ھامىلدارلىق سەۋەبىدىن بوۋاسىر پەيدا بولغان بولسا، ھامىلدارلىق مەزگىلىدە قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، يەنى ئۈچەيلەرنىڭ خىزمىتىنى نورماللاشتۇرۇشتىن باشقا بىرەر چارە قىلماسلىق لازىم.

يەرلىك ئورۇنلۇق داۋالاش كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پەقەت ئالامەتنى يەڭگىللىتىش ۋە پەسەيتىش ئۈچۈن چارە قىلىنىدۇ. بۇ كېسەللىكنى مۇكەممەل داۋالىغىلى بولمايدۇ. كېسەللەنگەن ئورۇننى غىدىقلىنىشتىن ۋە سوغۇق تېگىشتىن ساقلاش، چوڭ تەرەت كەلگەندىن كېيىن بىرەر غىدىقلىغۇچى نەرسە ئىشلەتمەسلىك، ئەگەر بوۋاسىر تۈگۈنچىسى سىرتقا چىقىپ قالغان بولسا، سوغۇق سۇ ئىشلەتكەندىن كېيىن سىلىق ۋاقتىدا ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىش. بۇ ھالەتتە بەزىدە ئاغرىق پەسەيتكۈچى ۋە تۇتقۇچى تەركىبلەرنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلھەملەردىن، كافۇر، ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجى، پوستى خەشخاش، ئىسپىغۇل لۇئابى،

كەندىر يېغى، كەندىر يوپۇرمىقى، نىب (بىر خىل يوپۇرمىقى ئاچچىق بولغان دەرەخ) يېغى ۋە يوپۇرمىقى، كۆك ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقى سۈيى، كۆك كەكروندە يوپۇرمىقى سۈيى، ئۇپا، مەدەستان (ئاغرىق پەسەيتىدۇ)، موزا، رۇسۇت، قۇستە (قان توختىتىدۇ) قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. مەلھەملەر ئاغرىق توختىتىشتىن باشقا قاناشنىمۇ توختىتىدۇ.

داۋالاش بوۋاسىرنىڭ ھەربىر تۈرلىرىدە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، بەدەندە قان كۆپ ۋە بەدەن كۈچلۈك بولغان شەرت ئاستىدا. ياخشى ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى غىزالاردىن نورمال قان پەيدا بولىدۇ. قان ياخشىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، شورپا بىلەن سېمىز توخۇ گۆشلىرى بېرىلىدۇ.

ئاندىن ئاس يوپۇرمىقى، مەجنۇنتال گۈلى، قەمەئى، پوستى بىخ كەبىر، مۇر، شەھمەنزەل ئۇرۇقى، يىلان تېرىسى ۋە مۇقەل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئايرىم ئايرىم ياكى ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ تۆگە مايىقى چوغىدا كۆيدۈرۈپ، تاغارنىڭ ئوتتۇرىسىنى تېشىپ، تېشىلگەن ئورۇنغا مەقئەتنى ئۇدۇللاپ ئولتۇرغۇزۇپ بوۋاسىر ئىسرىقلىنىدۇ. بۇ چارىنى داۋاملاشتۇرغاندا بوۋاسىر تۈگۈنچىسى ئاز ۋاقىتتا يىگىلەپ چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ چارە ئاغرىق ۋە ئەزىيەت كۈچلۈك بولمىغان ۋە بىر مەزگىلگىچە ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدۇ.

لېكىن تۈگۈنچە قان بىلەن تولغان، تۈگۈنچىدە ئاغرىق بولغان ۋە قاناش بولمىغان بولسا، شامچە ياساپ مەقئەتكە كىرگۈزۈش مۇناسىپتۇر. بۇلاردىن قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدۇ ۋە قان ئاقىدۇ. مەسىلەن: پىياز سۈيى، ئەركەك كالا ئۆتى، ئۆشنان يىلتىزى قاتارلىق. لېكىن بۇلاردىن بۇرۇن بۇنى يۇمشىتىش مەقسىتىدە ھامامغا كىرگۈزۈش، شاپتۇل مېغىزى يېغى، كالا پاچىقى يىلىكى، تۆگىنىڭ لوكا يېغىنى سۈركەش لازىم.

مەقئەتتە ئىششىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاغرىق پەسەيتكۈچى زىماتلارنى كۈچ يوقلىپ كەتمىگىچە ۋە بوۋاسىر ئاغرىقى ئاجىزلىغىچە چېپىلىدۇ. بوۋاسىر ئاغرىقى توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ زىمات ئىكلىلىملىك، ئاق لەيلى، ئەپيۇن، زەپەر، زىغىر، تۇخۇم سېرىقى، توخۇ يېغى، مۇقەل، مىئەسائىلە، كالا پاچىقى يىلىكى، تۆگە لوكىسى يېغى ۋە پىياز قاتارلىقلارنى سېرىقمايغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان بولسۇن.

ياكى مەلھىمى ئىسپىداج (مەلھىمى سەفىدە) چېپىلىدۇ. بۇ، قەلەي ئۇپىسى، ئاق موم ۋە گۈل يېغىدىن تەييارلىنىدۇ. بۇ چارىلەر ھارارەت زىيادە بولغان ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر قانلىق بوۋاسىر بولسا ھەمدە قان ئېقىۋاتقان بولسا قاننى توختاتماسلىق لازىم. ئەگەر قان كۆپلەپ چىقسا، بۇ قان سۈيۈق بولسا ھەمدە توختىمىغان بولسا، شۇنداقلا قىزىل، سۇزۇك ۋە قارا رەڭلىك بولمىسا، بىمار ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا قۇرسى كەھرىۋا، ھەببى مۇقەل قابىز ۋە

مەجۇنى خۇبسۇلھەدىد يېگۈزۈش ۋە شىيافى كوھلىنى مەقئەتكە ھەمەل قىلىش لازىم.

مۇكەممەل داۋالاش (1)   بوۋاسىرنى دەستىكار قىلىپ كېسىپ تاشلاش ئەڭ مۇكەممەل داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر ئۆتكۈر يېگۈچى دورا (ئۆتكۈر ۋە كەسكۈچى دورا)، مەسىلەن: دىگ بەر دىگ، پەلدىپىيۇن، زەرنىخ قاتارلىقلار بوۋاسىر مۇنەكچىسى چۈشۈپ كەتكۈچە چېپىلىدۇ.

تۈگۈنچىلەرنى سىرتقا چىقىرىش   بۇ تۈگۈنچە ئىچىدە بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا دەستىكار قىلىش ۋە باشقىلار ئۈچۈن مەقئەتنى تاكى تۈگۈنچە سىرتقا چىققۇچىلىك تەتۈر ئۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ ۋە تەتۈر ئۆرۈلىدۇ. بۇ ئۆرۈش ئۇسۇلى، مەقئەت قورىغۇچى مۇسكۇللىرى ئىككى باش بارماقنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كېرىلىدۇ، ھەتتاكى بۇ كۈچسىزلىنىپ بوشاپ قالىدۇ، ئەگەر بۇ مۇسكۇللار بوشاشسا مەقئەت ئۆزلۈكىدىن سىرتىغا چىقىدۇ.

بۇ مەقسەت ئۈچۈن مەقئەتنى ئاچقۇچى سايمانمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئاچقۇچى سايمان بىلەن مەقئەت تەتۈر ئۆرۈلىدۇ ۋە تۈگۈنچە سىرتقا چىقىرىلىدۇ.

شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش لازىمكى، دەستىكار قىلىش داۋامىدا ۋە گۆش يېگۈچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە، بەزى ۋاقىتلاردا ھەر خىل تاسادىپىيلىقلار، چوڭ تىپتىكى ئىششىقلار ۋە ئاغرىقلار يۈز بېرىدۇ، بۇ ئەسلىي كېسەللىكتىن زىيادە قورقۇنچلۇق بولۇپ، خەتەرلىك ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىدۇ.

مۇكەممەل داۋالاش (2)   بۇ خىل داۋالاش يۇقىرىقى چارىلەر كار قىلمىغاندا، ئاغرىق ۋە قاناش ئۆتكۈر بولغاندا ھەم تۈگۈنچە چوڭ بولغان ئەھۋاللاردا قوللىنىلىدۇ. لېكىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا دەستىكار قىلىش چەكلەنگەندۇر. بۇ خىل ئۇسۇلنى ئەگەر تۈز ئۈچەيدە بىرەر چوڭ كېسەللىك بولۇش، مەسىلەن: راك قاتارلىق ئەھۋاللاردا، بوۋاسىر جىگەر ياكى يۈرەكنىڭ بىرەر كېسەللىكى سەۋەبىدىن ياكى بەزى قوشنا ئەزالارنىڭ بېسىشى، مەسىلەن: بالىياتقۇ ئىششىقى، ھامىلدار بولۇش، مەزى بېزى چوڭىيىش ياكى بىرەر يەرلىك ئورۇنلۇق ئۆسمە ۋە ئىششىق بولغان ئەھۋاللاردا قوللىنىشقا بولمايدۇ.

بوۋاسىرنى دەستىكار قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى:

1. تۈگۈنچىنى كېسىپ داغلاش.
2. تۈگۈنچە يىلتىزىنى ئېھتىيات بىلەن باغلاش. باغلاشتىن كېيىن تۈگۈنچە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن يەرلىك ئورۇنلۇق يارا داۋالىنىدۇ.
3. تۈگۈنچىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن زەخىملەنگەن ئورۇننى تىكىش ۋە مۇناسىپ داۋالاشلار قوللىنىلىدۇ، يەنى داۋالاشنىڭ بىر نەچچە خىل ئۇسۇللىرى بولىدۇ.

4. تۈگۈنچىلەرنى ئۆتكۈر ۋە گۆش يېگۈچى دورىلار ئارقىلىق ئېھتىيات بىلەن چۈشۈرۈش، بۇنىڭدا كۆپىنچە تۈگۈنچىلەرنىڭ يىلتىزى كۆپىنچە باغلىنىدۇ.

5. بەزى تۈگۈنچىلەر ئىچىگە شۇنداق دورىلار يەتكۈزۈلىدۇكى، ئىچىدىكى قان ئۇيۇپ قالىدۇ، شۇنىڭدەك تۈگۈنچە قۇرۇپ يىگىلەيدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش: بوۋاسىرغا ئادەتتە بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ:

رۇسۇت ۋە مۇقەلدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ ئىككىسىنى ئېزىپ، ئۇلارنى يەتتە گىرام مەجۇنى مۇقەلگە قوشۇپ ئاۋۋال يېگۈزۈلىدۇ. ئۈستىدىن يەتتە گىرامبەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم، توققۇز گىرام رۇمبەدىيان، بەش گىرام سېرىق ئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە بىلەن قوشۇپ ئىسپىغۇل سېپىپ ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككى بەرەنج كەچتە مىرگانىگ تۈزىنى يەتتە گىرام مەجۇنى مۇقەل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەرقى بەدىيان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. كەچتە قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن يەتتە گىرام ئىترىفىل مۇقەل قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى تاماقتىن كېيىن تۆۋەندىكى ھەبنى تەييارلاپ، ئىككى دانىسى سوغۇق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ھەب نۇسخىسى نىم (بىر خىل يوپۇرمىقى ئاچچىق دەرەخ) ئۇرۇقى مېغىزى، بەكايىن ئۇرۇقى مېغىزى، كۇدە ئۇرۇقى، رۇسۇت، مۇقەل، قارىمۇچ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى سوقۇپ كەكروندە سۇيىدە يۇغۇرۇپ، ياۋا ئارپا چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر بوۋاسىر قاناپ، ئۇنى توختىتىشقا توغرا كەلسە قىزىل سېغىز، سەنگى جاراھەت، قوم كەھرىۋا، بىخ مارجان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، ئېزىپ 24 گىرام ئانار شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئاۋۋال يالىتىپ، ئاندىن بېھى ئۇرۇقى، ئاق لەيلى، ئەنجبار يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سۇغا چىلاپ، لۇئابى ۋە شىرىسىنى چىقىرىپ 24 گىرام ئانار شەربىتىگە قوشۇپ ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن سۇيۇق كافۇردىن بىر يۇتۇم سۇغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

كۆيۈشنى يوقىتىش ۋە ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن پەقەت رۇسۇتنى گۈلابتا سۈرۈپ ياكى خېنە يوپۇرمىقىنى ئېزىپ ياكى ئەپيۈن ياكى رۇسۇتتىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ چېپىش ياكى 12 گىرام كەندىر يوپۇرمىقىنى سۈتتە قاينىتىپ مەقئەتنى ھورلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ پىسەپلىرىنى ئېزىپ قۇرس تەييارلاپ ھەم ئۇنى مەقئەتكە قويۇپ ئوبدان باغلىنىدۇ. ئەگەر قان توختىسا بۇ نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ: رۇسۇت ۋە مۇقەلدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، جاۋارىش جالىنۇس بىلەن قوشۇپ يېگۈزۈش، ئارقىدىن تۆت گىرام ئاق لەيلى، يەتتە گىرام

بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم، بەش گىرام سېرىق ئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئەرقى بەدىيان 48 گىرام، ئەرقى سەۋزە، ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدمۇشكى ھەربىرى 24 گىرامدىن قاتارلىقلارغا چىلاپ، شىرىسى ۋە لوئابىنى چىقىرىپ، 48 گىرام گۈلقەنت قوشۇپ ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە تاماقتىن كېيىن يۇقىرىقى ھەب يېگۈزۈلىدۇ ۋە مەلھىمى سائىدە چوپ نىم تۈگۈنچىلەر ئۈستىگە چېپىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز بۇۋاسىر كېسىلى ئۈچۈن زىيادە قۇرۇقلۇق ۋە قابىزلىق بولمىغان غىزالارنى ھەم ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورىلار ناھايىتى ئاز سېلىنغان ۋە ئاچچىق بولمىغان غىزالار يېگۈزۈلىدۇ.

بۇنىڭغا كۆكتات ئىشلىتىش گۆشتىن ياخشىدۇر. بەدەن ئاجىزلىغان ۋاقىتتا، قۇۋۋەتلىك غىزالاردىن چالا پىشۇرۇلغان توخۇم سېرىقى، توخۇ شورپىسى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئېغىر، يەللىك غىزالار، كالا، سۇ كالىسى ۋە بۇغا گۆشى، پىدىگەن، شۇمشا، پىياز، سامساق، ئەدەس، ئۈزۈم، قۇرۇق خورما، خام سەي، كاۋاپ، ھاراق، قۇرۇتۇلغان بېلىق، قۇرۇتۇلغان گۆش، قۇرۇق پەنىر ···قاتارلىق نەرسىلەرنى كېسەللىك ياخشىلانغىچە ئىستېمال قىلىشتىن مۇمكىنقەدەر ساقلىنىش لازىم.

كۆرسەتمە بۇۋاسىر بىمارلىرى نەمخۇش ۋە سوغۇق ئورۇندا شۇنداقلا يۇمشاق، پىلاستىك ئورۇندا ئولتۇرماسلىق، ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئادەتتىكى كارىۋات ياكى سۆگەتتىن ياسالغان ئورۇندۇق پايدىلىق.

بىمار ھاجەت قىلغاندا مەقئەتكە سوغۇق تېگىشتىن ساقلىنىش، ساپ ھاۋادا چېنىقىپ تۇرۇش زۆرۈردۇر.

يەنە پىيادە مېڭىپ ھاۋا يېيىشمۇ پايدىلىق. كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن تەرەت قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئازراق يېتىۋېلىش، بەزى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەنلەر ئېيتقانكى، تەرەت قىلىشتىن بۇرۇن سوغۇق سۇ بىلەن ھۆقنە قىلىش ۋە تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن سوغۇق سۇدا ئىستىنجا قىلىش پايدىلىق.

يېگۈچى دورىنى ئىشلىتىشنىڭ ئۇسۇلى: بىرەر گۈل يېغى چۈشمىگەن چاپلاشقاق مەلھەمنى تۇخۇم ئىچكى پەردىسىگە سۈركەپ ۋە بىرئاز يېگۈچى دورىنى بۇنىڭغا سېپىپ بۇۋاسىر تۈگۈنچىسى ئۈستىگە ئېھتىيات بىلەن چاپلاش، بۇ يېگۈچى دورىلارنى باشقا ئورۇنغا تەگكۈزمەسلىك، بۇ دورىنى 24 سائەتكىچە تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇۋېتىش، يېگۈچى دورىلارنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن كالىنىڭ كونا سېرىقمېيىنى سۈركەش، كەرنۇب يوپۇرمىقىنى پىشۇرۇپ تېڭىش، ئاغرىق پەسىيىپ ۋە ئىششىق قايتقاندىن

كېيىن قايتا مۇشۇ دورىنى تۆگۈنچە چۈشۈپ كەتكۈچە قائىدە بويىچە چېپىش. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەدەس، ئانار پوستى، موزا، قىزىلگۈل ئانىلىقى (چېچى)، ئانارگۈلگە ئوخشاش قابىز دورىلارنى قاينىتىپ، بىمارنى ئۇنىڭ سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇش لازىم. ئاغرىق پەسەيتىش مەقسىتىدە ئاق لەيلى، ھەمىشباھار، بىنەپشە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، بىمار سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە بەزىدە قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن سىرىقماي سۈركىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەلھىمى سەفىد ياكى مەلھىمى مەدەستان چېپىلىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن تۆگۈنچە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆردەك ياكى توخۇ ياكى غاز ياكى تۆگە لوكىسى يېغىمۇ سۈركىلىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا بۇ مەلھەم دورىمۇ چېپىلىدۇ. كالا پاچىقى يىلىكى، ئاق لەيلى، كەتىرا ۋە توخۇ تۇخۇمى سېرىقى، بىنەپشە يېغى قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلىنىدۇ ياكى مومۇ سېرىقمايدا ئېرىتىپ چېپىلىدۇ.

يەلدىن بولغان بوۋاسىر

بەزىدە بوۋاسىر تۆگۈنچىسى ئۈچەي ئىچكى يۈزىدە يوشۇرۇن ھالەتتە بولۇپ، بۇ سىرتىغا چىقمايدۇ ۋە قاناش ئاشكارا بولمايدۇ، لېكىن باشقا جىسمانىي يېقىمسىزلىقلار بولىدۇ، مەسىلەن: يەرلىك ئورۇندىكى بېسىم سەۋەبىدىن يەللەرنىڭ ئاغرىتىپ چىقىشى، قورساق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوخشىمىغان ئورۇنلارغا ئاغرىقنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشى، قورساقنىڭ ئېسىلىپ قېلىشى ۋە قايتا - قايتا يېقىمسىزلىق بولۇشتەك ھالەت يەلدىن بولغان بوۋاسىر دېيىلىدۇ.

ئەگەشمە كېسەللىك ئالامىتى بۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاغرىقنىڭ تارقاش ئورنىمۇ ئىنتايىن كەڭدۇر.

1. ئاغرىقنىڭ مەركىزىي ئورنى كىندىك، بۆرەك ئەتراپى ۋە بەلدە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بەزى تېۋىپلار بۇ ئورۇنغا ماددا ئورۇنلاشقان، دەپ قارايدۇ.

2. بەزى ۋاقىتلاردا بۇنىڭ ئاغرىقى قورساق، كۆكرەك، قولتۇق، تاغاق سۆڭىكى ۋە بۆرەكلەرگىچە ئۆرلەپ تارقىلىدۇ.

3. بەزى ۋاقىتتا ئاغرىق ئۇرۇقدان، زەكەر، كىندىك ئاستى ۋە مەقئەت ئەتراپلىرىغىچە تۆۋەنلەپ تارقىلىدۇ.

4. بەزىدە بۇنىڭدىن تولغاق ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈش يۈز بېرىدۇ.

5. بەزىدە بىماردا كۆڭلى ئېلىشىش، ئىشتىھا يوقىلىش، قەۋزىيەت، قۇلۇنجى، قول - پۇت

بوغۇملىرى ئاغرىش، باش ئاغرىقى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىشىنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بولۇپمۇ بەل ئاجىزلىقى، جىنسىي ئالاقە لەززىتى تۆۋەنلەش، جىنسىي ئالاقىدىن كېيىنكى ئاجىزلىقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىمۇ بۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىگە كىرىدۇ.

6. بۇ كېسەللىكتە بىمار دائىم ھەزىم بۇزۇلغانلىقتىن زارلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن تەرەت بەزىدە يۇمشاق ۋە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قاتتىق كېلىدۇ، چوڭ تەرەت قىلغاندا يەللەر ئاۋازلىق چىقىدۇ.

7. بەزى ۋاقىتلاردا يۈرەككە بېسىم چۈشىدۇ، كۆكرەك ۋە ئاشقازاندا ئېچىشىش سېزىمى بولىدۇ ھەم ئېغىز تەمى بۇزۇلىدۇ.

8. بەزى ۋاقىتلاردا چىراي ۋە بەدەن رەڭگى قان ئازلىق سەۋەبىدىن سېرىق، قارا ياكى كۆك رەڭگە مايىل بولۇپ قالىدۇ. چاچلارنىڭ رەڭگى سارغۇچ بولىدۇ، كۆپلەپ چاچ چۈشۈشكە باشلايدۇ.

سەۋەبى يۇقىرىقى ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىگە قاراپ ھەربىر تېۋىپ كاللىسىدا چوقۇم بۇ بىر مۇرەككەپ كېسەللىك، دەپ يەكۈن چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ مۇرەككەپلىكى بەزى تېۋىپلار بۇنىڭ سەۋەبىنى بۆرەك ئەتراپىغا توپلانغان يەللەر، دەپ قارايدىغانلىقىدۇر. لېكىن يەل جەۋھىرىنىڭ ئايلىنىپ ھەممە ئورۇنغا يېتىپ بېرىپ ئاغرىق پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىرەرسى ئېيتمىغان. ئاخىرى بۆرەكلەردە بولغان خۇسۇسىيەتلەردىن بۇنىڭ ئورۇنلاشقانلىقى ئېنىق بولىدۇ. جىگەر، تال، بالىياتقۇ، دوۋسۇن ئەتراپى قاتارلىقلاردا نېمە ئۈچۈن بۇ يەلدىن ئاغرىق پەيدا بولمايدۇ؟

بۇ كېسەللىكنىڭ ئەسلىي سەۋەبى ھەر خىل شەكىللەردە ئاشكارا بولۇپ كۆرۈنىدىغان يەل ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي كېسەللىك ئۆزىدۇر، يەنى يەل نۇرغۇنلىغان ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئەسلىي كېسەللىكنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ھەزىم بۇزۇلۇشتۇر، بۇنىڭدىن ھەر خىل ماددىلار پەيدا بولۇپ، ئوخشىمىغان نېرۋىلارغا تەسىر قىلىدۇ ۋە ئوخشىمىغان ئورۇنلارغا يېتىپ بېرىپ، ھەر خىل شەكىلدە ئاشكارا بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى بارلىق دورىلار بوۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ، بۇ دورىلار بوۋاسىرغا مىزاجنى ياخشىلاش مەقسىتىدە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى بۇنى داۋالاشمۇ بوۋاسىرنى داۋالىغانغا ئوخشاش بىرنەچچە تۈرلۈك بولىدۇ. ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش، لەتىپ، سىڭىشلىك تاماقلارنى بېرىش، مۇناسىپ ھەرىكەتلەرنى (پىيادە مېڭىشنى) قىلىش، ئېغىر، يەل پەيدا قىلغۇچى تاماقلاردىن پەرھىز تۇتۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

پايدىلىق دورىلار ھەببى مۇقەل، ئىترىفىل سەغىر، ئىترىفىل كەشنىز، جاۋارىش جالىنۇس، جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش خۇبسۇلھەدىد، مەجۇنى دەبدۇلۋەرد، مەجۇنى مۇقەل، سۇفۇپى ھىل، ھېلىلە مۇرابباسى قاتارلىقلار.

كۆرسەتمە بەدەننى ئۇۋۇلاش، ھامامغا چۈشۈش، ئات مىنىش ۋە دائىم ھەرىكەت قىلىش قاتارلىقلار. بۇ كېسەللىككە ئىنتايىن پايدىلىق (ئىكسىر ئەزەم).

بېرىلىدىغان غىزا ۋە قوللىنىلىدىغان چارىلەر بوۋاسىرنىڭكىگە ئوخشاش. شۇڭلاشقا «ئىكسىر ئەزەم» دە: يەللىك بوۋاسىر بىمارلىرى بوۋاسىر بىمارلىرىغا ئوخشاش پەرھىز قىلىشى ۋە يەللىك مېۋىلەردىن يىراق تۇرۇشى لازىم، دەپ يېزىلغان.

بوۋاسىرنىڭ سويۇلۇشى

سىرتىدىن قارىغاندا تۈز ئۈچەيگە بىر مەزمۇت پەردىسىمان جىسىم چاپلاشقانلىقى كۆرۈنىدۇ. بۇ پەردە تۈز ئۈچەينىڭ ئىچكى يۈزىگە خۇددى مۇستەقىل قەۋەتكە ئوخشاش چاپلىشىدۇ. بۇ پەردە بەزى ۋاقىتلاردا پەقەت تۈز ئۈچەيدە چەكلىك بولماستىن، بەلكى بۇ قىسىمدىكى پەردە يۇقىرىلاپ بوغماق ئۈچەيگىچە بارىدۇ. بۇ پەردە بەزىدە يەللەر بىلەن تولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىمار ئۈچەينى يەل بىلەن تولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

بۇ پەردە بەزىدە تۈز ئۈچەيدىن ئاجراپ ئاستىغا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن بىمار ۋە تەجرىبىسىز تېۋىپ قورقۇپ كېتىدۇ ھەمدە ئۈچەي مەقئەت سىرتىغا چىقىپ قاپتۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

بۇ پەردە، ئۈچەيلەرنىڭ ئىچكى يۈزى ئىششىسا ياكى جاراھەتلەنگەن بولسا، گال ئىششىقى ۋە بوغمىغا ئوخشاش ھۆللۈك سىرغىپ چىقىپ، بۇ يۈز ئۈستىدە بىر كىچىك پەردە شەكلىگە ئۆزگىرىشتىن پەيدا بولىدۇ.

بۇنى داۋالاشتا پەردىنى يۇمشىتىپ ئاجرىتىشقا تىرىشىش، ئۈچەيلەرگە نەم قايىنتىلمىسى سۈيى ياكى تۈز سۈيىنىڭ يەڭگىل ھۆقنىسىنى قىلىش ۋە قايتا قايتا يۇيۇش، ئەگەر بۇ پەردە ئاستىغا ساڭگىلاپ تۇرغان بولسا ۋە مەقئەت ھالقىسى بوشاشقان بولسا، ئۇنى كېسىۋېتىش ھېچقانچە مۈشكۈل بولمايدۇ.

ئەگەر پەردىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۈچەي يۈزىدە سويۇلۇش، غىدىقلىنىش مەۋجۇت بولغان بولسا، ئىچكى - تاشقى تەرەپتىن ئاغرىق توختاتقۇچى ۋە سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلار بىلەن داۋالاشلار بىلەن بىرگە مەلھەمى مەدمەلە (جاراھەت ئېغىزىنى پۈتتۈرگۈچى مەلھەم) سۈركىلىدۇ (ئىكسىر ئەزەم ۋە باشقىلار).

مەقئەت ئاقمىسى

مەقئەت ئاقمىسى دەپ مەقئەتنىڭ چوڭقۇر زەخمىسىگە ئېيتىلىدۇ. بۇ تۈز ئۈچەينىڭ ئەتراپىدا بارلىق ئاقمىغا ئوخشاش يىرىڭلىق ئىششىقتىن پەيدا بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن داۋاملىق زەرداب ئېقىپ تۇرىدۇ.

يىرىڭلىق ئىششىقتىن ئاقما پەيدا بولۇشىنىڭ شەكلى ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىقنى ئورنىغا قاراپ تىلمىسا ۋە مۇناسىپ چارىلەر بىلەن يىرىڭلىق ئىششىق ئېغىزى پۈتتۈرۈلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ چىرىشى ۋە بۇزۇلۇشى ئېغىرلاپ، ئەتراپىدىكى توقۇلمىلارنى بۇزۇپ ماڭىدۇ ھەمدە چوڭقۇرلاپ كانالچە يولىنى شەكىللەندۈرۈپ ئاقمىنى ھاسىل قىلىدۇ.

يىرىڭ (زەرداب سۇ) بۇ، گۆش يۇغان سۇدەك سۇيۇق بولۇپ، بۇزۇلغان گۆش ۋە باشقا ھۆللۈكلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

مەقئەت ئاقمىسى باشقا ئاقمىلارغا ئوخشاش قىيىندا پۈتىدۇ، مەقئەت ئاقمىسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

1. تېشىلىدىغان ئاقما: بۇ ئۈچەيلەرنىڭ ئىچىگىچە تېشىپ بارىدۇ.
2. تېشىلمەيدىغان ئاقما: بۇ ئۈچەيگىچە تېشىپ بارمايدۇ.

تېشىلىدىغان ئاقما بۇ ئاقما ئۈچەيلەرگىچە يېتىپ بېرىپ ئۈچەيلەردە تۆشۈك پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى ئاقما تۆشۈكى كەڭ بولسا، يەللەر ۋە چوڭ تەرەت ئىختىيارسىز چىقىدۇ، ئەگەر تار بولسا مەقئەتنى پاختا بىلەن توسۇپ بىمارغا نەپەس ئېلىشنى توختىتىشنى ئېيتىپ، ئاندىن ئاقمىنىڭ تۆشۈكىدىن يەل چىققان ياكى چىقمىغانلىقى تەپسىلىي تەكشۈرۈلىدۇ.

ئەگەر ئاقما يولىغا مىلنى، مەقئەت يولىغا بارماقنى كىرگۈزگەندە ئىككىسى بىرلىشىدۇ.

بۇ تۈرنى داۋالاشتا كېسىشتىن باشقا چارە يوق. يەنى يىپ ھەرە بىلەن داۋالىنىلىدۇ. بۇ يىپ ھەرە ياكى چاچلارنى بۆلۈپ تۈگۈنچىلەپ ياكى يىپنى بۆلۈپ تۈگۈنچىلەپ، بىر بېشىنى تۆشۈكتىن سىرتىغا ۋە يەنە بىر بېشىنى مەقئەت تەرەپكە چىقىرىپ قىيپاش شەكىلدە ئالدى - ئارقىغا ھەرە تارتىلىدۇ.

ياكى ئۆتكۈر دورىلار (ئۆتكۈر يېگۈچى دورىلار)، مەسىلەن: زەنگار مەلھىمى تاكى بۇزۇق، ناچار ۋە چىرىگەن گۆش يوقىلىپ نورمال گۆش پەيدا بولغۇچە چېپىلىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى خىل داۋالاش خەتەرلەردىن خالىي ئەمەس. بۇنىڭدىن بەزى ۋاقىتلاردا تەشەننۇج ۋە غەشىگە ئوخشاش

خەتەرلىك كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا چوڭ تەرەتنى توختىتىشقا ياردەم بېرىدىغان مۇسكۇللار بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ تەرەت ئۆزىچە چىقىپ كېتىدۇ.

ئاقمىنىڭ بىمارنى ئۆمۈر بويى ئازابلىماسلىقى ئۈچۈن، داۋاملىق داۋالىنىدۇ. يەنى پاسكىنا سۇيۇقلۇقنىڭ ھەر ۋاقىت ئېقىپ تۇرۇشى بىمار ئۈچۈن چوڭ ئازابتۇر.

تېشىلمىگەن ئاقما بۇ ئاقما ئۈچەيلەردە تۆشۈك پەيدا قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى بۇ ئاقمىدىن چوڭ تەرەت ۋە يەل چىقمايدۇ ھەمدە مىل ئۈچەيگىچە يېتىپ بارالمايدۇ.

داۋالاش بۇنى بارلىق يىرىڭ ۋە بۇزۇلغان نەرسىلەر چىقىپ كەتكۈچە سىقىش ۋە بېسىش، ئاندىن شىيافى غەرب (بۇ، سەبرە، كۇندۇر، ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان، سۇرمە، زەمچە، ئانارگۈلى ۋە ئازراق زەنگار بىلەن تەييارلانغان بولسۇن) تىن ئۈچ تامچە ئېلىپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن - كەچتە بىمارنى ئوڭدا ياتقۇزۇپ ۋە ياستۇقنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ چات ئارىلىقىنى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ مىل كىرەلمىگەن شەرت ئاستىدا ئاقما قۇرۇغىچە تېمىتىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئەڭ ياخشىسى مىلغا پاختا يۆگەپ ئەرەب يېلىمىنىڭ لۇئابىنى سۈركەش ۋە دورىلارنى بۇنىڭغا يۇقتۇرۇپ، مىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئاقما ئىچىگە كىرگۈزۈش لازىم.

مەقئەت ئىششىقى

مەقئەت ئىششىقى بەزىدە مەقئەتتە دەسلەپتە ياكى بوۋاسىر ئاغرىقىدا بوۋاسىرنى كەسكەندىن كېيىن ياكى ئۆتكۈر دورا ئىشلىتىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش دەسلەپتە قان ئېلىنىدۇ، مەلھەمى سەفىد چېپىلىدۇ ياكى تۇخۇم ئېقى ۋە گۈل يېغى سۈركىلىدۇ. تۇخۇم ئېقى ۋە گۈل يېغى قوغۇشۇن ياكى قەلەي سالايە ھاۋانچىسىدا سالايە قىلىنغان بولسۇن. ئۇلارنى سالايە قىلىشتىن مەقسەت سۈركىلىش بىلەن دورىلارغا قوغۇشۇن ۋە قەلەي تەركىبلىرى ئارىلىشىدۇ. بۇ تەركىبلەردىن دورىنىڭ سوغۇقى ۋە قايتۇرغۇچى كۈچى ئاشىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، باشقا تۈردىكى سوۋۇتقۇچى زىمات ۋە ياغلار ئىشلىتىلىدۇ.

لېكىن ئىششىقتا يىرىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىسا، ئېغىز ئېلىشتىن بۇرۇن ماددا ئىچكى تەرەپكە قايتىپ ئاقما پەيدا قىلمىغىچە تۆشۈك ئېچىلىدۇ.

مەقئەت يېرىلىش

قورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق سەۋەبىدىن، مەسىلەن: مەقئەتتىن قورۇق چوڭ تەرەت ئۆتتۈشتىن يېرىلىدۇ.

داۋالاش بۇنىڭغا مەلھەمى سەفىد ياكى قىرۇتى چېپىلىدۇ، مەلھەمى سەفىد گۈل يېغى، قەلەي كۈشتىسى، مەدەستان، ئالتۇن داغمال سۈيى، ياغلار ۋە لۇئابلار، نىشاستە، تۈگمەن توزۇندىسى، كەتىرا قاتارلىقلاردىن تەييار قىلىنغان بولسۇن.

قىرۇتى ياكى گۈل يېغى، قەلەي كۈشتىسى، مەدەستان، كالا پاچىقى يىلىكى ۋە زۇپتى رۇمى قاتارلىقلاردىن تەييار قىلىنغان بولسۇن.

ئەگەر يېرىلغان ئورۇندىن قان ئېقىۋاتقان بولسا قەمقەم سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. بۇنىڭغا موزا، گۈلنار، ئانار پوستى، قىزىلگۈل، سەرو مېۋىسى، يۇلغۇن مېۋىسى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى تولدۇرۇلغان بولسۇن ھەمدە ئاغرىغان ئورۇنغا قان ئېقىشنى توختاتقۇچى دورىلار سېپىلىدۇ. مەسىلەن: مۈڭگۈز كۈلى، تۈگمەن توزۇندىسى ۋە سۈرمە قاتارلىق.

قەمقەم — چوڭ قازان ياكى چوڭ قاچىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭدا سۇ قىزىتىلىدۇ.

مەقئەت بوشاپ كېتىش

مەقئەت بوشاپ كېتىش چوڭ تەرەت ۋە يەل ئۆزلۈكىدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىكتۇر.

سەۋەبى مەقئەت قورىغۇچى مۇسكۇلىغا بىرەر ئاپەت يېتىپ نېرۋا ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ.

ئالامىتى ئېغىزمانغا زەربە تېگىش ياكى ئېغىزمانىڭ تولغىشىپ كېتىشى ياكى بوۋاسىرنى كەسكەندىن كېيىن تۇيۇقسىز بۇ كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ، بۇنى داۋالىغىلى بولمايدۇ.

ھۆللۈكتىن بولغان بوشىشىپ كېتىش بۇنىڭ سەۋەبى مەزكۇر مۇسكۇلغا بىرەر ناچار سۇيۇقلۇقنىڭ سۈمۈرۈلۈشىدىن سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك پەيدا بولۇپ، بۇنىڭدىن مەقئەت پالەچلىنىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى، بۇ كېسەللىك تۇيۇقسىز ئاشكارا بولمايدۇ ھەمدە بۇنىڭ بىلەن سوغۇق مىزاجنىڭ ئالامىتى تېپىلىدۇ.

داۋالاش پالەچنىڭ ئىلاجىنى قىلىش، يەنى ئىسترخانى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ماددىنى چىقىرىۋېتىش ۋە مىزاجدا تەڭشىلىش پەيدا قىلىش لازىم. ئومۇرتقىنىڭ ئارقا تەرىپى ۋە مەقئەت ئۈستىگە ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار چېپىلىدۇ. مەسىلەن: قۇستە يېغى، بۇنىڭدا قۇندۇز قەھرى ۋە پەرپىيۇن ئېرىتىلگەن بولسۇن. قەمقەمدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، بۇنىڭدا ئىسسىق ۋە قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلاردىن سۇمبۇل، قۇستە، مور، مائىنىڭ (موزىغا ئوخشاش مېۋىدۇر) قاتارلىقلار قايىنىتىلغان بولسۇن.

مەقئەت چىقىقى

بۇ كېسەللىكتە تۈز ئۈچەينىڭ شىللىق پەردىسى ياكى بەزىدە ئۇنىڭ پۈتۈن قەۋەتلىرى سىرتقا چىقىپ قالىدۇ.

1. **ئىششىقتىن بولغان مەقئەت چىقىقى** مەقئەت ئىششىش سەۋەبىدىن ھەجمى مەقئەت سىرتقا چىقىپ قالغۇچىلىك چوڭىيىدۇ.

2. **ئىسترخادىن بولغان مەقئەت چىقىقى** مەقئەت چىقىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى مەقئەت ئىسترخالىنىشتىن (پالەچلىنىشتىن) بولىدۇ. يەنى تۇتقۇچى مۇسكۇل بىرەر ناچار ماددا (بۇزۇلغان ھۆللۈك) سەۋەبىدىن پالەچلىنىدۇ.

بۇنىڭغا قەۋزىيەت، سوزۇلما ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارمۇ شېرىك بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چوڭ تەرەت قىلغاندا قاتتىق ئىنجىقلاشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئەھۋال ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىغاندا كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ دوۋساق تېشى، ئۈچەي قۇرتى، مەزى بېزى چوڭىيىش، بوۋاسىر، دائىملىق قەۋزىيەت، سۈيدۈك كانىلى تارىيىش قاتارلىقلاردىنمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا كۆپىنچە چوڭ تەرەت قىلىش ۋە باشقىلار ئۈچۈن كۈچەشكە توغرا كېلىدۇ. بەزى تېنى ئاجىز بالىلاردا كۆكيۆتەل سەۋەبىدىن مەقئەت چىقىپ قالىدۇ، بۇ كېسەللىك كۆپرەك بالىلاردا كۆرۈلىدۇ.

كېسەللىكنىڭ دەسلەپتە پەقەت چوڭ تەرەت قىلغاندىلا مەقئەت چىقىدۇ. لېكىن ئاز مەزگىلدىن كېيىن يۆتىلىش، كۈلۈش ياكى ئېغىر ئىش قىلىش سەۋەبىدىن چىقىپ قالىدۇ. دەسلەپتە بارماق بىلەن مەقئەتنى ئىچىگە كىرگۈزۈش ئاسان بولىدۇ، لېكىن ئىششىق كۈچەيسە ئۇنىڭ قايتىشىدا خاس قىيىنچىلىق ۋە ئەزىيەت پەيدا بولىدۇ، بەزىدە غىدىقلىنىش سەۋەبىدىن ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ۋە يارا كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى: ئىسترخادىن بولغان مەقئەت چىقىقىدا قول ۋە باشقىلار بىلەن مەقئەت ئىچىگە

كىرگۈزۈلسە ئاسانلىق بىلەن كىرىدۇ، يەنە سىرتقا چىقىۋالىدۇ.

داۋالاش ئەگەر مۇمكىن بولسا ئەسلىي كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىشقا تىرىشىش، مەسىلەن: دوۋساقتىن تاشنى چىقىرىۋېتىش، قەۋزىيەتنى يوقىتىش، قورساق قۇرتى، بوۋاسىر، ئىچ سۈرۈش، مەزى بېزى چوڭىيىش قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىپ ئىلاجىنى قىلىش لازىم. بۇنىڭدىن مەقئەت چىقىقى ئۆزلۈكىدىن يوقايدۇ. ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى ئۈچۈن كۈچلەندۈرگۈچى غىزا يېگۈزۈش، ياخشى ھاۋادا تۇرغۇزۇش، سوغۇق سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىشمۇ مەقئەت چىقىقىنىڭ قايتىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئىششىقتىن بولغان مەقئەت چىقىقى ئىششىقنىڭ ئىلاجى ۋە ئالامەتلىرى مەقئەت ئىششىقى بايانىدا سۆزلىنىپ بولدى. بۇ خىل بىمارنى ئاغرىق توختاتقۇچى ۋە ئىششىقنى بوشاشتۇرغۇچى دورىلار قاينىتىلغان سۇدا ئولتۇرغۇزۇشمۇ پايدىلىق. مەسىلەن: بىنەپشە، ئاق لەيلى، بابۇنە، كەرنۇب يوپۇرمىقى، چامغۇر، زىغىر، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى قاتارلىقلار. مەقئەتكە سېرىقچېچەك يېغى ۋە بابۇنە يېغى بىلەن تەييارلانغان قىرۇتى چېپىلىدۇ، ئاندىن قابىز دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ. مەسىلەن: قەمقەم سۈيىدە بىمارنى ئولتۇرغۇزۇش ۋە باشقا چارىلەرنى ئىشلىتىش قاتارلىقلار.

ئىستىرخادىن بولغان مەقئەت چىقىقى خام گۈل يېغى مەقئەتكە سۈركىلىدۇ. ئاندىن بۇنىڭ ئۈستىگە قەلەي كۈشتىسى، ئانارگۈلى، موزا، زەمچە، سۈرمە قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىش ھەمدە ئىچىگە كىرگۈزۈپ پاختا ۋە تېڭىق بىلەن مەزمۇت باغلاپ قويۇش لازىم. بىمار ئانارگۈلى، موزا، بەللۇت، ئاس ۋە ئۇلاردىن باشقا قابىز ۋە نېرۋىلارنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسى بولغان قەمقەمدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

خام گۈل يېغى تەييارلاشنىڭ ئۇسۇلى: يېڭى قىزىلگۈلنىڭ گۈلى ياغقا سېلىپ ئاپتاپتا قويۇپ قويۇلىدۇ (نەفىيس).

ئەگەر بۇ كېسەللىك كىچىك بالىدا بولسا، يېنىچە ياتقۇزۇپ چوڭ تەرەت قىلدۇرۇش ۋە بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۈستىدىكى چات يېرىقىنى ئازراق ئۈستىگە كۆتۈرۈش، ھاجەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن زەمچىنى سۇدا ئېرىتىپ، بارماق بىلەن مەقئەتنى ئىچىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇ قابىز ئېرىتمىگە رەخت شارچىسىنى چىلاپ تېڭىپ قويۇش لازىم.

بەزىدە تۆۋەندىكى چارە بىلەن داۋالىنىدۇ:

كۆك موزا، زەمچىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، ئىككىسىنى سۇدا ئېرىتىپ، پاختىنى بۇنىڭدا ھۆللەپ مەقئەتكە سۈركىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكى زەرۇرنى ئۈستىدىن سېپىپ، مەقئەتنى ئاستا ئىچىگە كىرگۈزۈپ تېڭىپ قويۇلىدۇ.

زەرۇر نۇسخىسى كۆك موزا، ئانارگۈلى، ئانار پوستى ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ سوفۇپ تەييارلىنىدۇ. چوڭ تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى دورىلارنىڭ سۈيى بىلەن ئىستىنجا قىلدۇرۇلىدۇ:

ئىستىنجا سۈيى نۇسخىسى بەللۇت، ئاقاقىيا، ئانارگۈلى، كۆك موزا، ئاچچىق ئانار پوستى ھەربىرى ئالتە گىرامدىن. دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

ھەزىمنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن داۋائىلمىشكىدىن بەش گىرام ياكى ئاملە نۇشادرىدىن يەتتە گىرام ياكى جاۋارىش جالىنۇستىن يەتتە گىرام ئەتىگەن - كەچتە يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز يەڭگىل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار بېرىلىدۇ، مۇرچلۇق تەم تەڭشىگۈچى دورا ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، ئېغىر ئىشلارنى قىلدۇرماسلىق لازىم، چۈنكى بۇنىڭدا نەپەسنى توختىتىپ كۈچەشكە توغرا كېلىدۇ.

مەقئەت يارىسى

مەقئەت يارىسىنىڭ سەۋەبى بەزى ۋاقىتلاردا سىرتقى تەرەپتىن بولىدۇ ھەمدە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىچكى، يەنى بىرەر ئۆتكۈر خىلىت ياكى بىرەر غىدىقلاش پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئىلاجىنى ئىنتايىن كۈچلۈك ھۆللۈك قۇرۇتقۇچى دورىلار بىلەن قىلىش لازىم، مەسىلەن: يۇيۇپ كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن، مور، سۇماق دەرىخى قوۋزىقى قاتارلىقلار. بۇنىڭ ئۈچۈن مەلھەمى سىياھمۇ پايدىلىق. ئەگەر ئاغرىق قاتتىق بولغان بولسا ئەپيۇن قاتارلىقلار بىلەن ئەزادا سېزىمسىزلاندۇرۇش پەيدا قىلىنىدۇ.

مەقئەت قىچىشىش

بەزىدە مەقئەت قىچىشىش كىچىك قۇرتلار سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ توغرىسىدا سۆزلىنىپ بولدى.

بەزىدە مەقئەتنىڭ قىچىشىشى بوۋاسىرنىڭ ئالدىدا بولىدۇ ھەمدە بوۋاسىرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئاشكارىلايدۇ.

بەزىدە بۇ سەپراۋى ياكى ئۆتكۈر شورلۇق خىلىتلاردىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئەگەر بوۋاسىرنىڭ بېشارەتچىسى بولسا، مەقئەت قىچىشىشنىڭ ئالامىتىدە قۇرتنىڭ ئالامىتى بولمايدۇ. ئەگەر سەپراۋى ياكى شورلۇق خىلىتلاردىن بولغان بولسا، تەرەت قىلىش بىلەن مەقئەت قىچىشىشتا ئىنجىقلاشقا توغرا كېلىدۇ، شورلۇق ياكى سەپراۋى خىلىتلار چىقىدۇ.

داۋالاش ئەگەر بوۋاسىرنىڭ باشلىنىشى بولغان بولسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. سوۋۇتقۇچى، ھۆللەشتۈرگۈچى ۋە تەمسىز غىزالار ھەم دورىلار بىلەن قان ياخشىلىنىدۇ.

ئەگەر سەپراۋى ياكى شورلۇق خىلىتتىن بولغان بولسا، ئۇلارنى بەدەندىن چىقىرىپ تازىلاش ھەمدە مەقئەتكە گۈل يېغى ۋە سىركە سۈركەش لازىم.

بۇنىڭغا ئاساسەن مۇقەللىنى ئۆرۈك مېغىزى يېغىدا ئېرىتىپ مەقئەتكە سۈركەش ياكى سەبرىنى شارابتا ئېرىتىپ ۋە موم يېغى (بۇ گۈل يېغى بىلەن ياسالغان بولسۇن) سۈركەش مەقئەت قىچىشىشقا پايدىلىقتۇر. سەپرا خىلىتىدىن بولغان ھالەتتە ئىككى خىل ئانار سۈيى ۋە ھېلىلە بىلەن تەنقىيە قىلىش ھەمدە شورلۇق خىلىتتىن بولغان ھالەتتە ھېلىلە كابۇلى، ئايارەج ۋە غارىقۇنلار بىلەن سۈرۈپ چىقىرىش پايدىلىق. ئومۇمىي بەدەندە قىچىشىش بولغاندا مەقئەت قىچىشىشنى داۋالاشنىڭ چارىلىرى قوللىنىلىدۇ. قىچىشىش ئورنىغا قاراپ، تەدبىر بەلگىلەش تېۋىپنىڭ دانالىقىدۇر.

جىگەر كېسەللىكلىرى

جىگەرنىڭ تەشرىھى

جىگەر رەئىس ئەزا بولۇپ، بۇنىڭ تۈزۈلۈشىدە قىزىل مۇسكۇل كۆك قانتومۇر ۋە قىزىل قان تومۇر بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىدىن بىر پەردە ئەستەرلەپ تۇرىدۇ، جىگەرنىڭ تۆت ئەتراپىنى قورساق پەردىسى ئەستەرلەپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ جىگەرنى باغلاپ ئۆز ئورنىدا تۇرغۇزىدۇ، جىگەرنىڭ يۇقىرىقى يۈزى پۇلتايغان، تۆۋەنكى يۈزى ئويمانلاشقان بولىدۇ، ئېغىرلىقى ياش، ساغلام ئەرلەردە تەخمىنەن بىر كىلوگىرامدىن ئىككى كىلوگىرامغىچە بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 10 ~ 12 قىرات (تەخمىنەن 18 بارماق) بولىدۇ، كەڭلىكى 6 ~ 7 قىرات (10 ~ 11 بارماق)، قېلىنلىقى تەخمىنەن ئۈچ قىرات (5 ~ 6 بارماق) بولىدۇ.

جىگەرنىڭ يۇقىرىقى پۇلتايغان يۈزى كېرىگەت بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، بۇ سەۋەبتىن جىگەر ئىششىغاندا قۇرۇق يۆتەلنىڭ شىكايىتى كۆپ بولىدۇ. تۆۋەنكى ئويمان يۈزى ئوتتۇرىسىدا بىر تۆشۈك (جىگەر كىندىكى) بولىدۇ. بۇ تۆشۈكتىن جىگەرنىڭ قىزىل قان تومۇرى، جىگەر دەرۋازا كۆك قان تومۇرى ۋە ئۆت كانالچىسى كىرىپ چىقىدۇ. جىگەرنىڭ كۆپرەك بۆلىكى ئوڭ تەرەپ قوۋۇرغىلار ئاستى، ئوڭ بۆرەك ۋە ئاشقازاننىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. لېكىن، ئىششىغان ھالەتتە جىگەر چوڭىيىپ، سول تەرەپ قوۋۇرغىلارغىچە يېتىپ بارىدۇ، بۇنىڭ ئاستى يۈزىدە ئالدى قىرغاقنىڭ قېشىدا ئۆت تۇرىدۇ.

جىگەرنىڭ ھەممىسى بەش پارچىغا بۆلۈنگەن، ئوڭ پارچىسى ھەممىسىدىن، يەنى تۆت ياكى بەش پارچىسىنىڭ ھەممىسىدىن چوڭ بولىدۇ، بۇلاردىن سول پارچىسى كىچىك بولىدۇ. بۇ خەنجەرسىمان ئۆسۈكچە ساھەسىدە بولىدۇ ۋە قالغان ئۈچ بۆلىكى گويا ئوڭ ئۆسۈكچە بۆلىكىدۇر، جىگەرنىڭ ئالدى قىرغىقى ياش ئەرلەردە قوۋۇرغىلارنىڭ قىرغىقىغىچە بولىدۇ ۋە ساغلام ھالەتتە تۇتۇپ بىلگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئىششىغاندا جىگەر چوڭىيىپ قوۋۇرغىلاردىن ئالدىغا چىقىدۇ ۋە تۇتقاندا بىلگىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك بالىلاردا ۋە ئاياللاردا جىگەر ساغلام ھالەتتە بىرئاز ئالدىغا چوڭىيىدۇ.

جىگەردە قىزىل قان تومۇر، كۆك قان تومۇر ۋە ئۆت كانىلىدىن باشقا نېرۋىلارمۇ بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن جىگەردە بەزى ۋاقىتتا ئاغرىقمۇ بولىدۇ.

جىگەردە قان تەركىبىدىن باشقا سەپرامۇ بولىدۇ، ئۇ ئۆت خالتىسىغا بېرىپ، غىزا ھەزىم بولغان ۋاقىتتا ئۈچەيگە قۇيۇلىدۇ.

سەپرا ئۈچەيگە ساغلام ھالەتتە بىر كېچە - كۈندۈزدە 960 ~ 1200 گىرامغىچە قۇيۇلىدۇ.

جىگەر مىزاجى بۇزۇلۇش

جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى باشقا ئەزالارنىڭكىگە ئوخشاش بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق ۋە بۇلارنىڭ مۇرەككەپ ھالىتى.

ئالامىتى

ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامىتى بۇنىڭدا قاتتىق ئۇسسايدۇ، تىلى يېرىك بولىدۇ، چوڭ تەرەت قۇرغاق بولىدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ، سۈيدۈكى قىزىل رەڭدە بولىدۇ، ئاغرىق بولماستىن جىگەر ئورنىدا قىزىقلىق سېزىلىدۇ، مىزاج بۇزۇلۇش بىلەن سەپرا كۆپ بولغان شەرت ئاستىدا سەپراۋى ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇش بولىدۇ.

سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامىتى ئىچى سۈرىدۇ، بەدەندە تەرەھھۇل (بوششىش) بولىدۇ، رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، يۈزىدە كۆپۈش بولىدۇ، ئاز ئۇسسايدۇ، تىل ۋە ئىككى كالپۇكى ئاق بولىدۇ. تومۇرى سۇس سوقىدۇ ۋە تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى ئاق بولىدۇ، ئەگەر ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇش بولغان بولسا بەلغەم كۆپلۈكىنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ، تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى قويۇق بولىدۇ.

تەرەھھۇل — بەدەن بىلەن غىزا تولۇق بىرىكمەيدىغان ۋە بەدىنى كۆپۈپ قالىدىغان ھالەتنىڭ نامىدۇر (نەفىيس).

قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامىتى بەدىنى ئورۇق بولىدۇ، تېرىسى قۇرغاقلىشىدۇ، چوڭ تەرىتى ئاز بولىدۇ، ئېغىزى قۇرۇيدۇ، ئۇسسايدۇ، تومۇر قاتتىق سوقىدۇ، قان ئازلىق بولىدۇ.

ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش يۈز ۋە كۆزلىرىدە ئېسىلەڭگۈلۈك بولىدۇ، قوۋۇرغىلار باشلىرىنىڭ گۆشى بوششىدۇ، تىلى نەم تۇرىدۇ ھەمدە چوڭ تەرىتى يۇمشاق بولىدۇ، قۇرۇق غىزالاردىن مەنپەئەت يېتىدۇ. ئاز ئۇسسايدۇ.

داۋالاش

ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش كاسىنە سۈيى، سىركەنجۇبىل ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا نەرسىلەر بىلەن جىگەر سوۋۇتۇلىدۇ، ھەم قاپاق ئۇسارىسى، تەرخەمەك ئۇسارىسى قاتارلىقلارغا ئارپا ئۇنى، ئەدەس ئۇنى، فوپەل (سوپارى) تالقىنى، سەندەل ۋە قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى قوشۇپ تەييارلانغان سوۋۇتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ. يەنە زىرىشك، تەمرى ھىندى، مەيخوش ئانار، رىباس، شام شاتۇتى، ماش ۋە پالەك قاتارلىقلاردىن كۆكتات شورپىسى تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئاچچىق ۋە قابىز نەرسىلەردىن ياخشىراقى ئارپا سۈيى، دەپ قارايدۇ.

ئەگەر ماددىمۇ بولغان بولسا قولتۇق كۆك قان تومۇردىن قان ئېلىپ، ماددا چىقىرىۋېتىلىدۇ ھەمدە ھېلىلە ۋە خىيارشەنبەر مېغىزى قايناتمىسى بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش جىگەرنىڭ ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇش: بۇنىڭدا تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىككى ۋاخ بېرىش، يەنى كۆك ئىتئۈزۈمىنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيى، كۆك كاسىنەنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيىنىڭ ھەربىرىدىن 60 گىرامدىن ئېلىپ، 24 گىرام سىركەنجۇبىل ساددىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، تۆۋەندىكى زىمات جىگەر ساھەسىگە چېپىلىدۇ.

زىمات نۇسخىسى ئارپا ئۇنى 72 گىرام، ئەدەس، قىزىل سەندەل، قىزىلگۈل ھەربىرى ئالتە گىرامدىن، قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيى ھەربىرى 12 گىرامدىن. دورىلارنى ئېزىپ ئۇنىڭغا 12 گىرام سىركە قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش يەڭگىل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار بېرىلىدۇ، ئاچچىق ئانار سۈيى ۋە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، غىزا ئىشتىھادىن ئاز يېگۈزۈلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش جىگەرنى قىزىتىش مەقستى بىلەن ئىسسىق تەبىئەتلىك مەجۇنلەر يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئاساناسىيا ۋە داۋائى كۇركۇم قاتارلىق، ئىسسىق تەبىئەتلىك زىماتلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: ئەفسەنتىن، سۇمبۇل، بىخ ئىزخىر، قۇستە، دارچىن، قىزىلگۈل، زەپەر قاتارلىقلارغا سەۋسەن يېغى ۋە سۇمبۇل يېغى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك ۋە تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر چۈشكەن غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: پاختەك، كەكلىك گۆشلىرى، نوقۇت، زىرە، سېرىقچېچەك، دارچىن ۋە خولىنجان قاتارلىقلار بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن. ئەگەر ماددىمۇ بولسا مۇسھىللار ۋە ھەيدىگۈچىلەر بىلەن بەلغەمنى چىقىرىش

لازىم. مەسىلەن: مائۇلئۇسۇل ۋە زۇپا قايىنتىلمىسىغا تۆت گىرام داۋائى كۇركۇم قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتا، بۇ نۇسخا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

ئىككى بەرىنج خۇبسۇلھەدىد كۆشتىسىنى يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا قوشۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم، بەش گىرام ئەفتىمۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ ۋە 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ، ئەتىگەندە ۋە توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم بىلەن بەش دانە قارىمۇچنى ئېزىپ كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر زىماتنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا تۆۋەندىكى زىمات نۇسخىسى ئىشلىتىلىدۇ:

سۇمبۇل توققۇز گىرام، ئەفسەنتىن، ئاچچىق قوستە، بىخ ئىزخىر، قىزىلگۈلنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، ئۇلارنى كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ، 24 گىرام سەۋسەن يېغى ۋە 12 گىرام زەپەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز لەتىپ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان ۋە تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر سېلىنغان غىزالار، مەسىلەن: ئوغلاق شورپىسى، پەلكا، ئارھەر ۋە ماش ئۈنى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. قويۇق، سوغۇق ۋە مايلىق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ھۆللۈك يەتكۈزۈش ۋە بۇ مەقسەت ئۈچۈن ھۆللەشتۈرگۈچى شەربەتلەرنى ئىچكۈزۈش، مەسىلەن: نىلۇپەر شەربىتى، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلار. ھۆللەشتۈرگۈچى تىلالار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: قاپاق سۈيى، سېمىزئوت سۈيى، كاسنە سۈيى، كاھۇ سۈيى قاتارلىقلارغا بىنەپشە يېغى قوشۇپ چېپىش لازىم. ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى غىزالاردىن ئوغلاقنىڭ مېڭىسى، ئاقلانغان ماش، ئاقلانغان ئارپا ئېشى، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى كۆكتاتلاردىن پالەك، كاھۇ يوپۇرمىقى، ئاق لەيلى يوپۇرمىقى قاتارلىقلار بادام يېغى بىلەن بېرىلىدۇ.

قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلغاندا تۆۋەندىكى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ:

كۆك ئىتئۈزۈمى ۋە كۆك كاسنىنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيىدىن 48 گىرام ئېلىپ، 48 گىرام نىلۇپەر شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر زىيادە ياردەم كېرەك بولسا تۆۋەندىكى تىلامۇ ئىشلىتىلىدۇ:

تىلا نۇسخىسى قاپاق سۈيى، سېمىزئوت سۈيى، كاسنە سۈيى، كاھۇ سۈيى ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، 24 گىرام بىنەپشە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ جىگەر ساھەسىگە

چىپىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز يەڭگىل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى غىزالار، مەسىلەن: ئارپا سۈيى، ئوغلاق مېڭىسى ھەم پالەك ۋە سېمىزئوت كۆكلىرى بېرىلىدۇ.

ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى غىزالار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: تويۇلغا (بىر خىل قۇش) گۆشگە قەلەمپۇر، دارچىن، مەستىكى، زەپەر قوشۇپ پىشۇرۇپ بېرىش ۋە مەسوس (كاۋاپنىڭ بىر تۈرى)، دورا دەرمەك سېپىپ پىشۇرۇلغان كاۋاپ ۋە زىخ كاۋىپى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىترىفىل، داۋائى كۇركۇم قاتارلىقلار. ئەمگەك قىلدۇرۇش، غىزا ۋە ئىچىدىغان سۇنى ئازايتىش لازىم.

ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇشتا تۆۋەندىكى دورىلار بېرىلىدۇ:

ئاۋۋال بەش گىرام داۋائى كۇركۇمنى يېگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، بەش گىرام ئەفتىمۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام سىركەنجۇبىل ساددە قوشۇپ ئەتىگەن - كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالار، مەسىلەن: قەلەمپۇر، دارچىن، زەپەر قاتارلىقلارنى سېلىپ تەييارلانغان ئۆچكە گۆشى شورپىسى بېرىلىدۇ. چېنىقتۇرۇلىدۇ ۋە بېرىلىدىغان سۇ مىقدارى ئازايتىلىدۇ.

مۇرەككەپ بولغان مىزاج بۇزۇلۇش يۇقىرىقىلار جىگەر مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ يەككە تۈرى ئىدى. لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يەككە مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئورنىغا مۇرەككەپ مىزاج بۇزۇلۇش بولىدۇ: ھۆل ئىسسىق، قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭ ئالامەتلىرى يەككە مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرىدىن مۇرەككەپ بولىدۇ ۋە شۇنىڭدەك ئۇنى داۋالاشمۇ ئۇلارنىڭ يەككە قىسىملىرىنىڭ داۋالاشلىرىدىن مۇرەككەپ بولغان بولۇشى لازىم.

جىگەر ئاجىزلاش

جىگەرنىڭ پۈتۈن قۇۋۋەتلىرىدە ياكى بەزى قۇۋۋەتلىرىدە نورمالسىزلىقنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

سەۋەبى

1. جىگەردە مەلۇم مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ پەيدا بولۇشى.

2. جىگەردە ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەزادا، مەسىلەن: ئۆت، تال، بۆرەك ياكى دوۋساقتا بىرەر بۇزۇق خىلتنىڭ توپلىنىپ قېلىشى ياكى بالىياتقۇدا ھەيز توختاپ قالغان ۋاقىتتا كۆرۈلىدۇ.

3. كانالچە ئەزالاردىكى كانالLارنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى ۋە ئۇنىڭ كېسەللىنىشى بىلەن جىگەر تەسىرگە ئۇچرايدۇ، چۈنكى بۇ ھالەتتە نورمال ۋە بۇزۇلغان ماددىلارنىڭ داۋاملىق ئالمىشىشىدا چوقۇم پەرق كۆرۈلىدۇ.

4. جىگەرنىڭ تەركىبىي كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: جىگەرنىڭ يېغىلىشى، جىگەر قان تومۇرلىرى توسۇلۇش، جىگەرگە قۇم ۋە تاش چۈشۈش، جىگەر تولۇپ قېلىش قاتارلىقلار.

5. جىگەرنىڭ پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: ئىششىق ۋە يېرىلىش قاتارلىقلار.

تەركىبىي كېسەللىكلەر بۇ مۇرەككەپ ئەزالارنىڭ كېسەللىكىدۇر، مەسىلەن: جىگەر، يۈرەك، ئاشقازان قاتارلىقلاردا پەيدا بولىدۇ.

جىگەر ئاجىزلاشنىڭ سەۋەبلىرى كۈچلۈك بولسا، جىگەرنىڭ پۈتۈن قۇۋۋەتلىرى ئاجىزلايدۇ. ئەگەر سەۋەبى كۈچلۈك بولمىسا بەزى قۇۋۋەتلىرى ئاجىزلايدۇ ھەمدە ئەگەر بۇ ئاجىز سەۋەب قىسقا مەزگىلگىچە يوقالمىغان بولسا، ئاندىن پۈتۈن قۇۋۋەتلەر ئاجىزلايدۇ.

جىگەرنىڭ يۇقىرىقى سەۋەبلىرى ئادەتتە تۆۋەندىكى سىرتقى ئامىللاردىن ئاشكارا بولىدۇ: سوغۇق سۇ، قار ۋە ھۆللەشتۈرگۈچى غىزالارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، ھامامغا چۈشۈش، جىما ياكى كۆپ ئەمگەك قىلىشتىن كېيىن سوغۇق سۇ ئىچىش، شۇنىڭدەك ئاپتاپ ۋە تومۇز ئىسسىقلاردا يول يۈرگەندىن كېيىن دەرھال سۇ ئىچىش قاتارلىقلار.

ئالامىتى ئومۇمىي جىگەر ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتى چوڭ تەرىتى گۆش يۇغان سۇدەك كېلىدۇ. سۈيدۈكى كۆپىنچە قويۇق ۋە بەزى ۋاقىتلاردا سۇيۇق بولىدۇ، بەدىنىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، بولۇپمۇ سېرىق ۋە ئاققا مايىل، بەزىدە كۆك ۋە قارا رەڭگە مايىل بولىدۇ. ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ، بەدىنى ئورۇق ۋە ئاجىز بولىدۇ، غىزا ھەزىم بولغان ۋاقىتتا جىگەر ساھەسىدە يەڭگىل ئاغرىق بولىدۇ، بۇ ئوڭ تەرەپ ئاخىرقى قوۋۇرغىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ ئاشقازاندىن جىگەر تەرەپكە غىزا ئۆتكەن ۋاقىتتا بولىدۇ.

گۆش يۇغان سۇدەك كېلىش — بۇنىڭدا چوڭ تەرەت گۆش يۇغان سۇنىڭ رەڭگىدە ياكى قىزىلگۈل سۈيى رەڭگىدە بولۇپ، بۇنىڭغا ئاز مىقداردا قان ئارىلاشقان بولىدۇ.

جىگەر ئاجىزلاشنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرىدىن كالپۇك ۋە تىلنىڭ ئاق بولۇشى، چىرايىدا ئېسلەڭگۈلۈكنىڭ بولۇشى، تومۇرنىڭ ئاجىز سوقۇشى، بەزىدە جىگەر ساھەسىگە قولنى قويغاندا سوغۇق بىلىنىشى، لېكىن قان ۋە سەپرا زىيادە بولغان ۋاقىتتا جىگەر ساھەسىدە كۆيۈشۈش سېزىمىنىڭ بولۇشى، سۈيدۈكنىڭ قىزىل ياكى سېرىققا مايىل كېلىشى، تومۇرنىڭ تېز سوقۇشى قاتارلىقلارمۇ بولىدۇ.

سۈمۈرۈش كۈچى ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتى چوڭ تەرەت كۆپ، يۇمشاق ۋە ئاق كېلىدۇ.

ھەزىم قىلىش كۈچى ۋە تۇتۇش كۈچى ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتى سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەت گۆش يۇغان سۇدەك كېلىدۇ، چىرايىدا ئېسلەڭگۈلۈك بولىدۇ ۋە رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، قېنى سۇيۇق بولىدۇ.

چىقىرىش تاشلاش كۈچى ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتى سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەت ئاز كېلىش، سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەت رەڭگىنىڭ سۇسلىشىشى، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، بەدەننىڭ بوش بولۇشى بىلەن ئاق ئارىلاش سېرىق ياكى قارىغا مايىل بولۇشى قاتارلىق.

داۋالاش سەۋەبىنى يوقىتىشقا تىرىشىش، ئەگەر ئاجىزلىق جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولسا، ئۇنىڭ ماددىلىق ۋە ماددىسىز ئىككى تۈرى سۆزلىنىپ بولدى. ئەگەر سەۋەبى پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش ياكى ئىششىق ياكى توسالغۇلار بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى ئالدىمىزدا سۆزلىنىدۇ. لېكىن جىگەر ئاجىزلىقى ئومۇمەن سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈكتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن جىگەر ئاجىزلىقى مەيلى تىلا ياكى يەيدىغان دورا بولسۇن كۆپىنچە ئىسسىق، قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ، مەسىلەن: دارچىن، ئىزخىر غۇنچىسى، مۇر، زەپەر قاتارلىقلار. غىزالار تازىلانغان ئانار ئۇرۇقىنى سوقۇپ، دارچىنغا ئوخشاش خۇش پۇراق دورىلار بىلەن خۇش پۇراق قىلىنىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەتىگەندە بۇ نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

مەجۈنى دەبىدۇلۋەرد ۋە داۋائى كۇركۇمدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئاندىن كۆك كاسىنەنىڭ ۋە كۆك ئىتئۈزۈمنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيىدىن 60 گىرامدىن ئېلىپ، 48 گىرام بۇزۇرى شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ، كەچتە بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ.

بەدىيان يەتتە گىرام، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى ۋە ئەفتىمۇن ئۇرۇقى ھەربىرى بەش گىرامدىن. دورىلارنى ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى بەرەنجاسپقا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بۇ چىلانما نۇسخىسى ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ.

چىلانىما نۇسخىسى ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم تۇققۇز دانە، گۈلبىنەپشە، بىخ كاسنە، بەدىيان ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، گاۋزىبان، قۇرۇق ئىنتىزۈمى، بەرەنجاسىپ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، كەچتە بىر كېچە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، خېمىرى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ۋە كەچتە يۇقىرىقى چىلانمىغا يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇس قوشۇپ بېرىش ۋە تاماقتىن كېيىن ھەببى كەبەد نۇشادىرنى ئىككى تالدىن ئىككى ۋاخ بېرىش، قىش پەسلىدە شىربەتلەرنى ئىسسىتماي تۇرۇپ ئىچكۈزمەسلىك لازىم.

ئەسكەرتىش بۇ كېسەللىكتە بەزى - بەزىدە ئىچ سۈرۈشكە باشلايدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئىچنى توختاتقۇچى دورىلار بىلەن جىگەرنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى بېرىشنىڭ زۆرۈرىتى بولىدۇ.

بۇ چاغدا يەتتە گىرام جاۋارىش مەستىكىنى تاماقتىن كېيىن ۋە ئەتىگەندە ئىككى بەرىنج پولات كۈشتىسى يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇسقا قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە قالغان نۇسخىلار توختىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز يەڭگىل ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار، مەسىلەن: ئارپا سۈيى، دەلىيە، ئۆچكە گۆشى شورپىسى، ماش ياكى ئارھەر ئۇنى، پەلكا بىلەن بېرىلىدۇ. ئىسسىق مىزاج ۋە ئىسسىق پەسىللەردە قاپاق، سېمىزئوت، پالەك قاتارلىق كۆكتاتلار كاكچا نان بىلەن بېرىلىدۇ. چامغۇر، قىزىلچا، پەلول، تۇرۇپ قاتارلىق كۆكتاتلار ئىككىلا پەسلىدە بېرىلىدۇ. تاماقنى ئىشتىھادىن ئاز يېگۈزۈش، چۈچۈمەل ۋە تاتلىق نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن، بولۇپمۇ ئېغىر ۋە يەللىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

جىگەر تۇسۇلۇش

سەۋەبى قويۇق، چاپلاشقاق ۋە قان تومۇرلارغا تەسلىكتە سىڭىپ كىرگۈچى خىلتلار سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ، قان تومۇرلاردا توختاپ ئۆتۈش يولىنى تۇسۇپ قويىدۇ.

ئالامىتى جىگەر ساھەسىدە ئېغىرلىق بولىدۇ (بولۇپمۇ تۇسالغۇ جىگەرنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدە بولسا)، ئاغرىق ۋە قىزىتما بولمايدۇ. ئەگەر تۇسالغۇ كۆپ ۋە كېسەللىك مەزگىلى ئۇزۇن بولغان بولسا، ئۇ تۇسالغۇلاردىن چىرىش (ئۇفۇنەت) ۋە قىزىتما پەيدا بولىدۇ.

جىگەر تۇسالغۇسىدا مەزكۇر ئالامەت بىلەن بىرگە سۈيدۈك سۇيۇق، چوڭ تەرەت يۇمشاق، سۇيۇق ۋە كۆپ مىقداردا كېلىدۇ.

داۋالاش سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر ۋە مۇسھىللارنى ئىشلىتىش، ئۇلارنى تاللاشتا

مىزاجىنىڭ ئىسسىق ۋە سوغۇقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇش، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەردىن ئىسسىق مىزاجلىقلارغا كاسنە، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئەفتىمۇن، پىرسىياۋشان، سىركەنجۇبىل ساددە بېرىلىدۇ ۋە سوغۇق مىزاجلىقلارغا دارچىن، ئەفتىمۇن، سىركەنجۇبىل بۇزۇرى ۋە دىنار شەربىتى ئىشلىتىلىدۇ.

مۇسھىللار ئىسسىق مىزاجلىقلارغا ئىچىنى سۈرۈش ئۈچۈن مېۋە سۈيىگە رەۋەن قوشۇپ بېرىش ۋە يەڭگىل ھۆقنە ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر ھارارەت بولمىسا ۋە ئىشلىتىش زۆرۈر بولغان بولسا، ئىچىنى سۈرگۈزۈش ئۈچۈن باشقا مۇسھىل دورىلار، مەسىلەن: ئايارەج پەيقرا ياكى بىخ كەبىر، بەدىيان، كەرەپشە، كاسنە قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا ئەفسەنتىن شەربىتى قوشۇپ مۇسھىل بېرىش ۋە ئۆتكۈر ھۆقنىلەرنى ئىشلىتىش لازىم.

بۇنىڭغا ئاساسەن مىزاجىغا قاراپ سىرتقى تەرەپتىن لەتىفلەشتۈرگۈچى زىماتلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىق مىزاجلىقلارغا چىلغوزا مېغىزى، ئەفسەنتىن، رەۋەن، كەرەپشە يىلتىزى قاتارلىقلارغا كاسنە سۈيى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

سوغۇق مىزاجلىقلارغا ھىڭ، ئۇشەق، ئەفسەنتىن، مەندى، مەستىكى، زەپەر، سۇمبۇل يېغى ۋە موم قاتارلىقلار بىلەن زىمات قىلىنىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ غىزاسىغا ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچىلەر چۈشكەن شورپىلار، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا تەم تەڭشىگۈچىلەر چۈشمىگەن غىزالار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: نوقۇت سۈيىگە كاھۇ يوپۇرمىقى، ئاز مىقداردا سىركە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى سىركە بىلەن بادام يېغىدا قورۇلغان كاسنە بېرىلىدۇ.

جىگەر ئىششىقى ۋە جىگەر توسۇلۇش كۆپىنچە ۋاقىتتا جىگەر ۋە جىگەر ئەتراپىدىكى قان تومۇر ۋە كانالچە ئىششىق سەۋەبىدىن توسۇلۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بايانى جىگەر ئىششىقى بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش جىگەر توسۇلۇشقا كۆپىنچە بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ. تۇخۇمى كاسنە، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام سىركەنجۇبىل بۇزۇرى قوشۇپ ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە جىگەر ساھەسىگە بۇ زىمات چېپىلىدۇ.

زىمات نۇسخىسى ئەفسەنتىن 12 گىرام، رەۋەنچىنى ئالتە گىرام قاتارلىقلارنى كۆك

كاسىنە سۈيىدە ئېزىپ ۋە 24 گىرام سىركە قوشۇپ زىمات قىلىش، ئەگەر ئىچى سۈرۈۋاتقان بولسا تۇتقۇچى دورىلاردىن كۆك كاسىنە سۈيى، زىرىشك، بېھى رۇببىسى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ دورىلار مەنپەئەت قىلمىسا كاسىنەنىڭ تامچىلىتىلغان سۈيى ياكى دەرىدە كاسىنە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

كاسىنەنىڭ تامچىلىتىلغان سۈيى نۇسخىسى 48 گىرام چالا سوقۇلغان كاسىنە ئۇرۇقىنى بىر كېچە قايناق سۇغا چىلاپ، ئەتىگەندە تۆت قەۋەت داكىدا يەتتە قېتىم تامچىلىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن شەربىتى بۇزۇرى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

دەرىدە كاسىنە نۇسخىسى ئاش تۇزى بىر گىرام، كاسىنە ئۇرۇقى 12 گىرام. ئىككىسىنى ئېزىپ ئوتتا قويۇپ، يېرىلغاندا سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بەزىدە تۇزنىڭ ئورنىغا 12 گىرام نۆشۈدۈر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز يەڭگىل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار ئاز - ئازدىن يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئانار سۈيى، شورپا، تورۇپ ۋە چامغۇر قاتارلىقلارنى ياخشى پىشۇرۇپ، يەنى سۈيۇق شورپىغا ئوخشاش تەييارلاپ بېرىش لازىم.

جىگەر كۆپۈش

بەزىدە جىگەرنىڭ توقۇلمىلىرى، پەردىسى ئاستىدا يەللەر ۋە بۇخاراتلار توپلىنىدۇ، بۇ، جىگەر ئاجىزلىقى ۋە جىگەر توسالغۇسى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئوڭ تەرەپتىكى قوۋۇرغىلارنىڭ ئاستى تارتىشىدۇ، لېكىن ئىششىق ۋە توسالغۇلارغا ئوخشاش ئېغىرلىق بولمايدۇ، ئىششىقتەك قىزىتما بولمايدۇ ھەمدە بەدەن ھالىتى ۋە رەڭگىدە بىرەر روشەن ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بولۇپمۇ بۇ ھالەت تاماق ھەزىم بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا زىيادە كۆچەش بىلەن باسقاندا كوركىرىغان ئاۋاز چىقىدۇ.

يۇقىرىقى ئالامەتلەرنى يازغۇچى ئۆزى بايان قىلغان. بۇ كېسەللىكنى پەرقلەندۈرۈش ۋە چۈشىنىش قىيىندۇر.

داۋالاش يەللەرنى تارقاتقۇچى مەجۇنلەر يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: مەجۇنى كۇمۇنى، داۋائى كۇركۇم، داۋائى لوك قاتارلىقلار. ئەتىگەنلىك ناشتىدا ھامامغا چۈشۈرۈش، ئۇۋۇلاش ھەم تۇز، تېرىق ۋە كۆل قاتارلىق قۇرۇق ئىسسىق نەرسىلەر بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى غىزالار، مەسىلەن: تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر بىلەن

پېشۇرۇلغان كاۋاپ قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ.

جىگەر ئىششىقى

تونۇش جىگەر ئىششىغاندا جىگەر ئىچىدە قان تولۇش يۈز بېرىدۇ. قان توپلانغاندىن كېيىن قان تومۇرلاردىن قان زەردابى ۋە قان تەركىبلىرى سىرتقا سىرغىشقا باشلايدۇ، جىگەر كۆپۈشىدۇ، جىگەر تېنى يۇمشاق بولىدۇ، يۈزى سىلىق بولمايدۇ.

تۈرلىرى جىگەر ئىششىقى قاندىن، سەپرادىن، بەلغەمدىن ۋە سەۋدادىن بولغان دەپ تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

قاندىن بولغان جىگەر ئىششىقىنىڭ ئالامىتى بۇنىڭدا دائىم ئۆتكۈر قىزىيدۇ، قىزىتما بەزىدە توڭلاپ تىترەش بىلەن باشلىنىدۇ. لېكىن يەڭگىل بولغاندا قىزىتما دائىم بولمايدۇ. كۆپ ئۇسسايدۇ، جىگەردە ئېغىرلىق ۋە سانجىق بىلەن ئاغرىق بولىدۇ، جىگەر ساھەسىدە كۆيۈشۈش بولىدۇ، ئىشتىھاسى يوقايدۇ، ھەزىم قىلىش بۇزۇلىدۇ، قوۋۇرغىلارنىڭ ئاستىنى تۇتۇش بىلەن ئىششىق مەلۇم بولىدۇ، چىرايى قىزىل، تىلى قۇرۇق ۋە گەز باغلىغان بولىدۇ، قۇرۇق يۆتىلىدۇ. قۇرۇق يۆتەل بىلەن بىرەر نەرسە چىقمايدۇ، سۈيدۈكى قىزىل، قويۇق كېلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا قەۋزىيەت بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئىچى سۈرىدۇ.

ئەگەر ئىششىق ئېغىر بولسا ھېق تۇتىدۇ، جىگەر ئىششىقىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ھوشىدىن كېتىدۇ ھەمدە قول - پۇتلىرى مۇزلايدۇ، سول تەرەپنى بېسىپ ياتقاندا ئاغرىق بولىدۇ، ئوڭ تەرەپ تاغاق سۆڭىكى ۋە ئوقۇرەك سۆڭەك ئورنىدا ئاغرىق بولىدۇ.

جىگەر ئاستى (ئويمان تەرەپ) ئىششىقى ئەگەر ئىششىق جىگەر ئاستى تەرىپىدە بولسا، قاتتىق ھېق تۇتىدۇ، قۇسىدۇ، ئىشتىھا پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ، ئاغرىق قاتتىق بولىدۇ.

ئەگەر ئىششىق جىگەرنىڭ ئاستى قىسمىدا بولسا، ئاشقازان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالامەتلەر ئۆتكۈر بولىدۇ، مەسىلەن: قۇسۇش ۋە ھېق تۇتۇش قاتارلىق.

جىگەر ئۈستى (پۇلتايغان تەرەپ) ئىششىقى ئەگەر ئىششىق جىگەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بولسا يۆتىلىش، نەپەس قىستاش، جىگەر ئېغىر بولۇش، ئوقۇرەك سۆڭىكى ئاستى تەرەپكە تارتىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن تۇتقاندا قولغا ئىششىقمۇ ئېنىق مەلۇم بولىدۇ. يەنى ئەگەر ئىششىق جىگەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بولسا كۆكرەكتىكى ئالامەتلەر ئۆتكۈر بولىدۇ. مەسىلەن: يۆتەل، نەپەس قىستاش قاتارلىقلار.

ئەسكەرتىش

1. ئەگەر ئىششىق جىگەرنىڭ ئۈستى ۋە ئاستى ئىككىلا بۆلىكىدە بولغان بولسا ئىنتايىن خەتەرلىك.

2. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئالامەتلەر ئىششىق جىگەر جەۋھىرىدە بولغان ۋاقىتتا تېپىلىدۇ. ئەگەر جىگەر ئورىغۇچى پەردىسىدە ئىششىق بولغان بولسا، ئاغرىق ھەر ۋاقىت تۇرىدۇ. بېسىش بىلەن جىگەر ئورنى ئاغرىيدۇ، نەپەس قىستايدۇ ۋە جىگەر خىزمىتىدە بىرەر ئاشكارا بۇزۇلۇش كۆرۈلمەيدۇ.

سەۋەبى قاتتىق ئىسسىقتا قېلىش، تەرتىپلىك غىزالانماسلىق، كۆپ ھاراق ئىچىش، جىگەر ئۇدۇلىغا زەربە تېگىش، تاتلىق ۋە مايلىق نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، قىزىتما ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقىتتا سۇنى كۆپ ئىچىش، قان بۇزۇلۇش قاتارلىقلار. بەزى كېسەللىكلەرنىڭ بۇزۇق ماددىلىرىمۇ جىگەر ئىششىقى پەيدا قىلىپ قويىدۇ، مەسىلەن: پەسىللىك قىزىتمىنىڭ ماددىسىدىن جىگەر كۆپىنچە ئىششىيدۇ.

مۇشۇنىڭدەك تولغاق سەۋەبىدىن بەزى ۋاقىتتا ئۈچەيلەردىن بۇزۇلغان ماددىلار جىگەرگىچە يېتىپ بېرىپ ئىششىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ كېسەللىك 25 ~ 35 ياشقىچە بولغان كىشىلەردە نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ.

داۋالاش ئەگەر بىمار بەرداشلىق بېرەلىسە دەسلەپتە باسلىق ياكى ئۆكھەل تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ، ئاندىن سوغۇق تەبىئەتلىك ئىچىملىكلەر، مەسىلەن: كاسىنە سۈيى، يەرلىك ئىنتۈزۈمى سۈيى، ئىككى خىل ئانار سۈيى ۋە چۈچۈمەل سىركەنجىۋىل ئىچكۈزۈلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك زىماتلار چېپىلىدۇ، مەسىلەن: دەسلەپتە كاسىنە سۈيى، يۇمغاقسۈت سۈيى، پوستى ئاقلانغان قاپاق سۈيى، ئۈزۈم يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيىگە سەندەل، گۇلاب، گۈل يېغى ۋە كافۇر قوشۇپ، ئاندىن ئۇلار بىلەن بابۇنە، ئىكلىلملىك، ئارپا ئۇنى قوشۇپ چېپىلىدۇ ۋە كېسەللىكنىڭ ساقىيىش باسقۇچىدا ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، فۇپەل، قىزىلگۈل، ئەفسەنتىن، ئىكلىلملىك قاتارلىقلارغا بابۇنە يېغى قوشۇپ چېپىلىدۇ.

تامىقىغا ئارپا سۈيىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئارپا سۈيىنىڭ كۆيدۈرۈش ۋە غىدىقلاش خۇسۇسىيىتى بولماستىن، تازىلىغۇچى ۋە سوۋۇتقۇچىدۇر. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا باشقا دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئارپا بىلەن پىشۇرۇپ، ئارپا سۈيىنىڭ تارقىتىش ۋە تازىلاش كۈچى ئاشۇرۇلىدۇ.

جىگەر ئىششىقىنى داۋالاشتا سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر بىلەن مۇسھىللار قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ ۋە مەنپەئەتى يېتىدۇ، مەيلى ئىششىق جىگەرنىڭ ئاستى ياكى ئۈستى بۆلىكىدە بولسۇن ۋە مەيلى

ئىششىق سەپرادىن ياكى بەلغەمدىن ياكى قاندىن بولسۇن.

ئەمەلىي داۋالاش ئىسسىقتىن بولغان جىگەر ئىششىقى مەيلى قاندىن ياكى سەپرادىن بولسۇن، بۇ نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ:

تىندۇرۇلمىلار نۇسخىسى تىندۇرۇلغان ئىتئۈزۈمى سۈيى، تىندۇرۇلغان كۆك كاسىنە سۈيى ھەربىرى 48 گىرام. بۇلارنى 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى مۆتىدىل بىلەن قوشۇپ ئەتىگەن-كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر قىزىتما بولسا بەش گىرام خاكسى قوشۇلىدۇ ھەمدە تۆۋەندىكى زىماتلاردىن بىرى جىگەر ساھەسىگە چېپىلىدۇ. ئەگەر تىندۇرۇلمىلارنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇنزىج نۇسخىسى بېرىپ ماددىنى پىشۇرۇپ سۈرگە بېرىلىدۇ.

مۇنزىج نۇسخىسى ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە، گۈلبىنەپشە، بەديان، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، گاۋزىبان، كاسىنە ئۇرۇقى ھەربىرى بەش گىرامدىن. بۇلارنى سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، 24 گىرام دىنار شەربىتى ۋە 24 گىرام بۇزۇرى شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ، كەچتە تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

ئاۋۋال داۋائىلمىشكى مۆتىدىلدىن بەش گىرامنى يېگۈزۈپ ئارقىدىن يەتتە گىرام بەديان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، بەش گىرام قۇرۇق ئىتئۈزۈمى قاتارلىقلارنى 72 گىرام ئەرقى شوخلا، 72 گىرام ئەرقى بەديانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، سۈزۈپ 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇنزىج نۇسخىسى ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە سىرتقى تەرەپتىن تۆۋەندىكى زىماتلاردىن بىرەرسى چېپىلىدۇ:

جىگەر زىماتى مۇرمەككى، تاغ پىنىنسى، ئەفسەنتىن، بەرەنجاسىپ، سۇمبۇل، سەئدى كۇفى، بابۇنە گۈلى، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، ئىكلىلمىلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن، رۇسۇت، جەدۋار قاتارلىقلارنى ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ ئىلمان قىلىپ چېپىلىدۇ ياكى زىماتى مۇھەللىل چېپىلىدۇ.

زىماتى مۇھەللىل نۇسخىسى قۇرۇق ئىتئۈزۈمى 12 گىرام، خىيارشەنبەر مېغىزى توققۇز دانە، ئارپا ئۇنى، بابۇنە گۈلى، ئىكلىلمىلىك، سۇمبۇل، قىزىل سەندەل قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ، 24 گىرام سىركە، 24 گىرام گۈل يېغى قوشۇپ ئىلمان قىلىپ چېپىلىدۇ.

ئەگەر كۆچلەندۈرۈش ۋە ئىششىق ياندۇرۇش زۆرۈر بولسا، بۇ زىمات نۇسخىسىغا رۇسۇت، سەبرە، جەدۋارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن قوشۇلىدۇ. مۇنزىج نۇسخىسىنى 8 ~ 10 كۈن ئىچكۈزۈپ، بۇ نۇسخىغا مۇسھىل دورىلارنى قوشۇپ، 2 ~ 3 قېتىم ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ،

مۇسھىللار ئارىلىقىدا قائىدە بويىچە سۇۋۇتقۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇسھىل بەرگەن كۈنلەردە تاماق ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى ئېتىبارى بىلەن ئومۇمىي قائىدە تۈزۈملەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

مۇسھىل دورىلار خىيارشەنبەر ئۇرۇقى، قىزىلگۈل گۈلقەنتى ھەربىرى 48گىرام، سانائى مەككى يەتتە گىرام، شىرخىست 24 گىرام، بەش دانە تاتلىق بادام مېغىزى شىرىسى قاتارلىقلار.

سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ئاۋۋال بەش گىرام داۋائىلمىشكى ساددىنى يېگۈزۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن بەش دانە چىلان، ئۈچ گىرام كاسنە ئۇرۇقى، بەش گىرام قۇرۇق ئىتئۈزۈمى قاتارلىقلارنى 72 گىرام ئەرقى بەرەنجاسىپ ياكى 72 گىرام ئەرقى شوخلىغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە قوشۇپ، يەتتە گىرام رەيھان ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن بەش گىرام داۋائىلمىشكى ساددە ياكى ئامىلە نۇشدارى لۇئلۇۋنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، بەش گىرام قۇرۇق ئىتئۈزۈمى قاتارلىقلارنى 72 گىرام ئەرقى بەرەنجاسىپ ياكى ئەرقى شوخلىغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ، ئەتىگەن - كەچتە ئىستېمال قىلدۇرۇش ۋە يۇقىرىقى زىماتنى قائىدە بويىچە چېپىپ تۇرۇش لازىم ھەمدە تاماقتىن كېيىن ھەببى كەبەد نۇشدارىنى ئىككى ۋاخ، ئىككى دانىدىن يېگۈزۈش لازىم.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئىسسىقتىن بولغان جىگەر ئىششىقىنىڭ باشلىنىشىدا تاماقنى ئىشتىھادىن ئاز بېرىش ھەمدە يەڭگىل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالاردىن ئارپا سۇيى، توم تەرخەمەك ئۇرۇقى، ساگۇدانە قاتارلىقلارنى بېرىش، ئەگەر بىمارنىڭ ئىشتىھاسى ياخشى بولسا، پالەكنى سۇدا قاينىتىپ بۇنىڭغا نانىنىڭ يۈزىنى چۆكۈرۈپ ئاز - ئازدىن بېرىش، كېسەل ساقايغاندىن كېيىن پەلكا بىلەن چامغۇر، سەۋزە، تۇرۇپ، قاپاق، تەرئى، پالەك ياكى سېمىزئوت ياكى ماشنىڭ گۈرۈچ بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇلغان غىزاسىنى يېگۈزۈش لازىم. ئانار ئۇلار ئۈچۈن ياخشى يېمەكلىكتۇر.

بۇ كېسەللىكتە بارلىق مايلىق ۋە تاتلىق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بىمار مېڭىش تۇرۇشقا قادىر بولالىسا، يەڭگىل پىيادە مېڭىپ بېرىش، بەك چارچاپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا بىمار چارچاپ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

كۆرسەتمە جگەر ئىششىقنى داۋالاشتا، بولۇپمۇ بۇ كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا بەزى ۋاقىتلاردا بۇ مەزگىلدە جگەردە يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولىدۇ. جگەرنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىدا جگەر ساھەسىگە بىر نەچچە زۇلۇك قۇرتلىرىنى قويۇش پايدىلىقتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن قەۋزىيەت بولغاندا يەڭگىل يۇمشاتقۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ، كۈچلۈك سۈرگىلەرنى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

سەپرادىن بولغان ئىششىق جگەر ئىششىقىنىڭ ئىككىنچى تۈرى سەپرادىن بولىدۇ. بۇ سەپرانىڭ كۆپ بولۇشى ۋە جگەردە سەپرا كانىلىنىڭ توسۇلۇشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق ۋاقىتتا سەپرا جگەردىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، بەلكى جگەردە قايناپدۇ ۋە جگەرنىڭ تەركىبلىرىدە غەيرىي تەبىئىي ھالەتتە بىرلىشىپ ئىششىق پەيدا قىلىدۇ.

ئالامىتى تىلى ۋە چىرايى سارغىيىدۇ، تىنىدۇرۇلغان سۈيدۈكنىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ، تىلىدا ئۇششاق مودۇر ـ چاقىلار كۆپ بولىدۇ، قاتتىق كۆيۈشۈش ۋە قىزىقلىق بولىدۇ، ھەر خىل تۈردىكى سەپراۋى قۇسۇش بولىدۇ. مەسىلەن: سارغۇچ سەپرا، كۈدە سۈيى رەڭلىك سەپرا. تۆمۈر دېتى رەڭلىك سەپرا. بۇ ئوخشاش بولمىغان ھالەتلەردە ئاشكارا بولىدۇ.

سارغۇچ سەپرا سۇيۇق بەلغەم بىلەن بىرلەشكەن سەپرا؛ تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك سەپرا: قويۇق بەلغەم بىلەن بىرلەشكەن سەپرا؛ رەڭلىك سەپرا: كۆيگەن سەپرا، بۇ زەھەرگە يېقىن بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا تۆمۈر دېتى رەڭ بولىدۇ.

ئەگەر ئىششىق جگەرنىڭ ئۈت كانالىلىرىدا بولسا، ئاشقازان ۋە ئون ئىككى بارماق ئۈچەينىڭ شىللىق پەردىسى ئىششىپ، يەرقان (سېرىقلىق چۈشۈش) پەيدا قىلىدۇ. يەڭگىل قىزىتما ھەر ۋاقىت بولىدۇ. جگەر ساھەسىدە بىئارام قىلىدىغان ئاغرىق بولىدۇ، سەپرادىن بولغان جگەر ئىششىقى بالىلار ۋە نۇقرەس بىمارلىرىدا كۆپ بولىدۇ.

داۋالاش سوغۇق ۋە توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن سەپرا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. مەسىلەن: كاسنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئىتئۈزۈمى، پىرسىياۋشان، كاسنە يىلتىزى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا سىركەنجۇبىل قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك تىلالار ۋە شەربەتلەر بىلەن جگەرگە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ. تىلا ۋە شەربەتلەردە ناھايىتى زىيادە قورۇش بولمىسۇن. تىلالارنىڭ دورىلىرى، مەسىلەن: ئارپا ئۇنى، سەندەل، گۇلاب، كاسنە سۈيى ۋە سىركە قاتارلىقلار ھەمدە شەربەتلەردىن نىلۇپەر شەربىتى، ئەينۇلا شەربىتى، سىركەنجۇبىل ساددە ۋە سىركەنجۇبىل رەۋەنى قاتارلىقلار. سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر ۋە مۇسھىللار بىلەن بەدەننى تەنقىيە قىلىپ تۇرۇش

لازىم.

قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش لازىم.

ئەمەلىي داۋالاش قاندىن بولغان ئىششىققا ئوخشاش ئەھۋالغا قاراپ قان ئېلىنىدۇ.

ئەگەر جىگەر ئىششىقى يەرقاندىن بولغان بولسا يەرقاننى داۋالاش لازىم.

جىگەر ئىششىقى ۋە يەرقانغا تۇرۇپ، چامغۇرنىڭ مەيلى يىلتىزى ياكى كۆكى بولسۇن پايدىلىق غىزالاردۇر.

بەلغەمدىن بولغان ئىششىق جىگەر ئىششىقى بەزىدە بەلغەمدىن بولىدۇ، جىسمى يۇمشاق بولىدۇ. بۇ تۈردىكى ئىششىق ۋەرەمى تەھەببۇجى دېيىلىدۇ.

ئالامىتى چوڭ تەرەتنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ، چىرايى تاتىرىدۇ، يۈز مۇسكۇللىرى بوش بولىدۇ، تىلنى ئاق گەز باغلايدۇ، ئاز ئۇسسايدۇ، قان سۇيۇق بولىدۇ، ئىششىق جىگەر ئۈستى بۆلىكىدە بولسا قوۋۇرغىلار ئاستىدا يۇمشاق ئىششىق مەلۇم بولىدۇ. بۇ يۇقىرىدا سۆزلىنىپ بولدى. بۇنىڭدا ئاغرىق ۋە قىزىتما بولمايدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر جىگەر ئىششىقى بىلەن بەلغەم كۆپ، ئۇسسۇلۇقى ئاز بولسا، ھەر ۋاقىت يەڭگىل قىزىتما بولسا، تىل رەڭگى ئاق، يۈز، پۇتلاردا ئېسىلىش بولغان بولسا، بۇ سوغۇقتىن بولغان ئىششىق دېيىلىدۇ.

داۋالاش ئۆتكۈر ھۆقنىلەر ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرغۇچىلار ئارقىلىق ماددا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

ئۆتكۈر ھۆقنە كەرەپشە يىلتىزى، بەديان يىلتىزى، ئىزخىر يىلتىزى، ئىزخىر غۇنچىسى، رۇمبەديان، غاپەس ئۆسۈملۈكى، زۇپا، پىننە، غارىقۇن، تۇربۇت، ئىنچىكە قەنتەرىيۇن، ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، ئەنجۈر قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا قارا شېكەر قوشۇپ ھۆقنە تەييارلىنىدۇ.

سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەديان، بەديان، جۇۋنىنە، كاسنىنە يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا سىركەنجۋىل بۇزۇرى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئاندىن ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار ۋە غىزالار بىلەن جىگەرنىڭ ھارارىتى ئاشۇرۇلىدۇ.

دورىلاردىن قىزىلگۈل، رۇمبەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى، ئىزخىر غۇنچىسى، مەستىكى، سۇمبۇل، ئاسارۇن، رەۋەن، ئوردان، تازىلانغان لاك ۋە زەپەر قاتارلىقلاردىن قۇرس تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش غىزاسى كەكلىك، پاختەك گۆشلىرى بىلەن نوقۇت، زەيتۇن يېغى،

ئاچچىقسۇ، زىرە ۋە دارچىن قاتارلىقلار قوشۇپ تەييار قىلىنغان بولسۇن.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر جىگەر ئىششىقى سوغۇقتىن بولغان بولسىمۇ تىندۇرۇلمىلار نۇسخىسى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى نۇسخىنى مۇنزىج شەكلىدە بىر نەچچە كۈن ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئىككى - ئۈچ قېتىم مۇسھىل بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىسسىقتىن بولغان جىگەر ئىششىقىدا سۆزلەنگەن سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى ۋە مۇسھىلنىڭ دورىلىرى بولسۇن.

مۇنزىج نۇسخىسى ئەفسەنتىن، گاۋزىبان، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، بەرەنجاسىپ ھەربىرى بەش گرامدىن، قۇرۇق ئىنتىزۇمى، بەدىيان، كاسىنە يىلتىزى، گۈلبىنەپشە ھەربىرى يەتتە گرامدىن. دورىلارنى ئېلىپ بىر كېچە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ ئەتىگەندە سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 48 گرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ ئىچكۈزۈش ۋە كەچتە بەش گرام داۋائىلمىسكى مۆتەدىلنى ئاۋۋال يېگۈزۈپ، كەينىدىن يەتتە گرام بەدىيان، بەش گرام قۇرۇق ئىنتىزۇمى، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم قاتارلىقلارنى 144 گرام ئەرقى بەرەنجاسىپقا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا يۇقىرىقى زىمات ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر يۆتەل بولغان بولسا كەچتە ئۇخلاشتىن ئاۋۋال لۇئوقى مۆتەدىل ۋە لۇئوقى سەرپىستاندىن ھەربىرىدىن 12 گرامنى 144گرام ئەرقى گاۋزىباندا قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئىچى سۈرۈشكە باشلىغان بولسا، 48 گرام تىندۇرۇلغان كۆك پاقىيوپۇرمىقى سۈيى نۇسخىسىغا قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما بولسا، مۇنزىج نۇسخىسىغا خاكسى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن دەرىدە ئەفسەنتىن نۇسخىسى بېرىلىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئىششىق باشلىنىش بىلەنلا بېرىلىدۇ.

دەرىدە ئەفسەنتىن ئەفسەنتىندىن 12 گرام، نۆشۇدۇردىن 0.24 گرام ئېلىپ سۇدا ئېزىپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ، يېرىلغاندا ئوتتىن چۈشۈرۈپ، سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

مەجۇنى دەبدۇلۋەرد ياكى داۋائى كۇركۇمدىن بەش گرامنى يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن ئەرقى بەرەنجاسىپ ۋە ئەرقى شوخلىدىن 72 گرامدىن ئېلىپ، شەربىتى بۇزۇرى ياكى دىنار شەربىتىدىن 24 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە جىگەر زىماتى (مۇر، پىننە چۈشكەن زىمات) چېپىلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق سوزۇلما ھالەتكە ئۆزگەرگەن بولسا 84 گرام تۆگە سۈتىگە 48 گرام شەربەت قوشۇپ، ئەتىگەن - كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئەتىگەندە تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

شۇكائى، يانتاق، بەرەنجاسىپ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، كەچتە

قايناق سۇغا چىلاپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ، 24 گىرام دىنار شەربىتى، 24 گىرام بابۇنە شەربىتى قاتارلىقلارغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە كەچتە تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ:

يەتتە گىرام بەدىيان، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، بەش گىرام ئىتئۈزۈمى قاتارلىقلارنى 72 گىرام ئەرقى شوخلىغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى زىمات چېپىلىدۇ:

زىمات نۇسخىسى ئەفسەنتىن رۇمى، مۇقەل، ئىكلىلمەلىك، قىزىلگۈل، بابۇنە گۈلى، سۇمبۇل ھەربىرى ئالتە گىرامدىن، سېرىق سەبرە، رۇسۇت ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن. بۇلارنى كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ ئىلمان زىمات قىلىنىدۇ ۋە تاماقتىن كېيىن ھەببى كەبەد نۇشدارى ئىككى تالدىن ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز سوغۇقتىن بولغان جىگەر ئىششىقىدىمۇ يەڭگىل، لەتىپ غىزالار بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر چۈشكەن بولسۇن. مەسىلەن: شورپا، چامغۇر، سەۋزە ۋە تۇرۇپ كۆكى، ئارھەر سۈيى، نوقۇت سۈيى، ساگۇدانە قاتارلىقلار.

ئەگەر ئانار بەرمەكچى بولسا ئېھتىيات بىلەن نەزلە، يۆتەل بولمىغاندا بېرىش، ئىتئۈزۈمى ۋە كاسنە يوپۇرماقلىرىنىڭ پىشۇرۇپ سوۋۇتۇلغىنىنى پەلكا بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئىششىقتا سوغۇق سۇ ئورنىغا تۆمۈر داغمال سۈيى ياكى ئەرقى بەدىيان ياكى ئەرقى شوخلا ئىچكۈزۈلسە ياخشىدۇر.

سەۋدادىن بولغان ئىششىق بۇ ئاز كۆرۈلىدىغان تۈردۇر. بۇ ئىلگىرىكى ئىششىق سەۋەبىدىن قاتىدۇ، بۇنى ياخشى داۋالىماسلىقتىن، جىگەر قېتىشقا ئۆزگىرىدۇ. لېكىن بەزى قەدىمكى تېۋىپلار: جىگەرنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىدا قېتىش بولمايدۇ، چۈنكى ئىششىق قېتىشتىن بۇرۇن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىدۇ، دېگەن.

قېتىش پەيدا بولۇشنىڭ ئىككىنچى خىل سەۋەبى ئىلگىرىكى ئىششىقتىن بولمايدۇ، بەلكى باشلىنىشتىلا بىرەر قويۇق ماددا جىگەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ جەۋھىرىنى ئاستا - ئاستا قېتىشقا ئۆزگەرتىدۇ.

قېتىش پەيدا بولۇشنىڭ ئۈچىنچى خىل سەۋەبى جىگەر ساھەسىگە زەربە تېگىشتىن جىگەر زەخىملىنىپ، تېزلىكتە قېتىشقا ئۆزگىرىدۇ.

ئالامىتى قوۋۇرغا ئاستىنى تۇتقاندا قولغا ئاغرىقسىز قاتتىق نەرسە مەلۇم بولىدۇ. قىزىتمىمۇ بولمايدۇ، بەدىنىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ ۋە بىمار ئورۇقلايدۇ. ئىشتىھاسى تۆۋەنلەيدۇ، بەزىدە بۇ ئىششىق مىزاجىنىڭ ھارارىتىدىن قاتىدۇ، ھارارەت جىگەرنىڭ قېتىشىنى يەنىمۇ تېزلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

داۋالاش ماددىلارنى يۇمشىتىش ۋە پىشۇرۇشتىن كېيىن، ماددا مۇسەھىل بېرىش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، يەنى مۇسەھىل بېرىشتىن بۇرۇن ماددىنى مۇنزىج ئارقىلىق يۇمشىتىش لازىم.

بۇ مەقسەتتە مائۇلئۇسۇل، سىركەنجۇبىل بۇزۇرى، سىركەنجۇبىل ئەنسىلى ۋە داۋائى كۇركۇم ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەجۇنى ئاساناسىيا ۋە قۇرسى موقەل يېگۈزۈلىدۇ ھەم زىماتلار چېپىلىدۇ. زىمات كەرنۇب تالقىنى، شۇمشا ئۇنى، ئەنجۈر، مۇقەل، ئۇشەق، ئىكلىلملىك، سۇزاپ، موم ۋە ياغدىن تەييار قىلىنغان بولسۇن، زىماتقا خۇش پۇراق ۋە قابىز نەرسىلەرمۇ قوشۇلغان بولسۇن. خۇش پۇراق ۋە قابىز نەرسىلەر جىگەرنى قوغدايدۇ ھەم جىگەرنىڭ قۇۋۋەتلىرىنى كۈچەيتىدۇ، مەسىلەن: قىزىلگۈل، سەندەل، سۇمبۇل قاتارلىقلار.

يۇقىرىقى پۈتۈن دورىلار مىزاجنىڭ سوغۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق ئېتىبارى بىلەن بېرىلىدۇ، غىزاسىغا ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر چۈشكەن شورپىلار بېرىلىدۇ، شورپا ھۆل پىياز بىلەن زەيتۇن يېغى، ھەسەل، ئاچچىقسۇ، ئاق شېكەر، زىرە ۋە دارچىن قاتارلىقلاردىن تەييار قىلىنغان بولسۇن.

داۋائى كۇركۇم نۇسخىسى سۇمبۇل، كۇركۇم ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، دارچىن، تازىلانغان مۇرمەككى، قۇستە، ئىزخىر غۇنچىسى ھەربىرى 3.5 گىرامدىن. ھەممىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلدە يۇغۇرۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

مەجۇنى ئاساناسىيا نۇسخىسى زەپەر، ئاچچىق قۇستە، سۇمبۇل، تازىلانغان مۇرمەككى، ئۇد بىلسان، ئەپيۇن، دارچىن ھەربىرى بىر ھەسسە، غاپەس ئۇسارىسى ئىككى ھەسسە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ئۈچ ھەسسە. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلدە يۇغۇرۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

ئاساناسىيانىڭ مەنىسى سىڭدۈرگۈچىدۇر.

قۇرسى مۇقەل نۇسخىسى قىزىلگۈل 35 گىرام، سۇمبۇل يەتتە گىرام، زەپەر، مەستىكى، مۇرمەككى ھەربىرى بەش گىرام، مۇقەل 10 گىرام. دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ھەسەل قىيامىدا يۇغۇرۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

دىيوجانىسنىڭ ھېكايىسى جالىنۇس يازغانكى، «ھەكىم ساسلىسنىڭ مۇھتالە گۇرۇھى» نىڭ سەردارى بولغان شاگىرتى دىيوجانىسنىڭ چوڭ قاتقان جىگەر ئىششىقىنى داۋالىغان ئىدى، ئۇ، داۋالاش ئېلىپ بارغان جەريانىدا جىگەرنىڭ ساقلىقىنى ساقلىغۇچى دورىلارنى ئىشلەتمەي، پەقەت ئىششىقنى بوشاشتۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەن

ئىدى. بۇنىڭغا مەن ئىششىقنى تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن قابىز دورىلارنىمۇ قوشۇپ ئىشلىتىشنى ئىشارە قىلدىم، بۇنى ساسلىس ئاڭلاپ ماڭا مالامەت قىلدى ۋە بۇ داۋالاش ئۇسۇلى «مەخپىي تېبابەت» ئاشكارا بولۇشتىن ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ئەگەر بىز بۇ بىمارنى ئازراق تەرلەتسەك، ئۇ دەرھال ئۆلۈپ كەتسە، سەن قانداق قىلىسەن؟ دېسەم، بۇنىڭغا ساسلىس تېخىمۇ ئاچچىقلاپ چىقىپ كەتتى. ئاز كۈنلەردىن كېيىن دىيوجانىسنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇ ئۆلۈپ قاپتۇ. مەن ئۇنىڭغا بۇنى ئىلگىرى دېگەن ئىدىم.

مۇھتالە گۇرۇھى — بۇ تېۋىپلار پەقەت ئىستىفراغ ۋە ئېھتىباس (ماددىنى چىقىرىش ۋە تۇتۇش) بىلەن داۋالايدۇ، بۇ كىشىلەر قىياس ۋە تەجرىبە بىلەن بىرەر ئىش قىلمايدۇ.

مەخپىي تېبابەت بۇ قەدىمكى دەۋردىكى تېبابەت بولۇپ، بۇ تېبابەتنى كىشىلەر مەخپىي تۇتاتتى، بۇ تېبابەت بۇقرات ياشىغان دەۋردىن ئىلگىرىكى دەۋردىكى تېبابەتتۇر.

قورساق مۇسكۇللىرى ئىششىقى

قورساقتا تۆت جۈپ مۇسكۇل ئورۇنلاشقان.

1. قورساقنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا تىك ھالەتتە خەنجەرسىمان كۆمۈرچەكتىن باشلىنىپ دوۋسۇن سۆڭىكىگىچە يېتىپ بارىدۇ (بۇ تۈز مۇسكۇل دەپ ئاتىلىدۇ).

2. قورساقنىڭ كەڭلىكىدە دەسلەپكى جۈپتە زاۋىيە قائىمە ئۈستىدە كېسىشىدىغان ھالەتتە جايلاشقان (بۇ توغرا مۇسكۇل دەپ ئاتىلىدۇ).

3 ـ ۋە 4 ـ ئىككى جۈپ قىيپاش ھالەتتە ئورۇنلاشقان مۇسكۇل بولۇپ، بىرى ئىككىنچىسى ئۈستىدىن كرېست شەكلىدە كېسىشىدۇ. يەنى بىر جۈپى قوۋۇرغىلارنىڭ باشلىرىدىن باشلىنىپ دوۋسۇنغىچە ۋە ئىككىنچى جۈپى يانپاش سۆڭىكىدىن خەنجەرسىمان كۆمۈرچەككىچە يېتىپ بارىدۇ (بۇ ئىككى جۈپ مۇسكۇل ئىچكى ۋە تاشقى تۆت چاسا مۇسكۇل دەپ ئاتىلىدۇ).

خەنجەرسىمان كۆمۈرچەك بۇ كۆكرەك سۆڭىكىنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكى، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئۇدۇلىغا جايلاشقان.

زاۋىيە قائىمە: بۇ بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە يەنە بىر تۈز سىزىقنىڭ كېسىشىشىدىن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بولغان ئويمان زاۋىيە قائىمە دەپ ئاتىلىدۇ (ت).

ئومۇمەن جىگەر ئىششىقى ۋە قورساق مۇسكۇل ئىششىقىنىڭ ئالامەتلىرىدە ئوخشاشلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئىششىق ئىچكى ۋە قىيپاش مۇسكۇللاردا بولغان ۋاقىتتا. چۈنكى بۇ مۇسكۇللار ئىششىقىنىڭ شەكلىنى جىگەر ئىششىقىغا ئوخشاش بارماق بىلەن ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ.

ئۇ ئىككى ئىششىقتىكى پەرق: جىگەر ئىششىقىنىڭ شەكلى ھىلال ئايغا ئوخشاش بولىدۇ ۋە ئىششىق ئاخىرلاشقان ئورۇندا ھەمدە باشقا ئەزالارنىڭ ئارىلىقىدا ئورتاق پەردە سېزىلىدۇ.

مۇسكۇللار ئىششىقى ئۇزۇن بولۇپ، بىر تەرىپى توم ۋە يەنە بىر تەرىپى ئىنچىكە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئىششىقنىڭ ئاخىرلاشقان ئورنىدا چېگرا بولمايدۇ، بەلكى بۇ ئىششىقنىڭ ئۇزۇنىسىغا تەدرىجىي ئىنچىكىلەپ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

مۇسكۇللار ئىششىقىدا جىگەر ئىششىقىنىڭ ئالامەتلىرى روشەن ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن: چوڭ - كىچىك تەرەتنىڭ توختاپ قېلىشى، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ئاغرىق، ئوڭ تەرەپ ئوقۇرەك ئاستى تارتىشىش قاتارلىقلار. چۈنكى بۇ ئالامەتلەر قورساق مۇسكۇلى ئىششىقىدا ئاز مىقداردا كۆرۈلسە، ئۇ جىگەر سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن زىيادە ئاشكارا بولمايدۇ.

مۇسكۇللار ئىششىقىنى تۇتۇپ تەكشۈرۈپ بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى قورساقنىڭ مۇسكۇللىرى قورساق تېرىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جىگەر ئىششىقىنى بەزىدە تۇتۇپ بىلگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئەگەر جىگەرنىڭ ئاستى ئويمان تەرىپىدە بولغان ۋاقىتتا. تاغاق سۆڭەك، ئوقۇرەك سۆڭەك جىگەر بىلەن نېرۋىلار ئارقىلىق تۇتىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىگەر ئىششىقىدا بۇ ئورۇنلار تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

چېگرا پەردە: بۇ، ئىككى ئەزا ئارىسىغا جايلىشىدۇ ۋە ھەر ئىككىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ خۇددى بىر شارسىمان جىسىمنى كېسىش بىلەن ئارىلىقتا بىر تەكشى يۈز چىققاندەك.

داۋالاش بۇنىڭدا جىگەر ئىششىقىغا ئوخشاش دەسلەپتە قان ئېلىنىدۇ، مۇسھىل بېرىلىدۇ، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى دورىلار سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ ۋە ماددىنىڭ قېتىۋېلىشىدىن ھەرگىز قورقماسلىق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىششىقنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا يېقىن ئورۇنغا ئىششىق قايتۇرغۇچى دورىلار زىمات قىلىنىدۇ ھەمدە بۇ كېسەللىكتە جىگەر ئىششىقىغا ئوخشاش كۈچ تارقىلىپ كېتىش ۋە بىمارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن تامامەن قورقماسلىق، پەقەت مۇشۇ دورىلارنى يەنى دەسلەپتە پەقەت ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش ۋە قايتۇرغۇچى دورا بىلەن ماددىنى لەتىفلەشتۈرگۈچى دورىلارنى ئارىلاشتۇرماسلىق. ئاخىرىدا جىگەر ئىششىقىنىڭ ئەكسىچە قابىز دورىلارنى ئىشلەتمەي، پەقەت تارقاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش. چۈنكى قورساق مۇسكۇللىرى ئىششىقىدا جىگەر ياللۇغىدەك خەۋپ - خەتەر بولمايدۇ.

ئىششىقنىڭ پىشىشى ئەگەر مۇسكۇللار ئىششىقىنىڭ ماددىسى توپلىنىپ، يىرىڭ شەكىللەنگەن بولسا، دورىلار ئارقىلىق زەخمىنىڭ ئېغىز ئېلىشىنى كۈتمەي، دەرھال يېرىش لازىم. چۈنكى يىرىڭ ئۇزۇن مەزگىلگىچە تۇرۇپ، مۇسكۇللار ۋە قورساق ئىچكى پەردىسىنى

چىرىتىدۇ ھەمدە زەخىم ئىچكى تەرەپكە ئېغىز ئېلىپ، ئىچكى ئەزالارغا ئاغرىق يېتىدۇ، بۇ ئورۇننى تېشىشمۇ ئاساندۇر.

ئەسكەرتىش قورساق مۇسكۇللىرى ئىششىقنى داۋالاشتا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا ئەگەر يىرىڭ شەكىللەنگەن بولسا، قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ۋە باشقىلار ئىششىغاندىن كېيىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقى

خۇددى جىگەر قېتىش جىگەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقىدىن كېيىن پەيدا بولغىنىدەك، جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقىمۇ جىگەرنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

خۇراجى كەبەد ۋە دۇبەيلە كەبەد: ئەگەر جىگەردە بىر چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق بولغان بولسا، بۇ تېبابەتتە دۇبەيلە دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق بولسا بۇ خۇراج دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭلاشقا بەزىدە جىگەرنىڭ ھەر خىل ئورۇنلىرىدا يىرىڭ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىچىك يىرىڭلىق ئىششىقلار شەكىللىنىپ ئۆزئارا بىرلىشىدۇ. بۇنىڭ سانى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ يىرىڭلىق ئىششىق كۆپرەك جىگەرنىڭ ئوڭ تەرەپ بۆلىكىدە بولىدۇ. لېكىن ئىسسىق مەملىكەتلەردە بۇ يىرىڭلىق ئىششىق ئومۇمەن ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ئەگەر قانغا يىرىڭ ئارىلىشىش سەۋەبىدىن يىرىڭلىق ئىششىق بولغان بولسا، كۆپىنچە جىگەر دەرۋازىسى ئۇدۇلىغا كىچىك ـ كىچىك بىر نەچچە يىرىڭلىق مۇدۇر چىقىدۇ. بۇ يېپىسمۇق دانىسىدىن تۇخۇم چوڭلۇقىغىچە بولىدۇ.

سەۋەبى غىزانى تەرتىپسىز ۋە كۆپ يېيىش، كۆپ ھاراق ئىچىش، پەسىللىك قىزىتمىنىڭ بۇزۇق ماددىسى، جىگەر ئىششىقى، جىگەر ساھەسىگە زەربە تېگىش، جىگەرنىڭ سەپرادىن بولغان تاشلىرى ياكى باشقا يات جىسىملار سەۋەبىدىن جىگەردە كۆيۈشۈش، غىدىقلىنىش پەيدا بولۇش، بۇزۇلغان ماددىلارنىڭ ئۈچەي ياكى باشقا ئەزالاردىن جىگەرگە يېتىپ كېلىشى، مەسىلەن: قارىنغۇ ئۈچەي ئىششىقى، تولغاق، قاننىڭ زەھەرلىنىشى ياكى بۇزۇلۇشى قاتارلىقلار. ئىسسىق مەملىكەتلەردە بۇ كېسەللىك كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ئالامىتى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ۋاقتىدا قايتماي، ئۇنىڭ ماددىسى جىگەر ئىچىدە بىرەر ئورۇنغا يىغىلىپ، يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولسا، بۇنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ. قىزىتما ۋە ئاغرىق قاتتىق بولىدۇ.

كۈندە بىر نەچچە قېتىم جۇغ - جۇغ بىلەن قىزىتما ئۆرلەيدۇ. ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ گۇمانى بولىدۇ. ئومۇمەن قىزىتما 103 دىن يۇقىرى بولمايدۇ. جىگەر ساھەسىدە ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە بېسىش بىلەن ئاغرىق كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭ ئاغرىقى ئوڭ تاغاققىچە تارقىلىدۇ. چوڭقۇر نەپەس ئېلىش ياكى يۆتىلىش بىلەن ئاغرىق كۈچىيىدۇ.

باشقا ئالامەتلەردىن، مەسىلەن: ئۇسساش، جىگەر كۆيۈشۈش، سانجىق، چىرايى قىزىرىش، ئىشتىھا يوقىلىش قاتارلىقلار ئۆتكۈر بولىدۇ. بىمار ئۈچۈن ئوڭدا يېتىش قىيىن بولىدۇ.

جىگەر ساھەسىدە ھەر ۋاقىت ئېغىرلىق مەلۇم بولىدۇ، قورساق مۇسكۇللىرى تارتىشىدۇ، تۇتۇپ تەكشۈرۈش بىلەن قورساقنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدە يۇمىلاق كۆپۈشۈش مەلۇم بولىدۇ. پۈتۈن بەدەن، كۆز ۋە كالپۇكى سارغىيىدۇ، ھەزىم قىلىش بۇزۇلىدۇ، قورساق كۆپۈش ۋە قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. بىمار ئاجىز ۋە ئورۇق بولىدۇ. ئاندىن كېيىن جىگەر ئورنى يۇمشايدۇ، يەنى يىرىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغاندا بۇ ئۆتكۈر ئالامەتنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ، ئەگەر بۇ ئېغىز ئالسا جۇغ - جۇغ پەيدا بولىدۇ. ئاق ياكى بۇلغانغان يىرىڭ چوڭ تەرەت بىلەن چىقىدۇ. بىماردا كۆپىنچە يېقىمسىزلىق پەيدا قىلىدىغان ئاغرىق يوقىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بەزىدە يىرىڭ قۇسۇق ئارقىلىق، بەزىدە سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىدۇ ۋە بەزىدە ئېغىز ئېلىپ، يىرىڭ قورساق بوشلۇقىدا قورساق مايلىق پەردىسى ۋە ئۈچەيلەر ئارىسىغا قۇيۇلىدۇ (بۇ قورساققا سۇ چۈشۈش كېسەللىكىدە سۇ يىغىلىدىغان ئورۇندۇر). بۇ ۋاقىتتا يىرىڭ سۈيدۈك، چوڭ تەرەت ۋە قۇسۇق ئارقىلىق چىقمايدۇ. لېكىن باشقا يېنىك ئالامەتلەر ئېغىرلىشىدۇ، ئىششىق يانىدۇ ۋە بەدەندىكى مويلار تىكلىنىپ قالىدۇ.

بەزى بىمارلاردا يىرىڭلىق ئىششىق يىرىك بىلەن تۇشۇپ ئېغىز ئېلىشقا لايىقلاشمىغىچە بىرەر ئۆتكۈر ئالامەت پەيدا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە يەڭگىل سوغۇقلۇق ياكى جىگەر ساھەسىدە ئازراق يېقىمسىزلىق بولىدۇ. يىرىڭلىق ئىششىق بەزىدە ئېغىز ئالىدۇ ھەمدە ھەر خىل يوللار بىلەن يىرىڭ چىقىدۇ. يىرىڭ بەزىدە ساپ بولىدۇ، بۇنىڭغا بىرئاز قان ياكى سەپرا ئارىلاشقان بولىدۇ، بەزىدە سېسىق پۇراقلىق، بەزىدە چىرىگەن ماددا ئارىلىشىپ كېلىدۇ.

ئاقىۋىتى: ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ يىرىڭى قورساق پەردىسىدە ئېغىز ئالغان بولسا، قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى پەيدا بولۇپ، بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىق ئۆت كانىلىغا ئېغىز ئالغان بولسا، يىرىڭ چوڭ تەرەت يولىدىن چىقىدۇ. ئەگەر قورساق دىۋارى سىرتقى تەرىپىگە ئېغىز ئېلىپ چىققان بولسا، قورساق دىۋارىدا ئاقما بولىدۇ. ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىق قىزىلئۆڭگەچتە ئېغىز ئالغان بولسا، يىرىڭ قۇسۇق ئارقىلىق چىقىدۇ ھەمدە ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ. بەزىدە يىرىڭلىق ئىششىق چوڭ بولىدۇ ۋە قورساق، ئاشقازان، بۆرەك، ئۈچەيلەر

بوشلۇقى، كۆكرەك بوشلۇقى، يۈرەك قېپى ياكى تۆۋەنكى كاۋاك ۋېنا ئىچىگە ئېغىز ئالىدۇ ياكى سىرتقى تەرەپكە يول پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر پۈتۈن يىرىڭ چىقىپ كەتسە، يىرىڭ تۆشۈكى قىسقىرايدۇ ۋە بىر مەزگىلگىچە مۇشۇنداق تۇرۇپ تۇيۇقسىز زورىيىدۇ ھەمدە چوڭىيىشقا باشلايدۇ.

بەزىدە يىرىڭنىڭ سۇيۇق قىسمى سۈمۈرۈلۈپ كېتىدۇ ۋە قويۇق قىسمىدىن تاش شەكىللىنىدۇ.

بەزىدە جىگەر دەرۋازىسىدا ئىششىق پەيدا بولغاندىن كېيىن يىرىڭ پەيدا بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن جىگەر دەرۋازىسىنىڭ دىۋارلىرى قېلىنلايدۇ ھەمدە ئەتراپتىكى توقۇلمىلاردىمۇ ئىششىق پەيدا بولىدۇ ۋە جىگەر دەرۋازا كۆك قان تومۇردىكى قان ئۇيۇپ كىچىك ـ كىچىك پارچىلارغا ئۆزگىرىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ پارچىلار پارچىلىنىپ، قان بىلەن ئۆپكە، مېڭە، بۆرەك ۋە چوڭ بوغۇملارغا يېتىپ بارىدۇ ھەمدە بۇ ئورۇنلاردا ئىككىلەمچى يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا قىلىدۇ.

ئوخشىمىغان ئەزالارغىچە يىرىڭنىڭ يېتىپ بېرىش ھالىتى، جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقىنىڭ ئەتراپىدا جىگەرنىڭ زەخىم يۈزى بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئەزالار بولىدۇ ھەمدە يىرىڭ ئارىلىق توقۇلمىلىرىنى بۇزۇۋېتىدۇ، بۇزۇۋېتىش سەۋەبىدىن تۆشۈك شەكىللىنىدۇ. بۇ تۆشۈك يولى ئارقىلىق يىرىڭ جىگەردىن باشقا ئەزالارغىچە يېتىپ بارىدۇ.

ئاقىۋىتى ئەگەر قورساق پەردىلىرىگە يىرىڭلىق ئىششىق ئېغىز ئېلىش سەۋەبىدىن قورساق پەردىسى ئىششىغان بولسا، ئومۇمەن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەزىدە ماددىلارنىڭ چىقىشىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن بىمار كۈچسىزلىنىدۇ ياكى ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر زەخىم سىرتقى تەرەپكە ئېغىز ئالغان بولسا، ئاقىۋىتى ئومۇمەن ياخشى بولىدۇ ۋە بىمار ساقىيىپ كېتىدۇ.

سېلىشتۇرما دىياگنوزى ئەگەر خۇراج ۋە دۇبەيلەنىڭ روشەن ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولغان بولسا، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئانچە قىيىن ئەمەس. ئەگەر ئالامەتلەر ئېنىق بولمىسا، بۇ ۋاقىتتا جىگەر ئۆسمىسىدىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆسمە مەۋجۇت بولغاندا تىڭشىغۇچنى كۆكرەك ئۈستىگە قويۇپ تىڭشىغاندا، بىرەر ئاۋازنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ ۋە دۇبەيلە مەۋجۇت بولغاندا سۈركىلىش ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ ھەم بەزىدە تومۇر تەرەپتە لوقۇلداش بولىدۇ، ئۆسمىدە بۇنداق بولمايدۇ.

داۋالاش يىرىڭلىق ئىششىق ئېغىز ئالغاندىن كېيىن ئەتىگەندە جۇلاپ ياكى ئارپا سۈيىنى يالغۇز ياكى ھەسەل بىلەن ياكى سىركەنجۇبىل بىلەن (مىزاجىغا قاراپ) ئىچكۈزۈلىدۇ

ئۇققا ئوخشاش سانجىلىپ تۇرغاندەك مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئاز مەزگىلدىن كېيىن يوقىلىدۇ. بەزىدە تارتىشىش مەنبەلىك ئاغرىقمۇ مەلۇم بولىدۇ. بۇ قىسقا ۋاقىتقىچە داۋاملىشىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا بىمار قولىنى جىگەرنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا ئىسسىق بۇخاراتلار باش تەرەپكە ئۆرلىگەندەك مەلۇم بولىدۇ. خۇددى بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش بىمارىدا بەزى ۋاقىتلاردا بۇ تۈردىكى سېزىملار بولغىنىدەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بىمار ھوشىدىن كېتىدۇ ياكى سوغۇق تەرلەيدۇ.

داۋالاش   جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، سىركەنجىۋىل بۇزۇرىغا مامىرانچىنى، زەپەر، رەۋەنگە ئوخشاش توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جىگەرنى تازىلىغۇچى دورىلاردىن ئىزخىر، ئەفتىمۇن، ئۇقھۇۋان، شاھتەررە، ئەفسەنتىن، غاپەس قاتارلىقلار قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇققۇۋان   بابۇنىنىڭ بىر قىسمىدۇر، بۇنى كالا بابۇنىسى دەپمۇ ئاتايدۇ.

جىگەرگە تاش چۈشۈش كېسىلى

ئەللامە نەفىس ئېيتىدۇكى: «جىگەردىكى تاشنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى بۆرەك ۋە دوۋساق تېشىغا ئوخشاشتۇر. بۇنىڭ بايانى كېيىن سۆزلىنىدۇ».

جىگەر تېشى: بۇنى سەپرادىن بولغان تاشلار ياكى ئۆت تېشىمۇ دەپ ئاتايدۇ. بۇ سەپرا كانالچىلىرىنىڭ ئىچىدە پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ تاشلاردىن جىگەردە ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە بىئارام قىلغۇچى ئاغرىق پەيدا بولىدۇ، بۇ جىگەر مەنبەلىك قۇلۇنجى دېيىلىدۇ.

تونۇش   سەپرادىن بولغان تاشلار تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن جىگەردە شەكىللىنىدۇ:

1. سەپرا ئۇيۇشتىن ئىلگىرى بىر دانچە شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ دانچە ئۈستىگە تەدرىجىي باشقا چۆكمىلەر توپلىنىپ ماڭىدۇ.

2. سەپرا خىلىتىدا بىر مەخسۇس ماددا (سەپرادىن بولغان قېتىشما، سەپرادىن بولغان تاش) بولىدۇ. بۇ چۆكمە بولۇپ ئۇيۇپ قالىدۇ.

3. ئۇيۇۋالغان بەلغەمى تالا ياكى ئۆت خالتىسى دىۋارى ئۈستىدىكى سەپرادىن بولغان چۆكمە قېتىشقا باشلايدۇ.

4. سەپرا خىلتى تەركىبىدە تۇزلۇق تەركىبلەر ئاز بولسا، چۈچۈمەل تەركىبلەر ئاشسا ياكى ھاك تەركىبلىرى (تۇپراق تەركىبلىرى) كۆپ بولسا، تاشلار شەكىللىنىدۇ.

5. بەزىدە سىرتقى جىسىمدىن، مەسىلەن: بىرەر قۇرت ئۈچەيلەردىن ئۆت ئىچىگە مېڭىپ بارىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈستىگە سەپرادىن بولغان چۆكمە توپلىنىشقا باشلايدۇ.

بۇ تاشلار ئومۇمەن ئۆت خالتىسى ئىچىدە بولىدۇ. لېكىن بەزىدە جىگەر ۋە ئۆت كانىلىدىمۇ تېپىلىدۇ. بۇ تاشلار ئومۇمەن بىر قانچە دانە بولىدۇ. بۇنىڭ سانلىرى 10 دانىدىن 1000 دانىگىچە بولىدۇ. تاشنىڭ ھەجمى نوقۇت ۋە بادام باراۋىرىدە، بەزىدە بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولىدۇ. شەكلى ئومۇمەن يۇملاق، بەزىدە ئۇچ قىرلىق ۋە بەزىدە تىكەنلىك بولىدۇ. رەڭگى سېرىق، كۆكۈچكە مايىل بولىدۇ، تۇتقاندا سوپۇنغا ئوخشاش مايلىق بولىدۇ. ئاسان سۇنىدۇ ۋە كېسىلىدۇ. ئەگەر ئۆتتىن بىرەر تاش چىقىپ، ئۇنىڭ كانىلىغا بېرىپ ۋە ئۈچەيلەر تەرەپكە چىقىرىلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۈچەيلەر ئىچىدە قۇلۇنجى ئاغرىقىغا ئوخشاش قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن بەزى ۋاقىتلاردا بىمار ھوشىدىن كېتىدۇ.

سەۋەبى دائىملىق قەۋزىيەت، ھاراقنى كۆپ ئىچىش، گۆشلۈك غىزالارنى كۆپ يېيىش، جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئازلىقى، ئۆت يالläۇغى، نۇقرەس، دىيابېت، ئۆپكە سىلى، يامان سۈپەتلىك ئۆسمە قاتارلىقلار. بۇ كېسەللىك ئاياللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئاقىۋىتى يەرلىك ئورۇنلۇق غىدىقلىنىشنىڭ سەۋەبىدىن بەزىدە ئىششىق ۋە زەخىم پەيدا بولىدۇ، مەيلى جىگەردە ياكى ئۆتتە ياكى ئۆت كانىلىدا بولسۇن. ئەگەر ئۆت كانىلىدا بولسا توسۇلۇش سەۋەبىدىن سەپرانىڭ چىقىرىلىشىدا توسالغۇ پەيدا بولىدۇ، يەنى سېرىقلىق چۈشىدۇ. قەۋزىيەت سەۋەبىدىن ئۈچەيلەردە توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۈچەيلەردە ئىششىق، ئېسىلىش ۋە بەزىدە زەخىم بولىدۇ. بەزىدە ئۈچەيلەرنىڭ يارا بولۇشى ۋە تېشىلىشىدىن قورساق ئورىغۇچى پەردە ئىششىقى پەيدا بولىدۇ. بۇ ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزىدە تاش ئۆت ياكى ئۆت كانالچىسىنى يېرىپ سىرتىغا چىقىدۇ ۋە قورساق ئورىغۇچى پەردە ياكى ئاشقازان ياكى ئۈچەيلەرگە چۈشىدۇ. بەزىدە تاش جىگەردىلا تۇرۇپ قالىدۇ ھەمدە بۇ جايدا غىدىقلىنىش پەيدا قىلىپ، جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئالامىتى جىگەردىكى كەيمۇس ھەزىم بولغاندىن كېيىن ھەمىشە بىماردا قۇسۇش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. جىگەردە ئىششىق ۋە قاتتىقلىق بولماستىن، سانجىق ۋە ئاغرىق بولىدۇ ھەم بەزىدە جىگەرنىڭ بەزى بۆلەكلىرىدە قاتتىقلىقمۇ بولىدۇ. يەنى بۇ قوم ياكى تاش توسۇۋالغان ئورۇن بولىدۇ.

ئاغرىق باشلىنىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن بىمارنىڭ تەبىئىتى ياخشى بولماي قالىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن ياكى بىرەر جىسمانىي ھەرىكەت قىلىش بىلەن قاتتىق ئاغرىق باشلىنىدۇ. ئاغرىق ئوڭ تەرەپ قوۋۇرغىلاردا، يەنى جىگەر ساھەسىدىن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئاغرىقى ئوڭ تاغاق ۋە ئوقۇرەك سۆڭەككىچە يېتىپ بارىدۇ. ئاغرىق تۇتقانسېرى كۈچىيىدۇ، قاتتىق ئاغرىق بولغان ۋاقىتتا بىمار پەرىشان ۋە بىقارار بولىدۇ، پېشانىسى تەرلەيدۇ، ئاغرىقنىڭ

باشلىنىشىدا جىگەر ساھەسىنى باسقاندا ئاغرىق ياخشىلانغاندەك سېزىلىدۇ. قۇسىدۇ ياكى كۆڭلى ئېلىشىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ ۋە قورسىقى ئېسىلىدۇ، بەزىدە يەڭگىل جۇغ - جۇغمۇ بولىدۇ، تومۇرى ئاجىز سوقىدۇ، قاتتىق ئاغرىق سەۋەبىدىن قۇما (سۇبات) نىڭ ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ، پۈتۈن بەدەن تەر بىلەن ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئاغرىق تۇتۇش ناھايىتى قاتتىق بولسا، بىمار ھوشىدىن كېتىدۇ ياكى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر تاش ئۆت ياكى ئۆت كانىلىغا قايتىپ كەلگەن بولسا، ئالامەتلىرى سەل يەڭگىللەيدۇ. ئەگەر تاش ئۆت كانالچىسىغا كەپلەشكەن بولسا، سېرىقلىق چۈشىدۇ. ئەگەر تاش ئۆت خالتىسىدىن چىقىپ، ئۆت خالتىسى كانىلىغا بارغان بولسا، بىمار بىئارام بولۇپ، ئاغرىقتىن قورسىقىنى تۇتىدۇ ۋە بىر ئورۇندا تۇرالمايدۇ. بۇ ئاغرىق تىلغاندەك، تەشكەندەك، نەيزە سانجىغاندەك مەلۇم بولىدۇ. ئۈچ قىرلىق ياكى تىكەنلىك ياكى چوڭ تاش قاتتىق ئاغرىتىدۇ.

سېلىشتۇرما دىياگنوزى بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئاغرىق بۆرەك ئاغرىقى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بۆرەك ئاغرىقىدىكى ئالامەت پەرقى تۆۋەندىكىچە:

بۆرەك ئاغرىقى: ئاغرىق بەلدىن باشلىنىدۇ، بۇنىڭ ئاغرىقى ئالدى ۋە ئاستى، يوتىنىڭ ئىچكى تەرىپى ۋە ئۇرۇقدانلار تەرەپكىچە يېتىپ بارىدۇ، سۈيدۈكى قېنىق رەڭلىك، كەينى - كەينىدىن ۋە ئاز مىقداردا كېلىدۇ، كىچىك تەرەتكە بەزىدە قان ئارىلىشىپمۇ كېلىدۇ ۋە ئاغرىق تۇتۇشتىن بۇرۇن بەزىدە كىچىك تەرەت بىلەن قۇم ياكى تاشلار چىقىدۇ.

داۋالاش بۆرەككە تاش چۈشۈشكە ئىشلىتىدىغان تاش پارچىلىغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ، ئاندىن سۈيدۈك ھەيدەش ئارقىلىق تاش چىقىرىلىدۇ.

بۇنىڭ ئىلاجى ئاغرىق تۇتقان ۋە تۇتمىغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئايرىم ئايرىم بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئاغرىق تۇتقان ۋاقىتتا بىمار ئارام ئالدۇرۇپ ياتقۇزۇلىدۇ ۋە ئاغرىق توختاتقۇچى چارىلەر قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاغرىغان ئورۇنغا 12 گىرام خەشخاش پوستىنى 120 گىرام گۈلابتا قاينىتىپ، ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى بىر ساپال قاچىغا ئىسسىق سۇ تولدۇرۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھۆقنە ئارقىلىق ئۈچەيلەر تازىلىنىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن 12 گىرام سوپۇننى قايناق سۇدا ئېرىتىپ ۋە 12 گىرام ئابدىمىلىك يېغى قوشۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ.

بەزىدە قاتتىق ئاغرىق ئەپيۇن جەۋھىرى بىلەن توختىتىلىدۇ، يەنى ئەپيۇن جەۋھىرى ۋە يەبرۇج جەۋھىرى تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ھەمدە ئىچىشى ئۈچۈن بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ: يەتتە گىرام جاۋارىش زەر ئۇننى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن ئوغرىتىكەن، قوغۇن ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى ئەنناس (جىناستە) قا قاچىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ سۈزۈش ھەمدە 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى

مۆتىدىل ياكى سىركەنجىۋىل بۇزۇرىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يەرلىك ئورۇنلۇق ئىسسىق ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش تۆۋەندىكى نۇتۇلمۇ ئىشلىتىلىدۇ: بابۇنە گۈلى، ئەرەب دەرىخى چېچىكى، رۇمبەدىيان، پىرسىياۋشان، مەرزەنجۇش، كاكىنەچ ھەربىرى ئالتە گرامدىن. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى 10 كىلوگرام سۇدا ئوبدان قاينىتىپ، سۈزۈپ نۇتۇل قىلىنىدۇ، ئۇسسىغان ۋاقىتتا تۇزلۇق سۇ ئوبدان ئىچكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: تۇز ياكى توغرىغۇ سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئاغرىق تۇتمىغان ۋاقىتتا ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىنىدۇ. مۇناسىپ جىسمانىي ھەرىكەت داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. غىزاسىغا لەتىف، ئاسان ھەزىم بولىدىغان تاماقلار بېرىلىدۇ. كۆكتاتلاردىن تۇرۇپ، چامغۇر، قىزىلچا كۆپ بېرىلىدۇ، گۆشلۈك غىزالارنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىدۇ، تۇزلۇق ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. سۇ ئىچىشكە چەك قويۇلمايدۇ.

ئاغرىق تۇتمىغان ۋاقىتتا بۇ نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ.

ھەجرۇليەھۇد ۋە سەنگى سەرماھىنىڭ ھەربىرىدىن 0.48 گرام ئېلىپ، ئىككىسىنى يۇمشاق ئېزىپ، يەتتە گرام جاۋارىش زەر ئۇنىغا ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئارقىدىن دۇقۇ (ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى)، كاكىنەچ، ھەببى قىللەت، ئالۇبالۇ (قارىئۆرۈك) قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، 144 گرام ئەرقى ئەنناسقا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ سۈزۈپ ۋە 48 گرام بۇزۇرى شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن كەچتە ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھەببى تەنكار يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئاغرىقنىڭ قوزغىلىشىنى يوقاتقاندىن كېيىن غىزاسىغا ئارپا ئېشى، سۇدا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتياشلار، كۆكتاتلار ۋە باشقا يۇمشاق مۇناسىپ تاماقلار بېرىلىدۇ.

ئەسكەرتىش كىشىلەر جىگەرگە تاش چۈشۈش كېسىلىگە زەيتۇن يېغىنى داۋاملىق ئىشلىتىشمۇ پايدىلىق، دەپ قارىغان. يەنى 12 گرام زەيتۇن يېغى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۈت بىلەن بېرىلىدۇ.

ھېكايە: تەبەرى ئېيتقانكى، مەن بىر كىشىنى كۆردۈم. بۇنىڭ جىگىرىنى سىلىغاندا بىر بۆلىكىدە ئىششىقتىن بولغان قېتىشقا ئوخشاش بىر نەرسە مەلۇم بولغان ئىدى ۋە جىگەرنىڭ قالغان بۆلىكى قاتتىق يۇمشاقلىقتا نورمال ھەمدە ئەتىگەنلىك سۈيدۈكمۇ قويۇق - سۇيۇقلۇقتا نورمال ئىدى. مەن جىگەردە تاش كۆرۈلىدىغانلىقىنى كۆرمىگەن ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قاتقان ئىششىقنى تارقاتقۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەن ئىدىم. بۇ كىشىنى مەن قايتا كۆرەلمىدىم. بىر

قانچە يىلدىن كېيىن ئىراننىڭ بىر شەھىرىدە ئۇنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ جىگىرىدىكى قاتتىقلىق يوقىلىپ بولغان ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىدىم. ھەكىم ئەبۇ نوھ مېنى داۋالاشنى «شىراز (رەيھان)» بىلەن قىلغان. بۇنىڭ بىلەن كىچىك تەرەتتىن كۆپلەپ قۇم چىقتى. قۇم قانچىلىك چىققانسېرى ئاغرىق شۇنچىلىك يەڭگىللىدى، ھەتتا قۇمنىڭ چىقىشى توختىدى. بۇنى بىز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. مەن جالىنۇسنىڭ ئېيتقىنىنى توغرا چۈشەندىم.

تەبىرىنىڭ بىمارىدا جىگەرگە تاش چۈشۈش بىلەن بۆرەكتە قۇم بولغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر ۋە تاش پارچىلىغۇچىلارنى ئىشلەتكەن چاغدا بۆرەكتىكى ماددىلار يۇمشاپ چىقىپ كېتىدۇ ۋە باشقا تەرەپتىكى جىگەرنىڭ كېسىلىمۇ بۇ ئەسنادا يوقالغان. ئۇنداق بولمىسا بۇ بىرەر ئۇسۇلدا جىگەرنىڭ تاشلىرى ئۈچەيلەرگە چۈشۈشىنىڭ ئورنىغا بۆرەك تەرەپكە بېرىشى ۋە قارورە يولىدا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەسكەرتىش نەفىيس ئېيتىدۇ: بۇ ئالىم تولۇق كىرىشكەنكى، قەدىمكى ھۆكۈمالار بىرلىككە كېلىپ ئېيتقانكى، «تاش قويۇق ھۆللۈكلەر توختايدىغان بوشلۇقلاردا پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: بۆرەك، دوۋساق، يوتا، قارىنغۇ ئۈچەي، بوغما ئۈچەي، جىگەر، ئۆپكە ۋە ئەزالارنىڭ بوغۇمى» قاتارلىق.

جالىنۇس: «جىگەردە قاتتىق تاش پەيدا بولىدۇ» دەپ ئوچۇق ئېيتقان.

سۇئۇلقۇنىيە (قان بۇزۇلۇش، قان ئازلىق)

سۇئۇلقۇنىيەنىڭ مەنىسى «قان خەزىنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر». قۇنىيە دەسمايىگە ئېيتىلىدۇ. يەنى جىگەر خەزىنىسى (قان) نى دەسمايىگە ئوخشىتىدۇ. سۇئۇلقۇنىيە كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى قاننىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنىڭ نامى سەۋەبىگە قارىتا قويۇلغان.

سۇئۇلقۇنىيەدە قاننىڭ مىقدارى ئازلايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تەركىبلىرى ئۆزگىرىدۇ، قاندىكى تۇخۇم ئېقىسمان سۈيۈقلۇقنىڭ قىزىل دانچىلىرى ۋە قىممەتلىك تەركىبلىرى ئازلايدۇ ھەمدە بۇنىڭدا سۇنىڭ مىقدارى كۆپىيىدۇ.

قان بۇزۇلۇش (قان ئۆزگىرىش) نىڭ نۇرغۇنلىغان تۈرلىرى ۋە سەۋەبلىرى بولىدۇ.

قان بۇزۇلۇشنىڭ بىرىنچى تۈرى قاننىڭ سەۋدالىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا باشقا ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى بىلەن ئاشكارا ئالامەت تېرە رەڭگىنىڭ قارا ۋە قۇرغاق بولۇشىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن بەزى ۋاقىتلاردا تېرىدىن كېپەكمۇ تۆكۈلىدۇ.

قان بۇزۇلۇشنىڭ ئىككىنچى تۈرى تېرە ئۈستىگە چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق، كىچىك

يىرىڭلىق ئىششىق، داغ ۋە قىچىشىش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ.

قان بۇزۇلۇش ئىستىسقا (قورساققا سۇ چۈشۈش) نىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. يەنى قان بۇزۇلۇش تەرەققىي قىلىدىغان بولسا ئىستىسقانىڭ شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىستىسقا ھەقىقەتەن سۇئۇلقۇنىيەنىڭ ئاشكارا شەكلى ۋە تەرەققىي قىلغان ھالىتىدۇر.

مەسىھا يازغانكى، ئىستىسقادىن بۇرۇن بىماردا بۇ ھالەت پەيدا بولىدۇ، بۇ مىزاج بۇزۇلۇش، دېيىلىدۇ.

سۇئۇلقۇنىيە ۋە جىگەر ئاجىزلىقى سۇئۇلقۇنىيە يەنى جىگەرنىڭ مىزاجى بۇزۇلغان ۋە جىگەردە ئاجىزلاش كۈچلۈك بولغان ۋاقىتتا كۆرۈلىدۇ. يەنى سۇئۇلقۇنىيە ۋە جىگەر ئاجىزلاش ئۆزئارا بىر - بىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سۇئۇلقۇنىيە بولۇپ، جىگەر خىزمەتلىرى نورمال بولۇش ياكى جىگەر ئاجىز بولۇپ، سۇئۇلقۇنىيە بولماسلىق مۇمكىن ئەمەس.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ۋە جۇرجانى يازغانكى: «ئەگەر جىگەر خىزمىتى بۇزۇلسا ۋە ئۇنىڭدا ئاجىزلاش كۈچلۈك بولغان بولسا ئىستىسقا يۈز بېرىشتىن بۇرۇن بىر خىل ئىستىسقاغا يېقىن، يەنى ئۇنىڭ مۇقەددىمىسى پەيدا بولىدۇ. تېۋىپلار بۇ ھالەتنى سۇئۇلقۇنىيە ۋە مىزاج بۇزۇلۇش دەپ ئاتىغان.»

سەۋەبى يۇقىرىقى مەزكۇر مىزاج بۇزۇلۇش، يەنى جىگەردىكى بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ: بەدەندىن قاننىڭ بىر قېتىمدا كۆپ چىقىپ كېتىشى ياكى تەدرىجىي چىقىپ كېتىشى، مەسىلەن: بۇرۇن قاناش، قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، قانلىق ئىچ سۈرۈش ياكى قانلىق سۈيدۈك سەۋەبىدىن ياكى بىرەر قىزىل قان تومۇرنىڭ كېسىلىشى، يېرىلىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ. سۇئۇلقۇنىيەدە قاننىڭ بىرلا قېتىمدا كۆپ چىقىپ كېتىشى تەدرىجىي چىقىپ كېتىشكە قارىغاندا زىيانلىق ئەمەس. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قان ئازلىقنىڭ سەۋەبلىرىدىن ناچار مۇھىتتا ياشاش، سۈپىتى ئۆزگەرگەن غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، تاماق مىقدارى يېتەرلىك بولماسلىق، ھاراقنى كۆپ ئىچىش، جىسمانىي ياكى ئەقلىي ئەمگەكنىڭ كۆپ بولۇشى، ئوي - خىياللارنىڭ كۆپلۈكى، سوزۇلما كېسەللىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، يەنى سىل ۋە ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما قاتارلىقلار. بىر مەزگىلگىچە يىرىڭ ياكى بىرەر ھۆللۈكنىڭ ئېقىپ تۇرۇشى، ھەزىم بۇزۇلۇش، سوزۇلما ئىچ سۈرۈش، سوزۇلما قەۋزىيەت، سوزۇلما تولغاق، دىيابېت، يامان سۈپەتلىك ئۆسمە، سوزۇلما ئوفۇنەتلىك قىزىتما، بۆرەكنىڭ سوزۇلما ئىششىقى ۋە سىفلىس قاتارلىقلار. سىماب ۋە قوغۇشۇن قاتارلىقلاردىن زەھەرلىنىش، كۆپ جىنسىي ئالاقە قىلىش، جەلەق، كىچىك بالىلاردىكى توپا يېيىش ئادىتى، ئۈچەيلەر قۇرتى، ھەيز قالايمىقانلىشىش، مەسىلەن: ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، ھەيز كۆپ كېلىش قاتارلىقلار ۋە تۇغۇتتىن كېيىن قاننىڭ كۆپ چىقىپ كېتىشى قاتارلىقلارمۇ

بۇنىڭ سەۋەبلىرىدۇر. بۇ كېسەللىك ھەرقانداق ياشتىكىلەردە ۋە ھەرقانداق جىنسلىقلاردا بولىدۇ.

ئالامىتى بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ چىرايى ۋە بەدىنىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، يەنى رەڭگى سېرىق ياكى ئاققا مايىل بولىدۇ. قاپاق، چىراي ۋە پۇت - قوللىرىدا ئېسىلەڭگۈلۈك بولىدۇ.

چىرايىدىكى ئېسىلەڭگۈلۈك ئەتىگەندە ئېغىرراق بولىدۇ، پۇتتىكى ئېسىلەڭگۈلۈك ئۇزاق مۇددەت ئۆرە تۇرۇشتىن پەيدا بولىدۇ.

كالپۇك ۋە ئېغىزى تاتىرىدۇ. كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى كۆكۈچ كۆرۈنىدۇ. تىلى ئۆڭگەن ۋە ئەتراپلىرىدا چىشلارنىڭ بېسىشى بىلەن ئىز قالىدۇ. تىرنىقى ئاق بولىدۇ، تومۇرى ئارقىمۇئارقا، تېز، تەرتىپلىك ۋە كىچىك سوقىدۇ. ئادەتتىكى ھەرىكەتتىن تومۇرىدا تېزلىك پەيدا بولىدۇ ۋە بەزىدە تومۇرىدا تەرتىپسىزلىكمۇ بولىدۇ. «ئىكسىر ئەزەم» دە مۇنداق يېزىلغان: بۇ كېسەللىكتە ھەزىم چوقۇم بۇزۇلىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا ئىشتىھا كۈچىيىپ كېتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە يالغان ئىشتىھانىڭ بىر خىل مىسالىدۇر. چوڭ تەرەت قائىدىسىز كېلىدۇ. بەزىدە يۇمشاق ۋە بەزىدە قاتتىق بولىدۇ، قورساقتا كوركىراش ۋە يەللەر كۆپ بولىدۇ.

«ئۇيقۇدىمۇ مۇشۇ ھالەت بولىدۇ. بەزىدە ئۇيقۇسى كېلىدۇ ۋە بەزىدە ئۇيقۇسىزلىق قىينايدۇ».

«كىچىك تەرەت ۋە تەر مىقدارى ئازلايدۇ، لېكىن بەزى چاغلاردا كىچىك تەرىتى سۈيۈق، ئاق ۋە كۆپ مىقداردا كېلىدۇ».

«بەزىدە قورساق تېرىسى ئېسىلىش سەۋەبىدىن كۆپۈشۈپ قالىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا ئۇرۇقدان خالتىسىمۇ كۆپۈپ قالىدۇ».

«بەدەندە ئاجىزلىق، ئېغىرلىق، بوشاڭلىق ۋە ئىرادىسىزلىك كۈچلۈك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىشنى خالىمايدۇ».

«بەزى ۋاقىتلاردا تىل، چىش مىلىكى، كىچىك تىل ۋە پۈتۈن ئېغىزىغا مۇدۇر - چاقا چىقىدۇ».

«بەزىدە سۇئۇلقۇنىيەدە كۆكرەك ئىچىگە سۇ يىغىلىپ قالىدۇ. يەنى ئىستىسقائى سەدەر (كۆكرەككە سۇ يىغىلىش) بولىدۇ».

«بەزىدە پۈتۈن بەدەن ئىششىيدۇ، ھەتتا بەزى بىمارلارنىڭ بەدىنى خېمىرغا ئوخشاش يۇمشاق بولىدۇ».

«سۇئۇلقۇنىيەدە ئەگەر بىرەر چوڭ يىرىڭلىق ئىششىق، كىچىك يىرىڭلىق ئىششىق ۋە جاراھەت پەيدا بولغان بولسا، مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ پۈتۈشى ناھايىتى قىيىن

بولىدۇ» (ئىكسىر ئەزەم).

ئادەتتىكى ھەرىكەت ۋە ئەمگەكتىن بىمار ھاسىراشقا باشلايدۇ، يۈرەك چالاڭغۇراشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ ۋە ئۆرە تۇرۇش بىلەن كۆز ئالدىدا قاراڭغۇلىشىش بولىدۇ، بەزىدە ھوشسىزلىنىش كۆرۈلىدۇ.

چوققا سۆڭەك، پېشانە ۋە قوۋۇرغىلاردا جۈملىدىن سول تەرەپتە ئاغرىق بولىدۇ ھەمدە تېرىنىڭ كۆك قان تومۇرلىرى كۆپۈپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

بۇ بىمارنىڭ كۆز ئالدىدا ئوت ئۇچقۇنلىرى ياكى قارا - قارا داغلار مەلۇم بولىدۇ. قول پۇتلىرى ھەمىشە سوغۇق، يەنى بەدەن ھارارىتى تۆۋەن بولىدۇ. بۇ كېسەللىكتە ئاياللاردا ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش ياكى ھەيز ئازلىقى ياكى ئاق خۇن كۆپ كېلىشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر - يەڭگىللىك ئېتىبارى بىلەن مەزكۇر ئالامەتلەر ئوخشاش بولمايدۇ.

داۋالاش بۇنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئىستىسقانىڭ داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، داۋالاشتا دەسلەپتە سەۋەبى بولسا، ئۇنى يوقىتىش لازىم. بۇنى داۋالاش تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى توختىتىش، بەدەندە مەۋجۇت بولغان كېرەكسىز نەرسىلەرنى تازىلاش، تازىلاشتىن كېيىن توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرنى ئىشلىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئاشقازاننى كۈچەيتىش، بىمارنى مۇناسىپ چېنىقتۇرۇش، ئۇۋۇلاش ۋە ھەر كۈنى يۇيۇنۇشقا كۆرسەتمە بېرىش، بولۇپمۇ ساپ ھاۋادا ئەتىگەندە پىيادە مېڭىش ياخشىراق چارىدۇر. بۇ كېسەللىك جۈملىدىن ھۆرۈن، بىكار ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەردە پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى ھەيز تۇتۇلۇش ياكى بوۋاسىر قېنىنىڭ توختاپ قېلىشى بولسا، ھەممىدىن بۇرۇن ئۇلارنى راۋانلاشتۇرۇشقا تىرىشىش لازىم (ئىكسىر ئەزەم).

غىزاسىغا ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ئوزۇقلۇقى مول بولغان، كۈچلەندۈرگۈچى غىزالارنى بېرىش ۋە تاماق مىقدارىنى ئازايتىش، تاكى ياخشى ھەزىم بولسۇن. بىمارنى ھاۋاسى ساپ بولغان تاغلىق رايونلاردا تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىكى ئوي - خىيال، غەم - ئەندىشىلەرنى مۇمكىنقەدەر يوقىتىش، ئەگەر ساغلاملىققا زىيانلىق ئادەتلەر ئەگەر داۋاملىشىۋاتقان بولسا ئۇلارنى توختىتىش لازىم.

قان ئازلىقتا پولاتنىڭ مۇرەككەپ دورىلىرى خاس تەسىر بېرىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش: ھەزىمنى ياخشىلاش ۋە قاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەتىگەندە تۆۋەندىكى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ:

ئىككى بەرىنج پولات كۇشتىسىنى يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇس ياكى يەتتە گىرام

مەجۇنى دەبدۇلۋەرد بىلەن قوشۇپ يېگۈزۈش ۋە تاماقتىن كېيىن ئىككى بەرىنج پولات كۆشتىسىنى ئانار شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ياكى بەش تامچە پولات داغمال سۈيىگە قوشۇپ ۋە كەچتە 60 گرام تۆمۈر داغمال سۈيى ئەرقى، 24 گرام ئانار شەربىتىگە قوشۇپ بېرىلىدۇ، ئاملە مۇراببىاسىمۇ ئەتىگەن - كەچتە بېرىلسە ئەڭ ياخشىدۇر. تۆۋەندىكى سۇفۇپمۇ مەنپەئەتلىك:

24 گرام ئاملە، 12 گرام لاچىندانە، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ۋە قىزىلگۈلنىڭ ھەربىرىدىن 12 گرام، تاباشىر ئالتە گرام. دورىلارنى سۇفۇپ تەييارلاپ، تاماقتىن كېيىن ئۈچ گرامدىن يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر جىسمانىي ياكى ئەقلىي ئەمگەك سەۋەبىدىن بولغان بولسا تۆۋەندىكى نۇسخا پايدىلىقتۇر:

خۇبسۇلھەدىد كۆشتىسى بىلەن بىخ مارجان كۆشتىسىدىن ئىككى بەرىنجنى يەتتە گرام جاۋارىش جالىنۇس ياكى مەجۇنى دەبدۇلۋەردكە ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەن - كەچتە بېرىلىدۇ ۋە ئۇخلاش ئالدىدا ئىككى بەرىنج مارجان كۆشتىسىنى بەش گرام جاۋاھىر چۈشكەن خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە تاماقتىن كېيىن ئىككى بەرىنج پولات كۆشتىسىنى 24 گرام ئانار شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ.

ئەگەر باللاردا توپا يېيىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بۇ ناچار ئادەت ئۆزگەرتىشكە تىرىشىلىدۇ ۋە ئىچىش ئۈچۈن بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ.

نۇسخا بىر گرام جاۋارىش جالىنۇسنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئاندىن ئۈچ گرام بەدىيان، تۆت دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم، بىر گرام ئەفتىمۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 12 گرام ئانار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

بۇ نۇسخا بىر يېرىم ياشتىن ئىككى ياشقىچە بولغان باللارغا بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ياش ئېتىبارى بىلەن ئۆزگەرتىش ۋە تەڭشەش قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاق خۇن كۆپ كېلىشنىڭ شىكايىتى بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاش بىلەن بىرەە پولات مۇرەككەباتلىرىنى غىزادىن كېيىن ئىستېمال قىلدۇرۇش زۆرۈردۇر.

ئۇزۇقلاندۇرۇش مېۋىلەردىن ئانار، ئۈزۈم، ئالما، كىچىك ئاپېلسىن يېيىش ياخشىدۇر. تۇخۇم سېرىقى سۈتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنە گۆش شورپىسى، قايماقمۇ ياخشى غىزا ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن نوقۇت سۈيى ۋە خام نوقۇتمۇ بېرىلىدۇ. بىمارغا يۇقىرىدا دېيىلگەن غىزالار ھەزىم قىلالىغۇدەك بېرىلىدۇ. يەنە ھايۋانلارنىڭ يېڭى جىگىرىمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەسكەرتىش سۈت گەرچە ئاسان ھەزىم بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر سۇئۇلقۇنىيەدە سۈت بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىختىلاپ ئاخىرى بىمارنىڭ ئىلگىرىكى

تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىندى، بەزى مىزاجىلىقلارغا سۈت مۇۋاپىق كەلمەيدۇ ۋە بەزىلەر بۇنىڭغا ئادەتلەنگەن بولىدۇ. مايلىق نان، نىشاستە ھالۋىسى، بېلىق ھەممە ئېغىر، تەستە ھەزىم بولىدىغان تاماقلاردىن چەكلىنىدۇ. بەزى تېۋىپلار سېرىقماي ۋە كۈنجۈت يېغى يېيىشنى چەكلەيدۇ.

سۆسۈن داغ كېسىلى

بۇ سۈئۇلقۇنىيەنىڭ بىر خاس تۈرى بولۇپ، بۇ كۆپىنچە ياش قىزلاردا ھەيز بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا تېرە رەڭگى كۆك ياكى سېرىققا مايىل كۆك بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ نامى سۆسۈن داغ كېسىلى دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ سەۋەبى قان تەركىبلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن قان رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. يەنى قاننىڭ قىزىل دانچىلىرى خۇنۇك ۋە كىچىك بولۇپ قالىدۇ ھەمدە قىزىل قان تەركىبى قاندا ئازىيىپ كېتىدۇ. قاندا ئۇيۇتقۇچى ماددا مىقدارى كۆپىيىپ كېتىدۇ.

سەۋەبى دائىملىق قەۋزىيەت بۇ كېسەللىكنىڭ بىر چوڭ سەۋەبىدۇر. بۇنىڭدىن ھەزىم ئەزالىرىدا تەڭپۇڭسىزلىق يۈز بېرىدۇ ۋە بەدەننىڭ ئوزۇقلاندۇرۇلۇشىدا نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك غەم - ئەندىشە، دەرد - ئەلەم ۋە ھەرىكەتنىڭ ئازلىقى، تار ۋە قاراڭغۇ ئورۇن، ساپ بولمىغان ھاۋادا ياشاش، ياخشى ئوزۇقلۇققا ئېرىشەلمەسلىك، ھەيز قالايمىقانلىشىش، بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش ۋە ئائورتا ۋە ئۇنىڭ شاخچىلىرىنىڭ تۇغما كىچىك، ئىنچىكە بولۇشى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرىدۇر.

ئالامىتى سۈئۇلقۇنىيەنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ كېسەللىكتە تېپىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى ئالامەتلەرمۇ بولىدۇ:

تېرە رەڭگى سېرىق ياكى كۆك رەڭگە مايىللىشىپ بىمار زىيادە ئاجىزلايدۇ ۋە ئورۇقلايدۇ، جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەكتىن قاچىدۇ، قول - پۇتلىرى سوغۇق تۇرىدۇ، باش ئاغرىش ۋە باش قېيىش بولىدۇ، قۇلاققا ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ، بەدەننىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلىرىدا ئاغرىق بولىدۇ، بىمار ئىرادىسىز، مىزاجى بۇزۇلغان بولىدۇ، بەزىدە بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش كېسىلى قوزغىلىدۇ، ئىشتىھاسى تۆۋەنلەيدۇ، بولۇپمۇ گۆشتىن سەسكىنىدۇ، يات نەرسىلەر، مەسىلەن: كۆمۈر، توپا، سېغىز قاتارلىقلارنى يېيىش خاھىشى پەيدا بولىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ، ھەيز ئاز ۋە ئاغرىتىپ كېلىش قاتارلىقلارنىڭ شىكايىتى ھەم ئاق خۇن كۆپ كېلىش زىيادە بولىدۇ، كىچىك تەرەت سۇغا ئوخشاش، كۆپ مىقداردا قايتا - قايتا كېلىدۇ.

داۋالاش پرىنسىپى ئەسلىي سەۋەبنى ئېنىقلاپ، ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشىش لازىم. بۇنىڭغا سۇئۇلقۇنىيەنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن: ھەزىمنى ياخشىلاش، قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، ساپ، ئوچۇق ھاۋادا ياشاش تاللىنىلىدۇ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان ۋە كۈچلەندۈرگۈچى غىزالار بېرىلىدۇ. يەنى گۆشنىڭ قىيما شورپىسى، تۇخۇم، قايماق، ئانار، كىچىك ئاپېلسىن ۋە ئۈزۈم سۈيى، كۆك ئوتياشلار پىشۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. يەڭگىل ھەرىكەت قىلدۇرۇلىدۇ، ئوي - خىيال ۋە غەم - قايغۇدىن يىراق قىلىنىدۇ ھەمدە سەيلە قىلدۇرۇش ۋە كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش قاتارلىقلارغا مەشغۇل قىلىنىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش بۇ كېسەللىككە پولاتنىڭ مۇرەككەپ دورىلىرى ئاز دىگەندە بەش - ئالتە ئايغىچە بېرىلىدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندا كېسەللىكنىڭ قايتا قوزغىلىش خەتىرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ مەقسەت ئۈچۈن بۇ نۇسخا بېرىلىدۇ. دەسلەپتە ئىككى بەرىنج پولات كۇشتىسى يەتتە گىرام جاۋارىش جالىنۇس ياكى مەجۇنى دەبدۇلۋەرد بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. ئاندىن يەتتە گىرام بەدىيان، بەش گىرام قۇرۇق يۇمغاقسۈت، توققۇز دانە ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم قاتارلىقلارنى سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، يەتتە گىرام ئانار شەربىتىگە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە تاماقتىن كېيىن بەش تامچە پولات داغمال سۈيى سۇغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر پولاتنىڭ مۇرەككەپ دورىلىرىدىن پايدا كۆرۈلمىگەن بولسا، كۇچۇلا ۋە سەنكىيانىڭ مۇرەككەپ دورىلىرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: ھەببى ئازاراقى، مەجۇنى ئازاراقى، ئالتۇن چىلىندان جەۋھىرى، كەلاڭ جەۋھىرى، ھەببى ئەھمەر قاتارلىقلار. ئاغرىق ئۈچۈن تەنكار تالقىنى قىرۇتىسى ۋە باشقىلار بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ.

بۇ كېسەللىك بىلەن ئەگەر يۈرەك چوڭىيىشنىڭ شىكايىتى پەيدا بولغان بولسا، بۇنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى يوقتۇر. شۇڭلاشقا بىمارنى ياتقۇزۇپ، تىنىچ ئارام ئالدۇرۇش، ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن بىرگە بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنى مۇمكىنقەدەر ساقلاپ قېلىش لازىم.

قان بۇزۇلۇش

قان بۇزۇلۇش خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك سۇئۇلقۇنىيەنىڭ كەڭ دائىرىسىگە كىرىسمۇ، خۇددى سۇئۇلقۇنىيە قاننىڭ بىر مەخسۇس ماددىسىنىڭ ئاجىزلىقى ئۈچۈن خاسلاشتۇرۇلغىنىدەك قان بۇزۇلۇشنى بىر ئومۇمىي ۋە كەڭ ئۇقۇم ئۈچۈن ئىشلەتكەن. لېكىن بىر بۆلەك تېۋىپلار بۇنىمۇ بىر خاس مەنە ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

قاننىڭ بۇزۇلۇشى ياكى زەھەرلىنىشى سەۋەبىدىن تېرىنىڭ ئۇزۇقلىنىشى تەسىرگە ئۇچرىغان بولسا، تېۋىپلار «قان بۇزۇلۇش» دەپ تونۇيدۇ. لېكىن نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەردە قان بۇزۇلسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن تېرىدە بىرىنچى، ئىككىنچى تۈردىكى مۇھىم ئاپەتلەر يۈز بېرىدۇ. بۇ تېۋىپنىڭ داۋالىشىنى ئۆزى تەرەپكە سەرپ قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق بۇزۇلۇش قان بۇزۇلۇش، دېيىلمەيدۇ. شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، قان بۇزۇلۇشتا قاننىڭ زەھەرلىنىشى ئادەتتە سوزۇلما بولىدۇ. ئۆتكۈر قان زەھەرلىنىش قان بۇزۇلۇش دەپ ئاتالمايدۇ.

سۇئۇلقۇنىيە ۋە قان بۇزۇلۇشتىكى پەرق: قان بۇزۇلۇش ۋە سۇئۇلقۇنىيەنىڭ ئۇقۇم ئېنىقلىمىسى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: سۇئۇلقۇنىيەدە دەسلەپتىلا قان ئازلىق بولىدۇ، يەنى قاننىڭ تەبىئىي تەركىبلىرى ئازلاپ كېتىشىنىڭ نامى سۇئۇلقۇنىيە، دېيىلىدۇ.

قان بۇزۇلۇشنىڭ دەسلىپىدە بۇزۇق تەركىبلەر ۋە زەھەر قانغا قوشۇلغان بولىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى مىسالدىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ، بۇنىڭ بىرىنچى ھالىتىدە بولسا ھايۋاننىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ سۈتىمۇ ئازىيىپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى ھالىتىدە ھايۋاننىڭ سۈتى ئۆزىنىڭ تەبىئىي تەركىبلىرى ئېتىبارى بىلەن ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا سىرتقى زەھەر ئېرىگەن بولىدۇ.

ئەگەر دەسلەپكى ھالەت سۇئۇلقۇنىيەگە ئوخشىتىلسا، ئىككىنچى ھالەت قان بۇزۇلۇشقا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپكى ھالەتتە قان پەيدا قىلىشقا، ئىككىنچى ھالەتتە بۇزۇلغان قاننى تازىلاشقا تىرىشىش لازىم.

ئەگەر سۇئۇلقۇنىيە بىلەن تېرە ۋە شىللىق پەردىگە مۇدۇر، يارا چىققان بولسا، يۇقىرىقى مەزكۇر چېگرا پاسىلى يوقايدۇ، يەنى بۇ ۋاقىتتا سۇئۇلقۇنىيەگە بۇزۇق ۋە زەھەرلىك تەركىبلەرمۇ قوشۇلۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىلىسى ئاشكارا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. قاندا ياخشى تەركىبلەرمۇ ئازىيىدۇ ھەمدە بۇزۇق ۋە زەھەرلىك تەركىبلەرنىڭ قوشۇلۇشىمۇ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىسى ئاشكارا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

قان بۇزۇلغان ھالەتتە زەھەر قانغا قوشۇلىدۇ. بۇنىڭمۇ ئىككى خىل ھالىتى بولىدۇ. بەزىدە بۇ زەھەر سىرتتىن يېتىپ كېلىدۇ. مەيلى ئۇ كېسەللىك تۈرلىرىدىن بولسۇن، مەسىلەن: سىفلىس ۋە جۇزام قاتارلىقلار ياكى بۇزۇلغان يېمەك - ئىچمەكلەر بولسۇن (سىرتقى) ۋە بەزىدە بۇ زەھەر ھەزىم ئەزالىرى ۋە جىگەر خىزمىتى بۇزۇلۇشتىن بەدەن ئىچىدە پەيدا بولغاندىن كېيىن قانغا قوشۇلىدۇ (ئىچكى).

قان بۇزۇلۇشنىڭ شەكىللىرى قان بۇزۇلۇشقا تېرىدە ئىششىق، مۇدۇر، يارا كۆرۈلىدىغان بارلىق تېرە كېسەللىكلىرى كىرىدۇ، مەسىلەن: سىفلىس، جوزام، قىچىشقاق، بەدەن

تەمرەتكىسى قاتارلىقلار. سىماب، سەنكىيا قاتارلىقلارنىڭ زەھەرىدىنمۇ تېرىگە مۇدۇر - چاقا قاتارلىقلار چىقىدۇ.

ئەگەر تېرىنىڭ تەبىئىي رەڭگى ۋە پارقىراقلىقى يوقاپ، تېرىدىن كېپەك تۆكۈلۈشكە باشلىغان بولسا، بۇمۇ قان بۇزۇلۇش تەرەپكە مەنسۇپ بولىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى قان بۇزۇلۇشنى داۋالاش تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

تازىلاش ۋە تەڭشەش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ۋە سۈرۈش، تەرلىتىش ۋە سىيدۈك ھەيدەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، بۇزۇلۇشنى توسۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

قان تازىلاش ۋە قان بۇزۇلۇش بۇ دورىلار قاننىڭ زەھىرىنى چوڭ كىچىك تەرەت ياكى تەر قاتارلىقلارنىڭ شەكلىدە چىقىرىدۇ. ئۇچۇقكى، بۇ ئۇسۇل بىلەنمۇ قان تازىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ تۈردىكى دورىلارمۇ ئەمەلىيەتتە قان تازىلىغۇچىدۇر. لېكىن بەزى چاغلاردا قاندا ئۇ ئۇسۇل بىلەن بۇ خىل قان بۇزۇلۇشنى يوقاتقىلى بولمايدىغان تۈردىكى ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھالەتلەردە ئىچكى تەرەپتىن قاندا مەخپىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، قاندىكى بۇزۇق تەركىبلەرنى نامەلۇم شەكىلدە بەربات قىلىدىغان دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قان ئۆزلۈكىدىن پاكىزلىنىدۇ.

ئادەتتە قان تازىلىغۇچى دورىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن بەزىلىرى ئۈچەيلەرنىڭ خىزمىتىنى تېزلەشتۈرۈپ، قان تازىلاش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بەزىدە تېرە ياكى بۆرەكلەرنىڭ خىزمىتىنى تېزلىتىپ، تەر ۋە سىيدۈك شەكلىدە بۇزۇق تەركىبلەرنى چىقىرىپ تاشلايدۇ.

بەزىدە نامەلۇم شەكىلدە قاننىڭ بۇزۇق ماددىلىرىغا تەسىر قىلىپ ياكى ئۆزگىرىشنى تېزلىتىپ، ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشىگە شارائىت ھازىرلايدۇ.

ھەقىقىي قان تازىلىغۇچى دورىلار تەڭشىگۈچىلەر قاتارىغا كىرىدىغان دورىلاردۇر. بۇلارنىڭ تۈرلۈك مېخانىزملىرى تېخى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى. بۇنىڭ چوڭ سەۋەبى قان سىرلىق نەرسىدۇر، بۇنىڭ تەركىبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ھازىرغىچە ئىنسانلارنىڭ ئىلىم دائىرىسىگە كىرىپ بولالمىدى.

بىر نەچچە خىل كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قان تازىلىغۇچى دورىلار: قەسبۇزەرىرە، شاھتەررە، مۇندى، ئىتئۈزۈمى، چىلان، ھېلىلە، سەندەل، شىيشەم (بىر خىل ياغىچى قاتتىق دورا)، ئەبنۇس، سەرسىبىل (ئۆشبە)، چۆبچىن، نىم پوستى (ھەمدە نىمنىڭ كۆپلىگەن تەركىبلىرى)، نىگەندە بابرى، خېنە، ياۋا پىدىگەن، بەرمودنەدى، نىل كىنتى، گۈڭگۈرت سېرىقى، سەنكىيا، سىماب، شىڭگىرىپ، ئاق سىماب جەۋھىرى، زەرنىخ قاتارلىقلار.

ئەمەلىي داۋالاش نۇقۇئى شاھتەررە (شاھتەررە چىلانىمىسى): قان بۇزۇلغان ھالەتلەردە ھەممىدىن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ:

شاھتەررە، قەسبۇزەرىرە، ئىتئۈزۈمى، چىلان، مۇندى، قارا ھېلىلە، قىزىل سەندەل ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، چىلان بەش دانە. بۇلارنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇش ۋە ئەتىگەندە سۈزۈپ 48 گىرام چىلان شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قوشۇمچە بەزىدە بۇ نۇسخىغا ئېكەكلەنگەن شېيشەم، ئېكەكلەنگەن ئەبنۇس، بەرمودنەدى، نىل كىنتى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام قوشۇلىدۇ.

بەكەن بوتىنىڭ سىقىلغان سۈيى بەكەن بوتى ۋە قارىمۇچتىن بەش دانىنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى بۇنىڭ سۈيىنى سىقىپ ئېلىپ، 48 گىرام چىلان شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىگەندە بابىرىنىڭ سىقىلغان سۈيى ئىگەندە بابرى 12 گىرام، قارىمۇچ بەش دانە. ئىككىسىنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىم يوپۇرمىقى سۈيى كۆك ئىم يوپۇرمىقى 12 گىرام، قارىمۇچ بەش دانە. سۇدا ئېزىپ نېپىز رەختتە سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۈچ خىل مېۋە (قارا ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلە) نىڭ سىقىلغان سۈيى قارا ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلە، قۇرۇق يۇمغاقسۈت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە بۇلارنىڭ سۈيىنى سىقىپ، ئېلىپ48 گىرام چىلان شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مەتبۇخى ھەپتە روز (يەتتە كۈنلۈك قاينىتىلما) ئىم دەرىخى پوستى، كەچنال (بىر خىل دەرەخ) پوستى، شەھمەنزەل يىلتىزى، ئەرەب مېۋىسى، كۇتائى خەرد (پۈتۈن دەرىخى، يىلتىزى، قوۋزىقى، مېۋىسى ۋە يوپۇرماقلىرى بىلەن)، كونا قارا شېكەر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 120 گىرامدىن ئېلىپ، ئۈچ كىلوگىرام سۇدا تۆتتىن بىرى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ، ئاندىن سۈزۈپ بوتۇلكىدا ساقلاپ قويۇلىدۇ. بۇ جەمئىي يەتتە كۈنلۈك ئىستېمال مىقدارىدۇر. يەتتە كۈنگىچە ھەر كۈنى بىر قېتىم ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە ئۈچەيلەرگە غىدىقلىنىش يەتسە، يەنى تولغاق كۆرۈلگەن بولسا، ئۇنى توختىتىپ تولغاقنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. ئەگەر تولغاقتىن خاتىرجەم بولغان بولسا ئاندىن ئۇنى ئىشلىتىش باشلىنىدۇ.

كۆرسەتمە ئەگەر قان بۇزۇلۇش ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولسا دەسلەپتە ھەزىم ياخشىلىنىدۇ. بۇ ھالەتتە جۇۋىنە، زىرە، بەديان، پىننە ياخشى دورىلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا

كۆپلىگەن قان تازىلىغۇچى دورىلار ئۆزىمۇ ئاشقازاننى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز غىزاسىغا سوغۇق تەبىئەتلىك لەتىپ ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان تائاملار يېگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: قاپاق، پالەك، سېمىزئوت، سەي كاۋىسى، پەلول، تەندى قاتارلىقلار. گۆش ۋە بېلىق قاتارلىقلار ئادەتتە زىيانلىق بولىدۇ.

قارىمۇچلۇق تەم تەگشىگۈچىلەر ۋە تاتلىق - تۈرۈملارنى كۆپ ئىشلىتىش ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلىش زۆرۈردۇر.

ئىستىسقا

ئىسستىقانىڭ مەنىسى «قورساق ئىچىگە سېرىقسۇنىڭ يىغىلىشى» دۇر.

ئەرەبلەر ئۇنى «سەقيى بەتنە»، «مۇستەسقى بەتنە» ئۇنى (قورساقتا سۇ يىغىلىش) دەپ ئاتايدۇ.

ئىستىسقا دېيىش ئىستىسقائى تەبەلدىن باشقا پۈتۈن تۈرلەرگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن قورساقتا يەل ۋە سۇ يىغىلىش (ئىستىسقائى تەبەلى) ئوچۇق سەۋەب ئېتىبارى بىلەن قورساقتا سۇ يىغىلىشقا (ئىستىسقائى زىققىگە) ئوخشايدۇ. لېكىن بۇنىڭدا سۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىمۇ ئىستىسقا نامى بىلەن ئاتايدۇ.

ئىستىسقائى تەبەلدە گەرچە قورساق ئىچىدە سۇ بولمىسىمۇ، لېكىن يەللەر سەۋەبىدىن قورساق گوياكى ئىچىگە سۇ تولۇپ قالغاندەك ئېسىلىپ قالىدۇ.

ئىستىسقا خەتەرلىك بىر ماددىلىق كېسەلدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى سوغۇق ۋە غەيرىي تەبىئىي ماددا نورمالسىز سوغۇق ماددا بولىدۇ. بۇ ئەزالارنىڭ بوشلۇقلىرى ۋە ئارىلىقلىرىدا توختاپ قالىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن پۈتۈن سىرتقى ئەزالار كۆپۈشۈپ قالىدۇ، خۇددى ئىستىسقائى لەھمىگە ئوخشاش ياكى ھەزىم ئەزالىرىدىن خالىي ئورۇنلار كۆپۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: قورساق بوشلۇقى بۇنىڭغا ئاشقازان، جىگەر ۋە ئۈچەيلەر جايلاشقان. مەسىلەن: ئىستىسقائى زىققە ۋە ئىستىسقائى تەبەلگە ئوخشاش.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر قان تومۇرلاردىن قان زەردابى سىرغىپ چىقىپ، تېرە ياكى شىللىق پەردە ئاستىدىكى بوشلۇقلار ياكى بىرەر بوشلۇقتا جۇغلاشقان بولسا، بۇنى تېبابەتتە ئىستىسقا، دەپ ئاتايدۇ.

ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردىكى ئىستىسقانىڭ نامى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر پۈتۈن بەدەننىڭ تېرە ئاستى توقۇلما ئارىلىقىغا قان زەردابى جۇغلىنىپ قالغان بولسا، بۇ سۇلۇق ئىششىق

(ئىستىسقا لەھمى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سۇ ئۇرۇقدانلار خالتىسىغا يىغىلغان بولسا، ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ يىغىلىش، دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر يۈرەك قېپىغا يىغىلغان بولسا يۈرەك غىلاپىغا سۇ يىغىلىش، يەنى ئىستىسقائى قەلب دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۆپكە، كۆكرەك بوشلۇقىغا يىغىلغان بولسا، بۇ كۆكرەككە سۇ يىغىلىش، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر باش پەردىلىرىگە سۇ يىغىلغان بولسا بۇ باشقا سۇ يىغىلىش، دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر بىرەر ئەزانىڭ تېرە ئاستىغا يىغىلغان بولسا، بۇ مۇشۇ ئەزانىڭ ئىششىشى، دەپ ئاتىلىدۇ، مەسىلەن: قاپاق، چىراي ۋە پۇت قاتارلىقلار تېرىسىنىڭ ئىششىشى.

پەيدا بولۇش مېخانىزمى: بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش مېخانىزمى تەبىئىي ھالەتتە ھەربىر ئەزانى ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن قان زەردابى نورمال سۈرئەت بىلەن سىرغىپ چىقىدۇ. بۇ سۈمۈرگۈچى قان تومۇرلار ئارقىلىق ئىككىنچى قېتىم قانغا سۈمۈرۈلىدۇ. ئەگەر ھۆللۈك ۋە زەردابنىڭ سىرغىپ چىقىشى ۋە سۈمۈرۈلۈشى ياخشى داۋاملاشسا، بۇ ئەزالار ئادەتتىكى ھالەتتە ھۆل تۇرىدۇ، لېكىن سىرغىپ چىقىش ۋە سۈمۈرۈلۈش نورمالدىن ئاز ياكى كۆپ بولسا، مەسىلەن: سىرغىپ چىقىش ئاشسا ۋە سۈمۈرۈلۈش ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئادەتتىكى ھالىتىدە تۇرسا ياكى سىرغىپ چىقىش نورمال ھالەتتە تۇرۇپ، لېكىن سۈمۈرگۈچى قان تومۇرنىڭ خىزمىتى ئاجىزلىغان بولسا، بۇ ھۆللۈك مۇشۇ ئەزانىڭ بوشلۇقلىرىغا جۇغلىشىدۇ، يەنى كېسەللەنگەن ئورۇن سۇ بىلەن تولىدۇ.

توسالغۇنىڭ ئەھمىيىتى: سىرغىپ چىقىشنىڭ ئېشىش سەۋەبى ئومۇمەن مۇناسىۋەتلىك كۆك قان تومۇرلارنىڭ ئىششىشى ياكى بېسىلىشى سەۋەبىدىن توسۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىل قان تومۇر ئارقىلىق كەلگەن قاننىڭ قايتىشىدا توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ جايدىكى قىل قان تومۇرلار تارتىشىدۇ ۋە قان زەردابى زىيادە سىرغىپ چىقىشقا باشلايدۇ، مەسىلەن: جىگەر دەرۋازا ۋېناسى بىر چوڭ كۆك قان تومۇر بولۇپ، بۇ يول ئاشقازان، ئۈچەي، تال قاتارلىقلارنىڭ قېنىنى جىگەر تەرەپكە راۋانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر جىگەر ئىششىقى سەۋەبىدىن بۇ كۆك قان تومۇر توسۇلغان بولسا، ئۇ ئەزالارنىڭ قېنى جىگەر تەرەپكە بارالمايدۇ ۋە ئۇ ئەزالارنىڭ پەردىلىرىدىن سىرغىپ چىقىش ئاشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قورساق ئورىغۇچى پەردە بوشلۇقىغا سۇ يىغىلىدۇ.

يۈرەك كېسەللىكلىرى، جىگەر كېسەللىكلىرى، بۆرەك كېسەللىكلىرى، بەدەننىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلىرىدىكى ئۆسمىلەر ۋە ئىششىق قاتارلىقلار قان ئايلىنىشقا توسۇلۇشى بولۇپ ئىستىسقاغا سەۋەبچى بولىدۇ.

ئىستىسقا سەۋەبلىرىنىڭ ئومۇمىي بايانى: ئىستىسقانىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1. قان تومۇرنىڭ توسالغۇ ياكى بېسىم ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ياكى يۈرەك كىلاپانلىرىنىڭ بىرەر كېسەللىكى سەۋەبىدىن قان ئېقىمىدا توسالغۇنىڭ يۈز بېرىشى ياكى يۈرەكنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ئۆز خىزمىتىنى قائىدىلىك داۋاملاشتۇرالماسلىقىدىن قاننىڭ قايتىشىدا نورمالسىزلىق پەيدا بولىدۇ ۋە كۆك قان تومۇرلار قان بىلەن توشۇپ تارتىشىدۇ. ئەگەر بۇ ھالەت يۈز بەرگەن بولسا، قاندىن زەردابىنىڭ سىرغىپ چىقىشى ئاشىدۇ. يەنى بۇ قان زەردابى قان تومۇرلارنىڭ سىرتىغا چىقىدۇ ۋە تارتىشىش سەۋەبىدىن قان تومۇرغا كىرەلمەيدۇ.

بەزى تېۋىپلار ئىستىسقانىڭ سەۋەبلىرىنى مۇنداق يازغان: «بۇ قان تومۇرلاردىن ئەگەر بىرەر نەرسە ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ قايتىپ كىرەلمەيدۇ. خۇددى دوۋساقتىن سۈيدۈك بۆرەكلەر تەرەپكە قايتالمىغىنىدەك» (نەفىيس).

بۇ ئېنىقكى، ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردىكى قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشىدىن مۇناسىۋەتلىك ئەزالاردا ئىستىسقا ۋە كۆپۈشۈش كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: جىگەر دەرۋازا ۋېناسى توسۇلۇش ۋە بېسىلىش سەۋەبىدىن قورساقتا سۇ يىغىلىش (ئىستىسقائى زىققە) كۆرۈلىدۇ. مېڭە بوشلۇقلىرىنىڭ كۆك قان تومۇرلىرى توسۇلۇش سەۋەبىدىن باشقا سۇ يىغىلىش، يۈرەك ئوڭ بوشلۇقىنىڭ توسۇلۇشىدىن ئۆپكە سۇلۇق ئىششىقى، قول - پۇت كۆك قان تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشى سەۋەبىدىن قول - پۇتتا ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

قان تومۇر توسۇلۇش ئادەتتە مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنىڭ ئىششىقى، ئۆسمە ۋە باشقىلاردىن بولىدۇ.

2. ئەگەر قان تومۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى توقۇلما ئاجىزلاشقان ۋە بوشاشقان بولسىمۇ، قان زەردابىنىڭ سىرغىپ چىقىشى ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىغان ۋاقىتتا پۇتنى ئېسىپ قويۇش ياكى ئۇزۇنغىچە ئۆرە تۇرۇش بىلەن پۇت ئىششىپ قالىدۇ. بۇ تومۇرلارنىڭ بوششى ۋە يۈرەكنىڭ ئاجىزلىششىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن قاننىڭ ئايلىنىشى ياخشى داۋاملاشمايدۇ ھەمدە ئەزالارنىڭ كۆك قان تومۇرلىرىدا قان تولۇپ قالىدۇ.

3. ئەگەر قاندا زەرداب مىقدارى كۆپىيىپ، تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق ئازىيىپ ۋە سۈيدۈك ماددىسىغا ئوخشاش باشقا كېرەكسىز ماددىلار كۆپىيىپ كەتكەن بولسا، بۇ، ئىستىسقانىڭ پەيدا بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن: سۇئىئۇلقۇنىيە، سوزۇلما بۆرەك ئىششىقى قاتارلىقلار. بۇزۇلغان غىزالارنى يېيىش، قان ياكى بەدەننىڭ بىرەر باشقا ھۆللۈكىنىڭ چىقىپ كېتىشى، باشقا ئۆتكۈر ياكى سوزۇلما كېسەللىكلەر، مەسىلەن: ئوفۇنەتلىك قىزىتما، سىل، يامان سۈپەتلىك ئۆسمە، تال كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن مۇشۇ خىل ھالەت پەيدا بولىدۇ.

4. سىرتقى ئەزالارغا سوغۇقلۇق يېتىش ۋە ئۇلارنىڭ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىشى

سەۋەبىدىن سىرتقى ئەزالار ۋە تېرىنىڭ قان تومۇرلىرى تارىيىدۇ ھەمدە ئىچكى ئەزالاردا قان تولۇپ قېلىش پەيدا بولىدۇ. بۇ قان تولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن قان زەردابىنىڭ سىرغىپ چىقىشى كۆپىيىدۇ. بەزىدە تېرىنىڭ سوزۇلما كېسەللىكلىرى بىراقلا يوقىلىش ياكى بىرەر ئادەتتىكى چىقىرىپ تاشلاش ئادىتىنىڭ تۇيۇقسىز توختىشى سەۋەبىدىن ناچار ماددىلار (بۇ دەسلەپتە چىقىرىلىپ تۇراتتى) بەدەن ئىچىدە توسۇلۇپ قالىدۇ ھەمدە سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: تەرنىڭ توختاپ قېلىشى ياكى ھەيز كۈنلىرىدە ھەيزنىڭ توختاپ قېلىشى قاتارلىقلار.

«ئىكسىر ئەزەم» دېگەن كىتابتا: جىگەر كېسەللەنمەي ئىستىسقا پەيدا بولمايدۇ. مەيلى ئۇ جىگەرنىڭ ئۆزىدىكى ئىللەت بولسۇن ياكى باشقا بىر ئەزا شېرىكچىلىكىدىن جىگەردە ئاجىزلىق پەيدا بولسۇن. لېكىن جىگەر كېسىلى بىلەن ھەر ھالدا چوقۇم ئىستىسقا بىرگە بولۇشى مۇھىم ئەمەس.»

ئۇ زەمىندە يازغانكى: «ئىستىسقانىڭ سەۋەبى بەزىدە خاس جىگەردە بولىدۇ ۋە بەزىدە باشقا ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكىدىن جىگەر كېسەللىنىدۇ.»

«ئىستىسقانىڭ ئومۇمىي سەۋەبى جىگەر ھەزىمىنىڭ ئاجىزلىقىدۇر. بۇ بىۋاسىتە سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەبلىرىگە جىگەرنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇش ۋە جىگەرنىڭ ئۆزىدىلا پەيدا بولىدىغان ياكى باشقا ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكىدىن جىگەردە پەيدا بولىدىغان پۈتۈن كېسەللىكلەر كىرىدۇ.»

جۇرجانى يازغانكى: «ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن كالا ئىشتىھاسى كۆرۈلگەندەك، جىگەر ئاجىزلاشتىن ئىستىسقا پەيدا بولىدۇ».

ئومۇمىي ئالامىتى ئىستىسقانىڭ پۈتۈن تۈرلىرىدە تەبىئىي بەدەن ھارارىتىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە قاندا ھۆللۈكنىڭ غالىب بولۇشى سەۋەبىدىن يۈز رەڭگى ئۆزگىرىدۇ. قاپاق، كۆز ۋە تۆت مۈچىلەردە ئىششىق پەيدا بولىدۇ. ئۇسسۇزلۇق كۈچلۈك بولىدۇ، نەپەس قىستاش كۆرۈلىدۇ ھەمدە تاماققا بولغان ئىشتىھا كۆپىنچە كېمىيىدۇ. تىندۇرۇلغان سۈيدۈكنىڭ مىقدارى ئاز بولۇش سەۋەبىدىن كۆپىنچە بۇنىڭدا قىزىللىق بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يەڭگىل قىزىتما بولىدۇ ۋە بەدەن ئۈستىگە مۇدۇر - چاقا چىقىدۇ. بۇنىڭدىن زەرداب ئاقىدۇ. چوڭ تەرەتى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يۇمشاق بولىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

ئىستىسقا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يۈرەكتىن يىراق ۋە ئاستى تەرەپكە ساڭگىلاپ تۇرغان ئەزالاردىن، مەسىلەن: پۇت ياكى بوشاشقان ئەزالاردىن باشلىنىدۇ. يەنى بۇلاردا توقۇلما بوشلۇقى كۆپ بولىدۇ، مەسىلەن: قاپاق. لېكىن ئاز ساندا پۈتۈن بەدەننى كۆزەتكەندە بىردىنلا ئىششىپ قالغاندەكمۇ كۆرۈنىدۇ. ئىستىسقادىكى ئىششىپ قالغان ئورۇننى ئەگەر ئادەتتىكى ئۇسۇل

بىلەن بېسىپ قويۇپ بەرگەندە ئويمان بولۇپ قالىدۇ. ئىششىق بەزىدە يەڭگىل ۋە بەزىدە شۇ قەدەر ئېغىر بولىدۇكى، بەزىدە تېرە تارتىشىشتىن يېرىلىدۇ ياكى بۇزۇلۇپ، ئىششىغان ئورۇندىكى قۇۋۋىتى ھايۋانىي ۋە قۇۋۋىتى ھازىمە ئازىيىپ كېتىدۇ، ئىششىق ئورۇنىنىڭ تېرە رەڭگى ئادەتتە ئۆڭۈك بولىدۇ، لېكىن بەزىدە قىزىلمۇ بولىدۇ.

يەرلىك ئورۇنلۇق ئالامەتلەر ئەگەر مېڭە بوشلۇقى ۋە مېڭە پەردىلىرىگە سۇ يىغىلغان بولسا، تەشەننۇج، سۇبات، پالەچ ياكى سەكتىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر كۆكرەك بوشلۇقىغا سۇ يىغىلغان بولسا، يۈرەك ۋە ئۆپكىنىڭ پائالىيەتلىرىدە نورمالسىزلىق يۈز بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىماردا نەپەس قىستاش كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر قورساق ئورىغۇچى پەردە بوشلۇقىغا سۇ يىغىلغان بولسا، كېرىگەتنى بېسىپ ئۈستى تەرەپكە ئۆرلەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن يۈرەك ۋە ئۆپكە ئۈستىگە بېسىم چۈشىدۇ ۋە دېمى سىقىلىدۇ، ئىستىسقائى لەھمىدە پۈتۈن بەدەندە ئېغىرلىق ۋە تارتىشىش بولىدۇ، لېكىن بىرەر ئەزادا ئاغرىق ۋە باشقىلارنىڭ شىكايىتى تېپىلمايدۇ. پۈتۈن بەدەننىڭ تېرىسىدە ئىستىسقاغا خاس (بۇ يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك) ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر يۇتقۇنچاققا زەرداب يىغىلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن نەپەس تۇسۇلىدۇ ۋە بىمار بوغۇلۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

سەۋەبلەر ئېتىبارى بىلەن دىياگنوز قويۇش: ئەگەر بۇ كېسەللىك جىگەر كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا، ئىششىق دەسلەپتە قورساقتىن باشلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن كېيىن قورساق ئوبدان تولۇپ تارتىشقان بولسا، تۆۋەنكى كاۋاك ۋېنا ئۈستىگە بېسىم چۈشۈش سەۋەبىدىن پۇتلىرىدىمۇ ئىششىق بولىدۇ.

بۆرەكلەرنىڭ ئۆتكۈر كېسەللىكلىرىدە ئىششىق دەسلەپتە ئىككى قاپاقتا بىردىنلا ئاشكارا بولىدۇ. ئىششىق تېزلىك بىلەن پۈتۈن يۈزگە، ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ. بۇ ئىششىق بىردىن ئاشكارا بولغاندەك بىردىنلا يوقىلىپمۇ كېتىدۇ. ئىششىغان ئورۇن بېسىلسا، بېسىلغان ئورۇن ئۇزۇن ۋاقىتقىچە تۇرىدۇ.

بۆرەكلەرنىڭ سوزۇلما كېسەللىكلىرىدىمۇ دەسلەپتە ئىككى قاپاق ۋە يۈز ئىششىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پۇت ۋە ئۇرۇقدان خالتىسى ئىششىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن بەدەندە ئىششىق ئاشكارا بولىدۇ. بۆرەك كېسەللىكلىرىدە بۇنىڭدىن باشقا ئالامەتلەرمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: كىچىك تەرەتتە تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپلەپ چىقىشى ۋە قاسراقنىڭ تېپىلىشى قاتارلىقلار.

ئىستىسقا بۆرەك كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، پۇتتىكى ئىششىق يول مېڭىش

بىلەن يېنىكلەيدۇ ۋە ئارام ئېلىش بىلەن ئېغىرلايدۇ.

ئىستىسقائى قەلبى: ئەگەر ئىستىسقا يۈرەك كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن بولغان بولسا ئىششىق پۇتتىن باشلىنىدۇ. بۇ تەدرىجىي ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا ئاستا پۈتۈن بەدەن ئىششىيدۇ. ئەگەر ئىششىغان ئورۇن بارماق بىلەن بېسىلسا ئويمان بولۇپ قالىدۇ، لېكىن بارماقنىڭ ئىزى تېزلا يوقايدۇ. ئەگەر سۇئۇلقۇنىيە سەۋەبىدىن ئىستىسقا بولغان بولسا، بۇنىڭدا ئىششىق بەك كۆپ بولمايدۇ. بەلكى تېرە ئاستىدىكى توقۇلما ئارىلىقلىرىغا ئازراق زەرداب سىرغىپ چىققان بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن يەڭگىل ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىششىق ئارام ئالغاندىن كېيىن بولۇپمۇ ئەتىگەندە يوقايدۇ. پەقەت ئىككى قاپاقتىلا قېپقالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يول يۈرۈش بىلەن يەنە قايتا ئىششىيدۇ. كىچىك تەرىتى ئومۇمەن تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇق ۋە قاسراقتىن خالىي بولىدۇ.

ئەسكەرتىش يەرلىك ئورۇنلۇق ئىستىسقا قان تومۇر ئۈستىگە بېسىم چۈشۈش سەۋەبىدىن ئاشكارا بولىدۇ ھەمدە چەكلىك ئورۇنلۇق بولىدۇ. جىگەر، بۆرەك ۋە يۈرەككە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق بۇزۇلۇش ئاشكارا بولمايدۇ ھەم ئاسانلىق بىلەن يوقايدۇ.

«ئىكسىر ئەزەم» نىڭ يازغۇچىسى ئومۇمىي داۋالاش توغرىسىدا بىر نەچچە كۆرسەتمىلەرنى ئېيتقان.

ئومۇمىي داۋالاش ئىستىسقانىڭ بارلىق تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي داۋالاش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك:

«لەتىف غىزالار ئاز ـ ئازدىن بېرىلىدۇ، ئەگەر مۇمكىن بولسا پەقەت شورپا بىلەن چەكلىنىش، ھەر تۈرلۈك دانلىق زىرائەت ۋە سۇ ئىچىشتىن ساقلىنىش ھەمدە بۇنىڭغا ئاساسەن سۇنىڭ ئورنىغا ئەرەقلەرنى ئىچكۈزۈش لازىم».

«يەڭگىل، مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش، تەرلىتىش، بەدەننى قۇمغا كۆمۈش، تاغلىق ئورۇنلاردا تۇرۇش ئىستىسقا بىمارلىرى ئۈچۈن پايدىلىق».

«بۇ كېسەللىكتە سوغۇق سۇ، چۈچۈمەل نەرسىلەر ۋە زىيادە سۇلۇق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىش زۆرۈر. سۇلۇق نەرسىلەرگە ئاناردىن باشقا ھۆل مېۋىلەر كىرىدۇ. بۇنىڭغا ئانار ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ».

«بۇنى داۋالىغاندا ئاشقازان ۋە جىگەرنى كۈچلەندۈرۈش ھەمدە شېرىك ئەزانى (بۇنىڭدا ئەسلىي كېسەل بولىدۇ) ياخشىلاش ھەممىدىن مۇھىمدۇر».

ئەگەر يۈرەك كېسەللىكلىرى ۋە قان تومۇر ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولغان بولسا، يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار بىلەن قان ئايلىنىش نورماللاشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بۆرەك كېسەللىكلىرى ياكى ئۆپكە كېسەللىكلىرى ئەسلىي سەۋەبى بولغان بولسا، ئۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

چوڭ تەرەتنى يۇمشاق ۋە قاتتىقلىقتا نورمال ساقلاش مۇناسىپتۇر. بەلكى بەزى ماھىر تېۋىپلار ئېيتقانكى: «ئىستىسقادا ئىچ سۈرۈشكە قارىغاندا قەۋزىيەت ياخشىدۇر.»

ئىستىسقادا سۇفۇپ دورىلار سىڭىشى ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئىنتايىن يۇمشاق بولۇشى لازىم.

گۈڭگۈرت ۋە نىترونلۇق بۇلاق سۈيىدە يۇيۇندۇرۇش ئىستىسقا ئۈچۈن پايدىلىق چارىلەردىندۇر.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ياخشىسى غىزا كۈندە بىر ۋاخ ئاز مىقداردىن بېرىلىدۇ ۋە باشقا ۋاقىتتا ئەگەر بىمار قاتتىق بىئارام بولغان بولسا، ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم ۋە ئەنجۈر يېگۈزۈلىدۇ ياكى پىستە، بادام، پىندۇق قاتارلىقلار ئاز مىقداردا بېرىلىدۇ.

كەكلىك، قوي، توخۇ چۈجىسى گۆشلىرى ئېھتىيات بىلەن بېرىلىدۇ، يەنى تۇزسىز شورپا ياكى تۇزسىز كاۋاپ شەكلىدە بېرىلىدۇ. مۇشۇنداق بېرىشنى تېۋىپلار كۆرسەتكەندۇر (ئىكسىر ئەزەم). شورپا گەرچە ھۆللۈك، سۇ تەركىبلىرىدىن خالىي بولمىسىمۇ، لېكىن ئاشقازان ۋە ھەزىم ئەزالىرىدا قايتا شەكىللەنمەيدۇ.

غىزا مىقدارى بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر: «غىزا مىقدارى ساغلام ھالىتىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئالتىدىن بىر باراۋىرىدە بولىدۇ دەپ تەخمىنىي ئېيتقان (ئىكسىر ئەزەم).»

بەزى ۋاقىتلاردا گۈرۈچ، ماش ئۇنىنى گۆش بىلەن پىشۇرۇپ ۋە بەزىدە گۈرۈچنى گۆش بىلەن پىشۇرۇپ، بەزىدە گۈرۈچنى ئايرىم پىشۇرۇپ شورپا بىلەن بېرىش، لېكىن گۆشنى بەرمەسلىك لازىم. كۆكتاتلاردىن كاسىنە يوپۇرمىقى، ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقى، چامغۇر، قىزىلچا قاتارلىقلار مۇناسىپتۇر.

سۇ: سۇنى ئاز بېرىش توغرىسىدا ئېيتىلغانكى، كېچە - كۈندۈزدە تاماق مىقدارىدىن سۇنىڭ مىقدارى ئۈچ ھەسسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

سۇيۇق تاماقلار بىلەنمۇ سۇنى بەدەن ئىچىگە ناھايىتى كۆپ كىرگۈزمەسلىك.

سۇ قايىنىتىلغان بولۇشى ياكى تۆمۈر بىلەن داغماللانغان بولۇشى لازىم.

سۇنى ئازايتىش داۋامىدا مۇمكىن بولسا تۇزدىن پەرھىز قىلىش، مۇمكىن بولمىسا تۇزنى ناھايىتى ئاز ئىشلىتىش لازىم.

ئىستىسقاغا پايدىلىق ئومۇمىي دورىلار مەجۇنى دەبدۇلۋەرىد، داۋائى كۇركۇم، دىنار

شەربىتى، بۇزۇرى شەربىتى، كۆك كاسنە يوپۇرمىقىنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيى، ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقىنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيى قاتارلىقلار. كېسەللىك مۇستەھكەم بولغان ھالەتتە تۆگە سۈتى ئىچكۈزۈش پايدىلىق. ھەرقانداق دۆلەتتە ھەرقانداق شەخس ئۈچۈن بۇنىڭغا ئېرىشىش ئاسان ئەمەس.

سۇئۇلقۇنىيەگە پولاتنىڭ مۇرەككەپ دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش ئىششىغان ئورۇننى ئارام ئالدۇرۇش. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىششىغان ئورۇننى ئېگىزرەك قىلىپ قويۇش. يىغىلىپ قالغان سۇنى چىقىرىش ياكى تارقىتىش مەقسىتىدە تەرلەتكۈچىلەر، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر ۋە مۇسھىللار ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۆرەك كېسەللىكلىرىدە كۈچلۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرنى ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. قەرشى يازغانكى: «ئىستىسقا بىمارلىرىدا مۇمكىنقەدەر ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى پەيدا قىلىش. ئەگەر تاماقنى توختىتىش مۇمكىن بولمىسا، ناننى بولسىمۇ توختىتىش لازىم. چۈنكى نان تويالغۇ شەكىللىنىشكە سەۋەبچى بولىدۇ. ئەگەر بۇ مۇمكىن بولمىسا نوقۇتسىز ئۇننى ئېنىنى ئاز مىقداردا (شورپىغا چىلاپ) بېرىش، قويۇق، چاپلاشقاق تاماقلار ۋە تاتلىق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىش. تولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، سۇلۇق نەرسىلەرنى مۇمكىنقەدەر ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىش لازىم. قۇرۇق ئىسسىق ئورۇنلاردا تۇرۇش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق» (ئىكسىر ئەزەم).

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا يازغانكى: «تەنقىيە زۆرۈر بولسا مۇسھىل دورىلارغا جىگەر ئۈچۈن زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى قوشماسلىق. ئەگەر زۆرۈرىيەت كۈچلۈك بولسا ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسىنىمۇ قوشۇپ بېرىش، تەنقىيە قىلغاندا سۈرگىنى ئارقا - ئارقىدىن ئىشلەتمەسلىك، بەلكى بىر نەچچە قېتىمدا ئاستا - ئاستا ئىچىنى سۈرگۈزۈش. جىگەر ئۈچۈن سەبرە ئىنتايىن زىيانلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سەبرىنى مۇمكىنقەدەر جىگەر كېسەللىكلىرىگە ئىشلەتمەسلىك ۋە بۇنى ئىشلىتىشنىڭ ئۆتكۈر زۆرۈرىيىتى بولغان بولسا، تۈزەتكەندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ» (ئىكسىر ئەزەم).

ئاقىۋىتى ئىستىسقا كېسىلىنىڭ ئاقىۋىتى سەۋەبلەر ۋە باشقا ھالەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر بىرەر ئىچكى ئەزا توقۇلمىسىدا بىرەر چوڭ بۇزۇلۇش بولمىغان بولسا داۋالاش بىلەن ياخشىلىنىدۇ. بەزىدە تەرلەش ۋە ئىچ سۈرۈش شۇ قەدەر كۆپ بولىدۇكى، بۇ كېسەل يا ساقىيىدۇ يا ئۆلۈپ كېتىدۇ. سۇئۇلقۇنىيە سەۋەبىدىن ياكى جىگەردىكى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېسەل بولغان بولسا بىمار ئومۇمەن ساقىيىدۇ. بۆرەك بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا بۇ كېسەللىك تەستە يوقىلىدۇ. يۈرەك كېسەللىكلىرى بولغان بولسا ساقىيىش ئۈمىدى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

ئىستىسقائى زىققە

زىققىنىڭ مەنىسى تۇلۇمدۇر. بۇ كېسەللىكتە قورساققا سۇ يىغىلىش سەۋەبىدىن قورساق تۇلۇمدەك كۆپۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۈردىكى ئىستىسقا (قورساققا سۇ يىغىلىش) نىڭ نامى ئىستىسقائى زىققە دەپ قويۇلغان.

بۇ كېسەللىكتە قورساق ئەزالىرى ئىچىگە سۇ يىغىلىدۇ. بۇ سۇ قورساق ئورىغۇچى پەردىسى ۋە قورساق مايلىق پەردىسى ئارىلىقىغا ياكى قورساق مايلىق پەردىسى ۋە ئۈچەيلەر ئارىلىقىغا يىغىلىدۇ.

سەۋەبى قورساق بوشلۇقىغا سۇ يىغىلىشىنىڭ بىرنەچچە ھالەتلىرى بولىدۇ.

1. سىرغىپ چىقىش: ئەگەر جىگەر دەۋازىسى توسۇلۇش ياكى تارىيىش سەۋەبىدىن بارلىق ئەزالار تەرەپكە ۋە ئۇ ئەزالاردىن بۆرەكلەر، دوۋساق تەرەپكە قان بارالمىغان بولسا، قان زەردابى قورساق بوشلۇقىدىكى شىللىق پەردىگە تەدرىجىي سىرغىپ يىغىلىدۇ. خۇددى غىزا جەۋھىرى ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىن سىرغىپ ماسارىقا تومۇرىغا بارغاندەك.

ئەگەر زەرداب جىگەر دەرۋازىسى كۆك قان تومۇرىنىڭ ئىششىقى ۋە توسۇلۇشى سەۋەبىدىن ئەزالار تەرەپكە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان بولسا، جىگەر دەرۋازىسى بىلەن دەسلەپكى مۇناسىۋەتلىك ئەزالارغا سۇ كۆپ يىغىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ سىرغىش شەكلىدە قورساق بوشلۇقى (قورساق ئورىغۇچى پەردە بوشلۇقى) غا سىڭىپ كىرىدۇ (ئىكسىر ئەزەم ۋە باشقىلار).

2. يېرىلىش: بۇ كانالچە يولى بىلەن غىزا جەۋھىرى (كەيلۇس) ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىن جىگەر ھەم باشقا ئەزالار تەرەپكە بارىدۇ. ئەگەر كانالچىنىڭ بىرەر ئورنى يېرىلغان بولسا، يېرىلغان ئورۇندىن تۆشۈك يولى بىلەن سىرتىغا چىقىپ قورساق بوشلۇقىغا يىغىلىدۇ (ئىستىسقائى كەيلۇسى) (ئىكسىر ئەزەم).

جىگەر دەرۋازىسى تارىيىش ۋە توسۇلۇش ھەمدە جىگەردىكى قان ئايلىنىش بۇزۇلۇشىنىڭ بىر نەچچە سەۋەبلىرى بولىدۇ. مەسىلەن: جىگەرنىڭ كىچىك بولۇشى ۋە جىگەر توقۇلمىسىدا تاللارنىڭ پەيدا بولۇشى، جىگەر ئىششىقى، قوشنا ئەزالاردىكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمە، ئىششىق، ئۆسمە، جىگەر دەرۋازىسى كۆك قان تومۇر قېنىدىكى ئۇيۇغان تەركىبلەرنىڭ كەپلىشىشى سەۋەبىدىن توسالغۇ شەكىللىنىدۇ، تال چوڭىيىدۇ. يۈرەك كېسەللىكلىرى، بۆرەك كېسەللىكلىرى ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرىدىنمۇ بەزىدە جىگەر دەرۋازىسىدىكى قان ئايلىنىشتا توسالغۇ يۈز بېرىدۇ.

قورساق ئۇرغۇچى پەردىسىنىڭ سوزۇلما ئىششىقمۇ ئىستىسقائى زىققىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە زەردابنىڭ سىرغىپ چىقىشى ئاشىدۇ. قالغان قوشۇمچە سەۋەبلەر ئىستىسقانىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرىدە سۆزلەنگەن. مەسىلەن: سۇئىئۇلقۇنىيە ۋە باشقىلار.

ئىستىسقائى زىققىدىكى قورساق بوشلۇقىغا يىغىلغان سۇنىڭ مىقدارى بىر نەچچە ئون گىراملاردىن بىر نەچچە كىلوگىراملارغىچە بولىدۇ. سۇنىڭ رەڭگىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا سۇ پاكىز، سۈزۈك، بەزى ۋاقىتلاردا سۇس سېرىققا مايىل، بەزى ۋاقىتلاردا كەيلۇسقا ئوخشاش دۇغ، بەزى ۋاقىتلاردا قويۇق، تۇخۇم ئېقىغا ئوخشاش چاپلاشقاق بولىدۇ. بۇ ھۆللۈككە بەزىدە تارىمۇش ماددىسىمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ.

ناچار تۈرى ئىستىسقانىڭ قورساققا سۇ يىغىلىدىغان تۈرى قالغان بارلىق تۈرلىرىدىن بەك ناچار بولىدۇ. بۇ رازى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان تېۋىپلارنىڭ قارىشى. چۈنكى ئىستىسقائى زىققە جىگەردە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ياكى ئىششىقتىن بولغان قېتىشىش بولمىغاندا ياكى جىگەردە قۇۋۋەتلەرنى بۇزۇۋېتىدىغان قاتتىق مىزاج بۇزۇلۇش بولمىغىچە پەيدا بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىستىسقائى زىققىدە كۆپىنچە زىيان ۋە بۇزۇلۇش ئىچكى ئەزالاردا بولۇپ، بۇ بۇزۇلۇش زىيادە روشەن بولىدۇ.

ئىستىسقائى زىققىدە نەپەسلىنىش ئەزالىرىدا زىيادە يېقىمسىزلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. ئەكسىچە ئىستىسقائى لەھمىدە بولسا يېقىمسىزلىق ئاز بولىدۇ.

ئالامىتى قورساق تەدرىجىي چوڭىيىدۇ ۋە قورساق ئېغىرلىشىدۇ. قورساق تېرىسى سۇ بولغانلىق سەۋەبىدىن نېپىزلەپ پارقىراپ كېتىدۇ. قورساقنى تۇتقاندا پۈۋلەنگەن تۇلۇمدەك ئەمەس، بەلكى سۇ بىلەن تولدۇرۇلغان تۇلۇمغا ئوخشاش مەلۇم بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ نامى زىققە (تۇلۇمغا ئوخشاش) دەپ قويۇلغان. قورساقنى قول بىلەن داۋالغۇتۇشتىن ۋە ئۆرۈلۈپ يېتىشتىن سۇنىڭ ئاۋازى (يەنى سۇنىڭ دولقۇنلىغان ئاۋازى) مەلۇم بولىدۇ.

دولقۇنلىغان ئاۋازنى ئېنىقلاشنىڭ ئۇسۇلى: بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قورساقنىڭ بىر تەرىپىگە قول قويۇلىدۇ ۋە يەنە بىر تەرەپكە بارماق بىلەن يەڭگىل ئۇرۇلسا، سۇنىڭ دولقۇنى يەنە بىر قولغا مەلۇم بولىدۇ. ئىستىسقائى زىققىدە بىمار قارىماققىلا تۇلۇمغا ئوخشاپ قالىدۇ، يەنى بىمارنى يىراقتىن كۆرۈپلا دىياگنوز قويغىلى بولىدۇ.

بەدەنىنىڭ يۇقىرىقى قىسمى ئورۇقلايدۇ. چىرايى تاتارغان، خىيالچان ۋە پەرىشان كۆرۈنىدۇ. كۆز ئەتراپى قارىدايدۇ. كېرىگەتنىڭ بېسىمىدىن بىمار ئوڭدىسىغا ياتالمايدۇ. نەپەسلىنىشى قىيىنلىشىدۇ. قورساق قىسمى تارتىشىدۇ. كىندىكى تولۇپ، سىرتقا پۇلتىيىپ چىقىپ قالىدۇ، قورساق تېرىسى پارقىرايدۇ، تارتىشىدۇ ھەممە تېرىگە ئاق سىزىقچىلار چۈشىدۇ. تومۇرى ئاجىز

ۋە كىچىك بولىدۇ. كىچىك تەرەتنىڭ مىقدارى ئازىيىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قورساققا سۇ يىغىلىش بىلەن يۈز ۋە قول - پۇتلىرىمۇ ئىششىدۇ.

«ئىستىسقائى زىققىدە ئەزالار ئىششىمايدۇ، بەلكى ئەزالاردا ئورۇقلاش بولىدۇ. بەزىدە قورساق بىلەن زەكەرمۇ ئىششىيدۇ ۋە ئۇرۇقدان خالتىسىغىمۇ سۇ يىغىلىدۇ. ھارارەتنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن قول - پۇتى مۇزلايدۇ» (ئىكسىر ئەزەم).

«كېسەللىك تەرەققىي قىلىۋاتقان مەزگىلدە يۆتەل ۋە نەپەس قىستاشنىڭ شىكايىتى بولىدۇ» (ئىكسىر ئەزەم).

داۋالاش ئەگەر ئىششىق بولغان بولسا جىگەرنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى ياكى قاتتىق ئىششىقنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش بولغان بولسا مىزاج بۇزۇلۇش يوقىتىلىدۇ. ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش ئىسسىقتىن بولغان بولسا سىركەنجىۋىل ۋە كاسىنە سۈيى بېرىلىدۇ. ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش سوغۇقتىن بولغان بولسا سىركەنجىۋىل، دىنار شەربىتى، شەربىتى ئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن مۇسھىللار ئارقىلىق بۇ ھۆللۈك چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. مەسىلەن: كەلكىلانەج بارىد ياكى كەلكىلانەج ھار بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دورىلاردىن، مەسىلەن: داۋائى كۇركۇم، مەجۇنى لوك سەغىر، مەجۇنى لوك كەبىر بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى دورىلارنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا مىزاجنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇقى ۋە تىندۇرۇلغان سۈيدۈكنىڭ رەڭلىك ياكى رەڭسىزلىكىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن جىگەرنى كۈچلەندۈرگۈچىلەر ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار قۇرسى ئەنبەر بارىس (زىرىشك)، قۇرسى گۈل، ئانار شەربىتى، تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر چۈشكەن شورپىلار، سەكباج، ئانار چۈشكەن غىزالار ياكى يېڭى يۇمشاق گۆشلەر قوشۇپ بېرىلىدۇ. گۆشلەر ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر قوشۇپ پىشۇرۇلغان بولسۇن. مەسىلەن: كەكلىك، چۈجە ۋە پاختەك گۆشى قاتارلىقلار.

سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار قۇرسى مازارىيونغا ئوخشاش قۇرس ياكى باشقا ھەب ياكى قاينىتىلما ياكى ئاسارۇن، بەديان، جۇۋنە، كەرەپشە ئۇرۇقى، سۇمبۇل، ئىگىر، ئەنجۈدان، پىننە، ھەليۇن، كاكنەج قاتارلىقلار.

بىرلا خىل سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىنى دائىم ئىشلەتمەسلىك. چۈنكى تەبىئەت ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ قالىدۇ، يەنى ئۇ تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدا دورىلار يۇمشاق سوقۇپ بېرىلىدۇ، يەنى دورىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە تەسىرى جىگەرنىڭ يۇقىرىقى (پۇلتايغان) بۆلىكىگىچە

يېتىپ بارسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن سېمىز توخۇ گۆشى شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

سەكباج — گۆش، سىركە، ئىسسىق تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەر ۋە ھەر خىل كۆكتاتلاردىن تەييارلانغان غىزادۇر.

مەجۇنى كەلكىلانەج بارىدنىڭ نۇسخىسى سىركىگە يەتتە كۈن چىلاپ قۇرۇتۇلغان مازارىيون يوپۇرمىقى ۋە سېرىق ھېلىلە پوستىدىن 17.5 گىرامدىن، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى 10.5 گىرام، گۈلسەۋسەن يىلتىزى، قىزىلگۈل، كاسىنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، رۇببسۇس ھەربىرى يەتتە گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، ئايرىم قويۇلىدۇ، ئاندىن تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر مېغىزى، ئاق شېكەر ھەربىرىدىن 17 گىرامدىن ئېلىپ، بۇ ئۈچ خىل دورىنى قايناق سۇدا ئېرىتىپ سۈزۈپ، ئاندىن قىيامى قويۇلغۇدەك قاينىتىپ، ئاخىرىدا باشقا دورىلار قوشۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

مەجۇنى كەلكىلانەج ھارنىڭ نۇسخىسى قارا ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلە، بەرەڭگى كابۇلى، پىلپىل دەرىخى يىلتىزى، كەرەپشە ئۇرۇقى، شەترەنجى ھىندى، قارىمۇچ، ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى، زىرە كېرمانى (قارا زىرە)، رەۋەنچىنى، لاھور تۇزى، قىزىل تۇز، ئاش تۇزى، ھىندى تۇزى، جۇۋىنە ھەربىرى 10.5 گىرامدىن، تۇربۇت 500 گىرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئامىلە 1500 گىرام. ئاۋۋال ئامىلىنى 12 كىلوگىرام سۇدا تۆت كىلوگىرام سۈيى قالغۇچە قاينىتىش، ئاندىن سۈيىنى سۈزۈپ، سۈزۈلگەن سۇغا ئاق شېكەردىن ئىككى كىلوگىرام قوشۇپ ھەسەلگە ئوخشاش قويۇلغۇچە قاينىتىش، بۇنىڭغا1500 گىرام يېڭى كۈنجۈت يېغى قۇيۇپ ھەممىسى باراۋەر ئارىلاشقۇچە قوچۇش، ئاندىن باشقا دورىلارنى سېپىپ ئارىلاشتۇرۇش لازىم.

ئەمەلىي داۋالاش ئىستىسقائى زىققىدە بۇ نۇسخا ئەتىگەندە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ: مەجۇنى دەبدۇلۋەردىن يەتتە گىرامنى دەسلەپتە يېگۈزۈپ، ئاندىن 48 گىرام كۆك كاسىنىنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيى ۋە كۆك ئىنتىئۇزۇمنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيىنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ، 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى مۆتەدىلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

كەچتە بىر گىرام توغرىغۇنى يەتتە گىرام داۋائى كۇركۇمغا ئارىلاشتۇرۇپ دەسلەپتە يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن 12 گىرام كەسوندى يوپۇرمىقى ۋە بەش دانە قارىمۇچنى ئېلىپ، ئىككىسىنى يۇمشاق ئېزىپ، تاسقاپ، 48 گىرام شەربىتى بۇزۇرى مۆتەدىلگە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى يەتتە گىرام داۋائى كۇركۇمنى يەتتە گىرام بەدىيان، قۇرۇق ئىنتىئۇزۇمى، بەش دانە كاسىنە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئەرقى بەرەنجاسىپقا ياكى 72 گىرام ئەرقى شوخلىغا چىلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ 48 گىرام دىنار شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇ زىمات بىمارنىڭ قورسىقىغا چېپىلىدۇ.

زىمات مۇرمەككى، ھاشا (تاغ پىننىسى)، ئەفسەنتىن، بابۇنە گۈلى، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى ھەربىرى ئالتە گرامدىن، بۆرە ئەرمىنى (توغرىغۇ) ئۈچ گرام، قوي مايىقى 12 گرام قاتارلىقلارنى كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدە ئېزىپ، ئىلمان ھالەتتە زىمات قىلىنىدۇ، ئەگەر بۇ دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىدە يەڭگىللەش بولمىسا، تۆۋەندىكى مۇنزىج نۇسخىسىنى 8 ~ 10 كۈنگىچە ئىچكۈزۈپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم مۇسھىل بېرىلىدۇ:

مۇنزىج نۇسخىسى قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، گۈلبىنەپشە، كاسنە يىلتىزى، بەديان ھەربىرى يەتتە گرامدىن، گاۋزىبان، غاپەس گۈلى، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەربىرى بەش گرامدىن، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن ئۇرۇقسىز ئۈزۈم توققۇز دانە. بۇ دورىلارنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ 48 گرام دىنار شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كەچتە يۇقىرىقى مەزكۇر (كەچتە ئىچىدىغان نۇسخا) نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم يۇقىرىقى زىمات چېپىلىدۇ.

8 ~ 10 كۈندىن كېيىن بۇ مۇنزىج نۇسخىسىغا مۇسھىل دورىلارنى قوشۇپ ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ.

مۇسھىل دورىلار خىيارشەنبەر مېغىزى، خىيار شەنبەر، شىرخىست، تەرەنجىبىن، قارا شېكەر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 48 گرام، بەش دانە بادام مېغىزى شىرىسى قاتارلىقلار. ھەر قېتىم ئىچكەن مۇسھىلنىڭ ئىككىنچى كۈنى تۆۋەندىكى سوۋۇتقۇچى نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى نۇسخا دەسلەپتە يەتتە گرام داۋائىلمىسكى مۆتىدىلنى يېگۈزۈپ، ئاندىن يەتتە گرام بەديان، بەش دانە چىلانىنى 72 گرام ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گرام بىنەپشە شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

تۆگە سۈتى ئىشلىتىش مۇسھىللاردىن كېيىن 84 گرام تۆگە سۈتى، 48 گۈلقەنت كېمەيتىپ ياكى ئاشۇرۇپ بېرىلىدۇ. مىقدار بويىچە ئۈچ كۈن بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى 12 گرامدىن سۈتنىڭ مىقدارى 48 گرامغا يەتكۈچە كېمەيتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 12 گرامدىن قوشۇپ، سۈتنىڭ مىقدارى 84 گرامغا يېتىپ بارغۇچىلىك ئاشۇرۇلىدۇ ھەمدە ئۈچ كۈن بۇ مىقداردا ئىچكۈزۈپ توختىتىلىدۇ. ئەگەر بىمار ئىستىسقائى تەبلىگە گىرىپتار بولغان بولسا، مۇنزىج نۇسخىسىغا رۇمبەديان، قارا زىرە بەش گرامدىن قوشۇلىدۇ. قالغان چارىلەر دەسلەپتە سۆزلەنگىنىدەك بولىدۇ.

ئىستىسقاغا پايدىلىق نۇسخىلاردىن: ① دەرىدە ئەفسەنتىن نۇسخىسى؛ ② ئەت پېرى ئەجۋائىن قاتارلىقلارمۇ بار.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە باشقىلار كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا بىمارغا پەقەت شورپا، تۇخۇم سېرىقى، ئانار سۈيى قاتارلىقلارغا ئوخشاش لەتىف غىزالار بېرىلىدۇ، بىمارنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن ئەرقى بەدىيان، ئەرقى شوخلا ياكى تۆمۈر ياكى كۈمۈش ياكى ئالتۇن قاتارلىقلار بىلەن داغلانغان سۇ بېرىلىدۇ.

غىزاسىغا شورپا، نوقۇت سۈيى، ماش ئۇنى، گۈرۈچ، كېپىكى ئايرىلمىغان ئۇندا يېقىلغان نان، كاسنە كۆكى، ئىتئۈزۈمى كۆكى، چامغۇر ۋە قىزىلچا، توخۇ چۈجىسى، ئانار، ئەنجۈر، ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم قاتارلىقلار ھەزىم قىلىش قۇۋۋىتىگە قاراپ بېرىلىدۇ. قالغان چارىلەر ئىستىسقانىڭ ئومۇمىي داۋالاش ئۇسۇلى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىنىدۇ.

ئەزالاردىن سۇ تارتىش: بەزى ۋاقىتلاردا ئىستىسقائى زىققىدە قورساق بوشلۇقى ئىچىگە سۇ شۇنچىلىك يىغىلىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا داۋالىغۇچى سۇنى قورساقتىن تۆشۈك ئېچىپ چىقىرىشنى زۆرۈر، دەپ بىلىدۇ. بۇ ئەزالاردىن سۇ تارتىش ئەمەلى، دەپ ئاتىلىدۇ.

سۇنى چىقىرىش پەقەت بەدىنى كۈچلۈك بولغان بىمارلارغىلا مۇناسىپتۇر. ئۇنداق بولمىغاندا ئەگەر ئاجىزلىق ۋە كۈچسىزلىك غالىب بولسا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قورساقتىن سۇنى تارتىپ چىقىرىش سەۋەبىدىن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىسى بۇ ئەمەلنىڭ ئورنىغا باشقا دورىلار ۋە چارىلەرنى ئىشلىتىش لازىم. بۇلار بىلەن قورساق سۈيى تەدرىجىي قۇرۇپ يوقايدۇ.

سۇ تارتىش ئەمەلىنى قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، قورساقتىكى سۇنىڭ ھەممىسىنى بىر قېتىمدا بىراقلا تارتىۋەتمەي، ئاز - ئازدىن چىقىرىش لازىمدۇر.

قورساققا تۆشۈك ئېچىپ سۇ ئالىدىغان سايماننى مەبزال ياكى مىل نىھاك دەپ ئاتايدۇ. مىل نىھاك پارسچە سۆزدۇر. بۇنىڭ مەنىسى «يوشۇرۇنغان دىرەپشىدۇر». مەبزال - دىرەپشە بىر يۇملاق نەيچىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. يۇملاق نەيچىنىڭ ئىچىدە بىر ئۇچلۇق دىرەپشە بولىدۇ. بۇ ئۇچلۇق دىرەپشە تېشىدۇ نەيچە قورساققا چاپلىشىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن نەيچە يولىدىن سۇ جىقىراپ چىقىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ سۆزىنىڭ خۇلاسىسى: ئىستىسقائى زىققىنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ چارىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى قۇرۇتۇش ھەم زەردابنى چىقىرىۋېتىشتۇر. بۇ مەقسەت دورىلاردىن باشقا تۆۋەندىكى چارىلەر بىلەنمۇ ھاسىل بولىدۇ:

1. بىمارنى نورمال ئاپتاپتا ئولتۇرغۇزۇش؛
2. ئوت ئىسسىندۇرۇش؛
3. تاماقنى ناھايىتى ئاز بېرىش؛

4. مۇمكىنقەدەر سۇ ئىچكۈزمەسلىك؛

5. ھەرىكەت قىلدۇرۇش.

ئۇنىڭدىن باشقا ئارقىمۇئارقا سۈيدۈك ھەيدەش ۋە يەڭگىل مۇسھىل ئارقىلىق ئىچنى سۈرگۈزۈپ، زەردابنى چىقىرىش ئىستىسقائى زىققە كېسىلىنىڭ خاس ئىلاجىدۇر.

بەدەننى كۈچلەندۈرۈشنى ھەر ۋاقىت نەزەردە تۇتۇش لازىم.

ھەر ئۈچ كۈن ياكى تۆت - بەش كۈن ئارىلىق قالدۇرۇش بىلەن تاماق يېگۈزۈپ قۇستۇرۇشمۇ پايدىلىقتۇر.

ئەگەر جىگەردىكى ئىششىق قاتقان بولسا ئىستىسقائى زىققىدىن ساقىيىشىنىڭ بىرەر ئۈمىدى بولمايدۇ.

ئىستىسقائى لەھمى

بۇنىڭدا پۈتۈن ئەزالار ئىششىيدۇ ۋە يۇغۇرۇلغان خېمىرغا ئوخشاش يۇمشاق بولىدۇ.

سەۋەبى سەمەرقەندى يازغانكى، ئىستىسقائى لەھمىنىڭ سەۋەبىمۇ ئىستىسقائى زىققىگە ئوخشاش جىگەر قۇۋۋەتلىرىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە جىگەر مىزاجىنىڭ سوغۇقلۇقىدۇر. بۇلارنىڭ سەۋەبلىرى بىر قانچىدۇر.

1. قاناش؛

2. قاننىڭ توختاپ قېلىشى (قاننىڭ نورمالسىز ھالەتتە توختاپ قېلىشى)، مەسىلەن: ھەيز ۋە بوۋاسىر قېنىنىڭ توختاپ قېلىشى قاتارلىق؛

3. بەك سوغۇق سۇ ئىچىش، بولۇپمۇ جىسمانىي ياكى ئەقلىي ئەمگەك ياكى ھاممامغا چۈشۈشتىن كېيىن؛

4. قوشنا ئەزالارنىڭ بىرەر ئاپىتى، مەسىلەن: يۈرەك، بۆرەك، تال، ئاشقازان، ئۆپكىنىڭ ئاپەتلىرى قاتارلىق.

جىگەر ۋە ئۇ قوشنا ئەزالارنىڭ مۇناسىۋەتى شۇنچىلىك چوڭقۇركى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن خىزمىتى بىرى ئىككىنچىسىنىڭ ياردىمى ۋە شېرىكچىلىكى بىلەن داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنىڭ ئاپىتىدىن ئىككىنچىسىنىڭ خىزمىتى تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن بولمايدۇ. مەسىلەن: يۈرەكنىڭ ئاپىتىدىن جىگەرنىڭ كېسەللىنىشى، جىگەرنىڭ ئاپىتىدىن يۈرەكنىڭ كېسەللىنىشى. بۇنىڭغا بۆرەك، تال، ئاشقازان ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرى ئوخشىتىلىدۇ.

ئەگەر بۆرەك كېسەللەنگەن بولسا، قان زەردابى ۋە سۈيدۈك كېرەكسىز ماددىلىرى جىگەر،

يۈرەك ۋە پۈتۈن بەدەنگە جۇغلۇشىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆينىڭ مورىسى توسۇلۇپ قالسا، ئۆيدىكى ھەممە پائالىيەتلەر بۇزۇلغاندەك.

ئاشقازان كېسەللەنگەن بولسا تاماق ھەزىم بولمايدۇ، جىگەر ۋە باشقا ئەزالارغا غىزا خام ھالەتتە يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جىگەر ۋە باشقا ئەزالار خام غىزانى ياخشى قوبۇل قىلالماي ھەممىسى ئاجىزلايدۇ.

ئۆپكىنىڭ ئاجىزلىقى جىگەردىن ئاۋۋال يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ، يۈرەك پۈتۈن بەدەننىڭ شاھىدۇر. يۈرەك تەسىرگە ئۇچرىغانلىقتىن جىگەرنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى چوقۇم بولىدۇ.

نەفىيس: ئەگەر بۆرەك بىرەر سەۋەبتىن ئاجىزلىغان بولسا، جىگەر ۋە باشقىلاردىن بۆرەك تەرەپكە قان زەردابى ۋە كېرەكسىز سۈيدۈك تولۇق سۈمۈرۈلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىگەردە سوغۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ ۋە قان بىلەن بىرلىشىپ پۈتۈن ئەزالارغا ئۇلارنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن بارىدۇ. قان زەردابى ۋە سۈيدۈك كېرەكسىز ماددىلىرى ئۇ ئەزالارنىڭ مىزاجىنى بۇزۇپ، ئۇلاردا سوغۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ.

جالىنۇس، رازى ۋە ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قاتارلىقلارمۇ ئىستىسقائى لەھمى توغرىسىدا ئېيتقانكى (ئۇلارنىڭ كېسەللىكلىرى ۋە ئاپەتلىرى سەۋەبىدىن)، توسۇلۇش مەۋجۇت بولىدۇكى، قان زەردابى بۆرەكلەرگە تولۇق سىڭىپ كىرەلمەيدۇ (يەنى قان تومۇردىن سۈيدۈك كانالچىسىغا يېتىپ بارالمايدۇ)، شۇنىڭ ئۈچۈن قان زەردابى پۈتۈن بەدەنگە تارقاپ، ئىستىسقائى لەھمىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر بۇ ھۆللۈكلەر مۇسكۇل ئارىلىقىدا تۇرۇپ قالغان بولسا، بىمارنىڭ بەدىنىدىن ئەگەر بىرەر ئورۇن كېسىلسە، كېسىلگەن يەردىن گونگىنىڭ لوئابى ياكى تۇخۇم ئېقىغا ئوخشايدىغان بىر چاپلاشقاق سۇيۇقلۇقتىن باشقا بىرەر نەرسە چىقمىغۇدەك ھۆل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھۆللۈك پىشمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئەگەر ئەزالارغا ئۆزلىشەلمىگەن بولسا، ھۆللۈكتە چاپلاشقاقلىق پەيدا بولىدۇ. موزاي گۆشى چاپلاشقاق بولىدۇ. چاپلاشقاق سۇيۇقلۇقتىن باشقا بىرەر نەرسە چىقماسلىقى سەۋەبىدىن كىشىلەر ئىستىسقا بىمارىنىڭ بەدىنى ئۆلۈكلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ، دېگەن.

ئىستىسقا بىمارىنىڭ بەدىنى ئۆلۈكلەرنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ كېسەللىكنىڭ نامى لەھمى (گۆش بولغۇچى) دەپ قويۇلغان.

سالامەت (خەتىرى ئاز) ئىستىسقائى لەھمى ئىستىسقانىڭ بارلىق تۈرلىرىگە قارىغاندا خەتىرى ئاز بولىدىغىنىدۇر. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر ۋە «يەھيا ئىبنى ماسويە» مۇ ئىستىسقائى لەھمى بارلىق ئىستىسقانىڭ تۈرلىرىدىن زىيادە ناچاردۇر، دەپ ئېيتقان.

ئەسلىدە بۇ ئىككى كېسەلدىن قايسىسىنىڭ قوزغالغان - قوزغالمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئاسان ئەمەستۇر. بۇ، ئەزالارنىڭ ئاپتىگە مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر بۇ ئاپەت ئېغىر بولسا، چوقۇم ئۇ خەتەرلىكتۇر.

ئالامىتى كىچىك تەرىتى ئاق ياكى ئاققا مايىل بولىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا چوڭ تەرەت يۇمشاق بولىدۇ ۋە ئىچى سۈرىدۇ. بەدىنى ئىششىدۇ، يەنى ۋەرەمى تەھەببۇج كۆرۈلىدۇ. ئىششىقنى بارماق بىلەن باسسا، ئىششىق بېسىلىدۇ ۋە بېسىلغان ئورۇن قىسقا ۋاقىتقىچە ئويمان تۇرىدۇ.

بەدەن رەڭگى ئۆلۈككە ئوخشاش نۇرسىز، خۇددى بىرەر چاڭ - توزان قونۇۋالغاندەك ئۆچۈك بولىدۇ. ئىششىق دەسلەپتە ئومۇمەن پۇتتىن باشلىنىپ ئۈستى تەرەپكە تەدرىجي تەرەققي قىلىپ ماڭىدۇ. ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا بەلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بۇ تەرەققي قىلسا يوتىدىن كېيىن ئۇرۇقدان خالتىسى، ئۇرۇقدان، زەكەر ۋە قورساقمۇ ئىششىققا شېرىك بولىدۇ.

بەدەن ھارارىتى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا نورمال ھالەتتىكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن تېۋىپلار جىگەرنىڭ بۇ كېسىلىنى سوغۇق تەرەپكە مەنسۇپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ماددىسىنى سوغۇق دەيدۇ.

لېكىن بەزى چاغلاردا ئىششىق قاپاق ۋە يۈزدىن باشلىنىدۇ، بۇ ئىلگىرى سۆزلىنىپ بولدى.

داۋالاش ئىلگىرىكى سەۋەبلەرنى يوقىتىشقا تىرىشىش. مەسىلەن: قوشنا ئەزالارنىڭ كېسەللىكلىرى ۋە ئاپەتلىرى. ئاندىن كېيىن بىۋاسىتە سەۋەب (جىگەر ئاپتى) نىڭ ئىلاجىنى قىلىش ھەمدە جىگەرنىڭ سوغۇقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشتا بايان قىلىنغان قىزىتقۇچى دورىلاردىن مەجۇن، زىماتلارنى ئىشلىتىپ ۋە غىزالارنى بېرىپ ئاندىن كېيىن تەرلىتىش ئارقىلىق بەدەندىكى زەرداب قۇرۇتۇلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن توغرىغىنى بابۇنە يېغىغا قوشۇپ ياكى ئېزىلگەن تۇزنى ئەركەك كالا يېغىغا قوشۇپ ياكى ئىككى خىل زىراۋەندىنى غار يېغىغا قوشۇپ ياكى قەسبۇزەرىرە، دارچىن سەۋسەن يېغىغا قوشۇپ پۈتۈن بەدەنگە سۈركىلىدۇ.

بىمارنى قىزىق قۇمغا ياتقۇزۇپ، ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى زىمات چېپىلىدۇ، بۇ شۇمشا ئۇنى، ياۋا كەپتەر مايىقى، ھەببەتۇلخۇزرا يېلىمى قاتارلىقلارغا كونا ياغ قوشۇپ ياكى كالا تېزىكى، ئۆچكە مايىقى، ئۈزۈم تېلى كۈلى، توغرىغۇ ۋە سىركە قاتارلىقلار بىلەن تەييارلانغان بولسۇن.

ئىلگىرىكى سەۋەب دەپ كېسەللىكتىن بۇرۇن كۆرۈلگەن بىرەر ھالەتنى دەپ ئېيتىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن پەيدا بولغان بۇ ھالەت كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان سەۋەبكە قارىتا ئېيتىلىدۇ. بىۋاسىتە سەۋەب دەپ بىرەر ۋاسىتىسىز كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان سەۋەبكە ئېيتىلىدۇ.

پايدىلىق سۆز بۇ كېسەللىكنى ئىستىسقا ۋە سۇئىئۇلقۇنىيەنىڭ ئومۇمىي داۋالاش بايانىدا يېزىلغان قائىدە بويىچە داۋالاش لازىم. بۆرەك ئاپەتلىرىدىن بولغان ھالەتتە ئىستىسقائى لەھمىنىڭ ئىلاجى تەرلىتىش ۋە ئىچىنى سۈرۈشتۇر. بۇ ئىستىسقانىڭ ئومۇمىي داۋالىشىغا كىرىدۇ. پەقەت بۆرەك ئىششىقىدا كۈچلۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلاردىن ساقلىنىش ئەستە تۇتۇلىدۇ. قالغان پۈتۈن چارە، قانۇنلار ۋە كۆرسەتمىلەر ئىستىسقائى زىققىنىڭ بايانىدا سۆزلەندى.

ئىستىسقائى تەبلى

ئىستىسقائى تەبلى (قورساققا يەل ۋە سۇ يىغىلىش) بۇنىڭدا سۇنىڭ ئورنىغا قويۇق ۋە تارقىلىش قابىلىيىتى بولمىغان يەللەر قورساققا سۇ يىغىلىش (ئىستىسقائى زىققى) دىكى سۇ يىغىلىۋالىدىغان ئورۇنلارغا يىغىلىدۇ ھەمدە يەل بىلەن ناھايىتى ئاز ھۆللۈك بولىدۇ. شۇ سەۋەبىدىن بۇقرات قورساققا سۇ ۋە يەل يىغىلىشنىڭ نامىنى قۇرۇق ئىستىسقا (ئىستىسقائى يابەس) دەپ ئاتىغان.

بۇ ئەمەلىيەتتە ئىستىسقا ئەمەس ۋە ئىستىسقانىڭ تۈرلىرىگە كىرمەيدۇ. بەلكى كۆپۈشنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئىستىسقائى تەبلدە ئىستىسقائى زىققىگە ئوخشاش قورساق يوغىنايدۇ. بۇ ئاشكارا مۇناسىۋەت بىلەن بۇنىڭ بايانى ئىستىسقا بىلەن بايان قىلىنغان.

سەۋەبى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئوخشاشمىغان بايانلار بار.

ساھىبى كامىل بۇ كېسەللىكنى جىگەر سوغۇقلۇقىدىن ۋە يەل پەيدا قىلغۇچى غىزالاردىن بولىدۇ، دەپ ئېيتقان.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا بۇ كېسەللىكنى ئاشقازان ھەزىمى بۇزۇلۇشتىن (مەيلى ئۇ ھەزىم ئەزالىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن) ياكى غىزانىڭ تەستە ھەزىم بولۇشى ياكى قويۇقلۇقىدىن بولىدۇ، دېگەن.

بەزىدە بۇ تۈردىكى يەل چىرىش ۋە بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ، يەنى ئاشقازان ۋە جىگەر پائالىيەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن نورمال پائالىيەتنىڭ ئورنىغا ھۆللۈكلەردە ناچار پائالىيەت بولىدۇ.

ئەنتاكى ئۆتكۈنچى يوللارنىڭ توسالغۇلىرى بۇ توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: يۇمشاق تارتىلغان ئۇننىڭ نېنى، ئەدەس، قورۇلغان تۇخۇم قاتارلىق ھەزىم بۇزۇلۇشقا كۆپ گىرىپتار بولۇشتىنمۇ ئۆتكۈنچى يوللاردا توسالغۇلار پەيدا بولىدۇ، دەپ ئېيتقان.

سەمەرقەندى جىگەرنىڭ ھارارىتى ۋە ئاشقازاننىڭ ھۆل سوغۇقلۇقى سەۋەبىدىن ئاشقازان تاماقنى تولۇق ھەزىم قىلالماي، يەنى پىشۇرالماي جىگەرنىڭ ھەزىم قىلىشى ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ، ئاندىن جىگەر بۇ غىزانى غەيرىي تەبىئىي ھەزىم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غىزا ياخشى خىلتقا ئۆزگىرىشنىڭ ئورنىغا يەلگە ئۆزگىرىدۇ.

يەللەرنىڭ ئورنى ئىستىسقائى زىققىدىكى سۇ يىغىلغان جايدۇر. يەنى قورساق ئورىغۇچى پەردىسى بوشلۇقى، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنىڭ سىرتىدا بولىدۇ.

ئالامىتى ئىستىسقائى زىققىگە ئوخشاش قورساقتا ئېغىرلىق بولمايدۇ. بەلكى ئىستىسقائى تەبلىدە ھاۋا بىلەن كۆپۈشكەن تۇلۇمغا ئوخشاش تارتىشىدۇ ۋە قورساقنى قول بىلەن چەككەندە دۇمباققا ئوخشاش ئاۋاز چىقىدۇ.

دۇمباققا ئوخشاش ئاۋاز چىققانلىقى سەۋەبىدىن بۇنىڭ نامى دۇمباق (تەبلى) دەپ قويۇلغان. ئىستىسقائى تەبلىدە كىندىك ناھايىتى زىيادە كۆپۈشىدۇ. ئىستىسقائى لەھمىگە ئوخشاش ئىستىسقائى تەبلىدە ئەزالاردا ئىششىش ۋە سېمىزلىك بولمايدۇ. بەلكى ئىستىسقائى تەبلىدە جۈدەپ كېتىش كۆرۈلىدۇ ۋە بىمار كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ ماڭىدۇ. ئىستىسقائى تەبلى بىلەن كېسەللەنگەن بىمار ھەر ۋاقىت كېكىرىپ تۇرىدۇ ھەمدە كېكىرىك كېلىش ياكى يەللەرنىڭ چىقىشىدىن بىمار راھەتلىنىدۇ. تىندۇرۇلغان سۈيدۈكى ئومۇمەن قىزىل بولىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

داۋالاش يەڭگىل سۈرگە دورىلىرى بىلەن ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. ئىچىنى سۈرگۈزۈش بىلەن جىگەر ھارارىتىدە يۇقىرىلاش بولمىسۇن. تاكى يەل بىلەن ئەزالاردا بولىدىغان ئازراق زەرداب چىقىپ كەتسۇن، يەنى ئازراق زەردابتىن يەل پەيدا بولىدۇ.

ئىستىسقائى لەھمىنىڭ ئۇسۇلىدا تازىلاش. مەۋجۇت بولغان يەللەرنى تارقىتىشقا تىرىشىلىدۇ. يەللەرنى تارقىتىش ئۈچۈن كۈندۈر ۋە زىرىنى چايناپ كېكىرىك كەلتۈرۈش. ئىسسىق ئۆتكۈزگۈچىلەر، شامچە دورىلار ۋە يەل تارقاتقۇچى مەجۇنلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تۇز ۋە تېرىق قىزىتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

شامچە دورىلار (ھەمەللار): قۇرۇق سۇزاپ، ئادراسمان ئۇرۇقى، بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى، تۇربۇت، توغرىغۇ، قارا شېكەر، سۇزاپ سۈيى قاتارلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ.

مەجۇنلەر: مەسىلەن: سەنجىرىنا ۋە پەندادىقۇن (مەجۇنى كۇمۇنى، مەجۇنى نەمەك سۇلايمانى، جاۋارىش جالىنۇس). سەنجىرىنا بىر مەجۇننىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

پايدىسى: ئىستىسقائى تەبەلىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئىچىنى سۈرگۈزۈش، تەرلىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، غىزانى لەتىپلەشتۈرۈشتۇر، بۇ ئىستىسقانىڭ ئومۇمىي داۋالاش بايانىدا سۆزلەندى. بۇ كېسەللىكتە ئىستىسقاغا ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن دورىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ھەتتا تۆگە سۈتى ۋە تىندۇرۇلمىلار (تىندۇرۇلغان كاسىنە سۈيى، تىندۇرۇلغان ئىتئۈزۈمى سۈيى) مۇ بۇ كېسەللىككە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

«ئىكسىر ئەزەم» نىڭ يازغۇچىسى يازغانكى:

«تارقاتقۇچى ياغلارنى قورساققا سۈركەش ۋە قۇمنى قىزىتىپ قورساققا تېڭىش» بۇ كېسەللىككە پايدىلىقتۇر.

زىمات: ئىكلىلمىلىك، بابۇنە، تاغ پىننىسى، پىننە، ئوغرىتىكەن، مازارىيون، قۇندۇز قەھرى ھەممىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئۇنىڭغا خىيارشەنبەر مېغىزى قوشۇپ، ھارارەت بولمىغان شەرت ئاستىدا قورساققا زىمات قىلىنىدۇ.

يەنە بىر زىمات: كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەديان، كالا ئۆتى، مۇرمەككى، ھەببى بىلسان قاتارلىقلار قائىدە بويىچە زىمات قىلىنىدۇ (ھادى).

«ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇستىقۇددۇستىن (5 ~ 10 گىرامغىچە) ئېلىپ، بەديان سۈيى بىلەن قوشۇپ يېگۈزۈش ئىستىسقائى تەبەلى ئۈچۈن پايدىلىق».

«ئۈچ گىرام رۇمبەديانغا 36 گىرام قىزىلگۈل گۈلقەنتىنى قوشۇپ يېگۈزۈش ۋە بىر نەچچە كۈنگىچە بۇنى داۋاملاشتۇرۇش. ئىستىسقائى لەھمى ۋە ئىستىسقائى تەبەلى ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر» (ئىكسىر ئەزەم).

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئاسان ھەزىم بولىدىغان تاماقلار يېگۈزۈلىدۇ. ئۇچارقاناتلىقلارنىڭ گۆشىگە ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەرنى قوشۇپ، توخۇ چۈجىسى، نوقۇت سۈيى (توخۇ گۆشى بىلەن) ياكى بادام مېغىزى ياكى زاراڭزا مېغىزى بىلەن بېرىلىدۇ.

ھادى قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىق، يىرىك رەختنى قورساققا سۈركەش، ھۆل مېۋە ۋە سۈتتىن پەرھىز قىلدۇرۇش، دەپ ئېيتقان.

گۆشگۆرتلۈك (نىترونلۇق) بۇلاقلاردا ئولتۇرغۇزۇشمۇ ئىستىسقائى تەبەلگە پايدىلىق.

ئەسكەرتىش ئىستىسقائى تەبەلدە جىگەر ھالىتى ياكى بىمارنىڭ ساغلاملىقى ياخشى بولسا، لېكىن بىرەر سەۋەبتىن قورساقتا قاتتىقلىق زىيادە بولغان بولسا، بىمار گۆشگۆرتلۈك بۇلاقلاردا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ھەمدە قورساققا يەللەرنى تارقاتقۇچى دورىلار زىمات قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، مەرزەنجۇش، ياپۇز، سۇزاپ ئۇرۇقى، قۇندۇز قەھرى، يۇلغۇن

دەرىخى كۆلى، تۇغرىغۇ قاتارلىقلارغا سۈزاپ سۈيى ۋە تۆگە سۈيدۈكى قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

سەمەرقەندى بۇ خاس ھالەتنى ئايرىم «ھەبەن» نامى بىلەن بايان قىلغان. لېكىن بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. داۋالاش ۋە چارىلەردە بىرەر خاس پەرق يوق.

ھەبەننىڭ مەنىسى قورساقتا سۇ يىغىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇنى ئىستىسقائى زىققىنىڭ كەينىدىكى قىسىمدا يازغان. بۇ لۇغەتتە يېزىلغان.

جىگەر قېتىش

جىگەر قېتىشنىڭ ماھىيىتى جىگەرنىڭ سوزۇلما ئىششىقى سەۋەبىدىن جىگەر توقۇلمىسىنىڭ ئىچىگە ماددىلار سىرغىپ كىرىدۇ. جىگەر توقۇلمىسى ئىچىگە سىرغىپ كىرگەن ماددا ئاز مەزگىلدىن كېيىن ئۆيۈپ تالالىق توقۇلمىغا ئۆزگىرىدۇ. سىرغىپ كىرگەن ماددىلاردىن شەكىللەنگەن تالالارنىڭ قىسقىرىشى ۋە يىغىلىشى بىلەن جىگەر دەرۋازىسى، جىگەر قىزىل قان تومۇرى ۋە سەپرا (ئۆت سۈيۈقلۇقى) كانىلى بېسىلىدۇ. جىگەر قىزىل قان تومۇرى ۋە سەپرا كانىلى بېسىلىش بىلەن قان ئايلىنىش، سەپرانىڭ چىقىرىلىشىدا نورمالسىزلىق يۈز بېرىدۇ ۋە جىگەردىكى پەرۋىش، ئوزۇقلاندۇرۇشتا بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇش بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن جىگەر توقۇلمىسىدا بۇزۇلۇش ۋە ئۆزگىرىش بولىدۇ، يەنى جىگەر تەركىبلىرىدە كىچىكلەش، يىگىلەش بولىدۇ. كىچىكلەش ۋە يىگىلەش سەۋەبىدىن جىگەر ئۆز پائالىيەتلىرىنى بېجىرەلمەيدۇ ھەمدە كىچىكلەش، يىگىلەش سەۋەبىدىن جىگەر نورمالسىز قېتىشىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە ئىششىق سەۋەبىدىن جىگەرنىڭ ھەجمى چوڭىيىدۇ، لېكىن ئاخىرىدا قىسقىراپ، ئورۇقلاپ كىچىكلەيدۇ. جىگەر كىچىكلىگەن ھالەتتە جىگەرنىڭ تەبىئىي ئېغىرلىقىمۇ زور دەرىجىدە يېنىكلەيدۇ. كىچىكلەپ ئېغىرلىقى تۆۋەنلەپ كەتكەن جىگەرنى قىرغاندا، ئۇنىڭ جىسمى قاتتىق مەلۇم بولىدۇ ھەم قىرغاندا چوڭايغان تالالار ئاق سىزىقلار شەكلىدە كۆرۈنىدۇ ۋە جىگەرنىڭ تەكشى يۈزى بۇزۇلىدۇ. جىگەر تەكشى يۈزىدە كانالچىلار بولىدۇ. كېسىلگەن يۈزىنىڭ رەڭگى ئۆچۈك ياكى خام مومغا ئوخشاش سېرىققا مايىل بولىدۇ.

سەۋەبى ھاراقنى كۆپ ئىچىش، سىفىلىس، ئوفۇنەتلىك قىزىتما ماددىسى، ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى، سەپراۋى تاشلارنىڭ دائىم ۋە ئۇزۇنغىچە غىدىقلىشى، بەزى سوزۇلما يۈرەك كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار.

ئالامىتى ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بەزىدە قەۋزىيەتنىڭ ۋە بەزىدە ئىچ سۈرۈشلەرنىڭ

شكايىتى بولىدۇ. بىمار ئاجىزلايدۇ، ئىچى سۈرگەندە تەرىتىگە قان ئارىلاش كېلىدۇ، ئۇنىڭ تەرەپ قوۋۇرغىلاردا بەزىدە يەڭگىل ئاغرىق بولىدۇ. تېرىنىڭ رەڭگى سارغۇچ، لېكىن قورۇق، يىرىك بولىدۇ. قورساقنىڭ يۈزەكى كۆك قان تومۇرلىرى كۆپىيىشىدۇ. بەزىدە ئىستىسقائى زىققە ۋە ئاندا ـ ساندا جىگەر قېتىش سەۋەبىدىن يەرقان بولىدۇ. ئىستىسقائى زىققىنىڭ مۇھىم سەۋەبى جىگەر قېتىش، دەپ بايان قىلىنىدۇ. جىگەر قېتىشنىڭ دەسلىپىدە جىگەر بىرئاز چوڭايغاندەك مەلۇم بولىدۇ. لېكىن كېيىنچە كىچىكلەيدۇ.

بەزىدە قان قۇسۇش ۋە سەۋدادىن بولغان ئىچ سۈرۈشمۇ بولىدۇ. قان قۇسۇش ۋە سەۋدادىن بولغان ئىچ سۈرۈش دىياگنوز ئالامىتىدۇر. قان قۇسۇش ۋە سەۋدادىن بولغان ئىچ سۈرۈشتە كۆپىنچە تال چوڭىيىدۇ. يۇقىرىقى بايانىدىن ئۇچۇقكى، جىگەر قېتىشنىڭ پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويىدىغان روشەن ئالامەتلىرى ئاسان كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن جىگەر قېتىش بىلەن ئىستىسقائى زىققە ۋە قان قۇسۇش قوشۇلۇپ كېلىش بۇ كېسەللىكنىڭ روشەن ئالامىتى بولىدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى قوزغاتقۇچى دورىلار ۋە غىزالار، مەسىلەن: هاراق، ئىسسىق تەبىئەتلىك تەم تەڭشىگۈچى دورا ـ دەرمەكلەر، خام سەي، يالانچۇق قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. سۈت، شورپا، ئارپا ئېشى، ماش ۋە گۈرۈچتىن ياسالغان تاماق، پېچىنە ـ پىرەنىك قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئاددىي غىزالار بېرىلىدۇ. ئاجىزلىق ۋە ئورۇقلاش زىيادە بولغاندا مۇۋاپىق كەلسە پەقەت ئارپا سۈيى ياكى سۈت بېرىلىدۇ، ھەزىم قىلىش بۇزۇلۇشىنىڭ ئىلاجىنى قىلىنىدۇ. ھەر ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىرەر يۇمشاتقۇچىلار بېرىلىدۇ. ئەگەر قان قۇسۇش ياكى سەۋدادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلغان بولسا، قان قۇسۇش ۋە سەۋدادىن بولغان ئىچ سۈرۈشلەر قائىدىلىك داۋالىنىدۇ. بىمار مۇتلەق ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇلىدۇ، قۇسقاندا 24 سائەتكىچە ھېچقانداق غىزا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر جىگەر قېتىش، سىفلىس ياكى ئۇفۇنەتلىك قىزىتما سەۋەبىدىن بولغان بولسا، سىفلىس ۋە ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. رەۋەنچىنى، كۆك ئىتئۈزۈمنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيى، كۆك كاسىنىنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيى، ئانار شەربىتى قاتارلىقلار جىگەر قېتىش ئۈچۈن پايدىلىق دورىلاردۇر.

جىگەر يېگلەش

بۇ كېسەللىكتە جىگەر يىگلەپ كىچىكلەيدۇ. جىگەر يىگلەش ئۆتكۈر، سوزۇلما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۆتكۈر تۈرى ئۆتكۈر تۈرى ناچار سېرىقلىق چۈشۈش ۋە جۈدەتكۈچى سېرىقلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاز ساندا ئۇچرايدىغان خەتەرلىك كېسەللىك بولۇپ، جىگەر توقۇلمىسىدىكى ئىششىقتىن پەيدا بولىدۇ. ئۆتكۈر تۈرىدە جىگەرنىڭ پۈتۈن توقۇلمىسى بىرنەچچە كۈنلەردە قىسقىراپ كىچىكلەيدۇ ۋە جىگەرنىڭ پائالىيىتى بۇزۇلىدۇ.

سەۋەبى بۇ كېسەللىك ياشانغانلارغا نىسبەتەن ياشلاردا، ئەرلەرگە نىسبەتەن ئاياللاردا بولۇپمۇ ئۈچ ئايدىن يەتتە ئايغىچە ئارىلىقتىكى ھامىلىدار ئاياللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرىگە سىفلىس، ھاراقنى كۆپ ئىچىش، ئوي - خىيالنىڭ كۆپلۈكى، ئۇفۇنەتلىك قىزىتما ماددىسىدىن زەھەرلىنىش، ئۇزاق مەزگىلگىچە سىماب ۋە سەنكىيا قاتارلىقلار چۈشكەن دورىلارنى ئىشلىتىش كىرىدۇ.

ئالامىتى جىگەر يىگىلەشنىڭ مۇھىم ئالامىتى سېرىقلىق چۈشۈش، جىگەر ھەجمىنىڭ كىچىك سېزىلىشىدۇر. سېرىقلىق چۈشۈش، جىگەر ھەجمى كىچىكلەشتىن باشقا قۇۋۇرغا بىرلەشمىسىدە ئاغرىق بولىدۇ، قۇسىدۇ. قۇسۇقتا دەسلەپتە پەقەت ئاشقازاندىن چاپلاشقاق ھۆللۈك چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېرىگەن قەھۋەگە ئوخشاش سۇيۇق ھۆللۈك قان ئارىلاش چىقىدۇ. باش ئاغرىش، جۆيلۈش ۋە ھوشىدىن كېتىش بولىدۇ. بەدەن ھارارىتى يۇقىرىلايدۇ. تومۇرى تېز سوقىدۇ. تىلى سارغۇچ، قۇرۇق بولىدۇ. ئۇسسۇزلۇقى ئاشىدۇ. دەسلەپتە ئاق رەڭلىك ئىچى سۈرىدۇ. ئاق رەڭلىك ئىچ سۈرۈشنىڭ ئاخىرىدا قان سەۋەبىدىن قارا رەڭلىك بولىدۇ. كىچىك تەرىتى ئادەتتىكىدەك ياكى قىزىل رەڭدە كېلىدۇ. كىچىك تەرەتتە سەپرا زىيادە ۋە تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇق ئاز بولىدۇ، كىچىك تەرەت قىسقا ۋاقىت تۇرغۇزۇلسا كۆك سېرىققا مايىل سۇيۇقلۇق ئاستىغا چۆكىدۇ. كۆك سېرىققا مايىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئاستىغا چۆكۈشى بىر دىياگنوز ئالامىتىدۇر. بۇرۇن، ئاشقازان، ئۈچەيلەر ۋە بالىياتقۇ قاتارلىقلاردىن قان كېلىدۇ. ئاياللاردا بويىدىن ئاجراش بولىدۇ. تېرە ئاستىغا كىچىك - كىچىك داغلار چۈشىدۇ.

جىگەر يىگىلەش ئۆتكۈر بولغاندا يەتتە كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا ھاياتلىقتا جىگەر يىگىلەشكە دىياگنوز قويغىلى بولمايدۇ.

داۋالاش جىگەر يىگىلەشنىڭ بىرەر ئۈنۈملۈك داۋاسى يوق. لېكىن تىندۇرۇلمىلار ۋە باشقا دورىلار سىناپ ئىشلىتىپ كۆرۈلىدۇ.

سوزۇلما تۈرى جىگەر توقۇلمىسىغا قانىنىڭ يېتەرلىك مىقداردا يېتىپ بارالماسلىقى

سەۋەبىدىن جىگەر ئوزۇقلىنالمايدۇ. ئوزۇقلىنالماسلىق سەۋەبىدىن جىگەر يىگىلەيدۇ. لېكىن جىگەر توقۇلمىسىدا ھېچقانداق بۇزۇلۇش بولمايدۇ.

سەۋەبى جىگەر ئۈستىگە ھەر ۋاقىت بېسىم يېتىش، مەسىلەن: كەمەر ياكى پوتىنى چىڭ باغلاش، كۆكرەككە سۇ يىغىلىش، يۈرەك چوڭىيىش، قورساق ئورىغۇچى پەردىسى سوزۇلما ئىششىقى، ياشانغانلار يېتەرلىك غىزاغا ئېرىشەلمەسلىك، ئاچ قورساق قېلىش، ئاشقازان راكى ياكى ئاشقازان چىقىش ئېغىزى تارىيىشتا ياكى يوقسۇللۇق سەۋەبىدىن قورساق ئاچ قېلىش قاتارلىقلار.

ئالامىتى بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى ئاستا ئاستا ۋە سەزگىلى بولمايدىغان ھالەتتە تەرەققىي قىلىدۇ. دەسلەپتە ھەزىم بۇزۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى، مەسىلەن: قورساق ئېسىلىش، ئىچ سۈرۈش، قەۋزىيەت كۆرۈلىدۇ. ئاندىن تېرە رەڭگى ئۆڭىدۇ، كۈندىن كۈنگە ئاجىزلايدۇ، مۇسكۇللار سېزىپ جىگەر يىگىلەيدۇ. ئاندىن كېيىن بىمار تەدرىجىي سۇئىيۇلقۇنىيە ياكى ئىستىسقا بولۇش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. جىگەر ساھەسىنى چېكىپ تەكشۈرگەندە جىگەرنىڭ گىرۋىكى قەيەردە توختىسا، شۇ جايغىچە بوغۇق تاۋۇش چىقىدۇ. ئەگەر جىگەر يىگىلىگەن بولسا بوغۇق تاۋۇش چېگراسىمۇ كىچىكلەيدۇ.

داۋالاش پىرىنسىپى ئەگەر دەسلەپتىلا جىگەر يىگىلەشنىڭ دىياگنوزىنى قويغىلى بولسا سەۋەبىنى يوقىتىش، ھەزىم قىلىش كۈچىنى نورماللاشتۇرۇش، ئىسسىق كىيىندۈرۈش، يەڭگىل ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزا بېرىش ۋە ئىستىسقانىڭ ئىلاجىنى قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

جىگەر چوڭىيىش

جىگەر چوڭىيىشنىڭ مەنىسى جىگەر ھەجىمىنىڭ ئىششىق بولماستىن چوڭىيىپ قېلىشىدۇر. جىگەر چوڭىيىش سەۋەبىدىن جىگەرنىڭ پائالىيەتلىرىدە ھېچقانداق بۇزۇلۇش پەيدا بولمايدۇ. جىگەر چوڭىيىشتا جىگەرنىڭ تەبىئىي توقۇلمىسى كۆپىيىدۇ. جىگەرنىڭ چوڭىيىشى جىگەر پائالىيەتلىرى (خىلىتلارنى پەيدا قىلىش) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر جىگەرنىڭ بىرەر بۆلىكى ئۆز پائالىيىتىدىن توختىغان بولسا، جىگەرنىڭ باشقا بۆلىكى بۇ كەملىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن چوڭىيىدۇ. خۇددى بىر بۆرەك كېرەكتىن چىقسا، يەنە بىر بۆرەك چوڭايغىنىدەك.

سەۋەبى جىگەر چوڭىيىش ئوفۇنەتلىك قىزىتما كۆپ يۈز بېرىدىغان ئىسسىق

دۆلەتلەردە ئۇچرايدۇ. بەزىدە سىل، تولغاق، شېكەر سىيىش كېسىلى قاتارلىقلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش بەزى تېۋىپلار خاتالىشىش سەۋەبىدىن جىگەر ئىششىقى دەپ ئويلاپ، ئىششىقنىڭ ئىلاجىنى قىلىشقا باشلايدۇ ھەمدە بىمارنى ناھەق ئازابقا گىرىپتار قىلىپ قويىدۇ. جىگەر چوڭىيىشنى داۋالاشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىتى يوق، يەنى بىماردا ئازراقمۇ يېقىمسىزلىق ۋە ئەزىيەت بولمايدۇ.

ئەگەر ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىلارنىڭ تەسىرى قېپقالغان بولسا، ئۇفۇنەتلىك قىزىتمىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. جىگەر ساھەسىگە سىرتىدىن مايىللاشتۇرۇش مەقسىتىدە قوزغاتقۇچى، غىدىقلىغۇچى زىماتلاردىن زىماتى خەردەل قاتارلىقلار چېپىلىدۇ ۋە دەرىدە ئەفسەنتىنمۇ بېرىلىدۇ.

جىگەر يېرىلىش

جىگەر يېرىلىش بەزىدە جىگەر جەۋھىرىدە يۈز بېرىدۇ. جىگەر جەۋھىرى يېرىلىش سەۋەبىدىن جىگەر ئىچىگە قان ئېقىپ چىقىدۇ. قاندىن بولغان سەكتىدە مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ يېرىلىشىدىن قاناش بولغىنىدەك، جىگەر يېرىلىشتىمۇ قاناش جىگەر ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. جىگەر يېرىلىشتىكى قاناش قاندىن بولغان سەكتىدىكىگە ئوخشىشىپ كەتكەنلىكتىن بەزى كىشىلەر جىگەر يېرىلىشنىڭ نامىنى سەكتە كەبىدىيە، دەپ ئاتىغان. جىگەر يېرىلىشتىن چىققان قان بەزىدە ئاز ئازدىن جىگەرنىڭ ئايرىم ئايرىم بۆلەكلىرىدە بولىدۇ ۋە بەزىدە بىرلا ئورۇنغا قان قۇيۇلۇش سەۋەبىدىن جىگەرنىڭ كېسەللەنگەن بۆلىكى قارا ۋە يۇمشاق بولىدۇ.

سەۋەبى قان تولۇش، ئۇفۇنەتلىك قىزىتما سەۋەبىدىن جىگەرنىڭ چوڭىيىشى، جىگەر ساھەسىگە زەربە تېگىش، ھامىلدارلىق ۋە چىللە دەۋرى ئىچىدىكى (تۇغۇت قىرىقى ئىچىدىكى) ئايال، جىگەرنىڭ بىرەر سوزۇلما كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار.

ئالامىتى جىگەر ساھەسىدە تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىق بولغاندىن كېيىن يەرقان، سەپرادىن بولغان قۇسۇش ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈش كۆرۈلىدۇ. بەدەن تۇيۇقسىز مۇزلايدۇ ۋە تاتىرىدۇ، جىگەرنى بېسىش بىلەن قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولىدۇ ھەمدە ھوشىدىن كېتىدۇ.

ئاقىۋىتى ئەگەر قان كۆپ چىقسا ياكى جىگەردە بىرەر سوزۇلما كېسەللىك بولغان بولسا خەتەرلىك بولىدۇ.

داۋالاش قان توختىتىش مەقسىتى بىلەن جىگەر ساھەسىگە مۇز خالتىسى قويۇلىدۇ. بىمارنى مۇتلەق ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇلىدۇ.

سېرىقلىق چۈشۈش (يەرقان)

ئۆت خالتىسى بىر تالالىق پەردىدىن تۈزۈلگەن خالتىدۇر. ئۆت خالتىسىدا قىسقىراش كۈچى بولىدۇ، يەنى سەپرانى چىقىرىدىغان ۋاقىتتا قىسقىراش كۈچى خىزمەت قىلىدۇ.

ئۆت خالتىسىغا سەپرا يىغىلىدۇ. ئۆت خالتىسى كانىلى ۋە جىگەر ئۆت كانىلى ئىككىسى بىرلىشىپ، ئون ئىككى بارماق ئۈچەيدە ئاخىرلىشىدۇ. بىرلەشكەن كانال بىلەن سەپرا ئۈچەيگە قويۇلىدۇ.

ئۆت خالتىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە بارماق، كەڭلىكى بىر بارماق باراۋىرىدە بولىدۇ. ئۆت خالتىسىغا 24 ~ 36 گىرامغىچە سەپرا سىغىدۇ. ئۆت خالتىسى جىگەرنىڭ ئاستىنقى يۈزىدە جىگەرنىڭ ئالدى قىرغىقىدىن بىر ئاز ئالدىغا ئېشىپ تۇرىدۇ. ئۆت خالتىسىدا بەزىدە جىگەردىكىدەك تاش پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىككى قەۋەتتىن تەركىب تاپقان. ئىچكى قەۋىتى شىللىق پەردە ۋە سىرتقى قەۋىتى تارىمۇش پەردە دېيىلىدۇ. تارىمۇش پەردىسى ئۈستىدە قورساق ئورىغۇچى پەردىسىنىڭ يەنە بىر پەردىسى بولىدۇ. تارىمۇش پەردىدە نېرۋىلار ۋە باشقىلار بولىدۇ.

يەرقان بەدەن رەڭگى پۈتۈنلەي سېرىق ياكى قارا رەڭدە بولۇپ قالىدىغان كېسەللىكنى كۆرسىتىدۇ. سېرىقلىق چۈشۈشنىڭ سەۋەبى سېرىق ياكى قارا خىلىت تېرىگە ۋە تېرىگە يېقىن (تېرە ئاستى) توقۇلمىسىغا سىڭىپ كىرىدۇ. سىڭىپ كىرگەن سېرىق ياكى قارا خىلىت بۇزۇلۇشتىن خالىي بولىدۇ. سىڭىپ كىرگۈچى خىلىتنىڭ رەڭگى(سېرىق ياكى قارا) سەۋەبىدىن يەرقان ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، يەنى سېرىق يەرقان (يەرقانى ئەسفەر) ۋە قارا يەرقان (يەرقانى ئەسۋەد) قاتارلىقلار.

سېرىق يەرقان

سېرىق يەرقاندا سەپرا كۆپ مىقداردا نورمالسىز ھالەتتە قانغا قوشۇلىدۇ. كۆپ مىقداردا نورمالسىز ھالەتتە سەپرانىڭ قانغا قوشۇلۇشىدىن پۈتۈن بەدەن تېرىسى، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى ھەمدە بەدەننىڭ نۇرغۇن ھۆللۈكلىرى ۋە توقۇلمىلىرى سېرىق رەڭ بىلەن رەڭلىنىدۇ.

سەۋەبى   سېرىق يەرقاننىڭ پۈتۈن سەۋەبلىرى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. ئۆت كانىلىدا ھېچقانداق توسالغۇ بولمايدۇ. بەلكى ئەزالاردا بۇ قىسمىدىكى ئازراق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇكى، قاننىڭ تەركىبلىرى سەپراغا ئۆزگىرىدۇ ياكى سەپرا تەركىبلىرى قاندىن تازىلانمايدۇ.

2. ئۆت كانىلىنىڭ بىرەر سەۋەبتىن توسۇلۇشى. ئۆت كانىلى توسۇلۇش سەۋەبىدىن سەپرا قانغا ئىككىنچى قېتىم سۈمۈرۈلىدۇ.

بىرىنچى تۈرى تەنقىيە قىلىنماسلىق سەۋەبىدىن سېرىق يەرقان بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) بوھران   سېرىق يەرقان بەزىدە تەبىئەت ئاچچىق سەپرانى تېرە ۋە بەدەننىڭ سىرتقى تەرەپلىرىگە بوھران شەكلىدە چىقىرىپ تاشلىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

(2) جىگەر مىزاجى بۇزۇلۇش ۋە قىزىتمىلار   بەزىدە يەرقان جىگەر ۋە ئۆت خالتىسىنىڭ ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ. جىگەر، ئۆت خالتىسىنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن غىزا (قان تەركىبلىرى) دىن جىگەردە غەيرىي تەبىئىي ھالەتتە سەپرا پەيدا بولىدۇ. پەيدا بولغان سەپرانىڭ كۆپىيىشى سەۋەبلىك قان تومۇرلار ئارقىلىق قانغا قوشۇلۇپ، پۈتۈن بەدەنگە يېتىپ بارىدۇ. سەپرانىڭ قانغا قوشۇلۇپ پۈتۈن بەدەنگە يېتىپ بېرىشى بىلەن ئومۇمەن سونوخوس قىزىتمىسى، ئوفۇنەتلىك قىزىتما ياكى ئۈچەي مەنبەلىك قىزىتما قاتارلىقلار بولىدۇ.

سۇنۇخۇس — بۇ، قاننىڭ قايناشىدىن پەيدا بولىدىغان ھەمدە تۇتقاقلىق بولمايدىغان قىزىتمىدۇر، يەنى دائىم تۇرىدىغان قىزىتمىدۇر.

ئۆت خالتىسى مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىنى سەۋەبلەر، ئالامەتلەر ۋە داۋالاش ئېتىبارى بىلەن جىگەر مىزاجى بۇزۇلۇشتىن ئايرىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق.

(3) بەدەن مىزاجى بۇزۇلۇش   بەزىدە يەرقان پۈتۈن بەدەن ۋە بارلىق قان تومۇرلارنىڭ ھارارىتى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھالەتتە سەپراغا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: رىتىلا (ئۆمۈچۈكنىڭ زەھەرلىك بىر تۈرى)، زەھەرلىك ھەرە ۋە يىلان چېقىۋېلىش.

(4) دورىدىن زەھەرلىنىش   بىرەر ئۆتكۈر ئۆلتۈرگۈچى، مەسىلەن: چىتتىي ياكى يىلان ئۆتى، سىماب، مىس، تۆمۈر دېتى قاتارلىق دورىلاردىن ئۆلۈم يۈز بەرمەسلىك ھەمدە بىمار ھايات قېلىش شەرتى ئاستىدا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن زەھىرى سەپراغا ئۆزگىرىپ،

يەرقاننى پەيدا قىلىدۇ①.

(6) ھاۋانىڭ قىزىقلىقى بەزىدە يەرقان ھاۋانىڭ قاتتىق قىزىقلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى قاتتىق قىزىق ھاۋا سەپرا پەيدا قىلىدۇ ۋە سەپرانى ئەزالارنىڭ سىرتقى بۆلەكلىرى تەرەپ سۈمۈرىدۇ. يەرقان سەۋەبلىرىنىڭ بىرىنچى تۈرى (سەپرا تازىلانماسلىق) نىڭ قان ئايلىنىشىنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى قان تەركىبلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى نېرۋا ئاجىزلىقى قاتارلىق ھالەتلىرىمۇ بولىدۇ. شۇڭلاشقا يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئۆپكە كېسەللىكلىرى، پاسسىپ روھىي كەيپىياتلار، مەسىلەن: قورقۇش، غەم - قايغۇ ۋە ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىق ھالەتلەرگە قان ئايلىنىشىنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى قان تەركىبلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى نېرۋا ئاجىزلىقى قاتارلىق سۆزلەر مۇجەسسەملەنگەن.

بەزىدە سەپرانىڭ كۆپ پەيدا بولۇشى سەۋەبىدىنمۇ يەرقان بولىدۇ.

بەزىدە يەرقان ۋابا (تارقىلىشچان) شەكلىدىمۇ تارقىلىدۇ ۋە بىرەر سەۋەبى ئاشكارا ھالەتتە كۆرۈنمەيدۇ.

ئىككىنچى تۈرى توسالغۇلارنىڭ سەۋەبلىرىمۇ بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ.

(7) جىگەر توسۇلۇش بەزىدە يەرقان جىگەرنىڭ توسۇلۇشلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. توسۇلۇشلار سەۋەبىدىن سەپرا ئۆت خالتىسى ۋە ئۈچەيلەر تەرەپكە بارالمايدۇ. جىگەر توسۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرىگە جىگەر توسۇلۇشلارنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان پۈتۈن ئۆزگىرىشلەر كىرىدۇ. مەسىلەن: جىگەر يىغىلىش، جىگەر قېتىش قاتارلىقلار.

(8) ئۆت خالتا ئىششىقى بەزىدە يەرقان ئۆت خالتىسى ئىششىقى ۋە ئۆت كانىلى ئىششىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

(9) ئۆت كانىلى توسۇلۇش ئۆت كانىلى توسۇلۇشىنىڭ ئىككى خىل شەكلى بولىدۇ.

① **جىگەر - ئۆت كانالچىسىنىڭ توسۇلۇشى:** بەزىدە يەرقان ئۆت جىگەردىن سەپرانى سۈمۈرىدىغان يولنىڭ توسۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ جىگەر سەپرا كانىلى دېيىلىدۇ.

② **بىرلەشكەن ئۆت كانىلىنىڭ توسۇلۇشى:** بەزىدە يەرقان ئۆت خالتىسىنىڭ ئۈچەي تەرەپكە ئۆت سۇيۇقلۇقى چىقىرىلىدىغان يولى توسۇلۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ شېرىك بولغان ئۆت كانىلى دېيىلىدۇ.

(10) گۆش ۋە سۆگەلدىن بولغان يەرقان بەزىدە جىگەر ئۆت كانالچىسى، بىرلەشكەن ئۆت كانىلى يوللىرىدا گۆش ياكى سۆگەل پەيدا بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن

---

① ئەسلى كىتابتا سەۋەبنىڭ 5 - تۈرى كەم بولغاچقا، شۇ پېتى ئېلىندى — تەھرىردىن.

توسۇلىدۇ ياكى قوشنا ئەزالار ئىششىقى ۋە ئۆسمىلىرىنىڭ بېسىشى سەۋەبىدىن سەپرا يوللىرى توسۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئاشقازان، ئاشقازان ئاستى بېزى، بۆرەك، قورساق مايلىق پەردىسى قاتارلىقلارنىڭ ئىششىقلىرى ۋە ئۆسمىلىرى قاتارلىق.

(11) قۇلۇنجدىن بولغان يەرقان بەزىدە يەرقان قۇلۇنجى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. يەرقاننىڭ سەۋەبى ئۈچەيلەر تەرەپكە قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان سەپرا يولى بوغما ئۈچەينىڭ توسۇلۇشى سەۋەبىدىن توسۇلۇپ قالغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ.

ئۆت كانىلى توسۇلۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى: ئۆت تېشى، قويۇق ۋە ئۇيۇغان سەپرا، قۇرت ياكى باشقا سىرتقى نەرسىلەر سەۋەبىدىن ئۆت كانىلى توسۇلۇپ قېلىشتىنمۇ پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە تۇخۇمدان ئۆسمىسىنىڭ زورىيىشى سەۋەبىدىن ئۆسمە بېسىپ، ئۆت يولى توسۇلۇپ قالغانلىقتىن يەرقان پەيدا بولىدۇ. ئۆسمىنىڭ چوڭىيىپ ئۆت يولىنى توسۇش ھالەتلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدەك بالىياتقۇ ھامىلىدارلىق ھالىتىدە چوڭىيىپ، سەپرا يولىنى توسۇپ قويۇشتىنمۇ بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن قوشنا قىزىل قان تومۇرلارنىڭ خالتىسىمان كۆپۈۋېلىشىمۇ توسۇش پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە سەپرا كانىلى تارىيىپ توسۇلىدۇ.

ئالامىتى

1. بوھران سەپرادىن بولغان قىزىتما يەرقاندىن بۇرۇن بولىدۇ ۋە بوھراننىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. مەسىلەن: ئىچكى ئەزالاردا ئاغرىقنىڭ بولۇشى، كۆڭلى ئېلىشىش، ئېغىزنىڭ ئاچچىق بولۇشى، قەۋزىيەت، بوھران كۈنلىرىدە يەرقاننىڭ ئاشكارا بولۇشى قاتارلىقلار.

ئەگەر بوھراندىن بولغان يەرقاننىڭ كۆرۈلۈشى يەتتىنچى كۈندىن ئىلگىرى بولغان بولسا ناچار بولىدۇ. چۈنكى يەتتىنچى كۈندىن ئىلگىرى بولغان يەرقان تەبىئەتنىڭ ھەيدەپ چىقىرىشىدىن پەيدا بولمايدۇ. يەنى يەتتە كۈندىن ئىلگىرى يەرقان كۆرۈلىدىغان بوھران يۈز بەرمەيدۇ. بۇ جالىنۇسنىڭ كۆزقارىشىدۇر.

لېكىن بەزى كىشىلەر يەتتىنچى كۈندىن ئىلگىرى كۆرۈلىدىغان يەرقانمۇ تەبىئەتنىڭ ھەيدەپ چىقىرىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن يەتتىنچى كۈندىن ئىلگىرى كۆرۈلىدىغان ھەيدەپ چىقىرىش ناچار بوھراننىڭ تۈرلىرىگە كىرىدۇ.

2. جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. سەپرا ئارىلاش قۇسىدۇ، كالپۇكى ئاقىرىدۇ، كىچىك تەرەت ناھايىتى سېرىق ياكى

قارا رەڭلىك بولىدۇ ۋە كىچىك تەرەت ئۈستىدە سېرىق رەڭلىك كۆپۈك بولىدۇ.

3. بەدەن مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى تۇتۇش بىلەن بەدىنى قىزىق بىلىنىدۇ، بەدەن ئورۇقلايدۇ. پۈتۈن بەدىنى قىچىشىدۇ. چوڭ تەرەت قۇرۇق بولىدۇ. سەپرا قۇسۇق، كىچىك تەرەت ۋە چوڭ تەرەتتىن چىقىدۇ ھەمدە يەرقان ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ.

4. جىگەر كېسەللىكلىرى جىگەر ئىششىقىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ ۋە جىگەر ئىششىقىنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن جىگەر قېتىش ۋە باشقىلارنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئۇنىڭمۇ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

5. زەھەرلىنىشتىن بولغان يەرقان زەھەرلىنىشتىن بۇرۇن بەدەن ساغلام، خىلتلارمۇ نورمال بولىدۇ. ئوزۇقلىنىشمۇ نورمال بولىدۇ ۋە بىرەر ھايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشى سەۋەبىدىن دەرھال يەرقان پەيدا بولىدۇ (يەرقاننىڭ ئالامەتلىرى بۇ ھالەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى بىرەر ھايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشىدىن يەرقان پەيدا بولىدۇ) ياكى ئىچكى ئەزالاردا تولغاپ ئاغرىش، يۈزدە ئېچىشىش ۋە قىزىللىق بولىدۇ، بىئارام بولىدۇ. ئېغىزدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ (ئىچكى ئەزالاردىكى تولغاپ ئاغرىش، يۈزدىكى ئېچىشىش ۋە قىزىللىق، بىئاراملىق، ئۇسساش، ئېغىزدىن سېسىق پۇراق كېلىش ئالامەتلىرى يەرقان بىرەر زەھەرلىك دورىلارنى ئىشلىتىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغاندا كۆرۈلىدۇ).

6. ئىسسىق ھاۋا سەپرالىق قۇسىدۇ، ئۇسسايدۇ، ئىشتىھاسى تۆۋەنلەيدۇ، ئاشقازاندا ئاغرىق بولىدۇ. يەرقاننىڭ بۇ تۈرى ئومۇمەن بالىلار ۋە ئاياللاردا كۆرۈلىدۇ. چۈنكى بالىلار ۋە ئاياللارنىڭ ئەزالىرى يۇمشاق ۋە بوشاشقان ھالەتتە بولىدۇ ۋە يەرقان بىلەن ئۈچ كۈندە بىر ئۆرلەيدىغان قىزىتما ياكى دائىملىق قىزىتما ياكى كۆيدۈرگۈچى قىزىتما بولىدۇ.

7. جىگەر توسۇلۇش يەرقان بىلەن جىگەر توسۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرىمۇ تېپىلىدۇ. كىچىك تەرەت ۋە چوڭ تەرەت ئىككىلىسى ئاق بولىدۇ.

8. ئۆت خالتا ئىششىقى يەڭگىل قىزىتما بولىدۇ. جىگەر ساھەسىدە ھېچقانداق ئېغىرلىق بولمايدۇ. تىلى يىرىك بولىدۇ ۋە كۆڭلى ئېلىشىدۇ.

9. ئۆت كانىلى توسۇلۇش جىگەر كانىلى توسۇلۇشنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. سەپرادىن بولغان قۇسۇش بىلەن ئېغىزى ئاچچىق بولىدۇ ھەم جىگەردە بىرئاز ئېغىرلىق سېزىلىدۇ ھەم چوڭ تەرەت تەدرىجى ئاق كېلىدۇ.

لېكىن بىرلەشكەن ئۆت كانىلى توسۇلۇشنىڭ ئالامىتى چوڭ تەرەت تۇيۇقسىز ئاقىرىدۇ، چوڭ تەرەتنىڭ ئۈچەيلەردىن چىقىشى قىيىن بولىدۇ ۋە بەزىدە چوڭ تەرەتنىڭ چىقىشى قىيىن

بولۇش بىلەن ئۈچەي توسۇلۇش (قۇلۇنجى) مۇ پەيدا بولىدۇ، لېكىن قۇلۇنجى بىلەن سەپرادىن بولغان قۇسۇش بولمايدۇ.

لېكىن بىرلەشكەن ئۆت كانىلى توسالغان ۋاقىتتا ئۆت خالتىسى سەپرا بىلەن تولۇپ قالىدۇ ۋە جىگەرگە ئەزىيەت يەتكەن بولسا، مۇشۇنداق ھالەتتە ئاز قىسمى بىئاراملىق بىلەن ئاشقازان تەرەپكە چىقىرىلىدۇ.

10. گۆش ۋە سۆگەل گۆش ۋە سۆگەلدىن بولغان يەرقاننىڭ ئالامىتى، بۇ كېسەللىكنى داۋالىغاندا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. يەنى يەرقان ياخشىلانماي ئوخشاش تۇرىدۇ.

يەرقاننىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى يەرقاننىڭ ئالامەتلىرى بەزىدە ئاستا ـ ئاستا، بەزىدە تۇيۇقسىز ئاشكارا بولىدۇ. ئەگەر ئاستا ئاستا پەيدا بولغان بولسا، يەرقاننىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولۇشتىن ئىلگىرى باش ئاغرىقى، ھورۇنلۇق، ئىشتىھا تۆۋەنلەش، كۆڭلى ئېلىشىش، قەۋزىيەتنىڭ شىكايىتى بولىدۇ ۋە ئوڭ تەرەپ قوۋۇرغىلار ئاستىدا بىرنەچچە كۈنگىچە يەڭگىل ئاغرىق بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك تۇيۇقسىز ئاشكارا بولسا بېشارەتچى ئالامەتلەر كۆرۈلمەستىن، يەرقاننىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ. يەنى بەدەن تېرىسى ۋە كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى سېرىق بولىدۇ، كىچىك تەرەتى سېرىق ياكى زەپەر رەڭگىدە كېلىدۇ. ئەگەر كېيىمگە سۈيدۈك تېگىپ كەتسە داغ قالىدۇ. قىزىتما بولمايدۇ، كالپۇكى، تىلى ۋە چىش مىلىكى كۆك ياكى سېرىق رەڭدە بولىدۇ. ھەزىم قىلىش بۇزۇلىدۇ، كۆپ ئۇسسايدۇ، تىلىنى گەز باغلايدۇ، ئېغىز تەمى ئاچچىق بولىدۇ. قەۋزىيەت بولىدۇ، چوڭ تەرەت قاتتىق، توپا رەڭ، قارا ياكى سارغۇچ بولىدۇ، بەزىدە ئىچ سۈرۈشمۇ بولىدۇ. ئاجىزلىق ۋە بىئاراملىق بىلەن بىمارنىڭ تەبىئىتى چېچىلاڭغۇ بولىدۇ. بەدىنى قىچىشىدۇ ۋە بەزىدە بەدەنگە يىرىڭلىق ئىششىق، مۇدۇر ـ چاقىلار چىقىدۇ. باش ئاغرىقنىڭ شىكايىتى بولىدۇ. تومۇر سوقۇشى ئاجىزلايدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئۆتكۈر بولسا، تەر ۋە تۈكۈرۈكمۇ سېرىق رەڭدە كېلىشكە باشلايدۇ. كۆز شېشىسىمان سۇيۇقلۇقىنىڭ رەڭلىنىشى سەۋەبىدىن ھەر نەرسە سېرىق رەڭدە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.

ئەگەر يەرقان سەپرا تەركىبلىرىنىڭ قاندىن ئايرىلالماسلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا سۇبات، جۆيلۈش، تەشەننۇج، ھوشىدىن كېتىش بولىدۇ. بەزىدە سەپرادىن بولغان تاشنىڭ كەپلىشىشى سەۋەبىدىن ئۆتكۈر قىسمدىكى قاناش يۈز بېرىدۇ.

داۋالاش

1. بوھران ماددىنى چىقىرىپ تاشلاشتا تەبىئەتكە ياردەم بېرىلىدۇ ھەمدە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە بىمار ئىسسىق سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، سىركەنجۇبىل ئىچكۈزۈلىدۇ.

2. جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى جىگەرنىڭ مىزاجىنى چۈچۈمەل ئانار سۈيى، ئارپا سۈيى، سوۋۇتقۇچى شەربەتلەر (ئەينۇلا شەربىتى، ئانار شەربىتى، سىركەنجۇبىل) ۋە باشقا دورىلار ھەمدە غىزالار بىلەن (غىزالارنىڭ بايانى بۇرۇن سۆزلىنىپ بولدى) سوۋۇتۇش، ھېلىلە قاينىتىلمىسى ئارقىلىق ۋە قېتىق سۈيى بىلەن (قېتىق سۈيىدە سوقمۇنىيا ئېرىتىلگەن بولسۇن) بەدەندىن سەپرانى تازىلاش لازىم.

باشقا دورىلار كاسىنە سۈيى، ئىتئۈزۈمى سۈيى، ھەشقىپىچەك سۈيى، ئەفسەنتىن، ئەينۇلا قاتارلىقلار.

3. بەدەن مىزاجى بۇزۇلۇش سەپرانىڭ مۇسھىلى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى غىزالار بىلەن بەدەن ھارارىتى پەسەيتىلىدۇ. مەسىلەن: قۇملۇق زېمىندا ئاققان دەريا بېلىقى، بۇ بېلىق سىركە بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن ياكى چۈجە گۆشى، چۈجە گۆشى غوراپ سۈيى، چۈچۈمەل ئانار سۈيى بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن ياكى ماش ۋە قاپاقنىڭ كۆكتات شورپىسى، سوغۇق تەبىئەتلىك شەربەتلەر ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. جىگەر كېسەللىكلىرى جىگەر كېسەللىكلىرىنىڭ ئەسلىي ئىلاجى قىلىنىدۇ.

قانۇن: يەرقان ئېتىبارى بىلەن جىگەر كېسەللىكلىرىدە توسۇلۇش بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراش زۆرۈر. جىگەر توسۇلۇشتىن بولغان يەرقان كېسىلىدە سەپرانى پەيدا قىلىشقا قوزغاتقۇچى بولىدىغان دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

ئەگەر يەرقان جىگەر كېسەللىكلىرىدە جىگەر سەپرا تەركىبىنى قاندىن ئايرىيالماسلىق سەۋەبىدىن بولغان بولسا، جىگەر پائالىيىتىنى قوزغاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىپ، سەپرانىڭ پەيدا بولۇشىنى ئاشۇرۇش لازىم.

5. زەھەرلىنىشتىن بولغان يەرقان ئانار سۈيى، ئىسپىغۇل لۇئابى، كاسىنە سۈيى، قۇرسى كافۇر، ئارپا سۈيى، بادام يېغى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولغان نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ. سابىت بايان قىلغانكى، جالىنۇس زەھەرلىنىشتىن بولغان يەرقانغا «تەرياقى كەبىر» ئىشلەتكەن. تەرياقى كەبىر بىلەن بىمار ساقايغان.

6. ھاۋانىڭ قىزىقلىقى بىمارنىڭ تۇرالغۇسى سوۋۇتۇلىدۇ، يەنى مۇز قويۇلغان ئورۇنلاردا تۇرغۇزۇلىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك مېۋىلەرنىڭ سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن: ئانار سۈيى، ئالما سۈيى، تاۋۇز سۈيى، قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى قاتارلىقلار. سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئانار سېلىنغان تاماق (رۇمانىيە)، رىباس سېلىنغان تاماق (رىباسىيە)، بۇ زىخ چۈشكەن تاماققا ئوخشاش تەييارلىنىدۇ. ئارپا ئېشىنىڭ غىزالىرى

(كەشكىيە). چۈنكى بۇ تۈردىكى سوغۇق تاماقلار سەپرادىن تولىمۇ يىراق بولىدۇ.

7. جىگەر توسۇلۇش جىگەر توسۇلۇشنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

8. ئۆت خالتا ئىششىقى جىگەر ئىششىقنى داۋالىغاندەك داۋالىنىدۇ. ئۆت ئىششىقنى جىگەر ئىششىقىدىن ئايرىپ داۋالىغىلى بولمايدۇ، ئۆت خالتىسى ئەمەلىيەتتە جىگەرنىڭ بىر ئۆسۈكچىسى ياكى بىر بۆلىكىدۇر.

9. ئۆت كانىلى توسۇلۇش بەدەندىن سەپرا سۈرۈپ چىقىرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن توسالغۇ ئېچىلىدۇ. ئەگەر ھارارەت بولغان بولسا كۆك كاسىنە سۈيى، كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيىدىن 120 گىرامدىن (سىقىپ ئېلىپ تىندۇرۇلغانلىرى) ئېلىپ، 48 گىرام سىركەنجىۋىل بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ . ئەگەر ھارارەت بولمىغان بولسا كەرنۇپ سۈيى، كەرەپشە سۈيى، بەديان سۈيى ۋە سىركەنجىۋىل بۇزۇرى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئۆت كانىلى توسۇلۇشتا قىزىتقۇچى ھۆقنىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ھەم ئۇ ئىككى يوللار (جىگەر كانىلى ۋە ئۆت كانىلىنىڭ بىرلەشكەن كانىلى) نىڭ توسالغۇسىدا، بولۇپمۇ كەرنۇپ سۈيى ئىچكۈزۈش ناھايىتى پايدىلىق. كەرنۇپ سۈيىگە خىيارشەنبەر مېغىزى چۈشكەن ۋە ئاچچىق بادام يېغى قويۇلغان بولسۇن.

ئۇ ئىككى كانالدا توسالغۇ ئومۇمەن ئىششىقتىنلا بولىدۇ. ئىككى كانالنىڭ توسالغۇسىدا ئىششىق قايتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: كەرنۇب، خىيارشەنبەر ۋە ئاچچىق بادام قاتارلىق.

ئۆت كانىلىنىڭ توسۇلۇشى بۇ ئورۇندا يازغۇچى: «ئۇ ئىككى كانالچىدا توسۇلۇش ئىششىقتىنلا پەيدا بولىدۇ» دېگەن. بۇ رازىنىڭ: «بۇ ئىككى سەپرا كانىلىدا ئىششىق پەيدا بولمايدۇ» دېگەن سۆزىگە قايتۇرغان جاۋابىدۇر.

ئىششىماستىن ئۇ كانالاردا توسالغۇ پەيدا بولۇشنى يازغۇچى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئىششىماستىن ئۇ كانالاردا توسالغۇ پەيدا بولۇشنى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا مۇمكىن ئەمەس، دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئېيتقانكى، ئەگەر سەپرا ئۈچەيلەرگە كۆپلەپ يىغىلغان بولسا، سەپرا ئۆز ئۆزىنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. لېكىن بۇ ھالەت سېزىم ئاجىزلىغان ۋە چىقىرىپ تاشلاش كۈچى يوقالغان چاغدا بولمايدۇ ھەم تېۋىپلار تومۇرلاردا سەپرانىڭ ئۆزىدىن سەپرانىڭ مىقدارى كۆپ بولغان چاغدا توسالغۇ پەيدا بولۇشنى مۇمكىن، دەپ چۈشىنىدۇ.

تەتقىقات ئۆت ۋە جىگەر سەپرا كانىلىدا ئىششىق پەيدا بولۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يىراق

ئەمەس، باشقا ئەزالارغا ئوخشاش ئۆت ۋە جىگەر كانىلىدا ئىششىق پەيدا بولىدۇ. ئۆت خالتىسىنىڭ توقۇلمىسى دوۋساقنىڭ توقۇلمىسى بىلەن ناھايىتى ئوخشايدۇ، دوۋساقتا ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جىگەرنىڭ سەپرا كانىلىدا سەپرا كۆپەيگەن ۋاقىتتا تۇسۇلۇشقا ئوخشاش كەيپىيات پەيدا بولىدىغانلىقىمۇ توغرىدۇر. يەنى كۆپ پەيدا بولغان ۋاقىتتا سەپرانىڭ راۋانلىقىدا توسالغۇ يۈز بېرىدۇ. سەپرانىڭ راۋانلىقىدا توسالغۇ يۈز بېرىش سەۋەبىدىن سەپرا قان بىلەن قوشۇلۇپ، ئەزالار تەرەپكە غەيرىي تەبىئىي ھالەتتە بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

قىسقىسى، سەپرا كانىلىدا تۇسۇلۇش ئىششىق سەۋەبىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ زەكەرىيا رازىنىڭ خىيالىدۇر. سەپرانىڭ كۆپ يىغىلىپ قېلىشىدىنمۇ تۇسۇلۇپ قېلىشقا ئوخشاش كەيپىيات پەيدا بولىدۇ. كەيپىيات كۆرۈلسە يەنى كەيپىياتنىڭ كۆرۈلۈشى سەۋەبىدىن يەرقان پەيدا بولىدۇ.

ئەسكەرتىش يەرقاننىڭ سەۋەبى سەپرا كانىلىنىڭ تۇسۇلۇشىدىن كۆپ كۆرۈلىدۇ. سەپرا كانىلى تۇسۇلغان ھالەتتە توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ھەممىدىن بۇرۇن ئۈچەيلەرنى مۇسھىللار ۋە يۇمشاتقۇچىلار بىلەن ئېچىش (چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش) لازىم. يەرقاندا ئۈچەيلەرنى ئېچىش ئۈچۈن دىنار شەربىتى ياخشى دورىدۇر.

سەپرا كانىلى تۇسۇلغاندا جىگەر پائالىيىتىنى قوزغاتماسلىق لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا سەپرا كۆپ پەيدا بولىدۇ.

10. گۆش ۋە سۆگەلدىن بولغان يەرقان بۇنىڭغا ھېچقانداق داۋا يوقتۇر. چۈنكى ئۆسكەن گۆش ياكى سۆگەلنى يوقىتىشقا دەستىكار قىلماي مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بۇ كېسەللىكتە ئۆسكەن گۆش ۋە سۆگەلنى دەستىكار قىلىشقا بولمايدۇ.

11. قۇلۇنجدىن بولغان يەرقان قۇلۇنجىنى داۋالاش لازىم.

ئومۇمىي كۆرسەتمە يەرقاندا مەيلى قانداق سەۋەب بولمىسۇن ھەزىمنى ياخشىلاش لازىم.

داۋالاش قانۇنى ئەگەر يەرقاننىڭ ئەسلىي سەۋەبىنى ئېنىقلىغىلى بولمىسا، ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن داۋالىنىدۇ، سەپرانىڭ يەڭگىل مۇسھىللىرى ئىشلىتىلىدۇ، تاكى سەپرا ئۈچەيلەر تەرەپكە چىقىرىلسۇن ھەمدە جىگەر ۋە قاندىن سەبرە ۋە ئىچىنى سۈرىدىغان تۇز ئارقىلىق تەدرىجىي تازىلانسۇن.

بۇ ۋاقىتتا دەرىدە ئەفسەنتىن نۇسخىسى، تىندۇرۇلمىلار، كۆك تۇرۇپ سۈيى قاتارلىقلار پايدىلىق.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز ئاسان ھەزىم بولىدىغان، يەڭگىل غىزا بېرىلىدۇ.

بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۇرۇپ ناھايىتى ياخشى غىزادۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن چامغۇر پايدىلىق. مەيلى كۆكى ياكى بېشى بولسۇن ھەر ئىككىلىسى پايدىلىق. چامغۇر، تۇرۇپلارنىڭ كۆكى ۋە بېشى ھەر خىل مەقسەتتە يېگۈزۈلىدۇ.

ياغلىق، شېكەرلىك نەرسىلەردىن، ھاراقتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئۇسۇلى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەمەلىي داۋالاش ئەگەر ئون ئىككى بارماق ئۈچەيدە ئىششىق بولسا ياكى سەپرا كانىلى ئىچىدە تاش ياكى توسالغۇ بولغان بولسا، تۆۋەندىكى نۇسخا ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ:

ئۇرۇقى ئېلىنغان قىزىل ئۈزۈم توققۇز دانە، گۈلبىنەپشە، كاسىنە يىلتىزى، بەديان ھەربىرى يەتتە گىرامدىن، گاۋزىبان، غاپەس گۈلى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەربىرى بەش گىرامدىن. دورىلارنى سۇدا قايناتىپ، سۈزۈپ، 48 گىرام خېمىرى بىنەپشە ياكى سىركەنجىۋىل بۇزۇرى قوشۇپ، كۆك كاسىنەنىڭ سىقىپ ئېلىپ تىندۇرۇلغان سۈيى ۋە كۆك ئىتئۈزۈمىنىڭ سىقىپ ئېلىپ تىندۇرۇلغان سۈيىنىڭ ھەربىرىدىن 24 گىرامدىن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەچتە كۆك تۇرۇپنىڭ سىقىپ ئېلىپ تىندۇرۇلغان سۈيىدىن 60 گىرامغا 24 گىرام قارا شېكەر قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇق كۈچلۈك بولغان بولسا، نۇسخىنى ئىچىشتىن ئاۋۋال قۇرسى زىرىشك يېگۈزۈپ، ئاندىن ئەتىگەنلىك نۇسخا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ياكى نوقۇت پوستىنى كەچتە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە نوقۇت پوستىنىڭ سۈزۈلگەن سۈيىنى ئېلىپ، 24 گىرام سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ياكى 24 گىرام ناۋات ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر يامان سۈپەتلىك ئۆسمە ياكى ئۆسمە سەۋەب بولغان بولسا، گەرچە بۇ كېسەللىكنى داۋالاپ ساقايتىشتىن ئانچە ئۈمىد بولمىسىمۇ، مۇمكىنقەدەر يامان سۈپەتلىك ئۆسمە ياكى ئۆسمە كېسەللىرى داۋالىنىدۇ.

ئەگەر يۇقۇملۇق قىزىتمىلار سەۋەبىدىن يەرقان بولغان بولسىمۇ يۇقىرىقى نۇسخا ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر جىگەر ئىششىقى سەۋەبىدىن يەرقان بولغان بولسىمۇ يۇقىرىقى نۇسخا ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە ئارپا ئېشىغا سىركەنجىۋىل ياكى بۇزۇرى شەربىتى ئاز - ئازدىن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بىمارنىڭ كېسىلى ياخشىلانغانسېرى

غىزامۇ كۆپەيتىلىدۇ. ئىشتىھا ياخشىلىنىۋاتقان ھالەتتە كاكچا نان ئاقلانغان تۇرۇپنىڭ ئېتى (گۆشى) بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. تۇرۇپنى داۋاملىق ئىشلىتىش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

ئاسارەت قالغان سېرىقلىقنى يوقىتىش كېسەللىك سەۋەبى يوقىتىلغاندىن كېيىنمۇ بىمارنىڭ بەدەن ۋە كۆزلىرىدە سېرىقلىق قېپقالىدۇ، بۇنى داۋالاشتا ھامامغا چۈشۈرۈش، ئۆتكۈر سىركىنى ئارقمۇئارقا بىر نەچچە قېتىم بۇرنىغا تېمىتىش لازىم، سىركىنى تېمىتىش بىلەن بىمارنىڭ كۆزلىرىدىن كۆپلەپ ياش ۋە بۇرنىدىن كۆپلەپ سەپرا چىقىدۇ ھەم كۆزلىرىنىڭ سېرىقلىقى يوقىلىدۇ.

سىركەنجۇبىلدە ئەفسەنتىننى قايىنتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ھەم كۈندۈش ۋە شەھمەنزەل پۇرىتىپ چۈشكۈرتۈلىدۇ. سېرىق رەڭلەرگە قاراپ بېرىش قېپقالغان سېرىقلىق ئۈچۈن پايدىلىق، دەپ بايان قىلىنغان. بۇ توغرىسىدا ئەللامە نەفىس: سېرىق رەڭلەرگە قاراپ تۇرۇش. سېرىق رەڭلەرگە قاراپ تۇرۇش تەسىرىنىڭ سەۋەبى گۇمان ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ بەدەنگە ئازدۇر - كۆپتۇر تەسىرى بولىدۇ، دېگەن.

قارا يەرقان

قارا يەرقان — سەندى دۆلىتىگە مەنسۇپتۇر. سەندى دۆلىتىدە ياشىغانلارنىڭ رەڭگى قارا (بەزى رايونلاردا) بولىدۇ.

تەبرى ئېيتقانكى، «يەرقانى سەندى» سەندى تەرەپكە مەنسۇپتۇر، يەنى سەندى بىر دۆلەتتۇر. سەندى دۆلىتىدە ياشىغانلارنىڭ رەڭگى (بەزى رايونلاردا) سېرىققا مايىل قارا بولىدۇ.

يەرقانى سەندىنىڭ مەنىسى سېرىق يەرقان ۋە قارا يەرقان ئىككىلىسىنىڭ سەۋەبلىرى مەۋجۇت بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر (ئىكسىر ئەزەم).

قارا يەرقاندا بەزى ۋاقىتلاردا بىمارنىڭ چوڭ - كىچىك تەرىتى قارا كېلىدۇ. بەزىدە قۇسقاندا ۋە ئىچى سۈرگەندە سەۋدا چىقىدۇ (نەفىس).

قارا يەرقاندا بەزىدە تەرمۇ قارا چىقىدۇ، خۇددى سېرىق يەرقاندا بەدەندىكى كىيىم سارغىيىپ قالغاندەك.

تۈرلىرى سەۋەبلەر ئېتىبارى بىلەن قارا يەرقان جىگەردىن، تالدىن، بوھراندىن بولغان قارا يەرقان دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. **جىگەردىن بولغان قارا يەرقان** بەزىدە قارا يەرقان جىگەر كېسەللىكلىرى ۋە

ئاپەتلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. جىگەر كېسەللىكلىرى ۋە ئاپەتلىرى سەۋەبىدىن قان ۋە سەپرا تەركىبلىرى سەۋداغا ئۆزگىرىدۇ. سەۋداغا ئۆزگەرگەنلىكى سەۋەبىدىن بەدەن رەڭگى قارا بولىدۇ.

2. تالدىن بولغان قارا يەرقان بەزىدە قارا يەرقان تال كېسەللىكلىرى ۋە ئاپەتلىرى، مەسىلەن: ئىششىق ۋە قېتىشىش، ئاجىزلاش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. تال كېسەللىكلىرىنىڭ تەپسىلاتى كېيىن سۆزلىنىدۇ.

3. بوھراندىن بولغان قارا يەرقان بەزىدە قارا يەرقان تەبىئەت يەرقان ماددىسىنى بوھران شەكلىدە تېرە تەرەپكە ھەيدەپ چىقىرىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا تەھقىقلىگۇچىلەر ئېنىقلىغانكى، بەزى ۋاقىتلاردا سېرىق يەرقانغا ئوخشاش قارا يەرقانمۇ پۈتۈن بەدەن مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ.

«بەزىدە قارا يەرقان جىگەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان قاتتىق ئىششىقىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ» (ئىكسىر ئەزەم).

ئالامىتى

1. جىگەردىن بولغان قارا يەرقان جىگەر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامىتى مەۋجۇت بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا جىگەر كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن بولغان قارا يەرقان بىمارلىرىدا مالىخولىيا مىراقىنىڭ ئالامەتلىرىمۇ ئاشكارا بولىدۇ. مىزاجى چېچىلاڭغۇ بولىدۇ ھەمدە سىرتقى سەۋەبلەر بولماستىن، ئۇنىڭدا غەم ۋە قورقۇنچ بولىدۇ، يەنى پاراكەندە خىياللارغا بىمار ئەسىر بولۇپ ياشايدۇ.

2. تالدىن بولغان قارا يەرقان تال كېسەللەنگەنلىكىنىڭ بەلگىلىرى مەۋجۇت بولىدۇ. مەسىلەن: سول قوۋۇرغا بۇ تالنىڭ ئورنىدۇر، ئېغىرلىق ۋە تارتىشىش بولىدۇ ياكى ئاغرىق ۋە قاتتىقلىق بولىدۇ.

3. بوھراندىن بولغان قارا يەرقان بىرەر كېسەللىكنىڭ بوھراندىن كېيىن يەرقان ئاشكارا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلي كېسەللىكتە ساقايغانلىق سېزىلىدۇ.

سەپرانىڭ سەۋداغا ئۆزگىرىشى قەدىمكى تېۋىپلار ھەر خىل خىلىتلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بەدەن ئىچىدە سەۋدا شەكىللىنىدۇ، دەپ قارىغان. شۇڭلاشقا بەزىدە سېرىق يەرقان بولىدۇ ھەمدە سېرىق يەرقان سوزۇلما بولۇپ قارا يەرقانغا ئۆزگىرىدۇ، يەنى سەپرا ماددىسى تەدرىجي سەۋداغا ئۆزگىرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاچچىق سەپرا «ئاچچىق سەۋدا» غا ئۆزگىرىدۇ.

بەزى قانۇن چۈشەندۈرگۈچىلەر يازغانكى: «بەزىدە يەرقان مۇشۇنداق يېغىلىدۇكى، دەسلەپتە سېرىق يەرقان كۆرۈلىدۇ. سېرىق يەرقاندىن كېيىن يېغىلغان سەپرانىڭ ئاز بۆلىكى كۆيۈپ سەۋداغا ئۆزگىرىدۇ. ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن قارا يەرقان پەيدا بولىدۇ (ئىكسىر ئەزەم).

داۋالاش پىرىنسىپى قارا يەرقاننىڭ داۋالاش قانۇنلىرى، چارىلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى سېرىق يەرقاندا سۆزلىنىپ ئۆتۈلگىنىدەك بولىدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنامۇ توسالغۇ ئېچىش ئۈچۈن جىگەرنىڭ سەپرادىن بولغان كېسەللىرىدە ئىشلىتىلگەن دورىلار قارا يەرقاندىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، دەپ ئوچۇق بايان قىلغان.

تىندۇرۇلغان كۆك كاسىنە سۈيى، تىندۇرۇلغان كۆك ئىتئۈزۈمى سۈيى، كۆك تۇرۇپ سۈيى، دىنار شەربىتى، سىركەنجۇبىل بۇزۇرى، كەبىر يوپۇرمىقى سۈيى قاتارلىقلار ئىككىلا يەرقانغا ئىشلىتىلىدىغان دورىلاردۇر.

داۋالاش

1. جىگەردىن بولغان قارا يەرقان بۇنىڭدا جىگەرنى ۋە سېرىق يەرقاننى داۋالاش ئۇسۇلىغا رىئايە قىلىنىدۇ. يەنى تەنقىيە قىلىش، سۈرۈپ چىقىرىش، تەرلىتىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇ ئېچىش قاتارلىقلار. مەسىلەن: سىركەنجۇبىل بۇزۇرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شەربەتلەر، قۇرسلار ۋە مەجۇنلەر بىلەن (بۇلاردا توسالغۇلارنى ئاچقۇچى كۈچلۈك دورىلار مەۋجۇت بولسۇن) توسالغۇلارنى ئېچىش لازىم.

بەدەندىن سەۋدانى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن ئەفتىمۇن قايناتىلمىسى ياكى مائۇلجەبىنگە ئەفتىمۇن، كاندىن چىقىدىغان قارا تۇز، غارىقۇن قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

2. تالدىن بولغان قارا يەرقان سېرىق يەرقاننىڭ چارىلىرى قوللىنىلىدۇ ھەم تال ياخشىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى كۈچەيتىلىدۇ. كۈچەيتىش مەقسىتىدە كۈچەيتكۈچى زىمات چېپىلىدۇ. مەسىلەن: ئەفسەنتىن، سۇمبۇل، گەزمازەج، قەردمانە، ئىزخىر غۇنچىسى، بىخ كەبىر، قىزىلگۈل، مۇقەل قاتارلىقلارغا يۇلغۇن دەرىخى سۈيى، سۇزاپ سۈيى ۋە سىركە قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ. ئوتلۇق لوڭقا ياكى ئوتسىز سادىدا لوڭقا ۋە قانلىق لوڭقا قويۇلىدۇ. تال ساھەسى يىرىك رەخت بىلەن ئۇۋۇلىنىدۇ ۋە ئاچ قورساق چېنىقتۇرۇلىدۇ، تاكى ھارارەتتە يۇقىرىلاش پەيدا بولسۇن، قويۇق ھۆللۈكلەر سۇيۇلسۇن، تەر تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىپ، كېرەكسىز ماددىلار تارقاپ كەتسۇن.

3. بوھراندىن بولغان قارا يەرقان تەبىئەتكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن تاتلىق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ. لاتاپەت پەيدا قىلغۇچى ياغلار سۈركىلىدۇ. مەسىلەن: بابۇنە يېغى،

سېرىقچېچەك يېغى، سەۋسەن يېغى قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ.

بەزى كېيىنكى زاماندا ئۆتكەنلەر يازغانكى، تەمرى ھىندىدىن 60 گىرام ئېلىپ، كەچتە سۇغا چىلاپ قويۇپ ۋە ئەتىگەندە ئارىلاشتۇرۇۋەتمەستىن تەمرى ھىندىنىڭ سۈزۈلگەن سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۈچ كۈنگىچە مۇشۇ ئەمەل داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. تۆتىنچى كۈنى بىرەر كۈچلۈك قۇستۇرغۇچى دورا بېرىلىدۇ، مەسىلەن: ئۈچ گىرام بەندالنى كەچتە 250 گىرام سۇغا چىلاپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈستىگە مۇۋاپىق قورۇلغان نوقۇت چاينىتىلىدۇ. ئەگەر قۇسۇش كېچىككەن بولسا، مۇۋاپىق تۇز ۋە قايناق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ، تاكى قۇستۇرۇشقا تەبىئەت ياردىمى ھاسىل بولسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت ـ بەش كۈنگىچە سانا، بەدىيان ۋە ئاق قەنت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سۇفۇف قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ نۇسخا قارا يەرقان ئۈچۈن پايدىلىق (ئىكسىر ئەزەم).

پايدىلىق نۇسخا: رەۋەننى جاڭگال مايىقى ئوتىدا كۆيدۈرۈش ۋە باراۋەر مىقداردىكى قورۇلغان زەرچۋەنى ئېلىپ، ئىككىسىنى يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇف قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇفۇف سوغۇق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. قارا يەرقان ئۈچۈن (ھەكىم ئەئزەمخان ئېيتقان بۇ نۇسخا) پايدىلىق ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر.

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە پەرھىز يەڭگىل غىزالار، مەسىلەن: قۇملۇق زېمىندا ئاققان دەريانىڭ بېلىقى، توخۇ چۈجىسى شورپىسى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. كۆكتاتلاردىن كاسىنە، كەنفىس، كەبىر سىركىسى غىزالىرىغا قوشۇپ بېرىلىدۇ.

غىزا ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلەر ۋە چارىلەر سېرىق يەرقاندا سۆزلەنگەن. سېرىق يەرقاندا سۆزلەنگىنى بۇ يەردىمۇ قوللىنىلىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتى كىلاسسىك ئەسەرلىرى ـ 6

(شەرھى ئەسباب I)

ئاپتورى: موللا نەفىس ئىبن ئەۋزكىرمانى
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئابابەكرى جاپپار،
ئوسمانىنىياز ئەخمەت، ئابدۇجېلىل بەكرى،
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: مېھرىئاي ياسىن
ماھىرە سېلىم
بېكىتكۈچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنى
مەسئۇل كوررېكتورى: زۆھرەگۈل سىدىق
مۇقاۋا ۋە بېزەك لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر قاسىم
بەت ياسىغۇچى: ئابدۇغېنى ئابباس، ئانارگۈل ئىسمائىل، يالقۇنجان ئىسمائىل
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: بېيجىڭ چەت ئەل يېزىقى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2010 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2010 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1194 × 889 م م 1/ 16 كەسلەم 62.75 باسما تاۋاق قىستۇرما بەت 4
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4603-3
تىرازى: 1 — 3000
باھاسى: 380.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055 پوچتا نومۇرى: 830001